# ئۇيغۇر تىلىنىڭ
# ئىزاھلىق لۇغىتى

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق
خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى تۈزگەن

## ق — ل

مىللەتلەر نەشرىياتى
1994

（京）新登字154号

图书在版编目(CIP)数据

维吾尔语详解典：维吾尔文/阿布利孜·牙库甫等编。
北京：民族出版社，1994.9.
ISBN 7－105－02248－5

Ⅰ.维…
Ⅱ.阿…
Ⅲ.维吾尔语—词典—维吾尔文
Ⅳ.H215.6

中国版本图书馆 CIP 数据核字(94)第04544号

ISBN 7-105-02248-5

民族出版社出版发行
（北京市和平里北街5号 邮编100013）
新疆维吾尔自治区语委会《博格达》排版中心照排
民族印刷厂印刷　　各地新华书店经销
1994年9月第1版　　1994年9月北京第1次印刷
开本：787×1092毫米　1/16　　印张：59½
印数0001—5.000册　　定价：35.00元

# مۇندەرىجە


ق ........................................ 1

ك ........................................ 468

گ ........................................ 780

ڭ ........................................ 892

ل ........................................ 893

**تۈزگۈچىلەر:**

ئابلىز ياقۇپ، ، نىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر، ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ابلىز ئەمەت، ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان

**مەسئۇل مۇھەررىرلەر:**

ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى

**كوررېكتورلار:**

بۇۋەيشىخان ئادۇللا، ئەلانۇر ئىمىن

# ق

**ق** I ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون يەتتىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن ئون يەتتىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ق** II ① سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان بەزى بۇيرۇق پېئىللارغا قوشۇلۇپ، شۇ پېئىل بىلدۈرگەن مەنە بىلەن نەتىجىلەنگەن ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت ياسايدۇ: باغلا — باغلاق، بوردا — بورداق. ② «— سا» بىلەن ئاياغلاشقان شەرت مەيلىدىكى پېئىللارغا قوشۇلۇپ I شەخس كۆپلۈك مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: بار — بارسا — بارساق، — تۇر — تۇرسا — تۇرساق.

**قاباھەت** [ئە] ① ئى. يارىماس، قەبىھ ئىش-ھەرىكەت؛ ياۋۇزلۇق، قەبىھلىك: بۇ دۇنيادا ئادالەت بىلەن قاباھەت ئوتتۇرىسىدىكى كۈرەش بىر كۈنمۇ توختاپ قالمايدۇ. * بولغۇسى ئاشكارا ھەرقانداق قىياپەت ئاقىۋەت، قالمىغاي شەرمەندە بولماي شۇم قاباھەت ئاقىۋەت. ② سۈپ. ئىنتايىن سەت؛ قورقۇنچلۇق، قەبىھ: ئاينىسا ھويلا ئىچىدە تولۇق تاشتەك يۇمىلىنىپ چىرقىرايتتى، ۋارقىرايتتى، چاچلىرىنى چۇۋۇيتتى، قاباھەت تىللار بىلەن دادامغا ئېسىلاتتى. * ئۆتۈپ كەتتى قارا باسقان قاباھەت، يىرگىنچلىك تۈن، نۇرانە تاڭدا ئەنبەردەك كۆلۈپ چاچ خۇش پۇراق ئەمدى. ③ سۈپ. ناھايىتى، قالتىس: رۇستەمى داستان شۇنداق كۈچتۈڭگۈر، مىسلىسىز يوغان ۋە قاباھەت، باتۇر — پالۋان ئىدىكى، ھەربىر قولىدا بىردىن ئىككى يوغان ئۆكۈزنى ئاسلاندەك قامالاپ كۆتۈرۈۋېلىپ بىر-بىرىگە ئۇستۇرۇشۇپ سوقۇشتۇراتتى. * ئۇ ناتونۇش بىر ئادەمنىڭ كەينى تەرىپىدىن: — جاھىل، قاباھەت جاھىل، خۇدانىڭ دەرگاھىغا تاشتەك قېتىپ كەتكەن كاللىسى بىلەن كېتىدىغانلار دېسە — مۇنۇنىڭ ئۆزى شۇ! — دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**قاباھەتلىك** سۈپ. ناھايىتى كۆرۈمسىز، بەك سەت، قەبىھ، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق: غېرىب سەرخىن شاھ مەھمۇرخانىنىڭ قاباھەتلىك تەلەتىدىن، ياۋۇز خۇي —

پەيلىدىن نەپرەتلىنىپتۇ. * ئەي ئوغلۇم، مۇنداق يامان ئاقىۋەتلەرنى بىلىپ تۇرۇپ ئىچىشكە مەيل قىلما، ئەسلا ئىچمە! مەنىسىز، قاباھەتلىك بىر هارام قىلىقنى قىلىپ، بۇ قەدەر زەخمەتنى ئۆزۈڭگە يۈكلىمە، كېيىن پۇشايمان قىلىسەن. * قاباھەتلىك يېرى شۇكى، غالجىرلاشقان ئابدۇسەمەت بۇنى ئاز دەپ توختىي ئاكامنىڭ جەسىتىنى دادۇي ئىشخانىسى ئالدىدا ئېسىپ قويۇپ ئەزالارنى يىغدى. // ئاقىللار ئېيتقانكى: «كۆپ كۈلۈش، بىر سۆزنى قايتا-قايتا سۆزلەش، ئەدەبسىزلىك قىلىش، قاباھەتلىك سۆزلەش، يىغلاش قاتارلىقلار مەستلەرنىڭ سۈپىتى بولۇپ يەنە بىر هېسابتا ساراڭلىقتۇر».

**قابىل** سۈپ [ئە] ① ھەرقانداق ئىشنى قىلىشقا قۇربى، قابىلىيىتى يېتىدىغان؛ يارامىلىق، قابىلىيەتلىك، ئىقتىدارلىق: قابىل كادىر. * تاشۋايمۇ بىرزامانلاردا ھەۋەسكار ئىدى، مانا ئەمدى ھەم چالالايدىغان، ھەم ئېيتالايدىغان، ھەم ئىجاد قىلالايدىغان قابىل بىر كىشى بولۇپ يېتىشتى. * دۇنيادا ئادەمدىن قابىل، زېرەك نەرسە يوق، گەپ قەتئىي ئىرادىگە كېلىشتە. راكېتا، ئاتوم بومبىسى دېگەنلەرنىمۇ ئادەم ئىجاد قىلغانغۇ؟ ئاسماندىن چۈشكەنمۇ يا؟ ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قابىللىق** «قابىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — خانىم، — دېدى مۇخپۇل ئاكا مۇئەللىمگە قاراپ ھۆرمەت بىلەن، — كەنتىمىز ئۇزاق ئۆيقۇدىن كېيىن قوزغىلىپ چوڭ ئىشلارغا تۇتۇش قىلدى. ئادەم ھەممىگە قابىل ئىكەن، قابىللىقىمىز كۆزىمىزگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

**قابىلىيەت** ئى [ئە] مەلۇم ئىشنى بېجىرىش لاياقىتى؛ تالانت، ئىقتىدار؛ ئىستېدات: ئۇ كىچىك بولغان بىلەن، ئېسىدە تۇتۇۋېلىش قابىلىيىتى مېنىڭكىدىن يۇقىرى ئىدى. * ئۇنىڭ خىزمىتى بولمىغاچقا، كىرىمىمۇ يوق ئىدى. ئەمگەك قىلىش قابىلىيىتىدىن قالغان قېرى ئاتا-ئانىسى، ئوقۇشتىن توختاپ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئىككى ئېنىسى بولۇپ، ھۆكۈمەت پۈتۈن ئائىلىدىكى بەش جاننىڭ كىيىدىغان، يەيدىغانلىرىغا گەرچە ئازراق قۇتقۇزۇش بەرسىمۇ، يەنىلا تۆگىنى چۆچەكتە سوغارغاندەك ئەھۋالدا قالغانىدى.

**قابىلىيەتسىز** سۈپ. قابىلىيىتى، ئىقتىدارى، تالانتى يوق؛ ئىقتىدارسىز، يارامسىز: — ئىختىساسلىق كىشىلەرنىڭ كەلتۈرىدىغان پايدىسى قابىلىيەتسىز ئادەملەرنىڭكىدىن كۆپرەك بولىدۇ. * ماڭا ئوخشاش قابىلىيەتسىزلەرنىڭ ھەددى-ھېسابى يوق.

**قابىلىيەتسىزلىك** «قابىلىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قابىلىيەتسىزلىك كۆپ ھالدا بىلىمسىزلىكتىن پەيدا بولىدۇ.

**قابىلىيەتلىك** سۈپ. قابىلىيىتى، ئىقتىدارى، تالانتى بار؛ قولىدىن ئىش كېلىدىغان، ئىقتىدارلىق، قابىل، يارامىلىق: قابىلىيەتلىك ياشلار. * بىزنىڭ ئالدىمىزدا ھازىر قىلىشقا تېگىشلىك نۇرغۇن ئىشلار بار، بىزنىڭ ئورنىمىزنى باسقان ياش، قابىلىيەتلىك، ساغلام كادىرلىرىمىز ئاشۇ نۇرغۇن ئىشلارنى ئورۇنلىشى زۆرۈر.

**قاپ** I ① ئى. نەرسىلەرنى ئىچىگە قاچىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، رەختتىن تىكىلگەن ياكى پاختا، يۇڭ، چىگە يىپلىرى ۋە سۈنئىي تالالاردىن توقۇلغان بۇيۇم؛ كىچىك تاغار: گەپ دېسە قاپ-قاپ، ئىش دېسە يىراق تاغدىن تاپ (ماقال). * تەڭ تېگى بىلەن، تېزەك قېپى بىلەن (ماقال). * بارچە گۇناھ ئۆزۈمدە تۇرۇپ، قاپ كۆتۈرۈپ نەگە باراي (ماقال). * — توغرا بولمايچۇ، — دېدى زەيتۇنەم قاپقا پاختا قاچىلاۋاتقان ئاياللارغا ياردەملىشىپ تۇرۇپ. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ سىرتقى قىسمىنى ئوراپ، قاپلاپ تۇرىدىغان قىسمى: ياستۇق

قېپى. سەرەڭگە قېپى. تاشپاقا قېپى. * ئۇلار ساپ ئالتۇندىن نېپىز قاپ ياساپ، چىشلىرىنى قاپلاپ زىننەتلەيدىكەن. * ئۇلار بىر خىل ئاق رەڭلىك دېڭىز قۇلۇلىسى قېپىنى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىدىكەن. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ قاپلىق نەرسىنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئون قاپ سەرەڭگە. * مۇرىسىدە ئىككى قاپ ئۇرۇق، شاگىرتىمۇ چۆمۈلگەن تەرگە. سۆزلىدى ئۇ شۇجىغا قىزغىن، قويۇپ قاپنى بىر-بىرلەپ يەرگە.

**قاپ تېشەر** دىئال. ئۆز بېشىمچە، باشباشتاق.

**قاپ ياردى** ھەرقانداق ئىشنى ئۇنىڭ ئاقىۋىتى بىلەن ھېسابلاشماي، قارامىلىق بىلەن، بوسۇپ قىلىدىغان: ئەمەت دېگەن تازا قاپ ياردى نەرسە.

**قاپ يۈرەك** ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، يۈرىكى چوڭ، يۈرەكلىك: — تەرتىپ مۇدىرىنى كۆلگە تاشلىغان قاپ يۈرەك قايسى؟! — دەپ مەكتەپنى بېشىغا كىيىپ ۋارقىرىدى ئۇ. * ئېيتقىن نېمىشقا ئوتلار چاچسەن، دەريانى، سۇنى توسۇپ ياتسەن؟ كېلىشىڭ نەدىن، قىلمىشىڭ نېچۈن؟ بۇنچە قاپ يۈرەك بولدۇڭ نە ئۈچۈن؟

**قاپ يېرىلماق** ← **دۇمباق يېرىلماق**: مانا ئاخىرى قاپمۇ يېرىلدى، رەھبەرلىك بەنزىنمۇ تەستىقلىنىپ كەلدى.

**قېپىدىن چىقمىغان** باشقىلار كۆرمىگەن، بىلمىگەن؛ يېڭى.

**قېپىدىن چىقىپ كەتمەك** ← **قېلىپىدىن چىقىپ كەتمەك.**

**قېپىنى يارماق** ① بىراۋنى قاتتىق چۆچۈتمەك، ھەيۋىسىنى چۈشۈرمەك. ② بىرەر ئىشنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ ئورۇنلىماق.

**قاپ** II سۈپ. توپتوغرا، دەل: قاپ بەل.

قاپ ئوتتۇرا.

**قاپ بەل** ① بەلنىڭ دەل ئوتتۇرىسى: «گۆپ» قىلىپ زەرب بىلەن ئۇرۇلغان كەتمەن قاچماقچى بولۇپ يۈگۈرگەن بىر چاشقاننىڭ قاپ بېلىگە چۈشۈپ ئىككى پارچە قىلىۋەتتى. ② مەلۇم ئارىلىقنىڭ دەل ئوتتۇرىسى، يېرىمى: ئاسفالت يول ئاي نۇرىدا كۈمۈش يىلاندەك، باياۋاننىڭ قاپ بېلىدە سوزۇلۇپ ياتار. يىراقلاردا جۈپ-جۈپ نۇرلۇق كۆزلەر كۆرۈنەر، بىر-بىرىنىڭ ئىزلىرىنى قوغلىشىپ قاتار.

**قاپ ئوتتۇرا** مەلۇم دائىرە ياكى ئارىلىقنىڭ دەل مەركىزى، ئارىلىقى: ئىككى ئورۇق كالا سەپنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە ماڭماي تۇرۇۋالدى. * قەمبەرنىساخان بۇلاقنىڭ بويىغا كېلىپ كوزىسىنى سۇغا چۆكۈرەي دەپ تۇرۇشىغا بۇلاقنىڭ قاپ ئوتتۇرىسىغا بىر چالما چۈشتى.

**قاپارتقا** (توغرىسى: قاپارتقۇ) ← **قاپارتقۇ.**

**قاپارتقۇ** ئى ← **قاپارتما**: كۆز ئالدىمدا ئۇنىڭ ئاشخانىدىكى مەشكە قاقلانغان پۇتلىرىدىكى سانجاق-سانجاق قاپارتقۇ ئىزلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. * يول ئېچىلغان ھامان خۇددى قاپارتقۇ يېرىلغاندەك يىرىك ئېتىلىپ چىقتى.

**قاپارتقۇلۇق** سۈپ. قاپارتقۇ قاپىرىپ چىققان: ئۇنىڭ پۇۋلىگەندەك سىمىز قاپارتقۇلۇق يۈزلىرىدىن كۆلكە يۈگۈرۈپ ئۆتتى.

**قاپارتما** ① ئى. قول، پۇت قاتارلىقلارنىڭ زەخىملىنىشىدىن تېرە ئۈستى ياكى ئاستىدىكى سۇيۇقلۇقلار يىغىلىپ، قاپىرىپ قالغان جاي: مەن ھارغىن ھالدا ئالىقانلىرىمنى ئېچىپ، سۇ كۆتۈرۈپ چىققان قاپارتمىلارغا قارىدىم. بەزىلىرى يېرىلىپ، ئىچىدىكى سۇيى چىقىپ كەتكەنىدى. ② سۈپ. قاپارتىلىپ ئىشلەنگەن، قاپارتىلغان؛ بۆرتۈپ چىققان، بۆرتمە:

قاپارتما بەت. قاپارتما نەقىش. قاپارتما هەيكەل. * خارابىزارلىقتا، مەزكۇر قەدىمىي شەھەرنىڭ ئوردا تېمى ۋە ئۇنىڭغا ساپالدىن چىقىرىلغان شىر، كالا، ئات، قوي قاتارلىق هايۋانلارنىڭ قاپارتما سۈرەتلىرى كۆزگە ئەڭ چېلىقىپ تۇرىدۇ.

**قاپارتما بەت** <مەت> ← **كۆپۈنكى بەت.**

**قاپارتما نەقىش** <بىن> ← **بۆرتمە نەقىش.**

**قاپارتما هەيكەل** <گ سەن> تەكشى يۈزگە قاپارتما شەكىل چىقىرىش ئارقىلىق ياسالغان هەيكەل.

**قاپارتماق** «قاپارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنداق، ئۇ ئەمدى بۇرۇنقىدەك ئۆستەڭ چېپىپ، تىرگەن سوقۇپ ئالىقىنىنى قاپارتىپمۇ يۈرمەيدۇ.

**قاپارچۇق** ئى. تېرە ئۈستىدە پەيدا بولىدىغان ئۇششاق قاپارتما: ئەتىسى ئۇنىڭ يۈز-كۆزى ئىششىپ، كالپۇك-قوۋۇزلىرى ئۈستىگە قوقاق يارىسى چىقىپ، قاپارچۇق ئۆرلەپ كەتكەنىدى.

**قاپارچۇقلىماق** پ. قاپارچۇقلار پەيدا بولماق: لۈجۈنىيىنىڭ پۇتلىرى قاپارچۇقلاپ يەرگە دەسسىگۈدەك مادارى قالمىغانىدى.

**قاپارماق** پ. پۇت، قول قاتارلىقلاردا قاپارتمىلار پەيدا بولماق: 60 كىلومېتىرچە يولنى پىيادە يۈرۈپ، ئىككى كۈندە جىلىڭ ناھىيىسىگە يېتىپ باردىم. ھېرىپ، تاپانلىرىم قاپاردى، زادىلا ماغدۇرۇم قالمىدى. * بۇ يولدا تولا مېڭىپ، پۇتۇم قاپىرىپ كەتتى. هارۋىغا چۈشەي دېسەم، ئۆكۈز ئالدىراپ كەتتى.

**قاپاق** I ① ئى <بوت> كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، مېۋىسىنىڭ ئوتتۇرىسى ئىنچىكە بولۇپ، ئىككى دانە شارنى ئۇلاپ قويغاندەك كۆرۈنىدۇ، سىرتى سىلىق كېلىدۇ. ② ئى. شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى: ماي قاپىقى. سۇ قاپىقى. چىلىم قاپىقى. ناس قاپىقى. ③ سۈپ. شەكلى شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسىگە ئوخشايدىغان؛ چوڭ، ئىچى كاۋاك ياكى ئىچى بوش بولغان: قاپاق ئاپىلسىن. قاپاق ئامۇت. قاپاق لازا. قاپاق تېرەك. قاپاق جىگدە. قاپاق گىلاس. ④ سۈپ. كۆچمە. كاللىسى ئىشلىمەيدىغان، دۆت، كالۋا، هاماقەت: ئۇنىڭ كاللىسى تازا قاپاق ئىكەن-دە، شۇنىمۇ ئاڭقىرالمىغىنىنى قارا!

**قاپاق ئاپىلسىن** <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى چوڭ ھەم كەڭ، گۈلى چوڭ ۋە توپلىشىپ ئۆسۈپ ئومۇمىي گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مېۋىسى چوڭ، يۇملاق، سەل ياپىلاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، پىشقاندا ئاچ سېرىق ياكى قىزغۇچ سېرىق رەڭگە كىرىدۇ، شۆپۈكى قېلىن، ئېتى ئاق ياكى قىزىل، تەمى چۈچۈمەل تاتلىق بولىدۇ، كۈز ئاخىرىدا پىشىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ گۇاڭشى، فۇجيەن، جېجياڭ، گۇاڭدۇڭ، سىچۈەن ۋە خۇنەن قاتارلىق ئۆلكىلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قاپاق ئامۇت** <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر خىل سورتى. يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، مېۋىسى قاپاق شەكلىدە، پوستى قېلىن، ئەسلىي رەڭگى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ، پىشقاندا تۇم سېرىق رەڭگە كىرىدۇ، گۆشى ئاق، تاتلىق ۋە سۇلۇق، 8-ئاينىڭ باشلىرىدا پىشىدۇ. ② شۇ خىل

ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قاپاق بۆرتمىكى** <بوت> چوڭ يوپۇرماقلىق زىرائىتىنىڭ كۆكتات قىلىنىدىغان ۋە ئاساسىي قىسمى ئىچىدە مەلۇم كېسەل مىكروبلىرى پارازىت ياشىغاندىن كېيىن يوغىناپ كەتكەن يۇمران غولى.

**قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل** ئىشنىڭ ئەمەلىي ئۈنۈمى، نەتىجىسىگە قارىماي شەكلى، كۆرۈنۈشىلا ھېسابقا ئېلىنىپ كېتىشكە قارىتىپ ئېيتىلىدۇ: ھازىر جەمئىيەتتە بەزى كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە قاپاق پۇل ئەمەس، باراڭ پۇل بولۇپ قالدى، ھەدېسىلا دىپلومنىڭ گېپىنى قىلىپ قورسىقىدىكى ئۆمچى بىلەن ھېسابلىشىپ كۆرمەيدۇ.

**قاپاق تېرەك** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. قوۋزىقى ئاق كۈلرەڭ، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، ئارقا تەرىپىدە ئاق تۈكلىرى بولىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ شىمالىدىكى رايونلارغا كەڭ تارقالغان. ياغىچى ئاق، پۇختا كېلىدۇ. كۆپىنچە بىناكارلىق، كېمىسازلىق، قەغەزچىلىك ۋە سەرەڭگە تېلى قاتارلىقلارغا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قاپاق جىگدە** <بوت> جىگدىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى چوڭ ۋە گۆشلۈك كېلىدۇ.

**قاپاق چۆگۈن** سۇ ئىسسىتىشقا بارمايدىغان، تۈۋلۈكى ئايرىم ئورنىتىلغان چۆگۈن.

**قاپاق گىلاس** <بوت> گىلاسنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى ئادەتتىكى گىلاستىن چوڭراق كېلىدۇ.

**قاپاق لازا** <بوت> ① لازىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى چوڭ، يۈزىدە بويىغا كەتكەن ئېرىقچىلىرى بولىدۇ، تەمى ئاچچىق ئەمەس، سەل تاتلىق كېلىدۇ. ئادەتتە كۆكتات قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى ئەتىۋارلىماق** ← **قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئالماق**: ئەسلىدە بۇ ئادەملەر مۇزىكا دېگەننى چۈشەنمەيدىغان، قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى ئەتىۋارلايدىغان ئادەملەر ئىكەن.

**قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئالماق** ئۈنۈمى، ئىقتىدارى ۋە نەتىجىسىگە قارىماي شەكلى، كۆرۈنۈشى، قۇرۇق ھەيۋىسىگە قاراپ مۇئامىلە قىلماق: قاپاقنى پۇلغا ئالماي، باراڭنى پۇلغا ئالىدىغان ئەللەتلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە بارغانسېرى ياقمايدىغان بولۇپ قېلىۋاتماقتا.

**قاپاق** II ئى <ئانات> كۆز ئالمىسىنى ئوراپ تۇرىدىغان، گىرۋىكىدە كىرپىك بولغان ۋە ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرىدىغان تېرە. كۆزنى ئاسراش رولىنى ئوينايدۇ: بادام قاپاق. تولۇق قاپاق. قاپىقى تارتماق. قاپىقى تۈرۈلمەك. قاپىقى يامان. * شەرىپە ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇنىڭ تال-تال كىرپىكلىرى كۆزىنىڭ ئاستىنقى قاپاقلىرىغا سايە تاشلاپ تۇراتتى. * ھامۇتئاخۇننىڭ قاپاقلىرى تۈرۈلگەن، چىرايىدا جىددىيلىك بار ئىدى.

**قاپىقى تارتماق** ① قاپىقى لىك-لىك قىلىپ مىدىرلىماق: خەلچەم يول بويى توختىماي چالۋاقاپ ئۆزىنىڭ كېچىدىن يامان چۈش كۆرۈپ قالغانلىقى، تاڭ ئاتقاندىن بېرى سول قاپىقىنىڭ توختىماي تارتىۋاتقانلىقىدىن ۋايسايتتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىماللىقى كۆڭلىگە ئايان بولماق: — ۋاي خۇدايىم، شورىمىز قۇرۇپتۇ! مېنىڭ تۈنۈگۈنلا قاپىقىم تارتىۋىدى.

نى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قاپاقياردى** ئى [قاپاق+ياردى] <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ بىرى. مىلادىيە كالېندارى بويىچە 20- ۋە 21- يانۋاردىن باشلىنىدۇ.

**قاپباش** ئى [قاپ+باش] ← **بوز غورۇلاي.**

**قاپتال** ئى ① تاغ ۋە ئېگىزلىكلەرنىڭ تەكشىلىك بىلەن تۇتاشقان باغرى، يان تەرىپى: بالىلار تاغ قاپتىلىدىكى قېلىن قارىغايلىقلار ئىچىدە يالغۇز يولنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. * سەمەت ئۇنى: — ھەي مەسۇم، سەن بېرىپ ئەنە ئاۋۇ كۆرۈنگەن قىرنىڭ قاپتىلىدىن گۆر كولىغىن، گۆرنىڭ چوڭقۇرلۇقى قۇلىقىڭ بىلەن باراۋەر بولسۇن، — دەپ ئەۋەتىپتۇ. ② ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ ئۇچىسى بىلەن قورسىقى ئارىلىقىدىكى ئىككى يېنى: داۋان سۈيى يامان ئىكەن، قاپتالدىن ئاشتى. ③ ئېگەرنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى قانىتى.

**قاپتىلىغا ئالماسلىق** كۆزگە ئىلماسلىق، نەزەرگە ئالماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق: روزى شۇجىنىڭ گېپىنى قاپتىلىغا ئالماي ئولتۇردى. * — بۇ ئۇششۇق، سوت، ئادۋوكات دېگەنلەرنى قاپتىلىغا ئېلىپ قوياتتى، — باش غوجىدار ئاغىچا خېنىمنىڭ ئورنىدا جاۋاب بەردى.

**قاپتىلىغا .كەلمەسلىك** ① قاپتىلىنى باسماسلىق: شۇنچە ئۇلۇغ ھېسابلىنىدىغان سۇ ھازىر ئۇنىڭ قاپتىلىغىمۇ كەلمىدى. ② پەرۋا قىلماسلىق: دۇنيانى سۇ بېسىپ كەتسە، ئۆردەكنىڭ قاپتىلىغا كەلمەپتۇ (ماقال). * بويىندىن باغلاپ كېلىنگەن بىرنەچچە مىڭ ئورۇق ئەت ھاشارچىنىڭ ئەمگىكى، ھەرقايسى يېزا-كەنت، مەھەللىلەردىن توشۇلۇۋاتقان ھېسابسىز شاخ-شۇمبا خۇددى دەرياغا تاللىغان چالغاندەك، تەلۋە سۇنىڭ قاپتىلىغىمۇ كەلمىدى.

**قاپتاللىق** سۈپ. يان تەرەپلىرىدە قاپتاللىرى بار، يان تەرىپى بەك تىك ئەمەس: شۇنىڭ بىلەن مەن كەينىمىزدىكى قاپتاللىق سارغۇچ تاغنىڭ شاپتۇل ۋە ئۆرۈك چېچەكلىرى بىلەن چۈمكىلىپ بايرامغا ياسانغان قىزچاقتەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرەلمىدىم.

**قاپتاللىماق** پ. قاپتالنى ياقىلىماق، قاپتالنى بويلاپ ماڭماق: «تاغ باغىرلىماق» دېگەننى «تاغنى ياقىلاپ، قاپتاللاپ، بويلاپ ماڭماق» دەپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ.

**قاپتەك** سۈپ. چوڭ، يوغان: — پاھ، يۈرىكىڭىز قاپتەك ئىكەن-دە! — رۇستەم ئەتەي چېقىشتى، — مەن ھەممىنى ئاڭلىدىم. * بۇ چاغدا سىرتتىن تەمبەل بىر دارازا كىرىپ: — ھۇ قارا خۇنپەر، يۈرىكىڭ قاپتەك ئىكەن-غۇ، كىم ئاچقان مەيخانا بۇ، بىلەمسەن، مەي ئىچىپ پۇلنى بەرمەي كېتەمسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى.

**قاپچۇق** ئى ① تېرە، رەخت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىچىگە بىرەر نەرسە سېلىپ ساقلاش ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن خالتا: ئۇ قەددىنى رۇسلاپ، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە تايىنىپ يانچۇقىدىن تاماكا قاپچۇقىنى ئالدى. * ئۇ تاماقتىن كېيىن چامادانىنى ئېچىپ بىر قاپچۇق ئىچىدىن پۇل ئالدى-دە، يانچۇقىدىكى ھېلى مەن بەرگەن پۇلغا قوشۇپ ئالدىمغا قويدى. ② <بىئول> بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلارنىڭ بەدىنىنى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرىدىغان سىرتقى قېپى، قاسىرىقى.

**قاپچىغاي** ئى ① تاغ، يار، دەريا بويى، ئورمانلىق قاتارلىقلاردىكى شامالنىڭ تەسىرىگە كۆپ ئۇچرايدىغان، قولتۇق شەكىلدىكى جاي: ئۇلار جىغان تۆۋىدىكى قاپچىغايدا بىردەم ئولتۇردى. ئەتراپ جىمجىت ئىدى. * دەريانىڭ ئاشۇ ئەگمە بويىدىكى

كەڭ قاپچىغايدا باراقسان ئاق تېرەكلەر ئۆسكەن بولۇپ، بۇ ھەيۋەت يوغان قېرى تېرەكلەرنىڭ قوۋزاقلىرى سويۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى. ② <ھەرب> ئوت ئالغۇچ قورالالار ئوقلىرىنىڭ تېگىش دائىرىسى ئىچىدىكى ئوق تەگكۈزگىلى بولمايدىغان جاي.

**قاپچىمال** سۈپ ① كەندىر ۋە زاغۇن ئارىلاشتۇرۇلۇپ تارتىلغان: قاپچىمال ياغ. ② كۆچمە. ساراڭ قېتىش.

**قاپساتماق** «قاپسىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپساشماق** «قاپسىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاپسالما** سۈپ. قاپسىلىدىغان، قاپسىلىپ قالىدىغان: قاپسالما يۇقىرى بېسىم.

**قاپسالما يۇقىرى بېسىم** <مېتېئور> يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا پەيدا بولىدىغان ۋە تەرەققىي قىلىدىغان، غەرب شامىلى دولقۇنىنىڭ ھەرىكىتىنى توسىيالايدىغان ۋە بىرقەدەر تۇراقلىق ھەم ئىسسىق بولغان يۇقىرى ھاۋا بېسىمى سىستېمىسى. ئۇ ئۇزۇن دولقۇن ئومۇرتقىسىنىڭ ئۆزگىرىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان بولۇپ، مەلۇم تۇراقلىققا ئىگە كېلىدۇ ھەمدە ئۇزاق مۇددەتلىك ھاۋا كىلىماتىنى پەيدا قىلالايدۇ. لېكىن ئۇ ئۆزىنىڭ ھاسىل بولۇش، يىمىرىلىش ۋە چېكىنىش دەۋرلىرىدە ھەمىشە بىر قېتىملىق چوڭ ۋە كەڭ دائىرىلىك ھاۋا رايى ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىدۇ.

**قاپسالماق** «قاپسىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نەچچە يىلدىن بېرى بىرقانچە ئۆلكىگە پاتمىغان بۇ «قەھرىمان» ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغان ئازغىنا ئەسكىرى بىلەن سەددىچىنىڭ سىرتىدىكى ئەنشى دېگەن كىچىك بىر ناھىيىگە قاپسىلىپ قالدى.

**قاپسىماق** I پ ① ئەتراپىنى قورشىماق، مۇھاسىرىگە ئالماق: ئوسمان بىرنەچچە سەردارلىرى بىلەن بەھرامنى ئوتتۇرىغا قاپسىۋالدى. * چېرىكلەر ئۇنى قوغلاپ يۈرۈپ، شەھەر سېپىلى تۈۋىگە قاپسىۋالغاندا، ھەسەن سېپىلنىڭ ئاستىغا كېلىپلا غايىب بولۇپ كەتكەن. ② ئالدىنى تورىماق، بىر يەرگە قىستاپ قويماق، قىستىماق: كېيۋىرئاخۇن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى ۋە ئىشىك ئالدىنى قاپساپ تۇرغان مەنسۇر، زايىت ۋە مامۇتلارنى كۆردى. * مەن تاقەت قىلىپ تۇرالماي ئۆيگە باستۇرۇپ كىردىم. قادىر قاۋان، پەردەنى قاپسىۋالغاندى. * قاپساپ كەلگەن كۆلكىدىن سايىمنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، كۆزلىرى يۇمۇلۇپ كەتتى. ③ كۆچمە. چىرمىۋالماق، قاپلىماق: سايىم بۇ سۆزلەرنى ئېچىنغاندەك تەلەپپۇزدا ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن دادامنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئەيىبنى ئىنكار قىلمىدى. مېڭەمنى قاراڭغۇ تۇمانلار قاپسىۋالدى. * ئۇلار ئۇچۇن ئايلىنىدۇ ئالتۇنغا، يۇرتنى قاپساپ ئالغان قارا نامراتلىق. ئەل بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت، قايغۇلار، ئۇلار ئۈچۈن كۆڭۈل خۇشى ۋە شادلىق.

**قاپسىماق** II پ. دىئال. تىللىماق.

**قاپقا** ئى ① دەرۋازا: قاپقا باقار. * ئۇ ئىككى ئاتلىق چوڭ ھويلا قاپقىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. * گۈرۈلدەر بۇ قاينام شۇنچە شىددەتلىك، چېلىنار غەزەپ ۋە نەپرەت ناغرىسى. بىرچاغدا قاراسلاپ ئېچىلدى يوغان، يامۇلنىڭ قاپقارا تۆمۈر قاپقىسى. ② قاپقاق: ھازىر ھېسامىدىن داموللا قازناق ئۆيىنىڭ ئىچىگە كىرىپ، ئەۋرەزنىڭ قاپقىسىغا چىلان ياغىچىدىن ئىشلەنگەن ھاسىنى «توك، توك» ئۇرۇپ مەيدە يانچۇقىدىن ياپلاق ئالتۇن سائىتىنى قولىغا ئالدى. * ئۇ داڭۋېي قورۇسىغا كىرگەندە، داڭۋېينىڭ كۆڭگەيگە قارىتىلغان تاختايلىق

ئۆيلىرىنىڭ دېرىزە قاپقىلىرى ئېچىلمىغان. ئىشىكلىرى قۇلۇپلاقلىق ئىدى. ③ تۇما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز-كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ياغاچ، سېمونت قاتارلىقلار-دىن مەخسۇس ياسالغان قۇرۇلما؛ تاقاق: بوۋاي كىچىك چاقپەلەككە چۈشۈرگە قاپقىسىنى تاسما ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇپ، چۈشۈرگىنى تۈگمەن ئېچىدىلا تۇرۇپ باشقۇرۇپ، تۈگمەن ھەرىكىتىنى خالىغىنىچە ئىدارە قىلاتتى.

**قاپقا ۋېنا** <ئانات> ئاشقازان، ئۈچەي، تال، ئۆيقۇلۇق، ئۆت خالتىسى قاتارلىقلاردى-كى ۋېنالارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ۋە بىرقەدەر چوڭراق بولغان ۋېنا. ئۇ جىگەرگە كىرگەندىن كېيىن يەنە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ۋېنالارغا ئايرىلىدۇ.

**قاپقارا** سۈپ. ناھايىتى قارا؛ قاپقارا چاچ. قاپقارا تۇپراق. * كۆك بوز ئاتنىڭ خۇددى بوتىچاقىنىڭكىدەك قاپقارا كۆزلىرىدىن ياش ئېقىۋاتاتتى. * ئۇلار بەش كىشى بولۇپ، قاپقارا بىرى ئالدىدا ۋېلىسىپىت يېتىلىگەنىدى.

**قاپقاراڭغۇ** سۈپ. ناھايىتى، ئىنتايىن قاراڭغۇ: ئىچكىرىكى ئۆي قاپقاراڭغۇ، ھەرقايسىسى ئۆز ئورنىدا، قۇباق بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئوڭدا ياتاتتى. * قاپقاراڭغۇ تۈن، كۈچەيگەن بوران، ئادەمگە زادى بەرمەيتتى ئامان.

**قاپقاراڭغۇلۇق** ئى. ناھايىتى قاراڭغۇ ھالەت، تۇم قاراڭغۇلۇق: ئايتىللانىڭ چوڭ قىز بولۇپ، ھازىرقى يېشىغا يەتكۈچە مۇشۇن-داق تۈن كېچە، قاپقاراڭغۇلۇقتا كوچىدا يالغۇز مېڭىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

**قاپقارايماق** پ. قاپقارا تۇسكە كىرمەك، قاپقارا تۈس ئالماق: — بۇ مېھمانلارنىڭ باش ئىدارىسى ئەنە ئاۋۇ تاغ ئۈستىدىكى قارىياغاچلىقتا، — دەپ ئۇڭ قولىنى ئۇڭ ياققا سوزۇپ قاپقارىيىپ تۇرغان «قىزىل تاغ» نى كۆرسەتتى.

**قاپقاق** ئى ① كەڭ ئېغىزلىق نەرسىلەرنىڭ ئاغزىنى يېپىش ئۈچۈن ياسالغان ياپقۇچ: ساندۇقنىڭ قاپقىقى. سائەتنىڭ قاپقىقى. يانچۇقنىڭ قاپقىقى. * شوپۇر ماتورنىڭ قاپقىقىنى يېپىپ، قولىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ ئۈستىدە ھەرىكەت قىلىۋاتقان سادىقنى كۆردى، بىراق ئۇنى تونۇمىدى، تونۇش ئەمەس، ھەتتا ئۇنىڭ كىملىكىگىمۇ قىزىقمىدى. ② دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ سىرتىنى يېپىش ئۈچۈن ئورنىلاشتۇرۇلىدىغان قانات، ياپقۇچ: ئابدەم ئورنىدىن تۇردى-دە، دېرىزىدىن چىقىپ، قاپقاقنى ياپتى. ③ تۇما، چۈشۈرگە ۋە باشلام ئېغىزلىرىدا سۇنىڭ ئاز-كۆپ ئېقىشىنى تەڭشەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، يا'''چ، سېمونت قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسىلىدىغان قۇرۇلما؛ قاپقا، تاقاق: ئۇلار دامبىنىڭ ئۈستىگە چىقىشقا ئاز قالغاندا، سادىق يېنىدىكى بىر ياش يىگىتكە قاراپ: — ئامبارنىڭ سۇ چىقىرىش قاپقىقىنى كۆتۈرۈۋەتكەنمۇ؟ — دەپ سورىدى. * زاكو-قاپقاق ياسالدى، قاچاق سۇلار توسۇلدى، يەرگە كۆپ يەر قوشۇلدى، خەلقىم سۆيگەن تاش ئۆستەڭ. ④ <ئانات> ئادەم ياكى بەزى ئومۇرتقى-لىق ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئەزالىرى ئىچىدىكى ئېچىلىپ-يېپىلىپ تۇرىدىغان پەردىسىمان توقۇلما.

**قاپقاقلىق** سۈپ. قاپقىقى بار، قاپقاق ئورنىتىلغان: قاپقاقلىق دېرىزە. قاپقاقلىق ساندۇق. قاپقاقلىق مېۋە. * ل. مۇتەللىپ ۋاقىتنىڭ قايسى چاغقا بېرىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن شىم تاسمىسىغا زەنجىر ئۆتكۈزۈل-گەن قاپقاقلىق يومىلاق يانچۇق سائىتىنى شىمىنىڭ كىچىك سائەت يانچۇقىدىن چىقىرىپ قارىدى.

**قاپقاقلىق مېۋە** <بوت> غوزا مېۋىسىنىڭ بىر خىلى. پىشقاندا ئۇستۈنكى قىسمى توغرىسىغا قاپقاق شەكلىدە يېرىلىدۇ. مەسىلەن، پاقىيوپۇرماق، سېمىزئوت قاتارلىقلارنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش.

**قاپقان** ئى ← **تۇزاق**: ئانا قاپقاننى ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈپ قارىدى. * شۇنداق، مەن ئەزا بولۇپ ئۆتسەم، مۇشۇ ئىشنى ماڭا چاتمىساڭلار ئىكەن، راست گەپنى ئېيتسام مېنىڭ چەت ئەلدە ھېچنېمەم يوق، مېنى مۇشۇ بىر قاپقاندىن قۇتقۇزۇپ قويساڭلار ئىكەن.

**قاپقانغا چۈشمەك** ← **تۇزاققا چۈشمەك**: ئۇ ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن قاپقانغا چۈشكەن بىر تۈلكىنى كۆرۈپ قالدى... 

**قاپقانغا دەسسىمەك** ← **قاپقانغا چۈشمەك**: پىدائىيلار ئىچىدە تۆمۈر خەلپە پاجىئەسى گۇۋاھچىلىرىنىڭ ھەقدارلىرىمۇ بار ئىدى. ئۇلار ئۆز سەپداشلىرىنى ئېچىنىشلىق تارىخىي ساۋاقلارنى ئۇنتۇپ قالماسلىق، دۈشمەننىڭ قاپقىنىغا دەسسەپ قالماسلىققا ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى. * سېيىت ھاجى چەك تاشلاش ھىيلىسى ئارقىلىق، «قورقۇنچلۇق» سۆپۈر-گىنىڭ ئۆتۈنى قاپقانغا دەسسەتتى.

**قاپقان قويماق** ← **تۇزاق قۇرماق**: تاڭ سەھەر دۈشمەنلەر بولۇپ بىر سەپ، ئىشقا چۈشتى قايتىدىن خوتنى يۆتكەپ، سېپىل بويلاپ خەندەكلەر ئويدى بۇگۈن، ئەل جېنىغا قاپقانلار قويدى بۇگۈن.

**قاپقان قۇرماق** ← **تۇزاق قۇرماق**: ئۇ كۈن نەدە كەچ بولسا، شۇ يەردە يېتىپ-قوپۇپ كۈن ئۆتكۈزۈشكە ئادەتلىنىپ قالغانىدى، بەزىدە جاڭگالغا بېرىپ قاپقان قۇرۇپ ئوۋ ئوۋلايتتى. * بىراق سېنى بوغدى كۈلپەت، تار قەپەس، غۇنچە گۈلۈڭ ئېچىلمىدى كەتتى دەز، قاپقان قۇردى ساڭا جاللات-ساختىپەز، كۆزۈمدە ياش، سېنى ئەسلەپ سېغىندىم.

**قاپقان-تۇزاق** قاپقان ۋە تۇزاق: — ھېسىم، ملتىق ئېتىپ ئوقنى زايە قىلىدۇ دەمسەن، — دەپتۇ سوغۇر ئاغزىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ئۇلارنىڭ ئاجايىپ قىلتاق، قاپقان-تۇزاقلىرى بار.

**قاپقانچى** ئى ① قاپقان قۇرۇپ ئوۋ قىلغۇچى. ② كۆچمە. ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ باشقىلارنى دامىغا چۈشۈرگۈچى: ياسىن، بۇنداق ئەخمەقلىكنى قىلماي ئۆيۈڭگە قايت، سەن ھازىر بارمەن دېگىنىڭ بىلەن قاپقانچى-لار سېنى قىلتاققا چۈشۈرۈشكە تەمشىلىپ تۇرۇشقاندۇ!

**قاپقانچىلىق** ئى ① قاپقان بىلەن ئوۋچىلىق قىلىش ئىشى. ② كۆچمە. ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىش.

**قاپقانلىق** سۈپ. قاپقان قۇرۇلغان: يۇلغۇنلۇق ئارىسىدىكى تار يولنىڭ ھەممىسى قاپقانلىق ئىدى.

**قاپقىلىق** سۈپ. قاپقىسى بار، قاپقا ئورنى-تىلغان: دادىي ئىشخانىسى مۇسادىرە قىلىنغان چوڭ دەرۋازىلىق قورۇغا جايلاشقان، كونىگە يگە قارىتىلغان پېشايۋان ئاستىدا ئۇزۇن سۇپا، سۇپىنىڭ يۇقىرىسىدا قاپقىلىق قاتار دېرىزىلەر ۋە گۈللەر چېكىلىپ ياسالغان قوش قاناتلىق ئىشىكلەر تۇراتتى.

**قاپلاتماق** «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆمەر تېخى ئون ياشقىمۇ تولمىغان چېغىدا چىشىغا قۇرت چۈشۈپ كەمتۈك قىلىپ قويغاچقا، ئاتىسى ئۆزىنىڭ ئېشىنغان پۇللىرىنى سەرپ قىلىپ، ئۆمەرنىڭ چىشىنى ئالتۇن بىلەن قاپلىتىپ قويدى.

**قاپلاشماق** ① «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىكى يىغىن تەييارلىقى

ئۇچۇن. خىزمەتچىلەر ئۇخلىماي ئىشلىدى، قولمۇقول تۇتۇپ سافا، ئورۇندۇقلارنى يېڭى رەختلەر بىلەن قاپلاشتى. ② تولىماق، تىقىلماق، توسۇلماق: ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇرۇشقا باشلىدى، دېمى سىقىلىپ، چاناقلىرىغا ياش قاپلاشتى. * — تۇرۇۋا ئاغزىغا بىرنەرسە قاپلىشىپ قالدىمىكىنە؟ — ئۇلاردىن بىرى سىيىت ئاكىنى كۆرۈپ دۇدۇقلىغان هالدا مەلۇم قىلدى. * بىرئازدىن كېيىن بولسا يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ لاسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.

**قاپلامپۇشقۇل** سۈپ. سۆز-هەرىكىتى قامالاشمىغان، لامزەللە: — مېنىڭ بولغىنىم مۇشۇ ئوخشايدۇ، مەن تازا قاپلامپۇشقۇل بىر ئەرگە ياتلىق بولۇپتىكەنمەن، — دېدى ئاسگۈل خورسىنىپ.

**قاپلان** ئى <زوئول> ← **يىلپىز.**

**قاپلانباش** سۈپ [قاپلان+باش] بېشى قاپلاننىڭكىدەك چوڭ، يوغان باش.

**قاپلانغان** «قاپلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قاپلانغان ئېگەر.

**قاپلانغان ئېگەر** سىرتىغا تېرە قاپلانغان ئېگەر.

**قاپلانماق** «قاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ياستۇق قاپلاندى. * شۇ ئارىدا، ئويۇن ئاخىرلاشتى بولغاي، كۇلۇبنىڭ ئالدى ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋازلار بىلەن قاپلاندى. * باغلار چېچەكلەر بىلەن قاپلاندى.

**قاپلىق** سۈپ. قېپى بار، قاپ بېكىتىلگەن، قاپلانغان: قاپلىق سىنم. * ئۇ توختىماي تاماكا چېكەتتى، بەزىدە ئالتۇن قاپلىق يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ قاراپ قوياتتى. * خاسىيەت يەنە چىقىپ كېتىپ بىر قولىدا ئىككى پىيالە، بىر قولىدا قىزىل قاپلىق چايداننى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى.

**قاپلىق سىنم** <فىز> سىرتى رېزىنكە، سۇلياۋ، رەخت قاتارلىقلار بىلەن ئورالغان مېتال ئۆتكۈزگۈچ سىم. ئادەتتە ئۇ ئېلېكتر تېخنىكىسىنىڭ مۇهىم ماتېرىيالى هېسابلىنىدۇ.

**قاپلىما** ① سۈپ. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتىغا، ئۈستىگە قاپلانغان: ئۇ چاققانراق بولۇش ئۈچۈن، ئاق قاپلىما چاپىنىنىڭ يەڭلىرىنى تۈرۈۋالدى. ② ئى. بىرەر نەرسىنىڭ سىرتىدىن قاپلانغان نەرسە: مەن تەكشۈرۈپ باقتىم، ماي ئېقىشىنىڭ سەۋەبىنى ئوقۇقا كىيدۈرۈلگەن قاپلىمىنىڭ ئۈستى ماي يۈزىدىن تۆۋەن بولۇپ قالغانلىقىدىن بولغان دېگەن ئويغا كەلدىم.

**قاپلىماق** پ ① ئۈستىنى، سىرتىنى قاپ ياكى باشقا نەرسە بىلەن ئورىماق، يۆگىمەك، تاشلىماق: ياستۇقنى قاپلىماق. * ئانىسى يوتقانلىرىنى تىكىپ، ياستۇقلىرىنى قاپلاپ تەييار قىلىپ قويغانىدى. * ئۇ كۆلىسىلا ئالتۇن بىلەن قاپلانغان بىرنەچچە چىشى كۆرۈنۈپ قالاتتى. ② ئۈستىنى ياكى هەممە يېرىنى ئورىماق، باسماق: ئاسماننى قارا تۇتەك قاپلىدى. * هازىر ئۇ يەرنى پۈتۈنلەي مۇز قاپلاپ كېتىپتۇ. * هەلىمخان تاشۋاينى بىر چەتكە تارتىپ قولىقىغا پىچىرلايدۇ. تاشۋاينىڭ قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ چىرايىنى غەزەپ قاپلايدۇ. ③ هەممە يېرىگە تارالماق، هەممە يېرىنى ئىگىلىمەك: پۈتۈن يېزىنى مېنىڭ توغرامدىكى گەپ-سۆزلەر قاپلاپ كەتتى. * يېزىلارنى قاپلاپتۇ ئاپەت، بولۇپتۇ زۇلمەت، چىراغلار ئۆچۈپ. ئانا يۇرتنى تاشلاپ كىشىلەر ئەلەم بىلەن كېتىپتۇ كۆچۈپ. ④ ئىگىلەپ ئورۇن ئالماق، باسماق: ئايقىزنىڭ ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك غەزەپ نەپرەت قاپلىۋالدى. *ئۇنىڭ يۈرىكىنى قانداقتۇر بىر خىل ئۈمىدسىزلىك، هەسرەت قاپلىۋالغانىدى. * ئاچچىقىمدا ئۇنىڭ بېتىدىن مەرىپەتنىڭ نۇرى چاقنىدى. ئىلهامىلە-

نىپ بۇ تەشنا كۆڭلۈم، ۋۇجۇدۇمنى شادلىق قاپلىدى. ⑤ توسماق، بېكىتمەك؛ ئەتمەك: خالىدىن ئەپەندىم ئىمتىھان قەغىزىنى كۆرەلمەي قالدى، چۈنكى ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ياش پەردىسى قاپلىۋالغانىدى. * مەمەتلىگىسى بولسا كىيىم-كېچەكنى سىلىپ، پوملاقلاپ ھەدەپ تۆشۈككە قاپلىماقتا ئىدى. ⑥ كۆچمە. ئورنىنى تولۇقلىماق: كىرىم چىقىمنى قاپلىيالمىدى.

**قاپىيە** ئى [ئە] مىسرالارنىڭ ئاخىرىدا كەلگەن سۆز ۋە بوغۇملارنىڭ ئاھاڭداش بولۇپ كېلىشى: قاپىيىگە سالماق. * باغۋەننىڭ «ناۋات» سۆزىنى «ئاۋات» سۆزىگە قاپىيە قىلغانلىقىدىن لۇتپۇللا ۋە باشقىلار خۇشال بولۇپ كېتىشتى. * نەزمىنىڭ مەزمۇنى ئەمما قاپىيە قوغلاشمىسۇن، پىكىرگە ئەگەشسە ياخشى، بولسا خۇشتار قاپىيە.

**قاپىيە كەلتۈرمەك** باشقىلارنىڭ گېپىنىڭ ماس جايىغا سۆز قىستۇرۇپ قاتتىق تەگكۈزمەي، دەيدىغىنىنى دەۋالماق: ئەسقەر: «ئاچقۇچ يوق، بۇگۈن باشلىيالماي-مەن» دېيىشىگە قەيسەر قاپىيە كەلتۈرۈپ «ئۆيدىكىلەر دوختۇرخانىدا ئىدى» دەپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى.

**قاپىيىسى كەلگەندە** توغرا كېلىپ قالغاندا؛ ئورنى، پەيتى كەلگەندە: قاپىيىسى كەلگەندە ئۆي سېلىش دېگەن بىزگە قوغۇنلۇققا چەللە تىكلىگەنچىلىك ئىش.

**قاپىيىگە سالماق** جۈملىلەرنىڭ ئاخىرىغا قاپىيىداش سۆزلەرنى كەلتۈرمەك: ئادەتتىكى جۈملىلەرنى مىسرالارغا ئايرىپ، قاپىيىگە سېلىپ قويسىلا شېئىر بولۇۋەرمەيدۇ.

**قاپىيىداش** سۈپ. ئۆزئارا قاپىيىلىنىدىغان، ئاھاڭداش: شائىر ئۆزى يازغان دراما ۋە ئوپېرا جۈملىسىنى مۇشۇنداق قاپىيىداش سۆزلەر بىلەن تۈزۈپ چىقاتتى. * ئۇلارنىڭ بىرى بىر قاپىيىدە بىر كۇپلېت شېئىر ئوقۇسا، يەنە بىرى شۇنىڭغا قاپىيىداش، مەزمۇنداش شېئىردىن يەنە بىر كۇپلېت ئوقۇيتتى.

**قاپىيىداشلىق** «قاپىيىداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شېئىرنىڭ قاپىيىداشلىقى.

**قاپىيىسىز** سۈپ. قاپىيىسى يوق، قاپىيىلەنمىگەن: قاپىيىسىز ھەم شېئىر ياز، نەزمىدە ئەلا پىكىر، گەپكە كىرمەس ئېركى دەر: كەت قاپىيە، بار قاپىيە.

**قاپىيىلەشتۈرمەك** «قاپىيىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاپىلەشتۈرۈلمەك** «قاپىيىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاپىيىلەشمەك** پ. بىر-بىرىگە قاپىيىداش ھالەتكە كەلمەك، قاپىيىلەنمەك: توق قاپىيىدە قاپىيىلەشكەن سۆزلەرنىڭ تاۋۇش-بوغۇملىرى ئۆزئارا ماسلاشقان بولىدۇ.

**قاپىيىلەنمەك** پ. بىر-بىرىگە قاپىيىداش ھالەتكە كەلمەك، قاپىيىلەشمەك: ھەر خىل ژانىردىكى شېئىرلارنىڭ ئۆزىگە خاس قاپىيىلىنىش ئۇسۇلى بولىدۇ.

**قاپىيىلىك** سۈپ. قاپىيىسى بار، ئۆزئارا قاپىيىداش، قاپىيىلەنگەن: قاپىيىلىك سۆزلەر. * — توختاڭ، توختاڭ، — دېدى ئۇ شائىرغا مۇراجىئەت قىلىپ ھېلىقى قاپىيىلىك جۈملىلىرىڭىزنى يېزىۋالاي.

**قات** I ① ئى. قەۋەت-قەۋەت ياكى قاتلام-قاتلام نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قەۋىتى، قاتلىمى: كىتابنىڭ قېتى. يەرنىڭ قېتى. * ئۇ ھېلىقى ئايال كۆرسەتكەن ئۇسۇل بويىچە يادىن ئوق ئۈزگەنىكەن، ئوق يە
قات تۆمۈر ساۋۇتنى تېشىپ ئۆتۈپ ك
سۈرمە قۇش يىگىتنى قانتىنىڭ
ئاسمانغا قاراپ ئۇچۇپتۇ،
يەتتە قات ئاسمانن
* دېرىزىمىز تېخىچ

سۆزلەپ ئاغزىمنىڭ بىر قات تېرىسىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ② ئى. قاتار، سەپ، ئارا: ھەمكارلىق گۇرۇپپا ئەزالىرىمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈۋاتىدۇ. قېتىمىزدا بىللە ئىلىپ كېتەيلى دېيىشتۇق. ئۇنى بىز قۇتقۇزمىساق بولامدۇ. * يۇسۇپ چوڭ ئالدى ئۇچۇق ئۇزۇن ئاق يەكتەكنىڭ پەشلىرىنى ئىككى تەرەپكە قايرىپ، ئۇنى بەلبېغىنىڭ قېتىغا قىستۇرۇۋالغانىدى. ③ ئى. چەت، ياقا تەرەپ، قىرغاق: يولنىڭ ئىككى قېتى. * ئىلقا پارتىزانلىرى تاغلاردا، ئورمانلىقلاردا، قاش دەرياسىنىڭ بىردەم ئۇ قېتىدا، بىردەم بۇ قېتىدا ۋە بەزىدە ناھىيە ئىچىدە يۆتكىلىپ يۈرۈپ ئۇرۇش قىلماقتا ئىدى. * ئۇلارنىڭ ئائىلە-تەۋەلىرىنى بىرلا ئۆستەڭ ئايرىپ تۇراتتى. ئۇ قات، قادىرئاخۇننىڭ دۆيىگە، بۇ قات، رەيھاننىڭ دادىسى مامۇتئاخۇننىڭ دۆيىگە تەۋە. ④ سۈپ. قاتلام، قەۋەتلەرگە بۆلۈنگەن، قەۋەتلىك: قات بۇلۇت. قات گۈل. قات ئۆپكە. ⑤ سۈپ. كۆچمە. كۆپ، زىيادە؛ قەۋەت-قەۋەت: ئۆزۈلۈپ كەتكىن پات يىگىت، ياشا شۇندا شات يىگىت. قېنىپ يارىڭ ۋەسلىگە، بولسۇن بەختىڭ قات يىگىت. * قەن-ناۋات ئاغزىڭدىدۇر، شېكەر لېۋىڭدە. سېرىق زەپەر قات ئېچىلار، باسقان ئىزىڭدە. ⑥ ئى. ئېشىلگەن ياكى بىرىكتۈرۈلگەن يىپ ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: ئۈچ قات يىپ. ئىككى قات سىم.

**قات بۇلۇت** <مېتېئور> قاتلام ھالىتىدە توپلانغان بۇلۇت.

**قات گۈل** <بوت> تېكىپ ئۆستۈرۈلىدىغان بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شەكلى ئۆزگەرتىلگەن گۈلى. ئادەتتە ئۇلارنىڭ ئاتىلىقى ھەتتا ئانىلىقىمۇ گۈل تاجى ياپراقچىسى شەكلىدە بولىدۇ. مەسىلەن، نىلۇپەر، چايگۈل قاتارلىقلارنىڭ گۈللىرىگە ئوخشاش.

**قات ئۆپكە** <زوئول> ئۆمۈچۈكسىمانلار كلاسسىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئالاھىدە نەپەسلىنىش ئورگىنى. قورساقنىڭ ئالدىنقى تەرىپىدە بىر جۈپ ياكى بىرقانچە جۈپتىن ھاۋا خالتىسى بولۇپ، ئىچىدە 15 ـ 20 گىچە نېپىز ياپراقچىلار بولىدۇ. كىتاب ۋاراقلىرىغا ئوخشايدۇ. قان سۇيۇقلۇقى بۇ يەردىن ئېقىپ ئۆتكەندە، نەپەس تۆشۈكلىرىدىن كىرگەن ھاۋا بىلەن ئۇچرىشىپ، ھاۋا ئالمىشىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**قېتىغا ئالماسلىق** ① سېپىگە قوشماسلىق، سېپىدىن ئورۇن بەرمەسلىك، ئارىغا ئالماسلىق: ـ ئۇنداقتا قېتىڭلارغا مېنى ئالماسلەر؟ ـ دېدى ئاكام مۇرەمنى يېنىككىنە تۈتۈپ. ② كۆچمە. ئېتىبار بەرمەسلىك، نەزەر سالماسلىق، پىسەنت قىلماسلىق: دىلبەر بەزى كۈنلىرى ئاشخانىدا تاماق يەۋاتقان چەت ئەللىكلەرگە قاراپ، ئىختىيارسىز ئۆزىنىڭ يىراق يېزىسىدىكى قولۇم-قوشنىلىرىنى، دوست-يارانلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. «ئۇلار ئېتىزلىقتا تونۇردەك يېلىنجاپ تۇرغان قىزىق ئاپتاپتىن دۈمبىسى كاۋاپ بولۇپ كۆيسىمۇ قېتىغا ئالمايدۇ» دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا بولغان ھۆرمىتى يەنىمۇ ئاشاتتى.

**قېتىغا ئالماق** ئۆز سېپىگە قوشماق، سېپىدىن ئورۇن بەرمەك، ئارىغا ئالماق: شۈجى: ـ مۇپتىغا دۇرۇت كېرەك، ئىشانغا مۇرىت دەپتىكەن. ئەيسا مۇئەللىم بىزلەرگە يېقىن بولسا، بىزمۇ ئۇنى قېتىمىزغا ئالىمىز-دە! ـ دېدى.

**قات** II مىق. دىئال. مەررە، قېتىم.

**قاتار** I ئى. دامكا تۈرىدىكى بىر خىل ئويۇن. ئادەتتە تاختاي، قەغەز قاتارلىقلارغا تۆت بۆلۈكلۈك كېسىشكەن

سىزىقلار سىزىلىپ، ئىككى كىشى ئۆز ئۇرۇقلىرىنى مەلۇم يۆنىلىش بويىچە يۆتكەپ يۈرۈش ئارقىلىق ئوينايدۇ: ئۇ بەزىدە قارتا، قاتار دېگەندەك ئويۇنلارنىمۇ ئويناپ قوياتتى.

**قاتار** II ① ئى. ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ يانمۇيان ياكى ئارقمۇئارقا جايلىششىدىن، تىزىلىشىدىن هاسىل بولغان رەت، سەپ: ياپون قاراقچىلىرى ۋە خائىنلار هەر ئائىلە ئادەمنى بىر ئارغامچىغا باغلاپ، قاتار تىزىپ، ئۆزلىرى قاتار ئوتتۇرىسىغا كىرىپ ماڭدى. * ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بەگلەر قاتار بولۇپ ئۆرە تۇرۇشتى. ② سۈپ. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى تىزىلغان، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى كېلىدىغان، يانمۇيان، ئارقمۇئارقا؛ رەتلىك: كارىدورغا سۈپەتى بىر-بىرىدىن دەرىجىمۇ دەرىجە پەرقلىنىدىغان قاتار ئۆيلەر جايلاشقانىدى. // ئۇ قاتار سېلىنغان سېخلارنىڭ ئالدىدىن كېتىۋېتىپ زاۋۇتقا كەلگەن دەسلەپكى يىللىرىنى ئەسلىدى. ③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، تىزىلغان ئادەم ياكى نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئۈچ قاتار تېرەك. تۆت قاتار ئۆي. * ئۇ يەردە ئۈچ قاتار بوش ۋاگونلار تۇرۇپتۇ. * ئۆيدە ئىككى قاتار قويۇلغان شاملار ياندۇرۇلغانىدى. ④ ئى <مات> سانلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە تىزىلىشىدىن هاسىل بولغان رېتى: سانلار قاتارى. ⑤ ئى <مات> سانلار ئارقمۇئارقىلىقىدىكى هەرقايسى ئەزالارنىڭ يىغىندىسى. مەسىلەن، $1+\frac{1}{2}+\frac{1}{3}+\frac{1}{4}\dots$ سانلار ئارقمۇئارقىلىقى $1, \frac{1}{2}, \frac{1}{3}, \frac{1}{4}\dots$ نىڭ قاتارى بولىدۇ. ⑥ئى <خىم> ئۆزئارا مەلۇم مۇناسىۋەتتە باغلانغان خىمىيىۋى بىرىكمىلەر گۇرۇپپىسى. ⑦ كۆچمە. بىرەر ئىجتىمائىي گۇرۇپپا، تەشكىلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا مەنسۇپ كىشىلەر توپى، سەپ: قاتارغا ئالماق. قاتارغا قاتماق. * قاتاردىن قالغۇچە خاتادىن قال (ماقال). * ئوقۇتقۇچى قولىنى كۆتۈرۈپ باللارغا: — ساۋاقداشلار، شۇنداق قىلايلى، هەممىمىز ئالىمجانغا ياردەم بېرىپ ئۆز قاتارىمىزغا قوشۇۋالايلى، — دېدى. * ئۇ هازىر ئۆمەكىمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى ناخشىچىلىرىدىن بىرى بولۇپ قالدى. ⑧ «شۇ» سۆزىدىن كېيىن ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ«شۇنىڭ بىلەن بىرگە»، «شۇنىڭ ئىچىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ شۇ قاتاردا ئۆزىنىڭمۇ تېۋىپلىكنى ئوقتۇرۇپتۇ. * ئۇ چاغلاردا بىرقىسىم ئوقۇغۇچىلاردا ئىدىيىۋى قالايمىقانچىلىق خېلى ئېغىر ئىدى. شۇ قاتاردا پەرھاتنىڭمۇ ئوقۇشقا بولغان قىزغىنلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىدى. ⑨ «بىر» سۆزى بىلەن كېلىپ «بىر يۈرۈش»، «بىر قۇر»، «بىرقانچە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىر قاتار مەسىلە. بىر قاتار ئىش. * هەرقانداق شەيئىنىڭ ئۆز ئىچىدە يېڭى بىلەن كونىدىن ئىبارەت ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدا زىددىيەت بولىدۇ. بۇ زىددىيەت بىر قاتار ئەگرى-توقاي كۈرەش بولۇپ شەكىللىنىدۇ. * شۇندىن تارتىپ هەر كۈن، هەر ئاخشام، ساقا سىرداش بولدى ئۇ ساتار. شۇندىن تارتىپ هايات قەدرىنى، بىلگەندەكمۇ بولدۇڭ بىر قاتار.

**قاتار بولماق** قاتارغا تىزىلماق، سەپ بولماق: ئۇلار ئاتلىنىپ يولنىڭ ئىككى چېتىدە قاتار بولۇپ تۇرغان قارشى ئالغۇچى چېرىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەندە چېرىكلەر يالاڭ قىلىچلىرىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ «خۇش كەلدىڭىز!» دەپ تەڭ ۋارقىراشتى.

**قاتاردا بار** كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن ئورۇن ئالغان، ئېتىبارى بار: ياسىن ئاكام كەنتىمىزدە خېلى قاتاردا بار بىر مۆتىۋەر كىشى ئىدى. توي-تۆكۈن قاتارلىق ئادەمگەرچىلىك ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغىنى يوق ئىدى.

**قاتاردا يوق** كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن قالغان، ئېتىبارسىز: دۇتار تارىسى ساتاردا يوق، بىلمىسىز كىشى قاتاردا يوق (ماقال).

**قاتاردىن قالماق** كۆپچىلىك قىلغان ئىشنى قىلماي قويماق؛ كۆپچىلىكتىن، ئەلدىن ئايرىلماق: قاتاردىن قالغۇچە، خاتادىن قال (ماقال). * ئەمەت يىل بېشىدا قاتاردىن قالماسلىق ئۈچۈن ئازراق يەرنى ھۆددىگە ئالدى. لېكىن ئېرىش مەزگىلىدە بالدۇرراق تۇتۇش قىلمىدى. * «تۈلكە» لەقەملىك ساھىبخانا بۇ يۇرتتىكى ساناقلىق بايلارنىڭ بىرى بولسىمۇ، ھەددىدىن ئارتۇق بېخىللىقى تۈپەيلىدىن قاتاردىن قالغانىدى.

**قاتارغا ئالماق** ئۆز سېپىگە قوشماق، يېنىدىن ئورۇن بەرمەك: ئۇزۇن ئۆتمەي بۇ ئىككى ياشنى رەسمىي ئىشچى قاتارىغا ئېلىپ، ئىش ھەققىنى بەلگىلىدى.

**قاتارغا قاتماق** ← **قاتارغا قوشماق**: — ئەمدىكى ئىشىمىز ئۇنى قانداقلا بولمىسۇن تەربىيىلەپ، تەشۋىشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، قاتارغا قېتىشتا، — دېدى شۇجى. * شۇ باغۋەنىنىڭ ئەجرىسىز، قايسى گۈلزار يېتىلدى؟ كۆرمەي ئۇندىن تەربىيە، كىم قاتارغا قېتىلدى؟

**قاتارغا قوشماق** تەربىيىلەپ چوڭ قىلماق: رەھىمە بىزنىڭ بىر تال قىزىمىز، بىز ئۇنى مىڭ تەستە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشتۇق. * بۇ قوزىنىڭ ئانىسى ناھايىتى ساغلام قوي ئىدى، ئۇ ھەر يىلى بىر قوزا تۇغۇپ قاتارغا قوشاتتى. * ئاتىنىڭ، ئانىنىڭ بۇرچى ئەمەسمۇ، ئۆستۈرۈپ بالىنى قاتارغا قوشماق؟ سىڭدۈرۈپ قەلبىگە ۋەتەن-خەلقنى، ئۆزىنىڭ

بۇرچىنى تولۇق ئاقلىماق.

**قاتارغا كىرمەك** ① سەپىنىڭ، قاتارنىڭ ئىچىدىن ئورۇن ئالماق: كېچىكىپ كەلگەنلەر ئاخىرقى قاتارغا كىردى. ② مەلۇم بىر كوللېكتىپقا مەنسۇپ كىشىلەر تەركىبىگە ئۆتمەك: قاسىم ئىككى يىل كۈچەپ ئىشلەپ بېيىغان دېھقانلار قاتارىغا كىردى. * ئىدىيىدە ئىلغار، ئۆگىنىشتە تىرىشچان، بېرىلىپ ئىشلەيدىغان، ئىستىلى توغرا، يول ئاسراش خىزمىتىدە خاتىرجەم ئىشلىگەنلەرنى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ كۆرسىتىشى، ياچېيكا يىغىنىنىڭ مۇزاكىرىسى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلىدىغانلار قاتارىغا كىرگۈزدى.

**قاتارغا ئۆتمەك** ئۆلچەمگە توشۇپ قوبۇل قىلىنماق؛ يارىماق: قاتارغا ئۆتكەن تېرىلەر ئايرىم بىر جايغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

**قاتار قىلماق** سەپ قىلماق، تىزماق: ئۇ يەنە 50-60 چە تەشتەك، سوغا ۋە كونا چېلەكلەرنى تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭغا قىش-ياز ئېچىلىپ تۇرىدىغان گۈللەرنى كۆچۈرۈپ، گۈلزارلىقنىڭ ئالدىغا قاتار قىلىپ تىزىۋەتتى. * سۆزلۈك سۆيگەن ۋەتەنىنىڭ بۇلبۇلى بول، كۈيلە ھەر دائىم، ئۆزۈڭنى قاغا-قۇزغۇنلار قاتارىغا قاتار قىلما.

**قاتار-قاتار** بىرنەچچە قاتار: مىڭ ئۆرۈك يېزىسى ئېتىدىنمۇ مەلۇم. يېزىدا مىڭغا يېقىن قاتار-قاتار ئۆرۈكلەر بار ئىدى. // ئاسماندا تۇرنا كېلەر قاتار-قاتار، ئۆسمۈرلەر قارلىغاچقا ئۇۋا ياسار. ئېتىزدا تراكتورلار گۈلدۈرلەيدۇ، ماتورنىڭ ئۈنى چەكسىز بوزنى قۇچار.

**قاتارلاشتۇرماق** «قاتارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەربىيىچى بالىلارنى ئىككىدىن قاتارلاشتۇرۇپ يولدىن دىققەت بىلەن ئۆتكۈزدى.

**قاتارلاشماق** پ. قاتارغا تىزىلماق، قاتار بولماق: قاتارلىشىپ ئولتۇرماق. * ناھىيىنىڭ يېڭى رەھبىرىي خادىملىرى يىغىلىش باشلانغان-

دىن تازتىپ، راۋاق ئالدىدا ئۆزلىرى ئۈچۈن راسلاپ قويۇلغان ئۇزۇن ئورۇندۇقتا قاتارلىشىپ ئولتۇراتتى. * چىرىك سالام بېرىپتۇ، قاتارلىشىپ تۇرۇپتۇ. سىپىت ئوقۇپ ئەھۋالنى، دەرھال يولغا يۈرۈپتۇ.

**قاتارلىق** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملارغا تىركىلىپ كېلىپ «... دىن ئىبارەت، ... دىن تەركىب تاپقان، ... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىدە: 1) ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن ئېنىقلانغۇچىنىڭ مىسالىنى ياكى ۋەكىلىنى كۆرسىتىدۇ: بۇ يىغىنغا بىزنىڭ كافېدرادىن تۇرسۇن قاتارلىق بەش ئوقۇتقۇچى قاتناشتى. * نامەت گەدىنىنى سىلاپ تۇرۇپ يەر ئاستىدىن ئەلانۇرغا قاراپ قويدى-دە، زىلچە خۇرجۇنىنىڭ ئىزمىسىنى يېشىپ ياڭاق، گۈلە، پىستە- بادام، مېغىز قاتارلىق يېمىشلەرنى ئوچۇملاپ جوزىغا قويۇشقا باشلىدى. 2) بەزىدە ئالماشلىشىپ ئېنىقلانغۇچىغا ۋەكىللىك قىلىپ كېلىدۇ: غۇلجا باش شتابىدىن كەلگەن مېھمانلارنىڭ ماشىنىسى شتابنىڭ ئالدىدىكى مەيدانىدا توختاپ، مايور مۆمىنوپ قاتارلىقلار شتابقا كىرىپ كەتتى.

**قاتارلىماق** پ. قاتار قىلىپ تىزماق، قاتار قىلماق: باققاللارنىڭ «بەشكېرەمنىڭ ئانىرى» دەپ توۋلاشلىرى، ئاشپەزلەرنىڭ مانتا ساناشلىرى ۋە تۈرلۈك يېمەكلىكلەرنى قاتارلاپ ئولتۇرغان ئەر-ئايال ھۆپۈگەرلەرنىڭ ئۆز ماللىرىنى ماختاپ مېھمان قىچقىرىشلىرى بىر سەنئەت ئىدى.

**قاتارى** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ «... گە ئوخشاش، ... بىلەن بىللە ... كەبى، ... بىلەن تەڭ» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: ئەل قاتارى. ئادەم قاتارىدا كۆرمەك. * كومپارتىيە شەپقىتى بەرگەچ بەخت باھارى، گۈللىمەكتە تاشقۇرغان ھەممە يۇرتلار قاتارى. * ئەل قاتارى بۇ گۈزەل دەۋرانىغا بىز سۇلتان بولۇپ، بەختىمىز دەرياسىغا بىرلىكتە چۆكسەك ئىككىمىز.

**قاتارىدا** تىر. باش كېلىشتىكى ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ 1) «نىڭ تەركىبىدە، ... نىڭ ئىچىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مەن ئەسلىي مەكتەپكە باشقا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا قوبۇل قىلىنغانىدىم. * توختامغا خىلاپلىق قىلىش ھەرىكەتلىرىگە ئادەتتە ھەق تەلەپ ئىشلىرى قاتارىدا چارە كۆرۈش كېرەك. 2) «... گە ئوخشاش، ... كەبى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: باشقا سەپداشلار قاتارىدا سەنمۇ ئۇلارنىڭ چىشىغا خېلى تەگدىڭ. * ئەگەر بۇ زەي زىنداندىن قۇتۇلۇشنى خالىساڭلار، ھەر ئىككىڭلارنى ئايالچە ياساپ، ئايال خىزمەتكار قاتارىدا خىزمەتكە سالىمەن. 3) «...نىڭ ئورنىدا، ... گە تەڭ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: «شەرقتە كۆرگەن-ئاڭلىغانلىرىم» دېگەن بۇ كىتابنىڭ دەسلەپكى سەرگۈزەشتىلىرى ئانچە ياخشى بولمىدى. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى رومان قاتارىدا كۆرۈپ ئوقۇپ، كىتابتا بايان قىلىنغان شەرق ئەھۋالاتلىرىغا ئانچە ئىشەنمىدى.

**قاتاڭشىماق** پ. قېرىپ، قۇرۇپ پورلاشماق؛ قۇرۇپ قالماق: پۈتۈمدا ئۆرە تۇرغۇدەك دەرمان قالماي، ئىككى قەدەم ئارقىغا چېكىنىپ يول چېتىدىكى قاتاڭشىپ كەتكەن يوغان قارا سۆگەتكە يۆلىنىپ ئولتۇرۇۋالدىم. * بوۋاي بۇنىڭدىن ئىككى يىل بۇرۇن ئۆينىڭ ئارقىسىدىكى قاتاڭشىپ كەتكەن ئىككى تۈپ جىگدىسىنى چىقىرىۋەتكەنىدى.

**قاتاڭغۇر** سۈپ. ئورۇق، قاتمال: سەپەرقۇل بۇ ئوتتۇرا بوي، كەڭ غوللۇق، كەكە ساقال، قاتاڭغۇر كىشى بىلەن قۇچاقلىشىپ كەتتى. * ئاشۇ كۆلۈشى بىلەن ئۇنىڭ قاتاڭغۇر، سۇرلۇك

چىرايى خۇددى يۇمشاپ يېشىلىۋاتقاندەك، چىرايلىقلىشىپ قالغاندەك بىلىندى.

**قاتاڭغۇرلۇق** «قاتاڭغۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قاتتىق** سۈپ ① ئادەتتىكى ئەھۋالدا ئۆزىنىڭ شەكلى ۋە ھەجمىنى ساقلىيالايدىغان، سىرتقى كۈچنىڭ تەسىرى بىلەن ئاسانلىقچە ئېزىلمەيدىغان، سۇنمايدىغان، ئۇشتۇلمايدىغان؛ مەھكەم، چىڭ: قاتتىق نان، قاتتىق يەر. قاتتىق سېغىز. قاتتىق جىسىم * ئاسمان يىراق يەر قاتتىق (ماقال). * قاتتىق ياغاچنى يۇمشاق قۇرۇت يەيدۇ (ماقال). * قىزنىڭ بۇ سۆزى كۆلكىنى تېخىمۇ ئۆرلىتىۋەتتى. ئۆمەرگە يەر قاتتىق، ئاسمان يىراق تۇيۇلدى. * ئۇ تىرنىقنى تاتىلىغانچە گېلىدا خۇددى قاتتىق بىرنەرسە تۇرۇپ قالغاندەك، گەپنىڭ ئاخىرىنى ئۈزەلمەيتتى. ② بەدەنگە، سىرتقى ئەزالارغا يۇمشاق ئۇرۇلمايدىغان، يۇمشاق ئەمەس: قاتتىق خېمىر. قاتتىق ياستۇق. * بىر كۈن قاتتىق كارىۋاتتا يېتىپ ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپتىمەن. * يىگىتنىڭ قاتتىق، شوخىدەك بۇرۇتلىرى قىزغا يەنە بىر ھۇزۇر بەرگەن بولسا كېرەك. // ماڭا قاتتىق بىلىنىۋاتىدۇ. ③ كۆپ كۈچ، ئەجىر تەلەپ قىلىدىغان، قىيىن، ئېغىر، جاپالىق: قاتتىق ئىش. قاتتىق ئەمگەك. * ساۋۇت بەستلىك ۋە ھەرقانداق قاتتىق ئەمگەكنىمۇ نەزىرىگە ئېلىپ كەتمەيدىغان بىر يىگىت ئىدى. // خىيالىمدا مەن خوتەنگە كېلىپ ئىككى-ئۈچ يىل قاتتىق بېرىلىپ ئىشلىدىم. ④ مەھكەم، پىششىق، چىڭ: قاتتىق تۈگۈنچەك. قاتتىق تاسما. // قاتتىق باغلىماق. * — قېنى كوماندىر بۇيرۇقۇڭنى قىل، — دېدى ئىسھاق، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇراتتى، بارماقلىرى پىلىموت كۈرچۈكىنى قاتتىق قىستى. * ئۇ لەۋلىرىنى ھەتتا قانىغۇدەك دەرىجىدە قاتتىق چىشلىگەنلىكىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قالدى. ⑤ سۈرئەتتى، شىددىتى زور؛ كۈچلۈك، شىددەتلىك: قاتتىق بوران. قاتتىق يامغۇر. قاتتىق سوغۇق. قاتتىق زەربە، قاتتىق جەڭ. قاتتىق ئۇرۇش. قاتتىق بېسىم. // قاتتىق ئۇرماق. * قاسىمنىڭ يۈرىكى ئەنسىز قاتتىق سوقماقتا ئىدى. * . ھاكىم ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا ئولتۇرۇپ ئىشكىنى قاتتىق ياپتى. * جەملەنىڭ قاتتىق بوراندا قالغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. ⑥ قۇلاققا ئۈنلۈك ئاڭلىنىدىغان، يۇقىرى، ياڭراق: قاتتىق ئاۋاز. * شۇ ئارىدا، ئالدى تەرەپتىكى ئېدىرلىقتىن قاتتىق ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاڭلىنىپ قالدى. * — بالام، قۇتلۇقئاخۇن، — دەيىتى شاگىرتىغا تەربىيە بېرىۋاتقان ھۈنەرۋەندەك قاتتىق تەلەپپۇزدا، — كۈچەپ يەرەك تارتىسىڭىزچۇ! بۇنداق قىلسىڭىز، ئەتە مۇشۇ ۋاقىتقىچىمۇ لېپەكنى جايىغا چۈشۈرۈپ بولالمايمىز... قورقماي، كۈچەپ تارتىۋېرىڭ، غوجام بالام! // قاتتىق تۇۋلىماق. قاتتىق يۆتەلمەك. قاتتىق يىغلىماق. * — ئەي قازى، خۇدا ھەققى، — دەپتۇ دەۋاگەر بىچارە قاتتىق يىغلاپ، — ماڭا ياردەم قىلغىن. ئەگەر بۇ ئادەمدىن ھەققىمنى ئېلىپ بەرمىسەڭ ماڭا ئۇۋال بولىدۇ! ⑦ ئادەتتىكىدىن ئارتۇق دەرىجىدە، ھەددىدىن زىيادە، كۈچلۈك: قاتتىق ئۈيقۇ. قاتتىق ئازاب. قاتتىق ھاياجان. // قاتتىق چۆچۈمەك. قاتتىق شورىماق. قاتتىق پۇشايمان قىلماق. قاتتىق ئېچىنماق. قاتتىق قورقماق. قاتتىق خىجالەت بولماق. قاتتىق خاپا بولماق. قاتتىق چارچىماق. قاتتىق ئازابلانماق. قاتتىق ئاغرىنماق. * باشقىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ دېھقان ئۆتمۈشتە قاتتىق ئېزىلگەن بولۇپ، سەرگۈزەشتىلىرى بەكمۇ ئېغىر ئىكەن. * بوۋامنىڭ سۆزلىرى ماڭا قاتتىق تەسىر قىلغان بولسا كېرەك. ⑧

جىددىي، شەپقەتسىز: قاتتىق تەنقىد. قاتتىق جازا. // قاتتىق تەنقىدلىمەك. قاتتىق ئاگاھلاندۇرماق. * بۇ مۇشكۈل ئىش ئۈچۈن بىر ئاي ۋاقىت بېرىپتۇ. ئەگەر بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمىسا، قاتتىق جازالايدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. * ئۇلار ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن ئۆتكۈچىلەرنى ناھايىتى قاتتىق تەكشۈرەتتى. ⑨ قەتئىي رىئايە قىلىش تەلەپ قىلىنىدىغان، ئۆز مەيلىگە يول قويمايدىغان؛ رەت قىلىپ بولمايدىغان، مۇستەھكەم، بۇزۇلماس: قاتتىق ئىنتىزام. قاتتىق تەرتىپ، قاتتىق تەلەپ. * خوجاۋاپا بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا قاتتىق ۋەدىمىز بار ئىدى. * ھەر ئىككىلىمىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويايلى. ⑩ ئۆزگەرمەيدىغان، بەرقارار، مۇستەھكەم، قەتئىي: قاتتىق ئىشەنچ. قاتتىق ئىرادە. // ئۇ مۇنداق كىشىلەرنىڭ تېخمۇ كۆپلۈكىگە قاتتىق ئىشىنىدۇ. ⑪ كىشىگە ئېغىر تۇيۇلىدىغان، كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، شەپقەتسىز: قاتتىق مۇئامىلە. قاتتىق ئاھانەت. قاتتىق گەپ. * رەپقەتنىڭ شۇ كۈنى ماڭا قىلغان مۇئامىلىسى بەكمۇ قاتتىق بىلىندى. ⑫ خەتەرلىك، ئېغىر، جىددىي: قاتتىق كېسەل. // ياسىن بۇ قېتىم قاتتىق ئاغرىغانىدى. ⑬ بېخىل، پىخسىق: تۇردى ئاكام قاتتىق بىر ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەنلەرمۇ سوغۇق سۇيىگە ئېغىز تېگەلمەيدىكەندۇق.

**قاتتىق بولماق** تەلەپچان، قاتتىق قول بولماق: بالا تەربىيىلەشتە ئۇنىڭ «بالىلارغا قاتتىق بولۇش-بىردىنبىر توغرا يول» دېگەن كۆز قارىشى بار ئىدى. * جىنايەتچىلەرگە زەربە بېرىشتە دەل، پۇختا، قاتتىق بولۇشىمىز كېرەك.

**قاتتىق پوستلۇق مېۋە** <بوت> كاشتان دەرىخى ۋە دۇب دەرىخىنىڭ مېۋىسىگە ئوخشاش پوستى ناھايىتى قاتتىق، ئېتىدە پەقەت بىرلا دانە ئۇرۇقى بولىدىغان مېۋە.

**قاتتىق تاڭلاي** <ئانات> تاڭلاينىڭ ئالدىنقى قىسمى. سۆڭەك بىلەن مۇسكۇلدىن تۈزۈلىدۇ.

**قاتتىق تەگمەك** كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، ئېغىر تۇيۇلىدىغان يامان گەپلەر بىلەن خاپا قىلماق، رەنجىتمەك، زەربە بەرمەك: زوقى غەلىتە كىشىگە دەرھال قاتتىق تەگدى. * بۇ گەپلەر ئامبالنىڭ ئىززەت-نەپسىگە قاتتىق تەگدى. * بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تاپقان ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھامۇت ئاچچىقلاپ قالدى. ئۇ گۇرۇپپا يىغىنىدا سىيىتقا خېلىلا قاتتىق تەگدى.

**قاتتىق تۇتماق** ① ئىختىيارىغا قويۇۋەتمەستىن چىڭ باشقۇرماق: ئۇ خوتۇنىنى قاتتىق تۇتىدۇ. * قادىر مۇئەللىم كەپسىزرەك بالىلارنى ناھايىتى قاتتىق تۇتىدۇ. ② بىرەر ئىش ياكى بىرەر ئورۇنغا تەكلىپ قىلىپ تۇرۇۋالماق: قاسىم تۈنۈگۈن كەچ تىياتىر كۆرۈشكە قاتتىق تۇتقان بولسىمۇ، ئۆزرە ئېيتىپ قايتىپ كەلدىم. * ئۇ ھازىر بۇرۇنقىدەك كەم سۆز، قىزىرىپلا تۇرىدىغان يىگىت ئەمەس، خۇش چاقچاق، مۇلاھىزىچى ئوقۇتقۇچى ئىدى. ئۇ بىزنى قاتتىق تۇتتى. شۇ كۈنى كەچقۇرۇنلا ئېلىپ كېتىمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

**قاتتىق تۇرماق** ئۆز خاھىشى، پىكرى، قارىشىدىن يانماسلىق؛ ئىككىلەنمەي قەتئىي، چىڭ تۇرماق: كەنجى تەشكىلاتنىڭ پىلانى ۋە ئىسمىلىكى توغرىسىدىكى سوراقلىرىغا جاۋاب بەرمەي، باشتىن-ئاياغ قاتتىق تۇردى. * ئامانقۇل باشقا يەرنى تېپىشنىڭ تەس ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۆز پىكرىدە قاتتىق تۇردى. * — سىرىمىز تېخى

ئېچىلمىدى، – دېدى ئىشەنچ بىلەن قۇشبېگى، – ئەگەر بىز، شۇ ئولتۇرغان ئاغىنىلەر بايىقى گەپتە قاتتىق تۇرساق سىرىمىزنى يەنە يوشۇرۇپ كېتىش مۇمكىن!

**قاتتىق تۇمشۇق چىقچىق** <زوئول> چىقچىقنىڭ بىر خىلى. تېنى كىچىك، تۇمشۇقى تۈز، قىسقا ۋە قاتتىق كېلىدۇ. دېڭىز بويىدا ياشايدۇ.

**قاتتىق جىسىم** <فىز> مۇئەييەن ھەجىم ۋە شەكىلگە ئىگە ھەمدە سۈپىتى بىرقەدەر قاتتىق بولغان جىسىملار. مەسىلەن، پولات، تۆمۈر، تاغ جىنسلىرى، ياغاچ، ئەينەك قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا ئاستىدا قاتتىق جىسىم دەپ قارىلىدۇ.

**قاتتىق سوغۇق** <مېتېئور> ئىنتايىن قاتتىق بولىدىغان سوغۇق، قەھرىتان سوغۇق.

**قاتتىق سۇ** <خىم> تەركىبىدە كالتسىي، ماگنىي تۇزلىرى كۆپرەك بولغان سۇ. بۇنداق سۇنىڭ تەمى ياخشى بولمايدۇ ھەمدە ئاسانلا سۇدا ئاساس ھاسىل قىلىۋالىدۇ. ئادەتتە ئۇ يۇمشىتىلغاندىن كېيىن ئىشلىتىلىدۇ.

**قاتتىق سۆز** ← **قاتتىق گەپ**: باقى كەمبەغەل بولغان بىلەن قاتتىق سۆزنى كۆتۈرەلمەيدۇ.

**قاتتىق سۆز قىلماق** ← **قاتتىق گەپ قىلماق**: – ماگىمۇ قاتتىق سۆز قىلىشتىن ساقلانغان بىر يىگىت، ئۆز نىكاھىدا بولغان ئازاد بىر قىزغا ئەلۋەتتە، ئازار بەرمەس دەپ ئويلايمەن، – دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

**قاتتىق سۆگەك** ھەرقانداق قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان، چېنىققان: قاتتىق سۆگەك خىسلىتىك، يوق قىلچە نۇقسان-سىزلىتىك، ئەل قەلبىدىن پۈتمەس ئۇزۇق

ئالغان ئازادلىق ئارمىيەم. * قاتتىق بۆشۈك تاۋلار قاتتىق سۆگەكنى، قورقار ئۆلۈم كۆرسە تاغدەك يۈرەكنى.

**قاتتىق سىگىرتاش** <گېئول> ← **قاتتىق گەج.**

**قاتتىق شانكىر** <تىب> سىفلىس كېسەلىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا جىنسىي ئەزالار، تىل، كالپۇك، كۆز قاتارلىقلاردا شەكىللىنىدىغان يارا. ئاستى قاتتىق بولىدۇ، ئاغرىمايدۇ.

**قاتتىق قاشتاش** <گېئول> بۇ بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيۋى تەركىبى $NaAl(Si_2O_6)$. يېشىل، كۆك ياكى يېشىل يوللۇق ئاق رەڭلەردە كېلىدۇ، ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە، قاتتىقلىقى 6–7. ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىغىلى بولىدۇ.

**قاتتىق قول** ① ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەيدىغان؛ تەلەپچان: راست ئەمەسمۇ؟ سەن ئوغۇللارغا نىسبەتەن بەكلا قاتتىق قول. * دۇرۇس، رەھبەر بولغان كىشى قاتتىق قول بولمىسا، ئىشلارنى يۈرۈشتۈرەلمەيدۇ. ② رەھىمسىز، شەپقەتسىز: بىز دۈشمەنگە نىسبەتەن قاتتىق قول بولۇشىمىز لازىم. * بۇ يېزىدا رەھىمخان دېگەن بىر دېھقان بار ئىدى. گەرچە بۇ ئات «رەھىملىك خان» دېگەن مەنىنى بەرسىمۇ، لېكىن دۇنيادا ئۇنىڭدىنمۇ قاتتىق قول ئادەم بولمىسا كېرەك. ③ پىششىق، پىخسىق، بېخىل: ئۇ قاتتىق قول ئادەم، ئۇنىڭدىن بىرنېمە چىقمايدۇ.

**قاتتىق قول بولماق** تەلىپى كۈچلۈك، تەلەپچان بولماق: ئوقۇتقۇچى ئۆز ئوقۇغۇچىلىرىغا قاتتىق قول بولغاندىلا، ئۇلارنى ئەخلاق، ئىنتىزام جەھەتتىن ياخشى يېتەكلىيەلەيدۇ. * يولداش مېھرىبان، بىز ئۇنىڭدىن ھېساب ئېلىشتا قاتتىق قول بولمىساق بولمايدۇ.

**قاتتىق قوللۇق** ① ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتمەي، قاتتىق تەلەپ قويىدىغان ئادەت، خاراكتېر؛ تەلەپچانلىق: ھەتتا دادىسىنىڭ قاتتىق قوللۇقىمۇ كېيىنكى ۋاقىتلاردا لۇتپۇللاغا پايدىلىق بولۇپ چىقتى. لۇتپۇللا دادىسىنىڭ تەرسا مىجەزىدىن ئىرادىنى ئۆگەندى. * ئۇ باشقىلارغا «يەتتە ئۆلچەپ بىر كەس» دېگەن روھ بويىچە تەلەپچانلىق بىلەن ئىش تاپشۇرۇشقا ئادەتلەنگىنىدەك، ئۆزىگە ھەمىشە قاتتىق قوللۇق بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. ② رەھىمسىزلىك، شەپقەتسىزلىك: شاھ مەخسۇت 1875-يىلى تەختكە ئولتۇرغاندىن باشلاپ «تارخانلىق جاساق» تۈزۈمىنى ئىنتايىن قاتتىق قوللۇق بىلەن يۈرگۈزدى. * بۇ قاتتىق قوللۇق سىياسەت داۋام قىلىۋەرسە، ئاۋام خەلق ئۇيقىدىن چاپسانراق ئويغىنىدۇ دەپ ئىشىنىمەن. ③ پىششىقلىق، بېخىللىق، پىخسىقلىق: ئۇنىڭ كىچىك-كۈندۈز ئويلايدىغىنى مىڭ خىل ھىيلە-مىكىر ۋە قاتتىق قوللۇق بىلەن توپلىغان شۇنچە كۆپ پۇل ۋە بايلىقنى قانداقمۇ تاشلاپ كەتكىلى بولىدۇ دېگەنلەر بولۇپتۇ.

**قاتتىق قوللۇق قىلماق** رەھىم قىلماسلىق، شەپقەتسىزلىك قىلماق: ئۇ ئۆزىدىن ئۆتكەن مۇنچىلىك خاتالىق ئۈچۈن تەگرى تولىمۇ قاتتىق قوللۇق قىلىپ كەتمەس دەپ ئىشەنگەنىدى. * لېكىن كۆپچىلىك راستىنى ئېيتسام، دادامغا ئىچىم ئاغرىيدۇ. چۈنكى ئۇ تولا قىلىۋاتىدۇ-دە! بۇنداق ئادەمگە قاتتىق قوللۇق قىلىش توغرا ئەمەس.

**قاتتىق قۇم تاش** <گېئول> ئۇچلۇق، قىرلىق مىنېرال ۋە تاغ جىنس ئۇۋاقلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر خىل قۇملۇق جىنس. تۇتۇق كۈل رەڭ ياكى يېشىل بولىدۇ. سېغىزلار بىلەن سېمونتلانغان، قاتتىق بولىدۇ. كاۋاكلىق دەرىجىسى تۆۋەن كېلىدۇ.

**قاتتىق قېتىشما** <خىم> مېتال ۋە مېتال كاربىد ئۇۋاقلىرىنى كۆيدۈرۈپ بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنىدىغان بىر خىل قېتىشما. نۆۋەتتە ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىۋاتقانلىرى ۋولفرام كاربىد بىلەن كوبالت ياكى تىتاندىن ھاسىل قىلىنغان. ئۇ ناھايىتى قاتتىق بولۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدىمۇ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭدىن كۆپرەك مېتال كېسىش، شىلىش پىچىقى ۋە سىم تارتىش قېلىپى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**قاتتىق كۆكۈل** ← كۆكلى قاتتىق: بۇ ئائىلىنىڭ پاجىئەسىدىن خەۋەر تاپقان ھەممە كىشى ئىچ ئاغرىتىشىپ، ئۇلارغا ھېسداشلىق قىلىشتى. ئەمما ھەممىدىن خەۋەرسىز بولۇۋالغان بىرقىسىم قاتتىق كۆكۈل كىشىلەر جىم بولۇشۇۋالدى.

**قاتتىق كۈن** ئېغىر، مۇشەققەتلىك تۇرمۇش: بالىلىرىڭغا ئاش بېرەلمىسەڭ، دۇنيادا بۇنىڭدىن قاتتىق كۈن بارمۇ؟

**قاتتىق كۈنگە قالماق** تۇرمۇشتا مۇشەققەتكە، ئېغىر ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق؛ تۇرمۇشى قىيىنلاشماق: ئۇلار دادىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن قاتتىق كۈنگە قېلىپتۇ. * — قاتتىق كۈنگە قالدۇق، — دېدى ئۇ، — ئەتىگەنگە تاپساڭ، كەچكە يوق.

**قاتتىق گەپ** كۆڭۈلنى رەنجىتىدىغان، خاپا قىلىدىغان يامان، قوپال گەپ-سۆز: — سېنىڭ بۇ قاتتىق گەپلىرىڭدىن جاق تويدۇم، خېتىمنى بەر، سەندىن ئايرىلغىنىم ئايرىلغان! — دېدى زەيتۇنەم. * — ئۆزىڭنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىڭنى ئۇنتۇپ قالماڭ، نۇرمەھەممەت ئۇكام! — دەپ ۋارقىرىدى. بۇ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئەڭ قاتتىق گېپى، باشقىلارغا ئىشلىتىدىغان ھاقارىتى ئىدى.

**قاتتىق گەپ قىلماق** كۆڭۈلنى رەنجىتىد-

غان، خاپا قىلىدىغان، جانغا تېگىدىغان قوپال ۋە ئاچچىق گەپ-سۆزلەرنى دېمەك: - ئاران تۇرغاندا، ئۇنىڭغا قاتتىق گەپ قىلىپ نېمە قىلىسەن؟ * ئۇلار بىر-بىرىگە قاتتىق گەپ قىلىشىپمۇ قويىدۇ.

**قاتتىق گەج** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $CaSO_4$. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى قېلىن تاختىسىمان، ئادەتتە زىچ كاللەكسىمان ياكى دانىچىسىمان بولىدۇ. رەڭگى ئاق، كۆكۈچ، كۆپىنچە سەل سۇس كۆك، بەزىدە سۇس قىزىلمۇ بولىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 3 — 3.5، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.8 — 3.

**قاتتىق گىپس** <گېئول> ← **قاتتىق گەج.**

**قاتتىق مانگانتاش** <گېئول> بۇ بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىۋى تەركىبى $mMnO \cdot MnO_2 \cdot nH_2O$. يەككە يانتۇلۇق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئەمچەكسىمان، بۆرەكسىمان ۋە ئۇزۇمسىمان قۇراشما بولۇپ، سىپتا كاللەكسىمان ۋە شاخسىمانلىرىمۇ بولىدۇ. رەڭگى بىلەن ئىز سىزىقلىرى قارا. يېرىم پارقىراقلىققا ئىگە. قاتتىقلىقى 4 — 6، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.4 — 4.7.

**قاتتىق ماي** <خىم> ← **قاتتىق ياغ.**

**قاتتىق ماي كىسلاتاسى** <خىم> ← **ستېئارىن كىسلاتا.**

**قاتتىق مۇقاۋا** <مەت> كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ كۆپىنچە كاردون قەغەزنىڭ ئۈستىنى بىر قەۋەت رەخت بىلەن ئوراش ئارقىلىق ئىشلەنگەن مۇقاۋىسى.

**قاتتىق ھالەت** <فىز> جىسىمنىڭ قاتتىق ھالىتى. ئۇ ماددىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشتىكى بىر خىل شەكلىدۇر.

**قاتتىق ھەربىي يۈرۈش** <ھەرب> قىسىمنىڭ جىددىي ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىش ئۈچۈن قىلغان تېز سۈرئەتلىك يۈرۈشى.

**قاتتىق ياغ** <خىم> ماي تەركىبىدىكى ئاق رەڭلىك قاتتىق ماددا. ئۇ ستېئارىن كىسلاتا بىلەن گلىتسېرىننىڭ بىرىكمىسى بولۇپ، ئاساسەن ھايۋانات مېيىدا ساقلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن سوپۇن، شام، گلىتسېرىن قاتارلىقلار ئىشلىنىدۇ.

**قاتتىق يامغۇر** <مېتېئور> 24 سائەت ئىچىدىكى مىقدارى 25 — 50 مىللىمېترغا يەتكەن يامغۇر.

**قاتتىق يوپۇرماقلىق كاشتان** <بوت> دۇب دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، مېۋىسى ياپىلاق ھەم يۇملاق، ياغىچى چىڭ ۋە قاتتىق كېلىدۇ. ياغىچى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ماشىنىسازلىق ۋە تەنتەربىيە بۇيۇملىرىنى ياساش قاتارلىقلار ئۈچۈن ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قاتتىقچىلىق** ئى. مۇشكۇلات، ئازاب-ئوقۇبەتكە تولغان ئېغىر ئەھۋال، قىيىنچىلىق، ئېغىرچىلىق: بىز شۇ كۈنلەردە ئاشۇ قاتتىقچىلىقلاردىن قاچان قۇتۇلۇشىمىزنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرەلمەيتتۇق. * ئەخمەتنىڭ ئائىلىسىگە ئوخشاش « تۇل خوتۇن-يېتىم ئوغۇللار » بولسا، بۇ قاتتىقچىلىقنىڭ ئېغىر زەربىسىگە ئەڭ دەسلەپتىلا ئۇچرىدى.

**قاتتىق-قۇرۇق** ① قۇرۇپ قېتىپ قالغان؛ پارچە-پۇرات: رەپقەت ئىشتىن كېيىن قاتتىق-قۇرۇق نانني ھۆزۈرلىنىپ يەپتۇ. * روزى قويلارنى تويدۇرۇپ، بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئاپىرىدىكەن-دە، ئۆگەي ئانىسى بەرگەن قاتتىق-قۇرۇق نانلارنى بىلگە تۇگۈپلا مەكتەپكە يۈگۈرىدىكەن. // شۇ

ئارىدا ئامانقۇل بىر تېرە خۇرجۇننى كۆتۈرۈپ كىردى. خۇرجۇننىڭ بىر بېشىدىن ھەرە قوندىقى چىقىپ تۇراتتى. مېھمان خۇرجۇننىڭ ئىككىنچى بېشىدىكى قاتتىق-قۇرۇقلار ئىچىدىن ياغلىقتا تۈگۈلگەن بىرنەچچە كاللەك قەنت بىلەن بىر بۇلۇڭ چاينى چىقىرىپ رەۋىخان موماينىڭ ئالدىغا قويدى. ② نازۇنېمەتلەر كەمچىل، غورىگىل: — جانابلىرى مۇبارەك قەدەملىرىنى بېسىپ بۇ يەرگە كەلگەن ئىكەنلا، پېقىر قاتتىق-قۇرۇقلا ئۇزىتىپ قويۇشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ. ③ كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىدىغان، قوپال، قاتتىق (مۇئامىلە، گەپ-سۆز ھەققىدە): ئەمەلىيەتتىمۇ سانىخان توختىنىڭ مۇنداق قاتتىق-قۇرۇق گەپلىرىنى كۆتۈرەلمەيتتى. * جېنىم ئاچا سىزگە خىزمەت قىلالمىدىمۇ؟ بىلمەسلىكتىن قاتتىق-قۇرۇق سۆزلەر قىلدىمۇ؟ ④ مۇھىم بولمىغان، ئۇششاق-چۈششەك، پارچە-پۇرات (ئىش، خىزمەت ھەققىدە): بۇ يەردە بارغانسېرى ئاۋات بازار بولىدۇ. ماگىزىنچىلارنىڭ ئىشى تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەر. مەن ۋاقتىم يەتسىلا بۇ يەرگە كېلىپ قاتتىق-قۇرۇق ئىشچىلارنى قىلىشىپ بېرىپ تۇرىمەن. * ئانىنىڭ قۇربى يەتمەيدىغان نۇرغۇن ئېغىر قاتتىق-قۇرۇق ئىشلارنى نىجات قىلىپ بېرەتتى. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىر-بىرىنى ھەقىقىي ئانا-بالىدەك كۆرىدىغان بولۇشتى.

**قاتتىق-قۇرۇق بولۇپ قالماق** نازۇنېمەتلەر كەمچىل، غورىگىل بولماق: — رازى بولۇشسىلا مېھمانلار، ياخشى كۈتەلمىدۇق، سەل قاتتىق-قۇرۇق بولۇپ قالدى، خاپا بولماي قايتىشسىلا، — دېدى ساھىبخانا.

**قاتتىقلاشتۇرماق** «قاتتىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاتتىقلاشماق** پ ① قاتتىق ھالەتكە كەلمەك، قاتتىق بولماق، قاتماق: بۇنىڭدا جىنسىي ئەزا، تىل ۋە لەۋ قاتارلىقلاردا جاراھەت پەيدا بولىدۇ، ھەمدە كېسەل ئۇچۇقنىڭ ئاستى قىسمى قاتتىقلىشىدۇ. ② ئېغىرلاشماق، قىيىنلاشماق: قىشتا سۇ قۇرۇلۇشىدىكى ئىشلار بارغانسېرى قاتتىقلىشىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە ھارغىنلىق چۈشتى.

**قاتتىقلىق** «قاتتىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياش ۋاقتىدا ياخشىلىق قىلمىغان، قېرىغاندا قاتتىقلىق كۆرەر (ماقال). * سىزنىڭ قىلغان مۇنداق قاتتىقلىقىڭىز مېنى ھەقىقەتەن ئامالسىز قالدۇردى.

**قاتتىقلىق قىلماق** ① چىڭ تۇرۇۋالماق؛ قەتئىي بولۇۋالماق: بالام، مېنى قاتتىقلىق قىلدى دېمىگىن، ھەرقانداق ئىشتا قاتتىق تۇرمىساڭ بولمايدۇ. * — قاتتىقلىق قىلماڭ ئۇكام، بىز جىنايىتىنى ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك قىلىمىز، سىز پەقەت سىزنى كىملەرنىڭ مۇشۇ يولغا كىرىشكە كۈشكۈرتكەنلىكىنى ئېيتىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، — دېدى ئۇ كىشى قۇۋلۇق بىلەن ھىجىيىپ. ② شەپقەتسىزلىك قىلماق، رەھىمسىزلىك قىلماق؛ شەپقەتسىز، رەھىمسىزلارچە مۇئامىلە قىلماق: بۇنچىۋالا قاتتىقلىق قىلماڭ، ئەينى چاغدا دادىڭىز بىلەنمۇ ئەل-ئاغىندارچىلىقىمىز بار ئىدى، شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ، بىزگە ئازراق رەھىم قىلىڭ ئۇكام. ③ بېخىللىق، پىخسىقلىق قىلماق؛ بېخىل، پىخسىق، چىڭ ۋە پىششىق بولۇۋالماق: — باي تۇرۇپ شۇنچە قاتتىقلىق قىلسىز، باي بولمىسىڭىز نېمە قىلاتتىڭىز، — دېدى ھېلىقى كىشى ئۆكۈپ.

**قاتتىق-يۇمشاق** ① قاتتىق ۋە يۇمشاق: قاتتىق-يۇمشاق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. قوپال ۋە سىلىق: ئەكبەرنى خاتالاشتۇرغانمۇ مەنسۇر، ئۇ ياش ۋە ساغلام

يىگىتنى قاتتىق-يۇمشاق ۋاستىلەر بىلەن ئۆزىگە تارتىۋالغان! * ئۇ بىر دورا كار قىلمايدىغان، داۋالىغىلىمۇ بولمايدىغان ئادەم، قاتتىق-يۇمشاق ئۇسۇللارنىڭ ھەممىسى تەسىر قىلمايدۇ، ئەڭ ياخشىسى ئۆز ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن.

**قاتتىق-يىرىك** ① قاتتىق ھەم يىرىك، يۇمشاق ئەمەس: ياخشى ئۇخلالمىدىڭىز ئورنىڭىز قاتتىق-يىرىك بولۇپ قالدىمۇ دەيمەن. ② قوپال ۋە يېقىمسىز: نىزامغا باشلىقنىڭ قاتتىق-يىرىك گەپلىرى ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگەنىدى. ③ ئېغىر ۋە جاپالىق: قاتتىق-يىرىك ئىشلاردا پىشىپ ئۇستىخىنى قاتقان، زاماندىن، ئۆز ئورنىنىڭ ئۆزگەر-گەنلىكىدىن ھاياجانغا چۆمگەن قادىر ئۆزىدە تاغنى تالقان قىلىدىغان كۈچ-مادارنىڭ، ھەرقانداق جاپا-مۇشەققەتنى راھەت بىلىد-غان خوجايىنلىق غۇرۇرىنىڭ جۇش ئۇرۇپ تۇرغانلىقىنى سېزەتتى.

**قاتراتماق** «قاترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: باشلىق بىلەن ئوخشاشلا تورۇق قاشقا ئاتقا مىنگەن ۋە ئوخشاش جابدۇنغان يەنە بىر قوغدىغۇچىمۇ ئېتىنى تەڭ قاترىتىپ ئۇنىڭ قۇيرۇقىدىن قالماي باراتتى.

**قاتراشماق** «قاترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھازىر خەلقنى ئالداپ ئۆزلىرىگە رام قىلىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قاترىشىۋاتىدۇ.

**قاتراڭ** سۈپ. قېتىپ كەتكەن: ئۇلار ئولتۇرغان مەپە لەڭگەر كوچىسىدىكى قاتراڭ يولدا سىلكىنىپ كېتىپ باراتتى.

**قاتراڭ-تاقىر** قاتراڭ ھەم ھېچقانداق ئۆسۈملۈك ئۈنمىگەن: ئۇلار ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتى بىلەن چۆل-جەزىرىلىك قاتراڭ-تاقىر سايىنىڭ چىقىش ئېغىزىدىكى كۆجۈم مەھەللە-يېزا گۈزىرىگە كېلىپ توختىدى.

**قاتراڭغۇ** سۈپ. ئورۇق، قاتمال: ئابدۇغېنى قاتراڭغۇ قوللىرى بىلەن توختامنامىنى ئامبۇردەك قىسقان پېتى ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، گاچ-گاچ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. * — كاپشىما! — ئۇ مېنىڭ كۆزلىرىمگە تىك قادىلىپ چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى، ئۇنىڭ يوغان كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى، ئورۇق، قاتراڭغۇ يۈزىنىڭ قوۋۇز تېرىلىرى لىپىلدىدى. مەن، بىلمەن، ئۇ مۇنداق چاغدا ئايانماي مۇشت ئاتىدۇ.

**قاترىماق** پ ① ئادەتتىكىدىن ئىتتىكرەك، يۈگۈرگەندىن ئاستىراق ھالەتتە ماڭماق؛ سوكۇلدىماق: مەن ماشىنىنىڭ كەينىدىن قاتراپ «بۇتخانا» ئالدىغىچە كەلدىم. ماشىنىنىڭ كەينىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ئارىسىدا بالىلار، ئىتلار پەرۋانىلەردەك يۈگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى. ② قاتنىماق، بېرىپ- كېلىپ يۈرمەك: ئالى مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىرىغا كەسپىي ئۇنۋان بېرىش ئۇقتۇرۇشى كەلگەندىن كېيىنلا، مەنمۇ كەچلىرى كۇتۇپخانىغا قاتراشقا مەجبۇر بولدۇم. * قاسىم كېيىنكى ھەپتە ئىچىدە پۇت-قولىنى بۆلەكچە تېز قىلىپ، يېزىمۇيېزا، كەنتمۇكەنت قاتراپ يۈردى.

**قات-قات** بىرنەچچە قات، قاتمۇقات: دەردى يوق دەمسەن مېنى، دەردىم ئىچىمدە بىر تۇلۇم. شامەخسۇت زاماندا، قات-قات كەلدى بۇ زۇلۇم.

**قاتقۇزماق** «قاتماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇجى كەلگۈچە مەن ئاتنى هارۋىغا قاتقۇزۇپ تەق قىلىپ قويدۇم.

**قات-قېتى** ئۇستىدىكى قاتلامدىن تارتىپ ئەڭ ئاستىنقى قاتلىمىغىچە بولغان ھەممە قېتى، پۈتۈن جايى: ئۇ تۇنجى قېتىم يالغۇزلۇق ھېس قىلىپ يىغلىۋەتتى، يۈرىكىنىڭ قات-قېتىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان ئاچچىق ياشلىرى ئۇنىڭ كىر بولۇپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يۇماقتا ئىدى.

**قاتقىلاق** ئى. تۇپراقنىڭ ئورگانىك ماددىلار كەم بولۇش تۈپەيلىدىن تۈزۈلۈشى

ناچارلىشىپ، سۇغارغاندىن ياكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن ئۈستى قىسمى قېتىۋې- لىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ماس كەلمەسلىكى.

**قاتلاتقۇزماق** «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ لاتىلارنى ئايالىغا چىرايلىق قاتلاتقۇزدى -دە، قولتۇقىغا قىسىپ تالاغا ماڭدى.

**قاتلاتقۇزۇلماق** «قاتلاتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇلارنىڭ ھەممىسى ئوقۇغۇچىلارغا قاتلاتقۇزۇلغانىدى.

**قاتلاتماق** «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن بېرىپ قەغەزلەرنى چىرايلىق قاتلىتىپ قوياي، سىز ئەتە بېرىپ ساناپ ئېلىپ كېتىڭ.

**قاتلاشماق** ① «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار لوزۇنكىلىرىنى قاتلىشىپ، قايتىشقا تەييارلانغانىدى. ② پۈرلەشمەك، قات ھاسىل بولماق: ئۇنىڭ بېشىنىڭ سوقچىقمۇ يوقاپ كەتكەن بولۇپ، ئېڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ، يۇتازىدەك قاتلىشىپ قالغانىدى. * ئۇ كىشى قونچىلىرى قاتلىشىپ كەتكەن كونىراق مەسە كىيىۋالغانى- دى. ③ قايرىلىپ پۈكلەنمەك، پۈكلىنىپ قالماق: دۈمبىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىدىن بولسا كېرەك، تىزى قاتلىشىپ، لەسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى. * ئات كۆچىنىڭ بارىچە سەكرىدى-يۇ، ئەمما يۇلغۇنۇپ چىقالماي ئالدىنقى پۇتلىرى قاتلاشتى.

**قاتلاق** ① سۈپ. قاتلانغان ھالەتتىكى، قاتلانغان: قاتلاق يوپكا. * ئۇنىڭ تاپقان- تەرگىنى توپا-چاڭ، ئۆمۈچۈك تورلىرى ئارىسىدا قالغان چوڭ ساندۇق ئۈستىدىكى قاتلاق ھالەتتىكى كىگىزلەر، ئەستىرى مايلاشقان چىت يوتقان، ماي تۇلۇمغا ئوخشاپ قالغان ئىككى دانە سامان ياستۇق ئىدى. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ قاتلانغان جايى: بوۋاي بايراقنى قاتلىقىدىن چۇشۇرۇۋاتقاندا سول تەرەپتىكى قومۇشلۇق چىغىر يولدىن ئەپكەش كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقان جامىل ئۇنى كۆرۈپ قالدى.

**قاتلاق يوپكا** ئېتىكىگە گارمون شەكلىدە قاتلاق چىقىرىپ تىكىلگەن يوپكا.

**قاتلاقلىق** سۈپ. قاتلىقى بار، قاتلانغان، قاتلاپ قويۇلغان: ئەمەت ئىشكاپتىكى تۆت قاتلاقلىق خەرىتىنى ئالدى ۋە شىرە ئۈستىگە يېيىپ ئاچتى. * ئۇ گەپ ئاڭلاۋېتىپ، دېرىزە تۈۋىدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسىغا، قاتلاقلىق يوتقان-كۆرپىلەرگە قاراپ قويدى. //· يەنە بىر چەتتە گېزىت ۋە ژۇرناللار رېتى بىلەن قاتلاقلىق تۇراتتى.

**قاتلام** ئى ① مەلۇم قېلىنلىقتىكى ياكى قات-قات ھالەتتىكى نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قەۋىتى، قېتى: ئاتموسفېرا قاتلىمى. مۇز قاتلىمى. ② <گېئول> تەركىبى ئاسا- سەن بىر خىل بولغان چۆكۈندىلەردىن ئىبارەت تاغ جىنسلىرى قەۋىتى: ھاك قاتلىمى. كۆمۈر قاتلىمى. شېغىل قاتلىمى. * يەر ئۈستى سۇلىرى يەرگە سىڭىپ كىرىش جەريانىدا، نۇرغۇن پاسكىنا نەرسىلەر يەر قاتلىمىدىكى قۇم، شېغىللاردىن سۈزۈلۈپ ئۆتىدىغانلىقى ئۈچۈن، بىرقەدەر پاكىزەك ھېسابلىنىدۇ. ③ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيەت ۋە بەلگىلىرىگە ئاساسەن بىرلەشكەن گۇرۇپپىسى، توپى؛ تەبىقە: زىيالىيلارنىڭ قاتلىمى. * بەزىدە يول بىلەن، بەزىدە ئۇدۇل كەلگەنلا ئېتىزنىڭ قىرلىرى بىلەن مېڭىۋاتقانلار ئارىسىدا پۇقرالارنىڭ ھەرقايسى قاتلىمىدىكىلەرنىڭ ھەرقاندىقى تېپىلاتتى. * ئىلىدىكى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن يۇقىرى قاتلام كىشىلىرى، مەسىلەن، خۇيزۇ ئۆلىمالىرىدىن مالىنشياۋ، ئۇيغۇرلاردىن ھېكىم بەگ تەيجى، ھۆسەنبايلار، يەنە

بىرمۇنچە موڭغۇل ۋە قازاق چوڭلىرىمۇ ئىلى قوزغىلىڭىغا ماددىي ۋە مەنىۋى ياردەملەر بەرگەن. ④ كۆچمە. تەۋەلىك مۇناسىۋىتى جەھەتتىن بۆلۈنگەن ھەر دەرىجە: ئاساسىي قاتلام. * مەكتىپىمىزدىكى ئوتتۇرا قاتلام رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىش خىزمىتى ئاخىرقى باسقۇچقا قەدەم قويدى. * كىشى قايسى قاتلامدا ئىشلىمىسۇن، يېڭىلىق يارىتىشقا ئىنتىلسە، ۋەتەنگە، دۆلەتكە تۆھپە قوشۇشنى ئۆزىگە ۋەزىپە قىلىپ يۈكلىسە، ئەلۋەك ئاخىرىدا قىلغان ئىشىدىن نەتىجە قازىنالايدىكەن.

**قاتلام ئارا سۇ** <سۇ> سۇ ئايرىغۇچى ئۇستۇنكى ۋە ئاستىنقى ئىككى قاتلام ئارىلىقىدا ساقلىنىپ تۇرغان يەر ئاستى سۈيى.

**قاتلام يۈزى** <گېئول> چۆكۈندى ئۈزۈلگەن يۈزگە ياكى چۆكۈندى شارا-ئىتى ئۆشتۈمتۇت ئۆزگەرگەن يۈزگە ۋە ياكى يالانغان يۈزگە نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ. ئۇنىڭدا قېلىنلىق دېگەن ئۇقۇم مەۋجۇت بولمايدۇ. ئادەتتە تەكشى ياكى قىيپاش بولىدۇ. ئۇ يەنە تۈز سىزىقلىق يۈز، دولقۇنسىمان يۈز ۋە ئەگرى سىزىق-لىق يۈز دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ.

**قاتلام-قاتلام** بىرقانچە قاتلامدىن ئىبارەت بولغان، قاتلاملىرى ئۇستمۇئۇست ئورۇنلاش-قان: كىمنىڭ كۆچى يەتسە، قانچە ئېلىۋېرسى-مۇ، ھېچكىم ئىستەك-سوراق قىلمايدىغان بۇ ھەممە تىلىك بايلىق قازغاندا خۇددى قاتلام-قاتلام تاغ جىنسلىرىغا ئوخشاش يوتقاندەك، پالاستەك كۆمەل بولۇپ قومۇرۇلۇپ چىقاتتى.

**قاتلاملىق** سۈپ. قاتلاملىرى بار، قاتلاملارغا بۆلۈنگەن: قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ مەمۇرىي تۈزۈمى ئەينى چاغدىكى كۆپ قاتلاملىق ۋە كۆپ شەكىللىك ئىجتىمائىي تۈزۈمگە ئۇيغۇنلىشىش ئېھتىياجى بىلەن تىكلەنگەن.

**قاتلامۇقاتلام** قاتلاملار بويىچە، ھەممە قاتلاملاردا: بۇ چارە قاتلامۇقاتلام مۇزاكىرە قىلىنىپ، يېزا-كەنت كادىرلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئاممىنىڭ قوللىشىغا ئېرىشتى.

**قاتلانماق** ① «قاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تىترەۋاتقان قولى بىلەن يانچۇقىدىن قاتلانغان ياغلىقنى ئالدى. ئۇنى ئاستا ئېچىپ، تەرلىمىگەن يۈزىنى، بويۇنلىرىنى قايتا-قايتا سۈرتتى. ② پۈكۈل-مەك، پۈكلەنمەك؛ پۈرۈلمەك، قورۇلماق: قادىرنىڭ بويۇن گۆشلىرى ئۆكۈزنىڭكىدەك قاتلىنىپ تۇرغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭغا «بۇقا» دەپ لەقەم قويۇشقانىدى. * ئۇ چىقىپ كېتىدىغان چاغدا جالالدىن دوختۇرغا قاتلىنىپ تەزىم قىلدى. لېكىن ماڭا قاراپمۇ قويمىدى. ③ ھەسسىلەنمەك، ھەسسە كۆپەيمەك: ھەش-پەش دېمەستە بالىنىڭ يېشى ئۈچ قاتلاندى. ئەمدى بالا باققۇچى ئايالغىمۇ بويسۇنمايدىغان بولۇۋالدى. * يادىمدا، بېيجىڭغا ماڭسام ئاتلىنىپ، ئۇزاتقان دېھقانلار مېنى شادلىنىپ. دېيىشكەن: «يەتكۈزۈڭ ئارزۇيىمىزنى، بەختىمىز تېخىمۇ كۆلىسۇن قاتلىنىپ...»

**قاتلىشاڭغۇ** سۈپ. قاتلىشىپ تۇرىدىغان، قاتلاشقاندەك كۆرۈنىدىغان: ئۇنىڭ قاتلىشاڭغۇ سولغۇن قاپاقلىرى يېپىۋالغان ياشاڭغۇ كۆزلىرى-دىن ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى غۇۋا چاقناپ تۇراتتى.

**قاتلىق** سۈپ. قېتى بار، قاتلانغان.

**قاتلىما** ① سۈپ. قاتلىنىدىغان، قاتلىغىلى بولىدىغان: قاتلىما كارىۋات. قاتلىما ئورۇندۇق، قاتلىما ئۈستەل. * ئۇ دېرىزە تەكچىسىگە يانداپ قويۇلغان قاتلىما ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. ② سۈپ. قاتلانغان، قاتلىنىپ پۈرۈلگەن: تەر ئۇنىڭ گۆشلۈك مەڭزىدىن قاتلىما ئېڭىكىگە ئېقىپ چۈشۈۋاتاتتى. ③ ئى. خېمىرنى نېپىز ئېچىپ، ئۈستىگە

باغ سۇرتۇپ، ئاندىن ئۇنى قەۋەتمۇقەۋەت قاتلىغاندىن كېيىن نېپىزرەك ئېچىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تەملىك نان: ئەپەندىم بازارغا كېلىپ خوتۇنىغا: — خوتۇن، ئەتە ئۆيگە مېھمان كېلىدىغان بولدى، ئوخشىتىپ قاتلىما ياقىن، — دەپ بۇيرۇپتۇ.

**قاتلىما نان** ← **قاتلىما**: ئانا بىر پەتنۇستا بىر چۆگۈن چاي، بىر ھېجىر قايماق، بىر قاتلىما نان كۆتۈرۈپ كىردى.

**قاتلىماق** پ. ① قەغەز، رەخت ۋە شۇ قاتارلىق نېپىز، يۇپقا نەرسىلەرنى پۈكلەپ قەۋەتلىمەك: ئۇ تاغارلارنى قائىدە بويىچە قاتلاپ، تۆمۈر كوزۇپىنىڭ ئىچىگە ئىرغىتىپ تاشلىدى. * يىراق يەردىن قورقمايمەن، شامال يەتمەس ئېتىم بار. بىزنىڭ يارغا ئۈچ بۇرجەك، قاتلاپ قويغان خېتىم بار. ② ھەسسىلىمەك، ھەسسىلەپ ئاشۇرماق، ئارتۇقزماق: بىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىمىزنىڭ ئومۇمىي كۆرەش نىشانىسى، ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈش شەرتى ئاستىدا، مەملىكەت بويىچە سانائەت، يېزا ئىگىلىكىنىڭ يىللىق ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى 2000- يىلىغا بارغۇچە ئىككى قاتلاشتىن ئىبارەت. * شۇبۇ تۆت يىل ئىچىدە چوڭ بولۇپتۇ ئۆزگىرىش-ئۆرلەش، ھوسۇلنى قاتلىغان كۆپ دۆي ۋە ئىش ئىلغارىنى كۆردۈم. ③ قىسقارتماق: ئۇندا ئىشچان كىشىلەر دادىل ئالغا ئاتلايدۇ، يىللىق ئىشنى — سۇرئەتنى ھەپتە، ئايغا قاتلايدۇ. * بۈگۈن قۇدرەت تاپقاچ ۋەتىنىم تەرەققىيات — پەللە ئاتلىدى. كەشپىياتتىن يارىتىپ قامۇس، ئۆرلەپ كۈندە يىلنى قاتلىدى. ④ كۆچمە. ياپماق، يېپىپ قويماق؛ تاشلىماق، بولدى قىلماق: ئۆمۈر زىخلاشتى دەپ ھەرگىز ئوقۇشنى قويمىغىن قاتلاپ، ياشانغاندا بىلمىدەك يارىشار ھېچ نەرسە يوق ئى يار. * كىتاب كۆرسە شۇ زامان، بىر ئوقۇپلا قاتلايدۇ. دەسمايە ئۈچۈن قانچە سۆز، ئىبارىلەر يادلايدۇ.

**قاتما** I ① سۈپ. قاتقان: قاتما كۆل جىنس. ② سۈپ. كۆچمە. ئېتى قاچقان، ئورۇق: ئۇ چېكە چاچلىرىغا ئاق كىرگەن، 50 ياشلار چامىسىدىكى قارىمۇتۇق، قاتما كەلگەن ئادەم ئىدى. * مەن ئۇنىڭ ئالدىغا تاماكا قاچامنى ئېچىپ قويدۇم. ئۇ يوغان قاتما بارماقلىرى بىلەن گېزىت قەغىزىگە موخوركا ئوراپ تۇرۇپ سۆزگە قىزغىن كىرىشىپ كەتتى. ③ ئى <گېئول> قەدىمكى ھايۋانات قالدۇقلىرى، يادىكارلىقلار ياكى ئىزلارنىڭ يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان تاشقا ئوخشاش نەرسىلىرى.

**قاتما سۆز** <تىل> بەلگىلىك گراماتىكىلىق شەكىلدە تۇراقلىشىپ قالغان لېكسىكىلىق بىرلىك. مەسىلەن، دېگەندەك، قارىغاندا سۆزلىرىگە ئوخشاش.

**قاتما كۆل جىنس** <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان كرىستال ئۇۋاقلىرى، جىنس ئۇۋاقلىرى ۋە ئەينەكسىمان ئۇۋۇنىدا قاتارلىقلارنىڭ سېمونتلىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تاغ جىنسى. كۆپىنچە قىزغۇچ قوڭۇر، سېرىق ياكى كۆل رەڭ بولىدۇ. تۈزۈلۈشى بوش ۋە كاۋاك، مېخانىكىلىق چىداملىقى تۆۋەن كېلىدۇ. نازۇكلىرىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**قاتما** II ئى <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. كېسەل قوزغاتقۇچىسى قاتما تاياقچە باكتېرىيىسى بولۇپ، يارا ئېغىزى ئارقىلىق بەدەنگە كىرىدۇ. بۇنىڭدا دەسلەپ يۈز مۇسكۇللىرى سىپازمىلىنىش، چىش كىرىشىش، يادەك غادىيىپ قېلىش، ئاخىرىدا پۈتۈن بەدەن مۇسكۇللىرى

تارتىشش؛ نەپەس قىيىنلىشش ئالامەتلە-
رى كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغانلىرى ئۆلۈپمۇ
كېتىدۇ.

**قاتما كېسەل** <تب> ← **قاتما** II.

**قاتماق** I پ ① قاتتىق ھالەتكە كەلمەك،
قاتتىق بولماق؛ سۇيۇق ياكى يۇمشاق
ھالىتىنى يوقىتىپ قاتتىقلاشماق: يېلىم
بىلەن قاتقان چاچلىرىدا سىيرىلىپ توختمايۋات-
قان ياغلىقنى بىر قولىدا تۇتۇپ، بىر قولىنى
ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ كېتىپ بارغان ئايال دەرھال
توختىدى. * شوپۇر بىلەن مەن زەي شېغىل
ئۈستىدە قېتىپ كەتكەن بىرىزېنتنى يېپىنچا
قىلىپ ياتتۇق. ② كۆچمە. سوغۇقتىن مۇزلاپ
ئۇيۇشۇپ كەتمەك، توڭۇپ كەتمەك،
توڭلىماق: — پۇتلىرىم قېتىپ كەتتى، ئازراق
ماڭايلى، توڭلاپ ئۆلمەيلى يەنە! — دېدى
ئۇ ئولتۇرغانلارغا يالۋۇرۇپ. ③ كۆچمە.
قورقۇش ياكى ھەيران بولۇش قاتارلىق
سەۋەبلەردىن جىمجىت تۇرۇپ قالماق،
بىر ئىزدا شۇكلا توختاپ قالماق: ئۇ
«پىچاقنى تاشلا، قولۇڭنى كۆتۈر!» دېگەن
ئاۋازلارنى ئاڭلاپ قورقىنىدىن قېتىپلا قالدى.
* شالدامباي قېچىرنى يېتىلەپ، ھويلىغا
كىرىپ كەلگەندە دىلناۋاز ھاڭ-تاڭ بولغىنىدىن
قېتىپلا قېلىپتۇ. ④ ئېگىلىشچانلىقنى، ئەۋرى-
شىملىكىنى يوقاتماق: ئۆز ئورنۇمغا بېرىپ
تاش چېقىشقا باشلىدىم. سائەت ئون بولغان
مەزگىللەردىلا بەللىرىمنىڭ قېتىپ قالغانلىقىنى
سەزدىم. بولقامنى تاشلاپ، تاش ئۈستىدە
ئوڭدا ياتتىم. * — مەيلى ئەمەسمۇ، —
دېدى مەنسا راستىنلا ھېچنېمە بولمىغاندەك،
— سىزنىڭ نازۇك، ئەۋرىشىمدەك سەنئەتكە
باپ بەدىنىڭىز قېتىپ قالماستىن ۋە مەنمۇ
پۈتۈنلەي قوپال بولۇپ قالماستىن ئىلگىرى
بىرنەرسە قىلىپ باقارمىز. ⑤ كۆچمە.
چېنىقىپ پىشماق، مۇستەھكەملەنمەك،
مەزمۇتلاشماق: سۆڭىكى قاتماق. *
تورپىقىڭىزنىڭ تېخى بېلى قاتماپتۇ، ئەسقېتىشقا
بىرەر يىل باردەك تۇرىدۇ، قېنى نەچچە
سورايسىزكىن؟ * مۇسكۇللىرىڭ ئەينى گاڭ،
تاشتەك مەھكەم قېتىپتۇ. بارلىق مەيدان
ئەھلىمۇ، سېنى ماختاپ كېتىپتۇ. ⑥ كۆچمە.
قاتتىق كۈلۈپ ياكى يىغلاپ تېلىقماق:
مەن ئۇلارغا ئەھۋالنىڭ جەريانىنى سۆزلەپ
بەرگەندىم، ئۇلار كۈلۈپ قېتىپ قېلىشتى.
⑦ كۆچمە. بىر ئىزدا، بىر سەۋىيىدە
ياكى مەلۇم بىر چەكتە ئالغا باسماي
تۇرۇپ قالماق: ئۇنىڭ ھاياتقا، ۋەزىيەتكە،
ئادەملەرگە بولغان قارىشى ئۆزگەرمىدى.
ئۇ ھەممىگە قېتىپ قالغان كۆز قاراش بويىچە
قارايدۇ. * نۇرغۇن ھازىرقى زامان تەبىئىي
پەن ئالىملىرىنىڭ ئۇقۇملىرىنىڭ قېتىپ قالغانلىقى
توغرىسىدا ئېنگىلىس تالاي قېتىم سۆزلىگەنىدى.
⑧ كۆچمە. ئىشلىمەي، پىكىر قىلالماي
قالماق؛ سەزگۈرلۈكىنى، ئۆتكۈرلۈكىنى
يوقاتماق (باش ھەققىدە): بېشىڭ قاتسا،
تامغا ئۇس (ماقال). * ئۇكام يا پۇل، يا
ئاش، يا ئوتتۇن-ياغاچ بولمىسا! ھەي،
باشنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، ئايالىم ئېغىر
ئاغرىق، دوختۇرغا ئېلىپ باراي دېسەم پۇل
يوق. ⑨ كۆچمە. ناھايىتى ئېسىل ياساڭ-
ماق، پۇزۇر ياسىنىپ ئۆزىنى چوڭ
كۆرسەتمەك: شۇنداق، سىز باي، شۇڭا
قېتىپ يۈرۈيسىز، بىزاق سىزنى مۇنداق قېتىپ
يۈرۈشكە سازاۋەر قىلغان نەرسىنىڭ نېمە
ئىكەنلىكىنى بىلمەيسىز-دە، بىچارە... ⑩
كۆچمە. غەرق بولماق، ھېچنېمىنى سېزەل-
مەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ قالماق
(ئۇخلاش ھەققىدە): رەھىم بوۋاي قېتىپ
ئۇخلاپ كەتكەنىدى. * غەملەرگە پېتىپ
قېلىپتۇ، ئۇخلاپمۇ قېتىپ قېلىپتۇ.

**قاتماق** II پ ① قوشماق، بىرلەشتۈرمەك

ياكى ئاربلاشتۇرماق: ئىسپىرتقا سۇ قاتماق. * ئەھەت شۇجى 50 يۈەن پۇلنى مۇئاملىدارنىڭ قولىغا تالۇن بىلەن قېتىپ تۇتقۇزدى. * كالا سويدۇق قىسنىپ، تېرىلغۇدا يېپىشكە. بىزنى يارغا قاتقانلار، كىرىپ كەتكەي بېھىشكە. ② كۆچمە. قىستۇرماق، ئارىلاشتۇرماق، قوشماق (گەپ-سۆز ھەققىدە): – سىز ئۆزىڭىز، – ئۇ دۈيجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ئۇن قاتتى، – بىر ئوبدان كىچىكئاخۇننىڭ ئىسمىنى «لەقۋا» غا ئۆزگەرتىپ قويغان سىز ئۆزىڭىز... * – ئارزۇ دېگەن شۇجىنىڭ سىڭلىسى تۇرسا، – ئاياللاردىن بىرى گەپ قاتتى، – ھەممىنىڭ ئالدىدا ماڭمىسا بولامدۇ؟ ③ كۆچمە. توقۇماق؛ ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئوقۇماق، تۈزمەك (قوشاق، نەزمە قاتارلىقلار ھەققىدە): ئىككى كۈندىن كېيىن راجى بالىنىڭ قەھرىمانلىق بىلەن قۇربان بولغانلىقى تاغقا ئاڭلاندى. كىمدۇر بىرى دەرھاللا ئۇنىڭ ئىشلىرىدىن قوشاق قاتتى. * كېلىپ مەشرەپ غەزەل قاتقان قەدىم ئىلچى بازارى بۇ، كۆرۈپ شائىر بۇ جەننەتنى يېڭى داستان يازار قايناق. ④ ئات، ئىشەك قاتارلىق ئەمگەك ھايۋانلىرىنى ھارۋا، قوش قاتارلىق ئەمگەك قوراللىرىغا تەرتىپ بويىچە كىرگۈزۈپ، قائىدىلىك جايلاشتۇرماق، ئورۇنلاشتۇرماق، قوشماق: – ئەخمەتجان! – دەپ توۋلىدى قىز، – دەرھال ئۆيگە بېرىپ دادامغا ئېيتە، ئېشەك ھارۋىسىنى قېتىپ كەلسۇن. * – بۇ گەپلەرنى ئەمدى قويۇڭ، – دېدى ئۇ ئەلەملىك تىنىپ، – ھەممە پېشكەللىك ئۆزۈمدە، ئادەم ئۆزىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن، ھېچقاچان ئۆكۈزنىڭ ئورنىغا ئۆچكىنى قوشقا قاتقىلى بولمايدىغانلىقىنى چۈشەنمەپتىمەن.

**قاتمال** سۈپ ① قېتىپ قالغان، قوپاللىشىپ قالغان: – قانداقچە يولسىزلىق بولىدىكەن؟ – دېدى قاتماللىراق كەلگەن ئېگىز بويلۇق بىر ئادەم مەخسۇت مۇھەممەتتغا ھومىيىپ، – جازانىخور بىلەن گۆرۆكەشنىڭ ئەدىبىنى بەرگىنىمىز يامان بولۇپتىمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا قۇچاق ئاچتىم، ئۇ بولسا يوغان. قاتمال قوللىرىنى ماڭا سۇندى. بىز ئەپسىز، ئەمما قىزغىن كۆرۈشتۇق. * ئۇنىڭ قورۇق قاپلىغان قاتمال يۈزىنى غەمكىنلىك، ۋۇجۇدىنى كەم ئۇچرايدىغان بىر خىل غەشلىك قاپلىۋالغانىدى. ② كۆچمە. بىر ئىزدا توختاپ قالغان؛ ئۆزگەرمەس، ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان، جاھىل: ھازىر بوۋاملارنىڭ دەۋرى ئۆتۈپ كەتتى. سەنزە ئاكامنى بوۋامنىڭ شۇ قاتمال قاراشلىرىنىڭ قۇربانى بول دېمەكچىمۇ؟ * ئىشلەپچىقىرىش، ئەمگەك مېۋىسىنى تەقسىم قىلىش جەھەتتىكى قاتمال تۈزۈملەر ئۇنى ئويغا سالغانىدى. * ئەنىدىشە قىلماڭ، ئۇنىڭ ھاياتى نېمىگە ھېساب ئىدى! دۇنيا بىر جاھىل، قاتمال كاللىدىن تازىلىندۇ، خالاس. * خاتىپ بەگزادىنىڭ سۆھبەتكە ئارىلىششى ئارىدىكى قاتمال ھالەتنى بۇزۇپ تاشلىدى.

**قاتماللاشتۇرماق** «قاتماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئوبدان داۋاملىشىۋاتقان سۆھبەتنى يېڭىدىن كەلگەن ھېلىقى ۋەكىل بىردىنلا قاتماللاشتۇرۇپ قويدى.

**قاتماللاشتۇرۇلماق** «قاتماللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ مەخپىي بۇيرۇق بىلەن سۆھبەت قاتماللاشتۇرۇلۇپ، قارشى تەرەپ سۆھبەتتىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلىندى.

**قاتماللاشماق** پ. قاتمال ھالەتكە كەلمەك، قاتمال بولماق: بىرەر پارتىيە، بىرەر دۆلەت ياكى بىرەر مىللەت ھەممە ئىشتا كىتابچىلىقنى ئاساسلىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە قاتماللىشىپ قالسا، ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ، ھاياتىي كۈچىنى

يوقىتىدۇ. * تۇرمۇشتا تۇتقان يوللىرىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقى سەۋەبىدىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتىدىكى يېقىنچىلىق بىرئاز قاتماللىشىپ قالغانىدى.

**قاتماللىق** «قاتمال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاۋۋال كالىلدىكى قاتماللىقنى، ئاندىن ھاياتتىكى قاتماللىقنى بۇزۇش زۆرۈر، بۇنىڭدىن ھېچنېمە چىقمايدۇ. * — شىنجاڭ ۋەزىيىتىدىكى قاتماللىق جەڭچىلىرىمىزنى بەك تىت-تىت قىلىۋەتكەنىدى، — دېدى نىزامىدىن قۇلاقچىسىنى كەينىگرەك سۈرۈپ قويۇپ.

**قاتمۇقات** ① قەۋەت-قەۋەت، قاتلامۇقاتلام: سۇ سۈزۈك، گۈل گۈزەل، تاغلار قاتمۇقات، ھاياتلىق مەنبەسى بولغاچقا تۇپراق. مەن كۆردۈم ئابدۇقادىر يۈرىدۇ تاغدا، ھارماپتۇ تۇپراقنى سۆيۈشتىن ئاياغ. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن جىق، ئارتۇق: ئىش كۆپ، ئادەم كۈچىمىز ئاز بولغاچقا، قىيىنچىلىقىمىزمۇ قاتمۇقات ئىدى.

**قاتىلىق** ئى ← **قاتماللىق**: ئوبيېكتىنى ھەقىقىي بىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ھەممە تەرەپ-لىرىنى، ھەممە باغلىنىشلىرىنى ھەم «ۋاسى-تىچىلىرى»نى ئىگىلەش ۋە تەتقىق قىلىش كېرەك. بىز بۇنىڭغا ھەرگىز تولۇق ئېرىشەلمەي-مىز، لېكىن ئەتراپلىق بولۇشنى تەلەپ قىلىش بىزنى خاتالىقتىن ۋە قاتىلىقتىن ساقلاپ قالىدۇ.

**قاتناپ** «قاتناماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: قاتناپ ئوقۇماق.

**قاتناپ ئوقۇماق** <مائار> مەكتەپ ياتىقىدا ياتماي، ئۆي بىلەن مەكتەپ ئارىلىقىدا قاتناپ يۈرۈپ ئوقۇماق.

**قاتناتماق** «قاتناماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىككى يىلدىن بېرى نەچچە بىچارىنى تىنماي قاتنىتىپ ئاۋارە قىلغىنى يەتمەمدۇ؟

**قاتناش** ① «قاتناماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىرخىل ئىسىمدىشى: ئەمدىلا رولغا چىققان بۇ يىگىت يېڭى يىلدىن باشلاپ قەشقەر بىلەن ئۈرۈمچى ئوتتۇرىسىدا قاتناشقا باشلىدى. * ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، قىلچىمۇ ئىككىلەنمەستىن باش چۆكۈرۈپ ئىشلەپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، پەسىللىك قاتناش ۋە يۈك توشۇش ۋەزىپىسىنى ئاشۇرۇپ ئورۇنلىدى. ② ئى يۈك ۋە يولۇچى توشۇش؛ ترانسى-پورت: قاتناش قوراللىرى. قاتناش بىخەتەرلى-كى. قاتناش قائىدىسى. قاتناش ساقچىسى. * شىنجاڭ يېرى كەڭ، قاتناش ئىشلىرى قولايسىز، پۈتۈنلەي ئاشلىق يۆتكەشكە تايىنىش ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا جايلار ئاشلىقنى چىڭ تۇتۇشى لازىم. * باھار بايرىمى مەزگىلىدە، يۇرت كۆرۈشكە، تۇغقان يوقلاشقا بارىدىغانلار كۆپرەك بولۇپ، قاتناش جىددىي بولىدۇ. ③ئى. كۆچمە. ترانسپورت ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياكى ئۇنى باشقۇرىدىغان ئورۇن، تارماق: — ھېلىقى جۇۋايىنمەكنى مەن ئوبدان بىلمەن. ئىسمى مەردان، لەقىمى «جەرەن»، شەھەرلىك قاتناشتا شوپۇر. ھەممىلا ئادەمنىڭ جېنىغا تەگكىنى تەگكەن، — دېدى ھەجەر. * جامائەت خەۋپسىزلىك ئىدارىسىنىڭ باشلىقى قاتناش دۈيجاڭىدىن: — دوكلاتىڭلاردا قادىر ئۇستىغا چېتىشلىق تەرەپ يوققۇ دەيمەن، — دەپ سورىدى.

**قاتناش ئاكوپى** <ھەرب> پوزىتسىيە ئىچىدىكى خەندەكلەرنى باشقا ئىستىھكاملار-غا تۇتاشتۇرىدىغان ھەمدە قاتناش، ئالاقىلىشىش ئىشلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئاكوپ. مۇھىم جايلىرىدا ئېتىش ئۇسكۈنىلىرى بولىدۇ.

**قاتناش ساقچىسى** <قا> قاتناش بىخەتەرلىكى ۋە قاتناش تەرتىپىنى قوغداش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان

خەلق ساقچىسى.

**قاتناش قائىدىسى** <قاتن> قاتناش ۋاسىتىلىرى ۋە پىيادە يول يۈرگۈچىلەرنىڭ بىخەتەر ھەم تەرتىپلىك يول يۈرۈشتە ئەمەل قىلىشى ئۈچۈن دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلگەن قائىدە-نىزاملار.

**قاتناش ماشىنىسى** <قاتن> ئورگان، تەشكىلات قاتارلىقلاردىكى جامائەت ئىشلىرى ئۈچۈن قەرەللىك قاتنايدىغان چوڭ تىپتىكى ئاپتوموبىل.

**قاتناش-ترانسپورت** قاتناش ۋە ترانسپورت: قاتناش-ترانسپورت ۋە پوچتا-تېلېگراف ئىشلىرى تەڭشەش داۋامىدا مەلۇم نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. * بۇ كۈنى شىنجاڭ قاتناش-ترانسپورت 4-شىركىتىدىكى ئىتتىپاق ئەزالىرى ۋە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچىلار بىر يېرىم كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى يولنى سۈپۈردى، دۆۋىلىنىپ قالغان ئەخلەتلەرنى توشۇدى.

**قاتناشتۇرماق** ① «قاتناشماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىر ئىككى كۈندىن كېيىن ئىتتىپاق ياچېيكىسى بىر قىسىم ياشلارنى قاتناشتۇرۇپ سۇلايمان سۇخەنچىنىڭ ئۈستىدە يىغىن ئاچتى. * ئۇ ئۆزىگە چىن دىلدىن خىزمەت قىلىۋاتقان ياش ئايالنى ئوقۇتتى، خىزمەتكە قاتناشتۇردى. ② ئىپتىماق، بەرمەك، بايان قىلماق: ئۇلار بۇ توغرىدا بولۇنغان مۇھاكىملەرگە پىكىر قاتناشتۇرۇپ ئۇزۇن پاراڭلاشتى.

**قاتناشتۇرۇلماق** «قاتناشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كۇرسلارغا بىر يىل ئىچىدە 2840 تىن كۆپرەك پارتىيە ئەزاسى قاتناشتۇرۇلدى. بۇ يېزىلاردىكى ئۇمۇمىي پارتىيە ئەزاسىنىڭ 85 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**قاتناشچى** ئى. ئىشتىراك قىلغۇچى، قاتناشقۇچى (يىغىن، سۆھبەت، زىياپەت قاتارلىقلارغا): قۇرۇلتاينىڭ قاتناشچىلىرى — ھەربىر ئىلىك خانلار پايتەخت قەشقەرگە توپلىنىشقا باشلىدى. * يىغىن قاتناشچىلىرى ئۇنىڭ ھەربىر سۆزىنى چوڭقۇر ئويلاپ ئولتۇراتتى.

**قاتناشماق I** پ. ئىشتىراك قىلماق، قەدەم تەشرىپ قىلماق؛ كىرمەك، قوشۇلماق: يىغىنغا قاتناشماق. مۇسابىقىغە قاتناشماق. * سۈپىتاي بىلەن مىجىت كۈندۈزدىكى تويغا قاتنىشالمىغان بولسىمۇ، كەچكى ئولتۇرۇشقا قاتناشتى. * — ئەمدى كېلىدۇ، ئۇلارمۇ سۇ قۇرۇلۇشىغا قاتنىشىدۇ، — دېدى ئۇ سىرتقا قاراپ.

**قاتناشماق II** «قاتنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھازىر ئۇلار ئۆز گۇناھىنى يوقىتىش ئۈچۈن تەرەپ-تەرەپكە قاتنىشىپ، ئۆزلىرىگە پاناھ بولىدىغانلارنى ئىزلەۋاتىدۇ. * پارلىدايدۇ ئاسفالت يول كۆزنى چاقنىتىپ، گۈل-گۈلىستان يېزىلارغا رىشتىڭنى چېتىپ، ئوت ھارۋىلار ئىز قوغلىشىپ ئۇچار قاتنىشىپ، بۇ مەنزىرە — گۈللىنىشنىڭ ئۇنۇمى قەشقەر.

**قاتنىماق** پ. تەكرار بېرىپ-كەلمەك، يۈرۈپ تۇرماق، ئۇ يان-بۇ يانغا ئۆتمەك؛ ماڭماق؛ ئۇچماق: ئۇرۇمچى بىلەن بېيجىڭ ئوتتۇرىسىدا ئايروپىلان قاتناپ تۇرىدۇ. * ئۇ ئادىل ياساپ بەرگەن چىلان ياغىچى ھاسىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىككى يىلغىچە ئۇ ئۇمىد ۋە پەرياد بىلەن گۇڭشې ئىدارىسى، ناھىيە ۋە ئەنگەلىك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانى ئارىلىقىدا توختىماي قاتنىدى. * توشۇيدىغان تاش-شېغىل بولمىغاچقا، يولدا قاتناۋاتقان ئادەم يوق ئىدى.

**قاتۇرما** ئى. كېيىمنىڭ سۈپەتلىك ۋە

كۆركەم كۆرۈنۈشى ئۈچۈن ئىككى مۇرىگە قويۇلىدىغان ھەمدە پاختا سارۇچكا قاتارلىقلاردىن ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە تەييارلىنىدىغان بىرخىل بۇيۇم: — ئۆزگىرىش چوڭ، ئىشلار ئالدىراش، يوقلاپ كېلەلمىدىم، — دېدى جۇمە مۇرىسىگە قاتۇرما قويۇلغان زەڭگەر دىكا چاپىنىنىڭ تۈگمىلىرىنى يېشىپ.

**قاتۇرماچ** (توغرىسى: قوتۇرماچ) ← **قوتۇرماچ**.

**قاتۇرماق** ① «قاتماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەن-كەچتە قار ئۇچقۇنلىرى بىلەن ئاقۇچ تۇمانغا ئايلانغان شىۋىرغان ھەممە يەرنى ساپالدەك قاتۇرۇۋېتەتتى. ② تىكلىمەك، ئورناتماق؛ توختاتماق: بىز تاش بىلەن قەبرە قاتۇرۇپ، ئۈستىگە قىزىل لاتا بىلەن كىچىك بايراقچە قادىدۇق. * توختىمىغان تۇغانغا، بېسىلمايدۇ توختىتاخۇن. سېمونتلاردا قاتۇردۇق، كەتتى ئەمدى قايغۇ-مۇڭ.

**قاتۇرۇشماق** «قاتۇرماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بەزىدە كېچە-كېچىلەپ خەمتىنىڭ ئۆيىدە خېمىيە پېنى ئۈستىدە، ماددىلارنىڭ تەركىبى، تۈزۈلۈشى، بىرخىل ماددىنىڭ ئىككىنچى بىر خىل ماددىغا ئايلىنىش قانۇنىيەتلىرى قاتارلىقلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇشاتتى.

**قاتۇرۇلغان** «قاتۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قاتۇرۇلغان بېنزىن بومبا.

**قاتۇرۇلغان بېنزىن بومبا** <ھەرب> پارتلىغاندا يۇقىرى ھارارەتلىك ئوت يالقۇنى ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل بومبا. ئىچىگە بېنزىن ۋە باشقا خىمىيۋى دورىلاردىن ئىشلەنگەن يېلىمسىمان ماددىلار قاچىلانغان بولۇپ، پارتلىغان چاغدا ئەتراپقا چېچىلىپ 1000 °C ئەتراپىدا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ ۋە باشقا جىسىملار ئۈستىگە يېپىشىۋېلىپ ئۇزۇن ۋاقىتقىچە كۆيىدۇ.

**قاتۇرۇلماق** «قاتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: باخۇلىياڭ گۆرىستانلىقىدا ئۇنىڭغا مەخسۇس سېمونت قەبرە قاتۇرۇلدى. * بۇ مۇز تەبىئىي قاتقان مۇز ئەمەس، بەلكى تۆۋەن تېمپېراتۇرا ئاستىدا تەجرىبە ئۈچۈن قاتۇرۇلغان سىناق مۇز ئىدى.

**قاتىرىغا** رەۋ ① بىر-بىرلەپ، بىر قاتار قىلىپ، يانمۇيان: ئۆينىڭ تۆت تېمىغا داھىيلارنىڭ سۈرەتلىرى قاتىرىغا چاپلانغانىدى. ② كەينى-كەينىدىن، بىرلا ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە ئۈزۈلمەي، بىرخىل ھەرىكەت بىلەن: تاماقتىن كېيىن تاماشا سارىيىدا ئويۇن كۆرسىتىلدى. بىرلەشكەن ساز، قوشما غەزەللەر، يالغۇز ۋە قوشما ئۇسسۇللار توختىماي قاتىرىغا داۋام قىلدى. * دەل شۇ چاغدا مەشرەپ بولۇۋاتقان ئۆينىڭ ئۆگزىسىدىن قاتىرىغا ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى.

**قاتىل** ئى [ئە] ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشى: ئۆزۈمنى ياخشى كۆرگەن ئاق كۆڭۈل قىزنى بوغۇپ ئۆلتۈرگەن قاتىل مەن ئۆزۈم! * ئەي شائىر! ئەڭ يۈكسەك ئارزۇ تىلىكىڭ، ئېچىلدى دەۋرىمدە بولۇپ گۈل-چېچەك، قاتىللار تۇتۇلۇپ بېرىلگەچ جازا، بۇنىڭدىن شادلاندى مىليونلاپ يۈرەك.

**قاتىلاڭ** سۈپ. جىددىي، ئالدىراش، جىددىيلىكنى تەلەپ قىلىدىغان: — ئالدىرىما ئاپا، ھازىر ئىشلار قاتىلاڭ، ئويلاشقا ۋاقىت چىقىپ قالار! — ئۇ چاپىنىنى كىيىپ تالاغا ماڭدى. * بۇ كۈنلەر قاتىلاڭ چاغلار تۇرسا، قانداق ئادەم تېلېفۇن قېشىدا ئولتۇرىدۇ؟

**قاتىلاڭچىلىق** ئى. جىددىي، قاتىلاڭ ھالەت، ئالدىراشچىلىق: ئورما قاتىلاڭچىلىقىدا ھسامىدىن كاسسىرنىڭ روزى جىرتاق بىلەن

كۆرۈشمىگىنىگە خېلى كۈنلەر بولۇپ قالغانىدى. قاتىلاڭچىلىقتا چاچ-ساقىلىنى ئالدۇرۇشقا ئۈلگۈرمىگەن بۇ ئادەم مەشۇرنىڭ خىيالىدا رىۋايەتلەردىكى خىزىرنى ئەسلەتتى. // دېھقانچىلىقنىڭ قاتىلاڭچىلىق مەزگىللىرىدە مەدىكارلىق قىلغاندىن باشقا تاماق، بوقۇسا قاتارلىق ئۇششاق سايمانلارنى ياساپ سېتىپ جېنىنى جان ئېتىدىغان بۇ يىگىتنى «دوقا» دېگەن لەقىمى بىلەن كۆپ كىشىلەر تونۇيتتى.

**قاتىللىق** ① ئى. ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشى: شاھ ئالدىدا سىرنىڭ تەكتىنى، ئەينى پېتى ئەيلەپتۇ بايان. قاتىللىقنىڭ چىگىش تۈگۈنى، شاھ كۆڭلىدە بولۇپتۇ ئايان. ② سۈپ. ئادەم ئۆلتۈرۈش ئۈچۈن تەييارلانغان ياكى شۇ مەقسەتتە ياسالغان: قاتىللىق قىلىچىنى چىقىرىپ ياندىن، قەستلىدى ۋەتەننى قانغا بوياشقا، بولۇشتى بۇزماقچى گۈل بېغ مىزنى، زۇلمەت ھۇقۇشنى چىللاپ بۇياققا.

**قاتىللىق قىلماق** ئادەم ئۆلتۈرۈش قىلمىشى، ھەرىكىتى بىلەن شۇغۇللانماق؛ ئادەم ئۆلتۈرمەك: بوۋاي ئايالىنىڭ نېمە ئۈچۈن قاتىللىق قىلماقچى بولغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. پەرىلەر مومايىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بېرىپتۇ. * بىزنى تىللاش، ئۇرۇش ئادەتتىكى ئىشقا ئايلىنىپ قالدى. ھەتتا پىچاق كۆتۈرۈپ قاتىللىق قىلىش دەرىجىسىگە يەتتى.

**قاچا** ① ئى. غىزا، تاماق ئۇسسۇلىدىغان نەرسىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، كۆپىنچە چىنىنى كۆرسىتىدۇ: ئالتۇن بېشىڭ ئامان بولسا، ئالتۇن قاچىدا سۇ ئىچەرسەن (ماقال). * قىز بىزگە قاراپ «بىر قاچىدا سۇ ئېلىپ كېلىڭلار» دېدى. ② ئى. نەرسىلەرنى قاچىلاپ، ئېلىپ قويغىلى بولىدىغان ئىچى بوش نەرسە: سەۋر قاچىمىز توشتى، ئەمدى نېمىگە قاراپ تۇرىمىز، بەگ كۆزىمىزگە كۆرسىتىپ تىرىك ئادەمنى يەۋاتسا، قانداق تۇرالايمىز؟! * ئۇلار ئەمدى پۇشايمىنىنى ئالدىغان قاچا تاپالماي، ئۆز-ئۆزىگە ئۆكۈنۈشۈپ ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. ③ ئى. تىكىش ماشىنىسىنىڭ بىر ئۇچى بوي ئوقنىڭ بىر دولىسىغا، بىر ئۇچى چىش ئارقىلىق سۇرۇش ئوقىغا تۇتىشىپ رەختنى ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان سايمىنى. ④ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: چورۇقنىڭ خوتۇنى ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ، تۆت قوشۇق بىلەن تۆت قاچا تاماق ئېلىپ كېلىپتۇ. * قارنى ئېچىپ ھالى قالمىغان ھورۇنلار پۇل چىقىرىشىپ بىر نان، بىر قاچا قېتىق سېتىۋاپتۇ.

**قاچار** دىئال. ئى. مەگز، يۇز.

**قاچاق** ئى → **قاچقۇن**: ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ: — مەن ۋاپاسىزلىق قىلىپ قويغان بىر قاچاق ئىدىم، جانابلىرىنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدە ياشاپ قالدىم، — دېدى. * مەخلۇق دېدى: «ئەي ۋەتەنسىز قاچاق...»، ئايىقىز دېدى: «مەن ۋەتەنگە ئامراق...»

**قاچاقلىق** ① «قاچاق» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② قېچىپ يۈرگەن يەردىكى، شارائىتتىكى ھايات؛ قېچىش، قېچىپ يۈرۈش: ئۇنىڭ 20 يىللىق ئۆمرى قاچاقلىقتا ئۆتتى.

**قاچا-قومۇچ** → **قاچا-قۇچا**: ئەرلەر سۆھبەتتە، رابىيەم ھەرىكەتتە چۈشتى. ئۇ قاچا-قومۇچلارنى جايلاپ بولغاندىن كېيىن لېگەندە لىق ئۈزۈم كۆتۈرۈپ كىردى.

**قاچا-قۇچا** قاچا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ ئەتىگەن ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، مەكتەپتىن كەچتە بىراقلا قايتاتتى. كېلىپلا ئالدىراپ-تېنەپ تاماق ئېتىپ، قاچا-قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، يە تاپشۇرۇق تەكشۈرۈشكە ياكى كىتاب ئوقۇشقا باشلايتتى.

**قاچان** ئال ① قايىسى ۋاقىتتا، قايسى چاغدا: – بولۇپتۇ، – دېدى ئۇ ئاخىرى، – سىلەر قاچان دېسەڭلار، شۇ چاغدا توي بولسۇن، لېكىن شۇنىڭغىچە مەن باھار بىلەن ئايرىم ئۇچرىشىپ، بىر سۆزلەشمىسەم بولماس. ② جۇملىدە خەۋەر بولۇپ كېلىپ «ناھايىتى ئۇزاق بولدى، كۆپ ۋاقىت بولدى» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: – مەن كەلگىلى قاچان، سىز مانا ئەمدى كېلىپسىز، يۈرۈك تېزرەك بولايلى، – دېدى ئۇ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ.

**قاچان بولمىسۇن** قايسى ۋاقىتتا بولسىمۇ، قاچانلا بولسا، دائىم دېگۈدەك: باي ئۇنىڭغا مەسلىھەت قىلماي، ئۆز ئىشىنى قىلىۋېرەتتى. بىراق ھۆرنىساخان قاچان بولمىسۇن باينىڭ ئىشلىرىغا ئارىلىشۋالاتتى.

**قاچانقى** ئال. قايسى ۋاقىتتىكى، قايسى چاغدىكى: – قاچانقى گەپنى قىلىسىز، مەن سىزگە ھېچقاچان تۆھمەت چاپلىغىنىم يوق! – دېدى ھېلىقى كىشى سېمىز قورساقتا ھومىيىپ.

**قاچانلىققا** ئال. قانداق ۋاقىتتا، قانداق چاغدا، قاچان: قاچانلىققا بارساڭ بارىۋەرگىن، مەن دائىم ئۆيدە تۇرىمەن.

**قاچانلىكى** ئال. قايسى چاغدا، قايسى ۋاقىتتا، قاچان: ئۇنىڭغا قاچانلىكى قارىسىڭىز، ئەنە شۇنداق ياسىنىپ، گىدىيىپ يۈرىدۇ.

**قاچانكى** ئال → **قاچانلىكى**: سەن قاچانكى مەن قويغان يەردىن تاشنى ئېلىپ كەمبەغەلنىڭ كۆزىگە ئېتىپ قۇيۇۋەتسەڭ، مېنىڭ ساڭا گېپىم يوق.

**قاچ-قاچ** بىرەر ئەندىشە ياكى ۋەھىمە سەۋەبىدىن بىرەر جايدىكى ئاھالىنىڭ تەرەپ-تەرەپكە قېچىش ھادىسىسى، قېچىش ۋەقەسى: قاچ-قاچ بولغان ئاخشىمى ھېچكىم سۇ ئىبلىۋېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. * ئۇشتۇمتۇتلا يۈز بەرگەن قاچ-قاچتا نۇرغۇن كىشىلەر بالا-چاقىلىرىدىن ئايرىلىپ، يىراقلارغا كېتىپ قالغانىدى.

**قاچ-قاچ بولماق** قاتتىق قورقۇش، ۋەھىمە سەۋەبىدىن ئاھالىلارنىڭ تەرەپ-تەرەپكە قېچىش ھادىسىسى پەيدا بولماق: سۇلالىلارنىڭ دەستىدىن، ۋەيران بولدى باغ-ۋاران. قاچ-قاچ بولدى يۇرتلاردا، چۆلدە قالدى مال-ۋاران.

**قاچقاق** سۈپ. قاچىدىغان، قېچىپ يۈرۈشكە ئادەتلەنگەن؛ قېچىشقا ماھىر: – قاچقاق جىنايەتچى دولقۇن قانۇن تورىغا چۈشۈپ جاجىسىنى يېدى، – دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى سۆز قىستۇرۇپ. * سىز بىر قاچقاق، نېرى-بېرى ماڭا تىل ئۇچىدا بىرنېمە يازغاندەك بولۇپ قاچتىڭىز.

**قاچقاقلىق** «قاچقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قاچقاقلىق ئۇنىڭ ئادىتى ئىدى.

**قاچقۇن** ئى ① جازا ياكى جازا ئورنىدىن، تۇتقۇنلۇقتىن قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرگەن كىشى؛ قاچاق: ئۇ ياماق چاپىنىنى ئوغلى قاسىمنىڭ ئۈستىدىن ئېلىپ مۈرىسىگە ئارتتى-دە، ھېلىقى ئەسكەرلەر قاچقۇنلارنى قوغلاپ ماڭغان تەرەپكە قاراپ كەتتى. * يوشۇرۇن پوست ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەت ھوقۇقىغا بىنائەن قاچقۇنلارغا ئاپتوماتتىن ئوت ئاچقان، نەتىجىدە ئۇلاردىن بىرمۇنچىسى ئۆلگەن. ② <ھەرب> ئۆز مەيلىچە قىسمىدىن ئايرىلغان ياكى ئۇرۇشتا يېڭىلىپ قاچقان ئەسكەر: – ياق، مەن ئۇ تەرەپكە بارمايمەن، – ئەسكەر ئاۋازىنى كۆتۈردى، – مەن قاچقۇنمەن. // بۇ شايكىغا قاچقۇن ئەسكەرلەر ۋە كونا ساقچىلارمۇ كېلىپ قوشۇلدى. ③ ئۆز بۇرچىنى، زىممىسىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىنى بېجىرىشتىن باش تارتىپ ياكى

بىرەر ۋەھىمىدىن قورقۇپ قاچقان كىشى: ئۇنىڭ يەككە-يېگانە ئوغلى قاچقۇن - خائىن بولۇپ چىقتى. بۇ هال ئۇنىڭغا قاتتىق زەربە بولدى. * قاياقتىندۇر دۈشمەن ئايروپىلانلىرى پەيدا بولۇپ، قىشلاق ئۈستىدە ۋە چېدىر تىكىپ ياتقان قاچقۇنلار ئۈستىدە ئايلىنىشقا باشلىدى.

**قاچقۇنلۇق** «قاچقۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بىزگە نېمە گەپ كېلەتتى؟ روزىمەتنىڭ قاچقۇنلۇقى ئۆزى بىلەن تۈگىدى، مەنسۇر بىلەن ئەكبەرنىڭ ئالدىدا راستىنى ئېيتىپ ئەپۇ سورىۋىدىم كەچۈرۈۋەتتى. * ئەمدى ئۇققانسەن، ئاكا، مەن قاچقۇنلۇقتا يۈرگەن بىر ئادەم. تەقدىر مېنى يەنە نېمە كويلارغا سالىدۇ، بىلمەيمەن.

**قاچماق** پ ① خەۋپ-خەتەردىن، ۋەھىمىدىن ساقلىنىش ياكى ئۆزىنى دالدىغا ئېلىش، قۇتۇلۇش ئۈچۈن يۈگۈرۈپ ئۇلاردىن يىراقلاشماق، باشقا يىراق بىرەر تەرەپكە ماڭماق: ئىچ مايماقنى ئېلىپ قاچ، تاش مايماقنى تاشلاپ قاچ (ماقال). * ياسىن ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆستەڭگە چۈشكىچە، ئەمەت جان ئاچچىقىدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆلە-تىرىلىشكە قارىماي قاچتى. * باقى يىگىت كەلسەڭچۇ، مېنى ئېلىپ قاچساڭچۇ. قىلىچ بىلەن دۈۋاڭنىڭ كاللىسىنى چاپساڭچۇ. ② ئۆزىنى تارتماق؛ يوشۇرۇنۇپ كۆزگە چېلىقماي يۈرمەك، ئۆزىنى چەتكە ئالماق، يىراقلاشماق: ياخشىغا ياندىش، ياماندىن قاچ (ماقال). * ئىمامىلىقتىن قاچ، مەزىنلىكنى تالاش (ماقال). * شۇنداق، ھېچ قاملاشمىغان بىر ئوي مېڭەمگە كىرىۋالدى - دە، ئۆستەڭگە بېرىشتىن قېچىپ مۆكۈۋالدىم. * - چاتاق يوق سابىر ئاكا، - دېدى دوغىلاققىنە كەلگەن بىر يىگىت بېشىنى كۆتۈرمەي تۇرۇپ، - ئىش بىزدىن قاچمىسىلا، بىز ھەرگىز ئىشتىن قاچمايمىز. ③ تۈرمە، سولاق قاتارلىقلاردىن بىلدۈرمەي، يوشۇرۇنچە قۇتۇلۇپ چىقماق: بۇ كىشى تۈرمىدىن قاچقان كىشىگە ئوخشاپ تۇراتتى. * يامۇلنىڭ ياغاچلىرى، ئېگىز قارىغاي چەنزە، يامۇلدىن قېچىپ چىققان، سادىر ئۆزى خوخەنزە. ④ يىراقلاشماق؛ نېرى كەتمەك: مەركەزدىن قېچىش كۈچى. * تام سەل قېچىپ قېلىپتۇ. تىرەك قويۇپ قويۇڭلار. * قۇرغۇي بالىسى ئالىم، لاچىن بالىسى زالىم، مەن سىزگە نېمە قىلدىم، تاشلاپ قاچمىسىلا يارىم. ⑤ مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، ئاجرالماق، ئۆزىنى تارتماق: بوۋاينىڭ چوڭ ئوغلى مەكتەپتىن قېچىپ، مەكتەپتە ئوقۇماپتۇ، كىچىك ئوغلى بولسا مەكتەپتە ناھايىتى ياخشى ئوقۇپتۇ. * ئۇ بارغانسېرى بىزدىن قېچىۋاتىدۇ. بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلىكىنى مەنمۇ بىلمەي قالدىم. ⑥ مەسئۇلىيەت ياكى شۇ قاتارلىقلارنى تەرك ئەتمەك، ئۇنىڭدىن ئۆزىنى تارتماق، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆزىنى چەتكە ئالماق: - بۇ جاۋابكارلىقتىن قېچىش، - دېدى قاسىم يەر ئاستىدىن باشلىققا قاراپ غودۇراپ. ⑦ يوقالماق، يوق بولماق، كەتمەك؛ كېمەيمەك، ئازايماق، دەرىجە جەھەتتە تۆۋەنلىمەك: تاۋى قاچماق. بەرىكىتى قاچماق. سۈيى قاچماق. گۆشى قاچماق. * ئاچچىق كەلگەندە، ئەقىل قاچىدۇ (ماقال). * ئاش كەلسە، ئىمان قېچىپتۇ (ماقال). * مەترozىنىڭ يۈزىدىن كۈلكە قاچقان، كۆزلىرى قىزىرىپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ساقاللىرى ئۆسكەن، ئېگىز گەۋدىسى مۈكچىيىپ قالغانىدى. * كۆڭ نۇرىنى چاچقاندا، كۆزدىن ئۇيقۇ قاچقاندا، ۋەزىر چاچراپ قوپۇپتۇ، «سۇبھاناللا» ئوقۇپتۇ.

**قاچۇرماق** «قاچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — تويىنى سىز ماڭغۇچە قىلىۋېتەرمىزمىكىن! — دېدى ئۇ قىزنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ. قىز لەۋلىرىنى چىشلەپ چەتكە قارىدى-يۇ، لېكىن قوللىرىنى قاچۇرمىدى. * شۇنىڭدىن كېيىن، سەلىمە ئەكبەرنىڭ ئىشتىن قايتىدىغان ۋاقتىنى پەملەپ سىرتقا چىقىپ، ئۇنىڭ يولىغا قارايدىغان بولۇپ قالدى. ئەمما ئەكبەر يېتىپ كەلگەندە بولسا، ھېچنېمە دېمەي ئۆزىنى قاچۇراتتى.

**قاچۇرۇشماق** «قاچۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — تېخى مەندىن ئۆزلىرىنى قاچۇرۇشۇپ كېتىشىپتۇ، ئۇنداق مايماقلارغا مەن بىر چاپلىشىۋالدىغاندەك! — دېدى ئۇ ۋە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

**قاچۇرۇلماق** «قاچۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قېتىم ھەقىقەتەن ئوڭۇشلۇق بولدى. بىر قۇرۇق ھەيۋە بىلەن دۈشمەن لەشكەرلىرى قاچۇرۇلۇپ، بۇ كەنت پارتىزانلار تەرىپىدىن كونترول قىلىندى.

**قاچىلاتماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ خىزمەتكارلىرىغا ئاشلىقنى قاچىلىتىپ تەخ قىلىپ قويدى.

**قاچىلاشماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئورما كېلىشى بىلەنلا قەرزلىرىنى تۆلەپ ئاشقان ئاشلىقنى كات ساندۇققا قاچىلاشتى.

**قاچىلانماق** «قاچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ۋوي دادىسى، نېمە قىلغانلىرى بۇ؟ — دېدى ئۇ قولىدىكى سۈت قاچىلانغان كورۇشكىنى دېرىزىگە قويۇۋېتىپ، — تېخى تونۇگۈن ئاخشام دوختۇر نېمە دېگەنتى؟ ھەي، بۇ ئادەمنىزە...

**قاچىلىماق** پ. بىرەر نەرسىنىڭ ئىچىگە جايلاشتۇرماق، سالماق، يۈكلىمەك، باسماق؛ تولدۇرماق: ئەتىسى چۈشلۈك دەم ئېلىشتا مەن يوغان بىر سومكىغا لىق قەنت-ناۋات قاچىلىدىم-دە، ئۇنىڭ ئۆيىگە باردىم. * مال قاچىلانغان ماشىنا ئوتتۇرا كۆۋرۈككە كەلگەندە توختاپ قالدى. * ئۇلار بىرقانچە توپ مال ۋە يەشىكلەرنى ماشىنىغا قاچىلاپ، يولغا تەييارلانماقتا ئىدى.

**قاداتماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — چاپىنىڭغا تۈگمە قادىتىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى مۇئەللىم ئۇنى تەنقىدلىگەن تەلەپپۇزدا.

**قاداشماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچىنىڭ دوقمۇشىدا ئۈچ-تۆت قاداقچى ھەدەپ چىنە-قاچىلارنى قادىشىۋاتاتتى.

**قاداق** I ① مىق، ئىنگلىزلىق ئۆلچەم بىرلىكى. مىقدارى 0.454 كىلوگرامغا تەڭ كېلىدۇ: بىر قاداق گۆش. ئۈچ قاداق ماي. * مەن ئۇدۇل ماگىزىنغا كىرىپ، نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يىغقان پۇلۇمنىڭ بارىنى چىقاردىم-دە، بىر بولاق قەنت، بىر يۈەنلىك چاي، بىر بولاق گۈڭگۈرت ۋە بىر قاداق كىرسىن سېتىۋالدىم. ② ئى. قاداقلاپ ئۆلچەيدىغان تارازا.

**قاداق** II ئى. نەرسىلەرنىڭ ئۇزاق ۋاقىت سۈركىلىشى بىلەن تېرىدىكى مۈڭگۈز قەۋىتىنىڭ ئېشىشى نەتىجىسىدە پۇت ۋە قول ئالقانلىرى ياكى پۇت بارماقلىرى يۈزىدە پەيدا بولىدىغان قاتتىق ھالەتتىكى ئۇششاق قاپارتقۇ: باسقاندا ئازراق ئاغرىتىدۇ: قاداق باسماق. * ئاياغ كىيىملىرىنى بەك تار كىيىش پۇتلارنىڭ شەكلىنى بۇزۇپ، قاداق پەيدا قىلىشتىن باشقا، يەرلىك ئورۇندا قان ئايلىنىش ۋە نېرۋىلارنىڭ بېسىلىشىغا سەۋەبچى بولىدۇ. // ھارۋىكەش ئەلەم بىلەن مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى-دە، يوغان قاداق ئالقانلىرىدا ساقىلىنى سىلاپ قويۇپ

سۆزىنى داۋام قىلدى. * ئولتۇرىدۇ سەھنىدە ۋەكىل، قولى قاداق، كەلگەن يېزىدىن. كېپىنەكتەك ياسانغان بىر قىز، كۆلدى ئۇنىڭ كىيىنىشىدىن.

**قاداق باسماق** پۇت ۋە قول ئالىقانلىرى ياكى پۇت بارماقلىرى يۈزىدە قاتتىق ھالەتتىكى ئۇششاق قاپارتقۇلار پەيدا بولماق: ئۇنىڭ قاداق باسقان كەڭ ئالىقىنى ئارىسىدا قالغان قولۇم قاتتىق-قاتتىق سىلكىشتىن غىرىسلاپ كەتتى. * بىخۇد كىشلەر ئالىقانلىرىنى يېيىپ، بىر بۇلۇتلۇق ئاسمانغا، بىر قاداق باسقان قوللىرىغا قاراپ ئاللانى ياد ئېتىشكە باشلىدى.

**قاداق تەن** <ئانات> چوڭ مېڭىنىڭ ئىككى يېرىم شارچىسى ئاستىدا بولىدىغان ۋە بۇ ئىككى شارچىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نېرۋا تالا توقۇلمىلىرى.

**قاداق** III ئى. سۇنغان فارفور بۇيۇملىرىنى ياماش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل مىخ. ئادەتتە مىس ياكى تۆمۈردىن ياپىلاق ھەم ئەگمەچ، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق قىلىپ ياسىلىدۇ: قاداق سالماق. * سۇنغان ئەينەكنى قاداتقان بىلەن قاداق تۇتمايدۇ، ئەمدى مېنى تولا خاپا قىلمىسىلا. * بۇگىا ياندىق قاداق تەخسەڭ، غادايغانغا قىلىپ تەزىم. ئەمەل، نەپ دەپ يالايسەنكى، دېمەي بەتبۇي تاپان زادى.

**قاداق سالماق** سۇنغان فارفور بۇيۇملىرىنى قاداق مىخ بىلەن قادىماق: ئۇ ئالدىراشچىلىقتا ئۇنىڭغا قاداق سالغان پىيالىدە چاي كەلتۈرگەنلىكىنىمۇ سەزمىدى.

**قاداق** IV ئى. ئالتۇن قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىپ، باش كىيىمگە تاقىۋېلىنىدىغان بىر خىل زىننەت بۇيۇمى: ئەينەكتە ئالما ئۇرۇقى رەڭ ئېسىل خاڭجۇ تاۋىرىدىن تىكىلگەن ئۇزۇن كۆڭلەك، ئۈستىدىن ئۆرە ياقىلىق كىمخاب نىمچە، بېشىغا ياقۇت كۆزلۈك ئالتۇن قاداقلار قادالغان زەر دوپپا كىيىپ، ھاۋا رەڭ ئېسىل شايىدىن لېچەك ئارتىۋالغان زىلۋا بويلۇق بىر ئايال تۇراتتى.

**قاداقتاش** ئى [قاداق+تاش] ① نەرسىلەرنىڭ ئېغىرلىقىنى قاداق بىلەن ئۆلچەشتە قاداقنىڭ پەللىسىگە قويۇلىدىغان تاش. بۇ تاش ھەر خىل ئۆلچەمدە بولىدۇ. ② <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈشتىكى قوشۇمچە مەشىق قىلىش ئەسۋابى. ئادەتتە نەشپۈت شەكىللىك تۆمۈرگە يېرىم ھالقا شەكىللىك تۇتقۇچ ئورنىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، ئېغىرلىق ئۆلچىمىمۇ ھەر خىل بولىدۇ.

**قاداقچى** ئى. سۇنغان فارفور بۇيۇملىرىنى قاداشنى كەسىپ قىلغان كىشى: بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. بىردەمنىڭ ئارىلىقىدىلا بۇ ھويلا خۇددى بىر كىچىك بازارغا ئايلىنىپ كەتتى. باللار، ئانىلار، قىز ۋە چوكانلار قاداقچىنى ئورىۋالغانىدى.

**قاداقچىلىق** «قاداقچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قاداقچىلىق قىلماق.

**قاداقلاشماق** پ. قاداق ھالەتكە كەلمەك، قاداق-قاداق بولۇپ كەتمەك: زەيتۇنە قوللىرى قاداقلىشىپ جىگدە قوۋزىقىدەك چاك-چاك يېرىلغان ئاق چاچلىق ئانىسىنىڭ ئائىلە يۈكىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن تىنىمسىز ھەرىكەت قىلاتتى. * قاداقلىشىپ كەتكەن چويۇندەك ئېغىر بارماقلار بالىنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىۋەتتى.

**قاداقلىق** I سۈپ. مەلۇم قاداق ئېغىرلىقتىكى، مەلۇم قاداق كېلىدىغان: بۇ توپلار قەشقەردە قۇيۇلغان ئاغزىدىن ئوقلىنىدىغان برونزا توپلار ئىكەن، بىرىگە 18 قاداقلىق، يەنە بىرىگە 12 قاداقلىق ئوق چۈشىدىكەن.

**قاداقلىق** II سۈپ. قاداق بار، قاداق چۈشكەن، قاداق باسقان: باغلاردا،

ئورمانلاردا دەل-دەرەخلەر، سۇ يۇگۇرۇپ بىخ سۇرۇپتۇ غۇدۇر-بۇدۇر. قاداقلىق قوللىرىدا سىيپاپ ئۇنى، كۆلىدۇ بوۋام راسا قىلىپ ھۇزۇر.

**قاداقلىق III** سۇپ. قادالغان، قاداپ قويۇلغان: قاداقلىق چىنە.

**قاداقلىق IV** سۇپ. قاداپ قويۇلغان، ئورنىتىلغان: ۋوگزالنىڭ ئىشىكىگە قاداقلىق تاختا ئۆزگەرگەن. گەرچە نامى بۇرۇنقىدەكلا قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۆلەكچە يېزىلغانىدى. * پارتىزانلارنىڭ ھەممىسى ئۇچىغا نەيزە قاداقلىق مىلتىقلار بىلەن قوراللانغانىدى. // قارىسام يېنىمدىلا بىر تاختا قاداقلىق تۇراتتى، ئۇنىڭغا: «ئىككى مو، مو بېشى مەھسۇلاتى 500 جىڭ، ھادىل» دېگەن خەتلەر يېزىلغانىدى. * ئۇنىڭ مەيدىسىدە قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان قىزىل پەتتە تېخىچە قاداقلىق تۇراتتى.

**قادالڭ** سۇپ. دىئال. قاتمال؛ ئۇدۇر-بۇدۇر، قوپال.

**قاداڭشىماق** پ. دىئال. قاتماللاشماق، قوپاللاشماق.

**قادالماق** «قادىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تىكەن بولۇپ پۇتقا كىرگۈچە، چىمەن بولۇپ باشقا قادال (ماقال). * ئانا بايرام كۈنلىرى بايراقلار قادىلىپ زىننەتلىنىدىغان چوڭ كوچىدىن ئۆتۈپ، تاللىق مەھەللىلەر بىلەن ئارقا يولغا چىقتى. * — باشقا قادىلىپ كەلگەن ئۆلۈمدىن قېچىش ئەخمەقلىك، — دېدى ئۇ قارشىلىق كۆرسىتىپ، — ئۇلار مېنى تۇتۇشقا، ئۆلتۈرۈشكە كەلگەن، بۇ ئەلۋەتتە چۈشىنىشلىك. * سادىق روزىنىڭ دىققىتى ئىختىيارسىز ھالدا پىرىكازچىكقا قادالدى.

**قادۇرغۇچ** ئى. قاۋاننىڭ ئاستىنقى ئېڭىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۆتكۈر چىشى، يارىدىغان پىچىقى.

**قادىر** [ئە] ① سۇپ. قۇربى، قۇدرىتى، كۈچى يېتىدىغان: نەچچە يۈزلىگەن قوللار گويا بىر مۆجىزە بىلەن مەھبۇسلارنى جاللات قىلىچىدىن قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا قادىردەك ھاۋادا پۇلاڭلايتتى. * بۇ كىشى ماشا-يىخ-مالائىكىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا قادىر ئىكەن! ② ئەرلەر-نىڭ ئىسمى.

**قادىر بولماق** بىرەر نەرسىگە ياكى بىرەر ئىشنى قىلىشقا چامى، كۈچ-قۇدرىتى يەتمەك: پەقەت ئۇ ئۆيىگە كەتكەندىن كېيىن بەختىمىز يار بەرسە، بىرەر بۆجەننى تۇتۇشقا قادىر بولالايمىز. * تۇرمۇشتا شۇنداق چاغلار بولىدۇكەنكى، ئۆزۈڭنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭ ئاسماندىكى قۇياشتەك ئېنىق تۇرۇقلۇق، ئۇنى كىشىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىشكە قادىر بولال-مايدىكەنسەن.

**قادىغاللىماق** پ. دىئال. دېۋەيلىمەك، ھۇرپىيىپ، دېۋەيلەپ كەلمەك.

**قادىلىشماق** «قادالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى كۆزۈڭگە قادىلىشىپ تۇراتتى، ئەمما مېنىڭ ئۇلارغا بىرنېمە دېگۈم كەلمىدى-دە، ئاستا ئارقامغا ياندىم.

**قادىماق** پ ① سانجىماق، تىقماق؛ سالماق: پىدائىيلار تۆمۈرچىلەرگە نەيزە ياسىتىپ، ئۇنى چەنزىلەرنىڭ ئۇچىغا قادىۋېلىشقانىدى. * غەنىم ئورنىدىن تۇرۇپ، شامدانلارغا شام قاداپ يېقىپتۇ. ② تىرىمەك، تاقىماق، تىركىمەك: «نامازشام خىزىرى» بىلەن چېقىر كۆز تەڭلا ۋاقىتتا تاپانچىلىرىنى بۇ يوچۇن ئادەمنىڭ مەيدىسىگە قادىدى. ③ تىكلەپ ئورناتماق، تىك قىلىپ جايلاش-تۇرماق، تىكلىمەك: ئۇلار سېپىل ئۇستىدىكى جەڭدە قۇربان بولغانلارنىڭ قەبرىلىرىگە تۆنۈگۈن كەچتە قاداپ قويۇلغان خاتىرە

تاختايلىرىنى كۆردى. * تەبىئەتنى قىلىپ تەسلىم، قادايمىز مارسقا بايراقنى، ئۆزۈپ چىق سەنمۇ ئەي قۇربان، ئىلىم دەرياسى گويا سەل. ④ چاپلاپ، مىخلاپ، تىكىپ ياكى باغلاپ ئورناتماق، چاپلىماق، تاقىماق: بالىنىڭ قىشلىق كىيىملىرى پۈتتى، تۈگمىلىرىنى قاداپ بەرسەكلا بولىدۇ. * ئۇلار قۇلاقچىلىرىغا ئاق بۆركۈت بەلگىسىنى قادىۋېلىشىپتۇ. قارىغاندا گىمنازىيە ئوقۇغۇچىلىرى بولسا كېرەك. ⑤ تىكمەك، ئۈدۈللىماق، توغرىلىماق (كۆز ھەققىدە): ئۇ لىۋىنى چىڭ چىشلەپ، كۆزىنى ماڭا نەشتەردەك قادىدى. * — نېمە قىلىسىز بۇ يەردە؟ — دېدى ئۇ كۆزلىرىنى سۈلايمانغا قاداپ. ⑥ سۇنغان فارفور بۇيۇملارنى قاداق مىخ بىلەن ياسىماق، قاداق سالماق: ئاۋۇت قاداقچى بىر چىنىمىزنى قاداپ بەردى.

**قار** ئى <مېتېئور> ① ھاۋا تېمپېراتۇرىسى 0°C تىن تۆۋەن بولغاندا، ھاۋا قاتلىمىدىكى سۇ پارىنىڭ قېتىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىپ، ھاۋا بوشلۇقىدىن چۈشىدىغان ئاق رەڭلىك كرىستال. كۆپىنچە ئالتە قىرلىق بولىدۇ: قار ياغماق. قار ئۇچقۇندىماق. ② يەر يۈزىنى قاپلىغان شۇ خىل كرىستال قاتلىمى: قار تېپىلىش تەنھەرىكىتى. قار كۆچكىنى. * ئۇ يەنە: — بۇ تاغدا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ زامانىدىن تارتىپ قار بار ئىكەن، — دېدى.

**قار بوۋاي** قىش پەسلىدە قاردىن ئادەم شەكلىدە ياسىلىدىغان ھەيكەل ياكى قاردىن ھەيكەل ياساپ ئوينايدىغان بالىلار ئويۇنى: ماھىرە سۆزىنى تۈگىتىپ سىرتقا چىقتى. رېزىنكىدىن تاقلاۋاتقانلار ئاللىقاچان رېزىنكىسىنى تاشلاپ سىنىپقا كىرىشىپ كەتكەنىدى. بىرنەچچە ئوغۇل بالا بۇلۇڭدا يىغىلىپ قالغان قاردا قار بوۋاي ياساپ ئويناۋاتاتتى.

**قار پەردىسى** <مېتېئور> بولۇتنىڭ ئاستىنقى قىسمىدا ئېسىلىپ تۇرغان قار تالالىرى. ئادەتتە ئۇ قارنىڭ يەر يۈزىگە يېتىپ چۈشمەيلا پارغا ئايلىنىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدۇ.

**قار توشقىنى** <زوئول> سۈت ئەمگۈچىلەر كلاسى، توشقان ئائىلىسىدىكى بىر خىل ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى 48 — 50 سانتىمېتر، قۇلىقى ۋە قۇيرۇقى قىسقا بولىدۇ. قىشلىق يۇڭى زىچ ھەم ئۇزۇن، قۇلىقى ئۇچلۇق، رەڭگى قارا كېلىدۇ. يازلىق يۇڭىنىڭ دۈمبە تەرىپى قوڭۇر ياكى سارغۇچ قوڭۇر. ئورمانلىق، ئورمان ياقىسى ۋە دەرەخزارلىقلاردا ياشايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ. دەرەخ قوۋزىقى، يۇمران نوتا ۋە سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. يىلدا ئىككى قېتىم ۋە ھەر قېتىمدا ئۈچتىن بەشكىچە بۆجەنلەيدۇ. ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ شىمالىي قىسمىغا كەڭ تارقالغان، مەملىكىتىمىزدە چوڭ ھىنگان تاغلىرىنىڭ شىمالىي قىسمىدىن تېپىلىدۇ. شىنجاڭدا بارلىقى ھەققىدىمۇ مەلۇماتلار بار. گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ. قىشلىق يۇڭى يۇمشاق، تۈۋىتلىرى ئۇزۇن بولۇپ، تېرىسىدىن باش كىيىمى، جۇۋا ۋە پەلەي قاتارلىقلارنى تىككىلى بولىدۇ.

**قار تېپىلىش تەنھەرىكىتى** <تەن> ← **چاڭغا تېپىلىش.**

**قار قارىغۇسى** <تىب> قارلىق داللاردا قايتقان كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆزنى ئۇزاق ۋاقىت غىدىقلىشى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ئۇنىڭدا، كۆز ئاغرىش، يورۇقلۇقتىن قورقۇش،

كۆزدىن ياش ئېقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. ئېغىر بولغاندا، كۆز كۆرۈش ئىقتىدارىدىن قالىدۇ.

**قار كۆچكۈنى** <مېتېئور> ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى زور قار پارچىلىرىنىڭ يىمىرىلىپ چۈشۈش ھادىسىسى: مەن دادام بىلەن بەگنىڭ ئىشىكىگە بېرىپ: — مال قار كۆچكۈنى ئىچىدە قالدى. پادىچىلارنىڭ جېنىغا ئۇۋال، بالا-چاقىلىرى ئاشلىقتىن قىرىلىپ كېتىۋاتىدۇ، روزغار بېرىڭ، — دېدىم.

**قار كۆچمەك** ئېگىز تاغ ئۈستىدىكى زور قار پارچىلىرى يىمىرىلىپ چۈشمەك: ئۇ ئەنسىز ئاۋازدا: — قار كۆچۈۋاتىدۇ، تېز قېچىڭلار، — دەپ توۋلىدى.

**قار لەيلىسى** <بوت> ← **تاغ لەيلىسى.**

**قار ئۈستى تەنھەرىكىتى** <تەن> قىش پەسلىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. ئادەتتە تاغ-داللاردا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئۇنىڭ تېز سۈرئەتلىك قار تېيىلىش ۋە تاغلاردا قار تېيىلىش قاتارلىق شەكىللىرى بولىدۇ، ئالاھىدە تۈرلىرىنىڭ مەخسۇس ئۈسكۈنىلىرى بولىدۇ.

**قارا** I ئى. ① ئوق ئاتقاندا چەنلىنىدىغان نەرسە، نىشان: قارىغا ئالماق. ② ئوق ئېتىشنى مەشىق قىلغاندا چەنلىنىدىغان قارا تاختا. يۈزىدە رەت تەرتىپى سىرتىدىن ئىچىگە قارىتا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئون دانە مەركەزداش چەمبەر بولۇپ، ھەربىر چەمبەر بىردىن نومۇرغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. 10-چەمبەر ئۇنىڭ ئەڭ مەركىزىگە جايلاشقان. ئاتقاندا ئوق 10-چەمبەرگە تەگسە، دەل تەگكەن بولىدۇ.

**قارىغا ئالماق** ئوقنى دەل تەگكۈزۈش ئۈچۈن، قورال ۋە پرىنسىپلارنىڭ ياردىمىدە قورال ئېغىزىنىڭ ئورنى ۋە يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى بەلگىلەنگەن نىشانغا توغرىلىماق، چەنلىمەك؛ نىشانغا ئالماق: ئۇ ئورنىدىن تۇرغان پېتى قېچىپ كېتىۋاتقان بىر ئەبلەخنى قارىغا ئېلىپ، تەپكىنى بېسىشى بىلەن تەڭ، ئۆزىنىڭ ئاتقان ئوقى يېنىپ كېلىپ گويا ئۆزىگە تەگكەندەك بولدى-دە، ئارقىسىغا ئۆچۈپ كەتتى، يوشۇرۇنغان بىر باندىت ئاتقان ئوق ئۇنىڭ سول مۈرىسىگە تەگكەنىدى.

**قارىغا ئېتىش** دەل تەگكۈزۈش ماھارىتىنى ئۆستۈرۈش مەقسىتىدە مەلۇم قائىدە بويىچە ئورۇنلىنىدىغان ئېتىش ئىشى ياكى مەشىقى: قارىغا ئېتىش تەنھەرىكىتى. قارىغا ئېتىش مەيدانى. * ھەربىر تال ئوقنى دەل نىشانغا تەگكۈزۈۋاتقان جەڭچىلەر قارىغا ئېتىشنى ئۆگەتكەن ئۇستازى ئاراشىنىڭ ماختىنىشىغا ئىگە بولۇپ تۇراتتى.

**قارىغا ئېتىش تەنھەرىكىتى** <تەن> تەنھەرىكەت مۇسابىقە تۈرلىرىدىن بىرى. ئادەتتە ئۇ ئىشلىتىلىدىغان قورال-ياراغ، ئېغىش ئارىلىقى، ئېغىش نىشانى ۋە ئېتىش قىياپىتى قاتارلىقلارغا ئاساسەن ئۆز ئىچىدىن يەنە ئوخشاش بولمىغان تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**قارىغا ئېتىش مەيدانى** <ھەرب> قارىغا ئېتىش مەشىقى ئىشلىنىدىغان مەيدان: بۇ بەندە توققۇز نەپەر خەلق ئەسكىرى بولۇپ، كۆپىنچىسى زاۋۇتقا كىرگىنىگە ئەمدىلا ئىككى يىل بولغان يېڭى ئىشچىلار. ئۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ قارىغا ئېتىش مەيدانىغا تۇنجى قېتىم چىقىشى ئىدى.

**قارا** II ① سۈپ. كۆمۈر ياكى قازان كۈيىسى

رەڭگىدىكى، «ئاق» نىڭ ئەكسى:
قارا چاچ. قارا قازان. قارا تاش. * ئۇ
كىشى ئۇزۇن قارا پەلتو كىيىۋالغان بولۇپ،
خىلىلا سالاپەتلىك كۆرۈنەتتى. * قارا
شەپكە بىر كىشى ئابلىزنىڭ دولىسىغا ئۇرۇپ
ۋاتىلداپ كەتتى: — قويۇڭا ئۇكام، بۇلارنى
ئادەم دېگىلى بولمايدۇ، بۇلار بىلەن تەڭ
بولماي كېتىۋېرىڭ! . ② سۈپ. كۆچمە.
سەلبىي ئىش ياكى كۈچلەرگە ۋەكىللىك
قىلىدىغان: ئۆزۈڭ بىر «قارا ئۆلگە»
تۇرۇقلۇق يەنىلا جىنايىتىڭنى تونۇمايسىنا،
سېنىڭ قىسمىدىكى تەسىرىڭ ئىنتايىن يامان،
ھەتتا مىنبىڭلار ئىچىدىمۇ بار، ئۇنىڭ ئۈستىگە
خوتۇنۇڭمۇ ساڭا ئوخشاش بىر قارا ئۆلگە
③ ئى. كۆچمە. تۆھمەت، بوھتان، بەتنام:
— رىشت، — دېدى بەختىگۈل كۆزلىرىگە
ياش ئېلىپ، — ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلساڭ،
مەن قارشى ئەمەس، بەلكى سەن ئۇرۇمچى-
دە باشقا بىرى بىلەن توي قىلارسەن، بىراق
سەن ماڭا قارا چاپلاپ ئاجرىشىمەن دەيدى-
كەنسەن، بۇنىڭغا قوشۇلمايمەن. * ئەگەر
كىم تەر تۆكۈپ ئەلگە ياراتسا ئەجرىدىن
بايلىق، ناكار قىلدى سىلىپ نەشتەر زەھەر -
تۆھمەت قارا بىرلە. ④ ئى. كۆچمە.
كۆلەڭگە، سىما، سايە؛ چىراي-شەكىل:
قاسىم لوپى دەرھال توختاپ، قولىنى پېشانىسى-
گە تۇتۇپ كۆرۈنگەن قارىغا دىققەت بىلەن
سەپسالدى. * بوۋاينىڭ ئوغلى بۇ ھويلىدا
موزدۇزلۇقنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرمەي، باينىڭ
سۈيىنى ئەكىرىپ، ئوتۇنىنى يېرىپ، ھويلىسىنى
سۈپۈرۈپ بىرنەچچە ئاينى ئۆتكۈزۈپتۇ. *
مەشرەپ يەنە نېمىدۇر دېمەكچى بولۇپ
تۇرۇۋىدى، مەھەللە يولىدا ئىككى ئادەمنىڭ
قارىسى كۆرۈندى. * قاسىم 60 نىڭ قارىسىنى
ئالغان، ئوتتۇرا بوي، تەمبەل كىشى ئىدى.
* ھاياتىمدا بالا قارىسى كۆرمىگەنلىكىم
ئۈچۈن، كۆز ئالدىمدىكى سۆيۈملۈك پەرزەنتىمنى
ياخشى كۈتۈۋالغۇم كەلدى. ⑤ سۈپ. كۆچمە.
زۇلمەتلىك، ئازاب-ئوقۇبەتلىك، مۇشەق-
قەتلىك، ئېغىر قىيىنچىلىقلاردا ئۆتكەن:
ئۇ نېمە قىلىشنى — خورلانغان، ھاقارەتلەن-
گەن قىزنىڭ قايسى يوسۇندا بەزلەشنى،
بۇ قارا كۈنلەرنىڭ قانداق قىلىپ ئۆتكۈزۈشنى
بىلمەيتتى. * خىيالىم كەپتىرى ئۇچتى قارا
ئۆتمۈشكە دوزاخقا ، ئۇنىڭ تار قوينىدا مىليون
كىشىنىڭ زارىنى كۆردۈم. ⑥ سۈپ. كۆچمە.
بەختسىز، تەتۈر، شور، ئوڭ كەلمىگەن:
قارا پېشانە. قارا تەقدىر. * — ئاتاڭنىڭ
كۆزىگە دۇنيا قاراڭغۇ كۆرۈنۈۋاتىدۇ، ئەي
بەختى قارا! — دەپتۇ ۋەزىر غەزەب بىلەن،
— سەن نېمىلەرنى بىلجىرلاۋاتىسەن! *
يىغلىما، قىز يىغلىما توي بولدى، ئالتۇن
گۈللۈك كۆشۈكگە ئۆيلۈك بولدى. يىغلىما قىز،
باغرى يارا، كۆيگىنىڭگە تەگمىگەننىڭ بەختى
قارا. ⑦ سۈپ. كۆچمە. ياۋۇز، ۋەھشىي؛
ئادالەتسىز: قارا كۈچ. قارا سىياسەت. *
غەپلەتتە يېتىپ كۈرەش قىلمىساڭ، ھەمىشە
يىللار سېنى قىلار قۇل، سۆيگۈڭدىن ئايرىپ
قارا كۈچ ئۇ چاغ، بەرمەيدۇ ساڭا ياشاش
ئۈچۈن يول. ⑧ سۈپ. كۆچمە. ھېچنېمىسى
— ئۇرۇق-تۇغقان ياكى مال-ئوقىتى يوق:
ئۇلار يېزىغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ يېرىم يىلمۇ
ئۆتمەيلا، ئاپىسى ئالەمدىن ئۆتتى. مەخسۇم
قارا يېتىم بولۇپ سەرسان بولدى. ⑨ ئى.
كۆچمە. كۆزنىڭ قارىچۇق قىسمى: ئەي
يۈرىكىمنىڭ پارىسى، ئىككى كۆزۈمنىڭ قارىسى،
سېنىڭ ئىشىڭ كۆڭلۈمنى مۇھەببەت قارمىقىغا
ئېلىۋالدى. ھازىرچە غەيرىي ئادەم بىلەن
ئۇچراشمىغانىدىم، شۇڭا ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتى-
نى ھېچكىم بىلمىسۇن. ⑩ ئى. كۆچمە. كۈيە،
قازان قاتارلىقلارنىڭ ئاستىنقى يۈزىدە
ئوت كۆيگەن چاغدا پەيدا بولىدىغان

قارا رەڭلىك پاراشوكسىمان نەرسە؛ كۇيە: ئۇ ئۇقۇتقۇچىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئۆگزىگە چىقىپ بىر پارچە ئەينەككە قازان قارىسى سۈركەپ قۇياشقا قارىدى. ⑪ ئى. كۆچمە. ياغاچچىلىقتا قارا بويالغان ئىنچىكە يىپ بىلەن ياغاچنىڭ يۈزىگە چېكىپ چىقىرىلغان سىزىق، ئىز: ئۇستىسىنىڭ سۆزلىرى ئاڭا ياقمىدى، شۇڭلاشقىمۇ ياغاچنىڭ قارىسىنى ئۇنتۇپ رەندە سىلىۋەردى. بۇنى كۆرۈپ قېيۇم ئۇستا ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ سۆزلەپلا كەتتى:

— قارىنى يۇتتۇرمە دېمىدىممۇ، قېنى باشنىڭ قارىسى؟ ⑫ ئى. كۆچمە. گۇمان، شەك، داغ: كۆڭۈللەر ئارا قالمىسۇن قارا، سىناشقا يارا ھەقنى مىزان قىل! ⑬ رەۋ. كۆچمە. تەخمىنەن، خىيالىغا كەلگىنىچە (III شەخس قوشۇمچىسى ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كېلىپ): مۇرات يەنە نېمىلەرنىدۇر چۈشەندۈرمەكچى بولدى-يۇ، قارىسىغا سۆزلەپ قويۇشتىن ئېھتىيات قىلىپ گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى. ⑭ ئى. كۆچمە. ئۆلۈم-مۇسىبەت ئىشلىرىدا مۇسىبەت ئىگىلىرى ئۆز قايغۇلىرىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن كىيىۋالىدىغان، قارا رەختلەردىن تىكىلگەن قارىلىق كىيىم؛ قارا لاتا: بىلىكىگە قارا باغلىماق. * يۇسۇپبېك ھاجى خەتمىقۇرئان قىلىپ يۇرتقا نەزىر بەردى، ئۆزبېك ئايىم قارا كىيىپ ھازا ئاچتى. ⑮ ئى. كۆچمە. توغرا بولمىغان، خاتا، ناھەق ئىش-ھەرىكەت: — ئەمدى چوڭ بولۇپ قالدىڭىز، ئاق بىلەن قارىنى پەرق ئېتىپ ئىش قىلىڭ، — دېدى ئۇ قىزىنى ئەيىبلەپ. ⑯ ئى. كۆچمە. ئۆلۈم-مۇسىبەت، مەزگىلىدىكى، قايغۇ-ماتەم، قازا تاپقان كىشىگە تۇتۇلغان قايغۇ-ماتەم مەزگىلى: قارىسىنى سۇندۇرماق. ⑰ ئى. كۆچمە. شاھمات تاختىسىدىكى قارا بويالغان كاتەكچە: — ھەي، نېمە قىلىۋاتىسەن، ئاقتا تۇرغان ئات يەنە ئاققا چۈشەمدۇ؟ تۈز ماڭمامسەن، ئاقتىكى ئات قارىغا چۈشىدۇ جۇمۇ! — دېدى ئۇ باتۇرغا ھومىيىپ. ⑱ ئى. كۆچمە. شاھمات ئويۇنىدىكى قارا رەڭلىك ئورۇقچىلار: — قارىنى ئالامسەن ئاقنىمۇ؟ — دېدى ئۇ مەندىن سوراپ. ⑲ چوڭ كاتتا؛ ئۇلۇغ: قاراماشىنا، قارا مال.

**قارا ئارچا** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. كۆچىتىنىڭ يوپۇرمىقى يىڭنە شەكلىدە، يېتىلگىنىنىڭ بولسا تەڭگە شەكلىدە كېلىدۇ. ئاتىلىق، ئانىلىقى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ. ئاتىلىق گۈلى سېرىق، مېۋىسى شارسىمان، ئۇرۇقى ئۇچ قىرلىق كېلىدۇ.

**قارا ئاش** ← **قارا ئاشلىق**: ئۇ چاغلاردا دېھقانلار ئاساسەن قارا ئاش يەيتتى. ئاق ئاش دېگەننى ھېيت-ئايەم كۈنلىرى ئاندا-ساندا كۆرۈپ قالمىسا، ئادەتتە يېيەلمەيتتى.

**قارا ئاشلىق** شال، بۇغدايدىن باشقا كۆممقوناق، قوناق، پۇرچاق قاتارلىق ئاشلىقلار.

**قارا ئالا** ئارىلاپ-ئارىلاپ قارىسى بار، بىر يېرى قارا، بىر يېرى باشقا رەڭدە بولغان ئالا: ھېلىقى قارا ئالا ئىنەك كۆرۈنمەيدۇ.

**قارا ئالماس** <گېئول> ئالماسنىڭ ئۆزگەرگەن كۈل رەڭ ۋە قارا رەڭلىك تۈرى. تەركىبىدە ئاز-تولا گرافىت بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئادەتتە قىرىش، سىلىقلاش ماتېرىياللىرى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**قارا ئەبنۇس** <بوت> ① ئەبنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق ھەم ئاچ سېرىق

كېلىدۇ، مېۋىسى شارسىمان، قىزغۇچ سېرىق، ياغىچى قارا، پۇختا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن نەپىس بۇيۇملار ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ. تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ ياغىچى.

**قارا ئەت** مايسىز لوق گۆش.

**قارا ئەتمەك** قارا قىلماق، قارا بويىماق، قارىداتماق: قارىقاش كىردى بازارغا، قاشىنى قارا ئېتىپ. ھېچلا ئىش كەلمەس قولۇمدىن، يار خىيالىغا يېتىپ.

**قارا ئەنجۈر** <بوت> ئەنجۈرنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى ئامۇتقا ئوخشاپراق كېتىدۇ، چېچەك تەرىپى يوغانراق، ساپىقى ئۇزۇنراق، ساپاق تەرىپى سوزۇقراق كېلىدۇ. ئېتىنىڭ ئىچى قىزىل، تاتلىق، شىرنىلىك ۋە خۇش پۇراق بولىدۇ.

**قارا ئەندىز** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى توم، تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى سوقچاق ھەم چوڭراق، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ھەم كىچىكرەك كېلىدۇ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گىرۋىكىدە رەتسىز چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى سېرىق، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئورۇق مېۋە تۇتىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تال ۋە ئاشقازاننى ياخشىلاپ، تۇرۇپ قالغان يەلنى ھەيدەيدۇ، ئاغرىقنى توختىتىدۇ، ھامىلىنى ئاسرايدۇ.

**قارا باستى قىلماق** ① بىرەرسىنى ئازدۇرۇپ، غەپلەتتە قويۇپ، ئۇنىڭ مال-مۈلكىگە زىيان سالماق. ② ئۇشتۇمتۇت كېلىپ بىراۋغا مېھمان بولماق، ئۇنى چىقىمدار قىلماق: مەن ئۇلارنىڭ تۇنجى ئالغان مائاشىمنى ئۇنداق قارا باستى قىلىشنى خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمىگەنىكەنمەن.

**قارا باسماق** ① ئۇخلاۋېتىپ قورقۇنچلۇق چۈش كۆرمەك: تۈنەم چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى، ئۇنى قارا باسقانىدى. بىرھازاغىچە يۈرىكى دۈپۈلدەپ دېمى سىقىلدى. * ۋاڭ قورقۇش، چۆچۈش بىلەن كېچىلىرىمۇ ياتالمايتتى، كۆزى يۇمۇلسىلا، قاتتىق قارا باساتتى، جۆيلۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتەتتى. ② پالاكەتكە يولۇقماق؛ نەس باسماق، قىلغان-ئەتكىنى ئەپلەشمەي قالماق: — ھېلىقى سېۋەت باش، تەمبۇر پاچاق شەيتان قاچان مۇشۇ ئۆيدە ئاپىرىدە بولدى، تۆرەمنىمۇ شۇنىڭدىن باشلاپ قارا باستى، — دېدى مارىخان ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ تۇرۇپ، — ئۆيىمىزنىڭمۇ بەرىكىتى ئۇچتى.

**قارا بامبۇك** <بوت> بامبۇكنىڭ بىر تۈرى. دەسلەپ يېشىل بولۇپ، تەدرىجىي قارىغا ئۆزگىرىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، ئارقا تەرىپى ئاق بولۇپ، كىچىك شېخىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈل باشقى يېشىل ۋە سۆسۈن ئارىلاش كېلىدۇ، غولى چىڭ ھەم ئېگىلمەيدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن ھاسا ۋە باشقا نەرسىلەر ياسىلىدۇ.

**قارا بەزگەك** <تىب> كۆمۈتا ئارقىلىق تارقىلىدىغان بىر خىل پارازىت كېسەللىكى. ئۇنى قارا بەزگەك قۇرتى پەيدا قىلىدۇ. ئۇنىڭدا قىزىتىش، بۇرۇن ۋە چىش قاناش، جىگەر ھەم تال ئىششىش، كەم قانلىق ۋە ئاق قان دانىچىلىرى ئازلاپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**قارا بەسەي** <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئۆزى پاكار، يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، توق يېشىل ۋە

ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر يۇقۇملىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك. ئادەتتە ئۇلارنىڭ كېسەللەنگەن قىسمىدا قارا رەڭدىكى توزانلار پەيدا بولۇپ قالىدۇ.

**قارا توغاچ** <بوت> شاپتۇلنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى يۇملاق، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، پوستى قېلىن، تۈكسىز كېلىدۇ. ئەسلىي رەڭگى توق بېغىر رەڭ، ئاپتاپ تەگمىگەن تەرىپى ئاچ يېشىل بولىدۇ. ئېتىنىڭ رەڭگى كۆكۈچ، تاتلىق، يۇمشاق، سۇلۇق ۋە شىرنىلىك كېلىدۇ. 9-ئاينىڭ باشلىرىدىن باشلاپ پىشىدۇ.

**قارا تۇپراق** قارا رەڭلىك تۇپراق. بۇ خىل تۇپراقنىڭ تەركىبىدە چىرىندى ۋە ئوزۇقلۇق قىممىتىگە ئىگە بولغان مىنېرال ماددىلار ناھايىتى كۆپ بولغانلىقتىن مۇنبەت تۇپراق ھېسابلىنىدۇ.

**قارا تۇتماق** ① چۈرىسىگە قارا رەڭلىك رەخت ياكى شۇ قاتارلىق نەرسىلەر بىلەن يول، جىيەك چىقارماق، قارا جىيەك يول چىقىرىپ زىننەتلىمەك: كۆرپىنىڭ چۈرىسىگە قارا تۇتماق. ② كۆچمە. قازا قىلىپ كەتكەن يېقىن كىشىسى ئۈچۈن مەلۇم مەزگىل قايغۇرۇش، ماتەم بىلدۈرۈش ھالىتىدە تۇرماق: ئۇ ئېرىگە ئالتە ئايدىن ئوشۇق قارا تۇتقانىدى. * قالدىرغاچ دەر: نېتەي باغرىم ئېزىلدى، ئۇشبۇ قىسمەت بىزگە ئەمدى يېزىلدى. ۋاقت يېتىپ جان-جىسمىدىن ئۈزۈلدى، ساچىن يايىپ قارا تۇتقان ئوخشايدۇ.

**قارا تۆمۈر تۇمشۇق** <زوئول> تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قارا كېلىدۇ.

**قارا تۈلكە** <زوئول> تۈلكىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قارا كېلىدۇ.

**قارا تۈنكە** دىئال. سىرسىز قاڭالتىر.

**قارا تېرەك** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۈچ بۇرجەك، پوتىلىنى سىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ، بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە قەغەز چىلىك سانائىتىگە ئىشلىتىلىدۇ.

**قارا تىزىملىك** زىيانكەشلىك قىلىش مەقسىتىدە ئەكسىيەتچى ھاكىمىيەت تەرىپىدىن تىزىمغا ئېلىنغان ئىنقىلابچىلارنىڭ، ئادالەت تەرەپدارلىرىنىڭ رويختى: قارا تىزىملىكتىكى كىشىلەر.

**قارا تىل** ① بىرەر شېۋىگە مەنسۇپ بولغان تىل، يەرلىك تىل: ئۇ دەل شۇ يەرنىڭ قارا تىلى بىلەن سۆزلەپ كەتتى. ② بىرەر جىنايى گۇرۇھنىڭ ئۆزلىرىنىڭ مەخپىي ئالاقە ئېھتىياجى ئۈچۈن بەلگىلىۋالغان ياكى ياسىۋالغان تىلى، سۆزلەر توپلىمى: ئۇلارنىڭ دېيىشىۋالغان قارا تىلى بار ئىكەن، قىزىق سۆزلەپ كېتىشتى. مەن ھېچ چۈشىنەلمىدىم.

**قارا جاڭگال** ← **قاراڭغۇ جاڭگال**: ئەكبەر ئەمدى چۈشەندى: 3-كەنت چىن بۇجاڭ دېگەندەك قارا جاڭگالمۇ ئەمەسكەن. * ئۇنىڭ ئىچى قارا جاڭگال بولۇپ كەتكەن بولۇپ، نېمىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى، كىمنىڭ نېمە قىلىۋاتقانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى.

**قارا جىسىم** <فىز> ئۆزىگە چۈشكەن نۇرنى پۈتۈنلەي قوبۇل قىلىۋالىدىغان ۋە نۇرنى قايتۇرمايدىغان ياكى سۇندۇرمايدىغان جىسىم. ئەگەر سۈزۈك بولمىغان ھەم ئىچى كاۋاك بىر جىسىم ئۈستىگە نۇر ئۆتىدىغان بىر تۆشۈكچە قويۇلسا، بۇ جىسىمنىڭ ئىچى بىر قارا جىسىمغا ئايلىنىدۇ.

**قارا چاپلىماق** بىركىمگە ئۆزى قىلمىغان گۇناھنى ئارتماق؛ قارىلىماق؛ تۆھمەت،

بوھتان قىلماق: قانداق كىرىمئاخۇن؟ مانا،
چىققان كىشى كىم ئىكەن؟ ئانىسىنىڭ سىڭلد-
سى، جانجىگەر ھاممىسى؟ شەخسىي ئۆچمەن-
لىكنى دەپ كىشىگە قارا چاپلاش ۋىجدانسىزلىق
ئەمەسمۇ؟ * خۇدا راۋا كۆرەمدۇ؟ ئىشلىتىپ
ھەق بەرمىسەڭ، قارا چاپلاپ ئاخىرى —
زىمىستاندا ھەيدىسەڭ.

**قارا چويۇن** <ماشن> توغرا كەسمە
يۈزى كۈل رەڭ بولىدىغان بىر خىل
چويۇن. تەركىبىدە كاربون بىلەن
سىلىتسىينىڭ مىقدارى بىرقەدەر كۆپ.
تۈزۈلمىسىدىكى كاربون ياپراق شەكىللىك
گرافىتتىن ئىبارەت بولۇپ، يۇمشاقراق،
ئاسان شىلغىلى بولىدۇ. كۆپىنچە قۇيمى-
چىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**قارا چېچەك** <تىب> ← **چېچەك** II.

**قارا چېكەتكە** <زوئول> بىر خىل
ھاشارات. تېنى قارا قوڭۇر، سەزگۈ
مۈڭگۈزچىسى ئۇزۇن، ئارقا پۇتى چوڭ،
سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قۇيرۇقىدا بىر
جۈپ قىلچىقى بولىدۇ. چىشىسىنىڭ بىر جۈپ
قۇيرۇق قىلچىقى ئارىسىدا تۇخۇم سېلىش
نەيچىسى بولىدۇ. ئەركىكى سوقۇشقاق
كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئىككى قانىتىنىڭ سۈركە-
لىشىدىن ئاۋاز چىقىدۇ. ئادەتتە قاراڭغۇ،
نەم جايلاردا ياشايدۇ. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ
يىلتىزى، غولى ۋە ئۇرۇقى ئارقىلىق
ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا زىيانلىق.

**قارا چىراغ** ئىچىگە سۇمبىي ياكى
كىرسىن قۇيۇپ، ئۇنىڭغا پىلىكنى چىلاپ
ياندۇرىدىغان چىراغ: مېھراب ۋە بۇلۇڭلاردى-
كى قارا چىراغلار مەسچىتنىڭ ئىچىنى خىرە
يورۇتۇپ تۇراتتى. * ھازىر ئۆيلىرىمىزدە
ھېلىقى قارا چىراغنىڭ ئورنىنى ئېلېكتر چىراغلار
ئالدى. ھازىر يەنە «زاۋۇت قۇرايلى»
دېيىشىۋاتىمىز.

**قارا چىرىمتال** <گېئول> تەركىبىدە
ماگنىي بىلەن تۆمۈر مىقدارى كۆپرەك
بولغان چىرىمتال. توق قوڭۇر ياكى توق
يېشىل ۋە تارىشا ھالىتىدە بولىدۇ. ئېلاس-
تىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**قارا چىلان** <بوت> ① خوزۇر ئائىلىسىدى-
كى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ.
يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىلدە، گۈلى توق
قىزىل ياكى ئاقۇچ يېشىل، مېۋىسى
شارسىمان ياكى ئېللىپسسىمان، رەڭگى
سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى بىرمەزگىل
ساقلانغاندىن كېيىن، قارا قوڭۇر رەڭگە
ئۆزگىرىدۇ. يېگىلى بولىدۇ. تەمى تاتلىق.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قارا چىلان تۆپران** ← **قارا تۆپراق.**

**قارا خەلق** ئاددىي پۇقرا، تۆۋەن
تەبىقىدىكى ئەمگەكچى خەلق: قەشقەر-
نىڭ قارا خەلقى بۇ ئىشتىن ئەمدىلا خەۋەر
تاپقانىدى.

**قارا خرۇستال** <گېئول> ← **قارا
بىللۇر.**

**قارا خىزمەت** ← **قارا ئىش:** ئۇنىڭغا
قارا خىزمەت بولسىمۇ جان دەپ قىلاتتى.
چۈنكى، جان بېقىش ھەممىدىن مۇھىم ئىدى.

**قارا خىزمەتچى** ئىدارە-جەمئىيەتلەردى-
كى جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان كىشى،
ئىشچى: دەل شۇ چاغدا ئىشخانا ئالدىنى
سۈپۈرۈۋاتقان، ياشانغان قارا خىزمەتچى
ئۆرۈلۈپ ئارقىسىغا قارىدى.

**قارا داغ** ① قارا رەڭلىك داغ. ②
<ئاستر> قۇياش قارا دېغى.

**قارا داغ كېسلى** <بوت> تاتلىقياڭيۇدا
بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنى زەمبۇرۇغ
كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كېسەللەنگەن تاتلىق-
ياڭيۇنىڭ سىرتقى يۈزىدە قارا قوڭۇر داغلار
پەيدا بولۇپ، ئىچكى قىسمى توق يېشىلغا

ئۆزگىرىدۇ، تەمىمۇ قىرتاقلىشىدۇ.

**قارا زىره** <بوت> مۈرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. باشسىمان گۈل رەتى غول ئۇچىغا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سۆسۈن. ئۇرۇقى تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، ئاق كېسەلنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**قارا زىرىق** <بوت> زىرىق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى قىسقا ۋە تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى كىچىك، سېرىق ۋە ئومۇمىي گۈل رېتىدە، مېۋىسى شىرنىلىك ۋە شار شەكلىدە كېلىدۇ، پىشقاندا قارىيىدۇ. يىلتىزى توم ھەم ئۇزۇن، رەڭگى سېرىق، - تەمى ئىنتايىن قىرتاق. پەس تاغلار، ئورمان بەلبېغىدىكى دەريا ۋادىلىرى ۋە تاغ باغرىدىكى چاتقاللىقلاردا ئۆسىدۇ. يىلتىزى، غولى (شېخى) ھەم يىلتىز پوستى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. ھۆل ئىسسىق ۋە يۇقىرى قىزىتمىنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قارا ساپال** <ئارخېئول> يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى بىر خىل ساپال بۇيۇم. يۈزىدىكى سىرى قارا ھەم پارقىراق كېلىدۇ.

**قارا سانىماق** يامان غەرەز ۋە نىيەتتە بولماق، ساداقەتسىزلىك قىلماق: خاتىرجەم بول، سېنىڭ بىر-ئىككى تىيىنىڭگە قارا سانىمسامۇ، ھۆكۈمەت بەرگەن مائاش بىلەن بىر مورىدىن تۈتۈن چىقىرالايمەن. * ئىسمائىل رەۋەندىمۇ ئىش ھەققىنى ئۇبدان بېرەتتى، مەسۇمۇ ئۇنىڭغا قارا سانىمايتتى.

**قارا سوغۇق** ھاۋا ئوچۇق ياكى قار ياغمىغان ۋاقىتتا بولىدىغان قاتتىق قەھرىتان سوغۇق: قىش كۈنلىرى ئىزغىرىن تاغ شامىلى جاندىن ئۆتەتتى. قارا قۇشتەك قارا سوغۇق موللازەيدىنىڭ قۇلاقلىرىنى ئۇچۇرۇپ كەتكۈدەك قىلدى.

**قارا سۇ** يەر ئاستىدىن، بۇلاقلاردىن چىقىپ بىر ئېقىن ھاسىل قىلىپ ئاققان سۇ: ئۇلار قارا سۇ بويىغا كېلىپ، بىردەم قىرغاقتا قاراپ تۇرۇشتى.

**قارا سۇ توخۇسى** <زوئول> سۇ توخۇسىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قارا كېلىدۇ.

**قارا سۇۋاق** ئۆي-ئىمارەت تاملىرىغا تۇنجى قېتىم بېرىلگەن سۇۋاق، بەك ئىنچىكە ئىشلەنمىگەن دەسلەپكى سۇۋاق: - ئۇنىڭ ئۆيى تېگى زەي، تۆت ئەتراپى ياغاچ قۇرما بىلەن تۇرغۇزۇلغان، ئۈستىگە قارا سۇۋاق بېرىلگەن ئۆي ئىدى.

**قارا سۇۋىماق** داغ تەگكۈزمەك؛ قارا چاپلىماق، تۆھمەت چاپلىماق: بىرقىسىم ئادەملەر خەلق بەرگەن ھوقۇقنى مۈلۈك قاتارىدا كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئوبرازىغا قارا سۇۋىدى. بۇنداق ئادەملەرنىڭ قىلمىشى تەكشۈرۈلۈپلا قالماي، تېگىشلىك جازالىنىشمۇ كېرەك.

**قارا سۆز** <تىل> ئايرىم گۇرۇھ، لۈكچەكلەر ۋە ئوغرى-بۇلاڭچىلار ئارىسىدا ئىشلىتىلىدىغان مەخپىي، شەرتلىك گەپ-سۆزلەر. بەزىدە خۇپپىيانە ئېيتىلغان گەپ-سۆزلەرگىمۇ قارىتىلىدۇ.

**قارا سۈركىمەك** ① بىرنەرسىگە قازان كۈيىسى، قارا سىياھ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش قارا نەرسىلەرنى سۈركەپ قويماق: - يۈزىگە قارا سۈركەپ، سازايى قىلىندۇرۇڭلار! - دەپتۇ پادىشاھ پەرمان چۈشۈرۈپ. ② كۆچمە. تۆھمەت قىلماق، قارا چاپلىماق: - سىز ۋالاقلاۋەرمەك، يوق گەپلەرنى قىلىپ بىگۇناھ ئادەملەرگە قارا سۈركىگىلى تۇردىڭىز، - دېدى بىرەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

**قارا شەمشاد** <بوت> ← **شەمشاد.**

**قارا شىكەر** شىكەرنىڭ بىر خىلى. سارغۇچ قوڭۇر، قىزغۇچ قوڭۇر ياكى قارا رەڭلەردە بولىدۇ. شىكەر قومۇشىنىڭ قىيامىنى قايناتىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ. تەركىبىدە ئاق شىكەر ۋە قىيام بولىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قارا غول** چوڭ، ئۇلۇغ غول: قارا غوللارنىڭ سۈيى، قاراڭغۇ باغلارغا ئاقار. بىۋاپا كىشىنىڭ يارى، يۈرەككە ئوتلارنى ياقار.

**قارا فوسفور** <خىم> ئاق فوسفورنىڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇلغاندىن كېيىنكى ئۆزگەرگەن تۈرى. ئازراق مېتاللىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە.

**قارا قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. 30 مېتر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى يىڭنە يوپۇرماق بولۇپ، ئىككى تېلى بىرگە ئۆسىدۇ. ياغىچىدا سمولا كۆپ بولىدۇ، ياغىچى چىدامىلىق، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى دورا قىلىنىدۇ، ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**قارا قاشتېشى** <گېئول> قاشتېشىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قارا بولىدۇ.

**قارا قاشقا** پۈتۈن تېنى باشقا رەڭدە، ئەمما پېشانىسىدە ئازراق قارىسى بار: ئابدۇراخمان ۋە ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى قارا قاشقا ئات قوشۇلغان، ئۈستىگە گىلەم سېلىنغان بىر خادىككا ئولتۇردى. // ئۇ ھېلىقى قارا قاشقىسىنى مىنىپ كەلگەنىكەن.

**قارا قەغەز** موملۇق بوياق سۈركەلگەن، خەتنى كۆپەيتىپ چىقىرىش ياكى خەت بېسىش ئىشلىرىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل قەغەز.

**قارا قورساق** بىلىمسىز، ساۋاتسىز، نادان، قورسىقىدا ئۆمچى يوق: ئۇ قانخور جاللات ئەسلىدە ئېلىپبەنىڭ سۆڭىكىنى بىلمەيدىغان قارا قورساق بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئۆزىنى سىپايە-لاتاپەتلىك ۋە تالانتلىق كۆرسىتىشكە ئامراق ئىكەن.

**قارا قورساق قىلىپورغا** <زوئول> قىلىپورغىنىڭ بىر تۈرى. قورسىقى قارا كېلىدۇ.

**قارا قورساقلىق** ساۋاتسىزلىق، نادانلىق، بىلىمسىزلىك، ھاماقەتلىك: ئۇ قارا قورساقلىق، ياۋۇزلۇقتا چېكىگە يەتكەن بولۇپ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاڭدىنمۇ بەتتەررەك قورقاتتى.

**قارا قوڭۇر** قارىغا مايىلراق بولغان قوڭۇر، قارىسى كۆپچلۈكرەك بولغان قوڭۇر.

**قارا قول** ① جىنايەت سادىر قىلغان ياكى سادىر قىلىش غەرىزىدە تۇرغان قول؛ دۈشمەننىڭ قولى؛ زوراۋانلىق، ياۋۇزلۇق قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ۋاستە: مېنىڭچە بۇ ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدە چوقۇم يامان ئادەملەرنىڭ قارا قولى بار. * بۇ رەزىل ئەمىرنىڭ قارا قولى كېسىپ تاشلىنىپ، ئۇنىڭ قايتا تىرىلىش چۈشى بەربات بولدى. ② كۆچمە. جىنايەتچى، خەلق مەنپەئەتى، ھەققانىيەت، ئەركىنلىككە دۈشمەن بولغۇچى: ئادىل ياۋاشلىق بىلەن جىنايىتىنى تونۇپ پەردە ئارقىسىدىكى قارا قولنى ئىقرار قىلىپ تاپشۇرمىسا، ئىت بېشىنى يانجىپ تاشلايمىز. * ئۇ ئاتا-بوۋىلىرىدەك ئادالەتنى كەسىپ قىلالمىدى. مەملىكەت ئىشلىرىغا ھەر تەرەپتىن قارا قوللار ئارىلىشىشقا باشلىدى.

**قارا قولنى سوزماق** يامان مەقسەت، يامان غەرەز بىلەن ئارىلاشماق، سۇيىقەست، ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ياكى قارشى تەرەپكە زىيان سېلىشقا ئۇرۇنماق: — ناۋادا بىز ئازراقلا سەزدۇرۇپ قويساق، ئۇلارنىڭ قارا قولنى سوزىدىغانلىقىنى ئولتۇرغانلار ئوبدان چۈشە-

ـنىدىغانىسلەر، — دېدى ئۇ كىشى ھەم مەسلىھەت، ھەم بۇيرۇق تۈسى بىلەن.

**قارا قۇشقاچ** ئى [قارا+قۇشقاچ] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئاق قۇشقاچتىن سەل چوڭ، رەڭگى قارا كېلىدۇ، قولغا ئاسان ئۆگىنىدۇ. ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ ئاۋازىنى دوراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قارا قوۋۇرغا** يىتىم تالدىن كېيىنكى بەش تال قوۋۇرغا.

**قارا قۇيرۇق قىلىورغا** <زوئول> قىلىورغىنىڭ بىر تىخىلى. قۇيرۇقى قارا كېلىدۇ.

**قارا قۇيۇن** <مېتېئور> كۆچى ئىنتايىن كۈچلۈك، لېكىن دائىرىسى ئانچە چوڭ بولمايدىغان بىر خىل قۇيۇن. شەكلى خۇددى چوڭ بىر ۋارونكىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، سۈرئىتى ھەمىشە سېك / م 100 دىن ئېشىپ كېتىدۇ. ۋەيران قىلىش كۈچى ناھايىتى زور بولۇپ، قۇرۇقلۇقتا چوڭ بىر دەرەخنى يىلتىزىدىن قومۇرۇۋېتەلەيدۇ ھەمدە ھەر خىل ئۆي-ئىمارەت ۋە دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىدۇ؛ دېڭىز-ئوكيانلاردا بولسا، دېڭىز سۈيىنى بوشلۇققا سۈمۈرۈپ چىقىپ، سۇ تۈۋرۈكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل قۇيۇن ئادەتتە كۆپ كۆرۈلمەيدۇ.

**قارا قېيىن** <بوت> قېيىن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. قوۋزىقى تۇتۇق قارا، يوپۇرمىقى سوقىچاق، ياغىچى چىڭ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كوزۇپ قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**قارا قىزىل** قارىغا مايىل قىزىل، سۇس قارا ئارىلاش قىزىل.

**قارا قىسمەت** باشقا كەلگەن ئېغىر كۆرگۈلۈك، قارا تەقدىر، ئېغىر خەۋپ-خەتەر ياكى قازا: ئۇنى قارا قىسمەت بورانلىرى بېيجىڭغا ئۇچۇرۇپ كەلگەنىدى.

**قارا قىش** قىشنىڭ ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولىدىغان مەزگىلى، قەھرىتان قىش. ئادەتتە ئۇ 1-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىنى كۆرسىتىدۇ: تومۇزنىڭ ئېرىتىۋەتكۈدەك پىژغىرىم ئاپتاپلىرىدا، قارا قىشنىڭ سۆڭەككە ئۆتكۈدەك مۇدھىش شىۋىرغانلىرىدا پىشقان بۇ قىزلارنىڭ ئۆز بۇرچلىرىنى ئىخلاس بىلەن ئورۇنداۋاتقانلىقىدىن قاتتىق تەسىرلەندۇق. * ئېپىنى تاپقۇچىلىك بىرەر ئىشنىڭ، نەشتىرى كەلدى سانجىپ قارا قىشنىڭ.

**قارا قىلماق** ① قارا رەڭ قاتارلىقلارنى سۈركەپ، قارا ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: پارتىدىن ئۆرۈلۈپ چۈشكەن قۇتىدىن چاچراپ چىققان قارا سىياھ، ئۇنىڭ ئاپئاق كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى قارا قىلىۋەتكەنىدى. ② گۇناھلىق، جىنايەتچى قىلىپ كۆرسەتمەك، تۆھمەت قىلماق: توۋا، سەن مېنى خەلقئالەمنىڭ ئالدىدا قارا قىلدىڭ، مېنىڭ ئىنتىقامىمنى سەندىن خۇدا ئېلىپ بېرىدۇ، — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. ③ بەختسىز، تەتۈر تەلەي قىلىپ قويماق: — ، ئۆلۈم ۋەھىمىسى ئۇنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى قارا قىلسا-ھە!

**قارا كاۋاش** قاشتېشىنىڭ بىرى تۈرى، رەڭگى قارا بولىدۇ.

**قارا كۆز** ① قارىچۇقى قاپقارا بولغان كۆز: — كىم؟ نېمە ئىش؟ — .رەئىس كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، زالنىڭ ئايىغىدا بىر قارا كۆز شەرق قىزىنىڭ كىشلەردىن ئۈستۈنرەك تۇرغانلىقىنى كۆردى. ② شۇنداق كۆزى بار كىشى: يوللىرىڭدا كۆزۈم بار، قوللۇرۇمدا ئۆزۈم بار. ئۆزۈملۈكتە قارا كۆز، ساڭا ئېيتار سۆزۈم بار.

**قارا كۆزەينەك** كۈن نۇرىنىڭ كۆزنى چېقىۋېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تاقىلىدىغان، ئەينىكىنىڭ رەڭگى قارىغا مايىل بولغان بىر خىل كۆزەينەك: ئۇ

كىشىنىڭ بۇگۈنكىدەك بىر سالقىن كۈدىمۇ قارا كۆزەينەك تاقىۋالغانلىقى ماڭا بىرئاز غەلىتە تۇيۇلدى.

**قارا كۆز بەدىيان** <زوئول> كۇنلۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئۇچى كۆپ شاخلىق بولۇپ، خۇددى ئارپابەدىيانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. گۈل رىتى كۇنلۇكسىمان بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىغا جايلاشقان، ئۇرۇقى ئارپابەدىياندىن كىچىكرەك، بىرئاز ياپىلاق، ئۇزۇنچاق كېلىدۇ، پۇرىقى ئۆتكۈر. ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قىرىقراق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل. يەل ۋە ئىششىقلارنى تارقىتىدۇ، توسالغۇلارنى ئېچىپ، تاماق سىڭدۇرىدۇ، زەھەرنى تارقىتىپ، ئاغرىق پەسەيتىدۇ؛ سۈيدۈك ھەيدەيدۇ، سۈيدۈك يولىدىكى تاشلارنى چىقىرىدۇ، ئاشقازان، تال خىزمىتىنى ياخشىلايدۇ.

**قارا كۆك** قارىغا مايىلراق بولغان كۆك، توق قېنىق كۆك: ئۇ قارا كۆك كاستۇم-بۇرۇلكا كىيىۋالغانىكەن.

**قارا كۆكچە** ئىچى كۆك چىقىدىغان، سىرتى قارىغا مايىل بولغان كۆكچى قوغۇننىڭ بىر خىلى. ئۇ ئاساسەن كۈزگە يېقىن پىشىدۇ.

**قارا كۆكرىك زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغنىڭ بىر خىلى. پاختىلاشقان موما، بولكا ۋە بۇزۇلغان مېۋە قاتارلىق ئورگانىك ماددىلاردا يېتىلىدۇ. دەسلەپكى مەزگىلدە ئاق رەڭلىك تۈۋىت ھالىتىدە بولۇپ، كېيىنچە زەمبۇرۇغ يىپچىلىرىنىڭ ئۇچىدا شار شەكىللىك سپورا خالتىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. سپورا-خالتىسىنىڭ ئىچىدە نۇرغۇنلىغان قارا رەڭلىك سپورىلار بولىدۇ.

**قارا كۆڭۈل** نىيىتى يامان، كۆڭلى قارا، ۋاپاسىز، يۈزسىز: بىچارە بەختىخان قارا كۆڭۈل ئېرى ۋە ئەشەددىي زومىگەر قېيىن ئانىسىدىن كۆرگەن كۈلپەت، ئىزا-ئاھانەتلىرىنى ئويلاپ، بۇقۇلداپ يىغلىۋەتتى. * بەزىلەر قەستەن ئىغۋا تارقىتىپ، بىزنى قارا كۆڭۈل قىلىپ كۆرسىتىشكە ئۇرۇنماقتا.

**قارا كۆمۈك** تەك سۇغىرىلىپ تاۋلاشقاندىن كېيىن، رەسمىي توڭلاشنىڭ ئالدىدا ئۈستى ۋە يانلىرىغا توپا يۆلەپ، تولۇق كۆمۈلگەن ھالەت.

**قارا كۈچ** ① ھەقىقەتكە، خەلقنىڭ بەخت-ھالاۋىتى، ئەركىنلىكىگە چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرغۇچى، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلغۇچى زوراۋان، مۇستەبىت كۈچ: گۈلنار، دەۋرىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى يېڭى يۈنىلىشىنى ھېچقانداق قارا كۈچ توسيالمايدۇ. بىز قول تۇتۇشۇپ يېڭى پارلاق ھاياتقا قاراپ دادىل ماڭايلى! ② جىسمانىي كۈچ: زاۋۇت دېگەندە قارا كۈچ بىلەن ئىش تالىق ئاتمايدىكەن. تۇرلۇك كۆرسەتمىلەر باشنى قايدۇرىۋېتىدۇ.

**قارا كۈز** كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى: يېزىمىزنىڭ چوڭلىرى بۇ تومىنى «جېدىلى تۈگمەيدىغان توما» دېيىشەتتى. ھەقىقەتەنمۇ بۇ توما بېشىدا ئەگىز سۇلىرى ئېقىپ كەلگەن باش ئەتىيازدىن تاكى قارا كۈزگىچە جېدەل-ماجىرا تۈگىمەيتتى.

**قارا كۈن** ئازاب-ئوقۇبەتلىك، قىيىن، مۇشكۈل كۈن، ۋاقىت، چاغ: بۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانداق قارا كۈنلەر مېنى كۈتىدىغاندۇ؟ * بېشىمغا چۈشتى قارا كۈن، بولدى مېنىڭ ھالىم زەبۇن. يىگىتلىرى كەلدى غەمكىن، بەگلەر قالغانىغا ئوخشايدۇ.

**قارا كۇيە** <بوت> ← **قارا توزان كېسلى.**

**قارا كۆيه كېسلى** <بوت> ← **قارا تۇزان كېسلى.**

**قارا كېزىك** <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. رىككېتسىيە پەيدا قىلىدۇ. بەدەن پىتى ياكى چاشقان، بۈرگىلەر ئارقىلىق يۇقىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى توختاۋسىز ئۆرلەپ، باش ۋە پۈتۈن بەدەن قاتتىق ئاغرىيدۇ. 5-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە ئەسۋە پەيدا بولۇپ، روھىي كېسەل ئالامەتلىرى ياندىشىپ كۆرۈلىدۇ ۋە ئۆپكە ياللۇغىمۇ قوزغىلىپ تۇرىدۇ.

**قارا كىشمىش** كىشمىشنىڭ بىر خىلى. ئۇرۇقسىز، شەكلى يۇمىلاق، رەڭگى قارا ياكى قارىراق كېلىدۇ.

**قارا كىيمەك** ئۆلۈم، مۇسىبەت كۈنلىرىدە ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن قارىلىق كىيىمى كىيمەك: پادىشاھ باشلىق ئوردا ئەھلى پۈتۈنلەي قارا كىيىپ، يىغا-زارە بىلەن شاھزادىنى قارشى ئېلىپتۇ.

**قارا گۇرۇھ** مەخسۇس جىنايى ھەرىكەتلەر بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئۇنسۇرلاردىن تەشكىللەنگەن گۇرۇھ.

**قارا گۆش** مايسىز گۆش: — قارا گۆش يەڭ، سېمىز، مايلىق گۆش سىزگە زىيان قىلىدۇ، — دېدى دوختۇر.

**قارا گىلاس** <بوت> گىلاسنىڭ بىر سورتى. مېۋىسى يۇمىلاق، پوستى سەل قېلىن، رەڭگى توق بېغىر رەڭ بولۇپ، ئېتى يۇمشاق، تەمى چۈچۈمەل، شېرىندىلىك كېلىدۇ. 8-ئايدا پىشىشقا باشلايدۇ.

**قارا لاي** سامان ئارىلاشتۇرۇلمىغان لاي: — ئازراق قارا لاي بىلەنلا چاپلىۋەتسەڭمۇ بولىدىغۇ، — دېدى دادىسى ئۇنىڭغا كۆرسەتمە بېرىپ.

**قارا ماتېرىيال** بىرەر كىشى ياكى ئىش-پائالىيەتنى قارىلاش ئۈچۈن يالغان پاكىتلارنى ئويدۇرۇپ، تۆھمەت بىلەن تەييارلانغان ماتېرىيال: ئۇلار ھەدەپ ئۇستۇمدىن قارا ماتېرىيال تەييارلاشماقتا ئىدى.

**قارا ماشىنا** <قاتن> ← **يۈك ئاپتوموبىلى.**

**قارا مال** ئات، كالا قاتارلىق گەۋدىسى چوڭ بولغان مال، چارۋا: بۇ تويغا بەش قوي، يەنە ئۈچ قارا مال سويۇلغانىدى.

**قارا مانان** قويۇق قارا تۇمان ياكى قويۇق قارا ئىس: بىرچاغدا! قارا مانان كۆتۈرۈلدى. باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق باندىتلار توپى ئۆركۈگەن ياۋايى ھايۋانلاردەك كېلەتتى.

**قارا مېتال** تۆمۈر، مانگان ۋە خروملىڭ سانائەتتىكى ئومۇمىي نامى. ئۇ يەنە پولات ۋە تۆمۈرنى ئاساس قىلغان باشقا قېتىشمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قارا مىلتىق** كونا شەكىلدىكى بىر خىل مىلتىق. دورا ۋە ئوقى ستۋولنىڭ ئاغزىدىن قاچىلىنىدۇ: ئۇنىڭ ئۆشنىسىدە قارا مىلتىق بار ئىدى. 18 ياشلار چامىسىدىكى بۇ يىگىتنىڭ زىلۋا قەددى-قامىتىدىن بىر خىل چەبدەسلىك، شىجائەت ئۇرغۇپ تۇراتتى.

**قارا نوپۇس** ئىسمى جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرىنىڭ نوپۇس خاتىرىسىگە يېزىلمىغان، نوپۇس ئىسپاتى بېرىلمىگەن كىشى: — ئەمدى تۇغسىڭىز، بالىڭىز قارا نوپۇس بولىدۇ جۇمۇ، دىققەت قىلىڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ. * — قارا نوپۇس بولۇپ، شەھەرمۇ شەھەر ئايلىنىپ كۈن ئۆتكۈزۈرمەن، — دېدى ئۇ مەيۇس ھالدا.

**قارا نىيەت** ← **قارا كۆڭۈل:** قارا نىيەتكە دۇچ كەلگەن دۆنە پۈتۈن مۇھەببەت خۇمارىنى، ھاياتقا بولغان پۈتۈن تەلپىنى بالىغا تۆپلىغانىدى.

**قارا هەرپ** <مەت> ئادەتتىكى هەرپلەرگە نىسبەتەن قېنىق قارا هەم توم هەرپ.

**قارا هېلىلە** <بوت> ← **هېلىلە.**

**قارا ئۆپكە كېسىلى** <زوئول> ← **كېپىنەك كېسىلى.**

**قارا ئۆي** كىگىز ياكى برىزېنت قاتارلىقلار بىلەن قۇببە شەكلىدە يېپىلىپ ياسىلىدىغان ئۆي: يېشىل چۆپلۈككە تىكىلگەن سۆلەتلىك ئىككى چوڭ قارا ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئىككى مومىغا چوڭ قىزىل پانۇس ئېسىلغان، قارا ئۆي ئالدىدا ۋە ئەتراپىدا قارىغۇچى چېرىكلەر تۇرۇشاتتى.

**قارا ئۆي چاشقىنى** <زوئول> ئۆي چاشقىنىنىڭ بىر خىلى. ئۇزۇنلۇقى 33 سانتىمېتر، قۇيرۇقى ئىنچىكە هەم ئۇزۇن، بۇرنى ئۇچلۇق، قۇلىقى چوڭ، پۈتۈن تېنى قارا كۆل رەڭ كېلىدۇ. كۆپىنچە تورۇس ئارىلىقلىرى، يول ئاستى ياكى تامنىڭ كامارلىرىدا ياشايدۇ، كېسەل تارقىتىدۇ.

**قارا ئۈجمە** <بوت> ئۈجمىنىڭ بىر تۈرى. مېۋىسى پىشقاندا قارىيىدۇ، ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قارا ئۈزۈم** <بوت> ئۈزۈم ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان پىلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. شاخلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن هەم قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقى كەڭ تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇچتىن بەشكىچە چوڭقۇر يېرىلىدۇ. گۈل رېتى كونۇسسىمان، شىرنىلىك مېۋىسى قېنىق بىنەپشە رەڭدە بولىدۇ. غول تالالىرىدىن ئارغامچا ئەشكىلى بولىدۇ.

**قارا ئىسىملىك ← قارا تىزىملىك:** ئۇ بارغانسېرى «مەنمۇ قارا ئىسىملىككە كىرىپ قالدىممۇ-قانداق؟» دەپ ئۆزىدىن ئۆزى قورقىدىغان، ئەندىشە قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**قارا ئىش** بىلىم تەلەپ قىلمايدىغان، پەقەت جىسمانىي كۈچكە تايىنىپلا ئىشلىگىلى بولىدىغان ئىش: بۇ قىز ئىش باشقۇرغۇچىنىڭ قىزى ئىدى. قېيۇم ئاكا زاۋۇتتىكى قارا ئىشتىن قاچۇرۇپ، ۋاقىتلىق مۇشۇ ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇرغان بولسا كېرەك.

**قارا ئىشچى** جىسمانىي ئەمگەك قىلىدىغان ئىشچى، قارا خىزمەتچى: ئۇ چاغلاردا مەن بىرەر ئىدارىدە قارا ئىشچى بولۇپ ئىشلىشىكە مىڭ قېتىم رازى بولاتتىم.

**قارا يامغۇر** <مېتېئور> بوران ئارىلاش تېز هەم قاتتىق ياغقان يامغۇر.

**قارا يۈرەك** ۋەهشىي، ياۋۇز، رەهىمسىز، مېهىر-شەپقەت دېگەننى بىلمەيدىغان: — چۈنكى، مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئادەم ئۆرۈپ-تىللاشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان قارا يۈرەك لۈكچەك... — ئۇ سەل توختاپ يەنە قوشۇپ قويدى. * — ئۇ قارا يۈرەكنىڭ گېپىنى قىلماڭ، — دېدى ئۇ قاتتىق ئازابلانغان قىياپەتتە.

**قارا يۈز** يۈزسىز، نومۇسسىز، ۋاپا قىلغان ئادىمىدىن يۈز ئۆرىگەن: — ماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ مېرۇل مەرگەنگە، — هازىرلا بېرىپ ئۇ قارا يۈزنى پۇت-قولىنى يەرگە تەگكۈزمەي هەيدەپ كەل!

**قارا يۈزلۈك** يۈزسىزلىك، نومۇسسىزلىق ۋاپاسىزلىق: قارا يۈزلۈك قىلماق. * ئايتىللا ئۇلارغا قارا يۈزلۈك قىلغانلىقىنى ئامالنىڭ بارىچە سەزدۈرمەسلىككە تىرىشتى.

**قارا يۇسۇن** <بوت> ← **بېلىقلېشى.**

**قارا يېتىم** كىچىكلا ئاتا-ئانىسىز قالغان ۋە هېچقانداق ئۇرۇق-تۇغقان، مال-بىساتى يوق: ئابدەم يا ئاتا مېهرىگە، يا ئانا مېهرىگە قانمىغان قارا يېتىم، ئالدى-كەينىدە هېچنېمىسى يوق يالغۇز قىز ئىدى.

**قارا يغىن** يامان غەرەز، يامان مەقسەت بىلەن ئېچىلغان، ئىنقىلابنى ئىشلارغا زىيانلىق يغىن: ئۇ ماڭا چالۋاقىدى: — سىز ئوقۇغۇچىلارنى قۇترىتىپ، تىغ ئۇچىنى ئىشچىلار تەشۋىقات دۈيىگە قاراتماقچىمۇ؟! بۇنداق قارا يغىننى دەرھال تارقىتىپ، ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ!

**قارا يىلان** <زوئول> زەھەرلىك يىلاننىڭ بىر خىلى. ئۇزۇنلۇقى بىر مېتردىن ئاشىدۇ. دۈمبە تەرىپى كۈل رەڭگە مايىل ئاچ كۆك ياكى قوڭۇر رەڭدە، ئۈستىدە زەنجىر شەكىللىك قارا يوللىرى، تېنىنىڭ ئىككى يېنىدا رەتسىز سەپكۈنلىرى بولىدۇ، قورسىقى قارا كېلىدۇ. كۆپىنچە ئورمان ياكى چۆپلۈكتە ياشايدۇ، كىچىك قۇشلار، كەسلەنچۈك، پاقا قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**قارا يىلىك** ھايۋانلارنىڭ قولىنىڭ بېغىشىدىن تۆپىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى يىلىكى.

**قارىغا كەتمەك** ناھەق ئەيىبلەنمەك، تۆھمەت قىلىنماق: مەن بۇ يىگىتنىڭ «ئوغرى» بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن، ئۇ چوقۇم قارىغا كەتتى.

**قارىسى كۆرۈنمەك** كۆلەڭگىسى ياكى خىرە-شىرە، غۇۋا سىماسى، شەكلى پەيدا بولماق، كۆزگە تاشلانماق: ئۇ ئىشىك تۈۋىدە تۇرۇپ، يىراقتىن قارىسى كۆرۈنگەن ئېرىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. * شەھەرنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە كۈن ئولتۇراي دەپ قالغانىدى.

**قارىسىنى ئالماق** ① يېقىنلاشماق، يېقىنلاپ قالماق: 40 نىڭ قارىسىنى ئالغان ئايالنىڭ زىل ئاۋازى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈشى ئەسئەتنىڭ قەلبىدە ئۇزۇندىن بېرى ساقلىنىۋاتقان بىر قىزنىڭ ئىسمىنى يادلىشىغا سەۋەب بولدى. ② يىراقتىن كۆزەتمەك، يىراقتىن غۇۋا كۆرمەك: ئۇنىڭ قارىسىنى ئېلىپ، ئۇزۇن ئارقىسىدىن ماڭدىم.

**قارىسىنى كۆرسەتمەسلىك** ئۆزىنى دالدىغا ئالماق، باشقىلارغا كۆرۈنمەسلىك: ئۇ بىرنەچچە كۈندىن بېرى قارىسىنى كۆرسەتمەيۋاتاتتى.

**قارىسىنى ئۇشتۇماق** قارىلىق تۇتقانلار چىگكەن، باغلىغان ئېقىننى يېشىپ مۇسىبەتنى ئاخىرلاشتۇرماق: —ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايدۇ ئاداش، ھەسرەت چېكىۋەرمە، بۈگۈن قاراڭنى ئۇشتۇيلى، — دەپ ئۇنىڭ بېلىگە چىگىلگەن ئاقنى ئېلىۋەتتى.

**قارىسى يوقالماق** ئىزناسى، سىماسى يوق بولماق، كۆزدىن يۈتمەك: ئۇنىڭ قارىسى بىردەمدىلا يوقالدى. * ئۇ ئەنسىزلىك ئىچىدە ئۇلارنىڭ قارىسى يوقالغۇچە قاراپ تۇردى. * سۇلايمان بىلەن نامان تۆلكە ئېلېكترئىستانسىسىنىڭ زاكوسىغا كېلىپ قارىسىنى يوقاتتى.

**قارىسى يۈتمەك** سىماسى، كۆلەڭگىسى كۆزدىن غايىب بولماق؛ كۆزگە كۆرۈنمەي قالماق؛ يوقالماق: ئۇ تا ئېرىنىڭ قارىسى يۈتكۈچە ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇردى، ئاندىن بىر خىل نامەلۇم تەشۋىش بىلەن ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

**قاراپ** ① «قارىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: بىرى ئىشىك ئالدىدا بىر كىشىنى كۈتۈۋاتقاندەك يولغا قاراپ ئولتۇراتتى. * ئۇ ماڭا قاراپ ئۆزىچىلا كۈلۈپ كەتتى. ② تىر. (يۆنىلىش كېلىشتىكى سۆزلەر بىلەن) يارىشا، باغلىق ھالدا؛ ئاساسەن: كۈچۈڭگە قاراپ ئىش قىل. * قوشما جۈملە قۇرۇلۇشىغا قاراپ بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتىكى قوشما جۈملە ۋە تەڭداش مۇناسىۋەتتىكى

قوشما جۈملە دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

**قاراپ باقماق** ① نەزەر سالماق، كۆرۈپ چىقماق: — بۇرادەرلەر، — دېدى ئۇ بىزگە، — سىلەر ئۇنى دوك دېمەڭلار، ئۇنىڭ پاك قەلبىنى، ۋىجدانىنى چۈشىنىشكە كىرەك. سىلەر ئۇنىڭغا مېنىڭ مۇھەببەتلىك قەلبىم ۋە كۆزۈم بىلەن قاراپ بېقىشىڭلار كېرەك. ② ۋاقتى كەلگەندە بىرنېمە دېمەك، ئاخىرىدىكى نەتىجىسىگە قاراپ باھا بەرمەك: — مەن نېمە دەيتتىم، قېنى قاراپ باقمايمىزمۇ، — دېدى ئۇ.

**قاراپ تۇر** ① كۈزىتىپ تۇر، قارانچۇق بول: مۇنۇ نەرسىلەرگە قاراپ تۇر. ھازىر يېتىپ كېلىمەن. ② «ئاخىرىدا كۆر، ئاقىۋىتىدە بىل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ ھەم كۆپىنچە بىراۋغا ھەيۋە-تەھدىت سېلىپ ئېيتىلىدۇ: — قاراپ تۇر، ئەتە-ئۆگۈن سېنى قانداق قىلىۋېتىدىكەنمەن-ھە! — دېدى ئۇ ئالىمغا ۋارقىراپ ۋە بەدەر تىكىۋەتتى. ③ «ھېچنېمىگە ئارىلاشماي ھاڭۋېقىپ يۈر»، «ئىش قىلماي ھۇرۇنلارچە لاغايلاپ ئۆت» دېگەن مەنىلەردىكى ئەيىبلەش سۆزى: — خەقلەر نېمىلەرنى قىلىۋاتىدۇ، بىلەمسەن؟... ھەسەن مۇشۇنداق گۆشىيىپ قاراپ تۇر. خۇدا ئاشنى ئاسماندىن تاشلاپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا ئاچچىقلاپ.

**قاراپ تۇرۇپ** ① كۆرۈپ، بىلىپ تۇرۇپ، ھەقىقىي ئەھۋالنى چۈشىنىپ تۇرۇپ: سودىگەرچىلىكتە قاراپ تۇرۇپ يالغان سۆزلەشكە، زۆرۈر تېپىلغاندا ئوغرى قەسەمدىن بىرنەچچىنى ئېيتىشقا توغرا كېلىدۇ. شۇڭا بۇنداق ئىشنى قىلالمايمەن-دە! ② سەۋەبسىزلا، ھېچ ئىشتىن ھېچ ئىش يوقلا، بىكاردىن بىكار، تۇرۇپلا: — ھەمشەرىخان، ئەقلىمىز ھەيران، تۇرسۇنجان قاراپ تۇرۇپ ئۆلۈپ كەتكەندىمۇ؟ — دېيىشتى ئۇرۇق-تۇغقانلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىشىپ. * قاراپ تۇرۇپ قىلىپ قويغان ئىشىڭىزنى كۆرۈڭ، — دېدى ئايالى قاتتىق ھەسرەت چېكىپ.

**قاراپ چىقماق** كۆرۈپ چىقماق؛ كۆز يۈگۈرتمەك، سەپسالماق، نەزەر تاشلىماق: بۇ قېتىمقى يىغىن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى خەلق تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ تەشكىلىي قانۇنى»نى قاراپ چىقىپ ماقۇللىدى. * — شۇنداق، بىرنەچچە يىل بولدى، — دەپ سۆز باشلىدى تۆمۈر بوۋا ئۆزىگە تىكىلىپ ئولتۇرغان ئەزالارغا بىرقۇر قاراپ چىقىپ.

**قاراتقۇزماق** «قارىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: — چۈچە ئالالماس سار ئىكەنسەن ئۇكا، ئالقىنىڭدا تۇرغان قىزنى باشقىلارغا قاراتقۇزۇپ قويۇپ يۈرمىگىن يەنە، قىز بالا دېگەن تالانىڭ ئادىمى، يەنە كېلىپ چىرايىمۇ جايىدا ئىكەن، — دېدى ئۇ ھېجىيىپ تۇرۇپ.

**قاراتما** سۈپ بىركىمگە قارىتىلغان، بىركىمگە ئىشارەت ياكى چاقىرىق بولىدىغان: قاراتما سۆز.

**قاراتما سۆز** <تىل> جۈملىدىكى باشقا بۆلەكلەر بىلەن سىنتاكسىسلىق مۇناسىۋەت ۋە باغلىنىشى يوق، پەقەت جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي-پىكىرگە باشقىلارنىڭ ياكى سۆزلىگۈچىنىڭ سۆزى قارىتىلغان شەخس، نەرسىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈن ئېيتىلغان سۆزلەر تىل ئىلمىدا «قاراتما سۆز» دېيىلىدۇ. قاراتما سۆزلەر يېزىقتا جۈملە بۆلەكلىرىدىن تىنىش بەلگىلىرى ئارقىلىق ئايرىلىدۇ. جانلىق تىلدا بولسا، ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن ئېيتىلىدۇ. مەسىلەن، «يولداشلار،

دەرسكە دىققەت قىلىڭلار!» دېگەن جۈملىدىكى «يولداشلار» سۆزىگە ئوخشاش.

**قاراتماق** ① «قاراتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىز «خاڭچى ناخشىسى» نى ياڭراتتىڭىز، زاۋۇتتىن خامانغىچە ئاڭلاتتىڭىز. ئەل ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇپ كۆمۈر قازغان – خاڭچىغا بىزنى ھەيران قاراتتىڭىز. ② توغرىلىماق، ئۇدۇللىماق، نىشانلىماق: تىلسىۋالدى غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ دۈشمەن ئەسكىرىگە ئاپتوماتىنىڭ ئۈچىنى قاراتتى. ③ كۆچمە. قوللانماق، يۈرگۈزمەك: چەتكە قاراتقان سىياسەت.

**قاراتمىلىق** ئى. بىۋاستە ھالدا مەلۇم تەرەپنى مەركىزىي نىشان قىلىش ئالاھىدىلىكى، خۇسۇسىيىتى؛ مەركەزلىك، نىشانلىق، ئېنىق بىر نۇقتىغا قارىتىلىش: بىز ھەربىي تەلىم-تەربىيىدە تەلىم-تەربىيىنىڭ قاراتمىلىقىغا، قىزىقارلىق، تەرتىپلىك بولۇشىغا، مەشغۇلات ئېلىپ بېرىش بىلەن دەم ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈشكە دىققەت قىلدۇق.

**قاراتمىلىقى بار** بىۋاستە ھالدا مەلۇم تەرەپنى مەركىزىي نىشان قىلىش خۇسۇسىيىتى ياكى غەرىزى بار؛ مەركەزلىك، نىشانلىق ھالدا ئېنىق بىر نۇقتىغا قارىتىلىش تۈسى بار: ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ مەلۇم قاراتمىلىقى باردەك، مەقسەتلىك، بىرەر ھادىسە، ۋەقە، مەسىلىنى كۆزدە تۇتىدىغان غەرىزى باردەك تۇراتتى.

**قاراخان** ئى [قارا+خان] <تارىخ> «بۈيۈك، قۇدرەتلىك خان» دېگەن مەنىدە بولۇپ، مىلادىيە 927 — 1212-يىللىرى ئۆتكەن قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ خانلىرىنى كۆرسىتىدۇ.

**قاراخانىيلار** ئى <تارىخ> قاراخانىيلار سۇلالىسى.

**قاراخانىيلار خانلىقى** <تارىخ> ← قاراخانىيلار سۇلالىسى.

**قاراخانىيلار سۇلالىسى** <تارىخ> مىلادىيە 9-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 13-ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۇيغۇرلارنى ئاساس قىلغان، تۈركىي تىلدا سۆزلىشىدىغان مىللەتلەر قۇرغان ھاكىمىيەت. ئاساسچىسى سۇلتان ئابدۇلكەرىم سۇتۇق بۇغراخان. تازا گۈللەنگەن مەزگىللىرىدە ئۇنىڭ تېررىتورىيىسى ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئوتتۇرا ۋە غەربىي قىسمى، ئىلى-مىڭلاق ۋادىسى ۋە بالقاش كۆلىنىڭ جەنۇبى، چۇ دەرياسى ۋادىسى، ئىسسىق كۆل ئەتراپى شۇنىڭدەك ماۋەرائۇننەھرنىڭ شەرقىدىكى رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. يازلىق پايتەختى قەشقەر، قىشلىق پايتەختى بالاساغۇن بولغان.

**قارار** [ئە] ① ئى. بىرەر ئىش ياكى مەسىلە ھەققىدە قوبۇل قىلىنغان خۇلاسە؛ ئەمەلگە ئاشۇرۇش لازىم تېپىلغان قەتئىي پىكىر، ئەھدە، نىيەت، توختام ۋە ئۇلارنىڭ تېكستى: بىر قارارغا كەلمەك. قارار قىلماق. * بېگى ئەر-خوتۇن ئىككىسى شۇ قارارغا كېلىپ تۇرۇشىغا قازىنىڭ ئادىمى كېلىپ ئىشىكنى قېقىپتۇ. * بۇ قۇتلۇقنىڭ ئاخىرقى قارارى ئىدى. * قارار كۆچىدىن قالدى. ② ئى. تاقەت، چىدام؛ تىنچلىق، ئاسايىشلىق، ئارام: قارارىنى يوقاتماق. قارارى ئۇچماق. * چىرايلار سارغىيىپ شۇنچە، خازان بولغان كىچىك غۇنچە، زۇلۇمنى قىلدى كىم مۇنچە؟ چىداشقا بىر قارار بارمۇ. * بۇ ئوت دوزاخ ئوتىدىن مىڭ يامانىدۇر، تېنىم، جانىم شۇ ئوت ئىچرە سامانىدۇر. مېنى ئەيىب ئەتمەك ئەي پەھلىۋانىم، مېنىڭ ھېچ قالمىدى سەبرۇ

قارارىم. ③ ئى. تۇرار جاي، توختايدىغان جاي؛ مەنزىل: يىراق بولسا، يېقىن بولسا، قارارىم يوقتۇر. مەن يارىمنى كۆرۈۋالسام، ئارمانىم يوقتۇر. ④مىق. قېتىم، نۆۋەت: مەكتەپتە 64 قارار قىسقا مۇددەتلىك كۇرس ئېچىلىپ، 2544 نەپەر ئوقۇتقۇچى ئۆگىنىشكە قاتناشتى. * بۇ مەكتەپتە 1978-يىلدىن ئېتىبارەن تۆت قارادا تولۇق ئوتتۇرىنى پۈتتۈرگەن 673 ئوقۇغۇچىنىڭ 25 پىرسەنتى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدىن ئۆتكەن.

**قارار بەرمەك** قەتئىي بىر پىكىرگە، قارارغا كەلمەك، جەزم قىلماق: ئۇ شۇ كۆرۈنۈش ئارىسىدا زەينەپنى يەنە ئۆز كۆزىدىن ياخشىلاپ ئۆتكۈزۈشكە قارار بېرىپ ئورنىدىن تۇردى. * — بۇ ھەقتە ئويلاپ بىر تەدبىر تاپتىم، بولۇش-بولماسلىقىنى بىلمەيۋاتىمەن، ئۆزلىرىنىڭ بىرەر قارار بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دېدى ئۇ.

**قارار تاپماق** ① بىرەر جايدا مۇقىم، ئۇزاق تۇرماق، جايلاشماق، ئورۇنلاشماق، ماكانلاشماق؛ مۇقىملاشماق؛ جاينى تاپماق، توختىماق: شەھەرگە پەقەت 40 چاقىرىمچە يول قالدى، بۇ يەرنى ئامانتاغ بازىرى دەيتتى، لاۋا-لەشكەرلەر بۇ يەردە قارار تېپىپ، قوش تىكتى. * بۇ يەتتە شەھەر دەل مۇشۇنداق ۋەزىيەتتە سۇلتان سەئىدخانغا قارار تاپتى. * ئوردا-يامۇل پاچاقلىنىپ بولسۇن گۆرىستان، ئەل-ۋەتەندە قارار تاپسۇن شادلىق گۈلىستان. ② تىنچىماق، ئارام تاپماق: — ئۇستۇن تەرەپنىڭ ئىشى قارار تاپتى، ئەمدى پايتەختكە قايتىپ، يۇرۇش قىلىش تەدبىرىنى بالدۇرراق ئويلىشايلى، — دەپ تەكلىپ بېرىشتى ئۇلار.

**قارار چىقارماق** بىرەر ئىش، مەسىلە ھەققىدە ھۆكۈم چىقارماق؛ قارار قىلماق: بەزى جايلاردا يۈز بەرگەن دۆلەتنىڭ ماددىي ئەشيالىرىنى بۇلاپ كېتىشتەك ئېغىر مەسىلىلەرنى ئەستايىدىل بىر تەرەپ قىلىش لازىم، گۇۋۇيۈەن بۇ توغرىدا مەخسۇس قارار چىقىرىدۇ. * تەشكىل تېخى بۇ ھەقتە رەسمىي قارار چىقارماپتۇ.

**قارارغا كەلمەك** بىر پىكىرگە، ئويغا، خۇلاسىگە كەلمەك: ئۇ خېلى ئويلانغاندىن كېيىن، غالىبنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىپ قويۇش قارارىغا كەلدى. * چۈشتە رابىيە باقى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، نۇرنىسانى ئۆيگە ئەكىلىۋېلىش قارارىغا كېلىشتى.

**قارار قىلماق** بىرەر ئىش، مەسىلە ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە بىر پىكىرگە، خۇلاسىگە كەلمەك؛ قارار چىقارماق، قارار بەلگىلىمەك، بېكىتمەك: سېيىت ئاكا باشقا مۇناسىۋەتلىك يولداشلار بىلەن سۆزلىشىپ، رۇخسەت بېرىشنى قارار قىلدى. * رەيھان بىر-ئىككى كۈن نېرى-بېرى ئويلاندى-دە، ئىككىلەنمەيلا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىغا بېرىشنى قارار قىلدى.

**قارارسىز** سۈپ ① قارار قىلىنمىغان، قارار چىقىرىلمىغان: بۇنداق بېكىتىلمىگەن قارارسىز ئىشنى ئۆز بېشىمچىلا قىلسام بولمايدۇ دەپ ئويلايتتىم. ② بەلگىلىك ۋاقتى يوق، ۋاقىتسىز: ياخشى يەرنى تېپىپ ئۇ، ئۇخلىماقتا قارارسىز. * شەرەپ يوق جاپاسىز، قايغۇ-ئازارسىز، كەتكەنتى سوغۇق قىش قاچان باھارسىز؟ ئىجادتا بىلەيلى دەمنى غەنىيمەت، ئەجەلنىڭ كەلمىكى ھامان قارارسىز.

**قارارسىزلانماق** پ. ئارامنى، تىنچلىقنى يوقاتماق؛ بىقارار، بىتاقەت بولماق: مەلىكە بۇدۇر يىگىتكە بىر مەرتىۋە قاراپ مىڭ مەرتىۋە «ئاھ!» ئۇرۇپتۇ. يۈرىكى قىنىغا سىغماي ئويناپ كېتىپتۇ. دىلى قارار-سىزلىنىپ، پۇت-قوللىرى بوشىشىپتۇ.

**قارارسىزلىق** «قارارسىز» سۆزىنىڭ

ئىسىم' شەكلى: قامەتلىك ۋە قاپاقلىرى سېلىنغان ساقچىلار جىم تۇرۇشاتتى، ئۇلاردىن قانداقتۇر قارارسىزلىق سېزىلەتتى. * ئۇ ئىشقى ۋە شۇ ئىشقى سەۋەبىدىن يۈز بېرىۋاتقان تاقەتسىزلىك، قارارسىزلىقتىن ئاغرىنىپ شائىرنىڭ مۇڭلۇق شېئىرلىرىنى ئوقۇپتۇ.

**قارارگاھ** ئى [ئە+پ] تۇرار جاي، قونالغۇ: ئۇ ئەتىگەندە يولغا چىقىپ، كەچ كىرگەندە قارارگاھقا يېتىپ باردى. * شۇنىڭدىن ئىككى كۈن كېيىن، ئەلچى چىقىدىغانلىقىنى خەۋەر قىلىش ئۈچۈن، ئۈچ ئاتلىق چاپارمەن ئاق بايراقلىرىنى تەييارلاپ، تۆمۈر خەلىپىنىڭ قارارگاھى — قورايغا ماڭدى. * ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، قاسىمجان قەمبىرى، سوپىئاخۇن سوۋۇرۇۋۇلار ئالدىراش ئىدى، ئۇلارنى قارار-گاھلىرىغا بارغاندىن كېيىن ھايالسىز ئىشلەشكە تېگىشلىك بىرقانچە جىددىي ئىش كۈتۈپ تۇراتتى.

**قارارلاشتۇرماق** «قارارلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — قار چۈشۈپ قالغۇچە، تاغقا بىر قېتىم چىقىپ كېلىشىمىز كېرەك. شۇڭا، ئەتىلا ئۇردىغا كىرىپ ياڭ جياڭجۈننىڭ مەكتۇپىنى ۋاڭغا تاپشۇراي، ئاندىن تاغقا چىقىدىغان ئەلچىلەرنىڭ ئىسىم-لىكىنى قارارلاشتۇرايلى، دەپ ئويلىدى ئۇلار. * باتىرغازى بىلەن ئىسھاق قېچىش ئورنىنى ئەلۋەتتە مۇشۇ پەنجىرە بولىدۇ دەپ قارار-لاشتۇردى. * رۇقىيەم ئۆز ۋۇجۇدىدا يەنە بىر جىسىم تۆرەلگەنلىكىنى سەزدى. دەسلەپ گاڭگىرىغىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلمەي قالدى، كېيىن، ھازىرچە دېمەسلىكنى قارارلاشتۇردى.

**قارارلاشتۇرۇلماق** «قارارلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قارارلاشماق** ① «قارارلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشنى ئەنە شۇنداق قارارلىشىپ، تېز تارقاشتى. ② مۇقىملاشماق، قارار تاپماق: ئەھۋال ئۈلۈغ ئىشلىرىمىز قارارلاشتى. * — بىزنىڭ ئىشلىرىمىز قارارلىشىپ بولدى، — دېدى ئۇ. * — توغرا! ئەمدە قىلدى دېگەن سۆز سىلەرنىڭ مۇناسىۋەتلىكلار قارارلاشتى دېگەن سۆز، — دېدى ئۇ.

**قارارلىق** سۈپ. بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ قېتىملىق؛ قەرەللىك، مەزگىللىك: كېيىن ئۇ يەنە ئوبلاست بويىچە ئېچىلغان ئىككى قارارلىق كۇرسقا يېتەكچىلىك قىلىپ، ئۆزى دەرس ئۆتۈپ تايانچىلارنى تەربىيىلىدى. * — مەن كۇرسقا كىرەي ئاكا، بۇ قارارلىق كۇرس ئاپتوموبىل سېتىۋالغان دېھقانلار ئۈچۈن مەخسۇس ئېچىلغان كۇرس ئىكەن، — دېدى ئۇ ئاكىسىغا يېلىنىپ. // بىز شۇ چاغدا دورا بېرىش، ئوكۇل ئۇرۇش ۋە قارارلىق تازىلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ ئۈنۈملۈك نەتىجىگە ئېرىشكەن. * ئۇنىڭ كېسىلى قارارلىق تۇتىدۇ.

**قارارلىماق** پ. كۆڭۈلگە پۈكمەك، نىشانلى-ماق: ئۇلار ئالدىن قارارلاپ قويغان بەندىگە كېلىپ ئولتۇرۇشتى. * ئۇلار تولۇمچى بىلەن خوشلىشىپ، ئېلچى شەھىرىنى قارارلاپ مېڭىپ كەتتى.

**قاراس** تەق. ياغاچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشى، يېرىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز: سىرتتا قاراس قىلغان بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. * باقىش تولۇق قوراللىنىپ ئالمىنى كۆزىتىپ تۇرغاندا تاڭ سەھەردە يەر تەۋرەپ، چاقماقلار چېقىپ، قاپقارا بوران چىقىپ، قاراس قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ، بىر توپ ئالما يىلتىز-يىلتىزلىرى بىلەن قومۇرۇلۇپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ.

**قاراسسىدە** رەۋ. «قاراس» قىلغان ھالدا، «قاراس» قىلىپ: قاراسسىدە قىلماق. * ئۆينىڭ لىمى قاراسسىدە سۇنۇپ كەتتى.

**قاراس-قۇرۇس** «قاراس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: بورانىنىڭ

زەربىسىگە تاكى يېرىم كېچىدىن بىرى مەردانىلەرچە كۆكرەك كېرىپ قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقان تېرەكلەرنىڭ بەزىلىرى قاراس-قۇرۇس قىلىپلا قاق بېلىدىن ئۈزۈلدى. * دەل شۇ چاغدا قاراس-قۇرۇس قىلىپ موما سۇندى - دە، مۆمىن مومىنىڭ ئۇچىنى قۇچاقلاپ، بايراق بىلەن گۈرسىدە يەرگە چۈشتى.

**قاراسلاتماق** «قاراسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پەرىزات غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، بۇ ھومىيىشنى ئابلەقنىڭ سېزىش-سەزمەسلىكى بىلەنمۇ ھېسابلاشماي تېز بۇرۇلدى-دە، مۇز پارچىلىرىنى قاراسلىتىپ سۇندۇرۇپ دەسسەپ كېتىپ قالدى. * چىمچىقلىتىپ كۆزىنى ھەر تەرەپكە قارارئىكەن. قاراسلىتىپ چىشىدا، ياۋا ياڭاق چاقار ئىكەن.

**قاراسلىماق** پ «قاراس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قاراس» قىلماق: ئۇنىڭغا جاۋابەن، چەكسىز دالا ئەكس سادا قايتۇراتتى. شاخلار تېخىمۇ ھەيۋەتلىك قاراسلايتتى، نېمىلەردۇر دەھشەتلىك ھۇۋلايتتى. * ئويغانغاچ دەريالار مۇزلار يېرىلىپ، چىقاردى قاراسلاپ ھەيۋەتلىك ئاۋاز. بىلدىمكى ئەي باھار بۇ سېنىڭ سازىڭ، سەن شۇنداق ئىنسانغا كۆيگەن ئىشقۋاز.

**قاراش** ① «قارىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قاراش ئەينىكى. قاراش بۇلۇڭى. * قانۇنغا خىلاپ ھادىسىلەر بىلەن كارى بولماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتۇشقا زادىلا بولمايدۇ. مەن بىلەن مۇناسىۋىتى يوق، ئۇنىڭ بىلەن نېمە كارىم دەپ قاراش توغرا ئەمەس. * — ھېچ ۋەقەسى يوق. سىزمۇ بىزنىڭ ئۆز بالىمىزغا ئوخشاش، بىزنىڭ سىلەرگە قاراش، سىلەرنى ئورۇنلاشتۇرۇش مەسئۇلىيىتىمىز بار. قىزىم، سىز خاتىرجەم بولۇپ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇڭ. ② شەيئىلەرگە بولغان تونۇش، چۈشەنچە، نۇقتىئىنەزەر: كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى. ماتېرىيالىستىك قاراش. * فۇرىيېنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ يېرى ئۇنىڭ جەمئىيەت تارىخىغا بولغان قارشىدا ئىپادىلىنىدۇ. * ئەكبەر دوستىنىڭ بۇ قارىشىغا قوشۇلمىدى. ئۇ ئەخمەتجان بىلەن بولغان تالاشنى داۋاملاشتۇردى.

**قاراش ئەينىكى** <فىز> ← **ئوكۇليار.**

**قاراش بۇلۇڭى** <مات> كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن نىشانىنى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىك تەكشىلىكتىكى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق كۆزىتىش نۇقتىسىدىن ئۆتكەن گورىزونتال سىزىقنىڭ ئۈستىدە ياتسا، تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق بىلەن گورىزونتال سىزىق ئارىسىدا ھاسىل بولغان بۇلۇڭ «قاراش بۇلۇڭى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قاراشەھەر** ئى [قارا+شەھەر] شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغولىن مۇڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ بىر ناھىيىسى.

**قاراشەھەر ئېتى** <زوئول> ئېلىمىزدىكى ئاتلارنىڭ يەرلىك نەسىللىرىدىن بىرى. شىنجاڭنىڭ قاراشەھەر رايونىدىن چىقىدۇ.

**قاراشتۇرماق** پ. قاراپ چىقماق؛ كۆرۈپ، ئاختۇرۇپ چىقماق، تەكشۈرمەك: يار ئالغان ئېغىز بويىدىن تېخى بايىلا يېنىپ كەلگەن تۇراخۇن، نىياز قۇربانىنىڭ قولىدىن خالتىنى ئېلىپ بىر قۇر قاراشتۇردى. * ياساۋۇل پوتىسىنى يېشىپ قاراشتۇردى. خوتۇنىدىن يوشۇرۇپ، ھاراق ئۇچۇن ساقلاپ يۈرگەن ئىككى سەرلىك قەغەز پۇلمۇ قويۇن يانچۇقىدا ئامان تۇراتتى. * بۈگۈن چۈشتىن بۇرۇن بۇ يەرگە كەلسەم ھەممە نەرسە خانىۋەيران، ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەر چېچىلىپ تۇرۇپتۇ، ھەممە ئۆيلەرنى قاراشتۇرۇپ چىقتىم، ئادەم يوق.

**قاراشقۇ** ئى. دىئال. بۆرە.

**قاراشلىق** سۈپ ① بىرەر يۇقىرى تەشكى-لات، ئورگان، مەمۇرىي-تېررىتورىيىلىك پۈتۈنلۈك قاتارلىقلار تەرىپىدىن باشقۇ-رۇلىدىغان، ئۇنىڭغا قارايدىغان، تەۋە بولغان، بويسۇنىدىغان؛ باشقۇرۇشىدىكى، رەھبەرلىكىدىكى: مەركەزگە بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر. * ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق سانائەت ئىدارىسىگە بىۋاسىتە قاراشلىق زاۋۇت، كان، كارخانىلارنىڭ سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى ئۈچ يىلدىن بۇيان ھەر يىلى ئوتتۇرىچە % 18.66 ئاشتى. * ئالدى بىلەن ھەرقايسى تارماقلار ۋە ئۇلارغا قاراشلىق ئاپپاراتلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك. ② بىركىمگە تېگىشلىك، خاس، ئۇنىڭ قولىدا، ئىختىيارىدا بولغان، ئۇنىڭغا تېگىشلىك، تەئەللۇق، ئۇنىڭغا قارايدىغان: بۇ تۆمۈر خەلپىنىڭ ئۆزىگە قاراشلىق مېھمانخانى-سى ئىدى. * پادىشاھ ئۆزىگە قاراشلىق بارلىق يۇرتنى چاقىرىپ، يەتتە كېچە-كۈندۈز چوڭ توي-مەرىكە قىلىپ، ئايجامالنى ئېلىپتۇ. * بۇ يەردە ئورتاقچىلىق قىلىپ، جېنىنى جان ئېتىدىغان پۇقرالارمۇ ئابلىز قارىغا قاراشلىق. ③ باغلىق، ئۇ بولمىسا بولمايدىغان، موھتاج: ئۇ پەقەت ئاي ئاخىرىدا دادىيدىن كىشىلەرتى رەتكە تىزىپ، ئىسىم توۋلاپ تارقىتىدىغان 18 جىڭ تېرىق ياكى ئارپىغىلا قاراشلىق ئىدى. * بىزنىڭ ئىستىقبالىمىز مۇشۇ قىتىمقى ياردىمىڭلەرگە قاراشلىق بولۇپ قالدى.

**قاراشماق** ① «قارىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەممە ئادەم دېڭىزدەك كوچىغا چىقىپ قومۇش باسقان ھارۋا-ماشىنىلارغا زوق بىلەن قاراشتى. * ئەتراپتىكىلەر توپنىڭ سەل چېتىدىرەك تۇرغان زىلۋا بويلۇق، ئاق يۈزلۈك، بۇرنى خۇددى ئېقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق، قوڭۇر چاچلىق ياش ئايالغا قاراشتى. ② بىركىمگە ھەمكارلىشىپ بىر ئىشنى قىلىشىپ بەرمەك، ياردەم بەرمەك، ياردەم قىلماق، ياردەملەشمەك، كۆمەك-لەشمەك: دادام ئۆلگەندىن كېيىن بىر قېرى ئايال تۇغقىنىمىز كېلىپ، بىزنىڭ ئۆيدە تۇرۇپ، بىزگە قاراشتى. * — قۇرئاننى ئوبدان ئوقۇيدىكەن، نۇرۇل ئاكامغا ياردەملى-شىپ، يۇرتنىڭ جامائەتچىلىك ئىشلىرىغا قاراشسا قانداق؟ بىزمۇ چوڭ جامائەت بولۇپ قالدۇق، — دېدى تۆمۈر خەلپە. * گەپ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ بارىكۆلگە نېمىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى ئېيتقاندا، سەپەرقۇل: — ئوبدان خىيال قىلىپسەن ئۇكام، ئەشرەپ شاڭيو چوقۇم بىزگە قارىشىدۇ — دېدى.

**قاراغان** ئى <بوت> ئۆزى تىكەنلىك، سېرىق چېچەكلەيدىغان، يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، بىر مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدىغان چاتقال تېپىدىكى بىر خىل ئۆسۈملۈك. ئۇ يەنە «قارغىنا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قاراق** ئى. كۆزنىڭ قارىچۇقى: ئۇ قوشۇمىسىنى تازا تۈرگەندە، كۆزىنىڭ قارىقى بۇرنىنىڭ ئۇچىغا توغرىلىنىپ، ئىككى توچكىغا ئوخشاپ قالاتتى. * ھىجران دەشتىدە يىغلاپ ئاقتى كۆزۈم قاراقى، كەتمەس دەردلىك بېشىمدىن شەمسى جانان پىراقى. ئارامى جان بولارمۇ ئاشىققا يول يىراقى، قەمەر شاھدۇر نادامەت، نالە ئەيغان ئىچىدە.

**قاراقالپاق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**قاراقالپاق تىلى** <تىل> قاراقالپاقلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىنىڭ تۈركىي تىللار ئائىلىسىدىكى قىپچاق تىللىرىنىڭ قىپچاق-نوغاي تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ئۆزبېكىستاندىكى

قاراقالپاقىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**قاراقالپاقچە** ① سۈپ. قاراقالپاق خەلقىگە، ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قاراقالپاقچە ئادەت. قاراقالپاقچە ئۇسسۇل. قاراقالپاقچە كىيىم. ② ئى. قاراقالپاق تىلى ۋە يېزىقى: قاراقالپاقچىنى ئۆگەنمەك. قاراقالپاقچىنى بىلمەك.

**قاراقالپاقلار** ئى [قارا+قالپاق] <ئىرق> قاراقالپاق مىللىتى، قاراقالپاق خەلقى. ئۇلار ئۆزبېكىستان تەركىبىدىكى قاراقالپاق ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ.

**قاراقچى** ئى. يول توسۇپ باشقىلارنىڭ پۇل-ماللىرىنى بۇلايدىغان قوراللىق ئوغرى، بۇلاڭچى، باسمىچى: 40 قاراقچى. دېڭىز قاراقچىسى. * ئوغرىنى قاراقچى ئۇرۇپتۇ (ماقال). * ئىلياز خوجا بۇنىڭدىن نەچچە يىللار ئىلگىرى قاراقچىلار بۇلاپ كەتكەن 40 تۆگىلىك مېلى ئۈچۈن خېلى كېسەل تارتقان، ئاھ ئۇرۇپ قاراقچىلارنى يەتتە پۇشتىدىن يەتمىش پۇشتىغىچە قارغىغانىدى. * بۇ چاغلاردا غەرب تەرەپتىكى تۆمۈر يولدا تۇرغۇچى ياپون قاراقچىلىرى جەنۇب تەرەپكە كەتكەچكە، بۇ يەرلەر بىرئاز تىنچىپ قالغانىدى.

**قاراقچى سىياھ بېلىق** <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. شەكلى سىياھ بېلىققا ئوخشاپراق كېتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭدىن ئۇزۇنراق. رەڭگى ئاق، ئۈستىدە ئاچ قوڭۇر رەڭلىك داغلىرى بولىدۇ. قۇيرۇق ئۇچى سۇ ياڭقىغا ئوخشايدۇ. سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى قىسقا كېلىدۇ، شورىغۇچ تەخسىسى بولىدۇ. دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**قاراقچىلىق** ئى. يول توسۇپ باشقىلارنىڭ پۇل ماللىرىنى بۇلاش ئىشى؛ قاراقچىلارغا خاس قىلىق: قاراقچىلىق قىلماق. * ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئادەم ھەممە نەرسىنى بىلىشى كېرەكمىش، پەيتى كەلگەندە قاراقچىلىقمۇ ئادەمگە ئەسقاتارمىش. * بۇ ھەقىقەتەنمۇ كۈندۈز كۈندىكى ئاشكارا قاراقچىلىق ۋە كۆپچىلىكنى چارىسىز قالدۇرۇش ئىدى.

**قاراقسىز** رەۋ. ① پەرۋىش قىلىنماي، قارالماي قالغان ھالەتتە، پەرۋىشسىز، تاشلانغان ھالەتتە، تاشلاندۇق ھالەتتە: ئۇ قاراقسىز قېلىپ، قۇرۇشقا باشلىغان باغنى قايتىدىن كۆكەرتىپ، مول-ھوسۇللۇق باغقا ئايلاندۇردى. * نەچچە يىل قاراقسىز قالغان ھويلا-ئارام ئەمدى يەنە جانلىنىشقا باشلىدى. ② قارايدىغان، ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىسى بولمىغان ھالدا؛ ئىگە-چاقىسىز ھالەتتە: «بېشىنى پېت باسماق» دېگىنىمىز «ئىگە-چاقىسىز قېلىپ، غېرىبلاشماق؛ قاراقسىز قالماق» دېگەن مەنىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**قاراقلىق** سۈپ ① قارايدىغان، قارىتىلغان، توغرىلانغان: كۈن چىقىشقا قاراقلىق دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان قوش كىشىلىك ياغاچ كارىۋات ئۆينىڭ يېرىمىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ئۇنىڭدا ئۈستىگە ئاق ئەدىيال يېپىلغان جەسەت سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ② قاراۋاتقان، قاراپ تۇرغان: تاجىنساخان موماي كالىڭ سۈپىسىدا دېمى سىقىلىپ، تورۇسقا قاراپ ئۇھ تارتىپ ياتاتتى. گۈلەندەم بىلەن دىلبەر ئۇنىڭ بېشىدا قاراقلىق ئىدى. * چۆچۈمەڭلەر ئاق قۇلار، نېمە ئانچە ھودۇقۇش؟! ئوۋچى ھەردەم قاراقلىق، بۇندا يوقتۇر قارا قۇش. ③ تەۋە، ئىلكىدە: يۇرتتىن نېرى بارماي-مەن، جان دۈشمەنگە قاراقلىق. زالىملارنىڭ زۇلمىدا، تولا كىشى قاماقلىق.

**قارا-قۇرا** قارا ۋە قارىغا مايىل رەڭدىكى،

قارا كۆرۈنىدىغان: ئەتراپ ئاق قار بىلەن قاپلانغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋامۇ بىرئاز ئېچىلىپ قالغان بولغاچقا، خېلى يىراقتىكى قارا-قۇرا نەرسىنى ئوڭاي پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. * ئۇ ئورۇندۇقنى سۈرۈپ كارىۋاتقا يېقىنلاشتى. قارا-قۇرا داغ چۈشكەن مۇراتنىڭ چىرايىدا كۆلۈمسىرىگەندەك بىر ئالامەت بار ئىدى. // ئۇلار ھەيرانلىق بىلەن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، مۇتەللىپنىڭ يۈز-كۆزلىرىدىكى قارا-قۇرىغا، بېشىدىكى ئۇزۇن كۆلاغا قارىشاتتى. * مەن ئۇنى دائىم مايلىشىپ كەتكەن ئىش كىيىمى كىيگەن، يۈز-كۆزىگە قارا-قۇرىلار يۇقۇشۇپ قالغان ھالەتتە كۆرۈپ يۈرەتتىم.

**قارا-گۆجۈر** دىئال. ① تەۋەككۈلچى، قارام. ② قارىسىغا.

**قاراڭغۇ** ① سۈپ. نۇردىن، يورۇقتىن خالى، يورۇق ئەمەس؛ كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان: قاراڭغۇ ئۆي. قاراڭغۇ كېچە. قاراڭغۇ جاڭگال. * قاراڭغۇ يولنى قاراقچى بىلەر (ماقال). * — ئاي ياخشى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئەپەندىم، — نېمشقا دېسىڭىز، ئاپتاپ دېگەن كۈندۈزى چىقىدۇ، ئاي بولسا قاراڭغۇ كېچىنى يورۇتىدۇ. ② ئى. يورۇق ئەمەس، نۇرسىز ھالەت: ئاي قاراڭغۇسى. تۈن قاراڭغۇسى. قاراڭغۇ چۈشمەك. قاراڭغۇ باسماق. تاڭ قاراڭغۇسى. * قاراڭغۇنىڭ كۆزى يوق (ماقال). * ھېيتتا خوتۇن ئالما، قاراڭغۇدا ئوتۇن ئالما (ماقال). * 23-ئاپرېل كۈنى دوختۇرخانىدىن — سىزنىڭ يېنىڭىزدىن قايتىپ چىققان كۈنى، كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كېلىۋاتقاندا مەكتەپكە يېتىپ كەلدىم. ③سۈپ. كۆچمە. زۇلمەتلىك، مۇدھىش، دەھشەتلىك: — مەن بۇ قاراڭغۇ دوزاختىن قۇتۇلۇپ كەتسەملا بولغىنى! — دېدى ئۇ. * نېمشقا زاغرىنى تويۇپ يېمىدىڭ؟ تىنماستىن ئىشلەپمۇ باينىڭ ئۆيدە. قاراڭغۇ ئۆتمۈشنى ئەسلىسەڭ، دىلىڭ ئېزىلەر ناخشاڭنىڭ مۇڭلۇق كۈيىدە. ④ سۈپ. رۇخسەت قىلىنمىغان، ئاشكارا ئەمەس، يوشۇرۇن، مەخپىي: قاراڭغۇ بازار. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ئېنىق ئەمەس، نائېنىق، تۇتۇق، نامەلۇم: مەن ئۇچۇن يىگىتنىڭ قانداق ئادەملىكى بۇرۇنقىدەكلا قاراڭغۇ ئىدى. * كېلەچەكتە نېمە ئىشلار بولىدۇ، بۇ ماڭا قاراڭغۇ، مەن كۆز ئالدىمدا ئىككىلا يولنىڭ بارلىقىنى بىلىمەن. * شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، بىزنىڭ ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي تۇرمۇشىمىزدا يەنە بەزى قاراڭغۇ تەرەپلەرمۇ بار.

**قاراڭغۇ ئەنزە** <قا> يېپ ئۇچى تېپىلمىغان ئەنزە.

**قاراڭغۇ بازار** رۇخسەت قىلىنمىغان ياكى يەڭ ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا، مەخپىي، يوشۇرۇن قىلىنغان تىجارەت ۋە شۇنداق سودا قىلىدىغان جاي: — كىم سىزنى قاراڭغۇ بازار بىلەن شۇغۇللانسۇن دەپتۇ؟ — دەپ تەھدىت سالدىم مەن. * بۇنى ئىنتايىن ياخشى بىلگەن بىر جۇپ مويسىپىت ئۇ يان ئۆيلاپ، بۇ يان ئۆيلاپ، ئاخىرى بىر كىشىلىك ئاشلىق نورمىسىنى يەڭ ئىچىدە قاراڭغۇ بازار نەرخىدە سېتىپ، ئوتۇن-ياغاچ، ئوتياشنىڭ غېمىنى قىلىشتى.

**قاراڭغۇ بازارچى** رۇخسەت قىلىنمىغان، يوشۇرۇن سودا بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: قاسىم ھازىر ئەپچىل قاراڭغۇ بازارچى بولۇۋالغانىدى. * بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا مۇشۇ چايخانىدا چاي ئىچىۋاتسام، بىرقانچە قوراللىق كىشىلەر كېلىپ، قولۇمدىكى ناننى تارتىۋېلىپ: — نان ساتىدىغان قاراڭغۇ بازارچى ئىكەنسەن، — دەپ مېنى قاتتىق ئۇرۇپ كەتكەنىدى.

**قاراڭغۇ بازارچىلىق** قاراڭغۇ بازار تىجارىتى، قاراڭغۇ بازار سودىسى؛

مەخپىي، يوشۇرۇن سودىلىشىش: بۇندىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى مەتسىيت قاراڭغۇ بازارچىلىقتا ھەددىدىن ئېشىپ، بازار تەرتىپىنى قالايمىقان قىلغانىدى.

**قاراڭغۇ بازار قىلماق** رۇخسەت قىلىنمىغان، يوشۇرۇن تىجارەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ مەخپىي سودا قىلماق، يەڭ ئىچىدە سودا قىلماق: — سەن ھازىرنىڭ ئۆزىدە قاراڭغۇ بازار قىلىشنى توختىتىپ، ئۆسۈمگە تارقاتقان پۇلنى دەرھال بىكار قىلىشىڭ كېرەك! -- دېدى ئۇ قاتتىق ئاۋازدا. * قاراڭغۇ بازار قىلساق، تۇتۇۋالىدۇ بىركىم. چاپلىۋەتسەڭ بولمامدۇ، تۇيماي قالىدۇ ھېچكىم.

**قاراڭغۇ تەرەپ** بىرەر مەسىلە ياكى ئىشنىڭ ئوڭۇشسىز، سەلبىي ۋە ناچار تەرىپى: مەسىلىنىڭ يورۇق تەرەپلىرىنى ئويلاش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ قاراڭغۇ تەرەپلىرىنىمۇ ئويلىشىمىز لازىم. * بۇ ئەھۋاللار پارتىيىنىڭ ئابرويىغا ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزدى. بىز پارتىيىدىكى بۇ قاراڭغۇ تەرەپنى مۇبالىغە قىلىشقا ھەرگىز يول قويمايمىز، شۇنداقلا ئۇنى ئېچىپ تاشلاشتىن ھەرگىز قورقمايمىز.

**قاراڭغۇ جاڭگال** ① بۈك-باراقسان بولۇپ، زىچ، قويۇق ئۆسكەن، كۈن نۇرى چۈشمەيدىغان ئورمانلىق. ② كۆچمە. ئاسان چۈشەنگىلى، بىلگىلى، ئايرىۋالغىلى بولمايدىغان؛ ئىنتايىن چىگىش، مۇرەككەپ: ئاددىي مەسىلە ئىدى. كۆپتۈرۈپ قاراڭغۇ جاڭگاللا قىلىۋەتتىڭغۇ.

**قاراڭغۇ چۈشمەك** كەچ بولۇپ ئەتراپ قاراڭغۇ بولماق، قاراڭغۇلاشماق، كەچ كىرمەك: قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن مەزگىلدە، ئۇلار مەنسۇر شاكىيۇ بىللە ئەختەمباينىڭ يوغان دەرۋازىسىدىن كىرىپ كەلدى. * ئۇلار بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلگەندە خېلىلا قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى.

**قاراڭغۇ دالان** دەرۋازىدىن كىرىدىغان جايدىكى تۆپىسى يېپىلغان دالان.

**قاراڭغۇدا ھومايماق** ئالدىدا بىرنەرسە دېيەلمەي ئىچىدە قاتتىق نارازىلىق قىلماق، خۇپىيانە ھومايماق: گېپىڭ بولسا ئوچۇق دە، قاراڭغۇدا ھومايماي.

**قاراڭغۇ رېئاكسىيە** <بىئول> يېشىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ فوتوسىنتېز رولى جەريانىدا، ئېنزىملارنىڭ كاتالىزاتورلۇقىدا ئېلىپ بارىدىغان خىمىيۋى رېئاكسىيىسى.

**قاراڭغۇچىلىق** ئى. قاراڭغۇلاشقان ھالەت؛ قاراڭغۇلۇق: ئاز ۋاقىتتىن كېيىن جاھاننى قاراڭغۇچىلىق بېسىپ، ھەيۋەتلىك دىۋە كېلىپ كۆۋرۈك ئۈستىدە تاق توختاپتۇ. * ئەپسۇسكى، ئۇ بۈگۈنكى كۈندە ئۆزىنىڭمۇ مەجنۇن سۈپەت ھالدا تېنەپ-تەمتىرەپ، بۇنداق قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە، بۇ دەريا بويىغا يالغۇز باش ئېلىپ چىقىدىغانلىقىنى ھېچ ئويلاپ باقمىغانىدى.

**قاراڭغۇلاتماق** پ. قاراڭغۇ ھالەتكە كەلتۈرمەك، قاراڭغۇلاشتۇرماق: ئۆينىڭ ئىشىك-دېرىزىلىرىگە پەردە تارتىپ، ئۇنىڭ ئىچىنى قاراڭغۇلىتىش لازىم.

**قاراڭغۇلاشتۇرماق** «قاراڭغۇلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچكى كۈگۈم پەردىسى شىپاخانا ھويلىسىنى غۇۋا قاراڭغۇلاشتۇرۇپ تۇراتتى. * بىرىيولىلا دادا-ئانىدىن ئايرىلىپ قېلىشنىڭ ئەلەمى يۈرەك تارىمنى تىلدى، كۆز ئالدىمنى قاراڭغۇلاشتۇردى.

**قاراڭغۇلاشماق** پ ① قاراڭغۇ بولۇشقا باشلىماق، بارا-بارا قاراڭغۇلۇق بىلەن قاپلانماق، بارغانسېرى قاراڭغۇ بولۇپ كەتمەك، قاراڭغۇلۇققا چۆممەك: ئۆي ئىچى قاراڭغۇلاشتى. * كەچ كىرىپ ئەدلىيە مەھكىمىسى قاماقخانىسىنىڭ ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. * جاھان بارغانسېرى قاراڭغۇلاشماقتا،

شۋىرغان ۋە قار بارغانچە كۈچەيمەكتە ئىدى. ② قاراڭغۇلۇق تىقىلماق، قاراڭغۇ بولغانداك بىر ھالەت پەيدا بولماق: كۆزى قاراڭغۇلاشماق. كۆڭلى قاراڭغۇلاشماق. * ئالىمجاننىڭ بېشىغا بىرى قاتتىق ئۇرغانداك، ئايلىنىپ، كۆزلىرى قاراڭغۇلاشتى. * كىشىلەر ئارغامچا ئارقىلىق ئۇلارنى تارتتى. شۇ چاغدا چاپانداك بىر مۇز پارچىسى يېرىلىپ كېتىپ ئالىمجاننىڭ دەل پېشانىسىگە تەگدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ③ كۆچمە. مۇجمەللەشمەك، ئېنىقسىز بولۇپ كەتمەك، چىگىشلەشمەك (مەنە، چۈشەنچە ۋە مەسىلە، ئىش قاتارلىقلار ھەققىدە): مەسىلە ئايدىڭلاشمىدى، بەلكى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتى. * بۇ مەسىلە ئايدىڭلىشىش يىراقتا تۇرسۇن، بەلكى تېخىمۇ قاراڭغۇلىشىپ بېرىۋاتىدۇ.

**قاراڭغۇلۇق** ① «قاراڭغۇ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تاڭ سەھەر قاراڭغۇلۇقى كەتمەستىنلا ئېتىز يوللىرى قىغ يۆتكەۋاتقان ئەزالار بىلەن تولدى. * كۆزدىكى كۆرۈش كۈچى بىلەن سىرتقى نەرسىلەرنىڭ رەڭگى، شەكلى، ھەرىكىتى، يورۇقلۇقى، قاراڭغۇلۇقى، يېقىن-يىراقلىقى سېزىلىدۇ. ② ئى. نۇر، يورۇقلۇق بولمىغان، قاراڭغۇ ھالەت ياكى جاي: شۇ چاغدا، قاراڭغۇلۇقتىن بىرى «مەن، چوڭ ئاپا» دېدى. ③ سۈپ. يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلەنگەن بەزى كىشىلىك ئالماشلارغا بېقىنىپ كېلىپ «ئېنىق، ئايدىڭ ئەمەس، مۇجمەل، گۇمانىي، گۇمانلىق» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ: ئۇنىڭ ھاياتىنى ئەسلىسەم، ئۇنداق تۇرمۇشنى كۆڭلۈمدە پۈتۈنلەي ئىنكار قىلاتتىم. ماڭا قاراڭغۇلۇق، ئۇنىڭ قىلغىنى زادى توغرىمۇ، توغرا ئەمەسمۇ؟ * ناھىيىدىكىلەر بۇ ئىشتىن قانداقىسىگە خەۋەر تاپتىكىن تاڭەي، ئۇ تەرىپى ماڭا قاراڭغۇلۇق. ④ ئى. كۆچمە. غەشلىك؛ تەشۋىش، غەم؛ غەپلەت؛ زۇلمەت؛ ۋەھىمە: — ماڭا قاراڭلار ئانىسى، — دەيتتى مۆمىن ئاكا ھەمراخانغا يىلىنىپ، — بارسۇن، بىزنىڭ ۋاقتىمىزدا ئوقۇۋالسۇن! يۇرت كۆرۈپ، شەھەر كۆرۈپ كۆزى ئېچىلسۇن! بىزدەك نادان بولۇپ قاراڭغۇلۇقتا قالمىسۇن! * «ئۇنىڭ ماڭا قىلغانلىرى يەتمەمدۇ؟ مېنىڭ ياشلىق باھارىم مۇشۇنداق قاراڭغۇلۇق ئىچىدە خاراب بولۇپ كېتەمدۇ؟ مەن بىر تىرىك ئادەمغۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ ئايال ئىچىدە.

**قارال** ئى. تارس. كۆزلىگەن نىشان، چۈشكۈن قىلىدىغان جاي، قارارگاھ: كۈنلەرنىڭ بىركۈنى غېرىب بىلەن شاھ سەنەم ۋەدە قىلىشىپ ئېيتتىكى: «ئەتە مۇشۇ قارالغا قايسىمىز بۇرۇن كەلسەك، كېيىن كەلگىنىمىزدىن توققۇز بۆسە ئېلىپ، توققۇز دانە گۆھەر ئۇتتۇۋالساق» دەپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشتى. * شۇ كېچىسى تاڭ ئاتقۇچە شاھ سەنەمنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمىدى. سۈبھى ۋاقتىدا ئورنىدىن قوپۇپ، بەلگىلىگەن قارالغا كېلىپ ساقلاپ ئولتۇردى.

**قارالما** ئى. يىغىندا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان، قاراپ چىقىلىدىغان بىر قاتار مەسىلىلەر، كۈنتەرتىپ: چۈشتىن بۇرۇنقى يىغىندا ئاساسلىقى يىغىن قارالمىلىرى مۇزاكىرە قىلىندى. * يىغىندا، ئالدى بىلەن قارالمىلار ۋە كۈنتەر-تىپ ماقۇللاندى.

**قارالماق** «قارىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىزامىدىن ئۆز ئەترەتلىرىگە شۇ يىغىندا قارالغان ئىشلارنى يەتكۈزمەكتە ئىدى. * ئادەم بەدىنىنىڭ ساق-سالامەت تۇرۇشى ياكى كېسەل بولۇشى ئۈچۈن، بۇ تۆت خىل ماددىنىڭ چوڭ مۇناسىۋىتى بار دەپ قارىلىدۇ.

**قارام** I سۈپ. ① ھەرقانداق ئىشنى

ئۇنىڭ قانداق نەتىجە بېرىدىغانلىقى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايلا تەۋەككۇلىگە قىلىدىغان؛ تەۋەككۇلچى: قارام ئادەم. قارام يىگىت. * بۇ زاۋۇتتا ھېچكىمدىن قورقمايدىغان قارام كىشىلەر بار ئىكەن، ئۇلار بۇنداق قىلىپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ * ئۇ 30 ياشلاردا بار، بەستلىك، گېپى ئوچۇق، خۇش چاقچاق يىگىت بولۇپ، سەل قارامراق ئىدى. // ئېلشا ھېكايىنى تۈگىتىپ، ئېلىقۇلغا قاراپ قويدى: — مانا شۇنداق، قارامنىڭ بېشى تاشقا، زېرەكنىڭ ئېغىزى ئاشقا دېگەن گەپ بار، پەمى يوق كىشىنىڭ، مەزىسى يوق ئېشىنىڭ ② باتۇر، قورقماس: ھاراق تەگلەپ تۇرغان روھى چۈشكۈن، ئاۋازى زەئىپ، قىياپىتى ئېچىنارلىق، بىچارە بۇ شەخس ئەينى يىللاردا ھۆركىرەپ تۇرغان قارام يولۋاس ئەمەسمىدى؟ * مەخسۇت مۇھىتى بېشىنى لىڭشىتىپ قويۇپ مۇنداق دېدى: — ھاجىنى جەڭ مەيدانىدا ناھايىتى قارام دەپ ئاڭلايمەن، راستمۇ؟ * ھەربىر ئىشدا ئۇ چېچەن، قارام، تۈگىتىپ ئىشنى ئالىدۇ ئارام. ③ كۈچلۈك؛ زور؛ قارا: ئىنسانلار تەبىئەتنىڭ قارام كۈچلىرى ئۈستىدىن غالىب كېلىش ئۈمىدىنى شۇ سەۋەبتىن ئەنە شۇنداق «ئىلاھ» لارغا بېغىشلىدى ۋە ئۆز غايىسىنى شۇ «ئىلاھ» نىڭ كۈچى بىلەن رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى.

**قارام بولماق** تەۋەككۇلىگە، قارامىلىق بىلەن ئىش قىلماق؛ ئالدىراڭغۇلۇق قىلماق: ئامراق بولساڭ ئۆزۈڭشتە بولمىغىن قارام، يۇمران شاخنى ئېگىپ ئال، سۇندۇرۇپ ئالما. ئالمىسىنى ئۈزسەڭلا بولمايدۇ تامام، كېلەر يىلمۇ شۇ شاختا بولىدۇ ئالما.

**قارام** II سۈپ. قاراشلىق، تەۋە، قارىمىقىدىكى، قارايدىغان؛ ئەركىسىز، بويسۇنىدىغان: بۇنىڭغا قوبلەي بىر تېيىنمۇ خەجلىمەيدىكەن. ھۆكۈمەت ئازراق خىراجەت بەرگەندىن سىرت، كۆپرەك بىر بۆلىكى ئۆتەڭلەرگە تەۋە پۇقرالارغا يۈكلىنىدىكەن. ئۆتەڭلەرگە قارام بولغان پۇقرالار دائىم بار بىساتلىرىدىن ئايرىلىپ، ھەتتا خوتۇن-بالىلىرىنى سېتىۋېتىدىكەن. * — سىلەر ياخشىلىرىم، بۇ قىسقا ئويلىشىڭلار بىلەن ئۆز پۇتۇڭلارغا ئۆزۈڭلار پالتا چېپىپ، يەنە قېپچاقلار قولىغا قارام بولسىلەر! مېنىڭ تۇۋامنى، ئەڭ بولمىغاندا، ئۆزۈڭلار ئۈچۈن قوبۇل قىلىڭلار! — دەپ نەسىھەت قىلدى ئۇ. * قۇل، قارام بولۇپ ياتقۇچە، قانخور ئامبال قولىدا. ئۆلۈپ كەتسەك ئارمان يوق، ھەققانىيەت يولىدا.

**قارام بولماق** ئىلكىدە بولماق، تەۋە، قاراشلىق بولماق؛ بېقىنماق، قارىماق: بۇ ئائىلە شەكلىدە بىر تۇغقانلار ئارىسىدا ئۆزئارا نىكاھلىنىش چەكلەنمەيدۇ، ھەتتا بىر ئۇرۇق-جەمەتتە بىر ئەرگە بىرنەچچە ئايال قارام بولىدۇ. نەسىل ئانا تەرەپكە قاراپ بەلگىلىنىدۇ. * قەشقەرىيە ھازىر ئىسمى ئاتاپ ئۆتۈلگەن مىللەتلەرنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇملىرى جەريانىدا، ئىچكى جېدەل-ماجىرالار تۈپەيلىدىن پارچە-پارچە بۆلۈنۈپ كەتكەن. قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ ۋە باشقا ئۆلكە ياكى رايونلار بىرمەھەل ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل بولۇۋالغان، ئارقىدىنلا بىر-بىرىگە بېقىنىپ قارام بولغان.

**قارام قىلماق** ئۆزىگە قاراتماق، بېقىندۇرماق، بويسۇندۇرماق: — مەقسىتى ناھايىتى ئوچۇق! — دېدى ھاجى، — بىرى مىڭبېشى بولماقچى، ئىككىنچىسى نارمۇھەممەتنىڭ ئورنىغا مىنمەكچى، ئۈچىنچىسى يەنە بىر شەھەرنى ئۆزىگە قارام قىلماقچى.

**قارامتۇر** (توغرىسى: قارامتۇل) ← قارامتۇل.

**قارامتۇل** سۈپ. قارىغا مايىل، ئاچ قارا،

سەل قارا: دېكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، سوغۇق بىر كېچە ئاسماننى قارامتۇل بۇلۇت قاپلىغان. * مەن پات-پات «بەخت» دادۇيىنىڭ شۇجىسى قۇربان ئاكىغا قاراپ قوياتتىم. ئۇ ئوتتۇرا بويلۇق، يېشى 50 تىن ھالقىغان قارامتۇل ئادەم بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى «قۇربان قارا» دېيىشەتتى.

**قارامتۇل بامبۇك** <بوت> بامبۇكنىڭ ئۆزگەرگەن بىر تۈرى. غولىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە-سەككىز مېتىر، بوغۇم ئارىلىقلىرى چوڭ كېلىدۇ.

**قارامتۇللاشماق** پ. قارامتۇل بولماق، قارامتۇل ھالەتكە كەلمەك، قارايماق: ئىشپىيوننىڭ شۇ ۋاقىتتىكى تۇرقى تېخىمۇ ۋەجىكلىشىپ، يۈزى ياتاقنىڭ غۇۋا يورۇقىدا تېخىمۇ قارامتۇللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى.

**قارامتۇللۇق** «قارامتۇل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قاراملارچە** رەۋ. قارام كىشىلەرگە خاس، قاراملارغا ئوخشاش؛ قاراملىق بىلەن: ھامىت ئاخىر يەنە باشقا كەلگەننى كۆرەي دەپ، قاراملارچە يول تۇتۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن كەنتىگە — ئاتا-ئانىسىنىڭ يېنىغا قايتىپ كەلدى. * — ئوغلۇم، ئويۇندىمۇ بىرىنچى بولىمەن دەپ قاراملارچە شوخلۇق قىلساڭ، مانا مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالىسەن. ئەمدى قانچە كۈنلەپ دەرسىڭدىن قالىدىغان بولدۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن مۇنداق قاراملىق قىلما، — دېدى نەسىھەت قىلىپ.

**قاراملىق** I ① «قارام I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قاراملىق قىلماق. * ئورۇنسىز قاراملىق ئەقىلسىزلىقنىڭ بەلگىسى. * دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان تەلۋىلەرچە قاراملىقى، كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدىكى زىرەك ۋە چېۋەرلىكى بىلەن داڭقىنى چىقىرىپ، ھەممىگە تونۇلۇشقا باشلىدى. ② ئى <پەلس> تەۋەككۈلچىلىك.

**قاراملىق قىلماق** ئويلاشماي، ئويېيكتىپ ئەھۋال ۋە ئۆزىنىڭ شەرت-شارائىتىگە قارىماي قارىسىغا ئىش قىلماق، تەۋەككۈلچىلىك قىلماق: دۈشمەن بىلەن كۈرەش قىلغاندا ئەقىل-پاراسەت بىلەن ئىش قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ قاراملىق قىلىپ ئۆزىنى دۈشمەنگە تۇتۇپ بېرىشكە بولمايدۇ. * كىشىلەر تەرەپ-تەرەپتىن: — يولداش، خەتەرلىك! ماي تۇڭلىرى پارتلاپ كېتىدۇ، قاراملىق قىلماڭ! — دەپ چۇرقىرىشاتتى.

**قاراملىق** II «قارام II» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قارانچۇق** ئى ① كۆز-قۇلاق بولغۇچى، قارىغۇچى: تۇغلىرى پارقىراپ تۇرىدىغان كاناتە قۇلاق بۇ كۈچۈك شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ بىردىنبىر ھەمراھى، بىردىنبىر سىردىشى ۋە بىردىنبىر قارانچۇقى ھېسابلىناتتى. ② زىرائەتلەرنى ئۇچار قۇشلارنىڭ، بەزى ھايۋانلارنىڭ يەپ كېتىشى، بۇزۇۋېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئېتىزنىڭ ئىچىگە تىكىپ، ئۈستىگە كونا كىيىم-كېچەكلەرنى كىيدۈرۈپ ئادەمگە ئوخشىتىپ قويۇلىدىغان بىر خىل جازا، شەكىل: ساتمىسىدا ئادەم تۇگۈل، بىرەر قارانچۇقمۇ كۆرۈنمەيدىغان قوغۇنلۇقلار مېنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى. * ئۇلار سۇلتاننىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، قوغۇننى كېچە-كۈندۈز مۇھاپىزەت قىلىشنى كۈچەيتتى. بىرقانچە يەرگە قارانچۇق تىكتى. چۈشلۈكى ھەممىسى ئىسسىقتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، گەمىدە، كېمىر ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا سايىداپ ياتقاندا قوغۇنلۇق ئارىلاپ، ئەسكى داس چېلىپ، قارانچۇققا پىسەنت قىلمىغان شور تۇمشۇق قاغىلارنى قوغلايتتى. ③ كۆچمە. رەسمىيەت ئۈچۈنلا قويۇلغان، ھېچقانداق رولى يوق

نەرسە: — سېنىڭ ئۇ قارانچۇقلىرىڭ نەشىنى ئۆلگۈدەك چېكىشىپ خۇدىنى بىلمەي قوناقلىقتا ياتىدۇ، — دېدى ئۇ. * ئۇنىڭ ھېچنېمىگە كۈچى يەتمەيدۇ. ئۇ پەقەتلا بىر قارانچۇق.

**قارانچۇق بولماق** ① كۆز-قۇلاق بولماق، قارىماق، كۆزەتمەك: «باللار يەسلىسى» دەپ ئاتالغان بۇ پەردە-پېزا بويىچە، پەردە-بۆشۈكتە بولۇپ، 10ـ15 بالىغا بېشى 80 دىن ھالقىغان ئايسخان ئانا قارانچۇق بولاتتى. * تاجىئاخۇن ئاكا سىرتقا قارانچۇق بولغاچ، ئىشىك ئالدىدا تال چىۋىقتىن سېۋەت توقۇپ ئولتۇراتتى. ② كۆچمە. ھېچقانداق رولى بولماسلىق، رەسمىيەت ئۈچۈنلا تۇرماق: — بولۇپتۇ، تۇرسا تۇرمامدۇ قارانچۇق بولۇپ، — دېدى ئاكام ئۇنىڭغا پەسەنت قىلماي.

**قارانچۇقسىز** سۈپ. قارايدىغان ئادىمى، ئىگە-چاقىسى يوق؛ ئىگىسىز: ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تارتىپ: — جۇر دىلشات، «يېڭى ھايات» مەھەللىسىدە بىر قارانچۇقسىز موماينى تاپتىم، شۇنى ئۆز ھىماتىمىزغا ئېلىپ، ئىش-كۈشلىرىنى قىلىپ بېرەيلى، قىزلارمۇ بارىدۇ، — دېدى. // ئۆزۈم ئاقسۇ كونىشەھەرلىك، كىچىككىنە بالامنى دەپ، قارانچۇقسىز قالغان قېرى ئاتا-ئانامنى دەپ، سەپداشلىرىم بىلەن بىللە ئۈچ ۋىلايەتكە كەتمەي ئىختىيارىم بىلەن ئۆز يۇرتۇمدا قالدىم.

**قاراۋۇل** ئى ① بىرەر جاينىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئامانلىقىنى قوغداش، مۇھاپىزەت قىلىش، كۆزىتىش ئىشىنى ئورۇنداشقا قويۇلغان كىشى؛ پوست، ساقچى: ئىرپان بىرھازادىن كېيىن قورۇل ئېغىزىدىن بىخەتەر ئۆتۈپ كەتتى ۋە ئېگىزلىكتە قاراۋۇل بولۇپ تۇرغان مىللىي ئارمىيە كىشىلىرىگە ئۇچراشتى. * خىزمەت بىناسىدىن سېپىلدەك ئېگىز تام بىلەن ئايرىلىپ تۇرغان قاماقخانا پوتىيىدىلا قورالىق قاراۋۇل بولۇپ، ئۇ يۇرت مۆتىۋەرلىرى ئېلىپ كىرىلگەن زالدىن كۆرۈنمەيتتى. ② <ئەرەب> بىرەر ئوبيېكتنى ساقلاش، مۇھاپىزەت قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان ھەربىي بۆلۈنمە: مەن شەرقىي دېڭىز ئالدىنقى قاراۋۇلدىكى بىر زەمبىرەكچىلەر ئىستىھكامىغا باردىم.

**قاراۋۇل بېكىتى** <ئەرەب> دۆلەت چېگرىسىدىكى قاراۋۇلخانا.

**قاراۋۇلخانا** ئى <ئەرەب> ۋەزىپە ئۆتەۋاتقان قاراۋۇللار تۇرىدىغان جاي: ئاق ۋە قارا رەڭ بىلەن يول-يول قىلىپ بويالغان قاراۋۇلخانا يېنىدا قاراۋۇل قىمىر قىلماي تۇراتتى. * — مۇبادا، ھازىر قاراۋۇلخانىنى دۈشمەنلەر ئىگىلىگەن بولسىچۇ؟ داۋاندىن ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بۇنىڭدىن باشقا يولمۇ بارمۇ، دادا؟ — قىز بۇ سوئالنى ھەر ئېھتىمالغا قارشى سورىغانىدى.

**قاراۋۇلسىز** سۈپ. قاراۋۇلى يوق، قاراۋۇل تۇرمىغان: 400 قەدەملەپ ماڭغاندىن كېيىن. قورغاننىڭ شەرقىي جەنۇبىي دوقمۇشىغا يېتىمىز، بۇ دوقمۇشتىمۇ ئاۋۋىنقىغا ئوخشاش قاراۋۇلسىز مۇنار ئۇچرايدۇ.

**قاراۋۇللۇق** «قاراۋۇل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قاراۋۇللۇق قىلماق. قاراۋۇللۇق چازىسى. * ئىككى قارا گەۋدە راستىنلا گومىنداڭنىڭ كېچىلىك قاراۋۇللۇققا چىققان چېرىكلىرى ئىدى. * قەبرىستانلىقتىكى پاجىئەدىن كېيىن، بىرەر ھەپتە ئۆتكەندە، شەھەر يولىدىكى بىرىنچى ئۆتكەلدە قاراۋۇللۇقتا تۇرغان، يىگىتلەر سالى دورغىنىڭ ئۆيىگە ئىككى مېھمان باشلاپ كەلدى.

**قاراۋۇللۇق چازىسى** <ئەرەب> دۆلەت چېگرىسى ياكى مۇھىم يوللارغا قۇرۇلىدىغان قاراۋۇللۇق پونكىتى.

**قاراۋۇللۇق قىلماق** بىرەر جاي، ئادەم،

ۋە نەرسە قاتارلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىنى، ئامانلىقىنى قوغدىماق، مۇھاپىزەت قىلماق: پولك كوماندىرى بۇ چاغدا شەھەر تېشىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان ئەسكەرلەر بىلەن ساقچى كۆزەتچىلىرىنىڭ كېچىدىكى ئىشلەش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈش ئۈچۈن كېتىۋاتقانىدى. * مەن ماشىنىدىن چۈشۈپلا ئادىل شۇجى بىلەن كۆرۈشمەن دەپ ئويلىغانىدىم، بىراق، دادۇي قورۇسىدا قاراۋۇللۇق قىلىۋاتقان بىر بوۋايدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى.

**قارايتماق** «قارايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۈنپېتىش تەرەپتىن بېسىپ كەلگەن قاراڭغۇلۇق قۇياش يۈزىنى قارايتىپتۇ. * يانىۋارنىڭ قاتتىق سوغۇقى ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ھەرىدەك چېقىپ قارايتىۋەتتى.

**قارايماق** پ. قارا ھالەتكە كەلمەك؛ قارا رەڭگە، تۇسكە كىرمەك؛ قارىداماق: ئۇنىڭ بۇ كۆڭلىكى ئەسلىي ئاق خامدىن تىكىلگەن بولسىمۇ، كېيىن كىردىن قارىيىپ كەتكەنىدى. * ئۇ يەردە تۈكلىرى چۈشۈپ، تېرىسى كىرلىشىپ قارىيىپ كەتكەن كونا كورەك جۇۋىنى يۆگىنىۋالغان كېرەملا تۇراتتى. * ئۇلارنىڭ چىرايلىرىمۇ قارىيىپ قالغانىدى، بولۇپمۇ لۇتپۇللا ھەممىدىن بەك قارايغان، بويىمۇ خېلىلا ئۆسۈپ قالغانىدى. * — سەن قەيەرلەردە يۈرۈپ بۇنچىلىك قارىيىپ كەتتىڭ؟ — دەپ سوراشتى باللار.

**قارت** I تەق. بىردىنلا قاتتىق قورقۇش، چۆچۈش ياكى ئەندىكىش روھىي ھالىتىنى بىلدۈرىدۇ: بىركۈنى قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئاران ئۆيگە باردىم-دە، ئىشىكنى ئېچىش ئۈچۈن قولۇمنى ئاپىرىپ ئىتتىك تارتىۋالدىم. يۈرىكىم «قارت» قىلىپ قالدى. * يول بويىدىكى قويۇق دەرەخلەر قاتارىدا پۇتاقلىرى ھەر تەرەپكە يېيىلىپ تۇرغان بىر توپ ياغاچ دەرىخگە كۆزۈم چۈشتى-دە، يۈرىكىم «قارت» قىلىپ، ئىختىيارسىز ئەندىكىپ كەتتىم.

**قارت قىلماق** بىردىنلا قاتتىق قورقماق، چۆچۈمەك، ئەندىكمەك: قانۇن دوختۇرى نورۇز ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيىگە قايتماقچى بولۇپ تۇرغاندا، ئوغلى تۇرغۇنىنىڭ قامالغانلىقىدىن خەۋەر تاپتى-دە، يۈرىكى «قارت» قىلىپ قالدى.

**قارت** II ئى. قۇرغۇينىڭ قۇيرۇقى ئەتراپىدىكى قارا سىزىقچە: — قۇرغۇي، — دېدى جالالىدىن يەھيارى، — تۆت قارت بولغاندا ئاندىن ئاڭنى ئالالايدۇ.

**قارتا** I ئى [ر] ① قاتتىق قەغەز، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ياسالغان، سۈرىتى ۋە رەڭلىرى بىلەن بىر-بىرىدىن پەرقلىنىدىغان مەخسۇس ئويۇن ۋاراقچىلىرى. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل چېكىتلەر، يەنە بەزىلىرىنىڭ ئۈستىدە ھەر خىل رەسىملىك بەلگىلەر بولىدۇ. ئۇنىڭ يەنە ۋاراق سانىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. بەزىلىرىنىڭ سانى 32 بولسا، بەزىلىرىنىڭ سانى 52 ياكى 54 بولىدۇ. كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بىر خىلى 54 دانە بولۇپ، قاغا، تاپان، غىش، چىللىكتىن ئىبارەت تۆت چوڭ تۈرگە ئايرىلىدۇ. ھەربىر تۈردە يەنە تۇز ( A )، كارول ( K )، ماتكا ( Q )، سولدات ( J ) بەلگىلىرى ۋە 2، 3، 4، 5، 6، 7، 8، 9، 10 رەقەملىك ۋاراقچىلىرى ھەم چوڭ شاھ، كىچىك شاھ بەلگىسى چۈشۈرۈلگەن قوشۇمچە ئىككى ۋاراقچىسى بولىدۇ: قايسى تەرەپ ئۇتتۇرغان بولسا، ئۇتقان تەرەپ ۋارقىراپ-جارقىراپ مەسخىرە قىلاتتى، بىر-بىرىنىڭ پېشانىسىگە قارتا چاپلاپ كۈلكە چىقىراتتى. ② شۇ خىل ۋاراقچىلار ئارقىلىق ئوينىلىدىغان ئويۇن:

ئۇلار قارتىنى كۆڭۈل قويۇپ جىددىي ئوينايتتى.

**قارتا** II ئى. دىئال. ئاتنىڭ توغرا ئۇچىيى، كۆتەن باش.

**قارتتىدە** رەۋ «قارت» قىلىپ، «قارت» قىلغان هالدا: «دەريادىن ئادەمنىڭ ئۆلۈكى چىقىپتۇ!» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ، تېنىم جۇغۇلداپ كەتتى. * كەلسەم ئىشىك ئوچۇق تۇرۇپتىكەن، كۆرۈپلا يۈرىكىم قارتتىدە قىلىپ كەتتى.

**قارتىچى** ئى. قارتا ئويناشنى ياخشى كۆرىدىغان، قارتا ئوينايدىغان كىشى: هويلىنىڭ بىر بۆلۈكىدە بەشلەگچىلەر، بىر بۆلۈكىدە قارتىچىلار، بىر بۆلۈكىدە قاتار ئوينايدىغانلار هەدەپ ئۆز ئويۇنلىرىنى ئويناشماقتا ئىدى.

**قارچىغا** ئى <زوئول> يىرتقۇچ قۇشلار تۈركۈمىدىكى بىر خىل ئوۋ قۇشى. تېنى قېنىق قوڭۇر، ئۈستۈنكى تۇمشۇقى ئىلمەك، تىرنىقى ئۆتكۈر، كۆرۈش قۇۋۋىتى يۇقىرى كېلىدۇ. قولغا كۆندۈرۈلسە، ئۇنىڭ بىلەن غاز، ئۆردەك، قىرغاۋۇل، پاختەك قاتارلىق قۇشلارنى ۋە ياۋا توشقانلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ: — ئەپەندىم، قارچىغىلار قېنى؟ — دەپ سوراپتۇ پادىشاھ. ئەپەندىم قاپىنىڭ ئاغزىنى يېشىپ قارىسا، قارچىغىلار ئۆلۈپ قالغانىكەن.

**قارچىغا كۆز** قارچىغىنىڭ كۆزىگە ئوخشايدىغان ئۆتكۈر ھەم چىرايلىق كۆز: هاشىر دۆيجاڭ 40 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان، قارچىغا كۆز، خۇش پىچىم، ئالدىرىماي يەتتە ئۆلچەپ بىر كېسىپ ئىش قىلىدىغان ئادەم ئىدى. * تەرتىپ مۇدىرىنىڭ قارچىغا كۆزلىرى ھەربىر ئوقۇغۇچىنىڭ ھەرىكىتىنى سىنچىلاپ نازارەت قىلماقتا.

**قارچىغىلىق** ئى. تۆشنىڭ ئىككى يېنىغا جايلاشقان قوۋۇرغىسىمان كۆمۈرچەك.

**قارس** تەق. ياغاچ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا، شاپىلاق بىلەن يۈز-كۆزگە ئۇرغاندا ۋە شۇ خىل ئەھۋاللاردا چىقىدىغان ئاۋاز: ئۇ ئاچچىقلىنىپ تاماكا خالتىسىنى يانچۇقىدىن ئالدى-دە: «ۋاي خۇنپەر، ھەممە بالا سەندىن بولدى، بۇنىڭدىن كېيىن تاماكا دېگەن نېمىنى ھەرگىز چەكمەسمەن!» دەپ غاڭزىسىنى تىزىغا قويۇپ قارس قىلىپ سۇندۇرۇپ تاشلىدى. * گۈلخان ئانا غەزىپىگە هاي كېلەلمەي مودەنگۈلنىڭ يۈزىگە قارس قىلىپ بىر كاچات سالدى. * ئۇلاردىن بىزەيلەن كېلىپ شىرە ئۈستىدىكى يېزىۋاتقان ئىلمىي ماقالەمنى يىغىشتۇرۇشقا باشلىدى. تاقەت قىلىپ تۇرالماي، ئۆزۈمنى شىرەگە تاشلاپ ماقالىنى تارتىۋالدىم، ئاڭغىچە كالتەك تۇتقان بىرى قولۇمغا «قارس» قىلىپ بىرنى سالدى.

**قارساق** ئى. دىئال. قارا تۈلكە.

**قارسسىدە** رەۋ «قارس» قىلغان هالدا، «قارس» قىلىپ: ياغاچ قارسسىدە سۇنۇپ كەتتى. * ئۇ رەھىمسىزلىك بىلەن بېدىكنىڭ ئېڭىكىگە قارسسىدە بىر پەشۋا ئاتتى.

**قارس-قۇرس** «قارس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: دەرەخلەرنىڭ تۈۋى قاپقاراڭغۇ ئىدى، ئادەم ئۆتىدىغان يوللاردا توڭلاپ قالغان كۆلچەك سۇلىرىنىڭ مۇزلىرى قارس-قۇرس قىلىپ سۇناتتى.

**قارسلداتماق** «قارسلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار قورۇپ كەتكەن جىگدە ياغاچلىرىنى هارۋىغا بېسىشقا قولايلىق بولسۇن ئۈچۈن قارسلدىتىپ سۇندۇردى ۋە بىر-بىرلەپ هارۋىغا باستى. * بالىلار دەريادىكى مۇزلارنى قارسلدىتىپ چاقتى. * ئەخمەت بۇ ئىشتىن دەرغەزەپكە كېلىپ هېلىقى لۈكچەكنى قارسلدىتىپ كاچاتلىدى.

**قارسلدىماق** پ «قارس-قارس» قىلىپ

ئاۋاز چىقارماق، «قارس-قارس» قىلماق: ياغاچ قارسىلداپ سۇندى. * بىرھازادىن كېيىن، قاتتىق قارسىلدىغان ئاۋاز بىلەن دەريا مۇزى ئوتتۇرىدىن يېرىلىپ چۈشۈپ كەتتى. مۇز ئۈستىدە تۇرغان نۇرغۇن چېرىكلەر سۇغا چۆكتى. * ئۈچكە چىقىپ مەن سۇنسام يارىمىغا مېغىز، قارسىلدايدۇ بىر ئەپلىك ئاغزىدا سېغىز.

**قارشى** ① سۈپ. تەرەپدار ئەمەس، ماقۇللىمايدىغان، ياقلىمايدىغان، قۇۋۋەتلىمەيدىغان؛ نارازى: بۇ ئىشقا كىم قارشى؟ * بۇ تەكلىپكە سىزدىن باشقا قارشى كىشى يوق. * — بۇ گېپىڭىزغۇ توغرا، — دېدى قۇتىدار، — مەنمۇ كومۇشنى تاشكەنتكە ئەۋەتىشكە قارشى. ② سۈپ. مەيدانى، چۈشەنچىسى، پىكرى، مەقسىتى، مەپكۇرىسى، مەسلىكى ۋە مەنپەئەتى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىدىغان؛ زىت، خىلاپ: بىر-بىرىگە قارشى تەرەپلەر. ئۆزئارا قارشى تەرەپلەر. بىر-بىرىگە قارشى گۇرۇھلار. * ئەگەر زىددىيەتنىڭ بىر تەرىپىنىڭ ئۆزىگە قارشى تەرىپى بولمىسا، ئۇ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇش شارائىتىدىن مەھرۇم بولىدۇ. ③ تىر. (يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ) بىرەر ئىش، نەرسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ باشقىسىدىن ساقلىنىش، ئۇنىڭ ئالدىنى ئېلىش، قايتۇرۇش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن قارىتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بۈرگىگە قارشى دورا. يانغىنغا قارشى ماشىنا. تانكىغا قارشى قورال. ھاشاراتلارغا قارشى دېھقانچىلىق دورىلىرى. ④تىر. (يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ) تەتۈرىچە، ئەكسىچە: ئېھتىمالغا قارشى. بەختكە قارشى. * بىركۈنى ئايخان سۇ ئەكەلگىلى كوچىغا چىققاندا، بەختكە قارشى كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر مەككار ۋەزىر بىلەن دوقۇرۇشۇپ قېلىپتۇ. ۋەزىر بۇ چىرايلىق خوتۇننى كۆرۈپ قېلىپ، ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىنى بىلىۋاپتۇ. ⑤ سۈپ. قارىمۇ قارشى، روبىرو؛ ئۇدۇل: كوچىنىڭ قارشى تەرىپى. * ئايگۈل قارشى تەرەپتىن كېلىۋاتىدۇ. * شانىياز مويسىپىتلارغا سالام بېرىپ، مەسچىت ئالدىدىن ئۆتكەندىن كېيىن مەسچىتنىڭ قارشى تەرىپىدىكى باشلانغۇچ مەكتەپكە كۆزى چۈشتى. // قارشىسىدا تۇرغان ئادەم. * بىلال ئەزىزى بىلەن تەۋەككۈل ئۇلۇغۇپ سېپىلنىڭ شىمالىي تەرەپ قارشىسىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ھازىر بولۇپ، شۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ تۇردى.

**قارشى ئالماق** ① كۈتۈۋالماق، ئالدىغا چىقماق: كېيىمىڭگە قاراپ قارشى ئالىدۇ، ئەقلىڭگە قاراپ ئۇزىتىدۇ (ماقال). * ئۇلار يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، قول ئىشارىسى بىلەن تېگىن ۋە نۆكەرلەرنى قارشى ئالدى. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەت ئەپەندىمنىڭ موڭغۇلكۈرەدىن سال بىلەن قايتىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، قارشى ئېلىشقا چىققانلار ئىدى. ② ماقۇللىماق، قوشۇلماق، رازىلىقىنى بىلدۈرمەك: — ئېتىز ئۈستى يەسلىسى، — دېدى ئابلىكىم، — ھەمكارلىق گۇرۇپپىدا ئەزالىرىنى خاتىرجەم قىلىدۇ. ئاددىي بولسىمۇ چوڭ ئەھمىيىتى بار. ھازىر بۇ ئىش بىرمۇنچە يەردە پەيدا بولدى، گېزىتتىن كۆرۈپتۇ، دېھقانلار قىزغىن قارشى ئالدى. * — ناھايىتى ياخشى، — دېدى جاپپارۇپ كۈلۈپ، — بايا تېخى يولداش ئابدۇخالىق تراكتور، ئاپتوموبىل توغرىسىدا ئېيتقان.

سىلەر ياردەم بەرسەڭلەر تېخى ياخشى، قارشى ئالىمىز.

**قارشى ئەرز** <قا> بىر دەۋادىكى جاۋابكارنىڭ دەۋاگەر ئۈستىدىن سوت مەھكىمىسىگە سۇنغان ئەرزى.

**قارشى تەرەپ** ئۆزىگە، ئۆز تەرەپتىكىلەرگە نىسبەتەن ئىككىنچى بىر كىشى، تەشكىل، تەشكىلات، گۇرۇھ ۋە شۇ قاتارلىقلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ: ئۆز كۈچلىمىدىن ئېيتقاندا، لايىقىم بار، باپ كېلىدۇ، غايە مەقسەتلىرىمىز بىر يەردىن چىقىدىكەن. لېكىن، قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىدە نېمە بارلىقى شۇ كەمگىچە ماڭا ئېنىق ئەمەس. * — بەكمۇ قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپتىمىز. بۇ قېتىم قوشۇن ئىككى تەرەپكە بۆلۈنۈپ، قارشى تەرەپنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋېلىشى كېرەك. بۇ ئويۇننى ئۇلار ئەمەس، بىز ئوينايمىز، — دېدى دۇشمەن شاھى.

**قارشى تۇرماق** نارازىلىقنى بىلدۈرمەك، قارشىلىق، توسقۇنلۇق قىلماق؛ قارشى چىقماق، قارشىلاشماق: دۇشمەنگە قارشى تۇرماق. مۇستەملىكىچىلىككە قارشى تۇرماق. * مەيلى سوتسىيالىست جاھانگىرلار بولسۇن ياكى باشقا شەكىلدىكى جاھانگىرلار بولسۇن، جاھانگىرلارنىڭ ھەممىسى مەھكۇم مىللەتلەرنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن ئېلىپ بارغان ھەققانىي كۈرەشلىرىگە چىش-تىرنىقى بىلەن قارشى تۇرۇپ كەلمەكتە.

**قارشى چىقماق** ئېتىراز بىلدۈرمەك، نارازىلىق بىلدۈرمەك، قارشى تۇرماق: مەشۇر كەچتە ئايالى بىلەن مەسلىھەتلەشكەندى. شاراپەت شەھەرگە كىرىپ ئوقەت قىلىشقا قارشى چىقتى. * زىۋىرشا دۈيجاڭ بىلەن ئەبىلغازى بۇرۇندىنلا چىقىشالماي كەلگەن، بۇلتۇر شال تېرىش ئىشىدا زىۋىرشا ئەبىلغازىلارغا قارشى چىققان.

**قارشى چىقىپ ئىسپاتلاش ئۇسۇلى** <مات> تېئورېمىلارنى ئىسپاتلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئالدى بىلەن تېئورېمىدىكى يەكۈننىڭ ئەكسىچە بولغان پەرەز ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ. ئاندىن كېيىن بۇ پەرەزدىن بېرىلگەن شەرتكە زىت كېلىدىغان يەكۈن چىقىرىلىپ، شۇ ئارقىلىق ئەسلىدىكى پەرەز ئىنكار قىلىنىپ، تېئورېما مۇئەييەنلەشتۈرۈلىدۇ.

**قارشىسىدىكى بۇلۇڭ** <مات> ئۈچ بۇلۇڭدا، ئىككى تەرەپ ئارقىلىق ھاسىل بولغان بۇلۇڭ ئۈچىنچى تەرەپكە نىسبەتەن قارشىسىدىكى بۇلۇڭ بولىدۇ.

**قارشى قويماق** قارشى ئورۇندا تۇرغۇزماق؛ قارشى قىلىپ قويماق: دۇنيا ئەللىرى ئىنقىلابىي ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي سىپىنى دۇنيا جاھانگىرلىك سېپىگە قارشى قويۇش كېرەك.

**قارشىلاشتۇرماق** « قارشىلاشماق »

پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھەئە! شۇنداق بولدى، مەن ئىشنىڭ ئېپى-جېپىنى بىلمەيمەن، سىز ياردەم قىلمىسىڭىز جىمى خەقنى ئۆزۈمگە قارشىلاشتۇرۇۋالىدىغان ئوخشايمەن، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ. * بىز ئىشەنچلىك كىشىلىرىمىز ئارقىلىق دۈشمەنلەرنى بىر-بىرىگە قارشىلاشتۇرۇش ھىيلىسى بىلەن، ئۆزئارا قىرغىن قىلىشقا سېلىپ قويۇپ، پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ تېگىش قىلايلى.

**قارشىلاشماق** پ. بىر-بىرىگە قارشى تۇرماق، زىتلاشماق؛ دۈشمەنلەشمەك: — خەلق بىلەن قارشىلاشساڭ، زىيان تارتىسەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ غەزەپتىن تىترەپ. * باللارنىڭ دادىسىنى « ئىنقىلاب بىلەن قارشىلاشتى، ئەكسىيەتچى ئىلىم بىلەن شۇغۇللانغان جىنايىتىنى تاپشۇرۇشتا جاھىللىق

قىلدى» دېگەن بەتنام بىلەن تۈتۈپ كېتىشكە ئىندى.

**قارشىلىشىش** «قارشىلاشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قارشىلىشىش مۇسابىقىسى.

**قارشىلىشىش مۇسابىقىسى** <تەن> ئىككى ياكى ئۈنىڭدىن ئارتۇق دۆلەت، رايون ۋە ئورۇنلار ئوتتۇرىسىدا يەككە تۈر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان تەنتەربىيە مۇسابىقىسى. ئادەتتە نومۇر خاتىرىلەش ياكى نام تەرتىپىنى تۈرغۈزۈش ئۇسۇلى قوللىنىلىدۇ.

**قارشىلىق** ① «قارشى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەن ئۆزۈڭنىڭ قارشىلىقىڭنى ئىسپاتلاپ قويدۇڭ. ② قارشى پىكىر، نارازىلىق، ئېتىراز: قارشىلىق بىلدۈرمەك. قارشىلىق قوزغىماق. * پادىشاھ ئەلچىلەرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلاردىن بالىنىڭ ئەھۋالىنى بىرقۇر سوراشتۇرۇپ قويۇپ: «قىزىم خالىسا، مېنىڭ قارشىلىقىم يوق» دېگەندىن باشقىنى ئېيتماپتۇ. * شۇنىڭ بىلەن ئۇ قىزنى قارشىلىقىغا قارىماي بىر پەرغانىلىققا بەرگەنىدى. ③ قارشى ھەرىكەت، ئەكس تەسىر، توسقۇنلۇق: قارشىلىق قىلماق. قارشىلىق كۆرسەتمەك. * ھەرقانداق بىر يېڭى شەيئى كونىسىنىڭ قارشىلىقىغا ئۇچرايدۇ. * قارشىلىق پەسەيمىدى. مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بىرقىسىم پىدائىيلار سېپىل تۈۋىگە ئۆملەپ بېرىپ، بىر-بىرىنى مۈرىدە كۆتۈرۈش يولى بىلەن ئۇنىڭ ئۈستىگە چىقىش ئامالىنى قىلىپ كۆردى. ④ <پەلس> كەسكىن توقۇنۇش بولۇپ ئىپادىلىنىدىغان كۈرەش شەكلى. ئۇ زىددىيەتلەر كۈرىشىنىڭ ھەممە شەكلى ئەمەس، پەقەت ئۇنىڭ بىر خىلى. ⑤ <فىز> جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلغۇچى تەسىر كۈچ. ⑥ <فىز> جىسىمنىڭ ئېلېكتر ئېقىمىنىڭ ئۆتۈشىگە بولغان قارشى تەسىرى. جىسىمنىڭ قارشىلىقى ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى، كەسمە يۈزىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى، تېمپېراتۇرا ۋە تەركىبىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىرلىكى ئوم (Ω). مۇشۇنداق تەسىر كۈچتىن پايدىلىنىپ ياسالغان دېتاللارمۇ قارشىلىق دەپ ئاتىلىدۇ.

**قارشىلىق بىلدۈرمەك** قارشى ئىكەنلىكىنى، قارشى پىكرىنى ياكى نارازىلىقىنى ئىپادىلىمەك، ئېتىراز بىلدۈرمەك، نارازىلىق قىلماق: مېھرىبان ئۇنىڭ بۇ تەلىپىگە قارشىلىق بىلدۈرمىدى. * تاياق بالىنىڭ گۆشىسىز بەدىنىنى كۆكەرتتى، ئۇ قىچىش بىلەن ئۆز قارشىلىقىنى بىلدۈردى.

**قارشىلىق قىلماق** قارشى ھەرىكەتتە بولماق، قارشىلاشماق، توسقۇنلۇق قىلماق، قارشى چىقماق: — بۇ باشلىقنىڭ بۇيرۇقى، ئەگەر قارشىلىق قىلىدىكەنسەن، كاللاڭغا ھەزەر بول! — دېدى ھېلىقى ئەبلەخ ئۆچكىنى سىرتقا تارتىپ. * ئۇ قىزنىڭ تىزىنى قۇچاقلىدى. قىز قارشىلىق قىلمىدى.

**قارشىلىق كۆرسەتمەك** → **قارشىلىق قىلماق**: قولدارلارنىڭ قۇللارنى ئىنتايىن ۋەھشىيلىك بىلەن دەھشەتلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى مۇقەررەر ھالدا قۇللارنىڭ كۈچلۈك قارشىلىق كۆرسىتىشىگە سەۋەب بولدى. * قالغان چېرىكلەر ھەرقانچە قارشىلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، بۇ تۇيۇقسىز زەربىگە بەرداشلىق بېرەلمىدى.

**قارشىلىق كۈچ** <فىز> جىسىمنىڭ ھەرىكىتىگە توسقۇنلۇق قىلىدىغان كۈچ. مەسىلەن، ھاۋانىڭ قارشىلىق كۈچى، سۇنىڭ قارشىلىق كۈچىگە ئوخشاش.

**قارشىلىقسىز** ① سۈپ.قارشىلىقى يوق، قارشىلىققا ئۇچرىمايدىغان: قارشىلىقسىز ئىش. قارشىلىقسىز ھەرىكەت. ② رەۋ. قارشىلىققا ئۇچرىماي، بىمالال، توسقۇنسىز: ئۇلار تازلەڭگىرى، ئىشلەمچى ئۆتەڭلىرىدە پارچە-پۇرات ئۇرۇش قىلغاندىن تاشقىرى، باشقا جايلاردا قارشىلىقسىز ئىلگىرىلىپ، چاي ۋاقتىدىن سەل ئىلگىرى يار بېشىغا يېتىپ كەلدى.

**قارشىلىقلىق** سۈپ. قارشىلىقى بار، قارشىلىق قىلىدىغان: قارشىلىقلىق تېرمومېتر.

**قارشىلىقلىق تېرمومېتر** <فىز> مېتال ياكى يېرىم ئۆتكۈزگۈچ جىسىم قارشىلىقلىرىنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدىغان خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان بىر خىل تېرمومېتر. ئادەتتە ئۇ مېتال سىملارنى چىرىمتال ياكى فارفۇردىن ياسالغان ھەرە چىشىسىمان كرېست تاختىغا ئوراپ، ئاندىن ئەينەك ياكى كۋارتس نەيچىگە قاچىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قار-شۇۋرغان** قار ۋە شۇۋرغان: ئۇلار ناھىيىلىك پارتكومنىڭ شۇجىسى ۋە بىرنەچچە مۇئاۋىن ھاكىمنىڭ باشچىلىقىدا قار-شۇۋرغانغا قارىماي نەق مەيدانغا بېرىپ، مال پادىلىرىنى ئىزلەش جېڭىگە جىددىي ئاتلاندى. * مېنىڭ چىداشقا تاقىتىم قالماي، ئاخىرى قىلىن قار يېغىۋاتقان بىر كېچىدە قاچتىم، لېكىن ئاچلىقتا، قاتتىق قار-شۇۋرغان ئازابىدا چالا ئۆلۈك بولۇپ ئاران تەسلىكتە مۇشۇ يەرگە كېلىۋالالىدىم.

**قار-شۇۋرغانلىق** قار-شۇۋرغان چىقىۋاتقان، قار-شۇۋرغان قاپلىغان: قار-شۇۋرغانلىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە يارۇللا ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتتى.

**قارغاتماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قارغاشماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھازىر ھەممە ئەيىبنى كاسىسر—بوغالتىرلارغا ئارتىپ، ئەڭ يامان سۆزلەر بىلەن ئۇلارنى قارغاشتى.

**قارغالماق** «قارغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قارغۇ** (توغرىسى: قارىغۇ) ← **قارىغۇ.**

**قارغىش** ① ئى. قارغاش ئىشى: قارغىشقا قالماق. قارغىش تەگكۈر. قارغىش ئالماق. قارغىش تەگمەك. قارغىشقا كەتمەك. * ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس (ماقال). * — ئۇلار قارغىش، رەنجىش، كۆڭۈل ئاغرىقىنى كەسىپ قىلىۋالغاندەكلا كۆرۈنىدۇ، — دېدى بوۋاي. * چىللىگە ئىنساندىن ياغىدۇ قارغىش. ھاياتلىق ئەزەلدىن باھارغا ئامراق، باھاردۇر پەسىللەر كۆركى، زىننىتى، باھاردا ياشنايدۇ بۇ ئانا تۇپراق. ② سۈپ. تولا يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ (كىچىك باللار ھەققىدە): قارغىش بالا.

**قارغىش ئالماق** قارغىشقا ئۇچرىماق، قارغىشقا قالماق، قارغىشقا كەتمەك، قارغالماق: ئالقىش ئالغان ئامان، قارغىش ئالغان يامان (ماقال). * مۇرادقا يەتكۈزەر ئالتۇن ئاچقۇچتىن، ھېكمەتلىك كىتابتىن مەھرۇم قالسەن. باسار يۇرت قايغۇسى ئۇ چاغ بېشىڭدىن، ئاتاڭدىن، ئاناڭدىن قارغىش ئالسەن.

**قارغىش تەگكۈر** «قارغىشقا ئۇچرايدىغان؛ بېشىنى يېگۈر، ئۆلگۈر، جۇۋايىنەمەك» دېگەن مەنىلەردىكى قارغاش ئىبارىسى: ئانام بەش ۋاخ نامىزىدا جايناмازدا ئولتۇرۇپ، بۇ قارغىش تەگكۈر ئىپلاسنىڭ ئۆلۈمىنى خۇدادىن تىلەيتتى. * مەن تولۇق ساۋاتلىق ئايالمەن، مېنىڭ 10- سىنىپنى تۈگەتكەن ۋاقتىم ھېلىقى قارغىش تەگكۈر

زور ئىنقىلابىنىڭ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەن پەيتكە توغرا كەلدى.

**قارغىش تەگمەك** باشقىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىماق، قارغىشىغا قالماق، قارغىش ئالماق: ئالماس ئاسىم بىلەن ئۇ تۈرمىگە تاشلىنىشتىن بۇرۇنمۇ قارغىش تەگكەن ئاسارەتلىك مۇدھىش زامان، مەخسۇت بەگلەرنىڭ قان شورىغۇچ چىلبۆرىلىك قىياپىتى، ئاۋام خەلقنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت-ھوقۇقسىزلىقى ئۈستىدە مۇڭدىشىپ تالاي كېچىلەرنى ئۆتكۈزگەن. * تۆمۈر ئاتا ئۇزاق ئۆتمۈشنى ئەسكە ئالدى، قارغىش تەگكەن كونا زاماندىن نەپرەتلەندى.

**قارغىشقا قالماق** باشقىلارنىڭ قارغىشىغا ئۇچرىماق، قارغىش تەگمەك، قارغىش ئالماق: مەن ئويىنسام، ھېچ بولمىغاندا، چېدىردىكى ئادەملەرنىڭ بىرىمى تالاغا چىقىپ تۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ، بولمىسا خەقلەرنىڭ پۇتىنى دەسسەپ سېلىپ، قارغىشقا قالىمەن. * مۇبادا باش ئېگىپ، بىزگە ئەل بولسا، لەشكەر تارتىپ بارمايلى؛ بويۇنتاۋلىق قىلسا، دەبدەبە-ئەسئەسە بىلەن بېرىپ، قىر-چاپ قىلساقمۇ، ئۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ قارغىشىغا قالمايمىز.

**قارغىشقا كەتمەك** قارغىشقا ئۇچرىماق، قارغىشقا قالماق: يىگىتنىڭ كۆزلىرىدە نارازىلىق ئۇچقۇنى پەيدا بولۇپ يۈزلىرى ئېسىلدى: مەن قايتالمايمەن، خۇدانىڭ قارغىشىغا كەتكەن ئۇ قۇملۇقتىن ئاران قۇتۇلدۇم. * بىزنىڭ بۇ يەر قارغىشقا كەتكەن يەر!

**قارغىش قېپى** ① ھەددىدىن زىيادە قارغىش، تولىمۇ قارغىش (كىچىك بالىلار ھەققىدە). ② تولا قارغىشقا ئۇچرايدىغان، دائىم خەق قارغايدىغان ئىشلارنى قىلىدىغان، كىشىلەر تولا قارغايدىغان: — ۋاي قارغىش قېپى، سەن بۇ ئەسكىلىكلىرىڭ-نى قاچانمۇ قويارسەن، — دەپ سۆزلەپلا كەتتى ئۇنىڭ ئۆگەي ئانىسى.

**قارغىشچى** سۆپ. ھەمىشە قارغاپلا يۈرىدىغان، قارغايدىغان: قارغىشچى ئېغىزغا قاغا چىچىسۇن (ماقال).

**قارغىشخور** سۆپ. يىغلىغاق، يىغلاڭغۇ: قۇدۇق چىغىرىقىنىڭ قارغىشخور بالا يىغلاۋاتقاندەك غىچىرلىشىدىن ئۆزگە ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمايتتى.

**قارغىماق** پ. بىراۋغا يامانلىق، بەختسىزلىك ياكى ئۆلۈم تىلىمەك: ئىتنىڭ قارغىشىغا پىت ئۆلمەس (ماقال). * قۇشنىڭ سايرىمايدىغىنى يوق، دۈشمەننىڭ قارغىمايدىغىنى (ماقال). * باقى ئوغلىنىڭ شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلىپمۇ قازىنى رازى قىلالمايۋاتقانلىقىنى ئويلاپ، ئىچىدە قازىنى قارغىدى. * ئايىمخان بولسا بىرەر يىلغىچە ئوغلىنى «ۋاپاسىز»، كېلىنىنى «جادۇگەر» دەپ تىللاتقۇزدى، «ئىلاھىم، ئۆيۈڭ بۇزۇلار، بىرىڭ ماكانسىز، بىرىڭ تۇل قالارسەن» دەپ قارغىدى.

**قارغىنا** ئى <بوت> ← **قاراغان.**

**قارلۇق** ئى <ئىرق> ← **قارلۇقلار.**

**قارلۇقلار** ئى <ئىرق> قەدىمكى تۈركىي قەبىلىلەردىن بىرى. 4-5 - ئەسىرلەردە ئالتاينىڭ غەربىدە، چارىش دەرياسى بويلىرىدا ياشىغان، 6-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئېرتىش دەرياسىنىڭ ئوتتۇرا ئېقىملىرىغا، زەيسان كۆلى ئەتراپىغا كۆچۈپ كەلگەن. 6-7- ئەسىرلەردە تۈرك خاقانلىقى تەركىبىگە كىرگەن، 7-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرلىرىدا ئۇلارنىڭ بىر قىسمى يەتتىسۇ تېررىتورىيىسىگە كېلىپ جايلىشىپ، 8-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا بۇ يەردە قارلۇقلار دۆلىتىنى قۇرغان. 10-ئەسىردە ئۇلارنىڭ ۋەكىللىرى قاراخانىيلار دۆلىتىنىڭ ھاكىمىيەت بېشىدىن ئورۇن ئالغان. قاراخانىيلار

10-ئەسىرنىڭ ئاخىرىدا ماۋرائۇننەھرنى ئىگىلىگەندە، قارلۇقلار تاشكەنت، فەرغانە ۋە زەرەپشان دەريا ۋادىلىرىغا كۆچكەن. 10-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلغان، كېيىنكى ۋاقىتلاردا يەرلىك تۈركىي خەلقلەر تەركىبىگە سىڭىپ كەتكەن.

**قارلغاچ** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، دۈمبىسىدىكى پەيلىرى قارا ھەم پارقىراق، قورساق قىسمى ئاق، بويۇن قىسمىدا ئاچ بىنەپشە رەڭلىك يۇملاق داغلىرى بولىدۇ. كۆپىنچە ئۆينىڭ لەمپىلىرى ئاستىغا ئۇۋا سالىدۇ.

**قارلغاچ قۇيرۇقلۇق چاپان** ئەرلەرنىڭ غەربچە كەچلىك مۇراسىم كىيىملىرىدىن بىرى. ئالدى پېشى قىسقا، ئارقا پېشى ئۇزۇن ھەم ئۇچلىرى قارلغاچ قۇيرۇقىدەك ئوچۇق بولىدۇ.

**قارلغاچ ياقا** قارلغاچ قۇيرۇقىدەك ئۇچلۇق بولىدىغان ياقا.

**قارلغاچسىمان** سۈپ. قارلغاچقا ئوخشايدىغان، قارلغاچ شەكلىدىكى: قارلغاچسىمان چىقچىق. قارلغاچسىمان قۇشقاچ.

**قارلغاچسىمان چىقچىق** <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى قارلغاچقا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدىن چوڭراق كېلىدۇ. ئىككى قانىتىنىڭ كۆپ قىسمى قوڭۇر كۆل رەڭ، بوينىنىڭ ئارقا قىسمىدا يېرىم ھالقا شەكىللىك قوڭۇر ئالىسى بولىدۇ. قۇيرۇقى تۇم ئاق ۋە سەل ئاچىماقلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. چېكەتكە قاتارلىق زىيانداش ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. زىرائەت ئۈچۈن پايدىلىق.

**قارلغاچسىمان قۇشقاچ** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، تۇمشۇقى كونۇس شەكلىدە، گېلى ۋە پوكىنى بېغىر رەڭ كېلىدۇ. ئەركىكىنىڭ باش ھەم دۈمبىسى قارا بولۇپ، كۈزدە دۈمبىسىنىڭ چۆرىسى ئاچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. چىشىسىنىڭ بېشى ۋە دۈمبىسى توق جىگەر رەڭدە بولۇپ، چۆرىسى ئاچ سېرىق كېلىدۇ. ھاشارات قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**قارلغاچسىمان لاچىن** <زوئول> لاچىننىڭ بىر خىلى. چىشىسى ئەركىكىدىن چوڭراق كېلىدۇ. بېشى ۋە بويىنىنىڭ ئارقا تەرىپى قارا كۆل رەڭ بولۇپ، ئاق رەڭلىك ئالىلىرى بولىدۇ. تېنىنىڭ يۇقىرى قىسمىنىڭ قالغان پەيلىرى كۆل رەڭ، قۇيرۇقى سەل سۇسراق كېلىدۇ ۋە ئۈستىدە قارا قوڭۇر رەڭدىكى ئالىلىرى بولىدۇ. تېنىنىڭ تۆۋەنكى قىسمى سۇس پور رەڭ كېلىدۇ. پوكىنى ۋە قورساق تەرىپىدە قارا قوڭۇر يوللىرى بولىدۇ. كۆپىنچە ئورماندا ياشايدۇ. ھاشارات ۋە كىچىك قۇشلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**قارلىق** I ① سۈپ. قار بار، قار قاپلىغان: قارلىق جىلغا. قارلىق تاغ. قارلىق دالا. * ئارزۇگۈل ئاكىسىنىڭ تۇرقىغا زوقلىنىپ قارىدى. ئەكبەر گەدەنلىرىنى قىزارغىچە سۇرتۇپ تۇرۇپ، تەگرى تېغىنىڭ قارلىق چوققىلىرىغا قاراپ قاقاھلاپ كۈلەتتى. * كەلدى ئۇ قارلىق داۋانلاردىن ئېشىپ، كەڭ دالا-تۈزنى سۆيۈپ باخ-باخ ئېتىپ. ② ئى. قار ياغقان، قار بىلەن قاپلانغان يەر: گۈل سۈيى گۈلگە تامار تېمىم-تېمىم، سالقىندا سۇغارغىلى سەپسە سۇنى. بۇ سۇلار قارلىقلارنىڭ مۇزلىرىدۇر، كەچتۈرگەن ساي-جىلغىدا كۆپ ئاھۇنى. ③ سۈپ. قار ئارىلاش: ئامىنە ئوت يېقىۋېتىش ئۈچۈن سىنىپقا ماڭدى.

كېچىدىكى قارلىق شىۋىرغان توختىغان بولسىمۇ، سوغۇقنىڭ پەيلى تېخىمۇ يامان بولۇپ، زەھەردەك نەشتىرى تەگكەن يەر شۇ ئان سەزمەس بولۇپ قالاتتى. * قارلىق شىۋىرغان بوران بىلەن ئالماشتى.

**قارلىق** II ئى. تۇنجى قار ياغقان كۈنلەردە ئۆزى خالىغان بىرىگە مەلۇم تەلەپ بىلەن يېزىلىدىغان خەت ياكى ئۆيىگە تاشلىنىدىغان قار: قارلىق تاشلىماق. قارلىق يازماق. * — تۇتۇۋالدىم، ئەمدى قارلىققا جاۋاب بېرىڭ، — دېگەن رەيھانەم ۋە ئابابەكرىنىڭ قېچىشىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنى چىڭ قامالاپ تۇتۇۋالغانلىقىدىن سەل ئەنسىرەپ قالغان. * باغاققا سوزۇلدى بىردىن ئالتە قول، پۇرلەشكەن قەغەزنى ئاچتۇق باشقىدىن. باتۇرنىڭ نامىغا كەتكەن بۇ قارلىق، شەرتىنى ئوقۇدۇق قۇرلار ئاستىدىن.

**قارلىق تاشلىماق** تۇنجى قار ياغقان كۈنلەردە، يېزىلغان قارلىقنى ياكى كاللەك قارنى ئۆزى خالىغان كىشىگە يەتكۈزمەك ياكى ئۆيىگە تاشلىماق: شۇ قېتىمقى قارنىڭ ئۇنتۇلماسلىقىدىكى مۇھىم سەۋەب شۇ ئىدىكى، ئۇ ئابابەكرىنىڭ ئۆيىگە، ئابابەكرى بولسا ئۇنىڭ ئۆيىگە قارلىق تاشلىغانىدى. * قاردا قارلىق تاشلىدۇق، يامغۇردا ياغلىق تاشلىدۇق؛ تۇنجى قار ياغدى بۈگۈن، سىزگە قارلىق تاشلىدۇق.

**قارماق** ئى ① بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان ئىلمەككە ئوخشاش قورال. ئۇچى ئۆتكۈر بولىدۇ. ئۇچىغا قايزىلغان تىل چىقىرىلىدۇ: قارماق تاشلىماق. قارماق ،سالماق. * ئۇلار بەزىدە بېلىقنى ئۆزلىرى توقۇغان يوغان تورلاردا، بەزىدە قارماقلاردا تۇتىدىكەن. بەزىدە بولسا قوللىرى بىلەن تۇتىدىكەن، * ئۇ چاغلاردا تاشتىن سىلىقلاپ ياسالغان ئوقيا، نەيزىلەر ئۇۋچىلىق قورالى بولسا، بېلىقچىلىقتا سانجىغاق ۋە قارماقلارمۇ تاشتىن ياسالغان. ② كۆچمە. بىرەر كىشىنى ياكى نەرسىنى قولغا كەلتۈرۈش، ئىلىندۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋاستە، تەدبىر؛ تۇزاق، دام: قارماققا ئىلىنماق. قارماققا چۈشمەك. * ئۇ ئاللىقاچان ھېلىقى ئايالنىڭ قارمىقىغا چۈشكەنىدى. * — سىز ھەممىگە شۈكۈر — تاقەت قىلىپ يۈرسىڭىز ئەلۋەتتە ھېچ نەرسىنى بىلمەيسىز-دە، خۇراپاتلىق بىر قارماق، سىز بىر بېلىق، ھازىر قارماق سىزنى ئىلىۋالغان، — دېدى ئۇ ھېلىقى ئايالغا. ③ بەزى نەرسىلەرنى قامالاپ تۇتۇپ تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان «——» شەكىللىك مېتال ئىسكاپ.

**قارماق تاشلىماق** ① بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن قارماقنى سۇغا سالماق: — بىركۈنى ئارالغا بېلىق تۇتقىلى بارغانىدىم، دەرياغا قارماق تاشلاپ كەيپىدە ئۇخلاپ قېلىپتىمەن. ② كۆچمە. قولغا كەلتۈرۈش تەدبىرىنى قوللانماق؛ نوختا سېلىشقا ھەرىكەت قىلماق: ئۇ ئۆيدە بەزى مەسئۇل كادىرلار بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈش جەريانىدا ئېرىدىن جالالنىڭ بەزى خۇيلىرىنى بولۇپمۇ ھوقۇق-ئەمەل تەمەسىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى ئاڭلىۋالغانىدى. شۇڭا جالالنىڭ ئۆيىگە پۈت سالا-سالمايلا جالالنىڭ ئاجىز يېرىگە قارماق تاشلىغانىدى.

**قارماقتىن چىقماق** تۇزاقتىن، ئىلكىدىن قۇتۇلماق: — يىغلاشتىن ھېچنېمە چىقمايدۇ، — دېدى سابىر، قاسىمغا قاراپ سەممىي ھالدا— سىز دەرھال خاتالىقىڭىزنى تونۇپ، سۇلايمان بىلەن نامانىنى پاش قىلىڭ، مەسىلىڭىزنى تولۇق تاپشۇرۇپ، دۈشمەننىڭ قارمىقىدىن چىققانلىقىڭىزنى ئىسپاتلاڭ.

**قارماققا ئىلىنماق** ئالدام خالتىسىغا چۈشمەك، قىلتاققا چۈشمەك، ئالدانماق:

مەن پۇل ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايدىغان بىر تېجمەل كاززاپنىڭ قارمىقىغا ئىلىنىپ قالغىنىمنى ئەمدىرەك چۈشەندىم-دە، غەزەپتىن چىڭقىلىپ، يېرىلغۇدەك بولدۇم. * – ئۇنى ئاسان ئىش دەپمۇ ئېيتالىۇق، بۇ ئاسان ئىشنى توختىبۇۋىنى قارماققا ئىلىندۇرۇش بىلەن تەڭ قويغىلى بولمايدۇ، – دېدى ئۇ توختىبۇۋىگە.

**قارماق قسقۇچ** نەرسىلەرنى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قارماق شەكىللىك ئەسۋاب.

**قارماقلىق** سۈپ. قارمىقى بار، قارماق بېكىتىلگەن: بېلىقچى جاۋاب بېرىپ: – كىتنى قارماقلىق تۆمۈر ئارا بىلەن تۆتىمىز، – دېدى.

**قارماقلىماق** پ. ① قارماق سېلىپ چىڭىتـ ماق: لىسورىنىڭ سۇنغان جايىنى قارماقلاڭلار. ② بارماقلىرى بىلەن قاماللاپ تۇتماق، چاڭگاللىماق، قارمىماق: ئارقىمۇ ئارقا ئۇنى باسقان بالالەر ئىلكىدە، بوز لاچىن قارماقلىـ غان كەكلىكتىن ئۇ بىچارىراق.

**قار-مۇز** قار ۋە مۇز: ئوغۇللار سۇ توشۇدى، ئوتۇن ياردى، قار-مۇزلارنى توشۇپ، ئىشىك ئالدى ۋە كوچىنى تازىلىدى. * مەكتەپ بويىچە ئوقۇتقۇچى-ئوقۇغۇچى، ئىشچى-خىزمەتچىلەر-دىن بولۇپ 1190 كىشى ھەرىكەتكە كېلىپ، پۈتۈن كوچىدىكى قار-مۇز، ئەخلەتلەرنى تازىلىدى ۋە توشۇدى.

**قار-مۇزلۇق** ① قار-مۇز باسقان، قار-مۇز بىلەن قاپلانغان، قار-مۇز قاپلىغان: قار-مۇزلۇق دالا. قار-مۇزلۇق داۋان. ② قار-مۇز قاپلىغان يەر، قار-مۇز بىلەن قاپلانغان جاي: ئۈستى قېلىن قار-مۇزلۇق، ئېرىمەيدۇ قىشىن-ياز، ئۆتەلمەيدۇ ئۈستىدىن بۈركۈتمۇ قىلىپ پەرۋاز.

**قارمىقىدا** رەۋ. تەۋەسىدە، ئىلكىدە: ئۇلار بۇ ئىشنى ئىككى يىل مۇقەددەم ساقچى ئىدارىسى قارمىقىدا تەشكىل قىلىنغان «ئۈچ مەسىلەك» ناملىق سەنئەت ئۆمىكىدىكى ياللانما ئارتىسلار ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇراتتى. * بۇ يەردە مەدەنىيەت ئۆيىنىڭ قارمىقىدا يەنە ئون نەچچە كىشىلىك سەنئەت گۇرۇپـ پىسىمۇ تەشكىل قىلىنغانىدى.

**قارمىقىدىكى** سۈپ. تەۋەسىدىكى، ئىختىدـ يارلىقىدىكى، ئىلكىدىكى، قاراشلىق: بۇ يەر بىر كىچىك بازار تۈسىنى ئالغان. بولۇپ، ئۇ يەردە ناھىيە قارمىقىدىكى بىرنەچچە ئىدارە ۋە بىر ئاشخانا بار ئىدى. * 1951-يىلدىن 1953-يىلنىڭ ئاخىرغىچە ئۇ ئۈرۈمچى ھەربىي رايون قارمىقىدىكى ھەربىي-سىياسىي كۇرسىنىڭ 2-قارارىدا ئوقۇدى.

**قارمىماق** پ. قاماللىماق: ئابدۇللا جاپپارنى يېنىچە ياتقۇزۇپ، تىزى بىلەن بېلىگە دەسسىدى. ئۇنىڭ ساقىلى بىلەن قوشۇپ ئېڭىكىدىن قارماپ، بېشىنى ئارقىسىغا قايرىدى. * چىغ قالپاق كىيگەنلەرنىڭ ئىچىدىن كۆرۈمسىز، ئورۇق بىرى يامغۇر سۇلىرىنى تا يۈزىگىچە چاچرىتىپ ئىككى-ئۈچ سەكرەپلا بېشىنى پۈرـ كەپ، بىلىكىگە سىۋەت ئېلىۋېلىپ ماڭغۇچىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ گەجگىسىدىن قارماپ تۇتتى.

**قارنا** ئى <زوئول> سۇ قۇشى. پەي-تۈكـ لىرىنىڭ رەڭگى قارا، يېشىل ۋە پارقىراپ تۇرىدۇ. تۇمشۇقى ياپىلاق، ئۇزۇن، رەڭگى قاراتۇل، ئۈستۈنكى تۇمشۇقىنىڭ ئۇچىدا ئىلمىكى بار، سۇدا ئۈزەلەيدۇ، بېلىق تۇتۇشقا ماھىر. گېلىدا خالتىسىمان پوكىنى بولۇپ، تۇتقان بېلىقنى خالتا ئىچىگە سالىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىغا ماكانلاشـ قان. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئۇنى قولغا ئۆگىتىپ بېلىق تۇتۇشقا ياردەملەشتۈرىدۇ.

**قارنى-كۆكسى** قارنى ۋە كۆكسى: قارنى-كۆكـ سى كەلك. قارنى-كۆكسىنى بوشاتماق.

**قارنى-كۆكسى كەلك** بىرەر ئىشقا،

مەسلىگە ياكى كىشىگە قارنىتا كەك قورساقلىق، مەردلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغان؛ ئىچى تار ئەمەس: قارنى-كۆكسى كەك ئادەم. * رەيھاننىڭ ئاتىسى كونا ئىشچى، ئانىسى ئاق كۆڭۈل، قارنى-كۆكسى كەك ئايال ئىدى.

**قارنى-كۆكسنى بوشاتماق** كۆڭلىگە پۈككەن، دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەپ ئۆزىنى يېنىكلەتمەك، دەردىنى تۆكمەك: ماقۇل، سۆزلەي ئوغلۇم. مېنىڭ چامىسىم مانا بۇگۈنكىدەك مۆرىتى كەلگەندە، سېنىڭدەك يۇرت چوڭلىرىغا ھال ئېيتىپ، قارنى-كۆكسۇمنى بوشىتىۋېلىشقىلا يېتىدۇ. قالغىنىنى ئۆزۈڭ بىرنېمە قىلارسەن. بىزنىڭ ھازىرقى ياغاچ كېسىش ئۇسۇلىمىزدىنمۇ رازى ئەمەسمەن.

**قارو** سۇپ. دىئال. قارىغۇ، ئەما، كور.

**قارۇغ** ئى. تارس → **قوروۇق** II.

**قارۇغباشى** ئى [قارۇغ+باش+ى] تارس. قوغداش ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى، ئامانلىق ساقلاش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغۇچى: — ئولتۇرۇڭ توغرۇل، ئەقىل بىلەن ئىش قىلغۇلۇق، — دېدى ئەركىن بېگىم قارۇغباشىنى بېسىپ.

**قارۇغچى** ئى. تارس. ئامانلىقنى ساقلىغۇچى، قوغدىغۇچى: بىر توپ ئاتلىقلار ئوردا ئالدىغا كەلدى. بۇلار بۆكە سۇباشى، ئولچى، بىرقىسىم بەگ ۋە ئىلىك خانلار ئىدى. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بىر قارۇغچى باشى ۋە تۆت قارۇغچى، ئارقىلىرىدا مېھمانلارنىڭ ئەمەلدارلىرى ۋە قارۇغچىلار كەلمەكتە ئىدى. * قارۇغچى ئۆينى ئاختۇردى، ساندۇقتىن قارۇغچى كىيىمنى تاپتى.

**قارۇغچى باشى** ئى. تارس. ئامانلىقنى ساقلىغۇچىلارغا مەسئۇل بولغۇچى، قوغدىغۇچىلارنىڭ مەسئۇلى: ئۇنىڭ يانچۇقىدىن «ئورۇنباسار شەھەر قارۇغچى باشى» دېگەن خەت چىقتى. قارۇغچى خەتنى باتۇرخانغا سۇندى. * قارۇغچى باشى ھودۇقۇپ قالغان پالۋانغا قاراپ كۈلدى.

**قارى** ئى [ئە] ① قۇرئاننى قىرائەت بىلەن يادقا ئوقۇيدىغان كىشى: — خۇدا خالىسا، مەن ئوغلۇمنى قارى قىلىمەن، — دېدى ئىمام. ② ئادەم ئىسىملىرىغا ئۇلىنىپ كېلىدىغان (بىرىككەن سۆز تەركىبىدە) ھۆرمەت سۆزى: توختىقارى، ئوسمانقارى.

**قارنىتا** تىر. يۈنىلىش كېلىش بىلەن كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ «ھەققىدە، توغرىسىدا؛ نىسبەتەن» دېگەن مەنىلەرنى بېرىدۇ: بۇ ئىشقا قارنىتا مېنىڭ پىكرىم بار. * ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ مۇۋاپىق نىسبەتتىكى كادىرلىرىنىڭ سايلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئومۇمەن شۇ مىللەتنىڭ ئۆزىگە قارنىتا پەرقلىق سان بويىچە سايلاشنى يولغا قويۇش لازىم. * — سىز ئىشنىڭ ئۆتمۈشىنى، نەتىجىسى ھەم شۇ قېتىملىق ۋەقەگە قارنىتا كۆز قاراش، قىياسلىرىڭىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ باقسىڭىز قانداق، — دېدى ئۇ مېنى سۆزلەشكە رىغبەتلەندۈرۈپ.

**قارنىتاختا** ئى [قارا+تاختا] تاختا، پەنەركە قاتارلىقلاردىن ياسالغان دوسكا: قارنىتاختا گېزىتى.

**قارنىتاختا گېزىتى** زاۋۇت، ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىقلارنىڭ دوسكا ئارقىلىق چىقىرىدىغان گېزىتى. مەزمۇنى قىسقا بولىدۇ.

**قارنىتاز** ئى [قارا+تاز] <زوئول> → **غېجىر سالۋا**.

**قارنتەلپەك** ئى [قارا+تەلپەك] <ئىرق> قەدىمكى ئۇيغۇر قەبىلىلىرىدىن بىرى. سۇي، تاڭ خاندانلىقى دەۋرىدە يەنجى (ھازىرقى قاراشەھەر) نىڭ شىمالى، خانتەڭرى ئەتراپى ۋە ئىدىقۇت، ئېۋىرغول (قۇمۇل) ئەتراپلىرىدا ياشىغان، كېيىنرەك گەنسۇ ۋە ئۇترېفت تېغى (ھازىرقى

خانگاي تېغى) نىڭ شەرقىي بويلىرىغا كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلاشقان.

**قارىتۇرۇك** سۈپ [قارا+تۇرۇك] مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن، خەت ساۋادى يوق، ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز: قارىتۇرۇك ئادەم. قارىتۇرۇك دېھقان. * — بولدى، بولدى، سۆزلىمىسىلە، — دېدى گۈلنۇر كۆڭلىنى سارىسىمىگە سېلىۋاتقان تۇيغۇلىرىنى باسالماي، — مەن. ئۇنداق ئۇلۇغ سۆزلەرنى قىلالمايمەن. مەن قارىتۇرۇك قىزمەن. * ئۇنىڭ دەۋرانى ئۇزۇنغا بارماپتۇ. چۈنكى ئۇ ھەقىقەتەن قارىتۇرۇك كىشى بولغاچقا، ھاكىمىيەتنى قول ئاستىدىكىلەرگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ، ئۆزى ئىلگىرىدىكىدەك ھورۇنلۇق تەكىيىگە باش قويۇپ، كەيپ-ساپا كۆرپىسىدە يېتىۋاپتۇ. // — بىزدەك قارىتۇرۇكلەر چېغىمىزدا، سىز تالىشىۋاتقان ساۋاب بىلەن گۇناھنىڭ كىمگە تەۋە ئىكەنلىكىنى خوپ چۈشەندۇق، — دېيىشتى ئۇلار.

**قارىتىشماق** «قاراتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قارىتىلماق** «قاراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شائىر ئىش ئۈستىلىنى شەرققە قارىتىلغان دېرىزىگە تاقاپ قويۇۋالغانىدى. * ئۇلارنىڭ پىكىر-خىيالى، بارلىق تىرىشچانلىقى ئويۇننى ياخشى ئويناپ، خەلقنى مۇمكىنقەدەر كۆپرەك رازى قىلىشقا قارىتىلغانىدى.

**قارىچاي** ئى. [قارا+چاي] چاينىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئۇ يۇمران چاي يوپۇرمىقىنى پىرىسلاپ تاختىلاش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**قارىچايىر** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پاكار ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى يېپسىمان، كۆپىنچە قاقاسلىقلاردا ئۆسىدۇ، تۇپراقنى مۇقىملاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. يەر ئاستى قىسمى خەشەك قىلىنىدۇ، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبىي دورا قىلىنىدۇ. كۆپ خىل كېسەللىكلەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىغا ئىگە.

**قارىچۇق** ئى <ئانات> كۆزدىكى رەڭدار پەردىنىڭ مەركىزىدىكى دۈگىلەك كىچە. نۇر بۇ ئارقىلىق كۆز ئىچىگە كىرىدۇ. ئۇ نۇرلارنىڭ كۈچىيىشى ۋە ئاجىزلىشىشىغا ئەگىشىپ چوڭىيىدۇ ھەم كىچىكلەيدۇ: كۆز قارىچۇقى.

**قارىچىلاپ** رەۋ. قارىلارغا ئوخشاش، قارىلاردەك؛ يادقا، ئۆلۈك ھالدا: قارىچىلاپ ئوقۇماق. قارىچىلاپ يادلىماق. * ئۆلۈك ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويۇلغان، ھېسسىياتسىز، قارىچىلاپ ئوقۇغاننى ئاماما ياقتۇرمايدۇ.

**قارىچىلان** ئى [قارا+چىلان] <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. تېنى چوڭ، پۇتى ئۇزۇن، تۇمشۇقى قىزىل، كۆكسى ئاق، قانىتىنىڭ ئۈستى ۋە دۈمبىسى قارا كېلىدۇ. بېلىق تۇتۇپ يەيدۇ.

**قارىخانا** ئى [ئە+پ] قارىلار يېتىشتۈرۈلىدىغان؛ قۇرئاننى يادقا ئالىدىغان جاي، مەكتەپ.

**قارىخەت** ئى [قارا+خەت] كىشىنى ئالداش، قورقۇتۇش قاتارلىق مەقسەتلەر تۈپەيلى يېزىلغان، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىسىم فامىلىسى، ئادرېسى يېزىلمىغان ياكى باشقا بىرىنىڭكىنى يازغان قانۇنسىز خەت.

**قارىداتماق** «قارىدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۆگۈن ئالدىراپ قالمىغان بولساق، سارغۇچ قېشىڭنى قارا گۈل سۈيى بىلەن ياكى سىيادان بىلەن بىرئاز قارىدىتىپ كەلگەن بولساق، ياخشى بولماقچى ئىكەن.

**قارىداشماق** «قارىدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

تۇتىشىپ ياپپېشىل كۆرۈنەتتى. * كۈنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئوۋ مىلتىقىنى ئېلىپ، باش مۇلازىمىنى ئارقىسىغا سېلىپ، بىر قارىغايزارلىقنى ئارىلاپ كېتىۋاتسا يىراقتىن بىر توشقان كۆرۈنۈپتۇ.

**قارىغايلىق** ① ئى. قارىغاي كۆپ ئۆسكەن، قارىغاي بىلەن قاپلانغان جاي: ئۇ ھەدېسلا قارا مىلتىقىنى ئېسىۋېلىپ، ئېگىز تاغ ۋە قويۇق قارىغايلىقلار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى-دە، غاجۇغا ۋە بۆكتۈرمىسى تۈلكە-بۆرە تېرىلىرى بىلەن توشمىغۇچە ئۆيگە قايتمايتتى. * مەن مىلتىقىمنى تۇتقىنىمچە قارىغايلىققا باردىم. ② سۈپ. قارىغاي ئۆسكەن، قارىغاي بىلەن قاپلانغان: قارىغايلىق تاغ. * ئالماس ئاسمىنىڭ ۋەسسىيتى بويىچە يېشىل قارىغايلىق قىياتاش باغرىدىن — بۇلاق تۈۋىدىن يەرلىك ئېلىشقا بۇيرۇدى. * ئۆي قېلىن ئورمانلىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىدى. بۇ قارىغايلىق ئورمان بىرنەچچە كىلومېترغا سوزۇلۇپ كېتەتتى.

**قارىغۇ** سۈپ ① كۆرۈش قابىلىيىتى يوق ياكى ئۇنى يوقاتقان، كور: قارىغۇ بولماق. // قارىغۇلار يېزىقى. * قارىغۇ ئاڭلىغاننى قويماس، ساغرو كۆرگىنىنى قويماس (ماقال). * قارىغۇ باتۇر بولۇر (ماقال). * — ئەي ئەزىزلىرىم، — دېدى ھاتەم، — قارىغۇنىڭ تىلىكى ئىككى كۆز. ② كۆچمە. نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ماھىيىتىگە يېتەلمەيدىغان، ئەقلى يېتىلمىگەن، ئاڭسىز، بىلىمسىز، ساۋاتسىز: — بارغىن ئوغلۇم، ئوقۇغىن، — دېدى ئۇ ئالماسقا، — ئەپەندىلەرمۇ تۈزۈك كىشىلەر كۆرۈنىدۇ، خەت-ساۋاتلىق بولغىن، كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇش بىز بىلەن كەتسۇن. * مەن بۇرۇنىنىڭ ئۇچىدىن باشقىنى كۆرەلمەيدىغان قارىغۇ.

**قارىغۇ ئامەت كەلمەك** تاسادىپىي بەخت-تەلەي كەلمەك، ئويلىمىغان يەردىن ئامىتى چىقماق: شۇ ئارىدا ئۇنىڭغا قارىغۇ ئامەت كېلىپ، ئىشى خېلى يۈرۈشۈپ قالدى.

**قارىغۇ بولماق** كۆرمەس بولۇپ قالماق، قارىغۇ ھالەتكە كەلمەك: كۆزى قارىغۇ بولغان ئادەم.

**قارىغۇ چاشقان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تۈكلىرى قارامتۇل قوڭۇر، ئېغىزى ئۇچلۇق، ئالدىنقى ئايغى تەرەققىي قىلغان، ئالقىنى سىرتقا قارىغان، ئۆتكۈر تىرناقلىرى بولىدۇ. توپا كولاشقا ماسلاشقان، ئارقا ئايغى ئىنچىكە ھەم كىچىك، كۆزى كىچىك، تۈك ئارىسىغا يوشۇرۇنغان، كۈندۈزى توپا ئىچىدە ياتىدۇ، كېچىسى چىقىپ ھاشارات تۇتىدۇ، زىرائەتلەرنىڭ يىلتىزىنىمۇ يەيدۇ.

**قارىغۇ چېرىپاشكا** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى قارا قوڭۇر، شوق يېشىل ياكى سارغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. تېنى ئىچىدە سېسىق بېزى بار. يېتىلگىنى بىلەن لىچىنكىسىنىڭ ھەممىسى كېۋەزنىڭ ياش نوتىسىنى، ياش غوزىكى ۋە ياش غوللىرىنىڭ سۈيىنى شۈمۈرىدۇ. بېدە، پۇرچاق قاتارلىق زىرائەتلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ.

**قارىغۇدىن يول سورىماق** ھېچقانداق ئىشتىن بىخەۋەر ياكى ھېچ نەرسە بىلمەيدىغان ئادەمدىن تەلىم ئالماق.

**قارىغۇ قىلماق** كۆرمەس قىلىپ قويماق، قارىغۇ ھالەتكە كەلتۈرمەك.

**قارىغۇ نۇقتا** <ئانات> كۆرۈش نېرۋىسى كۆرۈش تور پەردىسىگە كىرىدىغان جايغا يەنى كۆرۈش نېرۋىسى تەخسىسىگە ئورۇنلاشقان نۇقتا. ئۇنىڭدا سەزگۈچى رېتسېپتورلار يوق، غىدىقلاشقا رېئاكسىيە بەرمەيدۇ.

**قارىغۇنى تار يەردە قىستىماق** ← **قارىغۇنى ياردا قىستىماق**: ئۇ بۇنداق سورۇن، بۇنداق بىمەنە چاغدا سۆزلىشىش رەھبەرلىك سەنئىتىگە يات، قارىغۇنى تار يەردە قىستىغانلىق، دېگەن ئويدا بولۇۋاتاتتى.

**قارىغۇنى ياردا قىستىماق** بىراۋنىڭ قىيىن ئەھۋالىدىن، ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ ئۇنى بىر ئىشقا زورلىماق؛ قىيىن ئەھۋالدىكى ئادەمنى تېخىمۇ قىيىن، يامان ئەھۋالغا چۈشۈرۈشكە ئۇرۇنماق: — ئىبراھىم ئاكا، — دېدى گالى پالۋان ھەيۋە بىلەن، — نېمىدېگەن مۇتتەھەملىك بۇ، قارىغۇنى ياردا قىستىغاندەك ھېچ نەرسىسى يوق پۇقرالارنى بۇنچىۋالا قىستاۋەرسىڭىز بولامدۇ؟ بۇلارنىڭ قايسىبىرىنىڭ ئۇلاغ-ھارۋىسى بار دەيسىز؟

**قارىغۇ ئۈچەي** <ئانات> ← **سوقۇر ئۈچەي**.

**قارىغۇ ئۈچەي ياللۇغى** <تىب> ← **سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى**.

**قارىغۇجا** ئى [قارا+غوجا] <زوئول> ← **قاراقۇشقاچ**.

**قارىغۇسىز** سۈپ. ئادەمنىڭ قارىغۇسى كەلمىگۈدەك دەرىجىدە؛ ئىنتايىن سەت، كۆرۈمسىز: بۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن ئەزايى كۆيگەن بولۇپ، يۈز-كۆزى قارىغۇسىز بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ كۆيۈپ پارچە لاتىغا ئايلانغان كىيىم-كېچەكلىرىدىن ھېلىغىچە ئىس چىقىپ تۇراتتى.

**قارىغۇلارچە** رەۋ. ① بىرەر ئىش ياكى مەسىلىنىڭ نېرى-بېرىسىنى سۈرۈشتۈرمەيلا، ئۆلۈك ھالدا، قارىسىغىلا: بۇ لاتىنچىدىن ئېلىنغان سۆز بولۇپ، مەلۇم قائىدىگە قارىغۇلارچە ئېسىلىۋېلىپ، قۇرۇق گەپ سېتىپ، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلىپ قىلىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. * يېڭى نەرسىنىڭ كىرىشى بىلەن بەزى شەرق مەملىكەتلىرىدە غەرب مەدەنىيىتىگە قارىغۇلارچە چوقۇندۇرۇش، پايدا-زىيان تەرىپىنى پەرق ئەتمەستىن ھەممە ئىشنى غەربلەشتۈرۈش يولغا قويۇلغانىدى. ② ھېچبىر ئىلمىي پاكىتقا ئاساسلانماي، بەلگىلىمە، پرىنسىپ قاتارلىقلارغا قارىماي، ئەمەل قىلماي؛ پىلانسىز؛ ئاساسسىز، بىكاردىن-بىكار: بەزى تارماقلار قارىغۇلارچە ئىچكىرىدىن مال كىرگۈزۈپ، يەرلىك مەھسۇلاتلارنىڭ زور مىقداردا بېسىلىپ قېلىش ئەھۋالىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. * تېخنىكا سەۋىيىسى بولمىغان ئادەم قارىغۇلارچە ئىش قىلىدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ سانىمۇ، سۈپىتىمۇ بولمايدۇ.

**قارىغۇلۇق** ئى. ھېچبىر ئىلمىي پاكىتقا ئاساسلانماسلىق؛ بەلگىلىمە، پرىنسىپ قاتارلىقلارغا ئەمەل قىلماسلىق، قارىماسلىق؛ قارىغۇلارچە ئىش قىلىش، قارىسىغا ئىش كۆرۈش؛ پىلانسىزلىق: ئىشلەپچىقىرىشنى جەمئىيەت ئېھتىياجىغا قاراپ راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلۇقتىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش لازىم. * دۆلەت پىلانىنىڭ يېتەكچىلىكىنى تەكىتلەپ، دېھقانلارنى جەمئىيەتنىڭ ئېھتىياجى بويىچە ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇشقا باشلاپ، ئىشلەپچىقىرىشتىكى قارىغۇلۇقنىڭ ئالدىنى ئالغاندا ۋە ئۇنى تۈزەتكەندىلا، ئاندىن دېھقانلارنىڭ ئاكتىپلىقىنى ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچراشتىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ.

**قارىغۇلۇق قىلماق** پىلانسىز ئىش ئېلىپ بارماق، قارىسىغا ئىش قىلماق، قارىغۇلارچە ئىش كۆرمەك: بۇ ئىشتا ھەرگىز قارىغۇلۇق قىلماي، تەشكىلنىڭ ۋە چوڭلارنىڭ پىكرىنى ئېلىشىمىز لازىم.

**قارىغۇياپىلاق** ئى [قارىغۇ+ياپىلاق] <زوئول> ← **مۇشۇكياپىلاق**.

**قارىقات** ئى <بوت> ① تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. غولىدا تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى دۈگىلەك كىرەك، گۈلى ئاق. مېۋىسى شارشەكلىدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، سارغۇچ يېشىل ياكى قىزىل رەڭدە بولىدۇ، تەمى چۈچۈمەل. مۇراببا قاينىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قارىقاش** ئى [قارا+قاش] <بوت> ① قوغۇننىڭ بىر خىلى. ② سۈپ. ياقىسىغا، پەش ۋە يەڭنىڭ چۆرىلىرىگە قارا تۇتۇلغان: قارىقاش چاپان.

**قارىقاش چاپان ← بەرچەنكە.**

**قارىقوتۇر** ئى [قارا+ قوتۇر] قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**قارىقوغۇر** ئى <بوت> ئېيىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، يوپۇرمىقى تۈۋىدىن ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ قايتىلانغان ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك پاراشوك ماددىلىرى بولىدۇ. گۈل شېخى يوپۇرماق تۈۋىدىن چىقىدۇ، گۈلى شاخ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى قىزغۇچ سۆسۈن كېلىدۇ. غۇنچىسىمان مېۋىسى بەشتىن بولۇپ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. ئادەتتە پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۆپى دورا قىلىنىدۇ. ھېيىزنى تەڭشەش، قان توختىتىش ۋە ئاغرىق پەسەيتىش روللىرىغا ئىگە.

**قارىقويۇق** رەۋ [قارا+قويۇق] ئاق-قارىسىنى، ياخشى-يامىنىنى ئايرىماي؛ ھەممىگە بىراقلا، پەرقلەندۈرمەي، پۈتۈنلەي، ئوخشاشلا: ئۇ بەزىلەرنىڭ مودىرىنىزمغا قارىقويۇق قارشى تۇرۇشىنى ئەيىبلىگەنىدى. * ھېكىم ئىشىكتىن كىرىپلا تۇرغانلارغا قارىقويۇق بىر باشتىن تەزىم قىلدۇ.

**قارىقۇش** ئى [قارا+قۇش] <زوئول> پەي تۈكلىرى قارا كېلىدىغان بىر خىل چۆل بۈركۈتى.

**قارىقۇمچاق** سۈپ [قارا+قومچاق] كۆرۈنۈشى يېقىملىق ھەم ئوماق ئەمما قارا، كېلىشكەن قارا، قارىمۇتۇق: قارىقۇمچاق قىز. * لەيلىگۈل قولىدىكى ئېغىر سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ناھىيىلىك پارتكوم بىناسىنىڭ تاختايلىق ئۇزۇن كارىدورىغا قەدەم بېسىش بىلەن ئالدى تەرەپتىن قارىقۇمچاققىنا بىر قىز چىقىپ كەلدى. * قاسىمجان ئاكا ئۇ يەردە چاچلىرىنى ئۇششاق ئۆرىگەن يەتتە ياشلاردىكى قارىقۇمچاق بىر يېزا قىزىنىڭ تىكىلىپ كۈلگىنىچە تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**قارىقۇيرۇق** ئى [قارا+قۇيرۇق] <زوئول> ← **جەرەن.**

**قارىكۆزەل** ئى <زوئول> كۆزىنىڭ چۆرىسى ۋە قېشى قارا، باشقا يەرلىرى ئاق كەلگەن قوي.

**قارىكۆسەي** ئى [قارا+كۆسەي] <بوت>. قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**قارىكۆل** ئى [قارا+كۆل] ① ئۆزبېكىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ بۇخارا ئوبلاستىدىكى بىر رايوننىڭ ئىسمى. ② شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى كەلپىن ناھىيىسىنىڭ شەرق تەرىپىدىكى تەكلىماكانغا تۇتاشقان بىر جاڭگالنىڭ نامى.

**قارىكۆل قويى** <زوئول> قوينىڭ ئەلا سورتلىرىدىن بىرى. ئەسلىي ماكانى ئۆزبېكىستاننىڭ قارىكۆل رايونى. بۇ خىل قوينىڭ بېشى ئۇزۇنچاق، قۇلىقى پەسكە ساڭگىلىغان بولىدۇ. يېتىلگىنىنىڭ ئەركىكى

مۈڭگۈزلۈك، چىشىسى مۈڭگۈزسىز كېلىدۇ. پاقلىنىنىڭ تۈكى قارا بولۇپ، يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ كۆپىيىپ، تەدرىجىي هالدا كۈل رەڭ قارا ياكى قارا قوڭۇر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە سېمىز كېلىدۇ. يېتىلگەن ئەركىكىنىڭ ئېغىرلىقى 60 — 70 كىلوگرام، چىشىسىنىڭ ئېغىرلىقى 45 — 50 كىلوگرام بولىدۇ. گۆشى ياخشى، كۆرپىسى چىرايلىق بولۇپ، دۇنياغا داڭلىق.

**قارىكۆل كۆرپىسى** قارىكۆل قويىنىڭ بىر كۈندىن ئۈچ كۈنلۈككىچە بولغان قوزىسىنىڭ تېرىسىدىن تەييارلانغان كۆرپە.

**قارىگۈل** ئى [قارا+گۈل] <بوت> ① لەيلىگۈلنىڭ بىر تۈرى. گۈلى بىنەپشە رەڭدە ئېچىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. قۇرۇغاندا قارىيىدۇ. ئادەتتە بوياق قىلىنىدۇ.

**قارىلاشماق** « قارىلىماق I » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىرنېمىلەرنى دېمەكچى بولدى، لېكىن بوۋاينىڭ هۆرمىتى ئۈچۈنلا مەيتنىيازنى ئوچۇق قارىلاشمىدى. ئۇلار بىراقتىكى ئۆينى قارىلىشىپ مېڭىشتى.

**قارىلاق** ① سۈپ. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل؛ قارا: — سەن ئۇنىڭ نېمىسى؟ — دەپ سورايدۇ ئۇ ياش، بۇ قارىلاق تەنتەكنىڭ پوزىتسىيىسىنىڭ يامانلىقىنى كۆرۈپ. ② ئى. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل كىشى، قارىمۇتۇق، قارىۋاي: يامىرىدى، كۆردى ئۇ شۇنداق مۆجىزات، جۈپ ئامراق سەيلىچى ئۆتتى ئالدىدىن. ئۇ ئىدى ئۆزىدەك ئاپئاقمۇ ئەمەس، كىيىمۇ ئاددىيلا قارىلاق ئاندىن.

**قارىلانغۇچى** ئى. قارىلانغان ئادەم، ئەيىبلەنگۈچى: « تۆت كىشىلىك گۇرۇھ » يوقىتىلغاندىن كېيىن، « مەدەنىيەت ئىنقىلابى » دا توپىلانغان سان-ساناقسىز قارا ماتېرىياللار كۆيدۈرۈۋېتىلدى ياكى قارىلانغۇچىغا قايتۇرۇپ بېرىلدى.

**قارىلانماق** « قارىلىماق I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مۇشۇ خەت تۈپەيلىدىن ناهەق قارىلىنىپ، تۇتقۇن قىلىنغان دەسلەپكى مەزگىلدە خورلۇققا چىدىماي ئۆلۈۋېلىشنىمۇ ئويلىغانىدىم.

**قارىلىق** I ① « قارا II » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ تەرەپتىن قۇياش قىزىتىۋەتكەن ئاسمانغا قويۇق ئىس كۆتۈرۈلۈپ، بۇلۇتتەك قارىلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * جىسمىڭ قوتۇر، چىرايىڭ قارا، قارىلىقتا بىرىنچى هامان. لېكىن ئىنسان، زاۋۇت، كارخانا... ئايرىلماس سەندىن هېچقاچان. * كەلسە ئىھ، ئاراملىق تاڭنىڭ مەزگىلى، قارىلىق نامىمدىن بولسام مەنمۇ ئاق. تەققات ئىشىمنى ئەتسەم ۋە داۋام، پەن بىلىم يولىدا ئۆرلىسەم هەر ۋاق. ② ئى. يامانلىق، زەهەرخەندىلىك: كۆڭلى قارىلىق قىلماق. * ئۇ كۆڭۈل قارىلىقى بىلەن تاپانچىسىنى قېپىدىن سۇغۇرۇپ ئالدى-دە، نادەمگە توغرىلىدى. * تەرتىپ مۇدىرى ئىچى قارىلىق بىلەن كۆزىنى بىر چەكچەيتتى-دە، « ئەدەب كالتىكى » نىڭ جاندىن ئۆتىدىغان قىرلىق تەرىپىنى مەقسەتلىك توغرىلاپ، ئالماسنىڭ ئالقىنىغا ئارقا-ئارقىدىن بەشنى ئۇردى.

**قارىلىق باغلىماق** ئۆلۈم مۇناسىۋىتى بىلەن بېلىگە قارىلىق (ئاق ياغلىق) چېگىۋالماق: ئىمىر بىلەن يىگىت كىيىملىرىنى يەڭگۈشلەپ، بەللىرىگە قارىلىق باغلاپ شەهەردە تۇرۇپ قېلىپتۇ. كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار، ئۆتۈپتۇ، كىشىلەر قارىلىقلىرىنى يېشىۋېتىپتۇ. * ئىككىنچى كۈنى، بېلىگە قارىلىق باغلىغان زاكىر ئۈچ چېرىك بىلەن هاجىنىڭ

قارارگاھىغا ئات چاپتۇرۇپ كەلدى.

**قارىلىق تۇتماق** ماتەم كىيىمى كىيىش، قارىلىق باغلاش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئۆلگەن كىشىگە بولغان قايغۇسىنى، ھۆرمىتىنى بىلدۈرمەك؛ ماتەم تۇتماق: پۈتۈن يۇرت ئۇنىڭغا قارىلىق تۇتۇپ ھازا ئاچتى. * – مەن ئانام ئۆلگەندىن كېيىن ئۆلسەم، ھېچكىم قارىلىق تۇتماسلىقى مۇمكىن، چۈنكى مېنىڭ بىلەن ھېچكىمنىڭ ئىشى يوق، – دەپتۇ ئۇ.

**قارىلىقنى سۇندۇرماق** ئۆلگۈچىنىڭ يېقىن كىشىلىرىنىڭ چاي بېرىش ياكى بىرەر نەرسە تەقدىم قىلىش قاتارلىقلار ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە بولغان ماتەمنى ئاخىرلاشتۇرماق: داستىخان يىغىلىدىغان چاغدا، شېھىتلەرنىڭ بالا-چاقىلىرى بىلەن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ قارىلىقنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن، ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا بىرەر كىيىملىكتىن رەخت، دوپپا، كۆڭلەكلەر قويۇلدى. ئايىقىزغا بولسا، بېشىدىن ئايىغىچە سەرپاي بېرىلدى.

**قارىلىقنى ئۈشتۈماق** ← **قارىلىقنى سۇندۇرماق.**

**قارىلىق** II ئى ① ياغاچچىلار ياغاچقا قارا تارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئەسۋاب. ئۇنىڭ قارا رەڭ قاچىلىنىدىغان قۇتىسى ۋە ياغاچنىڭ يۈزىگە ئىز چىقىرىدىغان ئىنچىكە يىپى بولىدۇ. ② سۆپ. بىرەر يېقىن كىشىسى ياكى مۆتىۋەر ئادەمنىڭ ئۆلۈمى مۇناسىۋىتى بىلەن شۇ كىشىنىڭ ۋاپاتىغا قايغۇرغانلىقىنى بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن كىيىلىدىغان، ئارتىلىدىغان ياكى باغلىنىدىغان: ئارىدىن بىرقانچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، داغىلە خوجا ئەكبەر پادىشاھنىڭ ئوردىسىنىڭ ئالدىدا قارىلىق كىيىملەر بىلەن پەيدا بولۇپتۇ. * باشتىن-ئاياغ قارىلىق كىيىمى كىيگەن تاشۋاي رەھىم ناۋايدىن قالغان نەقىشلىك راۋابىنى قولىغا ئالدى. ③ ئى. شۇنداق چاغلاردا كىيىلىدىغان كىيىم؛ رومال، بەلباغ قاتارلىقلار: قارىلىق باغلىماق. قارىلىق كىيمەك. * ئايتۇلۇن پاختىلىق كونا چەكمەن پەشمىتىنى كىيدى، بېشىغا قارىلىق ئارتتى-دە، ئۆكسۈپ زارلاپ، يىگانە ھازا ئاچتى. ④ ئى. ئويۇن-چاقچاق، شاد-خۇراملىق ۋە شۇنىڭدەك ھەر خىل كۆڭۈل ئېچىش پائالىيەتلىرىدىن ئۆزىنى خالى تۇتۇش، چەكلەش: قارىلىق تۇتماق. قارىلىقنى سۇندۇرماق. * باقى قويچى بېشىغا قارا دوپپا كىيگەن، چىرايى سولغۇن ئىدى. ئۇ قىزىنىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن ئۇزۇن ۋاقىتنى قارىلىق بىلەن ئۆتكۈزدى.

**قارىلىق** III ① «قارى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: دادىسىنىڭ ئارزۇسى بولسا ئىمام مۇھەممەتنى قارىلىققا بېرىش ئىدى. ئانىسىنىڭ ئارزۇسى بولسا ئىمام مۇھەممەتنى ياخشىراق بىرەر ھۈنەرگە بېرىش ئىدى. ② «قارى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: جىمكى قارىلىق سەنئىتى بىلەن ئوقۇدى قازىنىڭ ئوقۇغىنىنى. گويا ئۇ، چوقۇندى بەسلىشىپ شۇ دەم، قېرى، توك قاغىنىڭ چوقۇغىنىنى.

**قارىلماق** I پ. بىراۋنىڭ ئۈستىگە يوق گۇناھنى ئارتماق؛ بىكاردىن-بىكار ئەيىبلىك، گۇناھكار دەپ قارىماق؛ قارا چاپلىماق؛ تۆھمەت قىلماق: ئۇ مېنى ناھەق قارىلىدى. * – سەن ئۆزۈڭنى ئاقلايمەن دەپ ئەڭ ئىشەنچلىك دوستلىرىمىزنى قارىلىغۇچى بولما! – دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ. * – ھە، مەن سېنى ھېچقاچان سۆيگەن ئەمەسمەن، كېيىمگە قۇلاق سال-دە، مېنى قارىلماسلىققا تىرىش، – دېدى ئۇ رەپىقىسىگە.

**قارىلىماق II** پ. قارىغا ئالماق، نىشانغا ئالماق، توغرىلىماق، ئۇدۇللىماق، چەنلەمەك، نىشانلىماق: بىز پىلموتنى دۈشمەننىڭ پوتىيىگە قارىلاپ قويدۇق. * — بۇ كۈتۈلمىگەن ئىشتىن ئۆزۈممۇ ھەيران قالدىم. «ئەجەبا، ئۇنى قارىلاپ ئاتمىغانىدىم-غۇ؟ ئوق ئۇنى قانداقسىگە دەرەختىن موللاق ئاتقۇزغاندۇ؟» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. * دۈشمەننىڭ ماتورلۇق كېمىسى يېتىپ كېلىشى بىلەن، ئۇلار ئەپچىللىك بىلەن قارىلاپ سوقتى.

**قارىم I** بىر ئاز دىنىي بىلىمى بار، ئوقۇغان كىشىنى ھۆرمەتلەپ، يېقىنلىقنى ئىپادىلەپ چاقىرىشنى بىلدۈرىدۇ.

**قارىم II** ئى. → **قىرىم**: ئىشىك ئالدىڭ ئۇلۇغ دەريا، ئوتتۇرىسى قارىم. ئۇ قېشىغا ئالما ئاتتىم، ئالدىڭمۇ يارىم.

**قارىماتاق** ئى. قارا تۇسلۇك، چىرايى قارىراق كەلگەن ئادەملەرنى كەمسىتىپ ئېيتىلىدىغان سۆز: — نەرىنىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالغانسەن ئۇ قارىماتاقنىڭ؟ — دېدى ئاپىسى خاپا بولۇپ. * — ھۇ، سەن قارىماتاق، — دېدى ئۇ كەينىدىن غۇدۇراپ.

**قارىماستىن** تىر. ئېتىبار بەرمەستىن، پەسەنت قىلماستىن، پەرۋا قىلماي، ھېسابلاشماي: قار ئۇچقۇنلىرى يۈزگە ئۇراتتى. ھاكىم ياشنىپ قالغانلىقىغا قارىماستىن ھاسىراپ ماڭاتتى. * سىزنى ۋە ئاتامنى سېغىندىم، ئەگەردە ئېغىز ئاياغ بولمىسام ئىدى، قىش بولۇشقا قارىماستىن مەرغۇلانغا ماڭاتتىم.

**قارىماق** پ ① كۆرۈش ئۇچۇن كۆزىنى بىرەر تەرەپكە، نەرسە ياكى بىركىمگە قاراتماق؛ كۆز تاشلىماق: يىراققا قارىغاننىڭ كۆزى ئۆتكۈر (ماقال). * ئالدىڭغا ماڭساڭ، كەينىڭگە قارا (ماقال). * ئۇ ئاغزىدىكى مانتىنى پىششىق چايناپ يۇتۇۋېتىپ موللاق ھېكىمگە قارىدى. * يىگىت ئارىلاپ-ئارىلاپ كەينىگە قاراپ قوياتتى. * سادىق قوڭغۇراق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىرئاز ھەيران بولۇپ، كەكە ساقاللىق ھارۋىكەشكە قارىدى. ② پەرۋىش قىلماق، باقماق، خەۋەر ئالماق، كۈتمەك: كېسەلگە قارىماق. زىرائەتكە قارىماق. * ئۇلار ماڭا ياخشى قارىدى. ئەمما تاغامنىڭ بالىلىرى كۆپ، ئۆزىمۇ ئاغرىقچانىكەن. * ئۇلار شىمالغا ساياھەتكە كېتىشكەن بولۇپ، بىزگە ھۆكۈمەت بەلگىلەپ بەرگەن ئائىلە خىزمەتچىسى ئايشەم ھەدە قارايتتى. * — بۇنداق ئولتۇرۇۋەرسەك بولماس، سىز بارمىسىڭىز بولۇپتۇ، ماشىنىڭىزغا قاراڭ، مەن باراي، تىرىك جان بولغاندىكىن ئامال تېپىلىپ قالار، — دېدى ئۇ. ③ خىيالەن نەزەر تاشلىماق، پىكرەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەك، كۆز تىكمەك: ئۆتمۈشكە بىر قارىماق. كېلەچەككە ئىشەنچ بىلەن قارىماق. * لېكىن، مەن ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسىدە نېمە بارلىقىنى، نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، ئۆزىگە، ھاياتقا، كەلگۈسىگە قانداق قارايدىغانلىقىنى ئانچە بىلمەيمەن. ④ ... دەپ ھېسابلىماق، تونۇماق ... دەپ بىلمەك، چۈشەنمەك: ئېتىبارسىز قارىماق. * قەدىمكى ھۆكۈمالار مۇنداق قارايدۇ: ئادەم بەدىنىدىكى كېسەللىك ئۆزگىرىشلىرى ئاساسەن ئۇزۇقلۇقلار بىلەن زىچ مۇناسىۋەتكە ئىگە. * ئۇيغۇر تېۋىپلىرى ئەپلاتۇننى قەدىمكى تىبابەت ئۇستازلىرىدىن بىرى دەپ قارايدۇ. * — ئانا، مېنىڭ ئويۇمغا نېمە كەلگەنلىكىنى بىلەمسىز؟ تاغام دوختۇرلۇقتا ئوقۇغىن دەپ توغرا ئېيتقانىكەن، مەن ھېلىھەم دوختۇرلۇقتا ئوقۇي دەيمەن، سىز قانداق قارايسىز؟ — دېدى ئۇ ئانىسىغا. ⑤ ئاساسلانماق، باقماق: ئىپادىسىگە قارىماق. * چىشىمغا

قارىما، ئىشمغا قارا (ماقال). * بىلەككە
قارىما، يۈرەككە قارا (ماقال). * كىشىنىڭ
تىلىغا ئەمەس، دىلىغا قارا. (ماقال). *
ھەرىكەتنى نورمال ئىشلەش، ئاستا باشلاپ
بارغانسېرى مىقدارىنى ئاشۇرۇش، بەدەننىڭ
ئۆسۈش قابىلىيىتىگە قاراپ ھەرىكەت قىلىش
كېرەك. * ھەرقانداق ۋاقىتتا سىياسىي
جەھەتتە مەركىزىي كومىتېت بىلەن بىردەك
بولغان- بولمىغانلىقىغا قاراشتا ئۇنىڭ ئېغىزىدىكى
سۆزىگىلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ ئەمەلىي
ھەرىكىتىگە قاراش كېرەك. ⑥ بىرەر
تەرەپكە يۆنەلمەك، توغرىلانماق،
ئۇدۇللانماق: ئۇ شانىيازنىڭ ئادەملىرىنى
كۆرۈپ، ھودۇقۇپ، تەمترەپ كەينىگە داجىپ،
يەنە ئورمان ئىچىگە قاراپ قاچتى. *
سۇپتاينىڭ ئۆيى قاتار كەتكەن قوشنا ئۆيلەر-
نىڭ ئەڭ شەرقىدە بولۇپ، ئىشىك دېرىزىسى
جەنۇبقا قارايتتى. ⑦ ياردەملەشمەك،
قاراشماق: ئالماس بولسا، موماي بىلەن
قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ: — شانىياز
خىزمەت بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئۆي ئىشلىرىغا
قارىيالماپتۇ، ياخشى بولماپتۇ، — دېدى. ⑧
تەلمۈرمەك؛ ساقلىماق؛ كۈتمەك: تاغدىن
كەلگەن شامالدىن مەن يارىمنى سورايمەن.
يارىمنى كېلەرمۇ دەپ يولغا چىقىپ قارايمەن.
⑨ بايقىماق، سەزمەك: سۇلتان ئۇيقۇ
ئىچىدە قوناق شاخلىرىنىڭ شاراق-شۇرۇق
قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ، چۆچۈپ ئويغىنىپ
ئورنىدىن تۇردى. قارىسا، ئىش چاتاق!
يۇقىراچە كىيىنگەن تۆت-بەش ئادەم بۇ
تەرەپكە كېلىۋېتىپتۇ. ⑩ ئىتائەت قىلماق،-
بويسۇنماق؛ ئىختىيارىدا، قارمىقىدا بولماق:
خوتۇن ئەرگە قارايدۇ، ئەر يەرگە (ماقال).
* تۇردىشاخۇن بىلەن تۆمۈر قېرى ئۇنى
بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، ھەممە ئادەم ئۇنىڭ
ئېغىزىغا قارايدىغان بولۇپ كەتتى. * ئۇلاردىن
مەن: — سىلەر قايسى ئىدارىگە قارايسىلەر،
— دەپ سورىدىم. * ئۆمرۈم شۇنداق
ئۆتەرمۇ، كۆڭۈلسىز يارغا قاراپ. كەينىدىن
مېڭىپ قويسام، خەقلەر قالدۇ قاراپ.⑪
كۆڭۈل بەرمەك، نەزەرىنى سالماق:
شۇنداق، ئابرويى بولمىغان ئەرگە قىز بالا
قارىمايدۇ.⑫ كۆزدىن كەچۈرمەك، تەكشۈر-
مەك: بىز ئۇنىڭ نەتىجىلىرىنى بىرلىكتە قاراپ
چىقتۇق. مېنىڭچە بۇ ئەجىر قىلسا ئەرزىگۈدەك
قۇرۇلۇش بولىدۇ. * دەرۋازا يېنىدىن كوماندا
بەرگەندەك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى: — جانابلار،
ئۆي-ئۆيۈڭلەرگە تارقىلىشىڭلارنى سورايمەن.
سىلەرنىڭ تەلەپلىرىڭلارنى قاراپ چىقىمىز.
تىنچلىق بىلەن تارقىلىشىڭلارنى سورايمەن.
⑬ 2 — شەخسكە قارىتا ئېيتىلىپ
تەئەججۈپلىنىش، ئەپسۇسلىنىش، ھەيران
قېلىش ۋە نەپرەتلىنىش قاتارلىق مەنىلەر-
نى بىلدۈرىدۇ: ئۇنىڭ شۇنچىۋالا ئەرزان
سائەتنى ئالمىغىنىنى قارا. * يېڭى ھەمراھىم
يامان نېمە ئىكەن كېلىپلا ئىشقا كىرىشىپ
كەتكىنىنى قارىمامسىز. ⑭ چېتىلما رەۋىشدا ش-
نىڭ يوقلۇق شەكلىدە كېلىپ،« پەرۋا
قىلماستىن، پىسەنت قىلماي» دېگەن
مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: يولداش ئىسمائىل
ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي، ئۇلارغا
قاراپ ۋارقىراپ رۇكاياتكىنى كۆتۈرۈپ يۈگۈرىدۇ.
* بوران چىقىۋاتقىنىغا قارىماي، ھاجى ئۇنى
ھۇجرىسىغا چاقىرتىپ كەلدى.
**قارىماقا** يۈك. يۈزەكى چۈشەنچە بىلەن
قارىغاندا، مۇنداقلا قاراشقا: بۇ گەپلەر
قارىماقا ناھايىتى ئاددىيدەك قىلىسمۇ، لېكىن
ئۇنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ۋە ئۇنى
تامامەن ئىشقا ئاشۇرۇشمۇ ئاسان ئەمەس.
* ئۇنىڭ ئائىلىسى قارىماقا نامرات كۆرۈنگەن
بىلەن ئۆز ۋاقتىدا يېنىنى « چىڭدىۋالغان »
بولسا كېرەك، شۇڭا خېلى ئۇزۇنغىچە دۇيگە

قول سوزمىدى.

**قارىماي** I ئى [قارا+ماي] <خىم> ← **ئاسفالت.**

**قارىماي قەغەز** <بىن> ھايۋانلارنىڭ تۈكى ياكى ئۆسۈملۈك تالاسىدىن ئىشلەنگەن قېلىن قەغەزگە قارىماينى سۈركەپ ئىشلەنگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، ئەۋرىشىم كېلىدۇ. قۇرۇلۇشلاردا سۇدىن قوغدىنىش ئورۇنلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**قارىماي** II تىر ← **قارىماستىن:** يامغۇرنىڭ يېغىشىغا قارىماي بىز يولغا چىقتۇق.

**قارىمايلىق** سۈپ. تەركىبىدە قارىماي بار ياكى قارىماي ئارىلاشتۇرۇلغان، قارىمايغا ئىگە: قارىمايلىق بېتون.

**قارىمايلىق بېتون** <بىن> قارىماينى ئېرىتىپ شېغىل تاشلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلەنگەن بېتون. يول ۋە مەيدانلارغا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ، سۇ ئۆتكۈزمەيدۇ، سۈركىلىشكە، تەۋرىنىشكە چىدامliq.

**قارىمۇتۇق** سۈپ. چىرايى قارا ياكى قارىغا مايىل، قارامتۇل: قارىمۇتۇق بالا. * بۇ بوۋاي ئېگىز بويلۇق، قارىمۇتۇق ئادەم بولۇپ، ساقىلىنىڭ تەگدىن تولىسى ئاقارغانىدى. * — ۋۇي ئۇز قىز، سىزگە قاچان توي كېيىمى تىكىمىز؟ — دېدى كۆزلىرى ئويناپ تۇرغان شوخ بىر قىز يېنىدىكى قارىمۇتۇق قىزنىڭ بىقىنىنى نوقۇپ.

**قارىمۇچ** ئى [قارا+مۇچ] <بوت> قارىمۇچ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ئەۋرىشىم غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئۇزۇن، سوقىچاق. گۈلى سېرىق، مېۋىسى كىچىك، شار شەكىللىك، پىشقاندا قىزىرىدۇ، قۇرۇغاندا قارىيىدۇ. بۇ قارىمۇچ دېيىلىدۇ. مېۋە شۆپۈكى ئېلىپ تاشلانغىنى ئاق بولىدۇ، بۇ ئاقمۇچ دېيىلىدۇ. تەمى ئاچچىق، تەم تەگكەش. ئۇچۇن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىسسىقلىق دورىسى قىلىنىدۇ، سوغۇقتىن بولغان ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمى ياخشى.

**قارىمۇق** I ئى <بوت> ① قەلەمپۇر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 60 سانتىمېتر. يۇقىرى قىسمى ئاچىماقلىنىپ شاخلىنىدۇ، بوغۇم قىسمى يوغانراق. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۇمۇنە شەكىلدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. تۈۋى غولىنى ئازراق ئوراپ تۇرىدۇ. گۈلى سۇس قىزىل، چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە. غوزا مېۋىسى تۇخۇم شەكىلدە. ئۇرۇقى قارا، شار شەكىلدە بولىدۇ. ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قىرتاقراق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. قاننى جانلاندۇرۇپ، خۇن ماگدۇرىدۇ، سۈت كەلتۈرىدۇ، ئىششىقنى ياندۇرىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قارىمۇق** II ئى. ئاق قوناقتا چۈشىدىغان قارا كۈيە.

**قارىمۇق كېسەللىك زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. كۆپىنچە باشاقلىق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ باشىقى، غولى ۋە يوپۇرمىقىدا پارازىت ياشاپ، شۇ ئورۇندا قارا پاراشوكسىمان سپورا دۆۋىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي قارىمۇق كېسەللىك زەمبۇرۇغى، كۆممىقوناق قارىمۇق كېسەللىك زەمبۇرۇغى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قارىمۇقارشى** ① بىرى يەنە بىرىنىڭ ئۇدۇلىدا بولغان، بىر-بىرىگە قاراپ تۇرغان، زوبىرو: قارىمۇقارشى بىنالار. قارىمۇقارشى بۈلۈڭلار. * قارىمۇقارشى دېرىزىلىك ئازادە ئۆي پۈتكەندىن كېيىن،

هاكىم سىم كارىۋات ئەكەلدۈرۈپ، دېرى-
زىسگە تور پەردىلەرنى تارتقۇزدى. *
ئۇلار يېزىقچىلىق ئۇستىلىنىڭ يېنىدىكى
كرېسلودا بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئولتۇرۇشقان-
دى. ② بىر-بىرىگە توغرا كەلمەيدىغان،
خىلاپ، زىت، بىرى ئىككىنچىسىنى ئىنكار
قىلىدىغان؛ بىرى ئىككىنچىسىگە مۇخالىپ،
قارشى ياكى دۈشمەن: قارىمۇقارشى
مۇناسىۋەت. قارىمۇقارشى كۈچلەر. قارىمۇقارشى
پىكىرلەر. قارىمۇقارشى تەرەپلەر. * بىز
كوممۇنىستىك ئىدىيۋى تەربىيىنى سوتسىيالىزمنىڭ
هازىرقى باسقۇچىدا يولغا قويۇلۇۋاتقان سىيا-
سەت بىلەن ئارىلاشتۇرۇۋەتمەسلىكىمىز،
ئىككىسىنى قارىمۇقارشى قىلىپ قويماسلىقىمىز
لازىم.

**قارىمۇقارشى بۇلۇڭلار** <مات> ←
**قارشىسىدىكى بۇلۇڭ.**

**قارىمۇقارشى تەرەپلەر** ① <مات>
تۆت تەرەپلىكتىكى ئۆزئارا قوشنا بولمىغان
تەرەپ. ② <پەلس> زىددىيەتنىڭ
ئىككى تەرىپى. زىددىيەتلىك
ئىككى تەرەپ ھەم بىرلىككە
ئىگە بولىدۇ، ھەم كۈرەش
قىلىدۇ. قارىمۇقارشى تەرەپلەر-
نىڭ بىرلىكى نىسپىي، كۈرىشى
مۇتلەق بولىدۇ. ھەرقانداق
قارىمۇقارشى تەرەپ ئۆلۈك،
قېتىپ قالغان نەرسە ئەمەس،
بەلكى جانلىق، شەرتلىك،
ئۆزگىرىشچان ۋە بىر-بىرىگە
ئايلىنىدىغان نەرسىلەردۇر.

**قارىمۇقارشى چوققىلىق بۇلۇڭلار** <مات>
بىر بۇلۇڭنىڭ ئىككى تەرىپى ئايرىم-
ئايرىم ھالدا يەنە بىر بۇلۇڭنىڭ
ئىككى تەرىپىنىڭ تەتۈر يۆنىلىشلىك
داۋامى بولسا، بۇ ئىككى بۇلۇڭ
قارىمۇقارشى چوققىلىق بۇلۇڭلار
دېيىلىدۇ.

**قارىمۇقارشى مەنىلىك سۆز** <تىل>
«ئاچچىق» بىلەن «تاتلىق»،
«چوڭ» بىلەن «كىچىك» كە
ئوخشاش مەنىسى بىر-بىرىگە قارىمۇقار-
شى بولغان سۆزلەر.

**قارىمۇقارشى مۇناسىۋەت** <لوگ>
قارىمۇقارشى ئۇقۇم ئوتتۇرىسىدىكى ۋە
A ھۆكۈم بىلەن E ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدىكى
مۇناسىۋەت.

**قارىمۇقارشى ئۇقۇم** <لوگ> ئىككى
ئۇقۇم ھەجىم جەھەتتىن بىر-بىرىنى
چەتكە قېقىشسا، ئۇقۇمنىڭ مېغىزى
جەھەتتىن بىر-بىرىنى ئىنكار قىلىشسا
ھەمدە ھەرقايسىسى ئۆزى ئەكس
ئەتتۈرگەن ئوبيېكتقا بىرنېمە تەستىقلىسا،
بۇ مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن قارىمۇقارشى
مۇناسىۋەت؛ ئۇقۇم نۇقتىسىدىن قارىمۇقار-
شى ئۇقۇملار بولىدۇ.

**قارىمۇقارشى ئېقىم قاتلىمى** <مېتېئور>
← **كونۋېكسىيە قاتلىمى.**

**قارىمۇقارشى يانداشتۇرۇش** <ئەد>
خۇسۇسىيەت ۋە ئالاھىدىلىك جەھەتتە
ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىگە زىت
بولغان قوشۇمچە شەيئى ياكى ھادىسى-
نى ئاساسىي شەيئى ۋە ھادىسىگە
يانداشتۇرۇش ئارقىلىق، ئاساسىي
شەيئى ۋە ھادىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش.

**قارىمۇقارشىلىق** ① قارىمۇقارشى ھالەت:
پىكىرلەرنىڭ قارىمۇقارشىلىقى. ② <پەلس>
بىرى ئىككىنچىسىنى ئىنكار قىلىدىغان
ئۆزئارا زىت پىكىر، ھادىسە ۋە شۇ
قاتارلىقلار؛ زىددىيەت، ئىختىلاپ: ئىچكى
قارىمۇقارشىلىق. سىنىپىي قارىمۇقارشىلىق.
* ئىلىك پەلسەپە دەرسىدە ئەمەلىيەتكە

بىرلەشتۈرۈپ، قارىمۇقارشىلىقنىڭ ھەممە نەرسىدە دائىم بولۇپ تۇرىدىغانلىقىنى، ئۇقۇغۇچىلارغا ئوبدان چۈشەندۈردى.

**قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى** <پەلس> ← **قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى.**

**قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنىيىتى** <پەلس> ماتېرىيالىستىك دىئالېكتىكىنىڭ تۈپ قانۇنىيىتى. ئۇ بارلىق شەيئىلەرنىڭ ھەممىسى قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكىدىن ئىبارەت، ھەممە شەيئى زىددىيەتكە تولغان بولىدۇ، زىددىيەتنىڭ قارىمۇقارشى تەرەپلىرى ھەم بىرلىككە ئىگە، ھەم كۆرەش قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە مەلۇم شەرت ئاستىدا ئۆزئارا بىر-بىرىگە ئايلىنىپ، شەيئىلەرنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ؛ خالىغان بىر كونكرېت شەيئىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا، قارىمۇ قارشىلىقنىڭ بىرلىكى شەرتلىك، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى بولىدۇ، شۇڭا نىسپىي، قارىمۇقارشى بولغان كۆرەش شەرتسىز، مۇتلەق بولىدۇ دېگەنلەرنى چۈشەندۈرىدۇ.

**قارىن (قارنى)** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى؛ ئاشقازان، قورساق: قارنى ئاچماق. قارنى توق. قارنى يامان. * قېرىشقانىنىڭ قارنى ئاچ (ماقال). * ئاتىنىڭ قارنى تازا ئاچتى. * ماڭا ئوخشاش بەختسىزنىڭ نەگە بارسا قارنى ئاچ. بەرمىسەڭمۇ توقچىڭدىن چىرايىڭنى تۇرمە، ئاچ. ② بالىنىڭ تۇغۇلۇشىدىن بۇرۇن تۇرىدىغان يېرى؛ بالىياتقۇ؛ قورساق: بۇ بالا ئۇ چاغلاردا تېخى ئانىسىنىڭ قارنىدا ئىدى. * مەريەم قوزىلىرىنى ئانىسىنىڭ قارنىدىن چۈشۈشى بىلەن ئاجراتقىنى يوق. ③ كۆچمە. راۋاب، دۇتار، تەمبۇر قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنىڭ خەرەك تۇرىدىغان قىسمى؛ ئۇ ئىچى كاۋاك ئىدىش، كۆپ قاتارلىق ئاغزى كىچىكرەك كېلىدىغان نەرسىلەرنىڭ دومبىيىپ چىققان يوغان قىسمى: دۇتارنىڭ قارنى. تەمبۇرنىڭ قارنى. ئىدىشنىڭ قارنى. كۆپنىڭ قارنى. كوزىنىڭ قارنى. ساماۋەرنىڭ قارنى. * بىر ئاي دېگەن ئوتتۇز كۈن گۇلمەرەم، ئۇنىڭ ئوتتۇز تۈنى بار گۇلمەرەم. راۋابىمنىڭ قارنىدا گۇلمەرەم، سەن يارىمنىڭ ئۈنى بار گۇلمەرەم.

**قارنى ئاغرىماق** ← **قورسىقى ئاغرىماق:** بالام، سېنى شۇ ياشقا ئەكەلگۈچە ساڭا ئاز پۇل كەتتىمۇ؟ خەتنەڭنى قىلغاندا ئاناڭ گالۋاڭنىڭ زورى بىلەن كەسكەكچى ئۇستامغا قويغان پۇلغا ھازىرغىچە قارنىم ئاغرىيدۇ.

**قارنى باشقا بىر تۇغقان** ئاتىسى بىر ئەمما باشقا-باشقا ئانىدىن بولغان بىر تۇغقان.

**قارنىنى بوشاتماق** ← **ئىچ-قارنىنى بوشاتماق:** شۇ كۈنى كېچىسى قېرىنداشلار سۆھبىتى توختۇ ئىككى چىللىغۇچە داۋام قىلدى، قىسمەت چورۇقمۇ، بايىز خالۋاپمۇ، توختىئاخۇنمۇ، ھەممىيلەن ئۆز كۆڭۈللىرىدىكىنى ئېيتىپ، قارنىنى بوشىتىپ، بىر قېتىم پىغاندىن چىققاندەك بولدى.

**قارنى يامان** ئالدىغا كەلگەننى يەپلا تۇرىدىغان، تاماقنى جىق يەيدىغان، تويماس، ئوپقان: قارنى يامان ئادەم. قارنى يامان بالا. // قارنى يامان ھېيتتا ئۆلەر (ماقال).

**قارىنباغ** ئى [قارىن+باغ] ئېگەرنىڭ ئات قارنىدىن ئايلاندۇرۇپ باغلاپ قويۇلىدىغان تاسمىسى.

**قارىئۆرۈك** ئى [قارا+ئۆرۈك] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، گىرۋىكىدە ھەرىنىڭكىدەك

چېشلىرى بولىدۇ. گۈلى ئاق ۋە ئاچ قىزىل رەڭلەردە تاق ياكى ئىككى دەستە ھالىتىدە توپلىشىپ ئۆسىدۇ. ئۇچكىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، غورا ۋاقتىدىكىسى يېشىل، پىشقان ۋاقتىدىكىسى قارا كېلىدۇ، تەمى چۈچۈمەل بولىدۇ. ئۇنى ئىستېمال قىلىش ۋە دورىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. قىزىتمىنى ياندۇرۇش، مەددە چۈشۈرۈش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قارىئۆرۈك شەربىتى** قارىئۆرۈك مېۋىسىنىڭ شىرنىسىدىن تەييارلىنىدىغان شەربەت.

**قارىئۆرۈك مۇرابباسى** قارىئۆرۈك مېۋىسىدىن قىلىنىدىغان مۇراببا.

**قارىئۆڭكۈر** ئى [قارا+ئۆڭكۈر] <ئاستر> تەرەققىي قىلىپ ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچقا يەتكەن تۇرغۇن يۇلتۇز. ئۇ نېيترون يۇلتۇزنىڭ يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا قىسقىرىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بولۇپ، ئىنتايىن زور تارتىشىش كۈچى مەيدانىغا ئىگە. شۇڭا ئۇ ئۆزىدىن تارقىتىلغان ھەرقانداق بىر ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنىنى سىرتقا چىقارغىلى بولمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنمەس، يەككە-يېگانە ھالەتتە ئاسمان جىسمىغا ئايلانغان. كىشىلەر پەقەت تارتىشىش كۈچى تەسىرىدىنلا ئۇنىڭ ھەقىقەتەن مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلەلەيدۇ. شۇڭلاشقا ئۇ قارائۆڭكۈر دەپ ئاتالغان.

**قارىۋاي** سۈپ [قارا+باي] چىراي ۋە بەدىنىنىڭ تېرىسى قارا ياكى قارىغا مايىل، قارا تۇسلۇك، قارىمۇتۇق: ئۇ بۇرۇن ھەدىسنىڭ ئېرى قارىۋاي ئۇسمانىنىڭ كوممۇنىست ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. * ئىككىنچى كۈنى، ئوتتۇرا ئەترەت شتابىدا كادىرلار مەجلىسى ئېچىلدى، بۇ يىغىنغا قارىۋاي سۇلتانمۇ قاتناشتى. // — ئاپا، ئادەم تېپىلماي، ئەمدى ماڭا ئاشۇ قارىۋاينى سايە قىلىۋاتامسىنا؟! — دېدى ئۇ ئاپىسىنىڭ گېپىگە جاۋابەن.

**قارىئىجرىق** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ھەمىشە يەر بېغىرلاپ ئۆسۈپ، بوغۇمى تەگكەن يەردىن ئاسانلا يىلتىز چىقىرىدۇ. گۈلى ياز ھەم ئەتىيازدا ئېچىلىدۇ. كۆپىنچە يول ياقىسى ۋە چۆپلۈكلەردە ئۆسىدۇ. مۆتىدىل بەلباغ رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. ئادەتتە ئۇ ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ياخشى خەشكى ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، قاننى ساپلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە. يىلتىزسىمان غولىنىڭ يېيىلىش كۈچى كۈچلۈك بولغاچقا، كۆپ ھاللاردا ئۇ توپ مەيدانلىرى ۋە سۇنئىي ئوتلاق ھاسىل قىلىش قۇرۇلۇشى شۇنىڭدەك دامبا يانلىرىدىكى توپىنى تۇراقلاشتۇرۇش ئىشلىرىدا يەرگە ياتقۇزۇلىدۇ.

**قارىياغاچ** ئى [قارا+ياغاچ] <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى قىسقا ساپلىق كېلىدۇ. قاناتلىق مېۋىسى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. ياغىچى قۇرۇلۇشقا ياكى ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قارىياغاچ پوستىكى** <بوت> قارىياغاچنىڭ قاناتلىق مېۋىسى. شەكلى دۈگىلەك ھەم كىچىك. ياش ۋاقتىدىكىسىنى يېگىلى بولىدۇ.

**قارىياغاچلىق** ① سۈپ. قارىياغىچى بار، قارىياغاچ كۆپ ئۆسكەن، قارىياغاچ بىلەن قاپلانغان: قارىياغاچلىق يېزا. * مىجىت كۆن پاتاي دەپ قالغانلىقتىن، ئۇدۇل مېڭىپ، تېزرەك

باراي دېگەن ئوي بىلەن قارىياغاچلىق قىلىن باغنى كېسىپ كېتىپ بارغانىدى. * ئۇ ئىككى چېتى پاكار قارىياغاچلىق يول بىلەن مېڭىپ ئارقا كوچىغا چىقىپ، كادىرلار ئۆچۈن سېلىنغان، ئاددىي ئۆيلەرنىڭ ئالدىغا كەلدى. ② ئى. قارىياغاچ كۆپ ئۆسكەن يەر، قارىياغاچ بىلەن قاپلانغان جاي: ئالماس ئىتتىك بۇرۇلۇپ، يان تەرەپتىكى ئۈستى ئاپئاق قار بىلەن چۈمكەلگەن قارىياغاچلىققا قارىدى. قارىياغاچلىقنىڭ كەينى تەرىپى مەھەللە قەبرىستانلىقى بولۇپ، بۇ يەردە مەشرەپ، ئانار گۈللەرنىڭ قەبرىلىرى بار ئىدى. * داۋانچىڭدىن قوزغىلىپ سايئۈپىغا قاراپ يول ئالغان هارۋىلار قارىياغاچلىقلار ئارىسىدىكى قاتتىق يوللاردا كېتىۋاتاتتى.

**قارىياڭاق** ئى [قارا+ياڭاق] <زوئول> ① ياڭىقى قارا، باشقا يەرلىرى ئاق كەلـگەن قوي. ② تۇغۇلغىنىغا بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە بولغان جەرەن بالىسى.

**قار-يامغۇر** قار ۋە يامغۇر: بۇ قار-يامغۇر تولا ياغمايدىغان جاي.

**قار-يامغۇر يېغىلماق** ھەسرەتلىنىپ قاتتىق يىغلىماق: دادىسىنى تۇتۇپ كەتكەندە، قىز قار-يامغۇر يىغلاپ قالغانىدى.

**قازا** ئى [ئە] ① ئۆلۈم، ئۆلۈش؛ ۋاپات بولۇش؛ ئۆلۈم سائىتى، ئەجەل: قازا تاپماق. قازاسى سۈرمەك. قازاسى تارتماق. * جان بار يەردە قازا بار (ماقال). * تاشتىن قاتتىق ئاڭلاندى. داموللامنىڭ قازاسى. بۇلبۇل بولۇپ سايرىدى ئىككى يېتىم بالىسى. ② بالا، جالا-قازا، پالاكەت، بەختسىزلىك، ئاپەت: قازا ئىككى، ئۆلۈم بىر (ماقال). * بەخت تاق كېلىپ، جۈپ قىلىدۇ؛ قازا جۈپ كېلىپ، تاق قىلىدۇ (ماقال). * قورئەندازلارقۇر سېلىپ كۆرۈپ: — ھەي! ئوغلىڭىز 16 ياشقا كىرگۈچىلىك بىر قازاغا يولۇقىدىكەن. 16 ياشتىن ئۆتۈپ كەتسىلا، ھەرگىز ھادىسىگە يولۇقمايدىكەن، — دەپتۇ. * ئەلنىڭ قازاغا يولۇققۇشى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يىل باھاردا ئەلنىڭ دادىسىنىڭ ۋاپات بولۇشى ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلىرىگە تولىمۇ ئېغىر كەلدى. ③ مەلۇم پائالىيەتنىڭ ۋاقتى، پۇرسىتى ئۆتۈپ كېتىش؛ مەلۇم پائالىيەتنىڭ ۋاقتىنى، پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويۇش: نامازنىڭ قازاسىنى ئوقۇماق. * — ئەي ئوغلۇم، ناماز ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئۆيۈمگە يەتكۈچە ناماز قازا بولغۇدەك، — دەپتۇ ئۇ. * ناخشىنى ئېيتقان بىلەن، ناخشىنىڭ قازاسى يوق. يار يىراققا كەتكىلى، يۈرەكنىڭ تازاسى يوق.

**قازا بولماق** ① ۋاپات بولماق، ئۆلمەك: ھاشىم ئاكامنىڭ قازا بولۇشى بىز ئۈچۈن غايەت زور يوقىتىش بولدى. * ھەقىقىي جەڭچىدەك جەڭ مەيدانىدا، جەڭ قىلىپ جەڭلەردە بولدۇڭلار قازا. ھەقىقىي شائىردەك يۈرىكىڭلاردىن، پارتلىدى ۋولقاندەك جەڭگىۋار ناخشا. ② <دىن> ۋاقتىدا بېجىرىلمەي، قىلىنماي قالماق؛ ۋاقتى، پۇرسىتى قولدىن كېتىپ قالماق (ناماز ھەققىدە): — قېنى، ھەققىمنى بېرىۋەت، جۈمە نامىزىم قازا بولسا بۇنىڭ گۇناھى ساڭىدۇر، — دەپ بوۋاي قىستاپ كەلمەكتە. * ئىمامنىياز سوپى قازا بولۇپ كېتىۋاتقان شام نامىزى ئۈچۈن ئالدىراپ، ھويلىدىن كوچىغا چىققاندا، ئۇنىڭ دەرۋازىسىدىن سەل ئۇزاپ تاشۋاينىڭكىگە قاراپ كېتىۋاتقان مىرئەلگە كۆزى چۈشتى.

**قازا تاپماق** ئۆلمەك، ۋاپات بولماق، قازا قىلماق: بۇ ئايال ئۆرۈك قاقىمەن دەپ دەرەخ بېشىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ قازا تېپىپتۇ. * بىركۈنى كەچتە ئۇ بازاردىن قايتىپ كېلىۋاتقاندا، يول ئۈستىدە تۇيۇقسىز ماشىنا بېسىۋېلىپ بەختكە قارشى قازا تاپتى.

**قازاسىنى ئوقۇماق** <دىن> ۋاقتىدا ئوقۇيالماي قازا قىلىنغان ياكى چالا قالغان

نامىزنىڭ قالدۇق قىسمىنى كېيىن ئوقۇ-
ماق.

**قازاغا رىزا بولماق** «بالا-قازا تەقدىر-دىن بولىدۇ، رازى بولماقتىن، شۈكۈر قىلىشتىن باشقا چارە يوق» دېگەن مەنىلەردىكى كىشىنى شۈكۈر، قانائەت قىلىشقا ئۈندەش سۆزى: ئەگەر قازاغا رىزا بولۇپ، تەكبىر ئوقۇپ ئولتۇرغان بولسا، چوقۇم هالاك بولاتتى.

**قازا قىلماق** ① ئۆلمەك، ۋاپات بولماق: ئۇ، مېنىڭ ئۇزۇندىن بېرى ئۆزىنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىپ يۈرگەنلىكىمنى هەم بۇنىڭدىن بىر يېرىم يىل بۇرۇن ئاپامنىڭ تۇنجى تۇغۇتتا قازا قىلغانلىقىنى بىلەتتى. * بىركۈنى تۇيۇقسىز يەكەندىن ئاتامنىڭ يۈرەك پالىچى بىلەن قازا قىلغىنىغا بىر ئاي بولغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ② <دىن> ئۆز ۋاقتىدا بەجا كەلتۈرەلمەي ۋاقتىنى، پۇرسىتىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەك (ناماز ھەققىدە): پېقىر، بەش ۋاخ ئوقۇيالمىسىمۇ، بامدات نامىزىنى قازا قىلمايدۇ. تاماكا، هاراق دېگەنلەرنى ئەسلا بىلمەيدۇ. * تۆرىخان ئېغىر بىر تىنىدى-دە، نامازنى قازا قىلماسلىق ئۈچۈن سوقىغا كىرىپ كەتتى.

**قازا كەلمەك** ← **قازا يەتمەك**: تۆمۈر چىقسا ئۆلتاگدىن، ئات چىقسا گەر شوتاگدىن. ساڭا قازا كەلمەيدۇ، بۇ تۇرقىڭدا، هارۋى-كەش. * مېنىڭدەك باشقا ئادەمگە، قازالار كەلمىسۇن بۇنداق. ئېيتقان سۆزلىرىم، دوستلار، دىلىڭلارغا كىلەر قانداق؟

**قازا يەتمەك** ئەجىلى توشماق، ئۆل-مەك، ۋاپات بولماق: — ئاڭلاپ قوي، قازا يېتىپ مەرىكەم بولۇپ قالسا، ئۇنى نامىزىمغا ئېيتىڭلار. ئاتا دېگەن بالا غېمى بىلەن ئۆلىدىغان گەپ، — دېدى نىياز ئاكا ئوغۇللىرىنىڭ چوڭىغا. * يۈسۈپ سۆزىنى ئاڭلا بوۋا، ئۆمرۈم بۇگۈن بولدى ئادا، غېرىبلىقتا يەتتى قازا، بوۋام قەمبەر خۇش قال ئەمدى.

**قازارا** رەۋ [ئە+پ] يېزت. قازاسى سۆرەپ، قازا يېتىپ؛ بەختسىزلىككە ئۇچراپ؛ ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي: قازارا كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ ئۆلۈپ قالسا، بۇ سىرنى هېچكىم بىلمەي قالامدۇ. قازارا، جان ئۈزۈپ كەتسەم، بىچارە بالا نەلەردە تېنەپ كىمنىڭ ئىشىكىدە دوقۇرۇپ يۈرەر، دەيتتىم. * ئەگەر هاجى سالامەت قايتسا خەيرىيەت؛ قازارا بىر بالا يۈز بەرسە، ھەيھات.

**قازاق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**قازاق تىلى** <تىل> قازاقلار ئىشلىتىدى-غان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستې-مىسىنىڭ تۈركىي تىللار تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى ۋە چىڭخەي، گەنسۇلاردا؛ چەت ئەللەردىن ئاساسەن قازاقىستاندا ئىشلىتىلىدۇ. شىنجاڭدىكى قازاقلار ئەرەپ هەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىقنى قوللىنىدۇ. قازاقىستاندا 1940-يىلدىن باشلاپ رۇس هەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىق قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

**قازاقچە** ① سۈپ. قازاقلارغا، قازاق خەلقىگە، قازاق تىلى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت؛ قازاق خەلقىگە خاس: قازاقچە ئۇسسۇل. قازاقچە كىيىم. * قۇتادغۇبىلىگنىڭ قازاقچە نۇسخىسى. ② ئى. قازاق تىلى ۋە يېزىقى: ئۇ قازاقچىنى ناهايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. قازاق تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ: قازاقچە سۆزلىمەك.

**قازاقلار** ئى <ئىرق> قازاق مىللىتى، قازاق

خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىغا، ئۇنىڭدىن قالسا گەنسۇ، چىڭخەي ئۆلكىلىرىگە تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردە قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**قازالىماق** پ. قازا قىلماق، قازا تاپماق، ئۆلمەك: — چوڭ دادام بار، ئاپام ئۆتكەن يىلى قازالاپ كەتتى، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ — كىچىك تىنىپ. * ئاتامنىڭ سۆزلەپ بېرىشىچە مەن ئىككى ئايلىق بولغاندا ئاپام رەھمەتلىك قازالاپ كېتىپ، مېنى كىچىك ئاپام ئېمىتىپ چوڭ قىلغانىكەن.

**قازان** I ئى ① تاماق پىشۇرۇشقا ئىشلىتىلىدىغان يېرىم شار شەكىللىك قۇيما چويۇن ئىدىش. ئۇنىڭ تۆت قۇلىقى بولىدۇ: قازان ئاسماق. قازان تۈۋى. قازان نېنى. قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي بولماق. ② ئىچىگە سۇيۇقلۇق قاچىلاپ، ئىسسىتىش ئارقىلىق پار ھاسىل قىلىدىغان يېپىق قۇرۇلما: پار قازىنى. يۇقىرى بېسىملىق قازان.

**قازان ئاسماق** ① قازاننى ئوچاققا ئورناتماق، ئورۇنلاشتۇرماق: پىشمىغان تويغا قازان ئاسقىلى بولماس (ماقال). * — ئۇنىڭدىن غەم يېمە، ياندىكى ھويلىغا يەنە بىر قازان ئاستۇق، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. ② كۆچمە. ئاش-تاماق ئەتمەك، ئاش-تاماق ئېتىپ، بىر تۈرىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقارماق: 40 كۈنگىچە ھېچكىم ئۆيدە قازان ئاسمايدىغان، پادىشاھلىقتىن زىياپەت بېرىلىدىغان بولدى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىشقا تەييارلان-ماق، تەرەددۇت قىلماق: ئادىل بەزىدە قادىرغا «خاسىيەت بىلىم ئاشۇرۇشتىن قايتىپ كەلسە تويغا قازان ئاسسەنغۇ دەيمەن،» دەپ يۇرگەنىدى. مانا ئەمدى ئادىلنىڭ ئېيتىشىچە خاسىيەت قايتىپ كېلىپتۇ. * — ئەلچى ئەۋەتىڭ ئەمسە، — دەپ گەپنى ئۈزدى خۇماخان، — يەنە لەۋزىلىقىڭىزنى قىلىپ يۈرمەڭ، باشقىلار قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قازىنىنى ئاسقىلى نەۋاخ.

**قازان بېشى** ① قازان ئېسىلغان يەر ۋە شۇ يەرنىڭ ئەتراپى: ھەجەرخان قازان بېشىدىن يەنە بىر چىنىگە ئاشنى ئېلىپ شىرەگە قويدى. * ئۇ قازان بېشىدا ھەدەپ شورپا سورۇش بىلەن ئالدىراش بولۇۋاتاتتى. ② كۆچمە. تاماق تەييارلاش، تاماق ئېتىش ئىشى: چايدىن كېيىن زۇلپا مال سويغىلى، مومايلار قازان بېشىدىن خەۋەر ئالغىلى چىقىپ كەتتى.

**قازان بېشىدىكىلەر** ① قازان ئەتراپىدا تۇرغانلار. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى ئۆز ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرغانلار، بىرەر ئىشنى باشقۇرۇپ تۇرغانلار: بۇ خىزمەت قازان بېشىدىكىلەردىن ئاشامدۇ. قۇرۇق تەمە قىلما.

**قازان تۈۋى** گۇرۇچ تاماقلىرىنىڭ قازان تېگىگە چاپلىشىپ پىشقان قالدۇق قىسمى، قازان تېگى: يولۋاسمۇ بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ «يولۋاستىنمۇ قورقمايمەن، خۇدايىم قازان تۈۋىدىن ساقلىسۇن» دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، «قازان تۈۋى دەيدىغان مەندىنمۇ يامان بىر بالا بار ئوخشايدۇ» دەپ قورقۇپ ياتقانىكەن.

**قازان تېگى ناۋات** چوكا بولۇپ ئويۇغان ناۋاتنىڭ قازان تۈۋىدىكى قالدۇق قىسمى، ناۋاتنىڭ چۆكۈندىسى.

**قازان چۆرىسى** ئازراق سۇ قويۇلغان قازاننىڭ سۇ تەگمىگەن قىسمىغا چۆرىدەپ چاپلاپ پىشۇرۇلىدىغان مانتا، سامسا قاتارلىقلار.

**قازان قايناتماق** ئاش-تاماق ئېتىپ بىر ئائىلىنىڭ كۈندىلىك تىرىكچىلىكىنى قىلماق،

قازان ئاسماق: مۇشۇ ئاي، مۇشۇ كۈنلەردە بىر ئۆينىڭ قازىنىنى قايناتماق ئاسان ئەمەس.

**قازان قاينىتالماسلىق** تۇرمۇشى، تىرىكچىلىك ئىنتايىن قىيىن ئەھۋالدا قالماق، قازان ئاسالماسلىق.

**قازان كاۋىپى** كاۋاپنىڭ قازاندا قويۇپ «دۈملەپ» پىشۇرۇلىدىغان بىر خىلى.

**قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي** → **قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ**: بىشىرنىڭ بولسا ساقىسى ئالچۇ چۈشتى. ھازىر ئۇنىڭ قازىنىمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي، مانا بۇ قوش زەربە رازاقنى كاردىن چىقاردى. * — ھە، ئىشىڭلارغا بەرىكەت ياغسۇن ئوغلۇم، — دېدى ئۇ تولىمۇ تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن، — بۇ ئۆزى ياخشى ئىش ئىكەن. قازانمۇ ماي، چۆمۈچمۇ ماي دېگەندەك.

**قازانمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ** ھەممە تەرەپتىن پايدىسى بار، زور پايدىغا ئېرىشكەن، ھەممە ئەلۋەك، باياشات، مەمۇرچىلىق: دېھقان ئاشلىقتىن مول ھوسۇل ئالدى. ئۇنىڭ ھازىر قازىنىمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ.* بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئابدۇرىشىتنىڭ قازىنىمۇ ياغ، چۆمۈچمۇ ياغ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىزگە ئۇنىڭ قارىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ.

**قازان نېنى** قازاندا پىشۇرۇلىدىغان نان: — جېنىم دادا، — دەپتۇ قىزى، — ئەتە ئەتىگەنلىككە ناشتىلىقلىرىغا قازان نېنى ھازىر بولىدۇ. * شادىپاچاق غىياس شۇ گەپنى دەپ سادىقنىڭ «بولدى ئەمدى، قازان نېنى بىلەن قېتىقمۇ يېتىدۇ» دېگىنىگىمۇ قارىماي، ئالدىراپ چىقىپ كەتتى.

**قازىنى چېقىلماق** قىلغان ئىشلىرى، ئويلىغان ئويى، پىلانى قاتارلىقلار بىكار بولماق، يوققا چىقماق: ئارقا ئىشىك قىلغانلارنىڭ قازىنى چېقىلدى. * خۇشامەتچىنىڭ قازىنى چېقىلدى.

**قازىنىغا توپا چاچماق** بىراۋنىڭ مەنپەئىتىنى زىيانغا ئۇچراتماق، ئىشىغا توپا سالماق: — ئاچكۆزلۈك قىلماڭ، ئاكا، دۈيجاڭ قىل دېدى دەپ كۆپنىڭ قازىنىغا توپا چاچسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ بالا ھېلىقى كىشىگە نەسىھەت قىلىپ.

**قازىنىنى ئاسماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا تەمشەلمەك: ئۇ ئۆزىنىڭ مەسىلىسىنى ئېغىرراق ئېيتىپ، كۆز ئالدىدىكى ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشنىڭ قازىنىنى ئاستى. * يەن بىلەن چيەن ئىككىسىمۇ ۋاڭدىن ئۇرۇش چىقىمى ئالىمىز دېگەندە، ۋاڭ بېشىنى ئىچىگە تىقىۋېلىپ بەرمەسلىكنىڭ قازىنىنى ئاسىدۇ.

**قازان** II. ئى <ماشن> تىرەك ئوق ئورنىتىلىدىغان دېتال. ئوق ئادەتتە ئۇنىڭ ئۈستىدە ئايلىنىدۇ. ئۇنىڭ يەنە سىيرىلما قازان ۋە دومىلىما قازان قاتارلىق بىرنەچچە خىل تۈرلىرى بولىدۇ.

**قازانچاق** ئى. كىچىك قازان، قازاننىڭ كىچىكى.

**قازانچى** ئى. قازان قويىدىغان ۋە ئۇنى ساتىدىغان ئادەم: قۇلاقنى نەدىن چىقارسا، قازانچىنىڭ ئىختىيارى (ماقال). * ئۇ ئادەم بۇ قازاننى قازانچىنىڭ دۇكىنىغا ئىككى قازان قىلدۇرۇش ئۈچۈن ئاپىرىپ بېرىپتۇ.

**قازانچىلىق** «قازانچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قازانچىلىق قىلماق. قازانچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. * مەن چوڭ بولسام ئاتام قازانچىلىق قىلىپ بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن.

**قازانخانا** ئى [قازان+خانا] قازان ئورنىتىلغان ئۆي: زاۋۇت قازانخانىسى. * يان تەرەپتىكى ماشىنا بۆلۈمىدىن قازانخانىغا كىچىك مېخانىك يان سترۇمىل يۈگۈرۈپ كىردى. * قازانخانىدا يەنە ئىككى دېرىزە بارلىقىنى كۆرەشتە قىزىپ كەتكەن ئابلىمىت ئۇنتۇپ قالغانىدى.

**قازاندەك** سۈپ ① شەكلى ياكى يوغانلىقى قازانغا ئوخشايدىغان، قازان شەكىللىك: قازاندەك بىرنەرسە. ② كۆچمە. يوغان، چوڭ: شۇ ئەسنادا، ئاپئاق ساقاللىق، بېشىغا قازاندەك سەللە يۆگىگەن، ئۇزۇن چاپان كىيگەن بىر كىشى ئوڭ تەرەپتىن چىقىپ كېلىپتۇ-دە، ئاۋازىنى ھەيۋەتلىك چىقىرىپ: — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم باي، مەن خىزىر بولىمەن، — دەپتۇ.

**قازاندۇرماق** «قازانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇتۇق قازاندۇرماق، نەتىجە قازاندۇرماق. ئابروي قازاندۇرماق. * ئۇمىد ۋە تىرىشچانلىق كىشىگە زور غەلىبە قازاندۇرىدۇ.

**قازان-قومۇچ** تاماق ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قازان ۋە شۇ خىلدىكى ئۆي جابدۇقلىرى: ئاشپەزلەر ئەتىگەنلىك تاماقتىن كېيىن قازان-قومۇچلارنى يىغىشتۇرۇش بىلەن مەشغۇل ئىدى. * رۇقىيە ھەدىسىگە ياردەملىشىپ قازان-قومۇچ يۇيۇۋاتاتتى.

**قازانماق** پ. قولغا كەلتۈرمەك، ئىگە بولماق، ئېرىشمەك، سازاۋەر بولماق، مۇيەسسەر بولماق: شۆھرەت قازانماق. غەلىبە قازانماق. مۇۋەپپەقىيەت قازانماق. * ئۇ قەشقەر شەھىرى قاتارلىق جايلاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ، توي-تۆكۈن، مەشرەپلەردە نەغمە قىلىپ، زور شۆھرەت قازانغانىدى. * تاجىگۈل شىركەتنىڭ ئېكسپورت گىلەمى ئىشلەپچىقىرىشغا تېخنىكا جەھەتتىن يېتەكچىلىك قىلىپ، ياخشى نەتىجە قازاندى.

**قازانيۇغۇچ** ئى [قازان+يۇغۇچ] قازان-قومۇچلارنى يۇيۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لاتا.

**قازايىقەدەر** ئى [ئە] باشقا كەلگەن، بالا-قازا، پېشكەللىك، كېلىشمەسلىك: ئارىدىن بىرمەر يىلچە ۋاقىت ئۆتە-ئۆتمەي، ئانىسىمۇ بىر ھەپتىدەك ئاغرىپلا ئۇ دۇنياغا سەپەر قىلدى. بىر-بىرىگە ئۇلىشىپ كەلگەن قازايىقەدەر ئۇنىمۇ ھالاك قىلغىلى تاسلا قالدى.

**قازايىقەدەر يەتمەك** بالا-قازاغا ئۇچرىماق، پېشكەللىككە يولۇقماق: خوجا پەرىد ئۇ يەردە قازايىقەدەر يېتىپ ئاخىرەتكە سەپەر قىلىپتۇ. خوجا ۋاپا ئاتىسىنى ھەزرىتى ئىمامىئەزەمنىڭ ئايىغىغا دەپنە قىلىپتۇ ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن مەككىگە راۋان بولۇپتۇ. * ئۆزىگە قازايىقەدەر يېتىپ قالسا، پۈتۈن ئىگىلىكىنىڭ ئاچا-ئىنى ئىككىسىنىڭ بولۇپ كېتىشى روشەن ئىدى.

**قازدۇرماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىسى پادىشاھ بىر تاغ ئارىسىغا بېرىپ ئۆيگە ئوخشاش قىلىپ بىر زىندان قازدۇرۇپتۇ، ئوغلىغا ئىنىكئانا تەيىنلەپتۇ. * ۋاڭ كېتىۋېتىپ تەيجىگە: — مەن سىزگە ئېيتاي، مۇشۇ يەرگە بىر قۇدۇق قازدۇرۇش كېرەك ئىكەن، — دەپتۇ.

**قازدۇرۇلماق** «قازدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئورا قازدۇرۇلماق، خەندەك قازدۇرۇلماق.

**قازما** ① ئى. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنغان نەرسە، بۇيۇم؛ قېزىلما: ئۆتكەنكى قانچە ۋاقىت، قانچە مىڭ يىل، سوراڭلار جاھانشۇمۇل قازمىلاردىن. سوراڭلار يېشىل يۇرتنىڭ ئەڭگۈشتىرى، ئالتۇندەك چاقناپ تۇرغان يازمىلاردىن. ② سۈپ. يەر ئاستىدىن قېزىۋېلىنىدىغان، قېزىلىدىغان: قازما بايلىق. ۋەتىنىنىڭ قازما بايلىقلىرى.

**قازما بايلىق** يەر ئاستىدىن قېزىپ ئېلىنىدىغان كۆمۈر، تۆمۈر، ئۇران، ئالتۇن، مىس، نېفىت قاتارلىق بايلىقلار: بىزنىڭ ۋەتىنىنىڭ قازما بايلىقلىرى يەر ئاستىدا مول، كولانمايۋاتىدۇ. . . زور ئىستىھكام ئالتۇن تاغلىرى، ئېگىز ئۆرلىگەن كۆكتىن ئاشىدۇ.

**قازماق** پ ① يەرنى كولاپ، چېپىپ، ئويۇپ چوڭقۇر قىلماق؛ كولىماق: ئۆستەڭ قازماق. ئورا قازماق. خەندەك قازماق. گۆر قازماق. ئۇل قازماق. * جەڭچىلەر، سېپى قىسقا كىچىك گۈرجەكلىرى بىلەن يەر قېزىشقا باشلىدى. ئۆرە تۇرۇپ ياكى تىزلىنىپ ئەمەس، يېنىچە يېتىپ قازاتتى. * قاندى مانا ئارمىنىم، هاياتىمدىن رازىمەن، ئەمدى راسا بەختىنىڭ بۇلىقىنى قازىمەن. ② يەر ئاستى بايلىق-لىرىنى كولاپ چىقارماق، ئالماق: كۆمۈر قازماق. رۇدا قازماق. مەدەن قازماق. * بۇلتۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەردەرىجىلىك پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورۇنلىرى ئالتۇن ئىشلەپ-چىقىرىش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاممىنى ئالتۇن قېزىشقا ھەرىد-كەتلەندۇرۇپ، ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. * نېفىت، ماي سانائەتىنىڭ تومۇرىدىكى قاندۇر. ئەل ئۈچۈن نېفىت قازماق، بىزگە بەخت، شەرەپ-شاندۇر. ③ كۆچمە. ئاختۇرۇپ، ئىزدەپ تاپماق: ئۇلار مەھسۇلات ئاشۇرۇشتى-كى يوشۇرۇن كۈچلەرنى تولۇق قېزىپ، يۇقىرى ھوسۇل ئېلىشنىڭ ئىلمىي قانۇنىيەتلىرىنى ئىز-لەش ئۈچۈن تىرىشتى. * ئۇستاز شەيخ سەئىدى ھېكمەتلەر ئالىمىدىن شۇنچە ھېكمەتلەرنى قازدى. ئۇ تامام قېزىپ تۈگەت-كىنى يوق، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىقتىدار ئىگىلىرىگە يەنە نۇرغۇن جاۋاھىرلار، ھېكمەتلەر قالغان.

**قازمىچىلىق** ئى. يەر ئاستىدىكى كان بايلىقلىرىنى قېزىپ چىقىرىش كەسپى: قازمىچىلىق سانائىتى.

**قازمىچىلىق سانائىتى** يەر ئاستى كان بايلىقى، سۇ، ھاۋا، تاغ، ئورمان قاتار-لىقلاردىن ھەر خىل خام ئەشيا ۋە يېقىلغۇلارنى قېزىپ ئالىدىغان بىر خىل سانائەت.

**قازناق** ئى. نەرسە-كېرەك ساقلىنىدىغان ئىچكىرىكى كىچىك ئۆي، خانا: دادام قازناقتا يوق (ماقال). * ئىلگىرى باغدادىن كەلسە، ھازىر قازناقتىن چىقار (ماقال). * شۇ ئارىدا گۈلپەرى قازناقتىن پىشۇرۇلغان سوغۇق كېبىك گۆشنى لېگەنگە سېلىپ ئاچىقتى ۋە داستىخانغا سۇندى. * تەييارغا سەن دائىم ھەييار زەر قونداقتا، يازدا ئايۋان بولسا جايىڭ، قىشتا قازناقتا.

**قازى** ئى [ئە] ① تارس. ئۆتمۈشتە شەرىئەت قانۇنى بويىچە دەۋا ئىشلىرىنى سورايدىغان ئەمەلدار: قازى بولماق. * دەۋاگەر سۇس بولسا قازى مۇتتەھەم بولۇپتۇ (ماقال). * ئۆتكەن زاماندا بىر مەھەللىدە بىر قازى بىلەن بىر باي بولغانىكەن، بىركۈنى باي يېرىم كېچىدە قازىنىڭ ئىشىكىنى قېقىپتۇ. قازى دەرھال: — ئەي مۇسۇلمانلار، مەزھەپلەرنىڭ ھېچبىرىدە ئۆز خوتۇنىنى مەجبۇرىي تالاق قىلدۇرۇش يوق! دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ② مەشرەپ، ئەلنەغمە ئويۇن-لىرىدا باشقۇرۇش ۋە كەتكۈزۈپ قويغانلار-نى جازالاشقا مەسئۇل بولغان كىشى.

**قازىخانا** ئى [ئە+پ] تارس. قازىنىڭ ئىش بېجىرىش ئىدارىسى، مەھكىمىسى: قازى ھودۇقۇش ئىچىدە خەتنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن، مۆھرىنى باستى. قازىخانىدىكى دەۋاگەرلەرنىڭ ھەممىسى ئىشرەتنى ئالدىغا سېلىپ ئوردىغا قاراپ كېتىشتى. * بىر كىشى ئەپەندىمنىڭ قېشىغا كېلىپ: — ئەپەندىم، مېنىڭ پالانچىدا بۇغداي قەرزىم بار ئىدى، ئەتە قازىخانىغا بېرىپ گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەرسىڭىز، — دەپ ئىلتىماس قىلىپتۇ. ئەپەن-دىم رازى بولۇپ قازىخانىغا بېرىپتۇ.

**قازى-قۇززات** تارس. قازى ۋە باش قازى قاتارلىقلار: پادىشاھ قىزىنىڭ گۈزەل ھۆسن-جا-مالىغا قاراپ غەزىپىنى بېسىپ ئۆز نەپسىنى

قاندۇرۇش ئۈچۈن دەرھال قازى-قۇززاتلارنى چاقىرىپتۇ-دە، شۇنداق قىلىپ، كامالنىڭ قىزىنى ئۆزىگە نىكاھ قىلدۇرۇپتۇ. * ئۇ ئەتە ئەرز ئىلتىماس بىلەن يەنە بارسا، قازى-قۇززاتلار چىقىرىدىغان پەتىۋالارنىڭ ئۇنىڭ ئۈمىدىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قېلىش ئېھتىمالى توغرىسىدىمۇ ئويلاپ، تېخىمۇ خورلىناتتى.

**قازىكالان** ئى [ئە+پ] تارس. باش قازى، چوڭ قازى: شەھەرنىڭ قازىكالانلىرى ئامبالدىن ھېببۇللار مۇپتىھاجىنىڭ بىز قوشۇق قېنىنى تىلىدى. * قۇربانىنىياز خوجا دەۋر سۈرۈپ قازىكالان دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلگەن ئۆمرىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە، ئىلىم-بىلىمگە خۇشى يوق، كىچىك مەخسۇت خوجىنى زەرەپشان بويىغا بەگ قىلىپ تىكلەشكە مۇۋەپپەق بولدى.

**قازىلىق** «قازى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇ قۇمۇلغا قايتىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنىڭغا بازاربېگى مەنسىپىنى بېرىپتۇ، چوڭ قازى ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنى قازىلىققا تەيىنلەپتۇ. * مەشرەپ ئەھلى مېنى دەرھال قازىلىقتىن ئېلىپ تاشلىدى، مەن: — ئادىل ئىش قىلۋاتمەنغۇ، نېمىشقا ئەمىلىمنى تارتىۋالىسى-لەر؟ — دەپ نارازىلىق قىلدىم.

**قازىنىشماق** «قازانىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇ ئىشتا نەتىجە قازىنىشتى.

**قازىنىلماق** «قازانىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن سەپ بويىچە قازىنىلغان بۇ غەلىبە پەقەت ئىچكى كۈرەشنىڭ مۇقەددىمىسىلا ئىدى. خالاس. * بىر توشۇغۇچى راكېتا بىلەن ئۈچ سۈنئىي ھەمراھنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك قويۇپ بېرىلگەنلىكى ئىلىمنىڭ پەن-تېخنىكا ساھەسىدە قازىنىلغان يەنە بىر يېڭى مۇۋەپپەقىيەت بولدى.

**قاس** تەق. قول ئۈگىلىرىنى ئۇۋۇلاش، ئۇسسۇلغا تەڭكەش قىلىپ بارماقلارنى چېكىش، قامچا ئۇرۇش قاتارلىقلاردىن چىقىدىغان ئاۋاز: قاس چىقارماق.

**قاس چىقارماق** ① «قاس» قىلغان ئاۋازنى پەيدا قىلماق: ئۇ، ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كېرىلىۋالدى-دە، كېيىن قوللىرىدىن قاس چىقىرىپ ئادىتى بويىچە ھويلىغا ماڭدى. ② كۆچمە. قۇسۇر، نۇقسان، ئېۋەن تاپماق: — گەپتىن قاس چىقارماي نەق ئىشنىڭ ئۆزىگە كەلگىنە، — كۆپچىلىك ئۇنىڭغا تەنبىھ بېرىپ دېدى، — تەشكىل بىلەن مەسلىھەت قىلماي نېمە ئۈچۈن قوغۇننىڭ سۈيىگە چېقىلىسەن-ھە؟! * ئۇ بىزنىڭ ئىشىمىزدىن قاس چىقارماق بولدى.

**قاساتماق** I «قاسماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاساتماق** II «قاسماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنى يەر قاستىپ ئۆلتۈرىۋېتىمەن.

**قاساتماق** III «قاسماق III» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاساشماق** I «قاسماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قوناق قاسىشىۋاتاتتى.

**قاساشماق** II «قاسماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىزگە تووۋا قىلىپ يەر قاساشتى.

**قاساشماق** III «قاسماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاساق** ئى. كىيىم-كېچەكلەرنىڭ قاتلاپ قاساپ تىكىلگەن يېرى.

**قاسالماق** «قاسماق III» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاسراق** (توغرىسى: قاسىراق) ← قاسىراق.

**قاسساپ** ئى [ئە] مال سويىدىغان ۋە گۆش ساتىدىغان ئادەم: قوينى قاسساپ سويسۇن (ماقال). * قاسساپقا پۇل بېرىپ ناۋايغا

قاراپتۇ (ماقال). * قاسساپ دوستىغا ئۇستىخان بېرەر (ماقال). * ئۈچ قوي سويغان قاسساپ بولۇپتۇ (ماقال). * ئەپكىشىدىكى گۆشنى سېتىپ بولغان قاسساپ ئېشىپ قالغان سۆڭەكنى كۆتۈرۈپ كەچتە ئۆيىگە كېتىۋاتسا، يولدا ئىككى بۆرە ئۇچراپ، قاسساپنىڭ كەينىدىن يېقىن ئەگىشىپ مېڭىپتۇ. قاسساپ بۆرىدىن قورقۇپ بىر تال سۆڭەك تاشلاپ بېرىپتۇ.

**قاسساپچىلىق** ئى. قاسساپلىق: موللا ئاخۇن بۇنىڭدىن بەش يىل ئىلگىرى ئاز دەسمايە بىلەن ناھىيە بازىرىدا تىجارەتكە كىرىشكەنىدى. ئۇ دەسلەپتە قاسساپچىلىق قىلدى. * ئۇنىڭ خىزمەت ئورنى بولمىغانلىقتىن يەنىلا بۇرۇنقى قاسساپچىلىقنى تېپىۋالغانىدى.

**قاسساپخانا** ئى. [ئە+پ] قاسساپلار گۆش ساتىدىغان ئۆي، خانا؛ دۇكان: — ھوي يۈندىخور قېرى لالما، سەن ئەمدى قاسساپ-خانىغا بېرىپ يېنى يالاپ كەل! — دەپ مويسىپىتلار تېخمۇ بەكرەك كۈچەپ قارغاشقا باشلىدى ئۇنى.

**قاسساپلىق** «قاسساپ» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قاسساپلىق قىلماق. * ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن كاۋاپچىلىق، ياپىمچىلىق، قاسساپلىق دېگەندەك ئوقەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ باقتى. لېكىن ئۇنى ھۇرۇنلۇقى زادىلا روناق تاپقۇزمىدى. * بۇ كىتابتىن پادىشاھنىڭ قاسساپلىق دۇكىنىنى باشقۇرىدىغان خوجايىنىنىڭ چارۋىچىدىن 100 قوي ئېلىپ، چارۋىچىنى ئۆلتۈرۈپ تامنىڭ تۈۋىگە كۆمۈۋەتكەنلىكى چىقىپتۇ.

**قاسسىدە** رەۋ. «قاس» قىلغان ھالدا، «قاس» قىلىپ.

**قاسقان** ئى ① غەلۋىر، ئەلگەك، چاق ۋە بەزى باش كىيىمى قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىدىكى گەردىشى؛ چەمبىرەك: قاسقان شەپكە. * قەددى-قامىتى كېلىشكەن، كەڭ ئىش كىيىمى، قاسقىنى يوغان سۇر شلەپە كىيگەن، مۇرىسىگە پوپكا ئېسىۋالغان بىر ياش يىگىت غاڭزا چىشلىگەن ھالدا يولدا پەيدا بولدى. ② مانتا ۋە شۇ خىل تائاملارنى پىشۇرۇش ئۈچۈن ياغاچ، قومۇش قاتارلىقلاردىن مەخسۇس ياسالغان نەرسە ۋە ئۇنىڭ ھەربىر چەمبىرىكى: ھېلىم ئاشىق ئاشخانا ئالدىغا كېلىپ قالغان چاغلاردا، مانتىپەز «ياپىرىم» دەپ قاسقاننى كۆتۈرەتتى، ئاشىق بولسا ھور چىقىپ تۇرغان قاسقاندىكى مانتىدىن بىرنى ئېلىپ ئاغزىغا سالاتتى.

**قاسقان شەپكە** ئېگىز كېزەكلىك ئەرەنچە شەپكە.

**قاسقانغا تىزغان مانتىدەك** قاتار-قاتار، رەت-رەت: نېمانداق قاسقانغا تىزغان مانتىدەك ئولتۇرۇشۇپ كەتتىڭلار، نېمە گەپ؟

**قاسقىنىڭنى كۆتۈر ← كۆتۈر قاسقىنىڭنى**: — سەن نېمىلەرنى دەۋاتىسەن، ئالدانغانلىقىڭغا كۆزۈڭ يەتكەن بولسا قاسقىنىڭنى كۆتۈر، بېرىپ ھېلىقى قىزىل قوغدىغۇچىلارغا قوشۇل، — دەپ ياقۇپنىڭ گېپىنى ئۈزۈپ قويدى ئۇ يىگىت.

**قاسقانلىق** سۈپ. قاسقىنى بار، قاسقان ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ئۇلارنىڭ بىرى پۇقراچە كىيىنگەن بولۇپ، بازار باشقۇرۇش كادىرى، ئاق تۇجۇركا ۋە ئېگىز قاسقانلىق شەپكە كىيگىنى شەھەر ساقچىسى ئىدى. * ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتى بىلەن تەڭ، بېشىغا كەڭ قاسقانلىق شەپكە، پۇتىغا ھەربىي ئۆتۈك كىيىپ، ياقىسىغا يېڭىچاڭلىق بەلگىسىنى تاقىغان يولۇۋاس سەل ئېگىلىپ دەرھال ئۇنىڭ ئاغزىغا قارىدى.

**قاس-قۇس** «قاس» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: مامۇت ئاچچىقلانغان ھالدا ئۇنىڭ يۈزىگە قاس-قۇس ئىككى شاپىلاق

سالدى-دە، ئۇقتەك ئېتىلىپ ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى.

**قاسماق** سۈپ. بەك كىرلىشىپ كەتكەن، مەينەت: ئۇنىڭ پارتىسىدا نان ئۇۋاقلىرى بىلەن پارچە-پۇرات قەغەزلەر دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ، شەپكىسى يەنە قاسماق، چاپىنىنىڭ بىرمۇ تۈگمىسى يوق. * كېرەمنىڭ چاپىنىنىڭ يۈز يېرىگە ياماق سېلىنغان، ئۈچ يىلدىن بېرى يۇيۇلمىغان، قاسماق، قوپال، يىرىك، ئېغىر ئىكەن. // ئۇنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىمۇ قاسماق باسقان ھەم ئاۋارە ئىدى. // — ھوي ئۇيقۇ سارىڭى قاسماق، بۈگۈن ئەجەب بىر سەگەكلىكىڭ تۇتۇپ كېتىپتۇ-غۇ!؟ دېدى ھەجەر قىز ئۇنى.

**قاسماق باغلىماق** ئۈستى كىر بىلەن قاپلانماق، قاسماق بولۇپ كەتمەك، قاسماقلاشماق: باشلىق ئۇنىڭ بۇرنىغا سەپسالدى: يەنىلا قاسماق باغلاپ كەتكەن پېتى تۇرۇپتۇ.

**قاسماقلاشماق** پ. قاسماق بولۇپ كەتمەك، ئۈستى-ئۈستىلەپ كىرلىشىپ كەتمەك، قاسماق باغلىماق: — ۋاي-ۋۇي ئۇستامنىڭ يۈزلىرىنى. ماي، توپا-چاڭدا قاسماقلىشىپ كەتكىنىنى قارا، — دېدى ھېلىقى قىزلار تۇرسۇن ئۇستامنى مەسخىرە قىلىپ. * ئۇ ئۈچىسىغا ئۇزۇن قارا نىمچە كىيىپ، كىر داكا رومال ئارتقان، قولىدا بولسا، قاسماقلىشىپ كەتكەن شىشە ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**قاسناق** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، يان تەرىپى، ياقىسى؛ بوي: دەريانىڭ قاسنىقى. كوچىنىڭ ئىككى قاسنىقى. * يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى ئېگىز چىنار شاخلىرىدا يېگەن بۇلبۇللىرى چاڭىلداپ سايرىشىپ تۇراتتى. * ئۆستەڭنىڭ ئىككى قاسنىقىدا ئاھالىلەر، مەھەللىلەر ۋە تېرىلغۇ ئېتىزلىرى كۆزگە چۈشۈپ تۇرىدۇ. * قەشقەر تۈمەن دەرياسى-نىڭ ئىككى قاسنىقى قىزغۇچ ئالتۇن رەڭگىدە تاۋلىنىپ تۇراتتى.

**قاسناقلىق** سۈپ. قاسنىقى، گىرۋىكى بار؛ گىرۋەكلىك: قاسناقلىق كۆڭلەك.

**قاسراق** ئى <بىئول> بەزى يۇمشاق تەنلىك ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سىرتقى قېپى، پوستى. ھايۋانلارنىڭ قاسرىقى ئاساسەن كالتسىيلىق ماددا ۋە پىگمېنتلاردىن تۈزۈلىدۇ. ئۇ ئادەتتە قاتتىق بولۇپ، تەننى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**قاسراقچە** ئى. ① كىچىك قاسراق. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كىچىك باشقىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدىغان شەكلى ئۆزگەرتكەن يوپۇرماق. ئادەتتە ئۇ ئىچكى قاسراقچە ۋە سىرتقى قاسراقچە دەپ ئايرىلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ باشقى نۇرغۇن دانلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەربىر داننى ئىككى تال قاسراقچە ئوراپ تۇرىدۇ. قاسراقچىنىڭ ئىچىدە ئىككىدىن يەتتىگىچە گۈل بولىدۇ.

**قاسراقلىق** ئى. قاسرىقى بار، قاسرىقى بولغان: قاسراقلىق ھايۋانلار.

**قاسراقلىق ھايۋانلار** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلار تىپىنىڭ بىر سىنىپى. تېنىنىڭ باش قىسمى بىلەن كۆكرەك قىسملىرى بىرلىشىپ باش-كۆكرەك قىسمىنى ھاسىل قىلغان. ئۈستىدە قاتتىق قاسرىقى بار. سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ئىككى جۈپ. مەسىلەن، راك، قىسقۇچپاقا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قاسىر-قۇسۇر** قول بىلەن بىراۋنىڭ تەستىكىگە ئۇرغان، بىرنەرسە يەنە بىرنەرسىگە تەگكەن ياكى ئات-ئېشەك-لەر قۇرۇق ئوت-چۆپ يېگەن چاغدا

چىققان ئاۋازلار: ساراي قاپقارالغۇ، جىم ئۇيقۇدا، ئەمما بۇ جىملىقنى ساراي ئىچىدىكى ئاتلارنىڭ قاسىر-قۇسۇر ئوت چاينىشلىرى ۋە ئەتراپتىكى خورازلارنىڭ قىچقىرىشلىرىلا بۇزاتتى.

**قاسىرماق** ئى ① پولۇ، گاڭپەن قاتارلىق تاماقلارنىڭ قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ پىشقان قاتتىقراق قىسمى؛ قىرماق، قازان تېگى: پولۇنىڭ قاسىرمىقىنى يېمەك. ② دەرەخ ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنىڭ سىرتقى قەۋىتى، پوستى؛ قاسىراق: تېزەكنىڭ قاسىرمىقى. تالنىڭ قاسىرمىقىنى سويماق.

**قاسىلداتماق** «قاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساۋۇر لەۋلىرىنى چىشلەپ بىردەم جىم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، بارماقلىرىنى ئاستا قاسىلدىتىپ، ئانىسىغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى.

**قاسىلداشماق** «قاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاسىلدىماق** پ «قاس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قاس» قىلماق.

**قاسماق** I پ. پۈرچاق، جاڭدۇ قاتارلىقلارنىڭ پوستىنى قولنىڭ تىرنىقى بىلەن يېرىپ سويماق، پوستىدىن ئاجراتماق: پۈرچاقنى قاسماق. كۆممقوناقنى قاسماق.

**قاسماق** II پ ① چىشلەپ، ئۈزۈپ ئالماق؛ غاجىماق: ئۇ قولىدىكى ناننىڭ يېرىمىنى ئىككى قاساپلا يەۋەتتى. * قورقۇپ كەتكەن ئوغرىلار ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن، ئىككى سامسىغا زەھەر سېلىپ، ئۇنىڭغا بەرگەنىكەن، ئەمدى يېيىشكە تەرەددۇت قىلىۋاتقاندا، ئالدىدا ئىككى ئىت پەيدا بولۇپ، بىرلا ئېتىلىپ سامسىنى تەم-تۇتەم شالدامباي-نىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپتۇ-دە، ئىككى قاساپلا يۇتۇۋېتىپتۇ. * ھەممەيلەن رىشاتقا غەزەپ بىلەن تىكىلدى. بۇ چاغدا رىشات تېخىچە ۋايجانلاپ يەر قاساۋاتاتتى. ② كۆچمە. ئارقىسىدىن يامان گېپىنى قىلماق، غەيۋەت قىلماق، تىللىماق: مەن تۇرمۇشتا بىر-بىرىنى پۇتلاش، غاجاش، قاساشلارنىمۇ شۇ ئىنسانلار ئارىسىدا ئۇچرىتىپ تۇرۇپتىمەن. * يامان خوتۇن قورقىتار ئېرىنى قاساپ، تەگرىگە تىنىچ تائەت قىل، بولماستا خاراب.

**قاسماق** III پ. پۈكلەپ تىكمەك، پەرلىمەك (كىيىم-كېچەك قاتارلىقلار ھەققىدە).

**قاش** I ئى ① كۆز قاپقىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىدىكى تۈكلەردىن تەشكىل تاپقان يايسىمان سىزىق: قارا قاش. قاش ئاتماق. * بېشىدا بارنىڭ قېشىدا بار (ماقال). * تازنىڭ كۆزى چاچتا، قىزنىڭ كۆزى قاشتا (ماقال). * ياغلىق تېگىدىن پاتىمىنىڭ قاشلىرى قاپقارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * قارا-قارا قاشلىرىڭغا قاتساڭچۇ مېنى، قارا قاشىنىڭ بازارىدا ساتساڭچۇ مېنى. ② ئېگەرنىڭ ئادەم ئالدى تەرىپىگە توغرا كېلىدىغان يايسىمان قىسمى: ئۇنىڭ كۆز ياشلىرى مەڭزى ئارقىلىق ئېگەرنىڭ قېشىغا ۋە ئاتنىڭ يالىغا تېمىشقا باشلاپتۇ. * ئۇ بېشىغا يوغان سەللە يۆگەپ، قامچا سېپى بىلەن ئېگەرنىڭ قېشىغا تايانغان ھالدا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى.

**قاش ئاتماق** ① قېشىنى يۇقىرىغا قارىتىپ مىدىرلاتماق، قېشىنى ئويناتماق: قاش ئېتىپ ئۇسسۇل ئوينىماق. ② كۆچمە. شۇ ھەرىكەت ئارقىلىق بىراۋغا ئۆزىنىڭ مەيلى بارلىقىنى بىلدۈرمەك: قاش ئېتىپ، سۆز قاتتىڭىز، بىزنى تاشلاپ كەتتىڭىز، بىر قايرىلىپ باقماستىن، ئۆزگىنى يار ئەتتىڭىز. * ئالمىلىق باغقا كىرىپ ئالما ئاتقان قارا كۆز. تال چىۋىقتەك ئېگىلىپ، قاشىنى ئاتقان قارا كۆز.

**قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا** ← قاش

**بلەن كىرپىك ئارىلىقىدا:** ئۇ تاراق - تۇرۇقلارغا قاراپ يۈز بەرگۈسى ۋەقەنىڭ قاش بلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغانلىقىغا ئاسانلا ھۆكۈم قىلدى.

**قاش بلەن كىرپىك ئارىلىقىدا** بىرەر ئىش، ۋەقە، ھادىسە ياكى مەسىلە قاتارلىقلارنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالىنىڭ ناھايىتى يېقىن قالغانلىقىنى، ھەش-پەش دېگۈچە تۇيۇقسىز يېتىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئاچچىق تىل-ھاقارەت ياغراپ، مۇشت، پىچاق ئىشقا سېلىنىدىغان جېدەل-ماجرا-نىڭ پارتلىشى قاش بلەن كىرپىك ئارىلىقىدىكى ئىش بولۇپ قالدى. * كەڭ دائىرىدە باشلىنىپ كېتىدىغان بۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ ۋاقتى يېقىنلاپ، قاش بلەن كىرپىك ئارىلىقىدا قالدى.

**قاش بلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدا ← قاش بلەن كىرپىك ئارىلىقىدا:** ئەدىبىمىز-نى يەيدىغانلىقىمىز قاش بلەن كىرپىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. * قاسىمجاننىڭ قايسىبىر بۆلۈمگە باشلىق بولۇپ قېلىشى قاش بلەن كىرپىك ئوتتۇرىسىدىكى ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئەمدىلا ئۇقتى.

**قاش تاشلىماق ← قاش ئاتماق:** كەنجى «بۇ يەردە ئادەم ياشايدىغان ئوخشىمامدۇ» دەپ بۇرۇلۇپ، شۇ ياققا كېتىۋاتسا، مىلەڭزە ئېچىلىپ، ئىچىدىن چىرايلىق بىر مەلىكە چىقىپتۇ. يىگىتكە قاراپ كۈلۈپ قويۇپ قاش تاشلاپتۇ.

**قاش قارايغاندا** كەچ كىرىپ قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغان چاغدا، پۈتۈنلەي قاراڭغۇ چۈشۈش ئالدىدىكى ۋاقىتتا، گۇگۇم چۈشكەندە: بىر كۈن داۋام قىلغان يىغا ئاۋازى قاش قارايغاندا ئاستا-ئاستا توختاشقا باشلىدى. * شۇ كۈنى قاش قارايغاندا ئەزىز نەگە ۋە نېمە ئۈچۈن باردىغانلىقىنى ھېچكىمگە ئېيتماي ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا قايتىپ كەلدى.

**قاش قارايماق** كەچ كىرىپ كۆز باغلى-نىدىغان چاغ بولماق: موزىلاردىن چىقىۋاتقان ئىسلار خۇددى بىر قەۋەت كۆكۈچ داكىدەك مەھەللە ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرەتتى. ئانچە ئۆتمەي قاش قارايدى. * بۇ چاغدا قاش قارىيىپ قالغانىدى.

**قاش قەلىمى** قاش بوياشتا ئىشلىتىلىدىغان قېرىنداشسىمان گىرىم قەلىمى.

**قاش قويىمەن دەپ، كۆز چىقارماق ← چاپىقىنى ئالىمەن دەپ قارىغۇ قىلىپ قويماق:** لېكىن ئۇ قاش قويىمەن دەپ كۆز چىقىرىپ قويغانلىقىنى نەجمىدىننىڭ پولتىيىپ چىققان كۆزلىرىدىن بىلىۋالدى.

**قاش كۆتۈرمەك** تىكلىمەك، قادالماق: ئۇ دادامغا قاش كۆتۈرۈپ قارىمايدىكەن ھەم «سىلى-ئۆزلىرى» بلەن دادامنى مېھماندەك ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلىپ كۈتىدىكەن.

**قاش ئويناتماق ← قاش ئاتماق:** خېنىم قاقاھلاپ، ئوينىتىپتۇ قاش، مەنمۇ كۆز تاشلاپ، قوشۇپتىمەن باش: شۇ چاغ تالادىن يېغىپ كەتتى تاش.

**قاش ياسايمەن دەپ، كۆز چىقارماق ← چاپىقىنى ئالىمەن دەپ، قارىغۇ قىلىپ قويماق:** ئۇ بۇ چاغدا قاش ياسايمەن دەپ، كۆز چىقاردى.

**قېشىنى سۈزمەك** قېشىنى يۇقىرى قىلىش ئارقىلىق نازلىنىشنى ئىپادىلىمەك، نازلان-ماق: قىز يىگىتكە قاراپ قېشىنى سۈزدى. * نۇرلارغا چۆمۈلۈپ ھايات جانلىنىپ، كۆتۈردى مەردانە مەغرۇر بېشىنى. ئاھۇلار سىرداشقان ساي بۇلاقلىرى، ۋىلىقلاپ كۈلۈشۈپ سۈزدى قېشىنى.

**قېشىنى ھىمىرمەك** قېشىنى يىغىش

ئارقىلىق ھەيران قالغانلىقىنى، ئاڭقىرالماي قالغانلىقىنى ئىپادىلىمەك: مەن ئۇستەلنىڭ تارتمىسىدىن تىزىملىكنى ئېلىپ جىگلىغا سۇندۇم. ئۇ تىزىملىكنى ۋاراقلاپ كۆرۈپ، ھەيران بولغاندەك قاشلىرىنى ھىمىرىپ ماڭا قارىدى.

**قېشىنى ئۇچۇرماق** قېشىنى بىر قىسما قىلىش ئارقىلىق ئەجەبلەنگەنلىكنى، مەنستىمەسلىكنى ئىپادىلىمەك: مال ساتقۇچى خەنزۇ قىزچاق ئەجەبلىنىش بىلەن قېشىنى ئۇچۇرۇپ ئۇنىڭغا سەپسىلىپ قاراپ قويدى-يۇ، گەپ قىلمايلا بىر يەشىك ئېلىپ بەردى.

**قاش** II ئى. ① بىركىمنىڭ ھۇزۇرى، يان، ئالدى: شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ قېشىغا ئالماس، لەيلىگۇللەر يېتىپ كېلىشتى. * دىلبىرىم مەندىن يىراق، دىلبىرىمدىن مەن يىراق، دىلبىرىم قاشىمغا كەلسە، ياندۇرارمەن شام چىراغ. ② بىرەر نەرسىنىڭ ئورۇنلاشقان يېرى، يېنى، تۆۋى ياكى ئەتراپى: ئاخىرى ئۇ چوڭ ئۇستەڭنىڭ بويىدىكى كونا تۈگمەن قېشىغا كېلىپ، بىر دەرەخنىڭ كۆتىكىدە ئولتۇردى. * بۇلاق-باراقسان گۈل بېغىمىنىڭ ئوت يۇرەك ئىشچانىسەن، گۈل-گىياھ، ھەربىر كۆچەتلەر قېشىدا پەرۋانىسەن. ③ كۆچمە. خۇرۇم ئاياغلارنىڭ پاشنىسىغا ياكى چەمىنىڭ ئۇپراپ كەتكەن يېرىگە قويۇپ مىخلاش ئۈچۈن تەييارلانغان، كۆن، خۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەردىن كېسىلگەن كىچىك پۇرۇچ، بۆلەك: ئاياغنىڭ چەمىگە قاش قويدۇرماق. * يارىم توپلەي كىيىپتۇ، پاشنىسىغا قاش قويۇپ، قاچانلىققا ياتارمىز، بىر تەكىيگە باش قويۇپ.

**قاش بېغى** ئەتلەس دۇكىنىدىكى داۋان تېشى چېگىلگەن شانا.

**قاش** III ئى ① دەريا، كۆل، ئۆستەڭ قاتارلىقلارنىڭ ياقىسى، يېنى، بويى: يول يۈرسەڭ باشقا چىق، سۇ ئۈزسەڭ قاشقا چىق (ماقال). * ئۇ، بالىنى قاش تەرەپكە سۆرەپ چىقتى. ② سۇنى توسۇش ۋە ئۇنىڭ كېلىپ بۇزغۇنچىلىق قىلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ياسالغان توسۇق، قىر: باغداش دورغىسى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى تاغلارغا گۈلخان يېقىپ، قاش دۆۋىلەپ، پۈتۈن دىققەت نەزىرىنى ئاساسىي يوللارنى توسۇشقا قاراتتى. * ھەر يىلى ئەتىياز پەسلى كېلىش بىلەنلا ئۆستەڭ چېپىپ، قاش ياساش، بولاقلارنىڭ كۆزىنى ئېچىش باشلىناتتى. ③ كۆچمە. بۆلەك، تەرەپ: تۇراپ شۇجى ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سىرداشتى، لېكىن، ئۇنىڭ يەنىلا «بايرىقى روشەن، مەيدانى قەتئىي» ئىدى. پارتكوم ھەيئەتلىرى ئىككى قاشقا بۆلۈنۈپ كەتتى.

**قاش تىرگەن** <سۇ> كەلكۈن سۈيى ئۇلغىيىپ قاش چوققىسىغا يېقىنلاشقاندا، ئۇنىڭ يار ئېلىپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن، قاش ئۇستىگە ۋاقىتلىق قۇرۇلىدىغان كىچىك دامبا.

**قاشقا دەسسىمەك** ئىش-ئوقىتى ئىلگىرى باسماي ئارقىغا چېكىنمەك، ئىشى ئوڭغا تارتماسلىق، ئىش-ئوقەتتە زىيان تارتماق.

**قاش گۈندە** <بىن> كۆۋرۈكنىڭ يان تەرىپىگە چىقىلىدىغان سۇپا.

**قاش مۇھاپىزەت ئورمىنى** <ئورم> ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا قاشلىرىنى سۇنىڭ يالاپ كېتىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن تىكىلىدىغان ئورمان.

**قاشا** ئى. بىرەر دائىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن توسۇلغان توسۇق: قاشا مەھكەم بولسا، تۈلكە كىرەلمەس (ماقال). * ئۇلار ئادەم بىلەن ھايۋان ئېچىدىغان سۇنى ئايرىش ئۈچۈن كۆلنىڭ ئەتراپىغا قاشا ياسىدى. *

ئۇ بۇگۈن قىشنىڭ غېمىنى قىلىپ، قوي قوتىنىنىڭ قار ئاستىدا قالماسلىقى ئۈچۈن قوتان ئەتراپىغا قاشا ياساشقا كىرىشكەنىدى. // قاشا تام.

**قاشا تام** قاشا قىلىش ئۈچۈن ياسالغان تام: قاشا تام پەس بولغانلىقتىن، هويلا ئىچىدىكى پېشايۋان تېمىغا ئېسىپ قويۇلغان ئۇرۇقلۇق باش قوناقلار يىراقتىن مەرۋايىتتەك يالتىراپ كۆزگە چۈشەتتى. * زاكىر ئارقا تەرەپتىن كېلىپ، يالغۇز ئولتۇرغان سادىرنى كۆرۈپ قاشا تامدىن سەكرەپ چۈشتى.

**قاشادىماق** پ → **قاشالىماق.**

**قاشارتماق** «قاشارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: پىچاقنى قاشارتماق. ئورغاقنى قاشارتماق. * — مىڭ قىلمىسا، كىچىك ئەمەسمۇ، هەر ئىش بولسا گەپ — سۆز بىلەن قىلايلى، تاياق ئادەمنى قاشارتىپ قويىدۇ، — دېدى مۆئەللىم بالىنىڭ ئاتا-ئانىسىغا نەسىھەت قىلىپ.

**قاشارتىلماق** «قاشارتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**قاشارماق** پ. قاشاڭ، گال بولۇپ قالماق؛ گاللاشماق: پىچاق قاشاردى. چەيدو قاشاردى. ئورغاق قاشاردى. * مەن ئۇنى كۆرگەن ئاشۇ يىللىرى، قاپتىكەن شائىر خېلى ياشىنىپ، يېتىلگەن ئىكەن ئەقلى ئۆز يىدەك پىشىپ، قالمىغان قەلىمى لېكىن قاشىرىپ.

**قاشاق** سۈپ. دىئال. ئالىغاي، كۆزىنىڭ ئورۇنلىشىشى نورمال بولمىغان.

**قاشاڭ** I ئى. تېرە ياكى كۆنىلەرنىڭ چۆرىسىدىن قىيىپ چىقىرىۋېتىلگەن قېلىن ھەم قېتىپ، قورۇلۇپ قالغان پارچىلىرى.

**قاشاڭ** II سۈپ ① ئىتتىك، تېز ماڭمايدىغان، يۈرۈشى ئاستا، ھەرىكىتى سۇس: قاشاڭ ئات. قاشاڭ ئېشەك. * قاشاڭ ئات مىنگۈچە، پىيادە ماڭ ئۈلگۈچە (ماقال). * ئەپەندىمنىڭ ئېشىكى ناھايىتى قاشاڭ ئىكەن. * كىشىلەر ھەممىسى يىغىلىپ بولغۇچە قاشاڭ سائەتمۇ 12 لەرگە يېتەتتى. // ئازراق ماڭمايلا ئاتنىڭ قېرىشقاندەك ناھايىتى قاشاڭ مېڭىشىدىن ئۇنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ كەتتى. ② ئىتتىك، ئۆتكۈر ئەمەس: قاشاڭ پىچاق. ③ بىر ئىشقا پەقەت ئالدىرىمايدىغان، قولىدىن بىرەر ئىش تېز چىقمايدىغان، ھەرىكىتى سۇس: قاشاڭ ئايال. * — بۇ خەق بەك قاشاڭ بولۇۋالدى، — دېدى ئۇ تاماكىسىنى شوراپ تۇرۇپ.

**قاشاڭلاشتۇرماق** «قاشاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاشاڭلاشتۇرۇلماق** «قاشاڭلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**قاشاڭلاشماق** پ. ① مەلۇم پائالىيەت جەھەتتە سۇس بولۇپ قالماق؛ قاشاڭ ھالەتكە كەلمەك: ھېلىقى چاغدا مەن مىنگەن ئات ھازىر بەك قېرىپ قاشاڭلىشىپ كەتتى. * ئادەم ئوتتۇرا ياشقا كەلگەندە، جىسمانىي جەھەتتە قېرىپ، ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئاجىزلاپ، ئىنكاس قايتۇرۇشى قاشاڭلىشىدۇ، ھېسسىياتى سۇسلاپ، سۇبيېكتىپ جەھەتتە تەرسالىشىپ قالىدۇ. * ياشانغانلارنىڭ كۆزى تورلىشىپ، يېقىندىكىنى پەرق ئېتەلمەيدۇ، يىراقتىكىنى كۆرەلمەيدۇ، ئاڭلاش سېزىمى قاشاڭلاشقانلىقتىن قۇلىقى ئېغىرلىشىدۇ. ② گال بولۇپ قالماق، ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتماق: پالتا بەك قاشاڭلىشىپ كېتىپتۇ.

**قاشاڭلىق** «قاشاڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىككى ياندىكى كىشىلەر بولسا، مېنىمۇ كۆرۈۋالار دېگەندەك قىلىپ قاشاڭلىق بىلەن تۇرۇۋالغان كاللارغا قاراپ پاراقلاپ كۈلەتتى. * — كۆرسەتكەن باھانىسىنى قارا بۇ هارامزادىنىڭ! قاشاڭلىق قىلماي تېز بولۇش! — دېدى ئۇ بىزنى ئالدىرىتىپ.

**قاشاڭلىماق** پ → **قاشاڭلاشماق.**

**قاشالاتماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاشالاشتۇرماق** «قاشالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچكى شەپەق پۈتۈن يېزىنى قىزغۇچ نۇر ئىلكىگە ئالغانىدى. قۇشلار سايرىشىپ ئۇۋىلىرىغا قاراپ ئۇچۇشماقتا، بۇغدايلىرىنى قاشالاشتۇرۇپ بولغان كوممۇنا ئەزالىرى ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

**قاشالاشماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاشالانماق** «قاشالىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سوقما تام بىلەن قاشالانغان، ئوتتۇرىسىدىن دەز كەتكەن غول تېمىغا ئىككى يەردىن غوجا تام سوقۇلغان بۇ ئاددىي ھويلىدىكى ئىككى نەرسە ئۇنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە تارتتى. * سەيدىنقارى ئەتراپى ئاپتاپپەرەس غوللىرى بىلەن قاشالانغان توسمىدىن بوينىنى سوزۇپ ئىچكىرى قارىدى، كونىراپ كەتكەن ئۆي ئىشىكىدە يوغان بىر شەددە قۇلۇپ ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**قاشالىق** سۈپ. قاشا بىلەن توسۇلغان، قاشا قىلىنغان، قاشالانغان: قاشالىق ھويلا. قاشالىق باغ. قاشالىق ئېتىز.

**قاشالىماق** پ. بىرەر دائىرىنى مۇھاپىزەت قىلىش ئۈچۈن ئەتراپىنى توسۇپ قويماق، قاشا قىلماق؛ قاشادىماق: بەزى ئورمان مۇھاپىزەتچىلىرى بىرقانچە كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى ياش ئورمان بەلباغلىرىنى قومۇش بىلەن قاشالىدى. * مەكتەپ ئىچى سەيناغا، گۈل تېرىدۇق چۆنەكلەپ، ئەتراپىنى قاشالاپ، سۇ قۇيدۇق بىز چېلەكلەپ.

**قاشتاش** ئى [قاش+تاش] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. سىپتا ۋە پارقىراق كېلىدۇ. قاتتىق قاشتاش ۋە يۇمشاق قاشتاش دەپ ئايرىلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ ۋە نەققاشچىلىقتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قاشتاش بۇيۇملىرى** قاشتاشتىن نەقىش ئويۇپ ياسالغان بۇيۇملار. كۆپىنچە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قاشتاش بىلەزۈك** قاشتاشتىن ئىشلەنگەن بىلەزۈك.

**قاشتاشچى** ئى. قاشتاش ئېلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ھەرخىل بۇيۇملار ياسايدىغان كىشى: گۈلباغدا مۇقاملاردىن باشلانسا كۈي، يورۇڭقاش سۈيى ئۇڭا جور بولاتتى. گۈجەن باغ بويلىرىدا قاشتاشچىنىڭ، قەلبىگە يېگى ئۈمىد نۇر تولاتتى.

**قاششاق** سۈپ. ئىنتايىن كەمبەغەل، بەك نامرات: قاششاق ئادەم. قاششاق دېھقان. * كونا جەمئىيەتتە دېھقان قاششاق، ھۆرۈن ئىدى. ياخشى ئىشلىمەيتتى، دېدى ئۇ لەيلىگۈلگە قاراپ. * ئۇنىڭ ئائىلىسى كەمبەغەل بولۇپ، ئېزىش-ئېزىلىشنىڭ بىۋاستە ئىلكىدە قاششاق ھالدا تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلەتتى.

**قاششاقلاشتۇرماق** «قاششاقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاششاقلاشتۇرۇلماق** «قاششاقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاششاقلاشماق** پ. ئىنتايىن كەمبەغەللەشمەك، نامراتلاشماق: ئەزالار نېمىدېگەن قاششاقلىشىپ كەتكەن-ھە! مەسىلەن، ئېتىزدا گۈرس-گۈرس ئىشلەپ يۈرگەن. يىرمۇ ئادەمنى كۆرگىلى بولمايدۇ، خۇددى زەي يەرگە تاشلانغان پالاستەك بوش! * — بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە يېزىمىزدىكى ئاۋام پۇقرا تولىمۇ قاششاقلىشىپ، ھۆكۈمەت شەرىئەتنىڭ گەپ-سۆزىگە ئاز قۇلاق سالىدىغان بولۇپ قالدى، — دەپتۇ تاشباخۇنۇم ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن ئىككى چېرىككە.

**قاشقاقلىق** «قاشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئاشلىقىمىزنىڭ كەملىكىگە كەلسەك، بۇ بىر تەرەپتىن، دېھقانلىرىمىزنىڭ قاشقاقلىقى، يەنە بىر تەرەپتىن، شارائىتىمىزنىڭ ناچارلىقىدىن بولغان. * مىليونلىغان دېھقانلار شەخسىي مۇلۇكچىلىك ئاسارىتىدىن ئازاد بولۇپ، مىڭ يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كەلگەن ماددىي ۋە مەنىۋى قاشقاقلىقتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

**قاشقا** ئى ① ئات-ئۇلاغلارنىڭ پېشانىسىدىكى ئاق تۈك ئۈنگەن يېرى، ئاق بەلگىسى: ئاتنىڭ قاشقىسى. قاشقىسى بار ئات. قاشقىسى بار ئوغلاق. * ئۇ قوزىلارنىڭ بىرى ئەركەك، يەنە بىرى چىشى بولۇپ، ئەركىكىنىڭ قورسىقىدا قارىسى بار، چىشىسىنىڭ پېشانىسىدا قاشقىسى بار ئىكەن. ② پېشانىسىدا شۇنداق ئاق تۈكى، بەلگىسى بولغان ئۇلاغ؛ ئات: لېكىن-زە، ئۇنىڭ قېشىغا زادى يېتەلمىگۈدەكمەن، بىر ۋاقىتتا قارىسام، ھېلىقى جەدە قاشقام پەيدا بولۇپ قېلىپتۇ. * يىگىت ھويلىنىڭ بىر چېتىدىكى ئاتخانىغا ئوقتەك ئېتىلىپ كىرىپ، توقۇقلۇق تۇرغان جەدە قاشقىنى يېتىلەپ چىقتى. // خەمتوپ جەڭگىۋار ھالەتتە ئىدى. ئۇ، ئالا ئاياغ جىرەن قاشقا ئات ئۈستىدە غالىبانە ئولتۇردى. ③ كۆچمە. باشقىسىدىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدىغان يېرى، بەلگىسى: توغرا، مېنىڭ قاشقام ئېنىق، شۇڭا، مەندىن ئانچە ئەنسىرىمىسىمۇ بولىدۇ. * — توختا، سەن بۇ قاشقىسى بار كىيىملەر بىلەن ھەرگىزمۇ ئۇ يەرگە يېتىپ بارالمايسەن، يورۇق چۈشىسىلا تۇتۇۋېلىشىدۇ، — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنىپ. ④ كۆچمە. بىرەر يەرنىڭ ئوتتۇرىسى، مەركىزى، كۆزى: — سەن سۇ ئامبىرىنى نەگە قۇرماقچى بولۇۋاتىسەن؟ —، نەگە بولاتتى، مۇشۇ كۆكشىغا، مۇشۇ كۆكشىنىڭ دەل قاشقىسىغا!

**قاشقا باش** پېشانىسىدا ئاق تۈكى، بەلگىسى بار باش.

**قاشقا بېدە** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كىچىك يوپۇرماقلىرى ئۈزۈن، ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۆي ھايۋانلىرىغا يەم-خەشەك قىلىنىدۇ. ئۇ يەنە بىر خىل يېشىل ئوغۇت ئۆسۈملۈكىمۇ ھېسابلىنىدۇ.

**قاشقىسى بار** باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان ئالاھىدە بەلگىسى ياكى قىلمىشى بولغان، مەلۇم جەھەتلەردە باشقىلاردىن پەرقلىق دەپ قارالغان؛ كىشىلەرنىڭ ئاغزىغا چىقىپ قالغان: قاشقىسى بار ئايال. * — بىز قاشقىسى بار كىشىلەر، سەن قانچە ياخشى ئىشلىسەڭمۇ ئۇلار بەرىبىر سېنىڭ ئىشلىگىنىڭنى كۆرمەيدۇ، — دېدى ئۇ. * بۇ چاغلاردا بۇنداق «قاشقىسى بار» ئائىللەرگە كىرىش جىنايەت ھېسابلانسىمۇ، ھېلىقى ئارزۇ ۋە ھېسداشلىق ئىختىيارسىز مېنى ئۆيگە ئىتتەردى.

**قاش-قاپاق** قاش ۋە قاپاق؛ قاش: قاش-قاپقى جايىدا. قاش-قاپقى چۈشمەك. قاش-قاپقىنى تۈرمەك. * ئۇ ئەتىگىنى ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، ئەل ياتاردا كېلەتتى، بەزىدە قاش-قاپاقلىرى يېرىق، كىيىملىرى قان كېلىپ ئانىسىغا ھۆركىرەيتتى.

**قاش-قاپقى چۈشمەك** ← **قاش-قاپقى سىلىنماق**: بۇنى ئاڭلاپ پەرىدەنىڭ قاش-قاپقى چۈشۈپ كەتتى.

**قاش-قاپقى سىلىنماق** قاپقىدىن رەنجىگەنلىكى، خاپا بولغانلىقى ئىپادىلەنمەك: يىگىتلەر ئارىسىدا قاش-قاپقى سىلىنىپ، رەڭگىرويى خۇددى ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ، خاپا كېتىۋاتقانلارمۇ يوق ئەمەس ئىدى. * گورۇپپىدىكىلەر ئۇنى سېخ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىغا

ئېلىپ كەتكىنىنى بىلشەتتى، شۇڭا قاش-قاپىقى سېلىنغان ئۈستىنى دەرھال ئورىۋېلىشتى.

**قاش-قاپىقىغا قارىماق** ① باشقىلارنىڭ خاھىشى، كەيپىياتىغا قاراپ ئىش تۇتماق: – ھېلىمۇ ئۈچ كۈندىن بېرى سىزنىڭ قاش-قاپىقىڭىزغا قاراپ كۆڭلۈمدىكىنى دېمىدىم. ② تەلمۈرمەك.

**قاش-قاپىقىنى تۈرمەك** خاپا بولغانلىقىنى، رەنجىگەنلىكىنى ئىپادىلىمەك: – بىر كۆرەي دەپسەن-دە؟ مەن بۇنداق ھۆپۆپلەرنى كۆپ كۆرگەنمەن! – دېدى ئۇ قاش-قاپىقىنى تۈرۈپ.

**قاش-قاپىقىنى سالماق** ← **قاش-قاپىقىنى تۈرمەك**: – سەن ھەردائىم دېگۈدەك قاش-قاپىقىڭنى سېلىپ يۈرسەن، نېمە بولدۇڭ، – دېدى قىز ئۇنىڭغا ھەيران بولغان ھالدا.

**قاش-قاپىقىنى سۈزمەك** ← **قاش-كۆزىنى سۈزمەك**: يىلاننىڭ كۆشىگىنىنى بىلدىغان ئايسە ئاپىشاق گەپنىڭ تېگىگە يەتتى ۋە قاش-قاپىقىنى سۈزدى. * ئۇ قاش-قاپاقلىرىنى سۈزۈپ بىردەم جىم ئولتۇرغاندىن كېيىن گەپ باشلىدى.

**قاشقالداق** ئى <زوئول> پېشانىسىدە ئاق قاشقىسى بار، رەڭگى قارا، تۇمشۇقى ئاق بىر خىل قۇش. بۇ قۇشنىڭ پۇت بارماقلىرىنىڭ ئارىسىدا پەردە بولمايدۇ، گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ.

**قاشقۇنچۇق** ئى. دىئال. باللار ئوينايدىغان پوگزەك ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى.

**قاشقىر** ئى ① ئۈزۈمنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە مېۋىسىنىڭ رەڭگىگە ئاساسەن ئاق قاشقىر ۋە كۆك قاشقىر دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. تېلى قىزىل سايۇنىنىڭ تېلىدىن قىسقىراق بولىدۇ. دانىسى يۇمىلاق كېلىدۇ، قىزارمايدۇ. ② شۇ خىل ئۈسۈملۈك-نىڭ مېۋىسى (ئۈزۈمى): بىر ساپاق قاشقىر

**قاشقىلىق** سۈپ. پېشانىسىدا قاشقىسى بار، قاشقىسى بولغان: ئۇ پات-پاتلا ئاشۇ ئاق قاشقىلىق تورۇق ئېتىنى ئەسلەپ ئۇلۇغ-كىچىك تىناتتى. * ئۇ يېنىغا كېلىپ باش سىلكىپ تۇرغان ئاتنىڭ بوينىدىن تۇتۇپ، چىرايلىق قىرقىلغان يالىنى بارماقلىرى بىلەن تارىدى، ئاق قاشقىلىق ماڭلايلىرىنى ئالقىنى بىلەن سىلىدى.

**قاشقىنا** ئى. دىئال. قاش، يان.

**قاشقىئوغلاق** ئى [قاشقا+ئوغلاق] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. قىل، تۈكلىرى قوڭۇر كۈل رەڭ، ئىككى قۇلىقى قىسقا، كىچىك؛ ئىككى قوۋۇزىدا توغرىسىغا ئۆسكەن ئۇزۇن قىللار بولىدۇ، تاغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ. كېچىدە ھەرىكەت قىلىپ، بېلىق، راك، چاشقان، توشقانلار-نى تۇتۇپ يەيدۇ، كىشىلەر ئۇنىڭ تېرىسىنى بەك ئەتىۋارلايدۇ.

**قاش-كۆز** قاش ۋە كۆز: قاش-كۆزىنى ئويناتماق، قاش-كۆزى جايىدا. * تەشنا بولدۇم مەن سۆزۈڭگە، مېھماندۇرمىز ئۆزۈڭگە، قۇربان بولاي قاش-كۆزۈڭگە، بىزنىڭ يوللار قايىدىدۇر؟

**قاش-كۆزلىرىنى ئاتماق** ← **قاش-كۆزلىرىنى ئويناتماق**: توختى خىيال بىلەن كېتىۋاتقاندا، ئايشىگۈلنىڭ جەينىكى ئۇنىڭ بىقىنىغا تېگىپ، ئۇنى خىيال بۆشۈكىدىن ئويغاتتى. «ئەمدى نېمە ئالىمەن دەر بۇ خوتۇن» دېگەننى ئويلاپ تۇرۇشىغا ئايشىگۈل قاش-كۆز-لىرىنى ئېتىپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى.

**قاش-كۆزلىرىنى ئويناتماق** شوخلۇق قىلماق: سىيىت ھاجى خوتۇن كىشىلەرنى كۆرسىلا قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىشقا باشلايتتى. * روزى ساھىبخانىنىڭ تەنىسىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى خۇپسەنلىك قىلدىمۇ، ئىشقىلىپ قاش-كۆز-لىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**قاش-كۆزى جايىدا** كېلىشكەن، چىرايلىق، ئۇز: ئۇ قاش-كۆزى جايىدا قىز ئىكەن. * ئۇ بويى ئېگىز، قاش-كۆزى جايىدا، تەقى-تۇرقى ئازادە، خۇش پېئىل يىگىت ئىدى.

**قاش-كۆزىگە قارىماق** ئايىماق، پەپىلىمەك.

**قاش-كۆزىنى سۈزمەك** نازلانماق، نېزىنىماق: بۇ چوڭ ئاغىچا، قاش-كۆزىنى سۈزۈپ، چاچلىرىنى سىيلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. * رابى ۋىت-ۋىت ئۇنى مەنسىتمىگەندەك ئەترايقا قاش-كۆزىنى سۈزۈپ قاراپ قويدى.

**قاش-كىرپىك** قاش ۋە كىرپىك: بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ تۇرغۇن بىلەن قۇدرەتنىڭ خۇشلۇقىدىن قاش-كىرپىكلىرى ئويناپ كەتتى.

**قاش-كىرپىك چىقارماق** چىرايلىقلاشتۇرماق، ھۆسن قوشماق: خەتكە قاش-كىرپىك چىقارماق. * ئادەم ۋە يەر ئىسىملىرى قانداق ئاھاڭدا بولسا، شۇ ئاھاڭدا تەرجىمە قىلىش كېرەك، ئۇنىڭغا قاش-كىرپىك چىقىرىمەن دەپ باش قاتۇرۇشنىڭ ۋە كېيىن ئۇنى تۈزىتىمەن دەپ ئاۋارە بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

**قاش-كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان** قاشلىرى قويۇق، كىرپىكلىرى زىچ ھەم ئۇزۇن، قاش-كىرپىكى ناھايىتى كېلىشكەن: قاش-كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان قىز بالا. * ئۇ تېتىك، قاش-كىرپىكى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان، يېشى 40 قا يېقىنلىشىپ قالغان تۇل ئايال دىلىيەسەخانىدى.

**قاش-كىرپىكنىڭ ئارىسىدا ← قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا**: قازا دېگەن قاش-كىرپىكنىڭ ئارىسىدا (ماقال).

**قاش-كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا ← قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا**: دەھشەتلىك ۋەقە قاش-كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا قالغانىدى. * شۇ چاغدا ئۆلگۈچىنىڭ تەرەپتىكىلىرى بىلەن گۇمانلىق تەرەپ ئائىلىسىدىكىلەر ئوتتۇرىسىدا جېدەل چىقىپ قانلىق ۋەقەنىڭ كېلىپ چىقىشى قاش-كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدا تۇراتتى.

**قاشلىغۇچ** ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ قېچىشقان يەرلىرىنى ياكى ئات-ئۇلاغلارنىڭ بوينىنى قاشلاش، تۈكىنى تاراش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان تارغاقسىمان ئەسۋاب؛ تاتىلىغۇچ.

**قاشلىق** ① سۈپ. قېشى بار، قاش چىقىرىلغان: قارا قاشلىق قىز. ئېگىز قاشلىق ئېگەر. * شۇ پەيتتە چىرايى تاتارغان، قويۇق قارا قاشلىق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرغان بىر يىگىت كىشىلەرنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ ئالدىغا ئۆتتى. * شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن مەن ئۆيگە كېلىپ، تامدىكى يوغان رەسىمنى كۆردۈم. رەسىمدە قارا قاشلىق، چىرايلىق كەلگەن بىر يىگىت كۈلۈپ تۇراتتى. ② ئى. ئاياللار قېشىنى قارا قىلىش ئۈچۈن سۈرىدىغان بىر خىل قارا پەرداز بۇيۇمى؛ سۈرمە: قاشلىق ئەتمەك. قاشلىق قويماق. قاشلىق سۈرمەك. * ھەجەر قاشلىقنى تاپالمىدى، شىرەنىڭ تارتمىسىنى ئېچىۋىدى، كىچىككىنە قالغان قاشلىق تۇرۇپتۇ.

**قاشلىق ئەتمەك** قېشىغا قارا سۈرمەك: ھەجەر ئاچىسىنىڭ يۈزىگە ئۇپا سۈرۈپ، قېشىغا قاشلىق ئېتىپ، ئەگلىك بىلەن ئىككى مەڭزىنى قىپقىزىل قىلىپ، سەھنىدە ئۇسسۇل ئوينىغاندا ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كېتىدىغانلىقىغا ئۇنىڭ ھەۋىسى كېلەتتى.

**قاشلىق قويماق ← قاشلىق ئەتمەك.**

**قاشلىقئوت** ئى. دىئال. ئوتلاق، ئېتىز قاتارلىق نەم يەرلەردە ئۆسىدىغان بىر خىل ئوتنىڭ نامى.

**قاشلىماق** I پ. ئادەم بەدىنىنىڭ قىچىشقان يېرىنى ياكى ئات، ئېشەك قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بىرەر يېرىنى قول

ياكى قاشلىغۇچ بىلەن تاتىلماق: باشنى قاشلىماق. *ئەخمەق ئۆتۈكنىڭ تېشىدىن قاشلار (ماقال). * دوست سۆزىنى تاشلىما، تاشلاپ بېشىڭنى قاشلىما (ماقال). * توختىئا-خۇن ئېتىزنىڭ قىرىدا بېشىنى قاشلاپ نېمە قىلارىنى بىلمەي بىردەم تۇرۇپ قالدى. * ئۇ، ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئېتىزدىن يېنىپلا ئۇبغىلغا كىرەتتى-دە، ئورۇقلۇقتىن ئارانلا يەرگە دەسسەپ تۇرغان سۇر ھاڭگىنىڭ ئۇچىسىنى قاشلايتتى، ئايغىنى قۇرۇقدايتتى.

**قاشلىماق** II پ. قاش پەيدا قىلماق، قاش ياسىماق، قاشنى ئېگىزلەتمەك، قىرلىماق: دەريانىڭ قېشىنى قاشلىماق. ئېتىزنىڭ قىرىنى قاشلىماق. * بىز بىر كۈن ئىچىدىلا شۇنچە چوڭ دەريانىڭ قېشىنى قاشلاپ بولدۇق. * رەيھان كېلىپ ئورەكنىڭ ئەتراپىنى قاشلىدى. ئۇچى خۇشال بولۇشۇپ، يېڭى ئىشنى باشلىدى.

**قاغا** ئى ① <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقى چوڭ ۋە تۈز، پۈتۈن تېنى قارا، قانىتى پارقىراق كېلىدۇ. كۆپىنچە ئورمانلىق ياكى داللاردا توپلىشىپ ياشايدۇ، دان، مېۋە، ھاشارات قاتار-لىقلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. ② قارتا ئويۇ-نىدىكى شەكلى قاغىغا ئوخشايدىغان قارا رەڭلىك بەلگە ۋە شۇ خىل بەلگىگە ئىگە قەغەز: قاغىنىڭ تۈزى. قاغىنىڭ ئونلۇقى.

**قاغا پوق يېمەستە** تاڭ يورۇش بىلەنلا، قاق سەھەردە: - قاغا پوق يېمەستە كەلگۈچە چاي-پاي ئىچكەندىن كېيىن كەلسەڭ بولمامدۇ، -دېدى ئۇ ماڭا تېرىكىپ. * - قاغا پوق يېمەستە كېلىپ، خانىشنى كۈتكەندەك كۈتۈپ تۇرغان گۇناھىمىزغا زورلۇق قىلامدىكىنە؟! - دېدى ھېلىقى ئايال.

**قاغا تېزەك چوقۇماستا** ← **قاغا پوق يېمەستە**: - ئەتىگەندە نېمانچىلا! ئاخشام 12 گىچە ئارام بەرمىدىڭ، قاغا تېزەك چوقۇماستا يەنە نېمە كاتا-كاتاڭ! - دېدىم مەن ئۇنىڭ قويۇق ساقاللىق ئېڭىكىنى تۇرتۇپ قويۇپ.

**قاغا جىگدىسى** <بوت> ① جىگدە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. غولىدا تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى كۈمۈش رەڭلىك، خۇش بۇي پۇرايدۇ. مېۋىسى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ، يېگىلى ياكى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەش، تىنچلاندۇرۇش، مەنىنى تىزگىنلەش، ئاشقازاننى ياخشىلاش، ئىچ سۈرۈشنى توختىتىش، ھەيزنى تەڭشەش ۋە سۈيدۈكنى راۋان قىلىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك-نىڭ مېۋىسى.

**قاغا چۈلۈكى** <بوت> چۈلۈك ئائىلىسىد-كى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكىللىك. گۈلى كىچىك، ئاق، سۇس يېشىل ياكى تۇتۇق سۆسۈن. ئۇچكىلىك مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، پىشقاندا قارىيىدۇ. ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ئامىۋبا خاراكتېر-لىك تولغاق، بەزگەك قاتارلىق كېسەل-لەرنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**قاغا چىلىنى** <بوت> ① خوزۇر ئائى-لىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. شېخىدا تىكىنى بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك ئۇششاق چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل،

مېۋىسى سوقچاق ۋە توق قوڭۇر، ئېتى نېپىز، چۇچۇمەل كېلىدۇ. مېغىزىنى دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. ئاشقازاننى ياخشىلاش ۋە نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش روللىرىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قاغا كۆمدى** قاشتېشىنىڭ تاش قاتلاملىرىدا ئۇزۇك-ئۇزۇك ھالەتتە يېتىشقا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**قاغا-قۇزغۇن** قاغا ۋە قۇزغۇن: شۇ ھامان ئاسماندىن بىر توپ قاغا-قۇزغۇنلار چۈشۈپ پادىشاھنىڭ ھارام گۆشىنى چوقۇپ يېگىلى باشلىدى. * ئۇلار ئىككىلىسىنىڭ ئۆلۈكى دەشتى چۆلدە قېلىپتۇ. جەسىتىنى قاغا-قۇزغۇن يەپتۇ.

**قاغان** ئى <تارىخ> قەدىمكى سيانپىلار، جۇرجانلار، تۈركلەر، مۇڭغۇللاردىكى ئەڭ ئالى دەرىجىلىك مەنسەپ نامى. خان-پادىشاھ مەنىسىدە كېلىدۇ. مىلادىيە 402-يىلىدىن باشلاپ قوللىنىلغان.

**قاغجال** سۈپ ① ناھايىتى بەك قۇرۇپ كەتكەن، قاقشال: قاغجال دەرەخ. ② كۆچمە. بەك ئورۇقلاپ كەتكەن، ئورۇق، ئاۋاق: قەمەرنىسا بېشىنىڭ چوڭلۇقىدىن ئانا يوللۇق ھالەتكە كېلىپ قالغان بۇ قاغجال ئايالدىن خىجىل بولۇپ، خېلىدىن بېرى ئۆز سۆيگۈنى توغرىسىدا گەپ سورىيالماي جىم ئولتۇراتتى.

**قاغجالما** ① سۈپ. بىر تېرە-بىر ئۇستىخانلا بولۇپ قالغان، تېرىلا بولۇپ كەتكەن، ناھايىتى ئورۇق: بۇ بالا بەك قاغجالما بولۇپ كېتىپتۇ. ② ئى. جىق ئىش كۆرۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن كىشى؛ قاقباش، قاغدالما.

**قاغجالملىق** ئى. قاغجالما ھالەت، قاغدالملىق: قاغجالملىق قىلماق.

**قاغجىراتماق** «قاغجىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىيازنىڭ سېرىقتال كۈنلىرى، ئىزغىرىن شامال شورتاڭ يەرلەرنىڭ ئاچچىق شورىنى ئۇچۇرىتىپ، پوستەك باغلاپ كەتكەن يەرلەرنى قاغجىرىتاتتى.

**قاغجىراش** «قاغجىرىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: قاغجىراش يېرىقى.

**قاغجىراش يېرىقى** <گېئول> چۆكۈندى جىنىستىكى بىر خىل قاتلام يۈزى تۈزۈلمىسى، يەنى قاتمىغان چۆكۈندىلەرنىڭ ئاپتاپتا قۇرۇپ ياكى سۇسىزلىنىپ تارتىشىدىن يېرىلىشى. ئۇ تەكشى يۈزدە رەتسىز كۆپ تەرەپلىك، توغرا كەسمە يۈزىدە « V » شەكىللىك يېرىق بولۇپ كۆرۈنىدۇ. سېغىز توپىلىق جىنس بىلەن ھاك جىنسىنىڭ ئۈستۈنكى يۈزىدە كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۈستى يېپىلغان جىنس قاتلىمىنىڭ تېگىدە ئىزى قالىدۇ.

**قاغجىراشماق** «قاغجىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاغجىراق** سۈپ. سۇسىزلىقتىن قۇرۇپ يېرىلغان، قاغجىراپ كەتكەن: سۇ بولمىغانلىقتىن بىر تۈپ گىياھمۇ ئۈنمىگەن يار بېشى تۆپىلىكى ناھايىتى قاغجىراق ئىدى. * چېكىمىزدىن ئاققان تەرىمىز، قۇچىقىڭنى ئوراپتۇ گۈلگە. ئوخشىمايسەن شۇ تاپتا ھەرگىز، تۈنۈگۈنكى قاغجىراق چۆلگە.

**قاغجىرىماق** پ. بەك ئۇسساپ قۇرۇپ كەتمەك: قاغجىراپ كەتكەن دەرەخلەر. * ئەمدىلىكتە بىزنىڭ تېرىپ قويغان يەرلىرىمىز سۇ يوق قاغجىراپ ياتىدۇ. * قىزلارنىڭ كۆڭلى قاغجىراپ تۇرغان ئېتىزغا ئوخشاپ قېلىپتۇ.

**قاغداڭ** سۈپ. دىئال. قۇرۇپ، يوپۇرماقلىرى چۈشۈپ يالىڭاچلىنىپ خۇددى خادىدەك بولۇپ قالغان: قاغداڭ قومۇش.

**قاغدال** سۆپ. سولاشقان، قۇرۇغان (كۆچەت ھەققدە): شاپتۇل كۆچەتلرىنىڭ تۇتۇش ئۇنۇمىمۇ ئوخشاش ئەمەس. بىر يىللىق كۆچىتنىڭ تۇتۇش ئۇنۇمى ۋە سۈپىتى يۇقرى، ئىككى يىللىق كۆچەتلەر بولسا قاغدال بولۇپ، سۈپىتى ۋە تۇتۇش ئۇنۇمى تۆۋەن، راۋاجلىنىشى ئاستا بولىدۇ.

**قاغدالما** سۆپ ← قاغجالما.

**قاغدالماق** پ. قۇرۇشقا باشلىماق، قۇرۇپ قالماق.

**قاغدالمىلاشماق** پ. قاغدالما ھالەتكە كەلمەك.

**قاغدالملىق** «قاغدالما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قاغدام** سۆپ. قاغجىراپ كەتكەن، قاغجىرىغان: خوي تۆزلەپسەن كونا پالاس، قاغدام يەرنىڭ قىرلىرىنى بىرنى قويماي گالىڭ ئات بىلەن. ھەممە قولنى بىرلا يەگدىن چىقارغاچقا، جابدۇۋاپسەن ئېگىنگىنىمۇ كىمخاب بىلەن.

**قاغىپۈتى** سۆپ [قاغا+پۇت+ى] قىڭغىر-قىيىسىق، سەت، گادىرماچ: قاغىپۈتى خەت. * سىنىڭ بۇ قاغىپۈتى خېتىڭنى ئوقۇماق بەك تەسكە توختىدى.

**قاغىپۈتى خەت** قىڭغىر-قىيسىق، سەت، گادىرماچ يېزىلغان خەت: سىنىڭ قاغا پۇتى خەتلىرىڭنى ئوقۇغىلى بولمىسا قانداق قىلىدۇ؟ * كەچتە قاغىپۈتى خەتلىرىم بىلەن يۈرتۇمنىڭ قىسقىچە تارىخىنى يېزىشقا ئولتۇردۇم.

**قاغىتۇمشۇق** ئى [قاغا+تۇمشۇق] ئىشىك، دەرۋازىلارنى ئېتىش، قۇلۇپلاشتا ھالقا ياكى زەنجىرنى ئىشىك ياكى يان ياغاچ بىلەن تۇتاشتۇرىدىغان تۆمۈر ئىلغۇچ. شەكلى. قاغىنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش بولۇپ، ئىشىككە يان ياغاچقا قېقىلىدۇ: ئاتا بەكرى قاغىتۇمشۇققا ئۆتكۈزۈلگەن يوغان ھالقىنى. جاراڭلىتىپ شەپە بەردى. * شۇ چاغدا سەللىلىك بىر ئادەم ئۆز شېرىكىگە خوشمۇ دېمەي ۋە ئۆيى ئىگىسىنىڭ تەكلىپ قىلىشىنىمۇ كۈتمەي، بوسۇغىدىن ئالدىراپ ئاتلاپ ئۆتتى-دە، دەرۋازىنى ئۆزى يېپىپ، ئۇنىڭ ھالقىسىنى يەنە ئۆز قولى بىلەن قاغىتۇمشۇققا ئىلدى.

**قاغىتىرناق** ئى [قاغا+تىرناق] <بوت> پىيازئائىلىسىدىكى باش باھاردا ئۆسىدىغان، كىچىك، كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى تەڭگىسىمان غولى شار شەكلىدە بولۇپ، سىرتىنى كۆپ قەۋەت، قارامتۇل خورما رەڭلىك، پەردىسىمان تەڭگىچىلەر ئوراپ تۇرىدۇ. يەر ئۈستىدىكى غولى تىك بولۇپ، شاخلىمايدۇ. يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ دانە بولۇپ، تۆۋەندىن ئۆسىدۇ. شەكلى ئۇزۇن تۇمۇرسىمان، يۈزى تۈز، تولۇق گىرۋەكلىك كېلىدۇ. گۈلى قوڭغۇراق شەكلىدە، سېرىق بولۇپ، ئۇچىدىن ئۆسىدۇ. گۈل تاجى يوپۇرمىقى ئالتە دانە، غوزا مېۋىسى سوقىچاق بولىدۇ. تەڭگىسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، تەمى ئاچچىقراق، تەبىئىتى سوغۇق، زەھەرسىز. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، زەھەرنى تارقىتىدۇ؛ ئىششىقلارنى ياندۇرۇپ، تۈگۈنچەكلەرنى يېشىدۇ.

**قاغقامغقى** ئى [قاغا-قامغاق+ى] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى چوڭقۇتەك ئۇزۇن بولۇپ، سەل ئېگىلىپ سازاڭغا ئوخشاپ قالىدۇ، توپا رەڭدە بولىدۇ. غولى تىك، كۆپ شاخلايدۇ. يوپۇرمىقى كىچىك، يىپسىمان بولۇپ، يىگلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭدا چىشسىمان كەمتۈكلەر بولىدۇ. تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يۇقىرى قىسمىدىكىلىرى نۆۋەتلىشىپ

ئۆسىدۇ. گۈلى كالپۇكسىمان، قىزغۇچ سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ، ئومۇمىي گۈل رېتى شالاڭ شاخلىرىنىڭ يۇقىرى قىسمىدا بولىدۇ. غوزا مېۋىسى يۇملاقراق، پىشقاندا يېرىلىدۇ، ئۇرۇقى ئۇششاق ھەم كۆپ. يەر ئۈستى قىسمى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەمى قېرىق، تەبىئىتى سەل سوغۇق. ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، ياللۇغنى يوقىتىدۇ؛ ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**قاق** I سۈپ ① دەل، نەق، توپتوغرا: قاق سەھەر. قاق چۈش. * ئۇلار تەۋەككۇل دەپ تاغقا يامىشىپ، قاق بەلگە چىققاندا، ئۈچ ئاتلىق قوغلىشىپ كېلىپ ئارقا-ئارقىدىن ئوق ئۈزۈپ، ئاتلىرىنى يىقىتىپتۇ. * زوھرە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ، قولىدىكى دەپتەرنى ۋاراقلاپ، قاق ئوتتۇرىسىنى ئاچتى. * ئۇ ئۆزىگە تىكىلىپ گەپ تىڭشاۋاتقانلارنىڭ چىرايلىرىدىن ھېچقانداق بەلگە-ئىپادىلەرنى سەزمىگەندىن كېيىن، يەنە سۆزىنى داۋام قىلدى. شۇنداق قىلىپ قاق بىر سائەتنى ئۆتكۈزدى. ② ھېچنېمىسى يوق: قاق سەنەم. قاق سەنەم بولۇپ قالماق.

**قاق سەنەم** ئۆتۈپ كەتكەن نامرات، بەك كەمبەغەل، قاششاق: كۆپچىلىك دېھقانلارنىڭ تۇرمۇشى ياخشىلاندى دېگەن بىلەن، قاق سەنەم، كۆك نامرات دېھقانلار تېخى بار.

**قاق** II ئى. ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋىلەر. مەسىلەن، ئۆرۈك قېقى، شاپتۇل قېقى، ئالما قېقى، قوغۇن قېقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش: بۇنداق قوغۇن قېقى دۇنخۇاڭنىڭ غەربىي شىمالىدىكى قۇمۇل دېگەن يەردىن چىققانلىقى ئۈچۈن قۇمۇل قوغۇن قېقى دەپ ئاتىلىدىكەن.

**قاق بولماق** قاق ھالىتىگە كەلمەك، قۇرۇماق: باققالغا ئارام يوق، دېھقانغا بازار، ئەنجۈرلەر شېخىدا قاق بولۇپ قالغان. كىمكى تاقىدى يەلڭ بەلگىسىنى، ئۇنىڭغا دېھقانلار يات بولۇپ قالغان.

**قاق پودا** تاڭ سەھەر ۋاقتىنى بىلدۈرىدىغان «بىرىنچى پونى ئاتقاندا، ئەتىگەندە، قاق سەھەردە؛ دەسلەپىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قاق پودا يېتىپ كەلمەك.

**قاق سالماق** ← **قاق قىلماق.**

**قاق سۆڭەك** ناھايىتى ئورۇق، بىر تېرە- بىر ئۇستىخان: ئورۇقلاپ قاق سۆڭەك بولۇپ كەتكەن بالىنىڭ چىرايىدا كۈلۈمسىرەش ئالامىتى پەيدا بولدى.

**قاق سۇيى** سۇدا قاينىتىلغان ئۆرۈك قېقى سۇيى.

**قاق شىراق** دىئال. شىراقنىڭ گۆشى ئانچە كۆپ بولمىغان ھەم ئىنچىكە قىسمى.

**قاق قىلماق** مېۋىلەرنى ئاپتاپقا يېيىپ قۇرۇتماق: ئۆرۈكنى قاق قىلماق. شاپتۇلنى قاق قىلماق.

**قاق** III ئى. تاغلاردىكى يامغۇر سۇيى يىغىلىپ ئۇزۇنغىچە سىڭىپ كەتمەيدىغان كۆلچەك.

**قاق** IV تەق. قاغا سايرىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز: قاغىلار قاق ئېتىدۇ، ئۆز كۆڭلىنى شاد ئېتىدۇ (ماقال). * مىلتىق ئېتىلىشى بىلەن تەڭ ئېتىزلىققا چۈشكەن توڭ قاغىلارنىڭ ھەممىسى «قاق-قاق» قىلىپ ئۇچۇپ كېتىشتى. * شۇنىڭ بىلەن ئەتىسى سەھەردە قاغا قاق دېمەستە ھەجەر قىز ماللىرىنى ھەيدەپ ئۆيدىن چىقتى.

**قاقاچ** ئى ① قېتىپ قالغان بۇرۇن سۇيۇقلۇقى: ئۇ ئۇزۇن ۋە ئۇچلۇق ئۆسكەن چىمچىلاق قولىنىڭ تىرنىقى بىلەن تۈكلۈك بۇرنىنىڭ قاقاچلىرىنى كولاپ تۇراتتى. ② يارا ئېغىزىدا

قان پلاستىنكىسى ۋە تالا ئاقسىلىنىڭ قېتىشىشى نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدىغان قېتىشما. يارا ئاغزى پۈتكەندىن كېيىن ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ: ئۇنىڭ ئوغلۇم بىچارە بىلەن كۈندە ئۈچ ۋاخ ئۇرۇشمىسا كۈنى كەچ بولمايدۇ. يۈز-كۆزى كونا-يېڭى تىرناق ئىزى، قاقاچتىن خالى بولالمايدۇ.

**قاقاچ تۇتماق** يارا ئېغىزىدا قاقاچ پەيدا بولماق.

**قاقاس** سۈپ ① ئوت-چۆپ ئۈنمىگەن، گىياھسىز: قاقاس تاغ. قاقاس چۆل. * بۇ يەر ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى ئۈنمىگەن، يامغۇر ياغمىغان قاقاس چۆل ئىكەن. * ئۇلار قاقاس سايلىققا كەلگەندە، كۈن تازا چاشگاھ ۋاقتى بولۇپ ھاۋا قىزىشقا باشلىدى. ② دەل-دەرەخلىرى كۆپ ئەمەس، ياپپېشىللىققا پۈركەنمىگەن، قۇرغاقراق: ئۇلار بىزنىڭ بۇ قاقاس شەھەرگە قاپسىلىپ قالغىنىمىزنى بىلىپ تۇرۇپ، بىزدىن مەدەت تىلەپ كېلىپتۇ. * بۇلتۇر، ئورمان ئىشچىلىرى بىزنىڭ بۇ قاقاس كوچىغا باشتىن-ئاياغ يېڭى كۆچەتلەرنى تىككەندى، كېيىن بۇ كۆچەتلەر يۇمران يوپۇرماقلارنى چىقىرىپ، كوچىمىز چىرايلىق تۈسكە كىرىپ قالدى.

**قاقاسچىلىق** ئى. قاقاسلىشىپ كەتكەن مەنزىرە، قاقاس ھالەت: قاياققا قارىسا قاقاسچىلىق، ئۇشۇق پاتقۇدەك توپىغا چۆككۈسەن. مېنىڭ مۇندىن كېيىنكى ماكانىم مانا مۇشۇ ئىدى.

**قاقاسلاشماق** پ. قاقاسلىققا ئايلانماق، قاقاس بولۇپ كەتمەك: قاقاسلىشىپ كەتكەن يەر.

**قاقاسلىق** ئى. قاقاسلىشىپ كەتكەن يەر، قاقاس جاي: ئۇ ماڭا، بىر ئائىلىنىڭ قاقاسلىقتىن بوز يەر ئېچىپ مول ھوسۇل ئالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. * جۈت بورانلار ھۇۋلىغان چۆلدە، گۈپۈلدەيتتى گۈل-چېچەك ھىدى. ئىت باغلىسا تۇرماس قاقاسلىق، دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەنىدى.

**قاقاق** تەق ① مېكىياننىڭ تۇخۇم تۇغۇپ بولغاندا ياكى بەك قورقۇپ، ئۈركۈپ كەتكەن چاغلاردىكى قاتتىق چىققان ئاۋازى. ② قاتتىق كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**قاقاقلاتماق** «قاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقاقلاشماق** «قاقاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سىرتتا - دېرىزە تۈۋىدە ئۇششاق باللار چۇرۇقلىشاتتى، توخۇلار قاقاقلىشاتتى، قويلار مەرىشەتتى.

**قاقاقلىماق** پ «قاقاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: بوۋاي بىلەن موماي تاتلىق ئۇخلاۋېتىپ چۈش كۆرۈپتۇ، چۈشىدە: تۇيۇقسىزدىن قاقاقلاپ كەتكەن توخۇ ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. *. چۈجىنى ساقلاش ئۈچۈن سارنىڭ ستەمكار ئاغزىدىن، بولسا شەپە قايسى ياقتىن تېز قاقاقلايدۇ خوراز.

**قاقباش** [قاق+باش] ① سۈپ. تۇرمۇشتا جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن؛ زىيان تارتىدىغان، ئۆزىگە بەختسىزلىك كېلىدىغان يولغا ماڭمايدىغان؛ بەك قۇۋ، پىشقان: قاقباش ئادەم. قاقباش خوتۇن. * بۇلارنىڭ ئاز بىر قىسمى يېڭى قوبۇل قىلىنغان ئەسكەرلەر بولسىمۇ، ئەمما قالغان زور كۆپچىلىكى كۆپ يىللىق ھەربىي تۇرمۇشنى باشلىرىدىن كەچۈرگەن تەجرىبىلىك، قاقباش كىشىلەردىن ئىبارەت ئىدى. * قاقباش دەللە خۇشاللىق بىلەن بۇ ئىشنى بەجا كەلتۈرۈشكە رازى بولۇپتۇ. ② ئى. بېشىدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، كۆپنى كۆرگەن تۈپەيلى

قۇۋلىشىپ كەتكەن ئادەم؛ قۇۋ كىشى: ئالدىماققا كىچىك بالا ياخشى، خۇدا ئۇرسۇن قاقباشنى (ماقال). * مەن ئىچىمدە «قارىدىمامدىغان، بۇ قاقباشنى، تىمىسقىلاپ يۈرۈپ، ھەممىنى بىلىپ بولۇپتۇ» دەپ ئويلىدىم.

**قاقباشلىق** ئى. قۇۋلۇق؛ بېشىدىن جىق ئىشنى ئۆتكۈزۈپ پىشقانلىق: قاقباشلىق قىلماق.

**قاقتەك** سۈپ. قاقچىلىك، كىچىك، كىچىككىنە: قاقتەك خېمىر. * قۇرغۇيۇم پالاقشىيدۇ، كىمنىڭ بېغىدا پاختەك. سەن يارىمنىڭ دەردىدە يۈرەك قالمىدى قاقتەك.

**قاقتۇرغۇزماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقتۇرماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياشلار كەتمەنلىرىنى قاقتۇرۇپ، يېڭىدىن ساپلىتىپ، پاچاقلىرىنى يوتىسىغىچە تۈرۈشۈپ، يېزىمىزنىڭ ئايىغىدىكى سازلىققا گۈرۈچ ئۈچۈن جەڭ باشلىۋەتتى. * ئۇ كىشى جاۋاب بېرىپ: «مۇنداق بولۇشنى بىلگەن بولسام، ئاۋۋالقى ئايالىمنى نەچچە يىل بۇرۇن ئۆرۈك قاقتۇرغىلى چىقارغان بولارئىدىم دەپتۇ!» دەپ نەمەت خەلپىتىمنى كۈلدۈرەتتى.

**قاقتۇرۇشماق** «قاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاقتۇرۇلماق** «قاقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاقتى-سوقتى** ھەر خىل يوللار بىلەن ئالداش، ئەپلەپ-سەپلەپ ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىش قىلمىشى؛ ساختىلىق: قاقتى-سوقتى قىلماق. * ئاۋۇ ئۇزۇنتۇرا ئۇنىڭ ئېرى، ئۇ كونا ھەربىي، ھازىر ئاساسەن قىمارۋازلىق ۋە قاقتى-سوقتى بىلەن كۈن ئۆتكۈزۈۋاتقان بىر ۋەيرانى ئىدى. * ئۇ بىرمەزگىل دۇيىدە بوغالتىرلىق قىلغان بولسىمۇ، قاقتى-سوقتى ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىپ، خىيانەت قىلغانلىقتىن قاتتىق تەنقىد قىلىنىپ، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇلغان.

**قاقتى-سوقتى قىلماق** ھەر خىل يوللار بىلەن مەنپەئەتكە ئېرىشمەك: ئۇنىڭ يەپ-ئىچىپ قاقتى-سوقتى قىلىپ كەتكەنلىرىنى بۇرۇندىن بۇلاق، دۇمبىسىدىن يۇملاق قىلىپ چىقىرىۋالدۇ. * ئۇ يەنىلا ئەمگەك قىلماي، خەقنى قاقتى-سوقتى قىلىپ كۈن كەچۈرۈشنىڭ كويىغا كىرگەن.

**قاقرام** (توغرىسى: قاقىرام) ← **قاقىرام**.

**قاقشاتقۇچ** سۈپ. ۋەيران قىلىش، يوقىتىش دەرىجىسىدىكى؛ ئۆلۈمگە ئېلىپ بارىدىغان، دەھشەتلىك، ئەجەللىك، ئىنتايىن قاتتىق: سىلەرنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى سەپداشلىرىڭلار دۈشمەنلەرگە چوقۇم تېخىمۇ قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ ئىنتىقامىڭلارنى ئالىدۇ. * بىز ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بېرىپ، ئۆز زېمىنىمىزنى جان-قېنىمىز بىلەن قوغدايمىز.

**قاقشاتقۇچ زەربە** ۋەيران قىلىش، يوقىتىش دەرىجىسىدىكى، ئىنتايىن قاتتىق، ئەجەللىك زەربە: دۈشمەنگە قاقشاتقۇچ زەربە بەرمەك. * دۈشمەن چېرىكلىرى باستۇرۇپ كىرگەن بولسىمۇ، لېكىن يىگىتلىرىمىزنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىسى بىلەن چېكىنىشكە مەجبۇر بولدى. * دۈشمەنلەر بىزنىڭ قاقشاتقۇچ زەربىمىزگە بەرداشلىق بېرەلمەي، ئاخىرى پۈتۈن سەپ بويىلاپ قولىدا تۇتۇپ كەلگەن ئۇستۇنلۇكنى تېزدىن يوقاتتى.

**قاقشاتماق** «قاقشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەمنى ئۈمىد ياشىتىدۇ، غەم قاقشىتىدۇ (ماقال). * بار ئوخشىتىدۇ، يوق قاقشىتىدۇ (ماقال). * مەن تام ئارتىلىپ ياكى تام تېشىپ دېگەندەك ئاز بولمىغان ئادەملەرنى قاقشاتتىم. * – ھەي نائىنساپ يوقال كۆزۈمدىن، سېنى مۇشتەك ۋاقتىڭدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغىنىمىزنىڭ بەدىلىگە بىزنى قاقشىتامسەن! – دېدى روزى ئاكا

ئاچچىق ۋە ھەسرەت بىلەن.

**قاقشاشماق** «قاقشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر بازار باھاسىنىڭ ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىدىن قاقشاشماقتا.

**قاقشال** ① سۈپ. بەك قۇرۇپ كەتكەن، ناھايىتى قۇرۇق: قاقشال ئوتۇن. قاقشال دەرەخ. * سەيدىخان ئاچا يوغان بىر پارچە قاقشال يۇلغۇن كۆتىكىنى مەشكە تىقىۋەتتى. // شەھەرگە يېقىن بىرىپ قارىسا، شەھەر پۈتۈنلەي ئەسكى تام بولۇپ قالغان، قىمىرلىغان جان كۆرۈنمەيتۇ. دەرەخلەر سۇسىراپ قۇرۇپ قاقشال بولۇپ قىلىپتۇ. ② ئى. قۇرۇپ شاخ ۋە يوپۇرماقلىرى قالمىغان دەل-دەرەخ، يۇلغۇن، چاتقال ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: ئۇ ھەر قېتىم قازاكۆلگە ئوتۇنغا بارسا ھارۋىغا ئاسمان-پەلەك قاقشال بېسىپ چىقاتتى. ③ سۈپ. كۆچمە. ئورۇقلۇقتىن بىر ئەت-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان؛ قۇرۇق ئۇستىخان، ناھايىتى ئورۇق، جۈدەڭ: موماي سىلار قاقشال قولىدا، ئەلەم باسقان ئۇنىڭ بېشىنى. شىۋىرلايدۇ لەۋلىرى تىنماي، كۆزلەر تۆكەر ئۈنچە يېشىنى.

**قاقشال بولماق** ① قۇرۇپ كەتمەك، قۇرۇپ قالماق، قۇرۇماق: سۇنىڭ يوقلۇقىدىن دەرەخلەر قۇرۇپ قاقشال بولۇپ كەتتى. ② ئورۇقلۇقتىن بىر ئەت-بىر ئۇستىخان بولۇپ قالماق، بەك ئورۇقلاپ كەتمەك: بالا كېسەل سەۋەبىدىن قاقشال بولۇپ قالغانىدى. * پۇراپ گۈلنىڭ ھىدىنى، ياشارغانىدەك بولۇپتۇ. قاقشال بولغان تەنلىرى، كۈچ-مادارغا تولۇپتۇ.

**قاقشال قىلماق** قۇرۇق، قاقشال ھالەتكە كەلتۈرمەك، قۇرۇتماق: 7-ئاينىڭ تومۇز ئىسسىقى سايلىقتا تىكىلگەن تېرەك كۆچەتلىرىنى قاقشال قىلىپ قويدى. * چۆشتى بىرچاغ قارا ئۈششۈك باغىمدا رەيھان-لالىنى، سولدۇرۇپ قىلماقتا قاقشال، سۇندۇرۇپ شاخى بىلەن.

**قاقشاللاشماق** پ. قاقشال ھالەتكە كەلمەك، قاقشال بولماق.

**قاقشاللىق** ئى. ① قۇرۇپ، قاقشال بولۇپ قالغان ھالەت: چەيلەپ ئېسىل ھۈنەرسەنئەتنى، قەسىرلەرنى ئۆرتىگەن ئوتتا. تەكشى ئۆسكەن ئۈجمىزارلىقلار قاقشاللىقتا ئايلانغان جۇتتا. ② قاقشال بار، قاقشال كۆپ يەر: قاقشاللىقتىن ئوتۇن ئالماق.

**قاقشىماق** پ ① قاتتىق، چىدىغۇسىز ئاغرىماق: يىلتىزى تېرەن بىر تال چىرىگەن چىشىمنى دوختۇر چىش ئامبۇرى بىلەن يۇلۇپ بولغۇچە ئارىلىقتا جېنىم بەك قاقشاپ كەتتى. * سايراڭ بۇلبۇلۇم گۈلنىڭ بەرگىدە. جانلار قاقشىسۇن يارنىڭ دەردىدە. ② زارلانماق، دادلانماق: مەتقۇربانباي شىرمەمەت توغرىسىدا بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەردى. بۈگۈن كېچە ئۆزىنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەتلەردىن قاقشىدى. * پېشقەدەم ھاكىم تامىقىنىڭ ئازلاپ كېتىۋاتقانلىقى، يېگى گۆشىنىڭ شورپىسى، پىترمانتا، تونۇر كاۋىپىدىن باشقىسىغا ئانچە ئىشتىھاسىنىڭ يوقلۇقى توغرىسىدا ئۇزاق قاقشىدى.

**قاق-قاق** «قاق IV» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: يېرىم سائەت دېگۈدەك جان قايغۇسىدا ئۇچۇپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولغان قاغىلار شامالنىڭ غەزىپى بېسىلغىنىنى بىر-بىرلىرىگە خەۋەر قىلغانىدەك «قاق-قاق» بىلەن ئۆز ئورۇنلىرىغا قونۇشقا باشلىدى.

**قاققان** «قاقماق» پېئىلىنىڭ پۈتكەن سۈپەتدىشى: قاققان قوزۇقتەك. قاققان مىختەك. قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچ.

**قاققان قوزۇقتەك** مىدىر-سىدىر قىلماي، قىمىرلىماي، جىم؛ تىك: ئۇنىڭ سۆزىدىن ئەتراپتىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى. ساتىراش قىز بولسا دەسلەپتە قىزىرىپ، كېيىن تاتىرىپ، قاققان قوزۇقتەك تۇرۇپلا قالدى. * ئۇ ياكى

گېپىنىڭ ئايغىنى دېيەلمەي ياكى چۈشۈپ كېتەلمەي جايىدا قاققان قوزۇقتەك تۇراتتى.

**قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچ** ئۆمرىدە يىغقان، تاپقان ھەممە نەرسە: ئۇ قىش ئايلىرى كىرە-كىرمەستىنلا چوڭ ئارزۇ-ئارمان بىلەن ئوغۇل ئۆيلەپ، قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچلىرىنى ئوغۇل-قىزلىرىغا قالدۇرۇپ، ئاتا-ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلغىنىغا خۇش ئىدى. * بوۋامنىڭ ئۆمرىدىكى قاققان قوزۇق، تۈگكەن تۈگۈچلىرى ئاخىرى بىزگە قالغانىدى.

**قاققان مىختەك ← قاققان قوزۇقتەك:** يۇلتۇز ئورنىدا قاققان مىختەك توختاپ قالدى. چېرىكلەر ئەندىشە بىلەن ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراشتى.

**قاقئۇزماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاناتلىققا قاقتۇرمايمەن، تۇمشۇقلۇققا چوقۇتمايمەن (ماقال).

**قاق-قۇق** «قاق» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: دادۇي ماخوسىنىڭ ئۆگزىسىدىكى ئېگىز بېسقلىق بېدىگە قونغان قاغىلار تۇمشۇقلىرى بىلەن ئاپئاق، قىرو باسقان دۈمبىلىرىنى تاتىلاپ قويۇشۇپ «قاق-قۇق» قىلىشىپ ئۇچۇشتى.

**قاقلاتقۇزماق** «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقلاتماق** «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقلاشماق** «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەزىلەر قاقلىشار ئاپئاق تېنىنى تەپتىڭگە، چوغ بولۇپ يانساڭ يىلىنجاپ. ئېلىشار تۇندىمۇ بەھرىنى كۈنىنىڭ، سىم بىلەن ۋەسپىڭدىن تاراتساڭ ئاپتاپ.

**قاقلانماق** ① «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كوچىنىڭ ئۇ قانىتىدا ئوچۇق تۇرغان دەرۋازا ئالدىدىكى ئىككى ئاق ساقال بوۋاي ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ قىلىشىۋاتاتتى. * ئۇيقۇسىزلىقتىن كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن ساقان مەشكە قاقلىنىپ ئولتۇرۇپ، مېنىڭ كىيىنىشىمگە قىزىقىش بىلەن قاراپ تۇراتتى. ② «قاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئوتقا قاقلانغان پايپاق. ئوتقا قاقلانغان ئاياغ.

**قاقلىماق** پ. بىرەر نەرسىنى ئوت ياكى ئاپتاپقا تۇتماق ياكى شۇنداق قىلىپ قۇرۇتماق: شۇ كۈنى كېچىسى توختىئاخۇن بىلەن سارىخان ئالماسنىڭ كىيىملىرىنى ئوتقا قاقلاپ كۆزىنى يۇممىدى. * ئۆمەر ئاكا قالاپ قويغان ئوت ئىشخانىنى تازا قىزىتىۋەتكەنىدى. رەيھانگۈل قولىنى مەشكە تۇتۇپ قاقلىدى.

**قاقما** ئى. دىئال. تاش چوقۇيدىغان ئەسۋاب؛ مېتىن.

**قاقماق** پ ① بىرەر نەرسە بىلەن ئۇرۇپ كىرگۈزمەك: مىخ قاقماق. قوزۇق قاقماق. قاققان قوزۇقتەك. ② قولى بىلەن ئۇرۇپ ياكى چېكىپ شەپە بەرمەك؛ چەكمەك (ئىشىك، دەرۋازىلار ھەققىدە): ئىشىك قاقماق. * دىلنار ئوغرىلاردىن قۇتۇلۇپ پەس بازارغا بېرىپ تۆمۈرچىنىڭ دۇكىنىنى قاقتى. * تۇردى سونۇرنىڭ دەرۋازىسىنى قاقتى، لېكىن سونۇرنىڭ ئۆيىگە كىرەلمىدى. ③ ئۇرۇپ ياكى سىلكىپ، پۇلاڭلىتىپ ئۈستىدىكى نەرسىنى چۈشۈرمەك، تازىلىماق: گىلەم قاقماق. پالاس قاقماق. ئۆرۈك قاقماق. * ئوقۇتقۇچى ئۆيگە قەدەم بېسىپ كىردى-دە، دىلشاتنىڭ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن خىمىيە كىتابىنى قولىغا ئېلىپ توپىلىرىنى قاقتى. * ئاسىم چاپىنىنىڭ توپىسىنى قاقتى. ④ سوقۇپ ئۆتمەك، سوقماق، ئۇرماق: يان يەرنى شامال قاقىدۇ، چىرايلىققا ھەركىم باقىدۇ (ماقال). * قۇرئەندازلار قۇرئە ئېچىپ بېقىڭلار، ھەمراجانغا جانىنى پىدا ئېتىڭلار.

يۈرەك-باغرىم ئېلىپ ئاگا قېقىڭلار، ھەمراجانغا شىپا بەر دەپ يىغلايمەن. ⑤ قولى بىلەن دولا ياكى مۈرىگە ئاستا شاپىلاقلاپ ئۇرماق: مۈرىسىگە قاقماق. * كاتىباش قايىل بولغانىدەك نىجاتقا قاراپ ھەم چاقچاق قىلغانىدەك ھىجىيىپ ئۇنىڭ دولىسىغا قاقتى. * ئۇ رازىمەنلىك بىلەن بۇ كىشىنىڭ دولىسىنى بىرنەچچە قېتىم .بوش قېقىپ قويدى. ⑥ قاتتىق تەپمەك، قاتتىق سىلكىمەك: پالتىنىڭ سېپى تۆمۈر ياكى باشقا مېتالدىن بولسا، قولنى قېقىپ ئاغرىتىدۇ. * — مىلتىقنىڭ پاينىكىنى مەيدەڭگە تاقاپ تۇرۇپ ئات!، بولمىسا مىلتىق مەيدەڭنى قېقىۋېتىدۇ! — دەپ ئۆگەتتى ئۇ ماڭا. ⑦ كۆچمە. ئىنتىرمەك، يەكلىمەك: ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش ئارقىلىق سىياسىنى باسىدىغان، سىياسىنى چەتكە قاقىدىغان قاراشلارنى چىقاردى. * بىز ئۇلارنى ھەرگىز چەتكە قاقمايمىز. ⑧ دىماغ، گال، تاماق، بۇرۇن قاتارلىق ئورگانىزملاردىن ئاۋاز چىقارماق: گېلىنى قاقماق. تامىقىنى قاقماق. * ئۆيىنىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى كىمدۇر بىرى بۇرنىنى. قاقتى. ⑨ ھەرىكەتلەندۈرمەك، پۇلاڭلاتماق: قانات قاقماق. * بۇرۇن ئۆتكەن بىر پادىشاھنىڭ تولىمۇ ئەتىۋارلاپ باققان بىر ۋاپادار قۇشى بار ئىكەن. شاھنىڭ دوستلىرى كەلسە «دوستۇڭ كەلدى» دەپ سايراپ، ئوڭ قانىتىنى قاقىدىكەن؛ دۈشمىنى كەلسە «دۈشمىنىڭ كەلدى» دەپ سول قانىتىنى قاقىدىكەن. * مۈشۈك ئارقىغا قارىماي قاچتى، توخۇ قاقاقلاپ قانىتىنى قاقتى. ⑩ كۆچمە. ئىچمەك، كۆتۈرمەك (ھاراق ھەققىدە): بالا دېھقانىنىڭ تارتىنىشلىرى تۈگەپ خېلىلا ئېچىلىپ قالدى. ئۇ ئۆزىگە تەڭلىگەن رومكىنى پەم بىلەن ئېلىپ بىراقلا قېقىۋەتتى. * ئۇ: — تاماق پىشقۇچە بىردەم ئىچ پۇشۇقى قىلغاچ ئولتۇرايلى، — دېدى ۋە بىر رومكا قېقىۋەتكەندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى.

**قاقىر** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تۇمشۇقى تۈز لېكىن ئۇچلۇق، بوينى ئۇزۇن، ئۇچقاندا بوينىنى يىغىۋالىدۇ، ئاق قاقىر، سۇرلەيلەك ئادەتتە كۆپ ئۇچرايدىغان تۈرلىرىدۇر.

**قاقىرام** سۈپ ① ئوت-چۆپ ئۆسمەيدىغان، سۇسىز، قاتتىق، تېتىر (يەر ھەققىدە): سادىق قارا تاغ كەنتىگە — ئۆز ئائىلىسىگە قاراپ يولغا چىقتى، بىپايان قۇم بارخانلىرى، قاقىرام چۆل ۋە تاشلىق سايلارنى كېسىپ ئۆتتى. * تەجرىبىلىك كارۋانلار ئۇزۇن ۋە قاقىرام چۆللەرنى بېسىپ مېڭىشقا توغرا كەلدى. ② تازا، قاتتىق، چاڭقىغان، پىژ-پىژ: كۆرمىگەن كۈن قالمىدى. قاقىرام ئىسسىقتا ئېتىزدا لەۋۋا كالىنىڭ كەينىدە يۈرۈپ يەر ھەيدىدىم. * ئىجارىكەش دېھقان چۆچۈرىدەك ئۇششاق باللىرى بىلەن بوران، يامغۇر ۋە قاقىرام ئاپتاپتا كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلەپ، مىڭ تەسلىكتە، تەييار قىلغان خامانىنىڭ ئالتۇن دانلىرى پاك-پاكىز تارتىۋېلىندى.

**قاقىرتۇمشۇق** ئى [قاقىر+تۇمشۇق] <بوت> قاقىرتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ياتما ياكى يانتۇ ھالەتتە ئۆسىدۇ. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، پەيسىمان يېرىلغان. ئومۇمىي گۈل سېپىدا جۈپ-جۈپ گۈللىرى بولىدۇ. گۈل تاجى سارغۇچ قىزىل ياكى ئاقۇچ بولىدۇ. مېۋىسى قاقىرنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشايدۇ، پىشقاندىن كېيىن يېرىلىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، ئىسسىقلىقنى ياندۇرۇپ ياللۇغ قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قاقىرتۇمشۇق ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. ئۇنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى سامان

غوللۇق ياكى يېرىم چاتقال، گۈلى قوش جىنسلىق. گۈل كاسىسى ۋە گۈل تاجلىرى بەشتىن بولىدۇ. ئاتىلىقى 10 ـ 15 . ئۇرۇقدانىدا بەش خانىسى بولۇپ، ھەر بىرىدە يېرىم تەتۈر ئۆسكەن تۆرەلمە تۈگۈنى بولىدۇ. ئانىلىق بوينى بەش بولۇپ، ئاستىنقى قىسمى بىرلەشكەن. مېۋىسى غوزا مېۋە.

**قاقلاق** ئى. جان ت. ئالدىراشچىلىق، قاتتىلاڭچىلىق، بىسەقچىلىق؛ ئالدىراش، بىسەق، تېنەش: ئۇ ئاشخانىدا بىرھازا غىچە قاقلاق .بولۇپ، تاماقخانىدىكى جوزىغا تاماقلارنى تولدۇرۇپ تىزدى.

**قاقلاي-سوقلاي** دىئال. قېقىلىپ-سوقۇلۇپ، سورۇلۇپ.

**قاقلە** ئى [ئە] <بوت> ① زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، گۈلى سارغۇچ ئاق. مېۋىسى سوقىچاق. مېۋىسى دورا بولىدۇ، ئاشقازان، تالنى ياخشىلاش رولى بار. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قاقلدانماق** «قاقلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاقلداشماق** «قاقلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: توپ-توپ قاغىلار قاقىلدىشىپ ئۇچماقتا، بامداتتىن يانغان جامائەتمۇ ئۆيلىرىگە قايتماقتا ئىدى. * قاغىلار خۇددى، بىر يېپقا تىزىپ قويغان قارا مونچاقتەك تىزىلىپ قاقلدىشاتتى.

**قاقلدىماق** «قاق-قاق» قىلغان ئاۋاز چىقارماق. «قاق-قاق» قىلماق: قاغا قاقلدىمسا، قۇشلارنىڭ كۆزىنى چوقۇپ بولاتتى (ماقال). * قاغىلار ماۋۇتنىڭ يېنىغا كەلگەندە قاقلداپتۇ. بوينىنى سوزۇپ ئۇنىڭ نېنىنى چوقۇپ يېمەكچى بولۇپتۇ. * بىر قاغا ۋەلى باپكارنىڭ ئۆگزىسىنى ئايلىنىپتۇ. ئايلىنىپ-ئايلىنىپ بىرنەچچىنى قاقلداپ، كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ.

**قاك** ئى ← **خاك**: ئىنچىكە بۇرۇتلىرى يۇقىرى كالپۇكىنى تەكشى ياپقان غۇلام، قاكىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ شۇنداق زوق بىلەن دۇتار چېلىۋاتاتتى. * يانا بىرمۇنچىلار قولىدا ئېغىر قاك، توپىنى ئۇلار قاكدايدۇ، قىلىپ داك.

**قاگالتىر** ئى. قەلەي، تۇنىكە: قاگالتىردىن مەش ياسىماق. * ئۇلار قاگالتىر قاپلانغان بوسۇغىدىن ئاتلاپ چىققاندا، ئۇلارغا ئوڭ تەرەپتىكى تاش شىرنىڭ قېشىدا چىرايلىرى قارىيىپ كەتكەن بىر ئادەم كۆرۈندى. * قورغاس ناھىيىلىك يەرلىك ماللار شىركىتى بىلەن قاگالتىر زاۋۇتى سانائەت بىلەن سودىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى تەڭشىدى.

**قاگالتىرچى** ئى. قاگالتىردىن داس، چېلەك، مەش ۋە شۇ قاتارلىق ھەر خىل سايمانلارنى ياسىغۇچى كىشى: كوچىنىڭ دوقمۇشىدا بىر قاگالتىرچى شاگىرتلىرى بىلەن مەش، چېلەكلەرنى ياساۋاتقانىدى.

**قاگالتىرچىلىق** «قاگالتىرچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قاگالتىرچىلىق قىلماق. قاگالتىرچىلىق بىلەن شۇغۇللانماق. * بىزنىڭ ئائىلىدىكىلەر ئۇزۇندىن بېرى قاگالتىرچىلىق بىلەن تىرىكچىلىك قىلىپ كەلگەنىدۇق.

**قاگالتىرلاتماق** «قاگالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاگالتىرلاشماق** «قاگالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاگالتىرلانماق** «قاگالتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قاگالتىرلىق** سۈپ. قاگالتىر بىلەن قاپلانغان، قاگالتىر بىلەن ياسالغان: قاگالتىرلىق ئىشىك. قاگالتىرلىق ئۆگزە. * يېشىل سىرلىق كۇلۇبنىڭ قاگالتىرلىق ئۆگزىسىدە چېلىنغان

چوڭ-كىچىك تۆت دۇمباقنىڭ سۇرلۇك مىزگاللارغا تەڭكەش قىلىنغان ئاۋازى تۆت تەرەپتىكى ئېگىز تاغلاردىن قايتقان سۇرلۇك سادالار قوشۇلدى. * ئۈستى قاڭالتىرلىق، دېرىزىلىرى ۋالىلداپ تۇرىدىغان، ئىشىك-دېرىزىلىرى سىرلانغان، كۆتۈرۈپ سېلىنغان ئازادە بىنالار كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرىدۇ.

**قاڭالتىرلىماق** پ. قاڭالتىر بىلەن قاپلىماق، قاڭالتىر بىلەن ياسىماق، قاڭالتىر ئورناتماق: ئىشىكنى قاڭالتىرلىماق. ھارۋىنىڭ ئىچىنى قاڭالتىرلىماق.

**قاڭقايماق** پ. كەينىگە يۆلىنىپ ياتماق: مۇھەممەت كېپىنى تۈگىتىپ، دىۋانغا قاڭقايدى. * باسىت دىۋاننىڭ يۆلەنچۈكىگە قاڭقىيىپ بىرپەس كۆزىنى يۇمدى. كېيىن ياپما قاپاقلىرىنى سەل كۆتۈرۈپ زۇللاغا قارىدى.

**قاڭتۇرماق** پ. ئات-ئېشەكلەرنىڭ بېشىنى ئېگىز قىلىپ ئېسىپ باغلاپ قويماق: يولۇچىلار ئاتتىن چۈشۈپ، ئاتلىرىنى قاڭتۇرۇپ باغلاۋاتقاندا، ئىسرائىل تۈگمەنچى يېقىنلاپ كەلدى. * نادىم يول بويى چېپىپ كەلگەن ئاتلارنى قاڭتۇرۇپ باغلاپ لاپاس ئاستىدىن چىققاندى.

**قاڭتۇرۇشماق** «قاڭتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاڭتۇرۇق** ئات-ئېشەكلەرنى بىر يەردىن ھېرىپ كەلگەندە قاڭتۇرۇپ باغلايدىغان تۈۋرۈك ياكى شۇنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان باشقا نەرسە: ئاتنى قاڭتۇرۇققا قاڭتۇرۇپ قويماق.

**قاڭتۇرۇقلۇق** سۈپ. قاڭتۇرۇپ قويۇلغان، قاڭتۇرۇلغان: قاڭتۇرۇقلۇق ئات. * ئەكبەر بېشىغا سوغۇق سۇ قۇيغاندەك ئەندىكىپ كەينىگە داجىدى-دە، ئۆزىنى قاڭتۇرۇقلۇق تۇرغان ئاتقا تاشلىدى.

**قاڭتۇرۇلماق** «قاڭتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توققۇز يىگىت شەھەرگە كىرىپلا خۇددى قاڭتۇرۇلغان ئاتتەك بولۇپ قالدى. * ئات قاتتىق سەپەرنى سەزگەندەك. قۇشبېشى ئېگەرنىڭ تۇمشۇقىغا قاڭتۇرۇلغان تىزگىننى سىلكىپ-سىلكىپ، قۇلىقىنى ئوينىتقان پېتى تۇيىقىنى يۆتكەيتتى.

**قاڭداتقۇزماق** «قاڭدىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: يەرنى قاڭداتقۇزماق.

**قاڭداتماق** «قاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭداشماق** «قاڭدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار تامنىڭ ئۇلىنى قاڭداشتى.

**قاڭدالماق** «قاڭدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چاغلاردا كۈرمىڭلىغان تۇردىئاخۇن بىلەن توختىئاخۇن سېپىل تېمىغا قوشۇلۇپ قاڭدىلىپ ئۆلگەنىدى. * بىنالارنىڭ ئۇلى ياخشى قاڭدالدى.

**قاڭدىماق** پ ① قالاڭ بىلەن ئۇرۇپ چىڭدىماق، قاڭدىماق: ئۆينىڭ ئۇلىنى قاڭدىماق. ② كۆچمە. دەسسىمەك؛ ئايلانماق: كوچا قاڭدىماق. * ئايپاشا باللارنى سەمەتكە تاشلاپ، سومكىسىنى سول مۈرىسىگە ئاستى-دە، «كوچا قاڭداش» ئۈچۈن تالاغا ماڭدى.

**قاڭرۇق** سۈپ. ئادەتتە دىمىغىدا گەپ قىلىدىغان، دىمىغى ئېغىر: خوتۇن سەت ھەم قاڭرۇق بىر ئوغلىنى باشلاپ، بۇ ئۆيگە كېلىپتۇ. بۇلار ئۆينىڭ خوجىسى، ئاينۇرى بىلەن ئايگۈلى ئۆينىڭ قۇلى بولۇپتۇ. // — سەت قاڭرۇقنىڭ يوغان گېپىنى قاراڭ، — دېدى ئايگۈل بويىدا شاپتۇل قېقىپ.

**قاڭرىق** (توغرىسى: قاڭرۇق) ← **قاڭرۇق**.

**قاڭستىماق** «قاڭسىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قاڭسق** سۈپ. يىقىمسز، سەسكىنىشلىك (تەم، پۇراق ھەققىدە): ئىشكتىن كىرىشىمگە بۇرنۇمغا قاڭسق بىر ھىد كىلىپ ئۇرۇلدى. * شامالدىن ئەسەرمۇ يوق، بۇغدايلىنقتىن كۆتۈرۈلگەن غەلىتە قاڭسق پۇراق دىماغلارنى ئېچىشتۇرماقتا. * مەن قاڭسق بىرنەرسە يەۋالغاندەك بولدۇم.

**قاڭسماق** پ. قاڭسق بىر خىل پۇراق دىماغقا ئۇرۇلماق ياكى قاڭسق بىر خىل پۇراق دىماغنى ئېچىشتۇرماق.

**قاڭشار** <ئانات> بۇرۇن سۆڭىكىنىڭ ئېگىز قىرى: ئوتتۇرىدا قاڭشار بولمىسا، ئۇ كۆز بۇ كۆزنى يەيدۇ (ماقال).

**قاڭشارلىق** سۈپ. قاڭشىرى ئېگىز: ئايال 25 ياشلار چامىسىدا بولۇپ، غۇنچە بوي، قوشۇما قارا قاش، بۇرنى چىمدىپ قويغاندەك قاڭشارلىق ئىدى. * بۇ گەپنى ئېيتقان بۇغداي ئۆڭلۈك، قاڭشارلىق، ئېگىز بوي كەلگەن موڭغۇل قىزى ئىدى.

**قاڭشارلىق بۆكەن** <زوئول> بۆكەنىنىڭ بىر خىلى. قاڭشىرى ئېگىز بولىدۇ.

**قاڭغۇر** ئى. دىئال. قوڭغۇراق.

**قاڭغىر** رەۋ. زار، قاتتىق: قاڭغىر قاقشىماق.

**قاڭغىر قاقشىماق** قاتتىق قاقشىماق: ئۇلارنىڭ دەستىدىن بىز قاچانغىچە قاڭغىر قاقشايمىز. * — بىز باللار بىلەن نەدە قاڭغىر قاقشاپ يۈرىمىز، — دېدى پاتىمە ئىشكتىن ئېتىلىپ كىرىپ.

**قاڭقايتماق** پ ← **قاڭتۇرماق**: ئۇلار سۆگەت بوستانلىقىقا كىلىپ توختىدى ۋە ئاتلىرىنى قاڭقايتىپ قۇيۇشۇپ، ئېرىق لېۋىگە كىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇشتى. * ئۇنىڭدا ھوقۇقمۇ يېتەرلىك ئىدى. بىراق، قانداقتۇر يېپىسز يۈگەن ئاغزىغا سېلىنىپ، قاڭقايتىپ قويغاندەك ئالدىغا مېڭىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى.

**قاڭقتماق** «قاڭقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: بىر قارا قوزا ئۆلۈپ قالغان ئانىسىنىڭ ئەمچىكىنى ئېمۋاتاتتى. سۈت چىقمىغانىسىرى ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئۆلۈك ساغلىقنىڭ يېلىنىنى قاڭقتاتتى. * تۇرمۇش يولى تۈز بولمايدىكەن، ئۇنى نە-نەلەرگە قاڭقتتى، نە-نەلەرگە.

**قاڭقىر** (توغرىسى: قاڭغىر) ← **قاڭغىر**.

**قاڭقرا** ئى. دىئال. سۇلۇق، سازلىق جايلاردا ياشايدىغان، ئۇزۇن تۇمشۇق، ئۇزۇن پاچاق قۇش.

**قاڭقىرىماق** پ. دىئال. تېنىمەك، سەرسان بولماق.

**قاڭقىش** «قاڭقىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.

**قاڭقىش تاختىسى** <تەن> سۇغا سەكرەش كۆلى يېنىدىكى ياكى سەكرەش - ئۇچۇن مەخسۇس ئورنىتىلغان ئۇزۇن تاختاي.

**قاڭقىغاق** ئى. دىئال. پۇرژىنا.

**قاڭقىل** ئى <ئىرق> ← **قاڭقىللار**.

**قاڭقىللار** ئى <ئىرق> قەدىمدە تەڭرى تېغىنىڭ شەرقىي شىمالىدا ياشىغان چارۋىچى خەلقلەرنىڭ بىرى شۇنىڭدەك ئۇيغۇرلارنىڭ ئېتنىك مەنبەلىرىنىڭ بىرى.

**قاڭقىماق** پ ① بىرەر نەرسىگە تېگىپ، كۆتۈرۈلۈپ چىقىپ باشقا يەرگە چۈشمەك: ھەر ئىككى تەرەپ يەنە بىرەر ئىككى سائەتچە ئېتىشتى. سۇپىتايغا قارىتىلىپ ئېتىلغان ئوق ۋىژ-ۋىژ، شۇلك-شۇلك قىلىپ تاشقا تېگىپ قاڭقىپ تۇراتتى. * بالا ئېگىزلىكتىن سېپىل تۈۋىگە، ئۇ يەردىن يەنە قاڭقىپ، خەندەك ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ② كۆچمە. توغرا يۆنىلىشتىن چەتنىمەك، نۇقتىدىن يىراقلاشماق؛ ئازماق: مەن يازدا شىمالدا، قىشتا جەنۇبتا قاڭقىپ يۈرىدىغان غاز-ئۆردەك ئەمەس. * — مەن بولسام، — دېدى ئۇ

بىر ئاز جىددىيلەشكەن ھالدا، — كۆڭۈل ئاغرىقى سەۋەبىدىن يۈرتۈمدىن قاگقىپ چىقىپ قالغان بىر مۇساپىرمەن. ③ بىردىنلا سەكرىمەك، ناھايىتى تېز سەكرىمەك: ئۇ، ئىشكىنىڭ بىردىن گۈلدۈرلەپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كارىۋاتتىن قاگقىپ تۇرۇپ كەتتى. مەخمۇت بەگ قاگقىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

**قاگلىماق** پ ← **قاگدىماق**: مانا ئەمدى ھەيۋەت قاشلارنى، تراكتورلار بارىدۇ قاگلاپ، بارماقتىمىز زەنجىر تاپاندىن، يېڭى تارىخ سادا سىن ئاگلاپ.

**قالاتقۇزماق** «قالماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەمبەرنىسا جاھازلارنى ئاربلاپ سەۋەبنى تاپقاندىن كېيىن، تام مەشلىرىنىڭ كۆللىرىنى تارتقۇزۇۋېتىپ، زىغىر پاخىلى قالاشنى توختىتىپ، قۇرۇق ئوتۇن قالاتقۇزدى. * ئۇ خېنىم غىزا-تائاملارنى ناھايىتى مەززىلىك قىلدۇرىدىغان بولدى، ئالتە ئاي داۋامىدا مېھمانخانىغا ئوت قالاتقۇزدى.

**قالاتماق** «قالماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قالاشماق** «قالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قالاق** I سۈپ ① تۆۋەن تەرەققىيات باسقۇچىدا تۇرۇپ قالغان، تەرەققىيات جەھەتتە ئارقىدا قالغان، ھازىرقى زامان تەلىپىگە ئۇيغۇنلىشالمىغان، تەرەققىي قىلمىغان؛ كونا: قالاق دۆلەت. قالاق مەملىكەت. ② دۇنيا قارشى، ئاڭ چۈشەنچىسى تۆۋەن بولغان؛ ئىلغار ئەمەس: قالاق ئادەم. قالاق ئۇنسۇر. قالاق پېرسوناژ. * زاۋۇتىمىزدىكى ئىتتىپاق ياچېيكىسىنىڭ سېكرېتارى مەن بىلەن سۆزلىشىپ، سېخ بويىچە رەھبەرلىك قالاق دەپ قارايدىغان ئەكرەم بىلەن «دوست» بولۇشۇمنى تاپشۇرغانىدى. ③ ئىشتا، ئىشلەپچىقىرىش پىلانلىرىنى بېجىرىشتە، ماددىي، تېخنىكا بازىلىرىنىڭ راۋاجلىنىشى ۋە شۇ قاتارلىقلاردا باشقىلاردىن ئارقىدا قالغان: قالاق ئىگىلىك. قالاق خوجىلىق. * ئۇ دەرھال ئاما بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يېڭىيەرنىڭ كونا، قالاق قىياپىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش، باي، گۈزەل، مەدەنىيەتلىك يېڭى يېزا قۇرۇش يولىدا چوڭ پىلانلار بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ④ دەرسكە يېتىشەلمەيدىغان، ناچار ئوقۇيدىغان ئەخلاق، ئىنتىزام جەھەتلەردە تەلەپكە لايىق ئەمەس: قالاق ئوقۇغۇچى.

**قالاق پېرسوناژ** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە تەسۋىرلەنگەن ئىدىيە، دۇنيا قاراش، تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردە قالاق بولغان پېرسوناژلار.

**قالاق** II ئى. تامچىلار لاي ئېلىشتا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ياغاچتىن ياسىلىدۇ، بىر تەرىپىدە سېپى بولىدۇ.

**قالاق** III ئى. دىئال ① ياغاچ قوشۇق. ② ھور چىقىپ كەتمىسۇن ئۈچۈن قازاننىڭ چۆرىسىگە قويۇلىدىغان چەمبەر؛ قالقان.

**قالاقلىق** «قالاق I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قالاقلىقتىن قۇتۇلماق. قالاقلىققا خاتىمە بەرمەك. * «قالاقلىق ئادەمنى ئورىغا ئىتتەرمەي قويمايدۇ» دەپ ئويلايتتى ئانا. * ئىشلەپچىقىرىشتىكى قالاقلىق، تۇرمۇشتىكى نامراتلىق، ھوقۇقسىزلىق، ساۋاتسىزلىق بۇ تاغلىق رايون خەلقىنىڭ ئومۇمىي قىياپىتى ئىدى.

**قالام** مىق. ئوچاق ياكى مەشلەرگە قالانغان ئوتۇن-كۆمۈرلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قالام كۆمۈر. بىر قالام ئوتۇن. * مەن رەھىم بوۋاينىڭ ئۆيىگە بارسام، ئۇنىڭ بىر قالامۇ ئوتۇنى قالماپتۇ.

**قالانماق** « قالىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەشكە ئوت قالاندى ۋە ئۆي ئىچى ئاستا-ئاستا ئىللىشقا باشلىدى.

**قالايمىقان** ① رەۋ. رېتى، رەتىمى، تەرتىپى يوق؛ رەتسىز، تەرتىپسىز؛ رەتلىك، تەرتىپلىك ئەمەس: ئاخىرىدا بىز بىر ئائىلىلىك تۆت جان ئادەم قالايمىقان بېسىلغان يۈك-تاقلىرىمىزنىڭ تۆپىسىدە جەم بولۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يۇرتىمىزدىن، ئۆز ھويلا-ماكانىمىزدىن ئايرىلىپ يۈرۈپ كەتتۇق. * مەندىن ئون قەدەمچە نېرىدا ئولتۇرۇلغان گومىنداڭ ئەسكەرلىرى قالايمىقان پېتىشاتتى. * باتۇرنىڭ چىرايى تاتىرىپ، يۈرىكى قالايمىقان سېلىپ كەتتى. ② رەۋ. ئۆزى بىلگىنىچە: كەلسە-كەلمەس، ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن، خىيالىغا كەلگىنىچىلا؛ ھېچبىر پرىنسىپقا، قائىدىگە ئەمەل قىلمىغان ھالدا: مۇكاپات پۇلنى قالايمىقان تارقاتماق. * بۇنىڭدىن كېيىن، زور كۈچ بىلەن جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش، ئورمانلارنى قالايمىقان كېسىشنى قاتتىق مەنئى قىلىش لازىم. * قاسىمنىڭ ئامبارنىڭ سۆيىنى ئۆز ئالدىغا قالايمىقان تەقسىم قىلىشى توغرا ئەمەس. * ئۇلار پارتىيە ئىشلىرى، دۆلەتنىڭ ئىستىقبالى بىلەن كارى بولماي، ئۆزىنىڭ ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىپ، شەخسىي مەنپەئەتكە ئېرىشىش بىلەنلا بولماقتا. ③ سۈپ. كەلسە-كەلمەس، مەنتىقسىز، يېقىمسىز: قالايمىقان گەپ قىلماق. * مېھمانلار مېھمانسارايغا كىرىشتى، سارايدىكى قالايمىقان پاراڭ توختاپ، كىشىلەرنىڭ دىققىتى ئۇلارغا بۇرۇلدى. ④ سۈپ. ئىش-ھەرىكىتى كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، يامان، ناچار، ئەسكى: ئۇ ئۆز ئوغلىنىڭ «ئولتۇرۇش»تىن باشقىنى بىلمەي، قالايمىقان كىشىلەرگە ئارىلىشىپ يۈرۈشىدىن تولىمۇ نارازى ئىدى.

**قالايمىقانچىلىق** ئى. قالايمىقان ئەھۋال، ھالەت: قالايمىقانچىلىق تۇغدۇرماق. قالايمىقانچىلىق چىقارماق. * ئېلان تىجارىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچى ئورۇنلار ئۆزى بىلگىنىچە ئىش قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئېلان مەزمۇنى، ئېلان لايىھىلەش ۋە ئېلان تىجارىتى جەھەتلەردە بەزى قالايمىقانچىلىقلار ساقلانماقتا. * مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ قالايمىقانچىلىقى راسا ئەۋجىگە چىققاندىمۇ، ئۇ ئۆز ئادىتىنى تاشلىمىدى.

**قالايمىقانلاشتۇرماق** « قالايمىقانلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىدىيىنى قالايمىقانلاشتۇرماق. * جەمئىيەت تەرتىپىنى ئېغىر دەرىجىدە قالايمىقانلاشتۇرغان جىنايەتچىلەر خەلق قورالىق جەڭچىلىرىنىڭ نازارىتى ئاستىغا ئېلىندى.

**قالايمىقانلاشتۇرۇلماق** « قالايمىقانلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قالايمىقانلاشماق** پ. قالايمىقان ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقان بولماق: بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ پىكرى بەكلا قالايمىقانلىشىپ كەتتى. * چېدىر ئالدىغا كەلگەن سەلىمە چېدىرنىڭ قالايمىقانلىشىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ چۆچۈدى.

**قالپاق** ئى. ① يۇڭ، چىغ، سۇلياۋ قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن، چۆرىسى قاسقانلىق بىر خىل باش كىيىمى: كىگىز قالپاق. چىغ قالپاق. * قالپاقتا تۇشلۇق قىرغىز يوق (ماقال). * شۇ چاغدا بويى ئېگىز، بېلى ئىنچىكە، قالپىقىنى لۆكچەكچىسىگە كىيگەن ئوفىتسېر قاتار تۇرغان ئەسكەرلەرنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ② قەغەزدىن قالپاققا ئوخشىتىپ ياسالغان نەرسە: شۇ چاغدا، ئاتىسىنىڭ سازايى قىلىنىدىغانلار قاتارىدا ئۇزۇن قەغەز قالپاق كىيىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئوغلى پۈتۈن زېھنى بىلەن راۋاب چېلىپ كېتىۋاتاتتى. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىدى-

كى قالپاققا ئوخشايدىغان قىسمى: مىخنىڭ قالپىقى. موگۇنىڭ قالپىقى. ④ كۆچمە. كىشىلەرنىڭ جىنايىتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن بېرىلگەن سىياسىي نام: قالپاق كىيدۈرمەك. قالپىقنى ئېلىپ تاشلىماق. * — ئىگىلىشىمچە، سىزنىڭ «ئوڭچى» دېگەن قالپىقىڭىز بار ئىكەن، — دېدى كاتىباش كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ. * دادىسى ئۇنى قايتۇرۇپ كېلىپ، ئەتە-ئاخشىمى ئوقۇتۇپ باشلانغۇچ ساۋاتىنى چىقىرىپ تۇرۇشىغا «ئوڭچى» قالپىقىنى كىيىپ، قاراقىلچىڭغا سۈرگۈن قىلىنىپتۇ.

**قالپاق كىيدۈرمەك** جىنايىتىنى كۆرسىتىدىغان سىياسىي نام بەرمەك، جىنايەت يۈكلىمەك: بۈگۈنكى يىغىندا ئۇنى پېپەن-كۈرەش قىلغۇدەك، ئالدىغا ئۇنسۇر قالپىقى كىيدۈرۈش توغرۇلۇق يوللانغان دوكلات تەستىقلىنىپ كېلىپتۇ. * سايىملار ئۇنى «ئىنقىلاب بىلەن ئاخىرغىچە دۈشمەنلىشىپ، توك سىمىغا ئېسىلىپ ئۆلۈۋالدى» دەپ ئېلان قىلىپتۇ ۋە «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن قالپاقنى كىيدۈرۈپتۇ.

**قالپىقى ئېلىنماق** جىنايەت ئارتىپ كىيدۈرۈلگەن قالپىقى يوق قىلىنماق، گۇناھى يۇيۇلماق: ئۇنىڭ ئىپادىسى ياخشى بولغاچقا، قالپىقى ئېلىندى، ھازىر بولسا گۇڭشې ئەزاسى.

**قالپاقچى** ئى ① قالپاق تىكىدىغان ۋە ساتىدىغان ئادەم. ② كۆچمە. بىركىمگە جىنايەت ئارتىپ قالپاق كىيدۈرۈشكە ئامراق كىشى: — ئابباي، ستۇدېنت خېنىم! — دېدى ئاروپ زەھەرلىك ھىجىيىپ، — بۇ يەرگە يەنە بىر قالپاقچى جياڭ چىڭ كېلىپ قالدىمۇ — نېمە؟

**قالپاقسىمان** سۈپ. شەكلى، كۆرۈنۈشى قالپاققا ئوخشايدىغان؛ قالپاق شەكىللىك: شۇ سائەتتىلا ئۇپۇق سىزىقىدا بىر پارچە ئوت پەيدا بولۇپ، يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرىدىغان قاتتىق ئاۋاز ئاڭلاندى. شۇنىڭ بىلەن بىر پارچە قالپاقسىمان قىزىل بۇلۇت ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى.

**قالپاقلاشماق** پ. قالپاق ھالىتىگە كەلمەك، قالپاقتەك بولۇپ قالماق: توختى قالپاقلىشىپ كەتكەن بىر دۆۋە پولات ئۇشكىلىرىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ ئېيتتى: — ئاجايىپ ئىش، بىز بولساق بۇ نەرسە بىلەن چوڭ تاشنى پارچىلىماقچىدۇق.

**قالپاقلىق** سۈپ ① قالپىقى بار، قالپاققا ئىگە: قالپاقلىق مىخ. قالپاقلىق زەمبۇرۇغ. قالپاقلىق مېدۇزا. ② بېشىغا قالپاق كىيگەن ياكى قالپاق كىيدۈرۈلگەن: كۆل رەڭ قالپاقلىق كىشى. قالپاقلىق ئۇنسۇر.

**قالپاقلىق زەمبۇرۇغ** <بوت> موگۇ قالپىقى ۋە موگۇ سېپى بولغان گۆشلۈك، چىرىندىخور زەمبۇرۇغلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ. بۇلارنىڭ قىشلىق موگۇ، موگۇ، پايپاقلىق موگۇ قاتارلىق كۆپلىرىنى يېگىلى بولىدۇ، ئاز بىرقىسمىدا زەھەر بولغاچقا، يېگىلى بولمايدۇ.

**قالپاقلىق مېدۇزا** <زوئول> كاۋاك ئىچلىك ھايۋان. تېنى يېرىم شار شەكلىدە، ئۈستىدە پاراشۇتسىمان قىسمى، ئاستىدا سەككىز تال ئېغىز بارمىقى بولىدۇ. ئېغىز بارماقلىرىنىڭ ئۇچىدا يىپسىمان ئورگىنى بار. دېڭىزدا ياشايدۇ، پاراشۇتسىمان قىسمىغا تايىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ. پاراشۇتسىمان قىسمى — ئۆچەك تېرىسى دېيىلىدۇ. ئېغىز بارماقچىسى — ئۆچەك بېشى دېيىلىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**قالپاقلىق مىخ** ئۈستىدە قالپىقى بولىدىغان بىر خىل مىخ. كۆپىنچە رەسىم، قەغەز

قاتارلىقلارنى ياغاچ تاختا ياكى تامغا قاداش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قالتار** ئى. تۇمشۇقى ئاق بولىدىغان چىلان تورۇق.

**قالتىرىماق** پ. تىترىمەك: بۇنى ئاڭلاپ ئۇل خاقان، سۆرىگەندەك ئۇي ساپان، پۇشۇلداپتۇ ئالدىراپ، يۈرەكلىرى قالتىراپ.

**قالتىس** ① رەۋ. ئىنتايىن، ناھايىتى، بەك، تولىمۇ: قالتىس بېخىل ئادەم. قالتىس بەلەن گەپ. * مەن بۇ ھېكايىنى ئوقۇپ، دېھقاننىڭ تىلى دېھقانچە بولسا، قالتىس ياخشى بولىدىكەن دېگەن ھېسسىياتقا كەلدىم. * — بىزنىڭ ئەلى قالتىس چاققان، — دېدى ئۇ قاقاھلاپ كۈلۈپ. ② رەۋ. كۆزگە كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە، كۆزگە كۆرۈنەرلىك، ئالاھىدە، قاتتىق: — ئۆتكەن بىر يىل ئىچىدە قالتىس ئىشلىدىم، — دەپ ماختاندى ئۇ. * بۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى 5000 ئائىلىلىك دېھقان ئۈچۈن، قالتىس جەلپ قىلىش كۈچىگە ئىگە چوڭ ئىش. * بۇ كۈنلەردە ناسىرنىڭ كىيىنىشلىرىمۇ قالتىس بولۇپ كەتتى. ③ سۈپ. جاھاندا بىر، كارامەت؛ بەك ياخشى، ئاجايىپ: قالتىس مۆجىزە. * سەن ئۆزۈڭنى مەن قالتىس زىيالىي دەپ چاغلايدىغان ئوخشىمامسەن؟

**قالتىسلىق** «قالتىس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ سۆسۈن گالستۇك ۋە پېشانىسىدىن بويىنىغىچە چۈشۈپ تۇرغان چاچلىرىدىن باشقا، ھېچقانداق قالتىسلىقى يوق ئىدى. * مەن بىردىنلا غەيرەتلىنىپ قالدىم، جۈرئەت قىلسام «جىن» نىڭ چېچىنى قولۇمغا چۈشۈرىمەن-دە، ساۋاقداشلىرىم ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ قالتىسلىقىنى بىر كۆرسىتىپ قويىمەن.

**قالدۇرماق** «قالماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىمكانىيەت قالدۇرماق. خاتىرە قالدۇرماق. * دۇنيا ئىشىنى ئاخىرەتكە قالدۇرما (ماقال). * بۈگۈنكى ئىشنى ئەتىگە قالدۇرما (ماقال). * دوستۇم قالدۇرۇپ كەتكەن بۇ خەت مېنى خېلىلا گاڭگىرىتىپ قويدى. * ناھىيىلىك پارتكوم ئۇنى بىر مەزگىل خىزمەت جەريانىدا ياخشى ئويلىنىشقا قالدۇردى.

**قالدۇرۇشماق** «قالدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ دەسمايىسى كۆپ بولغانلىقتىن، كۆپرەك ئۈچرىغان ئەلتىرە، مارىي كۆرپە قاتارلىقلارنى ئۆزلىرى ئېلىپ، باھاسى ئەرزانراق پارچە-پۇرات تېرە-تەرسەكلەرنى ماڭا قالدۇرۇشاتتى.

**قالدۇرۇق** سۈپ. قالدۇرۇلغان، قالدۇق: قالدۇرۇق يەر. قالدۇرۇق چارۋا. * ئۇنىڭ قالدۇرۇق يېرىدىكى بۇغدايلار خۇددى شاھمات تاختىسىدىكى قارا ئورۇقتەك باشاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇراتتى.

**قالدۇرۇق چارۋا** گوڭشې مەزگىلىدە، چارۋىچىلارنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان شەخسىي چارۋا: كونەس ناھىيىسىنىڭ ئارالتۆپە گوڭشېسىدىكى چارۋىچىلار چارۋا مال كۆپەيگەندە دۆلەتنى ئۇنتۇماي، پائال تۈردە قالدۇرۇق چارۋا ماللىرىنى سېتىپ بەردى. * كۆكتوقاي ناھىيىلىك خەلق ھۆكۈمىتى بۇ مەسىلىلەرگە قارىتا مۇۋاپىق تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، قالدۇرۇق چارۋىلارنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتتى.

**قالدۇرۇق مال** ← **قالدۇرۇق چارۋا**: دادۇي رەھبەرلىكى قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىشتىن كىرگەن پۇلنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەزالارغا بۆلۈپ بېرىش، خىزمەت گۇرۇپپىسى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان قالدۇرۇق يەر، قالدۇرۇق مال ۋە مۇۋاپىق خۇسۇسىي ئوقەتنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش قاتارلىق ئاكتىپ تەدبىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**قالدۇرۇق ئورمان** گۈڭشې مەزگىلىدە كوممۇنا ئەزالىرىنىڭ ئۆزىگە قالدۇرۇلغان ئورمان: ئىشلەپچىقىرىش دۈيلىرى تىككەن جىرىم ئىشلەپچىقىرىش دۈيىنىڭ ئىلكىدە بولۇشى؛ ئۆي ئەتراپى ۋە قالدۇرۇق ئورمان يېرىگە شەخسىيلەر تىككەن جىرىم شەخسىينىڭ ئىلكىدە بولۇشى لازىم.

**قالدۇرۇق يەر** گۈڭشې مەزگىلىدە دېھقانلارنىڭ ئاشلىق، كۆكتات تېرىشى ئۈچۈن ئۆزىگە ئاجرىتىپ بېرىلگەن يەر: ئۇلار دېھقانلارنىڭ قالدۇرۇق يەرلىرىگە تال تىكىشكە رۇخسەت قىلماسلىق چەكلىمىسىنى بىكار قىلدى.

**قالدۇرۇلغان** «قالدۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قالدۇرۇلغان ئېۋەن.

**قالدۇرۇلغان ئېۋەن** <ماشىن> دېتاللارنى قىرىپ ئىشلەشتىن بۇرۇن قالدۇرۇلغان ئارتۇق ماتېرىيال، يەنى دېتاللارنىڭ پىششىقلاپ ئىشلىنىشتىن ئىلگىرىكى ھەم كېيىنكى رازمېرىنىڭ پەرقى.

**قالدۇرۇلماق** «قالدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توختامدا مەھسۇلاتنىڭ ئاشقان قىسمىنىڭ 60 پىرسەنتى يېزا ئىگىلىك تېخنىكا پونكىتىغا قالدۇرۇلدى. * 1980-يىلى يەنە ئەزالارنىڭ قالدۇرۇق چارۋا بېقىشىغا قويۇلغان چەكلىمە ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، چارۋىچىلىقتىن باج ئېلىش چارىسى ئىسلاھ قىلىندى.

**قالدۇق** ① سۈپ. قېلىپ قالغان، ئېشىپ قالغان: قالدۇق بۆلۈك. قالدۇق دۈشمەن. ② ئى. نەرسىلەرنىڭ ئېشىپ ياكى ساقلىنىپ قالغان قىسمى: تاماكا قالدۇقى. دۈشمەن قالدۇقلىرى. * — پىلىلەر ئۆلۈپ تۈگەۋاتىدىغۇ، ئالدىرىما دېگەنلىرى نېمىسى، — دېدى بەختىخان ئەلگەك ئۈستىدە قالغان ھالەك قالدۇقلىرىنى يەرگە تۆكۈپ تۇرۇپ. ③ ئى. يوقىلىپ كەتكەن ياكى يوقىلىپ بېرىۋاتقان نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن قېلىپ قالغان نىشانە، ئاسارەت: مەيلى تەبىئەت دۇنياسىدا ياكى جەمئىيەتتە بولسۇن، ئەمەلىي تۇرمۇش بىزگە يېڭى شەيئى ئىچىدە كونا قالدۇقلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى ھەر ۋاقىت، ھەر جايدا كۆرسىتىپ بېرىدۇ. * پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنىڭ قورالى بولغان دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرىدا پۈتكۈل ئەكسىيەتچى سىنىپلار يەنە دىكتاتۇرىنىڭ ئوبيېكتى قىلىنىۋېرىدۇ، بەلكى ئەكسىيەتچى سىنىپلارنىڭ قالدۇقلىرىغا دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈلىدۇ. * ئىچكى موڭغۇل ۋە جەنۇبىي شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدا تېخىچە شامانىزم ئۇسۇلى بىلەن كېسەل داۋالاشنىڭ بەزى قالدۇقلىرى ساقلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. ④ ئى <مات> بۆلۈش ئەمەلىدە ئېشىپ قالغان سان، مىقدار: قالدۇق قالماي بۆلۈنىدىغان سان. ⑤ ئى <خىم> مولېكۇلىدا، بىر خىمىيىلىك بىرىكمىدىن ئىككىنچى بىر خىمىيىلىك بىرىكمىگە ئۆزگەرمەي تۇرۇپ ئۆتىدىغان تۇرغۇن ئاتوملار گۇرۇپپىسى؛ رادىكال. ⑥ ئى. ئېشىپ قالغان پۇل، مەبلەغ.

**قالدۇق بۆلۈك** <مات> ئەگەر ئىككى تار بۆلۈكنىڭ يىغىندىسى تىك بۆلۈككە تەڭ بولسا، ئۇ ھالدا ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىر بۆلۈك ئىككىنچى بىر بۆلۈكنىڭ قالدۇق بۆلۈكى دېيىلىدۇ.

**قالدۇق دۆۋىلەنمە** <گېئول> ئۇل جىنسلارنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك يىمىرىلىشى نەتىجىسىدە يىمىرىلىپ، ئەسلىي ئورنىدىن يۆتكەلمەي قېلىپ قالغان ھاسىلاتلىرى.

**قالدۇق سان** <مات> ← **قالدۇق**.

**قالدۇق كان ياتمىسى** <گېئول> ئاسا-

سەن خىمىيلىك يىمىرىلىش تەسىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان كان ياتقىسى.

**قالدۇق گەۋدە** <گېئول> گرانىتلىشىش جەريانىدا ئورۇن ئالمىشىشى تولۇق بولمىغانلىقتىن ئانا جىنىستا قېلىپ قالغان ماددىلار. بۇ خىل قالدۇق گەۋدىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك بولمايدۇ، ئەمما ئۇنىڭ تۈزۈلۈش ئورنى (مەسىلەن، قەۋەتلىرى، ياپراقلىرى قاتارلىقلار) قورشالما جىنىس بىلەن بىردەك بولىدۇ. قالدۇق گەۋدىنىڭ گرانىتلاشقان جىنىستا پەقەت قالدۇق ئىزىلا قالىدۇ.

**قالدۇق ماگما** <گېئول> ماگمىنىڭ كرىستاللىشىشى مەلۇم ۋاقىت، مەلۇم مەزگىل داۋاملاشقاندا، ئۇنىڭدىن ئېشىپ قالغان سۇيۇقلۇق قىسمى.

**قالدۇق ماگنىت** <فىز> پولات ياكى ماگنىتلىق بىرىكمە قاتارلىق ماگنىتلىق ماددىلارنىڭ تاشقى مۇھىتتا ماگنىت مەيدانى يوقالغاندىن كېيىن ساقلاپ قالغان ماگنىتلىقى. مەڭگۈلۈك ماگنىتنىڭ ماگنىتلىنىشى بىلەن ماگنىتلىق ئاۋاز خاتىرىلىشى قالدۇق ماگنىت رولىنىڭ قوللىنىلىشىدۇر.

**قالدۇقسىز** سۈپ. قالدۇقى يوق، قالدۇق قالمايدىغان: قالدۇقسىز بۆلۈش.

**قالدۇقسىز بۆلۈش** <مات> a سانىنى b سانىغا بۆلگەندە قالدۇق بولمىسا، بۇنداق بۆلۈش قالدۇقسىز بۆلۈش دەپ ئاتىلىدۇ.

**قالدى** ① «قالماق I» پېئىلىنىڭ ۋاسىتىسىز بايان مەيلىدىكى ئاددىي ئۆتكەن زامان خەۋەر شەكلى III شەخس تۈرىنىڭ بىرلىكى. ② سۈپ. قېلىپ قالغان، قالغان: قالدى گەپ. قالدى گەپ-سۆز. * شۇنداق قىلىپ، ئارزۇخانىمۇ ھايات خۇشاللىقىدىن چەتنەپ، قالدى ئۆمرىنى «تىنچ» قىنا ئۆتكۈزۈش كويىدا بولدى.

**قالدى گەپ** قېلىپ قالغان گەپ، پىكىر، مەسلىھەت: ئۆيدە بىرئاز ئولتۇرۇپ تۇرغىن، ئىشىمنى تۈگىتىپلا كېلەي، كەلگەندىن كېيىن قالدى گەپلەرنى دېيىشەرمىز. * — ئوغۇل بالا دېگەنمۇ يالغان گەپ قىلامدۇ. مېنىڭ بەلنى چىڭ باغلىغىنىم باغلىغان، قالدى گەپ سەندە، — دېدى ئۇ ماڭا.

**قالدىراق** سۈپ. غالدىر-غۇلدۇر قىلىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان؛ ئاسان پارتلايدىغان: قالدىراق گاز. قالدىراق سىماب.

**قالدىراق سىماب** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $Hg(ONC)_2$ • ئاق ياكى كۈل رەڭ كرىستال، زەھەرلىك. ئىسسىقلىق تەسىر قىلغاندا، سۈركەلگەندە ياكى زەربىگە ئۇچرىغاندا ئىنتايىن ئاسان پارتلايدۇ. كاپسۇل ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قالدىراق گاز** <خىم> ← **پاقىلداق گاز.**

**قالدىسى** ئى. قېلىپ قالغىنى، قالغان قىسمى: پادىشاھ قىزنىڭ چىچەن-زېرەكلىكىگە قايىل بولۇپ، رەھمەت ئېيتىپتۇ. سۇنىڭ قالدىسىنى ئىچىۋېتىپ، ئۆز چېدىر-بارگاھىغا قايتىپ كېتىپتۇ. * بىز ئىدۇق ئۇزاقتا، ئۇلاردىن چەتتە، بىزلەرنى يوشۇرغان يۇلغۇن دالدىسى. بىر توپى ئۇلارنىڭ كەتتى دۆڭ تامان، مېنىت بار تەرەپكە ماڭدى قالدىسى.

**قالدى-قاتتى** قېلىپ قالغان، ئېشىپ قالغان، قالدۇق: قالدى-قاتتى تەييارلىق. * ئۇ كونسېرۋا قۇتىسىدىن كىچىك چىراغ ياساپ، ئۆي ئىگىسىنىڭ شامدانىدىكى قالدى-قاتتى مايلارنى يىغىپ ئىسكىلات، لاپاس، بالىخانا قاتارلىق ئورۇنلارغا مۆكۈنۈپ، جاپالىق كىتاب ئوقۇيتتى. * ئۇ ئەتىسى-ئاخشىمى مەھەل-

لىدىكىلەرنىڭ قالدى-قاتتى ئىشنى قىلىشىپ، ئۇلارنىڭ بىر قاچا ئۇمىچى ياكى بىر-ئىككى زاغرىسىغا ئىگە بولاتتى. // مەن ئىمىن ئاكا ۋە پادىچى قېرىنداشلىرىم بىلەن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتىم، قالدى-قاتتىلىرىنى يوللۇق تۇتۇشتى. ھەسرەت بىلەن ئايرىلىشتۇق.

**قالدى-قۇتتى** ← **قالدى-قاتتى**: 500 يىلقا، 200 تۆگە، بىرنەچچە قوتان قوي ۋە باشقا قالدى-قۇتتىلار ئاز گەپ ئەمەس، مۇندىن كېيىن ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپىيىش ئىمكانىيىتىمۇ بار.

**قالغان-قاتقان** ← **قالدى-قاتتى**: ئۇكام قىزغا ئالدانغانلىقىنى چۈشىنىپتۇ، بىراق ۋاقتى ئۆتكەن، پايدىسى يوقلۇقىنى ئويلاپ، قالغان--قاتقان نەرسىلىرىنى ئېلىپتۇ. * ئۇلارنىڭ قالغان-قاتقان ئەسكەرلىرى جېنىنى ئېلىپ قېچىپ، ملك تەسلىكتە قۇمۇلغا كېلىۋاپتۇ. // — ۋاي توختا، ئالدىراپ كەتمە، ئېقىپ كېلىۋاتقان ياغاچلارنىڭ قالغان-قاتقانلىرى ئىككىمىزدىن ئېشىپمۇ قالىدۇ، — دەپ ئۇنىڭ كەينىدىن ۋارقىرىدىم مەن.

**قالغايتا** ئى. دىئال. چاقماق ئوت.

**قالقا** ئى. دىئال. سايە، كۆلەڭگە.

**قالقان** I ئى <ھەرەب> قەدىمكى زامان ئۇرۇشلىرىدا بەدەننى قىلىچ، نەيزە قاتارلىقلار زەربىسىدىن ساقلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر ياكى تۆت بۇرجەك شەكىلدىكى بىر خىل قورال: كۆنلەرنىڭ بىرىدە ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات خەلىپە ھارۇن رەشىد ھۇزۇرىدا ئۆز ئورنىدا ئولتۇرغانىكەن، قىلىچ ۋە قالقان ئاسقان بىر ئەمىر دىۋانغا كىرىپ كېلىپتۇ. // قالقان بەز. قالقان قانات.

**قالقان بەز** <ئانات> ← **قالقانسىمان بەز**.

**قالقان بولماق** قالقان رولىدا قوغدىماق، ھىمايە قىلماق: دىلدا كەزگەن ۋەتەن مېھرى ئۇ، چىن مۇھەببەت يالقۇنى بولۇپ، جەڭچى ساقلار چېگرىنى ئامان، ھۆر ۋەتەننىڭ قالقىنى بولۇپ.

**قالقان قانات** <زوئول> سالامچى قوڭغۇز، ماي قوڭغۇزى قاتارلىق قاناتلىقلارنىڭ ئالدى قانىتى. ئۇ قاتتىق، مەزمۇت كېلىدۇ، تىنچ تۇرغاندا پەردىلىك ئارقا قانىتىنى يېپىۋالىدۇ. شەكلى قالقانغا ئوخشايدۇ.

**قالقان قاناتلىقلار** <زوئول> ← **قالقان قاناتلىقلار ئەترىتى**.

**قالقان قاناتلىقلار ئەترىتى** <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئەترىتى. ئالدىنقى قانىتى قالقان قانات، ئارقا قانىتى پەردە قانات، ئېغىز ئورگىنى چايناش شەكلىدىكى ئېغىز ئورگىنىدىن ئىبارەت بولۇپ، سەزگۈ مۇڭگۈزىنىڭ شەكلى ھەر خىل، تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىدۇ. خىللىرى كۆپ. مەسىلەن، سالامچى قوڭغۇز، ماي قوڭغۇزى، خانقىز قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قالقان** II ئى. دىئال. مۇداپىئە ئۈچۈن قورغان تامنىڭ ئۈستىگە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىلدە تىزىلغان كېسەك قۇرۇلما.

**قالقانسىز** سۈپ. قالقىنى يوق، قالقان ئورنىتىلمىغان: قالقانسىز تاياقچە. * شۇرۇق دېگىنىمىز سۇ تەكتىدىكى يەر يۈزىگە سانجىپ، كېمىنى ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئۇزۇن، قالقانسىز تاياقچىدىن ئىبارەت.

**قالقانسىمان** سۈپ. قالقانغا ئوخشايدىغان، قالقان شەكلىدىكى: قالقانسىمان بەز. قالقانسىمان كۆمۈرچەك.

**قالقانسىمان بەز** <ئانات> ئىچكى ئاجراتما بەزلىرىدىن بىرى. قالقانسىمان كۆمۈرچەكنىڭ ئىككى يېنىدا بىر بۆلەكتىن

بولىدۇ. ئۇزىدىن قالقانسمان بەز
گورمونىنى ئاجرىتىپ چىقرىپ، ئورگانىزمدا
ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**قالقانسمان بەز گورمونى** <ئانات>
قالقانسمان بەز ئاجرىتىپ چىقرىدىغان بىر
خىل گورمون. ھۇجەيرىلەرنىڭ ماددا
ئالماشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ئوكسىگېن
سەرپىياتىنى ئاشۇرۇش، توقۇلمىلارنىڭ
ئۆسۈشىدە غىدىقلاش، يېتىلدۈرۈش ۋە
پارچىلاش روللىرىنى ئوينايدۇ.

**قالقانسمان بەز ئىششىقى** <تىب>
قالقانسمان بەز ئىششىدىغان بىر خىل
كېسەللىك. بىر خىلى يېمەكلىك تەركىبىـ
ـدە يود ماددىسىنىڭ كەمچىل بولۇشى
تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا
گالنىڭ ئالدىنقى قىسمى ئىششىدۇ.
يەنە بىر خىلى قالقانسمان بەز فۇنكسـ
ـيىسىنىڭ كۈچىيىپ كېتىشى نەتىجىسىدە
كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا كۆز پۈلتىيىپ
چىقىش، يۈرەكنىڭ سېلىشى تېزلىشىپ
كېتىش، ئىككى قول تىترەش قاتارلىق
ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**قالقانسمان كۆمۈرچەك** <ئانات> ←
**بۇغدىيەك.**

**قالقانسمان يان بەز** <ئانات> ئىچكى
ئاجراتما بەزلىرىدىن بىرى. قالقانسمان
بەزنىڭ كەينى ئىككى يېنىدا بولىدۇ.
ئاساسىي خىزمىتى بەدەندىكى كالتسىي،
فوسفور ئالمىشىشنى تەڭشەپ تۇرۇشتىن
ئىبارەت. ئۇنىڭ پائالىيىتى تۆۋەنلەپ
كەتسە، مۇسكۇل قىسقىرىپ‌تىلش ئالامەتلىـ
ـرى كۆرۈلىدۇ؛ كۈچىيىپ كەتسە، سۆڭەك
قاتماسلىق، سۆڭەك ئاغرىش، مۇسكۇللار
كۈچسىزلىنىپ قېلىش قاتارلىق ئالامەتلەر
كۆرۈلىدۇ.

**قالقانسمان يوپۇرماق** <بوت> شەكلى
قالقانغا ئوخشاپ كېتىدىغان يوپۇرماق.

**قالقانسمان يوپۇرماقلىق شەبنەم ئوتى**
<بوت> شەبنەم ئوتى ئائىلىسىدىكى
كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ھاشاراتخور
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يېرىم ئاي شەكلىـ
ـدە بولۇپ، قالقانغا ئوخشايدۇ؛ گىرۋەكلىرىـ
ـدە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۈكچىلىرى
بولۇپ، ئاجرىتىپ چىقارغان چاپلاشقاق
سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق ئۇششاق ھاشاراتلارـ
ـنى تۇتۇپ ئوزۇق قىلىدۇ.

**قالقانگۈل** ئى [قالقان+گۈل] <بوت> كالپۇكسىمان
گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق،
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى
ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تۆمۈنە شەكىللىك.
گۈلى سۇس سۆسۈن، يىلتىزى سېرىق.
يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ھۆل ئىسسىقنى
ياندۇرۇش، ئۆپكىدىكى ئوت ئىسسىقنى
ھەيدەش، يۆتەل توختىتىش، ئىچ
سۈرۈشنى توختىتىش رولى بار.

**قالقانلىق** سۈپ. قالقىنى بار، قالقانغا ئىگە:
يىگىتلىرى باردۇر تىللا قالقانلىق، ئاتلىرىنى
سورىساڭ تاغى بىلخانلىق، لەشكەرلىرىنىڭ
سانى يوق نامى-نىشانلىق، ئىسپاھىدىن بوز
ئوغلانىخان تاغام كەلسۇن.

**قالماق** I ئى ① ئۇيغۇرلارنىڭ موڭغۇللارنى
بىر خىل ئاتىشى: قالماق پىچىقى. *
خۇدايىم بەرگەن غۇنچەمنى، سۇلۇن ياۋۇز
ئۈزەلمەس. باقى يىگىت مەرد يىگىت، زالىم
قالماق كۆرەلمەس. ② رۇس فېدېراتسىيەـ
ـسىنىڭ بىر ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايـ
ـدىغان بىر مىللەتنىڭ نامى: قالماق
خەلقى. قالماق تىلى. // قالماق قىز. قالماق
ئايال.

**قالماق پىچىقى** دەستىسى كەڭ، ئۇچى
ئىنچىكىرەك قىلىپ سوقۇلىدىغان بىر خىل
پىچاق.

**قالماق** II پ ① بارماي، كەتمەي شۇ جايىدا تۇرماق: ئۆيدە قالماق. * توي ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىز پادىشاھ بىلەن ۋەزىر ئىككىسى ئايرىم ياسالغان بىر ئۆيدە قىلىپتۇ. * ئىبنى سىنا بۇ ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، شۇ جايدا بىر يىل قېلىپ، كېلەر يىلى دەرۋازا ئېچىلغۇچە كىتابلارنى كۆرۈپ چىقماقچى بولۇپتۇ. * ھاتەمنى بىرنەچچە پەرىزات تەختىراۋانغا ئولتۇرغۇزۇپ كۆتۈرۈپ يولغا چىقتى، بىر ياخشى جايغا چۈشۈپ ئازراق دەم ئالدى، پەرىلەردىن بىرى ھاتەمگە ھەمرا بولۇپ شۇ يەردە قالدى. باشقىلىرى سەيلە-تاماشا ئۈچۈن يىراققا مېڭىشتى. ② بىرەر ھالەتنى ساقلاپ، ئۆزگەرمەستىن تۇرماق: قوغۇن-تاۋۇزلار تالادا قالدى. * كىتابلار جوزا ئۈستىدە يېيىلغان ھالەتتە قالدى. * ساندۇق ئاغزى ئوچۇق پېتى قالدى. * پۇل چاپاننىڭ يانچۇقىدا قالدى. * ئۇ ئۆز ۋەزىپىسىدىن قالدى. * ئىسلاھات دەپ ئېپى بارلار بېيىپلا كەتتى. بىزدەك كىتاپتىن باش كۆتۈرمەي ئىشلەيدىغانلار يەنىلا شۇ گاداي-لىقىمىزدا قېلىۋەردۇق. ③ مەلۇم ئىش، ھەرىكەت، پائالىيەت ۋە ھادىسە قاتارلىقلارنىڭ سىرتىدا تۇرماق: سىنىپتىكىلەر-نىڭ ھەممىسى باھالاشتا يازغانلىرىنى ئوقۇدى، پەقەت ئەنۋەر بىلەن ئىككىمىزلا قالدۇق. * ھازىر دۇنيادا نۇرغۇنلىغان مەھكۇم مىللەتلەر ئۆزلىرىنىڭ مۇستەقىللىقى ئۈچۈن يېڭى كۈرەش-لەرنى باشلىۋەتتى، پەقەت بىرنەچچە مىللەتلا قالدى. * تۆرلۈك بېسىملار تۈپەيلىدىن بىز بۇ قېتىمقى پائالىيەتكە قاتنىشالماي قالدۇق. ④ كۆچمە. ئۆلمەي ئامان تۇرماق، ياشى-ماق: دادام ئۆلۈپ كېتىپ، ئاپام، مەن ۋە سىڭلىم ئۈچىمىزلا قالدۇق. * — شۇ چاغدىكى يۇرتىمىز خەلقىنىڭ بەخت-سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلغان يىگىتلەردىن يالغۇز مەنلا قالدىم. قارالا ئۇكام، — دېدى بۇ بوۋاي يەنە بىر ئېغىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، — مەن 80 ياشقا كىرىپ قالدىم، موخوركا سېتىپ تىرىكچىلىك قىلىۋاتىمەن. كۆڭۈمگۇ بەك تەس، شۇنداق بولسىمۇ ئۆكۈنمەيمەن. سىز دېگەن مەسىلىگە كەلسەك، ھازىر بىز ئېچىمىزدىكى خائىنلارنى ئەمەس، قەھرىمانلارنى ئىزلىشىمىز كېرەك. ⑤ ھەرىكەت تۈگىمەستىن، ئاخىرىغا يەتمەستىن توختىماق: ماشىنا يېرىم يولدا قالدى. * ئىش چالا قالدى. * سابىرنىڭ گېپى ئېغىزىدىلا قالدى. * ئارىدىن بىر يىلمۇ ئۆتتى، لېكىن ساۋۇتنىڭ كۆڭلىرى يەنىلا ئاۋالقىدەك ئۆتمەكتە ئىدى، قارىغاندا، ساۋۇتنىڭ ھېلىقى پىلانلىرى شۇ ئۆيدىلا قالغان ئوخشايدۇ. ⑥ پايدا تەرىقىسىدە ياكى ئىشلىتىلمەي، سەرپ قىلىنماي كىرىم ۋە شۇ قاتارلىقلار سۈپىتىدە ئاشماق: مەن بەش-ئون سوم قالارمىكىن دەپ بۇ ئىشنى قىلدىم. * بۇ يول خىراجىتىدىن قالغان پۇل. * بۇ قېتىمقى تىجارەتتە ئۇنىڭغا تۈپتوغرا مىڭ سوم قالغانىدى. ⑦ مەلۇم چەككە يېتىشتە، بەلگىلىك مۇساپە، ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ بارلىقى، تېخى تۈگىمىگەنلىكى-نى بىلدۈرىدۇ: شەھەرگە يەنە 20 كىلومېتىر يول قالدى. * ئاش پىشىشقا ئاز قالدى. * ھەر ھالدا بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭمۇ باي-پاراۋان بولۇپ ئەركىن-ئازادە ياشايدىغان كۈنلىرىنىڭ كېلىشىگىمۇ ئاز قالغاندەك قىلىدۇ. ⑧ (بولۇشسىز شەكلىدە كېلىپ) يوق بولماق، تۈگىمەك، تامام بولماق: ئىشەنچى قالمىدى. * ھېلىقى قېتىم ئۇنىڭ دۇكىنىغا ئوت كەتكەنىدىن كېيىن، ئۇنىڭ قولىدا يەنە تىجارەت قىلغۇدەك دەسمايە قالمىدى. * ئۇنىڭ قورسىقى قاتتىق ئېچىپ كەتتى، ئەمما ئۆيدە كاپ ئەتكۈدەك بىر نەرسە قالمىغانىدى. * ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىر قاچا تاماق كەلگۈدەكمۇ

پۇل قالمىدى. ⑨ مىراس، يادىكارلىق تەرىقىسىدە بىرەرسىنىڭ قولىغا، ئىختىيارىغا ئۆتمەك: ئاتامدىن قالغان مۈلۈك، ئانامدىن قالغان ئادەت (ماقال). * ئات ئۆلسە ئېگەرى قالار، ئادەم ئۆلسە ئىسمى قالار (ماقال). * پادىشاھلىق ھەسەنگە قالدى. * — بۇ قىلىچقا ئېسىلما، — دېدى سوپى مەرگەن قاپىقىنى سىلاپ، — بۇ تۆمۈر ئاكامدىن قالغان قىلىچ، بۇ شامەخسۇت بىلەن چيەن دارىنىنىڭ بېشىغا تەگكەن قىلىچ، بۇ قىلىچنى مەڭگۈلۈكمۇ تۇتالماي ئۇخلاپ قالدى. * بىز كەمبەغەللەر دەردىمىزنى ناخشا، مۇزىكا بىلەن چىقىرىمىز. بۇ ناخشىلار ئاتا-بوۋىلىرىمىزدىن قالغان. ⑩ ھاسىل بولماق، تۇغۇلماق: كىنودىن ياخشى تەسىرات قالدى. * قىزنىڭ مۇلايىم، چوڭ سۈپەت تۇرقى، گەپ-سۆزلىرىدىكى تەمكىنلىك، بولۇپمۇ ئاشۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەشلىرىدىن ئابلىمىتنىڭ قەلبىدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىراتلار قالدى. ⑪ دۇچار بولماق، گىرىپتار بولماق، يولۇقماق، ئۇچرىماق: بالاغا قالماق. تۆھمەتكە قالماق. قارغىشقا قالماق. نومۇسقا قالماق. ئەندىشىگە قالماق. غەمگە قالماق. پۇشايمانغا قالماق. * بىر مىللەتنىڭ ھۆرلۈكىنى ئۆزىنىڭ ئەرزىمەس شەخسى ھوقوق-مەنپەئەتى ئۈچۈن سېتىۋەتكەن مۇناپىق ئىپلاسلار شۇ مىللەت خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك قارغىشىغا قالغۇسى. * ئەينى ۋاقىتتىكى ئاشۇ بىر-ئىككى قورقۇنچاق، ۋىجدانسىز ئىپلاسنىڭ كۆز بويامچىلىق قىلىشى بىلەن بۇ يۇرت تاجاۋۇزچىلارنىڭ تۆمۈر تاپىنى ئاستىدا يەنچىلىش بالاسىغا قالدى. ⑫ مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق، يوقاتماق: كۆزدىن قالماق. كۈچىدىن قالماق. پايدىدىن قالماق. تاماشىدىن قالماق. ئىشتىن قالماق. ئوقۇشتىن قالماق. سىنىپتىن قالماق. * ئۇ دادىۋىجاڭلىق ۋەزىپىسىدىن قالدى. * كۆزلىرى كۆرۈش قۇۋۋىتىدىن قالغان بۇ بوۋاي نەۋرىسى-نىڭ پېشىگە ئېسىلىپ تولىمۇ تەستە كېتىپ باراتتى. ⑬ بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى توختاتماق، بولدى قىلماق: — بىر ئېغىز گەپتىن قالسىڭىز بولامدۇ، — دېدى ئۇ مېنى بېسىپ. * ئۇ ئىشتىن قالغان قېرى ئىشەكنى يەنە بىكارغا بېقىشنى خالىمىدى-دە، ھېلىقى خەنزۇغا 20 سومغا سېتىۋەتتى. ⑭ بارماي، تەشرىپ قىلماي قويماق: ئېيتمىغان يەرگە بارما، ئېيتقان يەردىن قالما (ماقال). * ئۇ ھېچ يەردىن قالمايدۇ. * قولىقى ئاڭلاپلا قالغان ئولتۇرۇشلاردىن ھەرگىز قالمايدىغان بۇ قىز قانداقلارچە بولدى، ئەيتاۋۇر بىزنىڭ مەسۇمنىڭ ئارقىسىغا كىرىۋاپتۇ. ⑮ ئايرىلماق: رازىيە دادىسىدىن كىچىك قالغان. * دادىسىدىن كىچىك قالغان بۇ قىز قوشنىلار-نىڭ تونۇشتۇرۇشى ئارقىلىق تاھىر بىلەن بەختلىك ئائىلە قۇرۇپ تەلئەت ئىسىملىك بىر ئوغۇلغىمۇ ئىگە بولدى. ⑯ تۆرەلمەك: بويىدا قالماق. قورسىقىدا قالماق. * — مەن ئانامنىڭ قورسىقىدا قېلىپ ئۇزۇن ئۆتمەيلا بىر قىسىم مۇناپىقلار بىرلىشىپ دادامغا «يەرلىك مىللەتچى» قالپىقىنى كىيگۈزۈشۈپ، دادامنى تۈرمىگە قاماپ قويۇشۇپتۇ، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — كېيىن دادام تۈرمىدە ئۆلتۈرۈلۈپتۇ. ⑰ ساقلانماق: يادىدا قالماق. ئەستە قالماق. * بۇ ئېغىر دەرد-ئەلەملەر كىشىلەرنىڭ دىلىدا قالدى. * گەرچە ئۇلار زالىملارنىڭ قىيىن-قىستاقلىرى ئىچىدە ئۆز ھاياتلىرىدىن ئايرىلغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قەھرىمانانە ئىش-ئىزلىرى مەڭگۈ خەلقنىڭ كۆڭلىدە قالغۇسى. * نوچىنىڭ ئېتى-نامى، ئەلنىڭ يادىدا قالدى. يۈرەك باغرىدا قالدى-راۋاب تارىدا قالدى. ⑱ يۆكلەنمەك: ئېتىز ئىشلىرى يالغۇز شەرۋانىمگىلا قالدى. * — ئۆينىڭ ئىشلىرى ساڭا قالدى، — دېدى ئۇ چاپىنىنى ئۈشىنىسگە ئارتقان پېتى ئۆيدىن

چىقىپ كېتىۋېتىپ. ⑲ كىچىكىپ، ئۈلگۈرەل-
مەي، يېتەلمەي ياكى باشقا سەۋەبلەر
بىلەن ئايرىلماق: پويىزدىن قالماق.
ئايروپىلاندىن قالماق. يىغىندىن قالماق. *
— ئەستاغپۇرۇللا ... ھەي ... — بوۋاي تىپىرلاپ
ئىزىدا تۇرالمايلا كەتتى، — بالا دېگەنمۇ
مۇشۇنداق گالۋاڭ بولامدۇ، تۈنۈگۈنمۇ ئاپتوبۇس-
تىن قالدى، بۈگۈن يەنە ئاپتوبۇستىن قالسا
... ھەي ... بۇ باللارنىڭ قولىدىن ئىشمۇ
كېلەرمۇ؟... ⑳ يوقالماق، توختىماق،
بېسىلماق، تۈگىمەك: ئاغرىق قالسىمۇ ئادەت
قالماس (ماقال). * ئۆگەنگەن خۇي ئۆلگۈچە
قالماس (ماقال). * ئەخمەقنى ئۆلدى دېسە
ئىشەن، ئەخمەقلىكى قالدى دېسە ئىشەنمە
(ماقال). * بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن.
* — بۇ خوتۇن تېخى شۇ خۇيىدىن قالماپتۇ-دە،
— دېدى ئۇ ئاستاغىنە قۇلىقىمغا پىچىرلاپ، —
قارىمامسەن، 50 ياشلارغا كىرىپ قالغان
تۇرۇقلۇقمۇ قاش-كۆزلىرىنى ئوينىتىپ تۇرغىنىنى.
㉑ بىرگە، تەڭ يۈرەلمەي ئارقىدا
سۆرەلمەك، يېتەلمەسلىك: ئىشەك-ئىشەكتىن
قالسا قۇلىقىنى كەس (ماقال). * بالا ئانىسى-
دىن قالماي يۈگۈردى. * ئارقامدىن قالماي
مېنى مارىلاپ كېلىۋاتقان ھېلىقى ساتقىنىنىڭ
كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، بەلگىلەن-
گەن نۇقتىغا بارماستىنلا ئۇتتۇرلاپ ئۆيگە
قايتىپ كەلدىم. * ئۇ ئارقامدىن قالماي مەن
بىلەن تەڭ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. ㉒
بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىنگە سۈرۈل-
مەك، كېچىكتۈرۈلمەك، باشقا مۆھلەتكە
كۆچۈرۈلمەك: توي كېلەركى ئايغا قالدى.
* قالغان ئىشقا قار ياغار (ماقال). * بۈگۈنكى
ئىش ئەتىگە قالدى. * ھېلىقى كىشى تولىمۇ
گېپى كىشى ئىكەن، مەن ھەرقانچە قىلىپمۇ
ئۇنىڭ بىلەن كېلىشەلمىگەچكە «بۈگۈنكى
سودىمىز ئەتىگە قالسۇن، ئەتە مەن ئوغۇللىرى
بىلەن سۆزلىشەي» دەپ قويۇپلا قايتىپ
كەلدىم. ㉓ باغلىق بولماق، قاراشلىق
بولماق (بىرەر ئىش، مەسىلە ۋە شۇ
قاتارلىقلار ھەققىدە) ھەممە ئىش سەندە
قالدى. * بۇ ئىش پۇلدا قالدى. * ھازىر
بىزنىڭ خەلقىمىزنىڭ روھى-كەيپىياتى ناھايىتى
ياخشى، گەپ ھازىر ئارىمىزدىن بىرەز
جاسارەتلىك قەھرىمان رەھبەرنىڭ چىقىش -
چىقماسلىقىدىلا قالدى. ㉔ تاشلىماق،
تەرك ئەتمەك: — بۇ توغرۇلۇق ئويلاشتىن
قالدىم، — دېدى ئۇ ئەنۋەرنىڭ مۈرىسىگە
ئاستا قولىنى قويۇپ، — قىزىقمايمەن، ئويلاش-
نىمۇ، سۆزلەشنىمۇ خالىمايمەن. * — مەن
ئەمدى ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن قالدىم، —
دېدى ئۇ ئېغىر بىر ئۇھ تارتىۋېتىپ، —
خېلىلا تىرىشىپ باقتىم، بىراق ھەرقانچە
قىلىپمۇ ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىمنى ئەسلىگە
كەلتۈرەلمىدىم. قارىغاندا ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلسام ئۆمۈرلۈك بەختسىز بولۇپ قالغۇدەكمەن،
شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن توي قىلىشتىن ۋاز
كەچتىم. ㉕ تۇرماق، ئەمەل قىلماق
(ۋەدە، قەسەم، لەۋز ھەققىدە): قاسى-
م دېگەن داخەنزە، سىپىل تۈۋىدە قالدى.
مېنىڭ يارىم خوخەنزە، ئۆز ۋەدىسىدە قالدى.
㉖ (ئورۇن كېلىش بىلەن تۇرلەنگەن
سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ) ئۆز پىكرىدە،
كۆز قارىشى ياكى ئويلىغىنىدا تۇرۇۋەر-
مەك: — مەن ئۆز پىكرىمدە قالىمەن، —
دېدى ئابدۇراخمان. * — مەن قوشۇلمايمەن،
— دېدى ئۇ جىددىيلەشكەن ھالدا كەسكىن
قىلىپ، — سىلەر جۆيلۈۋاتىسلەر، مەيلى
قارارىڭلارنى چىقىرىۋېرىڭلار، ئەمما مەن
يەنىلا ئۆز سۆزۈمدە قالىمەن، دېگىنىمنى
قىلىمەن! ㉗ ئىش-ھەرىكەت نامى بىلەن
كېلىپ، شۇ ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىش
لازىملىقىنى، شۇنداق ۋەزىيە، مەجبۇرى-

يەت بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ: چۆپ پىشتى، پەقەت ئۇنى سۈزۈشلا قالدى. * — ھازىر ھەممە شارائىت پىشىپ يېتىلدى، ئەمدى پەقەت ئوبدان بىر ۋاقىتنى تاللاپ ھەقىقىي ھەرىكەتنى باشلاشلا قالدى، — دېدى ئۇ كۆزلىرىدىن ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى چاقنىغان ھالدا كۈلۈمسىرەپ. ㉘ (ئورۇن كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ) بىرەر ھادىسىنىڭ بىۋاستە تەسىرىدە بولماق ياكى ئۇنىڭغا ئۇچرىماق: ئاپتاپتا قالماق. سوغۇقتا قالماق. * ئۇلار كەڭسايدا قاتتىق يامغۇردا قېلىپ، كۆدە-كۆرپىلىرى پۈتۈنلەي سۇ بولۇپ كەتكەچكە ئۆيلىرىگە قايتىشقا مەجبۇر بولغانىدى. * بىچارە بوۋاي نەۋرىسى-بىلەن ئوت ئورۇۋاتقاندا قاتتىق بوران چىقىشقا باشلىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار بوراندا قېلىشتىن قورقۇپ ئورغان ئوتلىرىنى يىغىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، يىراقتا كۆرۈنگەن ئورمانلىققا قاراپ قاچتى. ㉙ پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كېلىپ، «تۆۋەن تۇرماسلىق، تەڭ تۇرۇش» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن قالما (ماقال). * كېيىر بۇ گەپنى مەنسۇرنىڭ ھەرقانداق ئىشتا باشقىلاردىن قالمايدىغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ ئېيتقانىدى. * — مەن ئۇنداق كاساپەتتىن قالاتتىممۇ؟! — دېدى شەرۋانەم ئېرىگە غەزەپ بىلەن ھومىيىپ، — سەنچۇ، ماڭا ئارىلاشماي ئىشىڭنى قىل! مەنچۇ، ھېلىغۇ بىر ئاتىكەكەن، بىر ئەمەس مىڭ ئاتىكە بولسىمۇ تەڭ تۇرالايمەن، خەقنىڭ قېشىدا ئەيىبلەپ قوللىرىمنى تارتىپ كېتىپتۇيا تېخى ... ㉚ پېئىلنىڭ بولۇشسىز رەۋىشدىشى «-ماي» شەكلىدە كېلىپ: 1) «...گە يەتمەي، ئۇلاشماي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: چاۋار مەتقۇل ئېتىغا مىندى-دە، يېرىم سائەتكە قالماي قىزىلتاغ باغرىغا يېتىپ باردى. * ئۇنىڭ بىر سائەتكە قالمايلا قايتىپ كەلگەنلىكى ھەممىنى ھەيران قالدۇردى. * ئۇلار بۇ قۇرۇلۇشنى يېرىم يىلغا قالمايلا پۈتكۈزۈپ بولدى. 2) «قويماي، تولۇق، پۈتۈنلەي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇنى شۇنچىۋالا كۆپ كىشى كۆردى، — دېدى تاجىئاخۇن ئاكا خۇشاللىقىنى باسالماي، — ئالاھەزەل، پەممىچە، بۇ ۋەرەقىلەردىكى گەپ-سۆزلەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەرنىڭ بارلىق بۇلۇڭ-پۇچقاقلىرىغا قالماي تارقىلىپ بولدى. ㉛ شەخس بىرلىك تۈرىدىكى پېئىل شەرت مەيلىنىڭ قوشۇمچىسى «-سا» بىلەن كېلىپ «كېيىن تۇرىدىغىنى، ئىككىنچىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: دېھقانلاردىن قالسا، جۇڭگو ئاھالىسىنىڭ ئىككىنچى قىسمى ئىشچىلاردۇر. * بىزنىڭ بۆلۈمدە، ياشتا ئۇنىڭدىن قالسا مەن چوڭ. * 50-يىللاردىن بۇرۇن شىنجاڭدا ئۇيغۇرلاردىن قالسىلا قازاقلار ئىدى، ئەمما قازاقلارنىڭ سانى بىرنەچچە يۈز مىڭغا يەتمەيتتى. ھازىر ئۇيغۇرلاردىن قالسىلا خەنزۇلار كۆپ، ھەتتا ئۇلار سان جەھەتتە ئۇيغۇرلار بىلەن تەڭلىشىپلا قېلىۋاتىدۇ. ㉜ بەزى سۈپەت ۋە سۈپەت خاراكتېرىدىكى سۆزلەرگە قوشۇلۇپ كېلىپ، ئۇلارنى ئانالىتىك ئۇسۇلدا پېئىللاشتۇرىدۇ: ساق قالماق. ئاچ قالماق. يالىڭاچ قالماق. ئامالسىز قالماق. چارىسىز قالماق. ئىگىسىز قالماق. قۇرۇق قالماق. تاماقسىز قالماق. پۇلسىز قالماق. ئاز قالماق. ماكانسىز قالماق. ئىلاجسىز قالماق. ㉝ بەزى پېئىللارنىڭ چېتىلما رەۋىشداش شەكلى بىلەن كېلىپ: 1) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تۇراقلىششنى بىلدۈرىدۇ: ئاستا گەپ قىلىڭلار، بالا ئۇخلاپ قالدى. * تامىقىڭنى چاپسان يە، سوۋۇپ

قالىدۇ. * ئۇنىڭ هارۋىسى پاتقاققا پېتىپ
قالغانىكەن، چىقىرىپ بەردۇق. * ئىش شۇنىڭ
بىلەن توختاپ قالدى. * ئۇلار مېنى كۆرۈپلا
هالىڭ-تاڭ بولۇشقان هالدا ئىزلىرىدا تۇرۇپلا
قالدى، مەن هاياجاندىن ئۆزەمنى بېسۋالالماي
ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ باردىم. 2) رەۋىش-
داش ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ دائىملىق
هەرىكەتكە ئايلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:
مېنىڭ ئىككى تال چىشىم مىدىرلاپ قالدى.
* ئۇ يەنە سۆزلەپ قاپتۇ. * يۆتىلىپ
قاپسەنغۇ، نېمە بولدى؟ 3) رەۋىشداش
ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ تۇغۇلۇشىغا
تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈزىدۇ: ئۇ
ئاغرىپ قېلىپ دەرسكە كېلەلمىدى. * ئۇلار
چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرۇپلا قىزىرىشىپ قالدى.
* كىچىك ۋاقتىمدىكى بىر ئىش يادىمغا كېلىپ
قالدى. * ئۇنى يولدا ئۇچرىتىپ قالدىم. *
خىش يەتمەي قالدى، بولمىسا بۈگۈن ئۆي
قوپۇرۇلۇپ كېتەتتى. * ناۋادا ئۇ كەلمەي
قالسا، بىلەتنى ساڭا بېرەي. 4) رەۋىشداش
ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ ئايىغى ئۈزۈل-
مەي داۋاملاشقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىزنى-
ڭ بۇ ئىشىمىزمۇ تۈگىمەي قالدى. 5) سۆزلە-
گۈچىنىڭ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن هەرى-
كەتكە مۇشۇ بىر قېتىم بىلەن چەكلىنىشى
مۇمكىن دېگەن ئويىنى بىلدۈرىدۇ:
ناخشىڭىزنى بىزگىمۇ ئېيتىپ بېرىڭ، بىزمۇ
بەهرىمەن بولۇپ قالايلى. * ئىنتايىن ياخشى
كىتاب ئىكەن، ئەپسۇسكى بىرلا قېتىم ئوقۇپ
قالدىم. 6) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن
هەرىكەتنىڭ ئاساسىي جەهەتتىن
پۈتكەنلىكىنى ياكى پۈتۈشكە يېقىنلىشىپ
قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ماشىنىنىڭ بېنزىنى
تۈگەپ قالدى، ئالدىمىزدىكى بېكەتتە ماي
جىقلىمىساق بولمايدۇ. * بۇ بىنامۇ پۈتۈپ قالدى،
بىر ئىككى ئاينىڭ ئىچىدە كۆچۈپ كىرىمىز. *
تاماق ۋاقتى بولۇپ قالدى، ئاشخانا تەرەپكە
ماڭايلى. * بۇ مەۋسۇممۇ ئاخىرلىشىپ قالدى،
بىر هەپتىدىن كېيىن ئىمتىهان باشلىنىدۇ.
7) بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداش
ئىپادىلىگەن هەرىكەتنىڭ چوقۇم بولى-
دىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: قۇيرۇقنى كۆتۈرگەن
كالا تېزەكلىمەي قالماس (ماقال). * ئۇ هەر
قېتىملىق يىغىنغا قاتناشماي قالمايدۇ. * بۇ
ئىش ئاخىرى ئۇنىڭغا ئاڭلانماي قالمىدى. *
بۇنداق كەلگۈلۈكلەر ئۇنىڭ بېشىغىمۇ كەلمەي
قالمىدى. 8) ئىمكان تۈسلۈك بولۇشسىز
شەكىلدىكى رەۋىشداش ئىپادىلىگەن
هەرىكەتكە تاسادىپىيلىق تۈسىنى كىرگۈ-
زىدۇ: ئۇ هاياجانلىنىپ گەپ قىلالماي قالدى.
* خېلى ياخشى تەييارلىق قىلغانىدى، بەلكى
جىددىيلىشىپ كېتىپ جاۋاب بېرەلمەي قالدى.
* بەزىلەر «قىسمىلار ئىشلەپچىقىرىش بىلەن
شۇغۇللانسا، ئۇرۇش ۋە هەربىي تەلىم ئېلىپ
بارالماي قالىدۇ؛ ئىدارىلەر ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللانسا، خىزمەت قىلالماي قالىدۇ»
دېيىشىدۇ.

**قالماقچە** ① سۈپ. قالماق خەلقىگە،
مەدەنىيىتىگە، تىلىغا ئائىت: قالماقچە
كىيىم. قالماقچە ئادەت. قالماقچە ئۇسسۇل.
قالماقچە تىل. قالماقچە يېزىق. ② ئى.
قالماق تىلى: سىز قالماقچىنى بىلەمسىز؟ ③
رەۋ. قالماق تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ،
قالماق تىلىدا: قالماقچە سۆزلەشمەك.

**قالماقلار** ئى ① موڭغۇللارنىڭ يەنى
موڭغۇل تىلىدا سۆزلىشىدىغان خەلقلەرنىڭ
ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى ئومۇمىي ئاتىلىشى.
② روسىيە ئاپتونوم فېدېراتسىيىسىنىڭ
تەركىبىدىكى قالماق ئاپتونوم جۇمهۇرىيىتى-
نىڭ ئاساسىي ئاهالىسى، قالماق خەلقى،
قالماق مىللىتى. ئۇلار موڭغۇل تىلىنىڭ
ئويىرات دىئالېكتىدا سۆزلىشىدۇ.

**قالۇن** I ئى [ئە] <مۇز> ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى تارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىدىن بىرى. شەكلى چاڭغا ئوخشايدۇ. بارماق بىلەن ئىلىپ چېلىنىدۇ.

**قالۇن** II ئى <زوئول> ئەت رەڭ ئات.

**قالىق** ئى: دىئال. چەللە، لاپاس.

**قالىماق** پ. كۆيدۈرمەك، ياندۇرماق، تۇتاشتۇرماق: ئوچاققا ئوتۇن قالىماق. * قىش كۈنلىرى مەكتەپكە قالايدىغان كۆمۈرنى ئوقۇغۇچىلار ئۆزى ئېلىپ كېلەتتى. بىز ھەر كۈنى ئەتىگەندە جىلتە ئاسقان، قولتۇقىمىزدا بىر پارچە كۆمۈر قىستۇرۇلغان ھالدا مەكتەپكە كېلەتتۇق. * قارىغاي كېسىپ قويدۇق، قۇرۇسا قالارمىز دەپ. ياخشى قىز كۆرۈپ قويدۇق، چوڭ بولسا ئالارمىز دەپ.

**قام** سۈپ. دىئال ← **قام كەلمەك.**

**قام كەلمەك** قوۋۇشماق، قولاشماق، يېپىشماق.

**قاما** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى كەڭ ھەم ياپىلاق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، تۆت پۇتى قىسقا كېلىدۇ. بارماقلىرى ئارىسىدا ئۈزۈش پەردىسى بولىدۇ. تۈكلىرىنىڭ رەڭگى قوڭۇر بولۇپ، زىچ، يۇمشاق ۋە پارقىراق كېلىدۇ. دەريا بويلىرىغا ئۇۋا ياسايدۇ، كېچىسى ھەرىكەت قىلىدۇ، سۇغا چۆمۈلۈش ۋە سۇ ئۈزۈشكە ماھىر. ئادەتتە بېلىق، پاقا ۋە سۇ قۇشلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىق. ئۇنىڭدىن كىيىم ياقىسى ۋە باش كىيىملىرىنى تىكىشكە بولىدۇ. ② شۇ خىل ھايۋاننىڭ تېرىسى.

**قاما تۇماق** قامىدىن تىكىلگەن تۇماق: بەگ چاچراپ ئورنىدىن تۇردى ۋە ئالدىراپ قاما تۇمىقىنى بېشىغا كىيىپ، تالاغا ماڭدى.

**قاما قۇلاقچا** قامىدىن تىكىلگەن قۇلاقچا.

**قاماپ** «قامىماق I» پېئىلىنىڭ رەۋىشدى-شى: قاماپ تۇرۇش.

**قاماپ تۇرۇش** <قا> قانۇن بويىچە قولغا ئېلىنغان ياكى تۇتۇپ تۇرۇلغان، تېخى ھۆكۈم قىلىنمىغان جىنايەتچىلەرنى نازارەتخانا ياكى بەلگىلەنگەن باشقا جايلاردا قاماپ قويۇپ، ئۇلارنىڭ كىشىلىك ئەركىنلىكىنى چەكلەيدىغان بىر خىل مەجبۇرلاش تەدبىرى.

**قاماتماق** I «قامىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ، مېنمۇ ئىككى قېتىم «يانچۇقچى» دەپ قامىتىپ قويدى، لېكىن ئۇ، مېنىڭ نۇرغۇن پۇلۇمنى پارا ئېلىپ كەتكەنىدى. * مىركېرەم باي تۆھمەت چاپلاپ مېنى تۈرمىگە قاماتقانىدى.

**قاماتماق** II «قامىماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ نەرسە چىشىمنى قامىتىپ قويدى. * ھەر سابا باقسام سېنىڭ چېھرىڭدە ئىقبال جىلۋىسى، جىلۋە بىرلە قامىتار كۆزلەرنى قارىغاي جىلغىسى.

**قاماشتۇرماق** «قاماشماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چىراغ كۆزنى قاماشتۇردى. * شوپۇر قول چىرىغى بىلەن سادىقنىڭ كۆزىنى قاماشتۇرۇپ، ئۇنىڭ پۇتىدىن بېشىغىچە سەپسالدى. * كۈمۈش قارلار ۋاللىداپ، قاماشتۇرار كۆزنى. چاقچاق قىلىپ سويۇپ ئۇ، ھۆل قىلدۇ يۈزنى.

**قاماشماق** I «قامىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ياق، شۇنىڭدىن بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، — دېدى ئاسىم ھېكايىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ئابلىكىم ئەپەن-دىنى تۇتۇپ كەتتى، ئۇنى تۈيۈقسىزلا تۇتۇۋېلىپ قاماشتى. * دەۋرىمىزنىڭ گۇناھكارلىرى، «گۇناھكار» دەپ قاماشتى مېنى. قانداق جاھان، قانداق زامان بۇ، ئەي خالايىق ئېيتىڭلار قېنى؟

**قاماشماق** II پ. قاتتىق نۇر تەسىرىدىن

كۆز خىرەلەشمەك: ماشىنا چىرىغىنىڭ
ئۆتكۈر، كۈچلۈك نۇرى ئۇدۇلدىن كەلگەنلىكتىن،
ئۇلارنىڭ كۆزلىرى قامىشىپ چاقناپ كەتتى.
* بېغىمنى كۆرگەندە قاماشتى كۆزۈم، ئاق
قۇنىڭ رەڭگىنى ئالغاچقا يەنە. بۇ يىگى
باھارنىڭ خىسلەت كۈچىدىن جامالى نۇرلىنىپ
پارلاپتۇ ئەنە.

**قاماق** ئى. <قا> گۇناھكارلارنى قامايدىغان
جاي؛ سولاقخانا، تۈرمە: قاماققا ئالماق.
قاماقتا ياتماق. قاماققا تاشلىماق. قاماقتىن
چىقماق. * كۆپ چاغلاردا ئۇ يانچۇقچىلىق
بىلەن كۈن ئالاتتى، قاماققا كىرەتتى، تاياق
يەيتتى، خورلىناتتى، ئاچ-يالىڭاچ قالاتتى.

**قاماق جازاسى** <قا> جىنايەتچىنى
ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىدىغان بىر
خىل جازا. مۇددەتلىك قاماق جازاسى
ۋە مۇددەتسىز قاماق جازاسى دەپ
ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**قاماق مۇددىتى** <قا> قاماق جازاسى-
نىڭ ئىجرا قىلىنىش چېكى.

**قاماقخانا** ئى. گۇناھكارلارنى قاماپ قويىدى-
غان ئۆي، جاي؛ قاماق، تۈرمە: ئايال
گۇناھكارلارغا سوقۇلىشىپ مېڭىپ قاماقخانا
دەرۋازىسىغىچە كەلدى. ئۇنىڭ ۋاپادار
ئەردىن ئاجراپ قالغۇسى يوق ئىدى. *
5-ئاتلىقلار پولكى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى
ئىدارىسىنىڭ ئىچى ۋە قاماقخانىسىنى ئېنىق
بىلگۈچمۇ يەنە شۇ قالكەش ئىدى.

**قاماقلىق** سۈپ. قاماپ قويۇلغان، قامالغان:
قاماقلىق ئادەم. * — ئۇ ئۈچ يىلدىن بېرى
قاماقلىق، — دېدى ھېلىقى ساقاللىق كىشى
ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

**قامال** ئى. ① چاڭگال: ئەدىيال ئۇستىگە
تاشلانغان تېنى، سىلكىنسە ئىسىم كارىۋات
لۆمشىيدۇ بۇ دەم. چۈۋۈلغان چېچىغا سالغان
قامال چىلىك، ئىختىيار ئىلكىدىن قاچقان قولى
ھەم. * بولسىمۇ تۈن قانچە زۇلمەت-قاراڭغۇ،
سۈبھىنى توسماققا يوقكەن ئامالى. تارىخنىڭ
ئالدىغا ماڭمىقى تەھقىق، كۆل بولۇپ كېتەركەن
ئىبلىس قامالى. ② كۆچمە. قورشاۋ، مۇھاسى-
رە: — ھەي ئىبلى ئوغرىلىرى! — دەپ
ۋارقىرىدى بىر ئەسكەر تۇمشۇقىنى سوزۇپ،
— قامالدا قېلىشتىڭ، تەسلىم بولۇشمساڭ...
* ئۇ بىركۈنى ھۇسەينەمگە قېچىپ كېتىشنى
دېدى، ھۇسەينەم ھە دېگەندە قورقتى،
چۈنكى، قامال قاتمۇقات قاتتىق ئىدى. ③
كۆچمە. سىرت بىلەن بولغان ئالاقىنىڭ
مەجبۇرلاش ئاستىدىكى ئۈزۈكچىلىكى:
ئىقتىسادىي جەھەتتىكى قامال. * دۆلىتىمىز
قامال ئىچىدە قالىدىغان دەۋر ئۆتۈپ كەتتى،

**قامال قىلماق** ① قاپسىماق، قورشىماق،
مۇھاسىرىگە ئالماق: ئۇ قارىسا راست
دېگەندەك پۈتۈن شەھەر تۆت ئەتراپتىن
قامال قىلىنغان، ئۇنىڭغا بۇ قوشۇنىنىڭ سانىنى
بىلىشمۇ ناھايىتى قىيىن تۇيۇلۇپتۇ. ② توسماق،
چەكلىمەك؛ تىزگىنلىمەك: چېگرىنى قامال
قىلماق. * گومىنداڭ مىللىي ئارمىيىنى كىچىك-
لىتىپ كۆرسىتىپ، ئۇنىڭ جەڭگىۋار ھەرىكەتلى-
رى توغرىسىدىكى سانلىق خەۋەرلەرنىمۇ
جان-جەھلى بىلەن قامال قىلىشقا ئۇرۇناتتى.
* بىز چەت ئەل تاجاۋۇزچى كۈچلىرىنىڭ
ئېلىمىزگە قارىتا ئىلگىرى-كېيىن يۈرگۈزگەن
بېتىم قالدۇرۇش، قامال قىلىش، ئارىلىشىش
ۋە ئىغۋاگەرچىلىك قىلىش ھەرىكەتلىرى
ئۇستىدىن غەلىبە قىلىپ، دۆلىتىمىزنىڭ
مۇستەقىللىكىنى مۇستەھكەملىدۇق.

**قامال قىلىپ داۋالاش ئۇسۇلى** <تىب>
داۋالاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا،
ناركوز قىلىش دورىسى نوۋوكائىننى
بەدەننىڭ مەلۇم قىسمىغا ئوكۇل قىلىپ،
ئوكۇل قىلىنغان جايدىكى كېسەللىك
ئۆزگىرىشىنىڭ يامانلىششىنى تېزلىتىش

ئارقىلىق، ئۇنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاقىغا تارقىلىشىنىڭ ئالدى ئېلىنىدۇ. بۇنىڭ چوڭ مېڭە پوستلاقىغا نىسبەتەن قوغداش خاراكتېرىدىكى كونترول قىلىش رولى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**قامال قىلىش** <ھەرب> ئەسكىرىي كۈچ، ئوت كۈچى ۋە توسالغۇلار بىلەن مەلۇم بىر جاي، ئورۇن ياكى نىشاننى ئىزگىنلەش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھەرىكەتچانلىقىنى ۋە ئىچكى-تاشقى ئالاقىسىنى چەكلەيدىغان بىر خىل تەدبىر.

**قامالاتقۇزماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قامالاتماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئون سەر تەڭگە قولىغا قامالىتىپ قويۇڭلار، پارا ئېلىپتۇ دېيىشسۇن، ئامان بولسۇن يولۇڭلار.

**قامالاشماق** «قامالىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قامالىماق** پ. قولىنىڭ بەش بارمىقى بىلەن سىقىمداپ تۇتماق، چاڭگاللىماق: مەخسۇتبەگ ئىمام خاتىپنىڭ چاپىنىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتۇپ، چىبدىرىنىڭ ياغىچىغا غەزەپ بىلەن ئىتتىرىۋەتتى. * كەمچەت تۇماقلىق ئادەم ئۇنىڭ ياماق يەكتىكىنىڭ ياقىسىدىن قامالاپ تۇتتى-دە، غەزەپ بىلەن سىلكىپ كۆتۈرۈپ ئورنىدىن تۇرغۇزدى.

**قامالماق** «قامىماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ياش ئۇچقۇنلار ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ دەھشەتلىك تۈرمىسىگە قامىلىپ، تۆت ئاي مابەينىدە كۈرەشنى بىر كۈنمۇ توختاتمىدى. * شەھەر ۋە يېزىلاردا قوزغىلاڭچىلار بىلەن ئالاقە باغلىغان دەپ، شامەخسۇت ۋاڭ تەرىپىدىن قامالغان 54 كىشى دەرھال بوشىتىلدۇ.

**قامان** ئى <دىن> ① شامانىزم، شامان دىنى: قامان قاتارلىق ئىپتىدائىي دىنلارنىڭ ئېتىقاد مەزمۇنلىرى بىرقىسىم مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادىتىگە سىڭىشىپ ھازىرغىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. ② شامان دىنىدا باخشىلىق، پېرىخونلۇق قىلىش يولى بىلەن كېسەل داۋالىغۇچى كىشى: ئەڭ دەسلەپ داۋالاش ئىشلىرىنى قوشۇمچە ئېلىپ بارغان ئىبادەتخانا راھىبلىرى (قامانلار) مۇ كىشىلەرنىڭ دىنىي ئېتىقاد، ئۆزلىرىگە بولغان ئىشەنچلىرىدىن داۋالاش ئىشلىرىدا پايدىلانغان.

**قامەت** ئى [ئە] ئادەم بەدىنىنىڭ تاشقى قۇرۇلمىسى، بەست، بوي-تۇرۇق: قامەتى كېلىشكەن يىگىت. * پاتەم ئۇنى تېز بېرىپ يۆلىۋېلىپ ئاستا ياتقۇزۇپ قويدى ۋە ئۇنىڭ كۆزىنى يۇمۇپ ياتقان سۈرەتتەك چىرايلىق قامىتىگە بىر مىنۇتچە زوقلىنىپ قاراپ تۇرغاندىن كېيىن، كۆڭلى بۇزۇلغان ھالدا چىقىپ كەتتى. * ئۇنى ھەربىر ئويلىسام، كۆڭۈل-كۆكسۇم يايرايدۇ. قەيسەر، خۇش خۇي قامىتى كۆز ئالدىمدا پارلايدۇ.

**قامەتلىك** سۈپ. قامەتى، گەۋدىسى كېلىشكەن؛ گەۋدىلىك، ئۇستىخانلىق: قامەتلىك ئادەم. * مەن ئورنۇمدا ئولتۇرۇۋېتىپ يېنىمدىكى بۇرۇندىن تونۇش، چاچلىرى ئاقارغان، كەڭ يۈز، كۆزەينەك تاقىغان قامەتلىك بىر كىشى بىلەن سالاملاشتىم. // سەمەتجان ئوتتۇرا بويلۇق، كەڭ غوللۇق ئادەم بولۇپ، كەينىدىن قارىسىڭىز خېلى قامەتلىك كۆرۈنىدۇ.

**قامچا** ئى. ئات-ئۇلاغلارنى ئۇرۇپ ھەيدەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تاسما، كىرىچ ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن چاچتەك ئۆرۈپ ياسىلىدىغان دەستىلىك سايمان: ياخشى ئاتقا قامچا لازىم ئەمەس، ياخشى ئادەمگە سۆز (ماقال). * ياخشى ئاتقا بىر قامچا (ماقال). * بوۋاي مېنى ماڭدۇرمايمەن

دېگەنىدى، مەن ئۇنىماي ئاتقا قامچا ئۇردۇم، هارۋا تاراقلاپ مېڭىپ كەتتى.

**قامچا تۈك** <زوئول> پروتوپلازما هۈجەيرە سىرتىغا چىقارغان قامچىسىمان تۈزۈلۈش. بىر تال ياكى بىرقانچە تال بولىدۇ. هەرىكەت قىلىش، ئوزۇقلىنىش رولى بار. فلاگېللار ۋە هەر خىل هايۋان، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سپېرمىلىرىدىمۇ قامچا تۈك بولىدۇ.

**قامچا تۈكلۈك يۇسۇن** <بىئول> بىر خىل يۇسۇن، يەنى هايۋان بىلەن ئۆسۈملۈك ئارىسىدىكى بىر خىل جانلىق. دېڭىز ۋە تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ. بەزىلىرىنىڭ خلوروفىلى بولىدۇ. هۈجەيرىلىرىنىڭ شەكلى كۆپ خىل بولۇپ، هەممىسى قامچا تۈكنى ئۆزىنىڭ هەرىكەت ئورگىنى قىلىدۇ. قامچا تۈكى ئادەتتە ئىككى تال، كۆپ بولغاندا سەككىز تال بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ هۈجەيرىلەرنىڭ پارچىلىنىش شەكلى ئارقىلىق كۆپىيىدۇ.

**قامچا ئوينىتماق** قامچىنى هاۋادا ئايلاندۇرماق؛قامچا بىلەن پوپۇزا قىلماق؛ قامچا بىلەن قورقۇتماق: «ئۆينى سىپىلىشتا دادالڭ غوجامدىن قەرز ئالغان، چاپسان نەرسىلىرىڭنى يىغىشتۇر» دېدى ئۇ كۆزلىرىنى ئالايتىپ، قامچا ئوينىتىپ. * يوقسۇزلۇق گاللاردىن قىسقان ئامبۇردەك، تۈكۈلگەن ياش ئورنىغا قان. مۇستەبىت زالىملار ئوينىتىپ قامچا، يىلىكنى شورىتىپ سۈرەتتى دەۋران.

**قامچىسىدىن قان تامماق** هەددىدىن زىيادە زالىملىق قىلماق، قاتتىق زۇلۇم سالماق: ئادەتتىكى كىشىلەر ئۇنى كېلىنلىككە سوراتسا، قامچىسىدىن قان تېمىپ تۇرىدىغان هېلىم شاگيۇ كىچىك خوتۇنلۇققا سورىتىپ، هوشۇر مىرابنىڭ بېشىنى ئايلاندۇرۇۋەتتى. * قامچىسىدىن قانلار تامار زالىملاردىن بولدۇم بىزار، باي دەستىدىن چەكتىم ئازار، مەن يىغلىماي كىم يىغلىسۇن.

**قامچىسىغا تۈكۈرمەك** بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە جىددىي تۇتۇش قىلماق، تەييارلىق كۆرمەك، تەمشەلمەك: ئارىدا ئابدۇراخمان كۆك كۆز ئەۋەتكەن ئىككى ئادەم قامچىسىغا تۈكۈرگەن پېتى يېتىپ كەلدى. * ئۇ ئورنىدىن تۇردى، ئۇنىڭ ياپىلاق يۈزى جىددىيلەشتى، قويۇق قارا بۇرۇتلىرى لامپا يورۇقىدا بىلىنەر-بىلىنمەس تىترىدى، ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق شورىدى. — هە، يەنە قامچىغا تۈكۈرۈپ نەگە؟

**قامچىسىنى سۇغا چىلىماق** ← **قامچىسىغا تۈكۈرمەك**: شاكىرنىڭ «سىز كۆزۈمنىڭ گۆھىرى، مەشۇقۇمسىز» دېگەن سۆزىگە جاۋابەن، قەمبەرنىسا: «ئەمىسە نېمىشقا <كېتىمەن> دەپ قامچىڭىزنى سۇغا چىلايسىز؟» دېدى.

**قامچىغا باسماق** قامچا بىلەن قاتتىق ئۇرماق، ساۋىماق: ئۆستەڭ چاپقان شۇ ئەلنى دارىن قامچىغا باستى، چىدىيالماي خەلق زارلاپ، ئۆستەڭ ياقىلاپ قاچتى.

**قامچا-توقماق** قامچا ۋە توقماق: — بۇ قىلغىنىڭلار ناهەق بولدى دېسەك، ئۇلار يەنە بېشىمىزغا قامچا-توقماق بىلەن ئۇردى.

**قامچىدەك** سۈپ. بەك تېگىدىغان، ئېچىشتۇرىدىغان، چاقىدىغان، دەھشەتلىك: ئۇنىڭ قامچىدەك سۆزلىرىدىن مېنىڭ يۈرىكىم مۇجۇلۇپ كەتكەنىدى. // مۇرات، گۈلنۇرغا تىكىلىپ بىر قاراپ قويدى، ئۇنىڭ قاراشلىرى گۈلنۇرغا قامچىدەك تەگدى.

**قامچىسىز** رەۋ. قامچا يېمەي، قامچا تەگمەي: نەغمىسىز شاراب — قامچىسىز ئازاب (ماقال).

**قامچىسىمان** سۈپ. قامچىغا ئوخشايدىغان، قامچا شەكلىدىكى: قامچىسىمان كاكتۇس.

**قامچىسىمان كاكتۇس** <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. غولى يۇمىلاق، تۇۋرۇك شەكلىدە، ئەتلىك كېلىدۇ. ئۈستىدە بويىغا كەتكەن قىرلىرى، قىرلىرى ئۈستىدە توپ ھالەتتە ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى چوڭ، گۈل تاجى ياپراقچىسىنىڭ تېشى بىنەپشە رەڭدە، ئىچى ئاچ قىزىل رەڭدە بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قامچىگۈل** ئى [قامچا+گۈل] <بوت> قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، يۈزى سىېرىق بىلەن قىزىل ئارىلاش رەڭدە بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل بولۇپ، كۈزدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قامچىلاتقۇزماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى:

**قامچىلاتماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قامچىلاشماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ئات ئۇلاغلىرىڭنى قامچىلىشىپ قەيەرگە قېچىشماقچىدىڭ؟! — دېدى چېرىك باشلىقى سەت بىر ئەلپازدا.

**قامچىلانماق** «قامچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قامچىلىق** سۈپ ① قامچىسى بار، قامچا تۇتقان: — ئايدىڭ، — دېدى سەدەپ قامچىلىق يىگىت باربىتچى قىزغا قاراپ كۈلۈپ. * ئىزدەشكە پۇرسەت بەرمەي، زالىم قامچىلىق چىققان. بۇ دەردلەرگە چىدىماي، سادىر ئاتلىنىپ چىققان. ② قامچا قىلىشقا بولىدىغان، يېتىدىغان؛ قامچا چىقىدىغان: بىر قامچىلىق تاسما. ئىككى قامچىلىق كىرىچ.

**قامچىلىماق** پ ① قامچا بىلەن ئۇرماق، ساۋىماق؛ قامچا سالماق: سەمەت قاقىردەك تىزىلىپ كېتىۋاتقان ھارۋىلار قاتارىدىن چۈشۈپ قالماسلىق ئۈچۈن ياندۇرۇقتىكى ئاتنى پات-پات قامچىلايتتى. * ئۇردى باشقا قامچىلاپ، ئاقتى قانلار تامچىلاپ، قاچتىم شۇ ئان ئۆيىدىن، قالدى تىللاپ، غاجىلاپ. ② كۆچمە. تەنقىد قىلماق، سۆكمەك؛ تىللىماق: ئۇنىڭ ئەسەرلىرى ئادەم يەيدىغان كونا جەمئىيەتنى قامچىلىدى. * ئادىل شۇجى بىرىنچى بولۇپ سۆزگە چىقىپ نۇرغۇن جانلىق، ئەمەلىي پاكىتلار بىلەن «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ»نى راسا قامچىلىدى. * ئاھ ئۇردى بىر ئۆمۈر ئازادلىقنى دەپ، كۆز يېشى جەڭگاھقا ئاقتى تامچىلاپ. شۇ ياشلار دىللارنى يورۇتقان چىراغ ۋە چاقماق زۇلمەتنى ئۆتكەن قامچىلاپ. ③ كۆچمە. ھەيدىمەك، مەجبۇرلىماق: ھەرقايسىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇشلۇق دەردىمىز، ئىچ پۇشۇقىمىز بار. دەرد بىزنى قامچىلاپ قەشقەردىن مۇشۇ يەرگە ئېلىپ كەلدى، — دەپ راۋابچى يىگىت ئاۋۋال جاۋاب بەردى. * مەن ئوقۇتقۇچىدىن رەنجىمەي، ئۆزۈمنى دائىم قامچىلاپ، بىلىمنىڭ بىپايان دېڭىزىغا يۈرەكلىك بىلەن سەكرەيمەن.

**قامچىئوت** ئى [قامچا+ئوت] <بوت> ← ئەنجبار.

**قامچىئوت ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى سامان غوللۇق، ئاز بىرقىسمى چاتقال ياكى دەرەخ تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەردۇر. بۇلارنىڭ يوپۇرماقلىرى ئاددىي يوپۇرماق بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئۇدۇل ياكى ئايلانما ھالەتتە ئۆسىدۇ. گۈلى قوش جىنسلىق، مېۋىسى قاتتىق مېۋە ياكى ئورۇق مېۋە. ئەنجبار، قارا بۇغداي، تۆگىقۇلاق قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**قامداشماق** «قامدىماق» پېئىلىنىڭ

ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قامدالماق** «قامدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھوشۇر! بىز قىلىۋاتقان بۇ ئەمگەك سىز بىلەن ماڭا باقى ئەمەس. جىق ئىشلىسەك يەنە بىر ئاي ئىشلەيمىز، قۇرۇلۇشنىڭ ئىشچىغا بولغان ئېھتىياجى قامدالغاندىن كېيىن، بېشىمىزنى تاشقا ئۇرغان بىلەنمۇ بۇنداق ئىش تېپىلمايدۇ، — دېدى سەمەت ئۇستام بىركۈنى ماڭا. * بۇنىڭ بىلەن گومىنداڭچىلارنىڭ شەھەر ئىچىدىكى قۇرۇقدىلىپ قېلىشقا باشلىغان ئاشلىق ئامبارلىرى ئىككىنچى قېتىم ئۇزاق مۇددەتلىك. مۇھاسىرىگە يەتكۇدەك ئوزۇق-تۈلۈك بىلەن قامدالدى. ئۇلار يەنە بىرمۇنچە گۆش-ياغ زاپىسغا ئىگە بولۇۋالدى.

**قامدىماق** پ. بىرەر ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ئېھتىياجىنى قاندۇرماق؛ تەمىنلىمەك؛ باقماق؛ تولۇقلىماق: ماركس لوندوندا تۇرغان ۋاقتىدا دائىم دېگۈدەك نەرسە-كېرەكلىرىنى گۆرۈگە قويۇش ۋە كيىم-كېچەكلىرىنى سېتىش بىلەن تۇرمۇشىنى قامدايتتى. * ئوتۇنچى بوۋاي بولسا، ھەر كۈنى تاڭ سەھەردە ئېشەك بىلەن جاڭگالغا بېرىپ ئوتۇن ئېلىپ كېلىدىكەن-دە، شەھەرگە ئاپىرىپ سېتىپ تۇرمۇشىنى قامدايدىكەن. * ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئورمانچىلىق فوندى تۈزۈمىنى تېزدىن مۇزاكىرە قىلىپ ئورنىتىپ، ئورمان ئارقىلىق ئورماننى قامداشنى يولغا قويۇشنى تەكلىپ قىلىمىز.

**قامرىماق** پ. ئورىۋالماق، يۆگىمەك، چىرمىماق: ئەگەر سىزنى بىرەر غايە قامراپ ئالغىنىنى سەزسىڭىز، بۇنى چوڭقۇر سەزسىڭىز، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە، ئەكس ھالدا، سىزنى ھېچنېمە باغلىيالمايدۇ.

**قامغاق** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى لېنتىسىمان سىلىندىر شەكلىدە، گۈشلۈك. ئۇچىدا ئۆتكۈر تىكىنى بار. گۈلى كىچىك، باشاقسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى شارسىمان مېۋە. شورلۇق ۋە قۇملۇق يەرلەردە ئۆسىدۇ. پۈتۈن تېنى دورا بولىدۇ، قان بېسىمىنى تۆۋەنلىتىش رولى بار. ئۇنى يەنە خەشەك قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

**قامغاقلىق** ① تامغاق بار، قامغاق ئۆسكەن: بۇ چاي قامغاقلىق جاي ئىكەن. ② قامغاق ئۆسكەن، قامغاق تولا جاي: بىز ئايلىنىپ قامغاقلىققا بېرىپ قالدۇق.

**قاملاشتۇرماق** «قاملاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قادىر بۇ سۆزلەرنى تولىمۇ قاملاشتۇرۇپ بايان قىلىپ، ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى. * تۆمۈر خەلپە: — كۆڭلىمىزنىڭ بىرئاز ئارامى بولغاندا، تازا قاملاشتۇرۇپ، بىر توي ئوينىۋېتەيلى، — دەپ قاقاھلاپ كۈلدى.

**قاملاشقان** ① «قاملاشماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② كېلىشكەن، چىرايلىق: — پاھ، — دېدى ئاسىم ئاغزىنى چاكىلدىتىپ، — نېمىدېگەن قاملاشقان قىز بۇ، پەرى ئىكەنغۇ بىر پەرى. * — ئىلاھىم سىزگە ئۆزىڭىزگە ئوخشاش، چىرايلىق، قاملاشقان، ئەقىللىق يىگىت ئاتا قىلغاي. ئامىن، — دەپ دۇئا قىلدى موماي ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

**قاملاشماق** پ ① كۆڭۈلدىكىدەك، كۈتكەندەك، جايىدا بولماق: مانا، ئۇنىڭ ئىشى قاملاشتى. * ھېكمەت خۇددى ھازىرلا: «مانا مۇنۇ سۆزىڭىز قاملاشمىدى» دەۋىتىدىغاندەك قىلىپ تۇراتتى. * — ئۆزىمىز قاملاشتۇرىمىز دېسەكلا چوقۇم قاملىشىدۇ. ئادەم جىگەرلىك بولسىلا، ئالەمدە قاملاشمايدىغان ئىش يوق، — دەيتتى يىگىت. * يېزا باشلى-

قىنىڭ بۇ گېپى ئاقمايدۇ ئاسىم، كوللېكتىپ بولسۇن، شەخسىي بولسۇن توغرا يول بىلەن پۇل تاپسا يۇنىڭ نېمىسى يامان، پۇل بولمىسا نېمىمۇ قاملىشىدۇ. ② خۇددى راستتەكلا بولماق، بەئەينى ئۆزىلا بولماق، ئوخشىماق: ئۇنىڭ يالغان ئېيتقىنى قاملاشتى. * – ھە، بۇ باھانەڭمۇ قاملاشتى، – دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ. ③ ياراشماق، خوپ كەلمەك، ماس كەلمەك: ئۇنىڭ كىيگەن كۆڭلىكى ۋە باشقا كىيىملىرىمۇ ناھايىتى قاملاشقانىكەن. * بىزنىڭ مەكتەپ مەھەللىنىڭ ئوتتۇرىغا جايلاشقان. تۆت ئەتراپى دەرەخلىك، ئىچى كەڭرى، قاملاشقان. ④ كۆچمە. كېلىشمەك، چىقىشماق، ياخشى كۆرۈشمەك: گەرچە ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە كۆچۈپ چىققىنىغا ئانچە ئۇزۇن بولمىغان بولسىمۇ، لېكىن لۇتپۇللانىڭ بۇ بالا بىلەن مىجەزى قاملىشاتتى، شۇڭا ئۇلار ناھايىتى تېزلا يېقىن دوستلاردىن بولۇپ كەتكەنىدى. * ئۇلار ئىككىسى ئاستا-ئاستا قاملىشىپ قالدى. ⑤ خىل كەلمەك، لايىق كەلمەك؛ ياقماق: – بىرىڭلار بالدۇر ئەردىن چىقتىڭلار، بىرىڭلار تېخىچە ئۆيلەنمىدىڭلار، ئىككىڭلار بىر-بىرىڭلارغا ناھايىتى قاملىشىسىلەر، مەن ئىككىڭلارغا ئاتا بولاي، – دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ. * – ئۆزۈم قايناتقان مۇسەللەستىن بىرئاز بار، گۆش بىلەن تولىمۇ قاملىشىدۇ، بىر پىيالە ئوتلاپ كۆرەمدىلا؟ – دەپ سورىدى ۋە جاۋابىمنى كۈتمەستىنلا مۇسەللەسنى پىيالىگە قۇيدى. ⑥ قولاشماق، چاك باسماق، باغلاشماق (پىكىر، گەپ سۆز ھەققىدە): – قانداق، سۆزۈم قاملاشتىمۇ؟ – يارايسەن تازا قاملاشتى. * كۈلۈپ كەتتى يارىم قاقاھلاپ، ھۆپپىدىلا قىزاردى يۈزۈم، يار قەلبىنى چۈشەنمىدىمۇ، يا قالدىمۇ قاملاشماي سۆزۈم. ⑦ كۆنمەك، ماسلاشماق، يەرلەشمەك: – ئىدارىنىڭ كاتەكتەك ئۆيدە زادىلا قاملىشالمىدىم، ئايرىم قورۇ-جاي قىلالايمىكىن دەيمەن، – دېدى يۈسۈپ قادىر قاتتىق بىر كېكىرىۋېتىپ.

**قاملاشمىغان** سۈپ ① كۆڭۈلگە ياقمايدىغان، ياخشى بولمىغان، بىمەنە، تېتىقسىز، تۇتۇرۇقسىز: قاملاشمىغان گەپ. * ئەھۋالنى چۈشەنگەن مېھرىنىڭ دادىسى كېلىپ قىزىنىڭ دۈمبىسىدىن يېگىتنى ئېلىپ يۈدۈپ ئېلىپ كەتتى. قىز قاملاشمىغان ئىش قىلىپ قويغاندەك يەرگە قاراپ، دادىسىنىڭ كەينىدىن قالماي كېتىپ باراتتى. * دېھقانلار چوڭ ئۆستەڭنى رېمونت قىلىشقا ماڭغاندا مەتنىياز قاملاشمىغان بىر ئىشنى ئۆتكۈزۈپ قويدى. ② ساختا، يالغان: ئاخىرىدا سىزگە شۇنىمۇ ئېيتىۋالاي، سىز ئۆزىڭىزنى ئالىجاناب، ۋىجدان ئىگىسى قىلىپ كۆرسىتىپ تولىمۇ قاملاشمىغان كومېدىيىنى ئوينىدىڭىز. ③ ئەپسىز، بىئەپ: – بۇ قار تازا قاملاشمىغان بىرچاغدا ياغقىلى تۇردىغۇ؟. * راسا قاملاشمىغان ۋاقىتتا، شۇنداق دەپ سېلىپتىمەن.

**قاملاشمىغان گەپ** بىمەنە، تېتىقسىز، كىشىگە ياقمايدىغان، يالغان، خاتا گەپ، سۆز: قانداق دېگەن قاملاشمىغان گەپ بۇ. * – سىز چەت ئەلدىن كەلگەن مېھمان، مېنى كەچۈرۈڭ، قاملاشمىغان گەپ قىلىپ قويدۇم، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

**قامۇس** ئى [ئە] مۇكەممەل، تولۇق لۇغەت، ئېنسىكلوپېدىيىلىك لۇغەت: «تۈركىي تىللار دىۋانى» قاراخانىيلار دەۋرىدىكى تۈركىي خەلقلەرنىڭ مەدەنىيىتى، تىلى، تۇزمۇش ئۆرپ-ئادىتى، ئەدەبىياتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرگەن مۇكەممەل قامۇس. * قامۇس لۇغەت شەكلىدىكى توپلام، ھەممە ساھەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، پەن، مەدەنىيەت بىلىملىرىنى سىستېمىلىق، مۇكەممەل چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان قورال. * خەلق ئېغىز

ئەدەبىياتى — ھايات قامۇسى، تارىخنىڭ ئەينىكى. ئۇ ئىنسانلارنىڭ ئەمگىكى، ئىجتىمائىي تۇرمۇش ۋە ئۇنىڭ تەرەققىياتى داۋامىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن. * «ئون ئىككى مۇقام» ھەقىقىي مەنىسى بويىچە پۈتۈن ئۇيغۇر ھاياتىنىڭ ھەممە تەرەپلىرىنى مۇزىكىلىق تىل بىلەن ئىپادىلىگەن چوڭ ھەجىمدىكى بەدىئىي قامۇس.

**قامۇسچە** رەۋ. قامۇسقا ئوخشاش، قامۇستەك: ئۇ كېگىلنى پىپەنلىك يوسۇندا يەڭمىدى، بەلكى ئاددىي ھالدا ئۇنى كارغا كەلمەيدىغان نەرسە دەپ قاراپ بىر چەتكە تاشلاپ قويدى، شۇنىڭ بىلەن بىرۋاقىتتا، كېگىل سىستېمىسىنىڭ قامۇسچە مول مەزمۇنىغا سېلىشتۇرغاندا، ئۇ سۇنئىي مۇھەببەتتىن ۋە چولتا، كۈچسىز ئەخلاقتىن باشقا ھېچقانداق ئىجابىي نەرسە ئېلىپ چىقالمىدى.

**قامۇسلۇق** سۈپ. قامۇسقا يېتىدىغان، قامۇسقا لايىق: ئىقلىمى ياغ، سۈيى شەربەت، تۇپرىقى زەر، تۇتىيا، مىلك قامۇسلۇق تارىخى بار شانۇشەۋكەتلىك ئېلىم.

**قامۇسنامە** ئى → قامۇس.

**قامىماق** I پ ① ئەركىنلىكتىن مەھرۇم قىلىپ قاماقخانا، تۈرمە قاتارلىقلارغا سولىماق، قاماققا ئالماق، تۇتقۇن قىلماق: تۈرمىگە قامىماق. * بۇنىڭدىن قاتتىق غەزەپلەنگەن ئابدۇكېرىم ئاباسوپ، شۇ يەردىلا ھۆكۈم ئېلان قىلىپ، بۇ ئىككى نەپەر جاھىل دۈشمەننى قاماشقا بۇيرۇدى. * بار ئىدى بۇ تۈرمىدە پولات بىلەن ئىككى كىشى، قامىغان بەگ، ھۆكۈمەتكە قارشىلىق بولغاچ ئىشى. ② كۆچمە. تۇتماق، قامال قىلماق: ئىسىلدۇر سېخىي يازنىڭ نىمەتلىرى، خىللىرى مېۋىلەرنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن. ئۈزۈملەر يالترايدۇ ياقۇت بولۇپ، ئوخشىغان ئەنجۈر، ئانار ئەجەب بەلەن، يۈرەكنى شېرىنلىكى قامىۋالار، ئۆتكەنلەر يېمىسمۇ قارىۋالار. * قامىيالمىدى خەلق ئەقلىنى زىندانلارغا بەتنىيەت جاللات. چولپان قىزىم ئەل ئارزۇسىدىن ياراتماقچى بولدى كەشپىيات. ئۇچار گىلەم توقىدى ئاخىر، ئەركىنلىكتە.

**قامىماق** II پ ① يورۇقلۇق، نۇر قاتارلىقلارنىڭ تەسىرى بىلەن كۆرۈش ئىقتىدارى تەسىرگە ئۇچراپ خىرەلەشمەك؛ ئېنىق كۆرەلمەيدىغان، پەرق ئېتەلمەيدىغان بولۇپ قالماق: ئەتىدىن كەچكىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ كۆزلىرىم قاماپ كەتتى. * ۋەزىر شۇنداق قاراپتۇ، قاراپ كۆزى قاماپتۇ: تۇرغان يېرى چۆل ئىكەن، ئىچى چوڭ كۆل ئىكەن. ② غورا ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى كۆپ يېگەندە چىش نېرۋىلىرى كۈچلۈك تەسىرگە ئۇچراش تۈپەيلى، چاينىغاندا چىش بىر قىسما بولماق: ئانىسى غورا يېسە، قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ (ماقال). * — ئىككىڭلارغا نېمە بالا تەگدى؟ ئانىسى غورا يېسە قىزىنىڭ چىشى قاماپتۇ دەپ، مەن يۆتەلسەم سىلەرنىڭ كۆزۈڭلار قىزىرىپ كېتىپتىغۇ؟ قاپىقىڭلارنى ھەرە چېقىۋالدىمۇ؟ — دېدى مۆمىنئاخۇن.

**قان** ئى ① <ئانات> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىنىڭ ئايلىنىش سىستېمىسىدىكى سۇيۇق توقۇلما. توق قىزىل ياكى قارىغا مايىل قىزىل رەڭدە بولىدۇ، سېسىق پۇراققا ئىگە. قان پلازمىسى، قان دانىچىسى ۋە قان پلاستىنكىسىدىن تۈزۈلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئوزۇقلۇق ۋە گورمونلارنى بەدەندىكى ھەرقايسى توقۇلمىلارغا توشۇش، بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىش ئورگىنىغا يەتكۈزۈش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەش ۋە ۋىرۇسلارنى توشۇش رولىنى ئوينايدۇ. ② كۆچمە. جان:

قانغا قان ئالماق.

**قان ئازلىق كېسىلى** <تىب> تىبابەتچىلىكتە ئېغىر بولغان كەم قانلىق كېسىلىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**قان ئاققۇزماق** ① زەخىملەندۈرۈش، ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق قانلىق ۋەقە تۇغدۇرماق، ئۆلۈم-يېتىم ئىشنى كەلتۈرۈپ چىقارماق، قەتل قىلماق: ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا قان ئاققۇزىدىغان ئىش قىلىشاق بولمايدۇ. ② قۇربانلىق قىلماق، مال ئۆلتۈرمەك، قان قىلماق.

**قان ئالماق** <تىب> ئوكۇل يىڭنىسى ئارقىلىق ۋېنا تومۇرىدىن قان سۇيۇقلۇقىنى سۇمۇرۇپ ئالماق.

**قان ئامبىرى** <تىب> دوختۇرخانىلاردىكى زاپاس قان ساقلىنىدىغان ئۈسكۈنە.

**قان ئايلىنىش** <بىئول> قان سۇيۇقلۇقى يۈرەكتىن ئېقىپ چىقىپ ئارتېرىيە قان تومۇرلىرىغا كىرىپ، ئوكسىگېن، ئوزۇقلۇق ماددىلار ۋە گورمون قاتارلىقلارنى بەدەندىكى ھەرقايسى توقۇلمىلارغا توشۇيدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە توقۇلمىلاردىكى كاربون (IV) ئوكسىدى قاتارلىق كېرەكسىز ماددىلارنى ۋېنا قان تومۇرى ئارقىلىق يۈرەككە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئاندىن ئۆپكە ئارتېرىيىسى ئارقىلىق ئۆپكە ئىچىگە ئېلىپ كىرىپ گاز ئالماشتۇرۇش جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئاندىن ئۆپكە ئارتېرىيىسى ئارقىلىق يۈرەككە ئېقىپ كىرىدۇ. قان ئايلىنىش مانا مۇشۇنداق بىر پۈتۈن ئايلىنىش جەريانىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قان بەرمەك** <تىب> ساغلام كىشىلەرنىڭ قان سۇيۇقلۇقىنى مەلۇم ئەسۋابلار ئارقىلىق كېسەل كىشىنىڭ تېنىگە كىرگۈزمەك.

**قان بولماق** ① قانغا بويالماق: قولۇم قان بولدى. ② كۆچمە. قاتتىق ھەسرەتلەنمەك، قاتتىق سىقىلماق، ئازابلانماق، خۇن بولماق: مەن ئۆزۈمنى دەپتىمەن گۈزەل، بىراق ساڭا يەتمىگىم گۇمان. رەشك بىلەن يېنىپ شۇ مەھەل، يۈرەك-باغرىم بولدى لەختە قان.

**قان بولۇشۇپ كەتمەك** ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى ياردار قىلىشماق، ناھايىتى قاتتىق ئۇرۇشماق: — تالاشىپ، — دېدى كامال سۆز قىستۇرۇپ، — تالىشىپ قان بولۇشۇپ كەتسۇن بۇ ئىتلار! * ئۇلار كىچىككىنە بىر ئىش ئۈچۈن قان بولۇشۇپ كېتىشتى.

**قان بېجى** تارىخ. كونا جەمئىيەتتە ئۆلتۈرۈپ ساتقان، ئۆزلىرى يېيىش ئۈچۈن سويغان مالغا ئېلىنىدىغان باج.

**قان بېسىمى** <تىب> تومۇرلاردىكى قان سۇيۇقلۇقىنىڭ تومۇر دىۋارىغا بولغان بېسىمى. ئۇ يۈرەكنىڭ قىسقىرىشى ۋە ئائورتا دىۋارىنىڭ ئېلاستىكلىق تەسىرى تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. يۈرەك قىسقىرىغان ۋاقىتتىكى ئەڭ يۇقىرى قان بېسىمى قىسقىرىش بېسىمى، كېڭەيگەن ۋاقىتتىكى ئەڭ تۆۋەن قان بېسىمى كېڭىيىش بېسىمى دەپ ئاتىلىدۇ.

**قان بېسىمىنى ئۆلچىگۈچ** <تىب> قان بېسىمىنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. رېزىنكە خالتا، ناسوس ۋە مانومېتىرلاردىن تەشكىل تاپىدۇ. مانومېتىر ئادەتتە سىماب قاچىلانغان شكالىلىق ئەينەك نەيچىدىن ئىبارەت بولىدۇ.

**قان پلازمىسى** <ئانات> قان سۇيۇقلۇقىنىڭ قان دانىچىسى ۋە قان پلاستىنكىسىدىن باشقا قىسمى. رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇق بولۇپ، تەركىبىدە سۇ، ئانئورگانىك تۇز، ئوزۇقلۇق ماددىلار،

گورمۇن ۋە ئۇرىيە كىسلاتاسى قاتارلىقلار بولىدۇ. ئۇ قىل قان تومۇرلىرىدا سۈزۈلگەندىن كېيىن توقۇلما سۇيۇقلۇقىغا ئايلىنىدۇ.

**قان پلاستىنكىسى** <ئانات> قان سۇيۇقلۇقىنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. قان دانىچىسىدىن كىچىك، شەكلى رەتسىز كېلىدۇ. تەركىبىدە ترومبوكىنازا بولۇپ، قاننىڭ قېتىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

**قان تەپمەك** ← **قان يۈگۈرمەك.**

**قان تەرەت قىلىش** <تب> چوڭ-كىچىك تەرەتلەردە قاننىڭ ئارىلىشىپ كېلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قان ترومبىسى** <تب> ئارتېرىيە قان قېتىشى ياكى قان تومۇر دىۋارىنىڭ زەخىملىنىشى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك ياكى قان تومۇرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئاز مىقداردىكى قاننىڭ قېتىۋېلىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولىدىغان مونەكلەر. يۈرەك ياكى قان تومۇرلارنىڭ ئىچكى دىۋارىغا يېپىشىپ تۇرىدۇ. ئۇ تەدرىجىي ئورگانىكلىشىپ ئورگانىزمنىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىشى ياكى ئاجراپ كېتىپ قان تومۇرلاردا كەپلەشمىلەرنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن.

**قان تومۇر** <ئانات> قان سۇيۇقلۇقى بەدەندە ئايلىنىپ ئۆتىدىغان نەيچىسمان قۇرۇلما. ئۇ ئارتېرىيە، ۋېنا ۋە قىل قان تومۇرلىرىغا بۆلۈنىدۇ.

**قان تۆكمەك** ① قانلىق جەڭ قىلماق، ئۆلتۈرمەك: قان تۆكمەي ئازادلىققا چىققىلى بولمايدۇ، دۈشمەندىن قورقماسلىقىمىز كېرەك. * — ئەي يىگىت — دېدى ھاتەم ئىككىنچىسىگە، — ئاللادىن قورقماي نېمىشقا ناھەق قان تۆكىسلەر؟ ② جان پىدا قىلماق، ئۆزىنى قۇربان قىلماق: — ئۇلارغىلا يۈلىنىۋالغان بىلەن بولمايدۇ، — دېدى لۇتپۇللا مۇتەللىپ چۈشەندۈرۈپ، — مۇنداق قىلساق، قان تۆكمەي تۇرۇپ تەييارغا ھەييار بولۇۋېلىش بولۇپ قالىدۇ. * توشقان دەريا بىر ياندا شاۋقۇن سالار، گاھى-گاھى جىم بولۇپ غەمگە قالار. شۇنداق ئۆتتى بۇ كېچە ۋەھىمە بىلەن، قان تۆكۈشكە كۆز قىيماي رەھمە بىلەن.

**قان تىپى** <تب> قاننىڭ تىپلىرى. ئۇ قان ھۈجەيرىلىرىنىڭ قېتىشىش ھادىسىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن O, A, B, ۋە AB دىن ئىبارەت تۆت خىل قان تىپىغا بۆلۈنىدۇ. قان بەرگەندە O تىپتىكى قاننى ھەممىسىگە بەرگىلى، AB تىپىغا خالىغان تىپتىكى قاننى بەرگىلى بولىدۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭغا چوقۇم ئوخشاش تىپتىكى قاننى سېلىش كېرەك.

**قان چۆكۈش** <تب> يېڭى قاننى ئالاھىدە ياسالغان شكاللىق ئەينەك نەيچىگە قاچىلاپ، مەلۇم ۋاقىت تىنچ ھالەتتە تۇرغۇزغاندىن كېيىن، قىزىل قان دانىچىسى قان پلازمىسىدىن ئايرىلىپ ئاستىغا قاراپ چۆكىدۇ. قىزىل قان دانىچىسىنىڭ چۆكۈش سۈرئىتى «قان دانىچىسىنىڭ چۆكۈش نىسبىتى» ياكى قىسقارتىلىپ «قان چۆكۈش» دەپ ئاتىلىدۇ. قان چۆكۈشنى ئۆلچەش كلىنىكىلىق دىئاگنوز قويۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**قان چېپىشماق** ئۇرۇشۇپ بىر-بىرىنى يارىدار قىلىشماق، قاتتىق ئۇرۇشماق.

**قان چىقارماق** خۇراپاتلىقتا بىرەر جانلىقنى بوغۇزلاپ ئۆلتۈرۈپ خۇدالىق قىلماق؛ قان قىلماق.

**قان دانىچىسى** <ئانات> قان سۇيۇقلۇقىدىكى ھۈجەيرە. قىزىل ئىلىك، تال قاتارلىقلاردىن ئىشلىنىپ چىقىدۇ. ئادەتتە

ئۇ «ئاق قان دانچىسى» ۋە «قىزىل
قان دانچىسى» دەپ ئىككى خىلغا
ئايرىلىدۇ.

**قان رايى** <تىب> خىمىيىلىك تەجرىبە
ئۇسۇلى ئارقىلىق قان سۇيۇقلۇقى
تەركىبىدىكى قىزىل قان دانچىسى،
ئاق قان دانچىسى، قان پلاستىنكىسى
قاتارلىقلارنىڭ سانىنى ھېسابلاپ چىقىش
نەتىجىسىدە ئىشلەنگەن جەدۋەل.
دىئاگنوز قويۇشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قان رەڭ** رەڭگى قانغا ئوخشاش رەڭ،
قېنىق قىزىل رەڭ.

**قان زەردابى** <ئانات> قان پلازمىسىدـ
ـكى تالا ئاقسىلىنى چىقىرىۋەتكەندىن
كېيىن قالغان ئاچ سېرىق رەڭلىك
سۈزۈك سۇيۇقلۇق. ئۇنى قان سۇيۇقلۇقى
قاتقاندىن كېيىن ئايرىپ ئالغىلى بولىدۇ.

**قان زەردابى كېسەللىكى** <تىب> قان
زەردابىنى ئوكۇل قىلىش نەتىجىسىدە
كېلىپ چىققان زىيادە سەزگۈرلۈكى
ئېشىپ كېتىش خاراكتېرلىك بىر خىل
كېسەللىك. بۇنىڭدا بوغۇملار ئاغرىش،
ئەسۋەلەر پەيدا بولۇش، پۈتۈن بەدەنـ
ـدىكى لىمفا تۈگۈنى ئىششىش ۋە قىزىتىش
قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**قان زەھەرلىنىش كېسىلى** <تىب>
كېسەللەنگەن جاي چىقارغان زەھەرلىك
ماددىلار (باكتېرىيە، زەھەر قاتارلىقلار)ـ
نىڭ قان سۇيۇقلۇقىغا كىرىپ قېلىشى
نەتىجىسىدە پۈتۈن بەدەن زەھەرلىنىدـ
ـغان بىر خىل كېسەللىك.

**قان سۇيۇقلۇقى** <ئانات> ← **قان.**

**قان شورىغۇچى** قان شورايدىغان،
قان شوراشقا ئادەتلەنگەن: قان شورىـ
ـغۇچى قۇرت.

**قان شورىغۇچى قۇرت** <زوئول> بىر
خىل پارازىت قۇرت. رەڭگى ئاقۇچ كۆل
رەڭ، ئەركىكى بىلەن چىشىسى دائىم
چاپلىشىپ تۇرىدۇ. تۇخۇمى چوڭ تەرەت
بىلەن سۇغا چىقىرىلىدۇ. سۇدا تۇخۇمدىن
چىقىپ تۈكلۈك لىچىنكىغا ئايلىنىدۇ. مىخ
قولۇلىسىنىڭ تېنىگە ئۆتكەندىن كېيىن
قۇيرۇقلۇق لىچىنكىغا ئۆزگىرىدۇ. كىشىلەر
سۇغا چۈشكەندە ياكى ھايۋانلار سۇغا
كىرگەندە قۇيرۇقلۇق لىچىنكا قولۇلىدىن
ئايرىلىپ تېرىگە، ئاندىن ئادەمنىڭ
ئىچكى ئورگانلىرىغا ئۆتۈپ، رەسمىي
يېتىلگەن قۇرتقا ئۆزگىرىدۇ. يېتىلگىنى
ئاساسەن جىگەر ۋە ئۈچەيدە ياشاپ قان
شورىغۇچى قۇرت كېسىلىنى پەيدا قىلىدۇ.

**قان شورىغۇچى قۇرت كېسىلى** <تىب>
قان شورىغۇچى قۇرت ئادەم بەدىنىگە
كىرگەندىن كېيىن، جىگەر ۋە ئۈچەيدە
پارازىت ياشاپ پەيدا قىلىدىغان بىر
خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا، قىزىش،
سوغان پەيدا بولۇش، ئىچ سۈرۈش،
قورساققا سۇ چۈشۈش ۋە جىگەر بىلەن
تال چوڭىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر
كۆرۈلىدۇ.

**قان شورىماق** قاتتىق ئەزمەك، دەھشەتـ
ـلىك ئېكسپىلاتاتسىيە قىلماق: شامەخسۇت
بىلەن بەگ-غوجىلار شۇنچە يىللاردىن بېرى
بىزنى قول قىلىپ قېنىمىزنى شورىدى. خالىسا
ئاتتى، خالىسا ساتتى.

**قان شېكىرى** <ئانات> قان تەركىبىدـ
ـكى شېكەر ماددىسى. ئاساسەن
گلۇكوزىدىن ئىبارەت بولۇپ، يېمەكلىكلەردـ
ـكى كراخمال ۋە شېكەرلەردىن كېلىدۇ.

**قان شىرنىسى** <ئانات> ← **قان
پلازمىسى.**

**قانغا بويىماق** قانلىق قىرغىن قىلماق،
نۇرغۇن قان تۆكمەك: ئۇنداق قىلماي،

ماجۇڭيىڭغا قويۇپ بەرسەك، ئۇ لومودى بۇ يەردە ئۆز ئالدىغا پادىشاھلىق قۇرىمەن دەپ ئەزىز يۇرتىمىزنى قانغا بوياپ تاشلايدىغان ئوخشايدۇ.

**قانغا قان، جانغا جان ئالماق** ← **جانغا جان، قانغا قان ئالماق**: – ئاتام خېلى ياخشى بولۇپ قالغان، ساقىيىپ ئورنىدىن تۇرغاندا، مەن بۇنىڭدىن قانغا قان، جانغا جان ئالىمەن! – دېدى تازچاق. * ئاغزىدىن ئىمان، قولىدىن تەسۋى چۈشمەيدىغان بۇ قاتىللاردىن قانغا قان، جانغا جان ئالماي بولمايدۇ.

**قان قاچماق** رەڭگى، تۈسى ئۆزگەرمەك؛ رەڭگى ئۆچمەك، تاتارماق: ئەتىسى ئەتىگەندە، دوختۇر رىككاردو رەڭگىدىن قان قاچقان، چارچىغان ھالدا جېمانىڭكىگە كىرىپ كەلدى. * شاۋۇدۇنباينىڭ بۇ سۆزى بىلەن تەڭ، خەتتاتنىڭ چىرايىنىڭ قېنى قاچتى، لەۋلىرى دىرىلدەپ، بۇرنىنىڭ ئۇچىغا بىردەمدىلا تەر تامچىلىرى تەپچىرەپ چىقتى.

**قان قەرز** باشقىلارنى ئۆلتۈرۈش، جېنىنى ئېلىش بەدىلىگە تۆلىنىدىغان قەرز، قانلىق قەرز: ئەيسا پاششاپ مەخسۇت بەگنىڭ قۇراللىق لۈكچەكلىرىنىڭ باشلىقى بولۇپ، ئىككى قولى بىگۇناھ خەلقنىڭ قىپقىزىل قېنى بىلەن بويالغان، سانسىز قان قەرزگە بوغۇلغان ئەبلەخ ئىدى. * – كەلدى، بۇيرۇق، – ئابلىمىت ئېيتتى ئۇلارغا خۇش خەۋەر، – قىلمىشى، قان قەرزى بەگنىڭ ئاشتى چەكتىن شۇ قەدەر.

**قان قەرزگە بوغۇلماق** ئادەملەرنى ناھەق ئۆلتۈرۈپ نۇرغۇن جانغا قەرزدار بولماق: بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان جادۇگەرلەر – قان قەرزگە بوغۇلغان ئەشەددىي قانخورلار، زەھەرلىك ئچايانلاردۇر.

**قان قۇسقۇر** «قان قۇسۇپ، ئۆلگەيسەن» دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى: ئۇ قان قۇسقۇر بىزگە نېمىلەرنى قىلمىدى؟

**قان قۇسماق** ① قان ياكى قان ئارىلاش قۇسماق: ئىلاجىسىز ماڭدى دادام مىڭ تەستە تۇرۇپ، ياتتى يەنە ئىش قىلالماي خاڭدا قان قۇسۇپ. ② كۆچمە. كۆڭلى قاتتىق ئازابلانماق، ئىچى ئۆرتەنمەك.

**قان قۇيۇشلۇق مېتىسلاشتۇرۇش.** چارۋىلارنىڭ مەلۇم بىر خىل نەسلى تەلەپكە ئۇيغۇن بولغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ مەھسۇلدارلىقىدا مەلۇم نۇقسانلىرى بولۇپ، ئۇنى ئۆز نەسلى ئىچىدە دەرھال ئۆزگەرتىپ كەتكىلى بولمىسا، باشقا نەسلىدىن مەقسەتلىك تاللاپ تۇرۇپ ھېلىقى نۇقسانلىق نەسىل بىلەن بىرلا قېتىم مېتىسلاشتۇرۇپ، چىققان مېتىسنى يەنە ھېلىقى نۇقسانلىق نەسلىنىڭ ئىچىدە داۋاملىق مېتىسلاشتۇرۇپ ئۆزگەرتىش. ئۇ يەنە نەسىل ياخشىلاش خاراكتېرىدىكى مېتىسلاشتۇرۇش دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قان قېرىنداش** ① بىر ئاتا-بىر ئانىدىن تۇغۇلغان بىر ئەۋلادقا مەنسۇپ قېرىنداش، بىۋاستە تۇغقان: ئۇ بۇ ئىشتىن شەخسىي خاھىشى بويىچە باش تارتىدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ مەخسۇس ئاقسۇغا بېرىپ، بىر تۇغقان قان قېرىندىشىم دەپ تۇرماي، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ جازالىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى. ② بىر مىللەتتىن بولغان، بىر نىشان، بىر مەقسەت ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر: ئېچىلماي سولدى گۈل-غۇنچە، بولۇپ كۆكلەمگە زار شۇنچە، جۇدۇن پەسلىدە ئايرىلدۇق، تۇمەنمىڭ قان قېرىنداشتىن.

**قان قېرىنداشلىق** قان قېرىنداشلاردا بولىدىغان، قېرىنداشلارچە، ناھايىتى يېقىملىق: بۇ چوڭقۇر دوستلۇق مېھرىنى ئېلىپ، يۇرتىمىزدىكى ھەر مىللەت قېرىنداشلارغا يەتكۈزىمىز. مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى بۇ خىل ھەقىقىي قان قېرىنداشلىق مۇناسىۋەتنىڭ تېخىمۇ گۈللەپ ياشنىشى ئۈچۈن تىرىشىمىز!

**قان قېيىش** <تب> يەرلىك قىزىل تومۇرلار ياكى قىل تومۇرلار كېڭىيىپ، ئۇلارغا كېلىدىغان قان مىقدارى ئېشىپ، قان ئېقىمى تېزلىشىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇ ھارارەت تەسىرىدە قىزىل تومۇر كېڭىيىش، تومۇرلارنى تارايتقۇچى نېرۋىلار پالەچلىنىش تۈپەيلىدىن كېلىپ چىقىدۇ. ھەزىم قىلىش چېغىدا ئاشقازان ۋە ئۈچەيدە، ھەرىكەت قىلغان چاغدا گۆشلەردە بۇ خىل ھادىسە يۈز بېرىدۇ. ھاياجانلانغاندا ۋە ھەر خىل غىدىقلىنىشلاردىمۇ يەرلىك قان قېيىش ھادىسىسى كېلىپ چىقىدۇ.

**قان قىزىقلىق** قىزىققانلىق، مىجەزى ئىتتىكلىك: — ئۈگىنىشكە ۋاقتىڭنى كۆپ ئاجرات، غەيرەتلىك بول، قان قىزىقلىقىڭنى تۈگىتىپ كەمتەر بول، — دېدى ئانام ماڭا. * سەن ھەرگىز قان قىزىقلىق قىلمىغىن!

**قان قىزىل ماددىسى** <بئول> تەركىبىدە ئىككى ۋالېنتلىق تومۇرى بولغان فورفورىن مولېكۇلىسى، يەنى گېموگلوبىن مولېكۇلىسىنىڭ ئوكسىگېن بىلەن بىرلىشىدىغان قىسمى.

**قان قىساسى** ئۆلتۈرۈش، جېنىنى ئېلىش بەدىلىگە ئېلىنىدىغان قىساس؛ چوڭقۇر ئۆچمەنلىك، ئىنتىقام: دەل مۇشۇ ئىشلار بولۇۋاتقاندا، بەھزاد بۇلغارىينىڭ ئىنىسى نۇشاد 220 يۈزمىڭ لەشكەر بىلەن ئاكىسىنىڭ قان قىساسىنى ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كەلدى.

**قان قىلماق** ① بىرەر مالنىڭ بېشىنى كەسمەك، مال بوغۇزلىماق، مال ئۆلتۈرمەك: — بۇنداق قىلسىلا، قان قىلىپ كاتتا نەزىر بەرگەن بىلەن باراۋەر بولىدۇ، — دېدى باخشى ھېچ قىزارماستىن، رەپىق ئاكىنىڭ قويلىرىنى ئېگىكى بىلەن كۆرسىتىپ. * بۇ ئېشتا ئەر-خوتۇننى بىر-بىرىگە ئامراق قىلىدىغان دۇرۇتنى يۈز مەرتەم ئوقۇپ، ئاندىن قان قىلىش كېرەك. ② بىرەر كېسەل ياكى ئۇچۇقنى كەتكۈزۈش ئۈچۈن قوي، ئۆچكە، توخۇ ياكى كەپتەر قاتارلىقلاردىن بىرەرىنى بوغۇزلاپ ئىسسىق قېنىنى ئادەم بەدىنىگە تەگكۈزمەك؛ قان ئاققۇزماق: ئۇنىڭغا مەشھۇر تېۋىپ تەييارلىغان تۈرلۈك-تۈمەن دورا-شەربەتلەرمۇ كار قىلمىدى. قارا قوينىڭ تېرىسىگىمۇ ئېلىشىپ باقتى، قىرقىلمىغان كۆك ئوغلاقنىمۇ قان قىلىشىپ كۆردى، باخشىمۇ ئوقۇپ باقتى، داخانىمۇ چوقۇپ باقتى، ھېچقايسىسى پايدا قىلمىدى. * — ئۇچۇقنى قاچۇرۇش ئۈچۈن قان قىلماي بولمايدۇ، — دېدى سوپى. ③ قان تەگكۈزمەك؛ قان يۇققۇزماق، قانغا بويىماق: چاپىنىڭنى قان قىلىپسەن. * مەن قولۇمنى قان قىلدىم. * ئۇ ھەدەپلا تەكشۈرگۈچىنىڭ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلدۇ. ④ كۆچمە. قاتتىق ئازابلىماق، ئېغىر دەردكە دۇچار قىلماق: ئۇ ھەدەمنىڭ ئىشى يېتەرلىك دەرىجىدە كىشىنىڭ يۈرەك-باغرىنى قان قىلدى. * چاقىنغان قارا كۆزى بىرەھىم ئىكەن، بىلدىم، كىرپىكىنى ئوق ئەيلەپ، يۈرەكنى قىلار قان قىز.

**قان قىلىۋەتمەك** قانغا بويىماق، قانغا مىلىمەك: ئۇ دۈيجاڭ زىۋىرشانى ئۇرۇپ ئاغزى-بۇرنىنى قان قىلىۋەتسىمۇ يەنە شۇنىڭ راست.

**قان كەتمەك** ① بىردىنلا قان چىقماق، قان ئاقماق، قانىماق: بىرىنىڭ تايىقى ئۇنىڭ بۇرنىغا تېگىپ كېتىپ قان كەتتى، كىشىلەر

ئۇلاشتى. * مەخسۇت بەگ ئۇنىڭ ئېغىزىغا مۇشت بىلەن بىرنى سالدى، ئىمام خاتىپنىڭ بىر چىشى ئېزىلىپ، ئېغىزىدىن ئۇقتەك قان كەتتى. ② كۆچمە. پەقەت چىدىيالماي قالماق، قاتتىق ھەسەت قىلماق: بۇلارنى كۆرۈپ ئۇنىڭ ئىچىدىن قان كەتتى.

**قان كەچمەك** قانلىق ،جەڭلەرگە قاتناشماق: — ئۇلار قان كېچىپ بولسىمۇ، بەلگىلەنگەن نىشاننى ئىگىلىمەي قويمىدى، — دېدى سوپاخۇن تەمتىراپ. * مەن نېچۈن سۆيمەيمەن ئۇ سۆيگەن گۈلنى. مەن نېچۈن سۆيمەيمەن ئۇ سۆيگەن يەرنى. باللار سۆيۈندۇق بۈگۈن بۇ تاغدىن، ئاتىلار قان كېچىپ قىلغاچقا جەڭنى.

**قان كېزىك** <تب> ئۇچەي قاناش تۈپەيلىدىن چوڭ تەرەت قان ئارىلاش كېلىدىغان بىر خىل كېزىك.

**قان گۇرۇپپىسى** <تب> ← **قان تىپى.**

**قان نوكچىسى** <تب> ← **قان ترومبىسى.**

**قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ** قاتىلغا كەڭچىلىك قىلىپ، گۇناھىدىن ئۆتۈشكە ئىشارە: — يىغلىماڭ، رەقىپ جۇرىن، — دېدى داۋۇت ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولمايدۇ. * قاننى قان بىلەن يۇغىلى بولامدۇ؟ مەن ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتۈم.

**قان ئۇيۇمىسى** <تب> ← **قان ترومبىسى.**

**قان ئېقىتماق** ← **قان ئاققۇزماق.**

**قان ئىچەر** قاتىل، ئادەم ئۆلتۈرگۈچى، ئەشەددىي زالىم: ئۇ قان ئىچەر زالىمدىن قاچان قۇتۇلارمىز دەپ ھەسرەت چېكەتتى. * مايىسخان ئۆزى ئوبدان، بەزىدە خۇيى يامان، ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى، قان ئىچەر قارا زامان. // ئۆتمۈشتە سىياسەت چىرىك بولغاچقا ئاشۇ سىدىق قازىدەك قان ئىچەرلەر شۇنچە كۆپ ئادەملەرنى بوزەك قىلغانىدى.

**قان ئىچكۈر** ← **قان ئىچەر:** بۇ گەپچە شىنجاڭ خەلقى ئۆمۈرۋايەت قان تۆكۈلۈشتىن قۇتۇلماي، ناھەق ئۆلۈپ تۈگەشكۈدەكقۇ! بىز خەلقنى جەبىر-زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرىمىز، قان ئىچكۈرلەردىن قۇتۇلدۇرىمىز دەپ ئىنقىلاب قىلغان.

**قان ئىچمەك** قاتتىق زۇلۇم سالماق؛ قاتىللىق قىلماق: سەنلەر تۇتۇپ بېرىش، ئۆلتۈرۈش، قان ئىچىش ھېسابىغا مەنسەپ ئورنىغا ئىگە بولغانلار. * — دېمەمسەن، قانۇندا كەمبەغەللەر ئاچلىقتىن ئۆلسۇن، بەگزادىلەر قان ئىچىپ سەمرىسۇن دېگەن ماددا بارمۇ؟ — دېدى قاسىم قايىنغان ھالدا.

**قان ئىشلەش** <فىزئول> قىزىل ئىلىك، لىمفا تۈگۈنى ۋە تال قاتارلىق ئەزالارنىڭ قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىسى ئىشلەش جەريانى.

**قان ئىشلىگۈچى ئەزالار** <فىزئول> قان ھۈجەيرىسى ۋە قان پلاستىنكىسىنى ھاسىل قىلىدىغان ئەزالار. ئادەتتە قىزىل ئىلىك، لىمفا تۈگۈنى ۋە تالنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قان يۇتماق** قاتتىق ھەسرەت چەكمەك؛ قاتتىق قايغۇرماق، ئازابلانماق: ئۇ گېپىنى تۈگىتىپ نېرىقى ئۆيگە كىرىپ كەتتى، بىچارە نەسىبە ئىچىدە قان يۇتۇپ، دەردىنى تېشىغا چىقىرالماي قالدى. * كوچاڭدىن تولا ئۆتتۈم، سۆگەت شاخىنى تۇتۇپ. سەن چىقمايسەن ئۆيۈڭدىن، مەن يۈرۈيمەن قان يۇتۇپ.

**قان يۈگۈرمەك** يۈزدە قىزىللىق پەيدا بولماق، قانلار كۆرۈلۈشكە باشلىماق، قىزارماق: راھىلەنىڭ قېنى بىمارنىڭ زەئىپ تومۇرىغا تامغاندا، ئۇنىڭ زەپىراندەك سارغايغان

چىرايىغا ئاستا-ئاستا قان يۈگۈردى. * ھەيدەرنىڭ چىرايىغا قان يۈگۈردى، ئۇ قولىغا دوپپىسىنى ئېلىپ ئاقىرىپ كەتكەن بېشىنى تاتىلاپ تۇرۇپ: — شۇنداق دېگىن، ئۇنداق بولسا بەك ئەرزان، — دېدى.

**قان يىغلىماق** زار-زار يىغلىماق، قاتتىق يىغلىماق، قاتتىق قاقشىماق: ئۇلارنىڭ نەق ئۈستىدىن چۈشكىنىگە خۇشال بولغان پەرھات ئۇلارنىڭ قېشىغا ئۇقتەك يۈگۈرۈپ كېلىپ: — پۇلنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىڭلار، بىچارە ئايال قان يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى. * دىلبىرىم كەتتى يىراققا ئۇتى مەندىن كەتمىدى. ئاھ ئۇرۇپ قان يىغلىسام دەردىم خۇداغا يەتمىدى.

**قېنى قاينىماق ← قېنى قىزىماق:** كېرىمجان دېگەن ئۇستا قوشچى يىگىت: — بۇ تۈزى كەم گەپنى ھازىرچە قويۇپ تۇرۇڭلار، بىز ئاغچىئايلام ئوينىمايمىز. قوش ھەيدەيمىز، — دەپ ئۇلارنىڭ پىكرىگە قارشى چىقتى، مانا شۇ ۋاقىتتا رازىيەنىڭ قېنى قايناشقا باشلىدى.

**قېنى قىزىق** ئاسانلا ئاچچىقلىنىدىغان، تېرىككەك، ئاچچىقى كەلسە ئۆزىنى تۇتالمايدىغان، ئاچچىقى يامان: — قېنى قىزىق ئادەم. * ئەمما سىزگىمۇ ئازراق پىكرىم بار، قېنىڭىز قىزىقراق ئوخشايدۇ، بەزى ئىشلارغا سەۋر-تاقەت قىلىش تەس ئەلۋەتتە، لېكىن شۇنداقتىمۇ، — دېدى شۇجى كۆزەتچىگە كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

**قېنى قىزىماق** ئاچچىقى كەلمەك، غەزەپلەنمەك: بىردىنلا باشلىقنىڭ ناھەق ئازار بەرگىنىگە زادى چىداپ تۇرالمىدىم، قېنىم شۇنچىلىك قىزىدىكى، تۇمشۇقۇمنى پۈرۈشتۈرۈپ، لېككىدە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتتىم. * ئابدۇۋەلى بۇ شاللاقنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى قانچە تەمكىن تۇتۇشقا تىرىشسىمۇ، لېكىن بارغانسېرى قېنى قىزىۋاتاتتى.

**قانائەت** ئى [ئە] ① ئازغا ياكى بارىغا كۆنۈش، بارى بىلەن كۇپايىلىنىش، نەپسىنى يىغىش؛ كۆپكە، جىققا ئىنتىلمەسلىك: قانائەت قىلماق. قانائەت — تۈگىمەس خەزىنە (ماقال). * كەمبەغەلنى قانائەت ئاسرايدۇ. * بىزنىڭ پونكىتىمىزدىمۇ ئەنە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئەمەلىيەت جەريانىدا ئىگىلىگەن ئەمەلىي بىلىمىدىن قانائەت قىلىپ، قورسىقىم توق، كۆڭلۈم شوخ، ئۆزگىلەرگە ھاجىتىم يوق، دەپ بۇرۇت تولغاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزۈۋېتىدىكەنمەن. ② مەمنۇنلۇق، خۇرسەنلىك، مەمنۇنىيەت: ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ چىرايىدا قانداقتۇر بىر خىل يېقىملىقىنا قانائەت تۇيغۇسى پەيدا بولدى. لېكىن كىتاب ئوقۇش ئۇزاق داۋام قىلمىدى، بىردەمدىن كېيىن تۈگمىسگە ئانىنا ئوردېنىنى تاقىغان مەسلىھەتچى ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ③ ئارام، تىنچلىنىش: كۆڭلى قانائەت تاپماق.

**قانائەت تاپماق ← قانائەتلەنمەك:** بۇ ياشلار كەمبەغەل دېمەي مېنىڭ بېغىمغا كەلگەنىكەن، قويۇمنى ئۇلارغا سويمىغۇچە ھەرگىز قانائەت تاپمايمەن. * — مەن شۇ گېزىتنى بىر كۆرەي، — دېدى نۇرئاخۇن سادىقنىڭ سۆزلىرىدىن كۆڭلى قانائەت تېپىپ.

**قانائەت قىلماق ← قانائەتلەنمەك:** بولدى، شۇنىڭغا قانائەت قىلايلى، كۆپ يەيمەن دەپ، ئاز يەپ قالمايلى يەنە. * باشقىلارغا ياخشى ئىشلەپ بېرىپ، ئىنساپ بىلەن ئىش ھەققى ئالساڭ، خېرىدارلىرىڭ كۆپ، رىزقىڭ مول بولىدۇ، ئاز پايدا، ئاز ئىش ھەققىگە قانائەت قىلساڭ، خەلق سەن بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا خۇشتار بولىدۇ. * سۆزلىگۈچى كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنىڭ ئۆزىگە قارىتىلغانلىقىغا قانائەت قىلغاندىن كېيىن، سۆزىنى داۋام قىلدى.

**قانائەتچان** سۈپ. قانائەت قىلىدىغان،

قانائەت قىلالايدىغان، قانائەتلىك: قانائەتچان ئادەم. * ئۇ ئالا يەكتەكنى كىيىپ مەسچىتنىڭ ئىشىكىنى تېپۋېلىش بىلەن ئۆزىنى خاتىرجەم ئىلىك، قانائەتچان ھايات ئىچىدە ياشاۋاتقاندەك ھېس قىلدى. * ھەر كىشىكى بولسا ئاچكۆز ناۋادا، كۆزى تويماس باي بولسىمۇ دۇنيادا، قانائەتچان ئاچ-يالىڭاچ قالسىمۇ، ئۆتەر كۈنى ئۈمىدلىك ھەم ھايادا.

**قانائەتچانلىق** «قانائەتچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — سىنىڭدە مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق، شەخسىي قەھرىمانلىقنىڭ ئۇسۇپ قېلىشىغىمۇ مەن سەۋەبچى بولدۇم، — دېدى ئۇ. * ئۇلار بىرھەپتىلىك ۋاقتىتىن پايدىلىنىپ، مېڭىسىدىكى مەغرۇرلۇق، قانائەتچانلىق كەيپىياتىغا قارىتا قاتتىق كۈرەش قىلدى.

**قانائەتسىز** سۈپ. قانائەت قىلمايدىغان؛ قانائەتچان ئەمەس: قانائەتلىك بولۇپ يۈرسەڭ سېنىڭدىن باي كىشى بولماس، قانائەتسىز كىشىدىن بەڭگە بولغان بىر خۇمار ياخشى.

**قانائەتسىزلىك** «قانائەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قانائەتلەندۈرەرلىك** سۈپ. قانائەتكە ئىگە قىلىدىغان، قانائەتلەندۈرىدىغان، قانائەتلەنگۈدەك: ئۇستا فەرقى ئۇنىڭدىن ئاچچىقلىنىش سەۋەبىنى سورىسىمۇ، قانائەتلەندۈرەرلىك جاۋاب بەرمەيتتى، پەقەت «يامان ئادەم ئىكەن توڭگۇز» بىلەن كۇپايىلىنەتتى. * بۇ قىياس بىزنىڭ ھېسسىي سەزگۈلىرىمىزنى كىشىنى قانائەتلەندۈرەرلىك دەرىجىدە چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**قانائەتلەندۈرمەك** «قانائەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالاھىدە كۆپىيە نۇسخىسىغا ئاساسەن ئۈچىنچى قېتىم يېزىلغان خەت كاتىپنى تولۇق قانائەتلەندۈر-

دى. * — مېنىڭ 41 سوئالىم بار. كىمكى شۇ سوئاللىرىمغا راۋۇرۇس جاۋاب بېرىپ، مېنى قانائەتلەندۈرەلىسە، پادىشاھلىق تاجىمنى شۇ كىشىنىڭ بېشىغا كىيدۈرۈپ، ئۆزۈم مەلىكىسى بولۇپ خىزمىتىنى قىلىمەن. جاۋاب بېرەلمىسە دارغا ئاسىمەن، — دەپ جاكارلىدى ئۇ قىز. * ئۇنىڭ جاۋابى كىشىنى قانائەتلەندۈرىدۇ.

**قانائەتلەندۈرۈشمەك** «قانائەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قانائەتلەندۈرۈلمەك** «قانائەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەرماندا «قورال تاشلىغان پىدائىيلارنىڭ ھەرقانداق ئارزۇ-تەلەپلىرى قانائەتلەندۈرۈلىدۇ» دېيىلگەنىدى. * مېنىڭ تاغامنى ئوبدان ئورۇنغا ئولتۇرغۇزۇش ئۈمىدىم ئارتۇقى بىلەن قانائەتلەندۈرۈلگەنىدى.

**قانائەتلەنمەك** پ ① يېتەرلىك دەپ ھېسابلىماق؛ بارى بىلەن كۇپايىلەنمەك، قانائەت قىلماق، قانماق: ئۆز-ئۆزىدىن قانائەتلەنمەك. * سىزنىڭ جاۋابىڭىزدىن قانائەتلەندىم. * سادىق تىرىشچان، جىددىي ۋە قانائەتلەنمەيدىغان ئوقۇغۇچى ئىدى. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ۋە باشقا ئوقۇتقۇچىلار بۇنىڭغا قانائەتلىنىپ قالمىدى. ئۇلار مەكتەپ پائالىيەتلىرىنى يەنە بىر بالداق يۇقىرى كۆتۈرۈپ تەسىر كۆرسىتىش ئۈچۈن باش قاتۇراتتى. ② رازى بولماق؛ مەمنۇن، خۇرسەن بولماق: ھۆرمەت يۈزىسىدىن راخمان بىلەن تۇرسۇنگۈل غىڭ قىلىشمىدى. ئۇلار «قېرىلار بىزدىن رازى بولسىلا مەيلىغۇ» دەپ قانائەتلەندى. * دۇنيادا ئۆز ئەمگىكىدىن سۆيۈنمەيدىغان، مۇۋەپپەقىيىتىدىن پەخىرلەنمەيدىغان ئادەم يوق، بىراق بەزىبىر ئىخلاسمەنلەر ئۆز ئىشىدىن مەڭگۈ قانائەتلەنمەيدۇ. ③ چەكلەنمەك، كۇپايىلەنمەك: مەن دادامنىڭ بۇنىڭغا قانائەتلەنمەي،

دەھشەتلىك قىياپەتتە يەنە ئاكامنىڭ ئۇرۇش ئۈچۈن ئەتراپتىن تاياق ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، سۇ توشۇيدىغان سوغىنىڭ كالتىكىنى تونۇرنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇپ قويدۇم. * ئالىم ئانىسىنى ماجىراغا قويۇش بىلەنلا قانائەتلەنمەيدۇ. تى، بەلكى ئانىسىنى تىللاپ ئۇرۇشقانلاردىن ئۆچ ئېلىشقا ئاتلىناتتى.

**قانائەتلىك** سۈپ. قانائەت قىلىدىغان؛ قانائەتچان: قانائەتلىك ئادەم. * قانائەتلىك كىشىنىڭ قارنى توق (ماقال). * بىز كەمبەغەل، قانائەتلىك ئادەملەر، كۆرگەن مۇشۇ كۈنىمىزمۇ كۇپايە. خار ئەمەسمىز ۋىجدانىمىز ئالدىدا، شاد ياشايمىز قىلىپ ئاگا رىئايە.// قانائەتلىك بولۇپ يۈرسەڭ سېنىڭدىن باي كىشى بولماس، قانائەتسىز كىشىدىن بەڭگە بولغان بىر خۇمار ياخشى.

**قانائەتلىنەرلىك** سۈپ. قانائەت ھاسىل قىلغۇدەك، قانائەتلەنگۈدەك: شائىر ئۇنىڭ ھەربىر سوئالىغا قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بەرگەنىدى. * ئۇ تۆت قېتىم تەپسىلىي تەكشۈرۈپ «كۆمۈش تاغ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى» قۇرۇشتا قانائەتلىنەرلىك ئاساسقا ئىگە بولغانىدى.

**قانات** ئى ① <زوئول> قۇش ۋە ھاشاراتلارنىڭ ئۇچۇش ئورگىنى: غازنىڭ قانىتى. كەپتەرنىڭ قانىتى. پاشىنىڭ قانىتى. چىۋىنىنىڭ قانىتى. * قۇش قانىتى بىلەن ئۇچۇپ، قۇيرۇقى بىلەن قونار (ماقال). * قارلىغاچنىڭ قاناتىدەك قوشۇما قاشلىق، مادان سۈيى تامچىغاندەك كۆزلىرى ياشلىق. ② ئايروپىلاننىڭ يەردىن كۆتۈرۈلۈپ، ھاۋادا مۇئەللەق تۇرۇشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قاناتسىمان يېيىق قىسمى. ③ چاقپىلەك، شامالدۇرغۇچقا ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ ئايلىنىشقا ياكى شامال چىقىرىشقا ياردەم بېرىدىغان قىسمى: چاقپەلەكنىڭ قانىتى. شامالدۇرغۇچنىڭ قانىتى. ④ ئاپتوموبىل، ۋېلىسىپىت قاتارلىقلارنىڭ چاقلىرى ئۈستىگە لايدىن ھىمايە قىلىش مەقسىتىدە ئورنىتىلغان قىسمى. ⑤ ئىشىك، دېرىزە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىدىغان ھەربىر بۆلىكى: ئاسىم ئاتتىن چۈشمەيلا دەرۋازىنىڭ بىر قانىتىنى ئىتتىرىپ ئاچتى-دە، ھويلىغا كىرىپ، قېرى ئۈجمىگە ئېتىنى باغلىدى. * ئۇ دېرىزىنىڭ ئىككى قانىتىنى كەڭ ئېچىۋەتتى. ⑥ مەلۇم نۇقتا ياكى لىنىيىنى بويلاپ ئورۇنلاشقان نەرسىلەرنىڭ بىرەر تەرىپى، يېنى: بىنانىڭ سول قانىتى. مەھەللىنىڭ ئوڭ قانىتى. * بۈگۈن ئۆيگە ئاپىرىپ كېلەي دەپ كېتىۋاتساق، كوچىدا ھېلىقى سودىگەر ئۇچرىدى. بىز بۇ قاناتتا ماڭدۇق، سودىگەر ئۇ قاناتتا ماڭدى. * ئوڭ قاناتتىكى ياغاچ كۇرسىلاردا نۇشىرۋان تەيجى، ھاشىر تەيجى، قېزبەگ خوجا باشلىق ئوردا بەگلىرى؛ سول قاناتتا نورۇز ئەلەم، ئۇۋەيس مۇپتى، توختى دورغا باشلىق يۇرت چوڭلىرى بولۇپ، ئون نەچچە كىشى ئولتۇراتتى. ⑦ <ھەرب> قوشۇن ياكى سەپنىڭ ئوڭ ياكى سول تەرىپى: قۇتلۇق مىڭبېشى بىرمىڭ چېرىكنى دەريا كېچىكىدىن ئىككى قانات قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. * سۇ باشى تۇغرۇلبەگ خان ئوغۇل باياتاش بىلەن بىللە بۇغراخاننى قوشۇن سېپىنىڭ ئوڭ قانات بېشىغا باشلىدى. ⑧ كۆچمە. بىرەر تەشكىلات، گۇرۇھ قاتارلىقلار ئىچىدىكى ئەڭ ئىنقىلابىي ياكى ئەڭ ئەكسىلئىنقىلابىي غايىلەرنى ئالغا سۈرگۈچى گۇرۇپپا: سول قانات يازغۇچىلار. ⑨ كۆچمە. ياردەمچى: ئات ئەر كىشىگە قانات (ماقال). * يالغۇز قىزىم نۇزۇكئاي، ئاكاڭدىنمۇ ئايرىلدىم. ھېچكىم مەندەك بولمىغاي، قانىتىمدىن قايرىلدىم.

**قانات ئاستىدا بولماق** پاناھىدا، ھىما-

يېنىدە ياكى قارمىقىدا بولماق: مەن دادامدىن كىچىك قېلىپ، پۇلدار بىر تۇغقىنىمىزنىڭ قانات ئاستىدا بولۇپ چوڭ بولدۇم.

**قانات ئاستىغا ئالماق** ھىمايە قىلماق، قوغدىماق، ھامىي بولماق: پارتىيە قاچان بىزنى ئۆز قانىتى ئاستىغا ئالدى، شۇ كۈندىن باشلاپ كۆڭلىمىز كۆلدى، دىلىمىز يورىدى. * — خامۇشبەگ خەقلەرنىڭ قىز-جۇۋانلىرىنى يىغىۋېلىپ، كېچە-كېچىلەپ مەشرەپ قىلسا، نامەھرەملىك بولماي-زە، بىر مۇساپىر قىزنى قانىتىم ئاستىغا ئالسام، نامەھرەملىك بولامدىكىن، — دېدى رەۋىخان موماي ئەلچىگە ئۆكۈپ.

**قانات ئەيلىمەك** قانات قىلماق: ۋەتەن قوينىغا نۇر چاچتى ئىلىم-پەن چولپىنى پارلاپ، تەپەككۇرنى قانات ئەيلەپ ئۇچۇشقا ئىنتىزار كۆڭلۈم.

**قانات بولماق** ① قاناتلىق رولىنى ئوينىماق: خەلقئالەمنى بۇ بالا-قازادىن قۇتقۇزۇۋېلىش پەقەت سادىقنىڭلا قولىدىن كېلىدىكەن، ئۇ «قېنى سەن، ھەزرىتى ئەلى شاھىمەردان ئۆزۈڭ قانات بول» دەپتۇ-دە، تۇرمىدىن قېچىپتۇ. ② كۆچمە. يېقىن ياردەمچىلىك رولىنى ئۆتىمەك، يېقىن ياردەمچى بولماق: سونۇر ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى: «مانا ئايال دېگەن، بۇنداق ئايال ئەرگە قانات بولىدۇ-دە، خەپ...» دەپ پىچىرلىدى ۋە ھويلىدىن يۈگۈرۈپ چىقتى.

**قانات تام** <سۇ> سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ سۇ كىرىدىغان ۋە چىقىدىغان يېرىگە، سىرتىغا كېڭەيتىپ سېلىنغان تام. سۇ كىرىدىغان تەرىپىدىكىسى سۇنىڭ ئىنشائاتقا يىغىلىپ ئېقىپ كىرىشىنى تەمىن ئېتىدۇ؛ سۇ چىقىدىغان تەرەپتىكىسى بولسا ئىنشائاتتىن چىققان سۇنىڭ تارىلىپ ئېقىپ، ئاياغ ئېقىمىغا ماسلىششىنى تەمىن ئېتىدۇ.

**قانات تومۇرى** <زوئول> ھاشاراتلار قانىتىدىكى توغرىسىغا ۋە بويىغا سوزۇلغان تومۇر.

**قانات چىقارماق** ① قانىتى پەيدا بولماق، قانىتى ئۆسمەك: باچكىنىڭ قانىتى چىقتى. * چۈجىلەر قانات چىقاردى. ② كۆچمە. چوڭ بولۇپ، مۇستەقىل تۇرمۇش كەچۈرۈش يولىغا قاراپ ماڭماق؛ ئۆز پىكرى بويىچە ئىش قىلىشقا باشلىماق.

**قانات سالماق** قانىتىنى كەرمەك، قانىتىنى قاقماق: ئۇچقۇچى ۋە تۆتىنچى خوتىنى ماشىنا شەھەرنىڭ ئاۋات، داغدام كوچىسىدا قانات سېلىپ ئۇچتى.

**قانات سۆرىمەك** ① چىشىسىنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرمەك، چىشىسى بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق (توخۇ، كەپتەر قاتارلىقلار ھەققىدە): خوراز مېكىيانغا قانات سۆرىدى. * بۇلۇق زىرائەتلەر، ئاقىرىپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرى، پەغەزلەردىكى گۇگۇلاپ ئۆز جۈپتىگە قانات سۆرەۋاتقان كەپتەرلەر، ئاخىرقى چەشلەرنى تېپىۋاتقان دېھقانىنىڭ مۇڭلۇق «لاي-لاي» لىرى يۈرەك تارلىرىمنى تىترىتىپ باللىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى. ② كۆچمە. ئىشقىي ياكى شەھۋانىي نىيەتتە خوتۇن-قىزلارنىڭ كەينىدە يۈرمەك، ئېچىپەش تارتىپ قالماق: قاسىم خېلىدىن بېرى زەيتۇنەمگە قانات سۆرەپ كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرەر مۇۋاپىق ئالاقە يولىنى تاپالماي يۈرەتتى. * كىچىككىناخۇنىنىڭ دۈي تەۋەسىدە بىرەرسىگە قانات سۆرىگەنلىكىنى بۇرۇندىن تارتىپ ھېچكىم كۆرگەن ئەمەس.

**قانات قاقماق** ① قاناتلىرىنى سىلكىمەك، ياكى قاناتلىرىنى بىر-بىرىگە ئۇرۇپ ئاۋاز چىقارماق: تۆت ئېغىز ئۆينىڭ قورۇپ قالغان ئۆگزىسىدە قىزىل خوراز تەكەببۇرلۇق

بىلەن قانات قېقىپ چىللىماقتا. * بالا ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ مۆكۈپ تۇرۇپتۇ، ھېلىقى كەپتەرلەر كۆلنىڭ بويىغا چۈشۈپ بىر قانات قاققاندىن كېيىن، ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس چىرايلىق قىزلارغا ئايلىنىپتۇ. ② قاناتلىرىنى سىلكىپ ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق: سېغىنغانچە مول ھوسۇللۇق جامالىڭنى، تىلەكلىرىم قانات قاقار سەن تەرەپكە. كۆرۈندۇ كۆزلىرىمگە تاغدەك دۆۋە، ئېقىپ تۇرغان ئاق ئالتۇنلار مەن تەرەپكە. * بولدۇقلاپ ئۇنىڭ دىل يۈرەك چەشمىسى، ئاسىيا چۆلىگە بىرىدۇ ھايات، كۆيىدە زۇلۇمغا لەنەت ياغدۇرۇپ، پەدىنى يۆتكەپ بىر نەزەر ئاغدۇرۇپ، ھۆر زامان كۆكىدە قاقىدۇ قانات.

**قانات قېقىپ يۈرمەك** قانات سۆرىمەك: ئەسلىدە ئەزىز ھاكىمنىڭ ماھىرەگە قانات قېقىپ يۈرگەنلىكىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىلەتنىڭ بىرىنى ماھىرەگە بەردى.

**قانات قىلماق** ئۆزىگە ھەمراھ، يېقىن ياردەمچى قىلماق، دوست تۇتماق: ئۆزىنىڭمۇ، ئۆزگىلەرنىڭمۇ ھاياتىنى سۆيىدىغان، تۇرمۇشقا ئاكتىپ، جىددىي نەزەر بىلەن قارايدىغان، ئۈمىد ۋە ئىشەنچنى قانات قىلغان كىشىلەر ئۈچۈن دۇنيانىڭ باغرى ھەرقاچان ئىللىق، ھەدىيە قىلىدىغان خۇشاللىقلىرىمۇ نۇرغۇن بولىدۇ.

**قانات ياپماق** ① ھىمايە قىلماق، قوغدىماق: — ئۇنداق دېمەڭ سىڭلىم، قولۇم قىسقا، سىزگە قانات ياپالمىدىم، — دېدى مۆمىن. * ئۇ يېزىلىك بولغىنى ئۈچۈن كەمبەغەللەرگە قانات ياپاتتى، بايلارنىڭ كۆزىگە چۈشكەن قىلتىرىق ئىدى. ② ھېسداشلىق قىلماق؛ يان باسماق، تەرىپىنى ئالماق: گۈزەلئاي ئەلانىڭ بۇ دوستلىرىنىڭ ئۆزىگە قانات ياپقىنىنى كۆرۈپ خۇشال بولدى، جانلاندى. * — يارايسەن سونۇر، سارىيىڭغا قارلىغاچ كېلىپتۇ، ئەزىزىڭخان تويغۇن ئايال ئىكەن، پاتىمە ساڭا يېزىسىزلىك قىلىۋىدى، دەرھال كېلىپ ساڭا قانات ياپقىنىنى قارا! — دېدى ئۇ.

**قانات ياسىماق** قانات چىقارماق: ئۇ بۇ ۋەزىپىنى تاپشۇرۇپ ئالغاندا گويا يەرگە دەسسىگۈسى كەلمەي قانات ياساپ ئەرشكە ئۇچماقچى بولغاندەك ھاياجانلانغانىدى.

**قانات يايماق** بىرەر ئىش- ھەرىكەت، پائالىيەت قاتارلىقلار ئومۇميۈزلۈك ئېلىپ بېرىلماق، راۋاجلانماق، ئەۋج ئالماق: 5-مارتتىن باشلاپ بۇ پائالىيەت كەڭ قانات يېيىپ كەتتى. * بۇ ھەرىكەت مۇشۇ بىر ئايدىلا تۈگىمەيدۇ، داۋاملىق ، ھەمىشە قانات يايىدۇ. * باشلىنىپ يېڭى ھايات، تېخىمۇ بولدۇق ئاۋات. ئۆزگىرىپ يېزا-شەھەر، ئۆملىشىش يايدى قانات.

**قانىتىدىن ئايرىلماق** بىرەر يېقىن ئۇرۇق-تۇغقىنى ياكى كۈچلۈك ھەم يېقىن ياردەمچىسىدىن ئايرىلىپ قالماق.

**قانىتى سۇنماق ← قانىتى قايرىلماق:** — بىرىنى خىزمەتتىن يۆتكىسەم، بىرىنى سولتۇۋەتسەم مۇشۇنىڭ بىلەن 3- دادۇيدىكىلەرنىڭ پۇتى چۈشلىدۇ، قانىتى سۇنىدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ. * ئاتاڭ بار ئىدى قىران بۈركۈتتەك، زالىم قولىدا قانىتى سۇنغان، يىنىپ قىساسىنىڭ ئىچىدە ئوتتەك، مۇدھىش زامانىنىڭ قۇربانى بولغان.

**قانىتى سۇنۇق** ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دەپ بىلگەن بىرەر ئادىمى، تۇغقىنى، ياردەمچىسى ياكى جېنىغا بەك ئەسقاتىدىغان بىرەر نەرسىسىدىن ئايرىلغان، مەھرۇم قالغان: — قانىتى سۇنۇق كىشى. * غېرىبلىقتا ياشاۋاتىمەن، قانىتىم سۇنۇق، قولۇم قىسقا، مادارىم يوق، ماناستىرادا بولغان بولسام

ئىككى كۈندىلا ئىرىمنى ئۇ نومۇسسىزنىڭ قولىدىن تارتىپ ئالاتتىم.

**قانتىغا قان تەگكۈزمەي** ھېچقانداق زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىماي، باشقىلارنى قىلچە گۇمانلاندۇرماي؛ ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن، پەمنى ئىشلىتىپ: كوچا ئاپتوبۇسى، پوچتىخانا، هاراقخانا، بىگۇر بوتكىسى، ھەتتا ساتىراشخانىلاردىنمۇ ئۇ مۇشۇ سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن قانتىغا قان تەگكۈزمەي چىقىپ كېتىدىغان بولدى.

**قانتىغا قىستۇرماق** ← **قانتىغا قىسماق**.

**قانتىغا قىسماق** ھىمايىسىگە، قانات ئاستىغا ئالماق، قانات ياپماق.

**قانىتى قايرىلماق** ئۆزىگە ئەڭ يېقىن دەپ بىلگەن بىرەر ئادىمى، تۇغقىنى، ياردەمچىسى ياكى جېنىغا بەك ئەسقا- تىدىغان بىرەر نەرسىسىدىن ئايرىلماق، مەھرۇم قالماق: ياخشى ئېتىمدىن ئايرىلدىم، قانىتىمدىن قايرىلدىم (ماقال). * — دادام ئۆلۈپ قانىتىم قايرىلدى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ ئىشى ماڭا قالدى، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

**قاناتسىز** سۈپ. قانىتى يوق، قانىتى بولمىغان: قاناتسىز كۆيە.

**قاناتسىز كۆيە** <زوئول> بىرخىل ھاشا- رات. تەن شەكلى ئۇزۇن، ياپىلاق، بېشى كىچىك، سەزگۈ مۈگۈزچىسى قامچا شەكىللىك، قانىتى يوق، ئۈچ تال ئۇزۇن قۇيرۇق تۈكچىسى بولىدۇ. يورۇقلۇقتىن قاچىدۇ. قاراڭغۇ جايلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. كىيىم-كېچەك، كىتاب قاتارلىقلارنى يەيدۇ.

**قاناتسىزلىق** «قاناتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قاناتسىمان** سۈپ. قاناتقا ئوخشايدىغان، قانات شەكىلدىكى: قاناتسىمان تام. قاناتسىمان قېيىش.

**قاناتسىمان قېيىش** <ئورم> تاختايلار قۇرۇغاندا، ئىككى بېشى قانات شەكىلدە بولۇپ قالىدىغان بىر خىل شەكىل ئۆزگىرىش.

**قانات-قۇيرۇق** قانات ۋە قۇيرۇق: قانات- قۇيرۇق چىقارماق. قانات- قۇيرۇقى تەڭشەل- مەك. * ئۇرغاچى توز جۈپتى بىلەن دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قانات-قۇيرۇقلىرىنى يېيىپ ھاۋاغا ئۇچۇپ كېتىپتۇ. * قانات-قۇيرۇقى يېتىش- كەن قۇشلار قانات قاققاندەك، بىر گۈلباغدىن تېخىمۇ، گۈزەل باغقا ئۇچقاندەك.

**قانات-قۇيرۇق چىقارماق** چوڭ بولماق، چوڭ بولۇپ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈر- گۈدەك بولماق: ئۇ غەزەپتىن دۇدۇقلاپ كەتتى ۋە ئالدىغا بىرقەدەم مېڭىپ قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ ئېيتتى: — سەن قانات-قۇيرۇق چىقىرىۋېلىپلا خالىغان يەردە ئۇچۇۋېرىمەن دەپ خام خىيال قىلىۋاتامسەن؟

**قانات-قۇيرۇقلىرىنى يىغىشتۇرماق** ئالدى-كەينىنى يىغىپ بىر يەرگە توپلىماق؛ ئالدى-كەينىنى بىر يەرگە يىغماق، رەتكە سالماق: 1942-يىلى نويابىرنىڭ باشلىرى ئىدى، ئالتۇنچىلارنىڭ ئۆلۈمدىن ئېشىپ قالغانلىرى ئارغىبۇلاقنىڭ ئەجەل ۋادىسىدىن چىقىۋالغاندىن كېيىن، قانات-قۇيرۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئاخىرى كېلىپ ئۇلانبايدىكى دەشت-باياۋانغا توپلاندى.

**قانات-قۇيرۇقى تەڭشەلمەك** ھەر جەھەتتە ئەھۋالى ياخشىلىنىپ يېتىشىپ قالماق؛ ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق: بىز بىر يىل جاپاغا چىداپ ئىشلەپ قوشۇمچە سودا قىلىش ئارقىلىق ئاز-تولا پۇل تېپىپ، قانات-قۇيرۇقىمىزنى تەڭشىۋالدۇق.

**قانات-قۇيرۇقنى تۈزىمەك** ھال-ئەھۋالى- نى، تۇرمۇشىنى، ئىقتىسادىنى ياخشىلىماق؛ ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق: — ھازىر تېخى بىرئاز

بالدۇر، پاچاقتا كۈچ-مادار كەم. ئاۋۋال دېھقانلار قانات-قۇيرۇقنى تۈزەپ، ماغدۇرلىنىۋالـ-سۇن. ئاندىن مەدەنىيەتكە بولغان تەلپۈنۈشنى كۆرسەن، — دېدى ئالماس دېھقانلارغا چوڭقۇر ئۈمىد باغلىغان هالدا. * — مېنىڭ كۆزۈم يەتتى، قانات-قۇيرۇقۇمنى كىچىككىنە تۈزىۋالغاندىن كېيىنلا، سەن قاراپتۇر، نەدىن بولسىمۇ بىر هالال جۈپ تېپىۋالىمەن. چىرايلىق بولسىمۇ، سەت بولسىمۇ مەيلى، — دېدى سادىق ئۆزىگە ئىشەنگەن هالدا.

**قانات-قۇيرۇقنى رۇسلىماق** ← قانات-قۇيرۇقنى تۈزىمەك: شىنجاڭدا بىرەر يىل تۇرۇپ، قانات-قۇيرۇقىمىزنى رۇسلىۋالساق، بۆلەكتىن باش كۆتۈرۈپ كېلىپ، يوغان قورساق مابۇفاڭدىن چوقۇم قىساس ئالىمىز.

**قانات-قۇيرۇقى يېيىلمەك** ← **قانات-قۇيرۇ-قى تەڭشەلمەك**: ئۇلار ئۇنىڭ هازىر خېلى قانات-قۇيرۇقى يېيىلىپ قالدى دەپ هېسابلاۋاتىدۇ.

**قاناتلاندۇرماق** «قاناتلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: هۆسەينەم ئاشۇنداق ئۈمىد، ئىشەنچلەر بىلەن هامان روهىنى قاناتلاندۇرۇپ، ئۆزىنى تېتىك، تىمەن تۇتاتتى. * — هەقىقىي ئىلىم-پەننى قانداقمۇ چەت ئەلنىڭ، بىزنىڭ دەپ ئايرىش مۇمكىن؟ ئۇنى كىم ئىگىلىگەن بولسا، شۇنى قاناتلاندۇرىدىغان قورال بولىدۇ، شۇ كىشىنىڭ دەسمايىسى بولىدۇ، — دېدى ئاbbas تەمكىنلىك بىلەن.

**قاناتلانماق** پ ① قانات چىقارماق، قانات پەيدا قىلماق: قىزىم قەلبىگۈلنىڭ خۇشال هالدا چۇقان سېلىشى بىلەن تەڭ، قالغان ساۋاقداشلىرىمۇ قاناتلانغان چۈجىلەردەك چۇۋۇرلىشىپ كەتتى. * پارتىيەم باي بول، دەيدۇ سېنى قەشقەر، قاناتلان، ئۇچقىن كۆككە قېنى قەشقەر. ② قانات قاقماق، ئۇچماق، پەرۋاز قىلماق: شۇنىڭدىن كېيىن ئەزالار قاناتلانغان بۈركۈتتەك جاسارىتى ئېشىپ-تېشىپ ئالغا ئىلگىرىلەشنى تەلەپ قىلىۋاتىدۇ. ③ كۆچمە. روهلانماق، غەيرەتكە كەلمەك؛ جۇش ئۇرماق: ئالتۇنخان ئۆزىنىڭ ئىشى ۋە سۆزلىرىنىڭ بىردىنبىر توغرىلىقىغا كۆڭلى ئىشەنگەنسېرى روهى تېخىمۇ قاناتلىنىپ، ئۆزىنى قۇشتەك يېنىك سېزىپ باراتتى. * زامانەم روهىدىن قاناتلان، قەلىمىم، قورالىم، قۇدرىتىم، سەنمۇ بىر شەيئىسەن يېڭى قان، هەر يېڭى ئىجادىم، سەنئىتىم. * چاي دېگىنىم ئاق قارنىڭ، شەربەت سۈيى ئەمەسمۇ. دىللار يايراپ-شادلىنىپ، قاناتلاندى ھەۋەسمۇ.

**قاناتلىق** سۈپ ① قانىتى بار، قانات چىققان: گىلەملەرنىڭ يەنە بىرىگە قىياپىتى مولۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان قاناتلىق ئاجايىپ بىر مەخلۇقنىڭ كېپىكنى باسماقداپ يەۋاتقانلىقى كەشتىلەنگەن. * نۇسرەتنىڭ شۇ تاپتا مەنزىلگە قاناتلىق قۇشتەك يېتىپ بېرىپ، ھەببەنى ئازاب ئىچىدىن تارتىپ ئالغۇسى، ئۇنىڭغا هاياتلىق ئۈمىدى ۋە تاتلىق ئۈيقۇ بەرگۈسى بار ئىدى. // ئەجدىها ئۇچىدۇ قاناتلىق بولۇپ. كۇچانىڭ هاۋا رەڭ گىلەمـ-لىرىدە، قوش شىرلار سەكرەيدۇ يېيىپ يالىنى. خوتەننىڭ تاش بوياق زىلچىلىرىدە. ② قانىتى بار، قانات بېكىتكەن (ئىشىك قاتارلىقلار هەققىدە): هويلىنىڭ قوش قاناتلىق ئىشىكىنىڭ تۈيۈقسىز غاچىلدىشىدىن ئۇنىڭ دىققىتى بۆلۈندى. * ياغاچچىنىڭ ياساپ كەلگىنى قاناتلىق بىر ياغاچ ئات ئىكەن. * قاناتلىقتا قاقتۇرماي ئۇنى، باقتى موماي ئاسراپ-پەپىلەپ. نەگە بارسا ئېلىپ باراتتى، گاهى يۈدۈپ، گاهى يېتىلەپ. ③ كۆچمە. تايانچى، هىماتى، قوغدىغۇچىسى بار؛ قورقماس: قارا يورغا باردا قاناتلىق ئىدىم، تاغدا كېيىك ياياق بولسا مەن ئاتلىق ئىدىم. * ئامىلى ئاتلىق، دايى قاناتلىق. كۈندە يىغلايدۇ، گۇناهسىز تاتلىق.

**قاناتلىق چاق** <ماشىن> ← **چاقپەلەك.**

**قاناتلىق ماتور** <ماشىن> قىزىسپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، قانات ئورنىتىلغان ماتور.

**قاناتلىق مېۋە** <بوت> مېۋىنىڭ بىر تۈرى. مېۋە شۆپۈكىنىڭ بىر قىسمى سىرتقا قاراپ ئۆزىراپ ئۆسۈپ قانات ھاسىل قىلىدۇ. قانات ياردىمى بىلەن ئۇچۇپ يۈرۈپ ئۇرۇقنى تارقىتىدۇ. قاناتلىق مېۋە بىر قاناتلىق مېۋە (مەسىلەن، ئەرمىدۇن)، ئىككى قاناتلىق مېۋە (مەسىلەن، زەرەڭ) ۋە يۇملاق قاناتلىق مېۋە (مەسىلەن، قارىياغاچ) دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**قاناتلىق ئوق** <ماشىن> قانات ئورنىتىل-غان ئوق.

**قاناتلىق ئۇرۇق** <بوت> ← **قاناتلىق مېۋە.**

**قاناتماق** «قانىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سابىرنىڭ پۇت-قولىنى تاش قىرلىرى تىلىپ، جىراپ قانىتىۋەتتى. * ھاجى ئاچچىقىغا پايلىماي، مايۇيجاڭنى قامچىلاپ تاشلىدى. قىسقا ساپلىق موگغۇل قامچىسى ئۇنىڭ باش-كۆزىنى قانىتىۋەتتى.

**قاناش** ① «قانىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <تىب> مېدىتسىنىدا قان تومۇرلار يېرىلىپ، قاننىڭ چىقىپ كېتىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قانال** ئى [ر<لات] ① سۇنئىي ئۇسۇلدا قېزىلغان ۋە كېمە قاتنايدىغان دەريا، ئۆستەڭ: ئاشلىق توشۇيدىغان كېمىلەر جەنۇب ۋە شىمال ئارىسىدىكى چوڭ قانال ئارقىلىق قاتنايدىكەن. ② <فىز> تېلېۋىزور، رادىئولاردىكى يۇقىرى چاستوتىلىق سۈرەت سىگناللىرى ۋە يېرىم ئاۋاز سىگناللىرى بەلگىلىك كەڭلىكنى ئىگىلىگەن چاستوتا بەلبېغى: تۆتىنچى قانال. ئالتىنچى قانال.

**قان-تەر** ① قان ۋە تەر. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپالىق ئەجىر، ئەمگەك، مېھنەت: قان-تەر سىڭدۈرمەك. قان-تەر تۆكمەك. * — مەن ياتقىمغا كىرىپلا چىقاي، مېنىڭ قان-تەرىمنى سەرپ قىلىپ يازغان رومان ۋە باشقا ئەمگەك مېۋىلىرىم دۈشمەن-نىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتمىسە، — دېدى لۇتپۇللا ئاخىرىدا دېھقان سەپداشلىرىغا. * ئۆز ۋاقتىدىكى پاقا-سازاڭلار ماكان تۇتقان بۇ سازلىققا بۈگۈنكىدەك مۇشۇنداق كاتتا زاۋۇتنىڭ قەد كۆتۈرۈشى ئۈچۈن بۇ ئادەمنىڭ سەرپ قىلغان قان-تەرى ھېسابسىز ئىدى.

**قان-تەر ئاققۇزماق** جاپالىق ئەجىر قىلماق، نۇرغۇن ئەجىر سىڭدۈرمەك، جاپالىق ئىشلىمەك: چۈنكى ئۇ نەچچە يىلدىن بېرى قان-تەر ئاققۇزۇپ تاپقان دۇنياسىدىن پۈتۈنلەي قۇرۇق قالغانىدى. * مەرھۇم زايىت ئاكام «ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتى» نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئۈچۈن خېلى كۆپ قان-تەر ئاققۇزغانىدى.

**قان-تەر تۆكمەك** ← قان-تەر ئاققۇز-ماق: مانا، كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى بىزنىڭ ئون يىللاپ قان-تەر تۆكۈپ ئېلىپ بارغان ئىنقى-لابىمىزنىڭ مېۋىلىرى ھېسابقا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**قان-تەرى سىڭمەك** بىرەر ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا جاپالىق ئەجرى، ئەمگىكى، تۆھپىسى قوشۇلماق: ئاقتاش دادۇيى بۇ سۇپەتلىك ئۇرۇقنى يېتىشتۈرۈشتە كۆپ ئەجىر قىلغان، بولۇپمۇ نورۇزنىڭ ئالاھىدە قان-تەرى سىڭگەن. * ۋەتىنىمىزنىڭ مۇقەددەس زېمىنىنى قەتئىي قوغدايمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر سىقىم تۇپرىقى، ھەربىر تال گىياھىغا ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ قان-تەرى

سىڭگەن، ۋەتەننى قوغداپ تاجاۋۇزچى قوشۇنغا زەربە بېرىش بىزنىڭ مۇقەددەس بۇرچىمىز.

**قان-تەرىنى شورىماق** قاتتىق ئەزمەك؛ زۇلۇم سالماق: — قان-تەرىمىزنى شوراپ، تېرىمىزنى شىلىپ، خالىسا ئېتىپ، خالىسا چېپىپ، شۇنچە ئانى ئەتكىنى يەتمىگەندەك، — دەپلا تەگەپ كەتتى رەۋىخان ئانا چىرىك ھۆكۈمەتنى.

**قانتۇرۇقلۇق** (توغرىسى: قاڭتۇرۇقلۇق) ← **قاڭتۇرۇقلۇق.**

**قانتېپەر** ئى [قان+تېپەر] <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى سارغۇچ يېشىل. غوزا مېۋىسى پىشقاندا قوڭۇر رەڭگە كىرىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تال، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، قان قۇۋۋىتىنى تولۇقلايدۇ.

**قانجۇق** ئى ① ئىتنىڭ چىشىسى: ئۇلار كىچىكىدىن باشلاپ بىللە بېقىلغان. بۇ يولۋاسنى ئىتنىڭ سۈتىنى ئەممىدى دېگىلى بولمايدۇ. ئوۋچى يولۋاس كۈچۈكىنى تۇتۇۋالغاندىن كېيىن، ئادەتتە بىر قانجۇق تېپىپ كېلىپ، سۈت ئانىسى قىلىدۇ. يولۋاس چوڭايغاندىن كېيىن، سۈت ئانىسى بىلەن بەكمۇ يېقىن ئۆتىدۇ. // بوۋاي پادىشاھقا: — ئوغلۇمنى چاقىرىپ بەرگىن، كۆرۈشۇۋالاي، — دەپلا بىر چىمدىم ئۇن ئېلىپ، پادىشاھنىڭ بېشىغا چېچىپ «ئىت بول» دەپتۇ. پادىشاھ شۇ ئانلا بىر قانجۇق ئىتقا ئايلىنىپ قېلىپتۇ. ② كۆچمە. ئاياللارغا قارىتىلغان ھاقارەت سۆزى: — ھەي قانجۇق، كەچ بولغاندا نەگە بارىسەن؟ — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ، ئايالى ھەببىگە قوپاللىق بىلەن.

**قانچە** ① ئال. قايسى مىقداردا؟ نەچچە؟ نەچچىلىك: سىلەرنىڭ سىنىپتا قانچە ئوقۇغۇچى بار؟ * تاشۋاي ئاخىر يەنە ئۆزىگە كۈچ بەردى: — بېگىمنىڭ كېلىشىگە يەنە قانچە كۈن بار؟ ② ئال. ئىسىملارنىڭ بەزىبىر تۈرلىگۈچى قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، ئۆزى ئالمىشىدىغان ئىسىمنىڭ رولىنى ئويناپ ئىسىم ئورنىدا كېلىدۇ: ئۇلارنىڭ قانچىسى مۇئەللىم؟ * — بۇ قەلەمنى قانچىگە ئالدىڭ؟ * مۇختەر يولدا كېتىۋېتىپ: «بۇ بوغنى ساتسام قانچىگە ئالار؟ ئۆتكەندە دادام بىر ئېشەك بوغىسى ئۈچ سوم دېگەندەك قىلىۋاتاتتى» دەپ ئويلىدى. ③ سۈپ. بىرمۇنچە، كۆپ، نۇرغۇن: ئۇ ئاشۇ «ئوغرىلار» بىلەن بىر كۆرۈشسەم دەپ ئارمان قىلىپ، قانچە كېچىلەرنى خىيال بىلەن ئۆتكۈزگەندى. * ئېگىز تۈگمەنگە نو قويدۇم، پەس تۈگمەنگە گۈلدۈرمە، قانچە دەرد-ئەلەم تارتساڭ، دۈشمىنىڭگە بىلدۈرمە. ④ رەۋ. يۇقىرى مىقداردا، ئامالىنىڭ بارىچە؛ شۇنچىلىك: قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى. * ئۇ قانچە تېز كەلسە، شۇنچە ياخشى. * چوڭ ئاپىسى ئۇنى قانچە ئالداپ باقسىمۇ، يەنىلا ئۆز قىلىقىنى قىلىپ، بىردەم ئۇنى، بىردەم بۇنى ئېلىپ، چوڭ ئاپىسىنى زادى ئىش قىلدۇرمىدى. * — مەن قانچە چىرايلىق بولسامۇ ئۆزلىرىگە يەتمەيمەن، — دېدى بىر قىز، — ھۆر-پەرىلەرمۇ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىلىرىدا خىجىل بولار؟

**قانچە قىلىسمۇ** نۇرغۇنلىغان تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتسىمۇ؛ كۆپ چارە-تەدبىرلەرنى قوللانسىمۇ: مەخسۇس تېخنىكا مەكتەپلىرىدە ئوقۇمىغاندىكىن قانچە قىلسامۇ بۇ نەرسىنىڭ بىر يېرىدىن بولمىسا، يەنە بىر يېرىدىن چاتاق چىقىپ زادىلا ئەپلەشمەي قويدى. * ئۆكۈز شۇ قەدەر ئورۇق ئىدىكى، ئارانلا يەر دەسسەپ تۇراتتى، ئۈچ-تۆت ئايدىن بېرى ئۆكۈزنىڭ ئىچى سۈرۈپ قانچە قىلسىمۇ توختىماي،

بۇگۇن ئۆلەمدۇ، ئەتە ئۆلەمدۇ، دەپ قاراپ قالغانىدى.

**قانچە قىلغان بىلەن** ھەرنېمە دېگەن بىلەنمۇ، نېمىلا دېگەن بىلەن: — بايغا، سىلىق گەپ قىل بالام، قانچە قىلغان بىلەن، — دەپ سۆزىنى باشلىدى ئاپام ماڭا نەسىھەت قىلىپ.

**قانچە قىلىپمۇ** ← **قانچە قىلسىمۇ:** شەربەت گويا ئۈستىنى ھەيۋەتلىك بىر قارا تاغ بېسىۋالغاندەك بىئاراملىنىپ كەتتى. لېكىن قانچە قىلىپمۇ كۆزىنى ئاچالمىدى. ئابدۇشۇكۇر چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى.

**قانچە - قانچە** ① «قانچە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ناھايىتى كۆپ، ھېسابسىز، تولا، نۇرغۇن: ئۇ دەرەخنىڭ شېخىدىن ئالماقچى بولۇپ بارغان قانچە-قانچە ئادەملەر دۈشمەنلەرنىڭ قولىدا ئۆلۈپ كەتكەن. * بۇ قۇيۇن روزىخان ئاچا، سائادەتكە ئوخشاش مىڭلاپ كېلىنلەرنىڭ ھاياتىنى، ياشلىقىنى، قانچە-قانچە كىشىلەرنىڭ خاتىرجەم ئائىلىسىنى ۋەيران قىلىپ بۇزۇپ كەتتى.

**قانچە - قانچىلاپ** ناھايىتى كۆپ، ھېسابسىز، نۇرغۇن، تالاي: ئايلار، يىللار بىزنىڭ ھاياتىمىزنى قەدەممۇقەدەم ئۆزگەرتىپ، ھازىرقى جۇشقۇن ياشلارنى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىغان بوۋايلاردىن قىلىپ چىققۇچە بىر-بىرىمىزنى قانچە-قانچىلاپ سېغىنارمىز، ياد ئېتەرمىز، «بىر كۆرۈشسەم ئىدى-ھە!» دەپ ئارمان قىلىشارمىز.

**قانچە يىلەن** ئال. قانچە نەپەر ئادەم، قانچە كىشى: ئۇ ئۆيدە قانچە يىلەن بار؟ * ئۇ چاغدا ماشىنىدا قانچە يىلەن بار ئىدىڭلار؟

**قانچىچار** سۆپ [قان+چىچار] چىدىماس، تېرىككەك: ئۇ تازىمۇ قانچىچار بىر ئادەم بولۇپتۇ. * — سېنى كىم بىلمەيدۇ، سەن دېگەن بىر قانچىچار بىرنېمىغۇ! — دەپ

كاپىلا كەتتى سۇلتان.

**قانچىچە** سۆپ. قانچىلىك، تەخمىنەن قانچە، قانچە ئەتراپىدا: ئۇ يەردە قانچىچە ئادەم بار؟ .

**قانچىكى** «قانچە» سۆزىنىڭ كىچىكلىتىلمىسى: ئۇ قانچىكى كۆپ ئىشلىسە، ئۆزىنى شۇنچە خاتىرجەم ھېس قىلاتتى.

**قانچىلاپ** سۆپ. قانچىلىغان، نۇرغۇن: ئۆتكەنكى ئۆمرى ئاشۇ ئۇستازنىڭ، قانچىلاپ كېچە، كىرپىك قاقماستىن. قولىدا قەلەم، ئالدىدا كىتاب، ئىزدىنىپ تىنماي، ئارام ئالماستىن. * قانچىلىك قان ۋە تەر ئاققانلىقىنى تارىخمۇ ھېسابلاپ بېرەلمەس بىزگە. پۈتكۈل بۇ ئوردا قانچىلاپ جانلار خوشلاشقان ئالەمدىن، ئايانىدۇر سىزگە!

**قانچىلىغان** سۆپ. ناھايىتى كۆپ، تولا، نۇرغۇنلىغان، ساناقسىز: بۇ چۆلدە قانچىلىغان قەھرىمانلىق داستانلىرى يارالدى؛ قانچىلىغان پالۋانلار بۇ چۆلدە ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ ئەلنىڭ داڭقىنى چىقاردى. * ئۇلار ئىناق بىر ئائىلىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن تىنچلىق نىقابى نۇرغۇنلىغان رىقابەت، كۆرەش ۋە پاجىئەلەرنى يوشۇرۇپ تۇراتتى، قانچىلىغان ياشلار ئازاب چېكىپ، تىرىكىشىپ، ئاخىر يەنە ھالاكەتتىن خالىي بولالمايتتى.

**قانچىلىك** ① ئال. سانى، مىقدارى، ھەجمى، ئېغىرلىق قاتارلىق جەھەتلەردە قانچە، نەچچە، نەچچىلىك: كۆزۈم تورلىشىپ ئالەمنى قاراڭغۇلۇق قاپلىۋالدى. مۇشۇ ھالدا قانچىلىك تۇرغانلىقىمنى بىلمەيمەن. * — قانچىلىك بەرسەم بولار؟- دەپ سورايتتۇ قازاننىڭ ئىگىسى. * قانچىلىك ئۇخلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، يىراقتىن لەرزان ئاڭلىنىۋاتقان ناخشىدىن ئويغىنىپ كەتتىم. ② رەۋ. قايسى دەرىجىدە: تاڭغا يېقىن ئۇ قاچتى، قانچىلىك ماڭغانلىقى نامەلۇم، سايدا شارقىراپ يامغۇر

سوپىي ئاقاتتى. * ئابدۇۋەلى بۇرۇن ئوغلاق ئويناشقا ئانچە كۆپ قاتناشمىغان، ئېتىنىڭمۇ قانچىلىك يۈگۈرۈشىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. * بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ۋاقىتتا بىزنىڭ قانچىلىك خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمىزنى بىلەمسىز؟! ③ سوپ. «قايسى دەرىجىدىكى؛ ئەرزىمەس؛ ئانچە قىلىپ كەتكۈچىلىكى يوق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ قانچىلىك ئادەم ئىدى. * ئانامنىڭ كۆڭلىنى ئاياپلا ئاتنى يېتىلەپ قايتىپ چىقتىم، بولمىسا تاپانچا دېگىنى قانچىلىك بىرنېمىكىن كۆرۈپ باقاي دېۋىدىم جۇمۇ! * تۇلكە :- تەقسىر، ئادەم دېگەن قانچىلىك نېمىتى. سىلى شۇنچىۋالا قورقسىلا، باشقىلار قانداق قىلار؟.- دەپتۇ. * ئۇنىڭ قىلغىنىنى مەن قىلماي، ئۇنىڭ دەردلىرىنى ئاز تارتقىنىم يوق-قۇ، بۇ قانچىلىك ئىش.

**قانچىنچى** ئال. سان-تەرتىپى ئېنىق بولمىغان شەيئىلەرنىڭ ئورۇن-تەرتىپىنىڭ «قانچە،-نەچچە» ئىكەنلىكىنى سوراش ئۈچۈن قوللىنىلىدىغان سوراق ئالمىشى: - مۇنداق دېگىن، - سۇلايمان ئۇستا ھەيران قالغاندەك ئىلھامغا قاراپ قويدى، - ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋېلىپتىمۇ؟ قانچىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتىسەن؟

**قانخور** سوپ. ① باشقىلارنىڭ قېنىنى ئىچىپ ياكى شۈمۈرۈپ ياشايدىغان. ② كۆچمە. ئۆلتۈرۈش، قان تۆكۈشكە ئامراق، شۇنداق ئىشقا ئادەتلەنگەن، قاتىل: قانخور دۈشمەن. قانخور جاللات. * ئۇ، بارلىق دەرد-ئەلىمنى شۇ بىر كىشىدىن چىقىرىۋالسا بولىدىغاندەك، قانخور ئەلپازى بىلەن تاپانچا تەڭلەپ، ئۆزىنىڭ بۇ ئىشەنچلىك يانتايىقىنى ئېتىپ تاشلاشقا قىل قالدى. ③ كۆچمە. كىشىلەرنى شەپقەتسىز ئېزىدىغان، قاتتىق ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان؛ زالىم: دۈشمەن تۇرمىسىدە يېتىپ تۇرۇپمۇ قانخور ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ياۋۇزلۇقلىرىغا ھەر خىل ئۇسۇللار ئارقىلىق قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەن. * سۇلتان سەئىدخان زالىم مىرزا ئابابەكرىنى تەختتىن چۈشۈرگەندە، يۇقرالارنىڭ قانخور بەگلەر قولىدا بۇلاڭ-تالاڭغا ئۇچراپ خانىۋەيران بولغانلىقىنى كۆرگەن. // سادىرقۇل غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان بىر جۈپ كۆزىنى ئالدىدىكى قانخورغا تىككىنىچە ئۆينىڭ ئىشكىگە يۆلىنىپ، ئاستا يىقىلدى.

**قانخورلۇق** ① «قانخور» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قانخورلۇق قىلماق. ② شەپقەتسىز ئېزىش، ئېغىر ئېكسپىلاتاتسىيە: — مەنسۇرنىڭ قانخورلۇقىغا قارشى ئاتلىنىڭلار، سامانلارنى ھەيدەپ چىقىرىمىز، مەنسۇرنى دارغا ئاسىمىز — دېدى سۇلتان ۋەزىرىگە يەر ئاستىدىن قاراپ. * ئۇ، زالىملارنىڭ قانخورلۇقىنى ئەلگە تونۇتماقچى، ۋاڭنىڭ دەھشەتلىك زۇلمى ئاستىدا ئۆلتۈرۈلگەن، جازالانغان، خورلانغانلارنىڭ ئىنتىقامىنى ئالماقچى بولدى.

**قانخۇمار** سوپ [قان+خۇمار] ← **قانخور**: قانخۇمار ئىبلىسلار ئارا يۈزمۇ يۈز، تىك تۇرار ئەخمەتجان ئەگمەي بەستىنى، ھەققانىي پاكىتتىن دەللىك ئوق ئېتىپ، پاش قىلار دۈشمەننىڭ رەزىل قەستىنى. * چۈشەندىم: شىڭ شىسەي دېگەن قانخورنىڭ ھەقىقىي سىرىنى – ماھىيىتىنى. قانخۇمار گومىنداڭ جاللاتلىرىنىڭ زاۋالىغا يۈز تۇتقان ئاقىۋىتىنى.

**قانداش** سوپ. بىر ئاتا-ئانىدىن تۇغۇلغان، بىر ئەۋلادقا مەنسۇپ؛ قېرىنداش: — ئەي جىن، بۇ كېيىك مېنىڭ ئۆز قانداشىم، — دەپتۇ بوۋاي سۆز باشلاپ. * ئېھ ئىسمائىل قانداشىم، قايسى شەيتان ئازدۇردى؟ مەزھىبىڭدىن قايتۇرۇپ بىزگە ئورا قازدۇردى.

**قانداشلىق** ① «قانداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمگەكچى خەلق بىلەن

قانداشلىقى ۋە پىكىرداشلىقى سەۋەبىدىن ئەنۋەرنىڭ زۇلۇمغا، فېئوداللارغا ۋە روھانىيلارغا نەپرىتى چەكسىز. ② ئىنسانلاردا تۇغۇلۇش بىلەنلا تەبىئىي شەكىللىنىدىغان مۇناسىۋەت. مەسىلەن، ئاتا-ئانا بىلەن قىز-ئوغۇل ئوتتۇرىسىدىكى ۋە ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: قانداشلىق نەزەرىيىسى، قانداشلىق مۇناسىۋىتى، قانداشلىق ئاداۋىتى.

**قانداشلىق مۇناسىۋىتى** ← **قانداشلىق**

**قانداق** ① ئال. بەلگە، سۈپەت، خۇسۇسىيەت ۋە ھالەت قاتارلىقلار ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: بۇ قانداق كىتاب؟ * سىزنىڭ چېدىرىڭىزدا ئاغرىقلارنى داۋالاۋېتىپتۇ، بۇ يەردىكى ئەھۋال قانداق، يەنە شۇ قورام تاش مەسىلىسىمۇ؟ * — قاسىم ئەپەندى، قانداق ئەھۋالىڭىز؟ ② سۈپ. قايسى خىلدىكى، قانداق تەرزدىكى: — ياخشى، يەنە قانداق ئىسىملار بار، بىز شۇنىڭ ئىچىدىن ئەڭ ياخشىسىنى تاللىۋالايلى، — دەپ سورىدى ئۇ يېنىدىكىلەردىن. * — سەن ئېيتقىنا، مايمۇن بىلەن ئادەمنىڭ مۇناسىۋىتى قانداق مۇناسىۋەت؟ — دەپ سورىدىم مەن مۇئەللىمدىن. ③ سۈپ. قانچىلىك، قانچىلىك دەرىجىدىكى، قانداقسىگە: پېگىشە ھەر يېزىسىنىڭ قانداق زىيان تارتقانلىقىنى ھەممىڭلار كۆردۈڭلار. * بوشقا ئۆتسە بۇ ۋاقىت، پۇشايمانغا قالىسەن. تىرىشمىساڭ بىلىمدىن، قانداق ئۈنۈم ئالىسەن. ④ ئال. بەزى سۈپەتلەرگە ئۈندەشلىك كۈچەيتمە بولۇپ كېلىپ، «نېمىدېگەن، زەپمۇ، ئەجەبمۇ» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: قارا، بۇ باغ قانداق ياخشى! * ئېتىزنىڭ ئايدىڭ كېچىلىرى قانداق چىرايلىق! ⑤ رەۋ. قانداق تەرزدە، قايسى يوسۇندا، قايسى ئۇسۇلدا؛ سوپۇن قانداق ياسىلىدۇ؟ * ھەيدەكچىلەر مېنى ئىلگىرى قانداق ئېلىپ كەلگەن بولسا، يەنە شۇنداق كۆزۈمنى تېڭىپ، ئېلىپ مېڭىشتى.

**قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى** «قانداق بولۇپ بۇ ياققا كېلىپ قالدىڭ؟ بۇ يەرگە كېلىشكە نېمە سەۋەب بولدى؟» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — دوستۇم، — دەپتۇ قىزلارنىڭ ئاكىسى، — سېنى بۇ يەرگە قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ * — پاھ قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — مەھمۇت مۇھىتى قولىنى سوزۇشكە باشلىدى. * خۇش كېلىپسىز، قېنى ئۆيگە بارايلى، سىزنى قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى.

**قانداق قىلاي** نېمە قىلاي، نېمە چارە؛ نېمە قىلالايتتىم: ئەمدى قانداق قىلاي، بولار ئىش بولدى.

**قانداق قىلسۇن** نېمە چارە، ئامال قانچە: قانداق قىلسۇن بىچارە، نە قۇۋلۇقنى، نە ئادەم ئالداشنى ئۆگەنمەپتۇ. بۇ خىل ئاقىدىغان ھۈنەرنى بىلمىگىنى ئۈچۈن كەمسىتىلمەي قانداق قىلسۇن.

**قانداق قىلغۇلۇق** «نېمە قىلىش كېرەك، نېمە قىلغان تۈزۈك» دېگەن مەنىلەردىكى سۆز: — بوۋاي سىز گەپ قىلىڭ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق؟ قانخور بەگنىڭ بېشىنى ئېلىش كېرەك ئىدى، ئۇنى قوغلىمايمىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

**قانداق قىلىپ** قايسى يول، قانداق ئامال بىلەن؛ قايسى تەرزدە، قايسى يوسۇندا؛ قانداقسىگە: — قانداق قىلىپ بۇ يەرگە كېلىپ قالدىڭىز؟ * سىز ئۇ يەردىن قانداق قىلىپ چىقىپ كەتتىڭىز؟

**قانداق گەپ** قانداق مەسىلە، نېمە ئىش، قانداق ئىش: — كەتسۇن دېگەن قانداق گەپ؟ مېنىڭ ئىشىمغا سەن ئارىلاشما!

— دېدى ۋېلىخان بەگ. * بىر رەھبەر بىر خەلق دۈشمىنىنى، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىدىن قېچىپ يۈرگەن جىنايەتچىنى ئۆيىدە يوشۇردى دېگەن قانداق گەپ؟

**قانداقلا بولمىسۇن** قانچىلىك مۈشكۈل— تەس بولۇشىدىن قەتئىينەزەر؛ ھەرقانچە قىيىن، تەس بولسىمۇ، بىر ئىلاج قىلىپ: قانداقلا بولمىسۇن، ئەتىگىچە بۇ يەرگە يېتىپ كېلىشىڭىز كېرەك. * شۇنداقتىمۇ ئۇ يەنە كېچە-كۈندۈز ئاكىسىنى كۆرۈشنى خىيال قىلىپ، قانداقلا بولمىسۇن، بۇلاڭچىلارنىڭ قولىدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزلەپتۇ. * پەرىدىنىڭ دادىسى تۈرمىدە كېسەل بولۇپ، بولالماي قالغاچقا، ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا تاپشۇرۇلغانىكەن، ئۇ: — پەرىدىگە دەيدىغان سۆزۈم بار، مەن بىلەن قانداقلا بولمىسۇن كۆرۈشسۇن، — دەپتۇ.

**قانداقلا قىلغىنى بىلەن** قانداق چارە-ئامال قىلىپ باقسىمۇ، ئاخىرقى ھېسابتا، بەرىبىر: قارىغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنى قانداقلا قىلغىنى بىلەن ھامان ئۆلۈم كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنىنى، يالۋۇرۇش، تىز چۆكۈش بىلەن ھېچقانداق نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدىغانلىقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك. * سەن قانداقلا قىلغىنىڭ بىلەن ئۇنى تاپالمايسەن.

**قانداقتۇر** ئال ① قانداقلىقى نامەلۇم؛ بەلگىسى، سۈپىتى، خۇسۇسىيىتى ئۇ قەدەر ئۇنچىۋالا ئېنىق بولمىغان؛ ئاللىقانداق: قانداقتۇر بىرنەرسە. * مەن ئۇنىڭ ئەۋرىشىم قامىتىگە خېلىغىچە قاراپ تۇردۇم، ئۇنىڭ مېڭىشلىرىدىن قانداقتۇر بىر گۈزەللىك، نازاكەتلىك ئىپادىلىرى چىقىپ تۇراتتى. * ئۇ يەردە قالغان ئادەملەر قانداقتۇر ئىشلار بىلەن، جۈملىدىن ئالدىراپ يۈرۈپ كىگىز ئۆيلەرنى يىغىشتۇرۇش بىلەن بەند ئىدى. ② قايسى، كىملىكى نامەلۇم، قايسىبىرلىكى ئۇ قەدەر ئېنىق بولمىغان؛ ئاللىكىم: قانداقتۇر بىر ياش يىگىت سىزنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. * لېكىن، ئۇنىڭ ئاغزى سۆزدە بولسىمۇ، كۆڭلى توپىنىڭ ئىچىدىن قانداقتۇر بىر كىشىنى ئىزدەيتتى.

**قانداقچە** رەۋ. قانداق، قانداقلارچە، قانداق قىلىپ، قانداقسىگە؛ نېمىگە ئاساسەن؛ قايسى يول بىلەن: — سەن بۇ يەرگە قانداقچە كىردىڭ؟ * قىز غەزەپ بىلەن شۇنچىلىك چاپسان ھەرىكەت قىلغانىدىكى، قامچىنىڭ قانداقچە قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەي قالدى. * — سىز قانداقچە بالىنىڭ قىزىتمىسى ئۆرلەپ كەتتى دەپ قارايسىز؟ — دەپ سورىدىم سەل ھەيران بولۇپ مەن ئۇنىڭدىن. * مەن خۇشال ۋە ھەيران بولغان ھالدا: — سەن بۇ ئىشقا قانداقچە كېلىپ قالدىڭ؟ — دېدىم.

**قانداقسىغا** رەۋ. قانداق، قانداق قىلىپ؛ قانداقلارچە، نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن، نېمە سەۋەبتىن: جىمما «سىرلىق ئويۇنى قانداقسىغا ئېسىگە چۈشۈپ قالغاندۇر» دەپ ھەيران بولۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. * سەن بۈگۈن قانداقسىغا كېچىكىپ قالدىڭ؟ * قاتار-قاتار قارىغايلار، ئەينەكتەك سۈزۈك سۇلار، قوي-قوزىلار يايراپ يۈرگەن بۇ يېشىل مەخمەلدەك بىپايان يايلاقلاردىن يەرنىڭ ئاستى قانداقسىغا ياخشىراق بولسۇن!

**قانداقلارچە** رەۋ. قانداق قىلىپ، قانداقسىغا؛ نېمىشقا، نېمە ئۈچۈن: يىگىت ھېلىقى كامارغا ئېڭىشىپ قارىغاندەك بولۇپتۇ-يۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي قېلىپتۇ. * — بۇ قانداقلارچە بىزنىڭ ئىشىككە سېلىنىپ قالدۇ؟ — دەپ ھەيران قالدى قىز ئىشىكتىكى قۇلۇپقا قاراپ. * — سىز خەنزۇ تۇرسىڭىز، يۇرتىڭىز

قانداقلارچە قارىغاش بولىدۇ؟ - دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن.

**قانداقلىكى** سۈپ. ھەرقانداق، قانداقلا: قانداقلىكى ئادەم بولمىسۇن رۇخسەت سوراپ كىرىش كېرەك. * شۇنىڭ ئۈچۈن بىز ھەر دائىم ئېيتىمىزكى، ھازىرقى زامانىۋىلاشقان دۆلەتنىڭ قانداقلىكى بىر خەلقى بولمىسۇن دۆلەت مۇداپىئەسىنى قولدىن بېرىپ قويۇشنى خالىمايدۇ.

**قانداقمۇ** ئال. قانداقچە، قانداق قىلىپ، قانداقىسىگە: بۇ ئىشنى ئۇ قانداقمۇ خىيالىغا كەلتۈرەلىسۇن؟ * ئۇ بۇ ئىشقا قانداقمۇ چىدىيالىسۇن. * يولۋاسنىڭ ئۇۋىسىغا كىرمەي تۇرۇپ، يولۋاس بالىسىنى قانداقمۇ تۇتقىلى بولىدۇ.

**قاندۇرماق** «قانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىلەرنىڭ ناخشا-سازغا بولغان تەشنالىقىنى سازەندىنىڭ ماھىرلىق بىلەن چالغان پەدىلىرى ۋە ئېيتقان ناخشىسى قاندۇرىدۇ. * ئۇ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرغاندىن كېيىن، ئوڭدىسىغا يېتىپ كۆككە كۆز تىكتى.

**قاندۇرۇشماق** «قاندۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نۇرغۇن كىشىلەر ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنى ھەر ياققا ئۇرۇپ يۈرۈشىدۇ-يۇ، لېكىن ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشالمايدۇ. * 7-ئاينىڭ قاتتىق ئىسسىقىدا ئۇسساپ كەتكەن ئورمىچىلار بۇلاق سۈيىدىن ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشتى.

**قاندۇرۇلماق** «قاندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھەر مىللەت خەلقىنىڭ كۈنسايىن ئۆسۈۋاتقان ئېھتىياجى چوقۇم تېخىمۇ ئوبدان قاندۇرۇلىدۇ. * بازار كۈنلىرى خوتەن شەھەر ئىچىدە تۆت ئورۇندا دۇكان ئېچىلىپ، دېھقانلارنىڭ ئېھتىياجى قاندۇرۇلىدۇ.

**قاندىماق** پ. دىئال. قانغا بويىماق، قان قىلماق.

**قان-زەرداب** ① قان ۋە زەرداب: قان-زەرداب ئاقماق. * ئۇ ئويغانسا يۈرىكىگە بىر پارچە ئوت تۇتاشقاندەك بولۇپ، زىندانغا يېتىپ بېرىپتۇ ۋە شام يېقىپ قارىسا، يەتتە قات يەر ئاستىغا كولانغان زىنداندا بىلىنىڭ تۆۋىنى قان-زەردابقا چىلىنىپ تۇرغان زۆھرە ۋە ئۇنىڭ قېشىدىكى تەكچىدە دۆۋىلىنىپ كەتكەن سۆڭەك ۋە نازۇنېمەتلەردىن باشقا ئۇنىڭ كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەپتۇ. * مانا بۇ غەزەل-ناخشىلارنى، مۇشۇ بىزدەك جېنى ھەلقۇمىغا كېلىپ قالغان، يۈرەكلەر قان-زەرداب بولغان دەردمەنلەر چىقارغان. ② كۆچمە. قاتتىق ئازاب، ئېغىر دەرد-ئەلەم: چاينىاپ يۇتاي دەمسەن مېنى؟ قانخور پەلەك، زالىم پەلەك، قان-زەردابقا تولدى يۈرەك. * مودەننىڭ تارىخى ئوخشايتتى گۈلگە، ئۇمۇ چوڭ بولدى قان-زەرداب ئىچىدە، ئۇ ئايىتتى بۈگۈن ئۇ، نۇرلۇق يۇلتۇزغا، پارقىراپ چاقنىغان زۇلمەت كېچىدە!

**قانسىراتماق** «قانسىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆپكىنى قانسىراتماق. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا باياتىن ئۆزىگە خوجايىنلارچە ھۆركىرىگەن ھېلىقى خادىمنىڭ قانسىراتقان ئۆپكىدەك پارقىراق يۈزى، سېمىز-لىكتىن پۈرۈشۈپ كەتكەن چېقىر كۆزلىرى ئالۋاستى كۆلەڭگىسىدەك ئەگىپ يۈرەتتى. * ھاياتنىڭ بۇنداق زەھەرلىك نەشتەرلىرى ئەسلىدىكى قىزىل يۈزلۈك ئانارخاننىڭ گۈلدەك چىرايىنى قانسىرىتىپ، خۇددى ئاپئاپئا قالغان چالمىدەك قىلىپ قويغانىدى.

**قانسىرىتىلماق** «قانسىراتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يارىلىقىنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان تۆت بۈرجەك يوغان مۆھۈرنى كۆرگەن ئابلىز قارىنىڭ چىرايى يەنە قانسىرىتىلغان ئۆپكىدەك ئۆڭدى.

**قانسىرىماق** پ ① قان- كۆپ چىقىپ كەتمەك، قان ئېقىپ ئازلاپ كەتمەك:

يارىدار قانسىراپ كېتىپتۇ. * ئىسمائىلنىڭ قولى تىترەپ ئاتقان ئوقى خان غوجامنىڭ ئوڭ پۇتىغا تەگدى، خان غوجام قانسىراپ ئاخىرى ئاتتىن يىقىلدى. * نادىر قانسىراپ كەتكەنلىكتىن، ھالسىزلىنىپ ھوشىدىن كەتكەندى. ② قان ئازلىقتىن تاتارماق: مەرھابا ئېگىشكەن پېتى ئۇمۇرلۇك جۇپتىنىڭ قانسىرىغان لېۋىگە لېۋىنى يېقىپ تۇرۇپ پىچىرلاۋاتاتتى. * مۇدىر ئۆز كارامىتىنىڭ نەتىجىسىنى كۆرمەكچى بولۇپ، بوينىنى سوزغان ئىدى، ئۇمۇ يىقىلدى، ئۇنىڭ قانسىرىغان يۈزى مۇردىدەك ئاپئاق ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

**قانسىز** سۈپ ① قېنى يوق، قېنى بولمىغان. ② قېنى ئاز، قېنى كەم؛ رەڭگى ئاقارغان؛ رەڭگى ئۆچكەن، سارغايغان: ئۇنىڭ ئورۇقتىنا كەلگەن گەۋدىسى تېخىمۇ كىچىكلەپ، قانسىز، ياغاق يۈزلىرى پۈرۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. * بالىنىڭ ئاق، قانسىز چىرايىدىن كۈن نۇرىنى كۆرمىگەنلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى. * بۇ ناخشا قان بەرگەن قانسىز چىرايغا، بۇ ناخشا جان بەرگەن نامرات، گادايغا، بۇ ناخشا يېمىرىپ كونا دۇنيانى مەزلۇمنى يەتكۈزگەن ئايۋان-سارايغا. ③ كۆچمە. قان تۆكۈلمەيدىغان، قانلىق جەڭ قىلماي تۇرۇپ قىلىنغان ياكى قىلىنىدىغان: قانسىز كۆرەش.

**قانسىزلانماق** پ. قېنى ئازلاپ كەتمەك، قېنى ئازلاپ كەتكەن تۈپەيلى سارغىيىپ ياكى ئاقىرىپ قالماق: ئۇنىڭ قانسىزلانغان نېپىز لەۋلىرى تىترەپ، بۇغدىيىكى قىمىرلاپ كەتتى.

**قانسىزلىق** «قانسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قان-قان** «قان» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**قان-قان يىغلىماق** ناھايىتى قاتتىق يىغلىماق، زار-زار قاقشىماق: — يىگىلىشۋاتقانسىز، ئانىجان، — دېدى كۈمۈش ۋە، — سىز دۇنيادا تۇرۇشقا لايىق ئىدىڭىز، لېكىن سىزنىڭ دۇنيادىن تويۇشىڭىزغا ۋە قان-قان يىغلىشىڭىزغا سەۋەبچى مەن بولدۇم. * سېنىڭ مېھرىڭ — ئەلنىڭ مېھرىنى ئاقلاش ئۈچۈن ياشايمەن ئانا، دوستلىرىمنى كۈلدۈرۈپ خەندان، دۈشمىنىمنى يىغلىتىپ قان-قان، كۆرەش بىلەن ياشايمەن ئانا!

**قان-قېنىغا سىڭىپ كەتمەك** تاشلىمايدىغان ئادەتكە ئايلىنىپ كەتمەك: بۇ ئۇنىڭ قان-قېنىغا سىڭىپ كېتىپتۇ. * قىسقىسى، ئۇلار ئۆتمۈشتىن تارتىپ قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن كونا ئەقىدىسىگە ئاساسەن زاۋاللىققا يۈز تۇتقان چىرىك ھاكىمىيەتتىن يەنىلا ئۈمىد كۈتەتتى.

**قانقىر** رەۋ ← **قانقىر قاقشىماق.**

**قانقىر قاقشىماق** قاتتىق يىغلىماق، زار-زار قاقشىماق: ئۇچاي دەپمۇ ئۇچالمىدىم، قاناتىم سۇنغان ئوخشايدۇ، كېچىلەردە ئۇيقۇ يوق، يۈرەكىم قانقىر قاقشايدۇ.

**قانلانماق** پ. قانغا بويالماق، قانغا مىلەنمەك، قان بولماق: قانلانغان قامچا. قانلانغان پىچاق. * «يىگىت سۆزىدىن قايتماس، يولۋاس ئىزىدىن، بېشىمدىن قورقۇپ ئارقامغا يانسام، ماڭا ئازابلىق ئۆلۈم شۇ بولماسمۇ؟ ئىرادەمدىن قايتالمايمەن» دەپ قەمەرشاھ جاللاتلار قولىدىكى قانلانغان قىلىچلارغا پىسەنت قىلماي شاپەرقۇت ياتقان چۈشەك يېنىغا كەلدى. * ئۇ يەردە بىر بالىنى باغرىغا باسقان يېلىڭ-يوپۇق كىر كىيىملىرى قانلانغان، چاچلىرى چۇۋۇق ياش ئايال تۆكۈلگەن پېتى توڭلاپ ياتاتتى.

**قانلىق** سۈپ ① قېنى بار، قېنى بولغان. ② قانغا بويالغان، قان يۇقۇپ قالغان، قان چاچراپ تۇرىدىغان: قانلىق قىلىچ. * قانلىق گەۋدىنىڭ كىملىكىنى، بىر قاراپلا

تونۇغىلى بولمايتتى. * مەلىكە بارغىنچە
ئىككى باشنى قولىغا ئالدى، قانلىق يۈزىگە
يۈزىنى سۈرتتى، ئۆزىنى يەرگە ئۇردى. *
كۆل ياقىسىنى پۈتۈن بەدىنى يالقۇنجاپ تۇرغان
بىر ئوت ئەجدىھا بىلەن پۈتۈن بەدىنى ھۆل
سۇ يولۋىسى ئىگىلەپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار قانلىق
ئېغىزلىرىنى ئاچقاندا كۆزلىرىدىن يېشىل نۇر
چاقنايدىكەن. ③ قانغا تولغان، قان
ئارىلاش: قانلىق كۆزلەر. * ئۇ ئىپلاس
دىققەتسىزلىكتىن قانلىق پاتقاققا دومىلاپ
چۈشتى. * ئۆمرۈم ئۆتتى تىنماي يىغلاپ،
كۆزۈم قانلىق، يۈرەك زەرداب. مانا ئاقىۋەت
بولدۇم خاراب، ئۇ ئالەمگە كۆچتۈم ئەمدى.
* دىلىم تەڭ، كۆزۈمدىن ئاقار قانلىق ياش،
دىلدىكى سىرىمنى يېشىم قىلۇر پاش، جاھاندا
دوستۇمنىڭ سانى نۇرغۇندۇر، ئۇلارمۇ سىرىمنى
قىلىشتى كۆپ پاش. ④ سۆپ. قان ئاققان،
قان تۆكۈلگەن ئىش-ھەرىكەت، ۋەقە-
ھادىسە قاتارلىقلارنى ئەسكە سالىدىغان
ۋە ياكى شۇلاردىن قېلىپ قالغان: قانلىق
داغ. * — ئاھ... قانلىق يارا... — دېدى
نادەم كۆزىنى ئەنۋەرگە تىكىپ، — ئەنۋەر
ئاكا، مېنىڭ كۆكسۈمدە قانلىق يارىلار بار...
⑤ كۆچمە. زۇلمەتلىك، كۈلپەتلىك، پاجى-
ئەلىك، دەھشەتلىك: قانلىق ئۆتمۈش.
قانلىق يىللار. * قانچە خۇشال بولسا ئەرزىي-
دىغان كۈنلەر كەلدى. لېكىن بوۋاي ھېلىقى
قانلىق كېچىنى ئۇنتۇمىدى. // زالىم ھۆكۈمرانلار
ئۆز ئېلىنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان
خەلق ئوغلانلىرىنى قانلىق باستۇرماقتا. ⑥
قان تۆكۈش، قۇربانلار بېرىش يولى
بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان قان تۆكۈش
بىلەن سادىر بولىدىغان ھايات-ماماتلىق:
قانلىق كۈرەش. قانلىق قەسەم، قانلىق
ئىنتىقام. * بۇ دۆڭلۈكلەردىن چىققان جەسەت
سۆڭەكلىرى قەدىمكى يىللاردا بۇ جايلاردا
قانچىلىك قانلىق جەڭلەرنىڭ بولغانلىقىنىڭ
ئاجايىپ گۇۋاھچىسى. * بىزنىڭ قۇربان
بېرىشتىن قورقماي قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، گومىنداڭغا
قارشى قانلىق ئۇرۇش قىلىشتىكى مەقسىتىمىزمۇ
ئەنە شۇ يەردە. * قوزغىلاڭ كۈچ سېلىشتۇرمى-
سى جەھەتتە دۈشمەننى بېسىپ چۈشەلمىدى،
دۈشمەن كۈچلۈك، ئۆز ئاجىز بولغان ئەھۋال
ئاستىدا قانلىق باستۇرۇلدى. ⑦ كۆچمە.
قاتتىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن،
كەچۈرگىلى بولمايدىغان، كەچۈرگۈسىز،
ناھايىتى ئېغىر: ئۇ سومكىسىدىن قەغەز
ئېلىپ «ئابدۇللا مېنى جازالاپ قورقۇتۇش
بىلەن قانلىق جىنايىتىنى يوشۇرۇپ كېتەلمەي-
دۇ» دەپ يېزىپ كېلىپ توختاپ قالدى.
* سارايدا بولۇۋاتقان سىياسىي ئۆزگىرىشلەر،
خان-پادىشاھلارنى قەستلەپ ئۆلتۈرۈش،
غەلىبە تەنتەنىلىرى ۋە قانلىق جازالار خۇددى
چۈشتىكىدەك كۆرۈنەتتى. * ناچۇق ئۆستەڭ
بويىدا بەگ خوجايىن بېغى بار. قانلىق زۇلۇم-كۈلپەت-
نىڭ يۈرەكلەردە دېغى بار.

**قانلىق پاجىئە** ئادەم ئۆلۈش ۋە يارىلى-
نىش قاتارلىقلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك
بولغان ئېچىنىشلىق ۋەقە: لەنگەر كوچىسىدا
قانلىق پاجىئە يۈز بېرىپ، ئەتىسى لوتپۇللا
يېتىشۋاتقان زىنداننىڭ «7-نومۇرلۇق»
كامېرىنىڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق ئىشىك پەنجىرىسى
ئۈستىدە پەيدا بولغان ئاجايىپ بىر ئىش بىزنى
ھەيران قالدۇردى.

**قانلىق تولغاق** <تب> تىبابەتچىلىكتە،
چوڭ تەرەتكە قان ئارىلىشىپ كېلىپ،
يىرىڭ ئارىلاشمايدىغان تولغاققا قارىتا
ئېيتىلىدۇ.

**قانلىق جەڭ** قاتتىق جەڭ، قان
تۆكۈش بىلەن بولىدىغان جەڭ: قورۇ
ئىچىدە قۇربان قىلىچ، مۇختار مەرگەن، قاۋۇل
قاتارلىق پارتىزانلار قوراللىرىنى سۈرتۈپ،

سىپىل ئۈستىدە بولۇش ئالدىدا تۇرغان قانلىق جەڭگە تەييارلىق قىلىشماقتا ئىدى.

**قانلىق ساۋاق** قان تۆكۈلگەن ۋەقە، ھادىسىلەردىن ئېلىنغان ساۋاق: مانا بۇ قانلىق ساۋاقلارنى ئۇ قانداقمۇ ئۇنتۇپ قالسۇن؟! ھازىر تۇراپىنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى مانا شۇ شانلىق يولدىن يۈز بەرگەنلىك ئىشى ئەمەسمۇ؟!

**قانلىق قامچا** قان ئاققۇزىدىغان، قان بولغان قامچا؛ رەھىمسىز زورلۇق: 20 يىلدىن بۇيان خوجاھاپىز بەگنىڭ زۇلمىغا ئۇچراپ، ئۇنىڭ قانلىق قامچىسى ئاستىدا قان يىغلىغان يېڭىسار خەلقى بۈگۈنكى ئاشكارا بولغان ھەقىقەتتىن ئاجايىپ تەسىراتلارغا ئىگە بولۇپ، ھەممەيلەن ياقا تۇتۇپ «تووۋا - تووۋا» دېيىشىپ، ھەيران بولۇشقانىدى.

**قانلىق قول** قان تۆككەن، قان بولغان، قاتىللىق قىلغان قول: بىز بۇ جاللاتلارنىڭ قانلىق قولىنى كېسىپ تاشلاپ، قېرىنداشلار ئۈچۈن ئىنتىقام ئالايلى.

**قانلىق قىساس** قېنىنى تۆككەنلىك بەدىلىگە، قان تۆكۈپ ئالىدىغان قىساس: قانلىق قىساس ئالماق. * مەخسۇت بەگنىڭ مۆلكى بىزنىڭ قان-تەرىمىزدىن كەلگەن، مۇشتۇمزورلارنىڭ ھەممىسىدە بىزنىڭ قانلىق قىساس، نەپرەتلىك ئۆچىمىز بار.

**قانلىق كۆرەش** قۇربانلارنى بېرىپ، قانلارنى كېچىپ قىلغان كۆرەش، ئۇرۇش: ئۇلار ئۆز تارىخىدا زۇلۇمغا قارشى نۇرغۇن قېتىم ئادالەت بايرىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قانلىق كۆرەشلەر قىلىپ، تارىخ سەھىپىسىدە شانلىق خاتىرىلەرنى قالدۇرغانلىقى ھەم ئاجايىپ يېڭى ۋە مول مەدەنىيەت ياراتقانلىقى توغرىسىدا ئاددىي ساۋات بېرەتتى.

**قانلىق ۋەقە** ئادەم ئۆلۈش، قان تۆكۈلۈش دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن ۋەقە؛ قىرغىنچىلىق: مەن بۇ قانلىق ۋەقەنىڭ يۈز بېرىش سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندىم.

**قانلىق ئىششىق** <تىب> قان تومۇر دىۋارى يېرىلىپ، قاننىڭ تومۇردىن چىقىپ كېتىپ، يۇمشاق توقۇلما ئىچىدە يىغىلىۋېلىش نەتىجىسىدە مەلۇم ئورۇندا پەيدا بولىدىغان ئىششىق.

**قانماق** پ ① ئۆزى تەلەپ قىلغان، ئېھتىياجلىق بولغان بىرەر ئىشقا، نەرسىگە تويماق، قانائەت ھاسىل قىلماق، قانائەتلەنمەك: سۇغا قانماق. چايغا قانماق. ئۇيقۇغا قانماق. * يىراقتىكى سۇدا ئۇسسۇزلۇق قانماس (ماقال). * ئۇ، بۇغدا باغرىدىن چۈشكەن دەريا سۈيىدىن قېنىپ ئىچتى. * مېھرىبان بۈگۈن راسا قېنىپ ئۇخلىماقچى ئىدى، بىراق بايىقى توقۇنۇش يەنە ئېسىگە كېلىۋېلىپ، ئۇيقۇسى قاچتى. * — سادىق، جېنىم، — دېدى رەيھان كۆيۈمچانلىق بىلەن، — مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلاڭ، ئاۋۋال سالامەتلىكىڭىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈۋېلىڭ. بالىلارمۇ بىزگە تېخى قانمىدى. ② بىرەر مەقسەتكە، مۇرادىغا، ئارزۇ-ئارمانىغا يەتمەك؛ مۇرادىغا-مەقسىتى ھاسىل بولماق: نەپسى قانماق. كۆڭلى قانماق. * — توغرا، — دېدىم مەن ئۇنى قايتىدىن يۆلىگىمگە بېسىپ، — شوخ كېپىنەك بوستاننى تېپىپتۇ، گۈللەر ئارا ئەركىن يايراپ ئارزۇ-ئارمىنىغا قېنىپتۇ. * ئورمىنى تولا ئورۇپ، بىلىكىڭ تالدىمۇ يارىم. ئاز كۈن ئويناپ ئايرىلدۇق، يۈرىكىڭ قاندىمۇ يارىم.

**قانۇن** ئى [ئە] ① ئوبيېكتىپ رېئاللىقتا تۇرلۇك ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدا كىشى ئىرادىسىدىن ۋە ئىختىيارىدىن تاشقىرى ھەمىشە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان مۇقەررەر باغلىنىش، مۇناسىۋەت: جەمئىيەت تەرەققىياتى قانۇنى. تەبىئەت

قانۇنى. دىئالېكتىكا قانۇنى. تەپەككۇر قانۇنى. قارىمۇقارشىلىقنىڭ بىرلىكى قانۇنى. زىددىيەت قانۇنى. ئېنېرگىيىنىڭ ساقلىنىش قانۇنى. ② <قا> ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىرادىسىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان، دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنىدىغان، ئىجراسى دۆلەتنىڭ زورلۇق كۈچى ئارقىلىق كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ھەرىكەت مىزانى. ئادەتتە ئۇ يازما شەكىلدە بولىدۇ. مەسىلەن، ئاساسىي قانۇن؛ جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ قانۇنى دېگەنلەرگە ئوخشاش. ③ بېجىرىلىشى شەرت، مەجبۇرىي بولغان، قائىدە، ئادەت تۈسىگە كىرگەن تەلەپ، تاپشۇرۇق ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئاتىسىنىڭ سۆزى – ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر قانۇن. * پارتىيە قارارلىرى – بارچە كومپارتىيە ئەزالىرى ئۈچۈن قانۇن. ④ بىر دىندا قوبۇل قىلىنغان ئەخلاق ۋە رەسىم، رەسمىيەت قائىدىلىرى سىستېمىسى: شەرىئەت قانۇنى.

**قانۇن تىببىي ئىلمى** <تىب> مېدىتسىنانىڭ بىر تارمىقى. بۇنىڭدا قانۇنغا ئالاقىدار دېلولاردىكى مېدىتسىناغا ئائىت مەسىلىلەر تەتقىق قىلىنىدۇ ۋە ھەل قىلىنىدۇ. مەسىلەن، يارىلىنىش ياكى ئۆلۈشنىڭ سەۋەبلىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قانۇن چىقىرىش** <قا> دۆلەتنىڭ ھوقۇقلۇق ئورگىنىنىڭ مەلۇم تەرتىپ بويىچە قانۇن تۈزۈشى ياكى قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈشى.

**قانۇن دوختۇرى** <قا> سوت مەھكىمىلىرىدىكى ئەنزىلەر سوتىغا مەخسۇس قانۇن تىببىي ئىلمى ئارقىلىق ياردەملىشىدىغان دوختۇر.

**قانۇن ساقچىسى** <قا> ئەدلىيە ئورگانلىرىدا ئالاھىدە ۋەزىپە ئۆتەيدىغان ساقچىلار.

**قانۇنغا تارتماق** قانۇن بويىچە جىنايىتىنى سۈرۈشتۈرمەك، قانۇنىي جاۋابكارلىققا تارتماق، سوراق قىلماق: ئىلياس: – ماشىنىنىڭ رېمونت چىقىمىنى تۆلەش ھېسابىدا 1000 يۈەن پۇل تۆلىسەك ئۇلار قانۇنغا تارتمايدىغان بولدى. بىزنىڭ باشلىق بەك كۈچ چىقاردى، – دېدى.

**قانۇن-بەلگىلىمە** قانۇن ۋە بەلگىلىمە: دائىمىي كومىتېت يەرلىك قانۇن-بەلگىلىمىلەرنى تۈزۈش، سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈملەرنى كۈچەيتىش جەھەتتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى. * — شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى مەسئۇم بوۋاي ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ سالماق تەلەپپۇزدا، — ھۆكۈمەتنىڭ قانۇن - بەلگىلىمىلىرى بار، ئەمما ئۆزىڭىز شۇ قانۇن-بەلگىلىمىلەرگە قانچىلىك رىئايە قىلىۋاتىسىز؟!

**قانۇن-پەرمان** قانۇن ۋە پەرمان: قۇتۇبى ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئورمان مۇھاپىزەت قىلىش، ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۈزۈنغىچە قەتئىي داۋاملاشتىكى، ئالاقىدار سىياسەت، قانۇن-پەرمانلارنى تەشۋىق قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىلدى.

**قانۇن-تۈزۈم** قانۇن ۋە تۈزۈم: سوتسىيالىستىك قانۇن-تۈزۈم قۇرۇلۇشى.

**قانۇنچى** ئى ① قانۇن تۈزگۈچى ياكى قانۇن تۈزۈش ئىشلىرىغا قاتناشقۇچى خادىم، قانۇن تۇرغۇزغۇچى ۋە يۈرگۈزگۈچى كىشى: بۇرۇن ئەخلاق نەزەرىيىسىنى ئىنكار قىلغان قانۇنچى ۋە سىياسەتچىلەرمۇ ئاخىرى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاق تەربىيىسىگە موھتاج ئىكەنلىكىنى ئىقرار قىلىشقان. ② قانۇننى ياخشى بىلىدىغان، قانۇنشۇناس،

قانۇننى ھىمايە قىلىدىغان، قانۇننى ياقلايدىغان كىشى: بۇ دەۋرنىڭ خاراكتېرلىك بەلگىسى دېھقانلارنىڭ ئەركىن بۇرژۇئازىيىنىڭ تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ، ئاساسىي قانۇنچى دېموكراتلاردىن ئايرىلىپ، پرولېتارىيات تەرەپكە بۇرۇلۇشىدىن، بولشېۋىكلار پارتىيىسى تەرەپكە بۇرۇلۇشىدىن ئىبارەت.

**قانۇنچىلىق** ئى <قا> ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئۆز ئىرادىسى بويىچە ھاكىمىيەت ئورگانلىرى ئارقىلىق قۇرۇپ چىققان قانۇنىي تۈزۈمى. ئۇ قانۇن تۈزۈش، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇ ھۆكۈمران سىنىپنىڭ دىكتاتۇرا يۈرگۈزۈش ئۇسۇلى ۋە قورالىدۇر: سوتسىيالىستىك قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى. * يىغىن دېموكراتىيە ۋە قانۇنچىلىق مەسىلىلىرىنى ئەستايىدىل مۇزاكىرە قىلدى.

**قانۇنسىز** سۈپ ① قانۇنغا توغرا كەلمەيدىغان، قانۇنغا زىت، خىلاپ، قانۇننىڭ سىرتىدىكى، قانۇنىي ئەمەس: قانۇنسىز ئىش. قانۇنسىز نىكاھ. قانۇنسىز ھەرىكەت. قانۇنسىز ۋاستە. * سودا-سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدارىسى يەنە، قانۇنلۇق سودا-سېتىقنى قوغداپ، قانۇنسىز ھەرىكەتلەرنى چەكلىدى. * ۋەكالىتەن تالون سېتىش ياكى سېتىش ئارقىلىق ئوتتۇرىدىن قانۇنسىز كىرىم قىلىش مەنئىي قىلىنىدۇ. ② قانۇننى ھىمايە قىلمايدىغان، قانۇننى ياقلىمايدىغان، قانۇن تەرەپدارى ئەمەس: بىز ھازىر ئىقتىسادىي ساھەدىكى ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. بۇنداق جىنايى ھەرىكەتلەردە بولغانلار ئىچىدە، جەمئىيەتتىكى قانۇنسىز ئۇنسۇرلاردىن باشقا، يەنە پارتىيە ئىچىدە، ھۆكۈمەتتە ۋە ئارمىيىدە كاپىتالىستىك ئىدىيىنىڭ چىرىتىشى بىلەن چىرىپ ئاينىپ كەتكەن ئىنتايىن ئازسانىدىكى ئۇنسۇرلارمۇ بار.

**قانۇنسىزلارچە** رەۋ. قانۇنغا رىئايە قىلمايدىغانلارغا ئوخشاش، قانۇنغا خىلاپ، زىت بولغان ھالدا، قانۇنىي رەۋىشتە ئەمەس، قانۇنسىزلىق بىلەن: ئەگەر كىمكى ئۇنىڭغا قانۇنسىزلارچە دەخلى قىلسا، دۆلەتنىڭ مۇقەررەر ھالدا ئۇنى توسىدىغانلىقىنى چۈشەندۇرۇپ، ئۇلارنى ھەقىقىي ئىشەندۈرۈش كېرەك.

**قانۇنسىزلىق** «قانۇنسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قانۇنسىزلىق قىلماق. * ئەگەر، قانۇنسىزلىق قىلغان ئوغلىمىزغا پەقەت ئاتا-ئانىلىق ھېسسىياتىمىز بىلەنلا مۇئامىلە قىلساق، ئۇ چاغدا بىز ئاشۇ قانۇننىڭ مۇقەددەسلىكى بىلەن ئوغلىمىزنى تېگىشكەن بولمايمىزمۇ؟ * بۇ قېپقىزىل قانۇنسىزلىق.

**قانۇنشۇناس** ئى [ئە+پ] <تارىخ> قانۇننى پىششىق بىلىدىغان ياكى قانۇننى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس.

**قانۇنشۇناسلىق** ئى <قا> دۆلەت ۋە قانۇننى تەتقىق قىلىدىغان پەن: قەدىمكى يۇنان ۋە رىمدا قۇلدارلارنىڭ بىرقەدەر تەرەققىي تاپقان قانۇنشۇناسلىقى بارلىققا كەلگەن. * بىز ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىق نەزەرىيىسىگە ئاساسلانساقلا، ئاندىن قانۇننى توغرا چۈشىنەلەيمىز، قانۇننىڭ ماھىيىتى ۋە رولىنى ئېنىق بىلەلەيمىز.

**قانۇنلاشتۇرماق** «قانۇنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئارقىدىن ئىشلەپچىقىرىش ئەترىتىنىڭمۇ ھوقۇقىنى تارتىۋېلىشتى-دە، بۇ ھوقۇق تارتىۋېلىشنى قانۇنلاشتۇرۇشقا كىرىشتى.

**قانۇنلاشتۇرۇلماق** «قانۇنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ كۈنى توختام خەت يېزىلىپ، بارماقلىرىنى بېسىشتى ۋە ھىنسامىدىن داموللىنىڭ مۆھۈرى بىلەن بۇ

ئىش قانۇنلاشتۇرۇلدى.

**قانۇنلاشماق** پ ① قانۇن بىلەن تەستىقلانماق؛ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولماق، قانۇنغا ئۇيغۇن بولماق: بۇ ئىش قانۇنلىشىپ قالدى. ② قانۇنىي دەپ ئېتىراپ قىلىنماق، قانۇنلۇق دەپ تونۇلماق، قانۇنلۇق بولماق: قانۇنلاشقان تەشكىلات. قانۇنلاشقان ئىملا قائىدىلىرى.

**قانۇنلۇق** سۈپ ① ئېنىق قانۇنلىرى بولغان ۋە ئۇلارغا ئەمەل قىلىدىغان: ئاساسىي قانۇنلۇق دۆلەت. * ئۇلار 1876-يىلىدىكى ئاساسىي قانۇننى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى شوئار قىلىپ، فېئوداللىق ئىلاھىي ھاكىمىيەت ئاساسىدىكى ئوسمان ئىمپېرىيىسىنى بۇرژۇئا ئاساسىي قانۇنلۇق پادىشاھلىققا ئايلاندۇرۇشنى ئۈمىد قىلغان. ② قانۇن تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن؛ قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنغان؛ قانۇنىي كۈچكە ئىگە، قانۇنغا ئۇيغۇن؛ قانۇنلاشقان: ھەق تەلەپ ئەنزىلىرىنى توغرا، قانۇنلۇق ۋە ۋاقتىدا سوت قىلىشمۇ خەلق سوت مەھكىمىلىرىنىڭ مۇھىم بىر ۋەزىپىسى. * بۇ ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ جىسمانىي ئەركىنلىكى، دېموكراتىيە ھوقۇقى ۋە قانۇنلۇق ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنىڭ دەخلى-تەرۇزگە ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلىشقا پايدىلىق.
* ئۇ مېنىڭ قانۇنلۇق لايىقىم.

**قانۇن-مىزان** قانۇن ۋە مىزان.

**قانۇن-نىزام** قانۇن ۋە نىزام ياكى قانۇن ۋە شۇ خىلدىكى قائىدە-تۈزۈم: تۆۋەندە دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنلىرى ئۈستىدە قىسقىچە چۈشەنچىگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن، بەزى مۇھىم قانۇن-نىزاملاردىن مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتىمىز. * دۆلىتىمىزنىڭ باشقا قانۇن-نىزاملىرىغا كەلسەك، ئۇلارمۇ ئاساسىي قانۇنغا، قانۇنلارغا ۋە پەرمانلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن.

**قانۇن-ئىنتىزام** قانۇن ۋە ئىنتىزام: قانۇن-ئىنتىزامغا بويسۇنماق. قانۇن-ئىنتىزامغا رىئايە قىلماق.

**قانۇنىي** سۈپ [ئە] ① قانۇندا بەلگىلەنگەن، قانۇندا كۆرسىتىلگەن: قانۇنىي ھوقۇق. قانۇنىي مەجبۇرىيەت. ② قانۇن يولى بىلەن تەستىقلانغان، قانۇنغا مۇۋاپىق كېلىدىغان، قانۇنغا ئۇيغۇن، قانۇنغا ئاساسلانغان: قانۇنىي ھۆججەت. قانۇنىي تەشكىلات. قانۇنىي كۈرەش. * — مەن مۇشۇ شەھەرنىڭ قانۇنىي پادىشاھى بولىمەن، — دەپتۇ يىگىت. ③ قانۇنغا ئالاقىدار، قانۇن بىلەن بىر تەرەپ قىلىنىدىغان: قانۇنىي مەسىلە. قانۇنىي جاۋابكارلىق. قانۇنىي جازا.

**قانۇنىي جازا** <قا> قانۇندا بەلگىلەنگەن ۋە قانۇن بويىچە بېرىلىدىغان جازا.

**قانۇنىي ۋەكالەتچى** <قا> قانۇندىكى بەلگىلىمىلەرگە ئاساسەن ۋەكالەتچىلىك ھوقۇقىنى يۈرگۈزىدىغان كىشى.

**قانۇنىيەت** ئى [ئە] ① ئوبيېكتىپ شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇقەررەر باغلىنىش ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى: ئوبيېكتىپ قانۇنىيەت. تەبىئىي قانۇنىيەت. * ئىنسانلارنىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆسۈشى، قېرىشى، ئۆلۈشى قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان تەبىئىي قانۇنىيەت. * ئارقىدا قالغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىلگىرىلىشىدە ھامان قايتىلىنىش بولىدۇ. بۇ ئىدىيە تەرەققىياتىنىڭ قانۇنىيىتى. ② قانۇنىي ئاساستا، تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدىغان، تەبىئىي، مۇقەررەر ئىش، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلار.

**قانۇنىيەتلىك** سۈپ ① قانۇنىيىتى بار، قانۇنىيەت بويىچە بولىدىغان؛ تەبىئىي رەۋىشتە ئۆز-ئۆزىدىن كېلىپ چىقىدىغان؛ سادىر بولۇشى مۇقەررەر بولغان، تەبىئىي: قانۇنىيەتلىك ئىش. قانۇنىيەتلىك

ئۆزگىرىش. * دېمەك، ئىجتىمائىي ھايات ۋە جەمئىيەت تارىخى ئەمدى «تاسادىپىي ھادىسىلەر» دۆۋىسى بولۇشتىن قالدى. چۈنكى جەمئىيەت تارىخى جەمئىيە تىنىڭ قانۇنىيەتلىك تەرەققىياتى بولۇپ قالدى، جەمئىيەت تارىخى ئۈستىدىكى تەتقىقات بىر خىل پەن بولۇپ قالدى. ② قانۇنىيەتكە مۇۋاپىق كېلىدىغان، قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان: كىتابىنىڭ ئاخىرقى بەتلىرىدە بولسا، بۇ تاغلىق يېزىدا ئۆسىدىغان دورا گىياھلىرىنىڭ يەرلىك تىلدا ئاتىلىشى، قەيەردە ئۆسىدىغان، نېمىگە شىپا بولىدىغانلىقلىرى ۋە دورا گىياھلىرىدىن ئۆزى دورا ياساپ، سىناقتىن ئۆتكۈزگەن قانۇنىيەتلىك خۇلاسىلەر ۋە بەزى تەجرىبىلەر يېزىلغانىدى.

**قانۇنيلاشتۇرماق** «قانۇنيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قانۇنيلاشتۇرۇلماق** «قانۇنيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قانۇنيلاشماق** پ. قانۇنغا ئۇيغۇنلاشماق، قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولماق، قانۇن تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنماق.

**قانۇنيلىق** ئى. قانۇنغا ئۇيغۇنلۇق: گېرمانىيىنى بۇ ھۆكۈمنى ئىسپاتلاشتا ئەڭ روشەن مىسال دېيىشكە بولىدۇ، چۈنكى بۇ دۆلەتتە ئاساسىي قانۇندا بەلگىلەنگەن قانۇنيلىق ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىتقىچە، مۇھىم ھالدا يەنى يىرىم ئەسىر دېگۈدەك ساقلىنىپ كەلدى.

**قانۇن-يوسۇن** قانۇن ۋە يوسۇن، قانۇن ۋە قانۇن-تۈزۈم: نەق دەللىنىڭ ھەم قەسەمنىڭ ئالدىدا، ئۆزىنى قۇربان ئالالماس ئالدىغا. مەيلى ئىقرارغا كەلسۇن-كەلمىسۇن، «ئوغرى» دەپ قىلغاي ھۆكۈم قانۇن-يوسۇن.

**قانىسە** ئى [ئە] <تب> توخۇ تاشلىقىنىڭ ئىچكى سېرىق پەردىسى. تىبابەتچىلىكتە ھەزىم قىلىشنىڭ ياخشى بولماسلىقى، قەي قىلىش قاتارلىقلارنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قانىغاق** ئى <تب> قان پلازمىسىدا مەلۇم خىلدىكى شارچە ئاقسىل كەم بولۇش تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان تۇغما كېسەللىك. بۇنىڭدا ئادەمنىڭ ھەرقايسى قىسىملىرى (مەسىلەن، تېرە، مۇسكۇل، بوغۇم، ئىچكى ئەزالار) ئۆزلۈكىدىن قانايدۇ ياكى سەل زەخىملەنسىلا قاناپ كېتىدۇ، قان ئۇيۇش ۋاقتى ئۇزۇن بولىدۇ.

**قانىغاق كېسەللىكى** <تب> ← قانىغاق.

**قانىماق** پ. قان سىرتقا تەپمەك، قان چىقماق: ئاغزى قانىماق. بۇرنى قانىماق. قولى قانىماق. * بۇنىڭ بىلەن ئاشقازان قاناپ قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. كىچىككىنە ئوماق ھۆجەيرىلەر بۇ ئازابلارغا چىدىيالماي زار-زار يىغلاپ ھوشىدىن كېتىشتى.

**قان-ياش** ① قان ۋە ياش. ② قانلىق ياش، قان ئارىلاش ياش: — بۇ دەرد-ئەلەملەرنى بىز تارتىپ تۈگەتسەك بولاتتى، — دېدى بوۋاي چوڭقۇر تىنىپ، — ئاتا-بوۋىلارنىڭ قان-يېشى ئاخىرى سىلەرگىمۇ مىراس بولۇپ قالدى. * تۇغۇلۇپ كۆردۈم جاھاننى، قىلدىم پۇشايمان، ئەزىز ئۆمرۈم ئاقتى سۇدەك ماڭا باقماستىن؛ ئانامنىڭ كۆزىدە قان-ياش، رەڭگى سارغايغان، مېنى «ئەللەي» - ئېيتەر ئىدى يانغا باقماستىن.

**قان-يىرىڭ** قان ۋە يىرىڭ: قان-يىرىڭنى تازىلىماق. قان-يىرىڭلارنى ئادالىماق. * بۇ بەگلەر ئالسا تارتىپ يەرلىرىڭنى، تامام ئاپقان پۇلۇڭ ماڭلاي تېرىڭنى. ئىچەرسەن ھەر زاماندا قان-يىرىڭنى، يەنە سەن بۇ زەھەرگە قانمىغاچقا.

**قاھ-قاھ** يۇقىرى ئاۋازدا، قاتتىق كۈلگەندە ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: قاھ-قاھ سېلىپ كۈلمەك.

**قاھ-قاھ سالماق** ← **قاقاھلىماق**: قاھ-قاھ سېلىپ كۈلەر ئىدىڭ شائىر تاغا، بولساڭ ئەگەر بۈگۈن بىزنىڭ ئارىمىزدا. «ۋەتەن ئەلا - خەلق ئەلا» دېگەنلىرىڭ، تۇرار مەڭگۈ ھازىرقىدەك يادىمىزدا.

**قاھ-قاھ قىلماق** ← **قاقاھلىماق**: مەكتەپ بىزنىڭ بېغىمىز، بىلىم ئالار دىلىمىز. دائىم شاددۇر كۆڭلىمىز، قاھ-قاھ قىلىپ كۈلىمىز.

**قاقاھلىماق** پ. يۇقىرى ئاۋازدا قاھ-قاھ قىلىپ كۈلمەك، قاھ-قاھ قىلماق: مۇئەللىم كىتاب جازىسىدىن تاللاپ چىقارغان ئۈچ پارچە كىتابنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ بولۇپ، ئالىمغا خۇددى ئەمدى كۆزى چۈشكەندەك قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. * شۇ ۋاقىتتا ھېكىم سېلىم شېيخنىڭ بۇ ئۈمىدۋارلىقىنى مەنسىتمىدىلا ئەمەس، بەلكى مەسخىرە قىلىپ قاقاھلاپ كۈلدى.

**قاۋ-قاۋ** ئىت ھاۋشىغاندا چىقىدىغان ئۈزۈك ھەم قىسقا ئاۋاز: سەپداشلار يوشۇرۇنغان يەرلىرىدىن قوزغالماقچى بولۇپ تۇراتتى، سىپىلنىڭ شىمالىي بېقىنى تەرەپتىن ئىتلارنىڭ قاۋ، قاۋ قىلىشلىرى بىلەن تەڭ بىرنەچچە قارا گەۋدىنىڭ سەپداشلارغا ئاتلىق يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى سېزىلدى

**قاۋاتماق** «قاۋىماق I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىتنى قاۋاتماق.

**قاۋاشماق** «قاۋىماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتراپىمدا بىرنەچچە ئىت، تەرەپ-تەرەپتىن قاۋىشىپ ئېتىلىپ كەلدى. يۈرىكىم سېلىپ قورقۇپ يا قېچىشىمنى، يا ئالدىمغا قاراپ مېڭىشىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. * 15 كۈن يول يۈرۈپ ئاران دېگەندە، كۇچاغا كەلسەك ئىتلىرى قاۋىشىپ، قويلىرى مەرىشىپ، ئېشەكلىرى ھاڭرىشىپ تۇرۇپتۇ.

**قاۋاق I** سۈپ. خىلۋەت، چەت، ياقا؛ جىمجىت، تىنچ: قاۋاق ھويلا. قاۋاق ئۆي.

**قاۋاق II** ئى. ھاراق ساتىدىغان دۇكان، قاۋاقخانا: ساۋۇتجان قاۋاقتىن ھاراقنى ئېلىپ ئىشىككە كېلىشىگە، بىرمەست ئۇنى ئىتتىرىۋېتىپ پەلەمپەيگە يىقىلىپ چۈشتى-دە، بوتۇلكا نەچچە پارچە بولۇپ كەتتى.

**قاۋاق بەندىسى** دائىم قاۋاققا كىرىپ ھاراق ئىچىدىغان ھاراقكەش: قېيۇم ئۇستا ئەلچىنى «قۇناخۇن ئۆكسىنى ئۆيلەيمەن، دېگۈچە ئاۋۋال ئۇنى كوچىدىن يىغىپ، تەربىيە بېرىپ ئادەم قىلسۇن، قاسىم تازدەك قاۋاق بەندىسىگە چۈشۈپ قالغان قىز يوق...» دەپ ياندۇرۇۋەتكەنىدى.

**قاۋاقچى** ئى. قاۋاقخانا ئىگىسى: ئۇ بۇ ئىككى قەۋەت ئۆينىڭ ئورنىدا بۇرۇن گۆرۈكەش بىلەن قاۋاقچىنىڭ زەيكەش، قاراڭغۇ پاسكىنا ئۆيى بارلىقىنى يادىغا چۈشۈرۈشكە ئۈلگۈردى.

**قاۋاقخانا** ئى. مەخسۇس ھاراق سېتىپ تىجارەت قىلىدىغان دۇكان، ھاراق دۇكىنى، مەيخانا: يەنە بىردەمدە قارىساڭ، ھېلى ئۇ قاۋاقخانىدا پوكەي يۆلەپ تۇرغان بولسا، ھېلى بۇ قاۋاقخانىدا مۈشتلىشىۋاتقان. * مەن قانداق قىلىپ قاۋاقخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن.

**قاۋالماق** «قاۋىماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: توخۇ بۇرجەككە قاۋالدى. قويلار قوتانغا قاۋالدى. * مەن دىققەت بىلەن قارىغۇدەك بولسام، ئۇ سەپ ئىچىگە قاۋىلىپ قېلىپتۇ.

**قاۋاماش** ئى. دىئال. ياغ چېكىلگەن كاكچا (نان).

**قاۋان** ئى. ياۋا توڭگۇزنىڭ ئەركىكى: ئۇ

ھەر قېتىم بۇرۇلۇپ ئارقىغا قايتقاندا، ئۇنىڭ ئۇزۇن ئۇستۇرۇپ ئارقىغا قايرىغان، خۇددى قاۋاننىڭ يالىدەك يىرىك چاچلىرى شامالغا ئېسىپ قويغان دەسمالدەك سىلكىنەتتى. * بولغاچ ئىناق-بىر گەۋدە، بۇ يۇرتتىكى پالۋانلار. تېگەلمەسكەن ئۇلارغا، بۆرى-ئېيىق، قاۋانلار.

**قاۋانلىق** ئى. قاۋانلار بار، قاۋانلار توپلىشىپ ياشايدىغان يەر: قاۋانلىققا بارماق.

**قاۋشىماق** پ ← **قاۋىماق.**

**قاۋلىماق** پ. دىئال. قاۋىماق، قاۋشىماق.

**قاۋۇل** سۈپ. جان ت ① بەستلىك، ساغلام؛ كۈچلۈك: قاۋۇل ئادەم. * ئەخمەتجان قاۋۇل قوللىرىنى شىلتىپ سۆزلەيدىغان، ئېگىز بوي، ئاق يۈزلۈك يىگىت ئىدى. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆك چاپان، كۆك ئۆتۈك، قارا جىيەكلىك ئاق كىگىز قالپاق كىيگەن قاۋۇل يىگىتلەر ئىدى. ② چىرايلىق، كېلىشكەن، گۈزەل: ئاق دوپپىسى بىلەن ئاق خەسە كۆڭلىكى ئۇنىڭ كەڭ قاۋۇل بەستىگە خويمۇ ياراشقان بولۇپ، چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. * ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار يولغا كىرمەيدۇ، چېچى ئۇزۇن قاۋۇل جۇۋان قولغا كىرمەيدۇ. ③ كۆچمە. ئىقتىدارلىق، قابىلىيەتلىك، قولىدىن ئىش كېلىدىغان: — تولىمۇ ھەق سۆزنى ئېيتتىلا ئىمانقۇلى مۇدەررىس جانابلىرى، — دېدى قۇتلۇق شەۋقى، — بىزمۇ ئەسلى قاۋۇل خەلق ئىدۇق. جاھاننىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئالتۇندەك بىپايان تۇپراقتا چېدىر-بارگاھلارنى قۇرۇپ قەلئە-شەھەرلەرنى سېلىپ ئۆز-ئۆزىمىزگە خوجا بولۇپ، ئۆز-ئۆزىمىزنى سورىغان خەلق ئىدۇق. * مەدەنىيەت-مائارىپ ئىدارىسى ئەخلاقلىق، قاۋۇل ئوقۇتقۇچىلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇشقا ئەھمىيەت بەردى. * كۇنەس ناھىيىسىنىڭ مۇئاۋىن ھاكىم، چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى يېتەكچىلىكىدە 40 نەپەر قاۋۇل كادىر، مال دوختۇرىنى نۇقتىلارغا ئەۋەتتى.

**قاۋۇللۇق** «قاۋۇل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مېنىڭ مەسلىھەتىم شۇكى، پادىشاھنىڭ قېشىغا كىرىپ، ئۇ قىزنىڭ ھۆسن-جامالى ۋە قاۋۇللۇقىنى تەرىپ قىلىشمىز كېرەك.

**قاۋىماق** I پ «قاۋ-قاۋ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، ھاۋشىماق (ئىت ھەققىدە): ئىت قاۋىغان يەردە ئادەم بار (ماقال). * بىر ئىت قاۋىسا، ھەممە ئىت تەڭ قاۋايتۇ (ماقال). * ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن پىلنىڭ نېمە ئىشى (ماقال). * سۇلايمان ئاتتىن چۈشكەندە، ئىت بىردىن قاۋاشتىن توختاپ، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدى-دە، ئۇستىبېشىنى پۇراپ، ئالدى پۇتلىرىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە ئېلىپ، ئەركىلەشكە ۋە ئۆز «تىلى» بىلەن نېمىلەرنىدۇر سۆزلەشكە باشلىدى. * ئىتلار قاۋاپ توسسىمۇ يولنى، توختىمايدۇ كارۋان سەپەردىن. توسقۇن يىرىپ، داۋان ئاشقانلار، گۈل قىسىدۇ شانۇ-زەپەردىن.

**قاۋىماق** II پ. قاپسىماق، قامىماق: قوينى ئېغىلغا قاۋىماق. توخۇنى بۇرجەككە قاۋىماق. توخۇلارنى كاتەككە قاۋىماق. ئىتنى ئۆيگە قاۋىماق. * دولقۇن پىلەك كۈنچىقىش تەرەپكە يۈرۈۋىدى، سولۇق جىناھ بەلگە ئەلەمنى كۈنچىقىش تەرەپكە قاراتتى، لەشكەرلەر كۈنچىقىش تەرەپتىن قاۋىۋالدى.

**قائىدە** ئى [ئە] ① تۇرمۇش ھادىسىلەر ئوتتۇرىسىدىكى باغلىنىش ۋە مۇناسىۋەتلەرنى ئىپادىلەيدىغان تەرتىپ؛ قانۇن: سۆز ياساش قائىدىسى. يېلتىز چىقىرىش قائىدىسى. قوشۇش قائىدىسى. كۆپەيتىش قائىدىسى. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ قانداق بېجىرىلىشى كېرەكلىكى ھەققىدىكى رەسمىي كۆرسەتمە، بولىۋېرىدىغان ياكى ئومۇم تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان تەرتىپ:

قاتناش قائىدىسى. * ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نورمال ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئەمگەك قائىدىسىگە قەتئىي رىئايە قىلىش كېرەك. ③ رەسىم، ئادەت، يوسۇن: قەدىمدىن قالغان قائىدە. * مىرزا ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ تاجىك قائىدىسى بويىچە ئۆز ئارا قوللىرىغا سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى.

**قائىدىسىنى قىلماق** قائىدە، ئادەت بولۇپ قالغىنى بويىچە بېجىرمەك: ھەبەش پادىشاھى قائىدىسىنى قىلىپ، قىزنى ئۆز نىكاھىغا ئېلىپتۇ. قارىسا، قىزنىڭ ھۆسنى ئاڭلىغىنىدىن يۈز ھەسسە ئارتۇق ئىكەن. ئۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، توي-تاماشا قىلىپتۇ، مۇرادىغا يېتىپتۇ.

**قائىدە-تۈزۈم** قائىدە ۋە تۈزۈم: ئىدىيىۋى تەربىيىنى ياخشى تۇتۇش بىلەن بىللە، قائىدە-تۈزۈملەرنى بېكىتىش، كونكرېت تەدبىرلەرنى تۈزۈش، قانۇن تۇرغۇزۇش، باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىش ئارقىلىق بۇ خىزمەتنىڭ ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش لازىم. * كۈنلەر ئۆتۈپ ئۇلاغ ئىشلەتكۈچىلەر بارا-بارا ئۇنىڭغا ئادەتلىنىپ ماخويمىزدا بۇ بىر قائىدە-تۈزۈمگە ئايلاندى.

**قائىدە-نىزام** قائىدە ۋە نىزام: تارىخىي دەۋردە، پارتىيىنىڭ قائىدە-نىزاملىرىنى ئەستايىدىل قوغداپ، پارتىيە ئىستىلىنى ھەقىقىي ياخشىلاپ، پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىنى كۈچەيتەيلى. * يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق قۇرۇلتايلىرى، يەرلىك ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە ھەر خىل زۆرۈر قائىدە-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

**قائىدە-يوسۇن** قائىدە ۋە يوسۇن: مىللىي قائىدە-يوسۇن. قائىدە-يوسۇننى بىلىدىغان بالا. * ئۇلار ئۆز قائىدە-يوسۇنلىرىغا مۇۋاپىق توي ھازىرلىقىنى قىلغاندىن كېيىن، بىرقانچە كۈن توي-تاماشىلار ئۆتكۈزۈلۈپ، مەلىكە ھاتەمگە نىكاھ قىلىندى. * — بۇ شەھەرنىڭ قائىدە-يوسۇنى شۇنداق، — دېدى كىشىلەر جاۋاب بېرىپ.

**قائىدە-يوسۇنلۇق** قائىدە-يوسۇنى بار، قائىدە-يوسۇنلارغا ئادەتلەنگەن، قائىدە-يوسۇنلارغا ئەمەل قىلىدىغان: قائىدە-يوسۇنلۇق بالا. * بۇ ئايال ناھايىتى قائىدە-يوسۇنلۇق، ئىززەت-ئىكراملىق تۇرمۇش كەچۈرەتتى. * ئائىلىدىكى بالىلارنىڭ قائىدە-يوسۇنلۇق بولۇپ چوڭ بولۇشى شۇ ئائىلىنىڭ تەربىيىسى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

**قائىدىچانلىق** ئى. قائىدىگە بويسۇنۇش، قائىدىنى ئاساس قىلىش: ئەرەب تىلىدا سۆزلەرنىڭ ئۆزگىرىشى مۇرەككەپ بولۇپ، قائىدىچانلىقى كۈچلۈك.

**قائىدىسىز** سۈپ. قائىدە-يوسۇننى بىلمەيدىغان، قائىدىگە ئەمەل قىلمايدىغان، قائىدىلىك ئەمەس؛ قائىدىگە چۈشمەيدىغان، قائىدىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان: قائىدىسىز ئىش قىلماق.

**قائىدىسىزلىق** «قائىدىسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كونا تونۇشلارنى ئۇزاتقاندا، قانداقلا بولمىسۇن، بىرئاز نەرسە ئېلىش لازىم-دە، بولمىسا تولىمۇ قائىدىسىزلىق قىلغانلىق بولىدۇ.

**قائىدىلە شتۇرمەك** «قائىدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى قائىدىلە شتۇرمەك.

**قائىدىلە شتۇرۇلمەك** «قائىدىلە شتۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇيغۇر تىلىدىكى چەتتىن كىرگەن بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى قائىدىلە شتۇرۇلدى.

**قائىدىلەشمەك** پ ① قائىدىگە ئايلانماق: ھەر جۈمە كۈنى تۇپراق بېشىغا چىقىپ، ئاتا-ئانىسىنىڭ روھىغا دۇئا قىلىش ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا قائىدىلىشىپ قالغانىدى. ② قائىدە-گە، سىستېمىغا چۈشمەك؛ قائىدىگە ئۇيغۇنلاشماق: ئەسلىي ئۇيغۇر تىلىغا خاس سۆزلەرنىڭ ئىملاسى خېلىلا قائىدىلەشتى. * بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئىملاسى قائىدىلەشتى.

**قائىدىلىك** ① سۈپ. قائىدە-يوسۇننى بىلىدىغان، قائىدىگە ئەمەل قىلىدىغان: قائىدىلىك بالا. * — ئەجەب قائىدىلىك چوڭ بولغان بالىلار ئىكەنغۇ بۇ. ئەھلى مۇسۇلماننىڭ بالىلىرى مانا مۇشۇنداق بولۇشى كېرەك! — دېدى مەززىن ھېلىقى سالام قىلغان بالىنى ماختاپ. ② رەۋ. قائىدە بويىچە، قائىدىگە ئۇيغۇن، قائىدىسى بىلەن؛ قائىدىدىن چىقماي: ئىملانى توغرا، چىرايلىق قىلىپ يېزىش مېنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئازابلىنارلىق ئىش. دېمەك، مەن ئۇنى چوقۇم چىرايلىق، قائىدىلىك يېزىشىم كېرەك. * ئۇ تانسىنى ناھايىتى يېنىك ۋە قائىدىلىك ئوينايتتى.

**قاي** ئال. جان ت. قايسى، قانداق، قاچان: قاي چاغ. قاي زامان. * بولۇپ قېلىپتۇ ئۇ قايىدىن باشلاپ مۇنچە قولدىن ئىش كەلـ-مەس؟! جېنى ھايات بولسا تەندە، موماي تېخى بوش كەلمەس!

**قاي چاغ** قايسى چاغ، قايسى مەزگىل؛ قانداق چاغ: تىلەپ ۋەسلىڭنى ئەي مەھبۇب، كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ. بۈگۈن سورىمايسەن ھالىمنى، قاي چاغنى قارار ئەتتىڭ؟

**قاي زامان** قايسى چاغ، قايسى دەۋر، قانچە ۋاقىت: ھەي، مەن بۇ ياقتا، ئۇلار ئۇ ياقتا، كىملەر بار ئىكەن، كىملەر يوق ئىكەن، كۆرمىگىلى بولدى قاي زامان.

**قاياش** ئى. ① ئومۇمەن بىر-بىرىنىڭ ئەھۋالىنى، كۆڭلىنى چۈشىنىدىغان، بىر-بىرىگە ھېسداشلىق قىلىدىغان يېقىن كىشىلەر، دوست؛ سىرداش؛ تەقدىر-داش، ئۆز خىلى: كەمبەغەلنىڭ قاياشى كەمبەغەل (ماقال). * مال تۇرى بىلەن، ئادەم قاياشى بىلەن (ماقال). * ئاغرىق نەدىن كىلۇر — ئاشتىن، بالا نەدىن كىلۇر — قاياشتىن (ماقال). * «كەمبەغەل كەمبەغەلنىڭ قاياشى ئەمەسمۇ،» دەپ تۇرۇۋالغانىدىن كېيىن، ياماقچى «خەير بولۇپتۇ» دەپ دېۋاننى ئۆيىگە باشلاپ كىرىپتۇ. * تۇل خوتۇن — تۇل خوتۇننىڭ قاياشى دېگەندەك، بۇ ئىككى تۇل ئايال ئەتىگەن-كەچتە بىر-بىرى بىلەن ئىزدىشىپ، بار-يوقىنى ئۆتنە-ئېلىم قىلىپ يېقىن ئۆتۈشەت-تى. * باش قورۇسى ئازادە، گازۋاي چىراغ يېقىلغان، خۇددى چوڭ توي-مەرىكىدەك، قاياشلىرى يىغىلغان. ② شەپقەتچى، نىجاتچى، باشپاناھ: — شۇنداق، بىز يېتىملار پادا بېقىپ يۈرگەندە بېشىمىزغا كۈن چۈشسىلا، مەنسۇرئاكام بىلەن سىنى تاپاتتۇق. بىزنىڭ قاياشىمىز ئىدىڭلار، — دېدى ئەكبەر كۆڭلۇمسىرەپ. * بەز باشايمىز، گۈللەر ھايات نۇرلار ئېمىپ قۇياشتىن، ئەشنا يۈرەك سۇ ئىچەمدۇ غەمگۇزارى قاياشتىن. * ھېكايىنى ئاڭلاپ بولۇپ دېدىم مەن شۇ ئان: كەمبەغەلگە قاياش ئىكەن بىزنىڭ ئەخمەتجان.

**قاياش بولماق** شەپقەتچى، باشپاناھ بولماق: دەردىم تۈگەپ، كۆلگەن ئازاد دېھقانىمەن، پارتىيەمگە ئېيتىمەن چىن مەدھىيە. پەقەت مېنىڭ ھال-مۇڭۇمنى چۈشەنگەن ۋە بەختىمگە، قاياش بولغان پارتىيە.

**قاياق** ئال [قاي+ياق] قايسى ياق، قايسى تەرەپ، قەيەر: سىز قاياقتىن كەلدىڭىز؟

* ئۇ چاغدا مەكتەپنى ئىگىلەپ تۇرغان ھېلىقى ئىسيانچىلارنىڭ مەغلۇپ بولۇپ، قاياقلارغا تاراپ كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. * سەن قاياقتىن كېلىسەن، مەن يېغلىسام سەن كۈلسەن. ھەممە ئىشنى بىلسەن، ئوتقا سېلىپ كۆيدۈرسەن.

**قاياقتىن كۆن چىقتى** ← **كۆن قاياقتىن چىقتى**: ئىززەتخان كۈلۈمسىرەپ كېلىپ تويلىيىنى ئالدى، ھەمرا بولسا مەتنىيازنىڭ قولىدىن تارتىپ جوزىغا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ: — بۈگۈن قاياقتىن كۈن چىقتى ئۇستام؟ — دەپ سورىدى. * ئەلقىسسە، بوشاندى ئۇ قاماقتىن، دېدى ياﺋاللا كۈن چىقتى قاياقتىن؟

**قايان** ئى [قاي+يان] قايسى ياق، قايسى تەرەپ، قاياق، قەيەر: ئەل قايان — سەن شۇيان (ماقال). * قىشلىقى قايان باراي، ياز كەلسە ساراي سالاي (ماقال). * ئىشىك ئالدى تېرەك بوستان، قىزىلگۈل غۇنچىسى يارىم. قىزىلگۈللەر ئېچىلغاندا قايان باردىڭ تولۇن ئايىم. * دۆڭ باشىدا ئولتۇرۇپ، قارايمەن مەلەڭ سايان. ھېچنەدە كۆرۈنمەيسەن، مۆكۈپ ئالدىڭ سەن قايان.

**قايىبىر** ئال [قاي+بىر] ← **قايسىبىر**: ئۇلار كۆزلىرىگە ياش ئالغان، قايىبىرلىرى باش كىيىملىرىنى قوللىرىغا ئالغان ھالدا چۇرقىرىشىپ ئۆزىتىپ قالدى.

**قايتا** رەۋ. يېڭىدىن، باشقىدىن، يەنە؛ يەنە بىر قېتىم؛ تەكرار: قايتا ئەملەش. قايتا بىرىكىش. قايتا ئوقۇش.

**قايتا ئەملەش** <تىب> ئالدىنى ئېلىش ۋاكسىنىسىنى تەكرار ئوكۇل قىلىشقا قارىتىلىدۇ.

**قايتا بېيىش** <گېئول> مەلۇم بىرلەمچى مېتال ئوكسىدلىق كان ياتقۇلىرى يەر ئۈستىگە ئېچىلغاندىن كېيىن، يوشۇرۇن سۇ يۈزىدىن يۇقىرىقى قىسمى يەر يۈزىدە جىنس ھاسىل بولۇش تەسىرىدە سۇلفاتلارغا ئۆزگىرىپ ۋە يەر ئاستى سۈيىدە ئېرىپ، تۆۋەنگە چۆشىدۇ. بۇ ۋاقىتتا باشقا بىرلەمچى مېتال ئوكسىدلىق بىرىكمە مىنېراللىرى بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ، قايتىدىن ئىككىلەمچى مېتال ئوكسىدلىق بىرىكمە چۆكۈندىلىرىگە ئۆزگىرىپ تىنىپ قالىدۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇرۇنقى گادايرودا بايرودىغا ئۆزگىرىدۇ، بۇ خىل كان ياتقۇسىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. مانا بۇ خىل جەريان «قايتا بېيىش» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قايتا تەربىيە** «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» مەزگىلىدە، «جۇڭگودىكى زىيالىيلار ۋە ياش ئوقۇغۇچىلارنىڭ دۇنيا قارىشى ئاساسىي جەھەتتىن ئېيتقاندا بۇرژۇئازىيىنىڭ، شۇڭا ئىشچى، دېھقان، ئەسكەرلەرنىڭ تەربىيىسىنى قوبۇل قىلىپ، دۇنيا قارىشىنى تەلتۆكۈس ئۆزگەرتىشى، سىياسىي مەۋقەسىنى روشەنلەشتۈرۈشى كېرەك» دەپ قارىلىپ، ئۇلارنى يېزا، زاۋۇت، كان، كارخانا قاتارلىقلارغا چۈشۈرۈپ چېنىقتۇرۇش شەكلى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلغان بىر قېتىملىق ھەرىكەت.

**قايتىدىن سوت قىلىش** <قا> تۆۋەن دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسىنىڭ ھۆكۈم ۋە كېسىمى يۇقىرى دەرىجىلىك سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن بىكار قىلىنغاندىن كېيىن، دەسلەپ سوت قىلغان سوت مەھكىمىسىنىڭ قايتىدىن سوت قىلىشى.

**قايتا قوزغىلىش** <تىب> كېسەلنىڭ يېڭىباشتىن قوزغىلىشى ياكى قايتا تۇتۇشىغا قارىتىلىدۇ.

**قايتا كرىستاللىنىش** <گېئول> جىنسلاردى-

ـكى مىنېرال تەركىبلىرىنىڭ قاتتىق ھالەتتە قايتا كرىستاللىنىشى.

**قايتا كۆكلەش** بىر قىسىم ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران مايسىلىرىنى كۆچۈرگەندە، ئۇ مايسىلارنىڭ قىشتىن ئۆتۈپ رەڭگىنىڭ سېرىقلىقتىن يېشىللىققا ئۆزگىرىشىگە، يەنى ئۆسۈشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە قارىتىلىدۇ.

**قايتا نەشرى** <مەت> كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ قايتا نەشر قىلىنىشى ياكى قايتا بېسىلغان نۇسخىسى: مىڭ بىر كېچىنىڭ قايتا نەشرى.

**قايتا نەشر قىلماق** <مەت> كىتاب، ژۇرنال قاتارلىقلارنى قايتىدىن باسماق.

**قايتا ھاسىل بولۇش** <بىئول> ← **قايتا يېتىلىش.**

**قايتا ئوقۇش** <مائار> ئۆگىنىش نەتىجىسى لاياقەتسىز بولغانلىقى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇغان بىلىملەرنى باشقىدىن تەكرارلاشقا قارىتىلىدۇ.

**قايتا ئۆسكەن ئورمان ← ئىككىلەمچى ئورمان.**

**قايتا ئۆسۈش** <بىئول> ← **قايتا يېتىلىش.**

**قايتا ئىمتىھان** <مائار> تەكرار ياكى مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن تولۇقلاپ ئېلىنىدىغان ئىمتىھان.

**قايتا يۇقۇش** <تىب> كېسەل مىكروبلىرىنىڭ يۇقتۇرۇۋالغۇچىدىن ئۈچىنچى بىر كىشىگە يۇقۇشى ياكى بىر كىشىگە تەكرار يۇقۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قايتا يېتىلىش** <بىئول> جانلىق ئورگانىزم توقۇلمىلىرى ياكى ئورگانلىرى مەلۇم قىسمىنىڭ يوقىلىپ ياكى زەخمىگە ئۇچراپ، كېيىن يەنە يېڭىباشتىن ئۆسۈپ چىقىشى. مەسىلەن، جاراھەت ئېغىزىنىڭ پۈتۈشى، ھىدرانىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئىككى قىلىۋېتىلسىمۇ يەنە ئۆسۈپ ئىككى ھىدراغا ئايلىنىشى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قايتارما** (توغرىسى: .قايتۇرما) ← **قايتۇرما.**

**قايتا-قايتا** بىرنەچچە قېتىم، تەكرار-تەكرار، يېنىش-يېنىش: قايتا-قايتا ئويلانماق. قايتا-قايتا تەكشۈرمەك. قايتا-قايتا سورىماق. * بىز بۇ ئائىلىدىكى بۇ بىرنەچچىمىز بۇ ھەقتە قايتا-قايتا باش قاتۇردۇق. * ئاشپەزلەر بەنجگى بۇيرۇق بويىچە چىقىپ كەتتى، شۇ چاغدىلا زاپخوز ئايالنىڭ ئۇلۇشكۇن ئۆزىگە قايتا-قايتا تاپىلىغان سۆزىنى ئېسىگە ئالدى.

**قايتقان** «قايتماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قايتقان نۇر.

**قايتقان نۇر** <فىز> قايتىپ كەلگەن نۇر.

**قايتقۇزماق** «قايتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: گۆھەرپۇرۇش ماڭار چاغدا خوتۇنىغا شۇنداق دەپتۇ: مەن پادىشاھ قېشىغا كىرىمەن، مېنى قايتقۇزماي قويۇشى مۇمكىن. ماڭا دۇئايى خەير قىلىپ تۇرغىن. * ئۇ مېنى ئۆيگە زادىلا قايتقۇزمىدى.

**قايتما** سۈپ. قايتىدىغان، قايتىش ھەرىكىتىنى ئورۇندايدىغان: قايتما جەريان.

**قايتما جەريان** <فىز> ماددىلار سىستېمىسىنىڭ A ھالەتتىن B ھالەتكە ئۆزگىرىش جەريانى.

**قايتماق** پ ① ئەسلى كەلگەن ياكى تۇرغان يېرىگە بارماق، دەسلەپكى يېرىگە كەلمەك: ئۆيگە قايتماق. غەلبە بىلەن قايتماق. قايتىپ كىرمەك. ئىشتىن قايتماق. * ئۇ ھازىر تاغ ئارىسىدىكى زاۋۇت قۇرۇلۇشىنى كۆرۈپ قايتتى. * ئۆتكەن يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئادىل شەھەرلىك

كۇتۇپخانىدىن ئىشخانىغا پىيادە قايتتى. ② بىرەر نەرسىگە تېگىپ يانماق: ئۇ توپنى كۈچ بىلەن تېپىۋېدى، ۋارتانىڭ ئۈستۈنكى ياغىچىغا تېگىپ كەينىگە قايتتى. * ئۇ گاھىدا مېھمانخانىغا كىرىپ بىرنېمىلەرنى دەپ تۇۋلاپ قويۇۋاتتى-دە، ئاپپاق ئاقارتىلغان تاملاردىن قايتقان جاراڭلىق ئەكس سادا ئاسىغا قۇلاق سالاتتى. ③ ئەسلىدىكى ھالىتىگە كەلمەك، بۇرۇنقى ھالىتىگە ئوخشاش بولماق: ناۋادا ئىلتىماسىمنى قوبۇل قىلسا، مەن 20 نەچچە يىللىق بۇرۇقتۇرمىلىقنى ئاخىرلاشتۇرىمەن-دە، ياشلىقىمغا قايتىمەن. ④ كۆچمە. يانماق، سوۋۇماق: دىلى قايتماق. كۆڭلى قايتماق. * ھازىر مېنىڭ ھەممە نەرسىدىن ئىخلاسىم قايتتى. * مەن ئۇنىڭ ئۇشتۇمتۇت خوتۇننى قويۇۋەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ، ئىخلاسىم قايتىپ قالدى. بولۇپمۇ باللارنى يېتىم قىلغانلىقىغا بەك ئاچچىقىم كەلدى. ⑤ كۆچمە. ۋاز كەچمەك، يانماق: پىكرىدىن قايتماق. نىيىتىدىن قايتماق. خاتا يولدىن قايتماق. ⑥ كۆچمە. كەتمەك، يوقالماق، تۈگىمەك: ئىسسىقى قايتماق. ئىششىقى قايتماق. * ئۇنىڭ ئاچچىقى قايتتى. ⑦ سېتىلىپ تۈگىمەي ئېلىپ كېلىنمەك (تىجارەت ھەققىدە): قايتقان مالدا بەرىكەت بار (ماقال).

**قايتۇرغۇچ** ئى. قايتۇرىدىغان، قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە، ئەسۋاب: چاقماق قايتۇرغۇچ.

**قايتۇرما** ① سۈپ. قايتۇرۇلىدىغان ياكى قايتۇرۇپ قىلىنىدىغان: قايتۇرما ھۇجۇم. قايتۇرما زەربە. قايتۇرما مۇھاسىرە. ② سۈپ. قايتىلىنىدىغان: قايتۇرما كېزىك. قايتۇرما چېتىشتۇرۇش. ③ ئى <مۇز> ناخشا ئاھاڭ-لىرىدىكى بىرىنچى قېتىملىق ئورۇنداشتىن كېيىن تەكرارلىنىپ قايتا كەلگەن بۆلەك كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قايتۇرما چېتىشتۇرۇش** <بىئول> چېتىشتۇرۇشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، ئىككى نەسلنى چېتىشتۇرۇش ئارقىلىق ئېرىشكەن بىرىنچى ئەۋلاد شالغۇت قايتا باشقا شۇ خىل نەسل بىلەن چېتىشتۇرۇلىدۇ. بۇنىڭدىن مەق-سەت، شالغۇتنىڭ كېيىنكى ئەۋلادلىرىنى بۇ نەسلنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە تېخىمۇ ياخشى ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت.

**قايتۇرما زەربە** <ھەرب> مۇداپىئەدە تۇرغان تەرەپنىڭ ھۇجۇم قىلغان تەرەپكە قارىتا بەرگەن زەربىسى.

**قايتۇرما كېزىك** <تىب> ← **قايتىلما كېزىك.**

**قايتۇرما مۇھاسىرە** <ھەرب> مۇھاسىرە ئىچىدە تۇرغان تەرەپنىڭ قارشى تەرەپ-نىڭ ئارقا سەپى ياكى ئاجىز ھالقىلىرىغا قاراتقان مۇھاسىرىسى.

**قايتۇرما ھۇجۇم** <ھەرب> مۇداپىئەدە تۇرغان تەرەپنىڭ ھۇجۇمىغا ئۆتكەن تەرەپكە قارىتا قىلغان ھۇجۇمى: قايتۇرما ھۇجۇم قىلماق. قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتمەك.

**قايتۇرماق** ① «قايتماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خېلى كۈنلەر ئۆتكۈچە ئەپەندىم قازاننى قايتۇرۇپ ئەكەل-مەپتۇ، ئاخىر قازاننىڭ ئىگىسى ئۆزى ئەپەن-دىمنىڭ ئۆيىگە قازاننى سوراپ بېرىپتۇ. * ئانام سەل ياخشىلانغاندا دوختۇرخانىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلگەندىم. * بىرمەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ سوۋغا ئەكىلىپ قويغان ئادەمنى تېپىپ بۆلۈمدىكى بىر كادىر ئارقىلىق سوۋغىنى قايتۇرۇپ بېرىدۇ. ② ئېلىنغان نەرسىنى جايىغا قويماق ياكى ئىگىسىگە ياندۇرۇپ بەرمەك، ئەۋەتمەك: قەرزنى قايتۇرماق. كىتابنى كىتابخانىغا قايتۇرماق. * پىلانىم ئۆزگەرگەنلىكتىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ

بولۇپ يەنە چۈشۈۋالدىم، بىلەتنى قايتۇرۇۋەتتىم. ③ تەكرارلىماق، قايتىلىماق، يېنىشلىماق: – ئەزىز؟ – دەپ قايتۇرۇپ سورىدى قەلبىنۇر، – ئۇ يەنە كېلىپتىمۇ؟ ④ چېكىندۈرمەك: جەڭچىلەر بىر سائەت جاپالىق جەڭ قىلىش ئارقىلىق دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىنى قايتۇردى. ⑤ جاۋابەن بەجا كەلتۈرمەك، جاۋابەن ئورۇندىماق: موللائاخۇن ئورنىدىن تۇرۇپ سالام قايتۇردى ۋە ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. * – مەنمۇ ئۆزۈمنى تۇتالماستىن، تىلىڭىزغا تىل قايتۇردۇم ۋە تولىمۇ بەتقىلىقلىق قىلدىم، سىز قېشىمدىن چىقىپ كېتىش بىلەنلا ئۆزۈمنى بولۇشىغا تىللىدىم، – دەپ ئەپۇ سورىدى مۆمىن.

**قايتۇرۇپ** «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: قايتۇرۇپ چېتىشتۇرۇش.

**قايتۇرۇپ چېتىشتۇرۇش** <بىئول> ← **قايتۇرما چېتىشتۇرۇش.**

**قايتۇرۇش** ① «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: پۇلنى قايتۇرۇش. مالنى قايتۇرۇش. ② <فىز> توسالغۇ ياكى ئەسلىدىكى مۇھىتقا ئوخشاش بولمىغان مۇھىتنىڭ ئاۋاز دولقۇنى، نۇر دولقۇنى ياكى ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى قاتارلىقلارنى سۇندۇرۇپ ياندۇرۇشى.

**قايتۇرۇش نىسبىتى** <فىز> قايتقان نۇرنىڭ كۈچىنىشى بىلەن چۈشكەن نۇر كۈچىنىشىنىڭ نىسبەت قىممىتى.

**قايتۇرۇشچان** سۈپ. قايتۇرۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، قايتۇرۇش رولىنى ئوينايدىغان.

**قايتۇرۇشچانلىق** ئى <فىز> كۈچەيتكۈچنىڭ چىقىش ئېلېكتر زەنجىرىدىكى بىر قىسىم ئېنېرگىيىنى كىرىش ئېلېكتر زەنجىرىگە قايتۇرۇپ، كىرىش سىگنالىنىڭ ئۈنۈمىنى كۈچەيتىش ياكى ئاجىزلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى.

**قايتۇرۇشماق** «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قەرزلەرنى قايتۇرۇشماق. * ئۇرغاچى توز بىلەن غاز كېيىكنىڭ دوست بولۇش ئارزۇسىنى ئۆزلىرىگە ئېيتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭغا ئىخلاس بىلەن رازىلىق بىلدۈرۈپ جاۋاب قايتۇرۇشۇپتۇ.

**قايتۇرۇلماق** «قايتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سەمەت دادۇي شۇجىسىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 10-سىنىپتا ئىككى يىل ئوقۇغان بولسىمۇ، يەنىلا ئىمتىھاندىن ئۆتەلمەي، ئائىلىسىگە قايتۇرۇلغانىدى. * خاتا ھالدا ئېلىنغان 70 يۈەن جەرىمانە پۇل قايتۇرۇلدى ھەمدە جەرىمانە قويۇلغۇچىدىن ئەپۇ سورالدى.

**قايتىباشتىن** رەۋ [قايتا+باش+تىن] قايتىدىن، باشقىدىن، قايتا؛ يەنە، يېڭىباشتىن: مەن سىزنى قايتىباشتىن يوقلاپ كېلىمەن. * ئۇ بۇ يەرگە قايتىباشتىن كېلىدىغان بولدى.

**قايتىدىن** رەۋ. يەنە بىر قېتىم، يېڭىباشتىن، قايتا: قايتىدىن يازماق. قايتىدىن ئىشلىمەك. قايتىدىن كۆرۈپ چىقماق. * ئوقۇغۇچىلار چەتئەل تىلى ئۆگىنىش كۇرسىغا كىرىشكە قايتىدىن تىزىمغا ئالدۇردى. * بىرنەچچە كۈن ئىلگىرى ئاتا-بالا ئىككىيلەن قومۇرۇلۇپ سېتىلىپ بولۇنغان كۆچەتلىكنىڭ ئورنىنى قايتىدىن رەتلەپ، يېڭىدىن قەلەمچە تىكىشكە تەييارلاۋاتاتتى.

**قايتىش** ① «قايتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، نۇر دولقۇنى ياكى ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ توسالغۇغا ياكى ئەسلىدىكى مۇھىتقا ئوخشاش بولمىغان مۇھىتقا يولۇقۇپ، سۇنۇپ يېنىشى.

**قايتىش بۇلۇڭى** <فىز> قايتقان نۇر

بىلەن نورمال نۇر ئارىسىدىكى بۇلۇڭ.

**قايتىشچان** سۈپ. قايتىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە، قايتىدىغان، قايتالايدىغان.

**قايتىشچانلىق** <فىز> ئاۋاز دولقۇنى، نۇر دولقۇنى ياكى ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى قاتارلىقلارنىڭ توسالغۇغا ياكى ئەسلىدىكى مۇھىتقا ئوخشىمايدىغان مۇھىتقا يولۇققاندا سۇنۇپ يېنىش خۇسۇسىيىتى.

**قايتىشماق** «قايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئىككىسى بىر-بىرىگە ياردەملىشىپ، ئۆزئارا كۆيۈنۈپ، ئالتە يىل ئوقۇدى، بىللە دەرس تەييارلىدى، مەكتەپتىن بىللە قايتىشتى. * شۇ كۈنلەردە مۇخپۇل ئاكا، توختى هارۋىكەش ۋە نۇرەمەلەر بىرنەچچە قېتىم تاپقان-تەرگەنلىرىنى ئېلىپ رەيهاننى يوقلاپ قايتىشتى.

**قايتىلاتماق** «قايتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بولدى، بولدى، ئەمدى، مېنىڭ مىجەزىمنى دېسەڭ، سېنى يۈز قېتىم قايتىلاتمەن. قېنى غىزا يەيلى.

**قايتىلانما** ئى. قايتا سادىر بولۇش، قايتىلىنىش: ئىشنىڭ قايتىلانمىسى. مەسىلىنىڭ قايتىلانمىسى. * سىزنىڭ ياراتقان ئوبرازلىرىڭىز ئالىلقانداقتۇر باشقىلار تەرىپىدىن ئالىلقاچان سەهنىگە چىقىرىلىپ بولغان ئوبرازلارنىڭ قايتىلانمىسى.

**قايتىلانماق** «قايتىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇنداقتا، داۋالاش ئۇسۇلىدا هېچقانداق ئۆزگىرىش بولمىغان تۇرۇقلۇق، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قايتىلىنىش يۈز بېرىدۇ؟ * بۇنداق ۋەقەنىڭ يەنە قايتىلانمىقى تەس.

**قايتىلىما** سۈپ. قايتىلىنىدىغان، تەكرار سادىر بولىدىغان، تەكرارلىنىدىغان: قايتىلىما رېئاكسىيە. قايتىلىما كېزىك.

**قايتىلىما رېئاكسىيە** <خىم> بىر ۋاقىتتا ئۆزئارا قارىمۇقارشى يۆنىلىش ئالىدىغان رېئاكسىيىلەر. مەسىلەن، سۇ پارى بىلەن ئىنتايىن قىزىق تۆمۈر رېئاكسىيىلىنىشىپ تۆمۈر ئوكسىد بىلەن هىدروگېن هاسىل قىلىدۇ، ھەمدە هىدروگېن بىلەن ناهايىتى قىزىق تۆمۈر ئوكسىد تەسىرلىشىپ تۆمۈر بىلەن سۇ پارىنى هاسىل قىلىدۇ. قايتىلىما رېئاكسىيىلەرنىڭ تەڭلىمىسىنى ئىپادە قىلغاندا تەڭلىك بەلگىسىنىڭ ئورنىغا قارىمۇقارشى يۆنىلىش ئالغان ستىرېلكا قويۇلىدۇ. مەسىلەن:

$$3Fe+4H_2O \rightleftarrows Fe_3O_4+4H_2$$

**قايتىلىما كېزىك** <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. قايتىلىما كېزىك بۇرمىسىمان تەنچىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بەدەنپىتى ئارقىلىق ئادەمگە يۇقىدۇ. بۇنىڭدا: ئارىلاپ قىزىتىش، باش ئاغرىش، جىگەر ۋە تال ئىششىش، پۈتۈن بەدەن تېلىپ ئاغرىش، كۆڭۈل ئاينىش، هۇ بولۇشى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. قىزىتما ئۇدا بىرنەچچە كۈن داۋاملىشىدۇ، يانغاندىن كېيىن، كېسەل ئالامەتلىرى يەنە قايتا كۆرۈلىدۇ.

**قايتىلىماق** پ. تەكرارلىماق، تەكرار ئېيتماق ياكى قىلماق: سۆزىنى قايتىلىماق. قايتىلاپ سورىماق. * – ئوقۇيالايدۇ دەۋاتامسىز ئاكا؟ – هىدايەتمۇ گويا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك، سوئالىنى قايتىلىدى. * ئۇ، كۆۋرۈكنىڭ سالاسۇنىغا يۆلىنىپ، يانچۇقىدىن گۇللۈك لېپاپنى چىقاردى-دە، ئۇنىڭ ئىچىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى سۇغۇرۇۋېلىپ، بىرقانچە نۆۋەت قايتىلاپ ئوقۇلغان بۇ خەتنىڭ مۇنۇ جۈملىلىرىگە يەنە كۆز يۈگۈرتتى.

**قايچا** ① ئى. رەخت، قەغەز، قەلەي قاتارلىق نېپىز نەرسىلەرنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە

ئىككى دانە پولات تىغنى بىر-بىرىگە ئالماشتۇرۇپ، كېسىشكەن جايىنى ۋىنتا ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇش يولى بىلەن ياسىلىدۇ: رەخت قايچىسى. قەغەز قايچىسى. ② سۈپ. شۇ شەكىلدىكى كېسىشمە: قايچا پەرق. قايچا پۇت. ③ ئى. جۇۋازنىڭ ئۇلاغنى قوشىدىغان ئاچا ياغىچى.

**قايچا پەرق** <س ئىق> ← **قايچىسىمان پەرق.**

**قايچا پۇت** <تىب> ① ئىككى پۇت سىرتقا قاراپ ئېگىلىپ قالىدىغان بىر خىل غەيرىيلىك. كۆپىنچە راخىت كېسىلى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ② شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئادەم.

**قايچا تۇمشۇق قىزىل قۇشقاچ** <زوئول> قىزىل قۇشقاچنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى قايچا شەكىلدە بولىدۇ.

**قايچا كەلمەك** بىر-بىرىگە دوقۇرۇشماق: بۇ ئىككى ئىش بىر-بىرىگە قايچا كەلدى.

**قايچىسىمان** سۈپ. قايچىغا ئوخشاش، قايچا شەكىلدىكى: قايچىسىمان پەرق.

**قايچىسىمان پەرق** <س ئىق> سانائەت مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسى يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنىڭ باھاسىدىن يۇقىرى بولغان چاغدىكى پەرق. مۇنداق پەرقنى ستاتىستىكىلىق سىخېما بىلەن ئىپادىلىگەن-دە، سىخېمىدا ئېچىلغان قايچا شەكىللىنىدۇ، شۇڭا بۇ قايچىسىمان پەرق دەپ ئاتالغان.

**قايچىقۇدا** ئى [قايچا+قۇدا] ئوغلىغا بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆزىنىڭ قىزىنى شۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا بېرىپ تويلاشقان قۇدا؛ قوش قۇدا: ئۇ ئىككىسى قايچىقۇدا ئىدى.

**قايچىقۇدا بولماق** ئوغلىغا بىراۋنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىپ، ئۆز قىزىنى شۇ كىشىنىڭ ئوغلىغا ياتلىق قىلماق: بۇلار قايچىقۇدا بولۇپ، رۇقىيەمنىڭ قېيىن ئاچىسى سادىرنىڭ ئايالى، سادىرنىڭ قېيىن ئىنىسى رۇقىيەمنىڭ يولدىشى ئىدى. * بۇ، قاراباغ يېزىسىدىكى سايىمئاخۇن بىلەن كۆككىر يېزىسىدىكى قاسىمئاخۇننىڭ ئۆزئارا قايچىقۇدا بولۇپ، ھەم ئوغۇل ئۆيلىگەن ھەم قىز چىقارغان توي مەرىكىسى ئىدى.

**قايچىلاتماق** «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قايچىلاشتۇرماق** «قايچىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېغىلنىڭ ئۆگزىسىگە چەنزىلەرنى قايچىلاشتۇرۇپ قويماق.

**قايچىلاشتۇرۇلماق** «قايچىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قايچىلاشقان** «قايچىلاشماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قايچىلاشقان ئىرسىيەت.

**قايچىلاشقان ئىرسىيەت** <بىئول> جىنسقا ئەگەشكەن ئالامەت X كە ئىگە ئانىلىق تەن بىلەن ئۇنىڭغا ماس ئالامەت Y كە ئىگە ئاتىلىق تەن جۈپلەشكەندىن كېيىن تۇغۇلغان ئەۋلادلارنىڭ ئەركىكىدە X، چىشىسىدا Y ئالامەتلىرى كۆرۈلىدىغان بىر خىل ھادىسە.

**قايچىلاشماق** ① «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② بىر-بىرىگە ئۆتۈشۈپ قايچا شەكلىگە كەلمەك، كېسىشمەك: خىزىر: – سالماق قەدەم بىلەن غارغا قاراپ مېڭىۋەرسەك بىر-بىرى بىلەن تىنىمسىز قايچىلىشىپ تۇرىدىغان قىلىچقا يولۇقسەن... – دەپتۇ-دە، كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ. ③ بىر-بىرىگە ئارتىلماق، جۈپلەشمەك (ئىت ھەققىدە): ئىتلار قايچىلىشىپ قالدى.

**قايچىلانما** سۈپ. بىر-بىرىگە ئۆتۈشىدىغان،

قايچىلىنىدىغان، ئۆزئارا كېسىشىدىغان، ئۆتۈشمە، كېسىشمە: قايچىلانما تىرەك. قايچىلانما كۈچ. قايچىلانما دېفورماتسىيە.

**قايچىلانما تىرەك** <بىن> ئۆزئارا يېقىن ۋە تىك تۇرغان ئىككى نەرسىنىڭ بىر-بىرىنى يۆلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن، ئۇلار ئارىسىغا «X» شەكلىدە قويۇلغان تىرەك.

**قايچىلانما دېفورماتسىيە** <فىز> چوڭ-كىچىكلىكى ئۆزئارا تەڭ، ئارىلىقى ناھايىتى يېقىن ۋە يۆنىلىشى قارىمۇقارشى بولغان ئىككى پاراللېل كۈچ جىسىمغا تەسىر قىلغاندا پەيدا بولىدىغان دېفورماتسىيە. مەسىلەن، قايچا بىلەن بىرەر نەرسىنى كەسكەندە بۇ خىل دېفورماتسىيە پەيدا بولىدۇ.

**قايچىلانما كۈچ** <فىز> جىسىملاردا قايچىلانما دېفورماتسىيە پەيدا قىلىدىغان كۈچ.

**قايچىلانما كۆچىنىش** <فىز> جىسىملار تاشقى كۈچ تۈپەيلى شەكىل ئۆزگەرتكەندە، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى خالىغان بىر بىرلىك كەسمە يۈز قايچىلانما ھالەتتە بارلىققا كېلىدىغان تەسىر كۈچ.

**قايچىلانماق** ① «قايچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② بىر-بىرىگە ئۆتۈشمەك، كېسىشمەك، قايچىلاشماق.

**قايچىلىتىلماق** «قايچىلاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قايچىلىشىش** ① «قايچىلاشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> ھۈجەيرىنىڭ سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈشىنىڭ دەسلەپكى دەۋرىدە ئانىلىق ۋە ئاتىلىقنىڭ ئوخشاش خروموسوملىرى ئۆزئارا بىرىكىپ جۈپلەشكەندە يۈز بېرىدىغان گىرەلىشىش ھادىسىسى. بۇ گېنلارنىڭ ئالمىشىشىغا ئاساس يارىتىپ بېرىدۇ.

**قايچىلىما** شۇپ → **قايچىلانما**: ئۇ ئاشتا قىلىۋېتىپ، بىر ئېغىز گەپكە بىر ئېغىز چاقچاق قوشۇپ كۈلگىنىدە بولسا، جۇۋانىڭ قايچىلىما يىپ بىلەن تېرىلگەن قېشىدەك ئىنچىكە، قارا قېشى سەكرەپ-سەكرەپ تۇراتتى.

**قايچىلىماق** پ. قايچا بىلەن قىيماق، كەسمەك، قايچا سالماق: ھاشىم ئاكا كۆچەتلەرنىڭ يان شاخلىرىنى قايچىلاپ ياساۋاتاتتى، يالقۇن بولسا دادىسىغا ياردەملەشمەكتە. * ئۇستا ئالىم ھېكايىسىنى بۇ يەرگە يەتكۈزگەندە، شامنىڭ كۆيگەن پىلىكىنى قايچىلىدى.

**قايدا** ئال. يېزت. قەيەردە، قايسى يەردە، قايسى جايدا، نەدە، قايسى تەرەپتە، قاياقتا: سائەت سىزىپ قولۇمغا بىرچاغ، چاپقان مەنمۇ مەلىدە — سايدا. سائىتىمغۇ بار بولدى ئەمدى، بالىلىقىم يۈرسەن قايدا؟! * قاپقارا بوران كەلدى، تار كوچا راۋان كەلدى، قايدىسەن جېنىم ئانام، سەرگەردان بالاڭ كەلدى. * خانىماندىن جۇدا بولغان ئادىل شاھىم قايدا سەن، غېرىبلىقتا گاداي بولغان ئادىل شاھىم قايدا سەن.

**قايداغ** (توغرىسى: قانداق) → **قانداق**.

**قايدۇرماق** «قايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: داداڭلار: «كېتىمىز، چەتئەلگە كېتىمىز» دەپ بېشىمنى قايدۇردى. * — ساڭا بېرىدىغان ھاراق يوق، تولا مېڭەمنى قايدۇرماي كەت نېرى! — دەپ ۋارقىرىدى دۇكاندار كېچىدە ئىشىكنى ئۇرغان ھاراقكەشكە.

**قايدۇرۇشماق** «قايدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايدۇرۇلماق** «قايدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قايراق** ئى. دىئال ① كىچىك تاغ، ئېدىر. ② بىلەي.

**قايران** سۆپ → **قايران بېلىق.**

**قايران بېلىق** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى چوڭ، ئازراق ئورچۇق شەكلىدە، تەڭگىچىسى ئۇششاق ھەم يۇملاق، مۇھىم ئىستېمال بېلىقلىرى ھېسابلىنىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغىنى كىتا بېلىقىدۇر.

**قايرىپ** «قارىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قايرىپ قويماق** ئېتىبارسىز دەپ ھېسابلىماق؛ بىر چەتكە ئېلىپ قويماق: ئەكبەر تۇيۇقسىزلا تۇرسۇن شېجاڭنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىنى قايرىپ قويۇپ پارتىيە ئەزالىرى يىغىنىنى ئاچقانىدى.

**قايرىشتۇرماق** پ. قايرىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، قايرىماق: قەمەرنىسا ئۇلارنى ئاتماقچى بولدى. ئاڭغىچە ياندىكى 5-ئاتلىقلار پولكى ئىچىدىن كېلىۋاتقان بىرقانچە ئەسكەر ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىپ قېلىپ، ئارقىدىن كېلىپ تۇتۇۋالدى-دە، قولىنى قايرىشتۇرۇپ ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ ماڭدى.

**قايرىشماق** «قايرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى كېلىپلا كوچىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرغان بىر ياشنىڭ قوللىرىنى قايرىشتى.

**قايرىلما** سۆپ. قايرىلغان ياكى يايسىمان ئېگىلگەن، قايرىما: قايرىلما كىرپىك. قايرىلما قونچلۇق ئۆتۈك. * — ھە، بۇ ئەلچىلەر نېمىدەپ چىقىپتۇ؟ — دېدي قايرىلما بۇرۇتلۇق بىر ئادەم. * گۇلجەمىلىنىڭ ئاناردەك قىپقىزىل يۈزلىرى، بولاقتەك كۆزلىرى، قارلىغاچنىڭ قانىتىدەك قايرىلما قاشلىرى، تال چىۋىقتەك زىلۋا بوي ۋە ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكرىكى ئۇنىڭ قەلبىدە بىر ئىز قالدۇرغانىدى.

**قايرىلما قاش** ① يايسىمان قايرىلىپ تۇرىدىغان قاش: ئۇلار شۇ قارىشى ئارقىلىق گويا ئانىسىنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك قايرىلما قاشلىرىدىن جۇدەڭگۈ يۈزىدىكى ئېلىپتەك بۇرنىدىن، ئىسكىچامغىنە كەلگەن چىشسىز ئاغزىنىڭ نېپىز لەۋلىرىدىن ئۇنىڭ ياشلىقتىكى گۈزەللىكىنى كۆرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. ② شۇنداق قېشى بار: قايرىلما قاش چوكان. قايرىلما قاش قىز.

**قايرىلماق** ① «قايرىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جېسەكچىلەر بۆرىدەك ئېتىلىپ بېرىپ بەھرامغا تاشلىنىدۇ، جىددىي ئېلىشىشتىن كېيىن، بەھرامنىڭ قوللىرى قايرىلىپ باغلىنىدۇ. * تۇيۇقسىزلا سۆگەتنىڭ تاللىرى قايرىلغاندەك بولدى. ئۇ بۇرۇلۇپ قاراپ ئەنۋەرنىڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆزلىرىدە ئىختىيارسىز ياش ئەگدى. ② تولغانماق، ئەسلىدىكى ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتمەك؛ چۆچۈپ كەتمەك: كەڭ ئېرىقتىن ئاتلىما، پۇتۇم قايرىلدى دېمە (ماقال). * ئۇنىڭ قولى ئىختىيارسىز ئارقىسىغا قايرىلدى. * قىزنىڭ بىر پۇتى قايرىلغان بولۇپ يەر دەسسىيەلمەيتتى. كۆزىدىن ئېقىۋاتقان ياشلىرىنى توختىتىۋالالماستىن لەۋلىرىنى چىڭ چىشلەيتتى. ③ كۆچمە. ئەسلىدىكى تۇرۇۋاتقان ئورنىدىن سۇرۇلمەك، قوزغالماق، يۆتكەلمەك (قۇياش ھەققىدە): ئۇلار ماڭا-ماڭا، كۈن قايرىلغان ۋاقىتلاردا تۇغان ئايرىيدىغان سۇنىڭ بويىغا بېرىپتۇ. * كۈن چۈشتىن قايرىلدى، ئانداسان-دا تېزەك ئۇچراپ تۇرىدىغان يول قۇملۇق، شېغىللىق، قامقاق-چاتقاللىق يەرلەردىن ئۆتۈپ ئالغا قاراپ سوزۇلۇپ بارماقتا.

**قايرىلىش** ① «قايرىلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② قايرىلىدىغان، بۇرۇلىدىغان جاي؛ دوقمۇش: ئۇ،

توقايلىقتىن چىقىپ، يېكەنلىك كۆلنىڭ كەينىدىكى قايرىلىشتىن ئۆتكەندە خېلى بۇرۇنلا تاشلىنىپ قالغان ۋە پاتقاقلىققا ئايلىنىپ سېسىپ كەتكەنلىكتىن يېنىدىن ئۆتكىلى بولمايدىغان يەردە هازىر شال. مايسىلىرىنىڭ باراقسانلاپ ئۆسكەنلىكىنى كۆردى.

**قايرىلىشماق** «قايرىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ خۇشال قىز-يىگىتلەر قولتۇقلىشىپ، راۋاب، تەمبۇر، گارمونلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ مەدەنىيەت ئۆيى تەرەپكە قايرىلىشتى.

**قايرىما** سۈپ. قايرىپ قويۇلغان ياكى قايرىلىپ تۇرىدىغان، قايرىلما: قايرىما ياقا. قايرىما قاش. * هەنپەنىڭ ئاپئاق يۈزى، قويۇق، قارا چاچلىرى، قۇندۇزدەك قاشلىرى ۋە قايرىما كىرپىكلىرى 30 سۇڭلۇق رەڭلىك تېلېۋىزور ئېكرانىدا ناهايىتى ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**قايرىما بۇرۇت** ئۇچى كەينىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان ياكى كەينىگە قايرىلىپ تۇرۇشقا كۆندۈرۈلگەن بۇرۇت: 40 ياشلار چامىسىدىكى كەڭ غوللۇق، تومبىلەكلىك، قايرىما بۇرۇتى بىلەن توم قارا قېشى خۇددى قىپقىزىل ئالمىدەك قان تېمىپ تۇرغان هۆسنىگە ياراشقان ۋېلەم ئاكىمۇ ئەنە شۇ يىغىنغا بېرىپ قايتقانىدى.

**قايرىما كىرپىك** ئۈستىگە قايرىلىپ تۇرىدىغان كىرپىك: رابىيەنىڭ قايرىما كىرپىكلىك يوغان كۆزلىرىدە بولسا هاياجان ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى.

**قايرىما ياقا** ياقىنىڭ ئارقىسىغا قايرىلىپ تۇرىدىغان بىر خىلى: ئۇلارنىڭ بېشىدا قوي تېرىسىدىن تىكىلگەن ئاق قۇلاقچا، ئۇچىسىدا قايرىما ياقىلىق جۇۋا، پۇتىدا پىيما بار ئىدى.

**قايرىماق** پ ① تۈز ياكى بىرەر يۆنىلىشتىكى نەرسىنى ئالدىغا، كەينىگە ياكى يېنىغا قارىتىپ ئەگمەك: دەرەخ شېخىنى قايرىماق. قولنى قايرىماق. * بىر يىگىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئاۋامنىڭ قوللىرىنى قايرىدى. * قىبلىدىن شامال چىقسا، گۈل شېخىنى قايرىيدۇ. خۇدا قوشقان يارىمنى، دۈشمەن قانداق ئايرىيدۇ. ② تولغاپ، بۇراپ ئۆزىگە روبىرو قىلماق: يار بولسا تۈزۈك بولسا، بەش قولدا ئۈزۈك بولسا، دوست-دۈشمەن ئارىسىدا، قايرىپ سۆيگۈدەك بولسا. ③ پۈكمەك، قاتلىماق: ئۇ ئۇزۇن چاپىنىنىڭ پېشىنى قايرىپ بېلىگە قىستۇرۇۋالغانىدى. ④ توسۇپ تۇرىدىغان بىرەر نەرسىنى بىر يېنىغا تارتىپ ئاچماق (پەردە، مىلەگزە قاتارلىقلار هەققىدە): ئۇ ۋارقىرىغىنىچە ئاق ئۆينىڭ كىگىز ئىشىكىنى قايرىپ سىرتقا چىقتى. * — كېلىڭ، كېلىڭ، قېنى سارايغا...، — ئۇ ئالدىراپ سارىيىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، يىپەك پەردىلىرىنى قايرىدى. ⑤ بۇرىماق، ئايلاندۇرماق، باشقا تەرىپىگە يۆنەلدۈرمەك: بۇ چاغدا جاۋيۇن باستۇرۇپ كەلدى. ساۋرىن لەشكەرلىرىنى قايرىپ قارارگاهىغا قايتىشقا ئۈلگۈرەلمەي، ئىتتىك دەريانىڭ يۇقىرىسىغا قاراپ يول ئالدى. * ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ئىتتىك كېتىۋاتقان ئېتىنىڭ بېشىنى قايرىپ، يېزا تەرەپكە يول ئالدى. ⑥ كۆچمە. بۆلۈپ ئالماق، تۇتۇپ قالماق: ئۇ پايدىدىن 1000 يۈەن قايرىپ، قالغىنىنى تاپشۇردى. * هەر قېتىم غەللە سانىغاندا كەم بولغاندا 50 يۈەن قايرىپ قالاتتىم.

**قايسى** ئال ① بىرنەچچە كىشى، نەرسە ياكى ۋاقىت قاتارلىقلارنىڭ بىرەرىنى ئېنىقلاش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سوراقنى ئىپادىلەيدۇ: ئېيتە، سېنى زادى قايسى ئەۋەتتى بۇ يەرگە؟ * — قايسى كەسىپكە بۆلۈندىڭىز؟ — دەپ سورىدى رۇقىيە، — سودا بوغالتىرلىق كەسپىگە، — دەپ جاۋاب

بەردى ئۆتكۈر. * سەن ئۇنىڭ ئۆيىگە قايسى ۋاقىتتا بارغانىدىڭ؟ * بىلەمدىكىن، سال سەپىرىنىڭ ھېسابىنى سانىسا سالچى؟ ئۇ نېمانچە دولقۇنغا تويماس، ئېيتىپ بېرەر بۇ سىرنى قايسى؟ ② رىتورىك سوراقتا بولۇشسىزلىقنى، پىكىرنىڭ ئەكسىنى تەكىتلەيدۇ: قايسى ئانا ئۆز پەرزەنتىنى يامان كۆرىدۇ؟

**قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى** ← **قانداق شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى**: — ياﺋاللا، غوجام! كۆن قاياقتىن چىقتى؟ بىزنىڭ ئۆيگىمۇ قەدەملىرى يېتىدىكەن-ھە! قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى ئۆزلىرىنى.

**قايسى كۆزۈم بىلەن** كۆرۈشكە نومۇس قىلىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: ئەمدى قايسى كۆزۈم بىلەن كۆرەي.

**قايسى كۆنى** ① ھەپتىنىڭ قانچىنچى كۆنى، قاچان. ② بۇنىڭدىن بىرنەچچە كۆن ئاۋۋال، يېقىندا: دەرەخ ئۈستىدە ئارام ئېلىپ ئولتۇرغان ھېلىقى كەپتەر قايسى كۆنى ياخشىلىق قىلغان چۈمۈلىنىڭ ئېقىپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرۈپتۇ-دە، شۇ ھامان بىر تال يوپۇرماقنى چىشلەپ كېلىپ چۈمۈلىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ. بېرىپتۇ.

**قايسى يۈز بىلەن** «ئۇياتماي، نومۇس قىلماي» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — جاپانى بىز تارتساق، ھالاۋەتنى سەنلەر كۆرۈشتۈڭ، ئەمدى قايسى يۈزۈڭ بىلەن بۇ ئۆكۈزگە چاڭ سالىسەن، — دېدىم ئۇلارغا. * — مەن خەلققە قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن ئەمدى. * ھەممە سەۋەنلىك ئۆزۈمدە تۇرسا، قايسى يۈزۈم بىلەن تەشكىلگە دەيمەن.

**قايسىبىر** ئال [قايسى+بىر] ① كىملىكى، نېمىلىكى، قانداق، قەيەردە ياكى قاچانلىقى نامەلۇم؛ ئاللىقايسى، قايسىكى، ئاللىقانداق، ئاللىقەيەردىكى: ئۇنى قايسىبىرىنىڭ ئۆيىدە كۆرگەندەك قىلىمەن. * ئالماس تونۇگۇن ناھيىدىن چىققان خىزمەتچىلەرنى ئېلىپ، قايسىبىر يېزىغا مېڭىپ كەتتى. * ھاجى ئىشان ئۇنىڭغا قايسىبىر سۈرىنى تەكرارلاتتى، تىلى كەلمىگەن يەرلىرىنى تۈزەپ قويدى. ② بىر تۈردىكى نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ بىرى: — مۇنداق قىزلار ئازمىدى، — دېدى ئاينۇر يەرگە قاراپ، — قىزلارنىڭ قايسىبىرى بۇنداق ئىشنى قىلمايدۇ دەيسىز. * ئۇنىڭ ئۈستىگە توي قىلىۋالغىنىنى ئاڭلاپ شۇنچىلىك خۇشال بولدۇمكى، قوي، قايسىبىرىنى دەي.

**قايسىكى** ئال «قايسى» سۆزىنىڭ كۈچەيتىلمىسى: ئەگەر قايسىكى بۇنىڭغا چېقىلىدىغان بولسا، مەندىن كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ.

**قايغۇ** ئى ① كىشىنىڭ بېشىغا كەلگەن مۇسىبەت، كۈلپەت، دەرد-ئەلەم؛ ھەسرەت؛ كۆڭۈلسىزلىك: كىشى قايغۇسى ئېتەكتە، ئۆز قايغۇسى يۈرەكتە (ماقال). * ئۇنىڭ سولغۇن يۈزى چوڭقۇر قايغۇغا چۆككەن، چاچلىرى پاخپايغانىدى. * چوڭلار ئارىسىدا قاراپ تۇرغان تۆمۈر خەلپىمۇ قاقاھلاپ كۈلۈۋەتتى. بىراق، بۇ كۈلكە ئۇزۇنغا بارماي قايغۇغا ئايلاندى. // تارىختىن قارىسام، قايغۇ بەتلىرى ئېچىلدى، كۆپ ئىكەن قانلىق دەردلىرى. ② تەشۋىش، غەم، غەم-ئەندىشە، غەم-غۇسسە: قارنى باشقىنىڭ قايغۇسى باشقا (ماقال). * ئۆچكىگە جان قايغۇ، قاسساپقا ماي قايغۇ (ماقال). * ئەمدى ھېچنېمىدىن ئۈمىد كۈتۈش مۇمكىن ئەمەس، ئەزالار چاك-چېكىدىن پارچىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ، ھەركىم ئۆز قايغۇسى بىلەن. * ئۇ باشقا ھەمراھلىرىغا ئوخشاش جان قايغۇسىدا نېمە قىلىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقاندا،

خۇدا بەرگەندەكلا بۇ يولۇچىلار ماشىنىسىنى يەتكۈزدى.

**قايغۇ باسماق** قايغۇلۇق خىياللارنى قىلماق، قايغۇغا چۆممەك: ئۇنى يەنە قايغۇ باستى. ئەمما بىرنەرسىنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانە بولۇپ ئايلىنىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى.

**قايغۇغا پاتماق** ← **قايغۇغا چۆممەك**: ئالاۋىدىن ئەبۇ ئەششەمات ماتەم كىيىمىنى كىيىپ، غەمكىنلىك تامىقىنى يەپ، دىۋانغا بارماي قويۇپتۇ. دىلى غەشلىك بىلەن قايغۇغا پېتىپتۇ.

**قايغۇغا چۆكمەك** ← **قايغۇغا چۆممەك**: ئۇ كىشى يەنە قايغۇغا چۆكۈپ ئۆيىگە كېلىپتۇ-دە: — جېنىم قىزىم، ئۆزۈمنى ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرىمەن، دەپ سېنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ بەردىم. ئۇنىڭدىن كۆرە ئۆزۈمنىڭ ئۆلگىنى ياخشى ئەمەسمىدى، — دەپ قىزىنى قۇچاقلاپ يىغلاشقا باشلاپتۇ.

**قايغۇغا چۆممەك** قاتتىق قايغۇرماق، قايغۇغا پاتماق: لەيلىگۈل بىلەن شانىياز پات-پات كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ قوياتتى؛ ئۆي ئىچىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئاجايىپ ئوخشاش تەقدىردىن ئېغىر قايغۇغا چۆمۈشتى.

**قايغۇغا چۈشمەك** قايغۇرۇشقا باشلىماق، قايغۇرماق: قالغان ئۇچىمىز شۇنىڭ ئاچقان يولى بىلەن ماڭاتتۇق، ئاخىرىدا ئۈچ سودىگەرنىڭ داڭلىق يورغا ئاتلىرى دەرمانى كېتىپ، يول يۈرەلمەي قالدى. سودىگەرلەر قاتتىق قايغۇغا چۈشتى.

**قايغۇغا سالماق** دەرد-ئەلەمگە، غەم-ھەسرەتكە قويماق؛ ھەسرەتلەندۈرمەك: تاغدەك ئىشىنىپ كېلىۋاتقان كىشىدىن چىققان بۇ سۆز ئايالنى قايغۇغا سالدى. ئۇنىڭ يۈرىكى يېرىلىپ كەتكۈدەك بولدى.

**قايغۇ قىلماق** ① دەرد-ئەلەم چەكمەك، پەرياد چەكمەك، قايغۇرماق: بولدى قايغۇ قىلما، بۇ ئىشلارمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ. ② غەم يېمەك، ئەندىشە قىلماق.

**قايغۇ-ئەلەم** قايغۇ ۋە ئەلەم: ئۇ بىر يىلنى قايغۇ-ئەلەم بىلەن يىغلاپ ئۆتكۈزدى. * يېنىۋالدىڭمۇ قىلغان ۋەدەڭدىن. ئولتۇرۇپ قالدىم، قايغۇ-ئەلەمدىن.

**قايغۇرتماق** «قايغۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئۆلۈم، يۈرەك باغرىڭىزنى قان قىلىپ، سىزنى قايغۇرتقان بولۇشى مۇمكىن، مېنىمۇ قايغۇرتتى دېسەم يالغان سۆزلىگەن بولمەن. * شۇ راست قايغۇلۇق قايغۇرتتى مېنى، شۇ راست كۆلكەلىك كۈلدۈردى مېنى. شۇ راست تۇرقۇلۇق قەلبىمگە سىڭدى، شۇ راست خۇلقۇلۇق كۆيدۈردى مېنى.

**قايغۇرماق** پ. قايغۇ-ئەلەم چەكمەك، غەم قىلماق، غەم-ئەندىشىگە چۈشمەك؛ كۆڭلىنى يېرىم قىلماق: باي يوقالغىنىغا قايغۇرىدۇ، بۆرە قالغىنىغا قايغۇرىدۇ (ماقال). * ئۇ بوينىنى قىسىپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغاندا، بىركىم يېقىملىق ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. * باراتنىڭ ۋاپاتى ئەخمەتجان قاسىمغا قاتتىق تەسىر قىلدى. ھەتتا ئۇ بىرنەچچە كۈنگىچە قايغۇرۇپ يۈردى. * ئۇلار ئۆزىنىڭ غېرىب كەپىسىگە كىرىپ كەلگەندە، سارىخان ئانا بىلەن ئانارگۈل ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ قايغۇرۇپ ئولتۇرغانىكەن.

**قايغۇرۇشماق** «قايغۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ ئىشتىن قاتتىق قايغۇرۇشتى. * بىز بۇنىڭدىن بەكمۇ قايغۇرۇشتۇق.

**قايغۇ-زار** قايغۇ ۋە زار؛ قاتتىق زارلىنىش: قۇماق بىرتاز كەبى ئەي «ساي» سېنىڭ خۇنۇك سىياقىڭ بار. بىكار ئۆتكەن ھاياتىڭغا، ئەلەملىك قايغۇ-زارىڭ بار.

**قايغۇسىز** سۈپ. قايغۇسى، غەم-ئەندىشىسى يوق؛ قايغۇ-ئەلەملەردىن خالى، تىنچ، خاتىرجەم: قايغۇسىز هايات. * كىچىك بالىنىڭ قايغۇسى خۇددى ياز ئاسمىنىنىڭ چاقمىقىغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ شولىسى چىرايىغا چىقىپ بولغۇچە ئۆچۈپ قالىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ كىشىلەر، «قايغۇسىز بالىلىق» دېيىشسە كېرەك. * هازىر قايغۇسىز ئەركىن ياشاۋاتىمىز، ئەمدى تىرىشىپ ياخشى ئوقۇساقلا بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

**قايغۇ-غەزەپ** قايغۇ ۋە غەزەپ: ئۇ نۇرلۇق كۆزلىرىنى ئەسقەرگە تىكتى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزى قايغۇ-غەزەپ ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بىلەن تولغانىدى.

**قايغۇ-غەم** ← **غەم-قايغۇ**: ۋادەرىخ! سۈرگۈنلەر هەربىر يېزىنى نىمە كۈن كۆرمىگەن گۈللەندۈرگۈچە! چەكمىدى قانچىلىك قايغۇ-غەم، زۇلۇم، ئېتىز-باغ، ئىسسىق ئۆي-تۆت تام كۆرگۈچە!

**قايغۇلۇق** سۈپ ① قايغۇسى بار، بېشىغا غەم-قايغۇ چۈشكەن، قايغۇ-ئەلەم تارتقان: شەرىخانىنىڭ ياشلىق دەۋرى ئەنە شۇنداق قايغۇلۇق ئىدىكى، ئۇ كۈنلەرنى ئەسلەش موماينىڭ كۆزىدىن هېلىمۇ ياش ئاققۇزاتتى. * — توغرا، مېنىڭ يىغلايدىغان كۈنلىرىم ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن سىلىگە سۆزلەپ بېرىمەن دەپ، ئۆتكەنكى ئەڭ قايغۇلۇق بىر كۈن ئېسىمگە چۈشۈپ كۆڭلۈم بىرئاز بۇزۇلدى، — دېدى ئۇ يەنە سۆزىنى داۋام قىلىپ. ② قايغۇ-ئەلەم بىلەن تولۇپ تاشقان، مۇسىبەتلىك، ئەلەملىك، غەمكىن، مەيۈس: ئايالىنىڭ چىرايى بىردىنلا قايغۇلۇق تۈسكە كىردى، كۆز چاناقلىرى نەملەشتى. * مەن كۆز ئالدىمدىكى 26 نەپەر جەڭچىنىڭ تۇپراقلىرىغا قارىدىم ۋە تىك تۇرۇپ، قايغۇلۇق ئاهاڭ بىلەن ئۇلارغا ئاخىرقى خىتاب سۆزلىرى بىلەن مۇراجىئەت قىلدىم. ③ كىشىنى قايغۇغا سالىدىغان، قايغۇرتىدىغان: ئۇنىڭ بۇ هالىتىدىن بىرەر قايغۇلۇق خەۋەرنىڭ ئەلچىسى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. * ئۇ ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن خۇشاللىق ۋە قايغۇلۇق ئىشلارنى بىرمۇبىر كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈۋېتىپ، كامىلنىڭ يېرىمى ئاپئاق داكا بىلەن تېڭىلغان چىرايىغا ئۇزاققىچە تىكىلدى.

**قايغۇ-نادامەت** قايغۇ ۋە نادامەت: قايغۇ-نادامەتتە قالماق. * هەممە جايدا بۇ غەزەل هەم ئېيتىلۇر ئات ئۈستىدە، قالمىغاچ قايغۇ-نادامەت هېچ كىشىنىڭ كۆكسىدە.

**قايغۇ-هەسرەت** قايغۇ ۋە هەسرەت: ئۇ خوتۇنى گۈلسۈمخاندىن ئايرىلغاندىن كېيىن كۈنلەرنى ئېغىر قايغۇ-هەسرەت ئىچىدە ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. * ئۇ ئۆزى ئېيتقاندەك ئۆتمۈشتىكى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق قايغۇ-هەسرەتلىرى ئېسىگە چۈشۈپ يۈرىكىنى ئېچىشتۇرغانلىقى ئېنىق ئىدى.

**قايماق** I ئى. تىندۇرۇلغان ياكى قاينىتىلغان سۈت يۈزىدە هاسىل بولىدىغان ۋە تەركىبىدە ماي بولىدىغان نېپىز قەۋەت.

**قايماق چاي** قايماققا تۇز ۋە قېنىق دەملەنگەن قارا چاي ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلانغان چاي.

**قايماق چۆپ** پىشۇرۇلغاندىن كېيىن قايماق بىلەن ياغلاپ يېيىلىدىغان چۆپ.

**قايماق چۆچۈرىسى** قايماق بىلەن پىيازدىن تۈگۈلگەن چۆچۈرە.

**قايماق يۇتازا** ياغ ئورنىغا قايماق ئىشلىتىپ ياسالغان يۇتازا.

**قايماق** II پ ① قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قالماق؛ ئېگىلمەك: تاختاي ئاپتاپتا تۇرۇپ قېيىسىپ قېلىپتۇ. * نەم-زەيلىك ئورۇنلارغا قويۇشتىن، يامغۇر، قارلاردا قېلىشتىن، ئاپتاپ

نۇرىدا ئۇزاق تۇرۇپ قېلىشتىن ساقلانساق بولىدۇ، چۈنكى تەمبۇر دەستىسى ئۇزۇن، ئاسان قايىدۇ. ② مەلۇم بىر تۈز سىزىق، يۆنىلىشتىن بىر تەرىپىگە چەتلىمەك، كەينىگە يانماق: ئېقىۋاتقان سۇنى قايدۇرۇپ ئالماق. * بوران بىلەن تاغ-تاغ بولۇپ دولقۇنلار، كۆل-دېڭىزلار پورۇقلايدۇ، قاينايدۇ. بوران بىلەن قېيىپ دەريا كەينىگە، ئاساۋ سۇلار قىرغاقلارغا يامرايدۇ.

**قايماقتەك** سۈپ. ناھايىتى تاتلىق، يېقىملىق ھەم يۇمشاق؛ قۇلاققا بەكمۇ ياقىدىغان، كىشىنى ئۆزىگە مايىل قىلىدىغان دەرىجىدىكى (گەپ-سۆز ھەققىدە): قايماقتەك گەپ. // ئۇ گۈلدەك ئېچىلىپ، قايماقتەك سۆزلەيتتى.

**قايماق-قېتىق** قايماق ۋە قېتىق: – بالىلىرىڭ قايماق-قېتىققا تويدىمۇ.

**قايماقلىق** سۈپ. قايمىقى بار، قايماق سالغان: بۇ خىل مېھرىبانلىقتىن كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتكەن باتۇر گۈل دەستە راسلىغان قايماقلىق چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىشكە باشلىدى. * چاي قاينىدى، ئادىلجان قوشنىلاردىن ئەكىرگەن قايماقلىق سۈت بىلەن گۈلەمخان ئۆرۈكتەك ساپسېرىق ئەتكەنچاي قىلدى. // ئانارخان قاچا ئەكىرىپ قويغان قولۇم-قوشنىلار-نىڭ قاچىلىرىغا قايماقلىق قىلىپ سۈت قۇيۇپ تاختىپىشىغا ئېلىپ قويدى-دە، بىر تەشتەك قايماقنى ئېلىپ قەرىخانىنىڭ ئالدىغا قويدى.

**قايمال** ئى. ھڭگان، چىشى تۆگە.

**قايمۇقتۇرماق** «قايمۇقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ بىر ئامال بىلەن ئۇلارنى قايمۇقتۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. * ئۇلار بىردەم ئىشقارغا، بىردەم سوپۇنغا ئايلىنىپ، خۇددى شەيتاندەك كىشىنى قايمۇقتۇراتتى.

**قايمۇقتۇرۇشماق** «قايمۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايمۇقتۇرۇلماق** «قايمۇقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ چاغدا بىزمۇ قايمۇقتۇرۇلغانىمۇ، ھازىر ھەممىمىز ئىشنىڭ تېگىنى چۈشەندۇق. * بىز دۈشمەن تەرىپىدىن قايمۇقتۇرۇلدۇق.

**قايمۇقماق** پ ① نېمە، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي ئارىسالدى بولۇپ قالماق؛ تەمتىرىمەك، تېنىمەك: شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ قايمۇقۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ساۋۇت باداك بىلەن بىللە ئىش مەيدانىغا كېتىۋاتساق، بىزگە «مەجلىسكە بېرىڭلار» دەپ ئۇقتۇردى. * كېلىپتىمىز كۆپ قايمۇقۇپ سوقماق-چىغىر يولدا يۈرۈپ، مۇشت بىلەن، كالتەك بىلەن يېگانە قارشى تۇرۇپ. ② باشقىلارنىڭ گەپ-سۆزىگە، ئىش-ھەرىكىتىگە قارىغۇلارچە، خاتا ھالدا ئەگىشىپ كەتمەك؛ ئازماق، ئاداشماق: بىز ئۇلارنىڭ ئېلاندىكى گەپلىرىدىن قايمۇقۇپ يۈردۇق. * – بىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىدىمۇ كېزىتنىڭ گېپى دەپ نەچچە يىل قايمۇقۇپ يۈرمىدۇقمۇ؟ – دېدى ئۇ بۇرۇنقى ئىشلارنى ئەسلەپ.

**قايمۇقۇشماق** «قايمۇقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قايناپ** «قاينىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قايناپ كەتمەك** قاتتىق چېچىلماق، قىزىپ كەتمەك: سۇۋادان تېرەكنىڭ مېيىقىدا كۈلۈپ قويغانلىقىنى كۆرگەن قىزىل ئالما ئۆزىنى باسالماي قايناپ كەتتى. * ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئاغىنىلەر، نېمىگە شۇنچە قايناپ كەتتىڭلار؟

**قايناتقۇزماق** «قاينىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاتتىق ھارغانلىقىمدىن پۇت-قوللىرىمنى سوزۇپ راھەتلىنىپ ياتىدىغان ئورۇندىن باشقا ھېچنېمە كۆزۈمگە كۆرۈنمەيت-تى، لېكىن، بوۋاي ئۇنىماستىن مومايىنى

ئويغىتىپ چاي قايناتقۇزدى.

**قايناتما** ① سۈپ. قاينىتىش ئارقىلىق ھازىرلانغان، قاينىتىپ ياسالغان: قايناتما دورا. ② ئى. بىرنەچچە خىل ماددا ياكى دورىنىڭ سۇدا قاينىتىپ تەييارلانغان ئارىلاشمىسى: چەت جايلاردىكى مەخپىي رېتسېپلارنىڭ 14-تومىدا «غەربىي يۇرتتىكى ئۆمۈرنى ئۇزارتىش قايناتمىسى» دېگەن دورا رېتسېپى خاتىرىلەنگەن.

**قايناتما دورا** تىبابەتچىلىكتە دورا ماتېرىياللىنى قاينىتىپ، تەمىنى چىقىرىش ئارقىلىق ياسىلىدىغان سۇيۇق دورىلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**قايناتماق** «قاينىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي قايناتماق. دورا قايناتماق. * مەھەللىگە كەلگەندىن كېيىن گۈلخان مومام سېۋەتتىكى تاغ مېۋىلىرىدە مۇرابba قاينىتىپ بەردى. * قايناتتى بۇ شاد بەزمىنى، تۆكۈپ دىلدىن نەزمىنى، كەڭ سەھنىسى كۆك باغرىدا قارلىغاچ ئۇسسۇل ئويناپ راسا.

**قايناتسا شورپىسى قوشۇلمايدىغان** قىلچىمۇ ئورۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى يوق، بىر-بىرى بىلەن ھېچ ئالاقىسى يوق؛ مىجەزلىرى زادىلا كېلىشەلمەيدىغان: بىز بىلەن ئۇلارنى قايناتسا شورپىمىزمۇ قوشۇلمايدۇ.

**قايناش** ① «قاينىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ مەلۇم تېمپېراتۇرىغا كەلگەندە جىددىي ھالدا گازغا ئايلىنىش ھادىسىسى. بۇنداق ۋاقىتتا سۇيۇقلۇق يۈزىدە پارلىنىش سادىر بولۇپلا قالماي، بەلكى سۇيۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدىمۇ پارلىنىش يۈز بېرىپ، ھاۋا كۆپۈكچىلىرى شەكىللىنىدۇ.

**قايناش نۇقتىسى** <فىز> سۇيۇقلۇقنىڭ قايناشقا باشلىغان چاغدىكى تېمپېراتۇرىسى. قايناش نۇقتىسى سىرتقى بېسىم كۆچىگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. بېسىم تۆۋەن بولغاندا، قايناش نۇقتىسىمۇ تۆۋەن بولىدۇ. سۇنىڭ ئۆلچەملىك ئاتموسفېرا بېسىمى ئاستىدىكى قايناش نۇقتىسى 100°C بولىدۇ.

**قايناشماق** «قاينىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك بۇ مەسىلە ھەققىدە تازىمۇ قايناشتى. * ياشلار شوخلىنىپ ئويناشماقتىدۇر، تويلارنى ياساپ قايناشماقتىدۇر.

**قايناق** سۈپ ① قاينىغان، قايناپ تۇرغان: قايناق سۇ. * كېزىپ قايناق ۋە زور ئوت سامادا، چاچاتتى زەپ ھارارەت مۇشۇ ئەسنادا. ② كۆچمە. ئىسسىق، ھارارەتلىك: قايناق نەپەس. ③ كۆچمە. قاينىغان، ئەۋج ئالغان، جۇش ئۇرغان، قىزغىن، جۇشقۇن: قايناق مېھنەت. قايناق ئىش. قايناق تۇرمۇش. قايناق كۈرەش. * مەشىق مەيدانى خۇددى قايناق جەڭ مەيدانىغا ئوخشايتتى. * مولچىلىق يىللىرىدا بولىدىغان كەچلىك قايناق ھايات قەيەرلەرگىدۇر غايىب بولغان، نە باللارنىڭ قىيقاس-چۇقانلىرى، نە ئۆي ھايۋانلىرىنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايتتى. ④ كۆچمە. كۈچەيگەن، كۈچ-غەيرەتكە تولغان، تولۇپ تاشقان؛ ئوتلۇق: قايناق غەزەپ. قايناق قىساس. قايناق ھېسسىيات. قايناق تۇيغۇ. * ھاياجان بىلەن قايناق ھەۋەس چىرمىشىپ كەتكەن چاغلاردا، بۇ پەقەت مۇشۇ بىر جۈپ كۆز ئۇچچۇنلا ھەممىدىن كېچىش خىيالىغا كېلەتتى. * ئەمما ئۇ بۈگۈن قائىدە-يوسۇن زۆرۈرىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى قايناق مۇھەببىتى بىلەن ساددا، يەنىلا ھېچقانداق زىننىتى بولمىغان قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۆزىنىڭ دۈپ-دۈپ سوقۇۋاتقان يۈرىكىگە چىڭ ياقتى. * زىندانىڭ، قىينىقىڭ

بىلەن قورقۇتما، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ماڭا بىر ياماق! سېنىڭدىن كۆتمە يەمەن قىلچىلىك شەپقەت، قەلبىم ئەل ئىشقىدا ھەمىشە قايناق. ⑤ كۆچمە. ئادەملەر بىلەن تولۇپ تاشقان، قىزىغان؛ ئاۋات: قايناق بازار. * بۇ قايناق كوچىدا چۇشۇرۇپ قويغان نەرسە- نى ئىزدىگەن دېگىزدىن يىڭنە ئىزدىمەك بىلەن باراۋەر ئىدى. * بۈگۈن قايناق تاغ ئارىسى، ئادەم بۇندا جىق، تاڭ قۇياشى نۇر بېرىدۇ تۇغلارغا قېنىق.

**قايناق ئارشالڭ** <جۇغ> سۇيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 80°C تىن يۇقىرى بولغان ئارشالڭ.

**قايناق سۇ** قاينىتىلغان سۇ.

**قاينام** ئى ① سۇ ياكى سۇيۇقلۇقنىڭ چۆگىلىمەچ بولۇپ ئايلىنىدىغان جايى: يا قايناMدىن چىقسۇن، يا سايرامدىن (ماقال). * كۆنلەرنىڭ بىرىدە، يەمەن پادىشاھى دەريا لېۋىگە كېلىپ، كېمىگە ئولتۇرۇپ تاماشا قىلىپ يۈرگەندە، كۈن كەچ بولۇپ قېلىپ، بىر شامال پەيدا بولۇپ، كېمىنى قايناMغا ئاپىرىپ تاشلاپتۇ، كېمىدىكىلەر دەرياغا غەرق بولۇپتۇ. ② كۆچمە. ئىش، پائالىيەت، كۆ- رەش ۋە شۇ قاتارلىقلار قايناپ تاشقان، جۇش ئۇرغان ھالەت: تۇرمۇش قاينىمى. ئەمگەك قاينىمى. * ئۇمۇ ئۆز ئەتراپىدىكى ئىلغار ئوقۇغۇچىلارنىڭ تەسىرى، ۋەتەنپەرۋەرلىك قىزغىنلىقى بىلەن شۇ ئىنقىلاب قاينىمىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بىرنەچچە قېتىم نامايىشقا قاتناشتى. * ئۇ ئىنستىتۇتنى ئەلا دەرىجىدە تۈگىتىپ، ئۆز يېزىسىغا، يېزىلىق پەن-تېخنىكا پونكىتىغا ئورۇنلاشماقچى بولۇپ يېتىپ كەلگىنىدە، بۇ جايمۇ ئىسلاھات قاينىمىغا ئايلانغان پەيت ئىدى.

**قاينام-تاشقىن** ناھايىتى چاپ-چاپ، قىزىپ كەتكەن، قايناق ھالەت: شۇنىڭ بىلەن مەتنىياز ئۆزىنىڭ قەدىر-قىممىتىنى ھەقىقىي ھالدا چۈشىنىپ، كوللېكتىپ ئەمگەكنىڭ قاينام-تاشقىنىغا ئۆزىنى ئېتىپ، بەختىيار تۇرمۇشىنىڭ ياراتقۇچىلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالدى. // قۇرۇلتاينىڭ ھۆججەتلىرىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش بويىچە يۇقىرى دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ، يېڭى بىر قاينام-تاشقىن مەنزىرە بارلىققا كەلدى.

**قاينام-تاشقىنلىق** قايناپ تاشقان، ئىنتايىن قىزغىن كەيپىيات قاپلىغان: قاينام-تاشقىنلىق مەنزىرە. * ئۇ باھار پەيزىگە چۆمگەن ئىستانسىدىكى قاينام-تاشقىن- لىق مەنزىرىگە قاراپ شۇنداق ھوزۇرلاندىكى، بايىقى خاپىلىقى ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. * ئۇنىڭ قەدىردان ساۋاقداشلىرىدىن، قاينام-تاشقىنلىق بىلەن تولغان ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىدىن ئايرىلىشنى ئويلىسا، كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

**قايناملىق** سۈپ. قاينىمى بار، قاينام ھاسىل قىلغان، قايناپ تۇرىدىغان: قايناملىق دەريا. * ئىلىم-پەن دېڭىزى تېرەن ۋە چەكسىز، دولقۇنلۇق، قايناملىق، بورانلىق-ئەن- سىز. بىلگىنى باغلىساڭ كەمەردە چىڭداپ، پىتەرسەن بىركۈنى قىرغاققا شەكسىز.

**قاينىتىشماق** «قايناتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قاينىتىلما** ئى. تىبابەتچىلىكتە قاينىتىپ تەييارلىنىدىغان دورىلار؛ كاشكاپلار: تىبابىتىمىزدە كۆپىنچە ھەر خىل ئۆسۈملۈكلەر، ئوكسىگېن ۋە كاربونغا باي بولغان گۈل-چېچەك- لەر ۋە ھەرخىل مېۋىلەردىن سىقىپ چىقىرىلغان شىرنە-شەربەتلەر ۋە قاينىتىلمىلار (كاشكاپ- لار) كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**قاينىتىلماق** «قايناتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بوۋاينىڭ ئوي-پىكرىچە بۇ نەرسىلەر سەپداشلار ئۈچۈن قاينىتىلىدىغان

چاي ۋە كۆڭلىدە ئۇلارغا ئاتاپ قويغان بىردىنبىر قويىنىڭ گۆشىنى پىشۇرۇش ئۈچۈن كېرەك ئىدى.

**قاينىماق** پ ① چۆگۈن، قازان قاتارلىقلار-نىڭ ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق كۆچلۈك ئوتنىڭ، ئىسسىقلىقنىڭ تەسىرى تۈپەيلى قىزىپ، پار ھاسىل قىلىپ، ۋاراقلاپ تۇرماق؛ قىزىقلىقى مەلۇم دەرىجىگە يەتمەك: چاي قاينىماق. شورپا قاينىماق. * سۇ 100 گرادۇستا قاينايدۇ. * — توختاپ تۇرۇڭلار، ماشىنىغا سۇ قۇيىدىغان چېلەكتە سۇ قاينىتىپ ئىچەيلى، — دېدىم مەن ۋە يېرىم چېلەك سۇ ئەكىلىپ ئوتنىڭ ئۈستىگە قويدۇم. سۇ بىردەمدىلا قاينىدى. * چاپان كۆيسىمۇ كۆيسۇن، قازان قاينىسۇن (ماقال). * — قازىنىم ئەمدى قاينىدى، — دېدى ئانا جوزىغا داستىخان سېلىۋېتىپ. * ئامبال ئوينايدۇ، چۆگۈنى قاينايدۇ. ئالۋان دەردىدە يۈرگىلى بولمايدۇ. ② پىشماق، پىشىپ يېيىشكە بولىدىغان ھالەتكە كەلمەك: ئىككى قوشقارنىڭ كاللىسى بىر قازاندا قاينىماس (ماقال). ③ ئۆرلىمەك؛ تۇتماق، كەلمەك: تەيجىنىڭ زەردىسى قاينىدى، ئۇ بەزمىنى توختاتتى. * سارىخان ئانا ئوغلىغا قاراپ، ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ئاچچىق غەزەپ قايناپ، قوشۇملىرىنىڭ تۈگۈلۈپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. ④ كۆچمە. ئەۋجىگە چىقماق، راسا قىزىماق: ئۇنىڭ تومۇر-تومۇرلىرىدا قانلىرى قاينىدى. * راۋاب چېلىناتتى. ئۇسسۇللار داۋام قىلماقتا ۋە پەدە يۆتكەپ، بارغانچە دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە. سارايىنى ياڭراتقان جاراڭلىق سازغا تەڭكەش بولۇپ ساما قايناپ كەتتى. * قاپقىدا توسۇق، ھويلىدا چاچقۇ، ئۆيىدە نەغمە-ئۇسسۇل، ھەممىسى قايناپ كەتتى. ⑤ جانلانماق، قىزىپ كەتمەك: تىياتىرخانىنىڭ ئالدى خۇددى بايرام كۈنلى-رىدىكىدەك قاينىغانىدى، مەن ئالدىراپ كۈلۈپ ئىچىگە كىردىم. ئويۇن ئاللىقاچان باشلىنىپ كېتىپتۇ. * جۈمە-دېھقانلار دېيىم ئالىدىغان كۈن، شۇنداقلا رايون مەركىزىدە سودا-سېتىق قاينايدىغان بازار كۈنى. * دولقۇنلىنار بۇغدايلار، قوغۇن، كېۋەز ئاينىغان. كەڭ ئېتىزنىڭ قوينىدا ئەمگەك راسا قاينىغان. ⑥ كۆچمە. كۆپەيمەك: كوچىدا ئادەم قايناپ كېتىپتۇ. * ئۆيدە چىۋىن قايناپ كەتتى. * ئاز كۈندىن كېيىن بۇ يەرلەردە ياۋا ئۆردەك قايناپدۇ. ⑦ كۆچمە. خاپا بولماق، چېچىل-ماق؛ ئاچچىقلانماق؛ تېرىكمەك: خەيرىنسا ئېرىنىڭ نېمىگە قايناۋاتقانلىقىنى ئەمدىلا چۈشەندى. * سونۇر ئىمرىغا قوللىرىنى شىلتىپ قايناۋاتاتتى. * — خاسىيەت بولدى قىلىڭ، نېمانچىلا قايناپ كېتىسىز، — دېدى رېھىم ئاشخانا ئۆيدىن چىقىۋېتىپ.

**قايىل** سۈپ [ئە] رازى بولۇپ، لايىق كۆرۈپ ئېتىراپ قىلىشقا، تەن بېرىشكە تېگىشلىك: قايىل بولماق. قايىل قىلماق. * مەن ساڭا قايىل. * مەن سېنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭغا قايىل. * — ئولتۇرۇڭ دوستۇم، — دېدى شەيخ، — مەن سىزنىڭ غەيرىتىڭىزگە قايىلمەن.

**قايىل بولماق** تەن بەرمەك، ئېتىراپ قىلماق: ئەپەندىمنىڭ ئەقلىگە قايىل بولۇپ يۈرگەن پادىشاھ ئەپەندىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ:
— ئاتىنىڭ پەرۋىشىگە نېمىلەر لازىم بولىدۇ؟
— دەپ سوراپتۇ. * شائىرنىڭ تالانتى، ماھارىتى، تەپەككۇر بايلىقىغا قايىل بولدۇم. ئۇنىڭ شېئىرلىرى بەك ياخشى ئىكەن.

**قايىل قالماق** قول قويماق، ھەيران بولماق: ھەيدەر ئەپەندى تۆمۈر خەلپىنىڭ ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يوغان كۆزلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ غەيرىتىگە قايىل قېلىۋاتقاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

**قايىل قىلماق** تەن بېرىشكە، رازى بولۇشقا ئېلىپ بارماق: مەن ئىككىلا ئېغىز سۆز بىلەن جاۋاب بېرىپ ئۇنى قايىل قىلدىم. * ئەلچى پادىشاھنىڭ ئالدىغا كىرگەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ پۈتۈن دانىشمەنلىكى ئاسا-سىدىكى سۆزمەنلىكى بىلەن پادىشاھنى قايىل قىلىپتۇ.

**قايىللىق** . «قايىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ سۆز ماڭا تولىمۇ تەسىر قىلدى. مەن قايىللىق بىلەن بېشىمنى لىڭشىتتىم. * بارات قايىللىق بىلەن باش لىڭشىتىپ — مەيلى، ھېلى بولسىمۇ ئېيتىپ بەر، بۇ زادى قانداق ئىش؟ — دەپ سورىدى.

**قايىم** سۈپ [ئە] تىك تۇرغان، تىك.

**قايىم بولماق** تىك تۇرماق، قوپماق.

**قەبر** (توغرىسى: قەبرە) ← **قەبرە**.

**قەبرە** ئى [ئە] ئۆلگەن ئادەمنى كۆمىدى-غان جاي، گۆر: قەرزدارنىڭ قەبرىسى يوق (ماقال). * ئۇ كۈن بويى بوۋىسىنىڭ قەبرىسى ئۈستىدە دۈم يېتىپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلايتتى.

**قەبرە تېشى** ئۆلگەن كىشىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالىنى ئۈستىگە يېزىپ ياكى ئويۇپ، قەبرىنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئورنىتىدىغان تاختا تاش.

**قەبرە قاتۇرماق** قەبرىنىڭ يەر ئۈستى قىسمىنى ياسىماق: مەن بۇ ياققا مېڭىشتا ئۇ قەبرىنى يوقلىغاچ قەبرە قاتۇرۇپ كېلىشىمنى بەكمۇ تاپىلىغانىدى.

**قەبرىچىلىك** ئى. قەبرە ياساش ئىشى، سەنئىتى: تاجىك قەبرىچىلىكىدە، ئومۇمەن قەرەلسىز ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن ئېگەر شەكىللىك قەبرە ياسىلىدۇ ھەمدە ئۇ ئاق بوردا سۇۋىلىپ، بېشى قىزىل بويىلىدۇ. * بۇ خىل قەبرىچىلىك سەنئىتى زور بىلىش قىممىتى ۋە ئېستېتىكىلىق قىممەتكە ئىگە بولۇپ، بىرىنچىدىن، ئۇ ئارقىلىق ئۆلگۈچىنىڭ ھايات تەزكىرىسىنى بىلىشكە بولىدۇ.

**قەبرىستان** ئى [ئە+پ] قەبرە كۆپ جاي، مازار، گۆرىستان: بىركۈنى كېچىسى پادىشاھ شەھەر سىرتىغا چىقىپ، قەبرىستانىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، گۈمبەزدىن ئادەملەرنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. * قەبرىستان ئادەملەردىن بوشىغاندىن كېيىن، غەنىم ئىبنى ئايۇپ دەرەختىن چۈشۈپ، ساندۇقتا نېمە بارلىقىنى بىلىش ئۈچۈن توپىنى تارتىپتۇ، قەبرىنى ئېچىپتۇ.

**قەبرىستانلىق** ئى ← **قەبرىستان**: دەل شۇ چاغدا، جۈمە نامىزىدىن يانغان جامائەت تۇپراق بېشىنى يوقلاپ ئۆتۈش ئۈچۈن قەبرىس-تانلىققا كېلىۋاتاتتى. * ئەپەندىم كېچىسى قەبرىستانلىق يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتسا، ئالدىدىن بىرمۇنچە ئاتلىق كىشىلەر چىقىپ قېلىپتۇ.

**قەبرىگاھ** ئى [ئە+پ] ← **قەبرىستان**: چوڭ يولدىن قەبرىگاھقا بۇرۇلىدىغان دوقمۇشتىكى يوغان قارىياغاچ تۈۋىدە ھېلىقى ھازىدار قىز كۈتۈپ تۇرغانىكەن.

**قەبرىگاھلىق** ئى ← **قەبرىگاھ**: مۇڭلۇق قىرائەت ئاۋازى ئەتىگەنلىك قۇياش بىلەن بىر يۈزى يورۇپ تۇرغان قەبرىگاھلىقنى قاپلىدى.

**قەبىلە** ئى [ئە] قانداشلىق مۇناسىۋىتى ئۆزئارا يېقىن بولغان بىرنەچچە ئۇرۇقنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن كىشىلەر توپى، گۇرۇھى: تۈركىي قەبىلىلەر. قەبىلە تىلى. * غەربكە كۆچكەن ھونلارنىڭ يەنە بىرقىسمى بولسا ياۋروپاغا كىرىپ، ھازىرقى ۋېنگرىيە، بۇلغارىيە جايلاشقان ئورۇنلارغا ئورۇنلاشقان. بۇلارنىڭ ئىچىدە ھون ئىتتىپاقىغا كىرگەن ئۇيغۇرلارنىڭ ئىككى قەبىلىسىمۇ بار ئىدى.

**قەبىلە تىلى** <تىل> قەبىلە كوللېكتىپى

قوللانغان تىل. ئۇ ئۇرۇق تىلى ئاساسىدا شەكىللىنىدۇ، ئىشلىتىلىش دائىرىسى ئۇرۇق تىلىنىڭكىدىن كەڭ بولىدۇ. ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئورتاق تىل، دىئالېكت دېگەن پەرقلەر پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ.

**قه بىلىچىلىك** ئى ① كىشىلەر قه بىلە-قه بىلە بولۇپ ياشىغان جەمئىيەت؛ كىشىلەرنىڭ قه بىلىلەرگە بۆلۈنۈپ ياشىشىغا ئاساسلانغان ئىجتىمائىي تۈزۈم: ھەرقانداق بىر مىللەت مىللەت بولۇپ شەكىللەنگىچە، چوقۇم بەلگىلىك قه بىلىچىلىك دەۋرىنى بېسىپ ئۆتمەي قالمايدۇ. ② قه بىلىۋازلىق: قه بىلىچىلىك قىلماق.

**قه بىلىلىك** سۈپ. قه بىلىگە تەۋە، قه بىلىگە قارايدىغان، قه بىلىدىن چىققان.

**قه بىلىۋاز** سۈپ. ئۆز قه بىلىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا قه بىلە-ئۇرۇقلارنى چەتكە قاقىدىغان، باشقا ئۇرۇق-قه بىلىلەرگە قارىتا پەس كۆرۈش، كەمسىتىش پوزىتسىيىسىنى تۇتىدىغان: ئۇلارنىڭ قه بىلىسىنىڭ ئاقساقىلى ناھايىتى قه بىلىۋاز ئادەم بولۇپ، باشقا قه بىلە ئاقساقاللىرىنى زادىلا كۆزگە ئىلمايتتى.

**قه بىلىۋازلىق** ئى. ئۆز قه بىلىسىنى ھەممىدىن ئۈستۈن قويۇپ، باشقا ئۇرۇق-قه بىلىلەرنى چەتكە قېقىش، پەس كۆرۈش، كەمسىتىش ئادىتى ۋە شۇنداق قىلىق: ئۇلار قه بىلىۋازلىق قىلىشىپ، كۈچلۈك توقۇنۇش ئىچىگە كىرىپ قېلىشماقتا ئىدى.

**قه بىلىۋى** سۈپ. قه بىلىگە ئائىت، قه بىلىلەرگە خاس: ھىندىستان قەدىمدىن تارتىپ قه بىلىۋى ۋە مىللىي مۇزىكىغا باي مەملىكەتلەرنىڭ بىرى.

**قه بىه** سۈپ [ئە] كىشىنى يىرگەندۈرىدىغان، نەپرەتلەندۈرىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان رەزىل، يارىماس: غەزەپ بىلەن ھومىيىمەن قه بىه زالىملارغا، كالا بولۇپ باش ئېگمەن سەبىي بالىلارغا. * قولغا پىچاق ئالدى ۋارقىراپ، كەتتى قه بىه كۆزى پارقىراپ، بالىلارمۇ ئۇچقاندەك چېپىپ، يېتىپ كەلدى تاشيولغا قاراپ.

**قه بىھلە شتۈرمەك** «قه بىھلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — سىزنىڭ بۇنداق قىلىقلىرىڭىز ئۇلارنى تېخىمۇ قه بىھلە شتۈرۈۋېتىشى مۇمكىن، — دېدى قاسىم ئەپەندى ئۇنىڭ سۆزىگە قوشۇلماي.

**قه بىھلە شمەك** پ. بازغانسېرى قه بىه، رەزىل، پەس بولۇپ بارماق؛ ئەسكىلە شمەك، رەزىللە شمەك، ئادەمنى سەسكەندۈرىدىغان بولۇپ كەتمەك: ئۇلارنىڭ قارىشىچە، مۇشۇنداق قه بىھلىشىپ كەتكەن قارا ملارنى قانداق قۇتقۇزۇش مۇمكىن؟

**قه بىھلىك** «قه بىه» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئادەم ئۇرۇش، — دەيتتى بىر ئوقۇتقۇچى، — بولۇپمۇ، بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۆز ئوقۇغۇچىسىنى ئۇرۇشى تولىمۇ قه بىھلىك، ئەخلاقسىزلىق!

**قه پەز** [ئە] ① ئى. قۇش ياكى ھايۋانلارنى ساقلاش، بېقىش ئۈچۈن سىم ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن توقۇپ ياسىلىدىغان ساندۇق ياكى ئۆي شەكىللىك بۇيۇم: ئۇ باينىڭ ئۆيىدە قه پەزدىكى قۇشتەك يالغۇز قالغانىدى. * بۇلبۇل ھەرگىز سايرىماس، ئالتۇن بالداق قه پەزدە. مەن باقەمنى ئەسلەيمەن، كېچە-كۈندۈز، سەھەردە. ② ئى. ئەتراپى مۇشۇنداق شەكىلدە قورشالغان بوشلۇق: كۆكرەك قه پىزى. ③ مىق. مەيدان، قېتىم، نۆۋەت، رەت: جاۋيۇن ئۇن نەچچە قه پەز ئېلىشىپ يەنە كېتىپ قالدى. * بۇ ئىقابلانغان قاراقچىلار ئىككى دوستقا قاراپ ئېتىلدى، بىر قه پەز جىددىي قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى.

**قەپەز ئايۋان** <بىن> تۆت تەرىپى روجەكلەر بىلەن ئورالغان، قەپەس شەكىللىك ئايۋان.

**قەپەزئوت** ئى [قەپەز+ئوت] <بوت> قەپەزئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، تۇۋى ياپىلاق، ئۇچى يۇمىلاق كاناي شەكىللىك، قاپقاقلىق خالتىسى بار، خالتىسىنىڭ تېگىدىن سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىلىدۇ. ھاشارەتلەر خالتا ئىچىگە ئۇچۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئاشۇ سۇيۇقلۇقتا دىمىقىپ ئۆلىدۇ-دە، ئوزۇقلۇققا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كوپىنچە، تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قەپەزسىمان** سۈپ. شەكلى قەپەسكە ئوخشايدىغان، قەپەس شەكىللىك: مەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە قەپەسسىمان بىرنەرسىنى كۆرگەنىدىم.

**قەپىزەك** ئى <بىن> مۇنارلارنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلىدىغان گۈمبەزگە ئوخشاش شەكىل.

**قەترە** ئى [ئە] ① سۇيۇقلۇق زەررىچىلىرىنىڭ تارتىشىش نەتىجىسىدە شارچە شەكلىنى ئالغان ئەڭ كىچىك بۆلىكى؛ تامچە: بىر قەترە سۇ. * چاڭقىغانلارغا بۇ سەھرا-چۆلدە بىر قەترە سۇمۇ تېپىلمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. * ئەي تاغ سۈيى، ئاڭلا! يېشىل زۇمرەت كەبى جىلۋىلىنىپ تۇرغان، ئەمما غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقان سۈزۈك كۆلنىڭ سۈيى بولغۇچە، سېنىڭدەك مەڭگۈ ئويغاق ئۆتىدىغان، گۈركىرەپ، كۆپۈكلىنىپ ئاقىدىغان تاغ سۈيىگە قەترە بولۇپ قوشۇلغۇم بار!... * ئېقىپ نەركىس يۈزىدىن گۈل يۈزىگە قەترە-قەترە ياش، قىزىل گۈل بەرگىگە ئانداقكى قوندى دانىئى شەبنەم. ② كۆچمە. ئاز مىقدار، ئازغىنا، كىچىك بۆلەك ياكى ئۈلۈش: بىزنىڭ سۆيەتلىك ئۇرۇقلىرىمىزنىڭ قوشنىلارنىڭ يېرىدە چېچەك ئېچىپ، مېۋە بېرىشى يەنىلا بىزنىڭ دۆلەتكە قوشقان بىر قەترە تۆھپىمىز بولمامدۇ؟ * ئۇ ئاددىي مۇئەللىم، ئاددىي بىر ئىنسان، بىر قەترە، بىر زەررە سەزگەن ئۆزىنى. شەبنەمدەك جىلۋىلەر پۈركىيەلمىگەن، ۋەسلى نۇر كەلگۈسى ياتقان كۆزىنى.

**قەتل** ئى [ئە] ئۆلتۈرۈش، قىرغىن: ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى خام چوت ئاتا-بالىنى يولغا سېلىۋېتىپ، ئۇلارنى ئارغىبۇلاق چۆللۈكىدە قەتل قىلىپ، گۈلزادە بىلەن ئانارگۈلنى تارتىۋېلىش ئىدى.

**قەتل قىلماق** ئۆلتۈرمەك، قىرغىن قىلماق: سېيىت ئاباس تىنىقتىن توختىدى، ئۇ پاك قېنى تۆكۈلگەن جايغا يېنىككىنە يېقىلىپ، ئۆزىنى رەھىمسىزلىك بىلەن قەتل قىلغان بۇ ۋاپاسىز ئالەم بىلەن خوشلىشىپ مەڭگۈلۈك جىمىپ كەتتى.

**قەتلە** مىق. قېتىم، مەرتەم، رەت، نۆۋەت: — خۇداغا يۈزمىڭ قەتلە شۈكۈر، — دېدى ئۇ ئاخىر، — بۇ قىزىمنى بېشىمغا تاج قىلىپ قوندۇرسامۇ ئاز، ئەمما — زە «ھازىرلىقىمىزنىڭ يوقلۇقىدىن، بۇ قىزىمىزنىڭ ئالتۇن كۆڭلىگە پەسەنت كەلگۈدەك ئىش قىلالماي قالۇرمىزمىكىن» دەپ قورقىمەن. * مىڭ قەتلە شۈكۈرلۈك ئىش شۇ بولدىكى، بىزنىڭ ھاپىز-ئاخۇن زىغىر پالىگى ئاستىدىن ئاستا قىمىرلاپ قوپتى. * ئۇنى ناھىيىگە كادىر قىلىدىغان ئىشتىن قالدۇرۇپ، يېزىغا چۈشۈرگەنمىش، خۇداغا مىڭ قەتلە شۈكۈر، ئاسانلا بالادىن قۇتۇلۇپتۇ.

**قەتلىئام** ئى [ئە] يېزت. ئومۇميۈزلۈك قىرىش، ئۆلتۈرۈش؛ قىرغىن، قىرغىنچىلىق: ئاشۇ قەتلىئامنىڭ مەنزىرىسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەنلەر ئۆزلىرىنى توختىتالماي بۇقۇلداپ يىغلىمسىراشقا باشلىدى.

**قەتلىئام قىلماق** ئومۇميۈزلۈك قىرغىن

قىلماق، ئۆلتۈرمەك: چېرىكلەر بىز مۇسۇل- مانلارنى قەتلىئام قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى ئىزدە- ۋاتقۇدەك، خۇدايىتائالا ئۇنداق كۈنلەرنى ھارام قىلغاي، رەھمەتلىك چىڭگاڭ غوجام ھايات چاغدا بىيىجىڭ خېنىنىڭ ئەمەلدارلىرىمۇ پېشانىمىزگە «تاك». قىلىپ چېكەلىگەن ئەمەس.

**قەتئىي** [ئە] ① سۈپ. ئۆزگەرمەيدىغان، بۇزۇلماس: بۇ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قەتئىي قارارى. * شۇنداق، بىز ئۇنىڭغا يول قويالمايمىز، سىز يەتكۈزۈپ قويۇڭ. بۇ بىزنىڭ قەتئىي جاۋابىمىز. ② سۈپ. قايتۇرۇۋېلىشقا، رەت قىلىشقا بولمايدىغان ناھايىتى جىد- دىي: بىزنىڭ قەتئىي تەلىپىمىز شۇكى، ئەدلىيە ئورگانلىرى ئۇنىڭ مەسىلىسىنى تېزدىن بىر تەرەپ قىلىپ جامائەتكە ئېلان قىلسۇن! ③ سۈپ. ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم، قاتتىق: — توغرا گەپ، — رايون ساقچىسى ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىدىن تەسىرلەندى، — بىرلەشكەن دېھقانلارنىڭ كۈچى ھامان چوڭ بولىدۇ. * بۇنى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى قەتئىي ئىزچىل ئىجرا قىلىشى لازىم. * شەۋكەت قەتئىي چىداش قارارىغا كەلدى. * رەيھان قەتئىي نىيەتكە كەلگەنىدى. ④ سۈپ. ھەل قىلغۇچ، كەسكىن: قەتئىي كۆرەش. قەتئىي جەڭ: * مەن ئۇنىڭ تەكلىپىنى قەتئىي رەت قىلدىم. * توختىئاخۇن بولسا خەتكە قول بېسىشتىن قەتئىي باش تارتىپ، ئاجىز بەدەنلىرى بىلەن تىترەپ لايىتتى. ⑤ سۈپ. ئەستايىدىل ھەم جىددىي، كەسكىن، قاتتىق: —يۈر كېتەيلى، —، دېدى ياسىن ئارقىنغا بۇرۇلۇپ قەتئىي ھالدا. * مەن ئىدارىگە كېلىپ تېخى مۇنچىلىك قەتئىي ئادەمنى ئۇچراتمىغانىدىم. شۇڭا ئىلاجىسىز تۇرۇپلا قالدىم. ⑥ رەۋ. ھەرگىز، ئەسلا، زادى، زادىلا: — مەن، — دېدى ئۇ، — نىزامنامىدە كۆرسىتىلگەن يوشۇرۇن كۈرەش ئېلىپ بېرىش ئۇسۇلىغا قەتئىي قوشۇلمايمەن. * — ھەسسەلخان توغرا ئېيتقان، ئۇلارنىڭ ئىش توختىتىش تەشەببۇسىنى قوللاشقا قەتئىي بولمايدۇ، بەلكى قەتئىي قارشى تۇرۇش كېرەك. ⑦ رەۋ. چوقۇم، شەك-شۈبھىسىز: مەن ھەممىنى ئويلىدىم، ئاخىرى مەن ئارتۇقچە بولۇپ قالغان بۇ ئۆيدىن قەتئىي كېتىش نىيىتىگە كەلدىم. * گۆشنى تويا-چاك ۋە چىۋىنلەرنىڭ قونۇشىدىن قەتئىي ساقلاش لازىم.

**قەتئىيەت** ئى [ئە]. ئۆز سۆزىدە، پىكىر- قارارىدا قەتئىي چىڭ تۇرۇش؛ قەتئىيلىك، ئۆزۈل-كېسىللىك، كەسكىنلىك: — چېچىلماڭ ئانا، — گۈلنىسا پەس ئاۋازدا سۆزلىدى، ئەمما كۆزلىرىدە قايىل بولماسلىق، قەتئىيەت چاقناپ تۇراتتى. — تۇرمۇشقا چىقىش مەسى- لىسىدە خېلى بۇرۇنلا سىزگە ئۆز كۆز قارىشىمنى ئېيتقانىدىم. * گوياكى تۇمەنىڭ دۇلدۇل ئۇچقاندەك، دېھقانلار بارماقتا بەس-بەستە ئالغا. چۈنكى، بار بۇلاردا ئىشەنچ، قەتئىيەت، ئەتىكى مول ھوسۇل، گۈزەل ئىقبالغا. * ياخشىلارنىڭ سۆزلىرىنى ئەزەلدىن، ئەل ئىچىدە قىلغان ئەمەس ھېچكىم رەت. تەگرى ھۆكمى بار ئۇلارنىڭ پىكرىدە، سۆزلىرىدە بولسا ئەقىل، قەتئىيەت.

**قەتئىيەتسىز** سۈپ. ئۆز سۆزىدە، پىكرىدە چىڭ تۇرالمايدىغان؛ قەتئىي ئەمەس ئىرادىسىز: ئۇنىڭ بۇنداق قەتئىيەتسىز سۆزلىرى سورۇندىكىلەرنىڭ ئاخىرقى نەتىجىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ھەققىدىكى ئەندىشىسىنى

تېخىمۇ ئاشۇرۇۋېتىدۇ.

**قەتئىيەتسىزلىك** «قەتئىيەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قەتئىيلەشتۈرمەك** «قەتئىيلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى توغرىسىدىكى مۇھاكىمە ئۇنىڭ يۈرەك تارىسىنى جىغىلدىتاتتى، 3-ئومۇمىي يىغىننىڭ روھى ئۇنىڭ ئىشەنچىسىنى قەتئىيلەشتۈردى.

**قەتئىيلەشمەك** پ ① ئۈزۈل-كېسىل، قەتئىي تۈس ئالماق، قەتئىي ھالغا كەلمەك: ئۆز ئاخىرەتلىكىنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالغانسېرى، ئۇنىڭ بۇ نىيىتى تېخىمۇ قەتئىيلەشتى. * چىمەنگۈلنىڭ ئاۋازى يەنە بىردىنلا قەتئىيلىشىپ كەتتى. ② ئۆزگەرمەس، مۇستەھكەم ھالغا كەلمەك، مۇستەھكەملەنمەك: ئىرادىسى قەتئىيلەشمەك. * ئۇلارنىڭ قارارى كۈندىن-كۈنگە قەتئىيلەشمەكتە ئىدى.

**قەتئىيلىك** «قەتئىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پۈتۈن دۇنيا خەلقى قەتئىيلىك بىلەن كۈچلۈك كۈرەش ئېلىپ بارىدىغانلا بولسا، ئۇرۇشنىڭ پارتلىشىنى كېچىكتۈرۈش ئېھتىمالى يوق ئەمەس.

**قەتئىينەزەر** [قەتئىي+نەزەر] تىر. چىقىش كېلىشتە كەلگەن سۆزلەردىن كېيىن كېلىپ، ئۆزىدىن بۇرۇنقى سۆز ياكى جۈملىدە ئاڭلىتىلغان نەرسە ياكى ھەرىكەتنىڭ ئۆزىدىن كېيىن كەلگەن سۆز ياكى جۈملىدە ئاڭلىتىلغان نەرسە ياكى ھەرىكەتكە توسقۇن بولالمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا باغلىق ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەيدۇ ھەم «... غا قارىماستىن»، «... غا قارىماي»، «... غا باغلانمىغان ھالدا» دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ: قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، مېنىڭ سېنىڭ بىلەن ئۆي تۇتۇشقا كۆڭلۈم تارتمايدۇ. * ئۇنىڭ بېرىش-بارماسلىقىدىن قەتئىينەزەر مەن جەزمەن بارىمەن.

**قەد (قەددى)** ئى [ئە] كىشىنىڭ بوي-بەستى؛ قامەت: ئابدەمنىڭ كۆز ئالدىدا بۇغراجاننىڭ مىڭلاپ يىگىتكە بەرگۈسىز كېلىشكەن قەددى، مېھرىبان كۆزلىرى نامايان بولدى. * مەن ئۇنىڭ قەددىنىڭ سەل پۈكۈلۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

**قەددى پۈكۈلمەك** ① قېرىلىقتا ئوخشاش سەۋەبلەردىن بېلى ئېگىلمەك، مۈكچەيمەك، دۈمچەيمەك: ياش چوڭايغانسېرى ئادەمنىڭ تېنى ئاجىزلاپ، قەددى پۈكۈلۈپ، قەدەملىرى قىسقىراپ كېتىدىكەن. ② كۆچمە. ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق، روھىي ئازاب قاتارلىقلار تۈپەيلىدىن جۇشقۇن ھالىتىنى يوقاتماق، بوشىشىپ كەتمەك: قار لەپىلدەپ يېغىۋاتاتتى، ئۈمىدسىزلىك ۋە غەزەپتىن قەددى پۈكۈلگەن ئابدۇللا پىكاپنىڭ كەينىدىن قاراپ بىرپەس تۇرۇپ، ئاندىن يولغا چۈشتى.

**قەددىنى راسلىماق** ← **قەددىنى رۇسلىماق**.

**قەددىنى رۇسلىماق** ① گەۋدىسىنى تىك قىلىپ، تۈز تۇرماق: موڭغۇل يىگىتى قەددىنى رۇسلاپ، خەلققە باشتىن ئاياغ ئىتتىك كۆز يۈگۈرتۈپ چىقتى. * ئۇ قەتئىيلىك بىلەن قەددىنى رۇسلاپ ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلىدى: «بارىمەن!» ② كۆچمە. ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھال-كۈنىنى ياخشىلىۋالماق، ئۆزىنى ئوڭشىۋالماق: دادامغا بېرىلگەن پۇل بىلەن ئىقتىسادىي جەھەتتىن قەددىمىزنىمۇ رۇسلىۋالدۇق. * ئۇ يېڭىدىن «قەددىنى رۇسلىغان» دېھقانلارنىڭ بىرى.

**قەددى ئېگىلمەك** ← **قەددى پۈكۈلمەك**: ئۇزۇن يىللىق جاپا-مۇشەققەتلەر تەسىرىدىن ئۇنىڭ يۈزلىرى قورۇقلار بىلەن قاپلانغان، مەزمۇت قەددى يادەك ئېگىلگەنىدى.

**قەد كەرمەك** ① گەۋدىسىنى كەرمەك:
شۇ قىز بىلەن نەق ئۇچراشتىم بۈگۈن، مەن
ئۇنى ئالتۇن پەسىلدە كۆردۈم؛ توغراقلىقلاردا
قەد كېرىپ تۇرغان قات-قات ئىمارەت...
يەسىلدە كۆردۈم. * جاھاندا ئىلمۇئىرپانسىز
بېھىش بىناسى قەد كەرمەس، ئىلىم بىرلە
پۈتەر بارچە، ئىلىمسىز ئەلدە غۇربەت بار.
② كۆچمە. ئۆزىنى ئازادە، ئەركىن
تۇتماق، مەغرۇرلانماق: ئۇ ئەنۋەردەك بىر
بىلىملىك مەسلىھەتچىنىڭ سايىسىدە قەددىنى
كېرىپ، ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى.
بۇنىڭغا كىمنىڭمۇ قورسىقى كۆپمىسۇن!

**قەد كۆتۈرمەك** ① بوي سوزماق،
ئۆسمەك، ئېگىزلىمەك: — ئەجەب چوڭ
ئىمارەتلەرغۇ بۇ، — دېدى تېرىقچى دەريانىڭ
ئۇ يېقىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئۈچ بىنانى
كۆرسىتىپ، — ئاز پۇل كەتمىگەندۇ. * ئۇ
شەھەردىن 70 — 80 چاقىرىم يىراقلىقتا قەد
كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك تەگرى تېغىغا
نەزەر سالدى. ② كۆچمە. يۈكسەلمەك،
ئۇلغايماق، تەرەققىي قىلماق: — سىلەرنىڭ
كەنت بۇ يىل قەد كۆتۈرۈپ قالدى، — دېدى
سادىق سەل ئويلىنىۋېلىپ. * كېلىپ ئازاد
زامان، بولدى ئىلىم-پەن قايتىدىن جارى،
كۆتۈردى قەد قەدىم يۇرتنىڭ ھۈنەر-سەنئەت
ئىجادكارى. ③ كۆچمە. پەيدا بولماق،
بىنا بولماق؛ قۇرۇلماق: بۇ ئۇزۇن ئۆستەڭ
قاشلىرى ئالتۇنچىلارنىڭ قان ۋە ئۇستىخانلىرى
بەدىلىگە قەد كۆتۈرگەنىدى. * سۆزلەر
ئانا ئۆز يېزىسىنىڭ، قىياپىتى ئۆزگەرگىنىنى.
ھالى ئورنىدا يېڭى ئېكىنزار؛ باغلارنىڭ قەد
كۆتۈرگىنىنى.

**قەدەر** ئىر [ئە] ① بېرىش كېلىش بىلەن
تۈرلەنگەن ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرلىدى-
كى سۆزلەرگە تىركىلىپ كېلىپ، «-
غىچە، -قىچە، -گىچە، - كىچە»
قوشۇمچىلىرىغا ئوخشاش چەك مەنىسىنى
ئىپادىلەيدۇ: ئېيتقىنا، دادىسى ئۆلۈپ
كەتكەندىن كېيىن تا بۈگۈنگە قەدەر ئۇنىڭ
بىرەر ناخشا ئېيتىپ باققانلىقىنى ئاڭلىغانمىدىڭ؟
ئەجەب بۈگۈن ناخشا ئېيتىپ قېلىپتۇ. بىرەر
ئىش بولدىمۇ نېمە؟ * قىزىل نۇر ئىلكىدە
تەۋرەيدۇ زېمىن، چاڭبەيشەن تېغىدىن
سايرامغا قەدەر. ئۆركەشلەر قوينۇڭدا بىر
غالىب ئېقىن، ھەر كۈنى سېنىڭدە مىڭلاپ
خۇش خەۋەر. ② كۆپىنچە «بۇ، شۇ»
قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن
بىرىكىپ كېلىپ «دەرىجىدە، كەبى
... گە ئوخشاش» دېگەن مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ: مەن ئىشىنىمەن، بىزنىڭ
سۆيگۈمىز ئېقىۋاتقان شاۋقۇنلۇق دەرياغا
ئوخشاش شۇ قەدەر سۈپسۈزۈك، شۇ قەدەر
ئۇزۇن، ئۇنى ھېچكىم توسۇۋالالمايدۇ. *
موللاق ھېكىممۇ رەيھانەمنىڭ بۇ قەدەر
بېجىرىم، ئېغىر-بېسىق ئولتۇرغىنىغا زوقلانغاندەك،
بىرنەچچە قېتىم كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ
قويىدۇ. ③ «مۇمكىن»، «ئىمكان»
قاتارلىق سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ،
«بولغىنىچە»، «... نىڭ بارىچە»
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مۇمكىنقە-
دەر تېز كەل. * ئىمكانقەدەر تېز تۈگىتىشكە
تىرىشىمەن. ④ «بىر» سۆزى بىلەن
بىرىكىپ كېلىپ «بىرئاز»، «خېلى»
دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — بالىنىڭ
ئەھۋالى قانداقراق؟ — دەپ سورىۋىدىم،
— بىرقەدەر ياخشى، — دېدى ئۇ خېلىدىن
كېيىن.

**قەدەم** ئى [ئە] ① ئاياغ تاشلاپ قىلىنغان
ھەربىر ھەرىكەت، چامدام، ماڭدام:
ئۇ خىيالچان كېتىۋاتقان دىلبەرنى كۆردى-دە،
قەدەملىرىنى تېزلىتىپ، دىلبەر تەرەپكە قاراپ
ماڭدى. * ئۇ شېرىن خىيال تەسىرىدىن

ئۆگزىدىن ئاڭلىنىۋاتقان قەدەم ئاۋازلىرىنىمۇ سەزمىدى. ② ئىككى ئاياغ ئارىسىدىكى ئارىلىق، مۇساپە؛ ئارىلىقتا (مۇساپىگە) تەڭ بولغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى: جىگدىلىكتىن دەسلەپ ئەيسا پاششاپ، ئارقىدىن 20 قەدەم ئارىلىق قالدۇرۇپ يېپەك سەللىلىك ئادەم چىقتى. * كەنجە ئېيتقان قورام تاشقا يېتىشكە 30 قەدەم قالغاندا، ئاتنى قارىياغاچقا باغلىدىم-دە، سەپدىشىمنى ئېلىپ ئالغا ئىلگىرىلىدىم. ③ ئۆسۈش، راۋاجلىنىش، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ تېزلىكى، سۈرئەت: سىز يەنە ھازىرقى قەدىمىڭىز بىلەن ماڭسىڭىز، 10 — 20 يىلدىن كېيىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئىلمىي خادىم بولۇپ چىقالايسىز. * ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرى ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى زور قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىتىش كېرەك. ④ كۆچمە. ئۆسۈش، راۋاجلىنىش، ھەرىكەت ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر بۆلىكى؛ باسقۇچ: ئۇلار زىيان تارتىش ھالىتىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئۆزگەرتتى. * دەرس تەييارلىقى — ئوقۇتۇش خىزمىتىدىكى تۇنجى قەدەم ۋە مەركىزىي ھالقا، بۇ قەدەمنى پۇختا بېسىش ۋە بۇ ھالقىنى چىڭ تۇتۇش كېرەك. * ئۇلار بۇ ئىشنى ئىككى قەدەمگە بۆلۈپ ئورۇنلاش قارارىغا كېلىشتى. ⑤ كۆچمە. يۈرۈش، ھەرىكەت: «ھە، ئۇرۇمچى ۋاقتى...» ئۇ بۇ يېقىملىق سۆزنى يۈرىكىدە قايتا-قايتا تەكرارلاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆز قەدىمنى ۋەتىنىمىزنىڭ ۋاقتى بىلەن بەلگە-لەيدىغانلىقىنى ئويلىغان.

**قەدەم ئالماق** ئالغا ئىلگىرىلەش ئۈچۈن ئاياغلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرمەك، قەدەم تاشلىماق؛ ماڭماق: ئۇ يۈز-كۆزلىرىنى ئېرىقنىڭ سۈزۈك سۈيىدە يۇيۇپلا، ئۆيىگە قاراپ قەدەم ئالدى. * «تۇلپىرىم تەييار مېنىڭ مەنزىلگە چاپماققا» دېسەم، «باشلا ئىشنى، ئال قەدەم سەپ ئالدىدا مەزمۇت» دېدىڭ.

**قەدەم باسماق** ① مەلۇم بىر يۆنىلىشكە قاراپ چامدىماق، يۈرمەك، ماڭماق: ئۇ بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، باغنىڭ ئىشىكىگە قەدەم بېسىپتۇ. * بىرىنچى بولۇپ جۇمەش ئۆيىگە قەدەم باسىدۇ. * ئەي گالىستۇك، گالىستۇك، ئۇنتۇماسمەن ۋەدەمنى. «ئۇچتە ياخشى» بولۇپ مەن، دادىل باساي قەدەمنى. ② بارماق؛ كەلمەك (كۆپىنچە بولۇشسىز شەكىلدە كېلىدۇ): ئۇ شۇنىڭدىن كېيىن دىلبەرنىڭ ئۆيى تەرەپلەرگە قەدەم باسمىدى. * ئۇ بۇ ئىشنى ئورۇنلىماي تۇرۇپ ھەرگىز ئايالىنىڭ يېنىغا قەدەم باسمايدىغانلىقى-نى ئېيتىپ قەسەم ئىچىپتۇ. * ئەمدى سېنىڭ ئۆيۈڭگە قەدەم باسقۇچە، بىراقلا دوزاختا قەدەم بېسىش كېرەك. ③ كۆچمە. ھەرىكەت قىلماق: — ئۇنداق بولسا، — دەپ مەسلىھەت كۆرسەتتى ئىنىكئانا، — مېھمانىنى ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن سىناپ كۆرگىن، ئالدىراپ قەدەم باسما، بولمىسا، ئەل-يۇرت ئىچىدە سەتچىلىككە قالۇرمىز. * تۇرمۇشتا قەدىمىڭنى ئويلاپ باس، قەدىمىڭنى توغرا باسساڭ تۇرمۇش سېنى مۇكاپاتلايدۇ، خاتا باسساڭ جازالايدۇ. ④ بىرەر ساھە، بىرەر ئىشقا قەدەم قويماق، كىرىشمەك: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا پادىچىلىققا قەدەم باسقان دەسلەپكى كۈنلىرى كەلدى. * مۇئەللىم، ۋەتەن زېمىنىغا ئەمدىلا قەدەم باسقان كۈنى سىزگە ۋە ئاپامغا يۈرىكىمدىكى ھەممە خۇشاللىقلىرىمنى ئېيتقانىدىم. * جىم تۇرايمۇ قولغا مەن ئالماي قەلەم، شېئىرىيەت باغىغا ھەم باساي قەدەم.

**قەدەم تاشلىماق** ← **قەدەم باسماق**: ئۇ چوڭ يول لېۋىدىكى دوڭغاق سۆگەتكە قاراپ ئاستا-ئاستا قەدەم تاشلىدى. * شۇ

كۆنى ئۇلار قۇبلاي خاقان بىلەن ۋىدالىشىپ، غەرب سەپىرىگە قەدەم تاشلىدى. * بىز داۋاملىق ئالغا قاراپ قەدەم تاشلىشىمىز لازىم.

**قەدەم تەشرىپ قىلماق** «بارماق، كەلمەك، كىرمەك، قاتناشماق، داخىل بولماق» مەنىلىرىدىكى تەكەللۇپ ئىبارىسى: – قېنى ئۆيىمىزگە قەدەم تەشرىپ قىلىڭ، – دېدى نۇرۇللا. * ئولتۇرۇشىمىزغا ھاكىم قاتارلىق رەھبەرلىرىمىز قەدەم تەشرىپ قىلدى.

**قەدەم قويماق** ① بىرەر يۆنىلىشكە قاراپ يۈرمەك، ماڭماق؛ ئاتلانماق: بوۋاي ئۆز خىيالىغا بېرىلىپ، ئىختىيارسىز ئىشىك تەرەپكە قەدەم قويدى، لېكىن خەلىچە ئانا ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. * ئات ۋە يۈك-تاقلارنى تەييارلاپ بولغاندىن كېيىن، رۇستەم كۆپچىلىككە باشچىلىق قىلىپ جەنۇب سەپىرىگە قەدەم قويدى. ② مەلۇم بىر ئورۇن ياكى جايغا يېتىپ كەلمەك، يېتىپ بارماق: راستىنى ئېيتسام ئۈركەش تامدىن ئۆتۈپ يۇرت يېرىگە قەدەم قويغىنىمىزدىن بۇيان كۆڭلۈم يورۇپ، تىنىقىمۇ باشقىچە ئەركىن بولۇپ قالغاندەك ھېس قىلىۋاتىمەن. * ئۇلار كىرگىلى بولىدىغانلىكى ھەممە بۇلۇڭ-پۇچقاقلارغىچە قەدەم قويدى. ③ ئالغا ئىلگىرىلىمەك، سىلجىماق؛ يۈرۈش قىلماق: تارىخىي كىتابلاردا بۇ شەھەر ئىنسانىيەتنىڭ دەسلەپكى پەن-مەدەنىيەت ۋە تىبابەتكە قەدەم قويغان جايى دەپ يېزىلغان. * ھەممە مىللەتنىڭ مەدەنىيەتكە چوڭ قەدەم قويۇش دەۋرى بۇ. ④ بىرەر ئىشنى بېجىرىشكە كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق، ھەرىكەت قىلماق، ھەرىكەتلەنمەك: – ئۇنداق بولسا، – دېدى مەلىكە، – ئاۋۋال مېنى ئاتىڭىز پادىشاھنىڭ يېنىغا ئېلىپ بېرىپ، ئاندىن ئىشلىرىڭىزغا قەدەم قويۇڭ. * – ئىككىنچى شەرت قايسىدۇر؟ – دەپ سورىدى ھاتەم مەلىكىدىن، – ئۇنىڭغا قەدەم قويسام. ⑤ كۆچمە. بىر دەۋرگە، باسقۇچقا ياكى ساھەگە كىرمەك، ئۆتمەك: ئۇلار ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ياردىمى بىلەن يېڭى ئوقۇش ھاياتىغا قەدەم قويدى. * تاغلار ئارىسىدا بىردەم ئۆرلەپ، بىردەم پەسلەپ ئىلگىرىلەۋاتقان قوشۇن بۈگۈن ئۈچىنچى كۈنگە قەدەم قويدى. * بەگكە خۇدا ئۆمۈر بەرسە، بۇ يىل ئاخىرلاشسا، توپتوغرا 24 ياشقا قەدەم قويىدۇ! * ئۇ قىرىلىققا قەدەم قويغان چوڭ كىشى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئۆسمۈر بالىدەك قىزىرىپ-تاتىرىپ، ئەيمىنىپ تۇراتتى.

**قەدەمنى خاتا باسماق** بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەتتە خاتا قىلماق، خاتالاشماق: سېنىڭ ئۆمۈرلۈك ھەمراھىڭ جايىدا بولمىغان، قەدەمنى خاتا باسقانسەن. ئىلىمنى ھۆرمەتلىيدىغان، ئىشىڭنىڭ قەدرىگە يېتىدىغان، ئۆمۈر بويى ساڭا يار-يۆلەك بولىدىغان ئايال لازىم ئىدى.

**قەدەمنى ساناپ باسماق** ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماق، ئېھتىياتچان بولماق: – سەن... سەن كىچىك بالىمۇ؟ يىگىت دېگەن قەدەمنى ساناپ باسىدۇ، – دېدى بوۋاي ئوغلىغا كايىپ.

**قەدىمى تەگمەك** ← **قەدىمى يەتمەك**: ئۆزىڭىز بىز تەرەپلەرگە ئۆتمىگەن بولسىڭىزمۇ، لېكىن مۇبارەك قەدىمىڭىز تەگكەن يەرلەرنى ھېلىمۇ تاۋاپ قىلىپ يۈرۈپتىمىز. * قىزىنىڭ مۇبارەك قەدىمى بۇ ئۆيگە تېگىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنى باشقىچە يورۇپ كەتكەندەك بولدى.

**قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن** «كەلگىنىڭىزدىن ناھايىتى سۆيۈندۇق، كەلگىنىڭىزدىن خۇشالمىز» دېگەن

مەنىلەردىكى تەكەللۇپ ئىبارىسى: قىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى: – ھە ... ئالماس ئاكاممۇ سىز، كېلىڭ، – دېدى ۋە كۈلۈپ ئالدىغا كەلدى، – قەدىمىڭىزگە مۇبارەك بولسۇن، بۇ ئۆيگە قەدەم باسمىغىنىڭىزغا نەچچە ئايلار بولغانىدى، ئەمدى نېمە قىلاي، ياغاچ ئۇشتۇپ قويايمۇ؟.

**قەدىمى يەتمەك** مەلۇم بىر يەرگە بارماق ياكى كەلمەك: سەن خۇدانىڭ ئەركىن بەندىسى، سېنىڭ قەدىمىڭ يەتمەيدىغان يەر يوق. سەن مېنىڭ سۆزلىرىمنى كۆڭلۈڭدە ساقلاپ قال.

**قەدەم-باسقۇچ** قەدەم ۋە باسقۇچ: پارتىيىمىز ئېلىمىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىنىڭ ستراتېگىيىلىك قەدەم-باسقۇچلىرىنى ۋە بىر قاتار توغرا سىياسەتلىرىنى ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش ئاساسىدا بەلگىلىدى.

**قەدەم-باسقۇچلۇق** قەدەم ۋە باسقۇچى بار، قەدەم ۋە باسقۇچقا بۆلۈنگەن: بۇ ھەرىكەت قەدەم-باسقۇچلۇق ھەرىكەت. // مەشىق قىلىش قەدەم-باسقۇچلۇق ئېلىپ بېرىلىشى، مەشىقنىڭ سۈرئىتىنى توغرا ئىگىلەش ھەمدە مەشىقنىڭ ئۇسۇلى خىلمۇخىل بولۇشى لازىم.

**قەدەمجاي** ئى [ئە+پ] مۇقەددەس، ئۇلۇغ دەپ قارىلىدىغان، كىشىلەر زىيارەت قىلىپ بېرىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ئەزىز جاي، زىيارەتگاھ: ئەي قەدەمجاي – قورغاس بويلىرى، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپراق. سېنى سېغىنىپ كەلدىم يىراقتىن، ھاياجاندىن «تەنلىرىم ياپراق» . * بىز خوشلاشتۇق ... ئاشۇ قەدىناس، كېيىك كۆزلۈك بۇلاق بېشىدا. تۇنجى قېتىم سىيلىنغان ئاساس، سۆيگۈمىزنىڭ قەدەمجايىدا .

**قەدەمدە** رەۋ. پات-پاتلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىتتا: مۇنداق ئىشلار بىزگە قەدەمدە ئۇچراپ تۇرىدۇ. بىز دائىم ھوشيارلىقىمىزنى ساقلىمساق بولمايدۇ.

**قەدەمدە بىر** پات-پاتلا، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ياكى ئارىلىق ئىچىدە: بۇ دۇنيادا كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق بولمىغان ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. * نېمە قانۇن دېگەن گەپ گومىنداڭغا، نە ھاجەت مەردىپەت غالجىر قاۋانغا! تۆكۈلسە نېمە ئۇ مەسۇمە كۆز ياش، كېسەلگە نېمە ئۇ قەدەمدە بىر باش.

**قەدەمگاھ** ئى [ئە+پ] كىشىلەر بېرىپ تۇرىدىغان ئەزىز جاي: بەشكىرەمنىڭ ئانارى تاتلىق، ئانار يۈزلۈك باغۋىنى داڭلىق. شۇ ئانارنى ئۆستۈرگەنلەرنىڭ، قەدەمگاھى بولغاي بوستانلىق.

**قەدەملەتمەك** «قەدەملىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەدەملەشمەك** «قەدەملىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەدەملىك** سۈپ. قەدەم كېلىدىغان، قەدەمگە تەڭ (ئارىلىق، مۇساپە ھەققىدە): دۈشمەنلەر قىيان ئازگىلىغا 200 – 300 قەدەملىك مۇساپە ئارىلىقى بىلەن ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل يېقىنلاپ كەلگەندە، جەڭچىلەر ئوت ئېچىپ، دەسلەپكى ئوق يامغۇرىدىلا 40 قا يېقىن دۈشمەننى ئۆلتۈردى.

**قەدەملىمەك** پ ① قەدەم تاشلاپ ماڭماق: ئۇ چوڭ-چوڭ قەدەملەپ ئۆيدىن چىقتى. ② مەلۇم ئارىلىق ياكى ئۇزۇنلۇقنى قەدەم ئارقىلىق (قەدەمنى ئۆلچەم بىرلىكى قىلىپ) ئۆلچىمەك: سەمەت قەدەملەپ كۆرۈۋېدى، بېشىدىن ئايىغىچە 50 قەدەم كەلدى.

**قەدەممۇقەددەم** ① ئىزمۇئىز، كەينىدىن قالماي؛ سوڭدىشىپ: ھاپىز قەدەممۇقەددەم تاپ بېسىپ كېلىۋاتقان سىيىت ھاجىدىن قورقۇپ

راستىنى ئېيتىشقا مەجبۇر بولدى. ② ئاستا-ئاستا، بىر-بىرلەپ، دەرىجىمۇدەرىجە: سەن كۆزلىگەن مەقسەتلىرىڭگە قەدەممۇقەدەم يېقىنلىشىۋاتىسەن. * كەنت پارتكومىنىڭ شۇجىسى بۇنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى ھەم بۇ تەكلىپ-پىلانلارنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈمىدىنى بىلدۈردى.

**قەدەھ** ئى [ئە] مەي قۇيۇپ ئىچىلىدىغان قاچا، جام، رومكا: — توغرا! — خۇشال بولۇپ كەتكەن ھىمىت ئورنىدىن تۇردى، — كۆپچىلىكنى قىممەتلىك ئاشۇ ھوقۇق ئۈچۈن بىر قەدەھتىن كۆتۈرۈۋېتىشكە تەكلىپ قىلىمەن.

**قەدەھ كۆتۈرمەك** ① مەي قۇيۇلغان قەدەھنى قولىغا ئالماق: — بۈگۈن مەن، — دېدى ۋۇشاۋبىڭ قەدەھ كۆتۈرۈپ تۇرۇپ، — «CC-3» دېلوسىدا خىزمەت كۆرسەتكەن كەسىپداشلىرىمنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن. ② قەدەھكە قۇيۇلغان مەينى ئىچمەك، يۇتماق: — قېنى، ئاغىنىلەر، دوستىمىز ئابلەتنىڭ ئايگۈل بىلەن مەڭگۈ بەختلىك ئۆتۈشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرەيلى! — دېدى ئۇ ياڭراق ئاۋازى بىلەن رومكىنى قولىغا ئېلىپ.

**قەددى-قامەت** بوي-بەست، قامەت: قەددى-قامىتى كېلىشكەن يىگىت. * قىز كېتىۋاتقاندا، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ تۇرغان زەرگەر قىزنىڭ قەددى-قامىتى، ھۆسنى-جامالى، گۈزەل ئەخلاقىغا ھەيران بولۇپتۇ. * خوجا ئەكبەرنىڭ قەددى-قامىتى سەرۋىدەك، چىرايى 14 كۈنلۈك تولۇن ئايدەك، كۆزلىرى بۇلاقتەك، ئاغزى ئويماقتەك، مەڭزىلىرى ئاناردەك، قىلىقلىرى ئىللىق باھاردەك چىرايلىق بىر قىزى بار ئىكەن.

**قەددى-قامەتلىك** قەددى-قامىتى كېلىشكەن، قامەتلىك: ئىشخانىدا مەكتەپ مۇدىرى ئولتۇراتتى. مۇدىر ئېگىز بوي، خۇش چىراي، قەددى-قامەتلىك ئادەم ئىدى. * قىز بۇ قەددى-قامەتلىك، زېرەك يىگىتنى ئەگەشتۈرۈپ، چارباغنى 40 كۈن ئايلىنىپتۇ.

**قەدىر** ئى [ئە] ① كىشىلەر ئارىسىدا ئېرىشىلگەن ئابروي، شۆھرەت، ھۆرمەت؛ جەمئىيەتتە تۇتقان ئورۇن، نوپۇز: سۆزى توغرىنىڭ قەدرى ئارتۇق بولار (ماقال). * باشقىلارغا ياردەم بېرىش، شەخسىيەتچىلىك قىلماسلىق، راستچىل بولۇش ئىنسان قەدرىنى ئاشۇرىدىغان ئېسىل خىسلەتلەردۇر. ② ئەھمىيەت قىممەت: ئالتۇن قەدرىنى زەرگەر بىلەر (ماقال). * ئېشەكىم بىلەرمۇ كۈنجۈرە، ناۋاتنىڭ قەدرىنى (ماقال). * ئاتا بولمىغان ئاتا قەدرىنى بىلمەس (ماقال). * ئىشلىگەنىنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان زامان ئەمدى كېلىۋاتىدۇ.

**قەدىر ئاي** <ئاستر> ← **رامزان.**

**قەدىر ئەھۋال** يامان ئەمەس، بەك ياخشىمۇ ئەمەس، بەك يامانمۇ ئەمەس، ئوتتۇرا ھال: ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ماختىغۇدەك ياخشى بولمىسىمۇ، قەدىر ئەھۋال ئۆتەتتى. * ئۇ دېگەن بىرلا سوئال ئىدى، ھەر ھالدا قەدىر ئەھۋال جاۋاب بەردىم. * ئۇلار قەدىر ئەھۋال سوۋغا-سالاملار بىلەن شاھ ھۇزۇرىغا بېرىپتۇ.

**قەدىر كېچىسى** <دىن> رامىزان ئېيىنىڭ 27-كېچىسى. رىۋايەتلەردە ئاللا «قۇرئان»نى مۇشۇ كېچىدە نازىل قىلغان دېيىلىدۇ.

**قەدىرىگە يەتمەك** ① مۇۋاپىق ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلماق، ئەزىزلىمەك، ئەتىۋارلىماق: ئەرگە ئايال، ئايالغا ئەر كېرەك، سىز قانداق ئەرسىز؟ ئاي دېسە ئايدەك، كۈن دېسە كۈندەك قىز قۇچاقلىسا -يۇ، قەدرىگە يەتمىسىڭىز! * ئۆتتى ئاھ... تىنىمسىز بەڭباش ياشلىقىم، ئۆتتى ئەل

قەدىرىگە يەتمەي پەرىشان.... بالىلىق چېغىمغا قايتىپ باشلىدىم — باشلىدىم يېزىشنى سالام كىتابخان! ② قىممەتلىك، ئەھمىيەتلىك، ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلمەك ۋە شۇنىڭغا ماس ھالدا ئەزىزلىمەك، قەدىرلىمەك، ئۇلۇغلىماق: بىز بۇ كۈرەشنىڭ قەدىرىگە يېتىشىمىز، بۇ كۈرەشنى پىدالىق بىلەن قوغدىشىمىز كېرەك. * ئۆلۈمنى كۆز ئالدىڭغا كەلتۈرسەڭلا، ئۆمۈرنىڭ، ياشاشنىڭ قەدىرىگە يېتىسەن.

**قەدىرنى بىلمەك** ← **قەدىرىگە يەتمەك**: ئاشنىڭ قەدىرىنى بىلمىگەن ئادەم ئاچ قالىدۇ. * ئاق قۇشقاچقا ناۋات بەرمە، تەمىنى بىلمەس. يات كىشىگە كۆڭۈل بەرمە، قەدىرىڭنى بىلمەس. * ئاتام قەدىرىنى بىلمىدىم، ئانام ئەمرىنى تۇتمىدىم، خىزمىتىنى قىلمىدىم، يېتىملىككە چارەم يوق.

**قەدىرى ئۆتۈلمەك** يوقلۇقى بىلىنمەك، ئىنتايىن مۇھىم ئىكەنلىكى ھېس قىلىنماق: بىز كەتسەكمۇ كۆڭۈل قالدى سەن بىلەن، بەك ئۆتۈلدى قەدىرىڭ ۋەتەن، سېغىندىم.

**قەدىرى يەتمەك** مۇھىملىقى، ياخشىلىقى قەدىرلىك، ئەزىز ئىكەنلىكى بىلىنمەك: تېرەكسىز ھويلىغا كىرسەم، بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى، بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم، سېنىڭ قەدىرىڭ ماڭا يەتتى.

**قەدىردان** [ئە+پ] ① سۈپ. ئەزىز، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك؛ مۇقەددەس، جانىجان: تاجىخان بىلىگىچە لايغا كۆمۈلۈپ، تۇرغان بۇ ئىچىنىشلىق گەۋدىنىڭ ئۆزىنىڭ قەدىردان ھەمراھى قاسىم ئىكەنلىكىنى ئەمدى تونۇغانىدى. * گەپنى ئەمدى ئاڭلايلى ئۇكىسىنىڭ ھالىدىن: قوغلىنىپتۇ تۇغۇلغان قەدىردان ئۆي-جايىدىن. // ئۇلار پادىشاھ تەي ۋە باشقا قەدىردانلىرىغا سوۋغات قىلىش ئۈچۈن لەئەل، جاۋاھىراتلارنى ھازىرلاپ، سەپەر تەييارلىقىنى پۈتتۈردى. * ئۇ تۇرغۇن ئاكىنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى، ئۇلار گويا كونا قەدىردانلاردەك تىنچلىق سوراشتى. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەدىردانلارچە** رەۋ. قەدىردان دوستلاردەك، ناھايىتى يېقىن دوستلارغا ئوخشاش: بىز قەدىردانلارچە كۆرۈشتۇق. ئۇنىڭ تۇرقىدىن ھېچبىر كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈنمەيتتى.

**قەدىردانلىق** ئى. يېقىنچىلىق، يېقىن دوستلۇق، ئىناقلىق: سىز ئالىجانابسىز، كونا قەدىردانلىق ھۆرمىتىگە، كۆڭۈل ئۈچۈن كۆلۈپ باقارسىز... ھېچ بولمىسا شۇنىڭ بىلەنمۇ تەلەيسىزنى بەختلىك قىلارسىز!

**قەدىرسىز** سۈپ ① ھۆرمىتى، ئابروي-ئىناۋىتى يوق؛ ھېچكىم ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئەزىزلىمەيدىغان: — نىمەندەك قەدىرسىز لالمىدىن مىڭنى قوشساق، بىر ئوغلۇمغا تەڭ بولالمايدۇ، ئىپلاس! — بوۋاي شۇنداق دېدى-دە، شالاققىدە سەمەتنىڭ ئالدىغا تۈكۈرۈۋېتىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ② ھېچبىر ئەھمىيىتى، قىممىتى، قەدرى، يوق، ھېچنېمىگە يارىمايدىغان، كېرەكسىز: مېنىڭ بۈگۈنگىچە بولغان كۈنلىرىم قەدىرسىز غازاڭدەك كېتىۋەردى.

**قەدىرسىزلەنمەك** پ. قەدىر-قىممىتى، ئىززەت-ھۆرمىتى، ئەھمىيىتى يوقالماق: — ئوغلۇم، — دېدى بوۋاي، — ھۆرمەتكە ھۆرمەت قىلىش كېرەك، ئەمدى ساڭا قەدىر-سىزلەنگەن بولسا، بىزنىڭ قېشىمىزدا ئۇلارنىڭ قەدىر-قىممىتى يۇقىرى. قۇتىدار بولسا كۆز ئېچىپ كۆرگەن قۇدىمىز، خوتۇنۇڭ بولسا باش كېلىنىمىز!

**قەدىرسىزلىك** «قەدىرسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قەدىر-قىممەت** قەدىر ۋە قىممەت، ئابروي-ئىناۋەت: مەن ئۆز قەدىر-قىممىتىمنى

چاچ بىلەن ئۆلچىمەيمەن. بىلسىڭىز مانا شۇ، بىلمىسىڭىز سىزگە چۈشەندۈرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاقتىم يوق.

**قەدىرلەشمەك** «قەدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىككى بىلىكىگە تايىنىپ ھالال ئەمگىكى بىلەن ياشاپ، بىر-بىرىنى قەدىرلىشىپ ئىنتايىن ئىناق ۋە بەختىيار تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن.

**قەدىرلەنمەك** «قەدىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىلىم-بىلىم قەدىرلەنگەن دۇنيادا، بەزەن پەقەت بولغان قىبىقا زالىملىق. ئۇ ئۇيلايتتى، موھتاج ئىدى ئەل ئاڭا، ئاڭا ئۇڭاي كەلمىگەن بۇ باللىق.

**قەدىرلىك** سۈپ ① قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان، ھۆرمەتلىك، ئابروي-ئىناۋەتلىك، ئەزىز، مۆھتەرەم، ئەڭ يېقىن: ئۇ بۇ مېھرىبان ۋە قەدىرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆزىگە دەۋاتقان سۆزلىرىنى خۇددى چۈشىدە ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. * قىز قەدىرلىك كىشىسىدىن ئايرىلىپ، زار-زار يىغلىغىنىچە شاھنىڭ ئەمرىنى بەجا كەلتۈرۈشكە مېڭىپتۇ. ② ئەھمىيىتى، قىممىتى، نەرخى يۇقىرى، قىممىتىنى يوقاتمىغان؛ ئەھمىيەتلىك، مۇھىم، قىممەتلىك: ئالتۇن چىققان يېرىدە قەدىرلىكتۇر (ماقال). * ئۇنىڭغا يالغۇز چىنلا ئەمەس، بەلكى مۇشۇ ئۆيدىكى ھەممىلا نەرسە قەدىرلىك ئىدى. * سىزنىڭ نەتىجىلىرىڭىز گىلەم ئىشچىلىرىنىڭ قانچىلىك ئىستىقباللىق، ئەمگىكىنىڭ قانچىلىك قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. ③ بىرىنچى شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ «جېنىم، سۆيگۈنۈم» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: ئاسمان-زېمىن بەرگىن جاۋاب، قېنى مېنىڭ قەدىرلىكىم؟ بىلمەيتمەن، بىلمەيتمەن، داغدا قالارمەن دېمەيتمەن.

**قەدىرلىمەك** پ ① ھۆرمىتىنى، ئىززىتىنى قىلماق؛ ھۆرمەتلىمەك، ئەزىزلىمەك، ئۇلۇغلىماق؛ ياخشى كۆرمەك: — قاراڭ، ئۆي-بىساتىڭىز نېمدېگەن مول! ئۆي تۇتقۇسى بار ئايال بولسا سىزنى بېشىغا ئېلىپ قەدىرلەيدۇ. مەن ئەمدى چىقاي، — دېدى-دە، ئەزىزخان كېپىنەكتەك پىلدىرلاپ سۇنۇرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى. * زەينەپ مېنى ياخشى كۆرەتتى، قەدىرلەيتتى، لېكىن مەن ئۇنى قەدىرلىمىدىم. مەن قەدىرلىگەن كىشى بولسا باشقا بىرىنى ياخشى كۆردى. ② ئەھمىيىتى، قىممىتىنى، چۈشەنمەك مۇھىم، پايدىلىق، ئەھمىيەتلىك دەپ بىلمەك: ئۇ ۋاقىتنى بەكمۇ قەدىرلىگەچكە، باشقىلار بىلەن ئۇزۇن سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرۇشنى رەت قىلاتتى. * بۇ دېھقانىنىڭ مەنىلىك گەپ-سۆزلىرى ۋە ئىلىم-مەرىپەتنى قەدىرلىشى مەندە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا قىلغانىدى. * مەن ۋەتىنىمنى قەدىرلەيمەن، ئۇنىڭ ئەرزىمەس قۇملۇقلىرىدىن تارتىپ كەڭ كەتكەن سايلىرىمۇ مەن ئۈچۈن قەدىرلىكتۇر.

**قەدىم** [ئە] ① ئى. ئۇزاق ئۆتمۈش، ئىلگىرىكى زامان، بۇرۇنقى دەۋر، بۇرۇن، ئىلگىرى: ئۇيغۇرلار قەدىمدە تۇتىمىزمغا ئىشىنەتتى، 8- ئەسىردە مانىزمنى دۆلەت دىنى قىلغان، مانى دىنىدىن باشقا يەنە نېستورىيان دىنىغىمۇ ئىشەنگەن. * — نېمە دېسەم بولار؟ — دېدى ئالماس ماڭا قاراپ ئىسىلىققىنا كۈلۈپ قويۇپ، — ئەمدى بىزدە قەدىمدىن تارتىپ «ئۆگەي ئانا» دېگەن بىر ئات بار ئىكەن. شۇنداق بولغاچقا، سىلىگە «ھەئە، ئاشۇ مېنىڭ ئۆگەي ئانام» دەپ جاۋاب بەرمەي بولمىدى. ② سۈپ. ناھايىتى ئىلگىرىكى، ئۇزاق تارىخى بار؛ كونا، بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت، قەدىمىي: بۇ يوللار قەدىم يوللار، ئۇزۇن يوللار، بىھېساب

قانلىق ياشلار سىڭىپ كەتكەن. بۇ يولدا تارتىپ گۈرىنىڭ ئازابىنى، قانچىلاپ كارۋان يىغلاپ مېڭىپ ئۆتكەن. * باھار كەلدى، باھار دەۋرىم بېغىنى ياشنىتىپ كەلدى، قەدىم ئەل ھۆسنىدە جەننەت جامالى چاقنىتىپ كەلدى.

**قەدىمچە** رەۋ. قەدىمدە قانداق بولسا شۇنداق؛ كونىچە، ئىلگىرىكىدەك: قەدىمچە چېلىش.

**قەدىمچە چېلىش** <تەن> چېلىش تەنھەرىكەت تۈرلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا تەنھەرىكەتچىلەر بەدەن ئېغىرلىقىغا ئاساسەن دەرىجىگە ئايرىلىپ مۇسابىقىلىشىدۇ. ھەربىر مەيدان 12 مىنۇت بولۇپ، ئالدىنقى يېرىم سائەت ۋە كېيىنكى يېرىم سائەت دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. تەنھەرىكەتچىلەر ئالدىنقى يېرىم سائەتنىڭ ئالتە مىنۇتىدا ئۆرە تۇرىدۇ. كېيىنكى يېرىم سائەتتە ئىككى مىنۇتتىن نۆۋەت. بويىچە تىزلىنىپ تۇرۇپ، ئەڭ ئاخىرقى ئىككى مىنۇتتا قايتا ئۆرە تۇرىدۇ. چېلىشقاندا قول بىلەن قارشى تەرەپ بېلىنىڭ يۇقىرى قىسمىنى قۇچاقلاپ تۇتۇشقا بولىدۇ، ئەمما پۇت بىلەن ھۇجۇم قىلىشقا يول قويۇلمايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئىككى مۈرىسىنى بىرلا ۋاقىتتا يەرگە تەگكۈزسە تولۇق غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا ئومۇمىي مەيدان نەتىجىسى كۆپ بولغانلار ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ.

**قەدىمدىن** رەۋ. بۇرۇندىن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن، قەدىمكى زامانلاردىن: قەدىمدىن پەقەت ئۇچار قۇشلارلا بۇ يەردىن نەپ ئېلىپ كەلگەن ئەمەسمىدى! بۈگۈن بولسا بىز بۇ يەرلەردىن پايدىلىنالىدۇق. * بىز قەدىمدىن ياشاپ كېلىۋاتقان بۇ زېمىننى قەدىرلەيمىز.

**قەدىمكى** سۈپ. ئۇزاق ئۆتمۈشتە مەيدانغا كەلگەن، ئۇزاق ئۆتمۈشتىن قېلىپ قالغان، ئۇزاق ئۆتمۈشكە ئائىت، قەدىمىي؛ كونا: قەدىمكى شەھەر. قەدىمكى يېزىق. قەدىمكى مىللەت. قەدىمكى تاش قوراللار.

**قەدىمكى ئامېرىكا دىنى** <دىن> قەدىمكى ئوتتۇرا ۋە جەنۇبىي ئامېرىكىدا بارلىققا كەلگەن بىر دىن. بۇنىڭدا قۇياش ئىلاھىغا ئېتىقاد قىلىنىپ، «ئىنسانلار قۇياش ئىلاھىنىڭ كۈچىنى ئاشۇرۇشقا يارىتىلغان، ئۇ پەقەت ئىنسانلارنىڭ يۈرىكىنى يەپ كۈچىنى ئارتتۇرىدۇ» دەپ قارالغاچقا، ئادەمنى قۇربانلىق قىلىش بۇ دىندا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلىگەن. ھەر يىلى ئىلاھلار شەرىپىگە بىرنەچچە قېتىم بايرام ئۆتكۈزۈلگەن ۋە بۇ بايراملار يۈزلەپ، مىڭلاپ ئادەملەرنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئاخىرلاشقان.

**قەدىمكى تۈرك رۇنىك يېزىقى** <تىل> قەدىمدە تۈركىي خەلقلەر قوللانغان بىر خىل يېزىق. بۇ يېزىق قەدىمكى گېرمان يېزىقىغا يەنى رۇنىك يېزىقىغا ئوخشاپ قالغاچقا، «رۇنىك يېزىقى» دەپ ئاتالغان. يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ يېزىق ئورخۇن-يەنسەي دەريالىرى بويىدىن تېپىلغان مەڭگۈ تاشلاردىن چېلىقتۇرۇلغان بولغاچقا، «ئورخۇن-يەنسەي يېزىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قەدىمكى جانلىقلار** <بىئول> قەدىمكى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورتاق نامى. قەدىمكى جانلىقلارنىڭ ئاز بىر قىسمى تاشقا ئايلىنىپ ساقلىنىپ قالغان. مەسىلەن، ترىلوبىت، دىنوزاۋىر، ماموت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قەدىمكى جۇغراپىيە** <گېئول> گېئولوگىيەنىڭ بىر تارمىقى. يەر شارىنىڭ تارىخىي

دەۋرلەردىكى يەر شارى يۈزىنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيىسىنى، مەسىلەن، دېڭىز بىلەن قۇرۇقلۇقنىڭ تارقىلىشى، دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقى، تۇزلۇقلۇق دەرىجىسى، تېمپېراتۇرىسى، قۇرۇقلۇقنىڭ ھالىتى، كىلىمات شارائىتى، جانلىقلارنىڭ تارقىلىشى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرنى ۋە ئۇنىڭ تەرەققىيات تارىخىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**قەدىمكى دىئالېكتىكا** <پەلس> قەدىمكى قۇللۇق جەمئىيەتتە بارلىققا كەلگەن بىر خىل ساددا ۋە ستىخىيىلىك دىئالېكتىكا، شۇنىڭدەك دىئالېكتىكىنىڭ ئەڭ دەسلەپكى ھالىتى.

**قەدىمكى زامان** <تارىخ> ھازىرقى زامان بىلەن بولغان ئارىلىقى بىرقەدەر يىراق بولغان زامان، دەۋر.

**قەدىمكى سۆزلەر** <تىل> قەدىمكى مەدەنىي يادىكارلىقلاردا ئۇچرايدىغان سۆزلەر.

**قەدىمكى شەرق** <تارىخ> قەدىمكى ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى قۇللۇق تۈزۈمدىكى دۆلەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى.

**قەدىمكى شەھەر خارابىلىرى** <ئارخېئول> قەدىمكى شەھەرلەرنىڭ ساقلىنىپ قالغان خارابە ئىزلىرى.

**قەدىمكى قۇرۇقلۇق** <گېئول> يەر شارىنىڭ تارىخىي مەزگىللىرىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ھەر خىل شەكىلدىكى قەدىمكى قۇرۇقلۇقلار.

**قەدىمكى كىلىماتولوگىيە** <گېئول> قەدىمكى گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردىكى ئىقلىم ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**قەدىمكى گرېك دىنى** <دىن> يۇنانلىقلار مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1200-يىللاردا ياۋروپادىن ئوتتۇرا دېڭىز رايونىغا كەلگەن ۋاقىتلىرىدا، ئۆلۈكلەرگە ھۆرمەت قىلىدىغان، دەرەخلەرنىڭ ئىلاھىي كۈچ-قۇدرىتىگە ئىشىنىدىغان تۈرلۈك ئېتىقاد شەكىللىرىگە دۇچ كېلىپ، ئۇلارنى ئۆز ئېتىقادلىرىغا ئارىلاشتۇردى، بۇنىڭدىن قەدىمكى گرېك دىنى مەيدانغا كەلدى. بۇ دىن كۆپ تەڭرىلىك دىن بولۇپ، يۇنانلىقلار نۇرغۇنلىغان تەڭرىلەرگە چوقۇناتتى. بۇ دىندا توتېمىزمنىڭ تەسىرى كۈچلۈك بولغاچقا، تۈرلۈك ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىمۇ مۇقەددەس ھېسابلايتتى.

**قەدىمكى مىسىر دىنى** <دىن> مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 3000-يىللىرى مىسىرنىڭ بىرلىشىش ھاكىمىيىتىگە كىرىشى بىلەن مىلادىيىدىن كېيىنكى IV ئەسىر ئارىسىدىكى دەۋرلەردە ھۆكۈم سۈرگەن دىن. قەدىمكى مىسىر دىنى كۆپ تەڭرىلىك خاراكتېردە بولۇپ، ھەربىر شەھەر ۋە ھەربىر قەبىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئىلاھلىرى بار ئىدى. مىسىرلىقلار ئۆزلىرى چوقۇنغان كۈچلەرنىڭ ھايۋان سىمۋولىدىكى ئىلاھلار ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. مۇنداق ئىلاھلارغا چوقۇنۇش بۇ دىنىنىڭ ئاساسىي خۇسۇسىيىتى ئىدى. ھەرقانداق بىرەر شەھەر دىنىي ۋە سىياسىي مەركەزگە ئايلانغاندا، شۇ يەرنىڭ يەرلىك ئىلاھلىرى ئومۇمىي ئىلاھقا ئايلىناتتى ۋە مەملىكەت بويىچە قوبۇل قىلىناتتى.

**قەدىمكى ھايات گۇرۇپپىسى** <گېئول> يەر قاتلاملىرى سىستېمىسىدىكى ئۈچىنچى گۇرۇپپا، يەنى قەدىمكى ھايات ئېراسىدا شەكىللەنگەن يەر قاتلىمى. ئۇ يەنە كېمبرىي سىستېمىسى، ئوردوۋىك سىستې-

مىسى، سىلۇر سىستېمىسى، دېۋون سىستېمىسى، كاربون سىستېمىسى ۋە پېرم سىستېمىسى قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**قەدىمكى ھايات ئېراسى** <گېئول> گېئولوگىيىلىك دەۋرلەرنىڭ ئۈچىنچى ئېراسى. تەخمىنەن 330 مىليون يىل داۋام قىلغان. ئۇ يەنە كېمبرىي دەۋرى، ئوردوۋىك دەۋرى، سىلۇر دەۋرى، دېۋون دەۋرى، كاربون دەۋرى ۋە پېرم دەۋرى دېگەنلەرگە بۆلۈنىدۇ. بۇ ئېرادا جانلىقلار تەرەققى قىلغان. ھايۋانلاردىن دېڭىزدا ياشايدىغان ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ، ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىن بېلىق ۋە قوش ماكانلىق ھايۋانلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان؛ ئۆسۈملۈكلەردىن پاپورتنىكلار ۋە پلائونلار پەيدا بولغان. قارىغاي، ئارچا قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئېرادا كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

**قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز** <گېئول> تېتىس دېڭىزىنىڭ باشقىچە ئاتىلىشى. چۈنكى تېتىس دېڭىزى لاۋرا قەدىمكى قۇرۇقلۇقى بىلەن گوندۋانا قەدىمكى قۇرۇقلۇقى ئوتتۇرىسىدا بولۇپ، ھازىرقى ياۋروپا بىلەن ئافرىقا ئارىلىقىدا ئوتتۇرا دېڭىز بولغانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتتۇرا دېڭىز ئۇنىڭ قالدۇق قىسمى، شۇڭا تېتىس دېڭىزى بەزىدە «قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى** <تىل> قەدىمكى ئۇيغۇرلار سوغدى يېزىقىدىن پايدىلىنىپ ياراتقان بىر خىل يېزىق. بۇ يېزىقتا 19 ـ 23چە ھەرپ بولۇپ (ھەر خىل دەۋردىكى ھەرپ سانى ھەر. خىل بولغان)، ھەرپلەرنىڭ باش ھەرپ، ئوتتۇرا ھەرپ ۋە ئاياغ ھەرپ دېگەن شەكىللىرى بولغان. ئۇنىڭ سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بەش، يېرىم سوزۇق تاۋۇش ھەرپى ئىككى، قالغانلىرى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپى. دەسلەپتە ھەرپلەرنىڭ سانى بەك ئاز بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئەمەلىي تاۋۇشلىرىنى دېگەندەك تولۇق-توغرا ئىپادىلەپ كېتەلمىگەن؛ ھەربىر ھەرپ ئىككى-ئۈچ تاۋۇشنى ھەتتا ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ تاۋۇشنى ئىپادىلىگەن. بۇ يېزىق دەسلەپتە ئوڭدىن سولغا يېزىلغان. كېيىن يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تىك يېزىلغان، قۇرلىرى سولدىن ئوڭغا قاراپ تىزىلغان. ئۇلۇغ پۈتۈكلەردە باسما شەكلى، ئادەتتىكى پۈتۈكلەردە يازما شەكلى قوللىنىلغان. 8 ـ ئەسىردىن تارتىپ 15 ـ ئەسىرگىچە ئاساسەن ھازىرقى تۇرپان ئويمانلىقى ھەمدە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى چۇ دەرياسى ۋادىسى دائىرىسىدە كەڭ قوللىنىلغان. يېقىنقى زامانلارغا كەلگەندە قۇمۇل، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە گەنسۇ رايونىدىن قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىدا يېزىلغان دىنىي كىتابلار، مەڭگۈ تاشلار ۋە باشقا ھۆججەتلەر تېپىلدى. «قۇتادغۇ بىلىك»، «ئىدىقۇت بۆلۈمىدىكى ھۆججەتلەر» قاتارلىق يادىكارلىقلار ئەنە شۇ قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا يارىتىلغان.

**قەدىمكى يېزىق** <تىل> قەدىمكى زاماندا قوللانغان يېزىقلار. مەسىلەن، قەدىمكى ئۇيغۇر يېزىقىغا ئوخشاش.

**قەدىمكىلەر** ئى. بۇرۇن ياشاپ ئۆتكەن كىشىلەر، قەدىمكى كىشىلەر، ئەجدادلار: تەبىئەتنىڭ قانۇنىدا ئۆلمەي ئامال يوق، قەدىمكىلەر شۇڭا ئېيتقان ئۆمۈر ئاتقان ئوق.

**قەدىمىي** سۈپ [ئە] ← **قەدىمكى.**

**قەدىمىيلىك** «قەدىمىي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەدەنىي يادىكارلىقلارنىڭ قەدىمىيلىكىنى نەزەرگە ئېلىش كېرەك.

**قەدىناس** سۈپ [ئە+پ] ئەڭ يېقىن، ئۇزاق ۋاقىت بىر-بىرىدىن ئايرىلمىغان؛ يېقىن ھەم ئىشەنچلىك؛ قەدىرلىك، سۆيۈملۈك، مېھرىبان، ئەزىز: مەن بۈگۈن بۇ قەدىناس ئۇستەلدىن ئايرىلىش نىيىتىگە كەلدىم، بۇ، ئەلۋەتتە، مېنىڭ ئۈچۈن چوڭ قايغۇ. * ئىمىن بىلەن كېرىم ھەقىقەتەنمۇ قەدىناس دوستلار ئىدى. // ئۇ ئايالى ئىززەتخان بىلەن ياخشى ئۆتەتتى. لېكىن كېيىنكى ۋاقىتلاردا، ئۇزاقتىن بېرى ئۆيى تۇتۇشۇپ بىر-بىرىگە قەدىناس بولۇشۇپ قالغان بۇ ئەر-خوتۇن ئارىسىدا پات-پات تالاش-تارتىش بولىدىغان بولۇپ قالدى.

**قەدىناسلىق** «قەدىناس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن ھەتتا كېۋىرنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ قۇچاقلىماقچى بولغانىدىم ئەپسۇس، كونا قەدىناسلىقنىڭ ھۆرمىتى بىلەن قىلغان چاقچىقىم 500 يۈەنگە توختاپ قالدى. * — قەدىناسلىق ئۇنتۇلۇپ كەتمەيدۇ-دە، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

**قەر (قەرى)** ئى [ئە] مەلۇم جاينىڭ ئەڭ يۇقىرى ياكى ئەڭ تۆۋەن ۋە ياكى ئەڭ چوڭقۇر جايى: ئاسماننىڭ قەرى. دېڭىزنىڭ قەرى. * جادۇگەر قېرى موماي شۇ ھامان لاچىنغا ئايلىنىپ، ئاسماننىڭ قەرىگە چىقىپ كېتىپتۇ.

**قەرەل** ئى. مەلۇم ئىش-پائالىيەت ئۈچۈن بەلگىلەپ قويۇلغان ۋاقىت، ۋاقىت چېكى، مۇددەت: شۇ ئاغىچا خېنىمنىڭ ھېجىيىپ، ناز بىلەن تولغىنىپ تانسا ئويناۋاتقان ۋاقتى ئۆزىنىڭ ياكى ئاشنىسىنىڭ قەرەلى نوشقان قەرزىنى تۆلىيەلمىگەنلىكىنى ئويلاۋاتقان، ئەل ئېيتقاندەك، دەردىنى ئۆزى بىلىۋاتقان ۋاقتى. * شايى-ئەتلەس بويۇمدا، ئالتۇن سەدەپ بوينۇمدا. كېلەر قەرەلىڭ ئۆتتى، قاراپ قالدىم يولۇڭغا. ئۆلۈپ كەتسەم ئارمىنىم، بىر ياتىمدىم قوينۇڭدا.

**قەرەلسىز** سۈپ. قەرەلى، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنمىگەن؛ بېكىتىلگەن ۋاقىت چېكى يوق، مۇددەتسىز: ئۇ بانكىدا ئازراق ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، قەرەلسىز پۇل ئامانەت كىنىشكىسىدىكى 45 يۈەننى ئالدى-دە، ئۇتتۇر پوچتىخانىغا ماڭدى. * — سۇ ئامبىرى ياساش، — دېدى سادىق سۆز باشلاپ، — قەرەلسىز كەلكۈن ۋە بىكار ئىسراپ بولىدىغان قار-يامغۇر سۇلىرىنى توپلاپ، ئۇنىڭدىن پىلان، ئۆلچەم بويىچە پايدىلىنىشنى مەقسەت قىلىدۇ. // دېمەككى، ئىشنى بۇزدى «كەم ئەقىل» قىز، سوزۇلدى توي ئىشى ئەمدى قەرەلسىز.

**قەرەللىك** سۈپ. قەرەلى، بەلگىلىك ۋاقىت چېكى بار، ۋاقىت چېكى بەلگىلەنگەن، مۇددەتلىك: ئۇلار قەرەللىك ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنلىرىنى ئېچىپ تۇراتتى. * «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى قەرەللىك ئىلمىي ژۇرنال-دۇر. // ئۇ كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، بۇغداينى قەرەللىك تەكشۈرۈپ، خاتىرىسىگە بىرنېمىلەرنى يېزىپ تۇراتتى.

**قەرەللىك بومبا** <ھەرب> كاپسۇلى ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابى ئارقىلىق كونترول قىلىنىدىغان بومبا. ئالدىن بەلگىلەنگەن ۋاقىت بويىچە پارتلايدۇ.

**قەرەللىك چەك** <سودا> قەرەللىك تۆلىنىدىغان تاۋار، پۇل قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەك.

**قەرەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىك** <تېب> قەرەل بويىچە تارقىلىدىغان يۇقۇملۇق كېسەللىك.

**قەرت** (توغرىسى: قارتا) ← **قارتا.**

**قەرز** ى [ئە] ① مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بېرىلىدىغان ياكى ئېلىنىدىغان پۇل، بۇيۇم ۋە شۇ قاتارلىقلار: قەرز ئالماق، قەرز بەرمەك، قەرز تۆلىمەك، قەرزدىن قۇتۇلماق، قەرزگە بوغۇلماق. * توختى 15 ياشقا كىرگەندە بۇ قەرز ئۆسۈمى بىلەن ئىككى ھەسسىگە كۆپەيدى. * ئۇ كۆڭلىگە مۇشۇنداق ئىشلىسەم، ئىدارىدىكى 900 يۈەندىن ئارتۇق قەرزىمنى ئۇزۇنغا بارماي قايتۇرۇپ بولىدىكەنمەن دەپ ئويلىدى. ② كۆچمە. زىممىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپە، مەجبۇرىيەت، بۇرچ: ئاتىلىق قەرزىنى ئادا قىلماق. * ئۇزۇن، مۇشكۈل سەپەرلەردە قۇچۇپ شانلىق زەپەر-غەلىبە، ۋەتەن ئالدىدىكى قەرزىڭ، قارارىڭنى ئادا قىلساڭ.

**قەرز ئالماق** بىرەر كىشى ياكى ئورۇندىن مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى ئالماق: قەرز ئېلىپ بەرمىگىنىڭنى كۆرەي، تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىنىڭنى كۆرەي (ماقال). * قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا بېرىش ئۈچۈن ئەكرەم بىراۋدىن 300 سوم قەرز ئالغانىكەن. * ئۇنىي ئۆمەر باينىڭ دۇكىنىدىن قەرز ئېلىۋاتقىنىمىزغا ئۈچ ئايدىن ئاشتى.

**قەرز بەرگۈچى** <سودا> قەرز بېرىپ تۇرغان ئادەم ياكى ئورۇن.

**قەرز بەرمەك** بىرەر كىشى ياكى ئورۇنغا مەلۇم مۇددەت ئۆتكەندىن كېيىن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن پۇل ياكى باشقا نەرسىلەرنى بەرمەك، بېرىپ تۇرماق: ئۇ تەشكىلگە قەرز بېرىڭلار دېيسۇنمۇ؟ ئۇ تېخى تۈنۈگۈن چۈشتىن كېيىنلا 90 نەچچە يۈەن ماتاش ئالغان تۇرسا.

**قەرز پۇل** ① قەرز ئۈچۈن بېرىلگەن ياكى ئېلىنغان پۇل. ② <س ئق> A دۆلەت B دۆلەتكە بېرىپ تۇرغان ياكى بانكا، ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى قاتارلىقلارنىڭ پۇلغا جىددىي ئېھتىياجلىق كىشى ياكى تارماقلارغا بەرگەن پۇلى. ئادەتتە ئۆسۈمى ۋە قايتۇرۇش مۇددىتى بەلگىلەنگەن بولىدۇ: ئامانەت-قەرز كوپېراتىپمۇ ئۇنى قوللاش يۈزىسىدىن 200 يۈەن قەرز پۇل بىلەن تەمىنلىدى.

**قەرز كاپىتالى** <س ئق> ئۆسۈملۈك كاپىتالنىڭ بىر تۈرى، يەنى ھايان ئېلىش مەقسىتىدە فۇنكسىيىلىك كاپىتالىستلارغا ۋاقىتلىق قەرز بېرىلىدىغان كاپىتال. ئۇ فۇنكسىيىلىك كاپىتالنىڭ ئوبوروت بولۇشى جەريانىدا ھاسىل بولىدىغان ۋە فۇنكسىيىلىك كاپىتال ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئالاھىدە بىر خىل كاپىتالدۇر.

**قەرزگە بوغۇلماق** تۆلەيدىغان قەرزى كۆپىيىپ نۇرغۇن كىشىلەرگە قەرزدار بولۇپ قالماق: بىز توي قىلغاندا خېلى كۆپ قەرزگە بوغۇلۇپ قالغانىدۇق. * شۇ كۈنلەردە ئۇ قاۋاقچىلىكە بوغۇزغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ، ئىككى سەر ھاراق سېتىۋېلىپ ئىچكۈدەك ھالى قالمىغان بولسىمۇ، قاۋاقخانىغا كېلىش ئادىتىنى تاشلىمىغانىدى. شۇڭا ئۇ ھەر ئاخشىمى كېلىپ تۇراتتى.

**قەرزدار** ى [ئە+پ] ① باشقىلارغا قەرزى بار، قەرز تۆلەيدىغان كىشى: پادىشاھ قەرزدار بولسا، ئەرزىڭنى خۇدا ئاڭلىسۇن (ماقال). * قەرزداردىن پۈتكەننى ئال، تۈگمەندىن چىققاننى ئال (ماقال). * باي ئۇنىڭ يېگەن تامقى، كىيگەن كىيىملىرىنى كۆپەيتىپ ھېسابلاپ يەنە ئىككى يىل ھەقسىز ئىشلەشكە قەرزدار قىلىپ چىقىرىپتۇ. * — قايىنمالى قىزىم. بىز سىلەرنىڭ تويۇڭلارنى دەپ مۇشۇنداق قەرزدار بولۇپ قالدۇق، —

دېدى بوۋاي مەيۈسلىنىپ تۇرۇپ، — بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ياخشىلىق ۋە ياردىمىدىن مىننەتدار، خۇرسەن بولغان كىشى: ھەر باققاندا ئاق چاچ ئاتامغا، دەيمەن: « ئەبەد قەرزدارمەن ساڭا » . چۈنكى كېچىپ قامىتىدىن ئۇ، ياشلىقنى ئۆتۈندى ماڭا .

**قەرزدار بولماق** قەرز تۆلەيدىغان كىشىگە ئايلىنىپ قالماق، قەرز تۆلىگۈچى بولۇپ قالماق: نائەھلىگە قەرزدار بولما، ناتونۇشقا ھەمراھ بولما (ماقال) .

**قەرزدار قىلماق** قەرز تۆلەيدىغان كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويماق، قەرز تۆلىگۈچى قىلماق: ئۇ ئەتىگەندىن بېرى ئۇتقۇزۇۋەتكەن پۇللارنى قايتۇرۇۋالدىلا ئەمەس، بەلكى باشقا قىمارۋازلارنى ئۇتۇپ گاڭسا-جىسا قىلىۋەتتى، ھەتتا بەزىلىرىنى قەرزدار قىلدى.

**قەرزدارلىق** « قەرزدار » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — ئۆتكەن كۈزدىكى قەرزىمىمۇ بار، — كىچىك ئاخۇن قەرزدارلىقتىن ئىزا تارتقاندەك قىزىرىپ كەتتى، — يەپ كەتكەن ئۇرۇقلۇق بۇغدايمۇ بار ئەمەسمۇ؟ ئۇنىڭغىمۇ ھېسابلاپ قوناق ياندۇراي دەيمەن.

**قەرنە** ئى [ئە] بىر ئەسىرنىڭ ئۈچتىن بىرى، تەخمىنەن 33 يىلغا باراۋەر كېلىدۇ: بىر قەرنىگە يەتمىگەن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە گىرېك مەدەنىيىتى پۈتۈن خەلىپىلىك تېررىتورىيىسىدە كەڭ-كۇشادە تارقىلىشقا ۋە تەسىر كۆرسىتىشكە باشلىدى.

**قەسەم** ئى [ئە] ①<دىن> ئۆزىنىڭ قىلغان گەپ-سۆزى، ئىش-ھەرىكىتى ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەقلىقى، راستلىقى، توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن مۇقەددەس نەرسىلەر، ئۇلۇغ كىشىلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ ياكى يالغانلىقى ئىسپاتلانسا جازاغا رازى بولۇپ ئېيتىلغان سۆز، بېرىلگەن ۋەدە؛ ئانت: ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمگە ئىشەنمەيدىغان سىيىت ھاجى ھاپىزنى قەسەم قىلدۇرماقچى بولدى-دە، قۇرئانغا ئىشارەت قىلدى. * قەسەم بەردىم نامى بىلەن ئاتامنىڭ، ئۇ كۈرەشكە ئاتاپ باققان ئوغلىنى. ئەگەر قىلسام قەسىمىگە خىيانەت، ئوغا بولسۇن ئۇنىڭ بەرگەن ئاش-نېنى. ② قىلغان سۆزىگە سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە رەسمىي ھالدا ئېيتىلغان تەنتەنىلىك سۆز، قەتئىي ۋەدە: ئۇ ئۆزىنىڭ بەشيۈلتۈزلۈق قىزىل بايراق ئاستىدا قەسەم بېرىپ پارتىيىگە كىرگەن ۋاقتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**قەسەم بەرمەك** ① <دىن> ئۆزىنىڭ گەپ-سۆزى، قىلغان-ئەتكەنلىرىنىڭ راستلىقى، ھەقلىقى، توغرىلىقىنى تەستىقلاش، باشقىلارنى ئىشەندۇرۇش يۈزىسىدىن مۇقەددەس نەرسىلەرنىڭ، بۈيۈك شەخسلەرنىڭ نامىنى تىلغا ئېلىپ تۇرۇپ سۆز قىلماق: ئۇلار بىر-بىرىگە قارا ساناشمايدىغانغا « قۇرئان كەرىم » نى تۇتۇپ تۇرۇپ قەسەم بېرىشىپتۇ. ② قىلغان سۆزىگە سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە ۋەدە قىلماق، لەۋز قىلماق: پۈتۈن كادىرلار ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ قەسەم بېرىشتى.

**قەسەم سۆزى** قەسەم بەرگەن چاغدا دېيىلىدىغان سۆز.

**قەسەم قىلماق** ← **قەسەم بەرمەك:** مەن شۇ كۈندىن كېيىن ئۆز قولۇم بىلەن قوي ئۆلتۈرمەسلىككە نىيەت قىلدىم، نىيەت قىلدىملا ئەمەس، قەسەم قىلدىم.

**قەسەم ئىچمەك** ← **قەسەم بەرمەك:** ئۇچەيلەن شۇ گەپ بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئاللانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ قىبلىگە قاراپ قەسەم ئىچىشتى. * ئوغرىلىق

قىلماسلىقتا قەسەم ئىچىپمۇ باقتىم، بىراق ئانام كىيىنكى كۈنلەردە ھالال پۇلغا ئەكىلىپ بەرگەن دورىنىمۇ يىمەي قويدى.

**قەسەمخور** [ئە+پ] ① سۈپ. كەلسە-كەل-مەس قەسەم قىلىۋېرىدىغان، ئەمما دائىم قەسەمدىن يېنىۋالىدىغان ياكى بەرگەن قەسىمگە ئەمەل قىلمايدىغان: ئۇ ئىنتايىن قەسەمخور ئادەم بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى. ② ئى. شۇنداق ئادەم: قەسەمخورنىڭ ئۆمرى قىسقا (ماقال). * قەسەمخورنىڭ سۆزىگە ئەمەس، كۆزىگە قارىغۇلۇق (ماقال).

**قەسەمخورلۇق** ئى. كەلسە-كەلمەس قەسەم قىلىۋېرىدىغان ھەم دائىم قىلغان قەسەملىرىدىن يېنىۋالىدىغان يارىماس قىلىق: كاززاپلىقنىڭ نىقابى قەسەمخورلۇق. ھېكىم بىزنى قاپقانغا دەسسىتىش ئۈچۈن ھەرقانداق ھىيلە-مىكىرلىرىنى ئىشقا سالالايدۇ. بىز تارىخىي ساۋاقلارنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز لازىم.

**قەسەمنامە** ئى [ئە+پ] قەسەم سۆزى يېزىلغان قەغەز، ھۆججەت: — بىزدە نىزامنامە بولغىنىدەك، قەسەمنامىمۇ بولۇشى كېرەك، — دېدى ئۇ ئۆز تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ. * ساقچى ھوقۇقدارى رازۋېدكا بۆلۈمىنىڭ باشلىقىغا ئايىتللانى ئۆز ئىشخانىسىغا ئېلىپ چىقىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز پۇچۇركىسى بىلەن قەسەمنامە يازدۇرۇۋېلىشنى ئېيتماقچى ئىدى.

**قەسەمياد** ئى [ئە+پ] ئۆز دېگەنلىرىگە قەتئىي سادىق بولىدىغانلىقى ھەققىدە بېرىلگەن ۋەدە، قەسەم؛ ئانت: بىز ئىنقىلابىي قۇربانلارنىڭ قەبرىسى ئالدىدا تىك تۇرۇپ قەسەمياد قىلدۇق.

**قەسەمياد ئەتمەك** ← **قەسەمياد قىلماق**: «قۇل بولۇش دۈشمەنگە بىزگە يات، نومۇس» دەپ ھەممە قوزغالدى، قەسەمياد ئەتتى. جان تىكىپ جەڭ قىلغاچ باتۇرلۇق بىلەن، داڭقىمىز چەكسىز كەڭ دۇنياغا كەتتى.

**قەسەمياد ئەيلىمەك** ← **قەسەمياد قىلماق**: — شۇ يەردە تويۋا قىلسىڭىز، ئاندىن ئەمىرىڭىزگە ئۆتىمەن، — دەپتۇ مەلىكە، شاھزادە قەسەمياد ئەيلەپ ماقۇل بولۇپتۇ.

**قەسەمياد قىلماق** ← **قەسەم بەرمەك**: ئەي لەنتى ئىبلاس! ئۇنىڭ يۈزىدىن چىقىۋاتقان نۇر ۋە ھۆسن جامالى بىلەن قەسەمياد قىلىپ شۇنى دەيمەنكى، سەن ھازىر ئۈچۈپ بېرىپ سۆيگەن ۋە ماختىغان قىزىڭنى شۇ يەرگە ئەكىلسەن. ناۋادا ئۇ قىزنىڭ بۇ يىگىتتىن چىرايلىق بولسا، مەن ساڭا قۇل بولىمەن.

**قەسەمياد يىغىنى** مەلۇم بىر ھەرىكەت ياكى پائالىيەتنى ئاخىرىغىچە ئېلىپ بېرىش ھەققىدە قەسەم بېرىش يىغىنى: ئۇ كۈنى ناھىيىدىكى «غالىبىيەت» مەيدانىدا ئون مىڭ كىشىلىك قەسەمياد يىغىنى ئېچىلغانىدى.

**قەست** ئى [ئە] ① مەقسەت، نىيەت، غەرەز: جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا (ماقال). * كىملەرنى بۇلاپ بېشىنى كەستىڭ؟ نېمدۇر بۇندا كېلىشتىن قەستىڭ؟! ② باشقىلارغا زىيان سېلىش، زىيانكەشلىك قىلىشقا قارىتىلغان يامان غەرەز، يامان نىيەت، سۇيىقەست: ساۋۇت بەگنىڭ خانلىقنى ئاغدۇرۇش قەستى يوقىتىلدى. بىراق يەنە ئاللىقانداق يوشۇرۇن قەستلەر يوقمىكىن؟! * دۈشمەنلەرنىڭ ئۇلارنىڭ ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ تاشلاش قەستى بىريولى تارمار قىلىندى. * چىقتىم، زىندانىنىڭ ئاستىدىن، قۇتۇلدۇم دۈشمەنلەر قەستىدىن، چۈشەي ئاتىنىڭ ئۈستىدىن، كېلىڭ خانىم كۆرۈشەيلى.

**قەست ئەيلىمەك** ← **قەستلىمەك:** قەست ئەيلىدىم ئاتلانغاندا سەپەرگە، بۆشۈكتە بوغماق بولۇپ مەن ئۇنى، لېكىن مېنى ئالداپ كەتتى مالايلار، هايات قويدى ئۇنى تەقدىر دولقۇنى. * رەقىبلەر ئەيلىسە گەر قەست، قىلارمەن يەر بىلەن يەكسان. مۇھەببەت قىممىتىڭ بىرلە، ئۇپرىماس زۇلپىقارىمسەن.

**قەست قىلماق** ① باشقىلارغا نىسبەتەن يامان غەرەزلىك ھەرىكەتتە بولماق، زىيانكەشلىك قىلماق، سۇيىقەست ئىشلەتمەك: بۆرىمۇ دوستىغا قەست قىلماس (ماقال). * قەست قىلغاننى پەس قىل (ماقال). * يامانلار بىلەن بىرلىشىپ يوشۇرۇن قەست قىلغۇچىلارمۇ يوق ئەمەس. * ئەمدى جاپپارنىڭ ماڭا قەست قىلىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. ② خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، ھەر خىل دۇئالارنى ئوقۇش، ئارقىلىق بىراۋنى سارالڭ قىلىش، كېسەل قىلىش، ئۆلتۈرۈش قاتارلىق يامان غەرەزدە ھەرىكەت قىلماق: پالچى بىردەم تۇرۇۋېلىپ قوشۇپ قويدى: — سىزگە بىرى قەست قىلىدىكەن، پات-پات مولللار بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرسىڭىز، قەست قىلغان هامان ئۇنىڭ ئالدىنى ئالالايسىز.

**قەستىدە بولماق** غەرىزىدە، نىيىتىدە، كويىدا بولماق: — سەن كېچە-كۈندۈز بىزنى توسۇش، زىيانغا ئۇچرىتىش قەستىدە بولۇۋاتىسەن، ئاۋارە بولما، سېنىڭ غەرىزىڭ ئەمەلگە ئاشمايدۇ، — دېدى ئۇ مەغرۇرانە بىر خىل ھالەتتە ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن.

**قەستىگە چۈشمەك** غەرىزىدە بولماق، پېيىگە چۈشمەك: ئۇ «كەنجىنى مۇشۇ يەردە جايلىغىنىم تۈزۈك» دەپ ئويلاپتۇ-دە، دەرھال ئۇكىسىنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ. * جانلىرىدىن تويغان شاھزادىلەر پادىشاھنى ئۆلتۈرۈشنىڭ قەستىگە چۈشۈپتۇ.

**قەست ياندۇرماق** خۇراپىي چۈشەنچە بويىچە، ھەر خىل دۇئالارنى ئوقۇش ئارقىلىق، بىراۋغا قىلىنغان زىيانكەشلىك، سۇيىقەستنى بىكار قىلماق، تەسىرىنى تۆگەتمەك: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنى توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىمغا ئېيتىپ كېلىدىغانلارنىڭمۇ، كېچىلىرى رەدىنامە ئوقۇتۇش، ئىسسىق ئۆتكۈزۈپ، قەست ياندۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار ئۈچۈن ئىزدەپ كېلىدىغان ھاجەتمەنلەرنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلدى.

**قەستەن** رەۋ [ئە] مەلۇم بىر مەقسەت بىلەن، ئەتەي، ئەتەيلەپ، غەرەزلىك ھالدا: ئۇ قەستەن ئەينەكلىك ئىشكاپنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ، ئۇلارغا ئارقىسىنى قىلىپ تۇردى. * پۈتۈن بەدىنىم غەزەپتىن ئوت بولۇپ ياندى-دە، قەستەن تار يول بىلەن ئۇنىڭ ئالدىدىن سۈركىلىپ ئۆتتۈم.

**قەستەن ئۆلتۈرمەك** <قا> مەقسەتلىك، غەرەزلىك ھالدا بىراۋنى ئۆلتۈرمەك: ئاخىرى ئۇ قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بىلەن ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندى.

**قەستلەشمەك** ① «قەستلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى بىزنى يوقىتىشنى قەستلىشىۋاتقان مۇشۇنداق بىر شارائىتتا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن ئىش قىلماي بولمايتتى. ② قارشىلاشماق، دۈشمەنلەشمەك: كۆك پەرىسى بىلەن گويا بەسلەشكەندەك، ھۆسنى كۈلگەن بوتا كۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى، چىمەنلىكتە بۇلبۇل بىلەن قەستلەشكەندەك، خۇش غەزەلخان شېرىن سۆزلۈك ئۇيغۇر قىزى.

**قەستلىمەك** پ ① نىيەت قىلماق، مەقسەت قىلماق؛ كۆڭلىگە پۈكمەك، پىلانلىماق (يامان ئىش-ھەرىكەتلەر ھەققىدە): ئۇلار ئەكسلئنقىلابچىلارنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن

ۋەقە- پەيدا قىلىشنى قەستلىگەن. * ئۇلار بەلكىم جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن دۆلەت سىرتىغا قېچىشنى قەستلىگەن بولۇشى مۇمكىن. ② قەست قىلماق؛ يامان غەرەز، يامان مەقسەتتە ھەرىكەت قىلماق: دۈشمەن قەستلەر، دوست قۇتۇلدۇرار (ماقال). * قازاغا رىزا بولماي ئامالسىز يوق. بالاڭنى مەن قەستلەپ ئۆلتۈرمىدىم، مېنى كەچۈرگىن!

**قەسىدە** ئى [ئە] <ئەد> مەدھىيە، مەرسىيە ياكى دىداكتىك مەزمۇندىكى شېئىرىي ژانىر ۋە شۇ ژانىرغا مەنسۇپ شېئىرنىڭ ئۆزى.

**قەسىدىچى** ئى. قەسىدە يازغۇچى.

**قەسىدىچىلىك** ئى. قەسىدە يېزىش پائالىيىتى، كەسپى: قەسىدىچىلىك ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تەرەققى قىلغانىدى.

**قەسىدىخان** ئى [ئە+پ] ← **قەسىدىچى.**

**قەسىدىخانلىق** ئى. قەسىدىچىلىك.

**قەسىر** ئى [ئە] ① پادىشاھلار، خانلار ياكى فېئوداللارنىڭ ھەشەمەتلىك سارىيى: پادىشاھ ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا چىقسا، كۆيۈغلى سالغان قەسىر ئورنىدا يوق تۇرغۇدەك. * ماركو پولونى ئاڭلاپ خاقانغا چىن دىلىدىن تەشەككۈر ئېيتىپ، ئەمەلدارغا ئەگىشىپ ئىچكىرىدىكى چوڭ قەسىردىن چىقىپ كەتتى. ② قەلئە، قورغان. ③ ئۇمۇمەن ھەشەمەتلىكساراي، كاتتا ئۆي، بىنا: جامائەت بارىكاللا ئېيتىپتۇ، قوللىرىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ ئۆمرىگە دۇئا قىلىپتۇ. ۋەلى باپكار دىۋە قەسرىگە قاراپ مېڭىپتۇ. * بەختىنىڭ قەسرى پۈتكەيمۇ بىناكار قىلمىسا مېھنەت، كۆرەش خۇمدانىدا — ئوتتا پىشۇرۇپ تىزمىسا ئەل خىش؟

**قەغەز** ئى [پ] ① خەت يېزىش ۋە رەسىم سىزىش، كىتاب، ژۇرنال، گېزىت قاتارلىقلارنى بېسىش ۋە باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال. ئۇ كۆپىنچە، ئۆسۈملۈك تالالىرىدىن ياسىلىدۇ: گېزىت قەغىزى. قاتتىق قەغەز. نېپىز قەغەز. قەغەز پۇل. قەغەز خالتا. ئاق قەغەز. كاردون قەغەز. خوتەن قەغىزى. ② كۆچمە. رەسمىي ھۆججەت، ئىسپات، تونۇشتۇرۇش: چاقىرىق قەغىزى. * ئوسمانجان مۇئەللىم بىرپەس ئويلانغاندىن كېيىن: — سىلەر چۈشىنىشىڭلار كېرەك، بىزگە ئاشۇ بەلگىلەنگەن دوختۇرخانىدىن باشقا ئورۇننىڭ قەغىزى ئۆتمەيدۇ، بىزنىڭ قايسى ئوقۇغۇچىنى قوبۇل قىلىشىمىزنىمۇ رەھبەرلىك تەستىقلايدۇ، — دېدى. ③ كۆچمە. ساناق سانلىرىدىن كېيىن كېلىپ، 10 ياكى 100 يۈەنلىك پۈتۈن پۇلنى بىلدۈرىدۇ: — ئەتىگەندىن بېرى 35 قەغەزگە بەرمىدىم، شۇنىڭغا قاراپ بېرىنېمە دېمەمسىز، — دېدى مال ئىگىسى.

**قەغەز پۇل** قەغەزدىن ياسالغان پۇل. بۇ پۇل دۆلەت بانكىسى ياكى ھۆكۈمەت ھوقۇق بەرگەن بانكا تەرەپىدىن تارقىتىلىدۇ.

**قەغەز دەرىخى** <بوت> خوزۇر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى كەڭ، تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، گىرۋەكلىرىدە ھەرىنىڭكىدەك چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى كىچىك ۋە يېشىل ئارىلاش بولۇپ، كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە تىزىلىدۇ. مېۋىسى شارغا ئوخشاپراق قالىدۇ، قۇرۇق بولىدۇ. ئادەتتە تىكىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. ياغىچىدىن ئۆي سايمانلىرى ياسىلىدۇ. ئۇرۇقى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇپ، ھاراق زەھرىنى كېسىش رولىغا ئىگە.

**قەغەز قىيما فىلمى** <كىنو> گۈزەل سەنئەت فىلمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئادەم، نەرسىلەرنىڭ چىراي ئىپادىلىرى، ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى نۇرغۇنلىغان قەغەزگە چۈشۈرۈلۈپ ۋە قىيىۋېلىنىپ، ئاندىن سۈرەت ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق كىنوغا ئېلىنىدۇ.

**قەغەز يولۋاس** قارىماققا كۈچلۈك ۋە قەبىھ، ئەمەلىيەتتە كۈچسىز ۋە جانسىز ئادەم ياكى گۇرۇھلارغا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ: بارلىق ئەكسىيەتچىلەرنىڭ ھەممىسى قەغەز يولۋاس.

**قەغەزچىلىك** ئى. قەغەز ياساش ئىشى، قەغەز ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ياكى سانائىتى: قۇرۇلۇش، قاتناش-ترانسپورت، كۆمۈر، خىمىيە، قەغەزچىلىك، دۆلەت مۇداپىئە سانائىتى ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئۆزىگە خام ئەشيا قىلىدۇ.

**قەغەز-قەلەم** قەغەز ۋە قەلەم: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپلا، قەغەز-قەلەملىرىنى جاي-جايىدا رەتلىك قويۇپ ئورنىدىن تۇردى.

**قەغەزۋاز** ئى [پ] ئەمەلىي ئىش قىلماي، ئەھمىيەتسىز قارار، ھۆججەتلەرنى چىقىرىش بىلەن ئاۋارە بولىدىغان كىشى؛ بيۇروكرات: ئىسلاھاتنى تېزلىتىش ئۈچۈن رەھبەرلەر باشلامچى بولۇشى، ئەمەلىي ئىشلارنى كۆپرەك قىلىشى، قەغەزۋازلار رەھبەرلىك ئورنىدىن چەتلەشتۈرۈلۈشى كېرەك. * — تولا كاپشىمىسىلا، مەن سىلىدەك قەغەزۋاز باشلىقنى ساماندەك كۆپ كۆرگەن، بۇنداق قەغەزلىرىنى ماڭا كۆرسەتمەڭ دېمەي، ئۆيلىرىگە ئەكىرىپ ئوچاقلىرىغا تۇتاشتۇرۇق قىلسىلا! — دېدى بوۋاي غەزەپتىن جاقىلداپ تىترىگەن ھالدا.

**قەغەزۋازلىق** ئەمەلىي ئىش قىلماي ئەھمىيەتسىز قارار، ھۆججەتلەرنى يېزىش بىلەن شۇغۇللىنىش: رەھبەرلىكتىكى قەغەزۋازلىق ئاسانلا ئاممىنىڭ رەھبەرلىككە بولغان ئىشەنچىنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ. * بۇ لەنستى قەغەزۋازلىقتىن زادى نەپ چىقمايدۇ. * بىز ھەر دائىم قەغەزۋازلىققا قارشى تۇرۇپ، ئۇنى ئەيىبلەۋاتىمىز، ئەمما ئايرىم ئىدارە-ئورگانلاردا يەنىلا قەغەزۋازلىق خاھىشى ئاھايىتى ئېغىر.

**قەغىش** ئى ← **خەقىش**: ئۇنىڭ كۈلكىسى خۇددى كەمپۈت قەغىشى قىلىپ يىغلاۋاتقان بالىنىڭ كەمپۈتكە ئېرىشكەن ۋاقتىدىكى كۈلكىسىدەك، ساددا ۋە ساغلام كۈلكە ئىدى. // بايىقى يىغلاڭغۇ قەغىش بوۋاقمۇ، كۆرگەندەك كەلگۈسى خۇشال-چېغىنى. تىكىلىپ مېھرىبان جۈپ كۆزلەرگە ئۇ، ئولتۇرار نېمدۇر شاد قىلىپ دىلىنى.

**قەقنۇس** ئى [پ]° چۆچەكلەردە سۆزلىنىدىغان بىر خىل يوغان قارا قۇش: ئى ھۇما ياشىم كۆرۈپ، جەۋلان ئېتىپ كەلگەيمۇسىز، قۇشى قەقنۇس! نەزمىگە نامىم قېتىپ كەلگەيمۇ سىز.

**قەلئە** ئى [ئە] دۈشمەن ھۇجۇمىدىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن سېپىل ۋە خەندەكلەر بىلەن ئورالغان قورغان؛ شەھەر: ئۇلار تاڭ سەھەردە قەلئەگە كەلدى. * ئەسمەتۇللا بەگ ئىنىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۈيئوغلى ئەمرۇللانى قاسىمجان بىلەن بىرلىكتە مۇلجەر تاغ قەلئەسىنى قوغداشقا قويغانىدى. * بۇ قەلئە شاھ بەھرام مەجۇسىغا ئالدىنىپ، ئۇنىڭ زىندانىغا چۈشكەن ۋە ئازابلانغان شەھەر ئىكەن.

**قەلەم** ئى [ئە] ① خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قېرىنداش، گاكبى، ماي قەلەم قاتارلىق ئەسۋابلارنىڭ ئومۇمىي نامى: پادىشاھ يېنىدىن قەغەز، قەلەم ئېلىپ، نەزەرنى ئازاد قىلىش ۋە پادىشاھلىقنى

نەزەرگە ئۆتۈنۈپ بېرىش ھەققىدە ئەھدىنامە ۋە پەرمان يېزىپتۇ. * - ئۇلۇشكۈن دادام «قەلەم ئال» دەپ يەتتە پۇڭ بەرگەنىدى، ئالتە پۇڭغا بىر تال قەلەم ئالدىم، بىر پۇڭ قالغان، بۇنى ساڭا بېرەي، — دېدى ئۇ باللارغا خاس ساددا كۈلۈمسىرەپ. ② كۆچمە. پىكرىنى يازما ئىپادىلەش، يازما ئەسەر يېزىش ۋە بۇ جەھەتتىكى ماھارەت، قابىلىيەت: قانچە كۆپ كىتاب ئوقۇساڭ، قەلىمىڭ شۇنچە راۋان بولىدۇ. * ئۇ يېتىلگەن، قەلىمى كۈچلۈك بىر يازغۇچى ئىدى. ③ كۆچمە. خەت شەكلى، پوچېركا: بۇ قەغەزگە يېزىلغىنى ئەيسانىڭ قەلىمى، مەن ئۇنى ھەرقانداق جايدا تونۇيمەن. ④ قاشنى قارا ھەم چىرايلىق قىلىش ئۈچۈن قاشقا سۈرتىلىدىغان، ئىچىدە قارا ماددىسى بار قەلەم شەكىللىك ئەسۋاب: قاش قەلىمى. ⑤ تۆمۈر، تاش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش قاتتىق ماددىلارنى ئويۇش، كېسىش، تەكشىلەش، نەقىش چېقىرىش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن گاگدىن ياسالغان ئەسۋاب: تاشچى يىگىت تاش كېسىدىغان قەلەم قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ تاغقا مېڭىپتۇ.

**قەلەم ئەھلى** يازغۇچى-شائىرلار، ئاخبارات خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، قەلەمكەشلەر: — قانائەتلەنمىگەن ياخشى ئىش، بولۇپمۇ قەلەم ئەھلىگە، — باشلىق ھەربىر سۆزنى ئايرىپ، كۈچەپ ئېيتاتتى، — سىزنى بۇ يەرگە چاقىرىشىممۇ مۇشۇ پاراڭ ئۈچۈن ئىدى. ماقالىڭىزدىن خۇش بولۇپ قالدىم.

**قەلەم تەۋرەتمەك** يازماق، يېزىشقا كىرىشمەك، يېزىشنى باشلىماق: يۈسۈپ خاس ھاجىپ تەخمىنەن 1069-يىللىرى «قۇتادغۇ بىلىگ» داستانىغا قەلەم تەۋرەت-كەن ھەمدە ئۇنى 18 ئايدا تاماملاپ، قاراخانىيلار ھۆكۈمدارى ئەبۇ ئەلى ھەسەن بۇغراخانغا تەقدىم قىلغان. * ئۇ قەلەم تەۋرەتسىلا، بىر شېئىر يازارمىش.

**قەلەم تۇتماق** يازماق، يېزىشقا قاتناش-ماق: لياۋ، جىن سۇلالىلىرىنىڭ تارىخىنى يېزىشتا، ھەربىر بۆلەكتە بىردىن ئۇيغۇر قەلەم تۇتقان.

**قەلەم قاش** ئى ① بەك ئېگىلىپ كەتمىگەن، قاپقارا چىرايلىق قاش (قىزلارنىڭ قېشى ھەققىدە): مەن سېنى قەدىرلەيمەن، سېنى سۆيىمەن، سەن ھەر قېتىم كۆرۈنگەندە يېڭى تۇيۇلىسەن، قەلەم قاشلىرىڭ، كېلىشكەن قامىتىڭ، راۋان مۇلا-ھىزىلىرىڭ ماڭا كۈندە دېگۈدەك يېڭى بىر گۈزەللىكتىن بەھرىلىنىش ھۇزۇرىنى ئاتا قىلىدۇ. ② شۇنداق قېشى بار قىز ياكى ئايال: ئىشىك ئالدى قارىياغاچ، پالتا ئۇرسام تېگى تاش. سېنى ئالسام ئارمان يوق، جانىنى ئالغان قەلەم قاش. * ئىچ-ئىچىگىدىن ئۆرلىتىپ ئاھ، ئەي قەلەم قاش، يىغلىما. كۆزلىرىڭدىن مۇنچىلىك كۆپ ئاققۇزۇپ ياش، يىغلىما. // بۇ خوتۇننىڭ ئىككى ياخشى نەرسىسى بار، بىرى، مانا مۇشۇ ئالمىلىق بېغى، يەنە بىرى قەلەم قاش قىزى.

**قەلەم قاشلىق** سۈپ. قەلەم قېشى بار: ئارسلان ئاياللار قوشۇنىنىڭ ئالدىنقى رېتىدە بارس تېكىنىنىڭ ئاق يۈزلۈك، سېرىق چاچلىق گۈزەل خوتۇنى كۈمۈش تۇزۇن ۋە ئۇنىڭ يېنىدا قەلەم قاشلىق ئوماق بالقىزنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆردى.

**قەلەم قىسقۇچ** تۆمۈرچىلىكتە، تۆمۈر كېسىدىغان قەلەمنى قىسىدىغان ئەسۋاب.

**قەلەم كۈرىشى** ماقالە يېزىش، نۇتۇق سۆزلەش، پىكىر بېرىش قاتارلىق ۋاسى-تىلەر بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان كۈرەش،

ئەلەم كۆرىشىنىڭ ئەكسى: – يولداش ھېلىم، – دېدىم مەن ئۆزۈمنى بېسىۋېلىپ، – «قەلەم كۆرىشى قىلىش، ئەلەم كۆرىشى قىلماسلىق» دېگەن گەپ بارغۇ، نېمىشقا بۇ ياشانغان ئادەمنى ئۇرىسلەر؟ ئۇ سىلەرگە يالغان ئېيتمىدىغۇ! ...

**قەلەمنى ئىشقا سالماق** قەلەم بىلەن يازماق: ئۇ ئاخىرى جۈرئەتكە كېلىپ قەلەمنى ئىشقا سالدى-دە، ئۆزىگە جىددىي پۇل لازىم بولۇشىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ خەت يازدى.

**قەلەم ھەققى** ئاپتورلارنىڭ ئېلان قىلىنغان ئەسەرلىرى ئۈچۈن بېرىلىدىغان ھەق: ئۇ ئىلمىي ماقالىلىرى ئۈچۈن كەلگەن قەلەم ھەققىنى يىغىپ، كىچىكرەك بىر ئائىلە قىرائەتخانىسى قۇرۇۋالدى.

**قەلەم ئىگىسى** ئومۇمەن شائىر-يازغۇچى، ئاخبارات خادىملىرى قاتارلىق يېزىش خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار: ئوغلۇم، ئەمدى ئۇلار يازىدۇ، بەزى قەلەم ئىگىلىرى بۇرۇن باھاردا كۆز كۆنلىرىدىكى باغنى يازغان، تومۇز كۈنلىرىدىكى كىشىنى سەگىتىدىغان تاغ ھاۋاسىنى يازغان بولسا، مانا ئەمدى قاقشال تاغلارنى، چۆللەرنى بوستان قىلغان قەھرىمانلارنى يېزىپ تىللاردا داستان قىلىدۇ.

**قەلىمى ئاجىز** ئۆز پىكىر-ھېسلىرىنى ياخشى يېزىپ ئىپادىلەپ بېرەلمەيدىغان، يېزىقچىلىق قابىلىيىتى تۆۋەن: – سىزنىڭ قەلىمىڭىز ئاجىز ئىكەن. كۆپرەك كىتاب ئوقۇسىڭىز بولىدۇ، – دېدى ئۇ كىشى سەمەتكە تەربىيە بەرگەن ھالدا كۈلۈمسىرەپ.

**قەلىمى پىشماق** ئۆز پىكىر-ھېسلىرىنى يېزىق ئارقىلىق ئىپادىلەشتە يۇقىرى ماھارەتكە ئىگە بولماق، يېزىش قابىلىيىتى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە يۇقىرى باسقۇچقا يەتمەك: قەلىمى پىشقان، ماھارەتلىك يازغۇچى سۆزنى تېجەپ ئىشلىتىدۇ ۋە قىسقا يازالايدۇ.

**قەلىمى توختىغان** يېزىقچىلىق قابىلىيىتى يۇقىرى، يېزىقچىلىقتا پىشىپ يېتىلگەن: ئۇ قەلىمى توختىغان يازغۇچى ئىدى.

**قەلىمى كۈچلۈك** ← **قەلىمى ئۆتكۈر**: زۇنۇن قادىر قەلىمى كۈچلۈك يازغۇچى ئىدى.

**قەلىمى ئۆتكۈر** ئۆز پىكىر-ھېسلىرىنى تەسىرچان قىلىپ يازالايدىغان، يېزىقچىلىق ماھارىتى، قابىلىيىتى يۇقىرى: 80-يىللاردىن كېيىن ئەدەبىياتىمىزدا قەلىمى خېلىلا ئۆتكۈر بىر تۈركۈم ياش ۋە ئوتتۇرا ياش يازغۇچى-شائىرلار كۆزگە چېلىقىشقا باشلىدى.

**قەلەمپۇر** ئى [پ<گرېك] <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، مېۋىسى ئۇزۇن، شار شەكلىدە. تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. گۈلى دورا بولىدۇ، ئاشقازاننى كۈچەيتىش، يەل ھەيدەش رولىغا ئىگە. ئۇرۇقىدىن قەلەمپۇر يېغى ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئاروماتىك دورا (پۇراق دورىلىرى) ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**قەلەمتۇراچ** (توغرىسى: قەلەمتىراش) ← **قەلەمتىراش**.

**قەلەمتىراش** ئى [ئە+پ] تىغ ۋە دەستىسى نىسبەتەن قىسقا، تىغىنى دەستە ئىچىگە قايرىپ يىغىپ قويغىلى ھەم ئاچقىلى بولىدىغان بىر خىل پىچاق: ئۇنىڭ قولىدا ھېچقانداق قورال. ھەتتا كىچىككىنە قەلەمتىراشمۇ يوق ئىدى.

**قەلەمچە** ئى <بوت> ① تىكىپ ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئۆسۈملۈك شېخىدىن تەييارلانغان، قومۇش قەلەم شەكلىدە كېسىلگەن

قىسقا تاياقچه. ② سه‌ۋزه قاتارلىقلارنىڭ ئۈزۈن، ئىنچىكه قىلىپ توغرالغان هه‌ربىر تىلى: ئۇلار سه‌ۋزىنى قه‌له‌مچه قىلىپ بولغانىدى.

**قه‌له‌مچه تىكىش** <بوت> مه‌لۇم ئۆسۈملۈكنىڭ شېخىنى به‌لگىلىك ئۇزۇنلۇقتا قه‌له‌مچه قىلىپ كېسىپ، نه‌م تۇپراققا تىكىپ، ئۇنىڭدىن يېڭى بىر ئۆسۈملۈك تېنىنى ئۆستۈرۈپ چىقىرىش ئۇسۇلى.

**قه‌له‌مچه قىلماق** <بوت> ① ئۆسۈملۈك شېخىدىن قه‌له‌مچه ته‌ييارلىماق. ② سه‌ۋزىنى ئۇزۇن ئىنچىكه قىلىپ توغرىماق.

**قه‌له‌مچه كۆچه‌ت** دەرەخ ياكى چاتقال قه‌له‌مچىسىنى تىكىش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگه‌ن كۆچه‌ت.

**قه‌له‌مدار** ئى [ئه+پ] <تار> كونا به‌گلىك‌له‌ردىكى مه‌مۇرىي ئىشلارغا يېته‌كچىلىك قىلىشقا به‌لگىله‌نگه‌ن كىشى، مه‌مۇرىي ئه‌مه‌لدار: ئىككىنچى كۈنى ئه‌تىگه‌نده سۇنچۇەن دىتاڭدا ئولتۇرۇپ كېڭه‌ش ئۆتكۈزدى، سول ته‌ره‌پته جاڭ جاۋ، گۇيۇڭ باشلىق 30 نه‌چچه قه‌له‌مدار به‌گله‌ر ئورۇن ئالدى.

**قه‌له‌مداش** ئى. ئه‌سه‌ر يېزىش بىله‌ن شۇغۇللىنىدىغان كىشىله‌ر (بىر-بىرىگه نىسبه‌ته‌ن): قوبۇل ئه‌يله مېنىڭ ئوتلۇق سالىمىمنى بۇگۈن قه‌شقه‌ر، قه‌له‌مداشلار بىله‌ن سه‌ندىن جاۋاھىر سۆزگىلى كه‌لدىم.

**قه‌له‌مدان** ئى [ئه+پ] ئومۇمه‌ن قه‌له‌م تۈرىگه كىرىدىغان يېزىش ئه‌سۋابلىرىنى سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك قۇتا، قه‌له‌م سالغۇچ: ئىش شىره‌سىنىڭ ئۈستىدىكى قه‌له‌مداندىن تارتىپ ئۇنىڭ ئىچىگه سېلىنغان ئىككى خىل رەڭلىك قېرىنداش بىله‌ن قه‌له‌م ناهايىتى پاكىز ئىدى.

**قه‌له‌مسىز** رەۋ. قه‌له‌م تۇتماي، قه‌له‌م ئالماي، قه‌له‌م ئىشله‌تمه‌ي: ئۇ بىرمه‌زگىل مه‌كته‌پكه دەپته‌ر-قه‌له‌مسىز بېرىپ يۈردى.

* ئه‌لۋه‌تته قه‌له‌مسىز يازغىلى بولمايدۇ-ده.

**قه‌له‌مكه‌ش** ئى [ئه+پ] يازغۇچى-شائىر، ژۇرنالىست، ئاخباراتچى، شۇنداقلا ته‌رجىمان، رەسسام قاتارلىق قه‌له‌م بىله‌ن خىزمه‌ت قىلغۇچى خادىملار: — سىله‌ردەك قه‌له‌مكه‌شله‌رنىڭ بۇنداق چه‌ت يېزىمىزغا كېلىشى ئاسان ئه‌مه‌س، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئىلگىرى بۇ يه‌رگه كه‌لمىگه‌ن بولغىيتتىڭلار.

**قه‌له‌ملىك** سۈپ. قه‌لىمى بار، قه‌له‌م تۇتقان: كۆزلۈرۈمگه لىق تولغان ئاچچىق ياش قه‌له‌م-قه‌غه‌زلىرىمنى توسۇپ قويۇۋاتىدۇ. قه‌له‌ملىك قولۇم غه‌زه‌پتىن تىتره‌پ، ئه‌له‌ملىك باغرىم هه‌سره‌ت هارارىتىده كۆيۈۋاتىدۇ.

**قه‌له‌مله‌ك** پ. قه‌له‌م هالىتىگه كه‌لتۈرمه‌ك، قه‌له‌مچه قىلىپ توغرىماق: ئاشخانىدا يىگىت ته‌ره‌پتىن به‌ش-ئالته قىز سه‌ۋزه قه‌له‌مله‌كته ئىدى.

**قه‌له‌نده‌ر** ئى [پ] دىنىي غه‌زه‌لله‌رنى ئوقۇپ يۇرتمۇيۇرت كېزىپ تىله‌مچىلىك قىلىپ جان باقىدىغان كىشى؛ تىله‌مچى، دىۋانه: — ياق، بىزگه به‌رمه‌يدۇ، — دېدى روزى، — سامسىپه‌ز ئۇ يېرىمنى باشقا قه‌له‌نده‌رله‌ر كه‌لگه‌نده بېرىش ئۈچۈن ئېلىپ قالدى، تايىنلىق، بىز بارساق دەشنه‌م بېره‌رمىكىن.

**قه‌له‌نده‌رچه** سۈپ. قه‌له‌نده‌رده‌ك، قه‌له‌نده‌رگه ئوخشاش: ئۇ نامىنىڭ ئاخىرىغا ئىسمىنى يېزىپ، ئۈستىگه مۆهۈرىنى بېسىپ ياستۇق ئۈستىگه قويدى-ده، قه‌له‌نده‌رچه كىيىم كىيىپ، يېرىم كېچىده هۆسنىئاباد يولىغا ئاتلاندى.

**قه‌له‌نده‌رچىلىك** ئى. يۇرتمۇيۇرت يۈرۈپ، تىله‌مچىلىك بىله‌ن جان بېقىش ئىشى؛ دىۋانىلىك: — هه‌ي بىنومۇس، — دېدى

ئايال ئېچىدە ، - شۇ بەستىك بىلەن قەلەن-دەرچىلىك قىلغۇچە ، « قارىساقال ئاتام» مازىرىغا بېرىپ گۆركاز بولساڭچۇ!

**قەلەندەرخانا** ئى [پ] قەلەندەرلەر يىغىلىدىغان ۋە تۇرىدىغان ياكى ياتىدىغان جاي: ئۇ كۈنىنىڭ كەچ بولغانلىقىنى پەملەپ، قارىداپ كەتكەن قاسماق خورجۇنىنى ئۆشنى-سىگە ئارتىپ، ئاستا-ئاستا قەلەندەرخانىغا قاراپ يول ئالدى.

**قەلەندەرلىك** ئى. يۇرتمۇ يۇرت يۈرۈپ تىلەمچىلىك بىلەن جان باقىدىغان ئادەت، ئىش، قىلىق: قانداق قىلاي مەنمۇ جېنىم باللىرىم، يارىلاندى يۈرەك ئېغىر تۇرمۇشتىن. قەلەندەرلىك قىلاي دېسەم كوچىدا ، قىلالمايمەن ھەرگىز ئۇنى نومۇستىن.

**قەلەي** ئى [ئە] ① <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Sn (stannum) . ساپلىرى كۈمۈشتەك ئاق، سوزۇلۇشچانلىقى ياخشى بولىدۇ. ھاۋادا ئوڭايلىقچە ئوكسىدلانمايدۇ. ئادەتتە تۆمۈرگە ھەل بېرىش، مېتاللارنى پايپاتلاش ياكى قېتىشما تەييارلاشتا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ. ② مىستىن ياسالغان قاچىلارنىڭ ئىچكى يۈزىگە قاپلانغان شۇ خىل مېتال قاتلىمى. ③ ئاق تۈنىكە، قاڭالتىر.

**قەلەي تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. تەركىبى $SnO_2$ . تەرتىپسىز دانىچە ھالىتىدە بولۇپ، سۇس قوڭۇر ۋە توق قارا كېلىدۇ، پارقىرايدۇ. ئادەتتە قەلەي ئېلىشتىكى مۇھىم خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**قەلەي كەپشەر** قەلەيدىن قىلىنغان كەپشەر.

**قەلەيچى** ئى. نېپىز تاختا تۆمۈر، قەلەي، قاڭالتىر قاتارلىقلاردىن تۈرلۈك ئەسۋاب، سايمان، قاچىلارنى ياسايدىغان ياكى رېمونت قىلىدىغان كىشى: دوستۇمنىڭ ئېيتىشىچە ئۇ كىشى خېلىلا ئۇستا قەلەيچى ئىكەن. // قەلەيچى بوۋاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ماڭا مىختەك قادالدى، بوۋاينىڭ بۇنداق سۈرلۈك قارىشىدىن تەنلىرىم جىغىلداپ كەتتى.

**قەلەيچىلىك** « قەلەيچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: قەيلەيچىلىك دۇكىنى. * مەن بۇ بوۋاينى باي كوچىسىدىكى بىر دۇكاندا قەلەيچىلىك قىلىپ ئولتۇرغاندا كۆرگەنىدىم.

**قەلەيسىز** سۈپ. تەركىبىدە قەلەي بولمىغان ياكى قەلەي ئېرىتمىسى يالىتىلمىغان: قەلەيسىز مىس قاچىدا تاماق يېگەندە، چاي ئىچكەندە مىس تەسىرى بىلەن ئاسانلا كۆكۈل ئىلىشىش، قۇسۇش ھادىسىلىرى سادىر بولىدۇ.

**قەلەيلەتمەك** « قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەلەيلەشمەك** « قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەلەيلەنمەك** « قەلەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماق پىپىشكە ئىشلى-تىلىدىغان مىس قاچىلار قەلەيلەنگەن بولۇشى لازىم.

**قەلەيلىك** سۈپ. تەركىبىدە قەلەي بار، تەركىبىدە قەلەي بولغان.

**قەلەيلىمەك** پ ① نەرسىلەرنىڭ يۈز قىسمىغا نېپىز بىر قەۋەت قەلەي ئېرىتمى-سى يالاتماق، قەلەي ئېرىتمىسى بىلەن ھەل بەرمەك: مىس قاچىنى قەلەيلىمەك. ② تېشىلگەن يېرىنى قەلەي ئېرىتمىسى بىلەن ئەتمەك، يەملىمەك: ئاپام ماڭا چېلەكنىڭ تۈۋىنى قەلەيلەپ بولغان ھامان چېلەكنى تېز ئۆيگە ئېلىپ بېرىشمنى.تاپىلىغانىدى.

**قەلب** ئى [ئە] ① يۈرەك، دىل: تېخى

ئۇزۇم پىشمىغاندا دەپ ئىدى: « بار-يوقۇمنى ئاتىدىم بىرلا ساڭا » . ئەمدى پىشقاندا ئۇزۇم يار ئۆزى يوق، تېخىچە باغرىم كاۋاب، قەلبىم يارا. * موماڭ سۆزىن قەلبىڭگە، ئەللەي بالام، ئەللەي، پۈكۈپ قويغىن قۇندۇزۇم، ئەللەي بالام، ئەللەي. ② كۆچمە. كىشىنىڭ ئىچكى روھىي دۇنياسى، ئىچكى ھېس-تۇيغۇلىرى، پىكىر-قاراشلىرى مەركەزلەشكەن جاي، دىل، كۆڭۈل: — بۇ دېگىنىڭىز توغرا، لېكىن سىزنىڭ قەلبىڭىزنىڭ قانداقلىقى سۆز-ھەرىكىتىڭىزدىن، كۆزلىرىڭىزدىن « مانا مەن » دەپ چىقىپ تۇرمامدۇ؟ قېنى ماڭا بىر قارىۋېتىڭا! — دېدى ئۇ رۇقىيەمگە كۈلۈمسىرەپ. * « تاپقىنى گۈل كەلتۈرەر، تاپمىغىنى بىر باش پىياز » تاپقىنىم شۇ، قىل قوبۇل قەلبىمنى ئىزھار ئەيلىدىم.

**قەلب تارى تىترىمەك** ھاياجانلانماق، ھاياجان ئىلكىدە قالماق: ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىدا لىغىلداپ تۇرغان ياش كىشىنىڭ قەلب تارىنى تىترىتەتتى.

**قەلبى پۇچۇلانماق ← قەلبى جاراھەتلەنمەك:** رەيھانىنىڭ شەھلا كۆزلىرىدىن بىر خىل ئوتلۇق نۇر چاقنايتتى، بۇ نۇر ھىجران ئوتىدا قەلبى پۇچۇلانغان ۋە ئۇزاق ئايرىلىشتىن كېيىن، ئۆز ئۆمۈرلۈكى بىلەن ئۇشتۇمتۇت دىدار كۆرۈشكەندە پەيدا بولىدىغان يالقۇنلۇق نۇرنىڭ ئۆزى ئىدى.

**قەلبى تىلىنماق ← قەلبى جاراھەتلەنمەك:** مەن ئۇنى بىر كۆرۈپ، ئازراق پاراڭلىشىۋېلىشنى « تىلىنغان قەلبىمگە شىپالىق مەلھەم بولىدۇ » دەپ ئويلايتتىم.

**قەلبى جاراھەتلەنمەك** دىلى ئازار يېمەك، كۆڭلى قاتتىق ئاغرىماق، ئازابلانماق: رەيھان ئىنىستۇتتىن قەلبى جاراھەتلەنگەن ھالدا ئۆز ناھىيىسىگە قايتىپ كېلىپ ئۇچىنچى كۈنى يول ئۈستىدە جۇمە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

**قەلبى داغلانماق ← قەلبى جاراھەتلەنمەك:** ئېرى ئۆلدى تاياق-دۇمبادا قالپاق كىيىپ، قولى باغلىنىپ. بالىلارنى ئېلىپ كەتتى ئانا، ياقا يۇرتقا قەلبى داغلىنىپ.

**قەلبى قارا ← كۆڭلى قارا:** ئەي قەلبى قارا، سەن ئاناڭدىن بىر ئېغىزمۇ كەچۈرۈم سورىمىدىڭ، بىر تامچىمۇ ياش ئاققۇزمىدىڭ، سېنىڭ باغرىڭ تاشتىن، يۈرىكىڭ ئىنسانىي ھېس تۇيغۇدىن خالىي بولغان تۆمۈر-تەرسەك، تاش داشقالدىن پۈتكەنمۇ؟!

**قەلبى كۈلمەك** قاتتىق خۇشال بولماق، سۆيۈنمەك، شادلانماق: بېدىكىنىڭ قەلبى كۈلمەكتە ئىدى. بىرچاغلاردا ھاياتتىن بېزىپ، ئۆزىگە ئۆزى ئۆلۈم تىلىگەنلىرى يادىغا يېتىپ، تېنى جۇغۇلداپ كەتتى.

**قەلبگە پۈكمەك ← كۆڭلىگە پۈكمەك:** ئۇ بۇ قېتىم قانداقلا بولمىسۇن بۇ توغرىدا رەيھان بىلەن سۆزلىشىشنى قەلبىگە پۈكۈپ ماڭغانىدى.

**قەلبى مۇجۇلماق ← قەلبى جاراھەتلەنمەك:** بىر قايغۇ كۆزىدىن چىقىپ تۇرىدۇ، ئاھ ئۇرار مۇشۇ دەم قەلبى مۇجۇلۇپ. نېمە ئىش بولغاندۇ، نېمىشقا شۇ دەم، چىرايى بۇلۇتتەك كەتكەن تۇتۇلۇپ.

**قەلبىنى تاتىلىماق** يۈرىكىنى ئازابلىماق، قىينىماق: سائادەتنىڭ كۆزىدە ئۇيقۇدىن ئەسەرمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ قەلبىنى نېمىدۇر تاتىلايتتى.

**قەلبىنى تۆكمەك** ھېس-تۇيغۇ، پىكىر-قاراشلىرىنى، كۆڭلىدىكىنىڭ ھەممىسىنى دېمەك؛ ئويلىغانلىرىنىڭ بارىنى ئوتتۇرىغا قويماق: كەچتە پولات، سادىق زەمىرلەر بىرلىشىپ، ئىشخانىدا ئۆزئارا قەلبىنى تۆكتى سىردىشىپ.

**قەلبى ئۆرتەنمەك ← قەلبى جاراھەتلەنمەك:** رەيھان كامىلنىڭ ۋە بالىلارنىڭ قەلبىنى ئۆرتەشنى خالىمىدى.

**قەلبى ئېرىمەك** ← **كۆڭلى ئېرىمەك:** ئاتا-ئانامدىن ئايرىلغاندىن بېرى ئىككىنچى بىر كىشىنىڭ تۇنجى قېتىم بېشىمنى سىلىشى قەلبىمنى شامدەك ئېرىتىۋەتتى.

**قەلبى ئىسسىماق** قەلبىدىكى ئازاب، ئەلەملەر يوقىلىپ، ئورنىغا خۇشاللىق ئالماشماق، سۆيۈنمەك، خۇشال بولماق: ئوغلۇم، مەن بارچە ئىنسانلار قاتارىدا سېنىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ئىللىق نۇرۇم بىلەن قەلبىڭنى ئىسسىتىمەن.

**قەلب ئىگىسى** توغرا ھېسسىياتلىق، قەلبى پاك كىشى، ئىنسان: ئۇنىڭ ئانىسى ئەركىن ئېيتقاندەك شەرمەندە ئايال ئەمەس، بەلكى بىر قەلب ئىگىسى ئىكەن.

**قەلبى ئىللىماق** ← **قەلبى ئىسسىماق:** قىزنىڭ بۇ سۆزى قەلبىمنى ئىللىتىۋەتتى.

**قەلبى يارا** ئېغىر دەردى بار، قاتتىق ئازار يەتكەن: — بولدى قىل ئوغلۇم، — دېدى ئانا ئوغلىغا، ئوغلىنىڭ يەنە گەپ قىلماقچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، — داداڭنىڭ قەلبى يارا، ئۇنىڭ يارىسىغا سەن تۇز سەپمىگىن.

**قەلبى يارىلانماق** كۆڭلى يېرىم بولماق، بۇزۇلماق، دىلىغا ئازار يەتمەك: قەلبى يارىلانغان دىلبەر گويا ھېس-تۇيغۇسىنى يوقاتقان تىرىك مۇردىغىلا ئوخشاپ قالغانىدى.

**قەلبى يايرىماق** ئىنتايىن خۇشال بولماق، ئاجايىپ سۆيۈنمەك: ئۇ كۆزلىرى چاقناپ، قەلبى يايرىغان ھالدا بارلىق كۈچىنى يىغىپ، لەيلىگۈلنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى.

**قەلبى يورۇماق** ← **كۆڭلى يورۇماق:** شائىرنىڭ قەلبى باشقىدىن يورۇپ، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئانا يۇرتى نىلقىنى يېنىش-يېنىش كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**قەلبەن** رەۋ. [ئە] چىن يۈرەكتىن، قەلبىدىن، چىن دىلى بىلەن: ھېراۋلار تەن بېرىپ تەقدىرگە قەلبەن، دۇئالار ئاتتىدى مەرھۇمغا شەخسەن.

**قەلبداش** ئى. [ئە+پ] پۈتكۈل دۇنيا قارىشى، ئىستەك-ئارزۇسى، غايىسى، نىيەت-مەقسىتى بىردەك بولغان كىشى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئۇ دېھقانلار بىلەن قەلبداش بولۇپ، ئەمگەكتە ھەممىنىڭ ئالدىدا جاپاغا چىداپ ماڭاتتى. * ئارمىيە بىلەن خەلق قېرىنداش ھەم قەلبداشدۇر.

**قەلبداشلىق** ئى. دۇنيا قاراش، ھېس-تۇيغۇ، پىكىر-مەقسەت، غايە-ئىستەك ۋە شۇ قاتارلىقلاردا بىردەكلىك، ئوخشاشلىق: ئۇ ئادىلغا ئادىدىلا ھېسداشلىق قىلغىنى يوق، بەلكى چىن ۋىجدانى بىلەن قەلبداشلىقىنى بىلدۈردى.

**قەلبگاھ** ئى. [ئە+پ] يۈرەك ئورۇنلاشقان جاي؛ ئىچكى دۇنيا: قالدى ھۇر-پەرىشتىلەرنىڭ مېھنىتى، قەلبگاھىمدا يورۇق چولپان بولۇپ. * ئۆز قېنىڭدىن قېقىۋەت قۇللۇقنى سەن، قەلبگاھىڭدىن ئەبەد شۇملۇقنى سەن.

**قەلقە** سۈپ. شالاڭ، بوش: قەلقە ياغلىق.

**قەللاب** ئى. [ئە] ئالدامچى، ھىيلىگەر؛ سۆيىقەستچى، نەيرەڭۋاز ئادەم: — ئېرىڭ دېگەن ئوغرى قەللاب پەيدا بولغۇچە، گۈلدەك ياشلىقىڭ ئۆيدە بىكار ئۆتۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئاچىسى تۇخان قەمبەرنىساغا. * بۇ ئىشتىن ياقا يۇرتتىكى بىر قەللاب خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ بايلىققا خۇرجۇنى توشمىسا بېشى ئاغرىيدىغان، ئادەم قېنىغا ئاغزى توشمىسا چىشى ئاغرىيدىغان ھىيلىگەر ئىكەن.

**قەللابلىق** «قەللاب» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: — ئەتىدىن-كەچكىچە قەللابلىق قىلىپ يۈرىدىغان ھېلقى پەس ئېرىڭدىن ياخشىدۇر، مېنىڭ ئېرىم، — دېدى

ئۇمۇ بوش كەلمەي، ئۇلار تىلدىن زېرىكىپ ئاخىرى بىر-بىرىگە ئېتىلىپ كېلىشتى-دە، چاچلىششقا باشلىدى.

**قەللە** ئى. قەلەي بىلەن ئالىيۇمىنىنىڭ قېتىشمىسى. ئېرىش نۇقتىسى سەل تۆۋەن بولىدۇ. كۆپىنچە تۆمۈر، مىس قاتارلىقلار-دىن ياسالغان ئەسۋابلارنى پايىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قەلىمى** سۈپ. قەلەمنى ئاساسىي خىزمەت ۋاسىتىسى قىلىدىغان؛ قەلەم بىلەن قىلىنىدىغان: ئۇ قەلىمى ئادەم بولغاچقا، يول مېڭىشقا چىدىمايتتى. * ئۇ قەلىمى خىزمەتلەرنى ياخشى كۆرەتتى.

**قەلىيە** ئى. دىئال. كۆكتات بىلەن گۆشتىن قورۇلغان قورۇما؛ سەي.

**قەمەر** ئى [ئە] ① يېزىت. ئاي: ئۇ گويا كەڭ چوققىلارنىڭ بەلبېغى — ئالتۇن كەمەر، كۈندۈزى سەيلە قىلار كۈن، كېچىسى بۇندا قەمەر. * ماگماقتا ئەجداد ئىزىدىن باشلاپ سەپەرنى نەۋرىلەر، قوللارنى قولغا چىڭ تۇتۇپ، ئاتلاپ قەمەرنى قەبرىلەر. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**قەمەرىيە** ئى [ئە] <ئاستر> ← **دېھقانلار كالېندارى.**

**قەن** (توغرىسى: قەنت) ← **قەنت.**

**قەنا** (توغرىسى: قەرنە) ← **قەرنە.**

**قەنت** ئى [پ] ساپ شېكەردىن كۋادرات ياكى كۇب شەكلىدە قاتۇرۇپ تەييارلانغان تەمى تاتلىق، شېرىن مەھسۇلات: ئۇنىڭ غەلۋىچى ئوغلى تەخسىگە تىزىپ قويۇلغان قەنتلەرنى تۈگىتىپ بولغانىدى. * سۇ بولسا سۈزۈك بولسا، ئەتلەس بولسا ئەن بولسا، كېلىن بولسا قەنت بولسا، مېنىڭكىدەك بەلەن بولسا.

**قەنت چاي** شېكەر ياكى قەنت سېلىپ دەملەنگەن چاي: چاي دەملەپ بېرەيمۇ؟ چاي ئىچكەچ تۇراملا؟ ئۇسسۇدىلىمۇ؟ قەنت چاي ئۇسسۇزلۇقنى باسىدۇ.

**قەنتىڭنى چاق** «بارىكاللا پەيزىڭنى سۇر؛ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى، راھىتىنى كۆر» دېگەن مەنىلەردىكى تەھسىن-ئاپىرىن ئېيتىش سۆزى: — قەنتىڭنى چاق يىگىت، قەنتىڭنى چاق! — پەستە تاماشا كۆرۈۋاتقان قېرى بوۋايلار باش مالتىقىنى چىقىرىپ ۋارقىراشتى.

**قەنتىنى چاقماق** لەززىتىنى تېتىماق، پەيزىنى سۈرمەك، ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى، راھىتىنى كۆرمەك: باغۇنىمەن بۈگۈنمۇ شۇ ئالمىزار بېغىمنىڭ. چاقماقتىمەن قەنتىنى، گۈل ھاياتىم، چېغىمنىڭ.

**قەنتدان** ئى [پ] ئائىلىلەردە قەنت سېلىپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قاچا، قەنت قاچىسى: مەن پىيالىگە چاي قويۇپ قەنت سالماقچى بولغىنىمدا، دىلشات قەنتداننى دەرھال ئالدىغا تارتىۋالدى ۋە تەكەللۇپسىزلا «قەنت سالمايمەن» دېدى.

**قەنتدەك** سۈپ ① قەنتكە ئوخشاش: ئۇ باقالىنى خۇددى قەنتدەك چاقماق قىلىپ كېسىشكە باشلىدى. * بىز يېگەن قوغۇنلار ھەقىقەتەن قەنتدەك تاتلىق ئىكەن. ② كۆچمە. تاتلىق، شېرىن، تەملىك: مېھمانلار قوغۇنلارنى بىرەردىن چىشلەپ بولۇپلا، تىللىرىنى تامشىشىپ «قەنتدەك قوغۇن ئە-كەن» دەپ ماختىشىپ كەتتى. ③ كۆڭۈلدىكىدەك، ناھايىتى ياخشى، ئىنتايىن بەلەن: — قەنتدەك گەپ قىلدىڭ قىزىم، — دېدى بوۋاي قىزدىن رازى بولۇپ. * قوغۇن تېرىدىم خەندەك، ئەللەر تېرىسۇن مەندەك. يات سۆيگەننى سۆيمەيمەن، ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنى قەنتدەك.

**قەنت-گىزەك** قەنت ۋە شۇ خىلدىكى تۇرلۇك تاتلىق-تۇرۇملار: — مەن قەنت چاي ئىچمەن، قەنت-گىزەك يەيمەن، —

دەپ جۆيلۈيتتى ئۇ. بىراق بۇ يىللاردا قەنت-گېزەك ئاسانلىقچە تېپىلمايتتى.

**قەنت-ناۋات** قەنت ۋە ناۋات: يېغلىماڭ قىز، يېغلىماڭ، ئەتە كېلەرمىز، ئالتە بولاق قەنت-ناۋات ئالغاچ كېلەرمىز.

**قەندالەت** ئى. ئائىلە قول ھۈنىرى ئارقىلىق تەييارلانغان تۈرلۈك قەنت-گېزەك قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈملار.

**قەندالەتپۇرۇش** ئى ← **قەندالەتچى.**

**قەندالەتچى** ئى. ئائىلە قول ھۈنىرىدىن پايدىلىنىپ تۈرلۈك قەنت-گېزەك، كەمپۈت، پېچىنە قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈملارنى ئىشلەپچىقارغۇچى ۋە ئۇنى بازارغا سېلىپ ساتقۇچى كىشى: ھاۋاخان باللارغا دەپ گۆش گىردە، ئاندىن بىر ئاق ساقال قەندالەتچىدىن بىرمۇنچە ناۋات ئالدى.

**قەندەل** ئى ← **قەندالەت.**

**قەندەلچى** ئى ← **قەندالەتچى:** قانچىلىك چىرايلىق رەڭدار كېپىنەك، چېكىلگەن ھەر خىل گۈل قاناتلىرىغا. گۈلنىڭ بەزىسى ئوخشاي-دۇ چوغقا، بەزىسى قەندەلچى ناۋاتلىرىغا.

**قەندىل** ئى [ئە<گرېك] بىرنەچچە تال شام ئورنىتىلغان ئاسما شامدان ياكى بىرقانچە لامپۇچكا ئورنىتىلغان ئاسما چىراغ: ئۇنىڭ باش تەرىپىدە قەندىلدە شام، ئاياغ تەرىپىدە پانۇس يېنىپ تۇراتتى. * كەچ كىرگەندە، قەندىللەردىكى شاملار يېقىلىپ، مېھمانلار ئارا مەيگە تولغان ئاياقلار ئايلىنىپتۇ، مەيخورلۇق باشلىنىپتۇ.

**قەھەت** ئى [ئە] ← **قەھەتچىلىك.**

**قەھەتچىلىك** ئى. ئۇرۇش، تەبىئىي ئاپەت ياكى زىرائەتتىن ياخشى ھوسۇل ئېلىنمىغانلىقى قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ھەممە نەرسە كەمچىل ۋە قىممەت بولۇپ قالغان پەيت؛ ئاچارچىلىق: قەھەتچىلىك يىلى. * ئۇ ئۈچ كۈندىن بېرى ئۆيىگىمۇ قايتماي، گۈلجەننەت بىلەن ئىشلەپ-چىقىرىش دۈيلىرى ئارىلىقىدا قاتراپ، قەھەت-چىلىكنى يېڭىشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى ئىزلەيت-تى. * ئۇ بۇ ئالتۇننى باللىرىنىڭ قەھەتچىلىك بولغان يىللاردا ئىشلىتىشىگە بېرىشنى ئويلاپتۇ.

**قەھر** ئى [ئە] ئاچچىق، غەزەپ: — قويۇۋەت، قولۇمنى قويۇۋەت! — شەرىپەمنىڭ ئاۋازى تىترەپ كەتتى، ئەتراپتا تاماق يەۋاتقانلار غەزەپلەنگەن ھالدا لۈكچەكلەرنى ئەيىبلىگىلى تۇردى، توساتتىن بەستلىك، كېلىشكەن بىر يىگىت تەنتەكنىڭ ئارقىسىدا پەيدا بولدى-دە، قەھرى بىلەن تەنتەكنىڭ قولىنى قايرىدى. * مەتكېرەم ئىسكىرىپكىنى ئۈستەل ئۈستىگە تاشلىدى-دە، قەدىردىننى قەھرى بىلەن ئىتتىرىۋەتتى.

**قەھر قىلماق** ئاچچىق بىلەن تەنبىھ بەرمەك؛ غەزەپلەنمەك، قاتتىق ئاچچىق-لانماق: پاتەم چۆچۈپ كەتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ ئاتا-ئانىسىنىڭ، ئەتراپتىكى چوڭ كىشىلەرنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغانىدى، ئۇلار بۇ ئايالدەك قەھر قىلمىغان بولسىمۇ، ئوخشاش مەزمۇندىكى سۆزلەرنى قىلىشقانىدى.

**قەھرىگە كەلمەك** ھەددىدىن ئارتۇق غەزەپلەنمەك، قاتتىق ئاچچىقلانماق، غەزەپ-نەپرىتى قايناپ تاشماق: قەھرىگە كەلگەن پادىشاھ دەرھال ۋەزىرنى چاقىرىپ، بوۋاينىڭ بېشىنى ئېلىشنى بۇيرۇپتۇ.

**قەھر-زەھرى** غەزەپ-نەپرىتى، غەزەپ-ئاچچىقى: ئۇ قەھرى-زەھرىنى چېچىپ تازا چالۋاقىۋالدى.

**قەھر-غەزەپ** قەھر ۋە غەزەپ: گۈلنارخان قەھر-غەزەپ بىلەن باينىڭ باشمالتىقىنى قاتتىق چىشلەپ ئۈزۈۋالدى.

**قەھرلەنمەك** پ. غەزەپلەنمەك، ئاچچىق-لانماق، غەزەپ-نەپرىتى تاشماق: دولقۇنلىنىپ، قەھرلىنىپ كېلىۋاتقان غەلبە

سادايىمىز ئۆزلىرىنى تامامەن يوقاتقان دۈشمەنلەرنى ئۆلەر-تىرىلىشىگە قارىماي قېچىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى. * بەزەن ئۇندا گۈزەل كۈلكە ساداسى، شادلىناتتى ئۇلۇغ تەۋرەپ، شارقىراپ. بەزەن غەزەپ ئېتەر ئىدى ئىپادە، قەھرلەنگەن پالۋان كەبى ۋارقىراپ.

**قەھرلىك** سۈپ. قاتتىق غەزەپكە تولغان، غەزەپلەنگەن؛ غەزەپلىك: مەن ئۇنىڭغا قاراپ سەل ئەيمىنىپ قالدىم، ئۇ شۇ تۇرقىدا ناھايىتى قەھرلىك ئىدى. * ئۇنىڭ مېڭىسىگە نۇرغۇنلىغان قايغۇلۇق ۋە قەھرلىك خىياللار كەلدى. // — كىم قارىغۇ قىلدى؟ — دېدى ئۇ يولۋاسقا قەھرلىك تىكىلىپ.

**قەھرىتان** ① سۈپ. ناھايىتى، قاتتىق، ئىنتايىن: قەھرىتان سوغۇق. ② سۈپ. قاتتىق سوغۇق بولىدىغان، سوغۇق ئىنتايىن كۈچەيگەن: قەھرىتان قىش. * قىزىلتاغ چوققىسى ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان، قار بورىنى ۋە شۇۋىرغان تەشمە ئېغىزىدا، چېدىر-گەمىلەر ئۈستىدە، شېغىللىق ساي ئىچىدە تېرىسىگە پاتماي ھۇشقۇيتۇپ، ھۇۋلاپ يۈرگەن قەھرىتان كۈنلەردىمۇ تەشمە ئىچىدە تاش قورغانغا قارشى كۈرەش توختىمىدى. ③ ئى. ئىنتايىن قاتتىق سوغۇق: 300 نەچچە يىلدىن بېرى 300 نەچچە قېتىم ياپراق تاشلاپ، قىشنىڭ قەھرىتانلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن بۇ قېرى قارىياغاچ مۇنۇ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ كۆز-ياشلىرى، ئىسسىق قانلىرىنىڭ گۇۋاھچىسى. * قەھرىتاننىڭ مۇزدەك قامچىسى، يۈز-كۆزۈمگە تەگدى تاراسلاپ. دەرد-پىغاندا ئۆرتىنىپ يۈرەك، كاۋاپ بولۇپ كۆيدى ۋاژىلداپ.

**قەھرىمان** [پ] ① سۈپ. باتۇر، قورقماس، مەردانە؛ شىجائەتلىك، تىرىشچان، غەيرەتلىك: — سەبداشلار، بىز، — سۆزىنى داۋام قىلدۇردى مۇنىرىدىن خوجا، — ھېلىلا «ئىنقىلابىي شەرقىي تۈركىستان» گېزىتىدىن قەھرىمان مىللىي ئارمىيىنىڭ تېز ئالغا بېسىپ، مايتاغقا يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئوقۇدۇق. * ئېيتقىنا، ئەتىگە تۈزۈلمەسمۇ، ئۇ-قەھرىمان قوشۇنلار باتۇر مەردلەردىن؟! بىز تەييار تۆكۈشكە دەريا-دەريا قان، قۇتۇلساق بىر يولى زۇلۇم-دەردلەردىن! ② ئى. ئۆزىنىڭ يۈرەكلىكلىكى، قەيسەرلىكى، تىرىشچانلىقى بىلەن ئەل ئارىسىدا ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ياكى مەلۇم بىر ھەرىكەت، پائالىيەتتە ئالاھىدە تۆھپە يارىتىپ شەرەپكە سازاۋەر بولغان كىشى، جەسۇر، باتۇر كىشى: ئادىلجان ئەكبەرنى قوللىمىغىنىدا، تۇرسۇن ھاكىم ئەكبەرنى تولۇق ئىسپاتلار بىلەن قارىلاپ، ئۆزلىرىنى قەھرىمان قىلىپ كۆرسەتتەتتى! ③ <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردىكى ئاساسلىق قىلىپ بايان قىلىنغان پېرسوناژ، شەخس: ئۇنىڭ بۇ ھالىتى قايسىدۇر بىر كىتابنىڭ باش قەھرىمانىغىلا ئوخشايتتى. * گۈلباھارنىڭ نەزىرىدە ئۇنىڭ ئالدىدا تۇرغىنى ئاددىي بىر يىگىت بولماي، ئۆزى ياخشى كۆرۈپ ئوقۇغان كىتابلاردىكى ئۆزىنى خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ھاياجانلاندۇرغان ئاجايىپ بىر قەھرىماننىڭ بىرى ئىدى. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەھرىمان بولماق** باتۇرلۇقى، مەردانىلىقى ياكى مەلۇم بىر تۆھپىسى، تىرىشچانلىقى، غەيرەتلىكلىكى بىلەن خەلق ئىچىدە تونۇلغان كىشىگە، قەھرىمانغا ئايلانماق: ئەمدى سەنزە ئۇرۇشقا قاتنىشىپ قەھرىمان بولۇپ كېلىپسەندە، -دە.

**قەھرىمانانە** رەۋ [پ] ← **قەھرىمانلارچە**: ئەخمەتجان باشلىق بەش نەپەر يولداشنىڭ ھايات ۋاقتىدا شىنجاڭ خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن قەھرىمانانە كۈرەش قىلىپ ئەڭ

ئاخىرىدا قۇربان بولغانلىقى پۈتۈن خەلقنىڭ ئەبەدىي خاتىرىلىشىگە ئەرزىيدۇ. * كۆچ سىنىشىش باشلىنىپتۇ. يىگىتلەرنىڭ ساغلام، كېلىشكەن، تەقى-تۇرقى ۋە قەھرىمانانە ئېلىششلىرى دەرھال يايلاقتىكى كىشىلەرنىڭ بارىكاللىسىغا ئېرىشىپتۇ.

**قەھرىمانلارچە** رەۋ. قەھرىمانلارغا خاس ھالدا، قەھرىمانلىق بىلەن، قەھرىمانانە: مېنىڭ دادام جۇڭگو-ھىندىستان چېگرىسىدا ئۆزىمىزنى قوغداپ، تاجاۋۇزچىلارغا قايتۇرما زەربە بېرىش ئۇرۇشىدا قەھرىمانلارچە قۇربان بولغان.

**قەھرىمانلىق** ئى. قەھرىمانلارغا خاس جاسارەت، روھ، مەردانىلىك، باتۇرلۇق؛ قەھرىمانلارغا خاس ھەرىكەت، تىرىشچانلىق: پالۋانلار ئالدى بىلەن مەيدانغا كىرىپ يەككە-يەككە ھالدا زور قەھرىمانلىق كۆرسەتتى. * ئۇ ئېرىنىڭ ھازىرقى قەھرىمانلىقلىرىغا ۋە دېگەن سۆزلىرىگە ھەيرانمۇ قالمىدى. * ھازىر خەلق ئەسكىرى دۆلەتباي كۆپچىلىككە ئۆزىنىڭ چېگرىنى قوغداش يولىدىكى قەھرىمانلىق ئىش-ئىزلىرىنى تونۇشتۇرۇپ ئۆتىدۇ.

**قەھرىمانلىق قىلماق** قەھرىمانلارغا خاس جاسارەت، غەيرەت، شىجائەت كۆرسەتمەك؛ قەھرىمانلاردەك تۆھپە ياراتماق: بۇ قېتىمقى پارتىزانلىق ئۇرۇشىدا ئابدۇراخمان ناھايىتى قەھرىمانلىق قىلدى. ئۇنى تەقدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

**قەھرىمانلىق كۆرسەتمەك** ← **قەھرىمانلىق قىلماق**: ئۇ شىخونى ئېلىش جېڭىدە قەھرىمانلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن ئىستىقلالىيەت ئوردېنى بىلەن مۇكاپاتلانغانىدى.

**قەھرىۋا** (توغرىسى: كەھرىۋا) ← **كەھرىۋا**.

**قەھقەھ** ئى [ئە] يېزت. ناھايىتى خۇش خۇي، خۇشال كۈلكە، قاتتىق خۇش چاقچاق كۈلكە.

**قەھقەھ سالماق** ← **قاقاھلىماق**: دەل شۇ چاغدا تاڭ قويىدا خەلقىم بىلەن، قەھقەھ سېلىپ ئاجايىپ خۇش كۈلۈپ كەتتىم. يېڭى ھايات قايىنىمغا چۆمۈپ كەتتىم، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشكەندە بەختىم بىلەن.

**قەھقەھ ئۇرماق** ← **قاقاھلىماق**: ۋىسال بەزمىسىدە كۈيلەپ توقۇپ سانسىز غەزەلخان قۇش، ئۇرۇپ قەھقەھ گۈلىستان ئىچرە قىلدى يۈز ناۋا پەيدا. * ئۇلتۇراتتى قىرغىقىدا ئورغاق بىلەن بىر يىگىت، كەلدى ئاستا خۇشال بىر قىز، سەندىن ئېلىپ چاچتى سۇ. كۆز سالغاندا خۇش خۇي يىگىت، بەختىيار قىز ئېچىلىپ، ئارىسىغا بۇرۇلدى-دە، قەھقەھ ئۇرۇپ قاچتى ئۇ.

**قەھۋە** ئى [ئە] ① <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، تۇخۇم شەكلىدە، ئالدىنقى ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ. گۈلى ئاق بولۇپ خۇش بۇي پۇرايدۇ. شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى توق قىزىل بولىدۇ. ئىچىدە ئىككى دانە ئۇرۇقى بولۇپ، ئۇنى قورۇش ئارقىلىق قەھۋە ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئىچىملىك قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ روھلاندۇرۇش، ئاشقازاننى كۈچەيتىش رولى بار. كۆپىنچە تروپىك ۋە سۇبتروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن تالقان. ③ شۇ خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقىنىڭ تالقىنىدىن تەييارلانغان ئىچىملىك.

**قەھۋەخانا** ئى [ئە+پ] مەخسۇس قەھۋە دەملەپ سېتىش تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن، كوفېيخانا: دۇكانلار، قەھۋەخانىلار، تىياترخانىلار ئادەمگە لىق

تولغان، ھەر ياقتىن يېڭى پەيدا بولغان «كەچۈرەرسىز» دېگەن سۆز ئاڭلىناتتى.

**قەۋەت** ① ئى. قات-قات ياكى قاتلام-قاتلام نەرسىلەرنىڭ ھەربىر قېتى، قاتلىمى ۋە ئۇلارنىڭ ئارىسى: يەرنىڭ قەۋىتى. كۆرپىنىڭ قەۋىتى. ② مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، قات-قات نەرسىلەرنىڭ قاتلاملىق دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قەۋەت تون. ئىككى قەۋەت كۆڭلەك. يەتتە قەۋەت ئاسمان. * قىش پەسلى يېتىپ كەلدى. يەرنى بىر قەۋەت ئاپئاق قار قاپلىدى. * لاپچۇقنىڭ ئەتراپىغا سوقۇلغان توققۇز قەۋەت سېپىلنىڭ خارابىلىرىدىنلا بۇ يەرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا كونا شەھەر ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. ③ ئى. قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئوخشاش ئېگىزلىكتىكى ئۆيلىرى: بىنانىڭ 6-قەۋىتى. * ئۇلار ماگىزىننىڭ ئىككىنچى قەۋىتىگە چىقتى. ④ تەكچە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستمۇئۈست جايلاشقان ھەربىر پەللىسى: كىتاب جازىسىنىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى. * جىمما ئېگىشىپ ئىشكاپنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىدىن پىچىنە ئېلىشقا باشلىدى. ⑤ ئى <كېئول> قاتلام: قەۋەت يۈزى. ⑥ ئى. يىپ، سىم ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: رىشت ئۈستا سالىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆتۈپ، نەچچە قەۋەت سىم بىلەن ئىككى ئۇچىدىن باغلانغان ياغاچنىڭ چېتىقىنى يەشتى. ⑦ رەۋ. كۆچمە. ھەددىدىن ئارتۇق، ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن: — جېنىم دوستۇم، بۇ قېتىم مەندىن رەنجىمىگىن، مەن قەۋەت ئالدىرايمەن، — دېدى ئۇ ماڭا يېلىنىپ. * بۇرۇنلاردا ئايخان مومايىنى «ھېكايىچى ئايخان» دەپمۇ ئاتايتتى. ئۇ ھېكايە ئېيتىشقا قەۋەت ئۇستا ئىدى.

**قەۋەت ئېگىزلىكى** <بىن> بىنالارنىڭ ھەربىر قەۋىتىنىڭ ئېگىزلىكى، يەنى ئاستىنقى قەۋەتنىڭ تورۇسىدىن ئۈستۈنكى قەۋەتنىڭ تورۇسىغىچە بولغان ئارىلىق.

**قەۋەت يۈزى** <كېئول> ← **قاتلام يۈزى.**

**قەۋەتسىمان** سۈپ. قەۋەت ھالىتىدىكى، قەۋەت شەكىللىك: قەۋەتسىمان تۈزۈلمە.

**قەۋەت-قەۋەت** بىرقانچە قەۋەت، نۇرغۇن قەۋەت: بۇ يايلاقنىڭ ئەتراپى قەۋەت-قەۋەت ئېگىز تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ، قويىنى بەكمۇ ئىللىق ئىكەن، باھار ۋە يازلا بولىدىكەن، قىش بولمايدىكەن. * سايىم مېيىقىدا كۈلدى: — باشلىق، مېنى جازالاشقا ئاجىزلىق قىلسىز، ئېيتىڭا، ئۆيىڭىزدىكى قەۋەت-قەۋەت گىلەملەر، ئەينەكلىك جاۋەنلەر، ئۈچ ساندۇقتىكى كىيىم-كېچەك، مارجانلار قەيەردىن كەلگەن؟

**قەۋەتلەپ** رەۋ. نەچچە قەۋەت، ھەسسىلەپ: قەلەمدەك قاشلىرى گۈزەللىكىگە، تۈرىدۇ گۈزەللىك قوشۇپ قەۋەتلەپ. جىنەستە رەڭگىدە تاۋلىنار لېۋى، ۋە قاتار چىشلىرى خۇددى ئاق سەدەپ.

**قەۋەتلەتمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قەۋەتلەشمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قەۋەتلەنمەك** «قەۋەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قەۋەتلىك** سۈپ. قەۋىتى بار، قەۋەتلەنگەن: قەۋەتلىك بىنا. قەۋەتلىك ئۆي. * لۈتپۇللا چوڭ يول بىلەن خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، تاشلەپكە كوچىسىدىكى ئىككى قەۋەتلىك تاتار باشلانغۇچ مەكتىپىگە كەلدى. * يوغان سۆلەتلىك قىزىل قوۋۇقنىڭ ئۈستىدىكى ئۈچ قەۋەتلىك راۋاقتا نەيزىلىك قاراۋۇللار كۆرۈنەتتى.

**قەۋەتلىك ئۆي** <بن> ئىككى قەۋەت ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى بولغان ئۆيلەر.

**قەۋەتلىمەك** پ. ئۇستىمۇئۇست، قاتلاممۇقاتلام قەۋەتمۇقەۋەت قىلماق، شۇنداق ھالغا كەلتۈرمەك: يوتقاننى قەۋەتلەپ يىغماق. * ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە دېھقانلارغا قەۋەتلەپ ئېلىنىدىغان دىنىي سېلىقلارنى سالماسلىق.

**قەۋەتلىنىش** ① «قەۋەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <گېئول> جىنسلارنىڭ تىك يۆنىلىشنى بويلاپ ئۆزگىرىپ، قەۋەتسىمان تۈزۈلمىنى ھاسىل قىلىش جەريانى.

**قەۋزىيەت** ئى [ئە] <تىب> تەرەت قۇرغاقلىشىپ، چوڭ تەرەت قىلىش قىيىنلىشىش ياكى قېتىم سانى ئازىيىشتىن ئىبارەت كېسەل ئالامىتى. تولىراق تەرەت قىستىغاندىلا تەرەتكە چىقماي ئادەتلىنىش، تەرەت چىقىرىدىغان مۇسكۇل ئاجىزلىشىش، سوڭ ئەتراپىدا بۇۋاسىر پەيدا بولۇش، سوڭ يېرىلىش، سوڭ ئەتراپى يىرىڭلىق ئىششىش قاتارلىق كېسەللىكلەردە ۋە ئۈچەينىڭ لۆمۈلدەش ھەرىكىتى سۇسلىشىش، ئۈچەي قىسقىرىۋېلىش، ئۈچەي توسۇلۇش، جىسمانىي ھەرىكەتلەر بىلەن ئاز شۇغۇللىنىشلاردىن بولىدۇ.

**قەۋس** ئى [ئە] <ئاستر> ← **قەۋس بۇرجى.**

**قەۋس بۇرجى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 بۇرجنىڭ تۇققۇزىنچىسى. بەلگىسى ♐ . ئاسترونومىيىلىك ئۇزۇنلۇقى °240 تىن °270 قىچە. ئەسلىي ئورنى .قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمىدە بولۇپ، يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەقرەب يۇلتۇز تۈركۈمىگە يۆتكەلگەن. ھەر يىلى 11-ئاينىڭ 22-كۈنىنىڭ ئالدى-كەينىدە قۇياش بۇ بۇرجقا كېلىدۇ. بۇ ۋاقىتتىكى مەۋسۇم سېرىق قار بولىدۇ.

**قەۋس يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكلىپتىكىدىكى 12 يۇلتۇز تۈركۈمىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 19 سائەت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى -°28، يەنى يىلانچى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىگە، جەدى يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ غەربىگە توغرا كېلىدۇ.

**قەي** ئى [ئە] كۆڭۈل ئېلىشىش ياكى ھەزىم قىلىشنىڭ ناچارلىششى تۈپەيلىدىن يېگەن-ئىچكەننى ياندۇرۇش، قوسۇش: قەي قىلماق. ئاشقازاندا بۇزۇلغان تاماق قەي ئارقىلىق ياكى ئىچ سۈرۈش ئارقىلىق چىقىپ كەتمىسە، تاماقتىن زەھەرلىنىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**قەي قىلماق** كۆڭۈل ئېلىشىش ياكى ھەزىم قىلىشنىڭ بۇزۇلۇشى تۈپەيلىدىن قۇسماق؛ ياندۇرماق: ئۇنىڭ مەيدىسى ئۆرۈلگەندەك بولدى-دە، دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئازراق قەي قىلىۋەتتى. *.ئەجدىھا باياۋاننىڭ بىر چېتىگە بېرىپ ھاتەمنى قەي قىلىپ تاشلىدى.

**قەي قىلىش** <تىب> ← **قۇسۇش.**

**قەيەر** ئال [قايسى+يەر] قايسى. يەر؛ قايسى ئورۇن، قايسى جاي: باش قەيەردە بولسا، پۇت شۇ يەردە (ماقال). * كىمنىڭ قەيىرى ئاغرىسا، شۇ يەرنى سۆزلەيدۇ (ماقال). * مۇنداق ئىسسىقتا ئۆيۈڭدە ئولتۇرماي قەيەرگە كېتىپ بارىسەن؟

**قەيەرلىك** ئال. يۇرتى قەيەر، قايسى يۇرتلۇق: قەيەرلىكسەن، نەدىن كەلدىڭ؟ ئېتىڭنى سۆزلە. تېگى-تەكتىڭ، ئەجدادىڭ، زاتىڭنى سۆزلە.

**قەيت** ئى [ئە] يېزت ← **قەيت قىلماق.**

**قەيت قىلماق** ① تەكىتلىمەك، تەكىت-

لەپ ئۆتمەك: بايا قەيت قىلغىنىمىزدەك، ئىككي ئادەم ئېگىزلىكىگە باراۋەر كېلىدىغان سېپىل بىلەن قورشالغان قەسىر ئىچمۇ ئۆزگىچە بىر دۇنيا. ② يازماق، يېزىپ قويماق: ئەدىب ئۆز ئەسىرىدە دۆلەتنىڭ ۋەزىر-ۋۇزرالىرىدىن تارتىپ ئاددىي خادىم-لىرىغىچە ھەممىسىنىڭ ئەقىل-پاراسەت، بىلىم ۋە ئەخلاق ئىگىسى بولۇشى زۆرۈرلۈكىنى ئالاھىدە قەيت قىلىدۇ.

**قەيسەر** [ئە<لات] ① ئى. بۇرۇنقى رىم پادىشاھى، ئومۇمەن پادىشاھ. ② سۈپ. باتۇر، ئىرادىلىك، جەسۇر، قەھرىمان، بىر ئىشنى تولۇق ئىشلەپ كېتەلەيدىغان: قەيسەر كىشىلا كەمتەر بولىدۇ. * ئۇ بىر قەيسەر ئادەم، ئۇنى ياخشى كۆرمەسلىكىم مۇمكىن ئەمەس. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قەيسەرانە** رەۋ [ئە+پ] قەيسەرلىك بىلەن، قەيسەرلەرگە خاس ھالدا، قەيسەر ھالەتتە: ئاياللار باتۇرلۇق بىلەن ئىسلاھات دولقۇنىغا ئاتلىنىپ، قەيسەرانە ئىشلىشىپ، ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشى لازىم. * ئۇ ئىشچان، باتۇر، ئۈمىدۋار ئۇيغۇر خەلقىنىڭ يېشىل ئابىدىسىدەك، چۆل-جەزىرىلەردە قەيسەرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ.

**قەيسەرلەشتۈرمەك** «قەيسەرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادىل قىزنىڭ سۆزلىرىنى بىرمۇبىر ئويلايتتى، ئويلىغانسېرى بۇ سۆزلەر ئۇنى شۇنچە قەيسەرلەشتۈرۈپ بارماقتا ئىدى.

**قەيسەرلەشمەك** پ. قەيسەر ھالەتكە كەلمەك، قەيسەر بولماق، باتۇرلاشماق: ھېلىم قۇلاقكەستى مىنى باغلاپ ئېلىپ كەتكەندىن كېيىن، تاغام ئاچچىقىدا تېخىمۇ قەيسەرلىشىپ كېتىپتۇ.

**قەيسەرلىك** ئى. باتۇرلۇق، جاسارەت: ئېيتقىنا، گۈلدەستە قانداق ياخشى-ھە! جەڭ مەيدانلىرىدا بىلىنى چىڭ باغلاپ، قەيسەرلىك بىلەن ئۇرۇش قىلغانلىقىنى كۆردۈڭمۇ؟!

**قوبۇز** ئى <مۇز> قىرغىزلارنىڭ بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. دەستىسى قىسقا بولۇپ، پەدىسى بولمايدۇ. ئادەتتە قول بىلەن ئۇرۇپ چېلىنىدۇ.

**قوبۇل** ئى [ئە] رازىلىق، ماقۇللاش: قوبۇل كۆرمەك.

**قوبۇل ئەتمەك** ← **قوبۇل قىلماق**: گەپنى قوبۇل ئېتەمسىز، بىز تەرەپكە كېتەمسىز؟

**قوبۇل بولماق** دۇئا، ئارزۇ، تىلەك قاتارلىقلار ئىجابەت بولماق، ماقۇل كۆرۈلمەك: دۇئاسى قوبۇل بولماق. تىلىكى قوبۇل بولماق.

**قوبۇل قىلغۇچى تەنچە** <بىئول> تەسىر كۆرسەتكۈچى ئورگانلار ھۈجەيرە پەردى-سىنىڭ بەزى ئالاھىدە قىسىملىرى. ئۇ ئاقسىل ماددىسى بولۇشىمۇ ياكى بىر پۈتۈن ئېنزىملار سىستېمىسى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**قوبۇل قىلماق** ① تەكلىپ، ئىلتىماس، تەنقىد ۋە شۇ قاتارلىقلارغا رازى بولماق، كۆنمەك، قوشۇلماق؛ ماقۇل كۆرمەك، توغرا تاپماق: تەكلىپنى قوبۇل قىلماق. ئۆزرىنى قوبۇل قىلماق. مەسلىھەتنى قوبۇل قىلماق. * يىگىت «خوپ» دەپ قىزنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ بۇ شەرتنى قويۇپتۇ. قىز: — بۇ شەرت ھېچ گەپ ئەمەس، بۇنىڭدىن ئېغىر شەرت بولسىمۇ قوبۇل قىلىمەن، — دەپتۇ. * مەن پەقەت ئۆتكەن يىلى 4-ئايغا كەلگەندىلا «ۋاقىت» گېزىتخانىسىنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ رومانىنى يېزىشقا كىرىش-تىم. ② بىرەر ئىش، سەپ، ئوقۇش، ئەزالىق ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئالماق، ئۆتكۈزمەك، كىرگۈزمەك: پارتىيە ئەزالىقىغا قوبۇل قىلماق. ئەسكەرلىككە قوبۇل قىلماق.

ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلماق. چەتتىن سۆز قوبۇل قىلماق. * رىزۋانگۇل ياقۇپمۇ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ تارىخ فاكۇلتېتىغا قوبۇل قىلىنىپتۇ. * ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك قاتلاملىرىغا يېڭى، جانلىق كۈچلەرنى ۋە ئەقىل-پاراسەت ئىگىلىرىنى داۋاملىق قوبۇل قىلىپ، ئۆزىنىڭ جۇشقۇن ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش لازىم. ③ قارشى ئالماق، كۆرۈشمەك: ماجۇگېيىڭ ۋەكىللەرنى ئۆزىنىڭ ياتىقىدا قوبۇل قىلدى. ④ كۆرمەك، داۋالىماق: كېسەل قوبۇل قىلماق. ⑤ تاپشۇرۇۋالماق، ئۈتكۈزۈۋالماق: بۇيرۇق قوبۇل قىلماق. ۋەزىپە قوبۇل قىلماق. ئەرز قوبۇل قىلماق. ماقالە قوبۇل قىلماق. سوۋغا قوبۇل قىلماق. ⑥ ئىلىك ئالماق: ئىككى ياش بوۋايغا تەڭلا سالام بېرىدۇ، بوۋاي كۆز ئىشارىتى بىلەن سالامنى قوبۇل قىلىدۇ. ⑦ ماقۇللىماق، تەستىقلىماق: يىغىندا بىز 3-كەنتنىڭ ئەھۋالىنى مۇزاكىرە قىلدۇق، بىرنەچچە قارار قوبۇل قىلدۇق. ⑧ ئىبرەت ئالماق، يەكۈنلىمەك، مۇئەييەنلەشتۈرمەك: تەجرىبە ساۋاقلارنى قوبۇل قىلماق. ⑨ <بىئول> جانلىق ئورگانىزملار توقۇلما سىرتىدىكى ماددىلارنى توقۇلما ئىچىگە ئېلىپ كىرمەك، ئۆزلەشتۈرمەك: قوبۇل قىلغۇچى تەنچە. ⑩ <فىز> رادىئو دولقۇنلىرىنى ئۆزىگە ئالماق، تۇتماق: قىسقا دولقۇننى قوبۇل قىلماق. قوبۇل قىلغۇچى ئاپپارات. ⑪ كالىلىسىدىن، ئىدىيىسىدىن ئۆتكۈزمەك: بوۋاي تۇيۇقسىز بېسىپ كەلگەن بۇ ئالامەتنى قوبۇل قىلالماي، كۆيدۈرۈلۈۋاتقان «ئائىلە يادىكارلىقلىرى»غا ئۆزىنى ئېتىپ، شۇ يەردىلا ھوشىدىن كەتتى. * سىنىپىي كۆرەش تەلىماتىنى ماركس ئەمەس، بەلكى ماركستىن بۇرۇن بۇرژۇئازىيە ياراتقانلىقى ئۈچۈن، ئومۇمەن ئېيتقاندا بۇرژۇئازىيە قوبۇل قىلالايدۇ.

**قوبۇل قىلىنغان سۆز** <تىل> ← **چەتتىن كىرگەن سۆز.**

**قوبۇل كۆرمەك** بىرەر ئىش، مەسلىھەت، شەرت، ئارزۇ-تەلەپ ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ماقۇل بولماق، رازىلىق بەرمەك، كۆنمەك، قوشۇلماق؛ خالىماق؛ توغرا تاپماق: ئۇلار بىرئاز پاراڭلاشقاندىن كېيىن، بۇ مەسلىھەتنى قوبۇل كۆردى. * پەرھات: — رەھمەت قەدىردان دوستلار! قوبۇل كۆرسەڭلار بۇ جاپا تېغىدا بىللە ئۆتەيلى، ئەگەر رەھىم قىلسا پەلەك بىزنىڭ ئەلگە بىللە كېتەيلى، — دېدى.

**قوبۇلخانا** ئى [ئە+پ] مېھمانلار، ئىش بىلەن كەلگۈچىلەر نۆۋەت كۈتۈپ ئولتۇرۇپ تۇرىدىغان ياكى ئىش بىلەن كەلگەن كىشىلەرنى قوبۇل قىلىپ ئۇلار بىلەن ئەھۋاللىشىدىغان ئۆي، خانا: سەينانىڭ غەرب تەرىپىدە شامەخسۇتنىڭ پۈتۈن خەزىنىلىرى، ئۆزىگە خاس ھۇجرىسى، قوبۇلخانا ۋە ھەرەمخانىسى جايلاشقان ھەيۋەتلىك ئوردا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

**قوبۇللاتماق** «قوبۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوبۇللانماق** «قوبۇللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ تولۇق ئوتتۇرىنى ئەلا دەرىجىدە تاماملاپ، «1-ئاۋغۇست» يېزا ئىگىلىك شۆيۈەنىگە ھېچقانداق توسالغۇسىز قوبۇللاندى.

**قوبۇللىماق** پ. قوبۇل قىلماق: ئۇلار دەسلەپكى مەلۇم بىرمەزگىلدە بۇ مەكتەپكە مەجبۇرىي ئوقۇغۇچى قوبۇللاپ يۈرۈشتى.

**قوپارغۇ** (توغرىسى: قوپۇرغۇ) ← **قوپۇرغۇ.**

**قوپارماق** (توغرىسى: قوپۇرماق) ← **قوپۇزماق.**

**قوپال** ① سۈپ. گەپ-سۆز، ھەرىكەتلىرى مۇلايىم، سىلىق ئەمەس؛ كىشىگە قاتتىق تېگىدىغان، ئىشنى قاملاشتۇرالمايدىغان

(ئادەملەر ھەققىدە): سونۇر ئۆزگەردى، ئۇ ھازىر بۇرۇنقى قوپال، خىيالچان سونۇر ئەمەس. ئۇ ھازىر خۇش چاقچاق، ناخشچى، گەپچى. * ئۇ مۇشۇ ھۆسنى بىلەن كۆرۈمسىز، بىلىمسىز، ئەڭ يامىنى مۇھەببەتسىز، ئالتە بالا ۋە كېلىن، نەۋرىلىرى بار قوپال دېھقانغا ئايال بولدۇ. ② سۈپ. يېقىمسىز، سوغۇق، تولۇق، ئاچچىق (گەپ-سۆز، ئاۋاز ھەققىدە): قوپال گەپ. قوپال سۆز. قوپال جاۋاب. * ئۇنىڭ ئاۋازى مۇلايىم ۋە مۇڭلۇق بولۇپ، بايىقى سۆزلەرنى دېگەن چاغدىكى قوپال تەلەپپۇزىغا ئوخشىمايتتى. * ياق دېمە، شۇنداق بولۇشمۇ مۇمكىن!... ھاشىر يەنە قوپال گەپ قىلدى. ③ سۈپ. سىلىق ئەمەس، سەت، كۆرۈمسىز؛ شەكلى، كۆرۈنۈشى ناچار، ئوڭغۇل-دوڭغۇل (ھەر خىل نەرسىلەر ھەققىدە): ئۇ يار-يار ھارۋىنىڭ ئېگىز ۋە قوپال چاقىغا ئۇرۇلۇپ كەتكىلى تاسلا قالدى. * مېنىڭ ئالىقىنىمدىكى بۇ قول — كۆچلۈك، لېكىن قوپال، تارىشىدەك قاتقان، تېرىلىرى بېلىق قاسىرىقىدەك يېرىلىپ كەتكەن قول ئىدى. ④ رەۋ. سەت، كۆرۈمسىز؛ رەتلىك، چىرايلىق ئەمەس: يېپمۇ قوپال ئورالغانىدى. * ئاقساقال قوپال تىكىلگەن ئۆتۈكنىڭ توپىسىنى پەگاھتىكى ئەۋرەزنىڭ قىرىغا قېقىپ، ئانچە تەكەللۇپ قىلمايلا گىلەمنىڭ ئۈستىدە چازا قۇرۇپ ئولتۇردى.

**قوپال تەگمەك** قاتتىق، قوپال گەپ قىلماق، سوغۇق، قوپال مۇئامىلىدە بول-ماق: مەن بەك خىجىل بولۇپ كېتىۋاتىمەن، بابا لاي ئېيتىۋاتسام، ئۇ قېشىمغا كەلگەنكەن، تونۇمىغاچقا قوپال تېگىپتىمەن. * ئۇ باغۋەننىڭ بۇ قارا نىيەتكە ناھايىتى قوپال تېگىپ، قەدەمدە بىر دۆشكەلەپ بارغانلىقىنى كۆردى.

**قوپال گەپ** قاتتىق، يېقىمسىز، سوغۇق، ئاچچىق گەپ؛ سەت گەپ: ئىككىنچىلەپ ماڭا مۇنداق قوپال گەپلەرنى قىلىدىغان بولساڭ، مەن يۈزۈڭگە قارىمايمەن. * ئۇ ئېرىنىڭ قوپال گەپلىرىگىمۇ كۆنۈپ قالغانىدى.

**قوپاللاشتۇرماق** «قوپاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوپاللاشماق** پ. قوپال ھالەتكە كەلمەك، قوپال بولماق: تاماقنى كۆپ يەيدىغان ئادەم ھۇرۇن ۋە ئەقىلسىز بولىدۇ، كۆپىنچە ھاللاردا سەمرىپ تېنى قوپاللىشىدۇ. * — ئۇنىڭدىن ئەنسىرىمەڭ، لايىغا پېتىپ قالغۇدەك بولسام، تارتىۋالىدىغانلار چىقىپ قالار، — ئۇنىڭ سۆزى بارغانسېرى قوپاللاشقىلى تۇردى.

**قوپاللىق** «قوپال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بولدى، بولدى ئەپەندىم، — دېدى ھاجى ئۇنىڭ سۆزىنى قوپاللىق بىلەن بۆلۈپ، — بەرمەسىنىڭ ئىشى پىشماس، باھانە دېگەن جىق گەپ. * — قوپاللىقىڭنى قارا، — دېدى ئۇ قولىنى يۇيۇۋېتىپ.

**قوپاللىق قىلماق** قوپال مۇئامىلە، قوپال قىلىق-ھەرىكەت قىلماق: — بابا قوپاللىق قىلىپ بىھۆرمەتلىك قىلىپتىمەن، ئەيىبكە بۇيرۇماڭ، — دېدى ئۇ ئۆزرىخاھلىق ئېيتىپ.

**قوپتۇرماق** «قوپماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار مىڭبىر جاپادا يېتىۋالغان قېرى تۆگىنى قوپتۇرۇپ، ھارۋىسىغا بېسىپ، يەنە يولىغا راۋان بولۇپتۇ. * — ھە، ئۇ چاغدا يەنە بىر يىغلىق قوپتۇرىمىز دېسىلە، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ — دەپ كۈلدى مەخسۇت مۇھتى ھاجىنىڭ گېپىنى بۆلۈپ.

**قوپتۇرۇشماق** «قوپتۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كاتەكتە يېتىۋالغان قويلارنى قوپتۇرۇشتى-دە، ياش، سېمىزلىرىنى بىر تەرەپكە ئايرىشقا باشلىدى.

**قوپتۇرۇلماق** «قوپتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوپماق** پ ① ياتقان ياكى ئولتۇرغان ئورنىدىن تۇرماق، ئۆرە هالەتكە كەلمەك، تىك بولماق: هەر كۈنى سەهەر قوپۇپ قوشناڭغا باق (ماقال). * قاپ قوپۇپ تاغازنى يۆلەپتۇ، ئاغرىق قوپۇپ ساقنى (ماقال). * ئۇنىڭغا خۇددى كۆپچىلىك كۆڭلىدىكىنى بىلىۋالدىغاندەك، هازىرلا بىرى قوپۇپ ئۇنى پاش قىلىۋېتىدىغاندەك بىر خىل ۋەهىمە ئولاشقانىدى. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك، مەيدانغا كەل- مەك: يېغى ياندىن قوپار، بالا قېرىنداشتىن (ماقال). * «تۇرپان يېغىلىقى» دا ئاققان قانلار تېخى قۇرۇماي تۇرۇپلا، يەنە بىر يېغىلىق قوپتى. ③ كۆچمە. بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن تەييارلانماق ياكى كىرىش- مەك، هەرىكەتلەنمەك: ئايال: — مەن تاماققا قوپاي، سىلەر ئىككىڭلار بىردەم ئازادە پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇڭلار، — دېدى-دە، سىرتقا قاراپ ماڭدى. * — نان يېقىشقا قوپۇپلا-دە، — دېدى نىجات چىقىپ كېتىۋېتىپ. ④ كۆچمە. سالامەتلىكى ياخشىلانماق، ئوڭلانماق، تۈزەلمەك: — رازىيە قوپۇپ قالغاندۇر، — دېدى ئۇ شازادە ئاچا بىلەن ئەهۋاللىشىۋېتىپ.

**قوپۇرغۇ** ئى. ئېغىر نەرسىنىڭ ئاستىغا تىقىپ ئۇنى قوزغاش ياكى كۆتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان توم كالتەك، پىشاڭ: تۈز يالىغان ئىت قوپۇرغۇ ئاستىدا ئۆلەر (ماقال).

**قوپۇرغۇ سالماق** ① قوپۇرغىنى بىرەر ئېغىر نەرسىنىڭ ئاستىغا تىقماق. ② كۆچمە. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىگە سۆز قوشۇپ ئۇنىڭ سۆزىنى تېخىمۇ كۆپەيتىپ ئەزۋەيلىشىگە، ئاچچىقىنىڭ ئۆرلىشىگە تۈرتكە بولماق: ئۇ نادىرخان بايۋەچچىنىڭ ئاستىغا قوپۇرغۇ سېلىپ، كۆڭلىگە كۈندەشلىك ئوتىنى يېقىش ئارقىلىقلا سىيىت هاجىدىن ئۆچ ئالماقچى ئىدى.

**قوپۇرماق** ① «قوپماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئۆكۈزنى يۆلەپ قوپۇرۇپ، ياسىن كەتكەن تەرەپكە قاراپ يېتىلەپ ماڭدى. * بۇ شۇم خەۋەرنى ئاڭلىغان ئانا يىقىلىپ چۈشتى، كۆپچىلىك ئانىنى يۆلەشتۈرۈپ قوپۇردى. ② بىنا قىلماق، سالماق، ياسىماق، ئۆرە قىلماق، تۇرغۇزماق (تام هەققىدە): ئۇلار ئوتلاقنىڭ چۆرىسىگە تاش بىلەن تام قوپۇرۇپ، ئىچىگە بېدە چاچقانىدى.

**قوپۇرۇشماق** «قوپۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يەردە هوشسىز ياتقان بۇ يىگىتنىڭ يۈزلىرىگە سۇ پۈركۈپ، مىڭ جاپادا هوشىغا كەلتۈردى ۋە يۆلەپ قوپۇرۇشتى. * بىز بارغاندا ئۇلارنىڭ هەممىسى كۆل قىرىغا تام قوپۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

**قوپۇرۇلماق** «قوپۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئۇلار كۆلنى ياقىلاپ جىمجىت، خىلۋەت جايغا كېلىپ، قوپۇرۇلغان پاكارغىنا بىر تامنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى.

**قوپۇشماق** «قوپماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئورۇنلىرىدىن قوپۇشتى. * — تويغا قوپۇشۇپلا، مۇبارەك بولغاي، — دېيىشتى سەپەرئاخۇن بىلەن پاتەمخان جاۋابەن.

**قوتاز** ئى <زوئول> كالىنىڭ ئالاهىدە بىر خىل نەسلى. پۈتۈن تېنىدە ئۇزۇن كەلگەن توق قوڭۇر، قوڭۇر ياكى ئاق رەڭلىك تۈكلىرى بولىدۇ. پۈتى قىسقا، بېلى ئېگىلەڭگۈ كېلىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ تاغلىق رايونلىرى ۋە چىڭخەي-شىزاڭ ئېگىزلىكىدە ياشايدۇ: ئۇلار سومكىلار بىلەن ناسىلكىنى ماشىنىدىن ئېلىۋاتقاندا، ئات ۋە قوتازلارغا مىنىشكەن بىرقانچە كىشىلەر دۆڭدىن ئېشىپ چۈشۈپ كەلدى.

**قوتازچی** ئی ① قوتاز باقىدىغان ياكى قوتاز نەسلىنى يېتىشتۈرىدىغان كىشى: شۇنداق قىلىپ كۈن چۈشكە يېقىن قالغاندا ئۇلار ئاۋۇلغا يەتتى. ئاۋۇلدا ئىلگىرى-كېيىن بەش ئۆيلۈكلا كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسى يىلقىچىلار ۋە قوتازچىلار ئىدى. ② قوتاز بىلەن ئادەم ۋە يۈك توشۇپ كىراكەشلىك قىلغۇچى كىشى.

**قوتازچىلىق** «قوتازچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**قوتان** I ① ئى. قوي، كالا قاتارلىقلار سولىنىدىغان چوڭ ئېغىل، مالخانا: قويىنى قوتاندا سات، ئاشنى ئورىدا سات (ماقال). * قوتاننىڭ ئۈستى ئوچۇق بولۇپ، ئۈچكە بۆلۈنگەن. بىرىنچى بۆلىكىدە ئات، ئىككىنچى بۆلىكىدە ماي تامغۇدەك سەمرىگەن تاغىل ئىنەك ۋە ئۇنىڭ بىر ياشلىق موزىيى، ئۈچىنچى بۆلىكىدە بولسا بىرنەچچە قوي-ئۆچكە تۇراتتى. ② مق. ساناق سانلار بىلەن بىللە كېلىپ، مال پادىسىنىڭ شۇنچە قوتانغا سىغقۇدەك مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: شۇنىڭدىن بېرى باقى دادىسى باققان بىر قوتان قويىنى بېقىپ، ۋاڭنىڭ قويچىلىرى قاتارىغا كىردى.

**قوتان قىغى** ئات، كالا، چوشقا قاتارلىقلار-نىڭ تېزەك ۋە سۈيدۈكلىرىنى قوتان ئاستىغا يېيىتىلغان توپا ۋە ئوت-چۆپ قاتارلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، ئېچىتىش ئارقىلىق ياسالغان ئوغۇت.

**قوتان** II ئى <زوئول> بىر خىل يىرتقۇچ قۇش. پەيلىرى ئاق ياكى كۆك، بوينى ۋە تۇمشۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ.

**قوتانتۇمشۇق** ئى [قوتان+تۇمشۇق] <بوت> قوتانتۇمشۇق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئاجىز بولۇپ، يەرگە تەكشى يېيىلىپ ياكى سەل قىيپاش ھالەتتە ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى كىچىك ۋە كۆك قوڭۇر بولۇپ، يازدا ئېچىلىدۇ. مېۋىسى بەشكە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېبابەتتە دورا قىلىنىدۇ، مۇسكۇل ۋە ئۇستىخاننى كۈچلەندۈرۈش، رېماتىزمنى يوقىتىش، زەھەر كېسىش ۋە ئىسسىقنى قايتۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**قوتان-قوتان** بىرقانچە قوتان، نۇرغۇن قوتان؛ ناھايىتى كۆپ: ۋاڭ خوجامنىڭ تاغدىكى قوتان-قوتان قوي-كالىلىرىنى، يۈزلەپ ئاتلىرىنى تۈپتالاس قىلىپ بۇلاپ كەتتى.

**قوتانلاپ** رەۋ. قوتانغا تولغان، قوتان تولىدىغان؛ ناھايىتى جىق: باسمىچىلار كەلگەن پېتى باينى ئۆلتۈرۈپ، قوتانلاپ قوي، چارۋىلىرىنى ھەيدەپ كېتىشكەنىدى.

**قوتانلانماق** «قوتانلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: 16-17 كۈنلۈك ئاي ئاقۇچ بۇلۇتلار ئىچىدىن قوتانلىنىپ كۆرۈنەتتى.

**قوتانلىماق** پ. ئەتراپىدا بىر خىل چەمبەرەك ھاسىل بولماق، يۇمىلاق چەمبەر شەكىللىك دائىرە پەيدا بولماق (ئاي، كۈن ھەققىدە): ئاي قوتانلىسا ئايدا ياغار، كۈن قوتانلىسا كۈندە ياغار (ماقال). * بۇ يىل ئاينىڭ قوتانلىشى باشقىچىرەك تۇرىدۇ، يىل ئوبدان كەلمەيدۇ.

**قوتۇر** ① ئى <تىب> ئادەم ۋە ھايۋانلاردا بولىدىغان تارقىلىشچان تېرە كېسىلى، قىچىشقاق. ئۇنى قوتۇر كانىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە قولنىڭ ئالقان، بارماقلىرىدا، ساغرا، قورساق قاتارلىق ئورۇنلاردا پەيدا بولىدۇ. بۇنىڭدا قىسمەن ئورۇنلارغا ئۇششاق قاپارتقۇلار چىقىپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، ناھايىتى قاتتىق

قىچىشىدۇ. ② سۆپ. شۇ خىل كېسەلگە گىرىپتار بولغان: قوتۇر ئېشەك. قوتۇر ئىت. ③ سۆپ. كۆچمە. تەكشى، سىلىق ئەمەس؛ يېرىك، ئوڭغۇل-دوڭغۇل: قوتۇر ئامۇت. قوتۇر يۈز. * پايات قىلىشنىڭ ئېپى بارمۇ-يوق؟ بۇمۇ ئەپلەشمەيدۇ، چۈنكى، تاشقى تەرىپىنى پايات قىلماق ئوڭاي، ئەمما ئىچكى تەرىپىنچۇ؟ پايات سىلىق بولسىغۇ بىر گەپ، قوتۇر بولۇپ قالسا قانداق قىلسەن؟ * قارىسام، خوتۇنۇم لەۋلىرى دوردايغان، يۈزلىرى قۇم يېپىشىپ قالغان تاشتەك قوتۇر، چىراي-شەكلى سەت بىر قارا قۇلنىڭ يېنىغا كەلدى. ④ سۆپ. كۆچمە. يارىماس، ئەرزىمەس؛ يامان، ناچار: قوتۇر نەرسە. قوتۇر بىرنېمە. ئىچى قوتۇر.

**قوتۇر ئامۇت** <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى دۈگىلەك، پوستى يېرىك، توپا رەڭ، قوڭۇر چېكىت-لىك، تەمى چۈچۈمەلرەك، سۇلۇق بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قوتۇر سالجىسى** <زوئول> ← **قوتۇر كانىسى.**

**قوتۇر كانىسى** <زوئول> پارازىت قۇرت. تېنى كىچىك، ئېللىپس شەكىللىك ۋە تەكشى ياپىلاق، تېنىدە تۈكچىلەر ۋە تۆت جۈپ پۇتى بار. پۇتلىرىدا چاپلاشقۇچى قاداقچىسى بار، ئادەم تېرىسى ئاستىدا ياشايدۇ. قوتۇر پەيدا قىلىدۇ.

**قوتۇر كۆكچە** <بوت> قوغۇننىڭ بىر خىلى.

**قوتۇر** II سۆپ. دىئال. ئورۇق.

**قوتۇرلاشتۇرماق** «قوتۇرلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوتۇرلاشماق** پ. قوتۇر بولۇپ قالماق، قوتۇر ھالەتكە كەلمەك، قوتۇر پەيدا بولماق: ئۇنىڭ قوتۇرلىشىپ كەتكەن بىلەك-لىرىنى كۆرۈپ يۈرىكىم جىغىلداپ كەتتى.

**قوتۇرماچ** ئى. قازان نېنى: ئاخشام يېگەن قوتۇرماچنىڭ قۇۋۋىتى ھېلىمۇ كەتمەپتۇ.

**قوچقار** ئى. پىچىلمىغان ئەركەك قوي: مەن بارغاندا ئۇلار مەھەللە دوقمۇشىدا قوچقار سوقۇشتۇرۇشۇۋاتقانىكەن.

**قوچقار قويماق** ئەركەك قوزىنى پىچماي چوڭ قىلماق.

**قوچقارچى** ئى. قوچقار باقىدىغان ياكى قوچقار سوقۇشتۇرىدىغان كىشى: — ئەمەت قوچقارچىمۇ؟ — سورىدى بىرەيلەن دىلبەرنىڭ بىلىكىنى تارتىپ.

**قوچقىراق** ئى. ئىككى ياشقا تولمىغان قوچقار.

**قوچۇ** ئى <تارىخ> ← **قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى.**

**قوچۇ ئۇيغۇر خانلىقى** <تارىخ> ← **ئىدىقۇت ئۇيغۇر خانلىقى.**

**قوچۇتماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**قوچۇرا** ئى. دىئال. قارىغاي.

**قوچۇشماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوچۇلماق** «قوچۇماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — بۇنىڭ دورىسى ئاددىيلا، — دېدى جەننەت ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر پىرقىرىۋېتىپ، — نەزەرىيە ئوقۇپ كاللىڭىز قوچۇلسا، لىرىكا ئوقۇپ تۈزەيمىز.

**قوچۇماق** پ. ئارىلاشتۇرماق، مالتىلىماق؛ قالايمىقانلاشتۇرماق: ئۇ شۇ كەلگەن پېتى ئوقتىن يىقىلغان تۆگىچىنىڭ يۈرىكىگە قىلىچ تىقىپ قوچۇۋاتقان چېرىككە قاراپ ئېتىلدى. * نۇرغۇن كىشىنىڭ نېرۋىسىنى قوچۇۋەتكەن بۇ «جەڭ» ئاخىر جىمجىتلىق ئىچىدە ئاياغلاشتى.

**قوختا** ئى ① تۇرخۇننىڭ ئۆگزىنىڭ ئۈستىگە چىقىرىلغان قىسمى. ② <تار> بۇرۇنقى دەۋرلەردە كۆزىتىش ۋە مۇداپىئە ئۈچۈن سېپىللارنىڭ ئۈستىگە سېلىنىدىغان كىچىك ئۆي: سېپىلنىڭ سىرتقى يانتۇ تەرىپىنىڭ ئاستىغا ئىماتە تېمى سېلىنغان. ھەربىر قوختىنىڭ بۇرجەكلىرىدىن توپ ئېتىش ئۈچۈن كۇنگۈرە ئېچىلغان بولسىمۇ، لېكىن سېپىل ئۈستىگە قۇرۇپ قويۇلغان بىرەر توپنى كۆرمىدۇق.

**قوداڭشتماق** «قوداڭشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: توي ھەپتىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما قورساق كۆپۈكمىز تارقىماي تۇرۇپلا كېلىنىمىزنىڭ هارامزادىلىك قىلىشى مىجەزىمىزنى قوداڭشتىپ قويدى.

**قوداڭشماق** پ. ئۆزگەرمەك، تۇراقسىزلاشماق: چىرايىدىن كۈلۈمسىرەش ئۆكسۈمەيدىغان زەيتۇنەمنىڭ توساتتىن مىجەزى قوداڭشىپ، تىلىغا تىكەن ئۈندۈرۈۋالغىنىغا ھەيران بولغان قىزلار زەيتۇنەمنىڭ يېنىغا ئولىشىپ، ئۇنى ئەيىبلەشتى. * – سەھەردە كەيپە شامال تەگكەن ئوخشايدۇ، مىجەزىم قوداڭشۋاتىدۇ، – دېدى مەيۈس ئاۋازدا.

**قوداڭلاشماق** پ → **قوداڭشماق**: بىردەمدىلا ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ بۇنچە قوداڭلىشىپ كېتىشى مېنى ئەجەبلەندۈرۈپ قويۋاتاتتى.

**قوداي** ئى <زوئول> بىر خىل سۇ قۇشى. بوينى قىسقا، ئاغزى چوڭ، تۇمشۇقى ئۇزۇن، رەڭگى كۆكۈچ ئاق. گېلىدا پوقىقى بولىدۇ. ئاساسەن بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ: قودايمۇ قۇش، شۇڭقارمۇ قۇش ۋە لېكىن، ئوخشىمايدۇ تەبىئىتى، خىسلىتى. پەرقى كاتتا ئالتۇن بىلەن غازاڭدەك، بىردەك ئەمەس ھاياتىنىكى قىممىتى.

**قورال** ئى ① <ھەرب> ئادەم ئۆلتۈرۈش ۋە دۈشمەن تەرەپنىڭ ئۇرۇش قىلىش ئەسلىھەلىرىنى ۋەيران قىلىش ئۈچۈن بىۋاستە ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب ياكى مېخانىزم، قۇرۇلما قاتارلىقلار: ئېتىش قورالى. يان قورال. يادرو قوراللىرى. * ئالدىدىن يەنە ئىككى سەركەردە چىقىپ، ئىككىسى ئىككى خىل قورال بىلەن ئۇنىڭ ئالدىنى توستى. * دىلبەر چەگدى گالستۇك قەھرىمانلار بوينىغا. روشەن سۇندى گۈل دەستە، قورال تۇتقان قولىغا. ② بىرەر ئىشتا پايدىلىنىلىدىغان، ئۇنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق ئەسۋاب، قۇرۇلما، مېخانىزم، ماشىنا ۋە شۇ قاتارلىقلار: يېزىش قوراللىرى. ئوقۇتۇش قوراللىرى. قاتناش قوراللىرى. ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى. تەشۋىقات قورالى. ③ كۆچمە. بىرەر مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ھەرقانداق ۋاستە، دەستەك، ئامىل: تىل ئىنسانلارنىڭ ئالاقە قورالى. * سوتسىيالىستىك ئاساسىي قانۇن، جىنايى ئىشلار قانۇنى، ھەق تەلەپ دەۋا قانۇنى ۋە باشقا قانۇنلار پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى مۇستەھكەملەش ۋە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىكى قورال.

**قورال تاپشۇرۇش** <ھەرب> يېڭىلگەن دۈشمەننىڭ قورالىنى يەڭگۈچى تەرەپكە تاپشۇرۇشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قورال-ئەسلىھە** قورال ۋە ئەسلىھەلەر: رەخمىتۇللانىڭ چوڭ ئوغلى ئەسمىتۇللا باشچىلىقىدىكى قوزغىلاڭچىلار باشئاقما دېگەن جايدا قەشقەردىن تاغ يولى بىلەن كەلگەن خان لەشكەرلىرىگە توسۇپ زەربە بېرىپ، ئۇلارنىڭ پۈتۈن قورال-ئەسلىھەلىرىنى قولغا چۈشۈردى.

**قورال-جابدۇق** قورال ۋە جابدۇق؛ قورال ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇلار سەھەردىلا قورال-جابدۇقلىرىنى تەخ قىلىپ، سەپەرگە ئاتلىنىشتى.

**قورال-سايمان** قورال ۋە سايمان؛ قورال
ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇ چاغدىكى
دېھقان ئائىلىلىرى ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق نەرسى-
لەرنىڭ ھەممىسىنى — يېمەك-ئىچمەك،
قورال-سايمان ۋە كىيىم-كېچەكلەرنى ئومۇمەن
دېگۈدەك ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىراتتى.

**قورالسىز** سۈپ. قورالى يوق، قورالغا ئىگە
بولمىغان؛ قوراللانمىغان، قورال كۆتۈرمى-
گەن ياكى ئالمىغان: «بىلىپ قويدۇم،
بۇ زاھىد ئەمەس، بەلكى قورالسىز ئىسيانكار-
نىڭ بىرى ئىكەن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە،
// ئۇلار زاپاس پولكتىكى ئاددىي ئەسكەرلەر-
نى ئالدىنقى سەپكە خۇددى ئادەتتىكى
يولۇچىلاردەك تامامەن قورالسىز يولغا سالغانىدى.

**قورالسىزلاندۇرماق** «قورالسىزلانماق»
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سېيىت
ھاجى بازار بېگىنى بىر-ئىككى كەلىمە سۆز
بىلەنلا قورالسىزلاندۇرۇپ، ئۇنىڭ جىسمىدا
پەيدا بولغان ھەربىر كىچىك ئۆزگىرىشلەرنىمۇ
ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتەتتى.

**قورالسىزلاندۇرۇلماق** «قورالسىزلاندۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ قورال-
سىزلاندۇرۇلۇپ كورلىغا سۈرگۈن قىلىنغاندىن
باشلاپ تاكى ياقۇپ بەگ كورلىغا كەلگەنگە
قەدەر قاچقۇنلۇقتا ياشىغانىدى.

**قورالسىزلانماق** پ. قورالىدىن ئايرىلماق،
قورالىدىن مەھرۇم بولماق، قورالىنى
تاشلىماق: قوراللىرىنى تاشلاپ، قورالسىزلانغان
دۈشمەندىن ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىشنىڭ
زۆرۈرىيىتى يوق ئىدى.

**قوراللاندۇرماق** «قوراللانماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياقۇپ بەگ ئۆزىنىڭ
پىيادە ئەسكەرلىرىنى مىلتىق بىلەن، ئاتلىق
ئەسكەرلىرىنى كارابىن مىلتىق بىلەن، تۇغچان
ئەسكەرلىرىنى ئۇزۇن نەيزىلەر بىلەن، توپچى
قىسىملىرىنى قىلىچ بىلەن، ساقچى قىسىملىرىنى
مىلتىق بىلەن قورالسىزلاندۇرغانىكەن.

**قوراللاندۇرۇلماق** «قوراللاندۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بايدا يېڭىدىن
قوبۇل قىلىنغان 300 دىن كۆپرەك جەڭچىنىڭ
يېرىمىدىن كۆپرەكى قوراللاندۇرۇلۇپ بولۇنغانىدى.

**قوراللانماق** پ ① جەڭ، ئۇرۇش قىلىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۈرلۈك قوراللار
بىلەن تەمىنلەنمەك؛ قورالغا ئىگە
بولماق، ئېرىشمەك؛ قولغا قورال ئالماق:
دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىن چىمبۇلاق يېزىسىنىڭ
باشلىقى دانىيارنىڭ كالتەك-توقماق، نەيزە،
مىلتىقلار بىلەن قوراللانغان تاغلىق يىگىتلىرى
قورشاپ كېلىۋاتاتتى. ② تۈرلۈك ئەمگەك
قوراللىرى، جابدۇقلىرى بىلەن تەمىن
ئېتىلمەك، شۇلارغا ئىگە بولماق، ئېرىش-
مەك: چۈشتىن ئالىم ياردەمگە، كۈچ قوشۇلدى
غەيرەتكە، قوراللىنىپ تاش بىلەن، كەلدى
تېزدىن ھەرىكەتكە. ③ كۆچمە. بىرەر
مەقسەتكە يېتىش، ئۇنى ئەمەلگە
ئاشۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ۋاستىلەر-
گە ئىگە بولماق، ئۇلارنى بىلىۋالماق،
ئۆگەنمەك: ئۇنىڭ سۆزلىرى كۆپىنچە ئىلىم-
پەن توغرىسىدا ۋە ئىلىم-پەن بىلەن قوراللان-
غان يېڭى دېھقانلار — كەلگۈسىنىڭ خوجايىنلىرى
ئۈستىدە بولدى.

**قوراللىق** ① سۈپ. ئۇرۇش قوراللىرى بىلەن
تەمىنلەنگەن؛ قورال تۇتقان، ئاسقان،
كۆتۈرگەن؛ قوراللانغان: قوراللىق ئادەم.
قوراللىق كۈچ. قوراللىق خىزمەت ئەترىتى،
قوراللىق قوشۇن. * تۈرمە باشلىقى بىرقانچە
قوراللىق گۇندىپاينى باشلاپ كامېر ئىچىگە
كىرىپ كەلدى. * بۈگۈنكى جەڭدە دۈشمەن-
نىڭ قوراللىق 13 كىشىسى تىرىك ئەسىرگە
چۈشتى. ② سۈپ. قورال كۈچى بىلەن
ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ياكى ئاشۇرۇلىدى-
غان: قورالىق قوزغىلاڭ، قورالىق كۈرەش.

* بىزنىڭ نويابىر قوراللىق ئىنقىلابىمىز پارتلاپ، هازىرغىچە بار-يوقى بەش ئاي، بەش يېرىم ئايدەكلا ۋاقىت بولدى. ③ رەۋ. قورال ئىشلىتىپ، تۇتۇپ؛ قوراللانغان هالدا: ئۈچ كۈندىن كېيىن ئۇلار يەنە باش قوشۇپ، ئەگەر يامان پەيلىدىن يانمىسا، سامانىيلار هۆكۈمرانلىقىغا قارشى هەرىكەت قىلىش، كېرەك بولغاندا بىرلىشىپ قورالىق قارشى تۇرۇش توغرىسىدا تەپسىلىي سۆزلەشتى. * رىزۋانگۈل: — بىز دۈشمەنگە قارشى هەقىقەتەن غەزەپكە كەلدۇق، يولىمىزنى توسماڭلار! فرونتقا قورالىق بېرىشنى قەتئىي تەلەپ قىلىمىز، — دېدى.

**قورالىق خىزمەت ئەترىتى** <تارىخ> ياپون باسقۇنچىلىرىغا قارشى ئۇرۇش دەۋرىدە 8-ئارمىيە ۋە يېڭى 4-ئارمىيىنىڭ كوماندىر-جەڭچىلىرى، كومىسسارلىرى ۋە يەرلىك كادىرلاردىن تەشكىل قىلىنغان، ماهىر، تېتىك گۇرۇپپا. بۇ ئەترەت دۈشمەن قول ئاستىدىكى رايونلاردا دائىم گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولۇپ قورالىق كۈرەش ئېلىپ بارغان هەمدە تەشۋىقىي ۋە تەشكىلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن.

**قورالىق قوزغىلاڭ** <هەرب> قورال ئىشلىتىپ كۆتۈرۈلگەن قوزغىلاڭ: 1944-يىلىنىڭ ئاخىرىدا غۇلجىدىكى هەر مىللەت خەلقى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى هۆكۈمىتىنىڭ هۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش ئۈچۈن قورالىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

**قورالىق قوشۇن** <هەرب> مەلۇم سىياسىي مۇددىئا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قورالىق تەشكىلات، ئارمىيە.

**قورالىق كۈچ** <هەرب> دۆلەتنىڭ مۇنتىزىم ئارمىيىسى ۋە باشقا قورالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**قورالىق كۈرەش** <هەرب> قولىغا قورال ئالغان ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئەكسىيەتچىل هۆكۈمرانلىققا تەشكىللىك قارشى تۇرۇش هەرىكىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ ئىنقىلابىي كۈرەشنىڭ ئالىي شەكلىدۇر.

**قورال-ياراغ** قورال ۋە ياراغ، يەنى مىلتىق، زەمبىرەك، مىنا، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، ئوق-دورا ۋە بارلىق خىمىيىۋى قوراللار.

**قورال-ياراغ ئىسكىلاتى** <هەرب> قورال-ياراغلارنى ساقلايدىغان ئىسكىلات.

**قورام** ① سۈپ. يوغان، زور، چوڭ: قورام تاش. ② ئى <گېئول> دانىچىلار دىئامېترى 100 mm دىن زور بولغان تاغ جىنس ۋە مىنېرال پارچىلىرى.

**قورام تاش** زور، يوغان تاش: بۇ ئىز ئانچە ئۇزۇنغا بارمايلا چوڭ بىر قورام تاشنىڭ يېنىغا بېرىپ كۆزدىن يوقالدى. * ئاسىرى غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ كېلىپ، ئالىپنىڭ ياقىسىنى تارتىپ كۈچەپ سىلكىيدۇ. ئالىپ گويا مەزمۇت قورام تاشتەك تىك تۇرىدۇ.

**قوراماق** سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان، ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن يىغىلىپ پۈتۈنلۈكنى هاسىل قىلغان: مەكتەپ كۇتۇپخانىسىدىكى نەچچە يۈز يىللىق كونا، قوراماق قول يازمىلار ۋە چەت ئەللەردىن كىرگۈزۈلگەن كىتابلارنىڭ هەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋەتتى. * ئۇ كۆپىنچە ئۇزۇمسىمان، بۆرەكسىمان، يېلىنسىمان، كاللەك، توپسىمان قوراماق هالىتىدە بولىدۇ.

**قوراي** ئى. قۇرۇپ قالغان شاخ-شۇمبا، تۇرلۇك چاتقال ياكى نىسبەتەن يىرىكرەك ئوت-چۆپلەر: ئۇ سايە يەردە ئولتۇرۇپ قوراي بىلەن قۇمغا ئاللىنېمىلەرنى سىزىشقا باشلىدى. * نادەم ئاخىرقى بىر تۇتام قوراينى ئوچاققا سالدى-دە، ئوتنىڭ يورۇقىدا تېزلا

ئورۇن-كۆرپىسنى سېلىپ بېتىۋالدى. * ئۇ باغدا قوراي ئورۇۋاتقانىدى.

**قورايچى** ئى. قوراي ئورۇپ، يىغىپ، قوراي سېتىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كىشى: ئۇ كۈنى موماي قورايچى بوۋىينى ساقلاپ، بىرىم كېچىگىچە تاماقمۇ يېمەي ئولتۇرۇپتۇ.

**قورايدەك** سۈپ ① قورايغا ئوخشاش، قوراي كەبى: مارىخان يالغۇز ئوغلىنىڭ ئىچ ئاغرىقىدا يىغلاپ، قورايدەك قۇرۇپ كەتتى. ② كۆچمە. ناھايىتى ئورۇق، جۇدەڭگۈ؛ ماغدۇرسىز، جانسىز: چۆللەردە چاڭقاپ قورايدەك بولۇپ قالغان بۇ بىچارىلەر مۇقەددەس ئانا تاغنىڭ زەمزەم سۈيىدىن قانغۇدەك ئىچىشتى.

**قورايزار** ئى ← **قورايلىق**: ئۇ مىڭبىر جاپادا ھېلىقى قورايزاردىن ئۆتۈۋالدى — دە، ئالدى-ئارقىسىغا قارىماي ئۆيىگە قاراپ يۈگۈردى.

**قورايلىق** ① ئى. قوراي بىلەن قاپلانغان، قوراي كۆپ جاي: سەن دېگۈچە مەن دېۋالاي دەۋاتىسەن-ھە، قېرى؟ ھەر كۈنى سەھەر تۇرۇۋېلىپ پۈتۈن ئەسكى تاملىقلار، قورايلىقلار، باغلارنى ئالا قويماي تاسقاپ چىقىسەن. ھەر كۈنى كەم بولغاندا 200 تۇخۇم يىغىۋالىسەنغۇ دەيمەن؟ ② سۈپ. قوراي كۆپ، قوراي بىلەن قاپلانغان: قورايلىق يەر.

**قورچاق** I ① ئى. ئادەم ۋە باشقا نەرسىلەرگە ئوخشىتىپ ياسالغان بالىلار ئويۇنچۇقى: ياغاچ قورچاق. لاتا قورچاق. قورچاق ئوينىماق. * بەختى گەپ ئاڭلىماس بالىلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ قورچاقنى قولۇمدىن ئېلىپ، كاڭدا كىتاب ئوقۇۋاتقان ئاچىسى غۇنچەمنىڭ يېنىغا كەتتى. ② سۈپ. كۆچمە .باشقىلارنىڭ بۇيرۇقى، ئارزۇسى بويىچە ئىش قىلىدىغان، مۇستەقىل ئىش قىلالمايدىغان (كىشى، ئەمەلدار، ھۆكۈمەت قاتارلىقلار ھەققىدە) : قورچاق ھاكىم. قورچاق ئەسكەر. قورچاق ھاكىمىيەت. * گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرى نەنجىڭدا «مىللىي قۇرۇلتاي» دېگەن رەزىل ئويۇننى تۈگەتكەندىن كېيىن، جياڭ جېيشى ئۆزىنى پەردازلاپ تەختكە چىقىپ، قورچاق زۇڭتۇڭ بولدى.

**قورچاق فىلىم** <كىنو> گۈزەل سەنئەت فىلىمىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئۇ قورچاقلارنىڭ ھەر خىل ھەرىكەتلىرىنى كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق ئايرىم-ئايرىم سۈرەتكە ئېلىپ، ئاندىن قۇراشتۇرۇپ ئىشلىنىدۇ.

**قورچاق** II ئى <زوئول> . تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىدىغان ھاشارەتلەردىكى لىچىنكىدىن يېتىلگەن باسقۇچقا ئۆتۈشتىكى ئۆتكۈنچى شەكىل. لىچىنكا ئۆسۈپ مەلۇم مەزگىلگە كەلگەندە نەرسە يېمەيدۇ. ئىچكى قىسمىدىكى توقۇلما بىلەن سىرتقى شەكلىدە ئۆزگىرىش بولۇپ قورچاققا ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە جىگدە ئۇرۇقى شەكلىدە بولىدۇ. شارائىت يار بەرگەندە قورچاق ئاندىن يېتىلگەن تەنگە ئۆزگىرىدۇ.

**قورچاق** III ئى <بوت> قوناق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تۈۋىدىن شاخ ئايرىلاپ چىققان قىسمى.

**قورچاققول** ئى [قورچاق+قول] <بوت> تۈلكە مايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولى گۆشلۈك، تۆتتىن ئالتىگىچە شاخلانغان بولۇپ، خۇددى قول بارماقلىرىغا ئوخشايدۇ. يەر ئۈستى غولىدا تۆتتىن يەتتىگىچە يوپۇرماق بولىدۇ، يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى تۆمۈنسىمان، پاراللېل تومۇر يوپۇرماقىنىڭ تۈۋى غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ. گۈلى بېغىرەڭ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە، تۈگۈنەك غولى دورا بولىدۇ. بۆرەكنى قۇۋۋەتلەندۈ-

رۇش، مۇسبەتلىككە ياردەم بېرىش، قۇۋۋەت بېرىش، قاننى تەڭشەش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

**قورچاقلىق** سۈپ. قورچاق هالەتتىكى: قورچاقلىق دەۋرى.

**قورچاقلىق دەۋرى** <زوئول> تولۇق شەكىل ئۆزگەرتىدىغان ھاشارەتلەردە لىچىنكىدىن يېتىلگەن تەنگە ئۆتىدىغان ئارىلىق دەۋر.

**قورداق** ئى. گۆش بىلەن ياكى ياغ ياكى سەۋزە قاتارلىق سەيلەرنى بىللە قورۇپ، ئۈستىگە مۇۋاپىق سۇ قۇيۇپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. ئادەتتە نان بىلەن يېيىلىدۇ.

**قورساق** ئى ① <ئانات> گەۋدىنىڭ بىر قىسمى. ئادەملەرنىڭ قورسىقى كۆكرەك-نىڭ ئاستىدا، ھايۋانلارنىڭ قورسىقى كۆكرەكنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدۇ: قورساق ئاغرىماق. قورساق ئاچماق. ② قېرىن: قورساق ئالماق. قورساق سېتىۋالماق. ③ نەرسىلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تومپ، سېمىز قىسمى: قەلەمنىڭ قورسىقى. قورسىقى چوڭ بوتۇلكا.

**قورساق ئاغرىقى** ① قورساق ئاغرىش كېسىلى: ئۇنىڭ قورساق ئاغرىقى يەنە قوزغالدى. ② كۆچمە. قورقۇنچ، ئەنسىرەش، گۇناھ: ھازىر بۇ يەردىن كېتىپ قالسام قانداق بولار... ياق، ياق، ئۇنىڭ ئالدىدا قورسىقىمنىڭ ئاغرىقى بولمىغاندىن كېيىن، ئۇنىڭدىن قېچىپ نېمە قىلىمەن؟ ③ كۆچمە. خاپىلىق، ئاغرىنىش، نارازىلىق: — يەنە نېمە قورساق ئاغرىقىڭ بار، — دېدى بوۋاي ئاچچىقلاپ، — دېگىنىڭنى قىلىپ بەردىم، يەنە باتناپ يۈرگىنىڭ نېمىسى؟

**قورساق ئاغرىماق** ① بەدەننىڭ قور-ساق قىسمىدا ئاغرىق پەيدا بولماق، قورساق قىسمى ئاغرىماق: كېچىدىن بېرى ئۇنىڭ قورسىقى ئاغرىپ ئۇخلىيالماي چىقتى. ② كۆچمە. بىرەر ئىشقا قارىتا خالىماسلىق، نارازىلىق پوزىتسىيىسىدە بولماق؛ چىدى-ماسلىق، كۆزى قىيماسلىق: ئۇ ئېشىنغان پۇلغا ئېشكىگە يېگىنە بىر دانە ئۈچلۈك ئېلىشقىمۇ قورسىقى ئاغرىپ، كۇنجۇرە سېتىۋالدى.

**قورساق باقتى** پەقەت قورساق تويدۇرۇش، ئاچ قالماسلىق ئۈچۈنلا بىرەر يول بىلەن ھەرىكەت قىلىدىغان، قورسى-قى تويسىلا بولدى قىلىدىغان، ھۇرۇن كىشى: ئۇنىڭ ئۆندەككە كەلتۈرگەنلىرى ئاخشاملىرى زاسۇيپەزلەرنىڭ غالتىكى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرىدىغان قورساق باقتىلار بولۇپ، بەزىلىرى ھەتتا باقىغا ئاچا دېمەتلىك ئىگە-چاقىسىز كوچا ئاياللىرى ئىدى.

**قورساق باقتىلىق** پەقەت قورساق تويدۇرۇش، ئاچ قالماسلىق ئۈچۈنلا بىرەر ھەرىكەت قىلىش، قورسىقى تويسىلا بولدى قىلىش؛ ھۇرۇنلۇق: ۋاڭنىڭ مېھمان-خانىسىدا ئۇسسۇل ئويناپ ياكى پاراڭچىلىق قىلىپ كۈن ئۆتكۈزۈپ قورساق باقتىلىق قىلىدى-غان كاھىلارنىڭ ئەلۋەتتە يېڭىلىقلارنى ياراتقۇ-سى كېلەتتى. لېكىن ئۇلاردىن بىرەر يېڭىلىقنىڭ چىقىشى قىيىن ئىدى.

**قورساق باقتىلىق قىلماق** پەقەت ئاچ قالماسلىق، قورساق تويدۇرۇش يۈزىسىدىن-لا ھەرىكەت قىلماق: — سىڭلىم توغرىسىدا غەم قىلىشلىرى بىھاجەت، ئۇنىڭ خېرىدارى ئاللىقاچان چىقىپ بولغان، — دېدى ئۇ بايىقى ئەلپازىنى ئۆزگەرتمەي، — سىلىگە كەلسەك، قانداق خېرىدار ئىكەنلىكلىرى، «خان كۆۋرۈكى»دىن ئۆتۈشنى باھانە قىلىپ قورساق باقتىلىق قىلىدىغانلىقلىرى ئەھلىمەھەللە-گە ئايان بولۇپ قالدى. بولار ئەمدى، ئىززەتلىرىنى بىلىپ ۋاقتىدا ئۆيدىن چىقسىلا.

**قورساق باقماق** جان ساقلماق، كۈن ئالماق: هاكىم تاماكىنى قاتتىق شوراپ، ياڭاققا بىرپەس سىنچىلاپ قارىغاندىن كېيىن: – خوپ، شۇنداق بولسۇن، مېۋە-چېۋە بىلەن قورساق باقالمايسىلەر، – دېدى-دە، ماشىنا تەرەپكە بۇرۇلدى.

**قورساق بوشاتماق** كۆڭلىدىكى بارلىق نارازىلىق، ئاچچىق، خاپىلىقلىرىنى، دەرد-ئەلىمىنى، غەم-قايغۇسىنى ئېيتىپ يېنىكلەپ قالماق: مەنمۇ كۆزۈمنى يۇمۇپ دەيدىغانىنى دەپ، قورسىقىمنى ئوبدان بوشىتىۋالدىم. * ئۇ بىر خىلۋەت جايغا بېرىپ يىغلاپ-يىغلاپ قورسىقىنى بوشاتتى.

**قورساق بوشلۇقى** <ئانات> بەدەن بوشلۇقىنىڭ بىر قىسمى. يۇقىرىدا دىئاف-راگما ئارقىلىق كۆكرەك بوشلۇقىدىن ئايرىلىپ تۇرىدۇ؛ ئاستىنقى قىسمى داس سۆڭەك بوشلۇقى بولۇپ، ئالدى ۋە ئىككى ياندىن قورساق تېمى بىلەن يۆگىلىپ تۇرىدۇ؛ ئارقا تەرىپى ئومۇرتقا ۋە بەل گۆشلىرىدىن ئىبارەت. ئاشقازان، ئۈچەي، ئۆيقۇلۇق، بۆرەك، جىگەر ۋە تاللار قورساق بوشلۇقى ئىچىدە تۇرىدۇ.

**قورساق پەردە ياللۇغى** <تىب> قورساق پەردىسى ياللۇغلىنىشتىن پەيدا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**قورساق پەردىسى** <ئانات> قورساق بوشلۇقى ئىچكى يۈزىدىن ئاشقازان، ئۈچەيلەرنى ئوراپ تۇرغان نېپىز پەردە. قوشقۇچى توقۇلمىلاردىن تۈزۈلگەن.

**قورساق پۇتلۇقلار** <زوئول> يۇمشاق تەنلىك هايۋانلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بېشىدا كۆزى ۋە سەزگۈ مۈڭگۈزچىلىرى بولىدۇ. قورسىقىدا ياپىلاق گۆشلۈك پۇتلىرى بولىدۇ. دۈمبىسىدە سپىرالسىمان قاپچۇقلىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۈزۈم قۇلۇلىسى، ئېتىز قۇلۇلىسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قورساق پىياز بولماق** قورساق قاتتىق ئېچىپ كەتمەك، قورساق ناهايىتى ئاچماق.

**قورساقتا تۇرمايدىغان** ئاسان هەزىم بولۇپ كېتىدىغان، كۈچسىز، ئاجىز (تۈر-لۈك تائاملار هەققىدە): – تۈزۈكرەك بىرنەرسە يەيلى ئاغىنىلەر، سۇيۇقئاش دېگەن قورساقتا تۇرمايدىغان تاماق، – دېدى ئۇ شۆهرەتكە قاراپ.

**قورساقتا غۇم ساقلماق** ئاداۋەت ساقلىماق، دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىدە بولماق، ئۆچلۈك قىلماق: ناۋادا غىلمان هاكىم مېنى ساختىپەز دەپ قارىغان بولسا، ئاۋام شۇجىمۇ 20 نەچچە يىل بۇرۇن تاياق يېگىنى ئۈچۈن قورسىقىدا غۇم ساقلاپ يۈرگەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ شەخسىي هېسسىياتى يەنى بىرلا كىشىنىڭ ئۆچمەنلىكى ئەمەسمۇ؟

**قورساقتا قالماق** هامىلە هالىتىدە پەيدا بولماق، ئېغىرئاياغ بولماق: ئۇ قورساقتا قالغان بالىسىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئېغىر ئىشلارنى كۆپ قىلماي كەلگەنىدى.

**قورساقتا گەپ ياتماسلىق** كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، مەخپىيەتلىكلەر-نى ساقلىيالماسلىق؛ ئاغزى بوشلۇق: قورساقتا گەپ ياتماسلىق بىزدەك يوشۇرۇن هەرىكەت قىلغۇچىلارغا زادىلا ماس كەلمەيدۇ. گەپ شۇ بولسۇنكى، بۇگۈنكى بارلىق تەپسى-لاتلارنى پەقەت ئۆزىمىزلا بىلەيلى! * ئۇنىڭ قورسىقىدا گەپ ياتمايدۇ، شۇڭا بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭغا هەرگىز دېمەسلىك كېرەك.

**قورساق توقلماق** يەپ، ئىچىپ قورساق-نى تويدۇرماق؛ يەپ، ئىچىپ قورساقنىڭ يېمەك-ئىچمەك تەلىپىنى قاندۇرماق: – قېنى، كېلىڭلار، دوستلار، – دېدى رۇستەم،

– بىز ئەمدى بىردەم ئالغاچ قورساق
توقلۇۋالايلى.
**قورساق تويماق** قورساقنىڭ يېمەك-ئىچمەك-
كە بولغان تەلىپى قاندۇرۇلماق، قورساق-
نىڭ يېمەكلىك ئېھتىياجى قانماق:
پادىشاھلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىككى تەرىپى
بار، بىرى – قورساق تويدۇرۇش، ئىككىنچىسى
– ئۆلۈم! ھالبۇكى ھازىر مېنىڭدە قورساق
تويدۇرۇش تەمەسى يوق.
**قورساقتىكىنى تاپماق** ئويلىغىنىنى،
كۆڭلىدىكىنى تاپماق، بىلمەك: – قورساق-
تىكىنى تاپتىڭ-دە! – دېدى بوۋاي خۇشاللىق
بىلەن. * – قورساقىمدىكىنى تاپ دېمەي،
دەيدىغىنىڭنى دېمەمسەن، – دېدى ئۇ ماڭا.
**قورساقتىكىنى تۆكمەك** ئويلىغان، كۆڭلىدە
ساقلىغان، كۆڭلىدە بار گەپ-سۆزلەرنىڭ
ھەممىسىنى دېمەك: ئۇنىڭ كۆڭلىدە بىرەر
گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن،
دەرھال تىلىمنى يىغدىم. ئۇمۇ گويا كۆڭلۈمدىكى-
نى بىلگەندەك، قورساقىدىكىنى ئۆزلا تۆكتى.
**قورساق جېدىلى** يېمەك-ئىچمەككە
ئېرىشىش، قورساق تويدۇرۇش ئۈچۈن
بولغان غەلۋە، جېدەل، ھەرىكەت: –
دوستۇم بۆدۈنە، بۇ بۆرە بىزگە بىر بالا
بولدى، ئۇنىڭدا قورساق جېدىلىدىن باشقا
ھېچ گەپ يوق، ئولتۇرسا-قوپسا يەيمەنلا
دەيدۇ، – دەپتۇ تۈلكە.
**قورساق چاپلىشىپ كەتمەك** قورساق
ھەددىدىن ئارتۇق ئېچىپ كەتمەك: –
ئەپەندىم، قورساق چاپلىشىپ كەتتى، قېنى
قولغا سۇ بەرمەمسىز؟ – دەپتۇ ھېلقى
تەييارتاپ.
**قورساق چوتىرى بىر يەردىن چىقماق**
ئويلىغانلىرى، پىلانى، مەقسەت-مۇددىئا-
سى ئوخشاش چىقماق: ھەر ئىككى تەرەپ-
نىڭ قورساق چوتىرى بىر يەردىن چىقىپتۇ.

ھۆكۈمەتمۇ دېھقانلارنى ئۆز ئەمگىكىگە تايىنىپ
تېزرەك بېيىسۇن دەيدۇ.
**قورساق ساقلىماق** بىرنەرسە يېمەي،
كېيىنكى تاماقنى ساقلاپ تۇرماق:
شەرۋانىخان «كەچتىكى مېھماندارچىلىققا
قورساق ساقلاڭلار» دەپ بالىلىرىغا تاماقمۇ
بەرمىگەنىدى. * – زىياپەتكە قورساق
ساقلاۋاتامسەن؟ – دېدى ئۇ.
**قورساق سالماق** سەمرىپ، قورسىقى
يوغىناپ كېلەڭسىزلەشمەك، قورسىقى
يوغىنىماق: ئوتتۇرا بوي، قورساق سېلىپ
سەمرىپ كەتكەن بۇ ئادەم پۈتنى بوسۇغىدىن
تىقىپلا، ئىشىكنىڭ يېنىدىكى يوغان سوغىنىڭ
قېشىغا باردى-دە، لىق بىر نوگاي سۇ ئېلىپ
بىراقلا ئىچىۋەتتى. * ئۇ ھازىر ئۇبدانلا قورساق
سالغانىدى.
**قورساق سوقۇشتۇرماق** يوشۇرۇن
دۈشمەنلەشمەك، ئۆچلەشمەك: شۇ
ۋەقەدىن كېيىن قۇربان قۇماي بىلەن سادىق
سەپرا ئوتتۇرىسىدىكى قورساق سوقۇشتۇرۇش
تېخىمۇ ئەۋجىگە چىقتى.
**قورساققا سۇ چۈشۈش** <تىب> قورساق
بوشلۇقىغا سۇ يىغىلىپ قالىدىغان بىر
خىل كېسەللىك. كۆپىنچە جىگەر قېتىش،
جىگەر راكى، بەزى بۆرەك كېسەللىرى،
بۆرەك كېسىلى ۋە ئوزۇقلىنىش ناچارلىشىشلار-
دىن پەيدا بولىدۇ.
**قورساق كولدۇرلاپ كەتمەك** قورساق
بەك ئېچىپ كەتمەك: – قورساق دېگەن
كولدۇرلاپ كەتتى-دە، شۇ تاپتا... نەدىكى
ئەسكى داستەك بىر ماشىنىغا يولۇقۇپتىكەن-
مىز... – دېدى باياتىن بېرى جىم تۇرماي-
نان چايناپ تۇرغان بىر ئالغاي ئادەم قولىدىكى
نان ئۇۋاقلىرىنى كاپ ئېتىپ بولۇپ.
**قورساق كۆپمەك** ئاچچىقى كەلمەك،
رەنجىمەك، خاپا بولماق: شۇنىڭدىن كېيىن

خېلى ئۇزاق ۋاقىتلارغىچە ئايزۆھرەنى كۆرمىدىم، ئۇمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمىدى. قورسىقىم كۆپۈپ مەنمۇ بارمىدىم.

**قورساق كۆپۈكى** خاپىلىق، رەنج، ئەلەم: تويى ھەپتىسى ئۆتۈپ كەتتى، ئەمما قورساق كۆپۈكىمىز تارقىماي تۇرۇپلا كېلىنىمىزنىڭ ھارامزادىلىك قىلىشى مىجەزىمىزنى قوداڭشىتىپ قويدى.

**قورساق كۆپۈكىنى چىقارماق** ئاچچىقىنى، نارازىلىقىنى، خاپىلىقىنى چىقارماق؛ دەرد-ئەلىمىنى ئالماق: غەزەپلەنگەن دېھقانلار بۇلۇڭ-پۇچقاقلاردا بېشىنى بىر يەرگە قىلىپ، قۇرۇق گەپ بىلەن بولسىمۇ قورساق كۆپۈكىنى چىقىرىشتى.

**قورساق كۆتۈرمەك** ئېغىرئاياغ — ھامىلىدار بولماق: كۈنلەردىن بىركۈنى ئۇنىڭ خوتۇنى قورساق كۆتۈرۈپ، ناھايىتى كېلىشكەن بىر ئوغۇل تۇغۇپتۇ.

**قورساق ناغرا چالماق** ← **قورساق كولدۇرلاپ كەتمەك**: ئاغىنىلەر، كېچىچە يول يۈرۈپ، تازا چارچىدۇق. قورساقلىرىمىزمۇ ناغرا چالغىلى تۇردى. ئاۋۋال ئازراق بىرنەرسە يەۋالايلى.

**قورساقنى ئەستەرلىمەك** ئازراق بىرنەرسە يېمەك: ئۇلار تاشتەك قېتىپ كەتكەن نان ۋە سوغۇق سۇ بىلەنلا قورسىقىنى ئانچە-مۇنچە ئەستەرلەپ، قۇرۇپ كەتكەن چۆپلەر ئارىسىغا كىردى-دە، تاۋۇزدەك تۈگۈلگىنىچە كۆزلىرىنى يۇمدى.

**قورساقنى چىگدىماق** ← **قورساق توقلىماق**: ئۇلار ئاچالغا كەلگەندە توختاپ، ئازراق ئارام ئالغاچ قورساقلىرىنى چىگداپ يەنە يولغا چۈشكەندى.

**قورساقنى قىرلىماق** ← **قورساق توقلىماق**: — سىلىنىمۇ ھەرقاچان ئۆزىدەكلا قورسىقى ئاچ دەپ ئويلىدى-دە: بولۇپتۇ، قېنى ماۋۇ ناندىن ئېلىپ قورساقنى قىرلىۋېلىپ ئاندىن يېزىڭلار، — دېدى شادىپاچاق ئالاقچى.

**قورساقنى كەڭ تۇتماق** ئىچى تارلىق قىلماسلىق، كەڭ قورساق، ئەپۇچان بولماق: ھېچقىسى يوق، سەنۇبەر! مەدەنىيەتلىك ئادەم دېگەن قورساقنى كەڭ تۇتۇشى كېرەك، خاپا بولماڭ.

**قورساق ئۇرۇشى قىلماق** كۆڭلىدە بىر-بىرى بىلەن دۈشمەنلىشىپ يۈرمەك: ئۇلار ئۇزۇندىن بېرى مۇشۇنداق قورساق ئۇرۇشى قىلىشىپ، بىر-بىرىنىڭ يېغىرىنى تاتىلىشىپ كېلىۋاتاتتى.

**قورسقى ئاچماق** ئاشقازان تاماق تەلەپ قىلماق، تاماق يېگۈسى كەلمەك:
— ھوي دادىسى، ئۇلار تېخى كۆرۈنمەمدۇ؟
— بوسۇغىدا پەيدا بولغان ھۆسنارىخان ئۇنىڭدىن سورىدى، — يا داستىخان سالالمىساق، مېھمانلارنىڭ تازا قورسقى ئېچىپ كېتىدىغان بولدى-دە!

**قورسقى پومپايماق** قورسقى ئالدىغا چىقماق؛ قورساق سالماق: — قورسقىڭ پومپىيىپتۇ ئاداش، ئەمدى رەسمىي باشلىققا ئوخشاپسەن، — دېدى يەنە بىرەيلەن گەپ قوشۇپ.

**قورسقى توق** تۇرمۇش شارائىتى ياخشى، ھال كۈنى ئوبدان: غوجامنىڭ قورسقى توق، قۇلى بىلەن ئىشى يوق (ماقال). * — قورسقىمىز توق، غېمىمىز يوق، — دېدى ئۇ.

**قورسقىدا توڭگۇز قاترايدىغان** ئىچى يامان، نىيىتى بۇزۇق؛ كۆرەلمەس، ھەسەتخور: قورسقىدا توڭگۇز قاترايدىغان ئادەملەرلا داغدام يولنى يامان كۆرىدۇ، چاتقاللار ئارىسىدىن يول ئىزدەيدۇ. يۈرەبلغازى، قېنى بۇنىمۇ كۆرۈپ باقايلى.

**قورسىقىدا جۆي بار** كۆڭلىدە مۇھىم، ياخشى پىلانلىرى بار، ئىش بىلىدىغان: — ئۇ قورسىقىدا جۆي بار يىگىت.

**قورسىقىدا جىن بار** كۆڭلىدە يامان مەقسەت، غەرەز بار، ھىيلە-مىكىر بار، سۇيىقەست بار: — لېكىن، — دېدى تۇراخۇن، — قاسىمنىڭ قورسىقىدا نېمە جىن بارلىقىنى چۈشەنگىلى بولمايۋاتىدۇ. * توختىسىلا، ئالدىراپ كەتمەيلى، بۇ بوھتانچى قارا گەدەننىڭ قورسىقىدا جىن بار.

**قورسىقىدا جىن يوق** يامان غەرەز، ھىيلە-مىكرىسى يوق: — سىز خاتا ئويلاپ قېلىپسىز، قاسىمنىڭ ھەرگىزمۇ قورسىقىدا جىن يوق، ئۇ ئاق كۆڭۈل بالا، — دېدىم مەن قاسىمنى ئاقلاپ.

**قورسىقىدا چوت سوقماق** كۆڭلىدە بىرەر ئىشنى پىلانلىماق، مۆلچەرلىمەك، كۆزلىمەك: ئۇ بەلكى يېڭى ئورۇنغا بارغاندىن كېيىن قانداق ئىشلەش توغرىسىدا قورسىقىدا چوت سوقۇۋاتقاندۇر. * ئۇ قورسىقىدا چوت سوقۇپ، چارە ئويلىدى.

**قورسىقىدا سەنپەن سوقماق** ← **قورسىقىدا چوت سوقماق**: ئۇنىڭ ئۆز قورسىقىدا نېمە سەنپەن سوقۇۋاتقانلىقىنى كىم بىلمەيدۇ.

**قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان** ئاغزى بوش، سىر ساقلىيالمايدىغان: ئۇ قورسىقىدا گەپ ياتمايدىغان ئاغزى بوش ۋىت-ۋىت ئىدى.

**قورسىقىدا ھۈنىرى بار** ← **قورسىقىدا ئۈمچى بار**: — سەن، بىز بىلمىگەن بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىدا خېلى ھۈنىرى بار ئوخشايدۇ، ئۇ بۇزۇپ تۈزەشنىمۇ بىلىدىكەن، — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەندەك تەلەپپۇزدا.

**قورسىقىدا ئۈمچى بار** قولىدىن ئىش كېلىدىغان، قابىلىيەتلىك، كۆپ نەرسىلەرنى بىلىدىغان، بىلىملىك: گەپنى ئاز قىل، ئاتابەكرى شۈجى كەتمىزگە كەلگەن كۈنلا سېنى كۆڭلۈمگە پۈككۈپ قويغانمەن. سېنىڭ قورسىقىڭدا ئۈمچىڭ بار. * ئۇ قورسىقىدا ئۈمچى بار كادىر، ئۇنى مۇۋاپىق ئورۇنغا قويۇش كېرەك.

**قورسىقىدا ئۈمچى يوق** قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان؛ قابىلىيەتى، بىلىمى يوق؛ ئىقتىدارسىز، بىلىمسىز: ئۇنداق قورسىقىدا ئۈمچى يوق قۇرۇق سۆلەتلەرنى كىشىلەر ئەمدى بىلىپ قالدى.

**قورسىقىدا ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقى يوق** بىلىمى يوق، نادان، قابىلىيەتسىز، ھېچنېمە بىلمەيدىغان: قارا بوسۇق باتۇر بولغان بىلەن قورسىقىدا ئېلىپبەنىڭ سۇنۇقى يوق بىر قاراتۇرۇك.

**قورسىقىدىن چىقارماق** ئۆزى ئويلاپ تاپماق؛ ئۆز ھېس-تۇيغۇسى بويىچە ئېيتماق، قارىسىغا دېمەك، سۆزلىمەك: بايىقى كۆپچىلىكنىڭ پىكرى دەپ ئېيتقان سۆزۈڭنى قورسىقىڭدىن چىقىرىۋالدىڭمۇ يا ئاڭلىدىڭمۇ؟

**قورسىقىغا ئەلەم توشماق** ئىچى دەرد-ئەلەمگە تولماق، دىلى ئازار يېمەك: قورسىقىغا ئەلەم توشقان تۇرسۇن كوچا دوقمۇشىدا يالغۇز ئولتۇراتتى.

**قورسىقىغا پۈكمەك** ← **كۆڭلىگە پۈكمەك**: قورسىقىغا بىرنەرسىنى پۈككەن ئابدۇقەييۇم پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويۇپ شەپە چىقارمايلا قامچىسىنىڭ سېپى بىلەن ئېشىكىنىڭ بىقىنىغا سانجىدى.

**قورسىقىغا جىن كىرمەك** ← **ئىچىگە جىن كىرمەك**: ئالتۇننى كۆرگەن سودىگەرنىڭ قورسىقىغا جىن كىرىپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈۋېتىش قارارىغا كېلىپتۇ. * سېنى كۆرۈپ، قورسىقىمغا جىن كىرىپ، قەستەن ئىشىكنى قاتتىق ياپقانىدىم، بۇنچىۋالا قورقۇپ كېتىشىڭنى نەدىن بىلەي.

**قورسىقىغا سېلىپ قويماق** ئۆچ ئېلىشنى

كۆڭلىگە پۈكۈپ قويماق، ئاداۋىتىنى ئىچىدە ساقلاپ قويماق: بۇ قېتىم قىلغىنىڭنى قورسىقىمغا سېلىپ قويدۇم، ماڭىمۇ نۆۋەت كېلەر. * ئۇنىڭ قىلغان ئىزا-ئاھانەتلىرىنى قورسىقىمغا سېلىپ قويدۇم.

**قورسىقىغا كىرىپ چىقماق** كۆڭلىدىكى مەقسەت، ئارزۇ-خاھىشى، ھېس-تۇيغۇسىنى بىلمەك، چۈشەنمەك، بىلىپ يەتمەك: — ئۇلارنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، «جىنىنىڭ قەستى شاپتۇلدا» دېگەندەك، ئۇلارنىڭ كۆزى بىزنىڭ ئادەم تېرىسىمۇ ئۇنىدىغان بولۇق يېرىمىزدا ئىكەن ئەمەسمۇ؟ — دېدى ساۋۇت ئوغلىغا قاراپ. * ھەرقايسىڭلارنىڭ قورسىقىغا كىرىپ چىقسام، مەقسىتىڭلار بىزنى ئوڭدا قويۇش ئىكەنغۇ؟

**قورسىقى كەڭ ← كەڭ قورساق:** — سىلىنىڭ باشلىقنى قورسىقى كەڭ ئادەم دەپ ئاڭلىدىم، راستمۇ؟ — دېدى ئالىم ھەلىمدىن سوراپ.

**قورسىقىنى مۈشۈك تاتىلىماق ← ئىچىنى مۈشۈك تاتىلىماق:** ئالىم مۇكاپاتلانغاندىن بېرى سايىمنىڭ قورسىقىنى مۈشۈك تاتىلاپ ھېچ ئورنىدا تۇرالماي قالدى.

**قورسىقىنى يارسا، ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى چىقمايدۇ ← قورسىقىدا ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى يوق:** — مۇشۇ كۈنلەردە قورسىقىنى يارسا، ئېلىپىنىڭ سۇنۇقى چىقمايدىغان ھارامتاماقلار يوغىناپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ساۋۇت قىسىق كۆزلىرىنى چىمىلدىتىپ.

**قورسىقى ئېسىلمەك ← قورسىقى كۆپمەك.**

**قورسىقى يوغىنىماق ← نەپسى يوغىنىماق:** ھازىر بەزى ئورۇنلاردا دۆلەت بايلىقى غەيرىي يانچۇقلارغا كىرىپ كەتمەكتە، نامراتلار ئېزىلمەكتە، بايلارنىڭ قورسىقى يوغىنىماقتا.

**قورساقلىق** سۈپ ① قورسىقى بار: بۇ ئىشلىتىۋاتقىنى قارا قورساقلىق، يالتىراق سېرىق قالپىقى بار قەلەم ئىدى. ② قورساق سالغان، يوغان قورساق: ئاغزى تار، تېگى كەڭ كۈرە. قورساقلىق، سېرىق رەڭ كۈرە. خوجامنىڭ تويىماس قورسىقى مىسالى بىر لەھەڭ كۈرە.

**قورشاتماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورشاشماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىككى پولك بىرلا ۋاقىتتا دۈشمەنلەرنى قورشاشتى. ئۈچىنچى پولك بولسا، دۈشمەن ئارقا تەرىپىدىن داغدۇغىلىق ھۇجۇمغا ئۆتتى.

**قورشالماق** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — يۈر ئۇكا، سەيداقنى يوقلاپ ئۆتەيلى، — دېدى ئۇ. بىز ئەتراپى تېرەك ۋە ئاق سۆگەت بىلەن قورشالغان ھويلىغا كىرىشىمىزگە ئۆي ئىچىدىن چىمەنگۈلنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى.

**قورشاۋ** ئى ← **مۇھاسىرە.**

**قورشاۋ شاھمىتى** <تەن> شاھمات ئويۇنىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا شاھمات تاختىسىغا ئۇزۇنىسىغا ۋە توغرىسىغا ئايرىم ھالدا 19 سىزىق سىزىلغان ۋە 361 كېسىشكەن ئورۇن بولىدۇ. ئىككى تەرەپ ئايرىم ھالدا قارا ۋە ئاق ئورۇق ئېلىپ، ئۆزئارا قورشاپ ھۇجۇم قىلىشىدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ئورۇقىنى يەپ، ئىگىلىگەن ئورۇن سانى كۆپرەكلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ.

**قورشاۋنى بۇزماق** قارشى تەرەپ ھاسىل قىلغان قورشاۋنى يېرىپ، بۆسۈپ ماڭماق، قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقماق: ئەنجانباي يەنە بىر نۆۋەت قورشاۋنى بۇزۇپ چەشتاغ تەرەپكە ئات سالغاندا قادىرخانغا

ئوق تەگدى، قادىرخان ئەنجانباينىڭ كەينى-دىن سىيرىلىپ چۈشۈپلا جان ئۈزدى.

**قورشغان** «قورشىماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قورشغان جىنس.

**قورشغان جىنس** <گېئول> كان گەۋدى-سى ئەتراپىدىكى تاغ جىنسلىرى.

**قورشىماق** پ. تۆت ئەتراپىنى ئوراپ ئالماق، ئارىغا ئېلىۋالماق، قامال قىلماق، قورشاۋغا ئالماق: نۇرغۇن ئوقۇغۇچىلار قاينام ئۆركىشى بىلەن تۇردى چۈشكەن هارۋىنى ئۇزۇنغىچە قورشىۋالدى. * دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى قوزغىلاڭچىلارنىڭ قورشاپ بولغانلىقىنى تېخىچە سەزمىگەندى. * بىز ئەتراپىنى قويۇق ئورمانلار قورشاپ تۇرغان هويلىغا كىردۇق.

**قورغان** ئى. ① دۈشمەن هۇجۇمىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەتلىك ئىستىهكام، سېپىللار بىلەن مۇستەهكەملەن-گەن جاي. شەهەر، قەلئە ۋە شۇ قاتارلىقلار: قورغاننى قامال قىلماق. قورغانغا هۇجۇم قىلماق. * قورغاننى بۆكەمگىچە ئىككى ئىزۋوت ئەسكەر ساقلاپ كېلىۋاتقانىدى. * كەنجى باتۇر بۇ گەپكە پسەنت قىلماستىن، قىزنىڭ يېنىغا بېرىپ، قىزنى بوشىتىپ قورغان سېپىلىغا چىقىرىپ قويۇپتۇ. ② قەلئە، شەهەر ۋە شۇ قاتارلىقلارنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان مۇستەهكەم دىۋار، تام، سېپىل: قورغان چوڭقۇر يارلىق ئېرىققا تاقىلىپ تۈگەيتتى. ③ دالا، تاغلىق جايدا شۇنىڭدەك شەهەردىن يىراقراق جايلاردا ئەتراپىنى تاملار بىلەن قور-شاش ئارقىلىق ياسىلىدىغان ئورۇن ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى بىنالار: كۈنلەردىن بىركۈنى ئۈچ ئاكا-ئۇكا سەپەرگە چىقىپتۇ. ئۇلار يول مېڭىپتۇ، ماڭغاندىمۇ مول مېڭىپتۇ. يولدا چوڭ بىر قورغان ئۇچراپتۇ. قورغاننىڭ تاملىرى ئۇستىدە كىشىلەر كۆپ ئىكەن. ④ كۆچمە. مۇستەهكەم تايانچ: — بىز پارتىيە-نىڭ مۇشۇ يەردىكى جەڭگىۋار قورغىنى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن 13 مىڭدىن ئارتۇق ئاهالىنىڭ تەقدىرىنى ئويدان ئويلىشىپ، بۇ سوئالغا مۇۋاپىق جاۋاب تېپىشىمىز كېرەك! — دېدى ئۇ. ⑤ قەشقەر شەهىرى ئەتراپىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**قورغان توپ** <تەن> توپ تۇرلىرى تەنهەرىكىتىنىڭ بىرى. ئۇ ئاياللار ۋە ئۈسمۈر ئوغۇل بالىلار ئىچىدە قانات يايدۇرۇشقا مۇۋاپىق. كالتەك توپ تەنهەرىكىتىگە ئوخشايدۇ، ئەمما مەيدانى بىرقەدەر كىچىك، توپى بىرقەدەر چوڭ ۋە يۇمشاق بولىدۇ. مۇسابىقە يەتتە مەيدان ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**قورغانلىق** سۈپ ① قورغىنى بار، قورغانغا ئىگە. ② قورغانغا خاس، قورغان بول-دىغان: گېزىت-ژۇرنال، ئاخبارات، رادىئو، تېلېۋىزور سىستېمىسىدىكى پارتىيە تەشكىلاتلىرى هەقىقىي تۈردە پارتىيىنىڭ جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى ئوينىشى كېرەك.

**قورققاق** سۈپ. نېمىلا بولسا قورقۇپ تۇرى-دىغان، يۈرەكسىز، توخۇ يۈرەك: كۆز قورققاق، قول باتۇر (ماقال). ۋارىسجاندەك قورققاق، خۇشامەتچى ئادەملەر بىلەن قانداقمۇ ئۇمۇرلۇك سىرداش بولغىلى بولسۇن. * — ئويالمايدىغان قورققاق غالچا! — دېدى هەلىمە غەزەپ بىلەن. // ئەندىشىنىڭ ئېتى قورققاق (ماقال).

**قورققاقلىق** ئى. يۈرەكسىزلىك، توخۇ يۈرەكلىك؛ قورقاقلارغا خاس مىجەز-خاراك-تېر، قىلىق-هەرىكەت: سىز شۇ چاغلاردا قورققاقلىق قىلىپ، بىرەر نەرسىنى يۈرەكلىك بىر تەرەپ قىلالمايتتىڭىز. * سەن قورققاقلىق قىلىپ نۇقۇل يالغان گەپ قىلاتتىڭ هەم

كىشلەرنى ئالدايتتىڭ.

**قورقماس** سۈپ. ھېچ نەرسىدىن قورقمايدى-
غان، ئەندىشە قىلمايدىغان، شىر يۈرەك،
باتۇر: « بۇ قورقماس ئارسلاننى قانداق
تۇتارمەن» دېۋىدىم، ئۆزى كېلىپ قاپقانغا
چۈشكىنىنى قارىمامدىغان! * قورقماس شائىر
ل. مۇتەللىپ ئوفتىسېرگە غەزەپ بىلەن
تۆكۈردى. // ھازىر كىشلەر قورقماس بولۇپ
كەتتى.

**قورقماسلىق** « قورقماس» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: بۇ قېتىم ئۇلار « ياۋا سادىق» قا
ئازاد بولغانلىقىمىزنى، قورقماسلىقنى، يېزىغا
قايتىپ كېتىشنى ئېيتقانىدى.

**قورقماق** پ. ئەنسىرىمەك، خەۋپسىرىمەك،
ئەندىشە قىلماق؛ يۈرەكسىزلىك قىلماق،
جاسارەتسىزلىك قىلماق؛ قورقۇش ھېس
قىلماق: سوغۇق كۆك ماڭقىدىن قورقىدۇ
(ماقال). * ياماندىن جىن قورقار (ماقال).
* ئاپىنىڭ بېشىدىن قورققۇچە، بەشىدىن
قورق (ماقال). * بۆرىدىن قورققان قوي
باقماس (ماقال).

**قورقۇپ** « قورقماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قورقۇپ ھوشسىزلىنىش** <تب> بىرەر
نەرسىدىن قورقۇپ كېتىپ ھوشىدىن
كېتىشكە قارىتىلىدۇ.

**قورقۇتماق** « قورقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-
رىي دەرىجىسى: ئابدۇللا مېنى جازالاپ
قورقۇتۇش بىلەن قانلىق جىنايىتىنى يۇشۇرۇپ
كېتەلمەيدۇ. * بۇ دەھشەت تاجاۋۇزلار، بۇ
زەھەرلىك گازلار، قورقۇتالمايدۇ بىزنى، بۇ
فاشىست ياۋۇزلار.

**قورقۇشماق** « قورقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى: مىللىي ئارمىيە ئەسكەرلىرى
سېپىل ئىچىدە قامىلىپ قورقۇشۇپ ياتقان
گومىنداڭچىلارغا شىددەتلىك ھۇجۇم قوزغىدى.

**قورقۇمسىرىماق** پ. سەل قورقۇش ھېس
قىلماق، قورققاندەك بولماق، بىرئاز
قورقماق: ئۇ مەزىن قوشنىلىرىنىڭ ئاللا-تۇۋ-
سى تەسىر قىلىپ قورقۇمسىراپ قالغان باللىرى-
نى پەپىلەپ، تىنجىتىپ قويدى. * ئىسھاق
گويا ئارقىسىدىن بىرى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك
قورقۇمسىراپ، ئېتىغا ھېلىدىن ھېلى قامچا
ئۇراتتى.

**قورقۇمسىز** سۈپ. ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان،
باتۇر، قورقماس: ئۇنىڭ كۆڭلىدە ئۆزىگە
كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بۇ قورقۇمسىز،
مەرد مالاي يىگىتكە نىسبەتەن بىر خىل
رازىمەنلىك ۋە ھۆرمەت تۇيغۇسى پەيدا
بولدى. * يولۋاس، ئارسلان، قاپلان،
قوچقار دېگەندەك ئىسىملارنى قويغاندا،
پەرزەنتلىرىنىڭ خۇددى ئاشۇ ھايۋانلارغا
ئوخشاش كۈچلۈك، قورقۇمسىز باتۇر بولۇشىنى
كۆزلىگەن دېيىشكە بولىدۇ.

**قورقۇمسىزلىق** « قورقۇمسىز» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: بۇ مۇساپىر قىزلار ھازىر
پارتىزانلار ئەترەتلىرىگە تارقىلىپ، شەپقەت
ھەمشىرىلىك خىزمەتلىرىنى قورقۇمسىزلىق بىلەن
ئادا قىلماقتا.

**قورقۇنچ** ئى. بىرەر نەرسىدىن قورقۇش،
خەۋپسىرەش، ئەندىشە قىلىش، خۇدۇك-
سىرەش ھالىتى، ھېسسى؛ ۋەھىمە،
ئەندىشە: ئەھۋالنى كۆرگەن مۇھەممەتجان
بىلەن گۈلئايشەمنىڭ يۈرىكى ئاغزىغا قاپلىشىپ
قالدى، گۈلئايشەم قورقۇنچ ئىچىدە ئۇن سېلىپ
يىغلىۋەتتى. * پۈتۈن ۋۇجۇدۇم قورقۇنچ ئىچىدە
تىترەيتتى.

**قورقۇنچ باسماق** تېنىنى قورقۇش،
ئەنسىرەش، خەۋپسىرەش ھېس-تۇيغۇسى
ئىگىلىمەك؛ قورقماق: ئۇنى قورقۇنچ بېسىپ،
يەلكىلىرى مۇزلاپ كەتكەنىدى. * ئۇ ئايالغا
قاراۋېتىپ، مېنى قورقۇنچ باستى.

**قورقۇنچ چۈشمەك** قورقۇنچلۇق ھېس-تۇي-

غۇلار پەيدا بولماق؛ روھىي دۇنياسىغا قورقۇنچ، ۋەھىمە تۇيغۇسى كىرىپ كەلمەك: يولنى قىسقارتىش ئۈچۈن خىلۋەت كوچىغا بۇرۇلدۇم. ئەمما بىرنەچچە قەدەم ماڭمايلا نېمىشقىدۇر كۆڭلۈمگە قورقۇنچ چۈشۈپ، يۈرىكىم قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

**قورقۇنچ سالماق** قورقۇنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلماق؛ قورقۇنچ، ۋەھىمە ھېس قىلدۇرماق: ئۇنىڭ تاشقى قىياپىتى مۇلايىم كۆرۈنسىمۇ، تەمكىن ۋە قەتئىي قاراشلىرى كىشى كۆڭلىگە قورقۇنچ سالاتتى. * يېقىن بىر جايدىكى ئىتنىڭ ئەنسىز قاۋىشى كىشى كۆڭلىگە قورقۇنچ سېلىپ تۇراتتى.

**قورقۇنچاق** سۈپ. ھەممىلا نەرسىدىن قورقۇپ، ئەندىشە قىلىپ تۇرىدىغان؛ يۈرىكى يوق، توخۇ يۈرەك، يۈرەكسىز: مۇھىمى ئاپتوموبىلدىكى قورقۇنچاق يولۇچى بىلەن شوپۇرنى داۋانغا تېزرەك ئېلىپ چىقىش لازىم ئىدى. // — ۋاي قورقۇنچاقلار، ھازىرلا بىگىسمنى كۆرىسىلەر، — ئەنۋەر شۇنداق دېدى-دە، بىردەمدىلا مايمۇندەك چاققانلىق بىلەن يوغان سۆگەتنىڭ ئۈستىگە چىقتى.

**قورقۇنچاقلىق** « قورقۇنچاق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ھوشيار بولۇش، پەخەس بولۇش ئىنقىلاب ئۈچۈن زۆرۈر. لېكىن پەخەس بولۇش ھېچقاچان قورقۇنچاقلىق ئەمەس، — دېدى بىلال ئەزىزى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا.

**قورقۇنچلۇق** سۈپ. كىشىنى قورقۇنچقا، ۋەھىمىگە، دەھشەتكە سالىدىغان؛ دەھشەتلىك، ۋەھىملىك؛ خەۋپلىك، خەتەرلىك: شائىرنىڭ خىيال ئاسمىنىدا ئىككى پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولغانىدى. ھېكىم نۇرلا ئەمەس، بەلكى ئايتىللامۇ ئۇنىڭ خىيالىدا قورقۇنچلۇق سايە تاشلاپ تۇراتتى. * ئۇ ئىنتايىن قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنىدى.

**قورما** ئى. كەپتەر قاتارلىقلارنىڭ قونۇشى ئۈچۈن ئۆگزە، ھويلا قاتارلىق جايلارغا توغرا قويۇلغان بادرا ياغاچ، قونداق: كەپتەرلەر ئايلىنىپ پەسلەپ كېلىپ بالداق، قورمىلارغا قونۇشقا باشلىدى. ھېلىقى يالغۇز كەپتەرمۇ دەرھاللا ئۇچۇپ كېلىپ توپقا قوشۇلدى.

**قورمال** ئى. ۋاگلىق تۈزۈمدە دورغىنىڭ قول ئاستىدا ئاشلىق، تېرىلغۇ، ئورمان، ئۇلاغ-ھايۋانلارنى مۇھاپىزەت قىلىدىغان كىشى.

**قورۇ** ① ئى. ھويلا ۋە ھويلا ئىچىدىكى ئۆي-ئىمارەتلەرنىڭ ئومۇمىي نامى: نادەم ھارۋىسىنى ھەيدەپ مەكتەپ قورۇسى ئىچىگە كىرىپ كەتتى. * ئۇ قورۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئاتتىن چۈشتى، ئاندىن قورۇغا كىرىپ بەگزادە بىلەن كۆرۈشتى. ② ئى. يايلاقلاردىكى ماللارنى سولاش ئۈچۈن ئەتراپى قورشالغان جاي، چوڭ قوتان: ئۇ ماللارنى ئوتتۇر قورۇغا ھەيدەپ كەتتى. * ئەختەم كەچتە قورۇغا كەلگەن ماللارنى ساناپ كۆرۈۋىدى، ئون قوي كەم چىقتى. ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر قورۇ ئات. ئىككى قورۇ قوي. * ئىككى قورۇ مال تېخى قىشلاققا كۆچۈپ كەلمىگەنىدى. * ئۇلار ھەببۇلدىن ئەنسىرەپ، ئۇنى قەستەن - يىراق يايلاقتىكى ئىككى قورۇ قوينى بېقىشقا ماگدۇرۇشقانىدى.

**قورۇتماق** I « قورۇماق I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆپىنچە ئايالىغا توخۇم سەي قورۇتۇپ يەيتتى.

**قورۇتماق** II « قورۇماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇتماق** III « قورۇماق III » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇ-جاي** ئۆي-زېمىن؛ ئۆي ۋە ھويلا

قاتارلىقلار: ئەخمەتجان قاسىمنىڭ دادىسىنىڭ ئىنىسى ناسىر غۇلجا شەھەر ساي مەھەل- لىسىدىن قورۇ-جاي ئېلىپ ئورۇنلاشقانىدى.

**قورۇشماق** I «قورۇماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار بىردەمدىلا تۆت-بەش تەخسە سەي قورۇشتى.

**قورۇشماق** II «قورۇماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قورۇشماق** III «قورۇماق III» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى ئۆيدىكى چۈشەنلەرنى قورۇشۇپ يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى.

**قورۇق** I ① ئى. ئورۇقلاش، گۆشى ياكى سۈيى قېچىش، قېرىش قاتارلىق سەۋەب- لەردىن نەرسىلەرنىڭ سىرتقى يۈزىدە ھاسىل بولغان يۈرۈم، سىزىق؛ قورۇلۇپ قالغان جاي: دەرد قورۇقى كېتەر، ئاچ قورۇقى كەتمەس (ماقال). * ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى لىپىلداپ، پېشانىسىدە چوڭقۇر قورۇقلار پەيدا بولدى. ② سۈپ. كۆچمە. قورۇلۇپ قالغان، ئورۇق ھەم ۋىجىك، جانسىز، ئاجىز: ئېشىكنىڭ ئورۇقتۇ، تاز؟ يا كېچىك، قورۇقتۇ، تاز؟

**قورۇق باسماق** سىرتقى يۈزىنى يۈرۈم ياكى چوڭقۇر تال-تال سىزىقچىلار قاپلىماق: بوۋاينىڭ ئاغزى قۇلىقىغا يېتىپ، چىرايىدىن نۇر چاقناپ، قورۇق باسقان يۈزلىرى كۆز ياشلىرى بىلەن يۇيۇلدى.

**قورۇق چۈشمەك** قورۇق پەيدا بولماق، قورۇق. ھاسىل بولماق: — بولدۇ! چوقۇم بارىمەن... — ئۇنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياش قورۇق چۈشكەن مەڭزىدىن ئېقىپ چۈشتى.

**قورۇق** II ئى ① ئۆي-ئىمارەتلەر سېلىن- غان، دەل-دەرەخ، باغ-ۋارانلىق دېھقان- چىلىق مەيدانى؛ ئېكىنزار: — مەن ئۇلارنى دارغا ئاسىمەن! خۇلمەنكىدىكى قورۇقنى تالىدى. بۇ يەردىن بولسا سېتىۋالغان ئاتلىرىمنى ئېلىپ كەتتى! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ. * بەش يىل ئىچىدە 4 مىليون 110 مىڭ مو ئوت-چۆپلۈك قورۇق بەرپا قىلىندى. ② ئېكىنزار ياكى باغ، ھويلا-ئارام قاتارلىقلار- نى سىرتتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان نىسبەتەن پاكار تام: مانا ھېلىقى ئىچ كۆيئوغۇل بىلەن ئويىنىشىدىغان قىز چىم بىلەن قوپۇرۇلغان پاكار قورۇقتىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا قاراپ قاقاھلاپ كۈلدى. * قىش كۈنلىرى مەن كونا خامانىنىڭ ئەسكى قورۇق- لىرىدا توشقان قوغلاپ ئويناپتتىم.

**قورۇق تام** قورۇق، باغ-ۋاران، ھويلا - ئارام قاتارلىقلارنىڭ ئەتراپىغا قوپۇرۇلغان نىسبەتەن پاكارراق توسما تام: زىۋۇرشا- نىڭ قورۇق تاملىرى يېنىدا يول ياسىغۇچى قىزلار بىلەن ئاياللار كۆچەت تىكىۋاتاتتى.

**قورۇق چۆرۈمەك** ئەتراپىغا قورۇق تام سالماق: سۇنۇر مۇنۇ دەرۋازا ئالدىدىكى بىكار يەرگە قورۇق چۆرۈپ مەخسۇس ئالما ئۆستۈردى.

**قورۇقچى** ئى. قوغدىغۇچى؛ ئامانلىققا، بىخەتەرلىككە مەسئۇل بولغۇچى خادىم؛ ساقچى: ئۇ ھولۇققان ھالدا سۇپىغا چىقىپ سۇپا قورۇقچىلىرىدىن ئەھۋالنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقىنى سورىدى. * پات-پات پانۇس كۆتۈرگەن قورۇقچىلار ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈپ قالاتتى.

**قورۇقدا تماق** «قورۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قورۇقدالماق** «قورۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قورۇقدا نماق** «قورۇقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئۇزۇن قىلىچ باتۇرنى قاراقچىلاردىن قورۇغدىنىش ئۈچۈن، لەشكەرلەر- نى باشلاپ شەھەردىن چىقىپ، ئۇچار يولۋاس جىلغىسىغا بېرىپ ئورۇنلىشىشقا بۇيرۇدى.

**قورۇقدىماق** پ. قوغدىماق، ھمايە قىلماق: بۇ قىممەت باھالىق تاشلار سىلىنغان ساندۇق-لارنى يۈزلەپ لەشكەر قورۇقداپ كەلمەكتە ئىدى. * بۇ تىوغراقلار گويا ھەيۋەتلىك قامىتى بىلەن مازارنى قورۇقداۋاتقانغا ئوخشايتتى.

**قورۇقسىز** I سۈپ. قورۇق يوق، قورۇق چۈشمىگەن، قورۇق پەيدا بولمىغان: كېرىم ئۇنىڭ قورۇقسىز، ئالمىدەك پاك يۈزىگە قاراپ ئولتۇراتتى.

**قورۇقسىز** II سۈپ. قورۇق توسۇلمىغان، قورۇق تېمى يوق.

**قورۇقلۇق** I سۈپ. قورۇپ تەييارلانغان، قورۇلغان: سەيلەر قورۇقلۇق، ھەممە نەرسە تەييار ئىدى.// ئۇ قازاندا قورۇقلۇق تۇرغان گۆشلۈك لازا سەيىنى كۆرۈپ، دەرھال ئايالى كەلگۈچە ئۈچ رومكا قېقىۋېلىش نىيىتىگە كەلگەنىدى.

**قورۇقلۇق** II سۈپ ① قورۇقى بار، قورۇقتا ئىگە: ئۇ بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى جاپالىق ئىشلەپ قورۇقلۇقمۇ بولۇپ قالغانىدى، تېخى يەنە ئالىي دەرىجىلىك بىر ماشىنىمۇ سېتىۋالغانىدى. ② قورۇق تېمى بار، قورۇق تام توسۇلغان.

**قورۇقلىماق** پ ← **قورۇقدىماق**: سۇتۇق بۇغراخان خاس قورۇقچىلىرىنىڭ قورۇقلىشى بىلەن جامائەتتىن ئايرىلدى-دە، «ئىت يولى» بىلەن تاغ كېسىپ ئاتۇشقا ئۆتتى.

**قورۇل** ئى ① مىلتىق قاتارلىق قوراللارغا ئورنىتىلغان نىشاننى قارىغا ئېلىش قورۇل-مىسى: پەمسىز باتۇرلۇق-قورۇلى يوق مىلتىق (ماقال). ② ھەربىي ئىشلار ۋە قاتناش ساھەسىدە مۇھىم ئەھمىيىتى بار، مۇستەھكەم مۇداپىئە ئەسلىھەلىرىگە ئىگە بولغان نۇقتا، چازا؛ ئۆتكەن-كەچكەن-نى كۆزىتىش-تەكشۈرۈش پونكىتى:- يولدا ھېچ ئىش كۆرۈلمىدى، ھەممە قورۇلدىن توسالغۇسىز ئۆتتۇم، خۇداغا شۈكۈر، - دېدى تاۋاپچى مېھمان. ③ كۆچمە. زەربە بېرىش، ئۈچ ئېلىش، قىساس ئېلىش ئوبيېكتى، نىشانى: نەپسىگە يا بىراۋ تارتماس ئىكەن چوغ، ئۆزئارا قەست بىلەن سالماس ئىكەن قول، ئاقساقال پۇقرادىن ئالماق ئىكەن ئۈچ، يا بىراۋ بىراۋنى قىلماسىكەن قورۇل. * يادىمدا كوپېرنىك ئالەم سىرىنى ئاچقاندا، تۆھمەتنىڭ بولدى قورۇلى. گالىلى تۆھپىسى بولدى جەدىتلىك، ئاسارەت ئوتلىرى كۆيدۈردى ئۇنى.

**قورۇلغا ئالماق** قارىغا ئالماق، قورۇلغا قاراپ نىشاننى توغرىلىماق، نىشانلىماق: نادەم ئۇنى قورۇلغا ئالدى. * ئۇ ئېيىقنىڭ ھەيۋىسىگە ئېرەن قىلماي، ئۇنىڭ يوغان بېشىنى قورۇلغا ئالدى.

**قورۇلتاز** ئى <زوئول> مادار، قۇماي.

**قورۇلگاھ** ئى. چېگرا، يول ياكى ئۆتەڭلەردى-كى تەكشۈرۈش، كۆزىتىش پونكىتلىرى قۇرۇلغان جايلار: چۈشكەندە قۇرۇلگاھنىڭ جەڭ جەبرى خىيالىغا، كىم ھۆسنىنى پەرداز-لار ئالدىغا قويۇپ ئەينەك.

**قورۇلماق** I «قورۇماق I» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار ياغدا قورۇلغان بېلىقنى قەلەمچە قىلىپ توغرالغان كۆك پىياز بىلەن ھازىرلايتتى. * ئۆگرىنىڭ قىيمىسى ياخشى قورۇلمىسا، سۈيى پىشىپ قىيمىنىڭ تەمى ئارىلىشىپ كەلمىسە ئېغىزغا تېتىمايدۇ.

**قورۇلماق** II ① «قورۇماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ئۆتۈكنى كىيىپ ئون قەدەم ماڭا-ماڭمايلا پۇتلىرى قورۇلۇپ ئاغرىشقا باشلىدى. ② قورۇق ھالەتكە كەلمەك، ۋىجىكلىمەك، ئورۇقلاپ تۈگۈلۈپ قالماق: - يا ھەزرەت ئىسسىقنىڭ دەستىدىن تازىنىڭ تۇمشۇقىدەك قورۇلۇپ قالدىغۇ كىشى، دەپ ۋايسى-دى قۇچقىدىكى بالىسىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان

ياشقىنا ئايال. * ئۇنىڭ چىرايى قورۇلۇپ، ئورا قاپاقلىرى ئارىسىدىكى كۆزلىرى پارقىراپ كەتتى.

**قورۇلۇش** ① «قورۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بوت> ئۆسۈملۈك مېۋىلىرىنىڭ تەبىئىي يېتىلىشى ناچار ياكى ئۆسۈشىنىڭ ئاجىز بولۇش ھادىسىسى.

**قورۇم** ئى. قورشاۋ، ئىسكەنجە: ئۇلار بىھۇدە قان تۆكۈلۈشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، سەپەر بوۋاينى زىيانكەشلىكتىن ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، قەسىرنى كۈچلۈك قورۇمغا ئېلىپ، سىيىت ھاجىنى تەسلىم بولۇشقا ئۈندەش قارارىغا كەلدى.

**قورۇما** ① سۈپ. قورۇلغان ياكى قورۇلىدىغان: قورۇما چۆچۈرە. قورۇما كاۋاپ. ② ئى. مايدا قورۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان يېمەك-لىك، سەي: تېپتىقۇ ئادەتتە قورۇما ۋە گۆشنىڭ تەمىنى ياخشىلاش، ئۇنىڭغا تەم كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. * تاماق تارتىلدى، كېيىن ئىچىملىكلەر ۋە قورۇملار كەلتۈرۈلدى.

**قورۇما چۆچۈرە** تۈگۈشتىن بۇرۇن قىيمىسى قورۇلىدىغان ۋە تۈگۈپ بولغاندىن كېيىن يەنە قورۇپ پىشۇرۇلىدىغان چۆچۈرە.

**قورۇما قېرىن** كالا، قوي قاتارلىقلارنىڭ قېرىنىنى تازىلاپ، مايدا قورۇپ، دورا-دەرمەك ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**قورۇما كاۋاپ** ← **قازان كاۋىپى.**

**قورۇما گاڭپەن** پىشقان گاڭپەننى، تۇخۇم بىلەن ياكى گۆش، سەيلەر بىلەن قورۇپ ئىستېمال قىلىنىدىغان بىر خىل يېمەكلىك.

**قورۇماق** I پ. سەي، گۆش قاتارلىقلارنى قازاندا قىزدۇرۇلغان ياغقا سېلىپ، ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈپ-چۆرۈپ، ئارىلاشتۇرۇپ پىشۇرماق: پولۇ قورۇشتىن، شورپا سورۇشتىن (ماقال). * — خوش، سىنىڭ قورۇغان چۈجە گۆشى يېگۈڭ كەلمەمدۇ؟ — دەپتۇ مەغرىبتىن كەلگەن كىشى. * ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەلگەن-دە، ھەلىمە سەي قورۇۋاتاتتى.

**قورۇماق** II پ. قىستىماق؛ يىغماق؛ قىسىپ مۇجۇماق، سىقماق: ئۆتۈك پۇتۇمنى قورۇپ ئاغرىتىۋەتتى. * ھاۋا خېلىلا سوغۇق بولۇپ، بەدەننى قورۇيتتى. * مەن ئۇنىڭ گالستۇكىنى يېشىپ بولۇشنى كۈتمەيلا نازۇك بېلىدىن قورۇپ تۇتۇپ قۇچاقلىدىم.

**قورۇماق** III پ ① ھىمايە قىلماق، قوغدىماق: باغنى قورۇماق. قوغۇنلۇقنى قورۇماق. * ئابلىكىم باغنى قورۇپ ئولتۇرغان خان قىزنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئالدى-كەينىگە قارىماي ھاپىلا-شاپىلا تامدىن ئارتىلىپ، باغدىن قېچىپ چىقتى. ② قۇش، چىۋىن، پاشا ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ھەيدەپ يىراقلاشتۇرماق، قوغلىماق: ئۇلار ئابدۇۋەلىنى ئۈزۈملۈك باغدىكى قاغا-قۇشقاچلارنى قورۇشقا قويغانىدى. * شاھ يارلىقى بويىچە ھەربىر ئائىلە ھەر كۈنى كەچتە نۆۋەت بىلەن بىردىن كىشىنى شاھ ئوردىسىغا چىۋىن، پاشا قورۇشقا ئەۋەتىدىكەن.

**قورۇنماق** پ. ئوڭايسىزلانماق، تارتىنماق؛ ئازادە، ئەركىن بولالماي قالماق: ئابدەم قورۇنۇپراق ئاتقا يېقىنلاشتى. سۇلايمان ئۇنى پۇتىدىن يۆلەپ ئاتقا مىندۇرۇپ قويدى. * ئۇ چىراغ يورۇقىدا پۇل ساناپ ئولتۇرغانىكەن، مېنى كۆرۈپ نېمىشقىدۇر قورۇنغاندەك بولدى. * ئىزوتا خانىم ئۆزىنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە قورۇنغان ھالدا قارىدىيۇ دەرھال كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى، چۈنكى دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن يۇسۇنلەرنىڭ تىنىمسىز چايقىلىشلىرىمۇ ئۇنىڭ قۇسۇرسىز ئاپپاق ئېتىنى، ئۇياتلىق يەرلىرىنى

قلچمۇ غۇۋالاشتۇرالمغاندى.

**قوزا** ئى <زوئول> قوينىڭ يېڭى تۇغۇلغان بالسى.

**قوزا چۇش** ئاشۇۋاقتىدىن كېيىنكى، چۇشتىن بۇرۇنقى، چۇشكە يېقىن ۋاقت: ئۇلار دەل قوزا چۇش بولغان مەزگىلدە «ئېلىش» بېشغا يېتىپ كەلدى. * ئەتىسى قوزا چۇش مەزگىلدە قسمەت چورۇق ھەمكار-لىق گۇرۇپپا ئەزالىرى بلەن ئېتىزدا ئىشلەۋې-تىپ، كۇتۇلمىگەندە، يۇسۇپ چوڭنىڭ شىرمۇ-ھەممەتنىڭ ئۆيىنى بۇزۇپ، ياغاچ-تاشلىرىنى ئالماقچى بولۇۋاتقانلىقنى ئاڭلىدى.

**قوزىنى پوزا قلماق** ئۇزۇن ۋاقىت جاپالىق ھەرىكەت قلىش ئارقىلىق ئاز نەرسىنى كۆپەيتمەك: — بالام، — دېدى ئانىسى، — سەن قوزىنى پوزا قلىپ بولغۇچە مەن بارمۇ يوق، بىرنېمە دەپ بولمايدۇ. شۇڭا دەسلەپ سىڭلىڭنى ياتلىق قلىپ تۇرساق دەيمەن.

**قوزام** ئى. كىچىك باللارنى ئەركىلتىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: ئەللەي، قوزام، ئومىقىم، شېرىن-شېكەر تاتلىقىم. ئۇخلا ئەمدى جان قوزام، ئەللەي، ئەللەي، شادلىقىم. ئەللەي، ئەللەي ئۇخلايەي!

**قوزا-ئوغلاق** قوزا ۋە ئوغلاق: يېڭى تۇغۇلغان قوزا-ئوغلاقلارنىڭ تىمەنلىكىنى كۆرگەندە، ئۇنىڭ ھاردۇقى چىقىپ قالاتتى.

**قوزغاتقۇچ** ① سۇپ. قوزغىتىش رولىنى ئوينايدىغان، قوزغىتىدىغان: قوزغاتقۇچ دورا. قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە. ② ئى <فىز> يالتىراق لامپىنىڭ ئوت ئالدۇرۇش دېتالى. ئادەتتە يالتىراق لامپىنىڭ قوزغىتىش توك يولىغا ئۇلىنىدۇ. ئىچىگە مېتالدىن ياسالغان ئىككى تال ئىسسىقلىق پلاستىنكىسى ۋە بىر دانە كوندېنساتورنى قاچىلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قوزغاتقۇچ دورا** <تىب> مەركىزىي نېرۋىنى قوزغىتىدىغان دورىلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قوزغاتقۇچ لامپا** <فىز> مەركەزداش بۇرمىلىق نۇرلۇق چوغلانما لامپا. ئاۋازلىق كىنو ۋە فوتو تېلېگراف سىستېمىسىدىكى فوتو ئېلېكترلىك لامپا ياكى ئېلېكتر باتارېيىسى قوزغىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قوزغاتقۇچ ئېنېرگىيە** <فىز> سىستېمىنى ئاساسىي ھالەتتىن ئالاھىدە بەلگىلەن-گەن قوزغىلىشچان ھالەتكە ئۆزگەرتىشتە زۆرۈر بولىدىغان ئەڭ ئاز مىقداردىكى ئېنېرگىيە.

**قوزغاتماق** «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۈچ-قۇدرىتى ئۈزلۈكسىز تۇردە مېڭە ئىشلەتكەنلىكىدە، ئۇ مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويالاتتى، پىكرىنى قوزغىتالاتتى. * بۇ مەسىلىدىمۇ كىتابخانلارنىڭ پىكرىنى قوزغىتالىشىم تامامەن مۇمكىن.

**قوزغالماس** سۇپ. قوزغالمايدىغان: قوزغالماس غالتەك.

**قوزغالماس غالتەك** <فىز> بىر ئورۇنغا مۇقىم ئورنىتىلغان غالتەك.

**قوزغالماق** ① «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئەل قوزغالسا، تەخت قوزغىلار (ماقال). * — تىلىڭنى چاينىما! — دېدى ھەيدەر ئورنىدىن قوزغىلىپ، — مېنى قورقۇتمىغان ئەمدى سەن قالغانمىدىڭ!...
② «قوزغىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سائەت ئوندا ئاپتوبۇس يەنە قوزغالدى. * كۆپچىلىكنىڭ كۈچىشى ئارقىسىدا بۇ چوڭ تاشمۇ قوزغالدى.

**قوزغىتىش** ① «قوزغاتماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <فىز>

مولېكۇلا، ئاتوم قاتارلىقلارنى ئېنېرگىيىسى تۆۋەنرەك ھالەتتىن يۇقىرىراق ھالەتكە كەلتۈرۈش.

**قوزغىتىشماق** «قوزغاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇيرۇق قىلدى خەلقنى قوزغىتىشنى، جاكار قىلدى مەزمۇت سېپىل سوقۇشنى.

**قوزغىتىلماق** «قوزغاتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پېزىدىكى پۈتۈن كادىرلار ۋە ئامما تولۇق قوزغىتىلىپ، ئەتىيازلىق كۆچەت تىكىپ ئورمان بەرپا قىلىش ھەرىكىتى داغدۇ-غىلىق ئېلىپ بېرىلدى.

**قوزغىلاڭ** ئى. ھاكىمىيەتكە قارشى ئېلىپ بېرىلغان قوراللىق ھەرىكەت، ئىنقىلاب؛ ئىسيان: ئۇنىڭ ئەسلي ئىسمى «تۆمۈر ياغاچچى» ئىدى. كېيىنچە قوزغىلاڭ جەريانىدا خەلق ئۇنىڭغا «خەلپە» دەپ نام بەرگەن. * شۇ پەيتلەردە خەلق قوزغىلىڭى پارتلاپ قالدى. مەنمۇ سۇنى كۆرگەن بىلىقتەك قوزغىلاڭغا ئۆزۈمنى ئاتتىم.

**قوزغىلاڭ كۆتۈرمەك** ھاكىمىيەتكە قارشى، قوراللىق ھەرىكەت ئېلىپ بارماق؛ ئىنقىلاب قىلماق: — ئەلنى زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، — دەپتۇ كەنجىسى، — خەلق قولىغا نېمە چىقسا شۇنى ئېلىپ، قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپ، زالىم پادىشاھنى ئاغدۇرۇپ تاشلاش كېرەك ئىكەن، دادا.

**قوزغىلاڭچى** ئى. قوزغىلاڭغا قاتناشقان، قوزغىلاڭ كۆتۈرگۈچىلەر تەرىپىدە تۇرۇپ ھەرىكەت قىلغان كىشى: توقسۇنغا چېكىنگەن قوزغىلاڭچىلار ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا باش قاتۇرماقتا ئىدى.

**قوزغىلىشچان** سۈپ. قوزغىلىپ تۇرىدىغان، قوزغىلىدىغان.

**قوزغىلىشچان ھالەت** <فز> مىكرو زەررىچىلەر سىستېمىسى (مەسىلەن، ئاتوم، ئاتوم يادروسى) نىڭ ئىچكى ئېنېرگىيىسى تۇراقلىق ھالەت ئېنېرگىيىسى-دىن يۇقىرى بولغان چاغدىكى كۆۋانت ھالىتى.

**قوزغىلىشچانلىق** «قوزغىلىشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قوزغىلىشماق** «قوزغالماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بەلگە ئوق ئاۋازى بىلەن تەڭ بارلىق مۇسابىقە ماشىنىلىرى قوزغىلىشتى.

**قوزغىماق** پ ① ئەسلى ئورنىدىن يۆتكە-مەك، مىدىرلاتماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك: — ھەرگىز ئورنىدىن قوزغىما! — دېدى بوۋاي قوزۇقنى يۇلۇشقا تۇتۇش قىلىۋاتقان ئوغلىغا ۋارقىراپ. * — ھەرقايسىلىرىنى قوزغاپ قويىدىغان بولدۇق، ئەپۇ قىلىشسىلا، — دېدى ئۇ تەكەللۇپ بىلەن. * ئۇ ماڭا ئۆرۈلۈپ قاراپ كۈلۈمسىرىدى-دە، گەپ-سۆز قىلمايلا ھارۋىسىنى قوزغاپ كېتىپ قالدى. ② كۆچمە. بىرەر پائالىيەت ياكى ھەرىكەتكە ئومۇمىي يۈزلۈك سەپەرۋەر قىلماق؛ ئاتلاندۇرماق، ھەرىكەتلەندۈرمەك: ئۇلارنىڭ پىلانى ئاۋۋال تاغ خەلقىنى قوزغاپ تاغدا كۈچ توپلاش، شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە بىراقلا شەھەرگە، ئوردىغا ھۇجۇم قىلىپ ۋاڭنى يوقىتىش ئىدى. * ئۇلار بازار ئىچىدىكى ئىدارە-جەمئىيەت ۋە ئاھالىلەرنى ئۇچمە كۆچىتى تىكىشكە قوزغىدى. ③ كۆچمە. پەيدا قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك؛ تۇغدۇرماق، سادىر قىلماق: پار ۋە ماشىنا سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىدا يېڭى بىر ئىنقىلاب قوزغىدى. * ماۋۇت بىلەن ھەسەل-خاننىڭ تالاش-تارتىشى جامائەت ئىچىدە زور بىر مۇنازىرە قوزغىدى. * بىز بۇ يىل زور كۆلەملىك جىرىم تىكىپ ئورمان بىنا قىلىش ھەرىكىتى قوزغىدۇق. ④ كۆچمە. يەنە

قايتا يۈز بەرگۈزمەك، سادىر قىلماق، قايتىلاتماق، تۇتماق (كېسەل قاتارلىقلار ھەققىدە): — سۆزلەۋېرىپ ئۇنىڭ كېسلىنى يەنە قوزغاپ قويما، — دېدى دادام ماڭا كايىپ. ⑤ كۆچمە. يېڭىدىن ئەسكە سالماق، يېڭىدىن تىلغا ئالماق، يېڭىدىن ئەسكە سېلىپ ياكى تىلغا ئېلىپ، كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماق، يېڭىلىماق (ئۇنتۇلۇپ كەتكەن كۆڭۈلسىزلىك ياكى كۆڭۈلسىز مەسىلىلەر ھەققىدە): بۇلارنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ ئۇنتۇلۇپ قالغان نۇرغۇن قايغۇلۇق ئەسلىملىرىنى قوزغايدۇ. * قىز ئاھ ئۇرۇپ تۆكۈپ ياش، تولغىنىپتۇ ئەلەمدە. يىگىت سۆزى قوزغاپتۇ، قىز يارىسىن شۇ دەمدە. ⑥ كۆچمە. ئۆزى تەرەپكە بۇرىماق، تارتماق، قاراتماق (دىققەت-ئېتىبار قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇ بالىنىڭ سۆز ھەرىكەتلىرى مېنىڭ دىققىتىمنى قوزغىدى. * بۇ ئىش مەكتەپتىكىلەرنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ كۈچلۈك دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغىدى.

**قوزۇق** ئى. يەر ياكى تام قاتارلىقلارغا قېقىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئۇچى ئۇچلۇق ياغاچ ياكى تۆمۈر تاياقچە: ئات ئايلىنىپ، قوزۇقنى تاپار (ماقال). * — خوش، نېمە بولدۇڭ، كالپۇكلىرىڭ يەر سۈپۈرۈپلا كېتىپتىغۇ، — دېدى دادام مايكىسنى قوزۇققا ئىلىۋېتىپ.

**قوزۇق چىش** <ئانات> كۈرەك چىشنىڭ ئىككى تەرىپىگە جايلاشقان چىش. ئۇنىڭ ئۇچى ئۇچلۇق ۋە نەرسىلەرنى پارچىلاشقا ماسلاشقان بولىدۇ.

**قوزۇق قېقىش ماشىنىسى** <بىن> قوزۇقنى يەر قاتلىمىغا قېقىپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. پار كۈچى بىلەن، ماي بىلەن ۋە مېخانىزم كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنا دەپ ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

**قوزۇق ئۇلاق** <ئورم> ئۇلاقنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ئۇلاق تۈپى قوزۇق شەكلىدە ئۇچلىنىپ، ئۇلاق تۈۋىگە كىرگۈزۈلۈپ ئۇلىنىدۇ.

**قوزۇقباغ** ئى [قوزۇق+باغ] يىپ، تانا، ئارغامچا قاتارلىقلارنى يۇمىلاق ھالقا شەكلىدە قىلىپ، ئىككى ئۇچىدىن تارتىپ چىڭىتىدىغان بىر خىل باغلاش، باغلاش ئۇسۇلى: — بالام ئاتنى قوزۇقباغ قىلىپ باغلاپ قوي، — دەپ بۇيرۇدى دادىسى.

**قوزۇقلۇق** سۈپ ① قوزۇق بار، قوزۇق قېقىلغان، قوزۇق بېكىتىلگەن. ② قوزۇق ئۈچۈن تەييارلانغان، قوزۇق قىلىنىدىغان؛ قوزۇق قىلسا بولىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان: قوزۇقلۇق ياغاچ.

**قوزىچاق** ئى. كىچىك قوزا: قوزىچىقىم قوزىچاق، تاقاپ قويدۇم كۆز مۇنچاق. كۆرۈپ قالسام «مە» دەيدۇ، «ماڭا ئوزۇق بەر» دەيدۇ.

**قوزىلاتماق** «قوزىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوي قوزىلىتىش قوتىنى ياساش ئالدىراش ئەمەس، 10-ئايلاردا پۈتكۈزسەكمۇ ئۈلگۈرىدۇ.

**قوزىلىق** سۈپ. قوزىسى بار، قوزا ئەگەشتۈرگەن: قوزىلىق قوي.

**قوزىلىق ساغلىق** قوزىسى بار، قوزىسىنى تېخى ئايرىمىغان، قوزىسى ئەگىشىپ يۈرىدىغان ساغلىق: بىر قوزىلىق ساغلىقىم بار ئىدى، ئاخىرى ئۇنىمۇ سېتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**قوزىلىق قوي** ← **قوزىلىق ساغلىق:** ئۇ ھېچقايسىمىزغا ئۇقتۇرمايلا قوزىلىق قوينى بازارغا ئېلىپ سېتىۋېتىپ قايتىپ كېلىپتۇ.

**قوزىلىماق** پ. قوزا تۇغماق: ئۇ ساغلىق قوزىلاپ بولۇپلا ئۆلۈپ قالدى.

**قوزىۋاي** سۈپ [قوزى+باي] ← **قوزىۋاي تاۋۇز.**

**قوزنىۋاي تاۋۇز** تاۋۇزنىڭ تەملىك، شېرىن بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سوزۇنچاق، تەكىيگە ئوخشايدۇ: ئۆي ئېگىسى ئايال دەرھال داستىخان سېلىپ، قوزنىۋاي تاۋۇزدىن بىرنى تىلدى.

**قوش** I سۈپ. جۈپ ياكى ئىككى: دۆلەت كەلسە قوش كېلىپتۇ، بالا كەلمىسۇن (ماقال). * ئۇ قاسىمنىڭ يېڭىدىن سالدۇرغان قوش دېرىزىلىك ئۆيىگە كىردى. * ئەجەبمۇ كەلمىدىڭ يارىم، يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم، قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ، يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

**قوش ئاسماق مېۋە** <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى. بۇ خىل مېۋە ئىككى تال ياپراقچىدىن تەركىب تاپقان ئۇرۇقدانىدىن يېتىلىپ كېلىدۇ. پىشقاندا ئىككى تال ئانىلىق ياپراقچىسى ئايرىلىدۇ، ھەربىر بۆلىكىدە بىر تالدىن ئۇرۇق بولىدۇ. مەسىلەن، سەۋزە، ئارپا بەدىيانىنىڭ ئۇرۇقى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوش ئاۋازلىق** ئىككى ئادەمنىڭ بىرلا ۋاقىتتا ئوخشاش ئاھاڭدا ئاۋاز چىقىرىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان ياكى ئورۇندىلىدىغان، ئىككى ئادەمنىڭ ئاۋازى بىرلەشتۈرۈلگەن: قوش ئاۋازلىق ناخشا.

**قوش ئەستەر** ئەستەرنىڭ ئىچىگە قىلىنغان يەنە بىر قەۋەت ئەستەر: قوش ئەستەر چاپان. * — بۇنى قوش ئەستەرلىك قىلىپ تىكتۈرەيمىكىن دەيمەن، — دېدى ئۇ ئۇستامغا.

**قوش ئەن** ئادەتتىكىدىن كەڭ، ئىككى قاتلانغان ئەن. ئىككى قات: — قاراڭ، — دېدى گەزمالچى ماڭا چۈشەندۈرۈپ، — بۇ دېگەن قوش ئەن، ئەرزان توختايدۇ. ئىككى يېرىم مېترلا ئالسىڭىز سىزگە بولىدۇ.

**قوش بوغۇملۇق سۆزلەر** <تىل> ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئەتە»، «ياغلىق» قا ئوخشاش ئىككىلا بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆزلەر.

**قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ئۇرۇقنىڭ تۆرەلمىسىدە ئىككى تال پەللە يوپۇرمىقى بولىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. بۇلارنىڭ يوپۇرماق تومۇرى تورسىمان، ئوق يىلتىز سىستېمىسى بولىدۇ. گۈلىنىڭ تۈزۈلۈشىدە ھەرقايسى قىسىملىرىنىڭ سانى بەش ياكى تۆت بولىدۇ. غول يىلتىزىدا ھاسىل قىلغۇچى قەۋىتى بولۇپ، توم ھالەتتە ئۆسەلەيدۇ. مەسىلەن، پۇرچاق، تال-تېرەك، قوغۇن-تاۋۇز، ئالما-ئۆرۈك قاتارلىقلارنىڭ يوپۇرماقلىرىغا ئوخشاش.

**قوش تەركىبلىك شېكەر** <خىم> ئىككى دانە يەككە ھالەتتىكى قەنت مولېكۇلىسىنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن شېكەر. مەسىلەن، ساخاروزا، مالتوزا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوش توچكا** <تىل> ← **قوش چېكىت.**

**قوش تورنىك** <تەن> ① گىمناستىكا ئەسۋابىنىڭ بىر خىلى. تىرەك ياغاچ ياكى تۆمۈر ئۈستىگە ئىككى تال ياغاچ بالداقنى پاراللېل ئورنىتىپ ياسالغان. ② گىمناستىكا مۇسابىقە تۈرىنىڭ بىرى. تەنھەرىكەتچىلەر قوش تورنىك ئۈستىدە ھەر خىل ھەرىكەتلەرنى ئورۇندايدۇ.

**قوش تۇرۇبىلىق تېلېسكوپ** <ئاستر> ئىككى دانە تاق تۇرۇبىلىق تېلېسكوپنى بىرىكتۈرۈش يولى بىلەن ياسالغان تېلېسكوپ.

**قوش تىرناق** <تىل> كۆچۈرمە تەركىبلەرنى ئاپتور سۆزىدىن ئايرىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تىنىش بەلگە-

ـسى. ئۇنىڭ زولى يالاڭ تىرناقتىن نىسبەتەن چوڭ، بەلگىسى (« »).

**قوش تىللىق** <تىل> ① ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق تىلنى ئىگىلىگەن ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنالايدىغان: قوش تىللىق كىشى. قوش تىللىق بولماق. ② ئىككى تىل ياكى ئىككى رەت تىلى بار: قوش تىللىق گارمون.

**قوش تىللىق گارمون** <مۇز> گارموننىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق كۇنۇپكا تاختىسى بولىدۇ.

**قوش جىنس** <بىئول> جانلىقلاردا بولىدىغان ئاتىلىق ۋە ئانىلىق جىنس، ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەردە بولىدىغان ئەرلىك ۋە ئاياللىق جىنس كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قوش جىنسلىق** ① جىنسى ئىككى خىل، ئىككى خىل جىنسقا ئىگە: قوش جىنسلىق تۆپ. قوش جىنسلىق ئادەم. ② <زوئول> بىر ھايۋان تېنىدە ئۇرۇقدان بىلەن تۇخۇمدان بىللا ھالدا مەۋجۇت بولىدىغان ھادىسە. ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن پلانارىيە، قورساق پۇتلۇقلارنىڭ كۆپچىلىكى قوش جىنسلىق كېلىدۇ. بەزى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئۇرۇقدىنىدىمۇ تۇخۇم ھاسىل بولۇش ئەھۋاللىرى كۆرۈلىدۇ.

**قوش جىنسلىق تۆپ** <بوت> ئاتىلىق گۈل بىلەن ئانىلىق گۈل بىللا ھالدا بولىدىغان تۆپ. مەسىلەن، كۆممىقوناق، تەرخەمەك قاتارلىقلارنىڭ تۆپلىرىگە ئوخشاش.

**قوش چىشلىق ساپان** ئىككى چىشى بولغان ساپان.

**قوش چېكىت** <تىل> بايان قىلىنىدىغان بۆلەك ئالدىغا قويۇلىدىغان تىنىش بەلگىسى. بەلگىسى (:).

**قوش رېلىس** <قاتن> ئىككى گورۇپپا رېلىستىن ئىبارەت بولغان لىنىيە.

**قوش سۇنۇش** <گېئول> مەلۇم سۈزۈك كرىستاللارغا چۈشكەن نۇرنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ ئوخشىمىغان يۆنىلىشلەردە سۇنۇش ھادىسىسى. مەسىلەن، سۈزۈك كالتسىتتا شۇنداق خۇسۇسىيەت بولىدۇ.

**قوش شارچە باكتېرىيە** <بىئول> قوش ھالەتتە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان باكتېرىيە. بۇ خىل باكتېرىيە ئۆپكە ياللۇغى، تارقىلىشچان مېڭە پەردە ياللۇغى ۋە سۆزنەك قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**قوش شارسىمان باكتېرىيە** <بىئول> ← **قوش شارچە باكتېرىيە.**

**قوش شېكمۇ** <تىل> خەنزۇ تىلىدىكى ئىككى سۆز ياكى بىرنەچچە شېكمۇلارنىڭ ئوخشاپ قېلىش ھادىسىسىگە قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**قوش قاپىيە** <ئەد> شېئىر مىسرالىرىدىكى قاپىيەدىن كېيىن تەكرارلىنىدىغان سۆز ياكى بوغۇملار.

**قوش قانات** بىر جۈپ قانات، ئىككى قانات: — سەل كېچىككەن بولسامۇ بولۇپتۇ، مەن ناماقۇل، — دېدى ئۇ ۋە كۆلنىڭ شىمال تەرىپىدىكى قوش قانات دەرۋازىغا يۈرۈپ كەتتى.

**قوش قايرىما ياقىلىق كۆڭلەك** ئىككى پارچە قايرىما ياقىسى بولغان ئاياللارچە ئۇزۇن كۆڭلەك.

**قوش قەۋەت** ئىككى قەۋەت: كۆلنىڭ شەرقىي تەرىپىدە ئۇلارنىڭ مىللىي ئۇسلۇبتا كۆركەم قىلىپ سالدۇرغان قوش قەۋەتلىك بىر قورۇسى بار ئىدى.

**قوش كىندىك** دائىم بىللە يۈرىدىغان،

بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئىنتايىن يېقىن: قوش كىندىك ئاغىنىلەر. قوش كىندىك ئاكا-ئۇكىلار.

**قوش لەۋ تاۋۇشى** <تىل> ئۈستۈنكى لەۋ بىلەن ئاستىنقى لەۋ تېگىشىپ، ئۆپكىدىن چىققان هاۋاغا توسقۇنلۇق قىلىش ئارقىلىق تەلەپپۇز قىلىنىدىغان تاۋۇش. مەسىلەن، پارتلىغۇچى تاۋۇش «پ»، «ب» لار، دىماغ تاۋۇشى «م»، سىيرىلاڭغۇ تاۋۇش «ۋ» قاتارلىقلارنىڭ هەممىسى قوش لەۋ تاۋۇشى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

**قوش لىنىيە** ① بىر-بىرىگە پاراللېل هالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق يول، رېلىس، ئېلېكتر سىملىرى ۋە باشقىلار. ② بىرەر ئىشنى تەڭ قەدەمدە ۋۇجۇدقا چىقىرىشتا تاللىۋېلىنغان ئىككى خىل يول: قوش لىنىيىلىك تۈزۈم.

**قوش لىنىيىلىك تۈزۈم** <مائارىپ> ئىككى خىل مائارىپ تۈزۈمىنىڭ بىردەك ئېلىپ بېرىلىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. مەسىلەن، مەملىكىتىمىزدە پۈتۈن كۈنلۈك مۇنتىزىم مەكتەپ مائارىپى بىلەن ئىشتىن سىرتقى مائارىپ تۈزۈمى بىردەك يۈرگۈزۈلىدۇ.

**قوش ماكانلىقلار** <زوئول> ئومۇرتقىلىق هايۋانلارنىڭ بىر كلاسسى. ئادەتتە تەڭگىچىسىمۇ، قاسىرىقىمۇ، تېرىسىدە تۈكچىلىرىمۇ يوق، تۆت ئايىغىدا بارماقلىرى بار، ئەمما تىرناقلىرى يوق. تېمپېراتۇرىسى سىرتقى مۇهىت تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئاساسەن ئۆزگىرىدۇ. تۇخۇم سېلىپ كۆپىيىدۇ، قومچىقى سۇدا ياشايدۇ، ساقىقى بىلەن نەپەسلىنىدۇ، چوڭ بولغاندا قۇرۇقلۇققا چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا ئۆپكىسى ۋە تېرىسى بىلەن نەپەسلىنىدۇ. مەسىلەن، يېشىل پاقا، چارپاقا، سالاماندىرا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوش مۇشت** ئىككى مۇشت: — رەهمەت، — دەپتۇ هەمراجان بايغا قوش مۇشتىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — مەن دەل مۇشۇنى بىلمەكچى ئىدىم.

**قوش مۈڭگۈز** بىر جۈپ مۈڭگۈز: بۇرغا ئەڭ قەدىمكى ئىپتىدائىي چالغۇ بولۇپ، يالغۇز، مۈڭگۈزلۈك، قوش مۈڭگۈزلۈك بۇرغىلار هەربىي پائالىيەتتە ئىشلىتىلەتتى.

**قوش مېغىز** <بوت> ← **قوشماق مېغىز.**

**قوش نىكاه** <قا> ← **قوش نىكاهلىنىش.**

**قوش نىكاهلىنىش** <قا> قانۇنلۇق جورىسى بار تۇرۇپ يەنە باشقىلار بىلەن نىكاهلىنىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دۆلىتىمىزدە قوش نىكاهلىنىش قانۇنسىز قىلمىش هېسابلىنىدۇ.

**قوش ئوقلۇق كرىستال** <گېئول> ئىككى ئوپتىكىلىق ئوققا ئىگە بولغان كرىستال. تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىدىكى كرىستاللارنىڭ هەممىسى قوش ئوقلۇق كرىستال بولۇپ هېسابلىنىدۇ. مەسىلەن، زەيتۇن تاش، دالا شپاتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوش ئۇرۇقلىنىش** <بوت> يېپيېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەردە ئالاهىدە بولىدىغان ئۇرۇقلىنىش هادىسىسى. بۇنىڭدا گۈل چېڭى ئانىلىق ئاغزىغا قونغاندىن كېيىن يېغىلىپ گۈل چېڭى نەيىنى هاسىل قىلىدۇ. گۈل چېڭى نەيى ئۆسۈپ تۆرەلمە خالتىسىغا كىرىدۇ، نەيىنىڭ ئۇچى يېرىلىپ ئىچىدىكى ئىككى تال سپېرمىنى تۆرەلمە خالتىسىنىڭ ئىچىگە قۇيىدۇ. بىر تال سپېرما تۇخۇم بىلەن قوشۇلۇپ ئۇرۇقلان-

غان تۇخۇمغا ئايلىنىدۇ، يەنە بىرى قۇتۇپ يادروسى بىلەن قوشۇلۇپ ئۇرۇقلانغان قۇتۇپ يادروسىغا ئايلىنىدۇ. ئۇرۇقلانغان تۇخۇم يېتىلىپ تۆرەلمىگە، ئۇرۇقلانغان قۇتۇپ يادروسى يېتىلىپ تۆرەلمە سۇتىگە ئايلىنىدۇ.

**قوش يۆتەل** قاتتىق يۆتەلگەندە ئارقا تەرەپتىن يۆتەل بىلەن تەڭ ئىختىيارسىز چىقىپ كەتكەن غەيرىي ئاۋاز.

**قوش يېپىنچىلىق گۈل** <بوت> گۈل يېپىنچىسى بىر قەۋەت گۈل كاسىسى ۋە بىر قەۋەت گۈل تاجىدىن تۈزۈلگەن گۈل. مەسىلەن، ئالما، ئۆرۈك گۈلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوش** II ئى. دېھقانچىلىقتا يەر ھەيدەش، ئاغدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چىش؛ بوقۇسا، ساپان: — ئۇنداق بولسا، ئىككى قوش چىقىرىپ بىر كۈندىلا ھەيدىۋەتسەك بولىدىكەن، — دېدى ئابدۇرېشىت. * جەنۇبتا ئېتىزلارغا قوش چىقىپ بولغان بولسىمۇ، ئۇرۇمچى كوچىلىرى تېخىچە قار-مۇزلار بىلەن قاپلىنىپ تۇراتتى.

**قوش تۆگىسى** مەخسۇس قوشقا قېتىپ يەر ھەيدەش ئۈچۈن بېقىلغان ۋە لايىق تەربىيىلەنگەن، كۆندۈرۈلگەن تۆگە: گۇگشىي ۋاقتىدا ھەممە داۋىيلەرنىڭ 10-20 دىن قوش تۆگىلىرى بولاتتى.

**قوشتىن چىقسا، سۆرەمگە سالماق** ← **قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمگە سالماق:** — ئۆزى ئىشلىسۇن، — دېدىم تېرىكىپ، — قوشتىن چىقسا، سۆرەمگە سالىدىغان، سۆرەمدىن چىقسا، قوشقا سالىدىغان بىز ئۇنىڭ قۇلى ئەمەس.

**قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمگە سالماق** بىر ئىشنى تۈگىتىپ بولۇشىغىلا، يەنە بىر ئىشنى تەييار قىلىپ تۇرماق؛ ئارام ئالدۇرماي ئىشلەتمەك: ئۇ چاغلاردا قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمگە سالسىمۇ، غىڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايتتۇق.

**قوشتىن ئېلىپ، سۆرەمگە سالماق** ← **قوشتىن چىقىرىپ، سۆرەمگە سالماق:** — باشلىقمەن دەپ ئۇنچىۋالا كېرىلىپ كەتمەڭ، بىلمەن، سىزنىڭمۇ غوجا ئاكىڭىز بار، ۋاقتى كەلگەندە سىزنى قوشتىن ئېلىپ سۆرەمگە سېلىپ، «ئۇھ» دېگۈچىلىك ھالىڭىزنى قويماي جەھەننەمگە ئۇزىتىپ قويىدۇ. — دېدى ھېلىقى ساقاللىق كىشى كۈچلۈك مەسخىرە تەلەپپۇزىدا.

**قوش چىقماق** تېرىلغۇ ئىشلىرى باشلانماق، تېرىلغۇ باشلىنىپ بولماق: جەنۇبىي شىنجاڭدا 2-ئاينىڭ 20 لىرىدىن كېيىن قوش چىقىدۇ.

**قوش سالماق** قوش بىلەن تېرىش ئىشىنى باشلىماق: — يەرمۇ تاۋلىنايلا دەپ قېلىپتۇ، ئەتە چۈشلەردە قوش سالساق بولىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مەسۇم تاغا ئۇسا قىلىنغان ئېتىزنى دەسسەپ كۆرۈپ.

**قوش قاتماق** قوشنى قوش ئۇلاغلىرىنىڭ كەينىگە باغلاپ (چېتىپ) يەر ھەيدىمەك: ئۇلار بەزىدە قوشقا قاتقان كالىلارنى ئىشلىتىپ بولۇپ، قوش-ساپانلىرى بىلەنلا ھەيدىۋېتەتتى.

**قوش كالىسى** قوشقا قاتىدىغان كالا: ئۇ چاغدا بىزدە بىرلا قوش كالىسى بار ئىدى.

**قوش ھەيدىمەك** ھايۋان ياكى ماشىنىلارغا سۆرىتىلگەن قوش بىلەن يەر تېرىماق، ئاغدۇرماق: ھاتەم قوش ھەيدەۋاتقان دېھقانىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، ئەدەب بىلەن سالام بەردى.

**قوش** III ئى. ① ھەربىي يۈرۈش ۋە كوللېكتىپ سەپەرلەردە ۋاقىتلىق تۇرالغۇ، قونالغۇ قىلىش ئۈچۈن تەييارلانغان جاي،

قارارگاھ، چېدىر: ئۇلار تۇخۇمەك يانباغرىدى- كى قوشقا كىرىپ، ياۋنى چېكىندۈرۈش ئۈستىدە مەسلىھەتلەشتى. * ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ ئادىمىنىڭ كۆپلۈكىنى كۆرۈپ ئۇرۇش- نى داۋاملاشتۇرۇشقا پېتىنالماي قوشىغا قايتتى. ② كارۋانلار يول يۈرۈپ توختىغان جايدا قونۇش ئۈچۈن ئېلىپ يۈرىدىغان كىگىز ئۆي، چېدىر: تۆگىچىلەر قوشى قاپچىغاينىڭ تۆۋىنىدىرەك ئىدى. راخمان بىلەن قېيۇم شۇلار تەرەپكە كېتىۋاتاتتى.

**قوش تۆگىسى** كارۋانلار يول يۈرگەندە مەخسۇس قوشنى ئارتىپ ماڭىدىغان تۆگە. ئادەتتە ئۇ ئارقىدا ماڭىدۇ.

**قوش تىكمەك** قوشنى بەلگىلىك بىر جايغا ئورناتماق، ئورۇنلاشتۇرماق: ئۇنىڭ لەشكەرلىرى ھەر تەرەپكە پېتىراپ كېتىپ، 40 چاقىرىمدىن كۆپرەك چېكىنىپ، قوش تىكىپ ئورۇنلاشتى.

**قوش ياغاچ** قوش چېدىرىنىڭ تۈڭلۈكىنى (چاڭغىراقنى) كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان ياغاچ.

**قوش** IV ئى. دىئال. نور.

**قوشئاتار** ئى [قوش+ئاتار] قوش ئېغىزلىق، قوش ئاۋازلىق مىلتىق: — قوش ئاتارنىڭ ئاۋازى، — دېدى نازىمقۇلى چۆچۈپ.

**قوشاق** I ① سۈپ. بىر-بىرىگە چېتىلغان، قوشۇلغان: بىر قوشاق ئۇلاغ. ② ئى. بىر ئارغامچا بىلەن ئۆزئارا چېتىلىپ باغلانغان ئۇلاغلار: ئۇلار قوشاقنى ئىككى قىلىپ قاسىمنىڭ خامىنىنى بۇگۈنلا تېپىپ، سورۇپ ئېلىۋېلىشنى ئويلىشىۋاتاتتى.

**قوشاق ئارغامچىسى** ئۇلاغنى خامانغا قوشۇش ئۈچۈن تەييارلانغان مەخسۇس ئارغامچا.

**قوشاق** II ئى <ئەد> كۆپىنچە يەتتە بوغۇملۇق، تۆت مىسرالىق بولىدىغان، رىتىم ۋە ئاھاڭدارلىقى كۈچلۈك، سۆزلىرى ئاددىي ئەمما جانلىق، ئوبرازلىق، ناخشا قىلىپ ئوقۇشقا ئەپلىك بىر خىل شېئىرىي ئەسەر: خەلق قوشاقلىرى. سادىر پالۋان قوشاقلىرى. ئابدۇقادىر داموللا قوشاقلىرى. * ھېلىقى يىگىت «ماتىتەي تۈلۈم چاشقان» دېگەن قوشاقنى راۋاب بىلەن ئوقۇدى.

**قوشاق توقۇماق** قوشاق ئويلاپ چىقار- ماق، قوشاق يازماق: مىسكىن راۋابچىلار شۇ كۈنى كەچتىلا ئۆزلىرىنىڭ ئارمانلىرىنى بايان قىلىپ قوشاق توقۇشۇپتۇ.

**قوشاق تۈزمەك** ← **قوشاق توقۇماق**: — ئالىم سىزگە ئاتاپ بىرمۇنچە قوشاق تۈزۈپتۇ، — دېدى ئۇ زەينەپكە سىناش نەزەرى بىلەن قاراپ.

**قوشاق قاتماق** قوشاق يازماق ۋە ئوقۇماق: ئېسىمدە ئەل ۋە يۇرتنى ئەلا بىلىپ، ئىشقىدا يالقۇن بولۇپ يانغانلىرىنىڭ، «جېنىمىز ساڭا پىدا ئانا ۋەتەن!» دەپ ھامان ئوتلۇق قوشاق قاتقانلىرىنىڭ.

**قوشاق قوشماق** ← **قوشاق توقۇماق**: ھازىر بولۇپ سەلىمخانمۇ، قوشاق قوشۇپ يىغلىدى شۇ دەم: «ئاھ، مېھرىبان قىزىم لەيلىگۈل، قانداق چىداي سېنى كۆرمە- سەم؟!...»

**قوشاقچى** ئى. قوشاق توقۇيدىغان ھەم قوشاق ئېيتىدىغان كىشى، قوشاق ئېيتقۇ- چى: ئۇلار ئېلىشانى كۆرۈپ ئالدىغا يېرىشتى، ھەممە يىلەن سۆيۈملۈك خەلق قوشاقچىسىنى قۇچاقلاشتى. * سادىر پالۋان، سېيىت نوچىلار يېقىنقى زامان ئۇيغۇر تارىخىدىكى مەشھۇر خەلق قوشاقچىسى ھەم داڭلىق ھەققانىيەتچى باتۇرلاردۇر.

**قوشاقچىلىق** ئى. قوشاق توقۇش، قوشاق ئېيتىش ئىشى، كەسپى: تۇركلەرنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق قوشاقچىلىق، داستانچىلىق ئەنئەنىسى ھېلىمۇ كەڭ داۋام قىلماقتا.

**قوشاقداتماق** « قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قوشاقداشماق** « قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قوشاقدالماق** « قوشاقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قوشاقدىماق** پ. بىر-بىرىگە چېتىپ قوشاق قىلماق: بىز ئۇلاغلارنى قوشاقداپ خامانغا قوشقۇدەك قىلىپ قويغانىدۇق.

**قوشام** ئى. دىئال ① دەرەخ ۋە يۇلغۇننىڭ شاخلىرى. ② دەرەخ ياكى يۇلغۇن شاخلىرىدىن قىلىنغان قاشا.

**قوشتۇرماق** « قوشماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىنى سىناش ئۈچۈن ئوغلىغا 56 گە 28 نى قوشتۇرۇپ كۆرۈۋىدى، ئوغلى توغرا ھېسابلاپ چىقتى. * شۇ ئولتۇرۇشتىن كېيىن ئۆزبېك ئايىم بەكمۇ جانلىنىپ كەتتى ۋە ئەتىسىگە ئالىم پانسادنىڭكىگە يەنە ھارۋا قوشتۇردى.

**قوشتۇرۇلماق** « قوشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھارۋىلار قوشتۇرۇلۇپ، بارلىق لازىمەتلىكلەر تەييار قىلىنغاندا، ئەخمەت تۇيۇقسىزدىن « يولغا چىقمايمەن» دەپ تۇرۇۋالدى.

**قوش-جابدۇق** يەر تېرىغاندا لازىم بولىدىغان قوش ۋە باشقا تۈرلۈك لازىمەتلىكلەر؛ قوش ۋە جابدۇق: ئۇنىڭ دېھقانچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان ئات-كالا ھەم قوش-جابدۇقلىرى ھەتتا تۇخۇم تۇغۇپ بېرىدىغان بىرەر تۇخۇسىمۇ يوق ئىدى.

**قوشچى** ئى. تېرىقچىلىق مەزگىلىدە مەخسۇس قوش ھەيدەشكە بەلگىلەنگەن كىشى، قوش ھەيدىگۈچى: ئۇنىڭ بەلبېغىدا قوشچىلارنىڭ چۈشلۈك تامقى ئۈچۈن بېرىلگەن بىر زاغرا بىلەن ھەمەك نان بار ئىدى. * – يۈگۈر ئۇكا، – دېدى ئۇ قوشچى يىگىتكە، – لەقۋا ئاكاڭغا بۈگۈن كۈن قاياقتىن چىقتىكىن، ئۇ بۈگۈن ئېتىزغا چىقىپتۇ.

**قوش-قوش** « قوش I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوش-قوش كېلىۋاتقان ھەربىي ماشىنىلىرىغا قاراپ بوۋايلارنىڭ يۈرىكى ئەنسىز دۈكۈلدەشكە باشلىدى.

**قوش-قوشلاپ** جۈپ-جۈپى ياكى توپ-توپى بىلەن، ئارقا-ئارقىدىن، ئۈزۈلمەي: بۇنداق قوش-قوشلاپ كېلىۋاتقان ئامەتلەر ئۇنىڭ بېشىنى ئاسمانغا تاقاشتۇرۇپ قويغانىدى.

**قوشقۇچى** سۈپ. قوشۇش رولىنى ئوينايدىغان، قوشىدىغان: قوشقۇچى توقۇلما.

**قوشقۇچى توقۇلما** <بىئول> ← بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما.

**قوشكېزەك** ئى [قوش+كېزەك] ① بىرلا قېتىمدا ئارقا-ئارقىدىن تۇغۇلغان ئىككى كىچىك جانلىق (بوۋاق، قوزا قاتارلىقلار): بۇ يىل بىزنىڭ بىر قويي قوشكېزەك تۇغۇپ ئۆلۈپ قالغانىدى. * بۇنىڭدىن بىر ئاي ئىلگىرى، ئېلىنغاندا ئىمتىھان، قوشكېزەكلەر نومۇرى، 95 تىن ھالقىغان. // ئۇ قوشكېزەك قوزىلاردىن خەۋەر ئېلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. ئايرىلماس يېقىن دوست، جۈپ، ھەمراھ، يولداش: ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىل سىغمايدۇ. ئۇلار قوشكېزەك، كۈندە دېگۈدەك ئۇلار تۇرغان ئۆيدە چاقچاق، كۈلكە، قىيا-چىيا... * ھەر ۋاقىتتا، ئۆز ئىشىمىزدا سۈرئەت بىلەن سۈپەت قوشكېزەك بولۇشى كېرەك.

**قوشلاپ** رەۋ. قوش قىلىپ، بىرلەشتۈرۈپ، قوشۇپ، بىر قىلىپ: ئەتلەس بىلەن ئالتۇنلارنى قوشلاپ ئېلىۋالغان يۇرت بېشى قايتلاپ ئۆيىمىزگە يولىمىدى. * مۇشۇ كۈنلەردە ئەمەلدارلار دېھقانلاردىن باج-سېلىقلارنى قوشلاپ ئالىدىغان بولۇپ كەتتى.

**قوشلاپ-قوشلاپ** « قوشلاپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خېمىر باتۇر بىرتقۇچلارنى

قوشلاپ-قوشلاپ باغلاپ، بوۋاينىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.

**قوشلاق** سۈپ → **قوشماق** I : قوشلاق غوزا.

**قوشلاق غوزا** قوشماق هالەتتىكى پىلە غوزىسى.

**قوشلاق يىپ** پالاس توقۇشتا ئارقاق قىلىش ئۈچۈن ئىككى-تۆت قات قىلىپ تەييارلانغان يىپ.

**قوشلىماق** پ. قوش-قوش قىلماق، كۆپەيتمەك، ھەسسىلىمەك: ئۇ مېنىڭ ئاھ-زارىمغا كۆز-قىرىنىمۇ سالماستىن، مېنىڭ زىممەمدىكى يۈك ئۈستىگە قوشلاپ يۈك ئارتىۋەردى. * دەرد-ئازاب قوشلاپ كېلىپ، ئاشقاندىمۇ مۈڭ-ھەسرىتىم، تاغقا باقتىم ئىنتىزار، بولغاچ ئىرادەم گاك پولات.

**قوشما** سۈپ. ئۆزئارا بىرلەشكەن، قوشۇلغان ياكى بىرلەشكەن ھالدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان: قوشما بايانات. ئامېرىكا قوشما شتاتلىرى. قوشما تۇزلار.

**قوشما بايانات** ئىككى ياكى بىر قانچە دۆلەت بىرلىكتە ئېلان قىلغان ئاخبارات. ئۇ دىپلوماتىيە ھۆججىتىنىڭ بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا ئالاقىدار دۆلەتلەرنىڭ بەزى مۇھىم خەلقئارا مەسىلەر توغرىسىدىكى بىردەك قاراشلىرى ۋە پوزىتسىيىلىرى ھەمدە بۇ مەسىلەرنى ھەل قىلىشتىكى پرىنسىپ - سىياسەتلەر چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**قوشما تۇزلار** <خىم> ئىككى ئاددىي تۇز مولېكۇلىلىرىنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان تۇزلار. مەسىلەن، ئاچچىق تاش $KAl(SO_4)_2 \cdot 12H_2O$ (ياكى $K_2SO_4 \cdot Al_2(SO_4)_3 \cdot 24H_2O$). بۇلار سۇدا ئىئونلانغاندا ئۆزلىرىنى ھاسىل قىلغان ئاددىي تۇزلارنىڭ ئېرىتمىلىرىدىكى ئىئونلارغا پارچىلىنىدۇ. ئەمما قوشما تۇزلارنى كومپلېكس تۇزلاردىن كەسكىن پەرقلەندۈرۈش يارىمايدۇ. بۇلار «كومپلېكس تۇزلار» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى قوشما تۇز ئېرىتمىلىرىدە ئاز بولسىمۇ كومپلېكس ئىئونلار بولىدۇ.

**قوشما جۈملە** <تىل> ئاددىي جۈملىگە باراۋەر كېلىدىغان بىرقانچە بۆلەكلەرگە ئايرىغلى بولىدىغان مۇرەككەپ جۈملە.

**قوشما سوزۇق تاۋۇش** <تىل> بىر بوغۇمدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ قاتار تىزىلىپ كەلگەن بىرىكمىسى.

**قوشما شتات** ئىتتىپاق تۈزۈمىدىكى دۆلەتلەرنىڭ نامى، يەنى بىردىن ئارتۇق شتاتلارنىڭ بىرلىشىشىدىن ھاسىل بولغان بىرلىككە كەلگەن دۆلەت. قوشما شتاتنىڭ ھەرقايسى ئەزا شتاتلار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى دۆلەتنىڭ ئىچكى قانۇنى دائىرىسىدىكى مۇناسىۋەت بولىدۇ، گەرچە ھەرقايسى ئەزا شتاتلار ئىگىلىك ھوقۇقىدىن بەھرىمەن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقى ئىچكى ئىشلار بىلەن چەكلىنىدۇ. سىرتقا يۈرگۈزىدىغان ئىگىلىك ھوقۇقى پۈتۈنلەي قوشما شتاتقا مەنسۇپ بولىدۇ. مەسىلەن، مېكسىكا، ئامېرىكا ئەنە شۇنداق دۆلەتلەردۇر.

**قوشما مىقدار سۆز** <تىل> قوشما مىقدار بىرلىكنى بىلدۈرگۈچى مىقدار سۆز. مەسىلەن، توننا كىلومېتر، ئادەم قېتىم دېگەنلەرگە ئوخشاش.

**قوشما نۇقتا** <فىز> تەكشى ئەينەك، سفېرىك ئەينەك ياكى لېنزىنىڭ ئاساسىي ئوقىدا، جىسىم ئۈستىدىكى بىر نۇقتا بىلەن ئۇنىڭ ئەينەكتىكى شەكلىدىكى مۇناسىپ بىر نۇقتا

ئۆزئارا قوشما نۇقتا بولىدۇ.

**قوشما ئۇزۇك تاۋۇش** <تىل> بىر بوغۇمدىكى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئوخشاش بولمىغان ئۇزۇك تاۋۇشلارنىڭ قاتار كەلگەن بىرىكمىسى.

**قوشماق** I سۈپ ① ئوپمۇئوخشاش بىر جۈپ؛ بىر-بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان بىر جۈپ: قوشماق مېغىز. قوشماق نەشپۈت. * خەيرىيەت تەقدىر دېگەن شۇنداقمىكىن، ئىككى ياشنىڭ يۇلتۇزى قوشماقمىكىن. ② كۆچمە. مۇناسىۋىتى بەك يېقىن، ئايرىلماس، جانجىگەر، ئۆزئارا ۋاپادار: قوشماق ئاداش بولايلى، بىر نان تاپساق تەڭ يەيلى. گەر يولۇقساق دۈشمەنگە، بىردەك قارشى تۇرايلى.

**قوشماق كرىستال** <گېئول> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بولغان بىر خىل كرىستاللارنىڭ پاراللېل بولمىغان ھالدا قانۇنىي يوسۇندا باغلىنىپ ئۆسۈشى. بۇنىڭدا بىر كرىستال چوقۇم يەنە بىر كرىستالنىڭ ئەينەكتىكى ئەكسى بولىدۇ. بىر كرىستالنى ئايلىنىش ئوقى ئەتراپىدا 180° خىيالىي ئايلاندۇرغاندا، چوقۇم يەنە بىر كرىستال بىلەن پاراللېل بولىدۇ ياكى ئۈستمۇئۈست چۈشىدۇ.

**قوشماق مېغىز** <بوت> بىر ئۇچكە ئىچىدە يېتىلگەن ئىككى مېغىز. كۆپىنچە ئۆرۈك، شاپتۇل قاتارلىق ئۇچكىلىك مېۋىلەردە كۆرۈلىدۇ.

**قوشماق ئۆردەك** <زوئول> → **سوقسۇر**.

**قوشماق** II پ ① <مات> قوشۇش ئەمەلىنى بېجىرمەك؛ جەملىمەك، جەم قىلماق: بىرگە ئىككىنى قوشسا نەچچە بولىدۇ؟ * — ئەركىن، سىنىڭ بەرگەن جاۋابىڭ «59» نومۇرغا لايىق تۇرسا، بىر نومۇر قوشۇپ قويسام بولامدۇ؟ — دېدى مۇئەللىم. ② بىرەر نەرسىگە باشقا بىر نەرسىنى ئارىلاشتۇرماق ياكى سالماق: — بوۋا، بۇ پولۇ بەك ئوخشاپتۇ، بۇنىڭغا پولۇنى ئوخشىتىدىغان دورا قوشتۇڭلارمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ ھېلىقى بالىلار. * ئالما، ئانار، ئەنجۈرلۈك... شۇنداق تاتلىق ھەسەلدىن. شاختا پىشقان مانتا بۇ، قەن قوشمىغان ئەزەلدىن. ③ پارچە-پارچە، ئالاھىدە مۇستەقىل بولغان نەرسىلەرنى بىرلەشتۈرۈپ بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلماق، بىرلەشتۈرمەك: قوشماق تەس، ئايرىماق ئاسان (ماقال). * ئۇ ئەكبەرنىڭ قولىدىكى ئېتىز گۈللىرىنى ئېلىپ قولىدىكى گۈللەرگە قوشتى. * قەسىمىم: بارارمەن ئالدىڭغا سىنىڭ، بۇ سەپەر يولىدا شان-شەرەپ قۇچۇپ. شۇ چاغدا گۈلچى قىز گۈلدەستەڭ بىلەن، ئالارمەن شۇ نازىك، كۆڭلۈڭنى قوشۇپ. ④ كۆچمە. تەقدىم قىلماق، بېغىشلىماق، چىقارماق، سەرپ قىلماق: ئۇلار بۇ ئۇلۇغ قۇرۇلۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ بارلىق كۈچىنى قوشۇشقا بەل باغلىدى. * بۇ مەكتەپنىڭ جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسى زور. * ئەي ئۇلۇغ قەشقەر قىزى، شۇ ئۇلۇغ ئىشلار ئۈچۈن، سەنمۇ ھەسسە قوش ئەمدى! كۈرەش-چېلىش مەيدانىغا، بەلنى باغلاپ سەكرە، چۈش ئەمدى! ⑤ ئاشۇرماق، كۆپەيتمەك، ئارتتۇرماق: ئايسخان قۇرۇق ئابروينى دەپ تويلۇققا يەنە نەرسە قوشقانىكەن. * بۇ گۈزەل تەبىئەت ئۇلارنىڭ مۇھەببىتىگە مۇھەببەت، خۇشاللىقىغا خۇشاللىق قوشماقتا ئىدى. ⑥ بىر قىلماق، بىرلەشتۈرمەك: — ئەي كېرەم، — دەپتۇ بېلىقچى، — بېلىقلارنى دەرھال توردىن ئېلىپ دەستار، كىيىملىرىڭ بىلەن قوشۇپ ماڭا بەر. * ئۇلار بۇ نەرسىلەرنى پۇل ۋە رەختكە قوشۇپ، كېسەل كۆرگەن باخشىغا بېرەتتى. ⑦ سال-

ماق، چىقارماق (مەبلەغ، دەسمايە قاتارلىقلار ھەققىدە): ۋاڭنىڭ يالغۇز مۇشۇ بىر شىركەتكە قوشقان مەبلىغى سەككىز مىڭ يامبۇ، ئۇنىڭ سەر كۈمۈش ئاقچىغا يەتكەن. ⑧ كۆچمە. قوشۇمچە قىلماق؛ قىستۇرماق (پىكىر، گەپ-سۆز ھەققىدە): — ئۇ بالا سىلىدىن تارتىنىپ قالغاندۇ؟ — دەپ قوشۇپ قويدى شوپۇر. * — ھە، راستتىنلا ئۇنتۇپ قالغىلى تاس قىلىپتىمەن، — دەپ گەپ قوشتى ھەجەرئاپپاق. ⑨ ئات، ئېشەك قاتارلىق ئەمگەك ھايۋانلىرىنى ھارۋا، قوش، چانا قاتارلىق ئەمگەك ياكى قاتناش بۇيۇملىرىغا بەلگىلىك قائىدە بويىچە جايلاشتۇرماق، تىركىمەك، قاتماق: ھەرقايسىمىز ئۆزىمىز ھەيدىگەن ئاتنى ئۆزىمىز يول بويى بېقىپ ھارۋىغا قوشىمىز. ⑩ توقۇماق، ئۆزى ئىجاد قىلىپ ئوقۇماق، يازماق، تۈزمەك (قوشاق-نەزمىلەر ھەققىدە): گۈلەمخان ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ، قوشاق قوشۇپ يىغلاۋاتاتتى. ⑪ بىرگە ئىشلەش، بىرگە ھەرىكەت قىلىش ياكى ھەمكارلىشىش، ھەمراھ بولۇش ئۈچۈن بەلگىلىمەك، ماڭدۇرماق؛ ھەمراھ قىلماق؛ ئىختىيارىغا بەرمەك: ماقۇل كۆرسەڭ كارۋانلارغا قوشۇپ قوياي، بىللە كەتكىن. * ئۇ قىزىغا بىر قازاق ئايالنى قوشۇپ قويدى. ⑫ شېرىك قىلماق: — بىزنى بۇ ئىشقا قوشقىلى بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئېتىراز بىلدۈرۈپ. ⑬ ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋىتىنى ئورناتقۇزماق، مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلماق، بىر ياستۇققا باش قويدۇرماق، ئەر-ئايال قىلماق: — ئۇلارنى بىر-بىرىگە قوشۇپ قويساق بولاتتى، — دېدى خوتۇنى ئېرىگە. * تەقدىر بىزنى بىر يەرگە ئېلىپ كېلىپ بىر-بىرىمىزگە قوشۇپ قويدى.

**قوشملىك** ئى [قوش+مىلىك] ئاستى-ئۈستى مىلىك: شۇ چاغدا ئۇنىڭ چىشلىرى چۈشۈپ كەتكەن ھال رەڭ قوشمىلىكى كۆرۈنۈپ قالدى.

**قوشنا** ① ئى. ئۆي-جايى يېقىن، يانمۇيان، يانداش بولغان كىشلەر؛ ئۆيىگە يانداپ ئۆي سالغان ياكى ئۆيىنىڭ يېنىدىكى ئۆيدە ئولتۇرغان كىشى: يامانغا گۆردىمۇ قوشنا بولما (ماقال). * ئۆي سېتىۋالما، قوشنا سېتىۋال (ماقال). * يەر قوشنىسى تام قوشنىسىدىن يېقىن (ماقال). * قوشناڭ بولسا ئايخاندەك، كۆڭلى شۇنداق ئاق بولسا، پىتنە-ئىغۋا، شىكايەت، غەيۋەتتىن يىراق بولسا. ② ئى. تۇرلۇك ئىش-ئەمگەك ۋە پائالىيەتلەردە ئۆزئارا يانمۇيان، يېقىن يەردە ئىشلىگۈچىلەر، ئىش ئورنى يانمۇيان بولغان كىشلەر: ئىش-ئەمگەكتە قوشنا قالسا قوشنىدىن، ھەرگىز ئۇيقۇ كەلمەس ئىدى كۆزىگە. باشقىلاردىن ئېشىپ چۈشكەن ئادەملا، ئاندىن رازى بولار ئىدى ئۆزىگە. ③ سۈپ. يانمۇيان تۇرغان، جايلاشقان، چېگرىداش، بىر-بىرىگە يېقىن: ھەرقانداق ئەلنىڭ مەدەنىيىتى قوشنا ئەللەرنىڭ مەدەنىيەت تەسىرلىرىدىن خالى بولغان ئەمەس. * يېقىندا قوشنا يېزا-كەنتلەردىن كەلگەنلەرمۇ بار ئىدى.

**قوشنا بۇلۇڭ** <مات> بىر تەكشىلىكتىكى بۇلۇڭ بىر چوققىغا ۋە بىر ئومۇمىي تەرەپكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىككىنچى تەرەپلىرى ئومۇمىي تەرەپنىڭ ئىككى يېنىدا ياتسا، بۇ ئىككى بۇلۇڭ قوشنا بۇلۇڭلار دېيىلىدۇ.

**قوشنا تەرەپلەر** <مات> كۆپ تەرەپلىكتىكى بىر بۇلۇڭنى ھاسىل قىلغۇچى ئىككى تەرەپ.

**قوشنا رەڭ** <گ سەن> خاراكتېرى بىر-بىرىگە يېقىن ۋە ئوخشاپ كېتىدىغان

رەڭلەر كۆزدە تۇتۇلدۇ. مەسلەن، قىزىل بىلەن نارەنجى، نارەنجى بىلەن سېرىق، سېرىق بىلەن يېشىل، يېشىل بىلەن كۆك، كۆك بىلەن بىنەپشە، بىنەپشە بىلەن قىزىل ۋەھاكازالار.

**قوشنا-قولۇم** ← **قولۇم-قوشنا**: ئۇ ئارىلاپ تالا-تۈزلەرگە چىقىدىغان بولدى. بۇ ئەھۋال-دىن ئاسىيەنىڭ ئۆزىلا ئەمەس، بارلىق قوشنا-قولۇم، دوست-بۇرادەرلىرىمۇ خۇرسەن بولۇشتى.

**قوشنىچىلىق** ئى ← **قوشنىدارچىلىق**: — بەزىدە قوشنىچىلىقنىڭ يۈزىنى قىلمايمۇ بولماي-دۇ، — دېدى ئۇ كىشى ھىيلىگەرلەرچە ھىجىيىپ.

**قوشنىدارچىلىق** ئى. قوشنىلىق مۇناسىۋىتى، قوشنىلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەت: چىن كۆڭلىدىن قوشنىدارچىلىق قىلمىغان، ياخشى دوستقا سادىق بولمىغان كىشى ياخشى نىيەتلىك دوست ئەمەس.

**قوشنىدارلىق** ئى ← **قوشنىدارچىلىق**.

**قوشنىلىق** ئى ← **قوشنىدارچىلىق**: نەدىن بىلسۇن قوشنىلىق، قۇدىلىقلا كۆچكە نىنى! قىزنىڭ چېچى يىگىتكە سالما بولۇپ چۈشكەنىنى؟!

**قوشۇش** ① «قوشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <مات> قوشۇش ئەمىلى. ③ <فىز> خىمىيىۋى رېئاكسىيە ئارقىلىق تەركىبى ئاددىيراق بولغان ماددىنى تەركىبى مۇرەككەپ بولغان ماددىغا ئۆزگەرتىش.

**قوشۇش ئەمىلى** <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئەڭ ئاددىيسى سانلارنى قوشۇش، يەنى ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سانلارنى بىرلەشتۈرۈپ بىر سان قىلىشنى ھېساب-لاش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ ئېلىش ئەمىلىنىڭ تەتۈرىدۇر.

**قوشۇشماق** «قوشماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەممىسى تاپقان-تەرگەنلىرد-نى قوشۇشۇپ، يېڭى، كۆلىمى چوڭراق بولغان بىر سودا دۇكىنى ئاچماقچى بولۇشقانىكەن.

**قوشۇق** I سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇپ قويۇلغان؛ بىرلەشتۈرۈلگەن؛ ئارىلاشتۇرۇل-غان، سېلىنغان: قوشۇق نان.

**قوشۇق نان** دىئال. بۇغداي ئۇنى بىلەن قوناق ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ ياققان نان.

**قوشۇق** II ئى. ئاش-تاماقلارنى يېيىش، ئىچىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان چۆمۈچسىمان سايمان: بىر تال باش — بىر قوشۇق ئاش (ماقال). * قازانغا چۆمۈچ كېرەك، تاۋاققا قوشۇق (ماقال).

**قوشۇق تۇمشۇق قىلىۇرغا** <زوئول> قىلىۇرغىنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى قوشۇق شەكلىدە بولىدۇ.

**قوشۇق سالماق** ① يېيىشكە، ئىچىشكە باشلىماق؛ يېيىش-ئىچىشكە كىرىشمەك، ھەرىكەتلەنمەك: — قېنى، خوش، ئاشقا باقايلى، — دېدى تۆردە ئولتۇرغان ساقاللىق موللام ئاشقا قوشۇق سېلىپ. ② كۆچمە. لوقما سالماق، گەپ قىستۇرماق، گەپ قوشماق: مەن «ھە»، «شۇنداقمۇ» دەپ زورىغا گېپىگە قوشۇق سېلىپ ئولتۇراتتىم. * — ئۇنىڭ ئېتى ئۆزى بىلەن بىللە ئەمەس-مۇ، — دەپ سۆزگە قوشۇق سالدى بەكرى.

**قوشۇقچى** ئى. قوشۇق ياساپ سېتىشنى كەسىپ قىلغان كىشى: شۇ چاغدا ھېلىقى قوشۇقچى بوۋاي قوشۇقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ ئۆيىگە قايتىشقا تەييارلىنىۋاتاتتى.

**قوشۇقچىلىق** ئى. قوشۇق ياساپ سېتىش ئىشى، كەسپى: بۇ بوۋاي ئون نەچچە يىلدىن بېرى قوشۇقچىلىق قىلىپ، خېلى ئوبدان كۈن ئۆتكۈزۈۋاتاتتى.

**قوشۇقسمان** سۈپ. شەكلى قوشۇقنىڭ

شەكىلگە ئوخشاپ قالىدىغان، قوشۇق شەكىللىك.

**قوشۇقلاپ** رەۋ. قوشۇق بىلەن، قوشۇققا ئېلىپ، قوشۇق ئارقىلىق: خەدىچە خانىم سۇنى ئىسسىتىپ قوشۇقلاپ بالىغا ئىچۈرۈشكە باشلىدى.

**قوشۇقلۇق** I سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇپ قويۇلغان، بىرلەشتۈرۈلگەن؛ ئارىلاشتۇرۇلغان: بىز كەلگەندە جەدە ئات هارۋىغا قوشۇقلۇق تۇراتتى.

**قوشۇقلۇق** II سۈپ ① قوشۇق سېلىپ قويىدىغان، قوشۇق ساقلايدىغان: قوشۇقلۇق سېۋەت. ② قوشۇق ياسىلىدىغان، قوشۇق ياساشقا يېتىدىغان، قوشۇق چىقىدىغان: 15 قوشۇقلۇق كۆتەك.

**قوشۇلدۇرماق** «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – قويۇڭا سىزنى، – دېدى ئۇ قىزىقچىلىق بىلەن كۈلۈپ، – قېرىغاندا مېنى ئۇششاق بالىلارنىڭ ئارىسىغا قوشۇلدۇرۇپ نېمە قىلاي دەيسىز؟

**قوشۇلغان** «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قوشۇلغان سىپورا.

**قوشۇلغان سىپورا** <بىئول> زەمبۇرۇغلاردىكى ئوخشاش تىپلىق گامېتا ياكى گامېتا ھالىتىلىرىنىڭ ئۆزئارا قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان قېلىن دىۋارلىق ئۇيقۇ ھالىتىدىكى سىپورا. مەسىلەن، قارا كۆكىرىك زەمبۇرۇغىنىڭ قوشۇلغان سىپورىسىغا ئوخشاش.

**قوشۇلغۇچى** ① سۈپ. قوشۇلىدىغان: قوشۇلغۇچى سان. ② ئى <مات> ئۆزئارا قوشۇلىدىغان سانلارنىڭ ھەربىرى. مەسىلەن، a+b+c دىكى c, b, a لار قوشۇلغۇچىلاردۇر.

**قوشۇلما** سۈپ. قوشۇلغان، قوشۇلىدىغان: قوشۇلما ئاۋاز. قوشۇلما فرونت.

**قوشۇلما ئاۋاز** <مۇز> بىر مۇرەككەپ ئاۋاز تەركىبىدىكى ئاساسىي ئاۋاز (چاستوتىسى ئەڭ تۆۋەن بولغان ساپ ئاۋاز)دىن باشقا ساپ ئاۋازلار.

**قوشۇلما فرونت** <مېتېئور> ھاۋا قايىنمى رايونىدىكى سوغۇق فرونتنىڭ يۆتكىلىش سۈرئىتى ئىللىق فرونتنىڭكىدىن تېز بولغان ھەمدە بۇ ئىككىسى قوشۇلۇپ ھاسىل بولغان فرونت.

**قوشۇلما كۆچ** <فىز> ← **يىغىندا كۆچ**.

**قوشۇلماق** ① «قوشماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② ماقۇل بولماق، رازى بولماق، ئۇنىماق: مەن سىزنىڭ پىكرىڭىزگە قوشۇلمەن. * – مەن ئۇنىڭ دېگىنىگە قوشۇلمەن، – دېدى قىز ئۇياتچىلىق بىلەن يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

**قوشۇلۇش** ① «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> ئىككى جىنس كۆپەيگەندە يۈز بېرىدىغان ھۈجەيرىلەرنىڭ ۋاقىتلىق جۈپلىشىشى ۋە ئىككى يەككە تەنىنىڭ يادرو ماددىلىرىنى ئالماشتۇرۇش جەريانى. ③ <ھەرب> مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىدىغان بىرقانچە قىسىمنىڭ ئۇرۇش جەريانىدىكى ئۇچرىشىشى.

**قوشۇلۇشماق** «قوشۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشاش ئۈمىدىنى قالمادۇقىگە باغلىغان پۇقرالار ئۆزلىرى كۆنۈپ كەتكەن تىل-ئاھانەتلەرنى كۆڭلىگە ئېلىشىپمۇ كەتمەي، ھاشارچىلار قاتارىغا قوشۇلۇشتى.

**قوشۇما** ئى. بۇرۇننىڭ ئۈستىدىكى، ئىككى قاش ئارىلىقىدىكى ئورۇن: قوشۇمىسىنى تۈرمەك. // قوشۇما قاش.

**قوشۇما قاش** ئىككى قاش ئارىلىقى تۇتىشىپ، ئۇلىشىپ كەتكەن قاش: ئۇ كۈلگەندە بۇغداي ئۆڭلۈك يۈزى نۇرلىنىپ،

قويۇق قوشۇما قاشلىرى سەكرەپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزى چاقناپ كېتەتتى.

**قوشۇمچە** ① سۈپ. بار، مەۋجۇت نەرسە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە قوشۇلىدىغان ياكى ئۇلارنى تولدۇرىدىغان: قوشۇمچە ئەمگەك. قوشۇمچە مەھسۇلات. قوشۇمچە تاپاۋەت. قوشۇمچە جازا. * جازالاش ئوقۇغۇچىلارغا تەربىيە بېرىشتىكى قوشۇمچە ۋاستىدىنلا ئىبارەت. * ھەربىر ئىشچى-خىزمەتچىگە قوشۇمچە يېمەكلىك ئۈچۈن پۇل قوشۇپ بېرىلگەن. ② ئى. قوشۇلىدىغان، تولۇقلايدىغان نەرسە، ئىش-ھەرىكەت، سۆز ۋە شۇ قاتارلىقلار: نېرۋا ئاجىزلىقىنى داۋالاش ئاساسەن كېسەلنىڭ ئۆزىگىمۇ باغلىق، دورا دېگەن قوشۇمچە. * — يولداش ئېلىقۇل، — دەپ ئابدۇقادىر ئېلىقۇل تەرەپكە قارىدى، — سىزنىڭ يەنە قوشۇمچىڭىز بارمۇ؟ ③ ئى <تىل> سۆزنىڭ تومۇر ياكى ئۆزەك قىسمىغا قوشۇلۇپ، تۈرلەش ياكى سۆز ياساش رولىنى ئوينايدىغان ئېلېمېنت: سۆز تۈرلىگۈچى قوشۇمچە. سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە. ④ ئى. ئاساسلىق بولمىغان، ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بۆلەك، تارماق، ئىش-ھەرىكەت، نەرسە، ھادىسە قاتارلىقلار: مۇھىم سۇ چىقىرىش تومىسى ئاساس، تەگشەش تومىسى قوشۇمچە. بۇ ئىككىسىنىڭ بىرىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇرۇشقا بولمايدۇ. ⑤ ئى. كىتاب، لۇغەت قاتارلىقلاردىكى تېكىستنىڭ ئارقا تەرىپىگە بېرىلىدىغان ۋە تېكىست بىلەن ئالاقىدار بولغان ماقالە ياكى پايدىلىنىش ماتېرىياللىرى؛ ئىلاۋە. ⑥ رەۋ. ئاساسلىق ئىشنىڭ سىرتىدا، ئىشتىن سىرت: مال باقىمەن قوشۇمچە، قوتىنىمدا ئىككى ئۇي. ئۇندىن باشقا تۆت ئېشەك، ئىككى ئۆچكە، 30قوي.

**قوشۇمچە ئەمگەك** <س ئىق> قوشۇمچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنىدىغان ئەمگەك. ئۇ ئەمگەكچىلەرنىڭ پۈتۈن ئەمگىكىنىڭ ئەمگەك كۈچلىرىنى ھاسىل قىلىش ۋە تەكرار ھاسىل قىلىش ئۈچۈن كەتكەن قىسمى چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ئاشقان قىسمىنى بىلدۈرىدۇ.

**قوشۇمچە بەت** <مەت> گېزىتلەردىكى ئەدەبىي ئەسەر، ئىلمىي ماقالە قاتارلىقلارغا ئاجرىتىلغان سەھىپە يېتىشمىگەندە تولۇقلاپ قوشۇلىدىغان ئايرىم بەت.

**قوشۇمچە بىخ** <بوت> يوپۇرماق قولتۇقىدىن ئۈنۈپ چىققان ئاساسلىق بىختىن باشقا بىخلار.

**قوشۇمچە پۇل** ياردەم ھېسابىدا بېرىلگەن پۇل.

**قوشۇمچە تاپاۋەت** <سودا> ← **قوشۇمچە كىرىم.**

**قوشۇمچە تاۋار** <سودا> ئاساسلىق تاۋاردىن باشقا تاۋارلار.

**قوشۇمچە جازا** <قا> ئاساسىي جازاغا قوشۇپ ھۆكۈم قىلىنىدىغان جازا. مەسىلەن، مۇددەتلىك قاماق جازاسى ھۆكۈم قىلىنغاندىن باشقا، سىياسىي ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش قوشۇمچە جازا ھېسابلىنىدۇ.

**قوشۇمچە دەرسلىك** <مائار> ← **قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى.**

**قوشۇمچە رول** <تىيا> كىنو، تىياتىر قاتارلىقلاردىكى ئاساسلىق بولمىغان روللار.

**قوشۇمچە سان** <مەت> ژۇرناللارنىڭ ھەجمى ئازلىق قىلىش ياكى بىرەر ئىجتىمائىي، سىياسىي پائالىيەتلەرگە بېغىشلاش يۈزىسىدىن چىقىرىلىدىغان

ئايرىم سان؛ مەخسۇس سان.

**قوشۇمچە قىلماق** قىستۇرماق، قوشۇپ قويماق، تولۇقلاپ قويماق (گەپ-سۆز، پىكىر قاتارلىقلار ھەققىدە): — ۋاي-ۋۇي، — دېدى گۈلشەن ئاسىيەخاننىڭ گەپلىرىگە قوشۇمچە قىلىپ، — تېخى بۇنىڭغا ھەيران بولۇۋاتامسىز؟ * — مەن ئازراق قوشۇمچە قىلاي، — دېدى ھېلىقى يوغان قورساق باشلىق، خۇددى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭمۇ بىر باشلىق ئىكەنلىكىنى سەزمەي قېلىشىدىن ئەنسىرىگەندەك ئەزمىلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇۋېتىپ.

**قوشۇمچە قىممەت** <س ئىق> كاپىتالىس-تىك جەمئىيەتتىكى ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگەن، كاپىتالىست-لار تەرىپىدىن پۈتۈنلەي ئېگىلىۋېلىنغان بىرقىسىم قىممەت.

**قوشۇمچە قىممەت قانۇنىيىتى** <س ئىق> كاپىتالىستىك پايدا ئىشلەپچىقىرىش ۋە قىممەتنىڭ ئېشىش قانۇنىيىتى. ئۇ، كاپىتالىزمنىڭ ئاساسىي ئىقتىسادىي قانۇنىيىتى.

**قوشۇمچە قىممەت نەزەرىيىسى** <س ئىق> قوشۇمچە قىممەتنىڭ مەنبەسى، ماھى-يىتى، ھاسىل قىلىنىشى ۋە تەقسىم قىلىنىشى ھەققىدىكى نەزەرىيە. بۇ ماركسنىڭ ئىقتىسادىي نەزەرىيىسىنىڭ نېگىزى.

**قوشۇمچە كاتوشكا** <فىز> ← **ئىككىلەمچى كاتوشكا.**

**قوشۇمچە كەسىپ** <س ئىق> ئاساسىي كەسىپتىن باشقا كەسىپلەر. مەسىلەن، دېھقانلارنىڭ قوشۇمچە چارۋىچىلىق، بېلىقچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىشى قاتارلىقلار-غا ئوخشاش.

**قوشۇمچە كىرىم** <سودا> دائىمىي كىرىمنىڭ سىرتىدىكى كىرىم.

**قوشۇمچە گۈل كاسىسى** <بوت> ئىككى قات (ئىككى ئايلانما) گۈل كاسىسىنىڭ سىرتىدىكى بىر قات گۈل كاسىسى.

**قوشۇمچە مەھسۇلات** <س ئىق> ئەمگەكچىلەرنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىلغان مەھسۇلات. ئۇ زۆرۈر مەھسۇلاتنىڭ ئەكسى.

**قوشۇمچە مىنېرال** <گېئول> ماگما جىنسىتىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغان مىنېرال. ئادەتتە بىر پىرسەنتتىن ئېشىپ كەتمەيدۇ، ئايرىم ئەھۋالدا ئۈچ پىر-سەنت چامىسىغا يېتىدۇ. شۇڭا تۈرلەرگە ئايرىشتا قوشۇمچە مىنېرالنىڭ ئادەتتە رولى بولمايدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان قوشۇمچە مىنېراللاردىن خروملۇق تۆمۈر رودىسى، ماگنىت رودىسى، تىتانلىق تۆمۈر رودىسى، سىركون، تىتانىت، ئاپاتىت ۋە ئورتىت قاتارلىقلار بار.

**قوشۇمچە نېرۋا** <ئانات> 11-مېڭە نېرۋىسى. ئۇزۇنچاق مېڭىدىن چىقىپ، بويۇن ۋە كۆكرەك ساھەسىنىڭ مۇسكۇل-لىرىغا تارقالغان بولۇپ، يۇتقۇنچاق ۋە كۆكرەك مۇسكۇللىرىنىڭ ھەرىكىتىنى ئىدارە قىلىدۇ.

**قوشۇمچە ئوغۇتلىماق** زىرائەتلەرنى ئۆسۈش مەزگىللىرىدە ئوغۇتلىماق.

**قوشۇمچە ئوق** <ماشىن> مېخانىزملاردى-كى ئاساسىي ئوقتىن باشقا ئوقلار.

**قوشۇمچە ئوقۇتقۇچى** <مائار> ئۆز خىزمىتىدىن باشقا يەنە بىر ئورۇندا ئوقۇتقۇچىلىق ۋەزىپىسىنى ئۆتەۋاتقان كىشى.

**قوشۇمچە ئوقۇتۇش ماتېرىيالى** <مائار> ئاساسىي دەرسلىكتىن باشقا دەرس

مەزمۇنغا ئائىت ماتېرىياللار.

**قوشۇمچە ۋەزىپە** ئاساسىي ۋەزىپىدىن سىرت يۈكلەنگەن باشقا ۋەزىپە.

**قوشۇمچە ئىشلەپچىقىرىش** قوشۇمچە كىرىم كىرگۈزۈش مەقسىتىدە ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىنىڭ سىرتىدا شۇغۇللانغان ئىشلەپچىقىرىش.

**قوشۇمچە ئىگىلىك** <س ئىق> ← **قوشۇمچە كەسىپ.**

**قوشۇمچە ياردەم** ئوقۇغۇچى ۋە ئىشچى - خىزمەتچىلەرگە دۆلەتتىن نورمىنىڭ سىرتىدا بەرگەن تۇرمۇش خىراجىتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قوشۇمچە يېمەكلىك** تاماققا ئىشلىتىلىدىغان گۆش، بېلىق، كۆكتات ۋە باشقا نەرسىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قوشۇمچىسىز** سۈپ. قوشۇمچىسى يوق، قوشۇمچە ئۇلانمىغان؛ قوشۇمچىدىن خالى: بۇ تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئەسلىنى ھېچقانداق سىرتقى قوشۇمچىسىز ھالدا چۈشىنىشتىن ئىبارەت.

**قوشۇمچىلىق** سۈپ. قوشۇمچىسى بار، قوشۇمچە ئۇلانغان، قوشۇمچە قوشۇلغان.

**قوشۇمچىلىماق** پ. قوشۇمچە قىلماق، قوشۇپ قويماق: – بۇ كىشى بىزنىڭ ھەمراھىمىز، – قىسقا چاچلىق، ئاق سېرىق ئادەم قوشۇمچىلىدى.

**قوشۇن** ئى ① <ھەرب> قوراللىق كۈچلەر توپى ياكى ئۇنىڭ مەلۇم بىر قىسمى؛ ئارمىيە: بۇ دۈشمەن پىلموتىنى ئوققا تۇتۇشقا باشلىغان رۇس قوشۇنلىرى ئىدى. * ئۈچ ۋىلايەت قوشۇنلىرى قۇتۇلدۇرۇۋالغان ھەمدۇللا ئاكا بىر ئايدىن كېيىن سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن چىقتى. ② كۆچمە. مەلۇم ساھە ياكى مەلۇم مەسىلىكتىكى كىشىلەرنىڭ تەشكىللىك رەۋىشتە شەكىللەندۈرگەن سېپى، كوللېكتىپى؛ ساھە: ئىشچى-دېھقانلار قوشۇنى. زىيالىيلار قوشۇنى. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى. * قىسمىنىڭ ھەر ساھە خىزمەتلىرىدە يېتەكچىلىك قىلىپ، يۇقىرىدىن تاپشۇرۇلغان تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشقا رەھبەرلىك قىلالايدىغان بىرقەدەر كۈچلۈك كادىرلار قوشۇنى شەكىللەنگەنىدى.

**قوشۇۋا** ئى دىئال. بىر خىل تاغ ئوتى. گۈلى چوڭ قوشۇقتەك يوغان بولۇپ، قىپقىزىل ئېچىلىدۇ. چېچەكى يالاڭ (قوش ئەمەس)، يوپۇرمىقى تۆرۈكرەك (يۇمىلاقراق) كېلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ.

**قوغ** ئى. سامان، پاخال قاتارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەندە ھاسىل بولغان چوغ: قىيامەت كۈنى دوزىخىلەر ئۈچۈن يەز چوغ، ئاسمان قوغ بولىدۇ.

**قوغاجاي** ئى <بوت> قىياق ئائىلىسىنىڭ بىر چوڭ ئۇرۇقدىشى، دۇنيادا 1500 — 2000 خىل تۈرى بار. ھەممىسى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق، زىچ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك. غولى ئۈچ قىرلىق، يوپۇرمىقى تۆۋىدىن ئۆسىدۇ ياكى غولىدىن ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئانىلىق گۈلىنىڭ سىرتىدىكى يوپۇرماق خالتىغا ئايلىنىپ گۈلنى ئوراپ ئالىدۇ. ئوتلاقلاردا، چىملىقلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**قوغداتماق** « قوغدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەتقۇربانباينىڭ قورقۇپ ئالاقزادە بولۇۋاتقان چاغدىكى ھەرىكىتى، بىزگە ئۆزىنى قوغداتماق ئۈچۈن ئىكەنلىكى سىزگە ئېنىق.

**قوغداش** « قوغدىماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: قوغداش بۆلۈم.

**قوغداش بۆلۈم** ئىدارە-جەمئىيەت، زاۋۇت، كان-كارخانا، مەكتەپ قاتار-

لىقلاردىكى بىخەتەرلىك ۋە مەشغۇلات تەرتىپىنى قوغداش ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان بۆلۈم.

**قوغدالماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نىملا بولمىسۇن، ئۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن ئىنقىلاب مېۋىسى قوغدىلىپ قالدى. ئاكىسى يارىدار بولغان بولسىمۇ، هايات قالدى.

**قوغدانماق** «قوغدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇلار قايتۇرما هۇجۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش، قوغدىنىپ تۇرۇپ چېكىنىش جەھەتتە بېكى جەگچىلەردىن تەجرىبىلىك ئىدى.

**قوغدىغۇچى** ئى. قوغداش ۋەزىپىسىگە تەيىنلەنگەن ياكى شۇنداق ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى: سەن ئىنقىلابنى قوغدىغۇچي بولۇپ سەپكە قېتىلدىڭ. * بۇ چاغدا قوغدىغۇچىلار تامامەن هازىر بولۇپ بولغانىدى.

**قوغدىماق** پ. بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلماق؛ هىمايە قىلماق، مۇداپىئە قىلماق، يان باسماق: جادا بىلەن قەپەسنى ئۈچ-تۆتتەك قورالىق ساقچى قوغداۋاتاتتى. * — قانۇن دېگەن سىزگە ئوخشاش كىشلەرنى قوغدايدۇ، — دېدى سوراقچى ئەپەندى ئۇ كىشىگە چۈشەندۈرۈپ.

**قوغدىنىش** «قوغدانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قوغدىنىش كىيىمى.

**قوغدىنىش كىيىمى** ئىشلەپچىقىرىش مەشغۇلاتى جەريانىدا ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن كىيىلىدىغان مەخسۇس كىيىم.

**قوغلاتقۇزماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇري دەرىجىسى: ئۇ «ئۆي نەسىھىتى» نى ئاڭلاپ بولۇپ Q . A نى قوغلاتقۇزۇش نىيىتىدىن قايتتى.

**قوغلاتماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇري دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ پادىشاھ ئۇن نەچچە گۇناهكارنى ئايرىم بەلگە سېلىنغان ئون نەچچە كەپتەرنىڭ كەينىدىن قوغلىتىپ، تەرەپ-تەرەپلەرگە يولغا سېلىۋەتتى.

**قوغلاشماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەركىنلىك شۇنداق شېرىن بىر مېۋىكى، ئۇنى تىكەنلەر ئارىسىدىن ئۈزۈۋېلىپ، تەمىنى بىرلا قېتىم تېتىپ كۆرگەنلەر، ئۇنى ئۆمۈرۋايەت قوغلىشىدۇ.

**قوغلاندى** ئى. جىنايەت، خاتالىق، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەنلىكى ئۈچۈن قوغلانغان، سۈرگۈن قىلىنغان كىشى؛ سۈرگۈن: — دوستلار، ئۇستازلار! — قەدىردىنىنىڭ جاراڭلىق ئاۋازى زال ئىچىدە ياڭرىدى، — مەن مەكتەپتىن «قوغلاندى» بولغۇدەك جىنايەت سادىر قىلمىدىم.

**قوغلاندى بولماق** هەيدەلمەك، قوغلانماق، سەپتىن چىقىرىلماق؛ سۈرگۈن قىلىنماق: مەن «ئۇلارغا ياردەملەشكەن ئۇنسۇر» بولۇپ بىزىغا قوغلاندى بولدۇم.

**قوغلاندى قىلماق** قوغلىماق، هەيدىمەك، سەپتىن چىقارماق؛ سۈرگۈن قىلماق: شۇنداق قىلىپ ، مەن مەكتەپتىن «قوغلاندى» قىلىندىم.

**قوغلانماق** «قوغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ ساقايغاندىن كېيىن، ئىشتىن قوغلانغانىدى. * تاغدا قورغان ياساشقا، قوغلاندۇق بىز كەمبەغەل. قالدى يىغلاپ باللار، قايغۇلاردا هەر مەهەل.

**قوغلىغۇچى** سۈپ. قوغلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قوغلاپ زەربە بېرىدىغان، قوغلايدىغان: قوغلىغۇچى ئايروپىلان. قوغلىغۇچى پاراخوت.

**قوغلىغۇچى ئايروپىلان** <هەرب> قوغلاپ زەربە بېرىدىغان، قوغلاپ يوقىتىدىغان

ئايروپىلان؛ قىرغۇچى ئايروپىلان.

**قوغلىغۇچى پاراخوت** <ھەرب> زەمبىرەك ۋە سۇ ئاستى پاراخوتىغا قارشى قوراللار بىلەن ئاساسلىق قوراللانغان ئوتتۇرا تىپتىكى ھەربىي پاراخوت. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى سۇ يولىنى مۇھاپىزەت قىلىش ۋە سۇ ئاستى پاراخوتلىرىغا قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت.

**قوغلىما** سۈپ. قوغلايدىغان؛ قوغلاپ يۈرۈپ يورۇقلۇق چۈشۈرىدىغان (يورۇقلۇق، نۇر ھەققىدە): قوغلىما سۈۋىت.

**قوغلىما سۈۋىت** <تىيا> سەھنىلەردىكى ئويۇن جەريانىدا ئارتىسنىڭ ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ يۆتكىلىپ ئۇنى يورۇتۇپ بېرىدىغان، يۇملاق ھەم بىرقەدەر يورۇق ھالەتتىكى نۇر (چىراغ نۇرى).

**قوغلىماق** پ ① قاچقان نەرسىگە يېتىشىش، ئۇنى تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن تېز سۈرئەت بىلەن ئارقىسىدىن ماڭماق، يۈگۈرمەك: قاچقانمۇ خۇدا دەيدۇ، قوغلىغانمۇ خۇدا دەيدۇ (ماقال). * ئۇلار ئاخىرى مېنى قوغلاپ تۇتىۋالدى. * ئىت قوغلىسا سۇغا قاچ، يىلان قوغلىسا قۇمغا قاچ. تۆگە قوغلىسا تاغقا قاچ (ماقال). * ئىككى كۈندىن كېيىن قىزنى قوغلاپ كەتكەنلەر قىزنى تۇتۇپ قايتىپ كەلدى. ② بىر ئورۇندىن باشقا بىر تەرەپكە ياكى جايغا ھەيدىمەك، سۈرمەك، مېڭىشقا مەجبۇر قىلماق، مەجبۇرىي ھالدا كەتكۈزۈۋەتمەك، سۈرگۈن قىلماق: تالا مۈشۈكى ئۆي مۈشۈكىنى قوغلاپتۇ (ماقال). * لۈتپۇللا سۈپۈرگىنى ئېلىپ، تاماكا قالدۇقلىرىنى تازىلاش باھانىسى بىلەن ھېكىم نۇرنى ياتاقتىن قوغلىدى. * ئۇنىڭ سودىگەر ئېرى ئاخىر ئۈچ بالىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزىنى «ئۈچ تالاق» دەپ ئۆيدىن قوغلاپ چىقاردى. ③ بىر ھەپتىن، قاتاردىن چېكىندۈرمەك، جازا بېرىپ قالدۇرماق، ھەيدىمەك، چىقىرىۋەتمەك: ئۇنى مەكتەپتىن قوغلىۋېتىش لازىم! * ئۇلار ئەكبەرنى خىزمىتىدىن توختاتتى، مەنسۇرنى پارتىيىدىن قوغلىدى. ④ سۈرۈشتۈرۈپ تېپىپ تۇتۇش ياكى شۇ نەرسىگە ئېرىشىش مەقسىتىدە ئىزدىمەك، جىددىي ئاختۇرماق: — ئەي پادىشاھى ئالەم، — دېدى ھاتەم مىننەتدارلىق بىلدۈرۈپ، — مەن راھەتنى قوغلايدىغانلاردىن ئەمەس، ئۆز جېنىمنى خۇدا يولىدا ھاجەتمەنلەرنىڭ ھاجىتىنى ئادا قىلىش ئۈچۈن بېغىشلىغانمەن. * يېزىلدى ئارخىپى ۋاراقلىرىغا، بىر گۇناھ، چۈشتى داغ ئۆمرىگە ئۇنىڭ. نېمىشقا چىققاندۇر ئىز قوغلاپ شۇ تون؟ بولدى ئاھ دەرد-بالا ئىشقىمۇ كۆلنىڭ.

**قوغۇشۇن** ئى. <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Pb (Plumbum). كۆل رەڭ، يۇمشاق ئەمما ئېغىر، سوزۇلۇشچانلىققا ئىگە، ئاسان ئوكسىدلىنىدۇ. قېتىشما، باتارېيە ۋە قېرىنداش ئۈچى قاتارلىقلارنى ياساشتا ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**قوغۇشۇن زاكى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىۋى تەركىبى $PbSO_4$. رومبىلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى قېلىن تاختا ياكى تۈۋرۈك ھالىتىدە كېلىدۇ. لېكىن ئاز ئۇچرايدۇ. كۆپىنچە كاللەك ياكى زىچ دانىچە ھالىتىدە چاسا قوغۇشۇن تاشنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدۇ. رەڭسىز، سۈزۈك بولۇپ، تەركىبىدە ئارىلاشمىلار بولغاندا سېرىق، ېغىر رەڭ قاتارلىق رەڭلەردە كۆرۈنىدۇ. يۈللىرى ئاق. ئەينەك ياكى ئالماس پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2.5 — 3، چۈرۈك. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 6.1 — 6.4.

**قوغۇشۇن سۇرۇخى** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Pb_3O_4$. توق قىزىل رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، كۆپىنچە ئاككۇمۇلياتور، ئەينەك، فارفور، رەڭ ۋە دېزىنفېكسىيە دورىلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قوغۇشۇن سېرىقى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $PbO$. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، قۇراشمىسى ئادەتتە پاراشوك، كاللەك ياكى ئۇششاق قاسراقسىمان بولىدۇ. رەڭگى قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ ئارىلىقىدا، ئىز سىزىقلىرى قىزغۇچ سېرىق، پارقىراقلىقى تۇتۇق. قاتتىقلىقى 2 — 3، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.6.

**قوغۇشۇن سىم** <خىم> سىنىك يالىتىلغان تۆمۈر سىم. ئاسان داتلاشمايدۇ، رەڭگى قوغۇشۇنغا ئوخشايدۇ، شۇڭا قوغۇشۇن سىم دەپ ئاتالغان.

**قوغۇشۇن ھەرپ** <مەت> مەتبەئەدە ئىشلىتىش ئۈچۈن قوغۇشۇن، سۈرمە، قەلەينىڭ ئارىلاشمىسىدىن قۇيۇپ ياسالغان ھەرپ.

**قوغۇشۇنلۇق** سۈپ. تەركىبىدە قوغۇشۇن بولغان ياكى قوغۇشۇن قوشۇلغان، سۈركەلگەن: قوغۇشۇنلۇق ئەينەك.

**قوغۇشۇنلۇق ئەينەك** <خىم> ئوپتىك ئەينەكلەرنىڭ بىر خىلى. كرېمنىي ئوكسىد، كالىي كاربونات ۋە قوغۇشۇن ئوكسىد ( $Pb_3O_4$ ) قاتارلىقلارغا خام ماتېرىيال قىلىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ، يۇمشاقراق، ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ، نۇر سۇندۇرۇشچانلىقى يۇقىرى.

**قوغۇن** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياماشقۇچى غول بولۇپ، ئۈستىدە يۇمشاق تۈكچىلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى دۈگىلەك، تۇخۇم شەكلىدە ياكى بۆرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدىكى شىرنىلىك مېۋە بولۇپ، يۈزى سىلىق، تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق كېلىدۇ. خىللىرى كۆپ. ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قوغۇن تاختىسى** قوغۇنلۇقتىكى يانلىرىغا چۆنەك ئويۇلغان، قوغۇن ئۇرۇقى ئۈنۈپ پىلەك تارتىپ، قوغۇن چۈشىدىغان تاختا شەكىللىك جاي.

**قوغۇن سەيلىسى** قوغۇن پىششىقى مەزگىلىدە ئۇرۇق-تۇغقان، ئەل-ئاغىنە، قولۇم-قوشنىلار ئارا بولىدىغان بىر خىل سەيلە.

**قوغۇن شىرنىسى** پىشقان قوغۇننى قاينىتىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان سۇيۇقلۇق. ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قوغۇن قېقى** پىشقان قوغۇننىڭ شاپىقىنى سويۇۋېتكەندىن كېيىن قۇرۇتۇلغان قېقى.

**قوغۇن مۇراببасى** قوغۇن ئېتىنى شېكەر بىلەن قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان مۇراببا.

**قوغۇن-تاۋۇز** قوغۇن ۋە تاۋۇز: زەپ ئوخشاپتۇ بۇغداي، قوناق، شېرىن قوغۇن-تاۋۇزلار. ئازاد دېھقان بويلىرىڭدا ياشايدىكەن بەختىيار.

**قوغۇنچى** ئى. قوغۇن تېرىپ ئۆستۈرۈش ياكى ئۇنى ئېلىپ-سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى: — بولۇپتۇ، بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ بالىسىنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ، — قوغۇنچى گەپ قىلمىدىمۇ؟ // قوغۇنچى بوۋاي.

**قوغۇنچىلىق** ئى. قوغۇن تېرىش، ئۇنى ئېلىپ-سېتىش ئىشى، كەسپى: ئۇ

قوغۇنچىلىقتا داڭق چىقارغان بولۇپ، كىشىلەر ئۇنى قوغۇنچى ئابلائاخۇن دەپ، ھۆرمەت بىلەن تىلغا ئالاتتى.

**قوغۇن-قاپاق** قوغۇن، قاپاق، تاۋۇز، كاۋىغا ئوخشاش پىلەك تارتىپ ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈكلەر: ئەجەب يۇمشاق يەر ئىكەن، قوغۇن-قاپاق تەرگۈدەك. بىزنىڭ يارنى ئانىسى باشقا ئەرگە بەرگۈدەك. باشقا ياققا بارماس-تىن، ماڭا قېچىپ كەلگۈدەك.

**قوغۇنگۈل** ئى [قوغۇن+گۈل] <بوت> → سېسقىيار.

**قوغۇنلۇق** ئى. قوغۇن تېرىلغان يەر: ئۇلار يۈگۈرۈپ دېگەندەك قوغۇنلۇققا كەلدى. * ئۇلار ئەختەر بوۋاينى قېرىلار قىلسا بولىدىغان ئىشقا، يەنى قوغۇنلۇقنى بېقىشقا قويدى.

**قوغۇنلۇقنىڭ يولى** ئارىلىقى يېقىن، دائىم دېگۈدەك مېڭىپ تۇرغان، بېرىپ-كې-لىش ناھايىتى قولاي بولغان يول: ھازىر ئاقسۇ بىلەن ئۈرۈمچىنىڭ ئارىلىقى دېگەن قوغۇنلۇقنىڭ يولى، غەم قىلمىسىلا، ئۈچ كۈندە بېرىپ كېلىدۇ.

**قوق** ئى. دىئال. قوۋۇق، ئىشىك، دەرۋازا.

**قوقاس** ئى. ئۆچۈشكە ئاز قالغان، كۈل ئارىلاش كەلگەن چوغ: ئۇ ھاپىزنىڭ توڭلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئۆچەي دەپ قالغان قوقاسنى كۈلۈڭغا تارتتى-دە، شاخ-شۇمبىلارنى مورا ئوچاققا سېلىپ ئوتنى ئۇلغايتتى. * باھارنىڭ ئاپتىپى قوقاس مىسالى، ھېلى يانسا، ھېلى ئۆچكەي داۋامى. شىۋىرغان چىرقىرايدۇ تەلۋىلەرچە، قىزاردى ئالمىدەك قىزنىڭ چىرايى.

**قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك** تۈيۈقسىز، ئۇشتۇمتۇت چۆچۈپ (قورقۇش، ئەندىكىش قاتارلىق ھېس-تۇيغۇلار ھەققىدە): ئىسمائىل خۇددى قوقاسقا دەسسىۋالغاندەك چاچراپ تۇرۇپ، توغراق نوتىسىنى غەزەپ بىلەن مۇجۇپ تۇتتى.

**قوقاق** ئى <تب> تېرە كېسىلى. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە كالپۇك ئەتراپىغا چىقىدۇ. بۇنىڭدا مەلۇم ئورۇن دەسلەپ قىچىشىپ، كېيىن سۇلۇق قاپارتقۇلار پەيدا بولىدۇ. ئىچىدە سۈزۈك سۇيۇقلۇق بولىدۇ، سەل-پەل ئاغرىتىدۇ، بىر-ئىككى ھەپتە ئۆتكەندىن كېيىن قاقاچ باغلاپ، كېيىن ئۆزلۈكىدىن تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

**قوقاق تەگمەك** قورقۇنچلۇق ئەھۋالغا يولۇقۇش سەۋەبلىك بەدەنلىرىگە قوقاق چىقماق، قوقاق پەيدا بولماق: — ھېچ ۋەقەسى يوق، — دېدى موماي تەسەللى بەرگەندەك قىلىپ، — ئاخشام ئۆزلىرىگە قوقاق تېگىپتۇ. مەن دەمدە ئوقۇپ قوياي، ساقىيىپ كېتىلا. * رەمچى موماي دەمدە سۇيى تەييارلاپ، سۇغا قاراپ ئىككى-ئۈچ ئايەت ئوقۇپ، نەزىرەنىڭ قوقاق تەگكەن ئېغىزىنى سۈپكۈچلىدى.

**قوقاق تۇتماق** ① قوقاق يارىسى باس-ماق، قوقاق يارىسى قاپلاپ كەتمەك: — ۋاي خۇدايىم، — دېدى ھېلىقى «تاپقاق» بوۋى ئەنسىزلىك بىلەن، — بىچارە بالىنىڭ بەل ئاستىنى قوقاق تۇتۇپ كېتىپتۇ! ② كۆچمە. بىرەر سەۋەبتىن ئاچچىقلانماق، خۇيلانماق، خاپا بولماق: — يەنە نېمىشقا قوقىقى تۇتۇپ قالدىكىن؟ — دېدى پاتىمە ئۆزىگە ئۆزى ئاچچىق پىچىرلاپ.

**قوقاق تېشى** قوقاق يارىسغا سۈرتىلىدى-غان گىلگە ئوخشاش بىر خىل تاش.

**قوقاق سالماق** قورقۇتماق، قورقۇنچ پەيدا قىلماق: بۇ ئايال نېمىشقا كەلمەي-دىغاندۇ... يەنە بىر ئىش بولدى، چېغى... ھېلىقى تۆگلۈكتىن سۆزلەيدىغان خىزىر يەنە قوقاق سېلىپ يۈرەمدۇ-يا. * — ئادەمگە

نېمانداق قوقاق سالسىز، — دېدى باياتىن بېرى تاقەت قىلىپ ئولتۇرغان ئاينۇر ئەمدى تاقەت قىلالماي.

**قوقىقى قورۇماق** كەيپى بۇزۇلۇپ خۇشى كەتمەك، خۇيى تۇتماق، ئاچچىقى، خاپىلىقى كۆچە يمەك: ئاشۇ كۆكتاتچىلار تەرىپىگە كېتىپ بارغان خېرىدارلارغا كۆزۈم چۈشۈشى بىلەنلا، قوقىقىم قورۇپ، ئەرۋاھىم قىرىق گەز ئۇچىدىغان بولۇپ كەتتى.

**قوقىقى ئۆرلىمەك** ← **قوقىقى قورۇماق:** — بۇ ئادىلجانمۇ بىر بالا بولدى، — دېدى باشلىق ئۇھ تارتىپ، — ئۇنى كۆرەرگە كۆزۈم يوق. ئۇنى كۆرسەم قوقىقىم ئۆرلەيدۇ! * سېنى كۆرسەم قىرىق يىللىق قوقىقىم ئۆرلەپ، سېرىق تۈكلىرىممۇ تىك بولۇپ كېتىدۇ.

**قوقاقلىماق** پ. قورقۇنچلۇق ئەھۋاللارغا دۇچ كېلىش سەۋەبلىك قوقاق يارىسى چىقىپ كەتمەك، قوقاق پەيدا بولماق.

**قوقۇناق** ئى. خۇي، خاپىلىق، نارازىلىق، كۆڭۈلسىزلىك.

**قوقۇناقلىرى تۇتماق** خۇيى تۇتماق؛ نارازىلىقى، خاپىلىقى پەيدا بولماق، كەيپى بۇزۇلماق: مەنمۇ خۇشاللىقىمدىن ئۆيگە قايتىشنىمۇ ئۇنتۇپ قېلىپتىمەن، لېكىن ماۋۇ ئاناڭنىڭ قوقۇناقلىرى تۇتۇپ قېلىپتۇ.

**قوقۇناقلىرى ئېرىپ كەتمەك** كەيپى ئېچىلماق، خۇشال-خۇرام بولۇپ قالماق، خۇشى تۇتماق: — ۋاي، قوقۇناقلىرى ئېرىپلا كېتىپتىغۇ... — دېدى ئۇ باشقىچە بىر خىل يېقىنچىلىق بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ.

**قوڭ** ئى. ① <ئانات> جانلىقلارنىڭ ئاشقازاندا ھەزىم بولۇپ بولۇنغان يېمەكلىك قالدۇق-لىرىنى سىرتقا چىقىرىۋېتىش يولى. ئۇ ئىككى كاسا ئارىلىقىغا جايلاشقان بولۇپ، ئادەتتە «چوڭ تەرەت يولى»، «ئارقا تەرەت يولى»مۇ دېيىلىدۇ. ② مېۋە-چېۋە ۋە سەي-كۆكتاتلارنىڭ ساپاق تەرىپى: قوغۇننىڭ قوڭىنى ئېلىۋەت-مەك. چامغۇرنىڭ قوڭىنى ئېلىۋەتمەك.

**قوڭ تاختىسى** ① ئەتلەس توقۇيدىغان ئۇستا ئولتۇرىدىغان تاختاي. ② ھارۋىنىڭ ھارۋىكەش ئولتۇرىدىغان جايىغا ئورنىتىل-غان تاختاي.

**قوڭ چۆرۈكى** بۆشۈك ئۇۋۇدىسىغا سۈيدۈك يېيىلىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئوتتۇرىسى تېشىلىپ ياسالغان كىچىك كۆرپىچەك.

**قوڭى بوش** چىدامسىز، غەيرەت-شىجائە-تى يوق، ئىرادىسىز: — ناھايىتى قوڭى بوش بالا بولۇپ قالدى بۇ، — دېدى بوۋاي ئوغلىدىن نارازى بولۇپ.

**قوڭى پوق** ئىش تېرىپ قويغان، مەسى-لىسى بار، قىلمىشى بار: — باشلىقىمىزنىڭ قوڭى پوق، شۇڭا قاپاقلىرى ساڭگىلاپ كەتكەن گەپ، — دېدى ئارىدىن بىرى ئاستا ئۇنى شەرەتلەپ.

**قوڭچە كۈلمەك** قاتتىق مەسخىرە، زاڭلىق، مازاق قىلماق: ئۇنىڭ ئۆزىچە «ئالاھىدە» دەپ قىلىۋاتقان بۇ ئىشلىرى پۈتۈن قوشنىلارغا غەلىتە تۇيۇلۇپ كەتتى، كۆپلەر ئۇنىڭغا قاراپ قوڭچە كۈلۈشتى.

**قوڭى چىدىماسلىق** چىدامسىزلىق، غەيرەتسىزلىك، بوشاڭلىق: ئۇ دائىم ئەنە شۇنداق قوڭى چىدىماسلىق قىلىپ، پۈتۈن كۆپچىلىكنىڭ لەنىتىگە قالاتتى.

**قوڭى چىڭ** چىداملىق، بىر ئىشنى ئاخىرىغا ئېلىپ چىقمىغۇچە ھەرىكەتتىن توختىمايدىغان، ئىرادىلىك، غەيرەتلىك: ئۇنىڭ خېلى قوڭى چىڭ، بۇ ئىشنى جەزمەن بىر باشقا ئېلىپ چىقىدۇ.

**قوڭغا تەپسە ھۆل يۇقمايدىغان** ھېچقانداق ئەمەلىي ماھارىتى، كۈچى

يوق، تۇرۇقلۇق ئۆزىنى چوڭ، ئالاھىدە تۇتىدىغان: قاپاق نوچى: — ۋېيەي، قاراڭ تېخى، قوڭغا تەپسە ھۆل يۇقمايدىغان بىرنېمىنىڭ ھالىنى، — دېدى يەنە بىر كېلىنمۇ بوش كەلمەي، — ئۆزلىرى بەگنىڭ قىزى بولغان بولسىلا، مەنمۇ يوغان خاننىڭ قىزى!

**قوڭغا تەپمەك** قوغلىۋەتمەك، ھەيدەپ چىقارماق: — ئەگەر ئۇ يەنە ئىشك ئالدىغا كېلىدىغان بولسا، ھېچ ئىككىلەنمەيلا قوڭغا تېپىڭلار! — دېدى ياقۇپ پاشا دەرۋازىدىن كىرىپ كېتىۋېتىپ.

**قوڭنى قويالماي قالماق** خاتىرجەملىكى، كۆڭۈل ئازادىلىكى بۇزۇلماق، تىنچسىزلانماق: كۈنلەردىن بىركۈنى قىز قورساق كۆتۈرۈپتۇ. پادىشاھنىڭ ئاۋۋالقى خوتۇنلىرى قوڭنى قويالماي قېلىپتۇ.

**قوڭنى كوچىلىماق** باشقىلارنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئىزدەپ يۈرمەك: — ۋېيەي، خەقنىڭ قوڭنى كوچىلىغۇچە، كېلىڭىزغا كىرگەن ئاشنى يەپ ئىشىڭىزنى قىلىڭا! — دېدى ئايالى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ۋە تەخسىدىكى ئاشنى جوزىغا زەردە بىلەن دوققىدە قويۇپ.

**قوڭنى كولىماق** → **قوڭنى كوچىلىماق**: ئۇ دائىم ئىدارە ئىچىدە ئازراقلا ئابروي تېپىپ قالغانلارنىڭ قوڭنى كولاش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلىپ يۈرەتتى.

**قوڭالتاق** ① رەۋ. يالاڭ، ھېچقانداق بىرنەرسە يۆگىمەيلا، پايپاق ياكى پايتىمىسىزلا، يالىڭاچ ھالدا: ئۇ كالتا قونچلۇق ئۆتۈكنى قوڭالتاقلا كىيىپ تالاغا يۈگۈردى. * ئۇ ئورنىدىن ئاستا قوپۇپ، يالاڭ پەشمىتىنى يېپىنچاقلاپ، كەشىنى قوڭالتاقلا سايپتى. ② ئى. ھېچقانداق ئىقتىسادىي كۈچى يوق، نامرات ئادەم، يالاڭتۆش: — تۆنۈگۈنكى قوڭالتاقلار بۈگۈن ساقلىمىزنى غېرىچلاپ، ئالچاڭلاپ كېتىۋىدى، ئەجەبمۇ ئوخشىتىپتۇ، — دېدى ساۋۇتئاخۇن ئىمامغا. * — بۇ خۇلاسە خاتا، — ھىممەت يەنە ئولتۇرالمىدى، — ھاشىم-پاشىم دەيدىغان قوڭالتاقلارنى ماڭا چېتىشقا بولمايدۇ. ③ سۈپ. ئىقتىدارسىز، يارامسىز: — ھەدەڭ نېمىسى، ھەي ساراڭ! «چوڭ ئاپا»دە، — دېدى ئايال ھاسىراپ تۇرۇپ، — بىزگە كۈيئوغۇل سەن، ئېگىلمەكتە يوق، دارىندەك غادىيىسنا! غادىيىۋەرسەڭ، ساتتار چوڭ داداڭدەك قوڭالتاق باشلىق بولۇپ قالىسەن.

**قوڭغاق** (توغرىسى: قونغاق) → **قونغاق**.

**قوڭغۇراق** ئى ① سىلكىنگەندە، ئىچىدىكى تىلى يانلىرىغا تېگىپ ئاۋاز چىقىرىدىغان كونۇس شەكلىدىكى مېتال ئەسۋاب: قىز كۈمۈش رەڭلىك قوڭغۇرىقىنى جاراڭلىتىش بىلەن مەھەللىدىكى باللار ھويلىلاردىن تەڭلا يۈگۈرۈشۈپ چىقاتتى. * ئارقا تەرەپتىن ھارۋا قوڭغۇراقلىرىنىڭ شوخ جاراڭلىشى ئاڭلاندى. ② ئاۋاز چىقىرىپ سىگنال بېرىدىغان ھەرقانداق ئەسلىھە؛ سىگنال: تېلېفون قوڭغۇرىقى. * بىردىن دالاندا قوڭغۇراق چېلىندى.

**قوڭغۇراقباش** ئى [قوڭغۇراق+باش] <بوت> ① مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن. يوپۇرمىقى يېپىسمان كېلىدۇ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى كۆك، بىنەپشە، ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**قوڭغۇراقتەك** سۈپ. زىل، جاراڭلىق (باللار ۋە خوتۇن-قىزلارنىڭ ئاۋازى ھەققىدە):

– جاپادىن قورقسا ياخشى ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، مۇئەللىم، – دېدى گۈلجەننەت قوڭغۇراقتەك ئاۋازى بىلەن مۇئەللىمنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ. * ئۇنىڭ قوڭغۇراقتەك ئاۋازى ئۆيىنى بىر ئالدى.

**قوڭغۇراقتىكەن** ئى [قوڭغۇراق+تىكەن] <بوت> پۈرچاق ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. ئېگىزلىكى 0.5 – 2 مېتر. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقىنىڭ ئۇچىدا ئۇچلۇق كىچىك تىكىنى بار. تەگ يوپۇرمىقى ياكى يوپۇرماق ئوقى تىكەنگە ئۆزگەرگەن. گۈلى سۇس سۆسۈن. چوكا مېۋىسى ئېللىپس شەكىللىك، كۆپكەن ھالەتتە بولىدۇ، ئىككى يېنىدا ئىچىگە ئويۇلغان ئېرىقچىسى بار، ئۇچىدا ئۇچلۇق تىكىنى بار. قۇرغاق، شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**قوڭغۇراقچى** ئى. مەكتەپ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئورۇنلاردا قوڭغۇراق چېلىشقا مەسئۇل بولغان كىشى: سوپىئاخۇن قوڭغۇراقچىنىڭ قەبرىسىنى كۆرۈپ، يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى.

**قوڭغۇراقگۈل** ئى [قوڭغۇراق+گۈل] <بوت> ① قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى توق كۆك كېلىدۇ، بەزىدە ئاقلىرىمۇ ئۇچراپ قالىدۇ، شەكلى قوڭغۇراققا ئوخشايدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، بەلغەم بوشىتىش ۋە يۆتەل توختىتىش رولىغا ئىگە. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**قوڭغۇراقلىق** سۈپ ① قوڭغۇرىقى بار، قوڭغۇراق ئاسقان: قوڭغۇراقلىق ھارۋا، قوڭغۇراقلىق ئىت. ② قوڭغۇراق ئېسىپ ئوينايدىغان: قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇل.

**قوڭغۇراقلىق ئۇسسۇل** <ئۇ س> بېنگالنىڭ مىللىي ئۇسسۇلى، يەنى توي مەرىكىلىرىدە ئەر-ئايال بىللە ئوينايدىغان كوللېكتىپ ئۇسسۇل. بۇنىڭدا، ئۇسسۇلچى پۇتىغا قوڭغۇراقلار ئېسىلغان ھالقىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ. ئۇسسۇلچىنىڭ پۇت ھەرىكىتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ قوڭغۇراقلار رىتىملىق ئاۋاز چىقىرىپ، كەيپىياتنى تېخىمۇ ئاشۇرۇپ بېرىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا دۇمباق ۋە بالىمان قاتارلىق مۇزىكىلار تەڭكەش قىلىنىدۇ.

**قوڭغۇز** ئى <زوئول> قالقان قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ ئورتاق نامى. تېنىنىڭ سىرتىدا قاتتىق قېپى بولىدۇ. ئالدىنقى قانىتى مۈڭگۈز ماددىلىق، قېلىن ھەم قاتتىق؛ ئارقا قانىتى پەردىلىك. مەسىلەن، ماي قوڭغۇزى، ئۆزۈن بۇرۇت قوڭغۇز، چېرىپاشكا قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قوڭقا** ئى. ئېگەرنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ئويمان جايى.

**قوڭۇر** سۈپ. ئاز مىقداردا يېشىل بىلەن قىزىلنىڭ ئارىلاشمىسىدىن ھاسىل بولغان، كۆرۈنۈشى دەرەخنىڭ پورىغا ئوخشاش، پور: قوڭۇر رەڭ. * ئۇنىڭ بېشىدا يەنە شۇ قوڭۇر رەڭ كونا شەپكە، ئۈستىدە كۆل رەڭ خادانى چاپىنى تۇراتتى.

**قوڭۇرباش بېلىقچى** <زوئول> چايكىنىڭ بىر خىلى. بېشى قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ.

**قوڭۇر تۆمۈرتاش** <گېئول> تەركىبىدە تۆمۈر بولغان ئاساسلىق مىنېراللاردىن بىرى. رەڭگى قوڭۇر ياكى سېرىق، ئۈزۈمسىمان ۋە كاللەك ھالەتلەردە ئۇچرايدۇ.

**قوڭۇر رەڭ** ① <گ سەن> قىزىلغا ئاز مىقداردا يېشىل قوشۇلغاندىن كېيىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە ياكى شۇ خىل رەڭدە بويالغان: قوڭۇر رەڭ پوپايكا. قوڭۇر رەڭ ياغلىق.

**قوڭۇر كۆز** ① قارىسى قوڭۇر رەڭدە بولغان كۆز؛ كۆزى قوڭۇر: قوڭۇر كۆز ئادەم. قوڭۇر كۆز ئايال. ② شۇنداق كۆزى بار ئادەم: ھەش-پەش دېگۈچە ھېلىقى قوڭۇر كۆز غايىب بولدى.

**قوڭۇر كۆمۈر** <خىم> كۆمۈرنىڭ بىر خىلى. رەڭگى قوڭۇر، بەزىلىرىنىڭ كۆل رەڭ قارا كېلىدۇ، تەركىبىدە كۆپرەك سۇ بولىدۇ. ئادەتتە يېقىلغۇ قىلىشتىن تاشقىرى. بېنزىن، كىرسىن ۋە كوكس تاۋلاشلاردا قوللىنىلىدۇ.

**قوڭۇر ئۆي چاشقىنى** <زوئول> ئۆي چاشقىنىنىڭ بىر خىلى. تەن ئۇزۇنلۇقى 30 سانتىمېتىردىن ئارتۇق، پۈتۈن تېنىنىڭ رەڭگى بېغىر رەڭ ياكى قوڭۇر بېغىر رەڭ، قورسىقىنىڭ رەڭگى كۆل رەڭ ئاق، قۇيرۇقى ئۇزۇن، كامار ۋە ئورا كولاشقا ماھىر، مۇھىم زىياندا شلارنىڭ بىرى.

**قوڭۇر ئېيىق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى چوڭ، تاغىقى ئېگىز، تۈكى قوڭۇر بېغىر رەڭ. تارقىلىش رايونلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقى بىلەن رەڭگىنىڭ ئاچ-قېنىقلىقىمۇ ئوخشىمايدۇ. دەرەخكە چىقالايدۇ، سۇ ئۈزەلەيدۇ. مېۋە، كۆكتات، قۇش، بېلىق، ھاشارات، ھايۋانلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. بەزىدە ئادەم، چارۋىلارنىمۇ زەخىملەندۈرىدۇ. تاپىنى بىلەن گۆشىنى يېگىلى بولىدۇ. تېرىسىنى كۆرپە قىلىشقا بولىدۇ. ئۆتىنى دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. «ئادەم ئېيىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قوڭۇر يۇسۇن** <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ چوڭ بىر گۇرۇپپىسى. رەڭگى قوڭۇر بولۇپ، دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ. تەركىبىدە مول يود ماددىسى ۋە يېلىمسىمان ماددا (قوڭۇر يۇسۇن يېلىمى) بولىدۇ. مەسىلەن، خەيدەي ئىستېمال قىلىشقا بولىدىغان قوڭۇر يۇسۇنلەرنىڭ بىرىدۇر.

**قوڭىيوغان** ئى [قوڭ+ئى+يوغان] <تىب> ← چىقان.

**قول** ① ئى. ئادەم بەدىنىنىڭ بارماق ئۇچلىرىدىن يەلكىسىگىچە بولغان قىسمى، شۇ ئەزاسى: ھازىر بەزىبىر كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مەنپەئەت يەتمەيدىغان، ئوتتىمۇ قول تۇگىدىغان بولۇپ قالدى، قاسىمۇ ئالدىغا كەلگەننى ئىتتىرىۋەتمىسە كېرەك. * بۇ كارخانىدا 32 دانە كونا شەكىلدىكى دۇكان بولۇپ، ئۇنىڭ مەھسۇلاتلىرى قول بىلەن ئىشلىنەتتى. ② ئى. بارماق بىلەن ئالىقاننىڭ ئومۇمىي نامى؛ بارماق، پەنجە: قولى بىلەن ئېلىپ، پۇتى بىلەن بېرىپتۇ (ماقال). * قول يۇيۇش ئۈچۈن سۇ ئېلىپ كېلىندى. ③ ئى. ھايۋانلارنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايىغى: توشقان غانجۇغىغا باغلانغان ئالدى ئىككى قولنى چىشى بىلەن چىشلەپ يەشمەكچى بولاتتى. ④ ئى. بىر كىشىنىڭ ئۆزىگە خاس خەت يېزىش ئۇسلۇبى، ئىمزا: — بۇ سېنىڭ قولۇڭ بولماي كىمنىڭ قولى؟ — دېدى ئۇ تارتمىسىدىن بىر پارچە خەتنى چىقىرىپ ئالدىمغا تاشلاپ. ⑤ ئى. ئىگىلىك، ئىلىك، تەۋەلىك، باشقۇرۇش، ئىختىيار: ياخشى خوتۇن ئەرنىڭ قولىدا (ماقال). * كېلەچەكىمىز ئۆز قولىمىزدا، تىرىشساقلا ھەرگىز يەردە قالمايمىز. * ئۇلار قولىدا بار نەرسىلىرىنى ئايىماستىن

مەدرىس ئۈچۈن ئىئانە قىلىشتى. * بۇ شەھەرنىڭ كاتتىباشلىرى مېنىڭ قولۇمدا، بىلدىڭمۇ؟ *- سەن ئىشلەپ جان باقىدىغان نېمە ئىش بار ئىكەن، قولۇڭدا بىرەر ھۈنىرىڭ بارمۇ-يە؟ - دېدى بوۋاي.⑥ مىقدار سۆز بولۇپ كېلىپ «قېتىم، رەت، نۆۋەت، مەيدان» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: تانسا قىزغىن داۋاملاشتى. ئەر مېھمانلارنىڭ ھەممىسلا شەرىپە بىلەن بىرنەچچە قولدىن ئوينىدى. * قارتىچىلار يەنە سەككىز-توققۇز قول ئوينىغاندىن كېيىن تارقىلىشتى.

**قول ئاستىدا** يېتەكچىلىكىدە، رەھبەرلىكىدە؛ قارمىقىدا، باشقۇرۇشىدا: بۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان سۆز بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بىر رەھبەرنىڭ قول ئاستىدىكى كادىرغا ۋەزىپە تاپشۇرۇشى ئىدى. * پارقىراپ كەتكەن قېلىن جۇۋىسى ئۈستىدىن پوتا باغلىۋالغان ئىككى ساقاللىق ئاشپەز ئۇنىڭ قول ئاستىدا ئىشلەيتتى.

**قول باسماق** (ھۆججەت، ئىسپات، توختام قاتارلىق نەرسىلەرگە) ئۆزىنىڭ ئىمزاسىنى قويۇش، تامغىسىنى ياكى بارمىقىنى بېسىش ئارقىلىق رازىلىقىنى، ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرمەك: شەمشىدىن «40 سەر ئالتۇن» دېگەننى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ كەينىگە قانداق ئەجەل ئەجدىھاسى يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچبىر ئويلىمىغاندەكلا، توختامغا قولىنى بېسىپ بەردى.

**قول باغلاپ تۇرماق** ئىككى قولىنى بىرلەشتۇرۇپ، كۆكسى ياكى قورسىقى ئۈستىگە قويۇپ، ئېگىشىپ قارشى تەرەپكە ھۆرمەت بىلدۈرمەك: گۈلقىز دەرھال ئېسىگە كېلىپ، ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، قول باغلاپ تۇرۇپ: - خوش خېنىم، - دېدى. * - قېنى، ئۆيگە ئىلتىپات قىلىشسىلا، - دېدى ئۇ كەلگەن مېھمانلارغا ھۆرمەت بىلەن قول باغلاپ تۇرۇپ.

**قول باغلاشماق** قارشى تەرەپ بىلەن بىرەر نەرسىنى شەرت قىلىپ ۋەدىلەشمەك؛ شەرتلەشمەك؛ تىكىشمەك: ئۇمۇ ئادەمنى دەرياغا ئېلىپ بېرىپ سۇغارماي كېلىدىغان ئالىغلاپنىڭ بىرى، دائىم باللار بىلەن قول باغلىشىپ نېمىنى ئۇتۇۋالىدۇ. * ئۇ «پەرىدە كېلىدۇ» دېدى، مەن «كەلمەيدۇ» دېدىم، شۇنىڭ بىلەن بىز قول باغلىشىپ قالدۇق.

**قول بالىسى** ئۆز قولى بىلەن ئوخشىتىپ ئايرىم تەييارلىغان: پاتەمخان تازا قول بالىسى پولۇ قىلغانىكەن، بىز تازا ھۇزۇرلىنىپ يەپ، ئاندىن قايتىپ كەلدۇق.

**قول بالىسى قىلماق** ئۆز قولى بىلەن ياخشى، ئېسىل، يارامىلىق قىلىپ ئايرىم تەييارلىماق: سەن بېرىپ شېرىن ئۆزۈمدىن قول بالىسى قىلىپ ئىشلەنگەن لەززەتلىك شارابتىن بىر كوزا ئېلىپ كەل. * ياڭ يانچۇقىنى كولاپ ئەپيۇن ئالدى-دە، ئۇنى قول بالىسى قىلىپ راسلىغاندىن كېيىن چىراغنى ئۈستەلگە توختىتىپ تۇرۇپ، ئەپيۇننى راسا بىر شورىدى.

**قول بەرمەك** ① قارشى تەرەپ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشۈش ئۈچۈن قولىنى سوزماق: - كېلىڭ مېھمان، - دېدى ئۆي ئىگىسى خۇش چىراي ھالدا ۋە قوچقارغا قول بېرىپ كۆرۈشتى. * سوپىئاخۇن ئۇلار بىلەن بىرمۇبىر قول بېرىپ خوشلاشتى. ② ۋەدە بەرمەك، سۆز بەرمەك: بۇ يىل بىز كەنتكە كېۋەز ئۆستۈرۈش بويىچە كەسپىي ئائىلە بولماققا قول بەردۇق. * - ئەگەر قوبۇل كۆرسىلە، قول بېرىشىپ ئاغا-ئىنى بولۇشساق، ئۆزۈمنى بېھساب بەختىيار سانايتتىم، - دېدى ئۇ كۈلۈپ. ③ ئىخلاس بىلدۈرمەك، مۇرىت بولماق: مەن ئۇنىڭغا قول بېرىپ مۇرىت بولغانمەن. * ئۇ تۆمۈر

خەلپىگە قەسەم قىلىپ قول بەردى.

**قول بومبا** <ھەرب> ← **گرانات:** قول بومبىسى تاشلاش نۆۋىتى يېڭى ئەسكەر نىيازغا كەلگەندە، ئۇ بىر بۇيرۇق بىلەنلا بومبىنى تاشلىدى.

**قول بېغى** كىگىزچىلىكتە، دۇكاننىڭ غول ياغىچىغا بېكىتىلگەن تۇتقۇچ. كىگىز ياكى پالاس قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**قول بىلەن سانغۇدەك** ← **بارماق بىلەن سانغۇدەك:** 40-، 50- يىللاردا بىزدە «ئون ئىككى مۇقام»نى چوڭ نەغمە، داستان ۋە مەشرەپلىرى بويىچە تولۇق بىلىدىغان ۋە بىر يۈرۈش ناخشىلىرى بىلەن چالالايدىغان مۇقامچىلار قول بىلەن سانغۇدەكلا ئاز قالغانىدى.

**قول تارتماق** يانماق، چېكىنمەك، ۋاز كەچمەك، مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەك: ئۇ بىرىدىن قىساس ئېلىش نىيىتىگە كەلگەندە، تۆھمەت، ئىغۋا ھەتتا سۈيىقەست قىلىشتىنمۇ قول تارتمايتتى. * ئۇ يەنىلا بۇ ئىشتىن قول تارتمىغانلىقى ئۈچۈن، بىز ئۇنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىشقا مەجبۇر بولدۇق.

**قول تەگكۈزمەك** ① ئۇرماق، تۇتماق: زىنۇبىرشا ئىپمە قىلالىسۇن، بۇ ئايالغا قول تەگكۈزگىلى بولاتتىمۇ، گەپ بىلەن قانداقمۇ بەھرە ئالغىلى بولسۇن! * ئېلىمىزنىڭ داڭلىق ئۇستازىغا قول تەگكۈزۈش — بۇ خاندانلىقىمىزغا قىلىنغان ھاقارەت. ② ئوغرىلىماق: مېنى «خامانغا قول تەگكۈزدۈڭ» دېگەن تۆھمەت بىلەن بىر يىل قاماپ قويغانىدى. * ئۇلار سابىرنى «ئامبارغا قول تەگكۈزدى» دېگەنگە ئىشەنمەيتتى.

**قول تەڭلىمەك** ① ئۇرۇشقا ھەرىكەت قىلماق: قورققان بۇرۇن قول تەڭلەر (ماقال). * مېنى كىچىك كۆردى بولغاي، ھە دېگەندىلا قولىنى تەڭلەۋاتىدۇ، — قولۇڭنى تەڭلىمە، ھېلى پۇشايمان قىلىپ قالىسەن، — دېدىم مەنمۇ بىر قەدەم ئالدىغا چامداپ. ② تەلەپ قىلماق، سورىماق، تىلىمەك: يەنە بىر گېپىم، ئاز-تولا بىر نەرسە تېپىۋالساق دۇيگە مۇنچە پىرسەنت، يېزىغا مۇنچە پىرسەنت دەپ قول تەڭلەپ كېلىشمىسۇن، ھەركىم تاپقىنىغا ئۆزى ئىگە بولسۇن.

**قول تراكتور** ئىككى چاقلىق كىچىك تىپتىكى بىر خىل تراكتور. ھەجمى كىچىك، يېنىك، تۈزۈلۈشى ئاددىي، باشقۇرۇش قولاي، باھاسى تۆۋەن ۋە ئۈنۈم بىرسال ئىشلەتكىلى بولۇشتەك كۆپ خىل ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە. كۆپىنچە دېھقانچىلىققا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا كوزۇپ چېتىپ مال توشۇغىلىمۇ بولىدۇ.

**قول توپى** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىدىن بىرى. مەيدانى تىك تۆت بۇلۇڭ شەكلىدە، مۇسابىقىدە ھەربىر كاماندىدا يەتتىدىن ئادەم بولۇپ، بىر ئادەم ۋاراتا باقىدۇ. توپنى قول بىلەن قارشى تەرەپنىڭ ۋاراتاسىغا ئېتىپ كىرگۈزەلىسە نومۇرغا ئېرىشىدۇ، نومۇرغا كۆپرەك ئېرىشكەنلەر غەلىبە قىلغان بولىدۇ. ② شۇ خىل تەنھەرىكەت تۈرىدە ئىشلىتىلىدىغان توپ. پۇتبولغا ئوخشايدۇ، ئەمما كىچىكرەك بولىدۇ.

**قول تۇتماق** كۆپ ۋاقىتنى ئالماق، ۋاقىت كەتمەك: توغرا، قول تۇتىدىغان بەزى ئىشلار ئۇلارنى خېلى ئاۋارە قىلدى.

**قول تۇتۇشماق** شېرىك، ئىتتىپاق، ھەمراھ بولماق، يولداش، مەسلەكداش بولماق: راھىبلار دائىم فېئوداللار بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە يۈرگىنىگە ئوخشاش، راھىبلار سوتسىيالىزمىمۇ دائىم فېئوداللىق سوتسىيالىزم بىلەن قول تۇتۇشۇپ بىللە يۈرىدۇ.

**قول تۆگە** كارۋان يېتىلەپ ماڭىدىغان

ئەلىڭ ئالدىدىكى تۆگە.

**قول تىقماق** ئارىلاشماق، بىۋاستە قاتناشماق: — توغرا، بەشىر تېخى هايات، — دېدى هاجى، — ئەمما ئۇ هاراقكەش بىزنىڭ ئىشىمىزغا قول تىقالمايدۇ. * بۇ لەيلىگۇل بېيجىڭدىن كەلگەندىن كېيىن ئۆزى قول تىقىپ كۆيۈپ-پىشىپ ئىشلىگەن خىزمەت ئىدى.

**قول چامادانى** قولدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك قىلىپ ئىشلەنگەن چامادان.

**قول چىراغ** قۇرغاق باتارېيىنى ئېلېكتر مەنبەسى قىلىدىغان كىچىك تىپتىكى يورۇتۇش ئەسۋابى.

**قول خالتىسى** بۆشۈكتىكى بالىنىڭ قولىنى تارتىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئىككى قولى ئۇستىگە بىردىن قويۇپ تاڭىدىغان كىچىك خالتا.

**قولدا سانغۇدەك** ← **بارماق بىلەن سانغۇدەك.**

**قولدىن بەرمەسلىك** بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەسلىك: ئۇ پۇرسەتنى قولدىن بەرمەسلىك ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشىپ كۆردى. * ئەمدى دائىملا كىتاب ئارىسىغا كىرىۋالماي، ئۇتتۇر كەلگەن ئويۇن-تاماشىنىمۇ قولدىن بەرمەسلىك قارارىغا كەلگەن بۇ يىگىت هېلىقى قىزنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ كېتىپ قالغانىدى.

**قولدىن بېرىپ قويماق** بىكار ئۆتكۈزۈۋەتمەك، بىكار كەتكۈزۈپ قويماق؛ (باشقۇرۇش، ئىگىدارچىلىق قىلىش هوقۇقىدىن) مەهرۇم قالماق، ئايرىلماق: كامىل يەنە كېچىكىدىغان بولسا، ئۆزىگە بېرىلگەن ۋاقىتنى قولدىن بېرىپ قوياتتى. * ئۇلار يەنە مۇهىم بىر بازىنى قولدىن بېرىپ قويۇشقانلىقلىرى ئۈچۈن بەك ئېچىنىشتى.

**قولدىن چۈشۈرمەسلىك** تاشلاپ قويماسلىق، دائىم ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ يۈرۈش: ئۇ ئۆيىگە كېلىپلا دائىم قولدىن چۈشۈرمەيدىغان هېلىقى كىتابىنى يەنە قولىغا ئالدى. * مەنمۇ ياش ۋاقتىمدا راۋابنى قولۇمدىن چۈشۈرمەيتتىم.

**قولدىن چىقارماق** ① قويۇۋەتمەك، كەتكۈزۈۋەتمەك؛ ئۆز ئىلكىدىن، باشقۇرۇشىدىن چىقىرىپ قويماق: تازا باب لايىق!... تېز هەرىكەت قىلمىسىڭىز قولدىن چىقىرىپ قويىسىز. ئۇنى خالىسىڭىز بۇ ئىشقا مەن ئارىلىشاي. * ئۇنى هەرگىز قولدىن چىقارماسلىق كېرەك. ② بىرەر ئىشنى تاماملىماق، تۈگەتمەك، ئاياغلاشتۇرماق، پۈتكۈزمەك: هەممە ئىش، بارلىق هەرىكەت ئىنقىلابقا بويسۇنۇشى كېرەك. بۇ ئىشنى تېزرەك قولدىن چىقىرىۋېتىپ، ئىنقىلابقا قاتنىشايلى. * ئۇ مەگلىخان ئاچا بۇيرۇتقان ئاياغنى قولدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن قېلىپنى قولىغا ئالدى.

**قولدىن قولغا ئۆتمەك** بىردەم ئۇنىڭ قولىغا، بىردەم بۇنىڭ قولىغا، باشقۇرۇشىغا، تەۋەلىكىگە ئۆتمەك: ئىككىنچى سۈرەتمۇ قولدىن قولغا ئۆتۈپ، بىردەمدىلا كىمنىڭ سۈزىتى ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. * هەممە پالاكەت يەنە قاغىلىق خەلقىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئىلگىرىدىنلا «قولدىن قولغا ئۆتۈپ» تۇرىدىغان بۇ شەهەر كىشىلىرى يېڭى «خوجايىن»لارغا تاماق ۋە ئوتۇن-سامان بېرىشلىرى كېرەك بولدى.

**قولدىن كەتمەك** بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىدىن، ئىگىدارچىلىق قىلىشىدىن، تەۋەلىكىدىن ئايرىلماق: مەن هاياتىمدا كۆپ نەرسىلەرگە ئىگە بولۇپ، كۆپ نەرسىلەر قولۇمدىن كەتكەن ئادەم. * بۇ جايلار قولدىن كەتسە، جەنۇبىي يۈنلىش پولكى ئىشەنچلىك ئارقا سەپتىن ئايرىلىپ قالاتتى.

**قول رەندە** قول بىلەن ئىشلىتىشكە باپ قى-
لىپ ياسالغان كىچىك رەندە.

**قول سائەت** قولغا تاقىلىدىغان كىچىك
تىپتىكى سائەت.

**قول سالماق** ① قولىنى تۇۋەنگە ساڭگى-
لاتماق: ئۇ قولىنى سىلىپ تۇردى. ② ئىشقا
كىرىشمەك؛ تۇتۇپ ئىشلىمەك، ئارىلاشماق:
ئۇ ئۆزى قول سىلىپ تۇرغان زاۋۇتقا مېھرى
بار ئىدى. * ئەمدى بۇ ئىشقا قول سالدىمۇ؟
③ ئۇرماق: سەن ئۇنىڭغا ئاسانلا قول
سالما جىنايەت بولۇپ قالىدۇ.

**قول سانائەت** قول ھۈنىرى ياكى
ئاددىي قوراللار ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللىنىدىغان سانائەت:
قەشقەردە نۇرغۇن كىچىك بازار ۋە كەنتلەر
بولۇپ، نۇرغۇن ئاھالىلار قول سانائەت بىلەن
شۇغۇللىنىدۇ. * پار ۋە يېڭى ئىش ماشىنىلىرى
كارخانا قول سانائىتىنى ھازىرقى زامان يىرىك
سانائىتىگە ئايلاندۇردى.

**قول سانائەتچى** قول سانائىتى بىلەن
شۇغۇللىنىدىغان كىشى: ئۇ دەۋردە فېئوداللىق
مۇلۇكچىلىكتىن تاشقىرى، يەنە دېھقانلار ۋە
قول سانائەتچىلەرنىڭ ئۆز ئەمگىكىنى ئاساس
قىلغان يەككە مۇلۇكچىلىكمۇ مەۋجۇت ئىدى.

**قول سانائەت ئىشچىلىرى** قول سانائەت
ئىشلەپچىقىرىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان
ئىشچىلار.

**قول سوزماق** ① ئىلىشقا، تۇتۇشقا
ھەرىكەت قىلماق: ئۇ دەرھال قونچىسىدىكى
خەنجەرگە قول سوزدى. ② تەلەپ قىلى-
ماق، تىلىمەك: مەن سىلەرگە «مېنى
قۇتقۇزۇڭلار» دەپ قول سوزمىغاندىمەن! *
ئۇنىڭ ئائىلىسى قارىماققا نامرات كۆرۈنگەن
بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا يېنىنى «چىڭدىۋالغان»
بولسا كېرەك، دۇيگە قول سوزمىدى.

**قول سومكىسى** قولدا ئېلىپ يۈرۈشكە
ئەپلىك قىلىپ تىكىلگەن سومكا.

**قول سوۋۇماق** ① بىكار بولماق، خالى
بولماق: كېرەكلىك تاشنىڭ ئېغىرلىقى يوق
خېنىم، ھى... ھى... دېھقانچىلىقتىن قول
سوۋۇغان چاغدا ھۈنەر قىلىمىز، ھېچ بولمىسا
ئۆزلىرىگە ئۇسما بىلەن خېنە پۇلى بولۇپ
قالار، ھى... ھى. ② زېرىكمەك، ۋاز
كەچمەك، قول ئۈزمەك: زېرىكىشا، مەيلى
باشلىق بول، مەيلى ئەزا بول، ئىشلە،
ئىشتىن قول سوۋۇتما، تۈز يولغا كاتاڭ
كولايدىغانلار بار، دىققەت قىل.

**قول سۇنماق** بەرمەك، ئاتا قىلماق،
ئاتىماق، ياخشىلىق قىلماق: ئۇلۇغلار
ئېيتىدۇرلەركى، ھايۋانغا شەپقەت ۋە
مەرھەمەت قولىنى سۇنغان كىشى بۇ دۇنيانىڭ
پادىشاھلىق مەرتىۋىسىنى تاپقاي. * بولۇپتۇ،
يېتىم بالا ئىكەن، شەپقەت قولۇمنى سۇنۇپ
قوياي. * ھەممە ساھە بىزگە ياردەم
قولىنى سۇنۇۋاتىدۇ.

**قول سىلكىمەك** بىرەر ئىشتىن، خىزمەت-
تىن زېرىكىپ ۋاز كەچمەك، قولىنى
ئۈزمەك، يىراقلاشماق؛ ياقتۇرماسلىق،
نارازى بولماق: يۈسۈپبېك ھاجى مەلۇم
ئالدىنىشتىن كېيىن يۇرت ئىشىدىن قول
سىلكىگەن، كۆپ ۋاقتىنى مېھمانخانىدا
«قۇرئان» ۋە «دالائىل» ئوقۇپ ئۆتكۈزەت-
تى. * ماختىغاندا شېئىرنى تەقرىزچى
دوستلار، چىقتى قانات، قىلدىم پەرۋاز
ئاسمان-پەلەككە. چۈشىنەلمەي خەلقىم
ئۇنى سىلكىگەندە قول. موللاق ئاتتىم شۇ
پەلەكتىن ئوخشاپ ئۆلۈككە.

**قولغا ئالماق** ① جىنايەتچىنى تۇتماق،
سولىماق: تۇرپان ھاكىمى ۋاڭغا موللا
زەيدىننى دەرھال قولغا ئېلىپ، قانۇنىي جازا
بېرىشنى تاپشۇرغان. * بۇ ئادەمنى قولغا
ئېلىنغان دەپ ئاڭلىغاندۇق. ② بىرەر ئىشقا

كىرىشمەك، تۇتۇش قىلماق: بىز بۇ ئىشنى قولغا ئالغۇچە، قاسىمۇ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن. ③ ئىگىلىمەك، ئىشغال قىلماق: «ئۈچ ۋىلايەت ئارمىيىسى شىخونى قولغا ئېلىپتۇ» دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپلا يولغا چىققانىدىم. * جاھانگىرلار قۇيرۇقنى تىكىۋەتتى، ئۇلارنىڭ تەئەللۇقاتىنى بىز قولغا ئالدۇق.

**قولغا تۇكۇرمەك** غەيرەتكە كەلمەك، كۈچىنى يىغماق.

**قولغا تىغ ئالماق** قولغا قورال ئېلىپ كۈرەش، قوزغىلاڭ قىلىشقا ئاتلانماق، قوزغالماق: ۋاڭ-غوجىلارنىڭ كۆڭلى قارا تاشتىنمۇ قاتتىق ئىكەن. بىز شۇنى بىلىپ قولىمىزغا تىغ ئالدۇق.

**قولغا چۇشمەك** تۇتۇلماق؛ باشقۇرۇشىغا، نازارەت قىلىشىغا، تەۋەلىكىگە ئۆتمەك: ئۇلار تۇرمىدىن قېچىپ ئىككى كۈن ئۆتمەي قولغا چۈشتى. * ئۇلار پات ئارىدا قولىمىزغا چۈشىدۇ، ھەرگىز قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. * گۈل دەستە شاھزادىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغىلى تاسلا قالدى.

**قولغا چىققۇدەك** يارامىلىق، بەلگىلىك قىممىتى، ئەھمىيىتى بار؛ پايدىلانغىلى، ئىشلەتكىلى بولغۇدەك: ئوغرىلاردىن قورققان ئەپەندىم ساندۇققا كىرىۋاپتۇ. ئۆيدىن قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە تاپالمىغان ئوغرىلار ئاخىرى ئەپەندىم كىرىۋالغان ساندۇقنى كۆتۈرۈپ مېڭىپتۇ. * كۆرۈپ چىقىڭ، بەلكىم ئۇنىڭدا قولغا چىققۇدەك بىرنەرسە يېزىلغاندۇر.

**قولغا چىقماق** قولغا تەگمەك، يەتمەك، كەلمەك: بۇيرۇق قولغا چىقتى، ئەمدى قولىمىزدىن كەلگەننى قىلىمىز دېگىنە.

**قولغا قول، پۇتقا پۇت بولماق** يېقىندىن ياردەملەشمەك، داۋاملىق خىزمىتىنى قىلماق: — ئۇنىڭغىمۇ ساڭا ئوخشاش قولغا قول، پۇتقا پۇت بولىدىغان بىر كىشى بولغان بولسا تازا ياقاتتى، — دېدى ئانىسى ئېغىر ئۇھ تارتىپ. * ئۇ مۇشۇ ئون نەچچە يىلدىن بېرى نۇردۇن ھاكىمنىڭ قولغا قول، پۇتقا پۇت بولۇپ كېلىۋاتاتتى.

**قولغا كەلمەك** تەۋەلىكىگە، ئىگىلىكىگە، باشقۇرۇشىغا ياكى قول-ئىلكىگە ئۆتمەك: ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالمىدى، ئۇمىدسىزلىنىپ ھاياتتىن بىزار بولمىدى، لېكىن بۇ غەلىبە ئاسان قولغا كەلمىدى. * بىز مىڭبىر يوللارنى مېڭىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇ كىتابنى قولغا كەلتۈردۇق.

**قولغا كۆنمەك** باشقۇرۇشىغا بويسۇنماق، ئىتائەت قىلماق: ئۇ ھەپىلىشىپ يۈرۈپ، تايچاقنى ئاخىرى قولغا كۆندۈردى. * ئەخمەت ئۇنى «قولغا كۆندى» دەپ ھېسابلىدى.

**قولغا كىرمەك** ← **قولغا كەلمەك**: ئات ئالساڭلار تاي ئالماڭلار، يولغا يۈرمەيدۇ، چېچى ئۇزۇن قاۋۇل جۇۋان قولغا كىرمەيدۇ.

**قولغا ئۆتمەك** باشقۇرۇشىغا، ئىگىلىكىگە، تەۋەلىكىگە، ئىلكىگە ئۆتمەك: يۈز ئاچتى بىپىيىگى بىر جاھان بىزگە، كەلدى ۋەتەن ئېتىكى كۈلدى شادىمان. يوقسۇللار قولغا ئۆتتى يەر-زېمىن، گۈللەرگە پۈركىنىپ بولدى چۆل بوستان.

**قولغا ئۆگەنمەك** كۆنمەك، بىراۋنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇنىدىغان ھالغا كەلمەك، كۆنۈكۈپ قالماق: ئۇ قولغا ئۆگىنىدىغان نەرسە ئەمەس.

**قولغا يېقىن** ئىشلىتىشكە، پايدىلىنىشقا باپ، ئەپلىك؛ ئاسانلا ئىشلەتكىلى، پايدىلانغىلى بولىدىغان: — بۇ قولغا يېقىن نەرسە، ئېلىۋالغىن، ئەسقېتىپ قالار، — دېدي بوۋاي ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ. * — قولغا يېقىن بالا بولدى-دە، بۇ، — دېدى ئۇ ئەسئەت كەتكەندىن كېيىن. ② كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئاسان تاپقىلى بولىدىغان:

– بۇنى قولغا ئېلىنىراق يەرگە قويغىن، – دېدى ئۇ ماڭا پىچاقنى سۇنۇۋېتىپ.

**قول قولنى تونۇيدۇ** «كىمدىن ئالغان بولسا، شۇنىڭغا بېرىش كېرەك» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: قول قولنى تونۇيدۇ، شەرىئەت يولنى (ماقال). * قول قولنى تونۇيدۇ، كىمدىن ئالغان بولسام شۇنىڭغا بېرىمەن.

**قول قولغا تەگمەي** ناھايىتى جىددىي، بەك ئالدىراش: ئوتتۇرا بوي، ئاق يۈزلۈك كەلگەن بۇ قىز قول قولغا تەگمەي سودا قىلىۋېتىپ، قايسىبىرلىرى بىلەن گەپتە چېقىشاتتى، قاقاھلاپ كۈلەتتى.

**قول قوۋۇشتۇرماق** ① قولنى بىر-بىرىگە چاپلاپ گىرەلەشتۈرۈپ تۇرماق: قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرماق. * قەددىنى تىك تۇتۇپ قوللىرىنى كەينىگە قوۋۇشتۇردى. ② باشقىلارغا ھۆرمەت، ئېھتىرام يۈزىسىدىن شۇنداق ھالەتتە تۇرماق، قۇللۇق بىلدۈرمەك، بويسۇنماق: دەرۋازىۋەن بەگنى تونۇپ قول قوۋۇشتۇردى. * خەلق ھازىر ئۇلار نېمە دېسە «خوپ» دەپ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھالەتتىن ئۆتۈپ كەتتى. ③ ھەرىكەت قىلماسلىق، ھۇرۇنلۇق قىلماق: قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرساق بەخت ئۆزى كەلمايدۇ، بىز ئۇنى ئىزدەپ تېپىشىمىز كېرەك.

**قول قويماق** ① ئىمزا قويماق، توختام، كېلىشىم، ھۆججەت قاتارلىقلارغا ئۆز قولى بىلەن ئىسمىنى يازماق ياكى قول بېسىپ بەرمەك: مەرھەمەت، مانا بۇ ھۆججەتكە قول قويۇڭ. * بۇ شەرتلەرگە قول قويغۇچى شۇ قۇتىدار ئىدى. ② قايىل بولماق، ئېتىراپ قىلماق: – ئاداش، يۇرتداشقۇ بىز، ئويناشتىم، – دېدى ئۇ بىر پەستىن كېيىن كۈلۈپ تۇرۇپ، – قول قويدۇم ساڭا، ئاكتىپ جۇمۇ سەن. * كېيىنكى ۋاقىتلاردا دۇنيا ئالىملىرى «بىرىنچى ئۇستاز» دېگەن نام بىلەن ئارستوتېلغا قول قويغان.

**قول كەتتى** «دوستلىشىش ئۈچۈن قول بېرىلدى» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: – قى... ھە... مانا، مانا، بەك ياخشى. بىزگە مانا شۇنداق دوستلار كېرەك. قول كەتتى بۇرادەر، – سىيىت خوجا بىر قولىغا تايىنىپلا ئاران ئېگىلىپ «توختى تاۋار»غا قول سوزدى.

**قول كرانى** كراننىڭ قول بىلەن تارتىپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بىر خىلى.

**قول كۆتۈرمەك** ① بىرەر چاقىرىق، تەكلىپ، پىكىر قاتارلىقلارغا قوشۇلماق: ھەممەيلەن قول كۆتۈرۈپ ئىشانغا قوشۇلدى. * 45 ئوقۇغۇچىنىڭ تەڭدىن تولىسى قوشۇلۇپ قول كۆتۈردى. ② كۆچمە. تەسلىم بولماق، باشقۇرۇشىغا ئۆتمەك: خوجىنىياز ھاجى پىلموتىنىڭ ئاغزىنى دۈگۈجىنىڭ چېرىكلىرىگە قاراتتى، چېرىكلەر قول كۆتۈرۈشكە باشلىدى. * گومىنداڭ قىسىملىرى پۈتۈن تەركىبى بىلەن قول كۆتۈرۈپ قورال تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ③ كۆچمە. سۆزلەشكە رۇخسەت سورىماق: ئوقۇغۇچىلار ئارقا-ئارقىدىن قول كۆتۈرۈپ جاۋاب بەرمەكتە ئىدى. * ھىممەت پىكىر بېرىشكە قول كۆتۈرگەنلەر ئىچىدە ئۇنىڭ بولۇشىنى زادى كۈتمىگەنىدى.

**قول كۆرمىكى** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى توم، كۆپ شاخلايدۇ، يوپۇرمىقى تار ھەم ئۇزۇن. دېنى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**قول ماشىنىسى** قولدا چۆرۈپ ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان كىچىك تىپتىكى تىكىش ماشىنىسى.

**قول مېشى** سوغۇق كۈنلەردە قول

ئىسسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان كىچىك تىپتىكى مەش. كۆپىنچە يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە كېلىدۇ. دىئامېترى تەخمىنەن 16 — 17 سانتىمېتر بولۇپ، ئۈستىدە كۆتۈرۈلىدىغان تۇتقىسى بولىدۇ. شۇڭا ئۇنى خالىغان جايغا ئېلىپ يۈرۈشكە-مۇ بولىدۇ. قاپقىقىدا نۇرغۇن كىچىك تۆشۈكچىلەر بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭغا كۇمىلاچ كۆمۈر، ھەرە كېپىكى ياكى شال تۇپىنى قاتارلىقلار قالىنىدۇ.

**قول مناسى** <ھەرب> تانكىغا قارشى تۇرۇشتا ئىشلىتىلىدىغان چوڭ تىپتىكى گرانات.

**قولنى چىشلەپ قالماق** ئەپسۇسلانماق، پۇشايمان قىلماق، «خەپ» دەپ قالماق: — ئاغىنىلەر، قېنى باشقا كەلگەننى كۆرەرمىز، ھەرىكەت قىلايلى. ئولتۇرۇۋېرىپ ئەتە-ئۆگۈن يەنە قولنى چىشلەپ قالىدىغان ئىش بولمىسۇن! — دېدى ئۇ بىزنى ئالدىرىتىپ.

**قولنى قولغا تۇتۇشماق** ئىتتىپاقلاشماق، ئۆملەشمەك، بىرلەشمەك، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە جەم بولماق، ھەمراھ بولماق: — مۇشۇ يەردە ئولتۇرغانلار قولنى قولغا تۇتۇشۇپ ھەرىكەت قىلىدىغانلا بولساق، بىز ھامان غالىب كېلىمىز، — دېدى ئۇ قەتئىي ئاۋازدا.

**قولنىڭ كىرى** ئېتىبارى، ئەھمىيىتى يوق، ئەرزىمەس، قىممەتسىز نەرسە: پۇل دېگەن ئوغۇل بالىنىڭ قولىنىڭ كىرى، غەم يېمە، جان بولسا جاھان!

**قولنىڭ ئۇچىدا** كۆڭۈل بۆلمەي، يۈزەلا، ئەھمىيەت-ئېتىبار بەرمەيلا، يۈزەكى: ئەركىن تاپشۇرۇقلىرىنى قولىنىڭ ئۇچىدا ئىشلەپ تۈگەتتى-دە، غۇدۇڭشىغىنىچە كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. * ئۇنىڭ قولىنىڭ ئۇچىدىلا ياساپ قويغان ئېگىرىنى ھېچقانداق خېرىدار سوراپ قويماپتۇ.

**قول ھارۋىسى** بىر ياكى ئىككى چاق بېكىتىلىدىغان ھەمدە قول بىلەن ئىتتىرىپ نەرسىلەرنى توشۇيدىغان كىچىك ھارۋا.

**قول ھەرىسى** ياغاچ كېسىدىغان ھەرىنىڭ بىر خىلى. بىر ئۇچىدا سېپى بار، ساپ تەرىپى كەڭ، ئۇچ تەرىپى تارراق كېلىدۇ.

**قول ھۈنەر** بەلگىلىك تېخنىكا ۋە بەدىئىي ماھارەت ئارقىلىق قول بىلەن قىلىنىدىغان ئىش.

**قول ھۈنەرۋەن** قول ھۈنىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**قول ھۈنەرۋەنچىلىك** قول ھۈنىرى ئارقىلىق قىلىنىدىغان ئىش، پائالىيەت.

**قول ئۈزارتماق** تۇتۇشقا، ئېلىشقا ھەرىكەت قىلماق: ئۇ ھەرقانچە قىلسىمۇ، موماي داستىخانغا قول ئۇزارتمىدى.

**قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن** «بارىكاللا، يارايسەن، رەھمەت» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: — نېمىدېگەن ياخشى سىزىلغان، يارايسەن يىگىت، قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن، — دېيىشتى كۆپچىلىك.

**قولۇڭدىن كەلسە** قىلالىساڭ، كۈچ-قۇدرىتىڭ، شارائىتىڭ يار بەرسە، ئىمكانىيىتىڭ بولسا: بۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى، قولۇڭدىن كەلسە بىزنىڭ ئۆيگە نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن سوراپ بىل.

**قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا** ← **قولۇڭدىن كەلگىننى قىل**: — كىم كىمنىڭ ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقىدىغانلىقىنى تارىخ ھۆكۈم قىلىدۇ، قولۇڭدىن كەلسە ياغ چاينا! — دەپ رەئىسكە خىتاب قىلدى شائىر.

**قولۇڭدىن كەلگىننى قىل** نېمە قىلالىساڭ شۇنى قىل، قىلالايدىغان ھەممە ئىشىڭنى قىل: غۇلام ئۇنىڭغا يىرگىنچ بىلەن ئالايدى:

- قولۇڭدىن كەلگىنىنى قىل، ئىپلاس!

**قولۇڭغا بەرىكەت بەرسۇن** «كۆپ تاپ، تاپقانلىرىڭ تۈگىمىسۇن، خۇدا سېنى باياشات قىلسۇن» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: - بۇ ئىشىڭ خانىمۇ يارايدۇ، قولۇڭغا بەرىكەت بەرسۇن، - دېدى ئۇستام ماڭا.

**قولۇڭغا دەرد بەرمىسۇن ← قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن**: - قولۇڭلارغا دەرد بەرمىسۇن! - دېگەن ئاۋازلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**قولۇم كۆكسۇمدە** «قۇللۇق بىلدۈرىمەن»، «خىزمەتلىرىگە تەييار»، «مەن تەييار ياكى ھازىر»، «دېگەنلىرىگە قوشۇلىمەن» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە: - قولۇم كۆكسۇمدە جانابلىرى، قېنى سۆزلىسىلە، - دېدى ئۇ ھېلىقى ئاقساقالنىڭ ئېغىزىغا تەلمۈرۈپ. * ئەلۋەتتە بۇنىڭغىمۇ قولىمىز كۆكسىمىزدە.

**قول ئۈزمەك** ۋاز كەچمەك؛ مۇناسىۋەت، ئالاقىسىنى ئۈزمەك: ئۇ نە چىچە قېتىم ھاياتتىن قول ئۈزۈش قارارىغىمۇ كەلگەنىدى. * ئالدىدا يورۇق دۇنيانىڭ پاراغەتلىرىدىن قول ئۈزگەن بىر بىچارە تۇرغاندا «دۇئا ئالىمەن» دەپ يەنە كىمنى ئىزدىسۇن؟

**قول ئۇشكىسى** <ماشىن> قول بىلەن ھەرىكەتلەندۈرۈلىدىغان بىر خىل ئۇشكە.

**قول ئېلىشماق** ① بىر-بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشماق؛ كۆرۈشمەك: ئاخىر بېرىپ كۆرەرمەن، قول ئېلىشىپ يۈرەرمەن. «بولدۇم ئۇزاق تەشنا» دەپ، تا قانغۇچە سۆيەرمەن. ② باغلاشماق؛ ۋەدىلەشمەك، شەرتلەشمەك: قول ئېلىشماقچىمۇ؟ ياشاپ كەت، ئىشەنمەسەن، بولۇپتۇ، قول ئېلىشتۇق. ئەمدى مەن سەندىن سوراي، ھاشىمئاخۇن ئاكام چۈشەندىمۇ؟ * ئايشەمقىزدەك ئىرادىلىك بولسا كىشى، ھەسسىلەپ تېز ئىشقا ئاشقاي «غايە، ئىشى». ئاكا-ئىنى شۇ تەرىقە سۆز قىلىشتى، «شەرت» ئورۇنلاش توغرىسىدا قول ئېلىشتى.

**قولى ئالتۇن ← قولى گۈل**: - قولىڭىز ئالتۇنىكەن، ھەممە ئىشقا شۇنداق چاققان ئىكەنسىز، - دېدى ئۇ ئايشەمنى ماختاپ..

**قولى ئەپچىل** بىر كۆرگەن ئىشنى قىلالايدىغان، قىلغان ئىشنى كىشىلەر زوقلانغۇدەك قىلىدىغان، قولىدىن ھەر خىل ئىش كېلىدىغان، قولى چاققان: - ناھايىتى قولى ئەپچىل بالا بولدى، - دېدى تاغام يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تاش توشۇۋاتقان ئوغلىنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن زوقلانغان ھالدا.

**قولى ئەپلىك ← قولى ئەپچىل**: سالىنىڭ ئايالى قولى ئەپلىك، تىرىشچان بولغاچقا كىيىم تىكىش، كېسىش، رېشلىيە ئىشلەشنى ئۆگىنىۋالدى.

**قولى ئەگرى** ئوغرى: شەرۋانەم ئەسلىي ئىستىلى ناچار، قولى ئەگرى ئايال ئىدى. * - قولۇڭ ئەگرى بالا ئوخشايسەن، - ئۇ كىشى نېمىدۇر ئېسىگە كەلگەندەك دەررۇ مەيدە يانچۇقىنى سىلاپ قويدى.

**قولى بار** مۇناسىۋىتى، ئالاقىسى، ئارىلىشىشى بار: - توقسۇن فۇگۇەن دېگەن مۇناپىقنىڭ ھاجىغا قەست قىلىشىدا يولۋاس تازنىڭ قولى بار دەپ ئويلايمەن، - دېدى ئابدۇرېھىم دورغا قەبرىستانلىقتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ.

**قولى بارماق** خالىماق، كۆڭلى تارتماق، جۈرئەت قىلماق: - مۇشۇنداق كىچىك بالىنى ئۇرۇشقا قانداقمۇ قولى بارغاندۇ؟ - دېدى ئۇ ئېچىنغان ھالدا. * ئۇ ئەخمەتنىڭ ئۆلۈپ كېتىشىگە چىدىمايتتى، شۇڭا بۇنداق قىلىشقا زادى قولى بارمىدى.

**قولى بەرىكەتلىك** ئاز نەرسىنى كۆپكە

يەتكۈزەلەيدىغان، ئازنى كۆپنىڭ ئورنىدا ئىشلىتەلەيدىغان، قولىنىڭ بەرىكىتى بار: — قارىغا بالام، قەمبەرنىسانىڭ قولى بەرىكەتلىك ئىكەن، بىر ئۆزى خىزمەت قىلىپ تۆت جاننى ھېچنېمىگە خىجالەت قىلماي بېقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى بوۋاي ماڭا چۈشەندۈرۈپ.

**قولى بەند** قولى بىكار ئەمەس، مەلۇم بىرەر ئىش-پائالىيەت بىلەن مەشغۇل: ئۇ: — ھازىر قولۇم بەند، سەل قولۇم بوشىغاندا كۆرۈپ بېرەي، — دەپ ئېلىپ قالدى.

**قولى بوش** قولىدا قىلىۋاتقان ئىشى يوق، بىكار: — مېھمانلار، قايسى ئۇستىنىڭ قولى بوش بولسا، شۇنىڭغا بېرىپ ئالدۇرۇۋېرەيلى-ھە، — دېدى ئۇ باشقىلارغىمۇ ئالاھىدە ئەسكەرتىپ.

**قولى بوشىماق** قولىدىكى ئىشى تۈگىمەك، بىكار بولماق: ئۆيگە كەلگەندىن بېرى بۈگۈن قولۇم بوشاپتۇ، سىزنى ئىزدەپ تاپاي دەپ تۇرسام، تۆگىچى كېلىپ خەۋەر قىلدى. * — ھەمرا ئاكا، قولىڭىز بوشىغاندا بىز تەرەپلەرگە بارسىڭىز، بىر ئاز پاراڭلاشساق، — دېدى ساۋۇتجان.

**قولى بۇلغانماق** ① قولى پاسكىنا، مەينەت بولماق: — ئۇنى تۇتما، قولۇڭ بۇلغىنىدۇ، — دېدى ئانا بالىغا تەنبىھ بېرىپ. ② بىرەر يامان ئىش-ھەرىكەتكە ئارىلىشىش سەۋەبلىك نام-ئابرۇيغا داغ چۈشمەك، جىنايەتچىگە ئايلانماق، ئەيىبكار بولۇپ قالماق: — مېنىڭ ئالىلقاچان قولۇم بۇلغانغان، مەن ئەمدى بۇ يولدىن يانالمايمەن، — دېدى ھېلىقى بۇلاڭچى.

**قولى بىكار** → **قولى بوش**: سەمەت ئۇستام قولى بىكار ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆچەتلىكنىڭ چۆرىسىگە شورا تام قوپۇرۇۋالغانىدى.

**قولى بىلەن** مەلۇم بىراۋنىڭ بىۋاسىتە قاتنىششى، ئارىلىششى، يېتەكچىلىك قىلىشى ئارقىلىق: باتۇر تاغىنى ئۆلتۈرۈش ئىشنى چەت پايلاقچى ئورۇنباسار قارۇغىچباشنىڭ قولى بىلەن ئويۇشتۇرغان، يەنە باشقا كىشلەرمۇ قاتناشقان بولۇشى مۇمكىن.

**قولى پۇل كۆرمەك** قولىغا پۇل كىرمەك، پۇل تاپماق: — شەھەردە قولى ئانچە-مۇنچە پۇل كۆرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خەق ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئوسمان، — ئۇلار بۇ يەرگە ئاسانلىقچە كۆنەلمەيدۇ.

**قولى پىشماق** ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشنى تولۇق ئىگىلەپ، ئۇنى قورقماي بىر ياقلىق قىلالايدىغان ھالغا كەلمەك: ئەختەمنىڭ خېلى قولى پىشىپ، كىچىك بالىلارنىڭ كىيىملىرىنى تىكەلەيدىغان بولۇپ قالدى.

**قولى تاتلىق** ئەتكەن تامىقى مەززىلىك، تاتلىق؛ تاماقنى مەززىلىك ئېتىدىغان: ئۆيدە قولى تاتلىق، ئايىغى يېنىك ئانام ھېرىپ-ئېچىپ كېلىپ، لەگمەننىڭ سېيىنى توغراۋېتىپتۇ.

**قولى تەگمەك** ① قولى بىلەن قىلماق؛ ئارىلاشماق؛ تۇتماق: ئۇ «چىمەن دوپپا»، «گۈللۈك دوپپا»، «پەرىزاتنىڭ قولى تەگكەن دوپپا» دەپ ۋارقىراپ يۈرۈپ، خېرىدارلارنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلىۋالدى. ② بىرەر ئىشنى ئىشلەشكە ۋاقتى يېتىپ تۇتۇش قىلماق، چولىسى تەگمەك: — ئىشلەيمەن، قولۇم تەگكەندە ئىشلەيمەن! — دەپتۇ ھۇرۇن خاپا بولۇپ.

**قولى تەمسىز** ئەتكەن تامىقىنىڭ تەمى يوق، تاماقنى مەززىلىك ئېتەلمەيدىغان: — ھېلىقى قولى تەمسىز كېلىنىڭىزنى دەمسىز؟ — دېدى ئۇ خوتۇن شازادىخانغا قاراپ ھىجىيىپ.

**قولى تەملىك** → **قولى تاتلىق**: —

ئەجەبمۇ قولىڭىز تەملىك ئىكەن، — دېدى ئۇ ئايشەمگۈلنى ماختاپ.

**قولى تۇتقاق** ← **قولى ئەگرى.**

**قولى چولتا** ← **قولى قىسقا.**

**قولدا بار** ← **قول-ئىلكىدە بار:** سابىرلارنىڭ ئائىلىسى خېلى قولدا بار ئائىلىلەردىن ئىدى.

**قولدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقىمۇ يوق** قوراللانمىغان، قولدا قورال يوق، قۇرۇق قول: ئۇلار قولدا تۆمۈرنىڭ سۇنۇقى يوق نامايىشچىلارغا قارىتىپ ئوق چىقىرىشقا باشلىدى.

**قولدا خېتى بار** خەت-ساۋاتى بار، خەت يازالايدىغان: نېملا بولمىسۇن، ھۆسەن قولدا خېتى بار ئادەم بولغاچقا، بۇ چەت تاغلىق يېزىدىكىلەرگە خەت يېزىپ بېرىپ ۋە كەلگەن خەتلىرىنى ئوقۇپ بېرىپ يۈرۈپ بىر يىلدەك بۇ يەردە تۇرۇپ قالدى.

**قولدا قەلەم توختايدۇ** خەت يازالايدۇ، خەت يېزىشنى بىلىدۇ: مەن ئەمدى بوش كەلمەيمەن، قولدىن كەلگىنىنى قىلىپ باقسۇن. مېنىڭمۇ قولۇمدا قەلەم توختايدۇ، مەنمۇ ناھىيىگە، ۋىلايەتكە بېرىشنى بىلمەن.

**قولدا ئۆسمەك** تەربىيىسىدە چوڭ بولماق، يېتىلمەك: ئۇ يېشىغا توشمايلا ئاتا-ئانىسىدىن يېتىم قالغاچقا مۇشۇ تاغىسىنىڭ قولدا ئۆسكەنىدى.

**قولدا يوق** ← **قول-ئىلكىدە يوق:** — شۇنى دېمەمسىز! — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — تۈنۈگۈنلا قولدا يوق بىر گاداي مانا بۈگۈن بىر تەلەي بىلەنلا مىليونلاپ پۇلغا ئىگە بولدى!

**قولى دەرد كۆرمىسۇن** «جاپا تارتمىسۇن»، «قىيىنچىلىقتا قالمىسۇن»، «تۇرمۇشى خۇشال، پاراۋان بولسۇن» دېگەن مەنىلەردىكى ئىبارە:— قولۇڭ دەرد كۆرمىسۇن، ئوغلۇم! — دېدى تەجەللى،

— ھەقىقەتەنمۇ مۇزىكىدا كامال تېپىۋاتقان يىگىت ئىكەنسەن. رەھمەت ساڭا، بىناۋا بولغان كۆڭلىمىزنى ئالدىڭ.

**قولىدىكى ناننى ئوغلاپ يېيەلمەيدىغان** ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، لايغەزەل: — قاچاننىڭ گېپىنى قىلىسەن ئاداش، — دېدى ئۇ سۆزۈمنى بۆلۈپ، — قولىدىكى ناننى ئوغلاپ يېيەلمەيدىغان ئادەم چارۋا بىلەن ئورماننى باقالامدۇ؟

**قولىدىن پوق كەلمەسلىك** ھېچ ئىشنى لايىقىدا قىلالماسلىق: — زاۋۇتىمىز سىنزدەك قولىدىن پوق كەلمەيدىغان باشلىق تۈپەيلىدىن مۇشۇ ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى، — دېدى بىرەيلەن. * ئۇ گېدىيىپ يۈرگەن بىلەن قولىدىن پوق كەلمەيدۇ.

**قولىدىن چىقماق** قولدا ئىشلىنىپ پۈتمەك، قولدا تاماملانماق.

**قولىدىن كەلگىنىچە** قانچىلىك قىلالىسا شۇنچە، قۇدرىتى يەتكەنچە، قىلالىغىنىچە: — قېنى ئۇ قولىدىن كەلگىنىچە ئۇرۇنۇپ باقسۇن، — دېدى ئۇ قايتىپ كېتىۋېتىپ.

**قولىدىن كەلگىنىنى ئايىماسلىق** قىلالايدىغان، ئىمكانىيىتى يار بەرگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئايىماي قىلماق: ئاتا-ئانامغا رەھمەت، ئۇلار مېنى غايىلىك ياشقا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن قولىدىن كەلگەننى ئايىمىدى.

**قولىدىن كەلگىنىنى قىلماق** قىلالىغىنىنى، قۇدرىتى يەتكىنىنى قىلماق: — بىزمۇ ئۆز ئىشىمىزنى قىلىۋېرەيلى، ئۇمۇ قولىدىن كەلگىنىنى قىلسۇن، نەتىجىسىنى ئاخىر كۆرەيلى، — دېدى قاسىم گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ.

**قولىدىن كەلمەك** ئىمكانىيىتى، قۇدرىتى يار بەرمەك؛ ھۆددىسىدىن چىقماق: — يوقسۇ، تەييەبەگ غوجام، — دېدى ھاجى ئۇنىڭغا جىددىي قاراپ، — مەن جەڭ قىلىشنىلا

بىلمەن، يۇرت سوراش مېنىڭ قولۇمدىن كەلمەيدۇ.

**قولىدىن كېلىشچە** ← **قولىدىن كەلگەنچە**: — خۇمدانىنىڭ خىشىدىن باشقىسى كەلتۈرۈلدى، — دېدى ئاسىم كۈلۈپ قويۇپ، — قولىمىزدىن كېلىشچە بىر ئىش قىلدۇق.

**قولىدىن گۈل ئۈنمەك** قىلماقچى بولغان ئىشنى شۇنچىلىك قاملاشتۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ ھەۋىسى كەلگۈدەك قىلماق: ھاپىز خالۋاپىنىڭ قولىدىن مۇنداق گۈل ئۈنىدىغانلىقىنى بىلگەن بولىسام، شۇ چاغدىلا گۇرۇپپامغا ئىككى قوللاپ قوبۇل قىلاتتىم.

**قولىدىن ھەر بالا كەلمەك** ھەر خىل يامانلىقلارنى قىلىشتىن يانماسلىق، ھەر خىل يامان ئىشلار بىلەن شۇغۇللانماق: — دىققەت قىل، — دېدى ئۇ ماڭا ئاستا پىچىرلاپ، — ئۇنىڭ قولىدىن ھەر بالا كېلىدۇ. ھوشۇڭ بىلەن يۈر.

**قولىدىن ھېچنېمە كەلمەسلىك** ← **قولىدىن پوق كەلمەسلىك**: سىلەر ھەممىڭلار نانقېپىلار، قولۇڭلاردىن ھېچنېمە كەلمەيدۇ.

**قولىدىن ئىش كېلىدىغان** تەجرىبىلىك، قابىل، ھەرقانداق ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان: — يارايسەن! يارايسەن! قولۇڭدىن ئىش كېلىدۇ سېنىڭ، — دېدى ئۇ دوستىغا تىكىلىپ.

**قولى شور** قولىدىكى نەرسە ئاسانلا بۇزۇلىدىغان، تۇتقان نەرسىسى ساق قالمايدىغان: — ئەجەبمۇ قولى شور ئادەم بولۇپ قالدىڭ، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا ئاچچىقلاپ.

**قول ئىشى** ① قول بىلەن قىلىنىدىغان ئىش: — كىچىككىنە قول ئىشلىرىنىمۇ بېسىپ سېلىشىپ يۈرەمسىلەر، — دېدى بوۋاي ئۇلارنىڭ جېدىلىگە ئارىلىشىپ. ② يىڭنە ئىشى

**قولىغا تەگمەك** (تېگىشلىك كىشىگە) تاپشۇرۇلماق، قولىغا ئۆتمەك: ئۇ بىرنەچچە مىڭ يۈەن پۇل دېھقانلارنىڭ قولىغا تەگسە، ئەتىيازلىق تېرىلغۇ تەييارلىقى، ئەزالارنىڭ قىيىنچىلىقى، ئەڭ مۇھىمى قاۋانلىققا يۈرۈش قىلىش تەييارلىقى بىراقلا پۈتكەن بولاتتى.

**قولىغا تەلمۈرمەك** ئۈمىد قىلماق؛ ياردەم، سەدىقە، خەيرخاھلىق كۈتمەك: مېنىڭ مەجەزىم ساڭا ئوخشمايدۇ، ئاچ قېلىشقا رازىمەنكى، ئۇنىڭ قولىغا تەلمۈرۈشنى ئويلىيالمايمەن. ‹يىزىلىش: ئۇيات بىلمەن›

**قولىغا خېنە يېقىۋالماق** ئۆزىنى ئىش-ئەمگەكتىن قاچۇرماق، ھۇرۇنلۇق قىلماق: — نېمىگە ھاڭۋېقىپ قالدىڭ؟ قولۇڭغا خېنە يېقىۋالمىغانسەن؟! — ۋارقىرىدى بوۋاي ئاچچىق بىلەن.

**قولىغا سۇ بەرمەك** قولىنى يۇيۇشى ئۈچۈن قولىغا سۇ قۇيۇپ بەرمەك: بەكرى مېھماننىڭ قولىغا سۇ بېرىپ بولغاندىن كېيىن قاسىمئاخۇن بىلەن ئايشەمخان ئورنىدىن تۇردى.

**قولىغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەسلىك** تەڭ كېلەلمەسلىك، ياندىشالماسلىق، ناھايىتى كۆپ ئارقىدا قېلىش ياكى تۇرۇش: — تورنىنىڭ تۆۋىگە تىك چۈشۈرىمەن دېگىنە! — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ يالغان ماختىنىپ، — ئابدۇللا قارىباي قولۇمغا سۇ قۇيۇپ بېرەلمەيدۇ!

**قولىغا قارىماق** بېقىنىپ قالماق، ياردەمگە موھتاج بولۇپ قالماق: ئوغلىنىڭ كېسەل بولۇپ يېتىپ قېلىپ، ئىنتايىن بېخىل ساراي خوجايىنىنىڭ قولىغا قاراپ قالغانلىقى ئۇنىڭ خىيالىدىن كەچتى. * ئەمدى پۈتۈن ئۆي-ۋاقى ئۇنىڭ قولىغا قارايدىغان بولغانىدى.

**قولىغا قالماق** ئىلكىدە، باشقۇرۇشىدا بولماق: خۇدا مېنى راستتىنلا بىتەلەي قىلىپ

يارىتقان بولسا كېرەك. تەقدىرىمنىڭ سۇلتانىنىڭ قولىغا قالغىنىنى كۆرمەمدىغان، ئەمدى ئاقىۋىتى نېمە بولار؟

**قولى قاتتىق** قولىنىڭ زەخمىلەندۈرۈش رولى كۈچلۈك، تەگكەنلا يەرنى زەخمىلەندۈرىدىغان: سابىر ناھايىتى قولى قاتتىق، ئۇنىڭ بىلەن مۇشتلىشىپ قېلىشتىن ھەزەر قىلىش كېرەك.

**قولى قان** «قاتىل، قان قەرزى بار» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە.

**قولى قانغا بويالماق** قاتىللىق قىلماق، ئادەم ئۆلتۈرمەك: ھۆكۈمران سىنىپ شۇنداق نومۇسسىز بولۇدىكەنكى، قوللىرى سانسىزلىغان يەرلىك تەرەققىيپەرۋەر زاتلارنىڭ قېنى بىلەن بويالغان تۇرۇقلۇق، دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا ھېچ ئەيمەنمەستىن «بىز يەرلىك مىللەتلەرنىڭ تەرەققىي قىلىش ھوقوقىنى قوغدايمىز» دەپ جار سالىدىكەن.

**قولى قۇرۇپ كەتكۈر** ← قارغىش تەگكۈر: — بولدى قىل قىزىم، قايسى قولى قۇرۇپ كەتكۈر ئېلىۋالدىكىن، بولدى يىغلىما، مەن ساڭا يەنە بىرنى تېپىپ بېرىمەن، — دېدى رەنانىڭ چوڭ ئانىسى.

**قولى قۇرۇق** قولىدا ھېچنېمىسى يوق، قۇرۇق قول: ئەكبەرنىڭ كەلگىنىگە بىر ئايدىن ئاشتى. ئۇلارنىڭ قولىمۇ قۇرۇق ئەمەس، كېيۈر تورغايلارنىڭ ئەكبەرگە ئاتاپ بېقىۋاتقان ماللىرىمۇ، گۈرۈچ، ئۇن، مايلىرىمۇ بار، ئەكبەردە پۇلمۇ بار.

**قولى قېتىپ قالماق** قولى بىرەر ئىش، ھۈنەر-كەسىپنى تېزرەك ئۆگىنىۋېلىش ئىقتىدارىنى يوقاتماق؛ بىرەر نەرسىنى ئاسان ئۆگىنىۋالالمايدىغان بولۇپ قالماق: — مېڭەمگە چۈشمىدى، قولۇم قېتىپ قېلىپتۇ، دەپ قاقشاپتۇ، — دېدى ھارۋىكەش.

**قولى قىچىشماق** ئىش-ھەرىكەت قىلغۇسى كەلمەك، بىرەر ھەرىكەت قىلىش ئىستىكى قوزغالماق: — بۇ يەردىكى ئەشەددىي ئىستىبلاچىلار بىلەن يۈز تۇرانە ئېلىشقۇم كېلىپ قولۇم قىچىشىپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى ئوسمان مۇھەممەت ئاچچىقلانغان ھالدا. * — قولۇڭ قىچىشتىمۇ، شوك تۇر! — دېدى ئۇ كىتابلارنى چېچىۋاتقان ئوغلىغا ھومىيىپ.

**قولى قىسقا** ئىقتىسادىي ئەھۋالى ناچار، كەمبەغەل: ئۆتكەندە قولۇم قىسقا بولغاچقا تويىمىزنى ۋاقتىدا قىلالمىدۇق، قىلغانىدىمۇ ساڭا تۈزۈكرەك كىيىم-كېچەك ئېلىپ بېرەلمىدىم. * قولى قىسقا بولغاچقا، يېشى 35 لەرگە ئۇلىشىپ قالغان بولسىمۇ، تېخىچە ئۆيلەنمىگەنىدى.

**قولى قىسقىرىماق** ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلاشماق، كەمبەغەللەشمەك: يىللار ئۆتۈپ پوستەكچىنىڭ قولى قىسقىراپ، ئامۇتتىن باشقا تىرىكچىلىك يولى قالماپتۇ.

**قولى قىسقىلىق** نامراتلىق، كەمبەغەللىك: — ئارىسىغا قىل سىغمايدىغان ئەر-ئاياللاردىن ئىدى، — دېدى يەنە بىر ئايال گەپ قىستۇرۇپ، — بۆشۈك تويىدا ئەختەمنىڭ قولى قىسقىلىق قىلىپ ئايرىلىپ كەتكەن. * جۇماتاي قولىنىڭ قىسقىلىقىدىن قىزىغا ئەلچى كىرگۈزەلمىدى.

**قولى كەڭ** سېخىي، مەرد: بېخىل بايدىن قولى كەڭ كەمبەغەل مىڭ ئەۋزەل. * ئۇنىڭ ئېرى قولى كەڭ ئادەم بولغاچقا، چىمەنخاننىڭ نېمە ئېلىپ، نېمە قويۇۋاتقانلىقى بىلەن كارى يوق ئىدى.

**قولى كەلمەك** بىرەر ھۈنەر-سەنئەتنى ئىگىلىمەك، ئۆگىنىپ قالماق، بىلىۋالماق: — ھە، بىرئاز قولۇڭ كېلىپ قالدى. خېلى ھوش-كاللىسى جايىدا بالا بولدۇڭ جۇمۇ! — دېدى دادام ئېگىكىمنى سىلاپ تۇرۇپ.

**قولى گال** ئىش-ھەرىكەتتە تېز،

چاقچاق قىلالمايدىغان، ئىشنى بەك ئاستا ئىشلەيدىغان: — ھا... ھا... ھا... قولۇڭ گال ئىكەن ئوغلۇم، — كۈتۈلمىگەن يەردىن بوۋاي مەسخىرىلىك ئاھاڭى بىلەن قاقاھلاپ كۈلدى.

**قولى گۈل** قولى ئەپلىك، ھۈنەر-سەنئەتكە ماھىر، ماھارەتلىك: مەن بۇ قولى گۈل ئۇستام ھەققىدە ھەقىقەتەنمۇ كۆپ مەدھىيىلەرنى ئاڭلىغانىدىم. * چوكانلىرىنىڭ قولى گۈل ئىكەن، ئىشتا غەيرەتلىك شوخ بۇلبۇل ئىكەن.

**قولى لاۋزا ← قولى تەمسىز**: — ۋىيەي، ئايالىنىڭ قولى ئەجەبمۇ لاۋزا ئىكەنا، — دېدى بىر خوتۇن ئاستا ئاسىيەنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مۇشۇمۇ ئاش بولدىمۇ.

**قولىنى ئەگرى قىلماسلىق** ئىش قىلماسلىق، بىرەر ئىشقا قول سالماسلىق، قول تەگكۈزمەسلىك، ئىشتىن قېچىش: ئۇنىڭ ھېچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي، كۈن بويى بازاردا كەربالانىڭ ئىتىدەك لەلەڭشىپ يۈرگىنى يۈرگەنىدى.

**قولىنى تارتماق** قىلىۋاتقان ئىشىدىن يانماق، يالتايماق: — سىلەر بۇ شۇم رەزىللىكتىن قولۇڭلارنى تارتىشڭلار كېرەك، — دېدى شائىر. * — قوللىرىنى تارتىسىلا، كىچىككىنە يارىسىدە نېمە سەۋەنلىك ئۆتكۈزدى.

**قولىنى سوغۇق سۇغا تىقمايدىغان** ئەمگەك، جاپا-مۇشەققەتتىن قاچىدىغان، ھۇرۇن: — ساڭا ئوخشاش قولىنى سوغۇق سۇغا تىقمايدىغان لايغەزەل ئۇن ئوغۇلدىن خەلچەمدەك ئىشچان بىر قىزنىڭ بولغىنى ياخشى، دەرھال كۆزۈمدىن يوقال! — دەپ ۋارقىرىدى بوۋاي ئاچچىقىغا ھاي بېرەلمەستىن.

**قولىنى قايتۇرماسلىق** بىراۋنىڭ بەرگەن ياكى سۇنغان سوۋغىسىنى قوبۇل قىلىش، ئالماي قويماسلىق: — ئالە، ئال، چوڭلارنىڭ قولىنى قايتۇرساڭ بولمايدۇ، — دېدى بوۋاي ئوغلىدىن پەخىرلەنگەنىدەك بىر خىل تەلەپپۇزدا كۈلۈپ تۇرۇپ.

**قولىنى قولتۇقىغا تىقىپ يۈرمەك** ھېچقانداق ئىش-ئوقەت بىلەن شۇغۇللانماي بىكار يۈرمەك، ۋاقتىنى نى بىكار ئۆتكۈزمەك: — قولۇڭنى قولتۇقۇڭغا تىقىپ مۇشۇنداق يۈرۈۋەرسەڭ، بەختىنى خۇدا تاشلاپ بېرىدۇ، — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ئەھەتكە قاراپ.

**قولىنى كۆسەي، چېچىنى سۈپۈرگە قىلماق** كۆيۈپ-پىشىپ، جاپالىق ئىشلىمەك، پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتى بىلەن تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئىشلىمەك: — نېماندااق دىلىڭىز تاش بولۇپ كەتتى-ھە! قولۇمنى كۆسەي، چېچىمنى سۈپۈرگە قىلىپ يۈرۈپ، بۇ ئاشنى ئاران پىشۇرۇپ ئەكەلدىم، — دېدى زەرىپىخان ئېرىگە غەزەپ بىلەن.

**قولىنى كۆسەي قىلماق** ئىسسىقتىن، جاپادىن قورقماي ئىشلىمەك: ئابدۇللا قولىنى كۆسەي قىلىپ، ئىسقا تويۇپ، كۈلگە بۇلىنىپ ئالتە ئاي ناۋايلىق قىلىپتۇ.

**قولىنىڭ بەرىكىتى بار ← قولى بەرىكەتلىك**: — ئايالىڭىنىڭ قولىنىڭ بەرىكىتى بار ئىكەن، — دېدى ئۇ چاقچاق قىلىپ، — ئىككىڭلارغا يۇغۇرغان خېمىر تۆتىمىزنىڭ قورسىقىنى تويدۇردى.

**قولىنىڭ بەرىكىتى يوق** بىرنەرسىلەرنى مۇۋاپىق يەتكۈزەلمەيدىغان، خېلى كۆپ نەرسىنىمۇ ئاسانلا تۈگىتىۋېتىدىغان: — ھەي قولىنىڭ بەرىكىتى يوق خوتۇن-دە، — دېدى ئۇ ئايالىغا نارازى بولۇپ.

**قولىنىڭ تەمى بار ← قولى تاتلىق.**

**قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماسلىق** ئۆزىنىڭ ئىپپەت-نومۇسىنى ھېچكىمنىڭ دەخلى-تەرۇزىگە ئۇچراتماسلىق: — قىز ئۇنىڭغا تەگكىنى بىلەن ئەرگە قولىنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماپتۇ.

* ئاشۇ رىشاتنى قولۇڭنىڭ ئۇچىنى تۇتقۇزماي سىناپ كۆرمەمسەن؟

**قولىنى نەگە سۇنسا، شۇ يەرگە يېتىدۇ** ھەرقانداق ئىشقا قارىتا ئىمكانىيەت، شارائىتى تولۇق، ئىقتىسادىي كۈچى زور: ئەمدى قولۇمنى نەگە سۇنسام شۇ يەرگە يېتىدۇ. ئال، قايسى رەختنى خالىساڭ، قانچىلىك ئالغۇڭ بولسا ئال! مانا، پۇل دېگەن! * ئۇلارنىڭ قولى نەگە سۇنسا شۇ يەرگە يېتىدۇ.

**قولىنى ياندۇرماسلىق ← قولىنى قايتۇرماسلىق.**

**قولىنى يۇماق** بىرەر نەرسىدىن ئىخلاسى قايتىپ ئۇنى تاشلىماق، ئالاقىنى ئۈزمەك: ئەگەر ئۇنىڭ راستىنلا شۇنداق مۇددىئاسى بولسا، بۇ ئىشتىن قولۇمنى يۇسام بولغۇدەك. * بۇ يىلچە ھەر ئايدا بىرنى ئوغرىلاپ تۇرۇپ، كېلەر يىلدىن باشلاپ بۇ ئىشتىن قولۇمنى يۇيۇۋېتەي، — دەپتۇ ئوغرى نەسىھەتكە جاۋابەن. * — بولدى، بۈگۈندىن باشلاپ بۇ تۈگىگاندىن قولۇمنى جەينىكىمگىچە يۇيۇۋەتتىم، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ.

**قولىنى يىغماق ← قولىنى تارتماق:** ئەمدى مەن بۇ ئىشنى قىلماسلىقتا، مەيلى قانداق بولۇپ كەتسۇن، بۇ ئىشتىن پۈتۈنلەي قولۇمنى يىغىش قارارىغا كەلگەنىدىم.

**قولى ئوچۇق** ھېچ نەرسىنى ئايىمايدىغان، پۇلنى دوست تۇتمايدىغان، سېخىي، مەرد: قولى ئوچۇقنىڭ يولى ئوچۇق (ماقال). * —. ئوغلۇم، — دەپتۇ موماي، — بۇ باي، قولى ئوچۇق، چىرايلىق ئايال. * ئاتاڭ رەھمەتلىك كۆپ ياخشى، قولى ئوچۇق، كۆپنى كۆرگەن ئادەم ئىدى.

**قولى ئۇزارماق** ئىقتىسادىي كۈچ-قۇۋۋىتى، ھال-كۈنى ياخشىلانماق: — كېيىنچە سەل قولىمىز ئۇزارسا بىزمۇ يولنى قىلىۋالارمىز، خۇدايىم ھېلىمۇ مۇشۇ كۈنلەرگە شۈكۈر، — دېدى ئايال ئوغلىغا قاراپ.

**قولى ئۇزۇن** پۇلى بار، ئىقتىسادى ياخشى: — توغرا ئېيتتىڭىز، — دېدى كەكىساقال كۈلۈمسىرەپ، — نۇرئاخۇننىڭ قولى ئۇزۇن، ئەمما ھازىر قولى يەتمەيدىغان بىر ئىشقا ھەۋەس قىلىپ قېلىپتۇ.

**قولى ئۈزۈك ← قولى قىسقا:** — 12 يىلنىڭ ئالدىدا، — دېدى ھېيتئاخۇن قوينى بوغۇزلاۋېتىپ، — سىلەردەك مېھمانلارغا قوي ئەمەس، بىر توخۇمۇ ئۆلتۈرەلمەيتتىم، ئۇ چاغلاردا قولىمىز ئۈزۈك ئىدى.

**قولى ئېغىر** قولى ئەپچىل ئەمەس؛ ماھارىتى تۆۋەن: كىشىلەر ئۇنى بىرئاز قولى ئېغىر كەسكەكچى دەپ قارىغاچقا، ئۇنىڭ ھۈنىرى تازا ئاقماي قالدى.

**قولى ئېگىلمەك** ھەرىكەتكە كەلمەك، ئىشلەشكە كىرىشمەك، ئىشلىمەك: — ۋاي، سىلىمۇ قوللىرىنى ئېگىپ باقسىلا خانىم، كەچكىچە كاپىلدا پىلا يۈرىدىكەنلا، — دېدى ھېلىقى چوكان ئاچچىق بىلەن.

**قولى ئىچىگە ئېگىلمەك** ئۆز مەنپەئەتىگە تارتماق، يېقىنلىرىغا، بۇرادەرلىرىگە يان باسماق: — كىم بىلىدۇ، سا جۇيجاڭغا ياسىن ھاكىم ئەقىل كۆرسەتكەن بولمىسۇن يەنە، ھەركىمنىڭ قولى دېگەن ئىچىگە ئېگىلىدۇ، لە يىلىخان، — دېدى سە يىلىخان قوشۇمچە قىلىپ. * قولى ئىچىگە ئېگىلمەيدىغان بەندە يوق.

**قولى ئىشتا** بىرەر ئىش-پائالىيەت بىلەن مەشغۇل، بىكار ئەمەس: ئۇلارنىڭ قوللىرى ئىشتا بولسىمۇ، لېكىن ئەتىكى «ھەۋەسكارلار كېچىلىكى» ھەققىدە توختىماي پاراڭ سېلىشاتتى.

**قولى ئىشقا بارماسلىق** ھېچ ئىشنى قىلىشنى خالىماسلىق؛ بىرەر ئىشنى كۆڭلى تارتماسلىق: ئەتىسى كەچ كىرگۈچە گۈلسۈمنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. * يارى ئورما

ئورمايدۇ، ئورما ئورسا هارمايدۇ. يار يادىغا يەتكەندە قولى ئىشقا بارمايدۇ.

**قولى ئىشقا تەگمەك** ئىش قىلىشقا باشلىماق، ئىشقا چۈشمەك، كىرىشمەك: ئادىلنىڭ قولى ئىشقا تەگكەندىن كېيىن، بۇ قەدىمي ئورمانلىقنىڭ قىياپىتىدە چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولدى.

**قولى ئىشلىق** ئىشچان، ئىش-ئەمگەكتىن قورقمايدىغان، تىرىشچان، غەيرەتلىك: گۈلشەن قولى ئىشلىق، كىشىنىڭ مەستلىكىنى كەلتۈرگۈدەك چىرايلىق قىز بولۇپ ئۆستى.

**قولى يەڭگىل** → **قولى يېنىك**: ئۇ بۇ ساھەدە خېلىلا قولى يەڭگىل ئۇستىلاردىن بولۇپ قالغانىدى.

**قولى يوق** قول سالمىغان، ئارىلاشمىغان: بىز بۇ ئىشتا سابىردىن نارازى بولساق بولمايدۇ، بىزگە زىيان-زەخمەت سېلىشتا ئۇنىڭ قولى يوق. * هازىر ئۇنىڭدا «خىزىر»-نىڭ قولى يوق دېگەندىمۇ، ئۇ «خىزىر» ئۈچۈن تازا چوڭ كاۋاك.

**قولى يۇمشاق** هېچبىر ئىشنى ئەپلەشتۈرۈپ قىلالمايدىغان، قولىدىن هېچبىر ئىش كەلمەيدىغان: ئايالىم قازا قىلغان، ئۆيدە تەنها كۈن كەچۈرىمەن. كەسپكە كەلگەندە، هۈنەر-پۈنەردىن خەۋەرسىز راسا قولى يۇمشاقلارنىڭ بىرىمەن.

**قولى يېتىدۇ** ئىقتىسادىي كۈچ-قۇۋۋىتى، شارائىتى، ئىمكانىيىتى يار بېرىدۇ: سەن بەزىدە خىيال بىلەن هەممىگە قولى يېتىدىغان بەختلىك ئادەم بولالايدىغانسەن، بىراق خىيال مېنى كۆپ رەنجىتىدۇ. * ئۇنىڭ هەممە يەرگە قولى يېتىدۇ، گېپى ئاقىدۇ.

**قولى يېنىك** قولى ئەپچىل، كەسپكە ماھىر: ئۇ مەندىن «قايسى ئۇستامنىڭ قولى يېنىك؟» دەپ سوراپ قالدى.

**قول ياپماق** ياردەم قىلماق، پاناھىغا ئالماق، هىمايە قىلماق: مەندىن باشقا ساڭا قول ياپىدىغان كىشى بولمىغاندىن كېيىن، بۇرۇنراق مىدىرلىمسام بولمايدۇ.

**قول يازما** <ئەد> بىرەر ئەسەرنىڭ قول بىلەن يېزىلغان ئەسلىي نۇسخىسى، ئورىگىنالى.

**قول ياغلىق** داۋاملىق بىللە ئېلىپ يۈرىدىغان كىچىك ۋە چاسا شەكىلدىكى توقۇلما بۇيۇم. تەر، يۈز-كۆز ۋە قولنى ئېرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قول ياندۇرماق** تايىقىغا تاياق، مۇشتىغا مۇشت بەرمەك، بىرى ئۇرسا ئۇنىمۇ ئۇرماق: مەريەمخاننىڭ كۆز-يېشى قۇربىماي تۇرۇپ، قۇناخۇننىڭ بوتۇڭغا قول ياندۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن قاماققا ئېلىنغانلىق خەۋىرى كەلدى. * — سىلەر بىرلىشىپ خەققە قول ياندۇرالمايدىغان بىر بىگۇناھ كىشىنى بوزەك قىلىۋاتىسىلەر! ... — تالىپ پور جامائەتكە قاراپ ۋارقىرىدى.

**قول يىگىنىسى** قول بىلەن بولىدىغان تىكىش ئىشىدا ئىشلىتىلىدىغان يىڭنە.

**قولاش** سۈپ. پۈرمە-پۈرمە، تۈرۈم-تۈرۈم بولۇپ قالغان، پۈرلەش (كىيىم-كېچەك-لەر ھەققىدە).

**قولاشماق** پ. قاملاشماق، ماسلاشماق، قولايلاشماق، ئەپلەشمەك؛ مۇۋاپىقلاشماق (كۆپىنچە يوقلۇق شەكلىدە كېلىدۇ): ئۇ سۆزلەشكە تەمشەلدى-يۇ، لېكىن ئاغزى گەپكە قولاشمىدى. * ئۇنىڭ قەدەملىرى قولاشماي، نەچچە يىقىلىپ قار دۆۋىلىرىنى قۇچاقلىۋالدى. * ئۇ تاماكىدىن بىر تال ئېلىپ، قولاشمىغان ھەرىكەت بىلەن ئوت تۇتاشتۇردى.

**قولاي** سۈپ. لايىق، مۇۋاپىق، ئەپلىك، ماس: زاھىدە مۇنداق قولاي پۇرسەتنى قولدىن بېرىشنى خالىمىغان، شۇنداقتىمۇ

ھاياتتىن تەسلىكتە ئۈمىدىنى ئۈزگەن. * يولنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى خالىي، كىچىك يول بىلەن بېرىش ناھايىتى قولاي ئىدى.

**قولايسىز** سۈپ. مۇۋاپىق بولمىغان، ئەپسىز، قاملاشمىغان، نالايىق: ئۇنىڭ كىرىپ قېلىشى مېنى ئارىدىكى قولايسىز ئەھۋالدىن بىر ئاز قۇتۇلدۇرغاندەك بولدى. * ئۇ يەرنىڭ قاتنىشى تولىمۇ قولايسىز ئىدى.

**قولايسىزلىق** «قولايسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بېشىنى تۆگمەن تېشى بېسىۋالغاندەك قولايسىزلىق ھېس قىلىپمۇ، گۇناھكار بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن ئۈن-تىنىش چىقارمىدى. * ئۇنىڭ كېلىشى پاتەمگە نۇرغۇن قولايسىزلىقلارنى كەلتۈردى.

**قولايلاشتۇرماق** «قولايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — سەن ماڭا كۆپ ئىشلارنى قولايلاشتۇرۇپ بەردىڭ ئاداش، ساڭا رەھمەت! — دېدى ئۇ.

**قولايلاشماق** پ. قولاي بولماق، قولاي ھالەتكە كەلمەك، ئەپلەشمەك، مۇۋاپىقلاشماق: — ئەمدى ئىشلىرىمىز خېلى قولايلىشىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ موخوركىسىنى تۇتاشتۇرۇۋېتىپ، — بۇ قېتىم خېلى چوڭ ئىش قىلغاندەك تۇرىمىز.

**قولايلىق** ئى. قولاي، مۇۋاپىق بولغان شارائىت، ماس كېلىدىغان ئىمكانىيەت: ئۇلار دېھقانلارنىڭ داۋالىنىشى ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى.

**قول-ئاياغ** قول ۋە ئاياغ، قول-پۇت: سېنى قاقشان مىخ كەبى تىك تۇرغۇزۇپ، قول-ئاياغقا كويزا-ئىشكەل سالىدۇ، بىر يولى جاندىن تامام جاق تۇيدۇرۇپ.

**قول-باش** قول ۋە باش: — مېنىڭ قول-باشلىرىم سىرقىراپ ئاغرىپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ ئورنىدىن ئاستا تۇرۇۋېتىپ.

**قول-پۇت** قول ۋە پۇت: يۇسۇپ-ئەھمەدلەرنىڭ قول-پۇتلىرىغا تاشلار تېگىپ تىرناقلىرى تۆكۈلدى.

**قول-پۇت بولماق** بىراۋغا يېقىندىن ياردەمدە بولماق، پاناھ بولماق، ھىمايە قىلماق: مېھماندوست گۈلسۈمخان خۇشاللىقتىن پايپېتەك بولۇپ يۈرەتتى، قىزلار ئۇنىڭغا قول-پۇت بولۇشتى. * بىرەر ئىشلىرىڭ بولسا ماڭا خەۋەر قىلىپ قويغىن. قولۇمدىن كەلسىلا سەن ئۈچۈن قول-پۇت بولۇشنى خالايمەن.

**قولتارتقۇ** ئى [قول+تارتقۇ] بالىنى بۆشۈككە بۆلىگەندە، بالىنىڭ پۇت-قوللىرىنى تېڭىپ قويىدىغان ئۇزۇنچاق، كەڭ لاتا. ئۇنىڭ ئۈچىدىكى يىپ ئادەتتە بۆشۈك خالىسىغا يۆگىلىدۇ: ئادەتتە بوۋاقنىڭ ئىككى قولىنى تەكشى رۇسلاپ، ئىككى جەينىكىگىچە «جەينەكلىك» قويۇپ، قولتارتقۇ بىلەن تېڭىلىدۇ.

**قولتۇق** ① ئى <ئانات> قول بىلەن مۈرە تۇتاشقان جاينىڭ ئاستىنقى ئويمان قىسمى: قولتۇق تايىقى. قولتۇق پۇراش. * پادىشاھنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، قولتۇقى كەڭ (ماقال). * كوچىدىكى قار دۆۋىلىرى ئارىسىدىن قولتۇقلىرىغا كىيىم ۋە سۇپۇرگە قىستۇرۇلغان بىر پەي ئەسكەر قاردا تېيىلىپ-تېيىلىپ ئۆتۈپ كېتىشتى. ② ئى. كىيىملەرنىڭ شۇ جايغا توغرا كېلىدىغان قىسمى: چاپاننىڭ قولتۇقى، كۆڭلەكنىڭ قولتۇقى. ③ ئى <بىئول> جانلىق ئورگانىزملارنىڭ شۇ خىل شەكىلدىكى قىسمى: قولتۇق بىخ. ④ ئى. كۆچمە. دېڭىز، دەريا قاتارلىقلارنىڭ قۇرۇقلۇققا ئىچكىرىلەپ كىرگەن ياكى ئەگىلگەن قىسمى: دېڭىز قولتۇقى. دەريا قولتۇقى. * ئۇلار پاراڭ سېلىشقاچ دېڭىز سەپىرىنى داۋام قىلىپ، سەيلۇن ۋە ھىندىستان ئارىسىدىكى دېڭىز رايونى — مانار قولتۇقىغا كىرىپ كەلدى. * يىراق كۈنلۈن تىزمىلىرى بىلەن سىردىشىپ كېلىدىغان دولقۇنلۇق زەرەپشان دەرياسى

«زەرەپشان» ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ جەنۇب تەرىپىدە كىچىككىنە قولتۇق ھاسىل قىلىپ، كېچە-كۈندۈز بىر خىل ئاۋاز بىلەن شارقىراپ، بىپايان ۋە ئۇزاق تارىم ۋادىسىغا ئېقىپ ئۆتىدۇ. ⑤ ئى. تاغ، ساي، توقاي، يار ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قولتۇق شەكلىدىكى قىسمى: كۈمۈش تاغ شارقىراتمىسى «قارا دالا» تەكچىسى بىلەن كۈمۈش تاغنى ئايرىپ تۇرىدىغان شەيتان جىلغىسى ئارقىلىق تاغنىڭ ئوڭ قولتۇقىدىن چىقىپ، سول قولتۇقنى بويلاپ ئېقىپ كېتەتتى. ⑥ مق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ قولتۇققا قىسقۇدەك دەرىجىدىكى مىقدارىنى بىلدۈ- رىدۇ: ھېيتەك پومېشچىكنىڭ خوتۇنى بىر قولتۇق قوراينى كۆتۈرۈپ كېلىۋاتاتتى.

**قولتۇق بىخ** <بوت> يوپۇرماقنىڭ قولتۇقىغا جايلاشقان بىخ. ئۆسۈملۈكنىڭ غولىدىكى يان بىخ قولتۇق بىخىغا كىرىدۇ.

**قولتۇق پۇراش** <تىب> قولتۇق تېرىسى ئاستىدىكى تەر بېزى پائالىيىتىنىڭ نورمالسىزلىقى تۈپەيلىدىن قولتۇق سېسىق پۇرايدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**قولتۇق تاياق** ① پۇتى جاراھەتلەنگەن ياكى زەخملەنگەن كىشىلەر قولتۇقىغا تىرەپ، تايىنىپ ماڭىدىغان، يۇقىرى قىسمى قولتۇققا تىرەش ئۈچۈن مۇۋاپىق قىلىپ ياسالغان تاياق: بىر پۇتى يوق، قولتۇق تاياقلىق بىر كىشى ئۇلارغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ② كۆچمە. تايانچ، يانتاياق، ياردەم قىلغۇچى: «قولتۇق تاياققا ئېرىشكەنلىكى راست ئىكەن-دە، تۈلكىنىڭ!...» دەپ ئويلىدى بەگ كۆڭلىدە.

**قولتۇققا ئالماق** ← قانات ئاستىغا ئالماق.

**قولتۇق كۆلى** <جۇغ> تېيىز دېڭىز قولتۇقىنىڭ ئىچكىرى قۇملارنىڭ يىغىلىشى بىلەن ئېتىلىپ قېلىپ ھاسىل بولغان كۆل. سۇ يۇقىرى دولقۇنغا كۆتۈرۈلگەندە، دېڭىز بىلەن تۇتىشىپ كېتىدۇ.

**قولتۇق ئېقىمى** <جۇغ> سۇنىڭ دېڭىز قولتۇقىدىكى ئېقىمى.

**قولتۇقىدىن تاۋۇزى چۈشۈپ كەتمەك** ئىشەنچى، ئۈمىدى يوققا چىقماق: قولتۇقىدىن تاۋۇز چۈشۈپ كەتتى «ئورماندا قېپىن دېگەن شۇنچە كۆپ تۇرسا، بىر تال كەسكەنگە نېمە بولاتتى» دەپ ئويلاپ ھاپىز ئاكىدىن ئاغرىندىم.

**قولتۇقىغا كىرىۋالماق** بىراۋنىڭ ئىشەن- چىسىگە، ھىمايىسىگە ئېرىشىۋالماق، قانات ئاستىغا كىرىۋالماق، ھىمايىگە ئېرىشمەك: ھوشيار بولۇش كېرەك. ئۇ ئىشاننىڭ قولتۇقىغا كىرىۋالدى، سۇلتان بولسا، ئىشاننىڭ سۆزىنى رەت قىلالمايدۇ.

**قولتۇقلاتقۇزماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قولتۇقلاتماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھۆدەيچى بەگ بىر يىگىتكە تون قولتۇقلىتىپ، يەنە بىر يىگىتكە تەڭگىلەردىن ئالدۇرۇپ قورغانبېگى بىلەن بىللە مۇداپىئەچىلەر يېنىغا چىقتى.

**قولتۇقلاشماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كىيىم-كېچەك، ساز-پازلىرىنى قولتۇقلىشىپ كۈلۈشۈپ كىرىپ كېلىشتى. * ئۇ بىر قىز بىلەن قولتۇقلىشىپ يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**قولتۇقلانماق** «قولتۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قولتۇقلىماق** پ ① قولتۇقىغا قىسماق، قولتۇقىغا قىسىپ كۆتۈرمەك: ئۇ رەخت-پاخ- تىلارنى قولتۇقلاپ دۇكانغا كېلىپ، دۇكاندارغا تاپشۇرۇپ بەردى. * ھەدېسىلا كىتابقا قاراپ ئىش قىلىش ۋە ھەمىشە كىتابنى قولتۇقلىۋېلىش

ياخشى ئىش ئەمەس. ② بىراۋنىڭ بىلىكىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇۋالماق، قولتۇقىدىن ياكى بىلىكىدىن تۇتماق: رەيھان مەھمۇدنى قولتۇقلىۋالدى. مەھمۇد خىجىل بولۇپ قولنى ئاستا چىقىرىۋالدى. * ئۇلار مېنى قولتۇقلاپ سۆرەپ دېگەندەك سوراقخانىغا ئېلىپ چىقتى.

**قولچوماق** ئى [قول+چوماق] باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى، يېتەكلىشى، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يامان ئىش قىلىدىغان كىشى؛ غالچا: ئۇ ئۇلارنى تاشلاپ قويۇپ، قولچوماقلىرىنى باشلاپ ئۇخلىغىلى ماڭدى.

**قولچوماقچى** ئى ← **قولچوماق**: بۇ ئىش ئۇچۇن خۇشال بولۇۋاتقانلار ۋاڭ داخەنىڭ قولچوماقچىسى ئادىل قاتارلىق بىرنېمىلەر ئىدى.

**قولچوماقچىلىق** «قولچوماقچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئەينى چاغدا سابىرنىڭ بەگكە قولچوماقچىلىق قىلغان قۇۋلۇق-شۇملۇقلىرىنى بىرمۇبىر پاش قىلغان باتۇر يىگىت ئىدى.

**قولچوماقچىلىق قىلماق** باشقىلارنىڭ باشقۇرۇشى، يېتەكلىشى، بۇيرۇقىغا بويسۇنۇپ يامان ئىش قىلماق، غالچىلىق قىلماق: ئۇ دائىم ئۆزىگە قولچوماقچىلىق قىلغانلارنى ئاخىرىغا كەلگەندە ئۆزى دېرەكسىز يوق قىلىۋېتەتتى.

**قولداش** ئى ① قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدىغان، ياردەم قىلىدىغان، بىر نىيەتلىك كىشى؛ مەسلەكداش، پىكىرداش: بىز دەرھال خوتەن، قەشقەر، يەكەن، يېڭىسارلاردىمۇ ئۆز قولداشلىرىمىز بىلەن ئالاقە باغلىشىمىز كېرەك. * كۆپنى كۆرگەن بۇ باشىم، دائىم ئاقىدۇ كۆز ياشىم، يوقتۇر مېنىڭ قولداشىم، بۇ يېتىملىككە چارەم يوق. // ئاتاڭ شاھى مەردان مېنىڭ قولداش دوستۇم. ② توي كۈنىسى تويى بولغان يىگىت ياكى قىزنىڭ يېنىدا دائىم بىللە بولىدىغان كىشى، يېقىن دوستى: — يىگىت قولدىشى بولۇشقا سىزنى ساقلاپ تۇرغانىدۇق، — دېدى ئۇنىڭ ئاتىسى مېنى قارشى ئېلىپ. * — ھېلىقى ناخشىغا ئۇستا گۈلسۇرۇخ ئۇنىڭغا قولداش بولۇپتۇ! — دېدى ئۇ مەخسۇمغا قاراپ.

**قولداشلىق** ئى. قولداش بولۇش ئىشى، بۇرچى: ئابدۇللا «ئۇ ئەتىمۇ مۇشۇنداق قىلارمۇ؟ ئۇنى قولداشلىققا تەكلىپ قىلمىساممۇ بولغانىكەن» دەپ ئويلاپ تىت-تىت بولۇشقا باشلىدى.

**قولداما** ئى. تاماقنىڭ بىر خىل تۈرى. بۇنىڭدا خېمىر تىرناق چوڭلۇقىدا ئۈزۈلۈپ، چويلا ياكى ئاشتاختىغا يىمىرلىش ئارقىلىق بىر يۈزىگە گۈل چىقىرىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن سۈزۈۋېلىنىپ، سەي بىلەن بىللە قورۇلۇپ ياكى ئۈستىگە سەي سېلىنىپ ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قولقا** ئى. ئارىيەت بېرىدىغان ياكى ئالىدىغان تۇرلۇك ئۇششاق-چۈششەك تۇرمۇش بۇيۇملىرى.

**قولقا بەرمەك** باشقىلار ئېھتىياجلىق بولۇپ سوراپ كىرگەن نەرسىلەرنى (ئاساسەن ئۇششاق-چۈششەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى) ئارىيەتكە بېرىپ تۇرماق.

**قولقاپ** ئى [قول+قاپ] ← **پەلەي**.

**قولقاپلىق** سۈپ. قولقېپى بار، قولقاپ كىيگەن: ھارۋىكەشلەر ئولتۇرغان جايلىرىدا قولقاپلىق قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ۋارقىرىشاتتى.

**قول-قانات** ① قول ۋە قانات. ② كۆچمە. يېقىن ياردەمچى، ھىمايىچى، ياردەم بەرگۈچى: ئۆز ئوغلۇمنى قول-قانات قىلسام نېمىسى يامان بولىدىكەن؟ * باشلىققا راسا قول-قانات لازىم بولغاندا، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتىڭ. مانا قارا، يەنە تالڭ سەھەردە بۇ يەرگە كېلىپسەن، ئارايسەن! ئىستىقباللىق بار يىگىت بولدۇڭ.

**قول-قانات بولماق** ھىمايىچى، ياردەمچى بولماق، يېقىندىن ياردەمدە بولماق: — تاغا، — دېدى ئۇ قوللىرىنى تاتىلاپ، — سىزگە تازا قول-قانات بولىدىغان ۋاقتىم ئىدى، لېكىن مەن ئازراق ئوقۇۋالايمىكىن دەيمەن.

**قول-قول** «قول» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**قول-قول تۇتۇپ** ھەممە بىردەك ھەردەكەتكە كېلىپ: نازىمنىڭ تراكتورى كەلگەن ھامان ئۇلار قول-قول تۇتۇپ يوغان تۇرمەللەرنى كۆتۈرۈپ باساتتى. * ھاۋا ئىسسىشى بىلەنلا قولۇم-قوشنا، جامائەتلەر قول-قول تۇتۇپ ئىمارىتىمنى سېلىشىپ بەردى.

**قول-قولچە** ← **قول-قول تۇتۇپ**: — بولۇڭلار، — دېدى بىر ئاقساقال تاماكا چېكىۋاتقان سابىرلارغا قاراپ، — ماۋۇ ئىشنى قول-قولچە تۈگىتىۋېتىپ، ئاندىن ك چكىچە ئولتۇرساقمۇ بولىدۇ.

**قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ** قىزغىن ھىمايە قىلىپ، يېقىندىن ئاۋاز قوشۇپ: مەن بىر يىلدىن بېرى سىنىڭ ھەرىكەتلىرىڭنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەپ كەلدىم.

**قوللاپ-قۇۋۋەتلىمەك** قىزغىن قوللىماق، ھىمايە قىلماق: سېخ رەھبەرلىكى مۇنداق ئىلغار-چارە تەدبىرلەرنىڭ ئومۇملىششىنى قوللاپ-قۇۋۋەتلەيدۇ.

**قوللاشماق** «قوللىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئەخمەتجاننىڭ پىكرىنى قوللاشتى.

**قوللانما** ئى ① بىرەر ئىش-پائالىيەت ياكى ھۈنەر-سەنئەتكە دەستۇر بولىدىغان ھۆججەت، كۆرسەتمە ۋە ياكى شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: بۇ كىتابلار ئۇيغۇر تىبابەت ئەھلىنىڭ مۇھىم پايدىلىنىش قوللانمىلىرىدىن بولۇپ قالدى. ② ئوقۇ-ئوقۇتۇشتا پايدىلىنىدىغان ماتېرىيال؛ دەرسلىك كىتاب: ئۇ چاغدا تارىخ دەرسلىكىدە ئۇيغۇر تىل-يېزىقىدا قوللانمىلار يوق ئىدى.

**قوللانماق** پ. ئىشلەتمەك، تەدبىقلىماق: ئۇلارغا مەدەت بېرىش سىياسىتىنى قوللىنىش لازىم. * — بىزمۇ بىرەر چارە قوللانساق دەيمەن، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ.

**قوللۇق** ① سۈپ. قولى بار؛ قول بىلەن؛ قول بىلەن ئوينايدىغان: بىر قوللۇق ئىشلەتمەك، ئىككى قوللۇق قەرت. ② ئى. يارغۇنچاقنى قول بىلەن ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن، ئۈستۈنكى تاشقا بېكىتىلگەن قوزۇقسىمان ياغاچ تۇتقۇچ.

**قوللىماق** پ. ياقلاپ، تەرىپىنى ئالماق، ھىمايە قىلماق، قۇۋۋەتلىمەك: ئايالىمۇ مېنىڭ بۇ ئىشىمنى قىزغىن قوللىدى. * مېنى ئايۇپ شۇجى قوللىدى، رەھمەت سوجاڭ «يول خېتى» ھەل قىلىپ بەردى.

**قوللىنىلماق** «قوللانماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ھەربىي ئىشلاردا خېنىم خاتىرجەم بولغاي، زۆرۈر تەدبىرلەر قوللىنىلدى، — دېدى سەردار قۇللۇق بىلدۈرۈپ.

**قولمۇقول** ھەممە ھەرىكەتكە كېلىپ؛ بىرلىشىپ، يىغىلىپ: باشقىلار ئۇنىڭغا قولمۇقول تۇتۇش قىلىپ يېڭى كىيىملەرنى كىيدۈردى. * قولمۇقول، يېقىن ھەمكارلىق بىلەن قىلىنغان ئىش تېز ئارىدا كۆڭۈلدىكىدەك پۈتۈپ چىقتى.

**قولۇم-قوشنا** ئۆيلىرى بىر-بىرىگە يېقىن ئۆزئارا باردى-كەلدى قىلىشىپ ئۆتكەن كىشىلەر، قوشنا: قولۇم-قوشنا ۋە جامائەتنىڭ ياردىمى بىلەن مېيىت ئۇزىتىلىپ يەرلىككە قويۇلدى.

**قولۋاق** ئى ← **قېيىق**: قولۋاق تەنەھەرىكتى.

**قولۋاق تەنەھەرىكتى** <تەن> پالاق بىلەن قولۋاق ھەيدەش تەنەھەرىكىتى ھەم تەنەھەرىكەت مۇسابىقە تۈرى. قولۋاقلارنىڭ تىپى بويىچە مۇسابىقە

قېپىقى، تۇلۇم قېپىق ۋە بىر پالاقلىق تۇلۇم قېپىقتىن ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ. بۇ خىل تەنھەرىكەت تۇرمۇشتا، ئىشلەپچىقىرىشتا ۋە ھەربىي ئىشلاردا ئەمەلىي ئەھمىيەتكە ئىگە.

**قولۋاق ئىلەڭگۈچ** <تەن> باللارنىڭ تەنھەرىكەت سايمىنى. ياغاچ قولۋاقنى جازا ئاستىغا ئېسىش ئارقىلىق ياسالغان. باللار ئۈستىدە ئولتۇرۇپ چايقىلىپ ئىلەڭگۈچتەك ئۈچۈپ ئوينايدۇ.

**قولۋاقچى** ئى. قولۋاق ھەيدەيدىغان كىشى: قولۋاقچىلار يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېقىۋاتقان قولۋاقنى كۈچ بىلەن پالاق ئۇرماقتا ئىدى.

**قولۋاقچىلىق** ئى. قولۋاق ھەيدەش ئىشى، ھەرىكىتى.

**قولىچە** رەۋ. قولى بىلەن: نازارى يازدى بۇيرۇقنى قولىچە، زوھوردىن باستى ئاڭا مۆھۈرچە.

**قولىدا** رەۋ. ئىلكىدە، ئىگىلىكىدە، باشقۇرۇشىدا: ئۇ چاغدا پۈتۈن دۆلەت ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىش ۋە ئىلىم-پەن ئۆگىتىش ئۇيغۇر ئالىملىرىنىڭ قولىدا ئىدى. * مۇرات ئاتا-ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ ئاچىسىنىڭ قولىدا چوڭ بولدى.

**قول-ئىلىك** قول ۋە ئىلىك: ئۇ قول-ئىلىكىدە يوق ئائىلىلەردىن كېلىپ ئوقۇيدىغان باللارغا دائىم ياردەم قىلىپ تۇراتتى.

**قول-ئىلكىدە بار** ھال-كۈنى ئوبدان، ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى؛ باي: — ئىسمىم ئىمانقۇل، ئۆزۈم يەكەندە تۇغۇلغان. ئاتا-ئانام قول-ئىلكىدە بار ئادەملەردىن، — دېدى يەنە بىرەيلەن ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

**قول-ئىلكىدە يوق** ھال-كۈنى ناچار، كەمبەغەل، نامرات: — ئۆزۈڭ بىلسەن ئوغلۇم، — دېدى موماي ھاسراپ-ھۆمۈدەپ تۇرۇپ، — قول-ئىلكىمىزدە يوق، بۇ جىرىملارنى تەشكىل ياردەم قىلىپ قويۇپ بەرگەنىدى.

**قوماچ** ئى ① قورۇلغان بۇغداي، كەندىر قاتارلىقلار: ئۇلار يامالغان خالتىلارغا قاچىلانغان قوماچلىرىنى تالقان قىلىش ئۈچۈن تۈگمەنگە ماڭغانىدى. * دىلەيىسخانىنىڭ ئاغزىدىن غەزەپ ۋە ئاچچىق سۆزلەر قىزىغان قازاننىڭ قومچىدەك كەينى-كەينىدىن ئېتىلىپ چىقتى. // بىر ياقتا ئانار قويدۇم، بىر ياقتا توغاچ. شۇ يارىمنىڭ دەردىدە، يۈرىكىم قوماچ.

**قوماچ قورۇغاندەك** قالايمىقان، رىتىمسىز، ئوڭ-تەتۈر؛ ئۈستى-ئۈستىلەپ: — بۇ يەرنى قوماچ قورۇغاندەك قىلىۋەتتىلىغۇ، — دېدى سېلىمىخان ھېلىقى كوت-كوت خوتۇنغا. * بۇ چۇقان-سۈرەنگە ئات-ئېشەكلەرنىڭ كىشنەش-ھاڭراشلىرى قوشۇلۇپ «بەشبۇلاق» كەنتى خۇددى قوماچ قورۇغاندەك بولۇپ كەتتى. * خۇددى قوماچ قورۇغاندەك تاراسلاپ ئېتىلىۋاتقان مىلتىق ئاۋازلىرى ھەممە يەرنى قاپلاپ كەتكەنىدى.

**قوماندا** ئى. ئاغزاكى بۇيرۇق، كوماندا: ياش ئىسيانچىلار تۇرسۇننىڭ قوماندىسى بويىچە سادىق ۋە مۇسا دېھقاننى جەڭ ئولجىسى سۈپىتىدە ئالدىغا سېلىپ ناھىيىگە ئېلىپ كەتمەكچى بولۇپ يولغا چىقتى. * ئۇ ھازىر خۇددى قايماقتەك يۇمشاپ، قوماندانغا ياۋاشلىق بىلەن بويسۇنماقتا ئىدى.

**قوماندا بەرمەك** بىرەر ئىش-پائالىيەت توغرۇلۇق ئاغزاكى بۇيرۇق چۈشۈرمەك، بۇيرۇق بەرمەك، كوماندا بەرمەك: خوجىنىياز دارىن ئارىلىقنى ئوبدان مۆلچەرلىۋالغاندىن كېيىن قوماندا بەردى. * سابىر تۇرمەللەرنى سۇغا دومىلىتىۋېتىش توغرىسىدا قوماندا بەردى.

**قوماندان** ئى [فران] ① چوڭ ھەربىي قىسىم ياكى قوشۇننىڭ باشلىقى: — لەيلىگۈل، — دەپ پىچىرلىدى پولات يىراقتىن

سورۇندىكىلەرنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، — ئاۋۇ ئوتتۇرىدا تۇرغان ياش كىشى ئىنقىلابىمىزنىڭ رەھبەرلىرىدىن بىرى، جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ قوماندانى ئابدۇكېرىم ئابباسوف بولىدۇ. ② ئومۇمەن ھەرقانداق ئاممىۋى پائالىيەتلەرنىڭ باش يېتەكچىسى، كوماندىر.

**قوماندانلىق** ① «قوماندان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قوماندانلىق قىلماق. * مېنىڭ قوماندانلىقىمغا بويسۇنۇشنى خالامسىز؟ ② بىرەر ھەربىي قوشۇن ياكى ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش، يېتەكچىلىك قىلىش ئىشى، ۋەزىپىسى: ئۇ بۇ قېتىم جەنۇبىي يۆنىلىش قىسىملىرىنىڭ باش قوماندانلىقىغا تەيىنلەندى. * ئۇلار پاراگىلاشقاچ قوماندانلىق چېدىرىنىڭ ئالدىغا كەلدى. * شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنىڭ قوماندانلىق ۋەزىپىسىنى ئۈستۈمگە ئېلىشقا توغرا كەلگەندى.

**قوماندانلىق قىلماق** رەھبەرلىك قىلماق، يېتەكچىلىك قىلماق، باشقۇرماق: ئۇ ئۆزى بۇ قېتىمقى ئۇرۇشقا قوماندانلىق قىلماقچى بولدى. * — نېمە سورىماقچىدىڭ؟ — دېدى يانىدا تۇرۇپ ياغاچ بېسىشقا قوماندانلىق قىلىۋاتقان ھاپىز ئاكا تىلىۋالدىغا قارىمايلا.

**قومدۇ** ئى. تارس. ئوقيانىڭ ئوقىنى سالىدىغان ئوقدان: ئۇلارنىڭ ئۆشنىسىدىكى گۈل تىكىلگەن تېرە قومدۇغا سېلىنغان ئوقلار باشلىرىدىن ئېشىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**قومۇرتماق** «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار شۇ يىللاردا مەجبۇرىي ھالدا بۇ يەرگە قويغان كۆچەتلىرىنى قومۇرتۇەتتى.

**قومۇرماق** پ ① مەلۇم بىرنەرسىنى كۆمۈلگەن ياكى ئورنىتىلغان جايىدىن تارتىپ چىقارماق، يۇلۇپ ئالماق: ئۇلار گۈيخۇا قىلمىز دېگەن باھانە بىلەن دەرەخلەرنىڭ ھەممىسىنى قومۇرۇۋەتتى. * ئۇ ئىككى پارچە يوغان خىشنى قومۇرۇۋەتتى. * ئۇستام ئاخىرقى بىر تونۇر گۈش گىردىنى قومۇرۇپ تۇرۇشىغا، ھېلىقى باجگىر يەنە پەيدا بولدى. ② كۆچمە. بىراقلا قولغا كىرگۈزمەك، بىراقلا قولغا چۈشۈرمەك، ئالماق: شۇ چاغدا گېپىمگە كىرگەن بولساڭ، ھېچ بولمىسا 2000 يۈەننى قومۇراتتۇق.

**قومۇرۇشماق** «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆچەتلەرنى قومۇرۇشۇپ، ماشىنىلىرىغا بېسىشتى-دە، ئورمانچىلىق پونكىتىغا قاراپ كەتتى.

**قومۇرۇلماق** ① «قومۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىز قومۇرۇلغان كۆچەتلەرنى تىكىشكە باشلىدۇق. * «ئاچىنىڭ كۆزى ئاشتا» دېگەن راست-دە، گىردىلەر قومۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ لەۋلىرى تامشىپ، كۆزلىرى مۆلدۈرلەپ كەتتى. ② قوزغالماق، ھەرىكەتكە كەلمەك، ئاتلانماق (ئادەم قاتارلىقلار ھەققىدە): بۇ توي ئۈچۈن پۈتۈن قەشقەرلىكلەر قومۇرۇلدى دېسىمۇ بولاتتى. * ئاتلىقلار 100 مېترچە يېقىنلاشقاندا، خەلق تەۋرەپ ئالدىغا قومۇرۇلدى.

**قومۇز** (توغرىسى: قوبۇز) ← **قوبۇز.**

**قومۇش** ئى <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە سۇ بويىدا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكلىدە، غولىنىڭ ئىچى كاۋاك، سىرتى سىلىق، گۈلى بىنەپشە رەڭدە، ئاستىدا نۇرغۇنلىغان يىپسىمان تۈكلىرى بولىدۇ. غولىدىن بورا توقۇغىلى ياكى قەغەز ياسىغىلى بولىدۇ.

**قومۇش پۆپۈكى** <بوت> قومۇشنىڭ گۈلى ئاستىدىكى يىپسىمان تۈكلىرى.

**قومۇش شېكىرى** <خىم> ← **ساخاروزا.**

**قومۇش قاش** كۆمۈشتىن شەكلى قىل

قاشقا ئوخشاش ياسلىپ، دوپپىنىڭ بىر بۇرجىكىگە تىكىلىدىغان بۇيۇم.

**قومۇش قەلەم** پىشقان ئىنچىكە قومۇشنى ئۇچلاپ ياسىلىدىغان، سىياھ ياكى رەڭگە چىلاپ خەت يازىدىغان بىر خىل قەلەم: ئامانىساخان شېئىرنى ئوقۇپ بولۇپ، ئويچان كېلىپ شىرە ئالدىدا ئولتۇرۇپ، قولىغا قومۇش قەلەمنى ئېلىپ، ئۇدۇلىغا تىكىلگىنىچە بىرئاز ئويلايدۇ، كېيىن مۇنۇ شېئىرنى يازىدۇ. * ل. مۇتەللىپ سۆزلەۋېتىپ، سارغۇچ رەڭلىك ئۇستەل تارتمىسىدىن رەتلىك قويۇپ قويۇلغان ئىككى ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ ئالدىغا قويدى. ئۇلارغا قومۇش قەلەمدە ھۆسن خەت قىلىپ «خىيالچان تىلەك» شېئىرى يېزىلغانىدى.

**قومۇشچىلىق** ئى. قومۇش ئورۇپ سېتىش ئىشى: زىۋۇرشاھ ئىنىم، ماڭا قويۇپ بەرسە قاۋانلىقنىڭ ئىچىگە كەپە تىكىپ ئولتۇرۇۋېلىپ، قومۇشچىلىق قىلاتتىم... ھى... ھى.

**قومۇشزار** ئى ← **قومۇشلۇق**: كۆردىكى قىرغاقتا پايانسىز تالزار تۇرۇپتۇ، يەنە بىر چەتتە چەكسىز قومۇشزار تۇرۇپتۇ.

**قومۇشزارلىق** ئى ← **قومۇشلۇق**: بىپايان دالىدا ھېسابسىز قومۇشزارلىقلار، يىچانزارلىقلار، كۆزدە سارغىيىشقا باشلىغان دالا چۆپلىرى ۋە سازلىقلار ئارقا-ئارقىدىن ئۆتۈشۈپ تۇراتتى.

**قومۇشسىز** سۈپ. قومۇش يوق، قومۇش ئۆسمىگەن: زەيكەش چېپىلىپ بولغان يەرلەرنىڭ قومۇشسىز تەرىپىدە سوقىلار يەر ئاغدۇراتتى.

**قومۇشلۇق** ئى. قومۇش ئۆسكەن يەر، جاي: قومۇشلۇقنى ئارىلاپ ئاققان دەريانىڭ ئۈستىنى ۋە دەريا بويىدىكى دەرەخلەرنى قويۇق تۇمان قاپلىۋالغانىدى.

**قوناق** I ئى <بوت> ئاق قوناق ۋە كۆممىقوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ ئورتاق نامى: قوناق ئۇنى. قوناق نېنى.

**قوناق پىتى** <زوئول> كۆك پىتنىڭ بىر خىلى. قاناتلىق كۆپىيىدىغان چىشى كۆك پىتنىڭ بېشى ۋە مەيدىسى قارا، قاناتسىز كۆپىيىدىغان چىشى كۆك پىتنىڭ باش ۋە مەيدىسى ئاچ سېرىق ھەم سەل-پەل كۆل رەڭ ئارىلاشقان ھالەتتە بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاق قوناقنىڭ ئاساسلىق زىيانداشلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە كۆممىقوناق، شېكەر قومۇشى ۋە بۇغداي تىپىدىكى زىرائەتلەرگىمۇ زىيان سالىدۇ.

**قوناق چۆچۈرىسى** تاماقنىڭ بىر خىل تۈرى. بۇنىڭدا قوناق ئۇنى قايناق سۇدا يۇغۇرۇلۇپ، كىچىك-كىچىك ئۇزۇلگەنىدىن كېيىن، ئىچىگە گۆش بىلەن پىيازدا قىلىنغان قىيما سېلىنىپ، سۇدا پىشۇرۇلىدۇ.

**قوناق نان** قوناق ئۇنىدىن يېقىلغان نان.

**قوناق** II ئى ① بىرەر جايغا، بىركىمنىڭ ئۆيىگە قونۇش ئۈچۈن كەلگەن ياكى چۈشكەن مېھمان؛ يولۇچى: ئەمدى ئۇ ئەزىمەتلەرنى قوناققا چاقىرساق بولارمۇ؟ * گۈلگە ئوخشاتسام سېنى، كەلمەس ئۈنىڭدىن نۇر، بىراق، ئايغا ئوخشاتسام سېنى، چىقماس ئۈنىڭدىن خۇش پۇراق. رىشتىمىز بىر سىنە رىشتى بولسىمۇ، مەنزىل يىراق، بىر-بىرىگە دىل قوناق بولغاچقا گۈلشەن ھەممە ۋاق. ② تۈنەيدىغان ئورۇن، قونىدىغان، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي، قونالغۇ: ئۇلار نۇرغۇن يول يۈرۈپ، يۈرگەندىمۇ مول يۈرۈپ، پۇت-قوللىرى تالغاندا، گۈگۈم چۈشۈپ قالغاندا، بىر جاڭگالغا يېتىپتۇ، قوناق تۇتۇپ يېتىپتۇ.

**قوناق بەرمەك** دىئال. پۇرسەت بەرمەك. -

**قوناق بولماق** قونۇپ قالىدىغان مېھمان بولماق: كىرىپ كېلەر توغرا كەلگەن ئۆيلەرگە، يول ھاردۇقى يېتىپ بىزنىڭ قەھرىمان.

قارشى ئالار ئوچۇق چىراي كىشلەر، ئىززەت بىلەن بولار قوناق ۋە مېھمان.

**قوناق تۇتماق** تۈنە يەدىغان، كېچىنى ئۆتكۈزىدىغان جاي قىلماق.

**قوناقگۈل** ئى [قوناق+گۈل] <بوت> قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ، ئۇزۇن، ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرماق تومۇرى پەيسمان بولىدۇ. گۈلى قىزىل ياكى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**قوناقلىق** ① سۈپ. قوناق تېرىلغان، قوناق ئۆستۈرۈلگەن: قوناقلىق ئېتىز. ② ئى. قوناق تېرىلغان، ئۆستۈرۈلگەن يەر، جاي ياكى ئېتىز، مەيدان: ماشىنا مەھەللىنىڭ چېتىدىكى قوناقلىقنىڭ بېنىدا توختىدى.

**قونالغۇ** ئى. يولۇچىلار، سەپەرگە چىققانلار قونىدىغان، قونۇپ ئۆتىدىغان جاي: ھەر قونالغۇدا سەپەر ھارغىنلىقىنى چىقىرىش مەقسىتىدە يىراقتىن-يېقىندىن ۋە ھازىردىن سۆزلەيدىغان قىزغىن پاراڭچىلار چىقىپ قالاتتى. * بۇ دۇنيا بىز ئۈچۈن بىر قونالغۇ — دەڭ، شۇ دەڭدە تۆت كۈنلۈك مېھمانسەن ئۆزۈڭ. ئۆمرۈڭنى قەدىرلەپ، ۋاقتىڭنى ئۇچلاپ، بىر نىشان قالدۇرغىن «ئۆلمەيمەن» دېسەڭ.

**قونالغۇلۇق** «قونالغۇ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇلار مۇشۇ ئۆڭكۈرنى قونالغۇلۇق قىلىپ بېكىتىشتى.

**قونچ** ئى. ئاياغنىڭ باشلىقىنىڭ ئۈستىگە ئورنىتىلغان، پاقالچاققا كىيىلىدىغان قىسمى: ئۇ بىرىنىڭ ناھايىتى ئىتتىك كېلىۋاتقان شەپىسىنى سەزدى-دە، خەنجىرىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىدىن بىرئاز چىقىرىپ تەييارلاپ قويدى.

**قونچ ئەندىزە** موزدۇزلار مەخسۇس قونچنى كېسىشتە ئىشلىتىدىغان ئۆلگە، ئەندىزە.

**قونچاق** (توغرىسى: قورچاق) ← قورچاق.

**قونچلۇق** سۈپ. قونچى بار، قونچ ئورنىتىلغان: مەن بارغانچە ئېغىرلىشىۋاتقان پىيمىنى سېلىۋېتىپ، كالتە قونچلۇق كىگىز پايپاق بىلەنلا يۈگۈرۈشكە باشلىدىم.

**قونچلۇق بەتىنكە** ئەر-ئاياللار قىشتا كىيىدىغان، قونچ ئورنىتىلغان بەتىنكە.

**قونداق** ئى ① توخۇ، كەپتەر قاتارلىق قۇشلار قونۇش ئۈچۈن كۆندىلەڭ ئورنىتىلغان ئۇزۇن ياغاچ: توخۇنى كۆلچەككە ھەيدەپتۇ، ئۆردەكنى قونداققا (ماقال). * شادلىقىمدىن گۈلگە ئايلانماس نېچۈك كۆڭلۈم مېنىڭ، سايرىغاندا سەن قىلىپ بېشمنى قونداق، بۇلبۇلۇم. ② مىلتىق، ئاپتومات، پىلىموت قاتارلىق قورالالارنىڭ پۇتۇن قىسمىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئاتقاندا يەلكىگە تىرەپ تۇرىدىغان قىسمى: ئۇ مىلتىقىنىڭ قوندىقىنى چېكىپ ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى.

**قونداقلىق** سۈپ ① قوندىقى بار، قونداق بېكىتىلگەن، قونداق ئورۇنلاشتۇرۇلغان: ھەممىلا چېرىك ئۇزۇن قونداقلىق مىلتىق كۆتۈرۈۋالغانىدى. ② قونداق قىلىشقا باب كېلىدىغان، قونداق بولىدىغان: ئۇ باغدىن كېسىپ چىققان قونداقلىق ياغاچنى سىلىقلاپ ئولتۇراتتى.

**قوندۇرماق** ① «قونماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② دوپپىچىلىقتا، لېۋەك ئېتىپ بولغاندىن كېيىن، دوپپىنىڭ تۆپىلىكىگە جىيەكنى ئۇلىماق. ③ ماشىنىچىلىقتا، ئايرىم تىكىلىپ تەييارلانغان يەڭ قاتارلىقلارنى ئەسلىي غول قىسمىغا چاتماق، ئۇلىماق.

**قوندۇرۇلماق** «قوندۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**قونغاق** ئى <تىب> ئادەم ۋە هايۋانلارنىڭ تۇغۇلغان دەسلەپكى بىرنەچچە كۈن ئىچىدە قىلغان تەرىتى؛ ئوغۇز پوقى. رەڭگى توق يېشىل بولۇپ، يېپىشقاق كېلىدۇ، سېسىق پۇرىمايدۇ. تەركىبىدە ئۈچەي يوللىرىدىن چۈشۈپ كەتكەن تېرە هۈجەيرىلىرى، هەزىم قىلىش سۇيۇقلۇقى ۋە هامىلە دەۋرىدە ئىچىۋالغان باش سۈيى، يۇمشاق تۈك ۋە ماي قاتارلىقلار بولىدۇ.

**قونغاقلىماق** ·پ. يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ ئىچىدىن قونغاق كەلمەك.

**قونماق** پ ① ئۇچۇشتىن توختاپ يەرگە ياكى بىرەر نەرسىنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ ئورۇنلاشماق، ئولتۇرماق: بالا قۇش ئۇچۇشنى بىلەر، قونۇشنى بىلمەس (ماقال). قۇش قانىتى بىلەن ئۇچىدۇ، پۇتى بىلەن قونىدۇ (ماقال). * هەرىمۇ شىرنىسى بار يەرگە قونىدۇ (ماقال). * ئىت تويغان يېرىدە ئۇخلار، قۇش قونغان يېرىدە (ماقال). * قولىمىزغا ئەرك قۇشى قونىدۇ، قاچان؟ ئۈمىد بېغى گۈللەرگە تولىدۇ قاچان؟ * ئايروپىلان گۈركىرەپ كېلىپ يەرگە قوندى. ② تۈننى ئۆتكۈزمەك، تۈنىمەك، يېتىپ كېچىچە ئارام ئالماق: ئىككىيلەن ھەدەپ بۇ مېهماننى يەپ-ئىچىشكە تەكلىپ قىلىپ تۇردى، ئاخىرى ئۇ مېهمان بۇ يەردە بىر كېچە قونۇپ قالدى. * شۇنداق قىلىپ مەن ئۇ يەردە يەنە بىر كېچە قوندۇم. ③ كۆچمە. پەيدا بولماق، يۇقماق، چۈشمەك: ئەسلىسەڭ ئىسىڭگە قونار (ماقال). * ئۆتكەن ئىشلار ئەستىن چىقىپ چىرايلارغا كۈلكە قوندى. * تىلىڭ بىلەن دىلىڭ بىر بولسا هەر چاغ، قونالمايدۇ سېنىڭ شەنىڭگە هېچ داغ. ④ كۆچمە. قوشۇلماق، كۆپەيمەك: ئەت قونماق. پايدا قونماق. * — هەم تېخىنىڭ هەم دېهقان، شۇڭا بەرىكەت قونغان، — دېدى ئۇ ۋە رازىمەنلىكتىن كۆزلىرى يۇمۇلۇپ، ئېڭەكلىرى تەۋرەپ كەتتى. ⑤ مىنمەك، ئۈستىگە جايلاشماق، ئورۇنلاشماق؛ توغرىلانماق: ئۇ خوتۇنىنىڭ زورلىشى بىلەن بىر پىيالە چاي سۈمۈردى-دە، ئات ئۈستىگە قوندى. * قوندى ئون ئىككىگە سائەتنىڭ تىلى، ئاتلاندى بەيگىگە چەۋەندازلار شاد. ئالدىمىدىن ئوق كەبى ئۆتتى ئۇلار تېز، مىنگىنى دۈلدۈلمۇ — يايغان كەڭ قانات.

**قونۇشماق** «قونماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: هېلىقى ئۈچ تۇمۇچۇق پۇررىدە ئۇچۇپ بېرىپ هويلىدىكى ئۈجمە شېخىغا قونۇشتى. * ئۇلار بۇ يەردە بىر كېچە قونۇشتى.

**قونۇقلۇق** رەۋ. قونغان هالەتتە، قونغان پېتى، قونغان هالدا: — قونداقتا ئىككى توخۇ قونۇقلۇق تۇرىدۇ، قالغانلىرى يوق، — دېدى ئۇ ئاپىسىغا خەۋەر قىلىپ.

**قوۋزاق** ئى <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يىلتىزلىرى توملاشقا باشلىغاندا، سىرتقى پوستىنىڭ ئورنىدا قوغداش رولىنى ئوينايدىغان مۇرەككەپ توقۇلما. ئۇ پروپكا هاسىل قىلغۇچى قەۋەت، پروپكا قەۋەت ۋە پروپكا ئىچكى قەۋەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قوۋزاق ئاستى ئۇلىقى** <ئوردم> قىپچىنى كۆچەتنىڭ قوۋزىقى بىلەن ياغاچ قىسمى ئارىسىغا سانجىپ ئۇلاش ئۇسۇلى.

**قوۋزاق تۆشۈكى** <بوت> كۆپ ساندىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قوۋزىقىدا بولىدىغان يېرىقسىمان تۆشۈكچىلەر.

**قوۋزاق ئۇلاق** <ئوردم> ← **قوۋزاق ئاستى ئۇلىقى.**

**قوۋزاقدارچىن** ئى [قوۋزاق+دارچىن] <بوت> دارچىننىڭ قوۋزىقى. تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، تارتىشىپ قالغان مۇسكۇللارنى بوشاشتۇرۇش، تومۇرلارنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭدىن باشقا تېتىتقۇ ئورنىدىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**قوۋزاقلاشماق** پ. قوۋزاق ھالىتىگە كەلمەك، قوۋزاققا ئوخشىماق: تۆمۈرتۇمشۇق جىگدە تېنىنىڭ يېرىلىپ قوۋزاقلاشقان جايلىرىنى چوقۇلاشقا باشلىدى.

**قوۋزاقلىق** سۈپ. قوۋزىقى بار، قوۋزاق پەيدا بولغان.

**قوۋۇم** ئى [ئە] ① بىر ئۇرۇقتىن چىققان، ئۆز ئارا قېرىنداشلىق، ئۇرۇق-تۇغقانلىق مۇناسىۋىتى بولغان كىشىلەر توپى؛ ئۇرۇق، ئايماق، قەبىلە: بۇ ئەجەل جىلغىسىدا ئۇلار پۈتۈن قوۋمى بىلەن مۇزلاپ ئۆلىدۇ. * ئائىلە نەسەبنامىسى ھەققىدە خاتىرە قالدۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن قوۋمىنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئابلىز قارىيىمۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە بىلمەيتتى. ② <دىن> دائىم دېگۈدەك بىر مەسچىتتە ناماز ئوقۇيدىغان كىشىلەر توپى، نامازنى بىر مەسچىتتە ئوقۇيدىغان جامائەت: مەن ناماز قوۋمىنىڭ كەينىگە كېلىپ بىر بۇلۇڭدا يۈكۈنۈپ ئولتۇر-دۇم. * بىخەۋەر بوپ قېلىپتىمەن، بولۇپتۇ ئوقۇشماسلىق بۈگۈن، بىر مەسچىتنىڭ قوۋمى ھەممە، ئارىدا يوقتۇر تۈگۈن.

**قوۋۇم-قېرىنداش** قوۋۇم ۋە قېرىنداش: — ئەلى خەلىچە، — دەپتۇ ئىككىنچى ئالىم، — بۇ چۈشىنىڭ تەبىرى شۇكى، ھەزرەتلىرى بارلىق قوۋۇم-قېرىنداشلىرىدىن ئۇزۇن-ئۆمۈر كۆرىدىكەنلا.

**قوۋناق** سۈپ. بەخت ۋە شادلىق تۇيغۇسىغا تولغان، بەختلىك، خۇشال-خۇرام، كۆڭۈللۈك: ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ئاشۇ ئۆزىگە تونۇش بولغان، قوۋناق ھاياتى، شادلىق قايناپ تۇرىدىغان يۇرتىدا ئىدى. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بالىلىق دەۋرى، قوۋناق مەكتەپ ھاياتى، يېزىدىكى خۇشال كۈنلىرى بىر-بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. // ئۇلار بىزنى مۇستاپا كامال — ئاتا تۈرك مازىرىغا زىيارەتكە ئېلىپ باردى. بىز تۈركىيىدە خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدەك ئەركىن، قوۋناق ياشىدۇق.

**قوۋناقلىق** «قوۋناق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قوۋۇرغا** ئى <ئانات> ئادەم ۋە يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ كۆكرەك دىۋارىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بولىدىغان ئۇزۇن، تار سۆڭەك. ئادەملەردە 12 جۈپ بولىدۇ، شەكلى ياپىلاق ھەم ئەگرى بولۇپ، ئاخىرى ئومۇرتقا تۈۋرۈكى بىلەن؛ بېشى تۆش سۆڭىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆكرەك بوشلۇقى ئىچىدىكى ئەزالارنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**قوۋۇرغا ئارىلىق مۇسكۇلى** <ئانات> قوۋۇرغىلار ئارىسىدا بولىدىغان مۇسكۇل. ئىچكى-تېشى بولۇپ جەمئىي ئىككى قەۋەتكە بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە ئۇ نەپەس ئالغاندا قوۋۇرغىنى يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلەندۈرۈپ بېرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**قوۋۇرغا ئارىلىق نېرۋىلىرى** <ئانات> قوۋۇرغا ئارىلىق مۇسكۇلىدا بولىدىغان نېرۋىلار.

**قوۋۇرغىسىغا ماي تولماق** بېيىماق، ئوبدانلا باي بولۇپ قالماق: — ھۆكۈمەت بېكىتى سىياسەتنى يولغا قويغاندىن كېيىن بىزدەكلەرنىڭمۇ قوۋۇرغىمىزغا خېلى ماي تولۇپ قالدى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — قارىغاندا، ئىقتىساد دېگەن ھۆكۈمەتنىڭ

سىياسىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

**قوۋۇرغىسىغا ماي قونماق** ھال-كۈنى ياخشىلىنىپ قالماق، بېيىپ قالماق: مۇراتنىڭ دادىسى سايىم چولڭ مۇشۇ بىر-ئىككى يىلدىن بېرى قوۋۇرغىسىغا ماي قونغان يەككە تىجارەتچىلەردىن ئىدى.

**قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالماق** ① بەك جۇدەپ، ئورۇقلاپ كەتمەك، جۇدىمەك، ئورۇقلىماق: — قارا، — دېدى ئۇ بېلىنى يالىڭاچلاپ ماڭا كۆرسىتىپ، — قوۋۇرغام كۆرۈنۈپلا قالدى. يەنە سېمىزدەك كۆرۈنمەمدۇ؟ ② كۆچمە. ئىقتىسادىي ئەھۋالى يامانلاشماق، نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك: — ئۇلارنىڭ كۈچى يەتمەيدۇ، — دېدى ئۇ كەسكىن قىلىپ، — ئۇلارنىڭ قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالغىلى نەكەم؟!

**قوۋۇرغىسىنى ئەگمەك** غىدىقىنى كەلتۈرمەك، ئاچچىقىنى، غەزەپ-نەپرىتىنى قوزغىماق: — ئەپلىكلىكىڭنى كۆرمەمدىغان، قوۋۇرغامنى ئېگىپ، — دېدى ئۇ كىيىملىرىنى كىيىۋېتىپ، — ئۆزۈڭگە باپ كېلىدىغىنىنى تاللىۋېلىشقا نېمىدېگەن ئەپچىلسەن؟ * نېرى ئۆتۈڭ، دەرھال كېتىڭ، قوۋۇرغامنى تولا ئەگمەي، ئەپتىڭىزنى بوسۇغامدا بۇنىڭدىن كېيىن زادى كۆرمەي.

**قوۋۇرغىسىنى سانىغۇدەك بولۇپ قالماق** ← **قوۋۇرغىسى كۆرۈنۈپ قالماق**: — بەك ئورۇق ئىكەن، — دېدى ئۇ پاقلاننى كۆرۈپ، — قوۋۇرغىلىرىنى سانىغۇدەك بولۇپ قېلىپتۇ، تۈزۈكرەك باھا قويىماسىز. * ئۇلار ئاشۇ ئوغلىنىڭ ئىشلىرىنى دەپ پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ قوۋۇرغىسىنى سانىغۇدەك بولۇپ قالغانىدى.

**قوۋۇرغىلىق** سۈپ. قوۋۇرغىسى بار، قوۋۇرغىسى بولغان.

**قوۋۇز** I ئى <ئانات> ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى يان تەرىپى، يەنى ئىككى يان دېۋارى: قوۋۇز تاۋۇشى. قوۋۇز خالتىسى.

**قوۋۇز تاۋۇشى** <تىل> ھاۋا ئېقىمى ئېغىز بوشلۇقىدا توسۇلۇپ قېلىپ، تىلنىڭ ئىككى يېنىدىن ئۆتۈش ئارقىلىق ھاسىل بولغان ئۇزۇلۇك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ل» تاۋۇشى.

**قوۋۇز خالتىسى** <زوئول> تۇلۇمچاشقان قاتارلىق غاجىلغۇچى ھايۋانلار بىلەن مايمۇن قاتارلىقلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى خالتىسىمان تۈزۈلمىسى. ئۇ ۋاقىتلىق ئوزۇق ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ.

**قوۋۇزىنى كۆپتۈرمەك** يوغان گەپ قىلماق، پو ئاتماق؛ ۋالاقلاپ كۆپ سۆزلىمەك: ئۆلگىنىنىڭ ئۇستىگە تەپمەك دېگەندەك، ساۋاقدىشىم ئەيسا ماڭا قاراپ، قوۋۇزىنى كۆپتۈرۈپ، تىللىرىنى چىقىرىپ، مېنى زاڭلىق قىلىشقا باشلىدى.

**قوۋۇز** II ئى <مۇز> ئېغىزدا چېلىنىدىغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى. پولات، مىس، ئالتۇن، كۈمۈش قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ بىر-بىرىگە تۇتاشقان ئىككى بۆلەك ياغاچ ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان بىر ئۇچى ئىلمەك تىلدىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تەركىب تاپىدۇ، چالغاندا ئىككى ياغاچ ۋە تىلنىڭ بىر ئۇچى تۇتاشقان جايى سول قول بىلەن تۇتۇۋېلىنىپ، ئىككى ياغاچ ئاستىنقى ۋە ئۈستۈنكى چىش ئارىلىقىدا چىشلىنىدۇ، ئوڭ قولنىڭ كۆرسەتكۈچ بارمىقى ئۇنىڭ تىل ئۇچىنى رىتىملىق ئۇرۇپ بەرسە، زىل ۋە يېقىملىق ئاۋاز چىقىدۇ. ئېغىزدىكى تىل ئۆپكىدىن چىققان ھاۋا ئېقىمىنى كونترول قىلىپ، ئاۋازنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكىنى تەڭشەپ بېرىدۇ.

**قوۋۇشتۇرماق** «قوۋۇشماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېلىقى كىشى قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ خۇددى گۇناھكارلاردەك يەرگە قاراپ تۇراتتى. * ئۇ كالتە چاپىنىنىڭ ئالدىنى قوۋۇشتۇرۇپ، بەلبېغىنى چىڭىتىپ باغلىدى.

**قوۋۇشتۇرۇلماق** «قوۋۇشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ پىيما كىيىۋالمىغىنىغا مىڭبىر پۇشايمان قىلغان ھالدا قوۋۇشتۇرۇلغان قوللىرىنى چىقىرىپ يەرگە تايىنىپ قوپۇشقا مەجبۇر بولدى.

**قوۋۇشماق** پ. بىر-بىرىگە يېپىشماق، بىرلەشمەك، قوشۇلماق.

**قوۋۇق** ئى. تارس ① شەھەر سېپىللىرى، ئوردا، چوڭ قورۇ قاتارلىقلارنىڭ دەرۋازىسى، ئىشىك: باتۇر بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ھالدا، ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئېگىز رەك يېرىگە تىكىلگىنىچە قاراپ قالدى. * ئۇلار دەل يېرىم كېچىدە شەھەر قوۋۇقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. ② قەدىمكى دەۋرلەردە جىنايەتچىنىڭ بوينىغا سالىدىغان تاختاي، شال، تاقاق: قەپەس ئىچىدە بوينىغا قوۋۇق، پۇتىغا ئۇزۇن كىشەن، قولىغا كويزا سېلىنغان ئوتتۇرا بوي، بۇغداي ئۆڭ بىر ئادەم تۇراتتى. * نەلەرگە كەتتى-ھە گۈزەل ئارزۇلار، ھەر جايدا ئۇر، يىقىت، تۆھمەت-ھاقارەت، ئېسىلدى بويۇنغا قوۋۇق، تاختايلار، ھۆر ۋەتەن بېغىنى كېزىپ جاھالەت.

**قوۋۇقچى** ئى. دەرۋازىۋەن: ئۇ ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىدىكى شاكىر قوۋۇقچىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى.

**قوۋۇقلۇق** سۈپ. قوۋۇقى بار، قوۋۇق بېكىتىلگەن: چوڭ ئۈچ قوۋۇقلۇق ئوردىغا كىرىپ، يەنە توققۇز ئىشىكتىن ئۆتكەندىن كېيىن تەختكە يەتكىلى بولاتتى.

**قوي** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان، يەنى كۆشىگۈچىلەرنىڭ بىر تۈركۈمى.

ئومۇمەن بېشىدا بىر جۈپ مۈڭگۈزى بولىدۇ. ئادەتتە يۇڭىنى، گۆشىنى، سۈتىنى ۋە مېيىنى ئېلىش ئۈچۈن بېقىلىدۇ.

**قوي تەمرەتكىسى** <زوئول> قويلاردا بولىدىغان بىر خىل تېرە كېسىلى. بۇنىڭدا تېرىگە تەڭگىسمان تەمرەتكىلەر چىقىپ، شۇ ئورۇنىنىڭ يۇڭى چۈشۈپ كېتىدۇ ۋە يۈزبەدە كېپەك ئۆرلەيدۇ. بۇنداق چاغدا كېسەل بولغان قوي سەمرىيەلمەيدۇ.

**قوي تېرىسىگە ئورانماق** ياۋاش، بىچارە، مۆمىن بولۇۋالماق: — قوي تېرىسىگە ئورىنىۋېلىپ ئادەم ئالداي دەۋاتامسەن؟ ئىپلاس! — دېدى ئۇ زەردە بىلەن ۋارقىراپ.

**قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرە** ئالدامچى، ھىيلىگەر، قۇۋ، تۈلكە: ئەڭ خەتەرلىكى قوي تېرىسىگە ئورىنىۋالغان بۆرىلەر.

**قوي چېچىكى** <زوئول> قويلاردا بولىدىغان ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك. ئۇنى بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چېچەك چىققان قوي تېنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ئۆرلەپ، بۇرۇن بوشلۇقىدا شىلىمشىق ئاجراتمىلار پەيدا بولىدۇ. تۈكى يوق ياكى تۈكى شالاڭ جايلاردا سۇلۇق قاپارتقۇلار ئۆرلەپ، كېيىن يىرىڭلايدۇ ۋە قاقاچ بولۇپ قاتقاندىن كېيىن تۆكۈلۈپ كېتىپ، ئىزى تاتۇق بولۇپ ساقىيىپ قالىدۇ.

**قوي قوتۇرى** <زوئول> ← **قوي تەمرەتكىسى.**

**قوي كاللىسنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشىنى ساتماق** ← **قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق:** «قوي كاللىسنى ئېسىپ قويۇپ، ئىت گۆشىنى سېتىش» مۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش بولۇپ قېلىپ، ھازىر «ئادەم گۆشى» سېتىلماقتا.

**قوي كۆز** ئى. قوينىڭ كۆزىگە ئوخشاش توق قوڭۇر ۋە يۇملاق كەلگەن چىرايلىق كۆز.

**قوي كۆزلۈك** سۈپ. كۆزى قوينىڭ كۆزىگە ئوخشاش توق قوڭۇر ھەم يۇملاق كەلگەن: كۆك پەشمەت ئۈستىدىن بېلىگە ئوق خالتىسىنى باغلاپ، مىلتىق كۆتۈرۈۋالغان 20 ياشلار چامىسىدىكى زىلۋا بويلۇق، قوي كۆزلۈك، چاققان بىر يىگىت ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغان ھالدا ھويلىغا يۈگۈرۈپ كىردى. * قاپقارا قوي كۆزلۈكۈم جېنىم پەيدا بولسۇن ساڭا، جېنىدىن كەچكەن يىگىتلەر ئاشنا بولسۇن ساڭا.

**قوينى بۆرىگە ئامانەت قويماق** ← **ئوغرىغا ئاچقۇچ تۇتقۇزماق**: قوينى بۆرىگە ئامانەت قويىدىغان ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

**قوينى بۆرىگە تاپشۇرماق** ← **ئوغرىغا ئاچقۇچ تۇتقۇزماق**: نېمىشقىمۇ قوينى بۆرىگە تاپشۇرغاندىمەن؟ ئەمدى بۇ ئۆزۈمنىڭ شورى.

**قوينى قاسساپ سويسۇن** ھەر ئىشنى شۇ ئىشنىڭ ئۇستىسى، ئەھلى قىلسۇن: قوينى قاسساپ سويسۇن دېگەندەك بوغالتىرلىق خىزمىتىمۇ مەتىمىندەك تېرىكمەيدىغان، زېرىكمەيدىغان، ئەستايىدىل ئادەملەرگە ياراشسا كېرەك.

**قوينىڭ قوزىسىدەك** ئىنتايىن ياۋاش، بەك مۇلايىم: — قوينىڭ قوزىسىدەك بىر ئادەمنى مەسخىرە قىلىشتىن ئۇيالماسلەر؟ — دېدى مامۇت خىجالەتچىلىك ئىچىدە يۈكۈنۈپ ئولتۇرغان سىيىتنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

**قوي يىلى** <ئاستر> ئون ئىككى مۇچەلنىڭ سەككىزىنچىسى، يەنى مۇچەل يىل ھېسابىدىكى سەككىزىنچى يىل.

**قويانجىن** ئى <بوت> لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆۋىدىن شاخلىنىدۇ، قاتتىق كېلىدۇ، يۇمران ۋاقتىدا تۈكلەر بىلەن قاپلىنىدۇ. يوپۇرمىقى تۇمۇنە شەكىللىك، تىكەنلىك ئۇچى بولىدۇ. قىسقا باشاقسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدا ئۆسىدۇ. قۇرغاق جايلاردا ياشايدۇ. ياش ۋاقتىدا قوي، تۆگىلەرگە يەم ئورنىدا بېرىشكە بولىدۇ.

**قوي-پوي** ئومۇمەن چوڭ-كىچىك قوي: — رەھمەت ئۇستام، — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — ئاشلىق-پاشلىق، قوي-پوي لازىم بولسا دېسىلە، مەن ئەكىلىپ بېرىمەن.

**قويچى** ئى ① مەخسۇس يايلاق ياكى قىشلاقلاردا قوي بېقىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى، مالچى: ئۇ سالى قويچىنىڭ قارىسىنى كۆرۈپلا، دەرۋازىنى ئېتىپ ئۆيىگە كىرىۋالدى. ② مەخسۇس قوي ئېلىپ-سېتىش ئارقىلىق تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى، قوي سودىگىرى.

**قويچىلىق** ئى ① قوي بېقىش ئىشى، قوي بېقىش پائالىيىتى. ② مەخسۇس قوي ئېلىپ-سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، قوي سودىگەرلىكى.

**قويدۇرماق** «قويماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ھاكىمنىڭ قولىنى قويدۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھېلىقى ھۆججەتنى ئېلىپ ھاكىم ئىشخانىسىغا كىردى.

**قويدۇرۇلماق** «قويدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قويغان-تۇتقان** قولىغا ئېلىپ تۇتقان ۋە بىرەر جايغا قويۇپ قويغان نەرسە: ئۇ مۇشۇ كۈنلەردە قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

**قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەسلىك** ئۆزىنى باشقۇرالماي قېلىش: ئالجىپ قالاي دەپتۇ، قويغان-تۇتقىنىنى بىلمەيدۇ.

**قويكۆز** ئى [قوي+كۆز] ← **قويكۆز ئوت**.

**قويكۆز ئوت** <بوت> كۆك مارال

ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان
غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى گۆشلۈك،
شىرنىلىك، قېلىن ھەم ئۇزۇن، گۈلى
ئاق ۋە ئومۇم گۈل رېتىدە كېلىدۇ.
تاغلاردا، قورام تاشلارنىڭ ئارىلىرىدا
ياكى شېغىللىقلاردا ئۆسىدۇ.

**قويما** ئى. ئاتقا ئارتىلغان رەسمىي يۈكنىڭ
ئۈستىگە قويۇلىدىغان يەم-خەشەك
ياكى باشقا نەرسىلەر.

**قويماق** پ ① قولىدىكى نەرسىنى (ئومۇ-
مەن كۆتۈرۈۋالغان نەرسىنى) بىرەر
جايغا ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق:
بوۋاي قويغىنىنى بىلمەس، موماي تويغىنىنى
بىلمەس (ماقال). * ئۇ دۇدۇقلاپ خاتىرە
دەپتەرنى جايغا قويدى. * ئۇ بالىنى ئاۋايلاپ
يەرگە قويۇپ، دەرۋازىۋەن بوۋاينىڭ يېنىغا
باردى. ② بىرەر جاي ياكى نەرسىنىڭ
ئۈستىگە تىرەپ، تاقاپ، قوندۇرۇپ
ئورۇنلاشتۇرماق، جايلاشتۇرماق: ئۇ
بېشىنى يەرگە قويۇپلا ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. *
ئۇ گەپ قىلماستىن ئابلىزنىڭ كۆكسىگە بېشىنى
قويدى ۋە پۈتۈن ئىنتىزارلىقىنى، دەرد-ئەلىمىنى
كۆز يېشى ئارقىلىق ئىزھار قىلدى. ③
پايدىلىنىش ئۈچۈن بىرەر نەرسە بەرمەك:
ئۇ ھەر قېتىم مائاشىنى ئالغاندا، مەلۇم
نىسبەتتە قېرىلارنىڭ ئالدىغا قوياتتى. * ئۇ
ئىشكاپتىن ياڭاق مېغىزى، ھەسەل ئېلىپ
مېھمانلارنىڭ ئالدىغا قويدى. ④ قۇرماق،
سالماق؛ ئورناتماق، ئورۇنلاشتۇرماق:
بىر ئىشىك قويۇش ئۈچۈن ئون ئىشىك كۆر
(ماقال). * ئۇ چاغدا مەن ئەخمەتنىڭ
دېرىزىلىرىگە ئەينەك قويۇۋاتاتتىم. * —
ھېچ ۋەقەسى يوق، — دەپتۇ سۇلتان، —
تۆۋرۈكنى مەن ئۆزۈم قويۇپ بېرىمەن. *
شۇ قىسقا ئۆمرۈمدە كۆردۈم كۆپ ئىشنى،
باھار، ياز ۋە بەزى زىمىستان قىشنى. سەن
ماڭا قايتىدىن قىلغاچ جان ئاتا، قويدۇم چىك
ئۆمرۈمنىڭ ئۆلىغا خىشنى. ⑤ ئۆز يېنىدا
ئېلىپ كەتمەي بىرەر جايدا قالدۇرماق،
بىركىمنىڭ ساقلاپ بېرىشىگە ياكى قاراپ
قويۇشىغا تاپشۇرماق: تويغا بارساڭ تويۇپ
بار، بەش بالاڭنى قويۇپ بار (ماقال). *
ئوغرى بولساڭ ئىنساپ بىلەن بول، تاۋىقىنى
ئالساڭ، قوشۇقىنى قوي (ماقال). * — ئۇنداق
بولسا پۇلىڭىزنى قويۇپ كېتىڭ، — دېدى
چېھرىگۈل رىشتىكە. * تاپساق ئەگەر بىر
موچەن، بەش پۇڭ يا بىر پۇڭ. قويدۇق
ئۇنى بانكىغا، دېمەي ئۇششاق-چوڭ. ⑥
قولىدىن، ئىلكىدىن، ئىختىيارىدىن چىقار-
ماق، بوشاتماق، ئەركىن قىلماق؛
تاشلىماق، تەرك ئەتمەك، ۋاز كەچمەك:
يىقىلغان چېلىشقا تويماس، بەتنىيەت خۇيىنى
قويماس (ماقال). * ھېلىقى بوۋاي ئەمدى
ئەمەتنى قويۇپ، مېنى قوغلاشقا باشلىدى.
* ھازىرچە ئويۇن-تاماشىنى قويۇپ تۇرمساق
بولمايتتى. * بولدى قىلىڭ، تېلېفونغا چاقى-
رىۋەرسىڭىز ئۇلارنى ئىشتىن قويىسىز، بۇ
بولمايدۇ. ⑦ بولدى قىلماق، ئاياغلاشتۇر-
ماق، تۈگەتمەك؛ تاشلىماق، تەرك
ئەتمەك ياكى ۋاقتىنچە توختاتماق،
تۈگىتىپ تۇرماق (گەپ-سۆز، بايان--
چۈشەندۈرۈش ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققى-
دە): سىلەر «قاۋانلىقنى ئاچىمىز» دەيدى-
غان گەپنى قويۇڭلار، مەن يۇقىرىنىڭ دېگىنىنى
قىلىمەن، تېخى ھېلىلا ھۆججەت كۆردۈم. *
— قويۇڭا ئۇ گەپنى، — دېدى زەيتۈنەم
كۈلۈپ. * — چاقچىقىڭنى قوي، — دېدى
تاشۋاي، — مەن تېخى گۈلەختىكى چاغلىرىمنى
ئۇنتۇپ قالمىدىم. ⑧ بېرىش كېلىشتە
كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ، شۇ
ئىسىم ئىپادىلىگەن نەرسىنى يېيىش-ئىچىش-
كە دەۋەت قىلماق يەنى باقماق مەنىسىنى

بلدۇرىدۇ ( ئومۇمەن هايۋانلار ھەققد-
دە ) : ئۇلار ئۇلاغلارنى ئوتقا قويۇپ، ئۆزلىرى
ئارام ئېلىشقا ماڭغانىدى. ⑨ بىرەر ئىش-ھە-
رىكەتنى ئورۇنلاش ئۈچۈن ئىمكانىيەت
يارىتىپ بەرمەك، رۇخسەت قىلماق:
دېسە، دېگۈچە قويدۇم، كېسىپ يېگۈچە
قويدۇم (ماقال). * – بىردەم ئۇخلىۋالغىلى
قويساڭچۇ! – دېدى ئۇ يوتقاندىن بېشىنمۇ
چىقارماي زەردە بىلەن. * – ئورۇنسىز
كۈلمە! – دېدى ئۇ ۋارقىراپ تۇرۇپ، –
سەن تېخى نېمىنى كۆردۈڭ، كۈلۈشنى
ساڭا كىم قويۇپتۇ! ⑩ تىنچلىق، خاتىرجەم-
لىك بەرمەك: – چىقىپ كېتىڭ! –
تەكرارلىدى پەرىدە، – مېنى ئۆز ئىختىيارىمغا
قويۇڭ. * 60 يامبۇنى ئېلىپ، دارىن ئامبال
تويامدۇ؟ مايمخاننى ئۆلتۈرسە، خۇنى ئۇنى
قويامدۇ؟! ⑪ بەرمەك، باغلىماق،
قاراتماق، بېغىشلىماق (روھى-دۇنيا بىلەن
مۇناسىۋەتلىك بولغان نەرسىلەر ھەققد-
دە ) : هازىرچە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش،
پايدىلانغاندىمۇ كۆڭۈل قويۇپ پايدىلىنىش
لازىم. * سەن ھېلقى ئايشەم دېگەن
قىزغا مۇھەببەت قويمىغانسەن؟ * ئۆمىدىم
شولدۇر، باشقىچە ئەمەس، تىڭشا گېپىمنى
قويۇپ زەن-ھەۋەس. ⑫ مۇپتىلا قىلماق،
دۇچار قىلماق، يولۇقتۇرماق: – راست،
– دېدى تۆمۈر خەلپە، – سىلەرنى مۇشۇ
كۈنلەرگە قويغان مەن، مېنى جازالاڭلار.
* – بىكار مېنى گەپكە قويىلا، – دېدى
سۇلايمان، – قايتايلى! ⑬ مۇھاكىمە،
مۇنازىرە قاتارلىقلار ئۈچۈن ئېيتماق،
دېمەك، بايان قىلماق: ئۇلار مەسىلىنى
مۇشۇنداق قويدىمۇ؟ * مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم
سوئال قويدۇم: « ناۋادا رەقىب گۇناھسىز
بولۇپ قالسىچۇ؟» * ئۇ سەئىدكە ئارقا-
ئارقىدىن شۇنداق تەلەپنى قويۇۋەردى. ⑭

دەپنە قىلماق، كۆممەك:– ئاداش پۇلۇمنى
بېرىۋەتسەڭلار، – دېيىشىگە « مېيىت »
يەنە كۆزىنى يۇمۇۋېلىپتۇ. ئاخىرى پۇلدار:
– ئەمدى يەرلىككە قويۇۋېتەيلى، – دەپتۇ.
* مەن ئۆلسەم ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭ،
تاغ يولى يىراق كەلسە باغدا قويۇڭ. ⑮
بەلگىلىمەك، بەلگىلەپ، بەرمەك:
– سېنىڭ شۇنداق يۇقىرى باھا قويدىغانلىقىڭ-
نى بىلەتتىم، – دېدى ئۇ ئاموتقا. ⑯
كۆچمە. يۈكلىمەك، ئارتماق، تاڭماق
(ئەيىب، گۇناھ قاتارلىقلار ھەققىدە) :
– بۇ قانداق ئىش؟ ئۇلارنىڭ ساڭا قويغان
ئەيىبلىرى توغرىمۇ! – دەپ كەمبەغەلدىن
سوراپتۇ شاھ. * يار بولسۇن سەن ئۈچۈن
كەمتەر پەزىلەت، بولسىمۇ گەر سېنىڭ
ھۆسنۈڭ ئۆزگىچە. ئارتۇقچە تەمەننا قويما
ئۆزۈڭگە، بولغىن شان دېگىزى ئالدىدا
تامچە. ⑰ بىرەر ئىش، ۋەزىپىگە تەيىن-
لىمەك، بەلگىلىمەك: ئۇلار ئىككى قورچاق
ئەسكەرنى كۆزەتچىلىككە قويدى. * ئۇ باش
قوماندانىنىڭ بۇيرۇقى بىلەن بىرقىسىم پارتىز-
زانلارنى قاچماقچى بولغان پارچە-پۇرات
دۈشمەنلەرنى تۇتۇشقا قويغانىدى. ⑱
ئاتىماق،... دەپ بېكىتمەك (تۈرلۈك
نەرسىلەرنىڭ نام-ئىسمى ھەققىدە) :
ئۇ ئۈچىنچى ئوغلىغا «ئەركىن» دەپ ئات
قويدى. * – ئۆزلىرىگە « بازار باشقۇرۇش
خادىمى» دېگەن چىرايلىق نامنى قويۇۋالغان
قاراقچىلار ئىكەن. – دېدىم مەن ئاخىرىدا
غەزىپىمنى باسالماي. * مەن ھېكايەمگە
كۆپ ئويلىنىش ئارقىلىق « ئوقۇتقۇچى» دەپ
ماۋزۇ قويغانىدىم. ⑲ بىر تەرەپ قىلىشقا
تاپشۇرماق ياكى قالدۇرماق، ھاۋالە
قىلماق: – خوجانىياز پالۋانغا قويۇپ بەرسەك،
چيەن دارىننى ئاتقاندەك بېشىغا ئاتماي،
كۆزىگە ئېتىپ، قىسماق ئىشاندەك قىلىپ

قويارمكىن! – دېدى قاسىم قىزىق. * –
قېنى كۆزۈڭ بولسا تاللىۋال! ئۆزۈڭگە قويدۇم،
– دېدى ئۇ گەۋدىسىنى كېرىپ گىدىيىپ.
⑳ باشقىلار ئالدىدا نامايان قىلماق،
كۆرسەتمەك: ئۇ ئويۇننى قويماسلىق توغرىسى-
دا نادىر ئەپەندىگە ئاۋۋال تەكلىپ بەرگە-
نىدى. * كىنو قويغانلار مەھەللىدىن بۇنىڭ
ھەققىگە پۇل ئالدۇ. ㉑ يولىنى ئېچىپ
باشلاپ، بەلگىلىك دەرىجىدە يايماق،
يەتكۈزمەك، يوللىماق (سۇ قاتارلىقلار
ھەققىدە): سەھەر تۇرۇپ سۇ قويدۇق،
ئېتىزلىقتا – ماشلىقتا. بۇگۈنكى ھۇر دەۋردە،
گۈل ئېچىلدى تاشلىقتا. ㉒ ئۇرماق، سالماق،
تەگكۈزمەك: شېتىلە چۈننىڭ مېڭىسىنى
نىشانلاپ تۇرۇپ، راسا كەلتۈرۈپ بىرنى
قويۇپتۇ. * سادىر پېشانىسىگە بىرنى قويدى،
بۇ ئۇنىڭ ھەم خۇشاللىقى ھەم ئۆكۈنۈشى
ئىدى. ㉓ ھېسابلىماق، دەپ بىلمەك،
كىرگۈزمەك، سانىماق: مەن ئەمدى
ئۆزۈمنى يارامىلىق ئادەملەر قاتارىغا دادىل
قويالايمەن. * ئۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى چوڭ
ئادەملەر قاتارىغا قويىدىغان بولۇشتى. ㉔
ئۆستۈرمەك (چاچ، ساقال، تىرناق
قاتارلىقلار ھەققىدە): گۈلشات ئۇزۇن چاچ
قويۇۋالغانىدى، ئۇنىڭ دوستلىرى قانچە قىلىپمۇ
ئۇنى چېچىنى كەستۈرۈۋېتىشكە ماقۇل كەلتۈ-
رەلمىدى. * ئۇ ھېلىقى ئىنچىكە بۇرۇت
قويۇۋالغان ئېگىز يىگىتكە ھومايدى. ㉕
تىكمەك (كۆچەت قاتارلىقلار ھەققىدە):
ئېرىق-ئۆستەڭ بويىدا، يېڭى قويغان جىرىم
بار. ۋەتىنىمگە قەلبىمدە، ئوتلۇق سۆيگۈ-مېھرىم
بار. ㉖ باسماق، ئالماق، تاشلىماق
(قەدەم، ئاياغ ھەققىدە): – قېنى،
قەدەملىرىنى قويسىلا، بىر گەپ بولار، –
دېدى ئۇ بوۋايغا قول باغلاپ تۇرۇپ. ㉗
بەلگە سالماق؛ يازماق، سىزماق؛
باسماق: ساجىدەم «ا» نىڭ ئۇڭ تەرە-
پىگە نۆلدىن بىرنى قويۇپ زەپەرگە قارىدى.
* – ئۇنداقتا مۇشۇ يەردىلا توختام تۈزەيلى،
زاۋۇت باشلىقى بىلەن ئاكام بىردەك ئىمزاسىنى
قويسۇن، قانداق؟ – دېدى ئۇ جىددىي
تەلەپپۇزدا. ㉘ تۇتاشتۇرۇپ ئۇلغايتماق،
پەيدا قىلماق (ئوت ھەققىدە): پارتىزانلار
پوتەينى ئوت قويۇپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ㉙
ئىشقا سالماق، ھەرىكەتكە كەلتۈرمەك
(ئومۇمەن ئېلېكتر كۈچى بىلەن ھەرى-
كەتلىنىدىغان نەرسىلەر ھەققىدە):
رادىئونى قويماق. ئۈنئالغۇنى قويماق. ㉚
مەلۇم ئىشنى بېجىرىپ كېلىش ئۈچۈن
ئەۋەتمەك، ماڭدۇرماق، ئىشقا سالماق:
سىيىت ھاجى ئۇنىڭ قىزىغا ئەلچى قويغانىدى.
* ئۇلار ئارىغا ئادەم قويۇپمۇ ئەپلىشەلمىدى.
㉛ سۈرتمەك، سۈركىمەك، سۈۋىماق
(ئوسما، خېنە قاتارلىقلار ھەققىدە):
– ھە نېمە ئىش؟ – دېدى ئايال دەمدەك
ئوسما قويغان يۇپقا قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ.
㉜ ماقۇل بولماق، قوشۇلماق، ئۇنىماق،
خالىماق: — ئاپاڭ بۈگۈن سېنى ئەجەپ
ئوينىغىلى قويۇپتۇغۇ، — دېدىم مەن. *
ئاڭلىماي دېسەم قۇلىقىم بارئىكەن، سۆزلىمەي
دېسەم قويمايدۇ تىلىم. گاچا-دۆت بولۇپ
قالمىغىنىمغا. ئەجەب پۇشايمان يەيدۇ بۇ
دىلىم. ㉝ چۈشۈم كېلىشتە كەلگەن
ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى
سۆزلەر بىلەن بولۇشسىز شەكىلدە
كېلىپ «قالدۇرماي، تولۇق، تەپسىلىي،
ئالا تاشلىماي» دېگەندەك مەنىلەرنى
بىلدۈرىدۇ: بىز ئەمدى دەردىمىزنى شېجاڭغا
قويماي ئېيتىمىز-دە، بۇنداق پۇرسەت تەستە
كېلىدۇ. ㉞ بەزى سۈپەتلەر بىلەن
بىرىكىپ كېلىپ، مەلۇم بىرنەرسىنى
شۇ سۈپەتتىن ئاگلىنىدىغان ھالەتكە

چۈشۈرۈش ياكى شۇ ھالەتتە قالدۇرۇش-
نى ئىپادىلەيدۇ: ھەممە ئەيىب ئۆزۈمدە،
مەن ماڭا تەگكەن يەرنى تېرىماي ئاق
تاشلاپ، قورساقنى ئاچ قويدۇم. ㉟ بولۇشسىز
پېئىلدىن كېيىن بولۇشسىز شەكىلدە
كېلىپ، ئالدىدىكى پېئىل ئىپادىلىگەن
ھەرىكەتنى ئورۇنلىمىسا، بېجىرمىسە
بولمايدىغانلىقنى ئىپادىلەيدۇ: — مەكتەپ-
كە بارماي قويما! — دېدى ئۇ ئوغلىغا
تەھدىت تەلەپپۇزى بىلەن. ㊱ ئۆتۈملۈك
ۋە قىسمەن ئۆتۈمسىز پېئىللارنىڭ «-پ،
-ىپ، -ۇپ، -ۈپ» قوشۇمچىسى
ئارقىلىق ياسالغان رەۋىشداش شەكلى
بىلەن بىرىكىپ، تۆۋەندىكىدەك تۈس
مەنىلىرىنى ئىپادىلەيدۇ: 1) رەۋىشداش
ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تولۇق ئورۇن-
لىنىشىنى، تۈگەللىنىشىنى بىلدۈرىدۇ:
بوۋاي ئاۋۋال ئىككى چوڭ ئوغلىنى، ئاندىن
كىچىك ئوغلىنى ئۆيلەپ قويدى. * ھوشۇر
ئاكام ئاتتىن چۈشۈپ ھېلىقى قاپقاننى يەنە
بۇرۇنقىدەكلا ئۆز ئورنىغا قويۇپ قويدى. 2)
رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ
تاسادىپىي، ئەپسۇسلىنارلىق، ئېچىنىشلىق
ھالەتتە يۈز بەرگەنلىكىنى، تاماملىنىپ
قالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئۆزۈڭىز كۆردىڭىز،
قاراپ تۇرۇپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ
قويدۇق. * — كەچۈرسىلە پادىشاھى ئالەم،
— دەپتۇ توشقان، — جانابلىرىنى ساقلىتىپ
قويدۇم. 3) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن
ھەرىكەتنىڭ مەلۇم بىر ئىش ئۈچۈن
ئالدىدىن ئورۇنلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ: مەن
بۇ ئىشقا بېلىمنى باغلاپ قويدۇم. * — بىلىپ
قوي، سەن بىر ئۆلۈك قۇشقاچ، — دېدى
زاپخوز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن ئالدىغا ئېتىلىپ.
4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت-
نىڭ رەسمىيەتچىلىك ئۈچۈنلا ياكى
سۇس، ئېتىبارسىز، ئاستا ھالەتتە ۋە
ياكى ناھايىتى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە
مۇنداقلا، خۇش ياقماسلىق بىلەن
ئورۇنلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: — ئەمدى
ئاتا-ئاناڭدىن رۇخسەت ئالساق، مېنىڭ
ئاتا-ئانامنىڭ ئالدىغا بېرىپ قويساق، —
دېدى ئۇ مەلىكىگە مەسلىھەت سېلىپ. *
ھاكىم دىمىغىنى قىرىپ، تۇمشۇقىنى تولغاپ
قويدى. ㊲ بەزى پېئىللارنىڭ «ي»
بىلەن ئاخىرلاشقان بولۇشسىز رەۋىشداش
شەكلى بىلەن بىرىكىپ، بولۇشسىز
ھەرىكەتكە قەتئىيلىك تۈسىنى كىرگۈزى-
دۇ: سىلەرنىڭ قارشىڭلار، مۇشۇنداقلا
بولىدىغان بولسا، ئۇ ھالدا بىز بىلەن
مۇنازىرىلەشمەيلا قويۇڭلار. * خەۋىرىڭىز
بار، كېيىنكى كۈنلەردە مەن يېزىغا كەلمەي
قويدۇم. * مەن ھېلىقى كۈنى سەمەتنىڭ
قىلىقىنى كۆرۈپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ
يېنىغا زادىلا بارماي قويدۇم.

**قويلۇق** سۈپ. قويى بار، قويغا ئىگە: قويچى
مالاي مەنسەپپەرەس، ئاچكۆز بايدىن
قۇتۇلغىنىغا، كەنجى ئوغۇل 200 قويلۇق
بولغىنىغا خۇش بولۇپ خوشلىشىپ ئايرىلىپتۇ.

**قويۇپ** «قويماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى:
قويۇپ بەرمەك.

**قويۇپ بەرمەك** ① راكېتا، سۈنئىي
ھەمراھ، باشقۇرۇلىدىغان بومبا ۋە
ئېلېكتر دولقۇنى قاتارلىقلارنى بوشلۇققا
چىقارماق؛ ئارقاتماق. ② مەھبۇس،
ئۇچار قۇش قاتارلىقلارنى تۈرمىدىن،
قەپەستىن، باغلاقتىن بوشاتماق،
ئەركىنلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرمەك.
③ <خىم> تەركىبىدىكى ماددا ياكى
ئېنېرگىيىنى چىقارماق: ئاتوم قازىنى
ئۈنۈملۈك ھالدا ئاتوم ئېنېرگىيىسىنى قويۇپ
بېرەلەيدۇ. ④ ئارىلاشماي، ئۆز مەيلىگە،

ئىختىيارىغا تاشلاپ بەرمەك: – خوجنىياز پالۋانغا قويۇپ بەرسەك، چيەن دارىننى ئاتقاندەك، بېشىغا ئاتماي كۆزىگە ئېتىپ، قىسماق ئىشاندەك قىلىپ قويارمىكىن! – دېدى قاسىم قىزىق. ⑤ خوتۇنى بىلەن بولغان ئەر-ئاياللىق مۇناسىۋەتنى ئۈزمەك، نىكاھنى بىكار قىلماق، خېتىنى بەرمەك: ئۇ ئىككىنچى خوتۇنىنىمۇ قويۇپ بەرگەنىدى.

**قويۇپ بېرىش ئورنى** <ھەرب> ← **ئوت توچكىسى.**

**قويۇشماق** «قويماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ياشلارنىڭ ھەممىسى كەتمەنلىرىنى قويۇشۇپ، توپ مەيدانىغا يۈگۈرۈشتى. * بۇ سۆزنى ئاڭلىغان چوڭلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇشتى.

**قويۇق** سۈپ ① بەك بۇيۇق ئەمەس، سۇيى، سۇ تەركىبى نىسبەتەن ئاز؛ بەك تېز ئېقىپ كېتەلمەيدىغان: ئۇ قويۇق لاتقا ئۇران تەييارلاشقا مەسئۇل ئىدى. * قويۇق لاتقا سۇلار ئاقتى، بۇ تازا ئەتىياز ۋاقتى. ② سۈپ. بىر-بىرىگە يېقىن، زىچ جايلاشقان، زىچ، «شالاڭ» نىڭ ئەكسى: ئۇنىڭ بۇغداي ئۆكلۈك يۈزى نۇرلىنىپ، قويۇق قوشۇما قاشلىرى سەكرەپ، ئۇزۇن كىرپىكلىك چوڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. * ئۇلار ئىككىسى بۆككىدە ئۆسۈپ كەتكەن قويۇق شاخلار ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋال-دى. // بىز قويۇق ئۆسكەن ئالمىلىقتىن ئۆتۈپ، چوڭ بىر ھويلىغا كىردۇق. ③ سۈپ. قېنىق، توق (رەڭ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار ھەققىدە): ئۇ بۇ ماقالىنى ئۆز قولى بىلەن قويۇق قارا سىياھىدا، گېزىت ئۈچۈن يېزىپ بەرگەنىدى. * بۇ ئاۋازلار كەنتنىڭ شەرقىنى قاپلاپ ياتقان قويۇق قاراڭغۇلۇق ئىچىدىن چىقىۋاتاتتى. ④ سۈپ. كۆچمە. جانلىق توس ئالغان، مەزمۇنغا باي، كۆچلۈك، مول: زۇنۇن قادىر ئەسەرلىرى ئىنتايىن قويۇق تۇرمۇش پۇرىقىغا ئىگە بولغاچقا، كۆپلىگەن كىتابخانلار ئۇنى سۆيۈپ ئوقۇيدۇ. * ئۇنىڭ شېئىرلىرى قويۇق مىللىي ئالاھىدىلىككە ئىگە. ⑤ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى يېقىن، قىزغىن، زىچ (مۇناسىۋەت-ئالاقە ھەققىدە): ئەزىمەت بىلەن مىرزىنىڭ مۇناسىۋىتى بەكمۇ قويۇق، يېقىن دوستلاردىن ئىدى. * ئۇ چاغلاردا بۇ ئىككى ئائىلە قويۇق بېرىش-كې-لىش قىلىشىپ تۇراتتى. ⑥ رەۋ. كۆچمە. كۆچلۈك ھالدا، قىزغىنلىق بىلەن، ئاكتىپ-لىق بىلەن، زىچ ھالدا: شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتە قويۇق ئۆگىنىش كەيپىياتى شەكىل-لەندى. * قىسىم ئىچىدە ئۆزئارا ئۆگىنىدىغان، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئۆزئارا ياردەم بېرىدىغان ياخشى كەيپىيات قويۇق ئەۋج ئالدى.

**قويۇقئاش** ئى [قويۇق+ئاش] ← **پولۇ.**

**قويۇق-سۇيۇق** قويۇق ۋە سۇيۇق: جالالنىڭ ئائىلىسىدە ئۈزۈلمەي بولۇپ تۇرىدىغان قويۇق-سۇيۇق زىياپەتلەردە مېھمانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

**قويۇقلانغۇچى** ئى <تب> دورىغا قوشۇلغان-دىن كېيىن، دورىنى مەلۇم شەكىل ياكى مەلۇم قويۇقلۇققا ئىگە قىلىدىغان ماددا. مەسىلەن، ھەسەل، كىراخمال قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قويۇقلانماق** «قويۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەينى چاغدىكى كىشىلەر ئادەتتە قاشنى قارايتىش ۋە قويۇقلىتىش ئۈچۈنمۇ ئاشۇ «ياغلىققارا» نى ئىشلەتكەن.

**قويۇقلاشتۇرماق** «قويۇقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنى چۈشىنىپ، ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈشۈپ، مۇناسىۋەتنى كۈندىن كۈنگە قويۇقلاشتۇردى.

**قويۇقلاشتۇرۇلغان** «قويۇقلاشتۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قويۇقلاشتۇرۇلغان ئۇران.

**قويۇقلاشتۇرۇلغان ئۇران** <خىم> ئىزوتوپ بىلەن پارچىلاش ئۇسۇلى ئارقىلىق ئېلىنغان بىر خىل ئۇران (**U**).

**قويۇقلاشتۇرۇلماق** « قويۇقلاشتۇرماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرقانچە كۈن ھەرىكەت قىلىش ئارقىلىق كۆچەتلەرنىڭ بەك شالاڭ يەرلىرى قويۇقلاشتۇرۇلدى.

**قويۇقلاشماق** پ ① قويۇق، زىچ ھالەتكە كەلمەك؛ قويۇلماق: توك تېشىلگەندىن كېيىن سۇيۇلۇپ ئۇماچتەك بولۇپ كەتكەن لاي بىرەر ئايغىچە ئات-ھارۋىلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن چولتۇكلاپ، پىشىپ، 4- ئاينىڭ ئىچىدە قويۇقلىشىپ، يۇمشاق قارا مومدەك بولۇپ قالاتتى. * ئالما شاخلىرى يىلسېرى قويۇقلىشىپ، باغ ئىچىنى سايە باسماقتا ئىدى. ② توققا مايىللاشماق، توق ياكى توقراق تۈس ئالماق؛ قارايماق: شەرق تەرەپتىكى قىزغۇچ، سارغۇچ رەڭ بارغانسېرى قويۇقلاشتى. * قاراڭغۇ تىخىمۇ قويۇقلاشتى. ③ كۆچمە. جانلىق تۈس ئالماق، جانلانماق؛ كۈچەيمەك: ۋىلايەت بويىچە ئىلمىي ئۇسۇلدا تېرىقچىلىق قىلىش ھاۋاسى قويۇقلىشىپ، دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن ئىلغار تېخنىكىنى ئۆگەنمەكتە. * ئۇلار بۇرۇنقىغا ئوخشاشلا كۆزلىرىنى چەكچەيتىشىپ، كوچىلاردا تىمسىقلاپ يۈرۈشەتتى، بۇ ھال ھامان كىشىلەرگە ئۇلارنىڭ مۇشۇ خىل ئەھۋال ئاستىدىكى كونا نەيرەڭلىرىنى ئەسلىتىپ قوياتتى-دە، ۋەھىمە يەنە قويۇقلىشىپ كېتەتتى. ④ كۆچمە. كۆپەيمەك: ئۇلارنىڭ ئۇۋىسى ئىككى يەردە. بىرى، ساۋۇتنىڭ ئۆيى؛ يەنە بىرى، تىكەنبەگنىڭ ئۆيى. يېقىندىن بېرى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرى قويۇقلاشتى. * دۆلەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىشتا ئۆزئارا ياردەملىشىشكە ئەگىشىپ، كۆڭۈلدىكى ئەزالىرى ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتمۇ كۈندىن-كۈنگە قويۇقلاشتى.

**قويۇقلاندۇرماق** « قويۇقلانماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قويۇقلانماق** « قويۇقلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قويۇقلۇق** I « قويۇق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قويۇقلۇق دەرىجىسى** <خىم> بىرلىك ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ مىقدارى شۇ ئېرىتمىنىڭ قويۇقلۇقى بولىدۇ. ئېرىگۈچىنىڭ مىقدارى قانچە كۆپ بولسا، قويۇقلۇقىمۇ شۇنچە يۇقىرى بولىدۇ. ئادەتتە بىرلىك ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچىنىڭ ئېغىرلىق پىرسەنتى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ.

**قويۇقلۇق** II سۈپ. قويۇپ قويۇلغان، قويۇلغان: پوتەينىڭ ئىچىدە مەش قويۇقلۇق، تاش كۆمۈرنىڭ تەپتىدىن قىپقىزىل بولۇپ كەتكەن. * داستىخاندا — سۈپىنىڭ گىرۋىكىدە ھېلىلا قىزىق ئوتتىن ئېلىنغان، ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر كورا سۈت قويۇقلۇق ئىدى.

**قويۇقلىماق** پ. قويۇق ھالەتكە كەلمەك، قويۇق بولماق، قويۇقلاشماق.

**قويۇلدۇرماق** « قويۇلماق II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قويۇلماق** I « قويماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: لېگەننىڭ ئۈستىگە ھورى چىقىپ تۇرغان ئات گۆشى قويۇلغانىدى. * ھويلىغا تۇرلۇك مېۋىلىك دەرەخلەر قويۇلغانىدى.

**قويۇلماق** II پ. قويۇق ھالەتكە كەلمەك، قويۇق بولماق: ئەنە شۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قان قويۇلۇپ قېلىپ، قان ئېقىمى ئاستىلاپ ئەمەلىي قان ئايلىنىش مىقدارى ئازىيىپ كەتكەن.

**قويۇن** (**قوينى**) ئى ① بەدەننىڭ كۆكرەك ۋە ئۇنى يېپىپ تۇرغان كىيىم ئارىسىدىكى جايى: ئۇ مىنى كۆرۈپلا بىرنەرسىنى دەرھال قوينىغا سالدى. ② كۆچمە. قۇچاق، باغىر؛ ئۆزگە تەۋە

دائىرە، زېمىن: رۇقىيە يۈگۈرۈپ بېرىپ ئاپىسىنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى. * تاۋلىدىك مېھنەت قۇياشىنىڭ قوينىدا ھەردەم مېنى. كۈچ-مەدەت بولدۇڭ سەپەردە ھەر قەدەم باسقاندا مەن.

**قوينىدا ياتماق** قۇچىقىدا، باغرىدا ياتماق ياكى يېنىدا ياتماق: يامانىنىڭ قوينىدا ياتقۇچە، ياخشىنىڭ ئايىغىدا ئۆل (ماقال).

**قوينىغا ئالماق** ① ئۆز قېتىغا ئالماق، ئۆز دائىرىسىگە ئېلىپ كىرمەك: تاھىر دەرلەر نامىم قالدى، پىغان بىرلە زارىم قالدى. ئەجەل مېنى قوينىغا ئالدى، ئارمان بىلەن ئۆلدۈم ئەمدى. ② ئۆز ياردىمىگە، ھىمايىسىگە، پاناھىغا ئالماق، پاناھىغا ئېلىپ ھىمايە قىلماق: ئۇلار مېنى قوينىغا ئېلىپ، ئۆيلۈك-ئوچاقلىقمۇ قىلىپ قويدى.

**قوينىغا قول سالماق** بىركىمنىڭ بىرەر ئىش توغرىسىدىكى نىيەت-مەقسىتى ياكى كۆز-قارىشىنى ئۇنىڭ قىلىق-ھەرىكەتلىرى ئارقىلىق ياكى ئۇنى سۆزلىتىش، ھەرىكەتلەندۈرۈش ئارقىلىق بىلمەك، تومۇرىنى تۇتماق: ئۇلار بەك قورقۇپمۇ كەتمىدى، چۈنكى بۇ ئىككى ئەرباب خاننىڭ قوينىغا قول سېلىپ، ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ قانداق سوقۇۋاتقانلىقىنى پەملىۋېلىشقانىدى.

**قوينىغا كىرمەك** بىراۋنىڭ پاناھى ئاستىغا كىرمەك، ھىمايىسىگە ئېرىشمەك: ئۇ بۆلارنىڭ قوينىغا كىرگەندىن كېيىن، خارلىقتىن قۇتۇلۇپ، ئۆز ئەمگىكى بىلەن ئۆزىنى كەڭتاشا باقالايدىغان بولۇپ قالدى.

**قوينىغا ئۆزىنى ئاتماق** پۈتۈنلەي شۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كەتمەك، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق-چاپاق بولۇپ كەتمەك: ئۇ بىزگە ۋاپاسىزلىق قىلىپ، باشقا ئادەمنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتسۇنۇ، بىز يەنىلا ئۇنى ئۇنتۇيالماي، ئۇنىڭ غېمىنى يەپ يۈرىمىزمۇ؟!

**قوينىغا ئېتىلماق** ← **قوينىغا ئۆزىنى ئاتماق**: ئۇ ھېرىپ-ئېچىپ بارغان بويىچە گېتلېرنىڭ قوينىغا ئېتىلدى.

**قوينى كەڭ** ① ئىگىلىگەن ئورنى، دائىرىسى ناھايىتى چوڭ؛ نۇرغۇن نەرسە سىغىدىغان: كېلىۋېرىڭلار، يۇرتىمىزنىڭ قوينى كەڭ. ② سېخىي، ئىشكى ھەممە ئۇچۇن ئوچۇق: ئەگەر ئاچ كىرسە توق چىقتى، يالىڭاچ تونلۇق ھويلاڭدىن، جاھاندا بارمۇ سەندەك كەڭ قويۇن، چوڭ داستىخان يۇرتۇم.

**قويۇن ئاچماق** قارشى ئالىدىغانلىقىنى، ئالقىشلايدىغانلىقىنى ئىپادىلىمەك؛ قۇچاق ئاچماق، قارشى ئالماق: مانا ئەمدى گۈلزار تاغ، ماڭا ئاچتى كەڭ قويۇن. شۇ چىمەنگە ئىگە بىز، ياتلار سوزالماس بويۇن.

**قويۇن دەپتەر** داۋاملىق يانىدا ئېلىپ يۈرىدىغان، كىچىك خاتىرە دەپتەر: ئەسئەت خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، قويۇن دەپتىرىنى ئاچتى. دەپتەرنىڭ بىرىنچى بېتىدە قىزنىڭ سۈرىتى بار ئىدى.

**قويۇن سائىتى** ← **يانچۇق سائىتى**: ئۇ قويۇن سائىتىنى ئېلىپ قارىۋىدى، توپتوغرا ئىككى بولۇپتۇ.

**قويۇن يانچۇق** ← **ئىچ يانچۇق**.

**قويۇۋەتمەك** پ ① نىكاھتىن ئاجراشماق، خېتىنى بەرمەك: شۇجىنىڭ بۇ خوتۇنىنى قويۇۋەتكۈسى كەلمەيتتى. * سادىر «ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ» دېگەندەك قىلىپ، ئۈچ بالىنى يېتىم قىلىپ خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. ② ئازاد قىلماق؛ ئۆز خاھىشى، ئىختىيارى، ئەركىنلىكىنى بەرمەك؛ ئۆز مەيلىگە، ئىختىيارىغا يول بەرمەك: سۇنى قويۇۋەتمەك. ئاتنى قويۇۋەتمەك. قولىنى قويۇۋەتمەك. * — مېنى قويۇۋەت، ئۆلتۈرۈۋېتىمەن! — دەپ ۋارقىرايتتى ئۇ كۈچ بىلەن يۇلقۇنۇپ.

**قۇببا** (توغرىسى: قۇببە) ← **قۇببە**.

**قۇببە** ئى [ئە] ① مەسچىت ۋە بەزى ئىمارەتلەرنىڭ ئۈگزىسىگە ئورنىتىلىدىغان يېرىم شار شەكلىدىكى گۈمبەز: مەسچىتنىڭ قۇببىسى. بىنانىڭ قۇببىسى. * شىپاخانا بىناسىنىڭ ئاسمانغا بوي سوزغان ھەيۋەتلىك قۇببىسى كېچە قاراڭغۇسىدا خىرە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * ئۇلارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن بەيتۇللا مەسچىتىنىڭ قۇببىسىدا چېلىنىۋاتقان جاراڭلىق ناغرىلارمۇ پەدىسىنى يېڭى مۇقامغا يۆتكىدى. ② تۇرلۇك نەرسە ۋە بۇيۇملارنىڭ شارسىمان ياكى يېرىم شارسىمان بېزىكى: ئىشىكنىڭ قۇببىسى. كارىۋاتنىڭ قۇببىسى. * ئىشىك-دېرىزىلىرىنىڭ ئۈستىنى ياي شەكىللىك، قوش قوۋۇقلۇق قىلدى. ئىشىك بېشىغا قۇببە ئەگدۇردى.

**قۇببىچە** ئى. كىچىك قۇببە: ئېگىزدىن پەسكە سەكرەپ چۈشىدۇ سۇ، ياساپ سانسىز كۆمۈش رەڭ قۇببىچە ئۇ.

**قۇببىلىق** سۈپ. قۇببىسى بار، قۇببە چىقىرىلغان، قۇببە ئورنىتىلغان: ئۇ يولنىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى پوقاق قارىياغاچقا ۋە ئۇنىڭ ئالدىدىكى قۇببىلىق ئىشىككە ئۇزاق قاراپتتى، ئىشىك ھەر قېتىم غىچىرلاپ ئېچىلسا، ئۇنىڭ يۈرىكىمۇ گۈپۈلدەيتتى. * ئىككى قۇببىلىق دەرۋازا ئالدىدىن بازارغا ئۇدۇل بارغىلى بولىدىغان چوڭ يول ئۆتىدۇ.

**قۇپقۇرۇق** سۈپ. ئىچىدە ياكى ئۈستىدە ھېچنېمە يوق: ئۇنىڭ قولى قۇپقۇرۇق تۇرغانلىقىنى كۆرگەن ئايشەمگۈل ئەيىبلەش نەزىرى بىلەن ئېرىنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراپ قويۇپ ئىشنى داۋام قىلدۇردى. * ئۆي قۇپقۇرۇق، ئوچاقنىڭ كۈلى توزىغان، بىر بۇلۇڭدا چۇۋۇلغان بورا پارچىلىرى چېچىلىپ ياتاتتى.

**قۇت** ئى. كونا. بەخت، تەلەي؛ بايلىق: — ھە، كاتتا كىشىنىڭ تويى ئىكەن، تەڭرى قۇت بەرگەي، — دېدى بارىستچى ئايال. * چىلك قۇچاقلاپ مۇردىنى پەرھات، خوپ يىغلاتتى يىغلىغان يۇرتنى، شەپقەتى يوق قىسمەت ئۇنىڭدىن، تارتىۋالدى ئاخىرقى قۇتنى.

**قۇتا** ئى. ئىچىگە بىرنەرسە قاچىلاش ئۈچۈن، قەلەي، تۆمۈر، ئەينەك، سۇلياۋ ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن ئىشلىنىدىغان قاچا: تاماكا قۇتىسى. دورا قۇتىسى. شىشە قۇتا. * مەن ئۇنىڭغا 50 تەڭگىلىك ئەتىرنى قۇتىسى بىلەن تۇتقۇزدۇم. * ھاۋا ھاۋاغا ئوخشاش، بۇلۇت نېمىگە ئوخشاش، كىچىكىڭدە تۇتقان يار، شىشە قۇتىغا ئوخشاش.

**قۇتاتماق** پ ① «قۇتىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغرى بۇنى بىزگە قۇتاتمايدۇ. * ياشلىقنىڭ خەزىنىسى بىلىمدۇر، پەندۇر، ئۇنىڭدىن ئايرىلغان ياشلىق قۇتاتماس. ياشلىقنىڭ شەرىپى-شانى ۋەتەندۇر، جان تىكىپ ۋەتەنگە ياشاش بۇ مىراس. ② بەخت-تەلەي ئاتا قىلماق، بەختلىك بولماق: — ئەدگۇ، ئەدگۇ، — دېدى ئانا كېيىن سۇتۇقا قاراپ، — بالام بۇ سۆز يادىڭدا بولسۇن. ئەتە ئۈچۈن ياشاڭ، ئوردۇ سىزگە قۇتاتقاي، سىز بودۇنغا قۇتاتقايسىز، — دېدى.

**قۇتچىلىق** ئى. قۇت، بەخت-تەلىيى كۆپ؛ بايلىقى مول بولغان ھالەت: تاختاينىڭ قىزىل بېتىدە كونا ھۆسنىخەت بىلەن يېزىلغان «دۆلەت شاپائەتلىك، ئۆيدە قۇتچىلىق، ئادەملەر ئۆمۈرلۈك، يىللار مولچىلىق» دېگەن سۆزلەر كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**قۇتراتقۇ** ① ئى. قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان كىشى: ۋىلايەتلىك ساقچى ئىدارىسى بىلەن 5-ئاتلىقلار پولكىغا باش كاتىپ ئارقىلىق

قۇتراتقۇلارنى تېز تېپىپ، تېز جازالاش توغرىسىدا ھايالسىز بۇيرۇق ئەۋەتىلدى. ② سۆپ. قۇترىتىش رولىنى ئوينايدىغان، قۇتراتقۇلۇق قىلىدىغان: بۈگۈن شەھەردە شۇنچە چوڭ ئىش يۈز بەردى. پىرقىنى، ھۆكۈمەتنى ھاقارەتلىگۈچى قۇتراتقۇ ۋەرەقىلەر چاپلاندى. * ئۇ ئۆزىنىڭ ھەدېسلا ئىنقىلاب، قوزغال، كۆرەش، چېلىش، ئويغان دېگەنگە ئوخشاش قۇتراتقۇ شېئىرلىرىنى گېزىتكە توختىماي بېسىپ كەلدى.

**قۇتراتقۇچى** ئى. باشقىلارنى قۇترىتىدىغان، كىشىلەر ئارىسىدا قۇتراتقۇلۇق قىلغان ئادەم: — بۇ ۋەقەنىڭ جەزمەن قۇتراتقۇچىلىرىنى تېپىش كېرەك، — دېدى ساقچى باشلىقى.

**قۇتراتقۇلۇق** ئى. كىشىلەرنى قۇترىتىش ۋە شۇ ئارقىلىق نىشانلىغان ئىش-ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا ئۈندەش ئىشى: قۇتراتقۇلۇق قىلماق. * دۈشمەننىڭ قۇتراتقۇلۇقىدىن قاتتىق ھوشيار بولۇشىمىز كېرەك. * ئۇ «تۆمۈر مۇجاڭ دېگەن ئادەم بەش شەھەر، 12 تاغنى ئارىلاپ يۈرۈپ چىڭ گاڭ خوجامنىڭ ئۈستىدىن بولمىغۇر گەپلەرنى تارقىتىپ، قۇتراتقۇلۇق قىلىپ يۈرگۈدەك» دەپ ئاڭلاپتۇ.

**قۇتراتماق** «قۇترىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جەڭچىلەر گۈلخان ئەتراپىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشاتتى، ئەخمەت گۈلخانلارنىڭ بىرىگە پات-پات ئوتۇن تاشلاپ قويۇپ يانپاشلاپ ياتاتتى. شەيتىنىم ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىشقا قۇترىتاتتى. * گومىنداڭ ھۆكۈمىتى ئوسماننى قورال-ياراغ، ئوق-دورا ۋە باشقا زۆرۈر ھەربىي ئەشيالار بىلەن تەمىنلەپ، ئۇنى ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىي ھاكىمىيىتىگە قارشى قوراللىق توپىلاڭ كۆتۈرۈشكە قۇتراتتى.

**قۇتراشماق** «قۇترىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇتراشقان ھالدا بەش-ئالتە تاغارنى ئوتتۇرىغا ئېلىپ چىقىپ تۆكتى-دە، ئوت ياقتى. * بايلار ئەمدى ماللىرىنى تاغقا چىقارمايدىغان بولدى. شەھەردىن چېرىكلەر چىقىشتى. ئۇلار ئۈۋىسىنى قوچۇۋەتكەن ھەرىلەردەك قۇترىشىپلا كېتىشتى.

**قۇترىماق** پ ① قالايمىقانلىشىپ ھەر تەرەپكە ئۆزىنى ئۇرماق، جىددىي ھەرىكەت قىلماق: شۇ ۋاقىتتا ئۇنىڭ قورقۇشتىن قۇترىغان جانىۋارلارنى توختىتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىگە كۆزى يەتتى. * قاسىم داۋالغۇپ، قۇتراپ ئېقىۋاتقان ھەرقانداق چوڭ ۋە ئىتتىك دەريانىڭ سۈيىنى توختىتىپ، يەنە ئېقىنغا سالالايدىكەن. شۇڭا ئۇنى «دەريا باغلار» دەپ ئاتىشىدىكەن. ② سەلب. بىرەر يامان مەقسەت بىلەن ھەرىكەت قىلماق؛ ھەرىكەت ئېلىپ بارماق: ئۆز يېقىنلىرىدىن بولغان سەيپۇڭ توختىنىڭ نىيىتىنى بۇزۇپ، گاھ ئوچۇق، گاھ يوشۇرۇن قۇتراپ يۈرگەنلىكى تۆمۈرگە مەلۇم ئىدى. * ئۇلارنىڭ غالچىلىرى كوھىدارادا پېشباشتىن قۇتراپ، خەلققە ئارقا-ئارقىدىن زىيانكەشلىك قىلىشقا باشلىدى. * ھەددىدىن ئاشقانىدى، دۈشمەن قۇتراپ بۇ يەردە. جابىلاشقانتى ئاكوبى ئېگىز-پەس بىر تۈزلەڭگە. ③ ھەرىكەتكە كەلمەك، چىقماق؛ قاپلىماق، باسماق: — ھازىر ھاۋا يامان، بىردەمدىن كېيىن شىۋىرغان قۇترايدۇ، ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، — دېدى مالچى موللامغا. * مەن غۇلجىغا كىرگەندە، قارا بوران قۇترىدى. بېشىمغا ئۆلۈم كەلدى، ئاتا-ئانام بولسا ئىدى.

**قۇتقازماق** (توغرىسى: قۇتقۇزماق) ← قۇتقۇزماق.

**قۇتقۇزماق** پ. كۆڭۈلسىز، ئېغىر، خەۋپلىك بىرەر ئەھۋال، ئىش ۋە شۇ قاتارلىقلار-

دىن ساقلىماق ئازاد، خالاس قىلماق: خەۋپتىن قۇتقۇزماق، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزماق. * بىر ياخشىلىق مىڭ بالادىن قۇتقۇزار (ماقال). * ئۆلۈمگە تۇتىدىغانمۇ پۇل، ئۆلۈمدىن قۇتقۇزىدىغانمۇ پۇل (ماقال). * مەن ئىتتىك يانغا بۇرۇلۇپ، جېنىمنى قۇتقۇزۇپ قالغان كىشىگە قارىدىم، ئۇ گەپ-سۆز قىلمىدى، پەقەت ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن ماڭا قاراپ بىر ئالايدى. * ئىمامباي كېسەلنى كېچىچە كۆز يۇمماي داۋالاپ خەۋپتىن قۇتقۇزىدۇ.

**قۇتقۇزۇش** ① «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: — ئۇ قەدىردان دوستۇمنى دادىڭىز بىھۇدە دارغا ئاستى. دوستۇمنى قۇتقۇزۇش يولىدا تىرىشتىم. بىراق يالغۇز بولغانلىقىم ئۈچۈن دار ئالدىدىن قۇتۇلدۇرالمىدىم، — دېدى مەردان ئۇنىڭ ئۇدۇلىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ. ② ئى. ئىقتىسادىي ئەھۋالى قىيىن، ناچار بولغان بىركىم ياكى بىرەر ئورۇنغا بېرىلگەن ياردەم: قۇتقۇزۇش ئالماق. * ئۇزۇقلۇق ئاشلىقى يېتىشمىگەن دېھقانلار ئۈچۈن دۆلەتتىن 3000 مىڭ جىڭ يېرىك قوناق قۇتقۇزۇش بېرىلدى. * چوڭ يىغىندا تاھىر ئاكىنىڭ باللىرى كىچىك، قىيىنچىلىقى ئېغىر دەپ ھەر ئايدا دۆيدىن ماڭا 50 كوي قۇتقۇزۇش بېرىشنى مۇزاكىرە قىلدى.

**قۇتقۇزۇشماق** «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دوختۇرلار ۋە سېستىرالار جەڭ مەيدانىغا تېزدىن يېتىپ بېرىپ ياردارلارنى قۇتقۇزۇشتى.

**قۇتقۇزۇلماق** «قۇتقۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جىددىي داۋالاش داۋامىدا ئۇنىڭ ھاياتى خەۋپتىن قۇتقۇزۇلدى. * «قىرىنداشلار ئۆز كۈچىنى سەزدى، كۆردى، توختى ئاكام قۇتقۇزۇلدى، ياخشى بولدى» دەپ ئويلايتتى ئۇ. * تاڭغا يېقىن مەھبۇسلار، قۇتقۇزۇلدى سالامەت. كۈلدى چولپان تەبرىكلەپ، كەڭ ئاسمانغا ئالامەت.

**قۇتلاشماق** «قۇتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېڭىپ ئۇلار ئۆتۈكەننىڭ كەينىدىن، ئاي سىلىگىنىڭ ئەتراپىغا ئولاشتى. ئېيتىپ خۇشال ۋە مېھرىبان سۆزلەرنى، ئۇنىڭ ئامان كەلگىنىنى قۇتلاشتى. * جالنادىس، ئەنزاڭ ۋە ئەلكۈن ساللار، سىردىشىپ ئۆتۈشتى كۆپ خىل تىل بىلەن. سۆز قاتتى قۇشلار ھەم ئۆتتى قۇتلىشىپ، ئۇلارنى شامااللار چېچىپ گۈلچەمەن.

**قۇتلۇق** ① سۈپ. تەلەي، ئامەت ياكى بايلىق، بەرىكەت كەلتۈرىدىغان؛ بەختلىك: — قۇتلۇق كۈنلەر. قۇتلۇق مىنۇتلار. قۇتلۇق ئىشلار. * بوۋاي بىلەن موماينىڭمۇ كۆڭلى ئارام تېپىپ، ئۇلار بۇ ئۆز ئايىغى بىلەن كەلگەن قۇتلۇق كېلىننىڭ مەرىكىسىنى قاچان ۋە قانداق ئۆتكۈزۈش غېمىگە چۈشكەنىدى. ② سۈپ. مۇقەددەس، خاسىيەتلىك: قۇتلۇق جاي. قۇتلۇق يەر. قۇتلۇق نام. * ئۇزاقتىن بىر ئارزۇ قىينايتتى مېنى، بۇ قۇتلۇق ئىلغا كەلسەم ھەر يىلدا. دىلبىرىم ئالدىمغا كېلىسەن شۇ ئان، ئالەمچە مۇھەببەت ئويغىتىپ دىلدا. * ئۇلار يولنى ئاياغلاشتۇرۇپ كېلىپتۇ قۇتلۇق ئۆيگە يېتىپ، ياتقانىكەن ئەما ئانىسى دەرماندىن، ھالىدىن كېتىپ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇتلۇق بولسۇن** بىركىمنى ياكى بىرەر ئىشنىڭ ناھايىتى ياخشى، ئوڭۇشلۇق، كۆڭۈللۈك بولغانلىقىغا ياكى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن مۇبارەكلەپ ئېيتىلىدىغان تىلەك سۆزى: — يولۇڭلار قۇتلۇق بولسۇن! — ئۇزاتقۇچىلارنىڭ تەرەپ-تەرەپتىن توۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلاندى. * — تۇغۇلغان كۈنىڭىز قۇتلۇق بولسۇن! —

راندىل گۈل دەستىنى پروفېسسورغا سۇندى.

**قۇتلۇقگۈل** ئى [قۇتلۇق+گۈل] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى كەڭ تۇخۇمسىمان شەكىلدە بولۇپ، ئىككى يۈزى تۈكلەر بىلەن قاپلىنىپ تۇرىدۇ، گۈلى سېرىق، كۆپىنچە توپلىشىپ شار شەكلىگە كېلىدۇ، باش باھاردا ئېچىلىدۇ، گۈل تاجى بولمايدۇ، ئادەتتە تىكىپ ئۆستۈرۈلۈپ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. پۈتۈن تۈپى دورا قىلىنىدۇ. قوۋزاق تالاسى قەغەزچىلىكنىڭ ياخشى ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**قۇتلۇقلاشماق** «قۇتلۇقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خان بىلەن خانىش ئوڭغا بۇرۇلۇپ ئاۋۋال بۆكە سۇباشى بىلەن، ماچىن ئەلچىسى ئولچىن بىلەن، ئاندىن تىزىلىپ تۇرۇشقان ئىلىك خانلار ۋە ئولچى، بەگلەر بىلەن كۆرۈشتى ۋە ئۆزئارا توينى قۇتلۇقلاشتى. * قىدىرخان چالدى «ۋىسال» مۇقامىنى سازەندە بېشىمدىن ئەل تىللا چاچتى، ئىران، شام، ئىراق، مىسىر، ئىستامبۇللۇق شاگىرتلار قول باغلىشىپ قۇتلۇقلاشتى.

**قۇتلۇقلانماق** «قۇتلۇقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شەھەرنىڭ ھەممە جايلىرىدىكى ئوردا-ساراي، بۇتخانا-ئىبادەتخانا، قەسىر-راۋاقلارنىڭ ھەممىسىگە پانۇس-چىراغلار ئېسىلىپ، مەمۇرچىلىق بولغان يىل قۇتلۇقلانماقتا ئىدى.

**قۇتلۇقلىماق** پ. قۇتلۇق بولۇشنى تىلىمەك، قۇتلۇق بولسۇن دېمەك، مۇبارەكلىمەك: – مەن سىلەرنى قۇتلۇقلاپ كەلگۈچە، سىلەر بۇ يەردىن قوزغالماڭلار، – دەپتۇ قۇتۇلقۇلۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ. * سۇمۇرۇغنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى قۇتلۇقلاپ شەپەرەڭدىن باشقا قۇشلارنىڭ ھەممىسى كېلىپتۇ. * ئورىغاندا ئۇلارنى تەڭتۇشلىرى قۇتلۇقلاپ، ئاققان ئىدى كۆز-يېشى خىجىللىقتىن بۇلدۇقلاپ.

**قۇتلىماق** پ. كىشىنى شادلاندۇرىدىغان، خۇرسەن قىلىدىغان بىرەر ئىش، مۇراسىم ۋە شۇ قاتارلىقلار مۇناسىۋىتى بىلەن بىركىمگە ئۆزىنىڭ ياخشى تىلەك، ئىستەك-لىرىنى بىلدۈرمەك؛ ئۇنى تەبرىكلىمەك، مۇبارەكلىمەك: – ھېيتلىرى قۇتلۇق بولغاي خان ئانا، – دېدى ئايدىڭ قولىدا بالا، تەزىم قىلىپ، ئەلانۇر خېنىم بىلەن چېچەنمۇ تەزىم قىلدى، – مانا قارىسلا، ئوبۇل ھەسەن ئەلىمۇ ئۆزلىرىنىڭ ھېيتلىرىنى قۇتلاپ كەلدى. * بۇلبۇل خۇشال سايرايدۇ، تاڭنى قۇتلاپ گۈللۈكتە. بىزنىڭ ۋەتەن ياشنايدۇ، ئەجرىمىز-دە ئۆملۈكتە.

**قۇتۇپ** ئى [ئە] ① <جۇغ> يەرنىڭ تەخمىنى ئايلىنىش ئوقى بىلەن يەر سىرتى كېسىشكەن ئىككى نۇقتىدىن ھەربىرى: جەنۇبىي قۇتۇپ. شىمالىي قۇتۇپ. ② <جۇغ> شۇ نۇقتىلار ئەتراپىدىكى جايلار، يەنى قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى رايونلار. ئۇنىڭ ئايلىق ئەڭ يۇقىرى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 10°C بولىدۇ. ③ <فىز> ئېلېكتر زەنجىرى ياكى ماگنىت-نىڭ قارىمۇقارشى ئىككى تەرىپى. ④ كۆچمە. بىر-بىرىگە مۇتلەق زىت، قارد-مۇقارشى بولغان ئىككى خىل نەرسە، ۋەقە، ھادىسە ۋە شۇ قاتارلىقلاردىن بىرى؛ قارىمۇقارشى تەرەپلەر: ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنمەك.

**قۇتۇپ تاجى** <ئاستر> مارسنىڭ ئىككى قۇتۇپقا يېقىن، ئاق ھەم يورۇق قىسمى.

**قۇتۇپ تاختىسى** <فىز> ئېلېكترولىز قۇرۇلمىسى ياكى ئاككۇمۇلياتوردىكى تاختىسىمان ئېلېكتر قۇتۇپى. ئۇ گرافىت، قوغۇشۇن، سىنك، مىس قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**قۇتۇپ چەمبىرى** <جۇغ> يەر شارىدىكى 66° 33′ لۇق پاراللېلدىن شەكىللەنگەن چەمبەر. شىمالىي يېرىم شارىدىكىسى «شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرى»، جەنۇبىي يېرىم شارىدىكىسى «جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قۇتۇپ كۈندۈزى** <جۇغ> قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى رايونلاردا ھەر يىلى مەلۇم مەزگىل قۇياش ئۇپۇق سىزىقىنىڭ تۆۋىنىگە ئۆلتۈرماي، 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدىلا كۈندۈز بولىدۇ. بۇ مەزگىل ئادەتتە «قۇتۇپ كۈندۈزى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قۇتۇپ كېچىسى** <جۇغ> قۇتۇپ چەمبىرى ئىچىدىكى رايونلاردا ھەر يىلى مەلۇم مەزگىل قۇياش ئۇپۇق سىزىقىنىڭ تۆۋىنىدە بولۇپ، 24 سائەتنىڭ ھەممىسىدىلا كېچە بولىدۇ. بۇ مەزگىل ئادەتتە «قۇتۇپ كېچىسى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قۇتۇپ كىلىماتى** <مېتېئور> قۇتۇپ رايونىنىڭ يىل بويى سوغۇق بولىدىغان كىلىماتى. ئەڭ ئىسسىق بولغان ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0°C — 10°C قىسچە بولۇپ، مۇز ئېرىيدىغان قىسقا مەزگىلى ۋە يامغۇر-يېشىنى بولىدۇ. بەزى ئۆسۈملۈكلەرمۇ ئۆسەلەيدۇ. ئەڭ سوغۇق بولغان ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى 0°C تىن تۆۋەن بولۇپ يىل بويى قار-مۇز ئېرىمەيدۇ.

**قۇتۇپ نۇرى** <ئاستر> يۇقىرى كەڭلىك رايونىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئاتموسفېرا شالاڭ جايلاردا نۇر پەيدا بولىدىغان بىر خىل ھادىسە. كۆپىنچە ياپىسمان ياكى لېنتىسمان كۆرۈنىدۇ، ئاجىز ۋاقتىدا ئاق، يورۇق ۋاقتىدا سارغۇچ يېشىل، بەزىدە قىزىل، كۆل رەڭ، بىنەپشە ۋە كۆك رەڭلەر ئارىلاش كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى ئالىملار «قۇياشتىن چىپچىلىپ چىققان ئېلېكتر زەررىچىلىرىنىڭ يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ تەسىرى تۈپەيلىدىن يەر شارى يۇقىرى كەڭلىكنىڭ ھاۋا بوشلۇقىغا كىرىشى ۋە ئاتموسفېرا قەۋىتىدىكى ئاتوم، مولېكۇلىلارنى قوزغىتىشى نەتىجىسىدىكى نۇرلىنىش» دەپ قارايدۇ.

**قۇتۇپ ھاۋا قايىنمى** <مېتېئور> جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپ يېنىدىكى چوڭ ھەجىملىك تۈتاشما سوغۇق ھاۋا قايىنمى ياكى تۆۋەن بېسىم قايىنمى.

**قۇتۇپ ئوقى** <مات> تەكشىلىكتىكى خالىغان بىر 0 نۇقتىنى قۇتۇپ دەپ پەرەز قىلساق، شۇ 0 نۇقتىدىن چىققان نۇر 0X قۇتۇپ ئوقى بولىدۇ.

**قۇتۇپ يۇلتۇزى** <ئاستر> يەرنىڭ شىمالىي قۇتۇپىغا ئەڭ يېقىن يورۇق يۇلتۇز.

**قۇتۇپچانلىق** ئى <بىئول> ئۆسۈملۈك ياكى ھايۋانات تېنىنىڭ ئانا تېنىدىن ئايرىلغان قىسمىنىڭ ئىككى ئۇچىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتىنىڭ ئوخشاش بولماسلىق ھادىسىسى. مەسىلەن، قەلەمچە تىككەندە مەيلى ئۇلاڭ تىكىلسۇن ياكى دۈم تىكىلسۇن توم تەرىپىدىن (ئەسلىدىكى ئاستى تەرىپىدىن) يىلتىز، ئىنچىكە تەرىپىدىن (ئەسلىدىكى يۇقىرى تەرىپىدىن) يوپۇرماق چىقىرىدۇ. سازاڭنىڭ تېنى كېسىپ تاشلانسا، ھامان ئەسلىدىكى ئالدى تەرىپىدىن باش چىقىرىدۇ، ئەسلىدىكى ئارقا قىسمىدىن قۇيرۇق چىقىدۇ.

**قۇتۇپلانغان** «قۇتۇپلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: قۇتۇپلانغان يورۇقلۇق.

**قۇتۇپلانغان يورۇقلۇق** <فىز> ئادەتتىكى يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ تەۋرىنىش يۆنىلىشى بىلەن ئۇنىڭ يۆنىلىشى بىر-بىرىگە تىك بولىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلار بىر تەكشى يۈزدە بولمايدۇ. ئەگەر سۇنۇش ياكى قايتىش ئارقىلىق يورۇقلۇق دولقۇنىنىڭ تەۋرىنىش يۆنىلىشى بىر تەكشى يۈز ئىچىدە چەكلەنسە (باشقا يۆنىلىشلەردە تەۋرىنىۋاتقان يورۇقلۇق دولقۇنلىرىنىڭ ھەممىسى قوبۇل قىلىنىۋېلىنىدۇ ياكى قايتىدۇ)، بۇ خىل يورۇقلۇق «قۇتۇپلانغان يورۇقلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ.

**قۇتۇپلانماق** پ. قۇتۇپ شەكىللەنمەك، قۇتۇپلارغا بۆلۈنمەك.

**قۇتۇپلۇق** سۈپ. قۇتۇپى بار، قۇتۇپلارغا بۆلۈنگەن: قۇتۇپلۇق بىرىكمىلەر. ئۈچ قۇتۇپلۇق خرۇستال لامپا.

**قۇتۇپلىنىش** ① «قۇتۇپلانماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <فىز> باتارىيە ۋە ئېلېكترولىزلاش قۇرۇلمىسىنىڭ قۇتۇپ تاختىسىدىكى گازنىڭ توك تەسىرى بىلەن ئۇنىڭ يۈزىنى قاپلىۋېلىپ توكنىڭ نورمال ئۆتۈشىگە توسالغۇ بولۇش ھادىسىسى.

**قۇتۇلدۇرماق** «قۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: جاننى قۇتۇلدۇرماق. ئازابتىن قۇتۇلدۇرماق. ئۆلۈمدىن قۇتۇلدۇرماق. * كىتاب مېنى خىيالدىن، غەمدىن ۋە خاپىلىقتىن قۇتۇلدۇردى. * ھېيت ئاكا ئۆز ئوغلىنى خەۋپتىن قۇتۇلدۇرغان جەڭچىنىڭ پولات ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيتتى.

**قۇتۇلدۇرۇلماق** «قۇتۇلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ پەلسەپە گېگېلنى شۇ ئىنقىلابىي تەرەپنىڭ ئىزچىللىشىشىغا توسقۇنلۇق قىلىپ كەلگەن ئىدېئالىستىك نىقابلاردىنمۇ قۇتۇلدۇرۇلدى. * كامال يۈزلىگەن ياشلارنى باشلاپ، سولاقخانىلارنىڭ ئىشىكىنى چېقىپ تاشلىدى... شەرىخان قۇتۇلدۇرۇلدى، ئەمما توختى بوۋاي نوم زىندانىغا ئېلىپ كېتىلگەنىدى.

**قۇتۇلغۇسىز** سۈپ. قۇتۇلغىلى بولمايدىغان: ھەممىزلا مۇشۇنداق قۇتۇلغۇسىز قايغۇ-ھەسرەتنىڭ ئىچىگە پېتىپ قېلىپتۇق. * مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاخبارات ئەسەرلىرى يازغۇچىنى پاكىتلار بىلەن ھەددىدىن تاشقىرى چەكلەپ قويىدۇ، پاكىت قۇتۇلغۇسىز يۈك بولۇپ قالىدۇ.

**قۇتۇلماق** پ ① بىرەر كۆڭۈلسىز ئەھۋال، ھالەت، ئىش-ھادىسە، ۋەقە قاتارلىقلاردىن ئىجابىي تەرەپكە چىقماق، خالىي بولماق؛ ئازاد، خالاس بولماق؛ يامان كىشى، نەرسە ۋە باشقىلاردىن ساقلانماق: ئۆلۈمدىن قۇتۇلماق. بالا-قازادىن قۇتۇلماق. خەۋپتىن قۇتۇلماق. غەمدىن قۇتۇلماق. ئازابتىن قۇتۇلماق. * دۇنيادا ئىككى ئۆلۈم يوق، بىردىن قۇتۇلغان ھېچكىم يوق (ماقال). * — نېمە دەيتتى، بۆرىدىن قۇتۇلۇپ، يولۋاسقا تۇتۇلدۇم، دەيدۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم. * ئۇ بىر ئامال قىلىپ بۇ قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشنىڭ چارىسىنى ئىزدەيتتى. ② بوشاپ چىقماق، بوشىماق، ئازاد بولماق: جازادىن قۇتۇلماق. قەپەستىن قۇتۇلماق. سولاقتىن قۇتۇلماق. * ياخشىغا يېتىشمەك تەس، ياماندىن قۇتۇلماق تەس (ماقال). * — يائاللا، بىرنەزىر قىلىۋېتىدىغان يېرى كېلىپ قېلىپتىكەن، — دېدى ھەمراھ كۈلۈپ تۇرۇپ، — جەرىمانە بىلەن قاماقتىن قۇتۇلۇپ قالغان بولسام مەنمۇ بەختلىك ئىكەنمەن! * بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان كابۇل پادىشاھى مەلىكە بىلەن شاھ كابۇلنى ئېلىپ، ئۈچەيلەن بىر ئاتقا مىنىپ شەھەردىن ئاران قېچىپ قۇتۇلۇپتۇ.

③ زىممىسىدىكى ئىش، مەجبۇرىيەت، بۇرچ، قەرز ۋە شۇ قاتارلىقلارنى ئادا قىلىپ ياكى بىرەر ئامال قىلىپ خالاس بولماق؛ بوشىماق؛ ئەسكەرلىكتىن قۇتۇلماق. قەرزدىن قۇتۇلماق. * غەيرەتلىك ئەردىن تاغ قېچىپ قۇتۇلالماس (ماقال). * دوستۇڭ يامان بولسا قېچىپ قۇتۇلارسەن، خوتۇنۇڭ يامان بولسا قانداق قۇتۇلارسەن (ماقال). * ئۆيىدە قولغا چىققۇدەك، پۇلغا ئالغۇدەك بىرەر نەرسىسى بار ئەزالار ئېلىشقا سېتىپ قەرزدىن قۇتۇلدى. * — بۇرنىدىن پوتلىسى ئېرىمەيدىغان ھېلىقى خامۇش بەگ دېگەن نېمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامدۇ-- يا؟ — دېدى ئۇ ئارىسالدى بولغان ھالدا. * تىترەك بېسىپ تۇلكىنى، بولۇپتۇ بىردىن بىچارە، ئېيتماي گەپنىڭ راستىنى قۇتۇلماققا نە چارە.

**قۇتۇلۇشماق** «قۇتۇلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار خۇدانىڭ ھەققىنى ناھەق قىلماسلىقى سايىسىدە، بىر مەكتۇپ سەۋەبى بىلەن، كۆتۈلمىگەن جايدا دار ئاستىدىن قۇتۇلۇشقان. * شۇنداق قىلىپ، ئۇلار نانسىز، دانسىز، سۇسىز، ئالاھازەل قىياس«— سىز» بولۇپ ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكەندىلا مۇھاسىرە بالاسىدىن «تىشى پال-پال، ئىچى غال-غال» غەلىبە بىلەن قۇتۇلۇشتى.

**قۇتىچە** ئى. كىچىك قۇتا: – توختاپ تۇرۇڭ، ئالى كەمپۈتلىرىڭىزگە بىر قۇتىچە تېپىپ بېرەي، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا. * ئۇ كۆكلۈيۈنگە بىر قەغەز قۇتىچە ئۇزاتتى.

**قۇتىماق** پ. ئاخىرىغىچە شۇ كىشىنىڭ بولۇپ قالماق؛ ئۇزۇنغىچە ئەسقاتماق: – بولدى، – دېدى ئۇ كالىنىڭ چۇلۇۋۇرىنى ماڭا تۇتقۇزۇپ، – ئېلىڭ، سىزگە قۇتاپ قالسۇن، – شۇنداق قىلىپ ئاخىر مەن كالىنى سېتىۋالدىم.

**قۇچاق** ① ئى. ئادەم گەۋدىسىنىڭ ئىككى قولنى ئۆز ئىچىگە ئالغان باغىر قىسمى؛ ئىككى قولنى يايغاندا بىر قولنىڭ ئۇچىدىن يەنە بىر قولنىڭ ئۇچىغىچە بولغان ئارىلىق: قۇچاق ئاچماق، قۇچىقىغا ئالماق. * قويغا پىچاق، قىزغا قۇچاق (ماقال). * ئانار دادىسىنىڭ قۇچىقىغا ئۆزىنى ئاتتى. * مەن بالامنى قۇچىقىمغا ئېلىپ، يۈزلىرىدىن، پېشانىسىدىن سۆيەتتىم. * ھەسەن ئايالىنىڭ قۇچىقىدا ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ھالەتتە ئۇخلىۋاتقان بالىسىغا «مېنى ئۇلار تۇتۇپ كېتىدۇ، ناۋادا مەن مەڭگۈ قايتىيالماي قالسام، سەن قانداق قىلارسەن؟» دېگەندەك تەشۋىشلىنىپ قارايتتى. ② ئى. كۆچمە. قويۇن، باغىر: ۋەتەننىڭ قۇچىقى. يۇرتىنىڭ قۇچىقى. * – ئەلنىڭ قۇچىقى كەڭ، خۇدا بۇيرۇغاننى كۆرەرمىز، – دېدى ئايقىز. * ئانا يۇرتۇم قۇچاقىڭدا، بوگۈن توي ئەۋجىنى كۆردۈم، تاراسلاپ ئارغىماق ئۈچقان كۆرەشچان بەيگىنى كۆردۈم. ③ مق. قۇچاققا ئېلىپ كۆتۈرگەن نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر قۇچاق ئوتۇن. بىر قۇچاق چۆپ. بىر قۇچاق شاخ. * يامۇلدا تولا ياتىپ، چېچىم بىر قۇچاق بولدى، مەن يامۇلنى تەشكەندە قوۋۇرغام پىچاق بولدى.

**قۇچاق ئاچماق** ① باغرىغا ئېلىش، بېسىش ئۈچۈن قوللىرىنى كېرىپ كۆتۈرمەك: قىز قۇچاق ئاچسا، يىگىت ياق دەيتتىمۇ؟ * ئۇ يالت قىلىپ ئارقىسىغا قارىغاندا، ئالدىغا قۇچاق ئېچىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان نوجۇپنى كۆردى-دە، بېشىدىن بىر تاغنى ئېلىۋەتكەندەك بولۇپ، بىردىنلا كۆڭلى يورۇپ كەتتى. ② خۇرسەنلىك، شادلىق بىلەن كۈتۈپ ئالماق: ئۇ كۆز ئالدىمىزدا قۇچاق ئاچقان ئانا يۇرت مەنزىرىسىنى، ئىلى دەريا ئېقىنى ئۈستىدىكى سېمونت كۆۋرۈكنى كۆرۈپ ھايا-

جانلىنىپ تۇرالماي قالدى. * بۇ يولنىڭ بويىدىكى ھەربىر يۇرتتىن ئالدىمدا جەننەت ھۆسنى قۇچاق ئاچار. كۆپلىسەم تەرىپىنى داستان قىلىپ، مىسرالار سەپ تۈزۈشەر قاتار-قاتار.

**قۇچىقى كەلك** ئۆز ئىچىگە ئالغان دائىرىسى ناھايىتى چوڭ، نۇرغۇن نەرسە سىغىدىغان؛ باغرى، ئېتىكى كەڭ: ئەي بالا گەپكە قۇلاق سال. قۇچىقىمىز كەڭ بىزدە قېلىپ قال.

**قۇچاق-قۇچاق** بىرقانچە قۇچاق كېلىدىغان؛ ناھايىتى كۆپ، جىق: ئىنىمىزنى تەربىيلەشتە سەرپ قىلىنغان قۇچاق-قۇچاق پۇللار بىكارغا كەتتى. * نۇرغا تولۇپ تۇمانلىق شەھەر، مېھرى بىلەن ئۈزۈتىپ قالدى. قىزلار قايتقان كۈنى ۋەتىنىم، قۇچاق-قۇچاق گۈلگە ئورالدى.

**قۇچاقلاتقۇزماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇچاقلاتماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىغا توپنى قۇچاقلىتىپ قويدۇم.

**قۇچاقلاشما** سۈپ. قۇچاقلاشقان ھالدىكى، قۇچاقلىشىپ، ئارىلىشىپ كەتكەن: قۇچاقلاشما جەڭ.

**قۇچاقلاشما جەڭ** ئىككى تەرەپ جەڭچىلىرى بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن، ئاساسەن نەيزە، قىلىچ، مۇشت ئىشلىتىپ، بىر-بىرىنى يىقىتىش، بوغۇپ ئۆلتۈرۈشتەك ئۇسۇللاردا ئېلىپ بېرىلىدىغان قاتتىق جەڭ: قازاندۆڭگە يېتىپ بارغىنىمىزدا قۇچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتكەنىكەن، ھەدېگەندە ئەخمەتنى ئورىۋالغان بىر توپ دۈشمەنگە كۆزۈم چۈشتى. * ئەتىگەندىن چۈشكىچە ئىككى قوشۇن بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ قۇچاقلاشما جەڭ قىلىشتى، پۈتۈن دالا جەسەتكە تولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن يېڭىش-يېڭىلىش ئايرىلمىدى.

**قۇچاقلاشماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سوپىئاخۇن سوۋۇرۇۋالارمۇ شۇ مەھەل كېلىپ، بۇ ئىككى قەيسەر كوماندىر بىلەن ئارقىمۇئارقا قۇچاقلاشتى. * قېرىنداشلار قۇچاقلىشىپ يىغلىشىپتۇ، يۈرەكلىرى قانغۇچە مۇڭدىشىپتۇ.

**قۇچاقلانماق** «قۇچاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇچاقلىماق** پ. قۇچاق ئارىسىغا، قۇچىقىغا ئېلىپ باغرىغا تارتماق؛ باغرىغا باسماق: بالىنى قۇچاقلىماق. * — مانا قارا، چوپچوڭ يىگىت بولۇپ كەتكىنىنى، — دېدى ئۇ مېنى قۇچاقلاپ مېھرىبانلىق بىلەن پېشانەمگە سۆيۈپ. * مومىسى ئۇنى يېنىغا تارتىپ، تەرتەپچىرەپ تۇرغان پېشانىسىگە سۆيۈپ قۇچاقلىدى.

**قۇچتۇرماق** «قۇچماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئانا مېھرى كۆيدۈردى بىزنى، ئانا مېھرى قۇچتۇردى بىزنى، ئانا مېھرى سۆيدۈردى بىزنى، ئانا مېھرى باشقۇردى بىزنى.

**قۇچماق** پ ① قۇچاق ئارىسىغا ئېلىپ، باغرىغا، كۆكرىكىگە باسماق؛ قۇچاقلىماق: بېلىدىن قۇچماق. * يولۋاس تېرىسى يېپىنغان باتۇر، كېلەتتى يارىنى سېغىنىپ، ئۇچۇپ، سۆيۈشكە ئالدىرار گۈل مەشۇقىنى، ھاياجان ئىچىدە، بېلىدىن قۇچۇپ. * قارا ئاكا، لەگلىكىم راكېتادەك ئۇچىدۇ، قۇيۇۋەتسەم يىپىنى بېرىپ ئاينى قۇچىدۇ. ② كۆچمە. ئوراپ ئالماق، قاپلىماق؛ بىرئالماق: كېيىنچە ئۇنىڭ مۇزىكىلىرى پەقەت قەبرە چۆرىسىدىلا ئەمەس، بەلكى تەگرى تېغىنىڭ جەنۇب ۋە شىمالىدىكى بىپايان زېمىننى قۇچتى. * بولغاچ ئۇلار ئۇستازىم مېنىڭ، مەدھىيلەيدۇ كۈي-سازىم مېنىڭ. پەخرلەن-

سەم ئۇلاردىن ھەر چاغ، كۆكنى قۇچار ئاۋازىم مېنىڭ. ③ كۆچمە. قولغا كەلتۈرمەك، ئېرىشمەك، قازانماق، ئىگە بولماق: زەپەر قۇچماق. غەلىبە قۇچماق. * ئەلا ئوقۇپ سەن قۇچقىن شان-زەپەر. ماڭغىن جان قىزىم مەكتەپكە سەھەر. * ئۇلۇغ ۋەتەن سۆيگۈسى ئورۇن ئالغان دىلىمدىن. زەپەر قۇچۇپ ئۆرلەيمەن، قورقماي جاپا، ئۆلۈمدىن. * دوستلىرىمۇ شادلىنار، بىللە جەڭگە ئاتلىنار، دىل بېغىشار كىتابقا، ئىنتىلىشىپ چىراغقا... ئارمانلىرى ئۇچىدۇ، كېلەچەكنى قۇچىدۇ.

**قۇدا** ئى. كۈيئوغۇل ۋە كېلىنىنىڭ ئاتا-ئانىلىرى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): ئەر قۇدا. چىشى قۇدا. قۇدا بولۇشماق. قۇدا چۈشمەك. * خۇدادىن قورققۇچە قۇداڭدىن قورق (ماقال). * ئىككى ياشنىڭ پاك مۇھەببىتى ئاخىر يەنە بۇ ئىككى ئائىلىنى ئاۋۋالقىدىنمۇ يېقىنلاشتۇرۇپ، ھەقىقىي قۇدىلاردىن بولۇپ قېلىشقا ئېلىپ كەلدى.

**قۇدا چۈشمەك** يىگىت تەرەپ قىز تەرەپ بىلەن ياكى قىز تەرەپ يىگىت تەرەپ بىلەن ئۆزئارا قۇدىلىق مۇناسىۋەتلىرىنى ئورناتماق؛ قۇدىلاشماق: دەل شۇ كۈنلەردە نورۇز داموللا بەگلەرنىڭ ئەۋلادلىرىدىن ھوشۇربەگ دېگەن كىشى بىلەن قۇدا چۈشۈشۈپ، ئۇنىڭ قىزى قاراكۆز ئايلانى ئۆزىنىڭ كەنجى ئوغلىغا ئېلىپ بەرگەن. * يېقىنقى كۈنلەردە ھەنپە خېنىمنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى نادىرخان بازار بېگى قۇدا چۈشكەن بولسىمۇ، ئابلىز قارى قۇربىنىڭ يېتىشچە كەينىگە سۇرۇپ كېلىۋاتاتتى.

**قۇدا كۆرپىسى** تويدا مەخسۇس قۇدىلارنىڭ ئاستىغا سېلىش ئۈچۈن تىكىلىدىغان كۆرپە.

**قۇدا-باجا** قۇدا ۋە قۇدا تەرەپنىڭ يېقىن تۇغقانلىرى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن).: ئەتىسى چۈشتە قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ۋە قۇدا-باجىلىرى مېھمانغا كېلىپتۇ. قىز تەييارلىغان مېۋىلەرنى ئاتا-ئانا، ئېگىچىلىرىنىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. * «قاراقۇم» دىن تۇغۇت يۆتكەش ئۈچۈن كەلگەن قۇدا-باجا، ئۇرۇق-تۇغقانلارنىڭ ئۇزاپ كەتكىنىگە خېلى ۋاقىت بولغانىدى.

**قۇدا-باجىلىق** قۇدا-باجىلارنىڭ ئۆزئارا قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى: قۇدا-باجىلىق قىلىشماق. * دادامنىڭ ئانامغا ئىلىنىشىدىغان ھېچقانداق يېرى يوق، پەقەت ئانام زەھمەتلىكنىڭ نامانغا ئازراق قۇدا-باجىلىق مۇناسىۋىتى بولغان.

**قۇددۇس** [ئە] ① سۈپ. مۇقەددەس: ئاق لېچەك باشىڭدا قۇددۇس غەمگۇزار بوغدا ئانام، ئولتۇرۇپتىمەن كۆك گىلەمدە بەرقارار بوغدا ئانام. ② ئى. ئىسرائىلىيىنىڭ پايتەختى: قۇددۇس شەھىرى. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇدرەت** ئى [ئە] ① خۇدانىڭ ھەرقانداق نەرسىگە، ھادىسىگە قادىر بولغان كۈچى؛ ئىلاھىي كۈچ: خۇدانىڭ قۇدرىتى بىلەن. * ئۇ، ھېكمەتنى خۇدانىڭ قۇدرىتىدىن تىلمەي، ئىنسان ئەقلىنىڭ جەۋھەرلىرىدىن ئېلىشنى، تەبىئەت سىرلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن بىلىم تۇلپارىنى قامچىلاپ ئالغا ئىنتىلىش كېرەكلىكىنى چۈشىنىپ باراتتى. ② كۈچ-قۇۋۋەت، مادار: قۇدرەت تاپماق. * ئۆلپەت تاپ-قۇدرەت تاپ (ماقال). * ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سەن ئىش قىلالمىساڭمۇ بەرىبىر مېنىڭ ئەمگەك قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىدۇ. * ھەركۈنلۈكى ئېرىنى يۈدۈپ شەھەرگە بىللە ئېلىپ كىرىپتۇ. ئەمما ئاچ-يالىڭاچلىق ئازابىدىن مەلىكىنىڭ دەرمانى قۇرۇپ، ئاخىر قەدەم ئېلىشقىمۇ قۇدرىتى يەتمەي قېلىپتۇ. ③ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇدرەت تاپماق** كۈچەيمەك، راۋاجلانماق: بىز دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىشىنىلا خالايمىز. * چوڭ ئائىلىمىز قۇدرەت تاپسا، بىزنىڭ كامال تاپقىنىمىز شۇ.

**قۇدرىتى يەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا ئەقلى ۋە جىسمانىي كۈچى يار بەرمەك، مۇۋاپىق كەلمەك: 11 ياشتىن 17 ياشقىچە بولغان ياش-ئۆسمۈرلەرنى ئۇلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، يېقىنراق جايدا قۇدرىتى يېتىدىغان ئەمگەكلەرگە ئورۇنلاشتۇرۇش لازىم.

**قۇدرەتسىز** سۈپ. قۇدرىتى يوق، قۇدرەتلىك ئەمەس؛ ئاجىز: قۇدرەتسىز ئادەم. * مەلۇمكى، بەزى كىشىلەر تۇرمۇشتىن لەززەت كۆرمىگەندە ياكى يۈز بەرگەن ھادىسىلەر ئالدىدا ئۆزلىرىنى قۇدرەتسىز ھېس قىلغاندا ئاللانى سېغىنىدۇ، ھەممىنى تەقدىردىن كۆرىدۇ.

**قۇدرەتلەنمەك** پ. قۇدرىتى بار ھالەتكە كەلمەك، قۇدرەتكە ئىگە بولماق، قۇدرەت تاپماق، كۈچەيمەك: — ئاجىز، مىسكىن ۋۇجۇدىمىزنىڭ قان تومۇرىدا ئاشۇ چۆپنىڭ قۇۋۋەت ئاتا قىلغۇچى قېنى بىلەن قۇدرەتلىنىپ كۈننىڭ سېھرىقىنى كۆرەيلى، كۆڭلىمىزنى ۋەتەن مېھرىگە قاندۇرايلى دېدۇق، — دېدى ئۇ. * قۇدرەتلەن تېخمۇ جەڭ پەرۋانىسى، ئاشىقلار گۈلتاجى — ئەل پەرۋانىسى. تەشنەككۇر، ئالقىشلار ساڭا خاس ھامان، چېلىشلار سەردارى — مەرد مەردانىسى.

**قۇدرەتلىك** سۈپ. قۇدرىتى بار، قۇدرەت تاپقان؛ كۈچلۈك: قۇدرەتلىك دۆلەت. * سېنى تېخىمۇ قۇدرەتلىك، گۈللەنگەن، زامانىۋىلاشقان ئەل قىلىپ قۇرۇپ چىقىش يولىدا بارلىقىمنى تەقدىم قىلىش — مېنىڭ ئالىي بۇرچۇم. * ئۇلار بارىكۆلدە تۇرۇشلۇق قىسىمنىڭ قۇدرەتلىك ئارقا تىرىكى.

**قۇدۇق** ئى. ① سۇ ئېلىش مەقسىتىدە قېزىلغان تېرەن چوڭقۇرلۇق: قۇدۇق سۈيى. * قۇدۇق قەدرى چۆلدە بىلىنەر (ماقال). * مەكتەپ ئاشپىزى ھاشىمنىڭ ئايالى گۈلنىساخان ناسوسلۇق قۇدۇقتىن سۇ ئېلىۋاتاتتى. ② يەر ئاستى گازى، نېفىت ۋە كان مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئېلىش ياكى يەر، تۇپراقنى تەكشۈرۈش ئۈچۈن قېزىلغان ناھايىتى تېرەن ئورا: تىك قۇدۇق. نېفىت قۇدۇقى. كان قۇدۇقى. كۆمۈر قۇدۇقى.

**قۇدۇقنى ئېلېكترلىق ئۆلچەش** <گېئول> بۇرغا قۇدۇقىدىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ توك ئۆتكۈزۈشچانلىقىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسلانغان بىر خىل گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇلى.

**قۇدۇق ئۆلچەش** <گېئول> فىزىكىلىق ئۇسۇلدا كان چارلاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى، يەنى بۇرغىلاشتا قوللىنىلىدىغان گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇلىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**قۇدىچىلىق** ئى. قۇدىلىق مۇناسىۋەت، قۇدىدارچىلىق: بۈگۈن بۇ يەرگە كېلىشىمىز، پەقەت تويى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى قۇدىچىلىقنى باھانە قىلىپ تۇرۇپ، موماينىڭ ئۆيىنى ئالاقە باغلاش ئورنى قىلىشتىن ئىبارەت.

**قۇدىدارچىلىق** ئى. قۇدا بولۇشۇش، قۇدىچىلىق، قۇدىلىق: ئائىلىنىڭ بارلىق ئىشلىرىدا قىزى قەمەر بىلەن مەسلىھەتلىك ئىش قىلىشقا ئادەتلىنىپ كەتكەن ئانا بۇ يېڭى قۇدىدارچىلىق ئۈستىدە قىزى بىلەن ئوچۇق سۆزلەشمەكچى بولدى.

**قۇدىغۇي** ئى. ئايال قۇدا.

**قۇدىلاشماق** پ. قۇدىلىق مۇناسىۋەت ئورناتماق، قۇدا بولماق: ئۇ ئۆزى بىلەن قۇدىلاشماقچى بولغان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە

سالامەت يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دەرھاللا 41 كېچە-كۈندۈزلۈك تويىنى باشلىۋېتىپتۇ. * بۇ يىل 10-ئايدا بۇ مەھەللىنىڭ يۇقرالىرىدىن بەش ئائىلە ئۆزئارا قۇدىلاشتى.

**قۇدىلىق** ① ئى. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت: قۇدىلىق ئورناتماق. ② سۈپ. قۇدىلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان: قۇدىلىق مۇناسىۋەتتىن شەكىللەنگەن تۇغقانچىلىقنى ئۈچ تۇرگە ئايرىشقا بولىدۇ.

**قۇر** I ① سۈپ. يېپىسى قىلىپ ئىشلىگەن؛ يېپىسى، ياپىلاق: قۇر ئارغامچا. قۇر بەلباغ. ② ئى. يېپىسى قىلىپ ئىشلىگەن يۇڭ ئارغامچا.

**قۇر** II ① ئى. قەغەز يۈزىگە چۈشۈرۈلگەن خەتنىڭ ھەربىر رەت تەرتىپى: ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ خاتىرىنى ۋاراقلاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى رەتلىك يېزىلغان بۇ قۇرلارغا چۈشتى. * سىڭلىم كېلىپ مەكتەپ-تىن، كىتاب ئالدى قولىغا. كۆزنى ئۈزمەي قارايتتى، ھەر بېتىگە قۇرىغا. ② ئى. يەرگە تېرىلغان، تىكىلگەن ئۆسۈملۈكنىڭ ھەربىر-قاتارى، رېتى: كېۋەزنىڭ قۇرى. گۈلنىڭ قۇرى. تېرەكنىڭ قۇرى. * غۇنچىلار قۇرغان كىچىك گۈرۈپپا، شۇڭا توپلانغان گۈللەر قۇرىغا. ③ مىق. («بىر» سۆزى بىلەن بىللە كېلىپ) قېتىم، نۆۋەت، مەرتىۋە: ئېلىيوپ ھەممە ئېتىزنى بىرقۇر ئايلىنىپ ياناي دەپ تۇرۇشىغا قىر بېشىدا تۇرغان كېرىمگە كۆزى چۈشتى. ④ مىق. يۈرۈش، پار (كىيىم-كې-چەك ھەققىدە): بىرقۇر يېڭى كىيىم. * جەملە سۆكنادىن بىرقۇر كىيىم كىيدى. ⑤ مىق. قۇرى بار نەرسىلەرنىڭ مىقدارى-نى بىلدۈرىدۇ: بۇ كىتابنىڭ بىر بېتىگە 30 قۇر خەت پاتىدۇ.

**قۇر ئارىلاپ تېرىش** يەردىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن بىر پارچە تېرىلغۇ يېرىدە قۇر ئارىلىرىغا ئىككى ياكى بىر نەچچە خىل زىرائەتلەرنى تېرىش. مەسىلەن، كۆممىقوناق بىلەن يېشىل ماشنى ئارىلاپ تېرىشتا ئىككى قۇر كۆممىقوناق ئارىلىقلىرىغا بىر قۇر ياكى ئىككى قۇر يېشىل ماش تېرىلىدۇ.

**قۇر بېشى** <مەت> ← **باش قۇر**: قۇر بېشىدىن يازماق.

**قۇر** III ئى <زوئول> توخۇ ئائىلىسىدىكى ئورماندا ياشايدىغان، ئوۋ قىلىنىدىغان بىر خىل قۇش.

**قۇراتماق** «قۇرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇراشتۇرغۇزماق** «قۇراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنداق بولسا، — پەرىزات سەلەينىڭ ئالدىدا توختىدى، — ئۇ دوستۇڭغا ئېيت. قۇراشتۇرغۇزۇۋاتقان ماتور پۈتتى.

**قۇراشتۇرما** سۈپ. قۇراشتۇرۇش ئاساسىدا ياسالغان، قۇراشتۇرۇلغان: كىگىز ئۆي — باھار، ياز، كۈز مەزگىللىرىدە چارۋىچىلىق ئېگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن بىر جايدىن يەنە بىر جايغا كۆچۈپ يۈرۈشكە ئەپلىك بولىغان قۇراشتۇرما ئۆيدۇر.

**قۇراشتۇرماق** پ ① پارچە-پارچە نەرسىلەرنى جايى-جايىغا ئەكىلىپ ياسىماق، بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلماق: — قۇراشتۇرۇش سېخىدا رېمونت قىلىنىپ قۇراشتۇرۇپ قويۇلغان ماتورلاردىن يەنە بىرنەچچىسى تۇرمامدۇ، — دېيىشتى ئۇلار. * ئۇ يەنە رادىئو، سائەت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى، ۋېلسىپىت قاتارلىقلارنى قۇراشتۇرۇش، رېمونت قىلىش تېخنىكىلىرىنىمۇ پۇختا ئىگىلىدى. ② مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ بىر سىستېمىغا كىرگۈز-مەك: — شۇنداق قىلىپ ئىككى ھەپتە

داۋامىدا بىر ياقتىن ئۆگىنىپ، بىر ياقتىن يېزىلغۇسى ماقالەمنىڭ گەۋدىسىنى كاللامدا قۇراشتۇرۇپ ماڭدىم. * خەلقتىن قوشاق ئۆگەندۇق. ئۆزىمىزمۇ يېڭى قوشاقلارنى قۇراشتۇرىدىغان بولدۇق.

**قۇراشتۇرۇلما** سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان، قۇراشتۇرۇلىدىغان: قۇراشتۇرۇلما سىغىم. قۇراشتۇرۇلما قۇرۇلۇش.

**قۇراشتۇرۇلما سىغىم** <سۇ> ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نورمال ئىشلەش شارائىتىدىكى ئەڭ چوڭ ئېلېكتر ھاسىل قىلىش ئىقتىدارى. بۇ ھەرقايسى ماشىنا گۇرۇپپىلىرىنىڭ نورمال سىغىملىرىنىڭ يىغىندىسىغا تەڭ. بىرلىكى بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە ھاسىل قىلىدىغان ئېلېكتر مىقدارى بويىچە ئېلىنىدۇ. ئادەتتە قوللىنىلىدىغان بىرلىكى كىلوۋات.

**قۇراشتۇرۇلما قۇرۇلۇش** <بن> قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ماشىنىلىرى، ئېنېرگىيە ماشىنىلىرى ۋە ھەر خىل كىران قاتارلىق مېخانىزملارنى ئورنىتىش ئىشلىرى.

**قۇراشتۇرۇلماق** «قۇراشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ لايىھىسى بويىچە ئۆزگەرتىپ قۇراشتۇرۇلغان ھەربىي جىپ ماشىنا مەيدانىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا تۇراتتى. * ماموت ئۇستام تۈزىتىش كىرگۈزگەن ئېكەكلەش ماشىنىسى شۇ كۈنىلا قۇراشتۇرۇلدى.

**قۇراشما** ئى. قۇرۇلما، توقۇلما: ئۆسىمسمان قۇراشما.

**قۇراق** I سۈپ. قۇراشتۇرۇلغان: قۇراق چاپان. قۇراق كۆرپە. * «ھاي-ھاي تېرەك» مۇشۇ ئەقىدىنىڭ گۇۋاھچىسى سۈپىتىدە ھازىرغىچە شاخلىرىغا چىگىلگەن مىڭلىغان قۇراق رەختلەر بىلەن قەد كۆتۈرۈپ تۇرماقتا.

**قۇراق چاپان** ① پارچە-پۇرات رەختنى ئۇلاپ تىكىلگەن ياكى كۆپ يېرىگە ھەر خىل رەڭلىك ياماق چۈشكەن چاپان: قۇراق چاپاندىن، غۇژمەكلىشىپ كەتكەن گەدەن چاچلىرىدىن قانداقتۇر بىر خىل بەتبۇي پۇراق چىقىپ، كۆڭۈلنى ئايىنىتىپ تۇرسىمۇ موللا زەيدىن چىدىدى.

**قۇراق كۆرپە** ھەرخىل رەڭدىكى رەخت پارچىلىرىنى چاقماق شەكلىگە كەلتۈرۈپ ئۇلاش، قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق تىكىلىدىغان كۆرپە.

**قۇراق كىتاب** <مەت> ئوخشاش بولمىغان نۇرغۇن نۇسخىلارنى يىغىپ قۇراشتۇرۇش ئارقىلىق تۈزۈلگەن كىتاب.

**قۇراق** II ئى. دىئال. قىياقنىڭ قۇرۇقلۇقتا ئۆسىدىغان بىر تۈرى.

**قۇرام** ① ئى. ئۆمۈرنىڭ مەلۇم مەزگىلىگە قارىتىلغان مۆلچەر: 30 ياش قۇرامىدىكى ئادەم. قۇرامىغا يەتمەك. * دانىشمەنىنىڭ يېشىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ، ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلىمۇ قۇرامىغا يېتىپتۇ. * سېنى مەن كەچۈرىمەن، سېنىڭ قۇرامىڭدىكى ياشلاردا بۇ تەبىئىي ئىش، مەنمۇ سەندەك بولغان ئىدىم بىرچاغلاردا. ② رەۋ. يېشىنىڭ چوڭ-كىچىكلىك تەرتىپى بويىچە، ياشقا قاراپ: ئىككىيلەن سالام-تەزىم قىلىشىپ، قۇرام ئولتۇرۇشتى، خىزمەتكار بالا چاي ئېلىپ كەلدى.

**قۇرامىغا كەلمەك** ← **قۇرامىغا يەتمەك**: ئۇ چاغدا تازا قۇرامىغا كەلگەن ياش ۋاقتىم ئىدى. مەنمۇ قاراپ تۇرماي بار كۈچۈمنى يىغىپ ھەرىكەت قىلدىم.

**قۇرامىغا يەتمەك** يېشىغا تولماق، يېتىلىپ چوڭ بولماق، ئادەم بولماق: قۇرامىغا يەتكەن ئادەم. * ئىككى-ئۈچ يىل ھېچقانچە گەپ ئەمەس، ئۇنىڭغىچە ئارزۇگۈلمۇ چوڭ بولۇپ قۇرامىغا يېتىدۇ. * ئۇنىڭ ئەسلى

فامىلىسى دىلشات ئەمەس ئىدى. ئۇ چاغلاردا مەن ئەمدىلا قۇرامىغا يەتكەن شوخ يىگىت ئىدىم. * مۇختەر ئۇنى-بۇنى ئۆگىنىشكە ھەۋەس قىلىۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، ئىچكى كېسەللەر بۆلۈمىدە ياش قۇرامىغا يەتكەن بىر خەنزۇ دوختۇر پەيدا بولدى.

**قۇراملىق** سۈپ. تەڭ ياشتىكى، دېمەتلىك: ئاكام قۇراملىق بىر ئادەم ئۆيگە كىرىپ كەلدى. * مۇتتەھەم لۈكچەكنىڭ قىلمىشلىرىغا ئىچىم قايناپ ئارىلاشماقچى بولۇۋاتقىنىمدا، مەن قۇراملىق بىر يىگىت تونۇنى يىرىپلا ئوتتۇرىغا كىردى-دە، بارغىنچە لۈكچەكنىڭ قولىنى ئاقساقال ئادەمنىڭ ياقىسىدىن ئاجراتماقچى بولدى.

**قۇرئان** ئى [ئە] <دىن> ئىسلام دىنىنىڭ مۇقەددەس كىتابى.

**قۇرئان تۇتماق** قەسەم بەرمەك: دوستۇم مەن ئۇنداق ئەمەس، مەن ھازىر ئالدىڭدا تۇزغا دەسسەپ بېرەي، قۇرئان تۇتۇپ بېرەي. * — ماڭا ئىشەنسىلە، ئەزبىرايى خۇدا، ياڭ جياڭجۇنگىمۇ ئىشەنسىلە، مەن قۇرئان تۇتۇپ بېرەي، — دېدى لى شۈفۇ.

**قۇرئە** ئى [ئە] ← **پال**: قۇرئە باقماق. قۇرئە سالماق. * مەلىكە: — بىر قۇرئە تاشلاپ بېقىڭلار، — دېدى. قۇرئەندازلار قۇرئە كىتابلىرىنى ئېچىپ: — ئەي مەلىكە جاھان، يارىڭىز ئاسمان بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا نىمجان چۈشۈپ كېتىپ بارىدۇ، — دېدى.

**قۇرئە باقماق** ← **پال باقماق**: شاھ مەھمۇدخان مۇنەججىم قۇرئەندازلارغا: «مەلىكە توغرىسىدا قۇرئە بېقىڭلار!» دەپ بۇيرۇدى.

**قۇرئە سالماق** ← **پال سالماق**: مۇنەججىملەر قۇرئە سېلىپ دېدىكى: — ئەي پادىشاھى ئالەم، ئۆزلىرى كىشى قولىدا ئۆلىدىكەنلا!

**قۇرئەنداز** ئى [ئە+پ] ← **پالچى**: مەلىكە بەرنا ئوقۇش يېشىغا توشقاندا، ئاتىسى ئۇنى ئوردا قۇرئەندازىغا ئوقۇشقا بېرىپ، 20 يېشىغىچە ئوقۇتۇپتۇ. * يەتتە ئىقلىمدىن كەلگەن ھېكىم-ھۆكۈمالار، قۇرئەندازلارمۇ پادىشاھقا شىپا تاپالماي، بېشى تېنىدىن جۇدا بولۇپتۇ.

**قۇرب** (**قۇربى**) ئى [ئە] كۈچ، قۇۋۋەت، مادار، قۇدرەت: قۇربى يەتمەك. * چىنتۆمۈر باتۇر شاھزادە ئەلچىسىگە: — مېنىڭ ئۇنداق سانجۇ پادىشاھىغا بېرىدىغان سىڭلىم يوق. قۇربى بولسا سوقۇشۇپ ئالسۇن، — دەپتۇ. * نۇردۇن ھاكىمنىڭ ئەمدى ئىمتىھان سوئاللىرىغا قاراشقىمۇ، بىرەر نەرسىنى ئويلاشقىمۇ قۇربى يەتمەيتتى.

**قۇربى يەتمەك** بىرەر ئىشنى قىلىشقا، بېجىرىشكە كۈچى، ئىقتىدارى يار بەرمەك؛ كۈچى يەتمەك، چامىسى يەتمەك: سەرەڭگە، كېرىسىن سېتىۋېلىشقا قۇربىمىز يەتمىگەچكە ئۆيدە ئەر-خوتۇن ئىككىمىز ئاخشىمى قاراڭغۇدا ئولتۇرىمىز. * بۇ ئىشتا ئۇنىڭغا قۇربىمىزنىڭ يېتىشىچە ياردەم بېرىمىز.

**قۇربان** ئى [ئە] ① بىرەر ياخشى ئىش، ياخشى مەقسەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلغان، جان پىدا قىلغان كىشى: قۇربان بولماق. ئۆزىنى قۇربان قىلماق. ئىنقىلابىي قۇربان. قۇربانلارنىڭ جەسىتى. * ئۇنىڭ جەسىتى ئىنقىلابىي قۇربانلار زاراتگاھلىقىغا قويۇلدى. ② كۆچمە. تەبىئىي ئاپەت، پالاكەت، كۆڭۈلسىز ئىش، ھادىسە قاتارلىقلار تۈپەيلى ھالاك بولغان ياكى زور زىيانغا ئۇچرىغان كىشى: جاھالەت قۇربانى، زىيانكەشلىكنىڭ قۇربانى. ③ بىرەر مەقسەتكە ئېرىشىش يولىدا تارتقان زىيان-زەخمەت، بەدەل، تالاپەت: ئۇ

نۇرغۇن قۇربانلارنى بېرىش بەدىلىگە بۇ ئورۇنغا ئاران ئېرىشكەن تۇرسا، بۇ ئورۇننى ئۇنداق ئاسان بېرىپ قويمايدۇ-دە. ④ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قۇربان ئەتمەك** ← **قۇربان قىلماق:** بۇ جاھانغا كەلدى كىم، ئاخىر بۇ يەردىن كەتكۈلۈك. بولسا ئىدراك بولسا كۈچ، دەل جايىدا ئىشلەتكۈلۈك، ئاسرىغىن تاتلىق جېنىڭنى، جان خۇمارىدىن ھەم چىقار «تۆھپە» قىلماستىن كېسەلگە، ئەلگە قۇربان ئەتكۈلۈك.

**قۇربان ئەيلىمەك** يېزىت ← **قۇربان قىلماق:** ئۇستازىمنى سىزگە بايان ئەيلىسەم، نەزەر كەردە گۆر ئوغلىدىن ئۆتكەندىم. پىراقىدا جاننى قۇربان. ئەيلىسەم، سۇلتان ئوغلى تۆمۈر خاندىن ئۆتكەندىم.

**قۇربان بەرمەك** ① جان پىدا قىلماق، ھاياتىدىن ئايرىلماق، ئۆلمەك: مەن بۇ مۇقەددەس ئىش ئۈچۈن قۇربان بېرىشكە رازىمەن. * بۇ يەردە توپتوغرا 32 كۈن ئۇرۇش قىلدۇق، نۇرغۇن دۈشمەننى يوقاتتۇق، لېكىن ئۆزىمىزمۇ ئاز قۇربان بەرمىدۇق. ② زور زىيان تارتماق، نۇرغۇن نەرسىدىن ئايرىلماق؛ كۆپ بەدەل تۆلىمەك: ئىست، ئۇ شۇنچە قۇربان بېرىپمۇ كۆزلىگەن ئورۇنغا چىقالمىدى. * خېلى كۆپ قۇربان بېرىپ، چېكىنگەن پولات قاتارلىق 20 كىشى سالىخنىڭ مەسلىھەتى بىلەن كەڭقىردىن 12 چاقىرىم يىراقلىقتىكى نار تېغىغا چىقىپ كەتتى.

**قۇربان بولماق** بىر مەقسەتتە جان پىدا قىلماق، ھاياتىدىن ئايرىلماق، ئۆلمەك: خەلقىمىزگە بەخت كەلتۈرۈش سەپىرى ئۈستىدە بىرنەچچە رەھبەرلىرىمىزنىڭ بىريولى خەتەرلىك ھادىسىگە ئۇچراپ قۇربان بولغان چوڭقۇر قايغۇلۇق خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق. * قۇربان بولاي قاشىڭ بىلەن كۆزۈڭگە، جېنىم پىدا سېنىڭ ھەربىر سۆزۈڭگە، كەل سەنەمجان تويۇپ ئالاي ھۆسنۈڭگە، كۆيگەن يارىم بار ئىكەننى بىلمىدىم.

**قۇربان قىلماق** ① بېغىشلىماق، ئاتىماق: ياخشى دوست ھەتتاكى ئۆزىنىڭ دوستىنى قۇتقۇزۇش يولىدا ئۆز جېنىنى قۇربان قىلىشقىمۇ تەييار تۇرۇشى كېرەك. * سېنىڭ ئېيتقانلىرىڭ ھەق. شامەخسۇتتىن قۇتۇلدىغانلا ئىش بولسا، جېنىمنىمۇ قۇربان قىلىمەن، شەھەردە قېلىپ، كۈندە مىڭ ئۆلۈپ يۈرگۈچە، ئاسمىنى كەڭ يەرنى تېپىپ، ۋاقتى كەلگەندە بىر ئۆلگەن ياخشى. ② ۋاز كەچمەك: قەمەر شاھ بۇ سۆزنى قىلغاندىن كېيىن، جۇۋان زوقى زىيادە بولۇپ ئېيتتىكى: — ئەي يىگىت ئىشقىڭغا ساداقەتلىك ئىكەنسەن، ئەقىدەڭ ئۈچۈن ساڭا چۈشكەن ئىشقىمنى قۇربان قىلىشقا رازىمەن، سېنىڭ يارىڭ تولىمۇ خەتەر جايدا ئىكەن.

**قۇربان ھېيت** <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ زۇلھەججىنىڭ 10-كۈنىدىن باشلاپ بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزىدىغان دىنىي بايرىمى. بۇ ھېيتتا گۆشى ھالال دەپ قارالغان قوي ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ھايۋانلار ئۆلتۈرۈلۈپ، قۇربانلىق قىلىنىدۇ.

**قۇربان ئېيى** ← **زۇلھەججە.**

**قۇربانى بولماق** مەلۇم سەۋەب بىلەن زور بەدەل تۆلىمەك ۋە ھەتتا ئۆلۈمگە مۇپتىلا بولماق: بىز ئۆز يۇرتىمىزدا بەلكى گۈزەل ۋە كۆڭۈللۈك كىرەك تۇرمۇش كەچۈرگەن بولار ئىدۇق، لېكىن غايىنىڭ قۇربانى بولۇپ، ئۇنىڭدىن مەھرۇم قالدۇق. * ئۇ قانۇننىڭ تېگىشلىك جازاسىغا تارتىلدۇ. لېكىن ئۇنىڭ بىگۇناھ پەرزەنتى دادىسى ئۆتكۈزگەن جىنايەتنىڭ قۇربانى بولۇپ كەتمەسلىكى كېرەك-تە.

**قۇربانسىز** رەۋ. قۇربان بەرمەي ياكى قۇربان قىلماي تۇرۇپ: — ئامىنەم، ھەرقاند-

ـداق يېڭى نەرسە كۆچسىز، قۇربانسىز، ئىرادىسىز، كۆرەشسىز ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. بولۇپمۇ يېڭى ئوقۇتقۇچىلارغا ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنىڭ دۇچ كېلىشى مۇمكىن. بۇ بىزنىڭ بېشىمىزدىنمۇ ئۆتكەن، — دېدى مۇئەللىم ئوقۇغۇچىسىغا تەربىيە بېرىپ. * كۆرەش قۇربانسىز بولمايدۇ ئەسلا، قېنى قېرىنداش ئاتلىنايلى بىز! ئۆلۈمدىن شۇڭا قورقمايلى ئەبەد، زالىملار بىلەن ئېلىشايلى تېز.

**قۇربانلىق** ① ئى <دىن> قۇربان ھېيتتا خۇدا يولىدا، گۆشى ھالال بولغان ئۆي ھايۋىنىنى سويۇش: قوينى قۇربانلىققا ئاتىماق. قۇربانلىق قىلماق. * ئەرنى ئۆمىدكە ياراتقان، قوينى قۇربانلىققا ياراتقان (ماقال). * — بولدى، خاتىرجەم بول، قۇربانلىققا قوي مانا ئۆز پۇتى بىلەن كەلدى، — دەپ ناسىرمۇ زامانقۇلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى. ② سۈپ. قۇربان قىلىشقا، قۇربان ھېيتقا ئاتاپ خۇدا يولىدا سويۇلغان ياكى سويۇلىدىغان: قۇربانلىق قوي. ③ ئى. كۆچمە. باشقا بىركىم، بىر تەرەپنىڭ ئىشى، مەقستى ئۈچۈن پۈتۈنلەي ئورۇنسىز، بىھۇدە تارتىلغان زور بەدەل، زىيان: سەن پۈتۈنلەي ئورۇنسىز قۇربانلىققا ئايلىنىپ كەتتىڭ، سەن بۇنى تا ئۆلگۈچە چۈشەنمىدىڭ. * ئۇلار ئىككىمىزنى ئايرىۋېتىپ بولدى قىلمايدىكەن. بىز پەقەت ئاددىي قۇربانلىقلار قاتارىدىكە نىمىز.

**قۇربانلىق قىلماق** قۇربان ھېيتتا خۇدا يولىدا مال سويماق: قۇربان ھېيتتا قارادۆڭ يېزىسى قاپنام تاشقىنلىققا چۆمدى. ھەممە ئۆيلەر دېگۈدەك قۇربانلىق قىلىشتى.

**قۇربەت** (توغرىسى: قۇرب) ← **قۇرب.**

**قۇربلىق** سۈپ. قۇربى بار، كۈچ-قۇدرەتكە تولغان، قۇربى يېتىدىغان.

**قۇربېشى** ئى [قۇر+بېشى] تارس ← **مىڭبېشى:** ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قىلىچ كۆتۈرگەن بىر قۇربېشى بىرەر مىڭچە چېرىكنى باشلاپ كېلىۋاتاتتى. * مەلىكە قۇربېشىغا يەنە بىرمۇنچە گەپلەرنى تاپىلاپ، كۆپ ئىنئاملار بېرىپ ئۇزاتتى.

**قۇرت** ئى <زوئول> ① ھاشارات ۋە شۇ خىلدىكى كىچىك ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار: كوك قۇرت. ② بەزى ھاشاراتلار ۋە ئۇششاق ئورگانىزملار نامى تەركىبىدە كېلىدۇ. مەسىلەن، ئېشەك قۇرتى، شىللىق قۇرت دېگەنگە ئوخشاش. ③ بەزى ھاشاراتلارنىڭ تۇخۇمىدىن بارلىققا كېلىدىغان دەسلەپكى ھالىتى: ئالما قۇرتى. قۇرت يېمەك. قۇرت چۈشمەك.

**قۇرت چۈشمەك** دەل-دەرەخ ۋە ئۇنىڭ مېۋىلىرىدە، قۇرۇق ياغاچ قاتارلىقلاردا قۇرت پەيدا بولماق: ئالمىغا قۇرت چۈشمەك. شاپتۇلغا قۇرت چۈشمەك. ياغاچقا قۇرت چۈشمەك.

**قۇرتقا** ئى. دىئال. ئانىسىنىڭ ئانىسى، مومىسى.

**قۇرت-قوڭغۇز** قۇرت ۋە قوڭغۇز: بۇ، ئادەمنىڭ ئاۋازى ئەمەس، قۇرت-قوڭغۇز ياكى ئۇچار قۇشنىڭ نالىسىمۇ ئەمەس ئىدى.

**قۇرت-قۇمۇرلۇق** دىئال. قۇرت-قوڭغۇز.

**قۇرتلاتماق** « قۇرتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇرتلۇق** سۈپ. ئىچىدە، تەركىبىدە قۇرتى بار؛ قۇرت باسقان، قۇرتلىغان؛ ئىچىگە قۇرت چۈشكەن، قۇرت يېگەن: قۇرتلۇق سۇ. قورتلۇق ئالما. قۇرتلۇق شاپتۇل. * ۋاھەت بىرقانچە يەل-يېمىش ماگىزىنلىرىنى ئارىلىغان بولسىمۇ، ئاچچىق ئۆرۈكنىڭ قۇرتلۇق گۆلىسى، چىلگە شاپتۇلنىڭ ياغاق قېقى، قورۇلۇپ كەتكەن يۇملاق چىلاندىن بۆلەك نەرسە تاپالماي، بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ ھېيتكاغا كېلىپ قالدى.

**قۇرتلىماق** پ. ئىچىدە، تەركىبىدە قۇرت

پەيدا بولماق؛ قۇرت چۈشمەك، قۇرت باسماق: قۇرتلىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. * بۇنىڭ سېسسىپ كەتكەن چاشقانىيارىسىنى ئېچىپ، قۇرتلاپ كەتكەن - يۇندا بىلەن يۇغاندىن نېمە پەرقى بار؟

**قۇرتئوت** ئى [قۇرت+ ئوت] <بىئول> زەمبۇرۇغنىڭ بىر خىلى. تەڭگىچە قاناتلىقلار ئەترىتىدىكى ھاشاراتلارنىڭ لىچىنكىلىرىدا پارازىت ياشايدۇ. زىيانغا ئۇچرىغۇچى لىچىنكا قىش پەسلىدە تۇپراق ئىچىگە كىرىۋېلىپ تەدرىجىي ھالدا زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ياز پەسلىدە زەمبۇرۇغ تۈگۈنچىسى ياكى ئۆلۈك قۇرتنىڭ تېنىدىن باكتېرىيىنىڭ كۆپىيىش ئورگىنى ئۆسۈپ چىقىدۇ. ئۇنىڭ شەكلى ئوتقا ئوخشايدۇ. شۇڭا ئۇ قۇرتئوت دەپ ئاتالغان. ئادەتتە ئۇ دورا قىلىنىدۇ، قۇۋۋەت تولۇقلاش رولىغا ئىگە.

**قۇرخانا** ئى. ئارس. مەخسۇس قورال-ياراغ قويۇلغان ئۆي، يەر؛ قورال ئىسكىلاتى: ئاقسۇ ۋە قەشقەردە ئىشلەنگەن قوراللارنىڭ ھەممىسى كورلا قۇرخانىسىغا ئەۋەتىپ بېرىلىدىكەن، بىز كورلىدا تۇرۇۋاتقان چېغىمىزدا بۇ يەردىكى قۇرخانىدىن يەزلىك زاۋۇتلاردا ئىشلەنگەن ئىككى-ئۈچ يۈزدەك تەپكىلىك تۈركلەنگا مىلتىق قىسىملارغا تارقىتىپ بېرىلدى.

**قۇرداش** ئى. يېشى تەڭ، تەڭتۇش كىشىلەر: قىشنىڭ ئۇزۇن ئاخشاملىرى دادام قۇرداشلىرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، سۆھبەت قۇرغاندا قۇلاق موللىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنى تىڭشىدىم. // مەن ئۇنىڭ بىلەن قۇرداش. * يېشىنى سۈرۈشتۈرگەندە ئۇلار قۇرداش. يېزا خىزمىتىگىمۇ بىللە قاتناشتى.

**قۇرداشلىق** ئى. تەڭ ياشلىق ، تەڭتۇشلۇق: راست، قۇرداشلىقىمىزنىمۇ بىزنىڭ دوستلۇقىمىزنى مۇشۇ دەرىجىدە مۇستەھكەملىگەن قوشۇمچە ئامىللارنىڭ بىرى دېيىشكە بولىدۇ.

**قۇردۇرماق** (توغرىسى: قۇرغۇزماق) ← **قۇرغۇزماق.**

**قۇرغاق** سۈپ ① يامغۇر-يېشىنى كەم، يامغۇر-يېشىنى ئاز: قۇرغاق رايون. قۇرغاق پەسىل. * بىز قۇرغاق چۆل ئىچىدىكى بۇ مەنزىرىگە زوقلىنىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، كەينىمىزدىن ئۈچ ئات قوشۇلغان بىر ھارۋا يېتىپ كەلدى. * موماينىڭ نەزىرىدىكى تەكلىماكان مەن تەسەۋۋۇر قىلغاندەك ئۇنداق قۇرغاق دەشتى-باياۋان ئەمەس، بەلكى بۇ ئالەمدە تەڭدىشى يوق گۈزەل بىر ئىقلىم ئىدى. ②نەملىك، ھۆللۈك دەرىجىسى تۆۋەن: قۇرغاق ھاۋا. قۇرغاق شامال. * لەيلىگۈل بۇ قۇرغاق ھاۋادىن قېنىپ-قېنىپ نەپەس ئالاتتى. ئۇنىڭدىن ئۆز يېزىسىنىڭ ئادەتلەنگەن شېرىن، ئالاھىدە پۇراقلىرىنى سېزەتتى. * ئاچچىق ۋە قۇرغاق تۇمان ئۆڭكۈر تەرەپكە ئۇرۇلۇپ ئۆتتى.

**قۇرغاق پەسىل** يامغۇر ياغمايدىغان ياكى ھۆل-يېغىن ئاز بولىدىغان پەسىل.

**قۇرغاقچىلىق** ئى ① ئۇزاق ۋاقىت يامغۇر-يېشىن بولماي قېلىپ، زىرائەتلەر سۇسىز قالغان قۇرغاق ھالەت: قۇرغاقچىلىق ئاپىتى. * – ئاپلا! – دەۋەتتى زەينەپ چوڭقۇر ئېچىنغان ھالدا، – ئەتىيازدا قۇرغاقچىلىق، كۈزدە بولسا سۇ ئاپىتى. * بىزنىڭ شىنجاڭ قۇرغاقچىلىق ئېغىر بولىدىغان، چۆل-جەزىرىلەر كەڭ، قۇم-بوران كۆپ رايون. ② يېمەك-ئىچمەكى ئىقتىسادى كەمچىل ھالەت، قۇرۇقچىلىق: ئىشلىگەن چىلىق-چىلىق، ئىشلىمىگەن قۇرغاقچىلىق (ماقال).

**قۇرغاقچىلىق ئاپىتى** ئۇزۇن مۇددەت

هۆل-يېغىن ياغمىغان ياكى ئاز ياغقانلىق-تىن ھەممە سۇغىرىش يېتەرسىز بولۇش تۈپەيلىدىن زىرائەتلەرنىڭ نورمال ئۆسۈشىگە تەسىر يېتىش ياكى زىرا-ئەتلەرنىڭ قۇرۇپ كېتىشى بىلەن مەھسۇلاتنىڭ زور دەرىجىدە كېمىيىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئاپەت.

**قۇرغاقلاشتۇرماق** « قۇرغاقلاشماق » پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تېرىنى قۇرغاقلاشتۇرماق.

**قۇرغاقلاشماق** پ. نەملىكى تۈگىمەك، قۇرغاق ھالەتكە كەلمەك: ئۇزۇن ۋاقىت تېلېۋىزور كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كىشىلەردە ۋىتامىن A يېتىشمەي، كۆز تور پەردىسىنىڭ يورۇقلۇقنى سېزىش ئىقتىدارى تۆۋەنلەيدۇ، كۆز قۇرغاقلىشىدۇ. * ئەگەر بالا ئۇخلاشتىن ئىلگىرى بىئارام بولۇپ، ئۇخلىغاندىن كېيىن بەدىنى قۇرغاقلىشىپ، يۈزى قىزىپ، نەپەس ئېلىشى، تومۇرىنىڭ سوقۇشى تېز بولسا، بۇ قىزىتمىدىن دېرەك بېرىدۇ.

**قۇرغاقلىق** « قۇرغاق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۆينىڭ قۇرغاقلىقى. يەرنىڭ قۇرغاقلىقى.

**قۇرغۇزماق** « قۇرماق » پېئىلنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى.

**قۇرغۇن** ئى [قۇرۇق+ئۇن] زۇۋۇلا قىلىنغان خېمىر ۋە يېيىلغان چۆپ، جىلىت قاتارلىقلار-غا سېپىلىدىغان ئۇن: قۇرغۇن سەپمەك. قۇرغۇن قىلماق.

**قۇرغۇن سەپكەندەك** ناھايىتى ئاز؛ شالاڭ: ئىككىنچى تۇرلۇك قىلىپ ئېيتقاندا، دولقۇنسىمان ئىلگىرىلەش لازىم، قۇرغۇن سەپكەندەك ئۇمۇمىيۈزلۈك چېچىۋەتمەسلىك كېرەك.

**قۇرغۇنلۇق** ئى. قۇرغۇن قىلىشقا يەتكۈدەك ئۇن: بىزدە تۇرمۇشلۇق بولغان يەتتە ئائىلىدىن « قۇرغۇنلۇق » سوراپ خېمىر قىلىپ ئاش ئېتىدىغان ئادەت بار.

**قۇرغۇي** ئى <زوئول> يىرتقۇچ قۇشلارنىڭ بىر خىلى. لاچىندىن كىچىكرەك، پەيلىرى كۈل رەڭ، قوڭۇر رەڭلىك، قورسىقى ئاقۇچ، قىزىل قوڭۇر، توغرا ئالىسى بار، پۇتى سېرىق، چىشىسى ئەركەككە قارىغاندا سەل چوڭ، كىچىك قۇشلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. قولغا ئۆگىتىلگەنلىرى بىلەن كىچىك قۇشلارنى ئوۋلاشقا بولىدۇ.

**قۇرغۇي كۆز** قۇرغۇينىڭ كۆزىگە ئوخشاي-دىغان كۆز. بۇنداق كۆز ئادەتتە يۇمىلاقراق بولۇپ، گۆھىرى سىرتىغا پولتىيىپ تۇرىدۇ: قۇرغۇي كۆز ئادەم.

**قۇرغۇيۇڭ بولاي، پاختىكىڭ بولاي** بىرەر ئىشنى، مەسىلىسنى بىركىمگە يالۋۇرۇپ، يېلىنىپ قىلدۇرۇۋېلىش ياكى بىركىمدىن ئۆتۈنۈپ سوراپ ۋەدە بەرگەندە قوللى-نىلىدىغان ئىبارە: شۇنداق، ئۇكا، ھەممە ئادەم ئىشى پۈتكۈچە قۇرغۇيۇڭ بولاي، پاختىكىڭ بولاي دەپ كېتىدۇ، ئىشى پۈتكەندىن كېيىن...

**قۇرلاپ** « قۇرلىماق » پېئىلنىڭ رەۋىشدىشى: قۇرلاپ تېرىش.

**قۇرلاپ تېرىش** تېرىنشىنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا ئۇرۇق تەكشى ھالدا بىرقۇر قىلىپ تېرىلىدۇ. قۇر بىلەن قۇر ئارىلىقىدا بەلگىلىك ئارىلىق قالدۇرۇلىدۇ.

**قۇرلانماق** ① « قۇرلىماق » پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى. ② قۇر ھالىتىگە كەلمەك، قۇر بولماق؛ تىزىلماق: قارايمەن ئوغلۇمغا قارا كۆزىدىن، ئۇچقۇنلار مىسرالار چاقنار نۇرلىنىپ. سۆيىمەن يارىمنىڭ ئايدەك يۈزىدىن، مۇھەببەت داستانى تۇرغان قۇرلى-نىپ. * بۇ ئەۋلادنىڭ ماڭغان يولى پارلاق يول، مەرىپەتنىڭ قۇياشىدىن نۇرلانغان. كىتاب، قەلەم بۇ ئەۋلادنىڭ قولىدا، ئەجرىدىن

ئاق سەھىپىلەر قۇرلانغان.

**قۇرلىماق** پ. قۇر بويلىماق، قۇرنى ئاساس قىلماق: قۇرلاپ تېرىماق. ئۇرۇقنى قۇرلاپ سالماق.

**قۇرما** I سۈپ → **قۇرما تام.**

**قۇرما تام** تال، بادىرىلاردىن زەمبىل شەكلىدە توقۇلۇپ لاي بىلەن سۇۋالغان تام: ئۆي-ئىمارەتلەر تولاراقى توقۇلغان قۇرما تام، شۇ سەۋەب، ئولتۇرغىلى بولمايتتى ئەسلا بىخەتەر.

**قۇرما** II ئى. دىئال. چوگراق ئۆي شەكلىدىكى كەپە.

**قۇرماق** پ ① تۈرلۈك ماتېرىياللاردىن ۋە بۆلەكلەردىن يىغىپ-توپلاپ، بىرىكتۈرۈپ ياساپ چىقماق، سالماق؛ قۇراشتۇرماق: ئىمارەت قۇرماق. * — ھاكىم سىزدىن رەنجىۋاتىدۇ، — دېدى ئاباباس تۇزلا ئېيتىپ، — سۇ ئامبىرى قۇرۇشتەك چوڭ ئىشقا شەخسىي ئاداۋەتنى ئارىلاشتۇرۇپ نېمە قىلىدۇ، دەيدۇ ئۇ. * يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبەرلىك نېمىنى تاپشۇرسا شۇنى بىر ئامال قىلىپ بەجا كەلتۈردۇق، قىسقىسى، قۇرۇڭلار دېسە قۇردۇق، بۇزۇڭلار دېسە بۇزدۇق. ② يوقلۇقتىن بارلىققا كەلتۈرمەك، بەرپا قىلماق، ياراتماق، بىنا قىلماق: تەشكىلات قۇرماق. پارتىيە قۇرماق. سوتسىيالىزم قۇرماق. * مەن ئاياغچىلىق كارخانىسى قۇرماقچى. مېنى بۇ يولدىن ھېچكىم قايتۇرالمايدۇ. * بىز ۋەتەننى تاجاۋۇزچىلارنىڭ قولىدىن قۇتقۇزۇپ ئېلىش ئۈچۈن خەلقنىڭ ئۆز قوشۇنىنى قۇرۇپ چىقىشىمىز لازىم. ③ بىر يەرگە جايلاشتۇرماق، ئورناتماق، تىكلىمەك: دۇكان قۇرماق. قاپقان قۇرماق. * مۇھاپىزەتچىلەر ئۇنى كەڭ دائىرىدە ئوراپ ئىككى-ئۈچ ئورۇنغا پىلىموت قۇرۇپ قويدى. * ئۇلار ئالدى تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە بىر پىلىموتنى قۇردى. ④

تۈزمەك، قىلماق: ئۇلار بىرەر باھانە تېپىپ بۇ يەردىن تېزرەك يولغا چىقىشنىڭ پىلانىنى قۇرۇۋاتاتتى. * مەرھۇم شاھ ھايات چاغدا، پادىشاھلىق بۇ باغدا، كۈندە بەزمە قۇراتتۇق، كۆڭۈل ئېچىپ تۇراتتۇق.

**قۇرۇپ** «قۇرۇماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قۇرۇپ كەتسۇن** «ئىككىنچىلەپ كۆرمەي، يوقالسۇن، گۇم بولسۇن» دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: — چىرايى قۇرۇپ كەتسۇن، چىرايىغا چاي قويۇپ ئىچكىلى بولامتى، — دېدى ئۆمەر كۆزىنى يەردىن ئالماي. * — ۋاي يالغۇزلۇق. ۋاي يالغۇزلۇق. قۇرۇپ كەتسۇن بۇنداق يالغۇزلۇق، — دېدى رۇقىيە گۈلنارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

**قۇرۇت** ئى. قوي، ئۆچكە ياكى كالا سۈتىنى ئۇيۇتۇپ قۇرۇتۇش ئارقىلىق ياسىلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: قۇرۇت يېمەك. قۇرۇت ساتماق.

**قۇرۇتقا** ئى <بوت> بەھمەن ئائىلىسىدىكى پاكار چاتقال. ئېگىزلىكى 10-20 سانتىمېتىر ئەتراپىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئۇچلۇق بولۇپ، تاسما ياكى يىڭنە شەكلىدە كېلىدۇ، ئۇچى قاتتىق بولىدۇ. باشاقسىمان گۈل رېتىدە بەشتىن-سەككىز تالغىچە گۈلى بولىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سۆسۈن قىزىل كېلىدۇ. شىنجاڭ ۋە ئوتتۇرا ئاسىيا رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. شېغىللىقلاردا، كۈنگەي تاغ باغرىدا ياكى شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

**قۇرۇتماق** «قۇرۇماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتۇننى قۇرۇتماق. ھۆل كىيىمنى قۇرۇتماق. گۈلە قۇرۇتماق. * مەن ئۇنىڭ كىيىملىرىنى ياماپ، ئاياغلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتتۇم. * قۇزغۇن كەلسە ئەگەردە، پەيلىرىنى تۇزۇتساڭ. شۇم نىيەتلىك دۈشمەننىڭ، تۇخۇمىنى قۇرۇتساڭ.

**قۇرۇتۇشماق** «قۇرۇتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يۇغان كىرلىرىنى ئاپتاپتا قۇرۇتۇشۇپ، ئاندىن كېتىشتى.

**قۇرۇتۇلماق** «قۇرۇتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ قوغۇنلۇقتىكى قوغۇنلار پىشقان ھامان ئورۇندا توشۇلۇپ تۇرۇلاتتى ۋە ئۇردا ئۇچۇن قاق قۇرۇتۇلاتتى. * ئۆتكەن يىلى بۇ يەردە قۇرۇتۇلغان ئەنجۈر قاقلىرى، ئۆرۈك گۈللىرى، بادام ۋە ياڭاقلار ۋەتەننىڭ شان-شۆھرىتىنى ئېلىپ چەت دۆلەتلەرگىمۇ چىقىپ كەتتى.

**قۇرۇشماق** «قورماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بادەشقان قۇرۇشۇپ ئولتۇر-دى. * ئىشتىن يېنىپ ئەزالار، كەلگىنىدە باراڭغا؛ قىزغىن سۆھبەت قۇرۇشۇپ، چۈشكىنىدە پاراڭغا.

**قۇرۇغۇر** ئى «قۇرۇپ كەتكەيسەن، تۈگەشكەيسەن، يوقالغايسەن» دېگەن مەنىلەردىكى قارغىش سۆزى: قۇرۇغۇرنىڭ ناخشىسى شۇنچە بولامدۇ؟ بېغىدىن سۇغۇرۇپ يۈرەكنى ئالدى. ئالدى-دە ئۇچتى تىز ئېيتىلغان ئوقتەك، ناخشىسى ئۆچمەسكە قۇلاقتا قالدى.

**قۇرۇق** ① سۈپ. سۈيى، نېمى تۈگىگەن، قۇرىغان، ھۆلنىڭ ئەكسى: قۇرۇق ئوتۇن. قۇرۇق ئۈزۈم. قۇرۇق سوغۇق. قۇرۇق كىيىم. * قۇرۇق يەردە سۇ توختىماس (ماقال). * ئۇ قىزىنىڭ يېنىغا كەلدى. قىزنىڭ چاچلىرى شۇنداق قۇرۇق ۋە يۇمشاق ئىدى. * – قۇرۇق توپىدىنمۇ ياكى لاي قىلىپمۇ؟ – دەپ سوراپتۇ ئوغلى. ② رەۋ. كۆچمە. باشقا نەرسە ئارىلاشتۇرۇلمىغان ياكى ئارىلاشتۇرماي؛ يالغۇز: يولدىن نېرى كېتىپ قالسام بىرەر ئەپ كەلگەن ھارۋا ئۆتۈپ كېتىپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ، ھېچنەگە بارماي خۇرجۇندىكى بىر گىردە ناننى قۇرۇق يەپ ئۆلتۈردۇم. * مەن ئادەتتە قۇرۇق قايناق سۇنى توختىماي ئىچىمەن، بەزى كېچىلىرى قورسىقىم شۇنچىلىك ئاچىدۇكى، كەمەرنى چىڭىتىش، قايناق سۇ ئىچىش بىلەن ئۇنى بېسىقتۇرۇيمەن. ③ سۈپ. كۆچمە. ئىچىدە ھېچنېمە يوق، ئىچى بوش: قۇرۇق قۇتا. قۇرۇق ھارۋا. قۇرۇق ئەمچەك. قۇرۇق سېۋەت. * قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرماس (ماقال). * قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقىرىپتۇ (ماقال). * ئۇنىڭغا چېچىلىپ ياتقان سەي-تا-ماق، قۇرۇق بوتۇلكىلار بىلەن تولغان داستىخان ھەمراھ بولۇپ قالدى. * ئەبلىغازى ئۆكۈزنى ئالدىغا سېلىپ مەھەللىگە ھەيدەپ كەتتى. ئۇلار ئىككىسى قۇرۇق ھارۋىنى سۆرەشكە تۇتۇندى. ④ رەۋ. يەپ-ئىچمەي، مېھمان بولماي: – رەنجىمىسىلە، قۇرۇقلا قايتىشتىلا، بەك سەت بولدى، – دېدى ئۇ بىزنى ئۇزىتىپ چىقىپ. * بىر ئايدا بىر قېتىم كېلىپ قۇرۇقلا كەتسىڭىز بولامدۇ؟، بىردەم ئولتۇرۇڭ، مەن تاماق ئېتەي. ⑤ رەۋ. نەتىجىسىز، بىكارغا، بىھۇدە: ئۇ ئىشقا بارغۇچە-كەلگۈچە ھەرگىز قۇرۇق ماڭمايتتى. * ئىشلىسەڭ تولۇق، دىلىڭمۇ يورۇق. ئىش-ئەمگەك ئۇلۇغ، قالمايسەن قۇرۇق. ⑥ سۈپ. ئەمەلىيىتى يوق، سەممىي بولمىغان، باشقىلارنى ئالدايدىغان، يالغان، ساختا: – قۇرۇق ۋەدە بېرىپ يولغا سالماقچى بولسا قانداق قىلىمىز! – دەپ سورىدى بىرى مەسلىھەت تەرىقىسىدە. * بولدى قىلىڭ، قۇرۇق گېپىڭىزنى قاچانغىچە ئاڭلايمىز. ⑦ سۈپ. ھېچبىر رولى، ئەھمىيە-تى يوق؛ رولى، ئەھمىيىتى قالمىغان: – كۆرمەيۋاتامسەن، بىزنىڭ شەۋكەتچۇ، سېنىڭ ھەبىبۇللارىڭغا ئوخشاش قۇرۇق قەغەز-كىتاب تەقدىم قىلىنىشىنىلا بىلمەيدۇ. مەن نېمىنى، قايسى رەڭدىكى ئالى رەختنى ياخشى كۆرسەم، شۇنى ئېلىپ بېرىدۇ، – دېدىم ئاچچىقىمدا. ⑧ رەۋ. ھېچبىر ئىش قىلماي، بىكار: كەلسىلە، ئولتۇرسىلا، قالغان ئىشلارنى باللار

قىلسۇن، بولمىسا، قۇرۇق ئولتۇرساقمۇ ماڭا بەش پ تۇيۇلمايدۇ. ⑨ رەۋ. ئورۇنسىز: قۇرۇق گۇمان قىلماق. * — قۇرۇق ۋارقىراش بىلەن ئىش پۈتمەيدۇ باللىرىم، — دېدى بوۋاي. ⑩ سۈپ. ھېچقانداق ئىلمىي ئاساسى يوق، ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، كۆچىدىن قالغان: نەزەرىيە — ھەرقايسى ئەللەر ئىشچىلار ھەرىكىتىدىن يىغىنچاقلاپ ئېلىنغان تەجرىبە . ئەلۋەتتە، ئىنقىلاب ئەمەلىيىتىدىن ئايرىلغان نەزەرىيە قۇرۇق نەزەرىيە بولىدۇ. * بۇ چاغ ئۇلاردا ئۆزلىرىنىڭ بارلىقىنى قۇربان قىلىش بەدىلىگە بولسىمۇ شۇ قىزنىڭ ئارزۇسىنى بۇرۇنراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئىستىكى پەيدا بولدى. لېكىن بۇ بىر قۇرۇقلا ئىستەك ئىدى. ⑪سۈپ. پەقەت ئېغىزدىلا قىلىنغان، ئېغىز يۈزىدىلا، ئاغزىدىلا دەپ قويۇلغان: قۇرۇق تەكلىپ. * قۇرۇق دۇئايى سالامغا توكۇر بارىكاللا (ماقال). *بۇ ئىشقا ئاچچىقى كەلگەن ئاشپەز تېرىكىپ: — قانداق نېمە سەن؟! مانتا دېگەن پۇلغا كېلىدۇ، سېنىڭ قۇرۇق بارىكاللاڭغا بېرىدىغان مانتا يوق.

**قۇرۇق ئاكتىپ** كۆرۈنۈشتە ناھايىتى ئاكتىپتەك كۆرۈنۈپ، ئەمەلىيەتتە ھېچ ئەمەلىي ئىش قىلمايدىغان ئادەم؛ يالغان ئاكتىپ: مەن سېنىڭدەك قۇرۇق ئاكتىپلارنى كۆپ كۆرگەن.

**قۇرۇق ئايلىنىش** <ماشىن> ① ماشىنىلارنىڭ يۈك بولمىغان ئەھۋال ئاستىدىكى ئايلىنىشى. ② سۈركىلىش كۈچىنىڭ ناھايىتى ئاجىز بولۇشى ياكى چاق سۈرئىتىنىڭ بەك تېز بولۇشى سەۋەبىدىن پاراۋۇز ياكى ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنىڭ ئاساسىي چاقلىرىنىڭ قۇرۇقتىن-قۇرۇق تېيىلىپ ئايلىنىشىغا قارىتىلىدۇ.

**قۇرۇق ئەمچەك** ① سۈتى يوق، سۈتى چىقمايدىغان ئەمچەك؛ سۈتى يوق ئەمچەك؛ ئېمىزگە : بۇلبۇل قونمايدۇ يالغان چېچەككە، بوۋاق تەلپۈنمەس قۇرۇق ئەمچەككە . ② كۆچمە. كىشىنى ئالدايدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋەدە، شېرىن گەپ-سۆزلەر: قۇرۇق ئەمچەك سالماق. * دېھقانىنىڭ ئاغزى قۇرۇق ئەمچەك ئۈچۈن يارالغانمىدى؟

**قۇرۇق ئەمچەك سالماق** كىشىنى گوللايدىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان ۋەدىنى بەرمەك؛ گوللىماق: ئۇ قاچانلا بولسا ئۇنداق، مۇنداق دەپ قۇرۇق ئەمچەك سالىدۇ، ئىشنى ھەل قىلمايدۇ، ئۇنداق باشلىقنىڭ بولغىنىدىن بولمىغىنى مىڭ ئەۋزەل.

**قۇرۇق باشنى ئېلىپ كەتمەك** ھېچنېمە ئالماي، ئۆزىنىلا ئېلىپ كەتمەك: — ئەگەر جان كېرەك بولسا، قۇرۇق بېشىڭنى ئېلىپ كېتىۋەرگىن، ساڭا يول ئوچۇق، ئاتلىرىڭ بىلەن بۇ قىز قالىدۇ. ئەگەر مال كېرەك دېسەڭ، بۇ يەردىن تىرىك كەتمەيسەن، — دەپتۇ قاراقچىلار.

**قۇرۇق پاراڭ** ھېچقانداق پايدىسى، ئەمەلىي ئەھمىيىتى يوق پاراڭ: قۇرۇق پاراڭ سالماق. * ھازىر يېزىلاردا ئەتىدىن-كەچكىچە قورساق غېمىدە بېشى قېتىپ، تام تۈۋىدە ئاپتاپ سۇنۇپ، كەچكىچە قۇرۇق پاراڭ سوقىدىغان كىشىلەرنى ئىزدەپ تاپقىلىمۇ بولمايدۇ.

**قۇرۇق تەمرەتكە** <تىب> تەمرەتكىنىڭ سۇ ئۆرلىمەي كېپەك ئۆرلەيدىغان بىر خىلى.

**قۇرۇق تولغاق** <تىب> تۇغۇت ئالدىدىكى ئاياللاردا ھامىلە چۈشمەي قۇرۇق كېلىدىغان ئىنجىق.

**قۇرۇق تۆھمەت** بىكاردىن-بىكار قىلىنغان تۆھمەت، قەستەن چاپلانغان تۆھمەت:

قۇرۇق تۆھمەتكە قالماق. قۇرۇق تۆھمەت
قىلماق.

**قۇرۇق جازا بولۇپ قالماق** نامى،
ئەمىلىلا بار، ئەمما ھوقۇقى يوق، گېپى
ئۆتمەيدىغان دەرىجىگە بېرىپ يەتمەك:
سادىق ھازىر ئىدارىمىزنىڭ رەھبەرلىك
گۇرۇپپىسى ئىچىدىكى بىر قۇرۇق جازا بولۇپ
قالدى، خالاس.

**قۇرۇق جۇۋا تاراقشىتماق** ← **تېرە
تاراقشىتماق**.

**قۇرۇق جۇۋا تاراقلاتماق** ← **تېرە
تاراقشىتماق**: قۇرۇق جۇۋا تاراقلاتماي ماڭە
نېرى. * يولداش ئاۋام، بىزنىڭ پارتىيىمىز
قۇرۇق جۇۋا تاراقلىتىدىغانلارنىڭ زېىنىنى ئاز
تارتمىدى.

**قۇرۇق جىنازا** ناھايىتى ئورۇق، بىر
تېرە-بىر ئۇستىخان (ئادەم بەدىنى
ھەققىدە): ئاغرىپ قۇرۇق جىنازا بولۇپ
قالماق.

**قۇرۇق چاغلىماق** كېۋەز، قوناق قاتارلىق
زىرائەتلەر ئۈنگەندىن كېيىنكى نەملىك-
نى ساقلاش ئۈچۈن تۈۋىنى چاناپ
يۇمشاتماق.

**قۇرۇق چاقماقتىن ئوت چىقارماق** ①
بولمايدىغان ئىش-ھەرىكەتنى بولدۇرماق،
يوقنى بار قىلماق: ئۇ قۇرۇق چاقماقتىن
ئوت چىقىرىپ، پو ئېتىپ يۈرىدۇ. ② ھېچبىر
دەسمايە سالمايلا پايدا ئالماق، ھېچبىر
دەسمايىسىزلا پايدا-مەنپەئەتكە ئېرىش-
مەك (سودا قاتارلىقلار ھەققىدە).

**قۇرۇق چاي** ھېچنېمىنى يېمەي، پەقەت
ئۇسسۇزلۇق ئورنىدىلا ئىچىلگەن چاي:
قۇرۇق چاي ئىچكۈچە نان بىلەن ئىچسەڭمىز
بولمامدۇ؟

**قۇرۇق خىيال** رېئاللىققا ئۇيغۇن كەلمەي-
دىغان، ئەمەلگە ئاشمايدىغان خىيال؛
يوقىلاڭ ئوي، يوقىلاڭ خىيال: قۇرۇق
خىيال قىلماق. * مەن سىزگە ئېيتسام
تا بۈگۈنگە كەلگۈچە بىرەر كىشىنىڭ
قۇرۇق خىيال بىلەن مەقسىتىگە يەتكىنىد-
نى ئاڭلىمىغانمەن. * مېنىڭ ئويلىرىم
بىردىنلا قۇرۇق خىيالغا ئايلىنىپ قالدى.
يېنىمدىكى ئاياپ يۈرگەن پۇلۇمنى
ئۇلارغا بېرىش بېشىمغا كالتەك تەگكەن-
دەك بىلىندى.

**قۇرۇق دەرەخ** <ئورم> قۇرۇغان بولسىمۇ
ئۆرە تۇرغان دەرەخ.

**قۇرۇق سوغۇق** ① قار ياغمىغان، ھاۋا
ئوچۇق ۋاقىتتا بولىدىغان قاتتىق سوغۇق.
② تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدە
قۇرۇقلۇق ۋە سوغۇقلۇقنىڭ تەسىرى
بىلەن پەيدا بولىدىغان نورمالسىز
ھالەت.

**قۇرۇق سۆز** ← **قۇرۇق گەپ**: — بىزگە
قۇرۇق سۆز ئەمەس، پاكىت كېرەك! —
دېدى سوجاڭ. * بۇ ئادەم قۇرۇق سۆزنى
تولا قىلىدىكەن.

**قۇرۇق سۆڭەك** گۆشى قالمىغان سۆڭەك؛ -
ئورۇقلىغان، ئورۇق: بۇ دۇنيادا مۇشۇ قۇرۇق
سۆڭەك جېنىمدىن باشقا ھېچنېمەم يوق،
قىسقىسى، مەن ئۆلۈپ قالسام، قەبرەمنى
يوقلايدىغان كىشىمۇ چىقمايدۇ. * مەڭلىك
نىياز بوۋاينىڭ قۇرۇق سۆڭەكتەك ئورۇق
قوللىرىنى ئالقىنىغا ئېلىپ كۆزىگە سۈرتتى.

**قۇرۇق سۆلەت** ياسىنىشقىلا، سىرتىغىلا
ئەھمىيەت بېرىدىغان؛ ياسانچۇق: قۇرۇق
سۆلەت، ياغاچ پەشمەت (ماقال). // —
ئايال كىشىگە قۇرۇق گەپ، قۇرۇق سۆلەتنىڭ
نېمە كېرىكى، ئايال كىشىگە تاراقلىتىپ
سانايدىغان پۇل كېرەك! — دېدى ئۇ. *
قانچە بولۇق ئوخشىسا ئالما، شېخى يەرگە
قىلىدۇ تەزىم. شۇنداق ئىكەن دوستۇم

مەنمەنلىك، قۇرۇق سۆلەت نېمىگە لازىم.

**قۇرۇق غازاڭنى سۈپۈرگەندەك** ھېچنېمىسىنى قويماي؛ بىر ئازمۇ قالدۇرماستىن: سەل... تۈگمەننى بولسا، ئەرەختەن-پەرەختەن قىلىپ، قۇرۇق غازاڭنى سۈپۈرگەندەك سىيرىپ چىقىپ كەتتى.

**قۇرۇق قالماق** ئېرىشەلمەسلىك، ئىگە بولالماسلىق، مەھرۇم بولماق؛ ئايرىلماق: خىزمەتتىن قۇرۇق قالماق. راھەتتىن قۇرۇق قالماق. مەرتىۋىدىن قۇرۇق قالماق. * مەنسۇر شۇ ئىشنىڭ كاساپىتى بىلەن ئۆزى ئالماقچى بولغان بىر گۈزەل قىزدىن قۇرۇق قالدى. * ئۇ ئاخىرى ئاتا مىراسىدىن قۇرۇق قالدى. * ھەممىدىن قۇرۇق قالغان ئاچكۆز ئىت ھەسرەتلىنىپ: «ئاز بولسىمۇ بارىغا شۈكۈر قىلسا بولۇپتىكەن» دەپ پۇشايمان قىلىپ قايتىپ كېتىپتۇ.

**قۇرۇق قان پلازمىسى** <تىپ> سۇيۇق قان پلازمىسىنى تۆۋەن تېمپېراتۇرا ۋە ۋاكۇئۇم شارائىتىدا قۇرۇتۇش ئارقىلىق ئىشلەنگەن ئاچ سېرىق رەڭلىك پاراشوك. قان بېرىشتە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ ئېلىپ يۈرۈشكە ئەپلىك ۋە ساقلاش ئوڭاي بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلارغا ئىگە.

**قۇرۇق قول** قولىدا ھېچنېمە يوق؛ قولىدا ھېچنېمە كۆتۈرمەي، قولى بوش، قۇرۇق قولىدا:
تۆمۈر بۇ يىغلىقنىڭ جەريانىنى تەپسىلىي سۆزلەپ كېلىپ، يىغلىپ قىلىشتىكى تۈپ سەۋەب «خەلق قۇرۇق قول ئىدى» دېدى. * ئۇغۇ شۇنداق، لېكىن ئادەمگەرچىلىك دېگەن گەپ بار-دە، سىلىنى قۇرۇق قول يولغا سېلىشقا قانداق يۈزىمىز چىدايدۇ. * — ئۇ قۇرۇق قولى بىلەن كالىنى ۋە يولۋاسىنىمۇ ئۇرۇپ ئۆلتۈرەلەيدىكەن دەپ ئاڭلىدۇق، — دېدى ئۇ كىشى ئىسمائىلغا چۈشەندۈرۈپ.

**قۇرۇق قويماق** ئىگە قىلدۇرماسلىق، ئېرىشتۈرمەسلىك، مەھرۇم قىلماق، ئايرىماق: — سەن ھارامىلىقنى يوغانچىلىق قىلدۇرغان داداڭنىڭ موزدۇزلۇقتىن تاپقان پۇلىغۇ؟ قېنى پۇلدىن قۇرۇق قويسام نېمە قىلالايسەنكىن! — دەپ ئويلىدى ھېزىمخان ھەسەتخورلۇق بىلەن. * — بۇ گېپىڭ ئېيتىلىشقا ياخشى، لېكىن بەزىلەرنىڭ دېگىنىدەك ئاشۇرۇۋەتسەڭ نان بەرمەيدۇ، بېرىپ-بېرىپ قولۇڭدىكى بىر پارچە نانىدىنمۇ قۇرۇق قويىدۇ! — دېدى مەنسۇر ئەكبەرگە كەسكىن قىلىپ.

**قۇرۇق كەلمەك** قولىغا سوۋغا-سالام، لازىمەتلىك كۆتۈرمەي كەلمەك؛ قۇرۇق قول كەلمەك: ھاجى ئىشان بۇ ئۆيگە قۇرۇق كەلگەن ئادەمنى ئانچىلا ياخشى كۆرمىگەنلىكتىن، گېلىنى قىرىپ، قۇرۇق يۆتىلىپ قويدى. * قۇرۇق كېلەي دېسەم، كۆڭلۈم ئۇنىمىدى، ئاز بولسىمۇ ئاز كۆرمىسىلە.

**قۇرۇق گەپ** ھېچقانداق پايدا-مەنپەئەتى، ئەھمىيىتى يوق، رېئاللىققا، ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، مەنىسىز، ئاساسسىز سۆز: قۇرۇق گەپ قىلماق. * قۇرۇق گەپ قۇلاققا ياقماس (ماقال). * قۇرۇق گەپكە قورساق تويماس (ماقال). * — قۇرۇق گەپكە مۈشۈك ئاپتاپقا چىقمايدۇ. شۇڭا ھەرقايسىڭلارنى دەپ ئاۋۇ گىلەمنى بۈگۈن كەچتىلا توقۇپ بولدۇق، — دېدى ئۇ. * بۇ پەقەت ئۇنىڭ پەلسەپىسىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئىشەنمەيدىغان ئەھمىيەتسىز قۇرۇق گەپ ئىكەنلىكىنىلا ئىسپاتلايدۇ.

**قۇرۇق گەپ ساتماق** ئەمەلگە ئاشمايدىغان، ئەسقاتمايدىغان، ئاساسسىز، پايدىسىز گەپلەرنى تولا سۆزلىمەك: بۇ ئىككى نەقىلدىن ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدۇكى، بوگدانوۋ ئېنگېلسقا رەددىيە بېرىۋاتمايدۇ، بەلكى قۇرۇق گەپ سېتىۋاتىدۇ. * بىز داستىخان ئۈستىدىلا قۇرۇق گەپ ساتماي،

مىللىتىمىزنىڭ مەدەنىيەت تەرەققىياتى ئۈچۈن تىرىشىپ ئەمەلىي ئىش قىلىشىمىز لازىم.

**قۇرۇق گەپكە قالماق** باشقىلارنىڭ يوقىلاڭ گەپ-سۆزلىرى، تۆھمىتىگە ئۇچرىماق: ئۇ كىشىلەرنىڭ قۇرۇق گېپىگە قالدى.

**قۇرۇق گەپكە قويماق** يوقىلاڭ گەپ-سۆز-لەرگە، سۆز-چۆچەككە قالدۇرماق؛ تۆھمەتكە مۇپتىلا قىلماق: نە ئۈچۈن قويدۇڭ قۇرۇق گەپكە مېنى قەرزدار قىلىپ، ئىشقى بازارىڭدا زىيان چەككۈچى باج.

**قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ** مەنپەئەت تېگىدىغان ئەمەلىي ئىش قىلماي، قۇرۇق گەپ قىلغانغا ھېچكىم ماقۇل بولمايدۇ، ئۇنىمايدۇ: — ئەخمەق ئىكەنلا، گېزىتتە ماختاپ قويسا سىلىگە نېمە پايدىسى، قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقامدۇ، ھەي، مەن بولغان بولسام... — دېدى بىرەيلەن ئەپسۇسلانغان تەرزدە. * ھەي، بىراق پۇلۇڭ يوقتە، پۇلۇڭ. قۇرۇق گەپكە مۇشۇك ئاپتاپقا چىقمايدۇ، پۇل بولمىسا خوتۇن تەگمەيدۇ.

**قۇرۇق مەنسەپ** پەقەت نامىلا بولۇپ، ئەمەلىي ھوقۇقى بولمىغان ئەمەل: بىزنىڭ ھازىرقى جەمئىيىتىمىزدە ئىشتىن ئادەم كۆپ بولۇپ كېتىش، مۇئاۋىنلىق ۋەزىپىسىدىكىلەر ۋە قۇرۇق مەنسەپلەر بەك جىق بولۇپ كېتىش، خىزمەت ئۈنۈمى بەك تۆۋەن بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللار ساقلانماقتا.

**قۇرۇق مۇز** <خىم> قاتتىق ھالەتتىكى كاربون (IV) ئوكسىدى. شەكلى مۇزغا ئوخشايدۇ. ئۇ گاز ھالەتتىكى كاربون (IV) ئوكسىدىنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇپ سوۋۇتۇش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئادەتتىكى تېمپېراتۇرا ۋە ئادەتتىكى بېسىمدا سۇيۇق-لۇققا ئايلانماستىن، بىۋاسىتە گازغا ئايلىنىدۇ ھەم 75.5℃ - تۆۋەن تېمپېراتۇ-را ھاسىل قىلىدۇ، كۆپىنچە سوۋۇتقۇچى قىلىنىدۇ. قۇرۇق مۇزنى بولۇت ئىچىگە چاچقاندا سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرغىلى بولىدۇ.

**قۇرۇق مۇقام** ئاساسسىز گەپ-سۆزلەر، قۇرۇق نەزەرىيە: ئۇنىڭ بۇ سۆزى قۇرۇق مۇقام بىلەن تولغان بولۇپ، ئەمەلىيەتكە يېقىنمۇ كەلمەيدۇ. ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشتى-كى بۇنداق بىمەنە، تېتىقسىز ھادىسىلەر ئۇرغۇن پارتىيە ئەزالىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدىدا ساقلانماقتا.

**قۇرۇق مېۋە** <بوت> ① مېۋىلەرنىڭ چوڭ بىر تۈركۈمى. پىشقاندا شۆپۈكى قاتىدۇ ھەم قۇرۇيدۇ. ئۇ چوكا مېۋە، قاتتىق پوستلۇق مېۋە، قىلتىرىقلىق مېۋە ھەم ئورۇق مېۋىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە شاكاللىق ۋە سۇ تەركىبى ئاز بولغان مېۋىلەرنى كۆرسە-تىدۇ. مەسىلەن، كاشتان مېۋىسى، قوناق دېنى، ياڭاق ۋە قېيىن ياڭىقىغا ئوخشاش. ② ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان مېۋە. قاق. مەسىلەن، شاپتۇل قېقى، گۈلە، قۇرۇق ئۈزۈم قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قۇرۇق نامى قالماق** پەقەت نامىلا قېلىپ، ئەمەلىي قىممىتى، رولى بولماس-لىق: دۇنيادا ئۇلارنىڭ پەقەت قۇرۇق نامىلا قالدى. * مەملىكىتىمىزدە ھازىر مانجۇلارنىڭ قۇرۇق نامىلا قالدى.

**قۇرۇق هارۋىنى ئەپقاچماق** ئەمەلىي ئىش قىلماي، باشقىلارنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ سايىسىدە جان بېقىپ، قۇرۇقتىن-قۇرۇق تاراقلاپ، ماختىنىپ يۈرمەك؛ قۇرۇق پو ئاتماق، ئاغزىدا شەھەر ئالماق:

ئۇنىڭ قابىلىيىتى يوق، پەقەت گەپكە ئۇستا، قۇرۇق ھارۋىنى ئەپقىچىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

**قۇرۇق ھەيدەش** <خىم> قاتتىق يېقىلغۇنى ھاۋادىن ئاجرىتىپ، قىزدۇرۇپ پارچىلاش. مەسىلەن، كۆمۈر قۇرۇق ھەيدەلگەندىن كېيىن پارچىلىنىپ كوكس، كوكس مېيى ۋە كۆمۈر گازىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**قۇرۇق ھۆ** ھېچ نەرسە يانمايدىغان، قۇسۇق يوق، قۇرۇقتىن-قۇرۇق قىلىنغان ھۆ: خەلچىخان ئېتىۋاتقان تامقىنى قويۇپ، ئىچكىرىكى ئۆينىڭ ئىشىكىگە كېلىشىگە، شەردەپەنىڭ قورسىقىنى تۇتۇپ قۇرۇق ھۆ قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

**قۇرۇق ئوت تاياقچە باكتېرىيىسى** <بىئول> بىخ سپورا ھاسىل قىلىدىغان، ئوكسىگېن بىلەن نەپەسلىنىدىغان ۋە گرام مۇسبەت بولىدىغان ھەرىكەتچان تاياقچە باكتېرىيە. كېسەل پەيدا قىلمايدۇ. ئەمما يېمەكلىكلەرنى چىرىتىدۇ. بەزى بىر تۈپلىرى كراخمال ئېنزىمى ۋە ئاقسىل ئېنزىمىنى ھاسىل قىلالايدۇ.

**قۇرۇق ئۇستىخان بولۇپ قالماق** ناھايىتى بەك ئورۇقلاپ كەتمەك، بەك جۈدەپ كەتمەك، بىر تېرە-بىر سۆڭەك بولۇپ قالماق: مەن 6-ئاينىڭ ئاخىرىغا بارغاندا قۇرۇق ئۇستىخانلا بولۇپ قالدىم.

**قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويماق** ناھايىتى جۈدىتىۋەتمەك، بەك ئورۇقلىتىۋەتمەك: – كىچىككىنە بالىنى تولا ئىشلىتىپ، قورسىقى تويغۇدەك بىرنېمە بەرمەي، قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويىدىغان بولدى ئۇ ئاچكۆز، – دېدى ئەنۋەر. * كۈنلەر ئۆتمەكتە. ھىجران، جۇدالىق، غەم-قايغۇ، سېغىنىشتىكى ئېغىر ئىش ئۇنى قۇرۇق ئۇستىخان قىلىپ قويغانىدى.

**قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولماق** ① ئەمەلىي ھوقۇقى-مەنپەئەتى بولمىغان بىرەر ئىشقا باشچىلىق قىلماق، ئەمەلىي ھوقۇق-مەنپەئەتى يوق ئىشقا ئولتۇرماق: شۇنداق قىلىپ، لىۋ لۈيجاڭ ئۇنى قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ يۈرگەن ئاددىي بەگلەردىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھوقۇق ۋە تەسىر كۈچىگە ئىگە بىر ئەرباب قىلىپ قويدى. ② قىلمىغان ئىشنىڭ ئېگىسى بولۇپ قالماق: ئۇ ئۆزىمۇ قۇرۇق ئۆستەڭگە مىراب بولۇپ قالغىنىغا رەللە بولاتتى.

**قۇرۇق ئۈزۈم** چۈنچىدە ياكى ئاپتاپتا قۇرۇتۇلغان قاق ئۈزۈم: قۇرۇق ئۈزۈم يېمەك. قۇرۇق ئۈزۈم ساتماق.

**قۇرۇق ئېمىزگە** ← **قۇرۇق ئەمچەك**: ئۇكام مەتۋاقى، قۇرۇق ئېمىزگەڭنى قويساڭچۇ! مېنى ئۆزۈڭ بىلسەن، مەن بۇ ئالەمگە تۆرۈلۈپ، ئاسماندىكى غازنىڭ شورپىسىغا نان چىلىغان بەندە ئەمەسمەن، نېسىدىن تەلىيىم يوق.

**قۇرۇق ئىسسىق** تىبابەتچىلىكتە ئادەم بەدىنىدىكى ئىسسىقلىقنىڭ ئېشىپ كېتىش ھالىتى ياكى ئادەم بەدىنىدىكى قۇرۇققا مايىل بولغان ئىسسىق خىلىت (مىجەز ھەققىدە): – ھە، ھە، خېنىمنىڭ ئىسسىقى ئېشىپراق قېلىپتۇ، قۇرۇق ئىسسىق، شۇنداق خېنىم، ئىككىلا تومۇر ئوخشاش سوقۇۋاتىدۇ، – دېدى بوۋاي ئاغىچا خېنىمنىڭ قولىنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

**قۇرۇق ئىنجىق** <تىب> تولغاق كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەردە چوڭ تەرەت چۈشمەي قۇرۇقتىن-قۇرۇق كېلىدىغان ئىنجىق.

**قۇرۇق يۆتەل** يۆتەلگەندە ھېچقانداق خەپرۈك بىللە چىقماي، قۇرۇقتىن-قۇرۇق چىقىدىغان بىر خىل يۆتەل: قۇرۇق يۆتەل تۇتماق.

**قۇرۇق يۆتەلمەك** قۇرۇقتىن-قۇرۇق يۆتەلمەك؛ زورىغا يۆتەلمەك: — ئەركىن، سەن بىر يەرگە ئېلىپ قويدۇڭمۇ بالام؟ — ئەركىن جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا زورمۇزور قۇرۇق يۆتىلىپ قويۇپ، ئەدىيالنىڭ ئىچىگە بېشىنى تىقتى.

**قۇرۇقتىن-قۇرۇق** ① قۇرۇق قول، ھېچ نەرسىسى يوق، ھېچ نەرسە كۆتۈرمەي: — قۇرۇقتىن-قۇرۇق قانداق كېتىمەن؟ — دېدى موللازەيدىن. * ئۇلارنى قۇرۇقتىن-قۇرۇقلا يوقلۇغىنى يوق، ئەلۋەتتە. سودەك ئېقىپ كېتىۋاتقان پۇللارغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتمىدى. ② ھېچبىر ئاساسسىز بىكاردىن-بىكار: قۇرۇقتىن-قۇرۇق سۆزلىمەك. * ئايال مەھكىمە ئالدىدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق تۇرۇۋېرىشتىن بارغانسېرى چوڭقۇر دىققەتچىلىككە يېتىپ، پات-پات قاماقخانا دەرۋازىسى ئالدىغا كېلەتتى. * ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىنىڭ خىيال سۈرۈپ قالغىنىدىن ئوڭايسىزلاندىمۇ قۇرۇقتىن-قۇرۇق تامىقىنى قىرىپ يۆتەلدى.

**قۇرۇقچىلىق** ئى ① ھەممە يەر قۇرىغان، قۇرۇپ قالغان ياكى قۇرۇپ كېتەي دەپ قالغان ھالەت: دالىلارنى قۇرۇقچىلىق قاپلىماق. ② ئومۇمەن بىرەر ئائىلىدە گۆش-ياغ، ئۇن، كۆكتات، يەل-يېمىش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش كۈندىلىك تۇرمۇشقا جىددىي زۆرۈر بولغان نەرسىلەر ئۆكسۈپ قالغان ۋە كەم ياكى يوق بولغان ئەھۋال؛ ئۆزۈكچىلىك: بولسا چىلىق-چىلىق، بولمىسا قۇرۇقچىلىق (ماقال). * مېنىڭ ئەنسىرىگىنىم، ئۆيۈم قۇرۇقچىلىق، پەتىگە كېلىپ قالسا قانداق قىلارمەن دەۋاتىمەن، كۈزدە كەلسىغۇ قوغۇن-تاۋۇز، مېۋە-چېۋە دېگەن كەڭرى بولاتتى. * — خەمىت، بۇ ياققا چىقىڭا، — دېگەنىدى ئايالى ئۆزىنى تاشقىرىقى ئۆيگە چاقىرىپ، — ئۆيدە بار گۆش بۇگۈن تۈگىدى، دادىمىز يىراق يەردىن ئاران بىر كەلگەندە، قۇرۇقچىلىقتا قويساق بولمايدۇ، بىرئاز گۆشنىڭ ئامالىنى قىلارسىز-ھە!

**قۇرۇقدالماق** «قۇرۇقدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كورلىغا يېقىنلاپ قالغان چېغىمىزدا، كامال مەندىن سوراپ قالدى: — ھەي ئاداش، يانچۇق قۇرۇقدىلىپ قالغىلى ئاز قېلىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟ * كەپكۈرلەرنى باستى قېلىن دات، چويلىنىمۇ قات-قات توپا-چاڭ. ئايرىلىپ يېڭى كىگىز-گىلەمدىن، قۇرۇقدىلىپ قالدى ئىسسىق كاڭ.

**قۇرۇقدىماق** پ ① ھۆل بىرنەرسىنىڭ ئورنىغا قۇرۇقنى ئالماشتۇرماق؛ قۇرۇق ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى ئېچىغان سۇتنىڭ قاڭسىق پۇرىقى قاپلىدى. ھېلىقى ئايال خىجالەتچىلىك ئىچىدە ئالدىراپ قۇچىقىدىكى بالىسىنىڭ ئاستىنى قۇرۇقداشقا باشلىدى. * ئادەم قۇلاقتىن سەمرەر، مال تۇياقتىن ئەمەسمۇ، شۇڭا مەن ئۆزىمىزنىڭ ئېغىل-قوتانلىرىنى پات-پات قۇرۇقداپ تازىلاپ تۇردۇم. * ئانا پەرۋانە ئۇنىڭ دەردىدە، بەخش ئېتىپ جىمى ئىشتىياقىنى. بىردەم پەپىلەپ، بىردەم ئەمدۈرۈپ، قۇرۇقدايدۇ بىردەم زاكىنى. ② كۆچمە. ئىچى ياكى ئۈستىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىۋېتىپ ياكى يوقىتىپ، بوش، قۇرۇق، ھالەتلەرگە كەلتۈرمەك؛ بوشاتماق؛ تۈگەتمەك: ساندۇقنى قۇرۇقدىماق. ئۆينى قۇرۇقدىماق. قازاننى قۇرۇقدىماق. * ئۇلار نېرى-بېرى سۆزلىشىپ، گەپ تالىشىپ ئولتۇرۇپ ئۈچ بوتۇلكىنى قۇرۇقدىدى. * زەيدىن ئاكا داستىخاندىكى نېمەتلەرنى بولۇشىغا يەپ داستىخاننى قۇرۇقداپ قويدى. ③ تۈگىمەك؛ ئۈگۈتسىرىمەك (تۈگمەن ھەققىدە): — تۈگمەن قۇرۇقداپ قالدى، دەرھال ئۈگۈت

قۇيايلى، — دېدى ئاپام.

**قۇرۇقشمال** ئى. دىئال. دەرەخنىڭ چالا قۇرۇپ قېلىش ھالىتى ياكى قۇرۇق بىلەن ھۆلنىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ قېلىشى.

**قۇرۇقلۇق** I ① «قۇرۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھاۋانىڭ قۇرۇقلۇقى. * يەنە بىر قېتىم ئوغۇت چېچىشقا دۇينىڭ چۆنتىكى قۇرۇقلۇق قىلاتتى. ② ئى. سۇسىز، قۇرۇق جاي، يەر: لەھەڭ ئاغرىققا بەرداشلىق بېرەلمەي دەريانىڭ لېۋىگە كېلىپ، بېشىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، ھاتەمنى قۇرۇقلۇققا پۈركۈەتتى. ③ ئى <جۇغ> يەر شارىنىڭ دېڭىز-ئوكياندىن باشقا قىسمى: چوڭ قۇرۇقلۇق. ئاسىيا-ياۋرۇپا چوڭ قۇرۇقلۇقى. قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى. * دۇنيا بازىرى سودا، دېڭىز قاتنىشى ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشنى غايەت زور تەرەققىياتقا ئىگە قىلدى.

**قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى** <ھەرب> قۇرۇقلۇقتا ئۇرۇش قىلىدىغان ئارمىيە. ھازىرقى زامان قۇرۇقلۇق ئارمىيىسى پىيادە ئەسكەرلەر قىسمى، توپچى قىسىم، برونېۋىك قىسىم، قۇرۇلۇش قىسمى، تۆمۈريول قىسمى ۋە ھەرقايسى كەسپىي قىسىملاردىن تەركىب تاپقان.

**قۇرۇقلۇق تاشپاقىسى** <زوئول> سۆرەلگۈچىلەر كلاسى، تاشپاقا ئائىلىسىدىكى ھايۋان. باش قىسمىنىڭ رەڭگى سارغۇچ يېشىل، ئۈستۈنكى جاغىدا چىشسىمان ئۆسۈكچىسى بار، دۈمبە ساۋۇتى ناھايىتى ئېگىز، ئۇزۇنلۇقى 26 سانتىمېتر، كەڭلىكى 15 سانتىمېتر ئەتراپىدا، رەڭگى سارغۇچ يېشىل، ئۈستىدە قالايمىقان جايلاشقان قارا ئالىسى بار. قورساق ساۋۇتى سېرىق، مۈڭگۈز ماددىلىق ھەربىر ساۋۇت پارچىلىرىدا قارامتۇل كەلگەن بولۇتسىمان سەپكۈنلىرى بار. قۇرۇقلۇقتا ياشاپ، ئۆسۈملۈكلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ گۇاڭشى، يۈننەن ئۆلكىلىرى ۋە شىنجاڭنىڭ ئىلى رايونىدىن تېپىلىدۇ.

**قۇرۇقلۇق تەنھەرىكىتى** <تەن> دۆلەت مۇداپىئە تەنھەرىكىتىنىڭ بىر قىسمى. بۇ ئاساسەن قارىغا ئېتىش، موتسىكلىت، سىمسىز رادىئو قاتارلىق تۈرلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قۇرۇقلۇق تەنھەرىكىتى ئارقىلىق كەڭ ئاممىنى ئادەتتىكى ھەربىي بىلىمگە ۋە تېخنىكا ئىقتىدارىغا يەنى مۇناسىۋەتلىك پەن-تېخنىكا بىلىملىرىگە ئىگە قىلىپ، دۆلەت مۇداپىئە كۈچىنى كۈچەيتىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

**قۇرۇقلۇق شاملى** <مېتېئور> دېڭىز بويى رايونلىرىدا كېچىلىرى چوڭ قۇرۇقلۇقتىن دېڭىزغا قاراپ چىقىدىغان شامال. كېچىدە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ھاۋا تېمپېراتۇرىسى سۇ يۈزى تېمپېراتۇرىسىنىڭكىدىن تۆۋەن بولغاچقا، ھاۋا بېسىمى دېڭىز يۈزىنىڭكىدىن يۇقىرى بولۇش تۈپەيلىدىن بۇ خىل شامال چىقىدۇ.

**قۇرۇقلۇق فاتسىيە چۆكۈندىسى** <گېئول> ماددىلارنىڭ قۇرۇقلۇق ئۈستىدىكى چۆكۈندىلىرى. بۇ خىل چۆكۈندىلەرنىڭ تەركىبى مۇرەككەپ، دانىچىلىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمايدۇ.

**قۇرۇقلۇق فاتسىيە يەر قاتلىمى** <گېئول> قۇرۇقلۇق فاتسىيە چۆكۈندىسى شەكىللەندۈرگەن يەر قاتلىمى.

**قۇرۇقلۇقتا چىققۇچى قىسىم** <ھەرب> قۇرۇقلۇققا چىقىش ئۇرۇشى داۋامىدا، دېڭىزدىن ئۆتۈپ، قۇرۇقلۇققا چىقىپ ۋەزىپە ئىجرا قىلىدىغان قۇرۇقلۇق ئارمىيە قىسىملىرى ۋە دېڭىز ئارمىيىسىنىڭ قۇرۇقلۇقتا جەڭ قىلغۇچى قىسىملىرى.

**قۇرۇقلۇق كىلىماتى** <مېتېئور> چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا پۈتۈن يىل ۋە پۈتۈن كۈن ئىچىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆزگىرىشى ناھايىتى زور، ھاۋا قۇرغاق، ھۆل-يېغىن مىقدارى ئاز بولىدىغان كىلىمات.

**قۇرۇقلۇق** II سۈپ. قۇرۇپ قويۇلغان، قۇرۇلغان: «قەلبىڭ ئويغاق، سەگەك بولسۇن!» دېگەندەك، شامالنىڭ پىچىرلايدۇ قۇلاققا. ئاسماندا تور، يەردە قاپقان قۇرۇقلۇق، مەككار دۈشمەن كەلسە ئەگەر بۇياققا.

**قۇرۇقلىماق** پ ← **قۇرۇقدىماق**: ئۇ، ئۇ ياق-بۇ ياقنى قاراشتۇرۇۋېتىپ، ئوغۇت كۆلچىكىگە كۆزى چۈشتى-دە، چۆچۈپ كەتتى. كۆلچەك پاك-پاكىز قۇرۇقلاپ قويۇلغانىدى. * ئۇ يېشىل توقاي ئۈستىدىن ئېگىز تاغنىڭ قەيىرىگىدۇر قارىغىنىچە چوڭقۇر خىيالغا پاتتى — دە، قوللىرىنى قۇرۇقلاپ تاماكا يۆگەشكە باشلىدى.

**قۇرۇلتاي** ئى ① ئۆتمۈشتە موڭغۇل ۋە بەزى تۈركىي خەلقلەردە دۆلەتنىڭ زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان كاتتا يىغىلىشى، چوڭ يىغىن. ② دۆلەتنىڭ ئالى دەرىجىلىك ئورگانلىرى تەرىپىدىن نەچچە يىلدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان ئومۇمىي چوڭ يىغىن. ئۇنىڭدا دۆلەتنىڭ قائىدە-قانۇنلىرى شۇنىڭدەك مۇھىم بەلگىلىمىلىرى قارار قىلىنىدۇ: خەلق قۇرۇلتىيى. قۇرۇلتاي ئاچماق. * مەن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى نامىدىن قۇرۇلتايدا خىزمەتلەردىن دوكلات بېرىمەن. * پارتىيە 11-قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلغانلىقى، راستىگەپنى دېسەك بىزنى بۆلەكتىن قانائەتلەندۈرۈۋەتتى.

**قۇرۇلما** ① سۈپ. قۇرۇلغان، قۇرۇلىدىغان: قۇرۇلما پولات. ② ئى. ھەرقايسى تەركىبىي قىسىملارنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى ۋە تەشكىللىنىشى، تۈزۈلمە: ماقالىنىڭ قۇرۇلمىسى. سۆزنىڭ قۇرۇلمىسى. ئاتوم قۇرۇلمىسى. ③ ئى <بىن> قۇرۇلۇشلارنىڭ ئېغىرلىق كۈچى ۋە سىرتقى كۈچ چۈشىدىغان قىسمىنىڭ تۈزۈلۈشى: قۇرۇلما بۆلىكى.

**قۇرۇلما بۆلىكى** <بىن> قۇرۇلۇش سېلىشنى تېزلىتىش ئۈچۈن، بەزى دېتاللارنى لايىھە بويىچە زاۋۇت ياكى ئىش مەيدانلىرىدا ئالدىن تەييارلىۋېلىپ ئىشلەش ۋاقتىدا ئۆز ئورۇنلىرىغا قۇراشتۇرۇپ قويىدىغان بۆلەكلەر.

**قۇرۇلما پولات** <ماشىن> ھەر خىل قۇرۇلما ۋە ماشىنا زاپچاسلىرىنى ئىشلەش ئۈچۈن كېرەك قىلىنىدىغان كاربونلۇق پولات ۋە قېتىشما پولاتنىڭ ئورتاق نامى.

**قۇرۇلما دېتال** <ماشىن> مېخانىزملارنى تەشكىل قىلغۇچى دېتال، يەنى مەلۇم بىر دېتال ياكى بىر قانچىلىغان دېتاللار تەشكىل قىلغان بىر پۈتۈن بۆلەك.

**قۇرۇلما گېئولوگىيىسى** <گېئول> گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. ئۇ يەر پوستىنىڭ تۈزۈلمىلىك دېفورماتسىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن بولۇپ، بۆلەكلىنىش، چاكلىنىش، پۈرمىلىنىش ۋە ئۈزۈلمە قاتارلىقلارنىڭ تارىلىشى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قۇرۇلماق** «قۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بالا تۇغۇلغىچە، تام قۇرۇلغىچە (ماقال). * بۇ قۇملۇقتا ئالاھىدە دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ خەلقنىڭ سالامەتلىكى، بەختى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشقا باشلاپتۇ. * ئىدارە-جەمئىيەتلەردىمۇ ئىشچى-خىزمەتچىلەر مائارىپقا رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى قۇرۇلدى. * يېزىمىزدا قۇرۇلدى مەدەنىيەت ئۆيلىرى. ياڭراپ كەتتى

ھەرىياندا يېڭى ھايات كۈيلىرى.

**قۇرۇلمچىلىق** ئى. شەيئىلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەھلىل يۈرگۈزۈشنى ئاساسىي ۋاستە قىلغان تەتقىقات ئۇسۇلى: مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا فولكلور تەتقىقاتىدا «قۇرۇلمچىلىق» نەزەرىيىسى ئاساسىدىكى تەھلىل ئۇسۇلى پەيدا بولدى. * خەلقئارادا ھازىر «قۇرۇلمچىلىق تەھلىل ئۇسۇلى» بويىچە فولكلورنى تەتقىق قىلىش يېڭى دولقۇنغا كۆتۈرۈلمەكتە.

**قۇرۇلمشۇناس** ئى. شەيئىلەرنى قۇرۇلما جەھەتتىن تەتقىق قىلىشنى تەتقىقاتنىڭ ئاساسىي ۋاستىسى قىلغۇچى تەتقىقاتچى، ئالىم.

**قۇرۇلمشۇناسلىق** ئى. ھادىسە ۋە شەيئىلەرنى پەقەت قۇرۇلما نۇقتىسىدىن تەھلىل-تەتقىق قىلىدىغان ئىلىم، قۇرۇلما ھەققىدىكى پەن: قۇرۇلمشۇناسلىق نەزەرىيىسى. * ھازىر خەلقئارادىكى تىل تەتقىقاتلىرىدىمۇ قۇرۇلمشۇناسلىق ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىش خېلى ئومۇملىشىپ قالدى. * قەدىمكى ئىمارەتلەرگە دائىر قۇرۇلمشۇناسلىق، مېخانىكا، ئېستېتىكا، رەڭشۇناسلىق، بىناكارلىق ۋە ھۈنەر-سەنئەتلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنتايىن پىششىق بىلىۋېلىش لازىم.

**قۇرۇلملىق** سۈپ. قۇرۇلمىغا ئىگە، قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپقان: جۇڭگونىڭ قەدىمكى ئىمارەت-قۇرۇلۇشلىرى ياغاچ قۇرۇلملىق ئىمارەتلەرنى ئاساس قىلاتتى. * ئومۇمەن، خىش-ياغاچ قۇرۇلملىق مۇنداق ئۆيلەرنى ياساشتا ئالدى بىلەن ئۆي ئۇلى خالىغ بىلەن چىڭدىلىدۇ.

**قۇرۇلۇش** ① «قۇرۇلماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: ئۇ ئۆمەكنىڭ قۇرۇلۇشى مۇراسىمىدا مۇھىم سۆز قىلدى. ② ئى. قۇرۇپ چىقىش، قۇرۇش، بىنا قىلىش ۋە ئۇنىڭغا باغلىق بولغان ئىشلار: سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش. پارتىيە قۇرۇلۇشى. قوشۇن قۇرۇلۇشى. * – زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا باشقىلاردىن كېيىن قېلىش بىزگە ئەلۋەتتە نومۇس، – دېدى ئۇ ھاياجان بىلەن. ③ ئى <بن> ئۆي سېلىش، يول ياساش، توما ۋە كۆۋرۈك قۇپۇرۇشقا ئوخشاش ئىشلار، بىناكارلىق: قۇرۇلۇش ئىشچىسى. قۇرۇلۇش تېخنىكىسى. ④ ئى <بن> بىناكارلىق ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان جاي ياكى قۇرۇلۇۋاتقان ئوبيېكت: قۇرۇلۇش ئورنى. قۇرۇلۇشتا ئىشلىمەك. * قۇرۇلۇش مەيدانىدا جالال ئۈچۈن بىر تالمۇ ياغاچ قالدۇرۇلماي، ھەممىسى قەيەرگىدۇر يۆتكەپ كېتىلگەنىدى. ⑤ ئى. ئۆي-ئىمارەت، بىنا: – سىز بۇ يەرگە شۇنچە كۆپ قۇرۇلۇشنىڭ چۈشكەنلىكىنى كۆرمىدىڭىزمۇ، – دەپ سورىدى بالا مومايدىن. * بىز 1981-يىلى بىر بۆلەك قۇرۇلۇشلارنى سالغانىدۇق. قۇرۇلۇش پۈتكەن بولسىمۇ دېرىزىلىرىگە ئەينەك سېلىنمىغاچقا كۆچۈپ چىقالمىدۇق. ⑥ ئى. قۇرۇلما: جۈملىنىڭ قۇرۇلۇشى.

**قۇرۇلۇش بۆلىكى** <بن> قۇرۇلۇشنىڭ گەۋدىسىنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەك. مەسىلەن، لىم، تۈۋرۈك، پۈتۈن قويۇلغان تام، بىرەر تال تاختا قاتارلىقلار.

**قۇرۇلۇش تېخنىكىسى** <بن> قۇرۇلۇشتا قوللىنىلىدىغان ئۇسۇل، ماھارەت، تەجرىبە ۋە بۇ ھەقتىكى تېخنىكىۋى بىلىملەر.

**قۇرۇلۇش قىسمى** <ھەرب> ھەربىيدە، مەركەزلەشكەن قۇرۇلۇشلارغا كاپالەتلىك قىلىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان قىسىم. ئۇ ئاكوپ، ئىستىھكاملارنى ياساش، كۆۋرۈك سېلىش، يول ياساش، توسالغۇلارنى ئورۇنلاشتۇرۇش ۋە تازىلاش قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئىجرا قىلىدۇ.

**قۇرۇلۇش لىفتى** <بىن> قۇرۇلۇش مەيدانى ۋە كۆپ قەۋەتلىك قۇرۇلۇشلاردا ئادەم ۋە نەرسىلەرنى سىلىپ يۇقىرى-تۆۋەن يۆتىلىشتە توشۇش خىزمىتىنى بېجىرىدىغان ماشىنا، لىفت. ئادەتتە ئۇ دۋىگاتېل ۋە ئاسما ھەلەتتىكى ساندۇق شەكىللىك قۇرۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ. كۆپىنچە توك ھەرىكەتلەندۇرگۈچ كۈچ قىلىنىدۇ.

**قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى** <بىن> قۇرۇلۇش قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىياللار.

**قۇرۇلۇش ماشىنىلىرى** <بىن> بىناكارلىق قۇرۇلۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**قۇرۇلۇش مەيدانى** <بىن> ← **قۇرۇلۇش ئورنى.**

**قۇرۇلۇش ئورنى** <بىن> قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئورۇن، مەيدان؛ قۇرۇلۇش مەيدانى.

**قۇرۇلۇش ئۈسكۈنىلىرى** <بىن> قۇرۇلۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان ئۈسكۈنىلەر.

**قۇرۇلۇشچى** ئى. قۇرۇلۇش سالىدىغان ئىشچى، قۇرۇلۇش ئىشچىسى: دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇشقان قۇرۇلۇشچىلار يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. * ئۇ پونكىتقا يېتىپ كەلگەندە، قۇرۇلۇشچىلار تېخى ئىشتىن چۈشمىگەنىدى.

**قۇرۇم** ئى <خىم> پاراشوك ھالەتتىكى قارا رەڭلىك قاتتىق ماددا. كاربون گىدرىتلار قىزدۇرۇلغاندا پارچىلىنىش ياكى تولۇق كۆيۈپ بولالماسلىق نەتىجىسىدە ھاسىل بولىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى كاربون. كۆپىنچە تۇرۇبا، مورا تاملىرىغا يېپىشىۋالىدۇ. كاۋچۇك سانائىتىدە تولدۇرغۇچى ماتېرىيال قىلىنىپ، كاۋچۇكنىڭ قاتتىقلىقى ۋە سۈركىلىشكە چىداملىقلىقىنى ئاشۇرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئېلېكتىر قارشىلىقى ياسىغىلى ۋە بوياق ماتېرىياللىرى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**قۇرۇماق** پ ① سۇيى، نېمى قاچماق؛ قۇرۇق ھالەتكە كەلمەك: ئوسسىنىڭ قۇرۇپ قېلىشىدىن غەم يېگەن شۇجى بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ تازا ئاچچىقى كېلىپتۇ. * قانچە ياغسا قۇرۇپ كېتەر، ئاسمان يېشى-يامغۇرى. قۇرۇماس يۇمران ئىجادىم، يىل بويى-ئەسىر بويى. ② كۆكلەشتىن توختىماق، كۆكلىمەس بولۇپ قالماق، نابۇت بولماق، ئۆلمەك (ئۆسۈملۈكلەر ھەققىدە): شۇ يىلى قاتتىق قۇرغاقچىلىق بولۇپ، پۈتۈن زىرائەت قۇرۇپ كەتكەنىدى. * دەرەخلەر شورنىڭ دەستىدىن كۆكلىيەلمەي قۇرۇپ كېتىپتۇ. ③ كۆچمە. پۈتۈنلەي تۈگىمەك؛ يوقالماق: ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆلارنىڭ ئوق خالتىلىرى قۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. ④ پېئىلنىڭ بۇيرۇق-تەلەپ رايىنىڭ III شەخس بىرلىكىنىڭ قوشۇمچىسى « -سۇن » بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، « تۈگىسۇن، قالسۇن، ئاياغلاشسۇن، يوقال، يوقالسۇن، يىراققا ئاپار! » دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئىسىم قۇرۇسۇن. قېرىلىق قۇرۇسۇن. * – قۇرۇسۇن ئۇنداق كەسىپىي سەۋىيە دېگەن، – دېدى قىز يىگىتنىڭ گېپىگە ئاچچىقلىنىپ. * – بىلىپ قويۇڭكى، ئۇ سىز بىلەنلا قۇرۇسۇن، ئۇنىڭ زامانىمىزدا تىلغا ئالغۇچىلىكى يوق، – دېدى ھېلىقى ئايال نومۇرنىڭ قىممىتىنى سۆككەن ھالدا.

**قۇرۇمداتماق** « قۇرۇمدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرخۇننى قۇرۇمداتماق. كاڭنىڭ ئىس يوللىرىنى قۇرۇمداتماق.

**قۇرۇمداشماق** « قۇرۇمدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇرۇمدالماق** « قۇرۇمدىماق » پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: كاڭنىڭ ئىس يوللىرى قۇرۇمدالدى.

**قۇرۇمدىماق** پ. قۇرۇمنى ئېلىۋەتمەك، تازىلىماق: تۇرخۇننى قۇرۇمدىماق. كاڭنىڭ ئىس يولىنى قۇرۇمدىماق.

**قۇرۇملۇق** .سۈپ. قۇرۇمى بار، قۇرۇم باغلىغان، قۇرۇم قاپلىغان: قۇرۇملۇق تۇرخۇن. قۇرۇملۇق ئىس يولى. * ئېرەنسىزلىك بىلەن كۆيۈۋاتقان يانتاق كۆكۈمىنىڭ قىزغۇچ يالقۇنى قۇم چۆگۈننىڭ شۇدە باسقان قورسىقىنى يالاپ ئۆتۈپ، ئوچاقنىڭ قۇرۇملۇق ئاغزىغا ئۇرۇلدى.

**قۇرئى** (توغرىسى: قۇرئە) ← **قۇرئە**.

**قۇرىماق** پ. دىئال. ھەر خىل پارچە-پارچە رەخت، رەختنىڭ پۇرۇچلىرى ۋە شۇنىڭدەك نەرسىلەرنى بىر-بىرىگە ئۇلاپ، قوشۇپ، بىرەر پۈتۈنلۈك، پۈتۈن نەرسە ھاسىل قىلماق.

**قۇز** سۈپ. دىئال. تەسكەي.

**قۇززات** ئى [ئە] تارىس. قازىلار، سۇدىيەلەر، مەھكىمىدە ھۆكۈم قىلغۇچىلار: ئۆتمۈشتە شەرىئەت ئىشلىرىنى قۇززات، قازى، ئەلەم-- مۇپتى قاتارلىقلار باشقۇراتتى. * ئىشلىتىپ قۇززات، ئەمىر بەگ، سالدۇرۇپ ئۆي، ھويلا-جاي، قەد كۆتۈردى يېڭىدىن گۈلشەنۇ-باغ، ئايۋان-ساراي.

**قۇزغۇن** ئى <زوئول> قاغا تىپىدىكى بىر خىل تاپ قۇشى. تېنى قاغىدىن سەل چوڭ ۋە ھەممە يېرى تۇم قارا كېلىدۇ. ئۆزى بىرەر جانلىقنى ئالالمايدۇ، پەقەت ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈكلىرى بىلەنلا ئوزۇقلىنىدۇ.

**قۇستە** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. بويى ئېگىز، ئوق يىلتىزى يوغان ۋە سىلىندىر شەكلىدە، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى نەيچىسىمان، رەڭگى تۇتۇق سۆسۈن ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە، ئۇرۇق مېۋىسى يىپسىمان كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، تولغاققا مەنپەئەت قىلىش رولىغا ئىگە.

**قۇستۇرغۇچ** سۈپ. يېگەن نەرسىلىرىنى قۇستۇرۇش، ياندۇرۇش رولىنى ئوينايدى-غان: قۇستۇرغۇچ دورا.

**قۇستۇرماق** «قۇسماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دورىنى قۇستۇرماق. يېگەن نەرسىنى قۇستۇرماق. * — شۇ قاپاق تېرەك، — دېدى كۆرسىتىپ، بىزنى قاقشاتقان قانلار قۇستۇرۇپ.

**قۇستۇرۇلماق** «قۇستۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇسماق** پ ① يېگەن-ئىچكەن نەرسىلىرى قورسىقىدىن يېنىپ كەتمەك. ياندۇرۇپ تاشلىماق، قەي قىلماق: چاي ۋاقتىغىچە ئەركىن ئىككى قېتىم ھاجەتخانىغا يۈگۈردى، ھەر ئىككى قېتىم قۇستى. * كۆڭلۈم ئاينىيدۇ، ئازغىنا تاماق يېسەممۇ قۇسۇپ تاشلايمەن. ② كۆچمە. ئېلىۋالغانلىرىنى ئىلاجسىز قايتۇرماق، قايتۇرۇپ بەرمەك: ئۇ تويمىغۇر مۇناپىق ئاخىر ناتوغرا يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ قىلىۋالغان پۇللارنى قۇستى.

**قۇسۇر** ئى [ئە] كەمچىلىك، نۇقسان، ئەيىب، ئېۋەن، ئىللەت: قۇسۇر تاپماق، قۇسۇر ئىزدىمەك. * — مېنىڭ قۇسۇرۇمنى ئېچىشقا قانداق جۈرئەت قىلدىڭ! — دېدى ئالىم غەزەپلىنىپ. * ئاباس قۇسۇرى يوق، كۆڭلى تۈز، يېڭىلىق خۇمار كىشى، ھەقىقەتنى قىزغىن سۆيۈش ئۇنىڭ پەزىلىتى.

**قۇسۇر تاپماق** گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت قاتارلىقلاردىن كەمچىلىك، نۇقسان، ئىللەت ئىزدىمەك: سۆزىدىن قۇسۇر تاپماق. * ئۇ مېنىڭ قىلغان ئىشىمدىن قۇسۇر تاپىدۇ،

مەن ئۇنى ھۆرمەت قىلىمەن، ياقتۇرىمەن، لېكىن ئۇنىڭ دىتىغا ياقمىغىنىمغا ھەيرانمەن. * شاپەرقۇت بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ۋەزىر-ئەمىرلىرى بىلەن بىرلىكتە بىر قۇسۇر تاپماق نىيىتىدە قەمەر شاھ تەييارلىغان ئارام باغنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە كەلدى.

**قۇسۇر چىقارماق** → **قۇسۇر تاپماق:** سىز مېنىڭ خىزمىتىمدىن يەنە قۇسۇر چىقارماقچى بولۇۋاتىسىز. * ئۇ ھەتتا ئەل-جامائەتنىڭ توي-تۆكۈنلىرىنىڭمۇ ئۆزىنىڭ قاتنىشىشىسىز ئۆتۈشىنى خالىمايتتى، ئۆزى قاتناشماي قالغان مەرىكىلەردىن بىر ئامال قىلىپ قۇسۇر چىقىراتتى.

**قۇسۇر ئىزدىمەك** قۇسۇر تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنماق، ھەرىكەت قىلماق: ئىزدەيدۇ ئامال، ھەتتاكى ئىسلار ئۇچرىسا پاخال. پاك تۇتۇپ قەلبىڭنى، قوندۇرمىساڭ كىر، كىم قۇسۇر ئىزدىسە بولار ئۆزى لال.

**قۇسۇرچى** ئى. باشقىلارنىڭ ئىش-ھەرىكىتىدىن، گەپ-سۆزىدىن قۇسۇر تېپىپلا يۈرىدىغان كىشى: ئۇ تازىمۇ بىر قۇسۇرچى نېمىكەن.

**قۇسۇرسىز** سۈپ. قۇسۇرى، ئەيىبى يوق؛ قۇسۇرى بولمىغان: قۇسۇرسىز ئادەم. * ئۆزىنىڭ بوسۇغىسىدىن كىرىپلا خوجايىن خېنىمنىڭ كۆڭلىدىكىنى سېزىۋالغانلىقىنى، گورىيۇنى قۇسۇرسىز ئەر دەپ ھېس قىلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. * مەن ئۇنىڭ قۇسۇرسىز بولۇشىنى تەلەپ قىلمەن.

**قۇسۇش** ① «قۇسماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <تىب> دىئافراگما گۆشى ۋە قورساق مۇسكۇلىنىڭ تۇيۇقسىز قىسقىرىشى تۈپەيلىدىن ئاشقازاندىكى يېمەكلىكلەر بېسىمغا ئۇچراپ قىزىلئۆڭگەچ، ئېغىز بوشلۇقى ئارقىلىق تەن سىرتىغا چىقىدىغان بىر خىل ھادىسە. ئادەتتە ئۇ مەركىزىي مەنبەلىك قۇسۇش ۋە رېفلېكسلىق قۇسۇش دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**قۇسۇشماق** «قۇسماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇسۇق** ئى. ئاشقازاندىن يېنىپ كەتكەن، قۇسۇپ تاشلانغان نەرسە؛ قەي: كېسەل مەھبۇس ئۇشتۇمتۇت قان قۇسۇۋەتتى. ئوسمان بىلەن قادىر يۈگۈرۈپ بېرىپ، كېسەلنىڭ بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئېغىزىغا چاپلاشقان قان ئارىلاش قۇسۇقنى ئېرتتى.

**قۇش** ئى <زوئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ بىر سىنىپى. تېمپېراتۇرىسى تۇراقلىق بولىدۇ. تۇخۇم تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. ئېغىزىدا چىشى يوق، پۈتۈن تېنىدە پەي-تۈكلەر ۋە كۆكرىكىدە تۆش ئۆسۈكى بولىدۇ. ئالدى ئايىغى قاناتقا ئۆزگەرگەن، ئارقا ئايىغى بىلەن ماڭىدۇ. قۇشلار ئومۇمەن ئۇچالايدۇ. بەزىلىرىنىڭ قاناتلىرى روديمېنتلاشقان بولۇپ ئۇچالمايدۇ. قۇشلارنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئاق قۇشقاچ، قارلىغاچ، لاچىن، توخۇ، ئۆردەك، تۆگىقۇشى قاتارلىقلار قۇش تىپىغا كىرىدۇ.

**قۇش بۇرۇن** بۇرنى قۇشنىڭ بۇرنىغا ئوخشاش، ئەگمەچ بۇرۇن؛ ئىلمەك بۇرۇن: سېمىز، سۇزۇك بۇغداي ئۆڭلۈك، قۇش بۇرۇن، ئوتتۇرا بوي كەلگەن بۇ ئادەم ئىسسىق ئۆيگە كىرىشى بىلەن تەڭ دۇگدىيىپ يېقىلغىلى تاس قالدى، ئۇنىڭ يۈز-كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**قۇش خوجىلىقى** ھەر خىل ئۆي قۇشلىرى بېقىپ ئۆستۈرۈلىدىغان فېرما.

**قۇشباش** سۈپ [قۇش+باش] قۇشنىڭ بېشىغا ئوخشايدىغان، قۇش بېشى شەكلىدىكى: قۇشباش ئېگەر.

**قۇشباش ئېگەر** ئېگەرنىڭ قەدىمىي بىر خىلى. پوختا ياغاچتىن ئالدى قېشىنى قۇشنىڭ بېشىغا ئوخشىتىپ، كەينى تەرىپىنى يېرىم دۈگىلەك شەكىلدە ياپياڭ قىلىپ چېپىپ ياسىلىدۇ. بۇنىڭ بېشى ۋە باشقا جايلىرىغا ئالاھىدە چىرايلىق نەقىش ئويۇلغان بولىدۇ.

**قۇشبېگى** ئى [قۇش+بەگ+ى] تارىس. پادىشاھ ئوۋغا چىققاندا ئىشلىتىدىغان قارچىغا، بۈركۈت، شۇڭقار، لاچىنلارنى باققۇچىلارغا قارىغۇچى ۋە ئۇلارغا نازارەت قىلغۇچى كىشى.

**قۇشتەك** رەۋ. ناھايىتى يەڭگىل، يېنىك؛ كەيپى جايىدا: بۈگۈن مەن قۇشتەك قۇيۇپتىمەن.

**قۇشچى** ئى. ئوۋ قۇشلىرىنى باقىدىغان ۋە ئوۋ قۇشى بىلەن ئوۋ ئوۋلايدىغان كىشى: باللار قۇشچى بوۋاينىڭ بۈيرۇقى بويىچە ھەر خىل - ھەر ياڭزا موگۈلارغا ئۆزىنى ئاتاتتى.

**قۇشچىلىق** ئى. ھەر خىل ئۆي قۇشلىرىنى بېقىش، ئۆستۈرۈش، يېتىشتۈرۈش كەسپى، ئىشى: قۇشچىلىق فېرمىسى.

**قۇشخانا** ئى. قوي، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى بوغۇزلاپ سويۇشقا تەييارلانغان مەخسۇس جاي: ئۇلار ئەتىگەندىلا ماللىرىنى ھەيدەپ قۇشخانىغا قاراپ ماڭدى. * بۇلار بىرنەچچە كۈن يول مېڭىپ، مەلىكىنىڭ شەھىرىگە بېرىپتۇ. ئىت قۇشخانىغا بېرىپ جان بېقىپتۇ. مۈشۈك بولسا پادىشاھنىڭ ئوردىسىنى تېپىپ، مەلىكىنى تونۇۋاپتۇ.

**قۇشقاچ** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. بېشى يۇمىلاق، قۇيرۇقى قىسقا، تۇمشۇقى كونۇس شەكىلدە، بېشىنىڭ چوققىسى بىلەن بوينى زىغىر رەڭ، دۈمبىسى قوڭۇر ۋە ئۈستىدە قارا قوڭۇر ئارىلاش كەلگەن سەپكۈنلىرى بولىدۇ. قۇيرۇقى توق قوڭۇر، قىسقا ھەم كىچىك كېلىدۇ. ئۇزاققا ئۇچالمايدۇ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. دان ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**قۇشقاچ تىللىرى چىقماق** ۋىچىرلاپ توختىماي سۆزلىمەك، ئىنچىكە تىللىرى چىقىپ كەتمەك: — خېنىم، بۈگۈن سىلىگە نېمە بولدى، قۇشقاچ تىللىرى چىقىپ كېتىپتۇغۇ، — دېدى ئايىمخان.

**قۇشقاچ جېڭى** <ھەرب> پارتىزانلىق ئۇرۇشنىڭ بىر خىل ئەپچىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، پارتىزانلار بىلەن ئاما كىچىك بىرلەشمىلەرگە بۆلۈنۈپ، خۇددى قۇشقاچلاردەك ھەرىكەتچان بولۇپ، دۈشمەننى تالاپەتكە ئۇچرىتىدۇ، خورىتىدۇ، قالايمىقانلاشتۇرىدۇ ۋە چارچىتىدۇ.

**قۇشقاچ گۆشمۇ گۆش** «ھەرقانچە ئاز، كىچىك بىرنەرسىنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق قىممىتى، رولى تىرىكچىلىك ئۈچۈن پايدىسى بولىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — مانا، مانا! ھۆكۈمەت دېگەننىڭ مۇشۇ يەرلىرى قالتىس ئادىل جۇمۇ! — نەبى باياتىنقى خاپىلىقنى تېزلا ئۇنتۇدى، — قۇشقاچ گۆشمۇ گۆش دەپتىكەن، ھى... ھى... ھى... شۇنداق قىلىپ پۇلنى قاچان بېرىسلەر؟

**قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى** ئوخشاش بىر خىل، بىر تېپتىكى بىرەر نۇقتىنى، جاينى تەكشۈرۈش، بىرنەرسىنى سىناق قىلىش، بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى تەجرىبە قىلىپ كۆرۈش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق باشقىسىنىڭ قانداقلىقىغا، قانچىلىك ئىكەنلىكىگە ھۆكۈم قىلىش، قانداقلىقىنى بىلىش: قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى قىلماق. * ئۇلار قۇشقاچ ئوپېراتسىيىسى ئۇسۇلىنى قوللىنىپ،

نۇقتىلىق قىلىپ كىچىك دېھقانچىلىق دۇينىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىنى تەكشۇردى.

**قۇشقاچتەك** سۈپ. چوڭلۇقى قۇشقاچچىلىك كېلىدىغان، كىچىككىنە: قۇشقاچتەك گۆش. * بازارلىق ئاش ئىسمى-جىسمىغا لايىق بولمايدۇ. لېكىن، ھەر ھالدا بىرقاچا ئاشنىڭ تۆپىسىدە قۇشقاچتەك بىر پارچە گۆش بىللىغۇ، يەنە ھەر ھالدا ياغدا ئېتىلىدۇ ئەمەسمۇ؟!

**قۇشقاچتىل** ئى [قۇشقاچ+تىل] <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ياتما ياكى يېرىم ياتما. تۈۋىدىن كۆپ شاخلايدۇ، بوغۇمى ئېنىق، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى تۆمۈنسىمان ياكى سوقىچاق، تولۇق گىرۋەكلىك. گۈلى كىچىك، ھال رەڭ. ئۇرۇق مېۋىسى ئۈچ قىرلىق، رەڭگى قارا. يەر ئۈستى قىسمى دورا بولىدۇ، ھۆل ئىسسىقنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش، قۇرتلارنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**قۇشقاچتىلى ئاش** خېمىرنى نېپىز يېيىپ تەييارلىغاندىن كېيىن ئۈچ بۇرجەك قىلىپ (قۇشقاچ تىلىدەك) كېسىپ، تەڭشەلگەن شورپىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل سۇيۇقئاش.

**قۇشقونماس** ئى [قۇش+قونماس] <بوت> غول، يوپۇرماقلىرىدا ئۆتكۈر تىكەنلىرى بار ۋە قۇشلارنىڭ قونۇشىغا قولايسىز بولغان ئۆسۈملۈكلەر.

**قۇشقۇن** ئى. ئېگەر، چوم، ئۇچۇلۇقلارنىڭ ئالدى تەرەپكە كېتىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇلاغنىڭ قۇيرۇقىدىن ئۆتكۈزۈپ تارتىپ قويۇلىدىغان تاسما، ئۇلاڭ.

**قۇشقۇنغا پوق قىسىلغاندەك** مۇناسىۋەتسىز ئىشقا ئورۇنسىز ئارىلىشۋالغانلىقنى بىلدۈ-رۈشكە ئىشلىتىلىدىغان ئوخشىتىش ئىبارد-سى: رابىخان: — ئەجەب ئارىلاشتى بۇ ئادەم، قۇشقۇنغا پوق قىسىلغاندەك، — دېدى-دە، پېشىنى قېقىپ چىقىپ كەتتى.

**قۇشقۇنغا ئۇلتۇرماق** ئىش-ھەرىكەتكە ۋەدە بېرىپ قويۇپ ياكى قىلىشقا كىرىشىپ كېيىن كەينىگە يېنىۋالماق: پاتمە ئاۋۋال بىر ئۇبدانىدى، نېمىشقا ئەكبەر كەلگەندىن كېيىنلا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدى. * ئۇ باشتا دېھقانلارغا تەشۋىق قىلىپ يۈردى، كۈرەشكە ئاتلىنىدىغان پەيتتە بىردىنلا قۇشقۇنغا ئولتۇرۇۋالدى.

**قۇشقۇن يانبېغى** قۇشقۇننى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلايدىغان تاسمىسى ۋە ياكى شۇ تاسمىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلگەن باشقا نەرسە.

**قۇشلاتماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇشلاشماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇشلانماق** «قۇشلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇشلىماق** پ ① ئوۋ قۇشلىرىنى توشقان قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا سالماق، ئوۋ قۇشلىرى بىلەن ئوۋ ئوۋلىماق: ئوۋ قوشۇنى قايناپ كەتتى، ئىت قويۇۋېتىدىغانلىرى ئىت قويۇۋەتتى، قارچىغا قۇشلايدىغانلىرى قارچىغا قۇشلىدى. * قۇبلەي بېشىنى چىقىرىپ، ھېلىقى تۇرنىنى كۆردى-دە، دەرھال قارچىغىنى قۇشلىدى. * قارچىغام قۇشلاي سېنى، ياخشىغا چۈش، ياخشىغا چۈش. سۇدا ئۆردەك، باغدا پاختەك، ئىزدەپ بېرىپ سوخسۇرغا چۈش. * ئۇزۇلمەيدۇ خۇدايىمنىڭ تاناسى، خىيال قىلىڭ سەن دېگەن كىم بالاسى؟ يېگىدىن بىر قارچىغىنى قۇشلاپسەن، شۇ بولدىمۇ كۆيگۈنۈمنىڭ داۋاسى! ② كۆچمە. قۇترىتىپ كۈشكۈرتۈپ ئەۋەتمەك، يولغا سالماق:

قۇشبېگى غوجاملارنىڭ يىگىتنىڭ كۆپلۈكىگە قاراپ ئەندىشە قىلىپ، ئۆز ئادەملىرىنىڭ ئازلىقىنى پەملەپ، ئاللا دەرگاھىغا تەۋەككۇل قىلىپ، يىگىتلىرىنى توپ-توپ قىلىپ ھەر تەرەپكە قۇشلىدى. * رەۋىخان خۇددى ۋىتۋالاقنىڭ ئۆپكىسىنى بىگەندەك، ئاغزى بېسىقماي بىر تالاي ۋالاقلىشىپ گۇلقىزنى قۇشلىدى، گۇلسۇمخانمۇ ئۇنىڭغا يان بېرىپ، قىزنى قايتىشقا قىستىدى. ③ كۆچمە. سەلب. قولغا كەلتۈرمەك، قولغا چۈشۈرمەك؛ ئوينىماق: قىز قۇشلىماق. * — ئىلىنغاننى قۇرۇق قويمايدۇ دەپ تەگكۈزۈۋاتقىنىنى قارا، ساۋاقداشلىققا خائىنلىق قىلىپ گۇلشەننى قۇشلىغان ئۆزۈلۈك، دېمەك قۇرۇق قويماپسەن-- دە، ۋۇي· نائىنساپ، قارا يۈز! — دەپ چاقچاق قىلدى تىلىۋالدى يارىسىغا تەگكۈزۈپ.

**قۇشناچ** ئى. ئىمام-مەزىن، ئاخۇن، موللا ۋە شۇنىڭدەك ياشقا چوڭراق بولغان دىنىي زاتلارنىڭ مەزلۇملىرىنى ھۆرمەت-لەپ ئاتاشتا قوللىنىلىدۇ: قۇشناچىمنىڭ ئېشىنى ئوخشاتقان موللىكامنىڭ ئوتىيىشى (ماقال). * قۇشناچىم نېمە قىلار، تىكىپ-سۆ-كۈپ ئىش قىلار (ماقال). * — قېنى ئىمام ئاخۇنۇم، چايغا باقسىلا، — دېدى ئۇ سىلىققىنا، — قۇشناچىمنىڭ ئەھۋالى قانداقراق. * نورۇز كەلدى جاھانغا، بېرىپ ئېيتقىن ئاتاڭغا. ئاتاڭ بەرسۇن بىر تەڭگە، ئاپىرىپ بەرگىن موللاڭغا. موللاڭ بەرسۇن قۇشناچقا، قۇشناچ سالسۇن ساقدۇققا.

**قۇل** ئى ① تارىس. ئېكسپىلاتاتسىيە تۈزۈمىدىكى جەمئىيەتنىڭ دەسلەپكى دەۋرلىرىدە خۇسۇسىي مۈلۈك، مال-دۇنيا قاتارىدا ئېلىپ سېتىلغان، تەقدىرى پۈتۈنلەي قۇلدارغا قاراشلىق بولغان، ئۆزى ھېچقاند-داق ھوقۇق ۋە مال-مۈلۈككە ئىگە بولمىغان چاكار: قۇل بازىرى. * ئىلىم

پەلسەپە بىلەن شۇغۇللانغان بەزى ئادەملەر قۇللۇقتا (تۇغما) قۇللاردىنمۇ ئېشىپ چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ بىلمىدىن پايدا كەلمەيدۇ، بۇنداق ئادەملەر باشقا ئالىملار ئۈچۈن ئۈياتتىن باشقا نەرسە ئەمەمەس.(—فارابى) * بۇ ماللارنى قېچىر مىنگەن بىر ھەبەش قارا قۇل ئېلىپ كېلىۋاتقانىكەن. * ئاقساقالنى تىللىدىم، بىزگە قىلدى كۆپ زورلۇق. لاشمانلىققا بارمايمىز، سېتىۋالغان قۇللۇق يوق. ② كۆچمە. بىركىمگە، بىرنەرسىگە قاتتىق بېرىلگەن كىشى، ئۇنىڭ پىدائىيسى: خوتۇن كىشى — تۆت تامنىڭ قۇلى (ماقال). * — ئۇ بىر كاپام ئاش بىلەن بىر پارچە پوشكالنىڭ قۇلى-دە، — دەپتۇ مۆمىن. * كۆيدۈما، كۆل بولدۇما، ئىشقىڭدا بۇلبۇل بولدۇما، بۇ سېنىڭ پەيلى خۇيۇڭغا ئۆلگۈچە قۇل بولدۇما.

**قۇل بولماق** قۇلغا ئايلانماق: يېڭى سۇلالىسى دەۋرىدىكى قانۇن بويىچە قۇللارنىڭ پەرزەنتلىرى يەنىلا قۇل بولاتتى. * قوللىرىڭغا قونغىلى قۇرغۇيۇڭ بولاي. كەلسەڭ، يارىم، ئالدىڭدا قۇللىرىڭ بولاي.

**قۇل قىلماق** قۇلغا ئايلاندۇرماق: بۇ جاللاتلار ئامانىنى ئىگىسىز قۇل قىلىۋېلىش ئۈچۈن، سېنى ئىشقا يارىماس دەپ يوقاتماقچى بولۇۋاتىدۇ. * ئۇلارغا مەلۇمكى، ئەقىل خەتەرلىك، ھوشيارنى قۇل قىلىپ بولمايدۇ ئاسان. ئۇيغىتىپ قويىدۇ باشقىلارنىمۇ، ئۇيقۇدىن بالدۇرراق ئويغانغان ئىنسان.

**قۇلا** ① سۈپ. قوڭۇر سېرىق (ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە): قۇلا ئات. قۇلا بايتال. قۇلا تايچاق. * — مانا بۇ سۇتۇق بۇغراخانغا ئەرزىمىگەن سوۋغىمىز، — دېدى خان قۇلا ئارغىماقنى كۆرسىتىپ. ② ئى. شۇنداق رەڭلىك ئات: نېمىلەرنىدۇر دېدى ئاز-تولا، تارتتى تىزگىننى ئايلاندى قۇلا.

**قۇلاق** ئى ① <ئانات> ئاڭلاش ئورگىنى.

ئادەم ۋە سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ قۇلىقى تاشقى قۇلاق، ئوتتۇرا قۇلاق ۋە ئىچكى قۇلاق دەپ ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنىدۇ. ئىچكى قۇلاق ئاڭلاش سېزىمىنى بىر تەرەپ قىلىشتىن سىرت يەنە بەدەننى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ: قۇلاقتا تۇتماق. قۇلاق ئاقماق. قۇلاق پەردىسى. قۇلاق سۈپرىسى. * قۇلاق ئاڭلىغاننى كۆز كۆرەر (ماقال). * ياسىن قادىرنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمە دەپ پىچىرلىدى. ② بەزى نەرسىلەرنىڭ ئىلىپ قويۇش، كۆتۈرۈش قاتارلىقلار ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى: چېلەكنىڭ قۇلىقى. داسنىڭ قۇلىقى. * قازاننىڭ قۇلىقى تۆت (ماقال). * قورقۇنچاق قاسىم ئىككى پاي ئۆتۈكنىڭ قۇلىقىنى يېپتا چىگىپ بوينىغا ئېسىپ، يەنە خائىنىڭ چۈچۈنچە چاپىنىنى سالدۇرغىلى باشلىدى. ③ بەزى باش كىيىملىرىنىڭ قۇلاقنى يېپىپ تۇرۇش ياكى ئىسسىتىش ئۈچۈن چۈشۈرۈپ قويۇلىدىغان ئۇزۇن قىسمى: ئۇ ئېھتىمالىم سۆزىدە خېلى ئالدىراپ قالغان بولسا كېرەك، ئىككى قۇلىقىنى كەينىگە قايرىپ باغلىۋالغان قۇلاقچىسىنى يېشىدىن ئالدى، ئۇنىڭ پېشانىلىرىدە تەر تامچىلىرى كۆرۈنەتتى. ④ بەزى مېخانىزم ۋە مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ بۇراپ ئىشقا چۈشۈرۈش ياكى سازلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان قىسمى: دۇتارنىڭ قۇلىقى. ساتارنىڭ قۇلىقى. * ئۇ رادىئونى قولىغا ئېلىپ، قۇلىقىنى بۇرىدى، ئۇنىڭدىن قانداقتۇر ناخشىلار ئاڭلاندى. ⑤ <بوت> ئۆسۈملۈكنىڭ دەسلەپكى چىقارغان يوپۇرمىقى، بەرگى ياكى بىخى: ۋادىنىڭ بۇ گۈزەل مەنزىرىسىگە يېڭى ھۆسن قوشۇپ، يېشىل مەخمەلدەك يەلپۈنۈپ تۇرغان كۆممىقوناق مايسىلىرى ئۈچ قۇلاق بولۇپ ئۆستى. * ئۆمەر نۇرغۇنلىغان كىچىك سۇلياۋ خالتىلاردىن ئۈنۈپ چىققان قاپقارا ئىككى قۇلاق مايسىلارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ سورىدى. ⑥ كۆچمە. تىڭتىڭچى: ئۇ قولىغا ئېلىنىشتىن بۇرۇن جىڭساجۇينىڭ چوماقچىلار ئەترىتى ئۇنى قىستاپ قۇلاق بولۇشقا، تىڭتىڭلاپ جەمئىيەت ئەھۋالىدىن مەلۇمات بېرىپ تۇرۇشقا تەكلىپ قىلغان. * بىلال ئەزىزى ئاۋازىنى سەل پەسەيتىپ: — ھازىر گومىنداڭ ساقچى ئورگانلىرى ئىشپىيونلۇق تورىنى ھەممە يەرگە تەكشى يېيىۋەتتى، قۇلاقلىرىنى شەھەر، ناھىيە، يېزا ۋە يول بېكەتلىرىگە تېرىقتەك تېرىۋەتتى، — دېدى.

**قۇلاق ئاغرىتماق** ئاۋارە قىلماق، بىزار قىلماق: قۇلاقنى ئاغرىتىدىغان گەپلەر. * بىز تۇرغان بازارنىڭ يېنىدىكى «ھەزرىتى پىر» دېگەن يەردىن كېلىپ دۇكىنىمىزدا لەڭمەن يەيدىغان بىر دېھقان بالا «ئايشەمخانىغا كۆيۈپ قالدىم» دەپ ئاپامنىڭ قۇلىقىنى ئاغرىتقىلى تۇردى.

**قۇلاق ئاقماق** <تىب> قۇلاق ئېقىش كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ قۇلىقىدىن يىرىڭلىق سۇيۇقلۇقلار ئېقىپ چىقماق.

**قۇلاق ئاڭلىمىغان** پەقەت ئاڭلاپ باقمىغان، بۇرۇن ئاڭلىمىغان: ئەلمىساقتىن تارتىپ، قۇلاق ئاڭلىمىغان يېڭى-يېڭى گەپلەرنى ئاڭلاپ، تالاش-تارتىش قىلىشىدۇ.

**قۇلاق پەردىسى** <ئانات> سىرتقى ئاڭلاش يولى بىلەن ئىچكى قۇلاق ئارىسىدىكى تۇخۇم شەكىللىك پەردە. تالالىق توقۇلمىلاردىن تۈزۈلگەن. 0.1 مىللىمېتر قېلىنلىقتا بولۇپ، سىرتقى ئاۋاز دولقۇنىنىڭ تەسىرىدىن تىترەپ، ئاۋۇشنى ئاڭلاش سۆڭەكلىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**قۇلاقتا تۇتماق** ئۇنتۇپ قالماي ئەستە ساقلىماق قوبۇل قىلماق، ئەمەل قىلماق:

سەن مېنىڭ گېپىمنى قۇلاقتا تۇتقىن، جۇمۇ. * ئاۋۇ قاسىم جىرتاقمۇ ياخشى ئادەم ئەمەس. ئۇ شۇجىنىڭ تەربىيسىنى قۇلاقتا تۇتماي بىرقانچە قېتىم خوتۇن يەڭگۈشلەپ بولدى.

**قۇلاقتا ساقلىماق** ← **قۇلاقتا تۇتماق**: – سەن ئاتاڭنىڭ گېپىنى قۇلاقتا ساقلا، زىيان تارتمايسەن، – دېدى ئانا. * بىزنىڭ ئۆيلەر بۇلاقتا، قىغ توشۇيمىز ئۇلاغدا. سۆيگەن يارنىڭ سۆزىنى چىڭ ساقلايمەن قۇلاقتا.

**قۇلاق تۈۋىدە** يېقىن ئارىلىقتا، ناھايىتى يېقىن يەردە: – سىلەر ئۇيۇن كۆرۈشكە دەخلى قىلىۋاتىسىلەر، – دېدى ئارقىمىزدىن بىر كىشى دەل قۇلاق تۈۋىمىزدە شىۋىرلاپ. * قۇلاق تۈۋىمدە قانداقتۇر بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، بۇ ئاۋاز مېنى مەسخىرە قىلىۋاتاتتى.

**قۇلاق تىكمەك** دىققەت بىلەن قۇلاق سالماق؛ قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ ئاڭلىماق: ھەممە بىرپەس شۈك بولۇپ، قۇلاقنى قازانچى غولى تەرەپكە تىكتى. * ئۇ بالىنى سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇشقا ئۈندەپ مۇزىكىغا قۇلاق تىكتى.

**قۇلاق تىنچ** «ھەر خىل ياخشى-يامان گەپلەرنى ئاڭلىمايدۇ، قۇلاقنى ئاغرىتىدىغان، ئاۋارىچىلىك تاپىدىغان ئىش يوق، خاتىرجەم» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئېشىكى يوق موللامنىڭ قۇلىقى تىنچ (ماقال). * سارىخان ئايلامنى قايتۇرغىنىم راست، ۋە لېكىن سىلىمۇ ئەمەس چەتتە ھېچ. دېگەنىمۇ توختىئاخۇن تۇتتى يامان يول، قىز بەرسەك بولمايدۇ ھەرگىز قۇلاق تىنچ.

**قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلانماق** بىرەر ئىش، خەۋەر قاتارلىقلار بىر كىشىدىن يەنە بىر كىشىگە يەتمەك، بىرىدىن بىرىگە تارقالماق، ھەممە كىشىنىڭ قۇلىقىغا يەتمەك: بۇ ئىش قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ شەھەرگە بىر كەلدى.

**قۇلاقتىن كەتمەك** قېرىلىق يېتىپ قۇلىقى ئېغىرلىشىپ قالماق، قۇلاق ئاڭلىماس بولۇپ قالماق: بوۋاي قۇلاقتىن كەتكىنى بىلەن، كۆچ-قۇۋۋىتىدىن كەتمىدى.

**قۇلاق سالماق** ئاڭلىماق، ئىشتىمەك: ياخشى گەپكە قۇلاق سال، يامان گەپكە ياماق سال (ماقال). * – ئاق ئىت، كۆك ئىت – ھەممىسى بىر ئىت. ئۇرۇمچىدىن كەلگەن ئامبال بىزنىڭ ئەرزىمىزگە قۇلاق سالامتى! – دېدى ياشراق بىرى. * ۋاقىت، پۇرسەت غەنىيمەت ئەقلىڭنى يىغ ئۆزۈڭگە. قىلغىل ئەمدى بىر خىزمەت، قۇلاق سالغىن سۆزۈمگە.

**قۇلاق سۇپۇرىسى** <ئانات> تاشقى قۇلاقنىڭ بىر قىسمى. ئاساسەن كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلگەن. ئاۋاز دولقۇنىنى يىغىش رولىنى ئوينايدۇ.

**قۇلاق سىغىزى** <تىب> تاشقى قۇلاق يولى ئىچىدىكى تېرە ماي بېزى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان مومسىمان ماددا. سېرىق كېلىدۇ. قۇلاق ئىچىدىكى ئىنچىكە تۈكلەرنى نەمدەش ۋە ھاشارەتلارنىڭ قۇلاق ئىچىگە كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش روللىرىنى ئوينايدۇ.

**قۇلاققا ئالماق** قوبۇل قىلماق، ئېسىدە تۇتماق؛ قۇلاقتا ساقلىماق: قۇلاققا ئال بۇ پەندىمنى ئەرزىسىم! ئۆزۈم بىلگەننى ئەيتتىم پۈتتى قەرزىم.

**قۇلاققا سىڭمەك** قۇلاق كۆنۈپ، چۈشىنىشلىك بولۇپ قالماق.

**قۇلاق قاقتى گەپ** قۇلاقتىن قۇلاققا ئاڭلىنىپ يۈرگەن پىتنە-پاسات، سۆز-چۆچەك: شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ئانىسى، چوڭ قىزى تۇرسۇنخان بىلەن ئەلى كىچىك قىزى قەمبەرنىسا ھەققىدىمۇ قۇلاق قاقتى گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى.

**قۇلاق قاقماق** ① ئىككى قولىنىڭ بارمىقى-
نى قۇلىقىنىڭ يۇمشاق يېرىگە تەگكۈزمەك:
مەسچىت پەشتاقلىرىدا ۋاقتى تەرەت چاقىرىقى-
نى بەجا كەلتۈرۈپ بولغان مەزىنلەر بىرئاز-
دىن كېيىن قۇلاق قېقىپ، ئارقىمۇئارقا ئەتىگەن-
لىك بامدات نامىزى ئۈچۈن ئەزان توۋلاشقا
باشلىدى. ② قۇلىقىغا گەپ قىلماق،
قۇلىقىغا بىر نېمە دېمەك، پىچىرلىماق:
«ئەمدى ئاستا كېتىۋالاي» دەپ تۇرغان
كۆڭلىرىمىزنىڭ بېرىدە كىمدۇر بىرى قۇلاق
قاقتى، «ھە!» دېسەم، «بىرچۇڭ كىشىنىڭ
ئۆزلىرىگە ئازراق ھاجىتى چۈشۈپ قېلىپتۇ»
دەيدۇ. ③ يوشۇرۇن كېلىشىۋالماق، دېيى-
شىپ قويماق: ئۇلار قىزنى تالاق قىلىۋالغۇچە
بىز ئالدىغا ئۆتىۋالايلى، دېيىشىپ، يەنە بىر
ئوبدانلا يەردىن قۇلاق قېقىشتۇق. * ئۇ يەنە
بىر تەرەپتىن «مۆمىن سىڭىللار بىلەن قۇلاق
قېقىشىۋاپتۇ» دېگەنىمۇ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

**قۇلاققا كىرمەك** ئاڭلانماق، ئىشتىلمەك:
ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىققان «ھاي دېدەك!»
دېگەن ئاۋاز قىزنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ قالدى.
* ھازىر ئاپىسىنىڭ قىلىۋاتقان گەپ-سۆزلىرى
ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى.

**قۇلاققا مۇشتلىغاندەك** قۇلاققا قەتئىي
ياقمايدىغان؛ چىرايلىق، يېقىملىق ئاڭلان-
مايدىغان؛ قوپال، يېقىمسىز (گەپ-سۆز،
ناخشا قاتارلىقلار ھەققىدە): قۇلاققا
مۇشتلىغاندەك گەپ قىلماق. * ئۇنىڭ گېپى
قۇلىقىمغا مۇشتلىغاندەك تۇيۇلدۇ.

**قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك** ← **قۇلاققا
مۇشتلىغاندەك**: ئۇ ھەمىشە قۇلاققا مۇشت
ئۇرغاندەك گەپ قىلىدۇ. * ناخشا دېگەننى
يېقىملىق ئېيتالىسا بىر گەپ، ئەگەر يېقىملىق،
ياخشى ئېيتالمىسا، قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك.
ئاڭلىنىدۇ.

**قۇلاققا ياقماق** قۇلىقىغا خۇش ياقماق،
قۇلىقىغا ياخشى ئاڭلانماق: – بولۇپتۇ.
قۇلىقىغا ياقىدىغان گەپنى قىلاي! – دېدى
رەقىپ. * نادانلىق ئالدىنىشنىڭ ھەمراھى.
قالايمىقان بىلجىرلاشلار پەقەت بىلمىسىزلارنىڭلا
قۇلىقىغا ياقىدۇ.

**قۇلاققا يەتمەك** ئاڭلاپ قالماق، قۇلىقىغا
كىرمەك، خەۋەر تاپماق: كېيىن بۇ
گەپلەرنىڭ پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ قېلىشى-
دىن قورقۇپ، ئۇكامغا ئاز-تولا پۇل بېرىپ:
– كۆزدىن تېز يوقال! بولمىسا سېنى شاھقا
مەلۇم قىلىپ دارغا ئاستۇرىمەن دەپ شەھەر-
دىن قوغلاپتۇ.

**قۇلاق قۇلۇلىسى** <ئانات> ئىچكى
قۇلاقنىڭ بىر قىسمى. ئورنى ئىچكى
قۇلاقنىڭ ئەڭ ئالدى تەرىپىدە بولىدۇ.
شەكلى ئۈزۈم قۇلۇلىسىنىڭ قېپىغا ئوخشاي-
دۇ، ئىچكى قىسمىدا لىمفا ۋە ئاڭلاش
نېرۋىلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئاڭلاش
سېزىمىنىڭ قوبۇل قىلغۇچى ئاپپاراتى
ھېسابلىنىدۇ.

**قۇلاق كولىغۇچ** قۇلاقنىڭ ئىچىدە يىغىلىپ
قالغان كىر، يىرىڭلارنى كولاپ ئېلىش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چۆمۈچ شەكىللىك
بۇيۇم: قۇلاق كولىغۇچ ياسىماق. قۇلاق كولىغۇچ
سېتىۋالماق. * ياسىن ئاكا ئەگەر ساتىراش-
لىق قىلسا، ئۇستىرىدىن تارتىپ تا قۇلاق
كولىغۇچقىچە بولغان جابدۇقلىرىنى ئۆزى
ياسىۋالىدۇ.

**قۇلاق كۆرسىتىپ مۆڭگۈز چىقارماق** ←
**گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق**: – ئۇنىڭ
قىلىۋاتقانلىرى ھىيلىگەرلىك، – دېدى خوتۇنۇم
جاۋابەن، – ئۇ بىزنى شىلاۋاتىدۇ. ھازىرچە
قۇلاق كۆرسىتىپ، كېيىن مۆڭگۈز چىقارماقچى.

**قۇلاق كىرى** <تىب> ← **قۇلاق
سېغىزى**.

**قۇلاق گىجىكى** <ئانات> قۇلاق سۇپىرى-

سىنىڭ ئېگىلىپ تۇرغان قىسمى.

**قۇلاق موللىسى** مەخسۇس مەكتەپ-مەدرىسىتە ئوقۇماي، ئوقۇغان، بىلگەنلەردىن ئاڭلاپ بىلىۋالغان كىشى: دادام ئانچە ساۋاتلىق بولمىسىمۇ، قۇلاق موللىسى ئىدى. ئۇ نامازنى كۆپ ئوقۇيتتى. * قىشنىڭ ئۇزۇن ئاخشاملىرى دادام قۇرداشلىرى بىلەن ئەدەبىيات ۋە تارىخ كىتابلىرىنى ئوقۇپ، سۆھبەت قۇرغاندا قۇلاق موللىسى بولۇپ، ئۇلارنىڭ سۆھبەتلىرىنى تىڭشىدىم.

**قۇلاق مونچىقى** <ئانات> تاشقى قۇلاق ئېغىزىنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى بۆرتمە. كۆمۈرچەك ۋە تېرىدىن تۈزۈلگەن، تاشقى قۇلاق ئېغىزىنى يېپىپ تۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**قۇلاقنى پاك قىلىۋەتمەك** قۇلاقنى ئاڭلىيالماس ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويماق: ئۇلار مۇشۇ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا مىسلىسىز چوڭ ئۆزگىرىشنىڭ، ئۆزلىرى ئويلىغان-ئويلىمىغان ئاجايىپ ۋەقەلەرنىڭ بولۇشىنى، جاھاننىڭ قىياپىتى قۇلاقنى پاك قىلىۋەتكۈدەك شاۋقۇن-سۈرەن بىلەن بىردىنلا ئاستىن-ئۈستۈن بولۇشىنى كۈتۈشتى.

**قۇلاقنى دىڭ تۇتماق** زېھنىنى مەركەزلەشتۈرمەك، دىققىتىنى يىغماق؛ دىققەت بىلەن ئاڭلىماق: ھاشىم ئاكام قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، ناخشىنى باشتىن-ئاخىر ئاڭلىدى. * كاتىپلار، تېز بولۇڭلار، قۇلاقنى دىڭ تۇتۇپ، زىر-زەۋىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماي خاتىرىلىۋېلىڭلار.

**قۇلاقنى سوزماق** ① بىرەر ئىشنى ئاڭلاشقا، ئۇقۇپ بېقىشقا قۇلىقىنى دىڭ تۇتماق، ئۇقۇپ بېقىشنىڭ كويىدا بولماق: ئۇ ئىشنىڭ خەۋىرىنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلىقىمىزنى خېلىلا سوزۇپ باقتۇق، ئەمما ئۇقالمىدۇق. ② دەككىسىنى بېرىپ قويماق، ئەدىبىنى بەرمەك.

**قۇلاقنى قۇلاققا ياقماق** يېقىن كېلىپ، پەس، تۆۋەن ئاۋازدا گەپ قىلماق؛ قۇلىقىغا پىچىرلىماق: كېچىسى قۇلاقنى قۇلاققا ياق، كۈندۈزى ئەتراپىڭغا باق (ماقال).

**قۇلاقنى قىزىتماق** تولا گەپ ئاڭلاتماق، تولا گەپ قىلىپ، ئاڭلىغۇچىنى بىزار قىلىۋەتمەك: قىز چوڭ بولسا قۇلاقنى قىزىتىدىغان كىشىلەرمۇ كۆپىيىدۇ. * ئاپىرىلنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئانىسى ئۈنىگەدىن: — قىزىم ھېلىقى يىگىتنىڭ يوقاپلا كەتتىغۇ؟ قولۇم-قوشنىلارمۇ پاتەمخان پولۇنى قاچان يەيمىز دەپ قۇلاقنى قىزىتقىلى تۇردى، دەپ سوراپ قالدى.

**قۇلاقنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ** سەگەك بولۇپ، ھوشيار بولۇپ، دىققەت بىلەن: ئۇ ئەزالارغا: « قۇلىقىڭلارنىڭ تۈپىسىنى قېقىۋېتىپ ئاڭلاڭلار، بىزنىڭ پارتىيە ياچېيكىسى قارلىق تاغدىكى تىلسىمنىڭ سىرىنى ئېچىشقا، يېڭىيەردە سۇسىزلىقنىڭ دەردىنى تۈگىتىشكە بەل باغلىدى ، — دېدى.

**قۇلاقنى يارماق** ناھايىتى قاتتىق ئاڭلانماق، قۇلاققا ئۇرۇلماق: ماشىنىغا ئورنىتىلغان رادىئو كانايلىرىنىڭ يۇقىرى ئاۋازى قۇلاقنى ياراتتى. * ئاۋات بازارغا كىرسىڭىز، ئاشپەزلەرنىڭ خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى قۇلاقنى يېرىپ، ھەر خىل تائاملارنىڭ خۇش پۇرىقى ئىشتىھانى ئاچاتتى.

**قۇلاقنى يوپۇرماق** ئاڭلىماسقا، بىلمەسكە سالماق: — شەۋكەت، — دېدىم مەن سەممىي ھالدا، — بىز مۇنداق قۇلاقنى يوپۇرۇپ يۈرۈۋەرسەك بولمايدۇ. * — بىز ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ قۇلىقىمىزنى يوپۇرۇپ يۈرسەك گۇناھكار بولمايمىزمۇ؟ — دېدى ھوشۇر ئىمام.

**قۇلاقنى يېمەك** ← **قۇلاقنى پاك قىلىۋەتمەك.**

**قۇلاق ئېقىش** <تىب> قۇلاقتىن

يىرىڭلىق سۇيۇقلۇق ئاقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا ئاڭلاش سېزىمى توسقۇنلۇققا ئۇچراش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ. كۆپىنچە بالىلاردا بولىدۇ.

**قۇلاق يۇتقۇنچاق نەيچىسى** <ئانات> ئوتتۇرا قۇلاقتىن تۆۋەندىكى يۇتقۇنچاققا تۇتىشىدىغان نەيچە. سۆڭەك ۋە كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلگەن. قۇلاق پەردىسىنىڭ ئىچى ۋە تېشىدىكى بېسىمنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

**قۇلاق يۇمشىقى** <ئانات> قۇلاق سۇپۇرىسىنىڭ بىر قىسمى. قۇلاق گىجىكىنىڭ ئاستىدا بولىدۇ.

**قۇلاق يىڭنىسى** <تىب> قۇلاققا سانجىپ داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يىڭنە. ئادەتتە قۇلاق سۇپۇرىسىنىڭ ئۈستىدىكى مەلۇم نۇقتىغا سانجىلىپ، بەدەننىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مەلۇم كېسەللىك داۋالىنىدۇ.

**قۇلىقى تۆشۈك** « ئاڭلايدۇ، خەۋەر تاپىدۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھەممە ئادەمنىڭ قۇلىقى تۆشۈك، بۇنداق مەخپىيەتلىكنى يوشۇرۇپ قالماق تەس.

**قۇلىقى تىنچىماق** ياخشى-يامان گەپ ئاڭلاشتىن خالى، خاتىرجەم بولماق؛ تۈگمەك: قۇلىقىم ئەمدى تىنچىۋىدى، يەنە بىرى چىقىپتۇ، نېمانچە گېپىڭ تۈگمەيدىغان خەق سېنىڭ؟

**قۇلىقى تىنماق ← قۇلىقى تىنچىماق.**

**قۇلىقى دىڭ** خەۋەر ئاڭلاشقا، خەۋەردار بولۇشقا تەييار، ناھايىتى سەگەك، ھوشيار: قۇلىقى دىڭ بولماق. * مەيدان تۈۋىسىز، ھەممىنىڭ قۇلىقى دىڭ. * شۇ كۈنلەردە يۈسۈپجان قالغاندى شەھەردە، قۇلاقلىرى دىڭ ئىدى بىرەر يېڭى خەۋەرگە.

**قۇلىقى دىڭ بولماق** بىرەر خەۋەر ئاڭلاشقا تەقەززا بولماق، قۇلاقلىرىنى ناھايىتى سەگەك تۇتماق: باي دۇدۇقلاپ قېلىپتۇ ۋە پۇلنى ئويلاپ جىم بولۇپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بولۇپتۇ.

**قۇلىقىدىن تۇتۇپ** بىرمۇبىر ئۆتكۈزۈپ، ئۆز قولى بىلەن تۇتۇپ؛ نەق: پۇلنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ سانىماق. * مەن ھەممە قويلارنى قۇلىقىدىن تۇتۇپ ساناپ بەردىم.

**قۇلىقىدىن خوراز قىچقارتماق** قاتتىق ئۇرماق: ھۆرۆت-پۆرۆت دېسەڭ، جېنىڭدىن جاق تويغۇزۇپ، قۇلىقىڭدىن خوراز قىچقارتمەن. * ـ شاكىرمۇ ناننى بىكار يېمەپتىكەن، ئىككى مۇشتتا ئىككىسىنىڭ قۇلىقىدىن خوراز قىچقارتىپ، سېۋەتنى دومىلاتقاندەك ئىككى ياققا دومىلىتىۋېتىپتۇ-دە، مۇئەللىم بىلەن بىللە ئاتلىنىپلا قېچىپتۇ، ـ دېدى مىركېرەم ئۆزىچە خوشال بولۇپ.

**قۇلىقىدىن كەتمەسلىك** قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە جاراڭلاپ تۇرماق، ھەر دائىم ئاڭلانماق: تووۋا، ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرى قۇلىقىمدىن زادى كەتمىدى. * ئۆيدە باققان پاقلاندەك يۇمشاق ئىكەن بەدىنى، قۇلىقىمدىن كەتمەيدۇ، يارىنىڭ شۇ كۈن دېگىنى.

**قۇلىقىغا چۈشۈپ قالماق** ئاڭلاپ قالماق، قۇلاققا يەتمەك، قۇلىقىغا كىرمەك: بۇ نەرسە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپ قالسا، بېشىم كېتىدۇ، ـ دېدى يىگىت. * بۇ گەپلەر ئاخىر ئاكىسىنىڭ قۇلىقىغا چۈشۈپتۇ.

**قۇلىقىغا سىلىپ قويماق** ئۇقتۇرۇپ، ئاڭلىتىپ قويماق.

**قۇلىقىغا قۇيۇپ قويماق** ئېنىق ۋە تەپسىلىي ئۇقتۇرماق؛ پىششىق بىلدۈرمەك: قۇلىقىغا قۇيۇپ قويغاندەك سۆزلىمەك. * مەككار زەرگەرنىڭ خوتۇنى زەن قويۇپ ئاڭلىۋېلىپتۇ-دە، قايتىپ كېلىپ ئاڭلىغانلىرىنى ئېرىنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ قويۇپتۇ. * سەمەت،

سېنىڭ سۆزۈڭنى ئۇنىڭ قۇلىقىغا قۇيۇپ قويدۇم.

**قۇلىقىغا گەپ خۇش ياقماسلىق** ھېچ گەپ ئاڭلىغۇسى كەلمەسلىك، گەپ ئاڭلاشنى خالىماسلىق: بۇ كۈنلەردە سەيپۇڭ توختى قۇلىقىغا گەپ ياقمايدىغان، گېلىدىن غىزا ئۆتمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

**قۇلىقىغا گەپ كىرمەسلىك** باشقىلارنىڭ بەرگەن پىكىر-مەسلىھەتلىرىنى، نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىماسلىق، قوبۇل قىلماسلىق: شۇ ئاي، شۇ كۈنلەردە تۆمۈر خەلپىنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرمەيتتى.

**قۇلىقىغا مىخ قاققاندەك** ← **قۇلاققا مۇشتلىغاندەك**: مەن شۇ تاپتا بۇ قىز بىلەن كۆپرەك سۆزلىشىشنىمۇ خالىمايتتىم، ھەتتا قىزنىڭ ئەدەب بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىمۇ خۇددى قۇلىقىمغا مىخ قاققاندەك ئاڭلىناتتى.

**قۇلىقىغا ناغرا چالغاندەك** ناھايىتى يېقىمسىز، بەك قوپال؛ ئاڭلاشنى خالىمايدىغان: بۇ گەپلەر موماينىڭ قۇلىقىغا ناغرا چالغاندەك تۇيۇلاتتى.

**قۇلىقىغا ئىشەنمەسلىك** ناھايىتى ھەيران قالماق، ئىشەنگۈسى كەلمەي قالماق، تەئەججۈپلەنمەك: — جېنىم ئابدۇۋېلى، — دېگەنىدى ئۇ ناھايەت مەھەللىنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندە، — بۇ ياخشىلىقىڭنى قانداقمۇ ياندۇرارمەن؟ — ئابدۇۋېلى شۇ چاغدا ئۆز قۇلىقىغا ئىشەنمەي قالغانىدى. * تۇرغانوپ گويا قۇلىقىغا ئىشەنمىگەندەك ئەمدى نەزىرىنى قۇربان پادىچىغا ئاغدۇردى.

**قۇلىقىغا يىپ باغلاپ قويماق** كونا ئادەت بويىچە قىز بالىنى كىچىكىدىلا بىرىگە ئاتاپ ۋەدىلىشىپ قويماق: ۋاي جېنىم ئۇكام، مېنىڭ مۇددىئايىممۇ شۇ ئىدى، بىر ئېپىنى تېپىپ، ئۇنى سېنىڭ سەمىڭگە سېلىپ، ئارزۇگۈلنىڭ قۇلىقىغا يىپ باغلاپ قويارمەن دەپمۇ يۈرەتتىم، — دېدى ھەمراخان ئاچا.

**قۇلىقى قىزىماق** يىراقتا بىراۋ ئۇنىڭ گېپىنى قىلىۋاتقاندەك ھېسسىياتتا بولماق: قۇلىقىم قىزىۋاتىدۇ، كىم گېپىمنى قىلىۋاتىدىكىنە.

**قۇلىقىڭ يوقمۇ** گاسمۇ سەن، ئاڭلىمىدىڭمۇ: باياتىن شۇنچە گەپ قىلسام ئاڭلىماپسەن، قۇلىقىڭ يوقمۇ؟

**قۇلىقىم سەندە** ئاڭلاۋاتىمەن: قېنى سۆزلە، قۇلىقىم سەندە. * ئەپەندىم پادىشاھ ئوردىسىغا كېلىپ ئىشىنىڭ تەكتىنى ئۇققاندىن كېيىن، ھېلىقى ئۆلىماغا قاراپ: — قېنى سوئالىڭنى بەر، قۇلىقىم سەندە، — دەپتۇ.

**قۇلىقىمنى چالمىدا كېسىپ بېرىمەن** ← **قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن**: ئۆزۈملا ئۇنىڭغا تېتىمىسام، قۇلىقىمنى چالمىدا كېسىپ بېرىمەن.

**قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن** ← **قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن**: ئەگەر بۇ ئىشنى قىلالمىسام، قۇلىقىمنى ساپالدا كېسىپ بېرىمەن.

**قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن** «قەتئىي ئورۇندايمەن، قىلالايمەن، ئورۇندىيالمىسام، قىلالمىسام، ئۆزۈمنى ئۆزۈم قاتتىق جازالايمەن» دېگەن مەنىلەردىكى قەسەم قىلىپ بېرىش، بەسلىشىش سۆزى: — ھىم، سەندىن قالسام، قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن، — دېدى-دە، تىك يارغا ياماشتى. * ئەگەر بۇ ئىش مەن دېگەندەك بولۇپ چىقمىسا قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن.

**قۇلىقىمنى كېسىۋېتىمەن** ← **قۇلىقىمنى كېسىپ بېرىمەن.**

**قۇلىقىنى بۇرىماق** ئاينىتماق، رايىدىن ياندۇرماق: — ھېلىقى نۇشىرۋان تەيجى چىلىك گاڭ غوجامنىڭ قۇلىقىنى بۇراپ، نۇرۇز داموللىنى غوجامغا ئۇستاز قىلدۇرغان، — دېدى ئۇۋەيس ئەلەم.

**قۇلىقىنى پىشۇرماق** شۇ نەرسىگە بولغان

بولغان چۈشەنچىسىنى، تونۇشىنى پەيدا قىلماق، تونۇش ھاسىل قىلماق: ھازىردىن باشلاپ قۇلىقىڭنى پەشۇرۇپ تۇر، رەسمىي مەكتەپكە كىرگەندە تېز بىلىۋالىسەن.

**قۇلىقىنى چىشلىتىپ قويماق** → **قۇلىقىغا يىپ باغلاپ قويماق**: كىچىكىدە ئەنسەردىنگە بۇ قىزنىڭ قۇلىقىنى چىشلىتىپ قويۇپتىكەن، لېكىن ھازىرقى زاماندا بۇ ئۆتمەيدۇغۇ.

**قۇلىقىنى دىڭگايتماق** → **قۇلىقىنى دىڭ تۇتماق**: مەن كۆزۈمنى قىيا ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىسام، ئۇ ماشىنىنىڭ دېرىزىسىدىن قۇلىقىنى دىڭگايتىپ بىرنەرسىنى تىڭشاۋېتىپتۇ.

**قۇلىقى ئۇزۇن** خەۋەر-ئۇچۇرلارنى تېز ئاڭلىۋالىدىغان: تۇرمىدە ياتقانلارنىڭ قۇلىقى ئۇزۇن بولىدۇ. * ئابلا قازىنىڭ قولى ئىنتىك بولغانىنىڭ ئۈستىگە قۇلىقى ئۇزۇن بولغاچقا، خېرىدارلارنى تۈرلۈك خەۋەرلەر بىلەن تەمىنلەپ، ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالاتتى.

**قۇلىقى ئېغىر** قۇلىقى ئانچە ياخشى ئاڭلىيالمايدىغان، خېلى دەرىجىدە گاس، پاڭ: مومايىنىڭ قۇلىقى ئېغىر بولغانلىقتىن، بالا ئاپىسىغا نۇرۇللانىڭ سۆزىنى ئۈنلۈك تەكرارلاپ ئۇقتۇردى. * چىڭ گەپ قىلىڭ، قۇلىقىم ئېغىر، ئاڭلىيالمايمەن.

**قۇلىقى يۇمشاق** گەپ ئاڭلايدىغان؛ كىشىنىڭ سۆزىگە، نەسىھىتىگە كىرىدىغان؛ رايىش: ئۇ بالا ئوبدان، قۇلىقى يۇمشاق، نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىدۇ. يەنە ھەمىشە ئۇنىڭ يامان گېپىنى قىلىسەن. * ئالتۇنگۈلنىڭ قۇلىقى يۇمشاق قىز، ئوقۇشىمۇ ياخشى، كۆڭلىمىز رەنجىگۈدەك ئىش قىلمايدۇ.

**قۇلاقباغ** ئى [قۇلاق+باغ] ھارۋىنىڭ قۇلىقىنى بويۇنتۇرۇققا چاتىدىغان باغ.

**قۇلاقچا** ئى. كۆرپە، تېرە، رەخت قاتارلىقلاردىن ئىككى تەرىپىگە ئىككى قۇلاق چىقىرىپ تىكىلىدىغان قىشلىق باش كىيىمى: ئۇلاردىن سەل نېرىراقتا 70 ياشلارغا كىرىپ قالغان، ئېگىز قۇندۇز قۇلاقچا كىيگەن ئاق ساقال بىر سودىگەر قاتلىما ئورۇندۇقتا يېتىپ تاتلىسقىنا ئۇخلىماقتا ئىدى. * قۇلاقچىنى چۈشۈرگەن، پىسەنت قىلماس سوغۇققا. سېۋەتلىرى لىق تولغان، گەندە، تېزەك، ئوغۇتقا.

**قۇلاقچە** سۈپ. چوڭلۇقى قۇلاقچىلىك بولغان، قۇلاقتەكلا؛ كىچىككىنە: قۇلاقچە گۆش.

**قۇلاقچوپ** ئى ① ئەتلەس دۇكىنىدا تۇرگىنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن تۇرگىنىڭ ئۇلۇك بېشىغا ئورنىتىلغان تۇتقۇ. ② گىلەم دۇكىنىدا توغرا ياغاچنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىككى پاچاقنىڭ ئالدى تەرىپىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان 50-60 سانتىمېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى چېتىق.

**قۇلاقچېچەك** ئى. [قۇلاق+چېچەك] ئالتۇندىن ياسالغان، ئوتتۇرىسىغا ياقۇت، ئىككى تەرىپىگە مەرۋايىتتىن كۆز قويۇلغان چازا. ئۇنىڭ بىلەن ئىككى قۇلاق ئۈستىدىكى چاچنى قىستۇرغاندا، ياقۇت، مەرۋايىت كۆزلۈك گۈللىرى قۇلاق ئۈستىدە گۈل قىسقاندەك كۆرۈنىدۇ.

**قۇلاقچى** ئى → **قۇلاقچا**.

**قۇلاقچىلىق** سۈپ. قۇلاقچىسى بار، قۇلاقچا كىيگەن: ئۇلارنىڭ ئىككىلىسى چىبەرقۇتتا پالشوپكا كىيگەن، بىرى يېلىك شەپكە، بىرى قۇلاقچىلىق ئىدى. * مەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا-ئانىلىرى بىلەن دائىم دېگۈدەك ئۇچرىشىپ تۇرساممۇ، كالتە خۇرۇم چاپان كىيگەن، ئەلتېرە قۇلاقچىلىق مۇنۇ كىشىنى ئۇچرا تمىغانىدىم.

**قۇلاقچىلىك** سۈپ. چوڭلۇقى قۇلاقتەك كېلىدىغان، قۇلاقچە: قۇلاقچىلىك گۆش دارىتىۋېتىلگەن ئىككى قوشۇق ئاش زەھەر بولۇپ ياندى. * بىچارە ئانا مۇشۇ قۇلاقچىلىك گۆشنىمۇ نەۋرىسىگە قىسنىپ، ئۆزى يېيەلمىدى.

**قۇلاقكەستى** ئى [قۇلاق + كەستى] تىل ھا. كەپسىزلىك قىلىپ ئىش تېرىپلا يۈرىدىغان، يامان ئىش قىلىدىغان، ئەخلاقى ناچار ياشلارنى ھاقارەتلەپ ئېيتىلىدىغان سۆز: ئاۋۇ بىرنەچچە قۇلاقكەستىلەرنىڭ بەزىلىرىنىڭ جىنايىتى چىققانلىقتىن، ئۇلار پارچىلىنىپ، بىر-بىرىگە دۈڭگەشكە، مەسئۇلىيەتتىن قېچىشقا ئۇرۇنۇپ ئۆزئارا چىشلەشتى. * باللار ئالسقاچاپ كېتىپ قالغان تۇرسا، سىنىپقا كىرىۋالغان كىمدۇر؟ قۇلاقكەستىلەردىن بىرەرسى ئىش تېرىپ يۈرگەن بولمىسۇن يەنە؟

**قۇلاقلاشماق** پ. گەپلەشمەك، سۆزلەشمەك، دېيىشمەك، قۇلىقىغا گەپ قىلماق: ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندىن كېيىن، ئاكام دادامنى خالىراق بىر جايغا چاقىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرھازا غىچە قۇلاقلاشتى. * — مەن شۇنى دەي دەپ تۇراتتىم «پولكوۋنىك»، مەن ئۇنىڭ بىلەن خېلى بۇرۇنلا قۇلاقلاشقانىدىم، — دېدى سەمەت.

**قۇلاقلىق** سۈپ. قۇلىقى بار، قۇلاق چىقىرىلغان، قۇلاق ئورنىتىلغان: جىگدە شۇڭگىلىرى ئارىسىدىن چۈشكەن ئاي نۇرى ئۇنىڭ سارغۇچ چاچ، قوي كۆزلۈك، قاڭشار بۇرۇن ۋە چۆچۈرە قۇلاقلىق بېشىنى يورۇتۇپ تۇراتتى. * ئۇ ئۆزىمايلا ئۆيدىن بىر قۇلاقلىق كورىدا ئاش كۆتۈرۈپ چىقتى.

**قۇلاقلىق چۆچەك** چۆچەكنىڭ بىر خىلى، ئۇنىڭ قۇلىقى بولىدۇ.

**قۇلاق-مېڭە** قۇلاق ۋە مېڭە: قۇلاق-مېڭىسىنى يېمەك.

**قۇلاق-مېڭىسى قۇلۇپلانغاندەك** ئاڭلىماس، ئىشلىمەس بولۇپ قالغاندەك؛ گاس، چۈشەنمەس بولۇپ قالغاندەك: سەلىمەنىڭ قەلبى قاراڭغۇلاشتى. ئۇنىڭغا قۇلاق-مېڭىسى قۇلۇپلانغاندەك تۇيۇلاتتى.

**قۇلاق-مېڭىسىنى يېمەك** ھەددىدىن زىيادە قۇلىقىنى ئاغرىتماق؛ قاتتىق زېرىكتۈرمەك: — قىزىم، قوڭغۇرىقىڭنى ئۇرماي كەلسەڭچۇ. كىشىنىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يەپلا كېتىدىكەنسەن، — دېدى بوۋاي بىركۈنى ئىشىكتىن چىقىپ. * خۇرشىدىخان يەنە كېۋىرئاخۇننىڭ قۇلاق-مېڭىسىنى يېيىشكە باشلىدى.

**قۇلان** ئى <زوئول> ئاتتىن كىچىكرەك، ئېشەكتىن چوڭراق، ئاتقا قارىغاندا كۆپرەك ئېشەككە ئوخشاپ كېتىدىغان ياۋايى ھايۋان؛ ياۋايى قېچىر: شاھنىياز يۈگۈرۈپ بېرىپ قۇلاننىڭ پۇتىغا قارىسا بىر تاش كىرىپ كەتكەنىكەن. شاھنىياز قۇلاننىڭ پۇتىدىن تاشنى ئېلىپ، بېشىنى سىلاپ قويغانىكەن، ئۇنىڭ پۇتى ساقىيىپ كېتىپتۇ ۋە بىر يۈگۈرۈپتىكەن، ھەممە قۇلانلاردىن ئۆتۈپ كېتىپتۇ.

**قۇلانلىق** سۈپ. قۇلانى بار، قۇلانى بولغان: ئەي مەلىكەم، — دېيىشىپتۇ ئۇلار، — ھەربىرىمىز ھەربىر تەرەپتىن، ھەربىرىمىز يەر-سۇلۇق، قۇللۇق، قۇلانلىق، ھۆكۈمدار، شاھزادىلەر.

**قۇلاي** ئى. دىئال. يېڭناغۇچ.

**قۇلپۇرۇش** ئى. پارس. قۇل ساتقۇچى كىشى، قۇل سودىگىرى: ئۇ قۇلپۇرۇشلاردىن: — بۇ چۆرىنىڭ قىزى بىلەن باھاسى قانچە؟ — دەپ سوراپتۇ. — 50 تىللا باھالاندى! — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ قۇلپۇرۇشلار. رابى بىننى ھاتەم قۇلپۇرۇشقا: — مانا 50 تىللا، بۇ چۆرىنى قىزى بىلەن بىللە قوشۇپ سېتىپ ئالدىم، — دەپ ئۇنىڭ پۇلىنى نەق ساناپ بېرىپتۇ.

**قۇلچاق** ئى. پارس. كىچىك قۇل: بۇ زاھىر تەيجى ئۆز قولى بىلەن يازغان، قازىنىڭ ۋاڭغا سوۋغا قىلىدىغان قۇلچاقنى ئېلىپ كىرىش توغرىسىدىكى خەت ئىدى. قاراۋۇل بېشى قازىغا بېشى بىلەن ئىشارەت قىلىپ ئوردا

ئىچىگە كىرىشكە ئىجازەت بەردى.

**قۇل-چۆرە** قۇل ۋە چۆرە: ئۇلار ناھايىتى كۆپ پۇل ۋە مال جۇغلاپتۇ، يەر، سۇ، چارباغ، ھويلا-ئارام ۋە قۇل-چۆرىلەرنى پەيدا قىلىپتۇ.

**قۇلچىلىق** ئى. باشقىلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن، پەس، ئەرزىمەس دەپ ھېسابلاش، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن كۆرۈش؛ قۇللۇق: قۇلچىلىق ئىدىيىسى. قۇلچىلىق قىلماق. * مەن ئاللىقاچان ھەممە ئىشتىن خەۋەردار بولغانمەن، جاۋاب بېرىڭ، سىز قۇلچىلىقتا قايسى دەرىجىگە بېرىپ يەتتىڭىز. * قۇلچىلىق ئىنسانىي ۋىجدانىلىققا يات، زۇلۇم تەختى گۇم بولسۇن يات-ئارىدا يات.

**قۇلدار** ئى. قۇل ئىگىسى: ئۇ قۇلدارلارنىڭ قۇللار ئۈستىدىن ھۆكۈمرانلىق قىلىشتىكى قورالى ئىدى.

**قۇلدارلار سىنىپى** <پەلس> قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمران سىنىپ.

**قۇلدارلىق** ① ئى. قۇلغا قارىتا خۇسۇسىي ئىگىلىك: قەدىمكى زامانلاردا بىرنەچچە كاتتا بايلار بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدا قۇلدارلىق خېلى ئەۋج ئالغانىكەن. ② سۈپ. قۇللار كۈچىدىن پايدىلىنىشقا ئاساسلانغان: قۇلدارلىق جەمئىيەت. قۇلدارلىق تۈزۈم.

**قۇلدارلىق تۈزۈم** <پەلس> ← **قۇللۇق تۈزۈم.**

**قۇلدارلىق جەمئىيەت** <پەلس> ← **قۇللۇق جەمئىيەت.**

**قۇللاپ** ئى. ئىشىك-دېرىزە، يان ياغاچ چېتىقلارنىڭ ئاجراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئورنىتىلغان يېرىم چەمبەر.

**قۇللار** «قۇل» سۆزىنىڭ كۆپلۈكى: قۇللار سىنىپى.

**قۇللار سىنىپى** <پەلس> قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ھۆكۈمرانلىق قىلىنغۇچى سىنىپ، يەنى قۇللۇق جەمئىيەتتىكى ئاساسلىق ئىشلەپچىقارغۇچىلار.

**قۇللارچە** رەۋ. قۇللارغا خاس ھالدا، قۇلدەك؛ ناھايىتى ياۋاشلىق بىلەن: قۇللارچە بويسۇنماق. قۇللارچە باش ئەگمەك. قۇللارچە ئىشلىمەك. قۇللارچە ئىتائەت قىلماق.

**قۇللاشتۇرماق** پ. قۇلغا ئايلاندۇرماق، قۇللارنىڭ ئورنىغا چۈشۈرۈپ قويماق، قۇل قىلماق: دۈشمەنگە يول قويۇشتى ساڭا ئۆگەي ساقلاندىلار، ئەينەككە داغ ئورنىتىشتى ۋەھشىيلەرچە شۇ ئاندىلا، ئادەم سۈرەت چېقىر كۆزلۈك، سېرىق كۆڭلەك ئاپەت-بالا، ئىنسانلارنى ھايۋانلاردەك قۇللاشتۇرۇش مەقسىتى بار.

**قۇللۇق** ① ئى. قۇل بولغان ھالەت، قۇل بولۇش: قۇللۇقتىن قۇتۇلماق. قۇللۇققا چۈشۈرمەك. قۇللۇقتا تۇتماق. * دۇنيادا قۇللۇقتىن ئارتۇق ئازاب يوق. بىزنىڭ خەلقىمىزگە ئەنە شۇ قۇللۇقنى خالىمىغىنى ئۈچۈن زىندان، سۈرگۈن نېسىپ بولماقتا. * — بۇگۈن روھىي ھالىتىڭ بۆلەكچىغۇ چاۋار؟ بەگ دادائ سېنى قۇللۇقتىن ئازاد قىلدىمۇ-نېمە؟ — ئۇستام مەنىلىك قىلىپ يىللىقچىدىن سورىدى. ② سۈپ. قۇللارغا ئائىت، قۇللارغا خاس: قۇللۇق تۈزۈم. قۇللۇق جەمئىيەت. ③ ئى. ئىتائەتمەنلىكنى، مىننەتدارلىقنى ئىپادىلەيدىغان تەكەللۇپ سۆزى: ھىكمەت ئۆزىگە ئۇدۇل قاراپ تۇرغان يىگىتتىن كۆزىنى قاچۇرۇپ: — قۇللۇق، قۇللۇق ئىنىم! ئاغزىڭىزغا شېكەر، — دەپتۇ. * — ھەي، ئەبۇئام! ھەر كۈنى مېنىڭ ئالدىمغا كەلگىن، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم! — دەپتۇ پادىشاھ. — قۇللۇق دەپتۇ ئەبۇئام. * — قۇللۇق، — تەقسىر، قۇللۇق، ئۆزلىرى ئىلتىپات قىلىپ بۇ لايىقسىز ئۆيدە ئولتۇرۇپ بەرسىلىرى كۆڭلىمىز توق، دىلىمىز يورۇق بولىدۇ، — دېيىشكە مەجبۇر بولدى ئۇ. ④ ئى. مىننەتدارلىق،

رازىلىق: قۇللۇق بىلدۈرمەك. ⑤ ئى.
ئىتائەتمەنلىك: قۇللۇق قىلماق.

**قۇللۇق بىلدۈرمەك** قۇللارچە تەۋازۇ
بىلەن ئىتائەتمەنلىكنى نامايەندە
قىلماق: باش تەيجىلىككە تەيىنلەنگەن ئاسىم
قاتارلىق يىگىرمە بەلگىلەنگەنلەر قول
قوۋۇشتۇرۇپ شۇجىغا قۇللۇق بىلدۈرۈشتى. *
تۈگچىنىڭ جاكارى ئىغىزىدىن چىقار-چىقماي
تۇرۇپ بەگلەر يەنە قۇللۇق بىلدۈرۈپ،
يەرگە ئىگىشىپتۇ.

**قۇللۇق تۈزۈم** <پەلس> ئىشلەپچىقىرىش
ۋاسىتىلىرىگە ۋە بىۋاستە ئىشلەپچىقارغۇچىلار-
غا (قۇللارغا) قۇلدارلار تولۇق ئىگىدارچى-
لىق قىلىش ۋە ئۇلارنى ئېكسپىلاتاتسىيە
قىلىش ئاساسىدىكى ئىجتىمائىي تۈزۈم.

**قۇللۇق جەمئىيەت** <پەلس> قۇلدارلار-
نىڭ قۇللارنى ۋە ئىشلەپچىقىرىش ۋاسى-
تىلىرىنى ئىگىلىشىنى ئاساس قىلغان بىر
خىل ئىجتىمائىي فورماتسىيە. قۇللۇق
جەمئىيەتتە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى
سەۋىيىسى ئىپتىدائىي جامائەدىكىدىن
بىرئاز ئۆسكەن، ھۈنەرۋەنلىك، دېھقانچى-
لىق ۋە چارۋىچىلىق، ئەقلىي ئەمگەك
بىلەن جىسمانىي ئەمگەك ئوتتۇرىسىدا
ئىش تەقسىماتى بولغان، قۇلدارلار بىلەن
قۇللار قارىمۇقارشى سىنىپ بولۇپ
شەكىللەنگەن، قۇللارنىڭ قارشىلىقىنى
باستۇرۇش ئۈچۈن، قۇلدارلار دىكتاتۇرىلىقىدى-
كى دۆلەتنى قۇرغان بولىدۇ.

**قۇللۇق قىلماق** قولىنى كۆكسىگە قويۇپ،
بېشىنى ئېگىپ تۇرۇپ مىننەتدارلىق
ئىزھار قىلماق، مىننەتدار بولغانلىقىنى
بىلدۈرمەك، تەزىم قىلماق: — خوش-
خوش، ئاللىرىنىڭ ئېيتقانلىرى بەرھەق، —
ئورنىدىن تۇرۇپ قۇللۇق قىلدى تەيجى. *
— خوش، ئاللىرىنىڭ خىزمىتىگە جېنىمىز پىدا،
— تەيجى ئارقىچە مېڭىپ چىقىپ كەتكەندىن
كېيىن، ۋاڭ، قازىنى يېقىنراق ئولتۇرۇشقا
تەكلىپ قىلدى. قازى ئېگىلىپ قۇللۇق قىلغاندىن
كېيىن تەختىنىڭ يېنىغا سۇرۇلدى.

**قۇلماق** ئى <بوت> ① ئۈجمە ئائىلىسىدىكى
كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
غولى ياماشقۇچى غول، غولى ۋە يوپۇرماق
سېپىدا تىكەنلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى
تۇخۇم شەكلىدە. گۈلى تاق جىنسلىق.
مېۋە باشقى شارسىمان مېۋە شەكلىدە
بولىدۇ، مېۋە باشقىنى پىۋا ئېچىتىشقا
ئىشلەتكەندە، ئاچچىق تەم ۋە خۇش
بۇي پۇراق كىرگۈزىدۇ. جۇڭيى دورىلىرىغى-
مۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش،
سۈيدۈك راۋانلاشتۇرۇش رولىغا ئىگە.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋە باشقى.

**قۇلماقلىق** ئى. قۇلماق ئۆسكەن، قۇلماق
تېرىغان يەر، جاي.

**قۇلۇبناي** ئى <بوت> تاغ بۆلجۈرگىنىدىن
ئۆزلەشتۈرۈلگەن مېۋىلىك دەرەخ. مېۋىسى
يۈرەك شەكلىدە بولۇپ، چوڭلۇقى گىلاسى-
تەك، سىرتقى كۆرۈنۈشى ئۈجمىگە
ئوخشايدۇ، يەنى ئۇرۇقلىرى گۆشكە
ئارىلاشقان ھالدا پوستى ئىچىدە كۆرۈنۈپ
تۇرىدۇ، پىشقاندا رەڭگى قىزىرىدۇ،
تەمى چۈچۈمەل تاتلىق، سۇلۇق، يۇمشاق،
شىرنىلىك، خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ. ئەڭ
بالدۇر پىشىدۇ. بەزى رايونلاردا «ئو-
رۇس مېۋىسى» مۇ دېيىلىدۇ.

**قۇلۇبنىك** ئى <بوت> ← **قۇلۇبناي**.

**قۇلۇپ** ئى [ئە] ئىشىك، ساندۇق، تارتما
قاتارلىقلارنى ئېتىش، بېكىتىش ئۈچۈن
مېتالدىن ئاچقۇچ سېلىپ ئاچىدىغان قىلىپ
ياسىلىدىغان بۇيۇم: قۇلۇپ سالماق. * —
ئىشىكتە قۇلۇپ يوق ئىكەن، مەن ئۆزۈمنىڭ
مۈلكىنى... — قۇلۇپ چاققانلىقىدىن تانماقچىمۇ

سەن؟ – ھامۇت ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپلا جاۋغايلىرىدىن تۈكۈرۈكلىرىنى چاچرىتىپ چالۋاقاپ كەتتى.

**قۇلۇپ سالماق** ① قۇلۇپلىماق: ئۇ قارىسا، ساندۇقتا قۇلۇپ سېلىنغانىكەن. * دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ، ئاچالمىغان ماموتخان. ياخشى ئېتى ئاستىدا، قاچالمىغان ماموتخان. ② كۆچمە. ھېچ نەرسە دېيەلمەيدىغان قىلىپ قويماق، تۇۋاقلىماق: ئاغزىغا قۇلۇپ سالماق.

**قۇلۇپساز** ئى [ئە+پ] قۇلۇپ، ئاچقۇچ قاتارلىقلارنى ياسايدىغان ئادەم: رەيھانەم تۇرۇپكىنى تاشلىۋېتىپ پېشانىسىدىكى تەر تامچىلىرىنى سۈرتتى. شۇ چاغدا قۇلۇپسازلار كىرىپ كېلىشتى. * لەيكە دۇكان ئارا قۇلۇپ-ساز، ئاچقۇچ ياسار ئېكەك ئىشلىتىپ. گاڭ تۆمۈرمۇ كېلەر ئۇندەككە، گىرەسىگە قويسا چىشلىتىپ.

**قۇلۇپسازلىق** ئى. قۇلۇپ ئىشلەپچىقىرىش، ياساش ئىشى، كەسپى: : ئۇ ھازىرلا چىقىپ، كابىنگە ياساش سېخىنىڭ قۇلۇپسازلىق گۇرۇپپىسىدىكىلەرگە بۇيرۇق بېرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

**قۇلۇپلانتقۇزماق** « قۇلۇپلىماق » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۈن سەيلىسى-گە گىرىپتار بولغۇچىلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزىنى كارىۋاتقا مەھكەم باغلاتقۇزغان، بەزىلىرى ياتاقنى تېشىدىن قۇلۇپلاتقۇزغان، دېرىزىلەرنى سىرتىدىن ئەتكۈزگەن.

**قۇلۇپلاتماق** « قۇلۇپلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئىشكنى قۇلۇپلاتماق.

**قۇلۇپلاشماق** « قۇلۇپلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ياتاقلىرىنىڭ ئىشكلىرىنى قۇلۇپلاشتى.

**قۇلۇپلاقلىق** سۈپ. قۇلۇپلاپ ئېتىلگەن، قۇلۇپ سېلىنغان: بىركۈنى قىزچاق دادىسىغا: – دادا، مېنىمۇ سولاپ قوي، ئاشۇ قۇلۇپلاقلىق ئۆيگە كىرەي، ئۇ ئۆي چوقۇم باشقا ئۆيلەردىن چىرايلىق بولۇشى مۇمكىن، – دەپتۇ. * بۇ چاغدا رەخمەتنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشكىمۇ قۇلۇپلاقلىق ئىدى. // مەن ئۇنىڭ ئىشخانىسىنىڭ قۇلۇپلاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، قانداق قىلارىمنى بىلەل-مەي بىرپەس تۇرۇپ قالدىم.

**قۇلۇپلانماق** « قۇلۇپلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئىشىك سىرتىدىن قۇلۇپلانغانىدى. * ئۇ بىر بېسىپ، ئىككى بېسىپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتى-دە، مۇدىر ئىشخا-نىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قۇلۇپلانغان ئىشكنىڭ ئېچىلىشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

**قۇلۇپلۇق** سۈپ. قۇلۇپى بار، قۇلۇپ سېلىن-غان، قۇلۇپلانغان: پادىنى چىللاپ بولۇپ پادىچىمۇ، دۆڭ باغرى-چىمىلىقلارغا يۈرۈپ كەتتى. لاغايلاپ يۈرمەس ھېچكىم كوچىلاردا، قۇلۇپلۇق مەھەللىدىكى ھويلىلارمۇ.

**قۇلۇپلىماق** پ ① قۇلۇپ بىلەن ئەتمەك، قۇلۇپ ئېسىپ ياكى قۇلۇپنىڭ ئاچقۇچىنى بۇراپ ئېچىلماس ھالەتكە كەلتۈرمەك، ئاچقۇچسىز ئېچىلمايدىغان قىلماق: سادىق كارىدورنىڭ دېرىزىسىدە تۇرغان بىر جۈپ قۇلۇپنى قولىغا ئالدى-دە، ھويلىغا چىقىپ قوش قاناتلىق ئىشكنى تېشىدىن قۇلۇپلىدى. * . رەيھانەم شىرە ئۈستىدىكى ماتېرىياللارنى تارتمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلىدى. ② ھېچ نەرسە دېيەلمەيدىغان قىلىپ قويماق، تۇۋاقلىماق: بۇ گەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى قۇلۇپلىدى.

**قۇلۇلە** ئى <زوئول> يۇمشاق تەنلىك ھايۋان. تېنىنىڭ سىرتىنى كونۇسسىمان قاپچۇق ياكى ئورچۇقسىمان ۋە ئېللىپس شەكىللىك قاپچۇقلار ئوراپ تۇرىدۇ. ئۈستىدە بۇرما شەكىللىك سىزىقلىرى بولىدۇ. ئېتىز قۇلۇلىسى، دېڭىز قۇلۇلىسى قاتارلىق تۈرلىرى بار.

**قۇلۇله بۇيۇملار** <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندا قۇلۇله قېپىدىن ياسالغان بۇيۇملار. بۇنداق بۇيۇملارنىڭ بەزى تۈرلىرى پۇل ئورنىدا ئىشلىتىلگەن.

**قۇلۇله ئويما** <گ سەن> رەڭلىك قۇلۇله قېپىغا ئويۇلۇپ ياكى پاتۇرۇلۇپ ياسالغان ھۈنەر-سەنئەت مەھسۇلاتى. بۇنداق مەھسۇلاتتىن ھەر خىل ئادەم، ھايۋان، گۈل-گىياھ، ئاسما زىننەت بۇيۇملىرى ۋە مەدەنىي بۇيۇملار، تاماكا ئەسۋابلىرى، ئۈستەل چىرىغى قاتارلىق تۈرمۇش بۇيۇملىرى بار.

**قۇلۇلىخور** سۈپ. قۇلۇله يېيىشكە ئادەتلەنگەن، قۇلۇله يەيدىغان: قۇلۇلىخور بېلىق. قۇلۇلىخور قىلىيورغا.

**قۇلۇلىخور بېلىق** <زوئول> ← **پالالاس بېلىق.**

**قۇلۇلىخور قىلىيورغا** <زوئول> ، قۇشلار كلاسى، قۇلۇلىخور قىلىيورغا ئائىلىسىدىكى بىر خىل ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 45 سانتىمېترغا يېتىدۇ. تۇمشۇقى بىلەن پۇتى قىزىل، بېشى، بويىنى، كۆكرىكى ۋە دۈمبىسىنىڭ يۇقىرى تەرىپى قارا، دۈمبىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىن قۇيرۇقىنىڭ ئاستىغىچە بولغان جايلىرى ۋە تېنىنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئاق، قۇيرۇق پەيلىرىنىڭ قالغان قىسمى قارا كېلىدۇ. ھەمىشە دېڭىز بويلىرىدىكى قۇملۇقلاردا ھەرىكەت قىلىدۇ. يۇمشاق تەنلىكلەر، قاسراقلىقلار ۋە سازاڭ قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. ياز پەسلىدە شەرقىي شىمال ۋە خېبېي، شەندۇڭ قاتارلىق جايلاردا كۆپىيىپ، قىشتا جەنۇبقا كۆچىدۇ. گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**قۇلۇلىسىمان** سۈپ. شەكلى قۇلۇلىغا ئوخشايدىغان، قۇلۇله شەكىللىك.

**قۇلۇن** ئى <زوئول> ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان ياكى بىر ياشقا توشمىغان تايچىقى.

**قۇلۇنجى** ئى [پ] <تىب> بوغماق ئۈچەيدە بولىدىغان بىر خىل ئاغرىق، سانجىق: ئىبنىسىنا ئۇزۇن مۇددەت داۋام قىلغان جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب سەۋەبىدىن كېسەللىك ھالىتىدە ئىسفاھانغا ئورۇنلاشتى. 1037-يىلى 57 يېشىدا قۇلۇنجى كېسەللىكى بىلەن ۋاپات بولدى.

**قۇلۇنچاق** ئى. كىچىك قۇلۇن، يەنى ئاتنىڭ يېڭى تۇغۇلغان تايچىقى.

**قۇلۇنلۇق** ① «قۇلۇن» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئەكبەر مەنسۇرنىڭ قارا گۇرۇھىدىكى ئادەم. ئەكبەرنى دادىسى ئۆلۈش ئالدىدا مەنسۇرغا تاپشۇرغان. مەنسۇر ئۇنى بالا قۇلۇنلۇقتا ئەكىرىۋېلىشنى نىيەت قىلىپ يۈرگىلى نەكەم، بۇنى پۈتۈن خەلقئالەم بىلىدۇ. ② سۈپ. قۇلۇنى بار، قۇلۇنلىغان.

**قۇلۇنلىماق** پ (بايتال) قۇلۇن تۇغماق: ئەسلىدە قارا بايتال يايلاپ يۈرۈپ ئاۋۇلدىن يىراقلىشىپ كەتكەنىدى، كېيىن بىردىنلا قار-شىۋىرغان ئىچىدە قايتىپ بېرىشقا ئۈلگۈرمەيلا، ئەنە شۇ قاپچىغايدا قۇلۇنلىدى. * — گايىتئاخۇن ئىنى، سەنمۇ بىلسەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — تورۇق بايتال قۇلۇنلىغۇچە بەك قىينىلىپ كاردىن چىقىپ كەتتى.

**قۇلىقەت** ئى [قۇلاق+ئەت] بېلىقنىڭ باش تەرىپىگە، يەنى ساقاقنىڭ تۆۋىگە جايلاشقان بىر جۈپ قانات.

**قۇم** ① ئى <گېئول> دانىچىلار دىئامېتىرى 2mm — 0.1mm بولغان، سېمونتلاشمىغان مىنېرال ۋە تاغ جىنس ئۇۋاقلىرى. ئاساسلىق تەركىبى كۋارتس، دالا شپاتى، چىرىمتال قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن. ساپ كۋارتسلىق قۇم ئەينەك

خام ئەشياسى ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ: قۇم يىغىلىپ تاش بولماس، قۇل يىغىلىپ باش بولماس (ماقال). ② سۇپ. شۇ خىل شەكىلدىكى؛ ئۇششاق، ئۇۋاق: قۇم شېكەر. قۇم ئالما. قۇم ئامۇت.

**قۇم ئالما** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلدە ياكى سوقىچاق، گىرۋەكلىرىدە چىشلىرى بار. گۈلى غۇنچە ۋاقتىدا قىزىل بولۇپ، .ئېچىلغاندىن كېيىن ئۆچىدۇ، كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. مېۋىسى قىزىل ياكى سېرىق، دىئامېتىرى تۆت-بەش سانتىمېتىر كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قۇم ئامۇت** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق، ئۇچى ئۇچلۇق، گىرۋىكىدە چىشلىرى بار. گۈلى ئاق، مېۋىسى كونۇس شەكىللىك ياكى ياپىلاق شارسىمان، چۈرۈك، سۇلۇق كېلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قۇم بارخىنى** <گېئول> شامالنىڭ تەسىرىدە قۇم دانىچىلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان يۇملاق، ئېلىپس شەكىللىك ياكى ھىلال ئاي شەكىللىك يەر قىياپىتى ھالىتى. يۇملاق ياكى ئېلىپس شەكىللىك قۇم بارخىنى كۆپىنچە ئىپتىدائىي شەكىللىك بولىدۇ؛ ھىلال ئاي شەكىللىك قۇم بارخىنى قۇم بارخىنىنىڭ تولۇق يېتىلگەن شەكلىدۇر.

**قۇم باغلىماق** تىغلىق ئەسۋابلارنى چاقلايدىغان چاقىقا قۇمنى چاپلىماق، يېپىشتۇرماق.

**قۇم بىلەي** پىچاق، قىلىچ قاتارلىق تىغلىق سايمانلارنى بىلەپ ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئادەتتە سۇركەلمە ماتېرىياللار بىلەن شىلىمسىمان ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇش ئارقىلىق چاسا شەكىلدە ياسىلىدۇ.

**قۇم تاش** <گېئول> قۇم دانىچىلىرى، سېغىز تۇپا، ھاك ۋە باشقا ماددىلارنىڭ يېپىشىشىدىن ھاسىل بولىدىغان بىر خىل تاغ جىنسى. ئادەتتە چۆكۈندە جىنسنىڭ بىر خىلى ھېسابلىنىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى قۇم دانىچىلىرى، كۋارتس ۋە دالا شپاتى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ئۇنى بىلەي ۋە قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلغىلى بولىدۇ.

**قۇم تاۋۇز** تاۋۇزنىڭ بىر خىلى. گۆشى غۇز-غۇز ھەم سۇلۇق بولىدۇ: قۇم تاۋۇز يېپىشلىك بولىدۇ.

**قۇم تۇپا** ← قۇم.

**قۇم تۇمشۇق** <جۇغ> ئېقىن سۇنىڭ سۇرئىتى تۆۋەنلەش ۋە قېيىش ئېغىزلىرىدىكى لاتقىنىڭ ناھايىتى تېز چۆكۈشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان قۇرۇقلۇققا تۇتاش ھالەتتىكى قۇملۇق ساياز يەر. تېيىز دېڭىز ياكى دەريالاردىكى تۆۋەنكى غول ئېقىم قۇيۇلىدىغان جايلاردا ناھايىتى ئوڭايلا شەكىللىنىدۇ.

**قۇم جىگدە** جىگدىنىڭ بىر خىلى، گۆشى غۇز-غۇز، قۇمساقراق بولىدۇ.

**قۇم چاق** <ماشىن> پىچاق چاقلاش ۋە دېتاللارنى يونۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چاق شەكىللىك يۇملاق سايمان. سۇركەلمە ماتېرىيال ۋە شىلىمسىمان ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ،، يۇقىري تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قۇم چۆگۈن** <ماشىن> فارفور توپىسى

ۋە قۇمنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسىلىد-
غان چۆگۈن. كىسلاتا ياكى ئاساسلار
بىلەن ئاسانلىقچە رېئاكسىيىلەشمەيدۇ.
كۆپىنچە دورا قاينىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قۇم چېچەكلىگەندە** كېلىشى زادىلا
مۇمكىن بولمىغان ۋاقىت، ئىشقا ئاشمايدى-
غان پۇرسەتنى كۆرسىتىدۇ: — راستلا،
مەن تېخى قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ
قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە پۈتەمدىكىن بۇ
توپلەي دەپ يۈرەتتىم، — دەپ چېقىشتى
ئىززەت.

**قۇم چېچەكلىگەندە، تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە** كېلىشى زادىلا
مۇمكىن بولمىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ:
« <بەشبۇلاق> لىقلار، پەقەتلا ئىشقا
ئاشمايدىغان پۇرسەتنى <روزىمەت خۇشال>
نىڭ — خاپا بولىدىغان كۈنلىرىمۇ بولا مۇ؟»
دېيىشسە، بەزىلىرى «قۇم چېچەكلىگەندە،
تۆگىنىڭ قۇيرۇقى يەرگە يەتكەندە»
دېيىشەتتى.

**قۇم خالتىسى** <ھەرب> ئىچىگە قۇم
قاچىلىنىدىغان خالتا ياكى تاغار. ئۇرۇش
ۋاقتىدا قوغدىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.
ئۇنىڭدىن باشقا كەلكۈن، ئوت قاتارلىقلار-
دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىشكە
بولىدۇ.

**قۇم داشقان** قۇمدىن ئىشلەنگەن
داشقان.

**قۇم ساپال** <ئارخېئول> قەدىمكى
ئاش-تاماق جابدۇقلىرىنىڭ ئورتاق نامى.

**قۇم سانىماق** ناھايىتى ئىنچىكە ھېساب-
كىتاب قىلماق؛ ناھايىتى ئىنچىكە،
تەپسىلىي ئويلىماق: سەن تاش ساناۋاتى-
سەن، مەن قۇم ساناۋاتىمەن. * — توغرا،
باغ دېگەن ھېچقانچە نەرسە ئەمەس،
ئەمما ئۇنىڭ ئەزالار ئوتتۇرىسىدىكى تەسىرىگە
دىققەت قىلدىڭىزمۇ؟ ئەزالار قۇم سانايدۇ،
يولداش!

**قۇم سوۋاق** قۇم لايدىن قىلىنغان
سوۋاق: قۇم سوۋاق قىلماق.

**قۇم شېكەر** ← **شېكەر.**

**قۇمغا سۇ سىڭگەندەك** ئۆزلىشىشى،
ئورنىشىشى ناھايىتى ياخشى: ئۇنىڭ
ئۆگەتكىنى گۈيخۇاغا خۇددى تۇخۇمغا رەڭ
يۇققاندەك يۇقاتتى، قۇمغا سۇ سىڭگەندەك
سىڭەتتى.

**قۇمغا مۆھۈر باسقاندەك** ناھايىتى ئاسان
بوقاپ كېتىدىغان، مەڭگۈلۈك ئەمەس.

**قۇم قازان** <ماشىن> فارفور توپىسى
ۋە قۇمنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان
قازان. كىسلاتا ۋە ئاساسلار بىلەن
ئاسانلىقچە رېئاكسىيىلەشمەيدۇ. كۆپىنچە
سەي قورۇش ياكى دورا قاينىتىش ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدۇ.

**قۇم قەغەز** يۈزىگە ئەينەك پاراشۇكى
يېپىشتۇرۇلغان قەغەز. ياغاچ ماتېرىياللىرى-
نىڭ يۈزىنى سىلىقلاش ۋە مېتال بۇيۇملار-
نى ئاقارتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**قۇم قۇرتى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق
ھايۋانلارنىڭ بىر سىنىپى. تېنى كانايسى-
مان، بوغۇملىرى ئېنىق ئەمەس، قىلچىقلى-
رى يوق، يۈزىدە ئۇزۇنىغا ۋە توغرىسىغا
كەتكەن قورۇلمىلىرى بار. ئالدىنقى
تەرىپىدە توم، ئۇزۇن، قىسقىرالايدىغان
تۇمشۇقى بولىدۇ. تۇمشۇقىنىڭ كېيىنكى
قىسمىدا تۇتقۇچى قوللىرى بولۇپ، ئېچىلغان-
دا يۇلتۇزغا ئوخشاپ كېتىدۇ. دېڭىز
تېگىدىكى قۇم لاتقىلىرىدا ۋە خادا تاشلار-
نىڭ ئارىسىدا ياشايدۇ.

**قۇم قېلىپ** نەمدەلگەن قۇمدا نەرسىلەر-
نى قۇيۇپ چىقىرىدىغان بىر خىل قېلىپ.
بۇنىڭدا قۇيماقچى بولغان بۇيۇم ئەۋرىشكە-

سى بەلگىلىك ئۇسۇلدا قۇمغا پاتۇرۇلۇپ ئىز قالدۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن ئېرىتمە شۇ ئىزغا قۇيۇلۇپ، قاتقاندىن كېيىن شۇ ئەۋرىشكىگە ئوخشاش بۇيۇم بولۇپ پۈتۈپ چىقىدۇ.

**قۇم لاي** <بىن> قۇرۇلۇشلاردا تام قوپۇرۇش ۋە ئۇلغا تاش قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل لاي. ئادەتتە قۇم، سېمونت، هاك، سېغىز قاتارلىق يېپىشتۇرغۇچى ماتېرىياللارنى مەلۇم نىسبەتتە سۇ قوشۇپ ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**قۇم مودېل** قۇم توپىدىن ياسىلىدىغان يەر شەكلى مودېلى. ئادەتتە ياغاچ تاختا ئۈستىگە ياسىلىدۇ.

**قۇم ئۆزەك** <ماشىن> قېلىپ قۇمدا ياسىلىدىغان ئىچ قېلىپ.

**قۇما** ئى. دىئال. كەپتەر، توخۇ قاتارلىقلارنى سولاش ئۈچۈن تالدىن ياكى ياغاچتىن ئاراچ-ئاراچ قىلىپ ياسالغان يازلىق كاتەك.

**قۇماق** ① سۈپ. قۇم ئارىلاشقان، قۇمساڭ: قۇماق توپا. ② ئى. جاراھەت ۋە باش تەمرەتكىسى ئۈستىدىكى كېپەكسىمان قاقاچ.

**قۇماق باسماق** ھەممە يېرىنى قۇماق قاپلىماق: ئۇ سەپسېلىپ قاراپ ئۆزى مۇھەببەت باغلىغان چىرايلىق يىگىتنى ئەمەس، بەلكى گەدىنىدىن يۇقىرىسىنىڭ ھەممىسىنى قۇماق بېسىپ كەتكەن كەيمە تازنى كۆرۈپتۇ.

**قۇماق تاز** باشلىرىنى پۈتۈنلەي قۇماق باسقان، بېشىدىن قۇماقنىڭ كېپەكلىرى چۈشۈپ تۇرىدىغان تاز.

**قۇم-بوران** قۇم ۋە بوران: كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىشتىكى مەقسەت، قۇم-بورانلاردىن مۇداپىئە كۆرۈشتۇر.

**قۇمتەللە** ئى [قۇم+تەللە] گەۋدىلىك، تولا گەپ قىلىدىغان، گېپى تولا ئادەم: — بولدى، بولدى، بۇ قۇمتەللىنىڭ گېپىنى ئاڭلاۋەرسەك، يامغۇردا قالىمىز، قېنى ماڭايلى، — دېدى سەپەرقۇل.

**قۇمتوۋرىسى** ئى [قۇم+توۋرا+سى] ئۇششاق گەپنى تولا قىلىدىغان، گېپى تۈگىمەيدىغان، قۇمدەك سۆزلەيدىغان ئادەم.

**قۇمچاق** ئى <زوئول> پاقىلار ياكى چار پاقىنىڭ بالىسى. قارا رەڭلىك، سوقىچاق شەكىلدە، بېلىقچانغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ژابىرسى ۋە قۇيرۇقى بولىدۇ. سۇدا ياشايدۇ، قۇيرۇقى بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئارقا، ئالدى ئاياغلىرى چىققاندىن كېيىن، قۇيرۇقى بارا-بارا قىسقىراپ ھەم يوقۇلۇپ، ئەڭ ئاخىرىدا پاقا ياكى چار پاقىغا ئايلىنىدۇ.

**قۇمچاق بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى سەل ياپىلاق، قارا رەڭلىك سىپكۇنلىرى بار، تۇمشۇقى ئۇچلۇق، ئېغىزى چوڭ، كىچىك ئېقىنلاردا ياشايدۇ.

**قۇمچاق يوتقىنى** <بوت> پاقىيوپۇرماق.

**قۇمچۆچەك** ئى [قۇم+چۆچەك] دىئال. گېپى تولا، گەپدان.

**قۇمداتماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇمداشماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇمدالماق** «قۇمدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇمدەك** سۈپ ① قۇمغا ئوخشاش، ئۇششاق، ئۇۋاق: قۇمدەك بىرنېمە. قۇمدەك بىرنەرسە. ② كۆچمە. ناھايىتى جىق، ناھايىتى كۆپ، تولا، نۇرغۇن؛ سانى يوق، ساناقسىز: پايىلاقچى ئالاق-جالاق بولۇپ ئۇ تەرەپكە قارىغاندا، قۇمدەك ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا

ئوغرىنىڭ سايىسمۇ كۆرۈنمىدى. * ئادىل شاھ بوۋاي مەلىكىگە : – قىزىم، ئۇنى ناھايىتى كۈچلۈك پادىشاھ دەيدۇ. ئەسكىرىمۇ قۇمدەك ئىكەن، «يېڭىلىپ قالساق» قانداق بولار؟ – دەپتۇ.

**قۇمدىماق** پ. قۇمغا سۈركىمەك، بىلمەك ياكى قۇمنى سۈرتمەك، قۇم بىلەن ئېرتماق: ئۇنىڭ بېشى قۇمداپ يۇغان مىس چۆگۈندەك قىپقىزىل پارقىراپ تۇراتتى. * ئۇ پات-پاتلا شتابىنىڭ ئارقىسىدىكى بۇلاق بېشىغا چىقىپ قىلىچىنى قۇمداپ پارقىرىتىۋالاتتى.

**قۇمساز** سۈپ. دىئال. قۇمساڭ.

**قۇمساق** سۈپ. دىئال. قۇمساڭ.

**قۇمساڭ** سۈپ. قۇم ئارىلاش، قۇمى بار، تەركىبىدە قۇم كۆپ: قۇمساڭ توپا. قۇمساڭ يەر. * ئاياغ ئاستىمدا نەم، قۇمساڭ شېغىل تاشلار كۆڭۈللۈك شىرىقلايدۇ. مەن زىلۋاغىنا بىر قارىغاينىڭ ئاستىغا كەلدىم-دە، ئۇنىڭغا يۆلەندىم. * ھاۋا قىزىغاندا تۇپراقمۇ قىزىپ كېتىدۇ، بىزنىڭ بۇ يەر قۇمساڭ بولغاچ ھەتتا يالىڭاياغ دەسسەشمۇ مۇمكىن ئەمەس. * قۇمساڭ يەرگە تاۋۇز تېرىدىم، پىلەكلىرى تۈز. سويمىلىرى پىشىپ قاپتۇ، يارىم كېلىپ ئۈز. // قۇمساڭدا ئېغاڭلاپ ئاران كېتىۋاتقان ئاپتوبۇس ئۇچۇن ئاشۇ يىگىتنىڭ توختىماي قىمىرلاپ تۇرغان قوپال گەۋدىسى بىردىنبىر نىشان ئىدى.

**قۇمساڭ توپا** <بىن> 80% تىن ئارتۇق قۇم بىلەن 20% تىن تۆۋەن سېغىزنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلانغان توپا. ئادەتتە تەركىبىدە قۇم مىقدارى ناھايىتى كۆپ بولغان توپىلارمۇ شۇنداق دېيىلىدۇ: ئۇنىڭ كونا جىگدە قوۋزىقىدەك قارىداپ، يېرىلىپ كەتكەن يالىڭاياغلىرى يىغىلىپ قالغان قۇمساڭ توپىغا خېلى چوڭقۇر پېتىپ كەتكەنىدى.

**قۇمساڭغۇ** سۈپ. قۇم تەركىبى تولا، قۇمى كۆپ، قۇمى جىقراق، قۇمسال، قۇمساق، قۇملۇق: توپا قاتلىمى نېپىز، شېغىللىق، قۇمساڭغۇ يەرلەردە ئۆسكەن مېۋە دەرەخلىرى سۇغا ئالدىرايدۇ. * ئۇ، يولنىڭ قۇمساڭغۇ توپىسىنى دەسسەپ قەدىمىنى سانىغاندەك سالماق بىلەن مېڭىپ كېتىپ باراتتى. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا «قۇم بارخانلىرىغا تۇتاشقان قۇمساڭغۇ، شورلۇق يەرلەر» كەلدى.

**قۇمسال** سۈپ. دىئال. قۇمساڭ.

**قۇمسىرىماق** پ. قۇم تەلەپ قىلماق، قۇم باغلاش ۋاقتى بولۇپ قالماق (پىچاق چاقلايدىغان چاق ھەققىدە): چاق قۇمسىراپتۇ.

**قۇم-شېغىل** قۇم ۋە شېغىل: كۆچەت تىكىپ، ئورمان بىنا قىلىش، قۇم-بوراندىن مۇداپىئە كۆرۈش، قۇم-شېغىللارنىڭ سىيرىلىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش، دەريا قاشلىرىنى مۇستەھكەملەپ، كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئېلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

**قۇمغان** ئى. قۇم كوزا، كومزەك، خۇمرا.

**قۇمقازى** ئى [قۇم+قازى] دىئال. گېپى تولا، تولا گەپ قىلىدىغان ئادەم.

**قۇملاشماق** پ. قۇم باسماق، قۇم بىلەن قاپلانماق؛ قۇمغا ئايلانماق: ئېتىزلار قۇملاشماق. * ئورمانلارنى خالىغانچە كېسىدىغان ئەھۋال چەكلەنمىسە، 70 يىلدىن كېيىن دۇنيادىكى ئورمانلار پۈتۈنلەي تۈگەيدۇ، ئورمان ۋە ئوتلاقنىڭ بۇزۇلۇشى نەتىجىسىدە، سۇ، تۇپراق تىزگىنسىز قېلىپ، يەر تېز قۇملىشىپ كېتىدۇ.

**قۇملۇق** ① سۈپ. قۇمى بار، قۇم ئارىلاشقان: قۇملۇق تۇپراق. قۇملۇق ساپال. ② ئى. قۇم باسقان، قۇم بىلەن قاپلانغان جاي: تەكلىماكان قۇملۇقى. * كەچكى شەپەق بۇ قۇملۇقتا ئالتۇن رەڭ جىلۋە پەيدا

قىلىغانىدى، قېرى ئېشەك كونا ھارۋىنى سۆرەپ، بۇ قۇملۇق ئۈستىدە يېڭى ئىز پەيدا قىلىپ، ئاستا-ئاستا ئالغا سىلجىيتتى.

**قۇملۇق ساپال** <ئارخېئول> ← قۇم ساپال.

**قۇملىماق** پ ① قۇملۇقلارنى باسماق، دەسسىمەك، ئاتلىماق: — نېمە مۇنچە ئالدىراش، كۆيئوغۇل قوغلىدىمۇ، ھېچ بولمىسا بىر ئاي بولسۇن... مەرغىلان دېگەن يۇرتتىن ئات ئاتلاپ، تۆگە قۇملاپ كەلگىنىدە، بىر ئايچە تۇرماستىن كەتكەن ئىمىش! — ئاپتاپئا-يىم بىلەن كۆمۈش ئۇنىڭ ھۆرمىتىگە ئورۇنلىرى-دىن تۇرۇشتى. ② كۆچمە. بەك كۆپەيمەك، قۇمدەك كۆپىيىپ كەتمەك، ئىنتايىن ئاۋۇپ كەتمەك: بۇ يەردە ئادەم دېگەن قۇملاپ كېتىپتۇ.

**قۇممەت** ئى. ئۆرۈكنىڭ بىرخىلى: پايانسىز كەڭ يېزا مىسالى گۈلستانلىق، ھوسۇلزارلىق، بولۇپ ھەرە، ھەسەل يىغدىم نەگۈلدىن، بەلكى قۇممەتتىن.

**قۇمۇل** ئى <جۇغ> شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ شەرقىدىكى بىر ۋىلايەت ۋە ئۇنىڭ مەركىزى. گەنسۇ ئۆلكىسى بىلەن قوشنا بولۇپ، لەنجۇ- شىنجاڭ تۆمۈر يولى ئۇنىڭ ئىچىدىن ئۆتىدۇ.

**قۇمۇل قوزغىلىڭى** <تارىخ> 20-ئەسىر-نىڭ باشلىرىدا شىنجاڭ قۇمۇل ئۇيغۇرلىرى-نىڭ فېئوداللىزمنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ۋە مىللىي زۇلۇمغا قارشى تۇرۇش مەقسى-تىدە كۆتۈرگەن قوراللىق قوزغىلىڭى. ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈل-گەن. بىرىنچى قېتىم يەنى گۇاڭ شۈينىڭ 33-يىلى (1907-يىل) قۇمۇل خەلقى قۇمۇل ۋاڭ مەھكىمىسىنىڭ قاتمۇقات ئالۋان-ياساقلىرىغا قارشى قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. ئاخىردا چىڭ ھۆكۈمىتىنىڭ باستۇرۇشى ۋە رەھبىرىنىڭ ئۆلتۈرۈلۈشى بىلەن مەغلۇب بولىدۇ. ئىككىنچى قېتىم يەنى 1912-يىلى كۈزدە قۇمۇل خەلقى يەنە قوراللىق قوزغىلاڭ كۆتۈردى. بۇنىڭدا شىنجاڭدىكى مىللىتا-رىست ياڭ زېڭشىننىڭ ئالدامچىلىقى بىلەن قوزغىلاڭ يەنە مەغلۇپ بولۇپ، ئىككىنچى يىلى ئۇنىڭ رەھبىرى بولغان تۆمۈر خەلپە زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. ئۈچىنچى قېتىم شىنجاڭ ئۆلكىسىنىڭ رەئىسى جىڭ شۇرېننىڭ مۇستەبىتلىكى ۋە مىللىي زۇلۇمى تۈپەيلىدىن يەنە قوزغىلاڭ كۆتۈرۈلدى. ئەمما رەھبەرلىك ھوقۇقى فېئودال يۇقىرى تەبىقە كىشىلىرىنىڭ قولىغا ئۆتۈپ كېتىپ، قوزغىلاڭ يەنە مەغلۇپ بولىدۇ.

**قۇمۇلاڭ** ئى. قۇملۇق، قۇمساڭ يەر، قۇم دۆۋىلىرى بىلەن قاپلانغان جاي: مېنىڭ باللىق چاغلىرىم كەنتىمىزنىڭ قاق ئوتتۇرىسىغا جايلاشقان، پىششىق خىش بىلەن ياسالغان ھەشەمەتلىك مەسچىتنىڭ ئالدىدىكى قۇمۇلاڭدا ئۆتكەنىدى. * مەن كوچىغا چىققاندا يول بويلىرىدىكى قۇمۇلاڭدا ئولتۇرۇشىدىغان پاراڭچى ياشلارمۇ ئۆيلىرىگە تارقاپ، ناخشا توۋلاپ ئۆتىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئۆتكۈنچىلەرمۇ جىمىپ، تاغ باغرىدىكى بۇ يېزا راھەت ئۇيقۇسىغا چۆمگەنىدى.

**قۇمىق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**قۇمىق تىلى** <تىل> قۇمىقلار ئىشلىتىدى-غان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستې-مىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ قىپچاق-پولوۋ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. تۈركىي تىللاردىن قارايىم، قاراچاي، بالقار تىللىرى بىلەن تۇغقانچىلىقى يېقىن،

ئاساسەن روسىيىنىڭ داغىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**قۇمقلار** ئى <ئىرق> قۇمىق مىللىتى، قۇمىق خەلقى. ئۇلار ئاساسەن روسىيىنىڭ داغىستان ئاپتونوم جۇمھۇرىيىتىدە ياشايدۇ. ئۇلار دەسلەپتە ئەرەب يېزىقى، ئاندىن لاتىن يېزىقى ئىشلەتكەن. 1939-يىلى رۇس ئېلىپبەسى ئاساسىدىكى يېڭى يېزىقنى قوللانغان.

**قۇملاق** ① ئى. قوي، ئۆچكە، تۆگە قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ مايىقى: ئۇنىڭ ئالدىدا بىر پارچە مايلىشىپ كەتكەن رەخت، رەختنىڭ ئۈستىدە بولسا قوينىڭ قۇملىقىدەك يوغانلىقتىكى ئۇششاق تاشلار تۇراتتى. ② سۈپ. قۇملاق شەكلىدىكى، شەكلى قۇملاققا ئوخشايدىغان: قۇملاق تاش.

**قۇملاق سالماق ← پال سالماق:** شەرىخان كاڭدا ھەيدەر خەسسىنىڭ ئايالىغا قۇملاق سېلىپ ئولتۇرغانىكەن. ئۇلار پاتمەنى كۆرۈپ پاپپىتەك بولۇشتى. شەرىخان بولسا ئۇزۇلدۇرمەي 15 مىنۇت ۋالاقلىدى.

**قۇملاقچى** ئى ← **پالچى:** قۇملاقچى ئالدىدىكى ئۇششاق تاشلارنى بىر يەرگە جەم قىلىپ: — ياپىرىم! — دەپ تاشلارنى تەخمىنەن ئۈچ بۆلەككە بۆلدى.

**قۇملاقلاتماق** «قۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇملاقلاشماق** «قۇملاقلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قويلار قۇملاقلاشتى.

**قۇملاقلىماق** پ ← **ماياقلىماق:** قويلار سۇ ئىچكەندىن كېيىنلا قۇملاقلاشقا باشلىدى. * بىردەمنىڭ ئارىلىقىدا قويلار كورەنىڭ ھەممە يېرىگە قۇملاقلاپ بولۇپتۇ.

**قۇنتلاپ** رەۋ. دىئال. ئەستايىدىل، ئىنچىكىلەپ: قۇنتلاپ ئىشلىمەك.

**قۇندۇز** ئى ① <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. چاشقانغا ئوخشايدۇ. ئارقا پۇتىدا ئۈزگۈچىسى بولىدۇ. قۇيرۇقى ياپىلاق، تۈكلىرى ئۇزۇن ھەم قېلىن، دۈمبە تەرىپى قىزغۇچ قوڭۇر، قورسىقى كۈل رەڭ، چىشلىرى ئۆتكۈر كېلىدۇ. دەرەخلەرنى چىشلەپ ئۇشتۇيالايدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. دەرەخ قوۋزاقلىرى ۋە نېلۇپەر قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسى ئەتىۋارلىق. ئەركەكلىرى قۇندۇز قەھرى ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. بۇ تىبابەتچىلىكتە روھلاندۇرغۇچى دورا قىلىنىدۇ. ② ئاياللار ئىسمى.

**قۇندۇز چاچ** قاپقارا، يالتىراپ تۇرىدىغان چاچ: — سۆزلەپ باقسۇن! — دېدى شىللىر قامىتى چىرايلىق، قۇندۇز چاچ قىزغا ھەيران بولغان ھالدا قاراپ ۋە بوشىرغا قول باغلاپ، — ئۇ ياپونمۇ؟ ئىسمى نېمىكەن؟

**قۇندۇز لېشى** <بوت> قۇندۇز لېشى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق، ھاشاراتخور ئۆسۈملۈك. كۆلچەكلەر ياكى سۇلۇق ئېتىزلاردا ئۆسىدۇ، غولى ئىنچىكە ئۇزۇن، گۈلى سېرىق، يوپۇرمىقى يىپسىمان كېلىدۇ. ئۈستۈنكى قىسمىدا ھاشاراتلارنى تۇتۇپ يەيدىغان خالتىسى بولىدۇ.

**قۇندۇز ئوت** <بوت> قۇندۇز ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 120 سانتىمېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ سېپى بولمايدۇ. گۈلى سۇس كۆك، چەكلىك كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى غوزا مېۋە، شەكلى سوقىچاق. يىلتىزى ۋە يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ، بەلغەمنى يۇمشىتىش،

يۈتەلنى بېسىش، قان توختىتىش ۋە نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**قۇندۇزدەك** سۈپ. قاپقارا، ئىنتايىن قارا: قاسىمجان ئاكا لەيلىنىڭ پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرغان قۇندۇزدەك چاچلىرىنى سىلىدى. * ئۇنىڭ قۇندۇزدەك يالتىراپ تۇرىدىغان قاشلىرى گەپ قىلغاندا ئۇچۇپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ قۇندۇزدەك چاچلىرى شامالدا لەرزان يەلپۈنۈپ تۇراتتى.

**قۇنۇن** ئى <بوت> رويان ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ياماشقۇچى چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى ئېللىپسسىمان، يازدا چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، سېرىق، باشسىمان گۈل رېتىدە، تىكەنلىك. غول-شاخلىرى دورا قىلىنىدۇ. ئىسسىق ياندۇرۇش، يەل ھەيدەش، باش قېيىپ ئاغرىشنى داۋالاش روللىرىغا ئىگە، يۇقىرى قان بېسىمى كېسەللىكىدىكى باش قېيىشقا ياخشى مەنپەئەت قىلىدۇ.

**قۇۋ** I سۈپ. ھىيلە-نەيرەڭگى تولا، باشقىلارنى گوللاشقا ئۇستا؛ ھىيلىگەر، مەككار، مۇغەمبەر: قۇۋ ئادەم. قۇۋ ئايال. * باينىڭ تۆگىچىسى بولساڭ، قۇۋ بولسەن، قويچىسى بولساڭ، قۇل بولسەن (ماقال). * پەمچە سەن مەندىنمۇ قۇۋراق ئىكەنسەن. // قىزلار بۇ مەسىلىگە كەلگەندە قۇۋراق كېلىدۇ. * — دادا، سىلىزە بۇ يۇرتتىن چىقىپ باقمىغان ئادەم، بۇنداق ئادەملەر بەك قۇۋ كېلىدۇ، ئولتۇرغىلى سۇپا بەرسەك، كېيىن ھۇجرەت چىقارمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ، — دېدى قىز بوۋايغا نەسىھەت قىلىپ.

**قۇۋ** II سۈپ. دىئال. بەك قۇرۇپ كەتكەن، قۇرۇپ چېكىگە يەتكەن، قاقشال.

**قۇۋ** III ئى. دىئال. ياپلاق قىلىپ توقۇلغان ئىشتانباغ.

**قۇۋانچ** ئى. خۇشاللىق، شادلىق: قۇۋانچ ھېس قىلماق.

**قۇۋانچلىق** ① سۈپ. كىشىنى خۇشال قىلىدىغان، شادلاندۇرىدىغان؛ كىشىگە خۇشلۇق، خۇشاللىق بەخش ئېتىدىغان؛ خۇش؛ يېقىملىق: قۇۋانچلىق خەۋەر. قۇۋانچلىق چىراي. ② ئى. خۇشاللىق، شادلىق، خۇشلۇق: — ياخشى بولدى، خۇدا بەرگەنكە نىغۇي! — دېدى چال قازاق قۇۋانچلىق بىلەن، — تىل بىلمىگەنگە بېشىم قېتىپ كېلىۋېدىم، شۈكۈر، خۇدا سېنى يەتكۈزدىغۇي، كەل، ماڭا ياردەم بەر.

**قۇۋاندۇرماق** «قۇۋانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇۋانماق** پ ① شادلانماق، خۇشال بولماق: توقچىلىقتا تولغان چەكسىز دالىدا، يىغقىنىمىز ئاشلىق ئەمەس، ئارمان ئۇ. تەقسىماتتىن زەپ قۇۋاندى يۇرەكلەر، يانچۇقتىكى پۇلنىڭ ئۆزى دەرمان شۇ. * ھەسەن ۋەزىر ئۆلدى دەپ ساڭا سۆيۈندۈم، بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم. بىرنەچچە كۈن بويۇڭنى كۆرۈپ قۇۋاندىم، بارغىن بالام بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم. ② مەسلىكى كەلمەك: ئۆزلىرىنىڭ باتۇرلۇقىغا قۇۋۋىنىپ كەتكەن پەرھات، ئەسقەرلەر كىچىك كېمىلەر بىلەن ئۇچقاندەك چىقىپ كەلدى.

**قۇۋ-چۇۋ** نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ خىلمۇخىل ۋارقىراشلىرى، قىيقاس-چۇقان: ھەممىلا يەر ياشلار بىلەن تولغان، دېڭىزنىڭ شارقىرىشى، شامالنىڭ پۇشتەك چېلىشى ياشلارنىڭ قۇۋ-چۇۋلىرى بىلەن قوشۇلۇپ، قۇلاقنى پۈتتۇرىدىغاق زور ئاۋازغا ئايلانغانىدى.

**قۇۋلاشتۇرماق** «قۇۋلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ

مۇرەككە پىلىكىمۇ كىشىلەرنى قۇۋلاشتۇرۇپ قويىدۇ، خالاس.

**قۇۋلاشماق** پ. قۇۋ ھالەتكە كەلمەك؛ قۇۋ ھىيلىگەر بولۇپ قالماق: « ماڭا نېمىشقا سىقىمىم تولغۇدەك پۇل ياكى قول سائەتلىرى ئۇچرىمايدىغاندۇ؟ » دېگەنلەرنى ئويلاپ ماڭاتتى ئۇ، « ھەي... ئادەملەرمۇ بىر-بىرىدىن قۇۋلىشىپ كەتتى. ئالدىراپ-تېنەپ بىرنەرسىلىرىنى چۈشۈرۈپ قويمايدۇ-دە! » * ئۇ ئۆزى كىچىك، گېپى سىلىق بولغىنى بىلەن، تۇرمۇشنىڭ ئىسسىق-سوغۇقىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ قۇۋلىشىپ كەتكەن بىرنېمە ئىكەن.

**قۇۋلۇق** ① « قۇۋ I » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ قۇۋلۇقى مېنى ھەيران قالدۇردى. * ئىچمەيمەن دەيدۇ تېخى، قۇۋلۇقىنى قارا بۇنىڭ! ② ئى. قۇۋ ئادەملەرگە خاس ئىش-ھەرىكەت؛ مەككارلىق، ھىيلىگەرلىك، ھىيلە: قۇۋلۇق قىلماق. * قۇۋلۇقتىن شۇملۇق تۇغۇلار (ماقال). * تۈلكە دەرھال ساڭگىلاپ تۇرغان ئۈزۈمدىن ئىككى تالنى ئېلىپ بۇرنىنىڭ ئىككى تۆشۈكىگە تىقىپ قويۇپ، قۇۋلۇق بىلەن ھاسىراپ ئولتۇرۇپتۇ. * – دوستۇم بۇ ناخشاڭنى، – دېدى مۇھەممەت ئەيسا قۇۋلۇق بىلەن، – مەنمۇ ئۆگىنىۋالاي، نېمىدېگەن خۇش ئاۋاز سەن، ناخشاڭ نېمىدېگەن مۇڭلۇق ۋە شېرىن، قايتا بىر ئوقۇۋەتكىنە!

**قۇۋلۇق قىلماق** قۇۋ، ھىيلىگەر كىشىلەرگە خاس ۋە شۇلار قىلىدىغان ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق؛ ھىيلىگەرلىك، مەككارلىق قىلماق: ئۇ ئەسلىدە قارا قۇمچاقمۇ، قارا قوڭغۇزمۇ دېمەسلىككە ۋەدە بەرگەن، ۋەدىسىدە تۇرمىدى. ئېپىنى كەلتۈرسىلا دەۋالىدۇ. دەۋېلىپلا « ئاپلا، ئېغىزىمدىن چىقىپ كەتتى، خاپا بولما-ھە » دەپ قۇۋلۇق قىلىدۇ، بەكمۇ شەيتان. * ئابدۇللا ھەرقانچە قۇۋلۇق قىلسىمۇ، لېكىن تەجرىبىلىك، ھوشيار پىشقەدەم ساقچى خادىمنىڭ چوڭقۇر، كەسكىن ۋە ھازىر جاۋاب سوراقلىرىغا بىر-بىرلەپ جاۋاب بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

**قۇۋلۇق-شۇملۇق** قۇۋلۇق ۋە شۇملۇق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئەنۋەرنىڭ ماڭا قانداق قۇۋلۇق-شۇملۇقلارنى ئىشلەتكەنلىكى تېخىمۇ ئايان بولدى. * ئاچكۆزنىڭ قۇۋلۇق-شۇملۇقىنى بىلمىگەن دېھقان « بۇلار مەرد سودىگەرلەر ئىكەن » دەپ خۇشال بولۇپ تاتلىق مەجۇن سېلىنغان چاينى خېلى جىقلا ئىچىپ، كېيىن خورجۇننى بېشىغا قويۇپ قاتتىق ئۇخلاپ قالدى.

**قۇۋۇرماق** پ. دىئال. بىلمەك، سەزمەك، غىدىقلىماق.

**قۇۋۋەت** ئى [ئە] ① جانلىق ئورگانىزمنىڭ شۇنىڭدەك ھەرىكەت قىلغۇچى ھەرقانداق جىسىمنىڭ بىرەر جىسمانىي ئىش ياكى ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى؛ كۈچى: بىلەكنىڭ قۇۋۋىتى. پۇتنىڭ قۇۋۋىتى. * ئاسىيەنىڭ ھازىر ئۇ ئىشنى قىلالىغۇدەك قۇۋۋىتى يوق. * نەتىجىبە پايدىلىق، قۇۋۋەت تولار بەدەنگە. ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىپ، كۈچ قوشىمىز ۋەتەنگە. ② ئېنېرگىيە: ئېلېكتر قۇۋۋىتى. سۇ قۇۋۋىتى. ③ <فىز> جىسىمنىڭ بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە قىلغان ئىشى. ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى ۋات، كىلوۋات قاتارلىقلار؛ مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىنىڭ قۇۋۋەت بىرلىكى سېكۇنت، كىلوگرام، مېتىر، ئات كۈچى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. ④ كۆچمە. ماددىي ئىمكانىيەت، بايلىق، قۇرب: ئۇنىڭ توي قىلىشقا قۇۋۋىتى يەتمەيتتى. ⑤ كۆچمە. قابىلىيەت، لاياقەت، بىلىم: قەلەم قۇۋۋىتى. ⑥ كۆچمە. ئوزۇقلۇق قىممىتى: قۇۋۋىتى بار تاماق.

**قۇۋۋەت دورىسى** <تىب> بەدەننى قۇۋۋەتلەش رولىنى ئوينايدىغان دورىلار.

**قۇۋۋەت قىلماق** كۈچ، مادار بېغىشلىماق؛ پايدا قىلماق: بۇ دورا ئادەمگە قۇۋۋەت قىلدۇ. * ئاق جۇۋاننىڭ نېپى تېگىدۇ ئەلگە، ياغلىقلىرى قۇۋۋەت قىلدۇ بەلگە. جان ئاغىنەم، بارساڭلار سالام دەڭلار، غېرىبلىقتا سۆيگۈنۈم قىزىلگۈلگە.

**قۇۋۋەت ناسوسى** <ماشن> سۇ ۋە شامال ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ناسوس.

**قۇۋۋەتسىز** سۈپ ① قۇۋۋىتى، ماغدۇرى، مادارى يوق؛ كۈچسىز: قۇۋۋەتسىز ئادەم. ② قۇۋۋەت قىلمايدىغان، قۇۋۋەت بەرمەيدىغان، ئوزۇقلۇق قىممىتى تۆۋەن. قۇۋۋەتسىز تاماق.

**قۇۋۋەتسىزلەندۈرمەك** «قۇۋۋەتسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇۋۋەتسىزلەنمەك** پ. كۈچ-قۇۋۋىتى ئازلاپ كەتمەك؛ كۈچسىز، دەرمانسىز، ماغدۇرسىز بولۇپ قالماق؛ ماغدۇرسىزلانماق: ئادەم دېگەن كېسەل بولۇپ ئۇزۇن مەزگىل ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالسا، پۈتۈن بەدىنى قۇۋۋەتسىزلىنىدۇ.

**قۇۋۋەتسىزلىك** «قۇۋۋەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قۇۋۋەتلەشمەك** «قۇۋۋەتلىمەك» پېئىلى ② نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: لىتىپ زور بىلەن مۇتىللاقارى ئىككىسى بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەشتى. * — ئەلۋەتتە شۇنداق، — قۇۋۋەتلەشتى ئەتراپتىكىلەر، — خۇلاسە چوقۇم سىز ئالدىن پەرەز قىلغاندەك بولىدۇ.

**قۇۋۋەتلەندۈرمەك** «قۇۋۋەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنىڭ تېنى بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەنىدى. شۇڭا، دوختۇرلار قۇۋۋەتلىك تاماق ۋە دورىلار بىلەن ئۇنىڭ تېنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈپ ئاندىن ئوپېراتسىيە قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. * ھازىرقى مەسىلە قانداقلا بولمىسۇن، يەيدىغان بىرەر نەرسە تېپىپ كېلىپ، ئۇنىڭ لاسىسىدە بوششىپ كەتكەن تېنىنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئىدى.

**قۇۋۋەتلەنمەك** ① «قۇۋۋەتلىمەك» پېئىلى ② نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ پىكىر كۆپچىلىك تەرىپىدىن دەرھال قۇۋۋەتلەندى. ② قۇۋۋەتلىك، كۈچلۈك ھالەتكە كەلمەك؛ قۇۋۋەتلىك بولماق؛ كۈچلەنمەك:
— سەن ئالدىرىما، ئارام ئال، قۇۋۋەتلەن،
— دېدى بوۋاي ئۇنىڭغا غەمخورلۇق بىلەن،
— يامغۇر بېسىلسۇن، ئاخىر بېسىلىپ قالىدۇ. * ئىلىم-پەننى ئۆگەندۇق، تولدۇق ئەقىل-ئىدراكقا. قۇۋۋەتلىنىپ بىلەكلەر، يەتتۇق ئارزۇ-تىلەككە.

**قۇۋۋەتلىك** سۈپ ① كۈچ-قۇۋۋەتكە تولغان، كۈچى جىق، ماغدۇرلۇق، كۈچلۈك: يىللار ئۆتتى، باللار چوڭ بولۇپ، قۇۋۋەتلىك كىشى بولدى. * كېيىن ئۇ، قىزنىڭ يوغان ۋە قۇۋۋەتلىك ئاياغلىرىنى سۆيۈشكە باشلىدى. ② بەدەنگە قۇۋۋەت قىلىدىغان، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرىدىغان، ئوزۇقلۇق كۈچى زور، ئوزۇقلۇق قىممىتى يۇقىرى: كۆپ مىقداردىكى دورا ئۆسۈملۈكلىرى ھەم ھەسەل ھەرىسى مەنبەلىرى ئارقىلىق ھەر خىل قۇۋۋەتلىك بېمەكلىكلەرنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. * مەھەللىدە، ئۆيدە قالغان ئاياللار ئىش ئورنىغا ئىسسىق چاي، قۇۋۋەتلىك تاماقلارنى ئاچىقىپ تۇردى. ③ تېز ئۈنۈم بېرىدىغان، ئۈنۈمى يۇقىرى، ئاساس تەركىبى يۇقىرى؛ كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك؛ مۇنبەت: قۇۋۋەتلىك يەر. قۇۋۋەتلىك ئېتىز. * دېھقانلار ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ ياخشى ۋە قۇۋۋەتلىك ئۇرۇقلىرىنى بەس-بەس بىلەن ئېتىزلىرىغا يۆتكىمەكتە.

**قۇۋۋەتلىمەك** پ ① كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىماق، قۇۋۋەتكە ئىگە قىلماق؛ قۇۋۋەتلەندۈرمەك: بۇ دورا ئادەمنىڭ ئەقلي

ئەمگەك ئىقتىدارىنى قوغۇۋتىلەيدۇ، ئۇيقۇنى ئازايتىدۇ. * سەمملفار بىر قېتىمدا 0.01 گرامدىن كۆپ بېرىلسە ئادەمنى قاتتىق زەھەرلەيدۇ، ئەمما 0.01 گرام مىقدارىدا بېرىلسە بەدەننى قۇۋۋەتلەيدۇ. ② كۆچمە. باشقىلارنىڭ پىكرى، ئىش-ھەرىكىتى، قارشى قاتارلىقلارغا نىسبەتەن ئۆزىنىڭ مايىللىقىنى، قوللايدىغانلىقىنى، ياقىلايدىغانلىقىنى ياكى ھىمايە قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرمەك؛ قوللىماق: قاسىم ئەپەندى مەھمۇت مۇھەتتىنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلىدى. * ئابباسوپىنىڭ پىكرى بۇنىڭدىن باشقىچە بولۇپ، ئۇ شەرققە ئەمەس، غەرب تەرەپكە قاراپ ئىلگىرىلەشنى قۇۋۋەتلەيتتى.

**قۇياش** ئى ① <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلاردىن بىرى، يەنى كۈن. ئۇ ئوتلۇق گاز شارى بولۇپ، ھەجمى يەر شارىدىن بىر مىليون 300 مىڭ ھەسسە، ماسسىسى 330 مىڭ 400 ھەسسە چوڭ. يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەخمىنەن 6000°C، ئىچكى قىسمىدىكى تېمپېرتۇرا تەخمىنەن 15 مىليون گرادۇس كېلىدۇ. ئىچكى قىسمىدا ئۈزلۈكسىز ئاتوم رېئاكسىيىسى يۈز بېرىپ، زور مىقداردىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى پەيدا قىلىدۇ. ئۇ قۇياش سىستېمىسىنىڭ مەركىزىدىكى ئاسمان جىسمى بولۇپ، يەر بىلەن بولغان ئارىلىقى 150 مىليون كىلومېتر كېلىدۇ. يەر شارى ۋە باشقا پلانېتلار ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىدۇ، ھەمدە ئۇنىڭدىن يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق ئېلىپ تۇرىدۇ. ② كۈن نۇرى، ئاپتاپ ياكى ئاپتاپ چۈشكەن جاي: قۇياش ۋاننىسى. ياز قۇياشىدا قارايماق.

**قۇياش تاجى** <ئاستر> قۇياش تولۇق تۇتۇلغاندا، قارا ھالەتتىكى قۇياشنىڭ چۆرىسىدە ئاچ سېرىق بولۇپ كۆرۈنىدىغان بىر قەۋەت يورۇقلۇق، نۇر.

**قۇياشتىن يىراق نۇقتا** <ئاستر> پلانېتلار ياكى يورۇقلۇق يۇلتۇزلىرى قۇياشنى بىر قېتىم ئايلانغاندا ئەڭ يىراقتا تۇرغان چاغدىكى نۇقتا.

**قۇياش دالا شپاتى** <گېئول> ← **پلاگىئوكلاز.**

**قۇياش سوتكىسى** <ئاستر> قۇياش مەركىزىنىڭ ئوخشاش بىر مېرىدىئان سىزىقىدىن ئارقا-ئارقىدىن ئىككى قېتىم ئۆتۈشى ئۈچۈن كېتىدىغان ۋاقىت. ھەرقايسى ۋاقىت ئىچىدىكى يەر شارىنىڭ ئايلىنىش سۈرئىتى ئوخشاش بولمىغاچقا، قۇياش سوتكىسىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقىدىمۇ ئۆزگىرىش بولىدۇ. ھېسابلاشقا ئوڭاي بولسۇن ئۈچۈن، پۈتۈن بىر يىلدىكى ھەرقايسى قۇياش سوتكىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە سانى بىر كۈن قىلىپ ئېلىنىپ، ئادەتتىكى قۇياش سوتكىسى دەپ ئاتىلىدۇ. ھەقىقىي بولغان قۇياش سوتكىسمۇ ئۇنىڭغا ماس ھالدا ھەقىقىي قۇياش سوتكىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

**قۇياش سىستېمىسى** <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسىدىكى ناھايىتى كىچىك بولغان ئاسمان جىسىملىرى سىستېمىسى. ئۇنىڭ مەركىزى قۇياش بولۇپ، قۇياش، توققۇز چوڭ پلانېتا، ھەمراھ، سانسىزلىغان كىچىك سەييارىلار، قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار ۋە ئاقار يۇلتۇز قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**قۇياش قارا دېغى** <ئاستر> قۇياش يۈزىدىكى گاز قايىنمى. تېمپېراتۇرىسى ئەتراپىدىكى ئورۇنلاردىن سەل تۆۋەن، يەر يۈزىدىن قارىغاندا قۇياش يۈزىدىكى بىر قارا داغ بولۇپ كۆرۈنگەچكە قۇياش

قارا دېغى دېيىلگەن. قۇياش قارا دېغىنىڭ بەك كۈچلۈك ماگنىت مەيدانى بولۇپ، يەر يۈزىدىكى قىسقا دولقۇنلۇق رادىئو ئالاقىسىگە تەسىر قىلىدۇ.

**قۇياشقا يېقىن نۇقتا** <ئاستر> پلانېتلار ياكى قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلار قۇياشنى بىر قېتىم ئايلانغاندا ئەڭ يېقىن تۇرغان چاغدىكى نۇقتا.

**قۇياش كالېندارى** <ئاستر> كالېندارنىڭ بىر خىلى. يەر شارىنىڭ قۇياشنى ئايلىنىش دەۋرىگە ئاساسەن تۈزۈلگەن. ئادەتتە خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىدىغان مىلادىيە كالېندارى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قۇياش مەركەز تەلىماتى** <ئاستر> قەدىمكى زامان ئاسترونومىيە ئىلمىدىكى بىر خىل تەلىمات. بۇنىڭدا، قۇياش ئالەمنىڭ مەركىزى، يەر شارى ۋە باشقا پلانېتلار قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ دېگەن قاراش بايان قىلىنىدۇ.

**قۇياش ئوچىقى** قۇياش ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىدىغان قۇرۇلما. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى نۇرغۇنلىغان پارچە-پارچە نۇر قايتۇرغۇچى ئەينەكلەردىن تەركىب تاپقان پېتىنقى يۈز بولۇپ، كۈنگە تۇتقاندا، كۈن نۇرىنى فوكۇس نۇقتىسىغا يىغىپ، ناھايىتى كۈچلۈك بولغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**قۇياش ئۆسۈكى** <ئاستر> قۇياش يۈزىدىكى قىزىل رەڭلىك يالقۇن ھالىتىدىكى ئوتلۇق گاز. ھىدروگېن، گېلىي، كالتسىي قاتارلىق ئېلېمېنتلاردىن شەكىللىنىدۇ. قۇياش تولۇق تۇتۇلغاندا كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدۇ. ئادەتتە سپېكتروسكوپ ياردىمىدە كۆرگىلى بولىدۇ.

**قۇياش ۋاقتى** <ئاستر> قۇياش سوتكىسى ئۆلچەم قىلىنىپ ھېسابلىنىدىغان ۋاقىت. ھەقىقىي قۇياش سوتكىسى ئۆلچەم قىلىنىپ ھېسابلانغىنى ھەقىقىي قۇياش ۋاقتى، ئادەتتىكى قۇياش سوتكىسى ئۆلچەم قىلىنىپ ھېسابلانغىنى ئادەتتىكى قۇياش ۋاقتى دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، قۇياش سائىتى ئىپادىلىگەن ۋاقىت ھەقىقىي قۇياش ۋاقتىنى، ئادەتتىكى سائەتلەر ئىپادىلىگەن ۋاقىت ئادەتتىكى قۇياش ۋاقتىنى بىلدۈرىدۇ.

**قۇياش ۋاننىسى** <تب> يالىڭاچ بولۇپ بەدەننى كۈن نۇرىغا تۇتۇپ، ماددا ئالمىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، كېسەلگە قارشىلىق ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپ، تەن ساغلاملىقىنى ساقلاش ئۇسۇلى.

**قۇياش يىلى** <ئاستر> ← **تروپىك يىلى.**

**قۇياشسىز** سۈپ. قۇياش كۆتۈرۈلمىگەن، كۈن چىقمىغان، قۇياش نۇرى چۈشمىگەن: قۇياشسىز ھەم تۇمانلىق بولسا ئالەم، نېچۈك تاپقاي بېرىپ مەنزىلنى ئادەم. يېزىلغاچقا شۇ زۇلمەتتە كىتابىم، زاماندىن زارلىنىش بولدى خىتابىم. * ئېزىقىقان بىنەسىپ سەيياھقا ئوخشاش كېزىپ چۆللەر ئارا، كۆپ گاڭگىراپ باش، قىدىردىم، تاپمىدىم ھېچ يەردە بىر ئىز، كى قەشقەر ئاسمىنى ئىدى قۇياشسىز.

**قۇياشلىق** سۈپ. قۇياش چىققان، قۇياش چىقىپ نۇر چىققان، ھاۋا ئوچۇق، ئاپتاپلىق: ئايدىڭ، مەن سېنى ياخشى كۆرىمەن، چۈنكى ساڭا ھەر قارىسام ئەتكى قۇياشلىق كۈننىڭ قەدرىگە يېتىمەن. * ئادەملەر دەرياسى ئاقماقتا بۇندا، قوللاردا يەلپۈنەر ھال رەڭ ياغلىقى. قۇياشلىق باھارغا ئوقۇيدۇ ئالقىش، خۇشلۇقتا يايرىغان ئەلنىڭ بارلىقى.

**قۇياق** ئى. تارس. قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق قىلغاندا ياكى جەڭگە كىرگەندە قارشى تەرەپتىن مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن كىيىلىدىغان جەڭ كىيىملىرىنىڭ بىر خىلى، ساۋۇت دەپمۇ ئاتىلىدۇ: ئۇنىڭ دوبۇلغا، قۇياقلىرى، قوش نەيزىسى ۋە ئاتلىرىدىنى تارتىۋالدى. * سۇتۇق ئارسلان بىلەن بىرلىكتە قاپقىدىكى بېشىغا مىس باشلىق، ئۈچىسىغا زەنجىرلىك قۇياق كىيگەن ئارقۇنىڭ پۇتلىرىنى يەرگە قاتتىق ئۇردى.

**قۇياقلىق** سۈپ. قۇياقى بار، قۇياق كىيگەن: ئۇلار ئىككىسى ئون تۈمەن لەشكەر بىلەن ئالدىدا مېڭىپ، شۇي چۇ باش بولغان تۆمۈر قۇياقلىق 3000 لەشكەرنى باشلامچى قىلىپ، سۇر-ھەيۋەت بىلەن شىنىيگە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. * ئۇ 500 قۇياقلىق چېرىكنى باشلاپ، قوۋۇقتىن ئۈچقاندەك چىقىپ ياۋغا ئېتىلدى.

**قۇيت** ئىم. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى قوغلىۋېتىش، ھەيدىۋېتىش ئۈچۈن ئېيتىلىدىغان سۆز: پاتمە، ئويلاڭا، بىز كىچىك ۋاقتىتا «ئايروپىلان» دېگەننى تۇنجى قېتىم كۆرگەندە جەننەتخان مومايىنىڭ: «ۋاييەي، بىزنىڭ ئۈجمىگە قونمىغاي، قۇيت دە بالام، ئېتىخى يىرىلىپ ئۆگزىمىزنى بېسىۋالىدۇ» دەپ قىيقاس سالغىنى ئېسىڭنى بىلدۇرىدۇ؟

**قۇيدۇرماق** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چاي قۇيدۇرماق. * بىز ئالتۇن-كۈمۈشتىن ئۇلارغا خىش قۇيدۇرۇپ، تاھىرنىڭ مازىرىنى بىنا ئەتتۇق.

**قۇيدۇرۇشماق** «قۇيدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قۇيدۇرۇلماق** «قۇيدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قۇيرۇق** ئى ① كۆپىنچە ھايۋانلاردا تەننىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئومۇرتقا ئۈچىدا بولىدىغان ۋە ئۇزۇنلۇق دەرىجىسى ھەر خىل قىل، — تۈكلىرى بولىدىغان ئەزا: ئاتنىڭ قۇيرۇقى. ئېشەكنىڭ قۇيرۇقى. كالىنىڭ قۇيرۇقى. ئۆچكىنىڭ قۇيرۇقى. * تۆگىنىڭ قۇيرۇقى بولغۇچە، خورازنىڭ تاجىسى بول (ماقال). * يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام (ماقال). * ئىت ئىگىسى ئىتنى بۇيرۇسا، ئىت قوپۇپ قۇيرۇقىنى بويرۇپتۇ (ماقال). * تۈلكە ئاستا يارغا چۈشۈپ، يولۋاسنىڭ قۇيرۇقىدىن باشلاپ يېيىشكە باشلاپتۇ. ② قۇشلار گەۋدىسىنىڭ ئارقا تەرىپىدە بولىدىغان پەي قىسمى: كەپتەرنىڭ قۇيرۇقى. توخۇنىڭ قۇيرۇقى توزنىڭ قۇيرۇقى. * بوينۇم ئۇزۇن بولسىمۇ، زېھنىم ئۆتكۈر، كۆزۈم نۇرلۇق. پۇتۇم ئۇزۇن بولسىمۇ، ئۈچسام بولۇر ئۇ قۇيرۇق. ③ بەزى قويلارنىڭ كەينى تەرىپىدە سان بىلەن بەل ئوتتۇرىسىدا ئۆسكەن ياغ قىسمى ۋە قوينىڭ شۇنداق قىسمىدىن چىققان ياغ: قوينىڭ قۇيرۇقى. * قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە سېتىپتۇ (ماقال). بىر بالاسى بولمىسا، قۇيرۇق تۇرامدۇ تاشتا (ماقال). * ئەكبەر شېجاڭغا تىكىلىپ قارىدى، «قۇيرۇق بىلەن ئۆپكە» توغرىسىدىكى گەپنى ئاسمىدىنمۇ ئاڭلىغانىدى. ④ ئادەم بەدىنىنىڭ سان بىلەن بەل ئوتتۇرىسىدىكى يۇمشاق ئارقا قىسمى، كاسا: قۇيرۇقىغا ئوكۇل قويماق. ⑤ بەزى نەرسىلەرنىڭ قۇيرۇققا ئوخشايدىغان قىسمى: لەگلەكنىڭ قۇيرۇقى. ⑥ ئايروپىلان، كېمە، پويىز ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ ئارقا قىسمى، ئارقا تەرىپى ياكى باش تەرىپىنىڭ ئەكسى تەرىپىدە بولغان قىسمى: كېمىنىڭ قۇيرۇقى. ئايروپىلاننىڭ قۇيرۇقى. * خۇددى بىرى قولۇمدىن سۆرەۋاتقاندەك پويىز بىلەن تەڭ خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈپ باردىم. ھازىر

كۆزۈمدىن يىتتى. پويىزنىڭ قۇيرۇقىدىن
كۆتۈرۈلگەن شامال باھار چېچەكلىرىنىڭ
پۇرىقىنى بۇرنۇمغا ئۇردى. ⑦ بىركىمنىڭ
ئارقىسىغا كىرىۋېلىپ ھېچبىر ئايرىلمايدىغان
كىشى: مەن نەگىلا بارسام، ئۇ ماڭا قۇيرۇق
بولۇپ تەڭ بارىدۇ، بۇنىڭدىن مەن بەك
بىزار بولدۇم. ⑧ كۆچمە. سەلب. بىرەر يامان
ئىش ياكى ھەرىكەتنىڭ ئەگەشكۈچىسى
قالدۇق، گۇماشتا: جىنايەتچىنىڭ قۇيرۇقى.
زالىم پومېشچىكلارنىڭ قۇيرۇقى. * ئۇ پارتىيىنى
پەقەت ستىخىيلىك ھەرىكەتكە بوي سۇندۇ-
رۇپ، ھەرىكەتنىڭ قۇيرۇقى قىلىپ قويۇشنى
قۇۋۋەتلەيدۇ. ⑨ كۆچمە. ئاخىرى، كەينى:
ھېساباتنىڭ قۇيرۇقىنى ئۈزمەك. * نۇجۇپ
ئارقا-ئارقىدىن قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان
سېۋەتلەرگە قاراپ تەرگە چۆمۈپ توپا
ئۇسسۇۋاتاتتى. ⑩ كۆزنىڭ چېكىگە يېقىن
قىسمى، كۆزنىڭ بۇلۇڭى: كۆزنىڭ قۇيرۇقى
بىلەن قارىماق. * – نەگە يۈگۈرەيمەن؟
– لەيلىگۈل بىلمەسكە سېلىپ، ئالماسقا
كۆزىنىڭ قۇيرۇقى بىلەن قاراپ قويدى. ⑪
تېپىلگەن خاماننى شامالغا ئېتىپ سورۇ-
غاندا، شامال ئۇچۇرۇپ كېتەلمەي قالغان
يىرىك، دان ئارىلاش قالدۇق چار
قىسمى: خاماننىڭ قۇيرۇقى. خاماننىڭ قۇيرۇقىنى
ئايرىماق. بۇغداينىڭ قۇيرۇقى.

**قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىق** تۇتۇق بەرمەس-
لىك، تۇيدۇرماسلىق، تۇتۇلۇپ قالماسلىق،
چاندۇرماسلىق: يۈسۈپ چوڭ قۇربان
ئاقساقالغا قۇيرۇق تۇتقۇزماسلىقنى كۆڭلىگە
پۈكتى. * بابا سەن ماڭا، ئۇ قىزنىڭ
مۇئامىلىسى ياخشى، بىراق، مېنى كۆرگەندە
يىراق قېچىپ قۇيرۇق تۇتقۇزمايدۇ. دېگەندەك
قىلىۋىدىڭغۇ؟ * ئۆتكەن يىلى خىزمەت
گۇرۇپپىسى كەلگەندە، ئاشۇ «سېرىق تۈلكە»
بىر تۇتام ھېسابات قەغەزلىرىنى كۆتۈرۈپ
چىقىپ، ئۇن نەچچە يىل دۇيجاڭلىق قىلىپ،
بىرەر قېتىممۇ قۇيرۇقىنى تۇتقۇزمىغان ئادەمنىڭ
ئىككى پۇتىنى بىر ئۆتۈككە تىقتى.

**قۇيرۇق چۆرىگۈچ** كىشىنىڭ ئاغزىغا قاراپ
ئىش قىلغۇچى؛ نېمە قىلىشقا بۇيرۇسا
شۇنى قىلغۇچى: – شىركىتىمىزدە- ھەممىز-
نىڭ ئۈستىدىكى قاراۋۇل سىدىقوپ، ئۇنىڭدىن
قالسا رەجەپ ئاكا، سىز ئۈچىنچىسى، بىز
بولساق قۇيرۇق چۆرىگۈچ، مېنىڭچە ھەممىدىن
چوڭىنىڭكى ھېساب، – دېدىم مەن. * ھەي
خالايىق، ئوسماننى ئۆلتۈرگەن قاتىللارنى ۋە
ئۇلارنىڭ قۇيرۇق چۆرىگۈچلىرىنى قارغاڭلار!

**قۇيرۇق سۆڭىكى** <ئانات> ئادەم ياكى
ئومۇرتقىلىق ھايۋانلارنىڭ ئومۇرتقا تۈۋرۈ-
كىنىڭ ئاخىرقى قىسمى. ئادەملەرنىڭ
قۇيرۇق سۆڭىكى تۆتتىن بەشكىچە بولغان
ئۇششاق سۆڭەكلەردىن تەركىب تاپقان.

**قۇيرۇق سېلىپ يۈرمەك** دىئال. بىرەر
ئىشنى پات قىلىۋەتمەي كەينىگە سۆرەل-
دۈرۈپ قويماق، ئىشنىڭ قۇيرۇقىنى
ئۈزۈۋەتمەسلىك.

**قۇيرۇق شىپاڭشىتماق ← قۇيرۇق
شىپاڭلاتماق:** ئۇ ياشلىقىدىن باشلاپلا
ئۆزىدىن ئاجىز پۇقرالارغا تاش يۈرەكلىك،
خوجا ئاكىسىغا قۇيرۇق شىپاڭشىتىپ، كاززاپلىق
قىلىش قابىلىيىتىنى يېتىلدۈرگەن بىر قارا نىيەت-
چى ئىدى.

**قۇيرۇق شىپاڭلاتماق** خۇشامەت قىلماق،
ئەركىلىمەك، يېلىنماق: ئامبالنىڭ يارلىقى
بىلەن ھەممە يۇرتنىڭ بەگ، يۈزبېشىلىرى
يىغىپ كېلىندى، قاتتىق سوراق قىلىندى.
ئاتچېنىڭ سامان قورساق بېگى ئامبال ئالدىدا
قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ ئېيتتى. * تۆمۈر دەرۋازا
ئالدىدا ئۇنى بىرنەچچە دورغا – چاپارمەن
قۇيرۇق شىپاڭلىتىپ كۈتۈۋالدى.

**قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتماق ←**

**گۆش كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتماق:** قۇيرۇق كۆرسىتىپ، ئۆپكە ساتىدىغان ئۇ ساختىپەزنى كىم بىلمەيدۇ؟ * ئۇ شۇنداق نېمە، قۇيرۇق كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتىدۇ.

**قۇيرۇق ماي** ← **قۇيرۇق ياغ.**

**قۇيرۇقى بولماق** كەينىدىكىلەرنىڭ قاتارىغا ئۆتمەك، ھەممىنىڭ كەينى بولماق، ئارقىدا قالماق: – دادۇيىنىڭ قۇيرۇقى بولۇپ قالغىنىمىزنى ئاخشام سەزدۇق، – دېدى قارا قاشلىق بىر يىگىت، – دۇيجاڭ ساقال-بۇرۇتىمىزنى ئاز قىرمىدى، گەپ قوناقنى ئۈزۈپ تۈگىتىشلا ئەمەس.

**قۇيرۇقى بىر تۇتام** «قولغا چۈشمەسلىككە، تورغا چۈشمەسلىككە، تۇتۇلماسلىققا ئامالى قانچە» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: يالغانچىنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام (ماقال). * – ئەمدى تۆت سولتەكنىڭ قۇيرۇقى بىر تۇتام بولىدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپتىمەن، – دېدى ئۇ.

**قۇيرۇقىغا چاتماق** كەينىگە سېلىپ قويماق؛ نەگە بارسا، نېمە ئىش قىلسا بىللە بولىدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇرماق؛ شېرىك قىلىپ قويماق.

**قۇيرۇقنى تالىماق** ئۆزىدىن ئۆزى خاپا بولۇپ، رەنجىپ ئاۋارە بولماق: بىركۈنى ئەتىگەندە بۇ دانىشمەن ئىشقا كېلىپتۇ. ئىشخانىسىغا كىرسە، پادىشاھ ناھايىتى ئاچچىقلىنىپ، چېچىلىپ، قۇيرۇقنى تالاپ بىرەيلەنگە قاتتىق كايىپ تۇرغۇدەك. * ئۇ ئورۇنسىز خاپا بولۇپ، قۇيرۇقنى تالاپ يۈرگىنى يۈرگەن.

**قۇيرۇقنى تىكۋەتمەك** بەدەر قاچماق؛ قۇيرۇقنى خادا قىلماق: باندىتلار مىلتىق ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاللىقاچان قۇيرۇقنى تىكۋەتكەنىدى. * باقمۇ ھويلىنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتەلمەي كۆرمىگەنىنى كۆرۈپتۇ. كەچكە يېقىن بولالماي ئۇمۇ قۇيرۇقنى تىكۋېتىپتۇ.

**قۇيرۇقنى چىشلىمەك** قاتتىق ھەسرەتتە قالماق: كۆزى يېنىپ قۇيرۇقلىرىنى چىشلەيدۇ، ئۇ كىم؟ ئادەمخور گېتلىر!

**قۇيرۇقنى خادا قىلماق** ← **قۇيرۇقنى تىكۋەتمەك:** بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى ئاڭلىغان ئەكبەردەك قەيسەر سەركەردىمۇ قۇيرۇقنى خادا قىلدى. * بۇ «مېھمان» خېلىلا چېچەن ئوخشايدۇ، ئۇ بالىنىڭ گېپىدىن ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سېزىپ، قۇيرۇقنى خادا قىلغان ئوخشايدۇ.

**قۇيرۇقنى دىڭگايتىۋالماق** ← **قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋالماق:** ئەگەر «تەقدىرلەش سۆزلىرى»نى ئاڭلىغان ھامان قۇيرۇقىمىزنى دىڭگايتىۋالىدىغان بولساق، ئاخىرى ئاممىدىن ئايرىلىپ قالىمىز، ئارقىدا قالىمىز ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويىمىز.

**قۇيرۇقنى قۇم باسماق** ئۆلۈپ تۈگىمەك: تۆگە سىيگىچە قۇيرۇقنى قۇم بېسىپتۇ (ماقال). * پاشا ھەدەڭنى داۋالاتتىم، ساقىيىشىغا كۆزۈم يەتمىدى. ئۇ، ساقايغۇچە قۇيرۇقۇمنى قۇم باسىدىغان ئوخشايدۇ. * مۇنداق چاغلاردا ئۇ ئالىقاچان قۇيرۇقنى قۇم بېسىپ كەتكەن بوۋىلىرىنى بىر ئەسلەيتتى-دە، «بۇ ئالەم ئۇزۇن ئالەم، كۆرىمىز تېخى!» دەپ قوياتتى.

**قۇيرۇقنى قىسماق** ياۋاش، ئىتائەتچان بولماق: مەقسىتىگە يېتەلمىگەن چىلبۆرە ئۆي ئىچىگە قاراپ: – خەپ سېنى، ئەدىبىڭنى بەرمىگىنىمنى كۆرگىن، – دەيدۇ ۋە قۇيرۇقنى قىسىپ تاغقا راۋان بولىدۇ. * ئەلچىلەرمۇ بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ، راۋان بولدى يولىغا قۇيرۇق قىسىپ. شۇ زامانلا ئاتلاندى بەش يۈز كىشى، قېنى ياۋنىڭ بارمىكىن مىڭ بىر بېشى؟

**قۇيرۇقنى كەسمەك** ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەك.

**قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋالماق** تەكەببۇرلىشىپ قالماق، ھاكاۋۇرلىشىپ قالماق، ھاكاۋۇرلىشىۋالماق، كۆرەڭلىمەك؛ غادىيىۋالماق: ئۇلار بالدۇر ئازاد قىلىنسا قۇيرۇقىنى كۆتۈرۈۋېلىشىدۇ. * جىن-شەيتانلارنىڭ قۇيرۇقنى كۆتۈرۈۋېلىشىغا يول قويمايلى.

**قۇيرۇقنى ئۈزمەك** بىرەر ئىش-ھەرىكەتنىڭ ئاخىرىنى تۈگەتمەك، ئىش-ھەرىكەتنى ئاخىرلاشتۇرماق: ئەمدى بۇ ئىشنىڭ قۇيرۇقنى ئۈزەيلى. * ھازىر يىللىق خىزمەتنىڭ قۇيرۇقنى ئۈزىدىغان، نەتىجە-مۇۋەپپەقىيەتلەرنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ساقلانغان مەسىلە، تەجرىبە-ساۋاقلارنى يەكۈنلەيدىغان چاغ.

**قۇيرۇقنى ئىچىگە تىقىۋالماق** ئۆزىنى يوشۇرماق؛ يوشۇرۇنماق؛ ئاشكارا ھەرىكەتنى يوشۇرۇپ، ھېچنېمە قىلمىغاندەك بولۇۋالماق؛ ياۋاش بولۇۋالماق.

**قۇيرۇقى ئۈزۈلمەسلىك** ئىش-ھەرىكەت سىجىل داۋاملاشماق، بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۇلاشماق: ئۇ چاغلاردا ئىدارە ئىشچى-خىزمەتچىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش يىغىنلىرىنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيتتى. * بۇ يولدا ماشىنا-تراكتورلارنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدۇ.

**قۇيرۇقى ئۈزۈلمەك** ئاخىرى چىقماق، تۈگىمەك: خىيالىمنىڭ قۇيرۇقى ئۈزۈلگۈچە بېزىنىڭ چېتىدىكى بىر باغ-ۋارانلىق كاتتا ھويلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدۇق.

**قۇيرۇق ياغ** قوينىڭ قۇيرۇقىدىن چىققان ياغ.

**قۇيرۇقچى** ئى. سەلب. بىركىمنىڭ كەينىنى چاپقۇچى كىشى، ئەگەشكۈچى، گۇماشتا، قولچوماق.

**قۇيرۇقچىلىق** ئى. قارىغۇلارچە باشقىلارغا ئەگىشىش: ستىخىيىچىلىك نەزەرىيىسى ئاڭلىق تەركىبلەرنىڭ ھەرىكەت داۋامىدىكى رولىنى تۆۋەنلىتىدىغان نەزەرىيە، «قۇيرۇقچىلىق» نىڭ ئىدىيە سىستېمىسى، بارلىق ئاغمىچىلىقنىڭ مەنتىقىي ئاساسى. * قولنى تۇتۇپ ئارقىغا، بۇيرۇقچىلىق قىلمىغىن. كىم گەپ قىلسا ئەگىشىپ، قۇيرۇقچىلىق قىلمىغىن.

**قۇيرۇقسىز** سۈپ. قۇيرۇقى يوق، قۇيرۇققا ئىگە ئەمەس.

**قۇيرۇقسىزلار ئەترىتى** <زوئول> قوش ماكانلىقلار كلاسى. يېتىلگەنلىرىنىڭ قۇيرۇقى بولمايدۇ، بېشى ئازراق ئۈچ بۇرجەك، بوينى ئېنىق ئەمەس. تۆت پۇتى تەرەققى قىلغان، ئارقا ئايىغى سەكرەشكە، ئۈزۈشكە ماسلاشقان. قۇلىقىدا داپ پەردىسى، ھاۋا بۆلۈمچىسى بولىدۇ، كۆپىنچىسى تەن سىرتىدا ئۇرۇقلىنىدۇ، تۇخۇمنى سۇغا سالىدۇ. تۇخۇمدىن چىققان قۇمچاقلىرى ژابرا بىلەن نەپەس ئالىدۇ، يېتىلگەندە ئۆپكە بىلەن نەپەسلىنىدۇ. چار پاقا، قىزىل قولتۇق پاقىلار مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ.

**قۇيرۇقسىمان** سۈپ. شەكلى قۇيرۇققا ئوخشايدىغان، قۇيرۇق شەكىللىك، قۇيرۇققا ئوخشاش: ئارقىسىدا قالدۇرۇپ تېز قۇيرۇقسىمان ئىز، يۇلتۇز كۆچەر گاھى-گاھى كۆكنىڭ چېتىدە. قۇم بارخىنى، يۇلغۇنلۇقلار، توغراق ئورمىنى، شېرىن ئۇيقا بۆشۈكىدە ئۇخلار كېچىدە.

**قۇيرۇقلۇق** سۈپ. ① قۇيرۇقى بار، قۇيرۇققا ئىگە: قۇيرۇقلۇق لېچىنكا. * بۇ يەردە يەنە ھېچقانداق يەردە كۆرمىگەن بىر خىل چولك قۇيرۇقلۇق قوي بار ئىدى. ② كۆرۈنۈشى، شەكلى قۇيرۇققا ئوخشاپ قالىدىغان؛ قۇيرۇققا ئوخشاش كۆرۈنىدىغان: قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.

**قۇيرۇقلۇقلار ئەترىتى** <زوئول> قوش ماكانلىقلار كلاسى. تېنى باش، گەۋدە، قۇيرۇقتىن ئىبارەت ئۈچ قىسمغا ئايرىلىدۇ.

تېرىسىدە قاسىرىقى يوق، قۇلىقىدا داپ پەردىسى بىلەن ھاۋا بوشلۇقىسى بولمايدۇ. قۇيرۇقى ياپىلاق، بەزىلىرىنىڭ تۆت ئايىغى بار، بەزىلىرىنىڭ ئالدى ياكى ئارقا ئايىغى بار. سۇدا ئۈزەلەيدۇ. بەزىلىرى ئۆمۈر بويى سۇدا ياشايدۇ، بەزىلىرى شەكىل ئۆزگەرتكەندىن كېيىن قۇرۇقلۇقتا چىقىپ نەم ئورۇنلاردا ياشايدۇ. كۆپچىلىكى تەن ئىچىدە ئۇرۇقلىنىدۇ. مەسىلەن، سەمەندەر، ئىسالاماندىرالار مۇشۇنىڭغا كىرىدۇ.

**قۇيرۇقلۇق لىچىنكا** <زوئول> پارازىت قۇرتلارنىڭ قۇيرۇقلۇق لىچىنكىسى. تېنى كىچىك، مىكروسكوپ بىلەن ئاران كۆرگىلى بولىدۇ. سۇدا ئۈزەلەيدۇ. مەسىلەن، قان شورىغۇچى قۇرتنىڭ لىچىنكىسى.

**قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز** <ئاستر> قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەتلىنىدىغان بىر خىل يۇلتۇز. ئارقا تەرىپىدە بىر ئۇزۇن قۇيرۇقى بولىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ ھەجمى زور بولۇپ، زىچلىقى بەك كىچىك. ھەرىكەتلىنىش ئوربىتىسى ئادەتتە ياپىلاق ئېللىپس شەكىللىك پارابولا شەكىللىك ياكى قوش ئەگرى سىزىقلىق شەكىللەردە بولىدۇ. قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز ئاجرالغاندىن كېيىن ئاقار يۇلتۇزلار توپى شەكىللىنىدۇ.

**قۇيغان** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ پۈتكەن سۈپەتدىشى: قۇيغان ئۆپكىدەك.

**قۇيغان ئۆپكىدەك** يوغان ھەم ئاق سېمىز: ئۇ قول ياغلىقىنى چىقىرىپ، قۇيغان ئۆپكىدەك يۈزلىرىدىكى تەرنى سۈرتكەچ سورىدى: — تاغا، ئېيتقانلىرىڭىز راستمۇ؟

**قۇيغۇزماق** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھېجىرغا قايناق سۇ قۇيغۇزۇپ ئۆزى، دانىيار ئاغزىغا تۇتتى ئېگىلىپ. ياغلىقتا يۈزىنى ئېرتىپ باتۇرنىڭ، قارايتتى ئېچىنغان ھالدا تىكىلىپ.

**قۇيقا** I ① ئى. كۆيۈپ بولغان ياكى چالا كۆيگەن تۈك، يۇڭ، چاچ قاتارلىقلار: ئۇ تۇيۇقسىزلا بېشىنى كۆتۈرۈپ قارىغانىكەن، ئۇنىڭ دىمىقىغا قۇيقا ھىدى پۇراپتۇ. ئۇ يوقاتقان بىرەر نەرسىنى تاپقاندەك بولۇپ: — ۋاي ئۇستام! — دەپ خۇش ھالدا ۋارقىراپتۇ. ② سۈپ. ئوتتا كۆيگەن، ئوتتا كۆيگەندەك، ئوتتا كۆيۈپ، ئەگرى-بۈگرى، كۆتمەك بولۇپ قالغان؛ قۇيقىلانغان ياكى قۇيقىلانغانغا ئوخشاپ قالغان (چاچ، تۈك، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھالىتى ھەققىدە): قۇيقا چاچ. قۇيقا چېچى تىك تۇرماق. قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلمەك.

**قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلمەك ← قۇيقا چېچى تىك تۇرماق:** يانتاقچى بوۋاي بىرىنچى قېتىم ئېيتقان سۆزىنى يەنە ئېيتىپتۇ. پادىشاھنىڭ تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ، قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ، يەنە دارغا ئاستۇرۇپ ئۆلتۈرۈپتۇ. بوۋاي يەنە بىر تال ساقىلىنى دارنىڭ ئۇستىگە ئېلىپ قويۇپتۇ. * بۇ گەپنى ئاڭلىغان شاھنىڭ قۇيقا چېچى تەتۈر ئۆرۈلۈپ: — قېنى، مەن ئۇنىڭ ھۈنەرلىرىنى كۆرۈپ باقاي، — دەپتۇ.

**قۇيقا چېچى تىك بولماق ← قۇيقا چېچى تىك تۇرماق:** جىگەرلىك يىگىت روزى سابىرنىڭ غەزەپتىن قۇيقا چېچى تىك بولۇپ، ئارىنى قولىغا ئالدى-دە، ئۇلارغا ئېتىلدى. * ئۇ دادىسى بىلەن ئىنىسىنىڭ بەختسىز ئۆلۈمىدىن كېيىن «بەگ» دېسە قۇيقا چاچلىرى تىك بولۇپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالىدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**قۇيقا چېچى تىك تۇرماق** قاتتىق خاپا بولماق، قاتتىق غەزەپكە كەلمەك، زەردىسى قايناماق: ھەر قېتىم تاپشۇرۇق تەكشۈرگەندە روزىنىڭ دەپتىرى قولۇمغا چىققان

ھامان يەنە قۇيقا چىچىم تىك تۇراتتى. * نىياز دېگەن ئىسمنى ئاڭلىسلا، ساتتارنىڭ بەدىنى تىكەنلىشىدۇ، قۇيقا چىچى تىك تۇزىدۇ.

**قۇيقا چىچى دىك تۇرماق** ← **قۇيقا چىچى تىك تۇرماق:** بۇگۈن ئىسمامنىڭ نەۋرىسگە ئەلچى ئەۋەتكەنلىكگە قاراپ، موماينىڭ قۇيقا چىچى دىك تۇردى، موماي: «ھېلىغۇ نەۋرەم ئىكەن، ئىمامغا ھەتتا بىر تال قىلىم كەتسىمۇ ھارام بولىدۇ» دەپ ئويلىدى.

**قۇيقا چىچى قىرىق گەز كۆتۈرۈلمەك** ← **قۇيقا چىچى تىك تۇرماق:** سىلىنى قېچىپ كېتىپتۇ دەپ، تۇرسۇن شۇجىنىڭ قۇيقا چىچى قىرىق گەز كۆتۈرۈلدى، تۆت-بەش ئاتلىق ئادەم سىلىنى ئىزدەپ نەمۇنە قوغلاپ كەتتى!

**قۇيقا چىچى قىرىق گەز ئۆرلىمەك** ← **قۇيقا چىچى تىك تۇرماق:** بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، تۇردىنىڭ بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ، قۇيقا چىچى قىرىق گەز ئۆرلىدى.

**قۇيقا چىچى ئۆرە بولماق** ← **قۇيقا چىچى تىك تۇرماق:** بۇ ماجرادىن كېيىن، مەتنىيازنىڭ كېلىدىن بىرنەچچە كۈنگىچە تاماق ئۆتمىدى. زەپەر ئاكىنى كۆرسىلا قۇيقا چىچى ئۆرە بولۇپ، ئۆزىنى چەتكە ئالىدىغان بولدى.

**قۇيقىسنى ئۆرلەتمەك** ئاچچىقىنى كەلتۈرمەك، غەزىپىنى كەلتۈرمەك، خاپا قىلماق: — قۇيقامنى تولا ئۆرلەتمەي، تېز بول! تامىقىڭ بارمۇ؟ — سورىدى رازۋېتچىك خوتۇندىن.

**قۇيقا** II ئى. سۇ ئېقىپ چۈشىدىغان شارقىراتمىلىق تۇما، زاكو: قۇيقىنى ئەتمەك. قۇيقىنى ئاچماق. * سادىر پالۋان 20 نەچچە ئاتلىق كىشىنى ئەگەشتۈرۈپ، تاڭ سەھەردە، روزىمەتيۈزىنىڭ ئاقتۆستەڭ قۇيقىسى ئاستىدىكى

چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتتى.

**قۇي-قۇي** دىئال. سەت، كۆرۈمسىز.

**قۇيقىلاتقۇزماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قۇيقىلاتماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: باش-شىراقنى قۇيقىلاتماق.

**قۇيقىلاشماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىزلار بۈگۈن بىر كۈن ئىچىدىلا نۇرغۇنلىغان باش-شىراقلارنى قۇيقىلاشتى.

**قۇيقىلانماق** «قۇيقىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بايلىقى مول ۋە تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىلەن داڭقى چىققان گۈچۈڭ شەھىرى بۇ كۈنلەردە خۇددى دەھشەتلىك يانغىندا چاچلىرى قۇيقىلىنىپ، يۈز-كۆزى چاۋارغان، ئۇستىبېشى كۆيۈپ، ئۆزى يېرىم جان بولۇپ قالغان بىر مومايغا ئوخشاپ قالغانىدى.

**قۇيقىلىماق** پ ← **ئۈتلىمەك:** قوينىڭ كاللىسىنى قۇيقىلىماق.

**قۇيما** سۈپ. قۇيۇلغان ياكى قۇيۇلىدىغان: قۇيما پۇل.

**قۇيما پۇل** مېتالدىن قۇيۇلغان پۇل.

**قۇيماق** I ئى. خېمىرى بولدۇرۇلۇپ ياغدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل يېمەكلىك: قۇيماق پىشۇرماق. قۇيماق يېمەك. * ئەتىيازدا قۇيماق يەپ، كەچ كۈزدە كېكىرىتىپتۇ (ماقال). * قۇلىياغا قۇيماق، ياسىنغا پولۇ (ماقال). * ئۇ مەھەللىلەردىن ئۆتكەندە، كىشلەر ساقلاپ قويغان قۇيماق ياكى گۆش نانلىرىنى ئېلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا سۇناتتى.

**قۇيماق** II پ ① سۇ قاتارلىق سۇيۇق ئۇن قاتارلىق يۇمشاق، بۇغداي قاتارلىق ئۇششاق، دانە-دانە نەرسىلەرنى بىرەر نەرسە ئىچىگە، ئۇستىگە چۈشۈرمەك، تۆكمەك: چىنىگە چاي قۇيماق. خالتىغا ئۇن

قۇيماق، تاغارغا بۇغداي قۇيماق، قولغا سۇ قۇيماق. * كەچقۇرۇن ئاپىسى لەگمەنگە پىلتە قىلىپ قويۇپ، سەي قورۇماقچى بولۇپ، قىزىق قازانغا ماي قۇيدى. ② ئېرىگەن ياكى يۇمشاق نەرسىنى قېلىپقا سېلىپ بۇيۇم تەييارلىماق: قازان قۇيماق. خىش قۇيماق. * ئەتىگەندىن كەچكىچە زاۋۇتتا قېلىپ ياساپ، قازان قۇيۇپ، جەمئىيەتتىكى بولۇۋاتقان ئىشلاردىن سىلىنىڭ تازا خەۋەرلىرى يوق. ③ پىشۇرماق؛ سالماق؛ تەييارلىماق: ئۆپكە قۇيماق. قۇيماق قۇيماق. * چەرچەندە ئېشەك ئۆلۈپتۇ دېسە، ئۆپكىسىنى مەن قۇيغان دەپتۇ (ماقال). * مەن مەھەللىمىزدىكى باللارغا قوشۇلۇپ: «بارات كەلدى تۇيدۇڭلارمۇ، بىزگە قۇيماق قۇيدۇڭلارمۇ» دەپ ۋارقىراپ ئوت ئاتلاش بىلەن ئاۋارە بولدۇم. ④ ئورنىدىن چىقىرىۋەتمەك (كۆز ھەققىدە): شۇم رەقىبىنىڭ كۆكسىگە نەق سانجىلاي خەنجەر بولۇپ، ساڭا ئاسىينىڭ كۆزىنى قۇيغۇچى ئوقيا بولاي. ⑤ شىددەت بىلەن ياغماق، ئاقماق (يامغۇر ھەققىدە): بىردەمدىن كېيىن بىردىنلا يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

**قۇيمچى** ئى. مىس، قوغۇشۇن، چويۇن قاتارلىقلاردىن بىرنەرسە قۇيۇپ چىقىرىدىغان ئادەم؛ قۇيمچىلىق بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ قۇيمىگەر: مەلۇم بولدىكى، ئۇزاقتىن بۇيان گۇمان ئاستىدا يۈرگەن بۇ قۇيمچىنى بىركۈنى ئىككى چېرىك كىرىپ باغلاپ كەتكەنىكەن. * بولدى كېيىن تۆمۈرچىگە شاگىرت، يىللار بويى ئۇردى ئېغىر بازغانلار. كېيىن بولدى سىرچى، تامچى، سۇۋاقچى ۋە قۇيمچى بولۇپ قۇيدى قازانلار.

**قۇيمچىلىق** «قۇيمچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ناسىر ئاكا ئۆزىچە پارچە بېتىۋالىدىغان كېرەكسىز چويۇندىن پايدىلىنىپ قۇيمچىلىق كارخانىسى قۇرۇش تەلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. * قۇيمچىلىقتا ئىشلىتىۋاتقان قۇملارنىڭ چېچىلىپ كېتىۋاتقىنىنى ئۇنىڭ كۆرمەي قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

**قۇيمىگەر** ئى → **قۇيمچى**: ئابدۇرېشىت ئۇستا قەشقەر شەھىرىدىكى بارلىق قۇيمىگەرلەرنى ئۆز يېنىغا يىغىۋاپتۇ، مىس ئاساسەن ئاقسۇدىن كەلتۈرۈلىدىكەن. * ئۇ يول بويى ئۇستا تۆمۈرچى قۇيمىگەرلەرگە توپ، زەمبىرەك، مىلتىق ۋە قىلىچ-قالقان ياسىتىپ ماڭدى.

**قۇيۇپ** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قۇيۇپ قويغاندەك** ① بەئەينى ئۆزى، ناھايىتى ئوخشاش، دەل ئۆزىدەك: سېنى بىر كۆرۈشۈم بىلەنلا تونۇپ قالدىم، چۈنكى سەن داداڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەنسەن. * ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىغا تېخنىك بولۇپ كەلگەن ئادەم ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايدىكەن. ② بەئەينى ئۆزىنىڭكىدەكلا، خۇددى ئۆزىگە ئاتاپ بۇيرۇتقاندەكلا: كېنىزەكلەر كەشىنى پۇتىغا شۇنداق كىيدۈرۈپتىكەن، خۇددى قۇيۇپ قويغاندەك يارىشىپ كېتىپتۇ. * دادامنىڭ خوشلۇقى ئىچىگە پاتمىغاندەك، كۆلكىدىن ئاغزى يۇمۇلماي قالغانىدى. مەن ئۆتۈكنى كىيدىم، پۇتۇمغا قۇيۇپ قويغاندەك كەلدى.

**قۇيۇت** ئى. دىئال. ئوغۇت.

**قۇيۇتلىماق** ئى. دىئال. ئوغۇتلىماق.

**قۇيۇچ** ئى پولات، گاڭ: سوغۇقنىڭ ئۆتكۈر نەشتىرى ئۇلارغا كار قىلمايدىغاندەك، ئۇلارنىڭ جىسمى گويا قۇيۇچتىن پۈتۈلگەندەك بىلىندى. * كۆڭلى پاكىز، ساپ ئىدى خۇددى ئاپئاق گۆرۈچتەك. ئىرادىسى چىڭ ئىدى، ئوتتا پىشقان قۇيۇچتەك.

**قۇيۇچ باغلماق** ① تىغلىق ئەسۋابلارنىڭ بىسى تەرەپكە قۇيۇچ ئۇلماق. ② كۆچمە. كۈچ، ماغدۇر پەيدا قىلماق، قۇۋۋەتلىمەك: ئاز-تولىدىن ناشتا قىلىپ، قورساقنى

تويغۇزايلى. ئاتلارغىمۇ بوغۇز بېرىپ، پۇتلىرىغا قۇيۇچ باغلايلى.

**قۇيۇشماق** «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بىرىنىڭ كاللىسىغا توپا قۇيۇشۇپ ئويناۋاتقان بىر توپ بالىلار ئىكەن. * ئادەملەر خۇددى بىر يىرتقۇچ هايۋاننى مەڭگۈ تۇرالماسقا ياتقۇزماقچى بولۇشقاندەك، قېلىپلار ئۈستىگە ئېغىر پولات ئۇيۇتمىلارنى قۇيۇشىدۇ.

**قۇيۇلما** ئى. زاۋۇت-كارخانىلاردا، چويۇن قاتارلىقلاردىن قۇيۇلغان نەرسە، بۇيۇم: تېرە پەرتۇق تارتىۋالغان، كالتە پاچاق قېرى ئىشچى قىزىپ تۇرغان قۇيۇلمىنى قېلىپ تېگىگە قويدى، رامنى چۇشۇردى.

**قۇيۇلماق** ① «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: مەن چاينى ئېلىپ قېشىمدىكى ئايالنىڭ بالىسىغا ئىچۈردۇم، كەينى-كەينىدىن ئاپتوبۇسقا پىيالىدە چايلار كىرىشكە باشلىدى. چوڭ چۆگۈندىكى چاي تۈگىشىگە، قىزنىڭ چۆگۈنىدىن قۇيۇلدى. * پىچىتتىن ئېقىپ چىققان يالقۇنلۇق ئېرىتمە چۆمۈچلەرگە قۇيۇلدۇ. ② «قۇيماق II» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلدى. * ناخشا ئاخىرلىشىپ مەرغۇلغا ئۆتىدۇ، ئۆز قەلبىنى ئىزهار قىلىۋاتقان ناخشا مۇڭىدىن تاشۋاينىڭمۇ كۆزلىرىدىن يېپى ئۈزۈلگەن مونچاقتەك ياش قۇيۇلىدۇ. * مامۇت سۇمۇرغنى مىنىپ، ئۇدۇل ئاسمانغا ئۇچۇپتۇ، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلگەنسېرى هاۋا قىزىپ، تەر قۇيۇلۇپتۇ، سۇمۇرغمۇ هاسىراپ-هۆمۈدەپلا قېلىپتۇ. *. ئېگىلدى بېشى، قۇيۇلدى يېشى، يوق ئىدى هېچبىر غەمخور، سىردىشى. ③ مەلۇم دائىرە ئىچىگە ئېقىپ كىرمەك، قېتىلماق: نۇرغۇن تارماق ئېقىنلارنىڭ قوشۇلىشىدىن هاسىل بولغان بۇ كەڭ دەريا شەهەرنىڭ جەنۇبىدىن ئېقىپ ئۆتۈپ، مەشهۇر باغراش كۆلىگە قۇيۇلاتتى. * ئېتىز ئارىلاپ سۇ يەنە، كۆلگە كېلىپ قۇيۇلدى. ئايشەمگە شۇ تىنىماس سۇ، ساۋاق بولۇپ تۇيۇلدى. ④ تۆكۈلمەك، چۈشمەك: بۇ بۇلۇتلارنىڭ ئۈستى تەرىپىدىن ئۆتكۈر نۇرلىرى بىلەن يەر-زېمىنغا قاراپ قۇيۇلۇۋاتقان قىزغۇچ شەپەق قارا بۇلۇتلار توپىنى يېرىپ ئۆتەتتى. * قۇياش چىقتى قاتار تاغلار كەينىدىن، ئېتىزلارغا ئالتۇن نۇرى قۇيۇلدى. گويا ماڭا كېچىككىنىنى سېزىپ ئۇ، خىجالەتتىن قىزارغاندەك تۇيۇلدى.

**قۇيۇمچاق** ئى <ئانات> ← **توققۇزكۆز.**

**قۇيۇمچاق سۆڭىكى** <ئانات> ← **توققۇزكۆز سۆڭىكى.**

**قۇيۇن** ئى <مېتېئور> بۇرما شەكىلدە پىرقىراپ چىققان چاڭ-توزانلىق شامال. ئېگىزلىكى 10 مېتىردىن، دىئامېتىرى ئىككى مېتىردىن ئاشىدۇ. ئۇ قىسمەن جايدىكى هاۋانىڭ كونۋېكسىيىلىك تەسىرى تۈپەيلىدىن هاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ دائىرىسى كىچىك بولۇپ، تېز يوقىلىپ كېتىدۇ. يازنىڭ تومۇز ئىسسىقلىرىدا چۈشتىن كېيىن قۇرغاق يەر يۈزىدە پەيدا بولىدۇ: قۇيۇن چىقماق. قۇيۇن ئىچىدە قالماق.

**قۇيۇن توك** <فىز> ئۇيۇل ئۆتكۈزگۈچ ياكى تۆمۈر ئۆزەك ئۆزگىرىشچان ئېلېكتر مەيدانىدا ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسى تۈپەيلىدىن هاسىل قىلغان توك. قۇيۇن توك ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى خورىتىدۇ هەمدە ئۆتكۈزگۈچ ۋە تۆمۈر ئۆزەكنى قىزىتىۋېتىدۇ.

**قۇيۇن چىقارماق** يىرىكچىلىك پەيدا قىلماق، زىددىيەت تۇغدۇرماق، زىددىيەت سالماق، زىتلاشتۇرماق: تىنچ-ئىناق دوستلارنى جاڭجالغا سېلىپ، ئولتۇرۇپ بەهۇزۇر كۆردى ئۇ ئويۇن. بەزىدە پىتنىنىڭ ئۇرۇغىن

چېچىپ، ھەر ياقتا چىقاردى غەلىتە قۇيۇن.

**قۇيۇنتاز** ئى [قۇيۇن+تاز] ① قۇيۇن: بۇ چاغدا تېزما تاغ باغرىدىكى بىپايان قۇم بارخانلىرى ئىچىدە ئاسمانغا ئىرەلگەن سىرىق تۈۋرۈكتەك بىر قۇيۇنتاز بىر ئورۇندا تىنىمسىز پىرقىرىماقتا ئىدى. ② كۆچمە. تېز يول يۈرگۈچى كىشى، تېز ماڭىدىغان ئادەم.

**قۇيۇندەك** ① سۈپ. قۇيۇنغا ئوخشاش، قۇيۇننىڭ ئۆزى. ② رەۋ. ھەرىكىتى، يۈرۈشى ناھايىتى چاققان، تېز ھەم يەڭگىل: چاچراپ تۇرغان ئات قىزنى سۆرەپ تاغ تەرەپكە قۇيۇندەك ئېتىلىپ ماڭدى. * شەمەر ئولتۇرغان يېشىل پىكاپ شەھەرگە قاراپ قۇيۇندەك يۈرۈپ كەتتى.

**قۇيۇۋەتمەك** پ. ناھايىتى قاتتىق چۈشمەك، چېلەك بىلەن تۆككەندەكلا ياغماق: قارا بۇلۇت يەرنى قاپلاپ ئالغانتى، كۈنچىقىش تەۋەن شاملى بولسا تېخى توختىمىغانىدى. بىردىنلا قاتتىق يامغۇر قۇيۇۋەتتى، يامغۇر كېيىم-ساۋۇتلاردىن ئۆتۈپ كەتتى. * بىز تاغ باغرىغا يېتىپ كەلگەندە ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق ئىدى، بىراق تاغ ئۈستىدىگە ئەمدىلا چىقىپ تۇرۇشىمىزغا، ئۇشتۇمتۇت ھاۋا بۇزۇلۇپ، ھەش-پەش دېگۈچە يامغۇر قۇيۇۋەتتى.

**قې** «ق» ھەرپىنىڭ نامى.

**قېپشىماق** پ. دىئال. تۇتاشماق، يانماق.

**قېپىنماق** پ. نۇرغۇن مال-مۈلۈك، پۇل تاپماق، قاتتىق بېيىماق: ئۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان خېلى قېپىندى.

**قېتىرقانماق** پ. بىرەر ئىشقا، مەسىلىگە ئىچى-ئىچىدىن بېرىلمەك، ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلماق؛ قاتتىق تىرىشماق، كۆڭۈل قويماق: ئۇ باللارغا ئانا تىلى ۋە ھېساب دەرسلىرىنى قېتىرقىنىپ ئۆگىتەتتى. * پېشقەدەملەر ۋە ياش ئەۋلادلارنىڭ تىل ئۆگىنىشى، قېتىرقىنىپ ئىزدىنىشى بولغاندىلا، بۇ ئالىي مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**قېتىرقىنىشماق** «قېتىرقانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېتىش** «قاتماق I» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قېتىش نۇقتىسى.

**قېتىش نۇقتىسى** <فز> سۇ ياكى باشقا سۇيۇق جىسىملارنىڭ قاتتىق جىسىم بولۇپ قاتقان چاغدىكى تېمپېراتۇرىسى. سۇنىڭ قېتىش نۇقتىسى «مۇزلاش نۇقتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قېتىشتۇرماق** پ. قېتىش، قوشۇش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق: بىسىر ئاتنى هارۋىغا قېتىشتۇرۇپ قوغۇنلۇققا ماڭدى.

**قېتىش-قۇراش** بىر قىسمىنى ئۇنىڭدىن يەنە بىر قىسمىنى بۇنىڭدىن قوشۇش، قېتىش قاتارلىق يوللار بىلەن يىغىلغان؛ بارلىققا كەلگەن: قېتىش-قۇراش قىلماق.

**قېتىش-قۇراش قىلماق** ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن تېپىپ، ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن قوشۇپ-قېتىپ دېگەندەك ئۇسۇللار بىلەن يىغماق، بارلىققا كەلتۈرمەك: — ئاناڭدىن قالغان ئانچە-مۇنچە بىرنەرسىلەر بار، بىزنىڭمۇ تاپقان-تەرگەنلىرىمىزنى قېتىش-قۇراش قىلىپ، ئىككىڭلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويساق دەيمىنا، — دېدى ئۇ نۇرۇم بىلەن غۇنچەمگە.

**قېتىشما** ئى <خم> بىر خىل مېتال ئېلېمېنت بىلەن باشقا مېتال ئېلېمېنتنىڭ بىرگە ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان ماددا. قېتىشمىنىڭ مېتاللىق ئالاھىدىلىكى ھەرگىز يوقالمايدۇ. ئەمما فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى (مەسىلەن، قاتتىقلىقى قاتارلىقلار) ئەسلىدىكى مېتاللارغا ئوخشىمايدۇ.

**قېتىشما پولات** تۆمۈر بىلەن كاربونغا مۇۋاپىق مىقداردا خروم، نىكېل، مانگان، ۋولفرام، ۋانادىي ياكى كرېمنىي قاتارلىق

ئېلېمېنتلارنى قوشۇش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان ئالاھىدە خۇسۇسىيەتكە ئىگە قېتىشما.

**قېتىشماق** I ① «قاتماق I» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى. ② قاتتىق ھالەتكە ئۆزگەرمەك؛ قاتماق: مۇز قېتىشتى. سېمونت قېتىشىپتۇ.

**قېتىشماق** II پ «قاتماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھارۋىلىرىنى قېتىشتى.

**قېتىق** ئى. سۈتنى سۇئىي ئېچىتىش ۋە ئۇيۇتۇش ئارقىلىق تەييارلانغان، چۈچۈمەل، ئاسان ھەزىم بولىدىغان ئىچىملىك.

**قېتىقتا ئاغزى كۆيمەك** ← **ئاغزى قېتىقتا كۆيمەك**: – بىر قېتىم قېتىقتا ئاغزىمىز كۆيگەن، تەقسىر. ئېشەك جېنىدا بىر قېتىم پۇتى سېيىلغان كۆۋرۈككە ئىككىنچى دەسسىمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېيىشتى ئۇلار.

**قېتىقنى پېتىق قىلماق** ھەممە پايدىسىنى ئېلىپ بولماق، ئىشلىتىشكە تېگىشلىك بولغان ھېچنېمىسىنى قويماسلىق: – كەنتىمىزنىڭ تراكتورى نورملىق يېغى تۈگەپ ماخونىڭ يېنىدا قېرى كالىدەك ماكچىيىپ ياتقىلى نە ۋاق، يېغىنى دۇيگە سېتىپ، قېتىقىنى پېتىق قىلىپ قالدىسىنى قايماق قىلىۋەتتى، — دېدى ئۇ.

**قېتىقى ئۇيۇماسلىق** كۆڭلى قانائەت تاپماسلىق، ئەمىن تاپماسلىق.

**قېتىقچى** ئى. قېتىق ساتقۇچى كىشى.

**قېتىقلىق** سۈپ. قېتىپ قويۇلغان، قېتىلغان، قوشۇلغان: ھېلىقى تۇۋلاشتىن قاتتىق ئۈركۈگەن ئېشەك، ئۆزىنىڭ ھارۋىغا قېتىقلىق ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالغاندەك قىيغىتىپ ئۇچۇپلا كەلگەنىدى. * دېھقان ھەيدەۋاتقان قوشنى توختىتىپتۇ، ئۇنىڭغىچە بۆدۈنىمۇ ئۇچۇپ كېلىپ قوشقا قېتىقلىق ئۇينىڭ مۈڭگۈزىگە قونۇۋاپتۇ.

**قېتىلماق** ① «قاتماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: – بۇ قارى يىگىت شەھەردە تۇرۇشتىن قورقۇپ، تاغقا يېنىپ چىقىپتۇ. يېقىندا مەنمۇ شامەخسۇتتىن ئۈچ ئالمەن دەپ بىزگە كېلىپ قېتىلدى، – دېدى سەيپۇڭ توختى. * قورۇدىكى ھارۋا قېتىلىپ بولغاندىن كېيىن: – نەجمىدىن ئاكا، سىلەر زۇلىيار ئاكامنى دوختۇرخانىغا تېز يەتكۈزۈڭلار، – دېدى ھاكىمجان. ② ئۇنىماق، رازى بولماق؛ قوشۇلماق: – سۆزىڭىزگە قېتىلمەن، – دېدى تەلئەت، – يەكشەنبە كۈنى ۋاقتىڭىز بولسا باغچىغا بېرىپ تاماشا قىلساق قانداق؟ * – بۇ كىشى دېسىلە، قۇمۇلدىن چىققان رۇستەم پالۋان – خوجىنىياز ھاجى بولىدۇ. مەن مۇشۇ كىشىنىڭ بىزگە سەردار بولۇشىغا قېتىلمەن، – دېدى ۋە ئورنىدىن تۇرۇپ، ھاجىغا ئېگىلىپ تەزىم قىلدى.

**قېتىلىشماق** «قېتىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قېتىم** I مىق. قىلغان ياكى قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتنىڭ سانىنى بىلدۈرىدۇ: ئالدىرىغاندا قولىدىكىنى قىرىق قېتىم ئىزلەپتۇ (ماقال). * قورقۇنچاق ئۆلمەي تۇرۇپ مىڭ قېتىم ئۆلەر (ماقال). * ئۇ كۈندە ئۈچ قېتىم كالا ساغقۇچە موزىيىنى توققۇز قېتىم كۆتۈرۈپ قويىدىكەن. * ھاكىم ئوغرىنى كۆرۈشى بىلەنلا: -ھەي، مۇشۇنىڭ بىلەن بۇ يەرگە نەچچىنچى قېتىم كېلىشىڭ، نومۇسنى بىلمەيدىغان قانداق ئوغرىسەن! – دەپ ۋارقىراپتۇ.

**قېتىم** II مىق. يېڭىنىگە بىر نۆۋەتتە ئۆتكۈزۈلىدىغان يىپنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: ئىككى قېتىم يىپ. * بالا ئانىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ، بىر قېتىم يىپ، بىر چىمدىم پاختىنى سورىۋېلىپ، ئوتتۇردىن ئىككى تال

كىچىككىنە شىشىق چىقىرىپ، بۇلار بىلەن تېڭىقچىلىق قىلىپتۇ، بىردەمدىلا قالغاچنىڭ پۇتىنى ئوبدان تېڭىپ، ئاستا ئۆز ئۇۋىسىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

**قېتمقى** سۈپ. قېتىمدىكى، نۆۋەتتىكى؛ قېتىملىق: ئۇ بۇ قېتمقى قېين ۋەزىپىنى قىلچە ئىككىلەنمەي ئۈستىگە ئېلىشقا جۈرئەت قىلغانىدى.

**قېتىملاپ** رەۋ. نەچچە قېتىم، ئارقا-ئارقىدىن بىرقانچە قېتىم: ھەتتا بۇ تونۇش شوپۇرلار ئۇنى ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ كېلىمەن دەپ قانچە قېتىملاپ زورلىغان. * ئۆز ۋاقتىدا قانچە قېتىملاپ ئوقۇپ چىققانلىقىغا قارىماستىن، كىتاب باشلىنىش بىلەن تەڭلا ئوسماننىڭ پۈتۈن زېھنىنى ئۆزىگە تارتىۋالدى.

**قېتىملىق** سۈپ. ① قېتىمدىكى، نۆۋەتتىكى، قېتمقى: ھېلىقى ياش چوكان ھەر قېتىملىق ئۇچرىشىشتا مۇھەببەت تۇيغۇسى بىلەن خۇمارلاشقان كۆزلىرىنى سابىرغا تىكەتتى. * جۇمە، بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىش ئەمەس، سىنىپ مۇدىرىغا ئۆزۈڭنى مەلۇم قىل. ② قېتىم ئېلىپ بېرىلىدىغان، قېتىمدا بېجىرىلىدىغان: ھازىر مەسىلە قۇدۇق كولاپ يۈرۈشلەشتۈرۈپ بولغۇچىلىك بۇ يېزا يەرلىرىنىڭ بىر-ئىككى قېتىملىق سۈيىنى قانداق ھەل قىلىشتىلا قالغانىدى.

**قېتىۋالماق** پ. قاتتىق ياسىنىۋالماق، پۇزۇر كىيىنمەك: ئۇ قېتىۋالغانىدى — يېڭى، پاكىز كىيىنگەن بولۇپ، شىمىنىڭ قىرى قاتۇرۇپ قويغانىدەك كۆرۈنەتتى، چاپىنىنىڭ ئالدى ئادەتتىكىدەك ئوچۇق ئەمەس، تۈگمىسى تولۇق ئېتىلگەنىدى. * ئۇ بەزىدە ئېسىل سارجىدىن كاستۇم-بۇرۇلكا، دراپتىن پەلتۇ كىيىپ، گالستۇك تاقاپ قېتىۋالدۇ.

**قېچىر** ئى ① <زوئول> بىر خىل سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئېشەك بىلەن ئاتنى شالغۇتلاشتۇرۇش ئارقىلىق تۇغۇلىدۇ. ئاتتىن تۇغۇلغىنى ئات قېچىر، ئېشەكتىن تۇغۇلغىنى ئېشەك قېچىر دەپ ئاتىلىدۇ. تېنى ئېشەكتىن چوڭ، قۇلقى ئۇزۇن، قۇيرۇق تۈكى شالاڭ بولىدۇ. ئىسسىق-سوغۇققا چىدامىلىق، تېنى كۈچلۈك، مىنىش، يۈك ئارتىشقا ياكى ھارۋىغا قوشۇشقا تازا باپ كېلىدۇ. ئادەتتە تۇغمايدۇ. ② ئى. كۆچمە. قىيىق، ئاچچىقى يامان، جاھىل، چۈس ئادەملەرنى سۈپەتلەپ ئېيتىلىدۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. تۇغمايدىغان، تۇغماس (ئاياللار ھەققىدە).

**قېچىر سايغا چىقماق** تازا قىزىماق، ئەۋجىگە چىقماق، يۇقىرى پەللىگە يەتمەك: — مانا شۇ، دەم غەنىيمەت، دىدار غەنىيمەت، ئىچەيلى، قۇلقىمىز مىدىرلاپ، قېچىر سايغا چىققۇچە ئىچەيلى، — دېدى ئۇلاردىن بىرى. * — ئۇنىڭغا قارا، قېچىر سايغا چىقىپتۇ، — دېدى ئۇ ئوتتۇرىغا چۈشۈۋېلىپ قاملاشمىسمۇ بىرنېمىلەر قىلىپ ئۇسسۇل ئويناۋاتقان قاسىمنى كۆرسىتىپ.

**قېچىرنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالماق** ← **ئېشەكنىڭ قۇلىقىغا راۋاب چالماق**: ئۇ چوڭغا ھۆرمەت، كىچىككە ئىززەت، شەرم-ھايا دېگەننى ئۇقمايتتى. ئىنتايىن ئاغزى يامان بىر بىشەم ئىدى. ئۇنداق ئادەمگە قىلىنغان ياخشى سۆز خۇددى قېچىرنىڭ قۇلىقىغا ساتار چالغانىدەك بىر ئىش بولىدىكەن.

**قېچىرچى** ئى. بىرقانچە قېچىر بىلەن بىر جايدىن باشقا بىر جايغا يۈك-مال توشۇپ تىرىكچىلىك قىلغۇچى كىشى: غەنىم بىر قېچىرچى كىراكەشنى ئېلىپ كېلىپتۇ. ساندۇقنى قېچىرغا ئارتىپتۇ. ئۇنىڭ يېنىدا غەنىم يولغا چۈشۈپتۇ. * ئىككى سودىگەر ئىچكىرىدىكى ئۆيگە جايلىشىپ، يۈك-تاقلارنى ئورۇنلاشتۇردى. قېچىرچى بولسا ئات، قېچىرلارنى ئاتخانىدىكى تۈۋرۈكلەرگە ئېگىز باغلاپ

سوۋۇتتى.

**قېچىرچىلىق** ئى. قېچىرلارغا يۆلەك-تاق ئارتىپ، بىر جايدىن باشقا بىر جايغا توشۇش ئىشى، پائالىيىتى؛ قېچىر كارۋان-چىلىقى؛ قېچىرچىلىق قىلماق.

**قېچىرلىق** سۈپ. ① قېچىرى بار، قېچىرغا ئىگە: بىز بۇ يىل قېچىرلىق بولۇپ قالدۇق. ② قېچىر مىنگەن: يولدا مەن قېچىرلىق بىر بوۋاينى كۆردۈم. // دادام تاغ ئۈستىدە قىلىدىغان ئىش قالمىغاچ، ئاخىرى ئۇ يەردىن سىڭگىمگە قېچىرلىق قايتىپ كېلىپتىكەن.

**قېچىرلىماق** پ. ئات ياكى ئېشەك قېچىر تۇغماق: گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ سەندەن ھەربىي ئاتچىلىق فېرمىسىدىكى بىر بايتال بۇ يىل 5-ئايدا قوشكېزەك قېچىرلىدى، بۇنداق ئەھۋال ناھايىتى ئاز ئۇچرايدۇ.

**قېچىشماق** «قاچماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قارشى تەرەپنىڭ قوغلاپ تۇتۇۋېلىشىدىن قورقۇپ، ئادەتتە ماڭمايدىغان باشقا بىر چىغىر يولنى تاللاپ قېچىشقانىدى. * كوچىدا ئويناۋاتقان باللار ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا، ھەممە نەرسىنى تاشلاپ، ھەر تەرەپكە قېچىشتى.

**قېدىناس** (توغرىسى: قەدىناس) ← **قەدىناس.**

**قىرى** I ① سۈپ. خېلى ياشقا بېرىپ قالغان، قېرىغان: قېرى ئادەم. قېرى ئايال. قېرى ئات. * قېرى قۇشقاچ كېپەككە ئالدان-ماس (ماقال). * قېرى كىشى ھاتەمنىڭ تەلىپىنى قوبۇل قىلىپ سۆز باشلىدى. * يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن سودىگەر بۇ يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ قېرى سېدە سايىسىدە ئايالى بىلەن ئارام ئېلىپتۇ. ② ئى. ئۇزۇن يىل ياشىغان، يېشى بىر يەرگە بېرىپ قالغان، قېرىغان كىشى: كۆپ قېرىنىڭ ئىچىدە بىر بالا بولسا دانا بولار، كۆپ بالا ئىچىدە بىر قېرى بولسا، بالا بولار (ماقال). * — ھەممە ئادەم دەم ئېلىشقا ئولتۇرۇپتۇ. ئەنە ئەكبەر ئاكامۇ قېرىلار بىلەن بىرنېمە دەپ كۈلۈۋاتىدۇ، ئولتۇرغىنى ئاينۇر! — دېدى پۇۋلەپ قويغانىدەك سېمىز قىزچاق. * ئاخىرى بۇ ئىككى قېرى نېرى-بېرى ئويلاپ، ئاخۇنۇمغا خەۋەر قىلىپتۇ.

**قېرى تۈلكە** مەككار، ھىيلىگەر، قۇۋ: مويدۇن.... «بىزنىڭ بۇ يەردە ئاسماندىن يامغۇر ئورنىغا تىللا ياغىدۇ» دېسە ئىشىنىدىغان مۆمىندەك بىر گولنى ئىشەندۈردى. لېكىن ئەنسارىدەك قېرى تۈلكە ئىشىنەرمۇ؟

**قېرى قىز** تۇرمۇشقا چىقماي ئولتۇرۇپ قالغان، يېشى چوڭ قىز: سەن مېنى قېرى قىز دەپ پەس كۆرۈپ كۆزۈڭگە ئىلمايۋاتىسەن.

**قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك** قانداقتۇر بىر ياخشى نەرسىگە، ئارزۇ قىلغىنىغا ئېرىشكەندەك: بۇ گەپ بايۇەچچىگە قېرى كالىغا پىچاق ياققاندەك يېقىپ كەتتى.

**قېرى يىلىك** سۆكېچەر يىلىك.

**قىرى** II تارس ① مىق. بۆز ئۆلچەيدىغان ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە بىر قېرى 70 سانتىمېتىر ئەتراپىدا كېلىدۇ. ② ئى. شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى.

**قېرىتماق** «قېرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياش قېرىتماس، غەم قېرىتاز (ماقال). * بەگ-غوجاملارنىڭ قامچىسى ئۇنى قېرىتتى، سولدۇردى. * ھېلىقى مەن ئېيتقان دوستۇمنىڭ ئاتا-ئانىلىرى ئارزۇ-ھەۋەس ئىزلەپ بىچارە قىزنى قېرىتىپ قويدى.

**قېرى-چۆرى** ھەر خىل ياشتىكى قېرىلار: بۇ قىسىمدا 200 دەك ئادەم بولۇپ، كۆپچىلىكى بالا-چاقا ۋە قېرى-چۆرىلەر ئىدى. بىز بىر ياقتىن سوقۇشۇپ، بىر ياقتىن چېكىنىپ، بىر جىلغىغا كىرىپ قالدۇق. * سۇتۇق قىزلارغا

بۇ يەردىكى قېرى-چۆرى ۋە كىچىك باللارنى ياخشى قوغداشنى تاپشۇرۇپ، ئىلىك ۋە قىلىچ بىلەن باسمىچىلار ياققا چاپتى.

**قېرىسال** سۈپ. قېرىغان، قېرىپ كۈچىدىن قالغان، قېرى: «خۇدالىق» مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى كونا مەسچىتنىڭ سۇپىسىدا بىرنەچچە قېرىسال كىشىلەر پارالىڭ سېلىشىپ ئولتۇراتتى. * ئۇ «كىچىككىنە مازار كەنتىدىكى دېھقانلار 200 نەچچە ئۆي-ماكانسىز، ئاش-ئوزۇقسىز كىشىلەرنى باقالامدۇ؟ ئۇلارنىڭ بالا-چاقىلىرى، قېرىسال ئاتا-ئانىلىرى قانداق قىلىدۇ؟» دېگەن ئويلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزدى.

**قېرىشتۇرماق** ① «قېرىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تۇرسۇن ھەردائىم باشقىلارنى ماڭا سېلىپ، ئۇلارنى مېنىڭ بىلەن قېرىشتۇرىدۇ. ② قېرىشىش ۋە شۇ خىلدىكى ئىش-ھەرىكەت، قىلىقلارنى قىلماق: تراموۋاي قوڭغۇرىقى ئادەمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇراتتى. * ئارقا-ئارقىدىن قادىلىپ تۇرغان «نېمە ئۈچۈن» لەر بىردىنلا نۇردۇن ھاكىمنىڭ چىشىنى قېرىشتۇرۇپ قويدى، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى تارتىشىپ، ئىچى تىتىلداشقا باشلىدى.

**قېرىشقاق** سۈپ. باشقىلار بىلەن قېرىشىپلا يۈرىدىغان، قېرىشىشنى ئادەت قىلغان: قېرىشقاق ئادەم. * مەن خۇددى قېرىشقاق، غەرەز ئۇقمايدىغان، تەرسا، تېجەمەل، كەپسىز بالىدەك ئۆزۈم ئۈچۈن بەكمۇ كۆڭۈللۈك ئاشۇ ئەمگىكىمگە بېرىلىپلا كەتتىم.

**قېرىشقاقلىق** «قېرىشقاق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قېرىشقاندەك** رەۋ. بىرەر ئىشنىڭ قىلىنىشىغا خۇددى قەستەن دەخلى-تەرۇز بولۇۋاتقاندەك، نىيىتىگە، ئىرادىسىگە، ئويلىغىنىغا، كۈتكىنىگە خىلاپ ھالدا؛ كۈتمىگەندە، بەختكە قارشى، ئۆچەكەشكەندەك: چۈشتىن كېيىنكى بىرنەچچە سائەت ئىچىدە قېرىشقاندەك ئۇنىڭغا تېلېفونمۇ كەلمىدى. * ئەجەبمۇ تاڭ ئاتمايدۇ، مەن بىلەن قېرىشقاندەك. غېرىب مەن، مۇساپىرمەن، لاچىن سوققان توشقاندەك.

**قېرىشماق** پ. ئەتەي، قەستەنگە قارشىلاشماق؛ قارشى ئوي-پىكىردە، ئىش-ھەرىكەتتە بولماق؛ ئۆچەكەشمەك، زىتلاشماق: ئۇ ھەر دائىم مېنىڭ بىلەن قېرىشىدۇ. * — بۇ قېرى بىز بىلەن قېرىشىپ قالدى، بولمىسا بۇ يەردە ئولتۇرۇۋالامدۇ؟-دېدى ئىدرىس. * — ئوقۇسامۇ ئوقۇي، دادا، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئۇ مەكتەپتە ئوقۇمايمەن. ئابلىز مۇئەللىم دائىم مەن بىلەن قېرىشىدۇ، مەن باشقا مەكتەپكە يۆتكىلىپ كېتىمەن.

**قېرىق** سۈپ ① كىشىنىڭ ھۇزۇرلىنىپ ئىچكۈسى كەلمەيدىغان؛ قىرتاق (بىرەر نەرسىنىڭ تەمى ھەققىدە): دورا قېرىق ياكى بەك ئاچچىق بولۇپ، قالماسلىقى ئۈچۈن ئۇنىڭغا مەلۇم مىقداردا شېكەر ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. * مېۋىسى قاغا جىگدىدەك بولۇپ، تەمى قېرىق ۋە ئاچچىق. ② ئېرىنچەك: بۇ ئادەم دورا ئىچىشكە قېرىق. * بۇ بالا چاچ ئالدۇرۇشقا قېرىق. * ئاتا بولغۇچىلار ئۆز ئوغۇللىرىنىڭ ئەيىبىنى كۆرۈشكە قېرىق كېلىدۇ. سادىق بوۋايمۇ بۇ ئاجىزلىقتىن خالى ئەمەس. ③ كۆچمە. سۇ ئىتتىك، راۋان ئاقمايدىغان: بىزنىڭ مەكەن قورۇقىدىكى يېرىمىز قېرىق يەر بولغاچقا، ھەر دائىم سۇ قويىدىغان چاغدا ئاكام بىلەن ئىككىمىز تۇغقا قارايتتۇق. ئاتام بولسا ئېتىزغا قارايتتى، سۇ بەكلا قېيىپ كېتەتتى.

**قېرىق بامبۇك** <بوت> بامبۇكنىڭ بىر تۈرى. يوپۇرمىقىنىڭ ئارقا تەرىپى سەل ئاقۇچ بولىدۇ. يازنىڭ دەسلىپىدە نوتا چىقىرىدۇ. غولى بىناكارلىقتا، سايمان-جابدۇقلارنى توقۇشقا ياكى قەغەز

ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قېرى-قاتاڭ** ← قېرى-چۆرى.

**قېرىقلىق** « قېرىق » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قېرىقلىق قىلماق.

**قېرىقىز** ئى [قېرى+قىز] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى يۈرەك شەكىللىك بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن، دۈمبە تەرىپى تۈكلۈك بولىدۇ. گۈلى نەيچە شەكىلدە، رەڭگى سۇس سۆسۈن، يىلتىزى گۆشلۈك كېلىدۇ. يىلتىز ۋە يۇمران يوپۇرماقلىرىنى كۆكتات، ئۇرۇقى ۋە يىلتىزىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ئىسسىقنى ئېلىش، زەھەر قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**قېرىلىق** ① « قېرى » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ قېرىلىقى بىلىنمەيدۇ. ② ئى. قېرىلىق ھالىتى، دەۋرى: قېرىلىق يەتمەك. * قېرىلىق بىلەن ئۆلمەس، ياشلىق بىلەن تۇرماس (ماقال). * ئۇ قېرىلىققا قەدەم قويغان چوڭ كىشى بولسىمۇ، لېكىن مېنىڭ ئالدىمدا خۇددى ئۆسمۈر بالىدەك قىزىرىپ-تاتىرىپ، نېمىدىنىدۇر تەپ تارتقاندەك تارتىنىپ تۇراتتى.

**قېرىلىق يەتمەك** قېرىلىق دەۋرى يېتىپ كەلمەك، قېرىماق: ئۇ« بۇ بەلكى ماڭا قېرىلىق يەتكەنلىكىنىڭ ئالامەتلىرى بولسا كېرەك» دەپ ئويلايتتى.

**قېرىم** ئى. ھەر خىل مەقسەتلەردە پايدىلىنىش ئۈچۈن چوڭقۇر چېپىلغان ئورەك، ئېرىق؛ چوڭقۇرلۇق، ئازگال، خەندەك: قېرىم چاپماق. قېرىم كولىماق. * قىزلار قېرىمنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ، بىر-بىرىگە سۇ چېچىپ تەنتەنە قىلىدۇ. ئەتراپتىن نۇرغۇنلىغان يىگىت-قىزلار يۈگۈرۈشۈپ كېلىدۇ. * كۆچەت تىكىلىشتىن ئىلگىرى يەر ياخشى ئوغۇتلىنىپ، چوڭقۇر، يۇمشاق ھەيدىلىدۇ، تەكشىلىنىدۇ. كەڭلىكى بىر مېتىر ئەتراپىدا، چوڭقۇرلۇقى 70 — 80 سانتىمېتىر قېرىم ئېلىنىپ، ئۈستىدىكى تۇپراق بىر تەرەپكە، ئاستىنقىسى ئىككىنچى تەرەپكە دۆۋىلىنىدۇ.

**قېرىماق** پ ① يېشى ئۆتۈپ قېرىلىق دەۋرىگە كەلمەك، قېرىلىق يەتمەك: ئەر قېرىسا قىز ئالار، قىز قېرىسا كىم ئالار (ماقال). * ئادەم قېرىسىمۇ كۆڭلى قېرىماس (ماقال). * ئۈي قېرىسىمۇ مۇڭگۈزى قېرىماس (ماقال). * ئايلار ئۆتۈپتۇ، يىللار ئۆتۈپتۇ، بوۋاي قېرىپتۇ، ئىشلەپ ھېرىپتۇ. ② كېرەكتىن چىقماق، كاردىن چىقماق، ئىشلىمەس بولۇپ قالماق: چىشى قېرىماق. ئەقلى قېرىماق. ③ (بولۇشسىز شەكلى بىلەن كېلىپ) ۋاقتى ئۆتمەسلىك، كېچىككەن ھېسابلانماسلىق، كېچىكمەسلىك: دەۋا قېرىمايدۇ.

**قېرىمدىماق** پ. قېرىم ئويماق: — بۇ يەردە تەكنى قېرىمداپ ئاچمىز دەپ چاچ يىلتىزلىرىنى كېسىپ، ئالدىنقى يىلى بېرىلگەن ئوغۇتلارنى قىرىپ ئېلىۋېتىدىغان كونا ئادەت بار ئىكەن، — دېدىم مەن.

**قېرىن** (**قارىن**) ئى <ئانات> بىرقىسىم ھايۋانلارنىڭ ھەزىم قىلىش ئورگىنى؛ قورساق: قېرىن كاۋىپى.

**قېرىن كاۋىپى** كالا، قوي قاتارلىقلارنىڭ قېرىنىدىن قىلىنغان كاۋاپ.

**قېرىنچە** ئى <ئانات> ئەزالارنىڭ ئىچكى قىسمىدا بولىدىغان كىچىك بوشلۇق، كاۋاكچە: يۈرەك قېرىنچىسى. مېڭە قېرىنچىسى.

**قېرىنداش** I ئى ① بىر ئاتا-ئانىدىن بولغان پەرزەنتلەر — ئاكا-ئۇكا، ئاچا-سىڭىللار، بىر تۇغقان (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): سالاغا كەتكەن قېرىندىشىم (ماقال). * بۇ دۇنيادا ئۈچ نەرسە بار،

ئىزدىسە تېپىلماس. بىرى ئاتا، بىرى ئانا، بىرى قېرىنداش. * ھېزىم، ھېكىم ئىككىسى ئاكا-ئۇكا، قېرىنداش. ئالدىنقىسى توققۇزدا، كېيىنكىسى يەتتە ياش. ② بىر ئەۋلاد (ئەجداد) قا مەنسۇپ بولغان كىشىلەر (بىرى باشقىسىغا نىسبەتەن). ③ ئۆزى بىلەن مەلۇم قانداشلىق ياكى يېقىن ئىجتىمائىي مۇناسىۋىتى بولغان بىرەر خەلق، مىللەت قاتارلىقلار (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): بىزنىڭ شەرقىمىزدە قېرىنداش قوچۇ خاندانلىقى بار. ئۇلارنىڭ نېرىسىدا، بىزنىڭ شەرقىمىزدە تۈبۈتلەر، سېرىق ئۇيغۇرلار، تاڭغۇتلار بار. * تۆمۈر خەلپە سەيپۇل دىبھقاندىن شەخسەن مۆيدىن خەلپىنىڭ ئەھۋالى ۋە قېرىنداش تۇرپان قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ قورال-ياراغلىرى توغرىسىدا بەزى گەپلەرنى سورىدى.

**قېرىنداش تىللار** <تىل> ئەينى بىر تىلنىڭ بۆلۈنۈشىدىن كېلىپ چىققان بىرقانچە مۇستەقىل تىللار.

**قېرىنداش** II ئى [د] سىياھى سۇرمە تاش (گرافىت) ياكى بەزىبىر رەڭلىك ماتېرىياللارنى بىرىكتۈرۈپ قاتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان، ئۇچلاپ ئىشلىتىلىدىغان قەلەملەرنىڭ ئومۇمىي نامى: كۆك قېرىنداش. قارا قېرىنداش. قېرىنداش بىلەن يازماق. قېرىنداش سېتىۋالماق. قېرىنداش ئۇچلىماق.

**قېرىنداشلارچە** سۈپ. قېرىنداشلارغا خاس، قېرىنداشلار ئارا بولىدىغان، خۇددى قېرىنداشلاردەك: قېرىنداشلارچە دوستلۇق. قېرىنداشلارچە مېھرىبانلىق. * ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشى مىللىي دوستلۇق ۋە قېرىنداشلارچە ھەمكارلىقنىڭ ئالغا سۈرۈلۈشىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. * بۇ بىزنىڭ قېرىنداشلارچە ياردىمىمىز بولىدۇ. * بىز خۇشاللىقىمىزدىن بار كۈچىمىز بىلەن يۇقىرىغا قاراپ يامىشىپ تاغ ئۈستىدە ئەخمەتجان بىلەن قېرىنداشلارچە تىنچ-ئامانلىق سوراشتۇق.

**قېرىنداشلىق** «قېرىنداش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قېرىنداشلىق مۇناسىۋەت. * شاھزادە ئەسەد بۇ شېئىرنى ئوقۇپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ئاكىسى ئەنجەدنى قېرىنداشلىق مېھرى بىلەن مەھكەم قۇچاقلاپتۇ. * — ھەمشىرە، بىر گەپنى سەمىڭىزگە سېلىپ، قېرىنداشلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلاي، — دېدى مامۇت دوكا شاراپەتنىڭ ئالدىغا بىر تەخسە مانتا قويۇپ. * سۇتۇق بۇغراخاننى ئالاھىدە خۇش قىلىدىغان يەنە بىر ئىش، قوچۇ ئۇيغۇر خاندانلىقى بىلەن ماچىن خاندانلىقى قاراخانىيلار خاندانلىقىنى قوللىدى، ئۆزئارا قېرىنداشلىق، ئىتتىپاقلىق، سەمىمىي دوستلۇق ئورنىتىلدى.

**قېرىنسىمان** سۈپ. قېرىنغا ئوخشايدىغان، قېرىن شەكىلدىكى: قېرىنسىمان موگۇ.

**قېرىنسىمان موگۇ** <بوت> خالتىلىق سپورىلىق زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. سېپى سۇس سېرىق، قالپىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى سوقىچاق، يۈزىدە نۇرغۇنلىغان ئويۇقلار بولۇپ پۈتۈن كۆرۈنۈشى قېرىننىڭ ئويۇقلىرىغا ئوخشايدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، تىيانشان، ئالتاي تاغلىرىدىن كۆپ چىقىدۇ.

**قېرىنقۇلاق** ئى [قېرىن+قۇلاق] <بوت> موگۇنىڭ بىر خىلى. چىرىگەن دەرەخ غوللىرىدا ئۆسىدۇ. شەكلى قۇلاققا ئوخشايدۇ. رەڭگى قارا قوڭۇر، يېلىمسىمان بولىدۇ. سىرتقى يۈزىدە قويۇق ئۆسكەن يۇمران ھالەتتىكى قىسقا تۈكلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قېرى-ياش** قېرى ۋە ياش، قېرىلار ۋە ياشلار: بۇ ناخشىنى قېرى-ياش، ئەر-ئايالنىڭ

ھەممىسى بىلەتتى، ھەتتا ئۇششاق بالىلارمۇ «ئاچىل-ئاچىل، گۈل ئاچىل»، دەپ چۇرۇقلىشاتتى. * چاچتى ئىللىق نۇر-قۇياش، كۆلدى يايلاق، تاغۇتاش. ئوقۇتقۇچى سايلاشقا، جەم بولۇشتى قېرى-ياش.

**قېزا** ئى. ئاتنىڭ ئۈچىيىگە ئاتنىڭ قوۋۇرغىسىنى تىقىپ تەييارلانغان يېمەكلىك: قېزا يېمەك. قېزا بېسىلغان پولۇ.

**قېزا پولۇ** ئۈستىگە قېزا بېسىپ ئېتىلگەن پولۇ.

**قېزىشماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قۇدۇق قېزىشتى. * قېزىشتى ساختىلىق خەندەكلىرىنى، خائىنلار، ساتقىنلار قۇتراپ بىرمەھەل. ۋە لېكىن ھەقىقەت ئېگىلەر سۇنماس، تارىخ ئۆز يولىغا قىلدۇ ئەمەل.

**قېزىلما** ① سۈپ. يەر پوستىدىن قېزىپ ئېلىنىدىغان ياكى ئېلىنغان: قېزىلما بايلىق. قېزىلما يادىكارلىق. ② ئى <گېئول> مىس، تۆمۈر، چىرىمتال، تەبىئىي گاز، نېفىت، كۆمۈر قاتارلىقلارغا ئوخشاش يەر پوستىدىن قېزىپ ئېلىنغان قىممەتلىك ئىگە ماددىلار.

**قېزىلما بايلىق** <گېئول> يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان ۋە قېزىپ ئېلىنىدىغان ھەر خىل مىنېراللار.

**قېزىلما يادىكارلىق** <ئارخېئول> يەر ئاستىدا كۆمۈلۈپ قالغان ۋە قېزىپ تېپىلىدىغان قەدىمىي يادىكارلىقلار ياكى ئۇلارنىڭ قالدۇقلىرى.

**قېزىلماق** «قازماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خەندەك قېزىلماق. * ئۇزۇنىسىغا بىر يول قىلىپ سېلىنغان كارىدورنىڭ ئىككى قاسنىقىدا كىچىك بۆلۈمچىلەر بولۇپ، ھەربىر ئۆيدە بىردىن كۆلچەك قېزىلغانىدى. * تاغقا يېقىن پۈتتى قۇدۇقمۇ، قېزىلىپ ئۇ چوڭقۇر، چىرايلىق. زەپەر بىلەن قايتتى جەڭچىلەر، يۈرىكىگە تولۇپ خۇشاللىق.

**قېزىلىق** ① سۈپ. قېزا سېلىنغان، قېزا سېلىپ پىشۇرۇلغان: قېزىلىق پولۇ. ② ئى. يىلقىنىڭ قوۋۇرغىسى بىلەن قوۋۇرغا يېغى جايلاشقان يېرى.

**قېزىۋەتمەك** پ. ھېچبىر يېرىنى چالا قويماي ئىزدىمەك، پۈتۈنلەي ئىزدەپ چىقماق؛ ئىزدەپ ئۇچتەي-تۇگتەي قىلىپ تاشلىماق: — ياقۇپ، سۇلايمان، نەگە كەتتىڭلار ئاغىنىلەر؟ سىلەرنى ئىزدەپ باغچىنىڭ ئىچىنى قېزىۋەتتىم، — دېدى ئىدرىس ئۇلارغا رەنجىگەندەك قىلىپ. * ئىشكاپنىڭ ئاچقۇچى يوقاپ كەتتى، ئاخىرى ئۆيدىمىكىن دەپ ئۆينىڭ ئىچىنى قېزىۋەتتىم، لېكىن ھېچ يەردىن تېپىلمىدى.

**قېقشتۇرماق** پ. قېقىش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتنى، ئىشنى قىلماق، ئورۇندىماق؛ قاقماق: ئەخمەت يەردىن قوپۇپ، كىيىمىدىكى توپىنى قېقىشتۇردى. * ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستىدە يۈك-تاق چۈشۈرۈۋاتقان بالىغا ئېيتىپ بىر خۇرجۇننى سۇنۇپ ئالدى-دە، بىر چەتكە بېرىپ ئۇنىڭ توپا-چاڭلىرىنى قېقىشتۇردى.

**قېقىشماق** «قاقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — ماڭالماسىزمۇ؟ — دېدى نىزامىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھەممىسى ئۈستىدىكى قارلارنى قېقىشتى. * — نېمە دەيدىغانسەن! — ئاباق غەلىتە ھىجايدى، — سېنى ئۆيۈمدە كۆرۈپ، خۇشاللىقىمدا ئىككى رومكىدىن قېقىشۋالايلى دېسەم.

**قېقىلىق** سۈپ. قېقىپ قويۇلغان، قېقىلغان: دېرىزىنىڭ قاق ئۈستىدە چوڭ بىر مىخ قېقىلىق ئىدى.

**قېقىلماق** ① «قاقماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆتۈككە نال قېقىلماق. * شۇ ئارىدا ئىشىك ئۇشتۇمتۇت قېقىلدى، سەلىمە ھودۇقۇش ئىچىدە چاپىنىنى كىيىپ، دەككە-دۈككە-

دە ئىشلەك تۈۋىگە كەلدى. ② بىرەر نەرسە يېگەندە ياكى ئىچكەندە، ئۆپكىگە كېتىپ قېلىپ قاتتىق يۆتەلمەك: كېرەم سۇ ئىچىۋېتىپ، تۇيۇقسىز قاتتىق قىقىلىپ كەتتى.

**قىقىلىپ-سوقۇلۇپ** ① قىقىلىپ ھەم سوقۇلۇپ، ئۇ تەرەپكە-بۇ تەرەپكە ئۇرۇلۇپ: ئۇنىڭ يۇقىرىقى سۆزىدىن دەھشەتلىك بوراندا قىقىلىپ-سوقۇلۇپ، ئالتۇندەك بەرگە تۆكۈلۈۋاتقان ئاشۇ ئۈنچە باغلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ② كۆچمە. نۇرغۇن سورۇقچىلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ھەر خىل جاپا-مۇشەققەتكە يولۇقۇپ: مەن ئەسكەرلەر ئارىسىدا قىقىلىپ-سوقۇلۇپ بىر يىلنى ئۆتكۈزدۈم. * نۇرەك باخشى قىقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرۈپ، ئاخىر تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قامداشنىڭ خېلى ئەپلىك بىر چارىسىنى تېپىۋالدى.

**قىقىندى-سوقۇندى** نۇرغۇن سورۇقچىلىقنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن، نۇرغۇن جاپا-مۇشەققەتكە ئۇچرىغان.

**قىقىندى-سوقۇندى بولماق** قىقىلىپ-سوقۇلۇپ يۈرمەك، خىلمۇخىل سورۇقچىلىقلارنى تارتماق: — مەن ياخشىلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاب قايتۇرىمەن، ئەمدى سەن قالغان ئۆمرۈڭدە كوچىلاردا قىقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرمەي، مېنىڭ دۆلىتىمدە خالىغىنىڭچە ئەركىن ياشا! — دېدى ئۇ ماڭا. * مەن بىر تەلەيسىز بەندە ئىكەنمەن، بۇرۇن قىقىندى-سوقۇندى بولۇپ يۈرگەنىدىم.

**قېلىپ** ئى ① تىنكىلىدىغان بۇيۇملارنىڭ ئىچىگە قويۇپ ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىنى، شەكلىنى بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب: ئۆتۈك قېلىپى. دوپپا قېلىپى. * باش تۇماقنىڭ قېلىپى (ماقال). ② قۇيما دېتال ۋە مەھسۇلاتلارغا شەكىل بېرىدىغان ئەسۋاب - ياكى قۇرۇلما: خىش قېلىپى. قازان قېلىپى. سوپۇن قېلىپى. ③ كۆچمە. ئەندىزە، فورما، شەكىل: بىر قېلىپتا سۆزلىمەك. * ھارۋا بىر خىل قېلىپتا مىدىرلاپ، يوللارنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، يارغانسېرى مەنزىلگە يېقىنلاپ بارماقتا. * بىزنىڭ ئىسمائىل سوپۇمنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەرمەي بىر قېلىپتا كېلىۋاتاتتى. ④ كۆچمە. بەلگىلەنگەن چەك، ئۆلچەم؛ مېڭىشقا تېگىشلىك يول: قېلىپتىن چىقماق. * سادىق «بۇ يىل قېلىپنى بۇزماقچىمەن. جانلىقراق، بىرەر ئەمەلىي مەسىلىنى ھەل قىلىدىغان يېڭى قېلىپ ئاچساق» دېگەن پىكرىنى بەردى. * كۆرۈنۈشتە بىر مەدەنىي، قارىسا يارىسا ئېلىپ يوق، ئاتا-ئانا سۆزىنى ئالماس، ئوڭلايدىغان قېلىپ يوق.

**قېلىپ پولىتى** مېتال قېلىپلارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدىغان پولاتلارنىڭ ئورتاق نامى.

**قېلىپتا يوق** قائىدە-يوسۇننى بىلمەيدىغان: — تازا قېلىپتا يوق بىرنېمىكەنا! بىزنى باشلاپ كىرمەكتە يوق، ئۇدۇل كېتىۋاتقىنىنى قارا! — دېدى پەرھات ئاچچىقلىنىپ.

**قېلىپتىن چىقماق** يولدىن چىقماق، بۇزۇلماق، يامان يولغا ماڭماق.

**قېلىپقا تارتماق** قېلىپنىڭ سىرتىغا كىيدۈرمەك، قېلىپقا سالماق: ئۆتۈكنى قېلىپقا تارتماق. مەسىنى قېلىپقا تارتماق.

**قېلىپقا چۈشمەك** ئەسلىدىكى نورمال ھالىتىگە كەلمەك؛ ئىزىغا چۈشمەك: ئۇ، بۇ ئىشتىن ھەم خۇشاللىنىپ، ھەم ئەندىشە قىلىپ، نەچچە كېچىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزدى. كۆڭلىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن يۈرىكى توختاپ، كۈندىلىك تۇرمۇشمۇ ئۆز قېلىپىغا چۈشتى. * «ھەقىقەت ئېگىلىدۇ، سۇنمايدۇ». مانا ئەمدى ھەممە ئىش رەتلىنىپ، قېلىپقا چۈشتى، مىللىي شىپاخانىمۇ روناق تېپىپ كەتتى.

**قېلىپقا سالماق** ① قېلىپقا تارتماق: بۆكنى قېلىپقا سالماق. ئۆتۈكنى قېلىپقا سالماق. ②

كۆچمە. بەلگىلىگەن مەلۇم بىر چەككە،
تەرتىپكە، يولغا سالماق؛ ئۆگەشماق.

**قىلىپ قۇمى** قۇم قىلىپ ياساشتا ئىشلە-
تىلىدىغان ئاساسلىق ماتېرىيال. ئادەتتە
سىلىتسىي ئوكسىد بىلەن سېغىز توپىنىڭ
ئارىلاشمىسى كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**قىلىپباز** سۈپ. نوقۇل ھالدا بىر خىل رامكا،
بىر خىل شەكىلدە ئىش ئېلىپ بارىدى-
غان، ئىجادىي ئىش قىلالمايدىغان،
قاتمال: قىلىپباز ماركسىزمچىلار پەقەت
ماركسىزم ۋە جۇڭگو ئىنقىلابى بىلەن ئوينىشىدۇ،
جۇڭگو ئىنقىلابىي قوشۇنىدا ئۇلارغا ئورۇن يوق.

**قىلىپبازلىق** ئى. بىر خىل قىلىپ، شەكىل
بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش، ئىجادىي
ئىش قىلالماسلىق: بىر قىسىم شائىر--
ھەۋەسكارلىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىدە شوئارۋاز-
لىق، قىلىپبازلىق ۋە دورامچىلىق ئىللەتلىرى
تېخى تۈگىگىنى يوق. * پوۋېستنىڭ يەنە
بىر كەمچىلىكى – قىلىپبازلىققا يول قويغانلىقىدۇر.

**قىلىپچى** ئى. قىلىپ ياسىغۇچى كىشى:
تەرلەپ-پىشىپ قىلىپچىلارغا يېتەكچىلىك قىلغاچ
ئۆزىمۇ قىلىپ ياساۋاتقان سېخ مۇدىرى
سۇلتان يېنىغا كەلگەن تۇرسۇننى كۆرمەي
قالدى.

**قىلىپسىز** سۈپ ① قىلىپى يوق، قىلىپتا
قۇيمىغان ياكى قۇيۇلمىغان: پىلانسىز ئىش
– قىلىپسىز خىش (ماقال). ② ئۆلچەملىك
ئەمەس، ئۆلچەملەشتۈرۈلمىگەن؛
ئۆلچەمگە چۈشمەيدىغان، ئۆلچەم
بويىچە ئىشلەنمىگەن: قىلىپسىز پولات.

**قىلىپلاپ** «قىلىپلىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدى-
شى: قىلىپلاپ چىقىرىش.

**قىلىپلاپ چىقىرىش** <ماشىن> سۇلياۋ،
رېزىنكە قاتارلىق ئېلاستىك ماتېرىياللارنى
پىششىقلاپ ئىشلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.
ئادەتتە قىلىپنى قىزدۇرۇپ، پاراشوك
ياكى دانىچە ھالەتتىكى ماتېرىياللارنى
قىلىپ ئىچىگە كىرگۈزۈپ، ھەر خىل
مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقىرىش كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**قىلىپلاشتۇرماق** «قىلىپلاشماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاتالغۇلارنى قىلىپ-
لاشتۇرماق. ئىزاھنى قىلىپلاشتۇرماق.

**قىلىپلاشتۇرۇش** ① «قىلىپلاشتۇرماق»
پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.
② <تىل> تىل ۋە يېزىقنى مۇئەييەن
ئۆلچەمگە چۈشۈرۈش جەريانى كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**قىلىپلاشتۇرۇلماق** «قىلىپلاشتۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ ئاتالغۇلار-
نىڭ ھەممىسى ئاتالغۇلار ئىشخانىسى تەرىپىدىن
قىلىپلاشتۇرۇلغان.

**قىلىپلاشقان** «قىلىپلاشماق» پېئىلىنىڭ
سۈپەتدىشى: قىلىپلاشقان ھەرىكەت.

**قىلىپلاشقان ھەرىكەت** <تىيا> ئۇس-
سۇل، ئوپېرا ۋە ئۇسسۇللۇق تىياتىر
قاتارلىق سەنئەت ئىجادىيىتىنىڭ مۇھىم
ۋاسىتىلىرىدىن بىرى، يەنى تۇرمۇشتىن
ئېلىپ، بەدىئىي مۇبالىغە قىلىش
ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان قىلىپلاشقان
ھەرىكەت. ئۇ ئىدىيىۋى ھېسسىياتنى
جانلىق ۋە روشەن ئىپادىلەپ، ئوبراز
يارىتىش بىلەن بىرگە يەنە ئالاھىدە
بىر خىل سەنئەت ئۇسلۇبىنى يارىتالايدۇ.

**قىلىپلاشماق** پ. ئورتاق قائىدە، پرىنسىپ
ئاستىدا بىرلىككە كەلمەك؛ ئۆلچەملەش-
مەك: ئۇيغۇر تىلى خېلى دەرىجىدە قىلىپلاشتى.
* ئاپتور بۇ ھېكايىسىدە ئەينى ۋاقىتتىكى
پروزىمىزدا قىلىپلىشىپ قالغان ئومۇمىي ئىپادى-
لەش ئۇسۇللىرى دائىرىسىدىن ھالقىپ، ئۆزىگە
خاس يېڭى يول تۇتقان.

**قىلىپلىق** سۈپ ① قىلىپى بار، قىلىپقا ئىگە.

② قېلىپقا پاتىدىغان، قېلىپ كېلىدىغان: ئۇ بىر مېڭىشىدا ئىككى قېلىپلىق لايىنى كۆتۈرۈپ ماڭاتتى.

**قېلىپلىما** سۈپ ← **قېلىپلىما ئورۇنلاش.**

**قېلىپلىما ئورۇنلاش** <تىيا> رولنى ياسالمىلىق بىلەن ئورۇنلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قېلىپلىماق** پ. قېلىپقا سالماق، قېلىپقا تارتماق: ئۆتۈكنى قېلىپلىماق. شەپكىنى قېلىپلىماق.

**قېلىشقۇچىلىك** ئى ← **قېلىشقۇچىلىكى يوق.**

**قېلىشقۇچىلىكى يوق** سۈپەت ۋە باشقا جەھەتلەردە سېلىشتۇرۇلغان نەرسىدىن قېلىشمايدىغان، ئارقىدا تۇرمايدىغان، ناچار ئەمەس: ئۇ قىزنىڭ ھېچكىمدىن قېلىشقۇچىلىكى يوق. * سىزنىڭ بۇ سۈرىتىڭىزنىڭ ھەرقانداق بەدىئىي سۈرەتتىن قېلىشقۇچىلىكى يوق.

**قېلىشماق** ① «قالماق II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار مەكتەپتە قېلىشتى. * مەن ئۆيگە كىرىپ كەتتىم، ئۇ ئىككىسى ئىشىك ئالدىدا قېلىشتى. * ئاسمانغا قارىشىپ تۇرغان خەلق بۇ ئاجايىپ ھادىسىگە ھەيران قېلىشىپتۇ. ② كۆچمە (پېئىلنىڭ بولۇشسىز شەكلىدە كېلىپ) «ناچار، كەم ئەمەس، تەڭ تۇرىدۇ، باراۋەر» دېگەن مەنىلەرنى ئاڭلىتىدۇ: ئۇنىڭ ئۆگىنىشى مەندىن قېلىشمايدۇ. * راستىنى ئېيتقاندا، كامىلنىڭ قايغۇسىمۇ مومايىنىڭكىدىن قېلىشمايتتى. * قېتىرقىنىپ ئىشلەيدۇ، ۋەزىپىنى ئۆتەشتە، قېلىشمايدۇ ياشلاردىن، ئېتىزلىقتا ئىشلەشتە.

**قېلىن** سۈپ ① نېپىزنىڭ ئەكسى: قېلىن قار، قېلىن تام. قېلىن تاختا. قېلىن كىتاب. قېلىن قەغەز. قېلىن رەخت. شاپىقى قېلىن قوغۇن. * تەلۋىنىڭ تېرىسى قېلىن (ماقال). * ھاۋا خۇش پۇراققا تويۇندى. كىشىلەر رەڭگى بىر خىل كۆرۈنىدىغان قېلىن كىيىملىرىنى رەڭگارەڭ نېپىز كىيىملەرگە ئالماشتۇردى. ② كۆچمە. قاتمۇقات؛ نۇرغۇن، كۆپ: شۇ كېچىسى گۇلقىز راجى بالا بىلەن قېلىن تاغلارنىڭ ئىچىگە قاراپ قاچقاندا، دۈشمەنلەر تۇيۇپ قالدى. * بۇلارنىڭ بۇ يەرگە كېلىشى بىلەن قورغان سېپىلىدىكى دۈشمەنلەر ئۆزلىرىنى قېلىن مۇھاسىرىدە قېلىۋاتقاندەك ھېس قىلدى. * شا مەخسۇتنىڭ چۈشىدە ھېلىقى كىشى ئوردا قوۋۇقىنىڭ ئالدىغا يىغىلغان قېلىن خەلق توپى ئىچىدە ئۇنى بىر كۆتەككە بېسىپ تۇرۇپ، پالتىسىنى ئېگىز كۆتۈرگۈدەك. ③ كۆچمە. گەپ تەسىر قىلمايدىغان، ئىزا تارتمايدىغان، بىزەڭ، داپشاق، داپ يۈز: قېلىن ئادەم. * — سەن تازىمۇ قېلىن بىرنېمىكەنسەن، — دېدىم مەن ئۇنى سەتلەپ. * «توشقاننى قومۇش ئۆلتۈرەر، ئادەمنى نومۇس» دېگەندەك، خوجاھاپىز بەگ ھەرقانچە نومۇسسىز، قېلىن ئادەم بولسىمۇ، بۇ قېتىمقى رەسۋاچىلىقى تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. ④ بىر-بىرىگە ناھايىتى يېقىن جايلاشقان، زىچ، قويۇق: قېلىن توغراقلىق. قېلىن دەرەخ. قېلىن ئورمان. * باتۇر 100 كىشىدىن ئارتۇق ئاتلىق قوشۇننى باشلاپ، تۆت تەرىپى تاغ، قېلىن قارىغايلىققا يېتىپ كەلدى. * ئۇلار ئاستا مېڭىشتى. يول بويىغا ئالما كۆچىتى تىكىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قېلىن شاخ-يوپۇرماقلىرى ئارىسىدىن سۈت رەڭ چېچەكلىرى مارىشىپ تۇراتتى. // ئۇلار شۇنداق قىلىپ دەرەخ، قومۇش قېلىن ئۆسكەن يەرگە مۆكۈۋېلىشتى. ⑤ كۆچمە. يېقىن مۇناسىۋەتتە بولىدىغان، جانجان، قەدىردان: مۇناسىۋىتى قېلىن. * ھازىر بىز قېلىن دوست بولۇپ كەتتۇق. * سېيىت ئابباس بۇنىڭدىن مۇقەددەم ئاقسۇدا ئۇزاق

مۇددەت تۇرغاچ، ئاقسۇ ياشلىرى بىلەن يېقىن تونۇش بولۇپ كەتكەنىدى ۋە تېخى خېلى كۆپلىرى بىلەن قېلىن دوستلۇق مۇناسىۋىتى ئورناتقانىدى.

**قېلىن ئەلگەك** قېلىن ھەم زىچ توقۇلغان ئەلگەك.

**قېلىن بۇلۇڭلۇق توقۇلما** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى مېخانىكىلىق توقۇلمىنىڭ بىر تۈرى. ھۈجەيرىلىرى ئۇزۇن بولىدۇ ۋە بويىغا تىزىلىدۇ. كۆپىنچە ھاللاردا ھۈجەيرىنىڭ بۇلۇڭ قىسمى قېلىنلىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ سامان غول ۋە يوپۇرماق سېپىدا كۆپ ئۇچرايدۇ.

**قېلىن پوستلۇق توقۇلما** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى مېخانىكىلىق توقۇلمىنىڭ بىر تۈرى. ھۈجەيرىلىرىنىڭ پوستى كۆرۈنەر-لىك قېلىنلىشىدۇ. ھۈجەيرە پوستى قېلىنلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ئىچىدىكى ھاياتلىق قىسمى ئۆلۈپ كېتىدۇ. شۇڭا ئۇ ھۈجەيرە پوستى ئالاھىدە قېلىن، ئۆلۈك ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭ مېخانىكىلىق تىرەپ تۇرۇش كۈچى يۇقىرى بولىدۇ. مەسىلەن، ئۆرۈك ئۇچىكىسىنىڭ شاكىلى قېلىن پوستلۇق توقۇلمىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**قېلىن پوستلۇق سپورا** <بوت> يۇسۇن-لەر ۋە زەمبۇرۇغلاردا بولىدىغان پوستى قېلىن، ھەرىكەت قىلمايدىغان سپورا. قېلىن پوستلۇق سپورا بىرمەزگىل ئۇخلى-غاندىن كېيىن يېغىلىپ ئۆسۈملۈك تېنىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**قېلىن سۇغىرىش** تولدۇرۇپ سۇغىرىشنىڭ بىر خىلى، بۇنىڭدا سۇ ئېتىزغا قېلىن قويۇلىدۇ، سۇ ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ تەسىرى بىلەن تۇپىغا سىڭىدۇ. بۇ ئۇسۇل كۆپىنچە يەرنىڭ شورىنى يۇيۇشتا قوللىنىلىدۇ.

**قېلىن شۆپۈكلۈك ئاپېلسىن** <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. گۈلى كىچىك، ئاق رەڭلىك، مېۋىسى سەل يېسىماق شار شەكلىدە، مېۋە گۆشى سۇلۇق، تەمى تاتلىق، مېۋە شۆپۈكى يىرىك، پىشقاندا سېرىق رەڭگە كىرىدۇ. شۆپۈكى، قوۋزىقى، يوپۇرمىقى، گۈلى ۋە ئۇرۇقى دورا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قېلىنلاتماق** «قېلىنلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېلىنلاشتۇرماق** «قېلىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قېلىنلاشماق** ① قېلىن، يوغان ھالەتكە كەلمەك؛ بارغانسېرى قېلىن بولۇپ بارماق، قېلىن بولماق: ساۋۇتۇپ كۈلۈپ قويدى ۋە بېشىنى ئاستا ئىرغىتىپ: — بىلىم خۇددى كىيىمگە قونغان چاڭدەك كۆرۈنمەي قونىدۇ، ئاستا-ئاستا قېلىنلىشىدۇ. * كۈنلەر ئۆتتۇپ، مېنىڭ پەلسەپە ئۈچۈن تۇتقان خاتىرەم قېلىنلاشتى. ② كۆچمە. ئىزا تارتماي-دىغان، خىجىل بولمايدىغان، قېلىن بولۇپ قالماق: قىز بالا دېگەن توي قىلغاندىن كېيىنلا قېلىنلىشىپ قالىدۇ.

**قېلىنلىق** «قېلىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يۇزۇمنىڭ قېلىنلىقى-جېنىمنىڭ راھىتى (ماقال). * قىشتىن بېرى ئىش ئۆكۈزلىرى ياتقان ئېغىلنىڭ قىغى يېرىم مېتر قېلىنلىقتا ئىدى. * — قېلىنلىقنى! — زىننەت نازلانغان ھالدا يانغا ئۆرۈلۈپ تەتۈر قارىۋال-دى، — خەق كۆرۈپ قالىدۇ، نېرىراق ئولتۇرۇڭ!

**قېلىنلىق قىلماق** نومۇس قىلىشقا، ئىزا تارتىشقا تېگىشلىك بولغان ئىش-ھەرىكەتلەر-

نى سادىر قىلماق ياكى گەپ ئۆتمەس، گەپ تەسىر قىلمايدىغان، قېلىن بولۇۋالماق: «قېلىن» دەيىتى ئۇ دەسلەپكى كۈنلەردە ئۆزىگە ئۆزى سوئال قويۇپ، «مەن قېلىنلىق قىلىپ نېمە ئىش قىلدىم زادى؟» * — ئىشىڭنى قىل دېگەندىن كېيىن ئىشىڭنى قىلساڭ بولمامدۇ، نېمە قېلىنلىق قىلىپ پاشىدەك گىڭىلداپ ئىچىمنى پۇشۇرىسەن، نېرى بار جۇگۇ! — دېدى ئۇ.

**قېلىنلىماق** پ. قېلىن بولۇپ بارماق، قېلىنلاشماق، قېلىن بولماق: قار بارغانسېرى قېلىنلاپ كەتتى.

**قېلىنماق** «قالماق II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ نىمجان قۇلۇن جىددىي خەۋپتىن قۇتقۇزۇپ قېلىندى. * ئۈچ يىلدىن بۇيان، شەمشاد كۆچىتىنىڭ قوغداپ قېلىنىش ئۈنۈمى 90% تىن كۆپرەككە يەتتى.

**قېنى** ① ئال. بىر كىمنىڭ، بىر نەرسىنىڭ نەدە، قەيەردىلىكى ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ: كىتاب قېنى. قەلەم قېنى. * ئۇنىڭ يوقالغان زاپچاسلىرى قېنى؟ * قارىسا بۆرە يوق. — قېنى بۆرە؟ — دەپ سوراپتۇ كىشىلەر. ② تىر. بۇيرۇق-تەلەپ مەيلىدىكى جۈملىلەرنىڭ بېشىدا كېلىپ، تەكلىپ قىلىش، سۆيلەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: قېنى سۆزلەپ بېقىڭ. * — قېنى مېھمانلار، ئاش سوۋۇپ قالدى، ئېغىز تېگەيلى، — دېدى قاسىمئاخۇن مېھمانلارغا. ③ تىر. سوئال جۈملىلەرنىڭ بېشىدا ياكى ئاخىرىدا كېلىپ، شۇ سوئالنىڭ ئەمەلىي جاۋابىنى بىلىش خاھىشىنى بىلدۈرىدۇ ياكى ئاڭلىغۇچىدىن جاۋاب تەلەپ قىلىش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ ئىشنى ئۇنىڭدىن سوراپ باقايلى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىدۇ قېنى. * — قېنى كۆرىمىز، كىمنىڭ ئاقىۋىتى پۇشايمانلىق بولىدىكىن! — دېگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى ئۇ غەزەپ بىلەن يەرنى تېپىپ.

**قېنىشماق** «قانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھېلىقى ناۋاتتەك بۇلاق سۈيىنى ئىچكەندىن كېيىنلا ئۇسسۇزلۇقىغا قېنىشتى. * ئاچا-سىڭىل قۇچاقلىشىپ قېنىشقاندىن كېيىن، بىر-بىرىنى قويۇپ بېرىپ، بىر چوڭ سافاغا بېرىپ ئولتۇردى.

**قېنىق** سۈپ. رەڭ جەھەتتىن تازا تويۇنغان، قويۇق، توق: قېنىق قىزىل. قېنىق يېشىل. قېنىق چاي. * ئايزۆھرە قېنىق زەڭگەر سارجىدىن كاستۇم-يوپكا كىيىۋالغان بولۇپ، ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيى ئۇنىڭ بويىنى خېلى ئۆستۈرۈپ قويغانىدەك كۆرۈنەتتى. // قاۋۇل ئاكا پىيالىلارغا ناۋات سېلىپ، قېنىق دەملەنگەن چايىنى قۇيغاندىن كېيىن مېھمانلارغا سۇندى.

**قېنىق سېرىق** سۈس ئەمەس، توق سېرىق (رەڭ ھەققىدە).

**قېنىق كۆك** سۈس ئەمەس، توق كۆك (رەڭ ھەققىدە).

**قېنىقارلىق** سۈپ. كىشىنى قانائەتلەندۈرىدىغان، قايىل قىلارلىق: قېنىقارلىق جاۋاب. قېنىقارلىق گەپ. قېنىقارلىق ئاساس.

**قېنىقماق** پ. قانماق.

**قېھ-قېھ** كۈلگەن چاغدا چىقىدىغان بىر خىل قىسقا ھەم تەكرار ئاۋاز: ئوردىبېشى قېھ-قېھ قىلىپ قىسقا-قىسقا ۋە ئىنجىقلاپ كۈلەتتى.

**قېيداشچىلىق** ئى ← **قېيداشلىق**: قېيداشچىلىقتا تاشلىنىپ قالغان پىلىخانا تولىمۇ ۋەيرانە بولۇپ، بورا-تەۋەك، جاھازلار ئۇ يەر-بۇ يەردە قالايمىقان يېتىشاتتى.

**قېيداشلىق** ئى. قېيداش ئىشى، قېيدىغانلىق: ئۇنىڭ «ئەبدىلئەبەد ئىزلىمەيمەن، كۆرسەم كۆرمەسكە سالىمەن» دېگەن سۆزلىرىنى قېيداشلىق ئىچىدە باتناپ دېگەن

دەپ چۈشەنگەنلىكتىن، ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئۈمىد باغلىغانىدى.

**قېيداشماق** «قېيدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئۆيىدە جېدەل-ماجىرا تىنچىمىغاچقا، ئەر-خوتۇن بىر-بىرىگە قېيدىشىپ بىر. ياستۇققا باش قويمىغان. * گۈلەندەم ھەر ئىككىلىسىگە پەرۋا قىلماي يۈرۈۋەردى، لېكىن ئوسمان بىلەن لېتىپ ئىچ-ئىچىدىن ئاداپ، بىر-بىرىگە قېيدىشىپ، بىر-بىرىدىن كۆڭلىشىپ يۈرۈشتى.

**قېيدىغاق** سۈپ. يوقىلاڭ، كىچىككىنە بىر ئىشلارغىلا قېيداپ قالىدىغان، ئاسان قېيدايدىغان: قېيدىغاق ئادەم. قېيدىغاق بالا.

**قېيدىماق** پ. بىرەر كىشىدىن نارازى بولۇپ تەتۈر قاراپ يۈرمەك؛ ئاغرىنماق، خاپا بولماق: ئېرىنىڭ تەرسالىقىغا قېيدىغان سارىخان قايتا ئېغىز ئاچمىدى ھەم يەر ئۈستىگىمۇ چىقمىدى. * — سىز مېنى كەچۈرۈڭ، — دېدى چولپان، — سىزنىڭ كۆڭۈلسىزلىكلىرىڭىزنى ئاز دېگەندەك شۇنچە ۋاقىت قېيداپ يۈردۈم. * ئىشىكىڭدىن ئۆتتۈم مەن، گەپ قىلمىدىم قېيداپ. گەپ قىلىپ نېمە قىلاي، ئۆچكەن ئوتنى يېڭىلاپ.

**قېيىش** ئى. ئات، كالا قاتارلىقلارنىڭ تېرىسىدىن قىلىنغان بىر خىل تاسما: ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى قېيىش بولار، كۆن بولماس (ماقال). * ئۇنى يۇڭ ۋە قىلدىن ئىشلىگەن ئارغامچىغا چېتىپ، ئارغامچىنى قوزۇققا باغلاپ، قوزۇقنى يەرگە قاقىدۇ. بېشىغا تاشمىدىن ياكى قېيىشتىن قىلىنغان «نوختا» دېگەن بىرنەرسىسى بار، ئۇنى سالىدۇ.

**قېيىشتۇرماق** پ. كىرىشتۇرمەك، ھىملاشتۇرماق؛ ئۆتۈشتۈرمەك (قول ھەققىدە): مەن قولۇم ئارقامغا قېيىشتۇرۇپ باغلانغان ھالدا ئۇنىڭ ئالدىدا تۇراتتىم.

**قېيىشتۇرۇلماق** «قېيىشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قېيىشماق** پ ← **قېرىشماق**: ئەگەر تەقدىر مەن بىلەن قېيىشىپ، ئىككى-ئۈچ سائەتچە ئاپتوموبىل كەلمەي قالسا باكتىكى ئالدىنقى بېكەتكە يەتكۈچىلىك مۆلچەرلەنگەن ئاخىرقى مايىمۇ تۈگىتىپ قويۇشۇم مۇمكىنىدى. * قولى شۇنچە پاسكىنا بولۇپ كەتسىمۇ كىرىلىشىپ؛ تۇتۇپ مېنى قىينايدۇ جېنىم بىلەن قېيىشىپ.

**قېيغاچ** ئى. دىئال. قارىياغاچ.

**قېيىق** I ① ئى. قېيىپ تىكىلگەن تىكىچ. ② سۈپ. قېيىپ قالغان، قايغان: قېيىق ئىشىك. قېيىق دېرىزە.

**قېيىق** II ئى <قاتن> دېڭىزغا يېقىن سۇ يۈزى ياكى كۆل-دەريالاردا ئىشلىتىلىدىغان كىچىك كېمە. پالاق بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ. ئادەتتە ئۈچ-تۆت ئادەملا سىغىدۇ. ھەربىي ئىشلاردا ئىشلىتىلىدىغىنى كەڭرەك بولۇپ، ئۇنىڭغا ئون ئەتراپىدا ئادەم سىغىدۇ.

**قېيىقى قۇمغا پاتماق** ئىشى سۇغا چىلاشماق، ئىش بۇزۇلماق: ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئەتەي كېلىشى بىكار ئەمەس. ئىشىمىزنىڭ سىرىنى بىلىۋېلىش، ئۆزىمۇ بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىش، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا، قېيىقىمىز قۇمغا پاتتى دېگەن گەپ.

**قېيىقچى** ئى. قېيىق ھەيدەيدىغان ئادەم، قېيىق ھەيدىگۈچى: ئۇ يەردە ھېلىقى قېيىقچى مېنى كۈتۈپ تۇراتتى. * ئۇلارنى قېيىقچى دەريانىڭ ئىككىنچى بىر قىرغىقىغا ئۆتكۈزۈپ قويۇپتۇ.

**قېيىقچىلىق** ئى ① قېيىق ھەيدەش ئىشى، قېيىق ھەيدەش: قېيىقچىلىق قىلماق. ② قېيىق ياساش ئىشى، مەشغۇلاتى.

**قېيىن** I ئى <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى، يەنى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ ياكى چاتقال. قوۋزىقى ئاق، كۈل رەڭ، سېرىق ياكى قارا بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. ئاق قېيىن، قارا قېيىن قاتارلىقلارمۇ مۇشۇ ئۇرۇقداشقا كىرىدۇ.

**قېيىن دەرىخى** <بوت> ← **قېيىن** I .

**قېيىن** II ئى. خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ تۇغقىنى، ئۆز قېرىندىشى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) : // قېيىن ئاپا. قېيىن ئاتا. قېيىن ئاچا. قېيىن ئىنى.

**قېيىن ئاپا** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاپىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) : — قېيىن ئاپاڭنىڭ كېسىلى قورقۇتۇپ تۇرۇپتۇ، — دېدى ئۇ قاپىقىنى تۈرۈپ، — ئىككىڭلار يېنىدا بىرلىشىڭلار كېرەك، ماللارغا ھەببۇلا قاراپ تۇرىدۇ.

**قېيىن ئاتا** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاتىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) : بۇ قېرى كىشى مېنىڭ قېيىن ئاتام بولىدۇ.

**قېيىن ئاچا** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئاچىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) .

**قېيىن ئاغا** خوتۇنىنىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئاكىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) .

**قېيىن ئانا** ← **قېيىن ئاپا**: — جېنىم، تۇمۇچۇقۇم، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن بارلىقىمنى ساڭا بېغىشلىغانمەن-دە، — دېدى يىگىت يەنە، — بىراق ھۆرمەتلىك قېيىن ئانامنى ئېرىتكىلى بولارمۇ؟

**قېيىن سىڭىل** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ سىڭلىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) .

**قېيىن ئىگىچە** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئاچىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) .

**قېيىن ئىنى** خوتۇننىڭ ياكى ئېرىنىڭ ئۆز ئىنىسى (بىر-بىرىگە نىسبەتەن) : ئۆيدىن مەگزى قىپقىزىل بىر يىگىت يۈگۈرۈپ چىقىپ ئاتنى ئالدى، بۇ يىگىت ئەبلغازنىڭ قېيىن ئىنىسى چارۋىچى ئەبەن ئىدى.

**قېيىن-بويان** قۇدا-باجا، ئۇرۇق-تۇغقان: قېيىن-بويان بولماق.

**قېيىن-بويان بولماق** قۇدا-باجا، ئۇرۇق تۇغقانلىق مۇناسىۋەت ئورناتماق: — ئۇلار بىلەن قېيىن-بويان بولۇش پۈتۈن ئائىلىمىزنىڭ بەختى، شەرىپى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى ئاچام سوئال نەزىرى بىلەن.

**قېيىنزارلىق** ئى ← **قېيىنلىق**: دەل شۇ پەيتتە، ھېلىقى ئوۋچىلار تۇرۇشقان قارىغاينىڭ ئارقىسىدىكى شالاڭ قېيىنزارلىقتا بىر توپ ئاتلىق پەيدا بولدى.

**قېيىنلىق** ① سۈپ. قېيىن دەرىخى ئۆسكەن، قېيىن دەرىخى كۆپ: بۇ قېيىنلىق جاي ئىكەن. ② ئى. قېيىن دەرىخى ئۆسكەن، قېيىن دەرىخى كۆپ جاي: پېشايۋانلارنىڭ بىرى كۆپكۆك يوپۇرماقلىرى دائىم شىلدىرلاپ، جىمىرلاپ تۇرغان، ئالا موزايلار ئوتلاپ يۈرگەن قېيىنلىققا قارايتتى.

**قىبلە** ئى [ئە] ① <دىن> مۇسۇلمانلار ناماز ئۆتىگەن ياكى خۇداغا سېغىنغان چاغلاردا ئالدىنى قىلىپ تۇرىدىغان يۆنىلىش، تەرەپ؛ مەككە تەرەپ (مەككىنىڭ شەرقىدىكى مۇسۇلمانلارغا نىسبەتەن) : قىبلىگە قاراپ ناماز ئوقۇماق. * مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغان چاغدا يۈزىنى قىبلىگە قىلىدۇ. ② غەرب، كۈنپېتىش تەرەپ: سودىگەر قىبلىنى كۆرسىتىپ: — دەۋايىمنى تېزرەك سورىسىلا، ئاۋۇ يەردە ھارۋام قالغان، — دەپتۇ. * مەن ئۆلسەم، ئۆلۈكۈمنى تاغدا قويۇڭلار، تاغ يولى يىراق كەلسە باغدا قويۇڭلار، يۈزۈمنى قىبلە سايان ئېچىپ قويۇڭلار، بېشىمغا بىر دەستە گۈل سانجىپ قويۇڭلار.

**قىبلىگاھ** ئى [ئە+پ] ① <دىن> مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپ؛ قىبلە تەرەپ، قىبلە. ② كۆچمە. ئەڭ زور ھۆرمەتكە لايىق، مۇناسىپ بولغان كىشى (ئاتا، ئانا) ياكى ۋەتەن، پارتىيە قاتارلىقلارغا مۇراجىئەت قىلىش فورمىسى: قىبلىگاھىم جانىم ئانا، دۇئايىڭغا دۇتار بولدۇم، ۋىسال ئىزلەپ يات يەرلەردىن ئۆزگە ۋەتەن تۇتار بولدۇم. * قىبلىگاھىم پارتىيەم يولچىم مېنىڭ رولچىم مېنىڭ، توي بىلىپ ئات سالىمەن، ئۇ باشلىغان ھەر جەڭگە مەن. ③ كۆچمە. تاۋاپ قىلىدىغان، چوقۇنىدىغان جاي: قىبلىگاھ بولدۇڭ جاھانغا، كۆرسىتىپ ھەق يولىنى. ئالغۇسى ئالەم ئۆزىگە، سەن ئۆزۈڭدىن نۇر، ۋەتەن.

**قىبلىنامە** ئى [ئە+پ] ① كومپاس: – ملتىق دورىسىنىڭ پوجاڭزا ياساشتىن، قىبلىنامىنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن باشقا كېرىكىمۇ بارمۇ؟ پاختا قىزىل بولامدۇ ياكى ئاق بولامدۇ؟ – دەپ سوراپتۇ ھەزرىتىمدىن ئۇ. ② كۆچمە. يول كۆرسەتكۈچى، نىشانىنى بەلگىلەپ بەرگۈچى، يېتەكچى: نەزەرىيە- ھەرىكەت- نىڭ قىبلىنامىسى. * – ئۇ مەملىكەتنى، جۇملىدىن بىزنىڭمۇ تۇزەشنىڭ، ھەقىقىي باي، پاراۋان، ئىجادىي كۈچكە ئىگە، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلغان راست سوتسىيالىزم بىلەن شۇغۇللىنىشنىڭ قىبلىنامىسى، – دېدى كېرەم چوڭقۇر ھاياجان بىلەن.

**قىبلىنامە قىلماق** يېتەكچى، يول كۆرسەت- كۈچى قىلماق: ئۇلار نەزەرىيىنى قىبلىنامە قىلغان پارتىيىلەرلا ئۇلغار جەڭچىلىك رولىنى ئوينىيالايدۇ. * ستالىن: – ئەمەلىيەتمۇ ئۆزىگە ئىنقىلابىي نەزەرىيىنى قىبلىنامە قىلمىسا، قارىغۇ ئەمەلىيەت بولۇپ قالىدۇ.

**قىپچا** ئى <نورم> ئۈسۈملۈكلەرنى ئۇلاشتا، ئۇلاق تۈۋى ئۈستىگە ئۇلاش ئۈچۈن ئېلىنغان نوتا ياكى بىخ.

**قىپچاق** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان قەبىلە ۋە شۇ قەبىلىگە مەنسۇپ كىشى.

**قىپچاقلار** ئى <ئىرق> 11-15 ئەسىرلەر- دە، ئۇرال-تاغلىرى بىلەن ۋولگا دەريا- سى ئارىلىقىدا ھازىرقى قازاقىستاننىڭ مەركىزىي ۋە غەربىي قىسىملىرىدا ياشىغان كۆچمەن تۈركىي قەبىلە.

**قىپچانماق** پ. ئوڭايسىزلانماق، تارتىنماق، قورۇنماق: ئەنۋەر بۇ خۇش خۇي قىزنىڭ شېرىن تەكلىپىدىن مەڭدەپ تۇرۇپ قالدى. تارتۇقلىرىنى يوشۇرىدىغانغا يەر تاپالماي تولىمۇ قىپچاندى. * بۇۋى ھەجەرنىڭ ئىسگە بېرىدىنلا ئەنۋەرنىڭ سۆزمەن ئەمەسلىكى، ئاشۇ لەنتى تارتۇقلار تۈپەيلى كىشىلەردىن قېچىدىغان، ياۋاش چوڭ بولۇپ قالغانلىقى يەتتى.

**قىپقىزىل** سۈپ ① ناھايىتى قىزىل، بەك قىزىل، قېنىق قىزىل: قىپقىزىل ئالما. قىپقىزىل ئانار. * پەزىلەتنىڭ بۇرنىدىن بۇلدۇقلاپ چىققان قىپقىزىل قان زامانقۇلنىڭ يۈز-كۆزلىرىنى بويىۋەتتى. * تۇرسۇن ئۇنىڭ قىپقىزىل كۆزلىرىدىن قورقۇپ دېگىنىنى قىلدى. ② كۆچمە. ئوچۇقتىن- ئوچۇق، ئۆتۈپ كەتكەن، پۈتۈنلەي: قىپقىزىل كاززاپ. قىپقىزىل زىيان. * بۇ قىپقىزىل بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ؟ * – سەن قىپقىزىل ساراڭ بولۇپسەن، ئاغزىڭدىن نېمە چىقىۋاتقانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەيسەن! – دېدى ئالماس غەزەپلىنىپ، – ئېيتە، نېمەڭنى بۇلىدى، كىم بۇلىدى؟

**قىپقىزىللىق** «قىپقىزىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ چاغدا غەربكە پېتىۋاتقان كەچكى قۇياش نۇرى شۇ قاندىن رەڭ ئالغاندەك، ئاسماننىڭ غەربىي ئېتىكىنى

قىپقىزىللىققا پۈركىگەندى. * چوڭ دەريانىڭ يۈزىدە ئوت بىلەن بوران بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئۆچۈپ يۈرەتتى، ھەممە يەر-جاھاننى قىپقىزىللىق بېسىپ كەتتى.

**قىپيالڭاچ** سۈپ ① پۈتۈنلەي يالڭاچ، ھەممە يېرى ئوچۇق، ئانىدىن تۇغما: — دادا، دادا، مىلتىق ئەپكەلدىڭمۇ؟ — ئەپكەلدىم، بالام، — دېدى تۆمۈر خەلپە قىپيالڭاچ باستىنى قۇچىقىغا ئېلىپ. * ئۇلارنىڭ قىپيالڭاچ بەدەنلىرى ئاپتاپتا كۆيۈپ، خۇددى مىستەك پارقىراپ كۆزگە تاشلىناتتى. // كوچا-كوچىلاردا، يول بويلىرىدا، بۇتخانا ئالدىلىرىدا ئىگە-چاقىسىز يېتىم ئوغۇل-قىزلار قىپيالڭاچ يۈرۈشىدۇ. ② كۆچمە. ئوچۇقتىن-ئوچۇق، ناھايىتى ئاشكارا: — بۇ قىپيالڭاچ ئالدامچىلىق، — دېدى ئېلىقۇل، — مۇنداق ئالدامچىلىققا قانۇن چەك قويىدۇ. * ئۇ خەتنى ئالدىرىماي، دىققەت بىلەن ئىككى ياندۇرۇپ ئوقۇپ چىقىپ: — مۇمكىن ئەمەس، مۇتلەق مۇمكىن ئەمەس، بۇ تۆھمەت، قىپيالڭاچ تۆھمەت! — دېدى ئۆزۈپلا.

**قىتات** ئى. چاچنى بويايدىغان بىر خىل دورا، چاچ بوياش دورىسى.

**قىتاتلاتماق** « قىتاتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىتاتلانماق** « قىتاتلىماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىتاتلىماق** پ. قىتات بىلەن بويىماق، قىتات سۈرمەك: چاچنى قىتاتلىماق.

**قىتان** ئى <ئىرق> ← **قىتانلار.**

**قىتانلار** ئى <ئىرق> مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالىدا ياشىغان قەدىمكى قەبىلىلەردىن بىرى، كېيىن ئۇلارنىڭ بىر بۆلىكى ئۇيغۇرلارغا قېتىلىپ كەتكەن.

**قىتئە** ئى [ئە] ① <جۇغ> يەر شارىنىڭ دېڭىز ۋە ئوكيانلار بىلەن قورشالغان ئالاھىدە قىسىملىرىنىڭ ھەربىرى. يەرشارىدا ئاسىيا، ياۋروپا، ئافرىقا، شىمالىي ئامېرىكا، جەنۇبىي ئامېرىكا، ئوكيانىيە ۋە جەنۇبىي قۇتۇپتىن ئىبارەت يەتتە قىتئە بار. ② <ئەد> لىرىك شېئىرلارنىڭ كلاسسىك ئەدەبىياتتىكى بىر تۈرى. كۆپىنچە ئۇ ئىككى بېيىتتىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇنىڭدا جۈپ مىسرالار (ئىككىنچى، تۆتىنچى، ئالتىنچى مىسرالار) قاپىيىلىنىپ، تاق مىسرالار ئوچۇق قالىدۇ. ئۇ ھەجىم جەھەتتىن قىسقا، مەزمۇن جەھەتتىن چوڭقۇر بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

**قىتئەلەر ئارا باشقۇرۇلىدىغان بومبا** <ھەرب> كۆپ ئۇگىلىك راكېتا ئېلىپ چىققۇچى ئۈسكۈنە قىلىنىدىغان، ئۇچۇش (ئېتىش) مۇساپىسى 8000 كىلومېتىردىن ئاشىدىغان باشقۇرۇلىدىغان بومبا. بۇ خىلدىكى باشقۇرۇلىدىغان بومبا بىر چوڭ قىتئەدىن ئۇچۇپ، يەنە بىر چوڭ قىتئەدىكى نىشاننى ۋەيران قىلالايدۇ

**قىتئەلەرنىڭ ئۆزۈش قىياسى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىدا پۈتۈن يەر شارىدا پەقەت بىرلا چوڭ قۇرۇقلۇق بولۇپ، بۇ بىرلەشمە قەدىمىي چوڭ قۇرۇقلۇق بولغان، كېيىن باسقۇچلارغا بۆلۈنۈپ ھازىرقى مۇشۇنداق ئورۇنغا كەلگەنگە قەدەر ئاجرىلىپ ۋە سىلجىپ بىرقانچە چوڭ قۇرۇقلۇققا ۋە بىرمۇنچە ئاراللارغا ئايلانغان دەپ قارايدىغان بىر خىل قىياس. بۇنى گېرمانىيە يەر شارى فىزىكىسى ئالىمى ۋېگېنېر ( Alfred Lothar Wegener ) 1912-يىلى ئوتتۇرىغا قويغان.

**قىتلانماق** پ. يولغا كىرمەك، تولۇق پايدىلانغىلى بولىدىغان ھالەتكە كەلمەك

(تۇرلۇك ئەسۋابلار ھەققىدە) : — بالام، بۇ ھەرە قىتلىنىپتۇ، ئەمدى بىمالال ئىشلەتسەڭ بولىدۇ.

**قىتمال** سۈپ. گەپ-سۆز ئانچە تەسىر قىلمايدىغان، بىرەر ئىش ئۈچۈن بەك ئالدىراپ، ئۆگۈپ كەتمەيدىغان؛ قېلىن.

**قىتمال بولماق** ← **قىتماللاشماق**.

**قىتماللاشتۇرماق** «قىتماللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىتماللاشماق** پ. گەپ-سۆز تەسىر قىلمايدىغان، بىرەر ئىشقا ئانچە ئۆگۈپ كەتمەيدىغان بولۇپ قالماق، قېلىن ئادەمگە ئايلانماق: بۇ بالا تىل ئىشتىۋېرىپ قىتماللىشىپ كېتىپتۇ.

**قىتماللىق** «قىتمال» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**قىتىغۇر** سۈپ. باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، سىغىشالمايدىغان؛ دائىم چاتاق چىقىرىپلا يۈرىدىغان؛ ئىچى يامان، ھەسەتخور: قىتىغۇر ئادەم. قىتىغۇر خوتۇن. * ئايتۇرانخان ئىرىنىڭ بۇ سۆزىگە كۆنمەي، يەنە گەپ كوچىلاپ تۇرىۋالدى. ئۇ قىتىغۇر ئايال ئىدى. * بىر ئولتۇرۇشتا «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» دا باشقىلارغا زۇۋال قىلغان قىتىغۇر ئادەم بىلەن زۇۋال قىلىنغان بىر ئادەم بىللە بولۇپ قېلىپتۇ. // مەن ھېلىقى قىتىغۇرنىڭ بىرىنى ئۇرۇپ، قاپىقىنى يېرىپ قويدۇم.

**قىتىغۇرلۇق** «قىتىغۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ئۇ نەدىن كەلگەن بولسۇن بىزنىڭ ئەزا، قىتىغۇرلۇق قىلما! — دېدىم مەن ھېلىقى كىشىگە نەسىھەت قىلىپ. * ئۇ ئىشكىنى جالاققىدە يېپىپ چىقىپ كەتتى. مېنىڭچە، ئۇنىڭ قىز ئۈچۈن قىلىۋاتقان بۇ قىتىغۇرلۇقى يىرگىنىشلىك ئىدى.

**قىتىغىر** (توغرىسى: قىتىغۇر) ← **قىتىغۇر**.

**قىتىڭشىماق** پ. تۇرۇپ ئۇ يەردە، تۇرۇپ بۇ يەردە يۈرمەك، بىر يەردە جىم تۇرالماسلىق، قىتىڭشىماق: تېلېۋىزور كۆرۈش ئۆيىدە تولا قىتىڭشىپ ئولتۇرالمايۋاتقان رىشات كىشىلەر ئارىسىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى.

**قىتىلالما** ئى. قىتىغۇر لالما: نامان تۈلكىنى كىسىم بىلمەيدۇ، ئۇ دېگەن كونا خۇيىنى تاشلىمىغان قىتىلالما بېدىك!

**قىچا** ئى <بوت> كىرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، رەڭگى يېشىل ياكى سۆسۈن، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرمىقىدا سېپى بولىدۇ، گىرۋىكىدە يېرىقچىلىرى بولىدۇ، يۇقىرى قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن سوقىچاق ياكى تۆمۈنە شەكىللىك. گۈلى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىدە، مېۋىسى قىسقا، مۈڭگۈزلۈك مېۋە، ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم مايلىق زىرائەتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**قىچا مېيى** قىچىنىڭ ئۇرۇقىدىن تارتىلغان ماي.

**قىچقارتماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خەلىپە ئوغلىنى قىچقارتىپ، ئايال ۋەقەسىنى سوراپتۇ.

**قىچقارغۇزماق** ← **قىچقارتماق**.

**قىچقارماق** پ ① ئاۋاز، تاۋۇش چىقىرىپ خەۋەر قىلماق؛ چاقىرماق: تۇتسا سېپى يوق، قىچقارسا ئېتى يوق (ماقال). * مېنى قىچقارغان كىم؟ * بوۋاي قىزغا قاراپ: — قىچقارسىلا بالام، ئۆزلە قىچقارسىلا ئۇ ئۇيغىنىدۇ، ھە، بولۇپتۇ، ئىزا تارتسىلا مەن قىچقىراي، — دېدى. ② تەكلىپ قىلماق، ئېيتماق: مېھمانغا قىچقارماق. * قىچقارغان يەردىن قالما، قىچقارمىغان يەرگە بارما (ماقال). * — بىز ھېيت باھانىسىدا تۇغقان-

لىرىمىزنى ئۆيىمىزگە قىچقىرىۋېلىشنى ئويلاۋاتىمىز. * – ئۇنىڭ كېرىكى بولۇپ قالار دەپ ئويلاپ، سىز بىلەن بىللە ئۇنى ھۇزۇرىمىزغا قىچقارغانىدۇق، – دېدى قۇشبېگى مۇسۇلمانقۇلغا. ③ چىللىماق، سايرىماق: توخۇ بىلىگىنىنى قىچقىرار (ماقال). * يەرنى قۇچاقلاپ ئالغان كېچىنىڭ ئېغىر قاپقارا بېسىمىنى بۇزۇپ ھەر تەرەپتىن خورازلار قىچقاردى. * ئەپەندىم كۆلدىن چىققىنىچە ئۇدۇل پادىشاھنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ-دە، ئىككى قولىنى يانپىشىغا ئۇرۇپ، خورازچىلاپ قىچقىرىپتۇ.

**قىچقىرماق** (توغرىسى: قىچقارماق) ← **قىچقارماق.**

**قىچقىرىشماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار يوقاپ كەتكەن سىڭلىسىنى قىچقىرىشتى. * كۈن ئەمدىلا ئۆرلىگەن، كېچىچە چىققان شىۋىرغاندا يالىڭاچلانغان ئۆگزىلەردە سەھەر قۇياشىنىڭ جۇشقۇن نۇرىدىن شادلىنىپ خورازلار قىچقىرىشاتتى.

**قىچقىرىلماق** «قىچقارماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ قورۇسىدا ھەرىكەت تىنمايتتى، قىچقىرىلغان مېھمانلارنىڭ كەينى ئۈزۈلمەيتتى.

**قى-چۇ** ئىس. كىشىلەرنىڭ ئىلگىرى-كېيىن، ئېگىز-پەس ۋارقىرىغان ئاۋازلىرى: بۇلارنىڭ مېھماندارچىلىقى قالايمىقان بولۇپ، ئانىلاردىن بالىلار كۆپ ئىدى. بالىلارمۇ ئۆزلىرىچە «شاھزادە-خان» بولۇۋېلىشقان بولۇپ، ئۇلارنىڭ قى-چۇلىرى، قولاق-مېڭىنى يەيتتى. * بۇ جاكار ئوقۇلۇپ بىرنەچچە سىكۇنتتىن كېيىن، پۈتۈن زال گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى، قى-چۇلار بىلەن قاپلاندى.

**قىچىشتۇرماق** «قىچىشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆچەپ ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا تىرىشقان بولسىمۇ، لېكىن قانداقتۇر بىرنەرسە گېلىنى قىچىشتۇرغاندەك قىلدى. * ھەيدەر خەسسىنىڭ بۇ گېپى نۆۋەتتە زىۋىر-شاھنىڭمۇ تىلىنى قىچىشتۇرۇپ قويدى.

**قىچىشقاق** ئى <تىب> يۇقۇملۇق تېرە كېسىلى. قوتۇر كانىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە قول ئالقىنى، بارمىقى، ساغرا، قورساق قاتارلىق ئورۇنلارغا چىقىدۇ. بۇنىڭدا مەلۇم ئورۇندا دۆڭچە ئەسۋىلەر پەيدا بولۇپ، رەڭگىنى ئۆزگەرتمەيدۇ. قاتتىق قىچىشتۇرىدۇ.

**قىچىشماق** پ. بەدەندە تاتىلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل سېزىم پەيدا بولماق: تاز تازنى كۆرسە بېشى قىچىشار (ماقال). * ئۇچاڭ قىچىشسا تۆگمەنگە بار (ماقال). * شۇ تاپتا ئۇنىڭ ياش يۈرىكى تېپچەكلەپ، كۆزلىرىدە ھەۋەس قايناپ، ئالقانلىرى قىچىشىپ كەتتى.

**قىچىشمىغان يەرنى تاتىلىماق** زورۈرىيىتى يوق، ھاجەت بولمىغان ئىشنى قىلماق: – ئاغىنە، قىچىشمىغان يەرنى تاتىلاپ نېمە قىلىسەن. بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز ماۋۇ، – دېدى ئۇ ماڭا يۆتكەيدىغان ياغاچلارنى كۆرسىتىپ.

**قىچىشىش** ① «قىچىشماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <تىب> تېرە ياكى شىللىق پەردە يېنىك دەرىجىدىكى غىدىقلاشقا ئۇچرىغاندا قاشلاشقا مەجبۇر قىلىدىغان بىر خىل سېزىم. پاشا، بۈرگە، پىت قاتارلىقلار چاققاندا ياكى تېرە ئىنچىكە تۈك ۋە بەزى خىمىيۋى دورىلارغا يولۇققاندا بۇ خىل سېزىم پەيدا بولىدۇ.

**قىچىق** ئى ← **غىدىق.**

**قىچىقى بار** ئىشق ھەۋىسى كۈچلۈك؛ پاك ئەمەس (كۆپىنچە ئاياللار ھەققىدە).

**قىچىقلاشماق** پ ← **غىدىقلاشماق:**

ئۇ ئالدىدىكى لۆم-لۆم كارىۋات ئۈستىگە دۈم چۈشۈپ چۆكۈپلا كەتتى، ئارقىدىن رىسالەتمۇ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. ئىككى دوست بىر-بىرى بىلەن قىچىقلىشىپ، پومداقلىشىپ بىرھازا كۈلۈشتى.

**قىچىقلىماق** پ ← **غىدىقلىماق**: تاپىنىنى قىچىقلىماق. * قىز پادىشاھ بېشىنى ياستۇققا قويۇشى بىلەنلا قاتتىق ئۇيقۇغا كېتىپتۇ. ۋەزىر قىز پادىشاھنى ئويغىتىش ئۈچۈن چاقىرىپ بېقىپتۇ، قىچىقلاپتۇ.

**قىچىلىق** ئى. ① قىچا تېرىپ ئۆستۈرگەن، قىچا كۆپ ئۆسكەن: قويۇق ئۆسكەن قىچىلىق ئېتىزدىن ئۆتتۇق. ② ئى. قىچا تېرىپ ئۆستۈرۈلگەن، قىچا كۆپ يەر: قىچىلىقتا ئىشلىمەك. قىچىلىققا بارماق.

**قىدام** سۆپ ← **قىدام كەكە**.

**قىدام كەكە** چۈلدىسى يوق كەكە: تاز قىزغا ئەر تاپماق، قىدام كەكىگە ساپ تاپماق (ماقال).

**قىدىرتماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىدىرماق** پ ① تېپىشقا ھەرىكەت قىلماق، تېپىش ئۈچۈن ئۇرۇنماق؛ ئاختۇرماق، ئىزدىمەك؛ تەكشۈرمەك: بۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە باينىڭ غالچىلىرى ھەممە يەرنى قىدىرىپ پولاتنى ئىزدەشتى. * ئالىملار پىشىپ قېلىپتۇ يار يۈزىدەك قىزىرىپ. مۇنداق لېۋەن كۆرمىدىم بۇ ئالەمنى قىدىرىپ. ② تەكشۈ-رۈش، قىدىرىش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارماق؛ تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلماق: تەكلىماكاننى قىدىرىپ تەكشۈرمەك. * بۇ قۇملۇقتىكى قىدىرىپ تەكشۈرۈش ۋەزىپىسى ئورۇنلانغاندىن كېيىن كىشىلەر يېڭى ئورۇنغا كۆچۈپ ئورۇنلىشاتتى.

**قىدىرىشماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىدىرىلماق** «قىدىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىر** ئى ① بىرەر نەرسىنىڭ قىرغىقى، يېنى، ياقىسى، گىرۋىكى: جوزىنىڭ قىرى. كىتابنىڭ قىرى. قەغەزنىڭ قىرى. ياغاچچىنىڭ قىرى. ② كەڭ كەتكەن تۈزلەڭلىك، دالا: قىزىڭنى ئالغىچە قىرىڭدىن ئۆتەي، ئالغاندىن كېيىن جېنىڭدىن ئۆتەي (ماقال). * ئوغلۇم يەپ ئوۋغا كەتتى، قىزىم يەپ قىرغا كەتتى (ماقال). * مەسۇم كەتمەننى كۆتۈرۈپ باي كۆرسەتكەن قىرغا بېرىپتۇ ۋە ياخشىراق بىر جاينى تاللاپ ئېلىپتۇ. ③دېھقانچىلىقتا ئېتىزلارنى بىر-بىرىدىن ئايرىش ۋە سۇغىرىش ئۈچۈن توپىدىن سېلىنغان توسما؛ تىرگەن: قىر چاپماق. قىر تارتماق. قىر سالماق. ئېتىزنىڭ قىرى. * ھۆرۈنغا ئېتىزنىڭ قىرى تاغ كۆرۈنەر (ماقال). * شۇنىڭدىن بۇيان ئۇ ئۇۋىسىدىن ئايرىلغان يالغۇز كۈچۈكتەك ئېتىز قىرلىرى، تام دالدىلىرىدا يېتىپ ياشاپ كەلمەكتە ئىدى. ④ كۆزنىڭ كىرپىك ئورۇنلاشقان جايى: كۆزنىڭ قىرى بىلەن قارىماق.

**قىر ئاشماق** مەلۇم جاينى بېسىپ ئۆتمەك، مەلۇم مەنزىلدىن ئۆتمەك: پات يېقىندا ئۈزگىسى كۆكتە ئالەم كېمىسى، شۇنچە پارلاق كەلگۈسى، قىر ئاشمساڭ بولامدۇ؟

**قىر چاپماق** ← **قىر سالماق**.

**قىر سالماق** قىر شەكلىلەندۈرمەك، قىر پەيدا قىلماق، قىر چاپماق: ئېتىزغا قىر سالماق.

**قىر يېغى** دىئال. چوڭ غوۋغا، قاتتىق ئۇرۇش.

**قىرائەت** ئى [ئە] قۇرئاننىڭ سۈرە-ئايەتلىرى-نى ئاھاڭ بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇش: سۇلتان خىزمەتچىسىنى ئەگەشتۈرۈپ توختى بوۋاينىڭ ئۆيىگە كەلدى، ئۇزاق قىرائەت قىلغاندىن

كېيىن، دۈئاغا قول كۆتۈردى. * بۇ ھەيدەر
ئەپەندىدە ياخشى ئوقۇغان، كېيىنكى چاغلاردا
بىرمەزگىل قىرائەتمۇ ئۆگەنگەنىدى.

**قىرائەت قىلماق** قۇرئان ئايەتلىرىنى
ئاھاڭ بىلەن ئۈنلۈك ئوقۇماق: قازى
ئەپەندىمدىن سوراپتۇ: – ئەپەندىم، قىرائەت
قىلغاندا، قۇرئاننى خاتا ئوقۇپ قويغان چاغلى-
رىڭىز بارمۇ؟

**قىرائەتخان** ئى [ئە+پ] ① <دىن> قۇرئان
سۈرىلىرىنى ئاھاڭ بىلەن ئوقۇيدىغان،
قىرائەت قىلىدىغان كىشى؛ قارى. ②
كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ مەنىسىنى
چۈشەنمەي، قارىسىغىلا، يادلىغاندەك
سۆزلەيدىغان، ئوقۇيدىغان كىشى: مەن:
ئۇنىڭغا – سەن قىرائەتخانسەن، مەن
سوتسىيال دېموكراتلار پارتىيىسىنى يامان
كۆرىمەن، ئەگەر بىر كىشى بىرەر سۆزدە
خاتالىشىپ قالسا، قىيناپ ئۆلتۈرىسىلەر، –
دېدىم.

**قىرائەتخانا** ئى [ئە+پ] ① تارس. قۇرئاننى
يادلاش ۋە قىرائەت بىلەن ئوقۇشنى
ئۆگىتىدىغان كونا مەكتەپ. ②
گېزىت-ژۇرنال ۋە كىتاب ئوقۇش، ئىختىيا-
رىي ئۆگىنىش ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىل-
غان ئورۇن؛ كۇتۇپخانا: قىرائەتخانا ئاچماق.
* مەن ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىمدا،
بىركۈنى. مەكتەپ قىرائەتخانىسىدا بىر ژۇرنالنى
ۋاراقلاپ كۆرۈپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىچىدىكى
كارىز توغرىسىدىكى قۇرلارغا كۆزۈم چۈشكەن-
دى. * توختىگۈل ئۆزىنىڭ بىر ئېغىزلىق ئۆيىنى
قىرائەتخانا قىلىپ قويدى.

**قىرائەتخانلىق** ئى ① <دىن> قۇرئاننى
قىرائەت بىلەن ئوقۇش. ② كۆچمە. سەلب.
مەنىسىنى ياخشى چۈشىنىپ يەتمەي
ۋە تەنقىدىي كۆز بىلەن قارىماي يۈزەكى
يادلاش، يۈزەكى ئۆگىنىش: ئۇنىڭ ماسلىق
ۋە قىستۇرۇش دېگىنى پەقەت مەسىلىنى
مۇجمەللەشتۈرىدۇ، قىرائەتخانلىقى تولۇپ تېشىپ
ياتقان پەلسەپۈۋى جۆيلۈشلەر ئارقىلىق
ئىزلىرىنى يوشۇرىدۇ.

**قىران** سۈپ ① ئۆسۈپ يېتىلگەن؛ كۈچ-قۇۋ-
ۋەتتە ۋايىغا، كامالەتكە يەتكەن: قىران
يىگىت. * شۇ تۇرقىدا ئۇنى كۆرگەن ھەرقان-
داق كىشى 26 ياشلىق قىران يىگىت ئەمەس
45 لەردىن ئاشقان توختالغان ئادەمدەك
كۆرەتتى. * ئۇ چاغلار ئاجايىپ جۇشقۇن يىللار
ئىدى-دە، ئۆزۈمنىڭمۇ قىران ۋاقتىم، ئات
ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ چېپىش شۇنداق
كۆڭۈللۈك تۇيۇلاتتى. ② باتۇر، جەسۇر:
قىران قۇش. * – تاپتىم-تاپتىم، – دېدى
تاشماق يوتىسىغا چاۋاكلاپ، – ھەي... قىران
بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر كۆزىدىن قىزنىڭ قىزىل
تۈلكىسىمۇ قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ-دە! ئايخان
سىلىگە يەتتە ياشلىرىنى ئەسلىتىدىغان،
70 ياشلىرىنى بىلىندۈرمەيدىغان خوتۇن بولىدۇ.

**قىرانلىق** «قىران» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: بۇ ئادەم قىرانلىق يېشىغا يەتكۈچە
تۆت قېتىم لەقەمگە ئېرىشكەنىدى، شۇنىسى
ياخشىكى، ھەربىر يېڭى لەقەم قويۇلغاندا،
كونىسى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى.

**قىراۋ** ئى <مېتېئور> ھاۋا تېمپېراتۇرىسى
0°C تىن تۆۋەن بولغاندا، يەر يۈزىگە
يېقىن ھاۋا تەركىبىدىكى سۇ پارىنىڭ
يەر ئۈستىدىكى جىسىملار يۈزىدە قېتىشى
نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان ئاق رەڭلىك
مۇز كرىستاللىرى.

**قىراۋ چۈشمەك** قىراۋ ھاسىل بولماق،
قىراۋدىماق: بۇرۇن قوغۇن-تاۋۇز قىراۋ
چۈشكەندىن كېيىنمۇ خېلىغىچە ئېتىزدا تۇراتتى.

**قىراۋ چۈشۈكى** <ئاستر> 24 مەۋسۇم-
دىن بىرى. مىلادىيە 10-ئاينىڭ 23-يا-
كى 24-كۈنلىرى باشلىنىدۇ.

**قىراۋ مەزگىلى** <مېتېئور> بىرىنچى يىلى كۈزنىڭ دەسلەپكى قىراۋ چۈشكەن ۋاقتىدىن تارتىپ، ئىككىنچى يىلى باھارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قىراۋ چۈشكەن ۋاقتىغىچە بولغان مەزگىل. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلاردا قىراۋ مەزگىلى بولمايدۇ، شىمالىدىكى بەزى رايونلاردا بولسا يەتتە-سەككىز ئاي داۋاملىشىدۇ.

**قىراۋدىماق** پ ① قىراۋباسماق، قىراۋ پەيدا بولماق. ② كۆچمە. ئاقارماق: چاچلىرىم قىراۋدىدى.

**قىراۋسىز** سۈپ. قىراۋ يوق، قىراۋ چۈشمىگەن: قىراۋسىز مەزگىل.

**قىراۋسىز مەزگىل** <مېتېئور> ھەر يىلى ئەتىيازدىكى ئەڭ ئاخىرقى قىراۋدىن كۈز پەسلىدىكى دەسلەپكى قىراۋغىچە بولغان مەزگىل. بۇ ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشىدىكى پايدىلىق پەسىل ھېسابلىنىدۇ. ھەرقايسى جايلارنىڭ قىراۋسىز مەزگىلى ھاۋا كىلىماتىنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلۇقىغا ئەگىشىپ ئوخشاش بولمايدۇ.

**قىراۋلىق** سۈپ. قىراۋ چۈشكەن، قىراۋ ئۇرىمىگەن: قىراۋلىق مەزگىل.

**قىرت** سۈپ. بەك ئەزمە، ئورۇنسىز گېپى تۈگىمەيدىغان: قىرت ئادەم. قىرت خوتۇن.

**قىرتاق** سۈپ. چۈچۈمەل ئاچچىق، قېرىق: قىرتاق تەم. تەمى قىرتاق بىرنېمە.

**قىرتاقلاشماق** پ. قىرتاق ھالەتكە كەلمەك، قىرتاق بولۇپ قالماق: ئەتىياز بولغاندا بەسەيىنىڭ تەمى قىرتاقلىشىپ قالدۇ.

**قىرتۇ** سۈپ. دىئال. ئورۇق، ئاۋاق.

**قىر-تىرگەن** قىر ۋە تىرگەن: قىر-تىرگەنلەرنىڭ بويلىرىدىن سۈچى يىگىتلەرنىڭ لەرزان ناخشىسى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. * شوق، يېقىملىق ناخشا-كۈيلەر بىلەن يەككە-يېگانە قوش ھەيدەۋاتقان، سۆرەم سىلىۋاتقان، پاختا تېرىۋاتقان، قىر-تىرگەن سوقۇۋاتقان ئەر-ئايال دېھقانلار چوڭ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئېتىزلاردا پات-پات كۆزگە چۈشەتتى.

**قىرتىش** ئى. دىئال. يۈز-چىراي.

**قىر-چاپ** ئۇدۇل كەلگەننى مىلتىق قاتارلىقلار بىلەن ئېتىش، قىرىش ۋە قىلىچ بىلەن چېپىش؛ جەددىي قىرغىن: ئۇ بۆيرۈقنى ئالدى-دە، لەشكەرلەرنى باشلاپ تۆۋەن كۆنچىقىشتىكى بۇرجەككە قاراپ ئات قويدى ۋە سۈرەن-چۇقان بىلەن بارگاھ قوشۇن ئىچىگە قىر-چاپ قىلىپ كىردى. * ماچاۋ نەيزىسىنى ئارقىغا بىر پىرقىرىتىۋىدى، شىلياڭ قوشۇنى بىردەكلا قىر-چاپقا ئۆتتى.

**قىرچاڭغۇ** سۈپ. تولا ئىشلەپ قىرچىلىپ، ھورۇنلىشىپ كەتكەن؛ قاشاڭ: قىرچاڭغۇ ئات. قىرچاڭغۇ ئادەم. قىرچاڭغۇ ئېشەك. * ئۇ، ئوقۇرلارغا قاتار قىلىپ باغلانغان قىرچاڭغۇ ئاتلارنىڭ قارىداپ كەتكەن توپا سامانىنى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يېيىشلىرىگە بىرھازا قاراپ تۇردى. // كۆك بوز ئاتمۇ سايىم ئۈچىبېگىدىن غەنىيمەت ئېلىنغان بولۇپ، تۆمۈر خەلپە بۇرۇنقى قىرچاڭغۇسىنىڭ ئورنىغا مۇشۇ ئاتنى مىندىغان بولغانىدى.

**قىرچىلاڭغۇ** سۈپ. ئاسان قىرچىلىدىغان: قىرچىلاڭغۇ رەخت.

**قىرچىلدۇرماق** «قىرچىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالىنى قىرچىلدۇرۇپ قويماق. * بۇ ئىش ئادەمنى قىرچىلدۇرىدۇ.

**قىرچىلما** سۈپ. بىرەر ئىشنى تولا قىلىپ، تولا ئىشلەپ قاتتىق بىزار بولۇپ كەتكەن، تويۇپ كەتكەن؛ قىرچىلاڭغۇ، قىرچاڭغۇ: قىرچىلما ئادەم. قىرچىلما بالا.

**قىرچىلماق** پ ① بىرەر نەرسىنىڭ قىرلىرى، بۇرجەكلىرى بۇزۇلۇپ، ئۇپراپ، تىتىلىپ،

غىجىلىپ كەتمەك؛ يىرتىلىپ كونىرىماق: ئۆيۈقتا قىلىن، چۆرىسى قىرچىلىپ ياغلىشىپ كەتكەن كونا جەڭنامە كىتابىدىنمۇ ئىككىسى تۇرىدۇ. * ئۇ كىيگىلى ئۇزۇن يىل بولغان، ياغلىشىپ، يۇڭلىرى قىرچىلىپ تۈگىگەن كونا تۇمىقىنى بېشىدىن ئېلىپ قوزۇققا ئىلدى. ② ئۇزۇن مەزگىل بىر خىل ئىشنى، ئىش-ھەرىكەتنى تولا قىلىۋېرىپ قاتتىق بىزار بولماق، قاتتىق زېرىكمەك: مەن بۇ ئىشنى تولا قىلىپ بەك قىرچىلىپ كەتتىم. * تراكتور چوڭقۇر ھەيدىۋەتكەن يۇمشاق نەم توپا ئۈستىدىن ئۈستىگە تاش بېسىلغان تىرنىنى شۆرەش، قىشتىن بېرى ھارۋىدا قىرچىلىپ كەتكەن ئاتقا ئېغىر كېلەتتى.

**قىرچىن** ئى <بوت> توغراقنىڭ بىر خىلى. يوپۇرمىقى ئۇزۇنچاق، قوۋزىقى نېپىز، ئۇششاق شاخلىرى كۆپ بولىدۇ.

**قىرچىنتال** ئى [قىرچىن+تال] <بوت> تال تىرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى تۇتۇق قوڭۇر يېشىل رەڭدە بولۇپ ئاتلىق، ئانىلىق گۈللىرى ئايرىم تۈپلەردە بولىدۇ. سۇ ياقىلىرىدا ئۆسىدۇ. چىۋىقلىرىدىن ھەر خىل سايمان-جابدۇقلارنى توقۇشقا بولىدۇ.

**قىر-دالا** قىر ۋە دالا: تۈلكە ئادەتتە قىر-دالىلاردا ياشايدىغان بىر خىل ھايۋاندۇر.

**قىردۇرماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ بىرى قىزىل ساقاللىق بوۋاي، ئىككىسى ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىردۇرغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر ئىدى. * غۇنچەم: — ئاپا، نۇرۇمنى باشلاپ كېلىپ ئېرىقلارنى قىردۇرساڭ بولمامدۇ، — دېدى. * ئۇلارغا قورال-ياراغ بىلەن ياردەم بېرىپ، بىرنەچچە مىليون جۇڭگولۇقنى قىردۇردى.

**قىردۇرۇلماق** «قىردۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىرس** تەق. چۇرۇك نەرسىلەرنىڭ سۇنۇشىدىن ھاسىل بولىدىغان پەس ئاۋاز.

**قىرسسىدە** رەۋ «قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «قىرس» قىلىپ: قومۇش قىرسسىدە سۇندى.

**قىرس-قىرس** «قىرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**قىرسلاتماق** «قىرسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇدىر ئامىنەمنىڭ ئۇمىد ۋە ئىشەنچ ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان يوغان بىر جۈپ كۆزىگە تىكىلىپ بىرھازا تۇرۇپ كەتتى-دە، ئادىتى بويىچە قوللىرىنى قىرسلاتتى.

**قىرسلىماق** پ «قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقماق، قىرسىلدىماق: ئوتۇن قىرسلاپ كۆيدى.

**قىرسىق** سۈپ. تۇرمۇشتا ناھايىتى چىڭ، سىقىپ سۈيىنى يالايدىغان: قىرسىق ئادەم.

**قىرسىقلىق** «قىرسىق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: مەن مۇشۇ كەمگىچە ئۇنىڭغا تازا ئارىلىشىپ باقمىدىم، ئۆيىگىمۇ تولا بارمايمەن. بىراق خۇدا بىلەر، ئۆيىدىمۇ شۇ قىرسىقلىقىنى قىلامدىكىن دەيمەن.

**قىرسىلداتماق** «قىرسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرسىلدىماق** پ «قىرس-قىرس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «قىرس-قىرس» قىلماق.

**قىرغاق** ئى ① سۇنىڭ لېۋى، ياقىسى؛ ساھىل: دېڭىز قىرغىقى. دەريا قىرغىقى. * ئۇلارنىڭ ماقۇللۇقى بىلەن ئون جەڭچىنى ئاتلىق كېچىكتىن ئۆتكۈزۈپ، دەريانىڭ قارشى قىرغىقىغا ئېلىپ ماڭدى. * قېيىق قىرغاققا يەتكەندىن كېيىن ھاكىمنىڭ خادىملىرى پەيدا

بولدى. ② يېپىق نەرسىلەرنىڭ چېتى، قىرى، گىرۋىكى: رەختنىڭ قىرغىقى. رومالنىڭ قىرغىقى. * ئانا كۆرۈپ قىز ئال، قىرغاق كۆرۈپ بۆز ئال (ماقال). * كامىل ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك ئاستا پىچىرلىدى-دە، بېشىنى ئۇستەلنىڭ قىرغىقىغا قويدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئازابلىنىۋاتاتتى. ③ يول، دەريا ۋە شۇ قاتارلىقلارنى بويلاپ كەتكەن يەر؛ ياقا: يولنىڭ ئىككى قىرغىقى.

**قىرغاقچى** ئى. ئىشىك-دېرىزىلەرنىڭ قىرغاق سۇۋاقلىرىنى تۈزلەيدىغان، قىرغاق چىقىرىدىغان ئەسۋاب.

**قىرغاقلىق** سۈپ. قىرغىقى بار، قىرغاق چىقىرىلغان: قىرغاقلىق بۆز. قىرغاقلىق رەخت. * ئۇنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدىن بەرقۇت قىرغاقلىق زۇمرەت ئۆستەلك كېسىپ ئۆتىدۇ.

**قىرغاۋۇل** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى توخۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەركەكنىڭ قۇيرۇقى ئۇزۇن، پەيلىرى چىرايلىق بولۇپ، كۆپىنچە قىزغۇچ ياكى توق يېشىل كېلىدۇ، پارقىرايدۇ؛ چىشىسىنىڭ قۇيرۇقى قىسقىراق، كۈل رەڭ قوڭۇر كېلىدۇ. يۈگۈرەشكە ماھىر بولۇپ، ئۇزۇنغا ئۇچالمايدۇ. قۇيرۇق پەيلىرى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يەنە « ياۋا توخۇ»، « تاغ توخۇسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**قىرغۇ** ① ئى. نەرسىلەرنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. مېتالدىن ياسىلىدۇ. شەكلى ھەر خىل بولىدۇ. ② ئى <ماشىن> دېتاللارنى قىرىش، شىلىش ئىشى، مەشغۇلاتى: قىرغۇ ستانوكى. قىرغۇ ئىشچىسى. ③ سۈپ. قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، قىرىدىغان: قىرغۇ تاش.

**قىرغۇ تاش** <ئارخېئول> تاش قورال دەۋرىدىكى جابدۇقلارنىڭ بىر خىلى، يەنى كونا تاش قورال دەۋرىدە پىچاق ئورنىدا ئىشلىتىلگەن تاش جابدۇقلارنىڭ ئورتاق نامى.

**قىرغۇ ستانوكى** <ماشىن> ← **قىرىش ستانوكى.**

**قىرغۇ ئىشچىسى** <ماشىن> قىرىش ستانوكىدا دېتاللارنى قىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەيدىغان ئىشچى.

**قىرغۇچ** I ئى. بېلىقنىڭ ياڭاق سۆڭىكى.

**قىرغۇچ** II ئى ← **قىرغۇ.**

**قىرغۇچى** سۈپ. قىرىش، ئۆلتۈرۈش، بۇزۇش، ۋەيران قىلىش، يوقىتىش رولىنى ئوينايدىغان: قىرغۇچى ئايروپىلان. * — مانا، نۇرمەھەممەتنىڭ قىرغۇچى تانكىلىرى! — دېدى ھەمراھ غەرب تەرەپكە ئۇزاق قاراپ. // قىرىلماسلىق ئۈچۈن قىرغۇچىلارنى قىرىپ تاشلاش كېرەك.

**قىرغۇچى ئايروپىلان** <ھەرب> بىر خىل ھەربىي ئايروپىلان. ئاساسەن ھاۋا بوشلۇقىدا دۈشمەن ئايروپىلانىنى يوقىتىش ۋە ھاۋادىن ھۇجۇم قىلغان باشقا قوراللارنى يوقىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭغا پىلىموت، پىلىموت توپ ۋە باشقۇرۇلىدىغان بومبا قاتارلىق قوراللار ئورنىتىلىدۇ. ئۇنىڭ سۈرئىتى ۋە كۆتۈرۈلۈشى تېز، باشقۇرۇلۇشى قولايلىق بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بار.

**قىرغۇزماق** « قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىرغۇزۇلماق** « قىرغۇزماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىرغۇل** (توغرىسى: قىرغاۋۇل) ← **قىرغاۋۇل.**

**قىرغىز** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە شۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**قىرغىز تىلى** <تىل> قىرغىزلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئالتاي تىللىرى سىستېمىسى تۈركىي تىللار تۈركۈمىنىڭ قىرغىز-قىپچاق تىللىرى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەلدە قىرغىزىستاندا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىرغىز قالپىقى** قىرغىزلارنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىمى. ئاق كىگىزدىن تىكىلىدۇ.

**قىرغىزچە** ① سۈپ. قىرغىز خەلقىگە، ئۇنىڭ تىل-يېزىقى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: قىرغىزچە ئۇسسۇل. قىرغىزچە ئادەت. ② ئى. قىرغىز تىلى: ئۇ قىرغىزچىنى ناھايىتى ياخشى بىلىدۇ. ③ رەۋ. قىرغىز تىلى ۋە يېزىقىنى ئىشلىتىپ، قىرغىز تىلىدا: قىرغىزچە سۆزلىمەك.

**قىرغىزلار** ئى <ئىرق> قىرغىز مىللىتى، قىرغىز خەلقى. ئۇلار ئېلىمىزدە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قىزىلسۇ قىرغىز ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردە، قىرغىزىستاننىڭ ئاساسىي ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**قىرغىن** I ئى. كىشىلەر كۆپلەپ قىرىلىدىغان، كۆپ قان تۆكۈلىدىغان ئۇرۇش، جەڭ، ئېلىشىش: بۇ، كېچە بولۇپ ئۆتكەن بايىقى دەھشەتلىك قىرغىننىڭ بىردىنبىر تىرىك قالغان شاھىتى ئەنسارى ئىدى. * زور بىر قوشۇن يوپۇرۇلۇپ كەلدى-دە، قوچاقلاشما جەڭ باشلىنىپ كەتتى، زور بىر قىرغىندىن كېيىن ھەر ئىككى تەرەپ جاڭ چېلىپ لەشكەرلىرىنى يىغىۋالدى.* ئاپەتلىك يىللارنىڭ قىرغىنلىرىدا، خەلقىمىز كۆرمىگەن كۈلپەت قالمىدى. ئۆرلىدىڭ سەن سېتىپ ئادەم بېشىنى، ئۇ ئوتۇن ساتتىيۇ ۋىجدان ساتمىدى.

**قىرغىن قىلماق** كۆپلەپ ئۆلتۈرمەك، قىرماق، قان تۆكمەك: ئۇ ھازىر تۈمەن-تۈمەن كىشىلىك چوڭ قوشۇن بىلەن تىنچ ياتقان ئەلگە ھۇجۇم قىلىپ، خەلقىنى قىرغىن قىلىۋاتىدۇ. * مۇشۇنداق قىرغىن قىلىش ۋە ھەر خىل بالايى-ئاپەتمۇ بىزنىڭ داستان-شېئىرلىرىمىزنىڭ يىلتىزىنى قۇرۇتۇۋېتەلمىدى. ئەدەبىيات نەچچە مىڭ يىللىق مەزمۇت چىناردەك كۆكلەۋەردى.

**قىرغىن** II ئى. دىئال. دېدەك، قۇل.

**قىرغىن-چاپقۇن** ئۆلتۈرۈش، قىرىش، زور قىرغىنچىلىق.

**قىرغىنچى** سۈپ. قىرغىن قىلىدىغان: غەربتىكى گىتلېر گېرمانىيىسى بىلەن مۇسسولىنى ئىتالىيىسى، شۇنىڭدەك شەرقتىكى ياپون فاشىستلىرى دۇنيادا ئەڭ ئەكسىيەتچى، قىرغىنچى كۈچلەر ئىدى.

**قىرغىنچىلىق** ئى. قاتتىق قىرغىن، قاتتىق قىرغىن قىلىش؛ كۆپلەپ ئۆلۈش، قىرىلىش: قىرغىنچىلىق قىلماق. * ئۇرۇشنىڭ قىرغىنچىلىق دەھشىتىنى ئويلىغىنىدا ئۇنىڭ تېنى شۈركىنەتتى. * قاق سەھەردىلا ئەزالار پىلىخانىغا كېلىشكە باشلىدى. ئۇلار ھەر خىل يوللار بىلەن پىلىلەرنى قىرغىنچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىشنىڭ چارىسىنى ئىزلەيتتى.

**قىرغىنچىلىق قىلماق** قىرىپ ئۆلتۈرۈش، قىرىپ تۈگىتىشتەك قانلىق پاجىئە پەيدا قىلماق؛ قىرىپ ئۆلتۈرمەك، قىرىپ يوقاتماق: سەككىز دۆلەتنىڭ بىرلەشمە ئارمىيىسى يول بويى ئوت قويغان، قىرغىنچىلىق قىلغان، تالان-تاراج قىلغان.

**قىر-قاش** ئېتىزنىڭ قىرى، توسما، تۇغان ۋە شۇنىڭغا ئوخشاشلار: تاغام بىر ئىنەك سېتىۋېلىپ ھارۋىغا قېتىپ، يۇلغۇن دۆڭلىرىنى يۆتكەپ، بېدە كۆتەكلىرىنى چۆمكىدى،

قىر قاشلىرىنى ئەتتى، ئېرىقلىرىنى چېپىپ سۇ باشلىدى.

**قىرقۇم** ئى <بوت> ← **كولكاز.**

**قىرقىتماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قوينىڭ يۇڭىنى قىرقىتماق. تېرىنىڭ يۇڭىنى قىرقىتماق.

**قىر-قىر** دىئال. كۆپ، تولا، مىغ-مىغ.

**قىرقىرىماق** پ. دىئال. چىرقىرىماق.

**قىرقىشماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىرقىلما** سۈپ. قىرقىپ قويۇلغان، قىرقىلغان: قىرقىلما تېرە. قىرقىلما يۇڭ.

**قىرقىلماق** «قىرقىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: قوي قىرقىلدى. قىرقىلمىغان ئوغلاق گۆشى. * بۇنى كۆرۈپ باينىڭ يۈزلىرى تاتىرىپ، قىرقىلغان ساقاللىرى تىترەپ كەتكەنىدى.

**قىرقىم** ① سۈپ. قىرقىپ قويۇلغان، قىرقىلغان، كەسمە: قىرقىم چاچ. ② ئى. قىرقىش ئىشى: قويلارنىڭ بىرىنچى قىرقىمى ئەتىيازدا، ئىككىنچى قىرقىمى كۈزدە بولىدۇ. ③ ئى. قىرقىش پەيتى: قوي يۇڭى قىرقىمغا كەلدى.

**قىرقىم چاچ** ئۇزۇنلۇقىنى گەجگىچە قىلىپ، ئۇچى تەكشى قىرقىپ ياسىلىدىغان چاچ: // ئۇچىسىغا سارجى پىلاتى-يوپكا، پۇتىغا-پاشىنىلىق باسنوشكا كىيگەن، قىرقىم چاچ بۇ ئايال ياش، چىرايلىق ۋە ئوچۇق چىراي ئىدى.

**قىرقىما** ← **قىرقىم.**

**قىرقىماق** پ. چاچ-ساقال، تۈك، يۇڭ، قانات ياكى دەرەخكە ئوخشاش ئۇزۇن ھەم تال-تال نەرسىلەرنى مەلۇم ئۇزۇنلۇقتا قالدۇرۇپ، ئۇچىنى قايچا قاتارلىقلار بىلەن كەسمەك، قىيماق؛ قىيىپ قىسقارتماق: تەكىنىڭ ئۇچىنى قىرقىماق. دەرەخنىڭ ئۇچلىرىنى قىرقىماق. چېچىنى قىرقىماق. * ئۇ ئاچچىقلاپ قارچىغىنىڭ قاناتلىرىنى قىرقىپ تاشلاپتۇ. * تۆت-بەش يىگىت نىياز دورغىنى بېسىپ تۇرۇپ ئۇستىرا-قايچىلار بىلەن ئۇنىڭ ساقال-بۇرۇتلىرىنى بىردەمنىڭ ئىچىدە قىرقىپ تاشلاپ، تۈلكە جۇۋىسىنىڭ ئورنىغا ئايالچە تون كىيدۇرۇپ قويدى.

**قىرقىندى** ئى. قىرقىپ چىقىرىۋېتىلگەن نەرسە: ئۇنىڭدىن چىققان چاچ قىرقىندىلىرى ئالدىغا تارتقان ئاق كىرلىكنى ئالچىپار قىلماقتا.

**قىرلاتماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېسەك قىرلاتماق. ئېرىقنى قىرلاتماق. قىرنى قىرلاتماق.

**قىرلاشماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باللار كېسەك قىرلاشتى. * — باي-غوجاملار ياستۇقلىرىنى قىرلىشىپ، بەخىرامان ئۇخلاشقىنى بىلەن ھەممە جاپا-مۇشەققەتنى، ئېغىرچىلىقنى كەمبەغەللەر تارتىدۇ-دە، — دېدى مەنسۇر ئەپەندى.

**قىرلاقلىق** سۈپ. قىرلانغان، قىرلاپ قويۇلغان: مىلەگزە قايرىلىش بىلەن تەڭ تەلپىكى قىرلاقلىق، سېمىزلىكىدىن كۆزلىرى قىسىلىپ كەتكەن، قارا سوكنا چاپان ۋە ئوشۇقىغا كەلگۈدەك ئىشتان كىيگەن بىرى ئىككى قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالغان ھالدا كىرىپ كەلدى.

**قىرلانماق** «قىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: كېسەك قىرلاندى. * گۈلبىرا ئىككى سېۋەتنى ئەپكەشتە كۆتۈرۈپ، قىرلىنىۋاتقان چوڭ ئۆستەڭنىڭ قىرىغا تۆكتى. * ئاڭلىدىم دۈيجاڭنى زوق بىلەن تويماي، سۆزلىدى بارىنى يوشۇرۇپ تۇرماي. قىرلىنىپ پۈتۈپتۇ نەچچە ئېرىقمۇ، قېپتىمەن كۆپ ۋاقىت ئۆتكەننى تۇيماي.

**قىرلىق** سۈپ. قىرى بار، قىر چىقىرىلغان: قىرلىق ياغاچ. قىرلىق تۆمۈر. قىرلىق تاش. * ئۇلاردىن بىرى قىرلىق توقماق بىلەن

لۇتپۇللانىڭ غولىغا دەللەپ تۇرۇپ قاتتىق ئۇردى. * ھېلىقى ياقىلىق ئادەم سۇتۇقلارنى باشلاپ ئۇيۇقچە ئالدىدىكى تۆت قىرلىق قىلىپ تاشتىن ياسالغان سۇپىغا تەكلىپ قىلدى.

**قىرلىق پىندەك** <بۇت> قىرلىق پىندەك ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، غولىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى ئۈچ قىرلىق پىرىزما شەكلىدە، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يىپسىمان؛ تۆگۈنەك غولى قىسقا ھەم يىرىك كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ، يىغىلىپ قالغان قاننى تارقىتىش، تومۇرلاردىكى قان ئۇيۇشۇپ قالغانلارنى ئېچىش ۋە ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە.

**قىرلىق پىيازەك** <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى تەخمىنەن 60 سانتىمېتر ئەتراپىدا كېلىدۇ، يىلتىزسىمان غولى توغرىسىغا ئۆسىدۇ، غولىنىڭ تۈۋىدە شارسىمان تۆگۈنەك يىلتىزى بولىدۇ. غولى ئۈچ قىرلىق، تىك، سىلىق. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى يىپسىمان. يوپۇرماق غىلىپى ئۇزۇن بولۇپ، غولنى ئوراپ تۇرىدۇ. مۇرەككەپ باشاقسىمان گۈل رېتى ئۈچىدا. كىچىك باشاقچىلىرىنىڭ سىپىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئوخشاش بولمايدۇ، شەكلى سوقىچاق، ئومۇمىي ئورىغۇچى يوپۇرمىقى ئۈچ تال بولۇپ، گۈل رېتىدىن ئۇزۇنراق كېلىدۇ. سازلىقلاردا، دەريا بويلىرىدىكى سۇ توختاپ قالغان يەرلەردە، ئۆستەڭ بويلىرىدا ئۆسىدۇ، شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدىن تېپىلىدۇ. تۆگۈنەك غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ، تەمى قېرىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز، قاننى ماڭدۇرۇپ، خۇننى راۋان قىلىدۇ، ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ، يەلنى تارقىتىپ، ئاغرىق توختىتىدۇ.

**قىرلىق تىپچاق** <بوت> ← **تىپچاق**.

**قىرلىق قورام تاش** <گېئول> دانىچە دىئامېتىرى ئىككى مىللىمېتىردىن چوڭ بولغان، ئەمما يۇملاقلانمىغان شېغىلنىڭ چاپلىشىپ قېتىشىشىدىن ھاسىل بولغان تاش. قىرلىق قورام تاشنى تەشكىل قىلغۇچى ئۇۋۇندىلار ئادەتتە يۆتكەلمىگەن ياكى ناھايىتى قىسقا ئارىلىققا يۆتكەلگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تەكشى بولمايدۇ، شەكلى ھەر خىل، تەگدىن تولىسى قىرلىق كېلىدۇ.

**قىرلىماق** پ ① قىر پەيدا قىلماق، قىر سالماق: ئېرىقنى قىرلىماق. * قىردا بار، قىرلاشتا يوق (ماقال). * – كەل سادىق، بۈگۈن كەچتە يىغىن بارلىقىدىن خەۋىرىڭ بارمۇ؟ – دېدى سابىر ئېتىزنى قىرلاپ تۇرۇپ. ② قىرىچە قويماق؛ ئۈستى-ئۈستىگە قويۇپ ئېگىزلەتمەك: كېسەك قىرلىماق. * – سىلەر بايلىق مەستانىسى بولۇۋېلىپ، پۈتۈن يۇرت، پۈتۈن خەلقنى قاقشىتىپ ياستۇقۇڭلارنى قىرلىماقچى بولسىلەر! – دېدى ئۇ ھېلىقى يوغان قورساققا. ③ قىر چىقارماق: شەپكىسنى قىرلىماق. بۆكنى قىرلىماق. * – ئاغىنىلەر، – دېدى تۆكلىرى چۈشۈپ كەتكەن قارا كۆرپە تۇمىقنى قىرلاپ كىيگەن قاۋۇل بىر يىگىت چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ.

**قىرماق** I ئى. قازاننىڭ تېگىگە چاپلىشىپ قالغان تاماق يۇقۇندىسى، قازان تۈۋى، قازان تېگى، قاسىرماق: ئۇلار مەدرىسىنىڭ يېنىدىكى خانىقانىڭ داش قازىنى ئەتراپىدا كۈلگە مىلىنىپ، قىرماق قىرىپ، يىغلاپ-قاخشاپ چوڭ بولاتتى. * مەريەم داش قازاننىڭ ئاستىنى قىرىپ تۇرۇپ، قىزى ئانارنى يېنىغا تارتىپ، ئۇنىڭ قولىغا بىر تاۋاق قىرماقنى تۇتقۇزدى.

**قىرماق** II پ ① نەرسىلەرنىڭ يۈزى، ئىچى ۋە باشقا جايلىرىدىكى قاتتىق-قۇرۇق نەرسىلەر، ئېگىز-پەس يەرلەر ياكى ئۈستىدىكى موي، تۈك قاتارلىقلارنى تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن كېسىپ ئېلىۋەتمەك، تۈزلىمەك، سىلىقلىماق: قازان قىرماق. سەۋزە قىرماق. خامان قىرماق. * ئۇ بىشىغا يېشىل شەپكە كىيگەن، ساقال-بۇرۇتلىرىنى پاكىز قىرىپ چۈشۈرگەن، ئاق يۈزلۈك كىشى ئىدى. * مەن سۇغۇر، بورسۇق، ئاغمىخانىغا ئوخشاش هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنىڭ ياغلىرىنى قىرىپ، كۆركەم قىلىپ ئىشلەشنى بىلىۋالدىم. * — سەن بېرىپ ئىستانوكچىنى باشلاپ كەلگىن، كېچىچە قىرىدىغان بىرنەرسىلەرنى قىرسۇن، — دېدى هېيت ئاكا ئۇنىڭغا. ② قورال بىلەن كۆپلەپ ئېتىپ ئۆلتۈرمەك، قىرغىن قىلماق: دۈشمەننى قىرماق. * مەن بىر ئۆزۈملا نۇرغۇن دۈشمەننى قىرىپ تاشلىدىم. * — چېرىكلىرىمىزنىڭ قىلىچى هەرقانچە ئىتتىك بولسىمۇ، شۇنچە خەقنى قىرىپ تۈگەتكىلى بولامتىمۇ؟! — دېدى ئۇ. ③ كېسىپ تۈگەتمەك، بىرنى قويماي يوقاتماق: بىرنەچچە يىللارغىچە خەلقنى ئوتۇن بىلەن تەمىنلەشنى تەكشىلەۋېرىپ، جۇڭغار چۆللىرىدىكى يانتاق-توغراق، يۇلغۇن قاتارلىق چۆل دەرەخلىرىنى قىرىۋېتىپتۇ. ④ كۆچمە. ئېلىۋەتمەك (هامىلە هەققىدە): — بۇلار يالغۇز تونۇشتۇرۇشقا بالا قىرمايدۇ، — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان قىز سىرلىق پىچىرلاپ، — ئەر تەرەپ ئىدارىسىنىڭمۇ تونۇشتۇرۇشى بولۇشى لازىم. ⑤ قاقماق: گېلىنى قىرماق. تامىقىنى قىرماق. * مەن «قاچانغىچە كۈتىمىز!» دېگەندەك قىلىپ گېلىمنى ئەتەي كۈچ بىلەن قىرىپ قويدۇم.

**قىرمۇقىر** قىر بېسىپ، بىر قىرنىڭ كەينىدىن يەنە بىر قىرنى، بىر قىرنىمۇ تاشلاپ قويماي: ئۇ ئىنچىكە كۆزەتتى، ئېتىزلارنى قىرمۇقىر. تۇپراق، مايسا، يىلتىزنى، تەكشۈردى هەم بىرمۇبىر.

**قىرمىز (ى)** سۇپ [پ] يېزت. رەڭگى قىزىل، قىزىل: بۇ چاغ، بۇ پەللىلەردە گۈزەل كۈچار ئىنتايىن مەمۇرچىلىق ئىدى. بوستانلاردا قىرمىزى گۈللەر خۇش بۇي ئەترىلىرىنى چاچسا، باراقسان باغلاردا مەي بولۇپ پىشقان ئۈزۈكلەر كۆكۈللەرنى كۆيدۈرەتتى. // دىل كۆكىنىڭ ماهى ئۇ، گۈزەللەرنىڭ شاهى ئۇ، بۇلبۇل بولۇپ تەلمۈردۈم، گۈل قىرمىزى كۆرۈندى.

**قىرمىزاق** ئى. دىئال. تەكچە.

**قىرىچە** رەۋ. قىرى بىلەن، قىرى ئارقىلىق: قىرىچە تەگمەك. قىرىچە ئۇرماق.

**قىرىچە تەگمەك** قاتتىق، قوپال گەپ قىلماق؛ يىرىك مۇئامىلىدە بولماق: — ئۆزىڭىز كۆرسەتكەن يەرگە ئاستىمغۇ؟ مەندە نېمە گۇناھ؟ نېمانداق قىرىچە تېگىۋېرىسىز ماڭا؟! — دېدى ئاچچىقى كەلگەن ياش شوپۇر.

**قىرىش** ① «قىرماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <ماشىن> قىرىش ستانوكىدا قىرىش پىچىقى بىلەن دېتاللارنى قىرىپ پىششىقلاپ ئىشلەش مەشغۇلاتى.

**قىرىش پىچىقى** <ماشىن> قىرىش ستانوكىدا مېتاللارنى قىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پىچاق. قىرىدىغان قىسمى ئادەتتە يۇقىرى سۈرئەتلىك پولات، قاتتىق قېتىشما قاتارلىقلاردىن ياسىلىدۇ.

**قىرىش ستانوكى** <ماشىن> ئەڭ كۆپ ئىشلىتىلىدىغان مېتال قىرىش ستانوكى. ئاساسەن ئىچكى چەمبەر، تاشقى

چەمبەر ۋە بۇرما قاتارلىق شەكىللەرنى چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ، ئىشلىگەندە دېتال ئايلىنىدۇ، قىرىش پىچىقى يۆتكىلىپ تۇرۇپ قىرىدۇ.

**قىرىشماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىرىق** سان ① ئونىنىڭ تۆت قېتىم قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان سان: قىرىق ئادەم. * بەختىيار دادىسىدىن قالغان كىتابنى قىرىق كۈنگىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئوقۇپتۇ. * – قىرىق مەدىكارنىڭ ئىشىنى ماڭا بەر، ئەگەر مەن قىرىق ئادەمنىڭ ئىشىنى بىر كۈندە قىلىپ بولالمىسام ھەق بەرمە، – دەپتۇ خوجا بەختى. ② ئىسىمنىڭ III شەخس تەۋەلىك قوشۇمچىسىنىڭ بىرلىكى بىلەن تۇرلىنىپ كېلىپ، تۇغۇلغان ياكى ئۆلگەندىن كېيىنكى قىرىقىنچى كۈننى بىلدۈرىدۇ: قىرىقى توشماق. قىرىقى نەزىرى. قىرىقنى قىلماق.

**قىرىقى ئانىسى** ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىدە بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، بوۋاقنى زاكىسىدىن ئايرىپ، پۈتۈن بەدىنىگە ئۇپا سۇرتۇپ «قىرىقى سۈيى» گە ئاتاپ تەييارلانغان يېڭى كىيىملىرىنى بوۋاققا كىيگۈزىدىغان ئايال: قىرىقى ئانىسى بالىنى چۈشەككە ئورايدۇ ۋە پۈتۈن بەدىنىنى ئۇپىلايدۇ، «قىرىقى سۈيى» گە ئاتاپ تەييارلانغان يېڭى كىيىملەرنى بالىغا كىيدۈرگەندىن كېيىن، ئانىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزىدۇ. ئۆي ئىگىسى «قىرىقى ئانىسى» غا ئاتىغان سوۋغا-سالىمىنى تەقدىم قىلىدۇ.

**قىرىقى توشماق** بالا تۇغقان ئانىنىڭ تۇغقىنىغا 40 كۈن بولماق: خاسىيەتنىڭ قىرىقى توشۇشقا ئاز قالغاندا يۈز بەرگەن مۇنداق بىر ۋەقە تۇرغۇنىنىڭ ئاخىرقى قارارغا كېلىشىگە سەۋەبچى بولدى.

**قىرىقى چېچى** يېڭى تۇغۇلغان بالىنىڭ 40 كۈنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى چۈشۈرۈلمىگەن چېچى.

**قىرىقى سۈيى** بالا تۇغۇلۇپ 40 كۈن بولغاندا، بالىنى يۇيۇش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان سۇ: «قىرىقى سۈيى» قۇيۇشقا تەجرىبىلىك، پىشقەدەم «قىرىقى ئانىسى» تەكلىپ قىلىنىدۇ ھەمدە يەتتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارمۇ چاقىرىلىدۇ. بۇ بالىلارغا ئاتاپ «قىرىقى سۈيى توقچى» ۋە ھالۋا تەييارلىنىدۇ. بالىنى «قىرىقى سۈيى» گە ئېلىشتا يېڭى داس ئىشلىتىلىدۇ. * – سەن يېڭى تۇغۇلۇق تۇرساڭ، مەن قانداق بارىمەن، ئەڭ بولمىغاندا، بالىمىزنىڭ قىرىقى سۈيىنى قۇيۇپ، ئاندىن باراي، – دەپتۇ يىگىت.

**قىرىقى سۈيى توقچى** بالىنى قىرىقى سۈيىگە ئالغان چاغدا چاقىرىلغان بالىلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن بېرىلىدىغان توقاچ: قىرىقى سۈيى قۇيۇشقا قاتناشقان بالىلارنىڭ ھەربىرىگە بىردىن قىرىقى سۈيى توقچى بېرىلىدۇ. * بۇ بالىلارغا ئاتاپ قىرىقى سۈيى توقچى ۋە ھالۋا تەييارلىنىدۇ.

**قىرىقى نەزىر** كىشى ئۆلۈپ 40 كۈندىن كېيىن ئۆتكۈزۈلىدىغان نەزىر: قىرىقى نەزىرىسىنى بەرگىلىمۇ يېرىم يىلچە بولۇپ قالدى. * دادىسى ئۆلۈپ قىرىقى نەزىرىدىن كېيىن ئۈچ ئوغۇل ساندۇقتىكى دۇنيانى بۆلۈش ئۈچۈن قازى ئاخۇنۇمنىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ.

**قىرىقنى بەرمەك** ئۆلگەن كىشىنىڭ قىرىقى نەزىرىنى ئۆتكۈزمەك: مەن ئايالىم بىلەن دادامنىڭ قىرىقنى بەرگىچە يېزىدا تۇردۇم، قايتار چاغدا يېزا سوغىلىرى يەنە ھارۋامغا تولدى.

**قىرىقنى قىلماق** قىرىقى نەزىرى ئۆتكۈز-

مەك، قىرىقنى بەرمەك: — نېمە؟ — ئىمىللا ئاكا دۇئا قىلىۋەتكەندىن كېيىن سورىدى، — قاچان شۇنداق بولدى؟ — يەنە بىر ئازنا كەلسە، قىرىقنى قىلىمىز.

**قىرىقئاياغ** ئى [قىرىق+ئاياغ] <بوت> ← **ئېشەك قۇرتى.**

**قىرىقبوغۇم** ئى [قىرىق+بوغۇم] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى قىرىقبوغۇم ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يېشىل، نەيچە شەكىللىك، بوغۇمى بار، يوپۇرمىقى رودىمېنتلىشىپ تەڭگىچە ياپراققا ئايلانغان، كۆپىيىش ئەزاسى قەلەم ئۇچى شەكلىدە بولۇپ، غولىنىڭ ئۇچىدا ئۆسىدۇ. غولى يىرىك، ياغاچ سايمانلار ۋە مىس سايمانلارنى سىلىقلاشقا ئىشلىتىلىدۇ، جۇڭيىدا دورا قىلىنىدۇ، كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالايدۇ.

**قىرىقبوغۇمسىمان** سۈپ. قىرىقبوغۇمغا ئوخشايدىغان، قىرىقبوغۇم شەكلىدىكى: قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا.

**قىرىقبوغۇمسىمان چاكاندا** <بوت> چاكاندا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، تىك ئۆسىدىغان كىچىك چاتقال. يوپۇرمىقى تەڭگىسىمان يوپۇرماققا ئايلانغان. گۈلى تاق جىنسلىق، ئانىلىق گۈل رېتى بوغۇملىرىدا جۈپ بولۇپ ئۆسىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى قىزىل ۋە گۆشلۈك بولىدۇ. يېشىل شېخى ۋە يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. تەرلىتىش، يۆتەل توختىتىش، سۈيۈقلۇقنى راۋان قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. يىلتىزى تەرنى بېسىش رولىغا ئىگە.

**قىرىققۇلاق** ئى [قىرىق+قۇلاق] <بوت> پاپورتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق؛ سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تاغلىق رايونلارنىڭ نەم، سايە ئورۇنلىرىدا ئۆسىدۇ. يىلتىزسىمان غولى ئۇزۇن، يەر ئاستىدا توغرىسىغا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. يوپۇرمىقىنىڭ دۈمبە تەرىپىدە سپورا خالتا دۆۋىلىرى بولىدۇ، سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، يىلتىزسىمان غولىدىن كراخمال ئېلىشقا بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈكىنى دورا قىلىنىدۇ، قىزىتمىنى قايتۇرۇش، سۈيدۈك ھەيدەش رولى بار.

**قىرىقىنچى** سان. تەرتىپ ئورنى 40 رەقىمى بىلەن بەلگىلەنگەن، 39 دىن كېيىن، 41 دىن بۇرۇن تۇرىدىغان: قىرىقىنچى ئادەم. قىرىقىنچى نومۇرلۇق ئورۇندۇق.

**قىرىلماق** «قىرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بايىلا چوتكىنىڭ قىلىدەك دىگگىيىپ تۇرغان ساقال-بۇرۇتلۇق ئېڭىكىم پاكىزە قىرىلغانىدى. * ماللار قوتاندىن چىقالماي قالدى، ئاخىر ھەممىسى قىرىلىپ تۈگىدى.

**قىرىم** I ئى. ئۆچكە تېرىسىدىن يەرلىك ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن خۇرۇم: قىرىم مەسە. * مەن ئانامغا قىرىمدىن چىرايلىق قىلىپ بىر مەسە تىكىپ بەرگەنىدىم.

**قىرىم** II ئى <جۇغ> ← **قىرىم يېرىم ئارىلى.**

**قىرىم خانلىقى** <تارىخ> 1427 - يىلى قىپچاق خانلىقىدىن بۆلۈنۈپ چىقىپ، 1449 - يىلىغا كەلگەندە قۇرۇلغان تاتارلارنىڭ فېئودال خانلىقى. دون دەرياسى ۋە دنېپر دەرياسىنىڭ تۆۋەن ئېقىمىدىكى كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان. پايتەختى باغچىساراي بولغان. 1478 - يىلى تۈركىينى بويسۇندۇرغان. 1480 - يىلى موسكۋا بەگلىكىنىڭ ياردىمىدە قىپچاق خانلىقىنى مەغلۇپ قىلغان ۋە بېسىۋالغان. 1783 - يىلىغا كەلگەندە روسىيە تەرىپە-

دىن بويسۇندۇرۇلغان.

**قىرىم يېرىم ئارىلى** <جۇغ> سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ياۋروپا قىسمىنىڭ جەنۇبىدىكى يېرىم ئارال. مەيدانى 25.5 مىڭ كۋادرات كىلومېتر. غەرب ۋە جەنۇبى قارا دېڭىزغا، شەرقى ئازوۋ دېڭىزىغا تۇتىشىدۇ. شىمالى تار پېرېكوپ بوغۇزى ئارقىلىق شەرقىي ياۋروپا تەكشىلىكى بىلەن تۇتىشىدۇ. ئۇنىڭ شەرقىدىكى قارا دېڭىز ۋە ئازوۋ دېڭىزى ئارىلىقىدا كېرچ يېرىم ئارىلى، غەربىدە قىرىمنىڭ بىر قىسمى — تارخانكۇت يېرىم ئارىلى جايلاشقان.

**قىرىندا** (توغرىسى: قىرىندى) ← قىرىندى.

**قىرىندى** ئى. ياغاچ رەندىلىگەن ياكى دېتاللارنى ستانوكتا قىرغاندا چۈشكەن نېپىز پارچە نەرسىلەر: 1976-يىلنىڭ ماي ئېيىدا، مەش ئىشچىلىرى ئىچكىرى ئۆلكىلەردىكى بەزى زاۋۇتلارنىڭ قىرىندى ئېرىتىپ پولات چىقارغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرنى ئاڭلىدى.

**قىرىندى پەنەركىسى** <بىن> ياغاچ قىرىندىلىرىنى يېلىم بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ، كېيىن ئۈستىدىن پرېسلاش ئارقىلىق چىقىرىلغان پەنەركە. ئۇي جابدۇقلىرى ۋە يەشىك قاتارلىق نەرسىلەرنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىز** ئى ① بالاغەت يېشىغا يەتمىگەن، بالاغەتكە يەتسىمۇ تېخى توي قىلمىغان، ياتلىق بولمىغان ئايال: قىز بالا. ئوقۇغۇچى قىز. قىز تۇغماق. * قىزنىڭ كۆزى قىزىلدا (ماقال). * — يەنە بىر قېتىم كەلگىنىڭىزدە مەن قىزىڭىزغا بىر پار ئاياغ ئېلىپ بېرىمەن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. * پاتىمە ياتتى، لېكىن ئۇيقۇسى كەلمىدى. قىزلار بولسا ئالىقاچانلا ئۇيقۇغا كەتتى. * — ئۇ قىزمۇ، جۇۋانمۇ؟ — دەپ سورىدى ھېلىقى كىشى، مەن ئۇنىڭغا: — ئۇ تېخى قىز دەپ جاۋاب بەردىم. ② ئايال جىنسىغا مەنسۇپ بولغان پەرزەنت (ئۆز ئاتا-ئانىسىغا نىسبەتەن): قىز چىقارماق. قىز ئۇزاتماق. * قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا (ماقال). * قىزى بارنىڭ نازى بار (ماقال). * ئۇنىڭ بىر ئوغۇل، ئىككى قىزى بار. * ئانام مېنىڭ قىزىم ئىدى، ئەللەي بالام، ئەللەي. يۈرىكىم ھەم كۆزۈم ئىدى، ئەللەي بالام، ئەللەي. ③ قىزلارغا ياكى ياش جۇۋانلارغا نىسبەتەن مۇراجىئەت قىلىشتا، چاقىرىشتا ئىشلىتىلىپ، ھۆرمەت، ئەركىلىتىش، ئۆزىگە يېقىن تۇتۇش قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: — قىزىم، سىز كىمنىڭ بالىسى بولىسىز؟ قانداق تەقدىر سىزنى بۇ يۇرتقا ئېلىپ كەلدى، — دەپ سورىدى بوۋاي ھېلىقى جۇۋاندىن

**قىز ئالماق** قىزغا ئۆيلەنمەك؛ قىزنى كېلىن قىلماق: بۇنداق رەھىمسىز يەردىن قىز ئالمساق بولمىدىمۇ، — دېدى قوڭغۇزباي. * — بىزنىڭ ئەمەلدارلىرىمىز سىلەردىن قىز ئالسا، زادى نېمە بولماقچى، — دەپ ۋارقىرىدى دوۋېن. * ھەسەن قازىنىڭ ئۆزىمۇ بىرچاغلاردا ئوغرىلىقچە نەچچە قىز ئالدى.

**قىز ئەپقاچماق** كونا ئادەت بويىچە، قىزنى يوشۇرۇن ئەكىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئاتا-ئانىسىنى تۇرمۇش قۇرۇشقا مەجبۇر قىلماق: ھازىر مارجانتاللىق ئەزدەمەتتەك قىز ئەپقېچىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**قىز بەرمەك** قىزنى بىركىمگە ياتلىق قىلماق، قىزنى ئەرگە چىقارماق: بىزنىڭ ئۇرۇقىمىز ئەزەلدىن ئۇلارغا قىز بەرمىگەن ھەم ئۇلاردىن قىز ئالمىغانىكەن.

**قىز تالاق** تىل ھا «قىزنىڭ ئەر بىلەن

بولۇشمىسۇن، لەنىتى» دېگەن مەنـ-
لەردىكى ھاقارەت سۆزى: قىز تالاقلار
ئالتۇن-كۈمۈشكە ئىگە بولغاندىن كېيىن، بىر
كېچىدىلا غايىب بولىدىكەن. * — مەن بۇ
ئىشلارنى ئۆزۈن يىلدىن ئىچىمگە يۇتۇپ،
ھېچكىمگە تىنماي كېلىۋاتقان، — دېدى ئۇ
ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ، — تىنسام كىمگە
تىنىمەن؟ موللىلارغا سۆزلىسەڭ، ئۇلارغا خۇش
ياقمايدۇ، قىز تالاقلارغا تەييار نان، بىكار
پوشكال بولسا يەپ يېتىۋېرىدۇ.

**قىز تەرەپ** قىزنى ياتلىق قىلغۇچى
تەرەپ: بۇ بىرىنچى قېتىم قىز تەرەپتە بولۇۋاتقان
توي بولۇپ، ئىككىنچى قېتىم توي يىگىت
تەرەپتە بولماقچى ئىدى.

**قىز تەگكەن** قىز ۋاقتىدا تەگكەن،
قىز ۋاقتىدا توي قىلغان: بۇ خوتۇن قىز
تەگكەن ئېرىدىن تۇغۇلغان بىر بالىنى باشلاپ
بۇ ئۆيگە كەلگەنىدى.

**قىز چىقارماق** قىزنى ئەرگە بەرمەك،
قىزنى ياتلىق قىلماق: ئوغۇل ئۆيلەپ،
قىز چىقارماق ھەممە كىشىنىڭ بېشىدا بار.
* — ئوغۇل ئۆيلە، قىز چىقار، خۇدايىم
ئەردىن ئېيتمىغان بولسا، بالىدىن ئېيتار، —
دېدى ھەسەلخان.

**قىز قولدىشى** توي جەريانىدا ياتلىق
بولغۇچى قىزغا ھەمراھ بولۇپ يۈرۈش
ئۈچۈن بەلگىلەنگەن قىز: سەلىمەنىڭ
قىز قولدىشى چىقىپ كەتتى. يەڭگە كىرىپ
ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دېدى. ئۇنىڭ
سۆزلىرى سەلىمەنى پىرگەندۈرۈۋەتتى.

**قىز كۆچۈرمەك** توي قىلغان قىزنى
يىگىتنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارماق: ئۇلار
ناغرا-سۇنايلارنى چېلىشىپ قىزنى كۆچۈرۈپ
كېلىشتى. * بىز ھەسەن بەدرىدىننى قىزنى
كۆچۈرۈپ كىرىدىغان ئۆيگە بىللە ئېلىپ
كىردۇق.

**قىز كۆرۈش** كونا ئادەتتە ئىككى تەرەپ
قۇدا بولۇشقاندىن كېيىن، قىز تەرەپنىڭ
ئۆيىگە يىگىت تەرەپتىن بىرمۇنچە كىشى
قىز كۆرۈش نامىدا بېرىپ بىر كۈن
مېھمان بولىدۇ، شۇ كۈنى قىز يىگىت
تەرەپكە كۆرۈنۈش بېرىدۇ.

**قىز مىلى** قىز ياتلىق بولغاندا، قىز
نىڭ ئاتا-ئانىسى قىزىغا ئاتاپ بېرىدىـ-
غان مال-مۈلۈك، ئىقتىساد: بۇرۇن
قەشقەردە قىز ياتلىق بولسا، ئاتا-ئانىسى
ئۇنىڭغا نۇرغۇن مىقداردا قىز مىلى قوشۇپ
بېرەتتى.

**قىز نەۋرە** ئوغلىنىڭ ياكى قىزىنىڭ
قىزى (ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن).

**قىز يۆتكىمەك** ← **قىز كۆچۈرمەك.**

**قىزارتماق** «قىزارماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئانىسىدىن
يوشۇرۇپ يۈرۈپ، يىپەكتىن گۈل چېكىپ
تىكىلگەن قول ياغلىق ۋە تاماكا خالتىسىنى
ماڭا يالداما قىلىدۇ. پىياز شاكىلى بىلەن
قىزارتىپ پىشۇرغان تۇخۇملارنى ئەكېلىپ بېرىدۇ.
* — بولدى ئۇكام، بولدى، مېنى قىزارتماڭ،
— دەپ سۆزۈمنى تارتىۋالدى شەرۋان ھەدە
تاقەتسىزلىنىپ.

**قىزارتىشماق** «قىزارتماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزارتىلماق** «قىزارتماق» پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى: ھېزىمخان كېچىچە
بېشى قاتتىق ئاغرىپ كەتكەنلىكتىن ياخشى
ئۇخلىيالمىغانىدى، ئۇنىڭ پېشانىسى چىمداپ
قىزارتىلغان، يۈز-كۆزلىرى ئىششىغان، چۈۋۈلغان
چاچلىرى تېخى تارالمىغانىدى.

**قىزارماق** پ ① قىزىل ياكى شۇنىڭغا
يېقىن تۈس ئالماق؛ قىزىل ياكى شۇنىڭغا
مايىل رەڭگە، تۈسكە كىرمەك: ئۇ ھاراق
ئىچسىلا يۈزى قىزىرىدۇ. * ئەبشىنىڭ پاقالچاقلىـ-

رى خۇددى خورازنىڭ تاجىسىدەك قىزىرىپ كەتكەنىدى. ② كۆچمە. ناتوغرا ئىش-ھە-رىكىتى، قىلمىشى، گەپ-سۆزى، ئەيىبى، كەمچىلىكى ۋە باشقىلار تۈپەيلى بىركىم ئالدىدا قاتتىق خىجالەت تارتماق، ئوڭايسىزلانماق، ئۇيالماق: تۇراخان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋىللىدە قىزاردى. * يىگىت نېمە ئۈچۈندۇر بىردىن قىزاردى. كېيىن زورىغا كۈلۈمسىرىدى. ③ كۆچمە. ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: نېمانچە قىزىرىسەن، بولدى قىزارما، ئولتۇرساڭ-چۇ، يازغان خەتلىرىڭدىن بېشىڭغا دەرد-ئەلەم كەلگەنلىكىنى بىلگەنىدىم.

**قىز-جۇۋان** قىز ۋە جۇۋان: بۈگۈنكى بازار ناھايىتى قىزىپ كەتكەنىدى. ياسانغان قىز-جۇۋانلار تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىنى ئورۇ-ۋالغان ئادەم مېڭىشقا بولمايتتى.

**قىزچاق** ئى. كىچىك قىز، ياش قىز: مەن ئىشخانامدا يىغىنىڭ بىر ماتېرىيالىنى تەرجىمە قىلىپ ئولتۇراتتىم، خەۋەرلىشىش بۆلۈمىدىكى قىزچاق بىر تېلېگراممىنى ئەكىرىپ بەردى. * باش ئۈستىگە ئېلىپ قولىنى سالام بەردى يىغىن ئەھلىگە، سۆزلەپ ئىشنى، سومكىنى قىزچاق قويدى ئاستا جوزا ئۈستىگە.

**قىز-چوكان** قىز ۋە چوكان: ئۇ بىرەر قىز-چوكانغا ساقال تاشلاپ گەپ-سۆز قىلىشنى بىلمەيتتى. * يۇلتۇز راستىنلا يېقىملىق قىز. ئۇ قىز-چوكانلارغا ئۆزىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىدەك مېھرىبانلىق بىلەن قارايتتى.

**قىزدۇرغۇچ** ① ئى. بىرەر يەر ياكى نەرسىنى ئىسسىتىش رولىنى ئوينايدىغان ماشىنا ۋە شۇ خىلدىكى نەرسە. ② سۈپ. قىزىتىدىغان، ئىسسىتىدىغان: باش ئەتىيازنىڭ قىزدۇرغۇچ قۇياشى يەر يۈزىگە ھايات بەخش ئىللىقلىق نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى. * مۇتەللىپنىڭ ياتىقى تەرەپكە ئالدى تەرەپتىن چۈشۈۋاتقان قىزدۇرغۇچ ئاپتاپ ئاستا-ئاستا قوزغىلىپ، تامدىن ئۆگزىگە، ئۆگزىدىن ياتاق ئارقىسىغا يۆتكەلدى.

**قىزدۇرماق** «قىزىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىزدۇرۇپ** «قىزدۇرماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**قىزدۇرۇپ ئىشلەش** <ماشىن> ماتېرىياللارنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىلىرىدا ئۆزگىرىش پەيدا قىلىش ئارقىلىق، ئۇنىڭدا بەلگىلىك خۇسۇسىيەتنى شەكىللەندۈرىدىغان بىر خىل ھۈنەر-سەنئەت. ئادەتتە ماتېرىيالنى بەلگىلىك تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە سوۋۇتۇشقا قارىتىلىدۇ. بۇ ئاساسەن مېتال ماتېرىياللار ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**قىزغانچۇق** سۈپ ① نەرسىسىنى باشقىلار-دىن ئايايدىغان، قىزغىنىدىغان؛ ئىچى تار؛ بېخىل: قىزغانچۇق بالا. * ئۇنى باشقىلار «كۆزى كىچىك»، «قىزغانچۇق» دەپ ئەيىبلەشتى. // قىزغانچۇقنىڭ ئېشىنى ئىت يەر (ماقال). * ئۇ تۇتۇنىنى بولۇتقا كۆرسەتمەيدىغان تازا قىزغانچۇقلاردىن بولسا كېرەك. ② رەشكچى، ھەسەتخور: ئۇنىڭ مۇنداق ئاسانلا ئۇندەككە كېلىشىنى بىلگەن بولسام، ھېلىقى قىزغانچۇقنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزۈمنى لاۋزا قىلىپ يۈرمەيدىكەنمەن.

**قىزغانچۇقلۇق** «قىزغانچۇق» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزغانچۇقلۇق قىلماق. * قىزغانچۇقلۇق بېخىلنىڭ ئىشى. * ئادەم ئۈچۈن قىزغانچۇقلۇق بەك يامان ئىللەت.

**قىزغانچۇقلۇق قىلماق** قىزغىنىش ھەرد-كىتىدە بولماق؛ قىزغانماق: بالا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ كۆزلىرىنى چەكچەيتىپتۇ. * مەستۇرەم ئاباياتىن ھويلىغا كىرىش ۋاقتىدا

قىزغا قىزغانچۇقلۇق قىلىپ، باشقا بىرىنىڭ بۇ يەرگە تۆپىلەپ كىرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىشكنى ئىچىدىن مەھكەم تاقىۋەتكەنىدى.

**قىزغاندۇرماق** «قىزغانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خانقىزنى نېمىگە ئالدىم؟ مەھبۇبەنى قىزغاندۇرۇش ئۈچۈنلا ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قويۇپ ئېلىشقا مەجبۇر بولدۇم.

**قىزغانماق** پ ① بىرەر نەرسىنى ئۆتۈنۈش-كە ئاغرىنماق، ئىچى تارلىق قىلماق، ئايىماق: قېتىق سوراپ كەلگەنگە ئايىقىڭنى قىزغانما (ماقال). * مۇشەققەت چېكىپ، غەيرەت قىلىپ بىرنەرسە ھاسىل قىلساڭ توغرا يولغا سەرپ قىل، مۇشەققەتلىرىڭ زايا بولمىسۇن، قەدىرلىك نەرسەڭنى قەدىر-لىك ئادىمىڭ سورىسا ئايىما ۋە قىزغانما. ② ھەسەت قىلماق، كۈندەشلىك قىلماق، رەشىك قىلماق، كۆرەلمەسلىك قىلماق: پەرىشتىنىڭ ئېشىدىن شەيتان قىزغىنىپتۇ (ماقال). * بېلىق جېنىدا بۇلايدۇ، توخۇ جېنىدا بىر-بىرىدىن قىزغىنىدۇ (ماقال). * مەن باشقا قىز ساۋاقداشلىرىم سىزدىن چۈشىنەلمىگەن مەسىلىلەرنى سوراش ئۈچۈن يېنىڭىزغا بارسا، سىزنى ئۇلاردىن قىزغانغاندەك قىلىقلارنى قىلاتتىم.

**قىزغۇچ** سۈپ. قىزىلغا مايىل، سۇس قىزىل: قىزغۇچ رەڭ. * بەلكىم ئوتلاقنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە سېرىق، ھال، قىزغۇچ چېچەكلەر، خۇش پۇراق تارقىتىدىغان گۈللەرمۇ باردۇ؟ * ئەتىگەنلىك قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرىدىن ئۇنىڭ ئاق باش چوققىلىرى كۈمۈشتەك يالتىرايتتى.

**قىزغۇچ سېرىق** قىزىلغا مايىلراق سېرىق، مەلۇم دەرىجىدە قىزىلغا يېقىنراق سېرىق: خېرىدار ئاخىر سالاگەرلەر كۆرسەتكەن قارا باش ئاق قوي بىلەن ئۆزى تاللىغان بىر قىزغۇچ سېرىق قوينى تۇتتى.

**قىزغىن** سۈپ ① قايناق؛ سەممىي: قىزغىن سالام. قىزغىن مۇھەببەت. * — بىزدىن ھاماماچاڭغا قىزغىن سالام ئېيت، — دېدى سىيىت ئاكا ئۆيدىن چىقىۋاتقاندا. * ئوتتەك قىزغىن ھېسسىياتلارغا تولۇپ، قايتىۋاتقان چاغدا ئۆيگە، يول چېتىدە تۇرغان بىر سومكا جەلپ قىلدى ئۇنى ئۆزىگە. ② جۇش ئۇرغان، جانلانغان، جانلىق، جۇشقۇن، قايناق: قىزغىن مۇنازىرە. قىزغىن سۆھبەت. قىزغىن كەيپىيات. * ئۇچىمىز ئېچىلىپ-يېيىلىپ قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق. * چاقناپ تۇرار ھۆسنۈڭدە سائادەتنىڭ يۇلتۇزى. قىزغىن ھايات قاينايدۇ سەندە كېچە-كۈندۈزى. // بىز بىلەن ئۇلار قىزغىن كۆرۈشتى

**قىزغىنلىق** «قىزغىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزغىنلىق بىلەن كۈتۈۋالماق. تولۇپ تاشقان قىزغىنلىق. * بالزاك: «مېنىڭ دۇنيادا پەقەت بىرلا ئوقۇتقۇچىم بار، ئۇ بولسىمۇ ئۆز قىزغىنلىقىمدىن ئىبارەت» دېگەن-نىكەن. * شۇ كېچىدىكى خەلقنىڭ قىزغىنلىقىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئادەمنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ.

**قىزغىنىشماق** «قىزغانماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ ئەرلەر ئۇنىڭغا سىنچى كۆزلىرى بىلەن نازارەت قىلىدىغان، قىز-خوتۇنلار بىر-بىرىدىن قىزغىنىشىپ، ئۇنى ئامال قىلىپ ئىزلەيدىغان دەرىجىگە يېتىشتى.

**قىزقۇۋار** ئى [قىز+قۇۋار] <تەن> قازاق مىللىتىنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە پائالىيىتى. ئۇ ئات ئۈستى تەنھەرىكىتى بولۇپلا قالماستىن، يەنە قىز-يىگىتلەرنىڭ ئۆزئارا مۇھەببەت ئىزھار قىلىش «كۆۋرۈ-كى» ھېسابلىنىدۇ. قىزقۇۋار ئەمەلىيەتتە بەلگىلەنگەن مۇساپە ئىچىدە، قىز-يىگىت ئىككىلا تەرەپ بىر قېتىمدىن قوغلىشىدۇ. دەسلەپتە يىگىت قىزنى قوغلاپ، قايتىشتا قىز يىگىتنى قوغلايدۇ.

**قىزلىق** ① سۈپ. قىزى بار: قىزلىق ئۆي خان

كۆۋرۈكى (ماقال). * قىزلىق ئۈيگە قىرىق ئات باغلىنار (ماقال). ② سۈپ. قىزلارغا خاس، قىزلاردا بولىدىغان: نەتىجىدە، بۇ ئۇنىڭ پاك قىزلىق قەلبىنى كېرىچەتەك چىك تارتىپ، ل. مۇتەللىپنىڭ يېقىملىق تۇرقىغا يېشىلمەس قىلىپ باغلىدى. * بۇ ئائىلىگە كەلگەن دەرد-ئەلەم قىزلىق ھۆسنىگە تولغان گۈلدەستىنىمۇ قاتتىق ئازابلىدى. ③ ئى. قىزلاردا بولۇشقا تېگىشلىك مىجەز، خاراكتېر، قىلىق ۋە شۇ قاتارلىقلار: ئۇ ھەمىشە «قىز دېگەن بەرىبىر قىزلىقنى قىلماي قالمايدۇ» دەپ ئويلايتتى. ④ ئى. ئاياللارنىڭ توي قىلىشتىن بۇرۇنقى ھالىتى: گۈلبەھرەم قىزلىقىدا ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. ⑤ ئى. ئىپپەت، ئىپپەت-نومۇس، مەسۇ-مەلىك: قىزلىق پەردىسى. قىزلىقنى يوقاتماق. ⑥ ئى. قىزلارغا خاس جىنسىي بەلگە، قىز جىنسى: بۇ ئىككىسى ھۆسن-جامالدا، قەددى-قامەتتە ۋە باشقا گۈزەللىك دەپ سانالغان ھەممە جەھەتتە بىر-بىرىدىن قېلىشمايدىكەن، پەقەت ئەرلىك ۋە قىزلىقتىلا بىر-بىرىدىن پەرق قىلىدىكەن.

**قىزلىق پەردىسى** <ئانات> قىزلارنىڭ جىنسىي يولىنىڭ ئاغزى ئەتراپىغا ئورۇن-لاشقان بىر قەۋەت نېپىز پەردە. ئوتتۇ-رىسىدا تەرتىپسىز كىچىك تۆشۈكچىلەر بولىدۇ. جىنسىي ئالاقە ياكى زەخىملىنىشتىن كېيىن بۇ پەردە يىرتىلىدۇ.

**قىزىتقۇ** ئى. قىزىتىش رولىنى ئوينايدىغان نەرسە: ئۇ بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق ئېلىپ كىردى ۋە بۇيرۇغان كاۋاپ، سەيلەر كىرگۈچە قىزىتقۇ ئۈچۈن ئارقىمۇئارقا ئىككى رومكا ئىچىۋەتتى. ئاچ قورساققا ئىچىلگەن ھاراق تېزلا تەسىر قىلدى.

**قىزىتما** ئى <تب> بەدەن تېمپېراتۇرىسىنىڭ نۆلدىن يۇقىرى 39 گرادۇستىن ئېشىپ كېتىش. ھادىسىسى.

**قىزىتمىسى ئۆرلىمەك** <تب> بەدەن تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن يۇقىرى 39 گرادۇستىن ئېشىپ كەتمەك.

**قىزىتماق** «قىزىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تويىنى قىزىتماق. * تاغنى بويلاپ يايپېشىل گىلەمدەك ئۈزۈن سوزۇلغان ئوتلاقنى كۈزنىڭ ئاپتىپى قىزىتماقتا. * — ئۇنداق بولسا، قىز بىر چوڭ داسنى تاپسۇن، ئوت قالاپ داسنى قىزىتسۇن، — دەپتۇ بوۋاي.

**قىزىتىشماق** «قىزماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزىتىلماق** «قىزىتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىزىرىشماق** ① «قىزارماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: باغدىكى ئانارلار قىزىرىشىپ پىشتى. * كۈلكە-چاقچاقلاردىن قىزىرىشىپ كەتكەن رەيھان بىلەن داۋۇت يەردىن ئۇستۇن قارىشالماي قېلىشتى. ② خاپا بولۇشماق، رەنجىشمەك، ئاچچىقلىنىش-ماق: مەختەتنىڭ ئوغلى بۇ ئىش ئۈچۈن دادىسى بىلەن تۇنجى قېتىم قىزىرىشتى. * بۇ ئىش توغرۇلۇق تۇرسۇن بىلەن قىزىرىشتۇق، ئاخىرىدا جوزا مۇشتلاشتۇق.

**قىزىشماق** ① «قىزىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مېنىڭچە ئانچە قىزىشىپ كەتمەي، ئويلىشىپ كۆرەيلى، يېنىكلىك قىلماي-لى. * ئۇلار جامالدىنىنىڭ گېپىگە تازا بېرىلىپ، قىزىشىپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئېچىلىپ نادەم كىرىپ كەلدى. ② قىزغىنلىقى ئاشماق، كەيپىياتى يۇقىرى كۆتۈرۈلمەك، قىزىماق، جانلانماق: تاشۋاي راۋابىنى چالغانچە قىزىشىپ قالدى، پەدە بېسىش تەرتىپىمۇ باشقىچە تۈس ئالدى. * — ئىشلەش كېرەك! — دېدى ئەخمەت بىردىن قىزىشىپ. * بۇ ئات يولغا چىققاندا بارغانسېرى قىزىشىپ شۇنداق ياخشى تارتىدۇكى، هارۋىنى ئوينىتىپ ئېلىپ ماڭىدۇ.

**قىزىق** ① سۈپ. ھارارىتى، تېمپېراتۇرىسى كۆتۈرۈلگەن، ئىسسىق: قىزىق چاي. قىزىق سۇ. * ناننى تونۇرنىڭ قىزىقىدا ياق (ماقال). * — كەل ئوغلۇم، كەل، قېنى، قىزىق چېيىدىن بىر ئوتلىغىن، — بوۋايلار قاۋۇلغاخۇننى ئارىسىغا ئېلىپ، ئۇنىڭ قولىغا پىيالىدە چاي سۇندى. ② سۈپ. كۆچمە. كۆلكىلىك؛ ھەيران قالارلىق؛ غەلىتە: قىزىق گەپ. قىزىق پاراڭ. * قىزنى شۇنچە ياخشى كۆرىدىغان ئادەم قىزنى يالغۇز قويۇپ ھاراق ئىچكىلى كەتكىنى قىزىق ئىش. // — توي دېگەن كىچىك ئىش، ئۇنىڭ نېمە قىزىقى بار؟ — دېدى ئۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. قىزىقارلىق ئىش قىلىدىغان، يۇمۇرلۇق گەپ قىلىدىغان، قىزىقچى: — يۈز ئاچقۇسى بولماي تۇرۇپ، كېلىننىڭ يۈزىنى ئېچىۋەتسە، نېمە قىزىقى، — دېدى قاسىم قىزىق. ئاڭلاپ تۇرغانلار كۈلۈشتى. ④ سۈپ. كۆچمە. كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدىغان، جەلب قىلارلىق: — قىزىق بىر ھېكايە ئېيتىپ بەرسىڭىز ئىكەن، — دېدىم مۇقامچىغا قاراپ. * مېنىڭ بۇ ھېكايەم ناھايىتىمۇ قىزىق. ⑤ سۈپ. كۆچمە. لەززەت، مەنە: ياشاشنىڭ نېمە قىزىقى قالىدۇ دەيسىز؟ — ئەلى بىر رومكا ئىچىپ، رومكىسىنى يەنە تولدۇردى. ⑥ سۈپ. كۆچمە. قىزغىن: ئۇلار، ئەلەمدار ۋە قەلەمدار بېگلەرنى دىۋانغا چاقىرىپ، كۆپچىلىك بىلەن قىزىق كېڭەش ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. ⑦ سۈپ. قىزىغان، قىزىقارلىق، قايناق: توينىڭ بولغىنىدىن؛ «بولىدۇ» سى قىزىق (ماقال). ⑧ رەۋ. تېز، چاپسان، ئىتتىك، چاققان: — بالام، نېمە پۇتۇڭغا تاش ئېسىۋالغاندەك ماڭىسەن، قىزىق، قىزىق ماڭساڭ بولمامدۇ، — دېدى ھەلىمە ئاچا. * تاماقنى قىزىق يېمىسەم مەكتەپكە كېچىكىپ قالىمەن. * ئۇ خەتنى قىزىق يازىدۇ. * — ئۇكام، گېپىڭ بولسا، گېپىڭنى قىزىق قىل، مېنىڭ ھازىر جىددىي ئىشىم بار.

**قىزىقارلىق** سۈپ. كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان، دىققەت-ئېتىبارىنى تارتىدىغان؛ جەلپ قىلارلىق؛ كۈلكىلىك: قىزىقارلىق چۆچەك. قىزىقارلىق ۋەقە. قىزىقارلىق ھېكايە. قىزىقارلىق ئويۇن. * ئوقۇغۇچىلارغا قىزىقارلىق پەننىي ساۋاتلار، ئىلىم-پەن ئۆگىنىش تەسىراتلىرى تونۇشتۇرۇلدى. * ئۇنىڭ ھاياتىدىكى ھەربىر ئۇششاق-چۈششەك نەرسىلەرمۇ لەيلىگۈل ئۈچۈن قىزىقارلىق، مەنىلىك تۇيۇلاتتى. // ئۇ خېلى قىزىقارلىق قىلىپ سۆزلىدى.

**قىزىقتۇرماق** «قىزىقماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوڭ يىغىندا بولۇنغان گەپ-سۆزلەر ئۇنى ھەقىقەتەن قىزىقتۇردى. * بۇ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى بىلىمگە قىزىقتۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك چارە-تەدبىرلەرنى قوللانغان.

**قىزىقتۇرۇلماق** «قىزىقتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىزىقچى** ئى. قىزىق ھەرىكەتلىرى ۋە سۆزلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۈلدۈرىدىغان كىشى؛ ئارتىس: خەلقىمىزگە تونۇش مەشھۇر قىزىقچى موللا زەيدىنىنىڭ جانلىق ئوبرازى مېنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلدى. * — خوش پادىشاھىم، -دەپ تەزىم قىلدى قىزىقچى ئۆزىگە بېرىلگەن چوڭ ئىشتىن خۇشال بولۇپ. * بۇنىڭ ئارقىسىدىن ئوردىدا بىكار تاماق يەپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان قىزىقچىلار ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسىتىپ، ۋاڭنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشاتتى.

**قىزىقچىلىق** ئى ① قىزىقچىلارنىڭ قىزىقارلىق گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكىتى، قىلىقى؛ كىشىنى قىزىقتۇرىدىغان پائالىيەت، ئىش: قىزىقچىلىق قىلماق. * — ئەمدى، ئەمدى، قىزىقچىلىق بولسۇن دەپ ... راستىنى ئېيتقاندا،

بىز ئەيىبلىك، — دېدى مەتنىياز قول قوشتۇ-
رۇپ. * بەزىبىر ئۇششاقلار بولسا، ئۇنى بىرەر
قىزىقچىلىق كۆرسىتىدۇ دەپ ئويلىغان بولسا
كېرەك، خۇشال بولۇپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.
* بۇ ئۇزۇن يولدا كېتىۋاتقان-كېلىۋاتقان
چېرىكلەر، ئات-ئۇلاغلار ۋە ھارۋىلارنىڭ
كۆپلۈكى بىر ھېسابتا شۇ بىر كۈننىڭ قىزىقچىلى-
قى ئىدى. ② قىزىق كەيپىيات: ئۆزۈمدە
ئاخشامقى كەيپنىڭ ئازراق تەسىرىمۇ بار
ئىدى، شۇنىڭ قىزىقچىلىقىدا سېۋەتكە كېلىپ
ئولتۇردۇم.

**قىزىقچىلىق قىلماق** كىشىنى قىزىقتۇرىدى-
غان، دىققەت-ئېتىبارنى تارتىدىغان،
كۈلدۈرىدىغان ئىش-ھەرىكەتنى، قىلىقنى
بەجا كەلتۈرمەك؛ قىزىقارلىق گەپ-سۆز-
لەرنى قىلماق؛ قىزىق ئويۇنلارنى كۆرسەت-
مەك: ئۇ كامال بىلەن ناسىرنىڭ قوشۇنى
يېنىغا كەلگەندە ناسىرنىڭ قىزىقچىلىق قىلىپ
بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ قالدى. *
—كېچە دادام رەھمەتى بېشىمنى سىلاپ تۇرۇپ،
ئاق بىسىر بوغچىنى تەگلەۋېتىپ چۈشەپ
قېلىپتىكەنمەن، — دېدى ھېلىقى يىگىت
قىزىقچىلىق قىلىپ، — نېمە ئىشتۇ دېسەم، بابا
شۇجى ئاتام سۇنغان خامكەن-دە.

**قىزىقسىندۇرماق** «قىزىقسىنماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىزىقسىنماق** پ. قىزىقىش ھېس قىلماق؛
قىزىقىش پەيدا بولماق، قىزىقماق: توختى
ھارۋىكەش قىزىقسىنىپ ئۇنىڭغا مەمنۇنلۇق
بىلەن بىرپەس قاراپ تۇردى. * يىگىت
مەيدىسىنى كېرىپ قويۇپ، ئۆزىگە قىزىقسىنىپ
قاراپ تۇرغان بالىغا قاراپ كۆزىنى قىستى.

**قىزىقسىنىشماق** «قىزىقسىنماق» پېئىلىنىڭ
ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىزىقچاق** سۈپ. بىرەر ئىشقا ئاسان قىزىقىپ
قالىدىغان، قىزىقىدىغان: قانچىلىغان ئەسىر-
دىن بۇيان تۇن سەيلىسى كېسىلىگە گىرىپتار
بولغۇچىلارنىڭ غەلىتە ھەرىكىتى ساقچى،
ئالىم ۋە قىزىقچاق يازغۇچىلارغا نىسبەتەن
ئېچىلمىغان بىر سىر بولۇپ كەلمەكتە.

**قىزىقچاقلىق** ئى. قىزىقىدىغان، قىزىقىپ
قالىدىغان مىجەز-خاراكتېر: ھەددىدىن
ئارتۇق قايغۇ-ھەسرەتمۇ ئادەمنىڭ قىزىقچاقلىقىنى
تۆۋەنلىتىدۇ.

**قىزىقچان** سۈپ [قىزىق+چان] ئاسان ئاچچىق-
لىنىدىغان، ئاچچىقى تېز كېلىدىغان،
ئۆزىنى باسالمايدىغان؛ مىجەزى سالماق،
ئېغىر-بېسىق ئەمەس: قىزىقچان ئادەم. *
ئورنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش
كېرەككى، دادام قىزىقچان، چۈس ئادەم بولغىنى
ئۈچۈن، «توك» دېگەن لەقەملىكمۇ بولۇپ
قالغان.

**قىزىقچانلىق** «قىزىقچان» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: قىزىقچانلىق قىلماق. * ئۇنىڭ
چىرايىدا كېچە ئاكىسى ئەدھەم بىلەن قىلغان
ئۇزۇن سۆھبەتتىن كېيىن، تېخى پەسكويغا
چۈشمىگەن قىزىقچانلىقىنىڭ بەزى ئالامەتلىرى
ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

**قىزىقچانلىق قىلماق** ئىتتىكلىك قىلماق،
تېرىكمەك: خوش سىنىڭ ئەھۋالىڭ قانداق،
ھېلىمۇ قىزىقچانلىق قىلىپ يۈرەمسەن؟

**قىزىق-قىزىق** «قىزىق» سۆزىنىڭ
تەكرارلىنىشى: كەچقۇرۇن ھېلىقى ياشقا
بىر چىنە شورپا قىلىپ قىزىق-قىزىق ئىچۈرۈپ
قويدى. * كەچقۇرۇنلىرى توپ-توپ بالىلار
ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىغا يىغىلىپ، بوۋايدىن
قىزىق-قىزىق ھېكايىلەرنى تىڭشايتتى.

**قىزىقلىق** «قىزىق» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: بىر خىل مېتالنىڭ قىزىقلىق دەرىجىسى
بەك ئۆرلەپ كەتسە بولمايدۇ. * ئۇ: —
سۆزلىمىسىڭىزمۇ، مەن سۆزلەتمەكچى بولۇپ
تۇراتتىم، — سەرگۈزەشتىمدە سىز كۈتكەن

قىزىقلىق يوق، لېكىن شۇنداق بولسىمۇ سۆزلەپ بېرەي، — دېدى ۋە ياستۇقنى مەيدىسىگە قويۇۋالغاندىن كېيىن، ھېكايىسىنى باشلىدى.

**قىزىقماق** پ ① بىرەر ساھە، ئىش ياكى نەرسىگە ئىشتىياق باغلىماق، ھەۋەس قىلماق: مۇزىكىغا قىزىقماق. خىمىيىگە قىزىقماق. سەنئەتكە قىزىقماق. * مەن ئۇيغۇر، ئۆزبېك، تاتار، قازاق ئەدەبىياتىغا دائىر كىتابلارنى ئوقۇپ يۈرۈپ بەدىئىي ئەدەبىياتقا قىزىقىپ قالدىم. ② دىققەت-ئېتىبار بەرمەك، كۆڭۈل قويماق، بېرىلمەك: مەن «تۆمۈر خەلپە يېغىلىقى» ھەققىدە ئاڭلىغانلىرىمدىن ئېسىمدە قالغانلىرىنى سۆزلەپ بەردىم. ئاباسوپ قىزىقىپ ئاڭلىدى. * ئۇ مەمۇرىيەتنىڭ كەچلىك يىغىنىدا بۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، كۆپچىلىك قىزىقىپ ئاڭلىدى. ③ قىزىق تۇيۇلماق، قىزىقارلىق بىلىنمەك، قىزىقسىنماق: — تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ؟ — لەيلىگۈل قىزىقىپ سورىدى، — قۇربان ئۇ يەردە نېمىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدىكەن. * — شۇنداق، ئۇنىڭ ئۈستىگە، نورۇز داموللىغا ئۇۋال بولغىنى راست. — قانداقسىغا؟ — دەپ قىزىقىپ سورىدى لى شۇفۇ.

**قىزىقىدا** رەۋ ① سوۋۇپ قالماستا، ئىسسىق ۋاقتىدا: — قېنى، قىزىقىدا يەۋېلىڭلار، — دېدى موماي ھورى چىقىپ تۇرغان بىر لېگەن مانتىنى ئالدىمىزغا قويۇپ. ② كۆچمە. تازا پەيتىدە، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتمەستە: بولۇڭلار، قىزىقىدا پۈتتۈرۈپ ئالايلى.

**قىزىقىش** «قىزىقماق» سۆزىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قىزىقىش پەيدا بولماق. * مېنىڭ شۇ كۈنكى مەشرەپ ئويناشقا بولغان قىزىقىشىم دادامنىڭ جازالىرىدىن ئۈستۈن بولغاچقا، ئارزۇيۇم ئۈستىدە قاتتىق تۇرالمىدىم. * ئادەملەردە ھەر خىل ھەۋەس-قىزىقىش بولغاندەك، بۇمۇ مەندىكى بىر خىل قىزىقىش.

**قىزىقىشلىق** ① سۈپ. كىشىدە قىزىقىش پەيدا قىلىدىغان، قىزىقارلىق: ئۇنىڭ دادىسىنىڭ بۇ ئادىتى رەھىماندا قىزىقىشلىق تەسىرات قالدۇرغانىدى. ② ئى. قىزىقىش، ھەۋەس: بۇ چاغدا ساھىبخانا جۇڭگودىكى ھەر خىل كاۋاپلار توغرىسىدا ئاڭلىغان، كۆرگەنلىرىنى ناھايىتى قىزىقىشلىق بىلەن سۆزلىدى.

**قىزىقىشماق** «قىزىقماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆل رەڭ ھاڭگا ئۈستىدە مەغرۇر گىدىيىپ ئولتۇرۇپ، كەنت تەرەپتىن كېلىۋاتقان بوۋاينى كۆرگەندە، تېخىمۇ قىزىقىشتى. * شۇ ۋەقەدىن كېيىن تەبىئىي بۇ يەردە قالالمايتتىم. شەھەردە پۈتۈنلەي مەن توغرۇلۇق گەپ. ھەممىسى ماڭا قىزىقىشىپ قارىشىدۇ.

**قىزىل** I ① سۈپ. قان رەڭگىدىكى، قان رەڭلىك: قىزىل گالستۇك. قىزىل سىياھ. قىزىل بايراق. * ئۇ بىزنىڭ خورازغا ئوخشايدىغان قىزىل خوراز ئىكەن. * — ئۇنداق بولسا — دەپتۇ موماي، — ئۆگزىدە بىر قىزىل ساندۇق بار، شۇنى ئېلىپ چۈش. ② سۈپ. كۆچمە. ئىنقىلابىي؛ سىياسىي ئېڭى يۇقىرى، سىياسىيلىكى كۈچلۈك: قىزىل قوشۇن. قىزىل ئارمىيە. قىزىل ناخشا. * ئۇلارنىڭ ئاغزى زادىلا قىزىل تەشۋىقاتتىن توختىماپتۇ. * بەزى ئاخشاملىرى قىز-چوكانلار مەن تۇرۇۋاتقان ئۆيگە كېلىپ كىتاب ئوقۇتۇپ ئاڭلايتتى، بەزىدە قىزىل، سېرىق دەپ ئايرىپ تۇرمايلا ئانچە-مۇنچە ناخشىلىرىنى ئېيتىشاتتى. // — قىزىللىرىنى تاللاپ ئېيتايلى، — خەلق ناخشىسىنىڭ ھەممىسى قىزىل، بىزدەك ئەمگەكتە قىزارغان يىگىتلەر ئېيتسا، ھەممىسى قىزىل بولۇۋېرىدۇ. ③ ئى <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەللىك. بىر خىل ۋىرۇس كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپىنچە يېرىم ياشتىن بەش

ياشقىچە بولغان باللار ناھايىتى ئاسانلا
يۇقۇملىنىدۇ. بۇنىڭدا، دەسلەپ قىزىتىپ،
يۆتىلىپ، نەپەس يولى ۋە بىرىكتۈرگۈچى
پەردە ياللۇغلىنىدۇ. ئىككى-ئۈچ كۈن
ئۆتكەندىن كېيىن پۈتۈن بەدەنگە قىزىل
ئەسۋىلەر چىقىپ، ئۆپكە ياللۇغى،
ئوتتۇرا قۇلاق ياللۇغى، كۆكيۆتەل، گۆرەن
بېزى ياللۇغى قاتارلىق كېسەللىكلەرنىمۇ
پەيدا قىلىدۇ. ④ ئى. باي ناھىيىسىدىكى
بىر يېزىنىڭ نامى.

**قىزىل ئارچا** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدى-
كى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ.
شېخى ياپىلاق بولۇپ يېيىلىپ ئۆسىدۇ.
يوپۇرمىقى تەڭگىچىسىمان، ئالدى ئۇچلۇق.
شار مېۋىسى سوقىچاق. تەيۋەندىن
چىقىدۇ. ياغىچى قىزىل، سىلىق، چىدامىلىق
بولۇپ، ئەڭ ياخشى ياغاچ ماتېرىياللىرى-
نىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**قىزىل ئارمىيە** <ھەرب> ① ئىككىنچى
قېتىملىق ئىچكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش
مەزگىلىدە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى
رەھبەرلىك قىلغان ئىنقىلابىي ئارمىيە.
تولۇق ئاتىلىشى جۇڭگو ئىشچى-دېھقانلار
قىزىل ئارمىيىسى. ② 1946-يىلدىن
ئىلگىرىدىكى سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى
ئارمىيىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**قىزىل ئالۇچا** <بوت> ① ئەتىرگۈل
ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان
دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپسسىمان
تۇخۇمسىمان ۋە ئۇزۇن ئېللىپسسىمان تەتۈر
تۇخۇم شەكىللىرىدە بولۇپ، گىرۋىكىدە
ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى ئاق،
مېۋىسى شار شەكلىدە ھەم ياپىلاقراق،
ئۇزۇنىسىغا ئېرىقچىسى بار، رەڭگى چىلان
رەڭگىدە. مېۋە گۆشى سېرىق، يېيىشكە
بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قىزىل ئەپيۇنگۈل** <بوت> ئەپيۇنگۈل
ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق،
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە،
ئۇزۇن، يوپۇرمىقى پەيسىمان يېرىلىدۇ،
گۈلى يالغۇز ئۆسىدۇ، گۈل تاجى ياپراق-
چىسى دۈگىلەك، رەڭگى ھەر خىل
دەرىجىدە قىزىل بولىدۇ. غوزا مېۋىسى
شار شەكىللىك. مەشھۇر مەنزىرە
ئۆسۈملۈكى. ئەسلىي ماكانى ياۋروپا،
ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە تېرىپ
ئۆستۈرۈلمەكتە. شىنجاڭدىمۇ بار.

**قىزىل ئەتىرگۈل** <بوت> ئەتىرگۈلنىڭ
قىزىل ئېچىلىدىغىنى.

**قىزىل ئەنجۈرشاپتۇل** <بوت> شاپتۇل-
نىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ
شەكلى دۈگىلەك ياكى ياپىلاق كېلىدۇ،
ئەنجۈرگە ئوخشايدۇ. پوستى قېلىنراق،
يېتىلگەندە سويۇلىدۇ. رەڭگى تۇتۇق
قىزىل، ئېتى كۆكۈچ، تەمى تاتلىق،
شىرنىلىك. 8-ئاينىڭ باشلىرىدىن
ئوتتۇرىلىرىغىچە پىشىدۇ.

**قىزىل باش چۈشىن** <زوئول> چۈشىننىڭ
بىر خىلى. تېنى سەل چوڭ، يېشىل
كۆك رەڭلىك، پارقىراپ تۇرىدۇ. كۆزى
چوڭ، قىزغۇچ كېلىدۇ. گەندە، قوغۇن
شاپىقى ۋە مېۋە قاتارلىقلارنى يەيدۇ.

**قىزىل باش قۇرت** <زوئول> ماي
قوڭغۇزىنىڭ لىچىنكىسى. تېنى ئاق
رەڭلىك، يۇمىلاق تۆۋرۈكسىمان، قورساق
قىسمىغا قاراپ ئېگىلگەن بولۇپ، تۇپراقتا
ياشايدۇ. دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنىڭ
يىلتىزى ۋە غوللىرىنى ئۇزۇق قىلىدۇ.
زىيانلىق ھاشارات.

**قىزىل باش قۇشقاچ** <زوئول> قۇشقاچ-
نىڭ بىر خىلى. تەن شەكلى ئاق
قۇشقاچقا ئوخشاپ كېتىدۇ، لېكىن سەل

كىچىك، بېشىنىڭ چوققىسى قىزىل، دۇمبىسى ئاچ قوڭۇر رەڭلىك، ئۆسۈملۈك ئۇرۇقلىرىنى يەيدۇ.

**قىزىل باش يۇلغۇن** <بوت> يۇلغۇننىڭ بىر خىلى. رەڭگى قىزغۇچ، ئۇششاق شاخلىرى ئازراق، قىزىل چېچەكلەيدۇ. چىڭ، پۇختا كېلىدۇ.

**قىزىل بايراق** ① رەڭگى قىزىل بايراق. ② پرولېتارىيات ئىنقىلابىنىڭ سىمۋولى: ھۆكۈمەت بىناسى ئۈستىدە قىزىل بايراق قارس-قۇرس ئاۋاز چىقىرىپ جەۋلان قىلماقتا. ② مۇسابىقىلەردە ئۈتۈپ چىققانلارغا مۇكاپات قىلىپ بېرىلىدىغان بايراق، يەنى ئىلغارلىقنىڭ بەلگىسى: مەن قىزىل بايراقنى شۇلارغا بېرىشكە قوشۇلمەن، شۇ چاغدىلا ھەق ئۆز جايىنى تاپقان بولىدۇ.

**قىزىل بويۇن قىلىبورغا** <زوئول> قىلىبورغىنىڭ بىر خىلى. بوينى قىزىل كېلىدۇ.

**قىزىل بويۇن ئۆردەك** <زوئول> ئۆردەكنىڭ بىرخىلى. بوينى قىزىل كېلىدۇ.

**قىزىل بۇرۇن** <تىب> بۇرۇن ئۇچى دائىم قىزىرىپ تۇرىدىغان سوزۇلما خاراكتېرلىك بىر خىل تېرە كېسىلى. سەۋەبى تېخى ئېنىق ئەمەس. كېسەللىكتە دائىم بۇرۇن ئۇچىدا يۇز بېرىپ، ئۇزاق داۋاملىشىدۇ. بۇنىڭدا، بۇرۇن ئۇچىدا قىزىل داغ پەيدا بولۇپ، تەدرىجىي قارامتۇل قىزىلغا ئايلىنىدۇ. بۇرۇننىڭ بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىلىرىدا ئۆزگىرىش يۈز بېرىپ، تېرە ياغ بەزلىرى يوغىناپ، قاتتىق تۈگۈنچە ھاسىل بولۇپ، سىقسا تېرە يېغى ئېقىپ چىقىدۇ.

**قىزىل بۇغداش** <بوت> قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئاددىي، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى ھەر خىل بولىدۇ، رەڭگى يېشىل ياكى جىگەر رەڭ. گۈل رېتى باشاقسىمان. ئۇرۇقى قارا، پارقىراپ تۇرىدۇ. شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە سەي ئورنىدا تېرىپ ئۆستۈرۈلىدۇ. يۇمران مايسىسى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش، ئۆت سۇيۇقلۇقىنى راۋان قىلىش رولى بار. تولغاق، بالياتقۇ راكى، سېرىق كېسەللەرنى داۋالاشقىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىل بۇغداي** <بوت> يازغى بۇغدايىنىڭ بىر سورتى. دانلىق بولىدۇ، دېنى شاپتۇل چېچىكى رەڭگە مايىل كېلىدۇ.

**قىزىل بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى قىزىل رەڭلىك، پالاقچىسى قارامتۇل كېلىدۇ. دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ مۇھىم دېڭىز مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. كۆپرەك جەنۇبىي دېڭىزلاردىن چىقىدۇ.

**قىزىل پاچاق** ① پاچىقى قىزىل: قىزىل پاچاق لاچىن. ② كۆچمە. گاداي: قاببباس مۇپتى: «قىزىل پاچاقلار قاچماقتا، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي باش ئەگمەكتە» دەپ دۇئا قىلىپ كېلەتتى.

**قىزىل پاچاق قىلىبورغا** <زوئول> قىلىبورغىنىڭ بىر خىلى. پاچىقى قىزىل كېلىدۇ.

**قىزىل پاچاق لاچىن** <زوئول> قۇشلار كلاسى، لاچىنلار ئائىلىسىدىكى قۇش. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 30 سانتىمېتر، تېنىنىڭ رەڭگى سارغۇچ كۈل رەڭ، مەقئەت تۈشۈكى، قۇيرۇق ئاستى ياپقۇچ پەيلىرى ۋە ئىككى پۇتى

قوڭۇر قىزىل، شۇڭا قىزىل پاچاق لاچىن دەپ ئاتالغان. چىشىسىنىڭ پەي رەڭگى كۆپىنچىسىنىڭ قېنىق كۈل رەڭ، قۇيرۇق پەيلىرىدە قارامتۇل ئالىسى بار. مەقئەت تۆشۈكىدىن كېيىنكى قىسمىلىرى، ئىككى پۇتى توق سېرىق كېلىدۇ. كەڭ دالا ۋە تاغ باغرىلىرىدا ھاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، جەنۇب تەرەپلەردە قىش ئۆتكۈزىدۇ، شىنجاڭدىمۇ بار.

**قىزىل پاچاق ھەيران** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى كىچىك، پەي-تۈكلىرى كۈل رەڭ قوڭۇر، قانىتى ئۇچلۇق ھەم ئۇزۇن، پۇتلىرىدىكى تۆت بارمىقىنىڭ ھەممىسى ئالدىغا قاراپ ئۆسكەن، تروپىك بەلباغ ئاراللىرىدا ياشايدۇ. كىچىك قۇرتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كېلىدا خېلى تەرەققى قىلغان شىلىمشىق بېزى بولىدۇ. ئۇنىڭدىن ئاجرىلىپ چىققان شۆلگەي ھاۋادا قېتىپ، بۇ خىل قارلىغاچنىڭ چاڭگا ياسايدىغان ئاساسي ماتېرىيالىغا ئايلىنىدۇ.

**قىزىل پەرەڭگۈل** <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، گۈل تاجىسى چوڭ، قىزىل (ئاق ياكى قات بەرگلىكلىرىمۇ بار). يىلىنىڭ تۆت پەسلىنىڭ ھەممىسىدە چېچەكلەيدۇ. ئاتاقلىق مەنزىرە ئۆسۈملۈكى.

**قىزىل پەملچاي** <بوت> چاينىڭ چوڭ بىر تۈرى، يەنى تولۇق ئېچىتىلغان چاي. رەڭگى قارا، مايدەك پارقىرايدۇ، دەملەنگەندىن كېيىن قىزىرىدۇ. ئالاھىدە بىر خىل خۇش بۇي پۇراقتا ئىگە.

**قىزىل پۇرچاق** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق. ئۇرۇقىنىڭ رەڭگى تۇتۇق قىزىل. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**قىزىل پۇرچاق دەرىخى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ ئاق، ئۇرۇقدېنى تۈكلۈك، چوكا مېۋىسى ياپىلاق، ياغىچى قاتتىق. ياغىچى ئەلا سۇپەتلىك ئۆي جاھازلىرى ۋە گۈزەل سەنئەت بۇيۇملىرى ياساشنىڭ ياخشى ماتېرىيالى. مەملىكىتىمىزنىڭ جەنۇبىدىن چىقىدۇ.

**قىزىل پىچانگۈل** <بوت> پىچانگۈلنىڭ قىزىل رەڭلىك بىر خىلى.

**قىزىل پىياز** <بوت> ياۋا پىياز.

**قىزىل تال** <بوت> تالنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ پوستى، شېخى ۋە يوپۇرماقلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

**قىزىل توپا** ① <گېئول> تەركىبىدە ئاليۇمىن، تۆمۈر ماددىسى مول بولغان بازالت قاتارلىق جىنسلارنىڭ نەم ئىسسىق بەلباغ كىلىماتى شارائىتىدا كۈچلۈك ئىسسىقنىڭ خىمىيىلىك پارچىلىشىدىن ئەسلي ئورنىدا قېلىپ قالغان ھاسىلات، تەركىبىدە ئاساسلىقى ئۇچ مولېكۇلاسۇغا ئىگە ئاليۇمىن تاش، گاۋلىڭ تېشى ۋە تۆمۈر ئوكسىدى بولغاچقا قىزىل كۆرۈنىدۇ. يېڭىلىرى يۇمشاق، ئۇنى پىچاق بىلەن كەسكىلى بولىدۇ، بىراق ھاۋادا تۇرسا تېزلا قېتىۋالىدۇ. ② <خىم> قىزىل تۆمۈر رۇدىسىنى يانجىش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان بىر خىل بوياق ماتېرىيالى. تۇتۇق قىزىل ياكى سۇس قىزىل بولىدۇ. رەسىم سىزىش ۋە قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىل توپا رەڭ** <گ سەن> توپا رەڭگە ئاز مىقداردا قىزىلنى قوشۇش ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىر خىل

مۇرەككەپ رەڭ.

**قىزىل تۇغ ← قىزىل بايراق.**

**قىزىل تۇمشۇق بىلىقچى** <زوئول> چايكىنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى قىزىل بولىدۇ.

**قىزىل تۆمۈر تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، خىمىيىلىك تەركىبى $Fe_2O_3$ . بۇنىڭ ئىچىدىكى تۆمۈر تەركىبى 70% . ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى رومبا يۈزلۈك ياكى تاختىلىق بولىدۇ. ماگنىت رۇدىسىنىڭ ئوكسىدلىنىشىدىن ھاسىل بولغانلىرى ماگنىت رۇدىسىنىڭ ساختا كۆرۈنۈشىدە بولۇپ «ساختا كۆرۈنۈشلۈك قىزىل تۆمۈر تاش» دەپ ئاتىلىدۇ. قۇراشمىسى كۆپ خىل ھالەتتە بولىدۇ. مېتال ھەم يېرىم مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 5.5 ـ 6. ئىز سىزىقلىرى گىلاس رەڭگىدە، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 5.0 ـ 5.3.

**قىزىل تۈلكە** <زوئول> تۈلكىنىڭ بىر خىلى. پۈتۈن تېنى قىزغۇچ قوڭۇر ياكى سارغۇچ قوڭۇر، قۇيرۇق ئۇچىنىڭ تۈكلىرى ئاق. تېرىسى ئەتىۋارلىق. دۆلىتىمىزنىڭ شەرقىي شىمال رايونلىرىدىن چىقىدۇ.

**قىزىل چەش** سورۇپ، پاكىزلەپ، چەشلەپ قويۇلغان بۇغداي؛ چەش بۇغداي: ـ مانا قىزىم ۋاقتى بولدى، تېپىنغا كىرىشىپ كەتسەك، ھەش-پەش دېگۈچە قىزىل چەش تەييار بولىدۇ، ـ دېدى بوۋاي قىزىغا.

**قىزىل چەيزە** <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، ياماشقۇچى ئۆسۈملۈك. يۈزىدە ئاق تۈكلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق ياكى سەل سۆسۈن بولۇپ، مۇرەككەپ كونۇلۇكسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى پىشقاندا قىزىرىدۇ. شاخ، يوپۇرماقلىرى دورا بولىدۇ. ئىسسىقنى ياندۇرۇش، زەھەر قايتۇرۇش رولى بار.

**قىزىل چوغلۇق** <بوت> ئېپىقتاپان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى توم بولۇپ ياغىيۇغا ئوخشاپ كېتىدۇ، يىلتىز پوستىنىڭ رەڭگى سۇس قوڭۇر. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدىغان ئىككى قايتىلانغان ئۈچ قۇلاقلىق مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى قىپقىزىل، مېۋىسى غۇنچە شەكىللىك مېۋە. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، جىگەردىكى ئىسسىقنى تازىلاش، ئاغرىق توختىتىش، ئىششىقنى ياندۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش رولى بار.

**قىزىل چىراغ** ① ئادەتتە تۆمۈر يول خادىملىرى يولدا يىراقتىن كېلىۋاتقان پويىزغا بەلگە بېرىدىغان بىر خىل مەخسۇس چىراغ. ② تۆت كوچىدا ئاپتوموبىللارنى توختىتىش ئۈچۈن بەلگە بېرىپ تۇرىدىغان ئاپتوماتىك چىراغ.

**قىزىل چىقماق** قىزىل كېسەللىكى بىلەن ئاغرىماق ياكى قىزىل كېسىلىگە گىرىپتار بولماق.

**قىزىل خۇن** ئاياللار ئادەت كۆرگەندە جىنسىي ئەزاسىدىن چىقىدىغان قىزىل قان: قىزىل خۇن كەلمەك.

**قىزىل دولانا** <بوت> ياۋا دولانا.

**قىزىل رەقەم** <مال> ئىقتىسادىي پائالىيەتتە چىقىمنىڭ كىرىمدىن ئېشىپ كەتكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان پەرقلىق سان. مۇنداق سان دەپتەرگە خاتىرىلىنىشتە قىزىل سىياھ بىلەن يېزىلىدۇ: قىزىل رەقەم كۆرۈلمەك.

**قىزىل ساپال** <ئارخېئول> يېڭى تاش

قورال دەۋرى ۋە ئۇنىڭدىن خېلى كېيىنكىچە مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ساپال جابدۇقلارنىڭ بىر خىلى. بۇلار يۇمشاق قىزىل توپىدىن تۇجۇپىلەپ ئىشلەنگەن.

**قىزىل سايۋا** <بوت> ئۇزۇمنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى ئۇزۇنچاق، سوقا شەكلىدە، رەڭگى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭدە، چۈرۈك ۋە تەملىك كېلىدۇ. ئىچىدە ئۈچ-تۆت دانە ئۇرۇقى بولىدۇ.

**قىزىل سۇۋادان** <بوت> سۇۋادانىنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ پوستى، يوپۇرماقلىرى قىزىلغا مايىل بولىدۇ.

**قىزىل شەمشاد** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېتر ئەتراپىدا بولىدۇ. كىچىك شاخلىرى تۆۋەن ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، بىر يىللىق شاخلىرى قوڭۇر رەڭلىك بولۇپ پارقىرايدۇ. يوپۇرمىقى يىپ شەكىللىك، شار مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى سۆسۈن، گەنسۇنىڭ جەنۇبىدىن باشلاپ چاڭجياڭنىڭ تۆۋەن ئېقىمىغىچە تارقالغان. ئۆسۈشى تېز، ياغىچى بوش، ئەمما ئاسان چىرىمايدۇ، قوۋزىقىدىن يارىپىلىم ئېلىنىدۇ، ياغىچىدىن دەرەخ مېيى ئېلىنىدۇ.

**قىزىل فوسفور** <خىم> فوسفورنىڭ ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى، يەنى توق قىزىل رەڭلىك پاراشوك. زەھەرسىز. ئىسسىقلىقتا يولۇقتاندا سۇيۇقلانماستىن بىۋاستە پارغا ئايلىنىدۇ، پارى سوۋۇتۇلغاندىن كېيىن، زەھەرلىك ئاق فوسفورغا ئۆزگىرىدۇ. قىزىل فوسفور بىخەتەر سەرەڭگە ياساشتا قوللىنىلىدۇ.

**قىزىل قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يىڭنىسىمان يوپۇرماقلىرىنىڭ بەشى بىر باغلام بولۇپ ئۆسىدۇ. ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ قىزىل، ئانىلىق گۈلى يېشىل قوڭۇر. مېۋىسى ناھايىتى چوڭ: ئۇرۇقىنىڭ دانىسى چوڭ بولۇپ، يېيىشكە بولىدۇ، ياغمۇ چىقىرىلىدۇ. ئۇ كۆپ ئۇچرايدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالىدۇر. ئۇنىڭدىن سكىپىدارمۇ ئىشلىنىدۇ.

**قىزىل قاشقا تۇرنا** <زوئول> تۇرنىنىڭ بىر خىلى. قاشقىسى قىزىل.

**قىزىل قانات ئۆردەك** <زوئول> ئۆردەكنىڭ بىر خىلى. قانات پېيى قىزىل ياكى قىزغۇچ كېلىدۇ.

**قىزىل قان تۇزى** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى كالىي تۆمۈر سىئانىد. مولېكۇلا فورمۇلىسى $K_3Fe(CN)_6$. توق قىزىل رەڭلىك، پارقىراق كرىستال، زەھەرلىك. كۆك رەڭلىك بوياق ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ، يەنە تېزاپ ۋە ئەسۋابلارنى سۇغارغۇچمۇ قىلىنىدۇ.

**قىزىل قان دانىچىسى** <بىئول> قان دانىچىسىنىڭ بىر خىلى، يەنى ئاق قان دانىچىسىدىن كىچىكرەك، يۇمىلاق ھالەتتىكى ھۈجەيرە. رەڭگى قىزىل، يادروسىز كېلىدۇ. تەركىبىدە گېموگلوبىن بولۇپ، قىزىل يىلىكتە شەكىللىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئوكسىگېننى ھەرقايسى توقۇلمىلارغا يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، كاربون (IV) ئوكسىدىنى ئۆپكە پۇۋەكچىسىگىچە ئېلىپ كىرىش رولىنى ئوينايدۇ.

**قىزىل قان ھۈجەيرىسى** <بىئول> ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردىكى تەركىبىدە گېموگلوبىن ۋە ھۈجەيرە يادروسى بولغان بىر خىل قان ھۈجەيرىسى. ئادەملەردىكى بۇ خىل قان ھۈجەيرىسىنىڭ يادروسى بولمايدۇ.

**قىزىل قەغەز ئالماق** توي خېتى —

نىكاھ قەغىزى ئالماق: ئۇلار ئەتە قىزىل قەغەز ئالغىلى بارماقچى ئىدى.

**قىزىل قوچۇر** <بوت> ← **قىزىل قارىغاي.**

**قىزىل قولتۇق پاقا** <زوئول> پاقا ئائىلىسىدىكى قوش ماكانلىق ھايۋان. تەن ئۇزۇنلۇقى 4-6 سانتىمېتىر، دۈمبىسى ۋە تېنىنىڭ يان تەرەپلىرى يېشىل سېرىق، كۆل رەڭ يېشىل، سارغۇچ يېشىل ياكى ئاچ قوڭۇر كېلىدۇ. ئۈستىدە قېنىق كۆل رەڭ سەپكۈنلىرى، تۆت ئايىغىدا توغرا يولچىلىرى بار. قورساق قىسىملىرى ئاقۇچ سېرىق ياكى ئاق رەڭلىك. ئەركىكىنىڭ ئاۋاز خالتىسى يوق، بارماقلىرىدا پەنجىسى بار. 1-بارمىقىنىڭ ئاساسىدا قول قاداقچىسى بار. دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا ياشايدۇ.

**قىزىل قوناق** <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كۆممقوناقنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، بىراق سەل تارراق بولىدۇ. گۈلى غولىنىڭ ئۇچىدا بولۇپ، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە تىزىلىدۇ، دېنى قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ. دېنىنى ئىستېمال قىلىشتىن سىرت، يەنە ئۇنىڭدىن ھاراق ئېچىتىشقا ۋە كراخمال ئىشلەشكە بولىدۇ. شېخىدىن بوزا توقۇشقا، قەغەز ياساشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**قىزىل قوۋزاق قارىغاي** <بوت> ← **ماي قارىغاي.**

**قىزىل قۇرت** ① تىببىي دورىگەرلىكتە سازاڭنىڭ بەزى تۈرلىرىنىڭ قاتقان ئۆلۈكلىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىسسىقنى ياندۇرۇش، سۈيدۈك راۋان قىلىش، چۆچۈشنى بېسىش، زەھەرنى كېسىش رولى بار. ②سۇپ. كۆچمە. يېڭىلا تۇغۇلۇپ، بەدەنلىرىگە تۈك چىقمىغان (قۇشلارنىڭ باچكىلىرىغا قارىتا ئېيتىلىدۇ): بۇ بالىنى مەن قىزىل قۇرت چېغىدىن تارتىپ بېقىپ چوڭ قىلغانىدىم. * ئۇ قۇشنىڭ بالىلىرىنى قىزىل قۇرت ۋاقتىدىلا يىلان يەپ كېتىدىكەن.

**قىزىل قۇشقاچ** <زوئول> بىر خىل قۇش. تەن شەكلى ئاق قۇشقاچقا ئوخشايدۇ. ئەركىكى قىزىل رەڭلىك ياكى قېنىق قوڭۇر، چىشىسى قوڭۇر زەيتۇن رەڭلىك. تاغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، ئۆسۈملۈك مېۋىسىنى يەيدۇ.

**قىزىل قۇيرۇق بۇلبۇل** <زوئول> قۇشلار كلاسى، سېرىق قۇشقاچ ئائىلىسى، قىزىل قۇيرۇق بۇلبۇل ئۇرۇقدىشىدىكى قۇشلارنىڭ ئورتاق نامى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 15 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، ئەركىكىنىڭ پوكىنى، قورسىقى ۋە بەل قىسمىدىكى پەيلىرى قوڭۇر قىزىل، قۇيرۇقى قارا ۋە ئاق داغلىق كېلىدۇ. قۇيرۇقىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بىر جۈپ پېيى قارا، قالغانلىرى قىزغۇچ قوڭۇر بولىدۇ. چىشىسىنىڭ دۈمبە تەرىپى يېشىل قوڭۇر، تۆۋەن تەرىپى سەل ئاچ قىزىل. قانىتى ئاق يوللۇق، قۇيرۇقى ئەركىكىنىڭ قۇيرۇقىغا ئوخشاش بولىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ شەرقىي - شىمالى ۋە شىمالىدا كۆپىيىپ، كۆچكەندە شەرق تەرەپتىن ئۆتۈپ، چاڭجياڭ دەرياسىنىڭ جەنۇبىدىكى رايونلاردا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ. ھاشارەتلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. پايدىلىق قۇش.

**قىزىل قۇيرۇق غورۇلاي** <زوئول> غورۇلاينىڭ بىر خىلى. قۇيرۇقى قىزىل بولىدۇ.

**قىزىل قىيامەت** ئۇر-يىقىت، قىر-چاپ بولغان؛ ۋارقىراش-جارقىراش ئەۋج ئالغان، ئىنتايىن دەھشەتلىك ۋەزىيەت،

قالايمىقانچىلىق: قولىغا پالتا-كەكە، پىچاق-قىڭراق، كالتەك-چوماق ئېلىشقان ئىككى تەرەپنىڭ ئادەملىرى ئېتىلىپ كېلىشتى-دە، بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇ يەرنى قىزىل قىيامەت قىلىۋەتتى.

**قىزىل قىيامەت بولماق** قىزىل قىيامەتتەك بىر ھالەت پەيدا بولماق، يۈز بەرمەك: بىركۈنى مەھەللىدىكى باللار بىلەن پادا بېقىپ قايتىپ كەلسەم، ھويلىمىزنىڭ ئىچى قىزىل قىيامەت بولۇپ كېتىپتۇ. * ئالۋان كەلدى-ئالامەت، چېكىۋەردۇق نادامەت، ئالۋاننى تەق قىلمىساق، بۇلار قىزىل قىيامەت.

**قىزىل كرېست** بىر-بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن يەنى قوشۇش بەلگىسى شەكلىدىكى ئىككى قىزىل سىزىق: قىزىل كرېست جەمئىيىتى.

**قىزىل كرېست جەمئىيىتى** <تىب> ئۇرۇش ۋە ئاپەتلىك يىللاردا يارىدارلار، ئاددىي خەلقلەر ۋە ئاپەتكە ئۇچرىغۇچىلارنى قۇتقۇزۇش مەقسىتىدە پىدائىيلاردىن تەشكىللەنگەن خەلقئارالىق تەشكىلات. 1864-يىلقى جەنۋە ئەھدىنامىسىدە قىزىل كرېستنى ئۆزىنىڭ بەلگىسى قىلىش بەلگىلەنگەن.

**قىزىل كۆكچى** <بوت> قوغۇننىڭ بىر خىل سورتى. گۆش قىسمى قىزغۇچ بولىدۇ.

**قىزىل كۈيە** <بوت> بۇغداي، ئارپا ۋە سۇلۇ قاتارلىقلاردا بولىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا كېسەللەنگەن تۆپىنىڭ باشقى ئۈستىنى بىر قەۋەت ھال رەڭ زەمبۇرۇغ قاپلىۋېلىپ، دېنىنى پۇچەكلەشتۈرۈپ قويىدۇ. ئادەم ۋە چارۋىلار كېسەللەنگەن داننى يەپ سالسا، زەھەرلىنىپ قالىدۇ.

**قىزىل گۋارديە** تارس. 1917 — 1918-يىللىرى روسىيىدە بولشېۋىكلار پارتىيىسى تەشكىل قىلغان ئىشچىلارنىڭ جەڭگىۋار ئەترىتى.

**قىزىل لازا** <بوت> لازىنىڭ قىزىلى.

**قىزىل لەھەل** <بوت> ئالمىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى دۈگىلەك، پوستى سەل قېلىن، رەڭگى قىزغۇچ، بېغىر رەڭ، ئېتى چىڭ كېلىدۇ. ئېتىنىڭ رەڭگى سارغۇچ، تەمى چۈچۈمەل، خېلى سۇلۇق بولىدۇ. 9-ئايلاردا پىشىدۇ.

**قىزىل لەيلى** <بوت> لەيلىنىڭ بىر تۈرى. قىزىل ئېچىلىدۇ.

**قىزىل مارشال** <بوت> ئالمىنىڭ بىر سورتى. مېۋىسىنىڭ تۇمشۇقى بەش بۇرجەك شەكلىدە، ساپاق تەرىپى چوڭ، چېچەك تەرىپى يىغىنچاق كېلىدۇ. پوستى قېلىن، رەڭگى قىزىل، تاغىل رەڭلىك سىزىقچىلىرى بولىدۇ. ئېتى ئاق سېرىق، چۈرۈك، تاتلىق، سۇلۇق، شىرىنلىك، خۇش بۇي كېلىدۇ. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ.

**قىزىل مېۋىلىك شاقاقۇل** <بوت> ← **شاقاقۇل.**

**قىزىل مىس تاش** <گېئول> ئاساسىي مىنېراللاردىن بىرى. تەركىبى $Cu_2O$، رەڭگى قىزىل. پاراشوكىنى كۆيدۈرگەندە يېشىل يانغىن چىقىرىدۇ.

**قىزىل هاراق** مېۋىلەرنى بىۋاستە ئېچىتىش ئارقىلىق ئىشلىنىدىغان بىر خىل هاراق. ئەسلىدىكى مېۋە تەمىگە ئىگە. گرادۇسى تۆۋەن بولۇپ، ئادەتتە 12 — 20 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدۇ. رەڭگى ئومۇمەن قىزغۇچ كېلىدۇ.

**قىزىل ھىلال ئاي جەمئىيىتى** <تىب> ئىسلام دۆلەتلىرىدىكى خاراكتېرى قىزىل كرېست جەمئىيىتىگە ئوخشايدىغان

تەشكىلات. ئۇنىڭ ئىشلەتكەن بەلگىسى قىزىل رەڭلىك يېڭى ئاي شەكلىدە بولغاچقا، شۇنداق ئاتالغان.

**قىزىل ئۆمۈچۈك** <زوئول> كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى بىلەن بۇغداي قىزىل ئۆمۈچۈكىنىڭ ئورتاق نامى.

**قىزىل ئۈچقۇلاق** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. مۇرەككەپ يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تەركىب تاپىدۇ. كىچىك يوپۇرماقلىرىنىڭ شەكلى سوقىچاق، گۈلى قىزىل. نۇرغۇن گۈللىرى توپلىشىپ ئۆسۈپ شار شەكىللىك گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ. يېشىل ئوغۇت قىلىنىدۇ.

**قىزىل ئېچىتقۇ** تاماق رەڭگىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ماتېرىيال. چىڭدۇ گۈرۈچىنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، ئۈستىگە هاراق ئېچىتقۇسىنى سېپىلىپ، ئاغزىنى ئېتىپ قىزدۇرۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. رەڭگى قىزىل كېلىدۇ. ئۇ يەنە دورىمۇ قىلىنىدۇ.

**قىزىل ئېيىقئۇزۇمى** <بوت> ① كاككۇكگۈلى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، يۈزى سىلىق، گۈلى ئومۇم گۈل رېتىدە، گۈل تاجى قوڭغۇراق شەكلىدە، رەڭگى ئاق ياكى هال رەڭ، شىرنىلىك مېۋىسى تۇتۇق قىزىل، تەمى چۈچۈمەل، يېگىلى بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**قىزىل ياقۇت** <گېئول> قىزىل رەڭلىك، قېنىق بىر خىل مىنېرال ($Al_2O_3$). قاتتىقلىقى يۇقىرى، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە نازۇك ئەسۋابلارنىڭ ئوقى ياكى تارازىنىڭ تايانچ نۇقتىسى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**قىزىل ياپيۇز** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، شەكلى تۇخۇمسىمان، ئالدى تەرىپى ئۇچلۇق، گىرۋىكىدە ھەرە چىشلىرى بار. ئومۇم گۈل رېتى ئۇچىدا. گۈل كاسىسىنىڭ رەڭگى قىزىل، گۈل تاجىسىنىڭ رەڭگىمۇ قىزىل. گۈل تاجىسى چۈشۈپ كەتكەندىن كېيىن، گۈل كاسا نېيى بىرقەدەر ئۇزۇن ۋاقىت ساقلىنىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ گۈللەش مەزگىلى ئۇزۇنراق بولىدۇ. ئەسلى ماكانى جەنۇبىي ئامېرىكا. مەملىكىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە باغ ياكى تەشتەكتە ئۆستۈرۈلمەكتە.

**قىزىل يۇلتۇز** <ھەرب> بەش بۇرجەكلىك قىزىل يۇلتۇز شەكلىدە ياسالغان كاكار، بەلگە: قىزىل يۇلتۇزى بار شەپكە.

**قىزىل يوسۇنلەر** <بوت> يوسۇنلەرنىڭ چوڭ بىر تۈرى. كۆپ ساندىكىلىرى دېڭىزدا ياشايدۇ، مورفولوگىيىسى ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ھەر خىل، تەركىبىدە يېشىل پىگمېنتتىن سىرت، قىزىل پىگمېنت بولىدۇ. شۇڭا ئۆسۈملۈك تېنى قىزىل ياكى سۆسۈن كېلىدۇ. تەركىبىدە يەنە مول يېلىم ماددىسى بولىدۇ. زىسەي، تاش يوسۇنى قاتارلىق تۈرلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**قىزىل يىلىك** <ئانات> تەركىبىدە نۇرغۇنلىغان قان تومۇر ۋە نېرۋىلار بولغان قىزىل رەڭلىك يىلىك. قان دانىچىسىنى ئىشلەش رولىنى ئوينايدۇ. بوۋاقلارنىڭ يىلىكى قىزىل يىلىك بولىدۇ. يېتىلگەن كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن سۆڭەكنىڭ غوللۇق قىسمىدىكى قىزىل يىلىكلەر سېرىق

يىلىككە ئۆزگەرگەن بولىدۇ.

**قىزىلاڭ** ئى. دىئال. ئۆرۈكنىڭ ئالا بولماستىن تۇرۇپلا غورىسى قىپقىزىل قىزىرىدىغان بىر تۈرى.

**قىزىلباش I** ئى [قىزىل+باش] ئۆزىگە نامەھرەم خوتۇن-قىزلارغا يامان نىيەتلىك قىلىدىغان ئەر: نەدىكىنى، ئۇمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش قىزىلباش.

**قىزىلباش II** ئى [قىزىل+باش] <دىن> ← **قىزىلباشلار.**

**قىزىلباشلار** ئى <دىن> ئوسمانىيلارنىڭ سەفەۋىلەرگە بەرگەن نامى. چۈنكى، سەفەۋى قوشۇنىدىكى ئەسكەرلەر باشلىرىغا قىزىل سەرپۇش كىيىشەتتى. ھازىرغا كەلگەندە، بۇ نام شىئە گۇرۇھىنى كۆرسىتىدىغان بولدى.

**قىزىلتاسما** ئى [قىزىل+تاسما] <بوت> ← **قۇشقاچتىل.**

**قىزىل-تىزىل** قىسزىل، قىزىل رەڭلىك، قىزىلغا ئوخشايدىغان ياكى قىزىلغا مايىل.

**قىزىلچا** ئى <بوت> ① لويلا ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى ناھايىتى يوغان، يوپۇرمىقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى ئۇزۇن بولىدۇ. گۈلى كىچىك، يېشىل رەڭلىك، ئومۇم گۈل رېتىدە. يىلتىزى تەركىبىدە قەنت ماددىسى بولۇپ، قەنت ئىشلەشنىڭ ئاساسلىق خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزى.

**قىزىلچا ئۆرۈك** <بوت> ئۆرۈكنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان، پوستى قېلىنراق، سىلىق. ئەسلىي رەڭگى يېشىلغا مايىل سېرىق، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى قىزىرىدۇ، گۆشى يۇمشاق، سۇلۇق ھەم تاتلىق.

**قىزىلچىلىق** ئى. قىزىلچا تېرىلغان يەر، ئېتىز.

**قىزىلقۇلاق** ئى [قىزىل+قۇلاق] <بوت> ← **كاكىنەچ.**

**قىزىلكوس** ئى [قىزىل+كوس] <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ ئالتىنچىسى. مىلادىيە 19-ياكى 21-ئاپرېلدىن باشلىنىدۇ.

**قىزىلكۆز** سۈپ [قىزىل+كۆز] مەككار، ئالدامچى: سېلىم غەزەپلىنىپ: — مەن بۇ قىزىلكۆز ئوغرىنى دىيانەتلىك كىشى ئىكەن دەپ ئويلاپتىمەن، بۇگۈنلا ئۇ شەھەردىن چىقسا، بىر ھەپتىلىك ئىش ھەققىنى ھېسابلىشىمەن! — دېدى. * سەلەي بىلەن سەئىدەنىڭ يىگىچە ھاياتىدىن خەۋەر تاپقان بۇ يۇرتنىڭ ئىچى قۇتۇر، قىزىلكۆز، يامان نىيەت، ئاچكۆز مىڭبېشى پۈتى كۆيگەن توخۇدەك ئولتۇرالماي قېلىپتۇ. // — تۇفى! — دەپ يەرگە تۈكۈردى شەرۈللا دورغا كەتكەندىن كېيىن غەزەپلىنىپ، — بۇ قىزىلكۆزلەرنىڭ گېپىنى قارىمامدىغان.

**قىزىلكۆزلۈك** ئى. مەككارلىق، ئالدامچىلىق: قىزىلكۆزلۈك قىلماق. * — بۇ قىزىلكۆزلۈك، بۇ شەيتان ئويۇنى! — دېدى ئۇ ۋە «پەرد-ىزات خېنىم» مازىرىغا دائىر تارىخنى ئەسلەپ قالدى. * ماۋۇ قىزىلكۆزلۈكنى كۆرۈڭ. ئوپئوچۇق بۇلاڭچىلىق ئەمەسمۇ بۇ. تېخى بايا مۇشۇ ئادەمنىڭ ئۆيىدە توختاپ غىزالىنىشنى ئويلاپتىمەن.

**قىزىلكۆزلۈك قىلماق** مەككارلىق، ئالدام-چىلىق بىلەن شۇغۇللانماق؛ مەككارلىق قىلماق: سەن بالا-چاقىلىق ئادەم. ئۆز قېرىنداشلىرىڭغا قىزىلكۆزلۈك قىلما، قولۇڭدىن كېلىشچە بىزگە ھە-ھۇ دېيىشكىن. * مەن ئاق تۇخۇمنى كۆك بوياپ قىزىلكۆزلۈك قىلمىدىم.

**قىزىلگۈل** ئى [قىزىل+گۈل] <بوت> ئەتىرگۈلنىڭ قىزىل ئېچىلىدىغان ئالاھىدە بىر تۈرى، ئۇنىڭ گۈلىدىن گۈلقەنت سېلىنىدۇ.

**قىزىلگۈللۈك** ① سۈپ. قىزىل گۈلى بار، قىزىل گۈل چۈشۈرۈلگەن: قىزىلگۈللۈك

رەخت. قىزىلگۈللۈك كۆكلەك. ② ئى. قىزىلگۈل ئۆستۈرۈلگەن چاي.

**قىزىللاشتۇرماق** «قىزىللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەمەتجان كۆپ ئۆتمەي بالىلىرىنىڭ ئىسمىنىمۇ قىزىللاشتۇرۇپ «ئىنقىلاب»، «ئىسيانجان» دېگەن يېڭى ئىسىملارغا ئالماشتۇردى.

**قىزىللاشتۇرۇلماق** «قىزىللاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئەسكەرلەرنىڭ ئىدىيىسى قىزىللاشتۇرۇلدى.

**قىزىللاشماق** پ ① قىزىلغا ئايلانماق، قىزىللىق تۈسىنى ئالماق، قىزىلغا ئۆزگەرمەك. ② كۆچمە. ئىنقىلابنى، پارتىيىنى، سوتسىيالىزمنى قىزغىن سۆيىدىغان ئاڭغا ئىگە بولماق: ئۇلار، ياشلارنى ھەم قىزىللاشقان، ھەم ئىختىساسلاشقان سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت ياراتقۇچىلاردىن بولۇپ چىقىشقا يېتەكلەپ، خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

**قىزىللىق** «قىزىل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەنجانىبايىنىڭ بۇرۇتلىرى قىمىرلاپ، يۈزگۆشلىرى لىپىلداپ كەتتى، كۆزلىرىگە قىزىللىق تولدى. * سېنتەبىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ئىدى. كەچكى قۇياش تاغ ئارقىسىدىكى قىزىللىقتا شۇڭغۇپ كەتتى.

**قىزىلمارال** ئى [قىزىل+مارال] <بوت> كۆك مارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى رەتسىز، تۈگۈنەكسىمان، سېمىز بولىدۇ، سىرتىنىڭ رەڭگى سارغۇچ قوڭۇر، گۆشى ئاق، پوستى سويۇلغاندىن كېيىن بېغىر رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. غولى تىك، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شاخلىمايدۇ. يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ ياكى سەل-پەل ئۇدۇل ئۆسىدۇ. چەكسىز ئۆگزىسىمان گۈل رېتى ئۇچىدا ئۆسىدۇ. گۈلىنىڭ رەڭگى سېرىق، غۇنچە شەكىللىك مېۋىسى پىشقاندا بەش پارچىغا يېرىلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. قورۇش، قان توختىتىش، زەھەر قايتۇرۇش، ئىششىقنى ياندۇرۇش رولى بار. قان تۈكۈرۈش، قان قۇسۇش، بۇرۇن قاناش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**قىزىلمۇچ** ئى [قىزىل+مۇچ] <بوت> ← لازا.

**قىزىلئۆڭگەچ** ئى [قىزىل+ئۆڭگەچ] <ئانات> يۇتقۇنچاق ۋە ئاشقازانغا تۇتىشىدىغان نەيچىسىمان ئورگان. ئوزۇقلۇق ئېغىز بوشلۇقى ئارقىلىق يۇتقۇنچاقتىن قىزىلئۆڭگەچكە كىرىدۇ ۋە قىزىلئۆڭگەچ مۇسكۇللىرىنىڭ قىسقىراپ لۆمۈلدىشى نەتىجىسىدە ئاشقازانغا يەتكۈزۈلىدۇ.

**قىزىلئۆڭگەچ تۆشۈك چۇقۇقى** <تىب> قىزىلئۆڭگەچ يېرىقىدىن قىزىلئۆڭگەچ، ئاشقازان پۈلتىيىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**قىزىلئۆڭگەچ راكى** <تىب> قىزىلئۆڭگەچ شىللىق پەردىسىدە پەيدا بولىدىغان بىر خىل يامان سۈپەتلىك ئۆسمە.

**قىزىلئۆڭگەچ سەرتانى** <تىب> ← **قىزىلئۆڭگەچ راكى.**

**قىزىلئۆڭگەچ سىلى** <تىب> قىزىلئۆڭگەچتە بولىدىغان بىر خىل سىل كېسەللىكى. سىل تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسى ئەگرىلىشىپ كېڭىيىش** <تىب> جىگەر قېتىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەرنىڭ قىزىلئۆڭگەچ ۋېناسى ئەگرىلىشىپ كېڭىيىدىغان بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا قان تومۇر يېرىلىپ، قان قۇسۇش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**قىزىلئىشتان** ئى [قىزىل+ئىشتان] بۇزۇق ئايال.

**قىزىل-يېشىل** قىزىل ۋە يېشىل: قىزىل-يېشىل چىراغ.

**قىزىل-يېشىل چىراغ** <قاتن> ئاپتوموبىللار-

نىڭ يورۇشىگە قوماندانلىق قىلىدىغان سىگنال چىرىغى. كۆپىنچە شەھەر ئىچى يوللىرىنىڭ كېسىشكەن دوقمۇشلىرىغا ئورنىتىلىدۇ. قىزىل چىراغ توختاشقا، يېشىل چىراغ مېڭىشقا بەلگە بېرىدۇ.

**قىزىماق** پ ① تېمپېراتۇرىسى، هارارىتى ئۆرلىمەك؛ ئىسسىماق: تۆمۈر قىزىدى. دەزمال قىزىدى. ياغ قىزىدى. * دادام قىزىغان تۆمۈرنى سەندەلگە قويۇپ سوقتى. * — بۇ يەرنى مەن بىلمەن، كۆن قىزىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاتاڭغا قوغۇن ئاپىرىپ بەر، — دېدى ئاپام. * ئامانقۇل ئۇۋغا كېتىپ، شۇ كېچىسى سەپەرقۇل كېچىچە قىزىپ ياتالمىدى. * ئاخشامدىن بېرى مېنىڭ پۈتۈن بەدىنىم قىزىپ كەتتى. ② كۆچمە. قىزىقماق، قىزدۇقش پەيدا بولماق: كۆنلەر ئۆتۈپ يۈرىكىم ئۇنىڭغا قىزىپ قالدى. * ئۇلار قوناقنى كاتەكچە قىلىپ تېرىش ئۈچۈن ئۇرۇق سالىدىغان ماشىنىغا قىزىپ قالدى. ③ كۆچمە. جىددىي تۈس ئالماق؛ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلمەك، جانلانماق: جەڭ قىزىماق. * مەھەللىنىڭ سىرتىدىكى كەڭ چىملىقتا بولغان چېلىش قىزىپ كەتكەنىدى. * ئەمەتنىڭ خامىنىدا ئىش قىزىپ كەتتى. * شۇ كۈنى كەچتە ياتاقتا توپلانغان نېفىتچىلار ئارىسىدا گۈلخاننىڭ ئىش-پائالىيەتلىرى توغرىسىدىكى مۇلاھىزىلەر قىزىپ كەتتى. ④ كۆچمە. جىددىيلەشمەك؛ خاپا بولماق؛ ئاچچىقلانماق: سادىر ئاخۇن سۆزلىگەنسېرى تىللاخان قىزىپ نېرۋىسى ئۆرلەپ، جىلە بولماقتا ئىدى. * مەن بۇ ئەھۋالنى كۆرۈپ خېلى قىزىشقا باشلىدىم، سابىرمۇ غەزەپتىن تىترەپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايى تۆمۈردەك كۆكەردى.

**قىز-يىگىت** قىز ۋە يىگىت: شوخ قىز-يىگىتنىڭ بىر-بىرىگە تويماي ېېقىشلىرى كىشىگە ياشلىقنى ئەسلەتمەي قالمايدۇ. * بۇ يەردە قىز-يىگىتلەرنىڭ مەشرىپى خېلى قىزىغانىدى.

**قىس** سۈپ ① ئېھتىياجىدىن ئاز، يېتىشمەيدىغان، كەملىك قىلىدىغان: بۇنداق قىس نەرسىلەرنى ئۇنداق تېز ئالغىلى بولىدىغان ئاسان ئىش نەدە تۇرۇپتۇ؟ ئارقا ئىشكتىن ماڭماي بولمىدى. * بىراق ئوغۇت قىس بولۇپ، تەمىنلەش بىلەن ئېھتىياج ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ئىنتايىن ئېنىق گەۋدىلەندى. ② ئىش-ھەرىكەتنىڭ باش-ئاخىرى ئۇلىشىپ كېلىدىغان، زىچ، ئالدىراش: ئۇ ئىدى ئالدىراش، ۋاقتىمۇ بەك قىس، يول ئالار ئەتىگە — داشۆ قوينىغا، دەيدۇ ئۇ: «كىشىنىڭ بەختىدۇر — تەر تۆكۈش، گۈل چېكىش ئانا يۇرتىغا».

**قىساس** ئى [ئە] قىلغان يامانلىققا قارىتا ئۆز ئەينى ئېلىنىدىغان ھېساب، ئىنتىقام، ئەنت، ئۆچ: — سەن بىگۇناھ بىر كىشىنى ئېتىپ ئۆلتۈردۈڭ، — دېدى توپ ئارىسىدىن «ماموت چاپان» نىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلگەن قاۋۇل، — ئەلقىساسۇلمىنەلھەق، دېگەن گەپ بار، ھامانەم بىركۈنى بۇنىڭ قىساسىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن؟ * ئېزىلگەن خەلق ھامان بىر كۈنى ئەزگۈچىلەردىن قىساس ئالماي قويمايدۇ. * نۇرغا تەشنا خەلقىمىز سېغىناتتى تاڭلارنى. قىساس ئوتى يۈرەكتە، ئۇرغۇتاتتى قانلارنى.

**قىساس ئالماق** ئىنتىقامىنى، ئۆچىنى، ئەنتىنى ئالماق: خەلق بىگۇناھ قامالغانلىقىمىز، قاراڭغۇ كامېرلاردا تارتقان ئازابىمىز ئۈچۈن گومىنداڭچىلاردىن چوقۇم قىساس ئالىدۇ. بىزنىڭ ئىشىمىز ھەق، ئۇ خەلقلەر قەلبىدە مەڭگۈ ياشاپ قالىدۇ! * ئۇلار قىساس ئېلىش ئۈستىدە سەگەكلىك بىلەن خېلى ئۇزۇن كېڭەشتى.

**قىساس تۇتماق** يامانلىقى ئەينى شەكىلدە ئۆزىگە ياندۇرماق: ئانىسى زورىخان قاغۇۋىتىپتۇ دېمەمدۇ، قىساس تۇتتى بۇ بالىنى،

يادىڭلاردا باردۇ هوشۇرئاخۇن، هېلقى تۆت كوچىدا ئابلىز شۇجىنى كۈرەش قىلىپ كەتكىنى، يائاللا، شۇ چاغدىلا بۇ بالىدىن قورققانمەن. * يالغانسىز كۆنلىرى ئۆتمىگىنىدەك، ئۆتمەيدۇ تۆهمەتسىز گېلىدىن تاماق، تۇتىدۇ قىساسىم بىر كۈن ئۇلارنى، بولىدۇ ئاقىۋەت بۇرنىدىن بۇلاق.

**قىساسچى** ئى. قىساس ئالغۇچى، قىساسخور، قىساسكار: سۆيۈملۈك دىلبىرىنىڭ ۋە باشقا سەپداشلىرىنىڭ قىساسلىرىنى ئېلىشقا ئاتلانغان قىساسچى قوشۇنىنىڭ ئالدىدا كۆكرەك كېرىپ، بوز ئېتىنى ئويىنىتىپ كېتىپ بارماقتا ئىدى. * مەن ئۇنىڭ ۋەزىرى جەپەر بەرمەكى بولىمەن. مانا، بۇ كىشى خەلىپە هارۇن رەشىتنىڭ قىساسچىسى مەسرۇر جاللات، بۇ كىشى بولسا، داڭلىق ئەبۇ نەۋاس ھەسەن بىننى هانى بولىدۇ.

**قىساسچىلىق** ئى. قىساس ئېلىش ئىشى، قىساسكارلىق: ئۇنىڭ كاللىسىنى ئەنە شۇ قىساسچىلىق چىرمىۋالغانىدى.

**قىساسخور** ئى ← **قىساسچى:** گەپىنىڭ بولار يېرىنى ئېيتسام سەن راست گەپ قىلغان ئادەمنى يامان كۆرىسەن، خۇشامەتچىلەر، يالغانچىلار، چېقىمچى-قىساسخورلارنى قەدىرلەيسەن. * مەن مۇشۇ تۇرسۇن شېجاڭدىن بارغانسېرى گۇمانلىنىۋاتىمەن. ئۇ مېنىڭ يېقىن ئاغىنەم، لېكىن قىساسخور ئىكەن.

**قىساسخورلۇق** «قىساسخور» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مېنىڭ ياشلىقىمنى، تۇنجى مۇھەببىتىمنى، ئارزۇ-ئۇمىدلىرىمنى ئۆز قىساسخورلۇقىڭىزنىڭ قۇربانى قىلدىڭىز. ئۆچىڭىز چىقتىمۇ؟

**قىساسكار** ئى [ئە+پ] ← **قىساسچى:** سەنلەر بىلىپ قويۇشقىنكى، مەن بولسام سەنلەرنىڭ قولۇڭدا ناھەق نابۇت بولغان ئاشۇ مۇساپىرنىڭ قىساسكارىمەن. * ماڭدۇق هۇرلۇك ئۈچۈن ئۇل سېلىپ، قىساسكارلار قان كېچىپ ئالغا. ئۇلۇغ ئەلنىڭ قۇدرەت كۈچىنى، راست تونۇتتۇق قان ئىچەر ياۋغا!

**قىساسكارلىق** ئى ← **قىساسچىلىق:** قىساسكارلىق ۋە ئۆچ ئېلىشنى مەقسەت قىلغان مۇشۇنداق كوللېكتىپ ئاڭ، يېزا-قىشلاقلار ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت ۋە توقۇنۇشلارنى تېخىمۇ كەسكىنلەشتۈرۈۋېتىدۇ.

**قىساسلىق** سۈپ. قىلمىشىغا يارىشا قىساس ئېلىنىدىغان، قىساس ئېلىشقا تېگىشلىك: قىزىل يۇلغۇن يايپتى ئاخىر قەبرەڭنى، توختاتمىدۇق بۇ قىساسلىق زور جەڭنى، كۆرەلمىدىڭ ئارزۇ قىلغان غەلىبەڭنى، لوتۇن بۇگۈن بولسىچۇ؟ دەپ سېغىندىم.

**قىساسنامە** ئى [قىساس+نامە] قىساس ئېلىش ۋەسىيىتى يېزىپ قالدۇرۇلغان خەت: بۇلارنىڭ هەممىسى راست بولغاندىمۇ، جەددى - جەمەتىنىڭ قىساسنامە ياكى ئائىلە نەسەبنامىسى هەققىدە يازما يادىكارلىق قالدۇرۇشقا ئادەتلەنمىگەن قوۋمنىڭ بىر ئەزاسى بولغان ئابلىز قارىمۇ بۇ هەقتە هېچنېمە بىلمەيدۇ.

**قىستاتماق** «قىستىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: زەينەپ ئۇنى ئانچە قىستاتمىدى. * شۇنىمۇ ياخشى بىلگىنكى، ئوغلۇڭنىڭ ھەرئايدا مەرغىلانغا قاتناپ تۇرۇشى سېنى قانچىلىك خاپا قىلسا، مېنىڭكىمۇ سېنىڭدىن بەتتەر ئاچچىقىمنى قىستىتاتتى.

**قىستاشماق** «قىستىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئادەمنىڭ قولى ئاران پاتقۇدەكلا تۆشۈك ئالدىدا ئادەملەر ھەدەپ بىر-بىرىنى قىستىشاتتى. * لېكىن يىگىتلەر چاي-پاي ئىچىشىپ، يېڭىدىن ئېلىپ چىقىلغان ئىسسىق كاۋاپتىن ئۈچ-تۆت زىخ سېرىشقىنىدىن كېيىن جاپپارنى قىستاشتى.

**قىستاق** ئى. قاتتىق جەبىر-زۇلۇم سېلىش، قىيىن-قىستاق: بۇ ئېغىرلىققا ئارزۇ ئىگىلىرىنىڭ

قستاقلرى يول بەردى، يەنى ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن بۇ تۇتۇرۇقسز سوۋغىنى كۆتۈرۈپ يولغا چۇشۇشكە مەجبۇر بولدى. * قانداقچە خالىغاي ئەركىن تەنلىرىم، دەھشە تىلىك قستاقتا مەھكۇم بولۇشنى. بەتنىيەت ئادەمنىڭ ئاتقان زەھەرلىك، يوشۇرۇن ئوقىغا مەھكۇم بولۇشنى.

**قستاقتا ئالماق** قاتتىق قستىماق؛ زورلىماق، مەجبۇرلىماق: بىرنەچچە كۈن بولدى، بەگ بىزنى ھەققەتەن ھەممە تەرەپتىن قستاقتا ئالغلى تۇردى.

**قستاقچىلىق** ئى ← **قستاڭچىلىق**: ئۇ يەردە تۇرغان ئادەملەردىن بىرى مېنىڭ ئارقا تەرىپىمدىن شۇنداق كۈچلۈك قستاپ كەلدىكى، شۇ قستاقچىلىقتا ھەتتا دېمىمنى ئالالماي قالدىم. * ھەي بۇ قستاقچىلىق ئۆيدە ئازادە تىنىق ئېلىشمۇ قىيىن بولدى.

**قستا-قستاڭ** ئادەمنىڭ كۆپلۈكى ياكى ئورۇننىڭ تارلىقىدىن ھەممە يېرى تولۇپ كەتكەن، قىسىلىپ ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان، بوش جاي قالمىغان، ناھايىتى قستاڭ: ئاپتوبۇستا ئادەتتىكىدىن ئادەم كۆپ بولاتتى، بۈگۈن ئادەتتىكىدىنمۇ بەك قستا-قستاڭ بولۇپ كەتتى. * مەسچىت ئالدىدىكى مەيدانغا كەلگەندە، ئادەم تولۇپ كەتتى، قستا-قستاڭدا كىشلەر بۇغراخاننى كۆرۈشكە ئالدىرايتتى.

**قستا-قستاڭچىلىق** ناھايىتى قستا-قستاڭ ھالەت، بەك قستاڭچىلىق: كامال كىنوغا بىلەت سېتىلىۋاتقان كامار ئالدىغا باردى، بىراق ئۇ يەردە كامال پايدىلانغۇدەك جىددىي قستا-قستاڭچىلىق يوق ئىدى. * ئۇ توپىنى يېرىپ قستا-قستاڭچىلىقتىن ئۆتۈپ بولغۇچە تەرلەپ-پىشىپ كەتكەنىدى.

**قستا-قستاڭلىق** ← **قستا-قستاڭچىلىق**: كامىر ئىچىنىڭ قستا-قستاڭلىقى، تاماقنىڭ ناچارلىقى، سۇنىڭ قىسلىقى مەھبۇسلارنىڭ سالامەتلىكىگە جىددىي خەۋپ سالماقتا ئىدى.

**قستاڭ** ① سۈپ. تار ۋە زىچلىقتىن ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان، قىستىلاڭ: بۆلۈشۈۋالغان يېرىمىز تار ۋە قستاڭ ئىدى. * يايلاقلاردىن قوتان-قوتان چارۋا ماللار، دەريا بولۇپ ئۆركەش ياساپ ئېقىپ ئۆتتى. بۇ يىل مېلىڭ قانچە ھەسسە. ئۆستى دېسەڭ، كونا قستاڭ قوتانلارنى چېقىپ ئۆتتى. ② ئى. مۇشۇنداق تار، قستىلاڭ جاي: گۈلقىز نەرسىلىرىنى قستاڭغا جايلاشتۇرغاندىن كېيىن ھاۋا رەڭ ئەتلەس كۆڭلىكىنىڭ يېڭى بىلەن ئۆزىنى يەلپۈشكە باشلىدى. * زەنجىردەك چىرمىشىپ ياتار تىزمىلار، يايلاقنى چۆرىدەپ گۆھەر تاج بىلەن. ئېقىنلار چاپىدۇ شىردەك ھۆركىرەپ، قستاڭدا قاينىغان قايناملار تېرەن. ③ سۈپ. كۆچمە. جەبىر-زۇلۇملۇق، مۇشەققەتلىك، قىيىن: قستاڭ كۈنلەردە، ئۆچمەس يالقۇنى. تىڭشىساڭ ئەگەر، دېڭىز شاۋقۇنى.

**قستاڭچىلىق** ئى. تار، قستاڭ ھالەت: ئاشخانىنىڭ ئىچى بەك قستاڭچىلىق، كىشى بىلەن كىشىنىڭ كارى يوق ئىدى. * خوتۇنىنىڭ كۆيۈمچانلىقىغا جاۋابەن بىرەر سۆز تاپالمىغان تىلىۋالدى يالغان ئەسنەپ قويۇپ، قستاڭچىلىق ئىچىگە - كالىلىرىنىڭ قېشىغا ماڭدى.

**قستاڭغۇ** سۈپ. كىشىگە تار، قستاڭ بىلىنىدىغان؛ ئەركىن، ئازادە ھېس قىلىنمايدىغان: قستاڭغۇ دەۋرنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن جۈرئەتلىك بىلەن باش كۆتۈرۈپ، ئۆلۈمدىن قورقمىغاندا، تاغ يۈرەك جەڭچىلەر قوللىرىغا خەنجەر ئېلىپ، ئەشۇ خۇنۇك ئالەمنىڭ باغرىغا تىغ ئۇرغاندا، مۇشۇ

ناخشلارنى ياگراتقان ئەمەسمىدى؟ * شۇ ئۇمىد پارلاپ بۇگۇن كەلدى ئۇ كۇتكەن دەۋر، كەتتى تار قستاگىۇ يىللار كۇلدى پارلاق بىر ئەسىر.

**قستاگلىق** «قستالڭ» ① ② سۆزىنىڭ ئىسم شەكلى: ياۋ بىلەن چىلشتىڭ قورقماي مەردانە، ھەرقانچە قستاگلىق بولسمۇ زامان. لېكىن ئۇ لەنىتى قۇزغۇنلار، سىنىڭ گۇل ئۆمرۇڭگە قەست قىلدى ھامان.

**قستالماق** «قستىماق» پېئلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن توپتىن سقىپ چىقرىلغان بىرنەچچە قېرى-چۇرىلەرنىڭ پۇل ۋە بىلەتلىرىنى يىغدىم-دە، كىشلەر ئارىسغا قستالدىم. * ھەممەيلەن ھاتەمنىڭ پەزىلتىگە زوقلىنىپ قستىلىپ بېرىپ، ئۇنى تولۇق، كۆپرەك كۆرۇۋېلىشقا ھەرىكەت قىلىشتى.

**قستۇرما** سۈپ. ئارىسغا قستۇرۇلغان، قوشۇمچە قىلىنغان: قستۇرما رەسىم، قستۇرما سۆز.

**قستۇرما ئاھاڭ** <مۇز> تىياتىر، ئوپېرالاردىكى پەردە ئارىلقى ياكى دەم ئېلىش ۋاقتلىرىدا چېلىندىغان ئاھاڭ.

**قستۇرما بايان** <ئەد> ئەدەبىي ئەسەرلەردە ئاپتورنىڭ ئاساسي سيۇژىتنى تەسۋىرلەۋېتىپ ئارىلىقتا باشقا بىر ۋەقەنى قستۇرۇپ ئۆتۈپ كېتىشتىن ئىبارەت بىر خىل بايان قىلىش ئۇسۇلى.

**قستۇرما جۈملە** <تىل> جۈملىگە قستۇرۇپ قوللىنىلىدىغان، ئەمما ئابزاسنىڭ جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق بولغان جۈملىلەر.

**قستۇرما رەسىم** <گ سەن> كىتاب-ژۇرناللارغا قستۇرۇلغان رەسىم. بەزىلىرى رەسمىي بەتكە بېسىلىدۇ، بەزىلىرى ئايرىم بەتكە بېسىلىپ كىتابقا قستۇرۇلىدۇ. ئۇ كىتاب مەزمۇنىنى ئوبرازلىق چۈشەندۈرۈپ، ئەسەرنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. ھەر خىل كىتابلارنىڭ مەزمۇنى ئوخشاش بولمىغاچقا، قستۇرما رەسىمنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. رەسسام ئەسەرنىڭ ئىدىيىۋى مەزمۇنىغا ئاساسەن ئىجاد قىلىدۇ. شۇڭا ئەدەبىيات قستۇرما رەسىملىرى مۇستەقىل بەدىئىي قىممەتكە ئىگە.

**قستۇرما سۆز** <تىل> جۈملىگە قستۇرۇپ قوللىنىلىدىغان، ئەمما جۈملە قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەت باغلىمايدىغان ياكى باغلىغۇچى قاتارلىق باشقا ياردەمچى سۆزلەرنىڭ رولىدىمۇ كەلمەيدىغان سۆز، سۆز بىرىكمىسى قاتارلىقلار. مەسىلەن، «مېنىڭچە، بۇ كىتاب ناھايىتى ياخشى يېزىلغان» دېسەك، بۇ يەردىكى «مېنىڭچە» قستۇرما سۆز ھېسابلىنىدۇ.

**قستۇرما سۈرەت** <گ سەن> ← **قستۇرما رەسىم.**

**قستۇرما ئۆلاق** <ئورم> ئۆلاق ئۇسۇللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئۆلاق تېگىنىڭ غول، شاخلىرى كېسىۋېتىلمەي، يۇقىرى تەرىپىدىكى مۇۋاپىق ئورۇن قىيپاش ھالەتتە چېپىلىپ، ئۇنىڭغا شىنا شەكلىدە ئۇچلانغان قەلەمچە قستۇرۇلغاندىن كېيىن، سىرتى باغلاپ قويۇلىدۇ.

**قستۇرماق** ① «قسماق IV» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شوپۇر دەرھال كابىنكىغا چىقىپ قولىدىكى بىر پارچە قەغەزنى باش تەرىپىدىكى تۆمۈر قسقۇچقا قستۇرۇپ قويۇپ ئىشكىنى «گۇپ» قىلىپ ياپقاندىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردى. ② ئارىسغا تىقىپ، كىرگۈزۈپ قويماق: پىشنى بېلىگە قستۇرماق. * مەن يوقلىما دەپتەرنى قولتۇقۇمغا قستۇرۇپ سىنىپقا مېڭىپ كەتتىم.

* ئاببас. سادىقنىڭ مۇلاھىزىسىنى ئاڭلاپ ئىختىيارسىز بىر تال تاماكىنى كالپۇكىغا قىستۇرۇپ سەرەڭگە ياقتى. ③ تېگىگە قويماق، باستۇرماق: ياسىن ئۆزىنىڭ ئىزدەپ كەلگەنلىكى توغرىسىدىكى باغاقچىنى ئايگۈلنىڭ چامادانى ئاستىغا قىستۇردى-دە، قايتتى. * — ئەقىللىرىدىن ئازىدىغان بولۇپ قېلىپلا ھاجىم، — دېدى روزى داموللام تونىنىڭ پەشلىرىنى تىزلىرى ئاستىغا قىستۇرۇپ تۇرۇپ. ④ كۆچمە. گەپ-سۆز ئارىسىغا قوشۇپ سۆزلىمەك، قوشۇمچە قىلماق؛ تىلغا ئالماق: سۇتۇق بۇغراخان ۋەكىللەر بىلەن سۆھبەتلەشتى. ئەلنىڭ ئىچكى ئەھۋالى، تاشقى سىياسەتلەرنى تونۇشتۇردى، سامانىيلارنىڭ دۈشمەنلىك غەرەزلىرى توغرىسىدىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتتى. * ھەدېسىلا سابىرنى قىستۇرۇپ چاقچاق قىلسەن، بىلسەڭ ئۇنىڭ ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەت ناھايىتى ئېغىر. ⑤ مەلۇم بىر جەريان ياكى ۋاقىت ئارىلىقىدىن پۇرسەت چىقىرىپ ئورۇنلاشتۇرماق: بولىدۇ، مەن سىلىنىڭ بۇ پەلتونى ئارىغا قىستۇرۇپ بولسىمۇ تىكىپ بېرەي. ⑥ كۆچمە. ئارقىسىغا سېلىۋالماق، ئەگەشتۈرۈۋالماق: تويغا كەلسەڭ تويۇپ كەل، بەش بالاڭنى قويۇپ كەل دەپتىكەن، قاراڭلار، رابىخان بۈگۈنكى چايغا ئۈچ بالىسىنى قىستۇرۇپ كېلىپتۇ.

**قىستۇرۇشماق** « قىستۇرماق » پېئىلى ① ② نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قازىخانىنىڭ ئالدى ۋە جەنۇبىي دەرۋازىسىنىڭ ئالدى-كەينىلىرىدە سەللىلىرىگە قۇمۇش قەلەملىرىنى قىستۇرۇشۇپ، ئالدىغا ھەر خىل كىتاب ۋە سامان قەغەزلەرنى دۆۋىلەپ، 10-15 چە خەتتاتلارمۇ ئولتۇرۇشاتتى. * ناماز دىگەرگە ئەزان چىققاندا، قاسىماخۇن ئاكىنىڭ تەكلىپى بىلەن ھەممەيلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى-دە، ساتار، داپ، تەمبۇرلىرىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇشۇپ، ھېيتگا جامەسىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى كوچىغا قاراپ يول ئېلىشتى.

**قىستۇرۇقلۇق** سۈپ. قىستۇرۇپ، تىقىپ قويۇلغان: ئۇ كىشىنىڭمۇ قوللىرى باغلاقلىق، دۈمبىسىگە تاختا قىستۇرۇقلۇق ئىدى.

**قىستۇرۇلما** سۈپ. قىستۇرۇپ قويۇلىدىغان، قىستۇرۇلىدىغان: قىستۇرۇلما قەۋەت.

**قىستۇرۇلما قەۋەت** <بىن> قوش قەۋەتلىنىڭ تام ياكى نېپىز نەرسىلەرنىڭ ئارىسىدىكى بوشلۇق ياكى بۇ بوشلۇققا قىستۇرۇلغان نەرسىلەر.

**قىستۇرۇلماق** « قىستۇرماق » پېئىلى ②-③ نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇنىڭ قولتۇقىغا ئىككى پارچە خۇرۇم، بىر تاختا چەم ۋە ئەستەرلىك بىشۇ قىستۇرۇلغانىدى. * كىتابىنىڭ بىر بېتىگە بىر تال قىزىل گۈل قىستۇرۇلغانىدى. * ئايتىللا سۆز ئارىلىقىدا ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغىلىپ، سەپداشلىرى ئارىسىغا قىستۇرۇلۇپ كىردى.

**قىستىلاڭ** سۈپ. ھەممە يېرى تۇشۇپ كەتكەن، بوش يېرى قالمىغان؛ ناھايىتى تار، قىستاڭ: مەپە بەك قىستىلاڭ، ئورۇندۇقلىرى بەك تار ئىدى. * زىندان ئىچى قىستىلاڭ، تار قەپەسكە ئوخشايدۇ. كېچىدە چىراغى يوق، قاراڭغۇ گۆرگە ئوخشايدۇ. // ئۇ سۇ سىقىلىپ ئېقىۋاتقان قىستىلاڭدىكى مەجنۇن تال يېنىغا كەلدى.

**قىستىلىشماق** « قىستالماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بوۋىسىنىڭ ئىشكى ئالدىدا خوتۇن-قىزلاردىن ئۈچ-تۆتى قىستىلىشىپ مىلەكزىنىڭ يوچۇقىدىن مارىشىپ تۇراتتى. * نېمە دەيمەن ئۇنىڭغا ئەمدى، مەن ئامالسىز ياندىم ئارقىغا. قىستىلىشىپ يەنە كۆپ ئادەم، تەلپۈنەتتى ئۇنىڭ ئالدىغا.

**قىستىما** سۈپ. قىستايدىغان، قىستىلىدىغان، قىستاڭ ھالەتتىكى: قىستىما خۇلاسە.

**قىستىما خۇلاسە** <لوگ> ئىككى تاللانمىلىق تاللانما ھۆكۈم ھەم ئىككى شەرتلىك ھۆكۈم ئاساس قىلىنىپ، شۇنىڭدىن يەكۈن خۇلاسلاپ چىقىرىلغان شەرتلىك-تاللانما خۇلاسە.

**قىستىماق** پ ① ئىگىلىگەن ئورنىنى تارلاشتۇرۇپ بولجۇيالمايدىغان قىلماق؛ تار، قىستاڭ يەرگە سورمەك، سىغداپ قويماق: يىگىتلەر ئەنجانباينىڭ ئەتراپىدا بىر-بىرىنى مۇھاپىزەت قىلغاچ دۈشمەنگە ئوق ئاتاتتى، دۈشمەن ئۇلارنى ئۈچ تەرەپتىن قىستاپ كەلدى. * بازغىپ كېتىپ بارغان چار خوراز تويۇقسىز ئارقىسغا ئۆرۈلۈپ، كەينىدىن ئالچاڭلاپ قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاق خورازنى ھارۋىنىڭ چاقىغا قىستاپ تۇرۇپ بىر تېپىۋىدى، ئاق خوراز «غىق» لا قىلىپ قوپالماي يېتىپ قالدى. ② بوش ئورۇن قويماي بىر-بىرىگە كىرىشتۇرمەك: — قېنى، ئىزاھنامىنىڭ تېزىسلىرىنى ئاڭلاپ باققىن، — ئادىل شىرەنىڭ ئۆزى تەرەپتىكى تارتمىسىنى ئېچىپ زىچ، قىستاپ خەت يېزىلغان بىرنەچچە ۋاراق قەغەزنى ئالدى. ③ مەلۇم بىر ئىش-ھەرىكەتنى قىلىشقا قاتتىق ئۈندىمەك، زورلىماق: خوتۇنۇم سېلىمخان مېنى پىراق ئوتىغا تاشلاپ، شەيتانىنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاجرىشىشقا قىستاۋاتىدۇ. * كۆپچىلىكنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن تىكىلىپ جىنايىتىنى ئىقرار قىلىشقا قىستىدى. ④ ئالدىراتماق: — سىزنىڭ ۋەزىپىڭىز لوتپۇللادىن يىراقلىشىش ئەمەس، تېخىمۇ يېقىنلىشىشتىن ئىبارەت بولىدۇ. لېكىن بىرلا شەرت، ئاگېنت ئىكەنلىكىڭىزنى سەزدۇرمەيسىز، بەلكى چاپسانراق توي قىلىشقا قىستايسىز، — دېدى ۋۇشۇبىك ئايىتىللاغا. * مەشكە كۆپ كۆمۈر سېلىنغاچقا ئۆي ئىسسىپ كەتتى. شۇڭا تاتلىق ئۇيقۇ ئاخشامقى قەرزنى قىستاشقا باشلىدى. * ئەگەر مۇندىن كېيىن باشقىچىرەك شامال چىقىپ قالمىسلا، يۇسۇپ چوڭ شىرمەمەتنىڭ يېرىنى ئۇنى ئاز-تولا قەرزگە قىستاپ جۇپپىيانە سېتىۋېلىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان. ⑤ كۆچمە. خىجالەتچىلىكتە قويماق: تازنى ئاپتاپقا قىستاپتۇ (ماقال). * — ئۇنداقتا، سىلنى قىستاپ قويارمەنمىكىن، — دېدى ھەمراھ خىجىل بولۇپ. ⑥ كۆچمە. پۇرسەت، ئىمكانىيەت بەرمەي جىددىيلەشتۇرمەك: ئايرىلىش ۋاقتىلىرى يەنە قىستاپ كەلمەكتە ئىدى. * ئەخمەتنىڭ يېتىپ كېلىش ۋاقتىنىڭ قىستاپ كېلىشى ئۇنى ئالدىراتماقتا ئىدى. ⑦ سىقماق: داستىخاندا تۇرغان سۇتتەك ئاق توقاچ، ئىشتىها قىستار نەپىسمنى غىدىقلاپ. مەن سۆيمەن ئۇنىڭ گۈلدەك ھۆسنىگە، مەڭزىم يېقىپ، ئەتىۋارلاپ — ئارزۇلاپ. ⑧ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كەلگەن سۆزدىن كېيىن كېلىپ، شۇ سۆزدە ئىپادىلەنگەن ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە كۈچلۈك تەلپى، خاھىشى بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كۈلكىسىنى قىستىماق. تەرىتى قىستىماق. * تەر قۇيۇلغانسېرى ئۇسسۇزلۇق تەشنالىقى شۇنچە قىستايتتى. * يارانلار قولۇمغا ئالدىم جۇپ قەدەھ، بۇنىڭدىن قىلچىلىك بولماڭلار ھەيران. خۇمارىم قىستىدى ئىچىشكە شاراب، چۈنكى مەن يېڭى يىل قويىندا مېھمان.

**قىسچىلىق** ئى. كەمچىل، قىس ھالەت؛ كەملىك، قىسلىق: — مەنمۇ شۇنى دەپ قايتۇرۇۋەتتىم، — دېدى ئەبلغازى ئاسىمنىڭ ئېتىنىڭ يايلىسىنى ئۆرۈۋېتىپ، — ئىمرمۇ جۇدەپتۇ، بىزنىڭ ئەزالار ئىچىدە جۇدىمىگىنى يوق. ئاشلىق، پۇل، ئۆي قىسچىلىقى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋەزىپىسى ئېغىر! * — ماۋۇ ئېرىقتىكى سۇيىمىز يار كېتىپتىكەن، بىز ئۇچەيلەن بېرىپ

قانچە قىلساقمۇ ئېتەلمىدۇق، سۇنىڭ قىسچىلىقىدا ئېرىقتىكى سۇ بىكارلا يەرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا قاسىم دۇيجاڭ ئەزالارنى تەشكىللەپ يارنى ئەتتۇرۇپ بىرەرمىكىن دەپ كېلىشىۋىدۇق.

**قىسسە** ئى [ئە] ① <ئەد> رىۋايەت ئۇسۇلىدا يارىتىلغان بەدىئىي ئەسەر؛ پوۋېست. مەسىلەن، خېۋىر تۆمۈرنىڭ «موللا زەيدىن ھەققىدە قىسسە» ناملىق پوۋېستىگە ئوخشاش: مەن موللا زەيدىنىنىڭ ئەنە شۇ ھاياتىنى خەلققە ۋە كېيىنكى ئەۋلادلارغا تونۇشتۇرۇش مەقسىتىدە بۇ قىسسىنى يېزىپ چىقتىم. ② ۋەقە-ھادىسە، ئەپسانىلەر بايان قىلىنغان ئېپىك ئەسەر، رىۋايەت: ئات قىسسىسى. * قىسسە شۇ يەرگە يەتكەندە تاڭ ئاتتى. شەھرىزات ھېكايىسىنى توختاتتى. * ھاتەم پۈتۈن سەرگۈزەشتىلىرىنى ۋە تەمىم سودىگەر بىلەن ئەلكەن پەرى قىسسىسىنى، خۇدا يولىدا بۇ ئىشقا قەدەم قويغانلىقىنى سۆزلىدى.

**قىسسىخان** ئى [ئە+پ] سورۇنلاردا قىسسە ئېيتقۇچى: ئۆتۈلگەن بولسىمۇ نۇرغۇن زامانلار، ئۇنتۇماپتۇ بۇلارنى قىسسىخانلار. * ئىدى گۈللۈك مېنىڭ ھەر تاڭ ماكانىم، شامال سازەندە، بۇلبۇل قىسسىخانىم.

**قىسسىخانلىق** ئى. سورۇنلاردا قىسسە ئېيتىش ئىشى: سايراشنى باشلىدى كەلگەنچە بۇلبۇل، كىرىشتى قىسسىخانلىققا يانا ئۇل.

**قىسقا** سۈپ ① «ئۇزۇن» نىڭ ئەكسى، كالتە: قىسقا چاپان. بويى قىسقا. قىسقا مۇساپە. * ھاشىم شۇجىغا بۇ پىكىر بىرئاز ئېغىر كەلگەن بولسا كېرەك، قىسقا بۇرۇتلىرى بىردىنلا لىپىلداپ تىترەپ كەتتى. // ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس (ماقال). ② ئۇزاق داۋام قىلمايدىغان، كۆپ ۋاقىت كەتمەيدىغان، ۋاقتى ئاز: ئۇ قىسقا كۈنلەر ئىچىدە ئۆتكەن ئىنتايىن شېرىن مىنۇتلارنى يادىغا ئالدى. * ئۆزىنىڭ بەك قىسقا ئۆمرىدە لوتۇن، ئۆتكۈزدى شەۋكەتلىك-مەنىلىك ھايات، ئۇ كۆتكەن غايىنىڭ بوستانلىرىدا، پاك روھى نۇرلىنىپ قاقماقتا قانات. // تەرلەپ كەتكەنلىكتىن، بەلبېغىنى يېشىپ مۈرىسىگە تاشلىۋالغان باي دېھقان ئۇچراشقانلار بىلەن قىسقا سالاملىشىپ، ئالدىراپ كېلىۋاتاتتى. ③مەزمۇنى، دائىرىسى ئانچە كەڭ ئەمەس، ئىخچام؛ ئاددىي: قىسقا خەۋەرلەر. * مەن كەچتە خەتنى ئوقۇپ چىقتىم. خەت قىسقا؛ لېكىن كۆچلۈك سۆزلەر بىلەن يېزىلغانىدى. * ئوقتۇرۇشنىڭ جىددىي ھەم قىسقا بولۇشى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان تەجرىبىمىزگە مۇناسىۋەتلىك جىددىي بىر ئىشنىڭ چىقىپ قالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ④ كۆچمە. يېتەرلىك، تولۇق ئەمەس، كوتا: سەۋر-تاقىتى قىسقا. * ھەي، «چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا» دېگەن تەمسىل دەل سەندەك خوتۇنلارغا قارىتىلغان ئىكەنغۇ!

**قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش** <تەن> 400 مېتىردىن تۆۋەن قىسقا ئارىلىقلارغا يۈگۈرۈشنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنىڭ مۇسابىقە تۈرلىرى 60 مېتىر، 100 مېتىر، 200 مېتىر، 400 مېتىرغا يۈگۈرۈشتىن ئىبارەت. بەزى دۆلەتلەر يەنە 100 يارد، 220 يارد، 440 يارد ئارىلىققا يۈگۈرۈش مۇسابىقىلىرىنىمۇ ئۆتكۈزىدۇ.

**قىسقا ئارىلىققا يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** <تەن> ئەر-ئاياللارنىڭ 100 مېتىرغا، 200 مېتىرغا، 400 مېتىرغا؛ ئۆسمۈرلەرنىڭ 60 مېتىرغا يۈگۈرۈشكە ئوخشاش بىرقەدەر قىسقا مۇساپىلىق يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرلىرىنىڭ ئومۇمىي ئاتىلىشى.

**قىسقا ئايلانمىلىق مۇز تېيىلىش مۇسابىقىسى** <تەن> سۈرئىتى تېز، ماھارەتچانلىقى

ئۇستۇن، خەتەرلىك، ئەمما قىزىقارلىق بىر بېيگى تەنھەرىكەت تۈرى. ئۇنىڭ ئالاھىدە تېپىلىپ يۈگۈرۈش شەكلى ۋە تېخنىكا، تاكتىكا ئۇسلۇبى بولۇپ، پۈتۈن تېپىلىش مۇساپىسى ئاساسىي جەھەتتىن ئەگىم يولدىكى تېپىلىپ يۈگۈرۈش بولىدۇ. تۈز يولدىكى تېپىلىش بولسا پەقەت قىسقىلا ئۆتكۈنچى تېپىلىش بولىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئەگىم يولدىكى تېپىلىشقا بولغان تېخنىكا جەھەتتىكى تەلەپ ئالاھىدە يۇقىرى بولىدۇ.

**قىسقا پاس** <تەن> بېرىلىدىغان ئارىلىقى قىسقا بولغان پاس: دىلشات خەمىت بىلەن قىسقا پاس بېرىشىپ ماڭدى.

**قىسقا پەم** ← **كالتە پەم**: مەن نېمىشقا مۇنۇ قىسقا پەم زاۋۇت باشلىقى ئالدىدا ئۆزۈمنىڭ ئۇمىدۋار، مەدەنىيەتلىك ئىكەنلىكىمنى كۆرسىتەلمەيمەن؟ * — مېنىڭ قىسقا پەمىمچە، كەلگۈسىدە بەگلىك ئۇنۋانلىرىدىن مەھرۇم بولماسلىق ئۈچۈن، ساۋساۋغا يوشۇرۇن ئەل بولساق ئوبدان بولارمىكىن، — دەپ مەسلىھەت بەردى ياڭ چيۇ.

**قىسقا تۇتىشىش** <فىز> توكنىڭ ئېلېكتر ئەسۋابلىرىدىن ئۆتمەيلا بىۋاسىتە ئۇلىنىپ قېلىشى. بۇ خىل ئەھۋال سادىر بولغاندا، توك كۈچىيىپ كېتىپ ماشىنىلار بۇزۇلۇش ۋە ئوت ئاپىتى قاتارلىق ھادىسىلەر يۈز بېرىدۇ.

**قىسقا دولقۇن** <فىز> دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 10 مېتىردىن 50 مېتىرغىچە بولغان رادىئو دولقۇنى. يەر يۈزى بىلەن ئىئونلۇق قەۋەت ئارىسىدا قايتىلايدۇ. شۇڭا ناھايىتى يىراققا تارقىلىدۇ. بىراق كۈن نۇرىنىڭ ۋە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئۇڭاي ئۇچرايدۇ. ئادەتتە يىراق ئارىلىقلىق رادىئو ئالاقىلىشىشتا قوللىنىلىدۇ.

**قىسقا سۆڭەك** <ئانات> ئۇزۇنلۇق، كەڭلىك ۋە قېلىنلىق پەرقى ئانچە چوڭ بولمىغان سۆڭەك. مەسىلەن، قول ئالىقىنىنىڭ سۆڭىكى ۋە پۇت سوڭىنىڭ سۆڭىكى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**قىسقا قۇيرۇق قارىغۇ چاشقان** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنى كۈل رەڭ، قۇيرۇقى قىسقا، كۆزى كىچىك، يەر ئاستىدا كامار كولاپ ياشايدۇ. تاتلىقياڭيۇ، خۋاسىڭ، پۇرچاق قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يەر ئاستى يىلتىزلىرىنى، چارۋىلار يەيدىغان ئوتلارنى يەپ يېزا-ئىگىلىك، چارۋىچىلىق ئىشلىرىغا ئېغىر زىيان سالىدۇ.

**قىسقا مۇددەتلىك ھاۋا رايى مەلۇماتى** <مېتېئور> ئادەتتە كەلگۈسى ئىككى-ئۈچ كۈنلۈك ھاۋا رايى ئۆزگىرىشى توغرىسىدىكى مەلۇمات كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قىسقا مۈڭگۈزلۈك بۆكەن** <زوئول> ← **بۆكەن كالا**.

**قىسقا ئويلىماق** ئاقىۋىتىنى ئويلىماي، ئەتراپلىق پىكىر يۈرگۈزمەي ئالدىراپ ئىش كۆرمەك؛ يۈزەكى ئويلىماق: ھوشۇرئاكام ھەربىر توخۇدا بەش موچەن پايدىنى كۆرۈپلا ئىشنىڭ ئايغىنى قىسقا ئويلىغانلىقتىن، توخۇنىڭ كېسەللىكمۇ ئېسىگە كەلمىدى. ئەتىسى ھەممىدىن قۇرۇق قالدى.

**قىسقا يىلتىزلىق ياۋا سامساق** <بوت> پىياز ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 70 سانتىمېتىر، رەڭگى ئاق، چاچما يىلتىزلىق كېلىدۇ. تۈۋىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى يىپ شەكلىدە، غولىدىن ئۆسكەن يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ تال بولىدۇ. تۈۋى غولىنى ئوراپ تۇرىدۇ.

گۈل شېخى توپ يوپۇرماقلار ئارىسىدىن كۆتۈرۈلگەن بولۇپ، يەككە، تىك ئۆسىدۇ. كۈنلۈكسىمان گۈل رېتى شار شەكلىدە بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، گۈللىرى كىچىك، زىچ ۋە كۆپ بولىدۇ، رەڭگى بېغىر رەڭ ياكى ئاچ سۆسۈن رەڭدە كېلىدۇ. تەڭگىسىمان غولى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى قېرىق، ئاچچىق، تەبىئىتى ئىسسىققا مايىل، زەھەرسىز. يەلنى تەڭشەيدۇ، كۆڭۈلنى يورۇتىدۇ.

**قىسقاچ** ئى ① چوغ، تۆمۈر قاتارلىقلارنى قىسىپ ئالىدىغان قايچىسىمان تۆمۈر ئەسۋاب: ماۋۇ قىسقاچ بىلەن بولقا، تۆمۈرچىلىكنىمۇ بىلمەن، سىزگە قاراشلىق ئوردىدىكى ھەممە ئاتنى ئېلىپ كېلىك، سىزگە يارىغۇدەك تاقلاپ بېرىمەن. ② كاجۇپ.

**قىسقارتما** ئى. ئەسلىي تېكستنىڭ قىسقارتىلغان نۇسخىسى، قىسقارتىلغان قىسمى: مەن ئۇنىڭ ماقالىسىنىڭ ئەسلىسى بىلەن قىسقارتمىسىنى ئۆزىنىڭ كۆرۈشىگە بىرلىكتە ئەۋەتىپ بەردىم.

**قىسقارتماق** « قىسقارماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: 1981-يىلى ئىگىلىكنى تەڭشەش داۋامىدا ھەرقايسى جايلار ئاساسىي قۇرۇلۇش مەبلىغى ۋە تۈرلۈك مالىيە چىقىملىرىنى زور كۈچ بىلەن قىسقارتتى. * – چۆچەك ئەمدى تۈگىدى – دېدى تاغام « ئۇھ! » تارتىپ. جىمجىتقىنا ئاڭلىدۇق، بىز ۋاقىتنى قىسقارتىپ.

**قىسقارتىش** « قىسقارتماق » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: قىسقارتىش ئۇسۇلى.

**قىسقارتىش ئۇسۇلى** <تىل> ئېلىپبەلىك يېزىقنى قوللىنىدىغان تىللاردىكى كۆپ ئىشلىتىلىدىغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە بىر قىسىم خاس ئىسىملارنى ئاددىيلاشتۇرۇش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا: 1) سۆز بېشىدىكى بىرىنچى ھەرپ پۈتۈن سۆزگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، Carbonium ئۈچۈن C ئېلىنغىنىدەك. 2) سۆز بېشىدىكى بىرنەچچە ھەرپ پۈتۈن سۆزگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، English ئۈچۈن Eng ئېلىنغىنىدەك. 3) بىر سۆزنىڭ ئىككى بۆلىكىنىڭ ئالدىنقى ھەرپلىرى پۈتۈن سۆزگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، Centimetre ئۈچۈن cm؛ kilogramme ئۈچۈن kg ئېلىنغىنىدەك. 4) سۆز بېشى ۋە ئاخىرىدىن بىردىن ھەرپ پۈتۈن سۆزگە ۋەكىل سۈپىتىدە ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، numero ئۈچۈن no ئېلىنغىنىدەك.

**قىسقارتىلما** سۈپ. قىسقارتىلغان، قىسقارتىلدىغان: قىسقارتىلما سۆز.

**قىسقارتىلما سۆز** <تىل> كۆپ بوغۇملۇق سۆز ۋە سۆز بىرىكمىلىرىنى قىسقارتىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن ئاز بوغۇملۇق سۆزلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدىكى « شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى » دېگەننىڭ قىسقارتىلما سۆزى « ش ئۇ ئا ر »، « جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى » دېگەننىڭ قىسقارتىلما سۆزى « ج خ » دىن ئىبارەت.

**قىسقارتىلماق** « قىسقارتماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قاراتاغ سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇش باشلىنىپ كەتكەنلىكتىن تەجرىبەمەيدانىدىكى كىشلەرنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى قىسقارتىلدى. * نىيازنىڭ پاخپىيىپ پېشانىلىرىنى يېپىپ چۈشىدىغان بۇدۇر چاچلىرى نۇرگۈلنىڭ مەسلىھەتى بىلەن قىسقارتىلىپ رەتكە چۈشۈپ قالغانىدى.

**قىسقارماق** پ ① ئۇزۇنلۇقى، بويى، ئارىلىقى كېمىيىپ كالتە، قىسقا ھالەتكە

كەلمەك: مەن سىنىڭ قېشىڭغا كېتىۋاتقانىدىم، خۇداغا شۈكۈر، يولۇم قىسقاردى. * ئىرادە، غەيرەتنىڭ قارشىدا قىيان، سەزمەكتە ئۆزىنىڭ يېڭىلگىنىنى. ئارىلىق قىسقارماقتا... ھەممە ئىش ئايان – بىلدى يىگىت يولۇچىنىڭ كىملىكىنى. ② داۋام قىلىش ۋاقتى كېمەيمەك، ئازايماق: بىزنىڭ سەپەر ۋاقتىمىز تۈن قىسقارغان تومۇز كۈنلىرىگە توغرا كەلدى. * ئۆلۈم دەقىقىسى ھەددى-ھېسابسىز قىسقىراپ، قاش بىلەن كىرپىك ئارىلىقىدەك ناھايىتى قىسقا مۇساپە ئىچىدىلا قالدى. ③ دائىرىسى، ھەجمى تارايماق، ئىخچاملاشماق: بۇ نۆۋەتتىكى تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا بىرقىسىم ئورگانلار قىسقىرايدۇ ياكى بىرلەشتۈرۈلىدۇ. ④ <مات> بىرەر سانغا كەسىرسىز بۆلۈنمەك؛ شۇنداق سانغا بۆلۈنگەندىن كېيىن كىچىك سانلار بىلەن ئىپادىلەنمەك: بۇ كەسىرنىڭ سۈرەت ۋە مەخرىجى بەشكە قىسقىرايدۇ.

**قىسقۇچ** I ① ئى. نەرسىلەرنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان ئەسۋاب: قەغەز قىسقۇچ. دەپتەر قىسقۇچ. ② سۈپ. قىسىش رولىنى ئوينايدىغان، قىسىدىغان ياكى شۇ خىل شەكىلدىكى: قىسقۇچ تاختا. قىسقۇچ سىركۇل. قىسقۇچ قومۇش. قىسقۇچ ھالقا.

**قىسقۇچ تاختا** <بىن> ← **قىسىش تاختىسى.**

**قىسقۇچ سىركۇل** <ماشىن> ← **شتانگېنسىركۇل.**

**قىسقۇچ قومۇش** سۈنئەت قىلغاندا بالىنىڭ جىنسىي ئەزاسىنى قىسىپ تۇرىدىغان قومۇش. .

**قىسقۇچ ھالقا** <ماشىن> نەرسىلەرنى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ھالقا شەكىللىك ئەسۋاب. مېتالدىن ياسىلىدۇ.

**قىسقۇچ** II ئى <زوئول> قىسقۇچپاقا قاتارلىق بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ شەكلى ئۆزگەرگەن بىرىنچى جۈپ پۇتى. شەكلى ئامبۇرغا ئوخشايدۇ، ئېچىلىپ-يېپىلىدۇ. ئادەتتە ئوزۇقلۇق تۇتۇش، ئۆزىنى قوغداش رولىنى ئوينايدۇ.

**قىسقۇچپاقا** ئى [قىسقۇچ+پاقا] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. پۈتۈن تېنىدە قاسىراقلىق قاپچۇقى بار، كۆزىنىڭ سېپى بار. پۇتى بەش جۈپ، ئالدىنقىسى ئامبۇر شەكىللىك بولۇپ، «قىسقۇچ پۇت» دېيىلىدۇ. توغرىسىغا ئۆمىلەيدۇ. خىللىرى كۆپ، ئادەتتە تاتلىق سۇلاردا ياشايدىغانلىرى «دەريا قىسقۇچپاقىسى»، دېڭىزدىكىلىرى «دېڭىز قىسقۇچپاقىسى» دېيىلىدۇ. ھەممىسى قىسقارتىلىپ «قىسقۇچپاقا» دېيىلىدۇ.

**قىسقۇزماق** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىسقىچە** رەۋ. قىسقا، ئىخچام شەكىلگە كەلتۈرۈپ؛ قىسقارتىپ: مەن بېشىمدىن ئۆتكەن ۋەقەلەرنى بۇ ئايالغا قىسقىچە سۆزلەپ بەردىم. * سادىق دېھقانغا قاراپ قويدى. مۇسا دېھقان تەجرىبە مەيدانىنىڭ ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇۋدى. // مەن ئەتىسىلا ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ قىسقىچە كاتالوگىنى تۈزدۈم.

**قىسقىرىشچان** سۈپ. ئاسان قىسقىرايدىغان، قىسقىراش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قىسقىرىشچانلىق** ئى. قىسقىرايدىغان ۋە قىسقىرىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولغان خۇسۇسىيەت: بەزى سۈنئىي تالا نىسبەتەن قىسقىرىشچانلىققا ئىگە. شۇڭا بۇ خىل رەختلەردىن تىكىلىدىغان كىيىم بىرئاز كەڭرەك پىچىلىدۇ.

**قىسقىسى** يۈك. قىسقىچە قىلىپ، يىغىپ

ئېيتقاندا، گەپنىڭ بولار يېرى: ھاكىمنىڭ ئىشلىرى ھەقسقەتەن كۆپ، بىردەم ئۇ مەجلىس، بىردەم بۇ مەجلىس؛ بىردەم ئۇ خىزمەتنى تەكشۈرۈش، يەنە بىردەم بۇ يېزىغا چۈشۈش، قسقىسى ئىش تولا. * مېنى سەزمىدىمۇ ياكى سەزسىمۇ سەزمىگەنگە سالدىمۇ، قسقىسى ئارقىسنى ئۆرۈپ ئېگىشكەن ھالدا ئىش بىلەن مەشغۇل ئىدى.

**قسقلىق** «قىسقا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سىپىل ئىچىدىكى كوچىلارنىڭ تار ۋە قسقىلىقى، ئىدارىلەرنىڭ كۆپلۈكى، ئۆيلەر-نىڭ زىچلىقى توغرىسىدا ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرى ئاز ۋە يۈزە ئىدى.

**قسقىيان** ئى [قسقا+ يان] يۈگەننىڭ ئېغىز دۇرۇقتىن ئات ئېگىكىنىڭ ئوڭ تەرىپىنى بويلاپ تارتىلغان قىسمى.

**قسلىق** «قىس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: - ھازىر كەڭ ئاما ئەڭ كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان ئۈچ چوڭ مەسىلە بار: بىرى، مال باھاسىنىڭ ئۆرلىشى، بىرى كادىرلارنىڭ ئالاھىدە بولۇۋېلى-شى، يەنە بىرى، ئۆي قىسلىقى. * — جامائەت قۇلاق سېلىڭلار، — دەپتۇ قۇدرەت ئاكا كۆپچىلىككە قاراپ، — بىز ئاتا-بوۋىلىرىمىز-دىن تارتىپ يەر ۋە سۇ قىسلىق ئازابىنى تارتىپ كەلدۇق.

**قسما** I رەۋ. باشقىچە، غەيرىي ياڭزىدا، غەلىتە خىلدا: — مايسەم؟ ھە، بىر قىزنىڭ ئىسمى دەڭا، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بولسا كېرەك؟! — جەننەتنىڭ چىرايى سەل ئۆڭۈپ ئاۋازىمۇ بىر قسما ئۆزگىرىپ كەتتى.

**قسما** II سۈپ. ئىككى ياندىن قىسىلغان: قسما تام.

**قسما تام** ← **غوجا تام.**

**قسماق** I ئى ① كەپتەر، قۇشقاچ قاتارلىقلارنى تۇتۇشقا ئىشلىتىلىدىغان، يېرىم ياي شەكلىدىكى بىر توم، بىر ئىنچىكە ياغاچتىن ياسالغان قۇرۇلما: كىچىك چېغىمدا ئېرىق-ئۆستەڭ بويىدىكى سۆگەت ياكى جىگدىنىڭ يۇمران نوتىلىرىنى ياي شەكلىدە ئېگىپ قىسماق ياسىغانلىرىم ئېسىمگە چۈشتى. * بەزىلەر پاختەكنى قسماق قويۇپ تۇتىدۇ، بەزىلەر ئوقيا بىلەن ئاتىدۇ. ② قول ۋە پۇتلارنى قىسىش ئارقىلىق قىينايدىغان بىر خىل جازا قورالى: قسماققا ئالماق. ③ كۆچمە. باشقىلار ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە-مىكىر، تەدبىر: - بۇ يىراقنى كۆزدە تۇتۇپ، ئوغۇلنى بىزدىن تارتىۋېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان قسماق بولماي نېمە؟ * — روھىڭنى چۈشۈرمە ئەبلغازى! — دېدى مەنسۇر كېتىۋېتىپ، — ئۇلار بىزنى ئەمەس، قسماققا ئۆزلىرىنى تۇتۇپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئاز كۈندە ئىشىنىسەن!

**قسماققا ئالماق** ① قولنى قسماققا كىرگۈزۈپ قىيىنماق. ② كۆچمە. ئىككى تەرەپتىن قورشىماق: توغرۇلبەگنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن دەريانىڭ باش ۋە ئاياغ تەرىپىدىن ئۆتۈپ، ياغىنىڭ يان ۋە ئارقىسىدىن قورشاپ ھۇجۇم قىلغان بۇ چېرىكلەر ئالدىغا كەلگەن ياغىنى چېپىپ دومىلىتىپ، بۇ تەرەپكە قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ياغىنى دەريانىڭ ئوتتۇرىسىدا قسماققا ئالدى.

**قسماققا چۈشمەك** باشقىلارنىڭ ھىيلە-- مىكىرىگە ئالدىنىپ قامال قىلىنماق، تۇزاققا چۈشمەك: بۈگۈن ئاخشامۇ ھوشۇرلاپ نېمىشقىدۇر ئۆزى ئائىلىسىدە قېلىپ، گۇرۇپپا باشلىقىنىڭ ئالدىغا بوغالتىرنى ئەۋەتكەنىدى، دېگەنىدەك يەنە قسماققا چۈشۈپ قالدى.

**قسماق قۇرماق** باشقىلارنى دامىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن تەدبىر ۋە ھىيلە ئىشلەتمەك: «ھەببەللى» دېيىشتى قىزلار ئۇ چەتتىن، قارىسام توختىخان قۇدام تۇرۇپتۇ، باشقىلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندۇق، ئۇلار،

بىزلەرگە تۆيدۈرماي قىسماق قۇرۇپتۇ.

**قىسماق** II ئى. پىشۇرۇلغان ئۇماچ، پولۇ، سۈت قاتارلىقلارنىڭ قازان گىرۋىكى ۋە تېگىدە قېتىپ قالغان قىرمىقى: ئاپام كاۋا بارىنگىدا ئەتىگەنلىك سۈتنىڭ قىسمىقىنى قىرىۋاتقانىدى.

**قىسماق** III سۈپ. قىسىلغان، قىسىق: ئۇنىڭ مونچاقلىق قالپاق ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان قىسماق كۆزلىرى ئۇيقۇ باسقاندەك، بىر يۇمۇلۇپ، بىر ئېچىلىپ قوياتتى.

**قىسماق** IV پ ① كۈچ ياكى ئېغىرلىق بىلەن سىقماق، يىغماق: ئۇ كىشى ئارقىغا ئۆرۈلۈپ مېنى كۆردى-دە، ئىتتىك ئالدىمغا كېلىپ ئېھتىرام بىلەن قوش قوللاپ قولۇمنى قىستى. * چىشچى بىر قولىغا ئامبۇر، بىر قولىغا كىچىك بولقىسنى ئېلىپ، ياقۇپجاننىڭ ئېزىق چىشىنى ئامبۇر بىلەن چىڭ قىستى. ② قورشاپ ئىگىلىگەن ئورنىنى تارلاشتۇرماق، يىغماق: مۇنداق پىلىلداپ يېنىپ تۇرغان ئوت دەريانىڭ يۇقىرى تەرىپىدىنمۇ كۆرۈندى، ئىككى تەرەپتىكى ئوت ئاستا-ئاستا بىزنى قىسىپ كەلمەكتە ئىدى. * ئالدىدىكى بىر توپ كىشلەر ۋارقىرىغانچە ئوردا قوۋۇقىنىڭ پەلەمپىيىگە يېقىنلاپ بارغانىدى، ئىككى ياندىكى چېرىكلەر ئۇلارنى قىسىپ كەلدى. ③ ئارىسىغا ئالماق: ئىككى تاۋۇزنى بىر قولتۇقتا قىسقىلى بولماس. * تاز گۈل تاپسا قىسقىلى جاي تاپالماپتۇ (ماقال). * بۇلبۇل سايراپ قىزىتقان بەزمە، گۈلنىڭ ھىدى ئۇرار دىماغقا. ئىككىمىزنى ئورىغان گۈلدىن، ئۈزۈپ بىردىن قىستۇق قۇلاققا. ④تارايتماق، كىچىكلەتمەك، يۇمماق: قوشنانىڭ قارىغۇ بولسا بىر كۆزۈڭنى قىس (ماقال). * — ناخشا دەمسىز؟ — دېدى بالا كۆزلىرىنى قىسىپ قاراپ تۇرۇپ، — تالىپ بوۋامۇ ناخشا ئېيتالايدۇ، مەنسۇر ئاكامۇ ئېيتىدۇ، مەنمۇ ئېيتالايمەن. ⑤ كۆچمە. پايدىلىق ئىمكانىيەتتىن مەھرۇم قىلماق، قىينىماق: سەن مېنى پۇلدىن قىسما! * ھوقۇق تارتىۋالغانلار بۇ ئائىلىنى گالدىن، جىسمانىي، روھىي جەھەتتىن شۇنداق قىستىكى، ئۇلار بېشىغا چۈشكەن بۇ قىسمەتكە ئاران-ئاران چىداپ يۈرۈشتى. * بوۋاي ئۆلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى چوڭ خوتۇن بىلەن ئۇنىڭ توققۇز بالىسى ئۆي-بىساتلىرىنى پوكىنىغا بېسىپ، كىچىك خوتۇن بىلەن كەنجى ئوغلىنى ھەر تەرەپتىن قىسىپ خارلاپتۇ. ⑥ يىغىپ ياكى قىيسايتىپ مەلۇم ھالەتنى ئىپادىلىمەك (قۇيرۇق، بويۇن، مۈرە ھەققىدە): مەن ھەيرانلىق ئىچىدە مۈرىلىرىمنى قىستىم، تۇرسۇن ئاكا سائىتىگە قارىدى. * قۇيۇن چېقىمچى ئاڭلاپ بۆيرۈقنى، «لەببەي» دېگەنچە قىسىپ قۇيرۇقنى. ئايقىزنى شۇئان تۇتماقچى بولدى، ئۆزىچە زەپەر قۇچماقچى بولدى.

**قىساقدىماق** پ. قىسماققا ئالماق: شاھ بەھرام مەجۇسى شۇ نىيەتتە ئەسەدنى ئىسكەنجىگە ئېلىپ قىسماقداپ ئازابلاپ قامچىلاپتۇ.

**قىسما-قىسما** خىلمۇخىل، ياڭزىمۇ ياڭزا، ھەرخىل: تىندۇرۇۋەتكەن ئېھتىيات تومىسى ھەققىدە قىسما-قىسما گەپلەر بار، ئاڭلىسا ئىشەنگۈسى كەلمىگۈدەك گەپ. * مىڭ تۈمەن قۇشلارمۇ ئۇن ئالار نەيدىن، جانلىنار دەريالار، تاغلار ھەيۈسى. ئۇسسۇلغا چۈشىدۇ قىسما-قىسما گۈل، كۈلىدۇ مۇزتاغدا ئاق قاز لەيلىسى.

**قىسمەت** ئى [ئە] ① <دىن> ئالدىدىن بەلگىلەپ قويۇلغان، پېشانىگە پۈتۈلگەن كۆرگۈلۈك، تەقدىر: — ئىست ئادەملەر، ئىست ئادەملەر! — دېدى ئۇ خېلى ئۇزۇن جىمجىتلىقتىن كېيىن، — خۇدانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان بۇ قىسمەتلىرىنى ھەربىر كۆرگىنىم-

دە، ئون يىللىق ئۆمرۈم قىسقىرىپ كەتكەندەك بولدۇ. * ئەمدى سىلىگە بىر كىتاب ئېچىپ بېرەي، باشلىرىغا نېمە قىسمەت كېلىدۇ بىر ئاڭلاپ باقسىلا، قانداق؟ ② كەچۈرمىش، سەرگۈزەشت: — ئوغلۇم كومىسسار ئەخمەت ماڭا سېنىڭ ھەققىڭدە كۆپ نەرسىلەرنى، بولۇپمۇ بېشىڭغا چۈشكەن ئېغىر قىسمەتلەرنى تەپسىلىي ھېكايە قىلىپ بەردى. * مارجانبۇلاق-نىڭ بىپايان ئېتىزلىرىغا، بۈك-باراقسان باغلىرىغا، ئوت-گىياھلىرىغا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ۋە قايغۇسى پۈتۈلگەن، شۇڭا ئۇنىڭ ھايات قىسمەتلىرىگە سىرداش بولغان مارجانبۇلاقنىڭ ئارامبەخش غۇر-غۇر شاماللىرى، ھاياتبەخش سۈزۈك سۇلىرى بۇ چىن ئىنساننىڭ باتۇرلۇق قىسسىنى سۆزلەپ كەلمەكتە.

**قىسمەتلىك** سۈپ. قىسمەت بېشىغا چۈشكەن، قىسمەتكە ئىگە: ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئوخشاش قىسمەتلىك ئادەملەر بولۇپ، ناۋادا خوجايىنىنىڭ غەزىپىنى كەلتۈرۈپ قويسا، ئىككىنچى كۈنى قانداق كۈن كەچۈرۈشنى بىلمەيتتى.

**قىسمەن** ① رەۋ. مەلۇم دەرىجىدە؛ بىرقىسىم؛ بىرئاز: بۇ گەپ ئۇنىڭغا ئازراق دەرمان بەرگەندەك بولدى، كۆڭلىنى قىسمەن تىنجىتتى. * زىبا ئاكامنىڭ پىكىرلىرى قىسمەن توغرا. ② سۈپ. بىر پۈتۈنلۈكنىڭ مەلۇم ياكى ئاز بىر قىسمىنى تەشكىل قىلىدىغان، جۈزئىي: قىسمەن ھاۋا رايى. * قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا تۈركىي تىللارغا ئورتاق تىل ئامىللىرى ئاساسىي قىسمىنى تەشكىل قىلغاندىن تاشقىرى، ئۇيغۇر تىلىغا خاس قىسمەن تىل ئامىللىرىمۇ بولغان. // ئۇلارنىڭ قىسمەنلىرى يېزىنىڭ جاپاسىغا كۆنەلمەي قايتىپ كەلگەن كىشىلەر ئىدى. * بەزىلىرىگە بۇ گەپ تازا ياراپتۇ، قىسمەنلىرى ئاڭا قورقۇپ قاراپتۇ.

**قىسمەن تۈتۈلۈش** <ئاستر> ئاي ۋە كۈننىڭ قىسمەن تۇتۇلۇشىغا قارىتىلىدۇ.

**قىسمەن سۈپەت ئۆزگىرىشى** <پەلس> شەيئىدە ئومۇمىي سان ئۆزگىرىشى داۋامىدا يۈز بېرىدىغان، تۈپ خاراكتېرىدىگە تەسىر يەتمەيدىغان ئۆزگىرىش ياكى قىسمەن دائىرىدە بولىدىغان سۈپەت ئۆزگىرىشى.

**قىسمەن ماس مۇناسىۋەت** <لوگ> ئۇقۇملار ئوتتۇرىسىدىكى بىر خىل مۇناسىۋەت. بۇنىڭدا ئىككى ئۇقۇم ھەجىم جەھەتتىن بىر-بىرىگە قىسمەن توغرا كېلىدۇ.

**قىسمەن ھەجىملىك** <لوگ> بىر ھۆكۈمدە ھۆكۈملەنگۈچى ياكى ھۆكۈملىگۈچى ئۆزىنىڭ پۈتۈن ھەجمى بويىچە كەلمەي، بىر قىسىم ھەجمى بويىچە كېلىش. مەسىلەن، «بەزى ئىشچىلار كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى» دېگەن ھۆكۈملەنگۈچى ئۇقۇم قىسمەن ھەجىمدە كەلگەن. چۈنكى ئۇنىڭدا ئىشچىلارنىڭ بارلىقى ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بىر قىسمى ئۈستىدە پىكىر بايان قىلىنىدۇ.

**قىسمەنلىك** ئى ① بىر پۈتۈنلۈكنىڭ ئانچە چوڭ، جىددىي، مۇھىم بولمىغان بۆلىكى ۋە مۇشۇنداق ئەھۋال، ھالەت؛ ئايرىملىق: بۇ — پۈتۈن دۆلەتكە، پۈتۈن جەمئىيەتكە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز، دەرۋەقە مەلۇم بىر كىشى، مەلۇم بىر كونكرېت ئورۇن، مەلۇم بىر قىسمەنلىك ئۈچۈن ئېيتقاندا، قاراڭغۇ تەرەپ چوڭراق بولۇشى، ئاساسلىق بولۇشى مۇمكىن. * بۇ مەسىلىگە بىر تەرەپلىمە قاراش ياكى قىسمەنلىكنىلا كۆرۈپ ئومۇمىيەتنى كۆرمەسلىك، دەرەخنىلا كۆرۈپ ئورماننى كۆرمەسلىك دەپ ئاتىلىدۇ. ② <لوگ> جۈزئىيلىك.

**قىسسپ** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: قىسىپ داۋالاش ئۇسۇلى.

**قسسپ داۋالاش ئۇسۇلى** <تسب> ئۆپكە تۇبېركۇلىيوزىنى داۋالاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا كۆكرەك بوشلۇقى ۋە قورساق بوشلۇقىغا سۈنئىي ئۇسۇلدا ھاۋا تولدۇرۇش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق ئۆپكىنىڭ كېسەللەنگەن قىسمى قورۇلۇپ، ھەرىكىتى ئازايتىلىدۇ ۋە بۇ ئارقىلىق تەدرىجىي ساقايتىلىدۇ.

**قىسىر** ئى <زوئول> چىشى ھايۋانلارنىڭ بوغاز بولالماي قالغان چېغى.

**قىسىر قالماق** <زوئول> چىشى ھايۋانلار بوغاز بولالماي قالماق: ئۇ ساغلىقلارنى «قىسىر قالمىسۇن» دەپ چارۋىچىلىق مەيدانىدىن مەخسۇس بىر ئالىي سورتلۇق قوشقار ئېلىپ كەلدى.

**قىسىرماق** (توغرىسى: قىرماق) ← **قىرماق.**

**قىسىش** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: قىسىش تاختىسى.

**قىسىش تاختىسى** <بىن> نەرسىلەرنى قىسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاختا. كۆپىنچە ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسىلىدۇ.

**قىسىشتۇرماق** پ. يىغىپ، قىسىپ قىسىق ھالەتكە كەلتۈرمەك؛ قىسماق: دوختۇر كېسەل ئالدىغا تاشلاپ قويغان لۇغەتنى ئېلىپ كۆزەينىكى تۆپىسىدىن كۆزلىرىنى قىسىشتۇرۇپ قارىدى.

**قىسىشماق** «قىسماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئالدىدا قول قىسىشار، ئارقىدىن تاش ئېتىشار (ماقال). * بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغانلار ھەيران بولۇشۇپ مۈرىسىنى قىسىشىپ، كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر-بىرىگە قاراشتى.

**قىسىق** سۈپ ① قىسىلغان: ئۇنىڭ بويىنى قىسىق. ② كىچىكلىتىلگەن، قىسىلغان ھالەتتە يۇمۇق، سەل يۇمۇلغان: خەتنىڭ بۇ يېرىگە كەلگەندە مۇسۇلمانقۇل بېشىنى كۆتۈردى. ھازىر ئۇنىڭ كىرپىكسىز قىسىق كۆزلىرىدە ئوتلار يانماقتا ئىدى. * قوڭغۇراق ئاتا شۇنچىلىك قېرىغان ئىدىكى، مەن ئۇنى ھەممە نەرسىگە مۇلايىملىق بىلەن بىر خىللا كۈلۈپ قارايدىغان قىسىق كۆزلىرىدىكى ئاشۇ مېھرىلىك ئۇچقۇنلاردىن ئارانلا تونۇدۇم.

**قىسىقلىق** ① سۈپ. قىسىپ قويۇلغان، قىسىلغان: زامانەمنىڭ قەلبى ئاتەش قىزىمەن، بەخت گۈلى قۇلىقىمغا قىسىقلىق. شادلىقىم-ئەل شادلىقىغا چېتىقلىق، سەنمۇ ئەلنى رازى قىلساڭ سۆيىمەن! ② ئى. قىسىلغان، قىسىق ھالەت: ئۇنىڭ كۆزىنىڭ قىسىقلىقى ئەيىب ئەمەسقۇ؟! ھەر نېمە دېگەن بىلەن، قارىغۇ ئەمەس-دە!

**قىسلاچ** ئى. دىئال. قىسالغۇ، قىلسىلچاق:

**قىسلچاق** ئى ① يانلىرىدىن قىستالغان ئارىلىقتىكى كىچىككىنە بوش ئورۇن، يوچۇق: ئۇ، باشتىلا، ئادىل كىرىپ كەتكەندىن كېيىن تولۇق يېپىلمىغان ئىشىكنىڭ قىسلىچىقىدىن مارىغانلىقىنى ئېيتىپ سالدى. * چوڭ تاشنىڭ قىسلىچىقىدىن چىقىۋاتقان ئاپئاق ئارشاڭ سۈيى فونتان بولۇپ بىرنەچچە جاڭ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاندىن سىم-سىم يامغۇرغا ئوخشاش يېيىلىپ كىچىك بىر كۆلگە چۈشكەن. ② ئەركىن ھەرىكەت قىلغىلى بولمايدىغان تار يەر، قىستىلاڭ: مەن بىر قىسلىچاقتا قىسىلىپ قالغاندەك، ھاڭغا دومىلاپ كېتىپ بىر تال دەرەخ يىلتىزىغا ئېسىلىپ قالغاندەك ياكى پارتلاپ تۈگەش ئالدىدا تۇرغان مۇئەللەقتىكى شارغا ئوخشاش بولۇپ قالغانىدىم.

**قىسىلدۇرماق** «قىسىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: —ھەي خۇدايا، ھالىمنى كۆرۈپ تۇرىسەن، ھالىم مانا مۇشۇنداق خاراب، بەدىنىمنىڭ ئالدىدا قىسىلدۇرغۇچە، ئۆزۈڭلا يۈز تەڭگە بەرسەڭ! بىرنۆۋەتتىكە كۆزۈڭ قىيمىسا، قەرزگە بولسىمۇ مەيلى، —

دەپتۇ ئەپەندىم.

**قسلماق** ① «قسماق IV» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا بىردىن پەرىزاتنىڭ «ئىنكاس» لىرى ئىسگە كېلىپ يۈرىكى قسلىپ كەتتى. * ئەتراپقا تۈزۈك بىر قاراشقىمۇ ئۈلگۈرمەستىن دىمىغىغا شۇنداق بىر سېسىق پۇراق ئۇرۇلدىكى بىردىنلا، كۆڭلى ئاينىپ نەپسى قسلىپ، قۇسۇۋەتكىلى تاس قالدى. ② «قسماق IV» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ھويلىنىڭ كۈنچىقىش تەرىپىدىكى سولاقخانا تەرەپكە كىشىلەر قسىلىپ بېرىپ، بىر-بىرىنىڭ مۈرىسىدىن بويۇنلىرىنى سوزۇشۇپ قاراۋاتاتتى. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ كەمچىللىكىدىن قىينالماق، شۇ نەرسىگە موھتاج بولماق، قىيىنچىلىق تارتماق: ئەمەلىيەتتە، بۇ مەسىلىنىڭ ئوتتۇرىغا چۈشكەنلىكىدىن تۆمۈر خەلپە ناھايىتى خۇشال ئىدى. چۈنكى، بۇ كۈنلەردە قوزغىلاڭچىلار ئاشلىق ۋە باشقا لازىمەتلىكلەر-دىن قسلىپ تۇراتتى. ④ كۆچمە. خىجىل بولماق، ئۇيالماق: ئۇ ھەممە ئاغىنىلىرىنىڭ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ، ئۆزىنىڭ پىيادە قالغىنىغا ھەدىسىدىن قسلىپ، بەك خىجالەت بولدى. * — ياتىقىمدا بىر كارىۋات بوش، ئۇنىڭ ئۈستىگە، قارىغا، بۇ ئەرلەرنىڭ ياتىقى ئەمەسمۇ، قسلىپ قالىسىز، يۈرۈڭ تارتىنماڭ.

**قسلشماق** «قسلماق» پېئىلى ② نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر قسلىشاتتى، كۆلۈشەتتى، راستتىنلا قىزىغان، جانلانغان بىر جاھانىدى. * ئۇ بۇنىڭ يەر ئاستى ئۆي ئىكەنلىكى ۋە بىرنەچچە گومىنداڭ ئەسكىرىنىڭ بىر بولۇڭغا قسلىشىپ تىقىلغانلىقىنى بايقىدى.

**قسم** I ئى [ئە] ① پۈتۈننىڭ تەركىبى، ئورگانىڭ بۆلىكى ياكى ئۈلۈشى: يولنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمى. كادىرلارنىڭ بىر قىسمى. * تۆمۈر خەلپە خەتنىڭ بۇ ئاخىرقى قىسمىنى باشقىلارغا ئوقۇپ بەردى. * ئۇنىڭ ئىتىز ئەمگىكىدىن بوشىغان ۋاقتىنىڭ كۆپ قىسمى ئاشۇ يېزا مەدەنىيەت ئۆيىدە ساز چېلىش، ئۇسسۇل ئويناش، كىتاب-گېزىت كۆرۈش ئىشلىرى بىلەن ئۆتەتتى. ② <ماشىن> ماشىنا، مېخانىزم، ئىنشائات ۋە شۇ قاتارلىقلارنى تەشكىل قىلغان بۆلەكلەرنىڭ ھەر بىرى؛ دېتال: تراكتورنىڭ ئېھتىيات قىسىملىرى. ③ <ئەد> ئەسەرنىڭ مەلۇم دەرىجىدە مۇستەقىللىككە ئىگە بولغان ئالاھىدە بۆلىكى؛ بۆلۈم، باب: ئۈچ قىسىمدىن ئىبارەت بولغان رومان. ئىككى قىسىملىق كىتاب. * «جاڭغىر» نىڭ كىرىش قىسمىلا مىڭ مىسرادىن كۆپ، جەمئىيسى 50 قىسىمدىن ئاشىدۇ. ④ <ھەرب> ئارمىيە، قوشۇن: قىسىمغا كىر-مەك. قىسىمغا قايتماق. ⑤ <ھەرب> ئارمىيە ياكى قوراللىق كۈچلەر تەركىبىدىكى ئالاھىدە بۆلۈم، بۆلۈنمە ياكى بىرىكمە: مىنامىيوتچىلار قىسمى. قىسىم كوماندىرى. ئاتلىق قىسىم. پىيادە قىسىم. ئۇرۇمچىدە تۇرۇشلۇق قىسىم. * مەلۇم قىسىمدا بىر يىل ئىچىدە خەلق ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىپ بەرگەنلەر 23 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەككە يەتكەن.

**قسم تۈرى** <ھەرب> ئارمىيىنىڭ ئىچكى جەھەتتىكى بۆلۈنمىلىرى. مەسىلەن، قۇرۇقلۇق ئارمىيىسىنىڭ پىيادە قىسىم، توپچى قىسىم، برونېۋىك قىسىم قاتارلىق تۈرلىرى بولىدۇ.

**قسم** II ئى. دىئال. زۇلۇم، سىقىق.

**قسملىق** سۈپ. قىسىملارغا بۆلۈنگەن، بىرقانچە قىسىمدىن تەركىب تاپقان: كۆپ قىسىملىق تېلېۋىزىيە تىياترى.

**قسنچلىق** ئى. بىرەر نەرسىدىن قىسىلغان، قىينالغان ھالەت، قىيىنچىلىق، موھتاجلىق: — كىشىدە مەردلىك بولسا، — دېدى ھېكىمنۇر

بىلجىرلاپ، – قىسىنچىلىق بولمايدۇ، ئۆتكەندە
سىلەرگە ئۆيۈمدە بېقىپ كېلىۋاتقان قويلىرىمدىن
ئىككىنى سېتىپ پۇلىنى خەجلەپ بەردىم.

**قىسنىماق** پ ① بىرەر ئىش ياكى ھەرىكەت-
نى قىلىشقا پېتىنالماي تارتىنىپ، قورۇنۇپ
تۇرماق، سىقىلماق: ئۇزۇندىن بېرى بىر-بى-
رىگە تەلپۈنۈپ كەلگەن ۋە قەلبىدىكى
سۆزلەرنى ئېيتىشنى خالىغان يۈرەكلەر بۇنداق
ئازادە، كۆركەم يەرلەردە يەنە نېمىشقا
قىسىنىدۇ-ھە؟ * خۇددى ئۆتكەن-كەچكەنلەر
مېنىڭ قىز ساقلاپ تۇرۇۋاتقانلىقىمنى بىلىپ
بولغاندەك، ھەربىر يولۇچىدىن قىسىندىم،
قورۇندۇم. ② ئۆز نەپسىدىن كېچىپ بىرەر
نەرسىنى باشقىلارغا قالدۇرۇپ قويماق،
تۇگۇنمەك: قىزىم گۈلەندەمنىڭ مېنىڭدىن
ئايرىلىشقا كۆزى قىيمايدۇ، مەن بولمىسام،
قىسىنىپ گېلىدىن بىر قوشۇق سۇمۇ ئۆتمەيدۇ.
* – ئانا، – دېدى لۇتپۇللا مومايغا، – مەن
ھازىر سەپەر ئۈستىدە، سىزگە مۇشۇ ئىككى
سەرگەزنى قىسىنىپ ئېلىپ كەلدىم. كۆڭلەك
كىيەرسىز، ئامان-ئېسەن بولساق يەنە
كۆرۈشەرمىز.

**قىسىي** سۇپ. دىئال. تېگىشلىك ئۆلۈشكە
ئېرىشەلمىگەن، مەھرۇم قالغان.

**قىسىي قالماق** دىئال. سىرتتا قالماق.
مەھرۇم قالماق.

**قىش** ئى. تۆت پەسلىنىڭ تۆتىنچىسى،
كۈزدىن كېيىنكى، ئەتىيازنىڭ ئالدىدىكى
پەسىل، يەنى سوغۇق مەزگىل. مىلادىيە
بويىچە تەخمىنەن 7-نويابىردىن 21-يانۋار-
غىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:
قىش پەسلى. قىشتىن چىقماق. * قىش غېمىنى
يازدا يە، ياز غېمىنى قىشتا يە (ماقال). *
ئۇنىڭ ئاتىسى قىش كۈنلىرى ھارۋا بىلەن،
ياز كۈنلىرى ھارۋا كىرەلمەيدىغان تاغنىڭ
ئىچكىرىسىدىن ئېشەك بىلەن ئەمەت بەگنىڭ
ئوتۇننى توشۇيتتى.

**قىشتىن چىقماق** قىشتىن سالامەت ئۆتۈپ
ئەتىيازغا ئۇلاشماق: قىشچە ئاشقان-تاشقان-
نى يەپ قىشتىن چىقىدۇ.

**قىشايماق** (توغرىسى: قىيسايماق) ←
**قىيسايماق.**

**قىشقى** سۇپ ← **قىشلىق.**

**قىش-قىراۋ** قىش ۋاقتى، سوغۇق ۋاقىت:
80 ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان ئادەم بۇ
قىش-قىراۋدا تەنزە ئاچمەن، پۇل تاپمەن
دەپ جېنىڭلارنى قىيناپ نېمە قىلىسىلەر؟! *
– ھە، ھە، بۇ سىزغۇ؟ – دېدى ھارۇن
ئاكا ۋە ئىككى قولىنى سۇنۇپ داۋۇت بىلەن
قول ئېلىشىپ ساقىلىنى سىلىدى، – تۇگمەنگە
كېتىۋاتىمەن، قىش-قىراۋ يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ،
قىشنىڭ غېمى داۋۇت ئۇكام.

**قىشقىل** ئى. دىئال. كىسلاتا.

**قىشلاتماق** « قىشلىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇ-
رىي دەرىجىسى.

**قىشلاشماق** « قىشلىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى.

**قىشلاق** ئى. چارۋا-ماللار ۋە پادىچىلار
قىشتا قىشلايدىغان جاي، قىشلىق يايلاق:
ئۇ دەريا بويىدىكى مالچىلارنىڭ قىشلاقلىرىغا
باردى. مالچىلار تاغقا كۆچۈشكە جىددىي
تەييارلىنىۋاتاتتى. * ياغراپ كەتتى ئازادلىق
شوئارلىرى ھەر ياندىن. شەھەر، يېزا ۋە
قىشلاق، ھەتتا خاگدىن، خاماندىن.

**قىشلايدىغان** « قىشلىماق » پېئىلىنىڭ
سۈپەتدىشى: قىشلايدىغان زىرائەتلەر.

**قىشلايدىغان زىرائەتلەر** كۈزگى بۇغداي،
قاتارلىقلارغا ئوخشاش كۈز پەسلىدە
تېرىلىپ، يۇمران مايسىسى قىشتىن ئۆتۈپ،
2-يىلى ئەتىيازدا ياكى ياز پەسلىدە
ئورۇۋېلىنىدىغان زىرائەتلەر.

**قىشلىق** ① سۇپ. قىشقا ماسلاشقان، قىش

ئۇچۇن تەييارلانغان ياكى بەلگىلەنگەن، قىشتا ئىشلىتىلىدىغان ياكى ئىشلەيدىغان: قشلىق كىيىم. قشلىق تەتىل. قشلىق سۇ قۇرۇلۇشى. قشلىق قوغۇن. * بۇ يىزىنىڭ قشلىق ئىشلىرىمىزغا ئانچە تەسىر قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. * نىياز دورغا شۇ كۈندىن ئېتىبارەن، قېزبەگ غوجىنىڭ مېھمىنى سۈپىتىدە بەگ-غوجىلارنىڭ قشلىق مەشرەپلىرىدە ئويۇن-تاماشىغا غەرق بولۇپ كەتتى. ② ئى. قىش داۋامىدا يېيىش-ئىچىش، ئىشلىتىش ئۈچۈن تەييارلىنىدىغان نەرسە: يارىم ماڭا ناز قىلۇر، ئاچىل، دادەي، كۈلۈپ مېنى ماز قىلۇر، ساچىل. يار قەدرىنى بىلمەيسەن، ئاچىل، ئاچىل گۈل ساچىل، قشلىقڭنى ياز قىلۇر ئاچىل.

**قشلىق بىخ** <بوت> مۆتىدىل بەلباغدىكى ئۆسۈملۈكلەر قىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن ھاسىل قىلىدىغان بىخ. سىرتىنى تەڭگىچە يوپۇرماق ئوراپ، قوغداش رولىنى ئوينايدۇ. باھار پەسلىدە تەڭگىچە يوپۇرماقلارنى تاشلاپ، ئۆسۈپ گۈل ياكى يوپۇرماق ھاسىل قىلىدۇ.

**قشلىق. تەتىل** <مائار> مەكتەپلەرنىڭ قىشتا دەرس توختىتىپ دەم ئېلىش ۋاقتى. ئادەتتە بىرىنچى، ئىككىنچى ئايلاردا بولىدۇ.

**قشلىق تەنھەرىكەت** <تەن> تەبىئي ياكى سۈنئىي مۇز، قار مەيدانلىرىدا ھەر خىل ئەسۋاب-سايمانلار ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان تۈرلۈك تەنتەربىيە ھەرىكەتلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى. ئادەتتە مۇز ئۈستى تەنھەرىكىتى ۋە قار ئۈستى تەنھەرىكىتى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**قشلىق سپورا** <بئول> دات كېسەللىك زەمبۇرۇغىنىڭ قىشلايدىغان سپورىسى.

**قشلىق كۈن توختىشى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ 22-سى. مېلادىيە 21-ياكى 23-دېكابىردىن باشلىنىدۇ.

**قشلىق لىمون** <بوت> ئالمىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى ياپىلاق، رەتسىز بەش بۇرجەك شەكلىدە كېلىدۇ. پوستى قېلىنراق، ئەسلىي رەڭگى سۇزۇك كۆك، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى سۇس قىزىرىدۇ. گۆشى ئاق، قاتتىق، چۇرۇك، شىرنىلىك، تەمسىزرەك.

**قشلىق موگۇ** <بوت> كاشتان، دۇپ دەرەخلىرىنىڭ ئاساسىي غولىدا پارازىت ياشايدىغان موگۇ. زەمبۇرۇغ قالپىقىنىڭ سىرتقى يۈزى قارا قوڭۇر، زەمبۇرۇغ سېپى ئاق. تۈرلىرى كۆپ. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، تەمى ياخشى.

**قشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى** <تەن> قشلىق تەنھەرىكەت تۈرى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى. 1924-يىلدىن باشلاپ ئۆتكۈزۈلۈشكە باشلىغان. ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنى بىلەن ئوخشاش بىر يىل ئىچىدە ئۆتكۈزۈلسىمۇ، مۇسابىقە تۈرى ۋە پەسىل جەھەتتە پەرق قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ فىگۇرا چىقىرىپ مۇز تېيىلىش، تېز مۇز تېيىلىش، قار تېيىلىش، چانا تېيىلىش، قار ماشىنىسى، مۇز توپ قاتارلىق تۈرلەر بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**قشلىق ئۇيقۇ** <بئول> ← **ئۈچەك.**

**قشلىق يايلاق** ← **قشلاق.**

**قشلىقى** رەۋ. قىش پەسلىدە، قىشتا: بۇ بالا تەگكۈر پەيدا بولۇپ، ئالتە-يەتتە ئاي ئىچىدە ئونچە ياشنى ئۇرۇپ ۋە قشلىقى سوغۇققا قويۇپ ئۆلتۈرۈپ بولدى. * تۇنىياز ئاكا يازلىقى يەر تېرىپ زىرائەت پەرۋىش قىلسا، قشلىقى ئوغۇت يىغاتتى.

**قشلىماق** پ. بىرەر جايدا قىشنى ئۆتكۈز-

مەك، قىشتا بىرەر جايدا تۇرۇپ قالماق: باھار شاماللىرى دالا، قىر-تىرگەن بويلىرىدا قىشلاپ چىققان قۇرۇق ئوت-چۆپ، قاقشال گىياھلارنى لەرزان تەۋرەتتى. * قەشقەر-دىن چىققان باللار، لەنتەيزىدە ئىشلىدۇق. زالىملارنىڭ دەستىدىن، خالىڭ تېگىدە قىشلىدۇق.

**قىشۇياز** قىش ۋە ياز: تۇنىياز ئاكا قىشۇ ياز شۇ ئوغلى بىلەن دېھقانچىلىق ئىشلىرىنى قىلاتتى.

**قىشچە** رەۋ. قىش مەزگىلىدە، قىش داۋامىدا، قىش بويى: يەنە تۆت-بەش كۈندىن كېيىن مەنمۇ كېلىمەن، قىشچە ئەزالارنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرمىساق بولمايدى-غان ئوخشايدۇ. * ئەزالار قىشچە قوتانلاردىن ئوغۇت توشۇدى.

**قىش-ياز** قىش ھەم ياز، يىل بويى: ئۇ كۆل رەڭ يۇڭ رەختتىن تىكىلگەن شىمنى قىش-ياز ئۈستىدىن چۈشۈرمەي كىيىۋالىدىغان بولدى.

**قىغچى** ئى. قىغ يىغىدىغان، توپلايدىغان كىشى: مەن قىسمەت چورۇق بۇ ئادەملەردە بىر گەپ بار. قانداقمۇ قىغچى بولسۇن دېگەن گۇمان بىلەن ئارقامغا نەچچە رەت قاراپتىمەنۇ «توختىغىنا توختىئاخۇن، بىر سوراپ كۆرەي-لى» دېمەپتىمەنا!

**قىغسىز** سۈپ. ئوغۇتى يوق، قىغ تۆكۈلمىگەن: قىغسىز يەر- پۇلسىز ئەر (ماقال).

**قىغ-قات** دىئال. قىغ ۋە قىغ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان نەرسىلەر.

**قىغلاتماق** «قىغلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئايىسخان بىر مال سويۇپ كۆيئوغۇللىرىنى چاقىرىپ ئوسا قىلغان يەرلىرىنى قىغلىتىپتۇ.

**قىغلاشماق** «قىغلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىغلىق** ① سۈپ. قىغى بار، قىغلانغان: قىغلىق ئېتىز. قىغلىق يەر. ② ئى. قىغ دۆۋىلەنگەن، قىغ بىلەن قاپلانغان جاي: — ئىككىڭنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزلى-رىڭ، قىلماقچى بولغان ئىشلىرىڭ ئوخشاش تۇرسا، يەنە قىغلىقتىن قۇرت تېرىۋېتىپ سوقۇشۇپ قالغان خورازدەك ھۇرپىيىشىمەن، دېدى، — سەلەي نىجاتقا دېۋەيلەپ. * گايىت بىلەن سەمەت بازاردىن چىقىپ قىغلىققا دۆۋىلىگەن يەرلىك ئوغۇتلىرىنى ئېتىز بېشىغا يۆتكەشكە تۇتۇش قىلدى.

**قىغلىماق** پ. قىغ تۆكۈپ قۇۋۋەتلەندۈرمەك: قىغلىساڭ تېرىلغۇ بولار (ماقال). * كۈزدە بۇغداي تېرىشتا، ئوسا قىلدۇق، قىغلىدۇق. يەرگە ئۇرۇق سېلىشتا، ئۇرۇقنى بەك خىللىدۇق.

**قىق** تەق. ئادەم تامىقىنى چەككەندە چىقىدىغان ئاۋاز: جۇمە تامىقىنى چېكىپ ئاباسقا مەنىستەمەسلىك بىلەن تىكىلىپ مۇنداق دېدى: — ئەگەر سادىقنىڭ لايىھىسى قوبۇل قىلىنىدىغان بولسا، ھىم، مەن بۇ يەردىكى باش تېخنىكلىق ۋەزىپەمدىن ۋاز كېچىمەن، قىق.

**قىقۇ-ماچۇ** دىئال. ئولاش-چولاش.

**قىڭراق** ئى. گۆش، خېمىر قاتارلىقلارنى كېسىدىغان تىغى ئۇزۇن، كەڭ، بىرئاز ياي شەكلىدىكى پىچاق: پەگاھدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئېلىقۇل ھەدەپ جادۇ، قىڭراقنى تاشقا سۈركەپ بىلەۋاتاتتى.

**قىڭراق بورۇن** قىڭراققا ئوخشاش ئېگىلى-گەن ۋە قىرلىق بورۇن.

**قىڭراق سۆڭەك** <ئانات> ← **پاقالچاق سۆڭىكى.**

**قىڭراقتۆش** سۈپ [قىڭراق+تۆش] بەك كەمبە-غەل، يالاڭتۆش.

**قىڭغايتماق** «قىڭغايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چىنىلەرنى شىرەگە قويۇپ قاپاقنى قىڭغايتىۋىدى، بۇلدۇق-لىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ چىنىگە چاي قۇيۇلدى.

**قنڭغايماق** پ ① بىرەر تەرەپكە ئېگىلىپ، يانتۇلىشىپ تۇرماق، قىيسايماق: تەختىراۋان قنڭغىيىپ ۋالڭ پەسكە دوملاپ كەتتى. * كۆن تاغلارنىڭ ئارقىسىغا قنڭغايدى، گۈل رەڭگىگە كىردى قىزغۇچ ئۇپۇقلار. كەچكى سالقىن ئۇرغۇپ كەلدى دەريادىن، جىلغىلاردا پەسلەپ قالدى بۇلۇتلار. ② كۆچمە. بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يېنىچە ياتماق، سۇنايلانماق: گۆزەلئاي جۇۋىنى بېشىغا قويۇپ قنڭغايدى-دە، بالىسنى ئويلاپ يېتىپ ئۇخلاپ قالدى. * ماڭا بەلگىلەنگەن ياتاقتا چىقىپ كارىۋاتتا قنڭغايغان بولسامۇ خېلىغىچە ئۇيقۇم كەلمىدى.

**قنڭغىر** سۈپ ① تۈز سىزىق بويلاپ يۆنەلمىگەن، ئەگرى: ئۇ قەدىمكى ياغىزىدا تىكىلگەن قنڭغىر ياقىلىق خەسە كۆڭلىكىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈگمىسىنىمۇ ئېچىۋەتكەنىدى. * تار، قنڭغىر كوچىدا كېلەتتى سادىر، قاپلىغان يېزىنى ئېغىر جىمجىتلىق. يوپۇرماق شىلدىرلاپ ئەنسىزلىك بىلەن، بۇ يۇرتنىڭ باغرىدا گويا تىت-تىتلىق. // ئۇ قانچە ئالدىراپ، كوچەپ ھەرە تارتقانچە بىردەم قنڭغىر كېتەتتى ياكى تولغىشىپ قېلىپ ماڭمايتتى. ② بىر تەرەپكە قنڭغايغان، قىيسايغان: ئۇ كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان ئاپئاق ئاقارتىلغان دېھقان ئۆيلىرى، يېزامنىڭ بۇندىن نەچچە يىل بۇرۇنقى قىچقارسا ئۈن يەتمىگۈدەك يەردە كۆرۈنىدىغان، چوڭ-چوڭ چالمىلار بىلەن سېلىنغان، ئۈستى قوناق شېخى ياكى يېكەن بىلەن يېپىلغان قنڭغىر ئۆيلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. // بىز ئىشخانا ھويلىسىغا كىرىپ بېرىشىمىزغا بىر ئىشكتىن تاماكىسىنى قنڭغىر چىشلەپ، سېرىق پەلتۇنى يېپىنچاقلىغان ئورىكوز ئادەم چىقىپ قالدى. ③ كۆچمە. ئالدايدىغان، ھىيلە-نەيرەڭ ئىشلىتىلگەن، ساختا: قنڭغىر ئىش قىرىق يىلدىن كېيىنمۇ بىلىنەر (ماقال). * قىرىق كىشى بىر ياق، قنڭغىر كىشى بىر ياق (ماقال). * قوغلىغىن ئۆزۈڭدىن نېرىغا غەمنى، ئۈمىدسىز قىلىدۇ غەملەر ئادەمنى. ئەل بىلەن بىللە كۈل، بىللە ئىشلىگىن، بىر ئادەم تۈزەلمەس قنڭغىر ئالەمنى. ④ كۆچمە. بىر ئەزاسى بىر تەرەپكە قنڭغايغان: ئۇلارنىڭ بىرى قنڭغىر، بىرى كور، بىرى كېكەچ، بىرى دوك، بىرى چولاق، بىرى كەمشۈك ئىكەن. * تەشەككۈر، جان بەردىڭ يەتتە ئەزا ساق، ھېچكىمدىن كەم، ئەمەس، يا قنڭغىر، ئاقساق، توزىماس، خورىماس ئەقىل، بىلىمنى، بۇ تەشنا يۈرەككە سىڭدۈردۈڭ شۇنداق.

**قنڭغىر تۇمشۇق قىلىورغا** <زوئول> قىلىورغىنىڭ تۇمشۇقى قنڭغىر بولىدىغان بىر خىلى.

**قنڭغىر دەسسىمەك** يامان يولغا ماڭماق: – بۇنىسى ماڭمۇ قاراڭغۇ، – دېدى زىۋۇرىشا. – ئەمما شۇنىسى ئېنىق: ھەممىنىڭ كۆزى ئاۋۋال ساڭا چۈشىدۇ، قنڭغىر دەسسىسەڭلا سېنى پۈتلاشتۇرىدۇ. * داداڭغا ئېيتىمەن، داداڭغا ئوقۇش پۈتكۈزمىگۈچە قنڭغىر دەسسىمەيمەن دەپ ۋەدە بەرگەن ئىدىڭغۇ!

**قنڭغىر قوللۇق قىلماق** ئەگرى قوللۇق قىلماق، ئوغرىلىق قىلماق: ساۋىرئاخۇن كىرەمئاخۇنغا مۇنداق دېدى: – ئۇنى توغرا يول بىلەن تەربىيىلەشنىڭ ئورنىغا بەزى بولمىغۇر قىلىقلارنى ئۆگەتتىڭىز، ھاراق ئىچىدىغان بولدى. قنڭغىر قوللۇق قىلسا، توسماقتا يوق ئالقىشلىدىڭىز، شۇڭا بەزى ئىشلاردا سىزدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتى.

**قنڭغىر گەپ** خاتا، ناتوغرا گەپ؛ ياپتا گەپ: مۇبادا ئەدەبىي يىگىتلەرنىڭ ئېغىزىدىن بىرەر قنڭغىر گەپ چىقىپ قالىدىغان بولسا، ئۇ ئىلمىي ھالدا شۇنداق ئەدىبىنى بېرىدۇكى، ئۇنى ئىككىنچى ئېغىز ئاچالماس قىلىۋېتىدۇ.

**قىڭغىر گەپ قىلماق** → **ياپتا گەپ قىلماق**: نۇرۇم: — بىزمۇ ئادەمدە، قىڭغىر گەپ قىلماي تۈزلا گەپ قىلسا ئاڭلاۋېرىمىز، — دېدى.

**قىڭغىر ئېغىز بېلىقلار** <زوئول> بېلىقلار-نىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى ئۇزۇنچاق، سەل ياپىلاق، ئېغىزى چوڭ، قىيپاش، قۇيرۇق پالاقچىسى يۇمىلاق. دېڭىزدا ياشايدۇ.

**قىڭغىر يول** خاتا، ناتوغرا يول، ئەگرى يول: — ئەپەندىم، ئۇيلىسام خىجىل بولىمەن، ئۆزۈمنى قورقۇنچلۇق، يامان چۈش كۆرۈپ ئويغانغاندەك سېزىمەن. ھەي، مەن باسقان ئاشۇ قىڭغىر يوللار — ھە؟ — دېدى ئەمەت ئۇستا، ئۇياندىن مۇتەللىپ بىلەن قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ خوشلىشىپ، ئالدىراپ ئۆز يولىغا كەتتى. * ئاشۇ شۇم تۈل ئوغلىغا، (باشتا كۆڭلى توغرىغا)، كۆرسەتكەچكە قىڭغىر يول، ئايلىنىپتۇ ئوغرىغا.

**قىڭغىر-سىڭغىر** ئۇ يان-بۇ يانغا قىڭغايغان، ئەگرى-بۈگرى: ئۇنىڭ بۇ ئىلتىماسىدىن، خەتلىرى قىڭغىر-سىڭغىر بولسىمۇ، قەلبىنى تەشكىلگە تاپشۇرغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. * ئىش تەكشۈرۈپ شۇ چاغ ئازادەم، كېلىپ قالدى بۇندا تۇيۇقسىز. قىڭغىر-سىڭغىر گۈللەر، سىزىقلار، چىگكەن تىۋىت شۇنچىلا ئېگىز.

**قىڭغىر-قىيسىق** → **قىڭغىر-سىڭغىر**: ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلغان ئىشى ئۆي تاملىرىنىڭ ئىچى-تېشى، ھەتتا ھارۋا شوتىسىغىچە قىڭغىر-قىيسىق ھەرپلەر بىلەن ئۇزۇندىلەرنى يېزىش بولدى. * سادىق لەمپىلىك كوچا، قىڭغىر-قىيسىق ئۆيلەر، سۇ يىغىلىپ قالغان ئېتىزلىقلارنى تىزلا ئارقىدا قالدۇرۇپ چوڭ يولغا ئاسانلا چىقىۋالدى.

**قىڭغىرلىق** «قىڭغىر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بۇ خەتنىڭ قىڭغىرلىقىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ھەر ھالدا چىرايلىق ئىدى.

**قىڭغىر-مايماق** قىڭغىر-سىڭغىر: ئۇنىڭغا نىسبەتەن، بۇ يېزىدىكى قىڭغىر-مايماق يوللارنىڭ ئورنىنى تانابتەك تۈز يوللار ئېلىشى چوڭ بىر ئۆزگىرىش بىلىندى.

**قىل** ① ئى. بەزى ھايۋانلارنىڭ قۇيرۇقنى ياكى يالىنىسىدىكى تۈكى، چاچ، يۇڭ قاتارلىقلارنىڭ ھەربىر تېلى: خېمىردىن قىل سۇغۇرغاندەك. * ئۇ جايغا بېرىپ ئاتتىن چۈشكەندىن كېيىن، ئاتنىڭ بىر تال قىلىنى ئېلىپ قېلىپ، ئاتنى ياندۇرۇۋەت، قىل بېشىڭغا يەنە كۈن چۈشكەندە لازىم بولىدۇ. * تەگمەيدۇ باتۇرلار، خەلقىمنىڭ بىر تال قىلىغا، ئۇلارنىڭ ئادىللىقى، داستان كۆپىنىڭ تىلىدا. // قىل ئارغامچا. * ئاقىلبېك يېڭىلا قانغا بويالغان خەنجەر بىلەن ئۇنىڭ قولىنى چىڭ بوغقان قارا قىل ئارقاننى كېسىپ تاشلىدى. ② ئى. سايمان ۋە زاپچاسلارنىڭ قىلدەك ئىنچىكە سىمى: لامپۇچكىنىڭ قىلى ئۈزۈلۈپ، يانماس بولۇپ قېلىپتۇ. ③ سۈپ. كۆچمە. ناھايىتى ئىنچىكە: قىل قان تومۇر. قىل يوپۇرماقلىق دەرەخلەر.

**قىل ئارغامچا** ئاتنىڭ قۇيرۇق ۋە يالىدىن ئېشىلگەن ئارغامچا: ئالماس كېمىدىن سەكرەپ چۈشۈپ كېمە ھالقىسىغا ئۆتكۈزۈلگەن ئۇزۇن، توم قىل ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى ياڭاق دەرىخىنىڭ ئېچىلىپ قالغان ئەگرى يىلتىزىغا باغلىدى.

**قىل ئەلگەك** ئاتنىڭ قۇيرۇق قىللىرىدىن توقۇلغان قېلىن ئەلگەك.

**قىل تەۋرىمەسلىك** ① كىچىككىنە ئىش ياكى بىرەر ھەرىكەتمۇ يۈز بەرمەسلىك: — بۇ ئاللانىڭ تەقدىرى، ئاللادىن بىسوراق قىل تەۋرىمەيدۇ، — دېدى كېۋىرئاخۇن. * بىرى ئۇنىڭ تومۇر قوزۇق، قاققان يەردىن قىل تەۋرىمەس؛ پارتىيىنىڭ ئېيتقىنىنى،

قىلمىغۇنچە قويمايدۇ بەس. ② پەرۋا يىغا كەلمەسلىك: چىراغ ئۆچسە نىمە كارى بورانىنىڭ، يىگىت ئۆلسە نە پەرۋايى جۇۋانىنىڭ، ئۆزىنىڭ تاجى تەختى بولسا بولدى، كىشى ئۆلسە قىلى تەۋرەمدۇ خانىنىڭ؟

**قىل تومۇر** <ئانات> كىچىك ئارتېرىيە بىلەن كىچىك ۋېنا ئارىلىقلىرىنى تۇتاشتۇرىدىغان ئەڭ ئىنچىكە قان تومۇرى. قان تەركىبىدىكى ئوكسىگېن بىلەن ھۇجەيرە توقۇلمىلىرىدىكى كاربون (IV) ئوكسىدى بۇ تومۇرلار ئارقىلىق ئالمىشىدۇ.

**قىل چاغلىق** قىلچىلىك؛ كىچىككىنە؛ ناھايىتى ئاز، كىچىك: — ئائىلىمىزدىكى مۇلۇكلەردىن قىل چاغلىق نەرسىنى يوقاتسام، ئانامنىڭ بالىسى بولماي كېتەي، — دەپ قەسەم قىلغاندى ئۇكام سىدىق.

**قىلدىن قىيسىق كەتسە ← قىلدىن قىيىق كەتسە**: ئۇ شۇم بۆرىلەر قىلدىن قىيسىق كەتسە، جازاڭنى بېرىدۇ.

**قىلدىن قىيىق كەتسە** كىچىككىنە چەتنىسە؛ كىچىككىنە خاتالىق سادىر بولسا: يېقىندىن بېرى ھۆكۈمەت ئېرىغ ماللارنى باشقۇرۇش ھەققىدە ئۇقتۇرۇش چىقىرىپتىمىش، قىلدىن قىيىق كەتسە، تۆگىدىنىڭ دېگەن سۆز قىزىم. * — ھەي ساڭا نىمە دەپ ئۇقتۇرۇش لازىمكىن تاڭ، — دېدى روزىئاخۇن بېشىنى لىڭشىتىپ، — ئۇ تېخى بالىغۇ، سەن بىرنەچچە بالىغا ئانا بولغان خوتۇن، قىلدىن قىيىق كەتسە، چىدىماسلىق قىلىپ ۋالاقلاشقا باشلايسەن.

**قىلدىن قىيىق كەتكۈدەك بولسا ← قىلدىن قىيىق كەتسە**: — ئەجەب بىر زامان بولۇۋاتىدۇ، مەن كىچىك چاغلاردا قىز بالا دېگەن ئانىسىنىڭ سۆزىدىن چىقمايدىغان، ئانىسى قىچقارسا «لەببەي» دەپ تىك تۇرىدىغان. قىلدىن قىيىق كەتكۈدەك بولسا، چىۋىق بىلەن چۆچۈتۈپ تۇرىدىغان، — دېدى

ئايىمنىساخان ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىپ.

**قىلدىن ئىنچىكە** بەك نازۇك، بەك زىل، بەك ئېھتىياتچانلىقنى تەلەپ قىلىدىغان ناھايىتى كەسكىن: سىز ئۆمۈر كەچۈرگەن گومىنداڭ دەۋرى، قەپەستىن تار، قىلدىن ئىنچىكە ئىدى. جاسۇسلار ئۆمۈچۈكتەك تورلاپ ئاقسۇنى، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ بېشىنى يېدى. * سىياسەت دېگەن تىغدىن ئىتتىك، قىلدىن ئىنچىكە نەرسە، سىياسەت، مەن قىسمەت چورۇق كېيىپ ئېيتمىنكى، مىزان، ئويىنىشىپ بولامدىكەن!

**قىل سىغماسلىق** گۇمان قىلىشقا، شۇبھىلىنىشكە ئورۇن قالماسلىق، گەپ كەتمەسلىك: دوستلۇقىمىزغا قىل سىغمىغاچقا، گەپ يوشۇرۇپ ئولتۇرمىدىم. ئۆزىڭىز سىرىنى بىلدۈرمەسلىكنى دېگەنىدى، مەن ئۇنىمىدىم. * ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىل سىغمايدۇ. چۈنكى كازىم كوجاڭنى ئۆستۈرۈشتە سايىم ھاكىم كۆپ كۈچ چىقارغان. * دوستۇم، تۇغۇلغانلىقىڭىزغا قانچە يىل بولغان بولسا، سىزنىڭمۇ شۇنچە يىللىق بېشىڭىزدىن ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزگە قىل سىغمايدۇ. چۈنكى بۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنى. * كادىرلارنى ۋەزىپىگە تەيىنلەش توغرىسىدىكى ھۆججەتلەر تارقىلىپ كىشىلەر ئارىسىدا مىش-مىش گەپلەرنى قىل سىغمايدىغان ھەقىقەتكە ئايلاندۇرغانىدى.

**قىل قالماق** «-غىلى، -قىلى، -گىلى، -كىلى» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان رەۋىشداشلار ياكى «-ش، -مش، -ۇش، -ۈش» قوشۇمچىلىرى بىلەن ياسالغان ۋە يۆنىلىش كېلىش قوشۇمچىسى قوشۇلغان ئىسىمداشلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، بارلىققا كېلەي دەپ كېلەلمىگەن ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ: — سالىدىغان چاي بارمۇ دېۋىدى، ئاچچىقىمدا ئېشەكنىڭ تېزىكى بار دېگىلى قىل قالدىم،

— دېدى ياسىن ئاچچىقىدا چۆگۈننى جالاققىدە قويۇپ. * بابا يۈز بەرگەن ئەھۋالنى كۆزىڭىز بىلەن كۆردىڭىز، جېنىمدىن ئايرىلغىلى قىل قالدىم. * شۇنداق قىلىپ، بۇ ئۇچى بىر-بىرىگە زادىلا گەپ بەرمەي خېلى ئۇزۇن تاكاللاشتى، جېدەل بارا-بارا يوغىناپ، بوغۇشۇپ كېتىشكە قىل-قالدى-دە، ئاخىر بولالماي ئەرز قىلىش ئۈچۈن بىر-بىرىنى سۆرىشىپ سوتقا قاراپ مېڭىشتى.

**قىل قان تومۇر** <ئانات> ← **قىل تومۇر.**

**قىل كۆتۈرمەيدۇ** « قىلدىن قىيىق كەتسە كۆتۈرەلمەيدۇ، بەك نازۇك» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: — ئۇ ئۇزۇنقۇلاق نەدىن ئاڭلايدىكىن — تاڭ، سەنچۇ قىزىم، خېلىچىخانىغا دەپ قويمىغىن يەنە. ئۇنىڭ تاۋى نازۇك، قىل كۆتۈرمەيدۇ، — دېدى ھاشىخان ئايلا.

**قىلنى پىل قىلماق** كىچىككىنە نەرسىنى بەكمۇ يوغىناتماق، ئىنتايىن مۇبالىغە قىلماق: كىشىلەردىن ئارتىنمايدىغان، تۇرمۇشتىكى ئۇششاق-چۈششەك ئىشلاردا قىلنى پىل قىلىپ، گەپدانلىق قىلىدىغان مەرەم ۋىت-ۋىت ھازىر ئۇرئاخۇننى كۆرۈپ توساتتىن مەڭدەپ كەتتى. * بۇرۇن ئۇ، پەرىزاتنىڭ شۇلۇك ياتمايدىغانلىقى، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىشتە ھېچقانداق خىجىل بولۇش دەردىنى تارتمايدىغانلىقى، كىچىك ئىشنى چوڭايتىش، قىلنى پىل قىلىشتا ھېرىپ-چارچاشنى بىلمەيدىغانلىقىنى كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانىدى.

**قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتمەك** كىچىككىنە نەرسىنى ناھايىتى چوڭ قىلىپ كۆرسەتمەك، ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلماق: — يا ھەزرەت، — دەپتۇ سەلەي چاققان مەنىلىك كۈلۈپ، — سىلە دائىم قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتتىلە، بۇ دورەم راست گەپ قىلدىلا.

* — ئۇلارنىڭ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، قىلنى پىل قىلىپ كۆرسىتىۋاتقانلىقى ئېنىق.

**قىلنى پىل كۆرسەتمەك** ← **قىلنى پىل قىلىپ كۆرسەتمەك:** ئۇ پەرىزاتقا مەنسىتمەسلىك بىلەن مۇنداقلا بىر قاراۋەتكەندىن كېيىن سۆز باشلىدى: — سىزگە ئوخشاش قىلنى پىل كۆرسىتىپ ۋەھىمە تارقىتىپ يۈرگەنلەرنىڭ قاقىلداشلىرىنى پات-پات ئاڭلاپ تۇرىمەن.

**قىلنى قىرىق يارماق** ئەڭ نازۇك، ئىنچىكە يەرلىرىگىچە بىلمەك؛ يىپىدىن يىڭنىسىگىچە قويماي سۈرۈشتۈرۈپ، ئادىل ھەل قىلماق: — يەتتە قات يەرنىڭ تېگىدە يىلان كۆشىسە تۇيۇپ تۇرىدىغان، قىلنى قىرىق يېرىپ، قىرىق ئادەمنىڭ بوينىنى باغلىيالايدىغان بۇ ئادەم تىزىملىكتىكىلەرنى كەلگۈسىدىكى كۈچلۈك رەقىبلىرى قاتارىدا كۆز ئالدىغا كەلتۈرگەن. * قاسىم دېگىنىڭ قىلنى قىرىق يېرىپ، قىرىقتىن بىرىنى يەنە قىرىققا يېرىپ قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى قانداق ئېلىپ كېلىشىنىڭ ھېسابىنى چىقىرىۋاتىدۇ.

**قىل ھەرە** چىش چىپىكلىگەن پولات سىمدىن تەييارلانغان ھەرە. ئادەتتە نېپىز تاختىلاردىن نەقىش ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**قىل ئۆتكۈزمەسلىك** كىچىككىنىمۇ نەپ يەتكۈزمەسلىك، ھېچنېمە بەرمەسلىك: مەخسۇت خوجا تېقىمىدا ئات، قولىدا قامچا تۇتقان ھالدا ھەربىر ئۆي، خامانغا بىمالال بېسىپ كىرىپ، قىل ئۆتكۈزمەي ھېساب-چوت قىلىنشاتتى. * ئۇ مەخسۇت بەگكىمۇ قىل ئۆتكۈزمەي يۈز بېشلىقتىن ئايرىلىپ قالغان.

**قىل ئۇستىدە** جىددىي خەۋپ-خەتەر ئاستىدا، ناھايىتى خەتەرلىك ئەھۋالدا: ئۇنىڭ مېڭىسىدە تۇيۇقسىز پەيدا بولغان پىكىر ئۇچقۇنلىرى ئۇنىڭ قىل ئۇستىدە تەۋرىنىپ،

دەرياغا دۈگجۈپ كېتىۋاتقان بەستىنى دەرھال رۇسلىۋېلىشىغا ياردەم بەردى.

**قىل ئۈستىدە تۇرماق** جىددىي خەۋپ-خەتەرگە دۇچ كەلمەك، خەۋپلىك ھالەتتە تۇرماق: بۇ كۈنلەردە ئوغرى-قاراقچىلار شەھىرىمىزگە بېسىپ كەلدى، ئەھۋال خەتەرلىك، قىل ئۈستىدە تۇرىدۇ. * 6 مىليون 924 مىڭ تىرىك جاننىڭ قىل ئۈستىدە تۇرغان تەقدىرى سادىقنىڭ كۆز ئالدىغا كەلدى.

**قىل ئۈستىدە قالماق** ← **قىل ئۈستىدە تۇرماق**: يۇقىرىقى مەھەللىدىكىلەرمۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ قورالىنىپ چىقىپتۇ. ئەھۋال قىل ئۈستىدە قالدى. دەل شۇ جىددىي پەيتتە گۇڭشېنىڭ يېڭى شۇجىسى يېتىپ كەلدى.

**قىلغا چېقىلماسلىق** ← **قىلغا تەگمەسلىك.**

**قىلغا تەگمەسلىك** ھېچ نەرسىگە چېقىلماسلىق، ھېچ نەرسىگە تەگمەسلىك: خاتىرجەم بولۇڭ، بۇ بالىلار سىزنىڭ قىلىڭىزغا تەگمەيدۇ.

**قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسمان يېرىلىدۇ، يېرىقچىلىرى لېنتا شەكىللىك، قويۇق ئاق تۈكلەر بىلەن قاپلانغان. گۈلى يېشىل سېرىق، كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. پۈتۈن تېنى خۇش بۇي پۇرايدۇ. دورا قىلىنىدۇ، تەرلىتىش، سۈيدۈكنى راۋان قىلىش، ئۆتنى ياخشىلاش رولى بار.

**قىل يوپۇرماقلىق شىۋاق** <بوت> ← **قىل يوپۇرماقلىق ئەمەن.**

**قىل يوپۇرماقلىق قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يىڭنە يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ۋە يۇمشاق، سۇس يېشىل. ئاتىلىق گۈلى سېرىق، ئانىلىق گۈلى سۆسۈن. مېۋىسى ئۇزۇن تۇخۇم شەكىلدە. قارامتۇل قوڭۇر، ياغىچىدا ماي ماددىسى كۆپ بولۇپ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ.

**قىلات** ئى چاقلانغان پىچاق قاتارلىقلارنىڭ بىسىدىكى سۈيى يانغان ناھايىتى نېپىز قىسمى: قىلاتىنى چىقارماق.

**قىلاتىنى چىقارماق** چاقلانغان پىچاق، ئۇستىرا قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلارنى بىلەپ ياكى كاپلاپ بىسىنىڭ سۈيى يانغان بەك نېپىز قىسمىنى چىقىرىۋەتمەك.

**قىلتاجى** ئى [قىل+تاج+ى] ۋاڭلىق تۈزۈمدە ۋاڭلارنىڭ كىيىشى ئۈچۈن تەييارلانغان، مەرتىۋىسىنى بىلدۈرىدىغان بىر خىل باش كىيىمى.

**قىلتاق** ئى ① قۇشلارنى تۇتۇش ئۈچۈن قىلدىن سىرتماقلىق قىلىپ ئىشلەنگەن بىر خىل قۇرۇلما: دەل مۇشۇ چاغدا ئۈگدەپ قالغان ئۈۋچىنىڭ قولىدىكى يىپ سىلكىنىپ كېتىپتۇ. ئۈۋچى شۇنداق بېشىنى كۆتۈرسە، بىر كەكلىك قىلتاقتىكى قوناقنى يەۋاتقۇدەك، ئۈۋچى يىپنى بىر تارتقانىكەن، كەكلىكنىڭ ئىككىلا پۇتى قىلتاققا چۈشۈپ قېلىپتۇ. * — لاچىننى قىلتاق بىلەن تۇتقىلى بولمايدۇ، دەريانى قۇم بىلەن ئەتكىلى بولمايدۇ، تۆھمەت بىلەن ئادەم يىقىتىدىغان چاغلار ئۆتۈپ كەتكەن، — دېدى مەنسۇر ئۇلارنى رۇھلاندۇرۇش ئۈچۈن. ② كۆچمە. باشقىلارنى ئالداش، قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ھىيلە-مىكىر، تۇزاق: شۇجى خاتىرىدىكى بايانلارغا قىلچە ئىشەنمەي: — بۇ ھىيلىگەر ئادەملەرنىڭ بىزدەك ساددا، بىخۇد كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئالدىن تەييارلىغان قىلتىقى، ئەگەر ئۇنىڭ يازغانلىرى راست بولسا، نېمە ئۈچۈن بۇ ھەقتە تەشكىل-

گە بۇرۇنراق خەۋەر قىلمىدى؟ – دېدى. * ئەتراپىم قىلتاق، بىر تۇزاقتا مەن، گويا گۆردىكى چوڭ سوراقتا مەن. بولۇپتىمەن شائىر شۇنداق چاغدا مەن، يازسام داغدا مەن، يازمىساممۇ داغ.

**قىلتاققا چۈشمەك** باشقىلارنىڭ ھىيلە-مىكرىگە ئالدانماق، دامىغا چۈشمەك: يول بويى ئويلاندىم: بوۋا، مەندىن مۇنداق خاتا تەشەببۇسنى قوللاشنى كۈتكەن بولساڭ، خاتا ئويلاپسەن، مەن مۇنداق خاتا يولدا ماڭالمايمەن. سەن ئېزىپسەن، قىلتاققا چۈشۈپسەن بوۋا! * ئۇنىڭ خىيالىنى ھاشىم شۇجىنىڭ «ئالدىرىماي تۇرغىن! سەن بىر قېتىم قىلتاققا چۈشتۈڭ، ئەمدى ھوشۇڭ بىلەن يۈرگىن، ئويۇنىڭ ئاخىرى تېخى تۈگىگىنى يوق» دېگەن سۆزلىرى چىرمىۋالغانىدى.

**قىلتاققا دەسسىمەك** ← **قىلتاققا چۈشمەك**: ئالىمجاننىڭ مەككارلىقى چەت ئەللىكلەرنىمۇ ئاخىرى ئازدۇردى. «ئاخىرى قىلتاققا دەسسىدىڭلار – دە، جانابلار، ھېلى يېگەن ئالماڭلار ئۈچۈن، ھېچ بولمىغاندا، بىردىن ئامېرىكا دوللىرى تۆلەيسىلەرغۇ، ئەمدى» دېگەن خىيال كۆڭلۈمگە چۈشتى. * ھەي ھاجى، تۆمۈر ئاكامغا قۇرئان تۇتۇپ بېرىپ، ئۇنى قىلتاققا دەسسەتكەن ھېلىقى لى دارىننى ئۇنتۇپ قالدىڭمۇ؟

**قىلتاققا ئىلىنماق** ← **قىلتاققا چۈشمەك**: ئۇ قاتتىق نارازىمىگە چۈشتى – دە، قىلتاققا ئىلىندۇرغانلىقىنى پەملەپ ئالدىراپ ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى. * ئىلىنىپ قالدىم – دە، بىر قىلتاققا مەن، ئاسلا قالدىم چۈشكىلى دوزاختا مەن. شۇ دوزاخنىڭ ئالدىغا كەلگەن ھامان، سىر بېشىلگەچ، چۈشمىدىم، قالدىم ئامان.

**قىلتاق قويماق** ← **قىلتاق قۇرماق**: كىشىلەرنىڭ ئىستىقبال يولىغا قىلتاق قويۇش، كىشىلەرنىڭ بەختسىزلىكى بىلەن ھۇزۇرلىنىش ھەقىقىي ۋىجداننىڭ ئىشى ئەمەس. * راست گەپتىن قاچاركەن، تىترەپ تۇراركەن، يالغاننى راست قىلىپ قىلتاق قوياركەن.

**قىلتاق قۇرماق** باشقىلارنى ئالداش، قولغا كەلتۈرۈش، دامىغا چۈشۈرۈش ئۈچۈن ھىيلە-مىكىر ئىشلەتمەك؛ تۇزاق قۇرماق: ئۇ نەس دائىم باشقىلارنىڭ يولىغا قىلتاق قۇرۇپ يۈرىدۇ. * ۋەقەلەرنىڭ كېيىنكى تەرەققىياتى تىنچلىق سۆھبىتىنىڭ ئۈستىلىق بىلەن قۇرۇلغان قىلتاق ئىكەنلىكىنى، گومىنداڭنىڭ بۇ يەردىكى مىللەتلەرگە تەڭلىك ھوقۇقى بېرىش سەممىيىتىنىڭ ھەرگىزمۇ يوقلۇقىنى ئىسپاتلاپ بەردى.

**قىلتاقچى** پ ① قىلتاق قۇرۇپ قۇشلارنى تۇتقۇچى كىشى. ② كۆچمە. ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ، ئالداپ كىشىلەرنى دامىغا، قىلتىقىغا چۈشۈرگۈچى: ياقتۇرمايتتى بەتنىيەت قىلتاقچىنى، ئەدەبلەيتتى ھىيلىگەر يالاقچىنى، سۆيەر ئىدى ھەر دائىم مەرىپەتنى، مەرىپەتتىن ئىزلەيتتى ئادالەتنى.

**قىلتاقچىلىق** ئى. باشقىلارغا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىپ دامىغا، قىلتاققا چۈشۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى: ھەي قىلتاقچى، بىلەمسەن، سېنىڭ بۇ قىلتاقچىلىقىڭ قانچە ئائىلىنى خانىۋەيران قىلدى؟!

**قىلتاماق** ئى [قىل+تاماق] <تىب> ← **قىزىلئۆڭگەچ راكى**.

**قىلتىرىق** ① <زوئول> بېلىقلارنىڭ يىڭنىسىمان، ئىنچىكە، ئۇزۇن سۆڭىكى. ② <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئارپا، شال قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەر دېنىنىڭ پوستى ئۈچىدا ئۆسىدىغان يىڭنىسىمان نەرسە.

**قىلتىرىقسىز** سۈپ. قىلتىرىقى يوق، قىلتىرىقى بولمىغان: قىلتىرىقسىز ئارپىخان.

**قىلتىرىقسىز ئارپىخان** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 50 — 100 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، يوپۇرمىقى سىلىق، كونۇسسىمان گۈل رېتى 10 — 20 سانتىمېتىر، كىچىك باشقى سىلىندىر شەكلىدە كېلىدۇ. شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال رايونلىرىغا كەڭ تارقالغان. تاغ باغرى، يول بويى، دەريا قىرغىقى قاتارلىق جايلاردا ئۆسىدۇ. چارۋىلار بەك ياقتۇرۇپ يەيدۇ.

**قىلتىرىقلىق** سۈپ. قىلتىرىقى بار، قىلتىرىقى بولغان: قىلتىرىقلىق مېۋە.

**قىلتىرىقلىق مېۋە** <بوت> قۇرۇق مېۋىنىڭ بىر تۈرى. مېۋە شۆپۈكى ئۇرۇق پوستى بىلەن بىرلىشىپ كېتىدۇ، ئىچىدە بىرلا تال ئۇرۇق بولىدۇ. باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى قىلتىرىقلىق مېۋىگە كىرىدۇ. مەسىلەن، بۇغداي، ئوناقنىڭ مېۋىسى.

**قىلچاق** I ئى. جۇۋاز قايچىسى بىلەن ھاڭگىتنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ كالتەك.

**قىلچاق** II ئى. دىئال. بوقۇسىنىڭ ئاستى ياغىچى بىلەن ئۈستى ياغىچىنى چېتىپ تۇرىدىغان ياغاچ.

**قىلچە** رەۋ. كىچىككىنە، بىرئاز، ئازراق: يۇرتداشلار تىلغا ئېلىۋاتقان ھەر خىل پەرەزلەردە بولۇۋاتقان سادىقنىڭ مېنىڭ قەدىردان سادىقىم، بىر جۈپ ئوغۇل-قىزىمنىڭ مېھرىگە قانمىغان دادىسى سادىق ئىكەنلىكىگە قىلچىمۇ گۇمان قىلمىدىم. // — بۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، — دېدى مۇنىرىدىن خوجا، — سەندەك بىر كىشىنىڭ ئېتىراپ قىلىش — قىلماسلىقىڭنىڭ بىزگە ئەمدى قىلچە ئەھمىيىتى يوق!

**قىلچىق** ئى <زوئول> ① ئادەم ياكى ھايۋان تېنىدىكى ئۇزۇن، قاتتىق تۈكلەر. مەسىلەن، ئادەمنىڭ بۇرۇن تۈكى، قامىنىڭ تېرىسىدىكى ئىنچىكە تۈكلەر. ② رەخت، كىيىم قاتارلىقلارنىڭ ئۈستىگە يېپىشىۋالىدىغان تۈك ۋە ئۇششاق قىل: — ھۇنەرۋەن ئۆيىمىزدە ئۇكام، — دېدى ئايۇپ ئاكا گىلەمدىكى قىلچىقلارنى قول ئۇچى بىلەن تېرىپ تۇرۇپ.

**قىلچىلىك** سۈپ. كىچىككىنە، ئازغىنە: بۇرۇنمۇ ئۇ ئارىلاپ «بولسا ھوقۇقۇڭ قىلچىلىك، چاغلارسەن ئۆزۈڭنى پىلچىلىك» دېگەن كىملەردىندۇر ئاڭلىۋالغان شېئىرمۇ، تەمسىلمۇ، ئىشقىلىپ شۇنداق بىرنېمىنى غىڭشىپ قويۇشنى ياخشى كۆرەتتى. // شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ كىيىمگە قىلچىلىك ئاغرىنماي، ئۇنى شۇ يەردىلا يەرگە تاشلىۋېتىپتۇ.

**قىلچىمۇ** رەۋ. كىچىككىنىمۇ؛ پەقەت، ھەرگىز (بولۇشسىز جۈملىلەر تەركىبىدە كېلىدۇ): شوپۇر چىرايىنى قىلچىمۇ ئۆزگەرتمىدى. * ئۆزگە ئۈچۈن نۇر چېچىپ، تۈگەيدىكەن شام-چىراغ، ئۆز غېمىنى قىلچىمۇ، يېمەيدىكەن شام-چىراغ.

**قىلدەك** سۈپ ① قىلغا ئوخشاش، قىلغا تەڭ كېلىدىغان: ئۆزى گاداي بولسىمۇ كۆڭلى قىلدەك ئىنچىكە قويچى تۇرغان يېرىدە قاققان قوزۇقتەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ② كۆچمە. ناھايىتى كىچىك، كىچىككىنە: قىلدەك ھوقۇقنىڭ پىلدەك كۈچى بار (ماقال). * ئۆزلىرى چالا-بۇلا بىر قاراپلا قىلدەك نەرسىنى پىلدەك كۆرۈپ قالدىلىمۇ — نېمە؟

**قىلدەك تولغانماق** ← **ئوتتا چۈشكەن قىلدەك تولغانماق:** ئۇخلىيالمىدى قىز كېچە قىلدەك تولغىنىپ، «يارنى تاپسام ئاتسا تاڭلار، تۈنلەر قوغلىنىپ».

**قىلدۇرماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تويدىن كېيىن كەنجى باتۇر

ھەمراھلىرى بىلەن سەپىرىنى داۋام قىلدۇرۇپتۇ. * ئون يىل ئىلگىرى يۈز بەرگەن بىر كېلىشمەسلىك سەپەر بوۋاينى بۇ ھۈنىرىدىن قول ئۈزۈشكە قەسەم قىلدۇردى.

**قىلدۇرۇلماق** «قىلدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پەن-تېخنىكا خادىملىرى پەن تەتقىقات ۋە تېخنىكا ئورۇنلىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارنىڭ ئەقىل-پاراسىتى تولۇق جارى قىلدۇرۇلدى.

**قىلغان-ئەتكەن** قىلغان ياخشى-يامان ئىش-ھەرىكەتلەر، قىلغۇلۇق: ھەي، قىلغان-ئەتكەنلىرىمنى سۆزلەپ كەلسەم ئون كۈندىمۇ تۈگىمەيدۇ. تۇرمۇش دولقۇنلىرى مېنى بارغانسېرى تۇۋى يوق بىر قاراڭغۇ غارغا ئىتتىرىۋەتتى. * يېقىنقى بىرنەچچە كۈندىن بېرى نېمە قىلغان-ئەتكەنلىرىم بار ئىدىكىنە، دەپمۇ ئويلىنىۋالدىم.

**قىلغۇلۇق** ① پ «قىلماق» پېئىلىنىڭ «قىلىش لازىم، قىلىش كېرەك» دېگەن مەنىلەردىكى زۆرۈرىيەت مەيلىنى بىلدۈرىدۇ: — ئالدىرىما ئابدۇغېنى ئۇكام، ئوبدانراق كېڭىشىۋالغىنىمىز تۈزۈك. ئېيتقىنا، ناۋادا داداڭ ئۇندەككە كەلمىسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ * مۇبارەك لەۋزىڭىز يول ئاچتى روشەن، يېسۇن ئۆز گۆشىنى ئەمدى ئۇ دۈشمەن، ۋاپا مەكتىپىدىن كىم ئالسا تەلىم، ئۆزىگە قىلغۇلۇق سىزنى مۇئەللىم. ② ئى. قىلغان-ئەتكەن، ياخشى- يامان ئىش، ھەرىكەت: ھەممە قىلغۇلۇقنى ئۆزۈڭلار قىلىپ، خەقنى قاچۇرۇۋېتىپ، يەنە سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋالاي دېگەندەك، يەنە مېنى ئېرىڭنى قاچۇرۇۋەتتىڭ، سەن تاپسەن دەمسىلەر تېخى؟ * مىراب بېگى كەسكىن ئاھاڭدا سىيىت ھاجىغا قاراپ: — ھەرقايسىلىرىغا مالال كەلمىسە، قىلغۇلۇقنى كىم قىلغانلىقىنى ئايرىپ بېرىشسىلە، — دېدى.

**قىلقاش** ئى [قىل+قاش] ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن قىلدەك پۇرژىنا شەكلىدە ياسالغان، ئالتۇن ياكى كۈمۈشتىن گۈل ئورنىتىلغان ئۆرە بۆككە قادايدىغان زىننەت بۇيۇمى.

**قىلقۇرت** ئى [قىل+قۇرت] <زوئول> بىر خىل يىپسىمان قۇرت. شەكلى ئاق يىپەك يىپقا ئوخشايدۇ، ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 20 — 100 مىكرومېتىر. قىلقۇرت كېسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**قىلقۇرت كېسەللىكى** <تىب> بىر خىل سوزۇلما خاراكتېرلىك پارازىت قۇرت كېسەللىكى. قىلقۇرت كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەتتە قىلقۇرت پاشا ۋاستىچىلىكىدە ئادەم تېنىگە كىرگەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. بۇنىڭدا قىزىتىش، توڭۇپ تىترەش، تېرە قاتتىقلىشىش، لىمفا تۈگۈنلىرى زورىيىش، ئۇرۇقدان خالتىسى، ساغرا ۋە چوڭ يوتا ئىنتايىن يوغىناش يەنى پىل پۇتىدەك زورىيىپ كېتىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**قىلقۇرت يىپەك** بوۋاقلار بېشىنىڭ بەزى يەرلىرىدىكى چاچلار چۈشۈپ ئاپپاق بولۇپ قالماق.

**قىل-قىل** «قىل» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قىل-قىل قالماق.

**قىل-قىل قالماق** ← **قىل قالماق**: يىغلىغىلى قىل-قىل قالدىم.

**قىلماق** پ ① بىرەر ئىش، پائالىيەت قاتارلىقلارنى ئورۇندىماق، بەجا كەلتۈرمەك، ئەمەلگە ئاشۇرماق، ئۇنىڭ بىلەن شۇغۇللانماق: ئوقۇتقۇچىلىق قىلماق. مېھنەت قىلماق. * موللىنىڭ دېگىنىنى قىل، قىلغىنىنى قىلما (ماقال). * — مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى باشلىق، — دېدى بايىقى باشلاپ كىرگەن يىگىت، — گېپىڭىزنى قىلىۋېرىڭ. * — بۇرادەر ئەزىز، سەنمۇ ئۆز ئىشىڭنى قىل، مەنمۇ ئۆز

ئىشىمنى قىلىۋېرەي، - دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ
چىقىپ كېتىپتۇ ياماقچى. * ئۇرۇش قىلىشنىغۇ
قىلىمىز، ئۇرۇشنى نېمە بىلەن قىلىمىز؟ قۇرۇق
قولىمىز بىلەنمۇ؟ ② ئۆتكۈزمەك، ئېلىپ
بارماق: بەزمە قىلماق. ئولتۇرۇش قىلماق.
نامايىش قىلماق. نەزىر قىلماق. مۇسابىقە
قىلماق. مۇنازىرە قىلماق. * - ئارىدا ئىسسىق-
چىلىق بولمىسا ئەر كىشىنىڭ ئىسمىنى تىلغا
ئالاتتىمۇ هوي خوتۇن، - دېدى قەرىخان
ئەمدى گەپنى ئىزىغا سېلىپ، - يەنە نېمىگە
قارايمىز، ئۇلارنىڭ تويىنى قىلىۋېتەيلىلا! ③
تەييارلىماق، هازىرلىماق: كاۋاپ قىلماق.
تاماق قىلماق. چاي قىلماق. * ئايشىخان،
هېلىقى توخۇنى بېسىپ يۇمشاقراق پولۇ قىلغىن!
④ كۆرسەتمەك، ئىپادىلىمەك: ئادەمگەرچى-
لىك قىلماق. مېهماندارچىلىق قىلماق. باتۇرلۇق
قىلماق. * - ئاسىم ئاكا، سەن هۆججەت
كۆردۈم دەيسەن، يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى دەي-
سەن، قېنى مەزمۇنىنى ئېيت، بىز پۈتۈن
كۈچىمىز بىلەن ساڭا ياردەم قىلىپ، بىللە
ئىجرا قىلايلى، - دېدى. * ئۇلارنىڭ هەممىسى
ئازاب چەككەن، بالا-چاقىسى يوق كىشىلەر،
بۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا ئەترەت رەهبەرلىكى ۋە
كۆپچىلىك ئەزالار غەمخورلۇق قىلىپ كېلىۋاتىدۇ.
⑤ مەيدانغا كەلتۈرمەك، تۇغدۇرماق:
جاڭجال قىلماق. غوۋغا قىلماق. باسقۇنچىلىق
قىلماق. * پارتىيىنىڭ قارارى ئەمەس، ئۇلار
مەسىلە چىقىرىپ بىزنى يامان ئاتلىق قىلماق-
چى! * - پالتا! - مەن ۋارقىرىۋەتتىم.
مېنى ئوغرى قىلغان، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا
تۈگىمەس جېدەل-ماجىرا تېرىغان، ئاخىر
قوشنىمىزنى كۆچۈرۈشكە مەجبۇرلىغان پالتا
ئەنە شۇ ئىدى. ⑥ قولغا كەلتۈرمەك،
ئېرىشمەك: پۇل قىلماق. كېلىن قىلماق.
كۈيئوغۇل قىلماق. * بوۋاي مەلىكىنىڭ يېقىملىق
ۋە دانا ئىكەنلىكىگە قايىل بولۇپ بالا قىلى-
ۋېلىپتۇ. * مەن بۇ ئوتۇننى سېتىپ ئۇن كوي
قىلدىم. ⑦ مەلۇم ئورۇن، مەرتىۋە،
خىزمەت قاتارلىقلارغا بەلگىلىمەك،
ئېرىشتۈرمەك: ۋەكىل قىلماق. كادىر قىلماق.
نازىر قىلماق. * تەشكىل ئابدۇسالامنى
قۇيمىچىلىق سېخىغا سېخ باشلىقى قىلدى. ⑧
مەلۇم هالەتكە كەلتۈرمەك: باي قىلماق.
كەمبەغەل قىلماق. خاتىرجەم قىلماق. * -
بول، هەي كېۋىرئاكا مۇنۇنى كۆزۈمدىن نېرى
قىل! - دەپ ۋارقىرىدى تۇرسۇن. *
يېقىن-يىراقنى، بىلمەس ئاغرىق - سىلاقنى.
بىر ئادەمگە باپ نېمە، تېپىڭلارچۇ ئۇ نېمە؟
⑨ باشقىلارغا مەلۇم بىر ۋاستە ئارقىلىق
مۇئامىلە قىلماق: مەسخىرە قىلماق. مازاق
قىلماق. چاقچاق قىلماق. * بىلىپ قويۇڭ،
باشقىلارنى ساختا قىلالىغىنىڭىز بىلەن مېنى
ساختا قىلالمايسىز. * چورۇق ئۇلارنىڭ سۆزىنى
ئاڭلاپ، خوتۇنىغا ئاچچىق قىلىپتۇ. ⑩ مەلۇم
بىر خىسلەت ۋە پەزىلەتكە ئىگە دەپ
بىلمەك، تونۇماق: يۈز خاتىرىسىنى قىلماق.
ئىززىتىنى قىلماق. ئابرويىنى قىلماق. * رۇم
پادىشاهى تۈلكىنىڭ ئۆزۈن يوللارنى بېسىپ
كەلگەنلىكىنىڭ هۆرمىتىنى قىلىپ غەلۋىرنى
بېرىپ تۇرۇپتۇ. ⑪ «-دەك، -تەك»
بىلەن كەلگەن بەزى سۆزلەردىن
كېيىن كېلىپ پەرەز ۋە مۆلچەرنى
بىلدۈرىدۇ: ئۇنى بىر قېتىم كۆرگەندەك
قىلىمەن. * ئۇ مۇشۇ قارىشى بىلەن گويا
«هەي دادا، هەي دادا، سەن قاراپ
تۇرۇپ ئاشۇ كۈنى تۇرسۇن مۇئەللىمگە ئازار
بەردىڭا، سەن ئۇنىڭ قانداق ياخشى ئادەم
ئىكەنلىكىنى بىلەمسەن-هە؟» دېگەندەك
قىلاتتى. ⑫ تەقلىد سۆزلىرى بىلەن
كېلىپ ئۇلار بىلدۈرگەن ئاۋاز ياكى
هالەتنىڭ سادىر بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:
كۆزلىرىم ئىمىر-چىمىر قىلغىلى تۇردى. * پۈتۈم

لوق-لوق قىلىپ ئاغرىۋاتىدۇ. * بۇ تۆمۈرچى كەتكەنىدىن كېيىن «تاڭ-تۇڭ» قىلغان ئاۋازلارمۇ خېلى پەسەيدى. * كوماندىرنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ كەتتى. ⑬ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ ئۇنى ئانالىتىك شەكىلدە پېئىللاشتۇرىدۇ: خەۋەر قىلماق. غەم قىلماق. تەقسىم قىلماق. قوبۇل قىلماق. ھۇجۇم قىلماق. ھۆكۈم قىلماق. پەيدا قىلماق. دەۋا قىلماق. خىيانەت قىلماق. مۇسادىرە قىلماق. تەتقىق قىلماق. ئازاد قىلماق. ئىشغال قىلماق. تويا قىلماق. سەپەر قىلماق. دوكلات قىلماق. تەلەپ قىلماق. شىكايەت قىلماق. ئېلان قىلماق. ئامال قىلماق. كىرىم قىلماق، پەرۋاز قىلماق. رىئايە قىلماق. نەسىھەت قىلماق. ئوغرى قىلماق. ⑭ سانائ سانلار بىلەن كېلىپ شۇ مىقدارغا يەتكۈزۈشنى بىلدۈرىدۇ: بىر قولۇمنى بەش قىلالمايۋاتسام يەنە نېمە ئىشنى پەيدا قىلىپ كەلدىڭىز؟ ⑮ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن كىشىنى بىلدۈرىدىغان ئىسىم ياكى ئالماش بىلەن كېلىپ «زىيان سالماق، يامانلىق قىل-ماق» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: كىشىگە قىلغان كىشىدە قالماس (ماقال). * ماڭا قىلدىم دەمسەن، ئۆزۈڭگە قىلسەن (ماقال). * نېمە قىلدىم مەن ساڭا، ئەجەبمۇ بىر قىلدىڭ ماڭا. قىلغىنىڭ يادىڭدا بولسۇن، مەنمۇ قىلارمەن ساڭا. ⑯كىشى يەدىنىدىكى مەلۇم بىر ئەزا ياكى مەلۇم بىر تەرەپنى بىلدۈرىدىغان، شەخس قوشۇمچىلىرى ۋە چۈشۈم كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ «مەلۇم يۆنىلىشكە قارات-ماق، ئۇدۇللىماق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: يۈزىنى قىبلىگە قىلماق. * بەسلىشىش شەرتى بويىچە بىز دەرۋازىدىن 100 مېتىرچە نېرىدىكى چوڭ ئۆستەڭنىڭ لېۋىگە پۈتمىزنى ئاسمانغا قىلىپ بارماقچى بولدۇق. * ھاشىمئاخۇننىڭ سەل نېرىسىدا قاسىم ئېلېكتر چىراغنىڭ سىملىرىنى تۈزگەن بولۇپ كەينىنى قىلىپ تۇراتتى.

**قىلغىلى قىلىق تاپالماسلىق** خۇشاللىقتىن نېمە قىلارىنى بىلمەسلىك: ھۆرنىسا قىلغىلى قىلىق تاپالماي، گەپنى ئەگىتىپ قىزنى چېكىپ باقتى. * پەخىردىن ئەنۋەر تۇغۇلغان كۈنى خۇشاللىقىدىن قىلغىلى قىلىق تاپالماي قالغانىدى.

**قىلدىغان قىلىق تاپالماسلىق** ← **قىلغىلى قىلىق تاپالماسلىق**: مەن يېزىدىكى ۋاقتىمدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كېلىپ قالسام، قىلىدىغان قىلىق تاپالماي كېتەتتى. بۈگۈن ئۇ مېنى كۆرۈپ كۆز يېشى قىلدى. * بۇ چاغدا سافادا قولىنى ئۇۋۇلاپ ئولتۇرغان ئەخمەتجان قىلىدىغان قىلىق تاپالماي ھاياجاندىن ئاغزى گەپكە كەلمەي قالدى.

**قىلمىش** ئى ① قىلىنغان ئىش-ھەرىكەت، پائالىيەت: ئالتۇنخان ئۇلارنىڭ ئىش-ھەرى-كەت، قىلمىشلىرىنى بىر-بىرلەپ ئالدىغا قاتار-قاتار تىزىپ قويغاندىن كېيىن، ئاشۇ چاغدىكى ھۆسەيىنەمنىڭ ئادەم، نان توغرىسىدى-كى گېپىنى تەكرارلىدى. * ئەي پەلەك نە قىلمىشىڭ سەندىن سائادەت كۆرمىدىم، باشىمە سالدىڭ بالالار، بىرمۇ راھەت كۆرمىدىم. ② يامان ئىش-ھەرىكەت، يامانلىق: بۇنىڭغا نېمە ئامال؟! لېكىن ئۇلار بىركۈنى قىلمىشلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىدۇ. * ئۆتتى يىگىتىنىڭ جىمى ئىشلار شۇدەم كۆز ئالدىدىن، قايسى چاغدا چىققۇسى باي قىلمىشى ئەس-يادىدىن؟

**قىلمىش-ئەتمىش** قىلغان، باشتىن ئۆتكەن ياخشى-يامان ئىشلار: بابا سىلەردىن سىيىت ھاجى دېگەننىڭ قىلمىش-ئەتمىشنى ئاڭلاپ، يۈرىكىم مۇجۇلۇپلا كەتتى. * بۇنىڭ بىلەن زالغا يىغىلغان يۇرت مۆتىۋەرلىرىلا

ئەمەس، بەلكى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى قىلمىش-ئەتمىشلىرى ئۇچۇن ئۆزلىرىچە قىينىچىلىق ھېس قىلىپ تۇرغان بەزىبىر بازار مەنسەپدارلىرىمۇ قايتىدىن كۆڭۈل ئازادىلىكىگە تولغاندەك بولدى.

**قىلمىغان** «قىلماق» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى.

**قىلمىغنى قالماسلىق** ھەممە يامان ئىش ۋە ئەسكىلىكنى قىلىش: ئۇ زالىمنىڭ خەلققە قىلمىغنى قالمىدى.

**قىلۋا** (توغرىسى: قىبلە) ← **قىبلە**.

**قىلىچ** ئى. ① خەنجەردىن چوڭراق بىر تىغلىق ئۇرۇش قورالى. ئۇنىڭ تىغى ئۇزۇن، بەزىلىرىنىڭ تىغى بىرئاز ئېگىلگەن بولىدۇ: بېشىڭغا قىلىچ كەلسىمۇ توغرا سۆزلە. * يىگىتلىرىم قىلىچ سالۇر، سايلار ئىچىدە ئۆلۈك تولۇر، شاھىمەردان مەدەت قىلۇر، مەدەت بەرگىل پىشە تاغلار. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**قىلىچ تارتماق** قىلىچ كۆتۈرمەك: سىلەردىمۇ تەكرارلانسۇن بۇ مىسال، پەقەت شۇنداق قىلماق ھايات بولۇڭلار. شىددەت بىلەن قىلىچ تارتىپ ئەتراپقا، ئاتلىنىڭلار! بىزگە ئوخشاش بولۇڭلار.

**قىلىچتىن ئۆتكۈزمەك** قىلىچ بىلەن چاپماق، قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرمەك؛ قىرماق: بەدەۋى ئەرەبلەر ئۆلۈكلەرنىڭ ئۇستىگە قايتىدىن كېلىپ ئۇلارنى بىر-بىرلەپ قىلىچتىن ئۆتكۈزۈپ نەيزە سانجىپتۇ.

**قىلىچ ئويناتماق** قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ ھاۋادا پۇلاڭلاتماق: ۋەتىنىم ئانىدۇر، خەلق ئۇستازىم، تەييارمەن، شۇم رەقىب قەدەم تاشلىسا. ئاستىمدا ئۇچقۇر ئات قىلىچ ئوينىتىپ، بارىمەن قان كېچىپ جەڭلەر ئالدىدا.

**قىلىچىدىن قان تامىدىغان** ناھايىتى زالىم، رەھىم-شەپقەتسىز: خەلق ئۇستىگە چىقىۋالغان، قىلىچىدىن قان تامىدىغان گومىنداڭچىلار تىرىپىرەن بولۇپ قاچتى.

**قىلىچنى يالىڭاچلىماق** قىلىچنى قىنىدىن چىقىرىپ چېپىش ياكى ئۇرۇش ئۇچۇن تەييارلىماق: قوللارنىڭ بىرىگە ئىككى مورەمدىن بېسىپ تۇرۇشقا، يەنە بىرىگە ئىككى ئايغىمدىن بېسىپ تۇرۇشقا، ئۇچىنچى بىرىگە قىلىچنى يالىڭاچلاپ تەييار تۇرۇشقا بۇيرۇق قىلدى. * ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن قىلىچلىرىنى يالىڭاچلىغان 40 قول كىرىپ كېلىپتۇ.

**قىلىچ يېمەك** قىلىچ بىلەن جاراھەتلەنمەك، چېپىلماق: ئۇنىڭ چېچىغا قاراپ تېگىرقاپ قالغان لەشكەرلەرنىڭ بىرى شۇ زامانلا قىلىچ يەپ يىقىلدى.

**قىلىچلاشماق** «قىلىچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئەتىسى ئەمدىلا ئويغىنىپ تۇرۇشىمىزغا ئۇلار بېسىپ كېلىپ، بىز بىلەن قىلىچلىشىپ كەتتى. * تۇر ئەي ماختانچاق. دەريادىن چىققىن، چىقمىساڭ، نامەرد، قاچما، كەل يېقىن. تۇتۇشايلى بەل، چېلىشايلى بىز، قىلىچلىشايلى-سېلىشايلى بىز.

**قىلىچلانماق** «قىلىچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قۇتلۇق قىلىچنى قايتۇرۇپ ئۇرۇشقا ئۈلگۈرەلمىدى، قىلىچلىنىپ ئاتتىن يىقىلدى.

**قىلىچلىماق** پ. قىلىچ بىلەن چاپماق: قويۇق قارا ساقاللىق بۇ قورقۇمسىز كىشى ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزىنى ئۇراتتى. دۈشمەن لەشكەرلىرىنى رەھىمسىز قىلىچلايتتى. * ئاشۇ مەھەل كۆزلىرىمگە كۆرۈندى، زىياپەتكە بېسىپ كىرگەن پارتىزان. ئوخشاش ئىدى قازاشلىرى كۆزلىرى، جەھلىم چىقىپ قىلىچلايتتىم مەن ھامان.

**قىلىچۋاز** ئى. قىلىچ ئىشلىتىشكە ۋە قىلىچ بىلەن ئېلىشىشقا ماھىر كىشى: ئۇنىڭ قولىغا كويزا سېلىنغان بولسىمۇ يەنە قىلىچۋازلار-

دەك ھەرىكەت قىلالىدى. // — شۇنداق ئەلۋەتتە، — دېدى ئەلى پاششاپ، — تازا كېلىشكەن قىلىچۋاز ئىككى يىگىتنى تەييارلاپ قويدۇم. ئەمدى چارە ھەم ۋاقىتنى ئويلىنىش كېرەك.

**قىلىچۋازلىق** ئى ① <تەن> چامباشچىلىقنىڭ قىلىچ بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان مەشىقى. قىلىچ خىللىرى تار يۈزلۈك قىلىچ، كەڭ يۈزلۈك قىلىچ، قىسقا قىلىچ قاتارلىق ھەر خىل بولىدۇ. قىلىچ ئۇرۇشتا چېپىش، كېسىش، قايرىش، سانجىش قاتارلىق ھەرىكەتلەر بولىدۇ. ② قىلىچ ئىشلىتىش ئارقىلىق قىلىنىدىغان جەڭ: تاغ باغرىدا قىلىچۋازلىق باشلىنىپ كەتتى. ③ قىلىچ ئىشلىتىش، خەنجەر ئۇرۇش ماھارىتى: قىلىچۋازلىق قىلماق. * ئۇ قىلىچۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى.

**قىلىچۋازلىق تەنھەرىكىتى** <تەن> بىر خىل تەنھەرىكەت تۈرى. مۇسابىقە قىلىنغاندا تەنھەرىكەتچىلەر ئالاھىدە ئىشلەنگەن قوغدىنىش كىيىملىرىنى كىيىپ، قىلىچ بىلەن ئۆزئارا سانجىشىدۇ ياكى چېپىشىدۇ.

**قىلىشماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كىشىلەر بىنالارغا، بۆلۈملەرگە، جاھازلارغا قارىشىپ نېمىلەرنىدۇر پاراڭ قىلىشاتتى. * گۈلستانلار، يېشىل قىرغاقلار، گۈزەل باغلار، ئېسىل تۇپراقلار؛ ئۇنىڭ ئۇچۇن ئالقىش ياڭرىتار، شادلىقىنى قىلىشىپ ئىزھار.

**قىلىق** ئى ① كىشىلەرنىڭ پائالىيەت، يۈرۈش-تۇرۇش، مۇئامىلە قاتارلىقلاردىكى ئۆزىگە خاس خۇلق-مىجەزى: تۇرقى ئىنسان، قىلىقى ھايۋان (ماقال). * ئۇ يېشى بىر-بىرىدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان بۇ ئىككى يىگىتنىڭ قىلىقلىرىغا، روھىي ھالەتلىرىگە، مىجەز-خۇلقىغا سەپسېلىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. * قېرىلارنىڭ قورۇقلىرىدا، باللارنىڭ قىلىقلىرىدا، يىگىتلەرنىڭ بۇرۇتلىرىدا، قىز-چوكانلارنىڭ قاش-كۆزلىرىدە، زىناقلىرىدا گويا شېئىر ئويناپ تۇرىدۇ. ② تۇرمۇش ئۇسۇلى، ئادەت: — ۋۇي، مۇئەللىم ماھىرە، — ئەزىز تېخى ئۇستىگە سەي سېلىنمىغان بىر تەخسە ئاشنى تۇتقىنىچە ماھىرەنىڭ ئارقىسىدىن چىقتى، — بۇ نېمە قىلغىنىڭىز، ئۆزىڭىز يېمىسىڭىز بىز قانداق يەيمىز. بىز ئۇيغۇرلار بۇنداق قىلىقنى يامان كۆرىمىزغۇ؟! * دەۋرىمىزدە بۇ ئاجايىپ كەشپىياتتۇر يىگىتلىق، بىزلەردە بولغان ئەمەس بۇندىن بۇرۇن بۇنداق قىلىق. ③ قاملاشمىغان، غەيرىي، ئۆزگىچە ئىش-ھەرىكەت: ھېلىقى كىشىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — ئەپەندىم، بۇ نېمە قىلىق، يانچۇقتا چاي قويغان نەدە بار؟ — دەپتۇ. * ئېتىزنى تاشلاپ بازارغا يورغىلاش دېھقاننىڭ قىلىقى ئەمەس. * باي ئۆكۈزنىڭ بۇ قىلىقىنى كۆرۈپ، ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كېتىپتۇ.

**قىلىق چىقارماق** بۇرۇن يوق بىسەر غەيرىي مىجەز-ئادەتلىرى پەيدا بولماق: لېكىن ئۇزاق ئۆتمەي يېگى قىلىق چىقاردى. ئۇلڭ قولىنىڭ باش بارمىقىنى شورايدىغان بولۇۋالدى. * كارۋان قوزغىلىشى بىلەنلا سىيىت ھاجى ئاستا-ئاستا قىلىق چىقىرىشقا، خوتۇن جىنسىتكىلەرنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا قاش-كۆزىنى ئوينىتىدىغان بولۇشقا باشلىدى.

**قىلىقسىز** سۈپ ① قاملاشمىغان، سەت قىلىقلارنى قىلىدىغان، ھاياسىز: بەزى باللار كىچىكىدىن تارتىپلا ئوقۇتقۇچىلار ۋە ئائىلە باشلىقلىرىنىڭ ئاسرىشىغا ھەم ئىللىق مۇئامىلىسىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن، مىجەزى ئۆزگىرىپ، قىلىقسىز، قوپال، ياۋايى بولۇپ قالىدۇ. * ئۆزى ئىنسان، ئۇنىڭ قىلىقسىز ئىشى، نەپرەت-ھاقارەتنى ئاڭلاپمۇ تويماس. دۇنياغا

شۇنداق تۇغۇلغان كىشى-خەلقنىڭ قېنىنى شورايمۇ توپماس. ② بىمەنە، تېتىقسىز، لاۋزا: ئالماس مەدرىستىن قايتىپ چىقىۋېتىپ: — نەدىكى قىلىقسىز ئىشلار بىلەن كۆڭ ئۆتكۈزۈشنىمۇ ئوقۇش دېگىلى بولامدۇ؟ — دېدى.

**قىلىقسىزلىق** «قىلىقسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنى ئاز دەپ هېلىقى نامەردنىڭ قىلىقسىزلىقى تۇپەيلىدىن سىزگە قاراشقا يۈزۈم قالمىغاچقا، بۇ گەپلەرنى هېچكىمگە ئاشكارىلىيالمىدىم. * — ئەگەر بۇ مۇشۇنداق شوخ، بەڭباش كېتىۋەرسە، چوڭ بولغاندا قانداق ئادەم بولار دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدىم ئاغىنەمگە، ئاندىن ئەخمەتنىڭ بىرنەچچە قىلىقسىزلىقلىرىنى سۆزلەپ بەردىم.

**قىلىقلانماق** پ. ئۆزگىچە هەرىكەت، قىلىقلارنى قىلماق: — ئانا، ئانا، نۆزلىرىمۇ بۇ لوڭقىنى ياخشى كۆرەملا؟ — دېدى شائىر باللارچە قىلىقلىنىپ. * قىممەتلىك دەستۇر ئۇ ئىشىمىزدىكى، ئاق-قارىغا مىزان بېرىدۇ ساڭا. كىمدۇر ئۆز، كىمدۇر دوست، ياۋۇز كىم دۈشمەن، كىم ئۇ، بوچۇن قىلىقلانغان مىڭ ياڭزا.

**قىلىقلىق** سۈپ ① قىلىقى بار، مەلۇم قىلىقتا ئىگە: يامان قىلىقلىق بالا. ② ياخشى قىلىقتا ئادەتلەنگەن، خۇلقلۇق: ئوغلۇڭ ئۆسسە ئۇلۇغلار بىلەن قوشنا بول، قىزىڭ ئۆسسە قىلىقلىقلار بىلەن قوشنا بول (ماقال).

**قىلىنماق** «قىلماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بىلال ئەزىزى ۋەرەقىلەرنى كۆنىشەهەرگە، بولۇپمۇ ساقچى ئورگانلىرىنىڭ ئىچىگە، مۇساجان 5-ئاتلىقلار پولكىغا تارقىتىشقا مەسئۇل قىلىندى. * — يەنە بىرنەرسە چالا قىلىنىپتۇ، — دەپ هاۋاخان يانچۇقنى كولىغان پېتى بازارغا چىقىپ كەتتى.

**قىليورغا** ئى [قىل+يورغا] <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى بوز رەڭدە، تۇمشۇقى ئىنچىكە ئۇزۇن، پۇتلىرى ئۇزۇن، بارماق ئارىسىدا پەنجە يوق، دائىم تېيىز سۇ بويلىرى، ئېتىز بويلىرىدا كىچىك بېلىق، قۇلۇلە، هاشارات تۇتۇپ يەيدۇ، كۆچمەنچى قۇش هېسابلىنىدۇ.

**قىليىلان** ئى [قىل+يىلان] <زوئول> بىر خىل قۇرت. يېتىلگىنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، رەڭگى قوڭۇر، شەكلى نىسمىغا ئوخشايدۇ. بەزىلىرى ئاق كېلىدۇ. تېرىسى سىلىق، يان سىزىقلىرى بولمايدۇ. هەزىم قىلىش يولىنىڭ ئالدىنقى قىسمى رودىمېنتلاشقان. چىشىسىنىڭ ئاخىرقى ئۇچى يۇملاق، ئەركىكىنىڭ ئاخىرقى ئۇچىدا چېتىشىش خالتىسى بولىدۇ. لىچىنكىسى چېكەتكە، تاشپاقا قاتارلىقلارنىڭ تېنىدە پارازىت ياشايدۇ. يېتىلگەندىن كېيىن تەن سىرتىغا چىقىپ، سۇدا ياشايدۇ.

**قىم** تەق. قىچىشىش، چىقىش، سانجىلىش ياكى لۆمۈلدەش تەسىرىدە بەدەن ياكى ئىچكى ئەزالاردا پەيدا بولىدىغان سېزىم: كۆڭلەكنىڭ يېڭى ئىچىدىن بىرنەرسە ماڭغاندەك بىلىندى ۋە «قىم» قىلىپ ئاغرىدى-دە، شۇ يەرنى بېسىپ مىجىدىم.

**قىماپ** ئى. چارە، ئۇسۇل، ئامال: ئۇ سېنى هەر قىماپ بىلەن جايلاپ كېتىدۇ.

**قىمار** ئى [ئە] ئۇتقانلار ئۇتتۇرغانلاردىن تىككەن پۇل ياكى بۇيۇمنى ئېلىش شەرتى بىلەن ئوينىلىدىغان ئوشۇق، قاتار قاتارلىق ئويۇن: ئەڭ ياخشىسى شاهمات-دامكا ئويناشنى ئادەتلەنمە، ئەگەر ئويناساڭ پۇل تىكىپ ئوينىما، پۇل تىكىپ شاهمات-دامكا ئوينىغانلىق قىمار بولىدۇ. * قىمارنى چوڭ ئويناپ قاتلاپ تىكىپ، كوچانىڭ

ھەممە قىمارۋازلىرىنى گاڭسا-جىسا قىلىۋېتەي دەيمەن.

**قىمارغا تىكمەك ← دو تىكمەك**: شۇ كېچىسى قىمار راسا قىزىپتۇ، سىدىق ئارقا-ئارقىدىن ئۇتتۇرۇپ پۈتۈن ۋەسلىنى قۇرۇتۇپتۇ. قىمارغا تىكمىگەن پۈتىدىكى ئۆتۈك چاپانلىرىمۇ قالماپتۇ.

**قىمارخانا** ئى [ئە+پ] قىمار ئوينايدىغان جاي، ئۆي: ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ ئۆيى قىمارخانىغا ئايلىنىپ قالدى. * ئۇ ھازىر قىمارخانىدا بىكاردىنلا سېتىۋەتكەن ئۆيى، مال-دۇنياسىنىڭ ئاچچىق ئازابىنى تارتىپ نەگىدۇر قاراپ ماڭماقتا ئىدى.

**قىمارۋاز** ئى [ئە+پ] دائىم قىمار ئوينايدىغان، قىمارغا بېرىلگەن كىشى: بەڭگى قەلەندەر، ئوغرى قىمارۋاز (ماقال). * ئۇ ھېلىقى قىمارۋاز بىلەن بىللە قىۋارخانىغا كەتكەنىكەن. * ئۇنىڭ ئاجايىپ مەرد، ئادەمگەرچىلىكى كۆچلۈك يىگىت ئىكەنلىكىنى مېنى ئۇنىڭ بىلەن ئۇلپەتدارچىلىققا ئۈندىدى. كېيىن بىلدىمكى، ئۇ ناھايىتى دوكار قىمارۋاز ئىكەن. * تال چىۋىقنى ئەگكۈنچە، بەللىرىڭنى پۈككۈنچە، ئۆلۈپ كەتسەڭ بولمامدۇ، قىمارۋازغا تەگكۈنچە.

**قىمارۋازلىق** ئى داۋاملىق قىمار ئويناش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى: ئاقسۇدا سەنئەتنىڭ ئورنىنى زەھەرلىك چېكىملىك چېكىش، قىمارۋازلىق، رەمماللىق، داخانلىق ئىگىلىۋالغانىدى. * گەرچە يۇنۇس رېھىمنىڭ قىمارۋازلىقىغا ئائىت ئېنىق پاكىتلارنى ئېيتىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئىشقىلىپ بۇ ھەقتە مۇھىم گۇمان تۇغۇلدى. * — مەن، مەن، مۇنداق تەۋەككۇلچىلىك، قىمارۋازلىققا قوشۇلالمايمەن! كېلىپ چىقىدىغان ئاقىۋەتكە ئۆزۈڭ مەسئۇل، — دېدى-دە، ناسىر شۇجى چاپاننىڭ پېشىنى قېقىپلا قۇدۇق بېشىغا كەلدى.

**قىمدىماق** پ. قىستۇرۇپ، باستۇرۇپ قويماق؛ ئىچىگە پۈكۈپ قويماق: يوتقاننىڭ چۆرىسىدىن سوغۇق كىرىۋاتىدۇ، قىمداپ قويغىنا. * شۇنىڭ بىلەن باياتىن قىمداپ تۇتۇلغان چاپىنىنىڭ پەشلىرى ئېچىلىپ تېخىمۇ توڭلاپ كەتتى..

**قىمدىناق** ① «قىمدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى. ② قىمىرلىماق، تەۋرەنمەك: — كېلىڭ نىغمەتجان، — دېدى ئۇ ماڭا ئورۇن كۆرسىتىپ، — ماقالىڭىزغا ئىنكاس ياخشى، دېمەك بۇ شۇنى كۆرسىتىدۇكى، ئەجىر قىلغانسىز، شۇنداقمۇ؟ — ياقەي، ئانچىلا، — دېدىم ئىككى يېنىمغا قىمدىنىپ.

**قىمشىتماق** «قىمشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىمشىماق** پ ① «قىم-قىم» قىلىپ ئۈز ۈلمەي ئاغرىماق: پۇتۇمغا دورىنى سۈرتۈپ تېڭىۋەتكەندىن كېيىن قىمشىپ ئاغرىغلى تۇردى. ② كۆچمە. ئاۋۇماق، كۆپەيمەك؛ تولۇپ كەتمەك: كىنوخانىنىڭ ئالدىدا ئادەم قىمشىپ كېتىپتۇ.

**قىم-قىم** ① «قىم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: قوللىرىم «قىم-قىم» قىلىپ ئاغرىپ كەتتى. ② كۆچمە. ناھايىتى كۆپ، زىچ: بازار بۈگۈن تازا قىزىپتۇ، ئادەم دېگەن قىم-قىم، مېۋە، قوغۇن، تاۋۇز تاغدەك دۆۋىلىنىپ سېپىل ياساپتۇ، زادىلا ئۆتكىلى بولمايدۇ.

**قىممەت** [ئە] ① ئى <س ئىق> تاۋاردا ئەكس ئەتكەن ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك. قىممەت مىقدارىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى تاۋارنى ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتىنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئىنسان ئەمگىكىدىن ئۆتمىگەن ھاۋا قاتارلىق نەرسىلەر كىشىلەرگە

نىسبەتەن ئىستېمال قىممىتىگە ئىگە بولۇش ياكى قىممەتكە ئىگە بولماسلىقى مۇمكىن: قوشۇمچە قىممەت. تاۋارنىڭ ئالماشتۇرۇش قىممىتى. ئىستېمال قىممىتى. ② ئى. تەييار ئىش، ئوبيېكت، مەھسۇلات ۋە شۇ قاتارلىقلارغا سەرپ بولغان مەبلەغ، ئەمگەك ۋە ماتېرىياللارنىڭ پۇل بىلەن ئىپادىلىنىشى؛ سودا-سېتىقتىكى نەرخى؛ باھا: ئەقلىي ئەمگەكنىڭ قىممىتى تۆۋەنلىمەك. * — ئۇنداقتا بىزنىڭ بۇ رەختلىرىمىزنىڭ خەلقئارا بازاردىكى قىممىتى قانداق بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى يەنە بىرەيلەن. ③ ئى. كۆچمە .كىشى ياكى نەرسىنىڭ تۇرمۇشتا تۇتقان ئورنى، ئەھمىيىتى، قەدرى؛ رولى: مۇقامنىڭ قىممىتى شۇ يەردىكى، ئۇ ئەلنىڭ تۇرمۇشى ۋە ئارزۇسى بىلەن مەھكەم باغلانغان، ئۇ بەك چوڭقۇر ۋە باي مەزمۇنغا ئىگە. * ئۇ بۇنى چوڭقۇر تەتقىق قىلسام بەلكىم قىلچە ئەكس تەسىر پەيدا قىلمايدىغان ئۈيقۇ دورىسى تەييارلاش مۇمكىن، ئۇ كىلىنىكا تىببىي ئىلمىدە زور قىممەتكە ئىگە بولغان بولاتتى دەپ ئويلايتتى. ④ ئى <مات> سان بىلەن ئىپادىلەنگەن مىقدار ياكى ماتېماتىكىلىق ئىپادىنى ھېسابلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھەربىر نەتىجە. مەسىلەن، a نىڭ ئالغان قىممىتى 10، b نىڭ ئالغان قىممىتى 8 بولغاندا، ئالگېبرالىق ئىپادە $\frac{ab}{2}$ نىڭ قىممىتى $\frac{10\times8}{2}=40$ بولىدۇ. ⑤ سۈپ. باھاسى، نەرخى ئەسلىدىكىدىن يۇقىرى، ئەرزاننىڭ ئەكسى: قىممەت باھا. قىممەت مال. * ئارغىماقنى ماختاۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى 500 يۈەننى ئاڭلاپ پىشانىسىگە ئۇرۇپ: « نېمىدېگەن قىممەت، 300 يۈەنگە قۇلۇنلۇق بايتال بېرىۋاتسا » دېيىشسە، بەزىلىرى « ئات ئىچىدە ئات بار » دەيتتى.

* — نېمانچە قىممەت قىلىچ بۇ، — دەپتۇ ئەپەندىم ھەيران بولۇپ. ⑥ سۈپ. كۆچمە. پۇل ياكى ھېچ نەرسىگە سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، باھاسى يوق، بىباھا، قەدىرلىك، ئەزىز: بىلىم دۆلەتتىن قىممەت (ماقال). * ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.

**قىممەت جىسمى** <س ئق> تاۋار ئىشلەپچىقىرىشتا، ئىنسانلار ئەمگىكى سەرپ قىلىنىپ، ئىنسانلار ئەمگىكى جۇغلىنىدۇ. ئىنسانلارنىڭ بۇ خىل ئابستىراكت ئەمگىكىنىڭ ئۇيۇندىسى تاۋار قىممىتىنىڭ جىسمىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

**قىممەت قانۇنىيىتى** <س ئق> تاۋار ئىگىلىكىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتى. ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىلىرى: تاۋارنىڭ قىممەت مىقدارىنى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك ۋاقتى بىلەن بەلگىلەش، تاۋارنىڭ باھاسى قىممەتنى ئاساس قىلىش ۋە تاۋارنى تەڭ قىممەت پرىنسىپى بويىچە ئالماشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

**قىممەت مۇناسىۋىتى** <س ئق> تاۋارنى قىممەت قىلغان ھالدىكى ئۆزئارا ئالماشتۇرۇش مۇناسىۋىتى.

**قىممەت مىزانى** <س ئق> پۇلنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىلىرىدىن بىرى، يەنى پۇل ئۆزىنى مىزان قىلىپ باشقا تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى ئۆلچەش ۋە ئىپادىلىشىدۇر. تاۋار قىممىتىنى بىۋاستە ئەمگەك ۋاقتى بىلەن ئىپادىلەشكە ۋە ئۆلچەشكە بولمايدۇ، پۇل پەيدا بولغاندىن كېيىن، بارلىق تاۋارلارنىڭ قىممەتلىرى پۇل بىلەن ئۆلچىنىدىغان بولدى. پۇلنىڭ ئۆزىمۇ تاۋار، ئۇمۇ قىممەتكە ئىگە، شۇڭا باشقا ھەممە تاۋارلارنىڭ قىممەتلىرىنى ئۆلچەش رولىنى ئۆتىيەلەيدۇ.

**قىممەت مىقدارى** <س ئق> تاۋارغا

يۇغۇرۇلغان ئىجتىمائىي زۆرۈر ئەمگەك مىقدارى.

**قىممەتچى** ئى. داۋاملىق قىممەت باھا قويىدىغان، قىممەت باھادا مال ساتىدىغان كىشى: قاراپ ماڭدىم مەمەت سايىت ئۆيىگە، ئەزەل ئۇنى قىممەتچى دەپ يۈرەتتۇق. يېقىن باردىم ئىشكىنىڭ تۈۋىگە، ئۇنىڭ كاززاپ مىجەزىنى بىلەتتۇق.

**قىممەتچىلىك** ئى. نەرخ-ھاۋا ئىنتايىن قىممەتلەشكەن پەيت ۋە شۇنداق ھالەت: شۇ كۈنلەردىكى ئاشلىقنىڭ قىسلىقى، ھەممە يەرنى قاپلىغان قىممەتچىلىك يۇرتنى تاشلاپ كېتىشىمىزگە مەجبۇرلىغانىدى. * قىممەتچىلىك بولسا، ساتقۇچىدا ئىنساپ قالماس؛ ئەرزانچىلىق بولسا، ئالغۇچىدا ئىنساپ قالماس.

**قىممەتداش** ئى <س ئق> باشقا بىر تاۋارنىڭ قىممىتى بىلەن ئىپادىلىنىدىغان تاۋار. مەسىلەن، پۇل ئەنە شۇنداق ھەرخىل تاۋارلارنىڭ قىممىتىنى ئىپادىلەيدىغان بىر قىممەتداشتۇر.

**قىممەتسىنماق** پ. باھاسىنى يۇقىرى، قىممەت دەپ بىلمەك، قىممەت دەپ ھېسابلىماق.

**قىممەتلەتمەك** «قىممەتلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىممەتلەشتۈرمەك** «قىممەتلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىممەتلەشمەك** پ. بارا-بارا باھاسى، قىممىتى ئېشىپ، قىممەت بولۇپ قالماق: كېلەر يىلى ئاشلىق تېخىمۇ قىممەتلىشىدۇ. * ئۇ بىر ئەخمەق، بىر گۇۋاھنامىنى يېزىش ئۈچۈن بىرقانچە ۋاراق قەغەزنى بۇزۇپ تاشلىشى مۇمكىن، يەنە كېلىپ، ئۇنداق گۈللۈك قەغەزمۇ قىممەتلىشىپ كەتتى.

**قىممەتلىك** سۈپ ① باھاسى يۇقىرى، قىممەت تۇرىدىغان: ئاشپەز دەرھال بازارغا بېرىپ، ھەسەن بەدرىدىنگە قىممەتلىك كىيىم ئېلىپ كېلىپ كىيدۈرۈپتۇ. * ئۇلار بىزنىڭ ئاز ئىكەنلىكىمىزنى ۋە قىممەتلىك ماللىرىمىزنى كۆرۈپ بىز تەرەپكە ئات سالدۇرۇپ كەلدى. ② كۆچمە. سېتىپ ئالغىلى بولمايدىغان، باھاسى يوق، بىباھا: قىممەتلىك پۇرسەت. * ئۆتكىنىدىغان نەرسىلەرنىڭ شۇنچە كۆپلۈكىنى كۆرۈپ، نەچچە يىللاردىن بېرى ئويۇن-تاماشا بىلەن بىھۇدە ئۆتۈپ كەتكەن قىممەتلىك ۋاقىتلىرىمنى قايتۇرۇۋېلىش يولىدا كېچە-كۈندۈز تىرىشتىم. * ئېيخ ئۇستاز، مانا شۇ كىشىلەرنىڭ ھايات خاتىرىلىرىدە سىزنىڭ قىزىل قان، ھەم كۈمۈش تەرلىرىڭىز بىلەن يېزىلغان قىممەتلىك قۇرلار يوق دەپ كىممۇ ئېيتالايدۇ؟ ③ كۆچمە. ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك، سۆيۈملۈك: قىممەتلىك مېھمان-موللازەيدىن خەلقنىڭ بۇ قەدەر ھۆرمىتىگە جاۋابەن يىراقتىنلا ئاتتىن چۈشۈپ، كىشىلەر بىلەن قۇچاقلىشىپ ياكى قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. * قىممەتلىك چولپان، بىز چوڭ بولدۇق، ھايات يولىنى تاللىشىمىز كېرەك. ④ كۆچمە. ئەھمىيەتلىك، كۆپ پايدىلىق، ناھايىتى كېرەكلىك: ئۇلار ئۆز ھاياتىدا نۇرغۇن قىممەتلىك تەجرىبە-ساۋاقلارنى توپلىغان. بۇ تەجرىبىلەردىن بەزىلىرى بىزگە مەڭگۈ ئەسقاتىدۇ. * يولداشلارنىڭ كۆپ قىسمى ماتور ياساش ئۈستىدە نۇرغۇن قىممەتلىك تەكلىپ ۋە لايىھەلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**قىممەتلىمەك** پ. باھاسى، نەرخى ئاشماق، قىممەتلەشمەك: بۇرۇنقىغا قارىغاندا گۆش قىممەتلىدى.

**قىمىر** تەق. بىلىنەر-بىلىنمەس قىلىنغان ھەرىكەت، مىدىر: قىمىر قىلماسلىق.

**قىمىر قىلماق** بىلىنەر-بىلىنمەس، ئاستا ھەرىكەت قىلماق؛ بىرئاز قوزغالماق،

قىمىرلىماق، مىدىرلىماق: ئۇلار قىمىر قىلسا تاقىغان قىلىچلىرى كەمەرلىرىگە تېگىپ سادا چىقىراتتى: * ۋاقىت ئۆتۈپ تۇردى، لېكىن ئۇ قىلچە قىمىر قىلمىدى.

**قىمىر-چىمىر** قىمىر ۋە چىمىر: كۆڭلىكىمنىڭ ئىچىگە. بىرنەرسە كىرىۋالدىمۇ بىلمەيمەن، ئۇيەر-بۇيېرىم قىمىر-چىمىر قىلغىلى تۇردى.

**قىمىر-سىدىر** ناھايىتى ئاستا، بىلىندۇرمەي قىلىنغان ھەرىكەت: قىمىر-سىدىر قىلماسلىق. * ھېلىقى ئايال قىمىر-سىدىر قىلماي بىرخىلدا يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتاتتى.

**قىمىر-سىدىر قىلماسلىق** قوزغالماي، مىدىرلىماي جىم تۇرماق: ياسىنئاخۇنمۇ؟ ياسىنئاخۇن دېگەن دۈيجاڭنى كۆرسە قىمىر-سىدىر قىلالماي، خوش دەپلا تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قولىدىن بۇ ئىش كەلمەيدۇ.

**قىمىر-قىمىر** «قىمىر» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى: قىمىر-قىمىر قىلماق.

**قىمىرلاتماق** . «قىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بالا پۇتىنى قىمىر-لىتالماي ئاغرىق ئازابىدىن چىرقىرايدۇ. * ھاۋا شۇنچىلىك دىمىق ئىدىكى، دەرەخ شاخلىرىنى شۇنچىكى قىمىرلىتىپ ئاندا-ساندا چىقىپ قالىدىغان كۈچسىز شامالمۇ كىشىنىڭ يۈرىكىگە ئاجايىپ ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

**قىمىرلاشماق** «قىمىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مەجلىس ئەھلى بۇ تۈز كۆڭۈل قازاق يىگىتنىڭ تەمتىرىمەي، ئالدىرىماي ئىرادە بىلدۈرۈۋېلىشىغا قىمىرلاشماي، جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاڭلاش بىلەن ئىمكانىيەت يارىتىپ بەردى. * ئارقا-ئارقىدىن يۆتكىلىۋاتقان پەدىلەرگە ئەگىشىپ، كىشىلەرنىڭ كەيپىياتىمۇ پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ، مۇقامنىڭ مەشرىپى باشلىنىش بىلەن يىگىتلەر قىمىرلىشىپ قالدى.

**قىمىرلىماق** پ ① ئاستا-ئاستا ھەرىكەت قىلماق، مىدىرلىماق، تەۋرەنمەك: ھاكىمنىڭ چىرايى تۇتۇلدى، ئېڭەك گۆشلىرى سەل-پەل قىمىرلاپ كەتتى. * مەن ئۇنىڭ لەۋلىرىنىڭ .قىمىرلىغانلىقىنى كۆرۈپ، ماڭا گەپ .قىلامدىكىن دەپتىمەن. ② جايىدىن قوزغالماق، سىلجىماق: بەختىخان ئازراق كۈتۈپ باققان بولسىمۇ، ئوغلى ئالىم ئولتۇرغان جايىدىن قىمىرلاپمۇ قويمىدى. * قۇرتتەك قىمىرلاپ يۈرۈپ، يۇرت ئالدىدا يۈزۈمنى يەر قىلدىڭ، مەنزە ئەمدى تاشپاقىغا ئوخشاپ قېلىپتىمەن-دە! جىمى كەلگۈلۈك سىلىدىن كېلىۋاتىدۇ.

**قىمىرلاپ قويماسلىق** ھەرىكەتكە كەلمەي، تۇتۇش .قىلماي ئۆز پېتى تۇرماق: بۇ پائالىيەتتىن نۇرغۇن ئورۇنلار زور نەتىجىگە ئېرىشكەن بولسىمۇ، تېخى قىمىرلاپمۇ قويمىغان ئورۇنلارمۇ بار.

**قىمىز** ئى. ئات ياكى تۆگە سۈتىنى ئېچىتىپ ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك. ئازراق كەيپ قىلىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**قىملداتماق** «قىملدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئىشىكنىڭ ئۇدۇلىدىكى پۇتى سۇنۇپ، يېنى ئاجراپ كەتكەن جوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۆرىلا تۇردى، يېنىدا ياڭراۋاتقان «خوشە-خوشە» لەر ئۇنىڭ كۆڭلىنى قىملدىتىشقا باشلىدى.

**قىملداشماق** «قىملدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىملدىماق** پ «قىم-قىم» قىلماق، لۆملدىمەك: شۇ چاغدا ئۇچلىرىم قىچىشىپ قىملداپ كەتكەندى. * بۇ شەھەرگە چۈشكە يېقىن يېتىپ كېلىپلا كېكىردىكىم قىملداپ قىچىشىپ، بۇرنۇمغا تاماكا پۇراپ خۇمار قىلىشقا باشلىدى.

**قىن** ئى ① قىلىچ، خەنجەر، پىچاق قاتارلىقلارنى سېلىپ قويىدىغان غىلاپ:

قىلىچ قىنىدا ياتسا دات باسمايدۇ (ماقال). * سۇتۇق قىلىچىنى قىنىغا سېلىپ ھۆرمەت بىلەن ئانىسى تەرەپكە ماڭدى ۋە بىر تىزى بىلەن ئانا ئالدىغا تىزلاندى. * ئاتام ئېيتقان: خەنجىرىڭنى قىنىدىن ئالما! ئالساڭ، رەقىب ئۆلمىگۈنچە قىنىغا سالما! ② دەريا ئېقىمىنىڭ ئىككى قىرغىقى ئارىسىدىكى سۇ ئاقىدىغان قىسمى: دەريا قىنىنىڭ شەرقىي يامزىلىغا ياندىشىقان قالماقدۇك مەھەللىگە ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. * دەريانىڭ ئاقىدىغان قىنى بولغىنىدەك، دۇنيانىڭمۇ ئىلگىرىلەش يولى بولىدۇ. ③ سىرتىدىن ئوراپ تۇرغان پەردە، قاپ: يۈرىكىم قىنىدىن چىقىپ كېتە يلا دەپ قېلىپتۇ. ④ كۆچمە. ئىچ، قويۇن، باغىر: — شۇنداق، ئۇ كادىر، — دېدى «نامازشام خىزىرى» ھۆكۈمەتنىڭ قىنىغا كىرىۋېلىپ، بىزگە ھەمنەپەس بولۇۋاتقان كادىر شۇ جالالدىنلا ئەمەس، يەنە بىر-ئىككىسى بار.

**قىنىغا پاتماسلىق** يولىدىكى ئىشنى قىلماي ھەددىدىن ئېشىش؛ ئۆزىنى بېسىۋالالماسلىق: ئاچچىقىدا قىنىغا پاتماي تۇرغان قۇربانىنى جەينىكىدىن تارتىپ ئېلىپ ماڭدى. * توشقان دېگەن شۇم قىنىغا پاتماي، ئوۋ ئوۋلايدىكەن كېچىسى ياتماي.

**قىنىغا پاتماي قالماق** ← **قىنىغا پاتماي كەتمەك**: كېلىپتۇ ئاخىر بەشىنچى بالبۇلاقنىڭ يىنىغا. كۆرۈپ ئاقۇچ گۈلنى ئۇ، پاتماي قېلىپتۇ قىنىغا.

**قىنىغا پاتماي كەتمەك** ئۆزىنى بېسىۋالالماي قالماق، ھەددىدىن ئاشماق: سىڭىللىرىم ۋەدە بەرسە ۋەدىسىگە قانچىلىك قاتتىق ۋاپا قىلىدۇ دېسەڭچۇ؟ ئۇلارنىڭ تەگرىگە ئىبادەت قىلغان چاغدىكى ھاياجىنى قانچىلىك ساپ-ھە! ئۆزلىرىدە بارىنى قۇربان قىلىش پۈرسىتى كەلسە، خۇشاللىقىدىن قىنىغا پاتماي كېتىدۇ ئەمەسمۇ؟

**قىنىغا چۈشمەك** بۇرۇنقى ئىزىغا، جايىغا كەلمەك؛ نورماللاشماق: شەۋكەت ئاخىر قىنىغا چۈشتى، بۇغراجان بىلەن ئابدەممۇ خاتىرجەم يولىنى داۋام قىلدى.

**قىنىغا سالماق** بۇرۇنقى ئىزىغا، جايىغا، ئۆز يولىغا كەلتۈرمەك: نەدە جاپالىق ئىش بولسا ئۇلار شۇ يەردە. ئۇلاردىن بىرەرى ئېتىزدىن قايتىشقا تۇغرا كەلسە، يولدا كەلگۈچە ئېتىز سۇلىرىنى قىنىغا سالىدۇ، ئېتىز تەرەپكە ماڭغان بىرەر-يېرىم مالنى ھەيدىگەچ، بىرەر-يېرىم باش قوناق ياكى ئوت-چۆپنى قولتۇقىغا قىسقاچ ماڭىدۇ-دە، ئۇنى دۆينىڭ ئىسكىلاتىغا تاپشۇرىدۇ.

**قىنىغا سىغماسلىق** ← **قىنىغا پاتماسلىق**: «بالىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولمىسۇن» دەپ، نېمە دېسە ھەدەپ ھۆرمىتىنى قىلسام، كۆرەڭلەپ قىنىغا سىغماي كېتىۋاتىدىغۇ! * كەلدى ئىشچان بەختىيار، بىر توپ ئالما يېنىغا. كۆرۈپ دەرەخ شادلىقتىن سىغماي كەتتى قىنىغا.

**قىن-قىنى** ئىچ-ئىچى.

**قىن-قىنىغا پاتماسلىق** قالتىس خۇشاللىق ۋە زور ھاياجاندىن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماسلىق: قېرى-ياش، ئەر-ئايال نۇرغۇن كىشىلەر قىن-قىنىغا پاتماي ئۇسسۇلغا چۈشتى. * ئاسىم زوقلاندى. ئۇ بۇ يىل كۈزلۈككە مول ھوسۇل ئېلىنىشىغا كۆزى يېتىپ قىن-قىنىغا پاتماي خۇشال بولدى.

**قىن-قىنىغا پاتماي قالماق** ئىنتايىن خۇشال بولماق: ھەر ئىككىسىنىڭ مەكتەپتە قېلىش خەۋىرىنى ئاڭلاپ قىن-قىنىغا پاتماي قالغان پەرھات دىلبەرنىڭ يۈزىگە كېتىشىنى ئاڭلاپ يېلى چىققان توپتەك بوشىشىپلا كەتتى.

* — نېمە بولدى، بۇلار قىن-قىنىغا پاتماي قېلىپتۇ، — دېدى مەتنىياز بارالىغ تەرەپكە قاراپ.

**قىن-قىنىغا سىغماسلىق** ← **قىن-قىنىغا پاتماسلىق**: — ھەئە، — دېدىم مەن زوقلىنىشىمنى يوشۇرماي، — قۇدرەت ئاكا، كارامەت ئۆزگىرىشلەر بولۇپتۇ، شۇ تاپتا قىن-قىنىمىغا سىغمايۋاتىمەن.

**قىناق** ئى. قىناشتىن ھاسىل بولغان ئىز، يول: ئۆشرىچى چارەكىنىڭ تېشىنى ئۇنىڭ ياغىچىنىڭ ئاخىرقى قىنىقىغا قويدى-دە، «خوش، بىر چارەك» دەپ قوناقنى تاغارغا تۆكتى.

**قىناققا كەلمەك** نېمە قىلىش، قانداق قىلىش ھەققىدە مەسلىھەتى توختالماق؛ بىر پىكىرگە كەلمەك: دادۇي قوزغالسا، زەي يوقالماي نەگە باردۇ! ئەمدى جاي ئالدىغىنىڭنى قوي، بىز بىلەن بىللە مونۇ «قاۋانلىق» نى يوقىتىشقا بەل باغلا، سەن چەت ياقىلاپ يۈرۈۋەرگىنىڭ بىلەن بەرىبىر بىر قىناققا كېلىسەن، يا ئۇڭغا، يا تەتۈرىسىگە ئاقىسەن.

**قىنلىق** سۈپ. قىنى بار، قىن ياسالغان، قىن چىقىرىلغان: ئالتۇن تۇقلىق، كەڭلىكى تۆت ئىلىك كېلىدىغان يىپەك بەلبېغىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئۈچ غېرىچ ئۇزۇنلۇقتا كۈمۈش قىنلىق، تۆچ ساپلىق خەنجەر ئېسىلغانىدى.

**قىنىماق** پ ① پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن ئويۇپ، كېسىپ، جىجاپ ئىز، يول چىقارماق: تاياقنى قىناپ بەلگە سالماق. ② قىنىغا، ئىزغا چۈشۈرمەك: ئوتنى پۈۋلىسە تۇتىشىدۇ، سۇنى قىنىسا ماڭىدۇ (ماقال).

**قىھ** تەق. تامىقىنى چەككەندە ياكى قىرغاندا ياكى تامىقىنى قىرىپ كۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ھى ھى ھى ئايلىناي، قىھ، مەن بۇ ئىشلارنى نەدىن بىلەي ھامىدجان!

**قىيا** ① ئى. تاغ، ئېدىرلاردىكى تىك يار: ئۇلار ساينىڭ ئاغزىدىكى قىياغا ئۆملەپ چىقىپ، قورام تاشلار ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ بىر-بىرىگە دۈمبىسىنى چاپلاپ ياتتى. * بولسام ئەگەر مەغرۇر تىك قىيا، چوققىلىرىم پەلەكنى قۇچقان، بولسام بۈركۈت ياۋغا ئېتىلغان، پەرۋاز قىلىپ سامادا ئۇچقان. ② سۈپ. قىرلىق، تىك ۋە چوڭ: — قارا، — دېدى بوۋاي قىيا تاش ئۈستىدە مەغرۇر قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ياش بىر تۈپ قارىغاينى كۆرسىتىپ، — بۇ قارىغاينىڭ يىلتىزى قانداق تۇرۇپتۇ، تازا ئوبدان قاراپ باققىنە! * ئاتتىن چۈشۈپ قىيا تاشقا ياماشتى، ئاھ بىريولى شادلىق مۇڭغا ئالماشتى، چۈنكى ئۇندا قان ئىچىدە ئۈچ قىزچاق، گويا قىزىل چوغلۇق كەبى ياتاتتى. ③ رەۋ. بىرئاز بۇرۇلۇپ، يېنىچە؛ كۆز قىرى بىلەن؛ يانتو، قىيىسىق: — يولداش سادىق، — دېدى مۇزەپپەر ئۇنىڭغا قىيا قاراپ قويۇپ، — تۆت-بەش يىل بۇرۇنقى بىلەن سېلىشتۇرغاندا دېھقانلارنىڭ ئەھۋالى ھەقىقەتەن كىشى قەلبىنى شادلاندۇرىدۇ. * سەن يەنە خانتەگرىدەك ئاق چاچلىرىڭدىن نۇر يېغىپ، بىر قىيا قىلدىڭ تەبەسسۇم مەن قۇچىقىڭدا كۈلەي. ④ رەۋ. يېرىم-يارتا، بىرئاز: ئۇدۇلدىكى يوغان نەقىشلىك ئىشىك قىيا ئوچۇق تۇراتتى. * قىيا كۆرسىتىپ يۈزىنى ئاپتاپ، زەر تۇتقان كۆك پەردە كەينىگە مۆكتى. ئاپتاپتىن نۇر ئېمىپ تولۇن ئاي شۇ تاپ، تەبەسسۇم، مەڭزىدىن يەرگە نۇر تۆكتى.

**قىيا باقماق** بىرئاز بۇرۇلۇپ ياكى يوشۇرۇنۇپ كۆز قۇيرۇقىدا قارىماق: زەيتۇنەم كېتىۋېتىپ، كەينىگە قىيا باققانىدى، قۇتلۇقمۇ كەينىگە قارىدى، ئىككى جۈپ كۆز ئۇچرىشا-ئۇچراشماستىن ئىتتىكلا ئاجراشتى.

* ئىككى كىشى ھەمدەم بولۇپ بىر-بىرىگە مېھرام بولۇپ، قىيا بېقىپ قولنى سىلىپ، كېلۇر سەيلانە-تەيلانە. * تەبەسسۇمدە قاراپ مەن ئىنتىزار كۈتتۇم جاۋابىڭنى، پىسەنت قىلماي قىيا باقتىڭ ماڭا، تارتتىم ئازابىڭنى.

**قىيا تاش** تىك، ئېگىز، چوڭ تاش: نىزامىدىن ئۆز قىسىملىرىنى بىر كىلومېتىردەك يەرگە ياياتتى. پارتىزانلار قىيا تاشلار، چاتقاللىقلار ئارىسىدىكى ئەپلىك جايلارغا ئورۇنلاشتى. * قۇم سەھرادا ياتار قىيا تاش، كۈن نۇرىدا يالقۇنجاپ يېنىپ. بىر تۈپ مايسا كۆتۈرۈپتۇ باش، قىيا تاشنىڭ باغرىنى يېرىپ.

**قىيا رەسىملىرى** <ئارخېئول> قەدىمكى زاماندا تاشلار، بولۇپمۇ تىك يارلاردىكى تاشلارغا چېكىلگەن سۈرەتلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**قىيا كۆزنى سالماق** قاراپ قويماق: — ئىمىنىڭ قوناق سوقۇش ماشىنىسىنى ئەترەتتە ئىشلەتمىگەن كىم بار؟! ئۇ پۇل دەپتىمۇ؟ ئات-ئۇلاغ، سايمان-جابدۇق دېسەك ئۆزى-مىزنىڭكىدەك ئىشلىتىمىز، قىيا كۆزنى سالدىمۇ؟ — دېدى ئوسمان خامپا. * تۇرمۇش جەڭگىۋار ھاياتىڭنىڭ بىر قايىنىمى بولسۇنكى، ئۇ ھەرگىز-مۇ ھېچكىم قىيا كۆزنى سالمايدىغان شىۋاق باسقان بىر چۆل بولۇپ قالمىسۇن.

**قىياپەت** ئى [ئە] ① سىرتقى كۆرۈنۈش، تۇس: يېزىنىڭ يېڭى قىياپىتىنى زوق بىلەن تاماشا قىلىپ كېلىۋېتىپ، بەختلەرنىڭ ئىشكى ئالدىغا كېلىپ قالغىنىمنىمۇ سەزمەي قېلىپتىمەن. * زوق بىلەن ياىراپ، سىنى قىلدىم زىيارەت قاغىلىق، گۈللىنىپ، ئاپسەن يېڭىچە بىر قىياپەت قاغىلىق. ② يۈز، چىراي؛ سىياق، كۆرۈ-نۈش: مەن ئاپامنىڭ مېنى باغرىغا بېسىپ تۇرۇپ قوڭغۇراق ئاتا ھەققىدە سۆزلىگەن چاغدىكى قىياپىتىدىن نېمىدۇر بىرنەرسىنى بىلگەندەك قىلدىم. * ئۆگۈپ، يېرتىلىپ كەتكەن كىيىم-كېچەكلىرى ئۇنىڭ ھازىرقى قىياپىتىنى تېخىمۇ سەت كۆرسەتتى. * ئۇنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن قارىغاندا، ئۇ بايىقى بىئاراملىقتىن قۇتۇلۇپ، يەنە بۇرۇنقى يۇمشاق قىياپىتىگە قايتقانىدى. * ③ سۈپەت ۋە سۈپەتداشلاردىن كېيىن ئورۇن كېلىشتە كېلىپ «ئەھۋال، ھالەت، تەرىز» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ: — يۇرسلە بېگىم بىللە بارايلى، — دېدى موللازەيدىن جىددىي قىياپەتتە. * — سىلەر بېرىڭلار، ئۇكىلار، — دېدى ئۇ بىرئاز ئالدىرىغان قىياپەتتە، — كەچ قالدىڭلار.

**قىياپەت تەسۋىرى** <ئەد> خاراكتېرى تېخىمۇ ئېنىق بولغان ئوبراز يارىتىش ئۈچۈن پېرسوناژلارنىڭ چىرايى، تەقى-تۇرقى، كىيىنىشى، روھىي ھالىتى، بەدەن قۇرۇلۇشى، قىلىقلىرى، ئومۇمەن تاشقى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى تەسۋىر-لەش ئارقىلىق پېرسوناژ خاراكتېرىنى ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى.

**قىياپىتىنى بۇزماق** ئاچچىقلانماق: — ماۋۇ يەرگە كەل، — دېدى ئەۋلىيا ئاتا قىياپىتىنى بۇزماي، قولى بىلەن دوستىنى يېنىغا شەرەتلىدى.

**قىياپىتى ئۆزگەرمەك** زور يۈكسىلىش ھاسىل بولماق، ئىلگىرىلىمەك: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە جۇڭگونىڭ قىياپىتى تۈپتىن ئۆزگەردى. * سابىرنىڭ پىكرىگە ئاساسەن قارلىق تاغنىڭ سۈيىنى باشلاپ كېلىپ يېڭى يەرنىڭ سۇسىز قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش توغرىسىدىكى تەكلىپ ئەزالارنىڭ مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتىشىگە تاپشۇرۇلدى.

**قىياپەتشۇناس** ئى [ئە+پ] كىشىلەرنىڭ قىياپىتى ۋە سۆز-ھەرىكىتىگە قاراپ ئۇنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ھەققىدە

ھۆكۈم قىلغۇچى: تىببىي خادىملار ئىنسانشۇناس، قىياپەتشۇناس ۋە پسىخولوگ بولۇشلىرى لازىم.

**قىياپەتلىك** سۈپ. بىرەر قىياپەت، كۆرۈنۈشتىكى؛ بىرەر قىياپەت، كۆرۈنۈشكە كىرىۋالغان: ل. مۇتەللىپ ۋە مۇنىرىدىنمۇ بۇ كىشىنى بىر مەست، ئاددىي شەھەر ئاھالىسى ئوخشايدۇ ياكى يوشۇرۇن قىياپەتلىك كىشى بولسا كېرەك دەپ گۇمان قىلىشقانىدى.

**قىيا-چىيا** ئېگىز-پەس، قاتتىق توۋلىغان، قالايمىقان ۋارقىرىغان ئاۋازلار، ۋاراڭ-چۇرۇڭ: ھۆپىگەرلەر، ھۈنەرۋەن-كاسىپلارنىڭ ئۆز مېلىغا خېرىدار چاقىرىپ ۋارقىراشلىرى، بازارچىلارنىڭ قىيا-چىياسى زادىلا قۇلىقىغا كىرمەيتتى. * بىر توپ باللار بىلەن ئورىۋېلىنغان يىگىت ھويلىغا كىرىشى بىلەن جىمجىت ھويلا قىيا-چىياغا تولدى. * خورازلارنىڭ چىللىشى، كىشىلەرنىڭ قىيا-چىيا ئاۋازى ئاخشام تاقەتسىزلىك ئىچىدە ئۇيقۇغا كەتكەن مومايىنى ۋاقىتسىز ئويغىتىۋەتكەنىدى. * نېمە ئۈچۈندۇر بۇ ئۆيلەردىن قىيا-چىيا ۋارقىراشقان ئاۋازلار ئاڭلانمىدى.

**قىيا-چىيا قىلماق** ئېگىز-پەس، قاتتىق ئاۋازدا ۋارقىرىماق، توۋلىماق: ھايال قىلماي ئۇلار كىرگەن ئۆيلەردىن قورقۇپ كەتكەن باللارنىڭ قىيا-چىيا قىلغان ئاۋازلىرى، ئاياللارنىڭ داد-پەريادلىرى ۋە بوۋاي-مومايلارنىڭ نالىلىرى كۆتۈرۈلدى. * تاغ باغرىدا تاماشا قىلىپ يۈرەتتىم، بىر توپ مەكتەپ باللىرى دەل-دەرەخلەر ئارىسىدىن قىيا-چىيا قىلىپ چىقىپ كەلدى.

**قىيا-چىيا كۆتۈرمەك** قىيا-چىيا بىلەن غوۋغا قىلماق، سۈرەن سالماق: قىزنىڭ پېشانىسىدىن ئېقىۋاتقان قاننى كۆرگەن ئانا قىيا-چىيا كۆتۈرگىنىچە كېلىپ ئاسىگۈلنى يۆلىدى. * ئوقۇغۇچىلار قىيا-چىيا كۆتۈرۈپ كۇلۇشۇپ مەيداننى بىر ئالدى. * جىلغا ئىچى - پۈتۈن ئاۋۇلدا قىيا-چىيا كۆتۈرۈلدى. بىز جېنىمىزنى ئاران پاناھ جايغا ئالدۇق.

**قىياس** [ئە] ① ئى. ئالدىن بىلىنگەن ئەھۋالغا ئاساسەن مەلۇم بولمىغان ئەھۋالنى تەسەۋۋۇر قىلىش؛ مۆلچەر، پەرەز: ئۇكىلىرىمۇ، بۇ كىشىمۇ مېنىڭ بۇ قىياسلىرىمنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلاشتى. * خېلى ئۇزۇن كۈتۈپ سادا چىقىرالمىغاندىن كېيىن، قىياس بىلەن كوپىراتىپ ئىشخانىسىنىڭ دېرىزە تۈۋىگە ئېلىپ كەلدى. ② سۈپ. ئوخشاش، تەڭ: گۈل سۈپىتى ئادەتتە، تەقلىد ئەڭ ئېسىل تۈرگە، يارىڭ گۈلگە ئوخشايدۇ، ياشلىقمۇ قىياس گۈلگە. ③ ئى <ئەد> كۆز ئالدىدا بولمىغان شەيئىلەرگە نىسبەتەن، ئويلاپ چىقىرىلغان تەسىرات، تەسەۋۋۇر.

**قىياس ئەتمەك** ← **قىياس قىلماق:** ياشاشقا، ئىجادقا ئالدىرايدۇ ئۇ، ئالتۇندىن قىممەتلىك ھەر مىنۇت قەدرى. ئۆمۈرنى زەنجىرگە ئەيلىسەڭ قىياس، ھەر مىنۇت زەنجىرنىڭ بىر تال ھالقىسى.

**قىياس قىلماق** ① بىرنەرسە ياكى ئەھۋالنى ئالدىنئالا تەخمىنىي مۆلچەرلىمەك، پەرەز قىلماق: ھاكىمجان سوئال سورىغۇچىنىڭ ئاۋازىدىن ئۇنىڭ بوۋاي ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى. * زىۋىرشا گەرچە ھېكمەتنىڭ گەپلىرىنى تولۇق چۈشىنەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما بىرنەرسىنى قىياس قىلدى. ② ئوخشاتماق: يېشىم كىچىك، ئەقلىم كالتە بولغانلىقتىنمۇ بۇ ۋەقەلەرنى بىر رىۋايەتكە قىياس قىلىپ، ئاڭلاپ قويغان بولدۇم.

**قىياس قىلىنغان دۈشمەن** <ھەرب> ھەربىي مانېۋىردىكى قىياس قىلىنغان دۈشمەن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**قىياسەن** رەۋ [ئە] قىياسىي رەۋىشتە،

قىياس بىلەن، قىياسقا ئاساسلىنىپ، قىياس. بويىچە: سەمەت مىللىي ئارمىيىنىڭ ئاقسۇغا ھۇجۇم بىلەن كىلىدىغان ۋاقتىدىكى باتۇر مىنۇتلارنى ۋە قەمەرنىسا بىلەن كۆرۈشىدىغان چاغدىكى خۇشال مەنزىرىنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، بىرنەچچە قېتىم خۇشال ئىسقىرتىپ قويدى. * باشقا ئورمىچىلارمۇ ئىشلىرىنى توختىتىپ، ئابدەمنىڭ بېشىغا كېلىش ئېھتىمالى بولغان يېڭى كۆلپەتنى قىياسەن كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەسرەت بىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشماقتا ئىدى.

**قىياسىي** سۈپ [ئە] قىياسقا ئاساسلانغان، پەرەز قىلىنغان: بۇ ئەپسانىلەردە ئېيتىلغان زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كونكرېت زىددىيەتلەر ئىپادىلىگەن كونكرېت ئۆزگە-رىشلەر ئەمەس، بەلكى ھېسابسىز، مۇرەككەپ رېيال زىددىيەتلەرنىڭ ئۆزئارا ئۆزگىرىشى كىشىلەردە پەيدا قىلغان ساددا، قىياسىي ۋە سۇبيېكتىپ-خىيالى ئۆزگىرىشلەردۇر.

**قىياق** I ئى <بوت> قىياق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆپىنچە نەم ئورۇنلاردا، سۇ بويلىرىدى-كى قۇمساڭ جايلاردا ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى لېنتا شەكىللىك، پارقىراق. باشقى قوڭۇر. يەر ئاستى تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، ھەيزنى تەڭشەش رولىغا ئىگە.

**قىياق** II سۈپ. دىئال. قىيا، قىيپاش.

**قىياقلىق** ئى. قىياق كۆپ ئۆسكەن، قىياق بىلەن قاپلانغان جاي: قەدەمدە سولچىلى-لىقنىڭ دەردى ئۇچرار، ئۇ قىلغان بىزنى ئاپەت، غەمگە دۇچار. سالار قەلبىمگە ھەسرەت چۆل-قىياقلىق، قەدىم يۇرتلارنى باسقان ئاق قالاقلىق.

**قىيالىق** ئى. قىيالار بار جاي، قىيا: مۇشۇ قىيالىقنىڭ جەنۇبىدىن شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى ئۆتىدۇ. * مۇزات دەرياسىنىڭ جەنۇبىدا غەربتىن شەرققە سوزۇلغان ئاسمان-پەلەك چۆل، تاغ تىزمىلىرى، «مىڭئۆي» - قىيالىقلىرى بىلەن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇراتتى.

**قىيام** I ئى ① شېكەر، شىرنىلەر ئېرىتمىسى قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان قويۇق شەربەت. ② مۇراببا: ئالما قىيامى. ئەنجۈر قىيامى.

**قىيام بولماق** قويۇقلىشىپ قىيام ھالەتكە كەلمەك: ناسىر ئاكام. قازاندا قايناۋاتقان ئۈزۈم سۈيىگە چوكىنى سېلىپ، تىرنىقىغا تامدۇرۇپ كۆرۈپ: — ئۈرۈكلەر قىيام بولۇپتۇ، ئوتنى توختىتىڭلار، — دېدى.

**قىيامىغا كەلمەك** ① قويۇلۇپ قىيام ھالەتكە كەلمەك. ② كۆچمە. لەززىتىنى تېتىپ، كەيپ سۈرۈپ ئارزۇسىغا قانماق: ئۆي ئىگىسى ئۇلارنى باشقا ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ شاراب كەلتۈرۈپتۇ. ئۇلار ئىچىشىپ مەست بولۇشۇپتۇ. ئۇلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان كۆڭۈل تەشنالىقى قىيامىغا كېلىپتۇ.

**قىيامىغا يەتمەك** ← **قىيامىغا كەلمەك**: بۇ چاغدا ياش ئۇستىنىڭ ئالدىدىكى ئوچاققا سېلىنغان ئالتۇنمۇ تېخى قايناپ قىيامىغا يەتمەستىنلا شۇررىدە ئېرىپ كەتكەندەك ۋە تامدىكى ئېسقلىق سايمانلارنىڭ ياقۇت كۆزلىرىدىنمۇ ۋاللىدە ئوت چاقناپ كەتكەندەك بولدى. * توغرا، ياش دوتسىپنتنىڭ ۋۇجۇدىغا دورا سۈيۈقلۇقى ئەمەس، بەلكى قىزنىڭ بىغۇبار كۆڭۈل جامىدىكى پىشىپ قىيامىغا يەتكەن سۆيگۈ شەربىتى ئۇنىڭ تومۇرلىرىنى بويلاپ ئاقماقتا.

**قىيام** II ئى [ئە] ① كۈن تىكلەنگەن چاغ، چۈش: سۇنبۇلە ئېيىنىڭ باشلىرى. قىيامدىن ئېگىلگەن ئوچۇق كۈن غۇلجا شەھە-رىنىڭ ئۈستىدە يالتىرايتتى. * قۇياش قىيامدىن سەل قايرىلغان چاغدا، سوپى چەندازا

قىزىلتاغ ئۈستىدىن پەسكە قاراپ ماڭدى. ② بىرەر ئىش، پائالىيەت قاتارلىقلاردا تەلەپ قىلىنغان يۇقىرى دەرىجە، چەك: — بىزدە ئۆگەنگۈدەك نېمە بار دەيلا؟! — قاسىمئاخۇن ئاكا گەپكە ئارىلاشتى، — بىزنىڭ ئۆزلىرىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈشىمىزمۇ ئۆزلىرىدىن ئون ئىككى مۇقامنى قىيامىغا يەتكۈزۈپ نەغمە قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش تۇرسا، تېخى بىزدىن ئۆگىنىمەن دېگەنلىرى نېمىسى؟ ئادەمنى خىجىل قىلمىسىلا ئۇنداق! * سىرتىدىن كۆردۈم ئالتىنچى ئىكەن مەكتەپ نامى، جەمئىيەتنىڭ سىزلەر بىلەندۇر ياخشى مۇقامى، ئەسلىي ئوقۇشتا تىكلەنگۈسىدۇر ئىلىمنىڭ قىيامى، گۈللەر ئۈسىدۇ ۋاقتىدا سۇغا قانسا چۆنەكلەر. ③ <دىن> ناماز ئوقۇغاندىكى تىك، ئۆرە تۇرغان ھالەت: قىيامدا تۇرماق.

**قىيام بولماق** تىك ھالەتكە كەلمەك، تىكلەنمەك: دىدىل بىلەن لېتىپجان ئاشخانىدىن چىققاندا كۈن قىيام بولۇپ قالغانىدى. * ئۇ كۈن قىيام بولغۇچە شەھەرنىڭ ھەممە كوچىلىرىنى ئايلاندى.

**قىيامغا يەتمەك** ئەڭ ئاخىرقى نوقتىغا، چېكىگە يەتمەك: ئۇ كەمدە قەشقەر ياكى بۇخاراغا بېرىپ ئوقۇمىغانلار ئىسلام مۆتىۋەرلىرى نەزىرىدە قىيامىغا يەتمىگەن ھېسابلىنىپ «داموللا» بولالمايتتى. * كۈنلەر ئۆتتى، ئاي ئۆتتى. شەمشىدىن بىلەن قەمبەرنىسانىڭ سۆيگۈ مۇھەببىتى قىيامىغا يەتتى.

**قىيامەت** ئى [ئە] ① <دىن> دىنىي ئېتىقاد بويىچە بۇ دۇنيا تۈگەپ، ئۇ دۇنيادا ھەممە تىرىلىپ ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەرگاھقا توپلىنىدىغان ۋاقىت؛ ئاخىرەت: — خەير، ئاللا ئۇ بالىمىزغا قىيامەت كۈنى ئالى مەرتىۋە بېرەر، — دېدى لى شۇفۇ دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ، ھەممەيلەن تەڭ قول كۆتۈرۈشتى. * تولۇن ئايغا ئوخشايدىكەن چىرايىڭ، نېمە ئىكەن مەن بىلمەيمەن خىيالىڭ. بۇ ئالەمدە ئەرزىمنى سورىمايدۇ، قىيامەتكە باقى قالسۇن دەۋايىم. ② كۆچمە. قىيا-چىيا، يىغا-زارغا تولغان ئۇر-چاپ؛ قىرغىن: دەسلىپىدە تۇماقتەك كۆرۈنگەن نەرسىلەر بارغانسېرى يوغىناپ شۇنداق تېز چۈشمەكتە ئىدىكى، ئاسماندىكى ئايروپىلان ئاۋازى يەردىكى جانلىقلارنىڭ قىيا-چىياسى قوشۇلۇپ سارسۇمبىنى قىيامەت قايىنىمىغا ئايلاندۇرۇۋەتتى. * ھەمراھنى سۆرىشىپ ماڭدى دۆيۈزلەر، ھويلىنىڭ ئالدىدا قىزىل قىيامەت. تۇتالماي ئۆزىنى يىغلايتتى ھۆر-ھۆر، توپلانغان ئەر-ئايال قاقشاپ ئالامەت. ③ ئىنتايىن جىددىيلىك، بەك ئالدىراشلىق: بازاردا ئادەم مىغ-مىغ، قىيامەت. ئۇقمايمەن نەدە تۇردۇم، قايان باردىم. بىرچاغدا ھېرىپ-ئېچىپ، ئۆزۈمگە شۇنداق قارىسام، قاپاق يوق. * كىشى كۆپ تىقما-تىقماق بىر ئالامەت. تۆشۈكدەرۋازىسىدا بولغان قىيامەت. ④ كۆچمە. ئۆلۈم بىلەن ئاخىرلىشىدىغان مۇشكۇل، قىيىن ئىش: توشۇپ قالدى ھايالسىز كۈتكەن سائەت، بۆسۈپ كىرمەك سېپىلگە بىر قىيامەت. قانلار جەزمەن ئاقىدۇ تاڭ سەھەردە، جان قايغۇسى چېرىككە ھەممە يەردە. * ئۆتمۈشتە بىزگە ئوخشاش يوقسۇللار ئۈچۈن، پاشانىڭ ئۆزىمۇ ئېغىر دەرد ئىدى. ئايرىلار ۋاقىتسىز ماغدۇر، قۇۋۋەتتىن، يەتكەندە قېرىلىق قىيامەت ئىدى.

**قىيامەت ئازابىنى تارتماق** قاتتىق ئازابلانماق: قىيامەت ئازابىنى تارتىپ باشلاپ كەلگەن سۇ ئابلىز قارىنىڭ يېرىگە قايرىلغانلىقى ئۇلارغا قاتتىق ئەلەم قىلدى.

**قىيامەت بولماق** ① قىيامەت يۈز بەرمەك. ② كۆچمە. ئۇر-چاپ بىلەن قىيا-چىيا كۆتۈرۈلمەك: — كوچىدا قىيامەت بولۇۋاتسا قانداقمۇ ئاگاھلىقلى بولسۇن، — دېدى

گايىت زەردە بىلەن، — رەنا، ئاۋۇ دېرىزە يېپىقمۇ؟ * باشلاندى هازا ئۆينىڭ ئىچىدە، چىقىپ چۇقانلار بولدى قىيامەت.

**قىيامەت قايىم** ① قىيامەت كۈنى: قىيامەت قايىم بولغاندا، مەھشەرگاھدا «پۇلسىرات» نىڭ ئالدىدا مۇشۇ زاماندىشلىرى بىلەن «ئۇچرىشىدىغان» لىقىنى ئۇ تېخىمۇ بىلمەيتتى. * قىيامەت قايىم بولسۇن، خۇدايىم قازى بولسۇن. ياقىڭىزنى سىقارغا، تۆمۈر تىرنىقىم بولسۇن! ② كۆچمە. قىيا-چىياغا تولغان قالايمىقانچىلىق: ئۇنىسىمۇ دەيمىز، بۇنىسىمۇ دەيمىز تۇغقانلار، ئادەم دېگەن ئەجەب ئوبدان نېمە ئىكەن، قارىمامسىلەر، ماۋۇ قىيامەت قايىمدىمۇ جەننەتتە ئولتۇرغاندەك كۈلۈشۈپ كېتىپ بارغىنىمىزنى.

**قىيامەت قايىم بولماق** ① <دىن> جىمى ئۆلگەنلەر تىرىلىپ، بۇ دۇنيادىكى ئىشلىرىدىن ھېساب بېرىش ئۈچۈن مەھشەر- گاھقا يىغىلىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلمەك. ② كۆچمە. ئۇرۇش-جېدەل بىلەن غوۋغا كۆتۈرۈلمەك، مالىمان بولماق: بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن ئابلىز قارى قانداقتۇر زۆرۈرىيەت بىلەن كېرىيىلىك بىر بەگنىڭ ساراڭ قىزىنى كىچىك خوتۇنلۇققا ئالغان كۈنلا بۇ قەسىردە قىيامەت قايىم بولغانىدى. * ھەربىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى، دارىلپۇنۇن، دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ زىيالىيلىرى قاچقىنى قېچىپ، تۇتۇلغىنى تۇتۇلۇپ، شەھەر ئىچىدە قىيامەت قايىم بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

**قىيامەت قايىم قوپماق** ← **قىيامەت قايىم بولماق**: مۇزەپپەر بەگ بىرمۇ قوزىنىڭ يوقىلىشىغا يول قويمايتتى. قوزا يوقالدىمۇ بولدى، قىيامەت قايىم قوپاتتى.

**قىيامەت قەرزى** ھاياتلىقتا تۆلىنىشى شەرت بولغان، بولمىسا، قىيامەتتە ھېسابى بولىدىغان قەرز: — بولۇپتۇ، دۇنيانىڭكى دۇنيادا ياندى، قىيامەت قەرز بولۇپ قالمىدى، — دېدى نۇرمەت.

**قىيامەتگاھ** ئى [ئە+پ] <دىن> ئەڭ ئاخىرى ھېساب بېرىدىغان جاي.

**قىيامەتلىك** سۈپ. ئۇ دۇنيا-بۇ دۇنيا كېچەلمەيدىغان، ئۆمۈرلۈك، مەڭگۈلۈك: سىزنىڭ مۇبارەك قەدىمىڭىزگە بىر ئەمەس، مىڭ قىزىم بولسىمۇ، بەرسەم ئازلىق قىلىدۇ. قىيامەتلىك تۇغقان-قېرىنداشلاردىن بولغايمىز. * ئوڭ قولۇمدا قەنتىم بار، سول قولۇمدا قەنتىم بار. سېنىڭ بىلەن ئوينايمەن، قىيامەتلىك شەرتىم بار.

**قىيامەتلىك دوست** ئەڭ سادىق، سەممىي، ئۆمۈرلۈك دوست: كامال، سەن بىلەن مەن قىيامەتلىك دوست، ئىككىمىز بىللە زۇلۇم چەكتۇق، بىللە ئۇرۇش قىلدۇق، بېشىمىزغا كەلسە، يەنە بىللە ئۆلىمىز. * — مەن ئۆزلەگە قىيامەتلىك دوست بولغانلىقىم ئۈچۈن، قورسىقىمدىكى گەپنى بىزەمۇ ئەپقالماي ھەممىنى ئېيتتىم ئاكا، — دېدى لى شۇفۇ.

**قىيامەتلىك قەرز** ← **قىيامەت قەرزى**: كېيىن ئۇقسام باشقىچە ئەھۋال. جېنىم ئۇكام، بۇ خەتنى ساڭا يەتكۈزمىسەم قىيامەتلىك قەرز بولۇپ قالىدۇ. تازىمۇ شور پېشانە ئىكەنمەن. ھەممىشە سىلەرگە كۆڭۈلسىز خەۋەرنىلا يەتكۈزۈپ كېلىدىغان بولدۇم.

**قىيان** ئى <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھاسىل بولىدىغان كۈچلۈك لاتقا ئارىلاش سۇ ئېقىمى.

**قىيان-تاشقىن** قىيان ۋە تاشقىن: ۋەلېكىن باھارنىڭ قىيان-تاشقىنى، كەلمىگەن ئۇنىڭغا بىر قېتىممۇ دۇچ.

**قىيانلىق** سۈپ. قىيانى بار، قىيان ئاقىدىغان: بىراق ئادەملەرنىڭ ھاياتى قىيانلىق دەرياغا

ئوخشايدىكەن. ئۇنى قانداق باشقۇرۇش ۋە قانداق يولغا سېلىش كىشىنىڭ ئىرادىسىگە باقمايدىكەن.

**قىيپاش** سۈپ. تۈز ئەمەس، قىڭغىر، يانتۇ: كۈن غەربكە يانپاشلىغان ۋاقىت بولۇپ، كۈننىڭ قىيپاش نۇرىدا يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېرىغايدەك تۈز ئۆسكەن سۇۋادانلار بۆلەكچە كۆركەم كۆرۈنەتتى. * ئاپئاق قار قاپلىغان كەڭ دالىدا ئەتىگەن-ئاخشاملىرى ھەرىدەك چاقىدىغان غەربىي جەنۇب قىيپاش شامىلى ۋىژىلدايتتى. // ئاگغىچە، قىيپاش تاغنىڭ چوققىسىدا بىرنەچچە «قارا» كۆرۈندى. * بىزنىڭ بۇ يەرلىرىمىز تاغلىق ياكى قىيپاش يانتۇ يەرلەر ئەمەس، ئاساسەن تۈز يەرلەر، شۇڭا پەلەمپەي ئېتىز ياساپ كۈچنى ئىسراپ قىلىشقا بولمايدۇ. * ئۇ بىردە ئارقىسىغا ماڭاتتى بىردە داۋانغا قاراپ يۈرەتتى، گاھ قىيپاش ماڭسا، گاھ توختايتتى.

**قىيپاشلانماق** پ. بىر تەرەپكە قىڭغايتىپ يانتۇ بولماق، قىيپاش ھالەتكە كەلمەك: — غوجائاكا، — دەپ سۆز باشلىدى ھەمدۇللا بايۋەچچە ئات ئۈستىدە قىيپاشلىنىپ ھامىدىن غوجىغا قاراپ، — بۆكتۈرۈۋالغان نەرسىلىرىڭىز نېمانچە كۆپ؟

**قىيپاشلىق** «قىيپاش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەمدى يەنە بىر مۇھىم ئىش، ئۆتكەمە بىلەن غەلۋىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قىيپاشلىقى، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش بىرئاز تەسرەك.

**قىي-چۇ** تەرتىپسىز، ۋارقىرىغان قاتتىق ئاۋازلار: ئەتراپتىن قىي-چۇ چىقىپ كەتتى. بېدىك بۇ چاغدا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ خىزمەتچىلىرىگە ۋە قۇللىرىنىڭ بۇ يەردىكى قۇللارنى نازارەت قىلىشقا قويۇپ قويغان ئادەملىرىگە ۋارقىرىدى.

**قىي-چۇ كۆتۈرمەك** قالايمىقان، تەرتىپسىز ۋارقىرىماق؛ غوۋغا قىلماق، سۈرەن سالماق: قىزلار قىي-چۇ كۆتۈرۈشۈپ ۋوگزالنى بېشىغا كىيىپ كۈلۈشتى.

**قىيدامچى** ئى. دەرەخ شاخلىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پالتا شەكىللىك كەكە.

**قىيدۇرماق** «قىيماق II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيدۇرۇشماق** «قىيدۇرماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيدۇرۇلماق** «قىيدۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيسايتماق** «قىيسايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنسۇر ئاغزىنى قىيسايتىپ، زەھەرلىك كۈلۈمسىرىگىنىچە بۇرۇتلىرىنى سىلاپ سەلىمىگە يېقىنلاشتى. * ئۇ قوڭۇر رەڭلىك پال-پال كۆزلىرىنى ئاستا يۇمۇپ، سەللە يۆگىگەن بېشىنى بىر تەرەپكە قىيسايتىپ، سەل-پەل دۈمچەيگەن بەدىنىنى ئۆز رايىغا قويۇۋەتتى.

**قىيسايتىشماق** «قىيسايتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيسايتىلماق** «قىيسايتماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىيسايماق** پ. يانتۇلاشماق، قىڭغايماق: ئاستىدا يورغىسى كېلەتتى بوۋاي، ئەتراپى بۆك-ئورمان، ئالدى جىرا-ساي. سىنچىلاپ ئەتراپنى كۆزىتەتتى ئۇ، قىيسايغان كۈچەتنى تۈزىتەتتى ئۇ. * ئاھ ئەنە دانكۇدەك ئەزىمەت ئوغلان، خادا تاش ئۈستىدە قىيسىيىپ قالغان. نېمىشقا يۇممىدى كىرپىك دېسەڭلار، تارتىشىپ تۇرغىنى ۋەتەن-كۆك ئاسمان. ③ كۆچمە. بىر تەرەپكە قىڭغىيىپ ياتماق: كۈنلەرنىڭ بىركۈنى بوۋاي چۈشلۈك غىزا راسلانغۇچە ئىشىك ئالدىدىكى كاۋا بارىڭى ئاستىدا قىيسىيىپ ئۇخلاپ قېلىپ چۈش

كۆرۈپتۇ. * قالغانلارمۇ ئاران تۇرغاندەك بۇ پىسكىرگە قوشۇلۇپ، ئاتلىرىنىڭ چۇلۋۇرىنى تۇتقان پېتى قارىياغاچلارنىڭ تۈۋىگە قىيسايدى ۋە كېچىنىڭ جىمجىتلىقىدا بىردىن-ئىككىدىن ئاستا-ئاستا ئۇيقۇغا كېتىشتى.

**قىيسىق** سۈپ ① تىك ئەمەس، بىر تەرەپكە قىيسايغان، يانتۇ: كېيىنرەك ئىشىك-دېرىزىسى ئالدىغا گۈللۈكنى بۇزۇپ چۆرۈۋالغان مايماق تام بىلەن قىيسىق ئۆينى بىر ئەتىگەندىلا تۈيۈقسىز بۇزۇپ تاشلىدى. ② ئەگرى، قىڭغىر: — ھەي، قەغەز بىلەن موبىنى ئەكەل، — دېدى سەمەتجان چوڭ ئوغلىغا، شۇندىن كېيىن قىڭغىر، قىيسىق ھەرپلەر بىلەن چوڭ خەتلىك گېزىتنى يېزىپ چىقتى. * باش ئېتىم چىلان توروق، ياندىقىم قىيسىق قۇيرۇق. دۈشەنبە كۈنى قوزغالدۇق، كارۋان بېگىمدىن بۇيرۇق. // ئۇ ئېگىكىنى ئالقىنى بىلەن تىرەپ بىرھازا ئولتۇردى. ئۇنىڭ بۇ تۇرقى خۇددى رادىكال ئاستىدىكى قىيسىق يېزىلغان سەككىزگە ئوخشايتتى. // قىيسىققا كەمستىپ قارىما، كۆزۈڭگە قادىلار (ماقال). ③ كۆچمە. ناتوغرا، بولمىغۇر: قىيسىق خىيال بىلەن ئۆزىنى ھالاكەتكە سۆرەپ ماڭغۇچى ئەي قىڭغىر كۆڭۈل مەخلۇق! شۇنى بىلگىنكى، تەۋەككۇلچىلىك ۋە قارامىلىق سېنى ھەرقاچان ئۆلۈم غارىغا تاشلايدۇ.

**قىيسىق بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ** <مات> تار بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ بىلەن كەڭ بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ ئادەتتە قىيسىق بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭ دېيىلىدۇ.

**قىيسىق كۆز** كۆز ئالمىسى قىڭغىر ئورۇنلاشقان، ئۇدۇل قارىيالمايدىغان: — شۇنىڭ ئۈچۈن، مەنمۇ شائىرىمىزنىڭ قەدەم تەشرىپ شەرىپى ئۈچۈن قەدەھ كۆتۈرۈشىمىزنى تەكلىپ قىلىمەن، — دەپ سۆز باشلىدى قىيسىق كۆز ساقى ساھىبخانىنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا.

**قىيسىيشماق** « قىيسايماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**قىيشايماق** (توغرىسى: قىيسايماق) ← **قىيسايماق.**

**قىيشىق** (توغرىسى: قىيسىق) ← **قىيسىق.**

**قىيغاتماق** پ [قىيىق+ئاتماق] ① ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئوينىماق، ئويناقلىماق، شوخلۇق قىلماق: باغ ئىچىدە 12 ياشلاردىكى بىر بالا بىلەن بىر قىز قىيغىتىپ ئويناپ يۈرگەنىكەن. * ئۇنىڭ ۋارقىراپ ناخشا ئېيتقۇسى، دەرەخلەرگە ياماشقۇسى، باغلاقتىن بوشانغان مۇزايدەك قىيغاتقۇسى كەلدى. * ئېشەك قىيغىتىپ ئۈستىگە مىنىۋالغان تۇرسۇننى يىقىتتى. * قىيغىتىپ ئۆتۈپ كەتتى، قارا قوينىڭ قوزىسى. گۈمبەزگە ئوخشايدىكەن، زالىم بەگنىڭ موزىسى. ② سىيپاپ، ئۇچۇرۇپ ئۆتمەك: قانچىلىك چىرايلىق ئانا تەبىئەت، ماھىر قول كەشتىسى گويا يەر-جاھان. قىيغىتار باھارنىڭ ئەركە شامىلى، زۇمرەتتەك ۋادىدا گۈزەللىك خاقان.

**قىيغاچ** سۈپ ① بىرئاز قىسىلغان: قىيغاچ كۆز. * ئۇنىڭ قىيغاچ كۆزلىرىدە ياش پەيدا بولغىنىنى كۆرۈپ قالدىم-دە، ئۇنىڭ سەممىي سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ كۈلۈمسىرىدىم. * — بۇ بىزنىڭ كۆچمە ئىشخانىمىز، — دېدى ئەيدۇ قىيغاچ قارا كۆزلىرىنى ماڭا تىككىنىچە كۈلۈمسىرەپ، — مالچىلار نەدە بولسا بىزمۇ شۇ يەردە. ② بىرئاز ئېگىلگەن: «-يالت» قىلىپ پولات ئاڭا بىر كۆز تاشلىدى، كۈلۈپ قويدى، شۇندا قىزىق چاقچاق باشلىدى. «ۋاي ئۇكامەي، كۆڭلۈڭ يەنە قاچتى مەلىكە، سېغىندۇردى. سېنى قىزىنىڭ قىيغاچ قاشلىرى. * ئۇ ئايۋانىنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەنگەندىن كېيىن، قارا قىيغاچ قاشلىرىنى ھىمىرىپ كوچا تەرەپكە قارىدى.

**قىيغىتىشماق** « قىيغاتماق » پېئىلى ① نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئارىدىن ئون مىنۇتمۇ ئۆتمەي، ئىككى كالا قوتاندىن يۈگۈرۈشۈپ،

قىيغىتىشىپ چىقتى. * ئوتلاقتا قوي-قوزىلار قىيغىتىشىپ، تۇرالماس بىر ئورۇندا سىيمىزلىكتىن. زوقلىنىپ كائىنات بۇ گۈزەللىككە، نۇر چاچتى كۈلۈپ شۇنچە ئېگىزلىكتىن.

**قىيقاس** ئى. ۋارقىراش، شاۋقۇن — سۈرەن: ھېلىلا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان مەيدان جەڭچىلەرنىڭ قىيقاس، چۇقانلىرى بىلەن جانلىنىپ جۇشقۇنلاندى. * شۇنداق دەھشەتلىك باشلىنىپتۇ جەڭ، چىقىپتۇ قىيقاس جەڭلەر بىلەن تەڭ. يىگىتنىڭ ئېتى ئىرغىپتۇ تاغدا، ئالۋاستى ھاڭ-تاڭ قېلىپتۇ شۇ چاغدا.

**قىيقاس سالماق** ۋارقىرىماق؛ شاۋقۇن-سۈرەن سالماق: ئات ئۈستىدىكى ئادەم ئېگەردىن موللاق ئېتىپ چۈشتى، باللار قارغا مىلىنىپ ياتقان ئادەمگە قار ئېتىپ، قىيقاس سالدى. * ھە-ھۇچىلار ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك قىيقاس سېلىپ كۈلۈشتى.

**قىيقاس-چۇقان** قىيقاس ۋە چۇقان: قاۋانلىقتا بۈگۈن كېچە ياشلارنىڭ قىيقاس-چۇقانلىرى توختىمىدى. * ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىققانلارمۇ بىر ياقتىن ئېتىپ، بىر ياقتىن قىيقاس-چۇقان بىلەن ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

**قىيقاس-چۇقان سالماق** ← **قىيقاس-چۇقان كۆتۈرمەك**: ئۇلار باشقا كىشلەرنىڭ ياللىرىدەك، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىن بۇ بېشىغا قىيقاس-چۇقان سېلىپ يۈگۈرۈشمەيدۇ.

**قىيقاس-چۇقان كۆتۈرمەك** يۇقىرى ئاۋاز بىلەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ قىلماق، ۋارقىراپ-جارقىرىماق: ھەممەيلەن قىيقاس-چۇقان كۆتۈرۈپ، دەرياغا ئۆزىنى ئېتىپ، كېمىگە چىقىشتى. * بىردىنلا قىيقاس-چۇقانلار كۆتۈرۈلۈپ چاۋاك ئاۋازلىرى ياڭراپ كەتتى.

**قىيقاس-سۈرەن** ← **قىيقاس-چۇقان**: شۇنىڭ بىلەن قىيقاس-سۈرەن، چاقچاق ۋە ناخشىلار كۈندۈزدىكىدەك يېڭىباشتىن يەنە قىزىپ كەتتى. * توساتتىن ئانچە يىراق بولمىغان جايدا مىلتىق ئاۋازى، قول بومبىلىرىنىڭ قاتتىق پارتلاشلىرى، ئادەملەرنىڭ قىيقاس-سۈرەنلىرى كۆتۈرۈلدى.

**قىيقىتمەك** پ. دىئال. ئاچچىقلاتماق.

**قىيما** ئى. ئۇششاق توغرالغان گۆش ياكى شۇنداق گۆش بىلەن پىياز ۋە باشقا كۆكتاتلارنىڭ ئارىلاشمىسى: چۆچۈرىنىڭ قىيمىسى. مانتىنىڭ قىيمىسى. قىيما قىلماق.

**قىيما پولۇ** قىيما بېسىپ دەملەنگەن پولۇ.

**قىيما شورپىسى** گۆش بىلەن پىيازدىن قىلىنغان قىيمىنى قاينىتىش ئارقىلىق تەييارلانغان شورپا. ئادەتتە زەنجىۋىل، كاۋاۋىچىن قاتارلىقلار سېلىنىپ تەمى تەڭشىلىدۇ.

**قىيما كاۋىپى** گۆش بىلەن پىياز ئارىلاشتۇرۇلغان قىيمىنى زىخقا ئۆتكۈزۈپ پىشۇرۇلىدىغان كاۋاپ.

**قىيما كۆمەچ** ئىچىگە قىيما سېلىنىدىغان كۆمەچ. ئادەتتە ئوتۇن ئوتىنىڭ قوقاس كۈلىگە كۆمۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

**قىيما ۋەنزىسى** قىيما قىلىنغان گۆشكە پۈكمە نىزە ئارىلاشتۇرۇپ كۆملاچ قىلىنغان ۋەنزە.

**قىيما-چىيما** پارچە-پارچە، بۇردا-بۇردا، تىلىم-تىلىم: قىيما-چىيما بولماق. * سادىقنىڭ يۈرىكىگە قايغۇ قوشۇنى، سانجىيتتى قىلىچ ۋە خەنجەرلىرىنى. ئېچىشار قان بولغان قىيما-چىيما دىل، ئۈستىگە يۈتۈپ غەم زەھەرلىرىنى.

**قىيما-چىيما بولماق** قىيما-چىيما ھالەتكە كەلمەك: ھوي، ئاۋۇ قولۇڭغا نېمە بولدى، مۈشۈك تاتىلىغاندەك قىيما-چىيما بولۇپ كېتىپتىغۇ؟

**قىيما-چىيما قىلماق** قىيما-چىيما ھالەتكە كەلتۈرمەك: تەخترىاۋانى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقانلارنىڭ پۇتلىرىدىكى لاتاپايپاقلار تىتىلىپ تۈگەشكە باشلىدى. ئۇلارنىڭ پۇتلىرىنى تاشلار تىلىپ، تىكەنلەر قىيما-چىيما قىلىۋەتتى.

پۇتلاردىن ئاققان قان تاشلارنى بويىدى. * بۇلار يولدا كېتىۋاتقاندا ، قىيما-چىيما قىلىنىپ دەھشەتلىك ئۆلتۈرۈلگەن بىر جەسەتكە ئۇچراپتۇ.

**قىيما-قىيما** ← **قىيما-چىيما**: قىيما-قىيما قىلماق.

**قىيما-قىيما قىلماق** ← **قىيما-چىيما قىلماق**: ئۇنى سەن كوممۇنىست، يەنە ئەن تەرەپدار، يەنە سەن ئىلىلقتا ھەم مەدەتكار — دېگەن گەپلەر بىلەن كۆپ قىينا-قىينا، تېنىنى قىلىپتۇ ئاخىر قىيما-قىيما.

**قىيماق** پ ① قايچا، پىچاق قاتارلىقلار بىلەن كېسىپ پارچىلىماق، قىرقىماق: قەغەزنى قىيماق. * ئۇنىڭ خېلى بىر قىسمى كىتاب-ژۇرناللاردىن قىيىۋېلىنغان بولۇپ، پۈتۈنلەي تەبىئەت مەنزىرىلىرىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ تۇراتتى، بىرمۇ ئادەم سۈرىتى يوق ئىدى. * ئاچا قارىياغاچ يېنىدا، ئېگىچە-سىڭىل تېپىشتۇق. قايچا قىيغان تاۋاردەك. بىز ئەلۋىدا دېيىشتۇق. * ئاغزىدا ئايەت ئوقۇيدۇ، قولىدا كىتابى بار. قاشلىرى قىيغان قەلەمدەك، ئاي يۈزىدە نۇرى بار. ② كېسىپ جاراھەتلەندۈرمەك ئامانقۇل ئايىقىنىڭ ئارغامچا قىيىۋەتكەن نازۇك بىلەكلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆز باشلىدى. ③ كۆچمە. ئايرىلىشقا، تاشلاپ كېتىشكە كۆڭلى ئۇنىماق، چىدىماق: ئۆلۈمگە رازى دەپ تۇرۇۋالماڭ، ئۆلۈم دېگەن بىر! بالىڭىزدىن قانداق قىيالايسىز؟ * ئۇ ئۆز پەرزەنتىنى مۇنداق ئۇزاق سەپەرگە ئۇنجى قېتىم ئۇزىتىۋاتقاچقا، كۆڭلى قىيمايۋاتاتتى.

**قىيملاتماق** «قىيمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيملانماق** «قىيمىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرچاغدا بىر بۆلۈم ئەسكەرلەر بىر يەردە شاھزادە قەمەرۇززامانىڭ پارە-پارە بولۇپ كەتكەن، قانغا بويالغان كىيىملىرى بىلەن قىيملانغان گۆش، قان ئىزلىرىنى كۆرۈپتۇ.

**قىيملىق** سۈپ. قىيمىسى بار، قىيما ئارىلاشتۇرۇلغان: قىيملىق يۇتازا.

**قىيملىق پولۇ** خۇرۇچلار ئارىلاشتۇرۇلغان كۈملاچ قىيمىنى ئالدى بىلەن قىزىتىلغان ياغدا داغلىۋېلىپ، كېيىن گۈرۈچ بىلەن دۈملەپ پىشۇرۇلىدىغان پولۇ.

**قىيملىق قاتلىما نان** بولدۇرۇلغان خېمىرنى نېپىزلىتىپ، قىيمىنى يېيىتىپ، تۈرمەل قىلىپ چەيلەپ، تونۇر ياكى ئوچاقتا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان.

**قىيملىق يۇتازا** ھەربىر قەۋىتىگە گۆشتىن قىلىنغان قىيمىنى ئېلىپ پىشۇرۇلىدىغان يۇتازا.

**قىيملىماق** پ. قىيما ھالىتىگە كەلتۈرمەك، قىيما قىلماق: ھازىرقى زاماندىكى ئاياللارنىڭ تۆشۈكلۈكى ئېشىپ كەتتى، ئۇن بىلەن گۆش بولسا ھېلى سوزۇپ، ھېلى تۈگۈپ، ھېلى قاتلاپ، ھېلى بۇسلاپ، ھېلى قىيملاپ، ھېلى قورۇپ ئېتىۋېرىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇلارنىڭ ھۈنىرى 72 خىل. * ھېلىغۇ گاڭزىغا بېسىپ ئەن مېنى، زالىملار، قىيملاپ چانا تېنىمنى. قايتمايدۇ دانىياز باسقان ئىزىدىن، تۆكسەڭمۇ تەندىكى جىمى قېنىمنى.

**قىيناپ** «قىينىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: قىيناپ سوراق قىلىش.

**قىيناپ سوراق قىلىش** <قا> جازا قورالىرىنى ئىشلىتىپ قىستاپ سوراق قىلىش.

**قىيناتماق** «قىينىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**قىيناشماق** «قىينىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قىينىشىپ شائىرنى شۇ كۈن دۈگىلىتىپ دەسسەپ، تېپىپ، ساپتۇ زۇلۇم، قىلىپتۇ سوراق بېشىغا مىخنى قېقىپ.

**قىيناق** ئى. جىسمانىي ياكى روھىي ئازاب، قىيىن-قىستاق: ئەتىسىدىن باشلاپ ساناق

باشلاندى، خەلق تىلى بىلەن ئېيتقاندا، بۇ ساناق ئەمەس، جاننى ئېلىپ ياندا قويىدىغان قيناق ئىدى. * تەنقىدنىڭ پالتىسى ھەر كۈن بېشىمدا، ئەجەلمۇ ئالىيىپ قارايدۇ بەزەن. قيناقتىن تىلىنغان ئەتلەر تاسىمدەك، ئەجەبمۇ چىداركەن دەردكە تەن دېگەن. * تارىم، زەرەپشان مۇڭلۇق ئاقاتتى، چۈنكى مەھبۇسلار ئېغىر قيناقتا. سوراق قىلاتتى گومىنداڭ جاللات، ھايۋاندەك ئۇرۇپ كالتەك تاياقتا.

**قيناقخانا** ئى. مەھبۇس، ئەسىر، تۇتقۇن قاتارلىقلارنى قينايدىغان، قيين-قىستاققا ئالىدىغان ئۆي.

**قينالماق** ① « قيىنىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىر كىچە قاقمىدى كىرپىكلىرىنى، بىر كىچە باش ئەگمەي تۇردى سوراقتا. بىر كىچە، ئاھ ئۇزۇن بىر كىچە ھەمراھ، قيىنالدى دەھشەتلىك ۋەيلۇن دوزاختا. ② « قيىنىماق» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: پۈتۈن ئاقسۇ بارلىق مىللىي ئارمىيە قۇربانلىرى ئۈچۈن، موڭغۇل خەلقىنىڭ ئەنە شۇ قورقۇمسىز باتۇر ئوغلانى ئۈچۈن ئۇزاق بىرمەزگىل ماتەم ئازابى بىلەن قينالدى. * كېسەل قينىلىپ نەپەس ئالاتتى. پۇت-قوللىرىنى تۇتۇپ باققاندا مۇزلاپ كەتكەن-لىكى مەلۇم بولدى. * مەن خەنزۇچە توغرا تەلەپپۇز قىلىپ ئېيتالمايتمەن، شۇ بىر سۆزنى توغرا ئېيتالمىغىنىم ئۈچۈن يېرىم كۈن قينالدىم. ③ مەلۇم بىر جەھەتتىن قىسىلماق؛ موھتاجلىق، قيىنچىلىق ھېس قىلماق: ئاگىلسام ئاسىيەنىڭ ئۇنى شاگىخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتقۇسى بار ئىكەن. بىراق ئىقتىسادتىن قينىلىۋېتىپتۇ.

**قينىماق** پ ① جىسمانىي، روھىي جەھەت-تىن ئازابلىماق؛ ئازاب-ئوقۇبەتكە يولۇق-تۇرماق: — بۇ قانداق گەپ؟ ئۇلار بىزنىڭ ئادىمىمىزنى قيناپ يېرىم جان قىلىپ قويۇپتۇ، — دېدى ئۇ چىشىنى غۇچۇرلىتىپ. * ياق، دادا، ئۇ مېنىڭ كۆزۈمگە زادىلا ياخشى ئادەمدەك كۆرۈنمەيدۇ. ئۇنىڭ تۇرقىدىن قورقىمەن، بىر تال قىزىڭنى قينىما. ② قيىن ئەھۋالغا قويماق، قيىنچىلىق توغدۇرماق، جاپا سالماق: ئۇنى ئاچلىقتىنمۇ بەتتەر ھارغىنلىق قينىغانىدى. ئوتتەك قىزىتىۋاتقان قۇياش جەزىرىدە خۇددى چۆمۈلدەك مىدىر-لاۋاتقان يالىڭاچ كىشلەرنى ئۆز تەپتى بىلەن قينايتتى. * پات-پات سوراققا ئاچىقىپ، ۋەھشىيانە جازا چارىلىرى بىلەن قينىدى، بەزىدە غىزا-تاماق بەرمەي ئاچ قويدى.

**قيىشماق** « قيىماق II » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كەچكى ئولتۇرۇش تەييارلىقى قىزىپ كەتتى. ئوغۇللار زالنى تازىلىدى. قىزلار رەڭمۇرەڭ قەغەزدىن گۈل قيىشىپ بېزەشكە باشلىدى.

**قيىق** I سۈپ. كەپسىز، جاھىل، كاج: قيىق بالا. قيىق مىجەز. * ئۇ ناھايىتى قينىق.

**قيىق** II ① سۈپ. يانتۇ، قيىپاش، قيىسىق: بۇ رەخت قيىق كېسىلىپ قېلىپتۇ. ② سۈپ.قد يىلغان، قيىلغان ھالەتتىكى: قيىق كۆڭلەك. ③ ئى. ھەر تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئويناقلاش، دوڭغالچاق ئېتىش ھالىتى: قيىق ئاتماق.

**قيىقچە** ئى ① بىر خىل يىمەكلىك. توخۇم ئارىلاشتۇرۇپ يۇغۇرۇلغان خېمىر نوغۇچتا يېيىلىپ، چىش چىقىرىپ كېسىلگەندىن كېيىن يۆگىلىپ مايدا پىشۇرۇلىدۇ ۋە ئۈستىگە شېكەر سېپىلىدۇ: قيىقچە سالماق. قيىقچە پىشۇرماق. ② شۇ يىمەكلىكنىڭ خېمىرىنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ھەرە چىشلىق دۆگە-لەك مېتالغا ساپ بېكىتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**قيىقلىق** I « قيىق I » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھە، رەھمەتنىڭ قيىقلىقىغا

مەن ئەيىبلىك.

**قىيقلىق قىلماق** كەپسىزلىك، جاھىللىق، كاجلىق قىلماق:— بولدى بالام قىيقلىق قىلما، — دېدى ئۇ بالىسىغا يالۋۇرۇپ. * بالىڭىز تەرساراق ئىكەن، ئالمادىس قىيقلىق قىلىپ قالسا، چېچىلىپ كەتمەي ئالداپ-سالداپ ئىش قىلىڭ جۇمۇ! * بۇنداق قىيقلىق قىلىپ نېمە قىلىمىز، يا قاشقىتۇغلاق، يا كىرپە ۋە ياكى ياۋا مۇشۇك بولمىساق.

**قىيقلىق** II سۈپ. قىيىلغان، قىيىپ قويۇل-غان: قىيقلىق رەخت.

**قىيلماق** ① «قىيماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جوزا ئۈستىدە قىيىلغان رەڭلىك قەغەزلەر، گۈللەر تۇراتتى. ② ئېگىلمەك، قىيسايماق: كۈن چۈشتىن قىيىلدى، ئەزالار سۆگەت سايىسىدىكى سۇپىدا قېنىپ ئۇخلىۋالغان-دىن كېيىن ئىشقا مېڭىشتى.

**قىيىن** سۈپ. ① ئاسان قىلغىلى بولمايدىغان؛ كۆپ ئەمگەك، كۈچ، مەبلەغ، ۋاقىت تەلەپ قىلىدىغان؛ مۇشكۈل: قىيىن سوئال. قىيىن مەسىلە. * قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، غەيرەت بولسا ئادەمدە (ماقال). * يىغلىما ئاپا، خەقلەر ھەسەل ھەرىسى بېقىشنى ناھايىتى قىيىن ئىش دەپ بىلىدىغان ئوخشايدۇ. دۇنيادا بۇنىڭدىن ئاسان ئىش يوق. * ئەپەندىم مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، خەلپەت ئۇنى سىناپ سوراپتۇ: — ئەپەندىم، ساڭا قىيىن سوئالدىن بىرنى بېرەيمۇ ياكى ئاسان سوئالدىن ئىككىنىمۇ؟ ② ئېغىرچىلىق، مۇشكۈلچىلىكلەر بىلەن تولغان؛ ئېغىر: ئۇنىڭ دېگىنى راست، قىيىن يىللاردا ھەربىر ۋىجدانلىق ئادەم بۇنداق باياشات يېمەكلىكلەر تولغان جوزىدا ئولتۇرغاندا ئۆزىنىڭ قولۇم-- قوشنىسىنىڭ غورىگىل جوزىسىنى يادىغا ئالماي تۇرالمايتتى. * شەمشەرىخان ئاچا تۇغۇت سايمانلىرىنى ئېلىپ يىگىتكە ئەگەشتى. يول قىيىن، شۇۋىرغان كۆز ئاچقۇزمايدۇ. ③ كېسىم

ۋەزىيىتىدە كېلىپ «ئاسان ئەمەس، تەس» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىراق ھازىرقى پەيتتە ئۇنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىش بەكمۇ قىيىن. * ھاياتنىڭ بۇنچىلىك تاتلىق ئىكەنلىكىنى بىلگەن چاغلىرىمدا ھاياتتىن ئايرىلىش نەقەدەر قىيىن .ھە!

**قىيىن تۇغۇت** <تب> تۇغۇت مەزگىلىدە ھامىلىنىڭ ئوڭايلىقچە چۈشمەسلىكى. بۇنىڭ ئاساسىي سەۋەبلىرى ھامىلدار ئايالنىڭ داس سۆڭىكى تار بولۇش، ھامىلە ھەددىدىن زىيادە چوڭ ياكى ئورنى نورمال بولماسلىق ۋە ياكى ھامىلدار ئايالنىڭ، بالىياتقۇسىنىڭ قىسقىراش كۈچى نورمال بولماسلىق قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**قىينغا چۈشمەك** → **تەسكە چۈش-مەك**: بۇ بىنانى سېلىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى قىينغا چۈشتى.

**قىيىن كۈنگە قالماق** → **تەس كۈنگە قالماق**: — بالام، كەيپىڭ تازا جايىدا ئەمەس، قىيىن كۈنگە قېلىپسەن، شۇنى ئۆزۈڭ بىلەمسەن؟ — دېدى سوپى.

**قىينچىلىق** ئى ① ئىشقا توسالغۇ بولىدىغان، قىينىلىشتۇرىدىغان نەرسە ياكى ھالەت، توسالغۇ: قىشتا قار ئاز ياغقانلىقتىن، ئەتىيازدا سۇ قىس بولۇپ، تېرىلغۇغا قىينچىلىق كەلتۈر-دى. * ئۇ بىر ئاق كۆڭۈل، ئېغىر-بېسىق يىگىت ئىكەن، بەزى قىينچىلىقلىرىمنى يېڭىشكە يار-يۆلەك بولدى. ② بىرەر نەرسىنىڭ كەم بولۇش، يېتىشمەسلىك ھالىتى: — ھازىر بىزنىڭ قىينچىلىقىمىز، — دېدى گۈلسۈم، — كىيىم-كېچەك، دېكوراتسىيە قاتارلىقلار. * ئەھۋالدىن قارىغاندا، پۇل مەسىلىسىدە قىينچىلىق بولمايدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇ ھەقتە ئەنسىرەپ يۈرۈۋېدۇق. ③ ئوڭۇشسىزلىق، مۇشەققەت، ئازاب-ئوقۇبەت: پادىشاھ ئوغلىغا شۇنداق دەپتۇ: — بالام، سېنىڭ

تۆپە يىلىگىدىن پادىشاھلىق تەختىدىن جۇدا بولدۇق. جاپا ۋە قىينچىلىققا قالدۇق. * ئۇلار ئاللىقاچان كېلىشى كېرەك ئىدى. بۇ چاغقىچە كەلمىگىنىدىن قارىغاندا بىرەر قىينچىلىققا يولۇققانلىقى چوقۇم.

**قىينچىلىق تارتماق** بىرەر نەرسىنىڭ كەمچىللىكى، يېتىشمەسلىكىدىن قىيىن ئەھۋالدا قالماق، قىسىلماق: يېگىلمىدۇق ئەمگەكتىن، بىر كۈن بىكار ياتمىدۇق. كەتمەن، تاغار، ئىشەكتىن، قىينچىلىق تارتمىدۇق.

**قىينچىلىقسىز** سۈپ. قىينچىلىقى يوق، قىينچىلىقى بولمىغان، ئاسان: پائالىيەت جەريانى پۈتۈنلەي قىزىقارلىق، ھېچقانداق قىينچىلىقسىز ياكى توسالغۇسىز بولۇش ناھايىتى كەم ئۇچرايدۇ. // يېگىشە ھەر بازىرى بىلەن كونىشەھەر بازىرى 12 كىلومېتىرلىق مۇساپە بىلەن ئايرىلىپ تۇرىدىغان ئۆزئارا يانداش بازارلار بولۇپ، بۇ ئىككى جايدىكى ئىنقىلابچى سىرداشلارنىڭ تەسىس مەجلىسگە تولۇق قاتنىشالىشى قىينچىلىقسىز، تەبىئىي ئەمەلگە ئاشىدىغان ئىش ئىدى.

**قىينداق** ئى. كېۋەزنىڭ تەپچىسىنى چىپىۋالغاندىن كېيىن يىلتىز بىلەن قېلىپ قالغان قىسمى.

**قىيندى** ئى. رەخت، قەغەز، خۇرۇم قاتارلىق نەرسىلەرنى قىيىپ كەسكەندە قىيىپ تاشلانغان كېرەكسىز قىسمى.

**قىينسىناق** پ. قىيىن، جاپا ھېس قىلماق: بۇ ئىشنى ئۇ قىينسىندى.

**قىيىن-قىستاق** جىسمانىي ياكى روھىي جەھەتتىن سېلىنغان ھەددىدىن ئارتۇق ئازاب، قاتتىق قىيناپ ۋە قىستاپ مەجبۇرلاش: مەمەت قۇلى قۇمۇلغا بارغان كۈنىلا، شا مەخسۇتنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپتۇ. ئازراق قىيىن-قىستاققا چىدىيالماي، ئۆزى بىلگەن ھەممە سىرنى ئېيتىپ خائىنلىق قىلىپتۇ. * تۇردى ھۆسەيىنوپمۇ قىيىن-قىستاقلار ئالدىدىكى ۋىجدانىي بۇرچىنى خۇددى شۇنداق چىدام بىلەن ئورۇندايدۇ.

**قىيىن-قىستاققا ئالماق** قاتتىق قىيناش ۋە قىستاش ئارقىلىق ئىقرار قىلىشقا مەجبۇرلىماق: سوراق يېرىم كېچىگىچە داۋاملاشتى، مېنى ھەر خىل قىيىن-قىستاققا ئالدى، مەن غىڭ-پىڭ قىلمىدىم. * پادىشاھ بىردىنبىر يالغۇز ئوغلىنىڭ ھالىدىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، «خەزىنىدار چوقۇم ئاشۇ رەسىمنى ئەكىرىپ قويغان ئامبارنىمۇ ئېچىپ بېرىپتۇ» دەپ گۇمانلىنىپ، ئۇنى سوراق قىلىپ قىيىن-قىستاققا ئېلىپتۇ.

**قىينىلاشتۇرماق** «قىينىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ھازىرقى بەستلىك بوي-تۇرقى، مۇسكۇللۇق بىلەكلىرى، ئاپتاپتا پىشىپ قىزارغان يۈز-قوللىرى «سەن پالانى ئەمەسمۇ» دېيىشمنى قىينىلاشتۇرۇپ قويدى.

**قىينىلاشتۇرۇلماق** «قىينىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**قىينىلاشماق** پ. بالدۇرقىغا نىسبەتەن بارغانسېرى تەس، قىيىن، مۇشەققەتلىك بولۇپ قالماق؛ تەسلەشمەك: ئىمتىھان قىينىلاشتى. باللارنى ئوقۇشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قىينىلاشتى. * ئاھالە كۆپەيگەنسېرى داموللامنىڭ چىقىپ كېتىشى قىينىلاشقانىدى. * بۇ يىل قار قېلىن ياغقانلىقتىن يوللار تىنىپ كېتىپ، قاتناش قىينىلاشتى. * نادەم جىددىي ھالدا ئويلاندى: ئەھۋال قىينىلاشتى، بۇ يەردىن .ھەممىمىزنىڭ سالامەت قۇتۇلۇشىمىز ناتايىن.

**قىينىلىق** «قىيىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئادىل ئاستا-ئاستا، لېكىن خېلى قىينىلىق بىلەن يەنە مۇتەللىپتىن ئۆگىنىشكە باشلىدى.

# ك

**ك** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ 18-ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن 18-نى كۆرسىتىدۇ.

**كابېل** ئى [ر<گول] <فنز> ئىزولياتسىيە قەۋىتى ۋە قوغدىغۇچى پوستى بولغان ئۆتكۈزگۈچ سىم، تومراق بولىدۇ. كۆپىنچە بىر-بىرىگە توك ئۆتكۈزمەيدىغان بىرنەچچە سىمدىن تەشكىل تېپىپ، يەر ئاستى ۋە سۇ ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئادەتتە ئېلېكتر خەۋەرلىشىشى ياكى توك يەتكۈزۈش ئىشلىرىدا كۆپرەك ئىشلىتىلىدۇ.

**كابىنكا** ئى [ر] ماشىنا، تراكتور قاتارلىقلارنىڭ شوپۇر ئولتۇرۇپ رول باشقۇرىدىغان، كونترول قىلىدىغان قىسمى: كابىنكىغا چۈشمەك. * ئوفتسېر كابىنكىنىڭ ئىشىكىنى قوپاللىق بىلەن ئېچىپ، شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ سۆرىگەن پېتى يەرگە چۈشۈردى-دە، «قارس-قۇرس» قىلىپ كاچىتىغا ئىككىنى سالدى. * — ھە، ئەسلىدە ئىش مۇنداق ئىكەن-دە. ئانىسىنى كابىنكىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ئاندىن بىزگە قارايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ھېلىقى يولۇچى.

**كابىنېت** ئى [ر<فران] ← **ئىشخانا.**

**كاپ** I تەق. ئۇستىرىنى كاپىلغۇچقا سۈركەش ھالىتى.

**كاپقا تارتماق** ئۇستىرىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن كاپىلغۇچقا سۈركىمەك: ساتىراش ئۇستام ئۇستىرىنى ھەدەپ كاپقا تارتىپ ئېغىز-ئېغىزىغا تەگمەي سۆزلەۋاتاتتى.

**كاپقا كەلمەك** ماختىسا ئۇچماق، ئۆزىنى ماختىغان ئادەمنىڭ دېگىنىگە كۆنمەك: — ئاسىم دېگەن تازا كاپقا كېلىدىغان ئادەم-دە، — دېدى خەيرۇل مىيىقىدا كۈلۈپ.

**كاپ** II ئى. ئات-ئۇلاغلارنىڭ بىرنەرسىلەرنى يەپ قويماسلىقى ئۈچۈن ئېغىزىغا سېلىپ قويىدىغان تور: — ئاغزىدىكى كاپ ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ قالغاچقا بۇغداي يېگەن گەپ، — دېدى بىر دېھقان تورپاقنىڭ بېقىنىنى مۇجۇپ.

**كاپ** III تەق ① ئۇششاق، ئۇۋاق نەرسىلەرنى بىراقلا ئېغىزىغا سالغان ۋاقىتتىكى ئېغىزنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىشىغا تەقلىد

قىلىنىدۇ: كاپ ئەتمەك. * بالا بۇ پۇرچاقنى كاپ قىلىپ ئاغزىغا سېلىپتۇ-دە، چايناپ-چايناپ يۇتۇۋېتىپتۇ. ② بىرەر نەرسىنى بىردىنلا تۇتقان ۋاقىتتىكى ھەرىكەتنىڭ تېزلىكىگە تەقلىد قىلىنىدۇ: يىگىت بەنىلا گەپ قىلماستىن كاپ قىلىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتتى ۋە ئالدىغا بىر تارتىپلا ناھايىتى ئەپچىللىك بىلەن دۈم ياتقۇزدى. * ئانا كاپ قىلىپ قىزىنىڭ ئوڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

**كاپ ئەتمەك** ئۇشتاق، ئۇۋاق نەرسىلەرنى ئالقىنىغا ئېلىپ بىراقلا ئاغزىغا سالماق: ئۇسساڭ تالقاننى كاپ ئەت (ماقال). * ئۇ تام تۈۋىدىن بىر چىمدىم توپا ئالدى-دە، كاپ ئەتتى. بۇ ئۇنىڭ قەسەمى ئىدى. * ئۇ قاتتىق ناننى كاراسلىتىپ چايناپ ۋە ھەر قېتىمدا بىرنەچچە تال مېغىزنى قوشۇپ كاپ ئېتىپ، ئىشتىھا بىلەن ئوزۇقلىنىشقا باشلىدى.

**كاپ قىلماق** ← **كاپ ئەتمەك.**

**كاپالەت** ئى [ئە] جاۋابكارلىقنى، مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش، كېپىللىك: مۇكەممەل بىر ئىلمىي پىلان – كۆزلىگەن نىشانغا يېتىپ بېرىشنىڭ ئوبدان كاپالەتلىرىدىن بىرى، ياخشى ئەنئەنەك ھېسابلىنىدۇ.

**كاپالەت بەرمەك** مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالغانلىقىغا باشقىلارنى ئىشەندۈرمەك؛ كېپىل بولماق: – خاتىرجەم بولۇڭ، يېزىدىكى رەھبەرلەر بۇنىڭغا ئاللىقاچان كاپالەت بەرگەن، – دېدى ئاكام دادامغا.

**كاپالەتسىز** سۈپ. كاپالىتى يوق، كاپالەتكە ئىگە بولمىغان، ئىشەنچسىز: ھەرخىل باھانە-سەۋەبلەر بىلەن ئىشچىلارنىڭ تۇرمۇشىنى كاپالەتسىز قالدۇرۇشقا بولمايدۇ.

**كاپالەتلەندۈرمەك** «كاپالەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ چاغلاردا قانۇن دەل ھۆكۈمران سىنىپلارغا پايدىلىق بولغان ئىجتىمائىي تۈزۈم ۋە دۆلەت تۈزۈمىنى كاپالەتلەندۈرەتتى. * كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پاكىز سۇ ئىچىپ ساغلام بولۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش زۆرۈر.

**كاپالەتلەندۈرۈلمەك** «كاپالەتلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانۇننىڭ ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ دۆلەت تەرىپىدىن تۈزۈلىدىغان ياكى ئېتىراپ قىلىنىدىغانلىقىدا، شۇنىڭدەك دۆلەتنىڭ زورلاش كۈچى ئارقىلىق ئىجرا قىلىنىشى كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان بىر خىل ھەرىكەت مىزانى ئىكەنلىكىدە.

**كاپالەتلەنمەك** پ. كاپالەتكە ئىگە بولماق.

**كاپالەتلىك** سۈپ. كاپالەت قىلىنىدىغان، كاپالەتكە ئىگە بولغان: قانۇن دۆلەت ئورگانلىرى تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان، ئېتىراپ قىلىنغان بولىدۇ ھەمدە دۆلەتنىڭ زورلاش كۈچى ئارقىلىق ئۇنىڭ ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىنىدۇ. * ئىشلەپچىقىرىش قۇرۇلۇشى بىلەن خەلق تۇرمۇشىنىڭ مۇناسىۋىتىنى بىر تەرەپ قىلغاندا، ئالدى بىلەن ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تۇرمۇش جەھەتتىكى ئاساسىي ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

**كاپالەتلىك قىلماق** كاپالەتكە ئېرىشتۈرمەك، كاپالەتلەندۈرمەك: قانۇن خەلق ئاممىسىنىڭ ئەركىنلىكى ۋە ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلىشى لازىم.

**كاپالەتنامە** ئى [ئە+پ] كاپالەت بېرىش يۈزىسىدىن يېزىلغان ھۆججەت، كاپالەت خېتى: – ئەگەر بۇنىڭغا تولۇق ئىشىنەلمىسىڭىز سىزگە كاپالەتنامە يېزىپ بېرىشىمىز مۇمكىن، – دېدى ئىدارە باشلىقى ئۇ كىشىگە.

**كاپام** مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ

كېلىپ ئۆزى ئېنىقلىغان نەرسىنىڭ مىقدارىنى يەنى مەلۇم قېتىم «كاپ» قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كاپام ئاش. بىر كاپام پولۇ.

**كاپاملاتماق** «كاپاملماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاپاملاشماق** «كاپاملماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاپاملماق** پ. كاپام ھالەتكە كەلتۈرمەك: ئاسىم ئىشتىھا بىلەن كاپاملاپ پولۇ يېيىشكە باشلىدى.

**كاپپىدە** رەۋ «كاپ» قىلغان ھالدا، «كاپ» قىلىپ: ئۇ ئارقىسىغا يانماقچى بولۇۋىدى، كەنت ئاياللار مۇدىرى پاتەمخان كاپپىدە بىلىكىدىن تۇتۇپ ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

**كاپراس** ئى [ر] <گېئول> ئامفىبولنىڭ بىر خىلى، يەنى تۇۋرۈك ياكى تالا ھالىتىدىكى كرىستال. يېشىل، كۆك رەڭ ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. پارقىرايدۇ. جۇڭيىدا قۇۋۋەت دورىسى ۋە قورۇغۇچى دورا قىلىنىدۇ.

**كاپرون** ئى [ر] <خىم> سۈنئىي تالانىڭ بىر خىلى ۋە شۇ تالادىن توقۇلغان رەخت: كاپرون ياغلىق. كاپرون پايپاق.

**كاپرىس** ئى [ر<فران] <مۇز> قۇرۇلما جەھەتتىن ئەركىن، خاراكتېر جەھەتتىن غەلىتە ئىشلەنگەن ئاھاڭ. ئادەتتە ماھارەتچانلىقى يۇقىرى بولىدۇ. كومپوزىتورلار ئۇنىڭغا كۆپىنچە خەلق ناخشىلىرى مېلودىيىسىنى ئاساس قىلىدۇ.

**كاپسۇل** I ئى [ر<لات] <بىئول> بەزى مىكرو ئورگانىزملارنىڭ تېشىدىن يۆگەپ تۇرىدىغان، پولىپېپتىد ياكى كاربون سۇ بىرىكمىلىرىدىن تۈزۈلگەن يېپىشقاق تاشقى قېپى.

**كاپسۇل ئانتىگېن** <بىئول> بىر خىل باكتېرىيىنىڭ خاس ھالدىكى كاپسۇل ماددىسى. قىسقارتىلىپ «K ئانتىگېن» دەپ ئاتىلىدۇ.

**كاپسۇل** II ئى [ر<فران<لات] <ھەرب> بىرەر نەرسىگە ئۇرۇلۇش بىلەن تېز ئوت ئېلىپ، پارتلاتقۇچ دورىنى پارتلىتىپ بېرىدىغان مەخسۇس نەيچە: گرانات كاپسۇلى. مىنا كاپسۇلى.

**كاپشتماق** «كاپشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋوي، بالىنى كاپشتماي دېگىنىنى بەرسەڭ بولمامدۇ؟

**كاپشىشماق** «كاپشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تولا كاپشىشماي يولۇڭلارغا ماڭساڭلار بولارمىكىن.

**كاپشىماق** پ. تولا سۆزلىمەك، تولا گەپ قىلماق: — سەن قېرى تولا كاپشىما، ھېكايەڭ بىلەن مېنى قورقۇتماقچىمۇ سەن، ئىشەنمەيمەن، ھوي قېرى يوقال كۆزۈمدىن! — دەپ تىللاپتۇ ۋەزىر. * — قارا بۇ ئەخمەقنى، بىر يەرگە يوشۇرۇنساڭ بولمىدىمۇ، نېمە كاپشىيسەن؟! — دېدى ئەركىن.

**كاپكاپ** ئى <بوت> ← **ماماكاپ.**

**كاپكازچە** ئى. كاپكازلىقلار كىيىدىغان قۇلىقى يوق، كەڭ كېزەكلىك، كېزىكىنى چۈشۈرۈۋالسىمۇ بولىدىغان بىر خىل تۇماق.

**كاپ-كۇپ** «كاپ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**كاپلاتماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم ساتىراش شاگىرتىغا ئۇستىرىنى كاپلىتىپ ھېلىم ئاكىنىڭ ساقىلىنى قىرغاچ ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

**كاپلاشماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاپلانماق** «كاپلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇستىرا كاپلاندى.

**كاپلىغۇچ** ئى. ئۈستىرىنى كاپلاش ئۈچۈن
كۆن ياكى رەختتىن ئۇزۇنلۇقى 50 — 60
سانتىمېتر، كەڭلىكى ئالتە-يەتتە سانتى-
مېتر قىلىپ ياسالغان ساتىراشلىق سايمى-
نى: ساتىراش مەخسۇتئاخۇن قولىدىكى
پەشتامىسىغا كاپلىغۇچ، ئۈستىرا ئورىۋالغانىدى.

**كاپلىماق** پ. ئۈستىرىنى ئىتتىكلىتىش ئۈچۈن
كاپلىغۇچقا سۈركىمەك: ئۈستىرىنى كاپلىماق.

**كاپوت** ئى [ر<فران] تۈرلۈك مېخانىزملارنىڭ
مەلۇم قىسىملىرىنى چاڭ-توزان، نەملىك
ۋە باشقا نەرسىلەردىن ساقلاش ئۈچۈن
ئىشلەنگەن، ئېچىلىپ-يېپىلىدىغان تۆمۈر
قاپقاق: ھەقىقەتەنمۇ شوپۇر كاپوتنىڭ
ئۈستىدە دۈم ياتاتتى. * مەن ئۇنىڭ قولىدىن
چېلەكنى ئېلىپ، كاپوتنى ئاچتىم-دە، رادى-
ئاتورغا سۇنى قۇيۇشقا باشلىدىم.

**كاپۇر** ئى [ئە] <بوت> ← **كامفارا.**

**كاپىتال** ئى [ر<لات] <س ئىق> ① كاپىتالىستلار
ئىگىلىگەن ئىشلەپچىقىرىش ۋاستىلىرى
ۋە ئىشچىلارنى ياللاشقا ئىشلىتىلىدىغان
پۇل. ② سودا-سانائەت تىجارىتىنىڭ
دەسمايىسى؛ كاتتا مەبلەغ، كۆپ پۇل،
بايلىق: ياز كۈنلىرى قىلىپ سەيلى-ساياھەت،
ئارام ئىزلەپ كېلەر ئەزىز مېھمانلار. كىرىم
بولۇپ كاپىتالىم كۆپىيەر، ۋە سالمەن
يېڭى-يېڭى قورغانلار.

**كاپىتال تەرەپ** <سودا> خۇسۇسىي
سودا-سانائەت تىجارىتىدىكى كاپىتالىست
تەرەپ.

**كاپىتال مۇئامىلىسى** <س ئىق> كاپىتال-
نىڭ ئوبوروت ساھەسىدىكى ھەرىكىتى،
يەنى كاپىتالنىڭ دەۋر قىلىشىنىڭ تەركى-
بىي قىسمى. ئۇ مۇنداق ئىككى جەريانىنى
ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرى، كاپىتالىست
پۇل بىلەن بازاردىن ئىشلەپچىقىرىش
ۋاستىلىرى ۋە ئەمگەك كۈچى سېتىۋېلىش
ئارقىلىق پۇل كاپىتالنى ئىشلەپچىقىرىش
كاپىتالىغا ئايلاندۇرۇپ، كاپىتالىستىك
ئىشلەپچىقىرىش جەريانى ئۈچۈن شەرت
ھازىرلايدۇ؛ ئىككىنچىسى، ئىشلەپچىقىرىلغان
تاۋارلارنى سېتىش ئارقىلىق تاۋار
كاپىتالنى قايتىدىن پۇل كاپىتالغا
ئايلاندۇرۇپ، ئاۋانس كاپىتالنى قايتۇرۇۋال-
دۇ ھەمدە قوشۇمچە قىممەتنى ئەمەلگە
ئاشۇرىدۇ.

**كاپىتالنىڭ ئايلىنىشى** <س ئىق>
سانائەت كاپىتالنىڭ سېتىۋېلىش،
ئىشلەپچىقىرىش ۋە سېتىشتىن ئىبارەت
ئۈچ باسقۇچنى تەرتىپ بويىچە بېسىپ
ئۆتۈپ، شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا ئۈچ
خىل پائالىيەت شەكلىنى قوللىنىپ،
يېڭىباشتىن ئەسلى باشلىنىش نۇقتىسىغا
قايتىپ كېلىش ۋە ئۆز قىممىتىنى ئاشۇرۇش
ھەرىكىتى.

**كاپىتالنىڭ توپلىنىشى** <س ئىق> قوشۇم-
چە قىممەتنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش
يولى بىلەن كاپىتالنىڭ ئومۇمىي سوممى-
سىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى. ئۇ كاپىتالنىڭ
جۇغلىنىشى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەت-
لىك. كاپىتالنىڭ جۇغلىنىش كۆلىمى قانچە
چوڭ بولسا، توپلانغان كاپىتالمۇ شۇنچە
كۆپ بولىدۇ. كاپىتالنىڭ توپلىنىشى ئۆز
نۆۋىتىدە كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشىغا تۈرتكە
بولىدۇ.

**كاپىتالنىڭ جۇغلىنىشى** <س ئىق>قوشۇ
مچە قىممەتنى كاپىتالغا ئايلاندۇرۇشنى،
يەنى قوشۇمچە قىممەتتىن كاپىتال
سۈپىتىدە پايدىلىنىشنى بىلدۈرىدۇ.

**كاپىتالنىڭ مەركەزلىشىشى** <س ئىق>
بىرمۇنچە ئۇششاق كاپىتالنى چوڭ
كاپىتالغا قوشۇۋېلىش ياكى ئۇلارنى
بىرلەشتۈرۈپ چوڭ كاپىتالغا ئايلاندۇرۇش

يولى بىلەن ئايرىم كاپىتالىنىڭ ئومۇمىي سوممىسىنى ئاشۇرۇش ئۇسۇلى.

**كاپىتالىنىڭ ئۇبوروت سۈرئىتى** <س ئىق> ئالدىن تۆلەنگەن كاپىتالىنىڭ بىر يىل ئىچىدىكى ئۇبوروت نۆۋەت سانى.

**كاپىتالىنىڭ ئىششى** <س ئىق> ئالدىن تۆلەنگەن كاپىتالىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا ئۆزىدىن زور بولغان قىممەتنى يارىتىشى.

**كاپىتال ئۇبوروتى** <س ئىق> كاپىتالىنىڭ باشتىن قايتىلىنىپ، ئۈزلۈكسىز تەكرارلىنىپ بارىدىغان دەۋر قىلىشى.

**كاپىتاللىق** سۈپ ① كاپىتالى بار، كاپىتالغا ئىگە. ② كاپىتالغا خاس: ھەسسىدارلىق شىركەتلىرىنىڭ ھېچقايسىسىدا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ كاپىتاللىق خۇسۇسىيىتى تۈگىمىدى.

**كاپىتالىزم** ئى [ر] <پەلس> كاپىتالىستلار ئىشلەپچىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى ئىگىلەيدىغان ھەم شۇنىڭ بىلەن ياللانما ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان، قوشۇمچە قىممەت شىلىۋالىدىغان ئىجتىمائىي تۈزۈم.

**كاپىتالىست** ئى [ر] <س ئىق> كاپىتالنى ئىگىلىۋېلىپ، ئىشچىلارنىڭ قوشۇمچە ئەمگىكىنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان كىشى.

**كاپىتالىستىك** سۈپ [ر] ① كاپىتالىزمغا ۋە كاپىتالىستلارغا ئائىت، ئۇلارغا خاس بولغان: كاپىتالىستىك ئەخلاق. كاپىتالىستىك ئىشلەپچىقىرىش ئۇسۇلى. كاپىتالىستىك ئىشلەپ-چىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى. ② كاپىتالىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: كاپىتالىستىك دۆلەت. كاپىتالىستىك جەمئىيەت. كاپىتالىستىك ئېكسپىلاتاتسىيە.

**كاپىتالىستىك جەمئىيەت** <پەلس> كاپىتالىستلارنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ۋاسى-تىلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، ياللانما ئەمگەك-نى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشنى ئاساس قىلغان ھەمدە دۆلەت ھاكىمىيىتىنى بۇرژۇئازىيە ئىگىلىگەن جەمئىيەت. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدا كىشىنى كىشى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىدىغان ئەڭ ئاخىرقى ئىجتىمائىي فورماتسىيە.

**كاپىتالىستىك ئىش ھەققى** <س ئىق> كاپىتالىست ياللىغان ئىشچىغا بەرگەن ئەمگەك كۈچى قىممىتى.

**كاپىتان** ئى [ر<فران] ① <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى بەزى دۆلەتلەردىكى تۆۋەن دەرىجىلىك ئوفىتسېرلارغا بېرىلىد-غان ئەڭ يۇقىرى دەرىجە. ② پاراخوت ياكى كېمە باشلىقى، كوماندىرى.

**كاپىر** [ئە] <دىن> ① ئى. ئىسلام دىنىغا ئىشەنمەيدىغان، دىنىدىن قايتقان، خۇداسىز، ئىمانسىز كىشى: — ھوي خەق، نېمە تۇرۇۋاتىسەن، بۇ يەرگە كاپىرنىڭ كېيىنى ئاڭلاشقىلى كېلىشىپمىدىڭ، بوزە-بوز، نېمە تۇرۇۋاتىسەن! — دەپ ۋارقىرىدى بىر سوپى. ② سۈپ. كۆچمە. رەھىمسىز، ۋاپا-سىز: قەتلى ئەيلەرگە مېنى ھەركۈنى ئول كاپىر ئىشق، رەھىمى قىلمايدۇر مىكرى كەيدى بېشىمغە لىق. * نە كاپىر كۆزلىرىڭ ئالەمنى تەنھا ئەيلەدى تاراج، شە بىخۇن كەلتۈرۈر غەم جانىمە يۈز مىڭ ئىتاب ئەيلەپ.

**كاپىرلىق** ئى. كاپىرلارغا خاس ئالامەت، خىسلەت: گەپىنىڭ قىسقىسى، بۇ موغۇلىستان يۇرتىغا كاپىرلىقنىڭ قارا سىياھى تارقىلىپ، ھەممىنى قاراڭغۇ ۋە زۇلمەتتە تۇتقانىدى.

**كاپىلدا تىماق** «كاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھوي، ئۇنى تولا كاپىلداتقۇچە دېگەن نەرسىنى ئېلىپ بەرسەڭ بولمامدۇ.

**كاپىلدا شىماق** «كاپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەتىگەندىن

كەچكىچە قۇرۇق كاپىلدىشىپ خەقنىڭ غەيۋىتى-
نى قىلىدىغان كاسكاسلار ئىدى.

**كاپىلدىماق** پ. ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي
تولا سۆزلىمەك، كاسىلدىماق: سولان
ئاغزى ئېچىلدى كاپىلداپ يەنە، باشقا كىيدى
ھويلىنى، كاسىلداپ يەنە.

**كاپىللىيار** ئى [ر<لات] ناھايىتى كىچىك
تۆشۈكچە ياكى شۇنداق تۆشۈكلۈك
نەيچە.

**كاپىللىيار ھادىسىسى** <فىز> دىئامېترى
ناھايىتى كىچىك بولغان نەيچىنى سۇيۇق-
لۇققا تىققاندا، نەيچىدىكى سۇيۇقلۇق
يۈزىنىڭ ئۆرلىشى ياكى تۆۋەنلىشى بىلەن،
ئۇنىڭ نەيچە سىرتىدىكى سۇيۇقلۇق
يۈزىدىن يۇقىرى ياكى تۆۋەن بولۇشى
سادىر بولىدىغان بىر خىل ھادىسە.
سۇيۇقلۇق ئىچىدىكى توپلىنىش كۈچى
يېپىشىش كۈچىدىن چوڭ بولغاندا، نەيچە
ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق تۆۋەنلەيدۇ، يۈزى
كۆپۈنكى ھالەتتە بولىدۇ؛ سۇيۇقلۇق
ئىچىدىكى توپلىنىش كۈچى يېپىشىش
كۈچىدىن كىچىك بولغاندا، نەيچە
ئىچىدىكى سۇيۇقلۇق ئۆرلەيدۇ، يۈزى
پېتىنقى ھالەتتە بولىدۇ. مەسىلەن،
گاڭگىنىڭ سىياھ سۈمۈرۈشى، چىراغ
پىلىكىنىڭ ماينى سۈمۈرۈشى قاتارلىقلارنىڭ
ھەممىسى كاپىللىيار ھادىسىسىدۇر.

**كاپىللىيارلىق** سۈپ. سۇيۇقلۇقنىڭ ئىنچىكە
نەيچىلەر ياردىمىدە كۆتۈرۈلۈش خۇسۇ-
سىيىتى بويىچە توپلىنىدىغان، بارلىققا
كېلىدىغان: كاپىللىيارلىق سۇ. كاپىللىيارلىق
كۈچ.

**كاپىللىيارلىق سۇ** <سۇ> كاپىللىيارلىق
كۈچ تەسىرىدە تۇپراق ياكى تاغ جىنس
كاۋاكلىرىدا يىغىلىدىغان سۇ.

**كاپىللىيارلىق كۈچ** <فىز> ئىنچىكە
نەيچىنىڭ سۇيۇقلۇقنى سۈمۈرۈۋېلىش
كۈچى.

**كات** ئى. جان ت. كارىۋات.

**كات ساندۇق** ئۈستى كارىۋات ئورنىدا
ئىشلىتىلىدىغان، ئىچىدە ئاشلىق قاتارلىق
نەرسىلەرنى ساقلىغىلى بولىدىغان بىر
خىل ئائىلە سايمىنى: ئۇ گۈگۈم قاراڭغۇسىدا
تەمتىرەپ يۈرۈپ ئىشىك تەرەپتىكى كات
ساندۇقتىن نېمىنىدۇر ئېلىپ بېلىگە تۈگدى.

**كاتاپ** ئى. كۆننى بوياش ئۈچۈن مەنتاڭ
بىلەن تۆمۈر دېتىدىن بىرىكتۈرۈپ
تەييارلانغان سۇيۇقلۇق.

**كاتاڭ** ئى. يولدىكى چوڭقۇرلۇق؛ لاقا:
ماشىنا كاتاڭلاردىن سىلكىنىپ ئۆتۈپ،
بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كېتىپ باراتتى، رۇستەم-
نىڭ خىياللىرى داۋاملاشماقتا ئىدى. *
ماشىنا بىردە ئالدىغا، بىردە كەينىگە كۈچەپ
ھەرىكەتلەنسىمۇ، لېكىن كاتاڭدىن چىقالمايتتى.

**كاتاڭلاشماق** پ. كاتاڭ ھالەتكە كەلمەك،
لاقا بولۇپ كەتمەك: بۇ يوللار ھارۋا تولا
مېڭىپ كاتاڭلىشىپ كەتتى.

**كاتاڭلىق** سۈپ. كاتىڭى بار، كاتاڭ بولۇپ
كەتكەن: ئېغىر يۈك بېسىلغان ماشىنا
كاتاڭلىق يولدا ئاستا ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى.

**كاتالپا** ئى [ر<گرېك] <بوت> چوكا دەرىخى
ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان
دەرەخ. يوپۇرمىقى سەل-پەل ئالقانسى-
مان يېرىلغان بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ.
گۈلى ئاق ھەم كونۇسسىمان گۈل رېتىدە
كېلىدۇ. ياغىچىدىن ئەسۋاب، سايمانلارنى
ياساشقا بولىدۇ.

**كاتالوگ** ئى [ر<گرېك] بىر تۈردىكى كىتاب،
قول يازما قاتارلىقلارنىڭ مەلۇم تەرتىپتە
تۈزۈلگەن روييختى: كلاسسىك ئەدەبىياتقا
دائىر ئەسەرلەر كاتالوگى.

**كاتالىزاتور** ئى [ر] <خىم> خىمىيىۋى

رېئاكسىيە تېزلىكىنى ئارتتۇرىدىغان ياكى
كېمەيتىدىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ مىقدارى
ۋە خىمىيۋى خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتمەيدىـ
غان ماددىلار. ئادەتتە رېئاكسىيە
تېزلىكىنى ئارتتۇرىدىغان ماددا مۇسبەت
كاتالىزاتور؛ رېئاكسىيە تېزلىكىنى ئاستىـ
لىتىدىغان ماددا مەنپىي كاتالىزاتور
دېيىلىدۇ.

**كاتالىزاتورلۇق** سۈپ. خىمىيۋى رېئاكسىيە
تېزلىكىنى ئارتتۇرىدىغان ياكى كېمەيتىدـ
غان: كاتالىزاتورلۇق خۇسۇسىيەت. كاتالىزاتور-
لۇق رول.

**كاتام** (توغرىسى: كاتاڭ) ← **كاتاڭ.**

**كاتايا** ئى [لات] <بوت> ← **كاتايا دەرىخى.**

**كاتايا دەرىخى** <بوت> قارىغاي
ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان
دەرەخ. غولى تۈز، باراقسىنى مۇنار،
يوپۇرمىقى لېنتا، شارچە مېۋىسى تۇخۇم
شەكلىدە بولىدۇ. ئۇ مەملىكىتىمىزدە
شالاڭ ئۆسىدىغان بىر خىل دەرەخ
سورتىدۇر.

**كاتەك** ئى [پ] ① توخۇ، توشقان، كەپتەر
قاتارلىقلار سولىنىدىغان كىچىك ئۆي:
باقى ئاكام ئالدى بىلەن لاي ئېتىپ تامنىڭ
ئۆرۈلگەن يەرلىرىنى ياسىدى، قوتاننى
سۈپۈرۈپ تازىلىدى. ئاندىن توخۇلارغا كاتەك
سالدى. * — بوران قېقىۋەتكەن ئالمىلارنى
تېرەي دەپ باغقا كىرسەم، سىيىت ماڭقا
شورىدىن چۈشۈپ كاتەكتىن توخۇ ئوغرىلاۋېتىپـ
تۇ، — دېدى غۇنچەم ئاپىسىغا. ②
نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە چىقىرىلىدىغان
تۆت بۇرجەك شەكىل.

**كاتەكتەك** سۈپ. كىچىك (ئۆي ھەققىدە):
كاتەكتەك ئۆي.

**كاتەكچە** I ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىدـ
كى چويلىنى ماڭدۇرۇپ بېرىدىغان ئارا
شەكىللىك سايمان.

**كاتەكچە** II ئى. تۆت چاسا، چاقماق:
كاتەكچە كۆڭلەك. كاتەكچە قىلىپ توقۇماق.
* يۇڭ توقۇلما كىيىملەرگە ھەر خىل رەڭدىكى
جۇلالىق يۇڭ يىپلار بىلەن گۈل نۇسخىلىرى
چىقىرىلغان، قىزىل، قوڭۇر ۋە قارا رەڭلىك
يۇڭ يىپلار ئارقىلىق چوڭ-كىچىك كاتەكچىلەر،
كەڭ-تار يوللۇق سىزىقچىلار كۆركەم قىلىپ
توقۇلغان.

**كاتەكلىك** سۈپ. كاتەكى بار، كاتەكلەرگە
بۆلۈنگەن: ھارۋا ئۈستىگە كاتەكلىك جازا
قويۇلغان بولۇپ، ئېسىل تۈگمىلەر، سۈت
كەمپۈت ۋە باللار ئويۇنچۇقلىرى تارتىپ،
يۆتەل ۋە چىش ئاغرىقىنىڭ دورىلىرىغىچە
ھەممىسى رەتلىك قويۇلغانىدى.

**كاتتا** ① سۈپ. چوڭ، ھەشەمەتلىك، ئېسىل:
كاتتا شەھەر. كاتتا بىنا. كاتتا يىغىن.
كاتتا توي. // قوغۇنلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا سېلىنغان
ئۆي كاتتا بېزەلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئالدى
باراڭ قىلىنغان، باراڭغا چۈشكەن قاپاق-كاۋىـ
لار ساڭگىلاپ تۇراتتى، باراڭنىڭ ئەتراپىغا
تىزىلغان ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەنىـ
دى. ② سۈپ. بۈيۈك، داڭلىق: كاتتا
كىشى. كاتتا ئادەم. * ئابدۇخالىق ئۇيغۇر
— ئۇيغۇر خەلقىنىڭ كاتتا شائىرىدۇر. ③
ئى.ياش جەھەتتە چوڭ بولغان، ھۆرمەتكە
سازاۋەر كىشى؛ باشلىق، ئەمەلدار:
سىز ئەڭ ياخشىسى باشقا كاتتىلار بىلەنمۇ
ئەقىللىشىپ كۆرۈڭ، ئۇلار سىزگە قانداق
ئەقىل كۆرسىتەركىن. * ئۇلار باغ ئوتتۇرىسىدـ
كى سالاسۇنلۇق سۇپا ئالدىغا كەلگەندە
ئوردا ئەربابلىرى، چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلار
ۋە يۇرت كاتتىلىرى قارشى ئالدى.

**كاتتىباش** ئى [كاتتا+باش] مەلۇم تەشكىل
ياكى گۇرۇھنىڭ باشلىقى، رەھبىرى:
ئۇزۇن ئۆتمەي كاتتىباش دېگەنلەرنىڭ

ھەممىسى چىقىپ، يىگىتلەر توپلانغان شىغىللىق مەيدانىنىڭ ئالدىدىكى يوغان قورام تاش ئۈستىدە تۇرۇشتى. * ئىللىق تاغ ئوغرىلىرىنىڭ كاتتىباشلىرىدىن ئابدۇكېرىمنىڭ ئىنىسى سىيىت ئۇچتۇرپاندىن تەسىس مەجلىسگە ئالاھىدە كېلىپ قاتناشتى.

**كاتتىلىق** «كاتتا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**كاتلېت** ئى [ر<فران] خېمىرنىڭ ئىچىگە گۆشنى قىيما قىلىپ سېلىپ، كىچىك توقاچتەك ياپىلاقلاپ مايدا پىشۇرىدىغان تاماق: — بالدۇرراق چىقىپ كەت، بولمىسا، ئۇلار چاتاق قىلىدۇ، — دېدى ئۇ. مەن جاھىللىقىمغا ئېلىپ پۇۋا بىلەن كاتلېت كەلتۈرۈش-نى ئېيتتىم.

**كاتھىندى** ئى [لات] <بوت> ① پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شاخلىرىدا تىكىنى بار، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، گۈلى سېرىق، مېۋىسى چوكا مېۋە، ياغىچى قاتتىق، رەڭگى قارا قوڭۇر بولىدۇ. ② مۇشۇ دەرەختىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان رەڭگى قارا قوڭۇر، قاتتىق جىسىم. دورا قىلىشقا بولىدۇ، قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**كاتود** ئى [ر<گرېك] <فىز> ① باتارېيە ياكى ئاككۇمۇلياتور قاتارلىق تۇراقلىق توك مەنبەلىرىنىڭ مەنپىي زەرەت قويۇپ بېرىدىغان ئېلېكتر قۇتۇپى. قۇرغاق باتارېيىنىڭ سىنىك قېپى كاتود بولىدۇ. ئۇ يەنە «مەنپىي قۇتۇپ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ② ئېلېكترونلۇق ئەسۋابلاردىكى ئېلېكترون قويۇپ بېرىدىغان قۇتۇپ. بۇ قۇتۇپ ئېلېكتر زەنجىرىدە چوقۇم ئېلېكتر مەنبەسىنىڭ مەنپىي قۇتۇپىغا ئۇلىنىدۇ. بەزى ئېلېكترون لامپىلاردىكى لامپۇچكا قىلى كاتود بولىدۇ.

**كاتود نۇرلىرى** <فىز> ئىككى قۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ۋاكۇئۇم لامپىنىڭ توك بېسىمىنى ئاشۇرغاندا، مەنپىي قۇتۇپتىن مۇسبەت قۇتۇپقا قاراپ يۇقىرى سۈرئەتتە ھەرىكەتلەنگەن ئېلېكترون ئېقىمى.

**كاتولىك** ئى [ر<گرېك] <دىن> ← **كاتولىك دىنى.**

**كاتولىك دىنى** <دىن> خرىستىيان دىنىنىڭ رىم پاپاسى باشچىلىقىدىكى چوڭ مەزھىپى. مىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە دۆلىتىمىزگە كىرگەن.

**كاتۇشكا** ئى [ر] <فىز> ئىزولياتسىيىلىك قېپى بولغان ئۆتكۈزگۈچ سىمنى ئوراش ئارقىلىق ياسالغان غالتەك ياكى كاناي شەكىللىك دېتال. ئۇ ئېلېكتر ماشىنىلىرى، ترانسفورماتور، ئېلېكترلىك خەۋەرلىشىش ئاپپاراتلىرى قاتارلىقلاردا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**كاتېت** ئى [ر<گرېك] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ تىك بۇلۇڭ ھاسىل قىلىدىغان تەرەپلىرىدىن بىرى.

**كاتېر** ئى [ر<ئىنگ] <قاتن> ئىچىدىن ياندىغان دۋىگاتېل ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدىغان كىچىك تېپتىكى كېمە، قېيىق. سۈرئىتى تېز، ھەرىكەت چاپانلىقى يۇقىرى، بەزىلىرى قاتناش قورالى قىلىنىدۇ، بەزىلىرى مۇسابىقە ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كاتېگورىيە** ئى [ر<گرېك] ① <پەلس> ئادەم تەپەككۇرىنىڭ ئوبيېكتىپ شەيئىنىڭ ئومۇمىي ماھىيە تىلىك خۇسۇسىيەتلىرىنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئەكس ئەتتۈرۈشى. ھەرقايسى پەندە شۇ پەنگە تەۋە بولغان ئاساسىي كاتېگورىيىلەر بولىدۇ. مەسىلەن، بىرلىكمەك، بىرىكمە، پارچىلىنىش قاتارلىقلار

خىمىيە ئىلمىنىڭ كاتېگورىيىلىرىدۇر؛ تاۋار قىممىتى، ئابستراكت ئەمگەك، كونكرېت ئەمگەك دېگەنلەر سىياسىي ئىقتىساد ئىلمىنىڭ كاتېگورىيىلىرىدۇر؛ ماھىيەت ۋە ھادىسە، شەكىل ۋە مەزمۇن، مۇقەررەرلىك ۋە تاسادىپىيلىق دېگەنلەر ماتېرىيالىزملىق دىئالېكتىكىنىڭ ئاساسىي كاتېگورىيىلىرىدۇر. ② بىر خىل نەرسىلەر، ھادىسىلەر تۈركۈمى، تۈرى.

**كاتىبات** ئى [ئە] يېزىقلىق ئىشلىرى: كاتىبات ئىشخانىسى. * — ماتېرىياللارنى خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ كاتىبات گۇرۇپپىسى رەتلەپ چىققان، — دېدى رەيھانەم.

**كاتىباتلىق** ئى. كاتىپلار قىلىدىغان ياكى ئۇلارغا يۈكلەنگەن ئىش، خىزمەت؛ كاتىپلىق: بۇ يىل شىنجاڭ داشۆنىڭ كاتىباتلىق كەسپىگە 40 ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىندۇ.

**كاتىپ** ئى [ئە] ① ئىدارە-ئورگانلارنىڭ خەت-ئالاقىلىرىنى، يىغىن خاتىرىلىرىنى يازىدىغان كىشى، خادىم: — كاتىپنىڭ يېنىغا بېرىڭلار، خەتنى شۇ يېزىپ بەرسۇن، — دەپ خەتنى يىگىتكە ئۇزاتتىم. ② بەزى كىشىلەرنىڭ سۆزىنى خاتىرىلەيدىغان ياكى قول يازمىلارنى كۆچۈرۈش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى؛ مىرزا: يازغۇچى تۇردى سامساق 1942-يىلى قەشقەردىن چىقىپ كېتىپ، ئىلى، ئالتايلارغا بېرىپ بايلارغا كاتىپ بولۇپ ئىشلىگەن.

**كاتىپلىق** ئى. كاتىپ قىلىدىغان ئىش، پائالىيەت: 1976-يىلى نۇردۇن شۇ يېزىغا مەسئۇل بولۇپ چۈشكەندە مەخسۇت ئۇنىڭغا كاتىپلىق قىلىنغانىدى.

**كاتىۋال** ئى [پ] ئۆز بېشىمچى، بىلەرمەن، باشباشتاق.

**كاتىۋاللىق** ئى. ئۆز بېشىمچىلىق، باشباشتاقلىق، بىلەرمەنلىك: — سەن ئاڭلىمىغان بولساڭ، مەن ئاڭلىدىم، — بوۋاي تېرىككىنىدىن ھاۋازئاخۇنغا ئالايدى، — كاتىۋاللىق قىلىپ، بۇ گەپنى ئۇچرىغانلا كىشىگە دەپ يۈرمە جۇمۇ! * — كاتىۋاللىق قىلما، ئۆزۈمۇ بىلمەن، — دېدى ئابدۇغېنى تاماكىسىنىڭ كۈلىنى قېقىپ.

**كاتيۇشا** ئى [ر] <ھەرب> راكېتا توپىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئاپتوموبىلغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭدا ئوقنى قاتار ئاتقىلى بولىدۇ.

**كاج** سۈپ [پ] ① گەپكە كىرمەيدىغان، مەسلىھەت ئاڭلىمايدىغان، جاھىل، تەتۈر: كاج ئادەم. * ئاكىسىنىڭ مىجەزى كىچىكىدىن باشلاپ ئىنتايىن كاج ئىدى. ئۇنى مەھەللىدىكى بەزى كىشىلەرنىڭ «زاكىر ساراڭ» دېيىشىمۇ بىكار ئەمەس ئىدى. * ھەي، بۇ كاج خوتۇننى، بىز سۇغىرىپ قويايلى دېسەك ئۇنىماي ئۆزى چىقىپتۇ. ② قىيسىق، ئېچىلسا يېپىلمايدىغان، يېپىلسا ئېچىلمايدىغان، راۋان ئەمەس: — ئىشىكنىڭ كاجىمۇ نېمە، تولۇق يېپىلمايدىغۇ! — دېدى ئالىم ئىشىكنى بىر قولىدا تارتىپ.

**كاج پەلەك** ئوڭ كەلمىگەن، كاج تەقدىر؛ بەختسىزلىك: ھەممە-ھەممىسى كاج پەلەكنىڭ مۇدھىش دوزاخلىرىدا كۆل بولۇپ كەتتى.

**كاج پېشانە** ← **تەتۈر پېشانە**.

**كاج تەقدىر** ← **كاج پەلەك**: ئۇچار قۇشلار كاج تەقدىرنىڭ قۇربانى بىر بەختسىزگە ماتەم تۇتۇۋاتامدۇ، ئىشقىلىپ، قەيەرگىدۇر پاناھلانغان.

**كاج تەلەي** ① ئوڭ كەلمىگەن تەلەي، بەختسىزلىك: كاج تەلەي ئۇنى يەنە چۆل-جەزىرىگە ئەكىلىپ تاشلىدى. ② تەلىيى ئوڭدىن كەلمىگەن، تەتۈر پېشانە: ئۇ «ئەزەلدىن كاج تەلەي ئىكەنمەن، ھېچقانداق ئىشىم ئوڭدىن كەلمە-

دى، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇنداق بولسا، مېنىڭ نېمە ئىلاجىم» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

**كاج زامان** زۇلۇم ھۆكۈم سۈرگەن، كىشىلەرگە بەختسىزلىك ئېلىپ كەلگەن دەۋر: — يوقسۇ، بۇنىڭ دادىسمۇ ئەسلىدە شۇڭقار ئىدى. بىراق كاج زامانىنىڭ ئاچكۆز ھۇقۇشلىرى يەپ كەتتى، — دېدى سادىق موللا.

**كاجانس** ئى [لات] <بوت> ← **كاجانس چاتقىلى.**

**كاجانس چاتقىلى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. كىچىك يوپۇرمىقى ئۈچ تال بولۇپ، تۆمۈنە شەكىلدە، گۈلى سېرىق، چوكا مېۋە تۇتىدۇ. ئۇرۇقى يۇملاق ھەم ياپىلاق، رەڭگى قوڭۇر كېلىدۇ. تروپىك بەلباغ ۋە سۇبتروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ. ئۇرۇقىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە ئۇنىڭدىن ماي تارتقىلى، يىلتىزىنى دورىغا ئىشلەتكىلى، يوپۇرمىقىنى خەشەك قىلغىلى بولىدۇ.

**كاجلارچە** سۈپ. كاجلارغا خاس، كاجلارغا ئوخشاش: ئۇ خوتۇنى بىلەن كاجلارچە گەپ تالىشىپ، سېپىت ھاجىنىڭ مال-دۇنياسىنى، ئۇنىڭ قولىدىكى ئاقساقاللىق گۇۋاھنامىسىنى شىپى كەلتۈرگەن بولسىمۇ، خوتۇنىنىڭ بۇ كېپىنى زادى رەت قىلالمىدى.

**كاجلاشتۇرماق** «كاجلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاجلاشماق** پ. گەپ يېمەيدىغان، مەسلىھەتكە كىرمەيدىغان بولۇپ كەتمەك، كاج ھالەتكە كەلمەك: ھوي نېمانچە كاجلىشىپ كەتتىڭ، بىر قېتىم گەپ يېسەڭ بولمامدۇ؟

**كاجلىق** «كاج» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: - ھۆسەيىن ئاكام قانچە قىلغىنى بىلەنمۇ ئەترەت باشلىقىنىڭ كاجلىقى خېمىغا يانمىدى. * ئېرىنىڭ كاجلىقىغا ئىچ-ئىچىدىن غەزەپلىنىپ ئازاب چېكىۋاتقان سارىخان ئېتىزلارنىڭ ئالا قالغان يەرلىرىنى بىر ئامال قىلىپ تېرىپ قويماقچى بولدى.

**كاجلىق قىلماق** گەپكە كىرمەي، مەسلىھەت ئاڭلىماي، ئۆزىنىڭكىنىلا راست دەپ تۇرۇۋالماق، جاھىللىق قىلماق: نېمانچە كاجلىق قىلىسەن، مېنى تاشلىۋەت دېگەندىن كېيىن تاشلىۋەت، بىكار مېنى دەپ سەنمۇ تۆگە يىسەن، گېپىمنى ئاڭلاۋاتامسەن، مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

**كاجۇ** ئى. دىئال. قۇدۇقنىڭ تاملىرى ئۆرۈلۈپ سۇنى لاي قىلىۋەتمەسلىكى ئۈچۈن، قۇدۇقنىڭ تېگىگە يەنى سۇ بار يېرىگە بېكىتىدىغان ئاستى-ئۈستى ئوچۇق تۆت چاسا جازا.

**كاجۇپ** ئى. ئېگەر تاسمىلىرىنى تىكىشتە ئۇنى قىسىپ تۇتۇپ تۇرىدىغان بىر تەرىپى يېرىق كالتەك، قىسقۇچ.

**كاجۇۋا** ئى [پ] دىئال. ئېشەك قاتارلىق ئۇلاغلارغا ئارتىشقا مۇۋاپىقلاشتۇرۇپ خۇرجۇنغا ئوخشاش توقۇغان سېۋەت.

**كاجى** ئى [خەن<ئىنگ] پاختا يىپتىن توقۇلغان بىر خىل رەخت. يۈزىنىڭ قىيپاش يولى ناھايىتى ئېنىق، ئۆرۈش يىپلىرى زىچراق كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن كىيىم-كېچەك تىكىلىدۇ.

**كاچات** ئى [پ] ① مەڭزى ئېڭەك: رەيھانەم ھارۋىدىن ئىرغىپ چۈشتى-دە، ئۇنىڭ كاچىتىغا كۈچ بىلەن بىرنى سالدى. * ئەپەندىم ئوغلىنى بازاردىن نان ئەكىلىشكە بۇيرۇپ، ئىككى سوم بېرىپتۇ ۋە كاچىتىغا بىرنى قويۇپ: — پۇلنى ئوغرىغا بەرمە! — دەپتۇ. ② قولنىڭ سالالىرى بىلەن ئالقان قوشۇلغان قىسمى، شاپىلاق: مەن ئۇنىڭ ئالدىغا

يەنە دېۋەيلەپ بېرىۋىدىم، تەتۈر كاچات بىلەن بىرنى سېلىۋىدى، مەڭزىمدىن ئوت چىقىپ كەتتى. * قىز ئاچچىقىدا يىگىتنىڭ مەڭزىگە بىر كاچات سالدى-دە، قولىنى ئىتتىك تارتىپ يىگىتكە قارىدى.

**كاچات سالماق** شاپىلاق بىلەن ئۇرماق: تاجىنسا ئەمدى ئۆزىنى تۇتالماي قالدى، ئۇ شىددەت بىلەن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئابدۇنىيازنىڭ يۈزىگە بىر كاچات سالدى.

**كاچات يېمەك** شاپىلاق بىلەن ئۇرۇلماق: يىگىت كاچات يېگەن مەڭزىنى سىلاپ قىزغا تىكىلدى.

**كاچاتلاتماق** «كاچاتلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاچاتلاشماق** «كاچاتلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرنىڭ خوتۇن-قىزلىرى ياقىلىرىنى يىرتىپ، ئۆزلىرىنى كاچاتلىشىپ يىغلاشتى.

**كاچاتلىماق** پ. شاپىلاق بىلەن ئۇرماق، كاچات سالماق: قىز ئايۇپنىڭ سول يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنى كاچاتلاپ، قار-يامغۇر يىغلاۋاتاتتى. * ئايتىللا دوم يېتىپ يىغلاپ، كېيىن ئورنىدىن قوپۇپ چېچىنى يۇلۇۋالدى. يۈز-كۆزىگە ئۇرۇپ كاچاتلىدى.

**كاچكۇل** ئى. قىش ۋاقتىلىرى مۇزلىغان كۆل ۋە دەريالاردىن سۇ ئېلىش، بېلىق تۇتۇش ئۈچۈن ئېچىلغان چوڭ تۆشۈك: پۈتۈن ئەزايى خۇددى كاچكۇلغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمدەك جاقىلداپ تىترەپ كەتتى.

**كاخېكسىيە** ئى [ر<گرېك] <تىب> بەدەن ئېغىر دەرىجىدە جۇدەش، كەم قانلىق، نېرۋا ئاجىزلىق قاتارلىق پۈتۈن بەدەن خىزمىتى زەئىپلىشىش ھادىسىسى. كۆپىنچە راك ۋە ئېغىر سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىكلەر كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**كاداك** (توغرىسى: كارداك) → **كارداك.**

**كادمىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cd (Cadmium). كۈمۈشتەك ئاپئاق، سوزۇلۇشچانلىقى كۈچلۈك، نېيتروننى ئاسان سۈمۈرىدۇ، سۇيۇقلىنىش تېمپېراتۇرىسى °321، قايناش تېمپېراتۇرىسى °778، ئېرىشچان تۇزلىرى رەڭسىز ۋە زەھەرلىك. ئۇ سۇدا ئېرىمەيدۇ، كىسلاتالاردا ئېرىيدۇ. رېئاكسىيە قازىنىنى كونترول قىلىشتا قوللىنىلىدۇ. قوغۇشۇن، قەلەي قاتارلىقلار بىلەن ھاسىل قىلغان قېتىشمىسى ئاسان سۇيۇقلىنىدۇ، ئادەتتە تومۇر ئۈچقىنىڭ بىخەتەر سىمىنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كادىر** ئى [ر<فران] دۆلەت ئاپپاراتى، ھەربىي قىسىم، خەلق تەشكىلاتى قاتارلىقلاردىكى خىزمەتچى خادىم: — ئەگەر كادىر سەندەك بولىدىغان بولسا، بولدى، بالامنى ئوقۇتمايلا قوياي، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا. * خەلق كادىرى ئۆزىنى خەلقنىڭ چاكىرى دەپ تونۇشى كېرەك.

**كادىرلىق** «كادىر» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كادىرلىققا ئىمتىھان بەرمەك.

**كار** I ئى [پ] ① ئىش: كارغا كەلمەك. ② مۇناسىۋەت، چاتاق: — ھە 4-خوتتا چۈشسەم، نېمە بولۇپتۇ؟ سېنىڭ كارىڭ نېمە؟

**كاردىن چىقماق** كېرەكسىز، ئىشقا ياردىماس بولۇپ قالماق: ھاراق ئىنسانلارنىڭ ئەقلىنى بۇزىدىغان، ئەخلاقىي، جىسمانىي جەھەتتىن ئادەمنى كاردىن چىقىرىدىغان نەرسىدۇر. * ئەگەر يامغۇر يېغىپ قالسا ئوغۇتلار كاردىن چىقىپ، قىلغان ئەجىر بىكار بولاتتى.

**كارغا كەلمەك** ئىشقا يارىماق، ئەسقاتماق: — بالام، ھەر ھالدا كارغا كېلىپ قالدى، ئىشىمۇ يامان ئەمەس، — دېدى زايىت. * قورقۇنچاقلار ھەرقانچە يەل

بەرسەڭمۇ كارغا كەلمەيدۇ.

**كارغا يارىماق** ← **كارغا كەلمەك**: بۇ ئۇسۇل هازىر كارغا ياراپ قالدى، بىز بۇ ئۇسۇلنى مۇشۇ يەردىمۇ قوللىنىش ئويىدا بولۇۋاتىمىز.

**كار قىلماق** تەسىر كۆرسەتمەك؛ رولىنى جارى قىلدۇرماق: باتۇرغا ئوق كار قىلماس (ماقال). * كۆچلۈكرەك سۈرگە دورىلىرى ۋە سۈيدۈك هەيدىگۈچىلەرنى بەرگەندە، بەدەندىكى سۇيۇقلۇق مىقدارى، بۆرەك ۋە بۆرەكنىڭ ئەهۋالىغا قاتتىق دىققەت قىلىپ تۇرۇش، سۈرگىنىڭ نورمال كار قىلىشىنى كۆزىتىپ تۇرۇش، ئەگەر نورمالسىزلىق چىقىپ قالسا تەڭشەپ تۇزىتىپ تۇرۇش كېرەك.

**كارى بولماسلىق** پەرۋا قىلماسلىق، ئېتىبار بەرمەسلىك، چاتىقى بولماسلىق: گۈندىپايلار جان قايغۇسى بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەهبۇسلارنىڭ هايات-ماماتى بىلەن كارى بولمايتتى. * سىلىنىڭ كارىڭلار بولمىسۇن، ئەمدى قىزىمنى قوشۇپ بەرگىنىمنى كۆرسۇن.

**كارى چاغلىق** كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكۈچىلىكى، هەيران قالغۇچىلىكى يوق؛ هېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ: ئۇنىڭدەك گاداي قىزنىڭ كارى چاغلىق. بىراق ئۇ ئۆيدىن نۇرغۇن ئاخباراتلارنى قولغا چۈشۈرەلەيمىز. * مۇنچىلىك جاراهەتنىڭ كارى چاغلىق، بىراق، قىز بالىدا مۇشۇنداق جاراهەت، ئىششىق بولسا تولىمۇ ئەپسىزدەك تۇرىدۇ.

**كارى يوق** چاتىقى يوق، مۇناسىۋىتى يوق؛ پەرۋا قىلمايدۇ، ئېتىبار بەرمەيدۇ: ئىشى يوقنىڭ كارى يوق (ماقال). * بېشى ئاغرىمىغاننىڭ خۇدا بىلەن كارى يوق (ماقال). * كىشىلەرنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقى بىلەن ئۇنىڭ كارى يوق ئىدى.

**كار** II تەق. ئادەم كېكىرگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: ئادەم بار يەردە «كار» قىلىپ كېكىرىش ئەدەبتىن ئەمەس.

**كارات** ئى [ئە] مەرۋايىتنىڭ ئېغىرلىقىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم بىرلىكى. ئادەتتە 0,2 گىرامغا تەڭ.

**كاراس** تەق. قاتتىق نەرسىلەرنى چاينى-غاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاراسسىدە** رەۋ «كاراس» قىلغان ئاۋازنى چىقىرىپ، «كاراس» قىلغان هالدا: كاكچىنى كاراسسىدە چاينىماق.

**كاراس-كاراس** «كاراس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: باللار قاتتىق ناننى كاراس-كا-راس چايناپ يېيىشكە باشلىدى.

**كاراس-كۇرۇس** «كاراس» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: قارا ئايغىرنىڭ كاراس-كۇرۇس قىلىپ قوناق يەۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاراسلاتماق** «كاراس» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇ قېتىپ تاشتەك بولۇپ كەتكەن زاغرىنى ناۋات چاينىغاندەك كاراسلىتىپ يېگىلى تۇردى. * ئۆينىڭ يان تەرىپىدىكى ئوت-چۆپ، شاخ-شۇمبىلار بېسىلغان ئاددىيغىنە لەمپە ئاستىدا تېخى ئېگىرى ئېلىۋېتىلمىگەن بىر ئات بىرباش قوناقنى كاراسلىتىپ يەۋاتاتتى.

**كاراك** ئى. دىئال. ئاغ.

**كارامەت** [ئە] ① ئى. بىرەر ۋەقە ياكى هادىسىنى ئالدىنئالا بىلىش: هوي، كارامەت كۆرگەندەكلا گەپ قىلىسەنغۇ؟ ② ئى. بىڭسى، گۇمپا، ماهارەت، كۈچ-قۇۋۋەت:
— مەن سەندىن تېز يۈگۈرىمەن! — دېدى كۆلچەك ياقىسىدا تۇرغان خوراز مەيدە قېقىپ،
— قېنى كارامىتىڭ بولسا مەن بىلەن قۇرۇق-لۇقتا بەسلىشىپ باق! * — مەهمۇت ئىسمىلىك يىگىتنىڭ بارلىق كارامىتى قولىدىكى ئەڭگۈش-تىبەردە. ئاشۇ ئەڭگۈشتەر ئۆزۈك قولغا

چۇشۇرۇلسە، ھەممە ئىش قولغا كېلىدۇ، — دەپتۇ. ③ ئى. ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، ھەيران قالارلىق ئىش، مەسىلە؛ مۆجىزە: ئالدىرىما قىزىم، بۇ يەردە بىر كارامەت بار، شۇ كارامەتنى كۆرۈپ بولۇپ ئاندىن ماڭ. * — ئولتۇرۇپ تۇر، نېمە كارامەت بارلىقىنى ئوقۇپ باققاندىن كېيىن بىلىمىز. ④ سۈپ. ئاجايىپ، قالتىس، ئالامەت، ھەيران قالارلىق: پۈتكۈل باغ كارامەت خۇشاللىق تەنتەنىسى بىلەن تولدى. * — سىزنىڭ بۇ ئېيتقىنىڭىز يۈز ئاتقىمۇ تەڭ قىلغىلى بولمايدىغان كارامەت ئەقىللىق ئات-دە، — دەيتتى ئۇ كۆل رەڭ قاشقىنى سىلاپ تۇرۇپ. ⑤ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**كارامەت قىلماق** ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان دەرىجىدە، ئاجايىپ ھەيران قالارلىق ئىش قىلماق: ھازىرنىڭ ئۆزىدە ئۇلار شۇنداق كارامەت قىلىۋاتىدۇكى، ھېچ شۈبھىسىز شاھنى گاداي، گادايىنى شاھ، ئاتلىقنى پىيادە، پىيادىنى ئاتلىق قىلىۋاتىدۇ، يەنە نېمە ئىش قىلالاتتى!

**كارامەت كۆرسەتمەك** ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان، تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدىغان، ئادەتتىن تاشقىرى ئىشنى پەيدا قىلماق: — ئۇنداق ئەمەستۇ، — دېدى داۋۇت ھەسرەت چەككەن قىياپەتتە ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، — ئاداش «دوست يىغلىتىپ ئېيتىدۇ، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ» دېگەن گەپ بار، سەنمۇ ئۇسمانىنى ماختاۋاتسەن، مەن ساڭا بىر كارامەت كۆرسىتەي.

**كارامىتى ئاشكارا بولماق** قانچىلىك بىلگىسى، ماھارىتىنىڭ بار-يوقلۇقى خەلق-ئالەم ئالدىدا مەلۇم بولماق: ئۇ ئاغزىدىلا دېگىنى بىلەن مانا بۈگۈن كارامىتى ئاشكارا بولدىغۇ.

**كارامىتى بار** ئاجايىپ-غارايىپ ھۈنىرى، بىلگىسى بار: ئۇنىڭ ئاجايىپ كارامىتى بار ئىكەن. * ساڭا ئوخشاش كارامىتى بار ئادەمگە بالدۇرراق ئۇچرىغان بولسام، ئوغرىلىق قىلمايتتىم.

**كارامىتىنى كۆرسەتمەك** كۈچ-قۇۋۋىتىنى، مادارىنى، بىلگىسىنى نامايان قىلماق: مانا بۈگۈن بۇ جاپاغا چىنىققان قوڭغۇر ئېتىم تۆتىمىزنىڭ ھاياتى خەۋپ ئاستىدا قالغاندا ئۆزىنىڭ كارامىتىنى كۆرسەتتى.

**كارامەتچى** ئى. ئالدىن بېشارەت بەرگۈچى؛ كارامەت كۆرسەتكۈچى: مەشھۇر يادىچىلارنىڭ يادا تاشلىرىنى كۆز يېشى بىلەن ئەملەپ تۇرۇپ ئوقۇغان مۇناجاتلىرى، كارامەتچىلەرنىڭ كارامەتلىرى ئۆز كۈچىنى يوقاتقانىدى.

**كارامەتلىك** سۈپ. كارامىتى بار، كارامەت كۆرسىتەلەيدىغان؛ ئاجايىپ-غارايىپ، سېھىرلىك: تاماشا كۆرگۈچىلەر بىگىتنىڭ بۇ كارامەتلىك خىسلىتىگە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ. * مەن سېنى ھەقىقي ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى سۈپىتىدە سېغىنىمەن، مەن سېنىڭ ھەم ساخاۋەتلىك، ھەم كارامەتلىك قوينۇڭغا تەلپۈنىمەن.

**كارانتىن** ئى [ر<فران] <تب> ئادەم، ھايۋان ياكى زىرائەتلەرنىڭ يۇقۇملۇق كېسەللىكلىرى سىرتقى جايلاردىن ئۆز رايونىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى. ئادەتتە ئۇ يۇقۇملۇق كېسەللىك رايونىدىن كەلگەن ئادەم، مال، كېمە، قاتناش ۋاسىتىلىرىنى تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش ياكى ئىزولياتسىيە قىلىش قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كارانتىن قىلماق** <تب> يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ ئۆز رايونىغا كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، يۇقۇملۇق كېسەل

رايونىدىن كەلگەن ئادەم، مال، كېمە، قاتناش ۋاسىتىلىرى قاتارلىقلارغا قارىتا تەكشۈرۈش، دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئىزولياتسىيە قىلىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللانماق.

**كارايىت** ئى ← **كارايىتى چاغلىق.**

**كارايىتى چاغلىق** ھېچقانچە ئىش ئەمەس، كارى چاغلىق: — كىلەم دېگەننىڭ كارايىتى چاغلىق، كېيىنچە ئېلىۋالارمىز، — دېدىم مەن جاۋابەن. * شۇنداق قىلغاندا بودۇن رازى بولىدۇ، بىزنى ياقلايدۇ، ئازچىلىق نارازى بولۇپ بىزگە قارشى بولسا، بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق.

**كارايىتى يوق** ئانچە چوڭ ئىش ئەمەس، ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدۇ: ئۆزىنىڭ كەمچىلىك-خاتالىقىنى كارايىتى يوق دەپ چاغلايدۇ، مانا بولار ئۆز-ئۆزىنى تەنقىد قىلىشقا بولغان توغرا تونۇشنىڭ كەمچىل بولۇشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**كارەك** ئى. دىئال. كاناي.

**كاربازول** ئى [د] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_6H_4)_2NH$ . ئاق رەڭلىك كرىستال، ئوڭايلا سوبلىماتسىيىلىنىدۇ، سىنتېتىك بوياق ۋە سۇلياۋ ئىشلەپچىقىرىشنىڭ خام ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**كاربوكسىل** ئى [ر<لات+گرېك] <خىم> كاربونات كىسلاتاسى گىدروكسىد ئاتوملار گۇرۇپپىسىنى يوقاتقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان بىر ۋالېنتلىق رادىكال.

**كادبوكسىل كىسلاتالار** <خىم> كاربوكسىل رادىكالى $(-COOH)$ بولغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسىلەن، ئاتسىتات كىسلاتاسى، ئوكسالات كىسلاتاسى قاتارلىقلار. بوياق، دورا، پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە سۇلياۋ قاتارلىقلار سانائىتىدە كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**كاربون** ئى [ر<لات] <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت، بەلگىسى C ( carbonium ). ئۈچ خىل ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى بولىدۇ، يەنى ئالماس، گرافىت ۋە كرىستالسىز كاربون. كاربوننىڭ خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق، ھاۋادا ئۆزگەرمەيدۇ. كاربون ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ مۇھىم تۈزگۈچىسى بولۇپ، سانائەت ۋە دورىگەرلىكتە قوللىنىلىشى ئىنتايىن كەڭ.

**كاربون چالا ئوكسىد** <خىم> ← **كاربون ( II ) ئوكسىد.**

**كاربون دەۋرى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ بەشىنچى دەۋرى. 75 مىليون يىل داۋاملاشقان. بۇ دەۋردە ھاۋا كىلىماتى ئىللىق ۋە نەم بولۇپ، ئېگىز ھەم قويۇق ئۆسكەن ئۆسۈملۈكلەر يەر ئاستىغا كۆمۈلۈپ قېلىپ، كۆمۈرلىشىش ۋە شەكلى ئۆزگىرىش نەتىجىسىدە كۆمۈر قەۋىتىنى شەكىللەندۈرگەن. تاغ جىنسلىرىدىن ھاك تاش، سلانېتس، قۇم تاش قاتارلىقلار پەيدا بولغان؛ ھايۋانلاردىن قوش ماكانلىقلار، ئۆسۈملۈكلەردىن قىرىققۇلاق ۋە قارىغايلار كۆرۈلۈشكە باشلىغان.

**كاربون سۇ بىرىكمىلىرى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر خىلى، يەنى ئادەم بەدىنىدە ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسىنى پەيدا قىلىدىغان ئاساسلىق ماددا. مەسىلەن، گلۇكوزا، ساخاروزا، لاكتوزا، كراخمال قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كاربون سىستېمىسى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ بەشىنچى سىستېمىسى، يەنى كاربون دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**كاربون گىدرىدلار** <خىم> تەركىبىدە

كاربون ۋه ھىدروگېن ئاتومى بولغان ئورگانىك بىرىكمه. ئه ڭ ئاددىيسى مېتاندۇر.

**كاربون مه نبه سى** <بىئول> مىكرو ئورگانىزملارنىڭ بىرىكمه تېنى ئىچىدىكى بارلىق ئورگانىك ماددىلارغا كىره‌كلىك بولغان كاربونلۇق بىرىكمىله رنىڭ ئورتاق نامى. ئاده‌تته ئانئورگانىك كاربون مه نبه سى ۋه ئورگانىك كاربون مه نبه سى ده پ ئىككى چوڭ تۈرنى ئۆز ئىچىگه ئالىدۇ. ئانئورگانىك كاربون مه نبه سىگه كاربون ( IV ) ئوكسىد، كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى قاتارلىقلار؛ ئورگانىك كاربون مه نبه سىگه قه نتله ر، ئىسپىرتلار، ئاقسىل ۋه ماي قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇنىڭ ئىچىده قه نتله ر ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ.

**كاربون ( IV ) ئوكسىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمه. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CO_2$. سۇدا ئاسان ئېرىپ كاربونات كىسلاتا ھاسىل قىلىدۇ. يانمايدۇ ھه م يېنىشقىمۇ ياردەم به رمه يدۇ. ھاۋادىكى مىقدارى تەخمىنه ن 0.04% . ئۆسۇملۈكله ر نه پەس ئالغاندا ئوكسىگېننى سۈمۈرۈپ، كاربون ( IV ) ئوكسىدنى چىقىرىدۇ. يېشىل ئۆسۈملۈكله رنىڭ فوتو سىنتېز رولىدا ئوكسىگېن ئاجرىلىپ چىقىپ، كاربون ( IV ) ئوكسىد شۈمۈرۈلىدۇ. ئاده‌تته ئۇ ناترىي كاربونات، قۇرۇق سۇ ۋه گاز سۈيى قاتارلىقلارنى ئىشله شته ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئوت ئۆچۈرۈشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ يه نه كاربونات ئانگىدرىد يه نى كاربونات كىسلاتا گازى ده پمۇ ئاتىلىدۇ.

**كاربون ( II ) ئوكسىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمه. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CO$. رەڭسىز، پۇراقسىز گاز. ھاۋادىن يېنىك، زه ھه رلىك. يانغاندا سۈس يېشىل رەڭلىك يالقۇن تارقىتىدۇ ھه م كۆپ مىقداردا ئىسسىقلىق چىقىرىدۇ. يېقىلغۇ سۈپىتىده ئىشلىتىلىدۇ، خىمىيه سانائىتىنىڭ خام ئه شياسى. كۆمۈر گازىدا كاربون ( II ) ئوكسىد بولىدۇ. ئۇ يه نه كاربون چالا ئوكسىد ده پمۇ ئاتىلىدۇ.

**كاربونات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى.**

**كاربونات ئانگىدرىد** <خىم> ← **كاربون ( IV ) ئوكسىد.**

**كاربونات كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمه. مولېكۇلا فورمۇلىسى $H_2CO_3$. ئۇ كاربون ( IV ) ئوكسىدنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى. رەڭسىز، ئىنتايىن تۇراقسىز، ئاجىز كىسلاتالىققا ئىگه. خىمىيۋى دورا ئىشله شته قوللىنىلىدۇ.

**كاربونات كىسلاتا تۇزلىرى** <خىم> ئاده‌تته نورمال تۇز ۋه كىسلاتالىق تۇز دېگه ن ئىككى تۈرگه قارىتىلىپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نورمال تۇز كۆپرەك كۆزده تۇتۇلىدۇ. نورمال تۇزغا ناترىي كاربونات ($Na_2CO_3$)، كالتسىي كاربونات ($CaCO_3$)، كالىي كاربونات ($K_2CO_3$) قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار ته بىئه ت دۇنياسىغا كه ڭ تارالغان.

**كاربونات كىسلاتا گازى** <خىم> ← **كاربون ( IV ) ئوكسىد.**

**كاربونلۇق** سۈپ. ته ركىبىده كاربون بولغان، كاربونى بار، كاربونغا ئىگه: كاربونلۇق پولات.

**كاربونلۇق پولات** <خىم> ته ركىبىده كاربوننىڭ مىقدارى 1.7% تىن تۆۋه ن ھه مده ئاز مىقداردا مانگان، كرېمنىي، گۈڭگۈرت ۋه فوسفور قاتارلىق ئارىلاشمىلار بولغان پولات. كاربوننىڭ ئاز-كۆپلۈكىگه

ئاساسەن يۇقىرى كاربونلۇق پولات، ئوتتۇرىچە كاربونلۇق پولات ۋە تۆۋەن كاربونلۇق پولات دەپ بۆلۈنىدۇ.

**كاربونىل** ئى [ر<لات] <خىم> كاربون بىلەن ئوكسىگېندىن تۈزۈلگەن رادىكال ($= CO$).

**كاربىد** ئى [ر<لات+گرېك] <خىم> كاربون بىلەن مېتال ئېلېمېنتلار ياكى بىر قىسىم مېتاللوئىد ئېلېمېنتلارنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان ئىككى نېگىزلىك بىرىكمە. ئۇنى كوۋالېنتلىق كاربىد، مېتاللىق كاربىد ۋە ئىئونلۇق كاربىد دەپ ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كوۋالېنتلىق كاربىدقا كرېمنىي كاربىد ( $SiC$ )، بوركاربىد ( $B_4C$ ) قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار قاتتىقلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولغان كرىستال بولۇپ، ئۇنىڭدىن بىلەي، قۇم چاق قاتارلىقلارنى ياسىغىلى بولىدۇ. مېتاللىق كاربىدقا ۋولفرام كاربىد ( $WC$ )، تىتان كاربىد ( $TiC$ ) قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار مېتال پارقىراقلىقى ۋە توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە كرىستال بولۇپ، قاتتىقلىقى ھەم ئېرىش نۇقتىسى ئوخشاشلا يۇقىرى كېلىدۇ. ئۇلاردىن تېز سۈرئەتلىك شىلىش پىچىقى ئىشلىنىدىغان چۆرۈك قېتىشمىلارنى ياسىغىلى بولىدۇ. ئىئونلۇق كاربىدقا كالتسىي كاربىد ($CaC_2$ )، ئاليۇمىن كاربىد ($Al_2C_3$ ) قاتارلىقلار كىرىدۇ. بۇلار توك ئۆتكۈزمەيدىغان ھەم سۇ بىلەن ئاسانلا رېئاكسىيىلىشىدىغان كرىستال بولۇپ، سۇ بىلەن رېئاكسىيىلەشكەندە كاربون گىدرىتلارنى ھاسىل قىلىدۇ. چويۇن ۋە پولات تەركىبىدىكى تۆمۈر كاربىد ( $Fe_3C$ ) مېتاللىق كاربىد بىلەن ئىئونلۇق كاربىد ئوتتۇرىسىدىكى ئۆتكۈنچى كاربىد ھېسابلىنىدۇ.

**كاربىلئامىن** ئى [ر] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئومۇمىي فورمۇلىسى $R—NC$. رەڭسىز سۇيۇقلۇق. سېسىق پۇراقا ئىگە.

**كاربىن** ئى [ر<ئىنگ] <بوت> ئاتلىق ئەسكەر ئىشلىتىدىغان مىلتىقنىڭ بىر تۈرى. مىشەكنى ئۆزى تارتىپ چىقىرىدۇ. ئارقا-ئارقىدىن ئاتقىلى بولىدۇ. قىسقا ستۋوللۇق بولىدۇ.

**كاربيۇراتور** ئى [ر<فران] <ماشىن> بېنزىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان ئىچىدىن يانىدىغان دۋىگاتېلنىڭ بىر بۆلىكى. ئۇ بېنزىننى تۇمان ھالىتىگە كەلتۈرۈپ، ھاۋا بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، سىلىندىرنى كۆيىدىغان ئارىلاشما گاز بىلەن تەمىنلەش رولىنى ئوينايدۇ.

**كارت** تەق. ئىتتىك نەرسىلەر بىلەن قەغەز، رەخت قاتارلىقلارنى كەسكەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كارتا** ئى [ر] قېلىن ياكى قېلىنراق قەغەز-دىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراق، ۋاراقچە؛ كارتوچكا: مەن بىر دۆۋە كىتاب ۋە كارتىلار ئىچىدە ئون سائەتلەپ ئولتۇرىمەن. * ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتىنى ئىشلەشتىن بۇرۇن 500 مىڭدىن ئارتۇق جۈملە كارتىسى تەييارلاندى.

**كارتىدە** رەۋ «كارت» قىلغان ھالدا، «كارت» قىلىپ: ھېلىمنىياز ئىتتىك ئورغاق بىلەن ئارغامچىنى كارتىدە كەستى.

**كارتوچكا** ئى [ر] ① قېلىن، قاتتىق قەغەزدىن تۆت بۇرجەك قىلىپ كېسىلگەن ۋاراقچە؛ كارتا: جۈملە كارتوچكىسى. * لۇغەتكە كارتوچكىلاردىكى مىساللار تاللاپ ئېلىندى. ② بىرەر كىشىنىڭ ئىسىم-فامىلىسى، ۋەزىپىسى قاتارلىقلار يېزىلغان

گۈۋاھلىق قەغەز: ئىسىم كارتوچكىسى. * ئوتتۇرا ياشلىق، چىرايى ئىسسىققىنا كەلگەن بىر ئايال ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئېلىپ قىلىپ تىزىملىغاندىن كېيىن سىخقا كىرىشكە بولىدىغان كارتوچكا بەردى.

**كارتون** ئى [ر<ئىتال] مەخسۇس ئىشلەنگەن قېلىن، قاتتىق قەغەز.

**كارتون فىلىم** <كىنو> گۈزەل سەنئەت فىلىمىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئادەم، نەرسىلەرنىڭ چىراي ئىپادىسى، ھەرىكىتى ۋە ئۆزگىرىشلىرى قاتارلىقلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا نۇرغۇنلىغان كارتون قەغەزلەرگە سىزىلىپ، ئاندىن كېيىن ئېلىش ئاپپاراتى ئارقىلىق بىر-بىرىگە ئۇلىغان ھالدا كىنوغا ئېلىنىدۇ.

**كارتون قەغەز** ← **كارتون.**

**كارتېل** ئى [ر<فران] <س ئىق> كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلات شەكىللىرىدىن بىرى، يەنى ئوخشاش بىر خىل تاۋارنى ئىشلەپچىقارغۇچى كارخانىلارنىڭ بازارنى مونوپول قىلىپ، كۆپ پايدىغا ئېرىشىش ئۈچۈن، تاۋار باھاسى، مەھسۇلات مىقدارى قاتارلىق جەھەتلەردە توختام تۈزۈشى ئارقىلىق شەكىللەنگەن ئۇيۇشما. قاتناشقۇچىلار ئىشلەپچىقىرىش، سودا ھەم قانۇن جەھەتلەردە ئۆز مۇستەقىللىكىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

**كارتىلداتماق** «كارتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: «خىزىر» گال ئۇستىرا بىلەن باينىڭ بىر باغلام بېدىدەك ساقلىنى كارتىلدىتىپ چۈشۈرۈپ تاشلاپتۇ.

**كارخانا** ئى [پ] ئىشلەپچىقىرىش، ترانسپورت، سودا قاتارلىق ئىقتىسادىي پائالىيەتلەر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تارماق. مەسىلەن، زاۋۇت، كان، تۆمۈريول، سودا شىركەتلىرى قاتارلىقلار: كارخانىلارنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇشنى كارخانا مەسئۇللىرى ئۈستىگە ئېلىشى لازىم.

**كارخانىچى** ئى. كارخانا باشقۇرۇش كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم.

**كارخانىلاشتۇرماق** پ. «كارخانىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كارخانىلاشتۇرۇلماق** «كارخانىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كارخانىلاشماق** پ. كارخانا ھالىتىگە كەلمەك، كارخانىغا ئايلانماق.

**كاردار** ئى [پ] كونا. ۋەزىر خىزمەتچىسى.

**كاردالڭ** سۈپ [پ] تەجرىبىلىك، پىششەدەم؛ قېرى: كاردالڭ ئادەم. كاردالڭ تېرەك. * ئىشنى كارداڭدىن سوراڭ، ئۇننى باداڭدىن (ماقال). * ناخشا بىردە ئۇ ئېيتىزدىن، بىردە بۇ ئېيتىزدىن ئاڭلىناتتى، ناخشىچىلار ئىچىدە بېلىنى كۆك شايى بەلباغدا باغلىۋالغان كالتە يەكتەك، بادام دوپپىلىق يىگىتلەرمۇ، بوينىغا ياغلىق سېلىپ، گۈللۈك كۆڭلەكلىرى ئۈستىدىن ئىخچام جىلىتكە كىيگەن قىزلارمۇ؛ ئۆزىنى توختاتقان چاقچاق خۇمار كاردالڭ جۇۋانلارمۇ؛ ئاقساقال، ئاق يەكتەكلىك مويسىپىتلارمۇ بارئىدى.

**كاردىنال** ئى [ر<لات] <دىن> خرىستىئان دىنىنىڭ كاتولىك مەزھىپىدىكى راھىپلارنىڭ ئەڭ يۇقىرى دەرىجىسى. پاپا ئۆلسە، كاردىناللار يىغىلىپ، ئۆز ئارا يېڭى پاپا سايلاپ چىقىدۇ. كاردىناللار ئادەتتە قىزىل تون كىيىدۇ.

**كاردىناللىق** ① «كاردىنال» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كاردىناللىققا ئېرىشمەك. كاردىناللىق قىلماق. ② سۈپ. كاردىناللارغا خاس: مونتانېللى شۇ قەدەر يېقىندىن ئۆتتىكى، قىزغۇچ كاردىناللىق چاپىنى كۆكۈيۈنىڭ يۈزىگە تېگىپ كەتتى، شۇنداق بولسىمۇ سەزمىدى.

**كاردىئوگراف** ئى [ر<گرېك] <تېب> ← ئېلېكتروكاردىئوگراف.

**كارردە** رەۋ «كار» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «كار» قىلىپ: ئۇ تاماقتىن كېيىن كارردە بىرنى كېكىرىپ سۆزىنى داۋام قىلدى..

**كارسالڭ** ئى. مىلتىقنىڭ ستۋولىنى تىقىپ ئاتىدىغان، مىلتىقنىڭ شىرىقىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان يۇملاق تۆمۈر.

**كارست** ئى [ئىنگ <نېم] <گېئول> ئاساسەن سۇ ئېقىنىنىڭ كاربوناتلىق جىنس قاتارلىق ئېرىشچان جىنسلارغا بولغان خىمىيىلىك تەسىرىنى ئاساس، مېخانىكىلىق تەسىرىنى قوشۇمچە قىلغان گېئولوگىيىلىك تەسىر جەريانى ۋە بۇ جەرياندا پەيدا بولىدىغان ھادىسىلەرنىڭ ئورتاق نامى.

**كارست سۈيى** <گېئول> ئېرىشچان جىنس قاتلىمىنىڭ ئېرىشىدىن ھاسىل بولغان كاۋاكلار (كارست ئۆڭكۈر، بوشلۇق ۋە كاۋاك قاتارلىقلار) دا ساقلانغان يەر ئاستى سۈيى.

**كار-كار** «كار II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاركىراپ** «كاركىرىماق» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: كاركىراپ قالماق.

**كاركىراپ قالماق** كۈچ-مادارىدىن، ھالىدىن كەتمەك، كارامىتى ئاشكارا بولماق: ئۇ پۇل تاپىمەن دەپ بەكرەك تاراقلاپ كېتىۋىدى، مانا ئەمدى ئۇمۇ كاركىراپ قالدى.

**كاركىراتماق** «كاركىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مانا ئەمدى ھاراق ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىپ تۆت-بەشەيلەن ئالتاغىل توۋلاشقا باشلىدى. بۇنى ئاڭلىغان ھەمدۇللا بوۋاينىڭ ئوغىسى قايناپ: — ھوي نىياز، بۇ نېمىلىرىڭنى تولا كاركىراتماي بالدۇراق يولغا سالساڭ بولمامدۇ، — دەپ كايىدى.

**كاركىراشماق** «كاركىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كوچا مەسلىبوى تولا كاركىرىشىپ ھاردى بولغاي، تۈن نىسبى بولغاندا ئەتراپ جىمىدى.

**كاركىرىماق** پ ① «كار-كار» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كار-كار» قىلماق. ② كۆچمە. كەلسە-كەلمەس، ئالتاغىل توۋلىماق، ۋارقىراپ-جارقىرىماق: — باي چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ: — مەن ئۇجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى ساتمىغان، — دەپ كاركىراپتۇ. * — ساراڭ! — دېدى گۈلئايشەم كاسىلداپ تىترەۋاتقان يىگىتنىڭ قولىنى سىلكىپ قويۇۋېتىپ، — ئادەمنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ نېمىگە كاركىرايسەن، ئەمسە؟

**كارناللىت** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك بەلگىسى $KMgCI_3,CI \cdot 6H_2O$ . تەركىبىدىكى ماگنىي %8.7، كالىي %14.1، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە تەركىبىدە بروم، بەزىدە ئازمىقداردا رۇبىدىي، سېزىي قاتارلىقلارمۇ بولىدۇ. يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. قۇراشمىسى دانىچە ياكى زىچ كاللەكسىمان، ساپلىرى رەڭسىز كېلىدۇ. بەزىدە تەركىبىدە $FeO_3$ قاتارلىق قورشىغان جىنسلار بولغانلىقتىن، سۇس قىزىل ياكى قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنىدۇ. ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. يېڭى سۇنۇق يۈزى ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2-3، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1.6.

**كاروتىن** ئى [ر<لات] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{40}H_{56}$ . قېنىق بىنەپشە قىزىل رەڭلىك كرىستال. سەۋزە، تۇخۇم سېرىقى ۋە سۈتتە مىقدارى كۆپرەك بولىدۇ. ئادەم بەدىنىدە ۋىتامىن A غا ئۆزگىرىدۇ. بەزى مېۋىلەر ۋە كۆكتاتلارنىڭ قىزىل رەڭلىك بولۇشى،

بەزى ئۆسۈملۈك يوپۇرماقلىرىنىڭ كۆز پەسلىدە قىزغۇچ سېرىق رەڭگە ئۆزگىرىشى كاروتىنىنىڭ بولغانلىقىدىن بولىدۇ.

**كارول** ئى [د] ① پادىشاھ، شاھ. ② قارتا ئويۇنىدىكى تۇزدىن كىچىك، ماتكىدىن چوڭ تۇرىدىغان قارتا.

**كارۋان** ئى [پ] كونا. ئات-ئۇلاغ، هارۋىلار بىلەن بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۈك توشۇغۇچىلار توپى: مەن كونا شەھەردىكى كارۋان سارايدىن چىقىپ، مەيخانىغا كەلگەندە ئۇنىڭغا ئۇچراپ قالدىم.

**كارۋان بېشى** كارۋاننى يېتەكلەپ ماڭغۇچى، باشقۇرغۇچى كىشى؛ كارۋان باشلىقى: ئەبلغازى كارۋان بېشى بولۇپ، هارۋىسىغا قىزىل بايراقنى قاداپ ماڭغان، شۇ چاغدا ئۇنىڭ خۇشاللىقى ئىچ-ئىچىگە پاتمىغانىدى. * — ئۈكىلار، — دېدى كارۋان بېشى سۆھبەت راسا قىزىپ ئەۋجىگە چىققاندا، — خۇدانىڭ قۇتلۇق كۈنى نۇرغۇن، سۆھبەتنىڭ داۋامىنى كېيىنگە قويايلى، ئەتە سەھەر يولغا چىقىمىز.

**كارىدور** ئى [د] ① بىنانىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرگە كىرىش ۋە ئۆيلەرنىڭ ئۆزئارا ئالاقىسى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان بوشلۇق يول: ناھىيىلىك دوختۇرخانا... ئۇزۇن كەتكەن تار كارىدور، بۇلۇڭ تەرەپتىكى 22-نومۇرلۇق ياتاق ئازادە ۋە يورۇق بولۇپ، ئىككى كارىۋات قويۇلغان. * شوپۇرلار ئىشخانىسىغا كىرىپ كەتتى. كارىدوردا يەنە ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتۈرۈلدى. ② ئىككى رايوننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تار، ئۇزۇن كەتكەن بەلباغ (رايون) غا قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ: خېشى كارىدورى.

**كارىدورلۇق** سۈپ. كارىدورى بار؛ كارىدورى بولغان: كارىدورلۇق بىنا.

**كارىز** ئى [پ] <سۆ> ① ئۇيغۇر دېهقانلىرى ئىجاد قىلغان يەر ئاستى سۈيىدىن پايدىلىنىش قۇرۇلمىسى، يەنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە يۆنەلگەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىدە كولانغان ۋە ئاستى بەلگىلىك ئۆلچەمدە بىر-بىرىگە تەشمىلەر ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇلغان قۇدۇقلار. ھەممە قۇدۇقلارنىڭ سۈيى يىغىلغاندا ئايىغىدا يەر ئۈستىگە ئېقىپ چىقىدۇ. بۇ ئاساسەن شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدە كەڭ ئومۇملاشقان: ئەتىسى ئابدۇرېھىم ئاكا يېشىنىڭ 50 تىن ھالقىپ كەتكىنىگە قارىماي، بوراندا قۇم تىقىلىپ، سۈيى توختاپ قالغان كارىزنى ئېچىشقا ئوغلى توختى، قىزى ئايگۈلنى ئېلىپ چىقتى. * ساي بويلاپ قاتار-قاتار تىزىلغان كارىز قۇدۇقلىرىنىڭ كۆپلۈكىدىن ئەجدادلارنىڭ قاۋۇللۇقى، تىرىشچانلىقى نامايان بولاتتى. ② ئازگال: كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ، كارىزغا چۈشۈپ كېتىسەن.

**كارىزچى** ئى. كارىز قازىدىغان، كارىزغا قارايدىغان كىشى: كارىزچىنىڭ بۇ ئاددىي، لېكىن تېگى چوڭقۇر ۋە ئوبرازلىق سۆزىنى ئاڭلىغان شائىر بىردىنلا خىيال دېڭىزىغا چۆكۈپ كەتتى.

**كارىزچىلىق** ئى. كارىز چېپىش ئىشى، پائالىيىتى.

**كارىزلىق** ئى. كارىز بار، كارىز قېزىلغان جاي، ئورۇن.

**كارىۋات** ئى [د] ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلاش ۋە ئارام ئېلىش ئۈچۈن تۆت پۇتلۇق قىلىپ ياسالغان ئائىلە سايمىنى: ياغاچ كارىۋات. تۆمۈر كارىۋات. * ئايگۈل كارىۋات ئۈستىدە ھېچنېمىنى تۇيماي بەخىرامان ئۇخلاۋاتاتتى.

**كارىۋاتلىق** ئى ① كارىۋاتقا باب كېلىدىغان، كارىۋات ياساشقا بولغۇدەك: بىر

كاربۇاتلىق ياغاچ. ② كاربۇتى بار؛ كاربۇات سىغدۇرغان: سۇنتاغ گۈگۈشىسىدا 40 نەچچە كاربۇاتلىق بىر دوختۇرخانا قۇرۇلۇپ، سامساق ئاكا بۇ دوختۇرخانىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇلى قىلىپ بەلگىلەندى.

**كاززاپ** سۈپ [ئە] يالغانچى، ئالدامچى، ساختىپەز، قىزىلكۆز: كاززاپ ئادەم. * ئۇ شەرمەندە ئاۋۋال ھېلىقى تۆگە بويۇن ھېلىم جادۇ دېگەن كاززاپ بىلەن تېپىشۋاپتىكەن، ھېلىم جادۇ ئەمدى ئۇنى روسۇلئاخۇنغا ئۆتتۈنۈپتۇدەك. * ھەي سىدىق دېگەن كاززاپ، ئورۇپ بېرىمەن دېگەن بۇغداينى چالا تاشلاپ قويغىنىڭنى ئاز دەپ مېنىڭ ئادەملىرىمنى بۇ يەرگە ئەكىلىۋاپسەنا!

**كاززاپلار** ئى <پەلس> مىلادىيىدىن بەش ئەسىر بۇرۇن «ئەقىل- پاراسەت» ۋە مەنىلىك ئىبارىلەرنى ئىشلەتكۈچى كەسپىي ئوقۇتقۇچىلاردىن بولغان يۇنان پەيلاسوپلىرى ئەنە شۇنداق ئاتالغان. ئۇلار بىرلىككە كەلگەن مەزھەپ ئەمەس ئىدى. دىننى تەرك ئېتىش، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئەقىلچىلىق ئارقىلىق ئىزاھلاش، ئەخلاقىي ۋە ئىجتىمائىي نىسبىيچىلىكنى تەشەببۇس قىلىش ئۇلارنىڭ ئورتاق قاراشلىرى ئىدى.

**كاززاپلىق** ① «كاززاپ» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كاززاپلىق قىلماق. ② ئى <پەلس> كۆرۈنۈشتە شەكىل جەھەتتىن توغرا ئەقلىي يەكۈن چىقىرىش ۋاسىتىلىرىنى قوللانغاندەك بولۇپ، ئەمەلىيەتتە لوگىكا قانۇنلىرىغا خىلاپلىق قىلىپ، قارىماققا توغرىدەك، ئەمەلىيەتتە بولسا ناتوغرا يەكۈنلەرنى چىقىرىش.

**كازۇئارىن** ئى [لات] <بوت> ← **كازۇئارىن دەرىخى.**

**كازۇئارىن دەرىخى** <بوت> كازۇئارىن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. كىچىك شاخلىرى كۆل رەڭ يېشىل، كۆپ بوغۇملۇق بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق- ئانىلىقى بىر تۈپتە، مېۋە رېتى شار شەكلىدە بولىدۇ. قاتتىق مېۋىسى كىچىك، قاناتلىق. بۇ ئۆسۈملۈكنىڭ تۇپراققا بولغان تەلىپى يۇقىرى ئەمەس، ئۆسۈشى تېز. شۇڭا ئىنتايىن ئورمىنى قىلىشقا مۇۋاپىق. مەنزىرە ئۆسۈملۈكىمۇ قىلىنىدۇ. ياغىچى قاتتىق، ئۇزۇن چىدايدۇ، شىپال قىلىشقا بولىدۇ. قوۋزىقىدىن كاشتان يېلىمى ئېلىنىدۇ ياكى بېلىق تورلىرىنى بوياشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كازېئىن** ئى [ر<لات] <خىم> ھايۋانات سۈتى تەركىبىدىكى ئاقسىل ماددىسىنى كىسلاتا بىلەن ئۇچراشتۇرۇپ قاتۇرۇش ئارقىلىق ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان پاراشوك. سارغۇچ ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە يېمەكلىك تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. يەنە بوياق، سۈنئىي تالا قاتارلىقلارنى ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**كاژ** تەق. قىزىق مايدا گۆش ۋە سەي قاتارلىق نەرسىلەرنى قورۇغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاژ-كۇژ** «كاژ» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئاشخانا ئۆيدىن كاژ-كۇژ قىلىپ سەي قورۇۋاتقان ئاۋاز ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاژىلداتماق** «كاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاژىلداشماق** «كاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاژىلدىماق** پ «كاژ-كاژ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كاژ-كاژ» قىلماق.

**كاس** تەق. مەلۇم نەرسىلەرنى چىشلەپ ئۈزگەندە، سوغۇقتىن مۇزلاپ تىترىگەندە

چىشىنىڭ بىر-بىرىگە سۈركىلىشىدىن چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاسا** ئى [پ] ① پىيالىدىن چوڭراق، ئاساسەن سۇيۇقلۇق ۋە سۇيۇق نەرسە قۇيۇپ ئىچىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ قاچا: بىر كاسا قېتىق. ② تاۋۇز، قوغۇن قاتارلىقلارنى ئوتتۇرىدىن بۆلگەندىكى بىر پارچىسى، يېرىمى: قوغۇننى كاسا قىلىپ يېمەك. * ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان ئادەم بىر كاسا قوغۇننى پىچاق بىلەن ئويۇپ يەپ ئولتۇراتتى. ③ ئادەم بەدىنىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى ئىككى پۇتىنىڭ بەل بىلەن تۇتاشقان قىسمى، قوڭ، يانپاش، سۆڭگەچ: بىرى ئالدىمىدىكى بالداق تۆمۈرگە ئېرىغىپ چىقىپ كاسىسىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇراتتى.

**كاسا قىلماق** ئوتتۇرىدىن ئىككى قىلماق (تاۋۇز-قوغۇن ھەققىدە): تاۋۇزنى كاسا قىلىپ يېمەك.

**كاسا يانچۇق** شىمنىڭ كاسا قىسمىغا ئورۇنلاشتۇرغان يانچۇق. ئارقا يانچۇق.

**كاساپەت** ئى [ئە] ① يامان ئاقىۋەتلەرگە سەۋەب بولغۇچى كىشى ياكى نەرسە: بۇ كاساپەتنىڭ كەينىگە كىرسەڭ بىرەر بالاغا يولۇقماي قالمايسەن. ② «بالا تەگكۈر»، «ئۆلگۈر» دېگەن مەنىلەردىكى ھاقارەت سۆزى: مىڭلاپ-مىڭلاپ دانلار قېنى؟ ئۈجمىنىڭ شېخىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كاساپەتلەر يەپ كەتتى-دە، قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمىغا قاراپ يېتىپ مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى. ③ شەخس قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ «سەۋەبى، تۈپەيلى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: مېنىڭ بۇ يەرگە كىرىپ قېلىشىم ئاشۇنىڭ كاساپىتى.

**كاساپىتى تەگمەك** بىراۋنىڭ ئىشىنىڭ دەخلىسى يەتمەك، كاشىلا پەيدا قىلماق: يامانىنىڭ كاساپىتى تېگەر، ياخشىنىڭ شاراپىتى (ماقال). * سېنىڭ كاساپىتىڭ تەگدى، بولمىسا، ئۇلار مېنى نېمە قىلاتتى.

**كاساپىتىگە كەتمەك** بىراۋنىڭ يامان ئىشىغا چېتىلىپ قالماق، بىراۋنىڭ سەۋەبىدىن زىيان تارتماق: ئابلىز قارى تۇغقىنىنىڭ كاساپىتىگە كېتىپ قېلىشىدىن قورقاتتى. * — سەن ئىپلاسنىڭ كاساپىتىگە كەتتىم. گەپ ئاڭلاپ ئورۇنسىز ھاڭگىرىمىغان بولساڭ بۇ ئىش يوق ئىدى، — دەپ غۇدۇڭشىدى ئالىم.

**كاساپەتچىلىك** ئى. پېشكەللىك، دومىلدىلىق: دۇنيادا ھاراقتىن كىممۇ ياخشىلىق كۆرۈپتۇ؟ رەسۋاچىلىق، كاساپەتچىلىكنىڭ ھەممىسى ھاراقتىن چىقىۋاتىدۇ. * ئىلگىرى تاشقى سودا ساھەسىدە ئىشلەيتتىم. كېيىن كاساپەتچىلىككە ئۇچراپ يېزىغا كۆچۈرۈلگەن.

**كاسات** سۈپ [ئە] خېرىدارى يوق، بازىرى چىقمىغان، ئۆتمەس: كاسات مال. بازار كاسات. * ناسىر جىڭلى بازار ئىزدەپ باشقا ناھىيىلەرگە باردى، لېكىن كاسات مال ھېچ يەردىن بازار تاپالماي دۆلەتنىڭ 30 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇلىنى بېسىپ ياتتى. * — بازار قۇرۇسۇن، كۆز بازىرى خەققە چاپ-چاپ بولغىنى بىلەن ماڭا كاسات، — دېدى ئۇ.

**كاساتچىلىق** ئى. بازىرى بولمىغان، خېرىدارى يوق، كاسات ھالەت: ئەنە ئۇ كېچە-كۈندۈز مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ ئۆتۈك، مەسە تىكىدۇ. بازارلار كاساتچىلىق، ئامالسىز بازار ئىزدەپ، ئېشەكلىك يۇرتمۇيۇرت دوقۇرۇپ يۈرىدۇ.

**كاساتلاشتۇرماق** «كاساتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ قاراپ تۇرۇپ باشقىلارنى دەپ ئۆزىنى كاساتلاشتۇرغانلىق ئەمەسمۇ.

**كاساتلاشتۇرۇلماق** «كاساتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاساتلاشماق** پ. كاسات بولۇپ قالماق، بازىرى چىقماي قالماق: مەھسۇلات تۈرى ۋە ئۆلچەملىرى بازارغا ماس كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن كاساتلىشىپ قېلىپ قالدى.

**كاساتلىق** «كاسات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**كاساس** ئى. دىئال. چاتىقى، كارى.

**كاسالڭ** ئى. دىئال. تەڭنە.

**كاستروما** ئى <جۇغ> روسسىيەدىكى ۋولگا دەرياسىنىڭ ئىككى قىرغىقى ئەتراپىدىكى رايون.

**كاستروما كالىسى** <زوئول> كالىلارنىڭ سۈت ۋە گۆش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان نەسىللىرىدىن بىرى. روسسىيەدىكى كاستروما رايونىدىن چىقىدۇ. ياخشى بېقىلسا بۇقىلىرى 900 — 1000 كىلوگرام، سىيىرلىرى 650 كىلوگرام كېلىدۇ. 54% — 58% گۆش بېرىدۇ. سۈت بېرىش مەزگىلىدە ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 4910 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. سۈتى تەركىبىدە 39% ماي بولىدۇ.

**كاستۇرۇلكا** ئى [ر] ئاليۇمىندىن سىلىندىر شەكلىدە ياسىلىدىغان، ئىككى جىمبىلى، ئىككى قۇلىقى ۋە تۈۋىقى بولىدىغان بىر خىل كورا.

**كاستۇم** ئى [ر<فران] قايرىما ياقىلىق، كۆكرەك ئالدى ئوچۇق، ئىككى، ئۈچ ياكى بىر تۈگمە بىلەن ئېلىنىدىغان، كاسىنى بېسىپ تۇرىدىغان سىرتقى كىيىم.

**كاستۇم-بۇرۇلكا** كاستۇم ۋە بۇرۇلكا: پەيزۇللا بۈگۈن ئورنىدىن سەھەردىلا تۇردى-دە، سارجا كاستۇم-بۇرۇلكىنى ئەمەس، ئىش كىيىمىنى كىيدى.

**كاستۇملۇق** سۈپ ① كاستۇمى بار، كاستۇم كىيگەن: ئۇنىڭ ھازىر ئىش-ئوقىتى ياخشىلىنىپ خېلى ھاللىنىپ قالدى. بىر يەرگە بېرىشتىمۇ غەم قىلمايتتى. چۈنكى، بىرنەچچە يۇرۇش كاستۇملۇقمۇ بولۇپ قالغانىدى. * ئۇدۇلدىكى تار كوچىدىن بېشىغا شىلەپە كىيگەن سۇر رەڭ كاستۇملۇق بىر كىشى چىقىپ كەلدى. ② كاستۇم تىكىشكە يېتىدىغان: بىر كاستۇملۇق سارجا. // كاستۇملۇق سېتىۋالماق.

**كاستۇم-يوپكا** كاستۇم ۋە يوپكا.

**كاسسا** ئى [ر<ئىتال] پۇل بىلەن ئىش ئېلىپ بارىدىغان، ئىقتىسادقا ئائىت مۇئامىلە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئايرىم ئورۇن ياكى تەشكىلنىڭ ئومۇمىي نامى: ئامانەت كاسسىسى. ھەمكارلىق كاسسىسى.

**كاسسىدە** رەۋ «كاس» قىلىپ، «كاس» قىلغان ھالدا: كاسسىدە ئۈزۈۋالماق.

**كاسسىر** ئى [ر] <مال> ئورگان، تەشكىلات، كارخانا قاتارلىقلاردىكى نەق پۇل، چەك، تالون قاتارلىقلارنىڭ كىرىم-چىقىم ھېساباتىغا مەسئۇل خادىم.

**كاسسىرلىق** «كاسسىر» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى ئۆز خىزمەتلىرىدىن رازى بولۇپ، رۇقىيە شەھەر مەركىزىدىكى بىر سودا ماگىزىنىدا كاسسىرلىق قىلاتتى، ئۆتكۈر بولسا كان رايونلۇق سودا ئىدارىسىدە بوغالتىر بولۇپ ئىشلەيتتى.

**كاسسئوپىيە** ئى [د] <ئاستر> ← **كاسسئوپىيە يۇلتۇز تۈركۈمى.**

**كاسسئوپىيە يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئالەم قۇتۇپىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى بىر سائەت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 63°، يەنى ئالەم قۇتۇپى رايونى ئىچىدە بولۇپ، چوڭ ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى

بىلەن يىراقتىن ئۇدۇل كېلىدۇ.

**كاسكا** سۈپ ① قۇيرۇقنى چاتىرىقىغا تىقىپ، چىشلىرىنى كاسىلدىتىپ تۇرۇپ قاۋايدىغان، كاسكاس (ئىت ھەققىدە): كاسكا ئىت. * مەن سېنى ئادەممىكىن دەپتىمەن، ئەسلىدە بىر كاسكا ئىت ئىكەنـ سەن، يوقال كۆزۈمدىن. ② كۆچمە. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان: كاسكا خوتۇن. * بۇۋۇمنىڭ ئەل ئىچىدە «توختىخان كاسكا» دېگەن لەقىمۇ بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ، ئاشۇ لەقىمگە مۇناسىپ ھالدا ئاغزى-ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەيتتى.

**كاسكاس** سۈپ → **كاسكا**: نېمە بولدى دەيسەنغۇ!؟ ھېلىقى ھەنىپەك دېگەن كاسكاس بىلەن راسا ئۇرۇشتۇم.

**كاس-كاس** «كاس» سۆزىنىڭ تەكرار- لىنىشى.

**كاسكاسلىق** ئى. ئاغزى بېسىقماي تولا سۆزلەيدىغان ئادەت.

**كاسكى** (توغرىسى: كاسكا) → **كاسكا.**

**كاسىپ** ئى [ئە] قول-ھۈنەرۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغۇچى، ھۈنەرۋەن: قىز يەنە ماھىر كاسىپ ئىدى.

**كاسىپلىق** ئى. كاسىپلار قىلىدىغان ئىش، ھۈنەر.

**كاسىلاتماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسىم تاۋۇزنى كاسىلىتىپ قوشۇقتا ئىشتاھا بىلەن ئويۇپ يېدى.

**كاسىلاشماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كاسىلانماق** «كاسىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاسىلداتماق** «كاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سىڭلىمنىڭ بالىلىرى كاسىلدىتىپ چىشلەپ، ھۇزۇر بىلەن ئالما يېيىشمەكتە ئىدى.

**كاسىلداشماق** «كاسىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: - تولا كاسىلداشماڭلار، ھېلى ئۆزى كىرىپ قالسا كىرىشكە تۆشۈك تاپالماي قالىسىلەر، - دېدى ئايگۈل باشقىلارغا.

**كاسىلدىماق** پ ① «كاس-كاس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كاس-كاس» قىلماق: - پۈتۈنلەي تۆھمەت، - دېدى پەرىزات بوغۇلۇپ قالغان ئاۋازدا. ئۇ ئىچ-ئىچىـ دىن مۇزلاپ، تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئەگەر چىشلىرى كاسىلداپ تۇرمىغان بولسا ئورنىدىن قوپۇپ سۆزلىمەكچىدى. ② كۆچمە. تولا سۆزلـ مەك، كاپشىماق: بۇ چاغدا يەنە بىرى ئورنىدىن تۇرۇپ كاسىلدىغىلى تۇردى. * كەچۈرۈڭ، تولا كاسىلداۋېرىپ ۋاقتىڭىزنى ئالدىم.

**كاسىلىق** سۈپ. كاسا قىلىشقا بولىدىغان، كاسا چىقىدىغان: كاسىلىق ياغاچ.

**كاسىلىماق** پ. كاسا قىلماق، كاسا قىلىپ يارماق: ھەسسەنەي، شۇنداق ئۇسساپ چاكىلدىغاندا سەھەردە ئۈزۈلگەن شېكەر سۈيى ياكى قوزىبايدىن بىرى بولسا-ھە؟! ئولتۇرۇپلا كاسىلاپ يەۋالسا كىشى.

**كاسىمىق** ئى. مىسكەرچىلىكتىكى كىچىك يۈزلۈك، پۈتلۈق سەندەل.

**كاسىنا** سۈپ [پ] بۇيرۇتۇلغان، بۇيرۇتۇش ئارقىلىق قىلىنىدىغان: ئاسىمنىڭ دادىسى شايى-بەقەسەم توقۇيدىغان ھۈنەرۋەن-كاسىپ ئىدى، كاسىنا ئىش قىلاتتى. * ئۇ دۇكان ئايرىپ چىققاندىن كېيىن كۆپىنچە كاسىنا ھۈنەر قىلدى. // دەرۋەقە، ھازىر نۇرغۇن جايلاردا كاسىنا ئىشلەش، شېرىكلىشىپ تىجارەت قىلىش يولغا قويۇلدى. لېكىن كاسىنا ئىشلەيمىز دەپ ئۆزىمىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى قايرىپ قويساق بولمايدۇ.

**كاسنە** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق،

سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئوتتۇرىسى كاۋاك، كۆپ شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، سېپى يوق. يوپۇرماقلىرى غولىنىڭ تۈۋىدىن تاكى. شېخىنىڭ ئۇچىغىچە بارغانسېرى كىچىكلەپ، ئاخىرى يوقىلىدۇ. گۈلى قولتۇقىدىن ئۆسىدۇ، رەڭگى ھاۋا رەڭ. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، جىگەرنى تازىلاش، يۆتەلنى بېسىش، ھاسىراشنى توختىتىش رولى بار.

**كاسىنچى** ئى. بۇيرۇتما ئىش قىلىدىغان ھۈنەرۋەن-كاسىپ.

**كاسىنچىلىق** ئى. بۇيرۇتۇلغان بۇيۇملارنى تەييارلاش ئىشى؛ كاسىنا ئىش، ھۈنەر.

**كاسۋال** ئى [ر] ئۈچ قىرلىق ئېكەك.

**كاشا** ئى. يۇڭدىن توقۇلغان ياپىلاق ئارغامچا.

**كاشال** (توغرىسى: كاشىلا) ← **كاشىلا.**

**كاشتان** ئى [ر<لات] <بوت> ① دۈپ دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، يۇملاق شەكىلدە بولۇپ، ئارقا تەرىپىدە ئاق رەڭلىك تۈۋىتى بولىدۇ. گۈلى سارغۇچ ئاق، مېۋىسى قاتتىق مېۋە، كۆپ تىكەنلىك شاكالغا ئورىلىپ تۇرىدۇ، پىشقاندا شاكىلى يېرىلىپ تارىلىپ چىقىدۇ. مېۋىسىنى يېيىشكە بولىدۇ، قوۋزىقى ھەم شاكىلى تېرە ئەيلەش ۋە بوياشتا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كاشتان دەرىخى** <بوت> ← **كاشتان.**

**كاشتان پىلىمى** <بوت> تېرە ئەيلەشكە ئىشلىتىلىدىغان ماتېرىيال. ئاساسلىق تەركىبى تاننات كىسلاتا بولۇپ، كاشتان دەرىخى، دۈپ دەرىخى قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ.

**كاشتانلىق** ئى. كاشتان دەرىخى كۆپ ئۆسكەن جاي، يەر.

**كاشكاپ** ئى [پ] يېزت. قاينىتىپ چىلاپ ئىچىلىدىغان دورا: باغنىڭ ئىچىدە يىلان، كاشكاپ بولىدۇ چىلان. بار ئوتتۇغا سەپ قويۇپ، ئەجەب قىلدۇڭغۇ ھەيران.

**كاشكى** يۈك [پ] «شۇنداق بولسا ئىدى» دېگەن مەنىدىكى بىر ئىشنىڭ ئورۇندىلىشىدىن ئۈمىد كۈتۈپ ئېيتىلىدىغان سۆز: ئۇ ياتلىق قىلىنغاندىن كېيىن گۈزەل ھاياتنىڭ خۇشلۇقىنى ئاز-تولا كۆرگەن بولسا، ئالتۇندەك ياشلىقنىڭ لەززەت-ھۇزۇرىنى باشقا قىزلارغا ئوخشاش سۈرگەن بولسا، كاشكى! ئۇنىڭ كۆرگىنى ناھايەت تىل-ھاقارەت، كەمسىتىش، خورلاش، تاياق-توقماق بولدى! * ماقۇل، بالام. قار ياغقىلى تۇرۇپتۇ. بۇ قاراڭغۇدا قانداقمۇ كېتەرسىلەر؟ ئايدىڭ بولغان بولسىمۇ كاشكى.

**كاشى** ئى [پ] ① ساپال سىرى. ② <ئارخېئول> قەدىمكى بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىلگەن، ئۈستىگە ماي بوياق بېرىپ پىشۇرۇلغان ساپاللارنىڭ ئورتاق نامى.

**كاشىلا** ئى [پ] ① ماشىنا ۋە ھەر خىل ئەسۋابلارنىڭ بۇزۇلۇشى ياكى باشقا سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان نورمالسىزلىق: ئەخمەتجان ماشىنىنى ئىنچىكىلەپ تەكشۈردى. ئۇ ئوت ئالدۇرۇش سىستېمىسىدا كاشىلا بار-يوقلۇقىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈۋېدى، گازلاشتۇرغۇچتا ئوت قايتىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلمىدى. ② توسقۇنلۇق، دەخلى؛ چاتاق: كاشىلا بولماق. كاشىلا قىلماق. * سۆز قوغلىغان كاشىلىغا يولۇقار، يول قوغلىغان خەزىنىگە يولۇقار (ماقال). * ئۇ قۇرۇلتايدىن گويا ئۆزىگە قانات پۈتكەندەك پەرۋاز بىلەن قايتىپ كەلدى. كۆڭلىگە

نۇرغۇن ئىشلارنى پۈككەندى. بىراق بىرنى باشلىسا، يەنە بىرىگە كاشىلا چىقتى.

**كاشىلا بولماق** بىرەر ئىشنىڭ قىلىنىشى، بېجىرىلىشىگە توسقۇن بولماق: ئۇ ئاسىيە-نىڭ سىلىق مۇئامىلىسىگە قاراپ ئۇنى تېزلا قولغا كەلتۈرەلىشىگە ئىشەنسىمۇ، بىراق زەينەپ-نىڭ كاشىلا بولۇشى ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلاتتى.

**كاشىلا قىلماق** بىرەر ئىشنى قىلىشقا، بېجىرىشكە توسقۇنلۇق قىلماق: ئۇنىڭ ئۇستىدىكى كۆل رەڭ پەلتوسى ئىلدام مېڭىشقا كاشىلا قىلاتتى.

**كاشىلىسىز** رەۋ. كاشىلىغا ئۇچرىماي، توسقۇنلۇقسىز: سەمەت ھېچقانداق كاشىلىسىز ھۆكۈمەت قورۇسىغا يېتىپ كەلدى.

**كاشىلىق** سۈپ. كاشىسى بار، كاشى قويۇلغان: تاۋاپ دېگىنى ئۇلارنىڭ ھەزرىتى ئاپئاق. ياسالغان ھەشەمەتلىك كاشىلىق تاغ.

**كاشىم** ئى [پ] <بوت> كۆنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىككى-ئۈچ قېتىم قايتىلانغان پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى ئاق، مېۋىسى سوقىچاق. سېچۇەن، يۈننەن قاتارلىق ئۆلكىلەردىن چىقىدۇ. يىلتىزسىمان غولى دورا قىلىنىدۇ. ھەيزنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، ئاغرىق پەسەيتىش رولى بار.

**كافېدرا** ئى [ر<گرېك] <مائار> ئالىي مەكتەپ-لەردىكى ئوقۇتۇش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئاساسىي بىرلىك. ئادەتتە بىر ياكى بىرنەچچە ئۆزئارا مۇناسىۋەت-لىك پەنلەر بويىچە تەشكىللىنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئوقۇتۇش ئىشلىرى، ئىلمىي تەتقىقات، ئوقۇتقۇچىلار-نىڭ بىلىم ئاشۇرۇشى، ئاسپىرانتلارنىڭ خىزمىتى قاتارلىق خىزمەتلەرنى تەشكىل-لەش، يېتەكلەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**كاكا** ئى [ر] ① تۇخۇم. ② كۆچمە. ئەرلەر-نىڭ جىنسىي ئەزاسى.

**كاكار** ئى (ر<فران) ھەربىي، ساقچى قاتارلىقلارنىڭ باش كىيىمىگە تاقىلىدىغان ئىزناك، بەلگە.

**كاكائو** ئى [ر<ئىسپان] ① <بوت> جۈگگو چىنارى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلدە، گۈل تاجى سارغۇچ، گۈل كاسىسى ھال رەڭ، مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى قىزىل ياكى سېرىق بولىدۇ. ئۇرۇقى قورۇپ، پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئېلىنغان پاراشوكىدىن ئىچىملىك ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن چىقىرىلغان ياغ دورا ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ تروپىك بەلباغ رايونلىرىدىن چىقىدۇ. ② ئۇرۇقىدىن ئىشلەنگەن پاراشوك. ③ ئۇرۇقىنىڭ پاراشوكىدىن تەييارلانغان ئىچىملىك.

**كاكتۇس** ئى [ر<لات] <بوت> كاكتۇس ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك. غولى شار ياكى ئېللىپس شەكىلدە، ئەتلىك، ئۇزۇنسىغا قىرلىق كېلىدۇ. قىرلىرى ئۇستىدە توپ ھالەتتە ئۆسكەن تىكەنلىرى بولىدۇ. گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**كاكچا** ئى پ. نېپىز ئېچىپ، قورۇتۇپ پىشۇرۇلغان نان: سارىخان ئانا ئۇلارنىڭ ئالدىغا داستىخان سېلىپ، چىنىلەرگە قايمىقنى لەيلىتىپ سۈتلۈك چاي قۇيدى ۋە يۇزىگە سىيادان، پىياز سۈركەلگەن كاكچىلارنى ئۇشتۇدى.

**كاككۇك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى قارا كۆل رەڭ، قۇيرۇقىدا ئاق داغلىرى، قورسىقىدا توغرىسىغا كەتكەن قارا يوللىرى بولىدۇ. باش يازدا كېچە-كۈندۈز توختىماي سايرايدۇ. كېپىنەك قۇرتى قاتارلىقلارنى تۇتۇپ يەيدۇ. پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ. كۆپىنچىسى باشقا قۇشلار چاڭگىسىغا تۇخۇم سالىدۇ.

**كاككۇك بىلەن زەينەپتەك** بىر-بىرىگە تەلپۈنۈشكەن، ئەمما بىرگە بولالمىغانلىقنى ئىشارە: تاڭ سەھەردە ئېرىقتا، مۇز توڭلاپتۇ ئەينەكتەك. قاچانغىچە يۈرىمىز، كاككۇك بىلەن زەينەپتەك.

**كاككۇك زىغىرى** <بوت> مۇخلارنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈك تېنى كىچىك، پاكار، تىك ئۆسكەن غولى بولىدۇ. غولىدا ناھايىتى كىچىك يېشىل يوپۇرماقلىرى بولۇپ، يوپۇرمىقى ناھايىتى نېپىز بىرلا قەۋەت ھۈجەيرىدىن تۈزۈلىدۇ. يىلتىزى بولمايدۇ. يالغان يىلتىزلىرى ئارقىلىق تۇپراققا تۇراقلىشىدۇ ۋە تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق ئالىدۇ. سپورا ھاسىل قىلىش ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. سپورا ھاسىل قىلىدىغان ئەزاسى غوزەك دەپ ئاتىلىدۇ، غوزەكنىڭ خۇددى قۇشنىڭ تۇمشۇقىغا ئوخشاش تۇمشۇقى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن «كاككۇك زىغىرى» دەپ نام ئالغان.

**كاككۇكگۈل** ئى [كاككۇك+گۈل] <بوت> ① كاككۇكگۈل ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان ياكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى كۆپىنچە قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**كاكسالتاڭ** سۈپ [كاكا+سالتاڭ] قول ئىلكىدە ھېچنېمىسى يوق، ھەممە دەسمايىسىدىن

ئايرىلغان.

**كاكىل** ئى. تام سۇۋاش ئۈچۈن سامان ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلىدىغان لاي: ئۇلار ئۆيلىرىنىڭ تېمىنى ئىچىدىن تېشىپ، پەقەت سىرتىدىكى كاكىلىنىلا قويۇپ، تەييارلىنىپ تۇرۇشقانىكەن.

**كاكىل لاي** ← **كاكىل**.

**كاكىللىق** سۈپ. كاكىل بىلەن سۇۋالغان؛ كاكىل قىلىنغان: كاكىللىق تام. * بەزى رايونلاردا خىش-كېسەك ئىشلەتمەي سېغىز لاي بىلەن ئۆينىڭ تېمى قوپۇرۇلىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن كەتمەن بىلەن يۈزىنى تەكشى قىرىپ ئۈستىدىن كاكىللىق لاي بىلەن سۇۋايدۇ.

**كاكىلىماق** پ. دىئال. تۇخۇم تۇغماق (مېكىيان ھەققىدە).

**كاكىنەچ** ئى [پ] <بوت> چەيزە ئائىلىسىدىكى كۆپ ياكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، شاخلانمايدۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق، گۈل كاسىسى مېۋىسى بىلەن بىرگە چوڭىيىپ، خالتىغا ئوخشاپ قېلىپ مېۋىنى پۈتۈنلەي ئورىۋالىدۇ. مېۋىسى پىشقاندا قىزىرىدۇ، سىرتىدىكى خالتىغا ئوخشاش گۈل كاسىسىمۇ قىزىرىدۇ. ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ، دورىمۇ قىلىنىدۇ. ئىسسىقنى قايتۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش رولى بار.

**كالڭ** I ئى [خەن] ① ئۆينىڭ ئىچىگە خىش ياكى كېسەكتىن ئېگىز قىلىپ ياسىلىدىغان سۇپا شەكىللىك قۇرۇلما. ئۇنىڭ ئوچىقى، تېگىدە ئىس ماڭىدىغان يوللىرى بولىدۇ. ئوچاققا ئوت قالىغاندا ئىسسىنىڭ تەسىرىدە ئۆي ئىسسىيدۇ. ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئارام ئېلىشقىمۇ، يېتىپ ئۇخلاشقىمۇ بولىدۇ: يىگىتلەر چىراغ كۆتۈرۈپ

ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرگەندە 17_18 ياشلاردىكى بىر قىز كاڭدا سوزۇلۇپ ياتاتتى. * كالڭ ئۈستىدە توختىتىلغان جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇۋالغان بەش-ئالتە كىشى قويۇق پاراڭ-چاقچاقلار ئىچىدە ئۈلپەتلەشمەكتە ئىدى. ② تۆمۈرچىلەر ئىشلىتىدىغان شامال ساندۇقنىڭ ئاستىنقى قىرىنچىسى.

**كالڭ** II تەق. ① ئىتنى ئۇرغاندا ياكى ئىت بىرنەرسىدىن زەربە يېگەندە چىقىدىغان ئاۋاز. ② مەيدىسىگە سوغۇق تەگكەنلىك تۈپەيلى قاتتىق يۆتەلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كاڭشاڭ** ئى [خەن] جانت. كالڭ: يارىممىكىن ئەمەسمىكىن، كاڭشاڭدا ياتقان. بىر كۈلۈپ ئىككى كۈلۈپ، جانىنى قاقشاتقان.

**كاڭشتماق** «كاڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاڭششماق** «كاڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك، دەرىجىسى: ساينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئېقىۋاتقان لاي سۇغا كۆۋرۈك ئورنىدا قويۇلغان ئىككى-ئۈچ تال قارا ياغاچتىن گاھ ئۇ ياققا، گاھ بۇ ياققا قوغلىشىپ ئۆتۈپ يۈرگەن ئىتلارنىڭ كاڭششلىرى ۋە سەھەردە ھەر تەرەپلەرگە ماڭغان هارۋىكەشلەرنىڭ ناخشىلىرى، ئېشەك-لەرنىڭ هاڭرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كاڭشماق** پ ① «كالڭ» قىلماق، «كالڭ-كالڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقار-ماق: مەن ئىتنى دېرىزىدىن يىراققا ئاپىرىپ باغلاپ قوياي. بولمىسا كاڭشىپ ئۇيقۇلىرىنى بۇزىدۇ. ② كۆچمە. ئۇنتاق گەپنى تولا قىلماق، ۋالاقشىماق: — نېمە؟! — ھېلىقى قىز ئۇنىڭغا ئەسەبىيلىك بىلەن قادالدى، — سەن بۆرىنىڭ كۈچۈكى نېمىدەپ كاڭشىۋاتىسەن.

**كاڭكا** I ئى. دىئال. كاللەك، مونەك.

**كاڭكا** II ئى. دىئال. چوڭ سېۋەت.

**كالڭ-كالڭ** «كالڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاڭلىق** سۈپ. كېڭى بار، كالڭ سېلىنغان: كاڭلىق ئۆي. * ئاخشامدا ئۇخلىغاندا ئەرلەرنىڭ ھەممىسى ئۆيدە ئاستىغا پاخال سېلىپ، بېشىغا خىش قويۇپ ئۇخلايتتى؛ ئاياللارغا ئېتىبار قىلىنغاچقا، ئۇلار كاڭلىق ئۆيدە يېتىشاتتى.

**كاڭمەنزە** ئى [خەن] كاڭنىڭ ئۈستىگە ياپىدىغان، سامان ئارىلاشتۇرۇپ ياسى-لىدىغان چوڭ كېسەك.

**كاڭلدىماق** پ «كالڭ-كالڭ» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كالڭ-كالڭ» قىلماق: ئۇنىڭ مەيدىسىگە سوغۇق تېگىپ قالدىمۇ نېمە، توختىماي كاڭلداپ يۆتەلگىلى تۇردى.

**كالا** I ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى، تېنى چوڭ، ئاچا تۇۋاقلىق هايۋان. بېشىدا كۆپىنچىسىنىڭ بىر جۈپ مۈڭگۈزى، قۇيرۇقىنىڭ ئۇچىدا ئۇزۇن تۈكلىرى بار، كۆشىيدۇ. كۈچلۈك، ئىشلەپچىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ. سۈت، گۆشلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ. تېرىسى، تۈكى ۋە سۆڭەكلىرى-نىڭ پايدىسى كۆپ.

**كالا باشلىق رەندىلەش ستانوكى** <ماشىن> رەندىلەش ستانوكىنىڭ بىر خىلى. ئىشلىگەندە پىچاق ئالدى-ئارقىغا تەكرار ھەرىكەت قىلىدۇ. دېتال رۇستەككە چىڭىتىلىپ، كىرگۈزۈپ بېرىش ھەرىكىتىنى قىلىدۇ. ئىشلەش هالىتى كالىنىڭ ئۈسۈشىگە ئوخشىغاچقا شۇنداق ئاتالغان. كۆپىنچە كىچىك دېتاللارنى رەندىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**كالا پاقا** <زوئول> پاقىنىڭ بىر تۈرى. تېنى ئادەتتىكى پاقىلاردىن خېلى چوڭ. تۆت ئايىغى ئالاهىدە تەرەققىي قىلغان، ئەسلىي ماكانى شىمالىي ئامېرىكا. نەم ئورۇنلاردا ياشايدۇ. كۈركىرىگەندە چىقىدىغان ئاۋازى كالىنىڭ ئاۋازىغا

ئوخشاپ كېتىدۇ، هاشارات، بېلىق، راكىلارنى ئوزۇق قىلىدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**كالا كۆز** يوغان كۆز: بۇ گەپتىن چۆچۈگەن پاشا خوجىنىڭ كالا كۆزلىرى چۆچەكتەك ئېچىلىپ پارقىراپ كەتتى.

**كالا يىلى** <ئاستر> ئون ئىككى مۈچەلنىڭ ئىككىنچىسى.

**كالا** II ئى. دىئال. تەپكۈچ ئويۇنىنىڭ پاشنا بىلەن تېپىپ ئوينايدىغان بىر خىل شەكلى.

**كالاچ** ئى [ر] ئۆتۈك، مەسە، بەتىنكە، شىبلىت قاتارلىق ئاياغلارنىڭ نەم ۋە پاسكىنا بولۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۈستىگە قاپلاپ كىيىدىغان رېزىنكە ئاياغ كىيىمى: ئالدىراپ كەتكەن ئەخمەت بىر تىزى بىلەن يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، ئالقانلىرى بىلەن باينىڭ كالىچىنى سۈرتەتتى.

**كالاسكا** ئى [ر] ئىككى ئات قوشىدىغان تۆت چاقلىق هارۋا: بۇ لەگلەكنى ئۇ قارىدۆڭنىڭ يۇقىرىسىدىكى تۆپىلىككە ئېلىپ چىقىپ، ئىككى ئات قوشقان كالاسكىدا ئولتۇرۇپ ئۇچۇردى.

**كالا ـ كۇتە** (توغرىسى: كالتە ـ كۇتە) ← **كالتە ـ كۇتە.**

**كالاڭ** سۈپ. قىڭغايغان، ئەگرى، تۈز ئەمەس: (ماشىنا، تراكتور، هارۋا، ۋېلىسىپىت.قاتارلىقلارنىڭ چاقى هەققىدە): كالاڭ هارۋا. كالاڭ ۋېلىسىپىت.

**كالاڭ كەتمەك** قىڭغىر، ئەگرى بولۇپ قالماق: ياخشى قۇراشتۇرۇلمىغانلىقتىن يېڭىلا ئالغان ۋېلىسىپىتنىڭ ئارقا چاقى بىر ئايغا قالماي كالاڭ كەتتى.

**كالاڭپاي** (توغرىسى: كالانپاي) ← **كالانپاي.**

**كالاڭچۇر** ئى [خەن<ئىنگ] <تەن> بىر خىل كۆكۈل ئېچىش ئويۇنى. چۆرىسىدە ئېگىز قىرى، تۆت بۇلۇڭىدا يۇملاق تۆشۈكى بار چاسا تاختا ئۈستىگە جۇڭگوچە شاهمات ئۇرۇقىغا ئوخشاش شەكىلدىكى ئۇرۇقلار قويۇلۇپ، ئوينىغاندا بەلگىلەنگەن قائىدە بويىچە بىر تال تاياق بىلەن ئۆزىنىڭ ئۇرۇقلىرىنىڭ هەممىسىنى تۆشۈكلەرگە بالدۇر ئۇرۇپ كىرگۈزۈۋەتكەنلەر غەلبە قىلغان بولىدۇ.

**كالام** ئى [ئە] سۆز، گەپ: ئاۋۋال تائام، ئاندىن كالام (ماقال). * – ئەي ئادىل پادىشاھ، – دەپتۇ يەمەن پادىشاهى، — ئاللاتائالا ئۆز كالامىدا «قۇلاققا قۇلاق، بۇرۇنغا بۇرۇن» دەپ ئېيتقان. * نىمشېھىتنىڭ سېغىنىشلىق سالامى، سېغىنغاندىن باشقا يوقتۇر .كالامى. قىزىلگۈلگە بۇلبۇل شەيدا بولغانىدەك، سەن گۈلستان ۋەتىنىمنى سېغىندىم.

**كالامۇس** ئى [لات] <بوت> ← **كالامۇس پېلىكى.**

**كالامۇس پېلىكى** <بوت> پالما ئائىلىسىدىكى پېلەك غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە هەم ئۇزۇن، گۈلى سارغۇچ يېشىل، ئاتىلىقى ۋە ئانىلىقى ئايرىم تۈپتە بولىدۇ. مېۋىسى ئېللىپسىمان كېلىدۇ. غولىنى پىششىقلاپ ئىشلىگەندىن كېيىن، نەرسىلەرنى توقۇشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**كالامۇللا** ئى [ئە] ئاللانىڭ سۆزى؛ قۇرئان: – ئەگەر ئىشەنمىسىڭىز، – دېدى ئۇ تىترەپ تۇرۇپ، – كالامۇللانى تۇتۇپ قەسەم قىلىپ بېرىمەن.

**كالامۇللا ئۇرسۇن** «خۇدا جازامنى بەرسۇن» دېگەن مەنىدىكى قەسەم سۆزى: – ئەگەر مەن شۇ ئىشنى قىلغان بولسام كالامۇللا ئۇرسۇن، – دەپ قەسەم

قىلدى ئەخمەت.

**كالامتېس** ئى [لات] <بوت> ← **كالامتېس دەرىخى**.

**كالامتېس دەرىخى** <بوت> قەدىمكى ئۆسۈملۈك. 30 مېتر ئەتراپىدا ئېگىز ئۆسكەن. كاربون دەۋرى ۋە ئىككىلەمچى دەۋرلەردە ياشاپ ئىزى يوقالغان. تاشقا ئايلانغان قېزىلما قالدۇقلىرى تېپىلدى.

**كالامشەرىپ** ئى [ئە] ← **كالامۇللا**: بىز ئوقۇۋاتقان كالامشەرىپتا كىشىنىڭ ھەققىنى يېيىش ھارام دەپ يېزىلغان، ۋەھالەنكى بەگ-غوجاملارنىڭ ھەممىسى كىشىنىڭ ھەققىنى يەيدۇغۇ؟

**كالان** سۈپ [پ] يېز ت. چوڭ، يوغان، بۈيۈك: ۋەزىر-ۋۇزرا، كالانلار، پۇستانە ھەم پالانلار، ئاشپەز، ناۋاي، سۇچىلار، دېھقان، مالچى ئوۋچىلار؛ ئەپەندىمگە يالۋۇرۇپ، دەپتۇ: ئۆزۈڭ داناسەن، بىر ئامال قىل يەنە سەن.

**كالانپاي** سۈپ.[پ] قوپال، يوغان، كېلەڭسىز، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان: كالانپاي ئادەم. كالانپاي ئورۇندۇق. // بۇ كالانپاينىڭ بۇنداق ساھىبجامال قىزى بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقماپتىكەنمەنا. «ساردىن لاچىن تۇغۇلۇپتۇ» دېگەن دەل مۇشۇنداقلار ئىكەن-دە!

**كالانپايلاشماق** پ. كالانپاي بولۇپ قالماق، قوپاللاشماق، كېلەڭسىزلەشمەك: ئۆزۈممۇ قېرىغانسېرى بەك كالانپايلىشىپ كېتىۋاتىمەن. * ئۇ گويا ئەس-ھوشىنى يوقاتقان كىشىدەك، پۇتلىرى كالانپايلىشىپ يول بويىدىكى ستولبىغا يۆلىنىپ قالدى.

**كالانپايلىق** «كالانپاي» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كېيىن لۇتپۇللانىڭ ئوقۇغۇچىلار ئارىسىدىكى ھەر خىل كالانپايلىق، ھاڭۋاقتىلىق ئىللەتلىرىنى تەنقىدلەيدىغان نۇرغۇن شېئىرلىرىمۇ قىزغىن ئالقىشقا ئېرىشتى.

**كالپۇك** ئى. ئادەم ۋە ھايۋانلار ئاغزىنىڭ چۆرىسى، لەۋ: كالپۇك بولمىسا چىش توڭۇپتۇ (ماقال). * ئەدەب يۈزىسىدىن پىيالىدىكى چاي بىلەن كالپۇكۇمنى ھۆللەپ قويدۇم.

**كالپۇكى يەر سۈپۈرمەك** كالپۇكىنى بىر قىسما قىلىش ئارقىلىق خاپا بولغانلىقىنى، ئاچچىقلانغانلىقىنى بىلدۈرمەك: — خوش، نېمە بولدۇڭ، كاپۇكلىرىڭ يەر سۈپۈرۈپلا كېتىپتىغۇ، — دېدى دادام مايكىسىنى قوزۇققا ئېلىۋېتىپ.

**كالپۇكنى چىشلىمەك** ① ئاچچىقىغا ھاي بەرمەك، ئاچچىقىنى باسماق: ئاچچىقىڭ كەلسە، كالپۇكۇڭنى چىشلە (ماقال). * ئۇ پات-پات ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ ئۇھ تارتاتتى، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى، كالپۇكلىرىنى چىشلەيتتى. ② ئەپسۇس دەپ قالماق، پۇشايمان قىلماق: — بىز بىلەن ماڭ ئاغىنە، بولمىسا كېيىن كالپۇكۇڭنى چىشلەپ قالىسەن، — دېدى ئۇ ماڭا.

**كالپۇكسىمان** سۈپ. كالپۇكقا ئوخشايدىغان، كالپۇك شەكلىدىكى: كالپۇكسىمان گۈل.

**كالپۇكسىمان گۈل** <بوت> گۈل تاجى ياپراقچىلىرىنىڭ تۆۋى بىرلىشىپ، گۈل تاجى كانىيىنى شەكىللەندۈرگەن گۈل، ئۈستى تەرىپى ئايرىلىپ خۇددى ئادەمنىڭ كالپۇكىدەك ئۈستۈنكى كالپۇك ۋە ئاستىنقى كالپۇك دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، رەيھانگۈل، مەرزەنجۇش قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈلىگە ئوخشاش.

**كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسى** <بوت> يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، گۈلى كالپۇكسىمان، مېۋىسى تۆت دانە كىچىك، قاتتىق مېۋە. يالپۇز، مەرزەنجۇش، رەيھان، چۆل يالپۇزى

قاتارلىقلار مۇشۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**كالپۇكلۇق** سۈپ. كالپۇكى باز: ئات كالپۇكلۇق بولار، ئادەم بۇرۇتلۇق (ماقال).

**كالتە**[1] سۈپ [پ] ئۇزۇن ئەمەس، قىسقا: — ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، سەركەردە! — دېدى ئۈستىگە كالتە كەمزۇل، بېشىغا بۆك كىيگەن 27 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام بېرىپ. * ئادىل بەلبېغىغا قىستۇرۇۋالغان كالتە ساپلىق ئايپالتىنى «شارت» قىلىپ قولىغا ئالدى-دە، غەزەپ بىلەن ۋارقىرىدى.

**كالتە بازار** ئادەملىرى شالاڭ، كىچىك بازار: ئۇ ئىش-ماكان ئىزلەپ يېرىم ئاي يول يۈرگەندىن كېيىن، كونا ئاۋات بەگلىكىدىكى بىر كالتە بازارغا كېلىپ چۈشتى.

**كالتە بازارچى** كالتە بازاردا تىجارەت قىلغۇچى كىشى: ئۇنىڭ كالتە بازارچى ئىبرى شەھەردىن ئۆيلەنگەن ۋە ئايتۇرانخانغا «تۇغماس خوتۇن ئۈچ تالاق» دەپ گەپ چىقارتقانىدى.

**كالتە پەم** بىر ئىشلارنى ئانچە چوڭقۇر ئويلاپ كېتەلمەيدىغان، پەمسىز: روزىئاخۇن ئاق سېرىق كەلگەن، بويى ئۆسكىلەڭ، ئاق كۆڭۈل، لېكىن كالتە پەمرەك يىگىت ئىدى. * بۇ خەت ساڭا بەخت تىلەيدىغان، شۇنىڭ بىلەن سېنىڭ كالتە پەم ئادەم ئىكەنلىكىڭنى ئېچىپ بېرىدىغان خەت.

**كالتە تولغاق** تۇغۇتتىن ئىلگىرىكى بىردەم-بىردەم، تۇرۇپ-تۇرۇپ تۇتىدىغان تولغاق: يەڭگە، بىرئاز غەيرەت قىلىڭ، بۇ كالتە تولغاق، بىردەمدىلا ئۆتۈپ كېتىدۇ.

**كالتە چەم** ئاياغ كىيىمنىڭ ئۆزەڭگىلىكىنىڭ ئالدىغا سالىدىغان چەم: ئۆتۈككە كالتە چەم قويدۇرماق.

**كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تەگمەك** كىچىككىنە مەنسەپكە، ئەمەلگە ئېرىشمەك: ۋاي خۇدايىم، ساڭا تېخى تۈنۈگۈن كالتە قوشۇقنىڭ سېپى تېگىپ قېلىپتىكەن، نېمانچىۋالا قىلىپ كېتىسەن؟! بۇ ئىشلار كىمدىن قالمىغان؟! خەپ، توختاپ تۇر، سېنىڭ قانچە كۈن ئامبارچى بولۇپ تۇرغىنىڭنى كۆرەرمىز!

**كالتە قونچلۇق ئۆتۈك** قونچىنى كالتە قىلىپ تىككەن ئۆتۈك.

**كالتە قۇيرۇق** قول ئىلكىدە بولمىغان، گاداي: — نادەمنىڭ ئاكىسى نادىر كالتە قۇيرۇق كىشىلەرنى قۇترىتىپ بىزنى يوقاتماقچى بولغان، — دېدى ئەختەمباي.

**كالتە ئويلىماق** ئاددىي، يۈزە ئويلىماق: «ئەجەب كالتە ئويلاپتىمەنا...» بوۋاي شۇلارنى خىيال قىلىپ، ئوغلىنى مەكتەپتىن قايتۇرۇۋالماقچى، ئۆزى ئاغزىغا ئىلىم سېلىپ، ئىشنى ھەپتىيەكتىن باشلىماقچى بولدى.

**كالتە يۆتەل** ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ، قىسقا-قىسقا چىقىدىغان يۆتەل: ناۋاتخان پىسسىڭىدە كۈلۈپ قويدى، شۇ چاغدا ھويلىدا سەيدىنقارىنىڭ كالتە يۆتەلگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

**كالتەك** ئى [پ] ① قىسقا، تومراق تاياق: كالتەك بىلەن ئۇرماق. * مامۇت بىلەن زايىت گويا ئۈركىگەن قاغىدەك، ئورنىدىن دۈررىدە تۇرۇپ كەتتى، ئەكبەر ئاغزىدىكى لوڭگىنى تارتىپ چىقىرىۋېتىپ قولىغا كالتەك ئالدى. ② تاياق، توقماق، مۇشتلارنىڭ ئۇرۇلۇشىدىن بېرىلگەن زەربە: سېنىڭ كالتىكىڭنى كۆتۈرەلمەيمەن.

**كالتەك توپ** <تەن> ① توپ تۈرلىرى تەنھەرىكىتىنىڭ بىر خىلى. قائىدىسى ۋە ئىشلىتىدىغان سايمانلىرى قورغان توپتىن سەل پەرقلىنىدۇ. مەيدانى قورغان توپتىن چوڭراق بولىدۇ. ② كالتەك توپ ھەرىكىتىدە ئىشلىتىدىغان توپ. قورغان توپقا قارىغاندا سەل كىچىك ۋە قاتتىق بولىدۇ.

**كالتەكچى** ئى ① كالتەك تۇتقۇچى، كالتەك ئىشلەتكۈچى. ② بىراۋلارنىڭ مەنپەئىتى ئۈچۈن باشقىلارغا ھەيۋە قىلىدىغان، بىراۋلارغا خىزمەت قىلىدىغان كىشى؛ چوماقچى: — سىلەردىن پايدىلىنىپ ئۆزىنىڭ يامان نىيىتىگە يەتمەكچى بولغان ئىش بۇزدىلارنى ئايرىۋېلىڭلار، — كالتەكچىلەر-نىڭ چوقان-سۈرەنلىرى بىرئاز پەسەيدى، — ئالدانغانلىقىڭلارنى بىلسەڭلەرلا بولدى.

**كالتەكلەتمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — سىز نېمە تولا گەپ قىلىپ، مېنىڭ قانۇن-پەرمانلىرىمنى بۇزۇپ يۈرىسىز! — دەپ ئالدى بىلەن ئەتراپىدىكىلەرگە باتۇرنى قالايمىقان كالتەكلە-تىپ ھەيدەپ چىقارغۇزدى.

**كالتەكلەشمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: خەلق قىرىلىپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن شەھەر ئاھالىسى چىداپ تۇرالماي، تەۋرەپ قوزغالدى-دە، ئاخىرى.قولىدا قورالى بارلىرىنى غەزەپ بىلەن كالتەكلەشتى.

**كالتەكلەنمەك** «كالتەكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئۆزىڭىزگە مەلۇم، ئۆتكەن بىرقانچە يىللار ئىچىدە، ھەي! كىمدەكىم ئىلىم-پەن ئۆگىنىشكە ئىجتىھات قىلسا ياكى باشقىلارغا تىرىشىپ ئۆگىنىش ھەققىدە تەشەببۇس قىلسا، «ئاق مۇتەخەسسىسلىشىش يولىغا ماڭغۇچى» دەپ قارىلىپ كالتەكلەندى.

**كالتەكلىمەك** پ ① كالتەك بىلەن ئۇرماق: بۇنى كۆرگەن ھېلىقى كىشى چىداپ تۇرالماي، قاتىلنى تازا كالتەكلىدى. * — بۇدورقى. ئىشىنىڭ قانداق تۈگۈلگەنلىكىنى بىلدىڭىزمۇ؟ جانابى ئاغىچى، — دېدى خان ئاچچىقى كېلىپ، — ئاچ - زار، كېسەل بىر بوۋاينى كالتەكلەپ ئۆلتۈرۈۋەتسە، يەنە ئۇ گۇناھكار بولماي كىم گۇناھكار بولىدۇ؟ ② كۆچمە. مەنىۋى جەھەتتىن زەربە بەر-مەك، قاتتىق تەنقىدلىمەك: ئۇ دۈشمەننى ئاجايىپ ماھارەت بىلەن كالتەكلەيتتى، ئاددىي لېكىن مەزمۇنى تېرەن سۆزلەر بىلەن دۈشمەننىڭ كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ سۈرىتىنى خەلققە سىزىپ كۆرسەتتى.

**كالتە-كۇتە** پارچە-پۇرات، ئۇششاق-چۈش-شەك، تايىنى يوق، ئۇزۇن-قىسقا: كالتە-كۇتە ئىش قىلماق. كالتە-كۇتە گەپ قىلماق. كالتە-كۇتە ياغاچ.

**كالتە-كۆسەي** تايىنى يوق، ئۇششاق-چۈش-شەك: كالتە-كۆسەي ئېرىق-ئۆستەڭلەرنى چېپىش باشقا گەپ، سۇ قۇرۇلۇشى بىلىم بىلەن بولىدىغان ئىش. * — يېشىم چوڭراق بولغىنى بىلەن سىزگە جۈپ بولالمىغۇدەك ئۇنداق كالتە-كۆسە يىلەردىن ئەمەسمەن، — دېدى ئاسىم قىزغا تىكىلىپ.

**كالتساق** ئى. دىئال. قىسقا قونچلۇق ئۆتۈك.

**كالتست** ئى [ر<لات] <گېئول> ئاق ياكى باشقا خىل رەڭلەر سەل-پەل ئارىلاشقان بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى كالتسيي كاربونات ($CaCO_3$) . پارا-شوك، كاللەك ۋە دانىچە ھالەتلىك دەپ كۆپ خىل بولىدۇ. ھەمىشە ھەر خىل ئارىلاشمىلار ئارىلىشىپ كېلىدۇ. ئۇنى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى، ھەيكەلتىراش-لىق ۋە زىننەت بۇيۇملىرىنى ياساشقا ماتېرىيال قىلغىلى بولىدۇ.

**كالتسيي** ئى [ر<لات] <خىم> ① مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ca ( Calcium ). ئاق رەڭدە، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ. كالتسىينىڭ بىرىكمىلىرى بىناكارلىق قۇرۇلۇشى ۋە دورىگەرلىكتە كەڭ قوللىنىلىدۇ. ئۇ ئادەم قېنى ۋە سۆڭەكلەر-دە بولىدۇ. كالتسيي ئادەم بەدىنىدە

كەم بولسا، راخىت كېسلى پەيدا بولىدۇ، پۇت-قول تارتىشىدۇ. ② هاك ماددىسى.

**كالتسىي تۆمۈرلۈك پىروكسېن** <كېئول> پىروكسېنىنىڭ بىر خىلى. خىمىيلىك تەركىبى $CaFe(Si_2O_6)$.

**كالتسىي خلورىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CaCl_2$. ئالتە مولېكۇلا كرىستاللىزاتسىيە سۇيىنى تۇتىدۇ ($CaCl_2 \cdot 6H_2O$)، سۇسىز كالتسىي خلورىد تەجرىبىخانا مەشغۇلاتىدا گازلارنى قۇرۇتۇش ھەم ئېغىر ۋە باشقا كۆپلىگەن سۇيۇق ئورگانىك ماددىلارنى سۇسىزلاندۇرۇش ئۈچۈن، سۇنى شىددەت بىلەن شۈمۈرگۈچى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**كالتسىي سۇلفات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CaSO_4$. تەبىئەتتە گىپس $CaSO_4 \cdot 2H_2O$ مىنېرالى تەرىقىسىدە كۆپ مىقداردا ئۇچرايدۇ. گىپس $150°-170°$ گىچە قىزدۇرۇلسا تەكىبىدىكى كرىستاللىزاتسىيە سۇيىنىڭ 3/4 قىسمىنى يوقىتىپ، كۆيدۇرۇلگەن گىپسكە ئايلىنىدۇ. كۆيدۇرۇلگەن گىپسكە سۇ قوشۇپ، سۇيۇق بوتقا ھاسىل قىلىنسا، تېز قاتىدۇ ۋە قايتىدىن $CaSO_4 \cdot 2H_2O$ غا ئايلىنىدۇ. گىپستا ئەنە شۇنداق خۇسۇسىيەت بولغانلىقى ئۈچۈن، قۇيما قېلىپلار ۋە ھەر خىل شەكىللەرنى تەييارلاشتا قوللىنىلىدۇ. مېدىتسىنادا سۇنغان سۆڭەكلەرنى گىپسلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كالتسىي فوسفات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $Ca_3(PO_4)_2$ ئاق رەڭلىك پاراشوك. ئادەم ۋە ھايۋان سۆڭەكلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھەم فوسفورنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. فوسفور، فوسفورلۇق ئوغۇت، ئەينەك ۋە فارفور بۇيۇملارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ.

**كالتسىيلاشتۇرماق** «كالتسىيلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالتسىيلاشتۇرۇلماق** «كالتسىيلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كالتسىيلاشماق** پ <فىزىئول> ئورگانىك توقۇلمىلار كالتسىي ئولتۇرۇشۇپ قېلىش نەتىجىسىدە قاتتىقلاشماق.

**كالچارىماق** پ ← **كالچايماق**: چىرايلىق قىز ئۆتتىك مېڭىپ تاتار قىزغا يانداشتى-دە، سائىتىنى كۆرسىتىپ نېمىندۇر دېدى. بىزنىڭ نەمەت يەنە ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى-دە، بىرنېمىلەرنى دەپ كالچارىدى.

**كالچاك** سۈپ. يوغىناپ قىڭغىر بولۇپ كەتكەن، چوڭلاپ مايماق كەتكەن: كالچاك ئېغىز. كالچاك ئاياغ.

**كالچايتماق** «كالچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوراقچى كۈلكە ياراشمىغان ۋەھشىي تەلەتىگە كۈلكە يۈگۈرتۈپ، قانسىز لەۋلىرىنى كالچايتىپ، ماڭا چۈشەنچە بەرمەكچى بولغاندەك سۆز باشلىدى. * دىلمۇرات ئاغزىنى كالچايتىپ مەسخىرىلىك كۈلۈپ كەتتى. شۇ ئەسنادا ئەتراپىمىزغا باللار ئولاشتى.

**كالچايماق** پ. ئاغزىنى بىر يانغا يوغان ئېچىپ سەت ھىجايماق، كۈلمەك: «ئۆلمەن دېسە تازىنىڭ كۈلكىسى» دەپ نېمە كالچىيىپ كەتتىڭ؟

**كالدىر** تەق. چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېيىشكە، سۆزلەشكە تەقلىد قىلىنىدۇ.

**كالدىر-كالدىر** «كالدىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇلار كالدىر-كالدىر قىلىۋەرسە، قانداق ئۇقۇشقىلى بولىدۇ؟

**كالدىر-كۇلدۇر** «كالدىر» قىلغان ۋە شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**كالدىرلاتماق** «كالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كالدىرلاشماق** «كالدىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ ئەسنادا مېنىڭ ئارقامدىلا كىملەرنىڭدۇر كالدىرلاشقىنى ئاڭلاندى. * قالغان دۈشمەنلەر خالتەمنىڭ جەسىتىنى ئۇ يان-بۇ يان تېپىشىپ بىرپەس كالدىرلاشقاندىن كېيىن ئارقىسىغا يېنىشتى.

**كالدىرلىماق** پ. چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى دېمەك: ئۇمۇ ماڭا بىرنەرسىلەرنى كۆرسىتىپ كالدىرلايدۇ، مەنمۇ ئۇنى دوراپ باقسام، بەزىدە چۈشىنەلمەي بىردەم تۇرۇپ قالىدۇ-دە، كۈلۈپ كېتىدۇ.

**كاللا** ئى [پ] ① ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆز، قۇلاق ئېغىز، بۇرۇن قاتارلىق ئەزالار جايلاشقان بويۇنىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ باش. ② كۆچمە. مېڭە: كاللىسى ئىشلىمەك. كاللىسى ئۆتكۈر.

**كاللا بىلەن ئىش قىلماق** ئويلاپ، پىكىر يۈرگۈزۈپ ئىش بېجىرمەك: سىز مېنى كىچىك بالا كۆرۈۋاتامسىز بۇرادەر، مەن كاللام بىلەن ئىش قىلىدىغان ئادەم، قەسەم ئىچمەنكى، ئۇ سىزنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىدۇ.

**كاللا دېسە، پاقالچاق دېمەك** بۇ ھەقتە سورىسا، ئۇ ھەقتە جاۋاب بەرمەك؛ تاغدىن گەپ قىلسا، باغدىن جاۋاب بەرمەك: كاللا دېسە، پاقالچاق دەيدۇ، پىشۇرۇپ بىرەي دېسە خام يەيمەن دەيدۇ (ماقال). * باغىنىڭ ئىگىسى بۇ جاۋابنى ئاڭلاپ «ئاينىپ قالغان بىر بوۋايمۇ نېمە، كاللا دېسە پاقالچاق دەپ يۈرمەمدۇ» دەپ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا يېنىپ كېتىپتۇ.

**كاللا سوقۇشتۇرماق** ئارىغا زىددىيەت سالماق، زىتلاشتۇرماق: - ياخشى گەپ قىلدىڭ ئاسىم، - دېدى مەنسۇر ئۇنىڭ بوز ئېتىنىڭ كوكۇلىسىنى قامچىسى بىلەن تاراپ تۇرۇپ، - بىر-بىرىمىزگە ياردەم قىلايلى، نېمىشقا دېسەڭ بەزىلەر بار، كاللا سوقۇشتۇرۇش ھېسابىغا ئۆز مەنسىپىنى ئۆستۈرىدۇ، ھاكىمنى كۆپەيتىدۇ، باشقىلارغا زىيان سالمىسا ئۇلارنىڭ ئۇيقۇسى كەلمەيدۇ.

**كاللا قاتماق** ← **باش قاتماق**: - كاللام قېتىپ تۇرغاندا ئەجەب ئوبدان كەلدىڭ ئۇكام، كەل بۇ ياققا ئۆت، - دەپ قاسىم ئاكام مېنى سۇپا ئۈستىگە باشلىدى.

**كاللا قاتۇرماق** ← **باش قاتۇرماق**: خىلمۇخىل مۇرەككەپ مەسىلىلەرنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش ئۈچۈن كاللا قاتۇرىمەن.

**كاللا قويماق** كاللا بىلەن ئۇرماق، ئۈسمەك: شاھ مەھمۇرىخانىنىڭ بۇقىسىغا ئىچى ئاغرىپ، بۇ ياۋۇز قوچقارنى تۇتۇپ باغلاپ قوياي دەپ ئۇنىڭغا يېقىن كېلىشىدى، قوچقار ئارقىسىغا يېنىپ، بىر كاللا قويۇپ ئۇنى يىقىتىپ قويدى.

**كاللا كەتمەك** كاللىسىدىن ئايرىلماق، ئۆلمەك: - بۇنى پادىشاھ ئوردىسىدىن ئالتۇن مەلىكە ئاتلىق بىر مەلىكە بۇيرۇتقان، ئەگەر يارىتالمىساڭ، كاللاڭ كېتىدۇ، — دەپتۇ بوۋاي.

**كاللاڭغا ئاگاھ بول** «ئۆزۈڭگە دىققەت قىل، كاللاڭدىن ئايرىلىپ قالما» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ماڭا چېقىلماقچى بولىدىكەنسەن، كاللاڭغا ئاگاھ بول، ئەخمەق.

**كاللاڭغا ھېزى بول** ← **كاللاڭغا ئاگاھ بول.**

**كاللاڭ نەدە** «ئەقىل-ھوشۇڭ قېنى»، «نېمىنى ئويلاۋاتىسەن» دېگەننى بىلدۈرىدۇ: سەۋەنتاگرۇغا نېمىشقا تۇز سالمىدىڭ، كاللاڭ نەدە سېنىڭ؟

**كاللاڭ نەگە كەتتى** «ئەقىل-ھوشۇڭ قېنى»، «ئەقلىڭنى يوقاتتىڭمۇ» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: - سېنىڭ

كاللاڭ نه گه كه تتى-هه ؟ – دەپ قسمه ت چوروۋق بوغۇلۇپ سۆزله شكه باشلدى.

**كاللا ئشله تمه ك** ئه قىل يۈرگۈزمه ك، پكىر قىلماق، ئويلانماق: ئابلز قارى كاللا ئشله تمه يلا بىرىپ قويغان جاۋابى بىلەن ئالدىنىپ قالغىنىنى تۇيۇپ، زۇۋانى تۇتۇلدى.

**كاللا يه تمه ك** ئويلاپ يه تمه ك، ئه قلى يه تمه ك، چۈشه نمه ك: شۇنچىلىك ئشقمۇ كاللاڭ يه تمىدىمۇ سىنىڭ.

**كاللسى بار** ئه قىللىق، ئه قىل-هوشى جايىدا: – ياراپسه ن، كاللاڭ بار جۇمۇ سىنىڭ؟ – دەپتۇ پادىشاه. * – مىنىڭمۇ كاللام بار، روزىئاخۇن! – دىدى همىت.

**كاللسى بىر يه رده ئه مه س** پكرى، خىيالى چىچىلغان: – هه ي، بۇ قىز نىمه ئويلايدىكىن تاڭ، ئه تىگه ندىن كه چكىچه خىيال قىلىدۇ، ئشقىلىپ كاللسى بىر يه رده ئه مه س، – دىدى ئاسىم ئاكام گۈلشه ن هه ققىده ماڭا.

**كاللسى بىله ن جاۋاب به رمه ك** ئه ڭ ئىغىر مه سئۇلىيه تنى ئۆز ئۈستىگه ئالماق؛ مه لۇم بىر ئىش-هه رىكه تنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا هاياتى بىله ن كېپىللىك قىلماق.

**كاللسى جايىدا** ئه قلى-هوشى بار، كاللسى ئشله يدىغان: خاتىرجه م بول، ئۇ كاللسى جايىدا يىگىت.

**كاللسى چىگىشله شمه ك** كاللسىغا هه ر خىل ئوي-خىياللار كىرىۋالماق، قانداق قىلارىنى بىله لمه ي قالماق: ئايزىمخان نىمه گه پ ئىكه نلىكىنى بىله لمه ي كاللسى چىگىشلىشىپ، هاڭۋىقىپ قاراپ قالدى.

**كاللسىدىن تۈتۈن چىقارماق** ← **بىشىدىن تۈتۈن چىقارماق**: ئىجاره كېمه يتىشته زومىگه ر پومىشچىكلارنىڭ كاللسىدىن تۈتۈن چىقاردۇق.

**كاللسىدىن تۈتۈن چىقىپ كه تمه ك** ← **بىشىدىن تۈتۈن چىقىپ كه تمه ك**: مال دىسه مېلى بار، نام دىسه نامى بار بىر بايۋەچچه تۇرۇقلۇقمۇ ئۇنىڭ بىشىدىن تۈتۈن چىقىپ كه تتى.

**كاللسىدىن تۈگۈلۈك ئاچماق** ئوق بىله ن ئېتىپ ئۆلتۈرمه ك: ئۇلارنىڭ بىرى توغراقلىقتىن چىقىپ، قۇملۇقتا ئۇزاپ كېتىۋاتقان ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆزىنى ئۈزمه ي تۇرۇپ: – ئه گه ر مىلتىق بولغىنىدا بۇ ئۆلگۈرله رنىڭ كاللسىدىن تۈگۈلۈك ئېچىۋېته تتىم! – دىدى.

**كاللسىدىن ئۆتمه ك** قوشۇلماق، ماقۇل بولماق: – بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللسىدىن ئۆته مدۇ-يوق؟ گه پ مۇشۇ يه رده، — دىدى ئالىم ئاكام.

**كاللسىدىن ئىس چىقماق** ئېتىپ ئۆلتۈرۈلمه ك: بىرده مدىن كېيىن ئه تراپقا ساقچى يىغىپ كه تتى. ئۇلار توپلانغان كىشله رگه ئالىيىپ قاراپ ئه سه بىيله رچه ۋارقىراشقا باشلىدى: – دەرهال تارقىلىش رودۇپايلار! بولمىسا هازىر كاللاڭدىن ئىس چىقىدۇ.

**كاللسىغا سىغماسلىق** ئىدىيىسىدىن ئۆتمه سلىك، قوشۇلماسلىق: ئه مدى بولسا ئىجابىي جه هه تتىن ته هلىل قىلىش ئۇنىڭ كاللىسىغا سىغمايدىغان بىر ئىش ئىدى.

**كاللسىغا كه لمه ك** ئوي-خىيالىغا كه لمه ك، ئېسىگه ئالماق: « تانىسىدىن مىنىنه تدارمۇ، ناخشىدىنمۇ؟» دىگه ن سوئال كاللامغا كېلىپ قالدى.

**كاللسىغا كىرىۋالماق** بىرەر ئوي-پكىر خىيالدىن كه تمه ي تۇرۇۋالماق: « ئۇشۇق بىرىۋەتكه ن پۇلنى مۇشۇ قېتىم يۈز تۇرانه قايتۇرۇش لازىم» دىگه ن پكىر ئۇنىڭ كاللسىغا كىرىۋالدى.

**كاللسى قاپاق** كاللسى ئشلمه يدىغان، دۆت، گالۋاڭ: هه ي، خه لق نادان-ده، خه لقته بىرلىك يوق. شۇڭا كاللسى قاپاقلار

شەھەر سورايدۇ. * بۇ كاللىسى قاپاقنىڭ ئۆزى مۇشتۇمدەك بولغىنى بىلەن ھەر خىل خۇيى بار.

**كاللىسى قاتماق** نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالماق، گاڭگىرىماق: ۋەزىر كاللىسى قاتقان ھالدا غەمگە پېتىپ ئۆيگە قايتىپ كېلىپتۇ.

**كاللىسى قىزىپ كەتمەك** بىر ئىشنىڭ ئالدى-كەينىنى ياخشى ئويلىماستىنلا شۇ ئىشنى قىلىشقا ئالدىرىماق: ئاڭلىغان، ئەمما ئەنجاندا بولغان ئىشلارنىڭ راستمۇ-يالغىنىمۇ باردۇ، مەن ئۇنى بىلمەيمەن. ھازىر سېنىڭ كاللاڭ قىزىپ كەتكەندەك تۇرىدۇ. ئالدىرىما، مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىز ئۆزىمىزنىڭ يولىدا ماڭىمىز.

**كاللىسىنى ئالماق** بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق، ئۆلتۈرمەك: پادىشاھ ئۆز قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپتۇ ۋە جاللاتلارغا گۈلچى قىزنىڭ كاللىسىنى ئېلىپ، شەھەر دەرۋازىسىغا مىخلاشنى، مەلىكە بىلەن يىگىتنىڭ ئانىسىنى ئازاد قىلىشنى بۇيرۇپتۇ. * — ئالاھىدىنىنى بېرى كەلتۈرۈڭلار، مەن ئۇنىڭ كاللىسىنى ئالىمەن! — دەپ ۋارقىراپتۇ سۇلتان.

**كاللىسىنى بىر قىلىۋالماق** ئالدىنئالا مەسلىھەتلىشىۋالماق، بىر پىكىرگە كېلىۋالماق، گېپىنى بىر قىلىۋالماق: بولدى قوي خەلىم ئاكا، شۇجى، دۈيجاڭ دېگەنلەر ئاللىبۇرۇن كاللىسىنى بىر قىلىۋالغان، مىڭ قاقشىساڭمۇ بىكار.

**كاللىسىنى چىرمىۋالماق** مەلۇم بىر ئىش ھەققىدىكى ئوي-پىكىر كاللىسىغا كىرىۋالماق، ھەممە خىيالى، ئوي-پىكرى شۇ ئىش ئۈستىدە بولماق: — ئاخشامقى شۇ ئىش كاللامنى چىرمىۋېلىپ ھېچ ئارام بەرمەيۋاتىدۇ. بالا چوڭ قىلىپ كۆرىدىغىنىمىز شۇ ئوخشايدۇ، — دېدى سارىخان ئانا.

**كاللىسىنى سىلكىۋەتمەك** ھوشيار بولماق، سەگەك بولماق، ياخشى ئويلانماق: — سەن كاللاڭنى سىلكىۋەت! — دەيتتى ئۇ تاپانچىسىنى چىقىرىپ پوپوزا قىلىپ، — ھازىر ئىلىدا بىر تۈركۈم جېنىدىن تويغان ئوغرىلار ھۆكۈمەتكە قارشى تىغ كۆتۈردى، سېنىڭ مۇناسىۋىتىڭ بارمۇ-يوق؟

**كاللىسىنى قوچۇماق** كاللىسىدا خىلمۇخىل پىكىرلەر ئارىلىشىپ كەتمەك، نېمە قىلارىنى بىلەلمەي قالماق، بېشى قاتماق؛ قايمۇقماق: قۇرۇلۇش مەيدانىدا دۈۋىلىنىپ تۇرغان ناھايىتى نۇرغۇن مال-مۈلۈكلەرگە ئىگىدارچىلىق قىلىش ۋەزىپىسى جالالىدىنىنىڭ كاللىسىنى قوچۇۋەتتى.

**كاللىسىنىڭ زاغۇنى بار** ← **بېشىنىڭ سۈيى بار.**

**كاللىسىنىڭ سۈيى بار** ← **بېشىنىڭ سۈيى بار:** بەكرىنىڭ كاللىسىنىڭ سۈيى بار دېيىشىدۇ، قىزىم ئويلاپ ئىش قىل، نىكاھ دېگەن ئۆمۈرلۈك ئىش.

**كاللىسىنىڭ قېتىقى چىقماق** قاتتىق بېشى قاتماق، قىينالماق: تووۋا، مۇنداق ئىشلىسىمۇ بولىدىكەنغۇ! مەن بۇ مەسىلىنى ئاددىيلاشتۇرالماي كاللامنىڭ قېتىقى چىقاي دېگەنىدى.

**كاللىسىنى ئۈزمەك** كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا قىلماق، ئۆلتۈرمەك: — ھېلى كاللىسىنى ئۈزۈپ قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويىمەن ماۋۇنىڭ، — دەپ ھەيۋە قىلدى نىزام قىلىچىنى سۇغۇرۇپ.

**كاللىسىنى ئىشقا سالماق** ئويلانماق، پىكىر يۈرگۈزمەك، كاللىسىنى ئىشلەتمەك.

**كاللىسى ئېلىشماق** ئەقلىدىن ئاداشماق، ساراڭ بولۇپ قالماق: «شاھزادىنىڭ كاللىسى ئېلىشىپ قېلىپتۇ» دېگەن گەپ بىردەمدىلا پۈتۈن شەھەرگە يېيىلىپ كېتىپتۇ.

**كاللىسى ئىشلەيدىغان** ئەقىللىق، ئۆتكۈر زېرەك: سىزدەك كاللىسى ئىشلەيدىغانلاردىن

يۈزنى ھاۋانچىدا يانجىسا، گۈزەللىكىنىڭ بىر
تال تىرنىقى تىرىلمەيدۇ.

**كاللىسى يوق** ئەقىلسىز، ئەقلى-ھوشى
جايىدا ئەمەس، دۆت: – ئۇ كاللىسى
يوق نېمە ئىكەن، چىقىرىۋېتىڭلار! – دېدى
پادىشاھ. * ئۇ ھازىر تاراقلاپ يۈرىدۇ، لېكىن
ئۇنىڭ كاللىسى يوق. بىر دۆت.

**كاللىمۇ يېمەي چىشىمۇ چاقماي** زىيانىمۇ
تارتماي، پايدىسىمۇ ئالماي، بىتەرەپ
ھالدا: بولدى قىلساڭچۇ ئەپەندى، كەنجەم
چىشىمۇ چاقماي، كاللىمۇ يېمەي مەندەك
ئۆتۈۋەرسە، بىلىم ئۆزۈك بىلەن كەتسە
بولمىدىمۇ.

**كاللا-پاچاق** كاللا ۋە پاچاق: كاللا-پاچاق
ئۆتلىمەك.

**كاللا-پاقالچاق** كاللا ۋە پاقالچاق.

**كاللەك** [پ] ① ئى. يىغىلىپ، ئۇيۇشۇپ،
توپلىشىپ يۇمىلاق ياكى قېتىشما ھالەتكە
كەلگەن نەرسە، توپ: قەغەز كاللەكلى-
رى. * يول ياقىسىدا قىغ كاللەكلىرى تۇراتتى.
② سۈپ. يىغىلغان، توپلانغان، ئۇيۇل
قىلىنغان: – ئۇلۇغ شاھى ئالەم، دادامدىن
قالغان كىچىك ئالتۇنغا كاللەك ئالتۇن تېگىشىپ
بېرەمدىكىن، – دەپ ئېگىلىپ سالام بېرىپتۇ.
③ مىق. ساناق سانلاردىن كېيىن كېلىپ
مىقدارنى بىلدۈرىدۇ: بىر كاللەك يىپ.
بىر كاللەك پۇل.

**كاللەك قۇرۇلما** <گېئول> تاغ جىنسلىرىدى-
كى رەتسىز تىزىلغان مىنېراللارنىڭ ئاددىي
كۆز بىلەن قارىغاندا كاللەك ھالەتتە
كۆرۈنگەن قۇرۇلمىسى. مەسىلەن،
گرانىتنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئوخشاش.

**كاللەك نوستوك** <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ
بىر تۈرى، يەنى كۆك يۇسۇنلەرگە
كىرىدىغان ئۆسۈملۈك. نەم جايلاردا
ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈك تېنى شار شەكلىدى-
كى تاق ھۈجەيرىلەرنىڭ تەسۋىسمان
بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان يېپچىدىن
ئىبارەت. سىرتىنى بىر قەۋەت يېلىمسىمان
ماددا ئوراپ تۇرىدۇ. نەم چاغدا كۆكۈچ
يېشىل، قۇرۇق چاغدا كۈل رەڭ بولىدۇ.
يېيىشكە ياكى دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ.
ئىسسىقنى ياندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش
رولىغا ئىگە.

**كاللەكبەسەي** ئى [كاللەك+بەسەي] <بوت>
كرېستگۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى
يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.
يوپۇرمىقى چوڭ، سىلىق، سېپى ئىنتايىن
قىسقا، ئۇرغۇنلىغان يوپۇرماقلار قاتمۇقات
دەستىلىنىپ كاللەك ھاسىل قىلىدۇ.
گۈلى سېرىق، ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ
بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كاللەك-كاللەك** بىرقانچە كاللەك، ئۇرغۇن
كاللەك: ھەممە يەردە كاللەك-كاللەك
قىپقىزىل مىس سىملار پارقىراپ تۇراتتى.

**كاللەكلەشتۈرمەك** « كاللەكلەشمەك »
پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاللەكلەشتۈرۈلمەك** « كاللەكلەشتۈر-
مەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاللەكلەشمەك** پ. كاللەك ھالەتكە
كەلمەك، كاللەك بولماق: سۈت پاراشوكى-
نى سېتىۋالغان چاغدا، سۈت رەڭ، خۇش
پۇراق بولۇشىغا دىققەت قىلىش لازىم. ئەگەر
كاللەكلەشكەن، پۇرىقى ئۆزگەرگەن بولسا
بۇزۇلغان ھېسابلىنىدۇ.

**كاللەكلەنمەك** « كاللەكلىمەك » پېئىلىنىڭ
مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاللەكلىمەك** پ. كاللەك ھالەتكە
كەلتۈرمەك، كاللەكلەشتۈرمەك: –
قەغەزنى ئۇن سوملۇققا ئوخشىتىپ قىيدىم،
– دېدى ھېكىم كۈلۈپ، قاش-كۆزىنى ئوينى-
تىپ، – ئىككى چېتىگە سەن بەرگەن 50

سومنى ئېلىپ ئوتتۇرىسىغا قەغەزنى جايلاپ 300 سوم قىلىپ كاللەكلىدىم.

**كالل‍پاي** سۈپ [كاللا+پاي] مالىماتاڭ، قالايمىقان: كالل‍پاي سۆزلىمەك.

**كاللىپەز** ئى [پ] ئۆپكە-زاسۇي، كاللا-پاقالچاق پىشۇرۇپ ساتىدىغان كىشى: — ھوي بۇرادەر، سەن ھېلىقى شەھەرنىڭ ھاكىمى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، ئەمدى كاللىپەزنىڭ ئوچىقىغا ئوت قالايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىپسەنغۇ، — دەپ سوراپتۇ پادىشى.

**كاللىپەزخانا** ئى [پ] ئۆپكە-زاسۇي، كاللا-پاقالچاق پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي: ئۇ ھەر يەكشەنبىنى قولدىن بەرمەي كاللىپەزخانىغا بېرىپ كۆمەچنى زاسۇيغا چىلاپ يەۋالسىلا، ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلاتتى.

**كاللىپەزلىك** «كاللىپەز» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: كاللىپەزلىك قىلماق.

**كاللكېسەر** ئى [كاللا+كېسەر] ئادەم ئۆلتۈرىدىغان ئادەم، جاللات: شۇ سەۋەبتىن ئۇلار ئالدىراشلىق ئىچىدە بىر قىسىم ئەشەددىي كاللكېسەرلەردىن جازا ئەترىتى تەشكىللەپ ئىنقىلابىي يولداشلارنى قەتل قىلدى.

**كاللىگىر** ئى. ← **پاشنا.**

**كالل‍ماشاڭ** رەۋ. ئىلىشىپ كەتكەن، قالايمىقان، باش-ئايىغىنىڭ تايىنى يوق: كالل‍ماشاڭ قىلىۋەتمەك.

**كالورىمېتر** ئى [ر<لات+گرېك] <فىز> ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئۆلچەپ بېكىتىش ھەمدە سېلىشتۇرما ئىسسىقلىق سىغىمى، يوشۇرۇن ئىسسىقلىق سىغىمى ۋە خىمىيىلىك رېئاكسىيە ئىسسىقلىق سىغىمىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۈسكۈنە.

**كالورىيە** مىق [ر<لات] <فىز> ئىسسىقلىق ئۆلچەم بىرلىكى، يەنى بىر گرام سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى 1°C ئۆرلىتىش ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئىسسىقلىق. ئادەتتە كىلوكالورىيە (كالورىيىنىڭ مىڭ ھەسسىسى) قوللىنىلىدۇ.

**كالوگ** ئى [لات] <بوت> ← **كالوگ ئوتى.**

**كالوگ ئوتى** <بوت> قىزىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر خىلى. توپ بولۇپ ئۆسىدۇ. ئادەتتە يوپۇرماقسىمان ياپىلاق ھالەتتە بولۇپ، تۇتۇق سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. قۇرۇغاندىن كېيىن رەڭگى قارىيىدۇ، تىبابەتتە ئاسكارىدانى چۈشۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كالومېل** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. تەركىبى $Hg_2Cl_2$. ئاق رەڭلىك پاراشوك. نورمال ئېلېكترون ياساشتا قوللىنىلىدۇ، دورىگەرلىكتە سۈرگە قىلىنىدۇ ۋە ئۈچەي دىۋارلىرىنى دېزىنفېكسىيەلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**كالون** ئى [ر<فران] ھەر خىل ماشىنىلارنىڭ ئۆز تۈرى بويىچە يېغىلغان گۇرۇپپىسى ۋە شۇنداق گۇرۇپپىلارنى باشقۇرىدىغان ئورگان: ماشىنا كالونى. ئاپتوبۇس كالونى: كەينى ئۈزۈلمەي كېلىۋاتقان بۇ ماشىنىلار كالوننى ئېگىز تاغ ئۈستىدىن دۈربۈن بىلەن كۆزىتىپ تۇرغان گومىنداڭ قىسىملىرى ئۆزلىرىنىڭ قوماندانلىق ئورگانلىرىغا ۋاقتى-ۋاقتىدا دوكلات قىلىپ تۇراتتى.

**كالوننا** ئى [ر<فران] ① ھەربىي قىسىمدىكى شتات بىرلىكى. مەملىكىتىمىزدە ئازادلىق ئۇرۇشى مەزگىلىدە ئارمىيە ئارىسىدا تەشكىللەنگەن. ئادەتتە جۈن بىلەن تەڭ. ② سەپ: ئالدى بىلەن نەيزىلىك مىلتىقلىرىنى مەھكەم تۇتقان باشلامچى كالوننا، ئاندىن ئاپتوماتچىلار، پىلموتچىلار، مىناميوتچىلار مەيداندىن ئۆتتى.

**كالۇ** ئى. دىئال. كويلا.

**كالۋا** سۈپ [پ] ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان،

زېھنى ئۆتكۈر بولمىغان، ئەقىلسىز، دۆت: زېرەك بالا تېپىپ سۆزلەيدۇ، كالۋا بالا كۆپۈپ سۆزلەيدۇ (ماقال). // – ھوي ئۇچىغا چىققان كالۋا! – دەپ ۋارقىراپتۇ باي قاپقىنى تۇرۇپ.

**كالۋالاشتۇرماق** «كالۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: – ھېسابات قانداق بولىدۇ؟ – دېدى تىلىنى كالۋالاشتۇرۇپ ناسىر شۇجى.

**كالۋالاشتۇرۇلماق** «كالۋالاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كالۋالاشماق** پ ① تىلى گەپكە كەلمەي قالماق، دۇدۇقلىماق: زەيتۇنەم بۇ گەپلەرنى دەپ بولغۇچە، چىرايىغا ۋىللىدە قىزىللىق يۈگۈرۈپ، تىلى نەچچە قېتىم كالۋالاشتى. * – كىم... كىمسەن؟ – دەپ تۇۋلاپتۇ باي تىلى كالۋالىشىپ. ② ئالمىشىپ، تەمتىرەپ، راۋۇرۇس ماڭالماي قالماق (پۇت ھەققىدە): نازىمىنىڭ پۇتلىرى كالۋالىشىپ بىر قەدەممۇ ماڭالمىدى. * ئۇنىڭ پۇتلىرى مەست ئادەمنىڭكىدەك كالۋالىشىپ، ئاسانلىقچە ئۆزىگە بويسۇنمايتتى.

**كالۋالىق** «كالۋا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كالۋالىق قىلماق. * – غەرەز ئۇقمايدىغان كالۋالىقىڭىز قاچانمۇ تۈگەر؟ – دېدى ئۇ ئەلەم بىلەن.

**كالۋۇتۇن** [پ] ① ئى. ئالتۇن ياكى كۈمۈش رەڭلىك يىپ، زەر يىپ. ② سۈپ. شۇ خىل يىپتا توقۇلغان ياكى تىكىلگەن: كالۋۇتۇن دوپپا.

**كالۋۇتۇن دوپپا** زەرلىك رەختتىن تىكىلگەن ئايالچە دوپپا.

**كولېدون** ئى <جۇغ> ئەنگلىيىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**كالېدون ھەرىكىتى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقىتلىرىدا يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ئەنگلىيىدىكى بىر تاغ نامىدىن كەلگەن. بۇ ھەرىكەت قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ دەسلەپكى ۋاقتىدىكى ھەم ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەر قاتلاملىرىدا پۈرمىلىنىش، ئاينىش ۋە ئۆزۈلۈشلەرنى پەيدا قىلغان.

**كالېندار** ئى [ر<لات] <ئاستر> ① يىلنىڭ پەسىل، ئاي، مەۋسۇم، ھەپتە ۋە كۈنلىرىنى تەرتىپ بويىچە كۆرسىتىپ بېرىدىغان ھەمدە باشقا مەلۇماتلارمۇ قوشۇمچە بېرىلىدىغان جەدۋەل ياكى كىتابچە؛ چېسلا: ئۈستەل كالېندارى. ئاسما كالېندار. * ياشلىق ئادەمنىڭ زىلۋا بىر چېچىكى، تولىمۇ قىسقا ئۇنىڭ ۋاقتى بىزاق. يىرتىلسا كالېندارنىڭ بىر ۋارىقى، ياشلىق گۈلىدىن تۆكۈلىدۇ بىر يوپۇرماق. ② يىلنىڭ پەسىل، ئاي، مەۋسۇم، ھەپتە ۋە كۈنلىرىنى ھېسابلاش سىستېمىسى؛ يىلنامە: مىلادىيە كالېندارى، ھىجرىيە كالېندارى، دېھقانلار كالېندارى.

**كالېندارچىلىق** ئى. كالېندار تۈزۈش ئىشى، كەسپى: دۆلىتىمىزدە كالېندارچىلىق خېلى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە.

**كالېندارلىق** سۈپ. كالېندارى بار، كالېندار ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ چېسلالىق: ئۇ بىلىكىدىكى كالېندارلىق سائىتىگە قارىدى، چېسلا «18» رەقىمىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى.

**كالىبىر** ئى [ر<فران] <ھەرب> مىلتىق، توپ قاتارلىق ئېتىش قوراللىرى ستۋولىنىڭ دىئامېترى؛ كالىبىرى چوڭ زەمبىرەك.

**كالىبىرلىق** سۈپ. مەلۇم كالىبىرغا ئىگە بولغان: چوڭ كالىبىرلىق مىلتىق.

**كالىچىلىق** ئى. كالا بېقىش، كالا نەسلىلەندۈرۈش ئىشى، پائالىيىتى: كالىچىلىق فېرمىسى. * ئۇ مەخسۇس كالىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىدۇ.

**كالىفورنىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئوئاكتىپ-

لىق مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Cf (Californium). زەررىچىلىرى ئارقىلىق ماسسىسى 242 بولغان كيۇرىينى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**كالىقۇلاق** ئى [كالا+قۇلاق] <بوت> چوقا ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە تۈكچىلىرى بار. غولى ئىككىنچى يىلى چىقىدۇ. تۈۋىدىكى يوپۇرمىقى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، شەكلى سوقىچاق، تولۇق گىرۋەكلىك، قېلىن ۋە يۇمشاق، كالىنىڭ قۇلىقىغا ئوخشايدۇ. غولىدىكى يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىدە. غوزا مېۋىسى پىشقاندا يېرىلىدۇ، رەڭگى قارامتۇل قوڭۇر. پۈتۈن تېنى ۋە يوپۇرمىقى دورا بولىدۇ. قان توختىتىش، ياللۇغ ياندۇرۇش، جاراھەت زەھىرىنى كېسىش رولىغا ئىگە.

**كالىكەندىر** ئى [كالا+كەندىر] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى جۈپ سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى يىپسىمان، ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، كېپىنەكسىمان گۈلى سۇس سېرىق، ئومۇم گۈل رېتىدە، سانسىزلىغان سۆسۈن چېكىتلىرى بولىدۇ. چوكا مېۋىسى ئۇزۇن ھەم تار، ئۇرۇقى كۆپ. تالالىرى كەندىر ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى ئات-كالىلارغا يېشىل بوغۇز قىلىنىدۇ.

**كالىكومشار** سۈپ [كالا+كومشار] ئىشنىڭ يولىنى بىلمەيدىغان، دۆت، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان: — ھۇي كالىكومشار سەھرالىق، — دېدى ھېلىقى گەدىنىگىچە چاچ قويۇۋالغان بالا ئۇنى مەسخىرە قىلىپ، — ساڭا نېمە بوغانلىق، ئۆزۈڭگە تۇشلۇق ئىش قىلساڭ بولمامدۇ؟

**كالىكومشارلىق** «كالىكومشار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**كالىنا** ئى [ر] <بوت> ← **كالىنا دەرىخى**.

**كالىنا دەرىخى** <بوت> ئۈچقات ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، يۇملاق ياكى كەڭ تۇخۇمسىمان، ئارقا تەرىپىدە يۇلتۇزسىمان تۈكچىلىرى ۋە سېرىق تەڭگىچسىمان داغلىرى بولىدۇ. گۈلى كىچىك، ئاق، مۇرەككەپ كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى كەڭ، تۇخۇمسىمان، توق قىزىل كېلىدۇ. قوۋزىقىدىن ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ. مېۋىسى پىشىپ قىزارغاندا يېيىشكە، ئۇرۇقىدىن ياغ چىقىرىشقا بولىدۇ.

**كالىۋا** ئى [پ] ئورام، توپ (يىپ ھەققىدە): بىر كالىۋا يىپ. * ئوچاق يېنىدىكى بىر پارچە بورا پاتقۇچلۇق جايدا بىرقانچە كىشى ماشپىرىلاردىكى مەشۇتلەرنى كىچىك غالتەكلەرگە يۆتكەپ، تەپلىگە سېلىپ كالىۋا قىلىۋاتاتتى.

**كالىي** ئى [ر<ئە] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى K (Kalium). كۈمۈش رەڭلىك، مومغا ئوخشايدۇ، سوزۇلۇشچانلىقى ئىگە. خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ، ھاۋادا ئوڭاي ئوكسىدلىنىدۇ، سۇ بىلەن ئۇچراشسا ھىدروگېن ھاسىل بولىدۇ ھەم پارتلاش پەيدا قىلىدۇ. ئۇ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشى ۋە يېتىلىشىدە مۇھىم رول ئوينايدۇ. كالىينىڭ بىرىكمىلىرى سانائەتتە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**كالىي پېرمانگانات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $KMnO_4$. تۇتۇق بىنەپشە رەڭلىك ياكى قارا رەڭلىك سىلىق كرىستال. سۇيۇق ئېرىتمىسى بىنەپشە رەڭلىك. مېدىتسىنادا دېزىنفېكسىيىلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**كالىي تۇزى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال.

خىمىيىلىك تەركىبى KCl . ئۇنىڭدىكى كالىي مىقدارى 52.5 پىرسەنت بولىدۇ. كۆپىنچە تەركىبىدە بروم، رۇبىدىي ۋە سېزىي بولىدۇ. تەك ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى كۇب شەكىللىك، قۇراشمىسى ئادەتتە زىچ كاللەكسىمان بولىدۇ. رەڭسىز سۈزۈك ياكى سۈت رەڭلىك كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1.5 – 2 ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 1.97–1.99 . تەمى تۇزلۇق، قىرتاق، سۇدا ئاسان ئېرىيدۇ. قۇرۇپ كەتكەن تۇز كۆللىرىدە پەيدا بولىدۇ.

**كالىي گىدروكسىد** <خىم> بىر خىل كۈچلۈك ئاساس. مولېكۇلا فورمۇلىسى KOH . ئاق رەڭلىك قاتتىق ماددا، سۇدا ياخشى ئېرىيدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسى فېنولفتالىننى قىزارتىدۇ، كۆك لاكمۇسنىڭ رەڭگىنى ئۆزگەرتمەيدۇ، كىسلاتالار بىلەن رېئاكسىيىلىشىپ تۇز ۋە سۇ ھاسىل قىلىدۇ. سوپۇن، ئەينەك ئىشلەپچىقىرىشتا قوللىنىلىدۇ.

**كالىي نىترات** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $KNO_3$. رەڭسىز ياكى ئاق رەڭلىك تىنىق كرىستال ياكى پاراشوك ماددا. قارا پۇروخ، ئەينەك قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ، ئوغۇتمۇ قىلىنىدۇ.

**كالىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە كالىي بولغان، كالىي ئارىلاشتۇرۇلغان: كالىيلىق ئەينەك. كالىيلىق ئوغۇت.

**كالىيلىق ئەينەك** <خىم> تەركىبى تەخمىنەن $K_2O \cdot CaO \cdot 6SiO_2$ بولغان ئەينەك. تەستە سۇيۇقلىنىدۇ.

**كالىيلىق ئوغۇت** <خىم> تەركىبىدە كالىي كۆپرەك بولغان ئوغۇت. كالىي زىرائەتلەر ئېھتىياجلىق بولغان مۇھىم ماددىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق قەنت ۋە كراخمالنىڭ ھاسىل بولۇشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**كامار** ئى [پ] ① ئويۇلغان جاي، تۆشۈك: يېگىت ھەيران بولغان ھالدا توشقاننىڭ كەينىدىن قوغلاپتۇ، توشقان يىگىتنىڭ ئالدىدا يۈگۈرۈپ بېرىپ تاغدىكى بىر كامارغا كىرىپ كېتىپتۇ. ② ئۇۋا، ئىن: چاشقاننىڭ كامىرى. قۇشقاچنىڭ كامىرى.

**كامال** I ئى [ئە] يېزىق ① تولۇقلۇق، كەم-كۈتىسىزلىك، مۇكەممەللىك، كامالەت: رەھمەت، ئۇكام، يېتىم-يېسىرلارنىڭ بېشىنى سىلىغىنىڭىز ئۈچۈن، خۇدايىم كامالىڭىزغا يەتكۈزەر. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كامال تاپماق** ھەر جەھەتتىن تولۇق يېتىشمەك، كامالەتكە يەتمەك: ئۇ بۇ يىل 17 ياشقا كىرگەن بولۇپ، ئۇستىخانلىرى بۆلەكچە يوغىناپ، رەڭگى-رۇخسارى نۇرلىنىپ، پارقىراپ، گۈزەللىكى كامال تاپقانىدى. * ئابدۇۋەلى يۇرۇش-تۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇشتا شۇ ئادەمدەك بولۇشنى، ناخشا ئېيتىشقا ۋە موزدۇزلۇق ھۈنىرىدە ئاشۇ ئۇستىدەك كامال تېپىشنى ئارزۇ قىلاتتى.

**كامال** II ئى. دىئال. گىلەمنىڭ ئۆرۈشلىرىنى يۆرۈشتۈرىدىغان كالتەك.

**كامالەت** ئى [ئە] تولۇق يېتىشكەنلىك، مۇكەممەللىك؛ ئالى دەرىجە: كامالەت تاپماق. كامالەتكە يەتمەك. كامالەتتە تەڭداشسىز يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ئاتا-بالىلىرىغا تەربىيە سەرپ قىلدى.

**كامالەت تاپماق** ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يەتمەك، تولۇق يېتىشمەك، تەرەققى قىلماق: ياشلار جىسمانىي جەھەتتىن ئەتراپلىق كامالەت تېپىشى، ھەم قىزىللىشىشى، ھەم ئىختىساسلىشىشى لازىم.

**كامالەتكە يەتمەك** ← **كامالەت**

**تاپماق:** ئۇنىڭ كامالەتكە يەتكەن بىلىملىك ئادەم بولۇش ئارزۇسىنى ئاخىر ئىگىلىكنى داۋاملاشتۇرۇش زۆرۈرىيىتى بېسىپ چۈشتى. * تىلشۇالدى دادىسى نورۇز تېۋىپنىڭ بۇ ھۈنىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، تېڭىقچىلىقتا خېلى ئوبدانلا كامالەتكە يەتكەنىدى.

**كامالە تىلىك** سۈپ. كامالەتكە ئېرىشكەن، كامالەتكە يەتكەن: ئەگەر كامالە تىلىك كىشىلەردىن بولاي دېسەڭ، كامالە تىنىڭ نۇرىنى كۆرسەتمىگەنلەردىن ئۆز سىرىڭنى يوشۇر. * – پادىشاھنىڭ سەندىن كۆڭلى قالغان بولسا كېرەك، – دېدى ۋەزىر، – چۈنكى، پادىشاھ خاپا بولۇپ مۇنداق ئېيتتى: — شۇنچە كامالە تىلىك كىشى مېنىڭ سۆھبىتىمدە بالىلارنىڭ سۆزىنى قىلدى.

**كامالەك** ئى [پ] قاتتىق ياغاچنى ئىككى ئۇچىدىن يىپ تارتىپ ئېگىپ، يېرىم دائىرە شەكلىگە كەلتۈرۈش ئارقىلىق ياسالغان ھەمدە نەيزە، ئوق قاتارلىقلار ئېتىلىدىغان بىر خىل قەدىمىي قورال؛ ياي، كامان: سۇ لەشكەرلىرى كېمە-قېيىق مەشىقى قىلىشاتتى. ھەرقايسى تۈرالار لەشكەر قوراللىرى، كىيىم-كېچەكلىرى، ساۋۇت، قالقان، قىلىچ، ئوقيا، كامالەك، تۇغ-ئەلەم ياساش بىلەن بولۇپ كەتتى.

**كامان** [پ] ① ئى. ئوقيانىڭ ئوقتىن باشقا قىسمى، يايى؛ كامالەك: ئىككى ئاتنىڭ ئارىسى يېقىنلاشقاندا، جامالدىن تېزلىكتە كامانىنى توغرىلاپ ئوق ئاتتى. * كۈن نۇرىدا ئاق سەدەپتەك يالتىراپ، كۆرۈنەتتى ئۇلار سۆزۈك ئاسماندىن. بۇيرۇق بىلەن يا كىرىچى تارتىلدى، يۈزلەپ ئوقلار ئۇچۇپ چىقتى كاماندىن. ② سۈپ. كامالەككە ئوخشاش، ئېگىلگەن، قايرىلما (قاش-قامەت ھەققىدە): ياشلىق چاغلىرىم ئېقىپ بارادۇر، باھار گۈللىرىنى تېقىپ بارادۇر، كامان قاشلىرىنى قېقىپ بارادۇر، يۈرەككە ئوتلار يېقىپ بارادۇر.

**كامانچە** ① ئى. كىچىك كامان، كاماننىڭ كىچىكى. ② ئى <مۇز> غېجەك، ئىسكىرىپكا قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىنى چېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ۋە بىر ئۇچىدىن ئىككىنچى بىر ئۇچىغا قىل تۇتامى تارتىلغان تاياقچە: غېجەكچى مېرۇل ئاكا غېجەكنىڭ كامانچىسىنى قوش تارغا سۈركەپ، «دۇر» مۇقامىنى باشلاش بىلەن ئۆينىڭ ئىچى جىمىققا چۆمدى. * سەيدۇللام كامانچىنى ئىسكىرىپكا تارلىرى ئۈستىگە قويۇشى بىلەن ئېچىنىشلىق بىر سادا كۆتۈرۈلدى. ③ ئى. چىگىچىلىك، قاداقچىلىق قاتارلىق كەسىپلەردە پەرمىنى ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، مۇزىكا كامانچىسىغا ئوخشايدىغان ئەسۋاب: دەرۋەقە، دادىسى ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ قىرغۇ بىلەن كامانچىغا تايىنىپ چىراغ يېغى ۋە چاي-تۇزنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ تۇردى. ④ سۈپ. كامانغا ئوخشاش، ئېگىلگەن، قايرىلما: كامانچە قاش. * تورغاينىڭ قېنىدىن قىزىل گۈل، پېيىدىن ئەنبەرگۈل ئۈنۈپتۇ؛ ئىككىسىدىن ئاجايىپ چىرايلىق ئىككى پورەك كامانچە بولۇپ ئۆسۈپ، بىر-بىرىنى پۇرىشىپ تۇرۇپتۇ.

**كامانچىلىق** سۈپ. كامانچىسى بار، كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان: ئەرخۇ خەنزۇلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان كامانچىلىق چالغۇ.

**كاماندار** ئى [پ] يېز ت. ئوقيا ئاتقۇچى.

**كاماندارلىق** ئى. يېز ت. ئوقيا ئېتىش ئىشى: ئۇ شەمشەرۋازلىق، كاماندارلىقتا ماھىر بولۇپ، شەمشەرۋازلىقنى ياخشى كۆرەتتى.

**كاماندىروپكا** ئى [ر] ئەسلىدىكى خىزمەت ئورنىدىن باشقا بىر جايغا بېرىپ بېجىرىدىغان ئىش: مەن خىزمەت قىلىۋاتقىنىمغا ئەمدىلا بىر يىل بولغاندا ئۆرۈمچىدىن يۇرتۇم

چىرىيىگە كاماندىروۋكىغا باردىم. * نىجاتنىڭ بۇنداق تۇيۇقسىزلا كاماندىروۋكىغا چىقىشى ئۇنى ھەيران قالدۇردى.

**كامبالا** ئى [ر<فىنچە] <زوئول> كېپىنەكسىمان بېلىق، كوسوروت ۋە يېنى يېسسى بېلىقلارنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ بىرقانچە خىل بېلىقنىڭ تېنى تەكشى ياپىلاق، يېتىلىش جەريانىدا ئىككى كۆزى بارا-بارا باشنىڭ بىر تەرىپىگە ئۆتۈپ كېتىدۇ، دېڭىز ئاستىدا ياشايدۇ.

**كامپاش** ئى. دىئال. قومۇش پۆپۈكى.

**كامفارا** ئى [ر <لات <ئە] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{16}O$. رەڭسىز، سۈزۈك ھەم قاتتىق جىسىم. تەمى ئىرتاق، خۇش بۇي پۇرايدۇ، ئا-سان ئۇچىدۇ. ئادەتتە كامفورا دەرىخىنىڭ شاخ، يوپۇرماقلىرىدىن ئېلىنىدۇ. كۆندىلىك تۇرمۇشتا كۈيىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سانائەتتە سېللىيۇلوزا، پارتلاتقۇچ دورا ۋە پۇراقلىق ماتېرىيال قاتارلىقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. مېدىتسىنادا يۈرەكنى كۈچەيتكۈچى دورا ۋە چىرىشنىڭ ئالدىنى ئالغۇچى دورا سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**كامفان** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە، يەنى كادانىنىڭ ئاللوتروپىك شەكىل ئۆزگىرىشى بولۇپ، ئاق رەڭلىك كرىستال. نافتالىن پۇرىقىغا ئىگە، ئاسان ئۇچىدۇ، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئاكتىپ ئەمەس.

**كامفورا** ئى [ر<لات<ئە] <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى سەل يېشىل ئارىلاش ئاق رەڭلىك، شىرنىلىك مېۋىسى تۇتۇق سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ. پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۆپى خۇش بۇي پۇراقلىق بولۇپ، زىيان-داش ھاشارا تلاردىن قوغدىنالايدۇ. ياغىچى پۇختا بولۇپ، ئۆي جاھازلىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇملىرى ياساشقا مۇۋاپىق. شاخ، يوپۇرماقلىرىدىن كامفارا ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**كامفورا پىلە قۇرتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. لىچىنكىسىنىڭ تېنى سارغۇچ يېشىل، پۈتۈن تېنىدە تۈكچىلەر بولىدۇ. كامفورا، ئاق تېرەك، ياڭاق قاتارلىق دەرەخلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ. غوزىكى ئېللىپس شەكىللىك، يىپى چىدامىلىق، توقۇمىچىلىقنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ.

**كامفورا دەرىخى** <بوت> ← **كامفورا.**

**كامېر** ئى [ر<لات] ① ۋېلىسىپىت، ئاپتوموبىل قاتارلىقلارنىڭ چاقى ياكى توپىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى يەل قاچىلاش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان رېزىنكە خالتا: كامېر ياماق. كامېرغا يەل بەرمەك. ② لاگېر ياكى تۈرمىلەردىكى جىنايەتچىلەر-نى سولايدىغان ئۆي، قاماقخانا: يىرىم سائەتتىن كېيىن، خوجىنىياز ئۆزىنى يالغۇز كىشىلىك قاراڭغۇ كامېردا كۆردى.

**كامېرتون** ئى [ر<نېم] <فىز> پولات ماتېرىيالدىن ياسالغان ئاۋاز چىقىرىدىغان ئەسۋاب. شەكلى ئارىغا ئوخشايدۇ. كىچىك ياغاچ بولقا بىلەن ئۇرغاندا ئاۋاز چىقىرىدۇ.

**كامىل** سۈپ [ئە] ① كامالەتكە يەتكەن، مۇكەممەل، تولۇق، تەلتۆكۈس: مەن بىرنەچچە ساندۇقچى بىلەن پاراڭلىشىپ، شەھىرىمىزدىكى ئەڭ كامىل ساندۇقچىنى تاپتىم. * — بۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىل، — دېدى شانىياز خۇشاللىق بىلەن. // ئوقۇتقۇچى-لار ئىشقا بۇيرۇسا بارلىق ئىشتىياقىم بىلەن كامىل ئورۇنلايتتىم. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كاملا** ئى. گىلەمچىلىكتە شانا كالتەكلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرۈش ئۈچۈن توغرا ياغاچقا مىندۈرۈلگەن سايمان.

**كان** ئى [پ] ① پايدىلىق قېزىلمىلارنى ئېلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان يەر ئاستى ئىنشائاتلىرى: كۆمۈر كانى. ئالتۇن كانى. ئۇران كانى. مىس كانى. كاندا ئىشلىمەك. * ئۇلار كىشىلەر مەركەزلەشكەن ئىدارە، زاۋۇت، كانلارغا كىتاب ئاپىرىپ بەردى. ② <گېئول> پايدىلىق قېزىلمىلار توپلانغان جاي: كان ياتمىسى. كان گەۋدىسى. كان قازماق. * نېفىت، كۆمۈر، رۇدىنىڭ باي ماكانى كان قەشقەر. زاۋۇتلاردا دەريادەك شارقىراپدۇ گاڭ قەشقەر. ③ كۆچمە. بىرەر نەرسىگە ناھايىتى باي ياكى شۇ نەرسىنىڭ ماكانى بولغان جاي، يەر: تۇرپان، پىچان ناھىيىلىرى كىشمىش ئۈزۈمنىڭ كانى. * «كەل قىزىم باغرىمغا» دەپ چېكەمگە گۈل قىسقان دولان، كانى دەپ ناخشا-ئۇسسۇلنىڭ ئەل ئارا داستان دولان.

**كان تۇزىنى** <تىب> كان قازغاندا پەيدا بولغان توزان. ئادەم تېنىگە زىيانلىق. كۆپىنچە توزان ئۆپكە قاتارلىق كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

**كان تومۇرى** <گېئول> تاغ جىنس چاكلىرىنى تولدۇرغان تومۇرسىمان كان ياتمىسى. كۆپىنچە يەر قاتلاملىرى بىلەن مەلۇم بۇلۇڭ ياسايدۇ. ئالتۇن، كۈمۈش، مىس، ۋولفرام، سۈرمە قاتارلىقلار ھەمىشە كان تومۇرى ئىچىدە بولىدۇ.

**كان رايونى** <گېئول> ئادەتتە ئېچىلغان، ئېچىلىۋاتقان ياكى ئېچىلماقچى بولغان كان جايلاشقان رايون كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كان گەۋدىسى** <گېئول> مۇقىم بوشلۇق ئورنى ۋە مەلۇم يېتىش شەكلىدە ئىگە، شۇنداقلا پايدىلىق مىنېراللار ياكى پايدىلىق ئېلېمېنتلار مىقدارى سانائەت قىممىتىگە يەتكەن رۇدىنىڭ تەبىئىي يىغىندا گەۋدىسى.

**كان مەھسۇلاتلىرىنى قىدىرىش** <گېئول> مەلۇم رايوندا خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا كېرەكلىك بولغان كان مەھسۇلاتلىرىنى ئىزدەش ۋە باھالاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان گېئولوگىيىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش خىزمەتلىرى.

**كان مەيدانى** <گېئول> بوشلۇق، ۋاقىت ۋە پەيدا بولۇش جەھەتلەردە زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان بىر قاتار كان ياتمىلىرىنىڭ بىرىكىشىدىن شەكىللەنگەن كان جايلاشقان رايون.

**كان ھاسىل قىلغۇچى ئېرىتمە** <گېئول> ھەر خىل كان ياتمىلىرىنى پەيدا قىلىدىغان گازلىق ئىسسىق ئېرىتمىلەر. بۇ خىل ئېرىتمىلەرنىڭ ئاساسىي ئېرىتكۈچىسى سۇ بولۇپ، ئۇنىڭغا كۆپىنچە فتور، خلور، كاربون (IV) ئوكسىد، گۈڭگۈرت، بور قاتارلىق ئۇچۇشچان تەركىب ھەم كالىي، ناترىي ۋە ھەر خىل كان پەيدا قىلغۇچى ئېلېمېنتلار، ماددىلار ئارىلاشقان بولىدۇ.

**كان ياتمىسى** <گېئول> ئىچكى ۋە تاشقى گېئولوگىيىلىك تەسىرلەر نەتىجىسىدە يەر پوستى ئىچىدە شەكىللەنگەن، ھازىرقى تېخنىكا ۋە ئىقتىسادىي شارائىتتا سۈپەت ۋە سان جەھەتتە ئېچىپ پايدىلىنىشقا بولىدىغان پايدىلىق مىنېراللارنىڭ يىغىندى گەۋدىسى.

**كانا** ئى [پ] <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ بىر تۈركۈمى. بىر جۈپ ياكى بىرقانچە جۈپ ئاددىي كۆزى بولىدۇ، كۆزى يوقلىرىمۇ بولىدۇ. ئەركىكى

ئومۇمەن چىشىسىدىن كىچىك، كۆپىنچىسى يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكىللىك. بەزىلىرى ئادەملەر ۋە ھايۋان تېنىدە ياشاپ، قان شوراش بىلەن كېسەل تارقىتىدۇ. قوتۇر قۇرتلىرى ئەنە شۇ خىل كانىلاردۇر.

**كاندەك چاپلاشماق** قەتئىي ئايرىلماي يېپىشىۋالماق، كەينىگە كىرىۋالماق: سىلى چىقىپ تۇرسىلا دەيمەن، كاندەك چاپلاشماي ئادەمگە. * ھۆرنساخان بەزىدە مۇنداق ئىشلارغا كاندەك چاپلىشىۋالاتتى.

**كاناپ** ئى [پ] ① كەندىر. ② كەندىر پوستىدىن ئېشىلگەن يىپ ۋە شۇ يىپتىن توقۇلغان رەخت.

**كانار** ئى [پ] يېزت. قىرغاق، چەت، گىرۋەك: ئانىسىغا قاراپ قىز ئال، كانارىغا قاراپ بۆز ئال (ماقال). * پۈتۈن ئۆي، باغدىكى كۆلنىڭ كانارى، يېپىلدى قىپقىزىل زىلچە ئانارى.

**كانارا** ئى [پ] گۆش ئاسىدىغان ۋە گۆش ئېسىپ پارچىلايدىغان ئىلمەكلىك جاھاز: شۇنچە كۆپ كىشىلەر ئالدىدا يۈزى تۆكۈلۈپ شەرمەندە بولغان توختى قاسساپ، ئەتىگەن ۋەدىلەشكەن بەش يۈەن ئىش ھەققىدىنمۇ كېچىپ، كانارا ئالدىدىن تېزلا غايىب بولدى. * ئۇ قاچا-قۇچىلارنى جاي-جايىغا قويۇۋېتىپ كانارىدا ئېسىقلىق تۇرغان سېمىز گۆشنى كۆرۈپ قالدى-دە، ئۆزىگە يېگى ئىش تاپتى.

**كانال** ئى [ر<لات] ① قانال. ② <بىئول> جانلىق ئورگانىزم تېنىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھەرقايسى قىسىملار-غا توشۇيدىغان نەيچىسىمان توقۇلما. ئادەتتە ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن بولغان ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپىدۇ: كانالالار باغلىمى.

**كانالالار باغلىمى** <بوت> يۇقىرى دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەر تېنىنىڭ تەركى-بىي قىسىملىرىدىن بىرى. ئاساسەن ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن ھۈجەيرىلەردىن تەركىب تاپقان بولۇپ، باغلام ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ ياغاچ قىسىم بىلەن ئەۋرىشىم قىسىمنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئادەتتە ئۆسۈملۈك تېنىدىكى سۇ ۋە ئوزۇقلۇق ماددىلارنى ھەرقايسى قىسىملارغا توشۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**كاناي** ئى [پ] ① <مۇز> بىر خىل دۇخوۋوي چالغۇ. مىستىن ئۇزۇن ۋە ئاغزى كەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ. تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، بەزىلىرى دۇخوۋوي ئوركېستىرلاردا، يەنە بەزىلىرى ھەربىي قىسىملاردا سىگنال بېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ: كۈن ئولتۇردى. كاناي چېلىندى. دۇشمەن ھېلىقى ئايرىپ چىقارغان ئادەملەرنى ئېلىپ كەتتى. ② كېسىك كونۇس شەكلىدىكى ئاۋاز چوڭايتىش ئەسۋابى. بەزىلىرى ئاددىي بولۇپ، ئىنچىكە تەرىپىنى بىۋاستە ئېغىزغا تۇتۇپ سۆزلەشكە بولىدۇ. يەنە بەزىلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى مۇرەككەپ بولۇپ، سىملىق رادىئو ئۈسكۈنىلىرىگە ئۇلىنىدۇ: تۆت كانايلىق ئۈنئالغۇ. * بۇ چاغدا رادىئو كانىيىدىن ئاڭلىنىۋاتقان يېقىملىق ناخشىلار كۆۋرۈك بېشىدىكى مىڭلىغان كىشىنىڭ شاۋقۇن-سۈرەننى بېسىپ، خوتەن خەلقىنىڭ غەلىبە تەنتەنىسىنى چەكسىز ئۇزاقلارغا ئېلىپ كەتتى. ③ مەش، ئوچاق، ساماۋار ۋە پار قازىنى قاتارلىقلارغا ئورنىتىلىد-غان، قاڭالتىردىن ياسىلىدىغان ۋە ئىس، پار قاتارلىقلارنى چىقىرىۋېتىش، بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ئۆتكۈزۈش رولىنى ئوينايدىغان تۇرۇبا شەكىللىك بۇيۇم؛ تۆمۈر تۇرخۇن: مەشنىڭ كانىيى. ساماۋارنىڭ كانىيى. * ئۆينىڭ بىر چېتىدە

كاناي بىلەن مەشمۇ بار ئىدى. ④ <ئانات> نەپەسلىنىش ئورگىنىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى تۇرۇبىغا ئوخشايدۇ. يېرىم ھالقا شەكىللىك كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلىدۇ، ئېلاستىك خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يۇقىرىقى ئۇچى بوغۇز بىلەن تۇتىشىدۇ. تۆۋەنكى ئۇچى ئىككىگە بۆلۈنگەن بولۇپ، ئوڭ ۋە سول قانات ئۆپكىگە كىرىدۇ: كانىيىغا بىر نەرسە تۇرۇپ قالغاندەك بولدى. * كۆڭلىلەرنىڭ بىرىدە راستىنلا بۆرە كېلىپ قېلىپتۇ. ئىمىن يالغانچى قورقۇپ كېتىپ، كانىيى يىرتىلغۇدەك ۋارقىراپ كىشىلەرنى ياردەمگە چاقىرىپتۇ.. ⑤ كۆچمە. گال؛ كېكىردەك: كانىيىدىن ئالماق. * باغۇەن توققۇز قېتىم تەزىم قىلىپ چىقىپ، بەختىيارنى باغلاپ، باغنىڭ يۇلۇڭغا ئېلىپ بېرىپ، پىچاقنى كانىيىغا تەڭلەپتۇ.

**كاناي پۇچقاق ئىشتان** پۇچقىقى كاناي شەكلىدە كەڭ قىلىپ تىكىلگەن ئىشتان: كاناي پۇچقاق ئىشتان كىيگەن بۇ تۆت ياشنىڭ ئۈستىدە يەنە بەدەنگە يېپىشىپ تۇرىدىغان، ئوچۇق ياقىلىق تار مايكا بار ئىدى.

**كانايغا يوق، سۇنايغا نەدە** ئەڭ مۇھىمىغا يوق، مۇھىم بولمىغىنىغا نەدە؛ ئۆزىگە يوق، ئۆزگىگە نەدە: — نېمە؟ بىر كورە بۇغداي... كانايغا يوق سۇنايغا نەدە تۇرۇپتۇ! — بوۋاينىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، ساقاللىرى تىترەپ كەتتى.

**كانىيىغا تىقماق** ① يېگۈزمەك. ② پارا بەرمەك، ئارقا ئىشىك قىلماق: — سېنى ئورۇنلاشتۇرۇمىز دەپ چاڭجاڭنىڭ كانىيىغا ئاز تىقمىدۇق، — دېدى زەينەپخان قىزىغا كايىپ.

**كانىيىغا ئۇرماق** ← **كانىيىغا تىقماق.**

**كانىيىغا ئېسىلماق** جاۋابكارلىققا تارتماق: ئۇ تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىۋالدى-دە، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى: — ئۇكام، ھازىر غىلاجىدىن ئىقتىسادىي ئىشلارنى ئېنىقلاش باھانىسى بىلەن كانىيىمىزغا ئېسىلدى.

**كانىيغىچە تويماق** قاتتىق بىزار بولماق، ئىككىنچى قىلمايدىغان بولماق، قاتتىق بىزار بولۇپ پۇشايمان قىلماق: دادىسىمۇ بالا بېقىپ چوڭ قىلغىنىغا كانىيغىچە تويدى.

**كانىيغىچە قەرزگە بوغۇلماق** جىق قەرز بولۇپ كەتمەك، نۇرغۇن قەرزدار بولۇپ قالماق: — بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە كانىيمغىچە قەرزگە بوغۇلۇپ قالدىم، ساڭا بەرگۈدەك نەدىمۇ پۇل بولسۇن بالام، — دېدى ئۇ ئېغىر خۇرسىنىپ.

**كانىينى كەرمەك** قاتتىق گەپ قىلماق، ئۈنلۈك سۆزلىمەك: سۈرگۈنلەر توپى ئالدىدا پالاقلاپ كېلىۋاتقان پاكار بويلۇق، ساقاللىق كەلگەن ئادەم كانىينى كېرىپ، ئەنە شۇنداق ۋارقىراپ كەلمەكتە ئىدى.

**كانىينى مايلىماق** باشقىلارغا پارا بەرمەك: ھەممىسلا شۇنىڭكىنى راست قىلدى. ئۇ باشقىلارنىڭ كانىينى مايلاپتۇدەك.

**كانىينى ياغلىماق** ← **كانىينى مايلى-ماق.**

**كانىيى يوغناپ كەتمەك** پارە ئېلىشتا ئاز نەرسىگە قانائەت قىلمايدىغان، خېلى چوڭ نەرسە بولسىمۇ ياق دېمەيدىغان بولۇپ كەتمەك.

**كانىيى يىرتىلغۇچە** ناھايىتى قاتتىق، جېنىنىڭ بارىچە: كانىيى يىرتىلغۇچە ۋارقىرىماق. * ئۇ پۇقرانىڭ بېشىدىكى دەرد-ئەلەمنى بىر سۈپكۈچ بىلەنلا يوق قىلىۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدا كانىيى يىرتىلغۇچە جار سالغان.

**كانايچە** ئى. كىچىك كاناي: قاسىم گېزىت قەغىزىنى يىرتىۋېلىپ كانايچە قىلىپ ياسىدى. * ئۇنىڭ ئۆپكە كانايچىلىرى ياللۇغلانغانىدى. // ئۇ قولىنى ئاغزىغا كانايچە قىلىپ تۇتۇپ تۇرۇپ: — ماڭا قورۇلغان ئىككى توخۇنىڭ

گۈشى بىلەن يەنە ياخشىراق تائاملاردىن چاپسانراق يەتكۈزۈپ بەرگىن-دە، بۇ يەردىن تېزرەك يوقال، بولمىسا مۇنۇ مېنىڭ ئانام قورقۇپ جېنى چىقىپ كېتىۋاتىدۇ، — دەپ توۋلاپتۇ.

**كانايچى** ئى ① كاناي چالىدىغان ئادەم، سىگنالچى: ئېتىش ئەڭ ئاخىرقى دەرىجىگىچە كۈچىيىپ، ۋوگزالغا يېقىنلاشقاندا، شتاب جايلاشقان بىر ۋاگون ئالدىدا كانايچى جەڭدىن يېغىلىشقا چالدى. ② كۆچمە. تەشۋىقاتچى، جارچى: — مېنىڭچە، — دېدى دۇبىجاك هامۇت چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — ماتېرىيال مۇكەممەل ئاساسقا ئىگە، ئۇ بۇرژۇئازىيە تەرىپىدىن تارتىپ كېتىلگەن بىر كانايچى ئىكەن.

**كانايگۈل** ئى [كاناي+گۈل] <بوت> ← **ھەشقىپىچەك.**

**كانايلىق** سۈپ. كانىيى بار، كاناي ئورنىتىلغان: سەككىز كىشىلىك بۇ ياتاقتا دۇتار، تەمبۇر، داپ ۋە قوش كانايلىق ئۈنئالغۇمۇ بار ئىدى.

**كانت** ئى. 1724 - يىلدىن 1804 - يىلغىچە ياشىغان ئەڭ ئاتاقلىق نېمىس ئىدېئالىستىك پەيلاسوپى، يەنى 18 - ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن 19 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى گېرمانىيە ئىدېئالىزمىنىڭ كەشپىياتچىسى.

**كانتىزم** ئى<پەلس> نېمىس پەيلاسوپى كانت ۋە ئۇنىڭ ئىزداشلىرى تەرىپىدىن يارىتىلغان ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى ئېقىم. ئۇنىڭ تۈپ بەلگىسى: ماتېرىيالىزم بىلەن ئىدېئالىزمنى كېلىشتۈرۈش، ئىككىسىنى مۇرەسسە قىلىش، بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى بولغان تۈرلۈك پەلسەپىۋى مەزھەپلەرنى بىر سىستېمىغا بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

**كانتۇ** ئى. دىئال. ئوغرى.

**كانتۇلۇق** ئى. دىئال. ئوغرىلىق.

**كانتۇلىماق** پ. دىئال. ئوغرىلىماق.

**كانجا** ئى. كۆزگى بۇغدايىنى كەچ كۆزدە سۇغىرىش ئىشى: ئابلا بۇغداي كانجىلاۋاتقان ياشلارنى كەنتكە باشلاپ كەلدى.

**كانجىلاتماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مەن بۇغدايىنىڭ كانجىسىغا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىسەم، بالىلارنى بۇيرۇپ، بۇغدايىنى كانجىلىتىپ قويغىن، — دەپ تاپىلىغانىدى تاغام.

**كانجىلاشماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كانجىلانماق** «كانجىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ھازىر ۋىلايەت بويىچە 900 مىڭ مو يەردىكى كۆزگى بۇغداي بىر قېتىم كانجىلىنىپ بولدى.

**كانجىلىماق** پ ← **تولۇق ياتقۇزماق.**

**كانچى** ئى. كان ئىشچىسى: بۇ گەمىلەر ئىچكىرى-تاشقىرى ئىككى ئېغىزلىق قىلىپ ياسالغان بولۇپ، بۇنىڭدا كانغا قارىغۇچىلار، كانچىلار، نازارەت قىلغۇچىلار تۇراتتى.

**كانچىلىق** ئى. كان ئېچىش كەسپى.

**كاندۇك** ① سۈپ. پارچە، بۆلەك-بۆلەك: كاندۇك ئېتىز. ② ئى. كىچىك ئېتىز: كامىلجان «23 پ ر» ماركىلىق قوش چىشلىق ساپاننى راسا ۋاشىلدىتىپ ھەيدەۋاتاتتى. ھېپىزە بولسا بالىسىنى بىرنېمىگە مەشغۇل قىلىپ قويۇپ، يېڭىلا كېلىپ يەنە ھېلىقى كاندۇكنىڭ بۇرجىكىنى چاناۋاتاتتى.

**كاندۇك ئېتىز** كىچىك ئېتىز. كۆپىنچە چاسا شەكىلدە بولىدۇ.

**كاندۇكلاشتۇرماق** «كاندۇكلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كاندۇكلاشتۇرۇلماق** «كاندۇكلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كاندۇكلاشماق** پ. كىچىك كاندۇك ئىتىز هالىتىگە كەلمەك.

**كاندۇكلىماق** پ. يەرنى كىچىك-كىچىك چاسا ئىتىزلارغا ئايرىماق.

**كاندېلا** مىق [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچىنىڭ بىرلىكى. بىر كاندېلا ئۆتمۈشتە كىت مېيىدىن ياسالغان ۋە دىئامېترى 2.2 سانتىمېتر، ماسسىسى 75.5 گىرام بولغان شامنىڭ هەر سائەتتىكى كۆيۈشى 7.78 گىرام، يالقۇنىنىڭ ئېگىزلىكى 4.5 سانتىمېتر بولغاندىكى پاراللېل يۆنىلىشلىك يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچىنى بىلدۈرەتتى. هازىر، پۈتۈنلەي رادىئاتسىيىلەنگەن جىسىمنىڭ ئاق ئالتۇننىڭ قېتىش تېمپېراتۇرىسى ئاستىدا، هەر $\frac{1}{60}$ سانتىمېتر كۋادرات مەيداندىكى يورۇقلۇق چىقىرىش كۈچىنى كۆرسىتىدۇ.

**كاندىدات** [ر<لات] ① سۈپ. تەيىنلىنىش، سايلىنىش ياكى بىرەر تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنىش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن: كاندىدات پارتىيە ئەزاسى. كاندىدات تەتقىقاتچى. ② ئى. سايلىنىش، تەيىنلىنىش ياكى بىرەر تەشكىلاتقا قوبۇل قىلىنىش قاتارلىقلار ئۈچۈن بەلگىلەنگەن كىشى: ئىزا رىمبا ۋەتەنپەرۋەرلىك توغرىسىدىكى نۇتۇقىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، پىدائىيلارنى تىزىمغا يېزىشقا باشلىدى. كاندىداتلارنىڭ هەممىسى ئىلگىرىدىن بەلگىلىنىپ قويۇلغانىدى. ③ ئى. بىرەر پەن بويىچە دىسسېرتاتسىيە ياقلاش ئاساسىدا بېرىلىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئىلمىي ئۇنۋانىنى ئالغان كىشى: تېخنىكا پەنلىرى كاندىداتى. پەلسەپە پەنلىرى كاندىداتى.

**كاندىداتلىق** ئى ① كاندىداتتىن ئىبارەت ئىلمىي دەرىجە ۋە شۇنداق دەرىجىگە ئىگىلىك: كاندىداتلىق دەرىجىسى. كاندىداتلىق دىسسېرتاتسىيىسى. كاندىداتلىققا ئىمتىهان بەرمەك. ② ئەزالىققا قوبۇل قىلىنىش ئۈچۈن سىناق مۇددىتىنى ئۆتەيدىغان باسقۇچ: كاندىداتلىققا قوبۇل قىلماق. كاندىداتلىق ستاژى.

**كانسېرىۋا** (توغرىسى: كونسېرۋا) ← كونسېرۋا.

**كانسپېك** (توغرىسى: كونسپېك) ← كونسپېك.

**كانشۇناس** ئى. كان ياتقۇلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە سانائەتتىكى قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلغۇچى ئالىم، مۇتەخەسسىس.

**كانشۇناسلىق** ئى <گېئول> گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى. كان ياتقۇلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى، پەيدا بولۇشى، تارقىلىشى ۋە سانائەتتىكى قىممىتى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كانكى** ئى [ر] <تەن> ئاياغنىڭ تېگىگە ئورنىتىلىدىغان، پولاتتىن ياسالغان پىچاق شەكىللىك ئەسۋاب. مۇز توپ كانكىسى، يۈگۈرۈش كانكىسى ۋە فىگۇرا كانكىسىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل بولىدۇ.

**كانكى ئايىغى** <تەن> مۇز تېيىلغاندا كىيىۋالىدىغان بەتىنكە. خۇرۇمدىن تىكىلىپ تېگىگە كانكى ئورنىتىلىدۇ.

**كاننىگۈل** ئى [لات+پ] <بوت> قوناقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى بىنەپشە رەڭدە، يىلتىزسىمان غولى كاللەك هالىتىدە بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى قىزغۇچ سېرىق كېلىدۇ، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. يىلتىزسىمان غولى تەركىبىدە كراخمال كۆپ بولىدۇ. غول ۋە يوپۇرماق تالالىرىدىن قەغەز ئىشلىگىلى بولىدۇ.

**كانۋا** ئى [ر] كۆڭلەكلەرنىڭ ياقىسىغا،

يەڭنىڭ ئۇچى قاتارلىق جايلارغا تۇتىدىغان كەشتە.

**كانۋاي** ئى (توغرىسى: كانۋوي) ← **كانۋوي.**

**كانۋوي** [ر<گول] يۇقىرى دەرىجىلىك باشلىقلارنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن قويۇلغان مۇھاپىزەتچى، قوغدىغۇچى.

**كانىكول** ئى [ر< لات] ← **تەتىل.**

**كانىماش** ئى [كانا+ماش] <بوت> ← **باقلە.**

**كانىنون** ئى [ئىنگ] <ھەرب> ← **كانىنون توپى.**

**كانىنون توپى** <ھەرب> ستۋولى ئۇزۇن، ئوق يولى تۈۋەن، دەسلەپكى سۈرئىتى تېز بولغان بىر خىل زەمبىرەك. كۆپ چاغلاردا بىۋاستە قارىغا ئېلىپ ئېتىش ۋە يىراق ئارىلىقتىكى نىشانلارنى ئېتىشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كانىيەك** ئى [ر<فران] ئۇزۇن ساقلاشقا باپ قىلىپ ئىشلەنگەن كۈچلۈك ئۈزۈم ھارىقى: قېنى، بۇ ياققا كەل، كانىيەك ئىچەمسەن؟ مەن مانا بۇنداق نەرسىنى ئويلاپ قويدۇم. چوڭ تالنىڭ ئودۇلىغا كۆۋرۈك سالساق، ئۇ تەرەپكە ئىككى پەينى ئۆتكۈزۈۋەتسەك. * ئۇ ئازراق كانىيەك ئىچمەكچى بولۇپ، ماگىزىنغا كىردى.

**كاھ** I ئى. كونا. ۋاڭنىڭ ئارقىسىدا يۈرۈپ، ۋاڭنى قوغدايدىغان ۋە ئۇنىڭ خىزمىتىنى قىلىدىغان خادىم: ناخشىنىڭ ۋاڭغا يېقىپ قالغانلىقىنى چۈشەنگەن كاھلار، دورغىلار تەڭلا «خوش» دېيىشتى ۋە ئارقىدىنلا بىرى بېرىپ ناخشا ئېيتقۇچىنى قىچقىرىپ كەلدى.

**كاھ** II ئىم. ئىتنى چاقىرىش ئىماسى.

**كاھ** III ئىم. ئاتنى ئارقىغا چېكىندۈرۈش ئىماسى.

**كاھ-كاھ** I «كاھ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاي خېنىم ئالتۇن خېنىم، ئوتتۇڭدا كۆيدۈم پاھ-پاھ. ئاي يۈزۈڭنى كۆرسىتىپ قىچقار ئىتىڭنى كاھ-كاھ.

**كاھ-كاھ** II «كاھ III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كاھىش** ئى [پ] <بىن> تام ۋە ئۆگزىگە ياتقۇزۇلىدىغان قۇرۇلۇش ماتېرىيالى. ئەسلىدە سېغىز لايدىن ياسىلىپ، يۈزىگە ساپال سىرى سۈركەپ خۇمداندا كۆيدۈرۈش ئارقىلىق تەييارلىناتتى. ھازىر سېمونت قاتارلىق باشقا ماتېرىياللاردىن ھەر خىل شەكىلدە كۆيدۈرمە ياكى ياسىلىدىغان بولدى.

**كاھىشچى** ئى. كاھىش ياسايدىغان كىشى: «ئاھ ئۇرارمەن»، «ۋادەرىخا»، «ھەيرانەي»، «بۇ تاغلار ئېگىز تاغلار»، «راۋابىڭنى ئالساڭچۇ»، «پەلەكنىڭ چاقى چۆرۈلدى»، «دادەي» قاتارلىق يۈزلىگەن-مىڭلىغان ناخشىلار ئورمىچىلارنىڭ، جۇۋازچىلارنىڭ، ھارۋىكەشلەرنىڭ، گىلەمچىلەرنىڭ، كاھىشچىلارنىڭ ئېغىر ھەسرەتلىرىنى، قاتتىق نەپرەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرگەن.

**كاھىشلىق** سۈپ. كاھىشى بار، كاھىش ئورنىتىلغان: مەن ئۈستى كاھىشلىق دەرۋازىدىن چىقىۋېتىپ كەينىمگە قايرىلدىم، 227-نومۇرلۇق ئۆينىڭ بالكون ئىشىكى قىيا ئېچىلغاندەك، گۈزەلئاينىڭ بېشى غىل-پال كۆرۈنگەندەك بولدى.

**كاھىن** ئى [ئە] ① دىن ئەھلى؛ روھانىي: ئۆينىڭ تېمى ئالدىغا ھەر خىل قىياپەتتىكى بۇددا كاھىنلىرىنىڭ ھەيكەللىرى قاتار قويۇلغانىدى. ② بىرەر ۋەقە-ھادىسىدىن ئالدىن خەۋەر بەرگۈچى، رەمچى، پالچى.

**كاھىنلىق** ئى. روھانىيلىق، رەمچىلىك ئىشى:

– بىزنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا، – دېدى قارىم سارىخان ئاچىنى داستىخانغا تەكلىپ قىلىپ بولۇپ، – جىنكەش، پىرىخۇن ۋە رەممالىقنىڭ ھەممىسى كاھىنلىق دېيىلىدۇ.

**كاۋا** ئى <بوت> ① كاۋا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، پېلەك تاشلاپ ئۆسىدىغان، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ توغرا كەسمە يۈزى بەش بۇرجەك شەكلىدە، يوپۇرمىقى يۈرەك شەكلىدە، گۈلى سېرىق كېلىدۇ. ئۇنىڭ مانتا كاۋىسى، تونۇر كاۋىسى ۋە سەي كاۋىسى قاتارلىق كۆپ خىل تۈرلىرى بولۇپ، مېۋىسىنىڭ شەكلىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. ئادەتتە ھەممىسى ئىستېمال قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كاۋا ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. كۆپى پېلەك تاشلاپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق، ئاز سانلىقى ئەۋرىشىم غوللۇق. ئورىغۇچى يىپچىلىرى بولىدۇ، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ناھايىتى ئاز سانلىقى قوش جىنسلىق. مېۋىسى سۇلۇق مېۋە. قاپاق، كاۋا، تاۋۇز، قوغۇنلار كاۋا ئائىلىسىگە كىرىدۇ.

**كاۋا چېچىكى رەڭ** <گ سەن> قىزىل بىلەن سېرىقنىڭ قوشۇلۇشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ. ئارەنجىدىن سارغۇچراق يەنى قىزىلغا مايىل سېرىق كېلىدۇ.

**كاۋا سامسىسى** كاۋىنى قىيما قىلىپ تۈگۈلگەن سامسا.

**كاۋا مانتىسى** كاۋىنى قىيما قىلىپ تۈگۈلگەن مانتا.

**كاۋاپ** ئى [پ] ئوتتا قاقلاپ پىشۇرۇلغان گۆش: تونۇر كاۋىپى. تاۋا كاۋىپى. كاۋاپ يېمەك. تاۋا كاۋاپ قىلماق.

**كاۋاپ بولماق** ① كاۋاپ بولۇش ھالىتىگە كەلمەك. ② كۆچمە. كۆيمەك، دەردكە مۇپتىلا بولماق (ئىشق-مۇھەببەت ھەققىدە): ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭنىڭ بىر شېخى راۋاب بولدى، سەن يارىمنىڭ ئىشقىدا يۈرىكىم كاۋاپ بولدى.

**كاۋاپ قىلماق** ① كاۋاپ تەييارلىماق، كاۋاپ ئەتمەك: قوي گۆشىدە كاۋاپ قىلماق. ② كۆچمە. كۆيدۈرمەك، ئىشق-مۇھەببەت دەردىگە مۇپتىلا قىلماق: سەن، سەن مېنى سەن خاراب قىلدىڭ مېنى، ئوتلارغا سېلىپ كاۋاپ قىلدىڭ مېنى.

**كاۋاپمۇ كۆيمىسۇن، زىخمۇ كۆيمىسۇن** ھەر ئىككى تەرەپنىڭ زىيان تارتماسلىقىنى، ئىشنىڭ ئادىل بولۇشىنى بىلدۈرىدىغان سۆز بىرىكمىسى.

**كاۋاپ ئوت** كۆيدۈرۈلگەن ئوتنىڭ يىلتىزىدىن ئۈنۈپ چىققان ئوت-چۆپ.

**كاۋاپچى** ئى. كاۋاپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئادەم: – ھە، سەنمىدىڭ؟ – دەپ ئۇنىڭغا ئانچە پەرۋا قىلمىغاندەك جاۋاب بەردى كاۋاپچى ئۇستام.

**كاۋاپخانا** ئى [ئە+پ] كاۋاپ پىشۇرۇپ ساتىدىغان ئۆي، دۇكان، جاي: ئۇ كاۋاپ يېگەچ بىردەم-يېرىمدەم ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچى بولۇپ بىر كاۋاپخانىغا كىردى.

**كاۋاپدان** ئى [ئە+پ] كاۋاپ پىشۇرۇش ئۈچۈن قەلەيدىن تۆت پۇتلۇق قىلىپ ئوقۇر شەكلىدە ياسالغان سايمان: بىز گۆش، دورا-دەرمان، كاۋاپدان، زىخ قاتارلىق لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ قويغانىدۇق.

**كاۋاش** ئى. قاشتېشىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە ئاق كاۋاش، كۆك كاۋاش، سېرىق كاۋاش، قارا كاۋاش ۋە سۈزۈك كاۋاش دېگەن تۈرلەرگە بۆلۈنىدۇ.

**كاۋاك** ئى [پ] ① چىرىش، ئۇپراق تۈپەي-

لىدىن نەرسىلەرنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولغان بوشلۇق، تۆشۈك: سېپىت ھاجى كۆرسىتىپ بەرگەن كاۋاكقا ئۆملەپ كىرىۋالغان ئابلىزقارى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى. // كاۋاك ھالەت. ② <تىب> ئۆپكە تۇبېركۇليوز بولغان كىشىلەرنىڭ ئۆپكە قىسمىدا پەيدا بولغان تۆشۈك. ③ <ئابات> ئادەمنىڭ بەزى ئەزا ياكى توقۇلمىلىرىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئۇيمانلاشقان تۈيۈق كامار جاي. مەسىلەن، بۇرۇن كاۋىكى، بۇرۇن يان كاۋىكى ۋە باشقىلار.

**كاۋاك بېتون تاختا** <بىن> ئارىسىغا بەلگىلەنگەن ئۆلچەم بويىچە پولات چىۋىق ئېلىنىپ قۇيۇلغان، ئىچى كاۋاك بېتون تاختا.

**كاۋاك تام** <بىن> خىشنى تىكلەپ قويۇش ئارقىلىق ئىچى كاۋاك قىلىپ قوپۇرۇلغان تام. بۇ خىل تامنىڭ ئىسسىق-سوغۇقنى توسۇش ۋە ماتېرىيال ئىقتىساد بولۇشتەك ئارتۇقچىلىقلىرى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ كىلىماتى بىرئاز ئىسسىق رايونلاردا مۇۋاپىق كېلىدۇ.

**كاۋاك تۈۋرۈك** <بىن> تۇراقلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە ماتېرىيال ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن ئىچى كاۋاك قىلىپ ياسالغان تۈۋرۈك.

**كاۋاكتىن پايدىلانماق** بىراۋنىڭ ئاجىزلىقىدىن، پايدىلىنىپ بىرەر ئىشنى قىلماق: ئۇنىڭ ئاجىز ۋە ئىقتىدارسىزلىقى بەزى ئادەملەرگە كاۋاكتىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتى ھازىرلاپ بەرگەن بولسا كېرەك.

**كاۋاك خىش** <بىن> ئوتتۇرىسى كاۋاك قىلىپ ياسالغان خىش. بۇنداق خىشلارنىڭ ئىسسىق-سوغۇق، ئاۋاز قاتارلىقلارنى توسۇش خۇسۇسىيىتى ياخشى. قۇرۇلۇشلاردا كۆپ چۆشمەيدىغان ئورۇنلارغا ئىشلەتسە، قۇرۇلۇشنىڭ ئېغىرلىقىنى يەڭگىللەتكىلى ۋە ماتېرىيال ئىقتىساد قىلغىلى بولىدۇ.

**كاۋاك سۈيى** <گېئول> تۇپراق ۋە تاغ جىنس كاۋاكلىرىدىكى يەر ئاستى سۈيى.

**كاۋاك لىم** <بىن> ئېغىرلىقىنى يېنىكلىتىش ھەم ماتېرىيال ئىقتىساد قىلىش ئۈچۈن ئىچى كاۋاك قىلىپ ياسالغان لىم.

**كاۋاك ئىچلىكلەر** <زوئول> ھايۋانات دۇنياسىدىكى بىر تىپ، يەنى بۇلۇتسىمان ھايۋانلاردىن سەل يۇقىرى، ئىككى تۆرەلمە قەۋەتلىك ھەم كۆپ ھۈجەيرىلىك ھايۋانلار.

**كاۋاك ئىزدىمەك** بىراۋنىڭ قۇسۇرىنى ئىزدىمەك، يوچۇق ئىزدىمەك: ئۇ ئابدۇللانىڭ گېپىگە چايناپ باقمايلا جاۋاب بەرگەنلىكىنى ئىچىدە تىللاپ، كاۋاك ئىزدىدى.

**كاۋاكلاشماق** پ. كاۋاك ھالەتكە كەلمەك، كاۋاك ھاسىل بولماق: قېرى سۆگەتنىڭ غولى پۈتۈنلەي كاۋاكلىشىپ كەتكەنىدى.

**كاۋاكلىق** ① «كاۋاك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② ئى <گېئول> بوش تاغ جىنسلىرى ۋە توپا دانىچىلىرى ئارىسىدىكى كاۋاكلار ئومۇمىي ھەجمىنىڭ تاغ جىنس ياكى توپىنىڭ بارلىق ھەجمىگە بولغان نىسبىتى. يەنى:

$$\text{تاغ جىنس كاۋاكلىقى \%} = \left(1 - \frac{\text{تاغ جىنس ياكى توپىنىڭ قۇرۇق ئېغىرلىقى}}{\text{تاغ جىنس ياكى توپىنىڭ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى}}\right) \times 100.$$

**كاۋاكلىماق** پ. كاۋاك ھاسىل قىلماق، كاۋاك قىلىپ ئويماق: شۇڭا كىشىلەر

قومۇشلۇق ياقىسىدىكى چويۇندەك توڭلاپ كەتكەن دۆڭلەرنى ئوت قالاپ ئېرىتىپ، كاۋاكلاپ كىرىپ، شور ۋە زەي توپىلارنى توشۇيتتى.

**كاۋاۋىچىن** ئى [پ] <بوت> سوزاپ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. شاخلىرىدا تىكەنلىرى بار، مېۋىسى شار شەكىللىك، تۇتۇق قىزىل رەڭلىك، ئۇرۇقى قارا. ئادەتتە تەم تەڭشەيدىغان پۇراقلىق ماتېرىيال ۋە دورا قىلىنىدۇ، سوزۇلما خاراكتېرلىك ئاشقازان كېسىلىنى داۋالاش ئۈنۈمى بار.

**كاۋچۇك** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> كاۋچۇك دەرىخى، كۆكسېغىز قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەردىن ئېلىنغان سۈتنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئارقىلىق ياسالغان ئېلاستىكلىق ۋە ئىزولياتورلۇق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، سۇ ھەم ھاۋا ئۆتكۈزمەيدىغان ماتېرىيال. ئۇنىڭدىن ئىشلەنگەن بۇيۇملار سانائەت ۋە تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى ساھەلىرىدە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**كاۋچۇك دەرىخى** <بوت> كاۋچۇك ئېلىنىدىغان دەرەخلەرنىڭ ئومۇمىي نامى، يەنى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شېخى ئىنچىكە ھەم ئۇزۇن، مۇرەككەپ يوپۇرمىقى ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماقتىن تۈزۈلگەن، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق، خۇش بۇي پۇرايدۇ. شار شەكلىدە غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. ئەسلىي ماكانى برازىلىيە بولۇپ، ھازىر ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدىمۇ تىكىپ ئۆستۈرۈلمەكتە. ئادەتتە ئۇ كاۋچۇك ئېلىنىدىغان ئاساسلىق دەرەخ خىللىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كائىنات** ئى [ئە] يەر شارى ۋە باشقا بارلىق ئاسمان جىسىملىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان چەكسىز بوشلۇق؛ ئالەم: تاڭ سەھەر، شەرقتىن كۆتۈرۈلگەن شەپەق نۇرى كائىناتنى قىزىللىققا پۈركىگەنىدى. * بارچە كائىنات خۇددى بۇلار ئىككىسى ئۈچۈن خاتىرجەم شارائىت يارىتىپ بېرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

**كاياك** سۈپ. بىرەر ئىشنى قىلىشنى ئاسانلىقچە خالىمايدىغان، تەس كۆرىدىغان، ياقتۇرمايدىغان: مەن دوختۇرغا بېرىشقا كاياك بىر ئادەم.

**كايتماق** «كايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سىزنى كايىتىپ قويدۇم، خاپا بولماڭ. * — بۇگۈن، — دېدى شائىر ئاخىرىدا سۆز قىلىپ، — سىلەرنى كۆپ كايىتتۇق، ئەپۇسكى، بىز قۇرۇق چىقىپ قالدۇق.

**كايشماق** «كايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: - كۆپ كايىشپىلا رەھمەت، - دېدى كامالئاخۇن، ئاندىن سەپەرئاخۇننى يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنى باشلىغان ئۆيگە باشلىدى ۋە ئىززەت-ئېھتىرام بىلەن تەكلىپ قىلدى.

**كايماق** پ ① خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق: ئۇ ياتاقنىڭ بوسۇغىسىغا كەلگەندە، ئەتىگەنلىك كېسەل كۆرۈشكە كىرگەن دوختۇرلاردىن بىرى ھېلىقى ئايالغا قاتتىق كايىۋاتاتتى. * - سىزنى تېۋىپكە ئەۋەتسەم، بۇ نەرسىلەرنى نېمىشقا ئەكەلدىڭىز؟ - دەپ كايىپتۇ. ② ئاۋارە بولماق، مۇشەققەت تارتماق: بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما، بىلمىگەننى بىلمەن دەپ كايىما (ماقال). * بىكار ئاۋارە بولۇپتۇ، بۇنچىلىك كايىپ كەتمىسىمۇ بولاتتى.

**كەبە** ئى [ئە] <دىن> مۇسۇلمانلارنىڭ مەككىدىكى زىيارەت قىلىدىغان، ئىبادەت قىلىدىغان مۇقەددەس جايى.

**كەبى** تىر. ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدىكى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ «- دەك، -تەك»، «...غا ئوخشاش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: چوڭقۇر كۆلنىڭ سۈيى داۋالغۇپ، تۇرار ئىدى تۈندە جىمىرلاپ. كۆل بويىدا ۋارقىرايتتى بەگ، قاۋان كەبى ھەر يان تېپىرلاپ. * بۇ دۇتارنىڭ پەدىسى يوق ھەم ئۈزۈكتۇر تارىسى، قاي كىشىنىڭ بۇ كەبى كۆڭۈل ئاچار دىلدارى بار؟

**كەبىسە** ئى [ئە] <ئاستر> بىر تروپىك يىلنىڭ ۋاقتى ئادەتتە 365 كۈن بەش سائەت 48 مىنۇت 46 سېكۇنت بولىدۇ. قۇياش كالېندارىدا بۇ بىر يىل 365 كۈن قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر تۆت يىلدا بىر كۈنگە يىغىنچاقلىنىپ، ئىككىنچى ئايغا قوشۇۋېتىلىدۇ. دېھقانلار كالېندارىدا بولسا، بۇ بىر يىل 354 ياكى 355 كۈن قىلىپ بەلگىلىنىپ، ئاشقان ۋاقتى تەخمىنەن ھەر ئۈچ يىلدا بىر ئايغا يىغىنچاقلىنىپ، بىر يىلغا قوشۇۋېتىلىدۇ. مانا بۇ خىل ئۇسۇل كالېندارچىلىقتا كەبىسە دەپ ئاتىلىدۇ. «كەبىسە» ئەرەبچە «ئارتۇق» ياكى «زاپاس» دېگەننىڭ بولىدۇ.

**كەبىسە ئاي** <ئاستر> مىلادىيە كالېندارىدىكى 29 كۈن بولۇپ كېلىدىغان 2-ئاي، دېھقانلار كالېندارىدىكى 13-ئاي بولۇپ قوشۇلىدىغان ئاي ۋە ھىجرىيە كالېندارىدىكى 30 كۈن بولۇپ كېلىدىغان 12-ئاي. مىلادىيىدە ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم، ھەر 400 يىلدا 97 قېتىم كەبىسە ئاي كېلىدۇ؛ دېھقانلار كالېندارىدا ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم، ھەر بەش يىلدا ئىككى قېتىم، ھەر 19 يىلدا يەتتە قېتىم كەبىسە ئاي كېلىدۇ؛ ھىجرىيىدە بولسا، ھەر ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كەبىسە ئاي كېلىدۇ.

**كەبىسە كۈن** <ئاستر> مىلادىيە يىل ھېسابىدا ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم 2-ئايغا قوشۇلۇپ كېلىدىغان زاپاس بىر كۈن. بۇ ۋاقىتتا 2-ئاينىڭ ئەسلىدىكى 28 كۈنى 29 كۈن قىلىپ ھېسابلىنىدۇ.

**كەبىسە يىل** <ئاستر> ① مىلادىيە كالېندارىدىكى ھەر تۆت يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان 366 كۈنلۈك يىل. بۇ يىلدا 2-ئاي 28 كۈن ئەمەس، 29 كۈن بولۇپ كېلىدۇ. ② دېھقانلار كالېندارىدىكى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم كېلىدىغان 383 ياكى 384 كۈنلۈك يىل. بۇ يىل 12 ئاي ئەمەس، 13 ئاي بولۇپ كېلىدۇ. ③ ھىجرىيە كالېندارىدىكى ئۈچ يىلدا بىر قېتىم 12-ئاي 30 كۈن بولۇپ كېلىدىغان يىل. بۇ يىل 354 كۈن ئەمەس، 355 كۈن بولۇپ كېلىدۇ.

**كەبىنكە** (توغرىسى: كابىنكا) ← **كابىنكا.**

**كەپ** I ئى. دىئال ① كېسەك قۇيىدىغان قېلىپ. ② نان ياققاندا بىلەككە كىيدۈرۈۋالىدىغان يەڭلىك، رېپىدە.

**كەپ** II ئى. تور توقۇشقا ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ئەسۋاب.

**كەپە** I ئى [پ] ۋاقىتلىق ئولتۇرۇپ تۇرۇش ئۈچۈن شاخ-شۇمبا، ئوت-چۆپلەر بىلەن يېپىلغان ئاددىي ئۆي؛ چەللە: مەن ھارۋىنى تۇردى ئاكامنىڭ كەپىسى ئالدىدا توختىتىپ قويۇپ، ئاكامنى چاقىرسام، ئۇ كەپىدە يوق ئىكەن. // ھەسەن باردى

ۋە كۆردى كە پە ئۆينى، كە پىنىڭ ئىچىدە ئاق چاچ بوۋاينى.

**كە پە** II ئى [پ] <بوت> كە پە ئائىلىسىدى-كى يەردە يېتىپ يىلەكسىمان ئۆسىدىغان يىرىم چاتقال. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. شەكلى يۇمىلاق، يوپۇرماق سىپىنىڭ تۈۋىدە ئىككى تال قاتتىق ئىلمەك تىكىنى بار. گۈلى چوڭ، ئاق رەڭلىك، مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك، يېرىلغاندىن كېيىن ئىچكى پەردىسى قاندەك قىزىل رەڭدە بولىدۇ، ئۇرۇقى توق خورما رەڭ. ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ. تىبابەتتە يەلنى، سوغۇقنى، ھۆللۈكنى قايتۇرۇش رولىغا ئىگە.

**كە پتاۋۇل** ئى. تارىس. بۇرۇنقى كونا ھەربىي ئەمەل نامى: خەتتە «خان لەشكەرلىرى-نىڭ مۇشاۋۇر كە پتاۋۇلى جوگېلىياگدىن، كۈنچىقىش ۋۇنىڭ باش تۇتۇق بېگى جۇيۈي جانابلىرىغا» دەپ يېزىلغاندى.

**كە پتەر** ئى [پ] <زوئول> كۆپ ئۇچرايدى-غان بىر خىل قۇش. قانىتى چوڭ، ئۇچۇشقا ماھىر، تۈرلىرى كۆپ. پەيلىرى بەزىلىرىنىڭ ئاق، بەزىلىرىنىڭ كۈل رەڭ، يەنە بەزىلىرىنىڭ بىنەپشە كېلىدۇ. ئۆسۈملۈك دانلىرى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆپىنچە ئۆيدە بېقىلىدۇ، بەزىدە خەت-ئا-لاقە توشۇش ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. ئادەتتە تىنچلىققا سىمۋول قىلىنىدۇ.

**كە پتىرى بىلەن پاختىكىنى ئايرىماق** ياخشىسى بىلەن يامىنىنى، يارامىلىقى بىلەن كېرەكسىزىنى پەرقلەندۈرمەك.

**كە پتىرى ئوگدا ئۇچماق ← پاختىكى ئوگدا ئۇچماق.**

**كە پتە رخانا** ئى [پ] كە پتەر باقىدىغان ئۆي: ئۇ ئاچلىققا چىدىماي، ئاخىرى بىرىنىڭ كە پتەرخانىسىغا ئوغرىلىققا كىرگەنىكەن، كە پتەر ئىگىسى ئۇنى تۇتۇۋاپتۇ.

**كە پتە رۋاز** ئى [پ] كە پتەر باقىدىغان كىشى، كە پتەر باققۇچى؛ كە پتەرگە ھەۋەسمەن كىشى: ئەكرەم بىر قېرى كە پتەرۋاز بىلەن ئىككى دانە كە پتەرنىڭ سودىسىنى قىلىشىۋاتاتتى. // — راست، ئولتۇرۇڭلار، ئارام ئالايلى، ئالدىرىغانلار كېتىۋەرسۇن، — دەپ ياسىن ھويلىنىڭ يېنىغا كېلىپ يېتىۋالدى كە پتەرۋاز توختى.

**كە پتە رۋازلىق** ئى. كە پتەر بېقىش، ئويناش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئىشى، پائالىيىتى: كە پتەرۋازلىق ئۇنى باشقا ئىشلارغا زادىلا قارىغۇسى كەلمەيدىغان قىلىپ قويغانىدى.

**كە پتۈك** ئى ← **ئات توپى**: ئۇ كە پتۈك ئۇرۇش نۆۋىتىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئۇنى توپتوغرا ھارۇن رەشىدنىڭ يۈزىگە تەگكۈزۈشنى نىشانلاپ ناھايىتى قاتتىق غەزەپ بىلەن ئۇرۇپتۇ.

**كە پسە ن** ئى. خامان تەييار بولغاندا ئالدى بىلەن كەمبەغەللەرگە بېرىش ئۈچۈن ئايرىپ قويۇلىدىغان، ئۆشرە-زاكات-نىڭ سىرتىدىكى دانلىق ئاشلىق: ئابدالغا كە پسەن بەرسە، جىگدىڭ توغرىمۇ دەپتۇ (ماقال). * مېنىڭچە بولغاندا ئىشان-موللىلارمۇ ئوشۇقلا بىر خەق، چۈنكى ئىشانلار خامانغا كېلىپ دۇئا ئوقۇسا، كە پسەن بەرمەي بولمايدۇ، ئۆيگە كىرىپ سۈرە ئوقۇسا، ئالدىغا پۇل ياكى پوشكال قويماي بولمايدۇ.

**كە پسە نچى** ئى. كە پسەن بېرىشنى تەلەپ قىلغۇچى كىشى: — زىرائەتلىرىمىز كوركىراپ قالدى، تورغاي ئوگدا ياتسا، بېشى كۆرۈنىدۇ. ئاشتىن ئوت-چۆپ كۆپ. كېلەر يىلى كە پسە ن-چى بولىدىغان بولدۇق-دە! — دېيىشەتتى دېھقانلار.

**كە پسە نچىلىك** ئى. كە پسەن بېلىش، كە پسەن تەلەپ قىلىش ئىشى: دۈيجاڭ، يۇقىرىغا تېلېفون بېرىپ قويۇڭ، بۇ يىل بىزگە

قۇتقۇزۇش ئاشلىقى بەرمسە، خالتا كۆتۈرۈپ كەپسەنچىلىك قىلىدىغان ئوخشايمىز!

**كەپسەنلمەك** پ. كەپسەننى ئايرىماق: كەلسە كۆز كەپسەنلىگەندە چەشنى دەل، كۆرمەن لىگەندە «بەش بارماق» ئارا.

**كەپسىز** سۈپ. گەپكە كىرمەي، ئۆزى خالىغان قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان؛ باشباشتاق، گەپ ئاڭلىمايدىغان، قىلىقسىز (باللارغا قارىتا ئېيتىلىدۇ): ئۇ ناھايىتى كەپسىز بالا، سىزنىڭ چوڭ قىلمىقىڭىز تەس بولارمىكىن. // ئۇ «مەن ئەسكى، كەپسىز بولغاندىكىن، ئەسكىلا بولۇپ كېتەي» دەپ كونا قىلىقنى تاشلىماي، ھەممىنى بىزار قىلىپ يۈرگەندى.

**كەپسىزلەشمەك** پ. كەپسىز، گەپ ئاڭلىمايدىغان بولۇپ كەتمەك؛ كەپسىز ھالەتكە كەلمەك: مەن توغرا ھايات يولىدىن يىراقلاپ، كەپسىزلىشىپ، قىنىمدىن چىقىپ كەتتىم.

**كەپسىزلىك** «كەپسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — قارا، سېنىڭ كەپسىزلىكىڭنى! — دېدى ئۇ جىددىي تەلەپپۇزدا، — ئۇكاڭنىڭ بىر يېرىنى ئاغرىتىۋەتسەڭ قانداق بولىدۇ؟ * — سويمىنى نېمە قىلىدۇ ئاكا؟ — دېدى جۇغى ھەببۇلدىن كىچىكرەك بولسىمۇ شوخ، كەپسىزلىكى كۆزىدىن بىلىنىپ تۇرىدىغان يەنە بىر بالا، — ئاۋۋال سۇغا ئېتىپ ئوينايمىز، كېيىن يېرىپ يەيمىز.

**كەپشەر** ئى [پ] مېتال بۇيۇملارنى بىر-بىرىگە ئۇلاش، پاياتلاش ئىشى، خىزمىتى: كەپشەر ئىشچىسى. كەپشەر ئامبۇرى. كەپشەر قىلماق. توك كەپشەر. گاز كەپشەر. كەپشەر دورىسى. كەپشەر چوكىسى.

**كەپشەر ئامبۇرى** <ماشن> نەرسىلەرنى كەپشەرلىگەندە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل ئەسۋاب. ئىككى سېپى بولۇپ، شەكلى ئامبۇرغا ئوخشايدۇ. ئىشلەتكەندە كەپشەر چوكىسىنى قىسىپ تۇرىدۇ ۋە ئېلېكتر ئۆتكۈزۈش رول ئوينايدۇ.

**كەپشەر چوكىسى** <ماشن> پاياتلاش ۋاقتىدا توك ياكى گاز ئارقىلىق ئېرىتىلىپ، كەپشەرلەنگۈچى ئىككى دېتال ئارىسىنى تولدۇرۇپ تۇتاشتۇرغۇچى مېتال چوكا. ماتېرىيالى ئادەتتە دېتال ماتېرىيالى بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

**كەپشەر دورىسى** <ماشن> كەپشەرلەشتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل سىر. مېتال بۇيۇملارنىڭ كەپشەرلەنگەن قىسمىدىكى ئارىلاشما ماددىلارنى تازىلاش، ئوكسىدلىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ۋە ئوڭاي تۇتىشىش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، دېۋىرقاي، تۇز كىسلاتاسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كەپشەر قىلماق** ← **كەپشەرلىمەك.**

**كەپشەر ئىشچىسى** <ماشن> ← **كەپشەرچى.**

**كەپشەرچى** ئى <ماشن> مېتال بۇيۇملارنى كەپشەرلەش ئىشى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئىشچى.

**كەپشەرچىلىك** ئى <ماشن> مېتال بۇيۇملارنى كەپشەرلەش ئىشى، خىزمىتى.

**كەپشەرلەتمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بىز زاپچاس كەپشەرلەتكىلى كېلىۋىدۇق، — دېدى ئۇزۇن، قايرىما بۇرۇتلۇق ئادەم.

**كەپشەرلەشمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەپشەرلەنمەك** «كەپشەرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ نەرسە ئاغزى كەپشەرلەنگەن تۈچ كۈپ بولۇپ، ئىچى نېمىلەر بىلەندۇر تولغانىكەن.

**كه پشه رلك** سۈپ. كه پشه ر قىلىنغان، كه پشه رله نگه ن: تۆمۈر كه پشه رلك چوڭ دەرۋازىدىن كىرىشىمگه «خارا بىلىق» ئورنىدا مه غرۇر قه د كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاپئاق ئۆيله ر مېنى ئۆزىگه مه پتۇن قىلدى.

**كه پشه رلگۈچ** ئى <ماشن> گاز بىله ن كه پشه رله شته ئىشلىتىلىدىغان كلاپانلىق ئه سۋاب. شه كلى تاپانچىغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئالدى تەرىپىدە پۈركۈگۈچىسى بولىدۇ.

**كه پشه رلمه ك** پ. قه لله، كه پشه ر چوكىسى قاتارلىقلار ياردىمىدە ئىككى بۆلەك دېتال ياكى ئۆزۈلگه ن، ئاجرالغان، سۇنغان مېتال بۇيۇملارنى ئوت، گاز ياكى ئېلېكتر كۈچى ئارقىلىق بىر-بىرىگه تۇتاشتۇرماق، ئۇلماق، تولدۇرماق: ئۇ سېخنىڭ ئىشىكىنى جالاقلىتىپ ئېچىپ كىرگه نده، سادىر ئېلېكتر كه پشه ر ماتورىنىڭ يېنىدا قانداقتۇر بىر نەرسىنى جىددىي كه پشه رله ۋاتاتتى.

**كه پشى** (توغرىسى: كه ش) ← **كه ش.**

**كه پكه** ئى [ر] شه پكىنىڭ بىر خىلى. ئارقىسى ئېگىز، ئالدى پەس، گه ردىشسىز كېلىدۇ: دادا-بالا ئىككىيله ن ئوتتۇرا ياشلىق، ئوتتۇرا بوي، كادىر سىياقىدىكى بۇ ئادەمنىڭ بېشىدىكى كه پكىسىگه، قولىدىكى كىچىككىنه سومكىسىغا ۋە ئۇستىباشلىرىغا هه يرانلىق بىله ن قاراپ قېلىشتى. * سادىق بىر قولى بىله ن بېشىدىكى كه پكىسىنى ئېھتىيات بىله ن تۈزه شت تۈرۈپ قويدى-ده، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى.

**كه پكۈر** ئى [پ] پولۇ قاتارلىقلارنى ئۆرۈش ۋە ئۇسۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، چۆمۈچ قىسمى تۆشۈك-تۆشۈك، سېپى بار ئۆي سايمىنى: ئۇنىڭ كه پكۈرى بىله ن يوغان چويلىسى كۆپ هاللاردا ئۆز ئۆيىگه كه لمه ي، نۆۋەتته تۇرغان ئۆيله رنىڭ تالاش-تارتىشلىرىغا

.كېته تتى.

**كه پكچان** سۈپ. بېشىدا كه پكىسى بار، بېشىغا كه پكه كىيىۋالغان: — يه ڭگه، ئه كىلىڭ، بۇنى مه ن كۆتۈرۈۋالاي، — دېدى باياتىن ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ كه لگه ن ئوتتۇرا ياشلىق، كه پكچان ئادەم يۇمشاق سۆزله پ.

**كه پله شتۈرمه ك** «كه پله شمه ك» پېئىلىنىڭ مه جبۇرىي دەرىجىسى: هارۋاڭنى بۇ تار جىلغىغا كه پله شتۈرۈپ، جېنىڭنى قىينىغۇچه، ئاۋۇ دۆڭدىكى چوڭ يول بىله ن ماڭساڭ بولمايتتىمۇ؟

**كه پله شتۈرۈلمه ك** «كه پله شتۈرمه ك» پېئىلىنىڭ مه جهۇل دەرىجىسى.

**كه پله شمه ك** ① «كه پلمه ك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — هه مىمىڭ قوللىرىڭنى بىر تۆشۈككه كه پلىشىۋالساڭ مه ن ئاشنى نه دىن سۇنۇپ بېرىمه ن، — دېدى ئاشپەز خاپا بولۇپ. ② تىقىلماق، قاپلاشماق، تىقىلىپ يا ئالدىغا يا كه ينىگه سۇرۇلەلمەيدىغان بولۇپ قالماق: ئۇ يۈرىكى سېلىپ ئاغزىغا كه پلىشىپ قالغانده ك، يۈزلىرىده لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقانده ك هېس قىلدى. * ئارقا چاق تۆشۈككه كه پلىشىپتۇ، يه نه گاڭبه نمۇ سۇنۇپتۇ.

**كه پله نمه ك** «كه پلمه ك» پېئىلىنىڭ مه جهۇل دەرىجىسى: تۇرۇبىغا ئه سكى-تۈسكى نه رسىله ر كه پلىنىپ قالغانلىقتىن سۇ توختاپ قالغانىدى.

**كه پلمه ك** پ. تۆشۈك، يېرىق قاتارلىقلارغا مه لۇم نه رسىنى تىقىپ، چىڭقاپ تىقماق، كىرگۈزمه ك: تۇرسۇن چىۋىنىنىڭ قونغانلىقىغا پەرۋا قىلماي، پەمىدۇرنى قولىغا ئالدى ۋە ئاغزىغا كه پله پ ماچىلدىتىپ يېگىلى باشلىدى. * كه نجى ئوغۇل بىله ن هېلىقى مالچى باينى ئه پله پ، ئۇنى تاغارغا كه پله پ، ئاغزىنى

چگىپ، ئېشه ككه بۇرۇنقىدەك ئارتىپ قويۇپ، مالنى هەيدەپ يولغا راۋان بولۇپتۇ.

**كه پش** ئى. دىئال. خام كېسەك.

**كه پنكه** (توغرىسى: كابىنكا) ← كابىنكا.

**كه ترەن** ئى [پ<ئه] <بوت> تۇلكمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يېپىسمان، ئۇچى ئۇچلۇق بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سۇس يېشىل، خۇش پۇراق كېلىدۇ، باهار پەسلىدە ئېچىلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. گۈلىدىن پۇراقلىق ماتېرىيال ئىشلەشكە بولىدۇ.

**كه تكه ن** ① «كه تمه ك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② سۈپ. ئۆتۈپ كەتكەن، هەددىدىن تاشقىرى؛ قىپقىزىل: كەتكەن ساراڭ.

**كه تكه ن ساراڭ** قىپقىزىل ساراڭ، تولۇق ساراڭ: — يولۇڭغا ماڭە، كەتكەن ساراڭ، — دېدى ئۇ غالىپنى دۈشكەلەپ.

**كه تكۈزمه ك** ① «كه تمه ك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نامازدىگەر بىلەن شەهەرگە يېتىپ كېلىپ تۆرەم مەهەللىسىنى سۈرۈشتۈردى. هۆلچىلىك، سوغۇق ئۇنى هالىدىن كەتكۈزدى، تۆشۈك توپلىيدىن پاتقاق بىمالال ئۆتۈپ كەتتى. ② خاتا قىلماق؛ بىكار ئۆتكۈزمەك: ياق، سىلى مۇشۇ گەپلىرىدە كەتكۈزۈۋەتتىلە، كۆن بۇ شەهەردىمۇ تاغىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، تاغىنىڭ كەينىگە ئولتۇربدۇ. مېنىڭ يۇرتۇمدىمۇ تاغىنىڭ كەينىدىن چىقىپ، تاغىنىڭ كەينىگە ئولتۇرىدۇ. * ئەي ۋەتەنىنىڭ ياشلىرى كەتكۈزمە ياشلىقنى بىكار، ئال بىلىم ياشلىقتا بەس، بولغىن پۇشايماندىن ئۇزاق.

**كه تكۈزۈشمه ك** «كه تكۈزمه ك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كه تكۈزۈلمه ك** «كه تكۈزمه ك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: ئەزىزبەگ تاشكەنتتىن كەتكۈزۈلدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قوقاندىن نارمۇهەممەد قۇشبېگى بەلگىلىنىپ كەلدى.

**كه تمه ك** پ ① مەلۇم ئورۇندىن باشقا ئورۇنغا قايتماق، بارماق: شوپۇر ئوغلۇم ئەتە خوتەنگە يۈك ئېلىپ ماڭماقچى، سېنى شۇ ماشىنىنىڭ كابىنكىسىغا سېلىپ قوياي، ئۆيۈڭگە كەتكىن. * بىركۈنى يىگىت: — ئەمدى مەن ئۆز يۇرتۇمغا كەتسەم، — دەپتۇ قىزنىڭ ئاتا-ئانىسىغا يالۋۇرۇپ، — ئانام قېرىپ قالغان. * — بىزنى مارجانتال كەتتىدىن تېپىڭلار، بىز شۇ يەرگە كەتتۇق، — دېدى ئالماس. * — بۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلار قەيەرگە كەتتى؟ — دەپ سوراپتۇ خەلپىتىم. ② ماڭماق، يۈرمەك، يول باسماق: تۆتەيلەن ياسىنىنىڭ ئانىسىنى ئىزلەپ مېڭىپتۇ، كېتىۋېتىپ، ياسىن هەمراھلىرىدىن ئۆز سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىپتۇ. * تاغام قول سومكامنى كۆتۈرۈشۈپ مەن بىلەن يانمۇيان كېتىۋاتاتتى. ③ بىرەر مەشغۇلات، خىزمەت ياكى ۋەزىپىنى تاشلىماق، تەرك ئەتمەك: ئىشتىن كەتمەك. ئوقۇشتىن كەتمەك. ④ ئۆتمەك، تامام بولماق، تۈگىمەك، يوقالماق: قىش كېتىپ، باهار كەلدى. * مىللىي نەغمە سازىمىز، كۆڭۈل ئاچار باغىمىز، كەتتى بىزدىن قارا تۈن، ئەمدى ئوينار چاغىمىز. ⑤ كۆچمە. قازا تاپماق، ئالەمدىن ئۆتمەك، ئۆلمەك: ئۇ ئۆزىگە ئۆزى خەنجەر ئۇرۇپ هارام ئۆلۈمدە كەتتى. * ئەگەر ئۆمرۈڭنى مەنىلىك ئۆتكۈزىدىغان بولساڭ، ئۆلسەڭمۇ ئارمانسىز كېتىسەن. ⑥ سەرپ بولماق، ئىشلىتىلمەك؛ لازىم بولماق، كېرەك بولماق: بۇ خىلدىكى كېسەلنىڭ ساقىيىشى ئۈچۈن ناهايىتى ئۇزۇن ۋاقىت كېتىدىكەن. * مائاشىمنى هەر ئىككى

ئايدا بىر قېتىم ئالىمەن، بىر ئايلىق تامىقىمغا ئون سوم، تاماكامغا بەش سوم بولۇپ، ھەر ئايدا 15 سوم كېتىدۇ. * ئۆيدە ئادەم جىق بولغاندىكىن، ئاش، نان جىق كېتىدۇ. ⑦ سېتىلماق: — ھېلىقى پاقلان بەك ئەرزان كېتىپتۇ — دە، — دېدى ئۇ ئەپسۇس بىلەن. ⑧ كېسىلمەك، ئۈزۈلمەك: بالىلىرىم يېتىم قالدى، قىچقارسام ئۈنۈم يەتمەس. قورقماس غەيرىتىم باردۇر، ئۇل ئۈچۈن بېشىم كەتمەس. * يارىڭ بىلەر: ئۆلۈمدىن يامان، كۆرۈپ ياشاش ياۋ كۈلكىسىنى! جان كەتسىمۇ بەرمەس باھادىر، ياۋغا ئەركى، ئۆز ئۆلكىسىنى! ⑨ مەھرۇم بولماق، ئايرىلماق: ئۇ بىردەم كىر يۇغاندىن كېيىن، قورساقنىڭ ئاچلىقىدىن ماغدۇرى ئۈزۈلۈپ، ھوشىدىن كېتىپتۇ. * ئات ئايلىنىشتىن توختاپ ھە دەپ ئۆنچە يېمەكتە. ھالىدىن كەتكەن باقى ئارىسنى قولتۇقلىغىنىچە بىر چەتتە ئۇخلىماقتا. ⑩ ئىشتىن چىقماق، ئەسلىدىكى ئىقتىدارىنى يوقاتماق؛ مەسىلە كۆرۈلمەك: بەلدىن كەتمەك. كۆزدىن كەتمەك. * — ئادەم قېرىغاندا ماغدۇر قالمايدىكەن ئۇكا، مانا قارا پۇتۇمدىنمۇ كەتتىم، قۇلاقتىنمۇ كەتتىم، كۆزۈممۇ غۇۋالىشىۋاتىدۇ، — دېدى بوۋاي سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ. ⑪ تارقىماق، بېرىپ يەتمەك، يېيىلماق (ئاۋاز، نام-شۆھرەت قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ھەسرەتلىك نالىسى كۆكنى يېرىپ، يىراق-يىراقلارغا كەتتى. * شۇ ئادەملەر ئارىسىدا داۋۇتئاخۇن ئىسىملىك 80 ياشقا كىرگەن بىر ئېگەرچى ئۇستام بولۇپ، ئۇ ھۈنەردە كامالەتكە يەتكەن، داڭقى نە-نەلەرگە كەتكەن كىشى ئىكەن. ⑫ ھېسابىغا ئۆتمەك، ئۆتمەك: — قوينۇڭدىن تۆكۈلسە قونچۇڭغا دەپتىكەن، بىزدىن تۇرپانلىق قېرىنداشلارغا كەتسە نېمە بولۇپتۇ؟ — دېدى ئەلى پالۋان. ⑬ پاتماق، چۆممەك، بەند بولماق، غەرق بولماق (ئۇيقۇ، خىيال قاتارلىقلار ھەققىدە): سەل بۇرۇنلا ئۇيقۇغا كەتكەن مەريەمخان ئەركىنىنىڭ يىغىسىدىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. * ھۆسنارىخان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ھاۋاز «پوم» سوزۇپ بىر «ئۇھ» تارتىۋېلىپ، ئېڭەكنى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ خىيالغا كەتتى. ⑭ توختىماق، ئۈزۈلۈپ قالماق، قاچماق (توك ھەققىدە): — رەھمەت، — ئادىل شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى، — چالغان چاۋاكقا يارىشا ئىش قىلماي تۇرۇپلا توك كەتتى. ⑮ كېڭىيىپ ئۇلغايماق، يامراپ كۆيمەك، ئالماق (ئوت ھەققىدە): چاڭ-توزان چىقىرىپ ماڭغان ماشىنا ئارقىسىدىن بىر توپ ئۇششاق بالىلار «ئوت كېتىپتۇ، ئوت كېتىپتۇ!» دېيىشىپ يۈگۈرۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ⑯ چىقماق، ئاقماق (قان ھەققىدە): ئاغزى-بۇرنۇمدىن ئۇقتەك قان كەتتى. مەن تەسلىكتە ئورنۇمدىن تۇرۇپ كۆزلىرىمنى ئۇۋۇلىۋېتىپ، ئۇنىڭغا قاراپ يەنە ئېتىلدىم. ⑰ مەلۇم ئىسىملارغا ياندىشىپ كېلىپ شۇ ئىسىم ئۇقتۇرغان مەنىنىڭ مەيدانغا كەلگەنلىكىنى، شۇنداق ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: يار كەتمەك. دەز كەتمەك. * — تۇغان يار كەتتى، بۇياقتا كېلىڭلار، تېز بولۇڭلار! — دەپ ۋارقىرىدى ئۇ تۆۋەندە ئېتىزلىرىنى ياقىلىشىۋاتقانلارغا قاراپ. ⑱ خاتالاشماق: سۆزدىن كەتمەك. گەپتىن كەتمەك. * ئادەم تىلدىن كېتەر، ھايۋان مۈڭگۈزدىن (ماقال). ⑲ داۋاملاشماق، داۋام ئەتمەك، بولماق: تەرەپ-تەرەپتە بەزمە تەييارلىقى كېتىۋاتقان بولۇپ، خىلمۇخىل مېۋىلەر، تۈرلۈك لەززەتلىك تائاملار، قەنت-گېزەكلەر ھازىرلاپ قويۇلغانىدى. ⑳ سوزۇلماق: مۇشۇنداق ماڭسىڭىز، شىمال تەرەپكە كەتكەن بىر كوچىغا بارىسىز، شۇ كوچىنىڭ ئايىغىدىكى

غەرب تەرەپتىكى ئىشىك شۇنىڭكى. ㉑ ئىش-پائالىيەتنىڭ بىرەر يۆنىلىش بويىچە داۋام قىلغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: شاھزادە سەزمەي پاتمەك بىلەن ئۆي بولۇشۇپ كېتىۋېرىپتۇ. * دادىسى ئالاھىدىنغا نەسىھەت قىلىپمۇ كۆرۈپتۇ، تىللاپمۇ، جازالاپمۇ بېقىپتۇ، لېكىن ئالاھىدىن ئاۋۋالقىدەك كېتىۋېرىپتۇ. ㉒ پاتماق، سىغماق، مۇۋاپىق كەلمەك: ئۇلارنىڭ داش قازىنىغا 12 چېلەك سۇ كېتىدۇ. ئۇ قازان بىلەن ئاز بولغاندا 200 كىشىلىك مېھماننى ئۇزاتقىلى بولىدۇ. ㉓ سۇپەتداش شەكلىدە سۇپەتلەر بىلەن بىرىكىپ، شۇ سۇپەتنى دەرىجە جەھەتتىن كۈچەيتىدۇ: تەشمە ئېغىزىدىن باشلاپ، تۈپتۈز كەتكەن ساي ئىچىدە ئۆستەڭ قۇرۇلۇشچىلىرى ئىشلەۋاتاتتى. ㉔ كۆپ ساندىكى ئۆتۈمسىز ۋە قىسمەن ئۆتۈملۈك پېئىللارنىڭ «-ىپ، -مىپ، -ۇپ، -ۈپ» رەۋىشداش شەكلى بىلەن تۇس رولىدا كېلىپ تۆۋەندىكى مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئۇزۇل-كېسىل يۈتۈشى، تاماملىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ: قېچىپ كەتكەن چېچىپ كەتتى (ماقال). * ئۇ شۇنچە ئالدىرىماي يېگەن بولسىمۇ، بىردەمدىلا يەنە تۈگەپ كەتتى. 2) ھەرىكەتنىڭ تۈيۈقسىز، ئۇشتۇمتۇتلا جىددىي، كۈچلۈك ياكى يۇقىرى دەرىجىدە باشلىنىپ، شۇ تەرىقىدە داۋاملاشقانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ: باغلاقلىق قاۋان ئىت زەنجىرنى سىلكىپ قاۋاپ كەتتى. * ئۇلار بىر-بىرىگە قارىشىپ قويۇپ، قاقاھلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى. * ئۇلار يەنە قىزغىن مۇلاھىزىگە كىرىشىپ كەتتى. 3) ھەرىكەتنى دەرىجە، قېتىم سانى ۋە باشقا مۇناسىۋەتلىك تەرەپلەردىن كۈچەيتىش رولىنى ئوينايدۇ: بىلمىسىزگە ھال ئېيتقۇچە، ئىچىڭدە سىسىپ كەتسۇن (ماقال). *

«ئۇستام چاچ قۇرۇپلا كەتتىغۇ» دېگەندىن كېيىن، مەتنىياز يەنە ھۆللەپ ئۇۋۇلاشقا باشلايدۇ. * ئۇنىڭ كېسىلى يەنە ئېغىرلىشىپ كەتتى. 4) رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەت ئىگىسىنىڭ شۇ ھەرىكەتنى ئورۇندىيالايدىغانلىقىنى، ئورۇنداشقا قادىر ئىكەنلىكىنى ياكى شۇ ھەرىكەتنى ئورۇنداشقا قايىل بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئەلۋەتتە ئورما ئورۇشنىمۇ بىلىشى كېرەك، ئۇنى ئاپتاپقا ۋە ئىسسىققا چىدىغان ئادەم بىر-ئىككى كۈندىلا ئۆگىنىپ كېتەلەيدۇ. * ئۇ گەرچە يېڭى كەلگەن بولسىمۇ، خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەپ كەتتى.

**كەتمەن** ئى. تۆمۈر قاتارلىق مېتاللاردىن ياسىلىدىغان، يۈزى چوڭراق، ئارقا تەرىپىگە دەستە ئورنىتىش ئۈچۈن چۆلدا (تۆشۈك) چىقىرىلغان، يەر چېپىش سايمىنى، دېھقانچىلىق قورالى: ئۇ گۆھەرۋۇدىن قادىرنىڭ قىلغان ئىشىنى ئاڭلاپ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغا قارىماي، كەتمەننى ئالدى-دە، ئېتىزغا قاراپ كېتىپ قالدى.

**كەتمەن ساقال** قويۇق، گەك، يۇمىلاق يەنى كەتمەنگە ئوخشايدىغان ساقال ۋە شۇنداق ساقاللىق كىشى: ئۇ دېرىزىدىن كەتمەن ساقال بىر بوۋاينىڭ قاراۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، دەرھال ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

**كەتمەن سىپىنى تۇتۇپ باقمىغان** ئېغىر ئەمگەك، جاپا-مۇشەققەت، قىيىنچىلىق كۆرمىگەن؛ ئىشقا پىشمىغان، چىدامسىز، خام: ئانا خېتىنىڭ ئاخىرىنى «قەدىرلىك بالام، ئاتاڭنىڭ ئازابلىرى بەدىلىگە سەن كەتمەن سىپىنى تۇتۇپ باقماي چوڭ بولغانىدىڭ، ئەمدىكى راھىتىڭ بىلەن ئاتاڭنى ئۇنداق تامامەنلا ئۇنتۇپ كەتمە» دەپ ئاخىرلاشتۇرغانىدى.

**كەتمىنىنى چاپماق** بىر تەرەپنىڭ

مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلىمەك؛ بىر تەرەپكە يان باسماق: 1947-يىلىنىڭ 8-ئېيىغا كەلگەندە، گومىنداڭ ئۆلكىلىك ھۆكۈمەتتىكى ئۈچ ۋىلايەت تەرەپ ۋەكىللىرىنىڭ ئورنىغا ئۆزلىرىنىڭ كەتمىنىنى چاپىدىغان سادىق مالايلىرىنى سىغداپ كىرگۈزدى.

**كەتمەنچى** ئى ① كەتمەن چاپىدىغان، كەتمەن بىلەن ئىش قىلىدىغان كىشى؛ دېھقان: مۇشۇ كۈندە دېھقاننىڭ كۈنىمۇ كۈنمۇ؟ كەتمەنچى دېسە، مانا مېنى دېسە بولىدۇ. كەتمەننى قىش-ياز چاپىمەن. ② كەتمەننى ئۇزۇن ھەم ئۈنۈملۈك چاپىدىغان، كەتمەن چېپىشتا ماھىر ئادەم: ئوتتۇرا قولدەك كەتمەنچىدىن 20 نى ئايرىپ، ئۆستەڭنىڭ تېگىگە چۈشۈردۇم.

**كەتمەنقوڭغۇز** ئى [كەتمەن+قوڭغۇز] <زوئول> قوڭغۇزنىڭ بىر خىلى. رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل قارا، تېنى ياپىلاق ۋە كەتمەنگە ئوخشاپراق كېلىدۇ. ئۈستىدە توغرىسىغا كەتكەن يوللىرى بولىدۇ.

**كەتمەنلىمەك** پ. كەتمەن بىلەن چاپماق، ئۇرماق: كەتكەن كېلەر، كەتمەنلىگەن كەلمەس (ماقال).

**كەتو** ئى. دىئال. ئاليۇمىن.

**كەتىرا** ئى [پ] <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن دۈگىلەك، تۈكلىرى بار. گۈلى سېرىق. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، تاش بەدەننى چىڭىتىپ قۇۋۋەت بېرىدۇ، تەرلەشنى توختىتىدۇ، سۈيدۈكنى راۋان قىلىدۇ، كەتىرانىڭ شىنجاڭدا مونچاققوراي، ئاقسۇ كەتىراسى، خېلەنشەن كەتىراسى، ئىلى كەتىراسى قاتارلىق مەشھۇر تۈرلىرى بار. ھەممىسىنىڭ دورىلىق قىممىتى بىر-بىرىگە ئوخشىمايدۇ.

**كەتىل** ئى. دىئال. دۈمبىگە ئارتىپ نەرسە توشۇيدىغان سايمان.

**كەتىمەك** پ. دىئال ① تايتاڭلىماق (بوۋاق بالىلار ھەققىدە). ② تىغلىق ئەسۋاب بىلەن كىچىك-كىچىك يونۇپ، كېسىپ ئاجراتماق.

**كەتىۋال** ئى. دىئال. ① ئىگىسىز قالغان، مۇسادىرە قىلىنغان يەرلەرنى ئىجارىگە بېرىش، ئىجارىسىنى يىغىش ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى. ② يېتىم ئاقساقال.

**كەچ** ① ئى. كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالمىشىش ئارىلىقىدىكى ۋاقىت، يەنى نامازدىگەردىن ناماز خۇپتەنگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ۋاقىت: ئۇ ئەتىسى كەچتە دادىسىغا ئېيتىپ قويۇپ، مۇشۇ يەرگىلا كەلمەكچى بولغانىدى. * بۈگۈن ئايىغا بەش بولدى، كۈن ئېگىلىپ كەچ بولدى. يارىم كېتىپ يىراققا، كۆرۈشمەكمۇ تەس بولدى. ② ئى. قاراڭغۇ چۈشۈپ تۈن خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالغان ۋاقىت: مەن ئاخشام بەك كەچ ياتقانىدىم. * — بالام، كەچ بولۇپ كەتتى، ئەمدى يېتىپ ئۇخلا، — دېدى ئانىسى. ③ رەۋ. بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن، بەلگىلەنگەن ياكى مۇۋاپىق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندە: خۇدا كەچ قويسا قويار، ئاچ قويماس (ماقال). * كېيىنكى چاغلاردا سېنىڭ يولۇڭ ئانچە تۈز بولمىدى، بۇنىڭدا بىزنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىمىز بار. ھېلىمۇ كەچ ئەمەس. سەن چۈشىنىپ يەتكەنلا بولساڭ، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە.

**كەچ پېشىن** پېشىن نامىزىنى ئوقۇشقا بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىنكى، ناماز دىگەردىن بۇرۇنقى ۋاقىت: ئۇلار كەچ پېشىن مەھەللىسۇ ئامبىرىغا يېتىپ كەلدى. * كەچ پېشىن بولغۇچە ئۇلارغا يا بىر يۇتۇم

سۇ، يا بىر قوشۇق ئۇماچ بېرەلمىدى.

**كەچ قالغان بازارچىدەك** ناھايىتى تېز، ئالدىراش، جىددىي (يول مېڭىش ھەققىدە): — كەچ قالغان بازارچىدەك نېمانچە ئالدىرايسىلەر، ئاغىنىلەر، — دېدى شۆھرەت ئالىم بىلەن ئەكبەرگە.

**كەچ قالماق** ① بىرەر ئىشنى ئورۇندىشى كەچكە توغرا كېلىپ قالماق، قاراڭغۇغا قالماق: بىز كەچ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، چۈش بولغاندىلا يەنە يولغا چۈشتۇق. ② بەلگىلەنگەن ياكى ئادەتلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالماق، كېچىكىپ قالماق، كېيىن قالماق: ئادەتتە ئۇ رەيھانەمنى كۈتۈپ تاماقمۇ يېمەيتتى، بەزى ئاخشاملىرى يىغىن ئېچىلىدىغان بولۇپ رەيھانەم كەچ قالسا، ئۇنى ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئۆزى باراتتى.

**كەچ قىراۋ** ئەتىياز پەسلى جۈدۈندا چۈشكەن قىراۋ. بۇ مەزگىل قىراۋ مەزگىلىنىڭ ئاخىرلىششى بولغاچقا، ئۇ يەنە «ئاخىرقى قىراۋ» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كەچ قىلماق** كۈندۈزلۈك ۋاقىتنى ئۆتكۈزمەك: ھېيتەم بىلەن گۈزەل ئۆيدىن چىقىپ، كوچىلاردىن ماراپ ئۆتۈپ يۈسۈپ قادىرخان مازىرىنىڭ ئىچىدىكى بىر گۈمبەزگە مۆكۈپ كەچ قىلىشتى. قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن، پاختەكلىگە چىقىپ كەتتى. * ئۇلار بىرىنچى كۈننى مىڭبىر جاپادا ئارانلا كەچ قىلىپتۇ.

**كەچ كۇرس** ئىشتىن سىرتقى، كەچتە ئۆگىنىش بىلەن مەشغۇل بولىدىغان كۇرس.

**كەچ كۈز** كۈزنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى: كەچ كۈز زىرائەتلىرى. * كەچ كۈز كۈنلىرى ئىدى. * گۈللەر تېرىدىم تۈزدە، ئېچىلدى كەچ كۈزدە. سىز باققان ئۈچۈن بىزگە، بىزنىڭ كۆزىمىز سىزدە.

**كەچ كۈز زىرائەتلىرى** بۇغداي، قىچا قاتارلىقلار ئورۇۋېلىنغاندىن كېيىن تېرىلىدىغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، چىلگە قوناق، تاتلىقياڭيۇ، ياڭيۇ، پۇرچاق قاتارلىقلار كۆپلىگەن جايلاردا كەچ كۈز زىرائەتلىرى قىلىپ ئۆستۈرۈلىدۇ.

**كەچ كىرمەك** كەچكى ۋاقىت باشلانماق؛ كەچ بولماق: ئۇلار پاراڭ بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇقراق ئولتۇردى. ۋاقىت كەچ كىرىپ قالغان بولۇپ، كوچىدىكى ۋاراڭ-چۇرۇڭلارمۇ ئاستا-ئاستا بېسىلىشقا باشلىدى.

**كەچتە-پاتتا** دىئال. كەچتە؛ كەچ ئەتراپىدا؛ كەچقۇرۇن.

**كەچقۇرۇن** ① ئى. كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشەي دەپ قالغان ۋاقىت، ئاخشام: ئۇمۇ كۈندۈزلىرى ناھىيە بازىرىدىكى بۇرادەرلىرى بىلەن پاراڭلىشىپ، كەچقۇرۇنلىرى راھەتلىنىپ ئولتۇرۇپ ئويۇن كۆرسە قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! * ئۇ بۈگۈن كەچقۇرۇندىن باشلاپ ئابدۇللاغا خەنزۇ تىلى ئۆگىتىشكە ۋەدە بەردى. ② رەۋ. كەچتە، كەچ ئەتراپىدا، كەچ مەھەلدە: كەچقۇرۇن ھەمراھىنىڭ پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەر كاۋا بارىڭىنىڭ ئاستىغا يىغىلىپ ئاش ئىچىۋاتقاندا، مەتنىياز توپلىيىنى كۆتۈرۈپ كىرىپ كەلدى. * — ئۇقتۇم، ياخشى بولىدۇ، — دەپتۇ مىسكەن، — كەچقۇرۇن كېلىپ چىراغلىرىڭنى ئېلىپ كېتەرسەن.

**كەچقۇرۇنلۇق** سۈپ. كەچقۇرۇن مەزگىلىدىكى، كەچقۇرۇنغا تەۋە، كەچقۇرۇنغا مەنسۇپ؛ كەچقۇرۇنغا تەييارلانغان، كەچقۇرۇنغا ئاتالغان: كۈزنىڭ كەچقۇرۇنلۇق ھاۋاسى جانغا راھەت ئىدى. * كەچقۇرۇنلۇق غىزا ئۈچۈن ئۇ قازانغا ئوت ياققانىدى. * A
Q . كەچقۇرۇنلۇق تاماقتىن كېيىن ئاشخانىدا ئازراق تاماكا چېكىپ ئولتۇردى.

**كەچقۇرۇنلۇقتا** رەۋ. كەچقۇرۇن بولغاندا، كەچتە: ئۇ كەچقۇرۇنلۇقتا كېلىدىغانلىقىنى ئېيتىپ قويۇپ، سەھەردىلا ئاكىسىنىڭ يېنىغا كەتكەنىدى.

**كەچقۇرۇنلۇقى** رەۋ. كەچتە، كەچ ۋاقتىدا، كەچ مەھەلدە: ئۇ بۈگۈن كەچقۇرۇنمۇ كەلگەنىدى.

**كەچكى** سۈپ. كەچكە ئائىت، كەچتىكى، كەچلىك: كەچكى قۇياش. كەچكى شەپەق. * مەن ئۇنى كەچكى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلغانىدىم. * بىز شەھەرنىڭ كەچكى مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىپ ئاستا-ئاستا مېڭىشاتتۇق، ھېچكىم ئۈن-تىن چىقارمايتتى.

**كەچكى شەپەق** <مېتېئور> كۈن ئولتۇرغاندا پەيدا بولغان شەپەق: قۇياش پامىر تېغى چوققىسىغا باش قويغان بولۇپ، كەچكى شەپەق كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. * كەچكى شەپەق نۇرى خۇددى لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان گۈلخاندەك، ئورمان ئۈستىنى چىرايلىق قىزارتىپ تۇراتتى.

**كەچكىچە** رەۋ ① كەچ بولغۇچە، كەچ بولغانغا قەدەر، كەچ كىرگۈچە: خاسىيەتخان كەچكىچە قىزنىڭ كەلگۈسىدىكى بەختى توغرىسىدا شېرىن خىياللارغا چۆمۈلۈپ يۈردى. ② كۆچمە. ھەر دائىم، ھەمىشە، داۋاملىق: — سىلى ئوغلىمىزغا زادىلا كۆڭۈل بۆلمەيۋاتىدىلا، كەچكىچە خىزمەت، مەجلىس دەپ ئالدىرىغانلىرى ئالدىرىغان، — دېدى ئايالى ئاچچىقلاپ.

**كەچلىك** سۈپ. كەچكە تەۋە، كەچكە تەئەللۇق، كەچتىكى؛ كەچتە بولىدىغان، كەچ ئۈچۈن تەييارلانغان: — ئەمدى كەچلىك ۋاقتنى ئىشلەپچىقىرىش ئىگىلىۋالسا قانداق بولىدۇ؟ — ئەخمەت قېشىنى كۆتۈرۈپ سورىدى. * كەچلىك غىزادىن كېيىن زەيتۇنەم ئۇنى ھوجرىسىغا باشلاپ كىردى. * ئۇ بۈگۈن كەچلىك سېمىنىدا ئىشلەيدىغانلىقىنى ئېيتىپ كېتىپ قالغانىدى.

**كەچلىك تەكرار** <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەچلىك تاماقتىن كېيىن بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىشى.

**كەچلىمەك** پ. ۋاقىتنى كەچ قىلماق، كەچكىچە تۇرماق: ۋاي ئېمىشقا، نەگە ئالدىرايسىز؟ كەلگەندىن كېيىن مېھمان بولۇپ كەچلەپ كېتىڭ. * — سىلىنى ئاۋارىچىلىككە سېلىپ نېمە قىلىمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە سىلى بىزنىڭ ئۆيگە بېرىپ كەچلىسىلە بولمامدۇ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا كۈيۈنۈپ.

**كەچمەك** پ ① سۇ، سۇيۇقلۇق ياكى قار، قۇمغا ئوخشاش يۇمشاق نەرسىلەرنى يېرىپ ماڭماق، شۇنداق نەرسىلەر ئۈستىدىن دەسسەپ ئۆتمەك: قاتمۇقات ئېدىرلار ئارىسىدا ئىككى كىچىك يولۇچى قار كېچىپ ئىلگىرىلەۋاتاتتى. * بۇ ياش چوكان كەشىنى قولىدا ساڭگىلىتىپ تۇتۇۋالغان ھالدا سالقىن قۇمنى يالىڭاياغ كەچكىنىچە غىتىلداپ كېتىۋاتاتتى. * كەچمىگەن دەريانى كەچتىم، ئۆلمىدىم سۇدا ئېقىپ. ئەمدى كۆڭلۈك تىندىمۇ، يۈرەككە ئوتلارنى يېقىپ. ② كۆچمە. پەيدا بولماق، ھاسىل بولماق؛ ئۆتمەك (خىيال، كۆڭۈل، مېڭە، پىكىر قاتارلىقلاردىن): ئابدۇرېھىمنىڭ بېشىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى، ئۇنىڭ مەڭزىلىرى ئوت بولۇپ، كۆڭلىدە «ئەمدى مۇسا تاغامغا نېمە دەيمەن؟» دېگەن ئاچچىق پۇشايمان كەچتى. * بۇ قاراشتىن ئابدۇللانىڭ يۈزى تاتۇقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، ئەمما دەرھال ئابدۇللانىڭ خىيالىدىن كېچىۋاتقان ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. * سۆزلەك ئەييامى ئۆمرۈڭدە نە كۈنلەر كەچتى باشىڭدىن؟ ئۇنتۇما بۇ ساۋاقلارنى، كۆز ئالدىڭدىن قاتار ئۆتكۈز! ③ كۆچمە. پىكىر، نىيەت، مېھىر، جان،

مەنپەئەت قاتارلىقلاردىن ئۈمىدىنى، ئالاقىسىنى، مۇناسىۋىتىنى ئۈزمەك، ئۇلارنى تەرك ئەتمەك، ئايرىلماق: بېخىل جېنىدىن كېچەر، مېلىدىن كەچمەس (ماقال). * جاندىن كەچمىگۈچە جانانغا يەتمەس (ماقال). * ئەگەر سىز بىر-ئىككى مالنىڭ مېھرىدىن كېچەلىسىڭىز، بۈگۈن كېچىلا جىننى تۇتۇپ بېرىمەن. * بىر بالا ئەمەس، ئون بالا بولسىمۇ كەچتىم. ياخشىلىق بىلەن قايت! كەچتە بېرىپ كىيىم-كېچەكلىرىڭنى ئېلىپ بېرىمەن. * ئانار گۈلدەك يارىم، خېنە گۈلدەك يارىم، ھەربىرىڭ قىزىل گۈلدەك، قايسىڭدىن كېچەي يارىم؟ ④ ئۆتمەك، ئەپۇ قىلماق، سالاۋات قىلماق (خاتالىق، گۇناھ قاتارلىقلار ھەققىدە): — گۇناھىمىزدىن كەچسىلە ئىكەن، — دەپتۇ كېنىزەكلەر يەرنى سۆيۈپ. — كەچتىم، — دەپتۇ پادىشاھ بېشىنى لىڭشىتىپ. ⑤ كۆچمە. بولماق، يولۇقماق، ئۇچرىماق: بارغانلاردىن، يانغانلاردىن سېنى سورايمۇ؟ سېنىڭ ھالىڭ نە كەچتى دەپ ئۆزۈم بارايمۇ؟ * بۇ ئۆلۈمنىڭ ھەيۋىتىدىن، قورقىدۇ جانىم مېنىڭ، قاراڭغۇ لەھەت ئىچىدە، نە كېچەر ھالىم مېنىڭ.

**كەچمىش** ئى. ئىلگىرى بېشىدىن ئۆتكەن تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرى، بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر؛ ئۆتمۈش: ئاھ، ياق، بۇ بولىدىغان گەپ ئەمەس! ئۇ كەچمىشلىرىنى قانداقمۇ ئۇنتۇيالىسۇن؟ * زۇلخۇمار ئۆزى ۋە ئاتا-ئانىسىنىڭ ئاشۇ قۇزغۇنغا مۇناسىۋەتلىك بولغان كەچمىشنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ، قۇزغۇننى يەرگە كۆمۈپ تاشلاشنى بۇيرۇپتۇ.

**كەچمىش-كەچۈرمىش** كەچمىش ۋە كەچۈرمىش: ئۇلار ئاتا-ئانىسىغا كەچمىش-كەچۈرمىشى، تارتقان جاپالىرىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**كەچۈرگۈسىز** سۈپ. كەچۈرگىلى، ئەپۇ قىلغىلى، سالاۋات قىلغىلى بولمايدىغان: — ئۆز خوجىسىنىڭ مەخپىيىتىگە قول سېلىش ئاللا ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزگەنلىك بولىدۇ، — دېدى سىيىت ھاجى. * ئۇلار بۇ نۇقتىدا بىر قىسىم چاكىنىلارنىڭ بىر تەرەپلىمە قاراشلىرىغا كەچۈرگۈسىز دەرىجىدە يول قويۇپ كەلدى.

**كەچۈرمە** ئى. بولۇپ ئۆتكەن ۋەقەلەر ياكى ئادەم روھىدا پەيدا بولغان تۈرلۈك ھېس-تۇيغۇلار: رەيھانەم تالاغا چىقىپ باشقىلارغا كۆرۈنۈشتىنمۇ ھېيىقىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئىچكى كەچۈرمىلىرىدىن خەۋەرسىز بوۋاي ئۇنىڭدىن سەل ئەجەبلىنىپ قالدى. * ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا تۇرغىنى باشقا بىر خىيالىي مەنزىرە بولۇپ، ئىچكى كەچۈرمىسىدىكى كۆرۈنۈشلەردىن بىرەرسىنىمۇ تاشقى ھالىتىدىن سەزگىلى بولمايتتى.

**كەچۈرمەك** پ ① «كەچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — بۇنداق سوغۇقتا ئوغلۇڭنى سۇ كەچۈرۈپ نېمە قىلىسەن؟ — دەپتۇ يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلاردىن بىرى ھەيران بولۇپ. * — قارىغاندا سىز مېنى كەچۈرمەيدىغان ئوخشايسىز، — دېدى ئۇ تامامەن دېگۈدەك قايغۇلۇق ئاھاڭدا. ② ئۆتكۈزمەك: بىز ئىككىمىز ئەبەدىي ياخشى ئەر-خوتۇن بولۇپ كۈن كەچۈرىمىز. * شاھ قىزلارنى كۆزدىن كەچۈرۈشكە باشلىغاندا، ۋەزىرنىڭ قىزى ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ: — سوئالىڭىزنى سوراڭ، — دەپتۇ. * ئۇ «ئەلۋەتتە، ئىشنى چاقچاقتىن باشلاش كېرەك» دېگەننى كۆڭلىدىن كەچۈردى.

**كەچۈرمىش** ئى. باشتىن ئۆتكەن تۈرلۈك ۋەقە-ھادىسىلەر؛ كەچمىش: بالا پادىشاھقا بىرىنچى قېتىم چامغۇر ئوغرىلاپ كەلگەن ۋەقەدىن باشلاپ، ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى

قالدۇرماي سۆزلەپ بېرىپتۇ.

**كەچۇرۇشمەك** «كەچۇرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاتلارنى دەريادىن كەچۇرۇشۇپ، ئۆزلىرى قېيىق بىلەن دەريادىن ئۆتۈشكەنىكەن. * ئۇلار ئالىمنى كەچۇرۇشتى، شۇنداق قىلىپ ئالىم ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالدى. * ئەنە شۇنداق ئېغىر ۋەقەلەرنى باشتىن كەچۇرۇشكەن خالايىق، ئاخىرى تاقەت قىلالماي ۋاڭغا قارشى ئىسيان كۆتۈردى.

**كەچۇرۇلمەك** «كەچۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چېكىدىن ئېشىپ قىلغان ھۇجۇملىرىڭىز كونا قەدىردانلىقىڭىز ھۆرمىتى ئۈچۈن كەچۇرۈلىدۇ. سىز خاتىرجەم كېلىۋېرىڭ.

**كەچۇرۇم** ئى. ئەپۇ، ئۆزرە: كەچۇرۇم سورىماق. * ئۇنىڭ ھۆكرەپ يىغلاپ، قاسىمنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، ھەممىنى ئېيتىپ بەرگۈسى، بىرىيولىلا خالاس بولۇپ يا ئۇنىڭ كەچۇرۇمگە يا نەپرىتىگە ئېرىششىنى قولغا كەلتۈرگۈسى كېلىپ كەتتى.

**كەچۇرۇم سورىماق** ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىك-خاتالىقلىرىنى كەچۇرۈۋېتىشنى تەلەپ قىلماق، تىلىمەك؛ ئۆزرە ئېيتماق: ئالىيە، سىزدىن تەكرار-تەكرار كەچۇرۇم سوراي-مەن... مېنى ئەپۇ قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. * ئۇ خانقىزدىن قايتا-قايتا كەچۇرۇم سورىدى.

**كەچۇرۇم قىلماق** ① ئەپۇ قىلماق، ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ ماقۇل كۆرمەك، كەچۇرمەك: — «مۇلايىم بولساڭ، كەچۇرۇم قىلىپ، قويۇپ بېرىمىز» دېگەن گەپنى ئاڭلىغانسەن، — دېدى ساقچى ھوقۇقدارى ئالدامچىلىق بىلەن يۇمشاق سۆزلەپ. ② بىكار قىلماق، ئىناۋەتسىز قىلماق، يوق قىلماق (تۈرلۈك مەجبۇرىيەت، جازا ھۆكۈمى قاتارلىقلار ھەققىدە): — ھازىر ھۆكۈمەت كاپالەت بەردى، كانچىلاردىن باجنى كەچۇرۇم قىلدى، — دېدى ئاكام

دادامنى خاتىرجەم قىلىشقا تىرىشىپ. * ئۇ يەنىلا جازانى يېنىكلىتىش ياكى پۈتۈنلەي كەچۇرۇم قىلىش پىكرىدە چىڭ تۇردى.

**كەچۇرۇملۇك** سۈپ. ئەپۇچان، ئاسان ئەپۇ قىلىدىغان، كۆڭلى يۇمشاق.

**كەر** يېز ت ← **كىر**: ھەي يولۇچى، يولۇچى، كەركە بويلۇق كەر ئېتىڭ، كەر بۇلاقتا يۇرىدۇ. ئۇلۇڭ يېقىدا ئون قۇلان، سەكرەپ، ئويناپ يۇرىدۇ. سۇرمە رەڭلىك سۇر ئېتىڭ، سۇر بۇلاقتا يۇرىدۇ. سول يېقىدا بەش قۇلان، سەكرەپ ئويناپ يۇرىدۇ.

**كەرەپشە** [پ] ئى. چىڭسەي.

**كەرەشمە** ئى [پ] ئىراۋغا يېقىش، ئۇنىڭ ئامراقلىقىنى، تەلپۈنۈشىنى قوزغاش ئۈچۈن گەۋدە، كۆپىنچە يۈز-كۆز بىلەن قىلىنغان نازلىق ھەرىكەت، نازلىق قىلىق: سەن كۈلگەندە گۈلدەك ئېچىلىپ، پىكرىم قاچتى قۇمدەك چېچىلىپ. نېسىپ بولۇپتۇ ساڭا گۈزەللىك، ناز-كەرەشمە بىلەن قېتىلىپ.

**كەرەم** ئى [ئە] يېز ت ① مەرھەمەت، ھىممەت، شاپائەت: جانابلىرىنى ئەڭ ئەزىز مېھمان سۈپىتىدە ئۆز ھۇزۇرىغا چىللاپ، شاھانە لۇتپى كەرەمگە سازاۋەر قىلغاي. * ئالى كەرەملىرىنىڭ دۆلەتلىرى سايىسىدە، بىز قۇللىرى سەھەر تۇرۇپ، كەچ يېتىپ، يۇرتىنىڭ تىنچلىقى ئۈچۈن بىر پۈتمىزنى ئون قىلىپ يۈگۈرۈپ يۈرۈپتىمىز. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كەرەم قىلماق** رەھىم-شەپقەت قىلماق؛ ھىممەت قىلماق، بىرەر ياخشىلىق، شاپا-ئەت، مەرھەمەت قىلماق: تەلىپىم شۇلدۇر: كۈچۈم يوقتۇر شۇ دەم، ئېلىپ كېلەي ئۆيدىن ئۇنى، قىلغىن كەرەم.

**كەرەملىك** سۈپ. ھىممەتلىك، شەپقەتلىك، مەرھەمەتلىك: — ئەي كەرەملىك پادىشاھ، نېمىگە خۇشال ئولتۇرمايسىز؟ — دەپ سوراپتۇ

ئۇ ئەجەبلىنىپ. * ئەي، كەرەملىك ئۇلۇغ خۇدايىم، ساڭا قۇلمىز، نەبىگە ئۈممەت. ياراتقىنىڭ ئۆلۈمنى لىللا، لېكىن ئاڭا بەرمىدىڭ نۆۋەت.

**كەربالا** ئى. ئىراقنىڭ پايتەختى باغداتنىڭ غەربىي جەنۇبىغا جايلاشقان، ئىسلام دىنى شىئە مەزھىپىدىكىلەرنىڭ مۇقەددەس جايى دەپ قارىلىدىغان بىر چۆلنىڭ نامى: كۆرسەت مۇھەببەت يولىنى، بىر تۇتاي يارنىڭ قولىنى. كەزسەم كەربالا چۆلىنى، بۇ كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق.

**كەربالانىڭ ئىتىدەك** ئۇ يان-بۇ يان قاتراپ، لالىلىق قىلىپ: مەنمۇ زېرىكتىم. پۈتۈن ئۆمرۈمدە كەربالانىڭ ئىتىدەك سوكۇلداپ شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپتىمەن. * ئۇ ھېچ ئىشقا قولىنى ئەگرى قىلماي، بازاردا كەربالانىڭ ئىتىدەك لەلەڭشىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

**كەرتمەك** پ. يونىماق، يۇنۇپ ئىز چىقارماق: ياغاچنى سەل كەرتىپ ئاندىن شوينىنى باغلا. بولمىسا، سىيرىلىپ توختىمايدۇ.

**كەرتىشمەك** «كەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەرتىك** ئى ① يۇنۇپ چىقىرىلغان ئىز؛ كەمتۈك. ② پاراللېل ئىككى ئەزا ئوتتۇرىسىدىكى كەمتۈك جاي.

**كەرتىلمەك** «كەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەررە** [ئە] ① ئى <مات> كۆپەيتىش: كەررە جەدۋىلى. ② كەررە بەلگىسى (×). ③ مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرگە كېلىپ ھەرىكەتنىڭ تەكرارلىنىش دەرىجىسىنى بىلدۈرىدۇ ھەم «قېتىم، نۆۋەت، مەررە؛ كۆپەيتىلگەن، يەردە» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: تەپەككۇر كۆزى بىلە باقساڭ ئەگەر ئالەمگە بىر كەررە، ئەمەستۇر خالىي ھېكمەتتىن ۋە ھەتتاكى ھەسەل ھەرە. * ۋاپا لەۋزىدىن سەن ئىدىڭ مۇئەللىم، ماڭا بەزدىڭ يەنە بىر كەررە تەلىم.

**كەررە جەدۋىلى** <مات> ← **كۆپەيتىش جەدۋىلى.**

**كەررەك I** ئى [پ] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تېنى چوڭ، خوخا تىكەنگە ئوخشايدۇ. غولى تىك، گىرۋەكلىرىدە تىكىنى ۋە يېشىل قاناتلىرى بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى ئېللىپسىمان تۇخۇمسىمان شەكىلدە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلغان، يېرىقچىلىرىنىڭ چۆرىسىدە تىكىنى بولىدۇ. نەيچىسىمان گۈلى جىگەررەڭ ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. پۈتۈن تېنىدىن دېھقانچىلىق دورىسى ئىشلىنىدۇ. ئۇ زىياندىش ھاشاراتلىرىنى ئۆلتۈرۈش رولىغا ئىگە.

**كەررەك II** ئى [پ] <زوئول> بۆدۈنە: ئۆردەك بىلەن كەررەكنىڭ سۇ چېچىشقىنى خوپ‌دۇر، ئاشىق بىلەن مەشۇقنىڭ كۆز بېقىشقىنى خوپ‌دۇر.

**كەررىلەتمەك** «كەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەررىلەشمەك** «كەررىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەررىلىمەك** پ. ھەسسىلىمەك، ھەسسىلەپ كۆپەيتمەك.

**كەركەك** (توغرىسى: كەررەك) ← **كەررەك I.**

**كەركىدان** ئى [پ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. توم تۇياقلىق، تەن شەكلى كالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، بوينى قىسقا، تۆت ئايىغى چوڭ، بۇرنىنىڭ ئۈستىدە بىر ياكى ئىككى مۈڭگۈزى بار. تېرىسى قوپال لېكىن قېلىن، سەل قارامتۇل، تۈكلىرى

يوق، ئاسىيا ۋە ئافرىقىنىڭ تروپىك ئورمانلىقلىرىدا ياشايدۇ.

**كەركىدانگۈل** ئى [كەركىدان+گۈل] <بوت> ① ئەرمىدۇن ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىللىك، گۈلى كىچىك، ئاق ياكى تۇتۇق سېرىق، ئالاھىدە پۇرىقى بار. ئۇچكىلىك مېۋىسى تۇخۇمسىمان يۇملاق، مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە پۇراق ماتېرىيالى ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**كەرگە** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئارىسىنى ئېچىش، كېرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچ ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسە: ئاي خېنىم بىر باقسىنا، كۆزۈڭنى چوڭ-چوڭ ئاچسىنا. كىرپىكىڭ دالدا قىلسا، كەرگىدە كېرىپ ئاچسىنا. ② كەشتىچىلىكتە كەشتە چۈشۈرۈلىدىغان رەختنى كېرىپ، يېيىپ، ئېچىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان چەمبەر شەكىللىك ئەسۋاب، چەمبىرەك: ئۇ يىپنىڭ ئۇچىنى نەمدەپ يىمىرىپ چاپسانلا يىڭنىگە ئۆتكۈزدى-دە، ئالدىدىكى كەرگىگە تارتىلغان يىپەك رەخت ئۈستىگە كەشتە بېسىشقا باشلىدى.

**كەرگۈچى** سۈپ. كېرىش رولىنى ئوينايدىغان، كېرىدىغان: كەرگۈچى نېرۋا.

**كەرگۈچى نېرۋا** <ئانات> ئالتىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى. مېڭە كۆۋرۈكىدىن باشلىنىپ، كۆز ئالمىسىنىڭ مۇسكۇللىرىغا تارقالغان. ئاساسەن كۆز ئالمىسىنىڭ سىرتقى تەرىپىنىڭ ئايلىنىش ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**كەرگۈزمەك** «كەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەرمان** ئى <بوت> كەرمان ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە، يوپۇرماقلىرى لېنتا شەكلىدە بولۇپ نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى ئاق يېشىل ۋە ئومۇم گۈل رېتىدە، غوزا مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**كەرمەك** پ. ئىككى تەرەپكە تارتىپ ئارىسىنى ئاچماق، يايماق؛ كەڭ، چوڭ ھالەتكە كەلتۈرمەك: كېرىمى كېرىپ بەردى، رېھىمى يېرىپ بەردى (ماقال). * بىز ئۇنى كونا بىر ئەلگەكنىڭ قاسقىنىغا كېرىپ دۇمباق ياسىدۇق. * دادام تۇماقىنىڭ ئىچىگە ئىككى قولىنى سېلىپ تۇرۇپ، ئىككى تەرەپكە راسا بىر كېرىۋەتتى، كېيىن بىز ھېلىقى ئادەمنىڭ بېشىغا «يا، بىسمىللا!» دەپ تۇرۇپ بىر بېسىپلا كىيدۈرۈپ قويدۇق.

**كەرىقۇر** ئى <زوئول> قۇشلار كلاسى، كەرىقۇر ئائىلىسى. ئەركىكىنىڭ تەن ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 60 سانتىمېتىر ئەتراپىدا، پەي-تۈكلىرى دېگۈدەك قارامتۇل، قۇيرۇق پەيلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىدە ئاقۇچ ئالىسى، گېلىدا ئاق رەڭلىك پەيلىرى، قارامتۇل كىچىك سەپكۈنلىرى بار. قۇيرۇق پەيلىرى ئۇزۇن ھەم چوڭ. چىشلىرى سەل كىچىك. دۈمبە تەرەپلىرى كۆل رەڭ، قوڭۇر ئالىسى بار. قېلىن، ئېگىز تاغ ئورمانلىرىدا توپلىشىپ ياشاپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يۇمران نوتىسى، مېۋە شىرنىلىرىنى ئوزۇق قىلىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ خېيلۇڭجياڭ ئۆلكىسىدىن باشقا شىنجاڭنىڭ ئالتاي تاغلىرىدىمۇ بار.

**كەرىك** سۈپ. ئارىسى ئوچۇق، كېرىلگەن؛ چوڭ يېرىقى ياكى تۆشۈكى بار.

**كەز** ① ئى.ۋاقىت، چاغ، مەزگىل، پەيت؛

ئۇلار خالىيراق قالغان كەزلىرىدە «بۇ زادى نېمە بولغان قىزدۇ، ئۇقۇپ باقساق بولاتتى» دېيىشسمۇ، ئۇنى ئاياپ سوراشقا پېتىنالمايتتى. شۇ كۈ كېلى مەكتەپلەرگە ئەخمەت ئەپەندىم، تەكشۈرۈپتۇ ھەممە ياقنى كەچۈرۈپ كۆزدىن. زىمىستان قىش نەشتىرىنى سانجىغان كەزدە، سىنىپلاردىن بوران ئۇچار ئىكەن بۇ يەردە. ② مىق. قېتىم، نۆۋەت، رەت: بۇ كەز بىز ئۇلارنى يېڭىپ، غالىب بولدۇق.

**كېزى كەلگەندە** ۋاقتى كەلگەندە، پەيتى كەلگەندە؛ نۆۋىتى كەلگەندە: — كېزى كەلگەندە ئۇنىمۇ قىلىمىز، ئالدىرىما، — دېدى ئاكام ماڭا تەسەللى بېرىپ.

**كەزدۇرمەك** «كەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مېنى ساڭا كۆيدۇرگەن، قارا قېشىڭ بىلەن كۆزدۇر. ئۇلۇغ دەريانى كەزدۇرگەن، گىلاڭ تاغلاردىكى مۇزدۇر.

**كەزدۇرۇلمەك** «كەزدۇرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەزمەك** پ. مېڭىپ، ئايلىنىپ يۈرمەك، ئارىلىماق، زىيارەت قىلماق، ساياھەت قىلماق: ئۇ شەھەرگە يېقىن يېزىلارنىڭ ھەممىسىنى كېزىپ چىقىپ، ئەڭ ئاخىرىدا سەنئەت مەكتىپىدىن بىر قىزنى تاللىغانىدى. * لۇتپۇللا دالىدا يۈرۈشنى، جاڭگال-جىرالارنى كېزىشنى، تاغلارغا، تىك چوققىلارغا چىقىشنى ھېسابسىز ياخشى كۆرەتتى.

**كەسپىي** سۈپ [ئە] ① كەسپكە، ھۈنەرگە ئائىت؛ ھۈنەر-كەسپكە مۇناسىۋەتلىك ياكى ئالاقىدار بولغان: بىز ئۇلارنىڭ كەسپىي سەۋىيىسىگە، ئىش ئۇنۇمىگە، تىرىشچانلىقىغا قارىمىساق بولمايدۇ. ② مەخسۇس بىرەر كەسپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، مەخسۇس بىر كەسپنى تۇتقان: ئۇلار ھازىر بېلىقچىلىقتا كەسپىي ئائىلە بولۇپ قالدى. * ئۇلار بىزگە ھېلىقى مېھماننىڭ ئۇرۇمچىدىن كەلگەن كەسپىي فوتوگراف ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

**كەسپىي ئائىلە** مەملىكىتىمىز يېزىلىرىدىكى يېڭى ئىگىلىك قوشۇمچە كەسپى بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ئائىلە: توخۇ بېقىش كەسپىي ئائىلىسى. بېلىقچىلىق كەسپىي ئائىلىسى. * ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىشىغا ئەگىشىپ، بىر تۈركۈم كەسپىي ئائىلە، ئۇقتىلىق ئائىلىلەر بارلىققا كەلدى.

**كەسپىي ئەخلاق** ئۆز كەسپىگە ھەم ئۇنىڭ قائىدە-پىرىنسىپلىرىغا يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش تۇيغۇسى، ئاڭلىقلىقى.

**كەسپىي بىلىم** مەلۇم كەسپتە ئىگىلىگەن بىلىم: جۇمە سۇچىلىق سىنىپىدا ئوقۇيتتى، سادىق سۇچىلىق كەسپىي بىلىملىرىگە قىزىقىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ بىلەن تونۇشتى.

**كەسپىي راسخوت** مەلۇم كەسپ ياكى پەن تەتقىقات تۈرى ئۈچۈن مەخسۇس ئاجرىتىلغان راسخوت: — خاتىرجەم بولسىلا، قورۇلۇش، مۇلۇك، كەسپىي راسخوت، خەلق ئوقۇتۇش ياردەم پۇلى ھەممىسى ئۆز يولى بىلەن، لېكىن بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئەمگىكى، كۆكتات پۇلى...، — دەيتتى بوغالتىر كۈلۈپ تۇرۇپ.

**كەسپىي سەۋىيە** مەلۇم كەسپتە ئىگىلىگەن بىلىم، مەلۇمات ياكى يېتىلدۈرگەن قابىلىيەت: شۇندىن تارتىپ، بىر تەرەپتىن دەرس ئۆتسە، يەنە بىر تەرەپتىن مەكتەپ قارمىقىدىكى دوختۇرخانىدا داۋالاش ئىشلىرىغا قاتنىشىپ، كەسپىي سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈردى.

**كەسپىي سۆز** <تىل> ھەرقايسى

ساھە، كەسپلەردە ئىشلىتىلىدىغان، ئەمما باشقىلار ئانچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان مەخسۇس سۆز-ئىبارىلەر.

**كەسپىي كىرىم** مەلۇم كەسىپتە كىرگەن كىرىم.

**كەسپىي ھەمكارلىق** مەلۇم بىر كەسىپتە ئۆزئارا ياردەملىشىش، مەلۇم ۋەزىپىنى ئورتاق تاماملاش.

**كەسپىي ئۇنۋان** مەلۇم كەسىپ بويىچە بېرىلگەن ئۇنۋان: كارخانا، مەكتەپ، تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئىدارىلەرنىڭ ھەممىسدە خىزمەتنى باھالاپ تۇرۇش ۋە سىناق ئېلىپ تۇرۇش، ئىلمىي ئۇنۋان، كەسپىي ئۇنۋان ۋە پەخرىي ئۇنۋان بېرىلىشى كېرەك.

**كەسپىي ئىقتىدار** مەلۇم كەسىپتە يېتىلدۇرگەن ئىقتىدار: — مۇدىر ئوبدان ئويلاپتۇ، — دېدى ئاينۇر ئارۇپنىڭ غەرىزىنى چۈشىنىپ خاتىرجەم ھالدا، — مەنمۇ ئەنە شۇنداق ئەمەلىي مەشغۇلات مەيدانىغا بېرىپ، كەسپىي ئىقتىدارىمنى ئاشۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتىم.

**كەستۈرمەك** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇپىتاي پۇتىنى كەستۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. * مەن ئاخىر چېچىمنىمۇ كەستۈرۈۋەتتىم. * دېسەم-دېمىسەم شۇ، بۇ يەردىن بىر تۈپ دەرەخ ئەمەس، بىر تال شاخنىمۇ كەستۈرمەيمەن.

**كەستۈرۈشمەك** «كەستۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەستۈرۈلمەك** «كەستۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ياغاچلارنىڭ ھەممىسى كەستۈرۈلۈپ، تەييار قىلىپ قويۇلغانىدى.

**كەس-كەسلا** كەسكەنلا يېرى، قەيەرنى كەسسەڭ شۇ يېرى: ئاجايىپ سېمىز چىقتى، كەس-كەسلا ماي. * ئىككى قوي سويدۇم، ئىككىلىسى كەس-كەسلا ماي چىقتى.

**كەسكەك** ① سۇپ. كېسىدىغان؛ ئۆتكۈر ② ئى. ئىتنىڭ بويىنى ئارغامچا ياكى تانا بىلەن باغلىغاندا بويىنىنى سىقىۋالماسلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان يەنى ئىككى بېشىغا ئىتنىڭ بويىنى پاتقۇدەك تانا باغلاپ، ئوتتۇرىسىغا چۇلۇۋۇر بېكىتىدىغان قىسقا كالتەك.

**كەسكەكچى** ئى. دىئال ← **خەتنىچى**.

**كەسكۈچى** ① سۇپ. كېسىش رولىنى ئوينايدىغان، كېسىدىغان: كەسكۈچى پىچاق. كەسكۈچى تىغ. ② ئى <مات> چەمبەر ياكى باشقا ئەگرى سىزىقلارنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتىدىن ئۆتكەن تۈز سىزىق.

**كەسكىن** ① سۇپ. ئۈزۈل-كېسىل، قەتئىي، جىددىي: ئۆي ئىچىدىكى كەسكىن مۇلاھىزە تېخى داۋاملىشىۋاتاتتى. * — گېپىڭىز كەسكىن ئەمەس، — دېدى بىرەيلەن شۇجىنىڭ ئىپادىسىدىن نارازى بولۇپ. * شۇ دەمدە تۇرمىدە «ئابرال» غا قازى تۇتماقتا نەقىشلىك قەدەھتە زەھەر. شۇ دەمدە بۇ يوغان داتاڭ ئىچىدە، بارماقتا ئەڭ كەسكىن كۈرەش شۇ قەدەر. // ئۇ ئەمدى كەسكىن جاۋاب بەرگەنىدى، شۇڭا ھېچكىممۇ ئۇنىڭغا قايتا ئېغىز ئاچالمىدى. ② سۇپ. پوزىتسىيىسى ئۈزۈل-كېسىل، مەسىلە-ئەھۋاللارغا قارىتا تېز ھەم ئۈزۈل-كېسىل بىر تەرەپ قىلىش خاھىشى بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان (ئادەملەر ھەققىدە): ئاۋۇت ئاكام تولىمۇ كەسكىن ئادەم بولغاچقا، بىز ھەممىمىزلا ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلىشاتتۇق. ③ سۇپ. تېز ھەم كۈچلۈك، شىددەتلىك، قاتتىق؛ جىددىي (ئاۋاز ۋە شۇ قاتارلىقلار ھەققىدە): ئۇنىڭ ئاۋازىدا ھېلىغىچە بىلىنمىگەن كەسكىن بىر تۈس بار ئىدى. * —

ياق! – دېدى ئۇ كەسكىن بىر ئاۋازدا. ④ رەۋ. تېز، دەرھال، بىردىنلا: ئۇ ئېتىنىڭ بېشىنى كەسكىن بۇرىدى-دە، ئەمدىلا مەلۇم بولغان خائىننى قوغلاپ كەتتى. ⑤ رەۋ. پۈتۈنلەي، بىردىنبىر، تۈپ يىلتىزىدىن: بۇ يەردە ئۆتكەن يىللاردىكىدىن كەسكىن پەرق قىلىدىغان سىرلىق بىر خىل ۋەھىمە ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. * باشلىقنىڭ بىردىنلا كەسكىن ئۆزگىرىشى بىزنى گاڭگىرىتىپ قويغانىدى.

**كەسكىنلە شتۈرمەك** «كەسكىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەملەر ھامان راھەتلىك، ئازادە ياشاشنى تەلەپ قىلىپ كەلگەن، ھازىرقى زامان پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى بۇنداق تەلەپنى كۈنسېرى كەسكىنلەشتۈرمەكتە.

**كەسكىنلە شتۈرۈلمەك** «كەسكىنلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەسكىنلە شمەك** پ. كەسكىن ھالەتكە كەلمەك: كۈرەش ھەقىقەتەنمۇ كەسكىنلىشىپ، قالايمىقانچىلىقلار كۆپەيگىلى تۇردى. * ئەھۋالنىڭ بارغانچە كەسكىنلىشىپ خەۋپلىك دەرىجىگە يەتكەنلىكى ھەممىگە مەلۇم ئىدى. * مۇسابىقە كەسكىنلىشىپ كەتتى. * ئۇنىڭ سۆزلىرىمۇ كەسكىنلەشمەكتە ئىدى.

**كەسكىنلىك** «كەسكىن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كەسكىنلىك دېگىنىمىز – كىشىلەرنىڭ ھەق-ناھەقنى ئېنىق ئايرىشقا ماھىر بولۇش ۋە ئوبيېكتىپ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن دەرھال بىر قارارغا كېلىپ مۇناسىپ ھەرىكەت قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. * – چىقمايدۇ! – دېدى مەردان كەسكىنلىك بىلەن.

**كەسلە تمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تۇتۇرۇۋق ئۇچۇن ئېلىپ قويغان كۆتەكنى ئوغلىغا كەسلىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئوت قالاش ئۇچۇن جابدۇندى.

**كەسلە شمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار شاخ-شۇمبىلارنى كەسلىشىپ بولغاندىن كېيىن، ھارۋىلىرىغا بېسىپ ئۆيلىرىگە قايتىشتى.

**كەسلەم** ئى. نەرسىلەرنىڭ بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە كېسىلگەن مەلۇم بىر پارچىسى، بۆلىكى: يول باشلىغۇچى كۆپچىلىك-نى ئويغىتىپ، بىر كەسلەم بامبۇك تۇرۇبىسىنى گۈلخانغا تاشلىدى.

**كەسلە ملىك** سۈپ. كەسلەم قىلىنغان، بۆلۈنگەن، كەسلەمگە ئايرىلغان ياكى بەلگىلىك كەسلەم قىلىشقا تەييارلانغان: شىرەنىڭ ئوتتۇرىسىدا سەككىز كەسلەملىك قېلىن بىر تاختا قەغەز ئاق پېتى يېيىقلىق تۇراتتى.

**كەسلە نچۈك** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. بەدىنىنىڭ يۈزىدە كىچىك تەڭگىچە قاسراقلىرى، ئاستىدا تۆت پۇتى بار. قۇيرۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئاسانلا ئۈزۈلۈپ قالىدۇ. ئەركەكلىرىنىڭ دۈمبىسى كۆكۈچ يېشىل، ئۇزۇنىسىغا سوزۇلغان قارا يولچىلىرى بولىدۇ. چىشلى-رىنىڭ دۈمبىسى ئاچ قوڭۇر، ئىككى تەرىپىنىڭ ھەرقايسىسىدا بىر يولدىن قارا يولچىلىرى بولىدۇ. قورساق تەرىپىنىڭ ھەممىسى ئاچ سېرىق، ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ. ھاشارات ۋە باشقا كىچىك ھايۋانلارنى يەپ ئوزۇقلىنىدۇ.

**كەسلە ندى** ئى. كەسلەنگەن، كېسىپ پارچىلانغان، كەسلەم قىلىنغان نەرسى-لەرنىڭ ھەربىرى: قىزىل پوپايكا كىيگەن ئېگىز بويلۇق ئادەم مەشكە سۆكسۆك كەسلە ن-دىلىرىنى تاشلاپ، ئوتنى ئۇلغايتتى. * ئۇ تۈنىكە مەشكە ئوتۇن كەسلەندىلىرىنى تاش-لاپ ئوت ياقتى، مەش قىزىپ ئۆي ئىسسىدى.

**كەسلە نمەك** «كەسلىمەك» پېئىلىنىڭ

مه‌جهۇل دەرىجىسى: ئۇ كەسلەنگەن
ئوتۇنلارنى ئوچاق ئالدىغا ئەكىرىپ قويۇپ،
كۆلگە سۇ ئالغىلى چىقىپ كەتكەنىدى.

**كه‌سلمه‌ك** پ. بەلگىلىك ئۆلچەم بويىچە
كېسىپ، قىسقا بۆلەكلەرگە كەلتۈرمەك:
ئوتۇنلار مەشكە لايىق كەسلەپ قويۇلغانىدى.
* گومىنداڭدۇر پور دەرەخ، لىكشىپ قالدى
ئۇ هازىر. بىز شېخىنى كەسلىدۇق، بولدۇق
جەڭگە هەم ماهىر.

**كه‌سمه** ① سۈپ. كېسىلگەن، كېسىپ
قويۇلغان: دولقۇنلۇق كەسمە چاچلىرى
ئارىسىدىن يېنىچە قارىغاندا، ئۇنىڭ قۇۋۇلۇق
يوشۇرۇنغان قوي كۆزلىرىدە بىر سوئال
«مانا مەن» دەپ تۇراتتى. * بىز ئالدى
بىلەن كەسمە يۈزنى ئۆلچىشىمىز كېرەك.
② ئى. كېسىلگەن، قىرقىلغان نەرسىلەر-
نىڭ هەربىر پارچىسى: يولنىڭ ئىككى
ياقىسىدىكىلەر پىئونېرلارغا ماسلىشىپ رەڭلىك
قەغەز كەسمىلىرى چېچىشتى.

**كه‌سمه ئاۋاز** <مۇز> تاكتىلارنىڭ
يۇمشاق ئۇدارىدا كۆرۈلۈپ، قاتتىق
ئۇدارىدىكىدەك كۈچەيتىش رولىنى ئويناپ
بەزمە يەدىغان ئاۋازلار.

**كه‌سمه پاله‌چ** <تىب> جۈگىيىدا
تۆۋەنكى مۇچىدىكى پالەچ كېسەللىكى
كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كه‌سمه چۆپ** خېمىرى قاتتىق يۇغۇرۇلۇپ
ۋە نېپىز يېيىلىپ، ماشىنا ياكى پىچاق
بىلەن كېسىلگەن چۆپ.

**كه‌سمه كۆرۈنۈش** <ماشىن> دېتاللارنى
لازىملىق ئورنىدىن مەلۇم بىر تەكشىلىك
بىلەن كەستۇق دەپ پەرەز قىلغىنىمىزدا
پەيدا بولغان يۈزنىڭ كۆرۈنۈشى.

**كه‌سمه هۆكۈم** <لوگ> هۆكۈملەنگۈچە-
سى بىلەن هۆكۈملىگۈچىسى توغرىدىن-توغ-
را باغلانغان هۆكۈم.

**كه‌سمه ئۇلاق** <ئورم> ئۇلاق شەكىل-
لىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا ئۇلاق تۆۋى
غولىدىن كېسىۋېتىلىپ، ئۇلىنىدىغان نوتىلار
قەلەمچە شەكىلدە ئۇنىڭغا سانجىلىدۇ
ۋە بوغۇپ قويۇلىدۇ. ئاخىرىدا چۆرىسى
لاي بىلەن سۇۋۇنۇۋېتىلىدۇ.

**كه‌سمه ئۈچ هۆكۈملۈك** <لوگ> ئۈچ
هۆكۈملۈكنىڭ بىر تۈرى. ئۇنىڭ تەركىبىدە
ئۈچ كەسمە هۆكۈم بولۇپ، ئىككىسى
ئاساس، بىرى يەكۈن؛ ئىككى ئاسا-
سنىڭ بىرى چوڭ ئاساس، بىرى كىچىك
ئاساس بولىدۇ. كەسمە ئۈچ هۆكۈملۈكتە
ئۈچ ئۇقۇم بولىدۇ. بۇ ئۈچ ئۇقۇم ئاتالغۇ
دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بىرى كىچىك
ئاتالغۇ، بىرى چوڭ ئاتالغۇ، يەنە بىرى
ئوتتۇرا ئاتالغۇ دەپ ئاتىلىدۇ.

**كه‌سمه يۈز** جىسمنى كېسىشتىن هاسىل
بولغان يۈز. مەسىلەن، شارنىڭ كەسمە
يۈزى چەمبەر شەكىلدە بولىدۇ.

**كه‌سمه يۈز خه‌رىتىسى** <سۇ>
جىسمنىڭ كېسىلگەن يۈزىنىڭ قەغەزگە
چۈشۈرۈلگەن شەكلى.

**كه‌سمنى ئېلېكترلىك ئۆلچه‌ش** <چار>
تۇراقلىق توك ئارقىلىق چارلاش ئۇسۇلىنىڭ
بىر تۈرى. بۇنىڭدا كان گەۋدىسى،
قاتلام ۋە تۈزۈلمىنىڭ يۈرۈش يۆنىلىشى
بىلەن تىك ياكى قىيپاش كېسىشكەن
ئۆلچەش سىزىقلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ،
شۇ ئۆلچەش سىزىقلىرىدا ئېلېكتر قۇتۇپ-
لىرىنىڭ نىسپىي ئورۇنلىرى ئۆزگەرتىلمەي،
پۇتكۈل ئۆلچەش سىزىقىنى بويلىغان
هالدا گېئولوگىيىلىك كەسمىدىكى كۆرۈن-
گەن ئېلېكتر قارشىلىقىنىڭ ئۆزگىرىشى
ئۆلچىنىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن نەتىجىسىگە
ئاساسەن، شۇ يەردىكى كان گەۋدى-
سى، تاغ جىنس قاتلاملىرى ۋە گېئولوگىيە-

لىك تۈزۈلمىلەر ئېنىقلىنىدۇ.

**كەسمەك** پ ① پالتا، ھەرە، پىچاق قاتارلىق تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن نەرسىلەرنى بۆلەكلەرگە ئايرىماق، پارچە-پارچە قىلماق، پارچىلىماق: پىچاق دەستىسىنى كەسمەپتۇ (ماقال). * ياغاچ كەسسەڭ ئۇزۇن كەس، تۆمۈر كەسسەڭ قىسقا كەس (ماقال). * ئۆتكەن يىلى ئوغلى كېسۋەتكەن ئاشۇ بىر تۈپ دەرەخ ئۈچۈن مەسۇم ئاكام خېلى كۆپ دەرد تارتتى. * ئۇ دېرىزە رېشاتكىسىنىڭ سەككىز تۆمۈر چىۋىقىدىن ئالتىسىنى ئېكەكدەپ كېسىپ بولدى. * تۇراتتى «مېھمان» نىڭ ئالىقاندەك رەسىمى، گېزىتتىن چىرايلىق كېسۋېلىنغان. تۇراتتى، ئاشۇنداق خۇش خۇي بەئەينى، ئۇچاقنىڭ بېشىدا تامغا ئېسىلغان. ② تىغلىق ئەسۋابلار بىلەن تىلماق، يارماق، جاراھەتلەندۈرمەك: قولنى كەسمىگۈچە قان چىقماس (ماقال). * ئۇنىڭ ئوڭ پۇتىنى ئۇرما ئۇرۇۋاتقاندا ئورغاق كېسۋەتكەنىدى، ③ پىچماق (كىيىم ھەققىدە): ئۇ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا كىرگەن رەختلەرنىڭ ھەممىسىنى كېسىپ بولۇپ، تىككۈچىلەرگە تاشلاپ بەردى-دە، رەيھاننى ئىزلەپ ماڭدى. * بۇنى ئۇستامنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىڭ. ئۇستام كېسىپ بەرسۇن. ئاندىن مەن تىكىپ بېرەي، — دېدى ھېلىقى شاگىرت قىز مۇلايىملىق بىلەن. ④ كۆچمە. بىرەر جاينىڭ ئارىسىدىن، ئوتتۇرا قىسمىدىن نىشان قىلغان جايغا ئۇدۇللاپ يول ئالماق، ئوتتۇرىدىن يېرىپ بارماق، يۆنەلمەك: ئۇ كىشى قولۋاققا ئولتۇرۇپ، دەريانى كېسىپ ئۆتمەكچى بولۇپتۇ. * — بۇ يەردىن كېسىپ ئۆتۈپ، باغ تېمىدىن ئارتىلىپ چۈشەيلى، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ. ⑤ كۆچمە. توسماق، مەلۇم بىر نەرسە بىلەن توسالغۇ ھاسىل قىلىپ، ئارىدىن ئۈزۈپ تاشلىماق: يامىنى كەلسە، بۇ ئىش ئاخىرقى ھېسابتا مېنىڭ سەن توغرۇلۇق ماڭىدىغان يولۇمنى كېسۋېتىشى مۇمكىن. * خوجايىن ئىشىكنى تاقاپ، زال بىلەن بىليارتخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى كېسىپ تاشلىدى. ⑥ كۆچمە. ئۈزۈپ قويماق، بۆلمەك (گەپ، مۇلاھىزە، سۆھبەت قاتارلىقلار ھەققىدە): — بىلمەن دەيدىغان بولسام، ھەممە ئىشنى بىر كېچىدىلا بىلىپ كېلەلەيمەن، — دېدى غۇلام ئۇنىڭ سۆزىنى كېسىپ. * — پەلسەپە ساتمىساڭچۇ، ھويلىغا نەدىن كىردىڭ؟ — دېدى روزى سادىقنىڭ سۆزىنى كېسىپ. ⑦ كۆچمە. بەلگىلىمەك، بېكىتمەك، بىر قارارغا كەلمەك (باھا، ئىش ھەققى قاتارلىقلار ھەققىدە): — ۋاي-ۋۇي، ئەجەب كېلىشىپ بولالماي كەتتىڭلار، مەنلا كېسىپ قويماي، — دېدى بىر ئاقساقال بېدىك قوي ئىگىسى بىلەن خېرىدارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ، — بىر سىنتمۇ كەم ئەمەس، ئارتۇق ئەمەس، توپتوغرا 225 يۈەن، قانداق؟ ⑧ كۆچمە. جازاغا ھۆكۈم قىلماق، جازا مۇددىتىنى بېكىتمەك: ئۇلار ئەمدىلا توي قىلايلى دەپ تۇرغان سۆيگىنىمنى تۈرمىگە ئېلىپ كېتىشتى — دە، ئالتە يىللىق كېسۋەتتى. * — ھېلىقى جىنايەتچىنى نەچچە يىللىق كەسكەندۇ؟ — بىرەيلەن تۇيۇقسىزلا سوراپ قالدى. * — ھەي، — دېدى يەنە بىرەيلەن ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ — مېنىڭ ئويۇمچە، ناھەقلا بەش يىللىق كېسۋەتتى. ئۇ ئەسلى ئۇنداق ئەسكى بالا ئەمەستى. ⑨ كۆچمە. تالون، بېلەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنىڭ رەسمىيىتىنى بېجىرمەك: — ئۇنداق بولسا، نېمشقا بىزگە ساق تالون كېسىپ بەرمەيسىز؟ يا تالون ئۆتمەيدىغان بولۇپ قالدىمۇ؟ — دېدىم مەن غەزەبلىنىپ. * ھېلىقى بېلەت كەسكەن ئايال

دۇكانغا يەنە قايتىپ كىرىپ ئورنىدا ئولتۇردى.
⑩ كۆچمە. تەسىرىنى، كۈچىنى ئاجىزلاتماق، پەسەيتمەك، قايتۇرماق: ئاچچىقسۇ هاراقنى كېسىدۇ. * ئاچچىقنى ئاچچىق كېسىدۇ.

**كەسىپ** ئى [ئە] ① ئىش-پائالىيەتنىڭ مەلۇم تەجرىبە، تەييارلىق تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈرى؛ هۈنەر، ساهە: – كىتاب سېتىشنىمۇ ئۆگىنىپ قويىدىغان كەسىپ-مۇ؟ – دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ. * يىغىندا تارماقلار ۋە كەسپلەر بويىچە ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىش پىلانى تۈزۈلدى. ② ئىلىم، ئىلىم ساهەسى: ماتېماتىكا كەسپى. خىمىيە كەسپى، تىل-ئەدەبىيات كەسپى. ③ ئادەت قىلىنغان ئىش، ئادەت: ئۇنىڭ دوپپىسىنى بۇنىڭغا كىيدۈرۈش سىزنىڭ تۇغما كەسپىڭىز.

**كەسىپ ئەھلى** مەخسۇس بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغان هەم شۇ كەسىپتە بەلگىلىك بىلىمگە، ساۋاتقا ئىگە بولغان كىشى: هەربىر كەسىپ ئەھلى ئۆز كەسپىنى قىلىدۇ. شائىر شېئىر يازىدۇ، قاسساپ مال سويىدۇ.

**كەسىپ قىلماق** هۈنەر-كەسىپ، ئىلىم-پەننىڭ مەلۇم بىر ساهەسى بىلەن داۋاملىق مەشغۇل بولماق: ئۇ شائىرلىقنى كەسىپ قىلغاندىن بېرى شېئىرلار توپلىمىدىن تۆتنى نەشىر قىلدۇردى.

**كەسىپكە توغرىلاش** <مائار> دەرس مەزمۇنىنى مەلۇم كەسىپنىڭ كونكرېت تەلىپىگە ماسلاشتۇرۇش ياكى ئوقۇغۇچىلار-نى ئۆز كەسپى بويىچە ئورۇنلاشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كەسىپچانلىق** ئى. كەسىپكە بولغان يۇقىرى دەرىجىدىكى قىزغىنلىق، كەسىپكە بولغان قىزغىن روهىي كەيپىيات: بۇ خىزمەتنى ئۇنۇملۇك ئورۇندىشقا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، يۈكسەك كەسىپچانلىققا ئىگە بىر تۈركۈم ئالىملارنى ئىشقا سېلىش كېرەك.

**كەسىپدار** ئى [ئە+پ] مەخسۇس بىر كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغان، شۇ كەسىپ ساهەسىدە بەلگىلىك بىلىم، تەجرىبىگە ئىگە بولغان كىشى: دىنىي كەسىپدارلار ئۆزلىرىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرىنى قانۇن يول قويغان دائىرىدە نورمال ئېلىپ بارسا بولىدۇ.

**كەسىپداش** ئى [ئە+پ] ئوخشاش كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): بۇ مەپە كەسىپداشلارنىڭ تۇردىئاخۇن ئاكىغا بولغان چەكسىز هۆرمىتى، شۇنداقلا، چەكسىز سېغىنىشىنىڭ بەلگىسى ئىدى!

**كەسىپداشلىق** «كەسىپداش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: مەن كەسىپ-داشلىق يۈز-خاتىرىسى ئۈچۈنلا ئۇ كىشىگە ئازدۇر-كۆپتۇر ئېتىبار بېرىپ كېلىۋاتاتتىم.

**كەسىپسىز** سۈپ. بىرەر كەسپى يوق، هېچقانداق كەسىپنى بىلمەيدىغان: كەسىپسىز ئادەم.

**كەسپلە شتۈرمەك** «كەسپلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كەسپلە شتۈرۈلمەك** «كەسپلە شتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**كەسپلە شمەك** پ ① كەسىپ ئىگىسىگە ئايلانماق: پەنلەر بويىچە مەخسۇس كەسپ-لەشكەن مۇتەخەسسىسلەرنى كۆپلەپ يېتىشتۈرۈش كېرەك. ② مەخسۇس كەسپلەر بويىچە بۆلۈنۈپ ئىش ئېلىپ بارماق، كەسپلەر بويىچە ئايرىلماق: بۇ زاۋۇت كەسپلىشىش بويىچە هەمكارلىشىپ دەسلەپكى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. * دېھقانلار كەسپلىشىشكە قاراپ زور قەدەم تاشلىدى.

**كەسىر** [ئە] <مات> ① سۈپ. بىر بىرلىكنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بۆلىكىنى ئىپادىلەيدى-

غان: كەسىر سان. كەسىر ئىپادە. ② ئى. بىر بىرلىكنىڭ بىر ياكى بىرنەچچە بۆلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سان، كەسىر سان: ئاددىي كەسىر. ئونلۇق كەسىر. كەسىرلەرنى قىسقارتىش. ③ ئى. قالدۇق: توققۇزنى ئىككىگە بۆلسەك بىر كەسىر قالىدۇ.

**كەسىر سان** ① <مات> كەسىر. ② <تىل> شەيئىنىڭ پارچە سانىنى ئىپادىلەيدىغان سۆزلەر. مەسىلەن، ئۈچتىن ئىككى، بەشتىن بىر، يۈزدىن ئۈچ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كەسىر سىزىقى** <مات> كەسىر ساننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى توغرا سىزىق.

**كەسىر كۆرسەتكۈچ** <مات> كەسىر سان شەكلىدىكى كۆرسەتكۈچ. مەسىلەن، $a^{\frac{m}{n}}$ دىكى $\frac{m}{n}$ بولسا كەسىر كۆرسەتكۈچكە، n رادىكال كۆرسەتكۈچكە، m رادىكال ئىچىدىكى ساننىڭ دەرىجە كۆرسەتكۈچىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ ($\sqrt[n]{a^m}$).

**كەسىرلەرنى قىسقارتىش** <مات> كەسىرنىڭ سۈرىتى بىلەن مەخرىجىنى ئاشۇ سۈرەت بىلەن مەخرەجنىڭ ئەڭ چوڭ ئومۇمىي كۆپەيتكۈچىسىگە بۆلۈپ، كەسىرنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، قىممىتىنى ئۆزگەرمەيدىغان هالغا كەلتۈرۈش. مەسىلەن، $\frac{16}{64}$ نى قىسقارتساق $\frac{1}{4}$ بولىدۇ.

**كەسىر ئىپادە** <مات> ← **راتسىئونال كەسىر ئىپادە.**

**كەسىرسىز** رەۋ. كەسىرى، قالدۇقى ئاشمىغان هالدا: سەككىز تۆتكە كەسىرسىز بۆلۈنىدۇ.

**كەسىرلىك** ① سۈپ. كەسىرى بار، كەسىرگە ئىگە: ئاددىي كەسىرلىك تەڭلىمە. ② رەۋ. كەسىرى، قالدۇقى ئاشقان هالدا: توققۇز تۆتكە كەسىرلىك بۆلۈنىدۇ.

**كەش** ئى [پ] ① قونچى، بوغقۇچى يوق، ياز كۈنلىرى ئۆي ئىچى ياكى هويلا-ئارام ئەتراپىدا كىيىلىدىغان بىر خىل يېنىك ئاياغ، ساپما ئاياغ: ئۇ ئۇچىسىغا سالما ياقىلىق ئۇزۇن ماتا كۆڭلەك، ماتا ئىشتان، پۇتىغا كەش كىيىۋالغانىدى. * قىستىغان كەش كىيگىنىڭدىن ئاغرىتىپ جانىڭنى سەن، يۈرگىنىڭ يالاڭ ئاياغ بەكمۇ پاراۋان پايدىلىق. ② مەسىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان ئاياغ.

**كەش بازىرىدا قالماق** مەلۇم بىر ئىش-پائالىيەتتە ئەڭ ئارقىدا، تۆۋەندە قالماق، ئابرويسىز، ئىناۋەتسىز ئورۇنغا چۈشۈپ قالماق: مەن قىلچە شەپە چىقارماي تۇرۇپ ئۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن گەپلەرنى تىڭشىۋەتتىم، شۇنىڭ بىلەن مۇختەرجان كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن چۈشۈپ يىراق كەش بازىرىدا قالدى.

**كەشىنى توغرىلىماق** ① كېتىپ قالماق؛ قاچماق، تىكىۋەتمەك: مەنمۇ بۇ يەردە تۇرماي، بالدۇرراق كەشىمنى توغرىلىسام بولغۇدەك. * ئۇ چاغدا باشقا چېرىكلەر باشلىقىنىڭ ئارقىسىدىن كەشلىرىنى توغرىلاشقانىدى. ② كېتىشكە مەجبۇر قىلماق، هەيدىمەك، قوغلىماق: غىدىڭ-پىدىڭ قىلىدىغان بولسا، كەشىنى يىراقراق يېزىلارنىڭ بىرىگە توغرىلىۋېتىڭ. * بىز «ماڭسىلا خېنىم» دەپ كەشىنى توغرىلاپ قويدۇق.

**كەشىنى قولتۇقلىماق** ئوسال ئەهۋالغا چۈشۈپ قېلىپ كەتمەك، قوغلانماق، هەيدەلمەك: ئۇ شۇ بارغان يېتى گېپىنى ئۆتكۈزەلمەي، كەشىنى قولتۇقلاپ قايتىپ كېلىپتۇ. * شۇ كۈنى خوتۇن بىلەن ئىككىمىز مەسلىھەتلىشىپ، هارامزادە كېلىنىنىڭ كەشىنى قولتۇقلىتىپ قويدۇق.

**كەشىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويماق**

ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ يولغا سېلىپ
قويماق، ھەيدىمەك، قوغلىماق: – ھىم،
– دېدى ئۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇۋېتىپ، –
ئۇنداق ئادەمدىن نەچچىسىنىڭ كەشنى
قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويغانمەن.

**كەشنى قولتۇقىغا قىسماق** ←
**كەشنى قولتۇقلىماق:** ئۇ ئىلاجسىز قېلىپ،
كەشنى قولتۇقىغا قىسىپ قايتىپ كېلىپتۇ.

**كەشنى قېقىپ** قۇرۇق قول، ھېچنېمىگە
ئىگە بولالماي: لەشكەر باستۇرۇپ كېلىپمۇ
بېقىپ، تۇمشۇقىغا يەپ، قانلىرى ئېقىپ، يامان
غەرىزى بېشىغا چىقىپ، قايتىشقاندى كەشنى
قېقىپ.

**كەشنىڭ چۈشۈپ قالغىنىغا قارىماي**
ئىنتايىن قورقۇنچ ئىچىدە، قاتتىق ئالدى-
راشلىق بىلەن: كىم بىلسۇن، ئۇلار بىز
بىلەن ئېلىشا-ئېلىشالا كەشنىڭ چۈشۈپ
قالغىنىغا قارىماي، رەسۋالارچە قاچتى.

**كەشنىڭ سوڭىدا ناس كاپ ئېتىدىغان**
پاسىق، پاسكىنا؛ نىيىتى دۇرۇس بولمى-
غان، ئالدامچى، ھىيلىگەر: لىللا گەپنى
قىلسام موللام، مەن ئىمانىمنىڭ سۇسلۇقىدىن
ئەمەس، خۇددى سىزگە ئوخشاش كەشنىڭ
سوڭىدا ناس كاپ ئېتىدىغان يالغان موللامنىڭ
كاساپىتىدىن مۇشۇ كۈنگە قالغانمەن.

**كەشپ** ئى [ئە] تېپىش، ئىجاد، يارىتىش،
بەرپا؛ ئېچىش: كەشپ قىلماق.

**كەشپ ئەتمەك ← كەشپ قىلماق:**
– ئۆزىڭىز كەشپ ئەتكەن نەرسىلىرىڭىزنى
بېرىڭا، يەپ باقاي، – دېدى ئۇ كۆزىنى
قىسىپ.

**كەشپ قىلماق** ئىجاد قىلماق، يوقلۇقتىن
بارلىققا كەلتۈرمەك، ياراتماق، پەيدا
قىلماق: – ئادىل ھېلىمۇ بىرنېمىلەرنى كەشپ
قىلىمەن دەپ يۈرگۈدەك، – دېدى سەلەي ئۆز
سۆزىدىن پەخىرلەنگەندەك كۈلۈپ تۇرۇپ.

**كەشپىيات** ئى [ئە] تەكشۈرۈش، ئىلمىي
تەتقىقاتلار نەتىجىسىدە بارلىققا كەلگەن،
يارىتىلغان نەرسە، ئىختىرا، ئىجادىيەت:
– مەن سىزگە دېگەنىدىمغۇ، – ئۇ تېخىمۇ
چالۋاقاپ كەتتى، – قاۋاقخانىنىڭ بوسۇغىسى
بىلەن دۇتار-غېجەكنىڭ پەدىسىنىلا بىلىدىغان
بۇنداق ئادەمدىن كەشپىيات چىقامتى؟ * –
يولداش جۇمە، – دېدى سادىق تەمكىنلىك
بىلەن، – بۇ يېڭىلىق يارىتىش ياكى ھېچقانداق
كەشپىياتقا كىرمەيدۇ.

**كەشپىياتچى** ئى. كەشپ قىلغۇچى كىشى،
ئىختىرا قىلغۇچى: ئېدىسون دۇنيادا ئەڭ
مەشھۇر كەشپىياتچى ئىدى.

**كەشپىياتچىلىق** ئى. كەشپ قىلىش ئىشى،
خىزمىتى، پائالىيىتى: ئۇ پۈتۈن دۇنياغا
كەشپىياتچىلىق بىلەن تونۇلغان، ئەمما ئۆمرىدە
مۇقىم مەكتەپتە ئوقۇپ باقمىغان كىشى ئىدى.

**كەشتە** ئى [پ] رەختنىڭ يۈزىگە يىڭنە
بىلەن تىكىپ چۈشۈرۈلگەن گۈل، تۈرلۈك
رەسىم، ھەر خىل سىزىقچە ۋە شۇ
قاتارلىق نەرسىلەر: پاتىمە كەرگىگە
يېيىلغان لاتىغا ئېڭىشىپ كەشتە تىكىپ ئولتۇراتت-
تى. * چاقنار ئىدى گۈزەل زىلچىدەك، تىككەن
دوپپا، گۈزەل كەشتىسى. باغلانغانتى مەشرەپ-
كە مەھكەم، رەنا قىزنىڭ يۈرەك رىشتىسى.

**كەشتە تىكمەك** ھەر خىل يىپ ۋە
يىڭنىدىن پايدىلىنىپ، رەختلەرنىڭ يۈزىگە
گۈل، رەسىم ياكى چىرايلىق سىزىقچىلار-
نى چىقارماق، پەيدا قىلماق: مەكتەپ
بېغى ئىچىدە ماڭا بىر قىز كۆرۈندى. تىككەن
كەشتە – گۈلدىن ئىشچانلىقى بىلىندى.

**كەشتە كۆڭلەك** ياقىسى، يېڭى ۋە
ئېتىكى قاتارلىق جايلىرىغا كەشتە
ئىشلىنىپ تىكىلگەن كۆڭلەك.

**كەشتە ياغلىق** ئۈستىگە كەشتە
بېسىلغان ياغلىق: ئۇ زۇمرەتنىڭ سادىققا

ئاتاپ بىر چىرايلىق كەشتە ياغلىق تىكىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، تۇرالماي قالغانىدى.

**كەشتچى** ئى. كەشتە تىككۈچى، كەشتە تىكىشكە ماھىر كىشى: ئىش بىلمەس كەشتچى. بولۇپتۇ، ئاش بىلمەس ئۈگرىچى (ماقال).

**كەشتچىلىك** ئى. كەشتە تىكىش ئىشى، خىزمىتى ياكى كەسپى: تال-چىغ توقۇمىچىلىقى، تىككۈچىلىك ۋە كەشتچىلىككە ئوخشاش ئائىلە قول-سانائەت ئىشلەپچىقىرىشىنى ئېلىپ بېرىشقا يول قويۇلۇشى كېرەك.

**كەشتىلە تمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسىغا دەپ كۆڭلىكىگە گۈل كەشتىلە تمەكچى بولدى.

**كەشتىلە شمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كەشتىلە نمەك** «كەشتىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئابدۇللا داۋۇت بىلەن يۈسۈپجان ياغلىققا كەشتىلەنگەن شېئىرنى ئالدىرىماي ئوقۇپ چىقتى.

**كەشتىلىك** سۈپ. كەشتە تىكىلگەن، كەشتە بېسىلغان، كەشتىلەنگەن: ساراي ئۆينىڭ تورۇسىغا رەڭگارەڭ چىراغلار ئورنىتىلىپ، ئىككى يان تېمىغا كەشتىلىك قىزىل دۇردۇن لەۋھەلەر ئېسىلدى. * ئۇ قارىۋىدى، بۇ پاتىگۈل سوۋغا قىلغان كەشتىلىك ياغلىق ئىكەن.

**كەشتىلىمەك** پ. كەشتە چىقارماق، كەشتە باسماق، كەشتە تىكمەك: بۇ ئۇنىڭ خېلى بۇرۇنلا تۆرەمگە ئاتاپ، يۈرەك قېنىنى سەرپ قىلىپ كەشتىلەپ تىككەن ياغلىقى ئىدى. * كەلدى تارىخنىڭ يېزەكلەپ بېتىنى، كەشتىلەپ زەرباب بىلەن چەت-چېتىنى.

**كەشكۈن** ئى. جۇۋاز بۆكىنى قايچا ياغاچ بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ياغاچ: دەل شۇ چاغدا بويۇنتۇرۇق كەشكۈن يالاپ ئۈزۈپ پتۇۋەتكەن يېرىدىن ئىككى پارچە بولۇپ كەتتى ۋە كەشكۈننىڭ ئۇچىمۇ پوتلا ياغاچ ئۆتكۈزىدىغان تۆشۈكتىن تارتىپ يېرىلىپ، تىتما-تالاڭ بولۇپ كەتتى.

**كەشمىر** ئى [پ] جەنۇبىي ئاسىيا ئىككىنچى چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ شىمالىغا جايلاشقان تاغلىق رايون. بەشتىن ئىككى قىسمى پاكىستاننىڭ، قالغان قىسمى ھىندىستاننىڭ كونتروللۇقىدا.

**كەشمىر چىلىمى** كەشمىردە ئىشلەنگەن بىرخىل چىلىم: خىزمەتكار ئايال كۆمۈش نوركەشلىك كەشمىر چىلىمنى بەگنىڭ ئالدىغا قويۇپ چىقىپ كەتتى.

**كەشمىر ياغلىق** ① كەشمىر نۇسخىسىدا يۇڭ يىپ ياكى يۇڭ يىپ بىلەن يىپەك يىپ ئارىلاشتۇرۇلۇپ نېپىز، سىلىق توقۇلغان، گۈللۈك چۇچىلىق ياغلىق: زېمىندىن ئۆرلىگەن سېھىرلىك نۇرنىڭ، ئىچىدە تۇراتتى بىر نۇرلۇق چىراي. تۇراتتى پۈركىنىپ كەشمىر ياغلىققا، ئاجايىپ بىر گۈزەل — تولغان تولۇنئاي. ② نېپىز گاز ياغلىق.

**كەك** ئى. ئۆچ ئېلىش ئىستىكى، دۈشمەنلىك تۇيغۇسى، غۇم، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك: كەك يوق، تاماقتا شەك يوق (ماقال).

**كەك ساقلىماق** ئاداۋەت، غۇم ساقلىماق؛ ئۆچ ئېلىش، دۈشمەنلىك قىلىش ئىستىكىدە، غەرەزدە بولماق، يۈرمەك: شۇنىڭ بىلەن ئوغۇلغا ساقلىدى كەك، ئوغۇلنى بىلدى دۈشمەن ئۆزىگە بەك.

**كەكە** ئى. تىغى دەستىسىگە ئورنىتىلىدىغان چېپىش، يونۇش قورالى: ئۇ ئېچىلغان يىلتىزلارنى كەكە ۋە پالتا بىلەن كېسىپ، كولانغان توپىنىڭ ئۈستىگە تاشلايتتى. * ئۇ ئوقۇغۇچىلارنى ئۆيلىرىگە بېرىپ سۈپۈرگە، كەتمەن ياكى كەكە ئېلىپ كېلىشكە بۇيرۇدى.

**كەكرە** ئى <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۆمۈنە شەكىلدە ھەم ئۇچى ئۇچلۇق، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرىنىڭ سانى كۆپ. گۈلى سۇس بىغىر رەڭ ۋە باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. يەر ئۈستى قىسمى دورا قىلىنىدۇ، ئىسسىقنى ياندۇرۇپ زەھەر قايتۇرۇش، قاننى جانلاندۇرۇش ۋە ئىششىقنى ياندۇرۇش روللىرىغا ئىگە.

**كەكرى** (توغرىسى: كەكرە) ← كەكرە.

**كەكرىلىك** ئى. كەكرە ئۆسكەن يەر، جاي.

**كەكلىك** ئى <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى ئومۇمەن قوڭۇرراق كۈل رەڭ، ئىككى بىقىنىدا قارا ھەم زىغىر رەڭ توغرا يوللىرى بولىدۇ. تۇمشۇقى بىلەن پۇتى قىزىل، پەنجىسى قارا قوڭۇر كېلىدۇ، سايرايدۇ. ئادەتتە تاغ باغرى ۋە تىنىك يار ئارىلىقلىرىدا ياشايدۇ. گۆشى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**كەكلىك قاش** ① كەكلىكنىڭكىدەك قىسقا ھەم ئەگمەچ كەلگەن قاش: دوختۇر كۆزىنى ئاچقاندا ئۆزىگە قاراپ ئولتۇرغان قوشۇما قاشلىق، قاڭشارلىق، چوڭ كۆزلىرى غەمگە چۆمگەن تاجىك يىگىتنى ۋە پېشانىسنى تېڭىۋاتقان كەكلىك قاشلىق تاجىك ئايالنى كۆردى. ② شۇنداق قېشى بار، شۇنداق قاشقا ئىگە: ئايىمخان بۇدرۇققىنا، ئاقپىشماق، يۇملاق يۈز، قارا چاچ، كەكلىك قاش، بادامقاپاق، قارا كۆز، ئوق كىرپىك، زىلۋا بوي، پاقلان ئەت، پىچىمى كېلىشكەن ئايال ئىدى.

**كەكلىكۋاز** ئى. كەكلىك بېقىش ۋە ئۇنى سوقۇشتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كىشى: بەزى كۈنلىرى قاسىم تاشچىنىڭ ئىشكى ئالدىدىكى مەيداندا قەپەز كۆتۈرگەن بىرقانچە كەكلىكۋازلار پەيدا بولاتتى - دە، كەكلىك سوقۇشتۇرۇش باشلىنىپ كېتەتتى.

**كەكساقال** ئى [كەكە+ساقال] ① ئېڭەك قىرى قىرىۋېتىلىپ، پەقەت زاڭاق قىسمىغىلا قىسقىراق قىلىپ قويۇلغان ساقال: يۈسۈپ تەيجى پەي ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، شالاڭراق كەلگەن كەكساقىلىنى سىلىدى. ② شۇنداق ساقىلى بار كىشى: - ھەي كەكساقال، - دېدى بىر چېرىك ھاشىم ئاكىغا ۋارقىراپ، - سېنى دەۋاتىمەن، بۇ ياققا كەل!

**كەڭ** ئى ① ئېنى، توغرىسى يوغان؛ ئەنلىك، توغرىلىق: ئاش تەڭ، نان تەڭ، سول نېمىشقا كەڭ؟ (ماقال). * ئۇ يەرلەردە كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمانلار ئۆستۈرۈلىدىكەن. * كەڭ پېشانىلىك بۇ ئادەمنىڭ قوي كۆزلىرى-دىن ئاچچىق ھەسرەتنىڭ ئىپادىسى چىقىپ تۇراتتى. ② سۆپ. ھەجمى، سىغىمى، دائىرىسى چوڭ؛ ئۆلچىمى چوڭ، كاتتا بولغان: كەڭ ئېتىز. كەڭ جاھان. كەڭ زېمىن. كەڭ ئەنلىك رەخت. كەڭ پەلتو. كەڭ كۆڭلەك. * ۋاھ ئەجەب قوينى ئۇنىڭ ئالەمچە كەڭ، بارچە جان كەتكەن سىغىپ، ھەتتا لەھەڭ. // - خېلىلا كەڭ تىكىلىپتۇ، - دېدى ئۇ پەلتونى كىيىپ كۆرۈپ. ③ كۆچمە. ھەممىسىنى ياكى مۇتلەق كۆپچە-لىكنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئورۇغۇنلىغان، كۆپلىگەن: بۇنداق ئەھۋاللار ئامېرىكىنىڭ كەڭ رايونلىرىدا ھېلىمۇ مەۋجۇت. * ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسى كەڭ دېھقانلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنىمۇ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ④ كۆچمە. مول، تولۇق، نازۇنېمەتلەر بىلەن تول-غان: داستىخىنى ئەجەب كەڭ ئىكەن تاغ

خەلقىنىڭ، مېھمىنىنى كۈتەر شۇنداق ئىززەت بىلەن. ⑤ كۆچمە. يېتەرلىك، تولۇق، كۆپ، زور: يىراقتا «گەنسۇ» دەپ بىر جاي بار، چىنلەر «گەنسۇ» دەيدۇ. بىز تۈركلەر «كەڭ سۇ» دەيمىز. ئەسلى ئۇ جاينىڭ سۈيى كەڭ بولغانلىقتىن «كەڭ سۇ» دېگەن نام بېرىلگەن. * ئۇلار بېقىش تاپقاچقا، «تەلەي» كۈلۈپ باققاچقا، ئىمتىيازى كەڭ ئىكەن، ياشلىرىمۇ تەڭ ئىكەن. ⑥ كۆچمە. ھەر تەرەپلىمە، زور؛ مول، كۆپ ھەم مۇكەممەل، تولۇق ھەم ئەتراپلىق: ئۇ كەڭ بىلىمگە ئىگە بىر كىشى ئىدى. * ئۇيغۇر فولكلورلىرى ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇن ئىنتايىن كەڭ. ⑦ ئومۇمىيۈزلۈك، زور دائىرىلىك: ھازىر ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش جەھەتتە كەڭ سەپەرۋەرلىك مەيدانغا كەلدى. * كەڭ مۇزاكىرە كۆپچىلىككە كۈچلۈك تەربىيە بولدى. // ئۇ دەۋرلەردە جۇڭگونىڭ قەغەز پۇلى كەڭ ئىشلىتىلىشكە باشلىغانىدى. * ئۇنىڭ نامى ئىشچىلار ئارىسىدا كەڭ تارقالدى.

**كەڭ بۇلۇڭ** <مات> تىك بۇلۇڭدىن چوڭ ئەمما يېيىق بۇلۇڭدىن كىچىك بولغان بۇلۇڭ.

**كەڭ تۇمشۇق قىلىيورغا** <زوئول> قىلىيورغىنىڭ بىر خىلى. تۇمشۇقى كەڭ كېلىدۇ.

**كەڭ تۈردە** ھەممە دائىرىدە، كەڭ دائىرىدە، ھەممە سەپلەر بويىچە، ئومۇمىيۈزلۈك: بىز بۇ خىزمەتنى كەڭ تۈردە تەشۋىق قىلىشىمىز كېرەك.

**كەڭ سوزۇق تاۋۇش** <تىل> ← **تۆۋەن سوزۇق تاۋۇش.**

**كەڭ قورساق** ← **قورسقى كەڭ:** سىز كەڭ قورساق ئالىم، ئۇنداق ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن پەرۋايىڭىز پەلەك، ئەلۋەتتە. * مەن ئۇنىڭ بۇ قەدەر كەڭ قورساق ئادەم ئىكەنلىكىنى ئويلاپ باقمىغانىكەنمەن.

**كەڭ قورساق بولماق** مەرد، سېخى، قولى ئوچۇق بولماق؛ ساخاۋەتلىكنى ئادەت قىلماق: تەربىيە كۆرگەن باللار بولغاچقا، ئەلۋەتتە شۇنداق كەڭ قورساق بولۇشلىرى كېرەك.

**كەڭ قورساقلىق** مەردلىك، سېخىيلىق، ساخاۋەتلىك، قولى ئوچۇقلۇق: بەزىلىرى سىزنىڭ كەڭ قورساقلىقىڭىزنى ماختاشتى، يەنە بەزىلىرى سىزنى «قورقۇنچاق» دەپ تىللاشتى.

**كەڭ قول** مەرد، سېخىي، ساخاۋەتلىك، قولى ئوچۇق: تۇرسۇننىڭ «كەڭ قول» كادىر ئىكەنلىكىنى ئۇ خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىدى.

**كەڭ قوللۇق** مەردلىك، سېخىيلىق، دىيانەتلىك: ئەمدى ئۇنىڭ كەڭ قوللۇقنى باشلايدىغان ۋاقتى كەلگەنىدى.

**كەڭ قوللۇق بىلەن** مەردلىك، سېخىيلىق بىلەن؛ مەرد، سېخىيلاشقان ھالدا: ئۇ يانچۇقىدىن يېپىيېڭى، باغلام-باغلام پۇللارنى چىقىرىپ «ئالتۇنچى» يىگىتلەرگە كەڭ قوللۇق بىلەن تارقىتىشقا باشلىدى.

**كەڭ قوللۇق قىلماق** مەردلىك، سېخىيلىق قىلماق: ئۇنىڭ مۇنداق كەڭ قوللۇق قىلىپ ئوغلىغا 10 كوينى بىراقلا بېرىۋېتىشى تۇنجى قېتىم ئىدى.

**كەڭ كۆلەملىك** دائىرىسى، كۆلىمى چوڭ؛ كەڭ دائىرىلىك، كۆپ جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: ئۇلار زۇلۇمغا چىدىماي زوراۋان ھاكىمىيەتكە قارشى كەڭ كۆلەملىك قوزغىلاڭ كۆتۈردى.

**كەڭ مەنىلىك نىسبىيلىك نەزەرىيىسى** <فىز> نىسبىيلىك نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم مەزمۇنلىرىدىن بىرى. ئۇنىڭدا، تارتىش كۈچى ماددىي ئېغىرلىق كۈچ مەيدانىنىڭ ئىپادىسى ھېسابلىنىدۇ؛ ئېغىرلىق كۈچى

مەيدانىنىڭ تۈزۈلمىسى ماسسىنىڭ جايلىششى ۋە ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە بېقىنىدۇ؛ ئېغىرلىق كۈچى مەيدانىنىڭ رولمۇ چەكلىك تېزلىك بىلەن يەتكۈزۈلىدۇ؛ ماكان مىقدارى بىلەن زامان مىقدارىنىڭ ئالاھىدىلىكى ئېغىرلىق كۈچى مەيدانىنىڭ تۈزۈلمىسى ئارقىلىق يۈتكىلىدۇ. شۇڭا بۇ ئالاھىدىلىكلەر ماددىنىڭ جايلىششى ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ دېگەن قاراش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**كەڭ ئېكرانلىق كىنو** <كىنو> كىنونىڭ بىر خىلى. ئېكرانى سەل-پەل ياي شەكلىدە ھەم ئادەتتىكى كىنو ئېكرانىدىن كەڭ قىلىپ ياسىلىدۇ. كۆرۈنۈشمۇ چوڭ ھەم تولۇق بولىدۇ. ۋەقەلىك تاماشىبىنلارغا خۇددى كۆز ئالدىدا بولۇۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرىدۇ. بۇ خىل كىنونىڭ ئاۋازى كۆپىنچە ستېرېئولۇق كېلىدۇ.

**كەڭ ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ** <مات> تىك ئىككى ياقلىق بۇلۇڭدىن چوڭ بولغان ئىككى ياقلىق بۇلۇڭ.

**كەڭ يوپۇرماقلىق دەرەخلەر** <بوت> يوپۇرمىقىنىڭ شەكلى يېڭنە يوپۇرماقلىق دەرەخلەرگە قارىغاندا كەڭ بولغان دەرەخلەر. مەسىلەن، ئاق تېرەك، ئېرەن دەرىخى قاتارلىقلار.

**كەڭ يوپۇرماقلىق زىرزانىيە** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سۇدا ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق ۋە قىزغۇچ قوڭۇر كېلىدۇ، يۇمران غولىنىڭ تۆۋى قىسمىدا مەلۇم بىر خىل زەمبۇرۇغ ئۆسۈپ چىققاندىن كېيىن يوغىنايدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆكتات ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**كەڭ يوپۇرماقلىق ئورمان** <ئورم> تېرەك، ئېرەن قاتارلىقلارغا ئوخشاش يوپۇرمىقىنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى كەڭ بولغان دەرەخلەردىن تەركىپ تاپقان ئورمان.

**كەڭتاشا** ① رەۋ. ئېھتىياجدىن ئېشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە، يېتەرلىك، مول: بۇ يىل ئەتىياز ئېغىزدىكى 2-سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى پۈتۈپ، توك خېلى كەڭتاشا بولۇپ قالدى. * ئاشۇ چىمەندە ئىمكان كەڭتاشا، بىلىم ئىشقىدا سايرايمىز راسا. ② سۈپ. چوڭ، يوغان، ئازادە: — كىگىزنى مۇشۇ يەردە تىكىڭ، شتاب ئىچى كەڭتاشا، — مەسلىھەت بەردى سوپىئاخۇن سوۋۇرۇۋۇ. * توختى بوۋاي ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ھەممىسى ئۆينىڭ ئىچى تېخىمۇ يورۇپ كەتكەندەك، كەڭتاشا ھويلىغا چىقىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى. ③ رەۋ. ئۆز ئىختىيارىچە، ئۆزى خالىغان تەرىزدە، ئەركىن-ئازادە: تاغدا كەڭتاشا يۈرۈپ ئۆگىنىپ قالغان خەق، بۇنىڭغا زادىلا كۆنەلمەيتتى. * — قېنى، باللىرىم، — دېدى ئايشەمخان كۈلۈمسىرەپ، نان بىلەن چاي ئىچكەچ، — ئۆزۈمدىنمۇ ئېلىپ كەڭتاشا ئولتۇرۇڭلار. * — كېلەر قېتىمدا كەڭتاشا مۇڭدىشۋالىسىلەر، — دېدى گۈلسۈمخان بىردەمدىن كېيىن، — ئەمما... ئىشىڭلارغا شەيتان ئارىلاشتى. * جېنىمغىنا ئاپپاشا، ئوينۇۋالايلى كەڭتاشا... ئالدىمىزدا تاماشا.

**كەڭتاشالىق** «كەڭتاشا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**كەڭچىلىك** ئى. ① ئازادە، كەڭتاشا ھالەت، كەڭتاشالىق: سودا بىلەن شۇغۇللىنىمەن دېسەڭ ھازىر كەڭچىلىك. ② جىنايەت ياكى خاتالىق ئۆتكۈزگەن كىشىلەرگە قارىتا، يېنىك جازا

بېرىش ياكى ئۇلارنىڭ جازاسىنى يېنىك-لىتىش: «ئىقرار قىلغانلارغا كەڭچىلىك، جاھىللارغا قاتتىق بولۇش» پارتىيىمىزنىڭ ئىزچىل ئىجرا قىلىپ كېلىۋاتقان سىياسىتى.

**كەڭچىلىك قىلماق** ئۆتكۈزگەن خاتالىقى، سەۋەنلىكى، جىنايىتىگە قارىتا، ئەسلى ئۆلچەمدە كېلىدىغان جازادىن تۆۋەنرەك جازا بەرمەك ياكى جازانى بىكار قىلماق، بېرىلىدىغان جازانى يېنىكلەتمەك ياكى يوق قىلماق؛ كەچۈرمەك: ئۇن چىقارما، ساڭا كەڭچىلىك قىلساق، يەنە نېمىدەپ بۇنداق قىلىپ يۈرىسەن؟ * ماڭا كەڭچىلىك قىلىڭ، سىزدىن بىر قوشۇق قېنىمنى تىلەيمەن.

**كەڭرى** ① سۆپ. چوڭ، يوغان، ئازادە، كەڭ: دومبىرانىڭ يېقىملىق ئاۋازى ياپيېشىل قارىغايلىق بىلەن تۇتاشقان كەڭرى يايلاقلارنى ئەسلەتمەكتە. * كەڭرى قۇچىقى، بىلىم ئۇچىقى، ئىلھام بۇلىقى، ئانا مەكتىپىم. * ھازىر «دېھقانلار بۇرۇنقى بايلاردىنمۇ ئېشىپ كەتتى» دېگەن گەپلەر كەڭرى، بۇ قالتىس چوڭ ئىش. ② رەۋ. كۆپ، جىق، نۇرغۇن، بېتەرلىك، مول: سۈندۈك دەيدۇ: «ۋۇجۇدۇم، ۋەتەن ئۈچۈن يارالغان. شۇڭا مەندىن ھېكايەت ئەلگە كەڭرى تارالغان».

**كەڭرىتمەك** «كەڭرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — «بوز تورغاي»غا چېلىپ ئوقۇغىن، — ئۇ ئۆلپەتلەرگە قاراپ توۋلىدى، — شىرەلەرنى بىر بۇلۇڭغىراق تارتىپ مەيداننى كەڭرىتەيلى، بىرىنچى ۋالىسنى مەن بىلەن ئادىلە ئوينايمىز!

**كەڭرىتىشمەك** «كەڭرىتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۆلپەتلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ، شىرەلەرنى بۇلۇڭغا تارتىپ، مەيداننى كەڭرىتىشتى. يېقىملىق مۇزىكا ياڭرىدى.

**كەڭرىتىلمەك** «كەڭرىتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ئۆتكەندىكىگە قارىغاندا بىرئاز كەڭرىتىلگەن ئوخشىمامدۇ؟ — بوۋاي تامنىڭ ئۇلىنى كۆزدىن كەچۈرۈۋېتىپ سورىدى.

**كەڭرىچىلىك** ① ئى. مولچىلىق، مەمۇرچىلىق: ھازىر تۇرمۇش دېگەن كەڭرىچىلىك. نېمىنى ئارزۇ قىلسىڭىز شۇنى تاپالايسىز. ② رەۋ. ناھايىتى كۆپ، مول، نۇرغۇن، ئېھتىياجدىن ئاشقۇدەك دەرىجىدە: ئاش دېگەن كەڭرى-چىلىك بولۇپ كەتتى.

**كەڭرىمەك** پ ① دائىرىسى، ھەجمى چوڭايماق، يوغىنىماق، كېڭەيمەك: ئۇنىڭغا بۇ كىچىككىنە زېمىن بارغانسېرى كەڭرىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. ② كۆپەيمەك، جىقايماق، ئاشماق: بۇ يىل دېھقانلارنىڭ ئاشلىقمۇ خېلى كەڭرىپ قالدى.

**كەڭ-كەڭرى** كەڭ-كۇشادە، كەڭتاشا: بۇ يىل ئاشلىقىمىز كەڭ-كەڭرى يېتىدۇ.

**كەڭ-كۇشادە** ① ئېشىپ-تېشىپ، كەڭتاشا. قىسىنچىلىقسىز: بازار بېگىمنىڭ ئېيتىشىچە، زىياپەت ناھايىتى كەڭ-كۇشادە ئۆتكۈزۈلۈپتۇ. * — پۇلنى كەڭ-كۇشادە خەجلەيدىغان بولدۇق-دە، — دېدى ئۇ ئابدۇرېھىم ئاكىغا. ② ئەركىن-ئازادە، ئۆزى خالىغاندەك، ئىختىيارىي ھالدا، ئېچىلىپ-يېيىلىپ: — چاقچاق قىلمىسىلا، — دېدى ھېلىقى كىشى، — بىز كەڭ-كۇشادە ئولتۇرۇپ سۆدىلىشتۇق. * — كەڭ-كۇشادىراق ئولتۇرۇڭلار، قېنى قورۇنماڭلار، — دېدى ساھىبخانا كىشى بىزنى ئاشقا تەكلىپ قىلىپ. ③ چوڭ، يوغان، ئازادە، كەڭ: تاملىرى ئاقارتىلمىغان كەڭ-كۇشادە ئايۋان سۈپىسى كەسپداشلار بىلەن تولغانىدى.

**كەڭكى** ئى. دىئال. دانلىق زىرائەتلەرنىڭ چارىدىن كېيىنكى قالدۇق قىسمى.

**كەڭلىك** ① «كەڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كەڭلىك قىلماق. * ئۆتۈكۈڭ تار بولسا، جاھاننىڭ كەڭلىكىنىڭ نېمە پايدىسى (ماقال). * بۇ دىيارنىڭ كەڭلىكىنى ئېغىزدا ئېيتماقلىق ئاسان، ئالتە ئايلىق يول ئىدى مەن باسقىنىم كارۋان بىلەن. ② كەڭ كەتكەن بىر بۆلەك يەر، بوشلۇق: سادىق دامبىنىڭ ئۇستىدە 400–500 مېتىر كەڭلىككە يېيىلىپ، يامراپ چۇشۇۋاتقاق سۇدىن كېچىپ ئۆتۈپ كەتتى. ③ كۆڭۈلدىكى ئۆلچەم، ئەن: بىركۈنى ئەپەندىم بازارغا كېتىپ بارسا، بىر توپ كىشىلەر ئۇنىڭدىن: — ئەپەندىم، ئۇ دۇنيانىڭ كەڭلىكى قانچىلىكتۇ، — دەپ سوراپتۇ. ④<جۇغ> كەڭلىك گرادۇسى.

**كەڭلىك سىزىقى** <جۇغ> ← **پاراللېل.**

**كەڭلىك گرادۇسى** <جۇغ> يەر شارى يۈزىدىكى شىمال بىلەن جەنۇب ئوتتۇرىسىدا بۆلۈنگەن ئارىلىق گرادۇسلىرى. ئېكۋاتوردىن جەنۇبىي ۋە شىمالىي قۇتۇپلارغىچە، ھەرقايسىسى 90 گرادۇسقا بۆلۈنىدۇ. شىمال تەرەپتىكىسى شىمالىي كەڭلىك، جەنۇب تەرەپتىكىسى جەنۇبىي كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئېكۋاتورغا يېقىن بولغانلىرى تۆۋەن كەڭلىك؛ ئىككى قۇتۇپقا يېقىن بولغانلىرى يۇقىرى كەڭلىك دېيىلىدۇ. ئىككىسى ئارىسىدىكى 45 گرادۇس ئەتراپىدىكىسى ئوتتۇرا كەڭلىك دېيىلىدۇ. يەر يۈزىدىكى مەلۇم ئورۇندىن ئۆتكەن پاراللېل بىلەن ئېكۋاتور ئارىسىدىكى مەلۇم گرادۇس سانى شۇ ئورۇننىڭ كەڭلىكى بولىدۇ.

**كەلپىغۇن** ئى. دىئال. كەپە II.

**كەلتۈرمەك** ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھوي، ئابدەمغۇ! — بۇ تونۇش ئاۋاز ئابدەمنى ئېسىگە كەلتۈردى. ② بىر قىسىم تۇرغۇن سۆزلەرگە قوشۇلۇپ ئۇلارنى پېئىللاشتۇرىدۇ: تارمار كەلتۈرمەك. بەجا كەلتۈرمەك.

**كەلتۈرۈشمەك** «كەلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار داموللامنىڭ چىقىپ كېتىشى بىلەنلا ئۈزۈلۈپ قالغان سۆھبىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتى. * — بولىدۇ، — دېيىشىپتۇ قاراقچىلار ۋە دەرھال ئىككى تۇڭ شاراب كەلتۈرۈشۈپتۇ.

**كەلتۈرۈلمەك** «كەلتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: تاماقتىن كېيىن قېنىق دەملەنگەن ئىسسىق چاي كەلتۈرۈلدى.

**كەلدى-باردى** ← **باردى-كەلدى:** ئۇلارنىڭ كەلدى-باردىسى خېلى قويۇق ئىدى.

**كەلدى-كەتتى** ① ئۆزئارا كېلىپ-كېتىش، مۇناسىۋەت: بۇ بوۋاي دۇينىڭ كەلدى-كەتتىسى، يۈگۈر-يېتىم ئىشلىرىنى قىلاتتى. ② «-لەر» قوشۇمچىسى بىلەن بىللە كېلىپ «كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغان كىشى، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: ئەختەر بولسا كەلدى-كەتتىلەرنىڭ كۆپلۈكىدىن بىزار ئىدى. * بەزىلەر كەلدى-كەتتىلەر ياكى خەت ئالاقىلەر ئارقىلىق باشقا جايدىكى ئىلغار ياشلار بىلەن ئالاقىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىشتى.

**كەلسە-كەلمەس** قالايمىقان، تايىنى يوق، ئەرزىمەس، بولمىغۇر، مۇۋاپىق بولمىغان، ئورۇنسىز: قىز بالا دېگەن ئۇنداق كەلسە-كەلمەس گەپلەرنى قىلمايدىغان! * بۇنداق كەلسە-كەلمەس ئىشلارنى دەپ خىزمىتىڭىزنى تاشلىۋەتسىڭىز بولمايدۇ. * مەمۇرىي بۇيرۇقنى كەلسە-كەلمەس ئىشلىتىشكە بولمايدۇ.

**كەلسە-كەلمەس سۆزلىمەك** قالايمىقان، بىمەنە، تايىنى يوق، بولمىغۇر گەپ قىلماق، ئەرزىمەس، ئورۇنسىز گەپ.

قىلماق: مەن ھەرگىز كەلسە-كەلمەس
سۆزلىمەيمەن، بۇ سىزگىمۇ مەلۇم.

**كەلكۈن** ئى <سۇ> قاتتىق ياغقان يامغۇر
ياكى قار سۇلىرىنىڭ توپلىنىشىدىن ھا-
سىل بولىدىغان كۈچلۈك سۇ ئېقىمى،
سەل: ئارقىدىنلا سايغا كەلكۈن كەلدى،
سۇ ئۇلۇغ، سايدىكى كۆۋرۈكنى بۇزۇپ كېتىش
خەۋپى تۇغۇلغانىدى. * ئاھ ئۇرارمەن، ئاھ
ئۇرارمەن ئاھلىرىم تۇتقاي سېنى. كۆز يېشىم
كەلكۈن بولۇپ، بېلىقلىرىم يۇتقاي سېنى.

**كەلكۈن ئاپىتى** كەلكۈن كەلتۈرۈپ
چىقارغان ئاپەت: نۇرپان ناھىيىسىدە بۇلتۇر
كەلكۈن ئاپىتى بىلەن ئۆيلىرى ئۆرۈلۈپ
كەتكەن 700 ئائىلىدىن كۆپرەك كۈزگىچە
ئەزاسى ئازادە، يورۇق يېڭى ئۆيلەرگە
كۆچۈپ چىقتى.

**كەلكۈن توسۇش** <سۇ> كەلكۈننىڭ
زىيان سېلىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن،
ئۇنى سۇ ئامبىرى ياكى ئويمان-چوڭقۇرلار-
غا باشلىۋېتىش.

**كەلكۈن چۈشۈرگۈسى** <سۇ> سۇ
ئامبىرىنىڭ دامبىسىنى بىخەتەر ساقلاپ
قېلىش ئۈچۈن، كەلكۈن سۈيىنىڭ ئارتۇ-
قىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە قويۇلغان ئېغىز.

**كەلكۈن دۆۋىلەنمىسى** <گېئول> تاغلىق
رايونلاردىكى ۋاقىتلىق سۇ ئېقىمى
جىلغىدىن تۈزلەڭلىككە ئېقىپ كىرگەندە،
يەر شەكلى بىردىنلا ئۆزگەرگەنلىكتىن
سۈرئىتىنى بىردىنلا ئاستىلىتىپ، ئېقىتىپ
كەلگەن كۆپ مىقداردىكى ئۇۋاق
ماددىلارنى تاغلىق رايون بىلەن تۈزلەڭ-
لىك چېگرىسى ۋە ئۇنىڭغا يېقىن يەرلەر-
گە تېزلىك بىلەن دۆۋىلەش نەتىجىسىدە
ھاسىل بولغان لاتقىلار.

**كەلكۈننى بۆلۈش** <سۇ> ئېقىن
بويىدىكى شەھەر، يېزا ياكى ئېقىننى
توراپ ياسالغان سۇ ئامبىرى قاتارلىقلارنى
كەلكۈننىڭ زىيىنىدىن ساقلاپ قېلىش
ئۈچۈن، يۇقىرى ئېقىمدا كەلكۈننى ھەر
تەرەپكە بۆلۈۋېتىپ ئاجىزلىتىش.

**كەلگۈسى** ئى. كېلىدىغان زامان، بۇنىڭدىن
كېيىنكى دەۋر، ۋاقىت، چاغ؛ كېلەچەك:
ئۇنى بۇ يەردە يېلتىز تارتقۇزىدىغان بولساق،
كەلگۈسىدە چوقۇم بىزگە بىر بالا بولىدۇ،
بۈگۈنلا ئۇنى جايلىۋېتىش لازىم. * «باھار»
ھەمكارلىق گۇرۇپپىسى تېخى بىخ، لېكىن ئۇ
كەلگۈسىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. * قىزىمىزنىڭ
كەلگۈسى تەقدىرى بىزنى ئويلاندۇرماي
قويمايتتى.

**كەلگۈسپەرەس** ئى <پەلس> كەلگۈسى
ھەققىدە مۇلاھىزە قىلىش، كەلگۈسىنى
تەسەۋۋۇر قىلىش، كەلگۈسىنىڭ قانداق
بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بىلىشكە قىزىقىدى-
غان ئادەم، شۇنداق قىلىشقا ھېرىسمەن
كىشى: نۇرغۇنلىغان كەلگۈسپەرەسلەر
كەلگۈسى توغرۇلۇق قورقۇنچلۇق تەسەۋۋۇرلار-
نى ئوتتۇرىغا قويۇۋاتىدۇ. // ئۇ كەلگۈسپەرەس
رەسساملارنىڭ رەسىملىرىنى سېتىۋېلىشقا
ناھايىتى كۆڭۈل بۆلەتتى.

**كەلگۈسشۇناس** ئى. ئىنسانلارنىڭ،
دۇنيانىڭ، ئومۇمەن مەۋجۇداتنىڭ
كەلگۈسىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىم:
ياپونىيىدىكى كەلگۈسشۇناسلار بۇنىڭدىن
كېيىنكى 20 يىل توغرۇلۇق خۇشاللىنارلىق
تەسەۋۋۇرلارنى ئوتتۇرىغا قويدى.

**كەلگۈلۈك** ① سۈپ. جۈملىدە ئاساسەن
خەۋەر بولۇپ كېلىپ «كېلىش لازىم»،
«كېلىش كېرەك» مەنىلىرىنى بىلدۈرى-
دۇ: — «كېلىمەن» دەپ كەتكەندىكىن
كەلگۈلۈك، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا كايىپ.
② ئى. باشقا كېلىدىغان مۇشكۈلچىلىك،
ئېغىرچىلىق، كېلىشمەسلىك: سەن قېچىپ

كەت، كەلگۈلۈك كەلسە مەنلا تارتاي، ياشايدىغىنىمنى ياشاپ بولغان ئادەممەن! * پۇلى بارلار پۇل بېرىپ قۇتۇلدى، ھەممە كەلگۈلۈك بىز كەمبەغەللەرگىلا كەلدى.

**كەلگۈندى** ئى. باشقا جايلاردىن ئېقىپ كېلىپ قالغان، يۇرتىدىن ئايرىلىپ باشقا بىر يەرگە كېلىپ توختاپ قالغان كىشى: ئۇ ئەجدادىدىن قالغان ئىززەت-ئابرويىنى بىر كەلگۈندىنىڭ رايى بىلەن خاراب قىلىۋاتاتتى. * مەن ئۇنى ئۆزىدەك ئايلىقچى دوختۇر ياكى كادىرغا بەرمەي، نەدىكى بىر كەلگۈندىگە بېرەمدىمەن؟

**كەلمەس** «كەلمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: ئىشكىدىن مەن ئۆتسەم، تۇيۇپ قالار دېدىڭمۇ؟ كەتسە كەلمەس يارمىدىم، ئۆلۈپ قالار دېدىڭمۇ؟

**كەلمەسكە كەتمەك** قايتا پەيدا بولمايدىغانغا، قايتىپ كەلمەيدىغانغا كەتمەك؛ كۆزدىن يوقالماق: - شۇنداققۇ؟ - دېدى سېكرېتار كېيىنكى ئاكىغا سوئال نەزىرى بىلەن قاراپ، - ئۇ كۈنلەر ئەمدى كەلمەسكە كەتتى.

**كەلمەك** پ ① مېڭىش، ئۇچۇش ياكى قاتناش ۋاسىتىلىرى ئارقىلىق سۆزلىگۈچى تۇرغان ياكى كۆرسەتكەن، ئېيتقان تەرەپكە، ئورۇنغا يېقىنلاشماق، يېتىپ بارماق، يەتمەك: ئۈچىنچە تۈگىگەندە سوپسوپىياك كېلىپتۇ (ماقال). * قېرى كەلسە ئاشقا، ياش كەلسە ئىشقا (ماقال). * — شۈكۈر، — دېدىم بېشىمنى لىڭشىتىپ، — بۇ ياققا بىرەر خىزمەت ياكى ئىش بىلەن كەلگەنمىدىڭ؟ * ئۇ مەھەللىگىدىن بۇ مەھەللىگە ئويناي دەپ كەلدىم. بارمۇ مەيلىڭ، يوقمۇ مەيلىڭ، سوراي دەپ كەلدىم. ② بەلگىلەنگەن جايغا يېتىپ بارماق، ئادرېس بويىچە تاپشۇرۇلماق ياكى قارشى تەرەپنىڭ قولىغا تەگمەك (ئەۋەتىلگەن نەرسە ۋە تېلېفون، تېلېگراما قاتارلىقلار ھەققىدە): قەدىردان يۇرتىمىزدىن كەلگەن ھەربىر پارچە خەت بىزگە يېڭى بىر غايىۋى كۈچ ئاتا قىلغاندەك تۇيۇلاتتى. * بۈگۈن ئۇيغۇرچە گېزىتنىڭ يېڭى سانى كەلدى. ③ ئاڭلانماق، قۇلاققا كىرمەك، ئىشىتىلمەك، بىلىنمەك (ئاۋاز، خەۋەر قاتارلىقلار ھەققىدە): ئەمدى ئۇخلاي دەپ تۇرسام، يىراقتىن بىرنەچچە ئادەمنىڭ سۆزلەشكەن ئاۋازى كەلدى. * شۇ چاغدا قەيەردىندۇر، بىر ئادەمنىڭ يۆتىلىپ-قېقىلىپ تاھارەت ئېلىۋاتقان شەپىسى كەلدى. ④ سېزىلمەك، تۇيۇلماق، بىلىنمەك (پۇراق قاتارلىقلار ھەققىدە): بۈك-باراقسان باغلاردىن گۈپۈلدەپ كۆزلۈك ئالمىلارنىڭ پۇرىقى كېلەتتى. ⑤ باشلانماق، كىرمەك (پەسىل، مەۋسۇم، ۋاقىت ھەققىدە): كۈنلەر ئۆتۈپ كۈن كېلىپتۇ، ھەپتە ئۆتۈپ، ئاي كېلىپتۇ. * ھەر هالدا ئۇرۇمچىدىمۇ قىش كېتىپ، ياز كېلەي دەپ قالدى. ⑥ توغرا تۇرماق، ئالغىلى ياكى ئالماشتۇرغىلى بولماق، ئېلىنماق: تېخى ئىككى يىل ئىلگىرىلا بىر كويغا 20 بىڭگور كېلەتتى. * ئۇ قارىسا ئاشقان پۇلغا ئارانلا بىر نان كېلىدىكەن. ⑦ ھېس-تۇيغۇ ياكى ھالەتكە مۇناسىۋەتلىك بەزى سۆزلەر بىلەن كەلگەندە، شۇ سۆز بىلدۈرگەن ھېس-تۇيغۇ ياكى ھالەتنىڭ پەيدا بولۇشىنى بىلدۈرۈپ «پەيدا بولماق، قوزغالماق» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: شۇ تاپتا ئۇنىڭ كۆزىگە قانداقمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن؟ * دادامنىڭ قىلىقلىرىغا قاراپ ئاچچىقىم كېلەتتى. * ئۇلارنىڭ ئۆي جاھازلىرىغا قاراپ زوقۇم كەلدى. ⑧ يارالماق، پەيدا بولماق، مەۋجۇت بولماق، تۆرەلمەك، كۆرۈلمەك: مەن

ئالەمگە كېلىپ تېخى مۇنداق ئىشنى كۆرمە-
گەنىدىم. * دۇنياغا كەلدىكەنمۇ ئادەم بولغۇلۇق،
ھەر زامان خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلغۇلۇق.
ئۆز خەلقى غېمىنى يېمىگەن ئادەم، جاھانغا
پايدىسىز ئارتۇقچە مەخلۇق. ⑨ « -غۇ،
-قۇ، -گۇ، -كۇ» قوشۇمچىلىرى بىلەن
قوشۇلۇپ ياسالغان ھەم شەخس (ئىگە-
لىك) كاتېگورىيىسىدە كەلگەن پېئىللار
بىلەن بىرىككەندە، شۇ پېئىل بىلدۈرگەن
ھەرىكەتنى ئورۇنداش ئىستىكىنىڭ پەيدا
بولغانلىقىنى، قوزغالغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ:
بولغانىسىرى بولغۇسى كېلەر (ماقال). * مېنىڭ
دائىم ئاچچىق نەرسىلەرنى يېگۈم كېلىدۇ.
* ئاق دادام، ئاپئاق دادام، قەشقەرگە
بارغۇم كېلىدۇ، ئاقسارايىنىڭ ئالدىدا، تاماكا
تارتقۇم كېلىدۇ. ⑩ نېسىپ بولماق، مەنسۇپ
بولماق، قولغا چۈشمەك، ئىلكىگە،
تەۋەلىكىگە ئۆتمەك: بىزنىڭ غەلىبىمىز قان
بەدىلىگە كەلدى. * ئۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە
ئىشى ئوڭغا تارتىپ، ئامەتى كېلىدىغانلىقىغا
ئىشىنىدىكەن. * ئازراق بىرنېمە يازساڭ،
بىرمۇنچە پۇل كېلىدىكەن، ئادەم دېگەننىڭ
قولىدا يا ھوقۇق، يا ھۈنەر بولمىسا، كۈن
ئالماق تەس. * ئۆز بېشىغا كەلگەن قىيىن-
چىلىقتا بەرداشلىق بېرىش ۋە خەلقىگە،
ۋەتىنىگە، دوستىغا خىيانەت قىلماسلىق —
ئىنساننىڭ ئەڭ ئالى پەزىلىتى. ⑪ بۇيرۇق
پېئىل شەكلىدە تەكلىپ، چاقىرىق،
دەۋەت ۋە قىستاش مەنىلىرىنى ئىپادىلەي-
دۇ: قېنى كېلىڭلار، بۇرادەرلەر، ئازراقتىن
ئىچىشىپ قويايلى. * — بۇ ياققا كەل! —
دەپ ۋارقىرىدى باي قوپاللىق بىلەن. ⑫
ھەجىم، مىقدار، ئۆلچەمنى بىلدۈرگەن
سۆزلەردىن كېيىن « -دىغان، -گۇ-
دەك» قوشۇمچىلىرى بىلەن كېلىپ،
ئېيتىلىۋاتقان نەرسىنىڭ شۇ مىقدار

سۆزلەر بىلدۈرگەن ھەجىم، ئۆلچەم
ياكى مىقدارغا تەڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈ-
رىدۇ: ئۇ كۆلدە ئۇزۇنلۇقى 15 گەز كېلىدىغان
بىر سۇ ھايۋىنى بار ئىكەن. * ئۇ توقايلىقتا
قويلىرىنى ئالدىغا سېلىپ، بىر ھارۋا كەلگۈدەك
يانتاقنى يۇدۇپ كېتىۋاتقان قۇتلۇقنى كۆرگە-
نىدى. ⑬ يۆنىلىش كېلىشتە كەلگەن
بىر قىسىم ئىسىم ياكى ئىسىم خاراكتېرىدى-
كى سۆزلەر بىلەن كېلىپ: 1) شۇ
سۆز بىلدۈرگەن نەرسىنىڭ بايانىغا،
تەپسىلاتىغا، ئىزاھىغا ياكى شۇ توغرۇلۇق
مۇھاكىمىگە ئۆتۈشنى بىلدۈرىدۇ: ئۆزۈمگە
كەلسەم، مەن ياقتۇرمايمەن. * — شىرمە-
مەت مەسىلىسىگە كەلسەك، — دېدى
توختىئاخۇن غەزەبلەنگەن ھالدا، — ئۇ
قانداقمۇ سىنىڭ بالاڭ بولسۇن؟! * ئەرز
يېزىشقا كەلسەك، ئۇ باللارنىڭ ئويۇنچۇق
ئوينىغىنىدەك بىر ئىش. 2) شۇ سۆز
بىلدۈرگەن ئۇقۇمغا، چۈشەنچىگە ئېرد-
شىشنى ياكى ئۇنى توغرا دەپ بىلىشنى
بىلدۈرىدۇ: مەن بۇ ۋەزىپىنى ئۆتكۈزۈۋېلىش
توغرا ئىكەن دېگەن نىيەتكە كەلدىم. *
ئۇلار بۇ مەسىلىدە ئورتاق پىكىرگە كەلگەن-
دى. ⑭ چىقىش كېلىشتە كەلگەن
شەخس ياكى جانلىق نەرسىنى بىلدۈ-
رىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، بىرەر
ئىش-ھەرىكەتنىڭ شۇ سۆز بىلدۈرگەن
شەخس ياكى نەرسە تەرىپىدىن
بېجىرىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: قولۇڭدىن
كەلسە، ئەلدىن ئايىما (ماقال). * — قېنى
ئۆزلىرىدىن كەلسۇن، — دېدى ھېلىقى ياش
ماڭا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ. ⑮ چىقىش كېلىشتە
كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ، ھەرد-
كەت ياكى سۆزنى ئەڭ ئاۋۋال شۇ
ئىسىم بىلدۈرگەن نەرسە ياكى جاي-
دىن، ئورۇندىن باشلاشنى ياكى شۇ

نەرسە ئۇستىدە گەپلىشىش ياكى پاراڭلىشىشنى بىلدۈرىدۇ: قېنى، ئاۋۋال ئاشتىن كېلەيلى. * — بولدى قىلىڭلار، باشتىن كېلەيلى، — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە قاراپ. ⑯ بەلگە، خۇسۇسىيەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر بىلەن كېلىپ، ئېيتىلغان نەرسىنىڭ شۇ بەلگە، خۇسۇسىيەتكە ئىگە ھالەتتە تۇرغانلىقىنى ياكى شۇنداق سۈپەتتە، شەكىلدە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئالۋاستى بوش كەلگەننى باسىدۇ (ماقال). * ئايدا يېگەن توق كېلىدۇ، كۈندە يېگەن ئاچ كېلىدۇ (ماقال). * چوڭ شەھەر دېگەن باي كېلىدىكەن، بارغا سۈزۈك سۇ، يوقتا لاي كېلىدىكەن. * بۇ يەرنىڭ ئاتلىرى كىچىك قۇلاق، ئۇزۇن تۇمشۇق كېلىدىكەن. ⑰ يۆنىلىش كېلىشتە تۇرلەنگەن مەلۇم بىر خاراكتېر ياكى ئالاھىدىلىك، تۇرق-ھالەتنى بىلدۈرىدىغان سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى بىلەن كېلىپ، ئېيتىلۋاتقان نەرسىنىڭ شۇ ھالەت، شەكىلگە كىرگەنلىكىنى، ئىگە بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ ھەم ئاساسەن «كىرمەك»، «يانماق، قايتماق» دېگەندەك مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ: كېيىك بىر يۇملىنىپلا گۈزەل قىز سىياقىغا كېلىپتۇ. * ئۇ تۆت ياشقا كەلگەندە بوۋىسى ئالەمدىن ئۆتتى. * مەن ئەمدى ئەقلىمگە كېلىپ ئىش باشلاي دېگۈچە، ئىش تەتۈر بولدى. ⑱ «لىق، باپ، تار» قاتارلىق بەزى سۈپەتلەر بىلەن كېلىپ، بىر نەرسىنىڭ يەنە بىر نەرسە ئۈستىگە، ئىچىگە ياكى مەلۇم بىر ئورۇنغا شۇ سۈپەتتە جايلاشقانلىقىنى، ئورۇنلاشقانلىقىنى ياكى قويۇلغانلىقىنى، كىرگۈزۈلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ: ئىككى پارچە غولجا تەڭلىمىتى پاكار سۈپىغا لىققىدە

كەلگەندى. * بۇ كوچا بىزنىڭ ھېكايىمىزگە ناھايىتى باپ كېلىدۇ. * بۇ كىيىملىرىڭنىڭ ھەممىسى تار كېلىدىكەن. ⑲ بولماق («ماقۇل» سۆزى بىلەن كەلگەندە): پاقىمۇ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل كېلىپتۇ. ⑳ مۇۋاپىقلاشماق، قاملاشماق، قولاشماق، ماسلاشماق: — تىلىڭ گەپكە كېلەمدۇ-يوق؟ — ۋارقىرىدى ئۇ غەزەپلىنىپ. * پۇتلار ھەرىكەتكە كېلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. * ئۇ شەھەرنىڭ ئېتىغا ئادەمنىڭ تىلىمۇ كەلمەيدىكەن. * قاتتىق يىغا بىلەن ئۇنىڭ ئاغزى گەپكە كەلمەي قالغانىدى. ㉑ ئۇچرىماق، يولۇقماق، نامايان بولماق، پەيدا بولماق: ئۇ ئالدىغا كەلگەن ئىشلارنى سېنىڭ، مېنىڭ دېمەستىن ئىشلەۋېرەتتى. * شۇ چاغدىكى ئىشلار كۆز ئالدىمغا كەلسە، ھازىرمۇ قورقۇپ كېتىمەن. ㉒ <تىل> ئورۇنلاشماق، جايلاشماق، تۇرماق (جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنى ياكى رولى ھەققىدە): «ئۇ بۈگۈن كەلدى» دېگەن جۈملىدىكى «ئۇ» سۆزى جۈملىنىڭ بېشىدا كېلىپ ئىگە بولغان. ㉓ <تىل> تۇرلەنمەك؛ بىرىكمەك، يانمۇيان تۇرماق: «دۇنيانىڭ» دېگەن بۇ سۆز ئىگىلىك كېلىشتە كەلگەن. ㉔ داۋاملىشىپ مەلۇم نۇقتىغا يەتمەك، بارماق: ئۇنىڭ خىيالى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە ئۆيگە بىر كىشى كىرىپ كەلدى. * — مانا ئەمدى كېلىپزە، خەق ئەكىلىپ بەرگەن نەرسىنىمۇ ئالمايدىغان بولدۇڭ، — دېدى ئۇ كۈلۈپ. ㉕ بەزى سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ پېئىللاشتۇرۇش رولىدا كېلىدۇ (بۇ چاغدا ئاساسەن «بولماق» مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ): ئۇلار ناھايىتى ئېغىر ۋەزىيەتكە دۇچ كەلدى. * ئۇلار ئاستا-ئاستا يېقىن كەلدى. * بۇ قېتىم ئۇلارنىڭ كۈچى تەڭ كەلدى. ㉖ رەۋىشداشلار بىلەن بىرىكىپ

كېلىپ: 1) ھەرىكەتنىڭ ئۆزۈندىن بېرى ئىزچىل ھالدا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: بىز سىلەرگە يېتەرسىزلىكلىرىڭلارنى تونۇۋېلىشىڭلار ئۈچۈن پۇرسەت بېرىپ كېلىۋاتىمىز. * ئۇلار ئاتا-بوۋىسىدىن تارتىپ خىزىرنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ كەلگەنىكەن. * بىزگە بۈگۈنگىچە پۇرسەت بولماي كەلگەن، ئەمدى بولسۇ كەچ ئەمەس، دەرھال تۇتۇش قىلايلى. 2) بەزى سۈپەتتىن ياسالغان پېئىللارنىڭ رەۋىشداش شەكلىگە قوشۇلۇپ كېلىپ نەرسە ياكى ئىش-ھەرىكەتنىڭ شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن تەرزدە، يۆنىلىشتە تەدرىجىي تەرەققىي قىلىۋاتقانلىقىنى، تەدرىجىي ھالدا ئەسلىي سۈپەت بىلدۈرگەن ھالەتكە قاراپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: خەلق تۇرمۇشى كۈنسېرى ياخشىلىنىپ كېلىۋاتىدۇ. * بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئوبدانلىشىپ كېلىۋاتىدۇ. 3) «كىرىپ، چىقىپ». رەۋىشداشلىرى بىلەن كېلىپ، شۇ رەۋىشداش ئىپادىلىگەن ھەرىكەتنىڭ تاسادىپىي، تۇيۇقسىز ھالدا، جىددىي تەرزدە يۈز بەرگەنلىكىنى ھەم تاماملانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: ئىككى تەرەپتىن قوشۇن تەڭلا چىقىپ كەلدى. * دەل شۇ چاغدا ياتاقتا دۇرنەم بىلەن پەرھات كىرىپ كەلدى.

**كېلىپ چىقماق** ھاسىل بولماق؛ شەكىللەنمەك؛ پەيدا بولماق، تۆرەلمەك: يۇقىرىقىدەك ئەھۋاللاردىن ئادەم بەدىنىدە ھەر خىل كېسەللىكلەر كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

**كېلىپ چىقىشى** <سىياسىي> تەركىبى، سىياسىي جەھەتتىكى تەۋەلىكى: ئائىلە كېلىپ چىقىشى.

**كەلىمە** [ئە] ① ئى. سۆز، گەپ؛ بايان ياكى تەپسىر، چۈشەندۈرۈش: مۇشۇ دېھقاننى كېسەلچان بالىسى بىلەن تاشلىۋېتىپ سىزدەك ئالدامچىنى ماشىنامغا سېلىۋالسام، شۇ چاغدا «ساۋاب» تاپقان بولىمەنمۇ؟ مۇسۇلمانچىلىقنىڭ قانداق يېرىدە شۇنداق كەلىمە بار ئىكەن؟ ② مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ «سۆز، گەپ» قاتارلىق سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كەلگەندە «جۈملە، ئېغىز» دېگەندەك مىقدار مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ: — ئىجازەت بولسا ئىككى كەلىمە سۆزۈم بار ئىدى، — دېدى ھېلىقى بوۋاي تەۋەنچىلىك بىلەن رەئىسكە قول قوۋۇشتۇرۇپ.

**كەم** I سۈپ [پ] ① كېرەكلىك چەكتىكىدىن ئاز، يېتىشمەيدىغان، ئازلىق قىلىدىغان، كۆپ ئەمەس، ئاز: سۇ ھەر ئىككىلىسى ئۈچۈن كەم ئىدى. * — ياق، — دەپتۇ ھاممال، — بەرگەن ئىش ھەققىلىرى كەم ئەمەس، بەلكى ئارتۇق. * بۇ ناھايىتى كەم ئۇچرايدىغان ئامەت ئىدى. 8- مەھەللىنىڭ بۇغدىيى پەرەزدىكىدىن 70 مىڭ جىڭ كەم چىققانىدى. * بىز كالىنى ئىككى كەم 500 كويغا ساتتۇق. ② تولمىغان، تولۇقلانمىغان: ئەتىگەندە ساتقان مالنىڭ كەم پۇلىنى تېخى ئالالمىدىم. * بۇلار بىنانىڭ كەم يەرلىرىنى تولدۇرۇش ماتېرىيالى بولار دېگەن ئۈمىدتىمەن. ③ مەلۇم خىسلەت، قابىلىيەت، جەھەتتە باشقىلاردىن تۆۋەن، ناچار، پەست: ئۇنىڭ ئەقىل-ھوشى كەمرەك ئىكەن. * — ئۇلارنىڭ دۈشمەننى پەرق قىلىش ئىقتىدارى ناھايىتى كەم. * — ئۆزۈڭ قايسى شەيتاندىن كەم؟ — دېدى قارا بوسۇق يەرگە بىرنى مۇشتلاپ. ④ چولتا، تار دائىرىدە، يۈزە: ئۇ ھەرگىز ئۇنداق كەم ئويلايدىغانلاردىن بولمىسا كېرەك.

**كەم ئەقىل** تازا ئەقلىنى ئىشلىتەلمەيدىغان، ئەقىل- ئىدرىكى بىر ئىشلارغا بەك يەتمەيدىغان، دۆتمەك: كەم ئەقىل، ئاچكۆز باي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئۆيىدىن سىرتقا چىققۇچە نەچچە يىقىلىپ قوپۇپ، «سۇبھانالللا» نى تالاي قېتىم ئوقۇپ، كەنجى ئوغۇلىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ.

**كەم ئەقىللىق** نادانلىق، دۆتلۈك، ئەقىل- ئىدرىكىنى ئىشلىتەلمەسلىك: — سېنىڭ پاك ئىكەنلىكىڭنى ھەممىسى بىلىدۇ، — دېدى ئۇ ئايشەمنى بەزلەپ، — ھەرگىز كەم ئەقىللىق قىلما.

**كەم ئەقىللىق قىلماق** نادانلىق، ئەخمەق- لىك قىلماق: — سەن كەم ئەقىللىق قىلىۋاتىسەن، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئالدىراپ كەتمە؛ — دېدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ.

**كەم بولماق** ① مۆلچەردىكىدىن تۆۋەن- لىمەك، ئازايماق، ئاز بولماق: كەڭ بولساڭ، كەم بولمايسەن (ماقال). * شۇنداق قىلساق خەۋپ كەمەيدۇ بولار. ② ئەرزان بولماق: — كەم بولار، كالىنى ئوبدانراق كۆرۈڭ، بولمىسا، بازارنى چۆگىلەپ كېلىڭ، — دېدى كالا ئىگىسى خېرىدارغا مۇلايىملىق بىلەن. * — كەم بولىدۇ، مالغا قاراپ بېرىڭلار، — دېدى مال ئىگىسى.

**كەم خەج** ئاز خىراجەت قىلىدىغان، كۆپ چىقىم قىلمايدىغان، ئىقتىسادچىل: سىزنىڭ بالىڭىز كەم خەج ئىقتىسادچىل ئوبدان بالا بولدى.

**كەم خەجلىك** خىراجەت چىقىمنى ئاز قىلىش، ئىقتىسادچىللىق: ئۇ كەم خەجلىك بىلەن ئۆي تۇتۇپ كەلدى.

**كەم دېگەندە** ھېچ بولمىغاندا، ئاز، تۆۋەن ھېسابلىغاندىمۇ؛ ئاز، تۆۋەن دەپ قارىغاندا؛ ئەقەللىيسى: «خىتابنامە» ئەڭ ئاۋۋال نېمىسچە نەشر قىلىندى، كېيىن يەنە گېرمانىيە، ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىدا. كەم دېگەندە نېمىسچە 12 قېتىم بېسىلدى.

**كەم دىدار** كۆپ ئۇچراتقىلى بولمايدى- غان، كەم كۆرۈنىدىغان: نىزام جانابلىرى، كەم دىدار مېھمان ئىدىلە، بۈگۈن قايسى شامال بۇ ياقلارغا ئۇچۇرۇپ كەلدى، ياغاچ سۇندۇرۇۋېتە يىلمىكىن! * — ئۆزلىرى كەم دىدارغۇ؟ — دېدى ئاخۇنۇم ئەھۋال سوراش- قاندىن كېيىن سۆز باشلاپ.

**كەم دىدار بولماق** ئاسان ئۇچراتقىلى، كۆرۈشكىلى بولمايدىغان بولۇپ قالماق؛ كەم كۆرۈنمەك: — بەك كەم دىدار بولۇپ كەتتىڭغۇ، — دېدى باللاردىن بىرى ئەسقەر بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولغاندىن كېيىن.

**كەم سۇخەن** ← **كەم سۆز**.

**كەم سۇندۇرماق** مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق، پەس كۆرمەك، كۆزگە ئىلماسلىق: — سەن سېلىم ئاكىنى كەم سۇندۇرمىغىن ئانىكا، — دېدى كىمدۇر بىرى، — ئۇ ياشىنىپ قالغان بىلەن يۈرىكىدە ئوتى بار ئادەم.

**كەم سۆز** كۆپ سۆزلىمەيدىغان، گەپ-سۆزى ئاز: سەپەر بوۋاينىڭ بىر ھەپتىدىن بۇيان كەم سۆز، جىمغۇر بولۇپ قالغانلىقى سۇپۇرگىئاخۇننى خېلى ئەندىشىگە سېلىپ قويدى.

**كەم سۆزلۈك** كۆپ سۆزلەشنى خالى- مايدىغان، گەپ-سۆزى ئاز: شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ خىياللىرى تېخىمۇ چېچىلىپ، بېشى ساڭگىلاپ كەم سۆزلۈك بولۇپ قالدى. * ئۇ كەم سۆزلۈك، مەردانە يىگىت ئىدى.

**كەم قانلىق** <تب> ئادەم قېنىدىكى قىزىل قان ھۈجەيرىسى سانىنىڭ ياكى قان قىزىل ئاقسىلى مىقدارىنىڭ نورمالدىن تۆۋەن بولۇشى.

**كەم قۇۋۋەت** ← **كەم ماغدۇر**: كەم قۇۋۋەت بولۇپ قالماق.

**كەم ماغدۇر** كۈچ-قۇۋۋىتى، ماغدۇرى ئاز؛ ماغدۇرسىز: — سەل كەم ماغدۇر بولۇپ قالدىم، — دېدى بوۋاي ئوغلىغا چۈشەندۈرۈپ.

**كەم ھوسۇل** زىرائەتلەردىن ھوسۇل ئالالماسلىق ياكى ھوسۇلنىڭ ناھايىتى ئاز بولۇشى.

**كەم ئىشتىھا** ئىشتىھاسىز، تامىقى ئاز، تاماقنى جىق يېيەلمەيدىغان: خېلىدىن بېرى كەم ئىشتىھا بولۇپ قالدىم، دوختۇرغا كۆرۈنەيمىكىن دەپ كېتىۋاتىمەن.

**كەم II** ئى «ئۇ، بۇ، شۇ، نە» ئالماشلىرى بىلەن بىللە كېلىپ، «ۋاقىت، دەۋر، مەزگىل، چاغ، زامان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ئېلىشاھ بۇ كەملەردە ياش يىگىتتەك جۇشقۇن ۋە ناھايىتى خۇشال ئىدى. * ئۇ كەتكىلى نە كەم. * شۇ كەمدىن تا مۇشۇ ۋاقىتقىچە، چىقتىكى قانچە قېتىم شامال-بوران؟ ۋە لېكىن كەلدى بېسىپ ئەۋلاد ئىزىدىن، سۆيۈنۈپ تەنگە سىغماي قالار بۇ جان!

**كەمەر** ئى [پ] كىيىم ئۈستىدىن بەلگە باغلايدىغان تاسما، بەلباغ: ئۇ شىمىنىڭ كەمىرىنى باغلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەستىن، ئالدىراپ سەپكە بېرىپ كوماندىرغا چاس بەردى. * ئۇ سېرىق ھەربىيچە چاپىنىنىڭ ئۈستىدىن كەمەر باغلىۋالغانىدى.

**كەمەك** ① سۈپ. قاڭشىرى يوق، قاڭشارسىز، پاناق، بۇرۇن قاڭشىرى پەس: كەمەك بۇرۇن. * ئۇ كەمەك بىر قىز ئىكەن، قانداقمۇ چىرايلىق بولسۇن؟ ② ئى. شۇنداق ئادەم: — ھېلىقى كەمەكنى دەمسەن؟ — دېدى ئۇ قايتىلاپ سوراپ. ③ ئى. كۆچمە. ئىنتايىن ھىيلىگەر، ھەييار، ساختىپەز: نى كەمەكلەر باركى ئالەمدە ئاجايىپ سېھرگەر، نېمە ئۇ پەن ئالدىدا، پەندەك كارامەت قايدىدۇر.

**كەمەك ھەييار** ئى ① رىۋايەتلەردىكى ئىنتايىن ھىيلىگەر، ساختىپەز، سېھرگەر، جاسۇس بىر پېرسوناژ: سىز بىلىسىز، قۇدرەت دېگەن ھىيلىگەرلىكتە كەمەك ھەييادىن قېلىشمايدۇ. ② كۆچمە. ئالدامچى، سۇيىقەستچى، ھىيلىگەر، ئىپلاس كىشى: — بۇ ئىشتا جەزمەن بىرىنىڭ — بىر كەمەك ھەييارنىڭ ئويۇنى بارغۇ، دەيمەن، — دېدى ئالىم ئاكا مىيىقىدا كۈلۈپ.

**كەمەلدۈرۈك** ئى. داۋاندىن چىقىپ-چۈشۈشتە ئېگەر، مۆلە، چوم قاتارلىقلارنىڭ كەينىگە كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئۇلاغنىڭ بوينىنىڭ تۆۋەنرەكىدىن تارتىپ قويىدىغان تاسما، كاشا ياكى ئارغامچا قاتارلىق نەرسە: ئۇنىڭ كۈمۈش يالىتىلغان ئۈزەڭگىلىرى، ئۇششاق تەڭگىلەر بىلەن بېزەلگەن قۇشقۇن ۋە كەمەلدۈرۈكىمۇ ھەرقانداق كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلاتتى.

**كەمەن** ئى [پ] ← **سالما II**: كېچە يامان چۈش كۆرۈپ قېلىپتىمەن، تاشلانغۇدەك-مىش بوينۇمغا كەمەن. كەمەن سالغۇچى كۆك كۆز تاماق چىش، چاچلىرى پاخپاق ئالۋاستى ئىمىش. * ئى ۋەزىرىم كەمەنگە سەن ماھىر ئىدىڭ، ئېيتقىن بۈگۈن نە ئۈچۈنكىم قۇرۇق ياندىڭ؟

**كەمبەغەل** سۈپ [پ] ① تىرىكچىلىك قىلىش، ياشاش ئۈچۈن كېرەكلىك نەرسىلەرگە تولۇق ئىگە بولالمىغان؛ موھتاجلىقتا ياشىغۇچى، نامرات؛ باي ئەمەس: — مەن ئەسلىدە بىر كەمبەغەل ئادەم ئىدىم، — بوۋاي ئازراق تىنىۋېلىپ يەنە سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. * بۇ بازاردا بۇنداق كەمبەغەل ئاياللار خېلىلا كۆپ

ئۇچرايتتى. // بايدىن ئەمەلدار چىقسا، كەمبەغەلدىن دانا چىقار (ماقال). ② يۆنىلىش-كېلىشتە كەلگەن ئىسىملار بىلەن كېلىپ مەلۇم بىراۋنىڭ شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن شەيئىگە قارىتا ئاجىز، ئىمكانسىز ھالەتتە ئىكەنلىكىنى، شۇ نەرسىگە تولۇق ئىگە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ سۆزگە تولىمۇ كەمبەغەل ئىكەن. * بۇ يىل يامغۇر ئاز ياغقاچقا بىز سۇغا سەل كەمبەغەل بولۇپ قالدۇق.

**كەمبەغەل دېھقان** زادىلا تېرىلغۇ يېرى يوق ياكى پەقەت ناھايىتى ئازلا يېرى ۋە بىرقىسىم ئۇششاق-چۈششەك دېھقانچىلىق سايمانلىرى بار، ئاساسلىقى ئىجارىگە بېرىلگەن تېرىلغۇ يەرگە ۋە ئۆزىنىڭ بىر قىسىم ئەمگەك كۈچىنى سېتىشقا تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان دېھقان: يەر ئىسلاھاتى ئاساسەن كەمبەغەل دېھقان ۋە ئوتتۇرا دېھقانلارغا تايىنىپ ئېلىپ بېرىلدى.

**كەمبەغەلچىلىك** ئى ← **كەمبەغەللىك**: مېنىڭ ئۆمرۈم باشتىن-ئاخىر كەمبەغەلچىلىكتە ئۆتتى.

**كەمبەغەللەشتۈرمەك** « كەمبەغەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ بالا خورىيىن چېكىشنى ئۆگىنىپ قېلىپ، پۈتۈن ئائىلىسىنى كەمبەغەللەشتۈرۈۋەتتى.

**كەمبەغەللەشتۈرۈلمەك** « كەمبەغەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كەمبەغەللەشمەك** پ. كەمبەغەل ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، كەمبەغەل بولۇپ قالماق، كەمبەغەلگە ئايلانماق: — شۇنداق، — دېدى ئۇ سەل ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن، — 70 كۈنلۈك مۇھاسىرە بىلەن بىز بەكمۇ كەمبەغەللىشىپ كەتتۇق، ھەتتا مۇشۇ كۈنلەردە ئەسكەرلەرنىڭ ئوزۇقى ئۈچۈنمۇ قىينىلىپ قالدۇق.

**كەمبەغەللىك** « كەمبەغەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: تاشتىن قاتتىق كەلدى ماڭا كەمبەغەللىك، تاپالمىدىم ئانا ساڭا بىر كېپەنلىك. ئارزۇلىغان يەرلىكىڭدە ياتالمىدىڭ، ياتقان يېرىڭ بولدى ئاخىر شۇ تىكەنلىك.

**كەمپۈت** ئى [ر] تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ بىر خىلى. كۆپىنچە مېۋە شىرنىسى، پۇراقلىق ماتېرىيال، سۈت ياكى قەھۋە قاتارلىقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، قاتۇرۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ: — سىزمۇ كەمپۈت يەمسىز، بالام، — دېدى ئۇ كىچىك قىزنىڭ قولىغا بىر تال كەمپۈتنى تۇتقۇزۇپ.

**كەمپىر** ئى [پ] قېرىغان ئايال، قېرى خوتۇن: شاھزادە زار ئاتتىن چۈشۈپ، كەمپىرنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈرەي دەپ تۇرۇشىغا، ئاتنىڭ چۇلۋۇرى قولىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. * شۇ ئەسنادا نومان تاغنىڭ كەمپىرى نۇرغايشا موماي شىپىرلاپ مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**كەمتەر** سۈپ [پ] ماختىنىشنى خالىمايدىغان، ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتىدىغان، تەكەببۇر ئەمەس: سادىق ئاباسىنىڭ سەممىي، ئاق كۆڭۈل، كەمتەر ئادەم ئىكەنلىكىنى، جاپا چېكىپ ئىشلەيدىغانلىقىنى ئاڭلىغان، كۆرگەنىدى. // دوستۇم ئۆگەن كەمتەردىن دائىم، كەمتەر بولساڭ ئۆرلەيسەن ھامان. ئالما شېخى ئېگىلسە قانچە، كېلىپ ئۇنى يۆلەيدۇ ئىنسان.

**كەمتەر بولماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتماق، باشقىلارغا ھۆرمەت بىلدۈرمەك: كىبىرۇ غۇرۇر، كېرىلمەكلىك — نادانىنىڭ ئىشى، كەمتەر بولماق — چىن، ھەقىقىي ئىنساننىڭ ئىشى، قورساق ئۈچۈن بېرىلمەكلىك ھايۋاننىڭ ئىشى. مەزمۇن تولسۇن ۋۇجۇدۇڭغا دانا كىشى بول!

**كه‌متەرانه** رەۋ [پ] كەمتەرلىك بىلەن، كەمتەرلىك قىلىپ، ماختانماستىن، مەغرۇرلانماستىن: شاھنىڭ كۆزى پەگاھتا كەمتەرانە ئولتۇرغان ئاپئاق ساقاللىق مۆمىن بوۋايغا چۈشۈپتۇ.

**كه‌متەرلىك** كەمتەر كىشىلەرگە خاس، كەمتەر كىشىلەردە بولىدىغان بىر خىل خىسلەت، ئادەت: – شۇنداق، – دېدى خوجىنىيازھاجى كەمتەرلىك بىلەن. * كەمتەرلىك كىشىنى ئالغا باستۇرىدۇ، مەغرۇرلۇق كىشىنى ئارقىدا قالدۇرىدۇ.

**كه‌متەرلىك قىلماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن تۇتماق، كەمتەر بولماق: – كەمتەرلىك قىلمىسىلا، – دېدى چېكەتكە ھەييارلىق بىلەن كۆزىنى قىسقاچ تۆمۈر تۇمشۇقىنىڭ جەستىنى ئىما قىلىپ. * – كەمتەرلىك قىلىۋاتىسىز، – دېدى شەۋكەت قىزغا قاراپ، – سىزنى بىلمەن، سىز ھەممىدىن ياخشى ئوينىيالايسىز.

**كه‌متەرىن** سۈپ [پ] ئىنتايىن كەمتەر ھەم ئىتائەتمەن: ھەممە نەرسىدىن مەھرۇم قىلىنغان بۇ كەمتەرىن ئادەم ئۈچۈن ئاشۇ ئانچىكى بىر ۋەدىدىن باشقا ھېچ نەرسە يوق ئىدى.

**كه‌متۈك** سۈپ ① بىرەر چېتى، لېۋى ياكى ئۇچى سۇنغان؛ ئۈزۈلگەن، كېسىلگەن، پۇچۇلغان؛ بىرەر جاي ياكى بىرەر تەرىپى كەم: رىزىۋان 30 يىلغا يېقىن ھەرپ-كۇبىكلارنى چىمداپ ئېلىش نەتىجىسىدە قېتىشىپ كەتكەن تىرناقلىرىغا، ئۇپراپ كەمتۈك بولۇپ قالغان بارماقلىرىغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ قويدى. * ئۇنىڭ بىر قۇلىقى كەمتۈك بولۇپ ساقايدى. ② چالا، تولۇق ئەمەس؛ مۇكەممەل، راۋۇرۇس بولمىغان: بەدىئىي ئەسەرلەردىمۇ كەمتۈك ئورۇنلار بولۇشى مۇمكىن. * تۇرمۇشتىكى بارلىق ئادەملەر ماڭا قانداقتۇر بىر جەھەتتىن كەمتۈكتەك بىلىنەتتى. * – نېمىگە كۈلىسىلەر؟ مېنىڭ تىلىم كەمتۈك تۇرسا، – دېدى ئۇ خاپا بولغاندەك قىلىپ، – مېنى زاڭلىق قىلىۋېرەمسىلەر؟

**كه‌متۈكلۈك** «كەمتۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئۆزىنىڭ باش چۆكۈرۈپ ئىشلەشىنىلا بىلىپ، كۆڭۈل ئېچىشنى بىلمىگەنلىكىنى ھاياتىدىكى بىر خىل كەمتۈكلۈك دەپ ھېس قىلدى.

**كه‌مچەت** ئى ① <زوئول> دېڭىز قامىسى. ② شۇ خىل ھايۋاننىڭ تېرىسى. ناھايىتى قىممەت باھادا ئېلىپ سېتىلىدۇ.

**كه‌مچەت تۇماق** كەمچەت تېرىسىدىن تىكىلگەن تۇماق: – نەدىكىنى سەۋر قىلىدۇ، كېچىچە تاپشۇرۇق ئىشلىدى، – دېدى گۈلنار كەمچەت تۇمىقىنى قولىغا ئېلىپ سىلكىپ تۇرۇپ، – تاڭغا يېقىن ئارانلا ئۇخلىدى.

**كه‌مچەت ياقا** كەمچەت تېرىسىدىن تەييارلانغان، ئىشلەنگەن ياقا: ئۇ كەمچەت ياقىلىق پەلتو كىيىۋالغانىكەن.

**كه‌مچەك** ئى. دىئال. سۈيۈقلۇق ئۆلچىگۈچ، كەمچەن.

**كه‌مچەن** ئى ① گۈرۈچ، زىغىر قاتارلىق دانلىق ئاشلىقلارنى كەملەيدىغان ئۆلچەش قاچىسى. شەكلى چارەككە ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئون ئۇچۇم بىر كەمچەن كېلىدۇ. «شىڭ» مۇ دېيىلىدۇ. ② ئۆتمۈشتە جۇۋازچىلار باشقىلارنىڭ مايلىق دانلىرىنى تارتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، تارتىلىدىغان مايدىن مانجا ئالىدىغان ئۆلچەملىك قوتا. ئادەتتە بىر جۇۋاز ئوگۇت تارتسا بىر كەمچەن (ئىككى سەر) ماي ھەق ئالاتتى.

**كه‌مچەنلەتمەك** «كەمچەنلىمەك» پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كه‌مچەنلەشمەك** «كەمچەنلىمەك»

پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كه مچه نله نمه ك** « كه مچه نلمه ك » پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كه مچه نلمه ك** پ. كەمچەن بىلەن كەملىمەك، ئۆلچىمەك.

**كه مچل** سۈپ. كەم ئۇچرايدىغان، كەم تېپىلىدىغان، ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدىغان، يېتىشمەيدىغان، جىق ئەمەس، ئاز، كەمدىن كەم: ئۇ چاغلاردا ئاپتوماتمۇ كەمچىل قوراللاردىن ھېسابلىناتتى. * شەھەرنىڭ سۈيى تۇزلۇق بولۇپ ئىچكىلى بولمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوتۇن كەمچىل ئىكەن. * جەنۇبىي يۆنىلىش پولكىغا كەمچىل بولۇپ تۇرغان قورال - چوڭ كالىبىرلىق دالا زەمبىرىكى ئىدى.

**كه مچللك** « كەمچىل سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ ئىچكىلى بولىدىغان سۇ كەمچىللىكىنىڭ جاپاسىنى تازا تارتتى. * تىببىي دورىلىرىمىز كەمچىللىك قىلىپ، يارىدارلارنى داۋالاش قىيىن مەسىلىگە ئايلاندى.

**كه مچلك** ئى. ئەيىب، نۇقسان، سەۋەنلىك، خاتالىق: كۈچۈم ئاجىزلاشتى، مىجەزىمدىمۇ نۇرغۇن كەمچىلىكلەر بار، راستىنى ئېيتقاندا، مەن بىر كېرەكسىز ئادەم بولۇپ قالدىم. * سىز مېنى ئەپۇ قىلىڭ، كەمچىلىك مەندىن ئۆتتى.

**كه مچلكنى يۇماق** خاتالىقنى، سەۋەنلىكىنى تونۇپ، توغرا يولغا مېڭىپ نەتىجە ياراتماق، ئەيىب-نۇقسانلىرىنى تۈزەتمەك: ئۇ بۇ قېتىم ئاكتىپ ئىشلەش ئارقىلىق، ئۆزىنى باشقىلارغا تونۇتتى ھەم بۇرۇنقى كەمچىلىكلىرىنى يۇيۇۋەتتى.

**كه مچلكسز** سۈپ. كەمچىلىك يوق، ئەيىب-نۇقساندىن خالى، سەۋەنلىك، خاتالىقلارنى سادىر قىلمىغان؛ ئەيىبسىز، نۇقسانسىز: دۇنيادا كەمچىلىكسىز ئادەمنىڭ بولۇشى ھەققەتەن قىيىن گەپ. // يازغۇچىلارنىڭ تامامەن خاتاسىز ۋە كەمچىلىكسىز بولۇشى تەس ئىدى.

**كه مدنكه م** بەك ئاز، تولىمۇ ئاز، ئاندا-ساندا: بۇ كۈنلەردە لۈتپۇللا ئۇرۇق-تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيىگىمۇ كەمدىنكەم بارىدىغان بولدى.

**كه مزۇل** ئى [ر<فران] ① يازلىق پەلتو ئورنىدا كىيىلىدىغان ئەستەرسىز، يېنىك، ئۇزۇن، ئۈست كىيىم: مەن سىلاشتۇرۇپ يۈرۈپ، ئۇ سۇنغان كەمزۇلنى ئېلىپ كىيىۋالدىم ۋە بايىقى بولمىغۇر ئويۇم ئۈچۈن خىجالەت بولۇشقا باشلىدىم. ② جىلتىكگە ئوخشاش كالتە، يەڭسىز، ياقىسىز، ئاياللار كىيىمى.

**كه مزۇللۇق** سۈپ ① كەمزۇلى بار، كەمزۇل كىيگەن: ئۇ يەنە ئاستا پىچىرلىدى: – كۆك كەمزۇللۇق كىشى يۈزىڭىزنى كۆرۈپ قالمىسۇن، خەتەرلىك ئادەم. ② كەمزۇل تىكىشكە بولىدىغان، مۇۋاپىق كېلىدىغان؛ كەمزۇل تىكىشكە لايىق، خاس: ئۇ بازاردىن ئانىسى ئۈچۈن بىر كەمزۇللۇق رەخت سېتىۋالدى.

**كه مستمه ك** پ. تۆۋەن، پەست كۆرمەك؛ زاڭلىق قىلماق، كۆزىگە ئىلماسلىق، مەسخىرە قىلماق: – بالام، – دېدى ھەلىمە ئوغلىغا، – قىز بالا دېگەن ئاجىز نېمە، سەن ئۇنداق سىڭىللىرىڭنى كەمسىتمە! * – ئۇن زاۋۇتىنى « ئۇن خالتىسى » سېمونت زاۋۇتىنى « توپا زاۋۇتى » دەپ كەمسىتىپ ئىشلىمىسىڭىز، – دېدى ئۇ ئاچچىقلاپ، – مەن ئەمدى باشقا ئورۇن تاپالمايمەن!

**كه مستشمه ك** « كەمسىتمەك » پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ھەممىمىز ئۇنىڭ مايلامچىنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تىلغا ئېلىپ ئۇنى كەمسىتىشەتتۇق.

**كه مستلمه ك** « كەمسىتمەك » پېئىلنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى: ئەينى چاغدا ئۇلار ھەممىدىن بەك كەمسىتىلەتتى، ھەتتا ھايۋان قاتارىدا مۇئامىلە قىلىناتتى.

**كەمسىنمەك** پ. ئۆزىنى تۆۋەن، پەس كۆرمەك؛ ئۆز-ئۆزىگە بولغان ئىشەنچ تۆۋەنلەپ كەتمەك: ئومۇمەن ئېيتقاندا، كەمسىنىدىغان، ئۆزىنى تاشلىۋەتكەن ئوقۇغۇچىلارغا نىسبەتەن كۆپرەك تەقدىرلەش، ئىلھام بېرىش قاتارلىق ئۇسۇللارنى قوللانغان ياخشى.

**كەمشۈك** سۈپ ① چىشى چۈشۈپ كەتكەن، كوماك: شاۋاز كەمشۈك ئىدى، قاچان قارىسا، جوغىسى يوق ئىشۇرىقتەك ھىجاق كۆرۈنەتتى. * باشلىقىمىز قارىمۇتۇق، قوچقار تۇمشۇق، كەمشۈك كەلگەن ئەزىر بەگ دېگەن كىشى ئىدى. ② ئاستىنقى كالپۇكى ئۈستۈنكى كالپۇكىدىن ئۇزۇن، ئاستىنقى كالپۇكى ئۇزۇن: كەمشۈك ئادەم. كەمشۈك بالا.

**كەم-كۈتە** يېتىشمەي، كەملىك قىلىپ تۇرغان، كەم بولۇۋاتقان نەرسىلەر: شۇ ئارىدا سالى دورغا بىلەن قاسىم پالۋان «تويىنىڭ كەم-كۈتىلىرىنى راسلاپ كېلىمىز» دېگەن باھانە بىلەن ئاراتۇرۇككە كېتىپ قالغانىدى. * بەزىلەرگە توخۇ كاتىكى، قوي قوتىنى، گەمە لازىم بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ كەم-كۈتىلىرى تۈگىمەيدۇ.

**كەم-كۈتىسىز** ھېچقانداق كېمى يوق، تولۇق، پۈتۈن: خۇماخانىنىڭ شۇنداق قىلغۇسى كەلمەمدىغاندۇ؟ ئۇنىڭ پۈتى ناكار بولغىنى بىلەن ئەقلى كەم-كۈتىسىز-دە! * بۇ مىللەت پۈتۈنلەيلا داشقال بولۇپ، ئۇ مىللەت كەم-كۈتىسىز ئالتۇن ئەمەس؟ بۇ مىللەت پەگاھتىكى پالاس بولۇپ، ئۇ مىللەت تۆرگىلا خاس دۇردۇن ئەمەس.

**كەم-كۈسە** ← كەم-كۈتە.

**كەملەتمەك I** «كەملىمەك I» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: نېمە بولسا بولسۇنكى تۇرغۇلۇق سەگەك، ھوشۇلنى كەملىتىپ بولمايدۇ بىراق. ئىشقىلىپ ئۇچۇقلا تۇرسا بۇ كۆزۈم، يىقىلماس چىمەندە تىكىلگەن بايراق.

**كەملەتمەك II** «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئوغلىغا ئاشلىقنى كەملىتىپ تاغارلارغا قاچىلىۋېتىشنى تاپىلىدى.

**كەملەشمەك** «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار نۆۋەت بويىچە ئۆزلىرىگە تەۋە ئاشلىقلارنى چارەكلەر بىلەن كەملىشىپ تاغارلىرىغا قاچىلىشىپتۇ.

**كەملەنمەك** «كەملىمەك II» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇغداي كەملىنىپ تاغارغا قاچىلانغاندا، بوۋاي كىرىپ كەلدى.

**كەملىك** ① «كەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىقتىدار جەھەتتە لاياقەتلىك ئەمەس دېگەندە، كەسپىي بىلىم ۋە كەسپىي ئىقتىدارنىڭ كەملىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ② موھتاجلىق، ماددىي قىيىنچىلىق، يېتىشمەسلىك: — قولغا سۇ بېرەي دېسەم، بىرلا نەرسە كەملىك قىلىپ قالدى، — دەپتۇ ئەپەندىم. * — سېنىڭ نېمە كەملىكىڭ بار، — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ، — سەن ھازىر ھېچكىمدىن قېلىشمايسەن.

**كەملىك قىلماق** ئازلىق قىلماق، يېتىشمەي قالماق، كەم بولۇپ قالماق: — شۇنچىۋالا پۇل يەنە كەملىك قىلسا... بولدىلا، ئالمايلا قويايلى! — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

**كەملىمەك I** پ ① مىقدار، سان، ھەجىم ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش جەھەتلەردە ئەسلىدىكىدىن ئازىيىپ كەتمەك، كېمەيمەك، ئازايماق: — تاغاردىكى بۇغداي كەملەپ قېلىپتىغۇ؟ — دېدى ئۇ گەپ ئارىسىدا

تاغارغا قاراپ قويۇپ. * مەن كەتتىم چاقىرغىلى دادۇيجاڭنى، ئىككىگە ئايرىپ بەرسۇن يېرىمىزنى، كەملىسە ھوسۇل كۆرەي پېشانەمدىن، چاتمىسۇن بىرىمىزگە بىرىمىزنى. ② پىلانىدىكىگە ياكى بەلگىلەنگەن چەككە يەتمەي قالماق؛ كەم، ئاز بولۇپ قالماق: — خىمىيۋى ئوغۇتقا پۇل كەملىدى، — دېدى ئۇ ئاچچىقلانغاندەك. * شوپۇر ھەر ئېھتىماللىقنى ئويلاپ زاپاس ئېلىۋالغان بىرېزىنتنى ھۆل بىرېزىنتنىڭ ئۈستىگە يەتكەن يېرىگىچە ياپتى. كەملىگەن يېرىگە شىنېلىسنى يېشىپ كىگىز ۋە يوتقان-كۆرپىلىرىنى ياپتى. * — بۇ يىل داشۆ نومۇر سىزنىقى ئۆستۈرۈلگەنىكەن، — دېدى قىزلاردىن گەپدانىراق بىرى، — ساجىدەمنىڭ بىر نومۇرى كەملەپ قېلىپ ئۆتەلمەپتۇ. مېنىڭ ئىككى.

**كەملىمەك** II پ. سۇيۇقلۇق ياكى ئاشلىق قاتارلىقلارنى كەمچەن، چارەككە ئوخشاش ئۆلچەش بۇيۇملىرى بىلەن ئۆلچىمەك: بوۋاي ھاياجانلانغان ھالدا بۇغداينى كەملەپ تاغارغا قاچىلاۋاتاتتى، موماي بولسا خامانىنىڭ چۆرىلىرىگە چېچىلغان بۇغداي دانلىرىنى سۈپۈرۈۋاتاتتى.

**كەمىنە** ئال [پ] باشقىلارغا بولغان ھۆرمەت، ئەدەب ۋە كەمتەرلىك، كىچىك پېئىللىق يۈزىسىدىن «مەن» نىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغان سۆز: — كەمىنە يەمەن شەھىرىدىن بولىمەن، — دەپتۇ ھاتەم، — پادىشاھ تەيىنىڭ ئوغلى، خۇدا يولىدا بەندىلەرنىڭ موھتاجلىقى ئۈچۈن جېنىمنى پىدا قىلغانمەن.

**كەنە** ئى. دىئال. گىلەم توقۇش دۈكىنىنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى ياغاچ.

**كەنت** ئى ① كونا. مەلۇم خۇسۇسىيەتلىرى بىلەن شەھەر ھەمدە قىشلاقلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئاھالە ياشايدىغان جاي. ② دېھقانلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان، يېزىدىن كىچىك مەمۇرىي بىرلىك.

**كەنتىر** ئى [د] چوڭ جوزا: دۆت شاھزادە باينىڭ ئۆيىگە كىرىپلا قولىنىڭ ئاغرىپ كېتىشىگە قارىماي كەنتىرنى ۋەزىرنىڭ دېگىنىدىنمۇ قاتتىقراق مۇشتلاپتۇ.

**كەنجەر** ئى [خەن] پىنجەك، جىلىتكە.

**كەنجى** ① ئى. پەرزەنتلەر ئىچىدىكى ئەڭ كېيىن تۇغۇلغىنى، ئەڭ ئاخىرقى پەرزەنت: توختى ئاكامنىڭ كەنجىسى، 11 ياشلىق پەرىدە. بۇ يىل تۆتتە ئوقۇيدۇ، نومۇرى يۈز ھەممىدە. * دېپىشكۇدەك بەزىسى: «ئەقىللىقكەن كەنجىسى، نادان ئىكەن ئۇلارنىڭ، چوڭلىرىنىڭ ھەممىسى...». ② سۈپ. ھەممىدىن كىچىك، باشقىلىرىدىن كېيىن تۇغۇلغان: ئۇنىڭ كەنجى بالىسى قىز بولۇپ، ئەمدىلا ئالتە ئايلىق بولغانىكەن. * سىيىت ئاكا كەنجى ئوغلىغا «تۇرسۇن» دەپ ئات قويۇپتۇ. ③ سۈپ. ئەڭ كىچىك، ئەڭ كېيىن تۇغۇلغان (ھايۋانلار ھەققىدە): كەنجى قارلىغاچ ئوزۇق ئېلىپ كەلگەن ئاتا-ئانىسىنى كۆرۈپلا ۋىچىرلاپ، ئاغزىنى يوغان ئېچىپ تۇرىدىكەن. * چاشقانلار تېز قاچتى ھەريان، تۇتالمىدى كەنجى ئاسلان. «توختا» دەپ ئۇ توۋلاپ كەتتى. غەزەپ بىلەن قوغلاپ كەتتى. ④ سۈپ. نىسبەتەن كېيىنرەك تېرىلىدىغان، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە پىشىدىغان، كېيىن تېرىلىدىغان (تۈرلۈك زىرائەتلەر ھەققىدە): كەنجى قوغۇن. كەنجى قوناق. * ئۆتكەن يىلى كۆممىقوناق بىلەن كەنجى كېۋەزنىڭ مەھسۇلاتى كەملەپ كەتتى. ⑤ ئى. ئەڭ ئاخىرقى قېتىم ياكى نۆۋەت، ئەڭ ئاخىرقى رەت: تۇنجى قېتىم، ياق ئۇ كەنجىسى، كۆلۈمسىرەپ ۋىسال غۇنچىسى، بىز سۆزلەشتۇق ئۆتمەي بىر مىنۇت، باشقا تەگدى زالىم قامچىسى.

⑥ سۆپ. كۆچمە. دەرىجە، ئۇنۋان جەھەتتە تۆۋەن تۇرىدىغان، مەرتىۋىسى تۆۋەن، دەرىجىسى تۆۋەنرەك بولغان، تۆۋەن دەرىجىلىك: بىرپەستىن كېيىن كەنجى سەركەردە-سەرۋازلار ئىككى قاتارغا بۆلۈنگەن هالدا كىرىپ كېلىشتى.

**كەنجى تۆر** <بىئول> جانلىقلارنى كلاسسىفىكاتسىيە قىلىشتىكى تۆرنىڭ ئاستىدىكى كلاسسىفىكاتسىيە بىرلىكى، يەنى بىر تۆرنىڭ جۇغراپىيىلىك تارقىلىشى ۋە كۆپىيىشى جەھەتتە ئايرىلىپ كېتىپ هاسىل قىلغان كوللېكتىپ. ئۇ يەنە «جۇغراپىيىلىك كەنجى تۆر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كەنجى تىپ** <زوئول> ← **كەنجى تۆر.**

**كەنجى ئۈزۈم** تەك نوتىلىرىنىڭ ئۇچىنى ئۈزۈۋەتكەندىن كېيىن، كېچىكىپ چېچەكلەپ، كېچىكىپ مېۋىلىگەن ئۈزۈم. بۇنداق ئۈزۈم تەمسىزرەك، دېنى كىچىكرەك بولىدۇ.

**كەندىر** I ئى <بوت> ئۇچمە ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تاق جىنسلىق، ئاتىلىقى، ئانىلىقى ئايرىم، يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرماقلىرى تۆمۈنە شەكىللىك، گۈلى سۇس يېشىل، تالالىرىدىن ئارغامچا ئېشىشكە بولىدۇ، ئۇرۇقىدىن ياغ تارتىلىدۇ، دورا قىلىشقىمۇ بولىدۇ. ئۇچە يىلەرنى سىلىقلاش، تەرەت ماڭدۇرۇش رولىغا ئىگە.

**كەندىر چۈۋىن** <زوئول> چۈۋىنىنىڭ بىر خىلى. تېنى سەل چوڭ، كۆل رەڭ، دۈمبىسىدە ئۈچ قاتار قارا سىزىقى بار. قورسىقىدا ئاق، قارا ئارىلاش كاتەكچە شەكىللىك ئالىسى بار. گەندە، جاڭيۇ قاتازلىقلارنى ياخشى كۆرىدۇ.

**كەندىر كاكىلى** <بىن> كەندىر تالاسىنى ئېرىتىلگەن هاك ياكى سېمونت لايغا ئارىلاشتۇرۇپ سۇۋاقتا تەييارلانغان لاي.

**كەندىر كېپىنكى** <زوئول> كېپىنەكنىڭ بىر خىلى. بېتىلگىنى سېرىق رەڭلىك، لېپىنكىسى قارا كۆل رەڭ، تېنىدە نۇرغۇن تىكەنچىلىرى بولىدۇ. بەزىلىرى كەندىرسىمان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يوپۇرمىقىنى يەيدۇ. دېھقانچىلىققا زىيانلىق.

**كەندىر يوپۇرماقلىق سېسىق تال** <بوت> دورىلىق تىزمىگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. كىچىك شاخلىرى تۆت بۇرجەك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسكەن، ئالىقانسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقىنىڭ گىرۋەكلىرىدە يىرىك چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى كونۇسسىمان گۈل رېتىدە، گۈل تاجى سۇس سۆسۈن رەڭلىك. مېۋىسى دورا بولىدۇ. يىلتىزىنى بۆلۈش ياكى قەلەمچە قىلىش ئارقىلىق كۆپەيتىلىدۇ.

**كەندىر يېگەن خورازدەك** باشقىلارغا هۆرپىيىپ ھەيۋە قىلغان، ۋارقىراپ-جارقىراپ پوپوزا قىلغانلىققا قارىتا ئېيتىلىدۇ.

**كەندىر** II ئى. دىئال ← **سۇ چېچەك.**

**كەندىرسىمان** سۈپ. كەندىرگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان، كەندىر شەكلىدىكى: ئۇلار دەسلەپ دەل-دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ياكى كەندىرسىمان ئۇزۇن تالالىق ياۋا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ قوۋزاقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ، ئۇنى كىيىم شەكلىگە كىرگۈزۈشتى.

**كەندىرلىك** ئى. كەندىر كۆپ تېرىلغان، كەندىر ئۆسۈملۈكى بىلەن قاپلانغان يەر: ئۇ كەندىرلىككە بېرىپ كۆرۈپ ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كېلىپتۇ. // كەندىرلىك ئېتىز.

**كەھرىۋا** ئى [پ] <گېئول> قەدىمكى قارىغاي

يىلمىنىڭ تاشقا ئايلانغان شەكلى. تەركىبى $C_{10}H_{16}O$ . سۇس سېرىق رەڭلىك، قوڭۇر رەڭلىك ياكى قىزىل قوڭۇر رەڭلىك قاتتىق ماددا. ئىنتايىن چۈرۈك، يانغاندا يېقىملىق گاز پۇرىقى چىقىرىدۇ، سۈركىگەندە توك ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە كەھرىۋا كىسلاتاسى ۋە ھەر خىل سىر ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە زىننەت بۇيۇملىرىمۇ ياسىلىدۇ.

**كەھرىۋا كىسلاتاسى** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_2H_4(COOH)_2$ . رەڭسىز، تۈۋرۈكسىمان كرىستال. سەل-پەل كىسلاتالىق تەمگە ئىگە، كەھرىۋا ۋە بەزى بىر ئۆسۈملۈكلەردە ساقلىنىدۇ. دورا، بوياق ۋە پۇراقلىق ماتېرىياللارنى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كەۋرەك** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىق، يوپۇرمىقى تاز، ئۇزۇن، ئاق رەڭلىك، كىچىك گۈللىرى بولىدۇ. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، ئاغرىق پەسەيتىش، بەلغەم بوشىتىش رولىغا ئىگە.

**كەۋزە** ئى. ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلۇشىدا ھاراق بىلەن پارامانىڭ چېكىنى باستۇرىدىغان گارنىز.

**كەۋسەر** ئى [ئە] ① ئىسلام دىنى ئېتىقادى بويىچە جەننەتتىكى بىر كۆلنىڭ نامى. ② كۆچمە. ناھايىتى سۈزۈك، پاك ھەم مۇزدەك تاتلىق سۇ: كەزگەنىدىم ئۆتكەن يىل باھار پەسلىدە، ھۆر ھايات قايىنغان قۇچاقلىرىڭدا. باققانىدىم زوقلىنىپ ئۇزاقلارغىچە، كەۋسەرگە قاندۇرغان بۇلاقلىرىڭغا. * قەلبى ئۇنىڭ خەلق ئۈچۈن يېنىپ تۇرغاندا شام ئىدى. ساپ مۇھەببەت كەۋسىرى تولۇپ تۇرغان جام ئىدى.

**كەيپ** ئى [ئە] ① روھىي ھالەت، كەيپىيات، مىجەز: — كەلسىلە تەقسىر، بۈگۈن كەيپلىرى نېمانچە سۇس؟ — دېدى ئۇ قۇربان ئاقساقالنى يېنىغا تەكلىپ قىلىپ. * — مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — سورىدى تەيجى ياسىن قازىغا سەپسېلىپ قاراپ، — كەيپىڭىز باشقىچە كۆرۈنىدىغۇ؟ ② كىشىنىڭ بىرەر نەرسە ياكى ھادىسىدىن زوقلانغان، ھۇزۇرلانغان، راھەتلەنگەن روھىي ھالىتى؛ زوق: بۇ يەرنىڭ ساپ ھاۋاسى كىشىگە ئۆزگىچە بىر خىل كەيپ ئاتا قىلاتتى. ③ مەست قىلغۇچى ئىچىملىك، چېكىملىك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىپ، ئۇلارنىڭ تەسىرىنى قوبۇل قىلغان ھالەت؛ مەستلىك: ئۇنىڭ بۇنداق قاملاشمىغان بىمەنە تەلەپلىرى ئۇنىڭدىكى كەيپنىڭ قانچىلىك ئېغىرلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەتتى. * ۋاڭ كۈنگە ئىككى قېتىم ئەپيۇن چېكەتتى، كەيپ ئانچە ئۇزۇنغا سوزۇلمايتتى.

**كەيپ بولماق** مەست ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، مەست بولماق: ئۇلار ھاراقنىڭ بېرىمنى ئىچە-ئىچمەيلا باشلىرى پىرقىراپ، كەيپ بولۇشقا باشلىدى. * زىياپەت تارقىغاندا، كىشىلەرنىڭ كۆپچىلىكى بىرئاز كەيپ بولغانىدى.

**كەيپ سۈرمەك** ھۇزۇرلانماق، بىرەر نەرسىدىن راھەتلەنمەك؛ بىرەر نەرسىنىڭ ھۇزۇر-ھالاۋىتىنى، راھىتىنى كۆرمەك: ۋاڭ ئىككى غاڭزا ئەپيۇننى شوراپ كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ، كەيپ سۈرۈشكە باشلىدى. * ئۇ بېلىگىچە قۇمغا كۆمۈلگەن ھالدا يېتىپ تېخىچە ئەتىگەندىكى «خان ئۇيقۇسى» نىڭ كەيپىنى سۈرمەكتە ئىدى.

**كەيپ قىلماق** ① مەست قىلغۇچى ئىچىملىك، چېكىملىكلەرنى ئىستېمال قىلماق، شۇنداقلارنى ئىستېمال قىلىش پائالىيىتى بىلەن شۇغۇللانماق: — بۇنىڭدىن كېيىن سالامەتلىكىمگە زىيانلىق بولغان كەيپلەرنى قىلمايمەن، — دېدىم مەن ۋەدە بېرىپ. * مەن ئۆمرۈمدە ھېچقانداق كەيپ قىلىپ باققان ئادەم ئەمەس. ② مەست قىلماق: ھاراق ئۇنى بەكلا كەيپ قىلىۋەتكەچكە، پۇتلىرىنىمۇ ئوڭلاپ ئالالمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

**كەيپى بار** ئىشتىياقى، قىزىقىشى، ھەۋەسى، زوقى بار؛ كەيپىياتى، مىجەزى ياخشى: — قانداق، كەيپىڭ بارمۇ؟ — دېدى ئۇ ماڭا قاراپ تەلەپپۇزى بىلەن.

**كەيپى بۇزۇق** ← **كەيپى يامان**: — ھەي، قانداق بولاركىن، — دېدى ئۇ سەل ئەندىشە قىلغاندەك، — ئۇنىڭ سەل كەيپى بۇزۇقتەك قىلىدۇ، قېنى بىر سىناپ باقايلى.

**كەيپى تازا** ← **كەيپى چاغ**: ھازىر ئاكاڭنىڭ كەيپى تازا، قارا، قانداق جىمجىت كېچە ... ئېھ، خەيرلىك كېچە ... قۇرغۇي بارمۇ؟ ...

**كەيپى تۇتماق** ① روھى كۆتۈرەڭگۈ بولماق، ئېچىلىپ كەتمەك؛ ئىشتىياقى، زوقى قوزغالماق: كەيپى تۇتقان سازەندىلەر گويا بىر-بىرى بىلەن بەسلەشكەندەك ئەڭ شوق، ئەڭ قىزغىن پەدىلەرگە چالماقتا ئىدى. ② خۇيى تۇتماق، مىجەزى ۋاقىتلىق قوداڭشىپ قالماق: مەن ئۇنىڭ كەيپى تۇتۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، گەپ-سۆز قىلماستىن ئاستاغىنا ئارقامغا يېنىپ چىقىپ كەتتىم.

**كەيپى تۆۋەن** روھىي ھالىتى ياخشى ئەمەس، تازا خۇشال ئەمەس، غەمكىن: — بولۇپتۇ، — دېدى ھېلىقى كىشى خېلىدىن كېيىن تۆكۈرۈكىنى يۇتۇپ، — بۈگۈن كەيپىڭىز تۆۋەن كۆرۈنىدۇ، دەم ئېلىڭ، لېكىن ياخشى ئويلىنىڭ.

**كەيپى جايىدا** روھىي ھالىتى، مىجەز-خاراكتېرى ياخشى؛ كەيپى ساز، كۆڭلى ئۇچۇق، خۇشال-خۇرام: — دوستۇم، بۈگۈن كەيپىڭ جايىدىمۇ؟ — دېدى ئۇ مېنىڭ كەيپىياتىمغا قاراپ.

**كەيپى چاغ** روھى كۆتۈرەڭگۈ، ناھايىتى خۇشال، شاد-خۇرام: ئادەمنىڭ كەيپى چاغ ۋاقتىدا ئاچچىق نەرسىمۇ تاتلىق تېتىيدىكەن.

**كەيپى خۇش** ← **كەيپى چاغ**: ۋاڭ كەيپى خۇش ھالدا ئەتراپقا نەزەر سېلىپ ئاتلىق ماڭدى ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا قوغۇنلۇققا يېتىپ كەلدى.

**كەيپى ساز** ← **كەيپى چاغ**: ئىككىمىز شىپاڭدىكى گىلەم ئۈستىدە باداشقان قۇرۇپ ئولتۇردۇق. كەيپىم ناھايىتى ساز ئىدى.

**كەيپى كۆتۈرۈلمەك** زوق-شوقى ئاشماق، خۇشاللانماق، ھەۋەسى كۆچەيمەك، روھى كۆتۈرۈلمەك: كۈچلۈك مەي تەسىرىدىن كەيپىم بۆلەكچىلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى-دە، ئېتىز-داللارنى ئايلانساق دەپ تەلەپ قىلدىم. * مانا ھازىر يارا ئىزىنىڭ پۈتۈشكە ئەگىشىپ چىرايىمغا قان يۈگۈرۈپ، كەيپىممۇ كۆتۈرۈلۈپ قالدى.

**كەيپىنى بۇزماق** خۇشاللىقىنى يوقاتماق، خاپا قىلماق: يېقىندىن بېرى مەھەللىدە سېلىنىسخان ئاچىنىڭ كەيپىنى بۇزىدىغان غەلىتە ئىشلار يۈز بېرىپ، ئۇنىڭ غەملىرىنى ئاۋۇتۇپ قويىدى.

**كەيپى ئۇچماق** خۇشاللىقى تۈگىمەك؛ كۆڭلى بۇزۇلماق، ئاچچىقلانماق، رەنجىمەك: ئەپەندىم كەيپى ئۇچقان ھالدا، كۆل سۈيىگە نان چىلاپ ئولتۇرغىنىدا بىر ئوۋچى

كېلىپ قېلىپتۇ.

**كەيپى ئۆرلىمەك** ① مىجەزى بۇزۇلۇپ، ئاچچىقى كەلمەك؛ نېرۋىسى چىچىلماق: — ئۇهوي، مېنىڭ نېمە كارىم، — دېدى خەلچىخان كەيپى سەل ئۆرلەپ. ② كەيپى، مەستلىكى ئۆرلىمەك: ئۇنىڭ كەيپى خېلىلا ئۆرلەپ قالغان بولۇپ، ھەربىر سۆزىنى ئالاھىدە تەلەپپۇز بىلەن تېرىپ-تېرىپ سۆزلەيتتى.

**كەيپى يامان** مىجەزى، روھىي ھالىتى، كەيپىياتى ياخشى ئەمەس، ناچار: — سەل ھوشيارراق يۈرگىن، — دېدى سېلىم ئاكا ئوغلىغا نەسىھەت قىلىپ، — ھېلىقى بالىنىڭ كەيپى ياماندەك تۇرىدۇ.

**كەيپى يوق** ئىشتىياقى، ھەۋىسى يوق، كەيپىياتى ياخشى ئەمەس؛ تازا مىجەزى يوق: — مېنىڭ ھازىر ئانچە كەيپىم يوق، — دېدى ئالىم خۇش ياقمىغان ھالدا، — سىلەر بېرىپ كېلىڭلار.

**كەيپى يېشىلمەك** تەسىرى تۈگىمەك (مەست قىلغۇچى ئىچىملىك، چېكىملىكلەر ھەققىدە)، مەستلىكتىن يېشىلمەك، ئوڭشالماق: ئاخشامقى ھاراقنىڭ كەيپى ئەمدىرەك يېشىلگەندى.

**كەيپچىلىك** . ئى. كەيپ بولغان ھالەت، مەستلىك: — كەيپچىلىكتە دەپ سېلىپتىمەن ئاداش، — دېدى ئۇ مەندىن ئەپۇ سورىغاندەك پەس ئاۋازدا.

**كەيپ-ساپا** شاراپخورلۇق، يېيىش-ئىچىش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن كۆڭۈل ئېچىش، ھۇزۇر-ھالاۋەت: «يېتىپ يېيىشكە تاغمۇ چىدىمايدۇ» دېگەندەك، ئۇنىڭ بۇنداق كەيپ-ساپا سۈرىدىغان كۈنلىرىمۇ ئۇزۇنغا بارمىدى. * سەن ئالداپ گەپ بىلەن، پۇل-كىيىم بىلەن، بۇزمىساڭ، بۇزۇلماس قىزلار ھېچقاچان. كەيپ-ساپا، ئىشرەتتىن تۇرمۇش يالجىماس، مېھنەتتىن، ۋاپادىن كۆكلەيدۇ ئىنسان.

**كەيپ-ساپا سۈرمەك** → **كەيپ-ساپا قىلماق**: يۈسۈپ بەگ، ئەھمەت بەگلەر شىكار قىلىپ ئەسقەر تېغىغا يېقىن بىر مەنزىرىلىك جايغا چېدىر-بارگاھلارنى تىكىپ، كەيپ-ساپا سۈرۈپ، قاتتىق ئويۇنغا كەتكەندى.

**كەيپ-ساپا قىلماق** كەيپ-ساپا بىلەن مەشغۇل بولماق: ئۇ 20—30 لۈكچەكنى كەينىگە سېلىۋېلىپ، ھاراق، ئەپيۇن، نەشە، زىنا بىلەن كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كەيپ-ساپا قىلاتتى.

**كەيپسىز** سۈپ. مىجەز-كەيپىياتى سۇس، روھىي ھالىتى تۆۋەن، غەمكىن، خاپا: سۈپىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدە ئولتۇرغان مەخسۇم دېگەن بىر يىگىت كەيپسىز ھالدا جىمجىت ئولتۇراتتى. // — تۈنۈگۈن سىلنى ناھايىتى كەيپسىز كۆردۈم، بىرەر ھادىسە بولمىغاندۇ؟ — دېدى ئەخمەت ھاجى مەخسۇمنىڭ ئالدىدا تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇپ.

**كەيپسىزلەندۈرمەك** «كەيپسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: تەھلىل نەتىجىسى سىنى تازا كەيپسىزلەندۈرۈشى مۇمكىن.

**كەيپسىزلەنمەك** پ. كەيپسىز ھالەتكە كەلمەك، كەيپى بۇزۇلماق: ئەختەم كەيپسىزلەنگەن ھالدا ئايالىنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدى.

**كەيپسىزلىك** ئى. مىجەز-كەيپىياتى سۇس، كەيپى يوق ياكى كەيپى تۆۋەن ھالەت: مۇدىر ئەپەندى چۈشلۈك تاماقنى بىز بىلەن بىللە يېدى. بۈگۈنكى كەيپسىزلىكىنى ئۇمۇ بايقىغاندى.

**كەيپلىك** ① ئى. مەست بولغان ھالەت، مەستلىك: كۈچلۈك ھاياجان خۇددى ئىچىملىك-تىن كېيىنكى كەيپلىككە ئوخشايدۇ. ئۇ چاغدا ئادەم ھەرقانداق قارامىلىقتىن يانمايدۇ. *

كەيپلىكتە بىز ناھايىتى يېقىن ئاغىنىلەردەك سىردىشىپ كەتتۇق، ھەتتا ئەتە بىر زىياپەتكە بىرگە بارىدىغان بولدۇق. ② سۈپ. كۆچمە. كەيپ، مەست قىلىدىغان: كەيپلىك ئىچىملىك. كەيپلىك چېكىملىك. * مەن ئەسلىدە كەيپلىك ئىشنى بىلمەيتتىم، كەيپ قىلغاننى زادى ئوبدان كۆرمەيتتىم. ③ سۈپ. كۆچمە. زوق، ھۇزۇر بېغىشلايدىغان، كەيپنى كۆتۈرىدىغان: ئىككىسى بىرگە تاماق يېيىشىپتۇ، مەي ئىچىشىپتۇ. بىر-بىرلىرىگە مۇھەببىتى ئېشىپ كەيپلىك قارىشىشلار باشلىنىپتۇ.

**كەيپىيات** ئى [ئە] ① روھىي ھالەت؛ كەيپ: كەيپىياتى ياخشى. كەيپىياتى بۇزۇلماق. كەيپىياتى ناچارلاشماق. * ئۇلار قىزغىن كەيپىياتتا تاماق يېيىشىپتۇ. * ئەمما ئۇ نىجاتنىڭ كەيپىياتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى، چىرايىدا بىر خىل ھەسرەتلىك ھېسسىياتنىڭ ئەكس ئېتتۇاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى. ② ئومۇمىي ۋەزىيەت، ئەھۋال، ھالەت: شۇ كۈنى دەرسنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى ناچار بولدى. * گۈزەل ياز ئايلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى، كۈنلۈن تاغ ئېتىكىگە ئورۇنلاشقان مەلۇم قىسمغا قاراشلىق بىر لىيەننىڭ ئېتىش مەيدانى قىزغىن كەيپىيات بىلەن قاپلانغانىدى.

**كەيپىيات خاتىرىسى** <پسخول> بېشىدىن ئۆتكۈزگەن ھېسسىي تۇيغۇنى مەزمۇن قىلغان خاتىرە.

**كەيپىيات ئىپادىلەش** <تىيا> رولغا چۈكمەي ياكى ھېسسىياتنى ئىپادىلىمەي، كەيپىياتنى يۈزەكى دوراش.

**كەيگۈەن** ئى [خەن] ← **ۋېكلىيۇچاتېل.**

**كەيلۈك** ئى. دىئال. كالا بىلەن قوتازنىڭ چېتىلىشىدىن تۇغۇلغان بىرىنچى ئەۋلاد ئارغۇن.

**كەيمەك** (توغرىسى: كىيمەك) ← **كىيمەك.**

**كەين (كەينى)** ئى ① نەرسىلەرنىڭ يۈزىگە، ئالدى تەرىپىگە قارىمۇقارشى قىسمى؛ ئارقا تەرىپى، ئارقىسى: نۇرئەلاخان ئىككى چېكىسىدىكى ئۇششاق تەر تامچىلىرىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتىۋېتىپ، يەنە ئىشنى داۋاملاشتۇردى. * — ماڭا يول باشلا، — دېدى ئۇ، — قىزىل تاغنىڭ كەينىنى كۆرىمەن. ② گەۋدىنىڭ كۆكرەك ۋە قورساققا نىسبەتەن ئارقا تەرىپى؛ گەۋدىنىڭ غول، بەل، كاسا قاتارلىق ئەزالار جايلاشقان تەرىپى: — كەينىڭنى قىلغىنە، — دېدى ئۇ ماڭا چاپىنىنى كىيدۈرۈپ بولۇپ، — يارىشىپتۇ. ③ ھايۋانلارنىڭ بېلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ساغرا ياكى قۇيرۇقىغىچە بولغان قىسمى، شۇ تەرىپى: ئېشەكنىڭ كەينى پۇتى. ④ كەيندە قالغان، بېسىپ ئۆتكەن يول؛ ئادەم ياكى نەرسە كەلگەن تەرەپ، ھەرىكەت يۆنەلگەن تەرەپنىڭ ئەكسى: ئاۋابەكرى جاۋاب بەردى: — تاش ئۆستەڭ تەرەپكە كەتتى، ئۇلارنىڭ كەيندە نىياز ئاكام بار. * ئاق كۆڭلەكتە چىقتى يارىم، ئاق بۇلۇتتەك ئاقىرىپ. كەيندىن مەنمۇ چىقتىم، زەپىراندەك سارغىيىپ. ⑤ كۆچمە. ئۆزى يوق يەر، ئۆزى يوق پەيت: كەيندىن كۈلمەك. * باشقىلارنىڭ كەيندىن گەپ قىلغان ئادەم ئەڭ ئەخمەق ئادەمدۇر. ⑥ كۆچمە. چوڭ تەرەت يولىنىڭ سىلىق ئاتىلىشى: ئاغزىدىن كىرىپ، كەيندىن چىقماق. * ئۆچكىنىڭ كەينى ئوچۇق تۇرۇپ، قوينى مازاق قىلىپتۇ (ماقال).

**كەيندە غوڭشىماق** ← **ئارقىدا غوڭشىماق:** ئۇ دائىم سەمەتنىڭ كەيندە غوڭشىپ، سەمەتنى باشقىلارغا يامانلاپ بېرىدىكەن.

**كەيندە قالماق** ← **ئارقىدا قالماق:** ئۇ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدە ھەممە بالىنىڭ

كەيندە قېلىپتۇ. * ئۇنىڭ بۇرۇنقى كۆڭلىرى ھەر ھالدا يامان ئەمەس ئىدى، بىراق ئەمدى كېلىپ زامانىنىڭ كەيندە قېلىۋاتاتتى.

**كەيندە گەپ قىلماق** ← **ئارقىسىدا گەپ قىلماق:** ئۇ دائىم خەقنىڭ كەيندە گەپ قىلىپ يۈرگەچكە، ھېچكىممۇ ئۇنى «ياخشى» دەپ تىلغا ئالمايتتى.

**كەيندىن كۆلمەك** ← **ئارقىسىدىن كۆلمەك:** — ئۇنداق قىلساڭ كىشىلەر كەينىڭ-دىن كۆلىدۇ، — دېدى بوۋام سەمەتنى ئەيىبلەپ.

**كەينىگە تارتماق** ← **ئارقىغا تارتماق:** ئۇلارنىڭ ھەممىسى «كەينىگە تارتماي توي قىل» دېيىشتى، شۇنىڭ بىلەن توي قىلىۋەتتىم.

**كەينىگە تېپىش كۈچى** <فىز> ← **رېئاكتىۋ كۈچ.**

**كەينىگە چۆشمەك** ئارقىسىغا كىرمەك، ئىزىغا چۈشمەك، ئەگەشمەك: — ئۇ بەك سەزگۈر كاساپەت ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ باشلىقنىڭ ئالدىدا باش ئۇرۇپ، — بىزنىڭ كەينىگە چۈشكىنىمىزنى تۇيۇپ قالدىمىكىن، غىپپىدە قىلىپ توپلاشقان ئادەملەر ئارىسىغا كىرىپ غايىب بولدى.

**كەينىگە سالماق** ← **ئارقىسىغا سالماق:** ئۇ ئوغلىنى كىچىكىدىن تارتىپلا كەينىگە سېلىپ يۈرۈپ، ئۇنىڭغا تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىش يوللىرىنى ئۆگەتكەنىدى.

**كەينىگە سۆرىمەك** ← **ئارقىغا تارتماق:** — مۇشۇنچىلىك بىر ئىشنى كەينىگە سۆرەپ يۈرگۈچە، غاچ-غۇچلا تۈگىتىۋېتىپ، ئارام ئالساڭ بولمامدۇ، — دېدى ئۇ ئىنىسىنى ئەيىبلەپ.

**كەينىگە سىيمەك** بەرگەن ۋەدىسىدىن، قىلغان سۆزىدىن يېنىۋالماق: — ئەمدى كەينىگە سىيمەي، دېگىنى بويىچە ئىش قىلسۇن، — دېدى ئۇ بىرئاز نارازى ھالدا.

**كەينىگە قارىماق** ← **ئارقىغا قارىماق.**

**كەينىگە كەتمەك** ← **ئارقىغا چېكىن-مەك:** بىز بەزى ئىشچىكە مەسىلىلەرگە سەل قارىغاچقا، كۆپ كەينىگە كەتتۇق.

**كەينىگە كىرمەك** ① ئارقىسىغا كىرمەك، ئەگەشمەك: ئېھتىمال بۇ كىشىمۇ باشقىلارنىڭ كەينىگە كىرىپ، بەزى يامان ئىشلارنى قىلىپ قويغاندۇ. لېكىن بۈگۈن شۇنچە سەممىي سۆزلەپ ئولتۇرىدۇ-غۇ؟ ② غېمىدە بولماق، كويىدا بولماق، ئېپىنى قىلماق: .قائىدە بويىچە ئايىمخان تۆت-بەش يىل بۇرۇنلا بۇ ئىشنىڭ كەينىگە كىرىشى كېرەك ئىدى.

**كەينىنى قىلماق** ① بىراۋغا ئارقا تەرىپىنى توغرىلىماق، ئارقىسىنى قىلماق: ئۇنىڭ كۆزى ئېرىق بويىدا، سارغايغان ياپراقلار ئۈستىدە، يول تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغان بىر يوچۇن ئادەمگە چۈشتى. ② كۆچمە. تەتۈر قارىماق، يامان مۇئا-مىلىدە بولماق: ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى تام قوشنا يېقىن بولسىمۇ، داۋۇت بىلەن پەرى ھەرقاچان ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ يۈرەتتى. ③ كۆچمە. ئۆلۈك كەلمەي قالماق، تەتۈر كەلمەك: بۇ قېتىم ئامەت بىزگە كەينىنى قىلغان ئوخشايدۇ، پايدىدىن جىق ئۈمىد يوق ئىدى.

**كەينچە** رەۋ. ھەرىكەت يۆنىلىشىگە كەينىنى توغرىلاپ، ئارقىسىچە: خىجىل بولغان سۇنۇر ئاستا-ئاستا كەينچە مېڭىپ چىقىپ كەتتى.

**كەينچىلەپ** رەۋ. كەينچە، كەينىنى توغرىلاپ، كەينىنى قىلىپ: كەينچىلەپ سۇ ئۈزمەك. كەينچىلەپ ماڭماق.

**كەينى-كەيندىن** ← **ئارقا-ئارقىدىن:** ئىچىمدىن خۇددى بىرنەرسە كەينى-كەيند-دىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقاندەك، «ئۇھ» دەيتتىم. * سولايماندىن كېيىن بۇ يەرگە يەنە كەينى-كەيندىن ئادەملەر كىرىشتى، ئۇلارمۇ قۇرۇق چىقىشمىدى.

**كەينى-كەينىلەپ** ← **ئارقا-ئارقىدىن:** ھېلىقى نۇر ئاسمانغا چىققاندىن كېيىن قايتىپ چۈشمەستىن، كەينى-كەينىلەپ رەڭگىنى ئۆزگەرتىپ قاراڭغۇلۇقتا ئايلىنىشقا باشلىدى.

**كراخمال** ئى [ر<نېم] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_6H_{10}O_5)_n$. يېشىل ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىلىرىدە كاربون (IV) ئوكسىدى بىلەن سۇ فوتوسىنتېز رولى ئارقىلىق كراخمالنى ھاسىل قىلىدۇ. ئۇ رەڭسىز، شەكىلسىز ماددا بولۇپ، دانلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ دېنىدا كۆپرەك ساقلىنىدۇ، شۇنىڭدەك قىزىلچا ۋە ياڭيۇدا بولىدۇ، مۇھىم قەنتلىك ئوزۇقلۇق ھېسابلىنىدۇ. سانائەتتە ھاراق، شېكەر قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە خام ماتېرىيال قىلىنىدۇ.

**كراخمال ئېنزىمى** <بىئول> ھايۋانات ھەم ئۆسۈملۈكلەر تېنىدىكى كراخمال ۋە گلۇكوگېننى گىدرولىزلاش ئارقىلىق دېكسترىن ھەم مالتوزىغا ئايلاندۇرىدىغان ئېنزىم.

**كراخماللاتماق** «كراخماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كراخماللانماق** «كراخماللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كراخماللىماق** پ. رەخت، كىيىم-كېچەك قاتارلىقلارنى كراخمال سۇيۇقلۇقىغا چىلاپ ياكى ئۇلارغا كراخمال سۇيۇقلۇقىنى پۈركۈپ قاتۇرماق، پەردازلىماق؛ پاتلىماق: كىيىمنىڭ ياقىسىنى كراخماللىماق. رەختنى كراخماللىماق.

**كران** ئى [ر<نېم] ئېغىر يۈك ۋە نەرسىلەرنى كۆتۈرۈش ھەم يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ماشىنا. خىللىرى كۆپ بولۇپ سېخ، ئىسكىلات، پورت، بېكەت، كان، بىناكارلىق ئىش مەيدانلىرى قاتارلىق جايلاردا كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**كران لىمى** <بىن> سېخلاردا كراننى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن، تۈۋرۈكنىڭ مەلۇم ئېگىزلىكىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدىغان لىم. بۇنداق لىملار پولات چۈۋىقلىق بېتون ياكى پولاتتىن ياسىلىپ، ئۈستىگە رېلىس ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**كرانلىق** ① سۈپ. كرانى بار، كرانغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان: كرانلىق ماشىنا. كرانلىق ئاپتوموبىل. ② رەۋ. كران بىلەن، كران ئارقىلىق: كرانلىق قۇراشتۇرۇش.

**كرانلىق قۇراشتۇرۇش** <بىن> قۇرۇلۇشلارنىڭ تەييار بۆلەكلىرىنى بەلگىلەنگەن ئورنىغا كران ئارقىلىق يۆتكەپ قۇراشتۇرۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كرېپوستنوي** ئى [ر] كونا ← **يانچى.**

**كرېتىن** ئى [ر<فران] <تىب> قالقانسىمان بەزنىڭ كەملىكىدىن، ئورۇن يۆتكىشىدىن ياكى قالقانسىمان بەزنىڭ گورمون بىرىكتۈرۈشىنىڭ كەم بولۇشىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**كرېتىن كېسىلى** <تىب> ← **كرېتىن.**

**كرېدىت** ئى [ر<لات] <مات> ① ھېسابات دەپتىرىنىڭ ئوڭ تەرىپى. ئۇنىڭغا كېمەيگەن مەبلەغ، ئاشقان قەرز ۋە ئاشقان ساپ قىممەت قاتارلىقلار خاتىرىلىنىدۇ. ② قەرزگە مال بېرىش، شۇنىڭدەك قەرزگە بېرىلگەن مال؛ قەرز. ③ مەلۇم خىراجەتلەر ئۈچۈن چىقىرىلغان پۇل، مەبلەغ.

**كرېست** ئى [ر] ① بىر-بىرىنى كېسىپ ئۆتكەن ئىككى سىزىق ياكى شۇ خىل شەكىلدىكى نەرسە: كرېست شەكىللىك گۈل تاجى. كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسى. ② <دىن> خرىستىئان دىنىنىڭ تېۋىنىش سىمۋولى بولغان شۇ خىل بەلگە.

**كرىست ئارمىيسى** <دىن> ← **ئەھلىسەلىپ.**

**كرىست تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $FeAl_4[SiO_4]_2O_2(OH)_2$. كۆپىنچە تەركىبىدە مانگان بولىدۇ. كۆرۈنۈشتە يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا تەۋەدەك قىلىسمۇ، ئەمەلىيەتتە يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستالى تۈۋرۈكسىمان بولىدۇ. كۆپ ھاللاردا «+» شەكلىدە ياكى «X» شەكلىدە ئۆتۈشكەن قوش كرىستاللىق بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. رەڭگى قوڭۇردىن قوڭۇر قارىغىچە بولىدۇ، قاتتىقلىقى 7 — 7.5؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.65 — 3.77.

**كرىست شەكىللىك گۈل تاجى** <بوت> كرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل تاجى. بۇ خىل ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل كاسا ياپراقچىلىرىنىڭ سانى تۆت، گۈل تاجى ياپراقچىلىرىنىڭ سانىمۇ تۆت بولۇپ، پۈتۈن گۈل تاجىنىڭ ئۈستىدىن قارىغان چاغدىكى كۆرۈنۈشى كرىستكە ئوخشايدۇ.

**كرىست گۈللۈكلەر ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇ ئائىلىگە تەۋە ئۆسۈملۈكلەر بىر ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق بولۇپ، مۆتىدىل بەلباغ ۋە سوغۇق بەلباغدا كۆپ بولىدۇ. يوپۇرماقلىرى كۆپىنچە نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، گۈلى قوش جىنسلىق، ئومۇم گۈل رېتىگە كىرىدۇ. گۈل تاجى ياپراقچىلىرىنىڭ سانى تۆت، كرىستكە ئوخشايدۇ، مېۋىسى مۈڭگۈزلۈك مېۋە. ئۇرۇقىدا تۆرەلمىسى بولمايدۇ. تۆرۈپ، بەسەي، قىچا قاتارلىقلار مۇشۇ ئائىلىگە كىرىدۇ.

**كرىسلو** ئى [ر] يۆلەنچۈكى بىلەن تايانغۇچىسى قوشۇلۇپ يېرىم چەمبەر شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ئورۇندۇق.

**كرىمنىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **سىلىتسىي.**

**كرىمنىي چېچىكى** <گېئول> خىمىيىلىك چۆكۈندى جىنىسلارنىڭ بىرى. يەر يۈزىگە ئېقىپ چىققان كرىمنىيلىق ئىسسىق بۇلاقلار بولۇپمۇ ئېتىلما بۇلاقلارنىڭ سۇلىرى پارلىنىپ قۇرۇغاندىن كېيىن چۆكۈپ شەكىللەنگەن. تاشقى كۆرۈنۈشى جەھەتتە چوقچا تاش ياكى نۆكچە تاشلارغا ئوخشايدۇ. ئاساسىي مىنېرال تەركىبى كۋارتس ۋە چەش قاتارلىقلاردىن تەشكىللەنگەن.

**كرىيسېر** ئى[ر<گول>] <ھەرب> ← **ئوكيان چارلاش پاراخوتى.**

**كرىپتومېرىيە** ئى [ر<گرېك] <بوت> ← **كرىپتومېرىيە دەرىخى.**

**كرىپتومېرىيە دەرىخى** <بوت> شىنا يوپۇرماقلىق شەمشاد ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 50 مېترغا يېتىدۇ. قوۋزىقى توق قوڭۇر، يوپۇرمىقى لېنتىسىمان كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ، شار شەكىللىك مېۋە تۇتىدۇ. شاخ يوپۇرمىقىدىن پۇراقلىق ماي ئاجرىتىپ ئالغىلى، قوۋزىقىدىن كاشتان يېلىمى ئىشلىگىلى، ياغىچىنى بىناكارلىق قۇرۇلۇشىغا ئىشلەتكىلى ياكى ئۇنىڭدىن ئەسۋاب، جابدۇق ياسىغىلى بولىدۇ.

**كرىپتون** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى Kr (Kryptonum). ھاۋادىكى مىقدارى ئىنتايىن ئاز، X نۇرىنى سۈمۈرىدۇ. X نۇرىنىڭ ئېكران ماتېرىيالى قىلىنىدۇ ھەم لامپۇچكىلارنى تولدۇرۇشتا

ئىشلىتىلىدۇ.

**كرىتىك** سۈپ [ر] <فىز> ① ئۆزگىرىش ھالىتىدە تۇرغان، ئۆزگىرىش ھالىتىدىكى؛ جىددىي پەيتتىكى. ② بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقداردىن يەنە بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقدارغا ئۆزگەرگەن: كرىتىك بۇلۇڭ. كرىتىك بېسىم. كرىتىك تېمپېراتۇرا. كرىتىك نۇقتا.

**كرىتىك بۇلۇڭ** <فىز> نۇرنىڭ يورۇقلۇق تېزلىكى كىچىك بولغان مۇھىتتىن يورۇقلۇق تېزلىكى چوڭ بولغان مۇھىتقا كىرگەندىكى سۇنۇش بۇلۇڭى 90° بولغان چاغدىكى كىرىش بۇلۇڭى. كرىتىك بۇلۇڭنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ماددىلارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن، سۇنىڭ كرىتىك بۇلۇڭى 48.5°، ئالماسنىڭ كرىتىك بۇلۇڭى 23.7°.

**كرىتىك بېسىم** <فىز> جىسىم كرىتىك ھالەتتە تۇرغاندىكى بېسىم. بۇ بېسىم سۇيۇقلۇق كرىتىك تېمپېراتۇرىدا تۇرغان چاغدىكى تويۇنغان ھور بېسىمىدۇر.

**كرىتىك تېمپېراتۇرا** <فىز> جىسىم كرىتىك ھالەتتە تۇرغاندىكى تېمپېراتۇرا. ھەر خىل ماددىلارنىڭ كرىتىك تېمپېراتۇرىسى ئوخشىمايدۇ. بۇ تېمپېراتۇرىدىن يۇقىرى بولغاندا، ئۇ پەقەتلا گاز ھالەتتە بولىدۇ. يالغۇز ھەجمىنى قىسىش ئۇسۇلى بىلەنلا ئۇنى سۇيۇقلۇققا ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ. شۇڭا، بۇ تېمپېراتۇرا ماددىنىڭ سۇيۇق ھالەتتە تۇرۇشىدىكى ئەڭ يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى بولىدۇ.

**كرىتىك قىممەت** <مات> فۇنكسىيىنىڭ كرىتىك نۇقتىسى ئۈستىدىكى ئەركىن ئۆزگەرگۈچى مىقدار قىممىتى.

**كرىتىك كۆچىنىش** <بىن> كرىتىك يۈك پەيدا قىلغان كۆچىنىش.

**كرىتىك نۇقتا** <فىز> جىسىمنىڭ بىر خىل ھالەتتىن يەنە بىر خىل ھالەتكە ئۆزگىرىشىدىكى شارائىت. مەلۇم بىر خىل گاز مەلۇم بىر تېمپېراتۇرىدىكى چاغدا، مەلۇم بېسىم بېرىلگەندىن كېيىن تەكشى ھەم ئۈزلۈكسىز ھالدا سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ، مانا مۇشۇ خىل تېمپېراتۇرا (كرىتىك تېمپېراتۇرا) ۋە بېسىم (كرىتىك بېسىم) ئاشۇ گاز جىسىمنىڭ كرىتىك نۇقتىسى بولىدۇ. مەسىلەن، ئوكسىگېننىڭ كرىتىك نۇقتىسى 118.8°C – ۋە 49.7 ئاتموسفېرا بېسىمى بولىدۇ.

**كرىتىك ھالەت** <فىز> جىسىمنىڭ بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقداردىن يەنە بىر خىل ھالەت ياكى فىزىكىلىق مىقدارغا ئۆزگىرىش ھالىتى.

**كرىتىك ھەجىم** <فىز> جىسىم كرىتىك ھالەتتە تۇرغاندىكى ھەجىم. ئادەتتە بىرلىك ماسسا ئىگىلىگەن ھەجىم بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئۇ مۇئەييەن ماسسىلىق سۇيۇقلۇق ئىگە بولىدىغان ئەڭ چوڭ ھەجىمدۇر.

**كرىتىك يۈك** <بىن> دېتاللارنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتىنى يوقىتىش باسقۇچىغا ئۆتۈش ۋاقتىدىكى يۈك.

**كرىزىس** ئى [ر<گرېك] ① بىردىن، تۇساتتىن يۈز بەرگەن ئۆزگىرىش، قىيىن ۋە مۈشكۈل ئەھۋال؛ قىيىنچىلىق: سىياسىي كرىزىس. ھۆكۈمەت كرىزىسى. ② <س ئىق> ئىشلەپچىقىرىشنىڭ ئوشۇقچىلىقى نەتىجىسىدە ئۇششاق ئىشلەپچىقارغۇچىلارنىڭ سۇنۇشىغا، ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قىسقىرىشىغا، ئىشسىزلىقنىڭ كۆپىيىشىگە ئېلىپ بارىدىغان ئېغىر مۈشكۈل ئەھۋال، بوھران: سانائەت كرىزىسى. ئىقتىسادىي كرىزىس.

**كرىستال** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئاتوم، ئىئون ياكى مولېكۇلىلارنىڭ مۇئەييەن بوشلۇقتا تەرتىپلىك تىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان قاتتىق ماددا. ئۇ تەرتىپلىك سىرتقى شەكىلگە ئىگە. مەسىلەن، ئاش تۇزى، كۋارتس، چىرىمتال ۋە زەمچە قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كرىستال بەلبېغى** <گېئول> كرىستالدىكى كرىستال يۈزلىرى ئارىلىقىنىڭ كېسىشكەن قىرىنىڭ ئۆزئارا پاراللېل بولغان بىر گۇرۇپپا كرىستال يۈزىدە بىرىكىشى. بۇ بىر كرىستال بەلبېغى دەپ ئاتىلىدۇ. مۇشۇ كرىستال قىرىغا پاراللېل بولغان ھەممە كرىستال مەركىزىدىن ئۆتىدىغان تۈز سىزىق «كرىستال بەلبېغى ئوقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ يۆنىلىشى شۇنىڭغا مۇناسىپ كېلىدىغان كرىستال قىرى بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇ بەلگە شۇ كرىستال بەلبېغىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. بىر-بىرى بىلەن پاراللېل بولمىغان خالىغان ئىككى كرىستال يۈزىنى بىر كرىستال بەلبېغى بەلگىلىشى مۇمكىن.

**كرىستال پەنجىرىسى** <فىز> ← **بوشلۇق پەنجىرىسى.**

**كرىستال سۇ** <خىم> كرىستال تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا بولىدىغان سۇ. مەسىلەن، كۆكتاش ($CuSO_4 \cdot 5H_2O$) تەركىبىدە بىر مولېكۇلا مىس سۇلفات بىلەن بەش مولېكۇلا كرىستال سۇ بولىدۇ.

**كرىستال سىستېمىسى** <گېئول> كرىستاللارنى سىممېترىيە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى ئىككىنچى دەرىجىلىك تۈر. ئومۇمەن يەتتە ئوخشىمىغان كرىستال سىستېمىسى بار. ئۇلارنىڭ ھەربىرى بىرنەچچىلىگەن سىممېترىيە تۈرىنى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ئوخشىمىغان ئۈچ كرىستال گۇرۇپپىسىغا بۆلۈنىدۇ. تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىدا: ئۈچ ياقلىق، يەككە ياقلىق ۋە يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىلىرى؛ ئوتتۇرا دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىدا: ئۈچ ياقلىق، تۆت ياقلىق، ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىلىرى؛ يۇقىرى دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسىدا: پەقەت بىرلا تەڭ ئوقلۇق كرىستال سىستېمىسى بولىدۇ.

**كرىستال فىزىكىسى** <گېئول> كرىستاللوگرافىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى كرىستاللوگرافىيە بىلەن قاتتىق جىسىم فىزىكىسىغا ئالاقىدار پەن. ئۇ ئاساسلىقى كرىستالنىڭ تۈرلۈك فىزىكىلىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ كرىستالدىن پايدىلىنىش ۋە مىنېراللارغا باھا بېرىشكە يېتەكچىلىك قىلىش جەھەتلەردە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**كرىستال كاتەكچىسى** <گېئول> ① كرىستال بوشلۇقىدىكى كاتەكچىنىڭ گېئومېترىيىلىك شەكلىنى كۆرسىتىدۇ. ② كرىستال قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىدۇ، يەنى كرىستالنى ھاسىل قىلغۇچى ئاتوم، ئىئون ياكى مولېكۇلىلار كرىستالنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى جايلىشىشى بوشلۇق كاتەكچىسى قانۇنىيىتىگە ئۇيغۇنلىشىپ، كاتەكچە ھالىتىدە ئىپادىلىنىدۇ.

**كرىستال گۇرۇپپىسى** <گېئول> كرىستاللارنى سىممېترىيە ئالاھىدىلىكىگە قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك تۈر. ئومۇمەن ئۈچ كرىستال گۇرۇپپىسى بار: 1) تۆۋەن دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسى. 2) ئوتتۇرا دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسى. 3) يۇقىرى دەرىجىلىك كرىستال گۇرۇپپىسى.

**كرىستال لامپا** <فىز> گېرمانىي، كرېمنىي قاتارلىق كرىستاللاردىن ياسالغان ئېلېكترون لامپا. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھەجمى كىچىك، تەۋرىنىشتىن قورقمايدۇ، توك سەرپىياتى تۆۋەن بولۇپ، رادىئو تېخنىكىسىدا توغرىلاش، دولقۇن تاسقاش، چوڭايتىش قاتارلىقلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كرىستال ماددىسى** <گېئول> ماددىنى تەشكىل قىلغۇچى ئاتوم بىلەن ئىئونلار ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقتا قانۇنىيەتلىك ھالدا دەۋرىيلىك تەكرار تىزىلىپ تۇرىدۇ، يەنى كاتەكچە تۈزۈلمىلىك قاتتىق ھالەتتىكى ماددىغا ئىگە بولىدۇ. بۇ «كرىستال ماددىسى» دەپ ئاتىلىدۇ. ھەربىر كرىستال ماددىسىنىڭ ئۆزىگە خاس بەلگىلەنگەن ئېرىش نۇقتىسى بولۇپ، كرىستال ماددىسىدىن تۈزۈلگەن جىسىم كرىستال بولىدۇ.

**كرىستال ھۈجەيرىسى** <گېئول> كرىستال قۇرۇلمىسى ئىچىدە پۈتكۈل كرىستال كاتەكچىسىنىڭ سىممېترىيىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان، ھەجمى ئەڭ كىچىك بولغان ئاساسىي تۈزۈلمە بىرلىكى. ھەجمى ئەڭ كىچىك بولمىغان چوڭ كرىستال ھۈجەيرىسىنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، بەزىدە «بىرلىك كرىستال ھۈجەيرىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. كرىستال ھۈجەيرىسىنىڭ شەكلى پاراللېل ئالتە ياقلىق بولىدۇ. ئۇنىڭ كونكرېت شەكلىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئۇنىڭ ئۈچ قىرىنىڭ ئۇزۇنلۇقى $a_0$، $b_0$، $c_0$ ۋە ئۈچ قىرى ئارىسىدىكى ئارا بۇلۇڭى α، β، γ لار بىلەن بەلگىلىنىدۇ. $a_0$، $b_0$، $c_0$ ۋە α، β، γ قوشۇلۇپ كرىستال ھۈجەيرە پارامېترى (كرىستال ھۈجەيرە تۇراقلىق سانى) ياكى «نۇقتىلىق كاتەكچە پارامېترى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**كرىستال ئوپتىكىسى** <گېئول> ئوپتىكىنىڭ بىر تارمىقى، شۇنداقلا كرىستال فىزىكىسىنىڭ بىر تارمىقى. كرىستاللاردىكى نۇرلارنىڭ تارىلىش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ. شۇڭا ئۇ مىنېراللارنى تەتقىق قىلىش ۋە بېكىتىشتە مۇھىم بىر ئۇسۇل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**كرىستال ئوقى** <گېئول> كرىستال يۈزى ۋە كرىستال قىرلىرىنىڭ كرىستال ئۈستىدىكى يۆنىلىشىنى بەلگىلەش مەقسىتىدە سۈنئىي تاللانغان ئۈچ تال (ياكى تۆت تال) كوردىنات ئوقى. بۇ ئوقلار كرىستالدا مۇۋاپىق ھالدا كرىستال قىرى يۆنىلىشى بىلەن پاراللېل بولۇشى ۋە كرىستال مەركىزىدە كېسىشىشى شەرت. تەڭ ئوقلۇق، تۆت ياقلىق، يانتۇ ياقلىق، يەككە ياقلىق، ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىلىرىدا ئۈچتىن كرىستال ئوقى تاللىنىدۇ. a ئوقنىڭ ئالدى ئوڭ، كەينى تەتۈر؛ b ئوقنىڭ ئالدى ئوڭ، سول تەرىپى تەتۈر؛ c ئوقنىڭ ئۈستى ئوڭ، ئاستى تەتۈر بولىدۇ. ئۈچ ياقلىق ۋە ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىلىرىدا تۆتتىن ئوق تاللىنىپ c ئوقنىڭ ئۈستى ئوڭ، ئاستى تەتۈر، قالغان d b a ئۈچ ئوق گورىزونتال تەكشىلىكتە ئوڭ ئۇچلىرى 120° بۇلۇڭ ياساپ كېسىشىدۇ.

**كرىستال ئۆسمىسى** <گېئول> جىنسلارنىڭ چاك ياكى ئۆڭكۈرلىرىدە ئۆسكەن، نۇرغۇنلىغان ئاددىي كرىستاللاردىن تەركىب تاپقان ئۆسمىسمان قۇراشما. ئۇلارنىڭ بىر ئۇچى ئورتاق ئۇلغا مۇقىملاشقان، ئىككىنچى بىر ئۇچى ئەركىن يېتىلىپ ياخشى كرىستال شەكلىگە ئىگە بولغان بولىدۇ. كرىستال ئۆسمىسى

ئوخشاش تۈردىكى بىرلا خىل مىنېرال كرىستاللىنىمۇ، ئوخشاش بولمىغان بىرقانچە خىل مىنېرال كرىستاللىنىمۇ تەركىب تاپىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرىدىن كۋارتس كرىستالى ئۆسمىسى، كالتسىت كرىستالى ئۆسمىسى قاتارلىقلار بار. سانائەتتە ئىشلىتىلىۋاتقان فىزو ئېلېكترلىك خروستال، ئىسلاندىيە تېشى (سۈزۈك كالتسىت) قاتارلىق مىنېرال خام ئەشيالىرى ئادەتتە كرىستال ئۆسمىسى ھالىتىدە قېزىۋېلىنىدۇ.

**كرىستال يۈزى** <گېئول> كرىستالنىڭ يېتىلىشى جەريانىدا ستىخىيىلىك شەكىللىنىدىغان، كرىستالنىڭ سىرتقى يۈزىنى قورشاپ تۇرىدىغان تەكشىلىك. كرىستال يۈزى ئاساسىي جەھەتتىن سىلىق، تەكشى بولىدۇ. ئەمما، ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزەتكەندە، ئۇنىڭدا بىلىنەر-بىلىنمەس مۇدۇر-چوقۇرنىڭ بارلىقىنى، رەتلىك شەكىلى بولغان ھەر خىل كرىستال يۈزىنىڭ سىزىق شەكلىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى دائىم كۆرگىلى بولىدۇ. كرىستال يۈزى ماھىيەتتە كرىستال كاتەكچىسىنىڭ ئەڭ سىرتقى قەۋەت يۈزىنىڭ تۈرى ھېسابلىنىدۇ.

**كرىستال يۈزى بەلگىسى** <گېئول> كرىستاللوگرافىيىدىكى پۈتۈن سانلار قانۇنىغا ئاساسلىنىپ، سانلار بىلەن ئىپادىلەنگەن كرىستال يۈزىنىڭ كرىستاللار ئۇستىدىكى يۆنىلىش بەلگىسى. ئۇ كرىستال يۈزىنىڭ ئۈچ كرىستال ئوقىدىكى كەسكەن ئارىلىق كوئېففېتسىيېنتىنىڭ ئەكسى سانلار نىسبىتى بىلەن يەنى ( h, k, l )لار بىلەن بەلگىلىنىدۇ. ئەگەر كرىستال يۈزى مەلۇم كرىستال ئوقى بىلەن پاراللېل بولغاندا، شۇ ئوق بىلەن كېسىشمەيدۇ ۋە ئۇ قىممەت «0» بولىدۇ. ئەگەر b ئوق بىلەن كېسىشىپ a ۋە c ئوققا پاراللېل بولسا، بۇ ۋاقىتتىكى كرىستال يۈزى بەلگىسى (010) ياكى ( oko ) بولىدۇ.

**كرىستالسىز** سۈپ ① كرىستالى يوق، كرىستالى بولمىغان. ② كرىستال ھالىتىدە بولمىغان، كرىستاللانمىغان، كرىستال ئەمەس: كرىستالسىز جىنس. كرىستالسىز ماددا.

**كرىستالسىز جىنس** <گېئول> كرىستاللانمىغان ماددىلاردىن تەشكىللەنگەن ماگمىلىق تاغ جىنسى، يەنى ماگما ئېتىلىپ چىقىپ تېز سوۋۇئەتتە مۇزلاپ شەكىللەنگەن ئەينەك ھالىتىدىكى جىنس. مەسىلەن، پېرلىت، دېۋىرقاي جىنس قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كرىستالسىز ماددا** <گېئول> ئىچكى قىسمىدىكى ئاتوم ياكى ئىئونلار قانۇنىي رەۋىشتە تىزىلمىغان قاتتىق ماددا. كرىستالسىز ماددىنىڭ تۇراقلىق ئېرىش نۇقتىسى بولمايدۇ، قىزدۇرغاندا تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ تەدرىجىي يۇمشاپ، ئاخىرى سۇيۇقلۇققا ئايلىنىدۇ. مەسىلەن، ئەينەك، سۇلياۋ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كرىستاللاشماق** پ ← **كرىستاللانماق.**

**كرىستاللانماق** پ. كرىستال شەكلىگە كىرمەك، كرىستالغا ئايلانماق: كرىستاللانغان ماددا.

**كرىستاللوگرافىيە** ئى [د] <گېئول> كرىستاللارنىڭ شەكىللىنىشى، ئۆزگىرىشى، تاشقى شەكلىنىڭ گېئومېترىيىلىك خۇسۇسىيىتى، خىمىيىلىك تەركىبى، ئىچكى قۇرۇلمىسى، فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ۋە ئۇلار ئارىسىدىكى مۇناسىۋەتلەرنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**كرىستاللىق** سۈپ ① كرىستاللى بار،
كرىستالغا ئىگە . ② كرىستال ھالىتىدە
بولغان، كرىستاللاشقان، كرىستال ھالى-
تىدىكى: كرىستاللىق جىنس.

**كرىستاللىق جىنس** <گېئول> تامامەن
كرىستاللانغان مىنېراللاردىن تەشكىللە ن-
گەن ماگمىلىق جىنسلار.

**كرىستاللىنىش** ① «كرىستاللانماق»
پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى.
② <گېئول> ماددىلارنىڭ كرىستال
ئەمەس ھالەتتىن كرىستال ھالەتكە
ئايلىنىش جەريانى، يەنى كرىستالنىڭ
شەكىللىنىش جەريانى. ئادەتتە ئۇ
گازلاردىن كرىستاللىنىش، ئېرىتمىلەرنىڭ
ئوشۇقچە تويۇنۇشىدىن كرىستاللىنىش،
ئوتلۇق ئېرىتمىلەرنىڭ مۇزلىشىدىن
كرىستاللىنىش، كرىستال ئەمەس قاتتىق
ماددىلاردىن كرىستاللىنىش قاتارلىق
ئاساسىي شەكىللەردە بولىدۇ.

**كرىستاللىنىش سۈيى** <خىم> ←
**كرىستال سۇ.**

**كرىئولىت** ئى. [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل
مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $Na_3AlF_6$ .
كاللەك ھالىتىدە بولۇپ، رەڭسىز ھەم
سۈزۈك كېلىدۇ. بەزىدە ئاقۇچ كۈل
رەڭ، ئاچ سېرىق ياكى ئاچ قىزىل
رەڭلەردە ئۇچرايدۇ. پارقىراق كېلىدۇ.
نۇر سۇندۇرۇشچانلىقى مۇزنىڭكىگە يېقىن
كېلىدۇ. كۆپىنچە مېتاللورگىيە سانائىتى
ۋە ئەينەك، فارفور بۇيۇملىرىنى ياساش
ئىشلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**كسانتوفىل** ئى [ر<گرېك] <بوت> ئۆسۈملۈك
تېنىدىكى پىگمېنت. خلوروفىل بىلەن
فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەشكە قاتنىشىدۇ.

**كسېنوتىم** ئى [د] <گېئول> بىر خىل
مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى $4PO_4$ .
تۆت ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ،
كرىستاللىرى چاسا تۈۋرۈك شەكلىدە
ياكى قوش پىرامىدا شەكلىدە كېلىدۇ.
قۇراشمىسى دانلىق ياكى كاللەك ھالى-
تىدە بولىدۇ. كۆپىنچە سېرىق، يېشىل،
قوڭۇر ۋە قىزىل رەڭلەردە ئۇچرايدۇ.
ئەينەك ۋە ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە .
قاتتىقلىقى 4 — 5؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى
4.45 — 5.9. رادىئوئاكتىپلىققا ئىگە .
ئادەتتە گرانىت جىنس ۋە گرانىتلىق
زور كرىستاللىق جىنسلاردا بولىدۇ.

**كسېنون** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت.
بەلگىسى Xe (Xenonum) . ئاتموسفېرادى-
كى مىقدارى ئىنتايىن ئاز. ئۇ بىر خىل
ئىنېرتلىق ئېلېمېنت بولسىمۇ، ھازىر ئۇنىڭ
كۆپ خىل بىرىكمىلىرى ئېلىندى. ئۇ
ناھايىتى يۇقىرى بولغان نۇر تارقىتىش
كۈچىگە ئىگە بولغاچقا، كۆپىنچە فوتو
ئېلېكتر لامپا، چاقماق لامپا ۋە يول باش-
لاش چىرىغى قاتارلىقلارنى تولدۇرۇش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كلاپان** ئى [ر<نېم] ① <ماشىن> تۇرلۇك
ماشىنا ياكى مېخانىزملارنىڭ ھاۋا،
سۇيۇقلۇق، پار ياكى گاز يولىنى
ئېچىپ-يېپىپ تۇرىدىغان قىسمى، قاپقى-
سى. ② <مۇز> پۈۋلەپ چېلىنىدىغان
مۇزىكا ئەسۋابلىرىنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىپ،
ئاۋاز تونىنى ئۆزگەرتىدىغان پەردىسى،
تىلى. ③ <ئانات> يۈرەكنىڭ قان يولىنى
ئېچىپ-يېپىپ، پەقەت بىر تەرەپكىلا
قان ئۆتكۈزۈپ تۇرىدىغان قىسمى: يۈرەك
كلاپانى.

**كلادونىيە** ئى [ر<لات <گرېك] <بوت> ←
**كلادونىيە ئۇتى.**

**كلادونىيە ئۇتى** <بوت> لىشايىنكلارنىڭ
بىر خىلى. سوغۇق جايلاردا ئۆسىدۇ.

ئاچ كۆل رەڭ ياكى ئاچ سېرىق بولىدۇ،
شاخلىرى كۆپ. ئۇنى لاكمۇس قەغەز
ۋە لاكمۇس ئېرىتمىسى تەييارلاشقا
ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**كلارك** ئى [ر<لات] <گېئول> خىمىيىلىك
ئېلېمېنتلارنىڭ يەر پوستىدىكى ئوتتۇرىچە
مىقدارى، يەنى يەر پوستىدىكى ئېلې-
مېنتلارنىڭ تارىلىشى.

**كلارك قىممىتى** <گېئول> ← **كلارك.**

**كلارنېت** ئى [ر<لات] <مۇز> بىر خىل
دۇخوۋوي چالغۇ. قاتتىق ياغاچ ياكى
سۇلياۋدىن ياسىلىدۇ. ئادەتتە ئېغىزى،
كىچىك نەيچىسى، كاناي گەۋدىسى ۋە
كانايدىن ئىبارەت تۆت قىسمغا بۆلۈنىدۇ.
ئېغىزىغا لىپىر ئورنىتىلىدۇ.

**كلاس** ئى [ر<لات] <بىئول> ئوخشاش تىپتىكى
جانلىقلارنىڭ ئۆزئارا ئوخشاشلىق خاراكتې-
رى ۋە قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتى بويىچە
ئايرىلغان مەلۇم تۈركۈمى. مەسىلەن،
مۇخ تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مۇخلار
كلاسى ۋە كاككۇكزىغىرى كلاسى دەپ
بۆلۈنگىنىگە؛ ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تىپىنىڭ
بېلىقلار، قۇشلار ۋە سۈت ئەمگۈچىلەر
كلاسى دەپ بۆلۈنگىنىگە ئوخشاش.

**كلاسسىزم** ئى [ر<لات] <ئەد> ياۋروپا
ئەدەبىيات-سەنئەت ئويغىنىشىدىن كېيىن
مەيدانغا چىققان بىر خىل بۇرژۇئا
ئەدەبىيات-سەنئەت پىكىر ئېقىمى.

**كلاسسىفىكاتسىيە** ئى [ر<لات] نەرسە
ۋە ھادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ۋە
خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈر، خىل،
تۈركۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئايرىش،
تۈركۈملەش: دۇنيا تىللىرىنىڭ كلاسسىفىكاتسىيە-
سى. ئۆسۈملۈكلەر كلاسسىفىكاتسىيىسى.

**كلاسسىفىكاتسىيە قىلماق** ←
**كلاسسىفىكاتسىيىلىمەك.**

**كلاسسىفىكاتسىيىلەش** «كلاسسىفىكاتسىيىلە-
مەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل
ئىسىمدىشى.

**كلاسسىفىكاتسىيىلىمەك** پ. نەرسە ۋە
ھادىسىلەرنى ئۇلارنىڭ ئۆزىگە ھەم
خۇسۇسىيەتلىرىگە قاراپ تۈر، خىل،
تۈركۈم ۋە شۇ قاتارلىقلارغا ئايرىماق،
بۆلمەك، تۈركۈملىمەك: ھايۋانلارنى
كلاسسىفىكاتسىيىلىمەك. تىللارنى كلاسسىفىكاتسىيىلە-
مەك. ئۆسۈملۈكلەرنى كلاسسىفىكاتسىيىلىمەك.

**كلاسسىك** I ئى [ر<لات] ① پەن،
سەنئەت ۋە ئەدەبىيات ساھەلىرىنىڭ
مەشھۇر بولغان ھەم شۇ ساھەدە
باشقىلارغا نەمۇنە ياراتقان، ئېتىراپ
قىلىنغان ئەربابى: ماركسىزم-لېنىنىزم
كلاسسىكلىرى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتى كلاسسىكلىرى.
② كلاسسىزم ۋەكىلى، تەرەپدارى. ③
سۈپ. كلاسسىكلار تەرىپىدىن يارىتىلغان،
خەلقنىڭ ئېتىبارىغا ئايلانغان، نەمۇنە
بولىدىغان: كلاسسىك ئەسەر. كلاسسىك
ئەدەبىيات. ④ سۈپ. كلاسسىزمغا ئائىت:
كلاسسىك تراگېدىيە.

**كلاسسىك ئەدەبىيات** <ئەد> ئۆتمۈش
ھەم ھازىرقى زاماننىڭ غايىۋى ھەم
بەدىئىي جەھەتلەردىن يۈكسەك،
نەمۇنە بولارلىق ئەدەبىياتى.

**كلاۋىئاتور** ئى [ر<نېم <لات]، <مۇز> كۇنۇپكا
تاختىسى.

**كلىنومېتىر** ئى [ر<گرېك] نەرسىنىڭ تىك
ياكى يانتۇلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ساي-
مان.

**كلىنكا** ئى [ر<گرېك] <تىب> ئەسلىدە
دوختۇرنىڭ ئۆزى قول تىقىپ كېسەلگە
دىئاگنوز قويۇشى ۋە ئۇنى داۋالىشى
كۆزدە تۇتۇلاتتى. ھازىر ئومۇمەن
داۋالاش ئورۇنلىرىنىڭ كەسپىي ئەمە-

لىيتى كۆزدە تۇتۇلىدىغان بولدى.

**كلىنكىلىق** سۈپ. كلىنىكىغا ئائىت، كلىنىكىغا ئالاقىدار بولغان: كلىنكىلىق پاتولوگىيە. كلىنكىلىق گېنېتىكا. كلىنكىلىق فارماكولوگىيە.

**كلىنكىلىق پاتولوگىيە** <تب> بىمار تېنىدىن ماتېرىيال ئېلىپ، ئۇنى تەجرى- بىخانىدا تەكشۈرۈشتىن ئارتىپ، كېسەلگە دىئاگنوز قويۇش ۋە ئۇنى تەتقىق قىلىشقىچە بولغان بىر قاتار جەريانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تارماق پەن.

**كلىنكىلىق فارماكولوگىيە** <تب> دورىنىڭ ئادەم تېنىگە بولغان تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەم باھالايدىغان بىر خىل تارماق پەن.

**كلىنكىلىق گېنېتىكا** <تب> بىمارنى بىۋاستە كۆزىتىش ئارقىلىق جانلىقلار ئىرسىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر خىل تارماق پەن.

**كلىيون** ئى [ر] <بوت> ← **زەرەڭ.**

**كوبالت** ئى [ر<نېم] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Co (cobaltum). كۈل رەڭ كرىستال. فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇ- سىيىتى تۆمۈرگە بەك ئوخشايدۇ. ئالاھىدە پولات ۋە زىيادە ئىسسىقلىققا چىداملىق قېتىشما ياساشتا قوللىنىلىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە ئەينەك ۋە چىنىلەرنىڭ كۆك بوياقلىرى ياسىلىدۇ. رادىئوئاكتىپلىق كوبالت رادىينىڭ ئورنىدا يامان سۈپەت- لىك ئۆسمىلەرنى داۋالاشتا قوللىنىلماقتا.

**كوبالت تاش** <گېئول> ← **كوبالت توپىسى.**

**كوبالت توپىسى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $M(Co,Ni)O \cdot MrO_2 \cdot rH_2O$. كۆپىنچە مونەك، توپىسىمان، كاللەك ھالىتىدە بولىدۇ. رەڭگى زەڭگەرگە مايىل قارا، سىزىق ئىزى قارا كېلىدۇ، ئاسان كىرلىشىدۇ. قاتتىقلىقى 1؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.1 — 3.7. ئۇ كوبالت ئارىلاشقان ئۇلترا نېگىزلىك تاغ جىنسلىرى يىمىرىلىپ شەكىللەنگەن يەر يۈزى مىنېرالى بولۇپ، كوبالت تاۋلاش خام ئەشياسى ۋە زەڭگەر بوياق ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**كوبالت چېچىكى** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $CO_3(A_3O_4)_2 \cdot 8H_2O$. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىدا بولۇپ، كرىستاللىرى ئۇششاق، يىڭنىسىمان، تارىشىسىمان كېلىدۇ. قۇراشمىسى توپىسىمان ياكى شاكالسىمان بولىدۇ. رەڭگى قىزىل، ئەينەك پارقىراقلىقىدا. قاتتىقلىقى 1.5–2.5؛ سېلىش- تۇرما ئېغىرلىقى 2.95. ئۇ كوبالتلىق مىنېراللارنىڭ ئىككىلەمچى مىنېرالى بولۇپ، بىرلەمچى كان ياتقۇلىرىنىڭ ئوكسىدلىنىش بەلبېغىدا ئۇچرايدۇ. ئادەتتە كوبالت تاۋلاشنىڭ خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ.

**كوپ** تەق. مەلۇم بىرنەرسە يەنە بىرنەرسىنىڭ ئىچىگە ياكى ئۈستىگە چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**كوپپىدە** رەۋ «كوپ» قىلىپ، «كوپ» قىلغان ھالدا: ئاينۇر ئاتقان ئالمىنى ئەركىن كوپپىدە تۇتۇۋالدى.

**كوپتا** ئى [ر] ئاياللارنىڭ بەلنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان قىسقا كۆڭلىكى: ئاق كوپتا. * ئۇ ئۇچىسىغا يۇڭ كوپتا كىيىۋالغانىدى:

**كوپۇش** ئى. يېڭىدىن ئايىغى چىققان باللارنىڭ بىر خىل ئاياغ كىيىمى.

**كوپېرنىك** ئى. مىلادىيە 1473 - يىلدىن 1543 - يىلغىچە ياشىغان پولشىنىڭ ئاسترو- نومىيە ئالىمى، يەنى قۇياش مەركەز

تەلىماتىنىڭ ياراتقۇچىسى.

**كوپېرنىك سىستېمىسى** <ئاستر> كوپېرنىكنىڭ: « يەر شارى ئۆز ئوقى بويىچە كۈندە بىر قېتىم، قۇياش ئەتراپىدا يىلدا بىر قېتىم ئايلىنىدۇ، باشقا سەييارىلەرمۇ ئۆز ئوربىتىسى بويىچە قۇياشنى مەركەز قىلىپ ھەرىكەت قىلىپ تۇرىدۇ» دەيدىغان قۇياش مەركەز تەلىماتى ئاساسىدىكى سەييارىلەر ھەرىكىتى سىستېمىسى.

**كوپېراتسىيە** ئى [ر<لات] ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىرەر خىزمەت ۋە مەلۇم ۋەزىپىلەرنى بىرلىكتە ئورۇنداش.

**كوپېراتسىيەلە شتۇرمەك** « كوپېراتسىيەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككى نىزامنامە پارتىيىنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى كوپېراتسىيەلەشتۈرۈش سىياسىتىنى توغرا گەۋدىلەندۈرۈپ بەردى.

**كوپېراتسىيەلە شتۈرۈلمەك** « كوپېراتسىيەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوپېراتسىيەلە شمەك** پ. كوپېراتسىيە شەكلىدە بىرلەشمەك، كوپېراتسىيە يولىغا ماڭماق: مەملىكەت مىقياسىدا كوپېراتسىيەلىشىش ھەرىكىتىنى ھەددىدىن ئارتۇق جىددىي يۈرگۈزۈۋەتكەچكە، دېھقانچىلىق زور دەرىجىدە چېكىنىپ كەتكەنىدى.

**كوپېراتىپ** ئى ① [ر<لات] تەمىنات-سودا كوپېراتىپى. ② تەمىنات-سودا كوپېراتىپىنىڭ ماگىزىنى.

**كوپېراتىپ ئىگىلىكى** <س ئىق> ئەمگەكچىلەر ئاممىسى تۇرمۇش شارائىتى ياكى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئىختىيارىي ئاساستا بىرلىشىپ قۇرغان ئىگىلىك تەشكىلاتى. ئۇنىڭ ئىشلەپچىقىرىش كوپېراتىپى، تەمىنات-سودا كوپېراتىپى، ئىستېمال كوپېراتىپى ۋە ئامانەت قەرز كوپېراتىپى دېگەنگە ئوخشاش ئاساسىي شەكىللىرى بار.

**كوپېروپكا** ئى [ر] كۆچۈرۈپ يېزىش، كۆپەيتىش، نۇسخىلاش: كوپېروپكا قەغىزى.

**كوپېروپكا قەغىزى** ← **قارا قەغەز.**

**كوت** تەق. ئېغىزنىڭ توختىماي سۆزلىشىگە قارىتىلىپ ئېيتىلىدۇ.

**كوتا** سۆپ [پ] قىسقا، كالتە: كۈندۈزى ماڭغان يىلاننىڭ ئۆمرى كوتا، كېچىسى يۈرگەن ئەرنىڭ ئۆمرى (كوتا) (ماقال). * سېنىڭ بىرنېمىلىرىڭنى شېئىر دەپ ئېيتىش نادانلىق، ئۇلارنىڭ ئۆمرى كوتا — بەك كوتا! ئۇلار، بەرىبىر، ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرەلمەيدۇ.

**كوتانگېنس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپنىڭ ئۇنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ كوتانگېنسى دېيىلىدۇ ۋە ctg بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: $ctgA=\frac{b}{a}$ ياكى $ctgB=\frac{a}{b}$.

**كوتكوت** سۈپ. توختىماستىن تولا سۆزلەيدىغان، ئورۇنسىز گەپنى تولا قىلىدىغان، غەيۋەتخور، پىتنىخور: ئۇنىڭ تۇغۇتى كوتكوت خوتۇنلارغا بولۇپ بەردى.

**كوتكوت گەپ** تۇتۇرۇقسىز، تولا گەپ:
هازىر خۇداغا شۈكۈر، ئۇنى ئالمەن،
بۇنى ئالمەن دەيدىغان ئادەم يوق،
ئايىغى ئۈزۈلمەس كوت-كوت گەپلەرمۇ
يوق.

**كوتكوتلىماق** پ ← **كوتۇلدىماق:** — ئىشكتە ئىككى خىزمەتكار تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ بىرى ئادەم قورققۇدەك سېرىق ساقال ئادەم ئىكەن، تالادا كوتكوتلاپ ئادەمنى تىللىغىلى تۇردى، — دېدى چۆرە قىز كىرىپ.

**كوتۇلداتماق** « كوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ

مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئۇنى تولا كوتۇلداتقۇچە تېزرەك يولغا سالە، — دېدىم مەن غەزەپ بىلەن.

**كوتۇلداشماق** «كوتۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولۇم-قوشنىلارمۇ رائىلەنى كۆرگىنىدە بىر-بىرىگە قارىشىپ كوتۇلدىشاتتى.

**كوتۇلدىماق** پ. تولا گەپ قىلماق، تولا سۆزلىمەك: ھېيتئاخۇن بەش ۋاخ ناماز ئوقۇمىسىمۇ، ئەمما ھېنپەمنىڭ نەسىھىتى، كوتۇلدىشىدىن جۈمە نامىزىغا بارىدىغان بولۇپ قالغانىدى. * ھۆرنىساخان نېمە قىلارىنى بىلمەي، ھويلا ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا مېڭىپ، شۇنداق دەپ كوتۇلدايتتى.

**كوتنۇس** ئى [لات] <بوت> ← **كوتنۇس دەرىخى.**

**كوتنۇس دەرىخى** <بوت> سىر دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك. كۈزدە قىزىرىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق ياكى قوش جىنسلىق، ئىككى خىل گۈلى بىر تۈپتە بىرگە بولىدۇ. مېۋىسى يۈرەك شەكىللىك. ياغىچى سېرىق، ئۇنىڭدىن سېرىق بوياق ئىشلىنىدۇ.

**كوچا I** ئى [پ] ① ئىككى تەرىپىگە قاتار ئۆيلەر سېلىنغان، كىشىلەر ۋە قاتناش قورااللىرى ماڭىدىغان يول: — ئىلگىرى بىز بۇ كوچىلاردا ماڭغانىدۇق، — دېدى ماھىرە لېتىپقا يېقىنلىشىپ، — توي قىلغاندىن كېيىن شۇ كۈنلەرنى كۆپ سېغىندىم. ② سىرت، تالا: (ئۆيگە نىسبەتەن) كوچىدا قالماق. * ئۇنىڭ بىلەن خەيرلىشىپ كوچىغا چىقتىم. * شۇ كېچىسى پادىشاھ بىلەن ۋەزىر شەھەر ئەھۋالىنى بىلىش ئۈچۈن كوچىغا چىققانىكەن.

**كوچا ئاپتوبۇسى** كوچىلار ئارا قاتناپ، ئادەم توشۇيدىغان ئاپتوبۇس: ئۇ ھارغانلىقىنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، ئۇرۇمچىنىڭ ئازادە كوچىلىرىنى، ئۈزۈلمەي ئۆتۈشۈۋاتقان كوچا ئاپتوبۇسلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى.

**كوچا ئاغزى** كوچا باشلانغان، كوچىغا كىرىدىغان جاي: مەھەللىنىڭ بۇ چېتىدە ھېيدەر خەسسىنىڭ، تۆت كوچا ئېغىزىدا زۇۋرشانىڭ، چەتتە ھېكمەتنىڭ ئۆيىلا قالغان.

**كوچا تىياتىرى** <تىيا> كوچىلاردا قويۇلىدىغان تىياتىر.

**كوچا چىڭدىماق** ھېچ ئىشى يوق، بىكاردىن-بىكار كوچا ئايلىنىپ يۈرمەك: ئۇلار مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنماي، شەھەردە كوچا چىڭداپ لاغايلىنىشىپ يۈرۈشەتتى.

**كوچا قاڭدىماق** ← **كوچا چىڭدىماق.**

**كوچا ناخشىسى** ئەتە-ئاخشامدا كوچىلاردا ئېيتىلىشقا باپ خەلق ناخشىلىرى.

**كوچا ئويۇنى** <ھەرب> شەھەر-بازارلارنىڭ كوچىلىرىدا قىلىنىدىغان ئۇرۇش.

**كوچىدا بىرگەپ** سىرتقا تارىلىپ كەتكەن، ھەممە ئادەم بىلىپ كەتكەن گەپ: — بۇ توغرىدا كوچىدا بىرگەپ، بۇنىڭ راست-يالغانلىقىنى ھازىرچە بىرنەرسە دېيىش تەس، — دېدى باتۇر كەسكىن ھالدا.

**كوچىدا تۆرەلمەك** نىكاھسىز، توي قىلماي تۇغۇلماق: ئىشەنمىسىڭىزمۇ پاكىت شۇنداق، نىجات كوچىدا تۆرەلگەن بالا.

**كوچىدا قالماق** ئۆيسىز، ماكانسىز قالماق: كوچىدا قالغان كىشىلەرنى قانداق قىلىمىز؟ * — مانا بۈگۈنلا ئائىلە ئۆيلۈك كوچىدا قالدى، — دېدى ئۇ ئۆيگە كىرىپ.

**كوچىغا چىقماق** بىرەر ۋەقە ياكى گەپ سۆز سىرتقا تارالماق، ئۇنى ھەممە

ئادەم بىلمەك: شۇنداق قىلىپ بۇ بىر توپ ئايالالارنىڭ سەۋەبىدىن «ئەكبەر تويغا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ» دېگەن سۆز كوچىغا چىقتى.

**كوچىغا چىقىپ قالماق** ئوچۇق-ئاشكارا ئەخلاقسىزلىق يولىغا ماڭماق (ئاياللار ھەققىدە): — مېنىڭ قىزىم باشقىلاردەك تېخى كوچىغا چىقىپ قالمىدى، سەل ئالدى-كەينىگە قاراپ سۆزلەشسىلە، — دېگەن سۆز بىلەن ھەدەپ غەيۋەت قىلىشۋاتقان ئاياللار جىملا بولۇشتى.

**كوچىغا چىقىپ كەتمەك** ① نېرۋىسى ئاجىزلىشىپ ساراڭ بولۇپ قېلىش تۇپەيلىدىن، ئۆيگە كىرمەي تالادا يۈرىدىغان بولۇپ قالماق: يولدىشىنىڭ ئۆلۈمىنى ئۇزىتىپ تۇرۇشىغا، قىزىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كېلىشى، زەينەپخانىغا قاتتىق تەسىر قىلدى بولغاي، نېرۋىسىدىن ئادىشىپ كوچىغا چىقىپلا كەتتى. ② ئوچۇق-ئاشكارا ھالدا ئەخلاقسىزلىق يولىغا ماڭماق: ئۇ كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئايال.

**كوچىغا يايماق** سىرتقا، كىشىلەر ئارىسىغا تاراتماق: بۇ گەپلەرنى نومۇسسىز ئەرلەر كوچىغا يايىدۇ.

**كوچا** II ئى. بۇغداي ياكى قوناقنى يۇيۇپ، گۆش ياكى كاللا شورپىسىغا سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق.

**كوچا-كوي** كوچا ۋە ئومۇمەن ئۆي سىرتىدىكى كىشىلەر يۈرىدىغان جايلار: كوچا-كويدىكى ۋە ھېيتگا جامەسىنىڭ كەڭ سەينالىق ھويلىسىدىكى دەل-دەرەخلەر بولسا، ئاخشامدىن ياغقان يامغۇردا ئېغىرلاشقان شاخلىرىنى ئېگىپ، گوياكى قەشقەرنىڭ قايغۇلۇق كۆڭلىرىگە سۈكۈت ساقلاۋاتقاندەك مۈگدىنىپ تۇراتتى. * بىر ئايدىن بېرى كوچا-كويلاردا ئېقىپ يۈرگەن مىش-مىش خەۋەر ئاخىر راستقا ئايلاندى.

**كوچگار** ئى [د] پار قازانلىرىنىڭ ئوتخانىسىغا ئوت قالايدىغان ئىشچى: پاراخوت كوچگارى. پويىز كوچگارى.

**كوچىلاتماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت بېشىدا ئولتۇرۇپ، ئوت كوچىلاتقان قېرىلىق. كېلىن بىلەن بالىغا، ئۆچ كۆرسەتكەن قېرىلىق.

**كوچىلاشتۇرماق** پ. كوچىلاش ۋە شۇ خىلدىكى ھەرىكەتلەرنى قىلماق، بىر قۇر كوچىلاپ چىقماق، كوچىلىماق: مېنى بىر خىل تاقەتسىزلىنىش ھېسسىياتى چۇلغىۋالدى-دە، كابىنكىدىن چۈشۈپ، ئىچ پۇشۇقۇمنى چىقىرىش ئۈچۈن ماتورنى كوچىلاشتۇرۇشقا تۇتۇندۇم.

**كوچىلاشماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇندىن بېرى قېرىنداشلار ئارا كوچىلىشىش باشلانغانمىش.

**كوچىلانماق** «كوچىلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوچىلىماق** پ ① قول ياكى شۇ خىلدىكى نەرسە بىلەن كولىماق، ئاختۇرماق: يانچۇق كوچىلىماق. بۇرۇن كوچىلىماق. ② ئىنچىكىلىمەك، زىغىرلىماق: بىركۈنى موماي مەلىكىدىن كوچىلاپ سوراپ يۈرۈپ، مەلىكىنىڭ پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا قانداق كېلىپ قالغانلىقىنىڭ سىرىنى تولۇق بىلىۋاپتۇ. * مەن بۇ جاۋابقا قانائەت قىلماي، يەنە كوچىلاپ سورىماقچى بولۇۋىدىم، لېكىن دادام يول قويمىدى. ③ چىشلەپ تارتماق، ئاشكارىلىماق، ئاچماق: ئوتنى كوچىلىساڭ ئۆچەر، قوشنىنى كوچىلىساڭ كۆچەر (ماقال). * ئۆلگەننىڭ ئەيىبىنى كوچىلىما (ماقال).

**كوچمۇكوچا** كوچىدىن كوچىغا، كوچىلار ئارا: ئۇ كوچمۇكوچا ئايلىنىپ، ئاخىرى قولىدىكى كونۇپېرتقا يېزىلغان قوزۇنى — ھامما ئاچىسى-

ـنىڭ ئۆينى تېپىپتۇ. * ئەپەندىم ماقۇل بولۇپ، كوچىمۇكوچا ناخشا ئېيتىپ يۈرۈپتۇ.

**كود** ئى [ر<فران] <فىز> تېلېگراممىا ئەۋەتىشتە ئىشلىتىلىدىغان بەلگە. ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىر خىلى، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن--قىسقىلىقى ئوخشىمىغان ئېلېكتر ئىمپۇلس (نۇقتا ۋە يۈز) بىلەن ھەر خىل بەلگە-لەرنى تەشكىل قىلىش ئارقىلىق ھەرپ ۋە سانلارنى ئىپادىلەش بولۇپ، رىتىمسىز (تەكشى ئەمەس) كود دېيىلىدۇ؛ يەنە بىر خىلى، ۋاقىتنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلى-قى ئوخشاش، لېكىن توك يۆنىلىشى ئوخشىمايدىغان ياكى توكلۇق، توكسىز ئېلېكتر ئىمپۇلس بىلەن ھەر خىل بەلگىلەرنى تەشكىل قىلىش بولۇپ، تەكشى (رىتىملىق) كود دېيىلىدۇ.

**كوداڭ** سۈپ. چەكسىز كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز: ئۇ چاغدا بۇ ئەتراپ كوداڭ سۆكسۆكلۈك جاڭگال ئىدى.

**كودەي** ئى. دىئال. قومۇش.

**كور** I تەق. سۇ قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەر ئېگىزدىن پەسكە چۈشكەندە، قۇيۇلغاندا، تۆكۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: «كور» قىلىپ تۆكۈلمەك.

**كور** II سۈپ [پ] ① كۆزى كۆرۈشتىن مەھرۇم بولغان، كۆزى كۆرمەيدىغان، قارىغۇ؛ سوقۇر: كور ئادەم. * ئەگەر سەن ئاتىنىڭ كور كۆزى تەرەپتىن ماڭساڭ يەر ئۈستىگە چىقىپ كېتەلەيسەن. * — سىزنى ئالدىسام كۆزۈم كور بولسۇن، ئادىل ئاكا، — دېدى مۇرات ھاياجان بىلەن. // كورمۇ ھاسىسىنى بىر قېتىم يوقىتىدۇ (ماقال). ② كۆچمە. بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى تولۇق چۈشىنەلمەيدىغان، ئاڭسىز: سىياسىي كور.

**كور بولماق** كۆزى كۆرمەيدىغان بولۇپ قالماق: مانا بۇ مېنىڭ ساقلىمىنىڭ چۈشۈرۈلۈ-شى بىلەن كۆزۈمنىڭ كور بولۇش ۋەقەسى. * يارلار كېتىمىز دەيدۇ، كەتكىنىگە يول بولسۇن. بىزنى يامان دەپ بارسا، ئىككى كۆزى كور بولسۇن.

**كور بىخ** <بوت> ياندىن ئۆسكەن ۋە تېخى ئۈيغانمىغان ئاجىز بىخ.

**كورا** ئى. سۇ قاينىتىش، تاماق پىشۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس مېتالدىن ئىشلەنگەن، سىلىندىر شەكىللىك، ئىككى قۇلىقى، قاپقىقى بار ئۆي سايمىنى: ئاليۇمىن كورا. * ئۇنىڭ قولىدا باش ياغلىققا ئورالغان كىچىك كورا ساڭگىلاپ تۇراتتى.

**كوراچ** سۈپ. دىئال. قاتتىق، قېتىپ كەتكەن.

**كورەك** سۈپ. قېتىپ، پۈرۈلۈپ كەتكەن: كونا كورەك جۇۋا.

**كورەك جۇۋا** قېتىپ، پۈرۈلۈپ كەتكەن ئۆڭ جۇۋا: كورەك جۇۋىسىنى مەھكەم يۆگىنىپ، قوللىرىنى قوۋۇشتۇرۇۋالغان نۇرەك باخشى ئۆزىگە تونۇش بولۇپ كەتكەن يولدا قىلىيورغىدەك يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئېشەكنىڭ كەينىدىن سوكۇلداپ كېتىپ باراتتى.

**كورپۇس** [ر<لات] ① ئى. يۈرۈشلەشكەن ئىمارەت، بىنا: ئۇلار 4- كورپۇستا ئولتۇرىدۇ. * ھەر پەيشەنبە كۈنى ئىدارىنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى 3-كورپۇس ئائىلىلىكلەر بىناسىنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيدىن سوزۇپ ئېيتقان قىرائەت ئاۋازى ئاڭلىناتتى. ② ئى <ھەرب> جۈن: مىللىي ئارمىيە جۇڭگو خەلق ئازادلىق ئارمىيىسىنىڭ 5-كورپۇسى بولۇپ قايتا تەشكىل قىلىنغانىدى.

**كورت** ئى [ر] قارتا ئويۇنىنىڭ بىر تۈرى: كورت ئوينىماق.

**كوتىرناق** ئى. دىئال. بىر قېتىم چىقىپ كېتىپ قايتىدىن چىققان تىرناق.

**كورتېزون** ئى [ئىنگ <لات] <تىب> ئورگانىك

بىرىكمىدىن ئىبارەت بولغان بىر خىل دورا، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{21}H_{28}O_5$ . ئاق رەڭلىك كرىستال، يەنى بۆرەك ئۈستى بېزى گورمونلىرىدىن بىرى. رېماتىزملىق بوغۇم ياللۇغى ۋە ئاق قان كېسىلى قاتارلىقلارنى داۋالاش رولىغا ئىگە.

**كوردوبا** ئى. نىكاراگۇئانىڭ پۇل بىرلىكى.

**كوردىيېرىت** ئى [ر] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $Al_3(Mg, Fe)_2(Si_5AlO_{18})$ . يانتۇ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ساختا ئالتە ياقلىق، پرىزمىسمان ئۆتۈشكەن ئۈچ تۇتاش كرىستاللىقلىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى ئادەتتە كاللەك ۋە دانىچىسمان بولىدۇ. رەڭگى ئاچ يېشىل، سارغۇچ يېشىل، سۇس بىنەپشە رەڭ ياكى رەڭسىز كېلىدۇ. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 7 ـ 7.5؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.60 ـ 2.66.

**كوررېكتور** ئى [ر<لات] <مەت> ① بېسىلغان تېكىستتىكى ئىملا خاتالىقىنى تۈزىتىش: كوررېكتور نۇسخىسى. ② بېسىلغان تېكىستنى ئەسلىي ئورىگىنالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى تۈزەتكۈچى مەتبەئە خادىمى: زاۋۇت كوررېكتورى. نەشرىيات كوررېتورى.

**كوررېكتور نۇسخىسى** <مەت> كىتاب، گېزىت-ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ بېسىلىش ئالدىدا، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى ئۈزگەرتىش ئۈچۈن چىقىرىپ بېرىلگەن دەسلەپكى نۇسخىسى.

**كوررېكتورلۇق** ئى <مەت> بېسىلغان تېكىستتىكى خاتالىقلارنى ئۈزگەرتىش، تۈزىتىش ئىشى، خىزمىتى: كوررېكتورلۇق قىلماق.

**كوررېكتورلۇق قىلماق** <مەت> بېسىلغان تېكىستنى ئەسلىي ئورىگىنالى بىلەن سېلىشتۇرۇپ، ئۇنىڭدىكى خاتالىقلارنى ئۈزگەرتمەك، تۈزەتمەك؛ كوررېكتورلۇق ئىشىنى ئىشلىمەك: دادام زاۋۇتتا كوررېكتورلۇق قىلىدۇ. * بىز ئۈچىمىز «بابۇرنامە»نىڭ كوررېكتورلۇقىنى قىلىپ تۈگەتتۇق.

**كوررىدە** رەۋ «كور» قىلىپ، «كور» قىلغان ھالدا: بالا چەينەكتىكى چاينى گىلەمگە كوررىدە تۆكۈۋەتتى.

**كوررىدىل** ئى <جۇغ> يېڭى زېلاندىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**كوررىدىل قويى** <زوئول> يۇڭ، گۆش بېرىدىغان يېرىم ئىنچىكە يۇڭلۇق قوي. ئاۋستىرالىيە، مېرىنوس ساغلىقلىرى بىلەن كوررىدىل قوچقارلىرىنى مېتىسلاشتۇرۇش ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلگەن. چوڭ ياشلىق قوچقارلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 110 ـ 115 كىلوگرام، ساغلىقلىرىنىڭ 60 ـ 65 كىلوگرام كېلىدۇ. قوچقارلىرى 10 ـ 15 كىلوگرام، ساغلىقلىرى 5 ـ 6 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ.

**كور-كور** «كور I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شۇ پەيتتە كور-كور قىلغان ئاۋاز رابىخان موماينىڭ خىيالىنى بۆلىۋەتتى. ئۇ ئىتتىك قارىۋىدى سۇ چۆنەكتىن تېشىپ ئۈزۈم ئېرىقىغا كوركىراپ چۈشۈۋاتاتتى.

**كوركىراتماق** «كوركىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ چېلەكتىكى سۇنى كۆچە تىلەرگە كوركىرىتىپ قۇيۇۋاتاتتى.

**كوركىراشماق** «كوركىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كوركىرام** ئى. ئېگىزدىن سۇ چۈشىدىغان جاي: ئەتراپ جىمجىت، يىراق بىر يەردىن كوركىرامغا چۈشۈۋاتقان بۇلاق سۈيىنىڭ شارىلدىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

**كوركىرىماق** پ «كور» قىلغان ئاۋازنى

چىقارماق، «كور» قىلماق: ئاسسىم كېيملىرىنى سىلىپ تاشلاپ، سۇ كوركىراپ چۈشۈۋاتقان ئېچىققا سەكرەپ چۈشتى.

**كورلا** ئى <جۇغ> شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغۇلۇن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ مەركىزى.

**كورلا نەشپۈتى** <بوت> نەشپۈتنىڭ كورلىدىن چىقىدىغان بىر خىل سورتى. تەمى تاتلىق، خۇش پۇراق، سۇلۇق. مېۋە پوستى نېپىز، مەملىكىتىمىز بويىچە داڭلىق نەشپۈت ھېسابلىنىدۇ.

**كورلۇق** ئى ① كۆرمەسلىك، قارىغۇلۇق: سىلىپ «مەن» نىڭ تارازىسىغا ناھەق ۋە ھەقىقەتنى، كۆمۈرگە «ئاق» سۈپەت بەرگەن كۆزۈمدىن كورلۇقۇم ئەلا. ② كۆچمە. ئاق-قارىنى، ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتەلمەسلىك؛ بىرەر نەرسىنىڭ ماھىيىتىنى ياخشى چۈشىنەلمەسلىك: گۈزەلئاي! سەن مۇشۇنداق تېپىلماس بىر ئايالنى، مۇشۇنداق بىر ياخشى يولداشنى بىرنەچچە ئون يىلدىن بېرى چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇنىڭغا قانداق پوزىتسىيىدە بولۇپ كەلدىڭ؟ ئۇنى قانچىلىك رەنجىتتىڭ؟ سەن ھەقىقەتەن كورلۇق قىلدىڭ! * بۇنداق ۋەزىيەتنى چۈشەنمەسلىك — قىپقىزىل سىياسىي كورلۇق.

**كورنۇس** ئى [لات] <بوت> ← **كورنۇس دەرىخى**.

**كورنۇس دەرىخى** <بوت> كورنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئاددىي يوپۇرماق، ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئېللىپس شەكىللىك، گۈلى مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە، كاسا ياپراقچىسى ئۈچ بۇرجەك، شارسىمان مېۋىسى قارا رەڭلىك. ئۇرۇقى قوڭۇر رەڭدە بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئېلىنغان ياغنى ئىستېمال قىلغىلى، دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى ۋە سانائەتتە پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ. يوپۇرمىقىدىن كاشتان يېلىمى ئېلىنىدۇ.

**كورنېت** ئى [ر<لات] <مۇز> مىستىن ياسالغان بىر خىل دۇخوۋۋي چالغۇ. قۇرۇلمىسى كاناي بىلەن ئوخشاش، ئەمما نەيچىسى ئۇنىڭدىن قىسقىراق كېلىدۇ. ئاۋازى يېقىملىق.

**كوروپكا** ئى [ر] كارتون قەغەزدىن ياسالغان كىچىك ساندۇقچە، قەغەز قۇتا: ئۇ: — سىزگە ھېيتلىق بۇ كۆڭلەكنى ئالغانىدىم، بولامدىكىن كۆرۈپ بېقىڭ، — دەپ كوروپكىدىن كۆڭلەكنى ئېلىپ دادامغا سۇندى،

**كورونوگراف** ئى [ر<لات] <ئاستر> قۇياش تاجىنى كۆزىتىدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**كورۇفائېنا** ئى [لات] <زوئول> ← **كورۇفائېنا بېلىقى**.

**كورۇفائېنا بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئۇزۇنچاق ھەم ياپىلاق، قارامتۇل، بېشى ئېگىز ھەم چوڭ، كۆزى كىچىك، دۈمبە پالاقچىسى ئىنتايىن ئۇزۇن، قۇيرۇق پالاقچىسىنىڭ ئاچماقلىقى چوڭقۇر، دېڭىز — ئوكيانلاردا ياشايدۇ.

**كورۇلدىماق** پ «كور-كور» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كور-كور» قىلماق: ئۇنىڭغا سىلىنغان ئۇرۇق خۇددى نودىن سۇ بېچۈشكەندەك كورۇلداپ چۈشۈپ، خالىغاندا تەڭشىگىلى بولمايتتى.

**كورۇنا** ئى. چېخوسلوۋاكىيە، شۋېتسىيە، نورۋېگىيە قاتارلىق غەربىي ياۋروپا دۆلەتلىرىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كورنلۇس** ئى [لات] <بوت> ← **كورنلۇس دەرىخى**.

**كورنلۇس دەرىخى** <بوت> قېيىن ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان

دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، يۇملاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، ئانىلىق گۈلى ئۇچۇق قىزىل رەڭلىك بولىدۇ، قاتتىق مېۋىسى شار شەكىللىك، مېغىزىنى يېيىشكە بولىدۇ. يەنە ياغمۇ تارتىلىدۇ.

**کوزا** ئى. ماي، سۇ قاتارلىق سۇيۇق نەرسىلەرنى قاچىلاش ئۈچۈن ھېجىردىن ياسالغان قورساقلىق، بوغۇزى تار قاچا؛ كومزەك: كوزا كۈندە سۇنماس، كۈندە سۇنار (ماقال). * لايدىن ياسىغان خام كوزا سۇغا چۈشسە ساق چىقماس (ماقال) * شاھزادە ئىمىر بۇ بېلىقنىڭ دەريادىكى بېلىقنىڭ جۈپتى ئىكەنلىكىنى بىلىپ، كوزىغا سېلىپ ئېلىپ مېڭىپتۇ.

**کوزا-كوزاڭ** ← **كوزا-كوزاڭ قىلماق.**

**کوزا-كوزاڭ قىلماق** ← **كۆز-كۆز قىلماق**: رىزۋانىمۇ كۆكرىكىدە جۇلالىنىپ تۇرغان ياقۇت كۆزلۈك مېدالىيونىنى كوزا-كوزاڭ قىلغانىدەك، ئايالىمنىڭ ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى.

**کوزۇپ** ئى [ر] ئاپتوموبىللارنىڭ ئادەم ئولتۇرىدىغان ياكى يۈك قاچىلايدىغان قىسمى: ئۇ يۈگۈرۈپ ئاپتوموبىلنىڭ كەينى تەرىپىگە باردى. مۇرىسىنى كوزۇپنىڭ بۇرجىكىگە تىرەپ كۈچەپ ئىتتىرىشكە باشلىدى.

**کوزۇپلۇق** سۈپ. كوزۇپى بار، كوزۇپ ئورنىتىلغان: ئەنۋەر پەس كوزۇپلۇق ماشىنىنى ھەيدەپ كەلگەنىدە، كۈن ئولتۇرغانىدى.

**کوزىر** [ر] ① ئى. قارتا ئويۇنىدىكى ئويۇن ئۇتقۇچى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدىغان باشقا قارتىلاردىن كۈچلۈك، ئۇلارنى بېسىپ چۈشىدىغان قارتا، ئويۇن: كوزىر چۈشمەك. كوزىر ئوينىماق. ② سۈپ. كۈچلۈك، ھەممىنى يېڭىدىغان: كۈچاغا يېڭىدىن كۆپەيتىلىپ ئەۋەتىلگەن مۇستەقىل ھەرىكەت باتاليونى ئەنە شۇ كورپۇسنىڭ يېڭىشىنىلا بىلىپ، يېڭىلىشنى بىلمەيدىغان ئەڭ ئالدىنقى كوزىر قىسىملىرىدىن بىرى دەپ قارىلاتتى. ③ ئى. كۆچمە. كۈچلۈك، ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ ھېسابلانغان شەخس ياكى ئامال-چارە: سىز تۆمۈر ئىسيانىنى تىنچ ئۇسۇل بىلەن باستۇرۇشتا مېنىڭ ئاخىرقى كۆزىرىم بولىسىز. * ئۇنى بىر كىشەن تەرىقىسىدە ماڭا چاپلاپ، مېنى چۈشەپ قويماقچى، مېنىڭ ئەركىنلىكىمنى، تاللاش ھوقۇقىمنى، بىز ئىككىمىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى ئەنە شۇ كوزىر بىلەن بۇزماقچى.

**کوزىر كۆرسەتمەك** كۈچلۈك، ھەممىنى ھەل قىلىدۇ دەپ ھېس قىلىنغان شەخس ياكى ئامال-چارىنى ئوتتۇرىغا چىقارماق: ئابلا موللا توغرىسىدا ھەرقايسىسى ئۆزىگە تۇشلۇق كوزىر كۆرسەتمەكچى بولۇشاتتى. * گومىنداڭچىلار ئەينى چاغدا، كوممۇنىستىك پارتىيىگە كوزىر كۆرسىتىپ، ئاز سانلىق مىللەت جاسۇسلىرىنى مۇھىم ئورۇنلارغا قويغانىدى.

**کوس** I سۈپ. قىڭغىر، قىيسىق (رەخت ھەققىدە): كوس يىرتىلغان رەخت.

**کوس** II تەق. ياغاچ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر سۇنغاندا، ئۈزۈلگەندە چىقىدىغان ئاۋاز: كوس قىلىپ ئۈزۈلمەك.

**کوسا** I سۈپ [پ] ساقال-بۇرۇت ناھايىتى ئاز ياكى پۈتۈنلەي چىقمايدىغان: قاراپ تۇرۇپ ئانى بولغان تاشماقنىڭ كوسا يۈزلىرى چويۇندەكلا كۆكىرىپ، غوجىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى. * ئۇلار بىر چېتىدە ئالدىدىكى كىچىك شىرەگە قەغەز، قومۇش قەلەم، دۆۋەت قويۇپ ئولتۇرغان بىر قېرى كوسا پۈتۈكچىنىڭ ئالدىغا بېرىپ، بىرنېمىلەر-

نى دېيىشتى. // ئەخمەق بىلمەس ئىتىنىڭ ھارغىنىنى، كوسا بىلمەس ئۆزىنىڭ قېرىغىنىنى (ماقال).

**كوسا ساقال** ساقىلى شالاڭ، ئۇ يەر-بۇ يېرىگە ساقال چىققان: قىرىق ياشلارغا بېرىپ قالغان كوسا ساقال، شادا پاچاق ئادەم يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان بىر بالىغا يېتىشىۋېلىپ، ئۇنىڭ قولىدىكى گۈللۈك جاۋۇرنى تارتىۋالدى. * شامەخسۇت تەختتە ئولتۇرۇپ بولۇشىغا تۇرشا توغىيگى دەرھال بېرىپ ئۇدۇلدىكى نەقىشلىك قوش قانات ئىشىكنى ئاچتى، ئاپئاق ساقاللىق نوشىرىۋان تەيجى بىلەن ئېگىز بويلۇق، كوسا ساقال ئەخمەتشا تۈگچى ئاستا كىردى- دە، سالام بىلەن تەزىم بەجا كەلتۈرۈپ، قول باغلاپ تۇرۇشتى.

**كوسا II** ئى. دىئال. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پۇتاق، يوپۇرماق ياكى چېچەك چىقىرىدىغان تۈگۈنچەك يېرى، بىخ.

**كوساتماق** پ. دىئال. تۇغماق، بوشانماق.

**كوسپاڭ** سۈپ. دىئال. قىسماق.

**كوسسىدە** رەۋ «كوس» قىلىپ، «كوس» قىلغان ھالدا: كوسسىدە سۇنماق.

**كوس-كوس** «كوس II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كوسموپولىتىزم** ئى [ر] <پەلس> ھازىرقى زامان بۇرژۇئازىيىنىڭ دۇنياغا ھۆكۈمرانلىق قىلىش نىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بىر خىل ئەكسىيەتچىل نەزەرىيىسى. ئۇ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى «ۋاقتى ئۆتكەن ئۇقۇم» بولۇپ قالدى دېگەننى تەشۋىق قىلىپ، «مىللىي چېگرىلارنى بىكار قىلىش»، ئاتالمىش «دۇنيا ھۆكۈمىتى» تەشكىل قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ. ئۇ جاھانگىرلىكنىڭ ھەرقايسى مەملىكەتلەرنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقىغا ۋە مىللىي ئازادلىق ھەرىكەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشتىكى قورالىدۇر.

**كوسمولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <پەلس> قەدىمكى پەلسەپىدىكى ئالەمنىڭ پەيدا بولۇشى ۋە ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى مەسىلىرىنى تەتقىق قىلىش ھەققىدىكى تەلىمات.

**كوسمولوگىيىلىك** سۈپ. كوسمولوگىيىگە ئائىت، كوسمولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان: ئۇلارنىڭ ساددا خىيالىدا ئاگىسىز سەنئەت شەكلى بىلەن تەبىئەت دۇنياسىنى جۈملىدىن ئاسمان جىسىملىرىنى ئىلاھىيلاشتۇرىدىغان ئاجايىپ كوسمولوگىيىلىك مىفلار بارلىققا كېلىپ، ئۇنىڭغا بولغان سېغىنىش ھېسسىياتىنى كۈچەيتتى.

**كوسۇغۇر** سۈپ. دىئال. كوتىكوت، تولا سۆزلەيدىغان.

**كوسۇلداتماق** «كوسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاجى ئىشان ئاتخانىنىڭ يان ئىشىكىنى پەم بىلەن ئېچىپ، كوسۇلدىتىپ بىدە چايناۋاتقان ئاتلارغا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن قاراپ قويۇپ، سەللىسىنى بېشىغا ئورىدى.

**كوسۇلداشماق** «كوسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كوسۇلدىماق** پ «كوس-كوس» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كوس-كوس» قىلماق.

**كوسېكانس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، يانتۇ تەرەپنىڭ خالىغان بىر تار بۇلۇڭنىڭ قارشىسىدىكى تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ كوسېكانسى دېيىلىدۇ ۋە CSC بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن: $CSCA=\frac{c}{a}$ ياكى $CSCB=\frac{c}{b}$.

**كوسلۇق** «كوسا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پەقەت ئۇنىڭ كوسلۇقى سۆلىتىنى بۇزۇپ تۇراتتى.

**كوسنۇس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭدا، خالىغان بىر تار

بۇلۇڭغا قوشنا بولغان تەرەپنىڭ يانتۇ تەرەپكە بولغان نىسبىتى شۇ تار بۇلۇڭنىڭ كوسىنۇسى دېيىلىدۇ ۋە COS بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، $COSA=\frac{b}{c}$ ياكى $COSB=\frac{a}{c}$ .

**كوش** (توغرىسى: كويۇش) ← **كويۇش.**

**كوفى** ئى [ر<گول<ئە] ← **قەھۋە.**

**كوفىخانا** ئى ← **قەھۋىخانا.**

**كوكا** ئى [لات] <بوت> كوكا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى نوۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن ئېللىپس شەكىللىك. گۈلى سارغۇچ يېشىل، مېۋىسى ئۇچكىلىك مېۋە. تروپىك بەلباغدىن چىقىدۇ. يوپۇرمىقىدىن ناركوز (ھوشسىزلاندۇرۇش) دورىسى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**كوكات** ئى. كۆكلەپ تۇرغان ئوت-چۆپ: مەتنىياز بولسا، تەر پۇراپ كەتكەن كۆڭلىكىنى كوكاتقا ئوراپ بېشىغا قويغان، يالىڭاچ دۈمبىسىنى نەم يەرگە چاپلىغان ھالدا ئوڭدا ياتاتتى.

**كوكاتلىق** ئى. كوكات كۆپ ئۆسكەن جاي، ئورۇن: بۆدۈنە تۈلكىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇنى ئارقىسىغا سېلىپ جاڭگاللىقتىن چىقىپ، كوكاتلىق بىلەن ئۈۋىچىنىڭ ئالدىغا ئۇدۇل ئېلىپ مېڭىپتۇ.

**كوكائىن** ئى [ر<ئىسپان] <خىم> تروپىك ئۆسۈملۈكىدىن ئېلىنىدىغان بىر خىل دورا. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{17}H_{21}O_4N$ . ئاق رەڭلىك كرىستال ھالىتىدىكى پاراشوك بولۇپ، قان تومۇرنى تارايتىش رولىغا ئىگە. ئۇنىڭدىن ناركوز قىلىش ئۈچۈن پايدىلانغىلىمۇ بولىدۇ.

**كوكس** ئى [ر<نېم] <خىم> بىر خىل كۆپ تۆشۈكلۈك، ئىسسىقلىق تارقىتىش مىقدارى يۇقىرى بولغان قاتتىق يېقىلغۇ. ئىسلىق كۆمۈر مەھكەم ئېتىلگەن شەرت ئاستىدا يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزدۇرۇلۇپ، ئۇنىڭدىكى ئۇچۇشچان تەركىبلەر چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە پولات تاۋلاشتا كۆپرەك قوللىنىلىدۇ.

**كوكس كۆمۈرى** <خىم> ئىسلىق كۆمۈرنىڭ بىر خىلى. كوكس تاۋلاشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭ كوكسلىنىشچانلىقى كۈچلۈك كېلىدۇ. بۇ خىل كۆمۈردىن پايدىلىنىپ تاۋلانغان كوكسنىڭ كۈچىنىشچانلىقى يۇقىرى، كاللىكى چوڭ بولىدۇ، بىراق تاۋلىغاندا ئوڭايلا كېڭىيىپ كېتىدۇ.

**كوكس مېيى** <خىم> ← **سمولا.**

**كوكسلاشتۇرماق** «كوكسلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كوكسلاشماق** پ كوكس ھالىتىگە كەلمەك، كوكسقا ئايلانماق.

**كوكۇس** ئى [ر<ئىسپان] <بوت> كوكۇس پالمىسى.

**كوكۇس پالمىسى** <بوت> ① پالما ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئاساسىي غولى تىك ئۆسۈپ، شاخلىمايدۇ. چوڭ تىپتىكى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماقلىرى غولىنىڭ ئۇچىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن كېلىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، باشاقسىمان گۈل رېتىدە، ئاتىلىق-ئانىلىقلىرى بىر تۈپتە بولىدۇ. ئۇچكىلىك مېۋىسى ناھايىتى چوڭ، سوقىچاق، سىرتقى مېۋە شۆپۈكى سارغۇچ قوڭۇر؛ ئوتتۇرا مېۋە شۆپۈكى تالالىق قەۋەتكە ئايلانغان؛ ئىچكى مېۋە شۆپۈكى ناھايىتى قاتتىق. ئۇرۇقى «نارجىل» دەپ ئاتىلىدۇ. ئېتىنىڭ رەڭگى ئاق، كۆپ سۇلۇق ۋە تەركىبىدە ماي بولىدۇ. ياش ۋاقتىدا سۈيىنى

ئۇسسۇلۇق ئورنىدا ئىچىشكە، پىشقانىدا ئېتىنى خام يېيىشكە ياكى ئۇنىڭدىن ماي تارتىشقا بولىدۇ. سۇيىدىن ئادەتتە سوغۇق ئىچىملىك تەييارلىنىدۇ. ئوتتۇرا ھەم نىسرتقى مېۋە شۆپۈكىنىڭ تالاسىدىن ئارقان ئېشىلىدۇ ياكى چوتكا ياسىلىدۇ. يوپۇرمىقىدىن بورا توقۇلىدۇ ياكى ئۇنى لاپاس ئۇستىگە يېپىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كوكۇس ياڭىقى** <بوت> ← **كوكۇس پالمىسى.**

**كوكۇلا** ئى [پ] چاچ ياكى چاچ ئۆرۈمى: قىز كۆزىنى يېپىۋالغان كوكۇلا چېچىنى قايرىپ تۈزەشتۈردى ۋە خاتىرىسىنى ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. * ئۇ سۇپىدىن دىككىدە سەكرەپ چۈشۈپ، ئالدىغا ساڭگىلىۋالغان كوكۇللىرىنى كەينىگە تاشلاپ، قىرغاۋۇلدەك يورغىلىغىنىچە باغقا كىرىپ كەتتى.

**كوكۇلىسىدىن تۇتماق** بىرەر ئاجىزلىق، خاتالىق، كەمچىلىكنى بىلىپ قېلىپ، ئېسىلىۋالماق: بۇ چاغدا سايىت ئاكا كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالغانلار سەھنىدە كۆرۈنمەيتتى.

**كوكۇلىسىغا ئېسىلماق** بىرەر ئاجىزلىق، كەمچىلىك، خاتالىقنى مەھكەم تۇتۇۋالماق: نېمىلا بولسا بىرقانچە يىل بىللە ئىشلىدۇق، ھەدېسىلا بىر-بىرىمىزنىڭ كوكۇلىسىغا ئېسىلىشىشاق ياخشى بولماس.

**كوكۇلىسىنى تۇتقۇزۇپ قويماق** بىرەر كەمچىلىك، خاتالىق، ئاجىزلىقنى باشقىلارغا بىلدۈرۈپ قويماق، ئاشكارىلاپ قويماق: سىز پەرماننى ئىجرا قىلمەن دەپ پەرمانغا خىلاپ ئىش قىلدىڭىز، كوكۇلىڭىزنى ئۇلارغا تۇتقۇزۇپ قويدىڭىز.

**كوكۇللۇق** سۈپ. كوكۇلىسى بار، كوكۇلا قويغان: مەن بۇ سۈرەتنى سىنىڭ كوكۇللۇق كىچىككىنە قىز ۋاقتىڭنى ئەسلەش ئۈچۈن بەزىدە دەپتەرگە سېلىۋالىمەن.

**كوكۇللۇق تورنا** <زوئول> مەملىكىتىمىزدە ياشايدىغان تورنىنىڭ ئەڭ كىچىك تىپلىرىدىن بىرى. تېنى پەقەت سۇر لەگلەكچىلىك، ئەمما ئوشۇق سۆڭەكلىرى سۇر لەگلەكنىڭكىدىن سەل ئۇزۇن كېلىدۇ. پەيلىرى كۆپىنچە قېنىق كۈل رەڭ، كۆزى قىزىل، مەڭزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە بىر تۇتامدىن ئاق پەيلىرى، بوينىنىڭ ئالدى تەرىپىدە بىر توپ پەسكە ساڭگىلىغان قارا پەيلىرى بولىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاساسلىقى غەربىي شىمال، شەرقىي شىمال ۋە ئىچكى موڭغۇلدا ئۇچراتقىلى بولىدۇ. ياز پەسلىلىك قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**كوكۇنە** ئى. دىئال. تىرناق گۆشلىرىنىڭ يىرىڭلىشى، سەينەك.

**كوكۇنچىلىق** ئى. دىئال. ئۇششاق-چۈششەك خىزمەت؛ ئاۋارىچىلىك.

**كوڭكا** ئى [ر] ماشىنا، ئاپتوموبىل: — سىلەر ماشىنا كۆرگەنمۇ؟ — مۇشۇ يولدا يىلىغا بىرەر قېتىم كوڭكا ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنى كۆرگەن.

**كولا** (توغرىسى: كويلا) ← **كويلا.**

**كولاتقۇزماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: پادىشاھ بۇ مەسلىھەتكە ماقۇل بولۇپتۇ ۋە ھەر خىل كەسىپ ئۇستىلىرىنى ئىشقا سېلىپ، بۇلاقنىڭ سۇ چىقىدىغان يېرىگىچە كولاتقۇزۇپتۇ.

**كولاتماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ساقچى ئىدارىسىنىڭ قاماقخانىسى ئىچىگە ئۇستى ئوچۇق لەخمىگە ئوخشاش تار، ئۇزۇنچاق قىلىپ كولانغان بۇ ئۆلۈم ئازگىلىنى جاللاتلار بۇنىڭدىن سەل ئىلگىرى سېپىل ئۇستى ئورۇشى بىلەن پىدائىيلارنىڭ قاماقخانىغا باستۇرۇپ كىرىپ، ئېلىپ بارغان ئورۇشى ئاياغلىشىشى بىلەنلا ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى

ئەزالىرىنىڭ ئۆزلىرىگە كولاتقانىدى.

**كولاشتۇرماق** پ. كولىماق، كولاش ئىشىنى بىجىرمەك: قىز بىلىتىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن خاتىرجەم ھالدا، قولىنى زەڭگەر دېلۇن چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سالدى ۋە بىر مىنۇتچە كولاشتۇرغاندىن كېيىن، يەنە بىر تەرەپتىكى يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

**كولاشماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئالدىراپ-تېنەپ ئاكوپ كولاشتى..

**كولانماق** «كولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: گەمىلەر بىر دۆڭنى چۆرىدىگەن ھالدا قاتار كولانغان بولۇپ، ھەممىنىڭ ئاستىغا قېلىن قومۇش سېلىنغان، ئېكەندىن توقۇلغان ياستۇقلار قويۇلغان.

**كولبا** I ئى [پ] ئۆي، خانا؛ كەپە: مانا بۈگۈن نامرات بىر ئىشچىنىڭ خارابە كولبىسىدا ساڭا بىر پاسكىنا ئۇستاكاندا ھاراق ئىچىشنى ئۆتۈنىمەكتە.

**كولبا** II ئى [ر<نم] خىمىيە تەجرىبىسىدە ئىشلىتىدىغان بوغۇزى ئۇزۇن، شار ياكى كونۇس شەكلىدىكى شىشە.

**كولباسا** ئى [ر] ئۈچەي ياكى سۈنئىي پلىيونكىلارنىڭ ئىچىگە گۆش قىيمىسىنى تىقىپ تەييارلىنىدىغان يېمەكلىك: بىرنەچچە كىشى بېشىنى ئالدىدىكى ئۈستەلگە قويۇپ ئۇخلاپ قالغانىدى، بەزىلىرى بولسا كولباسا بىلەن بولكا يەيتتى.

**كولخوز** ئى [ر] كونا. يېزا ئىگىلىكىدە ئىشلەپچىقىرىش قوراللىرى كوللېكتىپنىڭ ئىگىدارچىلىقىدا بولىدىغان، كوللېكتىپ بىرلىكتە ئىشلەپچىقىرىش ئېلىپ بارىدىغان بىر خىل سوتسىيالىستىك ئىشلەپچىقىرىش شەكلى: ھەيدەرنىڭ كولخوزدا ئىشلەيدىغان ھەدىسىدىن باشقا ھېچ نەرسىسى يوق ئىدى.

**كولخوزچى** ئى. كولخوزدا ئىشلىگۈچى دېھقان، كولخوز ئەزاسى: زالدا بىر بۇرۇتلۇق كولخوزچى: — ئاپىرىن، سىلەرمۇ بار ئىكەنسىلەرغۇ! — دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

**كولخوزلاشتۇرماق** «كولخوزلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كولخوزلاشتۇرۇلماق** «كولخوزلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كولخوزلاشماق** پ. كولخوز بولۇپ ئۇيۇشماق، كولخوز ھالىتىگە كەلمەك: سابىق. سوۋېت ئىتتىپاقىدا يېزا ئىگىلىكى 1936-يىلغىچە ئاساسەن كولخوزلىشىپ بولغانىدى.

**كولدۇر** ① تەق. قاپاق قاتارلىق ئىچى كاۋاك نەرسىلەرنىڭ ئىچىگە ئۇششاق، قاتتىق نەرسىلەرنى سېلىپ سىلكىگەن ياكى ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز. ② سۈپ. كۆچمە. پەرق ئېتىش ئىقتىدارى كەم، كاللىسى ئانچە ئىشلىمەيدىغان، ئاسان ئالدىنىدىغان، ئەخمەق: كولدۇر ئادەم.

**كولدۇر-كولدۇر** «كولدۇر» سۆزى ① تەكرارلىنىشى: كولدۇر-كولدۇر قىلغان ئاۋاز.

**كولدۇرلاتماق** «كولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاشارچىلار نازارەتچىلەرنىڭ ھەيۋىسى بىلەن كولدۇرمىلىرىنى كولدۇرلىتىپ، ئۇزاپ كېتىۋاتقان كارۋاندىن كۆزىنى ئۈزمەي كەينىچە، يېنىچە مېڭىپ ئىش ئورۇنلىرىغا باردى.

**كولدۇرلاشماق** «كولدۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كولدۇرلىماق** پ ① «كولدۇر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كولدۇر» قىلماق. ② ئالدانماق، ئەخمەق بولماق.

**كولدۇرما** ئى. تۆگە، ئات، ئېشەك قاتارلىقلارغا ئاسىدىغان، تۈچتىن ياسىلىدىغان قوڭغۇراق: سودىگەر ئىشلىرىنى

تۇگىتىپ، تۆگىلەرگە ھەشەمەتلىك كولدۇرمىلارنى ئېسىپ ئۆز يۇرتىغا قايتىپتۇ.

**كولدۇرملىق** سۈپ. كولدۇرمىسى بار، كولدۇرما ئېسىلغان: تىنچىق ئىسسىق كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كەڭ تاقىر سايدا كولدۇرملىق تۆگە كارۋىنى قاتار تىزىلىپ كېلىمەكتە.

**كولكاز** ئى [ر<لات] <بوت> چايانئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. تۈگۈنەك غولى سوقىچاق ياكى تۇخۇم شەكىللىك، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك، سېپى ئۇزۇن، گۈلى يالقۇنسىمان گۈل رېتىدە، گۈل رېتى ئوقى بىر جۈپ ئورىغۇچى يوپۇرماققا ئورىلىپ تۇرىدۇ. ئاتىلىق گۈللىرى سېرىق، ئانىلىق گۈللىرى يېشىل. تۈگۈنەك غولىدا مول كراخمال بولىدۇ. ياغيۇغا ئوخشاش ئىستېمال قىلىنىدۇ. جەنۇبىي ئۆلكىلەردىن كۆپ چىقىدۇ.

**كوللاپس** ئى [ر<لات] <تىب> كۆپ مىقداردا قان ياكى سۇ يوقىتىش، زەھەرلىنىش ۋە يۇقۇملۇق كېسەل بىلەن ئاغرىش قاتارلىق سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يۈرەك ھەرىكىتى تۇيۇقسىز ئاجىزلاپ، قان سۈيۈقلۇقىنىڭ ئايلىنىشى سۇسلىشىدىغان بىر خىل ھادىسە. بۇنىڭدا ئاساسلىقى بەدەن تېمپېراتۇرىسى ۋە قان بېسىمى تۆۋەنلەش، تومۇرنىڭ سوقۇشى ئاستىلاش، سوغۇق تەر چىقىش، چىرايى سارغىيىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كوللوزا** ئى [ر<لات] ① <بوت> بىر خىل كاربون سۇ بىرىكمىسى. مىس ئاممىياك ئېرىتمىسىدە ئېرىمەي، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا چىرىتكۈچى ئاساس ئېرىتمىسىدە پارچىلىنىدۇ. ئادەتتە ئۇ قاداق پېتىكىدە بولىدۇ. قاداق پېتىكى غەلۋىرسىمان پلاستىنكا ياكى كالتسىيلىشىش دېۋارىدا شەكىللىنىدۇ. ② <بىئول> تېرە، يوپۇرماق ياكى غول ئۆستىدىكىدەك ئۆسمە ياكى قاپارتقۇ ھالىتىدىكى بىر خىل قاتتىق ماددا.

**كوللوزا ماددىسى** <بوت> ← **كوللوزا**.

**كوللوزىلىق** سۈپ. تەركىبىدە ياكى ئىچىدە كوللوزا بولغان، كوللوزىغا ئىگە: كوللوزىلىق تەنچە.

**كوللوزىلىق تەنچە** ① <ئانات> چوڭ مېڭە ئىككى بۆلەك يېرىم شارچىسىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ئىككى يېرىم شارچىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان نېرۋا توقۇلمىلىرى. ② <بوت> غەلۋىرسىمان نەيچىنىڭ غەلۋىرسىمان پلاستىنكىسىدا كوللوزىنىڭ توپلىنىشىدىن شەكىللىنىدىغان تاختىسىمان تۈزۈلمە. غەلۋىرسىمان نەيچە قېرىغاندا ياكى كۈز؛ قىش پەسىللىرىدە شەكىللىنىدۇ. ئۇ غەلۋىرسىمان تۆشۈكنى توسۇۋېلىپ، غەلۋىرسىمان نەيچىنىڭ پائالىيىتىنى توختىتىپ قويىدۇ. پەسىل خاراكتېرلىك كوللوزىلىق تەنچە باھار پەسلىدە ئېرىپ كېتىدۇ، بۇنىڭ بىلەن غەلۋىرسىمان نەيچىنىڭ پائالىيىتى ئەسلىگە كېلىدۇ.

**كوللوئىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> كرىستاللانمايدىغان، سۇدا ئېرىتىلگەندە لايسىمان، قويۇق ئېرىتمە ھاسىل قىلىدىغان ماددا. مەسىلەن، يېلىم، كراخمال، ئاقسىل قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كوللوئىد ئېرىتمە** <خىم> دىئامېتىرى بىر مىليوندىن بىر سانتىمېتىردىن ئون مىليوندىن بىر سانتىمېتىرغىچە بولغان ماددىي نۇقتىنىڭ مەلۇم ۋاسىتىچى ماددىغا تارقىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىدىغان ماددا. ۋاسىتىچى ماددا گاز جىسىم بولغاندا، ئۇ گازلىق كوللوئىد ئېرىتمە (مەسىلەن، تۈتۈن)؛ ۋاسىتىچى ماددا سۇيۇقلۇق بولغاندا، ئۇ سۇيۇق

كوللوئىد ئېرىتمە (مەسىلەن، سىياھ)؛ ۋاستىچى ماددا قاتتىق جىسىم بولغاندا، ئۇ قاتتىق كوللوئىد ئېرىتمە (مەسىلەن، كۆپۈكلۈك ئەينەك) دەپ ئاتىلىدۇ.

**كوللېكتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئۆزگىرىشچان توك گېنېراتورىنىڭ ياكور ئوقىغا ئورۇن-لاشتۇرۇلغان ئىككى مېتال ھالقا. ياكوردى-كى كاتۇشكىنىڭ ئىككى بېشى ئايرىم-ئاي-رىم ھالدا بۇ ئىككى ھالقىغا ئۇلىنىپ، ئېلېكتر چوتكىسى كوللېكتور بىلەن تۇتاش-تۇرۇلۇپ، ھاسىل بولغان توكنى تارقىتىپ بېرىدۇ.

**كوللېكتىپ** [ر<لات] ① ئى. مەلۇم مەقسەت-لەر ئۈچۈن ئۇيۇشقان كىشىلەر، كىشىلەر توپى: سىنىپ كوللېكتىپى. ② سۈپ. كۆپچىلىككە تەۋە، ئومۇمىي؛ كۆپچىلىك بىرلىكتە قىلىدىغان: تۈرمىنىڭ سول تەرىپىدە كوللېكتىپ كامېر. * ئۇ بولتۇر 150 نەچچە كۈن كوللېكتىپ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكىگە قاتناشتى. * شەھەر-يېزا بازارلىرىدىكى كوللېكتىپ ئىگىلىك، يەككە ئەمگەكچىلەر ۋە ئۇششاق تىجارەتچىلەرنىڭ نورمال تىجارىتى ۋە نورمال كەسپىي پائالىيىتى-نى قوغداش لازىم.

**كوللېكتىپ جۇغلانما** <س ئىق> سوتسىيالىستىك كوللېكتىپ مۈلۈكچىلىكىدىكى ئىگىلىكنىڭ جۇغلانما فوندى.

**كوللېكتىپ گىمناستىكا** <تەن> گىمناستىكىنىڭ كوللېكتىپ خاراكتېرلىك ئويۇن كۆرسىتىش تۈرى. ئۇنىڭ ئەسۋاب-سىز ۋە يېنىك ئەسۋابلىق يۈرۈشلەشكەن ھەرىكەتلىرى بولۇپ، مۇزىكا تەڭكىشى ئاستىدا ئورۇندىلىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن ھەر تۈرلۈك نەقىش ۋە خەت شەكىللىرى-نى چىقارغىلى بولۇش بىلەن بىللە ئۇنىڭ يەنە روشەن مەزمۇنلىرىمۇ بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ چوڭ تىپتىكى تەنھەرىكەت يىغىنلىرى ۋە بايراملارنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرىدە ئوينىلىدۇ.

**كوللېكتىپ ئۇسسۇل** <ئۇس> كوللېكتىپ بويىچە ئوينىلىدىغان چوڭ تىپتىكى ئۇسسۇل. كۆپىنچە ھېيت-بايراملاردا، مەشرەپ ھەم ئولتۇرۇشلاردا ئوينىلىدۇ.

**كوللېكتىپچىلىق** ئى <پەلس> شەخسىيەتسىز بولۇپ، ھەممىدە خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئەتىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان ئىدىيە. ئۇ پرولېتارى-يات دۇنيا قارىشىنىڭ بىر مەزمۇنى، كوممۇنىستىك ئەخلاقنىڭ يادروسىدۇر. ئۇ بۇرژۇئازىيە شەخسىيەتچىلىكى بىلەن تۈپتىن قارىمۇقارشى بولۇپ، پرولېتارىيات-نىڭ ئىشلەپچىقىرىش كۈرىشى ۋە سىنىپىي كۈرەش ئەمەلىيىتىدە شەكىللەنگەن.

**كوللېكتىپچىلىق تەربىيىسى** <مائار> كوممۇنىستىك ئەخلاق تەربىيىسىنىڭ يادروسى. ئۇنىڭدا شەخسىيەتچىلىكتىن خالىي بولۇش، ئومۇمنىڭ مەنپەئەتىنى ئەلا كۆرۈش، ھەممە ئىشتا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ۋە كوللېكتىپنىڭ مەنپەئەتىنى تۈپ چىقىش نۇقتىسى قىلىش مەركىزىي مەزمۇن قىلىنىدۇ.

**كوللېكتىپلاشتۇرماق** « كوللېكتىپلاشماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەركىزىي كومىتېت يېزا ئىگىلىكىنى كوللېكتىپلاشتۇرۇشتىن يەككىلەشتۈرۈشكە ئۆتۈشتىكى بىرقاتار فاڭجېن-سىياسەتلەرنى بەلگىلىدى.

**كوللېكتىپلاشتۇرۇلماق** « كوللېكتىپلاشتۇر-ماق » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كوللېكتىپلاشماق** پ. كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشماق، كوللېكتىپ ھالەتكە كەلمەك: ئۇ ئون يىل تۈگمەن باققان، كوللېكتىپلاشقان-دىن كېيىن ئائىلە ئىشلىرى بىلەن بولغان.

**كوللېكتىپلىق** سۈپ. كوللېكتىپ ھالەتتىكى، كوللېكتىپ روھ سىڭگەن: خەلق ئۆرپ-ئا-دىتىنىڭ كوللېكتىپلىق خاراكتېرى بىلەن ئىجتىمائىي خۇسۇسىيىتىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تارىلىشمۇ يۇرتدا شىلىق ئورتاقلىقنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلغان.

**كوللېكتىۋىزم** ئى [د] <پەلس> ← **كوللېكتىۋىزملىق**: پرولېتارىياتنىڭ ئەخلاقى پرولېتارىياتنىڭ كۈرەشلىرى مەنپەئىتىگە بويسۇنىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسىي ئالاھىدىلىكى كوللېكتىۋىزم بىلەن كوممۇنىزم.

**كوللېكتىۋىزملىق** سۈپ. كوللېكتىۋىزمغا خاس، كوللېكتىزمغا ئائىت: كوللېكتىزملىق نۇقتىئىنەزەر. كوللېكتىزملىق كۆزقاراش. * كادىرلار ۋە ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئومۇمىيلىق كۆز قارىشى ۋە كوللېكتىۋىزملىق روھنى تىكلەپ، دۆلەت مەنپەئىتى، كوللېكتىپ مەنپەئىتى ۋە شەخسىي مەنپەئەتتىن ئىبارەت ئۈچ تەرەپنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە ھەل قىلىش توغرىسىدا تەربىيە بېرىشىمىز لازىم.

**كوللېگىيە** ئى [ر<لات] بىرگە، بامەسلىھەت ئىش كۆرىدىغان، مەمۇرىي ئورگاننى تەشكىل قىلغۇچى رەھبىرىي خادىملار گۇرۇپپىسى: سوت كوللېگىيىسى. رېداكسىيە كوللېگىيىسى. * بۇ كوللېگىيىدە «ئاپپارات بېگى، خادىم بېگى، خىزمەت بېگى» بولغانلىقتىن، كادىرلارنى تەربىيلەپ يېتىشتۈرۈش نۆۋەتتىكى جىددىي ئىش بولۇپ قالدى.

**كولغۇچ** ئى. مەلۇم نەرسىلەرنى كولايدىغان سايمان، قورال: چىش كولغۇچ. قۇلاق كولغۇچ.

**كولما** سۈپ. كولىنىدىغان، كولاپ ئېلىنىدىغان: كولما ياڭاق.

**كولما ياڭاق** پوستى قېلىن، مېغىزىنى پىچاقتا كولاپ ئالىدىغان ياڭاق.

**كولىماق** پ ① چوڭقۇر قىلىپ ئويماق، قازماق: ئورا كولىماق. * ئورنىنى كىم كولىسا، ئۆزى چۈشەر (ماقال). * سۇنىڭ قەدرىنى قۇدۇق كولىغان بىلەر (ماقال). ② كۆچمە. ئىنچىكىلەپ، زېھرلاپ سورىماق: گەپ كولىماق. * ئۇنىڭ نېمىندۇر دېمەكچى بولۇپ، ئاغزىدىن چىقىرالمايۋاتقانلىقىنى سەزگەن ئەشرەپ بوۋاي كولاپ سورىدى. ③ ئاختۇرماق، كوچىلىماق: ھاپىز ئاخۇن چاپىنىنىڭ يانچۇقىنى يەنە كولىدى، بىراق موخوركا تۈگىگەنىدى. ④ ئاچماق، ئاشكارىلىماق: خەقنىڭ ئەيىبىنى كولىماق.

**كولياسكا** ئى [ر] تۆت چاقلىق ئات ھارۋىسى: ئۇ سۆزلىگەچ كولياسكىغا چىقىپ ئولتۇردى.

**كوم** تەق. يۇمشاق نەرسىلەرنى قاتتىقراق نەرسىلەر بىلەن ئۇرغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كوماك** ① سۈپ. چىشى چۈشۈپ كەتكەن، چىشى يوق: موماي كۈلۈمسىرىۋىدى، يۈزىدىكى توققۇزتونلۇقتەك تۈرۈم-تۈرۈم بولۇپ كەتكەن قورۇقلىرى چوڭقۇرلىشىپ، كوماك ئېغىزىنى تېخىمۇ يېقىمسىز قىلىپ كۆرسەتتى. ② ئى. چۈشۈپ كەتكەن چىشنىڭ ئورنى: كۈلكە بىلەن سالئاخۇن ئۈستىنىڭ قورۇق باسقان ئىككى جاۋغىيى ئېچىلىپ، چىشنىڭ كوماكلىرى كۆرۈنۈپ كەتتى.

**كوماندا** ئى [ر<فران] ① ئۇرۇش، مەشىق قاتارلىقلار داۋامىدا چۈشۈرۈلگەن ئادىي، ئاغزاكى بۇيرۇق: كوماندا بەرمەك. كوماندىغا بويسۇنماق. * ئۆيىمىزنىڭ كەينى باغ ئىدى. رادىئودىن ئاڭلانغان مۇزىكىنىڭ كوماندىسىغا ئەگىشىپ، گىمناستىكا ئويناپ بولۇپ دەرس تەكرارلايتتىم. ② تەنتەربىيىنىڭ مەلۇم تۈرى بويىچە تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا: ۋالىبول كوماندىسى. پۇتبول كوماندىسى. ئەرلەر كوماندىسى. ئاياللار كوماندىسى. كوماندىغا قاتناشماق. * شۇ كۈنلەردە

مەن مەكتەپ ۋاسكىتبول كوماندىسىغا قاتناشتىم.

**كوماندا بەرمەك** بۇيرۇق بەرمەك: ئۇ «ئات، پارتلات» دەپ كوماندا بېرىپ، بۇ قانلىق قىرغىنغا باشچىلىق قىلىپ تۇرغان زىياۋۇدۇننى كۆردى.

**كوماندىر** ئى [ر] ھەربىي قىسىم، ھەر خىل توپ كوماندىسى قاتارلىقلارنىڭ باشلىقى: ئۇ باتالىيون كوماندىرىنىڭ ھەمراھلىقىدا ئالدىمىزغا كەلدى. * شۇنىدىن باشلاپ، ئۇ مەكتەپ ۋالىبول كوماندىسىنىڭ كوماندىرى بولۇپ قالدى

**كوماندىر-جەڭچى** كوماندىر ۋە جەڭچى: ئۇرۇش دېگەندە كىشلەر ئاتلىق ئەسكەرلەرنىڭ ھەيۋەتلىك ھۇجۇملىرى، تەنتەنىلىك ھەربىي يۈرۈشلەر، كوماندىر-جەڭچىلەر كۆرسىتىدىغان قەھرىمانلىقلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

**كوماندىرلىق** ئى. كوماندىرلار قىلىدىغان ئىش، ۋەزىپە: بۇ يەرگە يەنە مەرھۇم كۆكە ھايات ۋاقتىدا كوماندىرلىق قىلغان ھۇجۇمچى باتالىيونمۇ كەلگەنىدى.

**كومباين** ئى [ر<ئىنگ] زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇنىۋېرسال ماشىنا. بىرلا ۋاقىتتا بىرنەچچە خىل ئىشلارنى قىلالايدۇ. مەسىلەن، دانلىق زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش كومباينى ئورۇش، دېنىنى ئايرىش، دېنى ۋە توپانلىرىنى بىر-بىرىدىن ئايرىش قاتارلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ.

**كومباينچى** ئى. كومباين ھەيدەيدىغان كىشى، كومباين شوپۇرى: ئۇ ئۈچ ئاي كومباينچىلار كۇرسىدا ئوقۇپ، كومباين ھەيدەشنى ئۆگەنگەنىدى.

**كومپارتىيە** ئى [ر] كوممۇنىستىك پارتىيە: كومپارتىيە ئەزاسى. * بۇ دۆلەتلەرنىڭ خەلقلىرى كومپارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلغۇچى سىنىپلارنىڭ ئەكسىيەتچىل ھۆكۈمرانلىقىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ھاكىمىيەتنى قۇردى.

**كومپاس** ئى [ر<لات] <جۇغ> يۆنىلىش بەلگىلەيدىغان ئەسۋاب. ئادەتتە ئۇ يۆنىلىش گرادۇسلىرى چۈشۈرۈلگەن يۇمىلاق تەخسە ۋە دائىم شىمالنى كۆرسىتىپ تۇرىدىغان ماگنىتلىق تىلدىن تۈزۈلىدۇ.

**كومپانىيە** ئى [ر<فران] مەلۇم مەقسەتلەردە ئۇيۇشقان گۇرۇھ، ئۇلپەت، ئۇلپەتچىلىك: ھازىردىن باشلاپ سىز بىزنىڭ كومپانىيىنىڭ ئەزاسى.

**كومپرادور** [ر<ئىسپان] <پەلس> ① ئى. مۇستەملىكە ۋە يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە چەت ئەل كاپىتالىستلىرىنىڭ ئورنىدا ئۆز دۆلىتىنىڭ بازارلىرىدا كارخانا تىجارىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ھەم ئۇلارنىڭ تاۋارلىرىنى سېتىپ بېرىدىغان ۋەكالەتچى. ② سۈپ. مۇستەملىكە ھەم يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە، جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرگەن ھەمدە جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان: كومپرادور بۇرژۇئازىيە.

**كومپرادور بۇرژۇئازىيە** <پەلس> مۇستەملىكە ھەم يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەردە، جاھانگىرلىك بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ، جاھانگىرلارنىڭ تاجاۋۇزچىلىق سىياسىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان چوڭ بۇرژۇئازىيە. كونا جۇڭگودا، كومپرادور بۇرژۇئازىيە ھاكىمىيەتنى ئىگىلىگەن بولۇپ، تەرەققى قىلىپ بيۇروكرات بۇرژۇئازىيىگە ئايلاندى.

**كومپلېكس** سۈپ [ر<لات] بىرىكمە، قوشما: كومپلېكس تۇز. كومپلېكس سان.

**كومپلېكس تۇز** <خىم> ئىككى خىل ئوخشىمىغان تۇزنىڭ بىرىكىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل تۇز. ئېرىتمىدە ئىئونلىنىپ، ئەسلىدىكى تۇزدا بولىدىغان ئىئونلارغا ئوخشىمايدىغان ئىئونلارنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن، تۆمۈرسىيان كالىي $(K_3Fe(CN)_6)$ ئېرىتمىدە ئىئونلانغاندا $Fe^{3+}$ بىلەن $CN^-$ ئىئونلىرىنى ھاسىل قىلماي، بەلكى $Fe(CN)_6^{3-}$ ئىئونىنى ھاسىل قىلىدۇ.

**كومپلېكس سان** <مات> ھەقىقىي سان بىلەن مەۋھۇم ساندىن ئىبارەت ئىككى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سان. ئۇ $a+bi$ بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىكى $a$ بىلەن $b$ ھەقىقىي سان، $i$ بولسا مەۋھۇم بىرلىك، يەنى $i=\sqrt{-1}$ .

**كومپلېمېنت** ئى [ر<لات] <تىب> **تولۇقلىغۇچى**.

**كومپلېمېنت سىستېمىسى** <تىب> بىر يۈرۈش مۇرەككەپ، ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئاقسىللىق بەدەن سۇيۇقلۇقلىرىنىڭ ئىممۇنىتلىق سىستېمىسى.

**كومپوزىتسىيە** ئى [ر<لات] ① <ئەد> ئەدەبىي ئەسەر، سەنئەت ئەسىرى قىسىملىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، جايلىشىشى ۋە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى: رومانىنىڭ كومپوزىتسىيەسى. ھېكايىنىڭ كومپوزىتسىيەسى. ② تەركىبىي قىسىملىرى مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلىنىپ بىرلىكنى ھاسىل قىلغان بەدىئىي ئەسەر، مۇزىكا ياكى رەسىم. ③ <مۇز> مۇزىكا ئەسىرى يارىتىش نەزەرىيەسى.

**كومپوزىتور** ئى [ر<لات] <مۇز> مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلغۇچى كىشى: ئۇ قۇلىقىغا شۇنچىلىك يېقىملىق ئاڭلاندىكى، خۇددى كومپوزىتور پۈتۈن ئۆمرىنى سۆچىلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن سۆچىنىڭ ھايات خاتىرىسىنى ئۆز مۇزىكىسىدا ئورۇنلاۋاتقاندەك، كۆڭۈلگە بىر خىل ئاراملىق بېغىشلايتتى.

**كومپوزىتورلۇق** ئى. مۇزىكا ئەسەرلىرىنى ئىجاد قىلىش ئىشى، كەسپى: كومپوزىتورلۇق قىلماق.

**كومپېنساتسىيە** ئى [ر<لات] <تىب> ئەزانىڭ مەلۇم بىر قىسمىدىكى توقۇلمىلاردا كېسەللىك ئۆزگىرىشى يۈز بەرگەندە، ساغلام توقۇلمىلارنىڭ ئۇلارنىڭ ئورنىنى بېسىپ ئىشلەپ، مەزكۇر ئەزانى ئاجىزلاشتۇرماسلىق ئىقتىدارى. مەسىلەن، يۈرەك قاپقاقلىرىدا كېسەللىك پەيدا بولغاندا، يۈرەكنىڭ ھەرىكەت مىقدارى كۆپىيىپ كېتىپ، يۈرەكنىڭ ھەجمى يوغىناپ، ۋەزىپىنى ئادا قىلىشقا مەجبۇر بولغىنىغا ئوخشاش.

**كومزەك** ئى. ھاراق، ئاچچىقسۇ، جاڭيۇ قاتارلىقلار قاچىلىنىدىغان ئاغزى كىچىك، قورسىقى چوڭ ساپال قاچا: دېھقان شۇنداق قارىسا، قوشنىنىڭ ئىزىدا يوغان بىر كومزەك تۇرغۇدەك.

**كومسومول** ئى [ر] كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى: كۆردۈم ئۇنىڭ كۆكسىدە، چاقناپ تۇرغان ئىزناكىنى. «كومسومول» دەپ ۋارقىراپ، قۇچاقلىدىم ئاكامنى.

**كومسوموللۇق** «كومسومول» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كومسوموللۇققا قوبۇل قىلىنماق. كومسوموللۇق ئىزنىكى. كومسوموللۇق كىنىشكىسى.

**كومشا** (توغرىسى: كومشار) ← **كومشار**.

**كومشار** ئى ① ئېغىزنىڭ سىرتقى بوشلۇق ئەتراپى: — ھوي، ئەقلىدىن ئاداشقان خۇمسى! نېمە ھەددىڭدىن ئاشىسەن؟ مانا ئەمىسە، سەنمۇ بىر تېتىپ باققىن! — يىگىت

نەمەتنىڭ كومشىرىغا بىر مۇشت ئاتتى. ② كۆچمە. پەمسىز، ئىش قاملاشتۇرالمايدىغان، لەقۋا: تازا كومشار بىرنېمە ئىكەنغۇ بۇ، شۇنچىلىك ئىشنىمۇ قاملاشتۇرالماي قايتىپ كەلگىنىنى قارىمامدىغان! // — تېرىكمەي يەنە مەيلىگە قويۇپ بېرەيمۇ ئەمسە، — دېدى ئايىسخان زەردە بىلەن، — بىكارغا كومشا ئاتالمىغان-دە.

**كومشايتماق** «كومشايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كومشايماق** . پ. سولاشماق، بوشاشماق، لەلەڭشىمەك: ئۇلار نەشىنى چېكىۋېرىپ ھېلىلا كومشىيىدۇ.

**كوم-كوم** «كوم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كومكومچى** ئى. پۇختا، سىلىق ئىش قىلماي، قولدىن ئۆتۈشكىلا ئىش قىلىدىغان ئادەم (كۆپرەك ھۈنەرۋەنلەر ھەققىدە): — ئۇ تازا بىر كومكومچى، بۇ كىيىمنى ئۇنىڭغا بەرمەيلى، — دېدى ئاپام مېنى ئاگاھلاندۇرۇپ.

**كوممۇنا** ئى [ر<فران] ① باشلانغۇچ جەمئىيەتتە كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئورتاق ئىستېمال قىلىش ئاساسىدا بىرلەشكەن مەلۇم توپى، جامائەسى. ئۇ سىنىپىي جەمئىيەتتىمۇ خېلى ئۇزۇنغىچە ساقلىنىپ تۇرغان. مەسىلەن، ئۇرۇقداشلىق كوممۇنىسىغا ئوخشاش. ② پرولېتارىيات ھاكىمىيىتىنىڭ بىر خىل شەكلى. فرانسىيەدە 1871-يىلى پارىژ كوممۇنىسى قۇرۇلغان. ③ خەلق گوڭشېسى: پەرھات چولپانخان ئانىنى بىنامدىن مەھەللىگە ئېلىپ كېتىشتە؛ كوممۇنا دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ تەكشۈرۈشتە دۇرنەم بىلەن بىللە بولدى.

**كوممۇنىزم** ئى [ر<فران] <پەلس> ① پرولېتارىياتنىڭ پۈتكۈل ئىدىيە سىستېمىسى. ② ئىنسانىيەتنىڭ ئەڭ غايىۋى ئىجتىمائىي تۈزۈمى. ئۇ تەرەققىيات جەريانىدا ئىككى باسقۇچقا بۆلۈنىدۇ. دەسلەپكى باسقۇچى سوتسىيالىزم، يۇقىرى باسقۇچى كوممۇنىزمدۇر. ئادەتتە دېيىلىۋاتقان كوممۇنىزم ئۇنىڭ يۇقىرى باسقۇچىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ باسقۇچتا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلغان، ئىجتىمائىي مەھسۇلاتلار ئىنتايىن موللاشقان، كىشىلەرنىڭ ئىدىيىۋى ئاڭلىقلىقى يۇكسەك دەرىجىدە ئۆسكەن، ئەمگەك تۇرمۇشنىڭ بىرىنچى ئېھتىياجىغا ئايلانغان، ئۈچ چوڭ پەرق يوقىتىلغان، كوممۇنىستىك ئومۇمىي خەلق مۈلۈكچىلىك تۈزۈمى ئورنىتىلغان ۋە ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىشلەش، ھەركىمنىڭ ئېھتىياجىغا قاراپ ھەق بېرىش پرىنسىپى يولغا قويۇلغان بولىدۇ.

**كوممۇنىزمچى** ئى. كوممۇنىزم ئۈچۈن كۈرەش قىلغۇچى، كوممۇنىزم قۇرۇش تەرەپدارى: ئىنسانىيەت ئىجاد قىلغان پۈتۈن بىلىم بايلىقى بىلەن مېڭىسىنى بېيىتقان كىشىلا كوممۇنىزمچى بولالايدۇ.

**كوممۇنىزملىق** سۈپ. كوممۇنىزمغا خاس، كوممۇنىزمغا ئائىت: كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش. كوممۇنىزملىق ئەخلاق. كوممۇنىزملىق روھ.

**كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش** <پەلس> پرولېتارىياتنىڭ دۇنيا توغرىسىدىكى تۈپكى قارىشى. ئۇ دۇنيانىڭ ئەسلىي قىياپىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى ئەينەن ئەكس ئەتتۈرىدۇ، كىشىلەرنىڭ كوممۇنىزمدىن ئىبارەت يۈكسەك غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا دۇنيانى پائالىيەتچانلىق بىلەن ئۆزگەرتىشكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانلار تارىخ-

دىن بۇيانقى ئەڭ مۇكەممەل، ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئىلمىي دۇنيا قاراشتۇر.

**كوممۇنىست** ئى [د] كوممۇنىستىك پارتىيە ئەزاسى.

**كوممۇنىستىك** سۈپ [د] كوممۇنىزمغا ئائىت، كوممۇنىزم غايىسى بىلەن سۇغۇرۇلغان: كوممۇنىستىك پارتىيە. كوممۇنىستىك ئەخلاق. كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى.

**كوممۇنىستىك ئەخلاق** <پەلس> پرولېتارىياتنىڭ ئەخلاقى. ئۇ پرولېتارىيات ۋە ئەمگەكچى خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنىڭ ئىنكاسى، ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ ئالىجاناب ئەخلاق. ئۇنىڭ ماھىيەتلىك ئالاھىدىلىكى — كوللېكتىپچىلىق ۋە جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابىي روھتۇر.

**كوممۇنىستىك پارتىيە** <پەلس> پرولېتارىياتنىڭ سىياسىي پارتىيىسى. ئۇ پرولېتارىياتنىڭ ئاۋانگارت قوشۇنى بولۇپ، پرولېتارىياتنىڭ سىنىپىي تەشكىلىنىڭ ئەڭ يۇقىرى شەكلىدۇر. ئۇنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزمدۇر. ئۇنىڭ مەقسىتى — پرولېتارىيات ۋە بارلىق ئېزىلگۈچى ئەمگەكچى خەلققە رەھبەرلىك قىلىپ، ئىنقىلابىي كۈرەش ئارقىلىق ھاكىمىيەتنى تارتىۋېلىپ، پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسىنى بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش، ئاخىرقى ھېسابتا سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت.

**كوممۇنىستىك دۇنيا قاراش** <پەلس> ← **كوممۇنىزملىق دۇنيا قاراش.**

**كوممۇنىستىك كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى** <پەلس> پرولېتارىياتچە كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى. ئۇ كوممۇنىستىك دۇنيا قاراشنىڭ تەركىبىي قىسمىدۇر. ئۇ پرولېتارىيات ۋە خەلق ئاممىسىنىڭ كوللېكتىپ مەنپەئىتىنى ئاساس قىلىپ، شەخسىيەتسىز بولۇپ، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنى، كوممۇنىزمنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشنى كىشىلىك تۇرمۇشنىڭ ئالىي مەقسىتى قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئۇ ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ ئىلغار، ئەڭ ئالىجاناپ بولغان كىشىلىك تۇرمۇش قارىشىدۇر.

**كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى** <پەلس> ئىلغار ياشلارنىڭ كومپارتىيە رەھبەرلىكىدىكى ئاممىۋى تەشكىلاتى. ئۇ پارتىيىنىڭ ياردەمچىسى بولۇپ، ياش ئەۋلادلارنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، كوممۇنىزم ئىشلىرى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان قىلىپ تەربىيىلەيدۇ.

**كوممۇنىستلارچە** رەۋ. كوممۇنىستلارغا خاس، كوممۇنىستلارغا ئوخشاش: «بولدى، كوممۇنىستلارچە سۆزلىشەيلى» دەيتتى ئۇ، شۇنىڭ بىلەن بىز بىر تەن كىشىدەك ئىچ-قارنىمىزدىكىنى ئېيتىشىپ تۇرۇپ.

**كوممىدە** رەۋ «كوم» قىلغان ھالدا؛ «كوم» قىلىپ: رەسۇل ئىمام دۈگىدىن چاڭغا بىلەن سىيرىلغاندەك ئىلدام چۈشۈپ كەلدى ۋە ئىچ ئاغرىتقان قىياپەتتە ئىككى قولىنى سەل-پەل ئالدىغا سوزۇپ تۇرغان تۆمۈرچىنىڭ قوچىقىغا كوممىدە تاشلاندى.

**كومېتا** ئى [ر‹گرېك] <ئاستر> ← **قۇيرۇقلۇق يۇلتۇز.**

**كومېتا بېشى** <ئاستر> كومېتا يادروسى بىلەن كومېتا قۇيرۇقىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كومېتا چېچى** <ئاستر> كومېتا يادروسىنى ئوراپ تۇرغان بىر قەۋەت گاز.

**كومېتا قۇيرۇقى** <ئاستر> قۇيرۇقلۇق.

يۇلتۇزنىڭ يورۇق ھالەتتىكى قۇيرۇق قىسمىنىڭ ئۇزارغان قىسمى. ئۇ ئاساسەن گاز جىسىم ۋە چاڭ-توزانلاردىن قۇرۇلغان بولىدۇ.

**كومېتا گۇرۇپپىسى** <ئاستر> قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزلارنىڭ دەۋرىيلىكى بويىچە ئايرىلغان تۈرى. ئادەتتە قىسقا دەۋرىيلىك كومېتا گۇرۇپپىسى ۋە ئۇزۇن دەۋرىيلىك كومېتا گۇرۇپپىسى دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**كومېتا يادروسى** <ئاستر> قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزنىڭ مەركىزىي قىسمى. ئادەتتە ئۇ بىرقەدەر زىچ ھالەتتىكى قاتتىق جىسىملار ۋە ماددىي نۇقتىلاردىن تەركىب تاپىدۇ.

**كومېدىيە** ئى [ر<گرېك] <ئەد> تۇرمۇشتىكى سەلبىي ھادىسىلەر ۋە شەخسلەر مازاق قىلىنىدىغان كۈلكىلىك سەھنە ئەسىرى.

**كومېدىيىلىك** سۈپ. كومېدىيە تۈسىنى ئالغان: كومېدىيىلىك ئوپېرا.

**كومېدىيىلىك ئوپېرا** <تىيا> كومېدىيە تۈسىنى ئالغان ئوپېرا. ئۇنىڭدا مۇبالىغە قىلىش ۋاسىتىسى بىلەن رەزىللىك، قالاقلىق ھادىسىلىرى مەسخىرە قىلىنىدۇ ۋە بۇ خىل ھادىسىلەردە كۆرۈلىدىغان زىددىيەت بىلەن ساغلام شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەتلەر گەۋدىلەندۈرۈلۈپ، كىشىلەر كۈلدۈرۈلىدۇ ۋە ئاخىرى قانائەتلىنەرلىك تاماملىنىدۇ. شەكىل جەھەتتىن ناخشا ۋە مۇزىكىنى ئاساس قىلىدۇ.

**كومىتېت** ئى [ر<فران] ① سىياسىي پارتىيە، تەشكىلات، ئورگان ۋە مەكتەپ قاتار-لىقلاردىكى رەھبەرلىك كوللېكتىپى ياكى شۇنداق ئورگان: جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتى. تەنتەربىيە كومىتېتى. ② ئورگان، تەشكىلات، مەكتەپ قاتارلىقلاردىكى مەلۇم ۋەزىپىنى ئورۇنداش مەقسىتىدە قۇرۇلغان مەخسۇس ئاپپارات: ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىش كومىتېتى.

**كومىسسار** ئى [ر<فران] ① دۆلەت ئىشلىرى كومىتېتىنىڭ ئەزاسى. ② <ھەرب> پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئارمىيىدىكى ھوقۇقى ۋە مەسئۇلىيىتى كوماندىر بىلەن باراۋەر بولغان ئالاھىدە ۋەكىلى: سىيا-سىي كومىسسار.

**كومىسسارىيات** ئى [ر] كومىسسار تەرىپىدىن باشقۇرۇلىدىغان بىر قاتار دۆلەت مۇئەس-سەسەلىرى ۋە مەمۇرىي مۇئەسسەسەلەر-نىڭ نامى.

**كومىسسىيە** ئى [ر<لات>] ① بىرەر ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن تەشكىللەنگەن گۇرۇپپا: ئىمتىھان كومىسسىيىسى. * خاسىيەت 13 ياشقا كىرگەندە، سەنئەت مەكتىپىگە ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشقا كەلگەن كومىسسىيە ئۇنىڭ ئىقتىدارىدىن ھەيران قالغان، بىر ئېغىزدىن قوبۇل قىلماقچى بولغانىدى. ② شۇنداق گۇرۇپپىنىڭ ئەزاسى: قادىر مۇئەللىم فىزىكا ئىمتىھانىغا كومىسسىيە بولۇپ كىردى.

**كومىسسىيون** [ر] ① سۈپ. ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىدىغان: كومىسسىيون ماگىزىن. كومىسسىيون دۇكان. ② ئى. ۋەكالىتەن سېتىپ بېرىدىغان دۇكان، ماگىزىن: مەن بۇ كاستۇمنى كومىسسىيوندىن ئالدىم. * ئۇ رەڭلىك تېلېۋىزورىنى كومىسسىيونغا قويدى.

**كونا** [پ] ① سۈپ. ئىشلىتىلىپ، كۆپ تۇتۇلۇپ كاردىن چىققان؛ سۈپىتى بۇزۇلغان، ئەسكى، ئەسكىرگەن: كونا چاپان. كونا ئىشتان. * ئۇنىڭ سومكىسى يوق بولۇپ، كىتاب-دەپتەرلىرىنى ئانىسىنىڭ كونا باش ياغلىقىغا تۈگۈپ قولتۇقىغا قىسىۋالاتتى. ② سۈپ. بۇرۇنقى، ئىلگىرىكى: چاپاننىڭ

يېڭىسى ياخشى، دوستنىڭ كونىسى (ماقال) * مەن سىزنى ھېلىقى كونا جايدا ساقلىغىلى نەچچە كۈن بولدى. ③ سۈپ. ئۇزۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، ئۇزۇندىن بار بولغان، ئەنئەنىۋى: كونا ئادەت. كونا ئۇسۇل. * زىرائەتلەر يىغىلىپ بولغان كۈز كۈنلىرىنىڭ بىرىدە بىردىن ئۇنىڭ كونا كېسىلى قوزغىلىپ، ئىشتىن قېچىپ ئۆرۈك ياغاچلىرى ئارىسىغا مۆكۈۋالغان چېغىدا، باشقىلار كۆرۈپ قالدى. ④ سۈپ. ئىستېمالدىن قالغان، بىكار قىلىنغان: كونا پۇل. كونا يېزىق. ⑤ سۈپ. پېشقەدەم: كونا ئىشچى. * ھەربىي مۇددىتىنى ئاشۇرۇپ ئىشلەۋاتقان بىرقىسىم كونا جەڭچىلەر بۇ قېتىمقى جەڭ ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىسىمدىن ئايرىلىشنى تەلەپ قىلدى. ⑥ ئى. كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار» بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ، بىزدىن بۇرۇن ئۆتكەن، ياشىغان كىشىلەر، بىزدىن بۇرۇنقى ئەۋلادلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: كونىلارنىڭ مۇنداق بىر ئېغىز گېپى بار. * ئويلاپ باقسام، كونىلارنىڭ «بالىسى غورا يېسە ئانىسىنىڭ چىشى قامايدۇ» دېگىنىمۇ راست ئىكەن.

**كونا ئادەت** بۇرۇندىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، بۇرۇن ئۆگىنىپ قالغان ئادەت؛ ئەنئەنە: ئۇ مەرغۇلاندىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، يەنە كونا ئادىتىنى داۋام قىلىشقا باشلىدى. * غوپۇرئاخۇن بۇ توغرىدا خېلى كۆپ ئويلاندى. ئاخىر ئۇ دادىسىدىن قالغان كونا ئادىتى بويىچە ئىشنى مېھماندارچىلىقتىن باشلاش قارارىغا كەلدى.

**كونا پەدىنى چالماق** ئىلگىرىكى، بۇرۇنقىنى قايتا تەكرارلىماق.

**كونا پېتىچە** بۇرۇنقىدەكلا، ئىلگىرىكىدەكلا، ئۆز ۋاقتىدىكىدەك: بوستان گۈڭشېسى بىلەن سىېلىشتۇرغاندا، بىزدە تېخى كۆپ ئىشلار كونا پېتىچە كېتىۋاتىدۇ.

**كونا تاش قورال دەۋرى** <تارىخ> تاش قورال دەۋرىنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى، يەنى ئىنسانلار تارىخىدىكى ئەڭ قەدىمكى باسقۇچ. بۇ دەۋردە ئىنسانلار ئىشلەتكەن قوراللار بىرئاز قوپاللراق ئىشلەنگەن تاش قوراللار بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىش جەھەتتە پەقەت بېلىقچىلىق، ئوۋچىلىق ۋە ياۋايى ئوزۇقلۇقلارنى يىغىۋېلىش ئۈچۈنلا ئىشلىتىلەتتى.

**كونا چۈشنى كۆرمەك** ئىلگىرى قىلغان ئىش-ھەرىكەتنى قايتا تەكرارلىماق: — ئىلگىرى قىلمىغان ئەسكىلىكىڭ قالمىدى، ئەمدى كەچۈرۈم قىلىپ يول قويسا، كونا چۈشۈڭنى يەنە كۆرەي دەۋاتامسەن؟ — ئەلەم بىلەن سۆزلىدى قادىر.

**كونا خامانىنى سورىماق** ئىلگىرى بولۇپ ئۆتكەن ئىش-ھەرىكەت، گەپ-سۆزلەرنى قايتا تەگىمەك: ناماقۇل بولۇپ، سالام بېرىپ ئالدىڭىزغا كەلگەندىن كېيىن، كونا خامانىنى سورۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ * — كونا خامانىنى سورۇشنىڭ ئورنى يوق، بولدى، بۇ گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن، — دېدى تاجىنساخان.

**كونا دېموكراتىزملىق ئىنقىلاب** <پەلس> بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىك قىلغان، بۇرژۇئازىيە دىكتاتۇرىسىنى قۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بۇرژۇئا دېموكراتىك ئىنقىلابى. جۇڭگودا 1919-يىلدىكى 4-ماي ھەرىكىتىدىن بۇرۇنقى، بۇرژۇئازىيە رەھبەرلىكىدىكى جاھانگىرلىك ۋە فېئودالىزمغا قارشى يەنى 1911-يىلدىكى شىنخەي ئىنقىلابى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كونا سەنەمگە دەسسەمەك** كۆپ تەكرارلانغان قاراشنى، پىكىر-چۈشەنچىنى قايتا كۆتۈرۈپ چىقماق، تەكرارلىماق:

قاچانغىچە كونا سەنەمگە دەسسەپ يۈرىمىز. زامان ئاللىقاچان ئۆزگەردى، زامانغا بېقىپ ئىش قىلايلى.

**كونا سەنەمگە ئۇسسۇل ئوينىماق** ← **كونا سەنەمگە دەسسىمەك**: بۇ يېڭى جەمئىيەت، كونا سەنەمگە ئۇسسۇل ئويناش يېڭى جەمئىيەتنىڭ ئىشى ئەمەس دېيىشكە توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ.

**كونا قېلىپ** ئىلگىرىكى، بۇرۇنقى شەكىل، - ئەندىزە: كېيىن نېمىشقىدۇر تېخنىكا يېڭىلاش دېيىلگەنلەر ئىغىزدىكى قۇرۇق گەپ بولۇپ، كارخانىنىڭ ئىشلىرى يەنە شۇ كونا قېلىپتا قېلىۋەردى.

**كونا كېسەلى تۇتماق** ← **كونا كېسەلى قوزغالماق**: — مانا سېنىڭ كونا كېسىلىڭ يەنە تۇتتى، — دېدى مۇسا تاغا.

**كونا كېسەلى قوزغالماق** ئىلگىرىكى ناچار ئىللەت-نۇقسانلىرى قايتىدىن پەيدا بولماق، تەكرارلانماق: — كونا كېسىلىڭ يەنە قوزغىلىپ قالدىمۇ، قاراپ تۇرماي ياردەملەشمەمسەن، — دېدى شاكىر.

**كونا گەپ** ئىلگىرى كۆپ تەكرارلانغان گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت: كونا گەپ قۇلاققا ياقماس (ماقال). * بۇ گەپنى دەيدىغان ئادەم يوق، نەچچە يىلدىن بېرى دېيىلىپ كېلىۋاتقان كونا گەپ يەنە تەكرار ئېزىپ ئىچۈرۈلدى.

**كونا ماتېرىيالىزم** <پەلس> ماركسىزم بارلىققا كېلىشتىن بۇرۇنقى ماتېرىيالىزملىق پەلسەپىلەر. ئادەتتە 17-18-ئەسىرلەردىكى ئەنگلىيە، فرانسىيە، گوللاندىيە قاتارلىق ئەللەرنىڭ ماتېرىيالىزمى ۋە 19-ئەسىردىكى گېرمانىيە فېيېرباخ ماتېرىيالىزمى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كونا مۇقام** تەكرار سۆزلىنىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان گەپ-سۆز، ئىش-ھەرىكەت: سېنىڭ دەۋاتقانلىرىڭ ھەممىسى كونا مۇقام، بۇ مۇقاملىرىڭ ھازىرغا توغرا كەلمەيدۇ.

**كونا مۇقامغا توۋلىماق** ← **كونا سەنەمگە دەسسىمەك**: سەن قاچانغىچە كونا مۇقامغا توۋلاۋېرىسەن. ئويلىساڭچۇ، ھازىر قايسى چاغ؟

**كونا ئۇستىخاننى غاجىماق** بولۇپ ئۆتكەن، كونىراپ كەتكەن ئىش-ھەرىكەتلەرنى دائىم تەكىمەك: بولدى، قويۇڭ، كونا ئۇستىخاننى قاچانغىچە غاجايسىز.

**كونا ئۇچىنچى دەۋر** <گېئول> گېئولوگىيىلىك دەۋرلەر ئىچىدىكى يېڭى ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. داۋاملاشقان ۋاقتى 67±3–26±1 مىليون يىل. كونا ئۇچىنچى دەۋر كونىدىن تارتىپ يېڭى دەۋرگىچە قەدىمي يېڭىلىنىش، دەسلەپكى يېڭىلىنىش ۋە تەدرىجىي يېڭىلىنىش ئېپوخالىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قەدىمكى ئوتتۇرا دېڭىز رايونىنىڭ دېڭىز فاتسىيىلىك كونا ئۇچىنچى سىستېمىسىنىڭ تەركىبىدە تەڭگىسمان قۇرت بولغانلىقتىن، ياۋروپادا كونا ئۇچىنچى دەۋر تەڭگىسمان قۇرت دەۋرى دەپ ئاتالغان. كونا ئۇچىنچى دەۋردىكى ھايۋانات دۇنياسىنىڭ تۈپ ئالاھىدىلىكى — سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلارنىڭ ئۆزگىرىشى تېز بولغان، قۇرۇقلۇقتا ياشاشقا ماسلىشىشتىن ئىبارەت كۆپ شەكىللەردىن باشقا، يەنە ھاۋادا ئۇچىدىغان شەپەرەڭ تۈرىدىكىلەر ۋە دېڭىزدا ياشاشقا قايتىدىن ماسلاشقان كىت تۈرىدىكىلەر پەيدا بولغان. دېڭىزدا ياشايدىغان ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردىن فورامىنفېرا تۈرىدىكىلەر يۇمشاق تەنلىكلەرنى ئاساس قىلغان. تاتلىق سۇدا ياشايدىغان ئوستراكودالار زور مىقداردا كۆپەيگەن.

ئۆسۈملۈكلەر دۇنياسىدا كېيىنكى بور ئېپوخاسىدىن باشلاپ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدىغان يېپىق ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەر تېخىمۇ كۆپىيىشكە يۈزلەنگەن. ئۆسۈملۈكلەرنىڭ رايونلارغا ئايرىلىشى هازىرقى دەۋرگە يېقىنلاشقان. قەدىمكى جۇغراپىيە جەھەتتە چوڭ قۇرۇقلۇقنىڭ ئىچكى قىسمىدا دېڭىز سۈيىنىڭ بېسىپ كىرىش دائىرىسى كۆرۈنەرلىك تارايغان، يەر پوستى هەرىكىتى نەتىجىسىدە نۇرغۇن تاغ تىزمىلىرىنىڭ شەكىلگە ئاساس سېلىنىشقا باشلىغان.

**كونا يىلتىز** <بوت> بەزى ئىككى يىللىق ياكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى. غول يوپۇرماقلىرى قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىنمۇ داۋاملىق هايات ساقلىنىپ، ئىككىنچى يىلى باهاردا قايتىدىن بىخ چىقىرىدۇ. مەسىلەن، چوغلۇق، يالپۇزلارنىڭ يىلتىزىغا ئوخشاش.

**كونا يىل كالېندارى** <ئاستر> ← **دېهقانلار كالېندارى.**

**كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى** <پەلس> بارلىق شەيئىلەرنىڭ ئۆزىدىكى كونا بىلەن يېڭىنىڭ كۈرىشى ئارقىلىق كونا شەيئىنىڭ ئورنىنى يېڭى شەيئىنىڭ مۇقەررەر هالدا ئېلىش جەريانى. كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىشى ئالەمدە ئومۇمىي ۋە مەڭگۈ قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان قانۇنىيەت. شەيئىلەرنىڭ ئۆز خاراكتېرىگە ۋە شارائىتىگە مۇۋاپىق تۈرلۈك سەكرەش شەكىللىرى ئارقىلىق بىر شەيئىنىڭ باشقا بىر شەيئىگە ئايلىنىشى ـ كونىنىڭ ئورنىنى يېڭىنىڭ ئېلىش جەريانىدۇر.

**كونارتىماق** « كونارماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن ئۇ كىتابنى كونارتىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، مۇنداق كىتاب هەتتا بىزنىڭ ئائىلىمىزدىمۇ تېپىلماس بولۇپ كەتتى.

**كونارتىشماق** « كونارتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كونارتىلماق** « كونارتماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**كونارماق** پ. ئەسلىدىكى سۈپىتىنى، هالىتىنى، ئىسكەتىنى يوقاتماق؛ كونا هالەتكە كەلمەك: كونىراپ كەتكەن چاپان.

**كونتاكت** ئى [ر<لات] ئىككى جىسىمنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشى ۋە تېگىپ تۇرغان جايى.

**كونتاكتلىق** سۈپ. جىسىملارنىڭ بىر-بىرىگە تېگىشىشى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدىغان ياكى جىسىملارنىڭ تېگىشىش يۈزىدە يۈز بېرىدىغان: كونتاكتلىق مېتامورفىزم.

**كونتاكتلىق مېتامورفىزم** <گېئول> ماگما هەرىكىتى بۆسمە گەۋدە بىلەن قورشالما جىنسلار تېگىشكەن جايدا كەلتۈرۈپ چىقارغان بىر خىل ئۆزگىرىش. ئۆزگىرىش جەريانىدا ئورۇن ئالمىشىشىنىڭ بولۇش-بولماسلىقىغا قاراپ « ئىسسىق كونتاكتلىق مېتامورفىزم» ۋە « تېگىشىپ ئالمىشىش» دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىلىدۇ.

**كونتراست** سۈپ [ر<فران] بىر-بىرىدىن كەسكىن پەرقلىنىدىغان، پەرقى كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، پەرقلىق: كونتراست رەڭ.

**كونتراست رەڭ** <گسەن> رەڭ خىلىنىڭ خاراكتېرى ئەكسىچە بولغان، نۇر گىرادۇسىدىكى يورۇق-قاراڭغۇلۇق پەرقى زور بولغان رەڭلەرگە قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، قىزىل بىلەن يېشىل، سېرىق بىلەن سۆسۈن، نارەنجى بىلەن كۆك ۋە باشقىلار.

**كونترول** [ر<فران] ① ئى. تۇتۇپ تۇرۇپ
خالىغانچە ھەرىكەت قىلدۇرماسلىق،
تىزگىنلەش؛ باشقۇرۇش: كونترول قىلىش.
② سۈپ. تىزگىنلەنگەن: كونترول رەقەم.

**كونترول رەقەم** پۈتكۈل خەلق ئىگىلىكى
پىلانى ياكى مەلۇم تۈردىكى خىزمەتنىڭ
بەلگىلىمىسى ھەققىدىكى ئومۇمىي كۆلەم-
لىك سان، رەقەم.

**كونترول قىلماق** ① خالىغانچە ھەرىكەت
قىلالمايدىغان دەرىجىگە چۈشۈرۈپ، ئۆز
خاھىشى، مەيلى بويىچە ئىدارە قىلماق،
باشقۇرماق، تىزگىنلىمەك: نېرۋىنى كونترول
قىلماق. ھېسسىياتنى كونترول قىلماق. *
قىممەت قانۇنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە ئوبوروت
قىلىشتا بىۋاسىتە كونترول قىلىش رولىنى
ئوينايدۇ. * ئەگەر ئۇ مۇشۇ مەيداندا
تۇراپنى بېسىپ چۈشكىدەك بىر-ئىككى ئېغىز
گەپنى ئەپلەپ قىلالمىسا، ئۆزىنىڭ ئابرويى
دەخلىگە ئۇچراپ، بۇندىن كېيىنكى ئىشلاردا.
باشقىلارنى كونترول قىلىشمۇ تەس بولاتتى.
② مەلۇم چەكتىكى ھالەت ۋە نورماللىقى-
نى ساقلاپ قالماق ياكى مەلۇم ھالەتى-
نىڭ كېڭىيىپ كېتىپ زىيان سېلىشىنى
توسماق؛ چەكلىمەك: نوپۇسنى كونترول
قىلماق. باھانى كونترول قىلماق. * جايلاردىكى
خەلق ھۆكۈمەتلىرى پۇل تارقىتىشنى كونترول
قىلىش خىزمىتىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بەردى.
* يېزا ئەمگەكچىلىرىنىڭ شەھەر-بازارلارغا
ئېقىپ كىرىشىنى كونترول قىلىش كېرەك. ③
ئۆزىنىڭ ھوقۇقى، كۈچ-قۇدرىتى، باشقۇ-
رۇش ياكى تەسىر دائىرىسى ئاستىغا
ئالماق: بازارنى كونترول قىلماق. سايلامنى
كونترول قىلماق. * بۇ چاغدا ناسىر «پولكوۋ-
نىك» شورلۇق دۆڭگە يېقىن جايلارنى
تامامەن كونترول قىلىپ بولغانىدى.

**كونترول قىلىش تاياقچىسى** <فىز>
نېيترونىنى ئوڭاي قوبۇل قىلىدىغان
ماتېرىياللار (مەسىلەن، كادمىي، بور)
دىن ياسالغان تاياقچە. بۇ خىل تاياقچە
رېئاكسىيە قازىنىدىكى يادرو رېئاكسىيىسى-
نى كونترول قىلىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كونترول نەزەرىيىسى** <ماشىن> ←
**كىبېرنېتىكا.**

**كونتروللۇچان** سۈپ. كونترول قىلىدىغان ياكى
كونترول قىلىنىدىغان.

**كونتروللۇچانلىق** «كونتروللۇچان» سۆزىنىڭ
ئىسىم شەكلى: كونتېكىستىنىڭ سېمانتىكىغا
بولغان يەنە بىر كونتروللۇچانلىق فۇنكسىيىسى
ئۇنىڭ ھەرقانداق بىر تىلدىكى مۇجمەللىكنى
چەتكە قېقىشتا كۆرۈلىدۇ.

**كونتروللاش** «كونتروللىماق» پېئىلىنىڭ
يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كونتروللاش
تاختىسى.

**كونتروللاش تاختىسى** <بىن> كونترول-
لاش قوزۇقىغا توغرا قېقىلغان تاختا.
بۇنىڭغا تام مەركىزىنىڭ ئورنى، تامنىڭ
ئىككى يېنى، تام ئۇلى، فوندامېنت
كەڭلىكى ۋە بەلدەملىرىنىڭ قارىسى
چۈشۈرۈلگەن بولىدۇ.

**كونتروللاش قوزۇقى** <بىن> قۇرۇلۇش
قىلغاندا بىنانىڭ تۆت بۇلۇڭىغا بىر مېتىر
ئەتراپىدىكى ئارىلىقلارغا قېقىلىدىغان
قوزۇق. بۇ قوزۇق ئىمارەتنىڭ ئورنىنى
بەلگىلەپ فوندامېنت قوپۇرۇلۇپ، تام
يەر ئۈستىگە كۆتۈرۈلگەنگە قەدەر
كونتروللاش نۇقتىسى بولۇپ تۇرىدۇ.

**كونتروللۇق** ئى. كونترول قىلىش تەسىر
دائىرىسى: تەجرىبە قىلىش ئۇسۇلى ئوقۇت-
قۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئوقۇغۇچىلارنى بەلگىلىك
ئەسۋاب-ئۈسكۈنىلەرنى ئىشلىتىپ، بەلگىلىك
شەرتلەرنىڭ كونتروللۇقىدا شەيئىلەر ۋە
ھادىسىلەردە مەلۇم ئۆزگىرىش پەيدا قىلىپ،

مۇشۇ ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىسىدا بىۋاسىتە بىلىمگە ئىگە قىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل.

**كونتروللىماق** پ ← **كونترول قىلماق.**

**كونتېكىست** ئى [ر<لات] يازما نۇتۇقنىڭ ئۆز ئىچىگە كىرگەن سۆز ياكى ئىبارىلەر مەنىسىنى بەلگىلەشكە ئىمكان بېرىدىغان، تولۇق پىكىرنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان بۆلىكى، پارچىسى.

**كونتېكىستسىز** سۈپ. كونتېكىستى يوق، كونتېكىستى بولمىغان: تېخنىمۇ ئوچۇقراق ئېيتقاندا، كونتېكىستسىز تىل پائالىيىتى بولمايدۇ، تىل پائالىيەتسىز كونتېكىست بولمايدۇ.

**كونتېكىستشۇناس** ئى. كونتېكىستشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى، ئالىمى، يەنى كونتېكىستنى تەتقىق قىلىدىغان مۇتەخەسسىس، ئالىم.

**كونتېكىستشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ كونتېكىستنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى: ئىنسانلارنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاقىلىشىش قورالى ۋە تەپەككۇر قورالى بولغان تىل ئۆزىنىڭ پۈتكۈل پائالىيىتىدە كونتېكىستنى مۇھىم بىر سەھنە قىلغانلىقى سەۋەبلىك، كونتېكىست تىلنىڭ لېكسىكىسى، سېمانتىكىسى، گراماتىكىسى ۋە پراگماتىكىسىغا قارىتا كۈچلۈك تەسىر كۆرسىتىش، كونترول قىلىش فۇنكسىيىسىگە ئىگە. شۇڭا، كونتېكىستشۇناسلىق تەتقىقاتى نۆۋەتتە تىلشۇناسلىق تەتقىقاتىدىكى مۇھىم بىر ھالقا ھېسابلانماقتا.

**كوندۇكتور** ئى [ر<لات] پويىز، پاراخوت، ئايروپىلان، تراموۋاي، تروللېيبۇس ۋە ئاپتوبۇس قاتارلىقلاردىكى يولۇچىلارغا قارايدىغان، ئۇلارغا خىزمەت قىلىدىغان خادىم؛ بېلەت ساتقۇچى.

**كوندېناتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتر مىقدارىنى ساقلايدىغان ئەسۋاب. يېقىن تۇرغان ھەمدە بىر-بىرىدىن ئىزولياتسىيىلەنگەن ئىككى دانە ئۆتكۈزگۈچتىن قۇرۇلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، ئېلېكتر تېخنىكىسى، تېلېگراف قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ ئىشلىتىلىدۇ.

**كونسپېكت** ئى [ر<لات] ① دەرسخانىدا مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس مەزمۇنى: كونسپېكت يازماق. كونسپېكت قالدۇرماق. ② مۇئەللىم سۆزلىگەن دەرس مەزمۇنىنى خاتىرىلەيدىغان دەپتەر: كونسپېكتنى بەرمەك. كونسپېكتنى ئالماق.

**كونستىتۇتسىيە** ← **ئاساسىي قانۇن.**

**كونسۇل** ئى [ر<لات] <ت ئىش> بىر دۆلەت ھۆكۈمىتى چەت ئەلنىڭ بىرەر شەھىرى ياكى رايونىدا تۇرۇشقا بەلگىلىگەن دىپلوماتىك ئەمەلدار. ئۇنىڭ ئاساسىي ۋەزىپىسى: ئۆز دۆلىتى ۋە ئۇنىڭ مۇھاجىرلىرىنىڭ شۇ رايوندىكى قانۇنىي ھوقۇقى ۋە ئىقتىسادىي مەنپەئىتىنى قوغداش، مۇھاجىرلار ئىشلىرىنى باشقۇرۇشتىن ئىبارەت: ئۇلار يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ئارىدىن بىر ئاي ئۆتە-ئۆتمەيلا دوتەي بىلەن ئاتامنى ئەنگلىيىدە مېھمان قىلغان ھېلىقى تاقىرباش كونسۇل يەنە ئىككى ئادىمى بىلەن قەشقەرگە كېلىپتۇ.

**كونسۇللارنىڭ ھۆكۈم قىلىش ھوقۇقى** <ت ئىش> ← **زېمىن سىرتى ھوقۇقى.**

**كونسۇلتاتسىيە** ئى [ر<لات] ① مۇتەخەسسىسلەرنىڭ ياكى بىلىملىك، ئالىم كىشىلەرنىڭ بىرەر مەسىلە بويىچە مەسلىھەتى. ② ئوقۇتقۇچىلارنىڭ پەننى ئۆزلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئوقۇغۇچىلارغا بېرىدىغان ياردىمى ياكى شۇنداق ياردەم بېرىش مەشغۇلاتى.

**كونسۇلخانا** ئى [ر<لات+پ] <ت ئىش> بىر دۆلەت باشقا بىر دۆلەتنىڭ مەلۇم

شەھىرىدە تۇرۇشلۇق كونسۇللۇق ۋەكالەتخانىسى. ئادەتتە ئۇ باش كونسۇلخانا، كونسۇلخانا، مۇئاۋىن كونسۇل كونسۇلخانىسى ۋە كونسۇلغا ۋەكالەتەن ئىش باشقۇرۇش ئورنى دېگەنلەرگە ئايرىلىدۇ. كونسۇلخانىدا يەنە كونسۇلدىن باشقا خادىملارمۇ بولىدۇ: ئۇ چىشنى چىشلەپ، كېيىنگە بۇرۇلدى - دە، ئامېرىكىنىڭ چۈگچېگدا تۇرۇشلۇق كونسۇلخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

**كونسۇللۇق** «كونسۇل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كونسۇللۇق قىلماق. كونسۇللۇققا تەيىنلەنمەك.

**كونسېرت** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> ① مۇزىكا ئەسەرلىرى، ئۇسسۇل، ناخشا ۋە شۇ قاتارلىقلار نومۇرلىرىنىڭ مەلۇم پروگراما ئاساسىدا ئىجرا قىلىنىشى، ئاممىغا كۆرسىتىلىشى، ناخشا-ئۇسسۇل: كونسېرت كۆرمەك. كونسېرت كېچىلىكى. * بىر كېسەلنى ئوپېراتسىيە قىلىشقا توغرا كەلگەنلىكتىن، ئۇ كونسېرتقا ئۈلگۈرەلمىگىلى تاسلا قالدى. ② بىر يەككە ئورۇنلىغۇچى (ئىسكرىپكا، پىئانىنو قاتارلىقلارنى چالغۇچى) بىلەن دۇخوۋۇي ئوركېستىرىنىڭ بىرلىشىپ ئورۇندىشى ئۈچۈن يېزىلغان چوڭ تىپتىكى مۇزىكا ئەسىرى. ئادەتتە ئۈچ مۇزىكا بابىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**كونسېرت كېچىلىكى** كونسېرت نومۇرلىرىنى كۆرسىتىش مەزمۇن قىلىنغان مەخسۇس كېچىلىك: شۇ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن داغدۇغىلىق ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلدى. كەچتە كونسېرت كېچىلىكى بولدى.

**كونسېرن** ئى [ر<ئىنگ] <س ئىق> كاپىتالىستىك مونوپول تەشكىلات شەكىللىرىدىن بىرى. ئۇ ئوخشاش بولمىغان ئىقتىسادىي تارماقلارنىڭ سانائەت كارخانىسى، سودا كارخانىسى، بانكا، قاتناش-ترانسپورت شىركىتى ۋە ستراخوۋانىيە شىركىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇنلىغان كارخانىلارنىڭ بىرلىشىشىدىن تەشكىللىنىدۇ.

**كونسېرۋا** ئى [ر<لات] پىششىقلاپ ئىشلەنگەندىن كېيىن تۇنىكە قۇتا ۋە بوتۇلكىلارغا قاچىلاپ، ئاغزىنى هاۋا ئۆتمەيدىغان قىلىپ بېكىتكەن يېمەكلىك. ئۇ ئۇزۇنغىچە بۇزۇلمايدۇ.

**كونسېرۋاتور** ئى [ر<لات] <پەلس> كونسېرۋاتىزم تەرەپدارى، كونا، ئۆتۈپ كەتكەن تەرتىپلەرنى ساقلاشتا چىڭ تۇرىدىغان كىشى؛ مۇتەئەسسىپ.

**كونسېرۋاتىپ** سۈپ [ر] جەمئىيەت تەرەققىياتىغا قارشى بولغان، تەرەققىياتنى ياقلىمايدىغان؛ مۇتەئەسسىپ: كونسېرۋاتىپ ئادەم.

**كونسېرۋاتىپلىق** «كونسېرۋاتىپ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: هەر دائىم ئىدىيەۋى جەھەتتە توغرا بىلەن خاتا، ئالغا بېسىش بىلەن كونسېرۋاتىپلىق ئوتتۇرىسىدا كۈرەش بولۇپ تۇرىدۇ.

**كونسېرۋاتىزم** ئى [ر] شەيئىلەر تەرەققىياتىدىن كېيىن قالغان ئىدىيە. ئۇ نەتىجىلەرگە كۆز يۇمۇش، يېڭى شەيئىلەرنى قوبۇل قىلماسلىق، قىيىنچىلىقلارنى هەددىدىن زىيادە كۆپتۈرۈۋېتىش، پايدىلىق پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇش قاتارلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

**كونسېنسسىيە** ئى [ر<لات] <ت ئىش> جاھانگىر دۆلەتلەر يەنىمۇ ئىلگىرىلەپ تاجاۋۇز قىلىشتا تايانچ نۇقتا قىلىش ئۈچۈن، يېرىم مۇستەملىكە دۆلەتلەرنى مەجبۇرلاپ «ئىجارە» گە ئېلىۋالغان جاي.

**كونكرېت** سۈپ [ر<لات] رېئال مەۋجۇت
بولۇپ تۇرغان، ئېنىق، روشەن؛ ئەمە-
لىي؛ بەلگىلىك، ئابستراكت بولمىغان:
كونكرېت ئىش. كونكرېت ئادەم. كونكرېت
ئەمگەك. كونكرېت ۋەزىپە. * زىددىيەتنىڭ
مۇئەييەن شارائىتتىكى ئوخشاشلىقى دېگىنىمىز-
دە، بىز ئېيتقان زىددىيەت رېئال زىددىيەتنى،
كونكرېت زىددىيەتنى كۆرسىتىدۇ، زىددى-
يەتلەرنىڭ بىر-بىرىگە ئايلىنىشىمۇ رېئال ۋە
كونكرېت بولىدۇ. * كونكرېت تەھلىل قىلىشتا
چىڭ تۇرۇش لازىم.

**كونكرېت ئەمگەك** <س ئىق> مەلۇم
شەكىل ۋە مۇددىئا بويىچە ئىستېمال
قىممىتىنى يارىتىدىغان ئەمگەك. مەسى-
لەن، ياغاچچىنىڭ ئائىلە سايمانلىرىنى
ياسىشى، توقۇمىچىلىق ئىشچىلىرىنىڭ يىپ
ئېگىرىپ رەخت توقۇشى قاتارلىقلارغا
ئوخشاش.

**كونكرېت ھەقىقەت** <پەلس> ئوبيېكتىپ
نەرسىلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ
نەزەرىيە جەھەتتىكى چوڭقۇر، مۇكەم-
مەل ۋە توغرا ئىنكاسى. ئوبيېكتىپ
دۇنيادىكى بارلىق شەيئىلەر كونكرېت
بولغانلىقتىن، يەنى ئۇ كونكرېت شەرت-شا-
رائىت، كونكرېت زىددىيەت، زىددىيەت
تەرەپلىرىنىڭ كونكرېت ئورنى ۋە زىددى-
يەتلەرنىڭ كونكرېت بولغان ئۆزئارا
مۇناسىۋىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان،
بىرلىككە ئىگە بىر پۈتۈنلۈك بولغانلىقتىن،
ئوبيېكتىپ شەيئىلەرنى ھەقىقىي تۇردە
چوڭقۇر ۋە مۇكەممەل ئەكس ئەتتۈر-
گەن، ھەقىقەت دەپ ئاتاشقا بولىدىغان
ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ كونكرېت بولماسلىقى
مۇمكىن ئەمەس. لېنىننىڭ «بىر قەدەم
ئالغا، ئىككى قەدەم ئارقىغا» دېگەن
ئەسىرىدە كۆرسەتكىنىدەك: دىئالېكتىكى-
نىڭ ئاساسىي قائىدىسى : «ئابستراكت
ھەقىقەت يوق، ھەقىقەت ھەمىشە
كونكرېت بولىدۇ».

**كونكرېت ئۇقۇم** <لوگ> شەيئىنىڭ
بىر پۈتۈن گەۋدىسىنى ئەكس ئەتتۈرگۈ-
چى ئۇقۇم.

**كونكرېتلاشتۇرماق** «كونكرېتلاشماق»
پېئلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۆلەت
ئورگانلىرى قانۇن تۈزۈش ۋاقتىدا، سىياسەتنىڭ
ئىزچىل ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىش
ئۈچۈن، پارتىيىنىڭ سىياسەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇ-
رۇپ، ماددىلاشتۇرۇپ، قانۇن قىلىپ گەۋدى-
لەندۇرىدۇ.

**كونكرېتلاشتۇرۇلماق** «كونكرېتلاشتۇرماق»
پېئلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قانۇن
پارتىيە سىياسىتىنىڭ كونكرېتلاشتۇرۇلۇشى
ۋە ماددىلاشتۇرۇلۇشى، ئەمما پارتىيە
سىياسەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى قانۇن قىلىپ
چىقىش شەرت ئەمەس.

**كونكرېتلاشماق** پ. ئېنىق، روشەنلەشـ-
مەك، كونكرېت ھالەتكە كەلمەك: بۇ
بىناغا كۆچۈپ كىلىپلا بىزنىڭ مەسئۇلىيەت
تۈزۈمىمىز تېخىمۇ كونكرېتلاشتى.

**كونكرېتلىق** «كونكرېت» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: «چېنىقىش» ھېكايىسى ئىدىيۋى
مەزمۇنىنىڭ كەڭ ۋە چوڭقۇرلۇقى، ئوبرازلىرى-
نىڭ روشەن ۋە كونكرېتلىقى، تەسۋىرلىگەن
تۇرمۇش مەنزىرىلىرىنىڭ جانلىق ۋە رەڭمۇرەڭلى-
كى بىلەن كىتابخانلاردا چوڭقۇر تەسىر
قالدۇرىدۇ.

**كونگو** ئى <جۇغ> ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا
غەربىدىكى بىر دۆلەت.

**كونگو قىزىلى** <خىم> ئورگانىك بوياق.
مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{32}H_{24}O_6N_6S_2$ •
قىزىل قوڭۇر رەڭلىك پاراشوك. قەغەز،
پاختا ۋە يۇڭ قاتارلىقلارنى بوۋاستە

بوياشقا بولىدۇ. كىسلاتاغا يولۇقسا، كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. ئادەتتە كىسلاتا-ئاساس ئىندىكاتورى قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**كونۇس** ئى [ر<لات] <مات> تىك بۇلۇڭلۇق ئۈچ بۇلۇڭنىڭ خالىغان بىر تىك تەرىپىنى ئوق قىلىپ بىر قېتىم ئايلىنىشىدىن ھاسىل بولغان جىسىم. كونۇسنىڭ ھەجمى ئاساسىنىڭ يۈزى بىلەن ئېگىزلىكى كۆپەيتمىسىنىڭ ئۈچتىن بىرىگە تەڭ.

**كونۇسسىمان** سۈپ. كونۇسقا ئوخشاش، كونۇس شەكىلدىكى: كونۇسسىمان گۈل رېتى.

**كونۇسسىمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر تۈرى. شەكلى كونۇسقا ئوخشايدۇ، گۈل رېتى ئوقىدا نۇرغۇن شاخلىرى بولىدۇ. ھەربىر شېخى بىر ئومۇم گۈل رېتىگە ئوخشايدۇ. مەسىلەن، ئۈزۈم، شال قاتارلىقلارنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**كونۋېرت** ئى [ر<فران] ئىچىگە خەت، ھۆججەت ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ، بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان تۆت بۇرجەك قەغەز خالتا: ئادىلمۇ شۇ چاغدا بىرنەرسىنى چۈشەنگەندەك، كونۋېرتنى ئېچىپ خەتنى چىقاردى.

**كونۋېرتسىز** سۈپ. كونۋېرتى يوق، كونۋېرتقا سېلىنمىغان: كونۋېرتسىز خەت.

**كونۋېرتلىق** سۈپ. كونۋېرتى بار، كونۋېرتقا سېلىنغان: كونۋېرتلىق خەت.

**كونۋېكسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئاقار جىسىملارنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھەرقايسى قىسىملارنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئوخشىماسلىق تۈپەيلىدىن كېلىپ چىققان قارىمۇقارشى ئېقىش. تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان قىسمى يۇقىرى ئۆرلەيدۇ، تېمپېراتۇرىسى تۆۋەن قىسمى تۆۋەنلەيدۇ. كونۋېكسىيە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزۈشنىڭ بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**كونۋېكسىيە قاتلىمى** <مېتېئور> ئاتموسفېرادىكى بىر قاتلام. يەر يۈزىگە يېقىن تۇرىدۇ. بۇ قاتلامدا ھاۋانىڭ زىچلىقى ئەڭ يۇقىرى بولۇپ، دائىم قارىمۇقارشى ئېقىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇ قاتلامدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسى ئېگىزلىككە ئەگىشىپ تۆۋەنلەيدۇ. ئاساسلىق ئابھاۋا ھادىسىلىرى مەسىلەن، يامغۇر، قار، مۆلدۈرلەر مۇشۇ قاتلامدىن ياغىدۇ. ئۇنىڭ ئېگىزلىكى مۆتىدىل بەلباغدا 10 – 12 كىلومېتىر، ئېكۋاتور ئۈپچۆرىسىدە 17 – 18 كىلومېتىر كېلىدۇ. ئىككى قۇتۇپتا 8 – 9 كىلومېتىر كېلىدۇ. بۇ قاتلام «ئۆزگىرىشچان تېمپېراتۇرا قاتلىمى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**كونۋېكسىيىلىك** سۈپ. كونۋېكسىيە تۈپەيلىدىن شەكىللىنىدىغان، ياغىدىغان: كونۋېكسىيىلىك يامغۇر.

**كونۋېكسىيىلىك يامغۇر** مېتېئور> ھاۋا كونۋېكسىيىسى تۈپەيلىدىن شەكىللىنىدىغان يامغۇر. ئادەتتە ئۇ يەر يۈزىگە يېقىن بولغان نەم ئىسسىق ھاۋانىڭ ئىسسىقلىق ياكى يۇقىرى قاتلام تېمپېراتۇرىسىنىڭ كۆچلۈك تۆۋەنلىشى تەسىرىدە تۆۋەن قاتلامدىكى يۇقىرىغا ئۆرلىگەن سۇ پارىنى سوۋۇتۇشتىن بارلىققا كېلىدۇ. ياز پەسلىدە دائىم يېغىپ تۇرىدۇ. ئەتىياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە كۈچلۈك سوغۇق ھاۋا ئېقىمى جەنۇبقا سۈرۈلگەندىمۇ يېغىپ قالىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭ دائىرىسى كىچىك، ۋاقتى قىسقا ھەم كۈچلۈكلۈكى چوڭراق بولىدۇ.

**كونچە** ① رەۋ. كونا ئادەت بويىچە: ئانامۇ

پۈتۈنلەي كونىچە پىكىر قىلىدۇ. ② سۈپ. كونا پاسۇندىكى؛ كونا شەكىلدىكى: مۇنبەردە 50 ياشلاردىكى مۇئەللىم كونىچە كۆزەينەك تاقاپ كىتاب ئوقۇماقتا ئىدى.

**كونىرىماق** (توغرىسى: كونارماق) ← **كونارماق.**

**كونىلار** ئى. بۇرۇن ئۆتكەن كىشىلەر، ئەجدادلار: — كونىلارنىڭ «چىشىڭنىڭ بارىدا گۆش يە» دېگەن ماقالى بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ پەسەنت قىلماي.

**كونىلىق** ① «كونا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇزاقچە ئۇلارنىڭ قىزىقارلىق سۆزلىرى ۋە كونىلىق ساقلىغۇچىلار تەرەپدارلىرى-نىڭ ئېتىرازلىرى ئانچە-مۇنچە قۇلىقىغا كىرىپ تۇراتتى. ② ئى. ئۆتمۈش، كونا زامانغا مەنسۇپ بولغان ئۆرپ-ئادەت، يوسۇن، تەرتىپ قاتارلىقلار: 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ياشىغان شائىرلا ئۆز ئەسەرلىرىدە كونىلىق، مۇتەئەسسىپلىكنى قامچىلىدى.

**كوھىش** (توغرىسى: كويۇش) ← **كويۇش.**

**كوئوردىنات** ئى [ر<لات] <مات> بىر نۇقتىنىڭ بوشلۇقتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ بېرىدىغان بىر ياكى بىر گۇرۇپپا سان.

**كوئوردىنات سانى** <كېئول> كرىستال قۇرۇلمىسىدىكى بىر ئاتوم ياكى ئىئون ئەتراپىدىكى ئۇنىڭ بىلەن قوشنا ئاتوم ياكى تەۋر ئالامەتلىك ئىئونلار سانى شۇ ئاتوم ياكى ئىئوننىڭ كوئوردىنات سانى بولىدۇ.

**كوئوردىنات ئوقى** <مات> تەكشىلىكتە ئومۇمىي باشلىنىش نۇقتىسى بولغان ھەمدە ئۆزئارا تىك بولغان ئىككى سان ئوقى تەكشىلىكتىكى تىك بۇلۇڭلۇق كوئوردىنات سىستېمىسىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ چاغدا ئىككى سان ئوقىنىڭ ئومۇمىي باشلىنىش نۇقتىسى كوئوردىنات بېشى، بۇ ئىككى سان ئوقى كوئوردىنات ئوقى دېيىلىدۇ.

**كوۋا** ئى. موزدۇزلار رەختنى تۈزلەش، چىڭداش، پاشنا قاتۇرۇش قاتارلىق ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان، تاپىنى كەڭ مېتال ئەسۋاب.

**كوئېففىتسىېنت** ئى [ر<لات] <مات> ① نامەلۇم سان بىلەن ئۆزئارا كۆپەيتىل-گەن سان ياكى ھەرپ. مەسىلەن، $2aX^2$ تىكى $X^2$,$2a$ نىڭ كوئېففىتسىېنتىدۇر. ② پەن-تېخنىكىدىكى مەلۇم خۇسۇسىيەت-نىڭ دەرىجىسىنى ياكى نىسبىتىنى ئىپا-دىلەيدىغان سان. مەسىلەن، كېڭىيىش كوئېففىتسىېنتى، بىخەتەرلىك كوئېففىتسىېنتى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كوي** I ئى ① ئوي، خىيال: ھەركىم ھەر كويدا، تاز خوتۇن ئەر كويدا (ماقال). * بۇ ئەھۋال مېنى ژۇرنالغا تېخىمۇ تەلپۈنىد-غان بىر كويغا سېلىپ قويدى. ② غەرەز، مەقسەت: مەلىكە ئۆزىنىڭ بىخودلۇق قىلغانلىقىغا مىڭ پۇشايمان قىلىپ، ئاشۇ ئەڭگۈشتەرنى قولغا چۈشۈرۈشنىڭ كويىدا بولۇپتۇ. ③ بىرەر مەقسەت بىلەن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان پائالىيەت ياكى ئىش: بۇ ئاداش خىلۋەت ئورمانغا بېشىنى تىقىۋېلىپ، جاھاندا نېمە كوي بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەسە كېرەك. * شۇ تاپتا ئۇنىڭغا سادىقنىڭ زادى كىملىكىنى، بۇ ئالەمگە كېلىپ نېمە كوي تۇتقان ئادەملىكىنى ۋە بۇ يەرگە قانداق سەۋەب بىلەن كىرىپ قالغانلىقىنى بىلىش زۆرۈر ئىدى.

**كويىدا بولماق** بىرەر نەرسىنى قىلىش ياكى ئېرىشىش ئوي-خىيالىدا، مەقسىتىدە يۈرمەك: ئاسىم ئۇ قىزنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ كويىدا بولغىنىغا ئۇزۇن بولغانىدى.

**كويىدا يۈرمەك** ← **كويىدا بولماق:**

تۆت تەڭگىلىك بولۇشىنىڭ كويىدا يۈرگەن سېپىتقا بۇ ئىش تازا خۇش ياقتى.

**كويغا چۈشمەك** ← **كويىدا بولماق:** يۇرت بېگى بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، تاشنى تارتىۋالماقنىڭ كويغا چۈشۈپتۇ. * يەنە قايسى سەتەڭنىڭ كويغا چۈشتىلە.

**كوي** II ئى. تارس. كوچا، يول: كوچا-كويغا چىقماق.

**كويغا سالماق** يولغا باشلىماق؛ مەلۇم ئىشنى قىلىشقا مەجبۇرلىماق: ھە ئىنىم، تۇرمۇش مېنى مۇشۇ كويغا سالدى.

**كويغا كىرمەك** پېيىغا چۈشمەك، يولغا كىرمەك، كەينىگە كىرمەك: ئۇ ئەمدى ئىلگىرىكى ئويۇن-تاماشىسىنى قويۇپ پۇل تېپىشنىڭ كويغا كىردى.

**كوي** III ئى [خەن] جانىت. جۇڭگونىڭ پۇل بىرلىكى، يۈەن.

**كويچەن** ئى [خەن] جانىت ← **كوي** III:
– كەنجەمنى دوختۇرخانىغا كۆرسىتىشكە ئەكەلگەنىدىم، دوختۇرلار ئالدىن 400 كويچەن تۆلىسەڭ، ئاندىن ياتاققا ئالىمىز دەپ تۇرۇۋالدى، – دېدى دېھقان.

**كويزا** I ئى [خەن] <قا> جىنايەتچىنىڭ ئىككى قولىنى چۈشەپ قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل جازا قورالى: قولغا كويزا سالماق. * كىشلەر ساقچىلارنىڭ ئالدىدا شۇمشىيىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتقان ياش يىگىتكە قارىشىپ بىرنېمىلەرنى دېيىشەتتى. جىنايەتچى بولسا، كويزا سېلىنغان قولىنى قىمىرلىتىپ قويۇپ، ئەتراپىدىكىلەرنىڭ نەپرەت كۆزىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇشقا ئۇرۇناتتى.

**كويزا** II ئى [خەن] ← **چوكا.**

**كويزا-كىشەن** كويزا ۋە كىشەن: ئەمدى قېچىپ كېتىدۇ دەپ قورقمىسمۇ بولىدۇ. كويزا-كىشەنلىرىنى ئېلىپ تاشلىسىڭىزمۇ، تىنىك تۇرالمايدۇ.

**كويلا** ئى. تۇگمەننىڭ چاقپېلىكى ئورنىتىلغان، نوردىن سۇ چۈشىدىغان يېرى: تۇگمەننىڭ كويلىسىدىن پۈتۈن چىقماق.

**كويلۇق** سۈپ. مەلۇم كوي قىممىتىگە ئىگە بولغان: ئىككى كويلۇق ئۈزۈم. ئون كويلۇق چاپان.

**كويۇش** ئى ← **كويۇش قىلماق.**

**كويۇش قىلماق** كۆڭۈل قويماق، دىققەت قىلماق؛ تىرىشماق: لېكىن توختى بۇ سۆزلەرگە ئانچە كويۇش قىلىپ كەتمىگىنى ئۈچۈن، بۇگۈن يەنە ئالاھىدە مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سۆز ئېچىۋاتاتتى.

**كۇب** [ر<گرېك] ① ئى <مات> يۈزلىرى ئۆزئارا تەڭ بولغان ئالتە كۋادرات ئارقىلىق ئورالغان گېئومېترىيىلىك جىسىم. ② ئى <مات> بىرەر سانىنىڭ ياكى ئالگېبرالىق ئىپادىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىسى، ئۆز-ئۆزىگە ئۈچ قېتىم كۆپەيتىلىشى: 3 نىڭ كۇبى 27 بولىدۇ. ③ مىق. بىر كۇب مېترغا تەڭ ھەجىم ئۆلچىمى؛ كۇبا مېتر: بىر كۇب ياغاچ. ئىككى كۇب شېغىل.

**كۇب جىسىم** <مات> ← **كۇب.**

**كۇب دېتسىمېتر** ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا بىر دېتسىمېتر بولغان ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كۇب سانتىمېتر** ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا بىر سانتىمېتر بولغان ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كۇب مېتر** ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا بىر مېتر بولغان ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كۇب مىللىمېتر** ئۇزۇنلۇقى، كەڭلىكى ۋە ئېگىزلىكى ئوخشاشلا بىر مىللىمېتر بولغان ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كۇب يىلتىز** <مات> مەلۇم سانىنىڭ ئۈچىنچى دەرىجىلىك يىلتىزى. مەسىلەن،

8 نىڭ كۇب يىلتىزى 2 بولىدۇ.

**كۇبانكا** ئى [ر] تۆپىسى يېپىسى، لەپىلىمىسى يوق ۋە كۆرپىدىن ئېگىز كېزەكلىك قىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل تۇماق.

**كۇبانكا تۇماق** ← **كۇبانكا.**

**كۇپايە** سۈپ [ئە] يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك: كۇپايە بولماق. كۇپايە قىلماق. * يۈز قاغىغا بىر شۇڭقار كۇپايە (ماقال). * بۇ ئىش ئۈچۈن دادامنىڭ بىر ئېغىز سۆزى، ھەتتا، كىچىككىنە كۆز ئىشارىتىنىڭ ئۆزىلا كۇپايە.

**كۇپايە بولماق** يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك دەپ ھېسابلانماق: بىز بۇ يەردە پەقەت خەلقنىڭ ئېغىزىغا ئېلىنغان بىرنەچچە ئىشنىلا ئېيتىپ ئۆتسەك كۇپايە بولار.

**كۇپايە قىلماق** يېتەرلىك، قانائەتلىنەرلىك بولماق: ھازىر بىرنەچچە 100 گە يېقىنلا ئادىمىمىز بار. شەھەرنى ئېگىلەش ئۈچۈن شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە قىلىدۇ.

**كۇپايىلەنمەك** پ. قانائەتلەنمەك، قانائەت ھاسىل قىلماق: سەپەرقۇل شەرۇللا بوۋاي بىلەنلا كۇپايىلىنىپ قالماي، ئايقىز بىلەن ھۆسنارىخانىمۇ ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپ، ئۇلارنى بۇ ئىشقا ياردەملىشىشكە ئۈيۈشتۇرغانىدى. * كىچىككىناجۇن دۈيجاڭنىڭ سوئالىغا پەقەت ھەجىيىپ، تامىقىنى چېكىلدىتىپ قويۇش بىلەن كۇپايىلەندى.

**كۇپايىلىنىشمەك** « كۇپايىلەنمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇنىڭ مىجەزىنى ئوبدان چۈشەنگەنلىكى ئۈچۈن، تولاراق بىر ئېغىز جاۋاب ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىشىدۇ.

**كۇپپار** ئى [ئە] دىنسىزلار، ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر؛ كاپىر.

**كۇپپارلىق** « كۇپپار » سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كۇپپارلىق قىلماق.

**كۇپلېت** ئى [ر<فران] <ئەد> قوشاق ياكى شېئىرنىڭ ئىككىدىن يۇقىرى مىسرادىن تەشكىل تاپقان، مەلۇم قاپىيىلىنىش تەرتىپىگە ئىگە بولغان شەكلى. ئۇيغۇر شېئىرىيىتىدە كۇپلېتلار ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى مىسرادىن، كۆپ بولغاندا ئون نەچچە مىسرادىن تەركىب تاپىدۇ.

**كۇپلېتسىز** سۈپ. كۇپلېتى يوق، كۇپلېتلارغا ئايرىلمىغان: كۇپلېتسىز شېئىرلار.

**كۇپلېتلىق** كۇپلېتى بار، كۇپلېتلارغا ئايرىلغان: كۇپلېتلىق شېئىرلار.

**كۇپۇر** ئى [ئە] خۇدانى، دىننى ئىنكار قىلىش؛ ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرۈش، ئىشەنمەسلىك؛ دىنسىزلىق: — ھاي... ھاي! — ئىشان كەينىگە ئىككى قەدەم شوخشۇدى، — كۇپۇر سۆزلەشكە قانداق جۈرئەت قىلدىڭ.

**كۇپۇر سۆزلىمەك** خۇداغا، دىنغا قارشى سۆز قىلماق، شەك كەلتۈرمەك؛ دىندىن چىقماق: — تولا كۇپۇر سۆزلىمەي خۇدادىن قورقسىلا، ئەر كىشى يوق ئۆيگە مەزلۇم كىشى قانداق قارايدىلا، — دېدى موللام.

**كۇپۇرانە** سۈپ. كۇپۇرلۇق سانىلىدىغان؛ خۇدانى، دىننى ئىنكار قىلىدىغان؛ ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان: بارا-بارا دۇنيانىڭ تىزگىنى، ئەلنىڭ تەقدىرى ئىلىم-ھۈنەرنىڭ قولىدىمىكىن دېگەن كۇپۇرانە بىر خىيال كاللامغا كىرىۋالدى.

**كۇپۇرانىلىق** « كۇپۇرانە » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — ھېمىتاخۇن ئاكا، جان دېگەننىمۇ ئاللا خالىسا بېرىدۇ، خالىسا ئالىدۇ، ئاللانىڭ ئەمرىسىز قىل تەۋرىمەيدۇ. لېكىنزە، كۇپۇرانىلىق بولسىمۇ سورىۋالاي، ئابدۇللائاخۇننى ئۆزىنى قاشتىن تاشلىۋالدى دېگەن گەپكە ھەرگىزمۇ ئىشەنگۈم كەلمەيۋاتىدۇ، بۇ ئىشقا سىلە نېمە دەيلا؟ — دەپ سورىدى سۈپۈرگىئاخۇن.

**كۆپۈرلۈق** ئى. ئاللانى، دىننى كەمسىتىدىغان، ئاللاغا، دىنغا شەك كەلتۈرىدىغان سۆز-ھەرىكەت، قىلىق؛ كۇفرى. كۆرگەن ياخشىلىقنى ئۇنتۇش، ناتونۇرلۇق: — نېمە؟! — سايىم چوڭنىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى، — كۆپۈرلۈق قىلماي ئاغزىڭنى يۇم! * — شۇنداق ياۋاش ئادەمنىڭ بالا-ۋاقىسمۇ مۇشۇنداق كۆپۈرلۈقنى قىلىدىكەن-ھە!؟ — دېدى يەنە بىرى.

**كۈت** تەق. پەس ئاۋاز بىلەن پاراڭلاشقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كۈت-كۈت** «كۈت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئاچچىقى تەشۋىق قىلىپ، ئەتىسى ئېتىزغا چىقساق ئۇ يەر-بۇ يەرلەردىكى كۈت-كۈت پاراڭلارنى ئاڭلاپ بېشىمىز قېيىپ قالدى.

**كۈت-كۈت پاراڭ** كىشىلەر بىر-بىرى بىلەن بوش ئاۋازدا، مەخپىي قىلىشقان پاراڭ، گەپ-سۆز؛ پىتنە-پاسات: شۇ كۈنى قەيەرگىلا قارىساڭ كىشىلەرنىڭ كۈت-كۈت پاراڭ قىلىشىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

**كۈت-كۈت گەپ** ← **كۈت-كۈت پاراڭ**: قاچانغىچە تۈگىمەيدىغان كۈت-كۈت گەپ بۇ؟

**كۈتكۈيلۈق** ئى. دىئال. سۈرۈشتۈرۈش؛ كوچىلاش.

**كۈتلا** سۈپ. دىئال. نەق، دەل.

**كۈتۈبسىم** ئى. [ئە] <دىن> 13 كىتابتىن تەركىب تاپقان توپلام. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتى ۋە ئىسرائىل ئوغۇللىرىنىڭ تارىخى بايان قىلىنىدۇ.

**كۈتۈپخانا** ئى [ئە+پ] كىتاب، ژۇرنال ۋە شۇ قاتارلىقلارنى توپلاش، رەتلەش، ساقلاش ۋە كىشىلەرنىڭ پايدىلىنىشىغا بېرىش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن.

**كۈتۈلداشماق** «كۈتۈلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولۇم-قوشنىلارمۇ رائىلەنى كۆرگىنىدە بىر-بىرىنىڭ قۇلاقلىرىغا كۈتۈلدىشاتتى.

**كۈتۈلدىماق** پ «كۈت-كۈت» قىلماق، «كۈت-كۈت» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: ئۇ ئادەم خۇددى چۈش كۆرۈۋاتقاندەك، بىرنېمىلەرنى دەپ كۈتۈلدايتتى.

**كۇچا** ئى <جۇغ> شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى بىر ناھىيىنىڭ نامى.

**كۇچا كۆرپىسى** كۇچانىڭ يەرلىك قوي قوزىسىنىڭ تېرىسى. سۈپىتى ياخشى بولۇپ، باش كىيىمى ۋە ياقا قاتارلىقلار تىكىلىدۇ. ئادەتتە داڭلىق كۆرپە خىللىرىدىن بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**كۇچۇلا** ئى [پ] <بوت> ① كۇچۇلا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە ياكى سەل يۇملاق بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. شىرنىلىك مېۋىسى شار شەكلىدە كېلىدۇ، پىشقاندا سارغىيىدۇ. ئۇرۇقى يۇملاق تەخسە شەكلىدە بولۇپ، قۇرۇتۇلغاندىن كېيىن دورا قىلىنىدۇ. ھەيز ماڭدۇرۇش، ئىششىق ياندۇرۇش، ئاغرىق توختىتىش رولىغا ئىگە، لېكىن زەھەرلىك. ئەسلى ماكانى ھىندىستان. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ قۇرۇتۇلغان مېۋىسى.

**كۇدرانىيە** ئى [لات] <بوت> ← **كۇدرانىيە چاتقىلى.**

**كۇدرانىيە چاتقىلى** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى دەرەخ. قوۋزىقى كۈل رەڭ قوڭۇر رەڭلىك، ئۇزۇن تىكىنى بار، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى كىچىك، باشسىمان

گۈل رىتىدە تىزىلىدۇ. مېۋىسى شار شەكلىدە. يوپۇرمىقىدا پىلە قۇرتى باققىلى بولىدۇ. ياغىچىنىڭ مەركىزى سېرىق رەڭلىك، قاتتىق ۋە پۇختا بولۇپ، قىممەتلىك ياغاچ ماتېرىيالى ھېسابلىنىدۇ.

**كۇدۇڭداس** ئى. تېرىدىكى گۆشلەرنى قىرىپ تازىلايدىغان، ئىككى تەرىپىدە ساپىقى بار، ھىلال ئاي شەكلىدىكى كۆنچىلىك ئەسۋابى.

**كۇر** تەق. قۇشلار ئۇچقان چاغدا قانىتىنىڭ ھاۋادا ھەرىكەتلىنىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**كۇرەك** سۆپ. دىئال. كەمبەغەل، يالاڭتۆش.

**كۇررىدە** .رەۋ « كۇر » قىلىپ، « كۇر » قىلغان ھالدا: قىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ئۆرۈك شېخىدا ۋىچىرلاپ ئولتۇرغان بىر جۈپ قۇشقاچمۇ كۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

**كۇرس** I ئى [ر<لات] ① مەلۇم بىر پەن ۋە سىستېما بويىچە قىسقا مۇددەتلىك ئېچىلغان ئوقۇش؛ ئۆگىنىش: بوغالتىرلار كۇرسى. شوپۇرلار كۇرسى. ② بىرەر پەن ياكى ئۇنىڭ بىر قىسمىنىڭ مەلۇم جەھەتتىكى سىستېمىلىق بايانى ۋە شۇنداق بايانىدىن ئىبارەت بولغان دەرسلىك. ③ مەكتەپلەردىكى ھەربىر ئوقۇش يىلى: مەن داشۆنىڭ بىرىنچى كۇرسىنى تۈگەتتىم. ④ بىر پۈتۈن داۋالاش ۋاقتىنىڭ بۆلەكلەرگە بۆلۈنگەن قىسمى: بىر داۋالاش كۇرسى 15 كۈن.

**كۇرس** II ئى [ر<لات] ① قىممەت، باھا: پۇلنىڭ كۇرسى چۈشمەك. مالنىڭ كۇرسى چۈشمەك. ② كۆچمە. ئىززەت-ھۆرمەت، ئابروي: شۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ ئادەمنىڭ كۇرسى چۈشۈپ كەتتى.

**كۇرسى چۈشمەك** ① ئۆز باھاسى، قىممىتى تۆۋەنلىمەك: پۇلنىڭ كۇرسى چۈشمەك. ② ئىززەت-ھۆرمىتى، ئابرويىنى يوقاتماق: كۇرسى چۈشكەن موللام ھاسىسىنى ئۇچلاپ ھېلىقى كىشىنىڭ ئالدىغا دېۋەيلەپ كەلدى-دە، ئاچچىق بىلەن توۋلىدى.

**كۇرسانت** ئى [ر] كۇرستا ئوقۇغۇچى، كۇرس ئوقۇغۇچىسى.

**كۇرسى** ئى [ئە] بەندىك، ئورۇندۇق: شاھ كابۇل شۇنداق دەپ موماينىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىپ، ئۆيدىن چىقىپ مۇنار تۈۋىگە بېرىپ، كۈمۈش كۇرسىغا چىقىپ ئولتۇرۇپتۇ.

**كۇر-كۇر** « كۇر » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: مىلتىق ئاۋازلىرى توختاش بىلەنلا پاقىلار كۇر-كۇر قىلىپ كۇركىراشقا باشلىدى.

**كۇرۇژوك** ئى [د] مەلۇم مەقسەت، غايە بىلەن توپلانغان كىشىلەر توپى، گۇرۇپ-پىسى: ئەدەبىيات كۇرۇژوكى. ياشلار كۇرۇ-ژوكى.

**كۇرۇشكا** ئى [د] ئىستاكان شەكىللىك تۇتقۇچى بار مېتال قاچا: بىر كۇرۇشكا سۇ. * ئۇلار ئۇنىمغانىغا قويماي چاي كەلتۈر-دى. بىرەيلەن ئاق شېكەرنى ئاليۇمىن قوشۇق بىلەن كۇرۇشكىلارغا كۇرەپ سالماقتا ئىدى.

**كۇس** تەق. يەل، گاز قاتارلىقلار قاچىلانغان نەرسىنىڭ تۆشۈكىدىن مەلۇم بېسىم بىلەن سىرتقا ئېتىلىپ چىقىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**كۇسا** (توغرىسى: كۇرسى) ← **كۇرسى.**

**كۇسار** ئى [خەن] ئەر-ئاياللارنىڭ ئىچىگە كىيىدىغان كالتە ئىشتىنى.

**كۇسپاڭ** سۆپ. تىل ھا. چىچقاق، ئوسۇرغاق: ھەي يول باشلىماي قۇرۇپ كېتىدىغان كۇسپاڭ، ئالدىڭغا ماڭماي نەگە بۇرۇلسەن!

**كۇسپۇرۇچ** (توغرىسى: كىسپۇرۇش) ← **كىسپۇرۇش.**

**كۇسسىدە** رەۋ «كۇس» قىلىپ، «كۇس» قىلغان هالدا: توپىنىڭ كۇسسىدە يىلى چىقىپ كەتتى.

**كۇس-كۇس** «كۇس» سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى.

**كۇس-كۇس پاراڭ** ① پەس ئاۋازدا قىلىشقان گەپ-سۆز: ئۇستەل ئورۇندۇقلار قاراسلاپ، كۇس-كۇس پاراڭلار ئەۋجىگە چىقتى. ② بىراۋ ئۇستىدە قىلىنغان غەيۋەت-شىكايەت: گەپىنىڭ يامىنى كۇس-كۇس، ئوسۇرۇقنىڭ يامىنى پۇس-پۇس (ماقال). * ئۇ ئىلگىرى بەزىلەرنىڭ بۇ هەقتىكى كۇس-كۇس پاراڭلىرىنى ئاڭلىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭغا ئانچە قۇلاق سالمىغانىدى.

**كۇس-كۇس قىلماق** پەس ئاۋازدا سۆزلەشمەك: سىرتتا ئىككىيلەننىڭ كۇس-كۇس قىلغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**كۇس-كۇس گەپ** ← **كۇس-كۇس پاراڭ**: — بولدى، كۇس-كۇس گەپنى قويۇپ ئالدىڭلارغا قاراڭلار، — دېدى مۇئەللىم.

**كۇسۇر** تەق. كىشىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا قىلىشقان پارىڭىغا تەقلىد قىلىنىدۇ.

**كۇسۇر-كۇسۇر** «كۇسۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: بىردىنلا ئۇ يەر-بۇ يەردە كۇسۇر-كۇسۇر گەپلەر باشلىنىپ كەتتى. * ئۆي ئىچى جانلىنىپ كۇسۇر-كۇسۇر باشلاندى.

**كۇسۇرلاشماق** «كۇسۇرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: دادا-بالا بىرھازا كۇسۇرلاشقاندىن كېيىن، قۇناخۇن ئىشىكتىن چىقىپ بولغان سۇلايماننى توختىتىۋالدى. * شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار بېشىنى بىر يەرگە ئەكىلىپ ئۇزاق كۇسۇرلاشتى.

**كۇسۇرلىماق** پ «كۇسۇر-كۇسۇر» قىلماق، پەس ئاۋازدا پاراڭلاشماق: شۇ ئارىدا يېنىدىكى ۋەزىر يەنە پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا كۇسۇرلاپ ئەقىل ئۆگىتىپتۇ. * ۋەلى باپكار خوتۇنىنى بىر چەتكە تارتىپ، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى دەپ كۇسۇرلاپتۇ.

**كۇسۇلڭ** تەق ← **كۇسۇر**.

**كۇسۇلڭ-كۇسۇلڭ** «كۇسۇلڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كۇسۇلڭ-كۇسۇلڭ گەپ قىلماق.

**كۇسۇلداشماق** «كۇسۇلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — كېچىدىن بىرى بۇ يەر ئەنسىزلىشىپ قالدى، — دېدى باغۋەن سەپداشلارغا ئەسلىتىپ تۇرۇپ، — سىرتتا كۇسۇلدىشىپ يۈرگەنلەرنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ياتتىم.

**كۇسۇلدىماق** پ ← **كۇسۇرلىماق**.

**كۇش** تەق. يەل، گاز، پار قاتارلىقلار قاچىلانغان نەرسىدىن بېسىم بىلەن چىققاندا ھاسىل بولىدىغان بوش ئاۋاز.

**كۇشادە** سۈپ [پ] كەڭتاشا، كەڭرى، ئازادە: باشقىلارنىڭ سۆزىدىن سۆز، مەزمۇن ئالماي ئادەتلەنسەڭ، تەبىئىتىڭ كۇشادە، زېھنىڭ ئۈستۈن بولىدۇ، سۆز مەيدانى ساڭا كەڭ بولىدۇ.

**كۇشادىچىلىق** ئى. ئازادىلىك، كەڭتاشالىق: ھاۋا دىمىققاندا يامرار كۇمۇتا، بەرمەس ئادەمگە كۇشادىچىلىق. ھەر ئىشنى تۈزگىلى بولىدۇ، بىراق — ھەممىدىن يامىنى بۇرۇق-تۇرمىچىلىق.

**كۇشادىلىق** ئى. ئازادىلىك، كەڭتاشالىق: ئادا بولۇپ پىتنە توسقۇندىن كۇشادىلىق تاپتى يول زەپمۇ، چۇشۇپ بەيگىگە تۇلپارلار قەدەملەر خۇش راۋان كەلدى.

**كۇش-كۇش** ① «كۇش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② ئىت قاتارلىقلارنى باشقىلارغا ئېتىلدۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئۈندەش سۆزى: ئۇ ئىتنىڭ قۇلىقىغا نېمىندۇر پىچىرلىغاندەك قىلىپ «ئالە كۇش-كۇش» دەپ قويۇپ بەردى.

**كۇشكۇشلىماق** پ. كۇشكۇرتمەك، سوقۇشۇش-

قا ئۆندىمەك.

**كۆشۈلداشماق** «كۆشۈلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆشۈلدىماق** پ «كۆش» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق، «كۆش» قىلماق.

**كۆكۆ** ئى <زوئول> ← **پىستە** II.

**كۆكۈم** ئى ① قاتتىق نەرسىلەرنىڭ پارچىلانغاندىكى ئۇششاق، ئۇۋاقلىرى: كۆكۈم-تالقان بولماق. ② مالنىڭ ئايىغىدىن چىققان ئۇۋاق قىغ: زىلىەي لاۋۇلداپ يېنىۋاتقان مەنگەن ئۈستىدىن كۆكۈم چېچىپ تونۇر قىزدۇرۇۋاتاتتى.

**كۆكۈم-تالقان** ناھايىتى ئۇششاق، ئۇۋاق: ئەينەك سۇنۇپ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتتى.

**كۆكۈم-تالقان بولماق** ① ئۇششاق پارچىلىنىپ كەتمەك؛ تالقاندەك ئۇۋۇلىپ كەتمەك: ستاكان قولۇمدىن چۈشۈپ كېتىپ كۆكۈم-تالقان بولۇپ كەتتى. ② كۆچمە. بىتچىت بولماق، يوقالماق: دۈشمەن ئىستىھكاملىرى كۆكۈم-تالقان بولدى.

**كۆكۈم-تالقان قىلماق** ① ئۇششاق پارچىلىماق، تالقاندەك ئۇۋاقلىۋەتمەك: — ئۇنىڭ نومۇسسىزلىقىغا قانداق چىداپ تۇرغىلى بولىدۇ، ئەگەر ئاشۇلارنىڭ تاۋىقىدا ئاش يەۋاتقان بولساق بۇ تاماقنى ئەمدى ئىت يېسۇن، ئۇنداق تاۋاقنى چېقىپ، كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىش كېرەك. ② كۆچمە. يوقاتماق، بىتچىت قىلماق، تارمار قىلماق: دۈشمەننى كۆكۈم-تالقان قىلماق.

**كۆلۈك** ئى. دىئال. دېدەك، قۇل ئايال.

**كۆلا** ئى. شال پاخلى، چىغىرماق، چىغ قاتارلىقلاردىن ئېشىلگەن ئارغامچا: باينىڭ ئارغامچىسى بولسا، كەمبەغەلنىڭ كۆلىسى بار (ماقال). * ئۆكۈز بويندىكى كۆلىنى ئۈزۈۋېتىپ قېچىپ كەتكەندى.

**كۆلال** ئى.[پ] لايدىن تەييارلانغان، تېخى خۇمداندا پىشۇرۇلمىغان تۇرلۇك ساپال بۇيۇملار.

**كۆلالچى** ئى. لايدىن تۇرلۇك ساپال بۇيۇملارنى ياسىغۇچى ھۈنەرۋەن: دادىسى كۆلالچىمۇ ياكى خۇمدانچى؟ سوغۇق ساقلار كوزىسى تومۇزدا سۇنى.

**كۆلالچىلىق** ئى. لايدىن تۇرلۇك ساپال بۇيۇملىرىنى ياساش كەسپى: ئۇنىڭ دادىسى كۆلالچىلىق قىلىدۇ.

**كۆلاھ** ئى [پ] دىۋانىلەر، دەرۋىشلەر كىيىدىغان ئۇچلۇق قالپاق: ئۇزۇن چار ساقاللىق، ئۇستىگە جەندە، بېشىغا كۆلاھ كىيگەن دىۋانە بوۋاي بىر يېقىغا ئازراق ئاقساپ، تاياققا تايىنىپ ساپايىسىنى دولىسىغا ئۇرۇپ بېيىت ئېيتقان پېتى كىرىپ كەلدى.

**كۆلاھ-جەندە** كۆلاھ ۋە جەندە: كىيگىنى كۆلاھۇجەندىدۇر، نائۇمىد ئەمەستۇر ۋە لېكىن. چاقماقلار ئالدىدا تەۋرىمەس، بورانلار ئالدىدا چېك، تەمكىن.

**كۆلاھلىق** سۈپ. كۆلاھى بار، كۆلاھ كىيگەن: بارار ئىكەن كۆلاھلىق يىگىت، قىزىل يالقۇن كۆكسىنى بۆسۈپ. ئوت ئىچىدە چوغدەك قىزارغان قولىدا قىلىچ، مەردلىكى ئۇسۇپ.

**كۆلتېر** ئى [لات] <زوئول> بېلىقلاردىكى بىر ئۇرۇقداش. تېنى سەل ياپىلاق، ئېغىزى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ چىققان. تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ.

**كۆلتىۋاتسىيە** ئى [ر<لات] كۆلتىۋاتور ئارقىلىق زىرائەتنىڭ تۇپ. ئارىلىقىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، تۇۋىنى چاناش، يۇمشىتىش ئىشى؛ چاغلاش: كۆلتىۋاتسىيە قىلماق.

**كۆلتىۋاتسىيە قىلماق** كۆلتىۋاتور ئارقىلىق زىرائەتنىڭ تۇپ ئارىلىقىدىكى ئوتلارنى ئوتاپ، تۇۋىنى چاناماق، يۇمشاتماق؛ چاغلىماق.

**كۆلتىۋاتور** ئى [ر] ھەيدەلگەن يەرنى يۇمشىتىش، ياۋا ئوتلارنى ئوتاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان دېھقانچىلىق ماشىنىسى.

**كۆللى** (توغرىسى: كۆللى) ← **كۆللى.**

**كۆلمىناتسىيە** ئى [ر<لات] <ئەد> ئەسەردى- كى زىددىيەت-توقۇنۇشلار راۋاجلىنىپ ئەڭ كەسكىنلەشكەن، ئەڭ جىددىيلەش- كەن باسقۇچ. بۇ باسقۇچ ئەسەردىكى پېرسوناژلارنىڭ تەقدىرى ۋە زىددىيەت توقۇنۇشلىرىنىڭ ئاقىۋىتىنى بەلگىلەيدىغان مۇھىم ھالقا.

**كۆلۇب** ئى [ر<ئىنگ] ① سىياسىي، ئەدە- بىيات-سەنئەت ۋە كۆڭۈل ئېچىش قاتارلىق ئىجتىمائىي پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدىغان تەشكىلات ۋە ئۇنىڭ سورۇنى. ② كىنو، تىياتىر قويىدىغان زال، مەي- دان؛ كىنوخانا: ئۆكتەبىر كۆلۇبى. ياشلار كۆلۇبى. ئىشچىلار كۆلۇبى.

**كۆلۈچ** ئى [ر] ۋىنتا، گايكا قاتارلىقلارنى بوشىتىش، چىڭىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تۆمۈر ئەسۋاب: چىراغ يورۇقىدا ھاشىمنىڭ قولىدىكى كۆلۈچ پارقىراپ كۆرۈنەتتى.

**كۆلۈچ يوپكا** رەختىنى قىيسىق كېسىپ تىككەن كەڭ يوپكا.

**كۆلۈك** ئى. بەيگىدە ئەڭ ئالدىغا ئۆزۈپ چىققان يۇگۇرۈك ئات: پاقىنى پۇۋلەپ، ئۇنى «ئاسمان پەلەك ئۇچتى» دېسە، كىرپىنى «قالتىس كۆلۈك ھەم ئارغىماق پۇشتى» دېسە، كەينىچە كۆلمەمدۇ ھەركىم تۇرسىمۇ تەڭلەپ قىلىچ، دۆڭنى ئالغان سارنى «ئالەمچە زەپەر قۇچتى» دېسە. // نۇرۇللا شائىرنى باشلاپ ئاتخانىغا ئېلىپ كىردى. راستىنلا ئىككى كۆلۈك ئارغىماق باغلاقلىق تۇراتتى.

**كۆلۈك** ئى. ئوچاق، مەش قاتارلىقلارنىڭ كۆل چۈشىدىغان يېرى: بىركۈنى ئۆيگە سالىپايغان ھالدا قايتىپ كىرىپ، كۆلۈكىگە پۇتۇمنى تىقىپ ئوت سىنغاچ، دادام ئىبرا- ھىمئاخۇندىن سورىدىم.

**كۆلۇن** ئى [ر<فران] <فىز> ئېلېكتر مىقدا- رىنىڭ ئەمەلىي بىرلىكى. بىر كۆلۇن 3 ×10⁹ ستاتىك ئېلېكتر بىرلىكىدىكى ئېلېكتر مىقدارىغا باراۋەر كېلىدۇ. توك كۈچىنىشى بىر ئامپېر بولغاندا، بىر سېكۇنت ئىچىدە ئۆتكۈزگۈچ جىسمىنىڭ توغرا كەسمە يۈزىدىن ئۆتكەن ئېلېكتر مىقدارى بىر كۆلۇن بولىدۇ. بۇ نام فرانسىيە فىزىكا ئالىمى كۆلۇن ( Charles de Coulomb ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**كۆلۇنمېتىر** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتر (زەرەت) مىقدارىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما. ئېلېكترولىتلىق باتارېيىنىڭ قۇرۇلمى- سى بىلەن ئوخشايدۇ. ئىشلىتىلگەندە، توك كۈچىنىشىنى ئۆزگەرتمەي ساقلايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن توك ئۆتكەن ۋاقىتنى ئۆلچەپ ۋە ماددىنىڭ ماسسىسىنى ئاجرىتىپ چىقىپ، توك كۈچىنىشىنى ھېسابلاپ چىقىشقا بولىدۇ.

**كۆلېكس** ئى [ر<لات] <زوئول> ← **كۆلېكس پاشىسى.**

**كۆلېكس پاشىسى** <زوئول> پاشىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنىنىڭ تېنى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، قانىتىدا ئالىسى بولمايدۇ، توختىغاندا تېنى قونغان ئورنى بىلەن بىر تەكشىلىكتە تۇرىدۇ. قىلقۇرت كېسىلى ۋە تارقىلىشچان B تىپلىق مېڭىنگىت كېسىلىنى يۇقتۇرۇشتا ۋاسىتىلىك رول ئوينايدۇ.

**كۆلى** ئى [خەن] شىنجاڭغا نىسبەتەن ئىچكى ئۆلكىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆلى ئارچىسى** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدى- كى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ.

كىچىك شاخلىرى ياپىلاق، يوپۇرمىقى كىچىك، تەڭگىچە شەكىللىك كېلىدۇ. شار مېۋىسى پىشقاندا يېرىلىدۇ. ياغىچى قاتتىق، پۇراقلىق، قۇرۇلۇشقا ۋە ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. يوپۇرمىقى ۋە ئۇرۇقى دورا بولىدۇ. يوپۇرمىقىنىڭ قان توختىتىش، ئۆپكىنى تازىلاش؛ ئۇرۇقىنىڭ نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، يۈرەكنى پەرۋىش قىلىش رولى بار.

**كۆلى بېھىسى** <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىلدە، گۈلى سۇس قىزىل، قېنىق قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپس شەكىلدە، رەڭگى سېرىق، قويۇق پۇراقلىق بولۇپ، قورۇغۇچى دورا قىلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كۇمپە يكۇم** رەۋ [ئە] تارمار، گۇمران، ئوڭتەي-توڭتەي، پاچاق-پاچاق: «ئىنتېرناتسىئونال» ناخشىسى كونا دۇنيانى كۇمپە يكۇم قىلىپ تاشلايدىغان قۇدرەتلىك بومبا بولدى. * مەن زەرەپشان دېھقانلىرىنىڭ ئۆز پۇت-قولىنى چىرماپ تۇرغان زەنجىر-كىشەنلەرنى كۇمپە يكۇم قىلىپ تاشلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**كۇمپە يكۇم بولماق** تارمار بولماق، گۇمران بولماق؛ ئوڭتەي-توڭتەي پاچاق-پاچاق بولماق، يىمىرىلمەك: ئۇلار تاغ قىيانىدەك ئۇلۇغ ئېقىن زەربىسى بىلەن كۇمپە يكۇم بولۇپ، لەنەت سۈيىگە غەرق بولۇۋاتقان، ئادالەت دارى ئارغامچىسىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈكتەك سارغىيىپ، بەزگەكتەك تىترەپ ئەزرائىلنىڭ ئالقىنىدا تۇرۇۋاتقاندەك قورقۇپ كېتىشتى.

**كۇمپە يكۇم قىلماق** تارمار قىلماق، گۇمران قىلماق؛ ئۆڭتەي-توڭتەي، پاچاق-پاچاق قىلماق، يىمىرمەك: بۇ خىيال ئۆز قۇدرىتى بىلەن يالغۇز زېمىننى ھاكىمىيەتنى كۇمپە يكۇم قىلىپ، ئۇنىڭ ئاسارەت زەنجىرىنى پاچاقلاپ تاشلايدىغان قۇدرەتلىك كۈچ ئىدى.

**كۇمۇس** ئى [لات] <بوت> يۆگەي ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يۆگىمەچ غول، يوپۇرمىقى يىپ شەكىلدە، گۈل تاجى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قىزىل ياكى ئاق رەڭدە بولىدۇ. ئەسلىي ماكانى تروپىك بەلباغ رايونلىرى ئىدى. ھازىر باشقا جايلاردىمۇ مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قاتارىدا ئۆستۈرۈلمەكتە.

**كۇمۇتا** ئى <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. يېتىلگەنلىرىنىڭ تېنى ئىنتايىن كىچىك. قوڭغۇر ياكى قارا رەڭلىك، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى ئىنچىكە، ئۇزۇن، قانىتى قىسقا ۋە كەڭ، لىچىنكىسى يۇملاق تۇۋرۇكسىمان، ئاقۇچ كۈل رەڭ ياكى سېرىق تۈس ئالغان ئاقۇچ رەڭلىك. تەن يۈزى سىلىق، قورچىقى ئېللىپس شەكىللىك، قارامتۇل. تۇخۇمى ئورچۇق شەكىللىك، سارغۇچ ئاق رەڭلىك. بەزى چىشىلىرى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شورايدۇ، بەزىلىرى يۇقۇملۇق كېسەل تارقىتىدۇ.

**كۇمۇتا قىزىتمىسى** <تىب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەللىك. كېسەل قوزغاتقۇچىسى سۈزگۈچتىن ئۆتۈپ كېتىدىغان بىر خىل ۋىرۇس. ۋاستىچىسى كۇمۇتا. كۆپىنچە ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا تارقىلىدۇ. بۇنىڭدا بەدەن تېمپېراتۇرىسى ئۇشتۇمتۇت ئۆرلەپ كېتىش، باش ۋە كۆز ئاغرىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**كۇمۇلەك** سۈپ. كاللەك قىلىنغان، كاللەك-لەشتۈرۈلگەن: كۇمۇلەك ئاش.
**كۇمۇلەك ئاش** پىيازنى ئۇششاق چاناپ قوناق ئۇنىغا ئارىلاشتۇرۇپ، قايناق سۇ بىلەن يۇغۇرغاندىن كېيىن ئۇرۇقچىدەك چوگىلۇقتا ئۈزۈپ، ئالدىنئالا ماش، چامغۇر سېلىپ تەييارلىۋالغان ئاش سۈيىگە سېلىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل تاماق. پىشقاندىن كېيىن ئۈستىگە پىننە، لازىجاك قاتارلىقلار سېلىنىپ يېيىلىدۇ.
**كۇملاچ** ① سۈپ. يۇملاقلانغان، دۈگىلەك شەكىلگە كەلتۈرگەن: كۇملاچ لاي. كۇملاچ دورا. كۇملاچ تام. ② ئى. يۇملاق، دۈگىلەك قىلىنغان نەرسىلەر: كۆچۈككە بىر چىشلەم، خوراز بىلەن كەپتەرلەرگە بىرنەچچە ئۇششاق كۇملاچ قىلىپ ئايرىپ تاشلاپ بېرىپتۇ. * ئەپەندىم شەھەر قازىسىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، كىشىلەر قازىخانىنىڭ تېمىغا كۇملاچ ئېتىپ، ئۇنى ئېگىزلىتىۋاتقانىكەن.
**كۇملاچ تام** لايىنى كۇملاچ قىلىپ قوپۇرۇلغان تام: ئۇلار كۇملاچ تاملىق ئۆيدىن قوزغالغاندا تۇن تەك بولاي دېگەندى.
**كۇملاچ دورا** <تب> ← ھەب.
**كۇملاچ لاي** <بن> دومىلىتىپ چىگداپ چىقىرىلغان لاي كاللەكچىسى.
**كۇملاچلاتماق** «كۇملاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: لايىنى كۇملاچلاتماق.
**كۇملاچلاشماق** «كۇملاچلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىر توپ باللار لاي كۇملاچلىشىپ ئويناۋاتاتتى.
**كۇملاچلانماق** «كۇملاچلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.
**كۇملاچلىماق** پ. كۇملاچ ھالەتكە كەلتۈرمەك، كۇملاچ قىلماق، يۇملاقلىماق: مۆمىن ئاكا نامازدىن قايتىپ كىرگىنىدە ھەمراخانىمۇ بامداتنى ئۆتەپ چىقىپ، كالىنىڭ تېزەكلىرىنى كۇملاچلاپ ئېغىلنىڭ تاملىرىغا چاپلاۋاتاتتى.
**كۇنۇس** سۈپ. دىئال. پىخسىق، بېخىل.
**كۇنۇپكا** ئى [ر<گول] ① قەغەز، رەسىم، رەخت قاتارلىقلارنى تام، دوسكا قاتارلىقلار-غا بېكىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قالپاقلىق كىچىك مىخ، باسما مىخ. ② تۈرلۈك مېخانىزم ۋە ئېلېكتر ئەسۋابلىرىدىكى توكنى ئۇلاش ئۈچۈن بارماق بىلەن باسىدىغان تۈگمىچە: كۇنۇپكىنى باسماق.
**كۇھ** ئى [پ] يېز ت. تاغ: ساباھ يەتكۈز سالامىمنى يېتۈرگىل كۇھ دىلدارە، پەرىشان خاتىرەمدىن ئەرزى قىل بۇل نازىنىن يارە.
**كۇھى دارا** يېز ت. تاغ جىلغىسى: ئۈز ئۆيىدىن ئايرىلىپ، تۇتقۇن بولۇپتۇ ئەر-ئايال، كۇھى داراغا كېلىپ، قىش-ياز بېقىپتۇ چارۋا-مال.
**كۇھقاپ** ئى [پ] قاپ تېغى يەنى چۆچەك-لەردىكى تىلسىماتلىق، بارسا كەلمەس دەپ چۈشىنىلگەن ئەپسانىۋى تاغنىڭ نامى.
**كۇۋاس** ئى [ر] بولكا ياكى مېۋىلەرنى ئېچىتىش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر خىل سوغۇق ئىچىملىك.
**كۇۋۇك** ئى. دىئال. كەپتەر كاتىكى.
**كۆپ** ① سۈپ. سان ياكى مىقدار جەھەتتىن جىق، نۇرغۇن، تولا: ياخشى ئاز، يامان كۆپ، بۇغداي ئاز، سامان كۆپ (ماقال). * ئۇ كۆپ ئادەم بىلەن ئالاقە ئورناتتى. // ئۇ شۇ كۈنى كۆپ ئىشلىدى ۋە ھەممىدىن جىق كۆچەت تىكتى. ② رەۋ. ناھايىتى، ئىنتايىن: كۆپ ياخشى. كۆپ رازى. كۆپ رەھمەت. ③ سۈپ. ئۇزۇن، ئۇزاق ۋاقىت: كۆپتىن بېرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ، ئۆتەر ئىدى غەشلىكتە كۈنۈم، مانا بۈگۈن شۇم خەۋەر كېلىپ، چۈشۈپ كەتتى ئىچىمگە ئۇنۇم. //

كۆپ ئۆتمەيلا ئۇلار يېتىپ كەلدى. ④ رەۋ. پات-پات، دائىم: مەن ئۇنىڭ ئۆيىگە كۆپ بارىمەن. ⑤ ئى. ئاما، خەلق، كۆپچىلىك: كۆپنىڭ ئەقلى كۆپ (ماقال). * كۆپ تۈكۈرسە كۆل بولار (ماقال). * سۆيىمگەن ئۆز خەلقىنى مۆمىن پەخىرلەردىن پەقەت، كۆپ ئۈچۈن كۈي كۈيلىگەن بۇلبۇلى-خەندان پايدىلىق.

**كۆپ ئەزالىق** ① ئەزاسى كۆپ؛ بىرقانچە بىر ئەزالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان: كۆپ ئەزالىق تەڭلىمە. كۆپ ئەزالىق ئىپادە. ② <مات> بىرقانچە بىر ئەزالىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئالگېبرالىق ئىپادە. مەسىلەن، $2x^2+8x+5$ دىن ئىبارەت ئىپادە $2x^2$، $8x$ ۋە $5$ تىن تۈزۈلگەن كۆپ ئەزالىقتۇر.

**كۆپ ئەزالىق تەڭلىمە** <مات> بىرقانچە بىر ئەزالىقتىن تۈزۈلگەن تەڭلىمە. مەسىلەن $4x^2+3x+5=0$ گە ئوخشاش.

**كۆپ ئەزالىق ئىپادە** <مات> ← **كۆپ ئەزالىق.**

**كۆپ بوغۇملۇق سۆز** <تىل> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق بوغۇمدىن تۈزۈلگەن سۆز. مەسىلەن، « ۋەتەن »، « تاجاۋۇزچىلار »، « قەھرىمانلارچە »، « كۈرەش » قاتارلىق سۆزلەرگە ئوخشاش.

**كۆپ پەردىلىك تىياتىر** <تىيا> چوڭ تىپتىكى تىياتىر. ئۇنىڭدا بىرقەدەر كۆپ پېرسوناژلار نامايان قىلىنىپ، مۇرەككەپ ھېكايە ۋەقەلىكى ئەكس ئەتتۈرۈلىدۇ.

**كۆپ پۇتلۇق لىچىنكا** <زوئول> كېپىنەك بىلەن پەرۋانىلەرنىڭ لىچىنكىسى.

**كۆپ تەرەپلىك شەكىل** <مات> ئۈچتىن ئارتۇق تەرەپتىن تۈزۈلگەن شەكىل.

**كۆپ تەرەپلىملىك** كۆپ تەرەپتىن ئىشلىنىدىغان، يولغا قويۇلىدىغان ياكى كۆپ تەرەپكە ئائىت، ئالاقىدار بولغان: كۆپ تەرەپلىملىك سودا. كۆپ تەرەپلىملىك پىكىر بايان قىلماق.

**كۆپ تەرەپلىملىك سودا** <سودا> ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق دۆلەت كىرىم-چىقىمدا ئومۇمىي گەۋدە تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاش ئۈچۈن كېڭىشىش ئارقىلىق كۆپ تەرەپلىملىك ھېساب قىلىش ئاساسىدا يولغا قويۇلغان سودا.

**كۆپ تۆرەلمىلىك كۆپىيىش** <بىئول> بەزى ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۇرۇقلانغان بىرلا تۇخۇمدىن بىرنەچچە تۆرەلمە ھاسىل قىلىپ كۆپىيىشى. مەسىلەن، پارازىت ھەرە، ئاپېلسىن قاتارلىقلارنىڭ كۆپىيىشىگە ئوخشاش.

**كۆپ تۆشۈكلۈكلەر** <زوئول> ھايۋانات دۇنياسىدىكى بىر تىپ، يەنى مېتازوئالار ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلار. تەن دىۋارىدا نۇرغۇن تۆشۈكچىلەر بولىدۇ.

**كۆپ تۆشۈكلۈك زەمبۇرۇغلار** <بوت> زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر خىلى. سپورىلىق تېنى ياغاچلاشقان ياكى پروپكىلاشقان، ئادەتتە يەلپۈگۈچ شەكىلدە. ئۈستى ئاق، قوڭۇر، سېرىق، قىزىل قاتارلىق رەڭلەردە بولىدۇ. ئاستىدا زىچ تارقالغان نۇرغۇنلىغان كىچىك تۆشۈكچىلىرى بولىدۇ. دەرەخ غولى ياكى ياغاچ ماتېرىياللىرىدا ئۆسۈپ ئېغىر زىيان كەلتۈرىدۇ. بەزى تۈرلىرىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**كۆپ تۈر تەنھەرىكىتى** <تەن> يېنىك ئاتلېتىكا تەنھەرىكىتىدىكى ئۇنىۋېرسال مۇسابىقە تۈرى. ئۈچ تۈرلۈك تەنھەرىكەت، يەتتە تۈرلۈك تەنھەرىكەت ۋە ئون تۈرلۈك تەنھەرىكەتتىن

ئىبارەت ئۈچ خىلغا ئايرىلىدۇ، مۇسابىقە
قائىدىسى ئادەتتىكى يەككە تۈرلەر
بىلەن سەل-پەل ئوخشاشمايدۇ. ھەربىر
تۈرنىڭ نەتىجىسىدە يېنىك ئاتلېتكا نومۇر
باھالاش جەدۋىلىگە ئاساسەن نومۇر
ھېسابلىنىپ پۈتۈن تۈر بويىچە ئېرىشكەن
نومۇرنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىنىڭ ئاز-كۆپ-
لۈكى بويىچە نام تەرتىپى بەلگىلىنىدۇ.

**كۆپ تۈر چېمپىيونى** <تەن> گىمناستى-
كا، چامباشچىلىق، ئوقيا ئېتىش، تېز
مۇز تېيىلىش قاتارلىق تۈرلەرنىڭ ئومۇمىي
ماھارەت كۆرسىتىش مۇسابىقىلىرىدا
بىرىنچىلىككە ئېرىشكەنلەر. مەسىلەن،
گىمناستىكىنىڭ ئومۇمىي ماھارەت
كۆرسىتىش مۇسابىقىسى ئەرلەرنىڭ
ئەركىن گىمناستىكا، يالاڭ تورنىك،
قوش تورنىك، ئاسما ھالقا، ھالقىلىق
ياغاچ ئات، ئۈزۈنسىغا قويۇلغان ياغاچ
ئاتتىن ئىبارەت ئالتە تۈر بويىچە ئېلىپ
بېرىلىدۇ؛ ئاياللارنىڭ ئەركىن گىمناستىكا،
ئېگىز-پەس تورنىك، گورىزونتال لىم،
كۆندىلەڭ قويۇلغان ياغاچ ئاتتىن ئىبارەت
تۆت تۈر بويىچە ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئومۇمىي
نومۇرى ئەڭ يۇقىرىلار كۆپ تۈر چېمپىيو-
نى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**كۆپ تىپلىق ھادىسە** <بىئول> بىرەر
جانلىقنىڭ بىر قېتىملىق ھايات تارىخى
جەريانىدا ئىككىدىن ئارتۇق ئوخشاش
بولمىغان مورفولوگىيىلىك ئۆزگىرىشنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىش ھادىسىسى.

**كۆپ چېكىت** <تىل> تىنىش بەلگىلىرى-
دىن بىرى. چېكىت سانى ئۈچتىن
ئاشمايدۇ (...). يازما نۇتۇقتا كەلتۈرۈل-
گەن نەقىلدىكى قىسقارتىۋېتىلگەن
قىسمىنى، سۆزلىنىۋاتقان نۇتۇقتا ئېيتىلماي
قالدۇرۇپ قويۇلغان قىسمىنى ياكى
ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئېيتىلغان نۇتۇق ئارد-
لىقىدىكى توختاشنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆپ خانىلىق سان** <مات> خانىلىرى
ئۈچتىن ئارتۇق بولغان سان.

**كۆپ خۇدالىق دىن** <دىن> بىر
خۇداغا ئېتىقاد قىلىش بىلەنلا چەكلەن-
مەيدىغان دىن. مەسىلەن، بۇددا
دىنى، داۋ دىنى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كۆپ خىل ئىگىلىك** <س ئىق> يېزا
ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش ئورۇنلىرىنىڭ
بىرلا ۋاقىتتا كۆپ خىل ئىشلەپچىقىرىش
بىلەن شۇغۇللىنىشنى كۆزدە تۇتىدۇ.

**كۆپ خىللىق ئوقۇتۇش** <مائار> بىر
ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىرنەچچە كەسىپلەر
بويىچە ئوقۇتۇش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆپ قار** <مېتېئور> ئۈزۈلمەي ياغقان
قار.

**كۆپ قەنتلىكلەر** <خىم> نۇرغۇنلىغان
ئاددىي قەنت مولېكۇلىلىرىدىن تەشكىل
تاپقان قەنتلىكلەر. مەسىلەن، كراخمال،
گلۇكوگېن ۋە سېللىيۇلوزا قاتارلىقلارغا
ئوخشاش.

**كۆپ قەۋەتلىك ئورمان** <ئورم> ئىككى-
دىن ئارتۇق قاتلامدىن تۈزۈلگەن
ئورمان. مەسىلەن، ئارىلاش ئورمانلار-
نىڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى ئاپتاپپەرەس
دەرەخلەردىن؛ تۆۋەنكى قەۋىتى سايە-
پەرەس دەرەخلەردىن تۈزۈلىدۇ. سايە-
پەرەس دەرەخلەردىن تۈزۈلگەن ئورمان-
لارنى ئارىلاپ كەسكەندە كۆپ قەۋەت-
لىك ئورمان بولۇپ قالىدۇ. ئىسسىق
بەلباغ ئورمانلىرى 4-5 قەۋەتتىنمۇ ئېشىپ
كېتىدۇ.

**كۆپ كاۋاكلىق موگۇ** <بوت> موگۇلار-
نىڭ بىر خىلى. زەمبۇرۇغ قالپىقىنىڭ
ئاستى تەرىپىدە نۇرغۇنلىغان كىچىك

تۆشۈكچىلەر بولىدۇ ھەمدە ئىنچىكە نەيچىلەر ئارقىلىق ئىچكى قىسمىغا تۇتىشىدۇ. ئىنچىكە نەيچىنىڭ ئىچكى دىۋارىدا نۇرغۇنلىغان سپورىلار ئۆسىدۇ. كۆپىنچىسى ياغاچ ياكى قىغدا چىرىتىش ئۇسۇلى بىلەن ياشايدۇ. شەكلى ئات تۇيىقىغا، كالتەككە ياكى مارجانغا ئوخشايدۇ.

**كۆپ كرىستاللىق جىسىم** <گېئول> نۇرغۇنلىغان ئۇششاق ئاددىي كرىستاللاردىن تەشكىللەنگەن جىسىم. بۇنىڭدا ئاتومنىڭ پۈتكۈل كرىستالدىكى تىزىلىشى ئورتاق قانۇنىيەت بويىچە بولمايدۇ ھەمدە ئۇنىڭ بەلگىلىك سىرتقى شەكلىمۇ بولمايدۇ. ئۇنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى ھەرقايسى يۆنىلىشلەردە ئوخشاش بولىدۇ.

**كۆپ گۈللۈك قامچىئوت** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىنچىكە، ئۇزۇن، باشقا نەرسىلەرگە يۆگىشىۋالالايدۇ، يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، كۆزدە چېچەكلەيدۇ. گۈلى ئاق، يەر ئاستىدا تۈگۈنەك يىلتىز تارتىدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، بەدەننى قۇۋۋەتلەندۈرۈش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش رولى بار.

**كۆپ گۈللۈك يۇلغۇن** <بوت> يۇلغۇننىڭ بىر تۈرى. جەنۇبىي شىنجاڭ ۋە قۇمۇل رايونىغا تارقالغان. باشقا يۇلغۇنلاردىن پەرقى، ئومۇمەن گۈل رېتى ئالدىنقى يىللىق شېخىنىڭ يان تەرىپىدە ئۆسىدۇ، گۈل رېتىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 3 — 9 سانتىمېتر، كەڭلىكى 3 — 5 مىللىمېتر. گۈلى ئېچىلىپ بولغاندىن كېيىن گۈل تاجىسى چۈشۈپ كەتمەيدۇ.

**كۆپ لىنىيىلىك تۆمۈريول** <قانت> ئىككى گۇرۇپپا ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق گۇرۇپپا رېلىسلاردىن تۈزۈلگەن تۆمۈريول. بۇنىڭدا قارىمۇقارشى يۆنىلىشتىكى پويىز ياكى تىراموۋايلار بىرلا ۋاقىتتا ئۆتۈشەلەيدۇ.

**كۆپ مەنبەچىلىك** <پەلس> بىر خىل ئىدېئالىستىك پەلسەپىۋى قاراش. ئۇ دۇنيا نۇرغۇن مۇستەقىل، بىر-بىرىگە بېقىنمايدىغان ئەمەلىي نەرسىلەر (سۇبستانسىيە) دىن قۇرۇلغان دەپ قارايدۇ. ئۇ «بىر مەنبەچىلىك» كە قارىمۇقارشىدۇر.

**كۆپ مەنىلىك سۆز** <تىل> بىرقانچە مەنىنى بىلدۈرىدىغان سۆز. مەسىلەن، ئادەمنىڭ ياكى ھايۋاننىڭ بېشى، ئىشنىڭ بېشى، باش ۋەزىپە، باش قوشۇش، باش بۇرۇن دېگەنلەردە «باش» سۆزىنىڭ مەنىسى ھەر خىل كەلگەن. كۆپ مەنىلىك سۆزنىڭ بىر مەنىسى ئاساسىي مەنە بولىدۇ، يۇقىرىدىكى بىرىنچى مەنە شۇنداق؛ بۇ خىل سۆزنىڭ ھەممە مەنىلىرى ئوتتۇرىسىدا ئورتاقلىق بولىدۇ.

**كۆپ مېتاللىق كان ياتمىسى** <گېئول> ئادەتتە مىس، قوغۇشۇن، سىنىك ۋە باشقا كۆپ مېتاللىق ئېلېمېنتلارنىڭ گۆڭگۈرتلۈك بىرىكمە كان ياتمىسى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆپ مىقدارلىق گېن** <بىئول> بىر خىل خاراكتېر ئالامەتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كونترول قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان گېنلار. بۇلارنىڭ ئىچىدە بەزىلىرىنىڭ رولى ئىنتايىن ئاز بولىدۇ.

**كۆپ مىقدارلىق ئېلېمېنت** <بىئول> جانلىقلارنىڭ ھاياتى ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان، شۇنىڭدەك مىقدارى بىرقەدەر كۆپرەك بولغان ئېلېمېنتلار. مەسى-

لەن، كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن، ئازوت، فوسفور، كالىي، گۈڭگۈرت، كالتسىي، ماگنىي قاتارلىقلار.

**كۆپ مىنېراللىق جىنس** <گېئول> بىر خىلدىن ئوشۇق مىنېراللاردىن تەشكىللەنگەن تاغ جىنسى. مەسىلەن، گرانىت جىنس.

**كۆپ نېگىزلىك كىسلاتا** <خىم> ھەربىر مولېكۇلىسى سۇدا ئۈچ ياكى ئۈچتىن ئارتۇق ھىدروگېن ئىئونى ھاسىل قىلىدىغان كىسلاتا. مەسىلەن، فوسفات كىسلاتاسى ($H_3PO_4$).

**كۆپنى كۆرگەن** نۇرغۇن ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن، كۆپ ئىشلارنى بىلىدىغان، تەجرىبىلىك: كۆپ ياشىغاندىن سورىماي، كۆپنى كۆرگەندىن سورا (ماقال).
* كۆپنى كۆرگەن ئەقلى چوڭ دانا ئىكەن، چارە-تەدبىر باغدا رەنا ئىكەن.

**كۆپىنىڭ كۆزى كۆپ** ئامما ھەممىنى كۆرىدۇ، ئامما كۆرمەي قالمايدۇ: كۆپىنىڭ كۆزى كۆپ بولغاچقا، كۆرىدىغىنىمۇ كۆپ بولىدۇ، كۆپچىلىك نۇرغۇن ئىشلارنى بىلىدۇ.

**كۆپ ھاللاردا** كۆپ ۋاقىت، كۆپ چاغلاردا؛ كۆپىنچە: ئەمما، بۇنداق بىرلىشىپ كۈلۈش كۆپ ھاللاردا ئۇنىڭغا ئاز نېسىپ بولاتتى.

**كۆپ ھەسسىلىك تەنچە** <بىئول> ھۈجەيرە تەركىبىدە ئۈچ گۇرۇپپىدىن ئارتۇق خروموسوما بولغان يەككە تەن. ئۇنىڭ شەكىللىنىشى تەبىئەتتىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ تەدرىجىي تەرەققىيات يوللىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆپ ھەسسىلىك تەنچە ئۆسۈملۈكلىرى** <بوت> ھۈجەيرىلىرىدىكى خروموسومىلىرىنىڭ سانى كۆپىيىش ھۈجەيرىسىنىڭ ئۈچ ھەسسىدىن ئارتۇق بولغان ئۆسۈملۈكلەر. 2 • 4 • D قاتارلىقلار بىلەن ئۇرۇق ياكى گۈلنىڭ ئانىلىق ئاغزىنى بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق كۆپ ھەسسىلىك تەنچە ئۆسۈملۈكلىرىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. بەزى ئۇرۇقسىز مېۋىلەر دەل ئۈچ ھەسسىلىك تەنچە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ مېۋىلىرىدۇر.

**كۆپ ھۈجەيرىلىك جانلىقلار** <بىئول> جانلىقلارنىڭ چوڭ بىر تۈرى. بۇ خىل جانلىقلارنىڭ تېنى نۇرغۇنلىغان ھۈجەيرىلەردىن تۈزۈلگەن بولۇپ، ھۈجەيرىلىرى تۈزۈلۈش ۋە فۇنكسىيە جەھەتتە پارچىلىنىش ھادىسىسىنى ئىپادىلىگەن.

**كۆپ ئوقلۇق شاخلىنىش** <بوت> ئۆسۈملۈكلەرنىڭ شاخلىنىشىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا ئاساسىي غولنىڭ چوققا بىخى بىرمەزگىل ئۆسكەندىن كېيىن ئۆسۈشى ئاستىلايدۇ ياكى ئۆسۈشتىن توختايدۇ، ئۇنىڭ ئورنىنى ئاستى تەرەپتىكى قولتۇق بىخ ئېلىپ، يېڭى شاخ چىقىرىپ داۋاملىق ئۈستىگە قاراپ ئۆسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇچى يەنە ئۆسۈشتىن توختاپ، ئورنىنى يەنە ئۇنىڭ ئاستىدىكى قولتۇق بىخ باسىدۇ، شۇنداق قىلىپ كۆپ قېتىم تەكرارلىنىپ غولنى ئۇزۇنىسىغا ئۆستۈرىدۇ. پۈتۈن غول قارىماققا بىر ئوقتەك كۆرۈنىسىمۇ، لېكىن ماھىيەتتە نۇرغۇن شاخلارنىڭ ئۇلىنىشىدىن ھاسىل بولغان غولدىن ئىبارەت بولىدۇ. مەسىلەن، ئەنجۈر، كېۋەز، پەمىدۇر قاتارلىقلار كۆپ ئوقلۇق شاخلىنىش ئۇسۇلىدا شاخلىنىدۇ.

**كۆپ ئۈگىلىك راكېتا** بىرنەچچە ئۈگىلىك راكېتالارنىڭ قوشۇلۇشىدىن تۈزۈلگەن توشۇغۇچى راكېتا. ھەربىر ئۈگىلىك راكېتاغا دۋىگاتېل بىلەن يېقىلغۇ ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولىدۇ. بىرىنچى

ئۆگلىك راكېتانىڭ يېقىلغۇسى ئىشلىتىلىپ تۈگىگەندىن كېيىن، بىر پۈتۈن گەۋدىدىن ئايرىلىپ، ئىككىنچى بىر ئۆگلىك راكېتانىڭ دۈگىلاتېلى خىزمەتكە كىرىشىدۇ ۋە ئۇچۇش ئاپپاراتىنىڭ سۈرئىتىنى داۋاملىق تېزلىتىپ بېرىدۇ. ئەڭ ئاخىرقى بىر ئۆگلىك راكېتانىڭ يېقىلغۇسى تۈگىگەندە ئۇچۇش ئاپپاراتى ئىنېرتسىيىگە تايىنىپ داۋاملىق ھەرىكەت قىلىدۇ. كۆپ ئۆگلىك راكېتانى ئىشلەتكەندە، راكېتا سۈرئىتىنى ئەڭ ئاخىرقى چەككە يەتكۈزگىلى بولىدۇ. ئالەملىك تېزلىككە يەتكەن توشۇغۇچى راكېتالارنىڭ ھەممىسى كۆپ ئۆگلىك راكېتالاردۇر.

**كۆپ ئىلاھچىلىق** <دىن> بىرنەچچە خۇداغا سىغىنىدىغان، بىرنەچچە خۇدانى ئېتىراپ قىلىدىغان دىنىي ئېتىقاد فورمىسى؛ كۆپ خۇدالىق دىنغا ئېتىقاد قىلىش.

**كۆپ ئىلاھلىق دىن** <دىن> ← **كۆپ خۇدالىق دىن.**

**كۆپ ياقلىق بۆلۈك** <مات> بىر ئومۇمىي چوققىغا ئىگە بولغان ئۈچتىن ئارتۇق تەكشىلىكتىن ھاسىل بولغان بۆلۈك.

**كۆپ ياقلىق جىسىم** <مات> تۆتتىن ئارتۇق كۆپ تەرەپلىكتىن ھاسىل بولغان جىسىم.

**كۆپ يىللىق ئۆسۈملۈك** <بوت> ئۇدا كۆپ يىل ياشىيالايدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، دەرەخ، چاتقال قاتارلىق ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ۋە مامكاپ، پاقىيوپۇرماق قاتارلىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر.

**كۆپەيتكۈچى** ① سۈپ. كۆپەيتىش رولىنى ئوينايدىغان، كۆپەيتىدىغان: كۆپەيتكۈچى ئىپادە. ② ئى <مات> كۆپەيتىش ئەمەلىدىكى باشقا سان كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسىلەن، $5\times3=15$ دىكى 3 كۆپەيتكۈچىدۇر. ③ ئى <مات> بىر پۈتۈن سان ئىككىنچى بىر پۈتۈن سانغا پۈتۈن بۆلۈنسە، كېيىنكىسى ئالدىنقىسىنىڭ كۆپەيتكۈچىسى بولىدۇ. مەسىلەن: 1، 2، 3، 4، 6، 12 لەرنىڭ ھەممىسى 12 نىڭ كۆپەيتكۈچىلىرىدۇر.

**كۆپەيتكۈچى ئىپادە** <مات> ئەگەر بىر كۆپ ئەزالىق ئىپادە $a^2 - b^2$ بىر ئەزالىق ئىپادە $a + b$ ۋە $a - b$ لارغا پۈتۈن بۆلۈنسە، ئۇ ھالدا $a + b$ بىلەن $a - b$ نىڭ ھەر ئىككىسى $a^2 - b^2$ نىڭ كۆپەيتكۈچى ئىپادىسى بولىدۇ.

**كۆپەيتمە** ① سۈپ. كۆپەيتىلگەن، كۆپەيتىدىغان ياكى كۆپەيتىلىدىغان: كۆپەيتمە نۇسخا. ② ئى <مات> ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق سان، ئىپادە قاتارلىقلارنى ئۆزئارا كۆپەيتىشتىن كېلىپ چىققان نەتىجە.

**كۆپەيتمە نۇسخا** <مەت> كىتاب، گېزىت، ژۇرنال قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي نۇسخىسىدىن باشقا كۆپەيتىلگەن نۇسخىلىرى.

**كۆپەيتمەك** ① «كۆپەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كېيىن ئاكام بۇ كىتابلارنى كۆپەيتىپ يېزىشقا باشلىدى. * ئىقتىسادىي زىرائەت تېرىش ئاساس قىلىنغان ئورۇنلارنىڭكىنى كۆپەيتتى. ② <مات> ھەسسىلىمەك، يەنى كۆپەيگۈچىنى كۆپەيتكۈچىنىڭ مىقدارى بويىچە ھەسسىلىمەك.

**كۆپەيتىش** ① «كۆپەيتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② ئى <مات> كۆپەيتىش ئەمەلى: كۆپەيتىش بەلگىسى. كۆپەيتىش جەدۋىلى.

**كۆپەيتىش ئەملى** <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر خىل ھېسابلاش ئۇسۇلى. ئەڭ ئاددىيسى مۇسبەت پۈتۈن سانلارنى كۆپەيتىش، يەنى بىرقانچە ئوخشاش ساننى ئارقمۇئارقا قوشۇشنى ئاددىي ھېسابلاش ئۇسۇلى. مەسىلەن، 2 نى ئارقمۇئارقا بەش قېتىم قوشۇش، 2 نى 5 كە كۆپەيتىش دېگەنلىكتۇر.

**كۆپەيتىش بەلگىسى** <مات> ئىككى ساننىڭ ئۆزئارا كۆپەيتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە (×). ئالگېبرادا بەزىدە كۆپەيتىش بەلگىسى ئىشلىتىلمەيدۇ ياكى ئۇنىڭ ئورنىغا «.» ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆپەيتىش جەدۋىلى** <مات> ساناق سانلارنىڭ ئۆزئارا كۆپەيتىلگەندىكى نەتىجىسى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل.

**كۆپەيتىلمەك** «كۆپەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىل ئىشلەپچىقىرىشقا كېتىدىغان مەبلەغ بۇلتۇرقىغا قارىغاندا ئازراق كۆپەيتىلدى.

**كۆپەيگۈچى** ① سۈپ. كۆپىيىدىغان، كۆپىيىپ بارىدىغان. ② ئى <مات> كۆپەيتىش ئەملىدىكى بىر سانغا كۆپەيتىلىدىغان سان. مەسىلەن، 5×3=15 دىكى 5 كۆپەيگۈچىدۇر.

**كۆپەيمەك** پ ① سان ياكى مىقدار جەھەتتىن ئاشماق، جىقلىماق: پۇل كۆپەيمەك. مال كۆپەيمەك. ئادەم كۆپەيمەك. * مىللىي ئارمىيىنىڭ جامدا تۇرغان ۋاقتى ئۇزارغانچە، بۇ يەرگە كېلىپ-كېتىپ تۇرغان ھەربىي جاسۇسلار بىلەن ساقچى ئىشپىيونلىرى كۆپىيىشكە باشلىدى. ② نەسىللەنمەك، ئۇرۇقلانماق: جىنسىز كۆپەيمەك.

**كۆپتۈرمە** سۈپ ① قاپارتىلغان، كۆپتۈرۈلگەن: كۆپتۈرمە نەقىش. ② مۇبالىغىلەشتۈرۈلگەن، كۆپتۈرۈلگەن، ئاشۇرۇۋېتىلگەن: كۆپتۈرمە گەپ. * ئاشۇ ئەخمەق داداڭنىڭ كۆپتۈرمە يالغان گەپلىرىگە راستىنلا ئىشىنىۋاتامسەن؟

**كۆتۈرمەك** ① «كۆپمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئېتىزنىڭ غۇر-غۇر شامىلى كۆڭلىكىنى كۆپتۈرۈپ، ئۇنى تېخىمۇ قامەتلىك كۆرسەتتى. ② مۇبالىغىلەشتۈرمەك، ئاشۇرۇۋەتمەك: لېكىن قىيىنچىلىقنى قالايمىقان كۆپتۈرۈپ كۆرسىتىش ئىشقا پايدا يەتكۈزمەيدۇ.

**كۆپتۈرمىچى** ئى. گەپنى كۆپتۈرۈپ، ئاشۇرۇپ قىلىدىغان ئادەم؛ مۇبالىغە قىلغۇچى: ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولامدۇ، ئۇچىغا چىققان كۆپتۈرمىچى تۇرسا.

**كۆپتۈرۈشمەك** «كۆپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ھەر ئىككى تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېيىب-نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى.

**كۆپتۈرۈلمەك** «كۆپتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئەگەر قانۇننىڭ خەلق ئاممىسىغا بولغان زورلاش جەھەتتىكى رولى كۆپتۈرۈلۈپ، قايىل قىلىش، تەربىيە بېرىش ئۇسۇلىغا سەل قارىلىدىغان بولسا، روشەنكى، بۇ مۇۋاپىق بولمايدۇ.

**كۆپتىن كۆپ** سۈپ. ناھايىتى كۆپ، ئىنتايىن كۆپ: مەردان تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېزىسىغا — ئائىلىسىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى ياخشى ۋە يامان قىلىپ كۆپتىن كۆپ نەسىھەتلەرنى قىلدى.

**كۆپچۈمەك** ① كۆپمەك، بولماق (خېمىر ھەققىدە): خېمىر كۆپچۈپتۇ. ② كۆچمە. ئاچچىقلانماق، تېرىكمەك: — بىكاردىن-بىكار نېمە ئازاب بۇ! — دېدى ئالىم كۆپچۈگەن ھالدا رىزۋانغا قاراپ.

**كۆپچىلىك** ① ئى. مەلۇم دائىرىدىكى كىشىلەر توپى، خالايىق، خەلق: ئۇنىڭ سۆزى كۆپچىلىكنىڭ كۆڭلىدىكى سۆز بولغاچقا، ھەممىسلا توغرا كۆرۈپ، دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىشتى. ② سۈپ. كۆپلىگەن، نۇرغۇنلىغان: ئومۇمەن ئالغاندا، قىزنى ئەپقېچىپ ئۆيلىنىش ئادىتى ئازادلىقتىن بۇرۇن ئېلىمىزدىكى كۆپچىلىك مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇشىدا مەۋجۇت بولغان بىر خىل ھادىسىدۇر.

**كۆپسىمەك** پ. دىئال. ئەزۋەيلىمەك، ئەدەپ كەتمەك.

**كۆپكۆك** سۈپ. ناھايىتى، بەك، ئىنتايىن كۆك: كۆپكۆك ئاسمان. كۆپكۆك سۇ. * قول تراكتور ئىككى قاسناقتىكى سۇۋادان تېرەكلەر كۈن نۇرى چۈشۈرمەيدىغان، كۆپكۆك چىم باسقان، چاڭ-توزانسىز يېڭى يول بىلەن ئاستا ماڭماقتا. * داشاىنىڭ ئىككى مەڭزى قىزىرىپ كەتكەن، كۆپكۆك كۆزلىرى خۇددى تېگى يوق ئىككى كۆلگە ئوخشايتتى.

**كۆپلەپ** رەۋ. كۆپساندا، كۆپ مىقداردا: ئىسلامىيەتتىن، كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆي-ئىمارەت قۇرۇلمىسىدا قەدىمكى مىللىي ئەنئەنە ئاساسىدا مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، ئىسلام مېمارچىلىقىغا مەنسۇپ ئىمارەتلەر كۆپلەپ بارلىققا كەلدى. * ئۇلار ئۆي جاھازىلىرىغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنىمۇ كۆپلەپ سېتىۋالماقتا.

**كۆپلىگەن** سۈپ. كۆپ، جىق، نۇرغۇنلىغان: كۆپلىگەن ئادەملەردە بۇنداق ئادەت بولىدۇ.

**كۆپمە** سۈپ. كۆپىدىغان، كۆپۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كۆپمە سېمونت.

**كۆپمە سېمونت** <بىن> قېتىش جەريانىدا ھەجمى كېڭىيىدىغان سېمونت.

**كۆپمەك** پ ① ئۆرلىمەك، كېڭەيمەك، يوغىناماق، كۆپچۈمەك: شاپ يېگەن تۆگىنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كېتىپتۇ. * ئۇنىڭ شۇ دەم چىرايى تاتىرىپ، چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ چىققاندى. * سادىق تەسەللى ئېيتتى، رەيھان ئاستا-ئاستا ئۆزىنى باستى ۋە شېرىنئاينىڭ بولۇتتەك كۆپۈپ تۇرغان قاپقارا چاچلىرىنى سىلاپ تۇرۇپ، بىر خىل ھاياجانلىق نازاكەت بىلەن قىزىغا قارىدى. ② كۆچمە. رەنجىمەك، نارازى بولماق: بار دەپ تۆكمە، يوق دەپ كۆپمە (ماقال).

**كۆپۈش** «كۆپمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كۆپۈش كوئېففىتسېنتى.

**كۆپۈش كوئېففىتسېنتى** جىسىملارنىڭ تېمپېراتۇرا 1°C ئۆرلىگەندە چوڭايغان ھەجمى بىلەن ئەسلىدىكى ھەجمىنىڭ نىسبىتى ياكى ئۇزارغان ئۇزۇنلۇق بىلەن ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقنىڭ نىسبىتى.

**كۆپۈشمەك** «كۆپمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ تاپتا ئەكبەرنىڭ تومۇرلىرى بىرئاز كۆپۈشكەندەك قىلىسمۇ باشلىرىنىڭ سەگىپ، بەدىنىدىكى ئاغرىقنىڭ بارا-بارا يوقىلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى سەزدى.

**كۆپۈك** ئى. گازلارنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن سۇيۇقلۇق ئىچىدە قورشىلىپ قېلىشىدىن ھاسىل بولغان شارسىمان ھالىتى: سۇ كۆپۈكى. پىۋە كۆپۈكى. * ھايت-ھۇيت دېگۈچە سۇ ئۈستىگە بۇلدۇقلاپ ئىككى قېتىم كۆپۈك كۆتۈرۈلۈپ، ئارغامچا قاتتىق پۇلاڭلىدى.

**كۆپۈككە ئايلانماق** ① كۆپۈك ھالىتىگە كەلمەك؛ كۆپۈك ھاسىل بولماق. ② كۆچمە. يوققا چىقماق، يوقالماق، بەربات بولماق: مېنىڭ بۇ شېرىن خىيالىم كۆپۈككە ئايلىنىپتۇ-دە. * ئۇ مىڭتەسلىكتە قۇراشتۇرغان پىلانىنىڭ ئاسانلا كۆپۈككە ئايلىنىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

**كۆپۈكچە** رەۋ. كىچىك كۆپۈك.

**كۆپۈكلەشمەك** پ. كۆپۈك ھاسىل بولماق،

كۆپۈككە ئايلانماق، كۆپۈكلە نمەك: دەريا سۈيى كۆپۈكلىشىپ ئاقماقتا ئىدى.

**كۆپۈكلە ندۈرگۈچ** ئى <بن> بېتون ۋە سېمونت لايىنىڭ ئارىسىغا ئارىلاشتۇرۇلغاندا كۆپلىگەن ئۇششاق كۆپۈكچىلەرنى پەيدا قىلىدىغان خىمىيىۋى بىرىكمە.

**كۆپۈكلە ندۈرمەك** « كۆپۈكلە نمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆپۈكلە ندۈرگۈچى دورىلار.

**كۆپۈكلە نمەك** پ. كۆپۈك پەيدا قىلماق، كۆپۈككە ئايلانماق، كۆپۈكلە شمەك: زەيتۇنەم دادىسىنىڭ سۆزىنى مۇلاھىزە قىلىغاندەك، ئېرىقتا تولغىنىپ، كۆپۈكلىنىپ ئېقىۋاتقان سۇغا قاراپ بىرپەس ئويلاندى.

**كۆپۈكلۈك** سۈپ. كۆپۈكى بار، كۆپۈك چىقارغان، كۆپۈكلە نگەن: كۆپۈكلۈك ئەينەك. كۆپۈكلۈك بېتون.

**كۆپۈكلۈك ئەينەك** <بن> ئادەتتىكى ئەينەك ئېرىتمىسىنىڭ ئىچىگە ئىسسىقلىقتا كۆپۈك چىقىرىدىغان پاراشوك ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلە نگەن ئەينەك. يېنىك بولۇپ، ئىسسىقلىق ۋە ئاۋاز ئۆتكۈزمەسلىك خۇسۇسىيىتىگە ئىگە.

**كۆپۈكلۈك بېتون** <بن> بىر خىل قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، يەنى سېمونت، سۇ ۋە كۆپۈكلە ندۈرگۈچى دورىلارنى ئارىلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەييارلانغان بېتون. بۇ خىل بېتوننىڭ نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۆشۈكلىرى بولۇپ، ئىسسىقلىق، ئاۋاز قاتارلىقلارنى توسۇش خۇسۇسىيىتى ياخشى بولىدۇ.

**كۆپۈنكى** سۈپ. ئوتتۇرىسى چۆرىسىدىن ئېگىز، سىرتىغا كۆپكەن، بۆرتمە: كۆپۈنكى ئەينەك. كۆپۈنكى لىنزا. كۆپۈنكى بەت.

**كۆپۈنكى ئەينەك** <فىز> سفېرىلىق ئەينەكنىڭ بىر خىلى. نۇر قايتۇرۇش يۈزى كۆپۈنكى شەكىلدە بولۇپ، فوكۇسى ئارقىدا. كۆپۈنكى ئەينەكتە ھاسىل بولغان تەسۋىر ئوڭ ھەم كىچىكلىتىلگەن مەۋھۇم تەسۋىردىن ئىبارەت.

**كۆپۈنكى بەت** <مەت> ھەرپ يۈزى ئاق جايلىرىدىن ئېگىز بولغان بەت. مەسىلەن، ياغاچ بەت، قوغۇشۇن بەت ۋە سىنك بەت قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كۆپۈنكى لىنزا** <فىز> لىنزىنىڭ بىر خىلى. مەركىزى ئەتراپىدىن قېلىن كېلىدۇ. پاراللېل نۇر ئۇنىڭدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئوق سىزىقىنىڭ يۆنىلىشىدە سۇنۇپ، بىر نۇقتىغا يىغىلىدۇ. جىسىملارنى فوكۇس نۇقتىسىغا قويۇپ، كەينى تەرىپىدىن قارىغاندا، شۇ جىسىمنىڭ چوڭايتىلغان مەۋھۇم تەسۋىرىنى كۆرگىلى بولىدۇ. قۇياش نۇرى ئۇنىڭدىن ئۆتكەندە، فوكۇس نۇقتىسىغا يىغىلىپ، تېمپېراتۇرىسى ناھايىتى يۇقىرى بولغان نۇر توچكىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ نۇقتا سەرەڭگە ياكى نېپىز قەغەزلەرنى كۆيدۈرەلەيدۇ. بۇ خىل لىنزىدىن ھەرخىل ئوپتىك ئەسۋابلارنىڭ كۆزلىرىنى ياسىغىلى بولىدۇ.

**كۆپىنچە** رەۋ. كۆپ ھاللاردا، كۆپ ۋاقىتلاردا، تولاراق: ئۇ ئېتىزدا كۆپىنچە مۇدىر بىلەن بىللە يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. * ئۇنىڭ ھالىدىن كۆپىنچە 15 ياشلىق يالغۇز ئوغلى خەۋەر ئېلىپ تۇردى.

**كۆپىيىش** ① « كۆپەيمەك » پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <بىئول> جانلىقلارنىڭ بالا تېپىشى، ئەۋلات قالدۇرۇشى: كۆپىيىش ئەزاسى. كۆپىيىش بېزى. كۆپىيىش قابىلىيىتى.

**كۆپىيىش ئەزاسى** <ئانات> ← **جىنسىي ئەزا.**

**كۆپيىش بېزى** <ئانات> ← **جىنسىي بەز.**

**كۆپيىش قابىلىيىتى** <بىئول> بىرەر جانلىقنىڭ تۇغما يوشۇرۇن ھالەتتىكى كۆپىيىش قابىلىيىتى. بۇ بەدەننىڭ شەكىللىنىشى ۋە يېتىلگەن كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنى ھاسىل قىلىش قابىلىيىتى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**كۆپيىش نىسبىتى** <زوئول> بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە (ئادەتتە بىر يىل) تۇغۇلغان ھايۋانلار سانى بىلەن شۇ تۈر ھايۋانلىرى ئانىلىقىنىڭ سانىنىڭ سېلىشتۇرمىسى. كۆپيىش نىسبىتى ھايۋانلارنىڭ كۆپيىش قابىلىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

**كۆپيىش ھۈجەيرىسى** <ئانات> ← **جىنسىي ھۈجەيرە.**

**كۆپيىش ئۈچۈن كۆچۈش** <زوئول> بەزى سۇ ھايۋانلىرىنىڭ جىنسىي بېزىنىڭ يېتىلىشى جەريانىدا ھەر يىلى مەلۇم مەزگىل توپلىنىپ، بەلگىلىك يۆلىنىشتە دېڭىز ساھىلى، دەريا ئېغىزى ۋە دېڭىزنىڭ چوڭقۇر جايلىرىغا ئۈزۈپ بېرىشى ياكى ئېقىنغا قارشى ئۈزۈپ، تۇخۇم سېلىشقا مۇۋاپىق كېلىدىغان باشقا جايلارغا كۆچۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆپيىش ئىقتىدارى** <بىئول> ← **كۆپيىش قابىلىيىتى.**

**كۆت** ئى ① قوڭ: كۆتىگە تەپمەك. * ئىت ئۇستىخان يېسە كۆتى بىلەن كېڭىشەر (ماقال). ② تىل ھا. ھېچقىز، بەچچە.

**كۆتى بوش** چىدامسىز، بوشاڭ: ئۇ كۆتى بوش بۇ ئىشنى بىر ياقىغا ئېلىپ چىقالمايدۇ.

**كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق** گېپىدە تۇرمايدىغان، سۆزىدىن بىردەمدىلا يېنىۋالىدىغان: ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، بىردەمدىلا يېنىۋالىدۇ، كۆتى بىلەن ئاغزىنىڭ پەرقى يوق.

**كۆتى پوق** ← **قوڭى پوق:** – ئۆزۈڭنىڭ كۆتى پوق، شۇڭا گەپ قىلالمايسەن، – دېدى ئالىم.

**كۆتى چىدىماسلىق** ← **قوڭى چىدىماسلىق:** ئۇ بوشاڭ نېمە، بۇ ئىشقا كۆتى چىدىمايدۇ.

**كۆتى چىڭ** ← **قوڭى چىڭ:** سەن ئۇنى بوش چاغلىما، ئۇنىڭ كۆتى چىڭ، بېسىپ ئىشلەيدۇ.

**كۆتىگە پوق كەپلەشمەك** بىرەر جىددىي ئەھۋالغا، قىيىنچىلىققا يولۇقماق: ئۇ دائىم كۆتىگە پوق كەپلەشكەندە، مېنى ئىزدەيدۇ.

**كۆتىگە تەپمەك** ← **قوڭىغا تەپمەك:** – شۇنچە گەپلەرنى قىلسا قاراپ تۇرسەنغۇ، كۆتىگە تەپسەڭ بولمامدۇ؟ – دېدى ئانا.

**كۆتىگە سۆيگۈدەك بولماق** قاتتىق يېلىنماق، يالۋۇرماق: ئۇ دۈيجاڭنىڭ كۆتىگە سۆيگۈدەك بولغان بولسىمۇ، دۈيجاڭ ئۇنىڭغا بىر جىڭمۇ ئۇن بەرمىدى.

**كۆتىگە سېرىق تۈك ئۈنمىگەن** تېخى ئىش كۆرمىگەن، گۆدەك: ئۇ تېخى كۆتىگە سېرىق تۈك ئۈنمىگەن نېمە، ئۇنىڭغا مەسلىھەت قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق.

**كۆتىگە كىرىۋالماق** ← **ئارقىسىغا كىرىۋالماق:** ئۇنىڭ كۆتۈمگە كىرىۋالغىنىغا خېلى بولدى.

**كۆتىگە يىپ ساپماق** ئالدىماق؛ بوزەك قىلماق، قاقتى-سوقتى قىلماق: ياۋاشنى تاپسام، كۆتىگە يىپ ساپسام (ماقال).

**كۆتنى ئاچماق** بىراۋنىڭ ئەيىب-نۇقسانلىرىنى ئاشكارىلىماق، سىرىنى پاش قىلماق: ئۆلۈكتىن نەگە بارىسەن دەپ سورىسا،

بارنىڭ پۇلىنى چاچقىلى، يوقنىڭ كۆتىنى ئاچقىلى دەپتۇ (ماقال).

**كۆتىنى قىسماق** تاپتىن چىقماي، يامان ئىشلارغا ئارىلاشماي جىم يۈرمەك: ئۆزۈڭ-نى بىل، ئۆزگىنى قوي، كۆتۈڭنى قىس، يولۇڭغا ماڭ (ماقال). * گۈلۈڭ بار چاغدا گۈلۈڭنى قىس، گۈلۈڭ توزۇغاندا كۆتۈڭنى قىس (ماقال). * — خەير، ئۈچ بالاڭنىڭ يۈزىدىن ساڭا بۇ قېتىم رەھىم قىلاي، مۇندىن كېيىن، كۆتۈڭنى قىسىپ يۈر، بولمىسا... — دېدى ئامانقۇل بەخىرامان ئورنىدىن قوپۇۋېتىپ.

**كۆتىنى كولىماق ← قوڭنى كوچىلىماق:** خەقنىڭ كۆتىنى كولىماي، ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى قىل.

**كۆتىنىڭ پىرى تۇتماق** جاھىللىقى تۇتماق.

**كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىماق** يۈزسىز-لىك قىلماق، يۈز ئۆرۈمەك: ئۇ ئاخىر كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىدى، ئاغزىغا كەلگەننى دەپ چىقىپ كەتتى.

**كۆتىنى يۈزىگە چاپلىماق ← كۆتىنى ئېلىپ يۈزىگە چاپلىماق.**

**كۆتى ئوچۇق** ھېچنېمىسى يوق، نامرات؛ باشقىلارنى دەپ ئۆزى زىيان تارتىدىغان: كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق (ماقال).

**كۆتى ئوچۇق قالماق** نامراتلاشماق، كەمبەغەللەشمەك: كەينى-كەينىدىن بولغان تەبىئىي ئاپەت تۈپەيلىدىن بۇ يېزىدىكىلەرنىڭ كۆتى ئوچۇق قالدى.

**كۆتى ئېچىلماق** ئەيىب-نۇقسانلىرى ئاشكارىلانماق، پاش بولماق؛ رەسۋا بولماق.

**كۆتى ئېغىر** بىرەر ئىشقا ئاسانلىقچە ئالدىرىمايدىغان، ھۇرۇن؛ جايىدىن، ئولتۇرغان يېرىدىن ئاسانلىقچە قوزغالمايدى-غان: — تازىمۇ كۆتى ئېغىر مېھمانلار ئىكەن بۇ، — دېدى سەلەي.

**كۆتەك** ئى ① دەرەخنىڭ كېسىلگەندىن كېيىنكى يىلتىز بىلەن قېلىپ قالغان تۆۋەنكى قىسمى: ئالما كۆتىكى. * ئالىم بىر كۈن كەچكىچە باغدىكى ئۆرۈك كۆتەكلىرى-نى قومۇرۇپ ھارغانىدى. ② دىئامېتىرى چوڭ، توم، قىسقاراق ياغاچ: — بۇ كۆتەكنى تىلسا نۇرغۇن شال چىقىدۇ، — دېدى سەلەي. ③ كۆچمە. تالون ۋە ئىسپاتلارنى يېزىپ بەرگەندە، تالون ۋە ئىسپاتنىڭ يېزىپ بەرگۈچىدە قېلىپ قالىدىغان قىسمى.

**كۆتەك باش** دىئال. پۇچەك باشاق.

**كۆتەك دەپتەر** <مال> جۇڭگوچە ھېساب خاتىرىلەشتە، كۆچۈرۈش دەپتىرى ياكى مۇئامىلە دەپتىرىدە ھېساباتىن كۆتۈرۈپ سالاۋاتقا چىقىرىۋەتكەن ھەر خىل ھەقدارلىقنى تىركەپ قويۇشقا ئىشلىتىدىغان بىر خىل ئەنگە ئېلىش دەپتىرى.

**كۆتەك ھارۋا** چاقى يارىيار ھارۋىنىڭكى-دىن كىچىكرەك، ئۇلتىڭغا چەمبەر تۆمۈر تارتىلغان ھارۋا: ياز كۈنلىرى ئۇ ئېتىزلاردا كۆتەك ھارۋىلار بىلەن بۇغداي ئۆنچىسى توشۇۋاتقان جۇل-جۇل كىيىملىك دېھقانلار ۋە تومۇز ئاپتىپىدا قارىداپ كەتكەن يېرىم يالىڭاچ ئورمىچى باللار بىلەن دائىم بىللە بولاتتى.

**كۆتەڭگەي** ئى. دىئال. يېغىر، يارا.

**كۆتەل** ئى. دىئال. تاغنىڭ بېلى، داۋان.

**كۆتەن** ئى <ئانات> ئۈچەي يولىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر بۆلىكى. يۇقىرى تەرىپى «S» شەكىللىك بوغماق ئۈچەي بىلەن، تۆۋەن تەرىپى مەقئەت بىلەن تۇتىشىدۇ. ئادەتتە ئۇ سۇ تەركىبىنى سۈمۈرۈش رولىنى ئوينايدۇ. چوڭ-كىچىك تەرەت كۆتەنگە كەلگەندە، كۆتەن يىغىلىپ، مەقئەت ئەتراپىدىكى پۈرمە مۇسكۇل كېرىلىدۇ-دە، تەرەت مەقئەت

ئارقىلىق سىرتقا چىقىپ كېتىدۇ.

**کۆتەن باش** ① چوڭ تەرەت چىقىدىغان ئېغىز، پۇرۇك. ② كۆچمە. بىرەر ئىشنىڭ باشلىنىش مەنبەسى: ھەر ئەترەتتە 30 توخۇ ئەمەس، 30 دەك قويمۇ ئۆز رىسقىنى تېپىپ يېيەلەيدۇ ئەمەسمۇ! دېمەك ئىشنىڭ كۆتەن بېشى مەندە ئىكەن.

**کۆتەن ئۇچەي** <ئانات> ← **کۆتەن.**

**کۆتلەش** ئى. تىل ھا. ھېجىقىز.

**کۆتلۈك** ئى. دىئال. قۇشقۇن.

**کۆتمەك** سۈپ ① قىسقا، كالتە: كۆتمەك قۇيرۇق. * بىزنىڭ ئاتىمىز - كۆتمەك بۇرۇت، قاڭشارلىق، يېشى 60 قا يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ يۈزىگە قورۇق چۈشمىگەن، چاچ-بۇرۇتىغا ئاق كىرمىگەن، ئىككى مەڭزى قىپقىزىل ئادەم ئىدى. ② شاخ-شۇمبىلىرى بولمىغان: كۆتمەك دەرەخ. ③ ئۇچى بۇزۇلغان: كۆتمەك قەلەم.

**کۆتمەك بۇرۇت** قىسقا قويۇلغان بۇرۇت.

**کۆتمەكلەشتۈرمەك** «كۆتمەكلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاسىم ساتىراش ئۇنىڭ ئۇزۇن بۇرۇتلىرىنى قىرقىپ كۆتمەكلەشتۈرۈپ قويدى.

**کۆتمەكلەشتۈرۈلمەك** «كۆتمەكلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**کۆتمەكلەشمەك** پ. كۆتمەك بولۇپ قالماق، كۆتمەك ھالەتكە كەلمەك.

**کۆتۈر** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ II شەخس بۇيرۇق شەكلى: كۆتۈر كەشكىنى. كۆتۈر قاسقىنىڭنى. كۆتۈر قولۇڭنى.

**کۆتۈر قاسقىنىڭنى** ماڭە نېرى، كۆزۈمدىن يوقال: كۆتۈر قاسقىنىڭنى! مەندىن ئالساڭ، ماشىنىنى ئالسەن، جاننى ئالمايسەن.

**کۆتۈر قولۇڭنى** تەسلىم بول، ئەل بول: ئامانقۇللار بىردىنلا «كۆتۈر قولۇڭنى» دەپ تۇۋلاپ، مىلتىقلىرىنى شاراقلاتتى.

**کۆتۈر كەشكىنى** ← **کۆتۈر قاسقىنىڭنى:** - كۆتۈر كەشكىنى! - ئابدۇللا سەلەينىڭ سۆزىنى بۆلدى ۋە دەرغەزەپ بولۇپ قولىدىكى ھاراقنى سەلەينىڭ يۈزىگە چېچىۋەتتى.

**کۆتۈر كۆدە-كۆرپەڭنى** ← **کۆتۈر قاسقىنىڭنى.**

**کۆتۈر لاقا-لۇقاڭنى** ← **کۆتۈر قاسقىنىڭنى.**

**کۆتۈرە** ئى. پايدا-زىيان ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن ئۆز ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت؛ ھۆددە: كۆتۈرە ئالماق. كۆتۈرە بەرمەك. * ئۇرما جەريانىدا بۇغداي ئېتىزلىرى، ئويمانلار ئائىلىلەرنى بىرلىك قىلىپ ئەزالارغا كۆتۈرە بېرىلدى.

**کۆتۈرە ئالماق** پايدا-زىيان ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئالماق، ھۆددىگە ئالماق: شالنى كۆتۈرە ئالغان بەزى ئەزالار شالنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى تېخىمۇ ئاشۇردى.

**کۆتۈرە بەرمەك** پايدا-زىيان ۋە ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن مەسئۇلىيەت، جاۋابكارلىقنى ئۈستىگە ئارتماق، ھۆددىگە بەرمەك: بەزى جايلاردا يولغا قويۇلغان مەھسۇلاتنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنىڭ ئېھتىياجىغا ئۇيغۇنلىشىش ئۈچۈن، دېھقانچىلىق دورىلىرىنى پارچە تەمىنلەشكە بولىدۇ.

**کۆتۈرە ئىش** پايدا-زىيىنىغا، ئاقىۋىتىگە ئۆزى ئىگە بولۇش شەرتى بىلەن مەسئۇل بولغان، ھۆددىگە ئالغان ئىش: - ياق، - دېدى ئايقىز كېسىپلا، - كۆتۈرە ئىش بولغاندىن كېيىن، ئىككىمىز تەڭ ئورۇپ تۈگىتىمىز.

**كۆتۈرەڭگۈ** سۈپ. ھاياتى كۈچكە تولغان؛ يۇقىرى ئۆرلىگەن؛ جۇشقۇن: كۆتۈرەڭگۈ روھ. كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز. * ئۇ دولقۇنلانغان يۈرىكىنى باسالماي، كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى.

**كۆتۈرەڭگۈلەشمەك** پ. كۆتۈرەڭگۈ ھالەتكە كەلمەك: ئۇ روھى جەھەتتىن كۆتۈرەڭگۈلىشىپ خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلدى.

**كۆتۈرەڭگۈلۈك** «كۆتۈرەڭگۈ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: سەپسېلىپ قارىسىڭىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىدە بىر خىل روھىي كۆتۈرەڭگۈلۈك، چىرايلىرىدىن شادلىق يېغىپ تۇرىدۇ.

**كۆتۈرەلىگۈسىز** سۈپ ① ناھايىتى ئېغىر، كۆتۈرگىلى بولمايدىغان: كۆتۈرەلىگۈسىز ئېغىر يۈك. ② كۆچمە. چىدىغىلى بولمايدىغان، بەك ئېغىر: كۆتۈرەلىگۈسىز ئازاب. كۆتۈرەلىگۈسىز خورلۇق.

**كۆتۈرەم** سۈپ. كۈچ ئېلىپ كەتكەن، ئادەتتىن تاشقىرى جىق ئىشلەپ ئىقتىدارىنى يوقاتقان، ئاجىزلاپ كەتكەن؛ ئورۇق، ئاجىز (مال-چارۋا ھەققىدە): كۆتۈرەم ئات. كۆتۈرەم ئېشەك.

**كۆتۈرتكۈزمەك** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى: ۋەلى باپكار يۈك-تاقلىرىنى دېۋە سەردارىغا كۆتۈرتكۈزۈپ، دېۋە ياساۋۇللىرىغا نۆۋەت بىلەن مىنىپ سازلىق، تاغ-داۋانلاردىن ئېشىپ، ئىككى ئايلىق يولنى ئىككى ھەپتىدە بېسىپتۇ.

**كۆتۈرتمەك** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوت قويۇش ۋاقتىدا غۇلامجاننى سېپىل ئۈستىدىن تاشلىنىدىغان قول بومبىلىرى ۋە ياغدۇرۇلىدىغان زىچ ئوق يامغۇرىدىن مۇداپىئە قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن دۈشمەنلەرنى باش كۆتۈرتمەسلىككە توغرا كېلەتتى.

**كۆتۈر-كۆتۈر** ← **كۆتۈر-كۆتۈر قىلماق.**

**كۆتۈر-كۆتۈر قىلماق** قولمۇقول كۆتۈرمەك، تۇشمۇتۇشتىن كۆتۈرمەك: ھەممەيلەن كۆتۈر-كۆتۈر قىلىپ، دەخانانى ئۆيگە ئېلىپ كىرىپ، مەيدىسىگە سوغ سۇ چېچىپ، ئىككى چېكىسىنى ئۇۋۇلاشتى.

**كۆتۈرمە** ① سۈپ. يەردىن مەلۇم ئېگىزلىككە كۆتۈرۈلۈپ سېلىنغان، ياسالغان، كۆتۈرۈلگەن: كۆتۈرمە كۆۋرۈك. كۆتۈرمە قاش. كۆتۈرمە ئېرىق. ② ئى. كىيىم ئېتەكلىرىنىڭ يۇملاق ۋە بەدەنگە ماس كېلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ئالدى-كەينى پەشنى پاراللېل سىزىقتىن مەلۇم دەرىجىدە كۆتۈرۈپ كېسىش جەريانى.

**كۆتۈرمە قاش** <سۆ> ← **مۇداپىئە قېشى.**

**كۆتۈرمە كۆۋرۈك** <بن> ئاستىدىن قاتناش قوراللىرىنىڭ ئەركىن ئۆتەلىشى ئۈچۈن، يەر يۈزىدىن مەلۇم ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ سېلىنغان كۆۋرۈك.

**كۆتۈرمە ئېرىق** <سۆ> ئېرىق قېزىلىش ئورنىنى يەر يۈزىدىن مەلۇم ئېگىزلىكتە كۆتۈرۈپ، ئاندىن قېزىلغان ئېرىق.

**كۆتۈرمەك** پ ① يەردىن، تۇرغان جايىدىن ئاجرىتىپ ئالماق: تاغار كۆتۈرمەك. * ئۇ چاسا جوزىنى كۆتۈرۈپ ھەممىنىڭ كەينىدە سارايغا ماڭدى. * قاسىم بىر خالتا ئۇننى بىر قولى بىلەن كۆتۈرۈپ هارۋىغا ئالدى. ② يەردىن، تۇرغان جايىدىن ئاجراتقان ھالدا تۇتماق، تۇتۇپ تۇرماق: سومكا كۆتۈرۈپ تۇرماق. بالا كۆتۈرۈپ تۇرماق. ③ يۇقىرى چىقارماق، يۇقىرىلاتماق: تۈگمەنچى سۈكەنگە بۇغداينى قۇيۇپ بولغاندىن كېيىن قارا چىراغنىڭ پىلىكىنى سەل كۆتۈرۈپ قويۇپ، خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. * ھېلىقى كىشى مالخىيىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ،

جاۋاب ئۇرنىغا: – قايسىڭلار باشلىق؟ – دەپ سوئال سورىدى. ④ مەلۇم دەرىجىگە يەتكۈزمەك؛ ئۆرلەتمەك: ئەمسە قانداق قىلسام بولار؟ تەكشۈرسەممۇ كەچۈرمىدىڭلار، ئاددىي نەرسىنى پرىنسىپقا كۆتۈرۈپ تەكشۈرگىنىم ئەمدى جىنايەت بولدىما؟ * شەۋكەت بىرپەس جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئاۋازىنى تېخىمۇ كۆتۈردى. ⑤ تىك، ئۆرە، ئۈستۈن قىلماق: ئاپتوموبىلدا ئولتۇرغان ئۈچىنچى بىر كىشى ئاددىي كىيىم كىيگەن بولۇپ، پەلتوسىنىڭ ياقىسىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى. * ئەكبەر بېشىنى كۆتۈرۈپ مەنسۇرغا قارىدى. ⑥ كۆچمە. پەيدا قىلماق، بەرپا قىلماق، مەيدانغا كەلتۈرمەك: توپىلاڭ كۆتۈرمەك. قوزغىلاڭ كۆتۈرمەك. غوۋغا كۆتۈرمەك. * بەزىلىرى ئۆزئارا چاقچاق، قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ ئۈزلۈكسىز كۈلكە كۆتۈرۈپ تۇرۇشاتتى. ⑦ كۆچمە. ئاشۇرماق، ئۆستۈرمەك: مال باھاسىنى كۆتۈرمەك. ئىناۋىتىنى كۆتۈرمەك. * پادىشاھ ئەسكى چاپان ئىچىدىن چىققان ئەقىللىق ئادەمنى ئۆزىنىڭ ھەممە ۋەزىرلىرىدىن يۇقىرى دەرىجىگە كۆتۈرۈپتۇ. ⑧ كۆچمە. ھەزىم قىلماق، سىڭدۈرمەك: ئۇ تاماقنى ھەرقانچە كۆپ يېسىمۇ كۆتۈرەلەيدۇ. ⑨ كۆچمە. ئىچمەك (ھاراق ھەققىدە): – كېلىڭ-كېلىڭ، بىر رومكىدىن كۆتۈرۈۋېتەيلى! – دېدى ئەلى گۈلشاتقا رومكا سۇنۇپ. * يەنە قۇيە، قېنى، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ئۈچۈن بىر كۆتۈرەيلى. ⑩ كۆچمە. ئۆز ئۈستىگە ئالماق، ئۆز ھېسابىدىن تۆلىمەك: جالال مۇئەللىم ھېساباتنى ئاڭلاپ يانچۇقىنى ئىسلىدى. مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى توختىتىپ بۇ پۇلنى مەكتەپ كۆتۈرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ⑪ كۆچمە. يوق قىلماق، بىكار قىلماق؛ چىقىرىۋەتمەك: قەرزىنى كۆتۈرۈۋەتمەك. * – بولدى بۇ ئىشنى كۆڭۈللىرىدىن كۆتۈرۈۋېتىسىلە، – دېدى ئالىم. ⑫ كۆچمە. چىدىماق، بەرداشلىق بەرمەك: گەپ كۆتۈرمەك. ئېغىرچىلىقنى كۆتۈرمەك. * يىگىت قەرز كۆتۈرەر، ئۆلۈك توپا (ماقال). * – مەن بۇنداق ئىزا-ئاھانەتنى كۆتۈرەلمەيمەن! – دېدى ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىدا. * بۇ ئادىتىڭنى خوتۇنۇڭ كۆتۈرمىسە كىم كۆتۈرىدۇ؟ * – شۇنداق قىلساققۇ بولاتتى ئەپەندى، لېكىن زامان ئۇنى كۆتۈرمەيدىغان بولدى، – دېدى ئەركىن. ⑬ كۆچمە. خۇشال قىلماق، شادلاندۇرماق: كۆڭۈلنى كۆتۈرمەك. * مۇخپۇل قانداقتۇر قىزىق بىر ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىپ ئۇنى كۈلدۈرمەكتە، روھىنى كۆتۈرمەكتە ئىدى. ⑭ كۆچمە. چىقىنماق، چىقىش قىلماق: گۇڭ كۆتۈرمەك. * – مۇشۇ ئىشنى قىلساق گۇڭ كۆتۈرەرمۇ؟ – كۆتۈرىدۇ، قورقماي ئىشلەۋەر.

**كۆتۈرمچى** ئى ① تەخسكەش، خۇشامەتچى، غالچا. ② كۆچمە. ئوغرى.

**كۆتۈرمچىلىك** «كۆتۈرمچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: تۇرسۇنغا كۆتۈرمچىلىك قىلسام يىلتىزىم چوڭقۇرلىشارمىكىن دەپتىمەن، – دېدى ئەكبەر خىجىل بولغان ھالدا.

**كۆتۈرمكەش** ئى ← **كۆتۈرمچى.**

**كۆتۈرمكەشلىك** «كۆتۈرمكەش» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: پارتىيىنىڭ پۈتۈن كادىرلىرى ۋە ئەزالىرىغا بەزىلەرنىڭ ماختاپ ئۇچۇرۇشى، كۆتۈرمكەشلىك قىلىشىدىن ھوشيار بولۇشنى مۇراجىئەت قىلىمىز.

**كۆتۈرملىك** سۈپ. كۆتۈرۈلگەن، كۆتۈرۈپ سېلىنغان: ھاجى كۆتۈرملىك ئۇرۇدىنىڭ سول قانىتىدىكى ھوجرىغا كىرگەندە، يۈسۈپ تەيجى كۆزلىرىنى سەل قىسقان ھالدا، تۆت بۇرجەكلىك شىرە ئۈستىدىكى يوغان كىرسىن لامپىغا

قاراپ، تەسۋى سىيرىپ ئولتۇراتتى.

**كۆتۈرۈپ** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: كۆتۈرۈپ چىقماق.

**كۆتۈرۈپ چىقماق** ئوتتۇرىغا قويماق، پەيدا قىلماق: گوزەللىكىگە قىلغان تۆھمەتنى بىرىنچى بولۇپ رەقىپ كۆتۈرۈپ چىقتى.

**كۆتۈرۈش** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كۆتۈرۈش بەلگىسى. كۆتۈرۈش مۇساپىسى.

**كۆتۈرۈش بەلگىسى** <مۇز> يېرىم ئاۋاز كۆتۈرۈش ئۈچۈن قويۇلىدىغان بەلگە (#). كۆتۈرۈلىدىغان ئاۋاز بىلەن بىر قاتاردا يېزىلىدۇ.

**كۆتۈرۈش بېسىم كۈچى** <سۇ> سۇ ئىنشائاتلىرىنىڭ ئۈلىنى كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كۈچ. ئادەتتە ئۇ «لەيلىتىپ كۆتۈرۈش كۈچى» ۋە «سىزىش بېسىم كۈچى» دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**كۆتۈرۈش مۇساپىسى** <سۇ> ← **كۆتۈرۈش ئېگىزلىكى.**

**كۆتۈرۈش ئېگىزلىكى** <سۇ> سۇ ناسوسى (پومپا) نىڭ سۇنى سۈمۈرۈپ كۆتۈرۈپ چىقىش ئېگىزلىكى.

**كۆتۈرۈشچان** سۈپ. كۆتۈرۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، كۆتۈرەلەيدىغان: كۆتۈرۈشچان جىسىم.

**كۆتۈرۈشچانلىق** ئى <بن> قۇرۇلۇش گەۋدىسىنىڭ بەرداشلىق بېرىش ئېغىرلىق كۈچ مىقدارى.

**كۆتۈرۈشلۈك** سۈپ. كۆتۈرەلەيدىغان؛ چىداشلىق، بەرداشلىق: ئادەم دېگەن كۆتۈرۈشلۈك ئىكەن. * مۇدىر هاراق كۆتۈ-رۈشلۈكرەك بولسا كېرەك، خېلى سەگەك ئىدى.

**كۆتۈرۈشمەك** «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ چاغدا، بىرنەچچە ئوقۇتقۇچى بىلەن بىللە كەتمەن، گۈرجەك كۆتۈرۈشۈپ رەيهان يېتىپ كەلدى.

**كۆتۈرۈلمەك** ① «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: - زامان ئاخىر بولغاندا، ئادەملەردىن مېهىر-شەپقەت كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ دېگەن گەپ راست ئوخشايدۇ، — دېدى سېيىت. * بۈيرۈق بىلەن تەڭلا يېنىك بىر شامال پەيدا بولۇپتۇ-دە، ۋەزىرىنىڭ ئوغلى يېڭى ساراي بىلەن قوشۇلۇپ هاۋاغا كۆتۈ-رۈلۈپتۇ. ② «كۆتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: كادىر ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ ئالدىغا ئېڭىشتى. * كۈن نەيزە بويى كۆتۈرۈلدى. ③ كۆچمە. هال-ئوقىتى، تۇرمۇشى ياخشىلانماق: يەرلەرنى كۆتۈرە بەرگەندىن بېرى دېهقانلار بۇرۇنقىدىن جىق كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. قارشى كۆ-رەش قىلماق، قوزغىلاڭ قىلماق، قوزغالماق: ۋاڭ غوجام بىزنى ئەزدى، چىدىغۇدەك هالىمىز قالمىدى، بىز ئەمدى كۆتۈرۈلمىز، تەييار بولۇپ كەتتۇق دەپتۇدەك.

**كۆتۈرۈم** مىق. ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ كۆتۈرۈشكە، كۆتۈرگىلى بولىدىغان، «يۈدۈم»، «قۇچاق» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كۆتۈرۈم ئوتۇن.

**كۆتۈك** ئى. دىئال. پادىچىلارغا بېرىدىغان ئىش هەققى.

**كۆتۈەللىك** ئى. دىئال. قۇشقۇن.

**كۆتىچەك** ئى. قوناق، كېۋەز، ئاپتاپپەرەس قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئورۇلغاندىن كېيىنكى يەردە قېلىپ قالغان قىسمى؛ تۈپچەك: شۇلارغا پاسىل بولغان تۆت پۈك يەر سېلىم ئاكىغا خاس بولۇپ، ئۇ تېخىچە ئاق ئىدى. ھەتتا ئالدىنقى يىلدىن قالغان قوناق كۆتىچەكلىرى شۇ پېتى تۇراتتى.

**كۆتىيوغان** ئى [كۆت+ئى+يوغان] <تب> ← **چىقان.**

**كۆجە** ئى. مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇغا قىيما، چامغۇرغا ئوخشاش بەزى كۆكتاتلار-نى سالغاندىن باشقا ئاساسەن بەك پىشىپ كەتمىگەن بۇغداي، قوناق دانلىرىنى سىلىپ قاينىتىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل سۇيۇق يېمەكلىك.

**كۆجۈم** سۈپ. زىچ، قويۇق، توپ: كۆجۈم يېزا. * مۇشۇ كىچىككىنە كۆجۈم مەھەللىنىڭ ئەڭ چېتىگە تۇل خوتۇن ئايشەمخاننىڭ ئۆيى جايلاشقان. * تېخى بايىلا «ئەھۋالنى تىڭ-تىڭلاپ كېلىمەن» دەپ ئىككى يۈز قەدەم نېرىدىكى كۆجۈم دەرەخلىككە كىرىپ كەتكەن قادىر تۇمۇرچىنىڭ نەرە تارتقاندەك ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

**كۆجۈملە شتۈرمەك** «كۆجۈملە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يىل ئەتىيازدىن بېرى قارىقاش ناھىيىسىنىڭ ياۋاغ گوڭشېسى تەۋەسىدىكى 30 مىڭ مودىن ئارتۇق تەبىئىي يۇلغۇنلۇقنى پەرۋىش قىلىش خىزمىتى كۈچەيتىلدى، خەۋەر ئېلىش، كۆجۈملە شتۈرۈشكە بەش كىشى ئاجرىتىلدى.

**كۆجۈملە شتۈرۈلمەك** «كۆجۈملە شتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: يېزا-قىشلاقلار بىر يەرگە كۆجۈملە شتۈرۈلدى.

**كۆجۈملە شمەك** پ. كۆجۈم ھالەتكە كەلمەك، زىچلاشماق، قويۇقلاشماق، توپلاشماق: ئىلگىرىكى تارقاق كەنتلەر ھازىر كۆجۈملە شتى.

**كۆجۈملۈك** «كۆجۈم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كۆجۈملۈك كوچا-كوي، شاۋقۇنلۇق شەھەر، تەپەككۇر قۇشلىرىم شۇنچىلىك ئويناق. جىلۋىگەر يۇلتۇزلار ئۇچۇشار ھەريان، نەقەدەر گۈزەل-ھە، بۇ ئانا تۇپراق.

**كۆچ** II ① «كۆچمەك» پېئىلىنىڭ شەخس بۇيرۇق شەكلى: ئۆيدىن كۆچ. ياتاقتىن كۆچ. ② ئى. كۆچۈش پەيتىدە توشۇلىدىغان ئۆي-روزغار بۇيۇملىرىدىن ئىبارەت يۈك: چارۋىچىلارنىڭ كۆچ ئارتقان تۆگە، قوتازلىرى تاغ باغرىدىكى چىغىر يولدا قاتار كېتىۋاتاتتى. ③ ئى. كۆچىدىغان، كۆچكەن قار: كۆچ كۆچتى.

**كۆچ يول** دىئال. چارۋا ماللارنى يايلاق-تىن قىشلاققا، قىشلاقتىن يايلاققا كۆچۈ-رىدىغان، كۆچ ماڭىدىغان يول.

**كۆچە** ئى. دىئال. خوتۇن، رەپىقە.

**كۆچەت** ئى ① <ئورم> ئادەتتە ئۇرۇقنى تېرىش، ئۇلاش ياكى قەلەمچە قىلىپ تىكىش ئۇسۇللىرى ئارقىلىق يېتىشتۈرۈلۈۋات-قان دەرەخلەرنىڭ كىچىك تۈپى، ياش دەرەخ، جىرىم: ئالما كۆچىتى. كۆچەت تىكمەك. كۆچەت قويماق. كۆچەت ئۆستۈرمەك. * بىز قومۇرۇلغان كۆچەتلەرنى تىكىشكە باشلىدۇق. بوۋام ئورا كولايتتى، مەن كۆچەتلەرنى بىر تالدىن تۇتۇپ بېرەتتىم. ② <بوت> پارنىك ياكى باشقا ئىسسىق جايدا يېتىشتۈرۈلگەن ھەمدە كۆچۈرۈپ تىكىشكە تەييارلانغان ياش ئۆسۈملۈك: پەمىدۇر كۆچىتى. قىزىلگۈل كۆچىتى.

**كۆچەت بەلگىلەش** <ئورم> كۆچەتلەر كۆچەتزارلىقتا بىر-ئىككى يىل ئۆسكەن-دىن كېيىن ئۇنى مۇقىم ئورنىغا يۆت-كەش. ئۇ يەنە كۆكتات مايسىلىرىنىڭ ئۆسۈپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندە ياكى مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە ئېتىزلىققا كۆچۈرۈلۈشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**كۆچەت تاللاش** <ئورم> كۆچەتلەرنى چوڭ-كىچىك ستاندارتى بويىچە دەرىجىگە ئايرىش.

**كۆچەت تولۇقلاش** <ئورم> كۆچەتنى كۆچەت كەم ئورۇنغا كۆچۈرۈش ياكى تېرىش ئۇسۇلى ئارقىلىق تولۇقلاش.

**كۆچەت كاندۇكى** زىرائەتلەرنىڭ

يۇمران مايسىنى يېتىشتۈرىدىغان كىچىك ئېتىز. ئوت يېقىش ئارقىلىق ئىسسىتىپ مايسىلارنىڭ ئۆسۈشى تېزلىتىلىدىغانلىرى «ئىسسىق كۆچەت كاندۇكى»، ئەينەك قاتارلىق ئۈسكۈنىلەر ئارقىلىقلا كۈن نۇرىنىڭ ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ ئىسسىقلىق ساقلايدىغانلىرى «سوغۇق كۆچەت كاندۇكى» دەپ ئاتىلىدۇ.

**كۆچەت مۇقىملاش** <ئورم> ← **كۆچەت بەلگىلەش.**

**كۆچە تىكىلىك** ئى. كۆچەت يېتىشتۈرۈش ئىشى: باھارنىڭ كىرىشى بىلەن تەڭ، ناھىيىلىك كۆچە تىكىلىك مەيدانىدىن كۆچەت توشۇش دولقۇنى قوزغالدى.

**كۆچە تىخانا** ئى <ئورم> دەل-دەرەخ كۆچە تىلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان جاي، كۆچە تىزارلىق.

**كۆچە تىزار** ئى ← **كۆچە تىلىك.**

**كۆچە تىزارلىق** ئى ← **كۆچە تىلىك:** ۋاھاپنىڭ كەتمىنى ئاخشام بوز يەردىكى كۆچە تىزارلىقتا قالغانىدى.

**كۆچە تىلىك** ئى. كۆچەت تىككەن، كۆچەت ئۆستۈرۈلىدىغان جاي، ئورۇن: كۆچە تىلىكتە ئىككى كىشىنىڭ سايىسى كۆرۈندى. * ئۇ كۆچە تىلىككە قاراپ خۇدىنى يوقىتىپ قويغاندەك تۇرۇپلا قالدى.

**كۆچكۆچ** ئى [كۆچ+كۆچ] ① بىر تۈركۈم خەلقنىڭ بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكىلىش ھادىسىسى. ② 1871-يىلدىكى چارروسىيە جاھانگىرلىكىنىڭ غۇلجىدىن بىر تۈركۈم ئۇيغۇرلارنى مەجبۇرىي روسىيىگە (ھازىرقى قازاقىستاننىڭ يەركەت رايونىغا) كۆچۈرۈش ۋەقەسى: كۆچكۆچ ناخشىسى. * مېنىڭ چوڭ بوۋام 1871-يىلدىكى كۆچكۆچتە غۇلجىدىن چىققانىكەن.

**كۆچكۆچ ناخشىسى** خەلق تەرىپىدىن 1871-يىلدىكى كۆچكۆچ ھەققىدە ئىجاد قىلىنغان ناخشا.

**كۆچكۈن** ① سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان، بىر جايدا تۇرمايدىغان: يۇلتۇزلار تەخمىنەن ئۈچ خىل بولىدۇ: تۇراقلىق يۇلتۇز، سەييارە يۇلتۇز، كۆچكۈن يۇلتۇز. ② ئى. كۆچىدىغان، كۆچكەن نەرسە: قارىسىپ كۆرۈنگەن يار بوشلۇقىدا، كۆچكۈنىنىڭ تەۋرىشى، گۈلدۈرلىشى بار. ئەبەدىي توختىماس شارقىراتمىدا، تاغلارنىڭ ھاياتقا سۆيگۈسى ئاقار.

**كۆچمە** سۈپ ① بىر جايدا تۇرماي، جايدىن-جايغا كۆچۈپ يۈرىدىغان، كۆچۈپ يۈرۈپ ئىشلەيدىغان: كۆچمە كىنو. كۆچمە كۇتۇپخانا. * كرېملدا تۇرغان زاپاس قوشۇن ئەسكەرلىرى چۈشلۈك تاماق ۋاقتىدا قىزىل مەيداندىن كۆچمە ئاشخانىلارنىڭ ئىسىنى كۆرۈپ قېلىپ، تەسلىم بولۇشتى، دەرۋازىنى ئېچىۋەتتى. ② مۇسابىقىدە كېيىنكى غالىبقا ئېلىپ بېرىلىدىغان: كۆچمە قىزىل بايراق. كۆچمە لوڭقا تالىشىش مۇسابىقىسى. ③ سىلجىپ، سۈرۈلۈپ ياكى ئۇچۇپ، باشقا جايغا كۆچۈپ يۈرىدىغان: كۆچمە قۇم. كۆچمە مۇز تاغ. ④ <تىل> ئەسلىي مەنىسىدىن باشقا مەنىدە ئىشلىتىلگەن: كۆچمە مەنە. كۆچمە مەنىلىك سۆز.

**كۆچمە قۇم** ئورنى تۇراقسىز ۋە ھەمىشە شامالغا ئەگىشىپ كۆچۈپ تۇرىدىغان قۇم.

**كۆچمە قىزىل بايراق** مەكتەپ، زاۋۇت ۋە كوللېكتىپ ئورۇنلىرىدىكى سىنىپ، گۇرۇپپا ۋە شەخسلەرنى سېلىشتۇرۇپ باھالاپ، ئىلغارلىرىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن مەلۇم مەزگىللىك تەقدىم قىلىنىدىغان، سىنىپ، گۇرۇپپا ۋە شەخسلەر ئارا ئايلىنىپ تۇرىدىغان بايراق، لەۋھە.

**كۆچمە لوڭقا تالشىش مۇسابىقىسى** <تەن> ھەر قېتىمقى مۇسابىقىدە يېڭىباشتىن بېكىتىلگەن مۇكاپات لوڭقىسى تالىشىدىغان مۇسابىقە. بۇنىڭدا كېيىنكى مۇسابىقىدە چېمپىيونلۇققا ئېرىشەلمىگەنلەر ئالدىنقى نۆۋەتتە ئالغان لوڭقىسىنى چېمپىيونلۇققا ئېرىشكەنلەرگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ.

**كۆچمە مەبلەغ** <س ئىق> ← **تۇراقسىز مەبلەغ.**

**كۆچمە مەكتەپ** <مائار> ← **سەييارە مەكتەپ.**

**كۆچمە مەنە** <تىل> سۆز-ئىبارىلەرنىڭ ئەسلىي مەنىسى ئاساسىدا كېلىپ چىققان يېڭى بىر مەنىسى.

**كۆچمە مۈلۈك** <س ئىق> كۆچۈرۈشكە بولىدىغان مۈلۈك. ئادەتتە پۇل ۋە ئەسۋاب، ئۈسكۈنىلەر كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆچمەس** سۈپ. كۆچۈرۈشكە بولمايدىغان، كۆچمەيدىغان: كۆچمەس مۈلۈك.

**كۆچمەس مۈلۈك** <س ئىق> كۆچۈرۈشكە بولمايدىغان مۈلۈك. ئادەتتە يەر، ئۆي ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان دەل-دەرەخ، پار ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق قىسىملىرى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆچمەك** پ ① بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا يۆتكەلمەك، كەتمەك: ئۆي كۆچمەك. * كەمبەغەل بولساڭ كۆچۈپ باق (ماقال). * بەش كۈندىن كېيىن، خاتەمخان كەپىگە يەنە كۆچۈپ چىقتى. * قەدىرلىكىم، ئۇزۇن بولدى كەلمىدىڭ، يۈرەكتىكى ئىشقى ئوتۇڭ ئۆچتىمۇ؟ يا سەندىكى سېغىنىشىنىڭ بۇلبۇلى، سۆيگۈ ئىزلەپ باشقا ياققا كۆچتىمۇ؟ ② ئاتلىماق، ئۆرلىمەك: سىنىپتىن سىنىپقا كۆچمەك. * — قانداق بۇ يىل سىنىپتىن كۆچەلىدىڭمۇ؟ — كۆچتۈم، كۆچكەندىمۇ، ئالدىنقىلار قاتارىدا كۆچتۈم. ③ ئېقىپ يۈرمەك، تارقالماق، داۋاملاشماق: شۇنداق قىلىپ مەلىكە گۈلچېھرىنىڭ تەرىپى ئېغىزدىن ئېغىزغا، ئاتىدىن-بالىغا كۆچۈپ بىزگىچە يېتىپ كېلىپتۇ. ④ گەپ ياكى مەسىلىنىڭ نۇقتىسىنى باشقا ياققا يۆتكىمەك، بۇرىماق: بولدى، ئەمدى بىز داۋالاش ئۇسۇلىغا دائىر ئەمەلىي مەسىلىگە كۆچەيلى. * ئەمدى مۇنداق گەپلەر تۇرۇپ تۇرسۇن، باشقا سۆزگە كۆچەيلى.

**كۆچمەن** ① سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان، كۆچۈپ يۈرۈشنى ئادەت قىلغان: كۆچمەن ئادەم، كۆچمەن چارۋىچى، كۆچمەن تۇرمۇش. * بۇ جايدىكى كۆچمەن ئاۋۇللار بىرنەچچە ئاي ئىلگىرىلا يېغا بولغۇدەك دېگەن خەۋەرنى ئاڭلاپ ئىچكىرىرەك كۆچۈپ كەتكەن. ② ئى. بىر جايدا تۇرماي ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرىدىغان ئادەم: يەركەنت 1883-يىلىنىڭ باشلىرىغىچە ئىلىدىن يەتتەسۇ رايونىغا كۆچۈپ چىققان ئاتمىش نەچچە مىڭ ئۇيغۇر كۆچمەنلىرىنىڭ بىر قىسمى تەرىپىدىن بىنا قىلىنغان شەھەر ئىدى.

**كۆچمەن تۇرمۇش** ئۇ يەردىن بۇ يەرگە كۆچۈپ يۈرۈپ كەچۈرىدىغان تۇرمۇش: بۇ يېزا تاغ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئاھالىلەر تارقاق ئولتۇراقلاشقان، چارۋىچىلار يىل بويى كۆچمەن تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

**كۆچمەن چارۋىچى** كۆچۈپ يۈرۈپ مال باقىدىغان چارۋىچى: دىنىي ئېتىقاد جەھەتتە، قوچۇ ئۇيغۇرلىرى بىلەن خېشى ئۇيغۇرلىرى بۇددا دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىرىنچى بولۇپ ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىشى بىلەن بۇ دىن پۈتۈن قاراخانىيلار خاندانلىقىنىڭ دۆلەت دىنى بولۇپ قالغان. ئىقتىسادىي قۇرۇلمىدا بولسا بۇ ئۈچ تۈركۈم ئۇيغۇرلار ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ كۆچمەن

چارۋىچىلىقتىن دېھقانچىلىققا ئۆتكەن.

**كۆچمەنلىك** ① ئى. كۆچۈپ يۈرۈش پائالىيىتى، ئىشى: ئۇلار كۆچمەنلىكتە تۆت-بەش يىلنى ئۆتكۈزدى. ② سۈپ. كۆچۈپ يۈرىدىغان: ئۇيغۇرلار قەدىمكى ئوۋچىلىق، يېرىم چارۋىچىلىق ۋە كۆچمەنلىك تۇرمۇشتىن تەدرىجىي ھالدا مەدەنىي شەھەر تۇرمۇشىغا قەدەم قويغان.

**كۆچۈرتمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇندىن باشقا بىر كىتابپۇرۇش بوۋاي ئاكامغا قازان ياكى بومبايدا بېسىلغان قۇرئاننىڭ يىرتىلىپ كەتكەن ۋاراقلىرىنى ئەكىلىپ، ھەربىرىنى بەش سومدىن ھەق تۆلەپ كۆچۈرتەتتى.

**كۆچۈرتۈلمەك** «كۆچۈرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆچۈرگۈچى** ئى. ئەسەر، ھۆججەت، خەت-چەك قاتارلىق يازما ماتېرىياللىنى باشقا قەغەزگە كۆچۈرۈپ يازغۇچى كىشى: ئۇ بۆلۈم باشلىقى بولۇشتىن ئىلگىرى 15 يىل بۆلۈمدە كۆچۈرگۈچى بولۇپ ئىشلىگەن.

**كۆچۈرگۈزمەك** (توغرىسى: كۆچۈرتمەك) ← **كۆچۈرتمەك.**

**كۆچۈرمە** ① سۈپ. ئەسلىي نۇسخىدىن يېزىپ، سىزىپ، كۆچۈرۈپ ئېلىنغان: كۆچۈرمە بۆلەك. كۆچۈرمە نۇسخا. كۆچۈرمە گەپ. كۆچۈرمە تەركىب. ② سۈپ. باشقىلارنىڭ ئىشىدىن، ئەسىرىدىن ئەينەن ياكى قىسمەن كۆچۈرۈلگەن، ئوغرىلانغان: كۆچۈرمە ئەسەر. ③ ئى. ئەسلىي نۇسخىدىن يېزىپ، سىزىپ، كۆچۈرۈپ ئېلىنغان نۇسخا: كلاسسىك ئەسەرلەردىن كۆچۈرمە. يىغىن خاتىرىسىنىڭ كۆچۈرمىسى. * شائىرنىڭ «ئۈزۈلمە ئۈمىد»، «ۋىجدان ئازابى»، «كۆكۆل خاھىشى»، «كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش بىرمۇنچە شېئىرلىرىنىڭ كۆچۈرمىسى ھاپىزلارنىڭ يادقا ئېلىشى ئارقىسىدا خەلق ئارىسىغا تارقىلاتتى.

**كۆچۈرمە بۆلەك** <تىل> سۆزلىگۈچى ئۆز ئەسىرى ياكى نۇتقىدا نەقىل كەلتۈرگەن باشقىلارنىڭ سۆزى، ئۆزۈندە.

**كۆچۈرمە تەركىب** بىرەر تېكىست، ئەسەر ياكى باشقا يازما ماتېرىيالدىن ئەينەن كۆچۈرۈپ ئىشلەتكەن جۈملە، سۆز ياكى سۆز بىرىكمىسى: قوش تىرناق كۆچۈرمە تەركىبلەرنى ئاپتور سۆزىدىن ئايرىپ كۆرسىتىدىغان بەلگە. * جۈملىدىكى كۆچۈرمە تەركىبلەر كۆپىنچە «دېمەك» پېئىلى ئارقىلىق ھاسىل قىلىنغان بىرىكمىلەردىن ئىبارەت بولىدۇ.

**كۆچۈرمە جۈملە** <تىل> بىرەر تېكىست، ئەسەردىن ئەينەن، سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈپ ئېلىنغان جۈملە، ستاتا، نەقىل.

**كۆچۈرمە گەپ** ← **كۆچۈرمە بۆلەك.**

**كۆچۈرمە نۇسخا** <مەت> ← **كۆپەيتمە نۇسخا.**

**كۆچۈرمەك** پ ① «كۆچمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۆي كۆچۈرمەك. * ئەمدى گەپنى يەنە ئالماس ئۈستىگە كۆچۈرىمىز. ② بىرەر يازما ماتېرىيالنى قايتىدىن باشقا قەغەزگە يازماق: كونسپېك كۆچۈرمەك. * ۋىيەي، كۆرمەپتىمىش تېخى! «ئۆتكەن كۈنلەر» رومانىدىكى سۆيگۈ خەتلىرىنى خاتىرىسىگە كۆچۈرۈپ يۈرگەن كىم بولغىيدى ئۇ؟ ③ خۇراپىي ئادەت بويىچە كېسەلگە چاپلىشىۋالغان جىننى، كېسەللىكنى باشقا بىر نەرسىگە يۆتكەپ داۋالىماق: — بۇندىن ئون نەچچە كۈن ئىلگىرى كىچىك قىزىم ئاغرىپ قېلىپ، — دەپ سۆز باشلىدى غۇلام ئاكا، — شۇ قىزنىڭ

كىيسلىنى مۇشۇ قورچاققا كۆچۈرگەن.

**كۆچۈرمىچى** ئى ① يازما ماتېرىيالنى قايتىدىن كۆچۈرۈپ چىقىدىغان ئادەم. ② باشقىلار يازغان ئەسەرلەرنى كۆچۈرۈۋېلىپ، ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىدىغان ئادەم: كۆچۈرمىچى شائىر. * پىكىر ئوغرىسى كۆچۈرمىچىلەر خىجىللىقنى بىلمەيدۇ ئەسلا.

**كۆچۈرمىچىلىك** ئى. كۆچۈرۈش ئىشى، كەسپى: كۆچۈرمىچىلىك قىلماق.

**كۆچۈرمىكەش** ئى ← **كۆچۈرمىچى.**

**كۆچۈرمىكەشلىك** ئى ← **كۆچۈرمىچىلىك:** تەھرىر بۆلۈمىمىز كۆچۈرمىكەشلىك قىلغان كىچىك ھەۋەسكارلارغا روھىي جەھەتتىن زەربە بولۇپ قالماسلىق ئۈچۈن، مۇشۇچاغقىچە بۇ خەتلەرنى ئېلان قىلىش مەسىلىسىدە سالماق بولۇپ كەلدى.

**كۆچۈرۈشمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆيلىرىنى شەھەردىن يىراق جايلارغا كۆچۈرۈشتى.

**كۆچۈرۈلمە** ئى <ئارخېئول> قەدىمكى خاتىرە تاش، ساپال، مېتال يادىكارلىقلاردىكى ئويۇلغان خەت ياكى باشقا نۇسخىلارنىڭ قەغەزگە ئەينەن كۆچۈرۈۋېلىنغان قىسمى.

**كۆچۈرۈلمەك** «كۆچۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پارنىكتا ئۆستۈرۈپ، قوغۇنلۇققا يانداپ كۆچۈرۈلگەن شوخلا، لازىلارمۇ تېزلا ئاينىپ، غۇچچىدە چېچەكلەپ كەتكەنىدى.

**كۆچۈشمەك** «كۆچمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەريا بويىغا كۆچۈشتى.

**كۆرە** تىر. چىقىش كېلىش قوشۇمچىسى بىلەن كەلگەن ئىسىملاردىن كېيىن كېلىپ «... غا نىسبەتەن»، «... غا قارىغاندا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: بىكار تۇرغاندىن كۆرە، ئىشلەپ تۇرغان ياخشى. * ياۋۇز كىشىلەرنى دوست تۇتقاندىن كۆرە، تەنھا يۈرگەن ياخشى.

**كۆرەر** «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ كەلگۈسى زامان پۈتمىگەن سۈپەتدىشى: كۆرەر كۆزى يوق.

**كۆرەر كۆزى يوق** قارىغۇسى، كۆرگۈسى يوق، قارىغۇسىمۇ كەلمەيدۇ: – ۋاي... ۋۇي ئۇلارنىڭ ھاكاۋۇرلۇقىنى، بىزنى كۆرەر كۆزى يوققۇ بۇ خېنىملارنىڭ، – دېدى ماھىرە ئىززەتكە.

**كۆرەك** ئى .① ھەرقايسى ئورۇن ۋە ئىدارە جەمئىيەتلەر تەييارلىغان ئەدەبىيات-سەنئەت نومۇرلىرىنى بىر يەرگە يىغىپ، يالغۇز ۋە كوللېكتىپ ھالدا ئورۇنداش پائالىيىتى: ئەدەبىيات-سەنئەت كۆرىكى. ② يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەربىي قىسىم ۋە خەلق ئاممىسى ئارىسىغا بىۋاسىتە بېرىپ ئۇلارنى كۆزدىن كەچۈرۈش مۇراسىمى.

**كۆرەڭ** سۈپ. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتىدىغان، باشقىلارنى مەنسىتمەيدىغان، تەكەببۇر: كۆرەڭ ئادەم. * كىرىېسلودا ئولتۇرغان ئىككىيلەننىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، دەسلەپكى كۆرەڭ ئەپتىدىن قىلچە ئەسەر قالمىدى. * ئاسىيەنىڭ پوزىتسىيىسى بۇ تەكەببۇر، كۆرەڭ يىگىتكە ناھايىتى ئېغىر كەلدى. // – بۇ ئىشنى ھېلىقى كۆرەڭ قىلغان، – دېدى زەينەپ سەل نارازى بولغاندەك.

**كۆرەڭلەتمەك** «كۆرەڭلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سېنى كۆرەڭلەتكەن ئالدامچى دۇنيا ساڭا بىر كېپەنلىك بېرىشنى راۋا كۆرمىگەن بولسا، سېنىڭ سېمىز گەۋدەڭ ۋە ئېتىڭنىڭ تۇياقلىرى بىلەن چەيلەنگەن تۇپراق ساڭا ئەمدى جەسىتىڭ پاتقۇدەك تۆت غېرىچ گۆر

بىر شنمۇ خالىمدى.

**كۆرەڭلە شمەك** «كۆرەڭلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزلىرىچە «قوزغىلاڭچىلار-نى جىق ئۆلتۈردۇق ۋە قاچۇرۇۋەتتۇق» دەپ كۆرەڭلىشەتتى.

**كۆرەڭلىك** «كۆرەڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ قېلىن قاشلىرى ئاستىدىكى كۆرەڭلىك ئالامىتى چىقىپ تۇرغان كۆزلىرى ئەنسىزلىك بىلەن پارقىراپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ چالا كۆرەڭلىكىگە كۆنۈپ قالغان ياشلار تالىشىپ ئولتۇرۇشنى خالىماي، باشقا پاراڭلارنى سېلىشتى.

**كۆرەڭلىك قىلماق** ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق؛ تەكەببۇرلۇق، نوچىلىق قىلماق؛ كۆرەڭلىمەك: – ئۆزۈم! – دېدى قۇربان ئۆزىنى چاغلىماي مېكىيانغا نوچىلىق قىلغان چۈجە-خورازدەك كۆرەڭلىك قىلىپ، – ماڭا ھېچكىم ئۆگەتمىدى.

**كۆرەڭلىمەك** پ. ئۆزىنى باشقىلاردىن ئۈستۈن تۇتماق، تەكەببۇرلاشماق، كۆرەڭلىك قىلماق: كۆرەڭلەپ خۇدىنى يوقىتىشقا باشلىغان زامانىۋى كېيىنكى چاغلاردا ئەيش-ئىشرەت كوچىسىنىڭ مەستانىسى بولۇپ قالدى. * تەڭ تۆرەلدۇق تەڭرى ئالدىدا. تەڭ ئەمەسمىز دەۋر ئالدىدا كۆرەڭلەپ كەتمە ئامەتلىرىڭدىن، تەڭ بولىمىز قەبرە ئالدىدا.

**كۆرەلمەس** سۈپ. باشقىلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت، غەلىبىسىگە چىدىمايدىغان ئىچى تارلىق قىلىدىغان؛ ئىچى تار، ھەسەتخور: كۆرەلمەس ئادەم. * قايتىپ بارسام، مەھەللىدىكىلەر قانداق ئويلار-ھە؟ ھېچ بولمىغاندا، بەزى كۆرەلمەس زۇغۇيلارغا بولۇپ بېرەر.

**كۆرەلمەسلىك** «كۆرەلمەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇنىڭ گەپلىرى ھەسەت، گۇمان، كۆرەلمەسلىك بىلەن تولغانىدى.

**كۆرپە** I ئى. ئۇخلىغاندا، ياتقاندا ئاستىغا سېلىش ئۈچۈن رەخت ئارىسىغا پاختا سېلىپ تىكىلىدىغان بۇيۇم: ئۇنىڭ ئىككى قات كۆرپىدە ئۇخلاپ ئۆگەنگەن بەدەنلىرى بۇ قاتتىق كارىۋاتتا يېتىشقا قانداق چىدىسۇن؟

**كۆرپە** II ئى. يېڭى تۇغۇلغان قوزىنىڭ تۈكى پەس، بۇدۇر-بۇدۇر، گۈللۈك تېرىسى: كۆرپە تۇماق. كۆرپە جۇۋا.

**كۆرپە تۇماق** كۆرپىدىن تىكىلگەن تۇماق، باش كىيىمى: رەھمەتۇللا ئاكا بېشىغا يەكەنچە قارا كۆرپە تۇماق كىيىۋالغانىدى.

**كۆرپە جۇۋا** كۆرپىدىن تىكىلگەن جۇۋا: كۆرپە جۇۋىنى سوغۇقتا كىيسە ياخشىراق، ئاشىق كىشىنى مەشرەپتە كۆرسە ياخشىراق.

**كۆرپەز** ئى <جوغ> ← **قولتۇق**.

**كۆرپە-ياستۇق** كۆرپە ۋە ياستۇق.

**كۆرپىچەك** ئى. كىچىك كۆرپە؛ يۆگەك.

**كۆرپىلىك** سۈپ ① كۆرپىسى بار، كۆرپىگە ئىگە. ② كۆرپە تىكىشكە يېتىدىغان، كۆرپە تىكىشكە بولىدىغان، كۆرپىگە باپ: بىر كۆرپىلىك رەخت.

**كۆرتە** ئى. دىئال. سۇدان.

**كۆرسە تكۈچ** ① سۈپ. كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كۆرسىتىدىغان: كۆرسە تكۈچ بارماق. كۆرسە تكۈچ تاياق. * ئۇ قولىدىكى قېرىنداش بىلەن خەرىتىنىڭ بىرقانچە يېرىگە كۆرسە تكۈچ بەلگىنى قويۇپ چىقتى. ② ئى. كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان يېزىق، سائەت، ستىرېلكا ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر: يول كۆرسە تكۈچ. * ئېغىر سۇ تېپىدىكى ئاتوم قازىنىنىڭ باشقار-مىسىدا پروفېسسور كۆرسە تكۈچلەرنى ئەستايىدىل كۆزىتىمەكتە ئىدى. ③ ئى <مات> بىر سانىنىڭ ئۆز-ئۆزىگە بىرقانچە قېتىم كۆپەيتىلگەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان سان.

ئادەتتە ئۇ، شۇ ساننىڭ ئۆلۈك تەرەپ يۇقىرىقى بۇرجىكىگە يېزىلىدۇ. مەسىلەن، $3^2$، $4^3$، $b^n$ لارنىڭ ئۆلۈك تەرەپ يۇقىرى بۇرجىكىدىكى 2، 3، n قاتارلىق كىچىك سانلار كۆرسەتكۈچ بولىدۇ. ④ ئى <س ئىق> پىلاندىكى يەتمەكچى بولغان نىشان: سۈپەت كۆرسەتكۈچى. ئىشلەپچىقىرىش كۆرسەتكۈچى. * ھەر مىللەت پولات ئىشچىلىرىنىڭ ئورتاق تىرىشىشى ئارقىسىدا، بۇ زاۋۇت 1-ئايدا 10 مىڭ 494 توننا چويۇن ئىشلەپچىقىرىپ، پىلاندىكى كۆرسەتكۈچتىن 22 پىرسەنت ئاشۇرۇۋەتتى. ⑤ ئى <مائار> ئوقۇغۇچىلارنىڭ يىللىق، مەۋسۇملۇق ياكى چارەكلىك ئۆگىنىش ئەھۋالى ھەم نەتىجىسى قىسقىچە خۇلاسىلىنىپ، ئاتا-ئانىلارغا يوللاپ بېرىلىدىغان جەدۋەل: يىللىق كۆرسەتكۈچنى ئۇ ئانىسىغا كۆرسەتتى. ئانا ئۇنىڭغا شادلىنىپ كۆزلىرىنى يۇگۈرتتى.

**كۆرسەتكۈچ بارماق** <ئانات> ئادەم پۇت-قول پەنجىلىرىنىڭ ئىككىنچىسى، يەنى باش بارماقتىن كېيىنكى بارماق: سادەت كىتابنى كۆرسىتىپ، ئىچىدىكى قەغەزنى ئېلىپ نوقۇپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنىڭ ئېغىزىغا كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى ئېلىپ باردى-دە، ئوماق لەۋلىرىنى مىدىرلاتتى.

**كۆرسەتكۈچ تاياق** <مائار> ئوقۇتقۇچى دەرس ۋاقتىدا دوسكىدىكى خەت، سۈرەتلەرنى ۋە ئاسما رەسىملەرنى كۆرسىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تاياق.

**كۆرسەتكۈچلۈك** سۈپ ① كۆرسەتكۈچى بار، كۆرسەتكۈچكە ئىگە. ② كۆرسەتكۈچىدە نامەلۇم سان بولغان: كۆرسەتكۈچلۈك تەڭلىمە.

**كۆرسەتكۈچلۈك تەڭلىمە** <مات> كۆرسەتكۈچىدە نامەلۇم سان بولغان تەڭلىمە.

**كۆرسەتكۈچلۈك فۇنكسىيە** <مات> ئاساسى تۇراقلىق، كۆرسەتكۈچى ئەركىن ئۆزگەرگۈچى سان بولغان فۇنكسىيە. مەسىلەن، $y^x=a$ دىكى a ئاساس، y بولسا كۆرسەتكۈچ x كە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. كۆرسەتكۈچلۈك فۇنكسىيە لوگارىفىملىق فۇنكسىيىنىڭ تەتۈر فۇنكسىيىسىدۇر.

**كۆرسەتمە** ئى ① قانداق ئىشلەش، نېمە قىلىش توغرىسىدا بېرىلگەن يوليورۇق: پارتىيىنىڭ كۆرسەتمىسى. مۇئەللىمنىڭ كۆرسەتمىسى. * ئۇ قانداق قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆرسەتمە بەردى. * ئايدىڭ، يۇلتۇز، قۇندۇزلار بولسا ئەبۇنەسىر سامانىينىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئەرلەر سېپىدە تۇرماي، ئايرىم ناماز ئوقۇيدىغان بولۇشتى. ② كۆرسىتىلگەن نۇسخا، بۇيرۇتما: ئۇلار 12 كۈن سەرپ قىلىپ ئۇنى كۆرسەتمە بويىچە ياساپ مۇۋەپپەقىيەت قازاندى.

**كۆرسەتمەك** پ ① «كۆرمەك» پېئىلى ① ② ⑤ ⑥ نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قەلەم كۆرسەتمەك. كىتاب كۆرسەتمەك. * ئىنەككە سۈت كۆرسەتمە، ئەخمەققە قىز (ماقال). * — بۇ خاسىيەتلىك ئەينەك! بۇ ئەينەك يىراق-يېقىننى كۆرسىتەلەيدۇ. * خۇدا كۆرسەتمىسۇن، ئۆيگە كېلىن ئەمەس، شەيتان ئېلىپ كېلىپتىمىز ئەمەسمۇ؟ ② بىلدۈرمەك، چۈشەندۈرمەك، دەلىللىمەك، ئىسپاتلىماق؛ نامايان قىلماق: بىگىسنى كۆرسەتمەك. * ھۈنىرىنى كۆرسەتمەك. بۇ سېنىڭ خاتا يولدىن تېخى قايتىپ كەلمىگىنىڭنى كۆرسىتىدۇ. * بۇ ئىش بىزگە بۇندىن كېيىن ھەرقانداق ئىشتا سەگەك بولۇشىمىز لازىم ئىكەنلىكىنى كۆرسەتتى. ③ تاماشا قىلدۇرماق، سەيلە قىلدۇرماق، ئايلاندۇرماق.

دۇرماق: باغ كۆرسەتمەك، بازار كۆرسەتمەك. كوچا كۆرسەتمەك. ④ ... دەپ بىلدۈرمەك، ... دەپ چۈشەندۈرمەك: گۈزەلئاي مەن تەرەپكە بۇرۇلدى-دە، ئارتىسلارغا خاس سەزگۈرلۈك بىلەن ئۆزىنى بىنەپەرۋا، خۇشال كۆرسىتىشكە ئۇرۇنۇپ كۈلۈمسىرىدى، ئېگىشىپ ناخشا ئېيتتى. * — مەنمۇ يېزا خىزمىتىنى قانداق ئىشلەشنى بىلمەيمەن، — دېدىم ئىمكانقەدەر ئۆزۈمنى كەمتەر كۆرسىتىشكە تىرىشىپ، — ھەرقايسىلىرى بولغاندىن كېيىن كۆڭلۈمنى توق تۇتۇپ كېلىۋەردىم. ⑤ بىرەر ئىش ياكى ۋەزىپىنى بېجىرىش ئۈچۈن بىراۋنىڭ مۇۋاپىقلىقىنى ئېيتماق، شۇنداق بولۇش تەكلىپىنى بەرمەك: باشلىقلىققا كۆرسەتمەك. نامزاتلىققا كۆرسەتمەك. ⑥ يوليورۇق، مەسلىھەت بەرمەك؛ ئېيتماق، دېمەك: — مېنىڭ كۆرسەتكىنىم بويىچە ئىش قىلساڭ ۋەسلىگە يېتەلەيسەن، — دەپتۇ بوۋاي.

**كۆرسىتىپ قويماق** ئۆزىنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈپ قويماق؛ ئەدىبىنى بەرمەك: — ئۇلارغا ئۆزىمىزنى كۆرسىتىپ قويماي بولمايدۇ. كېيىن بېشىمىزغا كەلگەننى كۆرمەمدۇق. * — ھېلى كۆرسىتىپ قويىمەن، ياخشىلىقچە يولۇڭغا ماڭ، — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن.

**كۆرسەتمىلىك** سۈپ. ئۈگىتىشتە، چۈشەندۈرۈشتە نەمۇنە قىلىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، كۆرسىتىش ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان: كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قورالى.

**كۆرسەتمىلىك ئوقۇتۇش قورالى** <مائار> مەلۇم نەرسىنىڭ قۇرۇلمىسى، خىزمىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئوقۇتۇش مودېلى.

**كۆرسەم** « كۆرمەك» پېئىلىنىڭ پەرەز-قارشىلىق مەيلىدىكى خەۋەر شەكلىنىڭ I شەخس بىرلىكى.

**كۆرسەم خۇمار** كۆرسىلا خۇمارى تۇتىدىغان، كۆرمىسە كارى يوق: كۆرسەم خۇمار ئادەم. * نۇر بەگ ئادەتلەنگەن ئەپيۈنكەش بولماستىن، كۆرسەم خۇمار ئىدى.

**كۆرسىتىش** « كۆرسەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: كۆرسىتىش ئالماشلىرى.

**كۆرسىتىش ئالماشلىرى** <تىل> ئالماشلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى شەيئىلەرنى ياكى تۈرلۈك بەلگە، ھالەتلەرنى ئىشارەت بىلەن ياكى كونتېكىستتا باغلاش يولى بىلەن ئىپادىلەيدىغان ئالماشلار. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا بۇ، شۇ، ئۇ، ماۋۇ، مۇنۇ، ئاۋۇ، مۇشۇ، ئۇشبۇ، ئاشۇ قاتارلىق كۆرسىتىش ئالماشلىرى بار.

**كۆرسىتىشچانلىق** ئى. كۆرسىتىش خۇسۇسىيىتى، ئالاھىدىلىكى: كىنونىڭ مۇھىم خۇسۇسىيىتى — كۆرسىتىشچانلىقتۇر.

**كۆرسىتىشمەك** « كۆرسەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كۆپچىلىك بۈگۈنكى مۇسابىقىدە ئۇتتۇرۇپ قويۇشنىڭ سەۋەبلىرىنى كۆرسىتىشتى.

**كۆرسىتىلمەك** « كۆرسەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇ بۇ قېتىمقى سايلامدا ھاكىملىققا نامزات قىلىپ كۆرسىتىلدى.

**كۆرك** ئى. چىراي، ھۆسن، گۈزەللىك: تىل كۆركى ماقال، يىگىت كۆركى ساقال (ماقال).

**كۆركە** (توغرىسى: كۈركە) ← **كۈركە**.

**كۆركەم** سۈپ. كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىدىغان، گۈزەل، چىرايلىق: كۆركەم تاغ. كۆركەم مەنزىرە. كۆركەم ھويلا. * مەنناپ ئەپەندىنىڭ تۈگمەن تېشى ئېسىپ قويغاندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرى

ئۇنى كۆركەم بىر بىنانىڭ ئالدىغا ئەكىلىپ قويغانىدى.

**كۆركەمسىز** سۈپ. كۆركەم ئەمەس، سەت، كۆرۈمسىز: دۇنيادا كۆركەمسىز ھېچقانداق تەبىئەت يوق. * ئەقىلسىزلىق ئىسكەن كۆتمەك ۋاپا ھەم مېھىر بويىنى، تىسكەنلىك، بويى كۆركەمسىز بۇ گىياھى بىپەرلەتتىن.

**كۆركەملەشتۈرمەك** «كۆركەملەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرىپە ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ ياستۇققا يېيىلغان قاپقارا چاچلىرى ھۆسنىنى تېخىمۇ كۆركەملەشتۈرۈۋەتكەنىدى.

**كۆركەملەشتۈرۈلمەك** «كۆركەملەشتۈر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆركەملەشمەك** پ. كۆركەم، گۈزەل تۈسكە كىرمەك؛ كۆركەم بولماق: ئاخىرى يۇرتۇمغا قايتىپ كەلدىم. بىرنەچچە يىل بۇرۇنقى تاشيول ئورنىغا ئاسفالت يول، بىرنەچچە ماگىزىن، قەۋەتلىك ئىدارە، قەۋەتلىك ئائىلىلىكلەر بىناسى سېلىنىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ ناھىيە بازىرىمۇ خېلى كۆركەملىشىپ قېلىپتۇ.

**كۆركەملىك** «كۆركەم» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قەمەر، سەن بۇ تەرەپلەرگە ئۆتمىگەنسەن. ئېلى ۋادىسى ئۆزىنىڭ كۆركەم-لىكى بىلەن مېنى تاڭ قالدۇردى. تەبىئەت بۇ زېمىنغا ئۆز گۈزەللىكىنى ئايىماي بەرگەنىكەن.

**كۆركۆتمە** ئى. دىئال. كوزا-كوزاڭ، كۆز-كۆز. -

**كۆرگە** ئى. دىئال. چۆلدە ئۆسىدىغان يانتاقسىمان بىر خىل ئۆسۈملۈك.

**كۆرگەزمە** ئى. مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ۋە ئىشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش، كۆرسىتىش ئۈچۈن قويۇلغان نەرسىلەر ۋە شۇ نەرسىلەر قويۇلغان جاي: فوتو سۈرەت كۆرگەزمىسى، كۆرگەزمىگە بارماق. كۆرگەزمە قىلماق.

**كۆرگەزمە بۇيۇملىرى** كۆرگەزمە قىلىشقا قويۇلىدىغان نەرسىلەر.

**كۆرگەزمە قىلماق** مەلۇم نەرسىلەرنىڭ ۋە ئىشلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كىشىلەرگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن بىرەر جايغا قويۇپ كۆرسەتمەك.

**كۆرگەزمىخانا** ئى. كۆرگەزمە بۇيۇملىرىنى كۆرسىتىدىغان، كۆرگەزمە ئېلىپ بارىدى-غان ئورۇن، جاي، ئۆي: ئاپتونوم رايونلۇق كۆرگەزمىخانىدا مەشھۇر رەسساملارنىڭ رەسىملىرى كۆرگەزمە قىلىنىۋاتىدۇ.

**كۆرگەن-بىلگەن** ① ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان: گەپ-سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ مۇھىتقا پىششىق سەپسالىدىغان، كۆرگەن-بىلگەننى ئېسىدە پۇختا ساقلاپ قالىدىغان ئىچى دەريا ئادەم ئىكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ② تونۇش-بىلىش: يولىڭىز بولسۇن بىزدىن كۆرگەن-بىلگەنلەرگە سالام دەڭ.

**كۆرگۈلۈك** ئى. بېشىغا كەلگەن، كېلىۋاتقان، كېلىدىغان ئېغىر ئىشلار، كۆڭۈلسىز ۋەقە، ھادىسە؛ تارتقۇلۇق: پاتەمخان: — ئاھ، خۇدا! ماڭا نېمە كۆرگۈلۈك بۇ؟ — دېدى چاچلىرىنى يۇلۇپ.

**كۆرگۈلۈكى بار** ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ، بېشىغا كۈلپەت چۈشىدۇ: تۇرسۇن شۇجى «ھازىرلا ئەكەلگىن، نەدە بولسا تاپ، بولمىسا، كۆرگۈلۈكۈڭ بار» دېگەن، يۇرۇڭلار ئەمىسە.

**كۆرگۈلۈكنى كۆرسەتمەك** ئېغىر ئەھۋال-غا دۇچار قىلماق، تېگىشلىك جازاسىنى بەرمەك، ئەدەبلىمەك: — تولا چوڭ سۆزلىمە، — دېدى سەلەي ئاكا، — ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن.

**كۆرگۈلۈكنى كۆرمەك** بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشمەك، تېگىشلىك جازاسىنى يېمەك:

ھەددىدىن ئاشسا، كۆرگۈلۈكنى كۆرىدۇ، مەن كىم؟

**كۆرمەس** ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى. ② سۈپ. كۆرۈش ئىقتىدارىنى يوقاتقان، كور، قارىغۇ: كۆرمەس بولۇپ قالماق. * — قىزىمىزنىڭ قولى تۇتماس، پۇتى باسماس، كۆزى كۆرمەس، بېشى تاز دېگىنى ئالدىغىنى ئەمەسمۇ؟ — دەپتۇ يىگىت.

**كۆرمەسكە سالماق** كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەن بولۇۋالماق: جۇمە بۇنى كۆرمەسكە سالدى ۋە پەرۋا قىلمىغاندەك بارماقلىرىدىن قاس چىقىرىپ قويدى. * بۈگۈن ئۈچ كۈندىن بېرى، يارىنى كۆرمەمدۇ كىشى. كۆرسىمۇ كۆرمەسكە سالسا، كويىدا ئۆلمەمدۇ كىشى.

**كۆرمەك** پ ① كۆرۈش قابىلىيىتى بىلەن كىشى ھەم نەرسىلەرنىڭ كۆرۈنۈشى ۋە قانداقلىقىنى پەرقلەندۈرمەك؛ كۆز ۋاسىتىسى بىلەن پەرق قىلماق، بىلمەك: تۆگمىنى كۆرۈپ، تۆگىنى كۆرمەپتۇ (ماقال). * ئىشىك كۆرگەننى ئالما، بۆشۈك كۆرگەننى ئال (ماقال). * ئۆچ كۆرگەننى ئوتتۇز قېتىم كۆرۈپتۇ (ماقال). * ئاڭلىغان بىلەن كۆرگەن بىر ئەمەس (ماقال). * ئۇلار كىنو كۆرگىلى كەتتى. ② كۆز يۈگۈرتمەك، ئوقۇماق: گېزىت كۆرمەك. كىتاب كۆرمەك. ③ قارىماق، تەكشۈرمەك: — ھى... ھى... دۈيجاڭ! — ساقى خۇشاللىقىدا شۇنداق دېدى-يۇ، دۈيجاڭنىڭ چىرايىغا قارىماستىن، ھارۋىنىڭ جابدۇقلىرىنى كۆرۈشكە باشلىدى. ④ دۇچ كەلمەك، يولۇقماق، ئۇچرىماق: يولدا بىز نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارنى كۆردۇق. ⑤ باشتىن كەچۈرمەك، ئۆتكۈزمەك: كۆرگىنىم كۆپ، يېگىنىم چۆپ (ماقال). * ئۇ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆرگەن ئادەم. ⑥ ... دەپ بىلمەك، ... دەپ ھېسابلىماق: ۋەزىر دەللالنىڭ پىكرىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ، قىزنى ئۆزىنىڭ سارىيىغا ئېلىپ كىرىپتۇ. * ئاكام بۇ قىزنى ئوغلىغا لايىق كۆرۈپ، ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ⑦ تاپماق، ئېرىشمەك، سازاۋەر بولماق: ھۆرمەت قىلساڭ، ھۆرمەت كۆرىسەن (ماقال). * ئاتاڭغا نېمە قىلساڭ، بالاڭدىن شۇنى كۆرىسەن (ماقال). * ئۇكام ئەلا، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، دېھقان قىزىغا ئۆيلەن، تۆت كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى؛ دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگىن. ⑧ يۈز بەرگەن ۋەقەگە باشقا كىشى ياكى نەرسىنى سەۋەب قىلىپ كۆرسەتمەك: ئاتالمىغان ئوقىدىن كۆرىدۇ، چىچالمىغان پوقىدىن (كۆرىدۇ) (ماقال). * ياخشى بولسا ئۆزىدىن كۆرىدۇ، يامان بولسا ئۆزگىدىن (كۆرىدۇ) (ماقال). ⑨ ئۇچراتماق، ئارىلاشماق، چۈشەنمەك: بىز ئۇنداقلارنى جىق كۆرگەن. ⑩ قارىماق؛ ئوقۇماق؛ ئويلىماق: باسقان ئىزىڭنى بىلىپ باس، ئالدى-ئارقاڭنى كۆرۈپ (باس) (ماقال). ⑪ قىلماق، ئىشلىمەك: بىز كونا 8-ئارمىيە جەڭچىلىرىدىن بولىدىغان بولدۇق! ئىلدام تەييارلىق كۆرۈپ ماڭايلى! ⑫ كۆچمە. تاپماق، ئىگە بولماق؛ تۇغماق: بىز خېلى يىللار بىللە ئۆمۈر كەچۈرۈپ، ئۈچ ئوغۇل كۆردۇق. * ئۇ ياسىنئاخۇندىن ئۈچ پەرزەنت كۆردى. ⑬ كۆچمە. ئىشلەتمەك؛ پايدىلانماق: ھالىمىزغا يارىشا بارىنى تەڭ كۆرەرمىز. بىزنىڭ دۈيدە ياغ قىس بولغىنى بىلەن باشقا دۈيلەردىن خېلى تېپىلىدۇ. ⑭ بىرەر نەرسىنى تەكشۈرۈش ۋە ئۇنىڭغا دىققەت ئېتىبارىنى جەلپ قىلىش ئۈچۈن قوللىنىلىدۇ: بۇ قوينىڭ سېمىزلىكىنى كۆر. * بۇ تاۋۇزنىڭ تاتلىقلىقىنى كۆر. ⑮ رەۋىشداشلار بىلەن كېلىپ، سىناش، بىلىش ئۈچۈن

قىلىنغان ئىش-ھەرىكەتنى بىلدۈرىدۇ: يەپ كۆرمەك. مەسلىھەتلىشىپ كۆرمەك. سىناپ كۆرمەك. سوراپ كۆرمەك. ⑯ ئايرىم سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىپ شۇ سۆزلەرنى پېئىللاشتۇرىدۇ: يامان كۆرمەك. ياخشى كۆرمەك.

**كۆرمىگەن** «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: كۆرمىگەن بولۇۋالماق. كۆرمىگەننى كۆرمەك.

**كۆرمىگەن بولۇۋالماق** كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەن قىياپەتكە كىرىۋالماق؛ كۆرمەسكە سالماق: ھەممىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، ئەمدى كۆرمىگەن بولۇۋالغىنىڭ نېمىسى؟

**كۆرمىگەن كۈنى قالماسلىق** تۇرمۇشنىڭ ھەممە جەبىر-جاپا، دەرد-ئەلەم، ئېغىرچىلىقلىرىنى باشتىن كەچۈرمەك: ئادەمنىڭ ئۆمرى دېگەنمۇ جىق گەپ ئىكەن، كۆرمىگەن كۈنۈم قالمىدى، مانا ئەمدى پۇت-قولۇم گۆرگە ساڭگىلىغاندا ئىشكىتىنمۇ، تۈگۈلۈكتىنمۇ ئامەت كىرىۋاتىدۇ.

**كۆرمىگەننى كۆرمەك** نۇرغۇن جەبىر-جاپا، دەرد-ئەلەم، ئىزا-ئاھانەتلەرنى باشتىن كەچۈرمەك: كۆرگىنىڭدىن كۆپتۇر كۆرمىگىنىڭ، كۆرمىگەننى كۆرسەن ئۆلمىگىنىڭ (ماقال). * بىر تۆشۈكتىن يەنە بىر تۆشۈككە كىرگۈچە كۆرمىگەننى كۆرسەن.

**كۆرۈپ** «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: كۆرۈپ سېزىش.

**كۆرۈپ سېزىش** <لوگ> جىسىم شەكلىنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىنى غىدىقلىشى نەتىجىسىدە سەزگۈ پەيدا بولۇش.

**كۆرۈپ قويماق** بىرسىنىڭ قانداق، قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتمەك، چۈشەنمەك: سېنىمۇ كۆرۈپ قويدۇق ئاغىنە، خەير، ئامان بول!

**كۆرۈپ قويسۇن** بىلىپ يەتسۇن، چۈشەنسۇن: يەرگىمۇ، باغقىمۇ شۇنداق بىر ئىشلەيكى، يۇرتداشلار قىسمەت چورۇقنىڭ قولىدىن قانداق ئىشلارنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپ قويسۇن.

**كۆرۈش** «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: كۆرۈش بۆلۈكى. كۆرۈش پەرقى. كۆرۈش دەرىجىسى.

**كۆرۈش بۆلۈكى** <مات> كۆزىتىش نۇقتىسى بىلەن نىشاننى تۇتاشتۇرغۇچى سىزىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تىك تەكشىلىكتە، تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق كۆزىتىش نۇقتىسىدىن ئۆتكەن گورىزونتال سىزىقنىڭ ئۈستىدە بولغاندا، تۇتاشتۇرغۇچى سىزىق بىلەن گورىزونتال سىزىقتىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ كۆرۈش بۆلۈكى دېيىلىدۇ.

**كۆرۈش پەرقى** ← **كۆرۈش خاتالىقى.**

**كۆرۈش تور پەردىسى** <ئانات> كۆز ئالمىسىنىڭ ئەڭ ئىچكى قەۋىتى. نېرۋا توقۇلمىسىدىن تۈزۈلگەن. سىرتقى يۈزى قان تومۇرلۇق پەردىگە تۇتىشىپ تۇرىدۇ، ئىچكى يۈزى كۆز ئالمىسىنىڭ ئەينەك تەنچىسىدىن ئىبارەت. ئۇ كۆزنىڭ نۇرنى قوبۇل قىلىدىغان قىسمى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆرۈش خاتالىقى** كۆز بىلەن بىۋاستە كۆزەتكەندە يۈز بەرگەن خاتالىق.

**كۆرۈش سەزگۈسى** <پسىخول> جىسىملارنىڭ شەكىل، يورۇق-قاراڭغۇلۇق، رەڭ قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ كۆرۈش تور پەردىسىنى غىدىقلىشىدىن ھاسىل بولغان سېزىم.

**كۆرۈش سېزىمى** <پسىخول> ← **كۆرۈش سەزگۈسى.**

**كۆرۈش قۇۋۋىتى** <فىزىئول> بەلگىلىك مۇساپىدە ئىچىدە، كۆزنىڭ شەيئىلەر تەسۋىرىنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى.

**كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈش جەدۋىلى**

<تب> كۆرۈش قۇۋۋىتىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدىغان جەدۋەل. ئۈستىدە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان بىرنەچچە رەت ھەرپ ياكى بەلگىلەر بولۇپ، كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقىغا شۇ بەلگىلەرنى پەرق ئېتىش ئىقتىدارى بويىچە ھۆكۈم چىقىرىلىدۇ.

**كۆرۈش كۈچى** <فىزىئول> ← **كۆرۈش قۇۋۋىتى.**

**كۆرۈشكىچە ئامان بول** يىراق سەپەرگە چىققانلارنى ئۇزاتقاندا ئۇلارغا ئامانلىق تىلەپ ئېيتىلىدىغان ئادەت سۆزى: نۇرۇل بوۋا قول كۆتۈرۈپ: — يولۇڭلار ئاقىۋول بولسۇن، كۆرۈشكىچە ئامان بولۇڭلار! — دەپ دۇئا قىلدى.

**كۆرۈشتۈرمەك** « كۆرۈشمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گەپلەرنى قوي، ئەمدى كېتەيلى! مۇشۇ بالىنى ئۆزىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىلەن بىر كۆرۈشتۈرەيلى! بىزنىڭ ئىنسان بولۇپ ئالەمدە قىلغان ياخشى ئىشىمىزنىڭ بىرى شۇ بولۇپ قالسۇن.

**كۆرۈشمەك** I پ ① « كۆرمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بۇ رەسىمنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشتى. ② بىركىم بىلەن ئۇچراشماق، يولۇقماق: مەن ئۇنىڭ بىلەن دائىم كۆرۈشۈپ تۇرىمەن. ③ ئۆزئارا قول ئېلىشىپ تىنچ-ئامانلىق سوراشماق، قول ئېلىشماق: ئابلەت ئۇنىڭ بىلەن ناھايىتى قىزغىن كۆرۈشتى.

**كۆرۈشمەك** II پ. دىئال. ئۈنۈم بەرمەك، پايدا قىلماق.

**كۆرۈك** I ئى. تۆمۈرچىنىڭ ئوتنى پۈۋلەپ يالقۇنلىتىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، كۆپىنچە ئۆچكە تېرىسىدىن ياسىلىدىغان قاپسىمان پۈۋلەش ئەسۋابى.

**كۆرۈك** II ئى <بوت> لوپىلا ئائىلىسىدىكى چاتقال. شاخلىرى ۋە يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. كىچىك شاخلىرىدا بوغۇملىرى بولىدۇ، گۈلى گۆشلەشكەن، گۈل رېتى. ئوقىنىڭ ئويۇق يېرىگە جايلىشىدۇ. باشاقسىمان گۈل رېتىدە سېپى بولىدۇ. قۇرغاق، شورلۇق جايلاردا ئۆسىدۇ، شىنجاڭغا كەڭ تارالغان.

**كۆرۈلمەك** ① « كۆرمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پېئىلنىڭ مەيل كاتېگورىيىسى پېئىلنىڭ خەۋەر شەكلىدە كۆرۈلۈپ، جۈملىدىكى ئىشنىڭ قانداق تەرزدە ئېيتىلغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. ② يۈز بەرمەك، پەيدا بولماق، تۇغۇلماق، سادىر بولماق: ۋەقە كۆرۈلمەك. مەسىلە كۆرۈلمەك. * شامەخسۇت ۋاڭمۇ « بۇ ھېچقاچان كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىش بولدى» دەپ چۆچۈپ قېلىپتۇ.

**كۆرۈم** ئى ① ھاياتلىق، تۇرمۇش، كۈن: يامانغا ئۆلۈم يوق، ياخشىغا كۆرۈم (ماقال). * « يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم» دېدى قوچقار، ھەر ھالدا « كۆرۈم»دىن ئۈمىد چوڭ، قورقماسلىق كېرەك دەپ ئۆزىنى بېسىشقا تىرىشتى. ② ئازاب، تۇرمۇش، قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەت: ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، جارچىغا كۆرۈم (ماقال). ③ چىراي، تۇرق كۆرۈنۈش: رەيھان يەنىلا گۈزەل، نازاكەتلىك، خۇش كۆرۈم، سۆيۈملۈك ئىدى. * قالسا بىر كۈندىن، ئايدىن قالسەن ۋاقىتنى قولدىن بەرمىگەن ياخشى. ئۆملۈكتە ئۈنۈم — سۈپەتلىك كۆرۈم، سىڭىپ بارماقتا ھەممىگە تەكشى.

**كۆرۈمسىز** سۈپ. چىرايلىق ئەمەس، سەت: كۆرۈمسىز ئادەم. * ئۇزۇن مەزگىل تېلېۋىزور كۆرۈش ئادەمنىڭ يۈزىدە سەپكۈنگە

ئوخشاش كۆرۈمسىز قارا داغ پەيدا قىلدۇ.

**كۆرۈمسىزلەشمەك** پ. كۆرۈمسىز بولۇپ قالماق، سەتلەشمەك: قامەتلىك، چىرايى نۇرانە، كۆزلىرى غەمخور، ئىشىنىڭ ئالدىراشلىقىدا كىيىملىرى كۆرۈمسىزلىشىپ كەتكەن، چارباش بوۋاي ھېكىم چورۇق ئەنە شۇ سۆزلەرنى تەكرارلاپ، سۇ بىلەن تەڭ پالاق ئۇرۇپ كېلەتتى.

**كۆرۈمسىزلىك** «كۆرۈمسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يارىتىلىشتا ئىنساندا بولىدىغان كۆرۈمسىزلىكلەرنىڭ ھەممىسنى ئۆز جىسمىغا جەملىۋالغان جاپپار موللا سىم ساقلىنى تىترىتىپ تۇرۇپ بارىكاللا ئېيتتى.

**كۆرۈملۈك** ① ئى. كىشىنى خۇشال، مەمنۇن قىلىدىغان خەۋەرنى ئېلىپ كەلگەن كىشىگە بېرىلىدىغان سۆيۈنچە، ئىنئام؛ سوۋغا: قېنى، ئاغىچا، كۆرۈملۈكنى بېرىڭا، مەن سىزنىڭ قاچقان كېلىنىڭىزنى تۇتۇپ كەلدىم! * ئەختەم ئازراق كۆرۈملۈك ئېلىپ ئوغلىنى يوقلاپ كەلدى. ② سۈپ. كۆرۈش ئۈچۈن تەييارلىغان ياكى تەييارلانغان: شىرەدىكى نەرسىلەر مېھماننىڭ يېيىشى ئۈچۈن ئەمەس، پەقەت كۆرۈملۈك ئۈچۈنلا تىزىلغاندەك شۇنچىلىك رەتلىك ئىدى.

**كۆرۈنەرلىك** سۈپ. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە؛ ئېنىق، ئوچۇق: پەن-تېخنىكا ساھەسىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە ياراتقانلار مۇكاپاتلاندى. * يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە ئۆزگەرتىپ، ئىشلەپچىقىرىش سەۋىيىسىنى زور دەرىجىدە ئۆستۈردۇق.

**كۆرۈنمە** سۈپ. كۆرۈنىدىغان: كۆرۈنمە ئۇيۇق.

**كۆرۈنمە ئۇيۇق** <جوغ> ← ئۇيۇق.

**كۆرۈنمەك** ① «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئاي تاغ ئارقىسىدىن كۆرۈندى. * يىراقتىن كېمە يەلكەنلىرى كۆرۈندى. ② «كۆرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ دوختۇرغا كۆرۈنگىلى كەتتى. * بېرىپ ئاپامغا كۆرۈنۈپ كېلەي، — دېدى رەيھان مەيۈسلىنىپ.

**كۆرۈنۈش** ① «كۆرۈنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: مىلەڭزە قايىرىلىپ مېھمانلار كۆرۈنۈشى بىلەنلا، ئۇ ئورنىدىن دەس تۇردى-دە، ژۇرنالنى زېمىلانىڭ گېزىت چاپلانغان پەنجىرىسىگە قويۇپ، كىرگەنلەر بىلەن كۆرۈشتى. ② ئى. تاشقى قىياپەت، قىياپەت: ھېلىقى ئەسكەرنىڭ كۆرۈنۈشىدىن ئۇنىڭ مېلىشىغا ئېچىنغىنى ۋە، يىرگىنىشى بىلىنىپ تۇراتتى. * ئۇ ئىلگىرى قەلئەنىڭ مۇنداق قەبىھ ۋە رەزىل كۆرۈنۈشى ھېچقاچان سەزمىگەنىدى. ③ ئى. كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەھۋال، مەنزىرە: تەبىئەتنىڭ رەسىم يۈزىدىكى بۇ كۆرۈنۈشى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلاتتى. * ئۇ سۇ يۈزىدىكى گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنىڭ يېقىملىق شامال تەسىرىدىن ئاستا تەۋرىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ناخشا ئېيتتى. ④ ئى. مەنزىرە چۈشۈرۈلگەن رەسىم: ئۆيگە كۆرۈنۈش ئاستۇق. * ئۇ تامغا كۆرۈنۈش چاپلىدى. ⑤ ئى. بەلگىلىك سورۇندا يۈز بەرگەن، سادىر بولغان ئەھۋال، ۋەقە: شۇ چاغدا كىشىنى ھەيران قالدۇرغۇدەك بىر كۆرۈنۈشنى كۆرۈپ قىز ھەيران قالدى. * ئۇ كۆز ئالدىدىن غىل-پال ئۆتكەن كۆرۈنۈشتىن كۆڭلى يورۇپ، مەمنۇنىيەتلىك بىلەن كۈلۈمسىرىدى ۋە خاتىرجەم ئۇيقۇغا كەتتى. ⑥ ئى <ئەد> بايان خاراكتېرلىك ئەسەرلەردە پېرسوناژلارنىڭ بەلگىلىك سورۇندا ئۆز ئارا مۇناسىۋەت قىلىش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان بىر بۆلەك تۇرمۇش كارتىنىسى: بۇ پارچىلاردا تەسۋىرلەنگەن تۇرمۇش كۆرۈنۈشلى-

رى شۇنچىلىك چىن ۋە روشەنكى، ئۇلارنى ئوقۇغان ھەربىر كىتابخان ھېكايە پېرسوناژلىرىنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى روھىي ھالىتى بىلەن تۇرمۇش ئالاھىدىلىكلىرىنى ھېچبىر قىينالمايلا كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ. * بۇ يازغىنىم يېزىمىزدىن بىر كۆرۈنۈش، ھەر يېزىدا باردۇر ھەرخىل زور گۈللىنىش. ⑦ ئى <تىيا> سەھنە ئەسەرلىرىدە پەردىنىڭ مەخسۇس دېكوراتسىيە تەلەپ قىلىدىغان بىر قىسمى: «ھاملىد» ئەنگلىيىلىك داڭلىق دراماتۇرگ شېكسپىرنىڭ بىر پەردە بەش كۆرۈنۈشلۈك تراگېدىيىسىدۇر. ⑧ ئى <كىنو> كىنو ئىشلەش جەريانىدا، كىنوغا ئېلىش ئاپپاراتى ھەرىكەت قىلىشقا باشلاپ، توختىغانغا قەدەر لېنتىغا ئېلىنغان بىر بۆلەك ئەھۋال: بۇ ئوغۇل كىنونىڭ باش قەھرىمانى تاشۋاي بولۇپ، شۇ كۆرۈنۈش ئۈستىگە كىنونىڭ ئىسمى بېرىلىدۇ.

**كۆرۈنۈش دەرىجىسى** <فىز> جىسىمنىڭ كۆرۈشكە مۇمكىن بولغان ئېنىقلىق دەرىجىسى. كۆرۈنۈش دەرىجىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئاساسەن يورۇقلۇقنىڭ كۈچلۈك-ئاجىزلىقى ھەمدە ۋاستىچى ماددىنىڭ يورۇقلۇقنى تارقىتىش ئىقتىدارى ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ.

**كۆرۈنۈش ئورۇنلاشتۇرۇش** <تىيا> رېژىسسورلۇق سەنئىتىنىڭ ئاساسلىق ئۇسۇللىرىدىن بىرى، يەنە رېژىسسورنىڭ روللارنىڭ بەلگىلەنگەن كۆرۈنۈشتىكى ھەرىكىتىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشى، پېرسوناژلار ھەم ئۇلارنىڭ دېكوراتسىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى ھەم تەرتىپ ئورنىنى ماسلاشتۇرۇشى، ھەربىر كۆرۈنۈش ۋە بىر پۈتۈن سەھنە كۆرۈنۈشىنى بىر-بىرىگە سىڭدۈرۈشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆرۈنۈشلۈك** سۈپ. كۆرۈنۈشى بار، كۆرۈنۈش ئارقىلىق ئورۇندىلىدىغان: توت كۆرۈنۈشلۈك دراما.

**كۆرۈنۈشمەك** «كۆرۈنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دوختۇرخانىغا بېرىپ كۆرۈنۈشتى.

**كۆرۈندىغان** «كۆرۈنمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: كۆرۈندىغان نۇر.

**كۆرۈندىغان نۇر** <فىز> كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نۇر، يەنى قىزىلدىن بىنەپشىگىچە بولغان يورۇقلۇق دولقۇنى.

**كۆرىدىغىنىنى كۆرمەك** دەككىسىنى يېمەك، جازاسىنى يېمەك: قىزبالا دېگەن قازان بېشىنىڭ ئادىمى، ئەتىدىن باشلاپ يەنە مەكتەپكە بارىدىغان بولساڭ، كۆرىدىغىنىڭنى كۆرىسەن.

**كۆز** ① ئى <ئانات> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ كۆرۈش ئورگىنى: كۆز ئېقى. كۆز قارىچۇقى. قارا كۆز. خۇمار كۆز. كۆك كۆز. * قاغا قاغىنىڭ كۆزىنى چوقۇمايدۇ (ماقال). * كۆز كۆرمەي كۆڭۈل سۆيمەس (ماقال). * ئوڭ كۆزۈڭ سول كۆزۈڭگە دۈشمەن (ماقال). ② ئى. كۆچمە. نەزەر، قاراش: كۆز سالماق. كۆز تاشلىماق. كۆزگە ئىلماسلىق. * بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ كۆزۈم سودىگەرگە چۈشتى. ③ ئى. كۆرۈش قابىلىيىتى: كۆزى ئۆتكۈر. كۆزى ئاجىز. كۆزى خىرە. ④ ئى. نەرسىلەرنىڭ كۆزگە ئوخشاش قىسمى ياكى تۆشۈكى، كامىرى: ئۈزۈكنىڭ كۆزى. بۇلاقنىڭ كۆزى. يىڭنىنىڭ كۆزى. فوتو ئاپپاراتىنىڭ كۆزى. دېرىزىنىڭ كۆزى. * ئۈزۈككە كۆز كېرەك، قىزغا سۆز (كېرەك) (ماقال). * سۇ ئەمدى ئۇنىڭ كۆكرىكىگە كەلگەنىدى. كۆز قىزنى سۇمۇرۇپ كېتىشى مۇمكىنغۇ! قىز ھەرىكەت قىلىشنىڭ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، چۈنكى مىدىرلىغانسېرى كۆز قىزنى شۇنچە تېز

يۇتاتتى. ⑤ ئى <بوت> تۇگۇنەك غولنىڭ يۇزىدىكى ئۇچىگە ئويۇلغان ۋە بىخ ھاسىل قىلىدىغان قىسمى: 4-ئاينىڭ باشلىرىدا كۆزلەردىن نوتىلار سۇرىدۇ. ⑥ ئى. نەرسىلەرنىڭ (كۆپىنچە خۇرجۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ) خالتىسىمان بىر بۆلىكى: ئۇنىڭغىچىلىك توخۇلارمۇ تېرىقنى ئايرىپ، خۇرجۇننىڭ ئىككى كۆزىگە قاچىلاپ بولۇپتۇ. * — مانا، — دېدى ئابلا خۇرجۇننىڭ يەنە بىر كۆزىنى ئېچىپ، — بۇ بىزنىڭ خامانىنىڭ يېڭى بۇغدىيىنىڭ ياغلىق توقاچلىرى، بۇنى مەينىسە ئۆز قولى بىلەن ياقتى. ⑦ ئى. كۆچمە. نىيەت، غەرەز: يامان كۆز بىلەن قارىماق. * تىببىي خادىملار ئۆز كەسپى ساھەسىدە ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قىز-ئاياللارنى ئۆز ىنىڭ ئاچا-سىڭىللىرىدەك كۆرۈشى لازىم. ئۇلارغا شەھۋانىي كۆز بىلەن قارىماسلىق، شەھۋانىي چاقچاقلارنى قىلماسلىق، ئۇلار بىلەن كۆرۈشكەندە قولىنى چىڭ سىقماسلىق، كېسەل ئاياللارنى تەكشۈرگەندىمۇ بەزى ئەزالىرىنى ئىمكانقەدەر سىلىماسلىق لازىم. ⑧ ئى. كۆچمە. ھەممىنىڭ نەزىرى چۈشىدىغان، ئەتىۋارلىنىدىغان ئادەم ياكى نەرسە؛ ئالدى، گۈلى: شۈكۈر يەنە سۆزگە ئارىلىشىپ: — مېنىڭ تارىخ-جۇغراپىيە فاكۇل-تېتىدىكى ساۋاقداشلىرىمنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، خەلىم ئاكا پۈتۈن فاكۇلتېتتىكى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ كۆزى ئىكەن. دەرس سۆزلىسە، ئاغزىغا قارىغىنىڭچە قېتىپ قالىدىكەنسەن، — دېدى. * سانائەت ئىدارىسى ناھىيىدىكى ئىدارىلەرنىڭ كۆزى. ⑨ مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، نەرسىلەرنىڭ مىقدارى ياكى ھەجمىنى بىلدۈرىدۇ: مانا بۈگۈن ئۆيىدە سۇندۇردى ئۇ چەينەكنى. ئاتماق بولۇپ قۇشقاچنى، چاقتى بىر كۆز ئەينەكنى. ⑩ ئى. كۆچمە. يول، ئامال، ئەپ: ئىشنىڭ كۆزىنى بىلىدىغان ئادەم. ⑪ پايلاقچى كۆزەتچى: ئارقاڭدا كۆز بار دىققەت قىلغىن.

**كۆز ئاچماق** تۇغۇلماق، تۆرەلمەك: ئۇ دۇنياغا كۆز ئاچقان چاغدا، ئاللىقاچان دادىسى ئۆلۈپ كەتكەنىدى. * سەپەر بوۋاي ئۆيلىنىپ ئارىدىن نەچچە ئون يىل ئۆتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئابدۇللا جاھانغا كۆز ئاچقانىدى.

**كۆز ئارقا دالانچىسى** <ئانات> رەڭدار پەردە ھەم كۆز گۆھىرى ئاسقۇچى بىلەن كۆز گۆھىرى ئارىلىقىدىكى بوشلۇق.

**كۆز ئالايتماق** ① غەزەپ ياكى نەپرەت بىلەن قارىماق: — قانداق ھەق ئىكەن ئۇ؟ — دەپ كۆز ئالايتىپتۇ باي، — ھېلىقى ئۈچ ئىشنى قىلدۇرۇپ كۆرۈپ باقتىم. ھېچقايسىنى قىلالمىدىڭ، مېنىڭ ئەمدى سەنلەرگە بېرىدىـ غان ئاشلىقىم يوق. * بىز مانا شۇنداق يىراق يەردە تۇرساقمۇ، ۋاڭلارغا كۆز ئالايتىپ قارىيالمايمىز. ② كۆچمە. يامان غەرەز بىلەن قارىماق، يامان نىيەتتە بولماق: بىز ھەرقانچە كەمبەغەل بولساقمۇ، باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز ئالايتمايمىز.

**كۆز ئالدىدا** ئۆزى بار يەردە، كۆرسىتـ تىپ تۇرۇپ: بۇ ۋەقە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا يۈز بەردى. * ھازىر بىزنىڭ كۆز ئالدىمىزدا يەنە خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش ھەرىكەت بولۇۋاتىدۇ.

**كۆز ئالدى دالانچىسى** <ئانات> مۈڭگۈز پەردە بىلەن رەڭدار پەردە ئارىلىقىدىكى بوشلۇق.

**كۆز ئالدىدىن كەتمەسلىك** خىيالەن كۆرۈنۈپ تۇرماق: يىگىتنىڭ ساقچى ئەمەل-دارىغا مۇشت ئېتىشى قىزنىڭ كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى.

**كۆز ئالدىدىن ئۆتمەك** ← **كۆز ئالدىغا كەلمەك**: ئانارگۈلنىڭ سىياقى پات-پاتلا قىلچىنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتەتتى. * شەرۇللا-

نىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى.

**كۆز ئالدىغا كەلمەك** تەسەۋۋۇرىدا گەۋدىلەنمەك، خىيالەن كۆرۈنۈپ تۇرماق: ئۇنىڭ بىلەن تەڭ دېمەتلىك ئوغلۇم خۇشتار كۆز ئالدىمغا كەلدى.

**كۆز ئالمىسى** <ئانات> كۆزنىڭ ئاساسىي تەركىبىي قىسمى. شەكلى شارغا ئوخشايدۇ. سىرتقى قىسمى مۈڭگۈز پەردە، كۆز ئېقى، تومۇرلۇق پەردە ۋە كۆرۈش تور پەردىسىدىن ئىبارەت نېپىز پەردىلەردىن تۈزۈلىدۇ. ئىچكى قىسمىدا سۇسىمان سۈيۇقلۇق، كۆز گۆھىرى ۋە ئەينەك تەنچە بار. دەل ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق ھالەتتىكى بىر قارىچۇق تۆشۈكى بار.

**كۆز باغلانغان چاغ** كۈن ئولتۇرۇپ قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلىغان ۋاقىت، قاش قارايغان چاغ، گۇگۇم ۋاقتى: كۆز باغلانغان چاغدا ئاپامنىڭ تامىقى تەييار بولدى.

**كۆز باغلانغاندا** قاراڭغۇ چۈشكەندە، قاش قارايغاندا، گۇگۇم ۋاقتىدا: مۇشۇ مېڭىشىمىزدا ماڭساق، كۆز باغلانغاندا يېتىپ بارىمىز.

**كۆز باغلانماق** قاراڭغۇ چۈشمەك، قاش قارايماق: ئۇ يول ئىزلىمەكچى بولدى، بۇ چاغدا قاراڭغۇ چۈشۈپ كۆز باغلانغانىدى.

**كۆز باغلىغۇچى** سېھىرگەر: ئۇ مايمۇننىڭ ئارغامچىغا يېپىشىپ ئاسمانغا چىقىشىدەك، كۆز باغلىغۇچىلارنىڭ جادۇگەرلىكى ئىككەنلىكى توغرىسىدا گەپ باشلىدى.

**كۆز باغلىماق** بىرنەرسىنى بىراۋنىڭ كۆزىگە باشقا شەكىل، قىياپەتتە كۆرسەتمەك؛ سېھىرگەرلىك قىلماق: سىلەر ئۇنىڭ كۆز باغلاش ئۇسۇلى بارلىقىنى ئۇنتۇمىغان بولساڭلار كېرەك.

**كۆز بويامچى** ئالدامچى، ساختىپەز، ئېزىقتۇرغۇچى: — ھەي باللىرىم، سىلەر ئالدىنىپسىلەر ئۇ بىر كۆز بوياپچى، ئەمدى سىلەر سەپىرىڭلارنى توختىتىڭلار، — دەپتۇ بوۋاي.

**كۆز بوياپچىلىق** ئالدامچىلىق، مەككارلىق، ساختىپەزلىك: — كىچىككىنە تۇرۇپ كۆز بوياپچىلىقنى نەدىن ئۆگەندىڭ، نەرىڭ پېتۇنىر سىنىڭ؟ — ئابلەت ئاكا كېرىمگە ۋارقىرىدى.

**كۆز بويىماق** ئالدىماق، گوللىماق، ئېزىقتۇرماق: — يۇقرانىڭ كۆزىنى بوياپ يېزا كادىرى بولۇۋالغىنىنى تېخى، ھۇ مۇتتەھەم! — دېدى بىرەيلەن جىنىنىڭ بارىچە ۋارقىراپ.

**كۆز بۇرجىكى** <ئانات> ئاستى-ئۈستى قاپاقنىڭ تۇتاشقان جايى. بۇرۇنغا يېقىنى كۆزنىڭ ئىچكى بۇرجىكى، چېكىگە يېقىنى كۆزنىڭ سىرتقى بۇرجىكى دەپ ئاتىلىدۇ.

**كۆز بۆلۈمى** <تىب> دوختۇرخانىلاردىكى كۆز كېسەللىكلىرىنى داۋالاش يۈزىسىدىن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان بۆلۈم.

**كۆز بېقىشماق** بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراشماق: — تەقدىر مانا سىلەردەك خۇش چاقچاق يىگىتلەرنى سەپەرداش قىلغانىكەن، تەقدىرگە راستلا رەھمەت! — دېدى ھېلىقى ماشىنىدا ئوسمان بىلەن كۆز بېقىشىپ ئولتۇرغان دولقۇن چاچلىق قىز كۈلۈپ تۇرۇپ.

**كۆز بىرىكتۈرگۈچى پەردىسى** <ئانات> ← **بىرىكتۈرگۈچى پەردە.**

**كۆز بىلەن ئۆلچەش** <ھەرب>. كۆز بىلەن ئارىلىق ۋە يانتۇلۇق دەرىجىسىنى ئۆلچەش. ئۇ جەڭدە ئەڭ كۆپ ئىشلەتىلىدىغان ئاددىي ئۆلچەش ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆز پۇلتىيىشچان قالقان بەز ئىششىقى** <تىب> سەۋەبى نامەلۇم بولغان بىر

خىل ئىچكى ئاجراتما كېسلى. قالقان بەز ئاجراتمىلىرىنىڭ زىيادە كۆپىيىپ كېتىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا قالقان بەز خىزمىتى كۆچىيىپ كېتىش كېسلى «بازېدوپ كېسلى»، «زەھەرلىنىشلىك پوقاق» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇنىڭدا، قالقان بەز زورىيىش، روھىي جىددىيلىك، يۈرەك قوزغىلىش، قول تىترەش، ئىسسىقتىن قېچىش، ئىشتىها بەك ئېچىلىپ كېتىش، ئورۇقلاش، كۆز پۈلتىيىپ چىقىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا ئاساسىي ماددا ئالمىشىش پىرسەنتى يۇقىرى بولىدۇ.

**كۆز تاختا** كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ تەخسىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، تۆپىدىن يىڭنە چۈشىدىغان، تېگىدىن چىش چىقىپ ھەرىكەتلىنىدىغان، ياي شەكىللىك كىچىك تۆمۈر تاختىسى.

**كۆز تاشلىماق** ① قارىماق، نەزەر سالماق: ئەتراپقا كۆز تاشلىماق. * — مېنىڭ ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشىم پەقەت سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزدىلا بولغانمۇ؟ — دېدى ئۇ نۇرمەھەممەتكە سوئال نەزىرى بىلەن كۆز تاشلاپ. ② ئىشقىي، شەھۋانىي نىيەتتە كۆز ئىشارىسى قىلماق: خېنىم قاقاھلاپ ئوينىتىپتۇ قاش، مەنمۇ كۆز تاشلاپ قوشۇپتىمەن باش. * ئەجەب ئوخشاپتۇ بۇ قوغۇن، چوڭ يولغا پېلەك تاشلاپ. سەن ئالامسەن بۇ جاننى، يان-يانىڭغا كۆز تاشلاپ.

**كۆز تەگمەك** خۇراپىي ئەقىدىدە، كىشىلەرنىڭ يامان گەپ قىلىشى ياكى يامان كۆز بىلەن قارىشىدىن پېشكەللىك، يامان ئاقىۋەتكە يولۇقماق: بىز ئۇلار بىلەن پەخىرلىنەتتۇق، ماختىناتتۇق، ئۇزاق ئۆتمەي بۇ قان-قېرىنداش قوشكېزەكلەرگە كۆز تەگدى بولغاي، ئالەمدىن ئۆتتى. * ھويلاڭدىكى ئۈجمەڭگە ئوت كەتتىمۇ نېمە بولدى؟ تىلى بۇلبۇل داموللام، كۆز تەگدىمۇ نېمە بولدى؟

**كۆز توچكىسى** <زئول> بەزى تۆۋەن دەرىجىلىك ھايۋانلارنىڭ سەزگۈ ئورگىنى. ئادەتتە يۇمىلاق، توچكىسمان ۋە قىزغۇچ بولىدۇ. تېمپېراتۇرا ھەم يورۇقلۇقنىڭ تەسىرىنى سېزەلەيدۇ.

**كۆز تورلىشىش** ① كۆزنىڭ چارچاش سەۋەبىدىن نەرسىلەرنى ئېنىق پەرق ئېتەلمەسلىكى. ② <تىب> ياشانغان كىشىلەردە كۆرۈلىدىغان ۋە كۆز ئالمىسىنىڭ تەڭشەش ئىقتىدارىنىڭ چېكىنىشى تۈپەي- لىدىن كېلىپ چىقىدىغان كۆرۈش قۇۋۋىتىدى- كى ئاجىزلىق. ئادەتتە كۆپۈنكى لىنزىدىن ئىشلەنگەن كۆزەينەكنى تاقاش ئارقىلىق ئۇنىڭ ئورنىنى تولۇقلاپ كەتكىلى بولىدۇ.

**كۆز تۇمار** خۇراپىي ئەقىدىدە كىشىلەر- نىڭ يامان سۆز-ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىش يەنى كۆز تەگمەسلىك ئۈچۈن ئاسىدىغان تۇمار.

**كۆز تىكمەك** بىرەر نەرسىگە تىكىلىپ قارىماق، نەزەر سالماق؛ ئۈمىد بىلەن باقماق: كامىلمۇ قىراۋ باغلاپ كەتكەن ئاپتوبۇس ئەينىكىنى قولى بىلەن سۈرتۈپ، تاشقىرىغا كۆز تىكتى. * يامۇلغا كىرگۈزگەن ۋەكىللىرىنى كۈتەتتى كۆز تىكىپ خەلق شۇ زامان. ھەممىنىڭ قەلبىگە ئىنتىزارلىقنىڭ يالقۇنلۇق ھېسسىيات-تۇيغۇسى خاقان.

**كۆز چانىقى** <ئانات> ① كۆز ئالمىسىنىڭ چۆرىسىدىكى قاپاق گىرۋەكلىرى ھاسىل قىلغان بوشلۇق: لەيلىگۈل تۇرمىداشلارنىڭ كۆزلىرىدە ياللىراپ تۇرغان ياشنى كۆردى، ئۆزىنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ خۇشاللىق، ھاياجانلىق ياشلىرى بىلەن لىپمۇلىپ تولغانىدى. ② كۆز ئالمىسى يەنى قارىچۇق جايلاشقان ئورۇن: ئۇنىڭ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ

كېتەي دەپ قالغانىدى.

**كۆز چېنى** كۆز مۆلچىرى، كۆز بىلەن قىلىنغان تەخمىن: كۆز چېنى بىلەن «ھەربىر باغدا 500 تۈپتىن قارىياغاچ ۋە تېرەك بار» دەپ ھېسابلىدۇق.

**كۆز خۇمارىنى چىقارماق** گۈزەل، چىراي-لىق ئاياللارغا قاراپ ھەۋەسنى باسماق، گۈزەللىكىدىن ھۇزۇر قىلماق: ئۇ ھەر كۈنى بىر-ئىككى قېتىم كوچىغا چىقىپ ئۆتكەن-كەچكەن چىرايلىق قىز-ئاياللارغا قاراپ كۆز خۇمارىنى چىقىراتتى.

**كۆزدە تۇتماق** نەزەرگە ئالماق، مۇھىم دەپ بىلمەك: لېنىن رەھبەرلىرى ئۇنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى كۆزدە تۇتۇپ، بالىسىنىڭ خەۋىرىنى يەتكۈزۈشنى ۋەدە قىلىپ، ئۇنى ئاران ئۆز ئاۋۇلىغا قايتىشقا كۆندۈردى. * بۇ بىزنىڭ بۇ قېتىمقى ياكاقلىق چوڭ ئۆستىڭنى كېڭەيتىپ قۇرۇشتا كۆزدە تۇتىدىغان بىر مۇھىم نۇقتىمىز.

**كۆزدىن چىقىپ قالماق** چىراي-شەكلىنىڭ قاندا قلىقىنى ئۇنتۇپ قالماق: باغرىم تونۇپ تۇرىدۇ، ئوغلۇم، چىرايىڭ كۆزۈمدىن چىقىپ قېلىپتۇ، قېرىغاندا كۆزۈمنىڭ نۇرى كەتتى.

**كۆزدىن غايىب بولماق** كۆزگە كۆرۈنمەي قالماق، كۆز ئالدىدىن يوقالماق: ئېلىقۇل ئورمان ئىچىدىن كېسىپ ئۆتكەندە، ئۇ كۈگۈم قاراڭغۇسى چۈشۈۋاتقان بىپايان دالا ئىچىدە ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغانىدى. * — خەير خوش، — دەپتۇ-دە، ئاتقا قامچا ئۇرۇپ كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ كېچىكچى.

**كۆزدىن قاچۇرماسلىق** قاراپ تۇرماق، قارىسىنى يوقىتورۇپ قويماسلىق: دىققەت قىل كۆزۈڭدىن قاچۇرما، يوقالسا تاپالمايمىز.

**كۆزدىن قان-يىرىڭ ئاقماق** ئېغىر قايغۇ-ئازاب ئىچىدە قاتتىق يىغلىماق.

**كۆزدىن كەچۈرمەك** قاراپ چىقماق، كۆرمەك، تەكشۈرمەك: ئابدۇللا مۇسا دېھقان بىلەن تەجرىبە ئېتىزىنى كۆزدىن كەچۈردى. * ئۇلار سېپىلغا چىقىش مەشقى ۋە گىرەلەشمە ئۇرۇش ئېلىپ بېرىشنىڭ ئەڭ كېيىنكى تەييارلىقىنى كۆزدىن كەچۈردى.

**كۆزدىن نېرى قىلماق** ① كىشىلەردىن يوشۇرماق، يوشۇرۇن تۇتماق: خەلپەمنىڭ بىرلا ئوغلى بار دەپ ئاڭلايمەن، ھە، مۇشۇ ئاخۇن بالام شۇ ئوخشايدۇ، ئۆزلە يىغنى قويۇپ، چاققان بۇ بالىنى كۆزدىن نېرى قىلسىلا. ② كۆزدىن يوقاتماق، ئۆلتۈرمەك: ئۇ جېدەلخورلارنىڭ غوللۇق ئادەملىرىنى بىرلا چەك بىلەن كۆزدىن نېرى قىلدۇق.

**كۆزدىن ئوت چىقىپ كەتمەك** ئىنتايىن قاتتىق تەسىر قىلماق: شۇنچە مال-دۇنيا-نىڭ غارنىڭ ئىچىدە بېسىلىپ ياتقىنىنى كۆرۈپ كۆزۈمدىن ئوت چىقىپ كەتتى.

**كۆزدىن ئۇچماق** قاتتىق سېغىنماق، بەك كۆرگۈسى كەلمەك: كىشىنىڭ يارى يىقىندىكەن كۈندە كۆرۈشتى. مېنىڭ يارىم يىراقتىكەن كۆزۈمدىن ئۇچتى.

**كۆزدىن ئۆتكۈزمەك** كۆزدىن كەچۈر-مەك، تەكشۈرمەك: ئۆيلەرنى بىرقۇر كۆزدىن ئۆتكۈزدۇق، ياخشى ئىكەن.

**كۆزدىن يوقاتماق** ① كۆزدىن يىراق قىلماق، كۆرۈنمەيدىغان يىراق يەرگە ئەۋەتىۋەتمەك: — بۇ نېمەڭنى كۆزۈمدىن يوقات، دەرھال يوقات، — دېدى دادام غەزەبلىنىپ. ② يوق قىلماق، ئۆلتۈرمەك: — مەنمۇ شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمەن، — دېدى جاپپار بوغۇق ئاۋازدا، — ۋاقتى كەلگەندە سايىمنىڭ ئىشىنىمۇ ئاشكارىلاپ قويۇشتىن يانمايدۇ، بۇنى كۆزدىن يوقاتساق بولارمىكىن. * ھەي تۆمۈر، ھەي تۆمۈر، سېنى كۆزدىن يوقىتىۋەتمىگۈچە، ئىش پۈتمەي-دىغان ئوخشايدۇ، ھېلىقى ياش ئىمامنىڭ ئۆمرى

قىسقا كېلىپ قالدى-دە!

**كۆزدىن يوق قىلماق** ← **كۆزدىن يوقاتماق**: – بىر ئىلاج قىلىپ، شىرمەتنى كۆزدىن يوق قىلغىن، بولمىسا ئىش ئاشكارىلىنىپ قالىدۇ، – دېدى ھېسامىدىن.

**كۆزدىن يۈتمەك** شۇ جايدىن كەتمەك، كۆرۈنمەي قالماق: قاسىم غەلىتە بىر ھېسسىيات بىلەن شۇ تاپتا نامان تۈلكىنىڭ، قانداقلا بولسۇن، كۆزدىن يۈتكەنلىكىدىن رازى ئىدى.

**كۆزدىن يىراق تۇتماق** باشقىلار كۆرمەيدىغان يەردە ساقلىماق، يوشۇرماق: ئۇ ئابلىزقارىغا ئۇنى كۆزدىن يىراق تۇتۇشقا تەكلىپ بەرگەنىدى.

**كۆز سالماق** دىققەت قىلماق، نەزەر سالماق: – نېمە ئويلارغا چۆكۈپ كەتتىڭىز، زىننەت؟ – شۆھرەت ئورما ئورۇشتىن توختاپ ئۆنچە ئۈستىدە خىيال سۈرۈپ ياتقان قىزغا كۆز سالدى. * مەن دەرۋازىنى ئېچىپ كىرىپ ھويلىغا بىرقۇر كۆز سالدىم.

**كۆز سوقۇشتۇرماق** بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قاراشماق: راستىنى ئېيتقاندا ئىككىسى گەپ ئارىسىدا مىنىگدىن يوشۇرۇن ھالدا كۆز سوقۇشتۇرۇپمۇ ئۈلگۈردى.

**كۆز-قارنى توق** يېيىش-ئىچىش، قولغا كەلتۈرۈش، نەپ ئېلىش قاتارلىقلارغا ئانچە ئۆزىنى ئۇرۇپ كەتمەيدىغان، قانائەتچان: خاتىرجەم بولۇڭ، قول-ئىلكىمىزدە جىق بولمىسىمۇ، خېلە كۆز-قارنىمىز توق.

**كۆز قاراش** ← **نۇقتىئىنەزەر**.

**كۆز قارىچۇقى** <ئانات> كۆز ئالمىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى يۇملاق قىسمى. بەزى ئىرقتىكىلەرنىڭ قارا، بەزىلىرىنىڭ كۆك كېلىدۇ.

**كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرىماق** ئەڭ مۇھىم، ئەڭ زۆرۈر بىلىپ قوغدىماق: بىزگە دۆلەت مۈلكىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغان كادىرلار كېرەك.

**كۆز قارىسى** <ئانات> ← **كۆز قارىچۇقى**.

**كۆز قارىقى** <ئانات> ← **كۆز قارىچۇقى**.

**كۆز قىرىنى تاشلىماق** ← **كۆز قىرىنى سالماق**: ئۇ يەر ئاستىدىن قىزغا كۆز قىرىنى تاشلاپ مېھمانخانىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىشقا باشلىدى.

**كۆز قىرىنى سالماق** نەزەر سالماق، قارىماق: كىشىلەر كۆز قىرىنى سېلىشقىمۇ ئەيمىنىدىغان شتاب ئىچى ئەمدى مىڭلىغان ئىنقىلابچىلار ۋە خەلقلەر بىلەن تولۇپ كەتكەنىدى.

**كۆز قىسماق** مەلۇم مەقسەت، مەلۇم مۇددىئا بىلەن قارشى تەرەپكە قاراپ كۆزىنى يۇمۇپ قويماق: ئۇ ماموت نىيازغا بىر قارىۋېلىپ ئىماغا كۆز قىسىپ قويدى. * ئالماس ئىتتىك شانىيازغا قاراپ كۆزىنى قىستى، بېشىنى ئىرغىتتى.

**كۆز كىرپىكسىمان تەنچىسى** <ئانات> ← **كىرپىكسىمان تەنچە**.

**كۆزگە تاشلانماق** كۆرۈنۈپ تۇرماق: قەبرە قورۇسىنىڭ جەنۇب تەرەپكە قارىتىپ ئېچىلغان چوڭ دەرۋازىنىڭ ئۈستىگە يېزىلغان «سالام ساڭا، ئى پەزىلەت ئاتىسى ئابباس» دېگەن ئالتۇن ھەللىك خەت يىراقتىنلا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدۇ.

**كۆزگە تۈتىيا بولماق** ← **تۈتىيا بولماق**: بۇ سۆزگە جاۋابەن ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئوفىتسېر دەرىجىلىك بىرى: – باندىت دەپ قىزدىن قورققان بارمۇ؟ قىز دېگەن نەرسە ھازىر شەھەر ئىچىدە كۆزگە تۈتىيا بولۇپ تۇرسا؟ – دېدى.

**كۆزگە چۈشمەك** كۆزگە كۆرۈنمەك،

ئۇچرىماق، چېلىقماق: سادىق باھار قوينىدا يالىڭاچ ياتقان دالىغا، ئېتىز-ئېرىقلارغا، ئاندا-ساندا كۆزگە چۈشكەن جىمجىت كەنت-مەھەللىلەرگە ئويچانلىق بىلەن نەزەر تاشلاپ، ئۇششاق تاش-شېغىللارنى شاراقلىتىپ دەسسەپ، بىر خىل قەدەم تاشلاپ مېڭىپ كەلمەكتە.

**كۆزگە چېلىقماق** كۆزگە چۈشمەك، كۆزگە كۆرۈنمەك، ئۇچرىماق: قاياقتىلا قارىساڭ كۆڭۈلسىز مەنزىرىلەر كۆزگە چېلىقىدۇ. * 46 ئۆيلۈك ئاھالە جايلاشقان غۇژمەككىنە بىر مەھەللىدە ساۋۇتئاخۇن ئالاھىدە كۆزگە چېلىقىدىغان گەپدان ئادەملەردىن بىرى ئىدى.

**كۆزگە سۈرتكۈدەك بولماق** ئىنتايىن قەدىرى ئۆتۈلمەك، بەك سېغىنماق: — ۋاي تۇغقىنىم، يامانىڭ ئوتى يامانكەن، ئۇ كەتكىلى ئالتە ئاي بولدى، بىرپارچە خېتىمۇ يوق، ھازىر ئۇنىڭ ئۆزىنى ئەمەس، تۇتۇپ قويغان نەرسىسىنىمۇ كۆزۈمگە سۈرتكۈدەك بولدۇم، — دەپ يىغلاپ كەتتى موماي.

**كۆزگە سۈرتمەك** قەدىرلىمەك، ئىززەتلىمەك، ئۇلۇغلىماق: قاراۋۇللار بىردىن توقاچنى ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى كۆزلىرىگە سۈرتۈپ، يولغا راۋان بولدى. * خۇشاللىق يوق ھازىر ماڭا بۇنىڭدىن ئۆزگە، كۆپچىلىكنىڭ مېھرى بىلىپ سۈرتىمەن كۆزگە.

**كۆزگە سىغماق** ياراشماق، قاملاشماق: كۆزگە سىغقان كۆڭۈلگە سىغىپتۇ (ماقال).

**كۆزگە سىڭىپ قالماق** كۆپ كۆرۈپ غەلىتە بىلىنمەس بولۇپ قالماق: ئادىلنىڭ ھەر خىل كىيىنىپ يۈرۈشى خەقنىڭ كۆزىگە سىڭىپ قالغان بولغاچقا، كىشىلەر بۇ توغرىدا ھېچقانداق گەپ قىلمايتتى.

**كۆزگە قادالغان تىكەن ← كۆزگە قادالغان مىخ.**

**كۆزگە قادالغان مىخ** ئەڭ خەتەرلىك، ئەڭ يامان دۈشمەن: ئابدۇللانىڭ قېچىشى ئابدۇللانى كۆزىگە قادالغان مىخ ساناپ يۈرگەن ئۇسمانغا چوڭ دەسمايە بولۇپ بەردى.

**كۆزگە قاراڭغۇلۇق تىقىلماق** مەلۇم كېسەللىك ياكى جىددىيلىشىش سەۋەبىدىن بېشى ئايلىنىپ، بىردەملىك كۆزى كۆرمەي قالماق؛ كۆزى قاراڭغۇلاشماق: ئاسخان ئۆيگە كىرمەيلا كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ بېشى ئايلانغاندەك بولدى.

**كۆزگە كۆرۈنەرلىك** باشقىلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، ئالاھىدە: ئۇ نۇرغۇن مۇشكۈل ۋەزىپىلەرنى كۆزگە كۆرۈنەرلىك ھالدا ئورۇنداپ ئىدارىنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتى.

**كۆزگە كۆرۈنگەن** مەشھۇر، داڭلىق، تونۇلغان: كۆزگە كۆرۈنگەن يازغۇچى. كۆزگە كۆرۈنگەن سىياسىيون.

**كۆزگە كۆرۈنمەك** ① ھەممە بىلمەك، تونۇماق؛ مەشھۇر بولماق: مەھمۇد قەشقىرىي ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىمى ئىدى. ② بىر ئىشقا يارىغۇدەك بولماق، بويىغا يەتمەك؛ چوڭ بولماق، يوغىناماق: ئەمدىلا كۆزگە كۆرۈنۈپ، دادىسىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىپ قالغان باتۇر، كۈتۈلمىگەندە، ئاتا-ئانىسىنىڭ ئىسسىق باغرىدىن ئايرىلدى. * قىز بالا دېگەن بىرئاز كۆزگە كۆرۈنۈپ قالسىلا كىشىلەرنىڭ كۆزى چۈشىدىكەن. * كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۆزۈملەرنىڭ ساپاقلىرى چوڭلاپ خېلى كۆزگە كۆرۈنۈپ قالدى.

**كۆزگە ئوت كۆرۈنمەك** ① ھەۋىسىنى قوزغىماق، كۆزىنى چاقناتماق: — ھۈنەر دېگەن قولنىڭ كىرى، — دەيتتى ئۇ خوتۇنلارغا مەغرۇر تىكىلىپ، — كىچىككىنە ۋاقتىڭنى

ئارتۇق بەرسەڭ، يىلى دېگەننى خېرىدارنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈنگۇدەك سىلىق قىلىۋېتسەن. ② ئىنتايىن چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنمەك؛ ئاجايىپ مەيلىنى تارتماق: مەرۋايىت باسقان دوپپا كىيىپ يۈرىدىغان ئەختەرنىسا مانتىيور يىگىتنىڭ كۆزىگە ئوت كۆرۈندىغان بولدى.

**كۆزگە ئىلماسلىق** ياراتماسلىق، مەنسىتمەسلىك: كۆزگە ئىلمىغان پۇتقا چوماق (ماقال). * ئۇ «ئۆمرۈمدە كىم مېنى مۇشۇنداق مازاق قىلىشقا پېتىنالىغان، كىم مېنى بۇنداق كۆزگە ئىلماسلىققا جۈرئەت قىلالىغان؟» دەپ ھەسرەت چېكەتتى.

**كۆزگە ئىلىنماق** كۆزگە سەللا، چالا-پۇچۇق چېلىقماق، كۆرۈنمەك: — سىناقتىن ئۆتتۈڭلار، ئەمدى كۆزگە ئىلىنغاننى قويمايسىلەر، — دەيتتى ئاراش خۇشال بولۇپ.

**كۆز گۆھىرى** <ئانات> كۆز ئالمىسىنىڭ بىر قىسمى. شەكلى ھەم رولى كۆپۈنكى لىنزىغا ئوخشايدۇ. كىرپىكسىمان مۇسكۇلنىڭ تەڭشىشى نەتىجىسىدە كۆپۈنكىلىك دەرىجىسىنى ئۆزگەرتىپ، ئوخشاش بولمىغان ئارىلىقتىكى جىسىملارنىڭ تەسۋىرىنى كۆرۈش تور پەردىسىگە چۈشۈرۈپ بېرىدۇ.

**كۆز گۆھىرى دۇغلىنىش كېسەللىكى** <تىب> كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكى.

**كۆز گۆھىرىگە ئاق چۈشۈش كېسەللىكى** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. بۇنىڭدا كۆز گۆھىرىدە ئارىلاش ماددىلار پەيدا بولۇپ، كۆرۈش قۇۋۋىتى تەسىرگە ئۇچرايدۇ.

**كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتمەك** قاتتىق قورقماق، ھولۇقماق: ئۇنىڭ دەس تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرغان مېھمانلارنىڭ كۆزلىرى ئالاق-جالاق بولۇپ كەتتى.

**كۆزلىرى چاقناپ كەتمەك** ← **كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك**: دۇئادىن كېيىن مەنسۇر بىر كىيىملىك رەختنى داستىخانغا قويدى. بۇنى كۆرگەن خۇرشىدىخاننىڭ كۆزلىرى چاقناپ كەتتى.

**كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتمەك** ئاچچىقى كەلمەك، خاپا بولماق، رەنجىمەك، كۆزىنى يوغان ئاچماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇناخۇننىڭ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

**كۆزلىرىدىن ياش ئەگمەك** يىغلىغۇسى كەلمەك، يىغلاشقا باشلىماق: قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىيتتى. يىگىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

**كۆزلىرىنى چەكچەيتمەك** ئۇقالماستىن ھاڭ-تاڭ بولماق، چۈشەنمىگەنلىكتىن ئىپادە بىلدۈرمەي تۇرماق: ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ سورىسام، گەپ-سۆز قىلماي، كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ تۇرۇۋالدى.

**كۆزلىرىنى ئويناتماق** شوخ، تېتىكلىكىنى نامايان قىلماق: قىز كۆزلىرىنى ئويىنتىپ چاقماقتەك گەپ قىلاتتى.

**كۆزلىرى ئولتۇرۇشماق** ئورۇقلىماق، ياداپ كەتمەك: يىگىتلىك غۇرۇرى بىلەن تولغان، تولۇق ۋە قاۋۇل كەلگەن جەڭچىنىڭ يۈزى كۆيۈپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ قالغانىدى.

**كۆزلىرى ئويناپ كەتمەك** ئىنتايىن خۇشال بولماق، شادلانماق: ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇنداق ماختاشلارنى ئاڭلاپ باقمىغان بوۋاينىڭ خۇشاللىقتىن كۆزلىرى ئويناپ كەتتى.

**كۆز مونچاق** تىل تەگمەسلىك ئۈچۈن بوينىغا ئاسىدىغان بىر خىل مارجان.

**كۆز مۇسكۇلى** <ئانات> كۆز چانىقىنىڭ ئىچىدىكى كۆز ئالمىسىنىڭ سىرتقى يۈزى بىلەن قاپاقا چاپلىشىپ تۇرىدىغان

مۇسكۇل. كۆز ئالمىسىنى ئايلاندۇرۇش ۋە قاپاقنىڭ ئېچىلىپ-يېپىلىشىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

**كۆز مۆلچەرى** كۆز بىلەن كۆرۈپ چىقىرىلغان مۆلچەر، كۆز چېنى، تەخمىنى: كۆز مۆلچىرىمچە بۇ كۆچەت 200 تۈپ چىقىشى مۇمكىن.

**كۆز نۇرى** ① كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى، كۈچى: كۆز نۇرىدىن ئايرىلغان ئاتا بىلەن ئانا بۇلبۇلگويانىڭ كۈلۈشىنى ئاڭلاپ خۇشال بولسىمۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن كۈلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيتۇ. ② كۆچمە. ئەڭ يېقىن، ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىسى: — جېنىم بالام، كۆز نۇرۇم، يۈرەك پارەم سەندىن ئايرىلىپ مەن قانداق چىدايمەن، — دەپ يىغلاپ بوينىغا ئېسىلدى ئانا.

**كۆزنى چاقماق** نۇر چاچىدىغان ۋە نۇرلۇق نەرسىلەرگە قارىغاندا كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاجىزلاشتۇرۇپ كۆزنى ئىمىر-چىمىر قىلماق، قاماشتۇرماق: — گۈل چېچەكلەر گويا رەڭمۇرەڭ قاش تاشلىرىدىن ئويۇپ ياسالغاندەك كۆزنى چېقىپ يالتىرايتتى، ئېتىزلار خۇددى سەھەر ۋاقتىدىكى تىنچ دېڭىز يۈزىنى ئەسلەتەتتى.

**كۆزنى چاقناتماق** كۆزگە ۋال-ۋۇل قىلىپ يالتىراپ، پارقىراپ كۆرۈنمەك: ئەتراپ شۇ قەدەر گۈزەل بولۇپ، تەكشى ئېچىلغان تۈرلۈك-تۈمەن گۈللەر كۆزنى چاقنىتاتتى.

**كۆزنىڭ ئاچچىقىنى چىقارماق** ئازراق ئۇخلاپ ئۇيقۇسىنى قاچۇرماق: بۈگۈنمۇ ئۇ ئادىتى بويىچە كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ئويغىنىپ قارىسا، نەۋرىسى تېخى بىر ئوبدان ئۇخلاۋاتاتتى. * چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن كۆزۈمنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋېلىپ، يەنە يېزىقچىلىق ئۈستىلىگە كېلىمەن.

**كۆزنىڭ يېغىنى يېمەك** گۈزەل، چىرايلىقلىقىدىن كىشىنىڭ قاتتىق زوقىنى تارتماق: ئاتىنىڭ بالىسى تايچاق، تالىنىڭ ئۈچىنى يەيدۇ. مەڭزى قىزىل قەلەمقاش، كۆزنىڭ يېغىنى يەيدۇ.

**كۆزنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچى نېرۋا** <ئانات> ئۈچىنچى جۈپ مېڭە نېرۋىسى. چوڭ مېڭە ئايىغىدىن باشلىنىپ، كۆز ئالمىسىنىڭ مۇسكۇللىرىغا تارقالغان. ئاساسەن كۆز ئالمىسىنىڭ ھەرىكىتىنى باشقۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە** ئىنتايىن قىسقا ۋاقىت ئىچىدە؛ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا، ھەش-پەش دېگۈچە: بىر ئايلىق تەتىل ۋاقتى كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقۇچە تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. * كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە كىشىلەر توپى تەۋرەپ، تاشۋاي ۋە باراتلارنى قوينىغا ئېلىپ جۈمەنىڭ ئالدىغا كەلكۈندەك بېسىپ باردى.

**كۆزنى يۇمۇپلا** تەۋەككۇل قىلىپ، تەۋەككۇلگە: — شەھەر دېگەن ئاۋات بولىدۇ. يېزىغا قارىغاندا تىرىكچىلىك قىلىش ئاسان دەپ كۆزنى يۇمۇپلا كىرىپ كەتكىلى ئىككى ئايدىن ئاشتى، تېخى قايتىپ كەلمىدى، — دېدى ئانا ئەنسىرىگەن ھالدا. * بۇ ئىشقا كۆزنى يۇمۇپلا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

**كۆز ئۇچراشتۇرماق** بىر-بىرىنىڭ كۆزىگە مەنىلىك قارىماق، قارىشىۋالماق: قىز بىردە كۆزنى يۇمۇپ ئۇخلىغان بولۇۋالاتتى، پات-پاتلا ئوسمان تەرەپكە قاراپ قوياتتى، ئۇ مېنىڭ قاراپ تۇرغىنىمدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، ئوسمان بىلەن كۆز ئۇچراشتۇرۇپمۇ قوياتتى.

**كۆز ئۇرۇشتۇرماق** ← **كۆز ئۇچراشتۇرماق**: سىرلىق مېھمان دۇئاغا قول كۆتۈردى، «نامازشام خىزىرى» بىلەن بىلىنەر-بىلىن-

مەس كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋېلىپ كەينىگە ياندى.

**كۆز ئۇۋلاق** <ئورم> ← **بىخ ئۇۋلاق.**

**كۆز ئۇزمەي** داۋاملىق تىكىلىپ (قاراش ھەققىدە): سەن ئۆزۈڭ بىلسەن، ئۇنىڭ ئويماقتەك چىرايلىق ئاغزىغا، جىنەستىدەك نېپىز لەۋلىرىگە، تۇمۇچۇقتەك چىرايلىق بويلىرىغا كۆز ئۇزمەي قاراپ قالاتتىم. * يىگىت ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۇزمەي قاراپ قالدى.

**كۆزۈڭگە بىرنەرسە كىرىپ قالدىمۇ** «كۆرمەس بولۇپ قالدىڭمۇ؟ كۆزۈڭ يوقمۇ؟» دېگەن مەنىلەردە قوللىنىلىدۇ: — زىرائەتلەرنى دەسسەپ كېتىۋاتىسنا، كۆزۈڭگە بىرنەرسە كىرىپ قالدىمۇ؟ — دېدى دېھقان.

**كۆزۈڭگە قارا** «دىققەت قىل، ئېھتىيات قىل، پەخەس بول، ئاۋايلا» دېگەن مەنىدىكى قاراتما سۆز: — كۆزۈڭگە قارا، ئالدىڭدا ئېرىق بار، — دېدى ئەركىن ۋارقىراپ.

**كۆزۈڭگە قاراپ سۆزلە** ئويلاپ گەپ قىل: ھەدە كۆزۈڭگە قاراپ سۆزلە، سېنىڭ كىتابلىرىڭنى كىم ئوغرىلاپتۇ.

**كۆزۈڭنى ئاچ** «ھاڭۋاقتىلىق قىلما، ھوشيار بول» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: نادانلىق ساڭا بەخشەندە ئەرمەس، كۆزۈڭنى ئاچ جاھانغا باق!

**كۆزۈڭ يوقمۇ** «كۆرمىدىڭمۇ، كۆرمەيۋاتامسەن» دېگەن مەنىدە قوللىنىلىدۇ: كۆزۈڭ يوقمۇ؟ قاراپ ماڭساڭ بولمامدۇ.

**كۆزۈمدىن يوقال** نېرى كەت، كۆزۈمگە كۆرۈنمە: تولا ئوغامنى قايناتماي، كۆزۈمدىن يوقال، ھېلى بىكار كۆرگۈلۈكۈڭنى كۆرسىتىمەن. * ھازىر كۆزۈمدىن يوقال، بولمىسا توۋلايمەن.

**كۆز ئېچىپ كۆرگەن** تۇنجى، دەسلەپكى: كۆز ئېچىپ كۆرگەن بالام ئەمەسمۇ؟ كۆڭلۈم چىدىمايدۇ. * ۋاي جېنىم سىڭلىم، كۆز ئېچىپ كۆرگىنىم شۇ.

**كۆز ئېقى** <ئانات> كۆز ئالمىسىنىڭ ئاق رەڭلىك قىسمى.

**كۆزى ئاچ** ← **ئاچكۆز:** — باينىڭ بالىسى بولغىنى بىلەن، كۆزى ئاچ ئىكەن، — دېدى ئايىمخان.

**كۆزى ئارقىدا قالماق** بىرەر كىمدىن، بىرەر نەرسىدىن ئايرىلىشقا قىيالماي قالماق، مېھرىنى ئۈزەلمەي قالماق: كېلىن دېگەن مىڭ قىلسىمۇ ئاچقان يېرىڭگە بارمايدىكەن، بۇ قېتىم ئۆيىنى شۇلارغا تاشلاپ كەلدىم-يۇ، كۆزۈم ئارقىدا قالدى. * بۇ يوللار ئۇزۇن يوللار، ماڭسام تۈگمەيدۇ. كۆزۈم ئارقىدا قالدى، يارىم چۈشمۇ كۆرگەندۇ.

**كۆزى ئالىچەكمەن بولماق** قاتتىق ھەيران بولماق، ئەجەبلەنمەك: يورۇق چۈشمەيدىغان قاراڭغۇ بولۇڭدا بويىنىنى سوزۇپ گەپ تىڭشاپ تۇرغان سۇلايمانلار بۇ ھالەتتىن كۆزى ئالىچەكمەن بولۇپ، تېنىگە تىترەك ئولىشىپ، ئۆزىنى غېپىدە تەشمىنىڭ سىرتىغا ئالدى.

**كۆزى بار** ئاق-قارىنى، ياخشى-يامانىنى پەرق ئېتەلەيدىغان، كۆرەلەيدىغان: ماخمۇت دېگەن سايماقمۇ كۆزى بار نېمىكەن جۇمۇ؟ ئۆزىگە جۈپنى خاتا تاللىمىغانىكەن. * ھۆكۈمەتنىڭ كۆزى بار ئىكەن، ئۆمەرجاننى ھاكىم قىلسا، ھەممە چاۋاك چالدۇ.

**كۆزى بولۇپ قالماق** بىرەر ساھە ۋە كەسىپ بويىچە ئەڭ ئالدىنقى قاتارغا ئۆتمەك: زەينەپ ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلاردا ئۆزىنىڭ شوخلۇقى، ناخشا-ئۇسسۇلغا ماھىرلىقى بىلەن داڭ چىقىرىپ، سەنئەت كۇرۇژۇكىنىڭ كۆزى بولۇپ قالغانىدى.

**كۆزى پىششىق** مەلۇم بىر ئىشنى بېجىرىشكە ئەپلىك، ماھىر، ئۇستا: ئۇنىڭ سودا ئىشلىرىنى قىلىشقا كۆزى پىششىق.

**كۆزى پىشماق** مەلۇم ھۈنەر، كەسىپكە كۆپ ئارىلىشىپ ئۇنىڭ ئەلمى-تەلمىنى، قانۇنىيىتىنى ئىگىلىۋالماق: دادام سودا--سېتىققا خۇشتار بولغاچقا، مېنى كىچىكىمدىلا كۆزى پىشسۇن دەپ قوشنىمىز ۋەلىخان ئاكىنىڭ گەزمالچىلىق دۇكىنىغا شاگىرتلىققا بەردى.

**كۆزى تالادا قالماق** ئۆزى بۇ يەردە بولغىنى بىلەن ئوي-خىيالى باشقا بىر جايدا بولماق: تۈنۈگۈن ئۆزىڭىز ماقۇل بولغان كىنوغىمۇ بارمىدىڭىز! ئۆزۈم كىنودا ئولتۇرسامۇ كۆزۈم تالادا قالدى. كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئويلار كېلىپ بىرھازا غەپچە يىغلاپتىمەن.

**كۆزى تورلاشماق** ئىمىر-چىمىر بولۇپ، ياخشى كۆرەلمەي قالماق: بالىنىڭ بېشى قايدى، كۆزى تورلاشتى، پۇتلىرى تىترىدى. * تازا سىنچىلاپ قاراۋاتقىنىدا يۈرىكى دۈپۈل-دەپ، تىنىقى پەسلەپ كەتتى، ھەتتا لەۋلىرى تىترەپ، كۆزلىرى تورلاشتى.

**كۆزى توق ← كۆز-قارنى توق:** كەمبەغەل بولغىنى بىلەن كۆزى توق ئادەم ئۇ.

**كۆزى تويماسلىق** قانائەت ھاسىل قىلماسلىق، ئاچكۆزلۈك: تىلەمچىنىڭ خالتىسى تولسىمۇ، كۆزى تويماس (ماقال). * ئۆزى تويسىمۇ، كۆزى تويماپتۇ (ماقال).

**كۆزى تۈتۈلماق** قارىغۇ بولۇپ قالماق، كۆرمەس بولۇپ قالماق: چوڭ دادامنىڭ كۆزى تۈتۈلۈپ قالغىلى تۆت يىل بولدى.

**كۆزى تۆت بولماق** كۆرۈشكە قاتتىق ئىنتىزار بولماق: — تولا ساقلاپ كۆزۈم تۆت بولدى — دېدى ئانا زارلىنىپ، — شۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ. * ئەل ئېتىزدىن يېنىپتۇ، سەن قايتمىدىڭ نېمىشقا؟ قاراپ كۆزۈم تۆت بولدى، جامالىڭنى كۆرۈشكە!

**كۆزى تېشىلمەك** بىراۋنىڭ يولىغا كۆپ قاراپ قاتتىق ئىنتىزار بولماق: — ئىسلاھات قىلىپ بېرىدىغان ھۆكۈمەت كىشىلىرى يېتىپ چىققۇچە، خەقنىڭ كۆزى تېشىلىپ كېتىدىغان بولدى، — دېدى ئۇ.

**كۆزى تىنماق** كۆزى قاراڭغۇلاشماق: مەن بىر قېتىم پىرقىراۋېتىپ كۆزۈم تىنىپ، ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالغان، شۇنىڭدىن بۇيان بۇنىڭغا قارايدىغان كۆزۈم يوق.

**كۆزى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولماق** ناھايىتى قاتتىق قورقماق: قاراپ تۇرغانلار-نىڭ كۆزلىرى چاچراپ چىقىپ كەتكۈدەك بولۇپ كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.

**كۆزى چاقنىماق** بىرەر نەرسىنى تېز پەرق ئېتەلەيدىغان، تېز كۆرىدىغان: — دادىلىرى سايىتئاخۇن كۆزى چاقنىغان، قولى ئىتتىك ئادەم ئىدى، — دېدى ئۇ ماڭا ھېجىيىپ.

**كۆزى چاقناماق** ئاجايىپ خۇشال بولماق؛ خۇشاللىقتىن كۆزىدىن نۇر ياغماق: بۇ تاسادىپىي ئۇچرىشىشتىن ھەيران بولغان يىگىتنىڭ كۆزى چاقناپ كەتتى.

**كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كەتمەك** ① قاتتىق غەزەبلەنمەك: ئەگەر بۇ ئاياللار قوش تۇتالمايدۇ، دېگەن سۆزنى ئاڭلىسا، غەزەپتىن كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتەتتى. ② قاتتىق قورقۇپ كەتمەك: قاتىلنىڭ قولىغا كويىزا سېلىندى. ئۇنىڭ ئادەم ئۆلتۈرگەنلى-كى ھەيۋىسىدىن ئەسەرمۇ يوق. پۇتلىرى تىترەپ كۆزى چانىقىدىن چىقىپ كېتەي دېگەنىدى.

**كۆزى چۈشمەك** ① كۆرمەك، كۆزگە چېلىقماق: سادىق چاتقاللىق ئىچىدىكى يۇلغۇن چىچەكلىرىگە، كەچكى قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇرغان زىرىق مۇنچاقلىرىغا نەزەر سېلىپ كېتىۋېتىپ، چاتقاللىق ئارىسىدىكى تار، ئەگرى--دوناي يولدا بىردەم ئۇ ياققا-بىردەم بۇ ياققا ئەگىپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان ئون ياشلاردىكى

بىر بالىغا كۆزى چۈشتى. * باغقا كىردىم سەيلىگە، كۆزۈم چۈشتى لەيلىگە. مېنى دېسەڭ قارا كۆز، كەلگىن بىزنىڭ مەلىگە.
② يارىتىپ قالماق، مەيلى تارتماق: بىر كۈنلىرى ئاتىمىز پەرىدۇن ئاكىنىڭ ئاپامغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپتۇ. شۇ چاغدا مەن ئاپامنىڭ قورسىقىدا قالغانىكەنمەن. * ئۆيگە كەلگەن چاغدىلا، تۆت قىزنىڭ ئىچىدە شۇ قىزغا كۆزۈم چۈشكەن.

**كۆزىدە بولماق** كۆزىگە كۆرۈنۈپ تۇرماق، كۆز ئالدىدا بولماق: پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە، كۆڭلىدە بول (ماقال).

**كۆزى دۈمبىسىگە ئۆتۈپ قالماق** كۆرمەي قالماق، بايقىماي قالماق: ئوھۇ، باللارنىڭ چوڭ بولۇپ قالغىنىنى كۆرمەي، كۆزۈم دۈمبەمگە ئۆتۈپ قېلىپتىمۇ.

**كۆزىدىن ئوت چاقناماق** قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئاچچىقلانماق: شەمشى قارىنىڭ ئاچچىقى كېلىپ كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ كەتتى.

**كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتمەك** قاتتىق ھەسسىنى قوزغىماق، كۆرەلمەسلىكنى پەيدا قىلماق: ئەندى ئۇ بۇ گۈزەل قىزنى يېنىدا ئېلىپ يۈرۈپ، باشقا ئەمەلدارلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىشنى ئويلىغاندا، خۇشاللىقى چېكىگە يەتتى.

**كۆزىدىن ياش قۇرىماسلىق** دائىم يىغلاپ يۈرمەك: مانا بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىمغا ئىككى ئايدىن ئاشتى، كۆزۈمدىن ياش قۇرۇمىدى، قۇلىقىمدىن تىل-ھاقارەت، بېشىمدىن تاياق كەتمىدى.

**كۆز ئىچكى بېسىمى** <فىزىئول> كۆز ئالمىسىدىكى جىسىم تەسىرلىرىنىڭ كۆز ئالمىسى دىۋارىغا چۈشۈرگەن بېسىمى.

**كۆزى سەندە** دىققەت-ئېتىبارى سەندە، نەزەر-دىققىتى سەندە: بارچە ئەلنىڭ كۆزى سەندە تىل تۇمارىڭ مەن بولاي، سەيدىخان چۆللەردە ھەمراھىڭ بولاي.

**كۆزى قاراڭغۇلاشماق** ← **كۆزگە قاراڭغۇلۇق تىقىلماق**: ئۇنىڭ بېشى ئايلىنىپ كۆزى قاراڭغۇلاشتى. * ئۇ شۇ چاغدىكى پاجىئەنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرسە، كۆزى قاراڭغۇلىشاتتى.

**كۆزى قورقماق** بىرەر ئىشنى قىلىشقا كۆزى يەتمەسلىك، ئىشەنمەسلىك، ئىشەنچ تۇرغۇزالماسلىق: كۆز قورقاق، قول باتۇر (ماقال). * بۇ ئىشنىغۇ قىلغۇم بار، لېكىن سەل كۆزۈم قورقۇۋاتىدۇ.

**كۆزى قىزارماق** بىرەر نەرسىنى كۆرۈپ شۇ نەرسىگە ئېرىشكۈسى كېلىپ كەتمەك، نەپسى تاقىلدىماق: قىز راسا ۋايىغا يەتكەندە، شۇ شەھەرنىڭ پادىشاھىنىڭ كۆزى قىزىرىپ، قىزنى ئوردىغا ئەكىتىپتۇ. * ئالتۇننى كۆرۈپ داۋۇتنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كېتىپتۇ ۋە «مەنمۇ شۇنداق قىلسام بولمامدۇ» دەپ ئويلاپتۇ.

**كۆزى قىيماسلىق** رايى بارماسلىق، خالىماسلىق، كۆڭلى ئۇنىماسلىق: قىزنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان شاھزادە ئۆزىنى قانداقتۇر بىر ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغاندەك ھېس قىلىپ، كۆزى قىيمىغان ھالدا بۇ چىمەنزارلىق مەھەللىدىن ئايرىلدى. * مەن ئايرىلىشقا كۆزۈم قىيمىغان ھالدا ماشىنىغا چىقتىم.

**كۆزى كۆرمەس، قۇلىقى ئاڭلىماس بولۇۋالماق** بەخىرامان، ھېچ ئىش بولمىغاندەك يۈرمەك.

**كۆزى كىچىك** پىخسىق، بېخىل؛ ئىچى تار: سىزنىڭمۇ كۆزىڭىز كىچىك ئىكەن. بۇ كەمدە توي قىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى ياشلار-نىڭ كەچلىك ئولتۇرۇشىغا قوي سويۇۋاتسا، مەنزە تۈل خوتۇن، يېتىم ئوغۇلنىڭ تويىدەك

توي قىلامدىكەنمەن؟ * سېنىڭ قېيىن ئاتاڭ بەك كۆزى كىچىك ئادەم ئىكەن.

**كۆزىگە ئاي كۆرۈنمەك** چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنمەك: ھەركىمنىڭ ئۆزىگە ئاي كۆرۈنەر كۆزىگە (ماقال).

**كۆزىگە باقماق ← كۆزىگە قارىماق.**

**كۆزىگە تەلمۈرمەك** ئۈمىد بىلەن قارىماق: ئەركىن ئۆي ئىچىدە ئۇ ياقتىن بۇ ياققا ماڭماقتا ئىدى. ئايتۇرسۇن ئەركىننىڭ كۆزىگە تەلمۈرۈپ تۇراتتى.

**كۆزىگە توپا چاچماق ← كۆز بويىماق:** چېچەنلىكتە تۈلكىدىن كەم تۇرمايدىغان بۇ مېھمانىنىڭ كۆزىگە توپا چېچىپ، ئالداپ كېتەلىگەنلىكىگە ئىچىدە تەمەننا پەيدا قىلغان ئابلىز قارى يوشۇرۇن ئىشنىڭ ئاللىقاچان ئاشكارا بولۇپ بولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي ياتاتتى.

**كۆزىگە توپا ئۇرماق ← كۆز بويىماق.**

**كۆزىگە تور باغلىماق** ھاكاۋۇرلىشىپ، كىشىنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالماق: ئۇستام نېمدەپ يۈرىلا، كۆزلىرىگە تور باغلاپ قالدىمۇ نېمە؟

**كۆزىگە تىقماق** كۆز ئالدىغا ئەكىلىپ كۆرسىتىپ قويماق.

**كۆزىگە تىكىلمەك** كۆزىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرماق: كېيىن تۇرغان ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلدى. ئۇنىڭ ئۇيقۇسىز كۆزىدىن مىسكىنلىك، بىچارىلىك چىقىپ تۇراتتى.

**كۆزىگە قادالماق** كۆزىگە تىكىلىپ قارىماق: — قىلغان گەپلىرىڭ راستمۇ؟ — مەن ئۇنىڭ كۆزىگە قادىلىپ سورىدىم.

**كۆزىگە قارىماق** ① بىراۋنىڭ رايىغا، خۇي-پەيلىگە، مىجەزىگە باقماق: — ھەرنېمە بولسا باشلىق دېگەننىڭ كۆزىگە قاراپ ئىش قىلغان ياخشى، — دېدى ئالىم ئەسقەرنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ. * ئۆيدە ئۆگەي ئانىنىڭ كۆزىگە قاراپ يۈرىكى زېدە بولۇپ كەتكەن سالامەت ئۈچۈن، بۇ تۇرمۇش غەلىتە، يات تۇيۇلاتتى. ② ئېھتىيات قىلماق، پەخەس بولماق: كۆزۈڭگە قاراپ ماڭ بالام. * كۆزۈڭگە قاراپ ھەيدە. ③ بىرەر نەرسىنى قولدىن چىقىرىشقا قىيماسلىق: پۇلنىڭ كۆزىگە قاراپ ئاخىر ئۆيدىن قۇرۇق قالدى.

**كۆزىگە قارىيالماي قالماق** خىجالەتچىلىكتىن بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراشقا پېتىنالماي قالماق: مەن ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسلەپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىيالماي قالدىم.

**كۆزىگە قان تولماق** قاتتىق ئاچچىقتىن كۆزىگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەي قالماق: ئۇنىڭ كۆزىگە قان تولۇپ، قارشىلىق ئىستىكى قوزغالدى.

**كۆزىگە قۇم تىقماق ← كۆز بويىماق.**

**كۆزىگە كىرىۋالماق** كۆز ئالدىدىن نېرى كەتمەي، بىزەڭگىلىك قىلىپ تۇرۇۋالماق، چاپلىشىۋالماق: — ئانا، تولا گەپ سوراپ مېھماننىڭ كۆزىگە كىرىۋالماي، ئاۋۋال بىزگە چاي بەرسەڭچۇ، — دېدى ئامانقۇل.

**كۆزىگە گۈل كۆرۈنمەك ← كۆزىگە ئاي كۆرۈنمەك:** يېزىدىكى ئۆرۈلۈپ كېتەي دەپ قالغان ئۆيى ئۇنىڭ كۆزىگە گۈل كۆرۈنۈپ كەتتى.

**كۆزىگە ماي تولماق ← كۆزىگە ياغ تولماق:** ئازغىنا ماختاشنى ئاڭلاپ ئاغمىخانىدەك گىدىيىپ، كۆزلىرىگە ماي تولۇپ دوستۇمغا مۇشت ئاتقان ئەمەس.

**كۆزىگە ماي تولماق** دىئال. ھاللىنىپ قالماق.

**كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەسلىك** قاتتىق جىددىيلىشىش ۋە ياكى باشقا سەۋەبتىن ئۆزىنىڭ نېمە قىلىپ، نېمە قويغىنىنى بىلمەي قالماق: بۇ چاغدا نادەمنىڭ كۆزىگە-

ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالدى.
**كۆزگە ئۇيقۇ كەلمەسلىك** مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۇخلىيالماسلىق: مەن شۇ كۈنلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرسەم، خۇشلۇقۇمدىن كۆزۈمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.
**كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنمەك** ① يېقىملىق، مۇلايىم كۆرۈنمەك: مەن دۇكانغا شاگىرت بولۇپ كىرگەندىن كېيىن، ئايغىمنىڭ يېنىكلىكى، تىلىمنىڭ يۇمشاقلىقىدىن خوجايىنىمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنۈپ قالدىم. ② تونۇشتەك بىلىنمەك: كۆزۈمگە ئىسسىق كۆرۈنىسىز، سىزنى بىر يەردە كۆردۈمغۇ دەيمەن.
**كۆزگە ئىللىق كۆرۈنمەك** ← **كۆزگە ئىسسىق كۆرۈنمەك**: نېمىشقا شۇنداقلىقىنى بىلمەيمەن، بويىغا يەتكەن قىزى بار ئۆيلەر كۆزۈمگە ئىللىق كۆرۈنۈپ، باشقا ئۆيلەرگە قارىغاندا، تىل بىلەن چۈشەندۈرۈپ بولمايدىغان ئاجايىپ بىر سېھىرلىك دۇنيادەك بىلىنەتتى.
**كۆزگە ياش ئالماق** كۆزىدىن ياش چىقارماق؛ ئۈنسىز يىغلىماق: بەختىخان ئادىل مۇئەللىمنىڭ ئوغلى ئالىم ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆزىگە ياش ئالدى. * — دادام رەھمەتلىك ئۆزلىرىنىڭ «قىزىمنى ئوغۇللىرىغا بېرىمەن» دېگەن سەممىي سۆزلىرىدىن تەسىرلىنىپ، كۆزىگە ياش ئېلىپ، قىزلىرىنىڭ كەلگۈسى تويلۇقى ئۈچۈن يەنە ئۆز بىساتىدىن 30 مىڭ دىنار ئالتۇن بەرگەنىدى، — دەپتۇ يىگىت.
**كۆزگە ياش كەلمەك** كۆزىگە ياش پەيدا بولماق، يىغا تۇتماق: پېشايۋاندا ئولتۇرسام، چىن تەخىبدە ئاش كەلدى، سەن يارىمنى ئەسلىسەم، قارا كۆزۈمگە ياش كەلدى.
**كۆزگە ياغ تولماق** تەككەببۇرلىشىپ، كىشى تونۇماس بولۇپ قالماق: قاراڭ ئۇكام، مېنى شۇنداقلا تونۇماس بولۇپ قالغىنىنى-ھە؟ راستىنلا ئادەمنىڭ مەرتىۋىسى ئۆسكەندە كۆزىگە ياغ تولۇپ كېتەمدىكىن؟
**كۆزگە ياغاچ تىقماق** يوق قىلماق، يوقاتماق، بۇزۇپ چاچماق: ئىش-ئوقەتنىڭ يوقىدا قاراپ تۇرۇپ بىرمۇنچە پۇلنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىقماي دەپ، ئىسمائىل ساتىراشنىڭكىگە باردىم. * ئۆتكەندىكى سويۇش ئاتلىرىدىن قالدۇرۇپ قويغىنىم ياخشى بولغانىكەن، بولمىسا، نۇرغۇن پايدىنىڭ كۆزىگە ياغاچ تىققان بولاتتىم-دە.
**كۆزى نۇرلانماق** ئۈمىد پەيدا بولماق، ئۈمىدلەنمەك: نۇر پەيدا بولماق: بوۋاي سۆزلەۋېتىپ، ساقاللىرىنى قولى بىلەن تاراپ قويدى، ئۇ خۇشال بىر ھېسسىياتتا ئىدى، كۆزلىرى نۇرلىنىپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىدى ۋە ئىختىيارسىز سابىرنىڭ قولىنى تۇتتى.
**كۆزنى ئاچماق** ئاق-قارىنى تونۇماق ياكى تونۇتماق؛ نەزەر دائىرىسى، چۈشەنچىسىنى كېڭەيتمەك: — سىلى قايسى كۈنى مەسلىھەت بەرگەندىن كېيىن، مەن كۆزۈمنى ئاچتىم. ئېيتقانلىرى ھەممىسى راست، — دېدى قۇربان ئاقساقال. * مەكتەپ ھاياتى ھېلىمنىڭ كۆزىنى ئاچتى.
**كۆزنى ئالالماسلىق** قاراپلا قالماق، ئۈزاق تىكىلمەك: ئەكبەر قىزنىڭ چىرايلىق يۈزىدىن كۆزىنى ئالالمىدى-دە، قىلارغا گەپ تاپالماي: — دادىڭىز قېنى، — دەپ سورىدى. * — ئاداش، ھۈنىرىڭنى كۆرسەتسەڭچۇ ئاداش، — دېدى نادىم پوتەيدىن كۆزىنى ئالماي.
**كۆزنى ئالماق** قاراۋاتقان يېرىدىن باشقا بىر يەرگە قارىماق، كۆزىنى يۆتكىمەك: ئانا دەريادىن كۆزىنى ئېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر تاشلىدى. * سادىق يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان قىزدىن كۆزىنى ئېلىپ، بىر خىل خۇرسىنىش بىلەن جۇمەگە قارىدى.

**كۆزنى بىلمەك** ← **تىلنى بىلمەك:** ئۇ ماشىنىنىڭ كۆزنى بىلىدۇ.

**كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرماق** ① تەلمۈرمەك: ئۇ كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرسا، قانداقمۇ ئۇنىڭغا بەرمەي يېگىلى بولسۇن. ② گۆشىيىپ، بىزىرىپ قارىماق: چاۋا يېگەن مۈشۈكتەك كۆزنى پارقىرىتىپ تۇرىدىغان نىجاتمۇ بىر بۇلۇڭغا كىرىۋالدى. – * قىلغۇلۇقنى قىلىۋېلىپ، نېمە كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرىسەن؟

**كۆزنى تاپماق** ئىشلەش ئۇسۇلىنى، يوللىرىنى، قانۇنىيىتىنى، سىرىنى تاپماق: ھەممە گەپ بىر ئىشنى قىلماسلىقتىن، قىلغاندىن كېيىن، قانداق بولمىسۇن كۆزنى تاپىدىغان ئىش.

**كۆزنى چاپاق باسماق** ئاق-قارىنى پەرق ئېتەلمەي قالماق؛ ھاكاۋۇرلىشىپ كىشىنى كۆزگە ئىلماس بولۇپ قالماق: بورىچى ھالۋىچى بولسا، كۆزنى چاپاق بېسىپتۇ (ماقال). *كۆزۈڭنى چاپاق بېسىپ قالدىمۇ، بىزنى تونۇماس بولۇپ قېلىپسەنغۇ؟

**كۆزنى چەكچەيتمەك** خاپىلىق، نارازىلىق تۈپەيلىدىن كۆزنى يوغان ئېچىپ قارىماق: – نېمە؟ – نەبى يۇمۇق كۆزلىرىنى چەكچەيتتى، – ئارانلا بەش كويمۇ؟ * كۆزۈڭنى چەكچەيتمەي گەپ قىل، باسىت.

**كۆزنى چوقۇلماق** ← **كۆزنى چوقۇماق:** بۇ ئوغرىلارنىڭ باشلىقلىرى ئۇزۇنغا قالماي بىر-بىرىنىڭ كۆزنى چوقۇلايدىغاندەك تۇرىدۇ.

**كۆزنى چوقۇماق** قەست قىلماق، زىيانكەشلىك قىلماق: – بەلكىم دۆلەت قۇشى سۈرىتىدە نىقابلانغان قۇزغۇنمىكىن دەيمەن، قونۇۋالغاندىن كېيىن كۆزۈمنى چوقۇيدىغانلىقىنى تۇيۇپ تۇرۇۋېتىمەن، – دېدى سۇپۇرگىشاخۇن.

**كۆزنى قاچۇرماق** قارىيالماي قالماق، باشقا يەرگە قارىۋالماق: يېقىنقى كۈنلەردىن بېرى مەيىنسە ئابلانى كۆرگەن ھامان قىزىرىپ كېتىدىغان، يەر ئاستىدىن قارايدىغان، ئابلا قارىسا كۆزنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالدى. * ئۇلار يالغۇز يەردە ئۇچرىشىپ قالسىمۇ، بىر-بىرىدىن كۆزنى قاچۇرۇشاتتى.

**كۆزنى قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك يۇماق** ھېچنېمە بىلمىگەن، ھېچنېمە ئۇقمىغان قىياپەتتە بولۇۋالماق: پۈتۈن ئۆمرىنى مەكتەپكە بېغىشلىغان ئاق كۆڭۈل بوغالتىرنىڭ ناھەق جازالانغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا، مۇنۇ بېشىنى چاڭگاللاپ، كۆزنى قىيامەتنىڭ مۈشۈكىدەك يۇمۇپ ئولتۇرغان مۇدىرغا ئاچچىقىم كېلىشكە باشلىدى.

**كۆزنىڭ پاختىسىنى چىقارماق** ئاچچىق بىلەن ئالايماق: ئۇ كۆزنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ، ئالاق-جالاق قارىغىنىچە ئەتراپقا سەپسالدى. * – نېمە ئاش-ئوزۇق؟ – دېدى باشلىق كۆزنىڭ پاختىسىنى چىقىرىپ تۇرۇپ، – ئاچ قورساق بولساڭ كەتمەننى بەكرەك چاپ، ئىشقا سەھەر چىقىپ، كەچ قايت، مانا بۇ ئاش-ئوزۇق ھەل قىلىشنىڭ چارىسى.

**كۆزنىڭ سۈيىنى تېمىتماق** ← **كۆزنىڭ يۇندىسىنى چىقارماق:** كۆزۈڭنىڭ سۈيىنى تېمىتماي گېپىڭنى قىلە.

**كۆزنىڭ سۈيىنى ئېقىتماق** ← **كۆزنىڭ يۇندىسىنى چىقارماق.**

**كۆزنىڭ ئىچىگە كىرىۋالماق** ← **كۆزگە كىرىۋالماق:** نېمە دېيىشىم كېرەك؟ بۇ قىز خۇددى ئېلىشى باردەكلا كۆزۈمنىڭ ئىچىگە كىرىۋالدىغۇ؟

**كۆزنىڭ ئوچۇقلۇقىدا** ← **كۆزنىڭ ئوچوقىدا.**

**كۆزنىڭ ئوچۇق ۋاقتىدا** ← **كۆزنىڭ ئوچۇقىدا.**

**كۆزنىڭ ئوچۇقىدا** ھايات ۋاقتىدا، تىرىك چاغدا: ئوغلۇم بىز قېرىدۇق، پۈتمىز گۆرگە

ساڭگىلىدى. كۆزنىڭ ئوچۇقىدا سىنى ئۆيلەپ قويساق دەۋاتىمىز. * مانا بۇلارنى بىرمۇبىر يېزىۋالغان، ئەڭ ئاخىرىسىغا: «كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا بايلىقىمنى بىرمۇبىر ئۆندۈرۈۋالىمەن!» دەپ يېزىپ قويغان.

**كۆزنىڭ ئىچىگە قارىماق** بىر خىل شەھۋانىي ھەۋەس بىلەن تىكىلمەك: ئەر خەق دېگەننىڭ قاندىقىغا چىراي ئاچساڭ، ئادەمنىڭ كۆزنىڭ ئىچىگە قارايدىكەن.

**كۆزنىڭ يۇندىسىنى چىقارماق** يىغلىماق، ياش تۆكمەك: قاچانغىچە كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى چىقىرىپ، ۋاقىتنى ئۆتكۈزىسەن؟

**كۆزىنى مۆلدۈرلەتمەك** كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ قارىماق: بىراق بۇ مەندىن قەرزنى سۈيلەۋاتقاندەك قەتئىيلىك بىلەن كۆزىنى مۆلدۈرلىتىپ ئولتۇرسا، ئۇنىڭغا نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟

**كۆزىنى نەملىمەك** كۆزىگە ياش ئالماق، يىغلىماق: ئانا كۆزلىرىنى نەملەپ، سۆزىنى داۋام قىلاتتى.

**كۆزىنى ئويناتماق** شوخلۇق بىلەن كۆزىنى ئۇ يان-بۇ يان ھەرىكەتلەندۈرمەك: — بىلىشىنىغۇ بىلىسەن، — دېدى گۈزەلئاي شوخلۇق بىلەن كۆزىنى ئوينىتىپ، — گۈلسۈمخان ئاچام ساڭا سالام ئېيتتى.

**كۆزىنى ئېچىپ قويماق** سەگەكلەشتۈرۈپ، ھوشيارلىقىنى ئاشۇرۇپ قويماق: بۇ نۆۋەتلىك ئۆگىنىش كۆزۈمنى ئېچىپ قويدى. * مانا شۇ چاغدا ئۇنىڭ ئېسىگە كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ «يېڭى مەكتەپ بالىلارنىڭ كۆزىنى ئېچىپ قويىدىكەن» دېگەن سۆزى كىردى.

**كۆزىنى يوشۇرماق ← كۆزىنى قاچۇرماق**: قىز مۇزەپپەرنىڭ قارىشىدىن ئۇيالدىمۇ ياكى خىجىل بولدىمۇ، مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى پەسكە ئەگدى، كۆزلىرىنى يوشۇردى.

**كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دەۋەرمەك** قارىسىغا گەپ قىلماق، ئاغزىغا كەلگەننى دېمەك: كۆزۈڭنى يۇمۇۋېلىپ دەۋەرسەڭ بولمايدۇ، ئوغۇل بالا دېگەن قىلغان گېپىگە ئۆزى مەسئۇل بولۇشى كېرەك.

**كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ گەپ قىلماق ← كۆزىنى يۇمۇۋېلىپ دەۋەرمەك**: سەممىي كىشىلەر راست گەپ قىلىدۇ، كۆزىنى يۇمۇۋېلىپلا گەپ قىلمايدۇ.

**كۆزى ئوچۇق قارىغۇ** خەت ساۋادى يوق، ئوقۇمىغان، ساۋاتسىز: — بالىلارمۇ بىزگە ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالمىسا بولاتتى، سەن بولساڭمۇ شۇلارنى يىغىپ ئوقۇتۇپ تۇرغىن، — دېدى. * مەن ئوغلۇم ئەنۋەرجاننىڭمۇ ماڭا ئوخشاش كۆزى ئوچۇق قارىغۇ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى ئوقۇتتۇم.

**كۆزى ئوچۇق كەتمەك** ① ئارماندا ئۆلۈپ كەتمەك: ئۇنىڭ ئانىسى رەھمەتلىكمۇ مۇرادىغا يېتەلمەي، ئالەمدىن كۆزى ئوچۇق كەتتى. ② ئورۇنسىز، بىھۇدە ئىسراپ قىلماق، بىكارغا كەتمەك: 20 سومنىڭ كۆزى ئوچۇق كەتتى. * بايتال قاراپ تۇرۇپلا كۆزى ئوچۇق كېتەمدۇ، بىرنەرسە دېمەمسەن.

**كۆزى ئۇيقۇغا بارماق** مۈگدىمەك، ئەمدىلا ئۇخلاشقا باشلىماق: ئەمدى كۆزۈم ئۇيقۇغا بېرىپتىكەن، سەن ۋارقىرىغىلى تۇردۇڭمۇ؟!

**كۆزى ئۇيقۇغا كەتمەك** ئۇخلاپ قالماق: بۈگۈن سۈبھى يورۇغان ۋاقىتتا غەپلەت بېسىپ، كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىپتۇ.

**كۆزى ئۆتكۈر** ياخشى-ياماننى كۆرۈپلا پەرق ئېتەلەيدىغان: ئۇنىڭ كۆزى ئۆتكۈر، خېلى ئىشلارنى دەرھال كۆرۈۋالالايدۇ.

**كۆزى ئېچىلماق** ئاق-قارىنى، ياخشى-ياماننى پەرق ئېتەلەيدىغان بولماق:

نه ۋقىران چىغىڭدا يۇرت ئارىلىساڭ كۆزۈڭ ئېچىلىدۇ .

**كۆزى ئېقىپ كه تكۈر** « قارىغۇ بولۇپ كه تكىن ئىلاھىم » دېگه ن مه نىدىكى قارغىش سۆزى : ساياهه ت ، سه يله ، تاڭ ئاتقۇچه دېيىشۋاتىدۇ ، ئۆز كۆزىمىز بىله ن كۆردۇق دېيىشىدۇ تېخى ، كۆزى ئېقىپ كه تكۈرله ر .

**كۆزى ئىتتىك** دهرهال كۆز سالىدىغان ، تېز كۆرۈۋالىدىغان : بىرىنچى قىزنىڭ كۆزى تولىمۇ ئىتتىك ئىدى .

**كۆزى ئىلىنماق** ← **كۆزى ئۇيقۇغا بارماق** : — هېچنېمه ... ئۆزۈمچىلا ... — دېدى جامالدىن دۇدۇقلاپ ۋه كۈلۈمسىره شكه تىرىشتى ، — كۆزۈم ئىلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ ، چۈشه كىدىمغۇ دهيمه ن . ✱ نائىلاج توختىدى قۇرلاردا قه له م ، بېرىلدىم يېڭى بىر ئوتلۇق تۇيغۇغا . كېتىپ قاپتىمه ن ، كۆزلىرىم ئىلىنىپ شېرىن ئۇيقۇغا .

**كۆزى يورۇماق** تۇغماق ، بوشانماق ، يه ڭگىمه ك : مه لىكىنىڭ بويىدا قالغانىكه ن . ۋاقتى-سائىتى كه لگه نده كۆزى يورۇپ بىر ئوغۇل تۇغۇپتىكى ، ئاي دېسه ئاغزى بار ، كۈن دېسه كۆزى بار ئىكه ن .

**كۆز ياشلىماق** يىغلىماق ، ياش تۆكمه ك : سىله ردىن خۇرسه ن بولساق ، خه زىنىنىڭ مىلىنى تاپشۇرۇۋېلىپ ، بىزنى پادىشاهقا تۇتۇپ بېرىشمىسله . خوتۇن- باللىرىمىزنىڭ كۆزىنى ياشلىمىسلا . ✱ سىزگه شۇنى ئېيتىپ قويايكى ، بۇ ۋاقىتتا ئۇلار هه رگىز كۆزلىرىنى ياشلاپ يىغان چه كمىسۇن . ئه گه ر زالىم شاه گۇمانلىنىپ قالسا ئۇلارغا زىيان يېتىدۇ .

**كۆزى يامان** « به زى كىشىله رنىڭ كۆزىده قانداقتۇر بىر خىل سېھىر بار ، ئۇ قارىغان نه رسىله رگه زىيان-زه خمه ت يېتىدۇ » دهيدىغان بىر خىل خۇراپىي چۈشه نچه : نوقانىچىنىڭ كۆزى يامان ، سۇخه نچىنىڭ سۆزى يامان (ماقال) .

**كۆز يه تكۈسىز** چه كسىز كه تكه ن ، بىپايان : كۆز يه تكۈسىز دالىنىڭ هه ممه يېرى ئالتۇنده ك چاقناپ تۇراتتى . ✱ ته لئه تنىڭ هېكايىسىدىن كېيىن ، ئالدىمدا گويا كۆز يه تكۈسىز چوڭقۇرده ك ئېغىر سىناق په يدا بولدى .

**كۆز يه تمه س** يىراق ، كۆز يه تكۈسىز : يارىم كه تتى يىراققا ، قارىسام كۆزۈم يه تمه س . مېنى قويدى يىراققا ، قىچقارسام ئۈنۈم يه تمه س .

**كۆز يه تمه ك** ئىشه نچ قىلماق ، ئىشه نمه ك : مېنىڭ بالىنى بېقىپ چوڭ قىلىشقا كۆزۈم يېتىدۇ . ✱ بۇ ئىشنىڭ هه ل بولۇشىغا كۆزۈم يېتىدۇ .

**كۆز يورۇغاندا** تاڭ ئاتقاندا ، سه هه رده :— ئه ته كۆز يورۇغاندىلا سه په رگه چىقىمىز ، بالدۇر ئۇخلاڭلار ، — دېدى كارۋان بېشى يىگىتله رگه .

**كۆز يورۇقىدا** كه چ كىرگۈچه ، قاراڭغۇ چۈشكۈچه : ئۇلار كۆز يورۇقىدا ئاتنى جايلاپ قويۇپ ، بالدۇرلا يېتىپ ئۇخلاپ قېلىشتى .

**كۆز يۇمماق** ① ئۇخلىماق : ئاتا-بالا ئىككىسى پاراڭ سېلىشىپ ، تاڭ ئاتارغا يېقىن ئازراق كۆز يۇمۇشتى . ② كۆچمه . هېچنېمه بىلمه س بولۇۋالماق ؛ ره ت قىلماق : — سىزنىڭ دېھقانلارنى سه هرالىق دېگىنىڭىز هه قىقه تكه كۆز يۇمغانلىق بولىدۇ ، — دېدى لوتپۇللا . ✱ سىز رېئاللىققا كۆز يۇمالمايسىز . ③ كۆچمه . ئۆلمه ك ، ۋاپات بولماق : ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمه ي ، بوۋاي كۆز يۇمۇپتۇ . ✱ ئامانقۇل تۆمۈر خه لپىگه قاراپ : — رازى بول ئاكا ، — دېدى-ده ، كۆز يۇمدى .

**كۆز يۇمۇچلاپ قويماق** مه لۇم مه قسه ت ، مه لۇم مۇددىئادا كۆزىنى يۇمۇپ قويماق ،

كۆز قىسماق: بوۋاي ماڭا كۆز يۇمۇچلاپ قويۇپ سوئالنى سورىدى.

**كۆز يۈگۈرتمەك** تېز، ئىتتىك قاراپ چىقماق، قارىماق: دۈيجاڭ قەغەزگە ئىتتىكلا كۆز يۈگۈرتۈپ، بىرئاز جىددىيلەشتى. * مەترىھىم غەمسىز ئۇخلاۋاتقان باللىرىغا بىر-بىرلەپ كۆز يۈگۈرتتى.

**كۆز يېتىم يەر** ئاددىي كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان، قارىغاندا كۆرۈنىدىغان يەر: ئاپتوبۇس قوزغىلىپ بېكەتتىن چىقتى، ئاپتوبۇس دېرىزىسىدىن كاملىغا قاراپ پۇلاڭلىتىلغان قوللار تاكى كۆز يېتىم يەرگە بارغۇچە توختىمىدى.

**كۆز يېشى قۇرۇماسلىق** دائىم يىغلاپ يۈرمەك: بىر ئايدىن بېرى كۆز يېشىم قۇرۇمىدى. * ئەمدى ئەلانىڭ كۆزىگە ئىلمىغىنىنى بىلىپ ئازابلانماي تۇراتتىمۇ؟ بېيجىڭغا ئوقۇشقا ماڭغاندا يول بويى كۆز يېشىم قۇرۇمىدى.

**كۆز يېشى قىلماق** يىغلىماق: بالا قەبرىدىن بىر سىقىم توپىنى ئېلىپ، ئۇنى ئاستا يۈز-كۆزىگە سۈرتتى ۋە يۈزىنى قەبرىگە يېقىپ كۆز يېشى قىلىشقا باشلىدى.

**كۆزەت** ئى. قاراش، بېقىش، كۆزىتىش: كۆزەتتە تۇرماق. كۆزەت قىلماق.

**كۆزەتتە تۇرماق** بىرەر جاينى باقماق، كۆزەتمەك، كۆزەت قىلماق، پوستتا تۇرماق: چوڭ دەرۋازىدا كېچە-كۈندۈز ئىككى ساقچى كۆزەتتە تۇرىدۇ.

**كۆزەت قىلماق** قارىماق، باقماق، كۆزەتمەك، قاراۋۇللۇق قىلماق: دادام ياز كۈنلىرى باغدا ئىشلەيتتى، قىش كۈنلىرى بولسا كونا بىر كورەك جۇۋىنى كىيىپ ماخودا كۆزەت قىلاتتى.

**كۆزەتچى** ئى. مەلۇم بىر ئورۇننىڭ ئامانلىقىنى ساقلايدىغان ئادەم؛ قاراۋۇل: ھاتەم قايتا ھوشىغا كەلگەندە دەريائى قۇلزەمنىڭ كۆزەتچى پەرىلىرى كېلىپ قالدى، ھاتەم پەرىلەر رەسمىدە سالام بەردى. * ئىشىك تاقاپ قويۇلدى، ئېھتىيات ئۈچۈن، ئادەتتىكىدەك يار ئۈستىگە كۆزەتچى قويۇلدى.

**كۆزەتچىلىك** ئى. كۆزەت قىلىش ئىشى، قاراۋۇللۇق: ئۇلار ئاخىر، باشلىقلارنى ئاۋارە قىلماي، پەقەت شەرۇللا بوۋاينىڭ 12 ياشلىق نەۋرىسى گالىبنى چاقىرىپ كېلىپ، بۈگۈن كېچە نۆۋەت بىلەن كۆزەتچىلىك قىلىدىغان بولۇشتى.

**كۆزەتمەك** پ. تەكشۈرمەك، كۆز-قۇلاق بولماق، بايقاپ تۇرماق، كۆزدىن كەچۈرمەك، قارىماق: ۋەزىيەتنى كۆزەتمەك. ئەتراپنى كۆزەتمەك. * يېرىم سائەتتىن بېرى، شامەخسۇت بىلەن ھاشىر تەيجى ئوردا راۋىقىنىڭ ئۈستىدە بۇ ئەھۋاللارنى بىر كۆزلۈك ئۇزۇنچاق دۇربۇن بىلەن كۆزىتىپ تۇراتتى.

**كۆزەل** ئى. لوخو بېلىقىنىڭ بېلەكتەك ۋاقتى.

**كۆزەينەك** ئى [كۆز+ئەينەك] كۆزنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتىنى ئاشۇرۇش، كۆزنى كۈچلۈك كۈن نۇرى، شامال، قۇم-بوراندىن ئاسراش ئۈچۈن، كۆزگە تاقايدىغان ئەينەك.

**كۆزەينەكلىك** سۈپ. كۆزەينەك تاقىغان: ھويلىغا كۆزەينەكلىك بىر كىشى كىرىپ كەلدى.

**كۆزەينەكلىك يىلان** <زوئول> بىر خىل زەھەرلىك يىلان. بويۇن قىسمى ناھايىتى توم، ئۈستىدە بىر جۈپ چۆرىسى ئاق، ئوتتۇرىسى قارامتۇل كەلگەن ھالقىسمان ئالىسى بار. ئاچچىقى كېلىپ بېشىنى كۆتۈرگەندە بوينى كۆپۈپ چوڭىيىدۇ، ئۈستۈنكى ھالقىسمان ئالىسى

كۆزەينەككە ئوخشاپ قالىدۇ. زەھەرى كۆچلۈك، كىچىك ھايۋانلارنى يەيدۇ. تروپىك ۋە سۇبتروپىك رايونلارغا تارقالغان، دۆلىتىمىزنىڭ فۇجيەن ۋە گۇاڭدۇڭ ئۆلكىلىرىدە بار.

**كۆزسىمان** سۈپ. كۆزگە ئوخشايدىغان، كۆز شەكلىدىكى: كۆزسىمان قۇرۇلما.

**كۆزسىمان قۇرۇلما** <گېئول> بىر قىسىم گىنېيس ۋە ئارىلاشما جىنسلاردا، بەزىدە كۆزسىمان، لىنزىسىمان ياكى پېسمۇقسىمان بولغان چوڭراق دالا شپاتى كرىستالى، دالا شپاتى ياكى كۋارتسنىڭ قۇراشمىسىنى تارىشسىمان، تۈۋرۈكسىمان مىنېراللار ئوراپ تۇرغانلىقىنى، سىرتقى كۆرۈنۈشى كۆز ئالمىسىغا بەكمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگىلى بولىدۇ. شۇڭلاشقا «ئۇ كۆزسىمان قۇرۇلما» دەپ ئاتىلىپ قالغان.

**كۆز-قارىن** كۆز ۋە قارىن: خەلقنىڭ كۆز-قارنى يېمەك-ئىچمەك، كىيىم-كېچەككە تويدى.

**كۆز-قارنى توق** تەمەخور ئەمەس؛ باشقىلارنىڭ نەرسىسىگە كۆز سالمايدىغان: — بىز ئۇنداق-مۇنداق نەرسىلەرگە ئۆزىمىزنى بۇزىدىغانلاردىن ئەمەس، كۆز-قارنىمىز توق، — دېدىم ئاچچىقىمدا.

**كۆز-قۇلاق** كۆز ۋە قۇلاق: كۆز-قۇلاق بولماق.

**كۆز-قۇلاق بولماق** ① ھالىدىن خەۋەر ئالماق، دىققەت قىلماق: — بىز سەپەرگە چىقىدىغان بولۇپ قالدۇق، سىز قوشنا بولغانىدىن كېيىن، باللىرىمىزغا ئانچە-مۇنچە كۆز-قۇلاق بولۇپ قويارسىز، — دېدى سەلىم ئاكا كۆزىگە ياش ئېلىپ. ② كۆچمە. پايلىماق، پېيىگە چۈشمەك: سېيىت ھاجى ئابدۇراخماننىڭ بۇ يەرگە كەلگەن بىر ئايدىن بېرى ئۆزىگە كۆز-قۇلاق بولۇپ يۈرگەنلىكىنى سەزمىدى.

**كۆز-قۇلىقى پىشماق** كۆرۈپ، ئاڭلاپ خېلى نەرسىنى بىلىپ قالماق: ئابلا دەسلەپ كۆزى قورقۇپ، قولى تىترەپ، سودا-سېتىقنى يۈرۈشتۈرەلمەي دەسمايىسىنىڭ يېرىمىنى خورىتىپ بولۇپتۇ، لېكىن كۆپنى كۆرۈپ، كۆز-قۇلىقى پىشىپ، باي رەۋەندىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپتۇ.

**كۆز-كۆز** ← كۆز-كۆز قىلماق.

**كۆز-كۆز قىلماق** كۆرسىتىپ ماختانماق، داڭلاتماق: قوللىرىدا زىخچە ئالتۇن ۋە تىللانى جىرىڭلىتىپ، ئۆتكەن-كەچكەنلەرگە كۆز-كۆز قىلىپ يۈرۈشكەن بىرمۇنچە مەككار سەرراپلار گىدىيىپ ۋە ھىجىيىپ، تاپان تۇزاقلىرىغا جاي ۋە جان كۆزلەپ باراتتى. * ئەمەت كۆرۈك بۇ قالپاقنى «دورغامنىڭ ھەدىيىسى» دەپ ھەممىگە كۆز-كۆز قىلىپ ماختىنىشقا ئادەتلىنىپ قالغانىدى.

**كۆزگۈ** ئى. ئادەم ئۆزىنى كۆرىدىغان ئەينەك: — ئۇھ، قىزىم، پەرىنى گۈزەل دەيدىكەن، ئۇمۇ سەنچىلىك گۈزەل بولماس، — ئۇ شىرەدىكى كىچىك كۆزگۈنى ئېلىپ ئىپارگۈلگە بەردى، — مانا، ئۆزۈڭنى كۆرۈپ باق، ئىپارگۈل.

**كۆزگۈنەك** ئى. دىئال. كۆكنەك.

**كۆزلەشمەك** «كۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئىشتىن كېيىن ئېتىز يولىدا، قىز ۋە يىگىت خۇشال سۆزلەشتى. ئىزھار قىلىپ يۈرەك سىرىنى، مەقسىتىنى روشەن كۆزلەشتى.

**كۆزلەنمەك** «كۆزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كۆزلەنگەن نىشان. كۆزلەنگەن غايە.

**كۆزلۈك** ① سۈپ. كۆزى بار، كۆز قويۇلغان، كۆز ئورنىتىلغان: ياقۇت كۆزلۈك ئۈزۈك، ياقۇت كۆزلۈك ھالقا. * سارايدىكى ئالاھىدە

نەقىش ئويۇپ ئىشلەنگەن 40 تۇۋرۇكنىڭ ھەربىرىگە ۋاللىداپ تۇرغان توققۇز كۆزلۈك نەپىس مىس شامدان ئورنىتىلغانىدى. ② ئى. ماتا توقۇش دۇكىنىدىكى موللاقچىنىڭ ھەرىكىتى ئارقىلىق ئاستىن-ئۈستۈن ئۆرۈشلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ تۇرىدىغان، ھەربىر كۆزى ئۆرۈشلەرنى دانىمۇدانە ئايرىپ تۇرىدىغان جاھاز.

**كۆزلىمەك** پ ① بىرەر نەرسە ياكى مەقسەتنى كۆزدە تۇتماق، مۆلچەرلىمەك ۋە ئۇنىڭغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق: سىلەر ئۇلۇغ ئىشنى باشلىغانىدىڭلار، ئەمما ئىتتىپاقىڭلار ياخشى بولماي كېلىپتۇ. مانا ھازىرمۇ شۇنداق قىلىۋاتىسىلەر، مۇنداق قىلساڭلار كۆزلىگەن نىشانغا يېتەلمەيسىلەر. * ھەركۈنى ئاخشىمى ناخشا ئېيتىمەن، شۇ كوچاڭدىن ئەگىپ كېتەلمەي. بىر پەللىنى كۆزلەپ ماڭىمەن، ئاۋارىمەن تېخى يېتەلمەي. ② چەنلىمەك، نىشانغا ئالماق: تورۇسقا ئېسىقلىق تۇرغان ئون چىراغنى كۆزلەپ ئاپپالتىنى ئاتتىم، چىراغ جالاقلاپ يەرگە چۈشتى. * ئۇ بوي-تۇرقى، ئۇستىبېشى شەۋكەتىنىڭكىگە ئوخشايدىغان بىر ئوغۇل بالىنى يىراقتىن كۆردى-دە، قەدەملىرىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ، ئۇنى كۆزلەپ ماڭدى.

**كۆزنەك** ئى ① <بىن> دېرىزىنىڭ ھەربىر كۆزى. ② كىيىم تىكىش ماشى- نىسىنىڭ يىڭنە ئۆتۈشىدىغان تاختىسىمان دېتالى. ③ ھارۋا چاقىنىڭ بۇلى ئىچىگە ئورنىتىلىدىغان تۇرۇبا شەكىللىك دېتال. ④ <ماشىن> سىيرىلما قازانىنىڭ ئوق بىلەن تېگىشىدىغان قىسمى. ناھايىتى سىلىق كېلىدۇ. ئادەتتە تۇچ، مىس، سۇركىلىشنى ئازايتىدىغان بابىت بىرىكمى- سى قاتارلىق سۇركىلىشكە چىداملىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ. ئالاھىدە ئەھۋال ئاستىدا، ياغاچ، سۇلياۋ ياكى رېزىنكىدىن ياسىسىمۇ بولىدۇ.

**كۆزنىتىش** «كۆزەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: كۆزنىتىش پەشتىقى. كۆزنىتىش پونكىتى.

**كۆزنىتىش پەشتىقى** <بىن> يىراقنى كۆزنىتىش ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما.

**كۆزنىتىش پونكىتى** <ھەرب> ئارمىيە ئۇرۇش قىلغانىدا جەڭ مەيدانىنى كۆزنىتىدىغان ئورۇن. ئادەتتە يوشۇرۇن ھەم كۆزنىتىشكە قولايلىق جايغا ئورۇن- لاشتۇرۇلىدۇ.

**كۆزنىتىش چىرىغى** <ھەرب> يىراق ئارىلىقتىكى نىشاننى ئىزدەش ۋە يورۇتۇش- قا ئىشلىتىلىدىغان چىراغ. ھەربىي ئىشلار جەھەتتە ئاساسەن ھاۋا بوشلۇقىدىكى، يەر ئۈستىدىكى ۋە سۇدىكى نىشانلارنى ئىزدەش ۋە يورۇتۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆزنىتىش قۇدۇقى** <سۇ> يەر ئاستى سۈيىنىڭ ئورنى، تېمپېراتۇرىسى ۋە خىمىيىلىك تەركىبى قاتارلىقلارنى كۆزد- تىدىغان بۇرغىلاش قۇدۇقى. بۇ خىل قۇدۇق ئارقىلىق كۆزنىتىلگەن ماتېرىياللار- دىن سۇلۇق قاتلامنىڭ سۇ ئۆتكۈزۈش كوئېففىتسېنتى ۋە تەسىر قىلىش رادىئۇسى قاتارلىقلارنى ھېسابلاپ چىققىلى بولىدۇ.

**كۆسەك** ئى. دىئال. كېۋەزنىڭ مايسا دەۋرىدىن غوزا تۇتۇش دەۋرىگىچە بولغان ۋاقتى.

**كۆسەي** ئى ① تونۇرنىڭ ئوتىنى يىغىدىغان ۋە ئوت چۇخچىلايدىغان ئۇزۇن ياغاچ ۋە شۇنىڭ رولىنى ئوينايدىغان نەرسە: كۆسەي ئۇزۇن بولسا، قول كۆيمەس (ماقال). * كۆسەيىنى ئۇزۇن قىل، گەپنى قىسقا (قىل) (ماقال). ② كۆچمە. جان ت. مىلتىقى- نىڭ كەپلىشىپ ئېتىلىشى: — قېرىلارنىڭ

ئېيتىشچە، نەچچە زامانلاردىن بۇيان ۋالىـغو-جىلار مۇشۇ «كۆسەي» بىلەن ئەلنى قورقۇتۇپ، بوينىمىزغا مىنىپ كەلگەن. * شۇ قارا كۆسەي بىزدە بولمىغانلىقتىن، بەگ ھۆركىرەپ يۇرتقا پاتماي كەتتى.

**كۆشەتمەك** «كۆشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەگەر كۆشەيدىغان ماللارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتسە، ئېغىزىغا كۆشەك سېلىپ كۆشەتسە، قورساق كۆپۈكى يانىدۇ.

**كۆشەشمەك** «كۆشمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تۆگىلەر چۆپلۈكتە ياتار كۆششىپ، سۇ ئىچىپ قېنىشار قويلار بۇلاقتىن. يايلاقنى بۆشۈكتەك تەۋرىتىپ لەرزان، چۇپان قىز ناخشىسى ياڭرار ئۇزاقتىن.

**كۆشەك** ئى ① ھايۋانلارنىڭ بىرنەرسىنى يەپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن بېشىغا كىيدۈ-رۈپ قويىدىغان تور. ② كۆشەيدىغان ھايۋانلارنىڭ قورسىقى كۆپۈپ كەتكەندە كۆپۈكنى ياندۇرۇش ئۈچۈن ئاغزىغا توغرا سالىدىغان ياغاچ. ③ كۆشەيدىغان ھايۋانلارنىڭ قوۋۇزى.

**كۆشۈك** ئى. چىغ ۋە كۆلىدىن تور شەكلى-دە توقۇلىدىغان تاغار: باينىڭ كۆشۈكىدە سۇ توختار (ماقال). * شۇ چاغدا كۆشۈكتە سامان كۆتۈرۈپ چىقىپ كېلىۋاتقان تۇرسۇن ئېتىلىپ كېلىپ، سېمىز قىزنى تۇتۇۋالدى.

**كۆشۈك هارۋا** لەڭگازىسىنى سىم ۋە تاللاردىن كۆشۈككە ئوخشاش توقۇغان هارۋا: ئۇ ئوڭقول سەردارغا قىلىچ ئۇرۇپ، ئۇنى ئاتتىن تىك موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى، باشقىلىرى كۆشۈك هارۋىنى تاشلاپ بەدەر قاچتى.

**كۆشۈكى بىر تىيىن** ناھايىتى ئەرزان، قىممىتى يوق، ئەرزىمەس: ئەجەب ۋاي دەپ كەتتىڭا، ئۇنداق نېمىلەرنىڭ كۆشۈكى بىر تىيىن.

**كۆشۈكى ئىككى پۇل** ← **كۆشۈكى بىر تىيىن.**

**كۆشۈكلۈك** سۈپ. كۆشۈكى بار، كۆشۈك ئارتقان: ئۇزاق ساقلاشقىمۇ توغرا كەلمىدى، كوزا-قاچا قاچىلانغان يەتتە-سەككىز كۆشۈكلۈك ئېشەكلەرنى ئالدىغا سالغان ئۈچ-تۆت ئادەم كۆرۈندى.

**كۆشۈگە** ئى ① كارىۋاتقا تارتىلىدىغان پەردە، چىمىلدىق: يىغلىما قىز، يىغلىما، توييۇڭ بولدى، ئالتۇن گۈللۈك كۆشۈگە ئۆيۈڭ بولدى. ② ئەتلەس توقۇشتا موكىنىڭ دۇكان ئورنىغا چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن تارتىلغان رەخت.

**كۆشگۈچىلەر** ئى <زوئول> جۈپ تۇياقلىقلار ئىچىدىكى بەزى ھايۋانلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ھايۋانلارنىڭ ئاشقازىنى چوڭ قېرىن، ئۆپكە ئاغزى، توققۇزتونلۇق ۋە شىردانىدىن ئىبارەت تۆتكە بۆلۈنىدۇ. ئوزۇق يۇتۇلغاندىن كېيىن ئالدى بىلەن چوڭ قېرىنغا، ئاندىن ئۆپكە ئاغزىغا ئۆتىدۇ، ئۇنىدىن كېيىن قايتا ئېغىزغا قايتۇرۇلۇپ يۇمشىتىلىدۇ، ئاندىن توققۇزتون-لۇق، شىردانغا ئۆتۈپ ھەزىم قىلىنىدۇ. مەسىلەن، كالا، قوي، بۇغا قاتارلىقلار. بەزىلىرىنىڭ ئاشقازىنى ئۈچكە بۆلۈنۈپ، توققۇزتونلۇق بىلەن شىردان بىرلىشىپ كەتكەن. بۇنىڭغا تۆگە مىسال بولالايدۇ.

**كۆشمەك** پ. ئوزۇقلىنىپ بولغاندىن كېيىن، شۇ يېگەن نەرسىسىنى ئوبدان سىڭدۈ-رۈش ئۈچۈن قايتىدىن ئېغىزىغا ئەكىلىپ چاينىماق (كۆشۈگۈچى ھايۋانلار ھەققى-دە): چاينىماي يېگەن كۆشمەي ئۆلەر (ماقال). * چېچەن يىگىت يىلاننىڭ كۆشىگىنى-نى بىلەر (ماقال). * ئىشىككە قاراپ ماڭدىم، ئېغىلدىن كالىنىڭ ئېغىر پۇشۇلدىشى ۋە

كۆشىگىنى ئاڭلاندى.

**كۆك** I ① سۈپ. تىنىق ئاسمان رەڭگىدىكى، قېنىق هاۋا رەڭ، ماۋى: كۆك ئامفىبول. كۆك قاشتېشى. كۆك كۆز. كۆك ياقۇت. ② ئى. يەر ئۈستىدە گۈمبەز شەكلىدە كۆرۈنۈپ تۇرغان هاۋا قاتلىمى، ئاسمان: كۆكتە ئۇچماق. كۆكتە پەرۋاز قىلماق. كۆككە كۆتۈرۈلمەك. * كۆكتە چولپاندەك يورۇپ، جەۋلان قىلىپ كەل مەرهابا. هەممىنى شاد ئەيلىبان سەيلان قىلىپ كەل مەرهابا. ③ ئى. يېڭى چىققان، ئۆسۈۋاتقان ئوت-چۆپ: ماللار كۆككە تويدى. * دالا ئىنتايىن ياخشى ئىدى. دەريانىڭ سۈيى تېشىپ، يەرلەر يۇمشاپ، كۆك چىققان چاغ، كاككۇك گۈلى هەممە يەردە ئېچىلىپ كەتكەن. ④ ئى. كۆكتات (ئاساسەن بېدىنىڭ يۇمران ۋاقتى كۆزدە تۇتۇلىدۇ): كۆك چۆچۈرىسى. كۆك سامسىسى. ⑤ سۈپ. يېشىل: كۆك تاماكا. كۆك ئامۇت. كۆك ئەمەن. كۆك بانان. ⑥ سۈپ. پىشمىغان، خام (مېۋە-چېۋە، يەل-يېمىش هەققىدە): كۆك غورا. كۆك سويما. * كۆك غورىنى تولا يەپ چىشىم قاماپ كەتكەندى. ⑦ ئى. سەي-كۆكتاتلارنىڭ يوپۇرمىقى: سەۋزە كۆكى. لوبۇ كۆكى. * پىيازنى كۆكىدىن باغلاپ كارىدور ياكى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ تېمىغا ئېسىپ قويسا قىشچە هېچنېمە بولماي تۇرىدۇ. ⑧ ئى. تاياق زەربىسى ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق تېگىشىدىن بەدەندە قالغان كۆك رەڭلىك ئىز: بەدەنگە كۆك چۈشمەك.

**كۆك ئامفىبول** <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى ئامفىبولنىڭ بىر خىلى. خىمىيىلىك تەركىبى $\cdot Na_2Mg_3Al_2(Si_4O_{11})_2(OH)_2$ ئادەتتە رادىئوئاكتىپلىق، تالاسىمان قۇراشما هالەتلىرىدە، رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل كۆك ۋە توق كۆكتىن قارا كۆككىچە كېلىدۇ. ئىز سىزىقى ئاچ كۆك ئارىلاش كۆل رەڭ. ئۇ پەقەت مېتامورفىلىق جىنسلار ئىچىدىكى كۆك تارىشا جىنسلاردا كۆپرەك ئۇچرايدۇ.

**كۆك ئامفىبوللۇق تارىشا جىنس** <گېئول> تەركىبىدە كۆك ئامفىبول ياكى لاۋسونىت، قاتتىق قاشتېشى، ئاراگونىت قاتارلىق يۇقىرى بېسىم، تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا ئۆزگەرگەن مىنېراللار بولغان رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنسلارنىڭ ئورتاق نامى.

**كۆك ئامۇت** <بوت> ① نەشپۈتنىڭ بىر خىل سورتى. غولى ئېگىز ۋە ئەگرىرەك ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى سوزۇنچاق، قىرى سىدام. مېۋىسىنىڭ ساپاق تەرىپى ۋە تۇمشۇق تەرىپى سوزۇنچاق، ئوتتۇرىسى قورساقلىق كېلىدۇ. پوستى قېلىن، ئەسلىي رەڭگى سارغۇچ يېشىل ياكى ئاچ يېشىل بولىدۇ، ساقلىغاندىن كېيىن سارغىيىدۇ. گۆشى يۇمشاق، سۇلۇق، تەمى چۈچۈمەلرەك، شىرنىلىك كېلىدۇ. 9-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ پىشىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كۆك ئەمەن** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر ياكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ۋە كۆپ شاخلىق، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسۈپ، ئىككى-ئۈچ قايتىلىنىپ پەيسىمان يېرىلىدۇ، يېرىقچە ياپراقچىلىرى ئۇزۇن تۇخۇمسىمان ياكى كەڭرەك يىپسىمان بولىدۇ. گۈلى يېرىم شار شەكلىدە بولۇپ، باشسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. رەڭگى سېرىق، بەك سېسىق پۇرايدۇ. تىبابەتتە قاننى سوۋۇتۇش، قان توختىتىش، ئىسسىق ئۆتۈشنى قايتۇرۇش رولى بار.

**كۆك باستۇرماق** يېشىل ئوغۇت زىرائەتلە-
رى ياكى يىغقان ياۋايى ئوت-چۆپلەر
ۋە دەل-دەرەخ يوپۇرماقلىرىنى ئېتىزغا
كۆمۈپ ئوغۇت قىلماق.

**كۆك بانان** <بوت> ① بانانىنىڭ بىر
خىلى. غولى ئوتتۇرا ھال ئۆسىدۇ.
مېۋىسىنىڭ ساپاق تەرىپى چوڭ، تۇمشۇقى
ئۇچلۇق كېلىدۇ. پوستى قېلىن، رەڭگى
ئاقۇچ كۆك، ئاپتاپ تەگكەن تەرىپى
سۇس بېغىر رەڭ بولىدۇ. ساقلىغاندا
يېشىلغا مايىلراق سارغىيىدۇ. گۆشى
يۇمشاق، چۇرۇكرەك، تەمى شېرىن.
دەسلەپتە چۈچۈمەل، بىرئاز بانان
تەمدە بولىدۇ؛ مەلۇم ۋاقىت ساقلىغاند-
ىن كېيىن، تولۇق بانان تەمگە
كىرىدۇ. 9-ئاينىڭ ئاخىرى، 10-ئاينىڭ
باشلىرىدا پىشىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈم-
لۈكنىڭ مېۋىسى.

**كۆك بۇيا** <بوت> ← **چۈچۈك بۇيا.**

**كۆك پاچاق قىلىۋرغا** <زوئول> قىلىۋرغى-
نىڭ بىر خىلى. پاچىقى كۆك كېلىدۇ.

**كۆك پۇرچاق** <بوت> ← **سەي
پۇرچىقى.**

**كۆك تارىشا جىنس** <گېئول> ← **كۆك
ئامفىبوللۇق تارىشا جىنس.**

**كۆك تاشپاختا** <گېئول> بىر خىل
مىنېرال، ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى
$\cdot Na_2Fe^{2+}_3 Fe^{3+}_2 (Si_4O_{11})_2(OH)_2$ ئۇ
پىيېكىتىنىڭ ئىككىنچى تۈرى بولۇپ،
تالاسىمان قۇراشما ھالەتتە كېلىدۇ.
كىسلاتا ۋە ئاساسلارغا چىدامىلىق كېلىدۇ.
ئۇنىڭ يەنە خىمىيىلىك زەھەرلىك
ماددىلاردىن مۇداپىئەلىنىش ۋە رادى-
ئوئاكتىپلىق ماددىلار بىلەن بۇلغانغان
ھاۋانى ساپلاشتۇرۇش خۇسۇسىيىتى
بولىدۇ. ئادەتتە مۇھىم ستراتېگىيىلىك
ماددىي ئەشيا ھېسابلىنىدۇ.

**كۆك تاشقا مىنمەك** دىئال. مۇراد-مەقسەت-
كە يەتمەك.

**كۆك تاماكا** <بوت> تاماكىنىڭ بىر
خىلى. يوپۇرمىقى يېشىل، قۇرۇغاندىمۇ
يېشىل قۇرۇيدۇ. غول ۋە يوپۇرمىقىدىن
تاماكا ياسىلىدۇ.

**كۆك تەڭرى** <دىن> شامانىستلار
كائىناتنى ئۈچ قىسىمغا ئايرىپ چۈشىنىدۇ:
بۇنىڭ بىرىنچىسى – «كۆك تەڭرى».
شامانىزمدا كۆك تەڭرى ئاسماننىڭ
بەلگىلىك بىر قەۋىتىدە، ئىنسانغا ئوخشى-
غان بىر مەۋجۇدات سۈپىتىدە تەسەۋۋۇر
قىلىنىدۇ. بەزى قەبىلىلەردە بىرلا كۆك
تەڭرىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىدۇ، يەنە
بەزىلىرىدە بۇلارنىڭ سانى، ئىسىملىرى
ھەم ۋەزىپىلىرى ئۆزگەرگەن ھالدا
قوبۇل قىلىنغان.

**كۆك تومۇر** <ئانات> ← **ۋېنا.**

**كۆك تېرەك** <بوت> تال تېرەكلەر
ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان
دەرەخ. قوۋزىقى كۈل رەڭگە مايىل
قوڭۇر، يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە،
يوپۇرماق سېپى قىسقىراق كېلىدۇ. گۈلى
پوتلىسىمان گۈل رېتىدە بولىدۇ. مېۋىسى
سوقىچاق. ياغىچى ئاق ۋە يۇمشاق
بولۇپ، قۇرۇلۇشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆك جۇخار** <بوت> ① مۇرەككەپ
گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق،
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى
تۇخۇم شەكىللىك ياكى ئۇزۇن سوقىچاق،
گۈلى باشسىمان گۈل رېتىدە بولۇپ،
سۇس قىزىل، ئاق رەڭلەردە بولىدۇ.
مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ.
② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**كۆك چاي** <بوت> چاينىڭ چوڭ بىر

تۈرى. ئادەتتە يېڭى چاي تەركىبىدىكى ئېنزىملارنى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا بۇزۇۋې-تىپ، ئۇنىڭ ئېچىشىنى تورمۇزلاش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ. دەملەنگەندە ئەسلىدىكى يېشىل رەڭگىنى ساقلاپ قالالايدۇ. ئۇنىڭ يەنە «لوڭجىڭ چېيى» ۋە «دافاڭ»-غا ئوخشاش تۈرلىرى بولىدۇ.

**كۆك چۈشمەك** تاياق زەربىسى ياكى باشقا بىرەر نەرسىنىڭ قاتتىق تېگىشىدىن ئادەم بەدىنىدە كۆك رەڭلىك ئىز پەيدا بولماق: يۈز-كۆزىگە چۈشكەن كۆك ئۇنىڭ قانچىلىك تاياق يېگەنلىكىنى مانا مەن دەپ كۆرسىتىپ تۇراتتى.

**كۆك چېرتيوژ** <بىن> نۇر ئۆتكەندىن كېيىن كۆككە ئۆزگەرگەن نۇر سەزگۈچى قەغەزگە سىزىلغان چېرتيوژ.

**كۆك دۈمبىلىك مۈكا بېلىق** <زوئول> بېلىقلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى مۈكا شەكىللىك ھەم سەل ياپىلاق، تەڭگە-چىلىرى يۇمىلاق ھەم ئۇششاق؛ بېشى ئۇچلۇق، ئېغىزى چوڭ كېلىدۇ.

**كۆك رەڭ** <گ سەن> ① ئوچۇق ئاسا-سىي رەڭدىن بىرى، يەنى ھاۋا ئوچۇق ۋاقىتتىكى ئاسمانغا ئوخشاش بىر خىل رەڭ. دولقۇن ئۇزۇنلۇقى 430 ـ 470 مىللىمىكرون بولىدۇ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە، شۇ خىل رەڭدە بويالغان ياكى شۇنداق رەڭ بېرىلگەن، ماۋى، زەڭگەر.

**كۆك رەيھان** <بوت> كالپۇكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۆت قىرلىق، يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىللىك ياكى كەڭ تۇخۇم شەكىللىك، گۈلى ئاق، مېۋىسى تۇخۇم شەكىللىك. غول ۋە يوپۇرمىقىدىن پۇراقلىق ماي ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**كۆك زەمىش** تاغدىن چىقىدىغان بىر خىل رەڭلىك مەدەن.

**كۆك سامسى** كۆك بىلەن قوي مېيىدا قىلىنغان قيىمىدا تۈگۈلگەن سامسا.

**كۆك سۈت** قايمىقىنى ئېلىۋالغان سۈت.

**كۆك سۈيى** زىرائەتلەر يېڭى ئۈنۈپ چىققان چاغدا قويۇلىدىغان سۇ.

**كۆك سېغىز** <گېئول> ← **تالك.**

**كۆك قاشتېشى** <گېئول> قاشتېشىنىڭ بىر خىلى. رەڭگى كۆكۈچ بولىدۇ.

**كۆك قاشقىر** <بوت> ئۈزۈمنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يۇمىلاق، رەڭگى كۆكۈچ، پوستى قىزىل سايىۋىدىن قېلىن-راق كېلىدۇ.

**كۆك قاغا** <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 35 سانتىمېترغا يېتىدۇ. دۈمبىسىدىكى پەيلىرى سۇس سارغۇچ قوڭۇردىن توق قوڭۇرغىچە، قانات پەيلىرى كۆك، ئۇچى قارا، پوكىنى كۆك كېلىدۇ. تاغ ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. شىنجاڭ-نىڭ غەرب تەرەپلىرىدە ئۇچرايدۇ.

**كۆك قامچىئوت** <بوت> قامچىئوت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى قىزغۇچ سۆسۈن، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، قۇرۇغان چاغدا تۇتۇق كۆك رەڭگە كېلىدۇ، گۈلى سۇس قىزىل، مېۋىسى ئورۇق مېۋە، رەڭگى قارا، قوڭۇر. يوپۇرمىقىنىڭ كۆك شىرنىسى بولۇپ، كۆك رەڭلىك بوياق ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ.

**كۆك كاۋا** <بوت> ← **تەكىيە كاۋا.**

**كۆك كەپتەر** <زوئول> كەپتەرنىڭ بىر خىلى. رەڭگى كۆككە مايىل كۈل رەڭ كېلىدۇ. باچكىسىنىڭ گۆشى تىبا-بەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**كۆككە چىقارماق** ← **كۆككە كۆتۈرمەك**: — ئۇنى ماختاپ كۆككە چىقىرىۋەتتىڭغۇ! — دېدى رۇستەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

**كۆككە سورۇماق** بۇزۇپ-چاچماق، ۋەيران قىلماق: دۆڭ بازاردىكى ئاتا-بوۋىمىزنىڭ يەرلىكى كۆككە سورۇلدى. * شۇنداق قىلىپ زەينەپ ئانىنىڭ نەچچە يىللاپ تاپقان-تەرگىنىنى ئەركىن بىر ئايدىلا كۆككە سورۇدى.

**كۆككە سېغىنىش** <دىن> كۆككە ياكى كۆك تەڭرىگە چوقۇنىدىغان بىر خىل دىنىي ئېتىقاد فورمىسى.

**كۆككە كۆتۈرمەك** ھەددىدىن زىيادە ماختىماق، ماختاپ ئۇچۇرماق: ئۇ ھەدەپ يۇسۇپ چوڭنى كۆككە كۆتۈرەتتى. * ھەر تەرەپ ئۆزى ھىمايە قىلغان كىشىنىڭ خىسلەت-پەزىلەتلىرىنى ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ، ئۆزى رەت قىلغان كىشىنىڭ ئېۋەن-نۇقسانلىرىنى كۆپتۈرۈشتى.

**كۆككە ئۇچۇرماق** ← **كۆككە كۆتۈرمەك**: ئۆمەرجان كۆككە ئۇچۇرۇشلاردىن خاپا بولۇش بۇ ياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە، كۆڭلىنى خۇشاللىق شارابى بىلەن مەست قىلىپ ئۆيىگە قايتتى.

**كۆك كېزەك** ← **خام سەي.**

**كۆك گۆھەر** <گېئول> گۆھەرنىڭ بىر خىلى. رەڭگى سۈزۈك ياقۇتتىن قېنىق، يېشىل، كۆك رەڭلىك، سۈزۈك ياكى يېرىم سۈزۈك كېلىدۇ. قېنىق كۆك سۈزۈك بولغانلىرى قىممەتلىك گۆھەر ھېسابلىنىدۇ.

**كۆك لازا** <بوت> ← **قاپاق لازا.**

**كۆك مەشرىپى** ئۇيغۇرلارنىڭ مەشرەپ ئويۇنلىرىنىڭ بىر خىلى. بۇ ئويۇندا دېھقانلار كۈزلۈك ھوسۇلنى يىغىپ بولغاندىن كېيىن، بىرەيلەن ئۆيدە بىر قاچىغا بىر تال مايسا ئۈندۈرۈپ كىشىلەرنى ئۆيگە چاقىرىپ مەشرەپ بېرىدۇ. ئۇ ئادەم ھېلىقى تەشتەكتە ئۆستۈرگەن مايسىنى ئۆزىنىڭ كۆڭلى تارتقان بىرەيلەنگە بېيىت بىلەن تۇتىدۇ. ئىككىنچى بىر ئادەم تەشتەكتىكى مايسىنى ئېلىپ مەشرەپ بېرىپ يەنە بىرەيلەنگە بېيىت ئېيتىپ تۇتىدۇ. شۇنداق قىلىپ، تەشتەكتىكى مايسا ئۆيمۇئۆي ئايلىنىپ مەشرەپ ئەتىيازغىچە داۋاملىشىدۇ.

**كۆك مىس** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى CuS. بۇنىڭدىكى مىس تەركىبى 66.5% . ئالتە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. ئادەتتە ئۇششاق ياپراقسىمان، پەردىسىمان ياكى تۇۋرۇكسىمان قۇراشما ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ قېنىق كۆك رەڭدە بولۇپ، ئىز سىزىقى كۈل رەڭدىن قارا رەڭگىچە بولىدۇ. مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 1.5 — 2، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 4.67 — 5.59. نېپىز ياپراقچىلىرى ئاز-تولا ئېلاستىكلىققا ئىگە.

**كۆك مىس تاش** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $Cu_3(CO_3)_2(OH)_2$. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى تۇۋرۇكسىمان ياكى تاختىسىمان بولىدۇ. كۆپىنچە دانىچە، كاللەك، چاچما تور، توپا ياكى قاسىراق شەكىللىرىدىكى قۇراشما ھالىتىدە كېلىدۇ. رەڭگى كۆك، سىزىق ئىزى ئاچ كۆك. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 3.5 — 4. ھەم چۈرۈك، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 3.7 — 3.9. ئادەتتە مىس تاۋلاشتىكى قوشۇمچە خام ئەشيا ھېسابلىنىدۇ. ساپلىرىدىن كۆك بوياق ئىشلىنىدۇ.

**كۆك نامرات** ئىنتايىن كەمبەغەل: ئاشۇ تاش يۈرەك تەقدىر ئەۋلادمۇئەۋلاد مۇشۇ يۇرتتا تەر تۆكۈپ كەلگەن بۇ ئائىلىنى تا ھېلىغىچە كۆك نامرات ھالىتىدە تۇتۇپ كەلگەنىدى.

**كۆك ئوغۇت** ← **يېشىل ئوغۇت.**

**كۆك ئوغۇت زىرائەتلىرى** ← **يېشىل ئوغۇت زىرائەتلىرى.**

**كۆك ئېرىق** <سۇ> ئوق ئېرىقتىن بۆلۈنۈپ چىققان تارماق ئېرىق.

**كۆك ئىنەك سۈتى** دىئال. دورىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئېشەك سۈتى.

**كۆكنى ساتماق** زىرائەت تېرىلغان ئېتىزنىڭ زىرائىتىنى ياكى باغنىڭ شۇ يىللىق ھوسۇلىنى ساتماق.

**كۆك ياقۇت** <گېئول> ياقۇتنىڭ كۆك رەڭلىك بىر خىلى.

**كۆك يۇسۇن** <بوت> يۇسۇنلەرنىڭ چوڭ بىر تىپى. دېڭىز سۇلىرىدا، تاتلىق سۇدا ياكى قۇرۇقلۇقنىڭ نەم، سايە جايلىرىدا ئۆسىدۇ. بىر ھۈجەيرىدىن ياكى كۆپ ھۈجەيرىدىن تۈزۈلگەن. ئادەتتە كۆك يېشىل رەڭدە بولىدۇ. بەزىلىرى قىزىل ياكى سۆسۈن رەڭلەردىمۇ بولىدۇ.

**كۆك** II ئى. يوغان ئاتلاپ تىكىلگەن تىكىچ: كۆك سالماق. كۆكنى سۆكمەك.

**كۆك سالماق** كىيىم-كېچەك، يوتقان كۆرپە قاتارلىقلارنى قولدا يىڭنە بىلەن چوڭ ئاتلاپ تىكمەك: چاپانغا كۆك سالماق.

**كۆك** III ئى. ئەسلى، تەكت، تېگى-تەكت، ئەجداد: كۆكۈڭ كىم؟

**كۆك** IV سۈپ. دىئال. كۆكەرمە، ئۇششۇق، مۇتتەھەم.

**كۆكەرتمەك** «كۆكەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆز دائىرىسىنى داۋاملىق كۆكەرتىپ، دەل-دەرەخ تىكمىسە، بوران ئېغىزىدىكى مەۋجۇت ئىماتە ۋەيران بولۇپ كېتىپ، پۈتۈن يۇرت بېشىغا كېلىدىغان خەۋپنىڭ ھەسسىلەپ كۈچىيىشى تۇرغان گەپ ئىدى.

**كۆكەرتىشمەك** «كۆكەرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆكەرتىلمەك** «كۆكەرتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: دەرۋازىنىڭ ئالدىدا، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ئىككى شىرنىڭ تاش ھەيكىلى ئورنىتىلغان ۋە شۇ يەردىن باشلاپ ئىككى قاتار سېدە دەرىخى كۆكەرتىلگەنىدى.

**كۆكەرمە** سۈپ. جېدەلخور، ئۆكتەم، ئۇششۇق: — بۇ كۆكەرمە قېرىنى دادۇي ئىشخانىسىغا ئېلىپ بېرىڭلار! — دېدى قاسىم تولۇق مىنبەڭلارغا بۇيرۇق قىلىپ. // مەسۇم «مەن مۇشۇنداق دەيمەن» دەپ ھېلىقى كۆكەرمىنى راسا سېلىشقا باشلىدى.

**كۆكەرمەك** پ ① دەل-دەرەخ يوپۇرماق چىقىرىپ، گۈل-گىياھلار ئۈنۈپ، كۆك ھالەتكە كەلمەك: ئەمگەك بىلەن ئەر كۆكىرەر، يامغۇر بىلەن يەر (كۆكىرەر) (ماقال). * بېخىلنىڭ بېغى كۆكەرمەس (ماقال). * دەريا سۈيى كەلگەندىن كېيىن، چۆللەر كۆكىرىپتۇ، ئانارلار كۆكلەپتۇ. ② <بىئول> ئورگانىك ماددىلار كۆكىرىك زەمبۇرۇغىنىڭ پەيدا بولۇشى بىلەن بۇزۇلۇپ، سۈپىتىنى ئۆزگەرتمەك؛ پاختىلاشماق: نان كۆكىرىپ قالماق. ③ كۆچمە. ئاچچىقلانماق، خاپا بولماق: ھە بىكاردىن-بىكار نېمىگە كۆكىرىسەن؟ قىلمىغان بولساڭ چىرايىڭچە گەپ قىلساڭ بولىدىغۇ! ④ كۆچمە. بەك توڭۇپ كەتمەك، مۇزلاپ كەتمەك: ئۇنىڭ قۇلاقلىرى توڭلاپ كۆكىرىپ كەتكەنىدى.

**كۆكەرملىك** «كۆكەرمە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ كىچىككىنە ئەرزىمەس

بىر ئىش ئۈچۈن ھەرقانداق بىر ئادەمنى ھاقارەت قىلىپ تىللايدىغان، ھەدېسلا چاپىنىنى سېلىپ تاشلىۋېتىپ، كۆكەرمىلىك قىلىپ ئوتتۇرىغا ئېتىلىپ چىقىدىغان بولۇۋالدى.

**كۆكەرمىلىك قىلماق** ئۇششۇقلۇق، ئۆكتەمىلىك قىلماق: ھەدېسلا كۆكەرمىلىك قىلما.

**كۆكباش** ئى [كۆك+باش] يېڭىدىن دان تۇتقان، تېخى رەسمىي پىشمىغان، سۈتى قاتمىغان قوناق: سېۋەتنىڭ ئۈستىگە يېيىلغان ئۆجمە يوپۇرماقلىرى چېچىلىپ، تېگىدىكى كۆكباشلار كۆرۈنۈپ قېلىپتۇ.

**كۆكبوغۇم** ئى [كۆك+بوغۇم] <بوت> كۆكبوغۇم ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆرۈنۈشى چاتقالغا ئوخشايدۇ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، سېپى بار، ئېلىپس شەكىللىك، گىرۋىكىدە ھەرە چىشى بار، تۇتۇق يېشىل، پارقىراق. گۈلى سۆسۈن، غول يوپۇرمىقىدىن كۆك بوياق ئېلىنىدۇ.

**كۆكبېشى** ئى [كۆك+باش+ى] كونا ① سۇغا قارايدىغان ئادەم، مىراب: ئاتاڭ كۆكبېشى بولغۇچە، ئۆيۈڭ سۇ بېشى بولسۇن (ماقال). * كۆكبېشىدىن تونۇشۇڭ بولسا، ئېرىقىڭدا سۇيۇڭ كېمەيمەس (ماقال). ② زىرائەت ۋە ئوت-چۆپلەرگە قارايدىغان كىشى.

**كۆكبېشىلىك** ئى ① سۇغا قاراش، سۇ باشقۇرۇش ئىشى. ② زىرائەت ۋە ئوت-چۆپلەرگە قاراش ئىشى: سەن رازاق ئاتىتىن چۈشمەي كۆكبېشىلىك قىلىپ بەرگىن، ئېتىز ئىشىڭنى ئەزالارغا قىلدۇرىمەن.

**كۆكپىت** [كۆك+پىت] ① ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى ياپىلاقراق يۇمىلاق، رەڭگى يېشىل، سېرىق ياكى قوڭۇر، قورساقى چوڭ. تۇرلىرى كۆپ، بەزىلىرى ئۆيى ھايۋانلىرىدا بولىدۇ؛ بەزىلىرى ئۆسۈملۈكنىڭ شىرنىسىنى شوراپ، زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ. ② سۆپ. كۆچمە. مۇتتەھەم، ئۇششۇق، بىشەم: كۆكپىت ئادەم.

**كۆكپىت باسماق** ئەبگالىشىپ كەتمەك: «ھوقۇقىدىن ئايرىلىپلا كۆكپىت باستى» دېگەن سۆز-چۆچەككە قالماسلىقى ئۈچۈن، يەنىلا كۆپ پۇل بولۇشى كېرەك.

**كۆكتات** ئى. كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئىستېمال قىلىنىدىغان ئوتياش، سەيلەر: كۆكتات تېرىماق. كۆكتات ئالماق.

**كۆكتات بازىرى** مەخسۇس ئوتياش، سەي ساتىدىغان جاي، بازار.

**كۆكتات پىتى** <زوئول> كۆكپىتنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە كاپۇستا، زاغۇن، تۇرۇپ قاتارلىق كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆكتاتلارغا زىيان سالىدۇ.

**كۆكتات كېپىنەكى** <زوئول> بىر خىل ئاق رەڭلىك كېپىنەك. قارا داغلىرى بولىدۇ. لىچىنكىسى كۆكتاتلارنىڭ زىيانداشى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆكتات ئۇرۇقى** <بوت> كۆكتاتلارنىڭ تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان ئۇرۇقى.

**كۆكتات يوپۇرمىقى قوڭغۇزى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. ئادەتتە چوڭ ۋە كىچىك دەپ ئىككى خىلغا ئايرىلىدۇ. چوڭلىرى ئۇزۇن، ئېلىپس شەكىلدە كېلىدۇ، قالقان قانىتىدا رەتسىز جايلاشقان سەپكۈنلىرى بولىدۇ؛ كىچىكلىرى قىسقا ئېلىپس شەكىلدە كېلىدۇ، قالقان قانىتىدا رەتلىك جايلاشقان ئۇششاق سەپكۈنلىرى بولىدۇ. يېتىلگىنى ۋە لىچىنكىسى كۆكتاتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا زىيانلىق.

**كۆكتاتچى** ئى. كۆكتات تېرىپ ساتىدىغان ئادەم.

**كۆكتاتچىلىق** ئى. كۆكتات تېرىش ۋە سېتىش ئىشى: پەرھات بىنەمگە چىقىپ

كېتىشتىن ئىبلگىرى رەھبەرلىك بىلەن ئېيتىشىپ يۈرۈپ، دۇرنەمنى مەھەللە ئىچىگە كۆكتاتچىلىق گۇرۇپپىسىدا ئىشلەشكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى.

**كۆكتاتلىق** ئى. كۆكتات ئۆستۈرۈلگەن جاي، ئورۇن: ئابلا ئارقىسىغا يېنىپ، كۆكتاتلىق ئىچىگە ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئالما كۆچىتىنىڭ ئالدىغا كەلدى. * سېپىل سىرتىدىكى كۆكتاتلىق، قوغۇن-تاۋۇزلارنى تەكشى ئوت-چۆپ بېسىپ كەتكەنىدى.

**كۆكتارغاق** ئى [كۆك+تارغاق] <زوئول> ← **كۆكتارغاقلار.**

**كۆكتارغاقلار** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم تۈز، كۆك ھەم يېشىل كېلىدۇ، پەي-تۈكلىرى بولىدۇ، تېز ئۇچالايدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ. كىچىك بېلىق ۋە راكلارنى يەيدۇ، پەي-تۈكلىرىدىن زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**كۆكتاش** ئى [كۆك+تاش] <خىم> تەركىبىدە بەش مولېكۇلا كرىستال سۇ بولغان مىس سۇلفات، يەنى كۆك رەڭلىك كرىستال جىسىم. قۇرغاق ھاۋادا تەدرىجىي يىمىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باتارىيە، بوياق ئىشلىگىلى ياكى تىزاپ ۋە ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىسى ياسىغىلى بولىدۇ.

**كۆكتالغۇ** ئى <زوئول> ← **تۆمۈر تۇمشۇق.**

**كۆكتولغاق** [كۆك+تولغاق] <زوئول> بىر خىل قۇش. تېنى قۇشقاچچىلىك كېلىدۇ، پەي-تۈكلىرى قوڭۇر بولىدۇ. ئەركىكىنىڭ گېلى ئاسمان كۆكى رەڭگىدە. چىرايلىق سايرايدۇ.

**كۆكتۈرك** ئى [كۆك+تۈرك] <تارىخ> مىلادىيە 5- ۋە 6-ئەسىرلەردە ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان زېمىنلاردا ياشىغان قەدىمكى تۈرك قەبىلىسى.

**كۆكتۈرك خانلىقى** <تارىخ> كۆكتۈركلەر تەرىپىدىن مىلادىيە 552-يىلى قۇرۇلۇپ، ئۇرخۇن ۋادىسىدىن تارتىپ تەڭرى تاغلىرى ۋە ئوتتۇرا ئاسىياغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى بىرلىككە كەلتۈرگەن كۆپ مىللەتلىك خاندانلىق. تازا كۈچەيگەن مەزگىلىدە زېمىن تېررىتورىيىسى شەرقتە لياۋ دەرياسى، غەربتە كاسپى دېڭىزى، جەنۇبتا قۇملۇقنىڭ شىمالى (موڭغۇلىيە چۆللۈكىنىڭ شىمالىدىكى كەڭ رايونلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ)، شىمالدا سىبىرىيە تاغلىرىغىچە بولغان كەڭ رايونلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، مىلادىيە 745-يىلىغىچە ھۆكۈم سۈرگەن.

**كۆكتۈركچە** ئى <تىل> كۆكتۈركلەر ئىشلەتكەن تۈرك تىلى. ئۇرخۇن-يېنسەي يېزىق تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**كۆكتىكەن** ئى [كۆك+تىكەن] <بوت> ← **قوڭغۇراقباش.**

**كۆكچە** ئى. پوستى كۆك ياكى قارامتۇل كۆك، ئىچى قىزىل ياكى ئاق چېقىدىغان، سۇ تەركىبى مول، چۈرۈك، تەمى ئىنتايىن تاتلىق بولغان بىر خىل قوغۇن: ئاقچىنى ئالساڭ كۆكچىنى قوي، سويمىنى ئالساڭ، پىلەكنى قوي (ماقال). * — نىياز ئۆي تەرەپتىن پوستى تورلىشىپ، ساپاقلىرى سارغىيىپ كەتكەن ئىككى كۆكچىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ، ئۆز ئېتىزىنى ھەيدەۋاتقان نازىمغا قاراپ توۋلىدى.

**كۆكچېچەك** ئى [كۆك+چېچەك] <بوت> ← **كاسنە.**

**كۆكچىچقاق** ئى [كۆك+چىچقاق] مال-چارۋىلاردا بولىدىغان بىر خىل ئىچى سۈرۈش كېسىلى.

**كۆكرەك** ئى ① <ئانات> بەدەننىڭ

بويۇندىن قورساقىچە بولغان ئالدى قىسمى؛ كۆكس، تۆش: كۆكرەك بوشلۇقى. كۆكرەك قەپىسى. كۆكرەك پەردىسى. كۆكرەك ئومۇرتقىسى. ② <ئانات> ئاياللار كۆكسىدىكى بىر جۈپ سۈت بېزى؛ ئەمچەك: ③ كىيىمنىڭ يۇقىرى ئالدى قىسمى: كۆكرەك قاتۇرمىسى.

**كۆكرەك بوشلۇقى** <ئانات> تەن بوشلۇقىنىڭ بىر قىسمى، يەنى تۆش سۆڭىكى، كۆكرەك ئومۇرتقىسى ۋە قوۋۇرغىلارنىڭ ئورنىشى ئارقىلىق ھاسىل بولغان بوشلۇق. ئۈستۈنكى قىسمى بويۇن بىلەن تۇتۇشىدۇ، ئاستىنقى قىسمىدا دىئافراگما بولۇپ، قورساق بوشلۇقىدىن ئايرىپ تۇرىدۇ. يۈرەك، ئۆپكە قاتارلىق ئەزالار ئادەتتە كۆكرەك بوشلۇقى ئىچىدە بولىدۇ.

**كۆكرەك بېزى** <ئانات> كۆكرەك سۆڭىكىنىڭ ئاستىغا ئوڭ-سول بولۇپ بىردىن ئورۇنلاشقان بەز. بىر جەھەتتىن لىمفا ئورگىنى بولۇپ خىزمەت قىلسا، يەنە بىر جەھەتتىن ئىچكى ئاجراتما بېزى بولۇپ خىزمەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ئورگانىزمنىڭ ئىممۇنىتېتلىق مېخانىزمى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەتتە بولىدۇ.

**كۆكرەك پالاقچىسى** <زوئول> بېلىقلارنىڭ كۆكرەك قىسمىدىكى پالاقچە. ساقاقىنىڭ كەينىدە ئوڭ-سول بولۇپ بىردىن بولىدۇ. ئادەتتە بېلىقلار ئۇنىڭ بىلەن ھەرىكە تلىنىدۇ.

**كۆكرەك پەردە ياللۇغى** <تىب> كۆكرەك پەردىسى ياللۇغلىنىدىغان بىر خىل كېسەللىك. سىرتقى زەخىم ياكى كۆكرەك پەردىسىنىڭ باكتېرىيەلەردىن يۇقۇملىنىشى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا كۆكرەك ئاغرىش، نەپەس قىيىنلىشىش ئالامەتلىرى كۆرۈلىدۇ.

**كۆكرەك پەردىسى** <ئانات> ئۆپكىنىڭ سىرتقى يۈزىنى ئوراپ تۇرىدىغان ۋە كۆكرەك بوشلۇقىنىڭ ئىچكى دىۋارىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئىككى قەۋەت شىللىق پەردە. بۇ ئىككى قەۋەت نېپىز پەردىنىڭ ئىككى ئۇچى ئۆز ئارا تۇتىشىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن شەكىللەنگەن خالتىسىمان بوشلۇق «كۆكرەك پەردە بوشلۇقى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئىچىدە ئاز مىقداردا سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئىككى قەۋەت نېپىز پەردىنىڭ سۈركىلىشىنى ئازايتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**كۆكرەك تام** <بىن> ← **تۇسما تام.**

**كۆكرەك قەپىسى** <ئانات> كۆكرەك قىسمىدىكى سۆڭەكتىن قۇرۇلغان تىرەگۈچى قۇرۇلما. ئادەملەرنىڭ كۆكرەك قەپىسى كونۇس شەكلىدە بولۇپ، كۆكرەك ئومۇرتقىسى، قوۋۇرغا ۋە كۆكرەك سۆڭىكىدىن تەركىب تاپىدۇ.

**كۆكرەك كەرمەك** قىلىشقا تەييار تۇرماق؛ جەسۇرلۇق قىلماق، مەردانىلىك قىلماق: ئىنقىلاب ئېھتىياجلىق بولغان چاغلاردا كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىش، خەۋپ-خەتەردىن قورقماسلىق كېرەك. * شۇڭا كۆكرەك كېرىپ جانپىدالىق بىلەن سېپىلغا چىقىپ، دۈشمەن ئەسكەرلىرى بىلەن گىرەلەشمە جەڭ ئېلىپ بېرىش جەنۇبىي يۈنىلىش پولكى ئۈچۈن شۇ تاپتا جىددىي ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا تېگىشلىك ئۇرۇش تاكتىكىسى بولۇپ قالغانىدى.

**كۆكرەك ئومۇرتقىسى** <ئانات> كۆكرەك قىسمىدىكى ئومۇرتقا. جەمئىي 12 پارچە بولۇپ، بويۇن ئومۇرتقىسىدىن چوڭراق كېلىدۇ.

**كۆكرەك يانچۇق** چاپان ۋە كۆڭلەكلەرنىڭ كۆكرەك قىسمىغا ئورنىتىلغان يانچۇق،

مەيدە يانچۇق: غۇلام جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا، كۆكرەك يانچۇقىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ باتۇرغا تەڭلىدى.

**كۆكرەكلىك** سۈپ. كۆكرىكى بار، كۆكرەككە ئىگە، كۆكرىكى چوڭ: مەن ئۆيگە كىرىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن، ئېگىز بويلۇق، كەڭ كۆكرەكلىك، 30 ياشلار چامىسىدىكى بىر يىگىت ئۆيگە كىردى.

**كۆكس** ئى ① كۆكرەك، مەيدە: كۆكسى ئاغرىماق. ② ئەمچەك جايلاشقان ئورۇن؛ ئەمچەك: – نوچى بولساڭ مايەرگە ئات! – شوپۇر قان يۇقى قولى بىلەن كۆكسىنىڭ سول تەرىپىگە ئۇردى. ③ بىرەر نەرسىنىڭ ئىچى، باغرى: تەبىئەت ھۆسنىدىن كۆكسۈم قانغۇدەك بەھىر ئاللايدىغان بولغىنىمغا مەغرۇرلىنىمەن. * تراكتورلار گۈرۈلدەيدۇ، تىلىپ كۆكسىنى يەرلەرنىڭ، كۆرۈڭ بەھرىنى دېھقانلار ئېقىتقان قان-تەرلەرنىڭ.

**كۆكسگە باسماق ← باغرىغا باسماق:** ئۇ قىزنى ئۆزىگە تارتىپ كۆكسىگە باستى.

**كۆكسى ئېچىلماق ← كۆڭلى ئېچىلماق:** بىر بوستان سېلىپ، سايىسىدا ياتىمدىم، كۆكسۈم ئېچىلىپ شادىمان بولۇپ ئۆتىمدىم، پەرزەنت كۆرۈپ مۇرادىمغا يەتمىدىم، ئوغلانلىرىم بىر ئاللاغا تاپشۇردۇم.

**كۆكس-قارىن** كۆكس ۋە قارىن.

**كۆكسى-قارنى بوشىماق** ئىچىدىكى دەرد-ئەلەمنى يەڭگىللەپ قالغاندەك بولماق: ئۇ دەرەخنى قۇچاقلاپ كۆكسى-قارنى بوشىغۇچە يىغلىدى.

**كۆكسى-قارنى توق ← كۆز-قارنى توق:** توغرا، توغرا، سىز ئەقىللىق ئىكەنسىز، مانا قاراڭ، بىزنىڭ كۆكسى-قارنىمىز توق، سىلەردەك بىچارىلەرگە ياردىمىمىزنى ئايىمايمىز.

**كۆكسى-قارنى كەڭ ← كۆڭلى-كۆكسى كەڭ:** لەقىمنى قوشۇپ « ئىدرىس توكۇر » دېمىسە كىشىلەر ئۇقمايدىغان، ئاۋاق، سۆزمەن بۇ ئىلمىي مۇدىر قارىماققا قوپال كۆرۈنگىنى بىلەن يۇمشاق كۆڭۈل، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان، كۆكسى-قارنى كەڭ، بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇق كۆپ ئۆتكەن ئادەم.

**كۆكسى-قارنى ئېچىلماق ← كۆڭلى ئېچىلماق:** – ئىسىت، كەنجىنىڭ يوقلۇقىنى ئىسىت! – دېدى ئانا ھەسرەت قىلىپ، – بار بولغان بولسا كۆكسى-قارنى ئېچىلىپ قالار ئىدى.

**كۆكسى-قارنى يايرىماق** شاد-خۇراملىققا چۆممەك، خۇشال بولماق.

**كۆكسۇ** سۈپ. دىئال. تولا يۆتىلىدىغان، يۆتەلگەك.

**كۆكسۇلتان** ئى [كۆك+سۇلتان] <بوت> ئالۇچىنىڭ بىر خىل سورتى. مېۋىسى يېشىل، پوستى سۇزۇك بولۇپ، تەمى ئىنتايىن ياخشى.

**كۆكسېغىز** ئى [كۆك+سېغىز] <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. كۆرۈنۈشى مامكاپقا ئوخشاپ كېتىدۇ. تېنىدە سۈتى بار، يوپۇرمىقى گۆشلىشىدۇ، تۆمۈنە شەكىللىك، گۈلى سېرىق. يىلتىزىدىن كاۋچۇك ئېلىنىدۇ.

**كۆكسىمەك** پ. دىئال. گەپ تالاشماق، گەپ تەگەشمەك، ئەزۋەيلىمەك.

**كۆكشال** ئى [كۆك+شال] <تىب> ← **قاتما.**

**كۆكلەتمەك I** « كۆكلىمەك I » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆك بۇغداينى كۆكلەتكەن، كارامەتلىك ئاقئۆستەڭ. ئىلى ئالەم خەلقىگە ساخاۋەتلىك ئاقئۆستەڭ.

**كۆكلەتمەك II** « كۆكلىمەك II » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياسىن ئۇستام شاگىرتىغا جۇۋىنى كۆكلىتىۋاتاتتى.

**كۆكلەم** ئى ① يەر-جاھان كۆكەرگەن،

يېشىلىقتا پۈركەنگەن پەيت؛ باھار، ئەتىياز: ئۇلار كۆكلەم كېلىپ، يەر-جاھان ئويغانغاندا نورۇز بايرىمى ئۆتكۈزدى. * تەبىئەت ئەركىسى كۆكلەم، ئۆمۈرنىڭ كۆكلىمى ياشلىق، باھار كەتمەس ھاياتىدىن ئىلمىغا يار يۈرەكلەردە. ② ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ-لار ئۈنگەن، كۆكەرگەن جاي: رەپىق ئاكا خىيال بىلەن ئۆزىنىڭ كۆكلەمگە قانداق كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالدى.

**كۆكلە مزار** ئى. ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھلار ئۈنۈپ يېشىللىقتا پۈركەنگەن جاي؛ كۆكۈلمەيدان: ئۇ بىرنەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر كۆكلەمزارغا يېتىپ كېلىپتۇ.

**كۆكلىتىلمەك** « كۆكلەتمەك I » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ھويلىسىدا ئىككى تۈپ ئۈجمە كۆچىتى كۆكلىتىلدى.

**كۆكلىمەك** I پ ① يوپۇرماق چىقىرىپ، شاخلىرى بوي تارتىپ ئۆسمەك، كۆكەر-مەك: ئۆمۈر دېگەن بالام بىر دەرەخكە ئوخشايدۇ، سۇيى، يېرى، پەرۋىشى جايىدا كەلسە، ئۇ كۆكلەيدۇ؛ بولمىسا قۇرۇيدۇ، يىقىلىدۇ. * جاھان ئىسسىپ، تەكلەر كۆكلىدى، يالقۇنتاغ ئېتىكىدىكى تۇتاش كەتكەن ئۈزۈمزار-لىق يېشىل تون كىيدى. ② كۆچمە. روناق تاپماق، راۋاجلانماق: خېلىچىخانىنىڭ ئاچىسى-نىڭ ئۆلۈمى ئەمدىلا بەختىنىڭ تەمىنى تېتىپ كۆكلەۋاتقان بۇ ئائىلىگە چوڭقۇر قايغۇ-مۇسى-بەت ئېلىپ كەلدى. * ئېھ ۋەتەننىڭ تۇپرىقى قوينۇڭ گۈلۈستاندۇر بۈگۈن. كۆكلە، ياشنا دەمبەدەم، كۆكلۈمگە ئىلھامىم خوتەن.

**كۆكلىمەك** II پ ① كىيىم-كېچەك، يوتقان-كۆرپە قاتارلىقلارنى قولدا يىڭنە بىلەن چوڭ-چوڭ ئىلىپ، ئاتلاپ-ئاتلاپ تىكمەك: ئاپام چاپىنىمنىڭ يىرتىلغان يېرىنى بىرقانچە يەردىن كۆكلەپ تىكىپ قويدى.

② ئاتلىماق، سەكرىمەك: ئۇ ماڭا ئىككى كۆكلەپ يېتىۋالدى. ③ كۆچمە. ئەدىمەك، ئەزۋەيلىمەك: بوۋاق بولسا ئاچ ۋە ئۇسسۇز ئىدى، ئۇ بارغانچە قاتتىق كۆكلەپ، ئاچچىق ئۈن سېلىپ يىغلايتتى.

**كۆكمارال** ئى [كۆك+مارال] <بوت> كۆكمارال ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق، رەڭگى ئاقۇچ يېشىل، گۈلى قىزىل ئارىلاش ئاق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ.

**كۆكمەت** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 1 — 1.2 مېتر كېلىدۇ، شەكلى ئۆچكىگە ئوخشايدۇ، لېكىن ساقىلى بولمايدۇ. مۈگگۈزى كىچىك ۋە قارا، بوينى توم ھەم قىسقا، يۇڭى يۇمشاق، قېلىن كېلىدۇ. قىشلىق يۇڭى كۈل رەڭ قارا ياكى قېنىق بېغىر رەڭ؛ يازلىق يۇڭى سەل قارىراق بولىدۇ. ھەمىشە تاغ چوققىلىرىدىكى قورام تاش ئارىلىرىدا ياشايدۇ، سەكرەشكە ماھىر كېلىدۇ. قىش پەسلىدە چاتقاللارنىڭ يۇمران شېخى، دەرەخ ئۈستىدىكى مۇخلار ۋە لىشايىنكلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. 10-ئايدا جۈپلىشىدۇ، ھەر قېتىمدا بىردىن تۇغىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ ئوتتۇرا قىسمى، غەربىي جەنۇبى، جەنۇبى ۋە شەرقىي جەنۇبىغا كەڭ تارقالغان. تېرىسىدىن كىيىم تىككىلى، گۆشىنى ئىستېمال قىلغىلى بولىدۇ.

**كۆكنار** ئى <بوت> ① ئەپيۇنگۈل. ② ئەپيۇنگۈلنىڭ غوزىسى.

**كۆكنار گۈلى** <بوت> ← **ئەپيۇنگۈل**: ئالما گۈلى نارىدىن، كۆڭلۈم قېلىپتۇ يارىدىن. مەن نېچۈك ئۈمىد ئۈزەي، كۆكنار گۈلدەك يارىدىن.

**كۆكنارچى** ئى. كۆكنار تېرىيدىغان ياكى

ئۇنىڭدىن چېكىملىك تەييارلاپ ساتىدىغان كىشى.

**كۆكنارخانا** ئى. كۆكنار چېكىملىكى تەييار-لىنىدىغان ياكى چېكىلىدىغان ئۆي، جاي: ئەمەت يېزىغا كېلىپلا قەيەرنىڭ كۆكنارخانىدا كەيپ سۈرۈۋاتقانلىقىنى ئۇقتى.

**كۆكۈچ** سۈپ. كۆككە مايىل، سۇس كۆك، كۆكۈمتۇل: ئۇنىڭ ئىنچىكە كۆكۈچ يوللۇق، ئاق تەگلىك پەرىجىسى ئىسكىلاچ مەسىنىڭ تۇمشۇقىنى يېپىپ تۇراتتى.

**كۆكۈر** ئى. دىئال. سۇدان، سۇ قاچىسى.

**كۆكۈشكەن** ئى. دىئال. كەپتەر.

**كۆكۈلمەيدان** ئى. ئوت-چۆپ، گۈل-گىياھ، ھەر خىل زىرائەتلەر ئۆسكەن، يېشىل-لىق قاپلىغان جاي، ئورۇن: تەكلىماكان رايونىنىڭ مۇھىتىدا كەسكىن ئۆزگىرىشلەر بولۇپ، بۇرۇنقى كۆكۈلمەيدان بوستانلىق دەشت-باياۋانغا ئايلىنىپ كەتكەن.

**كۆكۈمتۇل** سۈپ. كۆككە مايىل، سۇس كۆك، كۆكۈچ: ئۇ دېرىزىنىڭ يېنىغا بېرىپ، سەھەرنىڭ كۆكۈمتۇل تۇمانىدا يالغۇز تۇرغان دەرەخكە قاراپ تۇردى.

**كۆكۈيۈن** ئى <زوئول> ھاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. تېنى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكىل-لىك، بېشى كەڭ، سەزگۈ مۇڭگۈزچىسى قىسقا، مۇرەككەپ كۆزى چوڭ ۋە قارامتۇل يېشىل، ئېغىزى توم، قورساق قىسىملىرى چوڭ ھەم ئۇزۇن كېلىدۇ. داللاردا، ئوت-چۆپ ئارىسىدا ياشايدۇ. ئەركىكى ئۆسۈملۈك شىرنىسى ياكى گۈل شىرنىسى-نى، چىشىسى ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ قېنىنى شوراپ ياشايدۇ. لىچىنكىسى لاي، توپىلاردا ياكى كۆلچەك، شال ئېتىزلىرىدا پاشا قاتارلىق ھاشاراتلارنى ياكى ئوت يىلتىزىنى يەيدۇ.

**كۆكرىشچان** سۈپ. كۆكرىش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولغان، تېز كۆكرىيدىغان: نەشپۈت دەرىخى ئالمىغا نىسبەتەن كۆكرىشچان، بىر يىللىق نوتىلىرى ئەركىن، شاخلىرى شالاڭراق ۋە يۇقىرىغا راۋاجلىنىپ، يىغىنچاق، ئېگىز ئۆسىدۇ.

**كۆكرىشچانلىق** ئى. تېز كۆكرىش خۇسۇ-سىيىتى: نەشپۈت دەرىخىنىڭ كۆكرىشچانلىقى ياخشى بولغانلىقىدىن تېزرەك ئۆسىدۇ.

**كۆكرىك** ئى ① كۆكەرتىش: كۆكرىك زەمبۇرۇغى. كۆكرىك كېسىلى. ② كۆكرىك زەمبۇرۇغى.

**كۆكرىك زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغ-نىڭ بىر خىلى. سپورا ئارقىلىق كۆپىيىدۇ. تۇرلىرى كۆپ بولىدۇ. مەسىلەن، نەم ئىسسىق ھاۋادا كىيىم يۈزىدە پەيدا بولىدىغان قارا كۆيە زەمبۇرۇغى، پېنىت-سىللىن ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان پېنىتسىللىئۇم ۋە پۈت-قول تەمرەتكىلىرىدىكى ئانتىگېن قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كۆكرىك كېسىلى** <بىئول> كۆكرىك زەمبۇرۇغىنىڭ ئورگانىزمغا كىرىشى تۈپەي-لىدىن كېلىپ چىقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. كۆپ كۆرۈلىدىغىنى يۇقۇملۇق تەمرەتكە ۋە سېرىق تەمرەتكە قاتارلىقلار.

**كۆكمەك** پ. تەگمەك: — سارائى، بىغەرەز، — دەپ كۆكىدى ئۇ كۆزلىرىنى قىزارتىپ. * جۇمە بىردىنلا كۆكەپ كەتتى.

**كۆكنەك** ئى <زوئول> بىر خىل گۆشخور قۇش. چوڭلۇقى پاختەكچىلىك، رەڭگى كۆل رەڭ ئاق كېلىدۇ. ھاۋادا خېلى ئۇزۇنغىچە بىر جايدا لەيلەپ تۇرالايدۇ. پاتمىچۇق، كەسلەنچۈك قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**كۆكيار** ئى [كۆك+يار] <زوئول> ← **قۇلان.**

**كۆكيامان** ئى [كۆك+يامان] <زوئول> ئۆچكە بىلەن قوي ئارىلىقىدىكى بىر خىل

ھايۋان. ئەركەكنىڭ مۈڭگۈزى چوڭ ھەم توم، لېكىن ئانچە ئۇزۇن ئەمەس، سەل ئەگرى؛ چىشىسىنىڭ مۈڭگۈزى قىسقا، تۈز، تۈكلىرى كۆكۈچ قوڭۇر، بۇرۇتلىرى يوق. ئېگىز تاغ قىيالىرىدا ياشايدۇ، ئېگىز تاغدىكى زىرائەتلەرگە ئازراق زىيىنى بار.

**كۆكيۆتەل** ئى [كۆك+يۆتەل] <تىب> بىر خىل يۇقۇملۇق كېسەل. كۆكيۆتەل تاياقچە باكتېرىيىسىنىڭ نەپەس يولىغا كىرىۋېلىشى تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدۇ. كۆپىنچە ئون ياشتىن تۆۋەن بالىلاردا بولىدۇ. بۇنىڭدا، يۆتەل ئارىلاپ تۇتۇش، بىر تۇتقاندا خېلى ئۇزۇنغىچە داۋاملىشىش، يۆتەلدىن كېيىن ئۇزۇن-ئۇزۇن نەپەسلىنىش ھەمدە نەپەس قىيىنلىششتىن بىر خىل غەلىتە ئاۋاز چىقىرىش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كۆگە** I ئى <بوت> ← **پىيىزەك.**

**كۆگە** II ئى. دىئال. قازان قارىسى؛ كۈيە.

**كۆگەشمەك** پ. دىئال. كۆگەنگە باغلىماق.

**كۆگەل** ئى. دىئال. ئەركەك ئۆردەك.

**كۆگەن** ئى. سېغىن ۋاقتىدا قوزا، ئوغلاقلارنى باغلاپ قويىدىغان ئىلمەكلىك ئارغامچا.

**كۆگەنلىمەك** پ. قول ياكى باشقا نەرسە بىلەن تورىماق، توسماق: — ھازىر ياتاقمۇ، تاماقمۇ يوق، — دېدى زاپخوز دەرۋازىنى كۆگەنلەپ تۇرۇپ. * ئۇ باغرى بىلەن قەبرىنى كۆگەنلەپ يىغلاۋاتقان ئانىغا جىمجىت كۆز تىكىپ ئولتۇراتتى.

**كۆگتەي** ئى [خەن] دەرەخ، مۇز قاتارلىقلارنىڭ ئىچى بوش، كاۋاك قىسمى.

**كۆڭلەك** ئى. ئەر-ئاياللارنىڭ چاپان ۋە پوپايكىنىڭ ئىچىگە، مايكا ياكى رۇباشكىنىڭ ئۈستىگە كىيىدىغان نېپىز كىيىمى: يېشىل تاۋار كۆڭلەك ئۈستىگە قىزىل جىلىتكە كىيىپ، بېشىغا ھال رەڭ ياغلىق چىگىۋالغان ئاينىسا قىز شۇ تۇرقى بىلەن يېشىل ياپراقلار ئارىسىدا كۈلۈپ تۇرغان قىزىلگۈل غۇنچىسىغا ئوخشايتتى.

**كۆڭلەكچان** سۈپ. كۆڭلەك كىيىپ ئۈستىگە چاپان كىيمىگەن: — كىلىڭلار لومودىلار، — دەپ ۋارقىرىدى ھاجى كۆڭلەكچان پېتى بىر قورام تاش تۆۋىدە پىلىموتنىڭ تەپكىسىنى بېسىۋېتىپ.

**كۆڭلەكلىك** سۈپ ① كۆڭلەك كىيگەن، كۆڭلەكچان: گۈللىرى رەڭمۇرەڭ مېۋە كۆچىتى — بولسا بۇ ئالەمدە، ئەگەر كىتابخان. ۋە ئۇنىڭ بېشىغا قونسا تولۇن ئاي، بولاتتى خان ئەتلەس كۆڭلەكلىك جانان. ② كۆڭلەك تىكىشكە يېتىدىغان: بىر كۆڭلەكلىك رەخت.

**كۆڭلەن** رەۋ. خىيالى بويىچە، تەسەۋۋۇرى بويىچە؛ خىيالەن: كۆڭلەن سىزما.

**كۆڭلەن سىزما** <گ سەن> جۇڭگوچە رەسىمنىڭ كەڭ-كۇشادە، شوق سىزىلغان بىر خىل شەكلى، يەنى «نەپىس سىزما» نىڭ ئەكسى. بۇنىڭدا ئىخچام، پىششىق سىزىقلار بىلەن ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ شەكلى ھەم روھىي قىياپىتى تەسۋىرلىنىش ئارقىلىق ئاپتورنىڭ روھىي دۇنياسى ئىپادە قىلىنىدۇ.

**كۆڭلى-كۆكسى** كۆڭۈل ۋە كۆكسى: كۆڭلى-كۆكسى كەڭ. كۆڭلى-كۆكسى يايرىماق.

**كۆڭلى-كۆكسى قانماق** ئارزۇ-ئىستەكلىرىگە يەتمەك: ئاياللار ئارزۇ قىلىدىغان نەرسىلەرگىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسى قېنىپ بولدى.

**كۆڭلى-كۆكسى كەڭ** كۆڭلىدە غۇم ساقلىمايدىغان، ئەپۇچان: كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ئادەم. * ئىشچى تاغىلار كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، يىراقنى ئويلايدىغان، جاسارەتلىك، ئاڭلىق كىشىلەر ئىكەن.

**كۆڭلى-كۆكسى يايرىماق** شاد-خۇراملىققا چۆممەك، خۇشال بولماق: كۆپتىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلسىمۇ، لېكىن تېخىچە يۈز تۇرانە كۆرۈشمىگەن بۇ يىگىت بىلەن ئۇچرىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسى يايراپ كەتتى.

**كۆڭۈل** ئى ① كىشىلەرنىڭ ئوي-پىكىر، ھېس-تۇيغۇلىرىنىڭ مەنبەسى؛ يۈرەك، قەلب، دىل: ئوق ئاتما، كۆڭۈل ساتما (ماقال). * كۆڭۈلدىن كۆڭۈلگە يول بار (ماقال). * ئۆيۈڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن (ماقال). * — ساقالىنىڭ ئاقلىقىغا قارىماستىن كۆڭۈلگە قارا، كۆڭۈلگە، — دېدى شائىر. * يول يىراقى بولسا بولسۇن، كۆڭۈل يىراقى بولمىسۇن. ئىككىمىزنىڭ ئارىسىدا، ۋەدە يالغان بولمىسۇن. ② ئەس-ياد، ئوي-خىيال: ئاتىنىڭ كۆڭلى بالىدا، بالىنىڭ كۆڭلى دالىدا (ماقال). * كۆڭلىدە يوقنىڭ كۆزىدە يوق (ماقال). * ئايزىمخان كۆڭلىدىكىلىرىنى ھېزىمخانغا ئېيتتى. * ئۇنىڭ كۆڭلى يەنىلا ھېلىقى يارنىڭ ئىچىدىكى سەبدە گۈلدە ئىدى.

**كۆڭلى ئازار يېمەك** كۆڭلى رەنجىمەك: ئۇ كۆڭلى ئازار يېگەن ھالدا ئىشخانىدىن چىقىپ كەلدى.

**كۆڭلى ئاستىن-ئۈستۈن بولماق** ← **كۆڭۈل ئاينىماق.**

**كۆڭلى ئاغماق** ← **كۆڭۈل ئاينىماق.**

**كۆڭلى ئاق** يامان نىيىتى يوق؛ ئاق كۆڭۈل: كۆڭلى ئاق ئادەم. * يارنىڭ ئۆيى لەنگەردە، بىر بېرىپ كۆرەي دەيمەن. كۆڭلى ئاق لەۋەن يارنى، ئۆمۈرلۈك سۆيەي دەيمەن.

**كۆڭلى ئالا** ← **ئالا كۆڭۈل**: قارا كۆزدەك ئولتۇرغان، كۆڭلى ئالا قارا كۆز. سوغۇقچىلىق تۇغدۇرغان، ئوتى بالا قارا كۆز.

**كۆڭلى ئەسكى بولماق** ← **كۆڭلى بۇزۇلماق**: بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئاباقنىڭ كۆڭلى ئەسكى بولدى. * بۇ گەپلەرنى دېيىشى مېنىڭمۇ كۆڭلۈم ئەسكى بولدى.

**كۆڭلى ئەلەڭ-سەلەڭ بولماق** ئەندىشىگە چۈشمەك، ۋەھىمە باسماق: موماي ساۋۇتنىڭ گەپ-سۆزىدىن ئۇنىڭ كادىر ئىكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ، كۆڭلى ئەلەڭ-سەلەڭ بولدى.

**كۆڭلى ئەمىن تاپماق** ← **كۆڭلى تەسكىن تاپماق**: بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم ئەمىن تاپتى. * قىزنىڭ سۆزىدىن ئۇنىڭ كۆڭلى ئەمىن تاپتى.

**كۆڭلى بار** دىلىدا ياقتۇرۇش، ياخشى كۆرۈش، سۆيۈش قىزغىنلىقى، ئىستىكى بار، مەيلى بار: ئۇنىڭ سىزنىڭ قىزىڭىزغا كۆڭلى بار ئىكەن. * ئېيتە، ئۇنىڭغا كۆڭلۈڭ بارمۇ، يا؟

**كۆڭلى بارماسلىق** خالىماسلىق، قوشۇلماسلىق، كۆڭلى تارتماسلىق: ئۇنىڭ جەڭ قىلىشقا كۆڭلى بارمىدى.

**كۆڭلى باشقا** يۈرىكى باشقا بىرىگە مايىل، يۈرىكى باشقا بىرىگە تارتقان: مەن ئۇنى دەپ يۈرۈپتىمەن. ئۇنىڭ كۆڭلى باشقا ئىكەن.

**كۆڭلى باشقىچە بولماق** كۆڭلىگە باشقا پىكىرلەر كەلمەك؛ كۆڭلى بۇزۇلماق: ئابدۇللا داۋۇت «11-نومۇرلۇق ئۆي» دىكى گۇمانلىق زىياپەتنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلى باشقىچە بولدى.

**كۆڭلى باي** كۆڭلى-كۆكسى كەڭ: كۆڭلى باي كىشى. * كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى باي دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ.

**كۆڭلى بوشىماق** غەم-ئەندىشىسى ئازىيىپ قالغاندەك بولماق، دەرد-ئەلىمى يېنىكلەپ قالغاندەك ھېس قىلماق: — شۇنداق، توغرا ئېيتتىڭ، — دەپ، ھېلىقى

تۇگمە سۆز قاتتى. كۆڭلى بوشاپ خېلىلا، دەرھال جايىغا قايتتى.

**كۆڭلى بۇزۇق** قارا نىيەت، ھەسەتخور، نىيىتى يامان: كۆڭلى بۇزۇق باشقىلاردىن ئەيىب ئىزلەر (ماقال).

**كۆڭلى بۇزۇلماق** مەيۈسلەنمەك، ھەسرەت چەكمەك، ئازابلانماق: مېنىڭمۇ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ، نېمەدەپ تەسەللى بېرىشىمنى بىلەلمەي قالدىم. * زورىخان يۈزىنى تەكىيگە يېقىپ تېخىمۇ قاتتىق ئۆكسۈشكە باشلىدى، تۇراپىنىڭمۇ بىرئاز كۆڭلى بۇزۇلدى.

**كۆڭلى بۆلەكچە بولماق ← كۆڭلى باشقىچە بولماق:** گۈلەرەمنىڭ كۆڭلى بۆلەكچە بولۇپ، ئىشىكنىڭ توساتتىن چېكىلگىنىدىن خۇدۇكسىندى.

**كۆڭلى بۆلۈنمەك** مېھرى-مۇھەببىتى سۇسلاشماق، مۇناسىۋىتى يىراقلاشماق: ئۇ بالىنىڭ بىزدىن سەل كۆڭلى بۆلۈنۈپ قالدى.

**كۆڭلى بىئارام** كۆڭلىدە غەم-ئەندىشىسى بار، كۆڭلى تىنچ ئەمەس، كۆڭلى پاراكەندە: كۆڭلى بىئارام بولماق.

**كۆڭلى بىئارام بولماق** كۆڭلىنىڭ خاتىرجەملىكى، ئارامى بۇزۇلماق، تىنچسىزلانماق: مەكتەپ سىرتىدا قېلىۋاتقان بىرقىسىم ئۆسمۈرلەرنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، كۆڭلۈم بىئارام بولدى.

**كۆڭلى بىرقىسما بولماق ← كۆڭلى باشقىچە بولماق:** تازىنىڭ چۈشىنى ئاڭلاپ، مەلىكىنىڭ كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قېلىپتۇ.

**كۆڭلى پاراكەندە ← كۆڭلى پەرىشان:** ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە.

**كۆڭلى پاراكەندە بولماق ← كۆڭلى پەرىشان بولماق:** بۈگۈن ئۇنىڭ كۆڭلى پاراكەندە بولۇۋاتىدۇ.

**كۆڭلى پەرىشان** پىكىر-خىيالى بىر جايدا ئەمەس، كۆڭلى غەش: قۇرغۇيۇم ئۈچتى قولۇمدىن، قايدا مېھماندۇر بۈگۈن. دەخلى بەرمەڭلار يارىمغا، كۆڭلى پەرىشاندۇر بۈگۈن.

**كۆڭلى پەرىشان بولماق** پىكىر-خىيالى چېچىلماق، كۆڭلى غەش، بولماق: بۇ كۈنلەردە تۇمۇر خەلپىنىڭ كۆڭلى پەرىشان بولغانىدى.

**كۆڭلى پەس** ئەخلاقسىز ئىشلارنى قىلىدىغان، ئۆز ۋىجدانى بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيدىغان: ۋۇ كۆڭلى پەس، ئەقىلسىز، ئۆز ئەتىۋارىڭنى بىلمەي نېمە قىلىپ يۈرىسەن؟

**كۆڭلى پۈتۈن** غەم-ئەندىشىسى يوق، غەمدىن خالاس: سىزنىمۇ ئارماندا قويىدىغانلار بار ئىكەن-دە، كېرەك يوق، كۆڭلىڭىزنى پۈتۈن تۇتۇڭ، سىزگە ئۇ قىزچىلىك بىرى تېپىلماسمىدى!

**كۆڭلى تار ← ئىچى تار:** كۆڭلى تارغا شۆھرەت باقمايدۇ.

**كۆڭلى تارتماق** مەيلى، رايى بارماق؛ خالىماق، ئارزۇ قىلماق: — قانداق تاماققا كۆڭلىڭىز تارتسا تارتىنماي كېلىۋېرىڭ، ئاچچىڭىز تەييار، — دېدى جەننەتخان چاقچاق قىلىپ. * تال قويدۇق چۆنەك تارتىپ، ئۆستى شۇڭ-پىلەك تارتىپ، بۇلبۇللار كۆچۈپ كەلدى، بوستانغا كۆڭۈل تارتىپ.

**كۆڭلى تاش ← باغرى تاش.**

**كۆڭلى تەسكىن تاپماق** خاتىرجەم بولماق، كۆڭلى تىنماق: سۆز ئارىسىدا روھىي ئەپزا بىلەن سەيدۇئازانىڭ ئەرسىز ئىكەنلىكىنى ئاڭلاپ كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەك بولدى.

**كۆڭلى توڭلىماق** رايى قايتماق، خۇشى كەتمەك: بىزگە قىلغان قوپاللىقىنى قىزغا قىلساڭ، كۆڭلى توڭلاپ قالىدۇ.

**كۆڭلى تۈز** سەممىي، ھىيلە-مىكرى يوق، ئاق كۆڭۈل: كۆڭلى تۈز ئادەم. * – ئۇنىڭ چاپىنى ماي بولغىنى بىلەن دىلى ساپ، كۆڭلى تۈز، كىشىلەرگە زىيانكەشلىك قىلىش، ئۈچ ئېلىش قولىدىن كەلمەيدۇ، – دېدىم.

**كۆڭلى تىنچىماق** ← **كۆڭلى تىنماق:** بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ۋەزىرنىڭ كۆڭلى تىنچىپتۇ.

**كۆڭلى تىنماق** غەم-ئەندىشىسى تۈگىمەك، خاتىرجەم بولماق: سايراڭ بولبۇلۇم سايراڭ، چىنارنىڭ شاخلىرى سۇنسۇن، يار ئايرىلمەن دەيدۇ، ئايرىلىپ كۆڭلى تىنسۇن.

**كۆڭلى جايىدا** كۆڭلى خاتىرجەم، غەم-ئەندىشىسى يوق: بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىسا كېرەك، تېرىكىپ سۆزلەپ كەتتى.

**كۆڭلى جايىدا ئەمەس** كۆڭلى خاتىرجەم ئەمەس: كۆڭلۈم جايىدا ئەمەس قىزىم، ئاۋۋال ئىشنى تۈگىتىۋالاي.

**كۆڭلى جايىغا چۈشمەك** ← **كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەك:** بوۋاي قەيسەر رۇمنىڭ ھۇزۇرىغا بېرىپ بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندىن كېيىن، شاھنىڭ كۆڭلى جايىغا چۈشتى.

**كۆڭلى چۈشمەك** ياخشى كۆرۈپ قالماق، يارىتىپ قالماق، سۆيمەك: يىگىت ئۆزىنىڭ سودىگەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئىككىيلەن ئۇزاق پاراڭلىشىپتۇ. بىر-بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپتۇ. * شىلدىر-شىلدىر قومۇشقا سىرغام چۈشتى يار-يار. سىناشمىغان يىگىتكە كۆڭلۈم چۈشتى يار-يار.

**كۆڭلى چېچىلماق** ← **كۆڭلى پەرىشان بولماق:** ھەيرانلىق ئىچىدە قالدى بەختى ئاكام، ھېلىلا جەم بولغان كۆڭلى چېچىلدى.

**كۆڭلى چىگىش** خۇشال ئەمەس، كۆڭلى غەش.

**كۆڭلى چىگىشلەشمەك** كۆڭلى پاراكەندە بولماق، كۆڭلى غەش بولماق: كۆڭلى چىگىشلىشىپ تۇرغان گۈلنارنىڭ ئالمىنىڭ چاقچاق گېپىگە كۈلگۈسى كەلمەيتتى.

**كۆڭلى چىگىلمەك** كۆڭلىدە گۇمان پەيدا بولماق: ئۇلار تەزەلدىن بىر-بىرىنى چۈشەنمەيدىغاندەك، ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلى چىگىلدى.

**كۆڭلى خالىماق** ← **كۆڭلى تارتماق:** ئۇ چوڭقۇر تەزىمدىن يۈرىكى سۇ ئىچىپ، ئويلىمىغان يەردىن مازار تاۋىپىنى كۆڭلى خالاپ، ئەدەبكە ئۆگەنگەن بۇ بايۋەچچىگە سالام قايتۇردى.

**كۆڭلى خامۇش بولماق** غەم-غۇسسىگە پاتماق، غەمكىنلەشمەك: يول بويى چۈشىن يۇتۇۋالغاندەك كۆڭلۈم خامۇش بولدى.

**كۆڭلى خۇش** خۇشال، خۇرسەن: بۇ ئاي، بۇ كۈنلەردە ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، كۆڭلۈم خۇش.

**كۆڭلى خىرە** مەيۈس، غەمكىن: – مېنىڭ سالامەتلىكىمدىن كۆپ غەم قىلماڭ، – دېدى ئۇ كۆڭلى خىرە بولغان ھالدا.

**كۆڭلىدە بولماق** ئوي-پىكرىدە بولماق، نەزىرىدە بولماق: پادىشاھنىڭ كۆزىدە بولغۇچە، كۆڭلىدە بول (ماقال).

**كۆڭلىدە چوت سوقماق** ئىچىدە ھېسابلىماق؛ پىلان تۈزمەك: يەنە بىر قېتىم قەدەملەپ كۆرگەندىن كېيىن، زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، كۆڭلىدە چوت سوقتى.

**كۆڭلى دەريا** كۆڭلى-كۆكسى كەڭ، غۇم ساقلىمايدىغان: داداڭ ۋىجدانلىق، كۆڭلى دەريا ئادەم ئىدى.

**كۆڭلىدە ساقلىماق** ئۆزىلا بىلمەك: مەنمۇ بۇ ئىشنى كۆڭلۈمدە ساقلاپ يۈرگەنىدىم.

**كۆڭلىدە سان بولماق** مۆلچېرى بولماق:

بىزدە بىرەر ئىش باشلاشتىن بۇرۇن كۆڭلىمىزدە ئېنىق سان بولسۇن. * سىزگە قارىتا مېنىڭمۇ كۆڭلۈمدە سان بار.

**كۆڭلىدە غۇم ساقلىماق** ئاداۋەت ساقلىماق، كەك ساقلىماق، ئۆچمەنلىك قىلماق: مېنى ئاشكارا بىرنېمە دېمىگىنى بىلەن، كۆڭلىدە غۇم ساقلاۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى.

**كۆڭلىدە كىر ساقلىماق** ← **كۆڭلىدە غۇم ساقلىماق:** ئۇيغۇرلار كۆڭلىدە كىر ساقلىمايدىغان، ئازراق ياخشىلىق قىلىپ قويساڭ ئەسلا ئۇنتۇمايدىغان خەلق.

**كۆڭلىدە كىر يوق** ئاداۋەت ساقلىمايدىغان، كەك ساقلىمايدىغان: كۆڭلىدە كىر يوق ئادەم.

**كۆڭلىدە گۇدرەت ساقلىماق** ← **كۆڭلىدە غۇم ساقلىماق:** خۇدا ياتوۋا دېگىن ئۇكام، مەن كۆڭلىدە گۇدرەت ساقلىغان ئادەمنى ناھايىتى يامان كۆرىمەن.

**كۆڭلىدىكىنى بىلمەك** ئىچىدە ئويلىغانلىرىنى تاپماق: تۇردى ھەر ئىشتا ئۆز ئۇستىسىنىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىشكە تىرىشاتتى

**كۆڭلىدىكىنى دېمەك** ئويلىغىنىنى ئېيتماق: كۆڭلىڭىزدىكىنى دەڭ، بىز قولىمىزدىن كېلىشىچە ئامال قىلىمىز.

**كۆڭلىدىن جاي ئالماق** بىراۋغا نىسبەتەن ھۆرمىتى ئاشماق؛ ياخشى كۆرۈپ قالماق: شۇندىن باشلاپ ئۇ يىگىت كۆڭلۈمدىن جاي ئالدى.

**كۆڭلىدىن كەچمەك** ئويلىماق، خىيال قىلماق: ئانا خېلى بىرھازا جىمجىتلىقتىن كېيىن، كۆڭلىدىن كەچكەنلىرىنى ئوغلىغا يۇشۇرماي ئېيتتى.

**كۆڭلى زەھەر** نىيىتى يامان: كۆڭلى زەھەرنىڭ قولىمۇ زەھەر (ماقال).

**كۆڭلى ساپ** نىيىتى دۇرۇس، پاك، تازا: كۆڭلى ساپ ئادەم.

**كۆڭلى سوۋۇماق** رايى قايتماق، كۆڭلى قالماق: ئىشتىن كۆڭلى سوۋۇپ قالدى. * بۇنداق گەپ-سۆزلەر بولۇۋەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئۆيدىن كۆڭلى سوۋۇشقا باشلاپ ماڭا دوق قىلغىلى تۇردى.

**كۆڭلى سۇس** مەيلى ئانچە يوق، تازا رايى تارتمىغان: بۇ ئىشقا ئەزەلدىنلا كۆڭلۈم سۇس ئىدى.

**كۆڭلى سۇنماق** كۆڭلى يېرىم بولماق، غەمكىنلەشمەك، مىسكىنلەشمەك: ئۇنىڭ ئاپىسى ۋاپات بولۇپ كۆڭلى سۇندى.

**كۆڭلى سۇنۇق** كۆڭلى يېرىم، غەمكىن، مىسكىن: ئۇ كۈلۈمسىرىدى. لېكىن كۆڭلى سۇنۇق كۆرۈنەتتى. * پەزىلەت كۆڭلى سۇنۇق سىڭلىسىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىپ ئۈنلۈك يىغلىۋەتتى.

**كۆڭلى سۇ ئىچمەك** رازى بولماق، قانائەت ھاسىل قىلماق، خۇشاللىق ھېس قىلماق: كۆڭۈل كۆڭۈلدىن سۇ ئىچەر (ماقال). * ئۆيدىن كۆڭلۈم سۇ ئىچتى.

**كۆڭلى سۇيۇق** تۇرالغۇسى يوق، ئۇچمە كۆڭۈل: مېنىزە، شۇنچە كۆڭلى سۇيۇق قىز دەپ چاغلاپتىكەنسىز-دە؟

**كۆڭلى سۆيۈنمەك** رازى بولماق، خۇش بولۇپ كەتمەك، كۆڭلى قانائەت تاپماق: نەۋرىسىنىڭ ئوماق ھەرىكەتلىرىدىن ئانىنىڭ كۆڭلى سۆيۈنۈپ كەتتى. * بۇ ئامەتلەردىن، كۆڭلى سۆيۈنگەن سېيىت ھاجى ئەقلىنىڭ ئۆتكۈرلۈكىگە، پېشانىسىنىڭ ئوڭلۇقىغا يەنە بىر قېتىم ئىشەندى.

**كۆڭلى سىيرىلماق** قاتتىق ئېچىنماق، چىدىماي قالماق، ئىچى ئېچىشماق: قاراپ تۇرۇپلا ئۇن كوينى يۇتتۇرۇپ قويغىنىمغا كۆڭلۈم سىيرىلىپ كەتتى.

**كۆڭلى شىكەستە** ← **دىلى شىكەستە:** ئۇ كۆڭلى شىكەستە ھالدا قايتىپ كىردى.

**كۆڭلى غەش** كۆڭلى يېرىم، غەمكىن، روھىي كەيپىياتى تۆۋەن: ئۇنىڭ كۆڭلى غەش، خىياللىرى چىگىش ئىدى. * لوتپۇللا زاۋۇتتىن كۆڭلى غەش بولۇپ قايتتى.

**كۆڭلى غەش بولماق** كۆڭلى يېرىم بولماق، غەمكىنلەشمەك، روھىي كەيپىياتى تۆۋەنلىمەك: شۇ كۈندىن باشلاپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ قالدى. * — بۇ گەپنى ئاڭلاپ، لەيلىگۈلنىڭ كۆڭلى غەش بولدى.

**كۆڭلى غەلتە بولماق ← كۆڭلى باشقىچە بولماق:** ئائىلىسىدە تۆت تەڭگىچە ئوت ئۆچمەيدىغان چويۇن مەش ۋە ئۇنىڭ ئىسسىقىدا بەھۇزۇر ئۇخلىغانلىرى ئېسىگە كېلىپ كۆڭلى غەلتە بولىدۇ.

**كۆڭلى قاتتىق** مېھرىبان ئەمەس، باغرى تاش: بىرنەچچە يىلەن ئۇلۇغ-كىچىك تىنىشتى، كۆز ياش قىلىشتى، ھەتتا كۆڭلى قاتتىق دەپ ئاتىلىدىغان رۇقىيەمۇ قولياغلىقىدا كۆز ياشلىرىنى سۈرتمەكتە ئىدى.

**كۆڭلى قارا** نىيىتى يامان، قولىدىن ياخشىلىق كەلمەيدىغان: كۆڭلى قارىنىڭ يۈزى قارا (ماقال). * ئۆزى ئاق، كۆڭلى قارا، خويمۇ ئەلەم قىلدىڭ ماڭا. قىلغىنىڭ كۆڭلۈمدە تۇرسۇن، مەنمۇ قىلغايمەن ساڭا.

**كۆڭلى قارىلىق قىلماق** نىيىتىنى بۇزماق، نىيىتىنى يامان قىلماق: مەن سىزنىڭ كۆڭلى قارىلىق قىلغىنىڭىزنى ئېيتمايلا قوياي، ئۆتكەن ئىش ئۈستىدە تاپا-تەنە قىلىش ياخشى نەتىجە بەرمەيدۇ. * سىڭلىم، كۆڭلىڭىزنى بۇزماڭ، مېنىڭ پەمىمچە، سونۇر كۆڭلى قارىلىق قىلغان.

**كۆڭلى قالماق** رايى قايتماق؛ ئىشەنچىسىنى، ياخشى كۆرۈش تۇيغۇسىنى يوقاتماق؛ ئۈمىدسىزلەنمەك: ئاباس ئەتىسى ناھىيىدىن كۆڭلى قالغان ھالدا قايتىپ چىقتى. * ئاكىسى ئۇچۇن تۆت ئېغىز ياخشى گەپ قىلمىغان ئىنىسىدىن زىۋەرشانىڭ كۆڭلى قالغانىدى.

**كۆڭلى قانماق** رازى بولماق، قانائەت ھاسىل قىلماق.

**كۆڭلى قايتماق ← كۆڭلى قالماق:** — سىنىڭغۇ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشسىمۇ كارىڭ يوق... — ئەركىن كۆڭلى قايتقان ھالدا ئورنىدىن تۇردى.

**كۆڭلى قويماسلىق ← كۆڭلى ئۇنىماسلىق:** كۆپ ھاللاردا زەرىپ بوۋاي گەپ-سۆز قىلغاندا ئۆزىنى كەم سۆز قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشسىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلى قويمايتتى.

**كۆڭلى قىيماسلىق** ئىختىيار قىلماسلىق، خالىماسلىق، ئۇنىماسلىق: ئۇلارنىڭ بىر-بىرىدىن ئايرىلىشقا زادى كۆڭلى قىيماپتۇ. * ئۇنىڭ كىتابىنى قايتۇرۇپ بېرىشكە كۆڭلۈم قىيمىدى.

**كۆڭلى كەڭ ← كۆڭلى-كۆكسى كەڭ:** يولۇڭ تار بولسىمۇ، كۆڭلۈڭ كەڭ بولسۇن (ماقال). * روزىئاخۇن ئېغىر-بېسىق، كۆڭلى كەڭ، كەم سۆز ئادەم.

**كۆڭلى كۆتۈرمەك** رايى بارماق، قوبۇل قىلماق: ئۆزىگە شۇنچە غەمخورلۇق قىلغان ئىنقىلابىي رەھبىرىمىزنى قىيناپ ئۆلتۈرۈشنى، بۇنى ئاز دەپ، قىزىنى دەپسەندە قىلىشنى قانداق كۆڭلۈڭ كۆتۈردى.

**كۆڭلى كۆتۈرۈلمەك** شاد-خۇرام بولماق، خۇرسەن بولماق: ئۇ ھەر قېتىم بۇ يەردىن قايتقاندا، كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ يېڭىدىن كۈچ-قۇۋۋەتكە تولۇپ قالاتتى.

**كۆڭلى-كۆكسى كەڭ** ئەپۇچان، كەك ساقلىمايدىغان: كۆڭلى-كۆكسى كەڭ كىشىلەر ھەرقانداق جايدا ھۆرمەتكە سازاۋەر كىشىلەردۇر.

**كۆڭلىگە ئارام بەرمەك** كۆڭلى تىنچىماق، كۆڭلى ئەمىن تاپماق: ئۇ كۆڭلىگە

ئارام بەرگۈدەك ھېچ ئىش تاپالمىدى.

**كۆڭلىگە ئارام بولماق** كۆڭلى تەسەللى تاپماق، خاتىرجەم بولماق: دۈيجاڭنىڭ كىرىپ كېلىشى ئۇنىڭ غېرىب كۆڭلىگە ئارام بولدى.

**كۆڭلىگە ئازار بەرمەك** ← **دىلىغا ئازار بەرمەك**: ئۇ دوستىنىڭ كۆڭلىگە ئازار بەردى. * مەن نېمە يېسەم، ئۇنىڭغىمۇ شۇ تاماقتىن بېرىپ تۇر. ئىش قىلىپ ھازىرچە كۆڭلىگە ئازار بەرمەڭلار.

**كۆڭلىگە ئالماسلىق** رەنجىمەسلىك، ئېغىر ئالماسلىق، كەچۈرمەك: ئانا ئوغلىنىڭ بۇنداق قوپاللىقىنى قىلچە كۆڭلىگە ئالمىغاندەك يەنىلا مۇلايىملىق بىلەن سۆز قىلدى. * ئاق ئالما، قىزىل ئالما، ئۈزۈپ ئاغزىڭغا سالما. ئاخشام قىلغان گېپىمنى، ھەرگىز كۆڭلۈڭگە ئالما.

**كۆڭلىگە بارماق** ← **كۆڭلىگە قارىماق**: بالىمىزنىڭ كۆڭلىگە بارايلى، ئوغلىمىزمۇ بىر تەرىپىنى ئويلاپ دېگەندۇ؟ تەلەي دېگەن شۇنداق نەرسە.

**كۆڭلىگە تەسەللى بەرمەك** ← **تەسەللى بەرمەك**: ۋەزىر قاسىم پادىشاھ خىسراۋدىن بۇ سۆزلەرنى ئىشتىپ، پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بېرىش كويىدا پەرزەنتسىز ئۆتكەن ئەۋلىيا-ئەنبىيالاردىن خەۋەر بېرىپتۇ.

**كۆڭلىگە تۈگمەك** ← **كۆڭۈلگە پۈكمەك**.

**كۆڭلىگە جىن كىرمەك** كۆڭلىگە باشقا يامان ئوي، خىيال كەلمەك: ئايىسخاننىڭ كۆڭلىگە باشقا بىر جىن كىردى.

**كۆڭلىگە سايە چۈشمەك** ← **كۆڭۈلنى خىرە قىلماق**.

**كۆڭلىگە سۇ يۈگۈرمەك** مەيلى چۈشمەك، كۆڭلى تارتماق، ياقتۇرۇپ قالماق: يىگىت شېئىرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئايال ناز-كەرەشمە بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپتۇ. ئىككىلىسى بىر-بىرىنى كۆرۈپ، كۆڭلىگە سۇ يۈگۈرۈپتۇ.

**كۆڭلىگە سۇ سەپمەك** رايىنى قايتۇرماق: سىز خەقنىڭ كۆڭلىگە سۇ سەپمەي ئۆزىڭىزنىڭ بىلگىنىچە ئىشلەڭ.

**كۆڭلىگە سېلىپ قويماق** ۋاقتى كەلگەندە ئېيتىش ياكى قىلىش ئۈچۈن كۆڭلىدە ساقلىماق: سەلەي چاققان بۇ ئىشنى كۆڭلىگە سېلىپ قويۇپتۇ. * ئۇ بۇ ئەتراپنى كۆزىتىپ، تەكشۈرۈپ، بۇ ئۆڭكۈرنى بىر قېتىم كۆرگەن ۋە ئۇنى كۆڭلىگە سېلىپ قويغانىدى.

**كۆڭلىگە شەك چۈشمەك** گۇمان پەيدا بولماق: ئۇ نۇرنىسانىڭ قورسىقىغا كۆز يۈگۈرتتى-دە، كۆڭلىگە شەك چۈشتى. * ئۇ ئايالىنى كۆڭلۈمگە شەك چۈشۈپ قالدى دېگەننى باھانە قىلىپ قويۇۋەتكەن.

**كۆڭلىگە شەك كەلمەك** ← **كۆڭلىگە شەك چۈشمەك**.

**كۆڭلىگە قارىماق** مەيلىگە، رايىغا باقماق: بالىنىڭ كۆڭلىگە قارىغان بىلەن ئاقىۋىتىنى بىرنېمە دېمەك تەس.

**كۆڭلىگە قول سالماق** مەيلىنى، رايىنى، ئوي-خىيالىنى بىلىپ باقماق: — خۇدايىم ماڭا چىرايىدىن بەرمەپتىكەن، قانداق قارايدۇ، ئاۋۋال كۆڭلىگە قول سېلىپ كۆرۈپ، ئاندىن گەپ ئاچماقچىمەن، — دېدى ھېلىقى چوكان.

**كۆڭلىگە كەلمەك** ← **كۆڭلى ئاغرىماق**: ھەممىنى قىچقارسا، ئۆي كىچىك، ئاز قىچقارسا، قالغانلارنىڭ كۆڭلىگە كەلگەن. * — نىجات، سىزگە بىر ئىشنى دېسەم كۆڭلىڭىزگە كېلەمدۇ؟ — دېدى پەرىدە كۈلۈپ.

**كۆڭلىگە گۇمان چۈشمەك** ← **كۆڭلىگە شەك چۈشمەك**: ھۆسيىن شەيخ ئۇنىڭ كېيىنكى گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئالاقزادە بولۇپ قالدى-دە، تاسادىپىي ھالدا كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى.

**كۆڭلى لاسسىدە بولماق** كۆڭلى بىردىنلا سوۋۇپ قالماق، رايى قايتماق: ئاسىيەمدىن بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان رەخمەتنىڭ كۆڭلى لاسسىدە بولدى.

**كۆڭلى نازۇك** زىل، گەپ كۆتۈرەلمەيدىغان: ئۇنىڭ قول-ئىلكىدە ھېچ نەرسە بولمىسىمۇ، كۆكسى-قارنى كەڭ، كۆڭلى نازۇك ئىدى.

**كۆڭلىنى ئاستىن-ئۈستۈن قىلماق** كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماق، كۆڭلىنى بىسەرەمجان قىلماق.

**كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرماق** كۆڭۈلنى ئاچماق، خۇش قىلماق: مېنىڭ كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان ئاخىرقى ئۈمىدمۇ ئەمدى يوققا چىقتى.

**كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماق** بىرائام قىلماق، كۆڭلىنى غەش قىلماق، تىنچلىقىنى بۇزماق: ئېغى بىلەن بېغى يوق، قالايمىقان گەپ قىلىپ قىزنىڭ كۆڭلىنى پاراكەندە قىلدى.

**كۆڭلىنى تارتماق** ئۆزىگە رام قىلماق، مەيلىنى تارتماق: ۋارىقلىك تىنىق سۇدەك، كۆڭلۈمنى تارتار ئۆزىگە، كۆزلىرىمنى ھېچ ئۈزەلمەيمەن يۈزۈڭدىن ئۆزگىگە.

**كۆڭلىنى توختاتماق** ① خاتىرجەم بولماق، تىنچىماق: بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى نەدىن چىقاركىن دەپ يۈرگەن كىشىلەرمۇ، ئەمدى كۆڭلىنى توختىتىپ، قوزغىلاڭچىلار سېپىگە قوشۇلۇشقا باشلىدى. ② بىر قارارغا كەلمەك: ياقسام تۇتارمۇ، كۆمسەم پىشارمۇ دەپ تۇرماي، كۆڭۈلۈڭنى توختىتىپ بىر ئىش قىل.

**كۆڭلىنى رام قىلماق** جەلپ قىلماق، مەيلىنى تارتماق: تىللاخان ھەممە يەڭگىلەرگە ئوخشاش، قىزلارنىڭ ھېس-تۇيغۇلىرىنى ئويغىتىپ، كۆڭلىنى رام قىلىدىغان ئېزىتقۇ سۆزلەرنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەپ كەتتى.

**كۆڭلىنى سارا سىمىگە سالماق** ھودۇقتۇرماق، تەمتىرەتمەك، گاڭگىراتماق، ئەنسىرەتمەك: ئۇ ياخشى-يامانىنى بىلمىگەچكە، بالايى-ئاپەت دېگەنلەر ئۈستىدە گەپ سېتىپ يۈرۈپ، كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى سارا-سىمىگە سالدى.

**كۆڭلىنى قايتۇرماق** رايىنى ياندۇرماق، ئۈمىدسىزلەندۈرمەك: سىلىنى مەن ئۆمۈرۋايەت بىر تۇغقان قېرىنداشىم، ئۆز ئاكام دەپ بىلىمەن. شۇنداق ئىكەن، ئىنىلىرىڭىز ئاغزىنا كۆڭلىنى قايتۇرمىسىلا.

**كۆڭلىنى مالال قىلماق** ← **كۆڭلىنى پاراكەندە قىلماق:** ئۆز ۋەزىپىسىدە قېلىۋېرىش توغرىسىدا كەسكىن پوزىتسىيە بىلدۈردۈم! كۆڭۈللىرىنى مالال قىلىشمىسىلا!

**كۆڭلى ئوچۇق** خۇشال، خۇرسەن: بۈگۈن قىزنىڭ كۆڭلى ئوچۇق ئىدى. شۇڭا ئۇ قىزغا سۆز ئاچقۇسى كېلىپ قالدى.

**كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەك** غەم-ئەندىشىسى تۈگىمەك، خاتىرجەم بولماق، كۆڭلى تىنماق: قاسىم بىلەن رىزۋاننىڭ كۆڭلى ئورنىغا چۈشكەندەك بولۇپ، بىر-بىرىگە قارىشىۋالدى-دە، ئەدەب بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

**كۆڭلى ئۆسمەك** خۇشال بولماق، كۆڭلى كۆتۈرۈلمەك: ئىشىڭ ئالدى قۇم بولسا، قاپاق تېرەك ئۆسەمدۇ؟ كۆڭۈلدىكى يار بولسا، كۆڭۈل تاغدەك ئۆسەمدۇ؟

**كۆڭلى ئۆيمەك** ئەنسىرىمەك، ئەنسىز-چىلىكتە قالماق: ئۇلار كۆڭلى ئۆيگەن ھالدا بىر-بىرىگە قاراشتى. * سادەت كۆڭلى ئۆيگەن ھالدا بەختىيارغا سەپسالدى.

**كۆڭلى ئۈزۈك** ← **كۆڭلى سۇنۇق:** پارقىرايدۇ قولۇمدا، تىللا ئۈزۈك يارى-يار. تەلىيىمنىڭ يوقىدىن، كۆڭلۈم ئۈزۈك يارى-يار.

**كۆڭلى ئېچىلماق** خۇشال بولماق، شادلانماق: ئۇنىڭغا ئۆزى بىردىن يېنىكلەپ قالغاندەك، روھى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى ئېچىلىپ

كەتكەندەك تۈيۈلدى.

**كۆڭلى ئېرىمەك** رەھمى كەلمەك، ئىچى ئاغرىماق، تەسىرلەنمەك: شۇنىڭ بىلەن پۇقرانىڭ كۆڭلى ئېرىپ، كالتەك، توقماقلارنى تاشلاپ، ئىبادەت بىلەن مەشغۇل بولۇپ، ئىسيان قىلىشنى ئۇنتۇپلا كەتكەندى.

**كۆڭلى ئېزىلمەك** كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولماق، ئىنتايىن مەيۈسلەنمەك: بىردىنلا يىراقتىكى ئوغلۇم ئېسىمگە چۈشتى، كۆڭلۈم ئېزىلدى.

**كۆڭلى ئىزىغا چۈشمەك ← كۆڭلى ئورنىغا چۈشمەك:** ئەزىزنىڭ كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇپ ياتقىنىنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئىزىغا چۈشكەن رۇقىيە ئالدىراپ ياتاقتىن چىقىپ كەتتى.

**كۆڭلى ياخشى** كىشىگە يامانلىق قىلىشنى ئويلىمايدىغان، نىيىتى دۇرۇس: — دادامنىڭ كۆڭلى ياخشى ئادەم، سىلەرگە ھەرگىز تولۇق تەگمەيدۇ، — دېدى قىز كۈلۈپ.

**كۆڭلى ياش** ئارزۇ-ھەۋىسى ياشلارنىڭكىگە ئوخشاش: قارىغىدەك ئاقارغان بولسىمۇ بېشىم، ئالماڭدەك چېچەكلەپ كۆڭلۈم تېخى ياش. مول ئالتۇن باشقىنىڭ پۈتمەس مادارىم، جان رىشتىم ھەرگىياھ، توپاڭغا تۇتاش.

**كۆڭلى يانماق** سوۋۇماق، رايى يانماق: ماشىنىچىلىقتىن كۆڭلۈم يېنىپ كەتتى.

**كۆڭلى يوق** ياقتۇرمايدۇ، ياخشى كۆرمەيدۇ: ئۇ ئۇتىرى، بۇزۇق، ساڭا قىلچە كۆڭلى يوق، شۇنداق تۇرسىمۇ، يەنە ئۇنى خوتۇن قىلمەن دەيسىنا.

**كۆڭلى يۇمشاق** باشقىلارغا ئازار بېرىشنى خالىمايدىغان، رەھىمدىل: ئۆزلىرى بەكمۇ كۆڭلى يۇمشاق خانىم ئىكەنلا. * يەنە باقماي ئامالىمىز يوق، بىز دېھقان خەق كۆڭلى يۇمشاق كېلىمىز.

**كۆڭلى يۇمشاقلىق** رەھىمدىللىك: ئۇنى ئائىلىۋى ھاياتتا كۆڭلى يۇمشاقلىقنىڭ نەمۇنىسى دېيىشكە بولاتتى.

**كۆڭلى يېقىن** مۇناسىۋىتى ياخشى، ھېسداشلىقى بار: كۆڭلۈم يېقىن بولغاچقا، ياق دېمەيدۇ دەپ ئىشىنىپ تۇرۇۋاتىمەن.

**كۆڭلى يېنىكلىمەك** ئازادىلىك ھېس قىلماق، غەم-ئەندىشىدىن خالاس بولماق: بۇ گەپ بىلەن بالىنىڭ ئەندىشىسى كۆتۈرۈلۈپ، كۆڭلى يېنىكلەپ قالدى.

**كۆكۈل ئاچماق** ئويناپ يايرىماق، خۇشال بولماق، ئويۇن-تاماشا قىلماق: بۈگۈن كېچە يىگىتلەرنى شاراب ئىچىپ كۆكۈل ئېچىشقا ئۇيۇشتۇرىمىز. * نېمە غەم يەيسەن، يۈر، كۆكۈل ئاچ.

**كۆكۈل ئارام تاپماق ← كۆكۈل ئارامغا چۈشمەك:** ئوتتۇن بىرقانچە كۈن كۆيۈپ ئۆچۈپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ياش پادىشاھنىڭ كۆڭلى ئارام تېپىپتۇ.

**كۆكۈل ئارامغا چۈشمەك** غەم-ئەندىشىدىن قۇتۇلماق، خاتىرجەم بولماق، تىنچلانماق، ئەمىن تاپماق: بېشىغا مۇشۇنداق ئەھۋال چۈشكەن كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ، كۆڭلىمىزنى ئارامغا چۈشۈرمىگىچە، بىزگە بۇنداق ھاياتتىن ئۆلۈم ياخشى دەپ، ھەر ئىككىلىسى ئوردىنىڭ يان ئىشىكىدىن چىقىپ، ھېچكىمگە كۆرۈنمەي، چۆل-باياۋانغا قاراپ كېتىپتۇ.

**كۆكۈل ئارامى يوق** كۆكۈللۈك ئەمەس، خاتىرجەم ئەمەس: دەردى تولا يارىمنىڭ، كۆكۈلنىڭ ئارامى يوق. ئوينىۋالايلى دوستلار، بۇ ئىشنىڭ يامانى يوق.

**كۆكۈل ئازادىلىكى** رەنجىش، خاپىلىقتىن خالىلىق، خاتىرجەملىك، شاد-خۇراملىق: مېھانلار تونۇشقاندىن كېيىن، ئۆزئارا كۆكۈل ئازادىلىك ھېس قىلىشتى، بىر-بىرى بىلەن ئەركىن سۆزلىشىش باشلاندى. * مەن يېقىنقى

يىللاردىن بېرى خىزمەتنى كۆڭۈل ئازادىلىكى بىلەن ئىشلەپ كېلىۋاتىمەن.

**كۆڭۈل ئاغرىقى** رەنجىش، ئاغرىنىش، خاپىلىق: تەقدىر ئىرادىنى قارىمامدىغان، ئەمدى باللارنىڭ ئىشى ماڭا كۆڭۈل ئاغرىقى تېپىپ بېرىدىغان ئوخشايدۇ.

**كۆڭۈل ئاغرىماق** رەنجىمەك، خاپا بولماق: بۇلۇت ئەگىپ كەتمەيدۇ، ئېگىز تاغدىكى قاردىن، ئون بەش كۆنلۈك ئالەمدە، كۆڭلۈم ئاغرىدى ياردىن.

**كۆڭۈل ئاۋۇتماق** خاتىرجەم قىلماق، تىنچلاندۇرماق؛ خۇشاللاندۇرماق: ئۇلارنىڭ خۇشاللىقى پەقەت بىرنەچچە كۈنلۈك كۆڭۈل ئاۋۇتۇشلا بولۇپ قالدى. * ئاسىيەنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ۋە قىزغىن مۇھەببىتى ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇتۇپ، ئۇنىڭغا خاتىرجەملىك ۋە كۈچ-قۇۋۋەت بېغىشلىغانىدى.

**كۆڭۈل ئاينىماق** قۇسقۇسى، ھۆ قىلغۇسى كەلمەك، كۆڭلى، ئىچى ئېلىشماق: — سەل كۆڭلۈم ئاينىۋاتىدۇ، تاشقىرىغا چىقىپ كىرەي، — دېدى ئۇ ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ.

**كۆڭۈل ئايىماق** مەيلىگە، رايىغا باقماق؛ خاپا قىلماسلىق، رەنجىتمەسلىك: ئۇلار جەننەتخاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ بىر چىنىدىن ئەتكەن چاي ئىچىشكە ئولتۇرۇشتى. * بۇ ئايالنىڭ كۆڭۈل ئاياپ ئولتۇرمايدىغانلىقىمۇ ھەممىيلەنگە ئايان.

**كۆڭۈل باغلىماق** ياخشى كۆرمەك، ئىشتىياق باغلىماق: ئۇ قىزغا قاچان كۆڭلۈم باغلىنىپ قالغانلىقىنى بىلمەيمەن، ئەمما ئۇنى بىر كۈن كۆرمىسەم تۇرالمايمەن.

**كۆڭۈل بەرمەك** ياخشى كۆرمەك، مۇھەببەت قويماق، سۆيمەك: قاتار ئۇچقان تۇرنامۇ، ئېگىز تۇرغان مۇنارمۇ. يوق-بارىغا قارىماي، كۆڭۈل بەرگەن گۇناھمۇ. * قارا تاشلىق تۇمىقىمنى قارا مەخمەلدە تاشلايمەن. سەن ماڭا كۆڭۈل بەرسەڭ ئەزىز جېنىمدا ساقلايمەن.

**كۆڭۈل بۆلمەك** غەمخورلۇق قىلماق، ئېتىبار بەرمەك، ئەھمىيەت بەرمەك، دىققەت قىلماق: ئۇ ھازىر بىرنەچچە ئوغۇل-قىزلارغا ئاتا بولۇپ، ئۇلارنىڭ ياخشى تەربىيىسى ئۈچۈن ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلمەكتە. * ئالماس دادىسىنىڭ قۇربان ئاقسالنىڭ ھەرىكىتىگە كۆڭۈل بۆلگەنلىكىدىن رازى بولدى.

**كۆڭۈل تاۋارەن** دىئال. كۆڭلى قايسىنى تارتسا، خالىغانچە.

**كۆڭۈل تاۋىخا** ئىختىيار: كۆڭۈل تاۋىخا، قولڭ دىۋانىبېگى (ماقال). * ئون نەچچە ئېغىز ئۆي بار، قايسىسىدا ئولتۇرىمەن دېسىلە كۆڭۈل تاۋىخا.

**كۆڭۈل توختاتماق** بىر قارارغا كەلمەك: بۇ گەپتىن كېيىن، سەلەيئاخۇن ئۇستام خاتىرجەم بولغانىدەك بولدى-يۇ، بىراق، يەنىلا تەلتۆكۈس كۆڭۈل توختىتىپ كېتەلمىدى.

**كۆڭۈل توق** غەم-ئەندىشە يوق: نېمە دەيتتىم، خورجۇندا يامبۇ بار، كۆڭۈل توق. * ئاشلىق دېگەن ئۆيدە كۆپرەك تۇرسا كۆڭۈل توقراق تۇرىدىكەن.

**كۆڭۈل تۇيماق** ئالدىنئالا سەزمەك، ئالدىن بىلمەك: شۇ چاغدا ئۇنىڭ يامان ئادەم ئەمەسلىكىنى كۆڭلۈم تۇيغانىدى. * ئىشىمىز ئوڭغا تارتىدىغىنىنى كۆڭلۈم تۇيۇپلا تۇرىدۇ.

**كۆڭۈل تىنىقى** ئوي-خىيالى، ئويلىغىنى: دۆيجاڭ قايسى كۈنى ئاغزىدىن كوچىلاپ بېقىپتىكەن، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ھەي... ئۇنىڭ گەپ قىلمىغىنى بىلەن كۆڭۈل تىنىقى ماڭا ئايان.

**كۆڭۈل خۇشى** خۇشاللىق، كۆڭۈل ئېچىش: ئۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ئۇچرىغان ئەرلەرنىڭ ھەممىسى مېنى بىردەملىك كۆڭۈل خۇشى

ئۇچۇنلا ئەرمەك قىلغانلار بولغاندىن كېيىن، مەن ئۇلارنى قانداق قىلىپ ياخشى كۆرەلەيمەن. * قىزىلگۈلۈم تارام-تارام، دۆلىتىم ئاتا-ئانام، يار دېگەن كۆڭۈل خۇشى، تېپىلمايدۇ ئاتا-ئانام.

**كۆڭۈلدە تۇتماق** ئېسىدە ساقلىماق، ئەستىن چىقارماسلىق: ياخشىلىقنى ئۇنتۇما، يامانلىقنى كۆڭۈلدە تۇتما (ماقال).

**كۆڭۈلدە ھېسابلاش** <مات> قەغەز، قەلەم، چوت قاتارلىقلارنى ئىشلەتمەستىن كاللىدا ھېسابلاش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆڭۈلدىكى گەپ** چىن كۆڭۈلدىن چىققان، قۇلاققا خۇش ياقىدىغان گەپ: ياشاپ كەت، مانا بۇ كۆڭۈلدىكى گەپ بولدى.

**كۆڭۈلدىكىنى تاپماق** ئويلىغىنىنى، مەقسىتىنى تاپماق: ھاشىم ئاكامنىڭ ھەيرانلىق بىلەن تىكىلگەن كۆزلىرىدىن ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى تاپتى. * تازا كۆڭلۈمدىكىنى تاپتىڭىز، ئومۇمەن ئۆزۈممۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ئاغزىمغا ئالمىغانىدىم.

**كۆڭۈلدىن چىقارماق** ئۇنتۇماق، ئۇنتۇپ كەتمەك، ئەستىن چىقارماق: ئۇ مېنى ئاللىقاچان كۆڭلىدىن چىقىرىۋەتكەنىدى. * «بۇ دېگەن ئۇرۇش، بىرنەچچە سائەتتىن كېيىن قايسىمىز بار، قايسىمىز يوق، ئورۇنسىز رەنجىشلەرنى كۆڭلىمىزدىن چىقىرىۋېتەيلى، كەل ئاغىنە رازى بول» دېيىشىپ، بەزىلەر قۇچاقلىشىپ، بىر-بىرىدىن رازىلىق ئېلىشتى.

**كۆڭۈلدىن ئورۇن ئالماق** كۆڭۈلگە ئورناشماق، قەلبىدە پەيدا بولماق: بۇ ياخشى كۆرۈش-ئىككىمىز ئىنىستىتۇتتا ئۆتكۈزگەن بىرنەچچە يىللىق قايناق ھايات داۋامىدا كۆڭلۈمدىن ئورۇن ئالغان بولۇپ، ئۇنىڭ يىلتىزى بەكمۇ چوڭقۇر.

**كۆڭۈلدىن ئۆتكۈزمەك** خىيالىغا كەلتۈرمەك، ئويلىماق: قادىرنىڭ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈۋاتقان نەرسىلەرنىڭ چېكى يوق ئىدى. قەلبىدە يېقىملىق ئارزۇلار باھار چېچەكلىرىدەك تەكشى ئېچىلىپ تىنىمسىز دولقۇنلىناتتى. * بابا قاسىم ئېيتقان سۇ تالىشىش ۋەقەسى شۇ ئىكەندە، بۇ ئىشنى جەزمەن ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك دېگەننى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

**كۆڭۈلدىن ئۆچمەك** ئۇنتۇلماق، ئېسىدىن كۆتۈرۈلمەك: راستىنى ئېيتقاندا، بالىلىق چاغلىرىم تېخىچە كۆڭلۈمدىن ئۆچۈپ كەتمىدى.

**كۆڭۈل رىشتىسى** يۈرەك تومۇرى: كۆڭۈل رىشتەم سەندە بولغاچ، سېنى ئەسلەيمەن. ۋاپاسىزلىق قىلساڭ ئەگەر، مېنى دەپسەيمەن.

**كۆڭۈل سانىماق** ھۆرمىتىنى قىلماق، ئېتىبارغا ئالماق: گۈلى ھەدە، سىز شۇنچە يەردىن ئالاھىدە كۆڭۈل ساناپ چاقىرتىپ كېرىپسىز، چىقماي بولامدۇ. * مەندەك ئاددىي بىر كىشىنى سىزگە ئوخشاش مەرتىۋىلىك كىشىنىڭ كۆڭۈل ساناپ چاقىرغانلىقىغا پىقىر كۆپ رەھمەت ئېيتىدۇ.

**كۆڭۈل سورىماق** ھال-ئەھۋال سورىماق: ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىدە ھازىدارلار تاكى يەتتە نەزىرگىچە ئۆلۈم بولغان ئۆيدىن ئايرىلمايدۇ. ھەممە يۇرت-جامائەتمۇ داۋاملىق يەتە ئوقۇپ، ئۇلاردىن كۆڭۈل سورايدۇ.

**كۆڭۈل قويماق** ئىخلاس قىلماق، ئەستايىدىل بولماق، زېھنىنى مەركەزلەشتۈرمەك؛ تىرىشماق: قىيىن ئىش يوق ئالەمدە، كۆڭۈل قويغان ئادەمگە (ماقال). * بۇ خەتلەرنى سىزگە ئەۋەتتىم. كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ بولۇپ، قايتۇرۇۋېتەرسىز. * بالام دەرسىڭگە كۆڭۈل قوي، بىزنىڭ ئۈمىدىمىزنى يەردە قويما.

**كۆڭۈلگە ئايان** ئۆزىگە مەلۇم: — سېنىڭ قىلغانلىرىڭمۇ كۆڭۈلگە ئايان، ئىنساپ بىلەن بىرنەرسە دەپ باقە، — دېدى باقى ئۇنىڭغا قاراپ.

**كۆڭۈلگە ئەگەشمەك** خىيالغا كەلگىنىنى قىلماق: چۈنەكتىكى كاۋىنى ئېلىپ قويدۇم باراڭغا، ئەگەشمەيمەن پەندىيات، كۆڭۈل دېگەن ساراڭغا.

**كۆڭۈلگە پۈكمەك** ئىچىدە پىلانلىماق، نىيەت قىلماق: «چوڭ مەمەت» ئەسەبىيلىشىپ، ھەر خىل يامان غەرەزلەرنى كۆڭلىگە پۈكەتتى. * بۇنداق ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈڭگە پۈككەن گەپلىرىڭ يېپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك چېچىلىپ كېتىدىكەن.

**كۆڭۈلگە تايىن ← كۆڭۈلگە ئايان:** ئىشتانغا چىقارغان كۆڭۈلگە تايىن (ماقال).

**كۆڭۈلگە تەگمەك** ① رەنجىشىنى، خاپىلىقىنى قوزغىماق: ئالىمجاننىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق تەگدى. ② ئىشتىھانى تۇتماق: تامىقىڭىز بەك مايلىق ئىكەن، كۆڭلۈمگە تېگىپ قالدى.

**كۆڭۈلگە ئوت سالماق** ① مۇھەببەت ئوتىنى ياقماق، سۆيگۈسىنى قوزغىماق: زەينۇنە تونىنى كىيىپ، خەستە كۆڭۈلگە ئوت سېلىپ. نەۋ ئېچىلغان غۇنچىدەك، يۈزى ئانارىم كېلىدۇ. ② قىزىقىش ھېسسىياتىنى قوزغىماق: ھەرنېمە بولسا ئۆزۈڭ قىلە، ھەدەڭنىڭ كۆڭلىگە ئوت سالماي.

**كۆڭۈلگە يارىشا** يۈز خاتىرە قىلىپ، كۆڭلىنى ياساپ: قانداق؟ ئويۇنىمىز ياخشىمىكەن؟ كۆڭلىمىزگە يارىشا بىرەر ئېغىز ماختاپ قويمىدىڭلا.

**كۆڭۈلگە ياقماق** ياراتماق، ماقۇل تاپماق: بۇ سۆز پادىشاھنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ ۋە ساخاۋەتلىك بىلەن گۇناھىنى كەچۈرۈم قىلىپتۇ. * ئەگەر كۆڭلىڭىزگە يېقىپ قالسا، ئېلىپ كېتىڭ.

**كۆڭۈلنى ئالماق** رازى قىلماق، مەمنۇن قىلماق؛ خۇشال قىلماق: ھېيت پاكار دوستىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىش ئۈچۈن، ھەرنېمە قىلىشقا تەييار ئىدى. * ئۇ يان ئۆتۈپ، بۇ يان ئۆتۈپ، كۆڭلۈمنى ئالاي، قارچىغىنىڭ بالاسىدەك قولۇڭغا قوناي.

**كۆڭۈلنى ئەزمەك** ئازابلىماق، قىينىماق: كۆز يېشىم سېرىق يۈزۈمگە بولدى ئەنھاردەك راۋان. ئېرتىپ ئەزدىڭ كۆڭۈلنى، بىقارار بولدۇم ساڭا.

**كۆڭۈلنى بەند ئەتمەك** ئۆزىگە تارتماق، رام قىلماق: ئاھۇدەك قارا كۆزۈڭ، قىزىل ئالمىدەك يۈزۈڭ، بۇ كۆڭۈلنى بەند ئەتكەن زىلەيخا، شېرىن سۆزۈڭ.

**كۆڭۈلنى بىئارام قىلماق**. كۆڭۈلنىڭ ئارامىنى بۇزماق، خاتىرجەمسىزلەندۈرمەك: ئۇنىڭ خەۋىرى يوق، نەدىكى بىر لۈكچەكنىڭ گېپىنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىئارام قىلغۇم كەلمىدى.

**كۆڭۈلنى تاتلىق قىلماق** ئۆزىنى خوش قىلماق: موماي ئەنە شۇ ئويلار بىلەن كۆڭلىنى تاتلىق قىلىپ، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىپ كوچىغا چىقىپ قالغىنىنىمۇ سەزمىدى.

**كۆڭۈلنى توق تۇتماق** غەم-ئەندىشە قىلماسلىق: — كۆڭلۈڭلارنى توق تۇتۇڭلار، — دېدى ئۇ يەنە بىر قېتىم مەدەت بېرىپ، — ئۆتكەندە كېسەل كۆرسەتكىلى بارغاندا مەن يوق ئىكەنمەن. * رابىخان موما، كۆڭلۈڭنى توق تۇت، ئەزىز ئاكامنىڭ ئورنىدا ھالىڭدىن ئۆزۈم خەۋەر ئالىمەن.

**كۆڭۈلنى چۈشەنمەك** نىيىتىنى، مەقسىتىنى، دېمەكچى بولغىنىنى بىلمەك: بابا سۆزۈمنىڭ ئاخىرىغىچە ئاڭلىغان بولسىڭىز كۆڭلۈمنى چۈشەنگەن بولاتتىڭىز.

**كۆڭۈلنى چىگمەك** كۆڭۈلنى غەش، بىئارام قىلماق؛ رەنجىتمەك، خاپا قىلماق: — قەيسەر بەگزادىنىڭ كۆڭلىنى چىگىپ قويماي ئوبدان كۈتۈڭلار، — دېدى خوجايىن كېنىزەكلەرگە.

**كۆڭۈلنى خىرە قىلماق** ← **كۆڭۈلنى غەش قىلماق:** بىراق، مانا شۇنداق پەرىشتە سۈپەت بىر ئايال ھالا بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بىزگە يېگۈزگەن بىر چىشلەم گۆشى ئۈچۈن قورسىقىنى ئاغرىتىپ، كۆڭلىمىزنى. خىرە قىلدى دەپ كىممۇ ئويلىغان.

**كۆڭۈلنى رەنجىتمەك** ← **رەنجىتمەك:** يەنە بىرى كۆڭۈللىرىنى رەنجىتكەن ئوخشىمامدۇ؟ ھەي... بۇ يېڭى سىياسەت بېشىمىزغا بالا بولدىغۇ!

**كۆڭۈلنى زېدە قىلماق** ئازار بەرمەك، رەنجىتمەك: سىزگە ئازار بەرگەن قارا كۆڭۈل مېنىڭمۇ كۆڭلۈمنى زېدە قىلدى.

**كۆڭۈلنى غەش قىلماق** كۆڭۈلسىزلىك پەيدا قىلماق، كۆڭۈلنى خىرە قىلماق: قاق ناشتىدا كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان بىر مەنزىرىگە داخىل بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن كىشىنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتاتتى. * تولا يىغلاپ ئۆزلىرىنىڭ كۆڭۈللىرىنىمۇ غەش قىلىپ قويدۇم. مېنى ئەپۇ قىلسىلا.

**كۆڭۈلنى كۆتۈرمەك** خۇش قىلماق، شادلاندۇرماق: ئۇ يەنىلا گەپ قىلمىدى. مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرمەكچى بولدۇم. * ئەتراپتىكى گۈزەل مەنزىرىلەر، ئىللىق چىرايلار، قىزغىن كۈتۈشلەر كىشىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى.

**كۆڭۈلنىڭ چىگىشنى يەشمەك** كۆڭۈلدىكى ئاداۋەت، خاپىلىقنى چىقىرىپ تاشلىماق: — سەن كېلىپ كۆڭلۈمنىڭ چىگىشىنى يېشىۋەتتىڭ، ئۆزۈممۇ يېنىكلەپ قالدىم.

**كۆڭۈلنىڭ رايىغا باقماق** ← **كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك:** ئەمدى كۆڭۈلنىڭ رايىغا بېقىپ نېمە قىلاي؟ بەلكىم ئابلىزمۇ ئۆيلەنگەندۇ؟

**كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمەك** كۆڭۈل نېمىنى خالىسا شۇنى قىلماق، باقماق: كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرمە، كۆڭۈل ھەريەرگە باشلايدۇ. سەمەرقەنت ئالمىسىدەك، ئاپىرىپ چۆللەرگە تاشلايدۇ. * كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ كۆڭۈل بەرمە چىرايلىققا، ۋاپاسىز مىڭ چىرايلىقتىن ۋاپادار بىرگاچا ياخشى.

**كۆڭۈلنىڭ كۆزى يوق** «كۆڭۈل ياخشى-يامانىنى ئايرىمايدۇ، كۆڭۈلگە ياققانلا نەرسە گۈزەل، ياخشى بولۇۋېرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: — كۆڭۈلنىڭ كۆزى يوق، ھەرقانداق ئىش قىلسىڭىز ئويلىشىپ قىلغىنىڭىز ياخشى، — دېدى ئايشە

**كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالماق** كۆڭۈلدىكى تۈگۈننى، گۇماننى، شەكنى يوق قىلماق؛ كۆڭۈلنى كۆتۈرمەك: جېنىم ئاكا، سىلىمۇ ماڭا ئوخشاش بىر دەردمەن ئوخشايلا، ھاراق كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئالىدۇ دەيدۇ، مۇشۇ بىرنى ئىچىۋەتسىلە نېمە بولار؟

**كۆڭۈلنى ئۇتماق** مەيلىنى ئۆزىگە تارتماق، قولغا كىرگۈزمەك: — ئۇ تاتلىق گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلۈمنى ئۇتتى. * ئەتە ئىشتىن چۈشۈپلا بىرەر كىيىملىك بىرنەرسە ئېلىپ، ئۇدۇل خوتۇنۇڭنىڭ قېشىغا بار، تىللىسىمۇ، يۈزۈڭگە تۈكۈرسىمۇ ئېغىر ئالماي، چىرايلىقچە ئۆيگە ياندۇرۇپ كەل. قولۇڭدىن كېلىشىچە كۆڭلىنى ئۇت.

**كۆڭۈلنى ئۈزمەك** ۋاز كەچمەك، تاشلىماق: يا بۇ قىز مەڭلىك بالىدىن كۆڭلىنى ئۈزمىدى، يا دادا بولغان كىشى قىزىنىڭ كۆڭلىنى دېمىدى.

**كۆڭۈلنى ئىزھار قىلماق** ئويلىغانلىرىنى، نىيەت مەقسىتىنى بايان قىلماق، كۆڭۈلدىكى گەپنى ئېيتماق: ئاخىرى ئۇ بىردىنلا خۇشاللىنىپ، نېمە ئۈچۈن خەت ئارقىلىق كۆڭلۈمنى ئىزھار قىلمايمەن؟ دېگەن سوئال بىلەن كۆڭلى ئارامغا چۈشتى.

**كۆڭۈلنى ياندۇرماسلىق** نائۈمىد قويماسلىق: — شۇنداق بولسۇن، ساھىبخانىنىڭ

كۆڭلىنى ياندۇرغىلى بولمايدۇ، — دېدى شاكىر. * قېنى ئالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ يارىشىقى ئەمەس، شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈمنى ياندۇر-مىسىلا.

**كۆڭۈلنى يېرىم قىلماق** كۆڭلى بۇزۇلماق، مەيۈسلەنمەك: كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا، ئۆزى ئۇچۇن كەتمەن چېپىپ، قورساق تويدۇرىدىغان چاغلارمۇ كېلىپ قالار. * — كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما لالە. مەن بار، ئىككىمىز ئايرىلمايمىز، — قۇربان مەيدىسىگە بېشىنى قويغان لالىنى ئاكىلارچە مېھرىبانلىق بىلەن قۇچاقلاپ، بېشىنى سىلىدى.

**كۆڭۈل ئۇۋۇلماق** ئۆزىگە قارىتىشقا ھەرىكەت قىلماق، ئۆزىگە مايىل قىلماق، رام قىلماق: ئۇ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتتە، قاراپ تۇرۇپ ماختاپ كۆككە كۆتۈرۈپ كۆڭۈلنى ئۇۋۇلاشقا بەكمۇ ئۇستا. * سىزنىڭ مېنى ياخشى كۆرۈشىڭىز ئەرلەرنىڭ ئايال كۆڭلىنى ئۇۋۇلىشىدىن باشقا ئىش ئەمەس.

**كۆڭۈل ئېيتماق** كۆڭلىنى تىنچىتىدىغان سۆزلەرنى قىلماق، تەسەللى بەرمەك: يوقلاپ كەلگەن جامائەت ئۇنىڭغا كۆڭۈل ئېيتتى. * يوقلاپ كەلگەنلەر زورىخانىغا «سەۋر قىلسىلا ئۇكام، ھېلىمۇ خۇدايىم ساقلاپتۇ» دەپ كۆڭۈل ئېيتتى.

**كۆڭۈل ئىزدىمەك** كۆڭۈلنىڭ خۇش بولۇشىنى ئارزۇ قىلماق: شاھ ساھىبخانىنىڭ كۆڭلىنى ئىزدەپ پولۇدىن خېلى يېدى. * ئۇلار يېزا ئادىتى بويىچە كۆڭۈل ئىزدەپ كېلىشكىنى يوق.

**كۆڭۈل ئىلىشماق ← كۆڭۈل**

**ئاينىماق:** ئۇ خورمىنى جىق يەۋەتكەنلىكتىن مەيدىسى ئېغىرلىشىپ، كۆڭلى ئىلىشقاندەك بولدى.

**كۆڭۈل يارىسى** دەرد-ئەلەم، قايغۇ-ھەس-رەت: كۆز يېشىمۇ بىر مەلھەم، بەزىدە كۆڭۈل يارىسىنى كۆز يېشى بىلەن بەزلەپ، يۈرەكتىد-كى ئاچچىق ھەسرەتنى كۆز يېشى بىلەن ئېرىتىۋەتكىلى بولىدۇ.

**كۆڭۈل ياسىماق** تەسەللى بەرمەك، بەزلىمەك: سايىمئاخۇن دەرھال كۆڭۈل ياسىدى: — شۇنداق، شۇنداق، كۆڭۈللىرىگە ئالمىسىلا، بالا كىچىك. * — قايغۇرما ئۇكام، يىگىت كىشىنىڭ بېشىغا ھەر ئىشلار كېلىدۇ. ئەگەر خوتۇنۇڭ مۇشۇ شەھەردە بولسا، ئۇنى تېپىشقا مەن ياردەم قىلىمەن، — دەپ ئىسكەندەرنىڭ كۆڭلىنى ياساپتۇ.

**كۆڭۈل يايرىماق** قاتتىق سۆيۈنمەك، ئاجايىپ خۇشال بولماق: نادىرنىڭ كۆڭلى يايراپ، ھاردۇقى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

**كۆڭۈل يورۇق** كۆڭۈلدە ھېچقانداق غەم-ئەندىشە، گۇمان، شەك يوق: خاتىرىڭىزنى جەم قىلىڭ، مېنىڭ كۆڭلۈم يورۇق، لېكىن ئىش ھەقادىغا يەتكۈچە جىلە بولۇپ تۇگەيدىغان ئوخشايمەن.

**كۆڭۈل يورۇماق** كۆڭۈلدىكى غەم-ئەندى-شە، شەك-شۈبھە، گۇمان يوقالماق، خۇشال بولماق: موماينىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن غەملىرىم تارقىدى، كۆڭلۈم يورۇدى.

**كۆڭۈل يېرىم** غەمكىن، مەيۈس: بۇ ئىشتىن كۆڭلۈم بەك يېرىم. * يىگىتلەرنىڭ قورسىقى توق، ئەگنى پۈتۈن بولغان بىلەن كۆڭلى يېرىم ئىدى.

**كۆڭۈل يېرىم بولماق** مەيۈسلەنمەك، غەمكىن بولماق: ئەترەت ئەزالىرى خەلچە ئانا دوختۇرخانىغا كەتكەن چاغدا كۆڭلى يېرىم بولۇپ ئۇزاتقان بولسا، ئەمدى خۇشال-لىقتىن قانات قېقىپ قارشى ئالدى. * ئۇ ئىشلارنى ئويلىسام كۆڭلۈم يېرىم بولىدۇ.

**كۆڭۈلچەك** سۈپ. خەقنىڭ كۆڭلىنى

ئايايدىغان، خەقنىڭ رايىغا باقىدىغان: كۆڭۈلچەك ئادەم. * ئۆز ۋاقتىدىكى خۇش خۇي ناخشچى گۈزەل قىز، كېيىنكى كۈنلەردىكى دىلكەش، كۆڭۈلچەك، مۇھەببەتلىك جۇۋان هازىر كەم سۆز، خىيالچان، بەزىدە هەتتا هاڭۋاقتى، ئۇنتۇغاق موماىغا ئايلانغان. // كۆڭۈلچەكنىڭ كۆتى ئوچۇق (ماقال).

**كۆڭۈلچە كلىك** «كۆڭۈلچەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ـ سىنىڭ بەرگىنىڭنى شۇجى نەدىن بىلدۇ؟ سىنىڭ مۇشۇنداق كۆڭۈلچە كلىكىڭ، قورقۇنچاقلىقىڭدىنمۇ هېچ ئىشىمىز ئوڭغا تارتمايۋاتىدۇ! * بۇ ئىشنى ئورۇنلاشتا كۆڭۈلچە كلىك قىلىشقا زادى بولمايدۇ. * بۇ بىر پرىنسىپ! بۇ مەسىلىدە كۆڭۈلچەكلىك قىلىشقا بولمايدۇ.

**كۆڭۈلدا شلار** ئى. كۆڭۈللۈك سۆھبەتلىشىدىغان سۆھبەتداشلار، خۇش سۆھبەت كىشىلەر: باياتىن بۇلارنىڭ سۆھبىتىگە ئۆچەكەشكەندەك ئارىلىشۋالغان ئېگىز بويلۇق، چېقىر كۆز، ئاقساق ئوفىتسېرنىڭ ئاغزى بېسىلماي كاسىلدىشى، كۆڭۈلدا شلارنىڭ سىردىششىغا تازىمۇ كاشىلا بولدى.

**كۆڭۈلدىكىدەك** سۈپ. كۆڭۈلگە ياقىدىغان، كۆڭۈلدە ئويلىغاندەك، تەسەۋۋۇر دىكىدەك؛ ناهايىتى ياخشى، دەل جايىدا: كۆڭۈلدىكىدەك نەرسە. * كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولدى. // ئۇ ئالى مەكتەپنىڭ تەييارلىق ئىمتىهانىدىن كۆڭۈلدىكىدەك ئۆتتى.

**كۆڭۈلسىز** سۈپ ① كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان، كۆڭۈلنى خۇش قىلمايدىغان: كۆڭۈلسىز ۋەقە. * گۈلسۈمخان بۇ كۆڭۈلسىز ئىشلارنى خىيالىدىن چىقىرىۋېتىشكە قانچە تىرىشىپ باقتى ـ يۇ، لېكىن زادىلا چىقىرىۋېتەلمىدى. ② كۆڭلى سوۋۇغان، زېرىككەن؛ سۆيگۈ ـ مۇھەببىتى يوق: ئۇ قىزغا كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىم. * يارىم بىلەن يۈرگەن ئۆيلەر، سېپىاقسىز ئىكەن. مەن يارىمدىن سوراپ باقتىم، كۆڭۈلسىز ئىكەن. // مەن كىتابخانىدىن كۆڭۈلسىز يېنىپ چىقتىم.

**كۆڭۈلسىز بولماق** ① كۆڭلى غەش بولماق: ئادىل ئۇچۇنمۇ شۇنداق ئېغىر ۋە كۆڭۈلسىز بولۇپ تۇيۇلدى. ② كۆڭلى سوۋۇماق، زېرىكمەك، رايى قايتماق: ئۇلار توي قىلىپ بىر هەپتە ئۆتمەي ئېرى خوتۇنىغا «كۆڭۈلسىز بولۇپ قالدىم» دەپ ئۆيىگە كىرمەپتۇ.

**كۆڭۈلسىز قىلماق** كۆڭۈلنى غەش قىلماق، كۆڭلىنى سوۋۇتماق، رايىنى قايتۇرماق، زېرىكتۈرمەك.

**كۆڭۈلسىزلە نمەك** پ. كۆڭۈلسىز بولماق: ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ساهىبخانىدىن باشقىلارنىڭ، هەممىسى دېگۈدەك كۆڭۈلسىزلىنىپ تاراشتى.

**كۆڭۈلسىزلە ندۈرمەك** «كۆڭۈلسىزلە نمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ـ خوتۇنىنىڭ ئېرى ئۇكامنى خوتۇنىدىن قانداق يول بىلەن كۆڭۈلسىزلە ندۈرۈشنى سۆزلىگەندە، خوتۇنى: ـ ئۆزۈم بىر ئىلاجىنى قىلىپ بۇ شەهەردىن ئۇنى قوغلاندى قىلىمەن، ـ دېگەنىكەن.

**كۆڭۈلسىزلىك** ① «كۆڭۈلسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئويۇننى داۋاملاشتۇرۇشقا مۇمكىن بولماي قالدى، هەممەيلەن كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە تارالدى. ② ئى. كىشىنى غەم ـ قايغۇغا سالىدىغان، كۆڭۈلنى غەش قىلىدىغان ئىش، ۋەقە، هادىسە: تويدىن كېيىنكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنى تۈگىتىش ئەزىمجان ئۈچۈن ئاسانغا چۈشمىدى.

**كۆڭۈلشمەك** ئى (كۆپرەك يوقلۇق شەكلىدە كېلىدۇ) ئېتىبارغا ئالماق، ئەهمىيەت بەرمەك، قىزىقماق: دەسلىپىدە كۆڭۈلشمەيدىغانەك قولغا ئېلىنغان بۇ ئىش ياخشى نەتىجە

بېرىپ، مېلىكىخان ئاچىنى ياشارتىۋەتكەنىدى. * مەن دەسلەپ بۇ ئىشقا ئانچە كۆڭۈلشىپ كەتمىدىم، كېيىن قانداق كىرىشىپ كەتكىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەي قالدىم.

**كۆكۈللۈك** سۈپ. كۆكۈلگە ياقىدىغان، خۇش قىلىدىغان، يېقىملىق: كۆكۈللۈك تۇرمۇش. كۆكۈللۈك سەپەر. كۆكۈللۈك ئىش. * ئۇنىڭ كۆكۈللۈك تۇرمۇشىنى بۇزاي دەۋاتامسىز؟ ئىنساپ قىلىڭ، مۇنداق قىلىش مۇناپىقلىق بولىدۇ.

**كۆل** I ئى <جۇغ> سىرغىم سۇ يىغىلىدىغان ياكى دەريا-ئېقىنلار قۇيۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى تەبىئىي ئويمان. سۇ بەزىلىرىنىڭ بېشىدىن كىرسە ئايىغىدىن چىقىدۇ، بەزىلىرىنىڭ ئايىغى چىقمايدۇ. ئايىغى چىقىدىغىنى «ئېقىن كۆل»، ئايىغى چىقمايدىغىنى «توختام كۆل» دېيىلىدۇ.

**كۆل بېگى** ئۇيغۇر مەشرەپلىرىدىكى يېمەك-ئىچمەك ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان كىشى.

**كۆل راكى** <زوئول> راكنىڭ بىر خىلى. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە سانتىمېترغا يېتىدۇ. سىرتقى يۈزىدە قوڭۇر يېشىل رەڭلىك يوللىرى بولىدۇ.

**كۆل فاتسىيلىك چۆكۈندى** <گېئول> كۆللەردە چۆكۈپ قالغان ماددىلار. ئادەتتە مېخانىكىلىق (مەسلەن، قۇم)، ئورگانىك (مەسلەن، تورف) ۋە خىمىيىلىك (مەسلەن، تاش تۇز) چۆكۈندىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كۆل** II ئى. دىئال. گۈلدۈرماما.

**كۆلەڭگە** ئى ① ئاپتاپ نۇرىدىن توسۇلغان جاي، سايە: قورققانغا قوش كۆرۈنەر، كۆلەڭگىسى بەش كۆرۈنەر (ماقال). * هارۋىنى ئات تارتىدۇ، كۆلەڭگىسىنى ئىت تارتىدۇ (ماقال). * يولنىڭ چېتىدىكى رەت-رەت دەرەخلەر يولغا قويۇق كۆلەڭگە تاشلاپ تۇراتتى. ② يىراقتا، قاراڭغۇلۇقتا، تۇماندا غۇۋا كۆرۈنگەن نەرسە، قارا: تامدىن ئۆچ-تۆت قەدەمچە نېرىدىكى قېرى ئۈجمە دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئىككى قارا كۆلەڭگە كۆرۈندى. ③ كۆچمە. ۋەھىمە، قورقۇنچ، ۋەھىملىك بېشارەت، شەپە: ئەجەلنىڭ قارا كۆلەڭگىسى ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. * كۆڭلىمىزگە ئاللىقانداق بىر شۇم خەۋەرنىڭ كۆلەڭگىسى سايە تاشلىدى.

**كۆلەڭگە تاشلىماق** كۆلەڭگىسىنى چۈشۈرمەك: باغنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن كىمدۇر بىرى ئاستا شىپىلداپ كىرىپ، پەنجىرە ئالدىغا قارا كۆلەڭگە تاشلىغاندىن كېيىن ئاز ئۆتمەيلا غايىب بولۇپ كەتتى.

**كۆلەڭگىسىدىن ئۈركۈمەك** ئۆز-ئۆزىدىن خۇدۇكسىنىپ قورقۇپ يۈرمەك: ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر كۆلەڭگىسىدىن ئۈركۈپ يۈرىدۇ.

**كۆلەڭگىسىز** سۈپ. كۆلەڭگىسى يوق، كۆلەڭگە چۈشۈرمەيدىغان: كۆلەڭگىسىز چىراغ.

**كۆلەڭگىسىز چىراغ** <تىب> دوختۇرخانىلاردىكى تاشقى كېسەللەر ئوپېراتسىيىسىدە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل يورۇتۇش چىرىغى. ئادەتتە بىرنەچچە ياكى ئون نەچچە دانە ئالاھىدە لامپا هالقا شەكلىدە رەتلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، ئوخشاش بولمىغان ئورۇندىن چىققان چىراغ نۇرى رەڭ سۈزگۈچتىن ئۆتۈپ، ئوپېراتسىيە ئۈستىلىگە چۈشىدۇ ۋە كۆلەڭگە هاسىل قىلمايدۇ. ئۇنىڭ نۇرى يېقىملىق بولۇپ، كۆزنى چاقمايدۇ.

**كۆلەڭگىلىك** ئى. كۈن نۇرى چۈشمىگەن سايە جاي، سايە چۈشۈپ تۇرغان يەر: ئاۋۇ كۆلەڭگىلىككە بېرىپ بىردەم ئارام ئالايلى.

**كۆلەم** ئى. دائىرە؛ ھەجىم، مىقياس: ئەمگەك كۆلىمى. * بۇ قېتىمقى قۇرۇلۇشنىڭ كۆلىمى بەك چوڭ.

**كۆلەملىك** سۈپ. دائىرىلىك: بۇلتۇر ئەتىيازدا چېرىكلەر كەڭ كۆلەملىك ھۇجۇم باشلىدى.

**كۆلچەك** ئى. سۇ يىغىلىپ قالغان ئويمان، ئازگال: بىر توپ باللار كۆلچەكتە سۇ ئويناۋاتاتتى.

**كۆلچەك مۇنچا** <بن> نۇرغۇن كىشىنىڭ بىرلا ۋاقىتتا يۇيۇنۇشى ئۈچۈن مەخسۇس كۆلچەك شەكلىدە ياسالغان بىر خىل مۇنچا. ئادەتتە تاش ياكى بېتوندىن ياسىلىدۇ.

**كۆلۈ** ئى. دىئال. كېلەر يىلى.

**كۆلۈك** ئى. دىئال. ئادەم مىنىدىغان ياكى يۈك توشۇلىدىغان ئات-ئۇلاغ قاتارلىق قاتناش قورالىرى.

**كۆلۈگەچ** ئى. دىئال. شولا.

**كۆمەچ** ئى ① چوغقا كۆمۈپ پىشۇرىدىغان نان: ئۇلار قوقاسقا كۆمۈلگەن تېرىق كۆمىچىنى پىشار-پىشمايلا ئېچىپ، بەئەينى ياغلىق توقاچ يېگەندەك ئىشتىها بىلەن يېيىشكە باشلىدى. * ئۇلار ئۈچ-تۆت كونىگچە كۆمەچ كۆمۈپ يېدى. ② تونۇردا تۇرماي چۈشۈپ كەتكەن نان: ئاشنى بۇزۇپ ئوماچ قىلدى، ناننى بۇزۇپ كۆمەچ قىلدى. (ماقال). * زەينەپخان تونۇرغا چۈشۈپ كەتكەن كۆمەچ-لەرنى لاخشىگىردە ئېلىۋاتاتتى. ③ كۆچمە. مەنپەئەت: سەن ئويلاپ باق، ھەممىز ئۆز كۆمۈچىمىز، ئۆز خاتىرجەملىكىمىز ئۈستىدە ئويلاپ، قۇل بولۇپ ئۆتۈپ كېتەمدۇق. * ھەي... بۇ شەخسى كۆمەچ بەزىدە ئادەمنى ھەر تەرەپكە باشلاپ قويىدىكەن، يۇرتداشلار-دىن ئايرىپمۇ تاشلايدىكەن.

**كۆمەچ نان** ← **كۆمەچ**: كېلىنچەك مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئايران ۋە كۆمەچ نان كەلتۈردى.

**كۆمەچدان** ئى. كۆمەچ پىشۇرىدىغان تاۋا.

**كۆمەك** I ئى [پ] ياردەم.

**كۆمەك** II سۈپ. دىئال. جەمە تىلىك، ئۇرۇق-تۇغقىنى كۆپ.

**كۆمەكلەشمەك** پ. ياردەملەشمەك، ياردەم بەرمەك: پۈتۈن ئۆمرۈم بويى ياخشى نىيەت بىلەن ساڭا كۆمەكلىشىمەن.

**كۆمەل** ئى. دىئال. شۇرمەل.

**كۆمەل تاش** دىئال. شىبەن.

**كۆمتۈرتمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆمتۈرمەك** پ. دۈم قىلماق؛ ئاستىنى ئۈستىگە، ئۈستىنى ئاستىغا قىلىپ قويماق؛ ئاغدۇرماق: چېلەكنى كۆمتۈرمەك. ھارۋىنى كۆمتۈرۈۋەتمەك. * شوپۇر غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇنىڭغا شۇ تاپتا ئاسماننى كۆمتۈرۈۋەتكەندەك بولۇپ كەتتى.

**كۆمتۈرۈشمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆمتۈرۈلمەك** «كۆمتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ تاپتا، ئۈچ ئەۋلاد-نىڭ يىغا-زارىغا ئاسمان كۆمتۈرۈلۈپ يەر-زې-مىننىڭ كۆكۈم-تالقان بولمىغىنىغا ئۇ ھەيران ئىدى.

**كۆمدۈرگۈزمەك** «كۆمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆمدۈرمەك** «كۆمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قاسىمئاخۇن باللىرىغا ئېيتىپ ئۆزۈم تاللىرىنى كۆمدۈردى.

**كۆمدۈرۈشمەك** «كۆمدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆممە** سۈپ. كۆمۈپ پىشۇرۇلغان، كۆمۈلگەن.

**كۆممە كاۋاپ** كاۋاپنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە قوي گۆشى چوڭ-چوڭ توغرىلىپ،

تۈۋىتى تېشىغا قىلىپ تەتۈر ئۆرۈلگەن قېرىن ئىچىگە تىقىلغاندىن كېيىن، ئوتقا كۆمۈلۈپ پىشۇرۇلىدۇ.

**كۆممە نان** ئوتقا كۆمۈپ پىشۇرۇلغان نان؛ كۆمەچ.

**كۆممەك** پ ① كولانغان يەرگە جايلاپ ئۈستىنى ياپماق؛ دەپنە قىلماق: سەۋزە كۆممەك. ئۆلۈك كۆممەك. قارغا ئۆلۈك كۆمگىلى بولماس (ماقال). * ئۆلۈشكە قاراپ كۆمۈش (ماقال). * دەسلەپتە بىر ئۆچكە تېرىسىنى تېپىپ قىغقا كۆمۈپ قويۇپ، بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئېلىپ قارىساق، ئۇنىڭ تۈكلىرى تامامەن يۇلۇنما بولۇپ چۈشتى. ② كۆچمە. يوقاتماق، يوق قىلماق: كۆمدۈق ئاخىر، قان شوراپ ئەلنى مۈكچەيتكەن جەمئىيەتنى. ③ كۆچمە. ھەددىدىن ئارتۇق تەمىنلىمەك: ھەي ئاللاھدىن، مەن سېنى بايلىققا كۆمۈپ، ئۆزۈڭگىمۇ، ئاناڭغىمۇ ياردەم قىلغۇم كېلىدۇ.

**كۆممقوناق** ئى [كۆممە+قوناق] <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ئىككى-ئۈچ مېتىر ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇزۇن ھەم چوڭ، گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق-ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. دېنى سېرىق پۇرچاقنىڭكىدىن سەل چوڭراق كېلىدۇ. مۇھىم ئاشلىقلاردىن بىرى. ئۇنىڭدىن يەنە كراخمال ئېلىشقىمۇ بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**كۆممقوناق پەرۋانىسى** <زوئول> پەرۋانىنىڭ بىر خىلى. يېتىلگىنى سۇس سارغۇچ قوڭۇر، لىچىنكىسى كۈل رەڭ قوڭۇر ياكى ئاچ بېغىر رەڭ، بېشى قارامتۇل قوڭۇر رەڭدە كېلىدۇ. دۈمبىسىدە ئىنچىكە سىزىقچىسى بولىدۇ. كۆممقوناق، ئاق قوناق قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ غولىنى يەيدۇ. ئادەتتە ئۇ دېھقانچىلىققا زىيىنى ئەڭ كۆپ بولغان ھاشارات ھېسابلىنىدۇ.

**كۆمۈر** ئى <گېئول> ① قارا رەڭلىك قاتتىق مىنېرال. ئاساسلىق تەركىبى كاربون، ھىدروگېن، ئوكسىگېن ۋە ئازوت. ئۇ قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ھاۋا ئۆتمەيدىغان ياكى ھاۋا كەمچىل شارائىتتا يەر ئاستىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرا ۋە يۇقىرى بېسىمنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ ئاينىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. ئۇ يەنە شەكىللىنىش باسقۇچى ۋە كۆمۈرلىشىش دەرىجىسىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تورف، قوڭۇر كۆمۈر، ئىسلىق كۆمۈر ۋە ئىسسىز كۆمۈر دەپ تۆت خىلغا ئايرىلىدۇ. ئادەتتە ئاساسەن يېقىلغۇ ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ② كۆيۈپ قارايغان، لېكىن تېخى كۈلگە ئايلانمىغان ياغاچ قالدۇقى: ئوتۇن كۆمۈرى.

**كۆمۈر پېترولوگىيىسى** <گېئول> كۆمۈرنى ئورگانىك جىنس سۈپىتىدە قاراپ، ئۇنىڭ ماددىي تەركىبى، خۇسۇسىيىتى ۋە ھۆنەرۋەنچىلىكتىكى ئىشلىتىلىش ئورنىنى پېترولوگىيە ئۇسۇلى بىلەن تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە شۇ ئارقىلىق كۆمۈرنىڭ شەكىللىنىش سەۋەبلىرى ۋە مۇۋاپىق ئىشلىتىلىش ئورنىنى بېكىتىدىغان پەن.

**كۆمۈر سانائىتى** كۆمۈر قېزىپ ۋە تاللاپ، مېتاللورگىيە، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى، خىمىيە سانائىتى، قاتناش-ترانسپورت ھەم شەھەر-يېزا ئاھالىلىرىنى يېقىلغۇ ۋە خام ئەشيا بىلەن تەمىنلەيدىغان سانائەت تارمىقى.

**كۆمۈر سمولسى** <خىم> كۆپ خىل

ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ ئارىلاشمىسى، يەنى كۆمۈرنى قۇرۇق ھەيدەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان قارا قوڭۇر رەڭلىك، سىيىق پۇراقلىق ئىگە يېپىشقاق سۇيۇقلۇق. كوكس ۋە كۆمۈر گازى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ قوشۇمچە مەھسۇلاتى. ئۇنىڭدىن بېنزول، فېنول، نافتالىن ۋە ئانتراتسېن قاتارلىقلار ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ئادەتتە سىر قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆمۈر قاتلمى** <گېئول> تەبىئەت دۇنياسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر قالدۇقىنىڭ ئۈستى-ئۈستىگە چۆكۈپ ئۆزگىرىشىدىن ھاسىل بولغان يېنىشچان قاتتىق كان مەھسۇلاتى قاتلمى.

**كۆمۈر گازى** <خىم> ① كۆمۈرنى قۇرۇق ھەيدەش ئارقىلىق ئېلىنىدىغان گاز. ئاساسلىق تەركىبى ھىدروگېن، مېتان، ئېتىلېن، كاربون (II) ئوكسىد ھەمدە ئاز مىقداردىكى ئازوت ۋە كاربون (IV) ئوكسىد قاتارلىقلار. رەڭسىز، پۇراقسىز، تەمسىز ۋە زەھەرلىك كېلىدۇ. يېقىلغۇ ياكى خىمىيە سانائەت خام ئەشياسى قىلىنىدۇ. ② كۆمۈر تولۇق يانمىغاندا پەيدا بولىدىغان زەھەرلىك گاز. ئاساسلىق تەركىبى كاربون (II) ئوكسىد بولۇپ، رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. نەپەس ئالغاندىن كېيىن قاندىكى گېموگلوبىن بىلەن بىرىكىپ زەھەرلىنىشنى پەيدا قىلىدۇ.

**كۆمۈرەڭگۈ** سۈپ. ياي، گۈمبەز شەكلىدىكى: كۆمۈرەڭگۈ ئۆي. كۆمۈرەڭگۈ دەرۋازا.
* قەبرىنىڭ ئىچ يەرلىكى كۆمۈرەڭگۈ قىلىپ ياسىلىدۇ.

**كۆمۈرچەك** ئى <ئانات> ئادەم ياكى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلار تېنىدىكى بىر خىل بىرىكتۈرگۈچى توقۇلما. تۆرەلمە مەزگىلىدە، ئادەم ئىسكىلىتىنىڭ كۆپ قىسمى كۆمۈرچەكتىن تۈزۈلىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن كىشىلەرنىڭ تېنىدە بولسا، بۇرۇن ئۇچى، تاشقى قۇلاق، قوۋۇرغا ئۇچى ۋە ئومۇرتقىنىڭ تۇتىشىش يۈزى قاتارلىقلارغا ئوخشاش ئايرىم ئورۇنلاردا ساقلىنىپ قالىدۇ.

**كۆمۈرچەكلىك** سۈپ. كۆمۈرچىكى بار: كۆمۈرچەكلىك بېلىق.

**كۆمۈرچەكلىك بېلىق** <زوئول> ←. كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار تۈركۈمى.

**كۆمۈرچەكلىك بېلىقلار تۈركۈمى** <زوئول> بېلىقلارنىڭ زور بىر تۈركۈمى. ئىسكىلىتلىرىنىڭ ھەممىسى كۆمۈرچەكتىن قۇرۇلغان. تەڭگىچىلىرى دانىچە شەكىللىك ياكى پۈتۈنلەي يوق، ھەممىسى دېڭىز ئوكيانلاردا ياشايدۇ. لەھەڭ، سكات بېلىقلىرى مۇشۇ تۈركۈمگە كىرىدۇ.

**كۆمۈرچى** ئى. كۆمۈر قېزىش ۋە سېتىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان كىشى.

**كۆمۈرچىلىك** ئى. كۆمۈر قېزىش ۋە سېتىش ئىشى.

**كۆمۈرخانا** ئى. كۆمۈر قويىدىغان ۋە ساتىدىغان جاي، ئورۇن.

**كۆمۈرلەشمەك** پ <خىم> قەدىمكى ئۆسۈملۈكلەر چۆكۈندى ماددىلار ئىچىگە كۆمۈلۈپ، مۇئەييەن بېسىم ۋە تېمپېراتۇرا قاتارلىقلارنىڭ تەسىرىدە پەيدىنپەي ئۆزگىرىپ، كۆمۈرگە ئايلانماق.

**كۆمۈرلۈك** ئى <گېئول> كۆلىمى كەڭ ۋە ئېچىشقا بولىدىغان كۆمۈر قاتلمى تارالغان بەلباغ.

**كۆمۈرلۈك گېئولوگىيىسى** <گېئول> گېئولوگىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى كۆمۈر كانىنىڭ گېئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىنى، ھاسىل بولۇش سەۋەبى، جايلىشىش

قانۇنىيىتى ۋە سانائەتتىكى قىممىتىنى مەخسۇس تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**كۆمۈرلىشىش** «كۆمۈرلەشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**كۆمۈرمەك** پ. دۈم قىلماق، كۆمتۈرمەك: چىنىنى كۆمۈرمەك. چېلەكنى كۆمۈرمەك.

**كۆمۈرۈشمەك** «كۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆمۈرۈلمەك** «كۆمۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆي كۆمۈرۈلۈپ چۈشتى.

**كۆمۈك** سۈپ. كۆمۈلگەن، كۆمۈپ قويۇلغان: نى-نى كىشىلەر كۆمۈك شۇ قەبرىلەردە، چىرىپ تۇپراق بولۇپ ياتقان شۇ يەردە.

**كۆمۈكلۈك** سۈپ. كۆمۈلگەن، كۆمۈپ قويۇلغان: نەم توپىغا كۆمۈكلۈك سەۋزە. * ئۇيغۇر تىبابىتىمىزنىڭ مول بايلىقلىرى تېخى كۆمۈكلۈك هالدا ياتماقتا.

**كۆمۈلمەس** سۈپ. كۆمۈلمەيدىغان، يوقىمايدىغان: بۇ گاڭ ئىزلار، شۇلار باسقان تائەبەد هېچ كۆمۈلمەس. يالقۇن ئوتلار ئۇلار ياققان، لاۋۇلدار، مەڭگۈ ئۆچمەس.

**كۆمۈلمەك** ① «كۆممەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: هەربىي هوقۇقدارنىڭ كىيىم-كېچەك، يۈز-كۆزلىرى توپا-چاڭغا كۆمۈلگەن پېتى ئىدى. ② «كۆممەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: — ئەمسە، مۇشۇ يەردە سامانغا كۆمۈلۈپ يېتىپ تۇر. مەن سېنى بىر ئامال قىلىپ ئېلىپ قالاي، — دەپ سامانلىقتىن چىقىپ كەتتى باقى.

**كۆن** ئى. ئەيلەنگەن، پىششىقلانغان تېرە؛ يەرلىك چىگرىن.

**كۆنەك** ئى <زوئول> هەرىلەرنىڭ ئۆزلىرى ياسىغان تۇرار جايى، ئۇۋىسى. ئادەتتە تور شەكلىدە بولۇپ، نۇرغۇنلىغان ئالتە ياقلىق تۆشۈكچىلەرنىڭ تۇتىششى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. هەرىلەر ئۇنىڭدا تۇرىدۇ ۋە ئەۋلاد قالدۇرىدۇ. هەسەل هەرىلىرى ئۇنىڭدا هەسەل شىرنىسى ۋە گۈل چېڭىنى ساقلايدۇ.

**كۆنەك قېرىن** <زوئول> → **ئۆپكە ئاغزى.**

**كۆنەلگۈ** ئى. قېتىق ئۇيۇتۇش ئۈچۈن سۈتكە ئارىلاشتۇرۇلىدىغان خۇرۇچ؛ ئېچىتقۇ: كۆنەلگۈ قالدۇرماق. كۆنەلگە سالماق.

**كۆنەلگۈ زەمبۇرۇغى** <بىئول> زەمبۇرۇغنىڭ بىر تۈرى، زەمبۇرۇغ تېنى نۇرغۇنلىغان يىپسىمان هۈجەيرىلەردىن قۇرۇلغان. بەزى شاخچىلىرىنىڭ ئۇچلىرى شاز شەكلىدە كېلىدۇ. ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان سپورىلار ئۆسكەن بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ كۆپ ئۇچرايدىغان بىر خىل كۆكىرىك زەمبۇرۇغى هېسابلىنىدۇ. ئۇ يەنە مېۋە-چېۋە هەم يېمەكلىكلەرنى چىرىتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن هاراق ئېچىتىش ۋە جياڭيۇ، ئاچچىقسۇ ئىشلەشتە پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

**كۆنەلگۈسى ئۇيىماق** كۆڭلى تىنماق: ئارىلاشماڭلار، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلىپ بولمىغۇچە كۆنەلگۈسى ئۇيىمايدۇ.

**كۆنەلگۈلۈك** ئى. كۆنەلگۈ قىلىپ ئىشلىتىلىدىغان قېتىق، كۆنەلگۈ.

**كۆنجەك** ئى. خالتا كۆڭلەك ياقىسىنىڭ پەسكە ساڭگىلاپ چۈشكەن قىسمى.

**كۆنچى** ئى ① كۆن ئىشلەپچىقىرىدىغان ئۇستا. ② باينغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىكى بىر دەريانىڭ نامى.

**كۆنچىلىك** «كۆنچى» سۆزى ①-نىڭ كەسىپ نامى: كۆنچىلىك قىلماق. * «ۋاي خۇدايىم كۆنچىلىك دېگىنى مۇشۇمدى؟ نېمانچە ئازاب، نېمانچە ئاچچىق، دۇنيادا كۆنچىلىكتىنمۇ ئېغىر ئازاب بارمىدۇ — هە؟»

دەپ ئويلىدى ئۇ.

**كۆنچىنىڭ كۈچۈكىدەك** كەچكىچە بىركىمـ
ىنىڭ كەينىدە ئەگىشىپ يۈرىدىغان
كىشىلەرنى سۆپەتلەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىـ
غان ئىبارە: ئۇ ئىشكتىن ئاۋايلاپ چىقتى-دە،
خۇددى كۆنچىنىڭ كۈچۈكىدەك يورغىلىغىنىچە
ئارقا تامنىڭ تۈۋى بىلەن ئىلدام كەتتى.

**كۆندۈرمەك** «كۆنمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تۆتەيلەن بىر
كۈن كەچكىچە هارۋىغا ئات كۆندۈردى.

**كۆندۈرۈشمەك** «كۆندۈرمەك»
پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شەۋكەتنى
قوغۇشۇن ئېرىتىش ئۆيىدە يەنە بىرمەزگىل
ئىشلەشكە كۆندۈرۈشتى.

**كۆندۈرۈلمەك** «كۆندۈرمەك» پېئىلىنىڭ
مەجهۇل دەرىجىسى: چەت ئەلدىن كەلتۈـ
رۈلگەن بۇ شىر پادىشاھ ئوردىسىدىكى
هايۋانات باغچىسىدا كۆندۈرۈلگەچكە، زەنجىر
بىھاجەت بولۇپلا قالماي، ئادەمگە ئوخشاش
تىزلىنىپ باش ئۇرالايتتى، ئىككى ئالدى پۇتى
بىلەن سالام بېرەلەيتتى.

**كۆندۈك** ئى: دىئال. سېغىزدىن ياسالغان
ساندۇق.

**كۆندىلەڭ** سۈپ. توغرىسىغا قويۇلغان،
توغرىسىغا قىلىنغان: كۆندىلەڭ قىلماق. *
بىرقانچە ئاتلىقلار مىلتىقلىرىنى ئېگەرنىڭ
قېشىغا كۆندىلەڭ قويۇپ قاراپ تۇراتتى.

**كۆندىلەڭ بوغماق ئۆچەي** <ئانات>
بوغماق ئۆچەينىڭ بىر قىسمى. يۇقىرىقى
ئۆچى كۆتۈرۈلمە بوغماق ئۆچەي بىلەن
تۇتىشىپ، ئاشقازاننىڭ ئاستى تەرىپىدىن
توغرىسىغا ئۆتىدۇ. ئاستىنقى ئۇچى
تۆۋەنلىمە بوغماق ئۆچەي بىلەن تۇتىشىدۇ.

**كۆندىلەڭ بولماق** توغرىسىغا بولماق:
دەرۋازا يېنىدا، يولدا كۆندىلەڭ بولۇپ يېقىلىپ
قېلىپتۇ.

**كۆندىلەڭ سەپ** <ھەرب> شۆبە
ئەترەت يېيىلغاندىن كېيىن شەكىللەنگەن
توغرا سەپ شەكلىدىكى جەڭگىۋار دۈي
شەكلى.

**كۆندىلەڭ ئوقۇر** <مېتېئور> ئوقۇر
سىزىقى شەرق-غەرب يۆنىلىشىگە
يېقىنلاشقان ئېگىز هاۋا بوشلۇقىدىكى
غەرب شامىلى ئوقۇرى.

**كۆنمەك** پ ① رازى بولماق، ئۇنىماق:
ئۇ ئاخىر قولۇم-قوشنىلارنىڭ مەسلىھەتىگە
كۆندى. * ھېلىقى ئادەم ئۇنىڭ دېگىنىگە
دەرھال كۆندى. ② قانائەت قىلماق،
شۈكۈر قىلماق: بارىغا كۆنمەك. ③ ئۆگىنىپ
قالماق، ئادەتلەنمەك: شۇنداق قىلىپ،
بالا ئادەم زات ئىچىگە كۆنۈپ، تەڭتۇش
باللار بىلەن ئوينايدىغان بولۇپتۇ. *
ھەرزىنسا يېقىندىن بۇيان تولا ئېيتىپ كۆنۈپ
قالغان بۇ ناخشىنى غىڭشىغىنىچە چوڭ يولغا
چىقتى.

**كۆنۈشمەك** «كۆنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك
دەرىجىسى: بىچارىلەر بايلارنىڭ بۇ پەرمانىغا
نائىلاج كۆنۈشتى.

**كۆنۈك** سۈپ. كۆنگەن، كۆندۈرۈلگەن: بىز
بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك. * مەن بۇنىڭغا
خېلى كۆنۈك.

**كۆنۈكتۈرمەك** «كۆنۈكمەك» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆنۈكمە** ئى <مائار> دەرسلىكتىكى
ئۆتۈلگەن دەرسنى پىششىقلاش مەقسىتىدە
هەربىر دەرس ئاخىرىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان
مەشىق تېمىلىرى؛ تاپشۇرۇق: كۆنۈكمە
ئىشلىمەك.

**كۆنۈكمەك** پ. كۆنمەك: رىبۇۋانگول جەڭ
مەيدانىدىكى مۇشەققەتلەرگە چاپسان
كۆنۈكۈپ، ئۇ يەردىكى كىشىلەر بىلەن بىز
تۇغقاندەك بولۇپ كەتتى.

**كۆنۈكۈشمەك** «كۆنۈكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۆۋە** ئى. دىئال. كۆزپە.

**كۆۋەجىمەك** پ. كۆپۈك چىقارماق، بۇژغۇن ھالەتكە كەلمەك، كۆپۈكلەشمەك: ئۇ باھار سۈيى كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان ئېرىقنى بويلاپ مېڭىپ، قۇمئېرىق ئەترىتى تەۋەسىگە ئۆتتى.

**كۆۋرۈك** ئى ① <بىن> ئېرىق، ئۆستەڭ، دەريا ۋە جىرا قاتارلىقلاردىن قاتناش قوراللىرى ۋە ئادەملەرنىڭ ئۆتۈشى ئۈچۈن ياسالغان قۇرۇلما: ياغاچ كۆۋرۈك. سېمونت كۆۋرۈك. ئۆتۈشمە كۆۋرۈك. * — مەن بولغىنىمدا كۆۋرۈكتەك بىرنەرسە بولسا، ئۈچامغا كۆتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ قوياتتىم، — دېدى ھېلىقى ھەممىدىن بەكرەك تىللىغان كىشى. ② كۆچمە. تۇتاشتۇرۇش، ئۆتۈشتۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان ئادەم ياكى شەيئى، باغلاپ تۇرغان نەرسە؛ ئالاقە، باغلىنىش؛ ۋاستە: ئىككىنچى ياقتىن ئېيتقاندا، بۇ يەر مىللىي ئارمىيە جەڭچىلىرى ئۈچۈن پۈت تىرەپ تۇرۇشقا بولىدىغان ئىشەنچلىك ئارقا سەپ بولۇپ، ئاقسۇغا ھۇجۇم قىلىپ كىرىشىمىزگە ئەڭ ئاساسلىق كۆۋرۈكى ئىدى.

**كۆۋرۈك باشلىمى** <بىن> كۆتۈرۈپ سېلىنغان كۆۋرۈكنىڭ قىرغاقتىكى ئىككى بېشىنىڭ سوزۇلغان قىسمى.

**كۆۋرۈك سوزۇلمىسى** <بىن> ← **كۆۋرۈك باشلىمى.**

**كۆۋرۈك مېڭە** <ئانات> ← **مېڭە كۆۋرۈكى.**

**كۆۋرۈك ئىستىھكامى** <ھەرب> مۇھىم كۆۋرۈكلەرنى، كېچىكلەرنى كونترول قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان پوتەي ياكى تايانچ پونكىت.

**كۆۋرۈكچە** ئى. كىچىك كۆۋرۈك.

**كۆۋرۈكچە مېڭە** <ئانات> ← **مېڭە كۆۋرۈكى.**

**كۆۋرۈكلۈك** سۈپ. ① كۆۋرۈك سېلىشقا يېتىدىغان، يارايدىغان: بىر كۆۋرۈكلۈك ياغاچ-تاش تەييارلاپ قويۇلغانىدى. ② كۆچمە. ۋاستىلىك: كۆۋرۈكلۈك رول ئوينىماق. * بىز ئىلغارلارنى يېتىشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كەڭ ئامما ئىچىدىكى باشلامچىلىق، تايانچلىق ۋە كۆۋرۈكلۈك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىمىز لازىم.

**كۆۋرىمەك** پ. ئۆز-ئۆزىدىن ئېچىپ كۆپ-مەك، ئۆرلىمەك: خېمىر كۆۋرىمەك.

**كۆۋىلىگۈچ** ئى. دىئال. ئات، ئېشەك، قېچىر قاتارلىقلار ئېغىنايدىغان يەر.

**كۆيە** ئى. دىئال. ياغاچ كۆمۈر، ياغاچ كۆيۈندىسى.

**كۆيەك** (توغرىسى: كۆيۈك) ← **كۆيۈك.**

**كۆيدۈرگە** ئى ① <تىب> ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. ئات، كالا، قويغا ئوخشاش ئۆي ھايۋانلىرى ۋە ئادەملەرگە يۇقىدۇ. كۆيدۈرگە تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئادەملەر يۇقۇملانغاندا، قاتتىق قىچىشىپ، تېرىگە يىرىڭلىق قاپارتقۇ چىقىدۇ. ئۇنىڭ دەل ئوتتۇرىسى قارامتۇل ۋە ئويمان بولۇپ، ئەتراپى ئىششىدۇ، قاتتىق ئاغرىيدۇ. بەزىلەرنىڭ ئۈچەي ۋە ئۆپكىلىرىگىمۇ چىقىشى مۇمكىن: ئۇنىڭ شۆھرىتى تازا چىقىۋاتقان مەزگىللەردە ئېتى ئۇشتۇمتۇت كۆيدۈرگە بىلەن ئاغرىپ، ئەتىسىلا ئۆلۈپ كەتتى. * — بەدەنگە چىققان كۆيدۈرگىنى ئاغرىيدۇ دېمەي ۋاقتىدا كۆيدۈ-رۈۋەتمىسە، ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ، — دېدى سەپەرقۇل جىددىي قىياپەتتە. ② كۆچمە. باشقىلارغا زىيانكەشلىك قىلىش، باشقىلارنىڭ ئەجرى، ئەمگىكى ياكى خىزمىتى قاتارلىقلارنى كۆيدۈرۈش، يوققا

چىقىرىش قىلمىشلىرىغا ئادەتلەنگەن كىشى: مېنىڭچە، بۇ دوپپىسىنى ئېلىپ كەل دېسە، كاللىسىنى ئېلىپ كېلىدىغان ئاز ساندىكى نادان، تەلۋە كۆيدۈرگىلەرنىڭ ئالدىغا سېلىنغان بىر تاقاق.

**كۆيدۈرگۈچى** ① سۈپ <خىم> كۆيدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، كۆيدۈرىدىغان: كۆيدۈرگۈچى ئاساس. كۆيدۈرگۈچى بومبا. ② ئى. 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان ماددىلارنىڭ كۆيۈشى توغرىسىدىكى خاتا تەلىمات. ئۇنىڭدا كۆيۈشچان ماددا تەركىبىدە كۆيگۈچى ئامىل مەۋجۇت بولۇپ، ماددا كۆيگەندە كۆيگۈچى ئامىل نۇر ۋە ئىسسىقلىق شەكلىدە يوقىلىپ كېتىدۇ، لېكىن، ماددا كۆيۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئېغىرلىقى ئەكسىچە ئېشىپ كېتىدۇ. شۇڭلاشقا، كۆيگۈچى ئامىلدىمۇ مەنپىي ماسسا بولۇشى مۇمكىن دەپ قارالغاندى. 18-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا كەلگەندە، ئوكسىدلىنىپ كۆيۈش ھەققىدىكى ئىلمىي تەلىمات ئۇنىڭ ئورنىنى ئىگىلىدى.

**كۆيدۈرگۈچى ئاساس** <خىم> بىر خىل كۈچلۈك ئاساس. تەركىبى ناترىي گىدروكسىد (NaOH). ئاق رەڭلىك قاتتىق ماددا بولۇپ، ئۇنىڭدىن سوپۇن، بوياق ماتېرىيالى، سۈنئىي تالا ۋە ئەينەك قاتارلىقلارنى ئىشلىگىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە نېفىت چەككىلەشكىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆيدۈرگۈچى بومبا** <ھەرب> نىشانىنى كۆيدۈرۈپ تاشلىيالايدىغان بىر خىل ئوق ياكى بومبا.

**كۆيدۈرگىلىك** باشقىلارغا زىيان سالىدىغان قەبىھ ئىش-ھەرىكەت: كۆيدۈرگىلىك قىلغان بولسام مۇبادا، كەچۈرمەستىن ئۇرغىن ئانا ئاغزىمغا.

**كۆيدۈرگىلىك قىلماق** باشقىلارغا زىيان سالىدىغان پەسكەش ئىش-ھەرىكەت بىلەن شۇغۇللانماق: بىزدە يالغانچىلىققا قانۇندا جازا يوق. ناھەق كۆيدۈرگىلىك قىلسىڭىزمۇ ئۇ جىنايەت ھېسابلانمايدۇ.

**كۆيدۈرمە** سۈپ ← **كۆيدۈرمە قاش.**

**كۆيدۈرمەك** پ «كۆيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ياغاچ كۆيدۈرمەك. قەغەز كۆيدۈرمەك. * كۆيدۈرسىمۇ كۆڭ ياخشى (ماقال).

**كۆيدۈرۈشمەك** «كۆيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر كېچىدىلا ئورمانلىقنى كۆيدۈرۈشۈپتۇ.

**كۆيدۈرۈلمەك** «كۆيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پۈتۈن كىتاب، قول يازمىلىرى كۆرگەزمە قىلىنىپ كېيىن كۆيدۈرۈلدى.

**كۆيدى-پىشتى** ← **كۆيدى-پىشتى بولماق.**

**كۆيدى-پىشتى بولماق** غېمىنى يېمەك: ئۇ پۇقرا ئۈچۈن كۆيدى-پىشتى بولۇپ بېشىنى قاشلىغۇدەك پۇرسەت چىقىرالمىغان يەردە، ئايالىنىڭ كېسەل تېنىنى سۆرەپ يۈرۈپ ئىگىلىكنى جوڭقۇرۇۋاتقانلىقنى كۆردى. * باشقىلارنىڭ كۆيدى-پىشتى بولۇپ ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقىنى كۆرمەيۋاتاتتى.

**كۆيمەك** پ ① ئوت ئالماق، يانماق: ياغاچ كۆيمەك. كۆمۈر كۆيمەك. * گۆش بىلەن ياغ بىر تۇغقان، پىيازنىڭ كۆيگىنى كۆيگەن (ماقال) * ئوتنى كىم تۇتسا، شۇنىڭ قولى كۆيەر (ماقال). * ئېگىز-ئېگىز تاغ باشىدا چىراغ كۆيەدۇ، چىراغ ئەمەس يارنىڭ ئوتى، يۈرەك كۆيەدۇ. ② ھەددىدىن زىيادە ئىسسىپ كەتمەك: پاھ، ئەجەب بىر كۈن بولدىغۇ، ئادەم كۆيۈپ كەتتىغۇ! ③ قاتتىق قىزىپ ئىشتىن چىقماق، ئېرىپ كەتمەك (ئېلېكتېر سايمانلىرى ھەققىدە): لامپۇچكا كۆيۈپ كەتتى. ④ كۆچمە. ھەددىدىن

زىيادە ياخشى كۆرمەك: كۆيگەن جۇۋانغا ئات تېزىكى ئاي كۆرۈنەر (ماقال). * ماڭا كۆيگۈچە، بالاڭغا كۆي، مېنى سۆيگۈچە ئېرىڭنى سۆي (ماقال). * قىزىمىز دەپ موماي‌لار، ئۇنى دىلىدىن سۆيىدۇ. ئاۋۇلدىكى چوڭ-كىچىك، ئۇنىڭ ئۈچۈن كۆيىدۇ. ⑤ كۆچمە. غەمخورلۇق قىلماق، كۆيۈنمەك: مەن كۆيەرمەن بالامغا، بالام كۆيەر بالىسىغا (ماقال). * ئۆي دېگەنگە كۆيسە ئۆي بولىدۇ. ⑥ كۆچمە. زىيانكەشلىككە ئۇچرىماق: مەن مۇشۇ ئىشتا ناھەق كۆيۈپ كەتتىم. ⑦ كۆچمە. زايە كەتمەك، زىيان بولماق: ئەرزىمەس بىر ئىش ئۈچۈن ئون كوي كۆيۈپ كەتتى.

**كۆيۈپ قالماق** ھەددىدىن ئارتۇق ياخشى كۆرۈپ قالماق، ئاشىق بولماق، شەيدا بولماق: كۆيۈپ قالدىم مەن ساڭا، كۆيگىنىمنى بىلەمسەن؟ قاراپ قالدىم تەلمۈرۈپ، بىر قاراشقا ئۆلەمسەن؟

**كۆينەك** (توغرىسى: كۆڭلەك) ← **كۆڭلەك.**

**كۆيۈپ-پىشىپ** ① ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى كۆرۈپ، ئاشىق بولۇپ: ئادىل بىلەن پەرىدە ياش چېغىدىن باشلاپلا بىر-بىرىگە كۆيۈپ-پىشىپ، ئېلىپ تېگىشكەن. ② بارلىقىنى بېغىشلاپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن: ھە، ئەمدى بىلدىم، ماڭا كۆيۈپ-پىشىپ ياخشى ئىش قىلىپ بېرىۋاتقان باياسەن ئىكەنسەن-دە؟

**كۆيۈش** ① «كۆيمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <خم> ماددىنىڭ تېز ئوكسىدلىنىپ يورۇقلۇق ۋە ئىسسىقلىق تارقىتىشى. كۆيۈشچان ماددىلارنىڭ ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىشى كۆپ ئۇچرايدىغان كۆيۈش ھادىسىسىدۇر.

**كۆيۈش نۇقتىسى** <خم> مەلۇم ماددىنىڭ كۆيۈشىنىڭ باشلىنىشى ئۈچۈن كېرەك بولىدىغان ئەڭ تۆۋەن تېمپېراتۇرا.

**كۆيۈشچان** سۈپ. ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىدىغان، تېز ئوكسىدلىنىدىغان، تېز كۆيىدىغان، كۆيۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە: كۆيۈشچان ماددا.

**كۆيۈشچانلىق** ① «كۆيۈشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② <خم> كۆيۈشچان ماددىلارنىڭ ھاۋادىكى ئوكسىگېن بىلەن تېز بىرىكىش خۇسۇسىيىتى.

**كۆيۈشمەك** «كۆيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: رىشت بىلەن بەختىگۈل خېلىدىن بۇيان بىر-بىرىگە كۆيۈشۈپ يۈرۈشەتتى.

**كۆيۈك** ① سۈپ. كۆيگەن، بىرەر يېرى كۆيۈپ كەتكەن ياكى ئوتتا پۇچىلانغان: ئۇلار باينىڭ زۇلمى بىلەن تاتىرىپ، كۆيۈك نان تاپسا غاجىشىپ، بىللە مۇڭدىشىپ قوشۇلۇشقانلار. * كۆپ ئورمان نەيزىگە كەتتى ساپ بولۇپ، ئوقلاردىن تاغلارغا نەقىش چېكىلدى. ئوتلاردىن كۆيۈك تاغ بولدى پەيدا ۋە، كېسىلگەن كالللار سايغا چېچىلدى. ② ئى. كۆيگەن نەرسىلەرنىڭ قالدۇقى: ئوتۇننىڭ كۆيۈكى. ناننىڭ كۆيۈكى. ③ ئى <تب> ئوت، كۈچلۈك كىسلاتا، كۈچلۈك ئاساس، ئېكس نۇرى ۋە ئاتوم ئېنېرگىيە نۇرى قاتارلىقلارنىڭ بەدەن بىلەن ئۇچرىشىپ، توقۇلمىلارنى بۇزۇۋېتىشى نەتىجىسىدە پەيدا بولغان جاراھەت، يارا: ئۇنىڭ يۈزلىرىدە كۆيۈكنىڭ قارا ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان بولۇپ، چىرايىدىن مىننەتدارلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ④ سۈپ. كۆيدۈرىدىغان، قىزىق، تەپتى كۈچلۈك: ھاۋاز «پوم» نىڭ يۈزلىرىدە غىل-پال ئەگىگەن كۆلكە ئەتىيازنىڭ كۆيۈك ئاپتىپىدەك دەرھال ئۆچتى. * قارا، يەنە تاشلاپ

ساپە ئۈزۈم بارنگى، ساقلايدىغان بولدى تەننى كۆيۈك ئاپتاپتىن. ساپاق-ساپاق ئۈزۈم بەرگەن ئەمەلىي تەدبىر، مىڭ ئەلاكەن ھوسۇلى يوق كۈرمىڭ خىتابتىن. ⑤ ئى. كۆچمە. بىرەر كىشى ياكى ۋەتەنگە بولغان كۈچلۈك ئىشقى-پىراق، ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش، مەھلىيا بولۇش؛ مۇھەببەت، مەپتۇنلۇق: كۆيۈك ئوتى. كۆيۈك دەردى. * بىر ئادەمنى ئەۋەتتىم، قەغەز بىلەن قەلەمگە. ئىچكىلار ئاغرىمامدۇ، ماڭا چۈشكەن ئەلەمگە. كۆيۈكنى خۇدا سالغان، غېرىب بىلەن سەنەمگە. * بىر ئادەم خەلققە پايدا بەرمىسە، بارمىدۇ قىلچىلىك پەرقى ئۆلۈكتىن. ئەل ئىشقى-كۆيۈكى مىڭ مەرتە ئەلا، ئالەمدە جىمىكى ئىشقى-كۆيۈكتىن.

**كۆيۈك ئازابى تارتماق** ئىشق دەردىگە مۇپتىلا بولماق: ئۇ دەردىنى ئىچىگە يۇتۇپ، كۆيۈك ئازابى تارتماقتا ئىدى.

**كۆيۈك توپ** كۆيۈك توپ ئويۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل توپ، يەنى توم يىپ بىلەن يۆگىلىپ، رەڭلىك يىپ بىلەن كۆز چىقىرىپ تورلىنىپ تىكىلىدىغان بىر خىل توپ.

**كۆيۈك توپ ئويۇنى** ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى تەنتەربىيە ئويۇنلىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا كۆيۈك توپ ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنگەنلەر ئارىسىدا تاختاي بىلەن ئۇرۇپ ئوينىلىدۇ: ئۇلار نۇرەك باخشىنى كۆيۈك توپ ئويۇنى تۈگىگەن ھامان بىرەرىنىڭ ئۆيىگە ئەكىتىشىدۇ.

**كۆيۈكلۈك** سۈپ. كۆيگەن، كۆيۈۋاتقان: كۆيۈكلۈك ئوتۇن.

**كۆيۈكۈش** ئى. دىئال. ئىچ-ئىچىدىن كۆيۈنۈپ يىغلاش.

**كۆيۈم** ئى. كۆيۈنۈش: كۆيۈمى يوق تۇغقاندىن يات ياخشى، ئىسسىقى يوق كاڭدىن كات ياخشى (ماقال). * سېنىڭ بالىغا كۆيۈمىڭ يوق.

**كۆيۈمچان** سۈپ. كۆيۈمى بار، كۆيىنىدىغان، كۆيىدىغان: كۆيۈمچان بالا. * ئەتىسى ئەتىگەندە مەھەللىدىكى بىرنەچچە كەمبەغەل، كۆيۈمچان ئادەملەر يىغىلىپ، سۆڭەت شاخلىرى بىلەن جىنازا توقۇدى. * بۇ شۇنچە ئاق كۆڭۈل، كۆيۈمچان ۋە ئۆزىنىڭ مەنپەئىتىنى زادى ئويلىمايدىغان بىر قەيسەر يىگىت ئىدى.

**كۆيۈمچانلىق** «كۆيۈمچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ — دەپ سورىدى مۇئەللىم كۆيۈمچانلىق بىلەن.

**كۆيۈمسىز** سۈپ. كۆيۈمى يوق، كۆيۈنمەيدىغان: — سەن ۋاپاسىز ئىت، كۆيۈمسىز ئېشەك، يوقال كۆزۈمدىن، — ۋارقىرىدى بوۋاي ئەركىنگە ئاچچىقلىنىپ.

**كۆيۈملۈك** سۈپ. كۆيۈمى بار، كۆيۈنىدىغان، كۆيۈمچان: ئۇ ھەر قېتىم بېغىغا كىرگەندە، ئۆزىنى ئەجەل ئاغزىدىن قۇتقۇزۇۋالغان كۆيۈملۈك شەپقەتچىسى مارىيانى ئەسلەيتتى. * يار بولسا ئەگەردە كىشى نامەردكە، مۇپتىلا بولىدۇ تۈگىمەس دەردكە. يار بولسا ئەگەردە كۆيۈملۈك يارى، ئۆتىدۇ شادلىقتا، بەخت-راھەتتە.

**كۆيۈندى** ئى. چالا كۆيگەن نەرسە: ئۇنىڭ باش-كۆزى چاڭ-توپا ۋە كۆيۈندىلەرنىڭ دەستىدىن قارامتۇل كۈل رەڭ بولۇپ قالغانىدى. * پىژىلداپ چىقىۋاتقان كۆيۈندى ئىسى ئەتراپقا تارقىلىشقا باشلىدى.

**كۆيۈنمەك** پ. كۆڭۈل بۆلمەك، غەمخورلۇق قىلماق، جان كۆيدۈرمەك: بۇ كىشىنىڭ مېھرىبانلىق بىلەن كۆيۈنۈپ ئېيتقان بۇ سۆزلىرى مېنى تەسىرلەندۈرسىمۇ، ئەمما يەنىلا ئۆز سۆزۈمدە چىڭ تۇرۇپ باياتىنقى گەپنى قايتا تەكرارلىدىم. * ئۇ ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ كېسىلىنى كۆيۈنۈپ داۋالاپ، شۇ يەردىكى خەلقنىڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشتى.

**كۆيۈنۈشمەك** «كۆيۈنمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆپ** ئى. سۇيۇقلۇق قاچىلىنىدىغان چوڭ ساپال ئىدىش: كۆپكە سۇ توشتۇرماق.

**كۆپسەن** ئى. چوڭ، يوغان كۆپ.

**كۆپكۆندۈز** رەۋ. كۈن ئولتۇرمايلا، كۈندۈزدىلا: — كۆپكۆندۈزدىلا يېتىپسىز، مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى ئۇ مۇلايىم ئاۋازدا.

**كۈتتۈرمەك** ← **كۈتكۈزمەك**: خاپا بولماڭ، سىزنى تازا كۈتتۈرۈپ قويدۇم. * مائارىپ مۇدىرى مېنى كۆرۈش بىلەن: — مېنى بەكمۇ كۈتتۈردۈڭ قىزىم، تەلىيىڭگە ياخشى بىر ئورۇن چىقتى. سېنى قۇشلار ئارىلى مەكتىپىگە ئەۋەتىمەن، — دېدى.

**كۈتكۈچى** ئى. توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ۋە مېھمانخانىلاردا مەخسۇس مېھمان كۈتىدىغان كىشى: چاي قۇيۇۋاتقان كۈتكۈچى قىز ئۇنى دەرھال يۆلىۋالمىغان بولسا، ئۇ يىقىلىپ چۈشكەن بولاتتى. // ياتاققا قولىغا قېلىن بىر دەپتەرنى تۇتۇۋالغان كۈتكۈچى خادىم كىرىپ كەلدى.

**كۈتكۈچىلىك** ئى. مېھمان كۈتۈش ئىشى، كەسپى: بۇ كىشىنىڭ بايا بىزگە ئېيتىشىچە، دىلبەرنى شۇ مېھمانخانىنىڭ كۈتكۈچىلىكىگە قوبۇل قىلماقچىكەن.

**كۈتكۈزمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ئادەمنى شۇنچىمۇ كۈتكۈزەمسىز؟ شۇ تاپتا نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

**كۈتمەك** پ ① كۆزدە تۇتقان نەرسىسى، يېقىنى، مېھمىنى ياكى ئەزىز كىشىسىنىڭ پەيدا بولۇشىنى، كېلىشىنى ساقلىماق؛ يولىغا قارىماق: بىر سائەتكە يېقىن كۈتكەن بولساممۇ، باش كاتىپ قايتىپ چىقمىدى. ② ئاتا-ئانا ياكى بىرەر بىمار، مېھماننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماق؛ باقماق: تۆمۈر خەلپە بۇ مېھمانلارنى ئوبدان كۈتۈشنى شاكىرتىغا تاپشۇردى. * سېستىرالار نۆۋەتلىشىپ ئۇنى كۈتتى. ③ بىرەر ئىشنىڭ بولۇشىنى، ئەمەلگە ئېشىشىنى ئارزۇ قىلماق: مەن پەقەت قىزنىڭ گەپنى ئازراق قىلىپ، قانداق بولمىسۇن چاچنى تېزرەك ئېلىپ بولۇشىنى كۈتەتتىم. ④ ئالدىغا چىقماق، قارشى ئالماق: ئىدارە باشلىقلىرى مېھمانلارنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ئايرودرومغا چىقتى. * ئىرغاڭلاپ ئارانلا ماڭىدىغان پور سېمىز ئايالى ئۇنى گۈللۈك ھويلىدا كۈتۈۋالدى.

**كۈتكەن يېرىدىن چىقماق** ئويلىغىنىدەك، دېگىنىدەك بولماق، قىلماق: كېلىن قېيىن ئانىنىڭ كۈتكەن يېرىدىن چىقتى. * رەپىق ئاكا تەنە بىلەن كۈلۈپ قويدى، كۈتكەن يېرىدىن چىقماي يەنە بىر قېتىم دەككىسىنى يېگەن باخشىمۇ جىمىقتى.

**كۈتۈشمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ساۋۇتنىڭ تەقدىرىگە باغلاپ قويغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتۈشەتتى. * پۇقرالار بوراننىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى كۈتۈشۈپتۇ.

**كۈتۈلمەك** «كۈتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مېھمانلار ئالاھىدە نېمەتلەر بىلەن كۈتۈلدى.

**كۈتۈلمىگەن** سۈپ. ئارزۇ قىلىنمىغان؛ ئۇشتۇمتۇت، تاسادىپىي، ئويلىمىغان: كۈتۈلمىگەن ئاپەت. كۈتۈلمىگەن ئىش. * توختى بىلەن سارە كۈتۈلمىگەن بۇ ۋەقەدىن پۈتۈنلەي گاڭگىراپ قالغانىدى.

**كۈتۈلمىگەندە** رەۋ. ئۇشتۇمتۇتلا، تاسادىپىيلا، ئويلىمىغاندا: كۈتۈلمىگەندە ئۆيگە ۋاھاپ كىرىپ كەلدى. * كۈتۈلمىگەندە يارىلانغان سەپدىشىنى كۆتۈرۈۋالغان جەڭچىنىڭ پۇتىغا ئوق تەگدى.

**كۆتۈم** ئى. كۆتۈش: بەختى دېھقان ناقايىل، تېخنىنىڭ قىلغان ھۆكۈمگە. بىراق بولغاچ مايىسلار، موھتاج پەرۋىش-كۆتۈمگە.

**كۆتۈمسىز** سۈپ. ياخشى كۆتۈلمىگەن، بېقىلمىغان: بۇ بوۋاي قېرىغاندا كۆتۈمسىز قالدى.

**كۆتۈنمەك** «كۆتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: دوختۇر ئۇنىڭغا: — قۇۋۋەتلىك تائاملار بىلەن ياخشى كۆتۈنۈڭ، — دەپ مەسلىھەت بەردى.

**كۆجە** ئى. ياغاچ كېپىكىگە خۇش پۇراق ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسالغان چوكا شەكىللىك بۇيۇم. كۆيدۈرگەندە ئەتراپقا بىر خىل خۇش پۇراق تارقايدۇ: سۆڭ جياڭ بىلەن لۇ جۇنيىنىڭ باشچىلىقىدا، ۋۇيوڭ ۋە باشقا ئاتامانلار ئۆز مەرتىۋىلىرى بويىچە قوللىرىغا كۆجە ئالدى.

**كۆجدان** ئى. كۆجە قادايدىغان نەرسە: سۆڭ جياڭ بىر خاسىيەتلىك كۆجنى تاللاپ، كۆجدانغا ئوت ياقتى.

**كۈچ** ئى ① ئادەم ۋە ھايۋانلار ئۆز مۇسكۇللىرىنى ئىشلىتىپ ھاسىل قىلغان جىسمانىي ئېنېرگىيە، قۇۋۋەت: مۇسكۇل كۈچى. بىلىكىنىڭ كۈچى يوق. كۈچتىن قالماق. * مۇشۈكنىڭ پۇتلىرىدا جان قالماپتۇ. ئۇ ئىتقا كۈچى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ، ئۇنى ئالداشقا باشلاپتۇ. ② مېھنەت قىلىش، يارىتىش، بارلىققا كەلتۈرۈش قابىلىيىتى، ئەمگەك: ئادەم كۈچى. ماددىي كۈچ. كۈچىنى ساتماق. * سۇ ئامبىرىنى قاشالاش، كېلەر يىلنىڭ تۇرلۇك-تۈمەن تەييارلىقى — بۇلارنىڭ ھەممىسى ۋاقىت، كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىشلار. ③ مەنىۋى، ئەقلىي ۋە روھىي قۇۋۋەت: ئەقلىي كۈچ. * ئاجايىپ كۈچ سەرپ قىلغاندىلا، ئاندىن ئاجايىپ ئەسەر بارلىققا كېلىدۇ. ④ <فىز> جىسمنىڭ ھەرىكەت ھالىتىنى ئۆزگەرتىدىغان تەسىر (ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىك، يۆنىلىش ۋە تەسىر نۇقتىسىدىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلى بولىدۇ): مەركەزدىن قاچما كۈچ. تارتىش كۈچى. ⑤ ئېنېرگىيە، قۇۋۋەت: شامال كۈچى. توك كۈچى. سۇ كۈچى. ⑥ تەسىر قىلىش دەرىجىسى؛ رول، ئۈنۈم، تەسىر: دورىنىڭ كۈچى. پۇلنىڭ كۈچى. * — ئۆزگەرتكىلى بولماسمۇ-ھە؟ — ئادىل ئۆزگە سۆزلىگەندەك ئاستا سورىغاندى، — تېخنىكىنىڭ كۈچىدىن پايدىلىنىپ قول مەشغۇلاتىنى ماشىنا مەشغۇلاتىغا ئايلاندۇرغىلى بولمامدۇ؟ ⑦ بىرەر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇۋېلىش ئىمكانىيىتى، شەرت-شارائىت، قۇدرەت، قۇرب: ئۇنىڭ ئۆي سېتىۋېلىشقا كۈچى يېتەتتى. ⑧ بىرەر ساھەدە، ئومۇمەن ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرەر تارمىقىدا ئىشلىگۈچى كىشىلەر: ئەمگەك كۈچى. ئىلغار كۈچ. يوشۇرۇن كۈچ. * بەنە بىر تەرەپتىن، ئەمگەك كۈچلىرىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش، كۆپ خىل ئۇسۇل قوللىنىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش كېرەك. ⑨ ھەربىي قوشۇلملار؛ قوشۇن: قوراللىق كۈچ. * ئالماسنىڭ باتاليونى دۈشمەننىڭ ئىككىنچى مۇداپىئە لىنىيىسىنى يېرىپ ئۆتكەندىن كېيىن، غالجىرلاشقان دۈشمەن ئەڭ ئاخىرقى قالدۇق كۈچلىرىنى ئىشقا سالدى. ⑩ جەمئىيەتنىڭ بىرەر بەلگە، خۇسۇسىيەت، دۇنيا قاراش ۋە شۇ قاتارلىقلار بىلەن پەرقلەنگۈچى قىسمى: ئىنقىلابىي كۈچ. ئەكسىيەتچى كۈچ. كاپىتالىزم كۈچلىرى. * بۇ قېتىمقى قوزغىلاڭ چارروسىيە قوللىغان گېرمانىيە فېئودال كۈچلىرىگە زەربە بەرگەندى. ⑪ قارار، قانۇن ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ قوللىنىلىش ئۈنۈمى، ئىجراسى: قانۇن كۈچكە ئىگە بولدى. * ھۆكۈم كۈچىدىن

قالدى. * قارار كۆچىنى يوقاتتى.

**كۆچ ئالماق** بىرەر نەرسىگە قاتتىق كۆچىيىپ كۆچ-مادارىدىن كېتىپ قالماق: – مۇنداق ئېغىر ئىشلەتسەڭ ئاتنى كۆچ ئالدۇرۇپ قويىسەن. ئۇ چاغدا بىز قانداق قىلىمىز، – دېدى ئاكام ماڭا كايىپ.

**كۆچ بەرمەك** ① غەيرەت، شىجائەت ئاتا قىلماق: ئەقلىدىن ھالقىپ تۇرىدىغان ھېسسىيات كىشىگە مۆلچەردىكىدىن ئارتۇق كۆچ بېرىدۇ. ② كۆچىدىن پايدىلىنىش ئىمكانىيىتىنى ھازىرلىماق: ئۇلاغ دېگەننى ئاسراپ ياخشى باقساڭ، ئۇ ساڭا يەتتە – سەككىز يىل ئوشۇق كۆچ بېرىدۇ.

**كۆچ بېغىشلىماق ← كۆچ بەرمەك:** قەھرىمان قىزنىڭ روھى ئۇلارغا كۆچ بېغىشلايتتى.

**كۆچ توپلىماق** ئەتراپىغا ئادەم يىغماق، ئۆز كۆچىنى ئۇلغايتماق: بىزنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىمىز ھۇجۇم قىلىش ئەمەس، بەلكى كۆچ توپلاش.

**كۆچ چىقارماق** كۆچ-قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلماق: جامال قارىشى ئۇيغۇرلار ئارىسىغا ئىلىم-مەرىپەت ۋە تىبابەت تارقىلىشىغا زور كۆچ چىقارغان كىشىدۇر. * – سىز بىزگە ئىشەنچلىك ئادەم، – دېدى ئۇ يەنە، – بۇ ئىشقا كۆچ چىقىرىپ، خىزمەت كۆرسىتىڭ، قالغىنىنى ئۆزىمىز بىلىمىز.

**كۆچ سالماق** دىئال. كۆچ چىقارماق، تىرىشماق.

**كۆچ سەرپ قىلماق ← كۆچ چىقارماق:** بۇ ئىشقا ئازراق كۆچ سەرپ قىلمىسىڭىز ھەل بولمايدۇ.

**كۆچكە تولماق** كۆچى، غەيرىتى ھەسسىلەپ ئاشماق: ئاتلىنايلى كۆرەشكە تىرىك جانلار، دەريا-دەريا ئاقسۇن مەيلى قانلار، بۇ ۋەزىدىن يۈقرالار كۆچكە تولدى، ئەزىز جاننى ھەم پىدا قىلار بولدى.

**كۆچكە ئىگە** رولىدىن قالمىغان، رولى بار، ئىناۋەتلىك: بۇ قارار تامامەن كۆچكە ئىگە. * مېنىڭ كونا پىكرىم يەنىلا كۆچكە ئىگە، مەن ئۇنىڭ پىلانىغا بۇرۇنمۇ قارشى ئىدىم.

**كۆچكە ئىگە مۇددىتى** <سودا> ① ① شەرتنامە، توختام قاتارلىقلارنىڭ بەلگىلەنگەن چەك ئىچىدىكى كۆچكە ئىگە ۋاقتى. ② خىمىيىۋى بۇيۇملار، تىببىي دورىلار ۋە بەزى ئالاھىدە ماتېرىياللارنىڭ بەلگىلەنگەن ئىشلىتىلىش ۋە ساقلاش شەرتى ئاستىدىكى خۇسۇسىيىتىنى ئۆزگەرتمىگەن ھەمدە ئۈنۈمى ۋە رولىنى ساقلىغان مۇددىتى. ئادەتتە ئۇنى ئەسلىدىكى ئىشلەپچىقارغان. ئورۇن ياكى بەزىدە ئىشلەتكۈچى ئورۇن ئۆزلىرى بەلگىلەيدۇ.

**كۆچ كىرمەك** كۆچ پەيدا بولماق، كۆچلەنمەك: بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن پۇت-قولۇمغا كۆچ كىردى.

**كۆچ مەيدانى** <فىز> مۇستەقىل زەرەت، ماگنىت ياكى ماسسا بىلەن بىر بۆلەك ئارىلىقتا ئوخشاش بولغان زەرەت، ماگنىت ياكى ماسسا ئالدىنقىلىرى شەكىللەندۈرگەن ھەمدە باشتىن-ئاياغ بىردەك بولۇش قانۇنىيىتى بويىچە شەكىللەنگەن مەيدان تەسىرىدە سەزگەن مېخانىكىلىق كۆچ.

**كۆچ مومېنتى** <فىز> جىسىم ئايلاندۇرۇلغاندىكى كۆچ بىلەن كۆچ يەلكىسىنىڭ كۆپەيتمىسى.

**كۆچ نۇقتىسى** <فىز> پىشاڭدىكى كۆچ تەسىرىگە ئۇچرايدىغان بىر نۇقتا.

**كۆچ ئۇلاپ يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى** <تەن> يۈگۈرۈش مۇسابىقە تۈرى. بۇنىڭدا

بىرىنچىسى تەنھەرىكەتچى بىر-بىرىگە ئۆلىشىپ، بەلگىلەپ بېرىلگەن ئارىلىقنى يۈگۈرۈپ بولۇپ، كۆچ ئۆلاش تايىقىنى ئالدىدىكى تەنھەرىكەتچىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ. مۇسابىقە 400 مېتىر، 800 مېتىر، 1600 مېتىرغا كۆچ ئۆلاپ-يۈگۈرۈش ۋە 1000 مېتىر، 1500 مېتىرلىق ھەر خىل مۇساپىلىق كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈش (ھەر ئادەمنىڭ يۈگۈرۈش ئارىلىقى ئوخشاش بولمايدۇ) قاتارلىق تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ.

**كۆچ ئۆلاش تايىقى** <تەن> كۆچ ئۆلاپ يۈگۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان قىسقا تاياقچە. ياغاچ ياكى مېتال قاتارلىق ماتېرىياللاردىن ياسىلىدۇ.

**كۆچ ئۆلماق** غەيرەت ئۈستىگە غەيرەت قوشماق، غەيرىتىنى ئاشۇرماق: بارلىق ياش ئۈچقۇنلار ئەتە چۈشتىن ئاۋۋال كۆچ ئۆلاپ ئىشلەپ، مەكتەپ، ئىدارىدىكى بىر كۈنلۈك ئىشنى تاماملاپ، چۈشتىن كېيىن باغقا كەلمەكچى بولدى.

**كۆچ ئىلشماق** قارىمۇقارشى تەرەپ ياكى شەخسلەر بىر-بىرىنى يېڭىش ئۈچۈن كۈرەشمەك، كۆچ سىناشماق: — ئۇ سەن بىلەن كۆچ ئىلشالماي قېچىپتۇ، — دېيىشتى ئۇلار. * بۈگۈن مېنىڭ كۈچۈمنى سەن كۆردۈڭمۇ؟ كۆچ ئىلشىپ تەڭ كېلەلمەي ئۆلدۈڭمۇ؟

**كۆچىدىن قالماق** ① ماغدۇرىدىن كەتمەك، ھالسىزلانماق: ئەر قېرىسا، كۈچىدىن قالار، خوتۇن قېرىسا ئېسىدىن قالار (ماقال). * — ئادەم قېرىغاندا كۈچىدىن قالىدىكەن بالام، ھېچ ھالىم يوق، — دېدى بوۋاي. ② كۆچمە. ئەمەلدىن قالماق، بىكار قىلىنماق: بۇرۇنقى قانۇن-تۈزۈملەرنىڭ بىرمۇنچىسى كۈچىدىن قالدى.

**كۆچىنى كۆرسەتمەك** ① ئۆز كۈچىنى نامايان قىلماق. ② كۆچمە. رول ئوينىماق: ئۇنىڭ سېھىر-ئەپسۇنى شۇ كۈنىلا ئۆز كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىغانىدى.

**كۆچىنى يوقاتماق** تەسىرىنى، رولىنى يوقاتماق: دورىنى بىرمەزگىل ساقلىسا كۈچىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

**كۆچى ھالال، ئۆزى ھارام** ← **ئۆزى ھارام، كۆچى ھالال:** ئېشەكنىڭ كۈچى ھالال، ئۆزى ھارام (ماقال).

**كۆچ ئىشلەتمەك** زورلۇق كۆچ بىلەن بېسىم قىلماق: سەنلەر بىزنى ئۆز يۇرتىمىزدىن ياخشى گەپ بىلەن قوغلىماي، ئەمدى كۆچ ئىشلىتىپ قوغلىماقچىمۇ؟

**كۆچى يەتمەك** ① قۇۋۋىتى، ماغدۇرى يەتمەك: بۇ تاشنى كۆتۈرۈشكە كۈچۈم يېتىدۇ. ② كۆچمە. قولىدىن كەلمەك، چامى يەتمەك: — بولدى غەم قىلماڭ، بىرەر ئادەمنى يۆتكەشكە كۈچۈم يېتىدۇ، — دېدى ئۇ تەمكىن قىياپەتتە.

**كۆچ يەلكىسى** <فىز> پىشاڭنىڭ كۆچ نۇقتىسى بىلەن تايىنىش نۇقتىسىنىڭ ئارىسىدىكى ئارىلىق.

**كۆچە شمەك** « كۆچمەك » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇ ئىشقا ئۇنچىلىك كۆچىشىپ كەتمىسەڭلارمۇ بولىدۇ.

**كۆچە نمەك** « كۆچمەك » پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئانچە كۆچەنمەستىنلا قورام تاشلارنى كۆتۈرەتتى.

**كۆچە يتمەك** « كۆچە يمەك » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يار-بۇرادەرلىرى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر-بىرلەپ ئۆتۈپ، يۈرىكىدىكى سېغىنىش ئوتىنى تېخىمۇ كۆچەيتتى.

**كۆچە يتىپ تەكرارلاش** <ئەد> شېئىرنىڭ بىرىنچى مىسراسىدا ئېيتىلغان ئوي-پىكىرنى كېيىنكى مىسرالاردا ئۆلاشتۇرۇپ تەكرارلاش.

**كۆچە يتكۆچ** ئى <فىز> كىرگەن سىگنالنىڭ ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ياكى قۇۋۋىتىنى كۆچەيتكۈچى رادىئو قۇرۇلمىسى. ئۇ ئېلېكترون لامپا ياكى كرىستال لامپا، توك مەنبە ترانسفورماتورى ۋە باشقا ئېلېكتر ئەسۋاب - دېتاللىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. خەۋەرلەشش، رادىئو ئاڭلىتىشى، رادار، تېلېۋىزىيە، ئاپتوماتىك كونترول قىلىش قاتارلىق تۈرلۈك قۇرۇلمىلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**كۆچە يتىلمەك** «كۆچە يتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كان رەھبەرلىكى كۆچە يتىلىپ، ئىشچىلارنىڭ پاراۋانلىق ئىشلىرى ئوبدان ئىشلەندى.

**كۆچە يمەك** پ. تەسىر دائىرىسى كېڭەيمەك، كۈچلۈك بولماق، ئەۋج ئالماق، زورايماق: بوران كۆچە يدى. * يامغۇر بارغانچە كۆچىيىپ كەتتى. * قىزنىڭ يىغىسى كۆچە يدى.

**كۆچتۈڭگۈر** سۈپ. جىسمانىي كۈچى ئارتۇق، قاۋۇل، ناھايىتى كۈچلۈك: ھوشۇر ئاكا دوغىلاق كەلگەن كۆچتۈڭگۈر ئادەم ئىدى.

**كۆچتۈڭگۈرلۈك** «كۆچتۈڭگۈر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئالقىش ۋەزىر خوجا بەختىنىڭ بۇ كۆچتۈڭگۈرلۈكىگە ھەيران قېلىپتۇ.

**كۆچسىز** سۈپ ① جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى، باشقىلارغا نىسبەتەن ئاز؛ زەئىپ، ماغدۇرى كەم: كۆچسىز ئادەم. * ئانا كۆچسىز پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ كېتىۋاتاتتى. ② ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۆسۈشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئوزۇقلۇق ۋە سۇ قاتارلىق ماددىلار كەم بولغان؛ ئۈنۈمسىز: كۆچسىز يەر. كۆچسىز تۇپراق.

**كۆچسىزلەندۈرمەك** «كۆچسىزلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆچسىزلەندۈرۈلمەك** «كۆچسىزلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۆچسىزلەنمەك** پ. كۈچ-قۇۋۋىتى ئادەتتىكىدىن ئازايماق، ئاجىزلاشماق: ئۇ ئاغرىق ئازابىدىن كۈندىن-كۈنگە ھالىدىن كېتىپ كۆچسىزلەندى.

**كۆچسىزلىك** «كۆچسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بوۋاردىم ئەر تۇرۇپ ئاجىزلىقىمدىن، بۇ تەقدىر ئالدىدا كۆچسىزلىكىمدىن.

**كۆچ-قۇدرەت** كۈچ ۋە قۇدرەت: مەن پۈتۈن كۈچ-قۇدرىتىمنى سەرپ قىلىپ ئون يىل ئىشلىدىم.

**كۆچ-قۇۋۋەت** كۈچ ۋە قۇۋۋەت: — كۈچ-قۇۋۋىتىمىز بار چاغدا بىزمۇ ناخشا ئېيتقان، ئۇ چاغلاردا نەۋقىران يىگىت ئىدۇق، — دېدى باقى تونۇردىكى ئوتنى كوچىلاپ.

**كۆچلەندۈرمەك** «كۆچلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەركىن دوختۇر كەلگۈچە چىقىۋاتقان قاننى توختىتىپ، يۈرەكنى كۈچلەندۈرىدىغان ئوكۇل سېلىپ تۇرغانىدى.

**كۆچلەندۈرۈلمەك** «كۆچلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بىرقىسىم ئاجىز يەرلەر ئوغۇت بىلەن كۈچلەندۈرۈلدى.

**كۆچلەنمەك** پ. كۈچ-قۇۋۋىتى ئاشماق، كۈچلۈك ھالەتكە كەلمەك، كۈچكە تولماق، كۆچە يمەك: ئۇ بارا-بارا كۈچلىنىپ، بىرقانچە ۋىلايەت، ناھىيىلەرگە ھۆكۈمران بولۇپ قالدى.

**كۆچلۈك** سۈپ ① جىسمانىي كۈچ-قۇۋۋىتى باشقىلارغا نىسبەتەن ئارتۇق؛ كۈچى كۆپ، زور: كۈچلۈك ئادەم. پىل كۈچلۈك ھايۋان. ② ئىقتىسادىي، ھەربىي ۋە باشقا جەھەتلەردە ئۈستۈن، قۇدرەتلىك: كۈچلۈك دۆلەت. كۈچلۈك ئارمىيە. ③ تەسىر قىلىش كۈچى يۇقىرى، تېز تەسىر قىلىدىغان، ئوزۇقلۇق ئۈنۈمى يۇقىرى: كۈچلۈك تاماق. كۈچلۈك دورا. ④ چىقىش،

پەيدا بولۇش دەرىجىسى يۇقىرى، قاتتىق، شىددەتلىك: كۆچلۈك شامال. كۆچلۈك بوران. كۆچلۈك دولقۇن. كۆچلۈك ئاۋاز. ⑤ تەركىبىدە ئوغۇت مىقدارى كۆپ، كۆپ ھوسۇل بېرىدىغان، ھوسۇللۇق: كۆچلۈك يەر. ⑥ مۇستەھكەم، قاتتىق: مەھبۇسلار كۆچلۈك نازارەت ئاستىغا ئېلىنغانىدى. ⑦ قويۇق، چوڭقۇر: ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتى كۆچلۈك. * لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئەسەرلىرى كۆچلۈك دەۋر روھىغا ئىگە. ⑧ ئۇرغۇپ تۇرىدىغان: كۆچلۈك ئىلھام. * ئۇ شېئىرلىرىدا كۆچلۈك ھېسسىياتى بىلەن ۋەتەننىڭ تاغ-دەر-يالىرىنى مەدھىيىلىگەن. ⑨ نۇرغۇن، كۆپ؛ زور، قاتتىق: جامائەت ئارىسىدا ئىنكاس كۆچلۈك بولغانلىقتىن ئىش توختىتىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. * ھەممە نەرسە كۆچلۈك غەزەپكە كەلگەندەك كۆرۈنمەكتە ئىدى. ⑩ كەڭ-كۆلەملىك، داغدۇغىلىق: ۋىلايەت بويىچە كۆكەرتىش توغرىسىدا تۈرلۈك شەكىللەردە كۆچلۈك تەشۋىقات ئېلىپ بېرىلدى.

**كۆچلۈك ئاساس** <خىم> ئاساسلىق رېئاكسىيىسى ئىنتايىن كۆچلۈك بولغان ئاساس. چىرىتىشچانلىقى كۆچلۈك، سۇدىكى ئېرىتمىسىدە كۆپ مىقداردا گىدروكسىل ئىئونىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، ئۈيۈغۇچى ناترىي، ئۈيۈغۇچى كالىي قاتارلىقلار.

**كۆچلۈك كەلمەك** ئۇستۇن تۇرماق: ئۇلارنىڭ كوماندىسى بىزنىڭ كوماندىدىن كۆچلۈك كەلدى.

**كۆچلۈك كىسلاتا** <خىم> كىسلاتالىق رېئاكسىيىسى ئىنتايىن كۆچلۈك بولغان كىسلاتا. چىرىتىشچانلىقى كۆچلۈك، سۇدا ئېرىگەندە كۆپ مىقداردا ھىدروگېن ئىئونىنى ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، سۇلفات كىسلاتاسى، نىترات كىسلاتاسى ۋە تۇز كىسلاتاسى قاتارلىقلار. كۆپىنچە ئۆتكۈر كىسلاتا دېيىلىدۇ.

**كۆچلۈك ھارارەت** ئوت ياكى باشقا نەرسىلەرنىڭ كۆچلۈك تەپتى ياكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىسى.

**كۆچلۈكلۈك** «كۆچلۈك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلار ماھۇت زورغا ھەر خىل چاقچاقلارنى قىلىشاتتى، بەزىلەر ئۇنىڭ بەستىگە قاراپ ئۇنىڭ باتۇرلۇقىنى، كۆچلۈك-لۈكىنى ماختىشاتتى.

**كۆچ-مادار** كۆچ ۋە مادار: قېنى، ئۇنىڭ قولىدىكى ھاسىسىنى ھاۋادا كۆچ بىلەن پىرقىرىتىۋاتقان كۆچ-مادارى؟

**كۆچىنىش** ① «كۆچەنمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى. ② <فىز> جىسىملارنىڭ سىرتقى تەسىرگە قارىتا قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى، سىجىللىقى. ③ <فىز> تەسىر كۆچىنىڭ .چوڭ-كىچىكلى-كى ۋە ئاۋاز، نۇر، ئېلېكتر ھەم ماگنىت قاتارلىقلارنىڭ كۆچلۈك-ئاجىزلىقى. ④ <فىز> جىسىم سىرتقى كۆچىنىڭ تەسى-رىگە ئۇچرىغاندا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ھاسىل بولىدىغان قارشىلىق كۆچ. ماشىنىسازلىق ۋە بىناكارلىق قۇرۇلۇش لايىھىلىرىدە ئادەتتە بىرلىك كۆچىنىش يەنى ماتېرىيال كەسمە يۈزىنىڭ ھەر بىرلىك مەيدانىدا ھاسىل بولىدىغان كۆچىنىش كۆپ قوللىنىلىدۇ.

**كۆچۈك** ئى [پ] ئىت، بۆرە، تۈلكە، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ بالىسى: ئىتنىڭ كۆچۈكى. بۆرە كۆچۈكى.

**كۆچۈكلە نمەك** ① ئەركىلىمەك (ئىت ھەققىدە): يوغان قارا ئىت ئەركىنىنى كۆرۈپلا قۇيرۇقلىرىنى شىپاڭشىتىپ كۆچۈكلە ندى. ② كۆچمە. خۇشامەت قىلماق: — خەققە

نېمانچە، كۆچۈكلىنىپ كېتىسەن ئەخمەق! ئۇنىڭ بۇ يەرگە ئەتەي كېلىشى بىكار ئەمەس. * دادىۋىي كادىرلىرىغۇ ئالدىمىدا كۆچۈكلىنىپ كېتىشىدۇ.

**كۆچۈكلىمەك** پ. تۇغماق (ئىت، بۆرە، تۈلكە، چوشقا قاتارلىق ھايۋانلار ھەققىدە): بوۋاي چۈش كۆرۈپتۇ. چۈشىدە ھېلىقى ياۋا چوشقا 20 نى كۆچۈكلەپتۇ. * سۇغۇر ھەر يىلى 6-ئايدا ئىككىدىن ئالتىگىچە كۆچۈكلەيدۇ.

**كۆچۈكۈم-كۆچۈكۈم دەپ قويسا** سىنىڭ راس دەپ قويسا، ئەركىلىتىپ قويسا، ھە-ھە دەپ قويسا: كۆچۈكۈم-كۆچۈكۈم دەپ قويسا چۈچىقىنى چىقىرىپتۇ (ماقال). * كۆچۈكۈم-كۆچۈكۈم دەپ قويسا، قىلمىۋاتقان گېپىنى قارا، تېگى پەس شەققە.

**كۆچمەك** پ ① كۆچىنىڭ بارىنى سەرپ قىلماق، چىقارماق: ئاتلار تۇمشۇقىنى تىرىگەن ھالدا، ھارۋىنى كۆچەپ تارتىپ داۋاندىن ئاشتى. ② ئەدىمەك: ئۇنداق چىدىمىغان كىشى باشتا تولا كۆچەپ كەتمىسە بولمامدۇ؟

**كۆچىنىشلىك** سۈپ. كۆچىنىشكە ئىگە، كۆچىنەلەيدىغان: ئەڭ تۆۋەن كۆچىنىشلىك توك بولغاندىلا ئېلېكتر لامپۇچكىسىدىكى ئاق ئالتۇن سىم يورۇقلۇق چىقىرالايدۇ.

**كۆدە** ئى <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئىنچىكە، ئۇزۇن ھەم ياپىلاق، گۈلى ئاق. ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كۆدە-كۆرپە** نەرسە-كېرەك: — سەن ئەتە ئەتىگەندىلا كۆدە-كۆرپەڭنى ئېلىپ ئۆيگە قايت، — دېدى ئەركىن.

**كۆدە-كۆرپەڭنى كۆتۈر** «يوقال، كەت» دېگەن مەنىدىكى بىرىكمە: ئەگەر سىلەر ماقۇل بولساڭلار بۇ قارا يۈزنى بېغىمغا يولاتماي «كۆدە-كۆرپەڭنى كۆتۈر» دەپ قوغلايمەن.

**كۆدەي** (توغرىسى: كۆدە): ← **كۆدە**.

**كۆدىلىك** ئى. كۆدە تېرىلغان جاي، ئېتىز.

**كۆرە** I ① ئى. ئاشلىق ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب. ياغاچ ياكى قومۇشتىن سېۋەت شەكلىدە ياسىلىدۇ: ئاغزى چوڭ، يېنى تۈز كۆرە، تۆۋى تار، رەڭگى بوز كۆرە، غوجامنىڭ «شەپقەت» مىزانى، قىزارماس قىلىن يۈز كۆرە. ② مىق: ئۇن شىڭغا تەڭ ھەجىم ئۆلچەم بىرلىكى: بەش كۆرە ئاشلىق، 100 كۆرە بۇغداي.

**كۆرە** II ئى ① ھويلا، قورۇ. ② قورغاس ۋە دۆربىلجىن ناھىيىلىرىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**كۆرەش** ئى ① زىددىيەتنىڭ قارىمۇقارشى تەرەپلىرى ياكى زىددىيەتلىك ئىككى تەرەپ شۇنىڭدەك قارىمۇقارشى ئىجتىمائىي گۇرۇھلار، قارىمۇقارشى ئېقىملار، دۇنيا قاراشلار ۋە شۇ قاتارلىقلارنىڭ ھۆكۈمرانلىقنى، ئۈستۈنلۈكنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ئۆزئارا توقۇنۇشۇشى، ئېلىشىشى: زىددىيەت تەرەپلىرىنىڭ كۆرىشى. سىنىپىي كۆرەش. * كۆرەش ئوخشاشلىق ئىچىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ، كۆرەش بولمىغان بولسا، ئوخشاشلىق بولمىغان بولاتتى. ② دۈشمەنلەشكەن ئىككى تەرەپ ئوتتۇرىسىدىكى قوراللىق توقۇنۇش؛ جەڭ: مەن كۆرمەن يالتىرىغان بىسىڭدا، قانلىق كۆرەش ئەۋج ئالغان جەڭگاھنى. ئۇندا جەڭنىڭ قۇدرەتلىك شاۋقۇنى، زىلزىلىگە كەلتۈرىدۇ ھەر ياقنى. ③ داۋلى بىۆز-لەش، پاش قىلىش، ئەيىبلەش قاتارلىق ئۇسۇللار ئارقىلىق دۈشمەن ئۇنسۇر ياكى بۇزۇق ئۇنسۇرلارغا زەربە بېرىش مەزمۇن قىلىنغان ئاممىۋى ھەرىكەت: غىياس كۆڭشىپ

ئىدارىسىنىڭ ئارقا ھويلىسىدا ھاجەتخانا تازىلاۋاتقان سادىقنىڭ قېشىغا كېلىپ: — ئۇ سىلنى قارا تاغ كەنتىدە ئىشلىگەن، خەقنىڭ پىكرى جىق، كەنتكە ئاپىرىپ كۆرەش قىلساق دەپ تەلەپ قىلىپ كېلىپتۇ، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى. ④ بىرەر نەرسىگە ئېرىشىش، بىرەر مەقسەتنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا قارىتىلغان پائالىيەت، ھەرىكەت: پاك قەلبلەردىن يۈكسەك ئىشەنچ بىلەن چىققان بۇ ئارزۇ-ئۈمىدلەر دېگەندەك بىرقانچە يىللىق جاپالىق كۆرەشلەر ئارقىلىق ئاخىرى رېئاللىققا ئايلاندى. * 3-دادۈي ئەزالىرى مانا مۇشۇ ئەتىيازدىن باشلاپ جاپالىق كۆرەش قىلىپ، 5-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە 3000 مو يەرنى ئۆزلەشتۈرۈپ بولدى. ⑤ ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**كۆرەش قىلماق** ① مەلۇم بىر نىشانغا، مەنزىلگە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق؛ ئىنقىلاب قىلماق: ياشاش ئۈچۈن كۆرەش قىلماق. * بىز بىللە ياشاپ، بىللە كۆرەش قىلىمىز دوستۇم. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ خاتالىقىنى، خاتا ئىدىيىسىنى كۆپچىلىكنىڭ ئوتتۇرىسىدا پاش قىلىش، داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق قاتتىق پىپەن قىلماق: قولۇم بېغىشىدىن سۇنغاندىن كېيىنمۇ تۆت ئاي كۆرەش قىلىشتى.

**كۆرەشكە ئالماق** قاتتىق تەنقىد ۋە تەھلىل ئارقىلىق خاتالىقىنى، خاتا ئىدىيە ۋە قاراشنى رەت قىلماق: ئۇنى كېچىلىرى كۆرەشكە ئالسا، كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەكلەرگە سالدى.

**كۆرەشكە تارتماق** ← **كۆرەشكە ئالماق**: ئۇنى شۇ قالايمىقان يىللاردا كۈندۈزى ئېغىر ئەمگەكلەرگە سېلىپ، كەچلىرى كۆرەشكە تارتىپ كاردىن چىقاردى.

**كۆرەشچان** سۈپ. كۆرەش قىلىش روھىغا ئىگە، كۆرەش قىلىشقا ماھىر: كۆرەشچان ئەۋلاد. كۆرەشچان خەلق. كۆرەشچان يىللار.

**كۆرەشچانلىق** ① «كۆرەشچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى. ② كۆرەش قىلىش روھى، ئىرادىسى ياكى قابىلىيىتى: جامىسن دورجى سۆزگە ئارىلىشىپ مۇنداق دېدى: «ئۇيغۇر خەلقى ئۆزىنىڭ كۆرەشچانلىقى ۋە ئىناق-ئىتتىپاقلىقى بىلەن تارىختا بىرقانچە سۇلالىلەرنى ياراتقان خەلق. مېنىڭ ئاڭلىشىمچە، ئۇيغۇر دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىمۇ <ئۇيۇشقان>، <بىرلەشكەن> دېگەنلىك بولىدىكەن». * بىر قېتىم ئۇلارغا مەسئۇل بولۇپ قاراشقا چىققان كۆرەشچانلىقى يۇقىرى، قاتتىق قول بىر گۇرۇپپا ئىسيانچى نىجاتىنىڭ ماتېماتىكا ھېسابلىرى ئۈستىدە جىددىي باش قاتۇرۇۋاتقانلىقىنىڭ ئۈستىگە كىرىپ كېلىشتى.

**كۆرەشچى** ① ئى. ئۆز مەقسىتى، غايىسى يولىدا ئاكتىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، بۇنىڭدا توسقۇنلۇق قىلغۇچى كۈچلەرنى يېڭىش ئۈچۈن ئېلىشىشقا، ھەتتا دۈشمەنگە قارشى جەڭ قىلىشقا تەييار تۇرىدىغان شەخس: ھالال تەر-ئەجرىدىن كەلگەي بىساتى-مۈلكى ھەر ئۆينىڭ، ئۇنى دەپ بىر كۆرەشچى ئۆز غۇرۇرى، شانىدىن كەچمەس. ئانا، پەرزەنتى، يارىنى قەدىرلەر ھەر كىشى شەكسىز، ئۇنى دەپ ئوت يۈرەك جەڭچى ۋەتەن ئىقبالىدىن كەچمەس. ② سۈپ. ئۇرۇش ئۈچۈن مەخسۇس لايىھەلەنگەن ياكى ئىشلىتىلىدىغان؛ جەڭ، كۆرەش قىلىدىغان: كۆرەشچى ئايروپىلان.

**كۆرەشچى ئايروپىلان** <ھەرب> ← **قىرغۇچى ئايروپىلان**.

**كۆرەشسىز** رەۋ. كۆرەش قىلماي، كۆرەش قىلماي تۇرۇپ: ئارزۇ قىلغان پارلاق كېلەچەككە كۆرەشسىز يەتكىلى بولمايدۇ.

**كۆرەشمەك** پ. مەلۇم بىر نىشانغا،

مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن ھەرىكەت قىلماق، كۈرەش قىلماق: بەخت ئۈچۈن كۈرەشمەك. * ل. مۇتەللىپنىڭ «دوستۇمغا مۇۋەششەھ» دېگەن شېئىرىنىڭ ھەربىر تاق مىسراسىنىڭ باش ھەرپىنى ئېلىپ بىر-بىرىگە قوشسا «ياشاش ئۈچۈن كۈرەش» دېگەن جۈملە چىقىدۇ.

**كۈرەك** I ئى. بۇغداي سورۇش ۋە قار تازىلاش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدىغان ئۇزۇن ساپلىق ياغاچ گۈرجەك.

**كۈرەك چاي** بېسىلغاندىن كېيىنكى ھالىتى خۇددى خىشقا ئوخشايدىغان چاي.

**كۈرەك چىش** <ئانات> ← **ئۇتتۇر چىش.**

**كۈرەك** II ئى. تۆت ياشلىق ۋە ئۇنىڭدىن ئاشقان تۆگىلەرنىڭ ئېزىق چىشى.

**كۈرەڭ** سۈپ. پور رەڭ، قوڭۇر: دۈيجاڭ ئاتتىن چۈشۈپ كۈرەڭ قاشقىنى ھارۋىنىڭ شوتىسىغا باغلىدى.

**كۈرەلمەك** «كۈرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قارلار كۈرىلىپ قورۇ پاك-پاكىز تازىلانغانىدى.

**كۈرپە** ئى. ياۋا چوشقىنىڭ ياتىدىغان جايى.

**كۈرچۈك** ئى [ر] ئېتىش قوراللىرىنىڭ ئوق ئۇزۇشتە قول بىلەن باسىدىغان قىسمى، تەپكە: ئۇ دېمىنى توختىتىپ كۆرسەتكۈچ بارمىقىنى كۈرچۈككا ئاپىرىۋىدى، قورالىنىڭ مۇقىم بولمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ كۈرچۈكنى بېسىشتىن توختاپ قالدى.

**كۈرسۈك** ئى ① قانچۇقنىڭ جۈپلىششنى تەلەپ قىلىدىغان مەزگىلدىكى ھالىتى: كۈرسۈككە كىرمەك. // كۈرسۈك ئىت. ② كۆچمە. تىل ھا. بۇزۇق ئاياللارنى تىللاش، ھاقارەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

**كۈرسۈككە كىرمەك** جۈپلىششنى تەلەپ قىلماق، جۈپلىشش مەزگىلىگە كەلمەك (قانچۇق ھەققىدە): ئىت كۈرسۈككە كىردى.

**كۈرسۈمەك** پ. كۈرسۈك بولماق، كۈرسۈككە كىرمەك: قانچۇق كۈرسۈدى.

**كۈركە** ئى <زوئول> ← **كۈركە توخۇ.**

**كۈركە توخۇ** <زوئول> قىرغاۋۇللار ئائىلىسىگە تەۋە توخۇسىمان چوڭ ئۆي قۇشى.

**كۈركۈم** ئى [ر<لات] <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدا يىلتىزسىمان غولى ۋە گۆشلەشكەن توم يىلتىزى بولىدۇ. كەسمە يۈزىنىڭ رەڭگى سېرىق، خۇش بۇي پۇرايدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئىككى قاتار تىزىلىدۇ. گۈلى ئاق، باشاقسىمان گۈل رېتىدە. تۈگۈنەك يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. قاننى جانلاندۇرۇش، تىت-تىتلىقنى داۋالاش، ھەيزنى تەڭشەش رولى بار.

**كۈرمەك** ئى <بوت> ① باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى شالىنىڭكىگە، دېنى سۆككە ئوخشايدۇ. ئادەتتە شاللىقتىكى زىيانداش ئوت ھېسابلىنىدۇ. لېكىن دېنىدىن ھاراق ئېچىتىش ۋە يەم-خەشەك ئىشلەشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ. ئۇ يەنە بەزىدە بىز خىل زىرائەت ئورنىدا ئۆستۈرۈلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ دېنى.

**كۈرمىڭ** سۈپ. ناھايىتى جىق، نۇرغۇن؛ سانسىز: تاشقىن توختىغاندىن كېيىن كۈرمىڭلىغان كىشىلەر ئاپەت مەيدانىنى ئارىلاپ يوقاتقان كىشىلىرى ۋە نەرسىلىرىنى ئىزلەشكە كىرىشتى.

**كۆرۈك** ئى. مېكىياننىڭ تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ چۈجە چىقىرىدىغان مەزگىلدىكى ھالىتى. بۇ ۋاقىتتا مېكىيان تۈكلىرىنى ھۆرپەيتىپ «كۆرۈك-كۆرۈك» دەپ يۈرىدۇ.

**كۆرۈك بولماق** مېكىيان تۇخۇم تۇغۇشتىن توختاپ چۈجە چىقىرىدىغان مەزگىلگە كەلمەك: ئۇزاقى يىلى ئەتىياز سەلەيئاخۇن ئاكاڭ كۆرۈك بولغان بىر مېكىياننى بېرىۋىدى، 15 تۇخۇم باستۇرسام 12 چۆجە چىقىرىپتۇ.

**كۆرۈكى تۇتماق** ئادەتلەنگەن نەرسىنى ياكى ئىشنى سېغىنماق؛ خۇيى تۇتماق: بىلمىدىم نېمىشقىكىن، بىردەمدە كۆرۈكى تۇتۇپ قالدى.

**كۆرۈكى يېشىلمەك** خۇيى يانماق، ئاچچىقى قايتماق: ئىككى قەدىناسنىڭ ئېچىلىپ-يېيىلىپ كۆڭلى-كۆكسىدىكى گەپلەرنى سۆزلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ مېنىڭمۇ كۆرۈكۈم يېشىلىپ قالدى.

**كۆرىمەك** پ. كۆرەك بىلەن ئالماق، ئۇسماق: قار كۆرىمەك. بۇغداي كۆرىمەك.

**كۆز** ئى. تۆت پەسىلنىڭ ئۈچىنچىسى، يەنى يازدىن كېيىنكى، قىشنىڭ ئالدىدىكى پەسىل. مىلادىيە بويىچە تەخمىنەن 7-ئاۋغۇستتىن 7-نويابىرغىچە بولغان ۋاقىتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: كۆز كۈنلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئەنۋەر بۇ چاغدا ئۇرۇمچىدە، يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ يىغىن زالىدا ئولتۇراتتى. * ياز ئۆتۈپتۇ، كۆز كېلىپتۇ، قاتتىق سوغۇق قىشمۇ كىرىپتۇ.

**كۆز پەسلى** ← **كۆز.**

**كۆزدە تېرىش** كۆزگى بۇغداي، قىچا، كۆك پۇرچاق، دادۇر قاتارلىق قىشتىن ئۆتەلەيدىغان زىرائەتلەرنى كۆزدە تېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كۆز ئوتتۇرىسى** <ئاستر> كۆز پەسلىنىڭ ئىككىنچى ئېيى، يەنى كونىچە سەككىزىنچى ئاي.

**كۆزەك** ئى. كۆزدە تۇغۇلغان قوزا.

**كۆزەك پاخلان** ← **كۆزەك.**

**كۆزەم** ئى ← **كۆزەم يۇڭ.**

**كۆزەم يۇڭ** ھايۋانلارنىڭ كۆزلۈك يۇڭى، كۆزگى يۇڭ.

**كۆزەيمەك** پ. دىئال. تۇغماق، يەڭگىمەك، بوشانماق.

**كۆزگى** ① سۈپ. كۆزگە خاس، كۆزدە قىلىنىدىغان ياكى تېرىلىدىغان، كۆزلۈك: كۆزگى بۇغداي. كۆزگى ئاشلىق. كۆزگى زىرائەت. * ئېتىزلارغا زېرىكمەي، ئوغۇتنى كۆپ بېرىمەن. كۆزگى تېرىم ۋاقتىدا، ئۇرۇق تاللاپ تېرىيمەن. ② ئى. كۆزگى بۇغداي: 3-دادۈينىڭ يەرگە چۆكۈرۈپ بولغان كۆزگىسى 19 مىڭ 600 مو. بۇ ناھايىتى جىق سان! بۇنى سۇغىرىپ، ئوغۇتلاپ، ئۇرۇپ-تېپىپ ئېلىشمۇ بىر گەپ.

**كۆزگى بۇغداي** <بوت> كۆزدە تېرىلىپ، ئىككىنچى يىلى يازدا يىغىپ ئېلىنىدىغان بۇغداي.

**كۆزگى تېرىم** <ئاستر> 24 مەۋسۈمنىڭ 14-سى. مىلادىيە بويىچە 22- ۋە 24-ئاۋغۇستتىن باشلىنىدۇ.

**كۆزگى گۈل** <بوت> بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆزدە ئېچىلىدىغان گۈلى.

**كۆزگى يۇڭ** <زوئول> ← **كۆزەم يۇڭ.**

**كۆزلەك** ئى <زوئول> كۆز پەسلىدە چارۋا بېقىلىدىغان ئوتلاق.

**كۆزلۈك** سۈپ. كۆزگە مۆلچەرلەنگەن، كۆزگە خاس؛ كۆزدە بولىدىغان، تېرىلىدىغان ياكى قىلىنىدىغان؛ كۆزگى: كۆزلۈك ئاختارما. كۆزلۈك تېرىم. كۆزلۈك زىرائەت. كۆزلۈك يىغىم. كۆزلۈك كىيىم.

**كۆزلۈك ئاختارما** كۆز پەسلى قىلىنىدىغان ئاختارما.

**كۆزلۈك تېرىم** ← **كۆزدە تېرىش.**

**كۆزلۈك زىرائەتلەر** كۆز پەسلىدە يىغىۋېلىنىدىغان زىرائەتلەر. مەسىلەن، ئاق قوناق، كۆممىقوناق، تېرىق قاتارلىقلار.

**كۆزلۈك قوغۇن** <بوت> كۆز ئاخىرىدا پىشىدىغان شاپىقى قېلىن، قىشچە ساقلىغىلى بولىدىغان قوغۇن.

**كۆزلۈك كۈن تەڭلىكى** <ئاستر> 24 مەۋسۇمنىڭ 16-سى. مىلادىيە بويىچە 22-ۋە 24-سېنتەبىردىن باشلىنىدۇ.

**كۆزلۈك لىمون** <بوت> ← **قىشلىق لىمون.**

**كۆزلۈك ھەيدەش** ← **كۆزلۈك ئاختارما.**

**كۆزلۈك ئوسا** ← **توك ئوسا.**

**كۆزلۈك ئۈچ ئىش** كۆزلۈك يىغىم، كۆزلۈك ئاختارما ۋە كۆزلۈك تېرىمدىن ئىبارەت ئۈچ ئىش.

**كۆزلۈك ئېتىز** يازلىق يىغىمدىن كېيىن كۆزدە تېرىشقا تەييارلانغان ئېتىزلار.

**كۆزلۈك يايلاق** ← **كۆزلەك.**

**كۆزلۈك يىغىم** كۆز پەسلىدىكى زىرائەتلەرنى يىغىۋېلىش ئىشى.

**كۆزلۈك يىغىم قوزغىلىڭى** <تارىخ> خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ شەرقى ۋە جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئىشچى-دېھقانلارنىڭ ماۋزېدوڭنىڭ سەپەرۋەر قىلىشى ۋە رەھبەرلىكى ئاستىدا 1927-يىلى 9-ئايدا كۆتۈرگەن قوراللىق قوزغىلىڭى. بۇ قېتىملىق قوزغىلاڭدا ئىشچى-دېھقان ئىنقىلابىي ئارمىيىسىنىڭ 1-جۈن 1-دىۋىزىيىسى قۇرۇلۇپ، جىڭگاڭشەندە تۇنجى قېتىم ئىنقىلابىي بازىسى بەرپا قىلىنغان.

**كۆسۈنكە** ئى <زوئول> ← **سېرىق چاشقان.**

**كۆش** ئىم. قوي، ئۆچكە قاتارلىق ھايۋانلارنى ھەيدەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۆشەندە** ئى [پ] ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئامانلىقىغا، بىخەتەرلىكىگە دەخلى-تەرۇز قىلىدىغان، زىيان-زەخمەت يەتكۈزىدىغان ئامىل؛ زىيانداش، دۈشمەن: نەسىردىن باينىڭ ھازىرقى بىردىنبىر كۆشەندىسى ئىرپان ئىدى. * بىر توپ قۇشقاچلار ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنىڭ كۆشەندىسى بولغان چېكەتكىلەرنى تۇتۇپ يېمەكتە ئىدى.

**كۆشەندە بولماق** دۈشمەن بولماق، زىيان سالماق، توسقۇن بولماق: تۇۋا، شۇنداق قىلىپ، تۇنۇگۈنكى دوستۇم بۈگۈن كۆشەندەم بولۇپ قالدىمۇ؟ * موللا نىياز ياسىن قازى ئۈچۈن زور كۆشەندە بولۇپ ئوتتۇرىغا چىقماقتا ئىدى.

**كۆشەندىلىك** «كۆشەندە» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كۆشەندىلىك قىلماق.

**كۆشكۈرتكۈچى** ① «كۆشكۈرتمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② سۈپ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندىگەن، دەۋەت قىلغان، قىلىدىغان: كۆشكۈرتكۈچى جىنايەتچى. ③ ئى. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندەيدىغان ئادەم.

**كۆشكۈرتكۈچى جىنايەتچى** <قا> باشقىلارنى جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە قۇتراتقان ۋە يول كۆرسەتكەن جىنايەتچى.

**كۆشكۈرتمەك** پ. مەلۇم بىر ئىشنى قىلىشقا ئۈندىمەك، دەۋەت قىلماق؛ قۇتراتماق: شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇرۇشقاق چوڭلارنىڭ كۆشكۈرتۈشى بىلەن شۇ كېچىدىكى جېدەلنىڭ سەۋەبكارى بولۇپ قالدى. * ئىتلىرىنى كۆلسۈمگە كۆشكۈرتۈپ قويغان ئىلياز خوجىنىڭ ئوغلى خان خوجا ئىتلىرىنىڭ كارامىتىدىن ھۇزۇرلانغان ھالدا قاقاھلاپ كۈلۈپ تۇراتتى.

* سېنى كىمنىڭ بىز بىلەن ئۇرۇشۇشقا كۈشكۈرتكەنلىكىنى بىز ئوبدان بىلىمىز.

**كۈشكۈرتۈشمەك** «كۈشكۈرتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈش-كۈش** I «كۈش» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**كۈش-كۈش** II دىئال. ئىتنى بىر-بىرى بىلەن تالىشىشقا ياكى بىرەر ئادەمگە ئېسىلىپ، ئۇنى تالاشقا بۇيرۇش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كۈشكۈشلەشمەك** «كۈشكۈشلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈشكۈشلىمەك** پ. كۈشكۈرتمەك.

**گۈشۈك** ئى. دىئال. مۆكۈنىدىغان، يوشۇرۇنىدىغان جاي.

**كۈشىمەك** پ. چۈشىمەك، بوغماق: كۆپ يىللاردىن بۇيان پۇت-قولىمىزنى كۈشەپ تۇرغان زەنجىر پاچاقلاپ تاشلاندى.

**كۈكۈنەۋرە** ئى. پەيغەمبەرنىڭ بالىسى. 7-ئەۋلاد.

**كۆل** ئى. بىرەر نەرسىنىڭ كۆيۈشىدىن ھاسىل بولغان ئاقۇچ قارا ياكى كۆكۈچ چاڭسىمان مىنېرال قالدۇق.

**كۆل بولماق** ① كۆلگە ئايلانماق: يوتقان-كۆرپە ھەش-پەش دېگۈچە كۆيۈپ كۆل بولۇپ كەتتى. * ئوتقا سالسا كۆيمەيتتىم، ئەمدى كۆيدۈم، كۆل بولدۇم. غازاڭ بولغان باغلاردەك، سارغىيىپ سامان بولدۇم. ② كۆچمە. خاراب بولماق، ۋەيران بولماق، يوقالماق: — ئوت بىلەن ئويناشماقچىمىز، بۇرادەرلەر، — دېدى خان بېشىنى مىدىرلاتماستىن كۆزىنى نۆۋەت بىلەن ئىككىسىگە توغرىلاپ، — ناۋادا ئېشىمىز ئوڭدىن كەلمىسە، كۆل بولۇپ كېتىمىز.

**كۆلدە كۆمەچ بولماق** پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرىلىپ ھەرىكەت قىلماق: كۆلدە كۆمەچ بولۇپ ئىشلەيمەن، يەنە ياخشى بولالمىدىم. * بۇرۇن ئائىلىنىڭ غېمىنى يەپ، ئوچاق بېشى، تونۇر بېشىنى ئايلىنىپ يۈرۈپ، كۆلدە كۆمەچ بولۇپ كەتكەنىدىم.

**كۆل رەڭ** ① كۆلگە ئوخشايدىغان بىر خىل رەڭ. ② كۆلگە ئوخشاش رەڭگە ئىگە بولغان: كۆل رەڭ ياغلىق. كۆل رەڭ چاپان.

**كۆل رەڭ ئەمەن** <بوت> مورەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى كۆپ شاخلىنىدۇ، رەڭگى سۆسۈن ياكى سارغۇچ يېشىل بولىدۇ. يوپۇرمىقى ساپسىز، نۆۋەتلىشىپ ئۆسكەن، تولۇق گىرۋەكلىك، يىپسىمان، تۈمۈنە شەكىللىك. گۈلى پەيسىمان، سېرىق رەڭلىك. باشسىمان، مورەككەپ ئومۇم گۈل رېتىمدە. تىبابەتتە دورا قىلىنىدۇ، سوغۇق يەلنى تارقىتىش رولىغا ئىگە.

**كۆل قىلماق** ① كۆلگە ئايلاندۇرماق: ئۇلار بىر پارچە ئوت، بۇ يەرگە كەلدىمۇ — بولدى، ھەممىسىنى كۆيدۈرۈپ كۆل قىلىدۇ. ② كۆچمە. خاراب قىلماق، ۋەيران قىلماق، يوق قىلماق، يوقاتماق: — ناۋادا ئىشىمىز ئوڭدىن كەلسە، بۇ قېتىم ئۇلارنى كۆل قىلىۋېتىمىز، — دېدى جياڭجۇن قوللىرىنى شىلتىپ تۇرۇپ.

**كۆل رەڭ قىلىيورغا** <زوئول> قىلىيورغىنىڭ كۆل رەڭ كەلگەن بىر خىلى.

**كۆلنى كۆككە سورۇماق** پۈتۈنلەي يوق قىلماق، يىمىرىپ تاشلىماق: بىزنىڭ ئەۋلادىمىزدىن بىر كىشى چىقىپ بۇ زالىمنىڭ تاج-تەختىنى ۋەيران قىلىپ، كۆلنى كۆككە سورۇپ، بىگۇناھ پۇقرالارنىڭ قىساسىنى ئالىدۇ.

**كۆلپەت** ئى [ئە] ئېغىر قىيىنچىلىق، ئازاب-ئوقۇبەت، دەرد-ئەلەم: كۆلپەت چەكمەك.

كۈلپەت چۈشمەك. كۈلپەت سالماق. * ئۇنىڭ ئائىلىسىگە كەلگەن ئېغىر كۈلپەتلەردىن ئىچىم ئېچىشتى.

**كۈلپەت چەكمەك** ئېغىر قىيىنچىلىق، دەرد-ئەلەم ئىچىدە قالماق، ئازاب-ئوقۇبەت تارتماق: گۈلسۇرۇخ ياتاتتىمۇ قار ئاستىدا؟_ باغرىنى يەرگە يېقىپ كۈلپەت چېكىپ.

**كۈلپەت چۈشمەك** ئازاب-ئوقۇبەت، دەرد-ئەلەم كەلمەك: بۇلارنىڭ بېشىغا چۈشكەن كۈلپەت ئايشىخان ئاچىنىڭ خۇراپاتلىقىدىن بولغان.

**كۈلپەت سالماق** ئازاب-ئوقۇبەتكە، دەرد-ئەلەمگە مۇپتىلا قىلماق: جېنىم دادا، مەن سىزنىڭ بېشىڭىزغا شۇنچە ئېغىر كۈلپەتلەرنى سالدىم، مېنى كەچۈرۈڭ.

**كۈلپەتلىك** سۈپ. ئازاب-ئوقۇبەتلىك، دەرد-ئەلەملىك: كۈلپەتلىك زامان. كۈلپەتلىك كۈنلەر.

**كۈلتۈك** I ئى. بۆشۈكتىكى بالىلارنىڭ تەرەت قىلىشى ئۈچۈن بۆشۈككە مەخسۇس ئورۇنلاشتۇرغان تەرەت قاچىسى؛ جاك: بۆشۈكۈڭنى تەييارلىغان ئادەم كۈلتۈكۈڭنى تۆكۈشنىمۇ بىلىدۇ (ماقال).

**كۈلتۈك** II سۈپ. ئىچى بوشاپ قالغان، ئىچى كاۋاك بولۇپ قالغان (قار ھەققىدە): كۈلتۈك قار.

**كۈلتۈك قار** ئۈستى قېتىشىپ، ئاستى بوشاپ كاۋاك بولۇپ قالغان قار.

**كۈلخانا** ئى. ئوچاق ۋە مەشنىڭ كۈل چۈشىدىغان يېرى: مەرھۇمەنىڭ بۇ پۇلغا ئالتۇن جابدۇقلىرىنى قوشۇپ ئوچاقنىڭ كۈلخانىسىغا كۆمگەنلىكى تېخىمۇ چىندۇر.

**كۈلدان** ئى. تاماكىنىڭ كۈلىنى ۋە قالدۇقىنى تاشلاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قاچا: يىگىت ئاخىرقى نۆۋەت قولىدىكى تاماكىسىنى راسا بىر شورىۋېلىپ، كۈلدانغا تاشلىدى.

**كۈلدۈرگە** ئى <تىيا>. بىرەر ئىجتىمائىي ھادىسە ياكى بىرەر ئىجتىمائىي كەيپىياتنى يۇمۇرلۇق سۆز، قىزىق ھەرىكەتلەر ئارقىلىق كۈلكە قوزغاش يولى بىلەن ئىپادىلەپ بېرىدىغان بىر خىل سەنئەت شەكلى. ئۇ ئەلنەغمىگە مەنسۇپ بولۇپ دىئالوگ ۋە ھەرىكەتتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدىن تەركىب تاپىدۇ.

**كۈلدۈرگۈچى** ① «كۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② سۈپ. كۈلدۈرۈش رولىنى ئوينايدىغان، كۈلدۈرىدىغان: كۈلدۈرگۈچى گاز.

**كۈلدۈرگۈچى گاز** <خىم> ← ئازوت (I) ئوكسىد.

**كۈلدۈرمەك** «كۈلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھايات بەزىدە كۈلدۈرىدۇ، بەزىدە يىغلىتىدۇ.

**كۈلدۈرۈشمەك** «كۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كۈلدۈرۈلمەك** «كۈلدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**كۈل-قوقاس** كۈل ۋە قوقاس: ئۇ يېزىنىڭ ئوت گۈلخانلىرى ئىچىدە كۈل-قوقاسقا ئايلىنىپ كېتىش خەۋپىدىن ئامان قالغان قېرى قاپاق تېرەكلىرىگىچە ھەممىسى ماڭا بەشقولدەك تونۇش.

**كۈلكە** ئى ① خۇشاللىقنى، زوقلىنىشنى، شادلىقنى ئىپادىلەيدىغان، بۆلۈنۈپ-بۆلۈنۈپ چىقىدىغان ئاۋازلار: كۈلكە كۆتۈرۈلمەك. كۈلكە ئاۋازى ئاڭلانماق. * ئاغرىق كىشى كۈلكە سۆيمەس (ماقال). * سايدا يۈرگەن سىبىرىق تۈلكە، ساينىڭ تۈلكىسى. ئۆلتۈرەمدۇ، كۆيدۈرەمدۇ، يارنىڭ كۈلكىسى. ② مازاق، مەسخىرە: شۇنچىلىك ئاددىي نەرسىلەرنى توغرا چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەي، كىشىلەرنىڭ

كۆلكىسىگە قالمايلى يەنە.

**كۆلكىگە قالماق** باشقىلار ئالدىدا مەسخىرىگە ئۇچرىماق، زاڭلىق قىلىنماق: بارات كۆنى پادىشاھ ئەپەندىمنى كۆلكىگە قالدۇرۇش ئۈچۈن، «ئەپەندىم قۇيماق سېلىپ يېسۇن» دەپ بىر قاپاق سۈيدۈك ئەۋەتىپتۇ.

**كۆلكە-چاقچاق** كۆلكە ۋە چاقچاق: ئاغزىدا كۆلكە-چاقچاق قويندا پالتا-پىچاق (ماقال). * شۇ چاغدا بىرقانچە ياش ئىشچىلار كۆلكە-چاقچاق بىلەن يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**كۆلكىسىز** رەۋ. كۈلمەي، شاد-خۇرام بولماي: كۆلكىسىز ئۆتكەن كۈنلەر كۈن ئەمەس ئىكەن، كۆز ياشتا ئۈزۈپ يۈردى غەم يەلكىنى.

**كۆلكىلىك** سۈپ ① قىزىقارلىق، كۈلدۈرىدىغان: كۆلكىلىك تىياتىر. كۆلكىلىك ئىش. * مۇخپۇل ئاكا ئۇنىڭغا كۆلكىلىك بىر نەرسىنى ھېكايە قىلىپ بەرمەكتە ئىدى. ② كۆچمە. مەسخىرىلىك: كۆلكىلىك ئىشتە بۇ، كىم بۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. // مېنىڭ بۇ ھالىم ساڭا كۆلكىلىك تۇيۇلۇۋاتامدۇ؟

**كۆلكىلىك تىياتىر** <تىيا> كومېدىيىنىڭ بىر خىلى. بۇنىڭدا، ھەزىل ۋە قىزىقچىلىق-لار ئارقىلىق پېرسوناژلار ھەرىكىتىدىكى زىددىيەتلەر ئېچىپ بېرىلىدۇ، مۇبالىغە ئادەتتىكى كومېدىيىگە قارىغاندا كەڭرەك بولىدۇ.

**كۆلگەك** سۈپ. تولا كۈلىدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان: كۆلگەك بالا. * چىشقاق بالىغا ئىت ئەگىشەر، كۆلگەك ئايالغا يىگىت (ماقال). * قىزلارنىڭ ئىككىنچىسى زىيادە كۆلگەك ئىدى.

**كۆلگەكلىك** «كۆلگەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: بالىنىڭ كۆلگەكلىكى يەنە تۇتتى. * ئۇنىڭ كۆلگەكلىكى كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدۇ.

**كۆلگۈن** سۈپ. كۈلۈپ تۇرىدىغان: ئاق خالات، ئىللىق چىراي كۆلگۈن كۆزلەر، قەلبىمگە بىر ھاياجان سېلىپ ئۆتتى.

**كۆلگۈنچەك** سۈپ. تولا كۈلىدىغان، كۈلۈپلا تۇرىدىغان، كۆلگەك: — كىيىسلە، كىيىپ كۆرسىلە، كىيىپ كۆرگەنگە پۇل ئالمايمىز، — دېدى كۆلگۈنچەك سېتىقچى. * كۆردۈڭمۇ، مانا كۆلگۈنچەك بولۇپ قالدىڭ، بۇ ياخشى ھاراق. * ئىلىك ئىسپارگۈلنىڭ ئالمىدەك مەڭزىگە، كۆلگۈنچەك كۆزلىرىگە سۆيەتتى.

**كۆلگۈنچەكلىك** «كۆلگۈنچەك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئارتۇقچە كۆلگۈنچەكلىكىم ئۈچۈن، ئۇ بەزىدە تېرىكىپ قالاتتى.

**كۆللۈك** ئى. كۆل يىغىلغان، كۆل تۆكۈلگەن جاي: كۆللۈككە چۈشكەن ئاق قوشقاچلارنى كۆزىتىش نېمىدېگەن قىزىقارلىق-ھە؟

**كۆللى** سۈپ [ئە] يېزىت. ھەممە، بارلىق، جەمئىي، پۈتكۈل: كۆللى ئىنسان. كۆللى جەمەت. * يۇرت-ماكانىڭلارنى ئەيلەڭلار چىمەن، ياشنىغاي كۆللى جاھان مېھنەت بىلەن.

**كۆلمەك** پ ① خۇشاللىنىش، ئەجەبلىنىش، زوقلىنىش قاتارلىقلارنى كۆلكە بىلەن ئىپادىلىمەك: قاقاھلاپ كۆلمەك. * ئۇنىڭ گېپىدىن ئەتراپتىكىلەر كۈلۈپ كېتىشتى. ② كۆلكە بىلەن مەسخىرە قىلماق، زاڭلىق قىلماق: ئارقىسىدىن كۆلمەك.

**كۆلۈشمەك** «كۆلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار دەم كۈلۈشۈپ، دەم يىغلى-شىپ، بىر-بىرىدىن ئايرىلغاندىن بۇيانقى كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشتى.

**كۆلۈمسىرەتمەك** «كۆلۈمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كۆلۈمسىرەشمەك** «كۆلۈمسىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىر-بى-رىگە قارىشىپ كۆلۈمسىرەشتى.

**كۆلۈمسىرىمەك** پ. چىرايىدا كۈلكە پەيدا قىلماق، چىرايىدىن كۈلكە ياغماق: نۇرىمان بوينىدىكى تاش مارجاننى ئويناپ تۇرۇپ، كۆلۈمسىرىدى. * ئۇنىڭ ئالدىدا گۈزەل بىر قىز كۆلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى.

**كۈمۈش** ئى <خىم> مېتال ئېلېمېنت، بەلگىسى Ag (argentum). ئاق رەڭلىك، يۇمشاق، سوزۇلۇشچانلىقى ناھايىتى كۈچلۈك، ئىسسىقلىق ۋە ئېلېكترنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، ھاۋادا ئوكسىدلانمايدۇ، مېتال ئەسۋابلارغا ھەل بېرىشتە، ئەينەك ۋە تېرموسلاردا ئىشلىتىلىدۇ. كۈمۈشنىڭ قېتىشمىسىدىن پۇل، كۈندىلىك قوللىنىلىدىغان ئەسۋابلار ۋە زىننەت بۇيۇملىرى ياسىلىدۇ.

**كۈمۈش باشاق** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. 40 — 60 سانتىمېتر ئېگىزلىكتە ئۆسىدۇ. تۈۋىدە قويۇق، رەڭگى قوڭۇر يوپۇرماق غىلاپىنىڭ قالدۇقى بولىدۇ، يوپۇرمىقى قاتتىق، ئىچىگە پۈرۈلۈۋالىدۇ. كونۇسسىمان گۈل رېتى زىچ، ئۇزۇنلۇقى 4 — 9 سانتىمېتر. بىر گۈل رېتىدە ئاران 10 — 20 كىچىك باشاقلىرى بولىدۇ. كىچىك باشىقى تۇخۇم شەكىللىك، رەڭگى كۈمۈش رەڭ ياكى ئازراق سۆسۈن ئارىلاش. دېنى (قىلتىرىقلىق مېۋىسى) كىچىك، ئۇزۇنلۇقى تۆت مىللىمېتر كېلىدۇ. شەرقىي شىمال، غەربىي شىمال، ئىچكى موڭغۇلىيە قاتارلىق رايونلارغا تارقالغان بولۇپ، تاغلىق رايونلاردا ئۇچرايدۇ، يەم-خەشەك قىلىنىدۇ.

**كۈمۈش پۇل** <مال> كۈمۈشتىن ياسالغان پۇل.

**كۈمۈش رەڭ** ① <گ سەن> كۈمۈشكە ئوخشاش بىر خىل رەڭ. ② شۇ خىل رەڭدە بويالغان ياكى شۇ خىل رەڭگە ئىگە: كۈمۈش رەڭ قەغەز. كۈمۈش رەڭ ياغلىق.

**كۈمۈش رەڭ لاتقا بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تەن ئۇزۇنلۇقى 18 — 22 سانتىمېتر كېلىدۇ، شەكلى يۇملاق كاناي شەكلىدە، ئاقۇچ كۆل رەڭ. ئېغىزى ئۇچلۇق، كۆزى چوڭ، يېقىن دېڭىزلاردىكى قۇملۇق جايلاردا ياشايدۇ.

**كۈمۈش يودىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى AgI. سېرىق رەڭلىك كرىستال. رەسىم لېنتىسىنىڭ يورۇقلۇق سەزگۈچى قاتلىمىنى ئىشلەشتە قوللىنىلىدۇ، يەنە بۇلۇت قەۋىتىگە چېچىش ئارقىلىق سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇلىدۇ.

**كۈمۈشئوت** ئى [كۈمۈش+ئوت] <بوت> پاپۇرتنىكلارنىڭ بىر تۈرى، يەنى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرماقلىرى توپلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۈچ قۇلاق بولۇپ يېرىلىدۇ، يېرىقچە يوپۇرماقلىرى قاناتسىمان يېرىلىدۇ، يوپۇرماقنىڭ دۈمبىسى كۆل رەڭ ئاق، يوپۇرماق سېپىنىڭ رەڭگى قارا قوڭۇر، پارقىراپ تۇرىدۇ. پۈتۈن تېنى دورا قىلىنىدۇ، ھەيزنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، بەدەنگە قۇۋۋەت بېرىش، يۆتەل توختىتىش رولى بولىدۇ. تىيانشان تاغلىرىدىن تېپىلىدۇ.

**كۈمۈشئۆرۈك** ئى [كۈمۈش+ئۆرۈك] <بوت> يالىڭاچ ئۇرۇقلۇق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تۈرى، يەنى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. ئاتىلىق-ئانىلىقلىرى ئايرىم تۈپتە، يوپۇرماق ئالقىنى يەلپۈگۈچ شەكىللىك. ئۇرۇقى سوقچاق، سىرتىدا قىزغۇچ سېرىق، سېسىق پۇراق چىقىپ تۇرىدىغان ئۇرۇق پوستى

بولىدۇ. مېغىزىنى ئىستىمال قىلىشقا، دورا قىلىشقا بولىدۇ. ياغىچى چىك، ئۇيمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇ دۆلىتىمىزدىن چىقىدىغان ئالاھىدە دەرەخ تۈرلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**كۈن** ئى ① قۇياش: كۈن چىقماق. كۈن ئولتۇرماق. كۈن تۇتۇلماق. ② سوتكىنىڭ قۇياش چىققاندىن تارتىپ، قۇياش پاتقانغىچە بولغان قىسمى: يېرىم كۈن. پۈتۈن كۈن. * ئۇ كۈنلىرىنى تاماقسىز، تۈنلىرىنى ئۇيقۇسىز ئۆتكۈزەتتى. ③ بىر كېچە-كۈندۈزگە يەنى 24 سائەتكە تەڭ ۋاقىت؛ سوتكا: بىر يىل 365 كۈن بولىدۇ. * بىرنەچچە كۈن شۇ يەردە تۇرۇپ قالدىم. ④ ئاي ياكى ھەپتىنىڭ مەلۇم بىر چېسلاسى: پەيشەنبە كۈنى. جۈمە كۈنى. ⑤ ۋاقىت، پەيت، چاغ، زامان، دەۋر: بالىلىق كۈنلىرى. دەسلەپكى كۈنلىرى. ئاخىرقى كۈنلىرى. ئۆتكەن كۈنلەر. * ئاتامنىڭ كۈنى ئەمدى داۋالىنىپ ئۆي ساقلاش بىلەنلا ئۆتىدىغان بولدى. * بۇ كۈنلەردە سابىرنىڭ ئىشلىرى ھەقىقەتەن ناھايىتى كۆپ ئىدى. ⑥ كۆچمە. تۇرمۇش، تىرىكچىلىك، ھايات: كۈنى پۈتمەك. كۈن كەچۈرمەك. كۈن ئۆتكۈزمەك. * ئۇنىڭسىزمۇ بىزنىڭ بۇ يەردىكى كۈنىمىز ئىت-ئېشەكنىڭ كۈنى. * بىركۈنى نامان قاسىمنى يالغۇز ئۇچرىتىپ: – قاسىمجان، ئۆيلەنگىن ئۇكا، يالغۇزلۇقمۇ كۈنمۇ؟ – دېدى. ⑦ كۆچمە. تىنچلىق، ئاسايىشلىق، خاتىرجەملىك: قاسىم گەپ تالاشقۇچىغا كۈن بەرمەيدىغان ئادەم. * كەچقۇرۇنلۇقى، رەھىمجان ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، پۈتۈن ئاچچىقىنى خوتۇنى بىلەن بالىلىرىدىن ئالاتتى. ئەگەر تاماق تۇزلۇق ياكى تۇزسىز بولۇپ قالسا، خوتۇنىغا كۈن يوق ئىدى. ⑧ كۆچمە. ئازاب-ئوقۇبەت، جەبىر-جاپا؛ ئېغىرچىلىق، كۆڭۈلسىزلىك: بەختسىز مىللەتنىڭ بەختسىز ئەۋلادى 1945-يىل ھارپىسىدا ئاقسۇدا ئەنە شۇنداق خارلىق كۈنگە قالغانىدى. * پاتقاق دەرياسىغا چۆكۈپ كەتكەن ئىتنى چىقىرىمەن دەپ ئۇنىڭ تارتقان كۈنى ئازمۇ؟

**كۈن ئاتلىماق** ← **كۈن ئارىلىماق.**

**كۈن ئارىلىماق** بىر ئىشنى بىر كۈن توختاپ، بىر كۈن ياكى بىرنەچچە كۈن ئۆتكۈزۈپ داۋاملاشتۇرماق: ئىككى مېكيان مېنىڭ بىچارىلىكىمگە ئىچ ئاغرىتقاندەك بەزىدە ھەركۈنى، بەزىدە كۈن ئارىلاپ تۇغۇپ بېرىپ تۇردى.

**كۈن ئالماق** تۇرمۇش كەچۈرمەك، ھايات كەچۈرمەك، ياشىماق: ئۆز ئالدىغا كۈن ئالماق. * – ئىمكان بار مەكتەپ، دولان تەرەپلەرگە كەتكىن، ئۇ ياقتا كۈن ئالماق ئاسان دەپ ئاڭلىدىم، – دېدى ئاكىسى مەسلىھەت بېرىپ.

**كۈن بەرمەسلىك** ياشاشقا، تۇرمۇش كەچۈرۈشكە يول قويماسلىق، ئىمكانىيەت بەرمەسلىك: ھاتەم دېگەن ئادەمدىن كەلگەن بالايىئاپەت ماڭا كۈن بەرمىدى.

**كۈن بويى** ئەتىدىن-كەچكىچە: بۇ، باشلىقنىڭ كۈن بويى كۆمۈرگە مىلىنىپ، چاي قاينىتىپ يۈرىدىغان ئىتائەتمەن چاكىرىدىن تۇنجى قېتىم رەددىيە ئاڭلىشى ئىدى.

**كۈن تارتماق** قىيىنچىلىق، جاپا-مۇشەققەتكە يولۇقماق: – ئەكبەر بالام تاغدا نېمە كۈنلەرنى تارتىۋاتقاندۇ؟ – دېدى ئانا ئەنسىرەپ.

**كۈن توختاش** <ئاستر> كۈننىڭ ئۇزىرىشى ياكى قىسقىرىشىنىڭ توختىشى.

**كۈن تۇتۇلماق** <ئاستر> ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىغا كەلگەندە، قۇياش ئاي شارى

تەرىپىدىن توسۇلۇپ قالماق.

**كۆن تۇتۇلۇش** <ئاستر> ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىغا كەلگەندە، قۇياشنىڭ ئاي شارى تەرىپىدىن توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى.

**كۆن دېسە كۆزى، ئاي دېسە ئاغزى بار** ئىنتايىن گۈزەل، ناھايىتى قاملاشقان: ئۇ مەلىكە شۇنداق ساھىبجامال ئىدىكى، كۆن دېسە كۆزى، ئاي دېسە ئاغزى بار ئىدى.

**كۆندىن قېچىشچانلىق** <بوت> ئۆسۈملۈكلەر يىلتىزلىرىنىڭ قاراڭغۇ ئورۇنغا قاراپ ئۆسۈش ئالاھىدىلىكى.

**كۆن غەربتىن چىقىپتۇ** ← **كۆن قاياقتىن چىقتى**: كۆن غەربتىن چىقىپ قالدىمۇ نېمە؟ ئەتىگەندىلا كېلىپ قېلىپسىزغۇ؟

**كۆن قاياقتىن چىقتى** بولمىغان، بولمايدىغان ئىشنىڭ تاسادىپىي بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: — ۋاي خۇدايىمەي، كۆن قاياقتىن چىقتى، ياغاچ ئۇشتايمۇ؟ — دېدى سانىيخان خۇشاللىقىنى ئىچىگە سىغدۇرالماي.

**كۆن قايتماق** ← **كۆن يانماق.**

**كۆن قايىرىلغاندا** كۆن چۈشتىن ئاشقاندا: كۆن قايىرىلغاندا، ئۇلار بوغدا باغرىدىن ئېقىپ چۈشكەن بىر ئۆستەڭ بويىغا چۈشۈپ دەم ئالدى.

**كۆن قوتانلىشىش** <ئاستر> كۆن نۇرى بۇلۇت قاتلىمىدىكى مۇز كرىستاللىرىدىن ئۆتكەندە، سۇنۇش ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان ۋە قۇياشنى شولا چەمبىرى ئورىۋالغاندەك كۆرۈنىدىغان بىر خىل ئوپتىك ھادىسە. بۇ خىل شولا چەمبىرى رەڭلىك بولسىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ. ئادەتتە ئۇ ھاۋا ئۆزگىرىشىنىڭ بىشارىتى دەپ قارىلىدۇ.

**كۆن كالېندارى** <ئاستر> ← **قۇياش كالېندارى.**

**كۆن كەچۈرمەك** ← **كۆن ئالماق**: بىز بىر ئۆيلۈك خەق شۇ يەردە ياخشى كۆن كەچۈرۈپ كېتىۋاتىمىز.

**كۆن كۆرمەك** ← **كۆن ئالماق**: سۆيگەن يارىم سەن بولساڭ، كۆرگەن كۈنۈم نېمە بولار (ماقال). * قىز ئۆزلىرىنىڭ مالچىلىق ۋە ئوۋچىلىق بىلەن كۆن كۆرىدىغانلىقىنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بەردى.

**كۆن كۆيمەك** ← **كۆن تۇتۇلماق.**

**كۆن گەردىشى** <ئاستر> كۆن قوتانلاشقاندا كۆرۈنىدىغان قۇياش ئەتراپىدىكى گەردىشسىمان شولا.

**كۆنلەردىن بىركۆن** كۆنلەرنىڭ بىرىدە، مەلۇم بىركۈنى: كۆنلەردىن بىركۈنى بۇ يىگىت چوڭ بىر شەھەرگە يېتىپ بېرىپتۇ. * كۆنلەردىن بىركۈنى چوڭ بىر شەھەردە تاماشا قىلىپ يۈرسە، ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر ئەڭ ياخشى كىيىملىرىنى كىيىپ بىر ياققا كېتىپ بارغۇدەك.

**كۆنلەرنىڭ بىركۈنى** كۆنلەرنىڭ بىرىدە، بىرچاغلاردا، نامەلۇم بىركۈنى: كۆنلەرنىڭ بىركۈنى پادىشاھ ئوۋغا چىقىپتۇ.

**كۆنلەرنىڭ بىرىدە** ← **كۆنلەرنىڭ بىركۈنى**: كۆنلەرنىڭ بىرىدە شاھزادە ئابدۇلنى خۇپىيانە چاقىرىپتۇ. * كۆنلەرنىڭ بىرىدە بىز ئارزۇ قىلغان كۆنلەر كېلىدۇ. شۇ چاغدا ئۇلار بىلەن ھېسابلىشىمىز.

**كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە** كۆن چىقىپ بىرەر سائەت ئۆتكەن ۋاقىتتا، چاشگاھ ۋاقتىدا: بىز كىچىچە يول يۈرۈپ كۆن نەيزە بويى ئۆرلىگەندە، بىر مەھەللىگە يېتىپ كەلدۇق.

**كۆن نۇرلۇق لامپا** <فىز> لامپىنىڭ

بىر خىلى. بۇنىڭدا ۋاكۇئۇم ئەينەك نەيچىنىڭ ئىچىگە سىماب قاچىلانغان، ھەر ئىككى بېشىدا بىردىن ۋولفرام سىمى بولۇپ، ئېلېكتىر قۇتۇپى قىلىنغان. نەيچىنىڭ ئىچكى تېمىغا يالتىراق پاراشوك سۈركەلگەن. توك ئۆتكەندىن كېيىن، سىماب ھورلىنىپ توك چىقىرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە ئۇلترا بىنەپشە نۇر ھاسىل بولۇپ، يالتىراق پاراشوكنى قوزغىتىپ نۇر چىقىرىدۇ. بۇ خىل نۇرنىڭ تەركىبى كۈن نۇرىغا ئوخشاپ كېتىدۇ.

**كۈن نۇرى** قۇياش تارقاتقان نۇر.

**كۈن نۇرى چۈشۈش** <مېتېئور> قۇياش نۇرىنىڭ بىر كۈن ئىچىدىكى چۈشۈش ۋاقتى. ئۇنىڭ ئۇزۇن-قىسقىلىقى جۇغرا-پىيىلىك كەڭلىكنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ۋە پەسىلگە ئەگىشىپ ئۆزگىرىدۇ. ئۇ يەنە بۇلۇت مىقدارى، بۇلۇتنىڭ قېلىنلىق دەرىجىسى ۋە يەر شەكلى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. ياز پەسلىدە، مەملىكىتىمىز شىمالىنىڭ كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزۇن، جەنۇبىنىڭ قىسقا؛ قىش پەسلىدە بولسا ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىدۇ.

**كۈن نۇرى ئۆلچىگۈچ** <مېتېئور> كۈن نۇرى چۈشكەن ئەمەلىي ۋاقىت سانىنى ئۆلچەيدىغان بىر خىل ئەسۋاب.

**كۈننىڭ تولۇق تۇتۇلۇشى** <ئاستر> ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىغا كەلگەندە، قۇياشنىڭ ئاي شارى تەرىپىدىن تولۇق توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى.

**كۈننىڭ چالا تۇتۇلۇشى** <ئاستر> ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىغا كەلگەندە، قۇياشنىڭ ئاي شارى تەرىپىدىن قىسمەن توسۇلۇپ قېلىش ھادىسىسى.

**كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرمەك** ياشىماق، تۇرمۇش كەچۈرمەك، ھايات كەچۈرمەك: مەن ساڭا ئوخشاشلارغا ياخشىلىق قىلمەن دەپ يۈرۈپ بالاغا قالغىلى تاس قالدىم. يوقال، ماڭا كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگىلى قوي. * — ھەي بوۋاي، بۇ خىيالىڭدىن ۋاز كەچكىن، بىر كۈن بولسىمۇ كۈننىڭ سېرىقىنى كۆرگۈنۈڭ غەنىيمەت، — دەپتۇ كېنىزەكلەر.

**كۈننىڭ ھالقىسىمان تۇتۇلۇشى** <ئاستر> ئاي شارى ھەرىكەتلىنىپ يەر شارى بىلەن قۇياش ئارىلىقىغا كەلگەندە، ئاي شارىنىڭ قۇياش مەركىزىنى توسۇۋېلىش ھادىسىسى.

**كۈن ئۇزۇن** ئالدىرىماسلىقنى، سەۋرى-تاقەت قىلىشنى بىلدۈرىدىغان ئىبارە: كۈن ئۇزۇن، بىر كۈن بولمىسا بىر كۈن قىساس ئالىمەن.

**كۈن ئۇ ياققا، پۇل بۇ ياققا** «كۈن ئۆتسىلا پۇل ئۆزلۈكىدىن كېلىۋېرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە.

**كۈن ئۇ ياققا، گۈلۈڭ بۇ ياققا** «كۈن ئۆتسىلا گۈلۈڭ ئۆزلۈكىدىن كېلىۋېرىدۇ» دېگەن مەنىدىكى ئىبارە: ھەي ئۇكام، قىزىق ئىكەنلا، «كۈن ئۇ ياققا، گۈلۈڭ بۇ ياققا» دېگەن سۆزنى ئاڭلىمىغانمۇ سىلە.

**كۈن ئۆتكۈزمەك ← كۈن ئالماق:** شەمشىدىن بولسا ئۆز ئېتىقادى بويىچە «قانائەتنىڭ ئاستى ئالتۇن» دەپ بارنى ئايىماي، يوققا كايىماي كۈن ئۆتكۈزەتتى.

**كۈنى تەس** ① تۇرمۇشى مۈشكۈل، قىيىنچىلىقى ئېغىر: — بۇ كۈنلەردە ئاق كۆڭۈل كىشىلەرنىڭ كۈنى تەس، — دېدى ھارۋىكەش. ② ياشىشىنىڭ، مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئىمكانىيىتى يوق: گۈزەلئاي، بىلەمسىز، مەن ئەمدى بىلىۋاتە-

مەن، سىز بولمىسىڭىز، مېنىڭ كۆڭلۈم تەس ئىكەن. * — ئەمدى مەكتەپتىمۇ كۆڭلىڭىز تەس بولۇپ قاپتۇ، شۇڭا بىر يەرگە يۆتكەلـ‌سىڭىز بولامدىكىن، — دېدى مۇدىر.

**كۆڭلى توشماق** ① ۋاقتى-سائىتى كەلمەك، پەيتى بولماق: مەلىكىنىڭ كۆڭلى توشۇپ بىر ئوغۇل يەڭگىپتۇ. ② ئەجىلى يەتمەك: ئۇنىڭ ئەمدى كۆڭلى توشتى. * موماي كۆڭلى توشۇپ قازا تېپىپتۇ.

**كۆڭلى تۇغۇلماق** بەخت-تەلىيى كەلمەك: ئەمدى ئۇلارنىڭمۇ كۆڭلى تۇغۇلۇپ، شەھەرگە قايتىپ كەلدى. * هازىر دېھقانلارنىڭ كۆڭلى تۇغۇلغان زامان.

**كۆڭلى تۈگىمەك** هاياتى ئاخىرلاشماق، رىزقى تۈگىمەك: مۇنداق قىلساڭ، ئۇزۇنغا بارماي كۆڭلۈڭ تۈگەيدۇ.

**كۆڭلىنى كۆڭ ئەتمەك** تۇرمۇشىنى قامدىماق، تىرىكچىلىك قىلماق، ياشىماق: — ئانچە-مۇنچە ئىشلەپ، كۆڭلۈمنى كۆڭ ئەتسەم ئەجەب ئەمەس! — دېدى ئۇ.

**كۆڭلى ئېغىر** → **كۆڭلى تەس**: تۆت كۆڭ بولسىمۇ كۆڭلىنىڭ سىرىقىنى، دۇنيانىڭ راھىتىنى كۆرگىن، ئاڭلىدىم، كۆڭلۈڭ ئېغىر ئىكەن، كۆمۈرگە مىلىنىپ كېچىلىرى كېلىدىكەنسەن.

**كۆڭلى ياخشى** هال-ئوقىتى، تۇرمۇشى ئوبدان: قايتىپ بارغاندا ئىنىمغا ئېيتىپ قويسىلا، ئىلاجى بولسا يۇرتقا قايتىپ كەلسۇن. كۆڭلىمىز ياخشى بولۇپ قالدى، ئىشلارغا يېتىشەلمە يۋاتىمىز.

**كۆڭ يانماق** ① كۆندۈزى ئۇزىراشتىن توختاپ قىسقىراشقا ئۆتمەك (يەنى 6-ئاينىڭ 21-22-كۈنلىرى كۆزدە تۇتۇلـ‌لىدۇ). ② ياز ۋاقتىدا كۆڭ چۈشتىن قايرىلىپ ئىسسىق سەل يانماق: ئۇلار شەھەرگە كەلگەندە كۆڭ ياناي دەپ قالغان چاغ ئىكەن.

**كۆڭ يوق** ياشاشقا ئىمكانىيەت يوق: ياخشىغا كۆڭ يوق، يامانغا ئۆلۈم (ماقال). * بۇ سابىرلا بولىدىكەن، سىلى بىلەن بىزگە كۆڭ يوق.

**كۆنەكىمەك** پ. كۆڭ ئالماق، ياشىماق: تۆۋا دەيمەن، مەن ئۇلارنى ئازغىنە مائاشقا تايىنىپ قانداقمۇ كۆنەكىدىغاندۇ، دەپ ھەيران بولاتتىم. * ئۇلارغا ھەربىرىمىز تۆت-بەش جىڭدىن ئاشلىق ياردەم قىلساق، يازلىق دارامەت تەقسىماتقىچە كۆنەكىپ تۇرار.

**كۆنپېتىش** ئى [كۆڭ+پېتىش] كۆڭ پاتىدىغان تەرەپ، غەرب: ئارقىدىنلا كۆنپېتىش تەرەپتىكى دەرۋازا يوغان ئېچىلىپ، قوللىرىغا پەتنۇس كۆتۈرگەن ئۈچ چېرىك چىقىپ كەلدى.

**كۆنتەرتىپ** ئى [كۆڭ+تەرتىپ] ① يىغىن، سۆھبەت، كېڭەش قاتارلىقلاردا مۇزاكىرە قىلىنىدىغان تەكلىپ، لايىھە ۋە مەزمۇن قاتارلىقلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇش تەرتىپى: يىغىن كۆنتەرتىپى. ② ئىسمىنىڭ III شەخس بىرلىكىدە كېلىپ «قاتارى، ئىچى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئورمانچىلىقنى چوقۇم مۇھىم ئىشلار كۆنتەرتىپىگە كىرگۈزۈپ، رەھبەرلىكنى ھەقىقىي تۈردە كۈچەيتىش كېرەك.

**كۆن-تۈن** كۆڭ ۋە تۈن، كۆندۈز ۋە كېچە؛ كېچە-كۆندۈز: ئۇ ئۆز يۇرتىنى كۆن-تۈن سېغىنىپ كەلدى.

**كۆنجۈت** ئى [پ] <بوت> ① كۆنجۈت ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، تۆۋەندىكى قىسمى يۇملاق، ئۈستۈنكى قىسمى ئادەتتە تۆت قىرلىق كېلىدۇ. يوپۇرمىقىدا تۈكچىلىرى بولىدۇ، گۈلى ئاق، غوزا مېۋىسىنىڭ قىرلىرى بار، يوپۇرمىقى كىچىك ھەم ياپىلاق، ئاق، قارا، سېرىق، قوڭۇر

**كۈيلمەك** I پ <زوئول> يۇقىرى دەرىجە-لىك ھايۋانلارنىڭ چىشلىرى تۇخۇم يېتىلىشىنىڭ ھارپىسىدا فىزىئولوگىيە جەھەت-تىن چېتىشىشنى تەلەپ قىلماق.

**كۈيلمەك** II پ. بىرەر نەرسە، ئادەم ۋە شۇ قاتارلىق شەيئىلەرنى ناخشا قوشاقلار بىلەن تەرىپلىمەك، مەدھىيىلە-مەك: كېيىنكى كىشىلەر بۇ زاتنى كۈيلەپ خېلىلا كۆپ نەزمە پۈتۈپتۇ.

**كۈيمەسلىك** ئى. دىئال. چىداپ تۇرالماسلىق، تاقەت قىلالماسلىق.

**كۈيمۈنۈش** ئى. دىئال. شۇغۇللىنىش، ئەمەك بولۇش.

**كۈيئوغۇل** ئى. قىزنىڭ ئېرى: ئۇنىڭ ئۇستىگە، دورغام ئۆزلەدەك كىشى بىلەن قۇدا بولۇپ، مەڭلىك بالىدەك يىگىتنى كۈيئوغۇل قىلسا، بۆكىنى ئاسمانغا ئاتسا بولىدۇ.

**كۈيئوغۇللۇق** «كۈيئوغۇل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بۈگۈن جانابىي ۋالىيمىزنىڭ ئىلتىپاتى سايىسىدا كۈيئوغۇللۇققا سازاۋەر بولدۇم.

**كۈيۈ** ئى. ئەر، يولداش (ئاياللارنىڭ): سىڭلىمنىڭ كۈيۆسى. * ئۇلارنىڭ قىزلىرى كۈيۆلىرى بىلەن كېلىپ، بوۋاي-مومايدىن قالغان ھەممە نەرسىنى بۆلۈشۈپ ئېلىپ كەتتى.

**كۈيۆلۈك** ئى. ئۇيغۇرلاردىكى نىكاھ ئوقۇلۇپ بولغاندىن كېيىن قىز تەرەپ يىگىتكە قويىدىغان بىرقۇر كىيىم ياكى بىر كىيىم-لىك رەخت.

**كۈيۈشمەك** پ. بەدەننىڭ مەلۇم قىسمى ئۇزاق ۋاقىت بېسىلىش، ھەرىكەتسىز ھالەتتە تۇرۇش ياكى مۇزلاش قاتارلىق سەۋەبلەردىن بەدەننىڭ شۇ قىسمىدا نورغۇن ئۇششاق نەرسىلەر سانجىلغاندەك بىر خىل سېزىم پەيدا بولماق، ئۇيۇش-ماق، چىمىلدىماق: ئايىغىز ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشەلسىمۇ، پۇت-قوللىرى كۈيۈشۈپ كەتكەچ-كە، تېز ھەرىكەت قىلالمايتتى. * سوغۇقنىڭ كۈچىدىن پۇت-قوللار كۈيۈشۈشكە باشلىدى.

**كۈيۈندە** ئى. دىئال. قارا تۇزان كېسىلى، قارا كۈيە.

**كۈيباش** ئى [كۈيە+باش] دىئال. قارا تۇزان كېسىلى، قارا كۈيە.

**كۋاچا** ئى. زامبىيىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كۋادرات** ئى [ر<لات] <مات> ① تۆت تەرىپى ئۆزئارا تەڭ، تۆت بۇلۇڭى تىك بۇلۇڭ بولغان تۆت تەرەپلىك: كۋادرات مېتر. كۋادرات كىلومېتر. ② بىر ساننى ئۆز-ئۆزىگە كۆپەيتىشتىن ھاسىل بولغان سان ياكى كۆرسەتكۈچىسى ئىككى بولغان دەرىجە. مەسىلەن $3^2$، $a^2$ قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كۋادرات پەرقى** <مات> ئەگەر تاسادىپىي مىقدار $\xi$ نىڭ ماتېماتىكىلىق ئوتتۇرىچە قىممىتى $E\xi$ بولغاندا، $(\xi-E\xi)^2$ نىڭ ماتېماتىكىلىق ئوتتۇرىچە قىممىتى تاسادىپىي مىقدار $\xi$ نىڭ كۋادرات پەرقى دېيىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ $D\xi$ بىلەن بەلگىلىنىدۇ: $D\xi=E(\xi-E\xi)^2$ بەزىدە $D\xi$ بولسا $S^2$ ياكى $O^2$ بىلەن بەلگىلىنىدۇ. كۋادرات پەرقى تاسادىپىي مىقدارنىڭ ماتېماتىكىلىق ئوتتۇرىچە قىممەتتىن چەتلەش دەرىجىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**كۋادراتقا كەلتۈرۈش** <مات> تولۇقسىز كۋادرات ئىپادىنى تولۇق كۋادرات ئىپادىگە ئۆزگەرتىش. مەسىلەن، $x^2+6x$ نى تولۇق كۋادراتقا ئايلاندۇرۇش-تا، $x$ نىڭ كوئېففىتسېنتىنىڭ $\frac{1}{2}$ نىڭ كۋادراتى يەنى $\left(\frac{6}{2}\right)^2$ نى قوشساق، $x^2+6x+9$ يەنى $(x+3)^2$ كېلىپ چىقىدۇ.

**كۋادرات يىلتىز** <مات> مەلۇم ساننىڭ

ئىككىنچى دەرىجىلىك يىلتىزى. مەسىلەن، 4 نىڭ كۋادرات يىلتىزى ±2 بولىدۇ.

**كۋادراتلىق** سۈپ. كۋادراتى بار، كۋادراتقا ئىگە: كۋادراتلىق ئايرىما.

**كۋادراتلىق ئايرىما** <مات> ← **كۋادرات پەرقى.**

**كۋارتس** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى سىلىتسىي ئوكسىد ( $SiO_2$ ). قاتتىق كېلىدۇ. ساپلىرى رەڭسىز، سۈزۈك، بۇنداقلىرى «بىللۇر» دەپ ئاتىلىدۇ؛ تەركىبىدە ئارىلاشما بولغانلىرى بىنەپشە، قوڭۇر، ئاچ سېرىق ۋە توق قارا رەڭلەردە بولىدۇ. ئادەتتە سۈت رەڭ، يېرىم سۈزۈك ياكى تۇتۇق كرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ. ئۇ كۆپ خىل تاغ جىنسلىرىنىڭ مۇھىم تەركىبلىرىدىن قۇرۇلغان بولۇپ، ناھايىتى كەڭ تۇردە ئىشلىتىلىدۇ. سانائەتتە ئۇنىڭدىن ئوپتىك ئەسۋابلار، رادىئو سايمانلىرى، ئوتقا چىدامىلىق ماتېرىيال، ئەينەك ۋە فارفور بۇيۇملىرى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**كۋارتس جىنس** <گېئول> تەركىبىدىكى كۋارتس مىقدارى 85% تىن يۇقىرى بولغان ئۆزگەرگەن جىنس. كۋارتسلىق قۇم جىنس ياكى كرېمنىيلىق جىنسلار رايون دائىرىلىك ئۆزگىرىش ياكى ئىسسىق تېگىپ ئۆزگىرىش جەريانىدا شەكىللىنىدۇ.

**كۋارتس قۇمى** <گېئول> ئاساسەن كۋارتسنىڭ بوش دانىچىلىرىدىن تەشكىللەنگەن سېمونتلاشمىغان بوش چۆكمىلەر. كۋارتس 95% ئەتراپىنى ئىگىلەيدۇ. تەركىبىدە يەنە باشقا ئوكسىدلارنىڭ، كېرېمنىي كىسلاتا تۇزلىرىنىڭ ئاز ساندىكى ئۇۋاقلىرى بولىدۇ. ئەينەكچىلىكتە، فارفورچىلىقتا، مېتاللورگىيە سانائىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۇششاق كۋارتس قۇمى، قۇم بىلەي ئەسۋابلىرى قاتارلىقلارنى ياساشتىمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**كۋارتسلىق** سۈپ. تەركىبىدە كۋارتس بولغان، كۋارتسقا ئىگە: كۋارتسلىق پورفىر. كۋارتسلىق سائەت. كۋارتسلىق مونزونىت.

**كۋارتسلىق پورفىر** <گېئول> تېيىزلىقتىكى ئابلېتلىق جىنس ياكى ئېتىلما جىنسنىڭ بىر خىلى. چىپار كرىستال كۋارتسنى ئاساس قىلىدۇ، يەنە ئاز مىقداردا سۈزۈك دالا شپاتى ياكى ئورتوكلاز ۋە قارا چىرىمتال بولىدۇ. ئاساس ماددىسى يوشۇرۇن كرىستاللىق كېلىدۇ، كۋارتسلىق پورفىرنىڭ كۆپىنچىسى تۆمۈر-سىمان، بەزىدە تېيىزلىقتىكى جىنسنىڭ گىرۋەك فاتسىيىسى بولىدۇ، ئېتىلىپ چىققان ياكى ئالاھىدە تېيىزلىقتىكى ئوتتۇرا كىسلاتالىق يانار تاغ جىنس سىستېمىسىدىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ.

**كۋارتسلىق سائەت** <فىز> بىر خىل ۋاقىت ھېسابلاش ئەسۋابى. كۋارتس كرىستالىنىڭ تەۋرىنىشى ئادەتتىكى سائەت ماياتنىكىنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ. كۋارتسلىق سائەت ئىنتايىن يۇقىرى ئېنىقلىق ۋە مۇقىملىققا ئىگە، ھەركۈندىكى خاتالىق پەرقى $\frac{1}{10,000}$ سېكۇنتتىنمۇ كىچىك.

**كۋارتسلىق مۇنزونىت** <گېئول> ئاز مىقداردا كۋارتس ئارىلاشقان قوش شپات جىنس.

**كۋارك** ئى [ئىنگ] <فىز> پروتون، نېيترون قاتارلىق ئاساسىي زەررىچىلەرنى تەشكىل قىلغۇچى ئەڭ كىچىك زەررىچە.

**كۋانت** ئى [ر<لات] <فىز> مىكرو ساھەدە، بەزى فىزىكىلىق مىقدارلارنىڭ ئۆزگىرىشى

تەدرىجىي يوسۇندا بولماستىن، بەلكى ئەڭ كىچىك بىرلىكتىن بىراقلا سەكرەش بويىچە بولىدۇ. بۇ ئەڭ كىچىك بىرلىك كۋانت دەپ ئاتىلىدۇ.

**كۋانت مېخانىكىسى** <فز> فىزىكا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. ئېلېكترون، پروتون، نېيترون ۋە باشقا ئاساسىي زەررىچىلەر ھەمدە ئاتوم، ئاتوم يادروسى قاتارلىق مىكرو ئوبيېكتلارنىڭ ھەرىكەت قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كې** «ك» ھەرپىنىڭ نامى.

**كېپەك** ئى ① بۇغداي، قوناق قاتارلىقلارنىڭ ئۇنىنى ئەلگەك بىلەن تاسقىغاندا، ئەلگەكتىن ئۆتمەي ئايرىلىپ قالىدىغان دېنىنىڭ پوستى: ئىشلىمسە زېمىنغا، كېپەككمۇ يوق ھۇرۇنغا. قىشنىڭ كۈنى كېيىشكە، ئۆتۈكمۇ يوق ئۇنىڭغا. ② چاچ ئاستىدىكى تېرىدىن ئاجرىلىپ تۆكۈلىدىغان تالقانسىمان توقۇلما: بۇ كاللىسىنى قاشلىغانىدى، تىزىغا كېپەك تۆكۈلدى. ③ ئۇۋۇتىلغان، ئۇششاقلانغان تالقانسىمان نەرسە: ھەرە كېپىكى، تۆمۈر كېپىكى.

**كېپەك ئالتۇن** تەبىئەت دۇنياسىدا قۇم ۋە شېغىلغا ئارىلاشقان ئۇششاق كېپەكسىمان ئالتۇن. ئادەتتە ئۇ تەركىبىدە كېپەك ئالتۇن بولغان قۇم ياكى شېغىللارنى شامالدا سورۇش، سۇدا ئېقىتىش، سۇدا چايقاش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ.

**كېپەكسىمان** سۈپ. كېپەككە ئوخشاش، كېپەك ھالىتىدىكى: كېپەكسىمان ماددا.

**كېپەكلە شتۈرمەك** «كېپەكلە شمەك». پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ سوپۇن باشنى كېپەكلە شتۈرۈۋېتىدىكەن.

**كېپەكلە شمەك** پ. كېپەك پەيدا بولماق، كېپەك ھالىتىگە كەلمەك: باش كېپەكلەشتى. * ئاپئاق كېپەكلىشىپ كەتكەن قوماقنىڭ ئۇرنىغا، قۇندۇزدەك قاپقارا چاچ چىقىپتۇ، تازچاق ئەمدى كېلىشكەن چىرايلىق يىگىتكە ئايلىنىپتۇ.

**كېپەكلىك** سۈپ. تەركىبىدە كېپەك بار، كېپەك ئارىلاشتۇرۇلغان، كېپىكى ئايرىۋېلىنمىغان: كېپەكلىك ئۇن. * ھېزىم ئاكىنىڭ كۆڭلى سەل ئەمىن تېپىپ، ئۇلاغلارنى ئاشۇ پىلان بويىچە ئورۇنلاشتۇردى. يوغان سېۋەتتە سامان يۇيۇپ كېپەكلىك قىلىپ ھەلەپ ئەتتى.

**كېپەن** ئى [ئە] دەپنە قىلىش ئالدىدا مېيىتنى ئۇرايدىغان ئاق رەخت: يېڭىلا ئاخىرەتلىك سۇ بىلەن يۇيۇلۇپ بولۇنغان مېيىت كېپەن ئىچىگە ئېلىنىۋاتاتتى. * تۆكتۈم يېشمنى مەن شۇ سۆز كۇپايە، كېپەندىن ئۆزگىسى بولمىغاي سايە.

**كېپەن پىچماق** ① مېيىت ئۈچۈن كېپەن تەييارلىماق. ② كۆچمە. ئەدىبىنى، دەككىسىنى بېرىشنىڭ ھازىرلىقىنى كۆرۈپ قويماق: ئاسمان مۆلدۈر چېچىپتۇ، مۇز تاغ قويۇن ئېچىپتۇ، ئۆركەشلىگەن قىيانلار، ياۋغا كېپەن پىچىپتۇ.

**كېپەنگە ئالماق** مېيىتنى يۇيۇپ كېپەنگە ئورىماق: قۇلاق سالسام بىر ئىشان شۇنداق دەۋېتىپتۇ: — ئۆلگەن ئۆلۈك بىر ئۇششۇق، چۈنكى ئۆلۈپلا قالسا، يۇيۇپ-تاراپ كېپەنگە ئېلىپ يەرلىككە قويماي بولمايدۇ؛ ئىككىنچىسى ئۆيگە كىرگەن مېھمان بىر ئۇششۇق، چۈنكى ئەسسالام دەپ ئۆيگە كىرسىلا، ھۆرمەت قىلماي بولمايدۇ، داستىخان سېلىپ چاي قۇيماي بولمايدۇ.

**كېپەن ئوغرىسى** ① ئۆلگەن كىشىنىڭ گۆرلۈكىنى قېزىپ، ئاخىرەتلىكلىرىنى ئوغرىلايدىغان ئوغرى. ② ھەرقانداق يامانلىق ۋە نومۇسسىز ئىشلارنى قىلىشتىن يانمايدىغان: سانىخان يەنە ئاجرىشىپ

يەنە ئەرگە تېگىپ، ئاخىرى بىر كېپەن ئوغرىسىغا ئۇچراپتۇ.

**كېپىنىڭ تىزىگىدىن ئاشمىسۇن** «ئۆلگەندىن كېيىنمۇ ھالىڭ خاراب بولسۇن» دېگەن مەنىدىكى قارغىش سۆزى: كېپىنىڭ تىزىگىدىن ئاشمىسۇن، ئىلاھىم! ماڭا قىلغانلىرىڭنى خۇدا كۆرسىتەر.

**كېپەنسىز** سۈپ. كېپىنى يوق، كېپەنگە ئېلىنمىغان، قىپيالىڭاچ: كىمكى دۇنيادىن ئۆتسە ۋەتەنسىز، ئۆلگەندە تېنىمۇ قالار كېپەنسىز. مىسالى سەن قىسقان شۇ قىزىل غۇنچە، ئېچىلغان قەيەردە باغۇچمەنسىز؟

**كېپەنلەشمەك** «كېپەنلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېپەنلەنمەك** «كېپەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆلگۈچى كېپەنلىنىپ تاۋۇتقا سېلىنىشتىن بۇرۇن، ئۆلگۈچىنىڭ بالا-چاقىلىرى ئۆلگۈچى بىلەن ۋىدالىشىدۇ. * ياتار ئىدى ئاق داكىغا ئورىلىپ، ئاپئاق بولۇپ كېپەنلەنگەن جەسەتتەك. تاۋۇت كەبى تەۋرىنەتتى پاراخوت، ماتەم ئەھلى ئارالىڭشىپ ئۆتكەندەك.

**كېپەنلىك** ① سۈپ. كېپەن قىلىنىدىغان، كېپەن قىلىشقا باب: كېپەنلىك رەخت. * بىركۈنى پادىشاھ ئاغرىپ قېلىپ، ئەپەندىمنى تېۋىپ چاقىرىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. ئەپەندىم تېۋىپ چاقىرىش بىلەن بىللە، كېپەنلىك ماتا، تاۋۇت ئېلىپ، ئىمامنىمۇ قوشۇپ چاقىرىپتۇ. ② ئى. كېپەن قىلىنغان رەخت، كېپەن: — مانا، مېنىڭ ئاخىرەتلىكىممۇ تەييار! — تۆمۈر خەلپە قويىنىدىن بىر پارچە ئاق خەسىنى چىقىرىپ سول بىلىكىگە باغلىدى، ئاندىن توپقا قاراپ سۆزىنى داۋام قىلدى، — بۇ مېنىڭ كېپەنلىكىم بولسۇن، ئەجىلىم يېتىپ شېھىت بولسام مېنى باشقىدىن كېپەنلىمەڭلار، قانلىق تونۇم بىلەن كۆمۈۋېتىڭلار.

**كېپەنلىككە ئالماق** ← **كېپەنگە ئالماق**: بۇ ھالەت قۇبدۇنغا ئوغلى قۇددۇسنى كېپەنلىككە ئېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدىنى سوغۇق تەر باستى.

**كېپەنلىمەك** پ. كېپەنگە ئالماق، كېپەنگە ئورىماق: شۇ ئەتراپتىكى بىرنەچچە مۇسۇلمانلارنى باشلاپ كېلىپ، باغۇەن بوۋاينى يۇيۇپ، كېپەنلەپ، نامىزىنى چۈشۈرۈپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ بېغىغا گۆر كولاپ دەپنە قىلىپتۇ.

**كېپىش** ئى [پ] ← **كەش**.

**كېپىل** ئى [ئە] ① بىرەر ئىش ۋە بىرەر كىشى ھەققىدە باشقىلارنى كاپالەت بېرىپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالغۇچى، كېپىللىك قىلغۇچى: ياق! جانابلىرى پىيادە قالسىلا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ بالىنىڭ ئامانلىقىغا تامامەن ئۆزلىرى كېپىل. * مەن ئۇنى كۆردۈم پەقەت شۇ چاغدىلا، خۇرجۇنۇمدىن نەچچىسى چىققاندىلا. ھەممىسى بۇ ساختىنى قىلدى دەلىل، چىقمىدى راست گەپ ھېچبىر كېپىل. ② بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان شارائىت، ۋاستە: بىزگە خاس خۇش چىراي ئاچقان كېلىچەك، ئۇلۇغۋار نىشانغا ئەھدىمىز كېپىل. ئارقىغا بېقىش — ئۇ بىزگە يات خىسلەت، ئەيكەچ كۆز شامىلى، بولمىغىن خىجىل. // «سىياسەت بۇگۈن نەدە، لابادا ئەمەس يەردە»، ھەققە بۇ كېپىل سۆزدىن، ئۆرگىلىپ كېتەي ئەمدى.

**كېپىل بولماق** ① مەسئۇلىيەتنى، جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئالماق؛ كاپالەتلىك قىلماق: كېپىل بولساڭ كېپىنىڭ كۆيەر (ماقال). * ئەگەر جاڭجۇن جانابلىرى مېنىمۇ سالاھىيەتلىك دەپ تونۇسا، مىڭ جېنىم بىلەن كېپىل بولىمەن. * — سېنىڭ قايتىپ كېلىشىڭگە ئىشەنمەيمەن، — دەپتۇ شاھ، — ئەگەر راستتىن قايتىپ كېلىدىغان بولساڭ،

بۇ شەھەردىن ئۆزۈڭگە كېپىل بولىدىغان بىر ئادەمنى تېپىپ بەرگىن، ئاندىن رۇخسەت قىلاي. ② بىرەر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى كاپالەتلەندۈرىدىغان ۋاستە، شارائىت رولىنى ئوينىماق: تاش بولالماس توپا ئاۋۋال قۇم-شېغىل بولماي تۇرۇپ، ياشنىيالماس ھېچ زىرائەت سۇ كېپىل بولماي تۇرۇپ.

**كېپىللىك** «كېپىل» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئۇ ئەلچى: — ناۋادا سۈلھى تۈزىمەكچى بولساق، ھەر تەرەپتىن كېپىللىككە تۇتۇپ تۇرۇشقا بىردىن ئادەم چىقارساق دەيدۇ، — دېدى. * خەتتە ئۇ ھۆرىيەتچىلەر قاتارىغا ئۆتۈشكە كېپىللىك سوراپ يازغانىدى.

**كېپىللىك قىلماق** بىرەر ئىش ۋە بىرەر كىشى ھەققىدە باشقىلارغا كاپالەت بېرىپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالماق، كېپىل بولماق: سەلىم ئاكا، مەن تېخى سىزنىڭ ئىسمىڭىزنىلا بىلمەن، كىممۇ سىزنىڭ ئاياللارنىڭ قەلبىنى زېدە قىلىدىغان ئەر ئەمەسلىكىڭىزگە كېپىللىك قىلالايدۇ؟! * مۇختەرنىڭ قولىدا داۋالانغانلار يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئۇ ھازىر 30 نەچچە كارىۋاتتىكى كېسەللەرنىڭ ھاياتىغا كېپىللىك قىلماقتا.

**كېپىللىككە ئالماق** جاۋابكارلىقنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ ئەيىبلەنگۈچىنى قۇتۇلدۇرماق، ئاجرىتىپ ئالماق.

**كېپىللىككە بەرمەك** ئەيىبلەنگۈچىنى بىراۋنىڭ ھىمايىسىگە جاۋابكارلىققا تاپشۇرماق.

**كېپلەك** (توغرىسى: كېپىنەك) → كېپىنەك.

**كېپلىماق** پ. دىئال. تولا يىغلىماق؛ تولا گەپ قىلماق.

**كېپىنەك** ئى <زوئول> بىر خىل ھاشارات. قاناتلىرى كەڭ، رەڭگى چىرايلىق، تىنچ تۇرغاندا تۆت قانىتى دۈمبە قىسمىدا تىك تۇرىدۇ. قورسىقى تار، ئۇزۇن، گۈل شىرنىلىرىنى شۈمۈرۈپ يەيدۇ. خىللىرى كۆپ، بەزى لىچىنكىلىرى دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىنى يەپ كېتىدۇ، زىيانلىق؛ بەزىلىرى كۆكپىت يەيدۇ، پايدىلىق.

**كېپىنەك تون** ياقىسىدىن ئېتىپ ئارتىۋالىدىغان يەڭسىز تون: ئۇنىڭ ئۈچىسىدىكى كېپىنەك تون شامالدا لەپىلدەپ تۇراتتى. * كەيدىم كېپىنەك تونىنى، گۈلخاندا ياتارمەن دەپ. ئالدىم يا بىلەن ئوقنى، دۈشمەننى ئاتارمەن دەپ.

**كېپىنەك سۆڭەك** <ئانات> سۆڭەكنىڭ بىر خىلى. شەكلى كېپىنەككە ئوخشايدۇ. ئورنى باشنىڭ ئاستى قىسمىغا، گەجگە سۆڭىكىنىڭ ئالدىغا توغرا كېلىدۇ.

**كېپىنەك كېسىلى** <زوئول> ئۆچكىلەردىلا بولىدىغان، ئاساسەن كېسەل ئۆچكىلەرگە يېقىنلىشىشتىن يۇقىدىغان بىر خىل كېسەللىك. تولاراق رايون خاراكتېردە تارقايدۇ، يىلنىڭ ھەممە پەسلىدە پەيدا بولىدۇ. يۇقۇملانغان ئۆچكىلەر قىش-ئەتىيازدىكى ئوت-چۆپ كەمچىل، مال ئورۇقلايدىغان چاغلاردا كۆپلەپ ئۆلىدۇ.

**كېپىنەكچىلەپ** رەۋ. پۇت-قولىنىڭ ھەرىكىتىنى كېپىنەكنىڭ ھەرىكىتىگە ئوخشاش قىلىپ: دېلفىنچە ئۈزۈش كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈشنىڭ ئۆزگەرگەن شەكلى.

**كېپىنەكچىلەپ ئۈزۈش** <تەن> ① سۇ ئۈزۈش قىياپىتىنىڭ بىر خىلى ھەم سۇ ئۈزۈش مۇسابىقە تۈرى. پاقىچىلاپ ئۈزۈشكە ئوخشايدۇ. بۇنىڭدا ئىككى بىلەك بىلەن سۇنى سىيرىپ بولغاندىن

كېيىن، بىلەكنى سۇدىن چىقىرىپ ئالدى تەرەپكە تاشلاپ، ئالدىنقى ھەرىكەتنى يەنە تەكرارلايدۇ. شەكلى كېپىنەكنىڭ ئۇچۇشىغا ئوخشىغاچقا شۇ نام بېرىلگەن. ② «يۇنۇس بېلىقچىلاپ ئۈزۈش» نىمۇ كۆرسىتىدۇ.

**كېپىنەكسىمان** سۈپ. شەكلى كېپىنەككە ئوخشايدىغان، كېپىنەك شەكلىدىكى: كېپىنەكسىمان گۈل تاجى.

**كېپىنەكسىمان گۈل تاجى** <بوت> پۇرچاق ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەر گۈلىنىڭ تۈزۈلىشىدە ئالاھىدە بولىدىغان بىر خىل شەكىل. بۇنىڭدا گۈل تاجى بەش تال گۈل تاجى ياپراقچىسىدىن تەركىب تاپىدۇ. ئۇلارنى گۈلدىن ئۈزۈۋېلىپ ئۆز رېتى بويىچە تىزغاندا، پۈتۈن كۆرۈنۈشى كېپىنەككە ئوخشاپ قالىدۇ. مەسىلەن، كۆك پۇرچاق، باقلە قاتارلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل تاجىغا ئوخشاش.

**كېپىنەكگۈل** ئى [كېپىنەك+گۈل] <بوت> گۈلنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى شاخلىنىدۇ. يوپۇرمىقى توخۇمسىمان، سوقىچاق. بىر تال گۈلدە كۆك، ئاق، سېرىق ئۈچ خىل رەڭ بولىدۇ. گۈلى ئىنتايىن كۆركەم بولۇپ، باغ-ھويلىلاردا ئۆستۈرۈلىدىغان مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرى. غول يوپۇرمىقىدا يۆتەل توختىتىش خۇسۇسىيىتى بولۇپ، دورا ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**كېتەرلىك** سۈپ. سەرپ قىلىنىدىغان، سەرپ قىلىشقا تېگىشلىك؛ لازىملىق: — ھېزىمنىڭ تويىغا كېتەرلىك پۇلى ھازىرچە كەملەرمىش. شۇڭا كۆزلۈك يىغمىدىن كېيىن قىلساق دەپتۇ. * ئاھالىلەر كومىتېتى ئۇرۇق-يېتىشتۈرگۈچى كەسپىي ئائىلىلەرنىڭ ئۇرۇقلۇق ئېھتىياجلىرىنى بىرمۇبىر تەكشۈرۈپ، بۇ يىل تېرىلىدىغان 10 مىڭ مو كۆزگى بۇغداي يېرىگە كېتەرلىك 366 مىڭ 950 جىڭ ئۇرۇقلۇق تەييارلاشنى مۇقىملىدى.

**كېتىسال** ئى. گۋاتېمالانىڭ پۇل بىرلىكى.

**كېتىشمەك** «كەتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار قانداقتۇر بىر مۇھىم ئىشقا ئالدىراۋاتقاندەك، گەمە-چېدىرلار ۋە ئىش ئورنى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كېتىشتى. * ئانا-بالا خۇشال كۈلۈشكىنىچە ئۆيگە كىرىپ كېتىشتى.

**كېتىلمەك** «كەتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: خېلى بىر ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، باغلاقتىكى يىگىتمۇ مەھكىمىگە ئېلىپ كېتىلدى. * ئادىل نامەلۇم كىشىلەر تەرىپىدىن ئورمانىنىڭ قالايمىقان كېسىلىۋاتقانلىقىنى، يارامىلىق ياغاچ ماتېرىياللىرىنىڭ بەزىدە كۈندۈزى، بەزىدە كېچىسى نەگىدۇر توشۇپ كېتىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ قالدى.

**كېچە** ئى. سوتكىنىڭ قاراڭغۇ چۈشكەندىن تاڭ ئاتقۇچە بولغان قىسمى: ئايدىڭ كېچە. يېرىم كېچە. * شۇ كېچىسى ھەر ئىككىسىلا بىئارامىلىنىپ ئۇخلىيالمىدى. * — ھوي نەسىرەم، سەيدىنقارى كەلمەيدىغۇ؟ كۈندۈزى ماڭايلى دېسەك كېچىسى مېڭىڭلار دەپ ئوغرىنىڭ كۆڭلىگە قويدىغۇ بىزنى!

**كېچە دېمەي كۈندۈز دېمەي** ← **كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي:** ياسىن بىر يىلدىن بۇيان كېچە دېمەي كۈندۈز دېمەي، بېرىلىپ ئۆگىنىپ خەنزۇچە ماتېرىياللاردىن پايدىلىنالايدىغان بولدى.

**كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ** كېچە-كۈندۈز توختاتماي، بىر سوتكىنىڭ ھەممىسىدە داۋاملىق، توختاتماي: نەزەر كېچىنى كۈندۈزگە، كۈندۈزنى كېچىگە ئۇلاپ كەيپ-ساپا قىلاتتى.

**كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ** تاڭ ئاتقۇچە، ئۇخلىماي، كېچە-كۈندۈز: ھىدىلشا چىشلىرىنى

غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: — مانا شۇنىڭ ئۈچۈن بىر تال تۈكىنى بولسىمۇ يۇلۇش ئۈچۈن كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ تىرمىشىۋاتىمەنغۇ! — دېدى.

**كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي** كېچە-كۈندۈز تىنماي: كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي ئىشلەيمىز، تاپقان نومۇرىمىز قورساققا يەتمەيدۇ.

**كېچەيۇ كۈندۈز** كېچە ۋە كۈندۈز كېچە-كۈندۈز داۋامىدا: بەرھەمشاھ يەتتە ئاي كېچەيۇ كۈندۈز يول يۈرۈپ مەلىكە گۈلرۇزنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كېلىپتۇ.

**كېچە-كۈندۈز** ① كېچە ۋە كۈندۈز: ئەجدىھا بىر ئۇخلىغاندا، ئۈچ كېچە-كۈندۈز ئۇخلايدىكەن. * كۆپ ئۆتمەي پادىشاھ بۇ قىزنى قىرىق كېچە-كۈندۈز توي-تاماشا قىلىپ ئۆزىنىڭ ئەقىلسىز ئوغلىغا ئېلىپ بېرىپتۇ. ② ھەر ۋاقىت، داۋاملىق، ئۈزۈلدۈرمەي: ئەر-خوتۇن ئىككىيلەننىڭ كېچە-كۈندۈز ئويلايدىغىنى مۇشۇ ئىدى. * ئۆتكەن زاماندا، مەلۇم شەھەردە كېچە-كۈندۈز قانداق قىلىپ باي بولۇشنىڭ يولىنى ئىزلەپلا يۈرىدىغان بىر كىشى ئۆتكەنىكەن.

**كېچە-كۈندۈز دېمەي** كېچەيۇ كۈندۈز، داۋاملىق: رىڭ يەن، قۇبلاينىڭ چوڭ قوشۇنغا ئۆزى باشچىلىق قىلىپ، كېچە-كۈندۈز دېمەي يول يۈرۈپ، تەييارلىقسىز تۇرغاندا ھۇجۇم قىلىشنى ئويلاپمۇ باقمىغانىدى.

**كېچە-كۈندۈزلەپ** بىرقانچە كېچە-كۈندۈز ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ: ۋراچلار كېچە-كۈندۈزلەپ كېسەلنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. * لۇتپۇللا شەھەرگە كىرىپ يەنە كېچە-كۈندۈزلەپ ئىمتىھان تەييارلىقىغا تۇتۇندى.

**كېچە-كېچىلەپ** بىرقانچە كېچە ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، بىرقانچە كېچە داۋامىدا ئۇ خىزمەت ۋاقتىدىلا ئەمەس، ھەتتا كېچە-كېچىلەپ بىرنەرسىلەرنى يېزىش بىلەن مەشغۇل ئىدى. * تۇراخۇننىڭ جاراھەتلىنىش ۋەقەسىدىن كېيىن، سابىر كېچە-كېچىلەپ، تەشمىنىڭ تۆرىگە قادىلىپ جاھىل قورام تاشلارنى ئۇنۇملۇك يېمىرىپ تاشلاشنىڭ چارە-تەدبىرلىرىنى تەتقىق قىلىشقا كىرىشىپ كەتتى.

**كېچىچە** رەۋ. پۈتۈن كېچە بويى، كېچە داۋامىدا: ئۇلار ئۇيقۇسىزلىق، سوغۇق زەربىسىگە قارشى قەيسەرلىك بىلەن كېچىچە جەڭ قىلىپ چىقىشتى. * بىز كېچىچە دەريا بويىدا قاراۋۇللۇق قىلدۇق.

**كېچىرىم** (توغرىسى: كەچۈرۈم) ← **كەچۈرۈم.**

**كېچىسىز** رەۋ. كېچىنى ئۆتكۈزمەي، كېچىلىمەي: — تاماق يەۋېلىك، مۇشۇ چىقىپ كەتكىنىڭىزچە يېرىم كېچىسىز قايتمايسىز، مەن ئەنسىرەپ قالىدىكەنمەن، — دېدى جەننەتخان ئەبلىغازىغا.

**كېچىشمەك** «كەچمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سودىگەرلەر كونا پاتقۇچە دەرياني ئاتلىق كېچىشىپ قونالغۇغا يېتىپ باردى.

**كېچىك** ئى ① دەريا، كۆل قاتارلىقلارنىڭ كېچىپ ئۆتىدىغان جايى: خالمۇرات بويىنى سوزۇپ، دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىگە قارىدى. ئۇ يەردە ئارالدىن ئۆتىدىغان كېچىك بولۇپ، كونا نۇرىدا سۇنىڭ جىمىرلاپ ئېقىۋاتقىنى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. * توققۇز ئاتقا بارغۇنچە، توققۇز دەيدۇ كېچىكى، شولغىنا مېنىڭ يارىم، قىزىل ئالما چېچىكى. ② كۆچمە. ماڭىدىغان، ھەرىكەت قىلىدىغان يول: — تۇغقانلار، پەندىيات، ئۆلسەممۇ كۆپ بىلەن بولىمەن، ھەقىقەتەن يامان كېچىككە كىرىپ قالغان ئىكەنمەن، — دەپ كۆزىگە ياش ئېلىپ بوغۇلۇپ سۆزلىدى ھېسامىدىن.

**كېچىككە كىرمەك** يولدا ماڭماق، يولغا

كىرمەك: تاغا، بىز ئەمدى سىز باشلىغان كېچىككە كىرىمىز، سىزنىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان غەمخورلۇقىڭىزنى مەن ئەسلا يادىمدىن چىقارمايمەن. * ئەگەر مۇندىن كېيىن ئۇنىڭ مۇشۇ كېچىككە كىرىدىغان بولسام قەسەم ئىچىپ بېرەي، مېلىمنى مۇسادىرە قىلىڭلار! — دېدى دۇكاندار.

**كېچىكتۈرمەك** «كېچىكمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنىڭغا ئۇلىشىپلا خەلقنىڭ ئاممىۋى ھەرىكىتىنىڭ باشلىنىپ كېتىشى ئۇلارنىڭ ئىشىنى يەنە كېچىكتۈردى. * مېنىڭچە بۇ پىلاننى ھازىرچە كېچىكتۈرگەن تۈزۈك.

**كېچىكتۈرۈلمەك** «كېچىكتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇنداق كېچىكتۈرۈلۈپ تارقىتىلغان گېزىت-ژۇرنال، تېلېگراما، خەت-چەك-لەرنىڭ نېمە رولى بار؟

**كېچىكمەك** پ ① بەلگىلەنگەن ۋاقىتتىن كېيىن قالماق: سادىق خىزمەتكە يېرىم سائەتچە كېچىكتى. * روزى مەكتەپكە كۈندە 10 — 15 مىنۇت، بەزىدە يېرىم سائەتچە كېچىكىپ كېلەتتى. ② بېجىرىلىشى كەينىگە سۈرۈلمەك، ۋاقتىدا بېجىرىلمەي قالماق: راستىنى ئېيتقاندا مەنمۇ ئالماس بىلەن لەيلىگۈلنىڭ توي ئىشىغا ھەۋەس قىلىمەن. بىراق، ئامال يوق، توي كېچىكمەك-تە. * — شۇ گەپ، — دېدى گۈلسۈم، — ناھىيىدىكى كۆرەك بىرئاز كېچىكىپتۇ. * ئۆتكەن يىللى كۈزدە خوتەندە تېمپېراتۇرا تۆۋەن بولغانلىقتىن، كۈزلۈك زىرائەتلەر كېچىكىپ پىشتى.

**كېچىكمەي** رەۋ. ئۇزۇن ئۆتمەي، بىردەمدىن كېيىن: جىن كۆزدىن غايىب بولۇپتۇ-دە، كېچىكمەي ئۈستىگە چىرايلىق داستىخان يېيىلغان جوزىنى كۆتۈرۈپ يېتىپ كېلىپتۇ.

**كېچىكىشمەك** «كېچىكمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: شۇ كۈنى، تۈنۈگۈن مۇزلۇق كۆلگە تاشلانغان تۆت ئوقۇغۇچىدىن باشقا يەنە بەزى ئوقۇغۇچىلار ئەتىگەنلىك مەشىقە دەسسەشكە كېچىكىشتى.

**كېچىلەپ** رەۋ. كېچە داۋامىدىكى ۋاقىتنى سەرپ قىلىپ، تۈن بويى: سەمەر كېچىلەپ مېڭىپ ناھىيىلىك دوختۇرخانىغا بېرىپ ئىساق بىلەن ئۇچراشتى. * ئەللەي ئېيتىپ كېچىلەپ، ئانام-ئانام-ئانام. ئاق سۈت بېرىپ باقاتتىڭ، ئانام-ئانام-ئانام، ئارمىنىم ئانام.

**كېچىلىك** سۈپ ① كېچىگە خاس، كېچىسى بولىدىغان، كېچىدىكى: كېچىلىك ئولتۇرۇش. * قىش پەسلى ئىدى، قاتتىق شىۋىرغانلىق بىركۈنى ماڭا كېچىلىك دىجورنىلىق نۆۋىتى كېلىپ قالدى. * كېچىلىك جەڭ سائىتىنى كۈتىدۇ. قەلبى قانلىق قىساس بىلەن يانغانلار. ئاي نۇرلىرى چۇشۇپ تۇرغان سۇ كەبى، قومۇش ئارا ياللىرايدۇ قورااللار. ② مەلۇم كېچە داۋام قىلغان ياكى داۋام قىلىدى-غان: ئۈچ كېچىلىك جەڭ. * ئۇ بۈگۈن كىيىم يۆتكەپ كېلىش ئۈچۈن بىر كېچىلىك رۇخسەت ئالغانىدى.

**كېچىلىك تاماق** كېچىسى يېيىلىدىغان تاماق.

**كېچىلىك كىيىم ← ئۇخلاش كىيىمى:** يان ئۆيدە قىزىل، يېشىل، يوللۇق كېچىلىك كىيىم بىلەن بىر ئادەم ئىشىك تەرەپكە كەينىنى قىلىپ ئۆرە تۇرغان ھالدا بوتۇلكىدىن رۇمكىغا ھاراق قۇيۇۋاتاتتى.

**كېچىلمەك** پ. بىرەر جايدا كېچىنى ئۆتكۈزمەك، ياتماق: ئىسھاق تۆرەم باشچى-لىقىدىكى ھەممە نۇسرەتچى ئەسكەرلەر شۇ كۈنى دۆڭدىڭزا دېگەن جايدا قوندى. ئاندىن يۈرۈپ قاراقېرىن دېگەن جايدا ياتتى. ئاندىن ئۆتۈپ كۈمۈش ئۆتىڭدە كېچىلدى.

**كېدىر** ئى [ر<گرېك] <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. شاخلىرى ئايلانما بولۇپ، توغرىسىغا يېيىلىپ ئۆسىدۇ، كىچىك شاخلىرى تۆۋەنگە ساڭگىلايدۇ. يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن شىخدا تارقاق، قىسقا شاخلىرىدا توپلىشىپ ئۆسىدۇ، يىڭنە شەكىللىك، ئۇچى ئۇچلۇق. شىزاڭنىڭ جەنۇبىدىكى ھىمالايا تېغىدىن چىقىدۇ. مەشھۇر مەنزىرە دەرىخى. شەھەرلەردىمۇ ئۆستۈرۈلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي ئېلىنىدۇ.

**كېر** سۈپ. دىئال. جەدە بىلەن تورۇق ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ تۈسى، سارغۇچ قىزىل (ئاتنىڭ رەڭگى ھەققىدە).

**كېراتوفىرا** ئى [ر] <كېئول> تەركىبىدە ناترىي ماددىسى مول بولغان، دېڭىز تېگىدە ئېتىلغان بىر خىل لاۋا. كۆپىنچە چىپار قۇرۇلمىلىق بولىدۇ، ئاساسلىقى ئالبىت، ئۇنىڭدىن قالسا ئانورتوكلاز. ئۇنىڭ چىپار كرىستالى بولىدۇ. توق رەڭلىك مىنېراللار ئارىسىدا سۇزۇك پىروكسېن بىلەن قارا چىرىمتالنى ئاندا-ساندا ئۇچراتقىلى بولىدۇ، ئەمما ئۇ يىمىرىلسە، خلورىد، ئەپىدوت قاتارلىقلارغا ئۆزگىرىپ كېتىدۇ. ئاساس ماددىسى كۆپىنچە يوشۇرۇن كرىستاللىق بولىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل ياكى سۇس قوڭۇر بولىدۇ.

**كېرەجىمەك** پ. دىئال. ئىشىكنى توسۇپ تۇرۇۋالماق.

**كېرەك** سۈپ ① لازىملىق، ئېھتىياجلىق، زۆرۈر؛ لازىم: شەھەردە كۆز كېرەك، جاڭگالدا قۇلاق كېرەك (ماقال). * ئۇ قىزلار ئۆزلىرىگىمۇ كېرەك نەرسىلەرنى ئېلىپ بىر قۇتا دورا كۆتۈرۈپ كىرىپتۇ. * بارغۇچە يوللار قاراڭغۇ، جۈپ چىراغ نەدىن كېرەك. يارغىنەم يالغۇز تۇرامدۇ، يارغىمۇ ھەمراھ كېرەك. // دېمىسىمۇ گۆھەر مەلىكە تۇرغان ئۆيگە كېچىسى چىراغنىڭ كېرىكى يوق. ② ئىسمداش ۋە شەخس قوشۇمچىلىرى ئېلىپ كەلگەن ئىسمداشلار بىلەن كېلىپ، ئىسمداش بىلدۈرگەن ئىش-ھەرىكەتنىڭ بېجىرىلىشى لازىملىقنى بىلدۈرىدۇ: ئەمدى مېنىڭ ھايات ياشىشىمنىڭ نېمە لەززىتى بولسۇن؟ لەيلىگۈلنى تۈمەن دەرياسىنىڭ ئاستىدىن تېپىشىم، ئۇنىڭ بىلەن مۇراد-مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك. * — ياق، پۇلنى تۆلۈۋېتىش كېرەك، — دېدى لەيلىگۈل. * بۇ تېرەك ئېگىز تېرەك، تېرەكنى كەسمەك كېرەك. تېرەكنى كېسىپ بولۇپ، ساندۇق چاپتۇرماق كېرەك. ③ شەرت مەيلىدىكى پېئىل بىلەن كېلىپ مۆلچەر ۋە ئېھتىماللىقنى بىلدۈرىدۇ: ئۇ ئېھتىمال مۇشۇ ئاشخانىنىڭ خوجايىنى بولسا كېرەك. * زورەم تېخى باياتىنلا سوت مەھكىمىسىدە ئەلىنىڭ يېنىدا كۆرگەن بۇ يىگىتنى قانۇن ئورۇنلىرىدا ئىشلىسە كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى-دە، سابىر توغرىسىدا ئېيتىپ بېرىشكە باشلىدى.

**كېرەك بولماق** ئېھتىياجلىق، زۆرۈر ھېسابلانماق، ئېھتىياج تۇغۇلماق: — جانابىڭىزنىڭ بىزگە بەزى ياردىمىڭىز كېرەك بولۇپ قالارمىكىن. بىزنىڭ ئاكىمىز بىرىنچى قېتىم كەلدى ئەمەسمۇ؟ — دېدى قوچقار. * سىزلەرگە ئادەم كېرەك بولسا ئادەم، ئات كېرەك بولسا ئات، ئاش كېرەك بولسا ئاش بېرىمىز.

**كېرەكتىن چىقماق** ← **كاردىن چىقماق**: ۋاڭلىق ھاكىمىيەتنىڭ، بولۇپمۇ توقماق جازاسى بىلەن نۇرغۇن ئادەملەرنى كېرەكتىن چىقىرىپ تاشلىغانلىقىنى بىلگەن خەلق ھازىر زىندانلاردا قامالغانلارنىڭمۇ ناھەق جازالىنىپ، كېرەكتىن چىقىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيتتى. * بىراق

سىلەر دېيىشۋاتقان گەپلەر ئادەمگە تەربىيە
بولماستىن، بەلكى ئادەمنى كېرەكتىن چىقىرىدى-
غان گەپلەر.

**كېرەك قىلماق** ئېھتىياج ئۇچۇن ئىشلەت-
مەك، پايدىلانماق، لازىم قىلماق: ياق،
بۇلار مېنىڭ ئۆز قويۇم، ئۇلار كېرەك قىلماقچى
بولسا ئالماقچان بەرگەن بولاتتىم. * مۇۋاپىق
بولمىغان قائىدە-تۈزۈملەرنى ئۆزگەرتىش
دېگەنلىك ھازىر بار بولغان بارلىق قائى-
دە-تۈزۈملەرنى بىكار قىلىش ياكى قائىدە-تۈزۈملەر-
نى زادىلا كېرەك قىلماسلىق دېگەنلىك ئە-
مەس.

**كېرەككە كەلمەك → كارغا كەلمەك:**
ئەخمەتجان دېۋىلەر بىلەن ئېلىشقاندا كېرەككە
كەلمەپتۇ. * ئەسكى بولسىمۇ ئېلىۋالايلى،
كېرەككە كېلىپ قالىدۇ. * ماھارىتىم كەلدى
كېرەككە، دىققىتىمنى يىغقاچ نۇقتىغا. «تاڭ»
بىلەن تەڭ يېقىلدى تۈلكە، ئوق مانتىسى
تەگكەچ جايىغا.

**كېرەك يوق** مەيلى، ھېچنېمە بولمايدۇ،
ھېچقىسى يوق؛ كارى چاغلىق: كېرەك
يوق، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — مەن
ئوردىغا بېرىپ خىزمەت قىلغاندا، ئېشەكتىن
چۈشمەي قويمايسىز. * كېرەك يوق، ئىشلىتۋېتى-
مىز، — دېدى ئالىم كۈلۈمسىرەپ.

**كېرىكى بار** مەلۇم جەھەتتە پايدىلىنىش
قىممىتى بار؛ پايدىسى، لازىمى بار:
ئۇلارنىڭ كېرىكى بار. تىرىك تۇتۇش توغرىسىدا
بۇيرۇق بېرىلدى.

**كېرىكى يوق** ① ئېھتىياجلىق ئەمەس؛
پايدىسى، لازىمى يوق: ئۇ ئاتىسىغا: —
ئاتا! ماڭا مۇشۇ كېنىزەكنى ئېلىپ بېرىڭ!
باشقىسىنىڭ كېرىكى يوق! — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
* — بۇ دورا ئۆزىمىزدىمۇ بارغۇ، مەن باشقا
ياخشىراق دورىمىكىن دېۋىدىم. بۇنىڭ كېرىكى
يوق، مەڭلار، ئاچىقىپ قايتۇرۇپ بېرىڭلار، —
دەپتۇ ھۆرلىقا.

**كېرەك يوق** مەيلى، ھېچنېمە ۋبولمايدۇ،
ھېچقىسى يوق، بولۇپتۇ بۇنچىلىك ئىشلار
بولۇپ تۇرىدۇ.

**كېرەكسىز** سۈپ ① كېرىكى يوق، ئېھتىياجلىق
ئەمەس، ئارتۇقچە: كېرەكسىز نەرسە
ئەرزان بولسىمۇ قىممەت (ماقال). * مەن
ھەركۈنى بىرەر نەرسە ئوغرىلىمىسام كۆڭلۈم
تىنمايدۇ. ھەتتا ئۆزۈمگە كېرەكسىز نەرسىلەر
بولسىمۇ ئوغرىلاۋېرىمەن. * بۇ ئۆي ئادەتتە
كېرەكسىز جۇمبۇ-جاۋەن، ئۈزۈلگەن ئارغامچا-تانا
قاتارلىق نەرسىلەر قويۇلىدىغان كىچىك،
پاسكىنا بىر گەمە ئىدى. ② ئىشلىتىپ
كېرەكتىن چىققان، كېرەككە كەلمەيدىغان،
بۇزۇلغان، تاشلاندۇق: كېرەكسىز بۇيۇملارنى
يىغىۋېلىش پونكىتى. كېرەكسىز قەغەزلەرنى
سېتىش. * جىگەر ھەر خىل ئاقسىل ماددى-
لىرىدىن كېلىپ چىققان كېرەكسىز ماددىلارنى
سۈيدۈك كىسلاتاسىغا ئۆزگەرتىدۇ. * توختى
قولىدىكى كېرەكسىز ئۇششۇقلەرنى بىر يەرگە
دۆۋىلىدى-دە، ئۇدۇلىدىكى تۇراخۇنغا قاراپ
قويدى.

**كېرەكلىك** سۈپ ① كېرىكى بار، ئېھتىياج-
لىق، لازىملىق، پايدىلىق، زۆرۈر: كېرەكلىك
تاشنىڭ ئېغىرى يوق (ماقال). * ئۇلارنىڭ
قولىدا تۆت چاسا قىلىپ مەھكەم بولانغان
پارتىلىتىش دورىسى، پىلتە ۋە پارتىلىتىشقا
كېرەكلىك سايمانلار بار ئىدى. * جالالىدىن
شۇجى ھەر كۈنى «تەجرىبە ئۆيى»نى
يوقلايتتى، كېرەكلىك مەسلىھەتلەر بېرەتتى،
رىغبەتلەندۈرەتتى. // شۇ پېتى بارلىق
كېرەكلىك راسلىنىپ، مەرىكە-تويىمۇ كەتتى
رەسمىي باشلىنىپ. ② كېرەككە كېلىدىغان،
يارامىلىق: ئۇ دائىم: «بالا ئانىسىدىن كىچىك
قالدى، قانداقلا بولسۇن ئوقۇتۇپ، ئۆز نېنىنى
ئۆزى تېپىپ يەيدىغان كېرەكلىك ئادەم قىلى-

مەن» دەيتتى.

**كېرەك-ياراق** لازىم قىلىدىغان، ئىشلىتىدىغان قورال-جابدۇق: سەپەرنىڭ كېرەك-ياراقلىرى تەيياردۇ؟

**كېرىس** (توغرىسى: كرىست) ← **كرىست**.

**كېرىشمەك** «كەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار كۆكرەكلىرىنى كېرىشىپ، ئۆزلىرىچە ناھايىتى مەغرۇر تۇرۇشاتتى.

**كېرىگە** ئى. ياغاچتىن تور شەكلىدە كۆز چىقىرىپ قۇراشتۇرۇلغان، يىغىقلىق، ئاچقىلى بولىدىغان كىگىز ئۆينىڭ تېمى: ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كىگىز ئۆيلەر، كېرىگىلەر ۋە قوش-چېدىرلار، ئوزۇق-تۈلۈكلەر ئارتىلغان يۈكلۈك تۆگىلەر كارۋىنى قاتارلىشىپ كەلمەكتە ئىدى.

**كېرىگەت** ئى [كېرىگە+ئەت] <ئانات> ← **دىئافراگما**.

**كېرىگەت چۇقۇقى** <تىب> بىر خىل كېسەللىك. كېرىگە تىتكى دەسلەپكى تەبىئىي كەمتۈكلۈك ياكى سىرتقى يارا تۈپەيلىدىن قورساق بوشلۇقىدىكى ئەزالارنىڭ كۆكرەك بوشلۇقىغا كىرىپ قېلىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا، تاماقتىن كېيىن كۆكرەك ئاغرىش، قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ.

**كېرىگەت گىرىژى** <تىب> ← **كېرىگەت چۇقۇقى**.

**كېرىلدۈرمەك** «كېرىلمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كەچ كۈزدە كۆمۈش ئالدىدا ئاساسىي شاخلارنى ئۈچ تەرەپكە كېرىلدۈرۈپ، تۈۋىگە 15 — 20 سانتىمېتر قېلىنلىقتا توپا يۆلىنىدۇ.

**كېرىلدۈرۈلمەك** «كېرىلدۈرمەك» پېئىلى-نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: نوتىلارنى ياش ۋاقتىدىن تارتىپلا كەڭ بولۇقلۇق قىلىپ شەكىللەندۈرۈش ئۈچۈن بولۇقلىرى كېرىلدۈرۈلىدۇ.

**كېرىلمەك** ① «كەرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: داپ كېرىلدى. ② «كەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجە-سى: لەشكەرلەر غاز قانىتىدەك كېرىلىپ ئېتىلغىنىچە قوۋۇق ئالدىغا كېلىپ قالدى. ③ كۆچمە. ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، مەغرۇرلان-ماق: ماختانغاننىڭ ئۆيىگە بارما، كېرىلگەن-نىڭ تويىغا بارما (ماقال). * ئۆزگىنىڭ بەختىگە تۈزمىگىن بەزمە، ئەلنىڭ كۆز يېشىغا قۇرمىغىن نەغمە. خۇش بولۇپ بەختىڭدىن كېرىلىپ كەتمە، يېرىلىپ ئاخىرى يەكسان بولۇرسەن.

**كېرىلىش** «كېرىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى: كېرىلىش كۈچى.

**كېرىلىش كۈچى** <فىز> ← **تەرەڭلىك**.

**كېرىلىشمەك** «كېرىلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچ بارمىقىنى ھېلىغىچە بېسىپ تۇرغان ئۇ كىشى خاتىپقا ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا باداشقان قۇرۇپ كېرىلىشىپ ئولتۇرغان يىگىتلەرگە بىر قۇر قاراپ قويدى.

**كېرىمدانە** ئى [ئە+پ] <بوت> مازارىيون ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى ئاچ بىنەپشە رەڭدە كېلىدۇ، ئۈچكىللىك مېۋە تۇتىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۈسۈملۈكى قىلىنىدۇ. غۇنچىسى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ.

**كېزەك** I ئى. بىر قورساقتىن بىر قېتىمدا تۇغۇلغان ئىككى بالا، جۈپ، بىر تۇغقان، قوشكېزەك: ياشلىقىم-ھاياتىم گۈلىنىڭ، ئەڭ گۈزەل چېچىكى - بېزىكى، ياشلىقىم ئۆمرۈمنىڭ قانىتى، ئارزۇنىڭ، سۆيگۈنىڭ كېزىكى.

**كېزەك** II ئى. دوپپا، تۇماق قاتارلىقلارنىڭ چۆرىسىگە رەخت، كۆرپە قاتارلىقلاردىن تۇتۇلغان گىرۋەك، جىيەك: كېزەك تۇتماق.

**كېزەك تۇتماق** تۇماق، دوپپا قاتارلىقلار- نىڭ چۆرىسىگە كېزەك ئورناتماق، تىكمەك: رەناگۇل تالالىرى چېتىلىپ بولغان شاپاق دوپپىغا كېزەك تۇتۇۋاتقاندا ياسىن ئاستا كىرىپ كەلدى.

**كېزەكلىك** سۈپ ① كېزىكى بار، كېزەك تۇتۇلغان: قارا كېزەكلىك دوپپا. * بېشىغا موبى چۈشۈپ ئالا پاساق بولۇپ كەتكەن قاما كېزەكلىك قۇلاقچا، ئۈچىسىغا قاچاندۇر بىرچاغلاردا تىكىلگەن قارا كاجى تاشلىق جۇۋا، پۇتىغا ئۆتمىتۆشۈك كالاچ قاپلانغان مەسە كىيىۋالغان بىر كىشى بازارچىلارنى ئارىلاپ مانتىخانىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ توختىدى. ② كېزەك قىلىشقا تەييارلانغان، كېزەك قىلىشقا مۇۋاپىق: كېزەكلىك رەخت.

**كېزو** ئى. دىئال. نۆۋەتچىلىك.

**كېزىك** ئى <تىب> ئۆچەي يوللىرىدىكى ئۆتكۈر يۇقۇملۇق كېسەل. كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، بەدەن تېمپېراتۇرىسى تەدرىجىي ئۆرلەپ 39° — 40° قا چىقىدۇ، تومۇر ئاستىلايدۇ، تال ئىششىيدۇ، ئاق قان ھۈجەيرىلىرى ئازىيىدۇ، قورساق ساھەسىگە ھال رەڭ ئەسۋە چىقىدۇ. ئېغىر بولغاندا ئۈچەي قاناش، ئۈچەي تېشىلىش سەۋەبلىك ئۆلۈم ھادىسىسى يۈز بېرىشى مۇمكىن.

**كېزىكلىمەك** پ. كېزىك بىلەن ئاغرىماق، كېزىك تەگمەك: مەن شۇ يىلى كېزىكلەپ بىر يېرىم ئاي ياتتىم.

**كېزىكمەك** پ. ئۇچراشماق، يولۇقماق: يول ئۈستىدە، قولىغا بىر تۆمۈر نەيزە تۇتۇپ، ئۈستىگە بىر زۇلپىقار ئاسقان ھالدا، ئون نەچچە ئاتلىقنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇچقاندەك كېلىۋاتقان پالۋان كېزىكتى.

**كېزىلمەك** «كەزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئېگىز داۋان ئاشمىغۇنچە مەنزىل كۆرۈنمەس، قارا يورغا مىنمىگۈنچە چۆللەر كېزىلمەس.

**كېسەك** ① ئى. قېلىپ ئارقىلىق ھەر خىل ئۆلچەمدە، تىك تۆت تەرەپلىك شەكىلدە قۇيۇپ قۇرۇتۇلغان، قاتقان لاي، چالما: كېسەك تام. كېسەك ئۆي. * شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، بىرئاي كېسەك قۇيدۇم، تەقدىرنىڭ مىڭ ئىككى يۈز كۆزى بار دەپ ئاڭلىغانىدىم، راست ئوخشايدۇ. ② ئى. چالما پارچىسى ياكى قاتقان لاي: چالما-كېسەك قىلماق. * خوش خۇدانىڭ تەقدىرىدەك، بېشىمغا چۈشتى بىر كېسەك. بىرگىنە ئالما تېپىپ، يارىم بىلەن بىللە يېسەك. ③ سۈپ. كېسەككە ئوخشاش قويۇلغان: كېسەك ئالتۇن.

**كېسەك ئالتۇن** ھەر خىل چوڭ-كىچىكلىك-تە كېسەك شەكلىگە كەلتۈرۈلگەن ئالتۇن.

**كېسەكچى** ئى. كېسەك قويىدىغان ياكى كېسەك قۇيۇشقا ماھىر كىشى: بۇ كەنتكە خۇمدان قۇرۇلۇشى بىلەن سېغىز دۆڭدە كېسەكچىلەر كۆنسېرى كۆپەيدى.

**كېسەكچىلىك** «كېسەكچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇنىڭ ئون يىل كېسەكچىلىك بىلەن ئۆتكەن ھاياتى ئۆمۈر تارىخىدا ئۇنتۇلماس بىر ئەسلىمە بولۇپ قالدى.

**كېسەل** [ئە] ① سۈپ. ئورگانىزمنىڭ نورمال پائالىيىتى بۇزۇلغان، ئاغرىغان؛ بىتاپ: كېسەل كىشى. كېسەل قوي. * — ئىسمىم راخمان، ئاتۇشتىن، — دەپ جاۋاب بەردى كېسەل مەھبۇس. * ئۇ بالىنى ئۇردۇم. ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى: — ئەي ئاكا، بۇ بىھى ئانامنىڭ، ئانام كېسەل. ② ئى. ئورگانىزمنىڭ نورمال ھالىتى بۇزۇلغان،

ئاغرىغان كىشى؛ بىمار: كېسەل يوقلىماق. كېسەل باقماق. * ئۇلار شۇ دوك كېسەلنى ئېلىپ كەلگەنىكەن. ③ ئى. ئورگانىزم نورمال پائالىيىتىنىڭ، سالامەتلىكىنىڭ بۇزۇلغان ھالىتى؛ كېسەللىك: يۈرەك كېسىلى. ئۆپكە كېسىلى. كېسەلگە گىرىپتار بولماق. كېسەلنىڭ ئالدىنى ئالماق. * كېسەلنى يوشۇرساڭ ئۆلۈمى ئاشكارا (ماقال). * كېسەلنى بۆلۈشۈۋالغىلى بولماس (ماقال). * تۇرسۇن تولغاق كېسىلى بىلەن ئاغرىپ بىر ھەپتە دەرستىن قالدى. ④ ئى. تاشلىۋەتكىلى بولمايدىغان، قان-قېنىغا سىڭىپ كەتكەن ئادەت: كونا كېسەل. بۆشۈكتە تەگكەن كېسەل. * ئاشۇنداق ھېچكىمنى دېمەس ياخشى ئۇ، ھەسەتخور ئالدىدا گۈزەل يۈزمۇ ئەيىب. ھېچ بىركىم ھېچنېمە چىرايلىق ئەمەس، ئاڭا بۇ بىر كېسەل، بۇ قىزىق بىر كەيىپ. ⑤ ئى. چاتاق، نۇقسان، كاشىلا: چاقماقچان موتورنىڭ ھەممە مۇناسىۋەتلىك قۇرۇلمىلىرىنى ئىنچىكىلەپ قاراپ چىقتى، ئاخىرىدا يۇقىرى بېسىملىق ماي تۇرۇبىسىنى بوشىتىپ، ماينىڭ نورمال يۈرۈشمەيۋاتقانلىقىدەك كېسەلنى تاپتى.

**كېسەل بولماق** مەلۇم كېسەل بىلەن ئاغرىماق، يۇقۇملانماق: تاغنىڭ ئاستىدا بىر چوڭ شەھەر بار. ئۇ شەھەر ناھايىتى ئاۋات. ئادەملىرىمۇ ئوبدان، ئۇ يەرنىڭ ھېچبىر ئادىمى كېسەل بولمايدۇ.

**كېسەل پەيدا بولۇش** <تىب> مەلۇم كېسەللىكنىڭ جانلىق ئورگانىزمدىكى باشلىنىشى.

**كېسەل پەيدا بولۇش نىسبىتى** <تىب> سەھىيە ستاتىستىكىسىدا ئاھالىنىڭ بىرمەزگىل ئىچىدىكى ئاغرىش سىجىللىقىنى ئىپادىلەيدىغان كۆرسەتكۈچ. ئادەتتە مەلۇم رايوندا بىر يىل ئىچىدىكى يېڭىدىن ئاغرىغۇچىلار سانىنىڭ مەزكۇر رايوندا شۇ مەزگىلدىكى ئوتتاق نوپۇس سانىغا بولغان نىسبىتى ئاساسىدا ھېسابلاپ چىقىرىلىدۇ.

**كېسەل پەيدا قىلمايدىغان باكتېرىيىلەر** <بىئول> ئادەملەردە كېسەل پەيدا قىلمايدىغان باكتېرىيىلەر. مەسىلەن، ئازوتنى تۇراقلاشتۇرغۇچى باكتېرىيە، نىيترات باكتېرىيىسى ۋە بىرقىسىم ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغلىرى قاتارلىقلار.

**كېسەل تۈپ** <بوت> كېسەل پەيدا قىلىدىغان ئۆسۈملۈك تۈپى.

**كېسەل تېشىغا تەپمەك** كېسەلنىڭ ئالامەتلىرى بەدەن ياكى چىرايىدا پەيدا بولماق: كېسەل تېشىغا تەپكەنلىكتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ ئىشقىلىپ سىيىت قارىنىڭ يۈز-كۆزىگە خۇددى سۇ پۈركىگەندەك شاپاق يارىسى چىقىپ كەتكەچكە باش كۆزىنى داكا بىلەن يېپىپ، سىرلىق قىياپەتتە ياتاتتى.

**كېسەل چاقماق** كېسەل ئۆز تەسىرىگە ئېلىپ قاتتىق ئازابلىماق؛ كېسەلنىڭ تەسىرى بىلەن ئورۇقلاپ، ئاجىزلاپ كەتمەك: مەن بولسام قېرىپ قالدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە كۈندىن-كۈنگە كېسەل چېقىپ كېتىپ بارىدۇ. * يىغلاپ قاقشىدۇق ئىلاجى قانچە، دادامنى كېسەل چاقتى بىر كېچە، تاڭلىسى قوپسام قېتىپ قېلىپتۇ، «باقى ئالەم»گە كېتىپ قېلىپتۇ.

**كېسەل دان** <بوت> زىرائەتلەرنىڭ كېسەل پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ ۋە ۋىرۇس بىلەن يۇقۇملانغان ئۇرۇغى، دېنى.

**كېسەل قوزغاتقۇچى تەنچە** <بىئول> كېسەل پەيدا قىلغۇچى باكتېرىيە،

ۋىرۇس، كېسەل قوزغاتقۇچى قۇرت ۋە زەمبۇرۇغ قاتارلىقلار.

**كېسەل قوزغاتقۇچى مىكروب** <بىئول> ←**كېسەل مىكروبى.**

**كېسەل قىلغۇچى باكتېرىيە** <تىب> ← **كېسەل مىكروبى.**

**كېسەل قىلمايدىغان باكتېرىيە** <تىب> ئادەملەرنى كېسەل قىلمايدىغان باكتې-رىيەلەر. مەسىلەن، ئازوتنى تۇراق-لاشتۇرغۇچى باكتېرىيە، ئازوت باكتېرىيە-سى، ئېچىتقۇ زەمبۇرۇغى.

**كېسەل كارۋىتى** <تىب> دوختۇرخانا، ساناتورىيەلەردە كېسەللەرنىڭ يېتىشى ئۈچۈن بېرىلگەن كارىۋات.

**كېسەل كۆرپىسى** دائىم كېسەل يېتىپ يۈرى-دىغان، كېسەلدىن قۇتۇلالمايدىغان، كونا كېسەل، كېسەلچان ئادەم: بۇ بالىنىڭ چىرايىغا قاراڭ، مۇنداق كېسەل كۆرپىسىنى كىممۇ ئۆز سىڭىلىسىغا قوبۇل قىلىشنى خالايدۇ؟ ئىشقىلىپ مەن بۇ بالىنى ئالمايمەن. * ھاپىز دېگەن بىر كۈن يامغۇردا قالسا، بىر ھەپتە چۈشكۈرىدىغان كېسەل كۆرپىسى.

**كېسەلگە چىدامliق سورت** <بوت> بەزى زىرائەتلەرنىڭ كېسەلگە چىدامliق كېلىدىغان بىرقىسىم سورتلىرى.

**كېسەللەر بۆلۈمى** <تىب> ← **كېسەلخانا.**

**كېسەل مىسالى** <تىب> مەلۇم بىر خىل كېسەلنىڭ مىسالى. مەسىلەن، مەلۇم كىشى ياكى جانلىق مەلۇم بىر خىل كېسەل بىلەن ئاغرىغان بولسا، بۇ شۇ كېسەلنىڭ مىسالى بولىدۇ.

**كېسەل مىكروبى** <بىئول> ئادەم ۋە باشقا جانلىقلارنى كېسەل قىلىدىغان مىكروب. مەسىلەن، كېزىك تاياقچە باكتېرىيىسى، كۆيدۈرگۈچى تاياقچە باكتېرىيە قاتارلىقلار.

**كېسەل ھالەت** <بىئول> پسىخولوگىيىلىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىكى نورمال بولمىغان ھالەت.

**كېسەل ئۇچىقى** <تىب> ئورگانىزمنىڭ كېسەللەنگەن قىسمى. مەسىلەن، ئۆپكىنىڭ مەلۇم قىسمىنى سىل باكتېرىيە-سى بۇزغان بولسا، شۇ جاي ئۆپكە سىلىنىڭ ئۇچىقى بولىدۇ.

**كېسەل ئۇرۇق** <بوت> ← **كېسەل دان.**

**كېسىلى پىشماق** كېسىلى ئېغىرلىشىپ جان ئۈزۈش ھالىتىگە كېلىپ قالماق: ئۇنىڭ كېسىلى پىشىپ قېلىپتۇ، داۋالاش ئۈنۈم بەرمىگۈدەك، تەييارلىق قىلىپ قويايلى.

**كېسىلى يانچۇقىدا** كېسىلى ئاسانلا قوزغىلىدىغان، كېسەلچان: ئۇنىڭ كېسىلى يانچۇقىدا، ھەش-پەش دېگۈچە ئاغرىپ قالىدۇ.

**كېسەلچان** سۈپ. پات-پات كېسەل بولۇپ تۇرىدىغان، كېسەلمەن: ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا كېسەلچان ئانىسى كەلدى. * ئىبابىتىمىزدە ئېشەك سۈتى ئاجىز ۋە كېسەلچان بالىلار، سىل كېسەللىكى بارلار ئۈچۈن ئۇزاق تارىختىن بۇيان قوللىنىلىپ كەلمەكتە.

**كېسەلچانلىق** «كېسەلچان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: يېشى 40 قا يەتمىگەن بولسىمۇ كېسەلچانلىقىدىن دوختۇرخانىدىن كېلەلمەيدىغان قاسىم چويۇن ئەمدى تاماكا چەككىلىمۇ دوقمۇشقا چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

**كېسەلخانا** ئى [ئە+پ] <تىب> دوختۇرخانا، ساناتورىيەلەردىكى كېسەللەر ياتىدىغان ئۆي ياكى بىنا، ياتاق: خۇرشىدە كېسەلخانا بىلەن ئالاقە باغلاپ، ياتاق تەييارلىدى.

**كېسەلسىز** سۈپ. كېسەللى يوق، كېسەلدىن خالى، كېسەللەنمىگەن: تىلسەك كېسەلسىز ئۆمۈر، ئەي تېكىن، ئېتى «ئاز يە» دېگەن دورىنى يېگىن.

**كېسەللەندۈرمەك** «كېسەللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئادەمنىڭ تەبىئىتى كېسەللەندۈرگۈچى ماددىنى قايسى يول بىلەن ھەيدەپ چىقىرىشقا تەقەززا بولسا، شۇنىڭغا قاراپ ياردەم قىلىنىدۇ.

**كېسەللەنمەك** پ. بىرەر كېسەل بىلەن ئاغرىماق، كېسەل بولماق: تىبابىتىمىزدىمۇ ئىنساننىڭ ساغلام تۇرۇشى ۋە كېسەللىنىشىدە خىلتلارنىڭ سان-سۈپەت جەھەتتىن ئۆزگىرىشى ۋە ئۇلارنىڭ بەدەندىكى نىسبىي تەڭكەشلىكىنىڭ بۇزۇلۇشى ئاساسىي سەۋەبلەردىن سانىلىدۇ.

**كېسەللىك** ① «كېسەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ چۈش ۋاقىتلاردا پۇتون ياتاقلارنى ئايلىنىپ، ھەممە كىشىنىڭ كېسەللىك ئەھۋالىنى سوراپ چىقاتتى. ② ئورگانىزمدىكى نورمال پائالىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى: دائىم ئۇچرايدىغان كېسەللىكلەر ۋە كۆپ قوزغىلىدىغان كېسەللىكلەرنى تەتقىق قىلىش ۋە داۋالاشقا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. * ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئارقىلىق، پەن-تېخنىكا خادىملىرى زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغان كېسەللىك ۋە زىيانداشلارنى بىلىۋالدى.

**كېسەللىك باكتېرىيىسى** <بىئول> ← **كېسەل مىكروبى.**

**كېسەللىك تارىخى** <تىب> داۋالاش ئورۇنلىرى كېسەللىك ئەھۋالى، دىئاگنوز ۋە بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇللىرىنى يېزىپ قالدۇرغان خاتىرە. كېسەل كىشىدىمۇ بىر نۇسخىدىن بولىدۇ.

**كېسەللىك زىيىنى** <بوت> باكتېرىيە، زەمبۇرۇغ، ۋىرۇس، يۇسۇنلەر، ماس كەلمەيدىغان ھاۋا كىلىماتى ياكى تۇپراق قاتارلىق ئامىللار كەلتۈرۈپ چىقارغان، ئۆسۈملۈكلەر تېنىنىڭ ياخشى يېتىلەلمەسلىك، قۇرۇپ كېتىش ياكى ئۆلۈش ھادىسىسى.

**كېسەللىك سەۋەبى** <تىب> كېسەل پەيدا بولۇشتىكى تۈپ سەۋەب.

**كېسەللىك قانۇنىيىتى** <تىب> كېسەللىكنىڭ پەيدا بولۇش ۋە تەرەققىي قىلىش جەريانى ھەم پرىنسىپى.

**كېسەلمەن** سۈپ. دائىم دېگۈدەك كېسەل بولۇپلا تۇرىدىغان كېسەلگە يېقىن، تېنى ساغلام ئەمەس، كېسەلچان: كېسەلمەن بالا. كېسەلمەن كىشى. * دادام قېرىغىنىدا كېسەلمەن بولۇپ قالدى.

**كېسەلمەنلىك** «كېسەلمەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ياشانغان، ئورۇق، زەپەرانىدەك چىرايىدىن كېسەلمەنلىكى چىقىپ تۇرغان بىر ئايال هارۋا ئالدىدا پەيدا بولۇپ، بالىلارنىڭ ئالدىنى توستى.

**كېسىپ** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**كېسىپ بەردىمۇ؟** «سېنى مۇكاپاتلىدىمۇ» ياكى «مېنى جازالىدىمۇ» مەنىسىدىكى تىل-ئاھانەت ئىبارىسى: ھۇي، شۇنچىلىك ئىشقا ئىشكىنى چېقىپ كىردىڭمۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن ساڭا كېسىپ بەردىمۇ؟

**كېسىپ ئېيتماق** گەپ-سۆزنى قارارلاشتۇرۇپ، ئۈزۈپ قەتئىي ئېيتماق: كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ قاش بىلەن كىرپىكتەك يېقىن ئىش بولۇپ قالدى.

**كېسىش** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ. يەنە بىر ئىسمدىشى: كېسىش ستانوكى.

**كېسىش ستانوكى** <ماشىن> نېپىز مېتال تاختىلارنى كېسىش ئۈچۈن ئىشلە-

تىلىدىغان بىر خىل ستانوك. بۇ خىل ستانوكتا ئىشلىتىلىدىغان تىغ ئىككى بۆلەك بولۇپ، بىر تەرىپىدە بىسى بولىدۇ. رولى ئادەتتە ئىشلىتىلىدىغان قايچا بىلەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

**كېسىشىش** «كېسىشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كېسىشىش بۇلۇڭى. كېسىشىش نۇقتىسى.

**كېسىشىش بۇلۇڭى** <مات> سىزىق بىلەن سىزىق، سىزىق بىلەن تەكشىلىك ياكى تەكشىلىك بىلەن تەكشىلىكنىڭ ئۆزئارا كېسىشىشىدىن ھاسىل بولغان بۇلۇڭ.

**كېسىشىش نۇقتىسى** <مات> سىزىق بىلەن سىزىق ياكى سىزىق بىلەن تەكشىلىكنىڭ ئۆزئارا كېسىشىش نۇقتىسى.

**كېسىشمەك** ① «كەسمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدېسلا گۈلدۈرلەپ كېلىپ، ئۇ قۇرۇلۇشقا، بۇ قۇرۇلۇشقا دەپ كوللېكتىپنىڭ ئورمانلىرىنى قالايمىقان كېسىشىدۇ. ② ئوخشىمىغان يۆنىلىشتە بىر-بىرىگە دۇچ كېلىپ ئۆتۈشمەك: كېسىشىپ ئۆتكەن يوللار. ئىككى سىزىقنىڭ كېسىشكەن نۇقتىسى. * بىز تۆت كوچىنىڭ كېسىشكەن يېرىدىن ئۆتۈۋاتقىنىمىزدا بىر ماشىنىغا سوقۇلۇپ كېتىشكە ئازلا قالدۇق. * ئۆستەڭ-ئېرىق كېسىشكەن. بىر-بىرىنى قايچىدەك. يەلپۈنىدۇ مەجنۇنتال، مەختۇمسۇلا ساچىدەك.

**كېسىك** ① سۈپ. كېسىلگەن، كېسىۋېلىنغان؛ كەمتۈك: كېسىك پىرامىدا. كېسىك كونۇس. كېسىك شار. ② ئى <مات> تۈز سىزىقنىڭ ئۈستىدىكى خالىغان ئىككى نۇقتا ئارىسىنىڭ چەكلىك قىسمى.

**كېسىك پىرامىدا** <مات> پىرامىدانىڭ ئاساسى بىلەن ئاساسىغا پاراللېل بولغان بىر كەسمىنىڭ ئارىسىدىكى قىسمى.

**كېسىك شار** <مات> شارنىڭ ئۆزئارا پاراللېل بولغان ئىككى تەكشىلىك بىلەن كېسىلگەن ھەم شۇ ئىككى تەكشىلىك ئارىسىدا قىسىلغان قىسمى.

**كېسىك كونۇس** <مات> كونۇسنىڭ ئۈستۈنكى قىسمى ئاساسىغا پاراللېل بولغان تەكشىلىك بىلەن كېسىۋېتىلگەن قىسمى.

**كېسىك يۈز** <مات> ① كەسمە يۈز. ② ئۇرۇنۇش نۇقتىسى.

**كېسىلمەك** «كەسمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: مەن مۇشۇ ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى ئورمانلارنىڭ تولا كېسىلىپ كەتكىنىدىن كۆرىمەن. * تۇغۇلدۇم ئەيلىدىڭ خەندە، كېسىلدى كىندىكىم سەندە، سىڭىپ بەرگەن تۇزۇڭ تەنگە، يېتىلدى كۈچ-مادار، يۇرتۇم!

**كېسىلىش** «كېسىلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: كېسىلىش چىدامىلىقى.

**كېسىلىش چىدامىلىقى** ماتېرىيالنىڭ توغرىسىغا كېسىلىشكە قارشىلىق قىلىش ئىقتىدارى، يەنى ماتېرىيالنىڭ قايچىلىنىش كۈچىگە قارشىلىق قىلىش چىدامىلىقى.

**كېسىم** ① ئى. كېسىش، پىچىش ئىشى: بۇ چاپاننىڭ كېسىمى جايىدا. ② مىق. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ، كېسىلگەن ياكى كېسىپ پارچىلانغان نەرسىلەرنىڭ مىقدارىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كېسىم نان. ③ سۈپ. ھۆكۈم قىلىدىغان، ھۆكۈملەيدىغان: كېسىم سۆز. كېسىم جۈملە. ④ ئى <قا> سوت مەھكىمىلىرىنىڭ ئەنزىلەرگە قاراپ چىقىش جەريانىدا، مەلۇم مەسىلىلەر ئۈستىدە چىقىرىدىغان قارارى: كېسىم قىلماق. كېسىم ئېلان قىلماق. * ئالى

خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ بىرىنچى سوتتا چىقارغان ھۆكۈم ۋە كېسىملىرى، ئاخىرقى ھۆكۈم ۋە كېسىم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ ۋە ئېلان قىلىنغاندىن كېيىنلا كۈچكە ئىگە بولىدۇ.

**كېسىم سۆز** <تىل> ← **ھۆكۈم باغلامچىسى.**

**كېسىم قەغىزى** <قا> ← **ھۆكۈمنامە.**

**كېسىم قىلماق** <قا> دەۋالاشقۇچى ئىككى تەرەپنىڭ ماجىراسىنى ئۈچىنچى بىر تەرەپ ئوتتۇرىدا تۇرۇپ، دەۋالاشقۇچىلارنىڭ ئىختىيارلىقى ئاساسىدا كېڭىشىپ قارار ھاسىل قىلماق.

**كېسىمچى** ئى. كىيىم تىكىش كارخانىلىرىدا كىيىم ئۆلچەش-كېسىش بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: ئوسمان ئۇستام بۇ كىيىم تىكىش كارخانىسىنىڭ كونا كېسىمچىسى.

**كېسىمچىلىك** «كېسىمچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: دۇكاندا ئۈچ تىكىش ماشىنىسى بولۇپ، ئۈچ كىشى باش كۆتۈرمەي ئىش تىكەتتى. ساھىبخانا ئۇستا بولسا كېسىمچىلىك قىلاتتى.

**كېشەك** ئى [پ] تامغا ئورنىتىلىدىغان، ئىشىكنىڭ قانىتى، دېرىزە راملىرى بېكىتىلىدىغان جازا: خەلىچخان ياقىسىنى تۇتقىنىچە ئىشىكنىڭ كېشىكىگە يۆلىنىپ قالدى.

**كېشەك كىران** <بىن> چوڭ تېپتىكى بىر خىل كىران. توغرا لىم ۋە تىك تۈۋرۈكتىن كېشەك شەكلىدە قۇراشتۇرۇلىدۇ. رېلىس ئۈستىدە ماڭىدۇ. كۆتۈرۈش كۈچى زور.

**كېشەكسىمان** سۈپ. كېشەككە ئوخشايدىغان، كېشەك شەكىللىك: كېشەكسىمان شىلىش ستانوكى.

**كېشەكسىمان رەندىلىگۈچى ستانوك** <ماشىن> رەندىلىگۈچى ستانوكنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭ تىك تۈۋرۈكى بىلەن توغرا لىمىنىڭ تۈزۈلمىسى كېشەككە ئوخشاپ قالىدۇ. ئادەتتە بىرقەدەر چوڭ بولغان دېتاللارنى رەندىلىيەلەيدۇ. ئىشلىگەندە، رۇستەك ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان دېتال تەكرار ھەرىكەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ تىغى توغرا لىم ياكى تىك تۈۋرۈكنى بويلاپ، ماس ھالدا توختاپ-توختاپ ھەرىكەت قىلىپ بېرىدۇ.

**كېشەكسىمان شىلىش ستانوكى** <ماشىن> شىلىش ستانوكىنىڭ بىر خىلى. شىلىش تىغىنىڭ ئاساسىي ئوق ساندۇقى توغرا لىم ئۈستىدە بولىدۇ. شەكلى كېشەككە ئوخشايدۇ. ئادەتتە چوڭ دېتاللارنى شىلىشقا مۇۋاپىق كېلىدۇ. ئىشلىگەندە، رۇستەك ئۈستىگە مۇقىملاشتۇرۇلغان دېتال ئالدى-كەينىگە تەكرار ھەرىكەت قىلىپ بېرىدۇ، شىلىش تىغى ئايلىنىپ شىلىش ھەرىكىتىنى ئورۇنلايدۇ.

**كېكەچ** ① سۈپ. راۋان سۆزلىيەلمەيدىغان، دۇدۇقلايدىغان: — ئۇغۇ شۇنداق، يېقىن، بىراق مەن، مە...مەن...، — مەتتۇرسۇن بىردىنلا كېكەچ كىشىدەك سۆزلىيەلمەي قالدى. * — پادىشاھ، — دەپتۇ مۇختەر، — مەن ساڭا يامانلىقنى راۋا كۆرمەي، قەست قىلمىغانىدىم. مەن خالىسام كۆزۈڭنى قارىغۇ، پۇتۇڭنى توكۇر، تىلىڭنى كېكەچ قىلىۋېتەتتىم ياكى جېنىڭنى ئالغان بولاتتىم. ② ئى. شۇنداق ھالەتتە سۆزلەيدىغان ئادەم: كېكەچ بولسىمۇ باينىڭ بالىسى سۆزلىسۇن (ماقال). * ساقچى: — ھە ئۇغرى، نېمە دەيسەن؟ — دېيىدى، باياتىن كىشىلەر شۇنچە گەپ قىلسا ئۈنىمىغان، ھۆركىرەپ كوچىنى بىر ئالغان لۈكچەك جۇددى سۇغا چۈشكەن مۈشۈكتەك شۈمشەرەپ، زۇۋانى گەپكە كەلمەي كېكەچتەك دۇدۇقلاشقا باشلىدى.

**كېكەچلەنمەك** «كېكەچلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئۇ ئۆتكۈر تەنە تەلەپپۇزىدا: — بەختىگۈل بىلەن قاچان ئاجرىشىسىز؟ — دەپ سورىدى. بۇ سوئال رىشىتنىڭ قۇلاق تۈۋىدە بومبا پارتلىغاندەكلا ئاڭلاندى، ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىپ تىلى كېكەچلەندى.

**كېكەچلىك** ئى. دۇدۇقلاپ سۆزلەيدىغان، كېكەچ ھالەت: مەن كېكەچلىكنى قانداق تۈزىتىش ھەققىدە نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇغان بولساممۇ ئۈنۈمى بولمىدى.

**كېكەچلىمەك** پ. راۋان سۆزلىيەلمەي قالماق، دۇدۇقلىماق: قاشقىرباي تىلى تۇتۇلۇپ قالغان كىشىدەك كېكەچلىدى. * — ئەلھەمدۇلىللا، ئەپەندىم، دۆلەتلىرىدە ئىشلارمۇ بەلەن كېتىۋاتىدۇ، — جاۋاب بەردى سەلەيئاخۇن ئۇستام سەل-پەل كېكەچلىگەن ھالدا.

**كېككەيمەك** پ. دىئال. تەكەببۇرلانماق، مەغرۇرلانماق.

**كېكىتمە** ئى. دىئال. تەنە، ھەجۋىي، ياپتا گەپ.

**كېكىردەك** ئى. <ئانات> ① نەپەس يولىنىڭ يۇقىرىقى قىسمى: كېكىردەك قاپقىقى. كېكىردەك كۆمۈرچىكى. ② گال، بوغۇز: كېكىردەكنى ھۆللىمەك.

**كېكىردەك سىقىشماق** بىر-بىرىنىڭ كېكىردىكىدىن بوغۇپ ئۇرۇشماق، مۇشتلاشماق: باقى ئۇنىڭ بىلەن كېكىردەك سىقىشىنى ياكى ئالما بىلەن سېۋەتنى تاشلاپ قېچىشنى بىلمەي خەلق ئوتتۇرىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

**كېكىردەك قاپقىقى** <ئانات> كېكىردەكنىڭ ئالدىنقى قىسمىدىكى يوپۇرماقسىمان تۈزۈلمە. كېكىردەك كۆمۈرچىكى ۋە شىللىق پەردىدىن تۈزۈلىدۇ. نەپەسلەنگەن ياكى سۆزلىگەندە، يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، كېكىردەك بوشلۇقىنى ئېچىش؛ ئوزۇقلۇق يۇتقاندا تۆۋەنگە چۈشۈش بىلەن كانايىنى يېپىپ، ئوزۇقلۇقلارنىڭ كانايغا كىرىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**كېكىردەك قىرماق** يۆتىلىپ ياكى كېكىردىكىدىن خىرقىراق ئاۋاز چىقىرىپ مەنسىتمىگەنلىكىنى بىلدۈرمەك: ئۈچ مېھمان بىر كۆز ئۇرۇشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئابدۇۋارىس مۇپتى كېكىردەك قىردى: — ئابدۇغوپۇر داموللام ئۆزلىرىگە سالام ئېيتتى. * بالىلار جىم بولۇشتى، قىزىل بۇرۇن كېكىردىكىنى قىرىپ، قاچاندۇر بىرچاغلاردا ئۆگىنىۋالغان كونا ناخشىسىنى تەكرارلىدى.

**كېكىردەك كۆمۈرچىكى** <ئانات> كېكىردەك قاپقىقىنى ھاسىل قىلغۇچى كۆمۈرچەك. ياپىلاق ھەم يوپۇرماقسىمان كېلىدۇ. تۆۋەندىكى قىسمى بوغدىيەكنىڭ ئىچكى دىۋارىغا چاپلىشىپ تۇرىدۇ.

**كېكىردىكىدىن ئالماق** كېكىردىكىدىن سىقىپ ئەدىبىنى بەرمەك: ئاسىم بېرىپلا ھېلىقى خوتۇننىڭ كېكىردىكىدىن ئالدى-دە، بىر-بىرلەپ جاۋاب ئېلىشقا باشلىدى.

**كېكىردىكىدىن تاماق ئۆتمەسلىك** ھېچ نەرسە يېگۈسى كەلمەسلىك: پادىشاھ «ئاھ، شۇ بۇلبۇلگويانى بىر كۆرسەم، ئۇنىڭ سايراشلىرىنى بىر ئاڭلىسام!» دېگەن ئارزۇ-ئارمانلار بىلەن كۈندىن-كۈنگە خىيالغا چۆكۈپ، كېكىردىكىدىن تاماق ئۆتمەيدىغان، چىرايى سارغىيىپ، مەيدىسىنى زەي يەرگە يېقىپ ياتىدىغان بولۇپتۇ.

**كېكىردىكىگىچە تويماق** ← **كانىيىغىچە تويماق**: — بالىلىرىم، سىلەرنىڭ بۇ جاڭجالىڭلاردىن كېكىردىكىمگىچە تويدۇم، چىرايلىق، ئاكا-ئۇكا دېيىشىپ سۆزلىشىدىغان كۈنۈڭلار يوقمۇ؟ — دېدى ھاشىم ئاكام.

**كېكىردىكىنى مايلىماق** ← **گېلىنى مايلىماق**: دەسلەپتە ئۇقماپتىمەن، بارغانسېرى

ئېچىلدى خېلى نۇرغۇن ئىشىنىڭ تېگى. لاۋتاڭغا گە يېجاڭ نېچۈن ئامراق دېسەم، مايلىنىپ كەتكەنىكەن كېكىردىكى.

**كېكىردىكىنى ياغلىماق** ← **گېلىنى مايلىماق.**

**كېكىردىكى يىرتىلغۇچە** بار ئاۋازى بىلەن، ناھايىتى قاتتىق: بالا كېكىردىكى يىرتىلغۇچە توۋلاپمۇ ئۆيدىكىلەرنى ئويغىتالماپتۇ.

**كېكىرتمەك** «كېكىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاكائولا كېكىرتىپ، تاماقنى سىڭدۈرىدىكەن.

**كېكىرمەك** پ ① ئاشقازاندا توپلانغان ھاۋانى ئېغىز ئارقىلىق ئاۋازلىق چىقارماق: شامال يەپ، بوران كېكىرىپتۇ (ماقال). ئاچ كېكىرەر، توق ئۇسۇرار (ماقال). * تاتلىق نەرسىنى كۆپ يېگەندە، ئاشقازان تىزاپى (كىسلاتاسى) ئېشىپ كېتىدۇ، ئاچچىق كېكىرىدۇ. * لېگەنلىرىنى بۇرۇنراق قۇرۇقداپ بولغانلار تازا سوزۇپ كېكىرىۋالغاندىن كېيىن، مۇشۇ نېمە تىكە ئېرىشتۈرگەن ئاللاغا شۈكۈرلەر ھەدىيە قىلاتتى. ② كۆچمە. تويماق، تويۇپ ياناماق: «قوشۇمچە ئىگىلىك باشقۇرۇڭلار» — دېيىشىدى، ئۇنىڭغىمۇ ماقۇل، دېدۇق. قېنى كۆرۈپ باقاي دەپ ئۈچ ساندۇق ھەسەل ھەرىسى سېتىۋېلىپ بېقىۋىدىم، ئۆي ئىچى، ئەھلىمەھەللە ھەسەلگە كېكىردى.

**كېكىرىپ كەتمەك** ① تازا تويۇپ قانـ ماق، يېگۈسى كەلمىگۈدەك يەپ تويماق: — مەي ئىچىپ، گۆش يەپ كېكىرىپ كەتتۇق، ئەتە يەنە يول ماڭىمىز، غوجا ئاكاڭنىڭ ئۇيقۇسى كەلدى، — دېدى لېتىپ. * بىزنىڭ دۇكانلىرىمىزدىمۇ ھۆكۈمەت تاختاي باھاسىدا مۇنداق ھەسەلنى ئۈچ كويدىن كام ساتمايدۇ. ئائىلەمدىكىلەرغۇ ھەسەلگە كېكىرىپ كەتكەن، شۇنداق بولسىمۇ ئەرزانلىقى ۋە ياخشىلىقىنى دەپ ئىككى كىلو ئېلىپ قويماقچى بولدۇم.

② كۆچمە. بىزار بولماق، زېرىكمەك: — تويدۇم خوتۇن، كېكىرىپ كەتتىم، — غوجى يېلىنغاندەك داۋام قىلدى، — ئەمدى كېتەيلى، بىزگە ئەسقاتىدىغىنى يەنە شۇ ئۆي.

**كېكىرىشمەك** «كېكىرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: سورۇن تۈزدى بەگ-خې- نىملار تۆرنى تالىشىپ، كېكىرىشتى ھەر بارماقنى ئۇندىن يالىشىپ.

**كېكىرىك** ئى. ئاشقازاندا توپلانغان ھاۋانىڭ ئېغىز ئارقىلىق ئاۋازلىق چىقىشى؛ كېكىر- گەندە چىققان ئاۋاز: بىر كېكىرىك كەلسە تۈزۈلۈپ كېتەتتىم.

**كېڭەش** ئى ① بىرەر ئىش ھەققىدىكى پىكىر، يولیورۇق، مەسلىھەت: ئۇ: — ئەمدى مەن سىزگە قانداق كېڭەش بېرەلەيمەن، — دېدى. * كېڭەش ئېيتىپ ئەمەتخان، كەلدى غوجام ئالدىغا، دېدى: دۈشمەن ھېيلىگەر، يوشۇرۇندى دالدىغا. ② ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىش ۋە پىكىرلى- شىش ئاساسىدىكى مۇزاكىرە ۋە شۇنداق مۇزاكىرە يىغىنى، يىغىلىش: كېڭەش بىلەن پىچىلغان تون قىسقا بولماس (ماقال). * ھەرقايسى تەرەپلەردىن كەلگەن قوزغىلاڭچىلار- نىڭ باشلىقلىرى ئوردا قوغۇنلۇقىنىڭ ئالچۇقىدا ئوردىغا رەسمىي چوڭ ھۇجۇم قىلىش ھەققىدە كېڭەش ئېلىپ بارماقتا ئىدى. * ئەنە شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە ۋاڭ تەيجىلىرىنى، سۇلتان مىرغەزەپنى ۋە ياسىن قازىنى چاقىرىپ كې- ڭەش ئۆتكۈزدى. * كېڭەشتە ئولتۇرغانلار بۇ ھەقتە ئويلاپ كۆرمىگەچكە، دەرھال بىرنېمە دېيەلمىدى. ③ جەمئىيەت، سىياسىي پارتىيە-گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ مەسلىھەتلىشىش، كېڭىشىش يىغىنى ۋە بۇ يىغىننىڭ ئىجرائىيە ئورگىنى: جۇڭگو خەلق سىياسىي كېڭىشى. * شۇ جۈملىدىن قەشقەر ئەھۋالىغا نەزەر سالساق، بىرىنچى

قەدەمدە بىتمگە ئاساسەن قەشقەر خەلقلىرى ناھىيىسلىك كېڭەش ۋە ھاكىم، مۇئاۋىن ھاكىملىرىنى سايلاپ، ئۆزى ئىشەنگەن، ئۆزى سۆيگەن كىشىلىرىنى خىزمەتكە قويدى. * مەن كېڭەشنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، ھازىردىن باشلاپ ھەرىكەت قىلىشقىلار-نى سورايمەن.

**كېڭەش ئەزاسى** بەزى دۆلەتلەردىكى يۇقىرى پالاتا ئەزاسى.

**كېڭەش پالاتاسى** بەزى كاپىتالىستىك دۆلەتلەردىكى ئىككى پارلامېنتنىڭ يۇقىرى پالاتاسى.

**كېڭەشچى** ئى. مەسلىھەتچى، مەسلىھەت بەرگۈچى، كېڭەشكۈچى: — مەن سىنى يالغۇز ئۇ يەرگە ئەۋەتىشكە رازى ئەمەس-مەن، — دېدى ئۇ، — چۈنكى ھەر جايغا بارساڭ ساڭا مېنىڭدەك دانا، ھوشيار، ئىش كۆرگەن بىر كىشىنىڭ ۋە كېڭەشچىنىڭ بولۇشى لازىم. * ئەگەر بۇنىڭغا كۆزلىرى يەتمىسە، نېمىشقا كېڭەشچىلەرنىڭ مەسلىھەتلىرى بويىچە لەشكەرلەرنى قىسىرلاتماي ئەل بولۇش ئۈستىدە ئويلاشمايلا؟

**كېڭەشسىز** سۈپ. كېڭەش قىلىنمىغان، مەسلىھەتلەشمىگەن: بۇ بىر چوڭ ئىش، چوڭ ئىشلاردا ئادەتتە، يۇرتقا ئەقىل كۆرسىتىدۇ ياخشىلار. بوۋىلاردىن قالغان قەدىم يوسۇن بۇ، بۇ كېڭەشسىز ئىش قىلمايدۇ ياخشىلار.

**كېڭەشلىك** سۈپ. كېڭەش ۋە مەسلىھەت بىلەن قىلىنغان؛ كېڭىشىپ، مەسلىھەتلىشىپ قىلىنىدىغان: مەردان: — كەلگ تون يىرتىل-مايدۇ، كېڭەشلىك ئىش بۇزۇلمايدۇ دەيدۇ كونىلار. بۇ ئىش ئۈستىدە بىز ئالدى بىلەن شاھ ئاتىمىزدىن مەسلىھەت سورىغىنىمىز ياخشى، ئاتىمىز رازى بولسا، ئىشىمىز راۋان بولىدۇ، — دېدى.

**كېڭەشمە** ئى ← **كېڭەش**: ۋاقىتلىق شتاب ئۆيى قىلىنغان كىگىز ئۆيدە پولك باشلىقلىرى جىددىي كېڭەشمە ئۆتكۈزۈۋاتاتتى. * كېڭەشمىنىڭ ئاخىرىدا ئىمروپىنىڭ ئالتايىنى ئازاد قىلىش يېڭى تاكتىكىسىنى ئاڭلىغاندا، دەلىلقان ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتى.

**كېڭەشمە سوت** <قا> كېڭىشىش تۈزۈمى ئاساسىدا تەشكىللەنگەن سوت كوللېگىيىسى.

**كېڭەشمە سودا** <سودا> سودا ۋە چىقىم قىلىش بەلگىلىمىسىگە ئاساسەن. ئېلىپ بېرىلىدىغان سودا..

**كېڭەشمەك** پ ① بىرلىكتە مۇزاكىرىلەشـ-مەك، ئۆز ئارا مەسلىھەتلەشمەك: ئۇلار ئەنۋەر ناسىرى بىلەن كۆپ نەرسىلەر ئۈستىدە كېڭەشەتتى، مۇڭدىشاتتى، بەزىدە ھەتتا كەسكىن مۇنازىرىلەرمۇ بولۇپ قالاتتى. * ئۇلار بىر ئاز كېڭەشكەندىن كېيىن بىر پىكىرگە كەلدى. ② ئۆزىنى چاغلاپ، مەسلىھەتنى پۇشۇرۇپ ئىش قىلماق؛ ئۆزىنى توختاتماق: ئات ئالساڭ ئاي كېڭەش، خوتۇن ئالساڭ يىل كېڭەش (ماقال). * ئەمدى دەرسخانىنا ئېچىپ، بالا ئوقۇتاي دەۋاتامدىلا، ئۆزلىرى بىلەن ئوبدانراق كېڭىشىپ باقسىلا بولامدىكىن! * — ئوغرىلىقنى چاغلاپراق قىلمايسەن، ئەبلەخ! ئىت جېنىدا سۆڭەك يېسە گېلى بىلەن كېڭىشىدۇ، — دەپ تىللىدى ئۇ ئىچىدە سەلەينى.

**كېڭەيتمەك** ① «كېڭەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ئۆتكەن يىلى يازدا ھويلىسىدىكى بوتكا ئۆيىنى بۇزۇپ 15-20 ئادەم سىغقۇدەك قىلىپ كېڭەيتىپ سالدى. * بۇرۇن ئاڭلىغان چۆچەكلىرىمنى سەپەردە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغانلىرىمغا قوشۇپ كېڭەيتىپ ئىجادىي ئۇسۇلدا سۆزلەيتتىم. ② كۆچمە. ئومۇملاشتۇرۇپ قوللانماق: ئابلىز، بۇ ئۇسۇلنى پۈتۈن مەيدانغا كېڭەيتىش كېرەك،

نەق مەيدان يىغىنى ئاچساقمۇ بولىدۇ.

**كېڭە يتشمەك** «كېڭە يتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئۇرۇقنى بۇ خىل ئۇسۇلدا تاللاش تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئورۇنلىرىدا كېڭە يتىشتى.

**كېڭە يتىلگەن** «كېڭە يتىلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: كېڭە يتىلگەن يىغىن.

**كېڭە يتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش** <س. ئىق> ئەسلىدىكى كۆلەمدىن كېڭە يتىلگەن تەكرار ئىشلەپچىقىرىش.

**كېڭە يتىلگەن كوئوردىنات** <فز> جىسىم (ياكى جىسىملار سىستېمىسى) نىڭ ئورنىنى بەلگىلەش ئۈچۈن، مەسىلەرنىڭ تەلپىگە ئاساسەن خالىغانچە تاللاپ ئېلىنغان ئەركىن ئۆزگەرگۈچى سان. ئۇنىڭ قىممىتى جىسىم (ياكى جىسىملار سىستېمىسى) نىڭ ئەركىنلىك دەرىجىسى بولىدۇ.

**كېڭە يتىلگەن يىغىن** قاتنىششقا تېگىشلىك رەسمىي ۋەكىللەردىن باشقا سىرتتىن تەكلىپ قىلىنغان ۋەكىللەرمۇ قاتنىشىدىغان يىغىن: ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم كېڭە يتىل-گەن يىغىنى. * مانا مۇشۇ مەسىلەرنى هەل قىلىش ئۈچۈن ۋاقىتلىق هۆكۈمەتنىڭ ئىككىنچى قېتىملىق كېڭە يتىلگەن يىغىنى ئېچىلدى.

**كېڭە يتىلمەك** «كېڭە يتمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: بۇ ئۇرۇقلۇق تېخى ئاز ئىدى. بۇ يىل ئۇ بەش مو يەرگە كېڭە يتىلدى ۋە ئۇنى ئىنچىكە كۆزىتىش، ئاخىرقى سىناقتىن ئۆتكۈزۈش زۆرۈر ئىدى. * سىناق قىلىدى، كۆپ ئىزلەندى، قازاندى ئۇتۇق. كېڭە يتىلدى بۇ تەجرىبە كاندا هەم تولۇق.

**كېڭە يمەك** پ ① سىغىمچانلىقى، كۆلىمى، دائىرىسى ئاشماق، چوڭايماق؛ كەڭ بولماق: يول كېڭە يدى. نەزەر دائىرىمىز كېڭە يدى. * هەتتا كۆزلىرى چوڭ كېرىلىپ، جاۋىغايلىرى تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئىككى تەرەپكە كېڭىيىپ كەتتى. * ئۇنىڭ چېكە تومۇرلىرى كۆپۈپ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكى كېڭە يدى. ② ئۆز ئىچىگە ئالغان كىشىلەرنىڭ سانى ئاشماق، كۆپە يمەك: بۇ مەكتەپتە پىئونېرلار تەشكىلاتى قوشۇنى خېلى زور كېڭە يدى. پائالىيەت تۈرلىرىمۇ كۆپە يدى.

**كېڭە يمچى** ئى. باشقىلارنىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش هېسابىغا ئۆز دائىرىسىنى كېڭە يتكۈچى، تاجاۋۇزچى: سامانىيلارنىڭ كېڭە يمچى خانى نۇھ II ئىبنى مەنسۇر دەۋرىگە كەلگەندە تېخىمۇ هەددىدىن ئاشقان كېڭە يمچىلىك هەرىكىتىنى يۈرگۈزدى.

**كېڭە يمچىلىك** ① «كېڭە يمچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى. ② هەربىي، ئىقتىسادىي ئەمەلىي كۈچىگە تايىنىپ ئاجىز، كۈچسىز دۆلەتلەر-نىڭ زېمىنىنى ئىگىلىۋېلىش، تەسىر دائىرىسىنى كېڭە يتىش هەرىكەتلىرى: هازىر هەر خىل چوڭ-كىچىك زومىگەرلەر دۇنيانىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا تاجاۋۇزچىلىق ۋە كېڭە يمچىلىك قىلماقتا.

**كېڭشىپ** «كېڭە شمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى.

**كېڭشىپ دىئاگنوز قويۇش** <تىب> داۋالاش قىيىن بولغان كېسەللەرگە قارىتا بىرنەچچە دوختۇرنىڭ كېڭشىپ تۇرۇپ دىئاگنوز قويۇشى.

**كېڭشىش** «كېڭە شمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى.

**كېڭشىش تۈزۈمى** <قا> سوتچىلاردىن ياكى سوتچىلار بىلەن زاسېداتېللاردىن سوت كوللېگىيىسى تەشكىللەپ ئەنزىلەر-گە قاراپ چىقىدىغان بىر خىل تۈزۈم.

**كېڭشىش يىغىنى** دۆلەتلەر، ئۆلكە،

رايون ۋە شەھەرلەرنىڭ سودا، پەن-تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش جەھەتتىكى كېڭىشىشى ئۈچۈن، بەلگىلەنگەن ۋاقىت ۋە ئورۇندا ئۆتكۈزۈلىدىغان چوڭ تىپتىكى يىغىن؛ يەرمەنكە: ئۈرۈمچى سودا كېڭىشىش يىغىنى. خاربىن سودا كېڭىشىش يىغىنى.

**كېڭىيىش** ① «كېڭەيمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <فىز> تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى ياكى باشقا ئامىللار تۈپەيلىدىن، جىسىم ئۇزۇنلۇقى ياكى ھەجمىنىڭ ئېشىشى: كېڭىيىش كوئېففىتسىيېنتى.

**كېڭىيىش كوئېففىتسىيېنتى** <فىز> جىسىمنىڭ تېمپېراتۇرا $1^{\circ}C$ ئۆرلىگەندىكى چوڭايغان ھەجمى بىلەن ئەسلىدىكى ھەجمىنىڭ نىسبىتى ياكى قوشۇلغان ئۇزۇنلۇقنىڭ نىسبىتى بىلەن ئەسلىدىكى ئۇزۇنلۇقنىڭ نىسبىتى.

**كېلەپ** ئى. دىئال. مالنى تېز سەمرىتىدىغان بىر خىل ئوت.

**كېلەچەك** ① سۈپ. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان، كەلگۈسىدىكى: ئەينى ۋاقىتتىكى پەۋقۇلئاددە شارائىتتا سىزنىڭمۇ بالايىقازاغا شېرىك بولۇپ قالماسلىقىڭىزنى، سىزنىڭ كېلەچەك ئىستىقبالىڭىزنى نەزەردە تۇتۇپ ئاچامۇ سىزگە خەت يازماپتۇ. * ئەنە شۇ چاغدا، ساڭا تەئەللۇق بولغۇسى، كېلەچەك دۇنيا، پارلاق كەلگۈسى. ② ئى. ھازىرقى پەيتتىن كېيىن كېلىدىغان ۋاقىت، دەۋر؛ كەلگۈسى: مانا شۇ كۈن — شەمەرنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ، ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا، كېلەچەككە بولغان ئىشەنچ-ئۈمىدىنى ئويغىتىپ، قەلبىدىن مەڭگۈ ئۆچمەس ئورۇن ئالغان خاسىيەتلىك كۈن بولغانىدى. * ئاقار سۈيىگۇ سۆزى دەريا بولۇپ بىر جۈپ يۈرەكلەردىن، ئۇلار پارلاق كېلەچەككە قۇچاقنى ئېچىپ كۈلدى. ③ ئى. كەلگۈسىدىكى ھايات، ئىستىقبال، تەقدىر: شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن شۇ تاپتا ئۇ مەيلى كىم بولمىسۇن كۆڭلىگە يېقىن بىرەر دوست-بۇرادەرلىرىنى تېپىپ پاراڭلىشىشنى، گۈزەل، ھاياتبەخش كېلەچەكنىڭ غايىۋى خەرىتىسىنى بىللە سىزىپ، ئۇنىڭدىن بىللە ئىلھاملىنىشنى بەكمۇ خالايتتى. * توغرى يولدا ماڭغانلارغا خەۋپ-خەتەر يوق، كېلەچىكى سائادەتلىك مەڭگۈ كۆڭلى توق!

**كېلەچەكشۇناس** ئى. پەن-تېخنىكا ۋە جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تەتقىق قىلغۇچى مۇتەخەسسىس: كېلەچەكشۇناسلار دۇنيانىڭ كەلگۈسىگە مۇنداق قارىمايدۇ.

**كېلەچەكشۇناسلىق** ئى. پەن-تېخنىكا ۋە جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات ئىستىقبالىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: جۇڭگو كەشپىياتچىلىرى، ئىختىساسلىقلار ئائىلىسىدىن كەلگەن ئەڭ يېڭى خەۋەرلەرگە قارىغاندا، دۇنيا كېلەچەكشۇناسلىق جەمئىيىتى ئوتتۇرىغا قويغان دۇنيا بويىچە بۆسۈپ ئۆتۈش زۆرۈر بولغان سەككىز چوڭ پەن-تېخنىكىلىق قىيىن ئۆتكەلنىڭ بەش تۈرىدە دۆلىتىمىزنىڭ پەن-تېخنىكا خادىملىرى تەتقىق قىلىپ، زور بۆسۈشنى قولغا كەلتۈردى.

**كېلەر I** ئى <زوئول> سۆرەلگۈچى ھايۋان. شەكلى تام پاتمىچۇقىغا ئوخشايدۇ، لېكىن چوڭ، بېشى يوغان، دۈمبە تەرىپى كۆل رەڭ ھەم قىزىل رەڭلىك سەپكۈنلىرى بولىدۇ، پاشا، چىۋىن قاتارلىق ھاشارا تلارنى يەيدۇ، تىبابەتچىلىكتە ئۇنىڭدىن قۇۋۋەت دورىسى ياسىلىدۇ.

**كېلەر II** ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ

سۈپەتدىشى: ساناپ تۇردۇم كېلەر چاغنى، يولۇڭغا تەلمۈرۈپ باقتىم، جامالىڭ ئىنتىزار قىلدى، تۆگەي دەپ قالدى دەرمانىم. ② ھازىرقىدىن كېيىنكى، كېيىن كېلىدىغان؛ يەنە بىر: كېلەر نۆۋەت. كېلەر قېتىم. * سەلىمخانلار توينى كېلەر ھەپتىدە قىلىۋەتسەك دەپ ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. * بولدىلا، شۇ قەلەم ھەققىڭىزنى كېلەر يىلدىن باشلاپ تاپارسىز.

**كېلەركى** سۈپ. كېيىن كېلىدىغان، كېيىنكى، كېلەر: ئەگەر سۇ ئامبىرى بىلەن ئېلېكتر ئىستانسىسى قالدۇرۇۋېتىلسە، ھەسەن ھاكىمنىڭ ناھىيە خەلقى ئالدىدا يەنە نېمە يۈزى قالىدۇ؟ كېلەركى سايلامغا قارىمايلا مېنى ھاكىملىقتىن ئېلىپ تاشلىشىدۇ.

**كېلەڭسىز** سۈپ ① قەددى-قامىتى، تۇرقى كېلىشمىگەن، قوپال: مەخسۇت بەگ كېلەڭ-سىز بەستىنى تەستە كۆتۈرۈپ، سەكرەپ ئورنىدىن تۇردى. * ئەتىسى چاشگاھ ۋاقتىدا ھېلىقى كېلەڭسىز ئادەم بىزنى باشلاپ ئىچكىرىكى ھويلىدىكى بىر كۆتۈرمە ئۆيگە ئەكىردى. ② ئىخچام، يىغىنچاق ئەمەس: كېلەڭسىز ئاپپارات. * ئۇلارنىڭ بىرى ئورۇۋ-لۇقىغا قارىماي كېلەڭسىز يامغۇر چاپىنىنى كىيىۋالغانىدى. * ئۇنىڭ ئوڭ قولىدا ئەگمەساپلىق كېلەڭسىز بىر سېۋەت بار ئىدى.

**كېلەڭسىزلەشمەك** پ. كېلەڭسىز ھالەتكە كەلمەك، بارغانسېرى كېلەڭسىز بولماق: ھامماڭنىڭ يۈزى بىرىنچىدىن ناھايىتى ئېغىر، ئىككىنچىدىن بەكمۇ كېلەڭسىزلىشىپتۇ.

**كېلەڭسىزلىك** «كېلەڭسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: «ئورۇق ئۆيگە يوغان مۆڭگۈز» دېگەندەك، تۆت ئېغىزلىق ئۆيدە كېلەڭسىزلىك ھېس قىلىپ، باغقا قارايدىغان كىچىكرەك بىر ئۆيگە چىقىۋالغانىدىم.

**كېلۋىن** ئى ① 1824 — 1907-يىللىرى ياشىغان ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى. 1848-يىلى كېلۋىن تېمپېراتۇرا شكالىسىنى كەشىپ قىلغان. ② <فىز> مۇتلەق تېمپېراتۇرا بىرلىكى. ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى ۋىللىيام تامسون (كېلۋىن) نىڭ نامىغا بېرىلگەن. سۇنىڭ ئۈچلۈك نۇقتىسى (سۇيۇق، گاز، مۇز) گرادۇسىنىڭ $\frac{1}{273.16}$ قىسمىغا تەڭ. ئادەتتە « $^{\circ}$K » بىلەن ئىپادە قىلىنىدۇ.

**كېلۋىن تېمپېراتۇرا شكالىسى** <فىز> بىر خىل تېرمودىنامىكىلىق گرادۇس شكالى-سى. بۇنىڭدا مۇتلەق تېمپېراتۇرا نۆلدىن (−273.15°C) باشلاپ ھېسابلىنىدۇ. گرادۇس مىقدارى بولسا، مۇزنىڭ ئېرىش نۇقتىسى بىلەن نورمال شارائىتتىكى سۇنىڭ قايناش نۇقتىسى ئارىلىقلىرىنىڭ $\frac{1}{100}$ گە تەڭ.

**كېلىش** ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى. ② <تىل> بەزى تىللاردىكى، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىدىكى ئىسىم ۋە ئىسىم خاراكتېرلىك سۆزلەردە بولىدىغان بىر خىل گرامماتىكىلىق كاتې-گورىيە. ئادەتتە سۆزلەرگە ئۇلىنىش ئارقىلىق شۇ سۆزنىڭ باشقا سۆزلەر بىلەن بولغان گرامماتىكىلىق مۇناسىۋىتىنى بىلدۈرىدۇ. ئەنئەنىۋى گرامماتىكىمىز بويىچە، بىزنىڭ تىلىمىزدا باش كېلىش، ئىگىلىك كېلىش، چۈشۈم كېلىش، يۆنىلىش كېلىش، ئورۇن-پەيت كېلىش ۋە چىقىش كېلىشتىن ئىبارەت ئالتە كېلىش بار.

**كېلىشەڭگۈ** سۈپ. كېلىشكەن، جايىدا، قاملاشقان: ئاددىي بولسىمۇ رەتلىك كىيىن-گەن، يىشىنىڭ چوڭىيىپ قالغىنىغا قارىماي، روھى تېتىك، كېلىشەڭگۈ بىر ئادەم ئۇنىڭغا يېنىقسىنلاپ كەلدى. * ئابدۇرېھىم دورغا ئىلىشاڭغۇ، ساقال-بۇرۇتى كېلىشەڭگۈ، بەش

مىڭ سەر كۆمۈش بەرسە، چېرىك سايان ئېگىشەڭگۈ.

**كېلىشەلمەسلىك** سۈپ. چىقىشالماسلىق، ماسلىشالماسلىق: ئۇنىڭ مىجەز-خۇلقى تەر چىقىرىپ ئىشلەش بىلەن زادى كېلىشەلمەيتتى. * ئەز-خوتۇنلارنىڭ كېلىشەلمەسلىكى دائىم بولۇپ تۇرىدىغان ئىش.

**كېلىشتۈرگۈچى** ئى. چىقىشالمىغان، تالاش-تارتىش قىلغان ئىككى تەرەپنى ھەم سودىدا ساتارمەن بىلەن ئالارمەننى ئەپلەشتۈرگۈچى كىشى: ئىككى تەرەپ چۇجە-خورازدەك بازلاشماقتا ئىدى. ئارىغا چۈشۈپ كېلىشتۈرگۈچىلەرمۇ، يارىغا تۇز سېپىپ ئېچىشتۇرغۇچىلارمۇ كۆپىيىۋاتىدۇ.

**كېلىشتۈرمەك** «كېلىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — مۇنۇپ بېدىك ئەمدى مۇشۇمۇ ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئەجەبلەنگەن ھالدا، — ئەمدى بالاڭنى خەبەردار قىلىپ، ئۆزۈڭ كېلىشتۈرگىلى تۇرۇپسەنغۇ؟ * شۇنداق قىلىپ، ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇغقان، قوشنا-قولۇملارنىڭ كېڭىشى ۋە كېلىشتۈرۈشى بىلەن ئابدۇراخماننىڭ ئوقۇشقا بېرىشى قارار تاپتى. * — مانا، مانا بۇنى ناھايىتى كېلىشتۈرۈپ ئېيتتىڭىز -دە، سېكرېتار، — دېدى تۇردى.

**كېلىشتۈرمىچىلىك** ① «كېلىشتۈرمىچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: كېلىشتۈرمىچىلىك قىلماق. ② ئى <پەلس> ئوخشاش بولمىغان تۈرلۈك پىكىر ئېقىملىرى، نۇقتىئىنەزەرلەر ۋە نەزەرىيەلەرنى پرىنسىپسىز، مېخانىكىلىق ھالدا بىر قىلىپ قوشۇش.

**كېلىشتۈرۈلمەك** «كېلىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ كىتابتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ كۆز قاراشلىرى ناھايىتى مۇۋاپىق ھالدا تونۇشتۇرۇلغان ۋە كېلىشتۈرۈلگەن.

**كېلىشكەن** ① «كېلىشمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى. ② سۈپ. قامەتى، تەقى-تۇرقى جايىدا؛ چىرايلىق؛ قاملاشقان، پىچىملىق: كېلىشكەن يىگىت. * — ئەمما، ئۆزىڭىزە قالتىس كېلىشكەن نېمىكەن جۇمۇ، قىز بولۇپ قالغان بولسا، كىشى كۆيۈپ قالغۇدەك، — دېدى ھوشۇر كانتۇ تىلىنى چاكىلدىتىپ. * بۇ ئاتنىڭ كۆرۈنۈشى ئاجايىپ، ئاياغلىرى ئاق، ئۆزى كېلىشكەن، كۆكسى كەڭ، كىيىنىشمۇ پىقىملىق ئىدى.

**كېلىشمەسلىك** ئى. كۆتۈلمىگەن ئۆڭۈشسىزلىق، پېشكەللىك، پالاكەت: ھېزىم ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ سوپىئاخۇن ئاكامغا قاراپ ئۇلۇغ-كىچىك تىنغاندىن كېيىن، بېشىغا كەلگەن كېلىشمەسلىكنى قىسقىلا دەپ بەردى. * بۈگۈن كىرگەن كىشى ئۇرۇمچىدە بىر ئىدارىدە باشلىق ئىكەن، يېقىندا كېلىشمەسلىك بولۇپ بويتاق بولۇپ قېلىپتۇ.

**كېلىشمەك** پ ① «كەلمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئېرىق بويىدا ئولتۇرغان كېلىشلەر كېلىشتى. ياشلىرىنى ئېرىتىشىپ جەسەتنى يەرگە ياتقۇزدى. * مەھمۇت مۇھتى بىلەن قاسىم ئەپەندىنىڭ گەپلىرى تەسىر قىلدى بولغاي، ھاجىمۇ، باشقىلارمۇ جىمجىت بولۇپ قالدى ۋە ئاخىر ئۇنى دەپ-بۇنى دەپ ماجۇگىيىگىنى كۆتۈپ تۇرۇش قارارىغا كېلىشتى. ② بىرلىككە كەلمەك، پۈتۈشمەك: مەن شۇ كۈنى ئۇنىڭغا ئەتىلىككە ئاشۇ قوينى چوقۇم قۇربانلىق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئېيتتىم، بىز كېلىشتۇق. * يېزىلىق ھۆكۈمەت ئامانەت-قەرز كوپېراتىپى بىلەن سۆزلىشىپ، قىينچىلىقى بار ئائىلىلەرگە ئاز-تولا قەرز پۇلى تارقىتىپ بېرىشنى كېلىشتى. * ئۇلار باھادا ئوڭايلا كېلىشىپ قالدى. ③ ماس كەلمەك، قاملاشماق: مەن بۈگۈن جاڭگالغا كېتىۋېتىپ بىر قوشاق توقۇپ باقسام خېلى

كېلىشىپ قالدى. * يايلاقنىڭ ھاۋاسى تۇرپاند-ىڭكىدىن كۆپ سالقىن، ئوت-چۆپلىرى مول بولغاچقا تۇزۇق ئاتقا تازا كېلىشىپ بەردى. ④ چىقىشماق: بۇ ئىككىسى خېلى كېلىشىپ قالدى.

**كېلىشىپ** «كېلىشمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىش-دىشى: كېلىشىپ سېتىۋېلىش.

**كېلىشىپ سېتىۋېلىش** <سودا> مال ساتقۇچى تەرەپ بىلەن سېتىۋالغۇچى تەرەپ ياكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ مالنىڭ سانى ياكى باھاسى ئۈستىدىكى كېلىشىشى.

**كېلىشىم** ئى. ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ تۈزۈلگەن ياكى بىرلىككە كەلگەن پىكىر، خۇلاسە، قارار، بىتىم ۋە شەرتنا-مە قاتارلىقلار: سودا كېلىشىمى. ئۇرۇش توختىتىش كېلىشىمى. كېلىشىم ھاسىل قىلماق.

**كېلىشىم باھا** <سودا> ساتقان ۋە سېتىۋالغان ئىككى تەرەپ ياكى ئوخشاش كەسىپتىكىلەرنىڭ كېلىشىپ بېكىتكەن مال باھاسى.

**كېلىشىملىك** سۈپ. قاملاشقان، كېلىشكەن، چىرايلىق: كىشىلەر ئۇنىڭغا دەسلەپ شۇنىڭ ئۈچۈن ھېرىسمەن بولغانىدىكى، چوڭ-كىچىكىنىڭ پەرىزىدە گويا ئۇ كېلىشىملىك بەستىگە مۇنا-سىپ ھالدا بۇلبۇل كەبى ناخشىچى ئىدى.

**كېلىشىمنامە** ئى. ئۆزئارا كېلىشىپ بىرلىككە كېلىنگەن پىكىر ۋە قارارلارنىڭ يازما بايانى؛ توختام، كېلىشىم: 5-ئايدا ئايرىم-ئايرىم ھالدا ئامېرىكىنى زىيارەت قىلغان مەزگىلدە، ئاخىرى ئامېرىكىنىڭ تەلپى بويىچە يادرو قوراللىرىنى ئازايتىش شەرتنامىسى-نى ئىجرا قىلىش كېلىشىمنامىسىنى ئىمزالاشقا قوشۇلۇپ، ئامېرىكا، روسىيە قاتارلىق بەش دۆلەتنىڭ لىسسابوندا بۇ كېلىشىمنى ئىمزالاشقا يول ئېچىپ بەردى.

**كېلىم-كېتىم** كەلدى-كەتتى، كېلىپ-كېتىپ تۇرىدىغانلار: كۆپ ئۆتمەي توي تەييارلىقمۇ ھازىرلىنىپ بولۇپتۇ، بارا-بارا ئۆي ئىچىدە كېلىم-كېتىم، گەپ-سۆز كۆپىيىشكە باشلاپتۇ. * ئازايغاندا بۇ كۈنى كېلىم-كېتىم، نەزمە قىلدى قاسىمۇ ئاخىرقى قېتىم.

**كېلىن** ئى ① ئوغلىنىڭ خوتۇنى (ئاتا-ئانىغا نىسبەتەن): قىزىم ساڭا ئېيتاي، كېلىنىم سەن ئاڭلا (ماقال). * كېلىنىڭنى كەلگەندە كۆر، بۆكنى كىيگەندە كۆر (ماقال). * پاتەمخان: — ۋاي-ۋۇي، ئەنە شۇ گۈلدەك چىرايلىق رەنالا ئوغلىڭىزغا خوتۇن، سىزگە كېلىن بولۇشقا مۇناسىپ كېلىدۇ، بىراق، بىر سەھرالىق ئۆلارغا ئەلچى كىرگۈزۈپ بولدى، — دېدى. ② تويى بولۇۋاتقان قىز: كېلىن يۆتكىمەك. * قانداق ئىكەن دېمەمسىز، يېڭى كېلىن بۇ قىزنى. ئېيتىشىچە ئۇ بۇرۇن، كۆرمەپتىكەن ئېتىزنى.

**كېلىن چۈشۈرمەك** ئوغلىغا خوتۇن ئېلىپ بەرمەك: ئۇنىڭ ئۈستىگە قاراڭ، بىزنىڭ مۇختەرجانغا چۈشۈرىدىغان كېلىن ئۇنداق-مۇن-داق يەردىن ئەمەس، نەق ئاشۇ نۇرمەت ھاكىمنىڭ قىزى دەڭا.

**كېلىن كۆرمەك** ئوغلىنى ئۆيلەپ كېلىنلىك بولماق: ھاشىخان كېلىن كۆرۈپ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىدىن خېلى قولى بوشىدى. * ئۇلارمۇ بالا چوڭ قىلار، كېلىن كۆرەر، ئەنە شۇ چاغدا ئاتا-ئانىنىڭ قەدرىگە يېتەر دەيمەن.

**كېلىنلىك** ① سۈپ. كېلىنى بار، ئوغلىنى ئۆيلىگەن: ناسىرئاخۇن ئوغۇللىرىنى ئۆيلەپ كېلىنلىك بولدى. ② ئى. توي قىلىپ، كېلىن بولۇپ ئۆتۈش ۋە شۇنداق تۇرمۇش: — غۇنچىنى كۈندەشلىككە ئەمەس، كېلىنلىككە دەپ قولغا چۈشۈرىمىز، ئىش تېخىمۇ ئاسان بولىدۇ، — دېدى شەرۋان.

**كېلىنمەك** «كەلمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل

دەرىجىسى: داستىخان سېلىنىپ ئەتىگەنلىك چاي ئۈچۈن دەملەپ قويۇلغان چاي ئېلىپ كېلىندى.

**كېمە** ئى [پ] سۇدا ماڭىدىغان، يۈك توشۇش، يېلىق تۇتۇش ياكى ھەرخىل مەقسەتلەر ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان قۇرۇلما: يېلىقچىلار كېمىسى. يۈك كېمىسى. ھەربىي كېمە.

**كېمە ئۆتكىلى** <سۇ> سۇ يوللىرىنىڭ سۇ ئورنىدا پەۋقۇلئاددە پەرق بولغان جايلىرىدا كېمىلەرنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە ئېلىپ چۈشۈش ياكى تۆۋەندىن يۇقىرىغا ئېلىپ چىقىش ئۈچۈن قۇرۇلغان كۆپ تاقاقلىق قۇرۇلما.

**كېمەيتكۈچى** ئى <مات> ئېلىش ئەمەلىدىكى ئېلىنغۇچى سان. مەسىلەن، 2=4-6 دىكى 4 كېمەيتكۈچى دېيىلىدۇ.

**كېمەيتىشمەك** «كېمەيتمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كېمەيتىلمەك** «كېمەيتمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — پۈتۈن قارا چويۇن دوگۇۋۇرنىڭ ئۈچتىن بىرىگىمۇ يەتمەيدىغان بولدى، — دېدى نىياز كۆزىگە كىرىۋاتقان ئاچچىق تەرنى يېڭى بىلەن سۈرتۈپ، — مۇشۇ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە تۆت تونىنا مال تاپشۇرمىساق، شەرت بويىچە ئالىدىغان ھەققىمىز 30% كېمەيتىلىدۇ.

**كېمەيتمەك** «كېمەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: خوش، شۇنداق قىلىپ، مىسلەرنىڭ زەيكەش، قۇرۇلۇش مۇشۇ ئىككى ئاساسىي ۋەزىپەگىلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، بازلىق تېرىلغۇ پىلانىڭلارنى بىر ھەسسە كېمەيتسەك قانداق دەيسەن؟

**كېمەيگۈچى** ئى <مات> بىر ساندىن يەنە بىر سان ئېلىۋېتىلگەندە، ئەسلىدىكى سان كېمەيگۈچى بولىدۇ. مەسىلەن، 2=5-7 دىكى 7 بولسا كېمەيگۈچى.

**كېمەيمەك** پ ① مىقدارى ياكى ھەجمى جەھەتتىن ئازايماق، كەم بولماق: بۇ يىل بۇغداي، زىغىر، قوناق تىزدا يېرىم كېمەيدى. شال ئۆلدى. * موللازەيدىن ۋاڭنىڭ قىزى ئۆلگەنلىكىنى ئاڭلاپلا: «قانداقلا بولسا بىر ئەسكى كېمىيىپتۇ» دېگەنىدى. ② كۈچى، تەسىرى ئازىيىشقا، يوقىلىشقا باشلىماق: شۇ كۈندىن باشلاپ قەيسەرنىڭ ئۇيقۇسى كېمەيدى، تامىقى ئازايدى، گەپ خۇش ياقمايدىغان، خىيالچان بولۇپ قالدى. * ئۇنىڭ تاماكا خۇمارى كېسەل بولۇپ ياتقاندىن كېيىنمۇ ئاشسا ئاشتىكى كېمەيمىدى.

**كېمبرىي** ئى [لات] ئەنگلىيىنىڭ ئوئېلىس يېرىم ئارىلىدىكى قەدىمكى بىر جاينىڭ نامى.

**كېمبرىي دەۋرى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ بىرىنچى دەۋرى. تەخمىنەن 570 مىليون يىل بۇرۇن باشلىنىپ، 500 مىليون يىل بۇرۇن ئاياغلاشقان. بۇ دەۋردە قۇرۇقلۇق ئولتۇرۇشۇپ، شىمالىي يېرىم شارنىڭ كۆپ قىسمى دېڭىز ئاستىغا چۆككەن. تاشقا ئايلانغان جىسىملارنىڭ ھەممىسى دېڭىز جانلىقلىرىدىن شەكىللەنگەن، ھايۋاناتلاردىن ترىلوبىتلار كۆپەيگەن، ئۆسۈملۈكلەردىن يوسۇنلەر ئاساس قىلىنغان.

**كېمبرىي سىستېمىسى** <گېئول> كېمبرىي دەۋرىدە شەكىللەنگەن يەر قاتلاملىرى.

**كېمىچى** ئى. كېمە ھەيدىگۈچى كىشى: نەچچە ئونلىغان ئەزىمەت يىگىتلەر شۇ كېچىسىلا تاش توشۇشقا ئاتلانغان كېمىچىلەر يېنىغا كەتتى.

**كېمىچىلىك** «كېمىچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: كېمىچىلىك جاپالىق ئەمەس دېسە

ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمايدۇ. ئەمما جاپالىق دەپلا ھەممە ئادەم ئۇنى تاشلاپ يېنىك ئىشلارنى قىلىشى كېرەكمۇ؟

**كېمىر** ئى [پ] ① غارسىمان ئۇيۇقچە جاي. ② ئۈستى گۈمبەز شەكلىدە ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي: قەدىمكى ئەجدادلىرىمىز ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى بۇددىزمغا ئېتقاد قىلىدىغان مەزگىللىرىدە، باي، كۇچا، قاراشەھەر، تۇرپان، خوتەن، كىروران، دۇنخۇاڭ قاتارلىق جايلاردا نۇرغۇن ھەشەمەتلىك مىڭ ئۆيلەرنى بەرپا قىلىپ، ئۇلاردىكى شۇنچىۋالا كېمىر-ھۇجرىلارنىڭ پۈتۈن تام-تورۇسلىرىنى گۈزەل سۈرەت ۋە ئەنئەنىۋى نۇسخىلار بىلەن بېزەپ چىققانىدى.

**كېمىر ساڭرام** <ئارخېئول> كېمىر شەكلىدە سېلىنغان ياكى ياسالغان قەدىمكى بۇددا ئىبادەتخانىسى.

**كېمىر ئۆي** <بىن> ئۈستى ئەگمە قىلىپ يېپىلغان ئۆي.

**كېمىرلەنمەك** پ. دىئال. پۈچۈلماق، يېپىلمەك.

**كېمىرمەك** پ. غاجىلاپ، قىرىپ يېمەك.

**كېمساز** ئى. كېمە ياساش بىلەن شۇغۇللانغۇچى شەخس ياكى مۇشۇنداق ساھە.

**كېمسازلىق** ئى. كېمە ياساش كەسپى ۋە كېمە ياساش ھەققىدىكى ئىلىم: ئەمما بۇ ئەرەب سودىگەرلىرى تاپاۋەت دېسە چېچەن بولغىنى بىلەن كېمسازلىقتىن خەۋىرى يوق بولغاچقا، ھېچنېمە ئېيتىپ بېرەلمەيدىكەن.

**كېممەك** پ ← **كېمەيمەك**: ھاشىم مۇنداق دېدى: — ئۇنداق قۇرۇق ئابرويىڭنى نېمە قىلىدۇ، ئۆزى، تۇردىئاخۇننىڭ ئوغلى نىيازغا قاراپ باققىنا. ئانچە-مۇنچە تىجارەت قىلىۋاتىدۇ، مانا شۇنىڭ بىلەن ئۇلارنىڭ ئۆيىدە بەش-ئون مىڭ يۈەن كېممەيدۇ.

**كېمىيىشچان** سۈپ. كېمىيىپ بارىدىغان، كېمىيىدىغان: كېمىيىشچان ھەرىكەت.

**كېمىيىشچان ھەرىكەت** <فىز> ئۆزگىرىشچان ھەرىكەتنىڭ بىر خىلى، يەنى سۈرئىتى (تېزلىكى) بارغانسېرى تۆۋەنلەپ بارىدىغان ھەرىكەت.

**كېنگۇرۇ** ئى [ر<ئىنگ] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. ئالدى پۇتى قىسقا ۋە كىچىك، ئارقا پۇتى ئۇزۇن ھەم چوڭ. سەكرەشكە ماھىر، قۇيرۇقى توم كېلىدۇ. چىشىسىنىڭ قورساق قىسمىدا تېرە خالتىسى بولۇپ، باللىرىنى شۇنىڭ ئىچىگە سېلىۋالىدۇ. يېشىل ئوت-چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. ئاۋستىرالىيەگە كەڭ تارالغان.

**كېنىزەك** ئى [پ] خان، پادىشاھ سارايلىرىدىكى خىزمەتكار قىز: ئارىدىن ئانچە ئۇزاق ۋاقىت ئۆتمەي مەلىكە كېنىزەكلەر، قۇللار بىلەن باغقا چىقىپتۇ. * پادىشاھ ماقۇل بولۇپ قىز ئۈچۈن بىر راۋاق ياسىتىپ، قىزنى شۇ يەردە تۇرۇشقا، تالا-تۈزگە چىقماسلىققا بەند قىلىپ، 40 كېنىزەكنى قوشۇپ قويۇپتۇ.

**كېۋەز** ئى <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. گۈلى ئاچ سېرىق، مېۋىسىنىڭ شەكلى ياڭاققا ئوخشايدۇ، ئىچىدە ئاق رەڭلىك تالا (پاختا) بىلەن قوڭۇر رەڭلىك ئۇرۇقى (چىگىتى) بولىدۇ. تالاسى توقۇمىچىلىق سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى ھېسابلىنىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى، مېيىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە سانائەتكە خام ئەشيا قىلغىلى بولىدۇ.

**كېۋەز ئانىسى** <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولىنىڭ پوستىدا تالالىرى كۆپ بولىدۇ. يوپۇرمىقى چوڭ، يۈرەكسىمان كېلىدۇ، ئۈستىدە قويۇق ئۆسكەن يۇمشاق

تۆكلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق ئۆسىدۇ، رەڭگى سېرىق. ئادەتتە مۇھىم تالا ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. چىگىسى تومراق بولۇپ، ئارغامچا ئېشىشكە ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقى دورا بولىدۇ. ئۇ بىر خىل قورىغۇچى دورا بولۇپ، دىزىنتېرىيىگە نىسبەتەن داۋالاش ئۈنۈمى زور.

**كېۋەز پىتى** <زوئول> بىر خىل ھاشارات. تېنى كىچىك، يېشىل ياكى سېرىق. ئاساسەن كېۋەز، قوغۇن-تاۋۇزلارغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**كېۋەز قىزىل ئۆمۈچۈكى** <زوئول> بوغۇم پۇتلۇق ھايۋان. تېنى ناھايىتى كىچىك، يېتىلگىنى ئېللىپس شەكىللىك. باش، كۆكرەك ۋە قورساق قىسىملارغا بۆلۈنىدۇ. ئادەتتە توق قىزىل بولىدۇ، كۆپىيىش قابىلىيىتى يۇقىرى. كېۋەز، قوناق قاتارلىق خېلى كۆپ زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ.

**كېۋەزلىك** پ. كېۋەز تېرىلغان يەر، ئېتىز: شانىياز توختىدى ۋە يان تەرەپكە قاراپ، يېزا قازىسىنىڭ كېۋەزلىك تەرەپتىن ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ خۇشال يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقان يىللىقچىسى قادىرنى كۆردى.

**كېيىك** ئى <زوئول> بۇغا-مارالنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كېيىكلىك** ئى. كېيىكلەر ماكانلاشقان جاي: ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن، پادىشاھ كېيىكلىك تاغقا يېتىپ بېرىپتۇ.

**كېيىكئوت** ئى [كېيىك+ئوت] <بوت> ← **سۇزە.**

**كېيىن (كەينى)** ① رەۋ. بىرئاز ياكى مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، سوڭرە: شىرمەممەت قىسمەت چورۇقنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ ئاۋۋال توختىئاخۇننىڭ ئۆيىگە، كېيىن رايونلۇق پارتكوم بىناسىغا كىردى. * ئانا بىر تىنىۋېلىپ: — ۋاي بەڭبېشىم، كېيىن پۇشايماننى ئالىدىغان قاچا تاپالماي قالمىغىن يەنە! — دەپتۇ. ② تىر (چىقىش كېلىش قوشۇمچىسىدىن كېيىن) سوڭرە: ئىشقا چىقىش ئالدىدا ئەزالار بىرئاز ئارام ئالمىسا بولمايتتى. يىغىندىن كېيىن دۆي ھەيئەتلىرى بىلەن مېنىڭ ياتىقىمدا ئازراق باش قوشۇۋالماقچى بولدۇق. * يەنە تۆت-بەش كۈندىن كېيىن مەنمۇ كېلىمەن، قىشچە ئەزالارنى ئۆگىنىشكە ئويۇشتۇرمساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ③ باغل. چىقىش كېلىشتىكى پۈتكەن ھاللىق ئۆزەكتىن كېيىن كېلىپ ھالەت بېقىندى جۈملە بىلەن باش جۈملىنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ: 8-دۈينى كۆچۈرۈش توغرىسىدا گەپ چىققاندىن كېيىن، زىۋۇرشا بىرنەچچە كۈندىن بېرى ئەزالار ئىچىدە كۆچۈشنىڭ پايدىسى بىلەن كۆچمەسلىكنىڭ زىيانلىرىنى سېلىشتۇرۇپ سۆزلەپ يۈردى. * رەنا بىلەن ياسىن بىر-بىرىگە قارىشىپ قويغاندىن كېيىن، رەنا ئالدىراپ كېتىپ قالدى.

**كېيىن قالماق** ئىلگىرىلىيەلمەي باشقىلارنىڭ ئارقىسىدا قالماق، چېكىنمەك: كىچىك دوستلار، ھەي دوستلار، مۇزايچاقتەك بولماي-لى؛ ئوقۇش، ئەخلاق، ئەمگەكتە، زادى كېيىن قالمايلى.

**كېيىن كۆرەرمىز** ھازىرلا تالاشماي كېيىنچە نەتىجىسىگە قاراپ باقايلى: مېنىڭچە، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى سوتسىيالىزمنىڭ ئىشى، بولۇپتۇ، سوتسىيالىزم تۇرۇپ تۇرسۇن، ئۇنى كېيىن كۆرەرمىز.

**كېيىنچە** رەۋ. مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، كەلگۈسىدە: ھە راست، تەمىنلەش كوپېراتىپىنىڭ يامان ئەمەس بىر بېرىزنتى بار ئىكەن، ئەگەر سېتىۋالمەن دېسەڭ 50 سوم ئىكەن، پۇلۇڭ يوق بولسا، كېيىنچە بەرسەڭمۇ بولىدىكەن. * دەسلەپتە ئۆرپ-ئادەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن بۇ قائىدە

ئۆرپ-ئادەت بولۇپ ئىپادىلەنگەن بۇ قائىدە كېيىنچە قانۇن بولۇپ قالدى.

**كېيىنكى** سۈپ ① باشقىلارغا نىسبەتەن كەينىدە، ئارقىدا تۇرغان؛ كەينى تەرەپتىكى، كەينى تەرەپكە جايلاشقان: كېيىنكى قاتار. كېيىنكى بەت. * ئەركىنىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى كېيىنكى بابتىن ئاڭلىغايسىزلەر. ② ئاخىرقى؛ قالغان: كېيىنكى ئىمتىھان. كېيىنكى كۈنلەردە: ئۇ كېيىنكى ئۆمرىنى قەشقەردە ئۆتكۈزدى.

**كېيىنكى ئەزا** <مات> ئۆزئارا نىسبەتلەشتۈرۈلگەن ئىككى سانىنىڭ نىسبەت بەلگىسىنىڭ ئالدىدىكىسى ئالدىنقى ئەزا، كېيىنكىسى كېيىنكى ئەزا دېيىلىدۇ. مەسىلەن، a:b دىكى a ئالدىنقى ئەزا، b بولسا كېيىنكى ئەزادۇر.

**كېيىنكى مەزگىل** <بىئول> ① يېپچە نۇقتا بۆلۈنۈش بىلەن بىرگە خروماتىن ئايرىلىپ، قارىمۇقارشى قۇتۇپقا قاراپ يۆتكەلگەن ۋاقىتتىكى يىپلىق بۆلۈنۈش ۋە ئىككىنچى قېتىملىق سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈش باسقۇچى. ② ئىككى قىممەتلىك خروموسوما يېرىمىدىن ئىككىگە ئايرىلىپ، قارىمۇقارشى تەرەپكە يۆتكەلگەن ۋاقىتتىكى بىرىنچى قېتىملىق سان كېمەيتىپ بۆلۈنۈش باسقۇچى.

**كېيىنلىك** ئى. كەلگۈسىدىكى هايات، كېلىچەك، تەقدىر: ئولتۇرسا-قوپسا ئىككى پەرزەنتىنىڭ كېيىنلىكىنى ئويلاپ، ئاز-تولا پۇل-پۈچەك توپلاپ قويۇشنىڭ كويىغىمۇ چۈشۈپتۇ. * دانىشمەن كىشى هازىرقىغا قاراپ كېلىچەكنى ئالدىدىن كۆرەلەيدۇ، بىز كېيىنلىكىمىزنى ئويلىشىمىز لازىم.

**كى** ① [پ] باغل. يېزىت. ئاساسەن شېئىرىي ئەسەرلەردە كېلىپ «شۇنداق قىلىپ، نەتىجىدە» دېگەن مەنىدە سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىكى ئىككى جۈملىنى باغلايدۇ: چېپىشتى ئارغىماقلار مۇشۇ يولدا، قىلىچ-قالقانلار جەۋلان قىلدى قولدا. ئۇلار شىردەك ئېتىلدى ياۋغا گويا، كى ئۇيغۇر قۇدرىتىنى كۆردى دۇنيا. * چېلىنسا ناغرا-سۇنايىڭ ساماغا يارانلار، كى ئەيلەيسەن ئۇرۇپ خەندان بولۇپ بۇلبۇلگويا، هېيتكا. ② باغل. بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىپ بېقىندى جۈملىنى بېقىندۇرغۇچى جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكى بىلەن باغلايدۇ: ئۇ ئۆزىنى شۇنداق چوڭ تۇتىدۇكى، ئۆزىدىن باشقا هېچكىمنى كۆزىگە ئىلمايدۇ. * بىز شۇنىڭدىن نارازى بولدۇقكى، ئۇلار بىزگە ناهايىتى سوغۇق مۇئامىلىدە بولدى. * بۇ تاغ شۇنداق ئېگىزكى، ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئۇچار قاناتلارمۇ ئۇچۇپ ئۆتەلمەيدۇ. ③ يۈكل. تەكىت ۋە كۈچەيتىش مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ: دۈشمەن قارشى تۇرغانلىكى نەرسىنى بىز همايە قىلىشىمىز لازىم.

**كىئانىت** ئى [ر] <گېئول> ← **زەڭگەر شپات.**

**كىبېرنېتىكا** ئى [ر<گرېك] <فىز> ئاپتوماتىك ماشىنىلارنى باشقۇرۇش ۋە كونترول قىلىش هەققىدىكى نەزەرىيىۋى پەن. ئادەتتە ئۇ ماتېماتىكىلىق هېسابلاش ۋە ئېلېكترونىكا ئاساسىدا ئۇچۇرلارنىڭ ماشىنىلارنىڭ ئاپتوماتىك سىستېمىسى، هايۋان ياكى ئادەم تېنىدە يەتكۈزۈلۈشىگە ئوخشاش ئومۇمىي مەسىلىلەرنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كىبىر** I ئى [ئە] ① ئۆزىنى چوڭ تۇتۇش، مەغرۇرلۇق: قانائەت ۋە كىبىر — بىزنىڭ ئالغا بېسىش يولىمىزدىكى پۇتلىكاشاڭ. قانائەت قىلىش-چېكىنىش دېگەن سۆز. * كىشى گەر بىلەركەن ئۆزىنى ئالتۇن، قەلبىدە كىبىردىن يانىدۇ يالقۇن، ئالەممۇ خەسچىلىك كۆرۈنمەس

ئۇڭغا، ئاخىرى ئۆزى خەس بولار، بۇ يەكۈن.
② مەغرۇر تاشقى قىياپەت، سالاپەت: قارا ئۇنىڭ شۇجىلىق كىبرىنى! ئۇ كىم، مەن كىم! * بىلمىگەننى بىلمەيمەن دېيىش، بىلمەي تۇرۇپ بىلمەن دېمەسلىك لازىم. ئەمەلدارلىق كىبرى بولماسلىق لازىم.

**كىبىرى چوڭ** ئۆزىنى ناھايىتى چوڭ تۇتىدىغان، تەكەببۇر، ھاكاۋۇر: بىر ياشقا نىسبەتەن كىبرى چوڭ بولۇش، چوڭچىلىق قىلىش ياخشى ئادەت ئەمەس، كەمتەرلىك ئەلۋەتتە ئۇنىڭ بىلىم ئىگىلىگەنلىكىنىڭ بىر ئالامىتى.

**كىبرى ئۇستۈن** ← **كىبىرى چوڭ**: ئەمەل مانا شۇنداق كىشىلەرنىڭ كىبرى ئۇستۈن بولۇۋېلىشىغا ۋاستە بولۇپ بەردى. * — ناۋادا ئۇلارغا يېقىنلاپ باردىڭىزمۇ، شۇ ئانلا سەسكىنىپ قالىسىز. ئۇلارنىڭ كىبرى ئۇستۈن، ئۆزىنى باي بىز دەپ ھېچكىمنى كۆزىگە ئىلىشمايدۇ، — دېدى سەيپۇڭ قولىدىكى چاينى يەنە ئىككى ئوتلاپ.

**كىبىر** II ئى [پ] <بوت> ← **كەپە** II.

**كىبىرسىز** سۈپ. كىبرى، چوڭچىلىقى يوق؛ تەكەببۇر ئەمەس: يوقسۇل ئەللەر ھەردەم ساڭا تەلپۈنەر، ئېزىلگەنگە غەمگۇزارسەن، يۆلەكسەن. بۇيۇكسەنكى كىبىرسىز سەن جاھاندا، مەزلۇملارغا ئۇلۇغ گىگانت تىرەكسەن.

**كىبىرلەنمەك** پ. ئۆزىنى چوڭ تۇتماق، چوڭچىلىق قىلماق، تەكەببۇرلانماق: كىبىرلەنمە، تېخى تۇنجى سەپەرگە ئات سېلىپ چىقتىڭ، ئېتىڭغا قامچا، يۈگەندۇر، يولۇڭغا تۇغ گويا ئەخلاق. * ئاسمان بويى مۇز چوققىلار كىبىرلەنمە، ئېرىتەر ئۇلار سېنى سىنىبىتەك، بىل! ئەي ھاڭلار، چەكچەيمىگىن ئۇنچىۋالا، كۆكسۈڭدىن ئۆتكۈزىدۇ نەچچە تونىل.

**كىبىرلىك** سۈپ. ئۆزىنى چوڭ تۇتىدىغان، كىبىرلەنگەن، تەكەببۇر: نىزام ئاتىسىنىڭ گۆشلۈك ۋە پارقىراپ تۇرغان چىرايىغا، بىغەم ۋە كىبىرلىك ئۇچقۇنلىرى چاقناپ تۇرغان كۆزلىرىگە ئېچىنىش بىلەن بىرپەس تىكىلىپ تۇردى. * كەمتەرلىك كىشىگە ئىلگىرىلەش يولى، مەغرۇرلۇق ئۇتتۇقتىن قىلىدۇ يىراق. كىچىك پېئىل قەدىرلىك، كىبىرلىك خورلۇق، داھىنىڭ بۇ سۆزى قەلبىمگە چىراغ.

**كىپ** ئى. لائۇسنىڭ پۇل بىرلىكى.

**كىپارىس** ئى [ر<گرېك] <بوت> ← **كىپارىس دەرىخى**.

**كىپارىس دەرىخى** <بوت> ئارچا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. ئېگىزلىكى 30 مېترغا يېتىدۇ. شاخلىرى ئىنچىكە بولۇپ، پەسكە ساڭگىلاپ تۇرىدۇ. يوپۇرمىقى تەڭگىچە شەكىللىك ۋە كىچىك، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ؛ مېۋىسى يۇملاق، ئۇرۇقى قاسراقسىمان بولىدۇ، پىشقاندا يېرىلىدۇ. ياغىچى سارغۇچ قوڭۇر، پۇراقلىق كېلىدۇ. ئۇنى قۇرۇلۇشتا، كېمىسازلىقتا ياكى ئۆي جابدۇقلىرىنى ياساشقا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**كىپت** ئى [ئە] ① يەلكە: كىپتى چوڭ. كىپتىگە ئالماق. ② تۇرق، قىياپەت: بەستلىك، ئېگىز بوي كەلگەن، توم قارا قاش، كالتە بۇرۇتى، قاڭشارلىق بۇرنى ۋە يۈزىنىڭ كىپتىگە ياراشقان تەمكىن بىر كىشى ئانىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**كىپتىگە ئالماق** زىممىسىگە، قولىغا، ئىلكىگە، ئۆز ذائىرىسىگە ئالماق: ياسىن ئىگىرىش سېخىغا مەسئۇل بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، باشقۇرۇش ۋە ئىقتىساد قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ئۆز كىپتىگە ئېلىپ ئىشلارنى تېزلا كونترول قىلدى.

**كىپتىگە كىرىۋالماق** ئىشەنچىسىگە

ئېرىشىۋالماق، پوستىغا كىرىۋالماق: مۇشۇ كالتە پەمنىڭ كېيتىگە كىرىۋالسام، ئۇشۇقۇم ئالچۇ چۈشىدىغان ئوخشايدۇ.

**كىت** ئى [ر<گرېك] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋان. تۈرلىرى كۆپ، دېڭىز-ئوكيانلاردا ياشايدۇ، تۇغۇپ كۆپىيىدۇ. تەن شەكلى بېلىققا ئوخشايدۇ، تەن ئۇزۇنلۇقى 30 مېتىردىن ئارتۇق كېلىدۇ، هازىرقى زامان هايۋانلىرىنىڭ ئەڭ چوڭلىرى هېسابلىنىدۇ. ئالدىنقى ئايىغى پالاققا ئايلانغان، ئارقا ئايىغى رودىمېنتلاشقان، قۇيرۇقى قۇيرۇق پالاقچىسىغا ئايلانغان. بۇرۇن تۆشۈكى بېشىنىڭ ئۈستىدە، ئۆپكىسى ئارقىلىق نەپەسلىنىدۇ. گۆشىنى يېيىشكە بولىدۇ. يېغى دورىگەرلىكتە ۋە سانائەتتە ئىشلىتىلىدۇ.

**كىت بۇرۇتى** <زوئول> چىشسىز كىتلارنىڭ ئېغىز بوشلۇقىدا ئۆسكەن مۈڭگۈزلەشكەن پلاستىنكا. ئۈچ بۇلۇڭ شەكلىدە كېلىدۇ، ئىنچىكە يېرىقلىرى بولىدۇ. شەكلى بۇرۇتقا ئوخشايدۇ. ئادەتتە ئېغىز بوشلۇقىغا سۈمۈرۈلۈۋاتقان سۇدىكى ئوزۇقلۇقلارنى سۈزۈش رولىنى ئوينايدۇ.

**كىتا** ئى [ر] <زوئول> ← **كىتا بېلىقى.**

**كىتا بېلىقى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 70 — 90 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئېغىزى چوڭ، تەڭگىچىسى كىچىك. ئۇلۇغ ئوكياننىڭ شىمالىدىكى دېڭىزلاردا ياشايدۇ. ياز پەسلى ۋە كۈزنىڭ ئاخىرلىرىدا خېيلوڭجياڭ دەرياسىغا كېلىپ تۇخۇم سالىدۇ. قىلتىرىقى ئاز، گۆشى مەززىلىك.

**كىتاب** ئى [ئە] تۈپلەنگەن ياكى مۇقاۋىلانغان باسما ياكى يازما ئەسەرلەر: كىتاب تۈپلىمەك. كىتاب سېتىۋالماق. كونا كىتاب. ئەرەبچە كىتاب. * شۇندىن كېيىن لېتىپ كىتاب ئوقۇشنى چېكىدىن ئاشۇرۇۋەتمەيدىغان بولدى. ئۇ تاماقتىن كېيىن پەقەت ئۈچ سائەتلا كىتاب كۆرەتتى. * خاسىيەتلىك ئەي كىتاب، ساڭا قىلغايمەن خىتاب. ماڭا شېرىن مېۋەڭنى، ئاتا قىلغايسەن شۇ تاپ!

**كىتاب بوتكىسى** كىتاب-ژۇرناللار سېتىلىدىغان، يۈتكە شەكلىدە بولىدىغان كىچىك ئۆي.

**كىتاب جاۋىنى** كىتابلار تىزىپ قويۇلىدىغان قەۋەتلىك، قاناتسىز كىچىك ئىشكاپ.

**كىتاب خالتىسى** دائىم، باش كۆتۈرمەي كىتاب ئوقۇيدىغان، هەدېسە كىتابتىن گەپ باشلايدىغان ئادەم: — ئىچە، كىتاب خالتىسى، چالا قورساق بولۇۋېلىپ هېلىقى ئالى ئاشخاناڭغا باشلا، مە، مۇنۇ 100 سومغا مېهمان بول! * كىتاب خالتىسى، كىتاب خالتىسىدىن زادى ياخشى گەپ چىقمايدۇ، تالانتىڭ بار، لېكىن زىيانلىقسەن!

**كىتاب شەكىللىك ساقاق** <زوئول> سۇدا ياشايدىغان نەيزە قۇيرۇق قاتارلىق بوغۇم پۇتلۇق هايۋانلارنىڭ نەپەسلىنىش ئورگىنى. كۆپلىگەن كىتاب ۋاراقلىرىغا ئوخشاش ياپراقچىدىن قۇرۇلغان.

**كىتاباز** ئى. قارىغۇلارچە كىتابىي ئىبارىلەرگە ئېسىلىۋېلىپ، ئۇنى كۆتۈرۈپ چىققۇچى كىشى: مېنىڭ ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ قايسىبىر روماندىكى بىر بەدىئىي ئوبراز بولۇپ، بىلىمدان كىشى قىياپىتىگە كىرىۋالغان كىتاباز.

**كىتابازلىق** ئى. ئەمەلىيەتتىن ئايرىلغان، قارىغۇلارچە كىتابىي ئىبارىلەرگە ياكى يۇقىرىنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە ئېسىلىۋالىدىغان بىر خىل خىزمەت ئىستىلى. ئۇ سۇبيېكتىپچىلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

**كىتابپەرەس** سۈپ. كىتاب دېسە هەممىدىن كېچىدىغان، كىتابقا بېرىلىپ كەتكەن: رەيهان پەرهاتنىڭ ئۈچىنچى سىنىپتا، شېرىنئاي-

ـنىڭ ئىككىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقانلىقىنى، شەھىرىمىزنىڭ كىچىككىدە تولىمۇ ئاغرىقچان بولغانلىقىنى، لېكىن پەرھاتنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش كىتابپەرەس بولغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.

**كىتابپەرەسلىك** «كىتابپەرەس» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: كىتابپەرەسلىك ئۇنىڭ ياشلىقىدىكى بىر قىزىقىشتىن ئىبارەت بولغان قىسقا بىر جەريانىدى.

**كىتابپۇرۇش** ئى [ئە+پ] كىتاب ساتقۇچى كىشى: ئۇستازىم شەمشىدىننىڭ موللا دانىش ئىسىملىك كىتابپۇرۇش دوستى بار ئىدى. * ئولتۇرار دۇكاندا كىتابپۇرۇشلار، ئويۇقتا تىزىلغان نادىر ئەسەرلەر. بۇ يەردىن تارىلار قوشنا ئەللەرگە، پەن-ئەقىل قامۇسى ئېسىل گۆھەرلەر.

**كىتابپۇرۇشلۇق** ئى. كىتاب سېتىش ئىشى، كەسپى: كىتابپۇرۇشلۇق قىلماق.

**كىتابچە** ئى. كىچىك كىتاب، براشورا: دەسلەپكى مۇلاھىزە سۈپىتىدىكى بۇ كىتابچە ھەر خىل خاتالىق ۋە نۇقسانلاردىن خالى بولالماسلىقى تەبىئىي.

**كىتابخان** ئى [ئە+پ] كىتاب ئوقۇغۇچى: يېزىمىزغا بۇ قېتىم كەلگەن باشلىق نېمە ئۈچۈن مۇنچىۋالا چوڭقۇر تەسىرات قوزغىۋەتتى؟ بۇ، ئەلۋەتتە، تاسادىپىي ئەمەس. بۇ مەسىلىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يېقىنقى يىللاردا بولۇپ ئۆتكەن بىر ۋەقەنى ھۆرمەتلىك كىتابخانلارغا سۆزلەپ بېرەي. * دەيدۇلەركى دانالار: پەندە ئەسلا تۈز يول يوق، تۈن ۋە كۈن رىيازەت چەك، چارچىماس كىتابخان بول.

**كىتابخانا** ئى [ئە+پ] ① كىتابلار سېتىلىدىغان ئورۇن: ناھىيىلىك شىنخۇا كىتابخانىسى. ② پايدىلىنىدىغان ھەر خىل كىتابلار تىزىپ قويۇلغان مەخسۇس ئۆي: مېنىڭچە بولغاندا، ئوغلۇم، دوختۇرلۇققا كىرگىن، مەن ئۆزۈمنىڭ كىتابخانامنى ساڭا قالدۇرىمەن.

**كىتابخانلىق** «كىتابخان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: دادام كىتابخانلىقتا ئاڭلىغانلىرىنى بىزگە كېلىپ بىرىنى قويماي سۆزلەپ بېرەتتى.

**كىتابخانلىق قىلماق** باشقىلارغا كىتاب ئوقۇپ بەرمەك، ئوقۇغان كىتابلىرىنى سۆزلەپ بەرمەك: جاپپار شۇجى كىتابخانلىق قىلىۋاتقاندەك، سۆزنى ئۇزۇندىن-ئۇزۇن سۆزلەۋاتاتتى، بۇنىڭغا تاقىتى تاق بولغان مەخسۇت تەخىر قىلالماي سۆز قىستۇردى. * قىرائەت قىلىش، ناماز ئوقۇش، دۇئا-تەكبىر ئوقۇش، كىتابخانلىق قىلىش، ۋەز ئېيتىش، روزا تۇتۇش، دىنىي بايرام ئۆتكۈزۈش قاتارلىقلار دىن ئېتىقادچىلىرىنىڭ ئۆز ئىشى، قانۇن ئۇنى قوغدايدۇ.

**كىتابخۇمار** سۈپ. كىتاب ئوقۇشقا ئامراق، كىتابتىن باش كۆتۈرمەيدىغان: سادىق ئويلاپ شۇ يەرگە كەلگەندە، بىردىنلا يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ قارىياغاچلىق بېغىدا، ئايدىڭ كېچىدە جۇمەنىڭ تۇيۇقسىز ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، نومۇس كۈچىدىن مەكتەپتىن كېتىپ قالغان ھېلىقى كېتابخۇمار قىز ئۇنىڭ خىيال ئاسمىنىدىن يەنە غىل-پال ئۆتتى.

**كىتابخۇمارلىق** «كىتابخۇمار» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: دادىسىنىڭ كىتابخۇمارلىقى كىچىكىدىنلا سۈيۈرگە ئاخۇنغا ئۆز تەسىرىنى سىڭدۈرۈپ ئۈلگۈرگەنىدى.

**كىتابۇللا** ئى [ئە] يېز ت. ئاللانىڭ كىتابى، قۇرئان: كىتابۇللادىمۇ ئارتۇق مال-مۈلۈكنى ئاجىز كىشىلەرگە، مەكتەپ، شىپاخانىلارغا ۋە مەدرىسلەر بىنا قىلىشقا، يېتىم، مۇساپىرلار ئۈچۈن ئۆي سېلىشقا، يول، كۆۋرۈكلەرنى ئوڭلاشقا، بوز ئېچىشقا خىراجەت قىلىش پايدىلىق دەپ چىقىدۇ.

**كىتابىي** سۈپ [ئە] ئادەتتىكى سۆزلىشىشتە

كۆپ قوللىنىلمايدىغان، كىتاب تىلى ياكى يازما نۇتۇقتا ئائىت بولغان: كىتابىي سۆز. * ئۇ پۈتۈنلەي كىتابىي تىل بىلەن ھەربىر جۈملىنى پىششىق تۈزەپ، ئالدىرىماي سۆزلەيتتى.

**كىتابىي بىلىم** كىتابتا قەيت قىلىنغان ۋە كىتابتىن ئۆگىنىلگەن، ئەمەلىيەتكە تەتبىقلاشتىن ۋە تەجرىبىدىن ئۆتمىگەن بىلىم، نەزەرىيە: كىتابىي بىلىم ھامان يۈزە بولىدۇ. ھەقىقىي بىلىم ئالاي دېسەڭ بىۋاستە ئەمەلىيەت بىلەن شۇغۇللان. * بىز جەمئىيەتكە قەدەم قويۇش ئالدىدا تۇرغان ياشلار تۇرمۇشقا تولىمۇ غەلىتە تەلەپ قويىدىكەنمىز، مۇنداقچە ئېيتقاندا بىز بەكمۇ رومانتىك ئىكەنمىز، تۇرمۇشنى كىتابىي بىلىملەر بىلەنلا چۈشىنىدىكەنمىز.

**كىتابىي سۆز** كىتاب ۋە يېزىق تىلىدا ئۇچرايدىغان سۆز-ئىبارە.

**كىتابىي گەپ** كىتابلارغا يېزىلغان، ئەمەلىيىتى كۆرۈلمىگەن ئوي-پىكىرلەر، ئەقىدىلەر: — كىتابىي گەپ، — دېدى ۋارىسچان كۈلۈپ، — كىتابتا يېزىلغىنىنى تۇرمۇشقا كۆچۈرۈپ كېلىشكە بولمايدۇ.

**كىتە** ئى → **ياغلىق ئۇچەي**.

**كىتە-مىتە** دىئال. ئۇششاق-چۈششەك، پارچە-پۇرات ئىشلار.

**كىتسىمان** سۈپ. كىتكە ئوخشايدىغان، كىت شەكىللىك: كىتسىمان لەھەڭ.

**كىتسىمان لەھەڭ** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 20 مېترغا يېتىدۇ. ئۇ ھازىرقى زاماندىكى ئەڭ زور بېلىق ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى كۈل رەڭ قوڭۇر ياكى يېشىل قوڭۇر بولۇپ، نۇرغۇنلىغان سېرىق يوللىرى بولىدۇ. ئېغىزى چوڭ، چىشى كىچىك ھەم ياۋاش كېلىدۇ. ئادەتتە لەيلىمە جانلىقلار ۋە كىچىك بېلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. تېرىسىدىن خۇرۇم ئىشلىگىلى، جىگىرىنى قايىنىتىش ئارقىلىق ئېلىنغان مايدىن سانائەتتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**كىت-كىت** ئىتنىڭ كۈچۈكىنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ.

**كىتىر** تەق. قەلەم بىلەن قەغەزگە خەت يېزىشتىن ياكى چاشقان قاتارلىق ھايۋانلارنىڭ نەرسىلەرنى غاجىلىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**كىتىر-كىتىر** «كىتىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ساندۇق ئىچىدىن «كىتىر-كىتىر» قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**كىتىرلاتماق** «كىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كاتىپلار بولسا گەپنىڭ زىر-زەۋىرىنى قالدۇرماي يېزىپ، قەلەملىرىنى كىتىرلاتماقتا ئىدى.

**كىتىرلاشماق** «كىتىرلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىتىرلىتىشماق** «كىتىرلاتماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — كادىر دېگەننىڭ ھەممىسى گەپ ئۆتمەيدىغان قوش قوۋۇرغا كېلەمدىكىن-تاڭ، تېخى كىتىرلىتىشىپ دەپتىرىگە پۈتۈشۈپ كېتىدۇ. ئۆزى قاتناشمىسىمۇ سۆزى قاتناشسۇن دەمدىكىنا، — دېدى نۇراخۇن.

**كىتىرلىماق** پ ① «كىتىر-كىتىر» قىلماق، «كىتىر-كىتىر» قىلغان ئاۋازنى چىقارماق: مانا بۇ يېڭىلىقلارنىڭ پەقەت بىرلا بەختىخانىغا ئوخشاش مىليون-مىليون جاپاكەش ئاياللارنى ئۆتمۈشتىكىدەك ئەسكى تاملارنىڭ ئىچىگە قامىلىپ، چاشقانلاردەك كىتىرلاپ يۈرۈپ كۈن ئۆتكۈزىدىغان بېقىندىلىق ئورنىدىن مەڭگۈ ئازاد قىلدى. * ئەۋرەز تېگىدە كىمدۇر كىتىرلاۋاتقاندەك قىلدى. ② ئاستا، توختىماي ھەرىكەت قىلماق: غوجا ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئورۇنلۇق دەپ بىلىپ يېرىم

كىچىكچىلىك كىتىرلاپ يۈرۈپ، گۆش پىشۇرغۇزدى ۋە ئايۋانغا داستىخان سالدۇرۇپ، گۆشلەرنى ئاچىقتۇردى.

**كىچىك** سۈپ ① ھەجمى، ئۆلچىمى، دائىرىسى چوڭ بولمىغان: كىچىك باغ. كىچىك ئەترەت. كىچىك ماشىنا. * كۆز كىچىك بولسىمۇ كۆرىدىغىنى چوڭ (ماقال). * ئۇلار تېلېۋىزور كۆرۈش ئۈچۈن شىپاخانىنىڭ كىچىك كۇلۇبىغا كىرىپ كەتكەنىدى. * يېزىشتى لەيلى-مەجنۇن ئىشقىنى ئالەمدە كۆپ شائىر، مېنىڭ ئىشقىم يولىدا ئۇ كىچىكرەك بىر قەدەم بولماس. ② ياش جەھەتتىن تۆۋەن، ياش: ئوغۇللار ئىچىدە يېشى ئەڭ كىچىك بولغان قەيسەرگە ھەممىيلەن ئامراق ئىدى. * پادىشاھنىڭ كۆيئوغلى نېمىلا بولسا مۇشۇ ئايالدىن بىر سوراپ باقاي دەپ قېشىغا كەلسە بۇ ئايال ئۆزىنىڭ دىۋانىگە بېرىۋەتكەن كىچىك سىڭلىسى ئىكەن. // كىچىكى يەنە بىر سەكرەپلا هارۋىغا چىقتى-دە، يۈك-تاقلىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى. * تاغدا يايلىغان ئاتلار، تاغنى يات ئېتىپ كەتتى. كىچىك ئوينىغان يارلار، ئەمدى ئايرىلىپ كەتتى. ③ كۆپچە. تەجرىبە-ساۋاقى ئىگە بولمىغان، نادان: — ھەي تېخى سىز كىچىك ئىكەنسىز، دىۋە بىلەن ئويناشقىلى بولمايدۇ، يولىڭىزغا قايتىڭ، دەپتۇ. ④ ۋەزىپە، ئەمەل جەھەتتىن يۇقىرى بولمىغان: بۇگۇن چوڭ-كىچىك ئەمەلدارلارنىڭ ھەممىسى بار. * دادام كىچىك بولسىمۇ باشلىق، ئۇنىڭ چوڭ باشلىقلار-دىن ئاغىنىسى كۆپ تۇرۇپمۇ ماڭا يول ماڭمىدى. ⑤ قاتناشچىلىرى ئاز، داغدۇغىسى، ھەشەمىتى ئانچە زور ئەمەس: كىچىك سورۇن. كىچىك يىغىن. ⑥ ئانچە ئەھمىيە-تى، زۆرۈرىيىتى بولمىغان؛ ئاددىي: كىچىك ئىشنى قىلالمىغان ئادەم، چوڭ ئىشنىمۇ قىلالمايدۇ. * بۇنى ئېلىپ كەلگەن كىشىنىڭ ماڭا قويغان شەرتىمۇ كىچىك ئەمەس.

**كىچىك ئاپا** ← **كىچىك ئانا**: بۇ ئۇنىڭ كىچىك ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.

**كىچىك ئاتا** ← **كىچىك دادا**: دادامدىن كېيىن قېلىپ كىچىك ئاتامنىڭ تەربىيىسىدە يېزىدا تۇرۇپ، مەكتەپكە كىردىم.

**كىچىك ئاتالغۇ** <لوگ> كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكتىكى يەكۈننىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى.

**كىچىك ئاچا** ئاچىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى (كىچىكلەرگە نىسبەتەن): چوڭ ئاچام دوختۇر، ئوتتۇرانچىسى ئوقۇتقۇچى ئىدى. كىچىك ئاچام داشۆگە كىرگىنىگە ئەمدىلا ئىككى يىل بولغانىدى.

**كىچىك ئاغ** شىمنىڭ ئالدى پېشىنىڭ ئاغ ئەگمىسى.

**كىچىك ئاق قۇ** <زوئول> ئاق قۇنىڭ تېنى كىچىكرەك بىر خىلى. تۇمشۇقى قىسقا كېلىدۇ.

**كىچىك ئاكا** ئاكىلىرىنىڭ ئىچىدىكى ھەممىدىن كىچىكى (كىچىك قېرىنداشلارغا نىسبەتەن): كىچىك ئاكامنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا بىرئاز ئېپى بولغاچقا، ھەپتە ئارىلاپ بازارغا كىرىپ سودا-سېتىق قىلىپ يانچۇقنى تومىلاپ چىقىدىغان بولدى.

**كىچىك ئالدىنقى شەرت** <لوگ> كەسمە ئۈچ ھۆكۈملۈكنىڭ بىر تەركىبىي قىسمى. ئۇنىڭ تەركىبىدە يەكۈننىڭ ھۆكۈملەنگۈچىسى يەنى كىچىك ئاتالغۇ بولىدۇ. ئۇ كونكرېت ئەھۋالنى بىلدۈرىدىغان ھۆكۈمدۇر.

**كىچىك ئانا** ئاتىسى ياكى ئانىسىنىڭ سىڭلىسى: ئانام ئېغىر كېسەل ئازابىدا يېتىۋاتقاندا كىچىك ئانامنىڭ بۇنداق كۆزەينەك تاقاپ غەلىتە قىياپەتتە ئۆيگە كىرىشى ماڭا ئانچە ياقمىدى.

**كىچىك ئاي** <ئاستر> مىلادىيە يىل ھېسابىدا 30 كۈنلۈك ئايلار، دېھقانلار كالېندارىدا (قەمەرىيە ۋە ھىجرىيە ھېسابىدا) 29 كۈنلۈك ئايلار كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كىچىك ئەترەت** ① ئوتتۇرا ئەترەتتىن كىچىك تەشكىلىي بىرلىك، شىياۋدۈي: پىئونېرلار كىچىك ئەترىتى. ② تارىخ. ئىشلەپچىقىرىش شىياۋدۈيى، يەنى مەملىكىتىمىز تارىخىدىكى يېزا گوڭشېلىرىدىكى ئەڭ كىچىك تەشكىلىي بىرلىك.

**كىچىك باشاق** <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل رېتىنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىك. بىر كىچىك باشاقتا بىر تالدىن بىرنەچچە تالغىچە گۈل ۋە كىچىك باشاقنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرغۇچى ئىككى تال قاسىراقچە بولىدۇ. كىچىك باشاقلار بىرلىشىپ گۈل رېتىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن، بۇغداينىڭ باشىقىدا نۇرغۇنلىغان كىچىك باشاقلار بولىدۇ. ھەربىر كىچىك باشاقتا ئىككىدىن يەتتە تالغىچە گۈل بولىدۇ.

**كىچىك بەھەڭ** دىئال. پىلە قۇرتىنىڭ ئۈچىنچى قېتىم ئۇخلاش ۋاقتى.

**كىچىك بوۋا** بوۋىسى ياكى مومىسىنىڭ ئىنىسى.

**كىچىك بېلىقچى قۇشلار** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تۇمشۇقى ئۇزۇن ھەم ئۇچلۇق، بەزى تۈرلىرىنىڭ بېشىدا تاجسىمان پەي — تۈكلىرى بولىدۇ. دائىم كىچىك ئېقىنلارنىڭ بويىدىكى دەرەخلەرگە ماكانلىشىدۇ. سۇدىكى بېلىق ھەم راكلارنى تۇتۇپ يەيدۇ.

**كىچىك پېئىل** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن، كەمتەر تۇتىدىغان؛ كەمتەر: مەھزۇنى مەكتۇبىدىن سۆيۈندى ئۇ، ماڭا بەك كىچىك پېئىل كۆرۈندى ئۇ.

**كىچىك پېئىللىق** ئۆزىنى باشقىلاردىن تۆۋەن، كەمتەر تۇتىدىغان خاراكتېر، ئادەت: جاھاندا ئەھلى ئىنسانغا كىچىك پېئىللىق ئېسىل خىسلەت، بۈيۈككى ھەممىدىن ئەلنىڭ دىلىدىن ئۇرغىغان ھۆرمەت.

**كىچىك تەرەت** تاناسىل ئەزالىرى ئارقىلىق سىرتقا چىقىرىلىدىغان سۈيۈقلۇق، سۈيدۈك: كىچىك تەرەت قىلماق.

**كىچىك تەيجى** ۋاڭلىق تۈزۈمىدىكى قانۇن، سوراق، دەۋا ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

**كىچىك تىل** <ئانات> يۇمشاق تاڭلاينىڭ ئارقا تەرىپىدىكى پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان، مۇسكۇلدىن تۈزۈلگەن كىچىك ئۆسۈكچە. كونۇسقا ئوخشاپراق كېتىدۇ. نەرسىلەرنى يۇتقاندا، يۇمشاق تاڭلايغا ئەگىشىپ يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ، بۇرۇن بوشلۇقىنىڭ يولىنى ئېتىۋېلىش رولىنى ئوينايدۇ.

**كىچىك تىلى چىقماق** ئىچكى سىرلىرىنى سۆزلەيدىغان بولۇپ كەتمەك: ئىككى پىيالە هاراق ئاشقازانغا كىرگەندىن كېيىن. ئۇلارنىڭ كىچىك تىللىرى چىققىلى تۇردى.

**كىچىك تىلنى بىلمەك** ① بىرەر نەرسىنى ئىشلىتىشنىڭ ئەڭ نازۇك تەرەپلىرىنى، ئۇجۇر-بۇجۇرىنى بىلمەك: قاسىم سادىق تۇغما تۇگمەنچى، ئۇ تۈگمەن-سوقا دېگەنلەرنىڭ ھەممە كىچىك تىلىنى بىلىدۇ. ② ئىچكى سىرىنى، قورسىقىنىڭ ئىچىدىكىنى بىلمەك: سەن ئۇنىڭ كىچىك تىلىنى بىلسەن، دەپ باقە ئۇ بۇ ئىشقا قانداق قارار؟

**كىچىك تىلى ئۇزارماق** ئاغزىغا كەلگەننى سۆزلەپ تۇرىدىغان بولۇپ كەتمەك: مېنىڭ بىردىنلا كۈلگۈم كېلىپ: — ۋۇي،

نېمە دەۋاتىسەن، بۈگۈن كىچىك تىلىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىپتىغۇ؟ كىمدىن ئۆگىنەتتىم، يانچۇقۇمدىكى قىزىل تاشلىق كىنىشكىدىن ئۆگەنگەندىم! — دېدىم-دە مەيدەمگە ئۇرۇپ قويدۇم.

**كىچىك جاغ** <زوئول> بەزى بوغۇم پۇتلۇق ھايۋانلارنىڭ ئوزۇقلۇق قوبۇل قىلىدىغان ئىككىنچى جۈپ (بەزىلىرىنىڭ ئۈچىنچى جۈپ) ئورگىنى. ئېغىز ئورگىنىنىڭ ئىككى تەرىپىنىڭ ئاستىنقى قىسمىغا جايلاشقان. ئىنتايىن كىچىك بولىدۇ. ئۈستىدە نۇرغۇنلىغان ئۇششاق تۈكلەر ئۆسكەن بولىدۇ.

**كىچىك چوڭ دادا** چوڭ دادا (بوۋا) نىڭ ئىنىسى.

**كىچىك خوتۇن** كونا جەمئىيەتتە ئەرلەرنىڭ خوتۇنى ئۈستىگە ئالغان يەنە بىر خوتۇنى: كىچىك خوتۇن ئابلىز قارىنىڭ ئەمرىدە بىرەر يىل تۇرا-تۇرمايلا سەۋەبسىز قازا قىلدى.

**كىچىك خوخا** <بوت> مۇرەككەپ گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى سوقىچاق، تىكەنلىرى بار. گۈلى سۆسۈن قىزىل. ئۇرۇق مېۋىسى سوقىچاق. يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ، تۇرۇپ قالغان قانلارنى ماگدۇرۇش، قان توختىتىش رولى بار.

**كىچىك دادا** ئاتىسى (دادىسى) ياكى ئاپىسى (ئانىسى) نىڭ ئىنىسى، تاغا.

**كىچىك دۈپ دەرىخى** <بوت> دۈپ دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. ئازراق تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، گىرۋەكلىرىدە يىرىك ھەرە چىشلىرى بولىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتلىق-ئانىلىقى بىر تۈپتە بولىدۇ. ئۇرۇقىدىن كراخمال ئېلىنىدۇ، قوۋزىقىدىن كاشتان يېلىمى ئېلىشقا بولىدۇ.

**كىچىك دوغداق** <زوئول> دوغداقنىڭ كىچىك بولىغان بىر خىلى.

**كىچىك زەنجىۋىل** <بوت> زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى سىلىندىر شەكىللىك، سۇس سېرىق رەڭلىك بولىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئېللىپسسىمان تۆمۈنە شەكىللىك بولىدۇ. گۈلى چوڭ، ئاق ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك، مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. غول ۋە يوپۇرماقلىرىدىن چىنغ چورۇق توقۇشقا بولىدۇ. يىلتىزى جۇڭيى دورىسى قىلىنىدۇ.

**كىچىك سەمەندەر** <زوئول> قوش ماكانلىق ھايۋان. تېنىنىڭ شەكلى چوڭ سەمەندەرگە ئوخشايدۇ، لېكىن كىچىكرەك، قۇيرۇقى يېسسى، تۆت ئايىغى قىسقا، چىشى « V » شەكلىدە. سۇ بويىدىكى چۆپلۈكتە ياشايدۇ.

**كىچىك سەييارىلەر** <ئاستر> قۇياش سىستېمىسىدىكى قۇياشنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان، ھەجمى كىچىك ۋە يەر شارىدىن قارىغاندا كۆرگىلى بولمايدىغان سەييارىلەر. ھازىرغىچە بۇنداق سەييارىلەردىن 1600 ى ئېنىقلانغان بولۇپ، ئەڭ چوڭى « سېرېرا » دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ دىئامېترى 770 كىلومېتر، ئەڭ كىچىكىنىڭ دىئامېترى بىر كىلومېترغىمۇ يەتمەيدۇ. بۇ سەييارىلەرنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ئايلىنىش ئوربىتىسى مارس بىلەن يۇپىتېر ئارىلىقىدا بولىدۇ.

**كىچىك سېرىق قۇشقاچ** <زوئول> سېرىق قۇشقاچنىڭ كىچىك بولىغان بىر خىلى.

**كىچىك شارسىمان يۇسۇن** <بوت>

يېشىل يۇسۇنلەرنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى، يەنى سۇدا لەيلەپ ياشايدىغان بىر ھۈجەيرىلىك ئۆسۈملۈك. شەكلى يۇمىلاق ياكى سوقچاق، ھۈجەيرە پوستى نېپىز. بىر دانە خلوروپلاستى بولۇپ، ئىستاكانغا ئوخشايدۇ. ھۈجەيرە بۆلۈنۈش ئۇسۇلى بىلەن كۆپىيىدۇ. ئۇنىڭدا جىنسلىق كۆپىيىش بولمايدۇ. ئادەتتە توختاپ قالغان سۇلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ھازىر ئالەم كېمىسىدە ھاۋا ۋە ئوزۇقلۇق مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى تەتقىقات ماتېرىيالى قىلىنماقتا.

**كىچىك شەمشاد** <بوت> ← **مېتاساكوۋديە دەرىخى.**

**كىچىك قان ئايلىنىش** <فىزئول> ← **ئۆپكە قان ئايلىنىشى.**

**كىچىك قىزىل بېلىق** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ياپىلاقراق ئۇزۇنچاق، ئۇزۇنلۇقى 80 سانتىمېتىر كېلىدۇ. دۈمبىسى كۆل رەڭ سۆسۈن، ئۈستىدە قارا رەڭلىك ئۇششاق سەپكۈنلىرى بولىدۇ. قورسىقى كۈمۈش رەڭدە، ئېغىزى سەل كىچىك، چىشى كۆپ، تەڭگىچىسى ئۇششاق بولىدۇ. تاتلىق سۇدا ياشايدۇ، ئومۇرتقىسىز ھايۋانلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**كىچىك كاككۇك** <زوئول> كاككۇكنىڭ بىر خىلى. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 28 سانتىمېتىر كېلىدۇ. تۇمشۇقى تۇم قارا، ئىنچىكە ھەم ئەگمەچ كېلىدۇ. دۈمبە پەيلىرى كۆكۈچ كۈل رەڭ، قورساق پەيلىرى ئاق ۋە ئۇششاق قارا يوللىرى بولىدۇ، پۇتى سېرىق. ئادەتتە ئورمانلىقتا ياشايدۇ. خۇسۇسىيىتى ئادەتتىكى كاككۇكنىڭ خۇسۇسىيىتىگە ئوخشايدۇ. ئۆزى ئۇۋا ياسىمايدۇ. كېپە-نەك قۇرتىنى ياخشى كۆرىدۇ. دېھقانچى-لىق ۋە ئورمانچىلىقتا پايدىلىق قۇش ھېسابلىنىدۇ.

**كىچىك گامېتا خالتىسى** <بىئول> كىچىك گامېتا ھاسىل قىلىدىغان بىر خىل گامېتا خالتىسى.

**كىچىك گامېتىلىق كۆپىيىش** <بىئول> بەزى ئىپتىدائىي ھايۋانلار ياكى يۇسۇن-لەر ئىچىدىكى كىچىك ئەركەك گامېتا ۋە چىشى گامېتىلارنىڭ بىرىكىشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنسلىق كۆپىيىش شەكلى.

**كىچىك موما** مومىسىنىڭ سىڭلىسى.

**كىچىك مۇشۇك ئېيىق** <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن 65 سانتىمېتىر كېلىدۇ. بېشىنىڭ رەڭگى قوڭۇر بىلەن ئاق رەڭ ئارىلىقىدا، دۈمبىسى قوڭۇر، قۇيرۇقى ئۇزۇن ھەم توم، رەڭگى ئاقۇچ سېرىق. سۇبتروپىك بەلباغدىكى ئېگىز تاغلاردا ياشايدۇ. دەرەخكە چىقالايدۇ. مېۋە، كۆكتات، بامبۇك ۋە كىچىك قۇشلارنى يەيدۇ. ئەتىۋارلىق ھايۋان ھېسابلىنىلىدۇ.

**كىچىك مېڭە** <ئانات> ئارقا مېڭىنىڭ بىر قىسمى. چوڭ مېڭىنىڭ ئارقا تۆۋەن تەرىپىگە، مېڭە كۆۋرۈكى ۋە ئۇزۇنچاق مېڭىنىڭ دۈمبە تەرىپىگە توغرا كېلىدۇ. ئۇنىڭ ئاساسلىق ۋەزىپىسى ئادەم بەدىنىنىڭ ھەرىكىتىنى تەڭشەشتىن ئىبارەت. كىچىك مېڭە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىسا، بەدەن ھەرىكىتى نورمال بولغان جانلىقلىق ۋە توغرىلىقنى يوقىتىدۇ.

**كىچىك مېۋىلىك ئەنجۇر دەرىخى** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولىدا نۇرغۇن شاخلىرى، ھاۋا يىلتىزى بار، باراقسانلاي-دۇ، يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ.

ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، سېرىق ياكى سۇس قىزىل كېلىدۇ. مېۋىسى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە، رەڭگى سېرىق ياكى قىزغۇچ قوڭۇر رەڭلىك. تروپىك بەلباغدا ئۆسىدۇ، ياغىچىدىن جابدۇقلارنى ياساشقا بولىدۇ. يوپۇرمىقى، ھاۋا يىلتىزى ۋە قوۋزاقلىرىنى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**كىچىك ھەرپلىك گىرۇپپا** <مۇز> تۆۋەن ئاۋازلىق نوتا سىزىقىنىڭ 2-سىزىق ئارىلىقىدىكى c ئاۋازدىن يۇقىرىغا قوشۇلغان 1-سىزىقتىكى b ئاۋازغىچە شەكىللەنگەن گىرۇپپا.

**كىچىك ھېكايە** <ئەد> ھەجمى ۋە سىغىمچانلىقى جەھەتتە ئادەتتىكى ھېكايىلەرگە قارىغاندىمۇ قىسقا ۋە ئەپچىل بولغان ھېكايە.

**كىچىك ئۇرۇقلۇق قارىغاي** <بوت> قارىغاي ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. باراقسىنى كونۇس شەكلىدە، پوستى تەڭگىچە قاسىراق شەكلىدە، يوپۇرمىقى ياپىلاق تاسمىسىمان، گۈلى تاق جىنسلىق، ئاتىلىق گۈلى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، ئانىلىق گۈلى سۇس سۆسۈن رەڭلىك، شارسىمان مېۋىسى سىلىندىر ياكى ئۇزۇن يۇملاق شەكلىدە بولىدۇ. ياغىچى سۇس قىزىل رەڭلىك بولۇپ، قۇرۇلۇش ماتېرىيالى قىلىشقا، سايمان-جابدۇق ياساشقا ياكى شپال، ستولبا قىلىشقا بولىدۇ.

**كىچىك ئۆي چاشقىنى** <زوئول> ئۆي چاشقانلىرىنىڭ بىر خىلى. تېنى كىچىك، قوڭۇر، ئۆي چاشقىنىنىڭ يېرىمىغىمۇ يەتمەيدۇ. تۇمشۇقى ئۇچلۇق ھەم ئۇزۇن، قۇلىقى سەل چوڭ، قۇيرۇقى ئىنچىكە، ئۇزۇن. پۈتۈن تېنى قارامتۇل كۈل رەڭ ياكى كۈل رەڭ قوڭۇر، چاشقان كېسىلىنىڭ تارقىلىشىدىكى ۋاسىتە ھېسابلىنىدۇ.

**كىچىك ئېيىق يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئالەم قۇتۇپىغا ئەڭ يېقىن بولغان يۇلتۇز تۈركۈمى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 15 سائەت 30 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى °75 قا توغرا كېلىدۇ.

**كىچىك ئىت يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> ئېكۋاتور بەلبېغىدىكى يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى يەتتە سائەت 40 مىنۇت؛ ئېكۋاتور كەڭلىكى °7، يەنى ئورىئون يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ شەرقىدىن تەخمىنەن °30 يىراقلىقتا؛ جەۋزا، بوبرى كىيىك قاتارلىق يۇلتۇز تۈركۈملىرى ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ.

**كىچىك يادرو** <زوئول> چوڭ يادروغا نىسبەتەن ئېيتىلغان، يەنى ئاددىي ھايۋانلاردىكى كىرپىك تۈكلۈكلەر (توفلېكا، قوڭغۇراق قۇرت) تېنىدىكى كىچىك يادرو. ئادەتتە بىر ياكى بىرقانچە بولىدۇ. ئىرسىيەتلىك رولى بار. باشقا ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىگە تەڭ كېلىدۇ.

**كىچىك ياي** <مات> يېرىم چەمبەردىن كىچىك بولغان ياي.

**كىچىك يەڭ** كىيىم يېڭىنىڭ ئاستىنقى قىسمى.

**كىچىك يوپۇرماق** <بوت> مۇرەككەپ يوپۇرماقنى تەشكىل قىلغۇچى بىرلىك. بىر تال مۇرەككەپ يوپۇرماق ئىككىدىن ئارتۇق كىچىك يوپۇرماقتىن تەركىب تاپىدۇ. مەسىلەن، جاڭدۇنىڭ ياكى بېدىنىڭ بىر تال مۇرەككەپ يوپۇرمىقىدا

ئۈچ تال كىچىك يوپۇرماق بولىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق ئەرمىدۇن** <بوت> كەركىدانگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ ياكى چاتقال. يوپۇرمىقى تاق سانلىق پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق بولۇپ، كىچىك يوپۇرماقلىرى ئادەتتە بەشتىن بولىدۇ، تۇخۇم شەكلىدە كېلىدۇ، ئىككى يۈزىدە تۈكى بولمايدۇ. گۈلى باش يازدا ئېچىلىدۇ، رەڭگى ئاچ يېشىل ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. قاناتلىق مېۋىسى تار، ئۇزۇن ھەم ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. قوۋزىقى تىبابەتچىلىكتە قىزىتمىنى ياندۇرۇش دورىسى سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ. ياغىچى قۇرۇلۇش ۋە ئۆي جاھازلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇرۇقىدىن ماي تارتىلىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق بۇكسۇس دەرىخى** <بوت> كىچىك يوپۇرماقلىق بۇكسۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى تۆمۈنە ياكى تۇخۇم شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى سېرىق، سېسىق پۇرايدۇ. ياغىچى ئاچ سېرىق ۋە زىچ كېلىدۇ. ئويمىچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق تېرەك** <بوت> تال تېرەكلەر ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى تەتۈر تۇخۇم ياكى ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى پوتلىسىمان گۈل رېتىدە، غوزا مېۋىسى تۇخۇم شەكلىدە بولىدۇ. ياغىچى يۇمشاق بولۇپ قەغەز ياساش، قۇرۇلۇش، سەرەڭگە ياساش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىچىك يوپۇرماقلىق قارىياغاچ** <بوت> قارىياغاچ ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، كۆزدە چېچەكلەيدۇ، گۈلى كىچىك، سۇس سېرىق، مېۋىسى قاناتلىق مېۋە، ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. ياغىچى پۇختا ۋە چىڭ بولۇپ، ھارۋا چاقى ۋە دېھقانچىلىق قوراللىرىنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**كىچىك يېزىلىشى** <تىل> بەزى ئېلىپبەلىك يېزىق ھەرپلىرىنىڭ كىچىك يېزىلىدىغان شەكلى. مەسىلەن، C, B ,A لارنىڭ كىچىك يېزىلىشى c, b, a بولىدۇ.

**كىچىك يېكەن توخۇسى** <زوئول> بىر خىل قۇش. شەكلى توخۇغا ئوخشاپ قالىدۇ، ئەمما كىچىك كېلىدۇ، پەي-تۈكلىرى قىزغۇچ، دۈمبە تەرىپى زەيتۇن رەڭ، تۇمشۇقى يېشىلغا مايىل قوڭۇر، پۇتى قىزىل بولىدۇ. ئوتلاق ۋە سۆلۈق ئېتىزلاردا ياشايدۇ.

**كىچىككىنە** ① سۈپ. ناھايىتى كىچىك: پەرھات ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىككىنە ئوماق قىز رەنا پەيدا بولدى. * ئۇشتۇمتۇت شۇ چاغدا بولۇپ ئۆتكەن كىچىككىنە بىر ۋەقە ئېسىمگە چۈشتى. ② رەۋ. بىرئاز، ئازراق: — كىچىككىنە سەۋر قىلىڭلار، — دېدى لۇتپۇللا، — يىلاننىڭ سىرى بىردەمدىن كېيىن ئېچىلىدۇ. * — مەخپىر ئاكا، سىنىڭدىن رەنجىشىم يوق، — ئۇ پەس ئاۋازدا دېدى، — يولۇمغا پۇتلاشمىساڭ، بازاردا پۇلنى ئاسان دوملاتقىلى بولىدىكەن، كىچىككىنە پىتلىنىۋالاي.

**كىچىكلە تكۈزمەك** « كىچىكلىمەك » پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىچىكلە تكۈزۈلمەك** « كىچىكلە تكۈزمەك » پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شۇ چاغدا كىچىكلە تكۈزۈلگەن پەلەمپەي ئېتىزلار بۇ كەنتنىڭ داجەيدىن ئۆگىنىشتىكى بىر يېڭىلىقى

ھېسابلىناتتى.

**كىچىكلە تمەك** «كىچىكلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ ۋاقىتنى ھەر كۈنى ئۆزى خاتىرىلەپلا قالماستىن، يەنە ئۆزى ھېسابلايتتى، ئىنچىكىلىكتە چېكىگە يەتكەندى. ھېچنېمنى يوشۇرمايتتى، ھېچنېمنى كىچىكلە تمەيتتى. * ئىشەنمىسىڭىز مەن قاتارلىق ئادەملەردىن سوراپ بېقىڭ. مۇبادا بىشىمنى كىچىكلىتىپ يوشۇرغان بولسام مېنى تەنقىد قىلىڭ.

**كىچىكلە شمەك** پ. تەدرىجىي كىچىك ھالەتكە كەلمەك، كىچىكلىمەك: ئاسىگۈل سەمرىپ كۆزلىرى كىچىكلىشىپ كەتكەچكە، تونۇيالمىغىلى تاسلا قالغانىدىم.

**كىچىكلىتىلمەك** «كىچىكلە تمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سادىق بىرنەچچە تال ئۆزۈمنى ئاغزىغا سالغاندىن كېيىن، ماشرەڭ سومكىسىدىن كىچىكلىتىلگەن «تەرەققىيات خەرىتىسى» بىلەن «سۇ ئامبىرى خەرىتىسى»-نى ئېلىپ شىرە ئۈستىگە يايدى.

**كىچىكلىك** ① «كىچىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھازىرقى ئىشخانا مۇدىرى دېگەن ۋەزىپە ئۇنىڭ قانات كېرىپ ئۇچۇشىغا كىچىكلىك قىلاتتى. ② ئى. كىچىك، گۆدەك چاغ؛ گۆدەكلىك: ئاللا يارىم بېشىڭدىكى مانچىستىر بۆكمۇ؟ كىچىكلىكتە ئوينىۋىدۇق، ئەمدى يول يوقمۇ؟

**كىچىكلىك بەلگىسى** <مات> بىر سان (ياكى ئىپادە) نىڭ ئىككىنچى بىر سان (ياكى ئىپادە) دىن كىچىك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان بەلگە. «>» بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**كىچىكلىك قىلماق** ① ئەسلىي تەلەپ، ئېھتىياجغا نىسبەتەن كەم، كىچىك، تار دەپ قارالماق؛ كىچىك كەلمەك: چاپان ماڭا بىرئاز كىچىكلىك قىلدى. * ئەپەندىمنىڭ قازىنى كىچىكلىك قىلىپ، بىر باي قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قازان سوراپ بېرىپتۇ. ② نادانلىق، ياشلىق قىلماق: يەنە بىر نەسىھىتىم شۇكى، ئاز-تولا قىيىنچىلىققا ئۇچرىسىڭىز كىچىكلىك قىلىپ ئوقۇمايمەن دەپ چېكىنمەڭ.

**كىچىكلىمەك** پ ① كىچىك ھالەتكە كەلمەك؛ ئورنى، ھەجمى جەھەتتىن تارايماق: جاپپار شۇجىڭ سېمىزلىكتىن كىچىكلەپ قالغان كۆزلىرى ماڭا تىكىلدى. * قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تۈپەيلىدىن، تەبىئىي ئورمان كۆلىمى يىلدىن-يىلغا كىچىكلەپ 460 مىڭ موغا چۈشۈپ قالدى. ② ئۆز ئىچىگە ئالغان سان، مىقدارى ئەسلىدىكىدىن ئازىيىپ، كېمىلەپ كەتمەك: باتالىيونىمىز كىچىكلىمىدى، ئەكسىچە شۇنچە كۆپ ئۇرۇشلار-نى قۇربانسىز ئاخىرلاشتۇرمىغانلىقىغا قارىماي، بۈگۈن ئەسلىدىكىدىن بەش ھەسسە چوڭ مۇنتىزىم ھەربىي قوشۇن، تولۇق تۆت باتالىيونلۇق جەنۇبىي يۆنىلىش پولكى بولۇپ قالدى. * كوممۇنىستىك پارتىيە رەھبەرلىكىدىكى خەلق كۈچلىرى 1927-يىلى گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ، ناھايىتى كىچىكلەپ كەتكەندى. ③ جىسمى، گەۋدى-سىي نورمال ھالەتتىن پەسلىمەك؛ ۋىجىكلە شمەك: چىرىيىنىڭ قارا قويى، تاشقورغاننىڭ چوڭ قۇيرۇقلۇق قويى قاتارلىقلار ئەسلىدە چوڭ بولۇپ، ھازىر ئىلگىرىكىدىن كىچىكلەپ كەتكەن. * ئۇنىڭ ئاۋازى «قوشتاغ»-ئاسمىنىدا ئەكس سادا پەيدا قىلدى. لېكىن ئاتنىڭ قارىسى بارغانسېرى كىچىكلەپ ئاخىرى غايىب بولدى. ④ ئەمەل، مەرتىۋە جەھەتتىن تۆۋەنلىمەك: كىچىك پېئىل بولساڭ، كىچىكلەپ كەتمەيسەن (ماقال).

**كىدان** ئى <ئىرق> ← **قىتان.**

**كىر** ئى ① نەرسىلەرنىڭ ئۈستىگە، بەدەنگە قونغان، چاپلاشقان، يۇققان

چاڭ-توزان قاتارلىق مەينەت، پاسكىنا نەرسىلەر: ئۇ خۇددى ياش يىگىتلەردەك ئاق كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىغا كىر قوندۇرماي يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدۇ. // — يۈرۈڭ، تارتىنماڭ! — قىز نادەمنىڭ كىر چاپىنىنىڭ يېڭىدىن چىمدىپ تۇتۇپ تارتتى. * سىلى ئۆلگەندىن كېيىن، ئانام-ئانام-ئانام. كىيگەنلىرىم كىر كۆڭلەك. ئانام-ئانام-ئانام، يۆلىكىم ئانام. ② يۇيۇلىدىغان ياكى يۇيۇلغان كىرلەشكەن كىيىم-كېچەك قاتارلىق نەرسىلەر: ئەتىسى سائادەت كېلىپ كىرلىرىمنى ئېلىپ كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يۇيۇلغان كىرلىرىمنى ئېلىپ كېلىپ توقۇش دۇكىنىمنىڭ يېنىدا خېلىغىچە قاراپ ئولتۇردى. * نېمىشقا ئاۋارىچىلىك بولىدىكەن. خىزمىتىڭىز شۇنچە ئالدىراش تۇرسا، مەن تېخى تاماقتىن قىيىنىلىپ قالارمۇ، كىرلىرىنى كىم يۇيۇپ بېرەر، ياخشى دەم ئالالماي قالارمۇ دەپ ئەنسىرەۋاتمەن دەڭا. ③ كۆچمە. يامانلىق، ئاداۋەت، غۇم: كۆڭۈلدە كىر ساقلاپ نېمە قىلىمىز؟ ھەممىمىز ئۆز ئادەم، بىر-بىرىمىزنى ئەپۇ قىلمىساق، بۇ جاھان قانداق ئۆرە تۇرىدۇ، ئۇكام؟! * يۈرىكىمدە ساقلاپ كەلدىم سىر، كۆڭۈلەر سىرى ئۇلغايدى ئىشقىم. قوندۇرمىدىم ئەقىدىگە كىر، ساڭا مەھكەم چېتىلدى رىشتەم.

**كىر بولماق** كىر پەيدا بولماق، كىرلەشمەك: يۈزۈڭ كىر بولسا، ئەينەك كىر دېمە (ماقال).

**كىر سوپۇن** <خىم> كىر يۇيۇشقا ئىشلىتىلىدىغان سوپۇن.

**كىر قىلماق** پاسكىنا، مەينەت قىلىۋەتمەك؛ كىرلەشتۈرمەك: ئۇ بالا ئۇستىبېشىنى كىر قىلىۋەتكەنلىكىدىن خىجالەت بولغاندەك يەرگە قاراپ تۇردى.

**كىر كۆتۈرۈشلۈك** ئاسان كىرلەشمەيدىغان، كىرلەشكىنى ئاسان بىلىنمەيدىغان: — بىسلىگە كىيىم ئەكەلدىم، — دېدى زەرىپخان قولىدىكى بوپىسىنى شەرەت قىلىپ، — كىر كۆتۈرۈشلۈك، قارا دىچۆلىياڭ كۆڭلەك، قارا دۇخاۋا بۆك، قارا چىبەرقۇت ئىشتان، قارا خەي.

**كىرگە پىشىپ كەتمەك** بەك كىرلىشىپ، مەينەت بولۇپ كەتمەك: بىر كۈنى تۇردىخان قۇباقنىڭ كىرگە پىشىپ كەتكەن كۆڭلىكىنى يۇدى.

**كىرا** ئى [ئە] ① بەلگىلىك ھەق بېرىش شەرتى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىشلىتىش، ئىجارە: ھارۋا كىرا قىلماق. كىراغا ئالماق. كىراغا بەرمەك. روزى بالىنى ھاپاش قىلىپ تاشقىرىغا چىققاندا، كىرا ھارۋىسىنى ئاللىقاچان ماڭدۇرۇۋەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى. * ئۇلار مەيدىن چۈشۈپ، كىرا ھەققىنى بېرىپ بولغاندىن كېيىن، كوچىلارغا قاراپ پىيادە ماڭدى. ② يۆتكەيدىغان يۈك: — تۆت! تۆت ئېشىكى بار ئادەممۇ ئۆزىنى ئېشەكچى دەپ بازارغا سالامدۇ! — ھېسامىدىن زۇپەر دىمىغىدا كۈلۈپ ئولتۇرغانلارغا قاراپ قويغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەمنى يولغا سېلىۋەتمەكچى بولدى، — بىزدە تۆت ئېشەككە بەرگۈدەك كىرا يوق. ③ ئىشلەتكەن ياكى پايدىلانغانلىقى ئۈچۈن تاپشۇرۇلىدىغان ھەق، پۇل: — قۇرۇق رەھمەت ئېيتماي ئاز-تولا ماشىنا كىراسى تۆلەپ كەتكىن، — دېدى ئابلىز باي. * — بولۇپتۇ، سىنى ئۆتكۈزۈپ قويساملا قوياي، ئەمما پۈتۈن كىراغا كۈچۈڭ يەتمىسە يېرىم كىرا تۆلىگىن، — دەپتۇ كېمىچى.

**كىرا قىلماق** ① ھەق تۆلەش شەرتى بىلەن باشقىلارنىڭ نەرسىسىنى ئىشلەتىش، پايدىلىنىش ئۈچۈن ئالماق، ياللىماق: ماشىنا كىرا قىلماق. * خېلى ۋاقىتچە

ساقلاپ تۇرۇپمۇ قاراڭ كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ھارۋا كىرا قىلىپ ئۆيگە قايتتىم. ② ئۆز نەرسىسىنى باشقىلارنىڭ ئىشلىتىشى، پايدىلىنىشىغا بېرىپ ھەققە ئېرىشمەك، كىراكەشلىك قىلماق: بىرىلى تۇرپاندىن بىر ئەمەلدارنى كىرا قىلىپ ئۈرۈمچىگە ئېلىپ چىقتىم.

**كىراكەش** ئى [ئە+پ] ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈك ياكى ئادەم توشۇپ، تىرىكچىلىك قىلغۇچى: ساراي دەرۋازىسىدا قېچىردىن چۈشۈپ كىراكەشكە پېرىم تىللا بەردىم.

**كىراكەشلىك** ئى. ئۇلاغ ياكى باشقا قاتناش ۋاسىتىلىرى بىلەن يۈك، ئادەم قاتارلىقلارنى توشۇش ئىشى ۋە مۇشۇنداق كەسىپ: — قاق سەھەردىلا بازارغا قاراپ يول ئېلىپلىغۇ تاغا؟ — دەپ ئېغىز ئېچىپ سوراپ قالدى ھېلىقى يىگىت، — ھارۋىدا كىراكەشلىك قىلىۋاتامدىلا-يە؟

**كىرام.** ئى [ئە] يېزت. مۆھتەرەم، ئەزىز (كۆپىنچە كۆپلۈك قوشۇمچىسى «لار-ى» بىلەن كېلىدۇ): خەتتە مۇنداق دېيىلگەندى: «سىز قوقان ئۆلىمائى كىراملىرىنىڭ مۇسۇلمانقۇل قانخورلۇقىدىن پەريادقا كېلىپ ۋە شەرىئەتنى، مۇستاپانى ئارىغا ۋاستە قىلىپ يازغان مەخپىي خەتلىرىنى ئالدۇق».
* دېدىم: «خىزمەت بېرىش شەرتى، سېنىڭغا باش ئۇرۇش بولسا، كېچەي، ئالەمگە بىر سۇلتان قىلىپ ئالى كىرام ئەتمە».

**كىران** (توغرىسى: كران) ← **كران.**

**كىراي** ئى [ر] ① چەت، ياقا. ② <تەن> پۇتبول قاتارلىق تەنھەرىكەت ئويۇنلىرىدىكى يان ھۇجۇمچى.

**كىرئالغۇ** ئى [كىر+ئالغۇ] توك كۈچى ئارقىلىق سۇنى ئايلاندۇرۇپ كىيىم يۇيىدىغان ساندۇق شەكلىدىكى ئۈسكۈنە.

**كىرەش** ئى <بوت> كۈنلۈكسىمان گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق. گۈلى ئاق، كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە. ئۇرغۇنلىغان ئىنچىكە يىلتىزلىرى بار. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، پۈتۈن ئۆسۈملۈك تۆپىدە ئالاھىدە پۇرىقى بولىدۇ. يىلتىزى دورا بولىدۇ. تىنچلاندۇرۇش، قاننى تولۇقلاش، ھەيزنى تەڭشەش رولىرىغا ئىگە.

**كىرپە** ئى <زوئول> سۈت ئەمگۈچى ھايۋان. بېشى كىچىك، تۆت پۇتى قىسقا كېلىدۇ. تېنىدە قاتتىق تىكەنلىرى بولىدۇ. كېچىسى ھەرىكەت قىلىپ، ھاشارات، چاشقان، يىلان قاتارلىقلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا پايدىلىق.

**كىرپىباش** ئى [كىرپە+باش] <بوت> باشاقلىقلار ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى ۋە يوپۇرماقلىرى سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ، خۇش بۇي پۇرايدۇ، گۈلى سۆسۈن ياكى يېشىل رەڭلىك كېلىدۇ.

**كىرپىك** ئى <ئانات> قاپاقنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن گىرۋەكلىرىدىكى ئىنچىكە تۈك. توپا-چاڭ، ھاشارات قاتارلىقلارنىڭ كۆزگە كىرىپ كېتىشىنى توسۇش ۋە كۈچلۈك نۇرنىڭ كۆزگە بولغان تەسىرىنى ئازايتىش قاتارلىق رولارنى ئوينايدۇ.

**كىرپىك بىلەن قاشنىڭ ئارىلىقىدا** ← **قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا:** بىلمەمسەن تېخى؟ بىلىپ قوي تۈزكور. ئۇ سېنى قۇتقۇزۇپتۇ، بولمىسا ئۆلۈپ كېتىشىڭ كىرپىك بىلەن قاشنىڭ ئارىلىقىدىلا قالغانىكەن، دوختۇرلار شۇنداق دېيىشىدۇ.

**كىرپىك قاقماسلىق** ئۇخلىماسلىق، كۆز

يۇماسلىق: ئەلئاخۇن لاسسىدە بولۇپ قالدى. ئۇ گويا ئۆزىنىڭ ئەڭ ئەزىز تۇغقىنىدىن ئايرىلغاندەك ھەسرەت چېكىپ، ئۇھ تارتىپ بىر كىچە كىرپىك قاقمىدى. * ئىشلەر ئىدى شۇڭلاشقا ئۇ تىنىم تاپماستىن، ئۆتكۈزەتتى بەزى تۈننى كىرپىك قاقماستىن.

**كىرپىك مۇسكۇلى** <ئانات> كۆزدىكى كىرپىكسىمان تەنچە ئىچىدىكى مۇسكۇل.

**كىرپىك ئىلىنماق** ئۇيقۇغا بېرىلمەك، ئۇيقۇغا كەتمەك، ئۇخلىماق: ۋاقىت ئالدىدا ئالتۇندۇر كىپەك، (ئالتۇن تېپىلار، تېپىلماس ۋاقىت). بىر كۈنگە بىكار ئىلىنسا كىرپىك، كېتەر قولۇڭدىن بىر يىللىق بەخت.

**كىرپىكنى قۇم باسماق** ← **قۇيرۇقنى قۇم باسماق**: ۋايىيەي، سىلەر مېنى ئاسمانغا ئېلىپ چىققۇچە كىرپىكمنى قۇم باسار؟!

**كىرپىك يۇماق** ئۇخلىماق، كۆز يۇماق: گۇگۇم چۈشكەن، جاڭگال ئىچى كۆندىكىدىن ئەنسىز ئىدى. بالا ئەمدىلا كىرپىك يۇمغاندا جاڭگالدا ئاتلىقلار پەيدا بولدى ۋە تاڭ-تۇڭ مىلتىق ئېتىلىشقا باشلىدى.

**كىرپىكچە** ئى <زوئول> پروتوپلازمىدىن ھۈجەيرە سىرتىغا ئۆزىراپ چىققان ئىنچىكە، قىلسىمان تۈزۈلۈش. كىرپىك تۈكلۈك قۇرتلار ۋە بەزى ئومۇرتقىسىز ھايۋانلاردا بولىدۇ. ھەرىكەتلىنىش، ئوزۇقلىنىش ۋە تەپەسسۇلىنىشتە رول ئوينايدۇ.

**كىرپىكسىز** سۈپ. كىرپىكى يوق، كىرپىكى شالاڭ: ئۇنىڭ پۈلتىيىپ چىققان كىرپىكسىز كۆزلىرى، ئاق سەللىنىڭ ئاستىدىكى تۇخۇمدەك بېشى، قىسقىسى ئۇ ئاجايىپ بىر مەخلۇق ئىدى.

**كىرپىكسىمان** سۈپ. كىرپىككە ئوخشايدىغان، كىرپىك شەكلىدىكى: كىرپىكسىمان تەنچە.

**كىرپىكسىمان تەنچە** <ئانات> كۆز ئالمىسى، تورلۇق پەردىنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا شەكىللەنگەن ھالقىسىمان ماددا.

**كىرپىكلىك** سۈپ. كىرپىكى بار؛ كىرپىكى زىچ. قويۇق: ئۇزۇن كىرپىكلىك، ئاق يۈزلۈك ئۇيغۇر قىزىمۇ چەتتە سۈپتاي ئۇچۇن چوڭقۇر خىيالغا كەتتى. * زىۋىرشانىڭ ئۇزۇن سېرىق بۇرۇتلىرى مىدىرلاپ كەتتى، مىس يىڭنىلەردەك ساپسېرىق كىرپىكلىك كۆزلىرىمۇ ئىختىيارسىز چىمىلداپ كەتتى.

**كىرت** تەق ① قايچىدا رەخت، قەغەز قاتارلىقلارنى كەسكەندە، پىچاق قاتارلىقلار بىلەن قاتتىق نەرسىلەرنى قىيغاندا، خەت يازغاندا چىققان ئاۋاز: ھېلىقى باغاقچە قايچىنى تەگكۈزە-تەگكۈزمەيلا «كىرت» قىلىپ ئۈزۈۋەتتى. ② ئادەم ياش، خام سەي يېگەندە؛ چاشقان قاتارلىقلار نەرسىلەرنى غاجىلىغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىرتەيمەك** پ. ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىقتىن كىچىكلەپ، ئىچىگە كىرىپ كەتمەك (كۆز ھەققىدە): ھەقىقەتەنمۇ ئۇ ئۆزىنى تونۇمىغۇدەك دەرىجىدە ئالدۇرۇپ قويغان، خۇددى ۋابا تەگكەن كىشىدەك كۆزلىرى ئىچىگە چۆكۈپ كەتكەنىدى. كىرتىيىپ كەتكەن كۆزىگە كۈچ بىلەن كۈلكە تۈسى بەردى. * ئەينەككە قارىغۇدەك بولسام يۈزلىرىم تارتىشىپ، كۆزلىرىم كىرتىيىپ ئورۇقلاپ كېتىپتىمەن.

**كىرتتىدە** رەۋ «كىرت» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «كىرت» قىلغان ھالدا.

**كىرت-كىرت** «كىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خەدىچە ھەدە ئالتۇن قايچىنى دەرھال كۆلگە تاشلىغانىكەن، «كىرت -

كىرت» قىلغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ، ئەجدىھانىڭ بېشى چۆكۈپ كېتىپتۇ.

**كىرتمەك** پ. يۇنۇپ، جىجاپ ئىز چىقارماق: كۆرەك سېپىنى كىرتىپ بەلگە سالماق.

**كىرتىك** ① سۈپ. كەمتۈك، پۇچۇق: كىرتىك چىنە. ② ئى. ھەرە چىشىغا ئوخشاش بۆرتۈپ چىققان قاپارتما، ئۇچ، چىش: خەتنىڭ كىرتىكى. ③ ئى. كىيىم تىكىش ماشىنىسىنىڭ مەركىزىي ئوقىغا بېكىتىلگەن، رەختنى ئىتتىرىپ بېرىدىغان يېرىم ئايلانما چىشلىق سايمىنى. ④ ئى. كىيىمنىڭ ياقا ئورنىتىدىغان يېرىنىڭ سىرتىدىكى ئۆتۈشمىگە تەۋە قىسمى: كىرتىك ياقا.

**كىرتىك ياقا** كىيىمنىڭ ئۇچلۇق قىلىپ تىكىلگەن ياقىسى.

**كىرتىك ياقا خالتا كۆڭلەك** كىرتىك ياقا سېلىنغان ئالدى ئېتىك كۆڭلەك.

**كىرتىلداتماق** «كىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سوراق خاتىرىسىنى يېزىۋاتقان قاۋۇل قەلىمىنى كىرتىلدىتىشتىن توختىتىپ خالىققا قارىدى.

**كىرتىلدىماق** پ «كىرت-كىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «كىرت-كىرت» قىلماق: گۈل قىيغان قىزلارنىڭ قولىدىكى قايچىلارنىڭ كىرتىلدىغان ئاۋازى زالدىكى جىمجىتلىقنى بېسىپ چۈشەتتى.

**كىرچى** ئى. مەخسۇس كىر يۇيۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى: گۈلچەرە دېگىنى ھەرەم خانىنىڭ كىرچىسى بولۇپ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئىدى.

**كىرچىلىك** ئى. مەخسۇس كىر يۇيۇش بىلەن شۇغۇللىنىش ئىشى، كەسپى: كىرچىلىك دۇكىنى.

**كىرخانا** ئى. كىر يۇيۇش، دەزماللاش قاتارلىق ئىشلارنى قىلىدىغان ئۆي، دۇكان.

**كىردى-چىقتى** كىرىش-چىقىش ھەرىكىتى: روشەنگۈل ئۇنى «لولا»، «بەتنىيەت» دەپ زادىلا كىردى-چىقتى قىلمايتتى. * ئۇ باشقىلارنىمۇ «چەت ئەلگە باغلاپ قويماسلىق» ئۈچۈن ھېچكىم بىلەن كىردى-چىقتى، ئالغۇ-بەرگۈ قىلمايتتى.

**كىرسىز** سۈپ ① كىردىن خالى، كىر بولمىغان، بۇلغانمىغان، پاكىز: ئاق ئۆڭلۈك يۇزىنى تىرىگەن ئاق قول، ئاق كۆزلۈك ھالقىسى شولا چاچار ئاق. جۇلالىق سەدەپتەك ئاپئاق چىشلىرى، ئاق ئەتلىك پۇتىدا كىرسىز ئاق ئاياق. ② كۆچمە. يامان ئىللەتتىن خالى، پاك، ساپ: ئەخمەتجان قاسىمدىكى مۇنداق بالىلارچە ھۇزۇرلىنىپ كۈلۈش ئۇنىڭ كىرسىز ساغلام تەبىئىتىدىكى كۆڭۈل ئازادىلىكى بولسا كېرەك. * جاي ئالغان سېنىڭدە كىرسىز بىر تۇيغۇ، ئۆمرۈڭدىن قىلمىدىڭ زەررە غەم-قايغۇ، قايغۇغا يول قويساڭ ئىچەتتىڭ ئاغۇ، شۈكۈر قىل، تەلەيدۇر بۇ قىسمەت ساڭا.

**كىرىسىن** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> نېفىتتىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان يېقىلغۇ، ماي، يەنى ئۇچۇشچانلىقى بېنزىندىن تۆۋەن، دىزېلدىن يۇقىرى بولغان رەڭسىز سۇيۇقلۇق: كىرىسىن لامپا. كىرىسىن ئوچاق.

**كىرىسىن لامپا** كىرىسىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان شىشىلىك چىراغ: شۇ ئاخشىمى خوجىنىياز ھاجى ئۆزى تۇرۇشلۇق ھويلىنىڭ تۆر تەرىپىدىكى ھۇجرىدا كىرىسىن لامپا يورۇقىدا ئولتۇرۇپ، بايا ئەركىن بىلەن يۈسۈپ تەيجى ئوتتۇرىسىدا بولغان گەپ-سۆزلەرنى قاسىم پالۋانغا ھېكايە قىلىپ بېرىۋاتاتتى.

**كىرىسىن ئوچاق** كىرىسىننى يېقىلغۇ قىلىدىغان، كۆتۈرۈپ، يۆتكەپ ئىشلىتىشكە باپ بىر خىل پىلىكلىك ئوچاق: ئاشخانىنىڭ ئىچى كىچىك جوزىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن،

جوزىلارنىڭ ئۈستىگە كىرسىن ئۇچاق قويۇلغان، كىرسىن ئۇچاقنىڭ يېنىغا كىرسىن ئۇچاقنى كوچىلايدىغان ئىنچىكە سىم قويۇلغان.

**كىر-قات** يۇيۇلىدىغان ھەر خىل كىيىم-كېچەك قاتارلىقلار: كېيىنچە كىر-قات يۇيۇپ بېرىش ۋە باشقا باردى-كەلدىلەر ئارقىلىق ئۇلار بىر-بىرىنى ھەقىقەتەنمۇ ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. * مەن بولسام ئۇنىڭ-بۇنىڭ كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ، نانلىرىنى يېقىپ، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بالىلىرىمنى باقىدىغان بولدۇم.

**كىرگۈل** ئى [پ] تورۇسنىڭ شامدان ياكى چىراغ ئېسىلىدىغان جايىغا چەمبەر شەكلىدە چىقىرىلغان نەقىش، فورما.

**كىرگۈزمەك** «كىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ يەرگە باي سودىگەر، گۆرۈكەش خوجايىنلار بىلەن بايۋەچچىلەرنى كىرگۈزەتتى. * مېھرىبان بۇ مەشغۇلاتنى تەكرار ئىشلىگەندىن كېيىن، دورىلانغان داكىنى چوكىغا ئوراپ نەيچە ئىچىگە كىرگۈزۈپ تازىلايتتى.

**كىرگۈزۈشمەك** «كىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئەكەبەرنى ئىشخانىغا كىرگۈزۈشتى.

**كىرگۈزۈلگەن** «كىرگۈزۈلمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتداشى: كىرگۈزۈلگەن نەسىل.

**كىرگۈزۈلگەن نەسىل** <بىئول> سىرتقى جايلاردىن ئۆز يېرىگە كىرگۈزۈلۈپ، ئۆزلەشتۈرۈلگەن ئەلا سورت.

**كىرگۈزۈلمەك** «كىرگۈزمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قولغىنىزدىكى بۇ توپلامغا ئازادلىقتىن كېيىن ژۇرناللاردا ۋە توپلاملاردا ئېلان قىلىنغان چۆچەكلەردىن بىر قىسمى كىرگۈزۈلدى. * لەيلىگۈل ئۆزىنىڭ ئايال مەھبۇسلار بۆلمىسىگە ئىتتىرىپ كىرگۈزۈلگەنلىكىنى سەزدى.

**كىرلەشتۈرمەك** «كىرلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ بالا بىردەمدە يېڭى كىيىمنى كىرلەشتۈرۈپ بولدى.

**كىرلەشمەك** پ. كىر بولماق، كىر يۇقماق، كىر بىلەن بۇلغانماق: ساقال دېگەن نېمىنى بۇگۈن قىردۇرساڭ ئەتىسى چىقىدۇ، كىيىم دېگەننى بۈگۈن يۇغۇزساڭ ئەتىسى كىرلىشىدۇ. * خوجايىن ئايال كىرلىشىپ كەتكەن قاشلىرى ئاستىدىكى يوغان كۆزلىرىنى بوۋايدىن ئالدى-دە، ئۇنچىقمىدى.

**كىرلەشكۈ** سۈپ. بىرئاز كىرلەشكەن، ئۈيەر-بۇ يەر كىر بولغان: سەمەر خىزمەت سومكىسىدىن قەغەزگە ئورالغان كىرلەشكۈ قول ياغلىقىنى ئېلىپ كۆپچىلىككە كۆرسەتتى.

**كىرلىك** ئى. يوتقان، كۆرپىنىڭ ئۈستىگە قاپلىنىدىغان، ۋاقتى-ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ يوتقان-كۆرپىنى كىرلىشىشتىن ساقلايدىغان رەخت: بولغا چىقىشىنىڭ ئالدىنقى كۈنى مۇقەددەس ئاخىرقى تەييارلىقلىرىنى ئىشلەپ تۈگەتتى: نان ياقتى، مەخمۇتجاننىڭ كىيىملىرىنى ۋە كۆرپىلىرىنىڭ كىرلىكلىرىنى يۇدى. * ئۇ كەلگەندە سېپىترا قىزلار ئاپئاق كىرلىكلەر يېپىلغان ئورۇن-كۆرپىلەرنى خۇددى قىلىچتەك قىر چىقىرىپ يىغماقتا ئىدى.

**كىرلىكلىك** سۈپ. كىرلىكى بار، كىرلىك بىلەن قاپلانغان: تاملىرى گەجلەنگەن، تورۇسلىرى سىرلانغان، ئاياغ ئاستىغا قىزىل گۈللۈك كىگىز سېلىنغان. ۋە مېھرابقا كىرلىكلىك كۆرپىلەر تىزىلغانىدى.

**كىرمەك** I ئى. يىپ، ئارغامچا قاتارلىقلارنى بىر ئۇچىنى تارتىش بىلەنلا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلاش، چىگىش ۋە مۇشۇنداق باغلاق: پاكار تاغ يايلاقتا يارىماس، قىسقا يىپ كىرمەككە يارىماس (ماقال).

**كىرمەك باغ** بىر ئۇچىنى تارتىش

بىلەنلا يېشىلىپ كېتىدىغان قىلىپ باغلاش ئۇسۇلى: كىرمەك باغ سالماق.

**كىرمەك** II پ ① ھەرىكەتلىنىپ، مېڭىپ مەلۇم نەرسىنىڭ دائىرىسىگە، ئىچىگە، ئىچكى تەرىپىگە ئۆتمەك؛ ئىچى تەرەپكە بارماق، ئۆزىنى ئىچىگە ئالماق: باغقا كىرمەك. شەھەرگە كىرمەك. قويىنغا كىرمەك. * ئەلگە كىرسەڭ ئېلىڭچە، سۇغا كىرسەڭ بېلىڭچە (ماقال). * نان 100 قولدىن ئۆتۈپ ئېغىزغا كىرەر (ماقال). * بىر قېتىم ئاشپۇزۇل خوجايىنىنىڭ ئاكىسى قازناقتىكى ساندۇقلىرىغا قانچىلىك پۇل يىغىلغىنىنى بىلىپ باققۇسى كېلىپ، ئىشكىنى ئېچىپ قازناققا كىردى. * مەن مەھەللىگە كىرىپلا ئايۇپ ئاكا بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. ② تېشىپ، يېرىپ ئۆتمەك، سانجىلماق: پۇتىغا تىكەن كىرمەك. ③ قاتارىدىن ئورۇن ئالماق، تەركىبكە قوشۇلماق، مەنسۇپ بولماق، ھېسابلانماق: سەپكە كىرمەك. * شۇنداقلا بۇ يېڭىلىق يارىتىش، كەشپىيات قىلىمۇ كىرمەيدۇ. * ئۇيغۇر تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئۇيغۇر-قارلۇق تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ④ قوبۇل قىلىنماق، قاتناشماق: دەرسكە كىرمەك. ئوقۇشقا كىرمەك. خىزمەتكە كىرمەك. ئەسكەرلىككە كىرمەك. پارتىيەگە كىرمەك. * — مەن سەندىن سوراپ باقاي، — دېدى شىرمەمەت، ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقاتتى، — ئالماس، نېمە دېسەم بولىدۇ، مەن ھەمكارلىق گۇرۇپپىسىغا كىرسەم بولارمۇ؟ ⑤ تارالماق، يېيىلماق: ئىسلام دىنى شۇندىن باشلاپ قاراخانىيلار ئاتالغان بۇ يەرلىرىمىزگە كىردى. ⑥ ساناق سان بىلەن، بەزىدە «ياش» سۆزى بىلەن كېلىپ شۇنچىلىك ئۆمۈر كۆرگەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: سىز بۇ يىل 17 گە كىردىڭىزغۇ دەيمەن-ھە؟ * سىلە مۇشۇ ياشقا كىرىپمۇ ئىشلەۋاتامدىلا؟ * دېدى بوۋاي بولۇپ نارازى: «ئەمگەكتە شاد ئۆتىدۇ ئۆمرۈم. سەكسەن ياشقا كىرسەممۇ تېخى، ئىشلىمەسكە چىدىماس كۆڭلۈم». ⑦ ۋاقىت، پەيتنى بىلدۈرىدىغان ئايرىم سۆزلەر بىلەن كېلىپ شۇ ۋاقىت ياكى پەيتنىڭ باشلانغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: كەچ كىردى. ئەتىياز كىردى. * شەھەر دەرۋازىسىغا يەتكەندە كۈن پېتىپ كەچ كىرىپتۇ. * ئالتىنچى ئاي كىرگەن چاغدا، ئارا-گۈرجەك خاماندا. نۇزۇك يارنى كۆرۈشكە، باقى يىگىت ئارماندا. ⑧ ئېلىنماق، ئېرىشمەك: بۇ پۇلنىڭ 50 نەچچە پىرسەنتى بۇغدايدىن كىردى. * ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كىرگەن كىرىم توغرىسىدا جىنايى ئىشلار قانۇنىدا، ئۇلارنىڭ ئەمگەك جەريانىدا باشقىلار بىلەن ئوخشاش قىلغان ئىشىغا ئوخشاش ھەق بېرىلىدۇ دەپ بەلگىلەنگەن. ⑨ چىشى ھايۋانلار ئەركەك ھايۋانلار تەرىپىدىن چېتىلىشماق: سەلىمخاننىڭ كالىسى بۇقىغا كىرىپتۇ. ⑩ رىئايە قىلماق، ئەمەل قىلماق، ماقۇل دېمەك: بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ گېپىگە كىر (ماقال). * بىركۈنى ئەپەندىم قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ سوراپتۇ: — قازى ئاخۇنۇم، ئايالىمنىڭ گېپىگە كىرگىنىم ياخشىمۇ، كىرمىگىنىم ياخشىمۇ؟ * بىراق سەلىمە ئېرىنىڭ بۇ نەسىھىتىگە كىرمەي سورۇنغا قاتناشتى. ⑪ يۆنىلىش كېلىش بىلەن تۈرلەنگەن بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ «نامايان بولماق، ئايان بولماق، ئاڭلانماق» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: باپكارنىڭ موكىسىدەك ئۆتۈشۈپ تۇرغان پىكاپلار، ئاپتوبۇسلارنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئاۋازىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. * كىچە دادام چۈشۈمگە كىرىپ قېلىپتۇ. ⑫ بەزى ئىسىملار بىلەن كېلىپ: 1) شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن

نەرسىنىڭ پەيدا بولۇش ياكى ۋۇجۇدقا كېلىشىگە باشلىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: پىلە قۇرۇتى تورغا كىردى. * دادا، — دېدى، — مۇشۇ كۆچەتنىڭ، ھەركۈنى سۇ قۇيسام تۈۋىگە؛ يىلىلار ئۆتۈپ باراقسان بولۇپ، شاخ-شاخلىرى كىرسە مېۋىگە. 2) شۇ ئىسىم ئىپادىلىگەن خۇسۇسىيەت ۋە ھالەتكە ئۆتكەنلىكنى بىلدۈرىدۇ: تۇسكە كىرمەك. قىياپەتكە كىرىۋالماق. * گۈلچەمەن ئانىسىغا تىكىلىپ، ئۇنىڭ بىر-ئىككى كۈن ئىچىدىلا باشقىچە ياداپ، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، بىتاپ كىشى سىياقىغا كىرىپ قالغانلىقىدىن بىئارام بولدى. 3) شۇ ئىسىم بىلدۈرگەن نەرسە ياكى خۇسۇسىيەتنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ: زۇۋانغا كىرمەك. دەرمان كىرمەك. جان كىرمەك. غەيرەت كىرمەك.

**كىرمىگەن** «كىرمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى.

**كىرمىگەن تۆشۈكى قالماسلىق** جان بېقىش، تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن ھەممە جايغا بېرىپ، ھەممە ئىشنى قىلىپ بېقىش: ئىككى بالىنى چوڭ قىلىمەن دەپ كۆرمىگەن كۈنۈم، كىرمىگەن تۆشۈكۈم قالمىدى.

**كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماسلىق** قورقۇپ بارار يېرىنى بىلەلمەسلىك: — قىزىل پاچاقلار قاچماقتا، كىرىدىغان تۆشۈك تاپالماي، بىزگە باش ئەگمەكتە، — دەيتتى ئاباس مۇپتى.

**كىرىچ** ئى ① پاختا ئېتىش دۈكىنى، ئوقيا، يىپ ئېگىرىدىغان چاق قانتى قاتارلىقلارغا تارتىلىدىغان ئۆچكە تېرىسىدىن تولانغان شوينا، زەي: شۇ تاپتا نېفتچىلار يۇرتىنىڭ باھار بايرىمى ھارپىسىدىكى بۇ ھالىتى قاتتىق تارتىلغان ئوقيانىڭ كىرىچىگە ئوخشايتتى.

② تەك نوتىلىرىدىن ئۆسۈپ چىقىپ يەنە شۇ نوتىلارغا يۆگىشىۋالىدىغان سىلىق يىپسىمان نەرسە.

**كىرىچ تاسما** دىئال. لىگتاسما.

**كىرس** تەق. گازىر چاققاندا، چىشنى غىچىرلاتقاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىرس-كىرس** «كىرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: شۇ تاپتا ئۇنىڭ تازا ئاچچىقى كەلگەن بولۇپ، چىشلىرى كىرس-كىرس قىلاتتى.

**كىرىش** I ① «كىرمەك» پېئىلىنىڭ ئىسىمدىشى: ئىشخانىغا كىرىشىگە توك توختىدى. ② ئى. بىرەر ئەسەرنىڭ باشلىنىشى، مۇقەددىمە: ساتتار ئاكا سۆزلىمەكچى بولغان داستانىنىڭ كىرىش قىسمىنى ئىزدەۋاتقاندەك ئاق چاچلىق بوۋايغا ئوخشىغان يىراقتىكى مۇز تاغقا بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن سۆزىنى باشلىدى. * مۇزىكىنىڭ كىرىش قىسمى تۈگەپ، ساتارنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازى بىلەن ئېغىر ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئۆتمۈش بايان قىلىنىشقا باشلىغاندا، ياشانغان كىشى تېخىمۇ ھاياجانغا كېلىپ كۆزلىرىگە ياش ئالدۇ.

**كىرىش سۆز** ئەسەرنىڭ دەسلەپكى، چۈشەندۈرۈلۈشى، باشلىنىش قىسمى؛ مۇقەددىمە، كىرىش: كىتابنىڭ كىرىش سۆزىدە كىتاب ئۆز ئىچىگە ئالغان مەزمۇنلار قىسقىچە چۈشەندۈرۈلگەن.

**كىرىش** II (توغرىسى: كىرىچ) ← **كىرىچ**.

**كىرىشەك** ئى. دىئال. تاگلاي.

**كىرىشتۈرمە** سۈپ. كىرىشتۈرۈلىدىغان: كىرىشتۈرمە ئۈلاق.

**كىرىشتۈرمە ئۈلاق** <ئۈرم> ئۈلاق شەكىللىرىدىن بىرى. بۇنىڭدا، قىيپچا بىلەن ئۈلاق تۈۋى ئوخشاشلا 45 گىرا-

دۇسلۇق يانتۇلۇقتا (تەكشى بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ) يونۇلۇپ، بىر-بىرىگە جۈپلەنگەندىن كېيىن، چىك باغلاش ئارقىلىق ئۇلىنىدۇ.

**كىرىشتۈرمەك** «كىرىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇ كۈندىن باشلاپ ئۇ تراكتورنى ئىشقا كىرىشتۈردى. * — سېنىڭ نېمە كارىڭ! — دېدى ئۇ چىشلىرىنى كىرىشتۈرۈپ، — چەكسەم ئۆزۈمنىڭ تاماكىسىنى چەكتىم.

**كىرىشتۈرۈپ** «كىرىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: كىرىشتۈرۈپ تېرىش.

**كىرىشتۈرۈپ تېرىش** يەرنىڭ كۈچى ۋە ئۆسۈش مەزگىلىدىن تولۇق پايدىلىنىش ئۈچۈن، مەلۇم بىر زىرائەت ئۆسۈپ ئاخىرقى مەزگىلگە يەتكەندە قۇر ئارىلىقىغا يەنە بىر خىل زىرائەتنى تېرىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كىرىشتۈرۈلمەك** «كىرىشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: چارباغ يېزىسىدا قۇرۇلۇۋاتقان زامانىۋى خىش زاۋۇتى يېقىندا پۈتۈپ ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشتۈرۈلدى. * باغنىڭ شىمال، غەرب تەرەپلىرىدىكى تام تۈۋى قاتار كىرىشتۈرۈلۈپ ئۆستۈرۈلگەن نەشپۈت، ئامۇت، ئانار، چىلان دەرەخلىرى بىلەن توسۇلۇپ تۇراتتى.

**كىرىش-چىقىش** كىرىپ چىقىش ئىشى، كىرىپ چىقىدىغان ھەرىكەتلەر: سالى دۈبجاڭلىقتىن چۈشكەن كۈندىن باشلاپ جامىسنىڭ ئايالى بىلەن كىرىش-چىقىشنى توختاتتى. * قويۇق كىرىش-چىقىش گۈلىنىسا قىزنى گويا مۇشۇ ئائىلىنىڭ تەبىئى بىر ئەزاسىغا ئايلاندۇرۇپ قويغانىدى.

**كىرىش-چىقىش قىلماق** ئالاقە قىلماق: ھامىت ھاجى بىلەن ئاكام تۆمۈر شاڭيو ساي بويىدا قوشنا ئولتۇرىدۇ، كۆڭلىمۇ يېقىن، كىرىش-چىقىش قىلىشىدۇ. * گەرچە بۇ ئىككى ھويلىنىڭ پاسىلىنى توغرىسىغا سوقۇلغان بىرلا تام ئايرىپ تۇرسىمۇ، ئۇ يىلدىن بۇ يىلغا زادىلا كىرىش-چىقىش قىلىشمايتتى.

**كىرىشمە** سۈپ. كىرىشتۈرۈلگەن: كىرىشمە ئاۋاز.

**كىرىشمە ئاۋاز** <مۇز> باش ئاۋاز بىلەن تۇتاش كەلگەن ئىككى توناللىق ئاۋاز دەرىجىسىدىن بىرى.

**كىرىشلمەك** پ → **پەكەشلمەك.**

**كىرىشمەك** ① «كىرمەك» پېئىلى ① ③ ④ ⑩ نىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈچىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز سىنىپلىرىغا كىرىشتى. * تەنتەنىلىك بېزەلگەن ئۆيگە ئەر-ئايال مېھمانلار ئارقا-ئارقىدىن كىرىشمەكتە. ② بىرەر ئىش-ھەرىكەتنى بېجىرىشكە باشلىماق، مەشغۇل بولماق: دىلبەر مېھمانخانىغا كېلىپ ئەتىسى ئەتىگەندىلا ئىشقا كىرىشتى. * — ئەمىسە مۇنداق، — پەرىزات قولىنى تارتىۋالدى-دە، باياتىنقىغا زادى ئوخشىمايدىغان تەلەپپۇز بىلەن سۆزگە كىرىشتى. * تۈگۈپ دۇنيا قارايتقان ئۆز قېشىنى، كىرىشتى تۆككىلى ئاسمان يېشىنى. ③ ئىسسىق، سوغۇق ياكى نەم تەسىرىدىن قىسقارماق (رەخت ھەققىدە): ئۇنىڭ يۇيۇلغان كۆڭلىكى كىرىشىپ قىسقا كېلىپ قالغانىدى. ④ بىر-بىرىگە ھەم يېقىنلىشىپ قاتماق، قىرىشماق: ئالدىراپ كىرىپ چىراغ ياندۇرسام، مېنىڭ پەرىدەم كۆزلىرى يېرىم يۇمۇلغان، چىشلىرى كىرىشكەن،. مۇشتۇمى چىڭ تۈگۈلگەن ھالدا ساپسارغىيىپ سوزۇلۇپ يېتىپتۇ.

**كىرىشلمەك** «كىرىشمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار مۇرەككەپرەك بولغان بىلىملەرنى تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ ئىگىلەشكە توغرا كەلگەن چاغدا، قىيىنچىلىققا ئۇچرايدۇ، بۇ چاغدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ قابىلىيىتىنى

ئاندىن ئۈستۈرۈشكە كىرىشلسە كېچىكىپ قېلىش بولىدۇ.

**كىرىلمەك** «كىرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئايۋاننىڭ نېرىقى تەرىپىدىكى كىچىك ئىشىك ئارقىلىق بۇ ئۆيگە كىرىلەتتى.

**كىرىم** ئى. قىلىنغان ئىش، كەسىپ، تىجارەت قاتارلىقلاردىن كىرگەن پۇل، مەبلەغ: يىللىق كىرىم. دېھقانچىلىق كىرىمى. * نەتىجىدە ئۆتكەن يىلى يېزا بويىچە ئۈززۈمنىڭ مىقدارى بىراقلا ئاشتى، بۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ كىرىمى كۆرۈنەرلىك كۆپەيدى. * ئالدىنقى يىللىرى بۇ يېزىدا مەھسۇلات ئاشسىمۇ كىرىم ئاشماي كەلگەنىدى. * لېكىن سىدىق ئۆيىمىزگە ئارتۇقتۇر، كىرىمى يوق، چىقىمى كۆپ ئۆينىڭكى. سىدىق كەتسە ئانىسىمۇ كېتىدۇ، زىددىيەتكە تولدى قەلبىم مېنىڭكى.

**كىرىم بولماق** قىلىنغان ئىش، كەسىپ، تىجارەت قاتارلىقلاردىن بەلگىلىك ئىقتىسادىي پايدا كىرمەك، مەنپەئەت يەتمەك، ئىقتىسادىي جەھەتتىن نەپ كىرمەك: تازا بىلەلمىدىم ئانا، مەن قوغۇنلۇققا باراي، قوغۇنلار بۇ يىل بەلەن ئوخشىدى. قوغۇن پىشقاندا ھەپتىدە ئىككى-ئۈچ يۈز كوي كىرىم بولىدۇ. * ئۇنىڭ ئابدىمىلىكىدىن كىرىم بولغان پۇلغا مىلتىقمۇ، قونچاقمۇ كېلەتتى.

**كىرىم قىلماق** بىرەر پائالىيەت ياكى كەسىپ ئارقىلىق ئىقتىسادىي جەھەتتىن بەلگىلىك پايدا ئالماق، مەنپەئەت كۆرمەك، نەپ ئالماق: توخۇم سېتىپ ئۈچ ئاي ئىچىدىلا 1000 كويدىن ئارتۇق كىرىم قىلدى. * سىز تېخى يېقىندا كىرىم قىلىنغان ماتېرىياللارنىمۇ بۇرۇن يوقالغان تىزىملىككە كىرگۈزۈۋاتىسىز. * — ھە ئادۇۋكاتلىق قىلىپ شۇنچە كۆپ كىرىم قىلىۋاتساڭ، مۇنچىلىك ئەرزىمىگەن بىرنەرسىلەرگە نەزەر كۆزۈڭنى سالاتتىڭمۇ؟ — دېدى كېرەم سوغۇق كۈلۈپ.

**كىرىم-چىقىم** ھېسابقا كىرگۈزۈلگەن ۋە ھېسابتىن چىقىرىلغان پۇل، مەبلەغلەر: خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئومۇمىي تەڭپۇڭلۇقى ئاساسەن مالىيە جەھەتتىكى كىرىم-چىقىمنىڭ تەڭپۇڭ بولۇشى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

**كىرىم-چىقىم ھېساباتى** <مال> مال ۋە پۇلنىڭ كۈندىلىك كىرىم-چىقىملىرى ھەققىدىكى ھېسابات.

**كىژ** تەق. سۇ قايناش ئالدىدا، قىزىغان مايغا گۆش ۋە سەي قاتارلىقلارنى سالغاندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**كىژژىدە** رەۋ. «كىژ-كىژ» قىلغان ھالدا، «كىژ-كىژ» قىلىپ.

**كىژ-كىژ** «كىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: كىژ-كىژ قىلماق.

**كىژىلداتماق** «كىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىژىلداشماق** «كىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىژىلدىماق** پ. «كىژ-كىژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «كىژ-كىژ» قىلماق.

**كىسانتوفىل** ئى [ر<گرېك] <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدىكى بىر خىل سېرىق پىگمېنت. خلوروفىل بىلەن بىرگە فوتوسىنتېز رولىنى ئۆتەشكە قاتنىشىدۇ.

**كىسپۇرۇش** سۆپ [پ] ئەسلى «ئىپپەت-نومۇسنى ساتقۇچى» دېگەن مەنىدە ئىدى، ھازىر تىلىمىزدا «جۇۋاينىمەك، ئۆلگۈر، ئىپلاس» دېگەندەك تىل-ھاقارەتنى بىلدۈرىدۇ: ھېلىقى ئەزىمە دوستۇم ۋاقتىنى زايە قىلمىغان بولسا، بۇنچە تەمتىرەپ كەتمىگەن بولاتتىم، كىسپۇرۇش ئوغرى پۇلنى ئالالمايتتى.

**كىسسە** ئى. دىئال. غەيۋەت-شىكايەت.

**كىسسە ئوقۇماق** دىئال. غەيۋەت-شىكايەت قىلماق.

**كىسلاتا** ئى [ر] <خىم> سۇدىكى ئېرىتمىسىدە ھىدروگېن ئىئونى پەيدا قىلىدىغان بىرىكمىلەرنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ تۈردىكى ماددىلار ئاساسلار بىلەن نېيتراللىشىپ تۇز بىلەن سۇ ھاسىل قىلىدۇ، سۇدىكى ئېرىتمىسى كىسلاتالىق تەمگە ئىگە، لاكمۇس قەغىزىنى قىزارتىدۇ، بەزى مېتاللار بىلەن بىرىكىپ ھىدروگېن بىلەن تۇز ھاسىل قىلىدۇ. مەسىلەن، سۇلفات كىسلاتاسى، تۇز كىسلاتاسى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كىسلاتا ئانگىدرىد** <خىم> بىر ياكى ئىككى مولېكۇلا ئانئورگانىك كىسلاتا بىر مولېكۇلا سۇ يوقاتقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان ئوكسىد. ئۇ يەنە بىر مولېكۇلا ياكى ئىككى مولېكۇلا ئورگانىك كىسلاتا بىر مولېكۇلا سۇ يوقاتقاندىن كېيىن ھاسىل بولغان بىرىكمىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، كاربونات كىسلاتاسى بىر مولېكۇلا سۇ يوقاتقاندا ئېشىپ قالىدىغان كاربون (IV) ئوكسىد كاربونات كىسلاتا ئانگىدرىدىدۇر.

**كىسلاتا قالدۇقى** <خىم> كىسلاتا مولېكۇلىسىدىكى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن بىرىككەن ئاتوم ياكى ئاتوملار گۇرۇپپىسى. مەسىلەن، سۇلفات كىسلاتا قالدۇقى ($SO_4$)، نېيترات كىسلاتا قالدۇقى ($NO_3$) قاتارلىقلار.

**كىسلاتالاشماق** پ. كىسلاتا تەركىبى كۆپەيمەك، تەركىبىدە كىسلاتا ئېشىپ بارماق.

**كىسلاتالاشتۇرماق** « كىسلاتالاشماق » پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىسلاتالىق يامغۇر تۇپراقنى كىسلاتالاشتۇرۇپ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىگە ۋە ئورمانلارغا ئېغىر زىيان سالماقتا.

**كىسلاتالىق** سۈپ. تەركىبىدە كىسلاتا بولغان: ھەرىبلى ئاتموسفېراغا قويۇپ بېرىلىدىغان كاربون (IV) ئوكسىد، گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىد، ئازوت ئوكسىد، مېتان ۋە ئوزون قاتارلىق زەھەرلىك گازلار ئاتموسفېرادا كىسلاتالىق يامغۇر شەكىللەندۈرمەكتە.

**كىسلاتالىق تۇز** <خىم> كىسلاتادىكى بىر قىسىم ھىدروگېنىنىڭ مېتاللار بىلەن ئالماشىشىدىن ھاسىل بولغان بىرىكمە. مەسىلەن، ناترىي بى كاربونات $NaHCO_3$.

**كىسلاتالىق جىنس** <گېئول> ماگما جىنسىنىڭ چوڭ بىر تۈرى. تەركىبىدىكى سىلىتسىي ئوكسىدنىڭ مىقدارى 65% تىن يۇقىرى، ئاچ رەڭلىك مىنېراللار مىقدارى توق رەڭلىك مىنېراللاردىن كۆپ ئارتۇق، رەڭگى ئاچ، رەڭلىك مىنېراللار كالىيلىق دالا شپاتى، كىسلاتالىق پلاگىئوكلاز، كۋارتسنى ئاساس قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە كۋارتس مىقدارى جىنسنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{4}$ دىن $\frac{1}{3}$ گىچىلىكىنى تەشكىل قىلىدۇ. توق رەڭلىك مىنېراللار ئادەتتە قارا چىرىمتال بولىدۇ، چوڭقۇرلۇقتىكى كىسلاتالىق جىنسلاردىن گرانىت ۋە گرانىتلىق دىئورىت كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ كەڭ تارقالغان، جىنس گەۋدىسىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى بىردەك ئەمەس.

**كىسلاتالىق دالا شپاتى** <گېئول> كىسلاتالىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە بىر خىل دالا شپاتى.

**كىسلدەك** ئى. دىئال. جۇۋاينىمەك.

**كىسلورود** ئى [ر] <خىم> ← **ئوكسىگېن.**

**كىشەن** ئى ① ئاياغقا، سېلىپ قولۇپلاپ قويۇلىدىغان ئىشكەل: نەسىردىن پۇتىدىكى كىشەننى جالدىرلىتىپ سۆرەپ شەھەر كوچىسىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، بىر تۇپ قاپاق

تېرەكىنىڭ تۈۋىدە بىر توپ كىشلەرنىڭ يىغىلىۋالغانلىقىنى كۆردى. * شاراقلار يۇتىدا ئىغىر كىشەنلەر، كەلمەكتە ئىككى مەرد ھەيۋەتلىك چامداپ. كەلمەكتە تىك تۇتۇپ بېشىنى ئۇلار، دەھشەتلىك ياۋلىنىڭ ئىچىگە قاراپ. ② كۆچمە. ئەركىنلىكنى بوغىدىغان چەكلىمە، ئاسارەت: ئۇ باتۇر، كەسكىن، ئەقىللىق ھەم ھەققانىيەت يولىدا پىداكارلىق كۆرسىتىدىغان يىگىت ئىكەن دەپ قارىغان مەندەك بىر ياشنىڭ ئەمەلىيەتتە فېئودالىزم كىشەنلىرىگە باش ئېگىپ ئامالسىز قالغان، قولىدىن ھېچ ئىش كەلمەيدىغان قورقۇنچاق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا قېلىشىنى ئۇمىد قىلمەن. * قۇتۇلۇپ ئەل روھىي كىشەندىن، كۆڭلى-كۆكسى شادلىققا تولدى. ھەممە سەپتە قىزىتىپ جەڭنى، ئىش-ئەمگەكنىڭ باتۇرى بولدى.

**كىشەنلەتمەك** «كىشەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**كىشەنلەنمەك** «كىشەنلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: قىلمىشلىرىنى يالغاچلىغان 30 دەك چېرىك قوللىرى ئارقىسىغا باغلىنىپ، پۇتلىرى كىشەنلەنگەن ئون نەچچە ئادەمنى ئارىغا ئېلىپ كېلىۋاتاتتى. * كىشەنلەنگەن ئەركىمىز، زەخمەت چەككەن كۆڭلىمىز. ئۆتتى تۈزۈك ئۇقالماي، نەچچە يىللىق ئۆمرىمىز.

**كىشەنلىك** سۈپ. كىشەن سېلىنغان، كىشەنلەنگەن: ھويلىغا كىرىشى بىلەن ھېلىقى ئىككى كىشى كىشەنلىك پالۋاننى ھەيدەپ چىقتى. * ياۋۇزلار دەپسەندە قىلماق بولۇشتى، (مەسۇمە قەلبىمگە چۈشتى غەم-دىشۋار). دەل شۇ چاغ پۇت-قولى كىشەنلىك يىگىت، يۇلقۇنۇپ ئېلىسقا ئۇردى بىر پەشۋا.

**كىشەنلىمەك** پ ① پۇت-قولىنى كىشەن بىلەن بەند قىلماق، كىشەن سالماق: تۇتۇپ ئېلىپ مېنى دۈشمەن كىشەنلەپ ئوكيانىدىكى ئاراللارغا پالىدى. كىشەن بىلە سالدى قارا ئىشلارغا، ئۇرۇپ-قىيناپ ئازابلىدى خارلىدى. ② ئەركىنلىكنى چەكلىمەك بوغماق: شۇم جاھالەت زەنجىرى بىزنى كىشەنلەپ تاشلىدى، كىمكى چىقتى سەھنگ ئىشنى خوتۇندىن باشلىدى.

**كىشمىش** ئى. مېۋىسى ئۇششاق، ئۇرۇقسىز رەڭگى سۈزۈك، كۆك ياكى سېرى قۇرۇيدىغان بىر خىل ئۈزۈم: دەستە-دەس تە مەزەدىن باشقا، قەنتدانلارغا سېلىنغا گېزەكلەر بىلەن تەخسىلەرگە توشقۇزۇلغا كىشمىش، مېغىز، چىلانلار كاناپ دەستىخانن يۈزىنى كۆرسەتمەيتتى. * سالدى يو قەدىمي خوتەن پاياندار-ئۈز گىلەم، قاراش ھەر ئات ئەۋەتتى، ئاستانە كىشمىش-جۈجەم.

**كىشمىش ئۆرۈك** ئۆرۈكنىڭ بىر خ سورتى. مېۋىسىنىڭ شەكلى سە يۇملاق، پوستى قېلىنراق، سېيدا سىلىق، رەڭگى ئەسلىي سېرىق، ئاپتا تەگكەن تەرىپى قىزىرىدۇ، گۆش چۈچۈمەل تاتلىق، سۈيى كەم، شىر لىك، خۇش بۇي، ئۇرۇقچىسىدىن ئاس ئاجرايدۇ، مېغىزى تاتلىق.

**كىشمىش ئۈزۈم** ← **كىشمىش**: باغۇ يوغان بىر تەڭنىگە كىشمىش ئۈزۈم ئۈزۈ لوتېۋۇلا مۇتەللىپ، مۇنىرىدىن خوجا، بە ئەزىزلەرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى.

**كىشمىشلىك** سۈپ. كىشمىشى بار، كىشم بىلەن تولغان: بۇ تەرەپتە كاۋاپ، ئاشم تا، ئۇ تەرەپتە شورپا، ياغ سامسا. سۇپىدا قوغۇن-تاۋۇز، ئۇ سۇپىدا كىشمىشا خالتا.

**كىشنەتمەك** «كىشنىمەك» پېئىلىن مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويلاپتۇ شۇ يې ئەقىل-ئويىنى، گوياكى تۆگمەندەك قات

ئىشلىتىپ. باغلاپتۇ بىلىنى ھەسەن-ھۈسەندەك، غەيرەت دۇلدۇلىنى مەغرۇر كىشنىتىپ.

**كىشنەشمەك** «كىشنىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئات كىشنىشىپ تېپىشىدۇ. ئادەم سۆزلىشىپ تېپىشىدۇ (ماقال). * باش بولۇپ قوزغالدى تاغ كەنتى، غەزەپ-قەھرى تېشىپ، جىلغا-سايلار چاڭغا تولدى، چاپتى ئاتلار كىشنىشىپ.

**كىشنىمەك** پ. چاپچىپ، قىرقىراپ ئاۋاز چىقارماق (ئات ھەققىدە): ئاتنىڭ كىشنىمەيدىغىنى يوق، ئىتنىڭ چىشلىمەيدىغىنى يوق (ماقال). * ئۇنىڭ ئۆز ئورنىدا تېپىرلاپ تۇرغان ئېتى ئالدى ئاياغلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ كىشنىدى. سۇتۇق بوغراخان ئۇنىڭغا بارىكاللا ئېيتتى. * قاقاھلاپ كۈلمەكتە باسقۇنچى سەردار، زەر يوپۇق يېپىلغان ئېتى ئۈستىدە. قالدى ئىز كىشنىگەن ئات تۇيىقىدىن، نەزەپتە ئېتىلغان ئانا كۆكسىدە.

**كىشى** ئى ① پىكىر قىلىش، ئويلاش، سۆزلەش ۋە ئىشلەش ئىقتىدارىغا ئىگە جانلىق مەۋجۇدات؛ ئادەم، ئىنسان: ئەر كىشى. خوتۇن كىشى. * ۋەزىرگە دېھقاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — بۇ يەردە ئەخمەق كىشى يوق، نەدىن كەلگەن بولساڭلار شۇ يەرگە كېتىڭلار، — دەپتۇ. * قانداق كىشى كېتەر ئىكەن يارىنى تاشلاپ، مەيلى بولسا ئېلىپ كەتسۇن بىللىلا باشلاپ. ② كوللېكتىپ ياكى ئائىلىنىڭ ھەربىر ئەزاسى، جان: ئائىلەڭدە قانچە كىشى بار؟ * بۇ يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزالىرى، ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەر زاتلارنىڭ ۋەكىللىرى بولۇپ، ئۇيغۇر، قازاق، خۇيزۇ، قىرغىز، تاجىك، تاتار، ئۆزبېك، دۇڭشياڭ، سالا قاتارلىق مىللەتلەردىن 168 كىشى قاتناشتى. ③ باشقا ئادەم، بىراۋ؛ ئۆزگە؛ خەق: كىشىنىڭ ئىشى — بونسۇغا بېشى (ماقال). * كىشىنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتاڭ بول (ماقال).

**كىشى قويماق** ← **ئادەم قويماق**: ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتمەيلا قىز لوقماننىڭ ئوغلىغا كىشى قويۇپتۇ. * خەلپە غەنىمنىڭ ھۆسنى-جامالىدا تەڭدىشى يوق سىڭلىسى بارلىقىنى ئاڭلاپ كىشى قويۇپتۇ، غەنىمدىن ئۇنى سوراپتۇ.

**كىشىنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك** ← **باشقىلارنىڭ جۇۋىسىدا تەرلىمەك.**

**كىشى-قارا** دىئال. بىركىم، بىراۋ.

**كىشگە** ئى. دىئال. مۈتىۋەرلەرنىڭ داستىخىنىدىن ئاشقان تاماق.

**كىشىلىك** ① «كىشى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: بار بولىدىكەنسەن، ئۆسىدىكەنسەن، يوقۇلىدىكەنسەن، تەبىئەتنىڭ، كىشىلىكنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى شۇ ئىكەن، بۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلغىلى بولمايدىكەن، ئۇ سېنىڭ خاھىشىڭغا بېقىپ ئۆزگەرمەيدىكەن. * ئاتا-ئاناڭ ۋۇجۇدىدىن سېنى تۇغۇپ، چەكسىز جەبىر-جاپالار بىلەن ئاسراپ، تەربىيىلەپ، ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت بىلەن سېنى ئۆستۈرۈپ، ئادەم قىلىپ، كىشىلىك قاتارىغا قوشتى. ② ئى. ئىنسانغا، ئادەمگە مەنسۇپلۇق، ئىنسانىيەت: دېمەك كىشىلىك تارىخىنىڭ بۇ خىل باسقۇچلىرى ۋە تەبىئىي تاللىنىشلاردا مىزاج، ئىرسىيەت، مۇھىت ۋە ئىجتىمائىي تۈزۈملەرنىڭ چوڭ مۇناسىۋىتى بار. * ياشلىقى ئۆتكەنىكەن زەرداب يۇتۇپ، ئەسلىدىن كەلگەچ ئۇنىڭ زاتى گاداي. تاڭ ئېتىپ، چىققاندا كۈن تۈنلەر يىرىپ، كىشىلىك مۇنبىرىدىن تېگىپتۇ جاي. // كىشىلىك ھايات خۇددى گۈلگە ئوخشايدۇ، سۆيگۈ بولسا ئەنە شۇ گۈلنىڭ شىرنىسىدۇر. ③ سۈپ. ساناق سانلار بىلەن كېلىپ: 1) «كىشىدىن

تەركىب تاپقان، كىشىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: نىزامىدىنىڭ 200 كىشىلىك ئاتلىق قوشۇنى بۇيرۇق بويىچە بۇگۈن كېچىدە ئاچالغا قاراپ يولغا چىققان، ئۇلار شۇ تاپتا كەگسايغا كىرگەنىدى. * بۇ يەرگە كەلگەن بەش كىشىلىك خىزمەت دۆيى ئازنا مەسچىتنىڭ يېنىدىكى خانىقانى ھەم ئاشخانا ھەم ياتاق قىلىپ راسلىدى. 2) «كىشىگە، ئادەمگە مۆلچەرلەنگەن، تەييارلانغان؛ كىشىگە يېتىدىغان، خاس بولغان، كىشى سىغىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كىشىلىك ياتاق. ئىككى كىشىلىك كارىۋات. بىر كىشىلىك ئورۇندۇق. * ماشىنا كابىنكىسىدا بىر كىشىلىك ئورۇن بوشتەك تۇرىدۇ. * كەچكى تۆت كىشىلىك زىياپىتىمىز كۆڭۈللۈك ئۆتتى. 3) «بىر» سانى بىلەن كېلىپ «ئۈلۈش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: بىر كىشىلىك تۆھپە قوشماق. * ھەممە ياشلار تاغقا بېرىپ بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇۋاتىدۇ، مېنىڭمۇ تاغقا بېرىپ بىر ئىشلىگۈم بار.

**كىشىلىك ئالماش** <تل> كىشىلەرنىڭ ئىسمى ئورنىغا ئالمىشىپ كېلىدىغان ئالماش. مەسىلەن، مەن، بىز، سەن (سىز)، سىلەر، ئۇ، ئۇلار قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**كىشىلىك تۇرمۇش** ئىنسانلارنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈشى: — ئاسىيە، كىشىلىك تۇرمۇشتا كىشىلەرنىڭ بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشى گۇناھ ھېسابلىنامدۇ؟ — دېدى سادىر.

**كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسى** <پەلس> كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى توغرىسىدىكى تەلىمات.

**كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى** <پەلس> كىشىلىك تۇرمۇشقا بولغان قاراش، يەنى ئىنسانلار مەۋجۇتلۇقىنىڭ قىممىتى ۋە ئەھمىيىتىگە بولغان كۆز قاراش. ئۇ دۇنيا قاراش تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

**كىشىلىك جەمئىيەت** ← **ئىنسانىيەت جەمئىيىتى**: ئەخلاقىي سۈپەتنىڭ كىشىلىك جەمئىيەتتىكى ئىجابىي رولى مەدەنىيەت تارىخى باشلانغاندىن تارتىپ تاكى ھازىرغا قەدەر داۋام قىلىپ كەلگەن ۋە مۇنازىرە تەلەپ قىلمايدىغان مۇھىم بىر مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم چۈشىنىدۇ.

**كىشىلىك دۇنيا** ← **ئىنسانىيەت دۇنياسى**: بۇنداق سائەتلەردە روھىڭ شۇنچە كۆتۈرەڭگۈ بولىدۇكى، كىشىلىك دۇنياسىدىكى بارلىق غەم-قايغۇلار نەلەرگە يوقالغانلىقىنى ئۆزۈڭمۇ بىلمەي قالىسەن.

**كىشىلىك قاراش** ← **كىشىلىك تۇرمۇش قارىشى**: ئۇ بۇ خىل كىشىلىك قارىشىنى ئىنستىتۇتتىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنىڭ كېيىنكى دەۋرلىرىگە ئائىت تەجرىبىلىرىدىن باشلاپ تىكلەشكە باشلىغانىدى.

**كىشىلىك ھوقۇق** كىشىلەر بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىنسانىي ئەركىنلىك ۋە ھەر خىل دېموكراتىيە ھوقۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

**كىك** ئى. بالىيوتقۇ ئېغىزى.

**كىكى يېرىلماق** بالىياتقۇ ئېغىزى ئېچىلماق (تۇغۇتتا).

**كىكەتكە** ئى. ئەرەنچە كۆڭلەك ياكى چاپانلارنىڭ ئارقا تاغاق قىسمىدىكى كەسمە بۆلەك.

**كىگىز** ئى. يەر-كارىۋات قاتارلىقلارغا سالىدىغان قوي يۇڭىدىن قېلىن قىلىپ بېسىپ ئىشلەنگەن ئائىلە بۇيۇمى: كىگىز باستۇرماق. ئۆيگە كىگىز سالماق.

**كىگىز تاتىلماق** خىجىل بولماق، يەرگە قارىماق: ھوشۇر ئىمام ئۇتتۇرۇۋەتكەن

قىمارۋازدەك كىگىز تاتىلاپ جىم ئولتۇراتتى.

**كىگىز ئۆتۈك** قونچى ياكى قونچى ۋە باشلىقى پىششىق كىگىزدىن تىكىلگەن ئۆتۈك: – ھېلىقى قىشتا سىزگە كىگىز ئۆتۈك بىلەن نان بەرگەن بالا مەن ئەمەسمۇ؟ – دېدى ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي.

**كىگىز ئۆي** چارۋىچىلىق رايونلىرىدا كۆچمەن چارۋىچىلار ئولتۇرىدىغان، يۆتكەشكە ئەپلىك، يۇمىلاق شەكىللىك، ياغاچ قۇرۇلما ئۈستىگە مەخسۇس تەييارلانغان كىگىز يېپىلىدىغان بىر خىل ئۆي: بۇ گۈگۈشىدا ئۇ بارمىغان كىگىز ئۆي، بارمىغان قىشلاق-يايلاق قالمىدى.

**كىگىزچى** ئى. كىگىز باسىدىغان ۋە ساتىدىغان كىشى: يەكەنلىك كىگىزچى ئەھەتقارى دېسە تونۇمايدىغىنى يوق.

**كىگىزچىلىك** «كىگىزچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**كىگىز-كېچەك** كىگىز، گىلەم، پالاس قاتارلىق يەرگە سېلىنىدىغان نەرسىلەر: قىزنى ياتلىق قىلغاندا قىزنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنىڭغا ئايرىم ئۆي ھازىرلاپ بېرىدۇ ۋە تېگىشلىك چارۋا مال، كىگىز-كېچەكلىرىنمۇ قوشۇپ بېرىدۇ. * بىر پىلانغا كەلدى مېھرىخان، زور زىيانىنى ئېسىگە ئېلىپ. سوغا باستى كىگىز-كېچەكنى، ياتقىدىن تېز-تېز ئەكىلىپ.

**كىلتاڭ** ئى [پ] دېرىزە، ئىشىك قاناتلىرىنى بىر-بىرىگە ياكى رامغا تىرەپ ئېتىدىغان تۆمۈر ياكى ياغاچ ئىلغۇچ: ئەتىگەنلىكى سەھەر تۇرىمەن-دە، قىزىل دەرۋازىنىڭ كىلتاڭ ۋە قۇلۇپلىرىنى ئاچىمەن.

**كىلو** مىق [ر<گرېك] ① بىرىككەن سۆزلەرنىڭ ئالدىنقى تەركىبى بولۇپ كېلىدۇ. سۆز مەنىسى «1000». ② كىلوگرام.

**كىلوكالورىيە** مىق [ر<فران<لات] <فىز> ئىسسىقلىق مىقدارىنىڭ ئەمەلىي ئۆلچەم بىرلىكى. بىر كالورىيىنىڭ 1000 ھەسسىسىگە باراۋەر.

**كىلوگرام** مىق [ر<فران <گرېك] <مات> مېتىر سىستېمىسىدىكى ئېغىرلىق (ياكى ماسسا) نىڭ ئۆلچەم بىرلىكى. كىلوگرام 2 جىڭغا ياكى 1000 گرامغا تەڭ.

**كىلوگراملىق** سۈپ. كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى، كىلوگرام كېلىدىغان: ئىككى كىلوگراملىق گىر تېشى.

**كىلوگېرتس** مىق ( فران<نېم) ( فىز> رادىئو دولقۇنىنىڭ چاستوتا بىرلىكى. ھەر سېكۇنتتا 1000 قېتىم تەۋرەنسە بىر كىلو گېرتس بولىدۇ.

**كىلولاتماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەن سېتىۋالغان تاۋۇزنى باشقا بىر دۇكانغا ئاپىرىپ كېلولىتىپ باقتىم.

**كىلولاشماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىلولانماق** «كىلولىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سېتىۋېلىنغان مېۋىلەر كىلولىنىپ ماشىنغا بېسىلدى.

**كىلولۇق** سۈپ. مەلۇم كىلوگرام ئېغىرلىقتا كېلىدىغان؛ مەلۇم كىلوگرام ئېغىرلىقتىكى نەرسە سىغىدىغان: ئۇ ئالما قاچىلانغان يەشىكلەردىن تاللاپ 25 كىلولۇق يەشىكتىن بىرنى ئالدى.

**كىلولىتر** مىق [ر<فران <لات] مېتر سىستېمىسىدىكى 1000 لىترغا باراۋەر سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلولىماق** پ. نەرسىلەرنى جىڭغا سېلىپ كىلوگرام بىرلىكى بىلەن ئۆلچىمەك، تارتماق: تۇرمۇش خىزمىتىنى ئىشلىگۈچىلەر تەقسىم قىلىنىدىغان سەينى كىلولاپ ھەربىر ئائىلىگە تەقسىم قىلىشقا باشلىدى.

**كىلومېتر** مىق [فران] مېتر سىستېمىسىدىكى

1000 مېترغا باراۋەر ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**كىلومېترلىق** سۈپ. مەلۇم كىلومېتر كېلىدىغان، كىلومېتر ئۇزۇنلۇقتىكى: بىرنەچچە كىلومېترلىق مۇساپە بېسىلغاندىن كېيىن لاتا كۆيۈپ تۈگىدى.

**كىلومېترلىماق** پ. مەلۇم مۇساپە ياكى ئۇزۇنلۇقنى كىلومېترنى بىرلىك قىلىپ ئۆلچىمەك، ھېسابلىماق: يوللار ئاسفالتلانغاندىن كېيىن، ئۇنى كىلومېترلاپ، ھەربىر كىلومېتر ئارىلىققا مەخسۇس بەلگە ئورنىتىلدى.

**كىلوۋات** مىق [ر<گرېك+ئىنگ] <فىز> ئېلېكترنىڭ ئەمەلىي قوللىنىلىدىغان قۇۋۋەت بىرلىكى. بىر كىلوۋات 1000 ۋاتقا باراۋەر كېلىدۇ.

**كىلوۋات سائەت** <فىز> بىر كىلوۋات سائەت ئېلېكتر مىقدارىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كىلېتكا** ئى [ر] ← **ھۇجەيرە**: ئامېرىكا ماسسا چۇسېتس داشۆسى قارمىقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ ئىككى نەپەر ئالىمى مۇنداق دەپ ھېسابلىغان: ئاياللار كىلېتكىسىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى بىر گۇرۇپپا خروموسوما ئەرلەرنىڭكىگە ئوخشىمايدۇ.

**كىلېتكشۇناس** ئى ← **ھۇجەيرىشۇناس**: بەزىلەر ئۆزىنىڭ تەتقىقات ئوبيېكتىنى پۈتۈنلەي باشقىچىرەك نۇقتىدىن كۆزىتەلەيدۇ. مەسىلەن، داڭلىق كىلېتكشۇناس ۋلادىمېر ياكاۋلېۋىچ ئالېكساندىروۋ ماڭا كىلېتكىلارنى قىن-قىنىغا پاتمىغان ھالدا تەسۋىرلەپ بەرگەنىدى، ئۇ ماڭا كىلېتكىلارنىڭ جىنى بارلىقىغا گەپ سىغمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

**كىلىت** ئى. دىئال. ئاچقۇچ.

**كىلىزما** ئى [ر<گرېك] ① ئىچنى تازىلاش ياكى داۋالاش ئۈچۈن ئارقا يولدىن سۇ ياكى بىرەر سۇيۇقلۇق بېرىش: ھەببۇلمۇلۇكنى يېگەندە قەي قىلدۇرۇش، قۇستۇرۇش ۋە زەھەرلەش ئىشلىرى كۆرۈلسىمۇ، ئەمما ئۇنى كىلىزما قىلغاندا بۇنداق ئالامەت كۆرۈلمەيدۇ.

**كىلىزما قىلماق** <تىب> ← **ھەمەل قىلماق**.

**كىلىمات** ئى [ر<گرېك] <مېتېئور> مەلۇم بىر رايوننىڭ كۆپ يىللىق كۆزىتىش ئارقىلىق خۇلاسىلەپ چىقىلغان ھاۋا رايى ئەھۋالى. ئادەتتە ئۇ ھاۋا ئېقىمى، كەڭلىك گرادۇسى، دېڭىز ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەنلىكى ۋە يەر شەكلى قاتارلىق ئامىللار بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**كىلىمات خەرىتىسى** <مېتېئور> كىلىمات ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدىغان خەرىتە. بۇ ئۆتكەن ئايلاردىكى ئوتتۇرىچە ھاۋا تېمپېراتۇرىسى، يېغىن مىقدارى قاتارلىق كىلىمات ئامىللىرىنىڭ زامان ۋە ماكاندىكى تارقىلىش خەرىتىسى، ئومۇملاشقان مۇناسىۋەت خەرىتىسى ھەم ھەر خىل كىلىمات ستاتىستىكا خەرىتىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**كىلىمات ئۆزگىرىشى** <مېتېئور> يېغىن، تېمپېراتۇرا ۋە يەر شارى كىلىماتىنىڭ باشقا جەھەتلەردىكى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۆزگىرىشى.

**كىلىماتشۇناس** ئى ← **مېتېئورولوگ**.

**كىلىماتشۇناسلىق** ئى ← **مېتېئورولوگىيە**.

**كىلىماتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <مېتېئور> ئاتموسفېرا ئىلمىنىڭ بىر تارمىقى. كىلىمات ئالاھىدىلىكى، ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى ۋە ئۇنىڭ شەكىللىنىشىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**كىلىيونكا** ئى [ر] بىر ياكى ھەر ئىككى تەرىپى سۇيۇقلۇق ئۆتكۈزمەيدىغان ماددا بىلەن قاپلانغان رەخت.

**كىم** ئال ① «قايسى كىشى» دېگەن

مەندە شەخس ھەققىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: – ئۇنداق بولسا، بۇ تىزىملىكنى يېزىشقا كىمدىن ئەۋەتىمىز؟ – دېدى ئامىنىخان. * كۆلكە بار دەيدۇ يۈزۈڭدە مەن بۇگۈن كۆلمەمدىغان، ۋەتىنىم گۈللەنسە، كۆلسە كىم ئىكەن كۆلمەيدىغان؟! ② كىشىلەرنىڭ نامى سورالغان جۈملىلەردە «نېمىدەپ ئاتىلىدۇ» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ: – بولۇپتۇ، بولۇپتۇ، ئارتىسكا بولمىسىڭىز، شېئىر ئوقۇپ بەرسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئىسمىڭىز كىم بولىدۇ؟ – دېدى مىرئەخمەت. ③ شەرت بېقىندى جۈملىنى نەتىجە جۈملىگە باغلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ: ئاتاڭ كىم بولسا، سەن شۇنىڭ ئوغلى (ماقال).

**كىم ئارتۇق سودىسى** < سودا > سودىنىڭ بىر خىل شەكلى. بۇنىڭدا ۋەكالەتەن سېتىپ بەرگۈچى سودا دۇكانلىرى ھاۋالە قىلىنغان مالنى جامائەت ئالدىغا تاشلاپ ئالدىن باھا قويىدۇ. ئۇنىڭدىن كېيىن خېرىدارمۇ مالنى تالىشىپ بىر-بىرىدىن ئۈستۈن باھا قويۇشىدۇ. باھا ئەڭ يۇقىرى چەككە يېتىپ، باشقىلار ئۇنىڭغا چىقىشنى خالىمىغاندا، ئۈستەلگە ئۇرۇلۇپ باھا چېكىنىڭ توختىغانلىقى ئىپادە قىلىنىدۇ. نەتىجىدە، مال ئەڭ يۇقىرى باھا قويغۇچىغا سېتىپ بېرىلىدۇ.

**كىم ئارتۇق قىلىپ ساتماق** < سودا > ۋەكالەتەن سېتىپ بەرگۈچى سودا دۇكانلىرى ھاۋالە قىلىنغان مالنى خېرىدارلار ئالدىغا قويۇپ ۋە ئۇلارنى باھادا تالاشتۇرۇپ، يۇقىرى باھا چېكىگە يەتكەن كىشىگە ساتماق.

**كىم بار كىم يوق** كىم قىلىپ، كىم كېتىدۇ، مەلۇم ئەمەس: يەنە شۇنداق بىر كىشىگە يولۇققۇچە كىم بار كىم يوق! * تۇغقانلىرىڭلار بىلەن خوشلىشىۋېلىڭلار، جان دېگەن تەندە ئامانەت، كىم بار كىم يوق.

**كىم بىلسۇن** ← **كىم بىلىدۇ**: – بولىدىغان ئىش بولدى، مېنى يەنە قانداق ئىشلار كۈتۈۋاتىدۇ، بۇنى كىم بىلسۇن، دېدى ئۇ. * – ئاشۇ سىڭلىمنى قۇباققا چاتىمەن دەپ يۈرگۈدەك، كىم بىلسۇن، ئاتا باشقا ئانا بۆلەك سىڭلىسىمۇ تېخى.

**كىم بىلمەيدۇ** ھەممىگە مەلۇم، ھەممە بىلىدۇ، ناھايىتى ئېنىق: – گەپ بىر، – دېدى زاكىرۇ قىز، – كىم بىلمەيدۇ، سېنىڭ ئەس-يادىڭ ئالماستىغۇ.

**كىم بىلىدۇ** قانداق بولىدىغانلىقى ھازىرچە نامەلۇم، كېيىن بىلىنەر: ياش سازەندىلىرىمىز ئۇلاردىن كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىدىغان بولسا، ئۆزلىرىمۇ ئىجاد قىلسا، كىم بىلىدۇ تېخى، يەنە 40 – 50 يىلدىن كېيىن مۇقام 14-15 كە يېتەمدۇ؟!

**كىمەرسە** ئال. ھەرقانداق بىر كىشى، ھەرقانداق بىر شەخس: كىمەرسىنى ئاشىق قىلاي دېسەڭ، يانچۇقۇڭنىڭ ئاغزىنى ئوچۇق قوي!

**كىمبېرلىت** ئى [ر] <گېئول> ئەڭ دەسلەپتە ئافرىقىنىڭ كىمبېرلي دېگەن يېرىدىن تېپىلغان ۋە شۇ جاينىڭ نامى بىلەن ئاتالغان قىسمەن ئىشقارلىق ئۇلترا ئاساسلىق بىر خىل جىنس. يېتىشى بۇزۇلغان. جىنس كامىرى، يانار تاغ بوينى ياكى تام جىنس ۋە تومۇر جىنس ھالىتىدە بولىدۇ. رەڭگى كۆپىنچە قېنىق بولۇپ، يېشىل رەڭلىكلىرى كۆپ. مىنېرال تەركىبى ئىنتايىن مۇرەككەپ. ئادەتتە ئۈچ خىل تېپقا ئايرىلىدۇ: 1) كىمبېرلىتنىڭ بىرلەمچى مىنېراللىرى. مەسىلەن، زەيتۇنتاش (كۆپىنچىسى سېرپېنتىنلاشقان ياكى كالتسىيلاش-

قان)، سىرىق چىرىمتال (كۆپىنچىسى خلورىدلاشقان)، پىروپ (ماگنىي-ئاليۇمىن-لىق ئانار تاش)، خروملۇق سۈزۈك پىروكسىن، ئالماس قاتارلىقلار؛ 2) يەرنىڭ ئۈستۈنكى ئارا قاتلىمى، يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر جايلىرىدىن كەلگەن باشقا جىنسلار ۋە قورشالما جىنسنىڭ تۇتقۇن گەۋدىلىرىدىكى مىنېراللار؛ 3) كىمبېرلىتنىڭ يىمىرىلىشىدىن ھاسىل بولغان مىنېراللار. مەسىلەن، سېرپېنتىن كاربوناتلار.

**كىمخاب** ئى [پ] ئۆرۈشى يىپەك، ئارقىقى زەر يىپتىن توقۇلغان رەخت: ئەپەندىم كوچىدا مەس بولۇپ ياتقان خان ئەمەلدارىنىڭ كىمخاب تونى بىلەن شايى سەللىسىنى ئېلىپ كېتىپتۇ. * يىغلىما قىز، يىغلىما تويۇڭ بولدى، كىمخاب گۈللۈك كۆشۈگە ئۆيۈڭ بولدى.

**كىمدۇ** ئال. كۆپىنچە كەينىدىن «بىرى» سۆزى كېلىپ كىملىكى ئېنىقسىز بىر ئادەمنى بىلدۈرىدۇ: كىمدۇ بىرى ئىشكنى چەكتى. * كىمدۇ بىرى دۇتارنى كونا خەلق ئاھاڭلىرىغا چېلىپ يىقىملىق ناخشا كۈيلەشكە باشلىدى.

**كىمدىكىم** *ئال*. كىم بولسا .بولسۇن، ھەرقانداق بىر كىشى: ئەمدى كىمدىكىم ۋاڭلىقنى تىكلەيمەن دېسە، ئۆزىنىڭ بېشىنى يەيدۇ. * ئەگەر كىمدىكىم ئۆز ئانا تىلىغا رۇسچە سۆزنى ئارىلاشتۇرۇپ سۆزلەيدىغان بولسا، بىر ئېغىز سۆز ئۈچۈن بىر مىسقال جەرىمانە ئېلىنىدۇ.

**كىم-كىملەر** قانداق-قانداق كىشلەر: خوش، ئۇ يەرگە كىم-كىملەر بارماقچى، ئوغلۇم؟

**كىميا** ئى [ئە] يېزت. خىمىيە.

**كىمياگەر** ئى [ئە+پ] يېزت. خىمىك.

**كىنايە** ئى [ئە] <ئەد> ← **تەنە.**

**كىنايە قىلماق** باشقىلارغا دارىتىپ مەسخىرىلىك گەپ قىلماق: – بولدى، بولدى، كۆپ كايىپ كېتىپسىز، – دېدىم مەن ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ ۋە چاندۇرماستىن ئورۇندۇقتا كېلىپ ئولتۇردۇم. * – ئالدىراپ خۇشاللىنىپ كەتمە، غۇلام! – دېدى ئۇ ئىچىدە كىنايە قىلىپ، – مۇنداق ئاسان ئىش يوق!

**كىنايىچى** ئى. كىنايە قىلىپ، مەسخىرە ئارىلاش گەپ قىلغۇچى.

**كىنايىلىك** سۈپ. كىنايە قىلىپ ئېيتىلغان، كىنايە ئىپادىلەنگەن: ئۇ بىرنەرسە دېيىش ئۈچۈن تەمشىلىپ تۇراتتى، قىز ئۈستىدىكى بىر دېھقاننىڭ كىنايىلىك سۆزى خىيالىنى چېچىۋەتتى. // بولدىن ئۆتكەن كىشىلەردىن بەزىلىرى ياقىسىنى تۇتسا، بەزىلىرى كىنايىلىك كۈلۈشۈپ قوياتتى.

**كىنەز** ئى [ر] ① فېئودال-كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدىكى ئەسكەر باشلىقى ۋە ۋىلايەت ھاكىمى. ② فېئودال-كىنەزلىك ھاكىمىيىتىدە مىراس تەرىقىسىدە بېرىلىدىغان پەخرىي ئۇنۋان ھەمدە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان كىشى.

**كىنەزلىك** ئى. كىنەز قول ئاستىدىكى ئورۇن.

**كىندىك** ئى <ئانات> ① تۆرەلمە بىلەن بالا ھەمراھىنى تۇتاشتۇرۇپ تۇرغۇچى نەيچىسىمان ئەزا. ئىككى تال ئارتېرىيە بىلەن بىر تال ۋېنادىن تۈزۈلگەن: تۆرەلمە ئۇنىڭغا تايىنىپ ئانا تېنى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ. ئادەتتە ئۇ يەنە تۆرەلمىنىڭ ئوزۇقلۇق سۈمۈرۈشى ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىۋېتىشىدىكى يول ھېسابلىنىدۇ: كىندىكنى كەسمەك. كىندىكئانىسى. ② بالا تۇغۇلۇپ، شۇ خىل نەيچە كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن قورساق

سىرتىدا قېلىپ قالغان ئويمانچە. ③ كۆچمە. مەركەز، ئوتتۇرا: كىندىك ئوق. ئاسىيا كىندىكى. * ئۇ قەشقەرنىڭ كىندىكىدىن.

**كىندىك قېنى ئاقماق** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلمەك:** قۇچقىڭدا كۆز ئېچىپ، كىندىك قېنىم ئاققان ساڭا، چۆمۈلۈپ سۆيۈڭگەمەن باغرىمنى چىلك ياققان ساڭا.

**كىندىك قېنى تامچىلىماق** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلمەك:** مەن جۇدالىق ئىچىدە ئۆتكەن بۇ بىر يېرىم يىلنىڭ قايسى مىنۇتىدا قەشقەرنى ئەسلىمىدىم؟! ئاھ قەشقەر! ئاھ، كىندىك قېنىم تامچىلىغان يۇرت!

**كىندىك قېنى تامماق** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلمەك:** كىندىك قېنىم باغرىڭغا تامغان، ھۆرمىتىڭنىڭ يوقتۇر پايانى. يۈرەك ناخشام سەن ئۈچۈن يانغان، مۇھەببەتنىڭ پۈتمەس باياني.

**كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي** تۇغۇلغان جاي، ۋەتەن: دۇنيادا ئۆزىنىڭ كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جايىدىنمۇ ئۇلۇغ يەنە نېمە بولسۇن؟! * ئېھ جۇڭگو! كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن جاي، ئەزىزىم قەددى بۈيۈك ئانا تۇپراق. كۆلگەن گۈل ھۆسنۈڭ ئۈچۈن قوشاق قېتىپ، كۆيلەشكە ئۆمۈر بويى يۈرەك ئامراق.

**كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەر** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلگەن جاي:** دادام ھازىر شۇ خىيالدا، ئانامنىڭ تۇپرىقىنى كۆرسەم، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن يەردە ياتسام دەپ ھەسرەت چېكىپ يۈرىدۇ.

**كىندىك قېنى تۆكۈلمەك** تۇغۇلۇپ ئۆسمەك: تۆكۈلدى مۇشۇ قەشقەر بېغىغا كىندىك قېنىڭ ئوغلۇم، دېمەككى، بۇ گۈزەل تۇپراق ئانا يۇرت-ۋەتىنىڭ ئوغلۇم. * كىندىك قانلار تۆكۈلگەن گۈزەل تۇپراق خوش ئەمدى، شىلدىر ئاققان تاغ سۈيى، تاغ ۋە يايلاق خوش ئەمدى.

**كىندىك قېنى چۈشمەك** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلمەك:** مېنىڭ كىندىك قېنىم چۈشكەن، ھاياتىمغا ئوزۇق بەرگەن، ئانا تۇپراق گۈزەل يۇرتۇم، پىدا مىلك جان، كۈچايىمغا.

**كىندىك قېنى سىڭمەك** ← **كىندىك قېنى تۆكۈلمەك:** مەندە ھەرگىز قالمىغاي ئارمان، ۋەتەن، خەلقىم يولىدا ئۆلسەم. كىندىك قېنىم سىڭگەن دىيارنىڭ، تۇپرىقىدا يۇلغۇن بولۇپ ئۈنسەم.

**كىندىك ئوق** <ماشن> ← **ئۆزەك ئوق.**

**كىندىكى چۈشمەك** تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكى كېسىلىپ مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن بوغۇلغان ئۈچى قورۇلۇپ تەندىن ئاجرىماق.

**كىندىكى قوش** بىر-بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان دەرىجىدە يېقىن: ھەركۈنى ياسىنىڭ ئۆيىدىن كېلەلمەيسنا! ئۇنىڭ بىلەن كىندىكىڭ قوشمىدى-يا؟

**كىندىكنى كەسمەك** بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، بالىنى ھەمراھىدىن ئايرىش ئۈچۈن كىندىكىدىن ئوزۇقلىنىش يولىنى كېسىپ تاشلىماق.

**كىندىكئانا** ئى [كىندىك+ئانا] ① ئاياللارنىڭ تۇغۇتىغا ياردەملىشىپ، تۇغۇلغان بوۋاقنىڭ كىندىكنى كېسىشكە تەكلىپ قىلىنغان ئايال: ئەپەندىمنىڭ خوتۇنى تۇغۇتتا بەكمۇ قىينىلىپتۇ. كىندىكئانا بولغۇچى چىقىپ ئەپەندىمگە: — ئايالىڭىز قىينىلىپ كەتتى، بىكار ئولتۇرغۇچە يا ئۆزىڭىز دەم سېلىڭ، يا بولمىسا بىرىگە دېمىدە قىلدۇرۇپ كېلىڭ! — دەپتۇ. * تەس ئىدى تۇغۇلمىقىممۇ باشقىدىن، كەلمىسە باھار بولۇپ كىندىكئانا. ② كۆچمە. مەيدانغا كېلىش، پەيدا بولۇشنى بىرىنچى بولۇپ

كۈتۈۋالغۇچى: زورلۇق كۈچ – يېڭى جەمئى-
يەتكە ھامىلدار بولغان ھەربىر كونا جەمئى-
يەتنىڭ كىندىكئانىسى.

**كنو** ئى [ر] بىر خىل ئۇنىۋېرسال سەنئەت.
بۇنىڭدا لېنتىغا ئېلىنغان چاتما سۈرەتلەر-
نى كۈچلۈك چىراغ نۇرىدا ئېكرانغا
چۈشۈرۈش ئارقىلىق، ئادەم ياكى
شەيئى ھەرىكىتى ئەينەن تەسۋىرلەپ
بېرىلىدۇ: رەڭسىز كىنو. رەڭلىك كىنو. كەڭ
ئېكرانلىق كىنو. ئاۋازلىق كىنو. كىنو كۆرمەك.
كىنوغا بارماق.

**كنو بېسىش ئاپپاراتى** <كنو> كىنو
لېنتىسىنى بېسىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
ئوپتىكىلىق مېخانىزم.

**كنو پىليونكىسى** <كنو> كىنو فىلمى
ئىشلەشتە ئىشلىتىلىدىغان نۇر سەزگۈچى
ماتېرىياللارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**كنو رېژىسسورى** <كنو> مەلۇم
كىنونىڭ ئېلىنىش باسقۇچلىرىدىكى
بەدىئىي ئىجادىيەت خىزمىتىگە رەھبەر-
لىك قىلغۇچى ۋە ئۇنى تەشكىللىگۈچى
كىشى.

**كنو ستۇدىيىسى** <كنو> كىنو ئىشلەش
ياكى ئۇنىڭغا ئاۋاز بېرىش مەشغۇلاتلىرى
ئۈچۈن مەخسۇس تەسىس قىلىنغان
ئورۇن: تەڭرىتاغ كىنو ستۇدىيىسى. شاڭخەي
كىنو تەرجىمە ستۇدىيىسى.

**كنو سېنارىيىسى** <كنو> كىنوغا ئېلىش
ئۈچۈن مەخسۇس يېزىلغان ئەسەر.
ئادەتتە ئىككى خىل بولىدۇ: بىرىنچى
خىلى ئادەتتىكى سېنارىيىگە ئاساسەن
ئوخشاش بولۇپ، كۆرۈنۈش، پەردە
قاتارلىقلار ئايرىلماي يېزىلىدۇ. بۇ خىلدى-
كىسى كىنونىڭ ئەدەبىي سېنارىيىسى
دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچى خىلى كىنونىڭ
كۆرۈنۈشلەرگە ئايرىلغان سېنارىيىسىدۇر.

**كنو فىلمى** <كنو> كىنو قويۇش
ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان لېنتا.

**كنو قويۇش ئاپپاراتى** <كنو> كىنو
قويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل
ئاپپارات.

**كنو لازىمەتچىسى** <كنو> فىلىم
مۇلازىمى.

**كنو ئېلىش** <كنو> كىنو ئېلىش
ئاپپاراتى ئارقىلىق مەنزىرە ياكى كىنو
ۋەقەلىكىنى سۈرەتكە ئېلىش كۆزدە
تۇتۇلىدۇ.

**كنو ئېلىش ئاپپاراتى** <كنو> مەخ-
سۇس كىنو ئېلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان
مېخانىزم. ئۇنىڭ ئاپتوماتىك ئۇلانمىلىق
نۇر ئۆتكۈزۈش ۋە لېنتا ماڭدۇرۇش
قۇرۇلمىسى بولىدۇ.

**كنو ئېلىش زالى** <كنو> كىنو
ستۇدىيىلىرىدىكى كىنونىڭ ئىچكى كۆرۈ-
نۈشلىرىنى ئېلىش ئۈچۈن مەخسۇس
ئىشلىتىلىدىغان زال.

**كنوچى** ئى. كىنو فىلىملىرىنى كۆرسىتىش،
قويۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغۇچى:
مەن ئىككى يىلدىن بېرى ناھىيىنىڭ كىنو-فىلىم
شىركىتىدە كىنوچى بولۇپ ئىشلىدىم.

**كنوچىلىق** ئى. كىنو سېنارىيىسىنى يېزىش،
فىلىمگە ئېلىش، قويۇش قاتارلىق ئىشلار
ۋە مۇشۇ ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىش
كەسپى: مۇقاملار يالغۇز مۇزىكىچىلىقتا
ئەمەس، ناخشا-ئۇسسۇلچىلىقتىمۇ، ئوپېرا ۋە
تىياتىرچىلىقتىمۇ، كىنوچىلىقتىمۇ ئەنە شۇنداق
كەڭ ئىمكانىيەتكە ئىگە.

**كنوخانا** ئى. كىنو فىلىملىرى كۆرسىتىلىدىغان
مەخسۇس ئورۇن: شۇنداق قىلىپ ئۇلار
كىنوخانىغا كىرىشتى.

**كنولاشتۇرماق** «كىنولاشماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى: سەھنە ئەسىرىنى

كىنولاشتۇرماق.

**كىنولاشتۇرۇلماق** «كىنولاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى: 80-يىللاردىن بۇيان نۇرغۇنلىغان سەھنە ئەسەرلىرى كىنولاشتۇرۇلدى.

**كىنولاشماق** پ. كىنو شەكلىدە ئەكس ئەتتۈرۈلمەك؛ كىنو فىلىمى قىلىپ كۆرسىتىلمەك، ئىشلەنمەك.

**كىنوۋار** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HgS. ئۇ سىماب ئېلىشتىكى ئاساسلىق مىنېرال ھېسابلىنىدۇ. رەڭگى قىزىل ياكى بېغىر رەڭ، زەھەرسىز كېلىدۇ. تىبابەتچىلىكتە تىنچلاندۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ. بەدەن سىرتىغا ئىشلەتكەندە قىچىشقاق قاتارلىق تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالىغىلى بولىدۇ. ئادەتتە ئۇ بوياقمۇ قىلىنىدۇ.

**كىنېماتىكا** ئى [ر<گرېك] <فىز> مېخانىكىنىڭ تارمىقى. ئورۇن يۆتكەش، تېزلىك، تېزلىنىش قاتارلىق فىزىكىلىق مىقدارلار ئارقىلىق، جىسىم ئورنىنىڭ ۋاقىتقا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش مۇناسىۋىتىنى بايان قىلىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. ئۇ جىسىم ھەرىكەت ھالىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان سەۋەبلەرنى ئويلاشمايدۇ.

**كىنىشكا** ئى [ر] سالاھىيەت، تارىخ قاتارلىقلارنى ئىسپاتلاپ بېرەلەيدىغان، مەلۇم تەشكىلات، ئورۇنغا قاراشلىق ئىكەنلىكىنى ياكى مەلۇم جەھەتتىن بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ئىناۋەتلىك كىچىك دەپتەرچە ياكى قەغەز ۋاراق: ئوقۇغۇچىلىق كىنىشكىسى. خىزمەت كىنىشكىسى. داۋالىنىش كىنىشكىسى. ئاشلىق كىنىشكىسى. * شۇندىن كېيىن ئانىغا گۇلدۇرمامىغا ئايلانغان كۈچلۈك چاۋاكلار ئىچىدە مەرھۇم ئوغلىغا تەقدىم قىلىنغان قەھرىمانلىق كىنىشكىسى بىلەن ئالتۇن ئوردېنلار چوڭقۇر ھۆرمەت بىلەن تاپشۇرۇپ بېرىلدى.

**كىنىمەك** پ. دىئال. ئەسلىمەك، ياد ئەتمەك.

**كىۋە** ئى. دىئال. كىرپە.

**كىيدۈرمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئاپام چاپىنىنى ماڭا كىيدۈرۈپ قويدى، دادام بولسا ھېلىقى پىيمىنى كىيمەي، بىر ئەسكى ئۆتۈك بىلەن قىشنى چىقاردى. * مەلىكەمنى ئاتقا مىندۈرۈپ تون كىيدۈرسەم، خىيالىمدا كۈندە يۈزمىڭ كۆلدۈرسەم. ئەنتىم بولسا قىيامەتتە ئالۇرمەن، قىزىلگۈلۈم بۆلەك كىشىگە سۆيدۈرسەڭ.

**كىيدۈرۈشمەك** «كىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بىز ئەتىگەن سائەت بەشتە ئورنىمىزدىن تۇردۇق، ئاياللارمۇ تەييارلاندى، بالىلىق ئاياللار بالىلىرىنىڭ كىيىملىرىنى كىيدۈرۈشۈپ تەق بولدى.

**كىيدۈرۈلمەك** «كىيدۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**كىيگۈزۈشمەك** (توغرىسى: كىيدۈرۈشمەك) ← **كىيدۈرۈشمەك.**

**كىيگۈزۈلمەك** (توغرىسى: كىيدۈرۈلمەك) ← **كىيدۈرۈلمەك.**

**كىيمەك** پ ① كىيىم بىلەن بەدەننى ياكى مەلۇم ئەزانى ياپماق، پۈركىمەك: دوپپا كىيمەك. ئۆتۈك كىيمەك. تون كىيمەك. * ئۇ شۇنداق خىياللار بىلەن شەھەردىن خېلى ئۇزاپ كەتكەنلىكىنىمۇ سەزمەي قالدى ۋە قولى مۇزلىدى بولغاي، سومكىسىدىن پەلەينى ئېلىپ كىيمەكچى بولدى. * مېنىڭ بىرلا مەشۇقۇم بار قاپقارا چاچلىق، شايى-ئەتلەس كۆڭلەك كىيگەن ئون ئالتە ياشلىق. ② كىيىمگە ئىگە بولماق: شۇ چاغلاردا شۇنچە ئىشلەپ يېڭى كۆڭلەك كىيىپ باقمىغان-

دۇق. ③ كۆچمە. ئورالماق، قاپلانماق: ئۇنىڭ كۆزى يېشىل تون كىيگەن پايانسىز ۋادىلارغا تىكىلدى. ④ كۆچمە. بىر ئالماق: قالدى بايقاپ ئەتمالىم ئۇشبۇ ھالىنى، ناكەسلەر باشلىرىغا كىيدى سايىنى.

**كىيۇرىي** ئى [ر<لات] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Cm ( Curium ). ئادەتتە ئۇ سۈنئىي ئېلېمېنتلارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كۈمۈشتەك ئاق، خىمىيۋى خۇسۇسىيىتى سىرەك يەر مېتالى گادولىنىي بىلەن ئىنتايىن ئوخشىشىپ كېتىدۇ. كىيۇرىينىڭ بەزى ئىزوتوپلىرىنىڭ رادىئوئاكتىپلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. ئادەتتە قىزىغان ھالەتتە تۇرىدۇ، سۈنئىي ھەمراھ ۋە ئالەم كېمىلىرىدە ئىسسىقلىق-ئېلېكتر مەنبەسى قىلىنىدۇ.

**كىيىشمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: قولىدىكى گۈللىرى چاقناپ تۇرغان چىمەن دوپپىنى ئاۋايلاپ ئېلىپ باشلىرىغا كىيىشىپ كۆزەتتى. * ئاشۇ ھەيۋەت ئېگىز تاغلار كىيىشكەن ياپيېشىل مەخمەل، شۇ تاغلار ئاستىدا بايلىق يېتىپتۇ قاتمۇقات، ئۆلكەم.

**كىيىلمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: پادىشاھ ئاچچىقىغا بەس كېلەلمەي بارغان پېتى داپنى قولىغا ئېلىپتۇ-دە، خەزىنىدارنىڭ بېشىغا كېلىشتۈرۈپ ئۇرغانىكەن، داپ يىرىلىپ ئۇنىڭ گەردىنى بويىنىغا كىيىلىپ قېلىپتۇ.

**كىيىم** ئى. بەدەننى ياكى ئايرىم ئەزالارنى يېپىش، ئوراش ئۈچۈن كىيىلىدىغان، رەخت ياكى تېرىدىن تىكىپ تەييارلىنىدىغان تۇرمۇش بۇيۇمى: كۆڭۈلنىڭ كىرىنى ئېيتسا كېتەر، كىيىمنىڭ كىرىنى يۇسا كېتەر (ماقال). * ئاياللار ھەسەن بەدرىدىنىنىڭ ئالدىدا قىزغا يەنە يەتتە خىل كىيىم كىيدۈرۈپتۇ. * ھويلىغا كىرگەندىن كېيىن ۋارىسجان: — نېمانچە قىلىسىز، ئۇنىڭ جۇلداراپ تۇرغان كىيىملىرىنى تۇتقىنىڭىز نېمىسى؟ — دېدى.

**كىيىم ئاسقۇچ** كىيىمنى ئېلىپ ئېسىپ قويىدىغان، ئىلمەك مىخلار بېكىتىلگەن جاھاز: سول تەرەپتىكى ئۆينىڭ تۆر تەرىپىگە قوش كىشىلىك كارىۋات قويۇلغان، ياندا بىر ئۈستەل ۋە ئىككى ئورۇندۇق، ئىشىكنىڭ يېنىدا كىيىم ئاسقۇچ تۇراتتى.

**كىيىم تىكىش ماشىنىسى ← تىكىش ماشىنىسى.**

**كىيىم لايىھەلەش** ① كىيىم-كېچەكلەرنىڭ يېڭى پاسون، يېڭى خىللىرىنى يارىتىپ چىقىشقا قارىتىلىدۇ. ② <كىنو> كىنو، تىياتىر ئەسەرلىرىنىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، پېرسوناژلار كىيىمنى ئۇلارنىڭ ۋەزىيىسى، كەسپى، خاراكتېرى ۋە ئۇلار ياشىغان دەۋرگە قاراپ لايىھەلەپ چىقىش كۆزدە تۇتۇلىدۇ.

**كىيىمچىك** ئى. كىنو، تىياتىر، ناخشا-ئۇسسۇل ئارتىسلىرىنىڭ سەھنە كىيىمنى لايىھەلىگۈچى ياكى باشقۇرغۇچى كىشى.

**كىيىمسىز** سۈپ. كىيىمى يوق، كىيىم كىيمىگەن: ئىنسانلار ھايۋانات دۇنياسىدىن ئايرىلىپ چىقىش بىلەن تەڭلا كىيىنىش بىلەن ئەمەس، بەلكى خېلى ئۇزاق تارىخىي دەۋرلەرگىچە كىيىمسىز يالىڭاچ ھايات كەچۈرگەنلىكى مەلۇم. // ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ ئاياغ كىيىمسىز يۈرۈش ئادىتى (ئاساسەن ئىسسىق رايونلاردا) بار.

**كىيىم-كېچەك** كىيىلىدىغان نەرسىلەر، كىيىم: بولۇپمۇ كېرىمنىڭ، شۇنداقلا ئاغىنىسى قابداشنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ۋاقتى-ۋاقتىدا يۇيۇلۇپ، چىرايلىق قاتلىنىپ تۇرىدىغان بولدى. * ئۈچ كېچە-كۈندۈزدىن كېيىن مېھرى

قىرغاقتا چىقىپ كىيىم-كېچەكلىرىنى قۇرۇتۇپ ئولتۇرسا، بىر توپ ئاتلىق ئادەملەر پەيدا بولۇپتۇ.

**كىيىملىك** ① سۈپ. كىيىمى بار، كىيىم كىيگەن: بۇنداق ۋاقىتلاردا تۆت كوچىنىڭ دوقمۇشىدا پۇچقاقلىرىنى يانپىشىغىچە تۈرۈۋەتكەن يالاڭ كىيىملىك كەمبەغەللەر پەيدا بولاتتى. * ئۇنىڭ ئالدىدا ئولتۇرار ئەنە، ماش رەڭ كىيىملىك بىر ھەربىي يىگىت. كۆزى يۇلتۇزدەك چاقناپ تۇرىدۇ، قەلبىدە ئويىنار بىر بۈيۈك ئۈمىد. ② سۈپ. كىيىم تىكىلىدىغان، كىيىم قىلىشقا باپ: ئۇ تۇغقاندا بىز بىر كىيىملىك يىپەك رەخت بىلەن مۇبارەكلىگەن، بەختىگۈلنىڭ ئاپىسمۇ بىر كىيىملىك رەخت بىلەن مۇبارەكلەپتى-كەن، كېيىن ئۇقساق، ئۇ بۇ رەختلەرنى سېتىپ پۇلنى ساڭا ئەۋەتىپ بېرىپتۇ. ③ ئى. كىيىم قىلىنىدىغان رەخت: بىر ئايدىن كېيىن مەن بازارغا بېرىپ كىيىملىك ئېلىشقا رۇخسەت سورىدىم.

**كىيىندۈرمەك** «كىيىنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر قۇر ھەربىيچە كىيىم، بەشىۋلتۇزلۇق شەپكە ئېلىپ كېلىپ سىيىتجاننى يېڭى كىيىملەر بىلەن كىيىندۈردى. * شەرۋانەم سەھەر تۇرۇپلا باللارنى كىيىندۈرۈپ چاي بېرەتتى.

**كىيىندۈرۈشمەك** «كىيىندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**كىيىندۈرۈلمەك** «كىيىندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: شىرەنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى ئۈزۈن ئورۇندۇقلاردا ھېلىمۇ چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن ئوغۇل-قىزلىرىنى يېتىلىۋالغان ئاتا-ئانىلار ئولتۇرۇشاتتى.

**كىيىنمەك** «كىيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: ئابدۇراخمان بالىدىن جاۋاب كۈتۈپ ئولتۇرمايلا، دەرھال كىيىندى ۋە كېچىدە كۆزەتكە چىققاندا تۇتىدىغان قورالى — ئۇچىدا چومىقى بار تايىقىنى كۆتۈرۈپ كوچىغا ئۇچقاندەك چىقتى. * چۈشكە يېقىن ئالىيىشىل كىيىنگەن قىز-جۇۋانلار توپ-توپ بولۇشۇپ كېلىشكە باشلىدى. * كەچكى شەپەق سۇغا قانداق يېپىلدى، يېشىل سازلىق كۆل رەڭ لىباس كىيىندى.

**كىيىنىشمەك** «كىيىنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: كېيىنەكتەك كىيىنىپ، ھۆر-پەرىلەردەك ياسىنىۋېلىشقان قىز-يىگىتلەر، پاكىز-رەتلىك كىيىنىشكەن ئوتتۇرا ياشلىقلار جۈپ-جۈپى بىلەن باغچىلارغا، مەنزىرىلىك جايلارغا سەيلىدەك ئاقماقتا ئىدى.

# گ

**گ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ ئون توققۇزىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتىن ئون توققۇزىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**گاباردىن** ئى [ر>فران] كاستۇم، پەلتو قاتارلىق كىيىملەرنى تىكىشكە باپ توقۇلغان بىر خىل يۇڭ رەخت: گاباردىن پەلتو. گاباردىن شىم-كاستۇم. * بېشىغا قىزىل مانچىستىر دوپپا، ئۈستىگە سېرىق گاباردىندىن ھەربىيچە گېتىل كىيىپ، كۆكرىكىگە ئالتۇن ئوردېن ئاسقان ئەخمەتجان قاسىمى قارشى ئالغۇچىلار بىلەن بىرمۇبىر قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

**گابرو** ئى [ر<ئىتال] <گېئول> بۆسمە جىنسىنىڭ بىر خىلى. ئاساسلىق مىنېرال تەركىبى بىر ياقلىق پىروكسېن (ئاددىي پىروكسېن، سوزۇلۇك پىروكسېن قاتارلىقلار) بىلەن ئاساسلىق پلاگىئوكلاز بولۇپ، ئىككىسىنىڭ مىقدارى تەڭ دېيەرلىك.

**گابرو تۈزۈلمىسى** <گېئول> دانىچىسىمان تۈزۈلمىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا گابرو كۆرۈنەرلىك بولغاچقا، شۇ نام بىلەن ئاتالغان. بۇ خىل تۈزۈلمە پىروكسېن ۋە پلاگىئوكلاز كرىستال شەكىللىرىنىڭ يېتىلىش دەرىجىسىگە يېقىن كېلىدۇ. بۇ پىروكسېن بىلەن پلاگىئوكلازنىڭ ماگمىدا ئورتاق بىرىكىپ، بىرلا ۋاقىتتا كرىستال-لاشقانلىقىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ.

**گاچ** تەق. چىشلەش، ئۇرۇش، دەسسەش، سانجىش، توغراش، چېپىش قاتارلىقلاردىن پەيدا بولغان ئاۋاز: بالا ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە ئاغزىنى يېقىن ئەكىلىپ، گاچ قىلىپ ئەمچەك تۇپچىسىنى چىشلەپ ئۈزۈۋېلىپ، يۇتۇۋېتىپتۇ. * گاچ قىلىپ بېسىلغاندا جادۇ تىغى، ئۈزۈلدى ئوڭ قولنىڭ تۆت بارمىقى. يەر-ئاسمان چۆگىلەيدۇ، ئەس-ھوشى يوق، پەسلىگەن ئىدى ئۇنىڭ ھەم تىنىقى.

**گاچا** سۆپ. گەپ قىلالمايدىغان، تىلى ئاجىز: گاچا بالا. * گاچا قىزنىڭ تىلىنى ئانىسى بىلەر (ماقال). // ئەتىسى تاشخان ئۇستام بىلەن خاسىيەت خېنىم بىرگە ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. ئەمما ئىككى گاچا بىر ئۆيگە

كىرىپ قالغاندەك بىر-بىرىگە سۆز قىلىشمىدى.

**گاچچىدە** رەۋ «گاچ» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گاچ» قىلغان ھالدا: گاچچىدە چىشلىمەك. گاچچىدە چاپماق. * پاشا تىلىنى ئۇزۇن چىقىرىپ جىم تۇرۇپ بىرىپتۇ. قارلىغاچ ئۇنىڭ تىلىنى يالىغان بولۇپ، گاچچىدە چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. * ھالسىزلانغان گەۋدە ئۇنىڭ ئالدىغا دۈم يىقىلدى. بۆرىنى جوزا قىرغىقىغا گاچچىدە تەگدى-دە، بۆرىنىڭ ئوقتەك قان كەتتى.

**گاچ-گاچ** «گاچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گاچ-گۇچ** «گاچ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: غەلىتە ئىش، ئۇنىڭ سۆرۈن تەلەتىنى سىۇر بېسىپ تۇرىدۇ-يۇ، كۆرۈشۈشكە قولىنى بەرگىنى نېمىسى، پەملەپ گاچ-گۇچ سالمسۇن يەنە! قولىدا تېخى ئۇزۇن يۇلغۇن تايىقى. لاغىلداپ تۇرغان قاسماق قولۇمنى چىقارمىدىم.

**گاچىلاشماق** پ. سۆزلىگەندە تاۋۇشلارنى ئېنىق، راۋان سۆزلىيەلمەستىن بەپىەپ-لەپ قالماق؛ كېكەچلىمەك، تۆتۆتلىمەك: ئۇ مايلاشقان قارا شاپ بۇرۇتىنى ساڭگىلىتىپ، ئۆڭۈپ، تامدەك تاتىرىپ، گاچىلىشىپ گەپ قىلالماي قالدى. * بەگ ئۇلاردىن ئالدىراپ سوئال-سوراق قىلىدىغان بولسا، ئۇلار تېخىمۇ گاچىلىشىپ مەقسىتىنى ئاسانلىقچە چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيتتى.

**گاچىلداتماق** «گاچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاچىلدىماق** پ «گاچ-گاچ» قىلماق، «گاچ-گاچ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**گاچىلىق** «گاچا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**گادا** I [پ] يېز ت ① سۈپ. كەمبەغەل، نامرات، پېقىر، يوقسۇل: بىرنى ئاشىق، بىرنى مەشۇق ئەيلىگەنمۇ ئىشقىدۇر، بىرگە قىلىپ ئىلتىپات، بىرىنى قىلدىڭ سەن گادا. ② ئى. كۆچمە. بىرەر نەرسىگە موھتاج، زار، ئىنتىزار ئادەم: ئەي بەگلىرىم، ئىشتىڭلار ئەرزىمنى، مۇرۇۋۋەت ئەيلىڭىز مىسكىن گاداغە، سارغايتۇرماڭ مېنىڭ رەڭگىروييۇمنى، مۇرۇۋۋەت ئەيلىڭىز مىسكىن گاداغە.

**گادا** II ئى [خەن] ① ئارغامچا، تانا، تاسما، شوينا قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ باغلاپ ئۇلانغان ياكى تۈگۈن قىلىنغان يېرى؛ كاللەك: گادا قىلماق. گادانى يەشمەك. ② تۈگۈلۈپ، قېتىپ، چوقچىيىپ مونەك بولۇپ قالغان نەرسە: تۇپ ئەتراپىنى كۆلچەك قىلىپ سۇغىرىشتا سۇ ئاز كېتىدۇ. لېكىن يەر تەكشى نەمدەلمەيدۇ، سۇ كۆپ تۇرغان تۇپراقنىڭ كۈچى ئاجىزلايدۇ، يەر. * تاشلىرى قالغايتىنىڭ گادا-گادا، ياتىدۇ غول ئىچىدە ئالا-بۇلا. چوڭى ئۆيچە، كىچىكى قويچە ئۇنىڭ، كېلىپتۇ ئۇخلاپ مىڭ ئەسىر ئارامخۇدا. ③ ئادەم بەدىنىدە پەيدا بولغان دانىخورەك ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر. قاتتىق گادا بولۇۋالدۇ.

**گاداچە** ئى. كىچىك گادا، ئۇششاق كاللەك، مونەك، كىچىك تۈگۈن: قارچىغى-نىڭ قاناتلىرى، بوغۇم تۇمارچە، تۇمارچىدا سىزگە ئەۋەتكەن ئالتۇن گاداچە.

**گادازا** ئى [خەن] ← **گادا** II: ئەتلىككە كېتىمەن، ئوينىۋالغىن ئازادە. سېنىڭ قىلغان ئىشلىرىڭ يۈرىكىمدە گادازا.

**گادالاشماق** پ. گادا ھالەتكە كەلمەك، تۈگۈن پەيدا بولماق، مونەكلەشمەك: ئۆرۈك مايسىلىرى بالدۇرراق ئۇلانمىسا، ئۇلاق نوتىلىرىنىڭ بىخى گادالىشىپ، ياغاچقا ئايلىنىپ، ئۇلاشقا ئەپسىز بولۇپ قالىدۇ.

**گاداھ** (توغرىسى: گاداي) ← **گاداي**.

**گاداي** ئى [پ] ① قىيىنچىلىق، موھتاجلىق

تۇرمۇشتا ئۆتۈۋاتقان كىشى؛ يوقسۇل، نامرات، كەمبەغەل: باي مېلىنى سۆزلەر، گاداي مۇڭىنى (ماقال). * يېڭى مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپچىلىكى نامرات گاداي بالىلىرى بولغاچقا، ئۇلاردا نە قەلەم، نە قەغەز يوق ئىدى. * – ئادەم دېگەن توققۇزى تەل، دۆلەتمەن بولسىلا بەختلىك بولۇۋەرمەيدۇ. گاداي بولسىمۇ ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يەتكەن كىشىنى بەختلىك دېسە بولىدۇ، – دېدى موماي قىزىغا. ② كىشىلەردىن سەدىقە سوراپ، نەرسە-كېرەك تىلەپ تىرىكچىلىك قىلىدىغان كىشى؛ سائىل، تىلەمچى، دىۋانە: ئىت گادايدىن قورقىدۇ، گاداي ئىتتىن قورقىدۇ (ماقال). * بىرھازادىن كېيىن بېشىمنى كۆتۈرۈپ ئالدىمغا قارىسام ھېلىقى ئادەم گوياكى ئىت قوغلاپ كەتكەن گادايدەك ئالدىراپ كەينىگە يېنىپ كېلىۋاتىدۇ. * ھۆسنۈڭدىن بەرمەكچى بولۇپ زاكاتىنى، ئىزلىسەڭ مۇستەھىق كىشى ئەگەردە. كەل دوستۇم، قارىساڭ زىبۇنىسادەك، بىر گاداي تەلمۈرۈپ تۇرار بۇ يەردە.

**گادايچىلىق** ئى → **گادايلىق**: توختاخۇن بولسا، ئاسىمنى ئۇچرىتىپ قالسىلا «ئاسىم ئەپەندىم، ئالماسنىڭ كۆڭلى سۇ ئىچىدىغان سىلىدىن باشقا ھېچكىمى يوق، گادايچىلىق قۇرۇسۇن، شۇ بالىنى ئۆزلىرىگە تاپشۇردۇق» دەپ ئۆز ئىشەنچىسىنى بىلدۈرۈپ قوياتتى.

**گادايلاشتۇرماق** «گادايلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ گۆڭشېغا شۇجى بولۇپ تۇرغان ئون يىل ئىچىدە پۈتۈن گۆڭشېنى گادايلاشتۇرۇۋەتتى دېگىنە، دېھقانلار كوللېكتىپقا قەرزدار، كوللېكتىپ بانكىغا قەرزدار بولۇپ كەتتى.

**گادايلاشتۇرۇلماق** «گادايلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گادايلاشماق** پ. پۇل-پۇچەك، مال-دۇنيا-دىن ئايرىلماق، يوقسۇز، كەمبەغەل ھالەتكە چۈشۈپ قالماق، نامراتلاشماق؛ قەلەندەرلەشمەك: – ئۇ نەدە يۈرۈپ بولۇپ قالدۇ، ئۆزىنىڭ شۇنداق بىغەرەزلىكىدىن چاپىنى تىزىدىن ئاشماي، گادايلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، – دېدى باست.

**گادايلىق** ئى ① يوقسۇزلۇق، نامراتلىق، كەمبەغەللىك: كىشىنى گادايلىق، غۇربەتچىلىك باسقانسېرى بەدەن ئاجىزلايدىكەن، ئاغرىق-سىلاق كۆپىيىدىكەن. * گادايلىق، خارلىق خەلققە يېپىشقان، كوچا، بازاردا يۈرەر دىۋانە. دەردمەن پېقىرلار يىغلاپ يېتىشقان، قورساق دەردىدىن ئۆيى غەمخانە. ② دىۋانىلىك قىلىش، سەدىقە سوراش؛ قەلەندەرلىك، تىلەمچىلىك: گادايلىق قىلماق. * ئىتتىن قورققان گادايلىق قىلماس (ماقال). * شۇ ئارىدا بىر ئايال ۋە بىر قىز گادايلىق قىلىپ نان تىلەپ، بۇ يەرگە كېلىشىپ قېلىپتۇ.

**گادرون** ئى [ر<گرېك] <خىم> كۈچلۈك تۈردە ئۆزئارا تەسىر كۆرسىتىشكەن بارىئون بىلەن مېزوننىڭ ئورتاق نامى.

**گادولىنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Gd (gadolinium). بىر خىل سىرەك ئېلېمېنت، ئاتوم ئېنېرگىيىسى سانائىتىدە ئاتوم قازىنىنىڭ تۈزۈلۈش ماتېرىيالى قىلىنىدۇ.

**گادىرماچ** سۈپ. باش-ئاخىرى يوق، باش-ئاخىرى چىقمايدىغان؛ قالايمىقان، مۇرەككەپ، چىگىش: گادىرماچ خىيال. گادىرماچ ئوي. گادىرماچ ئىش. * بۇ ئۇزۇنغىچە ئۆزىنىڭ باش-ئايىغى يوق گادىرماچ خىياللىرى ئارىسىدا سەرسان بولۇپ يۈردى. * سۇلايھا ئاتىنىڭ ئۆرلەپ غەزىپى، ماڭماقتا گادىرماچ خىيالغا چۆكۈپ. بىردىنلا چاقنىدى كۆزىدە ئۇچقۇن، «ئۇھ!» دېدى

كۆڭلىگە بىر ئويىنى پۈكۈپ.

**گادىرماچلاشماق** پ. گادىرماچ ھالەتكە كەلمەك، قالايمىقانلاشماق، مۇرەككەپلەشمەك، چىگىشلەشمەك: ئۇنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، گادىرماچلىشىپ كەتكەن خىياللىرى شاخ سانسىغۇچتەك ئۇ شاختىن بۇ شاخقا قونۇپ، زادىلا بىر نۇقتىدا توختىمايتتى.

**گادىرماچلىق** «گادىرماچ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: موللامنىڭ شۇ قېتىمقى سۆزى مۇھەممەتنىڭ خىيالىدا خېلىلا گادىرماچلىق پەيدا قىلدى. * — ئۇلارغا باشقا مەنە بېرىلگەندە قانداق گادىرماچلىقلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى كېيىن كۆرىمىز، — دېدى ئۇ.

**گار** ئى [ر] <تەن> ۋاسكېتبول ئويناش ئۈچۈن ئوتتۇرىسىغا يۇمىلاق تۆمۈر ئورنىتىلغان بىر جىل قۇرۇلما، ياغاچ جازا: گارغا توپ ئاتماق. ياغاچ گار. * گارلار قىڭغايغان، مەيدانلار ئويمان-چوڭقۇر، ئۇزۇنغا سەكرەش ئورەكلىرى تىنىپ، ئىلەڭگۈچلەرنىڭ ئارغامچىلىرى كىملەرنىڭدۇر بويىندا ئىدى.

**گارا** سۆپ. دىئال. پاسكىنا، قاسماق، كىر.

**گاراخ** ① سۆپ. كاللىسى، راۋۇرۇس ئىشلىمەيدىغان، قاپاق: — كاللاڭ راستىنلا گاراخ بولۇپ قېلىپتۇ، — پەرىزات تېرىكتى. شۇ تاپتا سەلەيىنىڭ مېڭىسى ھەقىقەتەن، مۆلچەردىكىدىن بەكرەك گاراخ ئىدى، — سەن شۇنداق پاكىت تېپىشىڭ لازىم. * دىلنار چۈشۈمگە كىرىپ قالغان كۆڭلەردە قويغان-تۇتقىنىمنى بىلەلمەي گاراخ بولاتتىم. ② رەۋ. ھەددىدىن زىيادە، ناھايىتى، ئىنتايىن، تازا، راسا: گاراخ مەست. * ئۇ يېرىم كېچىدە ئۆيىگە گاراخ مەست كىردى.

**گاراخشتماق** «گاراخشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — ھەي خوتۇن، چاي دەملەڭلا، ياق يەنە، بىرئاز باقايلى، گاراخشتىپ قويسا قېتىق بار، قېنى قېتىقنى ئاچىقىڭلا، باقايلى، باقايلى، — دەيتتى ئۇ مېھمانلارغا تەكەللۇپ قىلىپ.

**گاراخشماق** پ. كاللىسى قاپاقتا ئايلانماق، مەستخۇش بولۇپ قالماق: مالىمانچىلىقتا بېشىم گاراخشىپ قالدى.

**گاراژ** ئى [ر<فران] ① ئاپتوموبىل قاتارلىق ماتورلۇق قاتناش قوراللىرى تۇرىدىغان جاي: پىكاپنى گاراژغا ئەكىرمەك. ماشىنىنى گاراژدىن ئاچىقماق. ② ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى: ھۆسەيىنەم ئۈرۈمچىگە كەلگەن كۈنى كەچقۇرۇندا گاراژنىڭ ئالدىدا بېشى قېتىپ تۇرغىنىدا، ئۆزىگە ئوخشاش بىرى بىلەن تونۇشۇپ قالدى.

**گاراڭ** I سۆپ ① قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، قۇلىقى ئېغىر، پاڭ قۇلاق؛ گاس، ساغرۇ: گاراڭ بالا. گاراڭ ھالەت. * بۇنىڭدا ۋەتەن سۆيگۈسىنى سەزمىگەن گاراڭ ئادەمنىڭ بۇرنىغا مەشھۇر خوتەن ئىپار كېپىكىنىڭ خۇش پۇراق ھىدىنى پۇرىتىش، يىراقتىن ئەمەس، ۋەتەندىن ۋاپادار ئۇلپەت ئىزلەش لازىملىقى ئېنىق تەكىتلەنگەن. ② بېشى قاتقان، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالغان: گاراڭ بولماق. گاراڭ قىلماق. * ئۇ ھەتتا بىرەر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمىدى. باشلىرى گاراڭ ھالدا ھېلىقى ئاشخانىغا باردى. ئەتراپلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

**گاراڭ بولماق** ① قۇلىقى پۈتۈپ قالماق؛ ئاڭلىماس، گاس بولۇپ قالماق: ئۇنىڭ ئاۋازى شۇنداق سۇسمۇ ياكى مېنىڭ قۇلىقىم گاراڭ بولۇپ قالدىمۇ؟ بىراق، بۇ ئاۋاز ئەجەب دادامنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىمايدىكىنە! ② بېشى قېتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي گاڭگىراپ قالماق، ئېسىنى يوقاتماق: ئۇ بۇ سۆزنى ئېيتقان چاغدا شۇ قەدەر ھودۇققان ئىدىكى، گويا چوغنى بىلمەي تۇتۇپ تاشلىغاندەك چۆچۈپ كەتكەن ۋە پۈتۈن ئالەم كۆز ئالدىدا

پىرقىراۋاتقاندەك، بېشى قېيىۋاتقاندەك بىر خىل ئاجايىپ سېزىمنىڭ ئىلكىدە گاراڭ بولۇپ قالغانىدى. * ئۇ: — ئۆزۈمنى تۇتالماي، ھوشۇمنى يوقىتىپ گاراڭ بولغان ھالدا ماڭغان يولۇمدىن ئېزىپ مېڭىپتىمەن، — دەپتۇ.

**گاراڭ قىلماق** ① قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، پاڭ، گاس، ساغرۇ قىلىپ قويماق: ئەگەر ئۇنىڭ نىيىتى بۇزۇق بولسا، كۈچۈمنىڭ بارىچە تۇۋلاپ، ئۇنى گاراڭ قىلىۋەتسەم دەپ ئويلايتتى. ② نېمە قىلارىنى بىلمەيدىغان ھالغا كەلتۈرمەك، ئەس-ھوشىدىن ئايرىپ گاڭگىرىتىپ قويماق؛ ھودۇقتۇرۇپ، بېشىنى قايدۇرماق: ئۇ ھازىر ئاڭلىغانلىرىغا يا ئىشىنىشنى، يا ئىشەنمەسلىكنى بىلمەيتتى، يا خاپا بولۇشنىمۇ، يا كۈلۈشنىمۇ بىلمەيتتى. چۈنكى، چىگىش ئوي-خىياللار ئۇنى گاراڭ قىلىپ قويغانىدى.

**گاراڭ II** تەق. كېكىردەكنىڭ پۇتۇپ قېلىشىغا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن بۇزۇلۇپراق چىققان ئاۋاز.

**گاراڭ-گاراڭ** «گاراڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گاراڭ-گۇرۇڭ** «گاراڭ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: — ھوي ئاداش، ئادەمنى ئۇخلىغىلى قويساڭلارچۇ، — تۇيۇقسىز چىققان بۇ گاراڭ-گۇرۇڭ ئاۋاز مېنى چۆچۈتۈۋەتتى. بۇ بايىقى ياتاقدىشىمنىڭ بىرىنچى قېتىم ئۇنلۇك گەپ قىلىشى ئىدى.

**گاراڭدە** رەۋ «گاراڭ» قىلغان ھالدا، «گاراڭ» قىلىپ.

**گاراڭلىق** «گاراڭ I» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئىلىم — گۆھەر چىراغ، ئۆچمەس، قاراڭغۇ دىلغا نۇر چاچقاي، ئۇنىڭدىن كۈچ — ئۇزۇق ئالساڭ، قۇتۇلغايسەن گاراڭلىقتىن.

**گارت** تەق. نەرسىلەرنى تىغ بىلەن كېسىپ پارچىلىغاندا، توغرىغاندا ھاسىل بولغان ئاۋاز.

**گارتتىدە** رەۋ ① «گارت» قىلغان ھالدا، «گارت» قىلىپ. ② كۆچمە. تېزلىك بىلەن: ئۇ ئېھتىياتسىزلىقتىن قولىنى گارتتىدە كېسىۋالدى.

**گارت-گارت** «گارت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: خاسىيەت بۈگۈن بالدۇر تاماققا جابدۇنۇپ، مانتىنىڭ قىيمىسى ئۈچۈن ئادالانغان پىيازنى گارت-گارت توغراشقا باشلىدى.

**گارت-گۇرت** ① «كارت» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز، تېزلىك بىلەن (قايچا بىلەن بىرنەرسىنى قىيىش ھەققىدە): رۇقىيە ھېيتلىق بىر كۆڭلەكلىك ئەتلەس سېتىۋېلىپ سەيپۇڭغا ئاپارغانىدى، سەيپۇڭ ئۇنىڭ بويىنى ئۆلچىدى-دە، گارت-گۇرت پىچىپ تىكىشكە باشلىدى.

**گارسىنىيە** ئى [ر<لات] <بوت> ← **گارسىنىيە دەرىخى.**

**گارسىنىيە دەرىخى** <بوت> گارسىنىيە دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. غولىنىڭ ئېگىزلىكى 20 مېترغا يېتىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈلى تاق جىنسلىق، شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ. دەرەخ مېيى سېرىق، شىلىمسىمان ھەم زەھەرلىك كېلىدۇ. ئۇنى سېرىق بوياق ماتېرىيالى ياكى دورا قىلىشقا بولىدۇ.

**گارشوك** ئى [ر] بىنالارنىڭ كارىدورلىرىغا قويۇلىدىغان تۈكۈرۈك قاچىسى: گارشوكقا تۈكۈرمەك. * ئادەمنىڭ بېشىدا گارشوكنى دۈم كۆمتۈرۈپ قويغاندەك كۆرۈنىدىغان ئۇ نېمە بىلەن پەقەتلا خۇشۇم يوق.

**گارموشكا** ئى [ر] ئېغىز بىلەن چېلىشقا مەخسۇس ياسالغان بىر خىل چالغۇ ئەسۋابى؛ ئېغىز گارمونى: گارموشكا

چالماق. * مەن گارموشكىنى چىك سىقىملىغىنىم-چە، بۇ يەردە قاۋان بىلەن ئېلىشىش بولغان-لىقىنى، پەردە ئۇنىڭ پىشانىسىگە گارموشكا بىلەن ئۇرغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن قان ئېقىۋاتقان پىشانىسىنى تۇتۇۋالغانلىقىنى ئويلاپ يەتتىم.

**گارمون** ئى [ر] ئىككى يېنى قاتلانغان، قول بىلەن تارتىپ، تۈگمىلىرىنى بېسىپ چالىدىغان تىللىق مۇزىكا ئەسۋابى: گارمون چالماق. * ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى، گارمون، دومبىرىلارنىڭ يېقىملىق سايراشلىرى ئارىلىشىپ، كىچىك ئاۋۇلنى جانلاندۇرۇۋەتكەندى.

**گارمون يوپكا** ئاياللارنىڭ گارمونغا ئوخشاش قاتلاق-قاتلاق قىلىپ تىكىلگەن بىر خىل يوپكىسى: ئۇ قىزغۇچ گۈللۈك كوپتا، يېشىل رەڭلىك گارمون يوپكا، پۇتىغا ئېگىز پاشنىلىق جىگەررەڭ توپلەي كىيگەن بولۇپ، قولىدا بىر قىزىل سومكىنى كۆتۈرۈۋالغانىدى.

**گارمونچى** ئى. گارمون چالىدىغان كىشى.

**گارمونىيە** ئى [ر<گرېك] <مۇز> بىر ۋاقىت ئىچىدە چىققان بىرقانچە مۇزىكىلىق ئاۋازنىڭ ئۆزئارا ماسلىشىشى، بىرلىشىشى؛ مۇزىكىدىكى ئاھاڭداشلىق، ماسلىق.

**گارمونىيەشۇناس** ئى. گارمونىيەشۇناسلىق مۇتەخەسسىسى.

**گارمونىيەشۇناسلىق** ئى <مۇز> مۇزىكا نەزەرىيىسىنىڭ ئاككورد، ئاككوردلۇق مۇناسىۋەت ۋە ئاككوردلارنىڭ بېجىرىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گارمونىيلە شتۇرمەك** ① «گارمونىيلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى. ② گارمونىيلىك تۈزۈلمە بىلەن بىرەر مېلودىيىنى كۆپ ئاۋۇشلۇق قىلىپ ئىشلە-مەك.

**گارمونىيلە شتۈرۈش** ① «گارمونىيلە شتۇر-مەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىم-دىشى. ② <مۇز> گارمونىيلىك تۈزۈلمە بىلەن بىرەر مېلودىيىنى كۆپ ئاۋۇشلۇق قىلىپ ئىشلەش ئۇسۇلى.

**گارمونىيلە شمەك** پ. ئۆزئارا ماس، ئاھاڭداش، مۇۋاپىق ھالەتكە كەلمەك، ئويغۇنلاشماق (مۇزىكا ھەققىدە).

**گارمونىيلىك** سۈپ. ئۆزئارا ماسلاشقان، بىرلەشكەن (مۇزىكا ھەققىدە): گارمونىيلىك ئاھاڭ.

**گارمونىيلىك ئىنتېرۋال** <مۇز> ئىككى خىل مۇزىكىلىق ئاۋۇشنىڭ بىرلا ۋاقىتتا چىقىشىغا قارىتىلىدۇ.

**گاز** ئى [ر<گول] <فىز> مۇئەييەن شەكلى بولمىغان ھەم مۇئەييەن ھەجمى بولمىغان، ئېقىپ ھەرىكەتلىنەلەيدىغان جىسىم. مەسىلەن، ھاۋا، ئوكسىگېن، پاتقاق گازى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى گازدۇر.

**گاز بېتون** <بىن> ئادەتتىكى بېتون لېيىغا كۆۋۈكلەندۈرگۈچ ئارىلاشتۇرۇلىدىغان بېتون. قاتقاندا، ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇششاق كاۋاكچىلار بولغىنى ئۈچۈن، سۇنى ئاسان ئۆتكۈزمەيدۇ. توڭلاشقا چىدامىلىق. ئادەتتە يول ۋە پورت قۇرۇلۇشلىرىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**گاز جىسىم** <فىز> ← **گاز.**

**گاز چاقماق** سۇيۇقلاندۇرۇلغان گازنى يېقىلغۇ قىلىدىغان بىر خىل چاقماق.

**گاز چىراغ** <فىز> ← **گازۋاي چىراغ.**

**گاز چىقارغۇچى تاياقچە باكتېرىيە** <بىئول> بىر خىل كەڭ تارالغان ئۈچەي يولى باكتېرىيىسى. ئادەتتە ئادەملەرنىڭ سۈيدۈك يولىنىڭ يۇقۇملىنىشى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

**گاز رومال** ئاياللارنىڭ بېشىغا ئارتىش

ئۆچۈن يېپەك ياكى خىمىيىلىك تالادىن نەپىس، رەڭدار ئىشلەنگەن بىر خىل يۇپقا رومال: كۆز كۆنى نەقەدەر گۈزەل بۇ ئاخشام، يۇلتۇزلار ياراشقان ئاسمان قەرىگە. سۇس بۇلۇت كەينىدە ئوخشار تولۇنئاي، گاز رومال كەينىگە مۆككەن پەرىگە.

**گاز قاچىلانغان لامپۇچكا** <فىز> قىلىنى ئاسراش ئۈچۈن، ئىچىدىكى ھاۋا سۈمۈرۈپ چىقىرىۋېتىلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئورنىغا گېلىي، نېئون، ئارگون قاتارلىق نىيترات گازلار قاچىلانغان لامپۇچكا.

**گاز ھالەت** <فىز> جىسىملارنىڭ گازغا ئايلانغان چاغدىكى ھالىتى. ئادەتتە ئۇ ماددىلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىكى بىر خىل شەكلى ھېسابلىنىدۇ.

**گاز ئوچاق** سۇيۇقلاندۇرۇلغان كۆمۈر ياكى نېفىت گازى يېقىلغۇ قىلىنىدىغان بىر خىل ئوچاق: گاز ئوچىقى ئىشلىتىدىغان ئائىلىلەر ھاۋانىڭ ئۆتۈشۈپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلسا، خەتەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

**گاز ياغلىق** ← **گاز رومال**: قاتتىق بوران چىقىۋاتقان بىر كۈنى، زۇلخۇمار بىر دانە گاز ياغلىق تېڭىۋېلىپ مەكتەپ تەشكىلىگە تاپشۇرغانىدى.

**گازارما** ئى [ر] ھەربىي قىسىم تۇرۇشلۇق ئورۇن؛ ھەربىي شتاب: گازارما قورۇلۇشى. گازارما بىناسى. * باندىت تازىلاش بىر ھەپتىگە قالماي ئاخىرلاشتى، بىز غەلىبە بىلەن گازارمىغا قايتىپ كەلدۇق. * يۇقىرىقى گازارمىغا، سولاپ قويىدى بالامنى. قانداق تاشلاپ كېتەرسەن، جېنىم بالام ئاناڭنى.

**گازسىمان** سۈپ. گازغا ئوخشاش، گاز ھالىتىدىكى: گازسىمان ماددا.

**گازلانغان** «گازلانماق» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: گازلانغان تەسىر.

**گازلانغان تەسىر** <گېئول> ماگما ئېرىتمە-سى ئاساسەن كرىستاللانغاندىن كېيىن، بۆلۈنۈپ چىققان ئۇچۇشچان تەركىب. مەسىلەن، $H_2O$، $CO_2$، F، Cl، B قاتارلىقلار قالدۇق ماگمىغا تەدرىجىي يىغىلىدۇ. ئۇلار تاشقى بېسىم زور بولغانلىق-تىن سىرتقا قاچالماي، قالدۇق ماگمىدا ئېرىتكۈچ رولىنى ئوينايدۇ. شۇنداق قىلىپ ماددىلارنىڭ كرىستاللىشىش تېمپېراتۇرىسىنى تۆۋەنلىتىپ، زور كرىستاللارنىڭ كرىستاللىنىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت يارىتىپ بېرىدۇ.

**گازلانماق** پ. سۇيۇقلۇق گاز بىلەن تويۇنماق. سۇيۇقلۇققا گاز ئارىلاشتۇرۇلماق.

**گازلىق** سۈپ. ئىچىدە گازى بار، گازلانغان، گاز تولدۇرۇلغان ياكى گاز بىلەن تويۇندۇرۇلغان: گازلىق سۇ. گازلىق ئەسۋاب.

**گازلىق تېرمومېتر** <فىز> گازنىڭ بېسىمى ياكى ھەجمىنىڭ تېمپېراتۇرىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ ياسالغان تېرمومېتر.

**گازلىق سۇ** بەلگىلىك بېسىم ئاستىدا كاربون (IV) ئوكسىدنى سۇدا ئېرىتىپ، ئۇنىڭغا شېكەر، مېۋە شەربىتى ۋە پۇراقلىق ماتېرىيال قاتارلىقلارنى قوشۇش ئارقىلىق تەييارلانغان سوغۇق ئىچىملىك.

**گازلىق كەسمەك** <ماشىن> پولات ماتېرىياللارنى ئوكسىگېن-ئاتسېتىلېن نەيچىسى ياكى ھىدروگېن-ئوكسىگېن نەيچىسىنىڭ يالقۇنى ياردىمىدە كەسمەك.

**گازلىق يارغۇنچاق** <ماشىن> يول چىگداش ماشىنىسىنىڭ بىر خىلى. پارلىق ماتور ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىنىدۇ.

**گازۋان** ئى [پ] <بوت> ئەگىلىكئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزى كونۇس شەكلىدە، قىرغاندا يېرىم ياغاچلىشىدۇ،

پوستى قارامتۇل قوڭۇر، ياش ۋاقتىدا سارغۇچ بولىدۇ. غولى تىك، يوپۇرمىقى ئۇزۇن، سوقىچاق ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكلىدە. تۈۋىدىكى يوپۇرمىقىنىڭ سېپى ئۇزۇن، غولىدىكى يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. يوپۇرماق ئالقىنى كىچىك، ساپسىز، يىپسىمان تۈمۈنە شەكلىدە، گۈلى كۆكۈچ سۆسۈن، ئومۇم گۈل رېتىدە، مېۋىسى قاتتىق مېۋە، تۆت تال تىكىنى بار. يىلتىزى دورا بولىدۇ. مەنپىيلىكنى ئاسراش، يۆتەل توختىتىش ۋە قان توختىتىش رولىغا ئىگە.

**گازۋاي** سۈپ [ر] گاز ئىشلىتىدىغان، گازلىق: گازۋاي چىراغ. گازۋاي لامپا.

**گازۋاي چىراغ** ئاقىرىپ چوغلىنىدىغان چىراغلارنىڭ بىر خىلى. ياندۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىسسىقلىقى بىلەن كىرسىننى گازغا ئايلاندۇرۇپ، چوغلانغان سېتكىغا پۈركۈش ئارقىلىق ئاق رەڭلىك، كۈچلۈك يورۇقلۇق چىقىرىدۇ: بۇ ئىشلاردىن كېيىن، ئۇلار كۈندۈز بولۇشىغا قارىماي، گازۋاي چىراغنى جاھازلار ئۈستىدە ئايلاندۇرۇپ يۈرۈپ، بىر ياقتىن پىلىگە ئىسسىقلىق ئۆتكۈزدى، بىر ياقتىن پىلىنىڭ نېرۋىسىنى غىدىقلىدى.

**گازۋاي لامپا ← گازۋاي چىراغ:** جۇمە بويۇن تومۇرلىرىنى تىترىتىپ، كىشلەرنى ئارىلاپ ئۆتۈپ گازۋاي لامپىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**گازىر** ئى [خەن] <بوت> ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقى. سوقىچاق، ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ. قورۇپ چېقىشقا ياكى ماي تارتىشقا بولىدۇ.

**گازىر كۆز** قاپىقى پۈرۈلۈپ قالغان كۆز، قىسماق كۆز: قايسى كۈنى ئۇنىڭ ئىىدارىسىگە بارغىنىمدا ئوتتۇرا بوي، ئاق سېرىق، پېشانىسى كەڭ، ئېڭەكى تار، قېشىنىڭ تايىنى يوق، گازىر كۆز، ئاغزى يوغان، قورساقلىق كەلگەن بىر كىشىنى ئۇچراتتىم. ئۇ مەن ئىزدىگەن ساۋۇت كېجاك ئىكەن.

**گازىر يېغى** ئاپتاپپەرەس ئۇرۇقىدىن تارتىلغان ماي. ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**گازىر-پۇرچاق** گازىر، پۇرچاق ۋە شۇ خىلدىكى نەرسىلەر: ئۇ ھۈنىرىنى تاشلاپ، ساتىراشلىق قىلىدىغان دۇكاننى گازىر-پۇرچاق ساتىدىغان تەنزە قىلىۋالدى. بۇ تەنزە ئاز كۈندە قۇرۇق بولۇپ قالدى.

**گازىرچى** ئى. گازىر ساتىدىغان كىشى: چوڭ لامپىلار بىلەن ئاپئاق يورۇتۇلغان كىنوخانا ئالدىدىكى مەيداندا گازىرچىلار، كاۋاپچىلار، باققاللار، ناۋايلار بەس-بەس بىلەن تۇۋلىشىپ خېرىدار چاقىرىشماقتا ئىدى.

**گازىن** ئى. دىئال. كەپتەر، توخۇ قاتارلىق جانىۋارلارنىڭ گېلىدىكى دانلىقى؛ يەملىك، بوغۇزلۇق.

**گاژ** تەق. رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور قاتارلىقلارنىڭ توك يوللىرىدا مەسىلە كۆرۈلگەندە چىقىدىغان بىر خىل غەيرىي نورمال ئاۋاز: دولقۇن تەڭشەلمىسە، ئاۋاز سۇزۇلمەي «گاژ» قىلغان غەيرىي ئاۋاز پەيدا بولىدۇ.

**گاژژىدە** رەۋ «گاژ» قىلغان ھالدا، «گاژ» قىلىپ: — نېمە بولدى؟ — دولقۇننى يۆتكىسەم گاژژىدە قىلىپ قالدىغۇ تاڭ. نېمە بولغىنىنى بىلەلمىدىم.

**گاژ-گاژ** «گاژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۈنىڭ رادىئوسى كونىراپ قالغاچقىمۇ، دولقۇن تەڭشەلمەي «گاژ-گاژ» قىلىدىغان بولۇۋالدى.

**گاژ-گۇژ** «گاژ» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: گاژ-گۇژ قىلماق. * دولقۇن ياخشى تەڭشەلمىسە، گاژ-گۇژ، ۋاڭ-چۇڭ، قىسقىسى ئۇ يېقىمسىز ئاۋازلارنى ئۆزىگە تارتىۋالىدۇ.

**گاژىلداتماق** «گاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاژىلداشماق** «گاژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گاژىلدىماق** پ «گاژ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گاژ» قىلماق: ئەپەندىلەر، قۇلىقىم گاژىلداپ قالدى، سۆزۈمنى مۇشۇ يەردە توختىتاي، ھەر ھالدا مۇھاكىمە قىلىپ، بۇنىڭدىن بىر نەتىجە چىقىرارسىزلەر، سۆزۈم تۈگىدى.

**گاس** I سۈپ. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، ساغرو؛ پاڭ: گاس بولماق. گاس قىلماق. گاس ئادەم. قۇلىقى گاس.

**گاس بولماق** قۇلىقى ئاڭلىماس، ساغرۇ، پاڭ بولۇپ قالماق: ئۇلار سۆرىشىپ قازىنىڭ ئالدىغا كېلىپتۇ. ھەر ئىككى دەۋاگەر قازىغا ئۆز پىكىرلىرىنى ئېيتىشىپتۇ. ئەمما قازى گاس بولۇپ قالغانىكەن، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماپتۇ.

**گاس قىلماق** بىرەر سەۋەب بىلەن قۇلىقىنى ئاڭلىماس، پاڭ، ساغرۇ قىلىپ قويماق: نە ئارمان ئەي نىگار ئەلنى قۇرۇق گەپتىن خالاس قىلساڭ، ۋە ياكى كۆزلىرىمنى كور، قۇلاقنى بىرگە گاس قىلساڭ.

**گاس** II ئى. دىئال ① مەشىنىڭ شالا ئۈستىدىكى يان تەرەپلىرىگە سېلىنغان لاي. ② كۆچمە. يارامسىز، سۈپەتسىز، قوپال.

**گاسترودىيە** ئى [لات] <بوت> تۈلكىمايىقى ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستى غولى گۆشلۈك، يەر ئۈستى غولى سارغۇچ قىزىل رەڭلىك. يوپۇرمىقى تەڭگىچسىمان، گۈلى سارغۇچ قىزىل رەڭلىك. تۈگۈنەك غولى دورا قىلىنىدۇ. باش قېيىش، باش ئاغرىش قاتارلىقلارنى داۋالاش رولى بار.

**گاس-گاچا** گاس ۋە گاچا: گاس-گاچىلار مەكتىپى. گاس-گاچىلار بېزىقى. * گاس-گاچا ئىككى كۆلىدۇ: خەقنىڭ كۆلگىنىگە قاراپ بىر، ئاڭلىغاندىن كېيىن يەنە بىر (ماقال).

**گاشات** ئى. دىئال. بىرەر مەسىلە ياكى ئىشنىڭ ئاقىۋىتى، نەتىجىسى ھەققىدە قىلىنغان غەم؛ تەشۋىش، ئەندىشە، ئەنسىرەش.

**گافنىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Hf (hafnium). سۇيۇقلىنىش نۇقتىسى يۇقىرى، X نۇرى تروپكىسىنىڭ مەنبىي قۇتۇپى قىلىنىدۇ. گافنىي بىلەن ۋولفرام ياكى مولىبدېننىڭ قېتىشمىسى يۇقىرى بېسىملىق زەرەت قويۇپ بېرىش تروپكىسىنىڭ ئېلېكتروتى قىلىنىدۇ.

**گاگار** ئى [خەن] ① كالتەك بىلەن ئۇرۇپ ئوينايدىغان بىر خىل باللار ئويۇنى: گاگار ئوينىماق. ② شۇ ئويۇندا ئوينايدىغان ئۇزۇنلۇقى بىر سويام، ئۆزى توم، ئىككى بېشى ئۇچلانغان ياغاچ؛ ۋاللەي: گاگار ئوينىماق. * ئۇ: — ئۆيۈڭدىن گاگار-پالاق ئاچىق، — دېدى بۇيرۇق قىلىپ، تۇرسۇن ئەمدى بۇنداق ئويۇنلاردىن زېرىكىپ گاگار ئوينىماقچى بولغانىدى.

**گالڭ** I ئى [خەن] ← **پولات**: گالڭ قەلەم. * ئۇنىڭ كېيىمى گالڭ، چويۇندىن ئىدى. // گالڭ بېسىلىق خەنجەر.

**گالڭ سەندەل** گالڭدىن (پولاتتىن) ياسالغان سەندەل.

**گالڭ قەلەم** ← **گاڭبى**: قەغەز ئۈستىدە قانچە گالڭ قەلەم، چېپىۋاتقاندۇ تاشلاپ زور قەدەم.

**گالڭ ئىرادە** خەۋپ-خەتەر، قىيىنچىلىقلار-غا باش ئەگمەيدىغان، بوشاشمايدىغان، مۇستەھكەم ئىرادە: قايناملار بولدى ئۇنىڭ سىرداش دوستى، شوخ شامال غەملىرىگە بەردى تەسكىن. قارلىق تاغ تاۋلىدى گالڭ

ئىرادىنى، مىجەزى بورانەك بولدى كەسكىن.

**گاڭ II** سۇپ [خەن] جان ت. پەقەت بىرلا خىل نەرسىدىن تەركىب تاپقان، باشقا بىر تەركىب ئارىلاشمىغان؛ ساپ، خەس، يالغۇز: گاڭ ئاق ئۇن ئالماق. * — بىزنىڭ ئانىلار گاڭ قوناق. بىزنىڭ توقسۇننىڭ قوناق ئانلىرى داستىخانغا قويساڭ كۆلۈپ تۇرىدۇ. كۆڭلىدە ھېچقانچە يامانلىقى يوق. يەيمەن دېسەڭ ئەكىلىمەن، — دېدى بوۋاي قاچىلارغا قايناق سۇ قۇيغاچ.

**گاڭبەن** ئى [خەن] ① ئاپتوموبىل، پاراۋوز، تراكتور قاتارلىق قاتناش قوراللىرىنىڭ ئوقى بىلەن جازا ئارىلىقىغا ئورنىتىلغان، ئېغىرلىق بېسىمىنى تەكشۈكلاشتۇرۇپ بېرىش رولىنى ئۆتەيدىغان ئېلاستىكلىق قۇرۇلما؛ رېسسور. ② پولات تاختا.

**گاڭبى** ئى [خەن] ئۇچى گاڭدىن ياسالغان، سىياھ ئىچۈرۈپ ئىشلىتىلىدىغان قەلەم؛ پولات قەلەم.

**گاڭپەن** ئى [خەن] گۈرۈچنى دۈملەپ پىشۇرۇپ، ھەر خىل قورۇمىلار بىلەن يېيىلىدىغان بىر خىل تاماق: گاڭپەن يەملا، سومەنمۇ، سامسا يەملا، قورداقمۇ. كۆڭۈللىرىنى ئالاي مەن، خۇيلانمىسلا بولامدۇ؟

**گاڭزا** ئى [خەن] قەدىمدە ئىشلىتىلگەن بىر خىل جازا قورالى يەنى كالتەك: گاڭزىغا باسماق. * ئۇنى ئاز دەپ گاڭزىلارغا بېسىپ ئۇردى، «ئېرىسنى شىلىپ ئال!» دەپ ۋاقاپ تۇردى. * «سۆزلىگەننى تىلىدىن تۇتۇپ ئاسسۇن!» دېدىم، «شوڭ تۇرغاننى گاڭزىلارغا باسسۇن!» دېدىم.

**گاڭسا-جىسا** ھېچ نەرسىسى قالمىغان، پۈتۈن بىساتىدىن ئايرىلغان، ھېچنېمىسى يوق، قۇرۇق قول: ۋاھاپ بۇلتۇر داۋۇتلارنىڭ كەينىگە كىرىپ يەنخۇغا بېرىپ ئىشلەپ كۆرگەنىدى. لېكىن ئۇ ئالتە ئاي ئىشلىدى-يۇ، ھېچ نەرسىگە ئېرىشەلمەي، گاڭسا-جىسا ھالدا قايتىپ كەلدى. * ئۇ تەرەپ-تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ جاپا-مۇشەققەت، خەۋپ-خەتەرلەر ئىچىدە تاپقان پۇل-پۈچەك، نەرسە-كېرەكلىرىنى ھەممىسى بېزا قىمارۋازلىرىغا ئۇتتۇرۇپ قويۇپ، تولا چاغلاردا گاڭسا-جىسا بولۇپ قېلىپ پۇشايمان قىلاتتى.

**گاڭسا-جىسا بولماق** پۈتۈن بىساتىدىن ئايرىلماق، ھەممە نەرسىسى پاك-پاكىز تۈگىمەك: دەڭگە كىرىپ ئۇتقۇشۇپ باقتىم، خوجايىنىم راست ئۇتتۇرۇۋەتكەنىكەن، ئۇتتۇرۇۋەتكەندىمۇ ئاندا-مۇندا ئەمەس، يېنىدىكى پۈتۈن نەق پۇلنى، خۇرجۇنىدىكى ھەممە كىيىم-كېچەكنى، ھەتتا تۆت ئات بىلەن ھارۋىسىنى بىراقلا ئۇتتۇرۇۋېتىپ، گاڭسا-جىسا بولۇپ قېلىپتۇ.

**گاڭسا-جىسا قىلماق** پۈتۈن بىساتىدىن ئايرىماق، ھەممە نەرسىسىدىن مەھرۇم قىلماق: تۈنۈگۈن كېچە يېنىمىزدىكى سارايدا بىر سودىگەرنىڭ مال-مۈلكىنى بۇلاپ، گاڭسا-جىسا قىلىپ قويۇپتۇ.

**گاڭ-گالاس** دىئال. قۇلىقى ئاڭلىمايدىغان، گاراڭ، گاراخ.

**گاڭگوڭ** سۇپ [خەن] باشقىلارنى بوزەك قىلمايدىغان، باشقىلارغا بوزەك بولمايدىغان، ھەققانىي ئىش قىلىدىغان؛ نوچى: گاڭگوڭ ئادەم. گاڭگوڭ يىگىت. * ئەلقىسسە، ئايلار ئۆتتى، يىل ئۆتتى، سېپىتئاخۇن گىلاۋخۇيچىلارغا قېتىلىپ سېپىت گاڭگوڭ دەپ ئاتالدى. * ئۇلار گاڭگوڭ ئادەملەر ئىكەن، ھۆكۈمەتكە بوي بەرمەستىن قوزغىلاڭنى بىر يىلغىچە داۋاملاشتۇردى.

**گاڭگوڭلۇق** «گاڭگوڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گاڭگوڭلۇق قىلماق. * — مۇشۇمۇ گاڭگوڭلۇقمۇ؟! ئىككى سەر ئىچىپ تۆت سەر مەست بولۇۋېلىپ، كىمگىنى كۆزۈڭگە ئىلىشمايـ

سەن! — دېدى ئۇ.

**گاڭگىراتماق** «گاڭگىرىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن بۇ سوئال مېنى تۇيۇقسىز ئىمتىھان مەيدانىغا كىرىپ قالغان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىغا ئوخشاش گاڭگىرىتىۋەتتى.

**گاڭگىراشماق** «گاڭگىرىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: مىلتىقلىرىنى قۇچاقلاپ مۈگدەپ ياتقان دۈشمەن ئەسكەرلىرى كۆزلىرىنى ئۇۋۇلىشىپ، بىرپەس گاڭگىراشتى.

**گاڭگىرىماق** پ. نېمە قىلارىنى بىلمەي قالماق، ئېسەنگىرىمەك، ساراسىمىگە چۈشمەك، ئالاقزادە بولماق؛ ھودۇقماق، تەمتىرىمەك: ھەنپەم ئاپىسىدىن سورىغان مەسلىھەتكە مۇشۇ جاۋابنى ئېلىپ، بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك گاڭگىرىدى. * توپ پۈتتىن-پۇتقا قانچىكى تېز ئۆتۈپ تۇرسا ۋە ھەرىكەت قانچە تېز بولسا، شۇنچە ياخشى، بۇنداق بولغاندا، قارشى تەرەپ يا گاڭگىرايدۇ، يا توپنى توسۇۋېلىشقا ئامالسىز قالىدۇ.

**گال** I ئى. كېكىردەك، كاناي، بوغۇز: گال ئاغرىقى. گېلى يوغان. * گالدىن ئۆتكەن غەنىمەت (ماقال). * ئەتىگەندىن بېرى ئاچ يۈرۈپ، روچۇندەك دىرىلدەپ قالغان قۇشناچ بۇ غەلىتە «ئىپتار سۈيى»نى ئىچتى-يۇ، كاڭغا يىقىلدى. گاللىرىنى تاتىلاپ ياقىسىنى يىرتتى. * كېسەل گالدىن كىرەر ئۇنى چىنىڭ كۆزەت، يېگىن ئاشنى تەڭشەپ، ئاز-ئاز يە پەقەت.

**گال ئاۋارىسى** قورساق بېقىشنىڭ كويىدا يۈرىدىغان كىشى: بۇ بىچارە بىر گال ئاۋارىسى، قورسىقى تويسىلا بولدى.

**گالدىن قىسماق** يېمەك-ئىچمەكتىن چەكلىمەك، قورساقنى تويدۇرماسلىق: كەتمەن چاپىدىغان ئادەمنى گالدىن قىسىپ قويسا، قانداق ئىش قىلالايدۇ.

**گېلى بوغۇلماق** گېلىدىن تاماق ئۆتمەي قالماق: ئۇنىڭغا قاراپ رۇقىيەمنىڭمۇ گېلى بوغۇلدى.

**گېلى پوق** ئارىلىق يەپ، پارا ئېلىپ ئۆزىنى بۇلغاپ قويغان: گېلى پوقنىڭ ئىشى پوق (ماقال). * ئۇنىڭ گېلى پوق، بۇ ھەقتە گەپ قىلالمايدۇ.

**گېلىدىن ئۆتمەسلىك** بىرەر نەرسە يېگۈسى كەلمەسلىك، كۆڭلى غىزا تارتماسلىق؛ بىراۋغا قىسىنىش: تاپسا بىر تال كەمپۈت، بىر تال ئالما، گېلىدىن ئۆتمەس، يالغۇز يېگۈسى كەلمەس. سېنى يەۋالسۇن دەيدۇ، سېنى ئورۇقلاپ قالمىسۇن دەيدۇ، كەپتەر باچكىسىنى ئاسرىغاندەك.

**گېلىغا ئامراق** داۋاملىق يېمەك-ئىچمەكنىڭ كويىدا يۈرىدىغان، نەپسگە ئامراق: ئەپەندىم بىرقانچە سورۇنلاردا قازىنىڭ گېلىغا ئامراقلىقى توغرىسىدا لەتىپە ئېيتىپتۇ.

**گېلىغا ئۇرماق** پارا بەرمەك: مەن بەش كىلوگرام سۇمايىنىڭ تازا ھالقىلىق پەيتتە كۈچىنى كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى ئويلاپ مېيىقىمدا كۈلۈۋەتتىم. چۈنكى ئۇ بۈگۈن كەلگەن شوپۇرلاردىن بىرىنىڭ گېلىغا ئۇرۇۋەتكەن ئوخشايدۇ.

**گېلى قىچىشماق** ① گەپ قىلغۇسى كېلىپ كەتمەك؛ ئاغزى قىچىشماق. ② كۆچمە. ھاراق ئىچكۈسى ياكى تاماكا چەككۈسى كەلمەك؛ خۇمارى تۇتماق، خۇمارى كەلمەك.

**گېلىنى قىسماق** ئىشلەتمەي، سەرپ قىلماي ساقلىماي؛ يېمەي-ئىچمەي ئايىماق: ئۇنىڭ كۆزلىرى يەنە ئۈمىد بىلەن چاقنايتتى؛ دېمەك ئۇ دۇيدىن بەرگەن، پۈتۈن ئائىلىسى بىر ئاي يەيدىغان نورملىق يېغىنى گېلىنى قىسىپ تۇرۇپ بولسىمۇ ئايالىنى ساقايتىۋېلىش ئارزۇسىدا ئېلىپ كەلگەن.

**گېلىنى مايلىماق** ← **ئاغزىنى ياغلىماق:** مەن دادامغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ قىينىلىۋاتقانلىقىنى سەزدىم. گالنى مايلاش ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل كېرەك، بىزدە بولسا پۇل يوق.

**گېلىنى ياغلىماق** ← **ئاغزىنى ياغلىماق:** – بۇ ئىشنىڭ ئامالى بار. ھېچ بولمىغاندا، قويىڭىز بىلەن ئۇنىڭ گېلىنى ياغلاڭ. بولمىسا ئۇغلىڭىزنى يەنە ئۇن يىلدىمۇ يېنىڭىزغا ئەكىلەلمەيسىز، – دېدى ئۇ.

**گېلى يوغىناپ كەتمەك** ئاز نەرسىگە قانائەت قىلمايدىغان؛ چوڭ-چوڭ، نۇرغۇن نەرسە تەلەپ قىلىدىغان بولۇپ قالماق (ئالىدىغان پارە، قىلىدىغان خىيانەت ھەققىدە): ھەي، قانداق بولاركىن؟ ئۇنىڭ گېلى يوغىناپ كەتتى، بۇنچىلىك نەرسىنى كۆزگە ئىلماسمىكىن دەيمەن.

**گال** II سۈپ ① ئۆتكۈر بولمىغان، كەسمەيدىغان؛ ئۆتمەس، قاشاڭ: گال پىچاق. * نەدىن قانات قاتتىڭىز، مەن بېتىمنى تاپتىڭىز؟ ئەقلىمنى گال قىلدىڭىز، كۆڭلۈمنى لال قىلدىڭىز. ② كۆچمە. بىر ئىشنى تازا دېگەندەك ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان ياكى ھەرىكىتى چاققان ئەمەس؛ ھەرىكىتى ئاستا، سۇس؛ قاشاڭ: گال ئادەم. قولى گال. * قولى گۈل ئېتىدۇ غىزا، قولى گال تارتىدۇ ئىزا (ماقال).

**گال پىچاق بىلەن بوغۇزلىماق** قاتتىق قىينىماق، ئازابلىماق: دەرھال بىر تەرەپ قىلمامسەن، نېمانداق گال پىچاق بىلەن بوغۇزلايدىغانسەن.

**گالاچ** تەق. بىراۋنىڭ يۈزىگە مۇشت بىلەن قاتتىق ئۇرغاندا چىققان ئاۋاز: ئۇنىڭ خامىرىغا گالاچ قىلىپ بىرنى سالدىم.

**گالاچچىدە** رەۋ «گالاچ» قىلغان ھالدا، «گالاچ» قىلىپ: گالاچچىدە سالماق.

**گالاچ-گۇلۇچ** «گالاچ» قىلغان ياكى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئاۋازلار: «ئاھ-ۋاھ»، «گالاچ-گۇلۇچ» قىلغان ئاۋازلار خېلى داۋام قىلدى.

**گالاچلاتماق** پ «گالاچ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: ئۇچقۇچىلار يانلىرىدىن تاپانچىلىرىنى چىقىرىشىپ ئېتىشقا ئۈلگۈرمەيلا، گالاچلىتىپ ئۇرۇلۇۋاتقان تاياق ئاستىدا قالدى.

**گالاكتىكا** ئى [ر<گرېك] <ئاستر> ← **سامانيولى سىستېمىسى.**

**گالاكتىكا سىرتىدىكى تۇمان** <ئاستر> ← **گالاكتىكا سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى.**

**گالاكتىكا سىرتىدىكى يۇلتۇزلار سىستېمىسى** <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسى سىرتىدىكى تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ بىرلەشمە گەۋدىسى. يەر شارى بىلەن بولغان ئارىلىقى نەچچە يۈزمىڭ يورۇقلۇق يىلىدىن ئاشىدۇ. ئۇ سامانيولى سىستېمىسى بىلەن تەڭ كېلىدىغان تۇرغۇن يۇلتۇزلار سىستېمىسىدۇر. ئادەتتە يەنە «گالاكتىكا سىرتىدىكى تۇمان» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گالاكتىكا قۇتۇپى** <ئاستر> ئاسمان شارى ئۈستىدىكى گالاكتىكا ئېكۋاتورىنىڭ ھەرقايسى جايلىرى بىلەن بولغان ئارىلىقى 90° بولغان ئىككى نۇقتىنىڭ بىرى.

**گالاكتىكا كەڭلىكى** <ئاستر> گالاكتىكا ئېكۋاتورىنىڭ شىمالى ياكى جەنۇبىدىكى بۇلۇڭ ئارىلىقى، يەنى گالاكتىكا قۇتۇپىدىن ئۆتىدىغان چوڭ ھالقىدىكى گالاكتىكا ئېكۋاتورى بىلەن ئاسمان شارى ئۈستىدىكى مەلۇم بىر نۇقتا ئارىلىقىدا قىسىلغان ياي ئۇزۇنلۇقى. گالاكتىكا ئېكۋاتورىدىن باشلاپ ھېسابلىغاندا 0° تىن 90° قىچە بولغان ئارىلىققا توغرا كېلىدۇ.

گالاكتىكا ئېكۋاتورىنىڭ شىمالى مۇسبەت، جەنۇبىي مەنپىي بولىدۇ.

**گالاكتىكا مەركىزى** <ئاستر> سامانيولى سىستېمىسىنىڭ تارتىش كۈچى مەركىزى. سامانيولى سىستېمىسىدىكى قۇياش بىلەن باشقا تۇرغۇن يۇلتۇزلار بۇ مەركەزنى ئايلىنىپ ھەرىكەت قىلىدۇ.

**گالاكتىكا ئۇزۇنلۇقى** <ئاستر> تۇرغۇن يۇلتۇزلارنىڭ 94.4° لۇق سائەت بۇلۇڭىنىڭ شەرقىدىن گالاكتىكا ئېكۋاتورىنى بويلاپ ئۆلچەنگەن بۇلۇڭ ئارىلىقى.

**گالاكتىكا ئېكۋاتورى** <ئاستر> سامانيولىنىڭ سىممېترىك تەكشىلىكى بىلەن ئاسمان شارى ئۆزئارا كېسىشكەن چوڭ ھالقا.

**گالدۇڭ** ئى. تولامچاق تۆمۈر ئوقنىڭ ئوق تەرەپ ئۇچىغا ئورنىتىلغان ئىككى دانە چوڭ غالتەك. چوڭ چاردانىنى، كىچىك دالۋاينى تاناپ ئارقىلىق ئايلاندۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ.

**گالدىرماچ** (توغرىسى: گادىرماچ) ← **گادىرماچ**.

**گالدى-گۇلدۇڭ** ① دېگەندەك بېجىرىم ئەمەس، نېرۋىسى سەل ئاجىز: ئۇ چىراي بىلەن بىرەر يىگىتنى ئۆزىگە جەلپ قىلالىغۇدەك، لېكىن گالدى-گۇلدۇڭراق قىز ئىدى. ② بىر ئۇ يانغا-بىر بۇ يانغا غالداڭلاپ، ئىرغاڭلاپ: گالدى-گۇلدۇڭ ماڭماق.

**گالزاڭ** سۈپ. سەزگۈ قابىلىيىتى ئاجىز، ئەقىلسىز؛ دۆت، كومشا: گالزاڭ ئادەم. گالزاڭ بالا.

**گالستۇك** ئى [ر<نېم] كۆڭلەكنىڭ ياقىسى ئاستىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئالدىنى چىگىپ ياكى تۈگۈن قىلىپ بويۇنغا تاقاش ئۈچۈن رەختتىن ئىشلەنگەن بۇيۇم: گالستۇك تاقىماق. * ئابلىكىم 22 — 23 ياشلاردا بولۇپ، بېشىدا چىمەن دوپپا، ئۈستىدە زىغىر رەڭ سارجىدىن تىكىلگەن كاستۇم-بۇرۇلكا، بوينىدا تېگى كۆك، ئاق يولى بار گالستۇك، پۇتىدا پارقىراپ تۇرغان خۇرۇم بەتىنكە بار ئىدى. * قىزىلگۈلدەك گالستۇك، ماڭا ئەجەب ياراشتى. تاقىۋالسام دوستلىرىم، زوقى بىلەن قاراشتى.

**گالستۇكلۇق** سۈپ ① گالستۇكى بار، گالستۇك تاقىغان: شەھەرلىك 7-باشلانغۇچ مەكتەپ پىئونېرلىرى مەكتەپ ئەتراپىدىكى چوڭ كوچىلارنى «قىزىل گالستۇكلۇقلار تازىلىق كوچىسى»غا ئايلاندۇردى. ② گالستۇك قىلىشقا لايىق، باپ: گالستۇكلۇق تاۋار. گالستۇكلۇق رەخت.

**گاللاشتۇرماق** «گاللاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گاللاشماق** پ. ئۆتكۈرلۈكىنى يوقاتماق، گال، ئوتمەس بولۇپ قالماق؛ قاشاڭلاشماق: پىچىقىنىڭ قاشاڭ پىچاقتەك گاللىشىپ كەتكەن پىكرى ئىككى مۆتىۋەر ئارىسىدا قېرىنداشلىق مىزانىغا خىلاپ ئۇقۇشماسلىقنىڭ بارلىقىنى تۇيۇۋاتىدۇ. * بۇنى ئاز دەپ بەزىدە، زەخىم چېكىدۇ تېنىم. ئۇچلالمايمەن قېرىنداش، كەتكەچ گاللىشىپ تىغىم.

**گاللون** مىق [ر<ئىنگ] ئەنگلىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى. ئەنگلىيە ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى بىر گاللون 4.546 لىترغا، ئامېرىكىنىڭ ئۆلچەم سىستېمىسىدىكى بىر گاللون 3.785 لىترغا باراۋەر كېلىدۇ.

**گاللىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ga (gallium). كۈمۈشتەك ئاپئاق كرىستال. يۇمشاق. قېتىشما ھەم يۇقىرى تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەيدىغان تېرمومېتىر ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. گاللىي ئارسېنىد مۇھىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ

ماتېرىيال ھېسابلىنىدۇ.

**گالمۇش** (توغرىسى: گومۇش) ← **گومۇش.**

**گالوگېن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گالوگېنلار.**

**گالوگېن ۋولفراملىق چىراغ** <فىز> گالوگېنلار تولدۇرۇلغان ۋولفراملىق چوغلانما چىراغ.

**گالوگېنلار** ئى <خىم> فتور، خلور، بروم، يود ۋە ئاستاتىن قاتارلىق بەش خىل ئېلېمېنت خىمىيۋى خۇسۇسىيەت جەھەتتە بەك ئوخشىشىپ كېتىدۇ، ئۇلار بىر گۇرۇپپىنى تەشكىل قىلىپ، گالوگېنلار دېيىلىدۇ. گالوگېنلار بىۋاستە مېتاللار بىلەن بىرىكىپ تۇز ھاسىل قىلىدۇ. ئۇلار ئەڭ كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى ۋە خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپ، ئۇلاردىن پايدىلىنىپ دورا، بوياق، سىنتېتىك كاۋچۇك قاتارلىقلار ياسىلىدۇ. ئۇلار يەنە گالوگېنلار گۇرۇپپىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گالوگېنلار گۇرۇپپىسى** <خىم> ← **گالوگېنلار.**

**گالوگېنلىق** سۈپ. تەركىبىدە گالوگېنلار بولغان، گالوگېنغا ئىگە: گالوگېنلىق چۆكۈندە.

**گالوگېنلىق چۆكۈندە** <گېئول> تۇز تۈرىدىكى بىر خىل چۆكۈندە. ئاساسلىقى قۇرغاق رايونلاردا پەيدا بولىدۇ. ئۇ قاتالما، يېرىم قاتالما ھالەتتىكى سۇلۇق ئويمانلىق (تۇز كۆل، قولتۇق كۆل) تىكى سۇلارنىڭ پارغا ئايلىنىپ، قويۇلۇپ تىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغان مىنېرال تەركىبلىرىدىن تاشتۇز، كالىي تۇزى، كارناللىت قاتارلىقلار بولۇپ، ھەممىسى خىمىيە سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ئەشياسىدۇر.

**گالوگېنىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گالوگېنىدلار.**

**گالوگېنىدلار** ئى <خىم> گالوگېنىدلارنىڭ (خلور، بروم، يود ۋە فتورنىڭ) ئېلېكتىر مەنپىيلىكى كۈچلۈك ئېلېمېنتلار ۋە رادىكاللار بىلەن ھاسىل قىلغان ئاددىي بىرىكمىلىرى. گالوگېنىدلاردا گالوگېنلار ھامان بىر ۋالېنتلىق بولىدۇ. گالوگېنىدلار مېتال گالوگېنىدلار ۋە مېتاللوئىد گالوگېنىدلار دەپ بۆلۈنىدۇ.

**گالۋاڭ** سۈپ. ئەقلى تازا ئىشلىمەيدىغان، زېھنىي قابىلىيىتى ئاجىز، ئەقىلسىز، دۆت، كومشا: گالۋاڭ ئادەم. گالۋاڭ خوتۇن. * ئەلنىڭ جېنى چىقسا، گالۋاڭنىڭ كۈلگۈسى كېلەر (ماقال). * — سەنلەر مېنى تۆگىدەك ئەخمەق، ئېشەكتەك گالۋاڭ ھېسابلاپ، بۇرنۇمغا چۈلۈك ئۆتكۈزۈپسىلەر-دە، — دېدى ئۇ غەزىپىنى باسالماي. * ئۆلمەكنىڭ ئۈستىگە تەپمەك دېگەندەك، يىغىپ تۇراتتى قاتمۇقات ئالۋاڭ. باي ۋە غوجاملار «ئەقىل-دار» ئىدى، ئەمگەكچىلەرنى دەر ئىدى «گالۋاڭ».

**گالۋاڭ بولماق** بىرەر ئىش ۋە نەرسىگە بېرىلىپ كەتمەك، بەند بولماق: — بۇرادەرلەر، بۇ لالما ساقچىلار بىلەن پاراڭ-لىشىپ گالۋاڭ بولۇپ يۈرگۈچە كېلىڭلار، رېشاتكىنى بۇزۇپ باقايلى! — دېدى كامىر ئىچىدىكى مەھبۇسلاردىن بىرى.

**گالۋاڭ قىلماق** بىرەر ئىش ۋە نەرسىگە مەلىكە قىلماق، بەند قىلماق: زاۋۇتنىڭ بۇ دۇكاننى ئىش كۈتۈپ تۇرغان بىرەر ياشنى ۋاقىتلىق گالۋاڭ قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈنلا ئاچقاندەك قىلىشى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

**گالۋاڭلاشتۇرماق** «گالۋاڭلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گالۋاڭلاشتۇرۇلماق** «گالۋاڭلاشتۇرماق»

پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گالۋاڭلاشماق** پ. گالۋاڭ ھالەتكە كەلمەك؛ دۆتلەشمەك، كالۋالاشماق: – نېمە بولدۇڭ؟ نېمانچە گالۋاڭلىشىپ كەتتىڭ، شۇنچىلىك نەرسىنى بىلەلمەي تىرمىقىڭنى تاتىلاپ تۇرىسەنغۇ؟ – دېدى ئاكام ماڭا ئاچچىقلاپ.

**گالۋاڭلىق** «گالۋاڭ» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گالۋاڭلىق قىلماق. * ئۇ بىچارە ئۆزى ناھايىتى ياخشى ئادەم ئىدى. لېكىن مەن تازىمۇ گالۋاڭلىق قىلدىم. مالنى تاشلاپ بولسىمۇ كەلسەم بولماسىمىدى. ئۇنىڭ ئۈچۈن تاياق يېسەممۇ مەيلى ئىدى. * ئۇنىڭ ئەپتىدىن گالۋاڭلىقى چىقىپ تۇرىدۇ.

**گالۋانومېتر** ئى [ر] <فىز> كۈچسىز توكلارنى ئۆلچەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان ئەسۋاب.

**گامەن** ئى [خەن] چۆپ كېسىش ماشىنىسىدا ئىنچىكە قىلىپ كېسىلگەن چۆپ.

**گامەنچى** ئى ① چۆپ كېسىش ماشىنىسىدا چۆپ كېسىدىغان ئادەم. ② گامەن ساتىدىغان ئادەم.

**گاما** I ئى [ر<گرېك] <مۇز> بەلگىلىك كۈي شەكلىنى ئۆلچەم قىلىپ، ئاۋاز يۇقىرىلىقى تەرتىپى بويىچە يۇقىرىغا ياكى تۆۋەنگە قاراپ تىزىلغان بىر گۇرۇپپا ئاۋازلار.

**گاما** II ئى [ر<گرېك] <فىز> ← **گاما نۇرى**.

**گاما نۇرى** <فىز> رادىي (Ra) ۋە باشقا بىر قىسىم رادىئوئاكتىپ ئېلېمېنتلارنىڭ ئاتومى چىقارغان نۇر، يەنى دولقۇن ئۇزۇنلۇقى ئىنتايىن قىسقا بولغان ئېلېكتر ماگنىت دولقۇنى. تېشىپ ئۆتۈش كۈچى X نۇرىدىنمۇ كۈچلۈك بولۇپ، نەچچە ئون سانتىمېتر قېلىنلىقتىكى پولات تاختىنى تېشىپ ئۆتەلەيدۇ.

سانائەتتە مېتاللارنىڭ دەز جايىنى تەكشۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ، تىبابەتچىلىكتە دېزىنفېكسىيە قىلىش، ئۆسمىنى داۋالاشلاردا ئىشلىتىلىدۇ.

**گامېتا** ئى [ر<گرېك] <بىئول> جانلىقلار جىنسىي كۆپىيىش مەزگىلىدە ھاسىل قىلىدىغان جىنسىي ھۈجەيرە. چىشى ۋە ئەركەك ئىككى خىل گامېتا قوشۇلغاندىن كېيىن، زىگوتا شەكىللىنىدۇ.

**گامېتا خالتىسى** <بىئول> گامېتا شەكىللىنىدىغان ئورگان.

**گامېتىنىڭ جۈپلىشىشى** <بىئول> گامېتىلارنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدىغان جىنسىي كۆپىيىش.

**گامېتىنىڭ شەكىللىنىشى** <بىئول> گامېتىنىڭ ياكى كۆپىيىش ھۈجەيرىلىرىنىڭ مەسىلەن، تۇخۇم ياكى سپېرمىغا ئوخشاشلارنىڭ شەكىللىنىشى.

**گامېتلىق** سۈپ. گامېتىسى بولغان، گامېتىغا ئىگە.

**گانتېل** ئى [ر<نېم] <تەن> ئېغىرلىق كۆتۈرۈش تەنھەرىكىتى ۋە گىمناستىكىدا ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى مەشىق سايمانلىرىنىڭ بىرى. شەكلى ئىككى خىل: بىر خىلى، مۇقىم گانتېل. بۇ ياغاچ ۋە تۆمۈردىن تۇتقۇچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ساقسىمان چويۇن ياكى تۆمۈر ئورنىتىلىپ ياسالغان. يەنە بىر خىلى، تەڭشىگۈچلۈك گانتېل. بۇ تۇتقۇچىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئاجرىتىشقا بولىدىغان، ئېغىرلىقى ئوخشاشمايدىغان تۆمۈر تەخسە ئۆتكۈزۈلۈپ ياسالغان.

**گاندون** ئى [ئىنگ] <تىب> ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، جىنسىي مۇناسىۋەت ئالدىدا زەكەرگە كىيگۈزۈلىدىغان رېزىنكە قاپ.

**گانگرېنا** ئى [ر<گرېك] <تب> توقۇلمىلارنىڭ چىرىپ ئۆلۈشىنىڭ بىر خىلى. ئادەتتە چوڭ بىر پارچە توقۇلمىنىڭ قان (ئوزۇق-لۇق) بىلەن تەمىنلىنىشى ئۈزۈلۈپ قېلىپ، ئاندىن باكتېرىيە كىرىپ چىرىتىش-تىن كېلىپ چىقىدۇ.

**گاھ** [پ] ① باغل. جۈملە بۆلەكلىرىنى ياكى ئىككى ئاددىي جۈملىنى باغلاش ۋەزىپىسىدە كېلىپ، «بەزەن، بەزى، بەزىدە» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈر-دۇ: گاھ ئۇنداق، گاھ مۇنداق. * ئەلانۇر گاھ ئۇلۇغ-كىچىك تىنىپ لېۋىنى چىشلەيتتى، گاھ ئاغزىنى ئۈمەللەپ نېمىنىدۇر دېيىشكە تەمشىلەتتى-يۇ، جۈرئەت قىلالمايتتى. * گاھ ئۇچساق پەلەكنىڭ قەرىدە مەغرۇر، ئاسماننى قاپلىغان شوخ بۇلۇت بولۇپ. گاھ ياغساق بىز بولۇپ شىپالىق يامغۇر، كېتەتتى يەر-زېمىن شادلىققا تولۇپ. ② ئىم. ئۇۋچىلار ئوۋ ئوۋلىغاندا، قۇشلارنى ئۇچۇشقا، ئاڭنى تۇتۇشقا ئۈندەش ئىماسىنى بىلدۈرىدۇ: قارچىغىنىڭ ئۆزىنى ئالساق، ئوۋ قىلمىغان چاغلاردا بېشىغا قارا قاپچۇق كىيدۈ-رۈپ، قاراڭغۇ ئۆيدە ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئوۋ قىلىدىغان چاغۋارنى كۆرگەندىلا ئۇنىڭ بېشىدىكى قاپچۇقنى ئېلىۋېتىپ، گاھ دەپ قۇشلايمىز-دە، ئۇ ئۇدۇل بېرىپ ئولجىغا چاڭگال سالىدۇ.

**گاھ-گاھ** بەزەن-بەزەن، بەزى-بەزى، ئارىلاپ-ئارىلاپ: ئۈستى-ئۈستىگە مىنگىشىپ كېتىۋاتقان دولقۇنلار ئارىسىدا گاھ-گاھ يىلتىزى بىلەن قومۇرۇلۇپ تاشلانغان دەل-دەرەخلەر، تۇرمەللەر، ياغاچ-تاشلار غىل-پال كۆرۈنۈپمۇ قالاتتى.

**گاھى** ← **گاھ**: گاھى خۇدا بىلەن رەسۇل، گاھى دۇتار بىلەن ئۇسسۇل (ماقال). * گاھى چاغدا مېھمان كېلىدۇ مانتا، پولۇ ئەتكۈدەك، گاھى چاغدا مېھمان كېلىدۇ يۈگۈرۈپ قويۇپ تەپكۈدەك (ماقال). * بۇلار گاھى دەريا بويىغا چىقىپ قالاتتى، گاھى قۇرۇق جاڭگال ئىچىدە يۈرەتتى.

**گاھىبىر** ئال [گاھى+بىر] ئايرىم بىر، مەلۇم بىر؛ بەزىبىر: ئوقۇغۇچىلارنىڭ گاھىبىرلىرى گۈللۈك ۋە چىمەنلىكلەر ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپ، يادلاشقا تېگىشلىك مەزمۇنلارنى يادلايتتى، گاھىبىرلىرى يوللارنىڭ يانلىرى ۋە گۈللەرنىڭ ئەتراپىغا قويۇپ قويغان ئۇزۇن ئورۇندۇقلاردا ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇيتتى.

**گاھىدا** رەۋ. ئايرىم چاغدا، ئايرىم ۋاقىتتا؛ بەزىدە: ئۇ قارىراق كەلگەن، تولىمۇ سېمىز، تەلۋە مىجەز، زەھەر سۆزلۈك ئادەم بولۇپ، گاھىدا ۋاڭلىق سۆپەتكە، گاھىدا ۋەزىرلىك سۆپەتكە، گاھىدا بولسا ئىشان سۆپەتكە كىرىۋېلىپ، ئۆزىچە كۆرەڭلەپ يۈرەتتى. * تۇرسۇن ئاتا گاھىدا كۆمۈرلۈككە كەتكەن ئىسلامنى، گاھىدا كامالنى ئويلايتتى.

**گاھى-گاھى** ئاندا-ساندا، ئارىلاپ-ئارىد-لاپ، ناگان-ناگاندا، بىرە-بىرە: پادىشاھ ئۇلارنىڭ ئىككىلىسىنى زىندانغا سېلىپتۇ ۋە ئۇلارغا ھەرقانداق لازىمەتلىك نەرسىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇرۇپتۇ. پادىشاھ گاھى-گاھى زىندانغا كېلىپ يۈزەك پارىسى پەرزەنتىنى كۆرۈپ كېتىدىكەن. * توز قۇشلارغا كۆپ ياخشىلىق قىلىپتۇ. تۇمۇچۇق گاھى-گاھى پادىشاھنىڭ ئىشلىرىنى قويۇپ تۇرۇپ، باشقا ئىشلارنى قىلىدىغان بولۇپ قېلىپتۇ.

**گائۇس** ئى [ر<نېم] <فىز> ئېلېكتر ماگنىت سىستېمىسى بىرلىك تۈزۈمىدىكى ماگنىت ئىندۇكسىيىسى كۈچىنىشىنىڭ بىرلىكى؛ بۇ نام گېرمانىيە ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە ئالىمى گائۇس ( Carl Friedrich Gauss ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گاۋشەن** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام

بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە
تەۋە كىشى.

**گاۋشەن تىلى** <تىل> گاۋشەنلەر
ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل جەنۇبىي
ئاراللار تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ھىندونېز
تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. مەملىكىتىمىز-
نىڭ تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ بەزى جايلىرىدا
ئىشلىتىلىدۇ.

**گاۋشەنچە** ① سۈپ. گاۋشەن خەلقىگە،
ئۇنىڭ يېزىقى، تىلى، ئەدەبىياتى ۋە
مەدەنىيىتىگە ئائىت: گاۋشەنچە ئۇسسۇل.
گاۋشەنچە ئادەت. ② ئى. گاۋشەن تىلى:
گاۋشەنچىنى بىلەمسىز؟

**گاۋشەنلەر** ئى <ئىرق> گاۋشەن مىللىتى،
گاۋشەن خەلقى. ئۇلار ئاساسەن
تەيۋەن ئۆلكىسىنىڭ تاغلىق رايونلىرىغا
ئولتۇراقلاشقان.

**گاۋلىڭ** ئى [خەن] مەملىكىتىمىزنىڭ جياڭشى
ئۆلكىسىنىڭ جىڭدېجېن بازىرى يېنىدىكى
بىر جاينىڭ نامى.

**گاۋلىڭ توپىسى** <كېئول> بىر خىل
ساپ سېغىز توپا، يەنى رەڭگى ئاق
ياكى كۈل رەڭ بولغان پاراشوك.
سۇيۇقلىنىش نۇقتىسى °1750. مۇھىم
تەركىبى ئالیۇمىن ۋە كرېمنىينىڭ ئوكسىد-
لىرى بولۇپ، فارفور سانائىتى ۋە باشقا
خىمىيە سانائەتلىرىنىڭ خام ماتېرىيالى
ھېسابلىنىدۇ. ئۇ جياڭشى ئۆلكىسىنىڭ
جىڭدېجېن بازىرى ئەتراپىدىكى «گاۋ-
لىڭ» دېگەن يەردىن بايقالغاچقا،
شۇ نام بىلەن ئاتالغان.

**گاۋلىڭ تېشى** <كېئول> دىككىت،
ناكرىتلار بىلەن بىر قاتاردىكى
$Al_4(Si_4O_{10})(OH)_8$ نىڭ كۆپ شەكىللىك
تۈرلىرىدىن بىرى. يەككە ياقلىق ياكى
ئۈچ ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ.
پارقىراقلىقى تۇتۇق، قاتتىقلىقى بىرگە
يېقىنلىشىدۇ. سۇنۇق يۈزى تەكشى
ھالەتتە بولىدۇ. سىلىشتۇرما ئېغىرلىقى
2.6 ئەتراپىدا. قۇرغاق ۋاقتىدا تىلغا
چاپلىشىدۇ، ئاسان تالقانلىنىدۇ. نەم
ۋاقتىدا پلاستىك بولىدۇ.

**گاۋوت** ئى [ر<فران] <مۇز> قەدىمكى
زاماندا فرانسىيەدە بارلىققا كەلگەن
خەلق ئۇسسۇلى مۇزىكىسى.

**گايكا** ئى [ر] ۋىنتىغا بۇراپ كىرگۈزۈلىدىغان
بۇرمىلىق دېتال.

**گايى** (توغرىسى: گاھى) ← **گاھى**.

**گايدا** (توغرىسى: گاھدا) ← **گاھدا**.

**گەپ** ئى [پ] ① ئېغىز ئارقىلىق ئىزھار
قىلىنغان پىكىر؛ نۇتۇق: ياخشى گەپ تاشنى
يارار، يامان گەپ باشنى يارار (ماقال).
* گەپنى قىل سىغار يەرگە، سۇنى سەپ
سىڭەر يەرگە (ماقال). * تاشۋاي ئۈمەر
باينىڭ ھويلىسىغا لىپ قىلىپ قارايدۇ-دە،
گەپنىڭ مەنىسىگە چۈشىنىپ قىزىرىپ كېتىدۇ.
* بۇ گەپ گەرچە مەخسۇتقا قاراپ ئېيتىلغان
بولسىمۇ، «سىلەر» دېگەن سۆزدىن
ئۆزىنىڭمۇ مەخسۇت بىلەن بىر قاتارغا قويۇلۇپ
قالغىنىنى بىلگەن روشەن لېۋىنى چىشلەپ
يەرگە قارىدى. ② ئاساسىي مەقسەت،
ئىش، مەسىلە: سىنىپنىڭ ئىلمىي نەتىجىسى
بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشكە باشلىدى.
ئەمدىكى مۇھىم گەپ، تېخىچىلا ئۆزىنى
ئوڭشىيالمايۋاتقان تەلەتتەكە ياردەم بېرىش
ئىدى. * بىرەر جاينىڭ سەرگۈزەشتى كىشى
ئۆمرىگە قارىغاندا ناھايىتى ئۇزۇن گەپ،
بۇنى پەقەت خىزىرلا بىلىدۇ. ③ كوچىمە.
پىتنە-ئىغۋا، ئۇيدۇرما: گەپ تاراتماق.
گەپ توشۇماق. * ئەل بار يەردە گەپ
بار (ماقال). ④ ئەھدە، ۋەدە، لەۋز:
گېپىدە تۇرماق. گېپىگە ئەمەل قىلماق.

كېيىدىن يېنىۋالماق.

**گەپ ئاچماق** سۆز باشلىماق، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەپ، باشقىلارنىڭ دىققىتىنى شۇ مەسىلىگە تارتماق: مۇھەممەت ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىكى ئاشكارا مەسخىرىنى چۈشىنىپ، بۇ ھەقتە گەپ ئاچقىنىغا پۇشايمان قىلدى. * رابىي ۋىت-ۋىت «خەقنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئېغىرچىلىق» توغرىسىدا گەپ ئېچىپ تۇرۇپ، بۇگۈن كەنت بويىچە ئېچىلىدىغان قانداقتۇر بىر يىغىننى تىلغا ئالدى.

**گەپ ئارىسىدا** بىرەر مەسىلە ئۈستىدە سۆزلەۋېتىپ، شۇ گەپنى تۈگەتمەستىن تۇرۇپ، شۇ گەپنىڭ ئىچىدە: ئۇ گەپ ئارىسىدا ساڭمۇ ئازراق تەگكۈزۈپ ئۆتتى.

**گەپ ئارىلاپ قالماق** ئۆسەك سۆز پەيدا بولۇپ قالماق: بىر ئوبدان ئۆتۈۋاتقاندۇق، كېيىنچە گەپ ئارىلاپ قالدى.

**گەپ ئارىلىماق** بىراۋنىڭ سۆزلەۋاتقان گېپى تۈگىمەستىنلا سۆزلەپ كەتمەك، گەپنى بۆلمەك: — بەش-ئالتە ئوغۇل ئىشلەپ تۇرۇپ، — دەپ گەپ ئارىلىدى كۆكبېشى، — شۇنچە ئۇنچىلىك ئوخشىمسا بولامدۇ؟ * — موللام، بىرەر گەپ-سۆزىڭىز بارمىدى؟ — دېدى ئاۋۇتقارى قاسىمقارىنىڭ گېپىنى ئارىلاپ.

**گەپ ئاڭلىماق** ① نەسىھەتكە كۆنمەك، گەپكە كىرمەك: ئۇ كېتىۋېتىپ: — يىغلىما، يىغلىغانىڭغا داداڭ تىرىلىپ قالامدۇ؟ ئوبدان بالا دېگەن گەپ ئاڭلايدىغان جۇمۇ...، — دېدى. ② دەككە، دەشنەم يېمەك؛ تىل ئىشىتمەك: سېنىڭ دەستىڭدىن ئانامدىن جىق گەپ ئاڭلىدىم.

**گەپ ئالماق** بىرەر يول بىلەن باشقىلارنىڭ پىكرىنى، مەقسىتىنى، سىرىنى بىلمەك: زىلەي ئەختەم بىلەن يارىشىش نىيىتىنى ئىپادىلەپ ھال ئېيتىپ كەلگەندە، گۈلەمخان چوڭ ئانا: — ياخشى ئويلاپسىز قىزىم، ئەقىللىق خوتۇن ئۆيى بۇزمايدۇ، ئەختەممۇ يارىشىۋالسام دەيدىغاندۇ، مەن بىر گەپ ئېلىپ باقاي، — دېگەنىدى. * ئۇنى چېكىپ بېقىپ گەپ ئالماقچى بولغان بەزى ياشانغان ئاياللارغا «بىرەر قېتىم توي قىلغان بولسىمۇ» رازى ئىكەنلىكىدىن بېشارەت بەردى.

**گەپ ئانىسى** ① پاراڭلارنى، باشقىلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاشقا ئامراق كىشى؛ گەپ ئوغرىسى: شوپۇر شۇ گەپلەرنى دەپ، نېمىندۇر ئەسكە ئېلىپ ئويلىنىپ قالدى ۋە سەل-پەل ئېھتىيات قىلغاندەك قىلىپ: — نېمە سىلەر، تازىمۇ گەپ ئانىسى ئاداش ئىكەنسىلەر، ئولتۇرۇۋېرەمسىلەر، بىر نېمە دېمەمسىلەر، — دەپ سادىققا قاراپ قويدى. ② گەپكە ئۇستا، گەپدان، گەپچى: — بۇ گەپ ئانىسى ناغرا چېلىۋاتىدۇ. قۇلىقىمنى پۈتكۈزۈۋەتتى، — دېدى سادىق.

**گەپ ئەپقاچماق** بولۇۋاتقان گەپنى ئەسلىي تېمىدىن باشقا تېمىغا بۇرىماق، بولۇۋاتقان گەپكە مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى قىلماق: — ماتور سىناش جازىسى ياساش، ئىشتىن سىرت ئىشلىگەنلەرگە پۇل بېرىشتە ھەممىزنىڭ مەسئۇلىيىتى بار، — دەپ گەپنى ئەپقاچتى ئېلېكتر مانتيور سېخىنىڭ مۇدىرى جېلىل.

**گەپ ئەگىتمەك** گەپنى ئوچۇق، توغرىسىغىلا قىلماي، باشقىچە قىلىپ ئېيتماق؛ گەپنى ئۇدۇل قىلماي، يىراقتىن ئايلاندۇرۇپ دېمەك: ئۇ بۇ ھېسسىياتىنى ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى. شۇڭا گەپنى ئەگىتىپ يۈرۈپ، رەھمەت سوجاڭنى قايىل قىلماقچى بولاتتى. * — ئۆتكەندە زەينەپ ئىككىڭلار كىنودىن قايتقاندا، ۋارىسنى تەگلىكتە قويغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى نادىر گەپنى

يىراقتىن ئەگىتىپ.

**گەپ ئەۋەتمەك** ئۆز گېپىنى باشقا بىركىم ئارقىلىق يىراقتىكى كىشىسىگە يەتكۈزمەك، بىركىمگە گەپ ئېيتىپ بەرمەك، خەۋەر يوللىماق: ئۇ ھېلىقى خەۋەرنىڭ يۇرتقا ۋاقىتسىز تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەندىشە قىلىپ، قەشقەردىكى كونسۇلغا گەپ ئەۋەتكەنىدى.

**گەپ باشقا يەردە** ئەسلىي مۇددىئا بۇ ئەمەس، مەقسەت، مۇددىئا باشقا؛ نىيەت بۆلەك: ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئىشچى: ـ ھاراق دېگەن ھەممەيلەننىڭ ئۆيىدىن تېپىلىدۇ-غۇ؟ ھەرقايىسىڭىزنىڭ ئۆيىگە كىرسىمۇ، بىر-ئىككى رومكا ھاراقنى ئاياپ ئولتۇرامدۇق؟ مېنىڭچە گەپ باشقا يەردە، — دېدى كۆپچىلىككە قاراپ.

**گەپ بەرمەسلىك** باشقىلارغا سۆزلەش پۇرسىتى بەرمەسلىك: ئۇ ماڭا گەپ بەرمەي سۆزلەپ كەتتى. * ئەتىگەندىن بۇيان مەھەللىنىڭ ئايىغىدىكى كونا قوتاندىن ئوغۇت چىقىرىپ قايتقان بىر توپ ئاياللار بىر-بىرىگە گەپ بەرمەي كۈلكە-چاقچاقلار بىلەن كېلىشىۋاتاتتى.

**گەپ بولدى-دە** «قاملاشمىدى، بولالماي قالدى، ئەپلەشمىدى» دېگەن مەنىلەردىكى كىنايە سۆزى: گەپ بولدى-دە، يېزىپ قويۇپ چاپلىمىغاننىڭ نېمە مەنىسى بار؟ * گەپ بولدى-دە، ئىشنى بىز قىلساق، ئۇنىڭ شەرىپىگە باشقىلار ئىگە بولغۇدەك.

**گەپ بولماق** ① بىرەر ئىش ھەققىدە مۇھاكىمە، مەسلىھەت، مۇزاكىرە بولماق: ياڭاقلىق يېزىسىدا چوڭ ئۆستەڭنى كېڭەيتىپ قۇرۇش توغرىسىدا نۇرغۇن گەپ بولۇۋېتىپتۇ. ② كۆچمە. سۆز-چۆچەك، پىتنە-پاسات، بولماق، غەيۋەت بولماق: دېسەڭ گەپ بولىدۇ، دېمىسەڭ دەرد بولىدۇ (ماقال). * جامائەتچىلىك ئىچىدە ناسىرئاخۇننىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدا ھەر خىل گەپلەر، گۇمانلار بولۇندى.

**گەپ بىر جايدىن چىقماق** ← **گەپ بىر يەردىن چىقماق.**

**گەپ بىر، قۇلاق ئىككى** «بىر قېتىم دېگەندىكىن بولدى»، «قۇلىقىڭ بولغاندىن كېيىن دىققەت قىلىپ ئاڭلا» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: - گەپ بىر، قۇلاق ئىككى، كەچكىچە دەۋەرگەننىڭ پايدىسى نېمە؟ - دېدى ئۇ ئاچچىقلىنىپ.

**گەپ بىر يەردىن چىقماق** بىرەر ئىش-ھەرىكەت ئۈستىدە ھەممىنىڭ گېپى، مەسلىھەتى بىر خىل بولماق، ئالدىن كېلىشىۋېلىپ بىر خىل سۆزلىمەك: شۇنداق بولسۇن، گەپ بىر يەردىن چىقسۇن.

**گەپ بىلەن** با مەسلىھەت، چۈشەندۈرۈپ، چۈشەنچە بېرىپ: مەسىلىنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، گەپ بىلەن تۈگىتىمەن. * ھەر ئىش بولسا گەپ بىلەن بىر تەرەپ قىلامدۇق، نېمە چېچىلىسىز؟

**گەپ بىلەن چوقۇلماق** گەپ بىلەن ئازار بەرمەك؛ گەپتە چېقىشىۋالماق، رەنجىتمەك: مەن دۇدۇقلىدىم. قىزنىڭ گەپچى چوكانلىرى ئارىسىغا يات چۈجە كىرىپ قالغاندەك مېنى گەپ بىلەن چوقۇلاشقا باشلىدى.

**گەپ تاپماق** ① جاۋاب تاپماق: تاشماقنىڭ چىرايى بىر ئاقىرىپ، بىر تاتاردى. ئاخىر ئۇ بۇنىڭغىمۇ گەپ تاپتى. ② كۆچمە. بىراۋنىڭ ئۈستىدىن يالغان-ياۋىداق گەپ توقۇماق، سۆز-چۆچەك پەيدا قىلماق، پىتنە-ئىغۋا تارقاتماق: — بۇ گەپكە ھېچكىمنىڭمۇ ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى. لېكىن بىلمىسلەر، گەپ تاپىدىغانلار ئارىسىدا راست گەپكە قارىغاندا يالغان گەپ ئىتتىكرەك

تارايدۇ، — دېدى ئۇ. * — ئۇلار مېنىڭ ئۈستۈمدىن گەپ تېپىپتۇ، — دېدى ھۆرنسا.

**گەپ تارقاتماق** ← **گەپ توقۇماق:** ئۇ گەپ تارقىتىشقا شۇنداق ئۇستا ئىدىكى، ئۇ تارقىتىۋەتكەن گەپلەرنىڭ ئىگىسىنى تاپقىلى بولمايتتى.

**گەپ تاشلىماق** گەپ بىلەن سىناپ كۆرمەك، تومۇرىنى تۇتۇپ باقماق: بىر ئاخشىمى ھوشۇر كانتۇ يۇلغۇندىن راسلانغان زىخقا كاۋاپ ئۈچۈن توغرالغان گۆش پارچىلىرىنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، مىرۇل مەرگەنگە گەپ تاشلىدى. * ئۇنىڭ بىردىنلا ئايشەمگە گەپ تاشلىغۇسى كېلىپ قالدى.

**گەپ تالاشماق** . مۇنازىرىلەشمەك، بەس-مۇنازىرە قىلىشماق؛ تاكاللاشماق، تەگەشمەك: كەنتتە بىر نوچى ۋە بىر چېچەن ئادەم بار ئىكەن. كىشىلەر نوچىنى «بىلىكى كۈچلۈك» دەپ ئاتىشىدىكەن. چېچەننى بولسا، «بىلىمى كۈچلۈك» دەپ ئاتىشىدىكەن. بىركۈنى نوچى بىلەن چېچەن كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزئارا گەپ تالىشىپ قېلىپتۇ. * مۇشۇك تېرىسىدىن قىلىنغان قۇلاقچا ۋە جۇۋا كىيگەن ئادەملەر ۋارقىرىشىپ گەپ تالىشاتتى، ئورۇنلىرىدىن سەكرەپ تۇرۇشاتتى.

**گەپتە تۇتۇلماق** ئۆزىگە زىيانلىق سۆزنى قىلىپ قويۇپ، ئۆزىنى ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويماق؛ سۆزدە كەتكۈزۈپ قويماق: شەۋكەت ئۆزىنىڭ گەپتە تۇتۇلۇپ قالغانلىقىنى سەزدى-يۇ، لېكىن يەنە تەن بەرمىدى. * باي گەپتە تۇتۇلۇپ قېلىپ ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ.

**گەپتە چۈشمەك** بەس-مۇنازىرىدە، گەپ تالىشىشتا يېڭىلمەك: ھەدېگەندىلا گەپتە چۈشكەن باي بالىلىرى قىزىرىپ-تاتىرىپ، نېمە قىلىشنى بىلمەي قېلىشتى.

**گەپتە چېقىۋالماق** گەپ بىلەن باشقى-لارنىڭ دىلىنى رەنجىتمەك، خاپا قىلماق، گەپتە ئۇرۇۋالماق: كۆڭلىبەر ۋە ئايلار شۇنداق ئۆتۈۋەردى. پۈجۈك ئاغچىنىڭ بۇرۇنقى خاس دېدىكى زەينەپ «بۇ تېجمەل نەدىنمۇ كەلدى» دەپ كۆلقىزغا رەشك قىلىپ، ئۇنى گەپتە چېقىۋېلىشقا تىرىشاتتى.

**گەپ تەرگەشمەك** بىرەر مەسىلە ئۈستىدە بىراۋ بىلەن گەپ تالىشىپ قالماق، بىر-بىرى بىلەن دېيىشىپ قال-ماق؛ تاكاللاشماق: ئۆمەر ئاكا مايسخان ئاچا بىلەن گەپ تەرگىشىپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە، بويى نىقتا، قارا چوقۇر، قېشى بىلەن كۆزى بىر يەردە كۆرۈنىدىغان بىر كىشى كىرىپ كەلدى. * قادىر ئەنە شۇنداق لەززەتلىك خىياللار بىلەن مەست بولۇپ ئولتۇرغاندا، گۆھەربۇۋى تاغىسى بىلەن گەپ تەرگىشىۋاتاتتى.

**گەپتە سوقماق** ← **گەپتە چېقىۋالماق:** باشقا ساۋاقداشلىرىمۇ ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا شۇنداق ئاتاپ چاقچاق قىلىدىغان ياكى ئۆزئارا بىرەر ئىش توغرۇلۇق گەپ تالىشىپ قالغاندا يەنىلا «تومۇزغا» دېگەن سۆزنى ئارىلاشتۇرۇپ گەپتە سوقۇۋالىدىغان بولۇپ قالدى.

**گەپ تەشمەك** دېيەلمەي كەلگەن بىرەر ئەھۋال ھەققىدە سۆز باشلىماق: ھەببە مېنىڭ ئۈستىبېشىمغا ئىتتىكلا كۆز يۈگۈرتكەندىن كېيىن ئىسسىققىنا كۈلۈمسىرىگىنىچە گەپ تەشتى. * — ئەتە كۈگۈشېدا يىغىن بار، مەن مۇشۇ ھەقتە گەپ تەشمەكچى بولۇۋاتىمەن، — دېدى زەيتۇنەم.

**گەپ تەگمەك** ① سۆزلەش ئىمكانىيىتى پەيدا بولماق: ماڭا ئۇ يەردە گەپ تەگمىدى. ② تەنقىد ئاڭلىماق، ئازار يېمەك؛ ئەيىبلەنمەك: ياخشىغا بەرسەڭ نېپى تېگەر، يامانغا بەرسەڭ كېپى تېگەر

(ماقال). * تەشكىلدىن گەپ تېگىپ قالارمىكىن دەپ قورقىمەن.

**گەپ توشۇماق** بىراۋنىڭ سۆزىنى باشقىلارغا يەتكۈزمەك، سۇخەنچىلىك قىلماق: – بىز شۇنداق زاماندا ياشاۋېتىپتىمىز-كى، تۆت تامنىڭمۇ گەپ تىڭشايدىغان قۇلىقى، گەپ توشۇيدىغان ئاغزى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، ئۆزلىرىنى ئايىسىلا غوجام، – دېدى نۇروز داموللا. * كۆرسىتىپ ئۆزىنى دىلكەش، سىر ئوغرىلاپ ھەر تامان – گەپ توشۇپ، دەللال كەبى تاپقان تاپاۋەت قۇرۇسۇن.

**گەپ توقۇماق** يالغان گەپ ئويدۇرۇپ چىقارماق، پىتنە-ئىغۋا تارقاتماق: – سىز مېنىڭ ئالدىمدا ياخشى گەپ قىلغان بىلەن، كەينىمدىن گەپ تارقىتىپ يۈردىڭىز، يالغان-ياۋىداق گەپلەرنى توقۇدىڭىز. ئېيتىڭا، سىزنىڭ تارقاتقان گەپلىرىڭىزدىن ئۇلار قانچىلىك خۇشال بولۇپتۇ؟ – دەپ پاتىمە ئۇنىڭ كېيىنى بۆلىۋەتتى.

**گەپ تېپىپ بەرمەك** ① كېپىگە لايىقىدا گەپياندۇرماق، لايىقىدا جاۋاب بەر-مەك: – ۋاي ئاكا، سەن قاچان گەپ تېپىپ بېرەلىگەن، ئەمدى خوپ بولدى ساڭا، – دېدى تۇمۇر خەلپە. ② ئۆسەك سۆزنىڭ -پەيدا بولۇشىغا سەۋەبچى بولماق: – بولدى، ئۆيدە ئولتۇر، مۇنداق قىلساڭ ماڭا گەپ تېپىپ بېرىسەن، – دېدى ئانا قىزىغا.

**گەپ تېرىماق → گەپ توقۇماق:** ئاخىر مۇنداق بولارىنى بىلسە، دېمەي تۇرماسىمىدى؟ ۋەھالەنكى، باقى يېنىك تەبىئەتلىك، ئاغزى ئىتتىك، كېيىنىڭ تۇتامى يوق بىر ئاداش، ئارقىدىن گەپ تېرىمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

**گەپ تىڭشىماق** كىشىلەرنىڭ سۆھبىتىنى يوشۇرۇن ئاڭلىماق؛ گەپ ئوغرىلىماق: بىر رەھبىرىي كادىرغا نىسبەتەن ئىشىك تۈۋىدە گەپ تىڭشاپ تۇرۇشنىڭ ياخشى ئىش ئەمەسلىكىنى ئوبدان بىلگەن ھاكىم بىراقلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى.

**گەپتىن پۇتاق چىقارماق** باشقىلارنىڭ سۆزىدىن نۇقسان، قۇسۇر چىقارماق؛ كەمچىلىك، ئەيىب تاپماق: – خەقنىڭ كېيىدىن پۇتاق چىقىرىشقا ئاجايىپ ئۇستا ئىكەنسىز، – دېدى ئۇ ماڭا.

**گەپتىن تۈك ئۈندۈرمەك → گەپتىن پۇتاق چىقارماق:** بۈگۈنكى ماتور ۋەقەسىنى ھازىر بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئەمما، گەپتىن تۈك ئۈندۈرۈپ، قىلنى پىل قىلىشىۋاتقىنى ناھايىتى ئېنىق.

**گەپتىن چۆشمەك → گەپتە چۆشمەك.**

**گەپتىن چىقماسلىق** بىراۋنىڭ كۆرسەتمە-سى بويىچە ئىش قىلماق، دېگىنىنى بېجىرمەك؛ سۆزىگە كىرمەك: ئەسقەر ناھايىتى ئىتائەتمەن بالا، ئاتا-ئانىسىنىڭ كېيىدىن چىقمايدۇ.

**گەپتىن قالماسلىق** گەپتە يول بەرمەس-لىك؛ تەڭ دېيىشمەك: ھوي، ئىككى ئېغىز گەپتىن قالساڭ نېمە بولىدۇ. * ئۇ ۋات-ۋات گەپتىن قالمايدۇ.

**گەپتىن قالماق** سۆزلەش، گەپ قىلىش قابىلىيىتىنى يوقاتماق؛ گەپ قىلالماس بولۇپ قالماق: ئۇ گەپتىن قالغىلى بىر ھەپتە بولدى.

**گەپتىن گەپ چىقماق** مەلۇم بىر تېما ئۈستىدە سۆزلىشىۋاتقاندا باشقا بىر گەپ ئوتتۇرىغا چىقماق: گەپتىن گەپ چىقىپ، مەسىلە ئەخمەت بىلەن ئايشەمگۈلنىڭ ئىلگىرىكى مۇناسىۋىتىگە بېرىپ تاقالغاندا، ئەخمەت بىزگە ئەينى ۋاقىتتىكى ئەھۋاللارنى سۆزلەپ بەردى.

**گەپ خالتىسى → گەپ ئانىسى:** ئۇ خوتۇن تازا گەپ خالتىسى، ئاغزى ئېچىلسا

توختاتقىلى بولمايدۇ.

**گەپ خۇمارى** مۇڭداشقاق، سۆزلىشىشكە، پاراڭلىشىشقا ئامراق: ئەنسارى ئاكام گەپ خۇمارى ئادەم.

**گەپ دارىتماق** باشقىلارغا تەگكۈزۈپ گەپ قىلماق؛ ياپتا، دارىتما گەپ قىلماق: ئۇ« ماڭا گەپ دارىتىپتۇ» جار سېلىپ، شۇنچىلىك ئەرزىمەس بىر ئىشنىمۇ ئالەمگە بىر كەلتۈرۈپتۇ، دەپ ئويلاپ، ماڭا ئاچچىقى كەلدى.

**گەپ دېگەن بىر، قۇلاق دېگەن ئىككى ← گەپ بىر، قۇلاق ئىككى:** – بولمايدۇ، – دېدى قۇربان ئاقساقال، – مەن سوپى ئىشان بىلەن پۈتۈشكەن. گەپ دېگەن بىر، قۇلاق دېگەن ئىككى.

**گەپ ساتار ← گەپ ساتتى:** ھېلىقى شۆھرەتلەرنىڭ پىگلون-مىگلۇنلىرىغا پىسەنت قىلماي، قائىدە-تۈزۈملەرنى تۇرغۇزدۇم، گەپ ساتارلارنى تەنقىد قىلدىم. ئەجىر قىلغان تۆھپىسى بارلارنى قەدىرلىدىم.

**گەپ ساتتى** تۇتامى يوق، ئەھمىيەتسىز، قۇرۇق گەپ قىلىدىغان؛ ئورۇنسىز كۆپ سۆزلەيدىغان؛ ۋالاقتەككۇر، كاسكا: – ئۇلار بىلەن يەنە كۆرۈشەلمەي تۇرغانىنىڭ ئۈستىگە نەدىكى بىر قۇرۇق گەپ ساتتى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق، بىرمۇنچە ۋاقتىمىزنى ئالدى! – دېدى ئۇ غوڭشىپ.

**گەپ ساتماق** ئاساسسىز، بىمەنە، قۇرۇق گەپنى كۆپ قىلماق؛ كۆپ سۆزلىمەك: مەدداھ گەپ سېتىشتىن ئويالماس، ھۆرۈن پىت بېقىشتىن (ماقال). * – بۇ كۆلىدىغان ئىش ئەمەس، سىلەر باياتىن بۇ يەردە شېئىر ئوقۇپ، گەپ سېتىۋاتقاندا، دەرەخنىڭ دالدىسىدىن قانداقتۇر بىر تۆت ئاياغلىق ھايۋاننىڭ مىدىرلاۋاتقانلىقىنى كۆردۈم، – دېدى گۈلبەھرەم ئۇلارغا.

**گەپ سورىماق** بىرەر ئىش، مەسىلە ھەققىدە بىراۋدىن جاۋاب بېرىشنى تەلەپ قىلماق؛ سوئال سورىماق: سېنىڭ ھازىرچە تۇرۇپ تۇرىدىغان ماكانىڭ مانا مۇشۇ يەر، بىرئازدىن كېيىن بۇ جايغا روتا كوماندىرىمىز كېلىپ سەندىن گەپ سورايدۇ، سەن ئۇنىڭغا ئۆزۈڭنىڭ ئۇرۇش ئۈستىدە ئوق تېگىپ مېنىڭ قولۇمغا ئەسىر چۈشكەنلىكىڭنى ئېيتىپ بەرسەڭلا بولىدۇ، – دېدى ئۇ ماڭا.

**گەپ سىغمايدۇ** گۇمانلىنىشنىڭ، شەك كەلتۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق؛ گەپ كەتمەيدۇ؛ چوقۇم، مۇقەررەر: مىللىي خۇسۇسىيەتنىڭ كارامەت بىرنەرسە ئىكەنلىكىگە گەپ سىغمايدۇ. * بىز چوقۇم دۈشمەننى يېڭىمىز، بۇنىڭغا گەپ سىغمايدۇ.

**گەپ سىڭىرمەك** ئاڭلىغان ۋە ئېيتماقچى بولغان گەپنى قورسىقىدا ساقلاپ قالماق، گەپنى ئىچىگە يۇتماق، ئېغىزنى چىڭ تۇتماق: – ئۇلتۇرۇڭ، مېنىڭ بۇ ئايالىم ياۋاش، ئىچىگە گەپ سىڭىرىۋېتەلەيدۇ، بولمىسا ئازراق سۆزلىشەيلى، – دېدى ئۇ ياسىنغا.

**گەپ شاخلاتماق** گەپنى كوچىلاپ ھەر خىل تېمىغا كېڭەيتمەك، سۆزنى ئاۋۇتماق: ھېكىم نۇر ئارىدىكى جىملىقنى بۇزۇپ: – ئەجەب شۇك بولۇپ كېتىپسىلەرغۇ، سىرتتىكى ئىشتىن خەۋەر تاپمىغان ئوخشىمامسىلەر؟ 5-ئاتلىقلار پولكىنىڭ ئەسكەرلىرى ئىلى قوزغىلاڭچىلىرىنىڭ باشلىقىنى تۇتۇۋالغانىكەن، ئاقسۇغا ئەكىلىپ ئۆلتۈرۈپ، كاللىسىنى شەھەر دەرۋازىسىغا ئېسىپتۇ، – دېدى، گەپ شاخلىتىشنى كۆزلەپ.

**گەپ شۇ** ئاخىرقى قارار، گەپنىڭ پوسكاللىسى، دېمەكچى بولغىنىمىز شۇ: – ئۇنداق بولسا گەپ شۇ، باشقىلارغا تىنما، بىلدىڭمۇ! – دېدى يىگىت.

**گەپ قاتماق** ← **گەپ قىستۇرماق**: – ئارزۇ دېگەن شۇجىنىڭ سىڭلىسى تۇرسا، – دەپ گەپ قاتتى چاقچاقچى ئاياللاردىن بىرى.

**گەپ قاچۇرماق** ئاڭلىغان ۋە ئېيتماقچى بولغان گەپنى يوشۇرماق، گەپنى باشقا تەرەپكە بۇرىماق: ئابلىكىم باشتا گەپ قاچۇرۇپ راستىنى ئېيتمىدى، كېيىن پەرھات قىستاپ سوراۋەرگەندىن كېيىن، بولغان ۋەقەنىڭ ھەممىسىنى ئېيتىپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى.

**گەپ قايتۇرماق** ← **گەپ ياندۇرماق**: غوجىدار خوجايىنىنىڭ تىللىشىغا گەپ قايتۇرماستىن سەۋرچانلىق بىلەن قۇلاق سالاتتى. * پۇرقەت دادىسىغا گەپ قايتۇرۇپ قويغانلىقى ئۈچۈن دادىسىدىن كاچات يېدى.

**گەپ قۇلاقتا تۇرماق** ئەستە ساقلىماق، يادىدا تۇتماق: – بالام، مېنىڭ گەپلىرىم قۇلىقىڭدا تۇرسۇن! ئاڭلىدىڭمۇ؟ – دېدى ئانا ئوغلىغا.

**گەپ قىستۇرماق** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى ئېيتىلىۋاتقان سۆزنى بۆلۈپ گەپ قىلماق، سۆز ئارىلاشتۇرماق؛ گەپ قوشماق، لوقما سالماق: – ئۇ چاغدا بىز بىر دۈشمەن ئازلىق قىلىۋاتقاندەك، ئىككى دۈشمەن ئارىسىدا قالىمىز، – دېدى مەھمۇت مۇھىتى گەپ قىستۇرۇپ. * سەپەرقۇل ئۆتكەن ۋەقەلەرنى باشتىن-ئاخىر سۆزلەپ بەردى. ئارىلاپ-ئارىلاپ گەپ قىستۇرۇپ ئولتۇرغان رەۋىخان موماي بايىراق ھېلىقى ئەلچى بىلەن بولغان گەپلەرنى ئېيتتى.

**گەپ قىلماق** ① گەپ بىلەن ئىپادىلىمەك، سۆزلىمەك: ھوي خوتۇن، مېنى دېسە ساجىدەم ياپونىيىگە، گېرمانىيىگە، ئامېرىكىغا بېرىپ ئوقۇسۇن، لېكىن سىلىمۇ ئويلاپراق گەپ قىلمايدىكەنسىلە. * ئاق سارايدىن چىقىپ كەلدىڭ، ئاق قەغەزدەك ئاقىرىپ. يار ساڭا نېمە بولدى، گەپ قىلمايسەن تاتىرىپ؟ ② تەربىيە، چۈشەنچە بەرمەك، نەسىھەت قىلماق: – سەن ھەسەن چوزۇقتا گەپ قىلىپ قوي، قاچانغىچە مېنى ئۆز كۆرمەيدۇ ئۇ. * – ئەستاغپۇرۇللا، ئەستاغپۇرۇللا. دادا بولغان ئادەم ئۆز بالىسىغا بىر-ئىككى ئېغىز گەپ قىلغىلى بولمىسا، بۇ قانداق بولغىنى؟ – دېدى مۆمىنئاخۇن.

**گەپكە ئارىلاشماق** بولۇۋاتقان سۆھبەتكە گەپ بىلەن قوشۇلماق، گەپ قىستۇرماق: – ئۇنى خوتەنگە ئېلىپ بارمايدۇ، – دەپ ئاسىم گەپكە ئارىلاشتى.

**گەپكە پوسما كىيدۈرمەك** دېمەكچى بولغان گەپنى پەردازلاپ، ياساپ-جابدۇپ ئېيتماق، ئەگىتىپ دېمەك: ئۇ گەپكە پوسما كىيدۈرۈشنى خالىمايتتى. * سەن كوللېكتىپلىشىش يولىدىن گۇمان قىلىپ كاپىتالىزمچى بولۇپ قالما، بېشىڭغا بالا تېپىۋالدىسەن دېمەكچىمۇ؟ ياق، گەپكە پوسما كىيدۈرۈپ نېمە قىلىمىز، توغرىسىنى ئېيتىش كېرەك-تە.

**گەپ كەتمەيدۇ** ← **گەپ سىغمايدۇ**: – بۇنىڭغا گەپ كەتمەيدۇ، ئۇنى چوقۇم ئېلىش كېرەك، – دېدى ئۇ.

**گەپكە تويدۇرۇپ قويماق** بىراۋنى گەپ بىلەن ئېغىز ئاچالمايدىغان قىلىپ قويماق؛ گەپ بىلەن ئەدىبىنى بەرمەك، ئاغزىنى تۇۋاقلىماق: پۇرقەت گېزىت-ژۇرناللارنى يەتكۈزۈپ بەرمىگەنلىك تۈپەيلى پەرھات ئۇنى راسا گەپكە تويدۇرۇپ قويدى.

**گەپكە تۇتماق** گەپ بىلەن باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئالماق، كاشىلا قىلماق، گەپ بىلەن گاللىۋاك قىلماق: – سىزنى گەپكە تۇتۇپ يولدىن قويدۇم، ئاتقا مىنگىشىڭ، شەھەرگە يەتكۈزۈپ قوياي، – دېدى ئۇ گۈلچىمەنگە. * – مېڭىڭلار، ئۆيگە كىرىپ

مېھمانلارنى گەپكە تۇتۇپ تۇرۇڭلار، كېلىپ قالار، – دېدى ھاۋازئاخۇن چىرايى تۇتۇلغان ھالدا.

**گەپكە چۈشمەك** سۆزگە كىرىشمەك، پاراڭ سالماق: ھېۋىز لاپچى بىلەن داۋۇتجان قىزىق راسا گەپكە چۈشكەنىدى.

**گەپكە سالماق** سىر ئېلىش، نىيىتىنى، قورسىقىدىكىنى بىلىش ۋە رايىنى سىناپ كۆرۈش مەقسىتىدە بىراۋنى گەپ قىلدۇرماق، سۆزلەتمەك: ئەخمەقنى ئۇرما، گەپكە سال (ماقال). * بىركۈنى ئەزالار قېرى ئۈجمە سايىسىدە چۈشلۈك تاماق يەۋېتىپ «قىزىل بۇرۇن»نى گەپكە سالدى. * زېرىكىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئۇنى گەپكە سالغۇم كەلدى.

**گەپكە قالماق** ← **گەپ-چۆچەككە قالماق**: – ئامىنەم، ئېيتقا، مەن ئاشۇ غىلمان بۈۋى بىلەن توي قىلسام، گەپكە قالارمەنمۇ؟ – دېدى ئۇ. * روزىلەمگە كۆيدۇم دەپ، دەردتە قالدىم ئەمەسمۇ. روزىلەمنى ئالالماي، گەپكە قالدىم ئەمەسمۇ.

**گەپكە قانات-قۇيرۇق چىقارماق** گەپنى ياساپ-جابدۇپ، مۇبالىغىلەشتۈرۈپ، كۆپتۈرۈپ سۆزلىمەك: – ھىمىتئاخۇن، سىلى بار يەردە بىزمۇ بار، قۇلىقىمىزغا ماز تىققىلىق ئەمەس ئىدى، گەپكە قانات-قۇيرۇق چىقىرىۋەتتىلىغۇ تازا! – دېدى چولاق مەزىن زاڭلىق قىلغان ئاھاڭدا.

**گەپكە قوشۇق سالماق** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى ئېيتىلىۋاتقان سۆزنى بۆلۈپ گەپ قىلماق، گەپكە ئارىلاشماق، گەپ قىستۇرماق، گەپكە لوقما سالماق: دادۇيىنىڭ باش سېكرېتارى ئىسھاق، بىزنىڭ باشلىقنىڭ گېپىگە قوشۇق سېلىپ: – ئايۇپ تۆگىنچى، سىز يامان ئادەملەرگە ئېچىتقۇ – پاكى بولماڭ-ھە! ھەر ھالدا «ئۈچۈشنى بىلىپ چۈشۈشنى بىلمەي» پۇشايمان يەپ قالماڭ يەنە! – دېدى.

**گەپكە قويماق** كىشىلەرنىڭ تاپا-تەنىسىگە ئۇچرىماق: تۇرسۇن شۇجى ئاسانلا تېرىكىپ قالىدۇ، مېنى گەپكە قويماڭلار، سادىقنى مەن ئېلىپ كېتەي، ئۇنى گۇڭشېدا بۆرە يېمەس، – دېدى ئالاقچى رەيھانىغا.

**گەپكە قۇلاق سالماق** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى ئېيتىلىۋاتقان سۆزنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماق، بېرىلىپ تىڭشىماق؛ گەپكە دىققەت قىلماق: – سېكرېتار، ئۆزلىرى بىزنىڭ بېشىمىز، سىلى قايان بولسىلا بىز شۇ يان. شۇڭا ئەزالارنىڭ گېپىگىمۇ ئاز-تولا قۇلاق سېلىپ باقسىلا، – دېدى ئۇ.

**گەپ كەلمەك** ① بىرەر ئىش، مەسىلە ھەققىدە ئۇچۇر، دېرەك، خەۋەر كەلمەك: تاغقا كەتكەنلەردىن گەپ كەلدى. * ئاكام كەتكەندىن بېرى گەپ كەلمىدى. ② بىرەر ئىش، مەسىلە توپەيلىدىن ئەيىبلەنمەك، تەنقىدلەنمەك، گەپ ئاڭلىماق: ئۇنىڭ ئۆلۈشىگە باش سەۋەبچى ئۆزىنىڭ ئوغلى خامۇش ماڭقا ئىكەنلىكى ئېنىق بولغاچقا، بۇ ئىشنى تەكەۋۇرسە، ئاخىر ئۆزىگىمۇ گەپ كېلىپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلاتتى.

**گەپكە كىرمەك** باشقىلارنىڭ بەرگەن مەسلىھەتىنى، پىكىرىنى، تەربىيىسىنى قوبۇل قىلماق، نەسىھەتىنى ئاڭلىماق، ئىتائەت قىلماق، كۆنمەك، بويسۇنماق، سۆزگە كىرمەك: بالىنىڭ گېپىگە كىرىپ قاراپ تۇرۇپلا 350 يۈەن زىيان تارتتىم. * ئۇلار قىزىنىڭ ئاتا-ئانىسىنىڭ گېپىگە كىرگەنلىكى ياكى يەنىلا ئۆز قارىشىنى ساقلاۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي تۇرۇپلا قېلىپتۇ.

**گەپكە لوقما سالماق** بولۇۋاتقان سۆھبەت-ياكى سۆزگە گەپ قىستۇرماق، سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ گەپ

قىلماق، گەپكە قوشۇق سالماق: بايا گەپكە لوقما سالغانلىق توغرىسىدا ئاگاھلاندۇ- رۇپ قويغىنىغا پۇشايمان قىلغان سىيىت ھاجى بازار بېگىنىڭ سۆزىنى ئۆزىچە تەستىق- لاپ، ئىشنى بۇزۇۋاتقان ئابلىز قارىنى ئىشارەت بىلەن جىملەپ قويدى.

**گەپ كوچلىماق** ← **گەپ كولىماق:** بۇ ھەقتە مەن ھېچكىمنىڭ گەپ كوچلىشىنى خالىمايتتىم.

**گەپ كولىماق** سىرنى بىلىش ۋە قارشى تەرەپنىڭ رايىنى سىناپ كۆرۈش مەقسە- تىدە گەپكە سالماق؛ گەپ ئالماق، ئاغزىنى تاتىلماق: ئۇنىڭ ئايالى «خوپ بولدى، گەپ كولاۋېرىپ ئۆزۈڭنى نەس باستى» دېگەندەك قىلىپ، قۇدرەتئاخۇنغا ئالايدى.

**گەپ كۆتۈرمەك** ئويۇن-چاقچاق، ھەزىلگە چىدىماق، قىلىن-قاتتىقراق بولماق: ئابلىكىم ئوچۇق-يورۇق بالا بولغاچقا، گەپ كۆتۈرەلەيدۇ.

**گەپ گەپ بولماق** دېگەن گېپىدە تۇرماق، لەۋزىگە ئەمەل قىلماق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماق، سۆزى سۆز بولماق: — بولدى، گېپىمىز گەپ بولسۇن، سەن جەزمەن توي قىلسەن، — دېدى ئۇ دوستىغا. * شۇنداق قىلىپ، گەپ گەپ بولدى. بۇ گەپلەرمۇ ئاسان گەپ بولمىدى.

**گەپ مارىماق** ← **گەپ تىڭشىماق:** ئۇ كىشىلەرنىڭ ئىشكىدە، كوچا دوقمۇشلىرىدا، ئاشخانىلارنىڭ تېمىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ گەپ مارايدۇ.

**گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن** بىرەر ئورۇندا قىلىنغان سۆز باشقا يەردە دېيىلمىسۇن، ھېچكىمگە ئېيتىلمىسۇن؛ مەخپىيە تىلىك ساقلانسۇن: بۇ گەپ پادىشاھقا يەتسە، كاللىسى كېسىلىدىغانلىقىدىن قورققان قازى: — ھاي، قىزىم، ۋارقىرىماڭ، ئۇلجا سىزنىڭ، گەپ مۇشۇ يەردە قالسۇن! — دەپ يالۋۇرۇشقا باشلاپتۇ.

**گەپىنى بۇرىماق** بولۇۋاتقان گەپنى ئەسلىي تېمىدىن باشقا تېمىغا تارتماق: ئۇ پۇتىنى ئوڭلاپ، باداشقان قۇرۇۋالغاندىن كېيىن، ئايۋاننىڭ يوغان ۋاسلىرىنىڭ ياپسارغا كەلتۈرۈلگەنلىكىنى، نەقىشلەنگەن تۈۋرۈكنى بىر قۇر ماختاپ چىققاندىن كېيىن، گەپنى باشقا ياققا بۇرىدى.

**گەپىنى بۆلمەك** باشقىلارنىڭ سۆزى تۈگىمەي تۇرۇپ سۆز باشلىماق: نۇرئاخۇن سادىقنىڭ گېپىنى بۆلۈپ: — ئەگەر بىز ھازىر تېرىلغۇ ئېتىزلىرىنى ئەزالارغا بۆلۈپ بېرىۋەتسەك- چۇ؟ بۇمۇ ئىدىيىنى ئازاد قىلىشقا كىرەمدۇ؟ — دېدى. * گەپىنى بۆلۈپ: — كىم ئۇ، — دەپ، سوراپ قالدى ئابلىمىت. — «شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» ئۇ، — دېدىم خۇشال شادلى- نىپ.

**گەپىنى بىر قىلماق** ئۆزئارا تىل بىرىك- تۈرمەك، بىر پىكىرگە كەلمەك، مەسلى- ھەتنى بىر قىلىۋالماق؛ گەپىنى پۇشۇ- رۇۋالماق: — ئۇ بىر يېتىمئوغلاق. بىراق قىزىمنىڭ ئۇنىڭغا مەيلى بار ئوخشايدۇ. ئىككىسى گەپنى بىر قىلىپ ئۇشتۇمتۇت قېچىپ كېتەرمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، — دېدى ئۆمەرباي جۇمە شىكە.

**گەپىنى تارتىۋالماق** باشقىلارنىڭ پازىڭنى توختىتىپ قويۇپ ئۆزى سۆزلەپ كەتمەك، بولۇۋاتقان گەپنى بۆلمەك: ئوسمان گەپ قىلىۋاتقاندا، قادىر گەپنى تارتىۋېلىپ سۆزلەپ كەتتى.

**گەپىنى جايىغا قويماق** گەپنى لايىقىدا ئىشلەتمەك: بۇ گەپنى-زە راس جايىغا قويدۇڭ.

**گەپىنى جىگىلاپ كۆرمەك** سۆزلەشتىن

ئاۋۋال نېمىلەرنى دېيىش، نېمىلەرنى دېمەسلىك ھەققىدە ئويدان ئويلىنىپ كۆرمەك، دەڭسەپ باقماق: ياسىن زىرىپكە ئارتۇقچە ھېچنېمە دېمىدى. ھەربىر ئېغىز گەپنى جىڭلاپ كۆرۈپ، پەقەت شۇنىلا قەيت قىلدى.

**گەپنى چالغىتماق** قالايمىقان، ئورۇنسىز سۆزلەپ سۆھبەتنى بۇزماق؛ گەپنى ئەپقاچماق: شېرىپ خوجايىنى يەنە ئاللىقان-داق پەلسەپۋى پىكىرلەرگە تولغان سۆزلەرنى قىلىپ بولغۇچە، گەپنى باشقا ياققا چالغىتىۋەتتى.

**گەپنى چاينىماق** دېمەكچى بولغىنىنى تېز-تېز دېمەي، ئەزمىلىك بىلەن گەپنى سوزماق: بۇرادەر، گەپنى چاينىماي تېز-تېز بىرنېمە دېمەمسەن، ۋاقىت ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ.

**گەپنى چاينىۋېتىپ قىلماق** قىلىدىغان گەپنى ئويلاپ، پىشۇرۇپ سۆزلىمەك: ئاغزىمغا كەلدى دەپ سۆزلىمەي، گەپنى چاينىۋېتىپ سۆزلە.

**گەپنى سۆزماق** گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەي، مۇناسىۋەتسىز گەپلەرنى جىق قىلماق؛ تېگىشلىك گەپنى دېمەي، گەپنى شاخلاتماق: — قېنى گەپنى سوزماي بىر يەرگە كېلەيلى، نەچچە باھالساق بولىدۇ؟ — دېدى ئۇ كۆپچىلىككە.

**گەپنى كەسمەك** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى پاراڭنى ئۈزمەك، توختاتماق: دەردمەنلەردىن بىرى سۆزلىمەكچى بولۇۋىدى، ئۇنىڭغىچە: — سىلەرنىڭ بىر غەرىزىڭلار بار ئوخشىمامدۇ؟! — دەپ باشلىق گەپنى كەستى.

**گەپنى گەپ قىلماق → گەپنى گەپكە قوشماق.**

**گەپنى گەپكە قوشماق** باشقىلارنىڭ سۆھبەت ياكى پارىڭىنىڭ داۋاملىشىشىغا شارائىت بەرمەك، ئىمكان قالدۇرماق: — ئەسئەت ئەپەندىم بىزنىڭ يەرلىرىمىزنى، تىككەن كۆچەتلىرىمىزنى كۆرسۇن، ئاستا ھەيدە، ئىسلاج بار تراكتورنىڭ ئاۋازىنى پەسەيت، گەپنى گەپكە قوشقىن، — دېدى ئۇ.

**گەپنىڭ بولار يېرى → گەپنىڭ پوشكاللىسى:** خېلى جىملىقتىن كېيىن روزىئاخۇن بوۋاي يۆتىلىپ: — ئەمدى گەپنىڭ بولار يېرىنى ئېيتايلى، — دېدى.

**گەپنىڭ بولدىسى → گەپنىڭ بولار يېرى:** — مەن سىزگە گەپنىڭ بولدىسىنى، ھەقىقىتىنى ئېيتىپ بېرىمەن، — دەپ جاۋاب بەردىم ئۇنىڭغا.

**گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك** داۋام قىلىۋاتقان سۆھبەت ياكى پاراڭغا گەپ قىستۇرۇپ، ئارا يولدا ئۈزۈپ قويماق: ئۇ: — ئەگەر مېنىڭ ئورنۇمدا ئۆزۈڭ بولساڭ قانداق قىلاتتىڭ، ئۇكا؟ — دەپ، گېپىمنىڭ بېلىگە تەپتى.

**گەپنىڭ پوسكاللىسى** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى پاراڭنىڭ ئەڭ ئاساسلىق مۇھىم يېرى؛ گەپنىڭ بولار يېرى، گەپنىڭ تۈگۈنى، خۇلاسىسى: بوۋاي ھەرقانچە چۈشەندۇرسىمۇ، موماي پەقەتلا گەپ يېمىدى. ئۇ ئاخىرىدا گەپنىڭ پوسكاللىسىنى ئېيتتى.

**گەپنىڭ تېگىدە گەپ بار.** قىلىنىۋاتقان گەپنىڭ باشقا مەنىسى بار: مەن: — ياق، ھەرگىز ئېسىمدىن چىقىرىپ قويمايمەن! — دەپ كېسىپلا جاۋاب بەردىم. ئېمىشقا دېگەندە، مەن دادامنىڭ گېپىنىڭ تېگىدە گەپ بارلىقىنى بىلىپ يەتكەنىدىم.

**گەپنىڭ تېگىگە يەتمەك** گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەك، گەپنىڭ يوشۇرۇن يېرىنى بىلىۋالماق: نازىم ئەمدىلا گەپنىڭ تېگىگە يەتتى. * تاكاللاشما مەن بىلەن،

يەت كېپىمنىڭ تېگىگە. ئوقۇپ-ئوقۇپ ئۇ يەنە، كېلەر كەتمەن تۇۋىگە.

**گەپنىڭ چۈشۈرگىسىگە تاقاق سالماق** بولۇۋاتقان گەپنى توختاتماق: بۇ ئارتۇقچە سوئال ئىدى. قىزنىڭ مەقسىتى گەپنىڭ چۈشۈرگىسىگە تاقاق سالدى.

**گەپنىڭ تېشىغا ئۇرماق ← گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك:** ئوغلىنىڭ يامان گېپىنى ئاڭلىسا تۈكى تىكەن بولىدىغان باشلىق ئۆزىگە ماس كەلمەيدىغان تەنتەنىلىك بىلەن: بۇ ئىشتىن مېنىڭمۇ خەۋىرىم بار، – دەپ گەپنىڭ تېشىغا ئۇردى.

**گەپنىڭ قىسقىسى** ئۇزۇن گەپنى قىسقارتىپ ئېيتقاندا، گەپنىڭ ئوچۇقى، پوسكاللىسى: – گەپنىڭ قىسقىسى، – دېدى ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىسى ئەكبەرنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، – تانىسدا مەن ئەڭ چىرايلىق بىر ساھىبجامال قىز بىلەن تانسا ئوينىدىم.

**گەپنىڭ كۆتىگە تەپمەك ← گەپنىڭ بېلىگە تەپمەك:** مېنىڭ يۈرىكىم «جىغ» قىلدى، مەنمۇ تاقەت قىلالماي ئۇنىڭ گېپىنىڭ كۆتىگە تېپىۋەتتىم.

**گەپنىڭ ھەقدانىسىنى ئېيتماق** گەپنىڭ ئەڭ مۇھىم، ئاساسلىق يېرىنى ئېيتماق، گەپنىڭ بولار يېرىنى قىلماق، پوسكاللىسىنى دېمەك: گەپنىڭ ھەقدانىسىنى ئېيتسام، تاغدا كۆپچىلىككە ئەگىشىپ، ھە-پە قىلىپ ئىشلىگىنىم بىلەن پۈتۈن بىر تاغنى تېشىۋېتىشكە زادىلا كۆزۈم يەتمىگەنىدى.

**گەپنىڭ ئوچۇقى** گەپنىڭ راستى، ئېنىقى، ئاشكارىسى: گەپنىڭ ئوچۇقىنى ئېيتساق، ھازىر بىز كانايدىن بوغۇلۇپ، بەل-قولدىن باغلىنىپ، پۈتقا كىشەن سېلىنغان ئادەمدەك قىمىرلىيالماس ئەھۋالغا كېلىپ قالدۇق.

**گەپنىڭ ئوڭ-تەتۈرى** گەپنىڭ راست-يالغىنى، توغرا-خاتاسى: مەن نەچچە قېتىم سۆزلىشەي، گەپنىڭ ئوڭ-تەتۈرىنى ئۇقتۇراي دەپ كىردىم. ئۇ كىنىشكە زادىلا خۇش ياقمىدى، قاپىقمۇ ئېچىلمىدى.

**گەپنىڭ ئۇچىنى چىقارماق** بىرەر مەزمۇندىكى گەپنىڭ بېشىنىلا سۆزلىمەك: غىلاجىدىن شۇجى تەرىپىدىن رەت قىلىنغان تاماكىنى قۇتىغا سېلىۋېتىپ رەنجىشنى يوشۇرمىغان ھالدا، ئۇنىڭ خاتىرجەم، مەزمۇت ئولتۇرغان گەۋدىسىگە سوغۇققىنا نەزەر تاشلاپ قويدى-دە، بىرئاز ياقتۇرماسلىق، كەمستىش تەلەپپۇزى بىلەن گەپنىڭ ئۇچىنى چىقاردى.

**گەپنىڭ ئۇرانى ← سۆزنىڭ ئۇرانى:** مۇرات گەپنىڭ ئۇرانىغا ئەمدىلا يەتتى.

**گەپنى مىجىماق ← گەپنى چاينىماق:** ئۇ تارازا تەخسىسىگە مال ئېلىۋاتقاندا ئالدىغا چۈشۈۋالىدىغان ئۇزۇن چاچلىرىنى ئارقىغا تاشلاپ تۇرۇپ، گەپنى مىجىماي ئۇزۇپلا ئېيتاتتى.

**گەپنى ئوچۇق قىلماق** گەپنى ئەگىتمەي، يوپۇتماي، ئېنىق، دەل يېرىنى ئېيتماق، ئاشكارا سۆزلىمەك: بىلدىم دوستۇم ئىشقىڭنى، باغلانغان چىلك رىشتىڭنى. كىتاب! دېسەڭ بولمامدۇ، ئوچۇق قىلىپ گېپىڭنى.

**گەپنى ئۈزمەك ← گەپنى كەسمەك:** ئامانقۇل ئەمدى ئارتۇق گەپ سوراپ تۇرۇشنىڭ ۋاقتى ئەمەسلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، «راست بىلەمسەن» دەپ گەپنى ئۈزمەكچى بولدى. * – مۇئەللىم، بالىنى ئوقۇتماي-مەن، ئەگەر ئوقۇشقا توغرا كەلسە، باشقا مەكتەپتە ئوقۇتىمەن! – دېدى مەريەمخان گەپنى ئۈزۈپ.

**گەپنى ئېزىپ ئىچۈرمەك** گەپنى قايتا-قايتا تەپسىلىي ئۇقتۇرماق، يېپىدىن يىڭنىسىگىچە چۈشەندۈرمەك: ئۇنىڭغا

گەپنى ئۇنچە ئېزىپ ئىچۇرمىسەڭمۇ ئۇ چۈشىنىۋالىدۇ.

**گەپنى يوغناتماق** گەپنى بىر-بىرىگە قوشۇپ، يوقنى بار قىلىپ ئۇلغايتماق، كۆپتۈرمەك: ئۆزىڭىزنى بىسۇبىلىك بۇرادەر، ئەمدى گەپنى يوغناتسىڭىز چاتاقنىڭ چوڭى چىقىدۇ.

**گەپنى يۇتۇۋەتمەك** ئېيتماقچى بولغان گەپنى ئېيتماي كۆڭلىدە ساقلاپ قالماق، گەپ قىلىشتىن يالتايماق: ئۇ نېمىشقىدۇر گەپنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى ۋە تاماكا ئىسىدىن بىرئاز يۆتەلگەندىن كېيىن، قوشنىلارغا بولغۇنكى ماجىرا ھەققىدە ئىزاھات بېرىشكە كىرىشتى.

**گەپنى يىرماق** بولىۋاتقان گەپنى بۆلۈپ باشقا گەپلەرنى قىلماق، گەپ ئارىلىماق: ئۇ چوڭلارنىڭ گېپىنى بىرىپلا بىرنەرسىلەرنى دېيىشكە پېتىنالماي قاتتىق تىت-تىت بولىۋاتاتتى.

**گەپ ئوغرىسى** ھەر خىل يوللار بىلەن باشقىلارنىڭ گېپىنى تىڭشىۋالىدىغان ئادەم.

**گەپ ئويناتماق** گەپنىڭ پوسكاللىسىنى، بولار يېرىنى دېمەي ئايلاندۇرۇپ سۆزلىمەك؛ گەپ يورغىلاتماق: ئۇ گەپ ئوينىتىشنى بىلمەيتتى، شۇڭا كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنىلا دەيتتى.

**گەپ ئويۇنى ← سۆز ئويۇنى.**

**گەپ ئۇرماق** گەپ قىلماق، سۆزلىمەك: چەت ئەللىكلەر بىزنىڭ ھەققىمىزدە گەپ ئۇرغاندا: «جۇڭگولۇقلاردا ئانا سۈتى بىلەن كىرگەن بىر خىل مۇتەئەسسىپلىك بار. ئۇلارنىڭ ئىسلاھات دېگىنى ھەرگىزمۇ كونا تۈزۈملەرنى پۈتۈنلەي بىكار قىلىش ئەمەس، بەلكى كونا تۈزۈمنىڭ ئۈستىگە يېڭى بىر تۈزۈمنى جايلاپ قويۇش بولدى» دەيدۇ.

**گەپ ئۆگەتمەك** يول كۆرسەتمەك، مەسلىھەت بەرمەك: خۇرشىدىخان: — ھەرقاچان بىرى سەلىمىگە گەپ ئۆگىتىپ، ئۇنى يامان يولغا باشلىدى. بولمىسا سەلىمە ياۋاش بالا ئىدى، — دېدى. * شۇنداق قىلىپ ھەممە ۋەزىرلەر قۇللارغا گەپ ئۆگىتىپتۇ، ئازراق ئالتۇنمۇ بېرىپتۇ. ئۇ قۇللار پادىشاھ ياتقان ۋاقىتدا، ۋەزىرلەر ئۆگەتكەندەك قىلىپ سۆزلەپتۇ.

**گەپ ئۆتكۈزمەك** سۆزگە كىرگۈزمەك، دېگىنىگە كۆندۈرمەك، گەپ يېدۈرمەك: ئىنتايىن تىت-تىت بولىۋاتقان خەۋەرچى بۇلارغا ئاسان گەپ ئۆتكۈزگىلى بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، غېنىنى يانغىراق تارتتى-دە، قۇلىقىغا بىرنېمىلەرنى شىۋىرلىدى.

**گەپ ئىشتمەك** بىرەر ئىش، مەسىلە توپەيلى باشقىلاردىن تاپا-تەنە ئاڭلىماق، دەككە، دەشنەم يېمەك، تىل ئىشتمەك: مۇنداق قىلساق رەھبەرلىكتىن گەپ ئىشتىپ قالارمىزمىكىن؟

**گەپ ياسماق** ئەسلىي ۋەقەنى يوشۇرۇپ باشقىچە ئېيتماق: — مەن گەپ ياساپ، بارنى يوق، يوقنى بار دېيىشنى بىلمەيمەن، — دېدى نۇراخۇن ئەپسۇس بىلەن، — ئېيتتىم، نېمىشقا ئېيتمايدىكەنمەن! بىز خەقنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىمىز، ھەممە كىشىنىڭ نام-ئەملى بەش قولدەك ئايان تۇرسا!

**گەپ ياندۇرماق** قارشىلىقىنى بايان قىلماق، جاۋاب قايتۇرماق، گەپكە رەددىيە بەرمەك: زەپەر سىيىت كاتىپنىڭ ئۆزىگە گەپ ياندۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بۇنى ھېچ ئەقلىگە سىغدۇرالمىدى. * بۇ مېنىڭ ئىدارىغا كەلگەندىن بۇيان تۇنجى قېتىم باشلىقلارغا گەپ ياندۇرۇشۇم ئىدى.

**گەپ يورغىلاتماق** راس گەپنى قىلماي باشقا گەپلەرنى قىلماق، گەپ ساتماق: ئۇلار شۇ تەرىقىدە ئۆز گېپىنى يورغىلىتىشىپ

بىر-بىرىدىن ئاغرىنىشپتۇ، بىر-بىرىگە قايىل بولماپتۇ. * — مەن ھەممىنى ئېيتىمەن، سىز غىلمان ئەمەس، ئىخلاس، مۇنۇ سۆبھى مېنىڭ قىزىم، ئېقىپ چۈشكەن بۇرنى، سوقچاق يۈز قۇرۇلۇشى مېنىڭ قىزىم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ تۇرسا، يەنە نېمىشقا گەپ يورغىلىتىسىز دەيمەن، — دېدى ئۇ.

**گەپ يوق** شەك-شۈبھىسىز، ئېنىق، جەزمەن: — بىزدە كونا كۆز قاراشلار تامام تۈگەپ كەتتى دەپ قارامسىز، مەيلى، نېملا بولمىسۇن، ئۇ بەربىر رازىلىقىنى بېرىدۇ، بۇنىڭدا گەپ يوق، — دېدى ئۇ. * گايىت ئاكام كۈندۈزى ئېتىز-ئېرىق، قورۇ ئىشىنى قىلسا، كېچىسى جۇۋاز ھەيدەيدۇ. ئۇ سوتكىسىغا گەپ يوق 15 — 16 سائەت ئىشلەيدۇ.

**گەپ يۆتكىمەك** بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى پاراڭنى باشقا تەرەپكە تارتماق، گەپنى ئەسلىي تېمىدىن باشقا تېمىغا يۆتكىمەك، گەپنى بۇرىماق: قىز ئالىقانلىرى بىلەن كۆزىنى توسىدى ۋە دەرھال گەپنى باشقا ياققا يۆتكىدى.

**گەپ يېمەك** باشقىلارنىڭ پىكىر-مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماق، سۆزگە كىرمەك، گەپ ئاڭلىماق، سالاغا كۆنمەك: — ئۇ گەپ يەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا گېپىمنى يېگۈزەلەيمەن غوجام، بىر نۆۋەت ئەپۇ قىلسىلا، بۇ ئىش ئىككىنچى تەكرارلانمىسۇن، — دېدى رەھىم ناۋاي. * سادىر ئاخۇننىڭ ئاچچىقى كەلگەن چاغلاردا ئاسانلىقچە باشقىلارنىڭ گېپىنى يېمەيتتى، ئۇنىڭ دېگىنى دېگەن ئىدى. * ھەمدۇل دوختۇرنىڭ يېنىدا ھېلىقى گەپ يېمەس، ھاكاۋۇر چوكان چاڭىلداپ سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ.

**گېپى ئاشكارا** كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىغان، گەپنى يوشۇرمايدىغان، گېپى ئوچۇق: نەمتۇللا قېزبەگ ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان كۆڭلى تۈز، گېپى ئاشكارا، ساددا ئادەم ئىدى.

**گېپى ئاقماق ← گېپى ئۆتمەك:** قوشباغدا جاپپارنىڭ گېپى ئاقاتتى، ھەممىسى ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايتتى.

**گېپى بىر** بىرەر مەسىلە ھەققىدە پىكرى، مەقسەت-مۇددىئاسى ئوخشاش: ئۇلارنىڭ گېپى بىر، سەن ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ ئۇلارنى يېڭەلمەيسەن.

**گېپى تولۇ** سەت، قوپال، يېقىمسىز گەپ قىلىدىغان: رەھمەتلىك گېپى توڭراق ئادەم ئىدى.

**گېپى تۈزلۈك ← گېپى تولۇ.**

**گېپى تۈز** گەپنى يوشۇرماي، ئۇدۇلىغىلا سۆزلەيدىغان؛ كۆڭلىدە نېمە بولسا شۇنى دەيدىغان: ئۇ بەكلا گېپى تۈز قىز ئىكەن.

**گېپى جايىدا** ئورۇنلۇق، ئەقىلگە مۇۋاپىق گەپ قىلىدىغان؛ قىلغان گېپى ئورۇنلۇق: يارايسەن يىگىت، بۇ گېپىڭ جايىدا.

**گېپى جايىدىن چىقماق** گېپى ئەقىلگە مۇۋاپىق، توغرا بولماق؛ توغرا گەپ قىلماق: — ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى قازى گېپىنىڭ جايىدىن چىقىۋاتقانلىقىدىن خۇشال بولۇپ، — ھەزرەتلىرى ئۆز رەقىبلىرىنى چۈشەنمەيلا.

**گېپى چاك باسماي قالماق** گېپى ئورۇنلۇق، مۇۋاپىق بولماي قالماق: — بۇ گېپىڭ چاك باسماي قالدى ئارۇپجان، — دېدى ھېۋىز ماڭا ئېتىراز بىلدۈرۈپ.

**گېپى چوڭ** چوڭ گەپ قىلىدىغان، پوچى: — گېپىڭنىڭ چوڭلۇقىنى قارا، ئۆزۈڭگە تۇشلۇق، ئاقىدىغان گەپ قىلساڭچۇ؟

**گېپىدە تۇرماق** قىلغان سۆزىگە ئەمەل قىلماق، لەۋزىدە تۇرماق، ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماق: — ئېيتقىنىڭىز توغرا، بىراق بۇ

قېتىم ھۆكۈمەت گېپىدە تۇرىدۇ، ئۆزىڭىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ لەۋزىگە ئىشەنگەنلىكىڭىز ئۈچۈن شۇنچە دەرەخنى ئۆستۈردىڭىز ئەمەسمۇ؟ — دېدى ئۇ.

**گېپىدىن ئېلىنماق** سۆزدە كەتكۈزۈپ قويماق، گېپىدە تۇتۇلۇپ قالماق: باي قىلغان گېپىدىن ئېلىنىپ قىلىپ، ئەلىمنى ئىچىگە يۇتۇپتۇ.

**گېپىدىن يانماق** قىلغان سۆزىدىن، ۋەدىسىدىن، لەۋزىدىن تانماق: سەلىمخاننىڭ سۆزى ئاخىرلاشمايلا مېھمانلار چۇرقىرىشىپ «سىلىنىڭكىنى ئاڭلايلى، ئەمىسە گەپلىرىدىن يېنىۋالمىسىلا» دېيىشىپ، داستىخاننى تېزرەك يىغىشتۇرۇشقا ئالدىراشتى.

**گېپى سېسىق** قىلغان گېپى كىشىنىڭ شەخسىيىتىگە، غۇرۇرىغا تېگىدىغان، غەزىپىنى، ئاچچىقىنى كەلتۈرىدىغان، ئۇغىسىنى قايناتتىدىغان؛ گېپى يامان، گېپى ئاچچىق: — بۇ نىزام دېگىنىڭلار گېپى سېسىق، كۆڭلىمۇ چىرايىدەك قاپقارا بىر تائىپىكەن، — دېدى ھېلىم سوپى.

**گېپى قىممەت** كۆپ سۆزلەشنى خالىمايدىغان، ئاز گەپ قىلىدىغان، كەم سۆز؛ جىمغۇر: پىلىچلەر ئۇنى «تىلى قاتتىق، گېپى قىممەت ئايال»، «ئۇنىڭ ئېغىزىدىن ئارتۇق گەپنى ئامبۇر بىلەنمۇ تارتىۋالالمايسەن» دېيىشەتتى.

**گېپى گەپ** قىلغان سۆزى ئەمەلدە كۆرۈلىدىغان، گېپىدە تۇرىدىغان، دېگىنى دېگەن: گېپى گەپ ئادەم. * ئۇ دېگەن ھۆكۈمەت. ئۇنىڭ گېپى گەپ بولۇپ كېلىۋاتمامدۇ؟ * — بەس، بولدى، — مەزىن قولىنى سىلكىدى، — گېپىم گەپ، ئۇنداق بىناماز، هاراقكەش، ياقا يۇرتلۇققا بېرىدىغان قىزىم يوق.

**گېپىگە كىرمەك** بىراۋنىڭ پىكىر، مەسلىھەتىنى قوبۇل قىلماق، گېپىنى ئاڭلىماق؛ ئىتائەت قىلماق، بويسۇنماق: ئۇنىڭ گېپىگە كىرىپ كەلگەن يېرىمىز مانا شۇ. * — سەن دېگەن دۆيجالڭ، گەپكە كىرمىسە يەڭگۈشلە، ئورنىغا گېپىڭگە كىرىدىغاننى قوي! — دېدى ئاسىم ئاچچىقلىنىپ.

**گېپىنى ئاڭلىماق** → **گېپىگە كىرمەك**: قىممەت چورۇق خۇشاللىق بىلەن: — «ئاپەت ئېغىزى»نىڭ بەخت ئېغىزىغا ئايلانغانلىقىنى كۆردۈم. تېزگىنىسىز دەريا مانا ئەمدى بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلايدىغان بولدى، — دېدى.

**گېپىنى رەت قىلماق** بىراۋنىڭ سۆزىنى توغرا تاپماسلىق، باشقىلارنىڭ سۆزىگە قارشى چىقماق، ئىنكار قىلماق؛ مەنسۇق قىلماق: مەن ئۇنىڭ گېپىنى رەت قىلىۋەتتىم.

**گېپىنى قېقىۋەتمەك** سۆزلەۋاتقان ئادەمنىڭ سۆزىگە گەپ قىستۇرۇپ گەپنى ئۈزۈپ قويماق، بولۇۋاتقان سۆھبەت ياكى پاراڭنىڭ بېلىگە تەپمەك: — مەن ئۆلمىگەن بىلەن، چوڭلارغا، كېيىمى يېڭىلارغا ئۇۋال بولۇۋاتىدۇ، خىزمەت ۋاقتى بولۇپ قېلىۋاتىدۇ، سىزمۇ گېپىم بار دەپ قىلىۋېرىدىكەنسىز! — نادىر ئاراتوپىنىڭ گېپىنى قېقىۋەتتى.

**گېپىنى قىلماق** ① بىراۋ ھەققىدە سۆزلىمەك، تەرىپىنى قىلماق: — بابا ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن راۋاب ھەۋەسكارى مۇشۇ. بۇنىڭ ئىسمى داۋۇت، — دېدى بارات تاشۋايىغا قاراپ. * كىچىك ئاپاڭ گېپىڭنى قىلىۋاتىدۇ. سېنىڭ گېپىڭنى قىلىدىغانلارمۇ بار ئىكەن. ② شەرتىنى ئېيتماق، تەلىپىنى قويماق، مۇددىئاسىنى دېمەك: خىزمىتىمنى قىلالىساڭ، گېپىڭنى قىلمامسەن. * ئۇ كەلسە كەلسۇن، كەلمىسە گېپىنى قىلسۇن.

**گىپىنىڭ تۇز-تەمى يوق** گىپى قۇلاققا ياقمايدىغان، گىپىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى يوق، گىپىنىڭ تۇتامى يوق: ئۇنىڭ سۆزلىگەن ئاينۇر ئارتۇق چىدىيالماي، غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ كەتتى-دە: — بۇ يەرگە نېمىشقا كىردىڭىز؟ گىپىڭىزنىڭ ھېچ تۇز-تەمى يوق. بۇنىڭدىن كېيىن قىزلار ياتىقىغا بىھۇدە ئۆسۈپ كىرمەڭ! — دېدى.

**گىپىنى يەردە قويماسلىق** بىراۋنىڭ كۆڭلىنى، لەۋزىنى ياندۇرماسلىق، دېگىنىنى بەجا كەلتۈرۈش؛ تەلىپىنى رەت قىلماسلىق: — دوستۇم، مۇشۇ كەمگىچە سىنىڭ سۆزۈڭنى يەردە قويمىدىم. ھېلى بولسىمۇ بۇ سۆزۈڭنى بەجا كەلتۈرەي. بىراق، بۇ ئىشنىڭ ئاخىرى خاپىلىق بىلەن ئاياغلىشارمىكىن دەيمىنا، — دەپتۇ بۆدۈنە تۈلكىگە.

**گىپى ئوچۇق ← گىپى ئاشكارا:** نەمتۇللا قېزىبەگ ئاددىي خەلق ئىچىدىن چىققان، كۆڭلى تۈز، گىپى ئوچۇق ساددا ئادەم ئىدى.

**گىپى ئۆتمەك** قىلغان سۆزى ئەمەلدە كۆرۈلمەك، قىلغان سۆزىنى باشقىلار قوبۇل كۆرمەك ھەم ئىجرا قىلماق: ئاغىنىلىرىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە ئىشلەپ، ئاز ئۆتمەيلا كىشىلەر ئارىسىدىكى «يۈز-ئابىرويۇم» ئۆسۈپ، مېنى ئىزلەيدىغانلار كۆپەيدى. خېلىلا گىپىم ئۆتىدىغان بولۇپ قالدى.

**گىپى ئېغىر كەلمەك** ئېيتقان سۆزى باشقىلارغا قاتتىق تەگمەك، ھار كەلمەك، خاپا قىلماق: ئىزامغا باشلىقنىڭ قاتتىق-يىرىك گەپلىرى ھەممىدىن بەك ئېغىر كەلگەنىدى.

**گىپى يەردە قالماسلىق** گىپى ئۆتمەي قالماسلىق: — ئانام سېنى ئالاھىدە ئىززەتلەيدۇ، سەن گىپىڭنى تارتىنماي دېگىن، سىنىڭ گىپىڭ ھەرگىز يەردە قالمايدۇ.

**گىپى يوغان ← گىپى چوڭ:** نېمە ئانداق گىپىڭ يوغان نېمە سېنىڭ.

**گەپ-چۆچەك ← سۆز-چۆچەك:** ئىشقىلىپ سونۇر توغرىسىدا مەھەللىدە بۇرۇن گەپ-چۆچەك كۆپ ئىدى.

**گەپ-چۆچەككە قالماق** كىشىلەرنىڭ ھەر خىل گەپ-سۆزلىرىگە، پىتنە-ئىغۋاسىغا ئۇچرىماق: دوستۇم ئېيتقا، مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتسەم گەپ-چۆچەككە قالارمەنمۇ؟

**گەپچى** ئى. كۈلكىلىك، قىزىقارلىق گەپ قىلىدىغان، نۇتۇق قابىلىيىتى يۇقىرى، گەپكە ئۇستا ئادەم؛ سۆزمەن: قاسىمئاخۇن تەرەپ-تەرەپكە ئادەم چىقىرىپ، گەپچى، ھېكايىچى دېگەنلەرنى يىغىپ كېلىپتۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بىرەرسىنىڭمۇ گەپلىرى كارۋان بېشىنىڭ كۆڭلىنى ئاچالماپتۇ. * ئىشىك ئالدىدا تاللار، شاخ-شاخىدا مارجانلار. قوراي دېگەن يۇرتلاردا، گەپچىكەن ئوغۇل باللار.

**گەپچىلىك** ئى. قىزىقارلىق، جەلپ قىلارلىق گەپ قىلىش ماھارىتى؛ سۆزمەنلىك: ئەركىن سۆيگىنى ئايشەم بىلەن يەكشەنبە كۈنى بازار ئارىلاپ كېتىۋېتىپ، بىرقانچە تەڭتۇش ئاغىنىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. بۇلارنىڭ ئىچىدىكى بىر ئاغىنىسى ئۇلارغا گەپچىلىك قىلدى.

**گەپخانا** ئى [پ] كىشىلەر يىغىلىپ پاراڭ سېلىشىدىغان ئورۇن، ئۆي: پارلامېنت تۈزۈمىدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى، ئەلۋەتتە، ۋەكالەت ئورگانلىرىنى ۋە سايلام تۈزۈمىنى بىكار قىلىشتا ئەمەس، بەلكى ۋەكالەت ئورگانلىرىنى قۇرۇق گەپخانىدىن «خىزمەت» ئورگىنىغا ئايلاندۇرۇشتا.

**گەپخۇمار** سۈپ [گەپ+خۇمار] گەپلىشىشنى، مۇڭدىشىشنى ياخشى كۆرىدىغان، گەپكە ئامراق، سۆزخۇمار: ئاتابەكرى گەپخۇمار

ئىدى. * – مەن گەپخۇمار ئادەم، سۆزلەۋىرىك، سىزلا زېرىكمىسىڭىز، مەن زېرىكمەيمەن، – دېدى سۆھبەتدىشىم.

**گەپدان** سۈپ [پ] گەپكە ئۇستا، سۆزمەن، ناتىق: گەپدان بالا. گەپدان قىز. * گەپدان بولغۇچە، ئىشچان بول (ماقال). * رەپىق ئاكا بۇ ھەمراھىنىڭ خېلىلا گەپدان، سۆزلىمىسە زېرىكىپ قالىدىغان كىشى ئىكەنلىكىگە كۆزى يەتتى. * ئاڭلىدىم «دەردىڭنى، ھەقىكەن «پىتنىخور» ئۇنۋان ساڭا، كىمدىن ئاغرىنساڭ بىكار، ھېچ پايدا يوق گەپدان ساڭا.

**گەپدانلاشماق** پ. گەپكە ئۇستا بولماق، گەپچىلىكى ئاشماق: سەل ئۆتكەندىن كېيىن گەپدانلىشىپ، ھەدەپ ئۆز گېپىمىزنى باشقىلارغا ئاڭلىتىش كويىدا كۆچىگىلى تۇردۇق. ئاخىرى ئادىلنىڭ پارىڭى ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلىدى.

**گەپدانلىق** «گەپدان» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گەپدانلىق قىلماق. * گەپدانلىقنىڭ ئوتتۇز پۇتىقى بار (ماقال). * بۇ سورۇندا ھەممىدىن بەكرەك گەپدانلىق قىلىۋاتقىنى ئىككى «مويسىپىت» ئىدى. ئۇلارنىڭ بىرى توختىسا، يەنە بىرى سۆزلەيتتى.

**گەپ-سۆز** گەپ ھەم سۆز، ئومۇمەن ھەر خىل گەپ: قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ، بولۇۋاتقان گەپ-سۆزلەرگە دىققىتىنى بۆلۈۋاتقان سىيىت ھاجى لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. * بايان قىلدىم پەقەت مەن، دەردىمنىڭ بىر قىسمىنى. ئۇلارنىڭ گەپ-سۆزىدىن، بىلىۋالدىم ئىسمىنى.

**گەپ-سۆز قىلماق** ① گەپ قىلماق، سۆزلىمەك: – ئانامنىڭ سېنى ئۇرغانلىقى توغرىسىدا مەن ئۇنىڭغا بىرمۇنچە گەپ-سۆز قىلدىم، – دېدى گايىت. ② كۆچمە. كىشىلەرنىڭ كەينىدىن سۆز-چۆچەك تارقاتماق، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلماق: ھېلىقى سېرىق ئالۋاستى داشۆدە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلاردىن باشلاپ ماڭا كۆز سېلىپ يۈرەتتى. ئۇ مېنىڭ سەن بىلەن يۈرگىنىمنى بىلگەندىن كېيىن، ئارىمىزدا گەپ-سۆز قىلىپ يۈردى.

**گەپ-سۆزى جايىدا** ← **گېپى جايىدا**: ئۇ گەپ-سۆزى جايىدا، تەقى-تۇرقى كېلىشكەن ئادەم ئىدى.

**گەپ-سۆز يوق** ① بىرەر تىۋىش، شەپە، خەۋەر يوق؛ جىمجىت: ئۇ ئۆزىنىڭ تاللانغان 3000 كىشىلىك قوشۇنىنى ئەگەشتۇرۇپ جەڭجۇغا قاراپ كەلدى. سېپىلنىڭ تۈۋىگە كەلگەندىمۇ، ھېچبىر گەپ-سۆز يوق. ② شەك-شۈبھىسىز، جەزمەن، چوقۇم؛ چاتاق يوق: – ئۇ چاغدا سىزنىڭ ئارزۇ-تىلەكلىرىڭىز ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ، گەپ-سۆز يوق ئەمەلگە ئاشىدۇ، خالىغان يەرگە كىرەلەيسىز، – دېدى ئۇ.

**گەپ-سۆزسىز** لام-جىم دېمەي، گەپ-سۆز قىلماي، ئۈن-تىنسىز، جىمجىت: مەن ئەمدى گەپ-سۆزسىز تىرناق تاتىلاپ تۇرۇپ قالدىم. * ئۇ خېلىغىچە لەۋلىرىنى مەنىسىز قىمىرلاتقىنىچە قىزدىن كۆز ئۈزمەي گەپ-سۆزسىز قاراپ ياتاتتى.

**گەپلە شتۇرمەك** «گەپلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەكبەر ئۇنى كۈنگە بىر-ئىككى قېتىم ھاممىسى ياتقان بۆلۈمنىڭ ئىشىكىگە ئېلىپ باراتتى، يۈز كۆرۈشتۇرۇپ گەپلەشتۇرەتتى.

**گەپلەشمەك** پ. گەپ قىلىشماق، سۆزلەشمەك: بىز ئۇزاق گەپلەشتۇق.

**گەج** ئى <خىم> بىر خىل ئانئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلىسى $CaSO_4 \cdot 2H_2O$. سۈزۈك كرىستال بولۇپ، ئاق، ئاچ سېرىق، شاپتول چېچىكى رەڭ ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ.

كۆپ قىسمى تەبىئىي چىقىدۇ. ئادەتتە بىناكارلىق قۇرۇلۇشلىرى، ھەيكەلتاراشلىق، نەققاشلىق ساھەلىرىدە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا تېڭىقچىلىقتا سۇنغان ياكى چىقىپ كەتكەن ئۇستىخانلارنى گىپسلاش ماتېرىيالى، تىبابەتچىلىكتە قىزىتمىنى قايتۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ؛ دېھقانچىلىقتا شور تۇپراقنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**گەج سۇۋاق** گەج ئېرىتمىسىگە قەغەز بوتقىسى، يېكەن توزغىقى ئارىلاشتۇرۇپ ئېتىلگەن لاي بىلەن سۇۋالغان بىر خىل سۇۋاق.

**گەجگە** ئى <ئانات> گەدەننىڭ ئاستى، دۈمبىنىڭ يۇقىرى قىسمى؛ غول: گەجگە سۆڭىكى. گەجگىسىنى تاتىلىماق. گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن.

**گەجگە سۆڭىكى** <ئانات> باش سۆڭەك بوشلۇقىنىڭ ئاستى ۋە ئارقا قىسمىنى تەشكىل قىلغۇچى سۆڭەك. ئاستى قىسمىدا بىر دانە تۆشۈكى بولۇپ، مېڭە بىلەن يۇلۇننىڭ تۇتىشىدىغان جايى ھېسابلىنىدۇ. تۆشۈك سىرتىدا تۇخۇم شەكلىدىكى ئىككى پارچە ئۆسۈكچە بولۇپ، بىرىنچى بويۇن ئومۇرتقىسى بىلەن بىرگە ئۆگىنى ھاسىل قىلىدۇ ۋە باشنىڭ ئىختىيارىي ھەرىكەت قىلىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

**گەجگە سۈيى** بۇغدايغا قۇيۇلىدىغان ئىككىنچى قېتىملىق سۇ.

**گەجگە لىم** <بىن> يانتۇ يېپىلغان ئۆيلەردىكى چوققا تام ۋە چېدىرنىڭ ئەڭ ئۈستىگە قويۇلىدىغان لىم.

**گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن** ئېغىرچىلىق تارتمىغان، پىشمىغان: گەجگىسى ئاپتاپ كۆرمىگەن بۇ بالا بۇ ئىشنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالامدۇ.

**گەجگىسىگە مىنمەك** ← **شىللىسىغا مىنمەك**: ھەنپە خېنىم ئۇنىڭ گەجگىسىگە شۇنداق مىندىكى، كۆرگۈلۈكنى كۆرسىتىپ، قولىدىكى قورچاققا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

**گەجگىسىنى تاتىلىماق** نېمە قىلىشنى بىلەلمەي، ئىككىلىنىپ قالماق: — 6-لىيەنگە ئۇۋال بولدى-دە، ۋاي ئەتتەڭەي! — ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپ گەجگىسىنى تاتىلىدى.

**گەجلىمەك** پ. گەج بەرمەك؛ گەج بىلەن سۇۋىماق.

**گەدەن** ئى [پ] بويۇننىڭ ئارقا تەرىپى؛ شىللە: گەدەنگە ئالماق. گەدەنگە مىنمەك. * جۈمە ئېغىر پۇشۇلدىدى، گەدىنىگە چۈشكەن چاچلىرىنىڭ ئارىسىغا قولىنى تىقىپ، نېمىنىدۇر ئويلانغاندەك قىلدى.

**گەدەنگە ئارتىلماق** مەلۇم بىر ئىشنىڭ جاۋابكارلىقى زىممىسىگە يۈكلەنمەك، ئۈستىگە ئارتىلماق، بويىنىغا چۈشمەك: — ئۆتكەن يىلدىكى ساناقتا گەدەنگە ئارتىلغان 50 قويغا بۇ قېتىم ئايىقىز بولاپ كېتىلگەندە ئىزسىز يوقالغان 30 قوي قوشۇلسا، شامەخسۇتقا 80 قوي قەرزدار بولىدۇ. بۇ ئىشلارنى قانداق قىلىش كېرەك؟! — دېدى ئۇ.

**گەدىندە قالماق** تۆگىمەي ئېشىپ قالماق؛ زىممىسىدە قالماق (ئالغۇ-بەرگۈ، قەرز ھەققىدە): يەنە 200 يۈەن گەدىنىدە قالدى.

**گەدىنى قاتتىق** ← **بويىنى قاتتىق**: ئۇ تازا گەدىنى قاتتىق بالا بولۇپتۇ.

**گەدىنىگە ئالماق** ← **بويىنىغا ئالماق**: ئاساسىي قۇرۇلۇشقا سېلىنىدىغان مەبلەغ ئازايتىلسا، زور تۈركۈمدىكى قۇرۇلۇشلارنى توختىتىشقا، كۆپلىگەن ئۈسكۈنىنى ئىشلەتمەي ساقلاپ قويۇشقا، زور زىياننى گەدەنگە ئېلىشقا توغرا كېلىدۇ.

**گەدىنگە چۈشمەك** ← **بوينىغا چۈشمەك:** بۇ قېتىمقى ساناقتا تۇغۇلمىغان، ئۆلۈپ كەتكەن قوزىلار، بۆزە يەپ كەتكەن، كېسەل بولۇپ ئۆلگەن قويلار، قىشتا ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق ياغقان قار ئاستىدا ئۆلۈپ كەتكەن قويلارنىڭ ھەممىسى باقى قويچىنىڭ گەدىنىگە چۈشتى.

**گەدىنگە قويماق** ← **بوينىغا قويماق:** ئۇ. پاكىتلارنى سۆزلەپ، ئۇنىڭ قىلغانلىرىنى گەدىنىگە قويدى.

**گەدىنىنى باسماق** ئەركىنلىكىنى بوغ-ماق؛ ئازابلىماق، زۇلۇم قىلماق: بولغان ئەردۇق كۆپ. ئەسىر ئەركى جاھاندىن بىنېسىپ، دۇنيانى كۆرسەتمىگەن نائەھلى گەدەندىن نېسىپ، باش كۆتۈرسە يوق قىلاتتى باش كېسىپ، دارغا ئېسىپ، شۇ سەۋەب زىندانلىرىدا مۇردىلار تولغان سېسىپ.

**گەدىنىنى تاتىلىماق** نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئىككىلىنىپ قالماق، ئارسالدى بولماق: — ئەتە سېپىلگا باشقا دۈيگە يۆتكەلمەكچى ئىدى، — دېدى ئۇ تىت-تىت بولغان ھالدا گەدىنىنى تاتىلاپ، — بۇ ئويماندا ئاخىرقى بىر ئېتىزنى ئاشۇرۇپ قويۇشقا كۆزىمىز قىيمىدى.

**گەدىنىنى قاشلىماق** ← **گەدىنىنى تاتىلىماق:** ئىككىيلەن گەپنى نەدىن باشلاش-نى بىلمەي، بىرى رومىلىنىڭ ئۇچىنى ئۇۋۇلىسا، يەنە بىرى گەدىنىنى قاشلاپ قويدى.

**گەدىنى يوغان** بەستىلىك، قاۋۇل، كۈچكە تولغان، كۈچلۈك: ئۇنداق قىلىپ يۈرگىچە، گەدىنى يوغاندىن بىرنى تېپىپ تېگىۋالسا بولمامدۇ.

**گەدەنباغ** ئى [گەدەن+باغ] كارۋاننىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۆگىسىنىڭ ئالدىدىكى تۆگىنىڭ كۆكسىگە ئاسىدىغان ئارا قوڭغۇراق.

**گەدەنكەش** سۈپ [پ] باش ئەگمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئىتائەت قىلمايدىغان؛ بوينى قاتتىق، جاھىل: ئادەتتە ئۆزىدىن دەرىجىسى يۇقىرىلاردىن ئىجازەت ئېلىپ ھەرىكەتلىنىش ھەربىيلەرنىڭ ئۇستاپ (قوللانما)دا بەلگىلەنگەن ئىنتىزام قائىدىسى بولسىمۇ، لېكىن بۇ گەدەنكەش كاپىتان ئۇنداق قىلىشنى خالىمايتتى.

**گەدەنكەشلىك** ئى. باش ئەگمەيدىغان، بويسۇنمايدىغان، ئىتائەت قىلمايدىغان مىجەز، بوينى قاتتىقلىق، جاھىللىق: ھەممە ئادەم خوجىنىياز ھاجىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنىمىز دېسە، يولۋاس دېگىنى بىرئاز گەدەنكەشلىك قىلىدىكەن. * تويغۇزىمەن گەدەنكەشلىك قىلغىنىڭغا، ھۆرمىتىمنى بۇگۈن يەرگە ئۇرغىنىڭغا!

**گەر** باغل [پ] يېز ت ① ئەگەر: ياشىماق بولسالڭ گەر مەڭگۈگە ھايات، قىلغىن سەن ئەل ئۈچۈن راسا ئىجتىھات. * گەر قىلسالڭ بۇ ئىشتا ۋەدىگە ۋاپا، مۇھەببەت يولىدا چەكمەيسەن جاپا. ② گەرچە: ھوقۇقنى ئۇلارغا گەر بەرسىمۇ ئەل، قىلىشىپ ئۆزىنىڭ توققۇزىنى تەل. باقمىدى ئەلنىڭ ھېچ دەرد-ئەھۋالىغا، قېلىشنى ئويلىماي خەلق ئۇۋالىغا.

**گەرەنكە** ئى [ر] <تەن> مەلۇم دائىرىلىك سىزىق ئوتتۇرىسىغا تىكلەپ قويۇلغان قىسقا كەسلەنگەن كالتەكچىنى 50 — 60 سانتىمېتىر توقماق بىلەن يىراقتا تۇرۇپ ئۇرۇپ چىقىرىش ئويۇنى.

**گەرەج** (توغرىسى: گاراژ) ← **گاراژ.**

**گەرەخ** (توغرىسى: گاراخ) ← **گاراخ.**

**گەرچە** باغل. تەڭداش جۈملىلەرنى قارىمۇقارشى مۇناسىۋەتتە باغلاپ، ئالدىنقى جۈملىدىكى ئۇقۇمغا نىسبەتەن كېيىنكى جۈملىدىكى ئۇقۇمدا بولىدىغان بۇرۇلۇشنى بىلدۈرىدۇ: مەنانى بۇ رۇبائىي-

نى ئوقۇۋاتقاندا ئارمان يېزىق ئۈستىدە ئىدى. ئۇ گەرچە دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان بولسىمۇ ئامىنەنىڭ گۈل قويغانلىقىنى تۇيماي قالغانىدى. * بولسىمۇ، گەرچە ئارىمىز يىراق، يۈرەك رىشتىمىز ئۈزۈلمەس بىراق. كەلگۈسى بىر كۈن ئامرىقىم بىزگە، ۋىسال تاڭلىرى ئاچىدۇ قۇچاق.

**گەرداب** (توغرىسى: گىرداب) ← **گىرداب.**

**گەردەن** (توغرىسى: گەدەن) ← **گەدەن.**

**گەردۇن** ئى [پ] يېز ت ① ئاسمان، پەلەك: دېمەككى، چۆگىلەپ بۇ چەرخى گەردۇن، بەگ ھاجىنى بۇگۈن كۆپ قىلدى مەمنۇن. دېمەككى، دېگىنىنى قىلدى ھاجى، نېمە قىلسا، ئۇنىڭ بارمىش ئىلاجى. ② كۆچمە. دۇنيانىڭ ئۆزگىرىشلىرى؛ تەقدىر، قىسمەت؛ پېشانە؛ كۆرگۈلۈك.

**گەردۇن چىنە** ئاغزى ياپىياڭ، گۈللۈك، نەپىس ئىشلەنگەن بىر خىل چوڭ چىنە: روشەن خېنىم ناھايىتى قىزغىنلىق بىلەن ئۇنىڭ نەرسە-كېرەكلىرىنى رەتلىشىپ بەرگەن ۋاقىتتا، قوشۇقلار، يىمەكلىكلەر، ياغ قاچىلىرى، گەردۇن چىنىلەر، تاۋاقلار، زەر يالىتىلغان قاچا-قۇچىلار رەتسىز چېچىلىپ ياتقان بولۇپ، بەزىلىرى چىرايلىق، بەزىلىرى كۆرۈمسىز ئىدى.

**گەردى** ئى ← **پەرزىن.**

**گەردىش** ئى [پ] ① چەمبەر، چەمبىرەك: داپچىنىڭ دېپى سۇنسا، گەردىشى مايمۇنغا ئويۇنچۇق بولۇپتۇ (ماقال). ② ئايلانما شەكىلدىكى نەرسە، دائىرە: كائىنات مەشئىلى كىردى غىلاپ ئىچىگە، ئاسمان گەردىشىگە ھەم تارتىلدى پەردە. تۈن نەققاشى گۈل چەكتى زەڭگەر ساماغا، تاغ شاملى كېزەر تىنماي كەڭ دالادا. ③ كۆچمە. قاتقان، قېتىپ كەتكەن نەرسە: مېنىڭ ھاۋا ھەيدەپ گەردىش بولۇپ كەتكەن قوللىرىم مايلانغان تاسما ياندۇرۇق بىلەن ئاتنى باشقۇرۇپ، ھارۋىنى جالاق-جۇلۇقسىز ئېلىپ ماڭماقتا.

**گەردىشسىمان** سۈپ. گەردىشكە ئوخشايدىغان، گەردىش شەكىللىك: گەردىشسىمان شولا.

**گەردىشلىك** سۈپ. گەردىشى بار، گەردىش ئورنىتىلغان: — بۇ جەھەتتە ئەلۋەتتە سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە تايىنىمىز، — ئاجۇرىن خېلىغىچە ئۈنچىقمىدى. ئۇ كۈمۈش گەردىشلىك كۆزەينىكىنى ئېلىپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئايلاندۇردى.

**گەرس** ئى [ر] يۇڭدىن ئىنچىكە قىلىپ ئېگىرىلگەن يىپ.

**گەرس ياغلىق** يۇڭ يىپتىن ھەر خىل شەكىلدە نەپىس، كۆركەم، رەڭدار قىلىپ ئىشلەنگەن ئاياللارنىڭ بىر خىل باش ياغلىقى: چاقماق شەكىللىك گەرس ياغلىق. سىدام گەرس ياغلىق. * شۇ ئەسنادا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا ئىشىك ئېچىلىپ، يۈزلىرى ئاناردەك قىزارغان، بېشىدىكى گەرس ياغلىقىنى چىرايلىق چىگىۋالغان ئايشەمگۈل بىرتاماق كورىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى.

**گەرنىز** ئى [ر<گرېك] ① بىنا دىۋارىنىڭ ئۈستۈنكى قىسمىغا ياكى ئىشىك، دەرۋازا ئۈستىگە گورىزونتال ھالەتتە چىقىرىلغان گىرۋەك قىسمى؛ پەۋاز: گەرنىز چىقارماق. * پىششىق خىشتا گەرنىز چىقىرىپ، تاملىرى كۆك بوياقتا بويالغان، ئۈزۈم باراڭلىرى بۈككىدە چوڭ قورۇ ئىكەن. * ئۇ بۇلۇڭدىكى گەرنىز ئاستىدا تۇرغان قارلىغاچنىڭ ئۇۋىسىنى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدا ئىككى قارلىغاچنىڭ نۆۋەت بىلەن بىردە ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ، بىردە ئۇنىڭ ئىچىدىن چىقىپ ئۇچۇپ يۈرگەنلىكىنى

كۆردى. ② ئىشىك، دېرىزىلەرنىڭ يۇقىرىقى تەرىپىگە پەردە ئېسىش ئۈچۈن ياغاچ ياكى مېتالدىن ياسالغان مەخسۇس جاھاز: گەرنىز ياساتماق.

**گەز** I ئى [پ] ① ئۇيغۇرلار تۇرمۇشىدا مېتر سىستېمىسى قوبۇل قىلىنىشتىن ئىلگىرى ئىشلىتىلگەن، تەخمىنەن 71 سانتىمېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى: بەش گەز دۇخاۋا. * دەپتۇ قىز «تويلۇق ئۈچۈن بولسا 70جىڭ پاختا؛ بولسۇن 30 گەز ماتا، يەنە 80 تال تاختا». ② شۇ ئۇزۇنلۇقتىكى ئۆلچەش ئەسۋابى: ياغاچ گەز. پولات گەز.

**گەز** II ئى ① سۈتكە ئوخشاش نەرسىلەرنىڭ قازان تېگىگە يېپىشىپ قالغان قالدۇقى، قىرماق. ② ئىسسىق تۇتۇپ قېلىشقا ئوخشاش سەۋەبلەر بىلەن ئادەمنىڭ لېۋىدە پەيدا بولغان قاسراقسىمان بىر خىل قېتىشما: گەز باغلىماق. * ئانا ئۇنىڭ كالپۇكلىرىنىڭ گەز باغلاپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى كۆردى.

**گەز باغلىماق** ئادەمنىڭ لېۋىدە قاسراقسىمان بىر خىل قېتىشما پەيدا بولماق: بەختى ئۆز يولىغا راۋان بولۇپتۇ. بىر جەزىرىدە كېتىپ بارغۇدەك بولسا ئۆزى بىلەن تەگتۇش قۇراملىق بىر ياش يىگىتنىڭ لەۋلىرى گەز باغلاپ، سامانىدەك سارغىيىپ بىھۇش ياتقىنىنى كۆرۈپتۇ. * ھاۋا ئىسسىق، يەر قىزىق، تەرمۇ ئېقىپ تۈگىگەن. ئۇسسۇزلۇقتا كالپۇكلار، گەز باغلاپ قۇرۇپ كەتكەن.

**گەزەرمە** (توغرىسى: گازارما) ← **گازارما.**

**گەزەندە** (توغرىسى: گېزەندە) ← **گېزەندە.**

**گەزلەنمەك** «گەزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇلىي دەرىجىسى.

**گەزلەشمەك** «گەزلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ھەدەپ ماتا گەزلىشىۋاتاتتى.

**گەزلەنمەك** «گەزلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار گەزلىنىپ بولغان ماتالارنى تاي-تاي قىلىپ باسماقتا ئىدى.

**گەزلىك** ① سۈپ. گەز ئۇزۇنلۇقىدىكى؛ گەز كېلىدىغان: — گۈلشەن قايسى كۈنى كارىۋىتىغا تۆت گەزلىك ياكى ئۈچ گەزلىك بولسىمۇ بىر گىلەمنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، — دېدى ئەركىن ئۆز-ئۆزىگە پىچىرلاپ. ② ئى. كەلپىن ناھىيىسىدىكى بىر يېزىنىڭ نامى.

**گەزلىمە** ئى. پاختا، كەندىر، يۇڭ، يىپەك قاتارلىقلاردىن توقۇلغان رەخت، گەزمال: تەكچىلەرگە رەڭمۇرەڭ گەزلىمىلەر ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشقا كېرەكلىك بۇيۇملار تىزىلىپ كەتكەنىدى. * بىرئازدىن كېيىن دېھقان كېيىمدىكى بىر كىشى دۇكانغا ئالدىراپ كىرىپ كەلدى-دە، ئۇڭ تەرەپتىكى گەزلىمە ساتقۇچى يىگىتچىكنىڭ يېنىغا بېرىپ، نېمىندۇر سورىدى.

**گەزلىمە رەخت** گەزلىمە، گەزمال: ئۇلار ئىككى تەرىپى ئەينەكلىك دۇكانلار، ھەر خىل گەزلىمە رەخت ساتىدىغان ماگىزىنلار بىلەن تولغان چوڭ رەستىدىن ئۆتۈپ، ھېيتگاھ مەيدانىنىڭ ئۈستىدىن چىقتى.

**گەزلىمەك** پ. گەز بىلەن ئۆلچىمەك: ھازىرقى ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىش تېز، يېقىندا نىلقىدا گومىنداڭنىڭ گەزلەپ ئات ئېلىش سېلىقىغا قارشى بىر دولقۇن قوزغالدى. * ئىش دېسە كاززاپلار مۆكەر دالدىغا، راھەتنى كۆرسە گەر چىقار ئالدىغا. غۇلاچتا گەزلەيدۇ غېرىچچە ئىشنى، باشقىنى ئىتتىرىپ جاپا غارىغا.

**گەزمال** ئى [گەز+مال] گەزلىمە: گەزمال

دۇكىنى. گەزمال سېتىۋالماق. * ئۇ بىردەم ماڭغاندىن كېيىن، بىر گەزمال دۇكىنىغا بېرىپ سودىگەرگە: — قېنى باي، بىر تەڭگە چىقار، — دېدى. * ئۇ ئۈنىتك كىردى دۇكان ئىچىگە، خىلمۇخىل گەزمالدىن كۆزى قاماشتى. پاكىنەك سودىگەر تۇرار پوكەيدە، «ئابرال» غا ھەيرانلىق ھېسسى ياماشتى.

**گەزمالچى** ئى. گەزمال سودىگىرى: گىلەمنى ئېلىشتى سېتىپ پۇل قىلىپ، ئەنە شۇ ئىشلارغا ئىشلەتمەك بولۇپ. گەزمالچى سودىگەر ئالدى گىلەمنى، چىقتى تەڭ ئىككىسى دۇكاندىن كۆلۈپ.

**گەزمالچىلىق** ئى. گەزمال بىلەن سودا-سې-تىق قىلىش ئىشى، كەسپى؛ سودىگەرچە-لىك: گەزمالچىلىق قىلماق.

**گەزنە** ئى. تونۇرغا ئاقنان، كاكچا قاتارلىقلارنى ياققاندا ناننىڭ شەكلىنى بۇزماي تونۇرغا چاپلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدى-غان ياپلاق ياسالغان بۇيۇم.

**گەژ** (توغرىسى: گەج) ← **گەج.**

**گەژگە** (توغرىسى: گەجگە) ← **گەجگە.**

**گەكسى** سۈپ. دىئال. قېلىن، داپشاق؛ تەمەخور.

**گەگتەمەل** ئى. دىئال. بوزغۇل، چارمەيدە ئۆردەك.

**گەلەپى** ئى [ر<فران] ← **گەلەپى شىم.**

**گەلەپى شىم** ئادەتتە ئۆتۈك بىلەن كىيىلىدىغان، پۇچقىقى تار، يان تەرىپى تۆگىنىڭ لوككىسىدەك چىقىرىلىپ تىكىلىدىغان بىر خىل ئىشتان: گەلەپى شىم كىيگەن ئادەم. گەلەپى شىم تىكمەك. * بويىغا دەل قىلىپ تىكىلگەن سېرىق گىمناستۇركا، گەلەپى شىم، مۇرىسىدىكى يېشىل پاگون، پۇتىدىكى قارا چىگرىن ئۆتۈك ئۇنىڭغا قالتىس ياراشقانىدى. * ياراشقان بەستىگە گىمناستۇركىسى، بېلىگە كەڭ كەمەر مەھكەم باغلانغان. گەلەپى شىم كىيگەن، تۇرار پارقىراپ، پۇتىدا ئۆتۈكى (يېڭى مايلانغان).

**گەمە** ئى. يەرنى كولاپ ياسىغان يەر ئاستى ئۆيى: گەمىدە ياتماق. گەمە كولىماق. * قايىل بولدى يېگەنلەر، قوغۇنلارنىڭ تەمىگە. تەخلەپ قويدى بەش يۈزنى، سولاش ئۈچۈن گەمگە.

**گەمىچاق** ئى. كىچىك گەمە: دېگەنبىلەت بۇ يىل ئوزۇقنى خېلى غەملىۋالدىم، ئاۋۇ تەرەپتە يەنە بىر گەمىچاق بار، گۆش بىلەن تولدى.

**گەنجىك** سۈپ [خەن] جان ت. لەۋزىگە ئەمەل قىلىدىغان، راستچىل، مەرد: گەنجىك ئادەم. * توساي دېسەم توسۇلمىدى شۇ كالا، كۆيگىنىمنى بىلمىدىڭ باغرى قارا. بىزنى ئەجەب ئادەمچىلىك كۆرمىدىڭ، سىناپ باققىن بىزمۇچۇ گەنجىك بالا.

**گەندە** ئى [پ] نىجاسەت؛ پوق: گەندە تازىلىماق. * ئۇ گەندە يېگەن خورازدەك قىزىرىپ، غىرىڭ-پىرىڭ قىلالماي كەتكەن-دى. * ئەگەر سۇدا چوڭ ئۈچەي تاياقچە مىكروبى بارلىقى بايقالسا، قىغ-گەندىلەر بىلەن بۇلغىنىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق سۇنى خەتەرسىز دېگىلى بولمايدۇ.

**گەنسۇي** ئى [خەن] <بوت> ← **گەنسۇي سۇتلۇكئوتى.**

**گەنسۇي سۇتلۇكئوتى** <بوت> سۇتلۇك-ئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. زەھەرلىك. غولى قىزغۇچ سۆسۈن رەڭدە بولىدۇ. يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىللىك، يازدا گۈللەيدۇ. تۈگۈنەك يىلتىزى جۇڭيى دورىسى قىلىنى-دۇ. سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرغۇچى دورا ھېسابلىنىدۇ.

**گەۋدە** ئى ① ئادەم ياكى ھايۋاننىڭ تەن قۇرۇلۇشى؛ بەست: ئادەم گەۋدىسى. ھايۋان گەۋدىسى. ئورۇق گەۋدە. * ئۇلارنىڭ ئۇمىدكە تولغان كۆزلىرى شوپۇر يىگىتنىڭ گەۋدىسىگە تىكىلگەنىدى. ماشىنا ئاخىر نىشان قىلىنغان يەرگە بېرىپ توختىدى. * دەل شۇ كەمدە كۆرۈندى، كىملەرنىڭدۇر گەۋدىسى. جانىنى-جانىغا يېقىشىپ، سۇغا چۈشتى شولىسى. ② بەدەن، تەن، جۇغ، تۇرۇق: ناۋاتخان داستىخان ئالدىدىن قوپۇپ گەۋدىسىنى يېرىم تولغاپ ئوچاق تەرەپكە ماڭدى. * بۇ سۇدىن پەقەت ئاتنىڭ ئىككىلا قۇلىقى، ھېلىقى كىشىنىڭ بولسا يۇقىرى گەۋدىسىلا چىقىپ تۇراتتى. ③ مۇردا، جەسەت: قانغا بويالغان ئىككى گەۋدە يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ غۇل-غۇلىسىغا سەۋەب بولدى. * قىز ئاتىنى ئېلىپ كەلدى ئۆڭكۈرگە، ئانىسىنى گاڭگىراتتى بۇ ئەھۋال. كۆرۈپ جەڭدە پاچاقلانغان گەۋدىنى، قارشىسىدا قالدى تامام بىماجال. ④ بىرەر نەرسىنىڭ بارلىقى، مەۋجۇتلۇقى، تۇرقى، جىسمى: بۇ تاغنىڭ گەۋدىسى تاشمۇ، سېرىق توپىمۇ ئەمەس، ئۇنىڭدا يەلپۈنۈپ تۇرغان گۈل-گىياھلارمۇ يوق. * يىراقتىن بۇ تاغنىڭ يوغان گەۋدىسى مانا مەن دەپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ⑤ كۆچمە. مەركەز، غول، يادرو: ھاپىز ئاكا ھەمىشە بىزگە: «ئورمانچىلىق بىلەن چارۋىچىلىق بىر پۈتۈن گەۋدە، ھەممە ئىرىقتا سۇ تەك ئاققاندىلا ئۆستەڭ سۈيى ئۇلغىيىدۇ» دەيدۇ. * ئادەم — جەمئىيەتنىڭ ئاساسىي گەۋدىسى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋىتىنى گەۋدىلەندۈرگۈچى، ماددىي بايلىق ياراتقۇچى.

**گەۋدىسىز** سۈپ. گەۋدىسى يوق: پسىخىكىلىق ھادىسىلەر فىزىكىلىق ھادىسىلەرگە ئوخشىمايدۇ، پسىخىكىلىق ھادىسىلەر گەۋدىسىز بولىدۇ، ئۇنى بىۋاسىتە كۆزىتىشكە بولمايدۇ، شۇڭا پسىخولوگىيە تەتقىقاتىدا ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىنىدۇ.

**گەۋدىلەشتۈرمەك** «گەۋدىلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بىرقىسىم شەرقىي ياۋروپا دۆلەتلىرىدە كۈندىن-كۈنگە بۆلۈنۈش بولۇۋاتقان ۋەزىيەتتە، ياۋروپانى بىر گەۋدىلەشتۈرۈش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش تېخىمۇ رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**گەۋدىلەشتۈرۈلمەك** «گەۋدىلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: بۇ يىغىن ياۋروپانىڭ بىر گەۋدىلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

**گەۋدىلەشمەك** پ. بىر گەۋدىگە ئايلانماق، بىر گەۋدە بولۇپ ئۇيۇشماق، بىرلىشىپ بىر گەۋدە ھالىتىگە كەلمەك.

**گەۋدىلەندۈرمەك** «گەۋدىلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: چوكان باخشىنىڭ بۇ گۈزەل ئۇسلۇبى يەنە قاراپ تۇرغۇچىلارنىڭ كۆز ئالدىدا سىرلىق خىيالىي كارتىنىلارنى گەۋدىلەندۈرەتتى. * سىيىت ئاكا سۆزىنى تۈگىتىپ، خىجىللىق بىلەن كۈلۈمسىرىدى. «نېمىدېگەن ئاق كۆڭۈل ۋە سەمىمىي ئادەم-ھە؟» دەپ ئويلىدى ئەنۋەر «ماقالەمدە بۇ نۇقتىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈرىمەن».

**گەۋدىلەندۈرۈشمەك** «گەۋدىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گەۋدىلەندۈرۈلمەك** «گەۋدىلەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: كىنودا ئەڭ نازۇك ۋە ئىنچىكە تەپسىلاتلارمۇ ئەينەن ۋە جانلىق گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ. * شائىرنىڭ ئىدراك ۋە شېئىرىي ھېسسىياتى شېئىر ئوبرازىدا ئىنتايىن تولۇق ۋە مۇكەممەل گەۋدىلەندۈرۈلگەن.

**گەۋدىلەنمەك** پ ① پەيدا بولماق، نامايان بولماق؛ كۆرۈنمەك: بۇ قۇرلارنى

ئوقۇغىنىمدا بۇنىڭدىن بەش يىل بۇرۇن يۇرتقا بارغىنىمدا كۆرگەن بەزى ئىشلار كۆز ئالدىمدا گەۋدىلەندى. * كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىپ بىر ئۇلۇغ ئوبراز، قانات قېقىپ كۆك ئاسماندا قىلدۇ پەرۋاز. ② يىغىلىپ بىر پۈتۈن هالدا كۆرۈنمەك؛ مۇجەسسەملەنمەك: ئۇنىڭ سەنئەت ماهارىتى مۇشۇ رەسىمدە تولۇق گەۋدىلەنگەنىدى.

**گەۋدىلىك** سۈپ ① قەددى-قامىتى بار، قەددى-قامەتلىك، بەستلىك، قابىل، ئۇستىخانلىق: گەۋدىلىك ئادەم. * شۇ ئەسنادا تۇيۇقسىز ئاڭلانغان ئاياغ تىۋىشىدىن خىيالىم بۆلۈندى، بۇرۇلۇپ قارىشىمغا كۆز ئالدىمدا ساقال-بۇرۇتىنى ئاپئاق قىراۋ قاپلاپ كەتكەن ئوتتۇرا بوي، گەۋدىلىك بىر ئادەم ماڭا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ② كۆزگە كۆرۈنەرلىك، روشەن، مۇهىم: گەۋدىلىك مەسىلە. * نۇرغۇنلىغان ئوتتۇرا ۋە ئالىي دەرىجىلىك تاۋارلار تېز سېتىلىپ ئېھتىياجنى قامدىيالمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ هازىر يېزا بازارلىرىدا كۆرۈلۈۋاتقان گەۋدىلىك يېڭى ئۆزگىرىش.

**گەيجاڭ** ئى [خەن] تارس. مەهەللە باشلىقى: ساقچىلار، گەيجاڭلار، بەگلەر ۋە باشقا نۇرغۇن يالاقچى-گۇيپاڭچىلار قاچقۇنلارنى تەرەپ-تەرەپكە قوغلاپ كېتىشتى.

**گەيكە** (توغرىسى: گايكا) ← **گايكا.**

**گرابىن** ئى [ر<نېم] <كېئول> ئىككى بۆلەك ئۆزۈلۈش بەلبېغى ئارىسىدىكى تۆۋەنگە چۆشكەن جىنس قاتلىمى.

**گراپا** (توغرىسى: گرافىك) ← **گرافىك.**

**گرادۇس** مىق [ر<لات] ① <مات> بۇلۇڭ ياكى ياي هېسابلاش بىرلىكى. چەمبەرنى تەڭ 360 بۆلەككە بۆلگەندە هاسىل بولغان ياي بىر گرادۇسلۇق ياي، بىر گرادۇسلۇق ياي قارشىسىدىكى مەركىزىي بۇلۇڭ بىر گرادۇسلۇق بۇلۇڭ دېيىلىدۇ. بىر گرادۇس 60 مىنۇتقا تەڭ. ② <جۇغ> پاراللېل ياكى مېرىدىئاننىڭ 360 تىن بىر قىسمى. پاراللېل ياكى مېرىدىئان بويلاپ هېسابلىنىدۇ: سەرەتان يۇلتۇز تۈركۈمىنىڭ مەركىزىي ئورنى ئېكۋاتور ئۆزۈنلۇقى سەككىز سائەت 40 مىنۇت، ئىكۋاتور كەڭلىكى 20 گرادۇسقا توغرا كېلىدۇ. ③ <مېتېئور> تېمپېراتۇرا ئۆلچەم بىرلىكى؛ دەرىجە: 35 گرادۇس ئىسسىق. ④ <خىم> سۇيۇقلۇقنىڭ زىچلىقىنى شۇنىڭدەك ئىسپىرت كۈچىنى ئۆلچەش بىرلىكى: بۇ هاراقنىڭ گرادۇسى بەك يۇقىرى. 60 گرادۇسلۇق ئىلى هارىقى.

**گرادۇس بۆلگۈچ** <ماشىن> چېرۋەك چاق بىلەن چېرۋەكلىك ئۇزاتما ئارقىلىق هەرىكەتلىنىپ، دېتاللارنى چەمبەر بويلاپ گرادۇسقا بۆلىدىغان بىر خىل قۇرۇلما. شىلىش ستانوكىدا چىشلىق چاق، ئېرىقلىق ئوقلارنى ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا نۇر قانۇنىيىتى بىلەن ئىشلەيدىغان ئوپتىكىلىق گرادۇس بۆلگۈچ بولۇپ، نازۇك بولغان پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۆلچەشلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**گرادۇس تورى** <جۇغ> يەر شارى يۈزىدىكى بارلىق مېرىدىئان ۋە پاراللېل سىزىقلىرىدىن تەشكىل تاپقان تور. بارلىق مېرىدىئان سىزىقلىرى بىلەن بارلىق پاراللېل سىزىقلىرى ئۆزئارا تىك بولىدۇ. مېرىدىئان سىزىقى جەنۇب ۋە شىمال يۆنىلىشلىرىگە؛ پاراللېل سىزىقلىرى شەرق ۋە غەرب يۆنىلىشلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

**گرادۇسلۇق** سۈپ ① گرادۇسى بار، گرادۇس ئورنىتىلغان: گرادۇسلۇق كالېندار.

② گراسدۇسقا يەتكەن، گرادۇس دەرىجىسىدىكى، گرادۇسقا تەڭ: ئۇنىڭ ئىككىنچى خىلى كىچىك ساز قىلىش بولۇپ، ھەرقايسى سىم ئارىلىقىنىڭ بەش گرادۇسلۇق پەرقى بولىدۇ. بۇ ئۇيغۇر مۇزىكىلىرىدىن «لىم پەدە» ۋە كلاسسىك ناخشىلارنى، ئۆزبېكچە ئاھاڭلارنى چېلىشتا يېقىن بىرلىشەلەيدۇ. * ئۇ يۇقىرى گرادۇسلۇق مەشتە تاۋلانغان پولاتتەك ئىنتايىن مۇستەھكەم ئىدى.

**گرادىيېنت** ئى [ر<لات] <مېتېئور> بىرلىك ۋاقىت ياكى بىرلىك مۇساپە ئىچىدىكى مەلۇم ھادىسە (مەسىلەن، تېمپېراتۇرا، ھاۋا بېسىمى، زىچلىق، سۈرئەت قاتارلىقلار) نىڭ ئۆزگىرىش دەرىجىسى.

**گرادىيېنت شاملى** <مېتېئور> ئوخشاش بىر ئېگىزلىكتىكى تەكشى يۈزدە سۈركىلىش كۈچى يوق ھەم تەڭ بېسىم سىزىقى ئەگرى بولغان ئەھۋالدا، ھاۋا بېسىمىنىڭ گرادىيېنت كۈچى، كورىئول كۈچى ۋە مەركەزدىن قاچما كۈچتىن ئىبارەت ئۈچ خىل كۈچ تەڭپۇڭلاشقاندا ھاسىل بولىدىغان شامال. گرادىيېنت شاملىنىڭ يۆنىلىشى تەڭ بېسىم سىزىقى بىلەن كېسىشىدۇ.

**گراژدان** ئى [ر] بىرەر دۆلەتنىڭ تەۋەلىكىدىكى ۋە شۇ دۆلەتنىڭ قانۇنىدا بەلگىلەنگەن ھوقۇق ۋە مەجبۇرىيەتتىن بەھرىمەن بولىدىغان كىشى؛ پۇقرا: جۇڭگو گراژدانى. ئامېرىكا گراژدانى. * — مەن بېيسام مېنىڭ كېلىپ چىقىشىمنى ھېچكىم كېلىپ سۈرۈشتۈرۈپ ئولتۇرمايدۇ. مىليونېر جاناب، ئامېرىكا قوشما شتاتىنىڭ گراژدانى بولىمەن، — دېدى ئۇ.

**گراژدانلىق** ئى. گراژدان سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: گراژدانلىق كىنىشكىسى. گراژدانلىق گۇۋاھنامىسى. * مەن سېنىڭ جۇڭگو ئادىمى ئەمەسلىكىڭنى ئىسپاتلاپ، ھەتتا موسكۋا، بېيجىڭلار بىلەن ئالاقە قىلىپ، سېنى بىزنىڭ گراژدانلىققا ئۆتكۈزۈشكە ئاساس تەييارلىدىم.

**گراژدانلىق كىنىشكىسى** گراژدانلارنىڭ جەمئىيەتتىكى ئورنىنى، سالاھىيىتىنى ئىسپاتلايدىغان دۆلەت تەۋەلىك گۇۋاھنامىسى؛ سالاھىيەت گۇۋاھنامىسى: غوجىدارنىڭ موماملغا تەسەللى بېرىپ «گۈلسۈمخان تىنىچ، خاتىرجەم تۇرۇۋېرىڭ. سىزنىڭ بۇغدىيىڭىز ئەڭ ياخشى گراژدانلىق كىنىشكىسى بولىدۇ» دېگىنى تېخى يادىمدا.

**گراف** ئى [ر<نېم] غەربىي ياۋروپادا ۋە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن ئىلگىرىكى روسىيىدە كىنەزدىن كېيىن، باروندىن يۇقىرى ئورۇندا ئەمەلدارلىرىنىڭ ئۇنۋانى ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان ئورۇندا ئەمەلدارى.

**گرافا** ئى [ر<گرېك] ھەر خىل جەدۋەل ۋە ئىدارە دەپتەرلىرىدە ئىككى تىك سىزىق ئارىسىدىكى، ھەر خىل مەلۇماتلار يېزىلىدىغان ستون.

**گرافىت** ئى [ر<گرېك] <گېئول> بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى كاربون (C). توق كۈل رەڭ ۋە مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى تۆۋەن، ئېرىش نۇقتىسى يۇقىرى، توكنى ياخشى ئۆتكۈزىدۇ، خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتى تۇراقلىق. كۆپىنچە تالاسىمان، دانىچىسىمان ياكى تەڭگىسىمان ھالەتتە ئۇچرايدۇ. ئادەتتە ساپال قازان، ئېلېكتر قۇتۇبى، قېرىنداش سىياسى، سىلىقلىتىش مېيى، بوياق، چىرىشتىن ساقلىغۇچى سىر ۋە ئاتوم رېئاكسىيە قازىنىدىكى سۈرئەت ئاستىلىتىش رېئاكتىۋى قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**گرافىك** ئى [ر<گرېك] ①. ھەر خىل

مىقدارىي- باغلىنىشلارنى سىزىقلار ۋاسى-تىسى بىلەن تەسۋىرلەش ۋە شۇنداق تەسۋىرنىڭ ئۆزى. ② ئىش نورمىسى ۋە بېجىرىلىش مۇددىتى ئېنىق كۆرسىتىلىپ تۈزۈلگەن پىلان.

**گرافىكا** ئى [ر<گرېك] ھەر خىل ئەھۋاللار-نى كۆرسىتىدىغان ۋە تۈرلۈك رەقەملەر-نى ئىزاھلاپ بېرىدىغان سخېما ياكى جەدۋەللەرنىڭ ئومۇمىي نامى. مەسى-لەن، سخېمىلىق خەرىتە، ستاتىستىكا جەدۋىلى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**گرافىكلىق** ① سۈپ. گرافىكىسى بار، گرافىكىغا ئىگە. ② رەۋ. گرافىكا بىلەن، گرافىكا ئارقىلىق: گرافىكلىق يېشىش.

**گرافىكلىق يېشىش** <مات> مەسىلىنى گرافىكا ئارقىلىق ئانالىز قىلىپ يېشىش ئۇسۇلى.

**گرام** مىق [ر<فران] <مات> مېتىر سىستېمىسىدى-كى ئېغىرلىق ياكى ماسسا بىرلىكى. بىر گرام بىر كىلوگرامنىڭ مىڭدىن بىرىگە تەڭ.

**گرام ئاتوم** <خىم> كونىچە ئېلېمېنت ئاتوم ئېغىرلىقىنىڭ گرامنى بىرلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، گۈڭگۈرتنىڭ ئاتوم ئېغىرلىقى تەخمىنەن 32.06، ئۇنىڭ بىر گرام ئاتومى تەخمىنەن 32.06 گرام. ھەرقان-داق بىر گرام ئاتوم ئېلېمېنت تەخمىنەن $6.023\times10^{23}$ دانە ئاتومنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ.

**گرام مولېكۇلا** <خىم> كونىچە ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەرنىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقىنىڭ گرامنى بىرلىك قىلىپ ئىپادىلىگەن مىقدارىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، ھىدروگېننىڭ مولېكۇلا ئېغىرلىقى تەخمىنەن 2.0158، ھىدروگېننىڭ بىر گرام مولې-كۇلىسى تەخمىنەن 2.0158 گرام. ھەرقانداق بىر گرام مولېكۇلا ماددىدا تەخمىنەن $6.023\times10^{23}$ دانە مولېكۇلا بولىدۇ.

**گرام مولېكۇللۇق قويۇقلۇق** <خىم> بىر لىتىر ئېرىتمىدىكى ئېرىگۈچى گرام مولېكۇلا سانى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەندە، «گرام مولېكۇللۇق قويۇقلۇق» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەتتە m ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، بىر لىتىر ناترىي گىدروكسىد ئېرىتمىسىدە 40 گرام ناترىي گىدروكسىد بولسا، بۇ ئېرىتمە بىر گرام مولېكۇللۇق ئېرىتمە بولىدۇ، يەنى 1m بولىدۇ.

**گرام ئېكۋىۋالېنت** <خىم> ئېلېمېنت ياكى بىرىكمىلەرنىڭ خىمىيۋى ئېكۋىۋالېنتى-نىڭ گرامنى بىرلىك قىلىپ ئىپادىلەنگەن مىقدارى.

**گراملاتماق** «گراملىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گراملانماق** «گراملىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گراملىق** سۈپ. گرام ئېغىرلىقىدىكى، گرام كېلىدىغان: 500 گراملىق ماي بېلەت.

**گراملىماق** پ. نەرسىلەرنى گرامنى بىرلىك قىلىپ ئۆلچىمەك؛ تارتماق.

**گراماتىكا** ئى [ر<گرېك] <تىل> ① تىلشۇناسلىقنىڭ تىلنىڭ قۇرۇلما شەكلىنى يەنى سۆزلەرنىڭ ياسىلىش، تۈرلىنىش ھەمدە سۆزلەردىن جۈملە تۈزۈش قائىدىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى. ئۇ سىنتاكسىس بىلەن مورفو-لوگىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: تارىخىي گراماتىكا. تەسۋىرىي گراماتىكا. سېلىشتۇرما گراماتىكا. ② بىرەر تىلنىڭ ئۆزىگە خاس قۇرۇلما شەكلى يەنى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى، تۈرلىنىشى، سۆز بىرىكمىسى

ھەم جۈملىلەرنىڭ قۇرۇلمىسىغا ئائىت قائىدىلىرىنىڭ يىغىندىسى. ③ شۇ قائىدىلەر بايان قىلىنغان ئوقۇش كىتابى، دەرسلىك: ئۇيغۇر تىلى گراماتىكىسى. ئوتتۇرا مەكتەپ گراماتىكىسى. باشلانغۇچ مەكتەپ گراماتىكىسى.

**گراماتىكىلىق** سۈپ. گراماتىكىغا ئائىت: گراماتىكىلىق شەكىل. گراماتىكىلىق كاتېگورىيە. گراماتىكىلىق مەنە. گراماتىكىلىق ۋاستە.

**گراماتىكىلىق شەكىل** <تىل> بەلگىلىك گراماتىكىلىق مەنىگە ۋەكىللىك قىلغۇچى تاشقى بەلگە.

**گراماتىكىلىق كاتېگورىيە** <تىل> سۆزلەرنىڭ تۈرلىنىشى ۋە بىرىكىشى ئارقىلىق ئىپادىلەنگەن گراماتىكىلىق مەنىلەرنىڭ تىپ بىرلىكى. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا سان، كېلىش، شەخس، زامان، دەرىجە، تۈس، راي قاتارلىقلارغا ئوخشاش كاتېگورىيىلەر بار.

**گراماتىكىلىق مەنە** <تىل> گراماتىكىلىق شەكىللەر ئارقىلىق ئىپادىلىنىدىغان مەنە، يەنى ھەر بىر سۆزنىڭ شۇ تىلدىكى بىر تۈركۈم سۆزلەر ئۈچۈن ئورتاق بولغان مۇئەييەن تۈرلىنىش قائىدىسى ياكى بىرىكىش قائىدىسى ئارقىلىق ئېرىشىلگەن ئابستراكت مەنىسى.

**گراماتىكىلىق ئۇسۇل** <تىل> گراماتىكىلىق مەنىنى بىلدۈرىدىغان گراماتىكىلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلىش يوللىرى گراماتىكىلىق ئۇسۇل بولىدۇ. بۇلار: قوشۇمچە ئۇلاش ئۇسۇلى (مەسىلەن، بىزنىڭ ۋەتىنىمىز)، تەكرارلاش ئۇسۇلى (مەسىلەن، قاپقارا، ئوينا-ئوينا)، ياردەمچى سۆزلەردىن پايدىلىنىش ئۇسۇلى (مەسىلەن، قەلەم بىلەن، خەلق ئۈچۈن، كۆرۈپ باق)، سۆز تەرتىپى، ئۇرغۇ، ئىنتوناتسىيە قاتارلىقلار.

**گراماتىكىلىق ۋاستە** <تىل> گراماتىكىلىق شەكىللەرنىڭ ئورتاق خۇسۇسىيىتىگە قاراپ ئايرىلغان تىپ بىرلىكلىرى، يەنى گراماتىكىلىق شەكىللەرنى ھاسىل قىلغۇچى ئۇسۇل، ۋاستىلەر. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئوقۇغۇچىلار»، «مەكتەپنىڭ»، «باردىم» دېگەن سۆزلەردىكى «لار»، «نىڭ»، «دىم» قاتارلىق قوشۇمچىلارنىڭ فونېتىكىلىق قۇرۇلمىسى ۋە ئىپادىلىگەن مەنىلىرى پۈتۈنلەي ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇلار بىر خىل ئورتاق خۇسۇسىيەتكە ئىگە، يەنى بۇ قوشۇمچىلارنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا سۆزلەرنىڭ ئارقىسىغا قوشۇلۇش ئارقىلىق سۆزلەرنى ئوخشاش بولمىغان گراماتىكىلىق شەكىللەرگە كىرگۈزۈپ، ئوخشاش بولمىغان گراماتىكىلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كەلگەن. شۇڭا، بۇلارنى گراماتىكىلىق مەنە ئىپادىلەشنىڭ بىر خىل ۋاستىسى دەپ قاراپ، ئارقا قوشۇمچە دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

**گرانات** ئى [ر<نېم] <ھەرب> قول بىلەن تاشلايدىغان بىر خىل كىچىك تىپتىكى بومبا. بەزىلىرىدە ساپ بولىدۇ.

**گرانات ئېتىش** <تەن> ئېتىش-سەكرەش مۇسابىقىسىنىڭ ئېتىش تۈرى. ئەرلەر گراناتىنىڭ ئېغىرلىقى 700 گرام، ئاياللارنىڭ 500 گرام بولىدۇ. مۇسابىقىدە بىر قول بىلەن گرانات سېپىنى تۇتۇپ، ياردەمچى يۈگۈرۈش ئارقىلىق ئېتىش سىزىقىغا كېلىپ گراناتنى مۈرە ئۈستىدىن ئېتىپ چىقىرىپ بەلگىلەنگەن رايونغا چۈشۈرسە، ئىناۋەتلىك بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**گراناتوميوت** ئى [ر] <ھەرب> زەمبىرەك ئوقىنى ئاتقىلى بولىدىغان بىر خىل كىچىك تىپتىكى قورال. زەمبىرەك ئوقى ئاغزىدىن قاچىلىنىدۇ، ئېتىش مۇساپىسى بىرقەدەر يېقىن.

**گرانىت** ئى [ر<ئىتال] <گېئول> ← **گرانىت تاش.**

**گرانىت تاش** <گېئول> ماگمىنىڭ يەر پوستىدا تەدرىجىي سوۋۇشى بىلەن قېتىشىپ كرىستالغا ئايلانغان تاغ جىنس. يەر يۈزىگە كەڭ تارقالغان.

**گرانىت تۈزۈلمىسى** <گېئول> چوڭقۇرلۇقتىكى كىسلاتالىق جىنسلارنىڭ بىر خىل قۇرۇلمىسى. بۇ خىل قۇرۇلما چوڭقۇرلۇقتا ھاسىل بولغان ئوتتۇرا كىسلاتالىق ۋە كىسلاتالىق جىنسلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇ گرانىتلاردا ئەڭ تىپىك بولغاچقا شۇنداق ئاتالغان. تولۇق كرىستاللىق بولۇش ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى.

**گرانىت جىنس** <گېئول> ← **گرانىت تاش.**

**گرانىت قاتلىمى** <گېئول> يەر پوستىنىڭ ئۈستۈنكى قاتلىمى. خىمىيىلىك تەركىبى گرانىت جىنس بىلەن ئوخشاش بولغانلىقتىن شۇنداق ئاتالغان.

**گرانىتلىق** سۈپ. تەركىبىدە گرانىت بولغان، گرانىتقا ئىگە: گرانىتلىق پېگماتىت. گرانىتلىق دىئورىت.

**گرانىتلىق پېگماتىت** <گېئول> گرانىت ياكى يىرىك دانىچىلىق قۇرۇلمىغا ئىگە بىر خىل تومۇر جىنس. كۆپ ئۇچرايدۇ. ئۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى ۋە مىنېرال تەركىبى گرانىت بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

**گرانىتلىق دىئورىت** <گېئول> چوڭقۇرلۇقتىكى ئوتتۇرا كىسلاتالىق، يىرىك دانىچىلىق جىنس. تەركىبىدىكى سىلىتسىي ئوكسىدىنىڭ مىقدارى 56% ئەتراپىدا بولۇپ، كۋارتس مىقدارى 20% تىن ئاشىدۇ. پلاگىئوكلاز، ئورتوكلاز بىلەن ئاندىزىتنىڭ مىقدارى ئىشقارلىق دالا شپاتىدىن كۆپ. ئۇنىڭدىكى توق رەڭلىك مىنېراللار ئامفىبول ياكى قارا چىرىمتالدۇر. ئۇ مونزونىتلىك گرانىت بىلەن پلاگىئوكلازلىق گرانىت ئارىلىقىدىكى جىنس بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك كان مەھسۇلاتلىرى ئاساسلىقى سىلكانىت تىپىدىكى مىس تومۇر رۇدىسى.

**گراۋىتاتسىيە** ئى [ر<لات] <فىز> ئېغىرلىق كۈچى؛ تارتىش كۈچى.

**گراۋىتاتسىيىلىك** رەۋ. ئېغىرلىق كۈچى بىلەن، ئېغىرلىق كۈچى ئارقىلىق: گراۋىتاتسىيىلىك چارلاش.

**گراۋىتاتسىيىلىك چارلاش** <گېئول> گېئوفىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇللىرىدىن بىرى، يەنى يەر پوستىنى شەكىللەندۈرىدىغان ھەر خىل جىنس گەۋدىسى، كان گەۋدىسىنىڭ زىچلىق پەرقى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئۆزگىرىشىدىن پايدىلىنىپ، گېئولوگىيىلىك چارلاش ئېلىپ بېرىلىدىغان بىر خىل ئۇسۇل. ئۇنىڭدا نيۇتوننىڭ ئالەملىك تارتىشىش قانۇنى ئاساس قىلىنىدۇ.

**گراۋىمېترىيە** ئى [ر<لات] <گېئول> قاتتىق جىسىملار گېئوفىزىكىسىنىڭ بىر تارمىقى. ئاساسىي ۋەزىپىسى يەر شارىنىڭ ئېغىرلىق كۈچ مەيدانى ۋە ئۇنىڭ ئۆزگىرىشلىرىنى ئۆلچەپ چىقىشتىن ئىبارەت. بۇنىڭدا، ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئۆلچەپ چىقىلغان ماتېرىياللىرىغا ئاساسلىنىپ تۇرۇپ، يەر شارىنىڭ شەكلى ۋە يەر ئاستىدىكى گېئولوگىيىلىك ئەھۋاللارغا

ھۆكۈم قىلىنىدۇ.

**گىروزىن** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**گىروزىن تىلى** <تىل> گىروزىنلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ئىبېر-كاپكاز تىللىرى سىستېمىسىنىڭ ئىبېر تىللىرى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. گىروزىيە جۇمھۇرىيىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**گىروزىنچە** ① سۈپ. گىروزىن تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: گىروزىنچە ئۇسسۇل، گىروزىنچە ئادەت. ② ئى. گىروزىن تىلى ۋە يېزىقى: گىروزىنچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. گىروزىن تىلىنى ئىشلىتىپ، گىروزىن تىلىدا: گىروزىنچە سۆزلىمەك.

**گىروزىنلار** ئى <ئىرق> گىروزىن مىللىتى، گىروزىن خەلقى. ئۇلار گىروزىيىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**گرېك** ئى <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**گرېك تىلى** <تىل> گرېكلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ گرېك تىلى ئائىلىسىگە كىرىدۇ. مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلگە تەۋە مەدەنىي يادىكارلىقلىرى ۋە ئېلىپبەلىك يېزىقى بار. ھازىرقى زامان گرېك تىلى گرېتسىيە ۋە ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شەرقىي قىسمىدا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ تىلنى ئىشلىتىدىغان ئادەم سانى تەخمىنەن 9 مىليونغا يېتىدۇ.

**گرېك مەدەنىيىتى** <تارىخ> كلاسسىك مەدەنىيەتنىڭ مۇھىم بىر تەركىبىي قىسمى. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 5-ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 4-ئەسىرگىچە بولغان مەزگىلدە قەدىمكى يۇناننىڭ قۇللۇق تۈزۈمدىكى ئىقتىسادىي ۋە سىياسىيسىنىڭ يۇكسەك دەرىجىدە تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ شەكىللەنگەن. ئۇ ئەينى زاماندا قۇلدارلار سىنىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان بولسىمۇ، كېيىن قەدىمكى رىم ۋە ياۋروپا مەدەنىيىتىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن مۇھىم رول ئوينىغان.

**گرېك ھەرپلىرى** <تىل> ← **گرېك ئېلىپبەسى**.

**گرېك ئېلىپبەسى** <تىل> گرېك يېزىقىدىكى ھەرپلەر. ماتېماتىكا، فىزىكا، ئاسترونومىيە قاتارلىق ئىلىم-پەن ساھەلىرىدە شەرتلىك بەلگە سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ.

**گرېكچە** ① سۈپ. گرېك تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: گرېكچە ئۇسسۇل، گرېكچە ئادەت. ② ئى. گرېك تىلى ۋە يېزىقى: گرېكچىنى ئۆگەنمەك. ③ رەۋ. گرېك تىلىنى ئىشلىتىپ، گرېك تىلىدا: گرېكچە سۆزلىمەك.

**گرېكلار** ئى <ئىرق> گرېك مىللىتى، گرېك خەلقى. ئۇلار قەدىمكى گرېكلار ۋە ھازىرقى گرېكلار دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ. قەدىمكى گرېكلار تەخمىنەن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 12-ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 11-ئەسىرگىچە ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ شىمالدىن بالقان يېرىم ئارىلىنىڭ جەنۇبى، ئىئونىيە دېڭىزى ۋە ئېگېي دېڭىزىدىكى بىر قىسىم ئارال ۋە كىچىك ئاسىيانىڭ غەربىدىكى دېڭىز بويى رايونلىرىغا كۆچۈپ كېلىپ ئولتۇراقلاشقان ھەم يەرلىك ئاھالىلارنى ئۆزىگە قوشۇۋالغان. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 8-ئەسىردىن مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى

6- ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا قۇللۇق تۈزۈمدىكى نۇرغۇنلىغان شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان ھەمدە قارا دېڭىز ۋە ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى نۇرغۇنلىغان رايونلاردا مۇستەملىكىلەرنى بەرپا قىلغان. ھازىرقى گرېكلار گرېتسىيىنىڭ تۈپ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇلار قەدىمكى گرېكلارنىڭ سىلاۋىيانلار، ئالبانلار، ۋىلاكلار ۋە تۈركلەرنى ئۇزۇن مۇددەت ئاسسىمىلياتسىيە قىلىشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن. نوپۇسى تەخمىنەن 8 مىليون 700 مىڭ بولۇپ، كۆپ قىسمى پراۋۇسلاۋىيە دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. قالغان 2 مىليون گرېك ياۋروپا، ئاسىيا، ئافرىقا ۋە ئامېرىكا قىتئەلىرىگە تارقالغان. سىپرۇس جۇمھۇرىيىتىدە 500 مىڭ گرېك بار.

**گرېلكا** ئى [ر] <تب> ئادەتتە بەدەننىڭ ئاغرىغان، يەل تۇرۇپ قالغان جايلىرىغا قىزىق سۇ بىلەن ئىسسىق ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئىشلەنگەن خالتا شەكلىدىكى ئاغزى بۇرمىلىق بىر خىل رېزىنكە سايمان.

**گرېيزېن** ئى [ر<نېم] <گېئول> بىر خىل ئايىنغان جىنس، يەنى گرانىت جىنسلار-دىكى دالا شپاتى قاتارلىق مىنېراللار ماگمىدىن بۆلۈنۈپ چىققان گاز ۋە ئىسسىق ئېرىتمىنىڭ تەسىرىدە ئاجراپ بۆلۈنۈپ شەكىللەنگەن كۋارتس ۋە ئاق چىرىمتاللارنى ئاساسىي تەركىب قىلغان تاغ جىنسى.

**گرىنفورت** ئى. ئەنگلىيىنىڭ ئىنگلاند رايونىنىڭ شىمالىدىكى بىر ناھىيىنىڭ ئىسمى.

**گرىنفورت كالىسى** <زوئول> گۆش ئۈچۈن ئۆستۈرۈلىدىغان كالىلارنىڭ ئەڭ قەدىمي نەسلى. ئەسلىدە ئەنگلىيىنىڭ ئىنگلاند رايونىنىڭ شىمالىدىكى گرىنفورت ناھىيىسىدىن چىققىدۇ. بۇقىلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 800 – 900 كىلوگرام، سىيىرلىرى 500 – 600 كىلوگرام كېلىدۇ. 60% – 65% گۆش بېرىدۇ. سېغىن مەزگىلىدە 1200 – 1400 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. سۈتىدە 3.9% – 4% ماي بولىدۇ.

**گلاۋكوما** ئى [ر<گرېك] <تب> بىر خىل كۆز كېسەللىكى. كۆزنىڭ ئىچكى بېسىمىنىڭ ئارتىپ كېتىشى نەتىجىسىدە كېلىپ چىقىدۇ. بۇنىڭدا قارىچۇق يوغىناش، مۈڭگۈز پەردىدە سۇلۇق ئىششىق پەيدا بولۇش، رەڭگى كۆل رەڭگە مايىل يېشىل تۈس ئېلىش، قاتتىق ئاغرىش ۋە قۇسۇش قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدۇ. بۇنىڭدا يەنە كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ، پۈتۈنلەي قارىغۇ بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ كۆرۈلىدۇ.

**گلوبۇس** ئى [ر<لات] <جۇغ> يەر شارىنىڭ مودېلى. تەگلىكى بار جازىغا ئورنىتىلغان بولۇپ، ئايلاندۇرغىلى بولىدۇ. ئۈستىگە دېڭىز-ئوكيان، قۇرۇقلۇق، دەريالار، تاغ تىزمىلىرى، پاراللېل ۋە مېرىدىئان سىزىقلىرى قاتارلىقلار سىزىلغان بولىدۇ. ئادەتتە ئوقۇتۇش ۋە ھەربىي ئىشلار ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**گلوبۇلىن** ئى [ر<لات] <بىئول> ← **شارچە ئاقسىل.**

**گلۇكوزا** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_{12}O_6$. ئاددىي قەنت بولۇپ، رەڭسىز كرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ. تەمى تاتلىق. جانلىقلار تېنىدە كەڭ ساقلانغان، بولۇپمۇ ئۈزۈم تەركىبىدە مىقدارى ئەڭ كۆپ. ئادەتتە كراخمالدىن ئېلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئوزۇقلۇق

قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولۇپ، ئادەم ۋە ھايۋاناتلار ئېنېرگىيىسىنىڭ ئاساسىي مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. تىببىي دورىگەرلىكتە قۇۋۋەتلەندۈرۈش دورىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن يەنە قەنت-گېزەك ۋە پېچىنە قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە پايدىلانغىلى بولىدۇ.

**گلىكوزىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گلۇكوزىدلار.**

**گلۇكوزىدلار** ئى <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. ئۆسۈملۈكلەردە كەڭ ساقلانغان. قەنت تۈرىدىكى ۋە قەنت تۈرىدە بولمىغان ھەر خىل ئورگانىك ماددىلارنىڭ كوندېنساتسىيىلىنىشىدىن ھاسىل بولىدۇ. ئادەتتە كۆپىنچىسى ئاق رەڭلىك كرىستال ھالىتىدە كېلىدۇ.

**گلىتسېرىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_3H_8O_3$. رەڭسىز، سۈزۈك سۇيۇقلۇق. يېپىشقاق كېلىدۇ، تاتلىق تەمگە ئىگە. سۇ سۈمۈرىدۇ. زىننەت بۇيۇملىرى، نىترو گلىتسېرىن ۋە قەنت-گېزەك ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ. مېدىتسىنىدا تېرە ۋە يېپىشقاق پەردىلەرنى ئاسراشتا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سىلىقلاتقۇچى ۋە بەدەن سىرتىغا سۈرتۈلىدىغان دورا قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

**گلىكوگېن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. ئۇنىڭ مولېكۇلا فورمۇلىسى $(C_6H_{10}O_5)_x$. ئۇ بىر خىل كۆپ قەنتلىك ۋە رەڭسىز پاراشوك بولۇپ، تەمى تاتلىق. ھايۋانلار تېنىدە ساقلىنىدۇ، جىگەردە ئەڭ كۆپ. ئادەتتە ھايۋانلار ئېنېرگىيىسىنىڭ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. ئادەم بەدىنىدە گلۇكوزا كەم بولغاندا، گلىكوگېن قان سۇيۇقلۇقىغا كىرگۈزۈلسە، گلۇكوزىغا ئايلىنىدۇ. قاندىكى گلۇكوزىنىڭ مىقدارى ئارتقاندا، ئارتۇق گلۇكوزا يەنە گلىكوگېنغا ئايلىنىپ جىگەر ۋە مۇسكۇلدا ساقلىنىدۇ.

**گنېيس** ئى [ر<نېم] <گېئول> تەركىبىدە دالا شپاتى، كۋارتس كۆپرەك، دانىچىلىرى يىرىكرەك ۋە روشەن گنېيس قۇرۇلمىسىغا ئىگە بولغان ئۆزگەرگەن جىنس. تاغ جىنسلىرىدا دالا شپاتى (كالىيلىق دالا شپاتى، پلاگىئوكلاز) بىلەن كۋارتسنىڭ مىقدارى 50% تىن ئارتۇق، دالا شپاتىنىڭ مىقدارى ئادەتتە كۋارتستىن كۆپ بولىدۇ.

**گنېيس قۇرۇلمىسى** <گېئول> تارىشلىق قۇرۇلمىنىڭ بىر تۈرى. ئالاھىدىلىكى: جىنسلار ئاساسلىقى دانىلىق مىنېراللاردىن تەركىب تاپىدۇ، لېكىن يەنە مەلۇم مىقداردا يۆنىلىشلىك تىزىلغان تارىشسىمان ياكى تۈۋرۈكسىمان مىنېراللار بولىدۇ. كېيىنكىسى دانىلىق مىنېراللاردا تەكشى بولمىغان ھالەتتە ئۈزۈلۈپ-ئۈزۈلۈپ ئورۇنلاشقان بولىدۇ.

**گوئارانى** ئى. پاراگۋاينىڭ پۇل بىرلىكى.

**گوبى** ئى [خەن] ئۆسۈملۈك، دەل-دەرەخ ئۆسمىگەن يەر، سۇسىز باياۋان؛ دەشت، چۆل: شىڭشىڭشا دېگەن گوبى، ئىككى تاغنىڭ ئاراسى. قۇمۇل يولىغا قاراپ، ئاقتى كۆزنىڭ قاراسى.

**گوپاك** ئى [ر] <ئۇس> ئۇكرائىنانىڭ بىر خىل خەلق ئۇسسۇلى ياكى شۇ خىل ئۇسسۇل مۇزىكىسى.

**گوپەي** سۈپ [خەن] جان ت. يوغان، بەئەپ سەمرىگەن، خام سېمىز: گوپەي ئادەم.
* بىر گوپەي دورىغا توختىئاخۇنىڭ ئوڭ قولىنى قانداقتۇر بىر خەتكە بېسىشقا مەجبۇر قىلىۋاتاتتى.

**گوجەي** ئى [خەن] پۇتىنىڭ تىزدىن ئۇشۇق-قىچە بولغان قىسمىغا ئورىلىدىغان ئېنى تار، ئۇزۇن پايپاق: گوجەي ئورىماق. * پاچاقلىرىغا بىر خىلدا گوجەي يۆگەپ، ئوق پوتىلىرىنى لىق تولدۇرۇپ مۈرىسىگە ئاسقان بۇ قوشۇن تولىمۇ مۇنتىزىم ۋە جەڭگىۋار كۆرۈنەتتى.

**گوداڭ** ئى [پ] ئويۇلۇپ ئورا بولۇپ قالغان ياكى توپىسى قېزىۋېلىنغان چوڭ ئويمان يەر؛ ئازگال: گوداڭغا ئايلانماق. گوداڭغا تاشلىماق. * قاراقچىلار قانغا مىلىنىپ ياتقان ئۆلۈكلەرنى سۆرەپ ئاپىرىپ گوداڭغا تاشلاپ-تۇ-دە، مال-مۈلۈكنى تۆگىلەرگە ئارتىپ، تۈن قاراڭغۇسىدا غايىب بولۇپتۇ. * ئۇ گوداڭغا چۈشۈپ كەتكەندە، ئۇنى قۇتقۇزۇۋېلىشقا چامام يەتمىدى.

**گوداڭلىق** ئى. گوداڭ كۆپ جاي: ھويلا ئىچىگە تۆت ئېغىزلىق ئۆي، ئامبار ۋە ئېغىل، قوتانلارنى ياسىدى، ئۆيىنىڭ ئارقىسىدىكى گوداڭلىقنى تۈزلەپ مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتى.

**گور** (توغرىسى: گۆر) ← **گۆر.**

**گورست** ئى [ر<نېم] <گېئول> ← **يەر سەندىلى.**

**گورمون** ئى [ر<گرېك] <بىئول> ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ ئىچكى ئاجراتما بەزلىرى بىۋاسىتە قان تەركىبىگە چىقىرىدىغان، ئورگانىزم ئۈچۈن ئالاھىدە ئۈنۈمى بار ماددىلار. ھەزىم قىلىش يوللىرىدىكى ئەزالار ۋە بالا ھەمراھى قاتارلىق ئەزالارمۇ گورمون ئاجرىتىپ چىقىرىدۇ. گورمونلارنىڭ خىزمىتى نېرۋا سىستېمىسىنىڭ كونترول قىلىشى ۋە ئۆزئارا تەسىر قىلىشى ئاستىدا، ئورگانىزملارنىڭ ھەر خىل فىزىئولوگىيىلىك ئىقتىدارى ۋە ماددا ئالمىشىشلىرىنى تەڭشەپ تۇرىدۇ.

**گورروھ** (توغرىسى: گۇرۇھ) ← **گۇرۇھ.**

**گورىزونتال** [ر<گرېك] ① سۈپ. ئۇپۇق سىزىقىغا پاراللېل يۆنەلگەن ياكى پاراللېل بولغان: گورىزونتال سىزىق. گورىزونتال تەكشىلىك. ② ئى. ئۇپۇق سىزىقىغا پاراللېل بولغان توغرا سىزىق.

**گورىزونتال تەكشىلىك** <مات> تىنچ تۇرغان سۇدىن ھاسىل بولغان تەكشى-لىك، شۇنىڭدەك بۇ تەكشىلىككە پاراللېل بولغان تەكشىلىك.

**گورىزونتال سىزىق** <مات> گورىزونتال تەكشىلىكتە ياتقان تۈز سىزىق ياكى گورىزونتال تەكشىلىككە پاراللېل بولغان تۈز سىزىق.

**گوسپىتال** ئى [ر<لات] ئادەتتە ھەربىيلەر ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان داۋالاش ئورنى؛ شىپاخانا، كېسەلخانا: دالا گوسپىتالى. * ئۇنى ئۇزىتىپ چىققان رەيھان گوسپىتال ھويلىسىدىكى گۈللۈكنىڭ چېتىگىچە بىللە كەلدى.

**گوسسامپىنۇس** ئى [لات] <بوت> ← **گوسسامپىنۇس دەرىخى.**

**گوسسامپىنۇس دەرىخى** <بوت> گوسسامپىنۇس دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، گۈلى قىزىل، غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسىنىڭ شەكلى تۇخۇمسىمان. ئۇرۇق پوستىدىن ئۇزۇن ۋە ئاق رەڭلىك تالا ئۆسۈپ چىقىدۇ. بۇ خىل تالا يۇمشاق بولۇپ، ئۇنىڭدىن ياستۇق، سېلىنچا قاتارلىقلار ياسىلىدۇ.

**گوشۇك** سۈپ [خەن] گەپ ئۆتمەيدىغان، خېجىل بولمايدىغان، گەپ يېمەيدىغان، ئۇششۇق: گوشۇك ئادەم. گوشۇك مىجەز.

**گوشۇكلۇق** «گوشۇك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گوشۇكلۇق قىلماق. * — مەن

نېمىنى بېرەي؟ – يېنىمدا بىر تىيىنمۇ يوق ئىدى. شۇڭا مەن گوشۇڭلۇق قىلىپ، – تاپقاندا بېرىمەن، – دېدىم.

**گوكەي** ئى [خەن] قازان ياكى تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان: گوكەي پىشۇرماق. گوكەي ساتماق.

**گول** سۈپ ① قۇۋلۇق-شۇملۇقنى بىلمەيدىغان، بىرەر ئىش، بىرەر گەپكە ئاسانلا ئىشىنىپ كېتىدىغان، تۈز، ساددا: گول ئادەم. گول بولماق. گول قىلماق. * كىتابلاردا نېمىلا يېزىلسا شۇنى توغرا دەيدىغان گول چاغلىرىمىز ئۆتكەن ئوخشايدۇ. * – بىز كالىدەك سەۋرلىك، قويدەك ياۋاش، كىچىك بالىدەك گول خەق ئىكەنمىز، ھەممىگە چىداپ كەلدۇق، خەير، ئەمدى بۇ گەپنى قويۇپ، مۇندىن كېيىن نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشىمىزنى ئويلىشىپ كۆرەيلى، – دېدى سالى دورغا. ② كۆچمە. ئاينىش، كۆكلەش، تۇتۇش جەھەتتە ئانچە كۆپ ئەجىر تەلەپ قىلمايدىغان؛ ئاسان ئەي بولىدىغان (ئۆسۈملۈك ھەققىدە): – چىغ دېگەن بەكمۇ گول نېمە، كۆزدە بىرلا سۇ باشلاپ تولۇق ياتقۇزۇۋەتسەم، ئەتىيازلىقى نەيزە تارتىپ چىقىۋېرىدۇ، – دېدى ئۇ.

**گول بولماق** يالغان سۆز ۋە ساختا ھەرىكەتلەرگە ئالدانماق، ئىشەنمەك، ساددىلىق قىلماق: – ئۇنداق خىياللارنى قىلما. ياغاچ قازاندا بىرلا ئاش پىشىدۇ، شامەخسۇتنىڭ « تورپاق يېغىلىقى » دىكى مايمۇن ئويۇنىغا ئەمدى ھېچكىم گول بولماس، – دېدى ئۇ. * بۇ جاھانىنىڭ سىرى كۆپ، بوش چاغلىما، چېچەكى يوق شاخقا ئۈمىد باغلىما. يۈرمە دوستسىز، ئەمما تاللا دوستنى چىڭ، ئەيلە ھەزەر كەلسە تىلدىن ياغلىما. تىل دېگەن گۈش، ھەر تەرەپكە دوملار، گول بولۇپ ئاڭا دىلىڭنى داغلىما.

**گول قىلماق** يالغان سۆز ۋە ساختا ھەرىكەتلەر بىلەن بىراۋنى ئالدىماق، ئەخمەق قىلماق: قار كېچىپ تولا مېڭىپ، ئۆتۈكۈمنى ھۆل قىلدىم. تاشقا مالىخاي كىيدۈرۈپ، چېرىكلەرنى گول قىلدىم. * ئېرىق بىلەن ماڭساڭچۇ، بېدىلىكنى يول قىلماي. راست گېپىڭنى دېسەڭچۇ، غېرىب كۆڭلۈمنى گول قىلماي.

**گولف** ئى [ئىنگ] <تەن> ← **گولف توپى.**

**گولف توپى** <تەن> ① بىر خىل توپ ئويۇنى. ئادەتتە توپنى چۆمۈچ شەكىللىك تاياق بىلەن ئۇرۇپ توسالغۇلاردىن ئۆتكۈزۈپ، يەرگە كولاپ قويۇلغان كىچىك تۆشۈكلەرگە كىرگۈزۈپ ئوينىلىدۇ. ② گولف توپ ئويۇنىدا ئىشلىتىلىدىغان توپ. سىرتى قاتتىق كاۋچۇكتىن ياسالغان، چويلا توپتىن كىچىكرەك بولىدۇ.

**گولگى** ئى. 1844 – 1926-يىللىرى ياشىغان ئىتالىيىلىك گىستولوگىيە ئالىمى (Camillo Golgi).

**گولگى تەنچىسى** <بىئول> ستوپلازما ئىچىدىكى بىر خىل ئالاھىدە پەردە قەۋەتلىك سىستېمىسى. پاراللېل تىزىلغان خالتىسىمان كۆپۈكچە ۋە چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان كۆپۈكچىلەردىن تۈزۈلگەن. ئۇنىڭ رولى ئاقسىل ماددىسى، ئېنزىم ۋە پولى ساخارىدلارنى بىرىكتۈرۈش، توپلاش ھەم توشۇشتىن ئىبارەت. ئۇ ھۈجەيرىلەرنىڭ ئاجرىتىپ چىقىرىش خىزمىتى بىلەن ھەمدە ھۈجەيرە پەردىسى ۋە ھۈجەيرە پوستىنىڭ شەكىللىنىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇ ئىتالىيىلىك گىستولوگىيە ئالىمى گولگى ( Comillo Golgi ) تەرىپىدىن 1898-يىلى دەسلەپ بايقالغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**گوللاشماق** « گوللىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك

دەرىجىسى.

**گوللاندىيە** ئى <جۇغ> ياۋروپا قىتئەسىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى بىر دۆلەت. ئۇنىڭ غەرب، شىمال تەرىپى شىمالىي دېڭىز بىلەن؛ شەرق تەرىپى غەربىي گېرما- نىيە بىلەن؛ جەنۇبى بېلگىيە بىلەن چېگرىلىنىدۇ. كۆلىمى 40 مىڭ 884 كۋادرات كىلومېتر (ئىچكى قۇرۇقلۇق ۋە ئىچكى دېڭىزنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). ئاھالىسى 13 مىليون 815 مىڭ كىشى (1977-يىللىق مەلۇماتقا ئاساسلانغاندا)، پايتەختى ئامستېردام.

**گوللاندىيە كالىسى** <زوئول> سۈت ئۈچۈن بېقىلىدىغان كالىلارنىڭ ئەڭ قەدىمىي نەسلى. ئەسلى گوللاندىيە- دىن چىققان. رەڭگى ئاق-قارا ئارىلاش بولغاچقا، قارا-ئالا كالا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. سىيىرلىرىنىڭ يېلىنى زور، سۈت تومۇرلى- رى تەرەققىي قىلغان بولۇپ، سۈت بې- رىش مەزگىللىرىدە 4500 — 5000 كىلوگرام سۈت بېرىدۇ. سۈتىدە 3.2% — 3.4% ماي بولىدۇ. بۇقىلىرىنىڭ تىرىك ئېغىرلىقى 800 — 1000 كىلوگرام، سىيىرلىرىنىڭ 500 — 600 كىلوگرام كېلىدۇ. 55% — 58% گۆش بېرىدۇ. بىزدە بۇ كالىلارمۇ خېلى كۆپ.

**گوللانماق** «گوللىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: — ياق، ياق، بۇ غەلبە بىلەن گوللىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — تۇرپانلىقلار ئىچىدىنمۇ خوجە- نىيازلار چىقمايدۇ دەپ كىم ئېيتالايدۇ، ئاپەتنى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەك.

**گوللۇق** «گول» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: — بىلىم يۇرتى — نادانلىقنى يۇيۇش يۇرتى، خۇراپات ۋە گوللۇقنى تۈگىتىش يۇرتى. بۇنىڭدا بىلىم ئېلىپ يېتىلگەندىلا ئۆزىنى ئازاد قىلغىلى، خەلقنى ئازاد قىلغىلى، ۋەتىنىنى ئازاد قىلغىلى بولىدۇ، — دېدى ئەخمەتجان قاسىمى تەقدىرلەش يىغىنىدا.

**گوللىماق** پ. بىرەر ئىش ياكى گەپتە باشقىلارنى ئالدىماق، يالغانغا ئىشەندۈر- مەك، دوپپىسىغا جىگدە سالماق، گول قىلماق: بىركۈنى ھېزىمھاجى قىزىدىن نېمە ئۈچۈن كۆيئوغلىنىڭ ئۆزىنى يوقلاپ كەلمىگەنلىكى- نى سوراپ قېلىپتۇ. قىز ئېرىنىڭ سىرتقا چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ دادىسىنى گوللاپتۇ. * ئايدىڭ كېچە كەلسۇن دەپ، سالام يوللىغان يارىم. مەن كەلسەم ئۆزى كەلمەي، كۆڭلۈمدە گوللىغان يارىم.

**گولمۇيماق** پ. دىئال. گۆلە يمەك، هومايماق، ئالايماق.

**گولمىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ho (holmium). بۇ بىر خىل سىرەك يەر مېتالىدۇر.

**گولوگرافىيە** ئى [ر<گرېك] <فىز> جىسىملار- دىن قايتقان ياكى ئۆتكەن دولقۇننىڭ بارلىق ئۇچۇرلىرىنى خاتىرىلەيدىغان بىر خىل تېخنىكا. ئوپتىكىلىق، ئاكۇستىكىلىق، x نۇرلۇق ۋە مىكرو دولقۇنلۇق گولوگرافىيە دېگەندەك كۆپ خىل تۈرگە ئايرىلىدۇ. بۇ خىل تېخنىكا ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت كىشىگە ستېرېئولۇق تۇيغۇ بېرىدۇ. ئادەتتە ئۇ بەزى تەكشۈرۈش تېخنىكىلى- رى، ئۇچۇرلارنى ساقلاش ۋە ستېرېئولۇق كىنو ئىشلەش قاتارلىق ساھەلەردە كەڭ تۈردە ئىشلىتىلىدۇ.

**گولوگرافىيىلىك** سۈپ. گولوگرافىيىگە ئائىت؛ گولوگرافىيە ئارقىلىق ئىشلەنگەن: گولوگرافىيىلىك كىنو.

**گولوگرافىيىلىك كىنو** <كىنو> گولوگرافىيە تېخنىكىسى ئارقىلىق لېنتىغا ئېلىنغان

ستىرېئولۇق كىنو.

**گولوگراما** ئى [ر<گرېك] <فىز> گولوگرافىيە تېخنىكىسى ئارقىلىق تارتىلغان سۈرەت.

**گولىماق** ﺗﭗ. دىئال. ئەرز قىلماق، ئەرز ئېيتماق، دادلىماق.

**گومولوگ** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← گومولوگلار.

**گومولوگلار** ئى <خىم> مولېكۇلا تۈزۈلۈشى ۋە خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى ئوخشاپ كېتىدىغان، بىراق بىر-بىرىدىن بىر ياكى بىرقانچە $CH_2$ بىلەن پەرق قىلىدىغان نۇرغۇنلىغان ئورگانىك بىرىكمىلەر. گومولوگلار ئومۇمىي فورمۇلا ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. مەسىلەن، ئالكانلاردىكى مېتان $CH_4$، ئېتان $C_2H_6$ ۋە پروپان $C_3H_8$ قاتارلىقلار گومولوگلار بولۇپ، ئۇلار ئارىسىدىكى پەرق $CH_2$، ئومۇمىي فورمۇلىسى $C_nH_{2n+2}$.

**گومۇش** سۈپ [پ] بىرەر ئىشقا دەرھال ئەقلى يەتمەيدىغان، روھىي ھالىتى جۇشقۇن ئەمەس، زېھنى ئاجىز: گومۇش ئادەم. گومۇش بالا. * ئۇنىڭ بۇرۇنقى شوخلۇق-زېرەكلىكىدىن ئەسەرمۇ قالمىغان، كەينى-كەينىدىن ئۇلىنىپ كېلىۋاتقان جىسمانىي ۋە روھىي بېسىملاردىن كەلگەن ھارغىنلىق، ئۇنىڭ مەرد قەددىنى ئەگكەن، ياۋاش، گومۇش بىر دېھقانغا ئايلاندۇرغانىدى.

**گومۇشلۇق** «گومۇش» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گومۇشلۇق قىلماق. * پادىشاھ ئوغلىنى ئۆيلىمەكچى بولۇپتۇ. بىراق بالىسىنىڭ گومۇشلۇقىدىن ئەنسىرەپ بىركۈنى ئۆزىنىڭ زېرەك ۋەزىرىنى قېشىغا چاقىرىپتۇ.

**گومۇشلۇق قىلماق** گومۇش كىشىلەرگە ئوخشاش گەپ-سۆز، ھەرىكەتلەردە بولماق: — ساڭا مەلۇم، بۇ گومۇشراق بالا بولۇپ قالدى، ئۆيلەنگەندىن كېيىن گومۇشلۇق قىلىپ يۈرمىسۇن. چۈنكى قۇدىلار بالامنىڭ گومۇشلۇقىنى بىلمەيدۇ.

**گومىنداڭ** ئى [خەن] <تارىخ> مەملىكىتىمىزدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ مىنگونىڭ دەسلەپكى يىللىرىدىكى سىياسىي پارتىيىسى. شىنخەي ئىنقىلابىدىن كېيىن ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى تارقىلىپ كېتىپ، سۈن جياۋرېن باشچىلىقىدىكى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتىنىڭ بەزى ئەزالىرى ئىتتىپاقداشلار جەمئىيىتى ئاساسىدا جۇمھۇرىيەتچىلەر پارتىيىسى، گومىن بىرلىكتە ئىلگىرىلەش جەمئىيىتى، گومىن ئومۇمىي پارتىيىسى، جۇمھۇرىيەتنى ئىلگىرى سۈرۈش جەمئىيىتى قاتارلىق پارتىيە گۇرۇھلار بىلەن بىرلىشىپ، 1912-يىلى 8-ئاينىڭ 25-كۈنى بېيجىڭدا قۇرغان. ئۇنىڭ تەركىبى ناھايىتى مۇرەككەپ بولۇپ، نامدا سۈن جۇڭشەن دائىمىي ئىشلار باشلىقى دېيىلسىمۇ، ئەمەلىيەتتە پارتىيە ئىشلىرىغا سۇڭ جياۋرېن رىياسەتچىلىك قىلغان. 1913-يىلى 8-ئايدا «ئىككىنچى قېتىملىق ئىنقىلاب» مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، يۈەن شىكەي تەرىپىدىن تارقىتىۋېتىلگەن. 1914-يىلى 7-ئايدا سۈن جوڭشەن ياپونىيىدە گومىنداڭ پارتىيىسىنىڭ بىر بۆلۈم ئەزالىرىنى توپلاپ «جۇڭخۇا ئىنقىلابىي پارتىيىسى»نى قۇرغان. 1919-يىلى 10-ئايدا، يەنە ئۇنى «جۇڭگو گومىنداڭ پارتىيىسى»گە ئۆزگەرتكەن.

**گومىنداڭچى** ئى. گومىنداڭ تەرەپدارى، گومىنداڭ ئىدىيىسىنى قوبۇل قىلغان، گومىنداڭ پارتىيىسىگە مەنسۇپ كىشى: ئادەمنىڭ سۆزىدىن باتۇرغازى ھاياجانلىنىپ مۇنداق دېدى: — مەن ھازىرغىچە ئۆزۈم كۆرۈپ بەش گومىنداڭچىنى ئاتتىم، يەنە

ئۇننى ئاتسام، ئارمنىم يوق.

**گوندۋانا** ئى <جۇغ> ھىندىستاننىڭ ئوتتۇرا
قىسمىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**گوندۋانا قۇرۇقلۇقى** <گېئول> جەنۇبىي
يېرىم شاردا مەۋجۇت دەپ قىياس
قىلىنغان قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇق. ئۇ
ھىندىستانىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى گوندۋانا
دېگەن يەردە بولغاچقا، شۇ نام بىلەن
ئاتالغان. ھىندىستان يېرىم ئارىلىدا تاش
كۆمۈر دەۋرىدىن يۇرا دەۋرىگىچە جۇملـ
دىن ئاستىدىكى ئالاھىدە مورىنا قاتلىمـ
دىن بىرقەدەر ئۈستىدىكى كۆمۈر تەركىبـ
لىك قاتلاملارغىچە ئومۇملاشتۇرۇلۇپ
گوندۋانا جىنس سىستېمىسى دېيىلىدۇ.
جەنۇبىي يېرىم شاردىكى ھەرقايسى
چوڭ قۇرۇقلۇقتىن مۇشۇ دەۋردىكىگە
ئوخشاپ كېتىدىغان جىنس سىستېمىسى
ۋە قاتما بايقالغان. مۇشۇنداق ئوخشاشلىقـ
لار ۋە باشقا دەلىل ئىسپاتلارغا ئاسا-
سەن، قەدىمكى چوڭ قۇرۇقلۇققا بىر
تۇتاش «گوندۋانا قۇرۇقلۇقى» دەپ
نام بېرىلگەن. ئۇ ھايۋانات ۋە ئۆسۈملۈكـ
لەر ئالاھىدە يېتىلگەن چوڭ قۇرۇقلۇق
بۆلىكى بولۇپ، ئافرىقا، ماداغاسقار،
ھىندىستان، پاكىستان ئىككىنچى چوڭ
قۇرۇقلۇقى، ئاۋىستىرالىيە، جەنۇبىي
ئامېرىكا ھەم جەنۇبىي قۇتۇپ (ئانتاركتىـ
كا) چوڭ قۇرۇقلۇقنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.
شىمالدا، گوندۋانا قۇرۇقلۇقىغا نىسپىي
ھالدا قىياس قىلىنغان چوڭ قۇرۇقلۇق
لاۋرا قەدىمىي قۇرۇقلۇقىدۇر. ئۇ يەنە
جەنۇبىي چوڭ قۇرۇقلۇق دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گوۋۇچىڭ** ئى [خەن] ① مىنگونىڭ دەسلەپـ
كى يىللىرىدىكى زوڭتۇڭغا ياردەملىشىپ
دۆلەت ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلىدىغان
كىشى. ② ئامېرىكىنىڭ دۆلەت سېكرېتا-
رى. ئۇ زۇڭتۇڭ تەرىپىدىن تەيىنلىنىدۇ.

**گوۋۇيۇەن** ئى [خەن] ① مەركىزىي خەلق
ھۆكۈمىتى، دۆلەتنىڭ ئالىي ھاكىمىيەت
ئورگىنىنىڭ مەمۇرىي ئىجرائىيە ئورگىنى،
دۆلەتنىڭ ئالىي ئورگىنى. ئۇ زۇڭلى،
مۇئاۋىن زۇڭلىلار، دۆلەت كومىسسارلىرى،
مىنىستىرلار، كومىتېت مۇدىرلىرى، باش
مۇپەتتىش، باش كاتىپتىن تەركىب
تاپىدۇ. گوۋۇيۇەن مەملىكەتلىك خەلق
قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى
ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئۆز
خىزمىتىدىن دوكلات بېرىدۇ. ② مىنگونىڭ
دەسلەپكى يىللىرىدىكى ئىچكى كابىنېت.
زوڭلى باشچىلىق قىلغان. ③ ئامېرىكا
ھۆكۈمىتى تەركىبىدىكى تاشقىي ئىشلارنى
ئاساسلىق ۋە بىرقىسىم ئىچكى ئىشلارنى
قوشۇمچە باشقۇرىدىغان تارماق. دۆلەت
كاتىپى ئۇنىڭغا باشچىلىق قىلىدۇ.

**گويا** يۈك [پ] قىياس قىلىش، ئوخشىتىش،
سېلىشتۇرۇش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ:
قاراڭغۇ چۈشۈپ ئەتراپتا گويا ئۆلۈم جىمجىتلىقى
ھۆكۈم سۈرگەندە، ئۇلار ئۆڭكۈردىن چىقىشتى.
* ماڭدىم ئالدىراپ، مەن ئۆيگە قاراپ.
ئۇچتۇم مەن گويا، چىققاندەك قانات.

**گوياخەي** ئى. دىئال. يوپۇرماقسىز ئۆسۈملۈك.
يەردىن بىر تالla ئۈنۈپ چىقىدۇ.
بەزىلىرىنىڭ بېشىدا قالپىقى بولىدۇ،
بەزىلىرى ئۇچلۇق بولىدۇ. غولى قىزىل،
خەنزۇلار سەي قىلىپ يەيدۇ.

**گوياكى** يۈك [پ] ← **گويا**: ئۇ گوياكى
قىر-داللاردا ئەركىن باھار شامىلى بىلەن
يەلپۈنۈپ تۇرغان چىغىرتماق گۈلىدەك نەپىس
ۋە نازاكەتلىك ئىدى. * قانچە ئادەم ئۇزدا
ئالدىدا، تەنلىرىدىن بولغانتى جۇدا. ئۆركەش
ياساپ ئاققان قانلاردىن، ھاسىل بولغان
گوياكى دەريا.

**گۇئانىدىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $CH_5N_3$. رەڭسىز كرىستال، نەملىكتە ئىنتايىن ئوڭاي پارچىلىنىدۇ. ئۇ دورىگەرلىك سانائىتىنىڭ مۇھىم خام ماتېرىيالى بولۇپ، كۈچلۈك ئىشقارلىق خۇسۇسىيەتكە ئىگە. بۇنىڭ ئىشقارلىقى $NaOH$ نىڭ ئىشقارلىقىغا يېقىنلىشىدۇ.

**گۇپ** (توغرىسى: گۇپ) ← **گۇپ.**

**گۇپپاخ** ئى <قا> ھەربىي قاماقخانا.

**گۇپپاڭ** تەق [گۇپ+پاڭ] ئېغىر نەرسىنىڭ ئېگىزدىن سۇغا، يەرگە چۈشۈش ۋە باشقا بىر نەرسىگە ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز.

**گۇپپاڭ ئەتمەك** بىرەر نەرسە ياكى ھەرىكەت ئارقىلىق شامال چىقارماق، شامال پەيدا قىلماق.

**گۇپپاڭ سوقماق** سۇ ئۈزگەندە پۇتىنى پالاقتا ئوخشاش سۇغا ئۇرۇپ پولتۇڭ-پولتۇڭ قىلىپ ئاۋاز چىقارماق.

**گۇپپاڭچى** ئى. باشقىلارغا «ھە، ھۇ» دېيىشىپ بېرىدىغان، باشقىلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن داپ چالىدىغان كىشى؛ قولچوماق، چاپانچى، خۇشامەتچى، يالاقچى: — ئۇنىڭ گۇپپاڭچىلىرى كۆپ ئەمەسمۇ؟ بولسىغۇ، ئۇلارنىڭ قولىنى باغلاپ، بوينىغا تاختا ئېسىپ شەھەرنى بىر ئايلاندۇرۇۋالساققۇ تازا پەيزى بولاتتى، — دېدى پەرىزات. * يالغاندىن ھەقىقەت ئۇندۇردى قازىم، ھەق ئىشنى يالغانغا قىلدۇردى تەزىم. يالغان يالغۇز كەلسە ئېگىلمەيتتى ھەق، ئەپسۇسكى يالغانغا گۇپپاڭچى لازىم.

**گۇپپاڭچىلىق** ئى. باشقىلارغا يالاقچىلىق، خۇشامەتچىلىك، قولچوماق بولۇش ھەرىكىتى، ئىشى؛ پورداقچىلىق، چاپانچىلىق: ئۇلارغا ئوخشاش قارا نىيەتلەر يامان غەرەز بىلەن بۇ خاتالىقلاردىن پايدىلىنىپ كەتتى ۋە بۇ خاتالىقلارغا گۇپپاڭچىلىق قىلدى.

**گۇپپاڭچىلىق قىلماق** باشقىلارغا يالاقچىلىق، خۇشامەتچىلىك، پورداقچىلىق، چاپانچىلىق قىلماق، قولچوماق بولماق؛ باشقىلارنىڭ دېپىنى چالماق، دوست تارتماق: ئاباق چوڭ خەتلىك گېزىت چىقىرىپ، ئۆزىنى «تەكشۈرۈش» بىلەن بىرچاغدا، ئون نەچچە كىشى ئۈستىدە «مەسىلە» پاش قىلدى. مەھەممەت ئىمىنمۇ ئاباقنى «پاش قىلغان» قىياپەتتە ئوتتۇرىغا چىقىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا گۇپپاڭچىلىق قىلدى.

**گۇتتاتۇس** ئى [لات] <زوئول> ← **گۇتتاتۇس بېلىقلىرى.**

**گۇتتاتۇس بېلىقلىرى** <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى ئىنچىكە، ئۇزۇن، رەڭگى كۆل رەڭ، قارامتۇل كەلگەن ئۇششاق سەپكۈنلىرى بار. تەڭگىچىسى يوق. ئېغىز قىسمىدا تۆت جۈپ بۇرۇتچىسى بار. تاتلىق سۇلاردا ياشايدۇ.

**گۇچ** تەق. نەرسىلەرنى چىشلەش قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز.

**گۇچچىدە** رەۋ «گۇچ» قىلغان ھالدا، «گۇچ» قىلىپ.

**گۇچ-گۇچ** «گۇچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۇچ-گۇچ بولماق. گۇچ-گۇچ قىلماق. * يېتىلەپ بارماقتا ئاستا مېنى ئۇ، بولغۇسى غوۋغانىڭ چاغلاپ شاھتى. چىشلىرى رەشكتىن گۇچ-گۇچ قىلاتتى، قىز تاللاش جېڭگە باغلاپ بېلىنى.

**گۇچىلداتماق** «گۇچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇچىلداشماق** «گۇچىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇچىلدىماق** ① پ «گۇچ-گۇچ» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «گۇچ-گۇچ» قىلماق.

② كۆچمە. تىت-تىت بولماق، تىتىلدىماق.

**گۇدۇك** ① تەق. بوش ۋە بوم ھالەتتە چىققان ئاۋاز؛ تاۋۇش: گۇدۇك قىلماق. ② ئى. تۆت ياكى بەش ئات قوشۇلىدىغان چوڭ تىپتىكى تۆمۈر ھارۋىلارنىڭ ئاستىغا ئېسىلىدىغان يوغان بوم ئاۋازلىق قوڭغۇراق: گۇدۇك ھارۋا.

**گۇدۇك ھارۋا** بوم ئاۋازلىق يوغان قوڭغۇراق ئېسىلغان چوڭ تىپتىكى تۆمۈر ھارۋا.

**گۇدۇڭشىماق** «گۇدۇڭشىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاڭ سەھەردىن تارتىپ چىقىۋاتقان شامال ھازىرغا كېلىپ تېخىمۇ پەسلەپ، يامغۇر توختاشقا باشلىغانىدى. گەرچە بۇ سوئال ئۆز-ئۆزىگە گۇدۇڭشىش تەرىقىسىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولسىمۇ، ئابدۇكېرىم ئاباسوپ ئۇنى ئېنىق ئاڭلاپ قالغانىدى.

**گۇدۇڭشىماق** پ «گۇدۇك-گۇدۇك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، باشقىلار ئاڭلى-يالمايدىغان دەرىجىدە بوش ئاۋاز بىلەن گەپ قىلماق: ئۇلار يۇرت ئىچىگە يېتىپ كەلگەندە، ئەتراپقا قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، جىمجىت ئىدى، پەقەت دادۇي ئىشخانىسىدىلا چىراغ يېنىپ تۇراتتى ۋە شۇ ئەتراپتا كىملەر-نىڭدۇر گۇدۇڭشىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىناتتى.

**گۇدۇك-گۇدۇك** «گۇدۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۇدۇك-گۇدۇك قىلماق. * كىچىككىنە ئۆز تارىخىدا ھەرقانداق يىغىنلاردا سۆز قىلىپ باقمىغان بولغاچقا، «مېنىڭ پىكرىم بار» دېگەن چاغدا ئۇ يەر – بۇ يەردە كۈلكە ۋە شۇ ھەقتە گۇدۇك-گۇدۇك باشلانغانىدى. * گۇدۇك-گۇدۇك ئاۋازلار بارغانسېرى كۈچىيىپ ۋاراڭ-چۇرۇڭغا ئايلاندى.

**گۇدۇك-گۇدۇك قىلماق** «گۇدۇك-گۇ-دۇك» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، باشقىلار ئۇقالمىغۇدەك قىلىپ سۆزلىمەك؛ گۇدۇڭلى-ماق: ئۇستا ئالىمنىڭ ئىشكىنى ئېچىپ چىققاندىن كېيىن، سادىقنىڭ يۆلىكىگە قولاق سېلىپ، گۇدۇك-گۇدۇك قىلغان تاۋۇشنى ئاڭلىدى ۋە ئاستا-ئاستا يولغا چۈشتى.

**گۇدۇڭلاشماق** «گۇدۇڭلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇ ئاپىسىنىڭ يېنىغا يېتىپ بارغاندىن كېيىن، ئۇلار بىرنېمىلەرنى دەپ گۇدۇڭلاشتى-دە، نەگىدۇر غايىب بولدى. * كۈگۈم ۋاقتى مەكتەپ بېغىدا، ئايلىنىدۇ ئىككى جۈپ سايە. گۇدۇڭلىشار گۈل-چېچەك ئارا، باشلانغاندەك ئۇزۇن ھېكايە.

**گۇدۇڭلىماق** پ «گۇدۇك-گۇدۇك» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۇدۇك-گۇدۇك» قىلماق، گۇدۇڭشىماق: گايىت قېشىدا ئولتۇرغانلارغا بىرنېمە دەپ گۇدۇڭلىۋىدى، ئەترەت باشلىقى تۇردى ئورنىدىن تۇرۇپ بۈگۈن ئاخشامقى سەپەرۋەرلىك يىغىنىنىڭ باشلانغانلىقىنى جاكارلاپ گايىتنى سۆزگە تەكلىپ قىلدى.

**گۇردى** ئى. گايتى دۆلىتىنىڭ پۇل بىرلىكى.

**گۇرۇپپا** ئى [ر<نېم] ① بىرەر يەرگە يىغىلغان كىشىلەر، ھايۋانلار، قۇشلار ۋە ئۇلارنىڭ ئايرىم-ئايرىم ئۇيۇشقان بۆلىكى؛ توپ: بۇ يىل يېڭى ئوقۇش مەۋسۇ-مى باشلانغاندىن بۇيان ئۇنىڭ سىنىپىدىكى ئوغۇللار ھەركۈنى دەرستىن كېيىن ئىككى گۇرۇپپىغا بۆلۈنۈپ پۇتبول ئوينايدىغان بولدى. * – بۈگۈندىن باشلاپ ئىشقا چىقمايمەن. تاغ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئوقەت قىلمەن. گۇرۇپ-پاڭدىن چىقىپ كېتىمەن، – دېدى رابىيە ساتتارغا چالۋاقاپ. ② دەرس ياكى مەشغۇلات ئۆتكۈزۈشكە ئوخشاش بىرەر مەقسەت بىلەن بىرلەشكەن كىشىلەر توپى؛ ئەترەت، گۇرۇھ: خىزمەت گۇرۇپپى-سى. پارتىيە گۇرۇپپىسى. ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى.

تەتقىقات گۇرۇپپىسى. * بەزى ئوقۇغۇچىلار مەلۇم پەن گۇرۇپپىسىنىڭ پائالىيىتىگە قاتنىشىش جەريانىدا گۇرۇپپا بەلگىلىگەن كونكرېت ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداش ئۈچۈن ئۆگەنگەن بىلىملەرنى ئىشلىتىشكە توغرا كېلىدۇ. * شۇنداق قىلىپ ئۆگىنىش گۇرۇپپىسى قۇرۇلغان، بىر ئاي ئۆتۈپ ئارىدىن، ئىش ئوڭشىغا بۇرۇلغان. ③ تۈر، تارماق: «ئون ئىككى مۇقام» مۇزىكا-ئۇسسۇللار سىستېمىسى، مەشھۇر «غېرىب-سەنەم»، «تاھىر-زۆھرە»، «يۈسۈپ-ئەھمەد»، «رابىيە-سەئىدىن»، «نۇزۇگۇم»، «مايىمخان»، «سادىر پالۋان» قاتارلىقلار ناخشا-مۇزىكا گۇرۇپپىلىرى ھېسابلىنىدۇ. * قازاق تىلى ئالتاي تىللىرى سىستېمىسىدىكى تۈركىي تىللار ئائىلىسىنىڭ ئوغۇز-قىپچاق تىل تارمىقىنىڭ قىپچاق-نوغاي تىل گۇرۇپپىسىغا كىرىدۇ. ④ بىرەر ئورتاق بەلگە، خۇسۇسىيەت قاتارلىقلارغا ئائىت نەرسىلەر، ھادىسىلەر بۆلىكى، تۈركۈمى: يۇلتۇزلار گۇرۇپپىسى. سەييارىلەر گۇرۇپپىسى.

**گۇرۇپپا باشلىقى** گۇرۇپپىغا رەھبەرلىك قىلغۇچى مەسئۇل كىشى؛ يېتەكچى: ئۆگىنىش گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى. * دۈيجاڭغا ھەمراھ بولۇپ مەشۇر قاتناشقان مەشغۇلات گۇرۇپپىسىنىڭ باشلىقى ھەمراجانمۇ ھويلىغا كىرىپ كېلىۋاتاتتى.

**گۇرۇپپىلاش** ① «گۇرۇپپىلىماق» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمدىشى. ② <مات> m دانە ئوخشاش بولمىغان ئېلېمېنتتىن ھەر قېتىم n دانە ئېلېمېنتنى ئېلىپ، تەرتىپي قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر بىر گۇرۇپپا قىلىش.

**گۇرۇپپىلاشتۇرماق** «گۇرۇپپىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇرۇپپىلاشتۇرۇلماق** «گۇرۇپپىلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۇرۇپپىلاشماق** پ. گۇرۇپپا بولۇپ ئۇيۇشماق، بىرلەشمەك، كوللېكتىپلاشماق: گۇرۇپپىلىشىپ ئىشلىدۇق، يەككىلىكنى تاشلىدۇق. ھەممە خەلق بىر نىيەتتە، يېڭىلىقنى باشلىدۇق.

**گۇرۇپپىلىق** سۈپ. گۇرۇپپىغا ئايرىلغان، گۇرۇپپىلاشقان: گۇرۇپپىلىق رەسىم. گۇرۇپ-پىلىق مۇزىكا.

**گۇرۇپپىلىق رەسىم** <گ سەن> بىر گۇرۇپپا (بىرنەچچە پارچە) رەسىم ئارقىلىق بىر تېما ئىپادىلەنگەن رەسىم شەكلى. ھەربىر پارچە رەسىمنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇستەقىللىقى بولۇپ، ئۆز ئارا داۋاملىشىش مۇناسىۋىتى روشەن بولمايدۇ، ئەمما ئورتاق ھالدا مەلۇم بىر باش تېمىنىڭ تەشكىلىي قىسمى بولالايدۇ.

**گۇرۇپپىۋاز** سۈپ. مەزھەپ ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ تەرەپباز، گۇرۇھۋاز.

**گۇرۇپپىۋازلىق** «گۇرۇپپىۋاز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گۇرۇپپىۋازلىق قىلماق.

**گۇرۇھ** ئى [پ] بىرەر كۆز قاراش، ئېتىقاد، مەسىلەك بويىچە ئۇيۇشقان شەخسلەر كوللېكتىپى؛ مەزھەپ: دىنىي گۇرۇھ. ئەكسىيەتچىل گۇرۇھ. * بۇ قېتىمقىسى، بۇرۇنقى يالغۇز قىلغان ئۇششاق-چۈششەك ئوغرىلىق، يانچۇقچىلىقلىرىغا ئوخشىمايتتى. ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر تۈركۈم لۈكچەكلەر بىلەن گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشقانىدى.

**گۇرۇھچىلىق** ئى. گۇرۇھۋازلىق: گۇرۇھچىلىق ئىستىلى. گۇرۇھچىلىق ئىدىيىسى. * بىرىنچى دۇنيا ئۇرۇشى مەزگىلىدە بۇ ژۇرنال ئوتتۇرا گۇرۇھچىلىق مەيدانىدا تۇرغان، ئەمەلىيەتتە سوتسىيال شوۋىنىزمچىلارنى قوللىغان.

**گۇرۇھ-گۇرۇھ** بىرقانچە گۇرۇھ؛ توپ-توپ: گۇرۇھ-گۇرۇھ بولۇپ ئۇيۇشماق. گۇرۇھ-گۇرۇھ

ھالەتنى شەكىللەندۈرمەك. * غەزەپلەنگەن گۇرۇھ-گۇرۇھ ئادەملەر، ئارقىسىدىن يۇگۇرۇشۇپ يول ئالدى. يىگىت توپا ئۆرلەپ تۇرغان يوللاردا، قانلىق ئىزنى قوغلاپ ئۇقتەك ئات سالدى.

**گۇرۇھۋاز** سۈپ [پ] سەلب. مەزھەپ ۋە گۇرۇھ پەيدا قىلىدىغان، گۇرۇھۋازلىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان؛ تەرەپباز، **گۇرۇۋپىۋاز**: بۇنىڭدىن، گۇرۇھۋاز تەشكىلاتلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى پارتىيىنىڭ ئىچكى بىرلىكى بىلەن ياكى پارتىيە ئىچىدىكى پولاتتەك ئىنتىزام بىلەن چىقىشالمايدۇ دېگەن خۇلاسە چىقىدۇ. // سۆزۈمنى باشلىدىم، ئاڭلا، گۇرۇھۋازلار، يولى تارلار، ئومۇملۇقنى راسا داڭلا، قۇرۇپ كەتسۇن گۇرۇھۋازلىق.

**گۇرۇھۋازلىق** ئى. بىرەر گۇرۇھ كىشىلەرنىڭ ئۆز مەنپەئىتىنى كۆزلەپ باشقا گۇرۇھلار بىلەن بولغان قارشىلىشىش ھەرىكەتلىرى: بۇ ئۆچمەنلىك گۇرۇھۋازلىقلار، تۈنەك كېچىسى، پانۇس كۆتۈرۈپ رامىزان ئېيتقان كېچىلىرى، توي كېچىسى ۋە سەيلە كۈنلىرىدە بولۇپ تۇراتتى. * گۇرۇھۋاز مەزھىپى تاردۇر، ئۇنىڭدىن ھەممە بىزاردۇر؛ ئىشىغا ساختىپەز ياردۇر، قۇرۇپ كەتسۇن گۇرۇھۋازلىق.

**گۇشا** ئى. چۆگۈننى قاپقاق بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان جايى. ئاستى گىرۋەكلىك بولىدۇ.

**گۇك** تەق. دەمدەر، پاختەكلەرنىڭ سايرىشىدىن چىققان ئاۋاز.

**گۇك-گۇك** «گۇك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇنىڭ كەينىدىن بىر جۈپ پاختەك كېلىپ قوندى. پاختەكنىڭ بىرى «گۇك-گۇك» قىلسا، يەنە بىرى «خوتۇنىدىن قورقىدۇ»غا سايرىغىلى تۇردى.

**گۇ-گۇ** ← **گۇك-گۇك**: گۇ-گۇ قىلىپ سايرايدۇ، جۈجەم بېشىدا پاختەك. سەن ئۆزۈڭنى ماختايسەن، ھەيىنى شەھەردە يوقتەك.

**گۇگۇت** (توغرىسى: گۇڭگۇرت) ← **گۇڭگۇرت**.

**گۇگۇكلاشماق** «گۇگۇكلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇگۇكلىماق** پ «گۇگۇك» قىلماق، «گۇگۇك» قىلىپ سايرىماق: سادىق ئۇنىڭ ساغرىسىغا قاتتىق بىر تەپتى، ئۇ دوملاپ بېرىپ سىم ياغاچقا شۇنداق ئۇستىكى سىم ياغاچنىڭ ئۇچىدا گۇگۇكلاپ ئولتۇرغان پاختەكمۇ كۆررىدە ئۇچۇپ كەتتى.

**گۇگۇلدىماق** پ ← **گۇگۇكلىماق**: راۋاقلارنىڭ قارلىغاچ قانىتىدەك كېرىلگەن لەمپىلىرى ئاستىدا سانسىز كەپتەرلەر گۇگۇلدايتتى.

**گۇگۇلىماق** پ ← **گۇگۇكلىماق**: بولۇق زىرائەتلەر، ئاقىرىپ تۇرغان دېھقان ئۆيلىرى، پەغەزلەردىكى گۇگۇلاپ ئۆز جۈپتىگە قانات سۆرەۋاتقان كەپتەرلەر، ئاخىرقى چەشلەرنى تېپىۋاتقان دېھقانىنىڭ مۇڭلۇق «لاي-لاي»لىرى يۈرەك تارىلىرىمنى تىترىتىپ، باللىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالدى.

**گۇگۇم** ئى. كەچتە نامازشام ئارىلىقىدىكى، ئەتىگەندە تاڭ يورۇش مەزگىلىدىكى قاراڭغۇلۇق: گۇگۇم چۈشمەك. گۇگۇم ۋاقتى. * ھاجى توختى شۇ گەپلەرنى ئېيتتى-دە، ئايالىغا مەنىلىك قاراپ قويۇپ، سەھەر گۇگۇمىدا ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. * پەقەت ئۇلار كەچكى گۇگۇم ئالدىدىن، سەن يوقالغان شۇ ياقلاردا پارلايتتى. كېيىن يۇلتۇز پەيدا بولۇپ ئاسماندا، سېنىڭ ئاشۇ كۆزلىرىڭدەك چاقنايتتى.

**گۇگۇم چۈشمەك** كەچ كىرىپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماق، قاش قارايماق: كەچ كىردى، ئورمىچىلار ئىشتىن قايتتى. ئەتراپتا پادىدىن قايتقان قويلارنىڭ مەرەشلىرى،

كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلىنىپ، ئۇزۇن ئۆتمەيلا قاش قارىيىپ گۇگۇم چۈشتى. * هارۋا داۋاندىن ئېشىپ، تۆزلەڭ، بىخەتەر يولغا چىققاندا، ئاللىقاچان گۇگۇم چۈشۈپ كەتكەنىدى.

**گۇگۇم ۋاقتى** كەچ كىرگەن، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقان، قاش قارايغان ۋاقىت: مېھمانلار خۇش چاقچاق، كۈلكە ئىچىدە تاماق يەپ بولۇشتى-دە، گۇگۇم ۋاقتى بىلەن شەھەرگە قايتىشتى. * كۈن قاراڭغۇلىشىپ كېلىۋاتاتتى، نەم گۇگۇم ۋاقتى ئۇنىڭ كۆڭلىگە پاراكەندىچىلىك سالدى.

**گۇگۇملاشماق** پ. كەچ كىرىپ ئەتراپ قاراڭغۇلاشماق، قاش قارايماق: ئۆينىڭ ئىچى بارغانسېرى گۇگۇملىشىپ، ئىچىدىكى ئادەملەرنى خىيالىي بىر گەۋدىلەرگە ئايلاندۇرماقتا.

**گۇڭ** I تەق. قوڭغۇز، قارا ھەرە قاتارلىق ھاشاراتلار ئۇچقاندا چىقىدىغان ئاۋاز: گۇڭ-گۇڭ قىلماق. * قاپقىم گۇڭ-گۇڭ قىلىدۇ، ئىچىدە قوڭغۇز بارمىكىن. مىنى تاشلاپ كەتكەن شۇ يارنىڭ، يۈرەكىدە تاش بارمىكىن.

**گۇڭ** II ئى [خەن] ① جان ت. ئىش كۈنى: گۇڭ خاتىرىلىمەك. * ئۇنىڭغا يىلىغا 300 گۇڭ بېرىدىكەن. بىر گۇڭ ئۈچ موچەن ئىكەن، بىر يىل ئىشلىسە، بوۋاي ئاران 90 يۈەن ئالىدىكەن. ② يەر ئۆلچەش ئەسۋابى: — قېنى قايسى نوچى يېرىمگە گۇڭ سېلىشقا پېتىنىدىكەن، قاڭشىرىنى ئېتىلدۇرۇۋېتىمەن!، — دەيتتى روزىمەت قولىدىكى يوغان چالمىنى كۆرسىتىپ.

**گۇڭ سالماق** يەر ئۆلچەش ئەسۋابى بىلەن ئۆلچىمەك: خېلىل ئۇنىڭ ئېگىز گەۋدىسىگە خۇددى تال بوستانغا قارىغاندەك قادىلىپ: — ئۇنداق قىلما، يېرىڭگە گۇڭ سالسۇن، — دېدى.

**گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ** ئەجرىگە تۇشلۇق مەنپەئەت يوق، ئەجرىنى تۆلىيەلمەيدۇ: بۇ ئىشنى قىلمىز دەپ ۋاقتنى ئىسراپ قىلمايلى، گۇڭ كۆتۈرمەيدۇ.

**گۇڭ** III ئى [خەن] ۋاڭنىڭ بىرىنچى ئوغلى ياكى ئوغلى بولمىسا بىرىنچى ئىنىسىغا بېرىلىدىغان ئىز باسارلىق ئەمەل. بۇنى خان بەلگىلەپ يارلىق چۈشۈرىدۇ.

**گۇڭ** IV ئى. دىئال. غۇم، ئاداۋەت.

**گۇڭپۇڭ** ئى [خەن] جان ت. يېزا ئىگىلىك كوپىراتىپى ۋە گۇڭشېلاردا ئەزالارنىڭ ئەمگىكىگە يارىشا ھېسابلىنىدىغان ھەق؛ ئىش نومۇرى: گۇڭپۇڭ ئالماق. گۇڭپۇڭ بەرمەك. * — ئايشەمخان، — دەپتۇ رەجەپ پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۆيلىرىدە يەيدىغان نەرسە قالمىسا تارتىنماي ماڭا دەۋەرسىلە، پۇل لازىم بولسىمۇ تارتىنمىسىلا، گۇڭپۇڭلىرىدىن غەم قىلمىسىلا، پەقەت قىلغىنىمىزنى ئۇنتۇپ قالمىسىلا بولغىنى.

**گۇڭتۇر** ئى [خەن] جان ت. مەلۇم بىر ئىشنى ھۆددىگە ئېلىپ ئەمگەك كۈچى ياللايدىغان شەخس: ئاۋۇت دېگەن گۇڭتۇرى، ئېسىپ قويدى ئاسمىنى. گۇندىخانا جايىڭ دەپ، سولاپ قويدى قاسىمنى.

**گۇڭگۇرىماق** پ ① «گۇڭ-گۇڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۇڭ-گۇڭ» قىلماق (يېشىغا يەتمىگەن بوۋاق باللارنىڭ تىلى ھەققىدە): يالغانچىنىڭ چىرايلىق سۆزىدىن بوۋاقنىڭ گۇڭگۇرىشى ياخشى (ماقال). * تاغدەك قەد كۆتۈرگەن چەشنىڭ ئۈستىدە، تۇغلارنىڭ قاراسلاپ يەلپۈنۈشىدىن؛ بەختىيار بوۋاقنىڭ ئۆز ئانىسىغا بىر تاتلىق گۇڭگىراپ تەلپۈنۈشىدىن. ② كۆچمە. ئىچىدە سۆزلەپ، ئېنىقسىز بىرنېمىلەرنى دېمەك، گۇڭگۇلدىماق: — گۇڭگۇرىماي ماڭ، تېز بېرىپ كەلمىسەڭ بولمايدۇ، — دېدى ئوغلىغا.

**گۇڭشي** ئى [خەن] ← **خەلق گۇڭشىسى** .

**گۇڭشىلاشتۇرماق** « گۇڭشىلاشماق » پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزا ئىگىلىكنى كوپېراتسىيىلەشتۈرۈش ۋە گۇڭشىلاشتۇرۇش ھەرىكەتلىرى ئېلىپ بېرىلدۇ.

**گۇڭشىلاشتۇرۇلماق** « گۇڭشىلاشتۇرماق » پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۇڭشىلاشماق** پ. يېزا ئىگىلىكىدە دېھقانلارنىڭ يەككە ئىگىلىكى كوللېكتىپ ئىگىلىككە ئۆزگەرمەك، كوممۇنا تۈزۈمى ئورنىتىلماق: ئۇ دېھقانلارنىڭ ئۇيۇشمىسىنىڭ جۇرنىلى، سوڭجاڭ، زۇجاڭ، كوپېراتسىيىنىڭ جۇرنىلى، گۇڭشىلاشقاندا دادۇيجاڭ، دادۇي ياچېيكا شۇجىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئىشلەپ كەلدى.

**گۇڭگا** سۆپ. ئېنىق كۆرۈنمەيدىغان، تۇتۇق؛ خىرە، غۇۋا: گۇڭگا كۆرۈنمەك. گۇڭگا يورۇماق. // كىچىككىنە لامپا ئۆينى گۇڭگا يورۇتۇپ تۇراتتى. * ئۇ يەنە ئېغىر غەمگە پاتتى، بىر قاتار گۇڭگا تەسەۋۋۇرلار، روشەن ئەسلەشلەر تاڭ ئاتقۇچە ئۇنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ چىقتى.

**گۇڭ-گۇڭ** « گۇڭ I » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۇڭ-گۇڭ قىلماق.

**گۇڭ-گۇڭ قىلماق** گۇڭگىرىماق.

**گۇڭ-مۇڭ** ← **ھال-مۇڭ**: – بۈگۈن ئاخشام ئۇخلىماي بىردەم گۇڭ-مۇڭ بولايلى، ھەممىدىن جانىنىڭ ساقلىقى ئەۋزەل، – دېدى ئۇ رەپىق ئاكىغا يېقىنراق يەرگە سۈرۈلۈپ.

**گۇڭگۇرلاشماق** « گۇڭگۇرلىماق » پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئۆزئارا گۇڭگۇرلاشقان ئاۋازلار كۆتۈرۈلدى.

**گۇڭگۇرلىماق** پ گۇڭگۇر-مۇڭگۇر قىلىپ ئاۋاز چىقارماق؛ پەس ئاۋاز بىلەن سۆزلىمەك: ئۇ قايتىش ۋاقتىدا گاستىنىڭ قولىنى چىڭ قىسىپ تۇرۇپ، بىر نېمىلەرنى دەپ گۇڭگۇرلىغاندا، تەرجىمان: « رەھمەت سىزگە، ئۇيغۇرلارنىڭ مېھماندوست خەلق ئىكەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم. قوغۇنىڭىز ئىنتايىن تاتلىق ئىكەن » دەپ ئۆرۈپ بەرگەنىدى. * ئىشىككە يېقىنلىغانسېرى ئۆيدىن گۇڭگۇرلىغان ئادەم ئاۋازى ئاڭلاندى.

**گۇڭگۇر-مۇڭگۇر** ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق كىشىلەرنىڭ پەس ئاۋازدا قىلغان پارىڭى ۋە شۇنداق پاراڭ ئاۋازى: – بىز بۇرۇن قوشنا ئىدۇق، ئەمدى تۇغقان بولدۇق، يۈرگىنە گۇڭگۇر-مۇڭگۇر بىر چىنە ئىسسىق چاي ئىچەيلى، – دېدى ئۇ. * ئۇلار گۇڭگۇر-مۇڭگۇر پاراڭ بىلەن سۇنۇرنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى.

**گۇڭگۇلداتماق** « گۇڭگۇلدىماق » پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۇڭگۇلداشماق** « گۇڭگۇلدىماق » پېئىلنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۇڭگۇلدىماق** پ. باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك دەرىجىدە سۆزلىمەك، ئېنىقسىز بىر نېمىلەرنى دېمەك: ئۇ گۇڭگۇلداپ بىر نېمىلەرنى سۆزلىگەندەك قىلدى، يېقىنراق كەلگەندە، پەس ئاۋاز بىلەن بىرنەرسە ئوقۇۋاتقانلىقى بىلىندى. * ئۇستام كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ، بىر كالتە ئاھاڭدا ئىچىدىن گۇڭگۇلدايتتى.

**گۇلا** ئى. ھەربىر ئۆرۈشكە چىگىلگەن بۆز يىپلارنى تۇتۇپ تۇرىدىغان تاياقچە.

**گۇلا باغلىماق** ئۆرۈش يىپىنى گۇلاغا چىگمەك.

**گۇلا چوپسا** گۇلاغا يىپلارنى چىگىشتە ئىشلىتىلىدىغان ئۆلچەملىك ياغاچ.

**گۇلاب** ئى [پ] ① ئەتىرگۇل سۈيى: تەمسىمەلىكنى كۆرۈپلا بىرنەچچە قېتىم ھوشىدىن كەتتى. مەلىكىنىڭ ئادەملىرى ئۇنىڭ يۈزلىرىگە گۇلاب چېچىپ ھوشىغا كەلتۈردى. ② ئەتىرگۇل سۈيىدىن قىلىنغان شەربەت: گۇلاب ئىچمەك. * قەدەھتە ئويناپدۇ لالەرەڭ شاراب، نە شاراب، پۇرىقى بەئەينى

گۈلاب. گۈپ قىلىپ بىرىولى سۇمۇرگەندە
مەن، غۇژژىدە كەتتى ئۇ تومۇرغا تاراپ.
**گۈلاب-شاراب** گۈلاب ۋە شاراب: گۈلاب-شا-
راب ئىچىشتۇق. كەچ بولدى ياتتۇق.
**گۈلابىي** سۈپ. ئەتىرگۈل نۇسخىسىدىكى،
ئەتىرگۈللۈك.
**گۈلابىي ياغلىق** ئاياللارنىڭ بېشىغا
ئارتىدىغان، ئوتتۇرىسىغا ئەتىرگۈل نۇسخى-
سى چۈشۈرۈلگەن، چۆرىسىگە پۆپۈك
ئىشلەنگەن بىر خىل رەڭدار ياغلىق:
توي توغرىسىدىكى مالامەت گەپلەرنى ئويلاپ
خورسىنغان ھالدا، بىر جۈپ ئالتۇن بىلەزۈك،
ئالتۇن سۆكە، كەشمىرنىڭ گۈلابىي ياغلىقنى،
ھەتتا چۈشۈمدە كۆرمىگەن، ئىسمىنمۇ ئاڭلىمىغان
نەرسىلەر — دە!
**گۈلاخ** ئى [پ] ھاممام (سەراپ) ئوچىقىنىڭ
ئالدىدىكى كۈل چۈشىدىغان ئازگال.
**گۈلدىر** ئى. سۇرىنام دۆلىتىنىڭ پۇل
بىرلىكى.
**گۈم** I تەق. زەمبىرەك، بومبا قاتارلىقلارنىڭ
ئېتىلىشى، پارتلىشى ۋە بىر نەرسىنىڭ
ئىككىنچى بىر نەرسىگە قاتتىق ئۇرۇلۇشى
قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: بومبا «گۈم»
قىلىپ پارتلىدى. * توساتتىن يېقىنلا يەردە
«گۈم» قىلىپ پارتلىغان ئاۋاز ئۇنى قاتتىق
چۆچۈتۈۋەتتى.
**گۈم** II سۈپ [پ] مەۋجۇت بولمىغان،
مەۋجۇت ئەمەس؛ يوق: گۈم بولماق.
گۈم قىلماق.
**گۈم بولماق** يوقالماق، تۈگىمەك، تارمار
بولماق: ئىنسانلار ئالەمنىڭ چوڭقۇر يېرىنى
كۆرۈپ، نەچچە مىليارد يىلنى ھېسابلىغان
ئالەم سائىتىنىڭ چىك-چاك ئاۋازىنى ئاڭلىغان
سامانيولى سىستېمىسىنىڭ قانداق گۈم بول-
دىغانلىقىنى كۆرگەندىن تارتىپ، ۋاقىت تېخىمۇ
قورقۇنچلۇق بىلىنىدىغان بولدى. * زۇلۇمنىڭ
پىچىقى پاتقاندا جانغا، غەزەپلەر ئوق بولدى
قانخور چايانغا. گۈم بولدى زالىملار، پۈتتى
دەرد-ئەلەم، قوغلىنىپ بۇلۇتلار يورۇدى ئالەم.
**گۈم قىلماق** يوقاتماق، تۈگەتمەك،
تارمار قىلماق: نىزامىدىن بېشىنى قاتتىق
سىلكىپ: — پوتەينى گۈم قىلماي تۇرۇپ
ھۇجۇمغا ئۆتۈش — ئۆزىمىزنى ئۆلۈمگە تۇتۇپ
بېرىش بىلەن باراۋەر! — دېدى. * لوپنۇرنىڭ
شىمالىدا باستىم تالاي يول، ئۇچراتتىم
كۆمۈلگەن قەدىم شەھەرنى. ئويلىدىم ئون
توققۇز ئەسىر مۇقەددەم، ھاياتنى بۇندا گۈم
قىلغان خەتەرنى.
**گۈممىدە** رەۋ «گۈم» قىلىپ ئاۋاز
چىقارغان ھالدا، «گۈم» قىلىپ:
گۈممىدە پارتلىماق. گۈممىدە تەگمەك.
**گۈماشتا** ئى [پ] باشقىلار تەرىپىدىن
قويۇلغان، شۇلارنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن
خىزمەت قىلىدىغان شەخس: سىز خېلى
سابىق گۈماشتا بولغۇدەكسىز. لېكىن ماڭا
نەيرەڭۋازلىق كەتمەيدۇ! بولمىسا ماڭلىيىڭىزغا
بىر ئوق يەيسىز-دە، ئۆزىڭىزنى چوڭقۇردا
كۆرۈۋېرىسىز!
**گۈمان** ئى [پ] پەرەز، قىياس، تەخمىن؛
شەك، شۈبھە: گۈمان چۈشمەك. گۈمان
قىلماق. گۈمان تۇغۇلماق. گۈمان بىلەن
سۆزلىمەك. * بىز بىر سائەتتەك ئولتۇرۇپ،
سەيداق بىلەن خوشلىشىپ قايتتۇق، ماڭا
قانداقتۇر بىر گۈمان ئارام بەرمەيتتى. *
ئالىمجاننىڭ بۇ ئورۇنسىز گۈمانلار بىلەن قىلىپ
يۈرگەن كۈلكىلىك ئىشلىرى مەستۇرىنىڭ
ئۆغىسىنى قايىنىتىشقا باشلىدى. * گۈمان چالدى
بۇ بېشىمنى، مېنى يوقلار كىشى بارمۇ؟
قەلەندەر سۈپىتى بولدۇم، بىراۋ بىرلەن
ئىشىم بارمۇ؟
**گۈمان پېئىلى** <تىل> ئىش-ھەرىكەت-
نىڭ بولۇشىنى گۈمان-تەخمىن يولى

بىلەن ئاڭلىتىدىغان پېئىللار. مەسىلەن، بارارمىز، كېلەرمىز، قىلارسىز، ئېيتارسىز.

**گۇمان چۈشمەك** گۇمان، شەك پەيدا بولماق؛ شۈبھىلەنمەك: ئۇ يېزىشنى باشلاشتىن بۇرۇن گۈلباھارنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىقتى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى. * ھاۋانى تۇمان باستى، ئاينى كۆرگىلى بولماس. كۆڭلۈمگە گۇمان چۈشتى، يارنى سۆيگىلى بولماس.

**گۇمان قىلماق** مەلۇم جەھەتتە بىراۋنىڭ ئىش-ھەرىكىتىگە شەك كەلتۈرمەك، شۈبھىلەنمەك: تاڭ ئېيتىپ، شاھزادە گۆھەرلەرنىڭ ئوغرىلانغانلىقىنى بىلىپ، زەرگەرنىڭ بالىسىدىن گۇمان قىلغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ئەھۋالنى ئېيتىشنىڭ پايدىلىق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلىپ، ھېچكىمگە ئېغىز ئاچماپتۇ. * ئانىسى قىلغاندا قۇرباندىن گۇمان، توسۇۋالدى ئاغزىنى قىز شۇ ھامان.

**گۇمان-ئەندىشە** گۇمان ۋە ئەندىشە: ئۇ ئۆزىنىڭ چىقىش ئالدىدىكى گۇمان-ئەندىشىلىرىنى ئېيتىپ، مەخسۇمنى جىلمىگىلى تۇردى.

**گۇمانخور** ① سۈپ. گۇمان قىلىدىغان، گۇمان قىلىشقا ئادەتلەنگەن، ئىشەنمەيدىغان: ئۇ «سەن تازا گۇمانخور بىرنېمە بولۇپ قالغانغا ئوخشايسەن» دەپ مەندىن رەنجىگەنىدى. * ئۆزئارا ئىشەنمەسلىك ئورۇقى ھەممە يەرگە سىركىدەك تېرىلىپ كەتتى. ئەمەت ئۇستا گۇمانخور بولۇپ قالدى ۋە دائىم مەست يۈرەتتى. ② ئى. دائىم گۇمان قىلىپ يۈرۈيدىغان ئادەم: گۇمانخور دېگەننىڭ ئادىتى گۇمان قىلىش بولماي نېمە بولاتتى.

**گۇمانخورلۇق** ئى. گۇمان قىلىش ئادىتى: چولاق مەزىن بوۋاينىڭ گۇمانخورلۇقىدىن خاپا بولدىمۇ ياكى باشقا بىر دەردى بارمۇ، چىرايى بولۇتلۇق ئاسماندەك تۇتۇلغانىدى. * ئۇ ھازىرمۇ مەنمەنلىك قىلاتتى، شۇ رەشىك ۋە گۇمانخورلۇق تۈرتكىسىدە يېڭى-يېڭى جىنايەتلەرنى ئىشلىمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئۇ يەنىلا سەزمەيتتى.

**گۇمانسىرىماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى ئادەم، نەرسىدىن بىرئاز گۇمان قىلماق، شۈبھىلەنمەك: نۇراخۇن بۇ گەپنى ئاڭلاپ، سەل گۇمانسىراپ سادىققا قارىدى، چىرايىدا قانداقتۇر چۈشەنمەسلىك ئالامەتلىرى سايە تاشلاپ ئۆتتى. * ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق ۋە ئاۋازلىق كۈلدىكى، يولدا كېتىۋاتقانلاردىن بىرنەچچەيلەن بۇ ئىككىيلەنگە گۇمانسىراپ قاراپ قويۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

**گۇمانسىز** رەۋ. گۇمان قىلماي، شەكسىز، شۈبھىسىز: شوپۇر ئەمدى شائىرنىڭ ئۆلپەتلىرىگە گۇمانسىز ئىشەنگەنىدى.

**گۇمانسىزلىق** «گۇمانسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**گۇمانلاندۇرماق** «گۇمانلانماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شەرىپنى ھاراق ئارىلاش كۆپۈلدەپ پۇراۋاتقان ئاياللارنىڭ ھۆسن مايلىرى گۇمانلاندۇردى.

**گۇمانلانماق** پ. بىرەر ئىش-ھەرىكەت ياكى ئادەم، نەرسىدىن گۇمان قىلماق، شۈبھىلەنمەك: ئىلياز خوجا گۇمانلانغان ھالدا قازىغا قاراپ قويۇپ جىم ئولتۇردى. * ئۇنى بىرەر ئىشتا ماختاشمۇ، ئەيىبلەشمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى، ھەممىدىن گۇمانلىناتتى.

**گۇمانلىق** سۈپ. شەك، شۈبھە تۇغدۇرىدىغان، ئىشىنىپ بولمايدىغان؛ شۈبھىلىك: گۇمانلىق ئادەم. * توختى چولپانخان ئانىنىڭ روھىي ھالىتىنى چۈشىنەلمەي گۇمانلىق قاراپ ئولتۇراتتى. دوختۇر ئۇنىڭغا يەنىلا گۇمانلىق نەزىرى بىلەن تىكىلدى.

**گۇمانلىق جىنايەتچى** <قا> جىنايى ئىشلار دەۋالىرىدىكى جىنايىتى بار دەپ

گۈمان قىلىنغان، ئەمما راستلىقى ئىسپات-
لانمىغان كىشى.

**گۈمانىزم** ئى [ر<لات] <ئەد> ئىنسانپەرۋەر-
لىك.

**گۈمانىست** ئى [ر] گۈمانىزمنى ياقلىغۇچى،
گۈمانىزم تەرەپدارى، كىشىلىك ئەركىنلىك-
نى ھىمايە قىلغۇچى؛ ئىنسانپەرۋەر.

**گۈمانىي** سۈپ [پ] گۈمان قىلىنغان، گۈمانغا
ئاساسلانغان؛ تەخمىنىي، پەرەزىي:
گۈمانىي قاراش. گۈمانىي تۇيغۇ. * سەپداش-
لار ئاخىرىدا «بوۋاينىڭ سۆزلىرىدە ھېكمنۇرغا
قارىتا شەخسىي غەزەپتىن كېلىپ چىققان
گۈمانىي قاراشلار بولۇشى مۇمكىن» دېگەن
پەرگە كەلدى.

**گۈمبا-گۈمباڭ** ← **گۈمباڭ-گۈمباڭ**: ئۇزۇن
ئۆتمەيلا ئايرودرومدا پىلىموت، ئاپتومات،
مىلتىقلاردىن ئېتىلغان شىددەتلىك ئوق ئاۋازى
ۋە قول بومبىلىرىنىڭ گۈمبا-گۈمباڭلىرى
كۆتۈرۈلۈپ، جاھاننى لەرزىگە سالدى.

**گۈمباڭ** تەق. تاغ پارتلىتىش، توپ-زەمبىرەكلەر-
نىڭ ئېتىلىشى قاتارلىقلاردىن چىققان
ئاۋاز.

**گۈمباڭ-گۈمباڭ** «گۈمباڭ» سۆزىنىڭ
تەكرارلىنىشى: قىزىق قارىغاي دېگىنىڭدىن
يامغۇر تامچىسى پەقەت ئۆتمەيدىكەن، شۇ
يەردە شارقىراپ يېغىۋاتقان يامغۇرغا قاراپ
تۇراتتۇق، «گۈمباڭ-گۈمباڭ» قىلغان ئاۋاز
چىقتى.

**گۈمپا** ئى [خەن] ① بىرەر ئىش، ھۈنەركەسپ-
تىن ئىگىلىگەن ماھىرلىق، ئۇستىلىق؛
ماھارەت: گۈمپا ئىگىلىمەك. گۈمپا كۆرسەت-
مەك. يەڭلىرىمنى شىمايلاپ گۈمپامنى
باشلىۋەتتىم. ئۈچ كېچە تۇغ باغلىدىم،
قان قىلدىم. ② چامباشچىلىق ماھارىتى:
مانجۇلاردىن گۈمپا ئۆگەنگەن نادىرخاننىڭ،
ئابلىز قارىنىڭ ھەممە ئادىمىنى بىر پەشۋا
بىلەنلا سۇۋارىسىغا ياتقۇزۇۋېتەلەيدىغىنىغا
ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.

**گۈمپا كۆرسەتمەك** بىرەر ئىش، ھۈنەر-
كەسپتە سەنئىتىنى، ئۇستىلىقىنى نامايان
قىلماق؛ ماھارىتىنى ئاشكارىلىماق: —
گۈمپاڭنى بىر كۆرسىتىپ قويە، — دېدىم
مەن ئۇنىڭغا.

**گۈمران** سۈپ [پ] يوقالغان، يوق قىلىپ
تاشلانغان، يوقىتىلغان؛ ۋەيران: گۈمران
ئەيلىمەك. گۈمران بولماق. گۈمران قىلماق.
* ئەمدى خاراب ئەھۋالىڭ، ئاقماس مىكىر-ئاما-
لىڭ. يېقىنلاشتى زاۋالىڭ، تەختى گۈمران
تەخسكەش. * گۈمران بولۇپ زالىملار، ئېلىڭ
ئالغاچ كەلڭ نەپەس. كەلڭ ئالەمگە چىقتىڭ
سەن، جاھان بولدى ھەمنەپەس.

**گۈمران ئەيلىمەك** ← **گۈمران قىلماق**:
ئۆچۈرەلمىدى ئوتنى شۇم قاۋان، مىلتىق،
پىلىموت، گرانات، زىندان. يولدىكى قات-قات
مۇشكۈل توساقنى، شانلىق چېلىشلار ئەيلىدى
گۈمران.

**گۈمران بولماق** يوقالماق، گۇم بولماق،
ۋەيران بولماق: ئاسىيادا ياپون باسمىچىلىرى-
نىڭ شەرتسىز تەسلىم بولۇشى بىلەن دۇنيادا
ئۇرۇش ئاپىتى پەيدا قىلىۋاتقان ھاكىمىيەتلەر
ئۈزۈل-كېسىل گۈمران بولدى.

**گۈمران قىلماق** يوقاتماق، گۇم قىلماق،
يوقىتىپ تاشلىماق، ۋەيران قىلماق: راست
دېگەنىدەك لۈتپۇللا ئۆز شېئىرلىرىنى
«سىياسىي مەزمۇن بىلەن سۇغىرىپ،
غەپلەتتە قالغان خەلقنى ئويغىتىپ، كونا
دۇنيانى گۈمران قىلىشقا ئىشلەتتى». *
بۈگۈن بىز فاشىزم تەختى-بەختىنى،
گۈمران قىلىپ كولدۇق چوڭقۇر گۆرىنى.
قۇياشتىن نۇر ئېلىپ قىزاردى ئۈپۈق،
قۇچىمىز بەختىيار شۇ تاڭ نۇرىنى.

**گۈمرانچىلىق** ئى. گۈمران بولغان ھالەت،

گۇمرانلىق ھالىتى؛ ۋەيرانچىلىق: بىز پەقەت «تراگېدىيە يازمەن دەپ پاجىئەنى يېزىۋەرمىسۇن، مەڭگۈ ئىستىقبالسىز قىلىپ كۆرسىتىۋەرمىسۇن، كىشىدە ئىنسانىيەت پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك گۇمرانچىلىق تۇيغۇسىنى پەيدا قىلىپ قويمىسۇن» دەۋاتىمىز.

**گۇمرانلىق** «گۇمران» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**گۇمراھ** سۈپ [پ] يېزت. يولدىن ئازغان، ئاداشقان، يېڭىلگەن: ئەزەلدىن ۋىجدانسىز نامەردلەر ھىيلىلەر قىلىپ، ۋىجدان ئەھلىنى بوزەك قىلماقنى ئىزلەيدۇ. ۋە لېكىن، بۇ يەڭلىغ كۆڭلى قارا گۇمراھلار، قىساس بازغىنىدا يانجىلىدۇ، يەر چىشلەيدۇ.

**گۇم-گۇم** «گۇم I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: «گۇم-گۇم!...» دەرۋازىنى يېرىۋەتكۈدەك ئۇرۇلغان مۇشت ساداسى قۇددۇسنىڭ خىيال يىپلىرىنى ئۈزۈپ تاشلىدى.

**گۇناھ** ئى [پ] ① ئەقىدىلەرگە خىلاپ، ئەدەب-ئەخلاق دائىرىسىدىن چەتنىگەن ئىش، ھەرىكەت: بەرگەن خۇداغا يېقىن، بەرمىگەن گۇناھقا يېقىن (ماقال). * خوپ دېسىڭىز، گۇناھدىن كۆرە ساۋابلىرى كۆپرەك ئاشاتتى! * — پاتىمە مۇئەللىمدە گۇناھ يوق! ئۇنىڭغا نېمانچە يېپىشىۋالىسىلەر؟ مەنلا مەكتەپتىن كەتسەم ئىش پۈتمەدىمۇ؟ — دېدى ئۇ. ② جىنايەت، خاتالىق: گۇناھىنى يۇماق. گۇناھىدىن ئۆتمەك. گۇناھىنى تىلىمەك. * ساقچىلار ياش چوكاننى كۆكرىكىگە قىلىچ تىقىپ ئۆلتۈرگەنىدى. بىراق، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇناھ يوق ئىدى. * — ئەي يارەنلەر، ئەي ئاقسۇلۇق يۇرتداشلار، سىلەر گۇۋاھ بولۇڭلار، بۇنىڭدىن باشقا مېنىڭدە ھېچقانداق گۇناھ يوق. ئۆز خەلقىنىڭ ئازادلىقى ئۈچۈن زالىملارغا قارشى كۈرەش قىلغان كىشىدە گۇناھ بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ.

**گۇناھ قىلماق** گۇناھ ئۆتكۈزمەك، جىنايەت سادىر قىلماق: — مۇنداق دۇئاغا نېچۈك تىلىڭ باردى؟ — دەپ ئاچچىقلاپتۇ ئۇ. — سەن تېزرەك ئۆلسەڭ، ئۆزۈڭگىمۇ، پۇقراغىمۇ ياخشى، ئۆزۈڭ گۇناھ قىلىشتىن قالىسەن، پۇقرا سېنىڭ زۇلمىڭدىن قۇتۇلىدۇ —، دەپتۇ زاھىت.

**گۇناھ ئۆتكۈزمەك** گۇناھ، جىنايەت سادىر قىلماق؛ گۇناھ قىلماق: — مەن ھېچقانداق گۇناھ ئۆتكۈزمىدىم، — دېدىم ئورنۇمدىن دەس تۇرۇپ، — بارمايمەن! سېنىڭ ماڭا ۋارقىرايدىغان ھەققىڭ يوق!

**گۇناھىدىن كەچمەك** گۇناھ، جىنايىتىنى ئەپۇ قىلماق، كەچۈرمەك: — سېنىڭ بارات بىلەن مۇناسىۋىتىڭ قانداق؟ — بىلمەيمەن، بىر-بىرىمىزنىڭ گۇناھىدىن كەچكەندەك تۇرىمىز.

**گۇناھىدىن ئۆتمەك** ← **گۇناھىدىن كەچمەك**: ئېلى نۇرىدىن قولىدىكى قىلىچنى يەرگە قويۇپ خەلىپىگە قاراپتۇ: — ئۇنىڭ گۇناھىدىن ئۆتۈڭ خەلىپەم، — دەپتۇ. * يىقىلسام مەن يارغا قاچان سەن قولۇمدىن تۇتىسەن، خۇددى شۇنداق بۇ قېتىممۇ گۇناھىمدىن ئۆتىسەن.

**گۇناھىنى تىلىمەك** گۇناھىنى كەچۈرۈشنى، ئەپۇ قىلىشنى ئۆتۈنمەك؛ كەچۈرۈم قىلىشنى سورىماق: ئۇ ئۇ يان ئويلىدى، بۇيان ئويلىدى، ئاخىرى يۇرت چوڭلىرىدىن ئوغلىنىڭ گۇناھىنى تىلەش قارارىغا كەلدى.

**گۇناھىنى گەدىنىگە ئالماق** گۇناھىنى، جىنايىتىنى ئىقرار قىلماق؛ بويىنىغا ئالماق: بىرى قاسىم ئاكىنىڭ پېشانىسىگە نوقۇدى، يەنە بىرى كەينىدىن كېلىپ ئۇنىڭ گەجگىسىدىن باستى ۋە: — ئاممىغا باش ئەگ، گۇناھىڭنى گەدىنىڭگە ئال! — دېدى.

**گۇناھىنى يۇماق** ياخشى ئىش قىلىپ،

خىزمەت كۆرستىش ئارقىلىق خاتالىقنى تۈزەتمەك: ئۆتكەن ئىش ئۆتتى. ھەرنېمە قىلغان بىلەنمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئۇنداق قىلماي ماڭا گۇناھىمنى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىڭ.

**گۇناھ يېزىش** <ماثار> خاتالىق سادىر قىلغۇچىلارغا بېرىلىدىغان بىر خىل جازا. مەملىكىتىمىزدىكى مەكتەپلەردە خاتالىق-نىڭ ئېغىر-يېنىكلىك دەرىجىسىگە قاراپ تەنقىد، ئاگاھلاندۇرۇش، قاتتىق ئاگاھ-لاندۇرۇش، گۇناھ يېزىش، مەكتەپتە قالدۇرۇپ سىناپ كۆرۈش (مۇددىتى بەلگىلىنىدۇ) ۋە ئوقۇش سالاھىيىتىدىن قالدۇرۇش قاتارلىق جازا دەرىجىلىرى قوللىنىلىدۇ.

**گۇناھسىز** سۈپ. گۇناھى يوق، گۇناھ قىلمىغان، بىگۇناھ: گۇناھسىز ئادەم. گۇناھسىز ئايال. * كىمدۇر بىرى: — ئادەم شۇنچە كۆپ تۇرسا، پۈتنى قۇيغۇدەك يەر يوقلۇقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ بىر گۇناھسىز كىشىنى ئۇرۇپ ئۆلتۈرمەكچىمۇ سەن؟ — دەپ ۋارقىراپ سىپاھ كىشىنى ئەيىبلەشتى. * ئېسىڭدە خانلارنىڭ ھەۋىسى ئۈچۈن، ئېلىنغان مىليونلاپ گۇناھسىز باشلار. ۋەھشىيلەر غۇلچى كېرىلگەن ھامان، نالىدە گادايدىن ئاققان قان، ياشلار.

**گۇناھكار** ئى [پ] خاتالىق ئۆتكۈزگەن، گۇناھ قىلغان كىشى: كىشىنىڭ ئارزۇ-دادىغا يەتمىگەن مۇسۇلمان ئاللا ئالدىدا گۇناھكار-دۇر. * مەن ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم گۇناھكار بولۇپ سوراققا تارتىلدىم ۋە بولغان ئەھۋاللارنىڭ ھەممىسىنى قالدۇرماي دېدىم. * باتۇرنىڭ كۆزلىرى بىردىنلا چەكچىيىپ، يۈرىكى جىغىلداپ كەتتى. چۈنكى ئولتۇرغان گۇناھكارلار ئارىسىدا كىچىك ئاتىسى سادىقنى تونۇپ قالدى.

**گۇناھكار بولماق** گۇناھكار دەپ قارال-ماق، گۇناھكار دەپ ھېسابلانماق؛ جاۋابكار بولماق: ھەممە گۇناھ مەندە، ئۇلارنى ياخشى كۆرگەنلىكىمدىن گۇناھكار بولدۇم.

**گۇناھكارلارچە** رەۋ. گۇناھكارلارغا ئوخشاش، گۇناھكارلاردەك: ئۇلار ئىچكىرىكى ھويلىدىكى گۈلزارلىقتىن ئۆتۈپ، يازلىق شىپاڭنىڭ ئالدىدى-كى چوڭ سارايىنىڭ پېشايۋىنىغا كەلدى-دە، باشلىرىنى تۆۋەن سېلىپ، گۇناھكارلارچە يەرگە قاراپ توختىدى.

**گۇناھكارلىق** «گۇناھكار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى.

**گۇناھلىق** سۈپ. گۇناھى بار، گۇناھ ياكى ئەيىب ئىش قىلغان: — بالىلىرىم، — دەپتۇ ساقى ھىيلە ئىشلىتىپ، — داداڭلارنى ۋاقتىدا يەرلىكتە قويۇۋېتەيلى. بولمىسا گۇناھلىق بولۇپ قالىمىز. * سېنىڭ كۆلكەڭ — مېنىڭ بەختىم، سېنىڭ قايغۇڭ — ماڭا غەمدۇر. گۇناھلىق قىلمىشىڭنى ئويلاپ، كېچە-كۈندۈز كۆزۈم نەمدۇر.

**گۇناھسەغىر** ئى [پ+ئە] كەچۈرۈشكە بولىدىغان، كەچۈرۈم قىلىشقا لايىق گۇناھ؛ كىچىك گۇناھ.

**گۇناھكەبىر** ئى [پ+ئە] كەچۈرگۈسىز گۇناھ؛ چوڭ گۇناھ: — تۆمۈر ئاخۇن، — دېدى ئۇۋەيس ئەلەم، — ئىسلام شەرىئىتىدە مۇسۇلمان مۇسۇلماننىڭ قېنىنى تۆكمەكلىك ھارام. بۇ گۇناھكەبىرلەرنىڭ بىرى.

**گۇندا پاچىقى** تۇرۇمچاق ئوقىنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ئىككى ياغاچ.

**گۇندا** ئى [پ] ① يوغان، چوڭ؛ قېلىن، ئېغىر، توم: گۇندا ياغاچ. ② كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنىڭ پۇت-قول ياكى بوينىغا سېلىپ قويۇلىدىغان، يوغان ياغاچتىن ياسالغان ئېغىر جازا قورالى: پەرۇخنىڭ قولىغا ياغاچتىن گۇندا سالدى.

ئۇلار ئالدىغا سىيلىپ تاغدىن چۈشۈپ، دىيارى بەكرىنىڭ چاھارسۇغا ئېلىپ كەلدى. * پۇت-قولۇمغا سالدى گۇندا، تۇتقۇن بولۇپ كەلدىم مۇندا. دۈشمەن قالسۇن كۆپ ئارماندا، پاناھ بولغىن پىشە تاغلار. ③ كونا جەمئىيەتتە گۇناھكارلارنى سولايدىغان قاماقخانا؛ تۈرمە: گۇندا تېمى سىلىق تام، سامان لايدا سۇۋاقلىق. نە ھالدا قېرىنداشلار، مەن يامۇلدا سولاقلىق. ④ گىلەم دۇكىنىنىڭ ئاستى-ئۈستىگە ئورنىتىلغان توغرا ياغاچ. ⑤ جۇۋازنىڭ ياغ چىقىرىلىدىغان قازان شەكىللىك كۆتەك ياغىچى: جۇۋازخانا، كۆزى تېڭۈپتىل-گەن كالا گۇندىنى ئايلىناتتى. ياغ چاپان تۆمۈر مۇگىلۇق ناخشا ئېيتاتتى.

**گۇندىپاي** ئى ① كونا جەمئىيەتتە گۇندىخانا (تۈرمە) ئىشىكىنى باقىدىغان كۆزەتچى: بىركۈنى تاڭ سەھەردىلا ئىككى گۇندىپاي كىرىپ، ئەخمەتجان قاسىمنى سوراققا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. * يامغۇرلۇق ئاخشىمى، ئالەم قاراڭغۇ، ئۇزاتقان بەش قولنى كۆرمەك شۇنچە تەس. گۇندىپاي پىچىرلاپ ئېيتتى مەن ئۇچۇن، بۇ ئاخشام قىممەتتۇر ھەردەم، ھەرنەپەس. ② ئۇيغۇر ناخشى-لىرىدىن بىرى (گۇندىپايلار ھەققىدى-كى): گۇندىپاي بىرىنچى. گۇندىپاي ئىككىنچى. * تاشۋاي «گۇندىپاي ئىككىنچى» نى چالماقتا. بۇنى مۇگلىنىپ ئاڭلاۋاتقان گۇندىپاي كۆز ييشىنى توختىتالماي قالىدۇ، مۇزىكا ئاياغلىشىدۇ.

**گۇندىخانا** ئى. گۇناھكارلارنى سولايدىغان جاي؛ سولاقخانا، تۈرمە: گۇندىخانا باشلىقى. * بۇ ھەشىمەتلىك ۋاڭ ئوردىسى باتۇردا زىندان ۋە قاراڭغۇ گۇندىخانىغا كىرىپ قالغاندەك بىر خىل يامان تەسىرات پەيدا قىلدى. * ئۇلار گۇندىخانا ئالدىدا ئاتتىن چۈشۈرۈلدى ۋە ئۇدۇل سوراقخانىغا ئېلىپ كىرىلدى.

**گۇۋاھ** ئى [پ] ① بىرەر ۋەقە-ھادىسە يۈز بەرگەندە نەق مەيداندا بولغان، كۆرگەن كىشى؛ شاھىت: گۇۋاھ بولماق. * – ئېھ پادىشاھى ئالەم! ئۆمرىڭىز ئۇزۇن بولسۇن، بىر سۆزۈم بار ئېيتاي، – دەپتۇ بەختىيار، – خۇدا گۇۋاھدۇركى، مەن بۇ ئىشتا بىگۇناھ مەن. لېكىن مېنىڭ ئىشىم بەختى يانغان سودىگەرگە ئوخشايدۇ. * – بۇگۇن شۇنچە خالايىق ئاڭلىدى. ھەممىسى گۇۋاھ. بۇنىڭ پاچىقىنى چاقمىسام زادى بولماي-دۇ، – دېدى. ② سوت ياكى تەرگەۋ ئىشلىرىدا بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە سوت تەرىپىدىن چاقىرىلغان كىشى: گۇۋاھ چاقىرماق. * غەيۇر شاھ بۇ ۋەقەدىن تەسىرلىنىپتۇ، شۇ سۆزدىن كېيىن شاھ دەرھال قازىلارنى ۋە گۇۋاھچىلارنى قىچقارتىپ، قىزى مەلىكە بۇدۇرنى ئۆز ۋەدىسى بويىچە شاھزادە قەمەرۇززامانغا نىكاھ قىلدۇرۇپ قويۇپتۇ. * قەمەروززاماندىن بۇ سۆزنى ئاڭلىغان غەيۇر شاھ بۇ شەزت ۋە جاۋابقا گۇۋاھ بولۇش ئۈچۈن، قازىلارنى قىچقىرىپتۇ. ③ بىرەر ۋەقە-ھادىسە، شىكايەت، دەۋا، ئەرزىيەت قاتارلىقلارنىڭ توغرىلىقى-نى تەستىقلىغۇچى نەرسە؛ ئىسپات، دەلىل: ئۇنىڭ سالچىلىق ھاياتىغا مۇشۇ سۇ گۇۋاھ. * ھەم گۇۋاھتۇر كۆك گۈمبەزلىك مەسچىتلەر، تاملىرىدا پارلاپ ئەرەب سەنئىتى. تارىخىمىز قۇرلىرىدۇر ئۇندىكى، گۈل ۋە نەقىش-ھۈنەرۋەنلەر مېھنىتى.

**گۇۋاھ بولماق** بىرەر ئىش، ۋەقە-ھادىسە-نىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلىماق، گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ بەر-مەك؛ ئىسپات، شاھىت بولماق: سۇلتان ئادەتتە باشقىلارنىڭ قولى ئارقىلىق ئىشقا ئاشۇرماقچى بولغان بىرەر ئىش توغرىسىدا شۇ ئادەم بىلەن مۇناسىۋەت قىلغاندا، ئۇچىنچى

شەخسنىڭ گۇۋاھ بولۇشىنى خالىمايتتى. * ئېگىز ئاسماندا تۈۋرۈك يوق، ئېقىن دەريادا كۆۋرۈك يوق. جىمى ئالەم گۇۋاھ بولسۇن، سېنىڭدىن باشقا يارىم يوق.

**گۇۋاھ قىلماق** بىرەر ئىش، ۋەقە-ھادىسە-نىڭ يۈز بەرگەنلىكىنىڭ راستلىقىنى تەستىقلاتماق، گۇۋاھلىققا تارتماق؛ ئىس-پات، شاھىت قىلماق: — گۈلنۇر كۆزىدىكى لەئەل-ياقۇتتەك تۆكۈلۈۋاتقان ياشلارنى گۇۋاھ قىلىپ، پىچىرلاپقىنا خالىدىنىڭ كۆكسىگە باش قويدى: — سىلىگە ۋاپاسىزلىق قىلسام چىراغ باغرىمدا كۆيسۇن!

**گۇۋاھچى** ئى ① بىرەر ۋەقە، ھادىسە يۈز بەرگەن پەيتتە بار بولغان، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن كىشى، شاھىد: قازىنىڭ گۇۋاھچىسى چۆمۈچ (ماقال). * تاجىخۇن ئاكا ھەققەتەن ئۇ تارىخنىڭ ئادەتتىكى گۇۋاھچىسىلا ئەمەس، بەلكى يەنە قۇمۇل، تۇرپان قوزغىلاڭلىرىنىڭ بىۋاستە قاتناشقۇچىسى ئىدى. ② <قا> ئەنزىنىڭ ھەققىي ئەھۋالىنى بىلىدىغان ھەمدە كېلىپ گۇۋاھلىق بېرىشكە چاقىرىلغان كىشى: ئەنۋەرمۇ گۇۋاھچى سۈپىتىدە ساقچى قورۇسىغا ئېلىپ كېلىندى. * كاززاپ بايا دېگەن سۆزىنى «مەن دېمىگەن» دەپ تېنىۋالماقچى بولۇۋېدى، قانۇن ئىجراپ قىلغان ئىككى گۇۋاھچى ھازىر بولغانلىقى ئۈچۈن ئامالسىز قالدى.

**گۇۋاھچىنىڭ گۇۋاھلىق سۆزى** <قا> گۇۋاھچىنىڭ بىلىدىغان ئەنزىگە مۇنا-سىۋەتلىك بولغان پاكىت، ۋەقەلەر ھەققىدىكى بايانى.

**گۇۋاھچىلىق** «گۇۋاھچى» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: قاراڭغۇ كېچىدە بىر توپ ئادەمنىڭ جاراڭلىق ساداسى جىمىرلاپ تۇرغان يۇلتۇزلارنىڭ گۇۋاھچىلىقى ئاستىدا، تاڭ شامىلى ئارقىلىق پۈتۈن ۋادىغا تارقالغانىدى.

**گۇۋاھچىلىققا تارتماق** گۇۋاھچى، شاھىد، ئىسپات بولۇشقا تەكلىپ قىلماق: مەن ئۇنى گۇۋاھچىلىققا تارتتىم.

**گۇۋاھلىق** ئى. ئىسپاتتىن ئۆتۈش، گۇۋاھ بولۇش، شاھىتلىق: گۇۋاھلىق بەرمەك. گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەك. گۇۋاھلىق سۆزى. * سادىقنىڭ تۇرمىدىن چىقىپ بۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىقى ئەزالار تۇگۇل، ئاسماندىكى ئۇچار قۇشلارغىمۇ مەلۇم، كەتمىزنىڭ ھەربىر ئوت-گىياھىمۇ گۇۋاھلىق بېرەلەيدۇ. * بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ پۈتۈن شەھەر خەلقى خۇشال بولۇپتۇ. خەلقلەرنىڭ گۇۋاھلىقى بىلەن قىز پۈتۈن مال-مۈلكىنى يىگىتكە ھەدىيە قىلىپ بېرىپتۇ.

**گۇۋاھلىق بەرمەك** ← **گۇۋاھ بولماق**: سودىگەرلەر، ئايالنىڭ گۇۋاھلىق بېرىشى ۋە 20 نەچچە ئادەمنىڭ پاكىت سۆزلىشى نەتىجىسىدە ھەققەت ئالدىدا يەرگە قارىغان بولسىمۇ، ئۇلار بوشىماقتا يوق، تېخىمۇ ئەزۋەيلەش-كە باشلىدى.

**گۇۋاھلىقتىن ئۆتمەك** ← **گۇۋاھ بولماق**: مەن تولۇق گۇۋاھلىقتىن ئۆتىمەن. ئاندىن تەشكىل ئۇسمانىنى دۈيدىن ھەيدەيدۇ. ئۇ چاغدا ئۇسماندىن قۇتۇلىسەن. گۈلبىرا سېنىڭ بولىدۇ. * قىز يىگىتنى ئاقلىماقچى بولسىمۇ، قازىنىڭ ئالدىدا پەرياد قىلسىمۇ. ئاما كۆرگەنلەر گۇۋاھلىقتىن ئۆتۈپ، ھەم قەسەم ئىچكەن ئۈچۈن قۇربان تۇتۇپ.

**گۇۋاھلىق قىلماق** ← **گۇۋاھلىق بەر-مەك**: مەن «بۇ غىزاسىنى ۋاقتى-ۋاقتىدا ياخشى پىشۇرۇپ بەرگىنى ئۈچۈن قەھرىمانلار قەھرىمان بولالىغان» دەپ قىزنىڭ ئالدىدا گۇۋاھلىق قىلىمەن.

**گۇۋاھنامە** ئى [پ] بىرەر پاكىتنى تەستىق-لاش، ئىجراپ قىلىش ھەققىدە ئىمزا

قويۇلغان، تامغا بېسىلغان رەسمىي ھۆججەت؛ گۇۋاھلىق قەغىزى: ئۇ 1950-يىلدىن 1953-يىلغىچە ئۈرۈمچى 2-دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇغانلىقى ھەققىدە گۇۋاھنامە ئېلىش ئۈچۈن كەلگەنىدى.

**گۆي** ئى [خەن] ← **يۇمشاقباش.**

**گۆيتۇزا** ئى [خەن] ← **يۇمشاقباش:** — ئەنە يېتۈل دېگەن گۆيتۇزا مەندىن گۇمان قىلىپلا كېلىۋاتىدۇ، — دېدى ھاجى چايان.

**گۆدەك** سۈپ [پ] ① ئېمىدىغان، قۇچاقتىن چۈشمىگەن بالا؛ بوۋاق: مەن بۇ يەرگە ئانامنىڭ قۇچىقىدىكى گۆدەك ۋاقتىمدا كەلگەنىكەنمەن. * زەخىم يەپتۇ پۇت، گۆدەك ۋاقتىدا، تاگدۇرماپتىكەن تۇخۇم، تاختىدا. * ئۇ تېخى گۆدەك بالا ئىكەن. ② كۆچمە. تۇرمۇش تەجرىبىسىگە ئىگە بولمىغان، خام، ساددا؛ كىچىك: سىز تېخى گۆدەك ئىكەنسىز، مۇھەببەتنىڭ قەدىر-قىممىتىگە يەتمەيدىكەنسىز، بىرىپ كىچىك بالىلار بىلەن ياڭاق ئويناڭ.

**گۆدەكلەرچە** سۈپ. گۆدەكلەرگە ئوخشاش، گۆدەكلەردەك: كۈن چىققاندا سىڭىپ كەتكەن تۇماندەك، يوققا چىقتى بۇ باققالنىڭ ئارمىنى. بولۇپ قالدى گۆدەكلەرچە بىر خىيال، ئۇنىڭ تۈزمەك بولغان يېڭى كارۋىنى.

**گۆدەكلىك** ئى. گۆدەكلەرگە خاس ھەرىكەت، قىلىق، مىجەز: گۆدەكلىك قىلماق. * مېنى ھېلىمۇ گۆدەكلىك قىلىپ باللارچە سۆزلەۋاتىدۇ دەپ قالماڭ. ئۇنداق ئەمەس، مەن چوڭ بولدۇم. * سەھەر چىقىپ پېشىندا گۈلمەرەم، بارغان يېرىم ئۆردەكلىك گۈلمەرەم، ئىش باشقا، ھەۋەس باشقا گۈلمەرەم، قىلما زادى گۆدەكلىك گۈلمەرەم.

**گۆدەكلىك قىلماق** گۆدەكلەرگە ئوخشاش ئىش-ھەرىكەتلەردە بولماق، گۆدەكلەر قىلىدىغان قىلىقلارنى قىلماق: — مېنى ئەپۇ قىلىسلا ئەنۋەر! — دەپ تىزلاندى بۇۋى ھەجەر ئەتىسى كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ تۇرۇپ، — جاھان شۇلىمىكىن دەپتىمەن، گۆدەكلىك قىلىپتىمەن.

**گۆر** ئى [پ] ئۆلۈكنى كۆمۈش ئۈچۈن كولانغان ئورا؛ يەرلىك، قەبرە: گۆر كولىماق. گۆرگە قويماق. گۆر ئازابى. * بۇ كۈنلەردە كۆرمىگىنىمىز قالمىدى. گۆر كولاشقا بارماي چارە بولمىدى. * ئاخىرەتكە ئەپكېتەمسەن، ناننى ئوراپ بوپىغا؟ بۇ دۇنياغا تويماس كۆزۈڭ، گۆردە تويۇر توپىغا!

**گۆر ئازابى** ئىنتايىن ئېغىر، قىيىن، چىدىغۇسىز ئازاب، مۇشەققەت: گۆر ئازابىنى كۆرمەك. * — باشقا ئىقلىمدىكى كىشىلەر گۆر ئازابىنى ئۆلگەندىن كېيىن كۆرىسە، بىز بىچارىلەر تىرىك تۇرۇپلا كۆرىمىز، — دېدى سەپەرقۇل. * جادۇگەرنىڭ مەقسىتى: بوغۇپ يىگىتنى، ئوغلىنىڭ ئۈچىنى ئالماقچىكەن. خانتەڭرى بېشىغا گۆر ئازابىنى، ئېگىز تاغ ئۈستىدە سالماقچىكەن.

**گۆر ئاغزىدىن يانماق** ئۆلۈم خەۋپىدىن قۇتۇلماق: رەناخان، ئابىدەم بۇ يەرگە كەلگەننىڭ مابەينىدە ئېرى بىلەن قېيىن ئانىسىدىن ئايرىلدى. ئوغلىمۇ گۆرنىڭ ئاغزىدىن ياندى.

**گۆر ئاغزىغا بېرىپ قالماق** ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئۆلۈم گىرداۋىغا بېرىپ قالماق، جان ئۈزۈش پەيتىگە كەلمەك: — مەن گۆرنىڭ ئاغزىغا بېرىپ قالغان ئايال-مەن، بۇ ئالەمگە ياندۇرۇپ كېلىمەن دەپ ئاۋارە بولمىسۇن دەپ ئېيتىپ بەردىم، — دېدى ئايال سىبىسترا قىزلارغا.

**گۆردىن ئېچىۋالغاندەك** ئۇستىبېشى، رەڭگىروينى توپا-چاڭ بېسىپ كەتكەن، ئەرۋاھقا ئوخشاپ قالغان: ئۇ گويا ھازىرلا

گۆردىن ئېچىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى.

**گۆر قاراڭغۇسى** ھېچقانداق يورۇقلۇقى بولمىغان، يورۇق چۈشمىگەن، ئىنتايىن قاراڭغۇ: شىرمەممەت كۆزىنى ئاچتى، «خۇدالىق ئۆي» گۆر قاراڭغۇسى بىلەن تولغانىدى.

**گۆرگە تىقماق** يوقاتماق، يوق قىلماق، ئۇجۇقتۇرماق: رەھىم قىلىك پەرىزات، گۆلنى ئېلىپ كېتەي مەن. گۆرگە تىقىپ زۇلمەتنى، يوقسۇلنى شاد ئېتەي مەن.

**گۆرگە كىرمەك** ئۆلمەك، يوقالماق، ئۇجۇقماق: گۆرگە كىرگەن تىرىك چىقماس، ئۆيگە كىرگەن قۇرۇق چىقماس (ماقال).

**گۆرگە ئىتتەرمەك** بالاغا تىقماق، زىيانكەشلىك قىلماق، قەستلىمەك: — گەپىڭ راستىنى ئېيتسام، ياسىن يەنە غوۋغا كۆتۈرۈشكە باشلىدى، مېنى گۆرگە ئىتتەرمەكتە، — بۇ گەپنى قىلىپ ئۇ يىغلىۋەتتى.

**گۆر لەخمىسى** مېيىتنى دەپنە قىلغاندا مۇردىنى قويىدىغان ئىچ گۆر؛ لەھەت: سەيپۇل دەۋلە ماتەم لىباسىنى كىيىپ، فارابىنىڭ جەسىتىنى تۆت خەۋۋاس بىلەن گۆر لەخمىسگە ئېلىپ كىرىپ دەپنە قىلدى.

**گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرماق** ئىككى ئالەم نارازى بولماق: قاپاقباينىڭ قىزى ئېرىنىڭ گۆرىدە ئۆرە ئولتۇرىدىغىنىدىن قورقۇپ، يىراق-يېقىندىن كەلگەن ئەلچىلەرگە زادى ئەرگە تەگمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ.

**گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇر** «ئۆلگەندە مەھشەرگاھدىن توڭگۇز بولۇپ قوپىدىغان» دېگەن مەنىدىكى ھاقارەت، قارغىش سۆزى: بۇ گۆرىدىن توڭگۇز قوپقۇرنىڭ ئاۋىقىمىزغا تۇمشۇقىنى تىقماق بولغىنىنى دېمەملا.

**گۆرىگە ئوت كەتمەك** ئۇزۇل-كېسىل يوقالماق، تارمار بولماق، زاۋال تاپماق، خاتىمە بېرىلمەك: ئەمەت ئۇستا مۇلايىملىق بىلەن بېشىنى ئېگىپ ۋە كېيىن تۈيۈقسىز بىر ئىش يادىغا يەتكەندەك قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ، كۈلۈمسىرىدى: — ئەپەندىم، ئەمدىغۇ «ئەجنەبىيلەرگە ياخشچاق بولغان» دېگەن گەپنىڭ گۆرىگە ئوت كەتكەندۇ؟

**گۆرداش** ئى. بىر گۆرگە كۆمۈلگەن كىشىلەر (بىر-بىرىگە نىسبەتەن): قاراڭلار، كۆڭلۈمدە مەن گۆدەك، مەن ياش، ياشلىقىم ھەمىشە مەن بىلەن ئاداش. ھاياتتا ياشلىقىم ياشىدى بىللە، ئۆلسەمۇ ياشلىقىم گۆردە ھەم گۆرداش.

**گۆركار** ئى [پ] قەبرىستاندا گۆر كولاش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم: شۇ چاغدا پۈچۈق گۈمبەزنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئەھۋالنى باشتىن-ئاياغ كۆرۈپ تۇرغان قېرى گۆركار ئەتراپقا چۆچۈپ-چۆچۈپ قارىغىنىچە تاشۋاي تاشلانغان ئوچۇق گۆرنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**گۆركارلىق** ئى. گۆر كولاش ئىشى، گۆر كولاش مەشغۇلاتى: گۆركارلىق قىلماق. * پرولېتارىياتنىڭ ۋەزىپىسى بۇرژۇئا دۆلەت ماشىنىسىنىڭ گۆركارلىق رولىنى ئوينىيالايدىغان بۇ ماشىنىنى ۋەيران قىلىپ تاشلاش بىلەنلا قالماستىن، پرولېتارىيات دېموكراتىيىسىنى بۇرژۇئا دېموكراتىيىسىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىش.

**گۆرلۈك** ① سۈپ. گۆر كولانغان؛ گۆر كولاشقا بولىدىغان: گۆرلۈك يەر. ئىچ گۆرلۈك. ② ئى. گۆر: گۆرلۈكىدە ياتماق.

**گۆرۈ** ئى [پ] قورۇ-جاي، قىممەت باھالىق بۇيۇملارنى ۋاقتىنچە ئۆتكۈزۈپ تۇرۇش بەدىلىگە چەكلىك مۇددەت بىلەن ئۆسۈمى بار پۇل ئېلىش؛ رەنە: گۆرۈگە قويماق. گۆرۈ خەت. *دىرى بىلەن ئۆسۈمى تەڭ بولدى دەيدۇ. ئېلىپ كىرگەن پۇلۇم. يەتمىدى، يەتمىسە ساتارمەن، يا گۆرۈگە

قويۇپ تۇرارمەن دەپ ماۋۇ نىمچەمنىمۇ ئالغاچ كىرىۋىدىم، بۇنى قوشساممۇ يەتمىگۈدەك.

**گۆرۇ خەت** گۆرۈگە قويۇلغان مال-مۈلۈك، نەرسىلەر ئۈچۈن گۆرۈگە ئىش تەرىپىدىن گۆرۈگە قويغۇچىغا بېرىلىدىغان تىلخەت؛ رەنە خېتى.

**گۆرۈگە ئالماق** ① بىراۋنىڭ نەرسىسىنى مەلۇم مۇددەتتە بەلگىلىك ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش شەرتى ئاستىدا پۇل بېرىپ تۇتۇپ تۇرماق، رەنىگە ئالماق. ② قارشى تەرەپنىڭ ئادىمى ياكى مۇھىم نەرسىسىنى مەلۇم تەلەپنى ئورۇنداپ بەرگەندە قويۇپ بېرىش ياكى قايتۇرۇش شەرتى بىلەن تۇتۇۋالماق: بىز ئۇنىڭ ئوغلىنى پايلاپ تۇرۇپ گۆرۈگە ئېلىپ، ئۇنىڭدىن نېمىنى تەلەپ قىلساق شۇنى ئۇندۇرۇۋالالايمىز.

**گۆرۈگە قويماق** بەلگىلىك مۇددەت ئىچىدە ئۆسۈمى بىلەن قايتۇرۇش شەرتى بىلەن بىرەر نەرسىنى باشقا كىشىگە بېرىپ، ئۇنىڭ بەدىلىگە پۇل ئالماق: ئۇ چاقچاق ئارىلاش: — قەشقەرنى ئۇتتۇرۇۋېتىپ، ئاتۇشنى گۆرۈگە قويغاندەك تۈگۈلۈۋالماي، جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ كۈلۈپ يۈرگىنە، — دېدى رەھىم ئاكىغا.

**گۆرۈخانا** ئى [پ] بىراۋنىڭ نەرسىلىرىنى گۆرۈگە ئېلىپ قەرز بېرىدىغان جاي، ئورۇن: ئۇلار ھاۋاخانىنىڭ دۇخاۋا نىمچىسى چىگىلگەن بوغچىغا ئوخشاش رەڭدە ۋە مىقداردا «تۆت بوپا» تەييارلىدى. ئاندىن كېيىن ئىككىسى بىردىن بوغچىنى قولتۇقلىرىغا تىقتى-دە، قالغانلىرىنى دەڭنىڭ بولۇڭىدىكى ئالا خۇرجۇنغا ئامانەت قويۇپ، ئۆزلىرى گۆرۈخانىنى كۆزلەپ ماڭدى.

**گۆرۈكەش** ئى [پ] بىراۋنىڭ نەرسىلىرىنى رەنىگە ئالغۇچى، گۆرۈگە ئېلىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى: گۆرۈكەش ۋاڭ بىلەن جازانىخور ياڭنى ھېسابقا ئالمىغاندا، قالغانلىرى ھۈنەرۋەن-كاسىپ ۋە تېرىمچى ئىدى.

**گۆرۋەن** ئى. قول تۆگىسىنىڭ ئالدى كۆكسىگە ئاسىدىغان گۈل چەمبىرەك شەكلىدىكى كارۋان بەلگىسى.

**گۆرىستان** ئى [پ] ئۆلگەن ئادەملەرنى دەپنە قىلىدىغان جاي؛ قەبرىستان: دەرۋازا ئېچىلمىغان ۋە ھېچكىم ئۇنىڭ قىچقىرىشىغا قۇلاق سېلىپ جاۋاب بەرمىگەندىن كېيىن، ئەسەد ئىلاجسىز قېلىپ، نېرىراقتىكى بىر گۆرىستانغا كىرىپ يېتىپ، قاتتىق ئۇخلاپ قېلىپتۇ. * گۈل ئاچىلۇر گۈلىستاندا، توزۇيدۇ گۈل زىمىستاندا. مەغرۇر بولماڭ دوستلىرىم، ياتار يېرىڭىز گۆرىستاندا.

**گۆرىستانلىق** ئى ← **قەبرىستانلىق**: راۋاپچى بالا گۆرىستانلىقنىڭ شەرق تەرىپىدىكى يېرىمى قۇرۇپ، يېرىمى ياشناپ تۇرغان ئىككى تۈپ قېرى قاپاق تېرەك تۈۋىدىن ئۆتۈپ، قەبرىلەرنى ئارىلاپ خېلىلا ئىچكىرىلەپ كىردى.

**گۆسمە** ئى. دىئال. غەيۋەت، شىكايەت، سۆز-چۆچەك.

**گۆسمەك** سۈپ. دىئال. قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر، بېجىرىم.

**گۆسمۇس** سۈپ. دىئال. قاۋۇل، كۈچتۈڭگۈر، بېجىرىم.

**گۆش** ئى [پ] ① تىرىك ئورگانىزمنىڭ ئىنچىكە توقۇلمىلىرى؛ ئەت: بۇلجۇڭ گۆش. * گۆش ئەمەس ياكى بەز ئەمەس. ② سويۇلىدىغان ماللارنىڭ تېنىدىكى ئوزۇق سۈپىتىدە ئىستېمال قىلىنىدىغان قىسمى؛ ئەت: قوي گۆشى. كالا گۆشى. توخۇ گۆشى. * باللار قازانىنىڭ تۈۋىقىنى ئېچىپ قارىسا، ئۈستىدە كىچىككىنە بىر پارچە گۆش قايناۋاتقۇدەك. باللار بۇ گۆشنى ئېلىپلا يەۋاپتۇ. ③ بەزى مېۋىلەرنىڭ يېيىلىدىغان قىسمى، ئەت.

**گۆش پۆرسى** قىيمىسى گۆش بىلەن پىيازدىن تەييارلانغان پۆرە. تاۋىدا پىشۇرۇلىدۇ.

**گۆش تاپ** تۆمۈرنىڭ قىزىپ جىگەر رەڭ ھالەتكە كەلگەن ۋاقتى.

**گۆش توخۇسى** <زوئول> توخۇلارنىڭ ئىقتىسادىي تىپلىرىدىن بىرى. جۇغى چوڭ بولۇپ، كۆپ گۆش بېرىدۇ. گۆشى سۈپەتلىك، ياخشى بولىدۇ، تېنى دوغىلاق، پاچاقلىرى تۈكلۈك، ھەرىكىتى سۇس، مىجەزى ياۋاش كېلىدۇ. ئۇگاي سىنە مىرىدۇ، تۇخۇمنى ئاز تۇغىدۇ.

**گۆش خوشاڭ** تاۋىدا پىشۇرۇلىدىغان گۆش قىيمىلىق خوشاڭ.

**گۆش رەڭ** ① گۆشنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بىر خىل رەڭ؛ قىزغۇچ جىگەر رەڭ. ② شۇ خىل رەڭگە ئىگە ياكى شۇ خىل رەڭدە بويالغان: گۆش رەڭ ياغلىق.

**گۆش كالىسى** <زوئول> مەخسۇس گۆش ئېلىش ئۈچۈن يېتىشتۈرۈلگەن كالا.

**گۆش كۆتىكى** گۆشنى ئۇششاق توغرايدىغان، چانايدىغان، پارچىلايدىغان ياغاچ كۆتەك: نېغمەت ئاستىرتىن كۆز يۈگۈرتۈپ سايىمغا قارىغانىدى، ئۇنىڭ مۇغەمبەر كۆزلىرى: « باداڭ قورساق، گۆش كۆتىكىدەك ئولتۇرغىنىڭنى قارا » دېدى.

**گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتماق** ئاغزىدا چىرايلىق، ياخشى گەپلەرنى قىلىپ، ئەمەلدە باشقىچە ناچار ئىش قىلماق، كىشىلەرگە ساختا مۇئامىلە قىلماق، ئالدىماق: — سىزنىڭ ئوردا ئاياللىرىنى ئەرچە كىيىندۈرۈپ، سىرتتىكىلەرنىڭ ئەرچە كىيىنىشىنى توسۇشىڭىز خۇددى گۆش كۆرسىتىپ ئۆپكە ساتقاندەك ئىش بولۇپتۇ، — دېدى ئۇ.

**گۆش گىردە** ئىچىگە گۆش قىيمىسىنى سېلىپ يېقىلغان گىردە: سوپىيەم ئېرىنى تەرلەندۈرۈش ئۈچۈن ئىككى جىڭ قوي گۆشى، بالىلىرىغا گۆش گىردە ۋە يەنە ئېگىرىدىغانغا پاختا ئېلىپ يانغانىدى.

**گۆشە يەمەك** پ. باشقىلار گەپ سورىسا لام-جىم دېمەستىن جىم بولۇۋالماق، زۇۋان سۈرمەي شۈك ئولتۇرماق: بىركۈنى ئانىسىغا « مەن بىلەن ئۆي تۇتمەن دېسەڭ، بالاڭنى يوقات، بولمىسا مەن ئىككىڭنى بىراقلا يوقىتىمەن » دېسەم خوتۇن — دەيۇز تاڭغازا چىشلىۋالغاندەك زۇۋان سۈرمەي گۆشىيىپ تۇرىمدۇ.

**گۆش-پۆش** ھەر خىل گۆش: — ماي-پاي، گۆش-پۆش لازىممۇ؟ تارتىنماڭ، قانچىلىك لازىم بولسا شۇنچىلىك بېرەلەيمىز! — دېدى ئۇ.

**گۆشتۆل** ئى. دىئال. قىزىل گۆش ھالىتىدىكى بويىدىن ئاجراپ كەتكەن بالا.

**گۆشخور** سۈپ [پ] گۆش يېيىشكە ئادەتلەنگەن؛ گۆشنى ياخشى كۆرىدىغان، گۆشنى كۆپ ئىستېمال قىلىدىغان: گۆشخور ھايۋان. گۆشخور ئادەم.

**گۆشخورلۇق** « گۆشخور » سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**گۆشسىز** سۈپ. گۆشى يوق، گۆش سېلىنمىغان، گۆش توغرالمىغان: گۆشسىز تاماق. گۆشسىز سەي. // گۆشسىز قالماق.

**گۆشلە شىمەك** گۆش تۇتماق، گۆشكە ئايلانماق، گۆشلە نمەك: ئۇنىڭ گۈلى گۆشلەشكەن بولۇپ، گۈل رېتى ئوقنىڭ ئۇيۇق يېرىگە جايلىشىدۇ.

**گۆشلۈك** سۈپ ① گۆشى بار، گۆش توغرىغان، گۆش ئارىلاشتۇرۇلغان: گۆشلۈك سەي. گۆشلۈك پولۇ. ② گۆش بېرىدىغان، گۆشى جىق، ئەتلىك، سېمىز: گۆشلۈك قوي. گۆشلۈك كالا. گۆشلۈك توخۇ.

**گۆشلۈك باشاقسمان گۈل رېتى** <بوت> گۈل رېتىنىڭ بىر خىلى. گۈل ئوقى سېمىز، قېلىن، گۆشلۈك كېلىدۇ. گۈلى گۈل ئوقىنىڭ ئەتراپىدا ئۆسىدۇ، گۈل ساپىقى بولمايدۇ ياكى ناھايىتى قىسقا بولىدۇ. مەسىلەن، كۆممىقوناقنىڭ ئانىلىق گۈلىنىڭ گۈل رېتىگە ئوخشاش.

**گۆشلۈك پالاقچە** <زوئول> سىياھ بېلىق، قاراقچى سىياھ بېلىق قاتارلىق يۇمشاق تەنلىك ھايۋانلار تېنىدىكى پالاق شەكىللىك تۈزۈلمە. سۇ ئۈزۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**گۆشلۈك قاشتېشى** قەۋەتى قېلىن، تۈرلۈك ئارىلاشمىلار بولمىغان، تەركىبى ساپ ھالدىكى قاشتېشى.

**گۆشلۈك يىلتىز** <بوت> ئوق يىلتىزىدىن ياكى تۆرەلمە ئوقىنىڭ قاتنىششى بىلەن ھاسىل بولىدىغان زاپاس ساقلىغۇچى يىلتىز. ئۇنىڭ يوغىنىشىدىكى سەۋەبلەر ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن، سەۋزىنىڭ گۆشلۈك يىلتىزى كېيىنكى ئەۋرىشىم قەۋىتىنىڭ يوغىنىشىدىن بولىدۇ؛ تۇرۇپنىڭ-كى بولسا كېيىنكى ياغاچلىق قىسمىنىڭ يوغىنىشىدىن بولىدۇ.

**گۆش-ياغ** گۆش ھەم ياغ ۋە شۇ خىلدىكى ئوزۇقلۇقلار: — دوكلۇقۇڭ يەتمىگەندەك گۆش-ياغ-لارنى ئوغرىلىغىنىڭ نېمىسى؟ — دېدى ئۇ.

**گۆكە** ئى. دىئال. قارماق.

**گۆلەش** سۈپ. بىرەر ئىشقا دەرھال ئەقلى يەتمەيدىغان، روھىي ھالىتى جۇشقۇن ئەمەس، ھاڭۋاقتى، دەلدۈش، گومۇش، گالۋاڭ: گۆلەش ئادەم. * قۇربان ئاقساقال قولىنى سىلكىپ: — ئۇنداق دېگىلى بولامدى-كەن. شىرمەممەت گۆلەش ھەرقېتىم مەجلىسكە بارسا، بىر يېڭى خۇي چىقىرىپ كېلىدىغان بولدى، — دېدى.

**گۆلە يەمەك** پ. كۆزىنى يوغان ئېچىپ، ئاچچىقى بىلەن چەكچەيمەك؛ ئالايماق، ھومايماق: زەينەپ قىز كەتكەندىن كېيىن، ھەسەن چوپۇن ئايالىغا زەردە بىلەن گۆلەيدى-دە، ئايالىنىڭ بىلجىرلاشلىرىنى ئىلىك ئالماي، ئولتۇرغان جايىدىن چاچراپ تۇرۇپ ۋارقىرىدى. * بۇ چاقچاق گۈزەلگە چوڭ باھانە بولدى. ئۇ گۆلىيىپ بىر قارىۋالدى-دە، چالۋاقاپ سىنىپتىن چىقىپ كەتتى.

**گۆلمە** ئى. سۇغا تىك سىلىنىدىغان، ۋالىبول سېتكىسىغا ئوخشاش تور.

**گۆلىيىشمەك** «گۆلە يەمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: — مەنمۇ سىلىگچۇ توققۇزتونلۇققا مۇچ تىققاندەك تېتىپ ئولتۇرىمەن، قانداق؟ — ئىككى ئايال مېكىياندەك بىر-بىرىگە بازغىشىپ گۆلىيىشتى. بوۋاق چىرقىراپ يىغلىۋەتتى.

**گۆھەر** ئى [پ] ① قىممەت باھالىق تاشلارنىڭ ئومۇمىي نامى: گۆھەر قازماق. * گۆھەر تۇرىدۇ سايدا، تونۇمساڭ نېمە پايدا (ماقال). * موماي ئېلىپ كەلگەن گۆھەرلەرنىڭ ھەربىرى بىر مەملىكەتنىڭ خىراجىتىگە يارايدىكەن. شۇڭا بىر لېگەن گۆھەرنى كۆرۈپ پادىشاھ بىرئاز يۇمشاپتۇ. ② كۆچمە. سېتىۋالغىلى بولمايدىغان، قىممەتلىك، بىباھا؛ ئەزىز: گۆھەر ماكان. گۆھەر كىتاب. گۆھەر بىلمەك. * بىلمەي ئىلىم-ھېكمەتنى، كۆرمەس كىشى راھەتنى، گۆھەر بىلىپ پۇرسەتنى ئۆگەنمەستىن ياتماسمەن. ③ كۆچمە. كۆز قارىچۇقى: كۆز گۆھىرى. * بالا ئالمىنى چىن تۆمۈر باتۇرنىڭ كۆزىگە سۇركەپتۇ. شۇ زامان ئۇنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىپتۇ. كۆز گۆھىرىدىن نۇرلار چېچىلىپتۇ. * كۆزۈمنىڭ گۆھىرى كەتتى، كۆڭلۈمنىڭ شادلىقى كەتتى. تىلىمنىڭ تاتلىقى كەتتى، چارىدانىمدىن ئايرىلدىم. ④ ئاياللار-نىڭ ئىسمى.

**گۆھەرنى تاشقا ئۇرماق** ياخشىنى يامانغا، گۈزەلنى سەتكە، يۇمشاقنى قاتتىققا تەگلەشتۈرمەك؛ ئۆزىنى يامانغا خار قىلماق: گۆھەرنى تاشقا ئۇرما (ماقال). * دېمەك، ئۇ بىلىنى چىڭ باغلاپ قويغانىكەن. يەنە گەپ قىلىش گۆھەرنى تاشقا ئۇرۇش بولاتتى.

**گۆھەرپۇرۇش** ئى [پ] ھەر خىل قىممەت باھالىق، ئېسىل تاشلارنى تەتقىق قىلىدىغان، ئېلىپ ساتىدىغان ئادەم؛ جاۋاھىرپۇرۇش: بىركۈنى گۆھەرپۇرۇشنى پادىشاھ خەزىنىمىدىكى جاۋاھىر ۋە مەرۋا-يىتلارنىڭ ئەڭ قىممەت باھالىق ۋە ياخشىلىرىنى ئايرىپ چىقسۇن دەپ چاقىرىپتۇ. * گۆھەرپۇرۇش-مۇ خۇشاللىقىدا كۆزىگە ياش ئېلىپ، پەرزەنتى-نى قۇچىقىغا ئېلىپتۇ. ئوغلىنىڭ دىدارىغا تويماي قاراپتۇ.

**گۆھەرشۇناس** ئى [پ] قىممەت باھالىق تاشلارنى تەتقىق قىلىدىغان، ياخشى بىلىدىغان مۇتەخەسسىس.

**گۆھەرشۇناسلىق** «گۆھەرشۇناس» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: شۇنىڭدىن تارتىپ گۆھەرپۇرۇش ئوغلىغا گۆھەرشۇناسلىقتىن تەلىم بېرىپتۇ. ئوغلى بەھرۇزمۇ ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا بۇ ھۈنەرگە ئۇستا بولۇپ يېتىشىپتۇ.

**گۆھەرلىك** سۈپ. گۆھىرى بار، گۆھەرگە ئىگە، گۆھەر چىقىدىغان: بولسا گەر ئالتۇن-گۆھەرلىك تاغلىرىڭ تاجىم مېنىڭ، سۇلىرىڭ ئابىھاياتتەك، تەنگە جان-دەرمان ئېرۇر.

**گۆيەك** ئى ① ئاياللارنىڭ چېچىغا ئاسىدىغان، كۈمۈشتىن ياسالغان زىننەت بۇيۇمى؛ چاشتەڭگە: گۆيەك ئاسماق. گۆيەك ياسىماق. * مەرگەن قىزنىڭ چېچىغا لايىق گۆيەك ئېلىپ كېلىپ توينى قىلىپتۇ. ② ئاپتۇۋنىڭ بويىنىغا چىقىرىلىدىغان ھالقىسىمان گۈل.

**گۇپ** تەق ① ئېغىر نەرسىلەرنىڭ باشقا بىرنەرسە يۈزىگە چۈشۈشى، ئۇرۇلۇشى قاتارلىقلاردىن چىققان ئاۋاز: ئۇنىڭغىچە يان قاشنى «گۇپ» قىلىپ يىقىتقان سۇ كۈمۈشكە بوي بەرمەيتتى. * ئالماس، ئېلىقۇل، تۆمۈرلەر تام ئۈستىدىن «گۇپ» قىلىپ سەكرەپ يەرگە چۈشۈپ، ساقاللىق يوچۇن ئادەمنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ② كۆچمە. ناھايىتى تېز، بىراقلا، بىر يولىلا ئىچىپ بولۇش ھالىتى (ئىچىملىك ھەققىدە): ئۇ «گۇپ» قىلىپ 100 گراملىق رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى ۋە نەپەس ئالالماي، پەنجىسىنىڭ كەينىنى ئاغزىغا تۇتۇپ بىر مىنۇتچە تۇردى.

**گۇپپىدە** رەۋ ① «گۇپ» قىلغان ھالدا، «گۇپ» قىلىپ: ئانا ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، ئوغلىغا ئېسىلدى. بىرى ئۇنى گۇپپىدە تەپتى. * بۆرە ئىككىنچى قېتىم ئېتىلمەن دەپ كەينىگە شوخشىغاندا «گۇپپىدە» خەندەككە چۈشۈپ كېتىدۇ. ② كۆچمە. بىراقلا، بىر يولىلا، ناھايىتى تېز: توختى شۇجى قولىدىكى ھاراقنى گۇپپىدە ئىچىۋەتتى، ياشلار خۇشاللىقىدىن چاۋاك چېلىشتى. * توقاچ ياقسام تونۇرغا، ئۆرلەپ چىقتى ھۇپپىدە. ئامرىقىمنى چاي بىلەن يۇتۇۋەتسەم گۇپپىدە.

**گۇپ-گۇپ** «گۇپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئابدەمنىڭ قاچا-قۇچىلارنى دەستىلىشى، ئۇ ياندىن-بۇ يانغا شىپىرلاپ مېڭىشى ئۇنىڭ قۇلىقىغا ناغرا چالغاندەك ئاڭلىناتتى. تېخى يۈرىكىنى دېمەمسىز، يۈرىكى «گۇپ-گۇپ» قىلىپ ئەنسىز سوقاتتى. * يەر شۇدىگەرلەۋاتقان «تۆمۈر بۇقا»لارنىڭ سايراشلىرى، خۇددى سازغا تەڭكەش قىلىنىۋاتقان داپتەك كەتمەنلەرنىڭ «گۇپ-گۇپ»لىرى ئېتىز ئۈستىنى ئاجايىپ جانلاندۇرۇۋەتكەنىدى.

**گۆپۆر-گۆپۆر** ئادەم ياكى هايۋانلارنىڭ ئاياغ ھەرىكىتىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز؛ دۆپۆر-دۆپۆر: سەھنىنىڭ كەينىدىكى شاۋقۇن، گۆپۆر-گۆپۆر تاۋۇشلار ئالدىنقى سەھنىدىكى ئاۋازنى بېسىپ كېتەتتى.

**گۆپۆلدەتمەك** «گۆپۆلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ھاكىم، ئەزىزنىڭ ئالدىدا تۇرغان چىنىنىڭ گىرۋىكىگە قولىدىكى چىنىنى سوقۇشتۇرۇۋېتىپ، ھاراقنى سوغۇق سۇ ئىچكەندەكلا گۆپۆلدىتىپ ئىچتى.

**گۆپۆلدەشمەك** «گۆپۆلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆپۆلدىمەك** پ «گۆپ-گۆپ» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۆپ-گۆپ» قىلماق: ۋاقىت ناھايىتى ئاستا ئۆتمەكتە. ئابدەمنىڭ ھەم ئۈمىد، ھەم ئەندىشە بىلەن تولغان يۈرىكى ناغرا چالغاندەك گۆپۆلدەيتتى. * ئېتىزلار رەڭمۇرەڭ گۈللەرگە تولغان، گۆپۆلدەپ ھىد چاچاتتى لالە-رەيھان.

**گۆدرەت** ئى. گۇمان، شەك، شۈبھە :شۇ ھامان كۆڭلۈمگە گۆدرەت چۈشتى.

**گۆدۈك** ئى [د] ① سىگنال بېرىلىدىغان تۇرلۇك مېخانىكىلىق قۇرۇلمىلار: پاراۋۇز گۆدۈكى. زاۋۇت گۆدۈكى. * ياڭرىدى سامادا زاۋۇت گۆدۈكى، ئۆركەشلەپ پېچلاردىن ئاقماقتا پولات. خۇش خەۋەر بەردى تاڭ يېڭى غەلىبىدىن، ئۇرغۇدى تەشەككۇر ئىشچى قەلبىدىن. ② شۇنداق قۇرۇلمىلاردىن چىقىرىلغان ئاۋاز؛ سىگنال: گۆدۈك بەرمەك. * ئەتىگەنلىكى سائەت ئالتىدىن ئاشقاندا، ئۇنى پاراخوتنىڭ گۆدۈكى ئويغاتتى.

**گۆر** تەق. ئۇشتۇمتۇت، بىردىنلا باشلانغان شىددەتلىك ھەرىكەتتىن چىققان ئاۋاز: گۆر قىلماق. گۆر ئۇچماق. گۆر قوپماق.

**گۆر قىلماق** «گۆر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئۇلار تاشقىرىقى مەسچىتكە كىرىشى بىلەن، ئولتۇرغان جامائەت «گۆر» قىلىپ ئورنىدىن قوپۇشتى. * «گۆر» قىلىپ ماشىنىمۇ كىردى سۇغا، ساي سۈيى دولقۇنلىنىپ ئاقار ئىدى. قىرغاقتا تۇرۇپ يىگىت ئاشۇ ياققا، ئەندىشە بىلەن ھامان باقار ئىدى.

**گۆرەن** ئى <ئانات> قۇلاقنىڭ ئاستى، قوۋۇزنىڭ ئارقا قىسمى: گۆرەن تومۇرى. گۆرەن بېزى.

**گۆرەن بېزى** <ئانات> ئىككى قۇلاق ئاستىدىكى شۆلگەي بېزى، يەنى شۆلگەي بەزلىرىنىڭ بىر جۈپى. ئۇنىڭ چىقارغان شۆلگىيى تەركىبىدە ھەزىم فېرمېنتلىرى كۆپ، ئاقسىل ئاز بولىدۇ.

**گۆرەن تومۇرى** <ئانات> گۆرەن ئالدى ۋە كەينىدىكى كۆك تومۇر.

**گۆرەن كۆپتۈرمەك** خاپا بولماق، ئاچچىقلانماق، پوزىتسىيە ئۆزگەرتمەك.

**گۆرەنلىك** ① سۈپ. گۆرىنى يوغان، گۆرىنى باشقىلاردىن ئۆزگىچە: — بۇ ئىشتا مېنىڭ رولۇم چوڭ، — دەيتتى ئۇلۇغ تەرەپتە تۇرغان گۆرەنلىك ئاق سېرىق يىگىت. ② ئى. نوختىلارنىڭ گۆرەن بويلاپ باغلىنىدىغان قىسمى؛ تاماقباغ .

**گۆرجەك** ئى. توپا ئۇسۇش، توپا قېزىش، خامان سورۇش قاتارلىقلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن تۆمۈر ياكى ياغاچتىن ياسالغان، ساپلىق سايمان: تۆمۈر گۆرجەك. ياغاچ گۆرجەك. گۆرجەك ساپلىماق. * باغۋەن گۆرجەك ئېلىپ، ئۆزىنىڭ مادارى يەتكۈدەك دائىرىدە ئىشلەپ، ئۈجمە ئاستىدىكى ئېگىز-پەس دۆڭلەرنى تۈزلەشكە كىرىشتى. * ئۇلار، ئارا، گۆرجەكلىرىنى ئېلىشىپ خامانغا ماڭدى.

**گۆرخان** ئى <تارىخ> غەربىي قىتان ۋە موڭغۇللارنىڭ ئەڭ يۇقىرى ھۆكۈمرانىنىڭ ھۆرمەت نامى. «خانلارنىڭ خانى»

ياكى «بۈيۈك خان» دېگەن مەنىدە. موڭغۇللار دەسلەپ گۆللەنگەن مەزگىلدە قەبىلىلەر ئىتتىپاقىنىڭ باشلىقىنى شۇنداق ئاتىغان.

**گۆررىدە** رەۋ «گۆر» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گۆر» قىلىپ: گۆررىدە ئۇچماق. گۆررىدە ئوت ئالماق. * بۇ ئاۋاز بىلەن ئەتراپتىكى يېتىم-يوقسۇل، ئاجىز-ئورۇق-لار خۇددى خامانغا ئۇچۇپ چۈشكەن قۇشقاچ توپىدەك گۆررىدە شۇ تەرەپكە بۇرۇلدى.

**گۆرزە** ئى [پ] ئۇچىغا يۇمىلاق ياكى ئەگرى-بۈگرى تۆمۈر ئورنىتىلغان توقماق؛ ئۇرۇش قورالى: مېنى دارغا ئاسقاندا، ئاگاھ بول ئۆز ئىشىڭغا. ژۇھىم گۆرزە، ئوموت بولۇپ، بىر كۈن تېگەر بېشىڭغا.

**گۆرس** تەق. زەرب، شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان ئېغىر نەرسىدىن چىققان ئاۋاز.

**گۆرسسىدە** رەۋ «گۆرس» قىلغان ئاۋاز چىقىرىپ، «گۆرس» قىلغان هالدا: ئۇ كىچىك توقۇلما چامادانىنى يۆلۈك-تاق جازىسىغا ئېلىپ قويۇپ، هېلىقى بوش ئورۇنغا گۆرسسىدە ئولتۇردى ۋە قىزغا ئارقا تەرىپىدىن هومىيىپ قاراپ قويدى.

**گۆرس-گۆرس** «گۆرس» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: گۆرس-گۆرس ماڭماق. * شۇ ئەسنادا دۈمبىسىگە ئەينەك جاهازىسىنى تېڭىۋالغان ئەخمەتجان قاسىمى مەيدانغا چۈشتى-دە، گۆرس-گۆرس دەسسەپ نوچىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**گۆرسۈلدەتمەك** «گۆرسۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ هېچكىمدىن قالغۇچىلىكى يوق، بەستلىك، كۈن نۇرى ئوتتەك قىزدۇرۇپ تۇرغان ئېتىزدا ئەتىدىن-كەچكىچە گۆرسۈلدىتىپ كەتمەن چاپىدىغان قاۋۇل دېهقانىدى.

**گۆرسۈلدىمەك** پ «گۆرس-گۆرس» قىلماق، «گۆرس-گۆرس» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق: ئەلىمنى ئىچىگە يۇتقان ئادىل گۆرسۈلدەپ دەسسەپ چىقىپ كەتتى. * كىراكەش ئۆز يېنىدا خۇددى ئەرلەرگە ئوخشاش گۆرسۈلدەپ مېڭىۋاتقان بۇ ياشانغان ئايالنىڭ پۈتۈن نەرسىلەرگە هەيرانلىق ۋە بىر .خىل زوقلىنىش بىلەن قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئاستا گەپ باشلىدى.

**گۆركىرەتمە** ئى → **شارقىراتما**: — ئۇ يەردىن ئاسما تاشقا ئېتىڭنى باغلاپ، يىقىلغان قارىغاينى كۆۋرۈك قىلىپ، هاڭدىن ئۆتسەڭ بىز گۆركىرەتمە كۆرۈنىدۇ، — دېدى ئۇ.

**گۆركىرەتمەك** «گۆركىرىمەك». پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۆركىرەشمەك** «گۆركىرىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆركىرىمەك** پ ① «گۆر-گۆر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، گۆرۈلدىمەك: بىرپەستىن كېيىن گۆركىرىگەن ماشىنا ئاۋازى سۆهبەتنى ئۈزۈپ قويدى. * سۇبهى كۆتۈرۈلۈپ ئەتراپقا ئاجايىپ گۈزەل، ئاقۇچ نۇر تارالماقتا، سوغۇق تاغ شاملى يېنىك گۆركىرىمەكتە. * خېلىدىن بېرى گۆركىرەپ ئېقىۋاتقان بىر ئېرىق سۇ يەتتە مو كەلگۈدەك بۇ ئېتىزغا چۈشۈپ، چوڭ يول تەرەپتىكى قىرنى بۇزۇپ يولغا چىقىپ باراتتى. ② كۆچمە. بىراۋغا ئاچچىق بىلەن ۋارقىراپ سۆزلىمەك، توۋلىماق: ئۇ هەممىنى ئىنكار قىلدى، هەممىگە گۆركىرەپ ئاللا-چۇقان سالدى.

**گۆر-گۆر** «گۆر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تاڭ ئېتىشقا يېقىن گۆر-گۆر قىلغان ماشىنا ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ توختىغانىدەك بولدى. * ئاق تىكەن گۆر-گۆر كۆيەدۇر، كۆك تىكەنگە چارە يوق. دەردى بار هەسرەت — ئىچىدە، دەردى يوقنىڭ كارى يوق.

**گۆر-گۆر گاز** <خىم> ← **پاقىلداق گاز.**

**گۆرۈچ** ئى [پ] شالنىڭ پوستى تازىلانغاندىن كېيىنكى دېنى.

**گۆرۈچ ئاش** ← **پولۇ:** خەلىچخانىنىڭ يورغىلىشى بولسا تېخىمۇ قىزىپ كەتتى. مېھمانلارغا دەرھال داستىخان سېلىنىپ، كەينى ئۈزۈلمەي كەلگەن يېمەكلىكلەر تولۇپ كەتتى ۋە ئاخىرىغا ئۇلاپلا تۆت لېگەن گۆرۈچ ئاشمۇ ئۈلگۈرۈپ كىردى.

**گۆرۈلدەتمەك** «گۆرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئورۇنلىدى ئىشنى ئاشۇرۇپ، بىراق ئۇ قىز قايتمىدى ئۆيگە. گۆرۈلدىتىپ تراكتورنى، يول سالدى ئۇ ئىككىنچى دۆيگە.

**گۆرۈلدەشمەك** «گۆرۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: تاۋۇز-قوغۇن، ئاشلىق باسقان ھارۋىلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەيتتى، ئارىلاپ ماشىنا-تراكتورلار گۆرۈلدىشىپ ئۆتۈشۈپ قالاتتى.

**گۆرۈلدىمەك** پ «گۆر-گۆر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق، «گۆر-گۆر» قىلماق: سىرتتا گۆرۈلدەپ شامال چىقماقتا. * گۆرۈلدەپ كەلدى باھار يۇرتقا يەنە، يۈزلەرنى سىيپاپ ئۆتەر ئىللىق شامال. قىش بوۋاي كۆزلىرىدىن ئاقماقتا ياش، خۇشلىنىش مەزگىلىدە بولغاندۇر لال.

**گۆزە** (توغرىسى: گۆزەر) ← **گۆزەر.**

**گۆزەر** ئى [پ] شەھەر ۋە بازارلاردىكى سودا-سېتىق كۆپ بولىدىغان، ئوقەتچىلەر مەركەزلەشكەن ئاۋات جاي؛ رەستە: گۆزەرگە بارماق. * مەن بىر سائەتتەك ئۆچىرەتتە تۇرۇپ، گۆزەردىكى كۆكتات ماگىزىنىدىن مىڭ بالالىقتا ئىككى تال ئوتياش ئېلىپلا كەينىمگە ياندىم. * ئۇلار ئۇزۇن گۆزەردىن ئۆتۈپ، يەنە بىر تۆت كوچا دوقمۇشىدا ئوڭغا بۇرۇلدى.

**گۆزەل** سۈپ ① ناھايىتى كېلىشكەن، چىرايلىق، ھۆسىنلىك، نەپىس، كۆركەم: گۆزەل قىز. گۆزەل مەنزىرە. گۆزەل شەھەر. * تىيانشان ئېتەكلىرىدىكى گۆزەل چىرىغلاڭ يايلىقى مانا بۈگۈن ئالتۇن قۇياش نۇرىغا چۆمگەنىدى. // پادىشاھنىڭ بىر قىزى بار ئىكەن، ئالەمدە ئۇنىڭغا تەڭ كەلگۈدەك گۆزەللىنى تېپىش تەس ئىكەن. ② ئېسىل، ياخشى؛ پارلاق: گۆزەل ئەخلاق.

**گۆزەل سەنئەت** ئىجتىمائىي ئىدىئولوگىيىنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، ھۈنەر-سەنئەت، بىناكارلىق سەنئەتلىرىگە قارىتىلىدۇ. ئەمەلىي ئىشلىتىشلىكى بولغان ھۈنەر-سەنئەتتىن ئېستېتىكىلىق مەزمۇنى بولغان رەسساملىق، ھەيكەلتاراشلىق، ئەدەبىيات، مۇزىكا قاتارلىقلارنى پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن، 17-ئەسىردىن باشلاپ ياۋروپادا مۇشۇ ئاتالغۇ ئىشلىتىلدى. جۇڭگودا «4-ماي ھەرىكىتى»دىن كېيىن ئىشلىتىلىشكە باشلىدى. ئۇ يەنە «شەكىل يارىتىش سەنئىتى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گۆزەل سەنئەت فىلىمى** <كىنو> ھەرىكەتلىك سۈرەت، ياغاچ قورچاق ۋە ھەرخىل قىيىلغان قەغەز قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن فىلىملارنىڭ ئومۇمىي نامى.

**گۆزەل سۈتلۈكئوت** <بوت> سۈتلۈكئوت ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرمىقى توخۇمسىمان سوقچاق ياكى تۆمۈنە شەكىللىك، تۆۋەن قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى يېشىل، گۈل رېتىنىڭ ئاستى تەرىپىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى توق قىزىل (بەزى ئۆزگەرگەن سورتلىرىنىڭ سۇس قىزىل)، گۈل رېتى

ئەڭ ئۈچىدا ئۆسىدۇ. ئەسلىي ماكانى ئوتتۇرا ئامېرىكا، ھازىر دۆلىتىمىزنىڭ ھەممە يېرىدە ئۆستۈرۈلمەكتە. گۈزەل مەنزىرە ئۆسۈملۈكى.

**گۈزەل قاغىترىنقى** <بوت> → **لالە**.

**گۈزەل-كۆركەم** گۈزەل ھەم كۆركەم: گۈزەل-كۆركەم مەنزىرە. * ئۈمۈر قىسقا، لېكىن شېرىن، ئۈمۈرنىڭ جەۋھىرى ياشلىق، ئۈمۈر گۈلشەنىنىڭ خۇش بۇي گۈزەل-كۆركەم گۈلى ياشلىق.

**گۈزەللەشتۈرمەك** «گۈزەللەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ تەگرى تېغىنى مۇقەددەس ئانا سىماسىدا ئاجايىپ گۈزەللەشتۈرۈپ سىزغان. * ئورمان يەنە تەبىئەت دۇنياسىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ. * بۇ، قىزنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ ئۇنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈۋەتتى.

**گۈزەللەشتۈرۈلمەك** «گۈزەللەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار بۇ يەرگە گۈل تېرىپ، مەكتەپ مۇھىتىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرمەكچى.

**گۈزەللەشمەك** پ. گۈزەل ھالەتكە كەلمەك، گۈزەل تۈسكە كىرمەك: ماي ئايلىرىنىڭ ئاخىرىدا پۈتۈن يېزا مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەللىشىپ كېتىدۇ. * يېتىپ كېلىپ گۈل باھار، گۈزەللەشتى داللار. ئىگىلەيمىز پەن-بىلىم، بىز بەختىيار باللار.

**گۈزەللىك** «گۈزەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئۆز لايىقىدا ئۆستۈرۈلگەنلىكتىن، گوياكى قول بىلەن تىزىلغان گۈل دەستىلىرىدەك باغقا گۈزەللىك بېغىشلاپ تۇرىدىكەن. * دەرەخنىڭ گۈزەللىكى ياپراقتىن، ئادەمنىڭ گۈزەللىكى ئەخلاقتىن. * جاھاندا گۈزەللىكنى ياخشى كۆرمەيدىغان كىشى بولمىسا كېرەك.

**گۈزەللىك تەربىيىسى** <مائار> تەلىم-تەربىيە خىزمىتىنىڭ بىر قىسمى. تەربىيىلەنگۈچىلەرنىڭ ئېستېتىكىلىق (گۈزەللىك) ھېس-تۇيغۇلىرىنى تەربىيىلەشنى مەقسەت قىلىدۇ. ئادەتتە ئۇ ناخشا، رەسىم، ئەدەبىيات-سەنئەت، گۈزەل سەنئەت قاتارلىق دەرسلەر ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىدۇ.

**گۈزەللىك تەنھەرىكىتى** <تەن> → ساغلاملىق، گۈزەللىك تەنھەرىكىتى.

**گۈزەللىك ھېسسىياتى** <پسخول> گۈزەللىككە بولغان سۇبيېكتىپ ئىنكاس، ھېس، زوق، باھا. گۈزەللىك ھېسسىياتى ئادەمدە تۇغما بولمايدۇ، بەلكى ئىجتىمائىي تۇرمۇش ئەمەلىيىتى ئارقىلىق تەربىيىلىنىدۇ.

**گۆڭگۈسۈن** ئى. ھارۋا، ۋېلىسىپىت، موتسىكلىت قاتارلىقلارنىڭ چاقىغا بېكىتىش ئۈچۈن ياغاچ، مېتالدىن مەخسۇس ياسالغان چوكا شەكىللىك سايمان: گۆڭگۈسۈن سالماق. گۆڭگۈسۈن چىڭىتماق. گۆڭگۈسۈننى يېڭىلىماق.

**گۆڭگۈسۈنلۈك** سۈپ. گۆڭگۈسۈنى بار، گۆڭگۈسۈن ئورنىتىلغان: گۆڭگۈسۈنلۈك چاق.

**گۆڭگۈرت** ئى <خىم> مېتاللوئىد ئېلېمېنت. بەلگىسى S (sulphur). سۇس سېرىق كېرىستال ماددا. بىرقانچە خىل ئاللوترو-پىك شەكىل ئۆزگىرىشى بولىدۇ، كۆپ ساندىكى مېتاللار ۋە گاللوگېنلار (يودتىن باشقا) بىلەن بىۋاسىتە بىرىكىدۇ، سۇلفات كىسلاتاسى، پۇرۇخ، سەرەڭگە، گۆڭگۈرتلۈك كاۋچۇك ۋە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا قاتارلىقلارنى ئىشلەشتە، ئۇنىڭدىن باشقا تېرە كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**گۆڭگۈرت باكتېرىيىسى** <بىئول> ئوكسىگېن كەمچىل ياكى ئوكسىگېنسىز شارائىتتا ياشايدىغان، شۇنىڭدەك

گۈنگگۈرتلۈك خىمىيۋى بىرىكمىلەرگە تەسىر قىلىش ئارقىلىق گۈڭگۈرت ئېلې-مېنتىنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان باكتېرىيە. ئۇ رەڭلىك گۈڭگۈرت باكتېرىيە ئائىلىسى (بىنەپشە رەڭلىك گۈڭگۈرت باكتېرىيىسى) ۋە گۈڭگۈرت باكتېرىيە ئائىلىسى (رەڭسىز گۈڭگۈرت باكتېرىيىسى) دەپ ئىككى خىل باكتېرىيىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**گۈڭگۈرت كىسلاتاسى** <خىم> ← **سۇلفات كىسلاتا.**

**گۈڭگۈرت گۈلى** <خىم> گۈڭگۈرت سۇبلىماتسىيىلەنگەندىن كېيىن سوغۇقتا يولۇقۇپ، ئۇيۇشۇپ ھاسىل بولغان كرىستال ھالەتتىكى پاراشوك. سۇس سېرىق رەڭلىك. سەرەڭگە ئىشلەشتە ھەم ئاقارتىش ۋە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈش-تە پايدىلىنىلىدۇ.

**گۈڭگۈرت** (IV) **ئوكسىد** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $SO_2$. رەڭسىز ئۆتكۈر پۇراقلىق گاز. سۇ بىلەن ئۇچراشقاندا سۇلفىد كىسلا-تاسىنى ھاسىل قىلىدۇ. ئاقارتىش ۋە مىكروبلارنى ئۆلتۈرۈشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**گۈڭگۈرتلەشتۈرمەك** «گۈڭگۈرتلەشمەك» پېئىلنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلمەك** «گۈڭگۈرتلەشتۈر-مەك» پېئىلنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۈڭگۈرتلەشكەن** «گۈڭگۈرتلەشمەك» پېئىلنىڭ سۈپەتدىشى: گۈڭگۈرتلەشكەن كاۋچۇك.

**گۈڭگۈرتلەشكەن كاۋچۇك** <خىم> گۈڭگۈرتلەشتۈرۈلگەن كاۋچۇك. يېپىشقاقلى-قى ئۆزگەرمەس ۋە ئوتقا سونماسلىق قاتارلىق خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە. كاۋچۇكتىن ياسالغان بۇيۇملارنىڭ تولىسى بۇ خىل كاۋچۇكتىن پايدىلىنىپ ياسىلىدۇ. ئادەتتە «رېزىنكە» دەپ ئاتىلىدۇ.

**گۈڭگۈرتلەشمەك** پ <خىم> خام كاۋچۇك، گۈڭگۈرت ۋە كۆمۈر قارىسى قاتارلىق تولدۇرغۇچىلار قاچىغا سېلىنىپ، يۇقىرى بېسىملىق پار ئارقىلىق قىزدۇرۇلغاندىن كېيىن، خىمىيۋى رېئاكسىيە ھاسىل قىلىپ گۈڭگۈرتلۈك كاۋچۇكقا ئايلانماق.

**گۈڭگۈرتلەنمەك** پ ← **گۈڭگۈرتلەشمەك.**

**گۈڭگۈرتلۈك** سۈپ. تەركىبىدە گۈڭگۈرت بار، گۈڭگۈرت ئارىلاشقان، گۈڭگۈرت قوشۇلغان: گۈڭگۈرتلۈك كاۋچۇك. گۈڭگۈرتلۈك بوياق. گۈڭگۈرتلۈك ئارىشاڭ.

**گۈڭگۈرتلۈك ئارىشاڭ** <خىم> مىنېراللىق بۇلاق (ئارىشاڭ) لارنىڭ بىرى. بۇلاق سۈيىدە ھىدروسۇلفىد بولىدۇ. كۆپىنچە تەبىئىي ئىسسىق بۇلاقلار ھاسىل بولىدۇ. بۇ خىل بۇلاق سۈيىدە يۇيۇنسا تېرە كېسەللىرىنى داۋالاش ئۈنۈمىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

**گۈل** ئى [پ] ① <بوت> ئۇرۇقلۇق ئۆسۈم-لۈكلەرنىڭ جىنسلىق كۆپىيىش ئورگىنى. گۈل تاجى ياپراقچىسى، گۈل كاسىسى، گۈل تەگلىكى ۋە ئاتلىق ھەم ئانىلىقلار-دىن تۈزۈلىدۇ. رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ. بەزىلىرى ناھايىتى چىرايلىق، يەنە بەزىلىرى خۇش پۇراقلىق كېلىدۇ: ئاتلىق گۈل. ئانىلىق گۈل. ② زىننەت ئۈچۈن تېرىلىدىغان ئۆزى ئۆسىدىغان گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر؛ چېچەكلەر: ئەتىرگۈل. قىزىل گۈل. جۇخار گۈلى. ③ شۇنداق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئۈزۈۋېلىنغان ھاسىلى ياكى شۇنىڭغا ئوخشىتىپ ياسالغان زىننەت بۇيۇمى: گۈل تۇتماق. گۈل سوۋغا قىلماق. گۈل ئۈزمەك. * ئەكبەر قىزغا قارىدى. قىز ئۇنىڭ قوللىرىدىكى ئېتىز گۈللىر-نى ئالدى. ④ بىرەر نەرسىگە سىزىپ،

تىكىپ، بېسىپ ياكى ئويۇپ چۈشۈرۈلگەن بېزەك، نەقىش: گۈل باسماق. گۈل ئىشلىمەك. گۈل چىقارماق. ⑤ تەۋەللۇك III شەخس قوشۇمچىسى بىلەن تۈرلىنىپ كېلىپ 1) «ئالدى»، «سەركىسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ: قىز بالا – ئۆينىڭ گۈلى (ماقال). * ھېزىم: – 30 ئوغۇلنىڭ گۈلى بىز شائىيوئاكا! – دېدى. 2) قىزلارنىڭ ئىسمى: گۈلى، قاچان كەلدىڭ؟ ⑥ قىزلار ئىسمى تەركىبىدە كېلىدۇ: ئارزۇگۈل. گۈلبوستان.

**گۈل باسماق** رەخت ياكى باشقا بىرەر نەرسىگە، قول ياكى ماشىنا بىلەن گۈل تىكمەك، گۈل ئورناتماق: قاراڭ، گۈل باسماقتا زوق بىلەن شۇدەم، ماھارەت كۆرسىتىپ ئۇ خۇش، بەختىيار.

**گۈل بەرگى** <بوت> ← **گۈل تاجى ياپراقچىسى.**

**گۈل بىخى** <بوت> يېتىلىپ گۈلگە ياكى گۈل رېتىگە ئايلىنىدىغان بىخ. سىرتقى كۆرۈنۈشى يوپۇرماق بىخىغا قارىغاندا سېمىزرەك بولىدۇ.

**گۈل تاجى** <بوت> ① گۈلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. بىرقانچە تال گۈل تاجى ياپراقچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. قوش پەللىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ گۈل تاجى «بىرلىشىپ ئۆسكەن گۈل تاجى» ۋە «ئايرىلىپ ئۆسكەن گۈل تاجى» دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا بۆلۈنىدۇ. ② كۆچمە. ھەممىنىڭ ئالدى، سەرخىلى، سەردارى: ئېھ! ياشلىق باھارى جىلۋىلىك ئەجەب، ئۆمۈرنىڭ ئەركىسى گۈل تاجىسى ئۇ. ھاياتنىڭ كۆكىدە چاقنىغان چولپان، كېلەچەك تېڭىنىڭ خەۋەرچىسى ئۇ. * ئەنجۈرۈمۇ-ئەنجۈرۈم، شاخ مانتىسى ئەنجۈرۈم. مېۋە كانى بېغىمنىڭ، گۈل تاجىسى ئەنجۈرۈم.

**گۈل تاجى ياپراقچىسى** <بوت> گۈل تاجىنىڭ تەركىبىي قىسمى. گۈل تاجى ياپراقچىلىرى بىرلىشىپ گۈل تاجىنى تەشكىل قىلىدۇ. گۈل تاجى ياپراقچىسىنىڭ شەكلى ۋە تۈزۈلۈشى يوپۇرماققا ئوخشايدۇ، لېكىن تەركىبىدە ھەر خىل پىگمېنتلار بولىدۇ، شۇڭا رەڭگى ھەر خىل بولىدۇ.

**گۈل تەخسىسى** <بوت> گۈل تەگلىكىنىڭ چوققا قىسمىدىكى چوڭىيىپ تەخسىگە ئوخشىغان قىسمى.

**گۈل تەگلىكى** <بوت> گۈلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى، يەنى گۈل سېپىنىڭ ئۈچى تەرىپىدىكى سەل تومراق بولغان ھەم گۈلنىڭ باشقا قىسىملىرى ئۆسىدىغان جاي. بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ مېۋىسى گۈل تەگلىكىدىن يېتىلىپ كېلىدۇ. مەسىلەن، ئالما، نەشپۈتنىڭ مېۋىسى گۈل تەگلىكىدىن يېتىلىپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن يالغان مېۋە دېيىلىدۇ.

**گۈل تىزمىسى** <بوت> ← **گۈل رېتى.**

**گۈل تىكمەك** ← **گۈل باسماق.**

**گۈل چەكمەك** ← **گۈل باسماق:** يىغىن مەيدانىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغان قىزلار ھاكىمجاننىڭ قولىدىكى گۈل چېكىلگەن ياغلىقنى كۆرۈپ بىر-بىرىگە مەنىلىك كۈلۈمسىرەشتى. * قاشتېشىغا گۈل چەكتى، ۋىسال تېپىپ تاھىرى. بىپەك تارتتى پىلىدىن، ھۈنەر-سەنئەت ماھىرى.

**گۈل چەمبىرەك** بىراۋنىڭ ۋاپاتىغا تەزىيە بىلدۈرۈش ۋە ئۇنى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ھەر خىل رەڭلىك قەغەزلەردىن ياسالغان چەمبىرەك شەكلىدىكى گۈل تىزمىسى: گۈل چەمبىرەك تەقدىم قىلماق. * ئانا قۇچىقىدا ياتقان بالىدەك، تاغلار قۇچىقىدا يېتىپسەن بالام. گۈل چەمبىرەك-

لەر ئۇراپتۇ سېنى، ھەربىر لالىسى ساڭا
قىلىپ سالام.

**گۈل چېچەكى** <بوت> ئاتىلغۇنىڭ چاڭدېنىدىن چېچىلىپ چىقىدىغان توزان. رەڭگى كۆپىنچە سېرىق بولىدۇ. كۆك ياكى قارا رەڭلىكلىرىمۇ بار. ھەربىر گۈل چېچىكىدا بىردىن نەسىللىنىش ھۈجەيرىسى بولىدۇ.

**گۈل چېچەكى خالتىسى** <بوت> ئاتىلغۇنىڭ چاڭدېنىدىكى گۈل چېچەكى ھاسىل قىلىدىغان خالتىغا ئوخشاش تۈزۈلۈش. «كىچىك سپورا خالتىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ھەربىر چاڭدانىدا ئىككى ياكى تۆت دانە گۈل چېچەكى خالتىسى بولىدۇ. گۈل چېچەكى پىشىپ يېتىلگەندە، گۈل چېچەكى خالتىسى يېرىلىپ، گۈل چاڭلىرىنى چېچىپ چىقىرىدۇ.

**گۈل چېچەكى نەيچىسى** <بوت> گۈل چېچەكى ئانىلىق ئاغزىغا قونغاندىن كېيىن، بىخلىنىپ ھاسىل قىلىدىغان ئۇزۇن نەيچە. گۈل چېچەكى نەيچىسى ئۇرۇقدانىنىڭ ئىچىگىچە ئۆسۈپ كىرىپ، سپېرمىنى ئۇرۇقدانىنىڭ ئىچىدىكى تۆرەلمە تۇگۈنىگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

**گۈل چېھرە** ← **گۈل چىراي.**

**گۈل چىراي** چىرايى گۈلدەك ئېچىلىپ تۇرىدىغان، گۈلگە ئوخشاش چىرايلىق؛ خۇش چىراي، گۈزەل: ئۇ قارا كۆز، گۈل چىراي، ئەقلى-ھوشۇم ئالدى مېنىڭ، بىر كۆرۈپ كۆيدۈم ئاڭا، ئوتتا تېنىم قالدى مېنىڭ.

**گۈل چىنىسى** <بوت> ← **گۈل كاسىسى.**

**گۈل دەستە** تاللاپ، رەتلەپ، دەستىلەپ باغلانغان گۈل توپى: گۈل دەستە تەقدىم قىلماق. گۈل دەستە تىزماق. * ئەلقىسسە، شاھ سەنەم شاد-خۇراملىقتا تولۇپ گۈل دەستىنى يېرىپ كۆردىكى، ئارىسىدىن

بىرنامە چىقتى.

**گۈل دۇمباق ئۇسسۇلى** <ئۇس> خەنزۇلارنىڭ بىر ئەر، بىر ئايال نەقىشلەنگەن تەكىيە شەكلىدىكى دۇمباقنى ئېسىۋېلىپ، ئۇرۇلغان جاڭغا ناخشا بىلەن تەڭكەش قىلىپ ئوينايدىغان ئەنئەنىۋى خەلق ئۇسسۇلى.

**گۈل رېتى** <بوت> گۈللەرنىڭ گۈل ئوقىغا جايلىشىش ئۇسۇلى. «چەكلىك گۈل رېتى» ۋە «چەكسىز گۈل رېتى» دەپ ئىككى چوڭ گۇرۇپپىغا ئايرىلىدۇ. چەكلىك گۈل رېتىگە چەكلىك كونۇلۇكسىمان گۈل رېتى مىسال بولىدۇ. چەكسىز گۈل رېتىگە ئومۇم گۈل رېتى، باشاقسىمان گۈل رېتى، كونۇلۇكسىمان گۈل رېتى مىسال بولىدۇ.

**گۈل سايىقى** <بوت> ← **گۈل سېپى.**

**گۈل سەيلىسى** ئەتىياز پەسلىدىكى چوكانتال مەۋسۇمىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەنئەنىۋى ئاممىۋى كۆڭۈل ئېچىش پائالىيىتى: — كارىڭىز بولمىسۇن، سىز ئىچىۋېرىڭ، مەن: «ئىشىكىم ئالدىنى قاپلاپ، ئەل قىلار گۈل سەيلىسى» دېمەكچىمەن، — دېدى ئۇ.

**گۈل سىخېمىسى** <بوت> گۈلنىڭ توغرا كەسمە يۈزىنىڭ مورفولوگىيىلىك بەلگىلىرىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئاددىي سخېما.

**گۈل سېپى** <بوت> گۈلنىڭ سېپى. ئۇ غولنىڭ بىر تارمىقى بولۇپ، تۈزۈلۈشى غولغا ئوخشايدۇ.

**گۈل شېخى** <بوت> گۈل ئۆسىدىغان شاخ. «گۈل ئوقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گۈل شىرنىسى** <بوت> گۈللەر ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان تاتلىق سۇيۇقلۇق. ھەرە، كېپىنەك قاتارلىق ھاشاراتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ، چاڭلىشىشقا ياردەم بېرىش

رولىنى ئوينايدۇ.

**گۈل فورمۇلسى** <بوت> ھەرپ، بەلگە ۋە سانلار ئارقىلق گۈلنىڭ ھەرقايسى ئورۇنلىرىنىڭ تۈزۈلۈشى، تىزىلىشى، ئورنى ھەمدە ئۆزئارا مۇناسىۋىتى قاتارلىقلارنى ئىپادىلەيدىغان فورمۇلا.

**گۈل قىپى** <بوت> ← **گۈل يىپىنچىسى.**

**گۈل قىتى** <بوت> ← **گۈل بەرگى.**

**گۈل قىيامى** قىزىل گۈلنى قاينىتىپ، سىقىپ سۈيىنى چىقىرىش ئارقىلق تەييارلىنىدىغان بىر خىل ئىچىملىك.

**گۈل كاپوستا** <بوت> كرېست گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى چوڭ. گۈللىرى توپلىشىپ تۈگۈنەك شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. رەڭگى سارغۇچ ئاق بولىدۇ. ئىستېمال قىلىنىدۇ. ئادەتتىكى كۆكتاتلارنىڭ بىرى.

**گۈل كاسا ياپراقچىسى** <بوت> گۈلنىڭ ئەڭ سىرتقى بىر قەۋىتىگە جايلاشقان يوپۇرماقسىمان نېپىز ياپراقچىلار. ئادەتتە يېشىل رەڭلىك بولىدۇ. گۈل كاسىسى مەلۇم ساندىكى گۈل كاسا ياپراقچىلىرىدىن تۈزۈلىدۇ.

**گۈل كاسىسى** <بوت> گۈلنىڭ تەركىبىي قىسىملىرىدىن بىرى. بىرقانچە تال گۈل كاسا ياپراقچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. رەڭگى ئومۇمەن يېشىل بولىدۇ. گۈل تاجىنىڭ سىرتىنى ئوراپ تۇرىدۇ، گۈل ئېچىلغاندا، گۈل تاجىنى تىرەپ تۇرىدۇ.

**گۈل كەلتۈرمەك** راسا كېلىشتۈرمەك، تازا قاملاشتۇرماق: ئۇ چاغدا ئۆزلىرىنى تاۋار-دۇردۇنغا ئوراپ، كىمنىڭ تويى ئىكەن دېسە، ئايپاشانىڭ دېگۈدەك گۈل كەلتۈرىمىز. * – گۈلچەمخان، خۇدايىم قوللىرىغا دەرد بەرمىسۇن، نېمىدېگەن ئوخشىغان ئاش بۇ، – دېدى ئايىسخان يېنىدىن ئورۇن كۆرسىتىپ، – گۈل كەلتۈرۈۋېتىپسىلا، توي قىلساق ئاشنى سىلىگە ئەتكۈزسەك بولغۇدەك.

**گۈل كۆرۈنمەك** ناھايىتى چىرايلىق، گۈزەل كۆرۈنمەك: – بۇ قىز سېنىڭ كۆزۈڭگە گۈل كۆرۈنۈپ كېتىدۇ-ھە، – دېدى ئۇ ماڭا.

**گۈل ھۆسنى ماددىسى** <بوت> ئۆسۈملۈك تېنىدە بولىدىغان بىر خىل ئورگانىك ماددا. ئۆسۈملۈك ھۈجەيرىسىدە ئېرىگەن ھالەتتە ساقلىنىدۇ. ئىشقارغا يولۇقسا كۆكىرىدۇ، كىسلاتاغا يولۇقسا قىزىرىدۇ. گۈلنىڭ ھەر خىل رەڭگى ھەمدە بەزى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول ۋە يوپۇرماقلىرىنىڭ قىزىل بولۇشى گۈل ھۆسنى ماددىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**گۈل ئوقى** <بوت> ← **گۈل شېخى.**

**گۈل ئۈستىگە گۈل بولماق** گۈزەللىك ئۈستىگە گۈزەللىك، ياخشىلىق ئۈستىگە ياخشىلىق قوشۇلماق: – گۈل ئۈستىگە گۈل بولۇپتۇ، – دېدى ئامانقۇل سەل قىزىرىپ.

**گۈل ئۈستىگە گۈل چېكىلمەك ← گۈل ئۈستىگە گۈل بولماق:** ئۆتكەن ھەپتە تۇرغانبايغا گەپ ئېيتىپ بەردىم دېمىدىممۇ، بىچارە ئاغىنەم، ھايال قىلماي ماڭغۇزۇپتۇ، مانا بۈگۈن بازارغا ئۈلگۈرتۈپ كەلگىنى گۈل ئۈستىگە گۈل چېكىلگەندەك ئىش بولدى.

**گۈل ئۈستىگە گۈل كەلمەك ← گۈل ئۈستىگە گۈل بولماق:** – يول ئۈستىدە ئۇچرىشىپ قالغىنىمىز بەكمۇ بەلەن بولدى، – دېدى ئۇ تۇرسۇنغا قاراپ، – ئۇنىڭ ئۈستىگە ئابدۇللا ئاكا بىلەن تونۇشتۇق. گۈل ئۈستىگە گۈل كەلگەندەك ئىش بولدى.

**گۈلى گۈلگە كەلمەك** بىر-بىرىگە ماس كەلمەك، جايى-جايىغا چۈشمەك، قىلىنغان

ئىش، نەرسە تازا كۆكلۈلدىكىدەك بول-
ماق: بىر سائەتتىن بېرى كامىلجان بىلەن
مەھبۇبە ياپراقلار ئۈستىگە دەسسەپ،
ياندىشىپ مېڭىشىپ سەيلى قىلىشماقتا. ئۇلارغا
قارىغۇچىلار: «بۇ ئىككى ياش تازا گۈلى
گۈلىگە كەلگەنلەردىن ئىكەن» دېيىشىدۇ.
* داستىخانغا تىزىلغان نازۇنېمەتلەر گۈلى
گۈلىگە كېلىپ داستىخاننى شۇنچە باي
قىلىۋەتكەنىدى.

**گۈلنى قىسماق** ھالاۋىتىنى، مېۋىسىنى
كۆرمەك: لېكىن بىز بارىمىز چىمەنزار تاڭغا،
جاپالىق، قاراڭغۇ يوللارنى بېسىپ. دۈشمەننى
يەر بىلەن قىلىپ بىز يەكسان. كۈلىمىز
غەلبە گۈلنى قىسىپ.

**گۈل يۈزلۈك** ← **گۈل چىراي**: مەن
سەندىن سورايكى گۈل يۈزلۈك سەنەم،
بىللە كەتكەن غېرىبجاننى نەيلىدىڭ.
نەسەۋدالار چۈشتى ئۇنىڭ بېشىغا، غەمدە
قالغان غېرىبجاننى نەيلىدىڭ.

**گۈل يېپىنچىسى** <بوت> گۈل كاسىسى
بىلەن گۈل تاجىنىڭ ئومۇملاشتۇرۇلۇپ
ئاتىلىشى. ئاتىلىق-ئانىلىقلارنى قوغداش
ۋە ھاشاراتلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىش
رولى بار.

**گۈل يېپى** <بوت> ئاتىلىقنىڭ ئاستىنقى
قىسمى. كۆپىنچە يىپسىمان كېلىدۇ.
ئادەتتە چاڭدانىنى تىرەپ تۇرۇش رولىنى
ئوينايدۇ.

**گۈلە** ئى ئۆرۈك مېۋىسىنىڭ قۇرۇتۇلغىنى،
ئۆرۈك قېقى.

**گۈلەپشان** ئى [پ] ھەر خىل گۈل نۇسخىلار
بىلەن نەقىشلەنگەن؛ نەقىشلىك:
شاھنىڭ ھەرەمخانىسى بىلەن چارباغنى
ئايرىپ تۇرىدىغان گۈلەپشان دەرۋازا، يىراقتا
تۇردىنىڭ، مەسچىتلەرنىڭ پەشتاقلىق مۇنارل-
رى غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

**گۈلە-جىگدە** گۈلە ھەم جىگدە، شۇ
قاتاردىكى قۇرۇتۇلغان مېۋە-چېۋە؛
قاق-جىگدە.

**گۈلەخ** (توغرىسى: گۈلاخ) ← **گۈلاخ**.

**گۈلەش** سۆپ. دىئال. سۆرەلمە، ھۇرۇن.

**گۈلە-قاق** گۈلە ھەم قاق، قاق تىپىدىكى
قۇرۇتۇلغان مېۋە-چېۋە: — ئالدىمىدىن
قىز-چوكانلار ئۆتسە، يېڭنە-ئويماق بىلەن
تارغاق-سۈزگۈچ ساتتىم، ئوغۇل باللار ئۆتسە،
گۈلە-قاق بىلەن جىگدە، ياڭاق ساتتىم، —
دەپ ماختىنىپتۇ ئۇ.

**گۈلەڭ** ئى. دىئال. دەريالارنىڭ چۆگىلەپ،
ئاقماي تۇرۇۋالىدىغان يەرلىرى؛ قاينام.

**گۈلەڭگۈچ** ئى ← **ئىلەڭگۈچ**.

**گۈلئەنبەر** ئى [پ+ئە] <بوت> ئېيىقتاپان
ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. پۈتۈن تېنىدە ئاق تۈكلەر
بولىدۇ. يوپۇرمىقى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ،
ئالىقانسىمان يىرىلىدۇ. گۈلى ئومۇمى گۈل
رېتىدە، گۈل تاجى كىچىك، كاسىسى
گۈل تاجى شەكلىدە، كۆكۈچ سۆسۈن،
ئاچ قىزىل ياكى ئاق رەڭلەردە بولىدۇ.
كۆرۈنۈشى ئۇچۇۋاتقان قۇشقا ئوخشايدۇ.
پۈتۈن ئۆسۈملۈك تېنى دورا قىلىنىدۇ.
ئىسسىقنى بېسىش، ئاغرىق توختىتىش،
قۇرت ئۆلتۈرۈش رولى بار.

**گۈلبوغۇن** ئى [گۈل+بوغۇن] <بوت> كالپۇكسىمان
گۈللۈكلەر ئائىلىسىدىكى ئىككى يىللىق،
سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك،
تۆت قىرلىق، تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرىنىڭ
ئۇزۇن سېپى بولىدۇ، شەكلى دۈگىلەك
بولىدۇ، غول قىسمىدىكى يوپۇرماقلىرى
ئالىقانسىمان يېرىلىدۇ، يىرىقچىلىرى تار،
ئۇزۇن. گۈلى سۇس سۆسۈن قىزىل،
مېۋىسى قاتتىق مېۋە، رومبا شەكىللىك.
غول، يوپۇرماق ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ.

ھەيزىنى تەڭشەش، قاننى جانلاندۇرۇش، تۇغۇتتىن كېيىن بالىياتقۇنىڭ ئەسلىگە كېلىشىنى تېزلىتىش رولى بار.

**گۈلبىنەپشە** ئى [گۈل+بىنەپشە] <بوت> بىنەپشە ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇنراق، توخۇمسىمان يۇملاق شەكىللىك، گۈلى قېنىق سۆسۈن. مېۋىسى غوزا مېۋە. غول، يوپۇرماق، مېۋىلىرى دورا قىلىنىدۇ. غەلۋىرەك، چىقان، چاشقان يارىسى قاتارلىق كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ.

**گۈلچاڭ** ئى [گۈل+چاڭ] باشلىقى ۋە قونچىغا ھەر خىل گۈل چىقىرىپ، كەشتىلەپ، ئاياللار ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن بىر خىل نەپىس ئاياغ كىيىمى؛ مەسە: ئۇ باشلىرىغا چاچلارنى چاپلاپ، ئۈستىگە يىپەك رومال، ئۇنىڭ ئۈستىگە كەمچەت تۇماقلارنى، ئۇچىسىغا كىمخاب تاۋار، پۇتلىرىغا گۈلچاڭ مەسىلەرنى كىيدۇرۇپ، ئۆزىچە گۈلدەك ياساندۇرۇپ تەييارلىنىپتۇ.

**گۈل-چېچەك** گۈل ھەم چېچەك: ئۇنىڭ جامالىدا گۈل-چېچەكلەرگە، خۇش پۇراقلارغا تولغان باھار ھۆسنى جىلۋە قىلاتتى! * باھار كېلىپ يەر-يۈزىگە تارالغاندا، ئېتىز-قىرلار گۈل-چېچەككە ئورالغاندا، بىر گۈزەل پورەك ئاچار سەھەرلەردە، دەريا بويى، يېزا-قىشلاق، شەھەرلەردە.

**گۈلچى** ① سۈپ. گۈل ئۆستۈرىدىغان، گۈل ئۆستۈرۈپ ساتىدىغان: گۈلچى قىز. گۈلچى موماي. ② ئى. گۈل ئۆستۈرىدىغان، گۈل ئۆستۈرۈپ ساتىدىغان كىشى، گۈل ئۆستۈرۈش ماھىرى: گۈلچى باغقا ھەرخىل گۈللەرنى تېرىپتۇ، ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەي گۈللەر ئارقا-ئارقىدىن ئېچىلىپ، ئەتراپقا خۇش پۇراق چېچىشقا باشلاپتۇ. گۈلچى خۇش پۇراق گۈللەردىن گۈل دەستە تىزىپ ئەلگە تەقدىم قىلىپتۇ. * ئىشلىگەن ئوتتۇز يىل كۆيۈپ شام كەبى، چېچىپ يورۇقنى ھەر ئوغۇل-قىزغا. ئۇ بۈيۈك بىر باغۋەن، بۈيۈك بىر گۈلچى، تۆكۈلگەن تۈگىمەس مېھىر دېڭىزغا.

**گۈلچىلىك** ئى. گۈل ئۆستۈرۈپ، سېتىش ئىشى؛ گۈل سورتلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئىشى: گۈلچىلىك تېخنىكىسى. گۈلچىلىك ماھارىتى.

**گۈلچەمەن** ئى [گۈل+چەمەن] ① <بوت> تاشيارغان ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان چاتقال. يوپۇرماقلىرى ئۇدۇل ئۆسىدۇ. گۈللىرى توپلىشىپ گۈمبەز شەكىلدىكى گۈل رېتىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بارلىق گۈللىرى يېتىلمەس گۈل، گۈل كاسىسىنىڭ دەسلەپكى رەڭگى سۇس قىزىل، كېيىنرەك كۆككە ئۆزگىرىدۇ. كۆرۈنۈشى ئىنتايىن گۈزەل، مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكلىرىنىڭ بىرى. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلخان** ئى [پ] ئىسسىنىش ياكى يوزۇتۇش، بەلگە بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەردە ئوتۇن سېلىپ ئوچۇقچىلىقتا قالانغان ئوت: — بۇ يەردىن نېرى كەتسەك، ئوتۇن تاپماقمۇ تەس. يۇلغۇن ئوتۇنىدا راسا گۈلخان يېقىپ، پۇت-قولىمىزنى ئىسسىتايلى، — دېدى بوۋاي. * بۈگۈن گۈگۈم چۈشە-چۈشمەيلا تەرەپ-تەرەپتە گۈلخانلار يېقىلىپ، ئېدىرلىقنىڭ ئىچى كۈندۈزدىكىدەك يورۇپ كەتتى.

**گۈلخان سالماق** ← **گۈلخان ياقماق**: يىلان بىر يۇملاپلا تېرىسىنى تاشلاپ: — سەن 40 يىللىق ئۆرۈك ئوتۇنى تېپىپ گۈلخان سال، ئاندىن بۇ تېرەمنى 40 يىللىق بىسرىكىگە چىلاپ سىرىكىدىن ئال-دە، يېنىۋاتقان گۈلخانغا تاشلا، — دەپتۇ.

**گۆلخان ياقماق** ئىسسىنىش ياكى يورۇتۇش، بەلگە بېرىش قاتارلىق مەقسەتلەر ئۈچۈن ئوتۇن يىغىپ ئوت قويماق، ئوت قالىماق: ئۇلار شامال سوقمايدىغان چوڭقۇر جىلغا ئىچىدە بىر ئۆڭكۈردە گۆلخان يېقىپ كەچلىك غىزاغا تۇتۇش قىلدى. * يېقىپ گۆلخان قەيەردە بولسا ئاخشام، ئالاتتى يەپ كاۋاپ، شورپىنى ئارام.

**گۆلخانلاتماق** پ. ئوتنى ئۇلغايتىپ كۆچلەندۈرمەك، گۆلخانغا ئايلاندۇرماق، ئوت يالقۇنىنى كۈچەيتمەك.

**گۆلخانلانماق** پ. ئوت بولۇپ يانماق، ئۆرتەنمەك، كۆيمەك: ئۇلۇغ ۋەتەن شۇنچە ئەزىز، سۆيۈملۈك، مۇھەببىتىڭ دىل قېتىمدا ئۆمۈرلۈك. بۇ ئالەمدە بىر سېنىلا سۆيىمەن، چىن ئىشقىڭدا گۆلخانلىنىپ كۆيىمەن، سەن مەن ئۈچۈن ئانامدىنمۇ كۆيۈملۈك.

**گۆلدار** سۈپ [پ] يۈزىگە گۈل ۋە نەقىش قىلىنغان، گۈللۈك: گۆلدار كىگىز. گۆلدار خۇرجۇن. گۆلدار ئىشكاپ. * بىردىنلا بوۋاقنىڭ يېنىدا يەردە ياتقان گۆلدار خۇرجۇنغا كۆزۈم چۈشتى. * پەدە سېيرىپ توختىغاندا بوۋاينىڭ قولى، گۆلدار دەستىدە. دەيدۇ ياشلار: « قادىر بوۋاي – يۇرتنىڭ بۇلبۇلى كۈيگەن ۋەسلىدە » .

**گۆلدان** ئى [پ] گۈل سېلىپ قويىدىغان قاچا؛ لوڭقا: ئەينەك گۆلدان. چاقچۇق گۆلدان. * ھەر جاي، ھەر يەردە گۆلداندا گۈل، مەي كوزىلىرىدا شاراب، ئۇنىڭ يېنىدا مەي ئاياقلىرى قويۇلغان.

**گۆلدەك** سۈپ ① گۈلگە ئوخشاش چىرايلىق، گۈزەل: گۆلدەك ئېچىلماق. گۆلدەك كۆرۈنمەك. * ئۇنىڭ پىستە لېۋى ئىللىق كۈلكىدىن گۆلدەك ئېچىلدى. * ئويلاپ قالدىم: « غۇنچە ئىجادىم، دائىم ئاشۇ گۆلدەك ئېچىلسا. ھەرباھاردا كۈيچى بۇلبۇلنىڭ، ناخشىسىغا توزماي قېتىلسا » . ② كۆچمە. كۆڭۈللۈك، بەختلىك، غەمسىز، خۇشال: گۆلدەك تۇرمۇش. گۆلدەك ھايات. گۆلدەك ئۆمۈر. * تۇرمۇش دېگەننى گۆلدەك ئۆتكۈزگىلى بولىدۇ. خۇشى تۇتسا ئاغىنە – بۇرادەرلىرى بىلەن بىرنەچچە رومكىدىن قېقىشۋالىدىغان گەپ. * بۇ ئەمەس كۆڭۈل خۇشى بىر ئويۇنچۇق، مېھنەتنىڭ يېڭى نۇسخا – ئەندىزى ئۇ. يوقسۇلغا قۇچاق ئاچقان گۆلدەك ئۆمۈر، بەختنىڭ ئۆچمەس يارقىن يول – ئىزى ئۇ.

**گۆلدەك ئېچىلماق** خۇشاللىققا تولماق، ياينىماق، كۈلمەك: شەرەپ بىلەن مىللىي سەپكە قېتىلدىڭىز، ئارزۇيىڭىز ھەل بولۇپ گۆلدەك ئېچىلدىڭىز. ئۇلۇغ ئىنسان شەپقىتىدە يېتىلدىڭىز، ئەي رىزۋانگۈل سىزنى مەڭگۈ ياد ئەيلەيمىز!

**گۆلدۈر** تەق. چوڭ، ئېغىر نەرسىلەرنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشۈشى، ئۆرۈلۈشى ياكى بۇلۇت قاتلاملىرىنىڭ قاتتىق سۈركىلىشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولىدىغان ئاۋاز: گۆلدۈر قىلماق. * ھاۋانىڭ گۆلدۈرى بار يامغۇرى يوق. * شۇ چاغدا، ساي تەرەپتىكى دامبا تەرەپتىن گويا تاغ ئۆرۈلگەندەك « گۆلدۈر، گۆلدۈر! » قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى.

**گۆلدۈرى بار، يامغۇرى يوق** داۋرىڭى بار ئۈنۈمى يوق: گۆلدۈرى بار، يامغۇرى يوق دېگەننىڭ ئۆزى بولدى.

**گۆلدۈراس** تەق. كۈچلۈك، داۋاملىق گۆلدۈرلىگەن ئاۋاز: گۆلدۈراس ئالقىش. گۆلدۈراس سادا. * ئەتراپ گۆلدۈراس ئالقىشتىن تىترەپ كەتتى. ھاياجانلانغان ئالمىخاننىڭ بۇلاقتەك كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ياشلىرى ئاقتى. * كۆتۈرۈلدى ئەتراپتا بىردىن ياڭراق ئالقىش، گۆلدۈراس سادا. ئىشچىلارنىڭ ماختاش سۆزلىرى، كۈلكە، چاقچاق قايناپ

بىرھازا.

**گۆلدۇراس ئالقىش** كۈچلۈك، جاراڭلىق ياڭرىغان ئالقىش: ئەخمەتجان قاسىمى ئۇنىڭغا مۇكاپاتنى بىرىۋېتىپ، گۆلدۇراس ئالقىشلار ئىچىدە ئۇنى توپ ئىچىگە قايتۇردى. * جاراڭلىق ئاۋازدا دېگەندە رەئىس: «سۆز رېتى بېرىلدى سىزگە گۆلجاھان!» ياڭرىدى زال ئىچىدە گۆلدۇراس ئالقىش، تېنىمنى قاپلىدى چەكسىز ھاياجان.

**گۆلدۇر-تاراق** «گۆلدۇر» ھەم «تاراق» قىلغان ئاۋازلار: كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ گۆلدۇر-تاراق، ۋەھىمىگە ئەمەس، ھەقىقەتكە تايىنىپ ئىشلەيدىغانلىقى نامايان بولسۇن.

**گۆلدۇر-غاراس** «گۆلدۇر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار.

**گۆلدۇر-غالاپ** → **گۆلدۇر-غاراس**: خېلى ئۇزۇن داۋاملاشقان چاقچاق، كۈلكە، گۆلدۇر-غالاپ-تىن كېيىن، سۇلايمان، ئاندىن باشقىلار بىر-بىرلەپ ئۆيىدىن چىقىشتى. * ئانا گۆلدۇر-غالاپ، تاراق-تۇرۇقتىن چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى.

**گۆلدۇر-گۈپپالڭ** «گۆلدۇر» قىلغان ۋە ياكى شۇ خىلدىكى ئاۋازلار: ئېتىشىش بارغانسېرى كۈچىيىپ باراتتى، ئەمدى پۈتۈن دەريانىڭ ئۈستىنى گۆلدۇر-گۈپپالڭ قاپلىغانىدى. * گۆلدۇر-گۈپپالڭ ئۇن كەلدى، چىقىپ بېقىڭ كىم كەلدى. قاراپ باقسام ھېچكىم يوق، كۆڭلۈمدىكى يار كەلدى.

**گۆلدۇر-گۇلاپ** → **گۆلدۇر-غاراس**: ئابدۇللا تاراق-تۇرۇق، گۆلدۇر-گۇلاپتىن ئويغىنىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ تولغىنىپ، ئەتراپقا قاراپ، بېشىغا ئەجەل قۇشى قونغانلىقىنى پەملەپ، ئاتا-ئانىسى بىلەن غايىبانە رازىلىشىپتۇ.

**گۆلدۇر-گۆلدۇر** «گۆلدۇر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: سۇ كېلىدۇ گۆلدۇر-گۆلدۇر، سۆيگىنىم بىر قىزىلگۈلدۇر. ئايرىلغىلى ئۈچ ئاي بولدى، چىرايىم سېرىق گۆلدۇر.

**گۆلدۇرلەتمەك** «گۆلدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: دۇمباقلار ئاۋازى پۈتكۈل دالىنى گۆلدۇرلەتمەكتە ئىدى.

**گۆلدۇرلەشمەك** «گۆلدۇرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گۆلدۇرلىمەك** پ «گۆلدۇر» قىلغان ئاۋاز چىقماق، «گۆلدۇر» قىلماق: ئۇ ئىشكىنىڭ بىردىن گۆلدۇرلەپ ئېچىلىشىدىن چۆچۈپ كارىۋاتتىن قاڭقىپ تۇرۇپ كەتتى. * بۇلۇتلار گۆلدۇرلەپ چاقتى چاقماقلار، ياغاتتى يامغۇرلار، يولدا پاتقاقلار.

**گۆلدۇرماما** ئى <مېتېئور> يامغۇرلۇق توپ بۇلۇتتىن ھاسىل بولىدىغان، يەنى بۇلۇت قاتلاملىرى ئارىسىدا، بۇلۇت بىلەن يەر ئارىسىدا ياكى بۇلۇت بىلەن ھاۋا ئارىسىدا ئېلېكتر پوتېنسىئال پەرقى ئېشىپ مۇئەييەن دەرىجىگە يەتكەندە، كۈچلۈك زەرەت (چاقماق) ھادىسىسى يۈز بېرىپ، زەرەت قويۇپ بېرىلگەن مۇساپىدا ھاۋا كۈچلۈك قىزىپ، سۇ تامچىلىرى چاپسان پارلىنىپ، ھەجمى جىددىي كېڭىيىپ، پارتلاشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل ھادىسە. بەزىدە ئۆتكۈنچى يامغۇر ياكى مۆلدۈر ئارىلىشىپ كېلىدۇ.

**گۆلدۇرمامىلىق** سۈپ. گۆلدۇرماما پەيدا بولغان، گۆلدۇرماما قاپلىغان: سېيىت ھاجى كۆزىنى يۇمۇپ قىرائەت باشلىدى، ئۇنىڭ ئاۋازى گۆلدۇرمامىلىق يامغۇردىن كېيىنكى غۇر-غۇر شامالدەك ئايۋان ئىچىنى ئارىلىدى.

**گۆلدۇرمە** ئى. ئېرىق، ئۆستەڭلەردىكى سۇنىڭ ئېگىزدىن پەسكە چۈشىدىغان جايى؛ كىچىك شارقىراتما: گۆلدۇرمە ياسىماق. * ئېگىز تۆگمەنگە نور قويدۇم، پەس تۆگمەنگە گۆلدۇرمە. قانچە دەرد-ئەلەم تارتساڭ، دۈشمەنلەرگە بىلدۈرمە.

**گۈلرەيھان** ئى [پ+ئە] <بوت> ← **رەيھانگۈل.**

**گۈلزار** ئى [پ] گۈل ئۆستۈرۈلگەن، گۈل-گىياھلار بىلەن قاپلانغان جاي، گۈللۈك، چىمەنزار: ياسىن پەت-مەدەنىيەت گۈلزارىدىكى جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ مېۋە بەرمەي نابۇت بولۇپ كېتىشىگە ئەسلا چىدالمايتتى. * گۈل-چېچەكلەر ئېچىلغان گۈلزارىم بار چىرايلىق، گۈلزارىمدا ياڭرىغان كۈي-سازىم بار چىرايلىق.

**گۈلزارلىق** «گۈلزار» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئادىتىمىز بۇ گۈل بىلەن چىلىڭ باغلانغان. يات كىشىلەرنىڭ نەزىرىگە چۈشۈپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنى گۈلزارلىقنىڭ چىلىڭ ئوتتۇرىسىغا تىكىشىمىز كېرەك. * باھار كەلسە گۈل ئاچىدۇ، بوستانلار، بۇلبۇللارنىڭ كۆيلىرىدە خۇشاللىق. لېكىن گۈلنىڭ ئۇرۇقلىرى بولمىسا، يەنە قايتا كۆكەرمەيدۇ گۈلزارلىق.

**گۈلسامساق** ئى [گۈل+سامساق] <بوت> ① گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك، تەڭگىچە غولى شار شەكلىدە، ئاق ياكى سۇس قىزىل رەڭلىك. گۈلى ۋارونكا شەكىللىك، رەڭگى ئاق. مەنزىرە ئۆسۈملۈكى. تەڭگىچە غولىنى يېيىشكە بولىدۇ، جۇڭيىدا دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ تەڭگىچە غولى.

**گۈلسۇرۇخ** ئى [گۈل + سۇرۇخ] <بوت> ← **قىزىلگۈل.**

**گۈلسۇرۇخ رەڭ** ① <ك سەن> سۆسۈنگە مايىل ئوچۇق قىزىل بولىدىغان بىرخىل مۇرەككەپ رەڭ. ② شۇ خىل رەڭدە بويالغان، شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن ياكى شۇ خىل رەڭگە ئىگە: گۈلسۇرۇخ رەڭ كۆڭلەك.

**گۈلسۆسەر** ئى [گۈل+سۆسەر] <بوت> ① چىغىرتماقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يەر ئاستىدىكى شارسىمان غولى سوقىچاق، يوپۇرمىقى شەمشەر شەكىللىك، گۈلى چوڭ، قىزىل ياكى سېرىق بولىدۇ، باشاقسىمان گۈل رېتىدە كېلىدۇ. غوزىلىق مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق كېلىدۇ. ئەسلىي ماكانى جەنۇبىي ئافرىقا. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈلسىز** سۈپ. گۈلى يوق ياكى گۈلى يوشۇرۇن بولغان: گۈلسىز ئۆسۈملۈكلەر.

**گۈلسىز ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> ← **يوشۇرۇن گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر.**

**گۈلسىمان** سۈپ. گۈلگە ئوخشاش، گۈل شەكىللىك.

**گۈلشەن** ئى [پ] ① گۈلزار، چىمەنزار، گۈللۈك، چىمەنلىك: باغۇبوستان ئىچىدە يايرىسۇن كۆڭۈل. قانات قېقىپ گۈلشەندە، سايرىسۇن بۇلبۇل. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلشۋاق** ئى [گۈل+شۋاق] <بوت> ← **ياتما ئەمەن.**

**گۈل-غۇنچە** گۈل ۋە غۇنچە: دوستۇڭ قانچە ئېيتقىنا، ئەي گۈل غۇنچە، قىشىڭدا. ھەرە نېمەڭ، چىمەنچۇ؟ بۇلبۇل ئوينار شېخىڭدا.

**گۈلقات** ئى [گۈل+قات] <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك چاتقال. غولى ياماشقۇچى غول، غولىدا ئىلمەك تىكەنلىرى بار، يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكلىدە بولىدۇ. گۈلى ئاق رەڭلىك، پۇراقلىق كېلىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈلقەقە** ئى [پ+ئە] ① ھەددىدىن ئارتۇق خۇشاللىق، شادلىق، شاد-خۇراملىق: گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەك. * ھۆر زەپىرانىنىڭ «نىكاھقا يول تاپتىم، مانا قازىنىڭ كىتابىنى ئاڭلاڭ» دەپ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتتى. * يىگىتلەر كۆرۈنۈشتە ئۇنى ماختىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە مەسخىرە قىلىشىۋ، ئۇ بۇنىڭ تېگىگە يەتمەي گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتەتتى. ② كۆچمە. رىۋايەتلەردە ئېيتىلىدىغان ئاجايىپ يېقىملىق سايرايدىغان، چىرايلىق بىر خىل قۇشنىڭ نامى: — كوھىقاپتىكى پەرىزات قىزلىرىنىڭ قولىدا گۈلقەقە دېگەن چىرايلىق بىر قۇش بار ئىمىش. شۇ قۇشنى ئېلىپ كەلسە ئامانلىق بېرەيلى، ئېلىپ كېلەلمىسە كاللىسىنى ئالىمىز، — دەپتۇ ئاچكۆز ۋەزىر پادىشاھقا چۈشەندۈرۈپ.

**گۈلقەقەلىرى ئېچىلماق** ھەددىدىن ئارتۇق خۇشال بولماق: ئەسلىدە يەرنى ئائىلىلەرگە كۆتۈرە بېرىش باشلانغاندا ھەممە ئادەم خۇشاللىنىپ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغانىدى. * ناغرىنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ لېتىپنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ، ئاغزى قۇلىقىغا يەتتى.

**گۈلقەنت** ئى [پ+ئە] قىزىلگۈل ۋە شېكەردىن تەييارلىنىدىغان بىر خىل مەلھەم. ئادەتتە دورا ئورنىدا ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**گۈلقىيار** ئى [گۈل+قىيار] <بوت> چايئوت ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يىلتىزسىمان غولى بولىدۇ، يوپۇرمىقى توخۇمسىمان ئېلىپسى شەكىللىك، شالاڭ ھەرە چىشلىرى بار. گۈلى قىزغۇچ سۆسۈن رەڭلىك، مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇرۇقى ئىنچىكە، ئۇچىدا ئۇزۇن تۈكچىلىرى بار. ھەممە يېرى دورا قىلىنىدۇ.

**گۈل-كەشتە** گۈل ۋە كەشتە: ئاق ياغلىقتا گۈل-كەشتە، گۈل-كەشتىمدە دىل رىشتە. * يەر قەرىدىن يول ئېلىپ، چۆل-دالىدا ئاقىمەن. باغرىم يېقىپ ۋەتەنگە، گۈل-كەشتىلەر باسىمەن.

**گۈل-گۈلىستان** ھەممە ياقنى يېشىللىق قاپلىغان، گۈل-چېچەككە ئورالغان، باغ-بوستانغا ئايلانغان جاي، گۈلزار: — غۇلجا — راست ئاجايىپ شەھەر ئىكەن، — دېيتتى ئابدۇراخمان، — ئىلىخو ئىسمى-جىسمىغا لايىق گۈل-گۈلىستان، باغۇبوستان يۇرت ئىكەن. * باھار كەلدى، گۈل ئېچىلدى، گۈل-گۈلىستان باغلاردا. ئانا-سىڭلىم بولسا كاشكى بۇنداق گۈزەل چاغلاردا!؟

**گۈل-گۈلىستانلىق** ھەممە ياقلىرى يېشىللىق قاپلىغان، گۈل-چېچەككە ئورالغان، باغ-بوستانغا ئايلانغان ماكان؛ گۈلزارلىق.

**گۈلگۈم** ئى. دىئال. زەپىران.

**گۈلگۈن** سۈپ [پ] ① قىزىل: ساقىيا كەلتۈر مەي گۈلگۈننى خۇش دەمدۇر بۈگۈن، بارچىدىن مەجلىستە مەي ئەھلى مۇقەددەمدۇر بۈگۈن. ② كۆچمە. گۈلدەك ياشنىغان، چىرايلىق، گۈزەل: گۈلگۈن چىراي. * بالامنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈۋېلىشنى، ئۇنىڭ ئۆز ئەجرىدىن رازى بولۇپ كۈلگەن گۈلگۈن چىرايىنى كۆرۈۋېلىشنى نەقەدەر ئارزۇ قىلاتتىم. * كۆرگەنمۇسىز كەڭسايىنى، بېھىشتەك گۈزەل جايىنى. كۆرمىگەنمەن ھېچ يەردە، بۇنداق گۈلگۈن چىرايىنى.

**گۈل-گىياھ** گۈل ۋە گىياھ: ئۇ تېۋىپنى تېپىپ، دورا-دەرمەكنى ئېلىپ ئارقىسىغا يېنىپتۇ. يۇلغۇنلار، گۈل-گىياھلار خۇش تەبەسسۇم بىلەن قىزغا تەزىم قىلىشىپتۇ. * قىش كېتىپ، كەلدى چىرايلىق ئەتىياز، گۈل-گىياھ، بەرگى قىياقلار قىلدى ناز.

**گۈللە تمەك** «گۈللىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار باغۇەنچىلىك ۋە مېۋىزارلىقنى گۈللەتكەن. 70 نەچچە خىل

مېۋىنىڭ شىپالىق خۇسۇسىيەتلىرىنى تېپىپ چىققان. * جاۋاب شۇكى: ئۇ ئاتىغان ۋۇجۇدىنى، گۈللىتىشكە گۈزەل يېزا — ئانا يەرنى: يېزا مېھرى' يالقۇنلىنار يۈرىكىدە، تۆكەر شۇڭا كېچە-كۈندۈز كۈمۈش تەرنى.

**گۈللەندۈرمەك** «گۈللەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: بۇ ئىككىيلەن بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمكارلىشىپ ئىشلەپ، زاۋۇتنى يىلدىن-يىلغا گۈللەندۈردى. * گۈللەندۈردى بۇ سەممىي ئەمگەكچى، ئىنسان ياشاپ كۆرمىگەن بوز-دالانى. ئاتا ئۆلدى، داۋام قىلدى نەسىللەر، بولدى بۇ جاي زېمىن ئۆززە ماكانى.

**گۈللەندۈرۈلمەك** «گۈللەندۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گۈللەنمەك** «گۈللىمەك» پېئىلى ② نىڭ ئۆزلۈك دەرىجىسى: لوقمان بىلەن بۇھەجەرنىڭ شەھەردىكى گىلەمچىلىك ھۈنىرى يېڭىباشتىن گۈللىنىپ كېتىپتۇ. بالىلىرىمۇ چوڭ بولۇپ، ئىمكارلىرىنىڭ ئورنىنى بېسىپتۇ. * كەلدى نەۋ باھار — كۆكلەم، كۈلدى گۈللىنىپ ئۆلكەم. تاپتى يۈكسىلىش ئاتۇش، باھار نۇرىدا شۇ دەم.

**گۈللۈك** ① سۈپ. گۈلى بار، گۈل چۈشۈرۈلگەن، گۈلدار: گۈللۈك رەخت. گۈللۈك چىت. گۈللۈك چىنە. گۈللۈك ئىشكاپ. گۈللۈك ياغلىق. * ئۇنىڭ گۈللۈك دۇخاۋا كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكى قۇسۇق بىلەن بۇلغاندى. * بويلىرىڭ ئەتلەس-يىپەك، باغلىرىڭ رەڭدار چىمەن. ئۆيلىرىڭ گۈللۈك گىلەم، قۇچىقىڭ گۈلزار خوتەن. ② ئى. گۈل ئېرىپ ئۆستۈرۈلگەن جاي، گۈلزار: پەرىدە جاۋاب ئورنىدا كۈلۈپلا قويدى. ئۇلار ئەمدى ياندىكى گۈللۈككە سۈرۈلدى. * قۇياش كۈلگەندە ئۇچراتتىم، شۇ گۈللۈك ئىچىدە دىلبەرنى. گۈزەللىك تەكتىگە يەتتىم، كۆرۈپ ماڭلىيىدا تەرنى.

**گۈللۈك تەمرەتكە** <تب> تېرە كېسىلى. بىر خىل كۆكىرىك زەمبۇرۇغى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇنىڭدا، تېرە يۈزىدە ئاچ سېرىق ياكى توق قوڭۇر ھەم يۇملاق شەكىلدىكى داغلار پەيدا بولۇپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاقىرىدۇ. ئادەتتە ئاغرىتمايدۇ ھەم قىچىشتۇرمايدۇ. كۆپىنچە بويۇن، كۆكرەك، دۈمبە تەرەپلەرگە چىقىدۇ.

**گۈللۈك چاي** <بوت> يەسمەن قاتارلىق گۈللەرنىڭ يېڭى گۈلىدىن ئىسلاپ تەييارلىنىدىغان بىر خىل كۆك چاي.

**گۈللۈك مارجانتاش** <زوئول> قەدىمكى يۇمشاق تەنلىكلەرنىڭ بىر تۈركۈمى. دېۋون دەۋرىدىن باشلاپ تەرەققىي قىلىشقا باشلىغان، ئوتتۇرا ئېرادا كەڭ راۋاجلانغان. بور دەۋرنىڭ ئاخىرلىرىدا يوقالغان.

**گۈللۈك ئۆسۈملۈكلەر** <بوت> كۆپىيىش ۋاقتىدا چېچەكلەپ مېۋە بېرىدىغان ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، شاپتۇل، ئۆرۈك قاتارلىقلار.

**گۈللىمەك** پ ① گۈل بولۇپ ئېچىلماق، چېچەكلىمەك، گۈلگە ئايلانماق: دېرىزەمدە ئاپئاق-ئاپئاق قار، ئاق چېچەكلەر بولۇپ گۈللىدى. ئەسكە چۈشۈپ بىر گۈزەل باھار، خىيالىمنى يىراق يوللىدى. * تېخى ئۆزى پىشماستىنلا ئورۇقلايدۇ، گۈل توزۇسىمۇ، يەنە غۇنچىسى گۈللەيدۇ. ② كۆچمە. راۋاجلىنىپ تەرەققىي قىلماق، ئىلگىرى باسماق، روناق تاپماق، ياشنىماق: ئۇلار گاھى چاندۇرۇپ، گاھى چاندۇرماي، ئۆزىنىڭ نەپىس ئىستەك-تۇيغۇلىرىنى قەلبىنىڭ ئەڭ يوشۇرۇن يېرىدە ئۆستۈردى، ئۇ بىخلاندى! مانا ئەمدى گۈللەش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. * ئىشلەيلى دوستلار، كۈلەيلى دوستلار. ئانا ماكانى

گۈللە يلى دوستلار.

**گۈلمە** ئى. دىئال. ئېگەر قاپتىلىنىڭ ئاستىغا سالىدىغان كۆلمى قاپتالدىن سەل چوڭراق كىگىز توقۇم؛ جەزلىك.

**گۈلمەريەم** ئى [گۈل+مەريەم] ① <بوت> تۈنپۈراق. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلنار** ئى [پ] ① ئانار گۈلى: لەۋلىرىڭ يادىدا چەككەن رەنجۇ-كۈلپەت شەۋكىتىم، ھەم شەرەپ بىلسەم ئېزەي باغرىمنى گۈلنار سەن ئۈچۈن. * مەن گۈلستان ئىچرە كىرسەم سەن ئۇنىڭ گۈلنارى سەن، مىڭ گۈزەللەر بەيگىسىدە سەن ئۇنىڭ سەردارى سەن. گەرپۈتۈلگەن بولسىمۇ غۇربەت بولۇپ قىسمەت ماڭا، مىڭ مەئىشەت باغىدىن ئۈستۈن كۆڭۈل گۈلنارى سەن. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلناز** ئى [پ] ① ئۇياتچانئوت: ئۆمۈر تەكشى ئەمەستۇر يىلدا قىش-ياز، زېمىستانىسىز باھار كۆرمەيدۇ گۈلناز. ئىلىم سۆيسەڭ ھاياتىڭ بارى مەكتەپ، زامان ۋەھىمى چۈشەنسەڭ پىرى ئۇستاز. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈل-نەقىش** گۈل ھەم نەقىش: شىرىننى پەرھادنى باشلاپ ئۆزى بىر كەلسە دەپ، نەزمە-داستان بابىدىن بىر رەت يەنە دەرس بەرسە دەپ، لەۋزىدىن كۆڭلۈم بېغىغا لالە-رەيھان تەرسە دەپ، ھەم ئۆزى تىككەن كۆچەتنىڭ مېۋىسىنى كۆرسە دەپ، گۈل-نەقىش چەككەن ئەمەسمۇ دىل پاياندازىغا مەن.

**گۈلئۇزار** سۈپ [پ] گۈل يۈز، گۈل چىراي: خەير خۇش، دەردمەن دادا، غەمگۇزارىم ياخشى قال. كۆزلىرىم ئاقۇقاراسى، گۈلئۇزارىم ياخشى قال. * ئەقىدىسى ئۆمۈرلۈك، ئىشقى لەۋزى سۆيۈملۈك. جانى جانغا كۆيۈملۈك، گۈلئۇزارىم قول ئۇزات.

**گۈلچى** ئى. دىئال. ئۆرۈكنىڭ بىر تۈرى.

**گۈلستان** ئى [پ] ① گۈللىگەن، ياشنىغان، گۈل-گىياھ، باغۇبوستان بىلەن قاپلانغان يەر، ئاۋات جاي: ھاتەم تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ كېتىپ باراتتى. ياپيېشىل، خۇش ھاۋالىق بىر گۈلستان ئۇچرىدى. * گۈل-گۈلستان بولغۇدەك، ئالەم گۈلستان بولغۇدەك، ئىككى ياخشى بىرگە بولسا چۆللەر گۈلستان بولغۇدەك. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈلستانلىق** «گۈلستان» سۆزىنىڭ ئابستراكت ئىسىم شەكلى: ئايلار-يىللار ئۆتۈۋېرىپ، دەريا بويى بىر ئاجايىپ گۈلستانلىققا ئايلىنىپ قېلىپتۇ. * گۈلستانلىق ئىچىدە ياخشى گۈللەردىن تىزىپ دەستە، شۇ گۈل ھىجرىدە كۆيگەن گۈل خۇمارىغا يوللىغان ياخشى.

**گۈليار** ئى [پ] ① گۈزەل يار؛ جانان: كەل ئى دوستۇم ئىچەيلى مەي ۋىسال بەزمىدە خۇشلۇقتىن، ماڭا ئەيلە مەدەت، ساڭا بولاي گۈليارى دەپ كەلدىم. ② يار، جانان شەنىگە ئېيتىلىدىغان شېئىر، قوشاق نامى: ئۇلار «گۈليار»نى ئېيتىپ توي بولۇۋاتقان قوروغا كىرىپ كەلدى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**گۈليەسمەن** ئى [پ] <بوت> ① قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، ئېللىپس ياكى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، گۈل رېتى شار شەكلىدە، گۈلى كىچىك، قېنىق قىزىل ياكى ئاق رەڭلىك بولۇپ، ئورىغۇچى يوپۇرماقلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنۇپ تۇرىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**گۈم** تەق. مىلتىق، تاپانچا قاتارلىقلارنىڭ ئېتىلىشىدىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: گۈم قىلماق. * دەل شۇ چاغدا «گۈم!» قىلغان تاپانچا ئاۋازى بىلەن تەڭ «سەگەك» پاتقاققا يىقىلدى.

**گۈمبەز** ئى. دۈملەنگەن قىغ دۆۋىسى: ئۇ ۋاگون دېرىزىسى ئالدىدا تۇرۇپ، سىپتە بىرنىڭ قويۇق ھاۋاسىنى، غازاڭ، گۈمبە پۇرىقىنى، ئاللىقەيەردە كۆيۈۋاتقان پاخال ئىسىنى، تاڭ ئاتاردا سوغۇق توڭلاتقان يەر پۇرىقىنى ھۇزۇر قىلىپ يۇتاتتى.

**گۈمبەز** ئى [پ] قۇببە يەنى قازان شەكلىدە ياسالغان قۇرۇلما، قۇببە تەقلىدىدىكى نەرسە: گۈمبەز ياسىماق. مەسچىت گۈمبىزى. * ئايرودروم ئىچىدىكى چوڭ-كىچىك پوتەيلەر گۈمبەزلەرگە ئوخشاش چوقچىيىپ تۇراتتى. * ئاقنا گۈمبەز ئىچىدە، ئاقىرىپ ياتقان ئانام. بىۋاقت كۆزنى يۇمۇپ، بىزنى يېتىم قىلغان ئانام.

**گۈمبەز قۇرۇلما** <كېئول> كۆتۈرۈلمە ياكى دۈم، يانتۇ شەكىللىك تۈزۈلمە. كۆرۈنۈشى يۇملاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى بىلەن كەڭلىكىنىڭ نىسبىتى 1 : 3 دىن كىچىك. ئۇنىڭدىكى قاتلاملار ھەر تەرەپكە قاراپ تەكشى قىيسايغان.

**گۈمبەز نەقىش** <بىن> گۈمبەز شەكلىدە چىقىرىلغان نەقىش.

**گۈمبەزچىلىك** ئى. گۈمبەز ياساش ئىشى، سەنئىتى: ئەۋلىيا-ئەنبىيا كىشىلەر ئۈچۈن مەخسۇس مازارلار تەسىس قىلىنىپ، مۇقەددەس جايغا ئايلانغان. مەقبەرە گۈمبەزچىلىك تاجىكلاردا ھېلىمۇ داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان قەبرىچىلىك ئادىتى.

**گۈمبەزسىمان** سۈپ. گۈمبەزگە ئوخشاش، گۈمبەز شەكىللىك: ئۇنىڭغا ئوقنىڭ بىر ئۇچى پاتقۇدەك تۆشۈك ئېچىلىدۇ. ئاشۇ تۆشۈككە ئوق تۇتاشتۇرۇلغاندىن كېيىن ئىككى بۆلەك بىرلەشكەن گۈمبەزسىمان جازا شەكىللىنىدۇ. * جانلىقلار ۋە ئادەملەر، چەكلىك ياشار ئالەمدە. گۈمبەزسىمان بۇ ئاسمان، چەكسىز ئېگىز بىپايان.

**گۈمبەزلىك** سۈپ. گۈمبىزى بار، گۈمبەز چىقىرىپ ئىشلەنگەن: گۈمبەزلىك ئىمارەت. * قەدىمىي شەھەر، چوڭ-كىچىك گۈمبەزلىك ئىمارەتلەر، ئېگىز مۇنارلار، ئاۋات رەستىلەر، ھەرخىل نەرسە-كېرەكلەرنى ئېلىۋاتقان خۇشال كىشىلەر كۆرۈنىدۇ.

**گۈمبۈر** تەق. پارتلاش ياكى ئېگىز تاملارنىڭ ئۆرۈلۈشى قاتارلىقلاردىن ھاسىل بولغان ئاۋاز: بۈگۈنمۇ تۈنۈگۈنكىدەك دەريا ئۈستىنى، ئۆتۈش جايلىرىنى، تۆپىلىكلەرنى زەمبىرەك ئوقلىرىنىڭ گۈمبۈر، گۈلدۈرلىرى بېسىپ كەتكەنىدى.

**گۈمبۈر-گۈمبۈر** «گۈمبۈر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گۈمبۈرلەتمەك** «گۈمبۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئوتنى يېقىپ شوخ يىگىتلەر تېزدىن مۆكىشەر، گۈمبۈرلىتىپ ئېگىز تاغنى بەلدىن ئۈزىشەر.

**گۈمبۈرلەشمەك** «گۈمبۈرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بولدى تاغلار گۈمبۈرلىشىپ يىقىلغاندەك، كۆك ئاسماندا گويا چاقماق چېقىلغاندەك.

**گۈمبۈرلىمەك** پ «گۈمبۈر» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گۈمبۈر» قىلماق: جەنۇبىي دەرۋازا سىرتىدا ھۇجۇم كانىيى چېلىنىش بىلەن، تۆت تەرەپتە ئېتىلغان ئوقلار ۋىژىلداپ ئۇچقىلى ۋە قول بومبىلىرى گۈمبۈرلەپ پارتلىغىلى تۇردى. * ئۇنىڭ قۇلىقىغا گۈمبۈرلىگەن داقا-دۈمباقنىڭ ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. ھەممىلا يەرنى قالايمىقان، يېقىمسىز دۈمباق ئاۋازى قاپلىغاندەك ئىدى.

**گۈممىدە** رەۋ «گۈم» قىلغان ھالدا «گۈم» قىلىپ: ئۇ ئورنىدىن ئەمدى تۇرۇشىغا گۈممىدە قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى-دە، يەنە ئۆزىنى يەرگە ئاتتى.

**گۈمۈرەڭگۈ** سۈپ ← **كۆمۈرەڭگۈ:** گۈمۈرەڭگۈ دەرۋازا. گۈمۈرەڭگۈ زال.

**گۈمۈرۈلمەك** پ. ئۈيۈلۈپ چۈشۈپ كەتمەك، كۆمتۈرۈلمەك، ئۈلتۈرۈشماق، ئۆرۈلمەك: سۈپۈرگىئاخۇن مەدرىستە ئوقۇۋاتقىنىدا دادىسى قۇدۇق گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن سەۋەب بىلەن قازا تاپتى. * چاڭ كۆتۈرۈپ گۈمۈرۈلدى تىلك تاشلار، قۇرۇپ قالغان چاتقاللارغا ئوت كەتتى. جەڭگىۋارلار تەبرىكلەشتى ئۆزئارا، شاد يۈرەكلەر ئىلھام بىلەن تېپەتتى.

**گۈن** ① ئى. نۇر، قۇۋۋەت (كۆز نۇرى ھەققىدە): كۆزنىڭ گۈنى يوق. ② سۈپ. تېرەن، چوڭقۇر.

**گۈندە** (توغرىسى: گۈندا) ← **گۈندا.**

**گۋاردىيە** ئى [ر<فران] سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بۇرۇنقى ۋاقىتلىرىدا مۇناخ، پادىشاھىنىڭ لەشكەر باشلىقى ۋە خۇسۇسىي ساقچىلىرى نامى؛ ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن قوشۇنىنىڭ خىللانغان، چېنىققان، مۇنتىزىم قىسمى: ياش گۋاردىيە. گۋاردىيە جەڭچىلىرى. قىزىل گۋاردىيە.

**گۋاردىيچى** ئى. گۋاردىيىگە قوشۇلغان، گۋاردىيە تەركىبىدىكى كىشى: گۋاردىيچى كاپىتان.

**گې** «گ» ھەرپىنىڭ نامى.

**گېپارىن** ئى [ر<گرېك] <تىب> ئادەم ياكى يۇقىرى دەرىجىلىك ھايۋانلار تېنىدىكى قاننىڭ ئۇيۇشىنى توسۇش رولىنى ئوينايدىغان ماددا. جىگەردە مىقدارى ئەڭ كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئۆپكە، بۆرەك، ئۈچەي قاتارلىقلاردىمۇ بولىدۇ.

**گېدە** سۈپ. دىئال. بۇدۇر، بۇجۇغۇر.

**گېرەم** ئى ① يەر ئاستىغا سېلىنغان كېمىر ئۆي. ② بىنالارنىڭ يەر ئاستىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئۆيى. ئادەتتە كۆپ قەۋەتلىك بىنالارنىڭ ئاستىنقى قەۋىتىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ.

**گېرب** ئى [ر<پولەك] دۆلەت، شەھەر، تەبىقە، ئۇرۇق قاتارلىقلارنىڭ بايراق، پۇل، تامغىلىرىغا چۈشۈرۈلىدىغان بەلگىسى: جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت گېربى.

**گېرتس** مق [ر<نېم] <فىز> چاستوتا بىرلىكى، يەنى بىر سېكۇنتتا بىر قېتىم تەۋرەنسە بىر گېرتس بولىدۇ، بىر سېكۇنتتا 10 مىڭ قېتىم تەۋرەنسە، 10 مىڭ گېرتس بولىدۇ. بۇ نام گېرمانىيە فىزىكا ئالىمى گېرتس ( Heinrich Hertz ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گېرتسوگ** ئى [ر<نېم] غەربىي ياۋروپادا يۇقىرى تەبىقىدىكى ئەمەلدار، كىنەزلەرگە بېرىلىدىغان ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن ئادەم.

**گېرتسىن** ئى <جۇغ> ئالىپ تاغ تىزمىلىرىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**گېرتسىن ھەرىكىتى** <گېئول> قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرىدا يۈز بەرگەن يەر پوستى ھەرىكىتىنىڭ ئومۇمىي نامى. بۇ ھەرىكەت قەدىمكى ھايات ئېراسىنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا ۋە ئۇنىڭدىن بۇرۇنقى يەر قاتلاملىرىدا پۈرمىلىنىش، ئۆزگىرىش ۋە ئۈزۈلۈشلەرنى پەيدا قىلغان.

**گېركۇلېس** ئى [ر<لات] <ئاستر> ← **گېركۇلېس يۇلتۇز تۇركۈمى.**

**گېركۇلېس يۇلتۇز تۇركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۇركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 17 سائەت 20 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى °32؛ يەنى ئەجدىھا يۇلتۇز تۇركۈمىنىڭ جەنۇبىغا توغرا كېلىدۇ. ئادەتتە ئۇ شىمالىي تاج يۇلتۇز تۇركۈمى بىلەن لىرا يۇلتۇز تۇركۈمى ئارىسىدىكى

چوڭ يۇلتۇز تۈركۈمى ھېسابلىنىدۇ.

**گېرمان** ئى <ئىرق> ← **گېرمانلار.**

**گېرمانلار** ئى <ئىرق> ① مەركىزىي، غەربىي ۋە غەربىي جەنۇبىي ياۋروپادا ياشىغان قەدىمىي قەبىلىلەرنىڭ ئورتاق نامى. ② نېمىسلار.

**گېرمانىي** ئى [ر] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Ge ( germanium ). كۈل رەڭ، پارقىراق ۋە چۈرۈك كېلىدۇ. ئۇ تاق يۆنىلىشلىك توك ئۆتكۈزۈش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە مۇھىم يېرىم ئۆتكۈزگۈچ بولۇپ، تەبىئەتكە ناھايىتى ئاز تارقالغان.

**گېزەرمە** سۈپ ← **بىزەڭ**: – ھۇ، يۈزى قېلىن گېزەرمە، – دەپ تىللىدى ئۇ.

**گېزەرمەك** پ. بىزەڭلىك، قېلىنلىق قىلماق: – ئىش قىلىپ كۆڭلۈڭلەرگە خۇدايىم ئىنساپ بەرسۇن بالام! – مومايىنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىققتى، – بۇ يەرگە گېزىرىپ كېلىۋېرىدىغانغا مەنمۇ ئاشىق ئەمەس.

**گېزەك** ئى [پ] مېھمانلار ئۈچۈن داستىخانغا تىزىلىدىغان قەنت، ناۋات، كەمپۈت قاتارلىق تاتلىق-تۈرۈم يېمەكلىكلەر؛ قەنت-گېزەك: گېزەك تىزماق. * ھەسسەنەم داستىخان سېلىشقا ئىجازەت سورىدى، باشقىلار توغرا كۆرگەندىن كېيىن داستىخان سېلىپ، گېزەك، نان قويۇپ، چاي كەلتۈردى، قىزىق پاراڭ، كۈلكە-چاقچاقلار باشلاندى. * سەپەردە سەن ئاز ئۇخلىغىن بولۇپ زېرەك، يەپ ئولتۇرما ھۇجراڭدىسەن غەمسىز گېزەك.

**گېزەندە** ئى [پ] ① ئادەم ۋە نەرسىلەرنى چاقىدىغان، زەھەرلەيدىغان بىر خىل زىياندâش جانلىقلار: ئۇ ئەسلىگە كەلمەكچى بولسا، ئاق پەيىنى كۆيدۈرۈپ، ئۇنىڭ كۈلىنى بەدىنىگە سۈركىسە ئەسلىگە كېلەر، ھېچبىر گېزەندە ۋە زىيانداشلار ئۇنىڭغا يېقىن كېلەلمەس. ② كۆچمە. تىل ھا. كاللىكېسەر، ئۆتۈپ كەتكەن ياۋۇز دۈشمەن: مېنىڭ ھەيرانلىقىم، ئۇلارنىڭ «دۈشمەن» ئىكەنلىكىگە شەك كەلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى: «ياپىر، مەكتىپىمىز راستىنلا گېزەندىلەرنىڭ ئۇۋىسىغا ئايلىنىپ قېلىپتىكەنغۇ» دەپ چۆچۈپ كېتىشتە ئىپادىلەندى. * ئۆيلەر قۇرۇق، ئەل قۇرۇق، گېزەندىلەر بۇلاشقان. ھەممە ياقتا قان ئىزى، گۈل-گىياھمۇ سولاشقان.

**گېزىت** ئى [ر<ئىتال] <مەت> دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى خەۋەرلەرنى ئاساسىي مەزمۇن قىلىدىغان ئەركىن بەتلىك، قەرەللىك نەشر بۇيۇمى. ئادەتتە كۈندىلىك گېزىت كۆزدە تۇتۇلىدۇ: شىنجاڭ گېزىتى. ئۈرۈمچى كەچلىك گېزىتى، ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى. سودا گېزىتى.

**گېزىت بېشى** <مەت> گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتىنىڭ گېزىت نامى چۈشىدىغان جايىنىڭ ئوڭ ياكى، سول بۇرجىكى. ئادەتتە مۇھىم بولغان قىسقا خەۋەر ياكى سۈرەتلىك خەۋەرلەر بېسىلىدۇ. بەزى گېزىتلەردە بولسا، شۇ كۈنكى گېزىتنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىسقىچە بېرىلىدۇ.

**گېزىت نامى** <مەت> گېزىتنىڭ بىرىنچى بېتى، تام گېزىتى، قارىتاختا گېزىتى قاتارلىقلارنىڭ نامى، قەرەلى قاتارلىقلار بېرىلىدىغان يۇقىرىقى قىسمى.

**گېزىت ئىدارىسى** <مەت> ← **گېزىتخانا.**

**گېزىت-پېزىت** گېزىت ۋە شۇ تۈردىكى باسما ماتېرىياللار: مەن بىرقانچە يىللاردىن بۇيان قەلەم، كىتاب دېگەن نېمىلەر بىلەن خوشلىشىپ، كەتمەن بىلەن دوستلىشىپ كەتكەندىم. راستىمنى ئېيتسام، گېزىت-پېزىت،

ماتېرىيال-پاتېرىيال دەپ ئوقۇغان نەرسىلىرىمۇ قۇلىقىمغا كىرمەيتتى، ئاڭلىغۇممۇ كەلمەيتتى.

**گېزىتچى** ئى. گېزىت تارقىتىدىغان ياكى گېزىت ساتىدىغان كىشى.

**گېزىتچىلىك** ئى. گېزىت نەشىر قىلىش، گېزىت چىقىرىش پائالىيىتى: شۇ چاغلاردا بۇ پارتىيىنىڭ پارلامېنتتىكى ۋەكىلى لىدرو – روللىن، يازغۇچىلار ساھەسىدىكى ۋەكىلى لۇئى بلان، گېزىتچىلىك جەھەتتىكى ۋەكىلى «ئىسلاھات» گېزىتى ئىدى.

**گېزىتخانا** ئى <مەت> گېزىت ماتېرىياللىرىنى يىغىش، تەھرىرلەش ۋە نەشىر قىلىش بىلەن مەخسۇس شۇغۇللىنىدىغان ئورۇن، ئىدارە.

**گېزىت-ژۇرنال** گېزىت ۋە ژۇرنال: پاتىگۇل ئىشخانىسىغا كىرىپ بىردەم ئۇ يان-بۇ يان ھاڭۋېقىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزى ھېلىلا گېزىت-ژۇرناللارنى قويۇپ قويغان شىرەنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

**گېزىرىشمەك** «گېزەرمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گېستاپو** ئى [ر<نېم] <تارىخ> گىتلېرچىلار گېرمانىيىسىدىكى فاشىزمغا قارشى كۈچلەر-نى قانلىق باستۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان يوشۇرۇن دۆلەت ساقچىسى.

**گېستاپوچى** ئى <تارىخ> گېستاپودا خىزمەت قىلىدىغان فاشىست.

**گېكتار** مىق [ر<گرېك+لات] مېتر سىستېمىسىدىكى 10 مىڭ كۋادرات مېترغا تەڭ مەيدان ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتوگرام** مىق [ر<گرېك] مېتر سىستېمىسىد-كى 100 گرامغا تەڭ ئېغىرلىق ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتولىتر** مىق [ر<گرېك+فران] مېتر سىستې-مىسىدىكى 100 لىترغا تەڭ سىغىم ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكتومېتر** مىق [ر<گرېك] مېتر سىستېمىسىدىكى 100 مېترغا تەڭ ئۇزۇنلۇق ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېكساخلوران** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_6Cl_6$. ئاق رەڭلىك ياكى سۇس سېرىق رەڭلىك پاراشوك. تەمى ئاچچىق، سۇدا ئېرىمەيدۇ، ئىسپىرت ۋە كىرسىندە ئېرىيدۇ. ئۇ بىر خىل ئىشلىتىلىشى بەك كەڭ بولغان قۇرت ئۆلتۈرگۈچى دورىدۇر.

**گېگېلچىلىق** ئى <پەلس> 18-ئەسىرنىڭ باشلىرىدا گېرمانىيە پەيلاسوپى گېگېل، كانت، فىشت ۋە شېللىڭلارنىڭ پەلسەپىسى-نى تەتقىق قىلىش ئاساسىدا ياراتقان، ئەينى زاماندىكى ياۋروپا پەلسەپە تارىخىدا ھەممىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرغان ئوبيېكتىپ ئىدېئالىزم سىستېمىسى. ئۇنىڭدا ئالەم بىنا بولۇشتىن ئىلگىرى بىر خىل «مۇتلەق روھ» مەۋجۇت بولغان بولۇپ، دۇنيادىكى ھەممە مەۋجۇدىيەتلەر ئۇنىڭ ئىپادىسى ياكى ئۇنىڭدىن ئۆزگىرىپ كەلگەن دېگەن قاراش ئىلگىرى سۈرۈلىدۇ.

**گېگېلىزم** ئى [ر] <پەلس> ← **گېگېلچىلىق**.

**گېگېلىزملىق** سۈپ. گېگېلىزمغا ئائىت، گېگېلىزمغا ئاساسلانغان: ئۇلار يا بۇ نۇقتىنى تامامەن سەل قارايدۇ، يا بۇ ئىنگلىسنىڭ «گېگېلىزملىق كېسەلى» دەپ ھېسابلايدۇ.

**گېلاۋ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**گېلاۋ تىلى** <تىل> گېلاۋلار ئىشلىتىد-غان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىل سىستېمىسىغا كىرىدۇ، ئۇنىڭ قايسى تىل تۈركۈمىگە كىرىدىغانلىقى تېخى ئېنىقلانمە-

غان. 20 نەچچە مىڭ نوپۇسلۇق گېلاۋلار ئىچىدە، گېلاۋ تىلى بويىچە سۆزلىشەلەيدىغانلار 6 مىڭغا يېقىن.

**گېلاۋچە** ① سۈپ. گېلاۋلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: گېلاۋچە ئادەت. گېلاۋچە كىيىم. ② ئى. گېلاۋ تىلى ۋە يېزىقى: گېلاۋچىنى ئۆگەنمەك.

**گېلاۋخۇي** ئى [خەن] <تارىخ> باڭخۇي تەشكىلاتىنىڭ بىر خىلى. چىڭ سۇلالىسى-نىڭ ئاخىرقى يىللىرى چاڭجياڭ دەرياسى ۋادىسىنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ھەرى-كەت ئېلىپ بارغان. ئەزالىرىنىڭ كۆپچىلىكى شەھەر-يېزىلاردىكى كۆچمەن-لەردىن تەركىب تاپقان. دەسلەپتە ئۇلار چىڭ ھۆكۈمىتىگە قارشى كۈرەش قىلىش ئاڭلىقلىقىغا ئىگە بولۇپ، كېيىن پارچىلىنىپ ئوخشىمىغان مەزھەپلەرگە بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئاخىرىدا ئەكسىيەتچى كۈچلەر تەرىپىدىن پايدىلىنىلىپ كېتىلگەن.

**گېلاۋلار** ئى <ئىرق> گېلاۋ مىللىتى، گېلاۋ خەلقى. ئۇلار گۈيجۇ ئۆلكىسىنىڭ جىيەنشى، جىنجىن، زۈنيى، رېنخۇەي قاتارلىق ناھىيىلىرىگە، گۇاڭشى جۇاڭزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ لوڭلىن ۋە يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ ۋېنشەن قاتارلىق رايونلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. ئاھالىسى 20 مىڭدىن ئاشىدۇ. كۆپچىلىكى خەنزۇ تىلى ۋە سانى كۆپرەك بولغان باشقا ئازسانلىق مىللەتلەر تىلىدا سۆزلىشىدۇ. بىر قىسمى ئۆز تىلىدا سۆزلىشىدۇ.

**گېلەك** ئى. دىئال. يۇقىرى ئۈچ سانتىمېتىردىن قىسقا تېرە.

**گېلسېمىيۇم** ئى [لات] <بوت> ← **گېلسېمىيۇم چاتقىلى.**

**گېلسېمىيۇم چاتقىلى** <بوت> كۇچۇلا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال. غولى يۆگىمەچ، يوپۇرمىقى تۇخۇم ياكى تۆمۈنە شەكلىدە، گۈلى سېرىق، مېۋىسى غوزا مېۋە، ئۇرۇقى زەھەرلىك، تىبابەتچىلىكتە دورا قىلىنىدۇ.

**گېلىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> گاز ئېلېمېنت. بەلگىسى He ( helium ) . بۇ بىر خىل ئىنېرتلىق ئېلېمېنت بولۇپ، رەڭسىز، پۇراقسىز كېلىدۇ. لامپۇچكا ۋە نېئون چىرىغىنى تولدۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ، ئۇنىڭ-دىن باشقا كۆپتۈرمە سۇلياۋلارنى ياساشتىمۇ قوللىنىلىدۇ. سۇيۇق گېلىي ئادەتتە سوۋۇتقۇچى قىلىنىدۇ.

**گېماتىن** ئى [ر<گرېك] <بىئول> تەركىبىدە تۆمۈر ماددىسى بولغان پورفىرىنلىق بىر خىل بىرىكمە. گېموگلوبىن بىلەن بەزى ئوكسىدلارنى ئوكسىدسىزلىغۇچى ئېنزىملار-نىڭ ئاگونى ھېسابلىنىدۇ. ئادەتتە جانلىق ئورگانىزم تېنىدىكى ئوكسىگېننى يەتكۈزۈش ۋە ئوكسىدلارنى ئوكسىدسىز-لاش فۇنكسىيىسىگە قاتنىشىدۇ.

**گېموروي** ئى [ر<گرېك] <تىب> ← **بوۋاسىر.**

**گېموگلوبىن** ئى [ر<گرېك+لات] <بىئول> قان سۇيۇقلۇقىدىكى تەركىبىدە تۆمۈر بىلەن ئاقسىل بولغان قىزىل رەڭلىك بىرىكمە. ئۇ ئوكسىگېن ياكى كاربون ( IV ) ئوكسىد بىلەن ئاسان بىرىكىدۇ، ھەم ئاسان ئاجرىلىدۇ. قان سۇيۇقلۇقى گېموگلوبىننىڭ ياردىمى بىلەن ئۆپكە پۇۋەكچىسى ئىچىدىن ئوكسىگېننى قوبۇل قىلىپ، بەدەننىڭ ھەربىر توقۇلمىلىرىغىچە يەتكۈزىدۇ ۋە بەدەننىڭ ھەربىر توقۇل-مىلىرىدىكى كاربون ( IV ) ئوكسىدنى ئۆپكىگە ئېلىپ كېلىپ بەدەن سىرتىغا چىقىرىدۇ. قاننىڭ قىزىل بولۇشى ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك.

**گېن** ئى [ر<گرېك] <بىئول> جانلىقلار

تېنىدىكى ئىرسىيەتنىڭ ئاساسىي بىرلىكى. ئۇ ھۈجەيرىدىكى خروموسومىغا تۈز سىزىق بويىلاپ جايلىشىدۇ.

**گېن ئامبىرى** <بىئول> خالىغان بىر جىنسلىق كۆپىيىدىغان جانلىقلار توپى ئىچىدىكى كۆپىيىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولغان بارلىق يەككە تەنلەر ئۆز ئىچىگە ئالغان ھەممە گېن ياكى ئىرسىيەت سىگناللىرى.

**گېن تىپى** <بىئول> ① ھەربىر ھايۋاننىڭ تېنىدە بولىدىغان خاس ئىرسىي ئالاھىدىلىك. ② بىر خىل ئانتىگېنغا مۇناسىپ بولغان ئانتىتېلادا، شۇ ئانتىگېنغا نىسبەتەن خاسلىق بولىدۇ. بۇ خاسلىق «گېن تىپى» دەپ ئاتىلىدۇ. بەزى گېن تىپلىق ئانتىتېلا ئىرسىيەتنىڭ سىمۋولى بولىدۇ.

**گېن چاستوتىسى** <بىئول> ئالاھىدە بەلگىلەنگەن مەلۇم بىر گېننىڭ بىر توپ ئىچىدە كۆرۈلگەن سانىنىڭ ئومۇمىي ساندىكى ئىگىلىگەن نىسبىتى.

**گېن رولى** <بىئول> بىر دانە گېننىڭ بەلگىلەنگەن يەككە تەننىڭ فېنو تىپىدىكى ئوينىغان رولى.

**گېن گورۇپپىسى** <بىئول> ① بىر تۈرنىڭ ئىرسىي خاراكتېرى. ② خروموسومىنىڭ تاق ھەسسىلىك تەنچىلەر گورۇپپىسى.

**گېنتىئانا** ئى [ر<لات] <بوت> گېنتىئانا ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە شەكلىدە بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ؛ گۈلى سۆسۈن رەڭدە بولۇپ، كاناي شەكلىدە ئېچىلىدۇ؛ چاچما يىلتىزى ئاشقازاننى كۈچەيتىش دورىسى قىلىنىدۇ.

**گېنتىئانا سۆسۈنى** <خىم> ئورگانىك بوياقنىڭ بىر خىلى، يەنى يېشىل رەڭلىك، مېتال پارقىراقلىقىغا ئىگە كرىستال. سۇ ۋە ئىسپىرتتا ئېرىيدۇ. تىببىي دورىگەرلىكتە دېزىنفېكسىيە ھەم چىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش دورىسى قىلىنىدۇ. ئۇنىڭ باكتېرىيە ئۆلتۈرۈش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، غىدىقلاش تەسىرى بولمايدۇ. ئۇنى يەنە مەددە چۇشۇرۇش دورىسى ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**گېنرى** ئى [ئىنگ] <فىز> ئىندۇكتىپلىق بىرلىكى. ئېلېكتر زەنجىرىدىكى ئېلېكتر مىقدارىنىڭ بىر سېكۇنت ئىچىدىكى ئۆزگىرىشى بىر ئامپېر بولۇپ، ھاسىل بولغان ئۆز ئىندۇكسىيە ياكى ئۆز ئارا ئىندۇكسىيىنىڭ ئېلېكتر يۈرگۈزگۈچى كۈچى بىر ۋولت بولغان چاغدا، ئېلېكتر زەنجىرىدىكى ئىندۇكتىپلىق بىر گېنرى بولىدۇ. بۇ نام ئامېرىكا فىزىكا ئالىمى گېنرى (Joseph Henry) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گېنرى بىرلىكى** <بىئول> قالقانسىمان بەز ئاجرالمىسىنىڭ بىر خىل ئۆلچەم بىرلىكى.

**گېنېتىكا** ئى [ر<گرېك] <بىئول> جانلىقلارنىڭ ئىرسىيەت ۋە ئۆزگىرىشچانلىق قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېنېراتور** ئى [ر<لات] <فىز> ئېلېكتر ماگنىت ئىندۇكسىيىسىدىن پايدىلىنىپ، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلغۇچى ماشىنا. كۆپرەك كاتۇشكا ئورالغان روتور ۋە ستاتوردىن تەشكىل تاپىدۇ. ھەرىكەتلەندۈرگۈچى ماشىنا بىلەن روتور ئايلاندۇرۇلسا، ئېلېكتر ئېنېرگىيىسىنى ھاسىل بولىدۇ.

**گېنېرال** ئى [ر<لات] <ھەرب> ← **جياڭجۈن.**

**گېنېرال ئارمىيە** <ھەرب> ←

داجياڭ.

**گېنېرال پولكوۋنىك** <ھەرب> ← شاڭجياڭ.

**گېنېرال رېپېتىتسىيە** <تىيا> تىياتىر، ئۇسسۇل قاتارلىقلارنىڭ رەسمىي باشلىنىشى ئالدىدىكى گىرىملىك رېپېتىتسىيە.

**گېنېرال لېيتېنانت** <ھەرب> ← جۇڭجياڭ.

**گېنېرال مايور** <ھەرب> ← شاۋجياڭ.

**گېنېراللىسىمۇس** ئى [ر<لات] <ھەرب> ئەڭ ئالى ھەربىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋانغا ئىگە بولغان شەخس. بەزى دۆلەتلەردىكى قوراللىق قىسىملارنىڭ ئەڭ ئالى قوماندانىمۇ شۇ نام بىلەن ئاتىلىدۇ.

**گېئوپوتېنسىئالمېتىر** ئى [ر<گرېك+لات] <مېتېئور> پوتېنسىئال ئېگىزلىك بىرلىكلىرىدىن بىرى، بىر گېئوپوتېنسىئالمېتىر 9.8/g گېئومېتىرىيىلىك مېتىرغا تەڭ.

**گېئوتېرمىكا** ئى [ر<گرېك] <گېئول> يەر شارىنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيىسى ۋە ئۇنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوتېكتونىكا** ئى [ر<گرېك] <گېئول> گېئولوگىيىدىكى ئومۇمىي تارماق پەن. ئۇ چوڭ تىپتىكى يەر پوستىدىن تارتىپ، پۈتۈن يەر شارى تۈزۈلمىسىنىڭ پەيدا بولۇشى، يېتىلىشى، رايون دائىرىلىك تۈزۈلمىنىڭ بىرىكىشى ياكى شەكىل ئۆزگەرتىش خۇسۇسىيىتى، جايلىشىشى، ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە تارىخىي ئۆزگىرىشى شۇنىڭدەك مۇشۇ تۈزۈلمىنى پەيدا قىلىدىغان يەر پوستى ھەرىكىتى بىلەن كۈچ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىدۇ.

**گېئوتېكتونىكىلىق** سۈپ. گېئوتېكتونىكىغا ئائىت، گېئوتېكتونىكىغا ئالاقىدار بولغان: گېئوتېكتونىكىلىق خەرىتە.

**گېئوتېكتونىكىلىق خەرىتە** <گېئول> كەڭ مەنىلىك گېئولوگىيىلىك خەرىتىلەرنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا ئاساسەن گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەرنىڭ شەكلى، خۇسۇسىيىتى، تارقىلىشى، شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيەتلىرى ئىپادىلەنگەن بولىدۇ.

**گېئوخىمىيە** ئى [ر<گرېك+ئە] <گېئول> يەر پوستىدىكى ھەر خىل خىمىيىلىك ئېلېمېنتلارنىڭ تارقىلىش قانۇنىيىتى ۋە تەرەققىيات قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئودېزىيە** ئى [ر<گرېك] <چار> توپوگرافىيىلىك ئۆلچەپ سىزىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىنىدىغان ۋە تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوسىنكلىنال** ئى [ر<گرېك] <گېئول> يەر پوستىدىكى جىددىي ھەرىكەتچان رايون، يەنى ئاساسىي چوڭ تۈزۈلمە بىرلىكلىرىدىن بىرى.

**گېئوفىزىكا** ئى [ر<گرېك] <گېئول> فىزىكا نەزەرىيىسى ۋە ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، تۈرلۈك گېئوفىزىكىلىق مەيدان، يەر شارىنىڭ فىزىكىلىق خۇسۇسىيىتى، قۇرۇلمىسى، شەكلى ۋە ئۇلاردا يۈز بەرگەن تۈرلۈك فىزىكىلىق جەريانلارنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئوفىزىكىلىق** سۈپ. گېئوفىزىكىغا ئائىت، گېئوفىزىكىغا ئالاقىدار بولغان: گېئوفىزىكىلىق چارلاش.

**گېئوفىزىكىلىق چارلاش** <چار> گېئولوگىيىلىك تۈزۈلمىلەرنى فىزىكىلىق قائىدىلەر بويىچە تەتقىق قىلىدىغان ۋە كان چارلاشتىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل. نۆۋەتتە ئاساسىي فىزىكىلىق چارلاش ئۇسۇللىرىدىن ئېغىرلىق كۈچى بىلەن چارلاش، ماگنىتلىق چارلاش،

ئېلېكترلىك چارلاش، يەر تەۋرىتىپ چارلاش ۋە رادىئوئاكتىپلىق چارلاش قاتارلىقلار بار.

**گېئولوگ** ئى [ر] گېئولوگىيە ئالىمى، مۇتەخەسسىسى.

**گېئولوگىيە** ئى .[ر<گرېك] يەر شارىنى شەكىللەندۈرگۈچى ماددىلار ۋە يەر پوستى تۈزۈلمىسىنى، شۇنداقلا يەر شارىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە تەرەققىياتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئولوگىيلىك** سۈپ. گېئولوگىيىگە ئائىت، گېئولوگىيىگە ئالاقىدار بولغان: گېئولوگىيلىك جەريان. گېئولوگىيلىك خەرىتە. گېئولوگىيلىك دەۋرلەر. گېئولوگىيلىك فورماتسىيە.

**گېئولوگىيلىك جەريان** <گېئول> يەر يۈزىنىڭ قىياپىتى، شەكلىنى ئۆزگەرتىدىغان، يەر پوستىنى تەشكىل قىلغۇچى ماددىلار (تاغ جىنسلىرى) نىڭ تەركىبى ۋە تۈزۈلمىسىنى ئۆزگەرتىدىغان، شۇنداقلا يېڭى تاغ جىنسلىرىنى شەكىللەندۈرىدىغان تەبىئي تەسىرلەر. كۈچ مەنبەسىگە قاراپ ئىچكى كۈچلەر گېئولوگىيلىك جەريانى ۋە تاشقى كۈچلەر گېئولوگىيىلىك جەريانى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ.

**گېئولوگىيلىك خەرىتە** <گېئول> مەلۇم رايوندىكى تۈرلۈك گېئولوگىيلىك گەۋدىلەر (يەر قاتلىمى، جىنس گەۋدىسى، كان گەۋدىسى) ۋە گېئولوگىيلىك هادىسىلەر (ئۆزۈلمە قاتلام، پۈرۈلمە قاتلام) نىڭ جايلىشىشى ھەم ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى مۇئەييەن ماسشتاب ۋە خەرىتە شەكلى بويىچە ئوخشاش بىر گورىزونتال يۈزگە تىك پروپېكسىيىلەش ئارقىلىق شۇ رايوننىڭ يەر پوستى ئۈستى قاتلىمىنىڭ گېئولوگىيلىك تۈزۈلمە ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەرىتە.

**گېئولوگىيلىك دەۋرلەر** <گېئول> يەر پوستىنىڭ ئوخشىمىغان ۋاقىتلاردىكى تاغ جىنسلىرىنىڭ پەيدا بولۇش جەريانىنىڭ ۋاقتى ۋە تەرتىپى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ نىسپىي گېئولوگىيلىك دەۋر ۋە رادىئوئاكتىپلىق ئۆلچەنگەن دەۋر (مۇتلەق گېئولوگىيلىك دەۋر) دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. نىسپىي گېئولوگىيلىك دەۋر پەقەت تاغ جىنسلىرىنىڭ شەكىللىنىش ۋاقتىدىكى يېڭى-كونىلىق تەرتىپىنىلا ئىزاھلايدۇ. ئۇ ئاساسەن قەدىمىي زوئولوگىيلىك ئۇسۇلغا ئاساسلىنىپ بۆلۈپ چىقىلىدۇ. مەسىلەن، قەدىمىي ھايات ئېراسى دېگەندەك. رادىئوئاكتىپلىق ئۆلچەنگەن دەۋر تاغ جىنس پەيدا بولۇپ ھازىرغىچە بولغان يىللارنى ئېنىق ئىزاھلايدۇ. ئۇ تاغ جىنسلىرىدىكى رادىئوئاكتىپلىق ئىزوتوپلارنىڭ يىمىرىلىش مەھسۇلاتىنىڭ مىقدارىنى ئۆلچەش بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

**گېئولوگىيلىك رول** <گېئول> ← **گېئولوگىيلىك جەريان.**

**گېئولوگىيلىك فورماتسىيە** <گېئول> يەر پوستى تەرەققىياتىنىڭ مەلۇم بىر تۈزۈلمە باسقۇچىدا، مۇئەييەن يەر شارى تۈزۈلمە شارائىتىدا ھاسىل بولغان، شەكىللىنىش سەۋەبلىرى باغلىنىشلىق بولغان بىر يۈرۈش جىنسلارنىڭ بىللە پەيدا بولۇپ بىرىكىشىنى كۆرسىتىدۇ.

**گېئولوگىيلىك كەسمە خەرىتە** <گېئول> گېئولوگىيلىك كەسمە يۈزدىكى گېئولوگىيىلىك ھادىسىلەرنى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى بەلگىلىك ماسشتاب بويىچە ئىپادىلەيدىغان خەرىتە.

**گېئولوگىيلىك گەۋدە** <گېئول> مەلۇم دائىرىدىكى ئۈچ ئۆلچەملىك بوشلۇقنى

ئىگىلىگەن تاغ ۋە كان ياتمىسىنىڭ ئەمەلىي گەۋدىسى.

**گېئولوگىيىلىك ھادىسە** <گېئول> گېئولوگىيىگە ئائىت يەر پوستى ھەرىكىتى، تاغ ھاسىل بولۇش، ئۆزۈلۈش، پۈرمىلىنىش قاتارلىق تۈرلۈك ھادىسىلەر.

**گېئومېترىك** سۈپ [ر] ← **گېئومېترىيىلىك.**

**گېئومېترىيە** ئى [ر<گرېك] <مات> بوشلۇقتىكى شەكىللەرنىڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ-كىچىكلىكى ۋە ئورۇنلىرىنىڭ مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گېئومېترىيىلىك** سۈپ. گېئومېترىيىگە ئائىت، گېئومېترىيىگە ئالاقىدار بولغان: گېئومېترىيىلىك جىسىم. گېئومېترىيىلىك شەكىل. گېئومېترىيىلىك كرىستاللوگرافىيە.

**گېئومېترىيىلىك جىسىم** <مات> بوشلۇقنىڭ چەكلىك قىسمى. ئۇ تەكشىلىك ۋە ئەگرى سىرت ئارقىلىق ئورالغان. مەسىلەن، پىرىزما، كۇب، سىلىندىر قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

**گېئومېترىيىلىك شەكىل** <مات> نۇقتا، سىزىق، يۈز ۋە جىسىملار ياكى ئۇلارنىڭ بىرىكمىسى.

**گېئومېترىيىلىك قاتار** <مات> ← **تەڭ نىسبەتلىك قاتار.**

**گېئومېترىيىلىك كرىستاللوگرافىيە** <گېئول> كرىستاللوگرافىيىنىڭ بىر تارمىقى، يەنى كرىستاللىق كۆپ يۈزلۈكلەرنىڭ تاشقى شەكلىدىكى ھەر خىل گېئومېترىيىلىك مۇناسىۋەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن. ئۇ كرىستاللارنى خەتلەش، تۈرلەرگە بۆلۈش ۋە مىنېراللارنى بېكىتىشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

**گېئومېترىيىلىك نەقىش** <گ سەن> ھەر خىل تۈز سىزىق، ئەگرى سىزىق، چەمبەر، ئۈچ بۇلۇڭ، كۋادرات، رومبا قاتارلىق شەكىللەردىن قائىدىلىك ياكى قائىدىسىز تۈزۈلگەن گېئومېترىك ئۆرنەكلەردىن تەشكىللەنگەن زىننەتلىك نەقىش. بۇنىڭ ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ. ئادەتتە بىنالارنىڭ دېرىزە، رامكىلىرى، رېشاتكا ۋە ئۆرۈمە بۇيۇملارغا مۇشۇ خىلدىكى نەقىش ئىشلىتىلىدۇ.

**گېئومېخانىكا** ئى [ر<گرېك] <گېئول> لى سىگۇاڭ (1889 — 1971) بەرپا قىلغان گېئولوگىيىدىكى مېخانىكا بىلەن گېئولوگىيە بىرلەشتۈرۈلگەن بىر تارماق پەن، يەنى مېخانىكا قائىدىسى ئارقىلىق يەر پوستى تۈزۈلمىسى بىلەن يەر پوستى ھەرىكىتىنى ۋە ئۇنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىببېرېللىن** ئى [ر<لات] <بىئول> ئۆسۈملۈك گورمۇنىنىڭ بىر تۈرى. ئۇ گىببېرېللىن زەمبۇرۇغىنىڭ مېتابولىزىم مەھسۇلاتى بولۇپ، خىمىيىۋى ئۇسۇلدا ئاجرىتىپ ئېلىنىدۇ. ساپ گىببېرېللىن ئاق رەڭلىك پاراشوك بولۇپ، سۇدا تەستە ئېرىيدۇ، ئىسپىرت ۋە مايلاردا ئېرىيدۇ. ئۇنىڭ ئۆسۈملۈكنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىش، ئۇيقۇسىنى ئېچىش، ئۇرۇقسىز مېۋىلىتىش روللىرى بار.

**گىببېرېللىن زەمبۇرۇغى** <بىئول> خالتىلىق سپورىلىق زەمبۇرۇغلارنىڭ بىر تۈرى. بۇغداي ۋە شالنى كېسەلگە ئۇچرىتىدۇ. بۇغداي، شال كېسەلگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، پاراشوكسىمان قىزىل داغلار پەيدا بولىدۇ. بۇ خىل زەمبۇرۇغدىن گىببېرېللىن ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ.

**گىببىست** ئى [ر] بىر خىل مىنېرال. خىمىيىلىك تەركىبى Al(OH). تەركىبىدىكى ئاليۇ-

مىن 65.4% . تەركىبىدە كۆپىنچە تۆمۈر ۋە گاللىي بولىدۇ. يەككە ياقلىق كرىستال سىستېمىسىغا كىرىدۇ. كرىستاللىرى ئىنتايىن كەم ئۇچرايدۇ. قۇراشمىسى ئادەتتە ئۇششاق قاسىراقسىمان بولىدۇ، بەزىدە مونەك، پۈرچاق ياكى يوشۇرۇن كرىستاللىق كاللەكسىمان بولىدۇ. رەڭگى ئاق، كۈل رەڭ، يېشىل ياكى سۇس قىزىل. ئەينەك پارقىراقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2.5~3 ، سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.43.

**گىبرىد** ئى [ر<لات] <گېئول> ئىككى خىل ماگمىنىڭ قوشۇلۇشىدىن شەكىللەنگەن ماگما جىنسى.

**گىپس** ئى [ر<گرېك] <خىم> ① ئاق ياكى سارغۇچ رەڭلىك مىنېرال، يەنى كالتسىي سۇلفات (گەج) . ئۇ پىشۇرۇلۇپ ئۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈلۈپ ئىشلىتىلىدۇ. ② <تىب> چىققان، سۇنغان يەرنى تاختا قويۇپ شۇ ماتېرىيال بىلەن تاڭغان تېڭىق: گىپسنى ئېلىۋەتمەك.

**گىپسلاتماق** «گىپسلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىپسلىماق** پ <تىب> سۇنغان، زەخىملەنگەن ئۇستىخان ۋە ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ئۇگىلەرنى گىپس بىلەن قاتۇرۇپ تاڭماق، تاختايغا ئېلىپ باغلىماق: قولنى گىپسلىماق. پۇتنى گىپسلىماق.

**گىپنوز** ئى [ر<گرېك] <تىب> ① ئىشەندۈرۈش، تەسىر كۆرسىتىش يولى بىلەن ئىنساندا؛ يۇقىرى ئومۇرتقىلىق ھايۋانلاردا پەيدا قىلىنىدىغان يېرىم ئۇيقۇ ھالىتى. ② شۇ خىل يول بىلەن ئۇخلىتىپ داۋالاش ئۇسۇلى.

**گىپنوزچى** ئى. گىپنوز قىلغۇچى كىشى، گىپنوز ئۇسۇلى بىلەن داۋالىغۇچى دوختۇر.

**گىپنوزلانماق** پ. گىپنوز ئۇسۇلى بىلەن ھوشسىزلانماق، يېرىم ئۇيقۇدا بىھوش قىلىنماق: ئىبراھىم ئاتىنىڭ كۆزى بىلەن گىپنوزلانغان خېلىل، ئاڭلىنار-ئاڭلانماس قىلىپ «ئېيتمايمەن» دەپ پىچىرلىدى.

**گىپنوزلۇق** پ. گىپنوز قىلىش ئىشى: گىپنوزلۇق قىلماق. * سەلىمە ئۇنىڭ «گىپنوزلۇق» قىلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، جەملە ئاچىنى ئاران تەسلىكتە كۆڭلىدىن چىقاردى.

**گىپوخلورىت** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گىپوخلورىت كىسلاتا.**

**گىپوخلورىت كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك ماددا. مولېكۇلا فورمۇلىسى HClO . ئۇ ئىنتايىن تۇراقسىز بولۇپ، ئېرىتمىدە ھىدروخلور بىلەن ئوكسىگېنگە ئاستا-ئاستا پارچىلىنىدۇ. ئۇ يەنە كۈچلۈك ئوكسىدلىغۇچى ھېسابلىنىدۇ.

**گىپوفىز** ئى [ر<گرېك] <ئانات> مېڭىنىڭ تۆۋەنكى تەرىپىگە جايلاشقان ھەجمى ئىنتايىن كىچىك، ھەرخىل گورمۇنلارنى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بەز.

**گىپوفىز بېزى** <ئانات> ← **گىپوفىز.**

**گىپوفىز گورمونى** <ئانات> مېڭىدىكى گىپوفىز بېزىدىن ئاجراپ چىقىدىغان ھەر خىل ئوخشىمىغان گورمۇنلارنىڭ ئورتاق نامى. ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىنى ۋە باشقا ئىچكى ئاجراتما بەزلىرىنىڭ خىزمىتىنى تەڭشەش رولىنى ئوينايدۇ.

**گىپېربولا** ئى [ر<گرېك] <مات> تەكشىلىكتىكى ئىككى قوزغالماس نۇقتىغىچە بولغان ئارىلىقلىرىنىڭ ئايرىمىسى باشتىن-ئاخىر تۇراقلىق قىممەتكە تەڭ بولىدىغان بىر ھەرىكەتچان نۇقتىنىڭ تەكشىلىكتە سىزىلىشىدىن ھاسىل بولغان تراييېكتورىيە.

ئىككى قوزغالماس نۇقتا گىپېربولانىڭ فوكۇسلىرى دېيىلىدۇ.

**گىپېرون** ئى [ر<گرېك] <فىز> ماسسىسى نېيترونىدىنمۇ ئېغىر بولغان ئاساسىي زەررىچە. گىپېروننىڭ ئېنېرگىيىسى ئىنتايىن يۇقىرى، شۇنداقلا بەك تۇراقسىز بولىدۇ.

**گىتار** ئى [ر<ئىسپان <گرېك] <مۇز> تارلىق چالغۇ. ئالتە ياكى يەتتە تال تارى بار. بىر قول ئۇرۇپ-چېكىپ چالسا، يەنە بىر قول پەدە بېسىپ بېرىدۇ.

**گىتارچى** ئى. گىتار چالغۇچى، گىتار چالىدىغان سازەندە.

**گىجەك** ① ئى. سىۈزۈلگەن مەشۇتنى غاغىرىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدىغان ھالقىلىق سىم. ② سۈپ. چىگىش توقۇلۇپ كەتكەن، غۇژمەكلەشكەن؛ چاڭگا: گىجەك ساچىغا ئوخشاش كۆڭلىگە مىڭ-مىڭ تۈگۈن چۈشتى، قەيەردە بىر تېۋىپكىم قىلسا ئىشقىنىڭ دەردىگە مەلھەم.

**گىجەكلەشمەك** پ. غۇژمەكلەشمەك، چىگىشلەشمەك: ئۇ ئېرىنىڭ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىگە، پېشانىسىدىكى قورۇقلارغا، گىجەكلىشىپ ئۆسۈپ كەتكەن ساقال-بۇرۇتلىرىغا، ياغاق سۆڭەكلىرى بۆرتۈپ چىققان يۈزىگە قاراپ يىغىسىنى ئاران بېسىۋالدى.

**گىجىرماچ** سۈپ. باش-ئايىغى يوق، ئارىلىشىپ كەتكەن؛ گىچماچ: گىجىرماچ خەت. گىجىرماچ ئىش. گىجىرماچ نەرسە. * دەھشەتلىك گىجىرماچ ئۇرۇش باشلىنىپ كەتتى.

**گىجىك** سۈپ. قولىدىن ئىش چىقمايدىغان، ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ ھەم كاج: گىجىك ئادەم. گىجىك بالا. * — بىزنىڭ ئىدارىدىكى ھېلىقى تەمىنات بۆلۈمىنىڭ باشلىقىنى تونۇيسەن-غۇ، ھە، شۇ غاپپار، تولىمۇ گىجىك بىرنېمە چىقىپ قالدى، زادىلا غەرەز ئۇقمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**گىجىڭلىق** «گىجىك» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گىجىڭلىق قىلماق. * ئالىم يەرگە قارىغىنىچە «ئۇن» دېمەي ئولتۇراتتى. ئوغلىنىڭ بۇ قەدەر گىجىڭلىقىدىن خۇن بولغان ئانا ئاشخانىغا چىقتى-دە، قولىغا چىققان تۆمۈر زىقچىنى ئېلىپ ئالىمنى ساۋىماقچى بولدى.

**گىجىڭلىق قىلماق** ئېزىلەڭگۈلۈك ياكى قاشاڭلىق قىلماق: — دادا، كۆڭلۈڭگە كەلسىمۇ دەي، گىجىڭلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى مۇنچە كايىتقىچە گەپنى چىرايلىقچە دېسەڭ، بامەسلىھەت ئىش قىلساق بولمامدۇ؟ — دېدى ئوتتۇرانچى ئوغۇل سەمەت.

**گىجىم** ئى ① ئېگەرنىڭ يوپۇقى. ② دوپپا توپىلىكىنىڭ چۆرىسىگە كۋادرات شەكلىدە ھەرە چىشى چىقىرىپ تىكىلىدىغان گۈل.

**گىچ** تەق. خام ياكى چالا پىشقان نەرسىلەرنى چايناندا چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىچاڭلاتماق** پ. دىئال. كۆز-كۆز قىلماق.

**گىچچىدە** رەۋ «گىچ» قىلغان ھالدا، «گىچ» قىلىپ: نېرىسىدىن بىر قوشۇق ئالدىم. قاداق چامغۇرمىكىن ئەيتاۋۇر بىرنېمە چىشىمنىڭ ئارىسىدا گىچچىدە قىلدى-دە، گېلىم غىققىدە بوغۇلۇپ، ئۇ يان ئۆمەللەپ، بۇ يان ئۆمەللەپ نۆزەمبىللا يۇتالمىدىم.

**گىچ-گىچ** «گىچ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — مۇنۇ مانتىنىڭ پىيىزى گىچ-گىچ قىلىدۇ، پىشمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ ئاشپەزگە.

**گىچماچ** سۈپ. قالايمىقان، ئارىلىشىپ كەتكەن، چىگىش: گىچماچ ئىش. گىچماچ خىيال. * ئۇ كۈن بويى گىچماچ خىيال بىلەن بەند ئىدى. * ئۇنىڭ بۇنداق گىچماچ سوئاللىرىنى كىم بىلىپتۇ؟ مەن مىيىقىمدا كۈلۈپ ئولتۇرۇۋەردىم.

**گىچماچلاشماق** پ. قالايمىقانلاشماق،

ئارىلىشىپ كەتمەك، چىگىشلەشمەك: مەن ئۇنىڭغا ياخشى بولدى ياكى يامان بولدى دېمىدىم. پىكىر خىياللىرىم گىچىماچىلىشىپ كەتتى.

**گىچىر** تەق. چىشنى چىشقا سۈركىگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىچىر-گىچىر** «گىچىر» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىچىرلاتماق** «گىچىرلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىچىرلىماق** پ «گىچىر-گىچىر» قىلماق، «گىچىر-گىچىر» قىلغان ئاۋاز چىقارماق.

**گىچىلداتماق** «گىچىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىچىلدىماق** پ «گىچ-گىچ» قىلماق، «گىچ-گىچ» قىلغان ئاۋاز چىقماق.

**گىچىماچاڭ** سۈپ. ئارىلىشىپ كەتكەن، ئايرىماق تەس بولغان، مۇرەككەپ: گىچىماچاڭ ئىش. گىچىماچاڭ نەرسە. * ئەڭ يامان يېرى، خېلى كۆپ جايلاردا ئۇرۇقلۇقلار بىر-بىرى بىلەن ئارىلىشىپ، گىچىماچاڭ بولۇپ كەتكەن، بەزى ئۇرۇقلۇقلارنىڭ قايسى خىلغا تەۋەلىكىنى، قايسى ئەۋلادقا مەنسۇپلۇقىنى ئايرىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس.

**گىدەيتمەك** «گىدەيمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىدەيمەك** پ ① بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، گەۋدىسىنى ئارقىغا قاتايتىپ تۇرماق؛ غادايماق: بۇ سۆز تاشماققا تېپىشماقتەك تۇيۇلدى، ئۇ كۆزلىرىنى مىت-مىت قىلىپ، باستىنىڭ گىدىيىپ تۇرغان ئەپتىگە تىكىلگىنىچە تۇرۇپ قالدى. ② كۆچمە. كىبىرنى كۆرسەتمەك، ئۆزىنى چوڭ تۇتماق: ئۇ بىر خىشنى شايى ياغلىققا ئوراپ، قولتۇقىغا قىستۇرۇپ، مۇسابىقە مەيدانىغا ھەيۋەت بىلەن كىرىپتۇ، ھېلىقى دانىشمەننى مەنسىتمىگەن قىياپەتتە گىدىيىپ ئولتۇرۇپتۇ. * تاڭ سەھەردە ئەتىرگۈل ئېچىلدى تولۇپ، ئەتراپقا گىدىيىپ تىكتى كۆزىنى. «نەقەدەر گۈزەلمەن» دېدى ئۇ كۈلۈپ، تەڭ قىلماي ھېچكىمگە ماختاپ ئۆزىنى.

**گىدرات** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← گىدراتلار.

**گىدراتلار** ئى <خىم> كۆپلىگەن ماددىلار ئېرىگەندە ئۇلارنىڭ مولېكۇلىلىرى ئېرىت-كۈچىنىڭ مولېكۇلىلىرى بىلەن بىرىكىدۇ، بۇ چاغدا ھاسىل بولغان بىرىكمىلەر سولفاتلار دېيىلىدۇ؛ ئېرىتكۈچى سۇ بولىدىغان بولسا، ھاسىل بولغان بىرىكمە-لەر گىدراتلار دەپ ئاتىلىدۇ. گىدراتلار تۇراقلىق ئەمەس، ئېرىتمىلىرى پارلاندۇرۇل-سا، كۆپىنچە ئاجرىلىپ كېتىدۇ. ئەمما بەزى ئېرىگەن ماددا مولېكۇلىسى بىلەن سۇ شۇ قەدەر مەھكەم بىرىككەنكى، ھەتتا ماددا ئېرىتمىدىن ئاجرىلىپ چىققاندى-مۇ، سۇ ئۇنىڭ كرىستالىدا قالىدۇ. مەسى-لەن، مىس (II) سولفاتنىڭ كرىستالى $CuSO_4 \cdot 5H_2O$، $BaCl_2 \cdot 2H_2O$.

**گىدرازىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىر تۈرى. مولېكۇلا فورمۇ-لىسى $NH_2-NH_2$. ئامىياكنىڭ تۇغۇندىسى، رەڭسىز، ھاۋادا تۈتۈنلىگۈچى سۇيۇقلۇق، دورا ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ ۋە راكېتانىڭ يېقىلغۇسى قىلىنىدۇ.

**گىدراۋلىكا** ئى [ر<گرېك] <سۇ> سۇيۇقلۇقلار (خۇسۇسەن سۇ) نىڭ تەڭپۇڭلۇقى ۋە ھەرىكەت قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە ئۇلارنى ئەمەلىيەتكە تەدبىقلاش يوللىرىنى ئېنىقلاش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان پەن. ئۇ يەنە گىدروستاتىكا ۋە گىدرودىنامىكىغا بۆلۈنىدۇ.

**گىدراۋلىكلىق** سۈپ. گىدراۋلىكىغا ئائىت،

گىدراۋلىكىغا ئالاقىدار بولغان ياكى ئۇنىڭ پرىنسىپلىرى بويىچە ياسالغان: گىدراۋلىكىلىق دامكرات.

**گىدراۋلىكىلىق دامكرات** <ماشىن> بېسىم كۈچى تېگى ئۇتاش قاچىدىكى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق ئۇزىتىلىدىغان دامكرات.

**گىدراۋلىكىلىق ئۇكلون** <سۇ> سۇيۇقلۇق مېخانىكىلىق ئېنېرگىيە چوڭراق بولغان جايدىن كىچىكرەك بولغان جايغا ئاققان ۋاقىتتا، ناپورنىڭ ئېقىش مۇساپىسىنىڭ ھەر بىرلىك ئۇزۇنلۇقىدىكى خورىشى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئادەتتە ئۇ مۇنداق ئىپادىلىنىدۇ: $J=\frac{\Delta h}{L}$ . بۇ يەردىكى J گىدراۋلىكىلىق ئۇكلونى؛ $\Delta h$ ناپورنىڭ خورىشىنى؛ L ئېقىش مۇساپىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقىنى ئىپادىلەيدۇ.

**گىدرو** [ر<گرېك] <خىم> سۇ ۋە سۇ قۇۋۋىتىگە ئائىت ئاتالغۇلارنىڭ باش قىسمى (1-تەركىبى)دە كېلىپ، سۆز ئالدى ياسىغۇچى قوشۇمچە رولىنى ئوينايدۇ ھەم سۇ، سۇ قۇرۇلۇشىغا دائىر ئۇقۇمنى ئاڭلىتىدۇ. مەسىلەن، گىدروخىمىيە، گىدروبىئولوگىيە، گىدروئاكۇستىكا دېگەندەك.

**گىدروئاكۇستىكا** ئى [ر] <فىز> سۇدا ئاۋاز دولقۇنىنىڭ شەكىللىنىشى، تارقىلىشى، قوبۇل قىلىنىشى قاتارلىقلارنى ۋە ئىشلىتىلىشىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىدروبىئولوگىيە** ئى [ر] <بىئول> بىئولوگىيەنىڭ سۇدا ياشىغۇچى جانلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدروتېخنىك** ئى [ر] گىدروتېخنىكا مۇتەخەسسىسى.

**گىدروتېخنىكا** ئى [ر] <سۇ> تېخنىكىنىڭ سۇ ۋە سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىش، سۇنىڭ زىيانلىق تەرىپىنى تۈگىتىپ، پايدىلىق ئۈنۈمىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش مەقسىتىدە سۇنى تىزگىنلەيدىغان قۇرۇلۇشلار بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدروتېخنىكىلىق** سۈپ. گىدروتېخنىكىغا ئائىت، گىدروتېخنىكىغا ئاساسلانغان: گىدروتېخنىكىلىق قۇرۇلمىلار.

**گىدروتېخنىكىلىق قۇرۇلمىلار** <سۇ> ھەر خىل مەقسەتلەردە ياسالغان سۇ قۇرۇلۇشلىرى. ۋەزىپىسى ۋە ئىشلىتىلىشىگە قاراپ سۇ توسۇش قۇرۇلمىلىرى (دامبا، توغان قاتارلىقلار)، سۇ ئېلىش قۇرۇلمىلىرى (ئېلىش بېشى قاتارلىقلار)، سۇنى راۋانلاشتۇرۇش قۇرۇلمىلىرى (ئۆستەڭ، ئېرىق، تۇرۇبا قاتارلىقلار)، سۇ چۈشۈرۈش قۇرۇلمىلىرى (چۈشۈرگە، توما قاتارلىقلار) ۋە سۇنى تىزگىنلەش قۇرۇلمىلىرى (توسما، بۇقا قاتارلىقلار)غا بۆلۈنىدۇ.

**گىدروخىمىيە** ئى [ز] گىدرولوگىيىنىڭ سۇنىڭ تەركىبىنى خىمىيىۋى ئانالىز قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدرودىنامىكا** ئى [د] گىدراۋلىكىنىڭ سۇيۇقلۇقلار ھەرىكىتىنى ھەمدە ئۇلارنىڭ نىسبىي ھەرىكىتىدە ئۇچرىغان باشقا جىسىملار بىلەن بولغان ئۆزئارا تەسىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدرودىنامىكىلىق** سۈپ. گىدرودىنامىكىغا ئائىت، گىدرودىنامىكىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان: گىدرودىنامىكىلىق بېسىم.

**گىدرودىنامىكىلىق بېسىم** <سۇ> ئېقىن سۇنىڭ بىرلىك مەيدانغا قىلىدىغان تەسىر كۈچى.

**گىدروسىئانىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گىدروسىئانىد كىسلاتا.**

**گىدروسىئانىد كىسلاتا** <خىم> ئانئورگا-

نىڭ بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HCN. رەڭسىز سۇيۇقلۇق. ئاسان پارغا ئايلىنىدۇ، ئىنتايىن زەھەرلىك. سانائەتتە ئۇنىڭدىن سۇلياۋ ۋە بوياق ئىشلىنىدۇ، يېزا ئىگىلىكىدە ھاشارات ئۆلتۈرگۈچى دورا قىلىنىدۇ.

**گىدروستاتىكا** ئى [ر] گىدراۋلىكىنىڭ سۇيۇقلۇقلار بىلەن ئۇنىڭغا يولۇققان ۋە پاتۇرۇلغان جىسىملار ئوتتۇرىسىدىكى كۈچ تەڭپۇڭلۇقىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدروستاتىكىلىق** سۈپ. گىدروستاتىكىغا ئائىت، گىدروستاتىكا بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: گىدروستاتىكىلىق بېسىم.

**گىدروستاتىكىلىق بېسىم** <سۇ> توختام سۇنىڭ بىرلىك مەيدانغا قىلىدىغان تەسىر كۈچى.

**گىدروستاتىكىلىق ناپور** <سۇ> بىرلىك ئېغىرلىقتىكى توختام سۇنىڭ پوتېنسىئال ئېنېرگىيىسى. بىرلىكى ئۇزۇنلۇق (خۇسۇسەن، ئېگىزلىك) ئۆلچىمى بويىچە ئېلىنىدۇ. ئادەتتە ئاتمېتىكا ناپورى z بىلەن بېسىم ناپورى $\frac{p}{r}$ نىڭ يىغىندىسى $z+\frac{p}{r}$ غا تەڭ بولىدۇ. بەزىدە «توختام سۇ ناپورى» مۇ دېيىلىدۇ.

**گىدروسفېرا** ئى (ر) يەر شارىنىڭ سۇ قاتلىمى، يەنى يەر يۈزىدىكى (ئوكيان، دېڭىز، كۆل، دەريالاردىكى) سۇلارنىڭ جەمئىيىسى.

**گىدروفتورىد** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **گىدروفتورىد كىسلاتا.**

**گىدروفتورىد كىسلاتا** <خىم> ئانئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى HF. ئۇ ھىدروگېن فتورىدنىڭ سۇدىكى ئېرىتمىسى بولۇپ، رەڭسىز، زەھەرلىك كېلىدۇ. ھاۋاغا يولۇقسا تۈتۈن چىقىرىدۇ.

چىرىتىش خۇسۇسىيىتى ناھايىتى كۈچلۈك بولۇپ، ئەينەك ۋە تۈرلۈك مېتاللارنى چىرىتىۋېتەلەيدۇ. ئادەتتە ئەينەك ئۈستىگە نەقىش ئويۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**گىدروفون** ئى [ر<گرېك] <سۇ> ئاۋاز دولقۇنى ۋە ئۇلترا ئاۋاز دولقۇنلىرىنىڭ سۇدىكى تارقىلىش قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسەن ياسالغان ھەر خىل ئاۋاز سايمانلىرىنىڭ ئومۇمىي نامى.

**گىدروكسىد** ئى [گرېك] <خىم> ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېندىن ئىبارەت ئىككى ئېلېمېنتتىن تۈزۈلگەن بىر ۋالېنتلىق ئاتوم گۇرۇپپىسى.

**گىدروكسىد گورېلكىسى** <خىم> ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېننى يېقىلغۇ قىلىدىغان گورېلكا. ھاسىل قىلىدىغان يالقۇنىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 3000°C قا يېتىدۇ.

**گىدروكسىل** ئى [ر<گرېك] <خىم> ھىدروگېن بىلەن ئوكسىگېندىن تۈزۈلگەن ئاتوملار گۇرۇپپىسى ( OH – ).

**گىدروكسىلئامىن** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمىلەرنىڭ بىرى. مولېكۇلا فورمۇلىسى $NH_2OH$. ئامىياكتىكى ھىدروگېننىڭ بىر ئاتومى گىدروكسىل گۇرۇپپىسى بىلەن ئالماشقاندا ھاسىل بولىدۇ. ئۇ رەڭسىز، سۇ شۈمۈرگۈچى ماددا بولۇپ، 15°C تىن تۆۋەن تېمپېراتۇرىدا تۇراقلىشىدۇ، 130°C قىچە قىزدۇرۇلسا پارتلايدۇ.

**گىدروكلىماتولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <مېتېئور> ھاۋا رايىنىڭ سۇ بىلەن مۇناسىۋەتلىك تەرىپىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىدروگراف** ئى [ر<گرېك] <سۇ> سۇ گورىزونتىنىڭ ئۆزگىرىش جەريان سىزىقىنى سىزىدىغان ئەسۋاب.

**گىدروگېنېراتور** ئى [ر<گرېك+لات] <ماشىن> سۇ كۈچى بىلەن ھەرىكەتلىنىپ توك ھاسىل قىلىدىغان گېنېراتور.

**گىدروگېئولوگىيە** ئى [ر] <گېئول> گېئولوگىيە-نىڭ يەر ئاستى سۇلىرىنىڭ پەيدا بولۇشى، ھەرىكىتى ۋە باشقا خۇسۇ-سىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدروگېئولوگىيىلىك** سۈپ. گىدروگېئولوگىيىگە ئائىت، گىدروگېئولوگىيە بىلەن ئالاقىدار بولغان: گىدروگېئولوگىيىلىك خەرىتە.

**گىدروگېئولوگىيىلىك خەرىتە** <گېئول> مەلۇم رايوننىڭ يەر ئاستى سۇ ئەھۋا-لىنى ۋە ئۇنىڭ تەبىئىي جۇغراپىيە ھەم گېئولوگىيىلىك ئامىللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان خەرىتە. گېدرولوگىيىلىك تەكشۈرۈش نەتىجىسىدە تۈزۈلۈپ چىقىدۇ. ئادەتتە بىر خەرىتە ياكى بىر يۈرۈش ئوخشاش ماسشتابتىكى خەرىتىلەر بولۇپ، ئۇنىڭدا سۇلۇق قاتلامنىڭ خۇسۇسىيىتى، تارىلى-شى، يەر ئاستى سۇ تۈرى، كۆمۈلۈش شارائىتى، خىمىيىلىك تەركىبى ۋە سۇ ئېقىم مىقدارى قاتارلىقلار كۆرسىتىلگەن بولىدۇ.

**گىدرولوگىيە** ئى (ر<گرېك) <سۇ> تەبى-ئەت دۇنياسىدىكى سۇلارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىدرولۇق** سۈپ. سۇ ۋە سۇ قۇۋۋىتىگە ئائىت، ئالاقىدار بولغان: گىدرولۇق رادىئۇس.

**گىدرولۇق رادىئۇس** <سۇ> دەريا، ئېرىق-ئۆستەڭ ۋە سۇ تۇرۇبىلىرىنىڭ سۇ ئۆتۈش مەيدانىنىڭ چىلانغان پېرى-مېترىگە بولغان نىسبىتى.

**گىدرولىز** ئى [ر<گرېك] <خىم> مۇرەككەپ ماددىلارنىڭ سۇ تەسىرى بىلەن تەركىبىي قىسىملارغا ئاجرىلىشى، پارچى-لىنىشى.

**گىدرولىزلىغۇچى** سۈپ. گىدرولىزلاش رولىنى ئوينايدىغان، گىدرولىزلايدىغان: گىدرولىزلىغۇچى ئېنزىم.

**گىدرولىزلىغۇچى ئېنزىم** <بىئول> گىدرولىزلاش رولىغا كاتالىزاتورلۇق قىلىدىغان ئېنزىملارنىڭ ئورتاق نامى. مەسىلەن، پروتېئازا، ئامىلازا، ماي ئېنزىمى، يادرو كىسلاتا ئېنزىمى قاتارلىقلار.

**گىدرولىزلىماق** پ <خىم> مۇرەككەپ ماددىلارنى سۇ تەسىرى بىلەن تەركى-بىي قىسىملارغا ئاجراتماق، پارچىلىماق: كراخمالنى گىدرولىزلاپ گلۇكوزا ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

**گىدرومېترىيە** ئى [ر<گرېك] <سۇ> گىدرولوگىيىنىڭ تەبىئەت دۇنياسىدىكى سۇلارنىڭ ھەر خىل ئۆزگىرىشلىرى ۋە ھەرىكەت ھادىسىلىرىنى بەلگىلەنگەن ئورۇندا، بەلگىلەنگەن ئۆلچەم ۋە ئۇسۇل بويىچە سىستېمىلىق كۆزىتىپ، ئۆلچەپ ۋە رەتلەپ، گىدرولوگىيىلىك تەتقىقات ۋە ئەمەلىي ئىشلىتىش ئۈچۈن سانلىق مەلۇمات تەييارلايدىغان بىر تارمىقى.

**گىدرومېخانىزم** ئى [ر] <سۇ> تۆۋەندىكى ئۈچ خىل مېخانىزم گىدرومېخانىزمغا مەنسۇپ: (1) سۇ ئېقىمىنىڭ ئېنېرگىيىسى-نى مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىگە ئايلاندۇرىدى-غان مېخانىزم. مەسىلەن، سۇ چاقپېلىكى، سۇ تۇرۇبىسى قاتارلىقلار؛ (2) ھەرى-كەتلەندۈرگۈچ كۈچنى سۇيۇقلۇق ئارقىلىق ئۆزىتىدىغان مېخانىزم. مەسىلەن، گىدراۋلىكىلىق دامكرات قاتارلىقلار؛ (3)

مېخانىكىلىق ئېنېرگىيىنى سۇيۇقلۇقنىڭ بېسىم ئېنېرگىيىسىگە ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق سۇيۇقلۇقنى ئۆزئىتىدىغان مېخانىزم. مەسىلەن، سۇ ناسوسى قاتارلىقلار.

**گىدرومېخانىكا** ئى [ر] <فىز> سۇيۇقلۇق مېخانىكىسى. تەتقىقات ئوبيېكتى بويىچە گىدراۋلىكا، گىدروستاتىكا، گىدرودىنامىكىلارغا بۆلۈنىدۇ.

**گىدروئېنېرگېتىكا** ئى [ر] <سۇ> پەن-تېخنىكىنىڭ سۇ ئېنېرگىيىسىدىن پايدىلىنىش، خۇسۇسەن ئۇنىڭدىن ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى ھاسىل قىلىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان بىر تارمىقى.

**گىدروئېنېرگىيە** ئى [ر] <سۇ> ← **سۇ ئېنېرگىيىسى.**

**گىدروئېنېرگىيىلىك** سۈپ. سۇ ئېنېرگىيىسىگە ئائىت، سۇ ئېنېرگىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان: گىدروئېنېرگىيىلىك ناپور.

**گىدروئېنېرگىيىلىك ناپور** <سۇ> بىرلىك ئېغىرلىقتىكى ئېقىن سۇنىڭ كىنېتىكىلىق ئېنېرگىيىسى. بىرلىكى ئۇزۇنلۇق ئۆلچىمى بويىچە ئېلىنىدۇ. ئادەتتە سۈرئەت ناپورى $\frac{V^2}{2g}$ غا تەڭ، شۇڭا بەزىدە «ئېقىن سۇ ناپورى» ياكى «ئېقىش ناپورى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**گىدىك** ئى. ماڭغۇدەك بولغان كۈچۈك.

**گىدىك-گىدىك** كۈچۈكنى چاقىرىش ئىماسىنى بىلدۈرىدىغان سۆز.

**گىدىيىشمەك** «گىدەيمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۈچىنچى كۈنى ئەلچىلەر يېتىپ كېلىپتۇ سەھەردە، گىدىيىشىپ دېھقانغا، مۇنداق دەپتۇ قىلىپ زەردە.

**گىر** ئى [ر] ئېغىرلىق ئۆلچىگۈچى سايمان، يەنى تارازىلارنىڭ چوڭ بىر خىلى. ئادەتتە يەر ئۈستىگە قويۇلىدۇ. 500 كىلوگراملىق، 1000 كىلوگراملىقلىرى جىق ئىشلىتىلىدۇ؛ 1000 كىلوگرامدىن يۇقىرىلىرى يۈك ئاپتوموبىللىرى قاتارلىق چوڭ تېپتىكى ئېغىرلىقلارنى ئۆلچەشكە ئىشلىتىلىدۇ: قادىر قاغا خىجىل بولغاندەك بېشىنى تۆۋەن قىلىپ، گىرنىڭ ئۈستىدىكى خالتىسىنى كۆتۈردى-دە، بىر چەتكە ئۆتتى.

**گىر تېشى** گىر ياكى تارازىلاردا ئېغىرلىق ئۆلچىمى قىلىنىدىغان بۇيۇم. ئادەتتە مېتال پارچىسى ياكى مۇنەكلىرىدىن ياسىلىدۇ. كۆپىنچە دەللىكى بىرقەدەر توغرا بولغان ئېغىرلىقلارنى ئىپادىلەيدۇ.

**گىراپا** (توغرىسى: گرافىك) ← **گرافىك.**

**گىرە** ئى [پ] ① ئىشىك، ئىشكاپ، دېرىزە قاناتلىرىغا بېكىتىلىپ، ئېچىپ يېپىشقا خىزمەت قىلىدىغان مېتال بۇيۇم: گىرە ئورناتماق. ئىشىك گىرەسى. * — بالام، — دېدى ئۇ ئوغلىغا، — ئىشىكنىڭ گىرەسى بوشاپ كېتىپتۇ، چىڭىتىپ قوي. ② ئىككى قولنى بىر-بىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ بىرەر نەرسىنى قۇچاقلاش، قىسىش. ياكى پۇت-قول قاتارلىقلارنى ئۆز ئارا ئالماشتۇرۇش ھالىتى: ئويلاپ قارا، ھاياتمۇ گىرە، قىسىپ ئالار گاھى سېنىمۇ. ياسالايدۇ تۇرمۇش ئېكىكى، يۈرىكىڭنىڭ ئاچقۇچىنىمۇ.

**گىرە سالماق** غۇلچىنى ئېچىپ ئىككى قولنى بىر-بىرىدىن ئۆتكۈزۈپ قۇچاقلىماق، قىسماق: مايسەم ئىشىكتىن كىرىپلا ئانىسىنىڭ بوينىغا گىرە سالدى. * كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە قۇدۇق بېشىدىكى يوغان تاشقا قوللىرىنى گىرە سالغان ئوسمان قۇدۇقتىن يۇقىرىغا كۆتۈرۈلۈپ چىقىشقا باشلىدى.

**گىرە قىلماق** ① قوللىرىنى بىر-بىرىدىن ئۆتكۈزمەك، پەنجىسىنى كىرىپ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرمەك: نازۇك ئەركىلىك بىلەن ئەزىمجاننىڭ كۆزلىرىگە

قارىدى ۋە ئىككى قولىنى گىرە قىلىپ ئەزىمجانىنىڭ سول مۈرىسىگە تايىندى. ② كۆچمە. ئۇشۇقنى بىر-بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ ئوينسا بولىدىغان ھالەتكە كەلتۈرمەك: قىمارۋازلار ئۇنى قارشى ئېلىپ ئۇشۇقنى يىغىباشتىن گىرە قىلىپ رەسمىي ئويناشقا باشلىدى.

**گىرەچە** ئى. كىچىك گىرە.

**گىرەدىمەك** پ. گىرە سالماق: مەن ئاشۇ خىياللار بىلەن ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىمنى سەزمەپتىمەن، پەقەت تۆت ياشلىق ئوغلۇم ئەنۋەر «ئاتا» دەپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۆزىنى ماڭا ئۇرغاندىلا، ئاندىن مەن ئۆز ئېسىمگە كەلدىم، ئوغلۇم ئىككى پۇتۇمنى گىرەدەپ تۇتۇپ تۇرۇۋالدى.

**گىرە-گىرە** ① «گىرە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② توپ-توپ، سەپ-سەپ، قاتار-قاتار؛ نۇرغۇن: تۇرىمەن ئەي سايرام لېۋىڭدە مانا، ھاياجان كۆچىدىن كۆزلىرىم خىرە. يىراقتا تانابتەك ياتار ئۇزۇن يول، ئۆتىدۇ كارۋانلار گىرە-گىرە. * قوي تۇغىدۇ بىرە-بىرە، يۈرىدۇ گىرە-گىرە؛ ئىت تۇغىدۇ گىرە-گىرە، يۈرىدۇ بىرە-بىرە.

**گىرەلەشتۈرمەك** «گىرەلەشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ شىرە ئالدىدا بارماقلىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. * مۇھاپىزەتچىلەرنىڭ ھەربىرى ئىككىدىن ماۋزۇرنى بويۇنلىرىغا گىرەلەشتۈرۈپ ئاسقانىنىڭ سىرتىدا يەنە بىردىن ئالاھىدە تاپانچىلارمۇ تاقاشقانىدى.

**گىرەلەشتۈرۈلمەك** «گىرەلەشتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۇلار بۇتخانىدىكى ئارخاتلاردەك قېتىۋالغان چىرىكلەرنىڭ گىرەلەشتۈرۈلگەن ئايپالتىسى ئالدىدىن ئۆتۈپ، دەۋاخانا دەرۋازىسىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

**گىرەلەشمە** سۈپ. گىرەلەشكەن ھالدىكى؛ گىرەلىشىپ، قوچاقلىشىپ، بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ كەتكەن: گىرەلەشمە جەڭ. * ئۇرۇش گىرەلەشمە باسقۇچىغا كۆچتى، ئاخىر دۈشمەن 50 چە ئۆلۈكىنى، 20 نەچچە يارىدارىنى تاشلاپ قويۇپ، يىگىشە ھەرگە، ئۆزلىرىنىڭ 5-ئاتلىقلار پولكىدىكى كونا ئۇۋىسىغا قاراپ قاچتى.

**گىرەلەشمە جەڭ** <ھەرب> ئىككى تەرەپ قوشۇنلىرى بىر-بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن، نەيزە، قىلىچ، پۇت-قول، مۇشت قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، ئېلىپ بېرىلىدىغان قاتتىق جەڭ؛ قوچاقلاشما جەڭ: ئۇلار يەنە تولۇق ئىككى سائەت قىلىچۋازلىق، نەيزىۋازلىق، گىرەلەشمە جەڭ مەشقلىرىنى داۋام قىلدۇردى.

**گىرەلەشمە رېئاكسىيە** <بىئول> بىر خىل ئىممۇنىتېتلىق قان زەردابىنىڭ ئۆزىگە ماس ھالدىكى ئانتىگېن بىلەن ئالاھىدە رېئاكسىيىلىشىشىدىن باشقا، يەنە خىمىيىلىك تۈزۈلۈشى قىسمەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان باشقا ئانتىگېنلار بىلەنمۇ رېئاكسىيىلىشىشى.

**گىرەلەشمە كۆي شەكلى** <مۇز> كۆي شەكلىنىڭ بىر خىلى. ئۇنىڭدا كۆي شەكلىنىڭ ئىپادىلەش ئىقتىدارىنى بېيىتىش ئۈچۈن، كۈيلەرنىڭ مۇناسىۋەت دائىرىسىنى كېڭەيتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن مۇناسىۋىتى بىرقەدەر يېقىنراق كەلگەن بەزىبىر كۈيلەرنى بىرلەشتۈرۈپ، يېڭى كۆي شەكلى سىستېمىسى ھاسىل قىلىنىدۇ. مۇنداق سىستېمىدا، ئاھاڭدا كۆرۈلگەن ئىككى كۈينىڭ تونىكىسى ئوخشاش رول ئويناپ بارىدۇ. ئۇ ئوخشاش ئاۋاز رېتىمدىكى گىرەلىشىش، ئوخشاش تونىكىلاردا گىرەلىشىش ۋە تونىكىسىز ئاۋاز رېتىمدە گىرەلىشىش دەپ ئۈچ خىل ئاساسلىق تۈرگە

بۆلۇندۇ.

**گىرەلەشمەك** پ. بىر-بىرىگە ئارىلىشىپ، تۇتىشىپ كەتمەك؛ قۇچاقلاشماق، چىرماشماق: ئەلقىسسە، بۇ سۆز بىلەن ئاكا-سىڭىل زار-زار يىغلاپ گىرەلىشىپ كۆرۈشتى. * بۇ سۆلەتلىك ۋە ھەيۋەتلىك قاتمۇقات تاغلار بىر-بىرىگە گىرەلەشكەن بولۇپ، شەرقتىن غەربكە سوزۇلۇپ ياتاتتى.

**گىرەلىنىش** «گىرەلەشمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسمىدىشى: گىرەلىنىش نۇقتىسى.

**گىرەلىنىش نۇقتىسى** <پەلس> شەيئىلەرنىڭ سان ئۆزگىرىشىدىن سۈپەت ئۆزگىرىشىگە ئۆتۈشىدىكى بەلگىلىك نۇقتا.

**گىرەلىمەك** پ ① گىرە سالماق، قۇچاقلىماق: ئۇ ھەر قېتىم كالا ساغقاندا موزىينى قورسىقىدىن گىرەلەپ تۇرۇپ ئۈچ قېتىم كۆتۈرۈپ قويىدىكەن. * ئۇ ئىككى پۇتىنى بوسۇغىغا تىرەپ، بىر قولى بىلەن ئىشىكنى گىرەلەپ، ماڭماي تۇرۇۋالدى. ② گىرە بېكىتمەك، گىرە ئورناتماق.

**گىرت** تەق. بەزى نەرسىلەرنى چىشلىگەندە، يېگەندە چىقىدىغان ئاۋاز.

**گىرتتىدە** رەۋ «گىرت» قىلغان ھالدا، «گىرت» قىلىپ.

**گىرت-گىرت** «گىرت» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىرتىلداتماق** «گىرتىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئەتىگەندىن بېرى يول يۈرۈۋېرىپ قورسىقى ئاچقان ئېشەكلەر قارلارنىڭ ئېرىشى بىلەن ئېچىلىپ قالغان قۇرۇق ئوتلارنى گىرتىلدىتىپ ھۇزۇر بىلەن چايناۋاتاتتى.

**گىرتىلدىماق** پ «گىرت-گىرت» قىلماق، «گىرت-گىرت» قىلغان ئاۋاز چىقارماق: قادىرنىڭ ئاۋازى ئۇنىڭ غەزەبلىك ئەسەبلىرىدىن تېگەتتى، ئۇ چىشلىرىنى خۇددى تاشتاختا ئۈستىدە تاش قەلەم گىرتىلدىغاندەك غۇچۇرلىتاتتى.

**گىرچى** ئى. گىر تۇتىدىغان، گىر بىلەن بىرەر نەرسىنى جىڭلايدىغان كىشى: ئۇ ئەتىسىدىن باشلاپلا گىرچىنى تىجارەت ئورۇنلىرىغا يېقىن يولاتمايلا ئەمەس، ھەتتا ئۇلارنى ئۆزلىرىنىڭ ساندۇق — سايمانلىرى، ئىشكاپ-جاھازلىرىغىمۇ يېقىن كەلتۈرمەيدىغان، كەلسىلا قورال تەڭلەپ قوغلايدىغان بولدى.

**گىرخانا** ئى. نەرسە-كېرەكلەرنى گىر بىلەن ئۆلچەيدىغان ۋە ئېغىرلىقنى ھېسابلايدىغان ئورۇن.

**گىرداب** ئى [پ] ① دەريا، ئۆستەڭلەردىكى سۇنىڭ ئايلىنىپ، چۆگىلەپ قاينام ھاسىل قىلىپ ئاقىدىغان يېرى؛ قاينام: بىز كېمە بىلەن دەجلە دەرياسىدا كېتىۋېتىپ، دەريادا بىر گىردابقا دۇچ كېلىپ كېمە غەرق بولدى. ② ئەتراپ، قىرغاق، گىرۋەك، لەۋ، چېگرا: ئۆلۈم گىردابى. يار گىردابى. * مۇيەسسەر جىددىي تەدبىر قوللىنىپ، ئۆلۈم گىردابىغا يېقىنلىشىپ قالغان نىمجان بىر ھاياتنى تەسلىكتە ئەجەل چاڭگىلىدىن قۇتقۇزۇۋاپتۇ. * مەسلىھەت بويىچە بەزىلىرى شىرلارغا، بەزىلىرى ئەجدىھاغا، يەنە بەزىلىرى ھەر خىل قورقۇنچلۇق ھايۋانلارغا مىنىپ قۇملاق تېغىنىڭ گىردابىغا ئورۇنلاشتى.

**گىردە** ئى. بۇغداي ئۇنىدىن چۆرىسى قېلىن، ئوتتۇرىسى ئويمان، يۇملاق قىلىپ تونۇرغا يېقىپ پىشۇرۇلىدىغان بىر خىل نان: تاشۋاي چىرايلىق قىزىرىپ پىشقان گىردىلەرنى تونۇردىن سويماقتا. سالىخجان ئاكا بىر گىردىنى قولىغا ئېلىپ زوقلىنىپ: — گىردىلىرىڭىز قەشقەر ئانارىنىڭ ئۆزى بولۇپتۇ ئوغلۇم، — دەپتۇ.

**گىرلەتمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىرلەشمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**گىرلەنمەك** «گىرلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىرلىمەك** پ. نەرسە-كېرەكلەرنى گىرگە سېلىپ تارتماق، گىر بىلەن ئېغىرلىقنى ئۆلچىمەك.

**گىروي** سۈپ [ر] بەستلىك، گەۋدىلىك، قاۋۇل: گىروي ئادەم. گىروي بالا. * — تۆمۈرچى بولغىنىڭىزغا لايىق ئۆزۈڭىز گىروي ئىكەنسىز. ئېتىڭىزمۇ خېلى هەيۋەت ئىكەن، — دېدى ئابدۇكېرىم ئاببىاسوب كۈلۈپ تۇرۇپ.

**گىرۋەك** ئى [پ] بىرەر نەرسىنىڭ يېنى، ياقىسى، قىرغاق، لەۋ: گىرۋەك چىقارماق. گىرۋىكىنى بۇزماق. * باقى پېشانىسىدىن مۇزدەك تەر چىققان هالدا ئېرىقنىڭ گىرۋىكىدە ئولتۇرغىنىچە ئۆگدىسىغا هوشسىز ياتاتتى. * دەل شۇ چاغدا، كېمىگە چىقماقچى بولغان بىر هارۋىنىڭ چاقى كېمە گىرۋىكىگە تاقىشىپ قېلىپ، ئات تارتىپ چىقىرالمىدى. * ئاسمان گۈمبىزىنىڭ شەرق تەرەپتىكى تاغ تىزمىلىرىغا تۇتاشقان گىرۋىكى خۇددى بايىقى راجى بالىنىڭ قېنىدەك قىزىرىپ تۇراتتى.

**گىرۋەك ئۇلتۇرۇشمىسى** <كېئول> يەر ئوقۇرى پۈرۈلمىسى كۆتۈرۈلۈش جەريانىدا، ئۇنىڭ پلاتفورما بىلەن چېگرىلىنىدىغان رايونىدا شەكىللىنىدىغان چوڭ تىپتىكى ئولتۇرۇشما. بۇنىڭدا يەر ئوقۇرىنىڭ قامالغان ۋاقتى خاتىرىلىنىدۇ.

**گىرۋەكلىك** سۈپ. گىرۋىكى بار، گىرۋەك قويۇلغان، گىرۋەك چىقىرىلغان: شېئىر سېرىق سىرلىق، قىزىل گىرۋەكلىك تاختايغا ئۈيغۇرچە چوڭ، قارا خەت بىلەن يېزىلغانىدى. * كۈمۈش گىرۋەكلىك قارا كۆزەينەك تاقىغان بىر ئادەم ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

**گىرى** سۈپ. گەپكە كىرمەيدىغان، تەتۈرىگە تولغايدىغان، كاج، جاهىل: دۇنيادا ئۆزىنىڭ نادانلىقتا شۇ دەرىجىگە يېتىپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماي، «ئىلىم مىزانى» چىن جانابلار بىلەن ئىلىم توغرىسىدا مۇهاكىمىلىشىدىغان شۇنداق گىرى ئەپەندىلەرنىڭمۇ بارلىقىغا هەيران قالدىم. * — هەي قانداق گىرى ئادەمسەن؟ — دېدى ئاشپەز تەئەججۈپ بىلەن، — مانتا دېگەننى ئىسسىقىدا يېمىسە نېمە لەززىتى بولىدۇ.

**گىرىپ** I ئى [ر<فران] ← **گىرىپتىشىن:** گىرىپ كۆڭلەك. گىرىپ ياغلىق. * ئالىمنى قېرىغىنىدا ئاشىق قىلغان، گىرىپ كۆڭلەك كىيگەن قىزنىڭ ئىشچانلىقى.

**گىرىپ** II ئى [ر<فران] <تىب> ← **تارقىلىشچان زۇكام.**

**گىرىپتار** ئى [پ] دۇچار، مۇپتىلا، يولۇقۇش، ئۇچراش: گىرىپتار بولماق. گىرىپتار قىلماق. * مەن خىيال قىلسام سېنى سەندەك چىرايلىق بولمىغاي، ئۇچ هەرىپتىن ئىبرەت ئالدىم مەن گىرىپتارى قەلەم. * سەنمۇ خۇددى مەندەكلا ئىشقىغا گىرىپتار سەن، سۆهبىتىڭدىن قولۇڭنى هەرگىزمۇ جۇدا قىلما.

**گىرىپتار بولماق** مۇپتىلا بولماق، دۇچار بولماق، يولۇقماق، ئۇچرىماق: ئۇنىڭ قورۇق باسقان پېشانىسىدىن، نۇرسىز كۆزلىرىدىن ئېغىر دەرد-ئەلەمگە گىرىپتار بولغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. * — بىچارە باللىرىم، ئاه! مەن ئەمدى يەنە كېسەلگە گىرىپتار بولۇشنى خالىمايمەن. قىزلىرىم ئۈچۈن مەن بولمىسام بولمايدۇ، — دېدى ئۇ.

**گىرىپتار قىلماق** مۇپتىلا قىلماق، دۇچار قىلماق، يولۇقتۇرماق، ئۇچراتماق: — ئۇ پادىشاهقا بەك يېقىن بولۇپ كەتتى، ئۇنى پادىشاهنىڭ دەرگاهىدىن يىراق قىلمساق بىزگە

كۈن يوق، سەن ياردەم قىلمىساڭ، ئۈستۈڭدىن ئۆسەك تارقىتىپ، نامىڭنى بۇلغايمىز ۋە سېنى ئۆلۈمگە گىرىپتار قىلىمىز دەپ ماڭا قورقۇنچ سېلىشتى، — دەپتۇ مەلىكە پادىشاھقا.

**گىرىپسەتىن** ئى [ر] يىپەك بىلەن پاختا ئارىلاشمىسىدىن سىپتا، نەپىس، جۇلالىق قىلىپ توقۇلىدىغان بىر خىل رەڭدار گۈللۈك گەزلىمە.

**گىرىپىتشىن** ئى [ر] يىپەكتىن توقۇلىدىغان بىر خىل نېپىز، سىپتا نەپىس گۈللۈك گەزلىمە.

**گىرىژ** ئى [ر] <تب> يېرىق ساھەسىگە چۈشكەن چۇقۇق كۆزدە تۇتۇلىدۇ. ئۇ تولىراق قورساق پەردىسىنىڭ ئاجىز نۇقتىسىدىن ئىنچىكە ئۈچەي ئۇرۇقدان خالتىسىغا چىقىپ قېلىشتىن بولىدۇ. يېرىق ساھەسى پۈلتىيىپ چىقىپ ياكى ئۇرۇقدان خالتىسى يوغىناپ پات-پات قاتتىق ئاغرىيدۇ. بۇ هال شوك ياكى ئۈچەي چىرىپ كېتىدىغان هادىسىلەرگە سەۋەبچى بولۇشىمۇ مۇمكىن.

**گىرىشىم** ئى. دىئال. ياغاچنى كۆيدۈرۈپ كۆمۈر تەييارلايدىغان ئورەك.

**گىرىلىك** «گىرى» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: گىرىلىك قىلماق. * بەزىدە پاتىگۈلنىڭ خۇيى تۇتۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ھەيۋە قىلىپ ئۆيدىن ئىتتىرىپ چىقىرىۋېتەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن كېيىن مەندىن ئەپۇ سورىمايتتى، مەنمۇ گىرىلىك قىلىپ، بىرقانچە كۈن ماي تارتىپ يۈرەتتىم.

**گىرىم** ئى [ز<فران] ← **پەرداز**: گىرىم قىلماق. گىرىم بۇيۇملىرى. * بەزى ئارتىسلار ئالدىراپ كىيىم ئالماشتۇراتتى، بەزىلىرى گىرىملىرىنى ئوڭشايتتى. * ئۇلار لوتىپۇللا مۇتەللىپ، مۇنىردىن خوجىلارنى گىرىم بىلەن تۇرغان پېتى قولغا ئالدى.

**گىرىم بۇيۇملىرى** ئۇپا، ئەڭلىك، ئەتىر قاتارلىق گىرىم قىلىشتا ئىشلىتىلىدىغان بۇيۇملار.

**گىرىم قىلماق** ← **پەرداز قىلماق**: مەخسۇتباي شائىرغا قاراپ داۋام قىلدى: — سىزنىڭ مۇشۇ تۇرقىڭىزدا ھەرقانچە گىرىم قىلساقمۇ ئېشەكچىگە ئوخشىماي قالمىسىز. * ئۇلار كىشىلەرنى ئانچە-مۇنچە پەرق ئەتكىلى بولىدىغان چاغدا گىرىم قىلىش بىلەن بەند بولدى.

**گىرىمچى** ئى <تيا> ئارتىسلارغا گىرىم قىلىدىغان، گىرىمغا مەسئۇل مەخسۇس خادىم.

**گىرىمخانا** ئى [ر+پ] <تيا> ئارتىسلارغا گىرىم قىلىنىدىغان مەخسۇس جاي، ئۆي: — ھەي نېمە بولدى، يۈرۈڭ سەھنىگە چىقىپ باقايلى، ياكى بىز پاراڭ بىلەن دىققەت قىلماي ئۆتۈپ كەتتىمۇ؟ — دېدى سەۋرىدىن مېنى گىرىمخانىغا باشلاپ.

**گىرىمسەن** ① ئى. ياز كۈنلىرى كەڭ دالىدىكى ئىسسىق ھاۋانىڭ يىراقتىن سۇ ياكى شامالدەك، خىرە، غۇۋا، كۆرۈنۈشى؛ سەراپ، ئېزىتقۇ: يېڭىدىن ئېگىزغا ئايلىنىۋاتقان ئېتىزلار ئۈستىدىكى گىرىمسەن يىراقلاردىن كۆرۈنگەن سۇدەك چىمىرلاپ تۇرىدۇ. * يول ئۈستىدە تاغقا تۇتىشىپ كەتكەن تاشلىق سايدا قىزغۇچ، ھال رەڭ گىرىمسەن غىل-پال جىلۋە قىلاتتى. ② رەۋ. خىرە، غۇۋا، تۇتۇق: گىرىمسەن يورۇماق. * بار ئىكەنۇ، يوق ئىكەن، ئۆتكەن زاماندا كۆزى گىرىمسەن كۆرىدىغان بىر كەمبەغەل دېھقان بولغانىكەن.

**گىرىمسەنلەشمەك** پ. خىرەلەشمەك، غۇۋالاشماق، تۇتۇقلاشماق: ياپيېشىل داللار ئايدىڭدا گىرىمسەنلىشىپ ئۇيقۇغا چۆككەندەك.

**گىرىملەنمەك** «گىرىملىمەك» پېئىلىنىڭ

مەجھۇل دەرىجىسى.

**گىرىملىك** سۈپ. گىرىمى بار، گىرىم قىلىنغان: گىرىملىك رېپېتىتسىيە. * ئۇلاردىن مەن كۆيۈپ قالدىم، «ئويۇن» ئاتلىق «گۈزەل ئاي» غا. نە ئايكى، جادۇگەر، مەككار، گىرىملىك قېرى مومايغا.

**گىرىملىك رېپېتىتسىيە** <تىيا> ← **گېنېرال رېپېتىتسىيە.**

**گىرىملىمەك** پ. گىرىم قىلماق، پەردازلىماق: بۇ بىر ئەكسىلئىنقىلابچى، كىشىلەرنى ئالداش ئۈچۈن ئۆزىنى گىرىملەپ، بېشىغا سەللە ئوراپ، ئۈستىگە ئۇزۇن تون كىيىپ، قولىغا تەسۋى تۇتۇۋالسا، بىرلا كۆرگەن كىشى ئۇنى «تەقۋادار مويسىپىت موللا ئىكەن» دەپ قارىغاندەك ئىش.

**گىريان** سۈپ [پ] يېزت. يىغلاۋاتقان، يىغلايدىغان، يىغلاڭغۇ: گىريان بولماق. * بىر چاپانىنىڭ تېگىنى بىللە قويۇپ ياتقاندا بىز، تەڭ قىلىشقان ۋەدىنىڭ كۆزىنى گىريان قىلدىلا.

**گىريانە** رەۋ [پ] ← **گىريانە بولماق.**

**گىريانە بولماق:** يىغلىماق، كۆز يېشى قىلماق: ھىجرىڭ ئوتىدا كۆيدى يۈرىكىم، پىراق دەستىدىن دىۋانە بولدۇم. بۇلۇت توسقان ئاي كەبى ھۆسنۈڭنى، يوشۇرغاچ مەندىن، بېگانە بولدۇم. لالە يۈزۈڭنى سېغىنىپ، ئەسلەپ، بۇلبۇل مىسالى گىريانە بولدۇم.

**گىزىنە** (توغرىسى: گەزنە) ← **گەزنە.**

**گىژ** تەق. رادىئو، ئۈنئالغۇ، تېلېفون قاتارلىقلار بۇزۇلۇپ قالغاندا چىقىدىغان سەل كۈچسىز ئاۋاز.

**گىژ-گىژ** ① «گىژ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: رادىئوغا سالدىم يېڭى ماي، «گىژ-گىژ» قىلىپ قالدى بوغۇلۇپ. «ئىم، كاساپەت!» چاپتىم بازارغا، كاللامدا غەش خىيال تۇغۇلۇپ. ② كۆچمە. ئۇرۇش، جېدەل: گىژ-گىژگە سالماق.

**گىژ-گىژگە سالماق** ئۇرۇشۇشقا، سوقۇشۇشقا كۈشكۈرتمەك: ئۆتۈۋاپتۇ سەھنە كەينىگە، گىژ-گىژگە سېلىپ، تاماشا كۆرۈپ. زەربىدارلار يېپىشتى بىزگە، يوقنى ئۈندۈرۈپ، تۆگمىنى تۆگە قىلىپ كۆپتۈرۈپ — «سىياسەتنى گەۋدىلەندۈرۈپ».

**گىژ-گىژلاشماق** پ. ۋارقىراشماق، گەپ تالاشماق، سوقۇشماق، تەگەشمەك: — ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا دېگەندەك، ئۆزىمىز بالانى تېرىپ قويۇپ ئەمدى گىژ-گىژلاشماق بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ. * گىژ-گىژلاشتى تاماشانى قىزىتىپ: — تۇر ئورنۇڭدىن! سەنمۇ قېنى، ھە مۇشت ئات! ھويلا-ئارا جۇل-جۇل تونلۇق دىۋانە، قىلار ئىدى ئالاھىدە مەشغۇلات.

**گىژىلداتماق** «گىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىژىلداشماق** «گىژىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: نانىنىڭ ئۈستىدە بىر توپ چىۋىنلەر گىژىلدىشىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۆي ئىچى چېكىپ تاشلانغان تاماكا قالدۇقلىرى، تۈكۈرۈكلەر ۋە قەغەز پارچىلىرى بىلەن تولغانىدى.

**گىژىلدىماق** پ «گىژ-گىژ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گىژ-گىژ» قىلماق: ئۆيدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. يېگى تىرىلىپ باقىنىڭ ئەتراپىدا ئۇچۇپ يۈرگەن چىۋىنلەرنىڭ گىژىلدىشى ۋە ئۆينىڭ بۇلۇڭىدا ئۇخلاۋاتقان ئاق پۈچۈق مۈشۈكنىڭ يۇمشاق خىرىلدىشى بۇ جىمجىتلىققا ئېچىنارلىق مۇڭ بېرىپ تۇراتتى. * ئۇنىڭ مەيدىسى گىژىلداپ، ئەسلىدىمۇ خىرقىراپ چىقىدىغان ئاۋازى تېخىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى.

**گىستامىن** ئى [ر<گرېك] <خىم> ئورگانىڭ

بىرىكمە. ئۆسۈملۈك، هايۋانلارنىڭ توقۇلمىلىرىدا بولىدۇ. ئاشقازان سۇيۇق-لۇقىنىڭ ئاجرىلىپ چىقىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە قىل قان تومۇرلىرىنى كېڭەيتىدۇ. ئادەتتە قان ئايلىنىش ۋە نېرۋا ئىقتىدارىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆلچەشتە ياكى ئەتراپ نېرۋىلىرىنىڭ توسۇلۇپ قېلىشى قاتارلىق كېسەللەرنى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**گىستوفىزىئولوگىيە** ئى [ر] <بىئول> جانلىقلار-نىڭ ھەرخىل توقۇلمىلىرىنىڭ فۇنكسىيىسىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن.

**گىستوگراما** ئى [ر] <سۆ> پەلەمپەيلىك دىئاگراما شەكلىدە سىزىلغان چاستوتا ئەگرى سىزىقى.

**گىستولوگ** ئى [ر] <بىئول> گىستولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**گىستولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <بىئول> بىئولوگىيە-نىڭ ئۆسۈملۈك ۋە هايۋانلارنىڭ توقۇلمىسى شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ فۇنكسىيىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغان قۇرۇلۇشى ۋە خىمىيۋى تەركىبىنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىگانت** سۈپ [ر<گرېك] ئىنتايىن چوڭ، كاتتا، بۈيۈك: گىگانت ئادەم. گىگانت قەدەم. گىگانت قۇرۇلۇش. * ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىر كېچىدىلا ئەسلىدىكى هالىتىدىن ئۆزگىرىپ، ئىنسانلارنىڭ كۆزىنى چاقنىتىدىغان پارلاق ئىشلارنىڭ ئىگىسىگە، نۇرلۇق، گىگانت ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىش خىيالىدىمۇ بولىدۇ. * كېتىپ بارىمىز، گىگانت قەدەملەر، بىزگە كەلىڭ-داغدام، پارتىيە يولى.

**گىگانت شارچە ئاقسىل** <بىئول> ← **ماكروگلوبۇلىن.**

**گىگروسكوپ** ئى [ر<گرېك] <سۆ> چاچ ياكى قىلدىن ئۇنىڭ نەمدەلسە ئۆزىرىپ، قۇرۇغاندا قىسقىرىش خۇسۇسىيىتىدىن پايدىلىنىپ خىمىيۋى ئۇسۇلدا ئىشلەنگەن نەملىك ئۆلچەش ئەسۋابى.

**گىگروگراف** ئى [ر<گرېك] <سۆ> نەملىكنى ئۆزلۈكىدىن ئۆلچەپ خاتىرىلەيدىغان ئاپتوماتىك گىگروسكوپ.

**گىگرومېتىر** ئى [ر<گرېك] <سۆ> سائەتكە ئوخشاش ئىشلەنگەن گىگروسكوپ.

**گىگرومېترىيە** ئى [ر<گرېك] <سۆ> نەملىكنى ئۆلچەشنىڭ ئۇسۇل-مەشغۇلاتلىرى.

**گىگېنا** ئى [ر<گرېك] <تىب> ئىنسانلار بىلەن مۇھىتنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتىنى تەتقىق قىلىدىغان ھەمدە تۇرمۇش شارائىتىنى تاكامۇللاشتۇرۇشنىڭ ئۆلچەم ۋە تەدبىر-لىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئىنسانلار سالامەتلىكىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئاساسىي مەزمۇن قىلىنغان بىر پەن.

**گىڭ** تەق. پاشا، چىۋىن، كۇمۇتا، ھەرە قاتارلىق هاشاراتلار ئۇچقاندا چىقىدىغان پەس ئاۋاز.

**گىڭشىماق** پ «گىڭ-گىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گىڭ-گىڭ» قىلماق: بوزلۇقنىڭ ئىچى شۇنچىلىك جىمجىتكى، بۇ يەردىن چېچەكى تۆكۈلۈپ سوتا بولۇپ قالغان شالاڭ يۇلغۇنلارنىڭ ئاستىدا ئىسسىقتىن پاناھ ئىزلەپ گىڭشىپ يۈرگەن كۆكۈچ چۆل چىۋىنى بىلەن توپا رەڭ يىڭناغۇچنىڭ هالسىز ئاۋازىدىن باشقا ھېچنېمە ئاڭلانمايتتى.

**گىڭ-گىڭ** «گىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىڭىلداتماق** «گىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**گىڭىلداشماق** «گىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا، بىر زەيكە شلكتە بىر توپ پاشا بىر-بىرىنى راسا ماختىشىپ گىڭىلدىشۋاتقانىكەن. توساتتىن

بوران چىقىپ كېتىپتۇ. پاشىلار قېچىپ ئۈلگۈرەلمەپتۇ.

**گىڭىلدىماق** پ «گىڭ-گىڭ» قىلىپ ئاۋاز چىقارماق، «گىڭ-گىڭ» قىلماق: بىر چىۋىن گىڭىلداپ ئۇچۇپ، سېسىق بۇس پۇراپ تۇرغان پاسكىنىچىلىقنىڭ ئۈستىگە كەلگەندە، بىردىنلا ھالسىز ئىڭرىغان نالە-زار ساداسىنى ئاڭلاپ توختىدى.

**گىل** ئى [پ] بىر خىل بوياق. توق قىزىل ياكى ئاچ قىزىل بولىدۇ. ئادەتتە قىزىل تۆمۈر تاشنى ئېزىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ. كۆپىنچە رەسىم سىزىش ۋە ئۆي-ئىمارەتلەرگە ئىشلىتىلىدۇ.

**گىل رەڭ** <گ سەن> گىلغا ئوخشاش قىزىلغا مايىل كېلىدىغان بىر خىل مۇرەككەپ رەڭ.

**گىل سىزما** <گسەن> سىياھ بىلەن ئىزنىسنى ئېلىش، يوللۇق سىزىقلار بىلەن بوياش ئاساسىدا گىل ئاساسىي رەڭ قىلىنغان، سۇس رەڭلىك تاغ-دەريا رەسىمى.

**گىلاس** ئى <بوت> ① ئەتىرگۈل ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، گۈلى ئاق ياكى سۇس قىزغۇچ ئاق، مېۋىسى شار شەكىللىك، رەڭگى قىزىل، چۈچۈمەل تاتلىق، ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. ياغىچى قاتتىق، سايمانلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**گىلاس رەڭ** <گ سەن> گىلاس رەڭگىگە ئوخشاش توق قىزىل كېلىدىغان بىر خىل رەڭ.

**گىلاس مۇرابباسى** گىلاس مېۋىسىدىن ئىشلەنگەن مۇراببا.

**گىلاستۇك** (توغرىسى: گالستۇك) ← **گالستۇك.**

**گىلاسلىق** ① سۈپ. گىلاس دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن، گىلاس دەرىخى بار: شاتۇر دورغا بۇ باغنى ئۇزاق ماختىدى ۋە ئۇنىڭ ماختاشلىرى ئاخىرلاشقۇچە، ئۆزلىرىمۇ گىلاسلىق باغقا يېتىپ كېلىشتى. ② ئى. گىلاس دەرىخى ئۆستۈرۈلگەن يەر، مەيدان، باغ: مەن گىلاسلىقنى تاماشا قىلىپ يۈرەتتىم، بىردىنلا بىرى ئىسمىمنى چاقىرىپ قالدى.

**گىلاڭ** ئى. دىئال. تىك يار، ھاڭ.

**گىلاماق** پ. دىئال. قايغۇ ئىچىدە سېغىنماق.

**گىلەم** ئى [پ] يۇڭ، يىپەك ياكى سۈنئىي تالادىن ھەرخىل نۇسخىدا مويلۇق، رەڭدار توقۇلۇپ، يەرگە سېلىنىدىغان ياكى تامغا ئېسىپ قويۇلىدىغان ئائىلە بۇيۇمى؛ زىلچا: يىپەك گىلەم. سۈنئىي تالالىق گىلەم. يۇڭ گىلەم. * ئۇلار بورا، گىلەم توقۇش، دوپپا تىكىش قاتارلىق كۆپ خىل ئىگىلىكنى قانات يايدۇرۇپ كىرىمنى كۆرۈنەرلىك ئاشۇردى.

**گىلەم خۇرجۇن** يۈزى گىلەم نۇسخىلىرى بىلەن كەشتىلەپ توقۇلىدىغان بىر خىل ئالاھىدە خۇرجۇن.

**گىلەم دوپپا** تالاسىغا گىلەمگە ئوخشاش گۈل تىكىلگەن، كەشتىلەنگەن بىر خىل دوپپا: ئۇنىڭ بېشىدا يۈزى يۇمىلاق، گىلەم دوپپا كىيگەن، قاشلىرى ئىنچىكە بىر قىز قىسقا يەڭلىك گۈللۈك شىپۇن كۆڭلەك ئىچىدىكى چىرايلىق گەۋدىسىنى ماشىنىنىڭ يۆلەنچۈكىگە تاشلاپ جىمجىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى.

**گىلەم نۇسخا** گۈل نۇسخىلىرىنىڭ بىر خىلى.

**گىلەمچى** ئى ① گىلەم توقۇش بىلەن شۇغۇللانغۇچى؛ گىلەم ئۇستىسى، خالۋاپ: بۇگۈن قايتا كۆرۈشكەندە يەنە باشلاندى

شېرىن سۆز، گىلەمچى گۈل جانان مەڭزى گويا ئوتتەك يېنىپ كۈلدى. ② گىلەم ئېلىپ-سېتىش ئىشى بىلەن شۇغۇللانغۇچى كىشى، گىلەم سودىگىرى: مەن بۈگۈن گىلەم بازىرىغا بېرىپ، گىلەمچىدىن بىر پارچە سېتىۋالدىم.

**گىلەمچىلىك** «گىلەمچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: ئۇلارنىڭ بەزىلىرى گىلەمچىلىك، رېمونتچىلىق، كىيىم تىكىش كارخانىلىرى ۋە ئۇن زاۋۇتى، ياغ زاۋۇتى، ئېلېكتر ئىستانسىسى، ئاشخانا قۇردى. * سۆزلەپ بېرىڭ بىزگە تارىختىن، گىلەمچىلىك كىمنىڭ ھۈنىرى؟ نېمە ئۈچۈن گىلەم دېگەن نام، بىزگە مەشھۇر ئۇزۇندىن بېرى؟

**گىلەملىك** سۈپ ① گىلىمى بار، گىلەم سېتىۋالغان، گىلەم سالغان: گىلەملىك بولۇپ قالماق. ② گىلەم توقۇشقا لايىق، باپ ياكى يېتىدىغان: ئىككى گىلەملىك يۇڭ. ئۈچ گىلەملىك يىپ. * باش ئەتىيازدا ياسىن خوجا بۇ يەرگە كېلىپ، باشقىلارنىڭ قاتارىدا ماڭىمۇ ئۈچ گىلەملىك يۇڭ تاشلاپ كەتكەنىدى.

**گىلبېرت** مىق [ر<ئىنگ] <فىز> ماگنىت ئېقىم كۈچى بىرلىكى. 0.7958 ئامپېر ئورامغا تەڭ. بۇ نام ئەنگلىيە فىزىكا ئالىمى گىلبېرت (William Gilbert(1540—1603)) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن بېرىلگەن.

**گىلىپتو** ئى [ر<گرېك] <بوت> ← **گىلىپتو دەرىخى**.

**گىلىپتو دەرىخى** <بوت> شەمشاد ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان كىچىك دەرەخ، يەنى دۆلىتىمىزنىڭ ئالاھىدە دەرەخ تۈرى بولۇپ، ياغىچى يەڭگىل، لەيلەش كۈچى يۇقىرى. سۇدا قۇتقۇزغۇچى سايمانلارنى ۋە بوتۇلكا ئاغزىنى ئېتىدىغان پروپكىلارنى ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. شارچە مېۋىسى ۋە قوۋزىقىدىن يارىپىلىم ئېلىنىدۇ. شارچە مېۋىسىدىن بوياق ئېلىپ مەشۇت ۋە بېلىق تورلىرىنى بوياشقا بولىدۇ.

**گىلدىرماچ** ئى ← **گادىرماچ**.

**گىلدىڭ** تەق. بىر نەرسىنىڭ بىر ئۇ يانغا بىر بۇيانغا سىلكىنىپ، مىدىرلاپ تۇرۇش ھالىتى: گىلدىڭ باش.

**گىلدىڭ باش** گىلدىڭلاپ تۇرىدىغان باش.

**گىلدىڭشىتماق** «گىلدىڭشىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇلار ئالمىچىنى كۆرسىتىپ باش بارمىقىنى چىقىرىپ، باشلىرىنى گىلدىڭشىتاتتى. * بۇ ئىش ئۇنىڭغا ياقتى بولغاي، بېشىنى گىلدىڭشىتىپ تۇرۇپ: — مانا، ماۋۇ ئىشىڭىز جايىدا، — دەۋەتتى ۋە چىنىنى تولدۇرۇپ ماڭا سۇندى.

**گىلدىڭشىماق** پ. بىر ئۇيانغا بىر بۇيانغا سىلكىنمەك، «گىلدىڭ-گىلدىڭ» قىلماق: بۇ يوغان ئاتلار مېنى سۆرەپ كەتتى. بۇ چاغدا خۇددى ساقاللىق كىشىنىڭ ئېڭىكىگە ئېلىنىپ قالغان سامانەك خېلى يەرلەرگىچە گىلدىڭشىپ باردىم.

**گىلدىڭ-گىلدىڭ** «گىلدىڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**گىلدىڭلاتماق** «گىلدىڭلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: — كۆڭۈل دېگەن يامان نەرسە، ھېزى بولۇڭ، — دېدى سارىخان موماي ئۇنىڭ ئۆڭگەن چىرايىغا قاراپ ئىچ ئاغرىتقاندەك بېشىنى گىلدىڭلىتىپ.

**گىلدىڭلىغاق** سۈپ. گىلدىڭلاپ تۇرىدىغان، گىلدىڭلايدىغان: — دادا، سەن قارلىغاچنى تۇتۇپ يامان قىلدىڭ، قولۇڭ تىترىگەندەك، بېشىڭ گىلدىڭلىغاق بولۇپ قالارمۇ؟ — دېدى ئوغلى.

**گىلدىڭلىماق** پ. ھەر تەرەپكە سىلكىنمەك، گىلدىڭشىماق، «گىلدىڭ-گىلدىڭ»

قىلماق: روزەكبايىنىڭ ئاغزى ئېچىلىپ، بېشى گىلدىڭلاپ تۇراتتى. گۇلئايشەم نېملا دېسە ئۇ باش ئىرغىتىپ ماقۇللايتتى.

**گىلىگىتالىڭ** سۆپ. دىئال. تايىنى يوق، ئاساسسىز.

**گىمن** ئى [ر<گرېك] بىرەر دۆلەت ياكى رايون بىرلىكىنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنغان تەنتەنىلىك كۈي، شېئىر: دۆلەت گىمنى.

**گىمنازىيە** ئى [ر<گرېك] كونا. ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئومۇمىي تەلىم-تەربىيە ئوقۇتۇشى مەقسەت قىلىنغان بىلىم يۇرتى؛ ئوتتۇرا مەكتەپ: رۇس تىلى گىمنازىيىسى. * – شۇنچە خەق يالغان ئېيتامدۇ، كۆرۈپ چىققانلار دەۋاتامدۇ، ھەركۈنى كېچىسى ئۈزۈلدۈرمەي ئادەم تۇتۇۋېتىپتۇ، «تۇت-تۇت» قىلىۋاتقانلار گىمنازىيىدە ئەڭ كۆپ دەيدۇ، – دېدى ئۇ.

**گىمناستۇركا** ئى [ر] تىك ياكى قايرىما ياقىلىق، ئۈستىدىن كەمەر باغلايدىغان ھەربىي پاسوندىكى كۆڭلەك: سارجا گىمناستۇركا. چىبەرقۇت گىمناستۇركا. * شوپۇرنىڭ دوپدوغىلاق تۇرقىغا ئۇنىڭ ئەپچىل- گىنە تىكىلگەن گىمناستۇركىسى بىلەن گەلەپى شىمى بېشىدىكى شەپكىسگە قوشۇلۇپ ئاجايىپ يارىشىپ تۇراتتى.

**گىمناستىكا** ئى [ر<گرېك] <تەن> تەنھەرىكەت تۈرى. ئەسۋابسىز ئورۇنداشقا ۋە ئەسۋابلار ئارقىلىق ئورۇنداشقا بولىدۇ. ھەرىكىتى ھەرخىل بولۇپ، ئەر-ئايال، چوڭ-كىچىك ھەممىسى ئۆز ئالدىغا تاللاپ ئورۇندىيالايدۇ. ئادەتتە ئاساسىي گىمناستىكا، رادىئو گىمناستىكىسى، كوللېكتىپ گىمناستىكا، قوشۇمچە گىمناستىكا، ماھارەت كۆرسىتىش گىمناستىكىسى ۋە بەدىئىي گىمناستىكا قاتارلىقلارغا بۆلۈنىدۇ.

**گىمناستىكا شوتىسى** <تەن> قوشۇمچە تەنھەرىكەت سايمىنىنىڭ بىر خىلى. ئىككى تۆۋرۈك ئوتتۇرىسىغا مەلۇم ساندىكى يۇمىلاق بالداقلارنى پاراللېل ئورنىتىش ئارقىلىق ياسالغان. ھەر خىل ساڭگىلاش، يامىشىپ چىقىش قاتارلىق ھەرىكەتلەرنى ئورۇنداشقا بولىدۇ. بەدەن چېنىقتۇرۇش، مەخسۇس تۈر بويىچە بەدەننىڭ تەبىئىي سۈپىتىنى ئاشۇرۇش، تەنھەرىكەت تېخنىكىسىنى ياخشىلاش رولىنى ئوينايدۇ. ئۇنى يەنە داۋالاش گىمناستىكىسى ئەسۋابى قىلىپ ئىشلىتىشكە بولىدۇ.

**گىمناستىكا مۇسابىقىسى** <تەن> گىمناستىكىدا ماھارەت كۆرسىتىش بويىچە ئۆتكۈزۈلىدىغان مۇسابىقە. ھەر خىل گىمناستىكا تۈرلىرى بويىچە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

**گىنە** ئى ← **ئاداۋەت**: ئاداۋەت، ئۆچ، گىنە ھەمدە، دۈشمەنلىك ئورۇقى چاچقاچ تەلۋىلەر. خەلقىمىز ئۇن يىللاپ كۆردى يامان چۈش، جانلارنى ئۈپراتتى جاڭجال-غەلۋىلەر.

**گىنېكولوگ** ئى [ر] <تىب> ئاياللار كېسەللىكلىرى ۋراچى، گىنېكولوگىيە مۇتەخەسسىسى.

**گىنېكولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <تىب> مېدىتسىنىنىڭ ئاياللار ھاياتىنىڭ ھەرقايسى مەزگىللىرىدىكى (ھامىلىدارلىق مەزگىلىدىن باشقا) فىزىئولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرى، نەسىللىنىش سىستېمىسىدىكى كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى، پرىنسىپى، جەريانى ۋە ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قاتارلىقلارنى تەتقىق قىلىدىغان بىر تارمىقى.

**گىياھ** ئى [پ] ئوت-چۆپ، ئۆسۈملۈك: دورىلىق گىياھ. كەم ئۇچرايدىغان

گىياھ. * ھاتەم ھەمراھىدىن دۇئا ئالدى، ئۇ ھېلىقى گىياھنى ئېزدەپ دەشتمۇدەشت، يېزىمۇيېزا ئايلىنىپ بىر يەرگە يەتتى. * — بوزدۆڭگە ھېچكىمنىڭ پاتمايدۇ چىشى، بولسىمۇ ھەتتاكى ئۇن"نەچچە بېشى. ئەزەلدىن قاراشلىق ماڭا يېزىنىڭ جىمىكى يەر-سۈيى، گىياھى، تېشى.

**گىياھسىز** سۈپ. گىياھى يوق، گىياھ ئۈنمىگەن، تاقىراق، ئوت-چۆپسىز: گىياھسىز جاي. گىياھسىز يەر. گىياھسىز دالا. * بۈگۈن ئادەم تۇرمايدىغان گىياھسىز قىرغاق ساي بىردىنلا شاۋقۇنلۇق، خۇشال ئەمگەك قاينىمىغا ئايلىنىپ كەتتى. * مەن بارىمەن خەلقىم بۇيرۇسا، پايانسىز تىنىڭ — چۆللۈكلەر ئارا. ئىلىم-پەننىڭ قۇدرەت كۈچىدىن، چېچەكلىسۇن گىياھسىز دالا.

**گېيەك** ئى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى ئويۇنلىرىنىڭ بىرى. بۇنىڭدا، 30 دانە داچەن بىر تۈز سىزىق ئۈستىگە ئۈچ-تۆت سانتىمېتىر ئارىلىق قويۇپ، توپا يۆلەپ قاتار قىلىپ تىك تىزىلىدۇ. ئاندىن ئويۇنغا قاتناشقۇچى سەككىز-ئون مېتىر يىراقلىقتا تۇرۇپ يۇمىلاق ساقا بىلەن داچەننى چەنلەپ ئۇرىدۇ. ئەگەر بىر قېتىمدا قاتار تىزىلغان داچەننى باشتىن-ئاياغ يىقىتقۇچە، ئۇ كىشى ئۇتقان ھېسابلىنىدۇ؛ تولۇق يىقىتالمىسا ئۇتتۇرغان بولىدۇ. مۇسابىقىلەشكۈچى ئىككى تەرەپ شۇ تەرتىپتە نۆۋەت بىلەن ئوينايدۇ.

**گېيۇدىت** ئى [د] <گېئول> ← **يېگىنە تۆمۈر**

# ڭ

**ڭ** ① ئۇيغۇر ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**ڭې** «ڭ» ھەرپىنىڭ نامى.

# ل

**ل** ① ئۇيغۇر. ئېلىپبەسىنىڭ يىگىرمە بىرىنچى ھەرپى. ② رەت تەرتىپى جەھەتتە يىگىرمە بىرىنچىنى كۆرسىتىدۇ.

**لائەقەل** يۇك [ئە] ھېچ بولمىغاندا، ئاز دېگەندە، ئەقەللىسى: مەن ھاكىم ئەمەسمەن، ئېپىسكوپمەن. لېكىن بۇ رايوندا كاتتا ئابرويۇم بار، شۇنىڭ ئۈچۈن شۇجى مەندىن لائەقەل سۈكۈتلۈك رازىلىق ئالماي تۇرۇپ، بۇ توغرىدا ئاشۇنداق چارە كۆرۈ- ۋېتەلمەيدۇ.

**لابدۇر** سۈپ. ئۇستىبېشى پاسكىنا، كىيىنىشى رەتسىز: بالىلىرى شىلدىر شېكەر، ئانىسى لابدۇر خوتۇن (تېپىشماق).

**لابدۇرلۇق** «لابدۇر» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: پاسكىنا ۋە رەتسىز كىيىنىپ يۈرۈش لابدۇرلۇقنىڭ بەلگىسى. * لابدۇرلۇق كىشىنى بىزار قىلىدۇ.

**لابرادور** ئى [ر] <گېئول> پلاگېئوكلازنىڭ بىر تۈرى، يەنى كالتسىي-ناترىيلىق دالا شپاتىنىڭ كونىچە ئاتىلىشى.

**لابوراتورىيە** ئى [ر<ئىتال] دوختۇرخانا، پەن-تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە مەكتەپ قاتارلىقلاردىكى تەجرىبە ئۆتكۈزۈلىدىغان ئۆي؛ تەجرىبىخانا: مەن ئۈچۈن كۆڭۈللۈك ئىش لابوراتورىيەدە ئىشلەش، زىرائەتلەر بىلەن سۆزلىشىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش.

**لابوراتورىيىلىك** سۈپ. لابوراتورىيەدە ئېلىپ بېرىلىدىغان، لابوراتورىيە ئارقىلىق قىلىنىدىغان: لابوراتورىيىلىك خىزمەت. // ئۇ مال تېجىنىكى بولسا كېرەك ئەتىمالىم، ناھايىتى قىزىقىپ ئىنچىكىلىك بىلەن تەكشۈر- گەندىن كېيىن مۇلاھىزە قىلغان ھالدا سۆزىنى داۋام قىلدى: — بىز بۇنىڭدا لابوراتورىيىلىك تەكشۈرۈش ئېلىپ باردۇق.

**لابورانت** ئى [ر<ئىتال] لابوراتورىيە ياكى تەتقىقات ئورۇنلىرىدا تەجرىبە ئىشلەيدى- غان ئىلمىي خادىم.

**لاپ** I ئى [پ] ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان، ئارتۇقچە مۇبالىغە قىلىن- غان، قۇرۇق، يالغان گەپ؛ پو: يوق دېمەك تۇرمۇشتا مۇنداق پور تېرەكتەك كاتتىنى، كەسپى شۇ بىلمەيدۇ ھەرگىز لاپ

ئۇرۇشتىن باشقىنى. // يىگىتلىك چاغلىرىمدا ئاشۇنداق بىر قىزنى كۆرگىنىمدە «خىيالىمغا ھېچقانداق پىكىر كەلمەيتتى» دېسەم لاپ گەپ بولۇپ قالار.

**لاپ ئۇرماق** يوغان گەپلەرنى قىلىپ ماختانماق، چوڭ سۆزلىمەك: ئەلقىسسە، گۈزەلشاھ ئەھمەد بەگدىن بۇ سۆزنى ئىشىتىپ، دەرغەزەپ بولۇپ: — ئەي بەگلەر، نېمانچە لاپ ئۇرىسىلەر، مۇبادا مەن سىلەرنى قويۇپ بەرسەم قولۇڭلاردىن نېمە كېلۇر ئىدى؟ — دېدى.

**لاپ** II تەق. ئومۇمەن كۆز نۇرى ۋە باشقا نۇرلارنىڭ بىرەر نەرسە ئۈستىدە دەرھال پەيدا بولۇش ياكى يوقىلىش ۋە ياكى دەرھال باشقا ياققا كۆچۈش ھالىتى: قاۋۇل «لاپ» قىلىپ ئۆچكەن ئوت يورۇقىدا ئۇلارنىڭ كۆرۈنۈشىنى چالا-بۇلا كۆزەتتى-دە، كۆڭلى ئەنسىزلەندى. * تۈندە كەڭ ئاسماندا مەغرۇر سارقىغان يۇلتۇز كەبى، لاپ قىلىپ ئۆچسەممۇ سەندە، بىر يورۇپ چاقناپ ئۆتەي.

**لاپ ئەتمەك** ← **لاپ قىلماق.**

**لاپ قىلماق** دەرھاللا، تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: نۇسرەت قىزاردى ۋە ئۆگەنىدىكى قىزىللىقنى يوشۇرۇش ئۈچۈن لاپ قىلىپ يەرگە قارىۋالدى.

**لاپ** III تەق. تۆگە يول يۈرگەندە تاپىنىنىڭ يەرگە ھەربىر قېتىم چۈشۈش ھالىتى.

**لاپاس** I ئى ← **چەللە**: بۇ ۋاقىتتا بىر ئەسكەر ھويلىدا قېلىپ، ئېغىل، لاپاس، سامانلىقلارنى تەكشۈرۈۋاتاتتى.

**لاپاس** II تەق. پاپپاسلاپ، ئالدىراپ، تېز مېڭىش ھالىتى.

**لاپاسلىماق** پ. پاپپاسلىماق، ئالدىرىماق، ئالدىراپ ئىتتىك ماڭماق: ئۇ لاپاسلاپ كېتىۋاتىدۇ.

**لاپپىدە** رەۋ «لاپ» قىلغان ھالدا، «لاپ» قىلىپ؛ تېزلىك بىلەن، بىردىنلا: چىراغ لاپپىدە ياندى. * مەن ئارقامغا بۇرۇلۇپ، قىزنىڭ ئاغرىق ئازابىدىن تاتارغان، ئەمما ئاجايىپ كېلىشكەن ھۆسنىگە لاپپىدە قارىغىنىمدا، يۈرىكىم «جىغ» قىلىپ قالدى.

**لاپچايتماق** «لاپچايماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاپچايماق** پ ① بىرەر نەرسە بېسىلىپ ئەسلىدىكى شەكلىدىن ئۆزگەرمەك، ئۆز ھالىتىنى ئۆزگەرتمەك. ② كۆچمە. ئۆزىنى تاشلىماق، ئېزىلمەك: چۈشتىن كېيىن ياكى بازارغا چىقىپ كېتىشەتتى ياكى لاپچىيىپ ئولتۇرۇشۇپ قۇرۇق پاراڭ سوقۇشاتتى.

**لاپچۇق** سۆپ. دىئال. پاناق.

**لاپچى** ئى. لاپ ئۇرىدىغان، يوغان سۆزلەيدىغان ئادەم؛ پوچى: ئۇ ئۇچىغا چىققان لاپچى ئىدى. // تۇرسۇنمەت لاپچى ھەمراھىنىڭ تولا ۋالاقلاپ ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، سەپىرىگە ھالاقەت يەتكۈزۈشىدىن قورقتىمۇ، ئۇنىڭ بىقىنىغا تازا كېلىشتۈرۈپ بىرنى نوقۇپ قويدى.

**لاپچىيىشماق** «لاپچايماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار بىكارچىلىقتىن ئاپتاپقا قاقلىنىپ، كەچكىچە لاپچىيىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

**لاپخور** سۆپ. دىئال. لاپ ئۇرغۇچى، لاپچى، چوڭ سۆزلىگۈچى.

**لاپقۇت** ئى. ئىككى ۋە ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلىنىڭ ئۆزلىرىدە بار ئوخشاش نەرسىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئىشلىتىش ئىشى ۋە شۇنداق يول بىلەن بېرىلگەن ئۆتنە، ئارىيەت: شۇنداق، تۆت جان، ھالى يوق، بىرلا ئېشەك ئۆزىنىڭ. قالغان ماللارنى لاپقۇتقا

ئالغان. قانداق قىلسۇن؟ نالىغىنى نالىغان. قارىسىلا، لاي-لاي ئەمەس، يىغا ئۇ.

**لاپقۇتلاشتۇرماق** «لاپقۇتلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاپقۇتلاشتۇرۇلماق** «لاپقۇتلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**لاپقۇتلاشماق** پ. ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئائىلە ئۆزلىرىدە بار ئوخشاش نەرسىلەرنى نۆۋەت بىلەن ئىشلەتمەك، ئۆزئارا ئارىيەت ئېلىشماق، ئۆزئارا ھەمكارلاشماق: بەزى جايلاردا دېھقانلار ئۆزلۈكىدىن تەشكىللىنىپ لاپقۇتلىشىش، ھەمكارلىشىپ ئىشلەش گۇرۇپپىلىرىنى قۇرۇۋاپتۇ.

**لاپ-لاپ I** «لاپ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ماشىنا 200 مېترچە قالغاندا، چىرىغىنى لاپ-لاپ قىلىپ ئۆچۈرۈپ يەنە ياندۇردى ۋە سۇرئىتىنى ئاستىلاتتى.

**لاپ-لاپ II** «لاپ III» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: تۆگە لاپ-لاپ قىلىپ ماڭدۇ. * تۆت لاپ-لاپ، ئەگرى ساپلاپ. ئىككى دىك-دىك، بىر شىپ-شىپ (تېپىشماق).

**لاتا** ئى [پ] ① كونىراپ كەتكەن ئەسكى-تۈسكى رەخت ياكى رەخت پارچىسى: كىيىم ساقلىغۇچى ئايال ئۇ ياق-بۇ ياقنى ئىزلەشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاران دېگەندە كىچىككىنە بىر پارچە قارا لاتا تېپىپ كەلدى. ② كۆچمە. بوش، بوشاڭ، ئەزمە، لامزەللە: — ھەي لاتا، قولۇڭغا ئالە ماۋۇنى. نېمانچە ناز قىلىسەن، ئىچە! — ئەلى ئىلاجسىز يەنە ئازراق ئىچىپ قويدى.

**لاتا چاق** مېتال ئەسۋابلارنى پارقىرىتىش ئۈچۈن لاتىدىن ياسالغان چاق.

**لاتا چاينىماق** گەپ-سۆز ياكى ھەرىكەتتە كەسكىنرەك بولماي، ئىككىلىنىپ، ئارىسالدى بولماق، ئەزمىلىك قىلماق: ئەمدى باينىڭ ئورنىغا شاكىرنى باھانە قىلىپ كولدۇرلاتماقچىمۇ؟ بۇ سەن بىلەن لاتا چاينىشىپ ئولتۇرىدىغان جاي ئەمەس، باغلاڭلار بۇنى!

**لاتا قۇم قەغەز** <ماشىن> مېتاللارنىڭ يۈزىنى سىلىقلاش ئۈچۈن يۈزىگە ئالماس قۇمى يېپىشتۇرۇلغان لاتا.

**لاتا كەش** ئى. لاتىدىن تىكىلگەن كەش: ئۇ ئۇرۇشقا ماڭغاندا، ئايالى ئۇنىڭغا بىر جۈپ لاتا كەش تىكىپ بەردى.

**لاتا كۇس-كۇس** جاسارىتى يوق، غۇرۇرى يوق، ئەزمە، لامزەللە: جۈمە سىلىنىڭ «كۆز قىرىنى سېلىپ» قويسا سىڭلىسىنى سوۋغا قىلغۇسى بارمىكىن، لاتا كۇس-كۇس بەزگەك!... تازىمۇ ئىگىسىز جاھان بولدى.

**لاتاپەت** ئى [ئە] گۈزەللىك، خۇش خۇيلۇق، نازۇكلۇق، مۇلايىملىق: تۇرمۇشنىڭ دېڭىزى دولقۇنلىماقتا، كۆزلىرىم پەرق ئەتتى ئاقىنى-قارىنى. كۆرمەكتە ئۇ ھەتتا قەلبلەردىكى، گۈزەللىك، لاتاپەت، داغ ۋە يارىنى.

**لاتاپەتلىك** سۈپ. يېقىملىق، گۈزەل، كېلىشكەن، چىرايلىق: ئۇنىڭ گويا سۈرەتلەردىكى پەرىزاتتەك لاتاپەتلىك تۇرقى، مەكتەپ قىياپىتى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان-زېمىن پەرق قىلاتتى.

**لاتا-پۇتا** ئەسكى-تۈسكى لاتىلار، رەخت پارچىلىرى: مەن ئۇنىڭ رەڭگى پۇتۇنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەنلىك سىرتىدا رەڭگارەڭ يىپ ۋە لاتا-پۇتىلار بىلەن ياماق سېلىنغان جۇۋىسىغا قاراپلا قالدىم.

**لاتارىيە** ئى [ر<فران] بېلەت بىلەن پۇل ياكى بۇيۇم ئۇتۇش ئويۇنى: لاتارىيە بېلىتى.

**لاتارىيە بېلىتى** لاتارىيە ئويۇناشتا ئىشلىتىلىدىغان بېلەت.

**لاتقا** ئى <سۇ> دەريا، كۆل قاتارلىقلارنىڭ

تېگىگە چۆككەن لاي ۋە باشقا ئارىلاشمى-
لار: بۇ سەل ياقائېرىق يېزىسىنىڭ غەربىي
تەرىپىدىن ئۆتۈپ، قارايۇلغۇن ئەتراپىدىكى
جىگەر رەڭ قىزىل توپىلىق مۇنبەت زېمىنلارغا
لاتقا تاشلاپ، جەنۇب تەرەپكە ئېقىتىپ
كېتەتتى.

**لاتقا كاربدورى** <سۇ> سۇ ئىنشائاتلىرى-
نىڭ تىنىپ قالغان لاي، لاتقىلارنى ئېقىتىپ
چىقىرىۋېتىشى ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان
كاربدور.

**لاتقا ئوغۇت** ئوغۇت قىلىشقا بولىدىغان
لاي-لاتقىلار. لاتقا ئوغۇتنىڭ ئوغۇتلۇق
ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇپ، ئاساسىي ئوغۇت
قىلىشقا بولىدۇ.

**لاتقا ئېقىتىش مىقدارى** <سۇ> بەلگىلىك
كېسىك يۈزىدىن بەلگىلىك ۋاقىت ئىچىدە
سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ ئۆتكەن لاتقا
مىقدارى.

**لاتقا ئېقىم مىقدارى** <سۇ> بەلگىلىك
كېسىك يۈزىدىن بىرلىك ۋاقىت ئىچىدە
سۇ بىلەن بىللە ئېقىپ ئۆتكەن لاتقا
مىقدارى.

**لاتقىلىق** ① سۈپ. لاتقىسى بار، لاتقا ياتقان
ياكى ئارىلاشقان: لاتقىلىق ئېرىق، لاتقىلىق
كۆل. ② ئى. لاتقا يىغىلغان، دۆۋىلەنگەن
جاي: ھەتتا ئۇ كەلگۈن كەلگەندە دەريا
تاشقىنلىرى لاي تاشلاپ لاتقىلىققا ئايلاندۇرۇۋەت-
كەن بوز يەرنىمۇ بىر ياز ھەپىلىشىپ تېرىمغا
ئايلاندۇرغانىدى.

**لاتىپۇرۇش** ئى. گەزمال سودىگىرىنىڭ
كەمسىتىپ ئاتىلىشى.

**لاتىسىز** سۈپ. لاتىسى يوق؛ كىيىم-كېچەكسىز:
بىچارە ئۈچ جان ئۈچۈن كۆيۈپ پىشتى، تەس
بولدى بىر تويغۇدەك نان يېمەكمۇ. قەرزىمۇ
تۇغۇۋەردى، تۇغۇۋەردى، لاتىسىز قالدى ئۇلار
كىيگۈدەكمۇ.

**لاتىغىلاپ** سۈپ [لاتا+غىلاپ] لامزەللە، بوشاڭ:
ئۇ بىر لاتىغىلاپ، ئۇنىڭدىن چوڭ ئۈمىد يوق.

**لاتىغىلاپلىق** ئى. لامزەللىلىك، ئەزمىلىك،
بوشاڭلىق: — تولا لاتىغىلاپلىق قىلما جۇمۇ!
— دېدى ئۇ ئەسەتكە ۋارقىراپ.

**لاتىقۇنچ** سۈپ [لاتا+قۇنچ] ← **لاتىغىلاپ**: —
سەن لاتىقۇنچ ھېچنېمە چۈشەنمەيسەن، —
دېدى قاسىم جىڭسا گەلەپى شىمىنىڭ
يانچۇقىدىن شىشە ئېلىپ غۇرتۇلدىتىپ ئىچىۋېتىپ
شاتۇر دورىغا، — جىڭساجۇيدە پەقەت مەنلا
يېزىغا قاترايدىغىنى.

**لاتىقۇنچلۇق** «لاتىقۇنچ» سۆزىنىڭ ئىسىم
شەكلى: لاتىقۇنچلۇق قىلماق.

**لاتىقۇنچلۇق قىلماق** لامزەللىلىك، بوشاڭلىق
قىلماق: سەن ئەگەر يەنە مېنىڭ دېگىنىمگە
كۆنمەي لاتىقۇنچلۇق قىلىدىكەنسەن، ئەدىبىڭنى
بېرىمەن، تاشلاپمۇ كېتەلەيمەن.

**لاتىلاشتۇرماق** «لاتىلاشماق» پېئىلىنىڭ
مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاتىلاشتۇرۇلماق** «لاتىلاشتۇرماق»
پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لاتىلاشماق** پ. بوش، ئەزمە، لامزەللە
ھالەتكە كەلمەك؛ كېرەكسىز بولۇپ
قالماق: — بارغانچە لاتىلىشىپ كېتىپ بارىسەن-
غۇ، — دېدى ئۇ سەمەتكە ھومىيىپ قاراپ.

**لاتىن** ئى <ئىرق> ① مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى
1000-يىلنىڭ ئالدى-كەينىدە ئىتالىيە
يېرىم ئارىلىدىكى تىبېرىس دەرياسىنىڭ
تۆۋەنكى ئېقىمىغا جايلاشقان لاتىئۇم
تۈزلەڭلىكىدە ياشىغان قەبىلىلەر ئىتتىپا-
قى. دەسلەپتىكىلىرى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى
1000-يىللىرى ياۋروپا ئىچكى قۇرۇقلۇقىدىن
كۆچۈپ چىققان ھىندى-ياۋروپالىقلار بولۇپ،
كېيىن باشقا قەبىلىلەرنىمۇ ئۆزىگە
قوشۇۋالغان. ئۇلار قۇللۇق جەمئىيىتىنىڭ
دەسلەپكى چاغلىرىدا قۇللۇق تۈزۈمىدىكى

بەزىبىر كىچىك شەھەر دۆلەتلىرىنى قۇرغان. رىم ئەنە شۇلارنىڭ بىرى. ② لاتىن. تىلى ۋە رىم مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى بىرقەدەر زور بولغان، ھىندى-ياۋروپا تىل سىستېمىسىنىڭ رىم تىل تارمىقىدىكى تىللاردا سۆزلىشىدىغان ئوتتۇرا دېڭىزنىڭ شىمالىي قىرغىقىدىكى ئاھالىلار يەنى ھازىرقى ئىتالىيە، فرانسىيە، ئىسپانىيە، پورتۇگالىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ ئاھالىسىنى كۆرسىتىدۇ.

**لاتىن ئامېرىكىسى** <جۇغ> ئامېرىكىنىڭ جەنۇبىدىكى ئامېرىكا قىتئەسىگە تەۋە رايونلارنىڭ ئورتاق نامى. مېكسىكا، ئوتتۇرا ئامېرىكا، غەربىي ھىندى تاقىم ئاراللىرى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ جاي ئۇزاق مۇددەت لاتىن تىلى گۇرۇپپىسىدىكى ئىسپانلار ۋە پورتۇگاللارنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ تۇرغان. ھازىرقى دۆلەتلەرنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمىدا ئىشلىتىلىدىغان تىللار لاتىن تىلى گۇرۇپپىسىغا كىرگەچكە (18 دۆلەت ئىسپان تىلىنى، برازىلىيە پورتۇگال تىلىنى، ھايدى فرانسۇز تىلىنى قوللىنىدۇ)، بۇ جاي «لاتىن ئامېرىكىسى» دەپ ئاتىلىپ قالغان. ئومۇمىي يەر مەيدانى 20 مىليون 720 مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 310 مىليون. بۇلار ئىچىدە ھىندى-ياۋروپا قان سىستېمىدىكى ئارغۇنلار ئاساسلىق ئورۇندا، قارا تەنلىكلەر، ئىندىئانلار ۋە ئاق تەنلىكلەر ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ.

**لاتىن تىلى** <تىل> قەدىمكى رىملىقلار ئىشلەتكەن تىل. بۇ تىل ھىندى-ياۋروپا تىللىرى سىستېمىسىنىڭ رىم تىللىرى تۈركۈمىگە كىرىدۇ. ھازىر يوقىلىپ كەتكەن. مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 6-ئەسىردىن باشلانغان يازما يادىكارلىقلىرى بار. قەدىمكى رىمنىڭ كېڭەيىشىگە ئەگىشىپ ياۋروپانىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى ھەرقايسى جايلارغىچە تارقالغان. كېيىن يەنە رىم ئىمپېرىيىسىنىڭ گۇمران بولۇشى بىلەن بۇ تىل بۆلۈنۈپ، فرانسۇز تىلى، ئىتالىيان تىلى، ئىسپان تىلى قاتارلىقلار كېلىپ چىققان. ئوتتۇرا ئەسىرلەردە غەربىي ياۋروپادىكى ھەرقايسى ئەللەر لاتىن تىلىنى دىن، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم-پەن تەتقىقاتى قاتارلىق جەھەتلەردە ئورتاق يېزىق تىلى سۈپىتىدە قوللانغان.

**لاتىن ئېلىپبە جەدۋىلى** <تىل> لاتىن ئېلىپبەسى كۆرسىتىلگەن جەدۋەل.

**لاتىن ئېلىپبەسى** <تىل> قەدىمكى رىملىقلار ئىشلەتكەن يېزىقنىڭ ھەرپلىرى. كەڭ مەنىدە، لاتىن ھەرپلىرىنى تولۇقلاش-مۇكەممەللەشتۈرۈش ئاساسىدا ئىشلەتكەن يېزىقلارغىمۇ قارىتىلىدۇ. مەسىلەن، ئىنگلىزچە يېزىق، فرانسۇزچە يېزىق، ئىسپانچە يېزىق. خەنزۇ تىلىنىڭ ئېلىپبەلىك ھەرپلەر لايىھىسىمۇ لاتىن ھەرپلىرىنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن.

**لاتىنچە** سۈپ ① قەدىمكى رىم تارىخى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت. ② لاتىن تىلىغا، قەدىمكى رىملىقلار تىلىغا ئائىت. ③ لاتىن ئېلىپبە جەدۋىلى ئاساسىدا ئىشلەتكەن، لاتىنلاشتۇرۇلغان: لاتىنچە ئالفاۋىت. لاتىنچە يېزىق.

**لاتىنلاشتۇرماق** «لاتىنلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يېزىقنى لاتىنلاشتۇرماق. * ئىسرائىلىيىدە پاسپورت، پوچتا ئالاقىسى جەھەتتىكى ئىبرىي يېزىقىنى لاتىنلاشتۇرۇش ئىشىنى مەخسۇس بىر كومىتېت بىر تەرەپ قىلسا، مۇزىكا، ھەربىي ئىشلار، مېدىتسىنا،

دىپلوماتىيە قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ئاتالغۇلىرىنى يەنە بىر مەخسۇس كومىتېت تەتقىق قىلىدۇ.

**لاتىنلاشتۇرۇلماق** «لاتىنلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: جۇڭگودا بەزىبىر ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ يېزىقلىرى لاتىنلاشتۇرۇلدى.

**لاتىنلاشماق** پ ① لاتىن تىلى ۋە مەدەنىيىتىنى قوبۇل قىلماق. ② ئېلىپبەسى لاتىن ئېلىپبە جەدۋىلى بويىچە تۈزۈلمەك.

**لاجۇۋەرد** ئى [ئە] <گېئول> بىر خىل مىنېرال، يەنى ھاۋا رەڭدىن توق كۆك رەڭگىچە بولغان، رەڭلەردە كۆرۈنىدىغان بىر خىل تاش ماتېرىيال. سەل سۈزۈك ياكى تۇتۇق. قاتتىقلىقى 5 — 5.5، ماي پارقىراقلىقىغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىچىگە كۆپىنچە سېرىق تۆمۈر رۇدىسىنىڭ ئۇششاق دانىچىلىرى ئارىلاشقانلىقتىن، سىلىقلانغان يۈزى كۆپ ھاللاردا قېنىق كۆك، ئارقا كۆرۈنۈشى يالتىراق، زۆھرە يۇلتۇزىنىڭ رەڭگىدە بولىدۇ.

**لاچىن** ئى <زوئول> قۇشلار كلاسى، لاچىن ئائىلىسى. ئەركىكىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 40 سانتىمېتىر كېلىدۇ. باش قىسمى بىلەن بوينىنىڭ يان تەرەپلىرىدىكى پەي-تۈكلىرى قارا رەڭلىك، ئازراق كۆكۈچ ئارىلاش، قارا ئالىسىمۇ بار. دۈمبە تەرەپلىرى كۆك كۈل رەڭ، قورساق قىسىملىرى ئاقۇچ ھەم قارا ئالىسى بار. ئۇچۇشى تېز، يىرتقۇچ كېلىدۇ، چوڭ قۇشلارنىمۇ ئوۋلىيالايدۇ. شىمالدا كۆپىيىدۇ، دۆلىتىمىزنىڭ جەنۇبىدا قىشنى ئۆتكۈزىدۇ، شىنجاڭدىمۇ بار.

**لاچىندانە** ئى <بوت> ① زەنجىۋىل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. سىرتقى شەكلى باجىياۋغا ئوخشايدۇ، گۈلى ئاچ سېرىق، مېۋىسى ياپىلاق شار شەكلىدە. ئۇرۇقى ئانار دانىسىغا ئوخشاش بولۇپ، خۇش پۇرايدۇ. مېۋىسى ۋە ئۇرۇقى دورا قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى ياكى ئۇرۇقى.

**لاخسا** ئى. سامان قاتارلىق ئوت-خەسلەرنى قاچىلاپ توشۇش ياكى يۆتكەش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، ئاساسەن چىگە ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەردىن تور شەكلىدە توقۇلىدىغان ھەجمى چوڭراق بولغان نەرسە؛ چوڭ كۆشۈك.

**لاخشا** ئى [پ] ئوتنىڭ ئۆلغىيىپ، يالقۇنجاپ كۆيگەن ھالىتى؛ كۆيۈپ، يالقۇنلىنىۋاتقان ئوت: ئوتۇن كۆيۈپ لاخشا بولغاندا ئۈستىگە بىرنەچچە ساپلىق سۇ قۇيۇپتۇ، چوغ كۆمۈرگە ئايلىنىپتۇ.

**لاخشىگىر** ئى [پ] ئوچاق ياكى مەشتىن چوغ ئالغاندا ئىشلىتىدىغان ساپلىق تۆمۈر قىسقۇچ: لاخشىگىر بىلەن مەشتىكى چوغنى ئالماق. * — قاراڭلار، ئەنە! ئۆگەي بالىسى ئادىلىنىڭ دۈمبىسىگە دەزمال ياقتى! ئۆگەي قىزى ئانارگۈلنىڭ يۈزىگە قىزىتىلغان لاخشىگىر باستى!

**لاخۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**لاخۇ تىلى** <تىل> لاخۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-ميەنزۇ تىللىرى تۈركۈمى يىزۇ تىلى تارمىقىغا كىرىدۇ. ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسى لەنساڭ لاخۇ مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسى، مېڭلىيەن دەيزۇ-لاخۇ-ۋازۇ مىللىي ئاپتونوم ناھىيىسى ھەمدە شۇاڭجياڭ، گېڭما، جىڭگۇ قاتارلىق جايلاردا ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەللەردە بىرما، تايلاند دائىرىسى-

دە ئىشلىتىلىدۇ.

**لاخۇچە** ① سۆپ. لاخۇلارنىڭ تىلى، ئەدە-
بىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لاخۇچە
ئادەت. لاخۇچە ئۇسلۇب. ② ئى. لاخۇ
تىلى: لاخۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لاخۇلار** ئى <ئېرق> لاخۇ مىللىتى، لاخۇ
خەلقى. ئۇلار ئاساسەن ئېلىمىزنىڭ
يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لەنساڭ لاخۇ ئاپتونوم
ناھىيىسى ۋە مېڭلىيەن دەيزۇ-لاخۇ-ۋازۇ
ئاپتونوم ناھىيىسىگە ئولتۇراقلاشقان.
قالغان قىسىملىرى شۇاڭجياڭ، گېڭما،
جىڭگۇ قاتارلىق ناھىيىلەرگە تارقاق
ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن
بىرما، تايلاند قاتارلىق دۆلەتلەردىمۇ
بىر قىسىم لاخۇلار ياشايدۇ.

**لازا** I ئى [خەن] <بوت> ① چەيزە
ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان تۆمۈنە
شەكىللىك، گۈلى ئاق، مېۋىسى كۆپىنچە
يۇڭ قەلەمنىڭ ئۇچىغا ئوخشاش، پانۇسقا-
مۇ ئوخشايدۇ، يۈرەك شەكىللىكلىرىمۇ
بار. رەڭگى كۆك، پىشقاندىن كېيىن
قىزىل رەڭگە كىرىدۇ. ئادەتتە ئاچچىق
تەمى بار بولۇپ، تاماققا ئىشلىتىلىدۇ،
ئاشقازاننى قۇۋۋەتلىگۈچى دورا ياساشقىمۇ
ئىشلىتىلىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ
مېۋىسى.

**لازا يېغى** لازىدىن ئېلىنىدىغان ياغ.
تەمى ئاچچىق. ئاشپەزلىكتە سوغۇق
سەيلەرنى تەييارلاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**لازا** II ئى [خەن] ← **لازا قەغىزى**.

**لازا قەغىزى** خەت بېسىش ماشىنىسىدا
ئىشلىتىلىدىغان موملانغان قەغەز. ئۈستى-
گە خەت يېزىلغان ياكى خەت بېسىلغان-
دىن كېيىن، شاپىگرافتا كۆپەيتىلىدۇ.

**لازا نۇسخا** <مەت> ئاددىي ھالەتتە-
كى بىر خىل بەت شەكلى. بۇرۇنقى
ۋاقىتلاردا يۇڭ قەلەمنى دورا سۈيىگە
چىلاپ، ئالاھىدە ئىشلەنگەن قەغەز
ئۈستىگە خەت يېزىش ئارقىلىق تەييار-
لىناتتى، ھازىر لازا قەغىزىنى پولات
تاختا ئۈستىگە قويۇپ تۇرۇپ، تۆمۈر
قەلەم بىلەن خەتنى ئويۇپ يېزىش
ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بولدى.

**لازېر** ئى [ر<ئىنگ] <فىز> ← **لازېر نۇرى**.

**لازېر نۇرى** <فىز> بەزى ماددىلارنىڭ
ئاتومىدىكى زەررىچىلەر يورۇقلۇق ياكى
ئېلېكترونىڭ تەسىر قىلىشى بىلەن، تۆۋەن
ئېنېرگىيە دەرىجىلىك ئاتومدىن يۇقىرى
ئېنېرگىيە دەرىجىلىك ئاتومغا ئۆزگىرىپ،
فازا، چاستوتا ۋە يۆنىلىشلىرى پۈتۈنلەي
ئوخشاش بولغان يورۇقلۇق چىقىرىدۇ،
بۇ خىل يورۇقلۇق (نۇر) لازېر نۇرى
دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى —
رەڭگى ئىنتايىن ساپ، ئېنېرگىيىسى
يۈكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشكەن
بولىدۇ. ئادەتتە سانائەت، ھەربىي
ئىشلار، تىبابەتچىلىك، تەكشۈرۈش،
ئۆلچەش، پەن تەتقىقاتى، ئالاقە
ئىشلىرى قاتارلىق جەھەتلەردە كەڭ
قوللىنىلىدۇ.

**لازىجاڭ** ئى [خەن] ئۇۋاق لازىغا چۈچۈتۈلگەن
ماي، ئاچچىقسۇ، سامساق قاتارلىقلارنى
قوشۇش ئارقىلىق تەييارلىنىدىغان بىر
خىل تېتىتقۇ.

**لازىگۈل** ئى [لازا+گۈل] <بوت> لازىنىڭ
ئۆزگەرگەن تۈرى، يەنى چەيزە
ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق
ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكىلدە،
ئۇچى ئۇچلۇق كېلىدۇ. مېۋىسى كىچىك
ھەم سىلىندىر شەكىلدە، ئۇچى ئۇچلۇق
بولىدۇ. دەسلەپتە يېشىل، ئاق ۋە

بىنەپشە رەڭلەردە بولۇپ، پىشقاندا قىزىرىدۇ، تەمى ناھايىتى ئاچچىق. مېۋىسىنى ئىستېمال قىلغىلى ۋە دورا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يىلتىزى بىلەن غولى رېماتىزم، ئادەت ھەددىدىن ئارتۇق كېلىش كېسەللىكلىرىنى؛ مېۋىسى تال ھەم ئاشقازان زەئىپلىكى، ئىشتىھاسىزلىق ۋە تولغاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى داۋالاشقا ئىشلىتىلىدۇ.

**لازىلىق** ئى. مەخسۇس لازا تېرىلغان، لازا ئۆستۈرۈلگەن يەر.

**لازىم** سۈپ [ئە] بېجىرىلىشى زۆرۈر بولغان؛ كېرەك، زۆرۈر: ئوبۇل ھەسەن ئىبنى تاھىر ئۇنىڭغا: — ئۇنداق قاملاشمىغان گەپنى قويۇڭ! ئەگەر لازىم تېپىلىدىكەن جېنىمنىمۇ سىزگە پىدا قىلىشقا تەييارمەن، — دەپتۇ.

**لازىم بولماق** كېرەك بولماق، زۆرۈر بولماق: شۇ كۈنلەردە شام ئوردىسىغا بىر كاتىپ لازىم بولۇپ قالغانىكەن.

**لازىم تاپماق** «لازىم» دەپ ھېسابلىماق، «لازىم» دەپ بىلمەك: شۇ كېچە تاڭ ئاتقۇچە يىغلاپ چىقتىم ۋە سېنى مەنمۇ بىرقېتىم سىناپ بېقىشنى لازىم تاپتىم.

**لازىم قىلماق** كېرەك قىلماق، ئىشلەتمەك.

**لازىمەت** ئى. لازىم بولىدىغان نەرسە: ئۇ پولكوۋنىك ئىمروپنى مەغرۇرانە كەيپىياتتا كۈتۈۋالدى ۋە ئۇنىڭ «ئالتايىنى ئازاد قىلىش پىلانى»، تاللىغان ئوفىتسېرلىرى، تەلەپ قىلغان لازىمەتلىرىنىڭ ھەممىسىنى تەستىقلىدى.

**لازىمەتلىك** ئى ① بىرەر ئىشقا لازىم بولىدىغان نەرسە: يول لازىمەتلىكلىرى. * ئۇلار ئالدىراش ھالدا سەپەر لازىمەتلىكلىرىنى تەييارلىشىۋاتاتتى. // ئۇ لازىمەتلىك نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ قويغاندى. ② بىرەر جايغا ئاپىرىش ئۈچۈن تەييارلانغان سوۋغا: مەريەمخانغا ئاپىرىدىغان لازىمەتلىكلەرنى تەييارلاپ قويدۇڭلارمۇ؟

**لازىملىق** ① سۈپ. كېرەك بولىدىغان، ئىشلىتىلىدىغان، ئېھتىياجلىق: لازىملىق نەرسە. * لازىملىق ماددىي ئەشيالارنى ئاجرىتىپ، زۆرۈر تازىلىق، قاتناش، مەدەنىيەت، مۇلازىمەت مۇئەسسەسەلىرىنى كۆپەيتىش لازىم. ② ئى. لازىم بولىدىغان يېرى، ئېھتىياجلىق تەرىپى: بۇنىڭ ھېچ لازىملىقى يوق.

**لاس** تەق ① ھارۋا، ماشىنا چاقىنىڭ كامېرى، توپ ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەرنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىنكى بىردىنلا ماكچايغان ھالىتى. ② ئادەملەرنىڭ بىرەر ئىش تەسىرىدىن بىردىنلا بوشىشىش ھالىتى.

**لاسسىدە** رەۋ «لاس» ھالەتتە، بوشىشىپ: كېرەم بويتاق گويا توك سوقۇۋەتكەندەك چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى-يۇ، شۇ زامان يەنە يېلى چىقىپ كەتكەن توپتەك لاسسىدە ئورۇندۇققا چاپلىشىپ قالدى.

**لاسسىدە بولماق** بىردىنلا بوشاشماق: بۇ گەپنى ئاڭلاپ، دادام مەن بىلەن ئېيتىشىۋاتقان ئوخشايدۇ دەپ بايىقى خۇشاللىقىم ئۆچۈپ، لاسسىدە بولۇپ قالدىم. * ئۇ، گەپنى ئاڭلاپ لاسسىدە بولۇپ قالدى.

**لاغ** تەق. جانلىقلار تېنىنىڭ قاتتىق سوغۇق ياكى قورقۇش تەسىرىدىن قاتتىق تىترەش ھالىتى.

**لاغايلاشماق** «لاغايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاغايلىماق** پ. بىكار يۈرمەك، ئىش قىلماي بىكار يۈرمەك: ئاڭلىسام ئامراق ئىمىشسەن گۈلگە باغۋەندىنمۇ بەك، راستمۇ، ئۇنداقتا لاغايلاپ يۈرمە گۈلزار ئالدىدا.

**لاغ-لاغ** «لاغ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى:

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرى، تاشۋاي ئەتىگەن توخۇ چىللىغاندا لاغ-لاغ تىترەپ ئورنىدىن تۇردى.

**لاغىلداتماق** «لاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاغىلداشماق** «لاغىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاغىلدىماق** پ. لاغ-لاغ تىترىمەك، قاتتىق تىترىمەك: بۇ يوللار نەقەدەر مۇشكۇل — خەتەرلىك؟ بەزگەكتەك لاغىلداپ تىترەيدۇ چىرىك.

**لاق** نەق. چاق ۋە شۇ قاتارلىق نەرسىلەر ئويمانغا، لاققىغا چۈشكەندە چىقىدىغان ئاۋاز: هارۋىنىڭ چاقى لاق قىلىپ كۆلچەككە چۈشتى.

**لاقا-لۇقا** نەرسە-كېرەك، ھەرخىل نەرسىلەر: ئۆيىنىڭ لاقا-لۇقىلىرى. * غوجى بىر چاغلاردا مانا شۇ ئۆيدىن بىر هارۋا كەلگۈدەك لاقا-لۇقىسىنى ئېلىپ، ناۋاتخانىنىڭ ئىشقى-پىراقىدا سەيدىن قارىغا ئىچ كۈيئوغۇل بولۇپ كۆچۈپ كەتكەنىدى. * لاقا-لۇقىڭىزنى كۆتۈرۈپ، بۇ يەردىن دەرھال يوقىلىڭ، سىزنى ئىككىنچى كۆزۈم كۆرمىسۇن.

**لاققا** ئى. قاتناش قوراللىرى تولا مېڭىش ياكى باشقا بىر سەۋەبلەر تۈپەيلى شەكىللەنگەن يولدىكى ئوي-دۆڭلەر، چوڭقۇرلۇق؛ كاتاڭ: هارۋا لاققىغا چۈشتى.

**لاققىدە** رەۋ «لاق» قىلىپ، «لاق» قىلغان هالدا: هارۋىنىڭ بىر چاقى «لاققىدە» قىلىپ بىر كاتاڭغا چۈشتى-دە، هارۋا چېپىدە توختىدى.

**لاقىلداتماق** «لاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاقىلداشماق** «لاقىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لاقىلدىماق** پ. لاق-لاق قىلماق: يۈرىكىم

ۋولقان كەبى پارتلايدۇ، ھېسلىرىم دېڭىز بولۇپ شارقىرايدۇ. كۆكسىدە ئۇچار دەھشەت بوران شۇ تاپ. ۋۇجۇدۇم غەزەپ ئىچرە لاقىلدايدۇ.

**لاك** ئى [پ] ① <خىم> سمولا، زىغىر يېغى ياكى سكىپىدار قاتارلىقلاردىن ئىشلەنگەن بىر خىل سىر. زەڭسىز كېلىدۇ. ئادەتتە ياغاچ جابدۇقلارنىڭ يۈزىگە سۈركىلىدۇ. بۇ چاغدا جابدۇق يۈزىدە بىر قەۋەت سۈزۈك پەردە هاسىل بولۇپ، ياغاچنىڭ ئەسلىي يوللىرى ئېنىق كۆرۈنىدىغان بولىدۇ. ② كۆزنىڭ چۆرىسىگە سۈركىلىدىغان قارا رەڭلىك پەرداز بۇيۇمى.

**لاكات** سۈپ. ھۇرۇن، لەقۋا، بوشاڭ.

**لاكاتلىق** «لاكات» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى.

**لاكتات** ئى [ر<لات] <خىم> ← **لاكتات كىسلاتا.**

**لاكتات كىسلاتا** <خىم> ← **سۈت كىسلاتاسى.**

**لاكتوزا** ئى [ر<لات] <خىم> بىر خىل ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{12}H_{22}O_{11}$. ئاق رەڭلىك كرىستال ياكى پاراشوك. سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ سۈتىدە بولىدۇ، ئادەم سۈتىدە 5%—8% لاكتوزا بار. ئادەتتە باللار يېمەكلىكلىرى ۋە دورا ماتېرىياللىرىنى تەييارلاشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**لاكتومېتر** ئى [ر<لات+گرېك] <خىم> سۈتتىكى سۇ مىقدارىنى پىرسەنت هېسابىدا ئېنىقلايدىغان ئەسۋاب.

**لاكلاتماق** «لاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاكلانماق** «لاكلىماق» پېئىلىنىڭ مەجهۇل دەرىجىسى.

**لاكلىماق** پ. لاك سۈركىمەك، لاك بەرمەك.

**لاكمۇس** ئى [ر<گول] <خىم> كلادونىيە ئوتىدىن ئاجرىتىپ ئېلىنىدىغان، تۇراقلىق شەكلى يوق كۆك پاراشوك. سۇدا ئېرىيدۇ، ئانالىز خىمىيىدە ئىندىكاتور قىلىنىدۇ.

**لاكمۇس قەغەز** <خىم> لاكمۇس ئېرىتمىسىگە چىلانغان فىلتىر قەغىزى. قىزىل ۋە كۆك رەڭلىك دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ. كۆك رەڭدىكىسى كىسلاتاغا يولۇقسا قىزىلغا ئۆزگىرىدۇ؛ قىزىل رەڭدىكىسى ئاساسقا يولۇقسا كۆك رەڭگە ئۆزگىرىدۇ.

**لاگېر** ئى [ر<نېم] ① ھەربىيلەر ياكى كوللېكتىپنىڭ ئاھالە تۇرۇشلۇق يەردىن يىراقتا جايلاشقان ۋاقىتلىق تۇرار جايى؛ قارارگاھ: ھەربىي لاگېر. پىئونېرلار لاگېرى. ② مەھبۇسلار، ئەسىرگە چۈشكەن تۇتقۇنلارنى ساقلايدىغان جاي: جازا لاگېرى. ③ كۆچمە. مۇئەييەن بىر مەسىلىدىكى ئىجتىمائىي، سىياسىي گۇرۇھ؛ مەسىلىداشلار كوللېكتىپى: جاھانگىرلار لاگېرى. سوتسىيالىزم لاگېرى.

**لاڭشەن** ئى [خەن] <جۇغ> جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ دېگەن يېرىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**لاڭشەن توخۇسى** <زوئول> توخۇنىڭ بىر خىل سورتى. پەي-تۈكلىرى قارا، تېنى چوڭ، پۇتلىرى ئۇزۇن بولىدۇ. خورىزىنىڭ ئېغىرلىقى سەككىز جىڭغا يېتىدۇ، مېكىيىنى كۆپ تۇخۇم تۇغىدۇ. ئۇ تۇخۇم ھەم گۆش بېرىدىغان داڭلىق توخۇ سورتى بولۇپ، ئەسلىدە جياڭسۇ ئۆلكىسىنىڭ نەنتۇڭ رايونىنىڭ لاڭشەن دېگەن يېرىدە بېقىپ ئۆستۈرۈلگەن.

**لاڭقا** I سۈپ. ئورۇق ھەم ئېگىز، كېلەڭسىز كەلگەن؛ لەقۋا: لاڭقا ئات. * يۈگمەچنى دېسە «رەيھان»، زەپ ياراشقان ئات» دېمە. ماختىنىپ لاڭقا ئېشەك «مەن ئات» دېسە«سەن ئات» دېمە. پىتنە ئوقياسىنى كۆڭلۈڭ ئۆزگىلەرگە تەڭلىسە، سۇندۇرۇپ تاشلا ئوچاققا، «قېنى چەنلەپ ئات!» دېمە.

**لاڭقا** II ئى. دىئال. غورۇنىڭ ئىككى چېتىدىكى ياغاچ.

**لاڭگازا** ئى [خەن] ھارۋىنىڭ يان ياغىچى: ھارۋىنىڭ ئۈستىگە لاڭگازىسىدىن ئارتىلدۇرۇپ بىرپارچە چاقناپ تۇرىدىغان قىزىل گىلەم سېلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتلەس كۆرپىلەر تاشلانغان. ئاتلارنىڭ باشباغ، جۇنبۇ-جاۋەنلىرى قىزىل، يېشىل، ھال رەڭ يۇڭ پوپۇكچىلەر بىلەن زىننەتلەنگەن. شوتا ئاتنىڭ دومبە-ساغرىلىرىغا چوڭ-كىچىك كولدۇرمىلار ئېسىلغانىدى.

**لال** سۈپ [ئە] تىلى تۇتۇلغان؛ سۆزلىيەلمەس بولۇپ قالغان، گاچا: مۇھەببەت شۇنداق ئۇلۇغ، كىشى بىلىپ بولمايدىغان سېھرىي كۈچكە ئىگە. ئۇ سۆيگىنى ئالدىدا گەپدانىنى لال كىشىگە، ھېچنېمىدىن قورقماس كىشىنى مۇلايىم، ياۋاش كىشىگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

**لال بولماق** تىلى تۇتۇلماق، گەپ قىلالماي قالماق: سەن گويا كەلدىڭ يېنىمغا شۇندا، قەبرەڭدىن تۇرۇپ، گۈل-چىمەننىڭ بۇلبۇلىدەك سايرىدىڭ خەندان ئۇرۇپ، تىڭشىدىم ئوتلۇق كۈيۈڭنى ھېس-ھاياجانغا تولۇپ، لال بولۇپ ئاشىقتا ئوخشاش سۆيگۈ ئىزھار ئالدىدا.

**لالايماق** پ. بوشاشماق، ئېزىلەڭگۈلۈك قىلماق: — قىزىم، قاچانغىچە لالىيىپ ئولتۇرىسەن، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ مانتىغا خېمىر يۇغۇرمامسەن؟ — دېدى ئانا قىزىغا.

**لالە** ئى [پ] ① <بوت> گۈلسامساق

ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى كەڭ تۇمۇنە شەكلىدە، ئاق پاراشوكى بولىدۇ. گۈلى توق سېرىق، مەركىزىي قىسمى سۆسۈن، گۈل تاجى تەتۈر تۇخۇم شەكىللىك، مېۋىسى غوزا مېۋە. ئادەتتە ئۇ مەشھۇر مەنزىرە ئۆسۈملۈكى ھېسابلىنىدۇ. يىلتىزى ۋە گۈلى تىنچلاندۇرۇش دورىسى قىلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى. ③ ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لاله رەڭ** ① لالىنىڭ رەڭگىگە ئوخشاش قىزىل كەلگەن بىر خىل رەڭ. ② شۇ خىل رەڭ بېرىلگەن، شۇ خىل رەڭگە ئىگە: لاله رەڭ كۆڭلەك. لاله رەڭ گۈل.

**لاله-رەيھان** لاله ۋە رەيھان: لال بولۇپ قالدىم بۇگۈن نە بولدى جانان ئالدىدا، ھەممە گۈللەر سەرخىلى ئول لاله-رەيھان ئالدىدا.

**لالما** سۈپ ① ئۇ يەر-بۇ يەردە قاتراپ، ئەسكىلىكلەردىن ئوزۇق ئىزدەپ يۈرىدىغان، ئىگىسىز: لالما ئىت. * دۇكانلارنىڭ ئالدىغا خېرىدارلار ئەمەس، بەلكى دان تاتىلاپ يۈرگەن توخۇلار ۋە سۆڭەك ئىزدەپ يۈرگەن لالما ئىتلار كېلەتتى. ② كۆچمە. تېگىشلىك ئىش بىلەن شۇغۇللانماي، ئۆيمۇئۆي، كوچىمۇكوچا قاتراپ يۈرىدىغان بىكار تەلەپ: لالما بولغۇچە سالما بول (ماقال). // — كىمنىڭكىدە كەچ بولسا شۇنىڭكىدە قورسىقىنى تويدۇرۇپ ئۆيىگە قايتمايدىغان، ئىش دېسە قاچىدىغان بۇ قورساق باقتى لالمىنى كىم بىلمەيدۇ، — دېدى ئانارخان ئانا ئىچىدە.

**لالملىق** «لالما» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لالملىق قىلماق. لالملىق قىلىپ يۈرمەك. * لالما ئىت تاشلىماس لالملىقنى، ياخشىلىق كەلمەيدۇ جاللات قولىدىن! ئەل ئۈچۈن جېنىنى ئاتقان ئەرمۇ، يانمايدۇ ھەرقاچان ماڭغان يولىدىن!

**لالىزار** ئى. لاله كۆپ ئۆستۈرۈلگەن ۋە لالىلەر ئېچىلغان جاي: يېتىپتۇ پاختىدەك ئاپئاق ئېگىز چوققاڭدا قار، نىلقا، ئېتەك باغرىڭكى تەڭداشسىز گۈزەل باغ-لالىزار نىلقا.

**لالىزارلىق** ئى ← **لالىزار.**

**لالىگۈل** ئى [پ] ← **لاله.**

**لام** ئى [ئە] ئەرەب ئېلىپبەسىدىكى «ل» ھەرپىنىڭ نامى. ② كۆچمە. گەپ-سۆز.

**لام دېمەي** ← **لام-جىم دېمەي:** ئۇ شۇنچە سۆزلىسەممۇ لام دېمەي، جىم تۇرۇۋالدى.

**لاما** ئى [زاڭزۇ] <دىن> لاما دىنىدىكى راھىب.

**لاما دىنى** <دىن> بۇددىزمنىڭ ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ، ئىچكى مۇڭغۇل قاتارلىق رايونلىرىغا تارقالغان بىر مەزھىپى. مىلادىيە 7-ئەسىردە بۇددا دىنى شىزاڭ رايونىغا كىرگەندىن كېيىن، شۇ جاينىڭ ئەسلىدىكى دىنىنىڭ تەركىبلىرىنى قوشۇۋېلىش نەتىجىسىدە كېلىپ چىققان.

**لامارك** ئى. فرانسىيىنىڭ بىئولوگىيە ئالىمى.

**لامارك تەلىماتى** <بىئول> فرانسىيىنىڭ ئاتاقلىق بىئولوگىيە ئالىمى لامارك (Jean—Baptiste de Lamarck) ياراتقان بىئولوگىيىلىك ئېۋولىيۇتسىيە نەزەرىيىسى. ئۇنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى: «جانلىقلار يېڭى مۇھىتنىڭ تەسىرىدە ھەمىشە ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىدۇ ۋە تەرەققى قىلىدۇ، داۋاملىق ئىشلىتىدىغان بەزى ئورگانلىرىدا تەرەققىيات زور بولىدۇ؛ داۋاملىق ئىشلەتمەيدىغان ئورگانلىرى بولسا تەدرىجىي

رودىمېنتلىشىدۇ؛ كېيىن يېتىلگەنلىرىدە بولسا ئىرسىيەت قالىدۇ» دېگەندىن ئىبارەت.

**لامپا** ئى [ر<فران] يورۇتۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان شىشىلىك ئەسۋاب؛ چىراغ: لامپا شىشىسى. لامپا پىلىكى.

**لامپۇچكا** ئى [ر] <فىز> ئېلېكتر توكى بىلەن نۇر تارقىتىدىغان، شارسىمان شىشىدىن ئىبارەت يورۇتۇش ئەسۋابى؛ ئېلېكتر چىراغ.

**لامپۇچكا قىلى** <فىز> لامپۇچكا ياكى ئېلېكترون لامپىنىڭ ئىچىدىكى مېتال قىل. كۆپرەك ئىنچىكە ۋولفرام سىمدىن ياسىلىدۇ. توك ئۆتكەندە يورۇقلۇق، ئىسسىقلىق ۋە ئېلېكترون چىقىرىدۇ ياكى نۇر ھاسىل قىلىدۇ.

**لامپروفىر** ئى [ر<فران] <گېئول> ماگمىلىق تاغ جىنسلىرى ئارىسىدىكى ئالاھىدە تۇتۇق رەڭلىك، تومۇرلۇك جىنس تۈرىدىكى بىر خىل تاغ جىنسى. تەركىبىدە قېنىق رەڭلىك مىنېرال مىقدارى بەك يۇقىرى بولۇپ، ئاساسەن ئامفىبول ۋە قارا چىرىمتالدىن تەشكىللەنگەن.

**لام-جىم** ← **لام-جىم دېمەي.**

**لام-جىم دېمەي** گەپ سۆز قىلماي، ھېچقانداق ئاۋاز چىقارماي: «دۈشمەن قاچسا باتۇر كۆپىيەر» دېگەندەك، مۇشۇ چاغقىچە لام-جىم دېمەي ئولتۇرۇشقان شەھەر چوڭلىرىمۇ چۈشىنىپ، سۆزگە ئارىلىشىپ كېتىشتى.

**لامزەللە** سۈپ. ئىشنى ئوڭشاپ قىلالمايدىغان؛ بوشاڭ، لايغەزەل: دېمەڭلار، ئۇلارنى لامزەللە شۇنچە، بەزىدە بولۇپ قالار ئاياغلىرى تېز. باشلىقلار كېلىپ قالسا زورلاپ ھېجىيىپ، ماختىنار شۇنداق: بىز ئاكتىپ ئىشلەيمىز.

**لامزەللىلىك** «لامزەللە» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: لامزەللىلىك قىلماق. * قىز بېلەت ئېلىپ، ساقلاپ تۇرسا، يىگىتنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ، پۈتۈشۈپ قويغان ۋاقىتنى ئۇنتۇپ قېلىشى لامزەللىلىك بولماي نېمە ئەمەسە؟

**لام-مىم** ← **لام-جىم.**

**لام-مىم دېمەي** ← **لام-جىم دېمەي.**

**لانتان** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى La (Lanthanum). كۈل رەڭ، سىرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى. لانتان، سېرىي ۋە تۆمۈرنىڭ قېتىشمىسى چاقماق تېشى ياساشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**لاندىش** ئى [ر] <بوت> ← **لاندىش گۈلى.**

**لاندىش گۈلى** ئى <بوت> گۈلسامساق ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى ئۇزۇن، ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى ئاق ۋە پەسكە ساڭگىلايدۇ، شەكلى قوڭغۇراققا ئوخشاپ كېتىدۇ. شىرنىلىك مېۋە تۇتىدۇ، مېۋىسىنىڭ رەڭگى قىزىل. كۆرۈنۈشى شار شەكلىدە بولۇپ، دورىغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

**لانسېت** ئى [ر<لات] <زوئول> ← **لانسېت بېلىقى.**

**لانسېت بېلىقى** <زوئول> خوردىلىق ھايۋان. كىچىك بېلىقلارغا ئوخشايدۇ. تېنىنىڭ ئۇزۇنلۇقى ئالتە-يەتتە سانتىمېتر ئەتراپىدا، يېرىم سۈزۈك، بېشى ۋە قۇيرۇقى ئۇچلۇق كېلىدۇ. تېنىدە خوردىسى، دۈمبە پالاقچىسى، ساغرا پالاقچىسى ۋە قۇيرۇق پالاقچىسى بولىدۇ. دېڭىز بويىدىكى قۇملۇق توپا ئارىسىدا ياشايدۇ.

**لانولىن** ئى [ر<لات] <تىب> قوي يۇڭى مېيى، قوي يۇڭىنى يۇغان سۇنى قايندۇرۇپ ئارقىلىق چەككىلەپ ئېلىنىدۇ.

ئادەتتە مەلھەم دورا ياساش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**لاۋا** I ئى [ر<ئىتال] <گېئول> يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان قىزىق ماگما. تەركىبى سىلىكاتنى ئاساس قىلىدۇ. سوۋۇغاندىن كېيىن تاغ جىنسىغا ئايلىنىدۇ. يەر يۈزىدە كۆپ خىل شەكىلدە ئىپادىلىنىدۇ.

**لاۋا بولماق** لاۋا ھالىتىگە كەلمەك، لاۋىغا ئايلانماق: سىنىڭ ئىشقىڭدا قەلبىمدە يېنىپ ئوتلار لاۋا بولدى، ئۇنىڭ تەپتىدە كۆي-ناخشام جاراڭلاپ شاد ناۋا بولدى.

**لاۋا ئېقىمى** <گېئول> يانار تاغ يېرىق-لىرىدىن ياكى يانار تاغ ئېغىزلىرىدىن تېشىپ چىققان قىزىق ماگمىنىڭ تاغ باغرى ياكى سايلارنى بويلاپ تۆۋەنگە ئېقىپ، سوۋۇپ قېتىشقاندىن كېيىن ھاسىل قىلغان جىنس گەۋدىسى.

**لاۋا** II ئى. دەرەخ شېخى، يوپۇرمىقى، ئەسكى-تۈسكى قەغەزلەر ۋە گەندە-قىغ قاتارلىق چىرىگەن ئەخلەتلەر.

**لاۋازىم** ئى [ئە] ئىدارە، تەشكىلات قاتارلىقلاردا تەسىس قىلىنىدىغان ۋەزىپە، ئەمەل، مەنسەپ: تەشكىلاتىمىزنىڭ ئىستىقبالى پارلاق، ۋەزىپىسى ئېغىر، ئۇنىڭدا رەئىس، مۇئاۋىن رەئىس، باش كاتىپتىن ئىبارەت بۇ ئۈچ لاۋازىمنىڭ بولۇشى ناھايىتى ئازلىق قىلىدۇ.

**لاۋازىمات** ئى [ئە] ئىدارە، تەشكىلات قاتارلىقلاردا بېجىرىشكە تېگىشلىك بولغان ئىشلار، خىزمەتلەر.

**لاۋازىماتچى** ئى. لاۋازىمات بىلەن شۇغۇل-لىنىدىغان كىشى؛ خىزمەتچى: – بۇ ئۆيدە ئەسلى گۇڭشېمىزنىڭ لاۋازىماتچىسى يۇنۇس ئاكا 15 يىلدىن بېرى ئولتۇرۇپ كەلگەن، – دېدى يەنە بىرەيلەن سۆز قىستۇرۇپ.

**لاۋازىماتچىلىق** «لاۋازىماتچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى.

**لاۋا-لاتقا** لاۋا ۋە لاتقا؛ ئەخلەت-چاۋار قاتارلىق نەرسىلەر: – توغرا، ئۇنىڭ شاۋقۇنىنى ھەرقانداق قىقاس-چۇقانلارمۇ بېسىپ كېتەلمەيدۇ، – دېدى ئۇ ئىختىيارسىز سۆزىنى داۋام قىلىپ، – ئۇنىڭ ئېقىنىنى ھېچقانداق كۈچمۇ ئارقىغا ياندۇرالمايدۇ. لاۋا-لاتقىلار ئەزەلدىن ئۇنىڭ تىنىق يۈزىنى بۇلغىيالىغان ئەمەس.

**لاۋان** ئى [ئىنگ] <بوت> ← **لاۋان دەرىخى.**

**لاۋان دەرىخى** <بوت> ئەنبەر دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چوڭ دەرەخ. يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان، گۈلى سۈتكە ئوخشاش ئاق رەڭلىك، مېۋىسى تۇخۇمسىمان، قانىتى بولىدۇ. ئاسىيا قىتئەسىنىڭ تروپىك بەلباغ رايونلىرىدا ئۆسىدۇ. ياغىچىدىن ئۆي جاھازلىرىنى، ئىشىك-دېرىزىلەرنى ياساشقا بولىدۇ.

**لاۋر** ئى [ر<لات] <بوت> ← **لاۋر دەرىخى.**

**لاۋر دەرىخى** <بوت> كامفورا ئائىلىسىدى-كى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى ئۇدۇل ئۆسىدۇ، تۆمۈنە ياكى ئۇزۇنچاق ئېللىپس شەكىلدە، گۈلى سېرىق، كونۇلۇكسىمان گۈل رېتىدە، شىرنىلىك مېۋىسى تۇخۇم شەكىلدە، تۇتۇق سۆسۈن رەڭلىك بولىدۇ. ئادەتتە مەنزىرە ئۆسۈملۈكى قىلىنىدۇ. يوپۇرمىقى-دىن پۇراق ماتېرىيالى ئىشلىنىدۇ.

**لاۋرېنتسىي** ئى [ر<ئىنگ] <خىم> رادىئوئاكتىپلىق مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Lr ( Lawrencium ). بور ئارقىلىق لانتانىنى بومباردىمان قىلىش ئارقىلىق ئېلىنىدۇ، ئەڭ تۇراقلىق ئىزوتوپىنىڭ يېرىم يىمىرىلىش دەۋرى تەخمىنەن ئۈچ مىنۇت.

**لاۋزا** سۈپ ① تەمى يوق، تەمسىز؛ تاتلىق

ئەمەس: لاۋزا تاماق. لاۋزا قوغۇن. * مەززىسىز ئىكەن، ئۇنى گۆھەر قاچىدا بەرسەڭمۇ لاۋزىلىقى لاۋزا. ② كۆچمە. كىشىگە ياقمايدىغان، كىشىنى يەرگەندۇرىدىغان، قاملاشمىغان؛ ئەھمىيەتسىز، تېتىقسىز: لاۋزا گەپ. * كىشىلەرنىڭ نەپرەت بىلەن ھومىيىشلىرى ئۇلارغا ھېچ تەسىر قىلمايتتى. ئۇلار تېخى ھەددىدىن ئېشىپ غەزەپلىك ھومىيىشلارنىڭ بەزىلىرىگە لاۋزا كۈلكىلىرى بىلەن جاۋاب قايتۇرۇشسا، بەزىلىرىگە نومۇسسىز تىل-ھاقارەت بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. * ئۇ شۇنچىلىك لاۋزا گەپلەرنى قىلىدۇكى، ئاڭلىسا كىشىنىڭ ھۆ بولغۇسى كېلىدۇ. ③ كۆچمە. ھايانى بىلمەيدىغان، ھاياسىز؛ تېتىقسىز: لاۋزا كىشى. * قاسىم جىسا دېگەن تولىمۇ لاۋزا ئادەم ئىدى. // — بۇ لاۋزا نەدىن پەيدا بولدى، ئادەمنىڭ نەپرىتىنى قوزغاپ، — دېدى ئۇ ئاشكارىلا قارشى چىقىپ.

**لاۋزىلاشتۇرماق** «لاۋزىلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لاۋزىلاشماق** پ ① تاتلىق تەمى يوقالماق؛ تەمسىز. لاۋزا بولۇپ قالماق: ئېتىزغا شۇم بويا پەيدا بولغاندىن بېرى قوغۇننىڭ تەمى بارغانسېرى لاۋزىلىشىپ كېتىپ بارىدۇ. ② كۆچمە. پۇچەك، تۇتۇرۇقسىز كىشىلەرگە ياقمايدىغان گەپ قىلغىلى تۇرماق؛ گەپلىرى تېتىقسىز، لاۋزا بولۇشقا باشلىماق: — قانداق ئادىلە، مەن دېگەندەك چىرايلىقمىكەن بىزنىڭ ئەلا! — دېدى رەقىب لاۋزىلىشىپ، — ئېيتىڭا، ئەلادەك گۈزەل يىگىتكە قانداق قىز ياق دېيەلىسۇن. * — سىز ئىككى رومكىنى ئۇشۇق ئىچىۋالغاندىن كېيىن، ئادەم ھۆ بولغۇدەك لاۋزىلىشىپ كېتىسىز. مۇشۇ خۇيىڭىزنى ئۆزىڭىز بىلەمدىغانسىز؟ — دېدى تۇخان ئابلىزغا ئېچىنىش بىلەن قاراپ. ③ ئوڭايسىز ئەھۋالغا چۈشۈپ قالماق، لەت بولماق: ئۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشنى زورمۇزور قىلمەن دەپ ئاخىر تازا لاۋزىلاشتى.

**لاۋزىلىق** ئى. كىشىنىڭ كۆڭلىگە ياقمايدىغان، كىشىنى يىرگەندۇرىدىغان، تېتىقسىز سۆز، ھەرىكەت؛ بىمەنە قىلىق، ھاياسىزلىق: ئۈچ مەست گۈلمېھرىگە لاۋزىلىق قىلغانىدى، مۇھەممەتنىڭ يىگىتلىك غورۇرى ئۇنىڭغا يول قويمىدى-دە، ئۇلار بىلەن ئاۋۋال تىللىشىپ، ئاندىن تۇتۇشۇپ قالدى. * سەن تولا لاۋزىلىق قىلما!

**لاۋۇلەشكەر** ئى. تارىس. قوشۇن ۋە لەشكەرلەر: بىركۈنى پادىشاھ مەھمۇرخاننىڭ كۆڭلىدە شىكار قىلماق ھەۋىسى پەيدا بولدى ۋە گۆر ئوغلىنى ئۆز ئورنىدا قويۇپ ۋەزىر — ۋۇزرالىرى، لاۋۇلەشكەرلىرى بىلەن دەشت-باياۋان تەرەپكە راۋان بولدى.

**لاۋۇلداتماق** «لاۋۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال ئوتنى لاۋۇلدىتىۋەتتى.

**لاۋۇلدىماق** پ. يالقۇنجاپ، ئۇلغىيىپ كۆيمەك: ئوت لاۋۇلداپ كۆيمەكتە. * لامپا يورۇقى قىزىل پوپايكىسىنىڭ شولىسىنى چۈشۈرگەنلىكتىنمۇ ياكى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان كۆمۈرنىڭ تەپتىدىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، قىز قىزىرىپ كەتكەنىدى.

**لاي** ئى [پ] ① نەملىك تەسىرىدە ياكى سۇ بىلەن ئارىلىشىپ يۇمشاق ۋە يېپىشقاق ھالەتكە كەلگەن تۇپراق: مەريەم گۈپپىدە لايغا يىقىلدى. ② توپىغا سامان، يۇڭ، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ياكى سېمونتقا قۇم، سۇ ئارىلاشتۇرۇپ مەخسۇس ئېتىلگەن قۇرۇلۇش ماتېرىيالى: لاي ئەتمەك. لاي قىلماق. * مەن نەق ئالتە ئاي قۇرۇلۇشتا لاي توشۇدۇم.

**لاي پىچەت** <ئارخېئول> قەدىمكى

زامانلاردىكى تارىشقا يېزىلغان خەت-چەك-
لەرنىڭ يىپ بىلەن باغلانغان يېرىگە
لاي سۈرتۈپ سىلىنىدىغان بىر خىل
پېچەت. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامغا بېسىلىدۇ.

**لاي تاش** <گېئول> تەركىبى بىرقەدەر
مۇرەككەپ، قەۋەت دەزلىرى ئېنىق
بولمىغان بىر خىل كاللەكسىمان سېغىز
تۇپىلىق جىنس. بوش قېتىشقان سېغىز
تۇپىنىڭ چىڭدىلىپ قېتىشى، سۇسىزلىنىشى،
قايتىدىن ئاجىز كرىستاللىنىشىدىن شەكىل-
لىنىدۇ. قىزىل قاتلاملاردا ئاز مىقداردا
لاي تاش جايلاشقان. تۇتۇق لاي تاش
تەركىبىدە ئادەتتە ئورگانىك ماددىلار
بولىدۇ. ئۇ نېفىت ھاسىل بولىدىغان
ياخشى جىنس سىستېمىسىدۇر.

**لاي سەرراپ** <بىن> ئۆينىڭ تۆت
تېمىنىڭ ئۈستىگە بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ
قويۇلغان چارچاپ.

**لاي سۇدا ئۇرۇق تاللاش** ئۇرۇق
تاللاشنىڭ بىر خىل ئۇسۇلى. بۇنىڭدا
30 — 40 جىڭ سېرىق ياكى سېغىز
تۇپىغا 100 جىڭ سۇ قوشۇلۇپ تەكشى
ئارىلاشتۇرۇلغاندىن كېيىن، ئۇرۇق لاي
سۇغا تۆكۈلۈپ داۋاملىق ئارىلاشتۇرۇلۇپ،
لاي بىلەن سۇنىڭ قويۇقلۇقى تەكشى
ھالەتتە ساقلىنىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا
ئۈستىدە لەيلەپ قالغان ئۇرۇقلار ئېلى-
ۋېتىلىپ ئىشلىتىلمەيدۇ. چۆكۈۋالغان
ئۇرۇقلار پاكىز يۇيۇلغاندىن كېيىن قۇرۇتۇپ
تېرىلىدۇ. لاي سۇدا ئۇرۇق تاللىغاندا
بىخلىنىشنى تەكشى، مايسىسنى ساغلام
قىلىش بىلەن بىرگە بەزى كېسەللىكلەر-
نىڭ زىيىنىنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

**لاي سۇدىن بېلىق تۇتماق** كىشىلەرنىڭ
دىققىتى مەلۇم جىددىيلىك ۋە قالايمىقان
ھالەت بىلەن بەند بولغان پۇرسەتتىن
پايدىلىنىپ، ئۆز مەقسىتىنى ئەمەلگە
ئاشۇرماق: — يارايسىز، لاي سۇدىن بېلىق
تۇتۇشقا خېلى ئېپىڭىز بار ئىكەن، — دېدى
باشلىق ئۇنىڭ غولىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ.

**لايغا پاتماق** ① پاتقاققا كىرىپ قالماق:
يولدا ھارۋىمىز لايغا پېتىپ قالدى. ② كۆچمە.
بىرەر ئوڭۇشسىز، قىيىن ئەھۋالغا،
پىشكەللىككە دۇچ كېلىپ قالماق: ئادەم
ئۆمرىدە بىر قېتىم لايغا پاتتى بارمۇ، ئۇنىڭ
قۇتۇلمىقى قىيىن. * ئامىنەمۇ ئامىنەم، لايغا
پاتقان ئامىنەم. ئاناڭ يىغلاپ دەردىڭدە،
قوشاق قاتقان ئامىنەم.

**لاي قېلىپ** <بىن> بېتون قۇيۇش ۋە
ياغاچ ماتېرىياللىرىنى ئىقتىساد قىلىش
ئۈچۈن، يەرنى ئويۇپ يۈزىگە لاي
سۇۋاپ تەييارلانغان قېلىپ.

**لاي ھەيكەل** <گ سەن> لايدىن
ياسالغان ھەيكەل: لاي ھەيكەل جۇڭگونىڭ
ئەنئەنىۋى خەلق ھەيكەلتاراشلىق ھۈنەر -
سەنئەت مەھسۇلاتلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ.

**لىيى خام** ① بىرەر ئىشنى قىلىشقا
ئىرادىسى ئاجىز، ئىرادىسىز، ئەمگەك
سۆيمەيدىغان، ھورۇن غەيرەتسىز: تازا
لىيى خام بىرنەرسىگە ئۇچراپ قالدىڭمۇ نېمە؟
② تۇغۇلۇشىدىنلا زېھنىي كۈچى، قابى-
لىيىتى ئاجىز؛ تەپەككۇر ئىقتىدارى
تۆۋەن: ئۇ بالىنىڭ باشقىلارغا قارىغاندا
خېلىلا لىيى خام، شۇڭا بۇ بۇ ئىشنىڭ
ھۆددىسىدىن ياخشى چىقىپ كېتەلمەسلىكى
مۇمكىن.

**لاياقەت** ئى [ئە] بىرەر ئىشنى قىلىشقا
لايىق ئىقتىدار، قابىلىيەت؛ سالاھىيەت:
ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قىلغۇدەك لاياقىتى يوق ئىدى.
* بۇ قېتىمقى سىناقنىڭ ئەھمىيىتى توغرىسىدا
ئۆتكەندە تارقىتىلغان ھۆججەتتە تەپسىلىي
سۆزلەنگەن، ئىمتىھاندىن ئۆتكەنلەرگە

«لاياقەت گۇۋاھنامىسى» بېرىلىدۇ.

**لاياقەتسىز** سۈپ. لاياقىتى يوق، لاياقەتكە ئىگە ئەمەس: لاياقەتسىز ئوقۇغۇچى. مەكتەپىمىزلاردىكى يولداش خالىدەم ئۆتكەن بىر يىللىق ئوقۇتۇش خىزمىتى جەريانىدا، ئايرىم ئۇستازلار «ئۆگىنىشتە تۆۋەن، لاياقەتسىز» دەپ قاراپ ئۆز سىنىپىدىن شاللاپ چىقىرىۋەتكەن جان-جىگەر پەرزەنتلىرىمىز-نى ھەر جەھەتتىن كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلەپ، بىزنى ئىنتايىن خۇشال قىلدى.

**لاياقەتسىزلىك** «لاياقەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئۇ بۇ ئىشقا لاياقەتسىزلىك قىلدى.

**لاياقەتلىك** سۈپ. لاياقىتى بار، لاياقەتكە ئىگە: — بىز ئۇيغۇرلاردا ئەل-يۇرتقا سەردار بولغان ئادەمنى سەركىگە ئوخشىتىدىغان گەپ بار. بۇ ناھايىتى جايىدا بولغان ئوخشىتىش. سەركە لاياقەتلىك بولسا، پادا خەۋپ-خەتەر-گە ئۇچرىمايدۇ. سەركە لاياقەتسىز بولسا، ئۆزىنىمۇ، پادىنىمۇ خەۋپ-خەتەردە قويىدۇ، — دېدى مەخسۇت مۇھتى.

**لاياقەتلىك بولۇش مۇسابىقىسى** <تەن> تەنھەرىكەت مۇسابىقىلىرىنىڭ بىر خىل تۈرى. ئادەتتە مۇسابىقىغا قاتناشقۇچىلار-نىڭ سانى كۆپ بولۇپ كەتكەندە، بۇ خىل مۇسابىقە ئۆتكۈزۈلىدۇ. بۇ مۇسابىقىدا ئالدىن بەلگىلەنگەن نەتىجە ئۆلچىمىگە يەتكەن ياكى بەلگىلەنگەن سانىنىڭ ئىچىدە بولغانلار ئاندىن رەسمىي مۇسا-بىقىغا قاتناشتۇرۇلىدۇ.

**لايپاس** سۈپ. دىئال. لۆم-لۆم، سۆرەم پالاس، ئېزىلەڭگۈ، قاشاڭ، مىلجىك، مىجىق.

**لايچى** ئى. ئومۇمەن قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا لاي ئېتىش، لاي توشۇش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالغان كىشى: — سەن لايچىلارنىڭ بېشى بولۇپ بەرگىن، — دېدى ئۇ سەمەتكە ۋەزىپە بەرمەي.

**لايچىلىق** ئى. ئومۇمەن لاي ئېتىش، لاي توشۇش ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش لاي بىلەن ھەپىلىشىش ئىشى: ئەتىسىگەندىن بېرى لايچىلىق قىلىپ ھالىدىن كەتكەن سەمەت نۇرگۈلنىڭ ئۆزىگە قاراپ كۈلۈمسىرەپ كېلىۋاتقان سىماسىنى كۆرۈپ، خۇشاللىقتىن ھاردۇقى چىقىپ قالغاندەك بولۇپ، ئولتۇرغان ئورنىدىن دەسلا تۇرۇپ كەتتى.

**لايخورەك** ئى [پ] <زوئول> بىر خىل قۇش. تۇمشۇقى ئۇزۇن كېلىدۇ. كۆپىنچە پاتقاقلىقتا ياشايدۇ.

**لايخۇش** سۈپ. سۈزۈك ئەمەس، لاي ئارىلاش، لېيىغان: ئۇ دەم ئېلىۋالماقچى بولۇپ، يولنىڭ بويىدىكى قويۇق سايە تاشلاپ تۇرغان تېرەكنىڭ تۈۋىگە بېرىپ لايخۇش سۇ ئېقىۋاتقان ئېرىقنىڭ بويىدىكى چىملىقتا ئولتۇردى.

**لايداتماق** «لايدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇ-رىي دەرىجىسى: ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى لايداتماق. كاڭنى لايداتماق.

**لايداشماق** «لايدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئاغا-ئىنى ئىككىيلەن ئۆگزىسىنى لايداشتى.

**لايدالماق** «لايدىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: ئۆينىڭ كېگى لايدالدى. * ئوچاق بېشى لايدالدى.

**لايدىماق** پ. لاي بىلەن سۇۋىماق، لاي چاپلىماق ياكى ياتقۇزماق، لايلىماق: ئۆگزىنى لايدىماق. كاڭنى لايدىماق. يەرنى لايدىماق. ئوچاق بېشىنى لايدىماق.

**لايغەزەل** سۈپ. ئېزىلەڭگۈ، بوشاڭ، ھۇرۇن، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، لامزەللە، لەقۋا: بىزگە ئۇنداق ھۇرۇن، لايغەزەل ئادەملەر كېرەك ئەمەس، بۇ يەر كېچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ ئىشلەيدىغان يەر.

**لايغەزەللە شتۇرمەك** «لايغەزەللە شمەك»

پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مۇنداق قىلىسىڭىز ئۇ بالىنى لايغەزەللەشتۈرۈپ قويىسىز.

**لايغەزەللەشمەك** پ. لايغەزەل بولۇپ قالماق؛ ھۇرۇن، بوشاڭ، ئىش خۇش ياقماس، ئېزىلەڭگۈ بولۇپ قالماق: ئەخمەت شۇ ئىشتىن كېيىن، قولىدىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى تاشلاپ ئۆزى بىلگەن يەرلەردە يۈرۈپ، لايغەزەللىشىپ كەتكەنىدى.

**لايغەزەللىك** «لايغەزەل» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: – مېنىڭچە، – دېدى ئۇ سۆزىنى خۇلاسىلاپ، – بىزنىڭ رەھبەرلىكىمىزدە ئۆگچىل لايغەزەللىك بار.

**لايقا** ① ئى <سۇ> كۆل، دەريا، سۇ ئامبىرى قاتارلىقلاردا چۆكۈپ قالغان سېغىز ياكى قۇملار، شۇنىڭدەك سۇ ياكى باشقا سۇيۇقلۇقلار سۈزۈلگەندە ئاستىغا چۆككەن توپا-چاڭ ۋە باشقا چۆكۈندىلەر. ② سۈپ. لاي ياكى باشقا توپا-چاڭ قاتارلىقلار ئارىلىشىپ بۇلغانغان، لېيىغان: لايقا سۇ.

**لايقا سۇ** <سۇ> لاي ياكى باشقا توپا-چاڭ قاتارلىقلار ئارىلىشىپ بۇلغانغان سۇ، لېيىغان سۇ.

**لايقا مىقدارى** <سۇ> سۇنىڭ بىرلىك ھەجىمدىكى قۇرۇق لايقا مىقدارى.

**لايقىماق** پ. لېيىماق؛ سىرداش بولۇپ تالاي يىللار مۇڭ بىلەن، قىرغاق سۆيۈپ لايقىپ ئۆتكەن ئاق ئۆستەڭ. باقساڭ بۈگۈن نۇر چاقنىغان تاڭ بىلەن، ئاقتى يامراپ مەنزىلىڭرى شاد ئۆستەڭ.

**لايلاتما** ① ئى <سۇ> لايقا سۇنى تىندۇرۇپ، لايقىسىنى ئاستىغا چۆكتۈرۈپ تۇتۇپ قېلىش ئۈچۈن مەخسۇس ياسالغان كۆلچەك: ھازىر كەلگەن پېتىم لايلاتمىغا ئۆزۈمنى ئاتتىم. لايلاتمىدىن ھېلىقى قولى پىلتىڭلاپ كۆرۈنگەن كىچىك بالىنى ئاخىر قىرغاققا كۆتۈرۈپ ئاچىقتىم. ② سۈپ. لاي-قۇملار يىغىلىپ قالغان، لاي-قۇم تىنىپ قالغان: لايلاتما يەر.

**لايلاتماق** «لايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: مەنىسىز ئۆتكەن بىھۇدە يىللار بۇلاق سۈيىدەك سۈزۈك ئۆمرۈمنى لايلىتىپ ئۆتتى.

**لايلاشماق** ① «لايلىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىيلەن ئۆينىڭ تېمىنى لايلاشتى. ② سۈزۈكلۈكىنى يوقاتماق، لېيىماق: ۋە لېكىن، بۇ جىددىي تالاش-تارتىشنىڭ چىقىمىدى ئايىغى زادى ئۈزۈلۈپ. بۇ سىرلىق ۋەقەنىڭ كۆرۈنمىدى ھېچ تېگىمۇ. لايلاشقان سۈيى سۈزۈلۈپ.

**لايلانماق** «لايلىماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: يېڭى سېلىنغان ئوچاق لايلىنىپ بولدى. * تىنىمسىز شاۋقۇنىڭ بىرلە ھاياتنى ئويغىتىپ چىللاپ، جاھاننىڭ ئالدىدا غەلبە تويىنى قىزىتىپ ئويناپ، يېرىپ باغرىنى توسقۇنىنىڭ، زەپەرلەر ئىزىنى بويلاپ، ئېقىپ كەلدىڭ قەدىمدىن گاھى ئويناقلاپ ۋە دولقۇنلاپ، ۋە بەزەن لايلىنىپ ئاقتىڭ ۋە بەزەن خۇددى مەرمەر سەن.

**لايلەمپە** ئى [لاي+لەمپە] <بىن> ئۆينىڭ لاي بىلەن سۇۋالغان تورۇسى.

**لايلىق** سۈپ. تەركىبىدە لاي بولغان، لاي ئارىلاشقان؛ لېيىغان: لايلىق تاش ئېقىم. لايلىق يانار تاغ.

**لايلىق تاش ئېقىم** <سۇ> تاغ باغرىدىكى كۆپ مىقداردىكى سېغىز توپا، قۇم، تاش پارچىلىرى قاتارلىق ئۇۋاق ماددىلارنىڭ كەلكۈن سۈيى بىلەن ئارىلىشىپ پەيدا قىلغان ۋاقىتلىق جىددىي ئېقىمى. لايلىق تاش ئېقىمنىڭ قۇرۇلۇش، تاشيول، تۆمۈريول، تېرىلغۇ ئېتىزلىرىغا بولغان ۋەيران قىلىش رولى ناھايىتى زور بولىدۇ.

**لايلىق يانار تاغ** <كېئول> لاي ۋە جىنس ئۇۋاقلىرىنىڭ دۆۋىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان بىر خىل كونۇسسىمان كىچىك تاغ ياكى ئېدىرلىق. ئېگىزلىكى نەچچە مېترغا، نەچچە ئون مېترغا ھەتتا نەچچە يۈز مېترغا يېتىدۇ.

**لايلىماق** پ ① تام قاتارلىقلارنى لاي بىلەن سۇۋىماق، سىيپىماق؛ لايدىماق: لاي سالماق. ئۆينىڭ تېگىنى لايلىماق. * ئۇلار بۇ جەرياندا سىپىل ئۈستىدىكى ۋەيرانە پوتەيلىرىنى باشقىدىن تۈزەشتۈرۈپ، قوپۇرۇپ بۇرۇنقىدىن ئېگىزلىتىۋالدى، تاملىرىنى لايلاپ قېلىنلىتىۋالدى. ② لېيىماق، توپا-تۈزانلار بىلەن بۇلغىماق (سۇيۇق نەرسىلەر ھەققىدە).

**لايىق** [ئە] ① سۈپ. توغرا، ماس كېلىدىغان؛ مۇۋاپىق، مۇناسىپ، سازاۋەر: ئۇ خەلق ئوقۇتقۇچىسى بولۇشقا لايىق. * ھەققىي ھۆرمەتكە لايىق ئادەم مەن ئەمەس، سىز. ② سۈپ. باپ، مۇۋاپىق: لايىق ئادەم. // لايىق كۆرمەك. * بۇ ماگىزىندا ماڭا لايىق كېلىدىغان كىيىم-كېچەك يوق ئىكەن. ③ سۈپ. تېگىشلىك، ھەقلىق: جازالاشقا لايىق. مۇكاپاتلاشقا لايىق. ④ ئى. قىزنىڭ تاللىغان يىگىتى ياكى يىگىتنىڭ تاللىغان قىزى، ئوبيېكتى: لايىق ئىزدىمەك. * ئۇ قىزنىڭ لايىقى بار. * – لايىقىڭ بارمۇ؟ ياكى بىز تاپىمىزمۇ؟ – سورىدى ئانىسى ئوغلىدىن.

**لايىق بولماق** لايىق ھېسابلىماق؛ قىز تەرەپكە ئۆيلىنىش ئارزۇسىنى ئىپادىلىمەك: بۇ قىزنىڭ داڭقى دۇنياغا كېتىپتۇ. بۇ قىزغا تەرەپ-تەرەپتىن كۆپلىگەن شاھزادىلەر، بەگزادىلەر لايىق بولۇپ ئەلچى قويۇپتۇ.

**لايىق تاپماق** ① لايىق، مۇۋاپىق دەپ ھېسابلىماق؛ خوپ كۆرمەك: ئاخىر تورپاق سالى بىلەن چىپار ئاسقار خوجنىياز پالۋاننى چەت ئەلگە ئۆتكۈزۈۋېتىشنى لايىق تاپتى. ② قىز ئۆزىگە مۇۋاپىق يىگىت، ياكى يىگىت ئۆزىگە مۇۋاپىق قىز تاپماق: لايىق تېپىپ قىز بېرىڭلار توي قىلساڭلار، پەيلى يامان نادانلارغا قىز بەرمەڭلار!

**لايىق كەلمەك** ① باب، مۇۋاپىق، ماس كەلمەك: ئۇ پاكار، ئورۇق كەلگەن كىشى بولۇپ ئۈستىدىكى كىيىممۇ بەستىگە تازا لايىق كەلگەندى. ② قىز تەرەپكە يىگىت تەرەپتىن قۇدا بولۇش مۇددىئاسىنى بىلدۈرۈپ كىشىلەر كەلمەك: ئۇنىڭ قىزىغا ئۈچ يەردىن لايىق كەلدى. لېكىن بىرسىگىمۇ ماقۇل دېمىدى.

**لايىقلاشتۇرماق** «لايىقلاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لايىقلاشتۇرۇلماق** «لايىقلاشتۇرماق» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لايىقلاشماق** پ. لايىق، ماس ھالەتكە كەلمەك؛ ماسلاشماق، ئۆزلەشمەك، ماس كەلمەك، كۆنمەك: يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز مۇشۇ چۆلگە لايىقلىشىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتقان ئىكەنمىز. كېيىن بىزگە يۇلغۇن، سۆكسۆك، ئاق تىكەنگە ئوخشاش پىدائىيلار كېلىپ قوشۇلدى.

**لايىقلىماق** پ. لايىق ھالەتكە كەلتۈرمەك، لايىقلاشتۇرماق: ئۇنىڭ ئوچۇق قالغان تەرىپىگە لايىقلاپ قاپقاق ياسالغان، ئۇنىڭغا ئوششاق تۆشۈكلەر قويۇلغانىدى. ئۇنىڭ گىرۋەكلىرىگە قېقىلغان مىخلارنىڭ ئۇچىمۇ چىقىپ تۇراتتى.

**لايىقىدا** رەۋ. مۇۋاپىق، لايىق ھالدا؛ ئۆز يولىدا: لايىقىدا گەپ قىلماق. لايىقىدا ئىش قىلماق. * ھېكمەت ئالدىراپ بولسىمۇ، ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە لايىقىدا چاقچاق

قىلىپ قاقاھلاپ كۈلۈپ قويۇشنى، ئۇڭ قولىنى كۆكسىگە قويۇپ ئېگىلىپ سالام بېرىشنى ئۇنتۇپ قالمايتتى.

**لايىقىدا بولماق** مۇۋاپىق، جايىدا بولماق: — ھەر ھالدا لايىقىدا بازار بولغىنى ياخشى ئىدى، — دەپ قويدى گۈلبانۇم.

**لايىھە** ئى [پ] ① ئۆي-ئىمارەت، ماشىنا، تۈرلۈك شەكىلدىكى قۇرۇلۇش قاتارلىقلارنى قۇرۇش ھەققىدە سىزىپ تەييارلانغان ئۈلگە؛ چېرتيوژ، خەرىتە: ئۇنىڭ لايىھىسى: لەڭگەردىن بەش كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ئاقتۇ دېگەن يەردىن ئۆستەڭ قېزىپ، ئۆگەننىڭ سۈيىنى ياندۇرۇپ لەڭگەرگە چىقىرىش ئىدى. بىز ھەپتىگىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈرگەنىدى. ② قارار، پەرمان، قانۇن قاتارلىق ھۆججەتلەرنىڭ مۇھاكىمىگە قويۇش ئۈچۈن تەييارلانغان دەسلەپكى نۇسخىسى: لايىھە تۈزمەك. * يىغىن سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 4-نۆۋەتلىك كومىتېتى 4-يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارى توغرىسىدىكى تەكلىپ لايىھىسىنى مۇزاكىرە قىلدى.

**لايىھەچى** ئى. ئۆي-ئىمارەت، ماشىنا قاتارلىقلارنىڭ چېرتيوژ، خەرىتىسىنى سىزغۇچى؛ لايىھە تۈزگۈچى.

**لايىھىلەتكۈزمەك** «لايىھىلىمەك» پېئىلىنىڭ قوش مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لايىھىلەتمەك** «لايىھىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: سۇ ئامبىرىنى ئىنژېنېرغا لايىھىلەتتى.

**لايىھىلەشمەك** «لايىھىلىمەك» پېئىلىنىڭ ئورتاقلىق دەرىجىسى: ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ سېلىنماقچى بولغان تۇرار جاي قۇرۇلۇشىنى لايىھىلەشتى.

**لايىھىلەنمەك** «لايىھىلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى: سېلىنىدىغان كۆۋرۈك لايىھىلىنىپ بولدى. * بۇ ھەققەتەن ياخشى لايىھىلەنگەن قۇرۇلۇش ئىكەن.

**لايىھىلىگۈچى** ئى ← **لايىھەچى**: — بۇ كىشى مۇشۇ قۇرۇلۇشنىڭ لايىھىلىگۈچىسى — تۇرسۇن بولىدۇ، — دەپ بىزگە بىر ئىنژېنېرنى تونۇشتۇردى.

**لايىھىلىمەك** پ. لايىھە تۈزمەك، لايىھە ئىشلىمەك: — شۇنچە كۆپ ئىشلارنى قىلغانلىقىڭىزنى كىم بىلمەيدۇ؟ — دېدىم مەن، — ناھىيىمىزدىكى، ھەتتا قوشنا ناھىيىلەردىكى بىرمۇنچە سۇ قۇرۇلۇشلىرىنى لايىھىلەپ، ئۈستىدە تۇرۇپ پۈتكۈزۈپ چىقتىڭىز. باشقا بىرى ھاكىم بولىدىغان بولسا، كەسىپ-پەسىپ دېگەننى شۇ يەردىلا تاشلايدۇ.

**لايىپېگەك** ئى [لاي+پېگەك] <زوئول> بىر خىل بېلىق. تېنى سىلىندىر شەكىلدە، قۇيرۇقى سەل ياپىلاق، تەڭگىچىسى كىچىك. شىلىمشىق سۇيۇقلۇقى بولىدۇ. دۈمبىسى قارا ھەم سەپكۈنلۈك، قورساق قىسمى ئاق ياكى كۈل رەڭ كېلىدۇ، بېشى كىچىك ھەم ئۇچلۇق، ئېغىزىدا بەش جۈپ قىلچىقى بولىدۇ. ئادەتتە كۆل-دەريا، سازلىق، سۇلۇق ئېتىز قاتارلىق جايلاردىكى لاي ئىچىدە ياشايدۇ.

**لەئەل** ئى [ئە] قىزىل رەڭلىك ئېسىل تاش؛ قىزىل ياقۇت: قەغەز بىلەن گۈل ياسىدىم، سىياھ بىلەن سۆز. ئالتۇن بىلەن ئۈزۈك ئەتتىم، لەئەل بىلەن كۆز.

**لەب** ئى [پ] ← **لەۋ**.

**لەببالەب** رەۋ [پ] لىق تولدۇرۇلغان، لېۋىگىچە تولغان، لىپمۇلىپ: — تىلىم بارمايدۇ ئۇكام، بەك قورقۇنچلۇق، — مۇسا دېھقان تەشۋىش، پەرىشانلىق بىلەن دېدى، — بىز بۇ تەرەپكە چاپقاندا، ئەھۋال چاتاقلاشقان. بۇ چاغدا ئۇ يەردە قىيامەت قايىم بولامدىكىن. لەببالەب تولغان، تاشقىنلاپ

تۇرغان سۇغا نېمە تەڭ كېلىدۇ؟ سۇ دامىنىڭ ئۈستىدىن يامراپ ئېقىشقا باشلىغان دېگىنە!

**لەببەس** رەۋ [پ] يېزت. لىپمۇلىپ، لىقىقىدە، لىق تولغان: كاتتىباش كۆزىگە لەببەس قان تولۇپ، بوۋاينى بىر تېپىپ يىقىتتى يەرگە. – بىز كىم-ھە! – دېدى ئۇ «نۆكەرلىرى» گە، – تېپىتىپ قويۇڭلار قېرى خۇنپەرگە.

**لەببەي** ئىم [ئە] ① باشقىلار تەرىپىدىن چاقىرىلغان چاقىرىققا «ھە، ھەئە، خوش» دېگەن مەنىلەردىكى ھۆرمەت جاۋابى: – مەھەممەتجان، – دېدى دادىسى بالىسىنى چاقىرىپ. – لەببەي، ھە دادا، – دېدى مەھەممەتجان ھايال قىلمايلا. ② «نېمە، نېمە دەيسەن» دېگەن مەنىدىكى سوراقنى بىلدۈرىدۇ: لەببەي، يەنە بىر قېتىم دەڭا.

**لەببەي-لەببەي** «لەببەي» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: — دۇم-دۇم. — لەببەي-لەببەي، ئاتاڭ نەدە؟ — ئەسكى سامانلىقتا.

**لەپ** I (توغرىسى: لەۋ) ← **لەۋ.**

**لەپ** II تەق. تۇرنا، بۈركۈت قاتارلىق قۇشلارنىڭ لەرزان ئۇچقان ۋاقتىدىكى قانىتىنىڭ ۋە قىش پەسلىدىكى چوڭ-چوڭ چۈشكەن قارنىڭ ھەرىكەت ھالىتى.

**لەپەر** ئى <ئۇس> بىر جۈپ قىز – يىگىت ئورۇندايدىغان ئۇسسۇللۇق ناخشا: ئۇ سۆزنى تۈگىتە-تۈگەتمەي، پەرىزات ئىسمىلىك چىرايلىق كىيىنىۋالغان ياش بىر ئايال لەپەر ئويناۋاتقاندەك پىرىلداپ يۈگۈرۈپ چىقاتتى-دە، غالجىرلىشىپ، ئۆپكىدەپ، يەرنى تېپىپ ھېلىقى سەلەيگە دېۋەيلەيتتى.

**لەپەرچى** ئى. لەپەر ئېيتىدىغان ئارتىس.

**لەپەڭ** تەق. نەرسىلەرنىڭ ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىرغىش، چايقىلىش، تەۋرىنىش ھالىتى.

**لەپەگشتەمەك** «لەپەگشمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: قىزنىڭ قولىدا نە تاياق، نە تاش يوق، ئۇ قولىدىكى ئاق ياغلىقنى لەپەگشتەتتى.

**لەپەگشمەك** پ ← **لەپەگلىمەك:** كېمە لەپەگشىپ، ئۆرە تۇرغانلار ئۆز تەگپۈگلۈقىنى يوقاتتى.

**لەپەڭ-لەپەڭ** «لەپەڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لەپەگلەتمەك** «لەپەگلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەپەگلىمەك** پ. ئۇ ياققا-بۇ ياققا چايقالماق، داۋالغۇماق، لىگشىماق، تەۋرەنمەك: يەرگە چۈشتى لەپەگلەپ، ئەسكى جۇۋا دولىدا. ئىككى توقاچ تىلەيمەن، مەن خۇدانىڭ يولىدا.

**لەپپىدە** رەۋ ① «لەپ» قىلىپ، «لەپ» قىلغان ھالدا. ② كۆچمە. بىردىنلا، دەرھاللا، ئۇشتۇمتۇت، تۇيۇقسىز-لا: ئۇنىڭ كۆڭلىدە مۇشۇ خىيال لەپپىدە پەيدا بولۇپ يەنە تېزلا غايىب بولدى. * ئادىل كونۇۋېرتىنىڭ ئۈستىدىكى «ئادىلغا» دېگەن بىرلا سۆزگە لەپپىدە قارىدى.

**لەپشىتمەك** «لەپشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇنىڭ ساقىلىنى يەلپۈگۈچتەك لەپشىتىپ ئولتۇرۇپ، ھەۋەس بىلەن نان چايناشلىرىغا قاراپ تۇرۇپ بىردىنلا مېنىڭمۇ ئاشۇ ناندىن يېگۈم كېلىپ قالدى.

**لەپشىرىن** ئى. دىئال. يا تاتلىق، يا ئاچچىق ئەمەس بىر خىل تەم.

**لەپشىمەك** پ. داۋالغۇماق، چايقالماق، تەۋرىمەك، لەپەگلىمەك: جىمجىت ۋە سالقىن ئورمان، لەپشىپ تۇرغان يېشىل ئوتلار ۋە خىلمۇخىل ئېچىلغان رەڭدار گۈللەر كىشىنىڭ زوقىنى قوزغايتتى.

**لەپ-لەپ** «لەپ II» سۆزىنىڭ

تەكرارلىنىشى: لەپ-لەپ قىلىدۇ كۆڭلۈم، يار قېشىغا بارسام دەپ. يار قېشىدا قانغىچە، ئۇيناپ، كۈلۈپ ئالسام دەپ.

**لەپلمە** ئى. كۆڭلەكنىڭ مۇرە، يەڭ، ئېتەكلىرىگە ياكى ئىشىك، دېرىزە پەردىلىرىنىڭ ئۈستى تەرىپىگە لەپىلدەپ تۇرۇش ئۈچۈن تۇتۇلغان تار بىر قەۋەت رەخت: كۆڭلەكنىڭ لەپلمىسى بىرئاز ئۇزۇن بولۇپ قېلىپتۇ. // لەپلمە كۆڭلەك.

**لەپلمە كۆڭلەك** لەپلمە تۇتۇلغان كۆڭلەك: ياراشقان ئەۋرىشىم، نازۇك تېنىگە لەپلمە كۆڭلەك، كۆزى بۇلاق، لېۋى غۇنچە، يۈزى ماھى تولۇن كۆردۈم.

**لەپلدەتمەك** «لەپلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: شامال بايراقنى لەپلدەتمەكتە. * ئاستا لەپلدىتىپ قانىتىنى قۇش، تۇرارمىش كېتەلمەي ئۇچۇپ يىراققا. ئانىنىڭ كىمنىدۇر ئىزلىگەن كۆزى، تولغانمىش ئەلەم ۋە مېھىر-پىراققا.

**لەپلدەشمەك** «لەپلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەپلدىمەك** پ. شامالغا ئەگىشىپ لەرزان يەلپۈنمەك، لەپ-لەپ قىلماق: قىزىل بايراق لەپلدىدى. * شۇ كۈنلەردە قار لەپلدەپ يېغىۋاتاتتى. * لەپلدەپ تۇراتتى ئەنە ئاق تۇغلار، ئەجدادلار قەلبىنىڭ شاھىتى بولۇپ. كۆرگەندە شۇ تۇغنى ئالىم-بوۋىمىز، خاتىرجەم ياتماسمۇ قەلبى زوقلىنىپ!؟

**لەت** ئى [پ] بىرەر ئىشتا يېڭىلىشتىن كېلىپ چىققان ئۇيىلىش تۇيغۇسى؛ مات، ئىزا، ئوسال: لەت بولماق, لەت قىلماق. * دېسە لەت، دېمىسە دەرد (ماقال).

**لەت بولماق** يېڭىلمەك، ئوسال بولماق، مات بولماق: ئەل قەھرىدە لەت بولدى، شۇم پەيلى نېجىسلارنىڭ، تارىخنىڭ ھۆكمى شۇدۇر - ئېتەك ئاينى قاچان ياپقان.

**لەت قىلماق** يەڭمەك، ئوسال قىلماق، مات قىلماق: شۇ چاغدا تىكىلىپ قارالماي ئاڭا، پۇشايمان يېدىم مەن ھوشۇمغا كېلىپ. ئاھ، گۇمانخورلۇق يامان نېمكەن، قويىدىكەن سېنى ئاخىر لەت قىلىپ.

**لەتىپ** [ئە] ① سۆپ. يېزت. گۈزەل، چىرايلىق؛ يېقىملىق، نازۇك، مۇلايىم: بىلىمنى كۆپ بىل، چاقماقتەك چاقنا، ئالى ئىنسان بول، ئىنسانىي يولدا باشقىلار ئۈچۈن گويا بوستان بول. ۋەتەنپەرۋەر جەڭچى بولۇشنى قېنىڭغا سىڭدۈر، لەتىپ خۇلقتا ئەلنىڭ ئاغزىدا چوڭ بىر داستا بول. ② ئەرلەرنىڭ ئىسمى.

**لەتىپە** ئى [ئە] ① <ئەد> كۈلكىلىك ۋەقە-ھادىسە ھەققىدىكى كىچىك ھېكايە. ئۇ خەلق ئېغىز ئىجادىيىتىنىڭ ئەڭ ئاممىباب ژانىرلىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىيەتتىكى ناچار خاھىش، يامان قىلىق ۋە خىيانەتچى، پارىخور، جازانىخور، پەسكەش كىشىلەر پاش قىلىنىدۇ؛ خەلقنىڭ دانالىقى، سەزگۈرلۈكى ۋە تەدبىرچانلىقى ئىپادىلىنىدۇ: نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرى. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەتىپچى** ئى. لەتىپە ئېيتىدىغان، لەتىپە ئېيتىشقا ئۇستا ئادەم: خەلق چاقچاقلىرىنىڭ ئىجادچىسى بولغان چاقچاقچىلار خەلق ئىچىدە زور ئىناۋەتكە ئىگە. ئۇلار ھەققەتەنمۇ ھۆرمەتكە ئىگە بولۇشقا تېگىشلىك، ئۇلار ئۇستا چاقچاقچى بولۇش بىلەن بىللە، ئۇستا لەتىپچى.

**لەتىپلەشمەك** پ. لەتىپە تۈسىنى ئالماق، لەتىپە تۈسىگە كىرمەك: تۆۋەندىكى لەتىپلەشكەن چاقچاق بۇنىڭغا مىسال بولالايدۇ.

**لەجۋە** ئى [پ] ① <خىم> سىنكا. ② <گ سەن> توق كۆك كەلگەن بىر

خىل رەڭ.

**لەختە** ئى [پ] ئۈيۈپ قالغان قان پارچىسى: يۈرىكىم بولدى لەختە خەتلىرىڭدىن، ماڭا سالغان ئېغىر كۈلپەت-دەردلىرىڭدىن. // قەدەھ كەلتۈر رەپىق ساقى، بولۇپ ماتەمتقا سەن ئۆلپەت، دىلىمنى لەختە قان قىلدى ئانا يۇرت ئۆتمۈشى-كۈلپەت.

**لەختە-لەختە** «لەختە» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: چىدىيالماي ئاخىرى قوللۇقتا قارشى قايىندى ۋىجدان، جىگەر لەختە-لەختە ھەم يۈرەككە تولغان ئەردى قان.

**لەخشە** سۈپ [پ] پارە؛ سۇنغان، پارچە.

**لەخشە-لەخشە** پارە-پارە، پارچە-پارچە: ئەگەر دەرھال ئېتىڭدىن چۈشۈپ ئەل بولمايدىغان بولساڭ، ئۈستىخىنىڭنى لەخشە-لەخشە، تېنىڭنى پارە-پارە قىلىپ تاشلايمەن!

**لەخمە** ئى [ئە] يەر ئاستى يولى: لەخمە ئۇرۇشى. لەخمە كولىماق. * ئاخىرى لەخمە تەشتۇق ئىككى ياقتىن، «چاشقان» دەپ لەقەم ئالدى تەشكۈچىلەر. مەنمۇ بار شۇ «چاشقان» لار ئارىسىدا، دەيتتۇق: بىز چاشقان ئەمەس، ئۇشكىچىلەر.

**لەخمە ئۇرۇشى** <ھەرب> لەخمىدىن پايدىلىنىپ دۈشمەنگە زەربە بېرىدىغان بىر خىل ئۇرۇش قىلىش ئۇسۇلى.

**لەخمىلە شتۇرمەك** «لەخمىلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەخمىلە شتۇرۇلمەك** «لەخمىلە شتۇر-مەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەخمىلە شمەك** پ. لەخمە ھالىتىگە كەلمەك.

**لەخمىلىك** سۈپ. لەخمە ياسالغان، لەخمە قېزىلغان: ئۇلار ناھىيىلىك گومىنداڭ پىرقىسىنىڭ ئالدىدىن كېسىپ ئۆتكەن يولغا يەنە بىر ئاستى لەخمىلىك چوڭ پوتەي ياسىشى كېرەك ئىدى.

**لەرزان** سۈپ [پ] ئاستا، يېنىك سوققان، تەۋرەنگەن: لەرزان شامال. لەرزان ئاھاڭ. * ئۇچۇپتۇ شوخ، لەرزان قاناتلاۋ قېقىپ، بىر-بىرىنى قوغلىشىپ سانسىز كېپىنەك. يېگەندە ئۆرۈكنى شاخلارنى ئېگىپ، باغۋەنگە تەشەككۈر ئېيتماس قاي يۈرەك؟

**لەرزان شامال** ئاستا چىققان شامال، مەيىن شامال؛ سەلكىن شامال: سېنتەبىرنىڭ لەرزان شامىلى كۆپكۆك مايسىلارنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە.

**لەرزان قەدەم تاشلىماق** ئاستا ماڭماق، يەڭگىل، يېنىك چامدىماق؛ سىلىق يۈرمەك.

**لەرزە** ئى [پ] ① كۈچلۈك تەسىر نەتىجىسىدە يۈز بېرىدىغان قاتتىق تىترەش، قاتتىق سىلكىنىش؛ تىترەك؛ زىلزىلە: لەرزىگە سالماق. لەرزىگە كەلمەك. * شاراب داستىخانىدا مەي بىرلە نەزمە بولدى ئىلھامىم، ئەزىزلەر ھۆرمىتىدىن لەرزىگە كەلدى شاراب جامىم. ② كۆچمە. بىرەر ھاكىمىيەت، سىنىپ، تۈزۈم قاتارلىقلارغا بېرىلگەن قاتتىق زەربە؛ شۇلاردا كۆرۈلگەن مۇقىمسىزلىق، تەۋرىنىش، داۋالغۇش: — جانابىي سۇلتان! ھازىر خاندانلىقنىڭ تەقدىرى ئېغىر لەرزىگە دۇچ كەلمەكتە. ئەگەردە تېزدىن تەدبىر قوللىنىپ مىرزا ھەيدەرنى ئۇنىڭ بۇيرۇقى بىلەن تەڭلا ئىنكار قىلىپ، كىشىلەردىن ئەيۇ سورىمايدىغان بولساق، يامان ئاقىۋەت كېلىپ چىققۇسى، — دېدى ئىشان.

**لەرزىگە سالماق** قاتتىق تىترەتمەك؛ زىلزىلىگە كەلتۈرمەك: تەكەببۇر بولمىغىن ئەسلا شەھەر، قورغانىنى ئالساڭمۇ، سېلىپ دۇنيانى لەرزىگە زەپەر سازىنى چالساڭمۇ.

**لەرزىگە كەلمەك** قاتتىق تىترىمەك، سىلكىنمەك: قاراڭغۇ زىندانغا باھار كاككۈكى

گويا كى كەلگەندەك بولدى شۇ زامان. تۇرمىلەر لەرزىگە كەلدى، مەردانە ياڭرىتىپ كۈلمەكتە قەيسەر قەھرىمان.

**لەززەت** ئى [ئە] ① تەم، مەززە: تاماقنىڭ لەززىتى. ھۆرمەت قىلساڭ ئىززەت كۆرىسەن، چايناپ يېسەڭ لەززەت كۆرىسەن. ② ھۇزۇرلىنىش تۇيغۇسى، ھۇزۇر، زوق: بىز مۇھەببەتلىك تۇرمۇشنىڭ تازا لەززىتىنى سۈرۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىردىن ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىدۇق. * سىرتنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇنىڭغا لەززەت بېغىشلىدى.

**لەززەت ئالماق** ھۇزۇرلانماق، مەززە قىلماق.

**لەززەت سۈرمەك** ← **لەززەت ئالماق.**

**لەززەتسىز** سۈپ ① لەززىتى يوق، لەززەت بەرمەيدىغان، تاتلىق ئەمەس، تەمسىز: لەززەتسىز تائام. لەززەتسىز مېۋە. لەززەتسىز نەرسە. ② كۆچمە. ھۇزۇر-ھالاۋىتى، مەززىسى يوق؛ كۆڭۈلسىز، يېقىمسىز: لەززەتسىز تۇرمۇش. * گۈزەل ياشلىق باھا-رىڭىزنىڭ لەززەتسىز، يېگانە ئۆتۈشىگە قانداق چىدىيالايسىز؟

**لەززەتسىزلىك** «لەززەتسىز» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ھەرقانداق ئىشتا خەلققە باقماي سوغۇققانلىق ۋە لەززەتسىزلىك كېلىپ چىقىشتىن ساقلان.

**لەززەتلەندۈرمەك** «لەززەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەززەتلەنمەك** پ. لەززەت ئالماق، لەززەتكە ئېرىشمەك، لەززەتلىك ھېس قىلماق: تاماقنى لەززەتلىنىپ يېمەك. كىنونى لەززەتلىنىپ كۆرمەك. * بۇ كەمگىچە ئايرىل-مىغاچ سېنىڭدىن، لەززەتلىنىپ شېرىن شەربەتلىرىڭدىن، يولغا چىققاچ قەدرىڭ ئۆتتى جېنىمدىن، تۇپرىقىڭنى كۆزگە سۈرتەي، سېغىندىم.

**لەززەتلىك** سۈپ ① مەززىلىك، شېرىن؛ تاتلىق: لەززەتلىك تاماق. ② كۆچمە. ھۇزۇر-ھالاۋەت بېغىشلايدىغان، زوقلۇق، يېقىملىق: لەززەتلىك ھايات. لەززەتلىك تۇرمۇش. * بۇ تۇيغۇ ھەم شېرىن، ھەم چۈچۈك يەنە، نازۇك سەزگۈلەرنى غىدىقلىغۇ-چى. بۇ تۇيغۇ ھەم مۇڭلۇق، ھەم جۇشقۇن يەنە، لەززەتلىك خىياللار بېغىشلىغۇچى.

**لەززەتلىنىشمەك** «لەززەتلەنمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لەزىز** ئى [ئە] يېزت. يېقىملىق؛ شېرىن، تاتلىق، لەززەتلىك: نەقەدەر لەزىز-ھە، ئۇقۇش ھاياتى!؟ ناخشىمىز ياڭرايتتى، كۆڭۈللەر تۇيغاق. ئالتۇندەك شۇ ياشلىق ئۆتكەن ئىزلىنىپ، خىياللار ئىزلىنىپ، پىكىرلەر ئويغاق.

**لەس** (توغرىسى: لاس) ← **لاس.**

**لەش** ئى <بوت> لەش ئائىلىسىدىكى سۇدا ياشايدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈم-لۈك. ئادەتتە كۆل، كۆلچەك قاتارلىق توختام سۇلاردا كۆپ ئۇچرايدۇ، يوپۇرمىقى لەيلىگۈچى يوپۇرماق ۋە سۇغا چۆككۈچى يوپۇرماق دەپ ئىككى خىل بولىدۇ، تۆۋەندە تەگ يوپۇرمىقى بولىدۇ. گۈلى كىچىك، گۈل رېتى باشاقسىمان. لەشنىڭ شىنجاڭدا 15 خىل تۈرى بار.

**لەشكەر** ئى [پ] تارس. قوراللىق قىسىم، ئارمىيە، ئەسكەر: لەشكەر ئالماق. لەشكەر تارتماق. * ئىنتىزاملىق لەشكەر يېڭىلمەس (ماقال). * ئۆمەر باتۇر لەشكەر-لەرنى باشلاپ جەڭ تەييارلىقىنى كۆرۈپتۇ.

**لەشكەر بېگى** <تارىخ> غەربىي جۇ سۇلالىسىدىن چۇنچيۇ، جەنگو دەۋرىگىچە بولغان ئارىلىقتىكى ھەربىي، سىياسىي ئىشلارنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار. ئۇ ۋېي، جىڭ سۇلالىسىدىن سۇڭ سۇلالىسىغى-چە جىياڭجۈندىن تۆۋەن تۇرىدىغان

ھەربىي ئەمەلدار مەنسىدە ئىشلىتىلگەن بولۇپ، مىڭ، چىلڭ سۇلالىسىدىمۇ بۇ خىل ئەمەل قوللىنىلغان.

**لەشكەر تارتماق** قوشۇن باشلاپ چىقماق، قوشۇن باشلاپ ماڭماق: ئامان شاھنىڭ لەشكەرلىرى ھۆسنىئاۋاتقا يېتىپ كېلىشى بىلەن، مەلىكە گۈلچېھرى ئۆزى لەشكەر تارتىپ چىقىپ شەھەر سىرتىدا قاتتىق ئۇرۇش قىلىپتۇ.

**لەغمەن** ئى. ← **لەڭمەن.**

**لەقەم** ئى (ئە) ① مىجەز-خۇلقى، خۇسۇسىيىتى ياكى جىسمانىي جەھەتتىكى بىرەر بەلگىسىگە ئاساسەن كىشىلەر تەرىپىدىن قويۇلغان نام: لەقەم قويماق. لەقەم سىڭمەك. لەقىمىنى ئاتىماق. * ئاخىر كىشىلەر سودىگەرنىڭ مال-دۇنياغا بولغان ھېرىسمەنلىكىنى مەسخىرە قىلىپ، ئۇنىڭغا «ھېرىس باي» دېگەن لەقەمنى قويۇشۇپتۇ. ② تەخەللۇس: مۇتەللىپنىڭ ئەدەبىي لەقىمى «قاينام ئۆركىشى» ئىدى.

**لەقەم سىڭمەك** كىشىلەر شۇ لەقەم بىلەن ئاتايدىغان بولۇپ قالماق: «سالى سوپپياڭ خېلى پەملىك ئادەم ئىكەن. نېمشقا بۇ ئادەمگە < سوپپياڭ > دېگەن لەقەم سىڭىپ قالغان بولغىدى؟» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن كەچۈردى ئۇ.

**لەقەم قويماق** بىرەر نام، لەقەم بىلەن ئاتىماق: بىر لەقەم قويدۇم كۇلۇپ قىزچاققا «ئۇسما ئوغرىسى»، شۇ زامان بېرىپ ئېقىن سۇدا يۇيۇپتۇ ئۇسمىنى.

**لەقەمچى** ئى. لەقەم قويغۇچى، لەقەم قويۇشقا ئۇستا كىشى: ئىدارىمىزنىڭ خىزمەتچىسى سادىق ئاكامنى بەزى لەقەمچىلەر سادىق «لۆم-لۆم» دەپ ئاتىشاتتى.

**لەقەملەنمەك** پ. لەقەم قويۇلماق، لەقەم بىلەن ئاتالماق: بۇ خىل لەقەملەر ئارقىلىق ئادەتتە لەقەملەنگۈچىنىڭ ئاشۇ ھايۋان ياكى ئۇچار قاناتقا ئوخشاپ كېتىدىغان بەلگىلىك بىر خۇسۇسىيىتى، مۇئەييەن ئالاھىدىلىكى مۇبالىغىلىك ھالدا ئىما قىلىنىدۇ. * ئۇيغۇرلاردا، «لەقەمنى خىزىر ئەلەيھىسسالام قويىدۇ» دەيدىغان بىر گەپ بار. بۇ سۆزدىن بىر ئادەمگە قويۇلغان لەقەم ئاشۇ لەقەملەنگۈچىنىڭ تەقى-تۇرقى، مىجەز-خۇلقى، تىپىك ئالاھىدىلىكىنى ئوبرازلىق ۋە قايىل قىلارلىق ئېچىپ بېرەلىسە، ئاندىن سىڭىدۇ ۋە ئومۇملىشىدۇ دېگەن مەنە چىقىدۇ.

**لەقەملىك** سۈپ. لەقىمى بار، لەقەم قويۇلغان، لەقەم سىڭگەن: بۇ شەھەردە «جەرەن» لەقەملىك كىشىلەردىن مۇشۇ بىرىلا بولسا كېرەك. مەنلا ئەمەس، خېلى كۆپ كىشى بىلىدۇ بۇ «جەرەن» نى. * ئۇرنى كەلگەندە شۇنىمۇ ئېيتىپ قويۇش كېرەككى، دادام قىزىققان، چۇس ئادەم بولغىنى ئۈچۈن، «توك» دېگەن لەقەملىكمۇ بولۇپ قالغان.

**لەقۋا** سۈپ [ئە] ① كاللىسى تېز ئىشلەپ كەتمەيدىغان، ئەقلى كەم؛ كالۋا، دۆت: – نىياز نېمدېگەن لەقۋا نەرسە-ھە؟ بىرلا ۋاقىتتا شۇنچە كۆپ ئوقۇغۇچىنىڭ ئىمتىھان نومۇرىنى ئالماشتۇرسا، ئاشكارىلىنىپ قالمايدىغان ئىش بولامدۇ؟! – دېدى ھەسەن. ② پالەچ، پالاكەت، زەئىپ: ئۇ لەقۋا ئىكەن، تېز ماڭالمايۋاتىدۇ.

**لەقۋا كېسلى** <تىب> يۈزنىڭ بىر تەرىپىدىكى نېرۋىلارنىڭ پالەچلىنىشى بىلەن مۇسكۇللارنىڭ ھەرىكەت ئىقتىدارىنى يوقىتىشى، قاپاقنىڭ يېپىلماسلىقى ۋە ئېغىزنىڭ قىڭغىر بولۇپ قېلىشى قاتارلىق ئالامەتلەر كۆرۈلىدىغان بىر خىل كېسەللىك.

**لەقۋالاشتۇرماق** «لەقۋالاشماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: يا خۇشاللىق، يا ئەندىشىدىن دىرەڭ بەرمەيدىغان بىر خىل سىزىم زەيتونەمنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ، پۇت-قولىنى لەقۋالاشتۇرۇپ قويدى.

**لەقۋالاشماق** پ. لەقۋا هالەتكە كەلمەك، لەقۋا بولۇپ قالماق: — ئۆزۈڭنى تاشلىۋېتىپ مۇنداق يېتىۋەرسەڭ تېخىمۇ لەقۋالىشىپ كەتمەمسەن؟ — دېدى ئەمەت دۈيجاڭ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.

**لەقۋالىق** ئى ① ئەقىلسىزلىق، كالۋالىق، دۆتلۈك: — لەقۋا دېگەن لەقۋالىقنى قىلمامدۇ! — دېدى كىچىكئاخۇن. ② پالەچلىك، كۈچ-قۇۋۋەتسىزلىك، مادارسىزلىق، زەئىپلىك.

**لەك** سان [پ<هند] 100 مىڭ؛ 10 تۈمەن: ئەلقىسسە دۈشمەنلەر يۈسۈپ ئەهمەدنى مىڭبىر ئازاب بىلەن ئېلىپ كېتىپ بارار ئىدىلەر. ئۇنىڭغا يەنە گۈزەلشاھ ئەۋەتكەن بىرلەك ئەسكەر كېلىپ قوشۇلدى.

**لەك-لەك** يۈز مىڭلارچە، ناهايىتى كۆپ، سان-ساناقسىز، هېسابسىز: لەك-لەك ئادەم. لەك-لەك قوشۇن.

**لەگلەك** I ئى <تەن> بىر خىل ئويۇنچۇق. بامبۇك يېرىندىسى، چىغ بىلەن ياسالغان رامغا قەغەز ياكى شايىنى چاپلاش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. ئۇستىگە چىگىلگەن ئۇزۇن يىپىنىڭ ئۇچىنى تۇتۇۋېلىپ، شامالنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ ئۇچۇرۇپ ئويناشقا بولىدۇ.

**لەگلەك** II (توغرىسى: لەيلەك) ← **لەيلەك.**

**لەڭ** I ئى [خەن] كونا. هۆكۈمەت تەرەپتىن ئەسكەرلەرگە، هۆكۈمەت خادىملىرىغا بېرىلىدىغان تەمنات؛ ئاشلىق: لەڭ يېمەك. * ئىككى يىلدىن بېرى غازات قىلىپ كۆپ چارچىدىڭىز، مېنىڭ ئەسكەرلىرىم بولسا، خېلىدىن بېرى جەڭ قىلماي تەييار لەڭنى يەپ، پەقەت مەشىق قىلىپلا ياتتى.

**لەڭ** II تەق. داۋالغۇپ، تەۋرىنىپ تېز يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن هالەت: دېگەندۇ جىنازاڭ لەڭ ئۇرۇپ ئۆتكەندە يوللاردىن، «مىراس بىزگە ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئارمان» ئۆزۈڭ نەدە؟

**لەڭ ئۇرماق** داۋالغۇماق، ئۆركەشلىمەك، تەۋرەنمەك: بۇ هەيۋەت مەنزىرە كەتمەس كۆزۈمدىن، سۆيۈملۈك كۆك قىرغاق ئاھ، سەن گۈزەلسەن! لەڭ ئۇرۇپ ئاققان شاش تارىمغا سەندىن، سەكرەپ مەن ئۆزگەنتىم بېلىقلار بىلەن.

**لەڭپۇڭ** ئى [خەن] بىر خىل يېمەكلىك. ئادەتتە سۇدا قاينىتىپ ئۇيۇتۇلغان پۇڭمەنزە ئۇستىگە ئاچچىقسۇ، لازا قاتارلىقلارنى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

**لەڭپۇڭچى** ئى. لەڭپۇڭ ئۇيۇتقۇچى هەم لەڭپۇڭ ساتقۇچى ئادەم

**لەڭپۇڭچىلىق** ئى. «لەڭپۇڭچى» سۆزىنىڭ كەسپ نامى: ئەتىياز پەسلىدە ئۇ بىرنەچچە ۋاقىت چوڭ كوچىدىكى بازارنىڭ دوقمۇشىدا لەڭپۇڭچىلىق قىلدى.

**لەڭزە** ئى [خەن] كونا. گازارما: ئەسكەر دېگەن ئەزەلدىن پۇقرالارنىڭ قان-يىلىكىنى شوراپ يەيدىغان تۇلۇمچاشقان ئەمەسمىدى. گومىنداڭنىڭ لەڭزىسىدە مەن ئۇلارنى جىق كۆرگەن. هەممىسى «بەر، ئالىمەن، يەيمەن» دەيدىغان بالاخور، بىكار تەلەپ نانقېپلار ئىدى.

**لەڭگەر** I ئى [پ] <قاتن> كېمىنى بىر جايدا توختىتىپ تۇرۇش ئۈچۈن، زەنجىرگە بېكىتىپ سۇ ئاستىغا تاشلىنىدىغان

چاڭگاكىسمان ئېغىر تۆمۈر: لەڭگەر تاشلىماق. لەڭگەرنى كۆتۈرمەك.

**لەڭگەر تاشلىماق** لەڭگەرنى سۇغا چۈشۈرمەك: يەلكەننى چۈشۈرۈشنى بۇيرۇپتۇ، كېمە قىرغاققا كەلگەندە، سۇغا لەڭگەر تاشلاپتۇ، كېمە توختاپتۇ.

**لەڭگەر** II ئى [پ] يولۇچىلار سەپەر ئۈستىدە قونۇپ ئۆتىدىغان جاي؛ ئۆتەڭ، قونالغۇ: كارۋان مۈزلاپ كەتكەن كولدۇرمىسىنى كولدۇرلىتىپ لەڭگەرگە يېقىنلاپ كەلدى.

**لەڭگەرچى** ئى. ئۆتەڭ ئىگىسى؛ دەڭچى.

**لەڭگىدە** رەۋ ① «لەڭ» قىلغان هالدا، «لەڭ» قىلىپ. ② كۆچمە. بىردىنلا، تېزلا: ئۇ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا بويى لەڭگىدە ئۆسۈپ كەتتى-دە، ۋالىبولنى يامان ئەمەس ئويناي‌دىغان بولۇپ قالدى.

**لەڭ-لەڭ** «لەڭ II» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لەڭ-لەڭ كۆۋرۈك** ← **لەيلىمە كۆۋرۈك**.

**لەڭمەن** ئى. تاماقنىڭ بىر تۈرى. ئادەتتە بۇغداي ئۇنىدىن يۇغۇرۇلغان خېمىر قول بىلەن سوزۇلۇپ ياكى ئېشىلىپ، سۇدا پىشۇرۇلغاندىن كېيىن ئۈستىگە سەي سېلىپ يېيىلىدۇ.

**لەڭمەنتاقتاق** ئى [لەڭمەن+تاقتاق] <زوئول> سۈت ئەمگۈچى هايۋانلارنىڭ بىر تۈرى. بېشى ئۆي چاشقىنىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدۇ، قۇلىقى چوڭ، ئارقا پۇتى ۋە قۇيرۇقى ناهايىتى ئۇزۇن، ئالدى پۇتى قىسقا هەم سەكرەشكە ماهىر كېلىدۇ. تۈكلىرى كۆپ هاللاردا سېرىق ياكى قوڭۇرغا مايىل كۈل رەڭ بولىدۇ. چۆل-جەزىرە ياكى ئوتلاقلاردا ئۇۋا كولاپ ياشايدۇ، كېچىسى هەرىكەت قىلىپ، ئوت-چۆپ يىلتىزى ۋە ئۇرۇقى بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ.

**لەڭمەنخانا** ئى. مەخسۇس لەڭمەن ساتىدىغان ئاشخانا: سايىم سۆپسۈزۈك سۆلىرى راۋان ئېقىپ تۇرغان هاۋالىق ئۆستەڭ بويىدىكى لەڭمەنخانىغا كىرىپ قورساق تويدۇراي دەپ تۇرۇشىغا، بىرى ئارقىسىدىن كېلىپ، پېشىنى ئاستاغىنا تارتتى.

**لەلەڭشىمەك** پ. ئۇ ياق-بۇ ياققا دوقۇرۇپ، لاغايلاپ يۈرمەك، بىكار يۈرمەك: يۇقىرى سىنىپتا ئوقۇيدىغان چوڭ باللاردىن تەشكىل قىلىنغان «ئىسيانچىلار» مەكتەپكە هۆكۈمرانلىق قىلىپ، لەلەڭشىپ يۈرەتتى.

**لەلەڭلىمەك** پ ← **لەلەڭشىمەك**: هەي، مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، ئۇ بىكار ۋاقىتتا سىرتتا لەلەڭلەپ يۈرگۈچە، ئۆيدە ئولتۇرۇپ بىرەر نەرسىنى ئۆگەنسە دەيمەن.

**لەلى** (توغرىسى: لەئەل) ← **لەئەل.**

**لەمبۇق** ئى. پاختىدىن توقۇلغان بىر خىل گەزلىمە، رەخت: ئۇنىڭ ئۇزۇن تۈكلۈك قېشى ئاستىدىكى چېقىر كۆزلىرىدىن ئاچچىقى يامانراق ئادەم ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بېشىدا قازاندەك سەللە، ئۇچىسىدا لەمبۇق پەشمەت بولۇپ، بېلىگە باغلىغان پوتىسىغا ساقال تارىغىقى ئېسىپ قويۇلغانىدى.

**لەمپە** ئى. هۆل-يېغىن ۋە ئاپتاپنىڭ تەسىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۆي-ئىمارەتنىڭ ماڭلىيىغا ياكى هويلىنىڭ ئىچىگە چىقىرىلغان سايىۋەن؛ لاپاس: لەمپە ياسىماق. لەمپىنى چۇۋۇماق.

**لەمپىلىك** سۈپ. لەمپىسى بار، لەمپە قىلىنغان: لەمپىلىك هويلا. * تاملىرى گەج بىلەن سۇلانغان لاي لەمپىلىك بۇ ئۆينىڭ ئۇدۇل تېمىغا رەڭلىرى جۇلالىنىپ تۇرغان چاچما گۈللۈك چوڭ گىلەم تارتىلغان بولۇپ، ئاستىغا قوش كىشىلىك سافا ۋە پۇتلىرى گۈل ئويمىلار بىلەن چىرايلىق ئىشلەنگەن يۇملاق شىرە

قويۇلغانىدى.

**لەنەت** ئى [ئە] كەچۈرۈشكە بولمايدىغان ئەيىبى، قەبىھ ھەرىكىتى، ئېغىر گۇناھى ئۈچۈن بىلدۈرۈلگەن قاتتىق قارغىش؛ نەپرەت: لەنەت ئوقۇماق. لەنەت ياغدۇرماق. لەنەتكە قالماق. * ساتقىنلار جەسەتلەر ئۈستىگە دەسسەپ، قول سوزار مەنسەپكە، شۆھرەتكە ھامان. ۋە لېكىن مىخلىنار لەنەت دارىغا، تارىخ بار شەپقەتسىز سوتچى ئاتالغان.

**لەنەت قىلماق** لەنەت ئوقۇماق، قارغىماق.

**لەنەت ئوقۇماق** ← **لەنەت ياغدۇرماق.**

**لەنەت ياغدۇرماق** قاتتىق نەپرەت بىلدۈرمەك، ھاقارەتلىمەك؛ قاتتىق قارغىماق: ھەركىشى سۆزلەيتتى ئۇي ۋە پىكرىنى، قان ئىچەر شەنگەنگە لەنەت ياغدۇرۇپ. «كۈن كۆلۈپ چىقاتتى جەزمەن شەرقتىن، تاشلىساق يامۇلنى بىرلا ئاغدۇ-رۇپ! ...»

**لەنەتگەردى** سۈپ [ئە+پ] ← **لەنىتى:** يەنە كېلىپ ھەر مىنۇت قۇلاق-مېڭەمنى چېقىپ، ئەسەبىيلىرىمنى قاقشىتىۋاتقان ئاشۇ لەنەتگەردى بولقا ئاۋازىچۇ - تېخى، گاھىدا بۇ يېقىمسىز-تاراڭ-تۇرۇڭنىڭ دەستىدىن بوۋاي تەرەپكە غەزەبلىك چەكچىيىپ، ئىككى قولۇم بىلەن قۇلىقىمنى مەھكەم ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولاتتىم.

**لەنەتلەنمەك** پ. لەنەت-نەپرەتكە، قارغىشقا ئۇچرىماق؛ ھاقارەتلەنمەك: يا ئۆلۈم، يا كۆرۈم! كەتسۇ بۇ باش، قايتمايلى يېقىنلاپ قالغان بۇ جەڭدىن! كىمكى چېكىنسە لەنەتلىنىدۇ، ئەبەدىي سۆيۈملۈك ئەل ۋە ۋەتەندىن!

**لەنەتلىك** سۈپ. لەنەت ئوقۇشقا، قارغىشقا، نەپرەت ياغدۇرۇشقا تېگىشلىك؛ نەپرەتلىك: بۇ لەنەتلىك ئۆتمۈشنىڭ ئىز تامغىسى كۆپچىلىك كىشىلەرنىڭ يۈرىكىدىن ئۆچۈشى مۇمكىنمىدى؟!

**لەنەت-نەپرەت** لەنەت ۋە نەپرەت.

**لەنىتى** سۈپ [ئە<پ] ① بىراۋنىڭ لەنىتىگە، قارغىشىغا دۇچار بولغان، لەنەتلەنگەن، بەتبەخت، ئەبلەخ: ھۇ، ئادەم بولمىغان لەنىتى! ئەسلىدە بالانىڭ بېشى سەن ئىكەنسەن-دە؟ قاراپ تۇرۇپ شۇنداقمۇ قىلغۇلۇقمۇ؟ * - بۇ لەنىتىنى دەرھال كۆزۈمدىن يوقىتىڭلار، - دېدى ھاكىم غەزەپ بىلەن ۋارقىراپ. ② بېشىنى يەيدىغان، قارغىش تەگكۈر، ئۆلگۈر، شورى قۇرۇغۇر؛ قەبىھ، قاباھەتلىك؛ لەنەتگەردى: لەنىتى كونا جەمئىيەت.

**لەھەت** ئى [ئە] قەبرىنىڭ ئىچكى قىسمى، جەسەت قويۇلىدىغان جاي؛ ئىچ گۆر: كىم ئىلمنى يار تۇتسا، خار بولمايدۇ ئەبەد-كە. ئۆلگەندىمۇ كۆمۈلمەس، روھى ئۇنىڭ لەھەتكە.

**لەھەڭ** ئى [پ] <زوئول> ← **ئاكۇلا.**

**لەھەل** (توغرىسى: لەئەل) ← **لەئەل.**

**لەھجە** ئى [ئە] ← **شېۋە.**

**لەھزە** ئى [پ] كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆتىدىغان ۋاقىت، ناھايىتى قىسقا ۋاقىت: مۇئەللىم ئاستىلاپ توختىدى سۆزدىن، بىر لەھزە ئارىغا چوكتى سۈكۇنات. چۈشەندىم، ئۆمۈرگە مېھمان ئەمەس بىز، كۈرەشنىڭ سەھنىسى ئىكەن بۇ ھايات!

**لەۋ** ئى [پ] ① <ئانات> ئادەم ياكى بەزى ھايۋانلار ئېغىزىنىڭ چۆرىسىدىكى مۇسكۇل توقۇلمىسى، كالپۇك: لېۋىنى چىشلىمەك. لەۋ تاۋۇشى. * ئۇ قولىدىكى تاماكىسىنى يەرگە تاشلاپ، قوشۇمىسىنى تۈرگەن ھالدا بىردەم ئويلىنىپ تۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر تال تاماكىنى لېۋىگە قىستۇردى. ② كۆچمە. چەت، ياقا، گىرۋەك؛ قىرغاق: سۇيىنىڭ لېۋى. كۆلنىڭ لېۋى. *

بىزدىن تەخمىنەن 200 مېتر يىراقلىقتا ئۆستەڭنىڭ لېۋىدە بىر قىز بىرنەرسىگە قاراپ ئېڭىشىپ تۇراتتى. * ئاباس چىقىپ كېتىشى بىلەن گۈلشات قولىدىكى نەرسىلىرنى دېرىزە تەكچىسىگە قويۇپ، كۆلۈمسىرىگىنىچە كېلىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

**لەۋ تاۋۇشى** <تىل> قوش لەۋ ئارىلىقىدىن ئېيتىلىدىغان ئۈزۈك تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى ۋ، ب، پ، م تاۋۇشلىرى لەۋ تاۋۇشلىرىدۇر.

**لەۋ شەكلى** <تىل> لەۋنىڭ مەلۇم بىر تاۋۇشنى تەلەپپۇز قىلغان ۋاقىتتىكى شەكلى، ھالىتى.

**لېۋىگە باسماق** لېۋىگە تەگكۈزمەك، سۆيمەك: ئۇ ئېگىلىپ تۇرۇپ نەۋرە ھەدىسى-نىڭ قولىنى ئېلىپ، لېۋىگە باستى.

**لېۋىنى چىشلەپ قالماق** ئارماندا قالماق، مەقسەتكە يېتەلمەي قالماق: كىشىنىڭ يېرىگە ئىشلەپ، قالدى لېۋىنى چىشلەپ (ماقال).

**لېۋىنى چىشلىمەك** ① سەۋر قىلماق، تاقەت قىلماق، چىدىماق: ئاچچىقىڭ كەلسە، لېۋىڭنى چىشلە (ماقال). * ئۇلارنىڭ بەللىرى سىرقىراپ ئاغرىدى، قوللىرى قاپىرىپ ئېچىشتى، لېكىن لېۋىنى چىشلەپ، غىڭ قىلماي ئىشلەشتىن باشقا ئامال يوق ئىدى. * ئۇ ئېغىر-كۆڭۈلەرنى لېۋىنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. ② ئارزۇ، مەقسەتكە يېتەلمەسلىك، ھەسرەت-نادا-مەت چەكمەك، نادامەت قىلماق؛ قاتتىق پۇشايمان قىلماق: قانچە قىلسامۇ ئىلاج بولمىدى. ئاخىرى لېۋىمنى چىشلەپ، كۆزۈمنى يۇمۇپ ئۆتكۈزىۋېتىشكە مەجبۇر بولدۇم.

**لەۋەن** سۈپ [پ] شېرىن سۆز، گېپى تاتلىق؛ يېقىملىق، گۈزەل: چولپان بەئەينى تاڭ ئاسمىنىدا پارلىغان چولپان يۇلتۇزىنىڭ ئۆزى بولۇپ، ئاجايىپ لەۋەن ئىدى.

**لەۋەنلەشمەك** پ. سۆزى تاتلىق، ئۆزى يېقىملىق. ھالەتكە كەلمەك: ماڭا ئۇ كۈندىن-كۈنگە لەۋەنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى.

**لەۋەنلىك** «لەۋەن» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: قىزنىڭ لەۋەنلىكى مېنىڭ مەيلىمنى تارتقانىدى، شۇڭا مېنىڭ كەتكۈم كەلمەي يەنە ئىككى كۈن تۇردۇم.

**لەۋەي** (توغرىسى: لەببەي) ← **لەببەي.**

**لەۋ-چىش** لەۋ ۋە چىش: لەۋ-چىش تاۋۇشى.

**لەۋ-چىش تاۋۇشى** <تىل> يۇقىرىقى چىش بىلەن تۆۋەندىكى لەۋ ئارىلىقىدىن ئېيتىلىپ چىقىدىغان تاۋۇش. مەسىلەن، تىلىمىزدىكى «ف» تاۋۇشىغا ئوخشاش.

**لەۋز** ئى [ئە] ① گەپ، سۆز: ھەم ئانامنىڭ كۆز يېشى، لەۋزى ئۈچۈن، ئالدىدا پەرزەنت-لىك، قەرزىم ئۈچۈن. ② كۆچمە. بەرگەن ۋەدە، ئەھدە: لەۋزىدە تۇرماق. لەۋزىدىن يېنىۋالماق. * ئادەم ئەمەس لەۋزىدىن يانغان، ئۆز خەلقىدىن، يۇرتىدىن تانغان.

**لەۋزىدە تۇرماق** ۋەدىسىگە، سۆزىگە ئەمەل قىلماق: — مەن لەۋزىمدە تۇرىدىغان ئادەم، خاتىرجەم بېرىپ پۇلىڭىزنى ئېلىپ كېلىڭ، مال سىزنىڭ.

**لەۋزىدىن يانماق** ۋەدىسىدىن، گېپىدىن يېنىۋالماق: يىقىلغاننى يەنە ئۇرغان مەرد يىگىت ئەمەس، ناھەقلەرگە قاراپ تۇرغان مەرد يىگىت ئەمەس. ۋەدىسىگە ۋاپا قىلماي، يېنىپ لەۋزىدىن، گۆھىرىنى تاشقا ئۇرغان مەرد يىگىت ئەمەس.

**لەۋزى قىلماق** ① گەپ قىلماق، سۆزلىمەك؛ تەلەپ قىلماق: سىز لەۋز قىلىپ قالدىڭىز، بولۇپتۇ، ماقۇل، سىزدىن باشقا ئادەم بولسا ئۇنىمايتتىم. ② سۆز بەرمەك، ۋەدە قىلماق: مەھكىمە رەئىسى تۇردى بەگ لەۋزى قىلغان ھېلىقى «ھۆج-

جەت» كىيىنكى ھەپتىنىڭ ئاخىرلىرىدىمۇ تېخى پۈتۈپ كەلمىدى.

**لەۋزىگە ئەمەل قىلماق** ← **لەۋزىدە تۇرماق:** شەۋكەت سىڭلىسىنىڭ تەقەززاسى، ئانىسىنىڭ زورى بىلەن لەۋزىگە ئەمەل قىلىپ، چوڭ شەھەرلەرگە لايىق بىر يۈرۈش كىيىم تىكتۈرۈپ، ساجىدەمنىڭ چامدانىغا قاچىلاپ بەردى.

**لەۋزىنى ئالماق** سۆزىگە ماقۇل دېمەك، گېپىگە كىرمەك، دېگىنى بويىچە قىلماق: — بىر چوڭنىڭ گېپىگە كىر، بىر كىچىكنىڭ گېپىگە دەپتىكەن، ماقۇل سىېنىڭ لەۋزىڭنى ئالاي ئۇكام، — دەپ ئاستا ئۆي تەرەپكە ماڭدى توختىئاخۇن.

**لەۋزىنى يەردە قويماق** گېپىنى ئالماسلىق، سۆزىگە كىرمەي قويماق: ئۇ ماڭا قاراپ تەبەسسۇم قىلدى، ئاندىن: — ئىلىم ۋىسالىغا تەشنا كىشىنىڭ لەۋزىنى يەردە قويۇش ئاقىلانىلىك بولمىسا كېرەك. ماقۇل، تونۇشۇپ قالايلى، — دېدى.

**لەۋلە شتۈرمەك** «لەۋلە شمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لەۋلە شتۈرۈلمەك** «لەۋلە شتۈرمەك» پېئىلىنىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لەۋلە شكەن** «لەۋلە شمەك» پېئىلىنىڭ سۈپەتدىشى: لەۋلە شكەن سوزۇق تاۋۇش.

**لەۋلە شكەن سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا لەۋلەر دۈگىلەك ھالەتكە كېلىپ سەل ئۇچلىنىپ چىقىشتىن ھاسىل بولغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ. ئادەتتە ئۇ «لەۋلە شمىگەن سوزۇق تاۋۇش» قا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**لەۋلە شمەك** پ. لەۋلەر ئۆزئارا ئۇچرىشىپ دۈگىلەكلە نمەك؛ لەۋلەرنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ھاسىل بولماق: ئۇيغۇر تىلىدا «ئا، ئە، ئې، ئى» سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلە شمەيدۇ، «ئو، ئۇ، ئۆ، ئۈ» سوزۇق تاۋۇشلىرى لەۋلىشىدۇ.

**لەۋلە شمىگەن** «لەۋلە شمەك» پېئىلىنىڭ بولۇشسىز سۈپەتدىشى: لەۋلە شمىگەن سوزۇق تاۋۇش.

**لەۋلە شمىگەن سوزۇق تاۋۇش** <تىل> تەلەپپۇز قىلىنغاندا لەۋلەر دۈگىلەكلە نمەي، ئۇچلانماي ھاسىل بولىدىغان سوزۇق تاۋۇش. مەسىلەن، ئا، ئە، ئې، ئى، ئادەتتە ئۇ «لەۋلە شكەن سوزۇق تاۋۇش» قا نىسبەتەن ئېيتىلىدۇ.

**لەۋھە** ئى [ئە] ئالاھىدە ياخشى نەتىجە ياراتقان، مۇسابىقىدە ئۇتقان ئورۇن ياكى شەخسلەرگە تەقدىم قىلىش ئۈچۈن ئۈستىگە خاتىرىلەش، تەقدىرلەش ھەققىدىكى سۆزلەر يېزىلغان بايراقچە، بايراق شەكلىدىكى چۈچىلىق رەخت: لەۋھە تەقدىم قىلماق. * مەن ئەنە شۇ گۈل-غۇنچىلاردىن پەقەت بىرى، شۇڭا قازانغان ئۇتۇقلىرىمنىڭ ھەربىرىنى بىر لەۋھە قىلىپ، ئېھتىرام بىلەن مۇئەللىمگە تۇتىمەن. بېشىمنى ئېگىپ غۇبارسىز سالامىمنى ئىزھار قىلىمەن.

**لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى** <تەن> غەلىبە قازانغان كوللېكتىپ ياكى شەخس لەۋھەگە ئېرىشىدىغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى. مەسىلەن، خەلقئارا تىك-تاك توپ لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسى. لەۋھە تالىشىش مۇسابىقىسىدە ھەر تۈرلۈك تەنھەرىكەتنىڭ شەخس ياكى كوللېكتىپ چېمپىيونى بەلگىلىنىدۇ، شۇڭا «چېمپىيونلۇق تالىشىش مۇسابىقىسى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

**لەيسلىمەك** پ. دىئال. نېپىزلىمەك.

**لەيلەپ** «لەيلىمەك» پېئىلىنىڭ رەۋىشدىشى: لەيلەپ ئۇچۇش.

**لەيلەپ ئۇچۇش** <فىز> بەزى جىسىم-

لارنىڭ ئېنېرگىيىگە تايانماي، يەقەتلا هاۋانىڭ لەيلىتىش كۈچى بىلەن ئۆزىنىڭ ئېغىرلىق كۈچىنىڭ ئۆزئارا تەسىر قىلىشى ئارقىسىدا هاۋادا لەيلەپ ئۇچۇشى.

**لەيلەتمەك** «لەيلىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئالىم ئۇ يەردە ئىككى قولىدا ئىككى شارنى لەيلەتكىنىچە، ئوغلاقتەك سەكرەپ يۈگۈرۈۋاتاتتى.

**لەيلەشمەك** «لەيلىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى: ئانا تالاغا چىقتى، تالا قاپقاراڭغۇ ئىدى. ئاسماندا قاپقارا بۇلۇتلار لەيلىشىپ يۈرەتتى.

**لەيلەك** ئى <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تەن شەكلى تورنىلارغا ئوخشاپ كېتىدۇ. تۇمشۇقى ئۇزۇن، لېكىن تۈز، پەيلىرى كۈل رەڭ، ئاق ياكى قارا رەڭلىك كېلىدۇ. سۇ بويىدا ياشايدۇ، بېلىق ۋە راكلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. كۆپ ئۇچرايدىغانلىرى ئاق لەيلەك.

**لەيلەڭگۇ** سۈپ. بىكار تەلەپ، هۇرۇن، لايغەزەل: «قىردا بار، قىرلاشتا يوق» لەيلەڭگۈلەرگە يوق شامال، تەڭ-باراۋەر بولدى هەممە، تۈتتى كەتمەن سېپىنى.

**لەيلى** ئى [ئە] ① <بوت> لەيلىگۈل. ② ئايالالارنىڭ ئىسمى.

**لەيلىتىش** «لەيلەتمەك» پېئىلىنىڭ يەنە بىر خىل ئىسىمدىشى: لەيلىتىش كۈچى.

**لەيلىتىش كۈچى** <فىز> جىسىم ئاقما جىسىملار (سۇيۇقلۇق ياكى گاز) ئىچىدە ئۇچرىغان يۇقىرىغا كۆتۈرۈش كۈچى. لەيلىتىش كۈچىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى جىسىم سىقىپ چىقارغان ئاقما جىسىمنىڭ ئېغىرلىقىغا باراۋەر بولىدۇ.

**لەيلى-رەيهان** لەيلى ۋە رەيهان: تاغلىرىڭ-نىڭ ساپ هاۋاسى تەنگە بېغىشلار هۇزۇر، هەتتا هەربىر گىياهىڭمۇ لەيلى-رەيهاندۇر ماڭا.

**لەيلىزار** ئى. لەيلى ئۆسكەن، لەيلى بىلەن قاپلانغان جاي: ئاتام دەيدۇ ئېلىڭنى سۆي، لەيلىزارىڭنى سۆي. ئانام دەيدۇ مۇراد-بەختىڭ چېچەكلەيدۇ بىلىمنى سۆي.

**لەيلىزارلىق** ئى ← **لەيلىزار**: ياپپېشىل ۋادىلار، لەيلىزارلىقلار، مەۋج ئۇرغان خواڭخې، چېتى يوق يايلاق. زاۋۇت-كان، مەكتەپلەر، قىشلاق شەهەرلەر، كىشىنگەن ئارغىماق، قوزا ۋە تايلاق.

**لەيلىقازاق** ئى [لەيلى+ قازاق] <بوت> ئەپيۇنگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 50 سانتىمېتر. پۈتۈن تېنىدە قاتتىق تۈكچىلىرى بار، سۇندۇرغاندا ئاق سۈتى چىقىدۇ. تۈۋىدىكى يوپۇرماقلىرى ئۇزۇن، تۇخۇمسىمان بولۇپ، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، پەيسىمان چوڭقۇر يېرىلىدۇ. گۈلى سېرىق، گۈل تاجى تۆت بولۇپ، ئۇچىدا ئۆسىدۇ، غوزا مېۋىسى ئۇزۇن، سوقىچاق كېلىدۇ، يۈزىدە تىك ئۆسكەن تۈكلىرى بولىدۇ، بەزىلىرىنىڭ تۈكلىرى بولمايدۇ. غوزا مېۋىسى دورا قىلىنىدۇ. تەمى ئاچچىق-چۈچۈك بولۇپ، سەل قىزىق، تىلنى قورۇيدۇ، تەبىئىتى سەل سوغۇق، زەهەرلىك. ئاغرىقنى باسىدۇ، يۆتەلنى، هاسىراشنى ۋە ئىچ سۈرۈشنى توختىتىدۇ.

**لەيلىگەك** ئى <زوئول> هاشاراتلارنىڭ بىر ئائىلىسى. ئارا لىچىنكىسى سۇدا بىر يىلدىن بەش-ئالتە يىلغىچە ياشايدۇ. يېتىلگىنىدە ئىككى جۈپ قانات بار. قۇيرۇقىدا ئىككى ياكى ئۈچ تال يىپسىمان قىلچىقلىرى بار. يېتىلگىنى دائىم سۇ ئۈستىدە ئۇچىدۇ. ئۆمرى قىسقا بولۇپ، بىرقانچە سائەتتىن

بىر ھەپتىگىچە بولىدۇ.

**لەيلگۈچ** ئى. سۇنىڭ ئېگىز-پەسلىكىنى ئۆلچەشتە ئىشلىتىلىدىغان لەيلمە بەلگە: ئۇ سۇ ئۆلچەشنىڭ تېخنىكىلىق تەلەپلىرى، لەيلگۈچ ۋە ئۇرتوچكا بىلەن سۇ ئۆلچەش، ئۇرتوچكىنىڭ ئېقىم تېزلىك تابىلىتىسىنى تۇزۇپ چىقىش قاتارلىقلارنىڭ نەزەرىيىۋى بىلىملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالىدۇ.

**لەيلگۈچى** سۈپ. سۇدا لەيلەپ تۇرىدىغان، لەيلەپ يۈرۈپ ھايات كەچۈرىدىغان: لەيلگۈچى جانلىقلار.

**لەيلگۈچى جانلىقلار** <زوئول> دېڭىز ياكى كۆل-سازلىقلاردا ياشايدىغان، ھەرىكەت قىلىش قابىلىيىتى ئىنتايىن ئاجىز، پۈتۈنلەي سۇ ئېقىمى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان، تېنى كىچىك ھايۋان ياكى ئۆسۈملۈكلەر. مەسىلەن، مېدۇزا ۋە يۇسۇنلەرگە ئوخشاش.

**لەيلگۈل** ئى ① [لەيلى+گۈل] <بوت> تۈگمىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك، ئېگىز، يوپۇرماقلىرى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، ئۇزۇن سېپى بار، يۈزىدە قورۇقلىرى بار. گۈلى قىزىل، سۆسۈن، سېرىق، ئاق رەڭلەردە بولىدۇ. مېۋىسى غوزا مېۋە. گۈلى، يىلتىزى ۋە ئۇرۇقى دورا بولىدۇ. زەھەرنى قايتۇرۇش، يىرىڭلارنى چىقىرىش، چوڭ-كىچىك تەرەتنى راۋان قىلىش رولى بار. قارا لەيلگۈل (قارىگۈل) بوياق قىلىنىدۇ. ② ئاياللارنىڭ ئىسمى.

**لەيلمە** سۈپ. لەيلەپ تۇرىدىغان، چۆكمەيدىغان: لەيلمە كۆۋرۈك. * ئىشلەپچىقىرىشنى تۇتۇش، زامانىۋىلىشىشنى تەشەببۇس قىلىش، كەم-كۈتسىز ھالدا ھالاكەتكە يۈزلىنىشنىڭ لەيلمە كۆۋرۈكى بولۇپ قالىدۇ دەپ چۇقان سېلىشىۋاتىدۇ.

**لەيلمە بەلگە** <ھەرب> سۇ ئۈستىگە ئورۇنلاشتۇرۇلغان بەلگە. سۇ يولىنىڭ چېگرىسىنى، سۇ يولىدىكى توسالغۇلارنى ۋە خەتەرلىك رايونلارنى كۆرسىتىشتە ئىشلىتىلىدۇ.

**لەيلمە تاش** <گېئول> كۆپ كاۋاكلىق، ئەينەك ماددىلىق، كىسلاتالىق ئېتىلما جىنس. ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى: ھاۋا تۆشۈكچىسى بىرقەدەر كۆپ، رەڭگى ئاق ياكى سۇس كۈل رەڭ، پارقىرمايدۇ، قۇرۇلمىسى تولۇق ئەينەك ماددىلىق بولىدۇ. سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى بىرقەدەر يېنىك (0.3 — 0.4)، سۇدا لەيلەيدۇ. ئۇنىڭ تەركىبى رىئولىت بىلەن ئوخشاش، خىمىيىۋى تەركىبىدە ئۆزگىرىش چوڭراق بولىدۇ. تەركىبىدىكى $75\%—65\%SiO_2$ گىچە، $20\%—9\%Al_2O_3$ گىچە بولىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا كالتسىي، ماگنىي، كالىي، ناترىي ئوكسىدلىرى بولىدۇ. لەيلمە تاش يانار تاغ جىنسى جايلاشقان رايوندا كۆپ پەيدا بولىدۇ. ئۇ خىمىيە سانائىتىدە سۈزگۈچ، قۇرۇتقۇچ ۋە كاتالىزاتور قىلىپ ئىشلىتىلىدۇ.

**لەيلمە ساقلىق قازان** <ماشىن> ئوقنىڭ تۆت ئەتراپىنى ئورىغان قىسىلما ھاۋادىن پايدىلىنىپ ساقلىق قازاننى تىرەپ تۇرىدىغان بىر خىل ساقلىق قازان. بۇ خىل ساقلىق قازاننىڭ سۈركىلىش كۈچى ئاجىز، سىلىقلىتىش مېيى ئىشلىتىلمەيدۇ، ئايلىنىش سۈرئىتى مىنۇتىغا 100 مىڭ قېتىمدىن ئېشىپ كېتىدۇ.

**لەيلمە كۆۋرۈك** <قاتن> بىر-بىرىگە چېتىلغان كېمە ياكى سال ئۈستىگە تاختاي ياتقۇزۇش ئارقىلىق ياسالغان كۆۋرۈك.

**لەيلىمەك** پ ① سۇغا چۆكۈپ كەتمەي، چىلبىشىپ سۇ ئۈستىدە تۇرماق: سۇ ئۈستىدە لەيلىمەك. * ئالما ئاتسام دەرياغا لەيلىۋېلىپ چۆكمەيدۇ، سەن يارىمنىڭ ئوتلىرى لاۋۇلدايدۇ ئۆچمەيدۇ. ② هاۋا بوشلۇقىدا چۈشۈپ كەتمەي ياكى تېز كۆتۈرۈلۈپ كەتمەي ئاستا ھەرىكەت قىلماق: هاۋادا لەيلىمەك. * ئەنە، باغلار قۇياش نۇرىدا ئالتۇندەك پارقىرىماقتا. قۇرۇپ بېغىدىن ئۈزۈلگەن يوپۇرماقلار يېنىك شامالدا ئاستا لەيلەپ يەرگە قونىدۇ. * ئاتتىمۇ تاڭ، بولىدۇ كەچ، قارا دوستۇم بولدى چۈش، قانىمدىن ئۇيقۇمغا دەپ ئۇخلاپ پېشىندە كۆرمە چۈش، باللار لەگلىكىدەك غۇر-غۇر شامالدا لەيلىمەي، تام تۇتۇپ ماڭسامۇ ئۆز پۇتۇڭ بىلەن ماڭ، يەرگە چۈش. ③ كۆچمە. ھېچبىر ئىش قىلماي، لاغايلىماق، لەلەڭ-شىمەك، بىكار يۈرمەك: ئۇ ھەمىشە ئىشلىمەي لەيلەپ يۈرىدۇ.

**لوبا** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**لوبالار** ئى <ئىرق> لوبا مىللىتى، لوبا خەلقى. ئۇلار ئاساسەن شىزاڭ رايونىغا ئولتۇراقلاشقان.

**لوبىلىيە** ئى [ر] <بوت> ← **لوبىلىيە ئوتى.**

**لوبىلىيە ئوتى** <بوت> قوڭغۇراقگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. يوپۇرمىقى يېپسىمان ياكى تار تۇخۇمسىمان شەكىللىك، گۈلى سۇس سۆسۈن ياكى سۇس قىزىل. گۈل تاجى بەش كە يېرىلغان، يېرىق ياپراقلىرى بىر تەرەپكە قىيسايغان، پۈتۈن ئوتى دورا بولىدۇ. يىلان چاققاننى ياكى چاقىلارنى داۋالايدۇ.

**لوپ** I تەق. لوق گۆش، ئايالنلار كۆكسى قاتارلىقلارنىڭ بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر چۈشۈپ تۇرۇش ھالىتى.

**لوپ** II تەق ← **لاپ** III.

**لوپا** ئى [ر<فران] <فىز> ← **لوپا ئەينەك.**

**لوپا ئەينەك.** <فىز> كۆپۈنكى لىنزىلارنىڭ ئورتاق نامى.

**لوپ-لوپ** «لوپ I» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى.

**لوپنۇر** ئى <جۇغ> ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى بايىنغۇلىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدىكى بىر ناھىيىنىڭ نامى.

**لوپنۇر كەندىرى** <بوت> سۆگەتگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تىك ئۆسىدۇ، ئوتتۇرىسى كاۋاك، بوغۇملىرى بار، يوپۇرمىقى تۇخۇمسىمان شەكىلدە، گۈلى قىزىل ياكى قىزغۇچ بىنەپشە رەڭلىك، مۇرەككەپ كۈنلۈكسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى ئۇزۇن، مۈڭگۈز شەكىلدە، ئۇرۇقى سارغۇچ قوڭۇر رەڭلىك، سوغۇق ۋە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك، مەملىكىتىمىزنىڭ شىمالى ۋە شىنجاڭنىڭ لوپنۇر ئەتراپىدىن چىقىدۇ، تالالىرىنى يۇقىرى دەرىجىلىك توقۇمىچىلىق خام ئەشياسى قىلىشقا بولىدۇ.

**لوپولىت** ئى [ر] <گېئول> ماگما جىنىس قاتلىمى ئارىسىغا بۆسۈپ كىرگەندە، جىنىس قاتلىمىنىڭ مەركىزىي قىسمى ماگمىنىڭ تۇرغۇن ھالەتتىكى بېسىمىغا ئۇچراپ شەكىللەندىغان تېگى قانىتى ئولتۇرۇشقان داسسىمان جىنىس. ئۇنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشمايدۇ. ئايرىم چوڭلىرى ئۇلترا ئاساسىي جىنىس بولۇپ، دىئامېتىرى نەچچە ئون كىلومېتىردىن نەچچە يۈز كىلومېتىرغا يېتىدۇ.

**لوپۇلداتماق** « لوپۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوپۇلداشماق** « لوپۇلدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوپۇلدىماق** پ « لوپ-لوپ » قىلماق، « لوپ-لوپ » قىلىپ ھەرىكەت قىلماق.

**لوت** ئى [ر<گول] دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئۆلچەيدىغان ئەسۋاب: پارىژ ھەققەتەن بىر چوڭقۇر دېڭىز. بۇ دېڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى لوت تاشلىغاندىمۇ ئۆلچەپ چىققىلى بولمايدۇ.

**لوخا** (توغرىسى: لوخۇ) ← **لوخۇ.**

**لوخۇ** ئى <زوئول> بېلىقنىڭ بىر تۈرى. تېنى چوڭ، باش تەرىپى يوغان، قۇيرۇق تەرىپى ئىنچىكە كېلىدۇ. دۈمبە قىسمىدا قارا داغلىرى بولۇپ، قورساق تەرىپى ئازراق ئاق كېلىدۇ. تۆت تال بۇرۇتىنىڭ ئىككىسى ئاجىز بولىدۇ.

**لوروپېتالۇم** ئى [ر<لات] <بوت> ← **لوروپېتالۇم چاتقىلى.**

**لوروپېتالۇم چاتقىلى** <بوت>. ھامامېلىس چاتقىلى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى ئېللىپس ياكى تۇخۇم شەكلىدە، گۈلى سۇس سېرىق كېلىدۇ، غوزا مېۋە تۇتىدۇ. مېۋىسىنىڭ رەڭگى قوڭۇر بولىدۇ. شاخلىرى ۋە يوپۇرمىقىدىن كاشتان يېلىمى ئاجرىتىپ ئالغىلى، ئۇرۇقىدىن ماي تارتقىلى بولىدۇ.

**لوزۇڭ** ئى [خەن] ① كونا جەمئىيەتتە ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ تەركىبىدىكى مەنسەپ نامى: لوزۇڭ بولماق. ② شۇ مەنسەپكە ئېرىشكەن شەخس: ۋەدە بويىچە قادىر لوزۇڭدىن ئىككى يامبۇنى ئالمىز، بۇ 100 سەر كۆمۈش تەڭگە دېگەن گەپ.

**لوزۇنكا** ئى [ر<نېم> تەشۋىق-تەرغىبات شوئارلىرى، يىغىن نامى قاتارلىقلار يېزىلغان رەخت ياكى باشقا نەرسىلەر: چوڭ-كىچىك كوچىلارنىڭ ھەممە يېرى شادلىققا چۆمگەن ئادەم دېڭىزىغا، لەپىلدىگەن قىزىل بايراققا، رەڭگارەڭ لوزۇنكىلارغا تولغان. * زال ئىچى بىردەمدىلا ئوقۇتقۇچىلار، ستۇدېنتلار بىلەن لىق تولدى. « نەق ئەكسىلئىنقىلابچىلارغا چارە كۆرۈش يىغىنى » دېگەن لوزۇنكا سەھنىنىڭ ئالدىغا ئېسىلغان بولۇپ، زالنىڭ تاملىرىغا چاپلانغان شوئارلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى.

**لوغۇلدىماق** پ. دىئال. لاۋۇلدىماق، يېلىنجىماق.

**لوق** I سۈپ. ماي ۋە گۆشى جىق، سېمىز، گۆشلۈك: پۇتىنىڭ ئۇزەڭگىلىكىنى توقماقتەك قىلىپ، پاقالچاق ۋە پۇتلىرىنى لوق گۆش بىلەن تولدۇرغان، بۇنىڭغا يارىشا، ئېيىقنىڭكىدەك ئىككى قولىنى بېرىپ، گەدىنىنى ئۇچ قاتلاشتۇرغان.

**لوق گۆش** ① ئۇستىخانسىز گۆش: گويا بىر پارچە لوق گۆشتۇر مۇھەببەتسىز يۈرەك ئەسلى، ئۇنىڭدا بولمىغاي ئەسلا گۈزەل ئارزۇ-تىلەك ئەسلى. ② كۆچمە. ئولجا، چىقىمى يوق پايدا: ئەمدى تېزلا ئادەم ئەگەشتۈرۈپ بېرىپ ئورۇننى ئىگىلەش كېرەك، بولمىسا قاراپ تۇرۇپ لوق گۆشتىن ئايرىلىپ قالىمىز. * سۇر بۇلۇت كۆرەڭلەپ چىقتى بىرچاغدا، تاغلارنى بىر يالماپ — يۇتىدىغاندەك. ئېھتىمال بۇلۇتقا كۆرۈنگەندۇ تاغ، بىر لوق گۆش، يۇتۇشقا بولىدىغاندەك.

**لوق** II تەق. بەدەننىڭ مەلۇم جايىنىڭ لوقۇلداپ ئاغرىش ھالىتى ۋە شۇنداق ئاغرىش نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان بىر خىل سېزىم.

**لوقشىماق** پ. « لوق-لوق » قىلماق، لوقۇلدىماق.

**لوق-لوق** « لوق II » سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: لوق-لوق قىلىپ ئاغرىماق.

**لوقما** ئى [ئە] ① ئېغىزغا بىر قېتىمدىلا سىغىدىغان يېمەك پارچىسى؛ بىر چاينام، بىر كاپام: بىر لوقما گۆش. * كىشىنىڭ ئېغىزىغا سالغان لوقمىسىغا كۆز سالما. كىشىنىڭ قولىدىكى لوقمىسىغا قاراش ناھايىتى چوڭ ئەيىبتۇر. ② كۆچمە. سۆزلەۋاتقان كىشىنىڭ سۆزى ئاياغلاشماي تۇرۇپ باشقىلار تەرىپىدىن قىستۇرۇلغان سۆز: – باۋۇدۇن ئاكا، راستىنى ئېيتسام، – دەپ تاغىسىنىڭ گېپىگە لوقما سالدى ئابدۇغېنى، – دادامغا ھەسەت كېسىلى يۇقۇملۇق خېلى بولدى، بۇنداق كېسەلگە داۋامۇ يوق ئىكەن، سىزنى رېتسىپ يېزىپ بېرەرمىكىن دەپ ئېلىپ كەلدىم، قانداق دەيسىز.

**لوقما تاشلىماق** ← **لوقما سالماق**: ھېلىقى چاغدا بىخەتەرلىك دەرسى ئۆتكىنىڭدە سۆزۈڭگە بىرنەچچە قېتىم لوقما تاشلاپ قويغىنىمغا شۇنچىلىك ئۆچ كۆرۈپ كېتەمسەن؟

**لوقما سالماق** بىراۋ سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ سۆز قىلماق؛ باشقىلار سۆزلەۋاتقاندا، ئۇنىڭ سۆزىگە سۆز قىستۇرماق: – بىز ئۇنى سىزدىن ياخشىراق بىلىمىز، – ئورنىدىن تۇردى رۇسۇل ئارقا تەرەپتىن، – بىز ئۇنى ياخشى بىلىمىز ۋە چۈشىنىمىز. – سىز ئېيتىپ بېقىڭا، – ھىمىت لوقما سالدى، – ئۇ قانداق ئادەم ئىكەن؟

**لوقۇلداتماق** «لوقۇلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوقۇلدىماق** پ. لوق-لوق قىلماق، سانجىپ-سانجىپ ئاغرىماق (بەدەننىڭ قاتتىق ئاغرىشى ھەققىدە): تەلئەتنىڭ يۈزىنىڭ يېرىمى داكا بىلەن تېڭىلغان بولۇپ لوقۇلداپ ئاغرىيتتى.

**لوك** I ئى [پ] ياغاچ قولۇپنىڭ تىلى؛ تاقاقنىڭ ئۇچى: قىز تاڭغا يېقىن ئاخىرى تېرەك ئالدىدىكى يالغۇز ئۆينىڭ ئىشىكىنى قاقتى. بىرھازادىن كېيىن بوۋاي ئىشىكنىڭ لوكىنى ئېچىپ چىقتى.

**لوك** II تەق ① تۆگە ماڭغاندا، بولۇپمۇ تېز يۈرگەن چاغدىكى لوككىسىنىڭ ھەربىر سىلكىنگەن قوپال ھالىتى: تۆگە يۈگۈرگەندە ئۇنىڭ لوككىسى لوك، لوك قىلىدۇ. ② بەزى ئادەملەرنىڭ ئىتتىكرەك ماڭغان ياكى ئاستىراق يۈگۈرگەندىكى قوپال ھەرىكەت ھالىتى.

**لوكا** (توغرىسى: لوككا) ← **لوككا**.

**لوكدان** ئى [پ] دەرۋازا، ئىشىك قاتارلىقلارنى تاقاش ئۈچۈن ئورنىتىلغان تاقاق؛ ياغاچ قۇلۇپ: – بارات، ھويلىنىڭ دەرۋازىسىنى تاقىغانمىدىڭ؟ – زەنجىرلىگەن، دەھلىز ئۆينىڭمۇ لوكدانىنى چۈشۈرگەنىدىم.

**لوككا** ئى ← **ئۆركەش**: ئۇ تۆگىنىڭ تىك ئىككى لوككىسى ئوتتۇرىسىدا خۇددى مىخلاپ قويغان قورچاقتەك مىدىرلىماي ئولتۇراتتى.

**لوككىدە** رەۋ «لوك» قىلىپ، «لوك» قىلغان ھالدا: ماغدۇرسىزلىنىپ ئۆرە تۇرغۇدەك ماجالى قالمىغانلىقتىن «لوككىدە» زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى-دە، خۇنۇك كۆزلىرىنى پارقىراتقىنىچە رەپىق ئاكىنىڭ ئارقىسىدىن يىغلامسىراپ قاراپ قالدى.

**لوككىلىق** سۈپ. لوككىسى بار: مەن نىيە ناھىيىسىنىڭ نىيە گۇڭشې ئىلىيار دادۇيىدىكى مەھەممەت تۆمۈر باققان تۆگە پادىسىدا يالغۇز لوككىلىق، قوڭۇر يۇڭلۇق؛ تىپىك ئالاھىدىلىككە ئىگە يەتتە چىشلىق بىر نار تۆگىنى ئۇچراتتىم.

**لوككىلىق كالا** <زوئول> كالىنىڭ بىر خىلى. تەن شەكلى ئادەتتىكى كالىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. مۈرە قىسمىدا ئۆركىشى – دوكى بار، كۈچلۈك. ئىشلەپچىقىرىشقا ئىشلىتىشكە بولىدۇ. گۆشى، سۈتلىرى ئىستېمال قىلىنىدۇ.

**لوك-لوك** « لوك II » سۆزىنىڭ تەكرار-لىنىشى.

**لوكۇلداتماق** « لوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوكۇلداشماق** « لوكۇلدىماق » پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لوكۇلدىماق** پ. « لوك-لوك » قىلىپ ماڭماق، « لوك-لوك » قىلماق: ئېگىز-پەسلىكتە تۆگە ئۇزۇن پۇتلىرىنى تاشلاپ يۆگۈرگەندە، ئۇنىڭ لوككىسمۇ تەڭلا لوكۇل-دايتتى. * — سىنىپقا ماڭ!، — دېدى مۇئەللىم. ئۇ لوكۇلداپ سىنىپقا ماڭدى.

**لوگارىفما** ئى [ر<گرېك] <مات> ئەگەر $(\alpha\neq1)\ \alpha^{k}=b$ بولسا، ئۇ هالدا k دېگىنىمىز α نى ئاساس قىلغان b نىڭ لوگارىفمىسى بولىدۇ ۋە $\log_{\alpha}b=k$ قىلىپ يېزىلىدۇ. ئادەتتە 10 نى ئاساس قىلغان لوگارىفما ئونلۇق لوگارىفما دېيىلىدۇ ۋە « $\lg$ » بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا e (2.71828 ...) نى ئاساس قىلغان لوگارىفمىمۇ بار. بۇ خىل لوگارىفما تەبىئىي لوگارىفما دېيىلىدۇ ۋە « $\ln$ » بەلگىسى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

**لوگارىفما جەدۋىلى** <مات> بەلگىلىك دائىرىدىكى هەربىر سانىنىڭ لوگارىفمىلىرى-نىڭ مانتىسسالىرىدىن تۈزۈلگەن جەدۋەل، يەنى لوگارىفمىنىڭ مانتىسسال-رى جەدۋىلى.

**لوگارىفملاتماق** « لوگارىفملىماق » پېئىلى-نىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لوگارىفملانماق** « لوگارىفملىماق » پېئىلى-نىڭ مەجھۇل دەرىجىسى.

**لوگارىفملىق** سۈپ. لوگارىفمىغا ئائىت؛ لوگارىفما پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان: لوگارىفملىق تەڭلىمە. لوگارىفملىق گەز.

**لوگارىفملىق تەڭلىمە** <مات> لوگارىفملانغۇچى سانىنىڭ تەركىبىدە نامەلۇم بولغان تەڭلىمە.

**لوگارىفملىق گەز** <بىن> لوگارىفما پرىنسىپلىرىغا ئاساسەن ياسالغان هېسابلاش ئەسۋابى.

**لوگارىفملىماق** پ <مات> لوگارىفما هالىتىگە كەلتۈرمەك، لوگارىفما بەلگىسى ئىچىگە ئالماق.

**لوگىكا** ئى [ر<گرېك] ① تەپەككۇر شەكلى ۋە تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرىنى تەتقىق قىلىدىغان پەن: فورمال لوگىكا. دىئالېكتىكى-لىق لوگىكا. ② ئوبيېكتىپ شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر قانۇنىيىتى: تۇرمۇش لوگىكىسى. * جاهانگىرلارنىڭ لوگىكىسى خەلقنىڭ لوگىكىسىدىن كەسكىن پەرق قىلىدۇ. ③ تەپەككۇر قانۇنىيەتلىرى: پىكىر لوگىكىسى. * بۇ پىكىر لوگىكىغا سىغمايدۇ.

**لوگىكىلىق** ① سۈپ. لوگىكىغا ئائىت؛ لوگىكا قانۇنىيەتلىرىگە ئاساسلانغان؛ مەنتىقىي: لوگىكىلىق كاتېگورىيە. لوگىكىلىق قانۇنىيەت. لوگىكىلىق خۇلاسە. ② سۈپ. بىرەر نەرسى-نىڭ ئۆز خىسلىتىدىن، خاراكتېرىدىن، ئۆز ئىچكى قانۇنىيەتلىرىدىن كېلىپ چىقىدىغان؛ زۆرۈرىي، قانۇنىي: لوگىكىلىق باغلىنىش. ③ ئى <پەلس> نەرسىنىڭ تەپەككۇر جەريانىدىكى ئىنكاسى.

**لوگىكىلىق تەپەككۇر** <پەلس> كىشىلەر-نىڭ بىلىش جەريانىدا ئۇقۇم، هۆكۈم، ئەقلىي يەكۈن چىقىرىشتىن پايدىلىنىپ رېئاللىقنى ئەكس ئەتتۈرۈش جەريانى. ئۇ ئوبرازلىق تەپەككۇردىن پەرقلىق بولۇپ، ئىلمىي، ئابستراكت ئۇقۇملار ئارقىلىق شەيئىنىڭ ماهىيىتىنى ئېچىپ بېرىدۇ. رېئاللىقنى بىلىش نەتىجىسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

**لوگىكىلىق كۋادرات** <لوگ> هۆكۈملەرنىڭ چە-

سى بىلەن ھۆكۈملىگۈچىسى ئوخشاش بولغان، مىقدارى بىلەن سۈپىتى ئوخشاش بولمىغان O ,I , E ,A دىن ئىبارەت تۆت خىل كەسىمە ھۆكۈم ئوتتۇرىسىدا بىر خىل توغرا-خاتالىق مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. بۇ مۇناسىۋەت قارىمۇقارشى بۇلۇڭلىرى تۆز سىزىق ئارقىلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇلغان كۋادرات ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇ خىل كۋادرات لوگىكىلىق كۋادرات دەپ ئاتىلىدۇ.

**لوڭ** تەق. بەزى ئادەملەرنىڭ ئىككى مۈرىسىنى بىر كۆتۈرۈپ بىر چۈشۈرۈپ مېڭىش ھالىتى.

**لوڭقا** ئى ① گۈل سېلىپ قويۇلىدىغان بىر خىل قاچا. ئاغزى كىچىك، بوينى ئىنچىكە ھەم قورسىقى چوڭ كېلىدۇ. ئادەتتە فارفوردىن ياسىلىدۇ: گۈل لوڭقىسى. لوڭقا تاللىش مۇسابىقىسى. ② تىبابەتچىلىكتە ئىشلىتىلىدىغان بىر خىل كىچىك كوزا: لوڭقا قويۇش.

**لوڭقا تاللىش مۇسابىقىسى** <تەن> مەلۇم بىرخىل مۇكاپات لوڭقىسى بىلەن ئاتالغان تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى. مەسىلەن، داۋىس لوڭقىسىنى تاللىش چويلا توپ مۇسابىقىسى، دۇنيا تىكتاك توپ لەۋھە تاللىش مۇسابىقىسىدىكى ھەر تۈرلۈك چېمپىيونلۇقنى تاللىش مۇسابىقىلىرى. لوڭقا تاللىشتىكى شەكىل ۋە ئۇسۇل مۇسابىقە نىزامنامىسىدە ئالدىن بەلگىلىنىدۇ. مۇسابىقىنىڭ ئۆتكۈزۈلۈش مەقسەتلىرى ئوخشاش بولمىغاچقا، بەلگە-لەنگەن ئۇسۇللارمۇ ئوخشاش بولمايدۇ.

**لوڭقا قويۇش** <تىب> بىر خىل داۋالاش ئۇسۇلى. بۇنىڭدا، لوڭقا ئىچىگە ئوت يېقىلىپ، مەلۇم ۋاقىت تۇرغۇزۇلغاندىن كېيىن، لوڭقىنىڭ ئېغىزى تېرىگە قويۇلۇپ، مەلۇم ئورۇندىكى قان ئۈيۈتۇلىدۇ. بۇنداق بولغاندا داۋالاش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ. بۇنىڭ بوغۇم ياللۇغى، ئۆپكە ياللۇغى ۋە نېرۋىلار ئاغرىش قاتارلىقلارغا قارىتا شىپالىق ئۈنۈمى يۇقىرى.

**لوڭگىدە** رەۋ «لوڭ» قىلىپ، «لوڭ» قىلغان ھالدا: قىسمەت چورۇق ئورنىدىن لوڭگىدە تۇرۇپ، گۈس-گۈس دەسسەپ مېڭىپ، يىغىن سەھنىسىگە چىقتى.

**لوڭ-لوڭ** «لوڭ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە ئايرىلغان كىتابلارنى قول ھارۋىغا بېسىشنى بۇيرۇدى-دە، لوڭ-لوڭ دەسسەپ باغ ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

**لوڭگۇلدىماق** پ. لوڭ-لوڭ قىلىپ ماڭماق: — ھەي، لوڭگۇلداپ نەگە بارىسەن؟ — دەپ سورىدى ئەركىن ئۇنىڭدىن.

**لوڭيەن** ئى [خەن] <بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئېللىپس شەكىلدە، گۈلى سارغۇچ ئاق رەڭلىك ۋە كونۇسسىمان گۈل رېتىدە. مېۋىسى شارسىمان، سىرتقى پوستى سارغۇچ قوڭۇر، گۆشى ئاق رەڭلىك، يېپىشكە بولىدۇ، تەمى تاتلىق، دورىغا قوشۇشقىمۇ بولىدۇ، قۇۋۋەتلەندۈرگۈچى دورا ھېسابلىنىدۇ، فۇجيەن، گۇاڭدۇڭ قاتارلىق جايلاردىن چىقىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لولا** [پ] ① ئى. سىگانلارغا مەنسۇپ كىشى. ② سۈپ. كۆچمە. مۇغەمبەر، ھىيلىگەر، قۇۋ، ھەييار: لولا ئادەم. * — ھە، نېمە ئىشىڭىز بار؟ — دېدىم مەن ئۇنىڭ سالىمىغا جاۋاب بەرمەيلا، كۆڭلۈمدە بولسا «ۋاييەي، سېنىڭدەك لولا قەلەندەرلەرنى جىق كۆرگەن-

مەن» دەپ ئويلايتتىم.

**لوللىق** ئى. ھىيلىگەرلىك، ھەييارلىق، قۇۋلۇق؛ مۇغەمبەرلىك: «قارا بۇنىڭ لوللىقىنى» دېدىم ئىچىمدە ئۇنىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ھەم ھېچنېمىنى سەزمىگەن قىياپەتتە ئولتۇردۇم.

**لوللىق قىلماق** ھىيلىگەرلىك، قۇۋلۇق، ھەييارلىق، مۇغەمبەرلىك قىلماق: ئۇ لوللىق قىلىپ يۈرۈپ، ئۈجمىنىڭ ئايدىڭدىكى سايىسىنى مىڭ بالالىقتا 350 تەڭگە كۆمۈشكە سېتىۋاپتۇ.

**لوم** ئى. بىر ياكى ھەر ئىككى ئۇچى ئۇچلانغان، ئۇزۇن، يۇملاق تۆمۈر؛ لوم تۆمۈر: ئۆيلەرنىڭ ئاستى-ئۈستىلىرىگە، تام-تورۇسلارغا نەيزە سانجىپ، لوم ۋە جوتۇلار بىلەن ئۇرۇپ تىڭشاپ ۋە كولاپ، ئەل-يۇرتنى قاڭغىر قاقشاتماقتا ئىدى.

**لومودى** ئى [خەن] دىئال. تېپىشتۇرغۇچى دەللال، دەللە.

**لويلا** ئى [پ] لويلا ئائىلىسىدىكى بىر يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى تۈز، يوپۇرمىقى ئۈچ بۆلۈك شەكلىدە بولۇپ، نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ. گۈلى سارغۇچ يېشىل. يۇمران يوپۇرمىقىنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ.

**لويلا ئائىلىسى** <بوت> قوش پەللىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر ئائىلىسى. بۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ كۆپ قىسمى سامان غوللۇق ۋە چاتقال تىپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بولۇپ، ئاز بىرقىسمى كىچىك دەرەخلەر. ئۇلارنىڭ شاخ ۋە غوللىرىنىڭ بوغۇمى بولىدۇ، يوپۇرمىقى ئۇدۇل ياكى نۆۋەتلىشىپ ئۆسىدۇ، بىرقىسمى رودىمېنتلىشىپ تەڭگىچە ھاسىل قىلغان. گۈلى ئاددىي يېپىنچىلىق گۈل بولۇپ، قوش جىنسلىق، ئاز بىرقىسمى ئايرىلاش جىنسلىق ياكى تاق جىنسلىق كېلىدۇ. تەخمىنەن 100 دىن ئارتۇق ئۇرۇقداش ۋە 1400 دىن ئارتۇق تۈرگە بۆلۈنىدۇ. ئاساسەن ئافرىقىنىڭ جەنۇبى، ئوتتۇرا ئاسىيا، جەنۇبىي ئامېرىكا، شىمالىي ئامېرىكا ۋە ئوكيانىيە، ئوتتۇرا دېڭىز، قارا دېڭىز، قىزىل دېڭىز بويلىرىدا ئۆسىدۇ. مەملىكىتىمىزدە 39 ئۇرۇقدىشى، 186 تۈرى بار. ئاساسەن غەربىي شىمال، ئىچكى موڭغۇل ۋە شەرقىي شىمالغا تارقالغان.

**لويلا چۆچۈرىسى** لويلىنى ئۇششاق توغراپ، ياغ بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ قىيما قىلىپ تۈگۈلگەن چۆچۈرە.

**لويلا ئېشى** لويلا جىق سېلىپ ئېتىلگەن بىر خىل ئۇگرە.

**لويى** ئى [خەن] خوجا، بەگ، تۆرە: ھەممە كىشى باشقۇرۇشنى ئۆگىنىۋالغان، تەييارتاپلار، لويلار، ئالدامچىلارغا ئوخشاش «كاپىتالىستىك ئەنئەنىنى قوغدىغۇچىلار» ئۈستىدىن مۇستەقىل ھېسابات ۋە نازارەتنى يولغا قويغان.

**لويلىق** ئى. لويلاردا بولىدىغان قىلىق، خۇسۇسىيەت: بۇ ئادەم قىياپىتىدىكى ئالۋاستىلار پارتىيىمىزنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسى، ئېسىل ئىستىلىنى بۇزدى. شۇڭا بۇ ۋابا ئىلاھىنىڭ مىكروبىغا يولۇققان بەزى كادىرلىرىمىز-نىڭ ۋۇجۇدىدىمۇ لويلىق چىقىپ تۇرىدۇ.

**لۇتپ** ئى [ئە] ئىلتىپات، مەرھەمەت؛ ئالىجانابلىق، رەھىمدىللىك، ياخشىلىق: كەلسەڭچۇ قالمىدى مەندە ھېچ تاقەت، سۆرەيدۇ ئۆلۈمگە ئىشقىڭ ھەر سائەت. لۇتپ ئەيلەپ بىر ئىلاج قىلغىن سەن ئۆزۈڭ، يۈزۈڭنى ياپمىغىن، ئەيلە ساخاۋەت.

**لۇتپەن** رەۋ [ئە] ئالىجانابلىق بىلەن، مەرھەمەت قىلىپ؛ ياخشىلىق، خەيرىخاھ-لىق بىلەن: كۆرۈشمەك بولدى مۇشكۇل

ئەي قامىتى شەمشاد، چۇشۇر بېشىمغا لۇتپەن
گاھى-گاھى ئۆتكەن سايەڭنى.

**لۇشيەن** ئى [خەن] <پەلس> ئىدىيە،
سىياسىي ياكى خىزمەت جەھەتلەردىكى
مېڭىشقا تېگىشلىك توپ يول: ئاممىۋى
لۇشيەندە مېڭىش.

**لۇغەت** ئى [ئە] ① بىرەر تىلدىكى سۆزلەر-
نى مەلۇم تەرتىپتە (ئادەتتە ئالفاۋىت
تەرتىپىدە) جەملەپ، ئىزاھلاپ ياكى
باشقا تىلغا تەرجىمە قىلىپ بەرگەن
كىتاب: ئىزاھلىق لۇغەت. خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە
لۇغەت. ئىملا لۇغىتى. ② تىلدىكى بارلىق
سۆزلەر، سۆز زاپىسى، سۆز بايلىقى:
لۇغەت بايلىقى. لۇغەت سوستاۋى. لۇغەت
تەركىبى.

**لۇغەت تەركىبى** <تىل> بىر تىلنىڭ
سۆز-ئىبارىلىرىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى.
مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت
تەركىبى، خەنزۇ تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبى
دېگەندەك. لۇغەت تەركىبى تىلنىڭ ئۈچ
تەركىبىي قىسمىنىڭ بىرىدۇر.

**لۇغەت مەنىسى** <تىل> سۆزنىڭ
ئەسلىي مەنىسى (كۆچمە مەنىگە
نىسبەتەن).

**لۇغەتچى** ئى. لۇغەت تۈزگۈچى كىشى.

**لۇغەتچىلىك** ئى <تىل> لۇغەت تۈزۈش
ئىشى، كەسپى.

**لۇغەتشۇناس** ئى [ئە+پ] <تىل> لۇغەت
تۈزۈش مۇتەخەسسىسى، ئالىمى.

**لۇغەتشۇناسلىق** ئى <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ
لۇغەتچىلىك مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىدى-
غان تارمىقى.

**لۇگۇچياۋ** ئى <جۇغ> بېيجىڭ شەھرىنىڭ
غەربىي جەنۇبىدىكى يۇڭدىڭخې دەرياسى-
نى كېسىپ ئۆتكەن كۆۋرۈك. 1189-يىلى
سېلىنىشقا باشلاپ، 1192-يىلى قايتا
رېمونت قىلىنغان. ئۇزۇنلۇقى 265 مېتىر،
كەڭلىكى تەخمىنەن سەككىز مېتىر
كېلىدۇ.

**لۇگۇچياۋ ۋەقەسى** <تارىخ> ياپون
جاھانگىرلىكىنىڭ جۇڭگوغا قارشى قوزغىغان
زور كۆلەملىك تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىنىڭ
باشلىنىشى، شۇنداقلا جۇڭگو بويىچە
ئومۇمييۈزلۈك ياپونغا قارشى ئۇرۇشنىڭ
باشلىنىشى. 1937-يىلى 7-ئاينىڭ
7-كۈنى كېچىدە، ياپون ئارمىيىسى
ۋەنپىڭ شەھىرى ۋە لۇگۇچياۋ كۆۋرۈكىنى
توپقا تۇتىدۇ. جۇڭگونىڭ شۇ جايدا
تۇرۇشلۇق 29-كورپۇسىدىكى كوماندىر-
جەڭچىلەر گومىنداڭ ھۆكۈمىتىنىڭ
قارشىلىق كۆرسەتمەسلىك سىياسىتىگە
قارىماستىن، قوزغىلىپ قارشىلىق كۆرسەتتى.
7-ئاينىڭ 8-كۈنى جۇڭگو كومپار-
تىيىسى تېلېگرامما يوللاپ «بېيجىڭ،
تيەنجىن خەۋپ ئىچىدە قالدى» «شىما-
لىي جۇڭگو خەۋپ ئىچىدە قالدى»
«جۇڭخۇا مىللىتى خەۋپ ئىچىدە قال-
دى!» دەپ كۆرسىتىپ، پۈتۈن مەملى-
كەت خەلقىنى ياپونغا قارشى تۇرۇشقا
چاقىرىق قىلىدۇ. پۈتۈن مەملىكەت
خەلقىنىڭ بېسىمى ئاستىدا، جياڭ جېشى
7-ئاينىڭ 1-كۈنى سۆھبەت ئېلان
قىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، ياپون باسقۇن-
چىلىرىغا قارشى ئۇرۇش قىلىدىغانلىقىنى
جاكارلايدۇ.

**لۇمنال** ئى [ئىنگ] <خىم> بىر خىل دورا،
يەنى ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا
فورمۇلىسى $C_{12}H_{22}O_3N_2$. ئاق رەڭلىك
پارقىراق كرىستال، تەمى قېرىقراق.
چوڭ مېڭە پوستلىقىنىڭ رولىنى چەكلەي-
دۇ، ئاز بىرقىسمى تىنچلاندۇرغۇچى
دورا، يەنە بىرقىسمى ئۇيقۇ دورىسى

قىلىنىدۇ، بۇنىڭ تەسىر قىلىش ۋاقتى ئۇزۇنراق.

**لۇنخۇر** ئى [لات] <زوئول> ← **لۇنخۇر قۇشى.**

**لۇنخۇر قۇشى** <زوئول> قۇشلارنىڭ بىر ئۇرۇقدىشى. تېنى كىچىك، تۇمشۇقى كونۇس شەكلىدە كېلىدۇ. توپلىشىپ ياشايدۇ. زىرائەت دانلىرى ۋە ھاشاراتلار بىلەن ئوزۇقلىنىدۇ. دېھقانچىلىققا زىيانلىق.

**لۆت** ئى. ئەتلەس، ماتا قاتارلىق توقۇمىچىلىق ئىشلىرىدا ئۆرۈشنىڭ تەۋەرىدىن چىققان ھەر 16 تال ياكى 20 تال يىپنىڭ بىرلەشتۈرۈلۈشى.

**لۆت چوكىسى** ئۆرۈشنى 16 تال ياكى 20 تالدىن ئايرىپ بېرىدىغان ياغاچ تاياقچە.

**لۆجە** ئى. لەش؛ سۇدا يىغىلىپ، كاللەك بولۇپ ئېقىپ كەلگەن لەش، غازاڭ، چاۋار-چاتقال قاتارلىقلار: — بېلىق تۇتۇشمۇ ھۇنەر، — دېدى نۇراخۇن قولىنى سىلاپ تۇرۇپ، — مەن تولىراق قارماقنى لۆجىگە ئىلىندۇرۇپ قويىمەن.

**لۆڭگە** ئى [پ] پاختا يىپتىن تۇتۇق چىقىرىپ توقۇلغان، يۈز، قول، بەدەننى سۈرتۈش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان، تازىلىق بۇيۇمى: ئارىدىن بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئادىل لۆڭگىنى بوينىغا سېلىپ، مۇتەللىپنىڭ كەينىدىن يېتىشىپ چىقتى.

**لۆم** تەق. يۇمشاق، ئېلاستىكلىق نەرسىلەرنىڭ بىر بېسىلىپ-بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇش ھالىتى.

**لۆمشتمەك** «لۆمشىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لۆمشىمەك** پ. لۆم-لۆم قىلماق، بىر بېسىلىپ-بىر كۆتۈرۈلۈپ تۇرماق: يىغىن مەيدانى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆمدى، كونا جەمئىيەتتىكى پاتقاق لۆمشىپ تۇرغان كوچىلار يىغىن ئەھلىنىڭ كۆز ئالدىدا ئايان بولۇشقا باشلىدى.

**لۆم-لۆم** ① «لۆم» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى. ② كۆچمە. بوشاڭ، ئەزمە: مۇنداق لۆم-لۆم بىلەن ئىشنى باشقا ئېلىپ چىققىلى بولمايدۇ.

**لۆممىدە** رەۋ «لۆم» قىلىپ، «لۆم» قىلغان ھالدا: ھەبىبەمنىڭ تەلمۈرۈپ تۇرغان كۆزىدىن ئىككى تامچە ياش لۆممىدە ئېتىلىپ چىقتى.

**لۆمۈلدەتمەك** «لۆمۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كۆزلىرىڭنى لۆمۈلدىتىپ، نېمىگە قاراپ تۇرىسەن.

**لۆمۈلدەشمەك** «لۆمۈلدىمەك» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لۆمۈلدىمەك** پ ← **لۆمشىمەك.**

**لۈكچەك** سۈپ. ئۇرۇش-تالاش، جېدەل-ماجىرادىن يانمايدىغان، ئەخلاقى، پەزىلىتى ناچار، ئەخلاقسىز: ئۇ قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، ئادىتى بويىچە لېۋىنى بىر چىشلىدى-دە، پۈتۈن كۈچىنى كۆزىگە يىغىپ، مەردانىنىڭ ھاياسىز يۈزىگە تىكىلدى: — يوقال! ئۆزۈڭنىڭ خىلىنى تاپ، لۈكچەك! // سەن لۈكچەكنى پۈتۈن مەھەللىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ.

**لۈكچەكلىك** ئى. ئۇرۇش-تالاش، جېدەل-ماجىرا پەيدا قىلىدىغان قىلىق؛ ئەخلاققا، قانۇنغا خىلاپ سۆز-ھەرىكەت: سەن مەكتەپتە لۈكچەكلىك قىلدىڭ، ئائىلىدە ئاتا-ئاناڭنى ئۇردۇڭ، ماگىزىندىن پۇل ئوغرىلاپ قېچىپ كەتتىڭ. يەنە «تۇرمۇش مەجبۇر قىلدى» دەيسىنا؟ يەنە قانداق قىلسا بولاتتى؟

**لۈي** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيىنىڭ شتات بىرلىكى. ئۇنىڭغا بىرقانچە تۈەن ياكى يىڭ قارايدۇ.

**لۈيجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> لۈي كوماندىرى.

**لۇيلياڭ** ئى [خەن] <جۇغ> دۆلىتىمىزنىڭ شەنشى ئۆلكىسىدىكى بىر تاغنىڭ نامى.

**لۇيلياڭ ھەرىكىتى** <گېئول> دۆلىتىمىزدىكى زىلزىلە دەۋرى ۋە ئالدىنقى زىلزىلە دەۋرىنىڭ ئاخىرقى. ۋاقىتلىرى ئارىسىدا يۈز بەرگەن پۈرمىلىنىش ھەرىكىتى. شەنشىنىڭ لۇيلياڭ تېغى بەلباغلىرىدا ئەڭ روشەن ئىپادىلەنگەچكە، شۇنداق ئاتالغان.

**لي** «ل» ھەرىپىنىڭ نامى.

**لېپاپ** ئى [ئە] ئىچىگە خەت، ھۆججەت قاتارلىق نەرسىلەرنى سېلىپ بىرەر جايغا ئەۋەتىش ئۈچۈن تۆت بۇرجەك ياسالغان قەغەز خالتا؛ كونۋېرت: مىرۇل مەرگەن سومكىسىنى ئاختۇرۇپ، ئاغزى پېچەتلەنگەن قېلىن بىر سېرىق لېپاپنى تېپىۋالدى.

**لېپاپلىق** سۈپ. لېپاپقا سېلىنغان، لېپاپلانغان: — ھېچقىسى يوق. قېرىندىشىمىز سۇتۇق بۇغراخانغا سالام دەڭ. بۇ خەت ئۇنىڭغا، — خان لېپاپلىق خەتنى بەردى.

**لېپاپلىماق** پ. خەت، ھۆججەت قاتارلىقلارنى لېپاپقا سالماق: ئۇ خەتنى يېزىپ بولۇپ لېپاپلىدى.

**لېپەز** ئى. ئىشتاننىڭ ئىشتانباغ ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن قايتۇرۇپ تىكىلگەن يېرى: نۇرەم ئىشتىنىنىڭ لېپىزىگە قىستۇرۇلغان بىر پارچە خەتنى ئېلىپ سادىققا سۇنۇپ، بۇرنىنى تارتىپ قويدى.

**لېپەك** ئى <ئانات> تىزدىكى ئۈچ بۇرجەك سۆڭەك. ئۇچى پەسكە قارايدۇ.

**لېپەك سۆڭىكى** <ئانات> ← **لېپەك.**

**لېپەكگۈل** ئى [لېپەك+گۈل] ① <بوت> قامچىگۈل ئائىلىسىدىكى كۆپ يىللىق، سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك. ئېگىزلىكى 30 — 90 سانتىمېتىر، يىلتىزى ئىنچىكە، ئۇزۇن، توپلىشىپ ئۆسىدۇ، گۆشلۈك كېلىدۇ. سىرتى توپا رەڭدە، غولى تىك، سارغۇچ قىزىل رەڭلىك سىزىقلىرى بولىدۇ، بوغۇمى يوغىناپ كالىنىڭ لېپىكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. ھەربىر بوغۇمدا ئۇدۇل ئۆسكەن شاخلىرى بولىدۇ. يوپۇرمىقى سوقىچاق ۋە تولۇق گىرۋەكلىك بولۇپ، ئۇدۇل ئۆسىدۇ. باشاقسىمان گۈل رېتى قولتۇقىدىن ياكى ئۇچىدىن ئۆسۈپ چىقىدۇ. گۈلى كىچىك، رەڭگى يېشىل كېلىدۇ. مېۋىسى سوقىچاق، ئىچىدە بىر تال ئۇرۇقى بولىدۇ. يىلتىزى دورىغا ئىشلىتىلىدۇ. تەمى چۈچۈمەل، سەل قېرىق، تەبىئىتى مۆتىدىل، زەھەرسىز. ياسالمىسى جىگەر ۋە بۆرەككە قۇۋۋەت بېرىدۇ، تىزغا ماغدۇر بېرىدۇ. خام ئىشلەتسە، قاننى ماڭدۇرۇپ، ئۇيۇپ قالغان قاننى تارقىتىدۇ. ئىششىقنى ياندۇرۇپ، ئاغرىق توختىتىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ گۈلى.

**لېپتون** ئى [ر<گرېك] <فىز> ماسسىسى پروتوننىڭ ماسسىسىدىنمۇ كىچىك بولغان فېرمىئون. مەسىلەن، ئېلېكترون، ميۇئون ۋە نېيترىنو قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى شۇكى: ئەركىن ئايلىنىش كۋانت سانى ئوخشاشلا $\frac{1}{2}$، ماسسىسى ئىنتايىن يېنىك، ئاتوم يادروسى بىلەن ئۆزئارا كۈچلۈك تەسىر قىلىش رولى يوق.

**لېپتىنىت** ئى [ر] <گېئول> تەركىبىدە دالا شپاتى، كۋارتس كۆپرەك، چىرىمتال ياكى باشقا تۇتۇق مىنېراللار ئازراق (ئادەتتە 30% تىن ئاز)، ئۆزگەرگەن كرىستاللىرى ئۇششاق دانىچىلىق، تەڭ دانىچىلىق، دانىچىسىمان قۇرۇلمىغا ئىگە بولغان (ئادەتتە 1mm دىن كىچىك) رايون دائىرىلىك ئۆزگەرگەن جىنس.

**لېپرا** ئى [ر<گرېك] <تب> ← **لېپرا كېسەللىكى.**

**لېپرا كېسەللىكى** <تب> ← **ماخاۋ كېسەللىكى.**

**لېپىر** I ئى. دىئال. ئەسكى-تۈسكى.

**لېپىر ساتتى** دىئال. كونا، ئەسكى-تۈسكى نەرسىلەرنى ساتقۇچى كىشى.

**لېپىر** II ئى. دىئال. پېپى.

**لېچەك** ئى. كۆپىنچە ياشانغان ئاياللار بېشىغا سالىدىغان ئاق داكا رومال: موماينىڭ تېنىدە قىرىۋالغۇچىلىكمۇ ئەت يوق ئىدى. ئۇنىڭ بېشىدىكى ئاق لېچىكى كىرلىشىپ كەتكەن. * — نېمە دېگەنلىرى بۇ! — دېدى بېشىغا ئاق لېچەك سالغان بىر خوتۇن ھەيران بولۇپ.

**لېچەكلىك** سۈپ. لېچىكى بار، لېچەك ئارتقان: ئۇلارنىڭ ئىچىدە لېچەكلىك ياشانغان ئاياللارمۇ، قۇچاقتىكى بالىلىرىنى كۆتۈرۈۋالغان چوكانلارمۇ ۋە ياش قىزلارمۇ بار ئىدى.

**لېدېبۇر** ئى. گېرمانىيە ئالىمى.

**لېدېبۇر تېنى** <ماشىن> پولات-تۆمۈرلەرنىڭ قۇرۇلمىسى تەركىبىدىكى تەنلەرنىڭ يەنى ئورتاق كرىستاللىق تەنلەرنىڭ بىرى. مىكروسكوپ ئارقىلىقلا كۆرگىلى بولىدۇ. گېرمانىيە ئالىمى لېدېبۇر ( A. Ledebur ) نى خاتىرىلەش يۈزىسىدىن ئۇنىڭ نامىدا ئاتالغان.

**لېزا** ئى. بولغارىيە پۇل بىرلىكى.

**لېك** ئى. ئالبانىيە پۇل بىرلىكى.

**لېكتور** ئى [ر<لات] <مائار> ئالىي مەكتەپلەردە بېرىلىدىغان ھەمدە دەرىجىسى دوتسېنتتىن تۆۋەن، ئاسسىستېنتتىن يۇقىرى تۇرىدىغان ئىلمىي ئۇنۋان ۋە شۇ ئۇنۋاننى ئالغان ئوقۇتقۇچى.

**لېكتورلۇق** ئى لېكتورلارغا يۈكلەنگەن ئىش، ۋەزىپە؛ لېكتورلار قىلىدىغان خىزمەت: لېكتورلۇق قىلماق. لېكتورلۇققا تەيىنلەنمەك. * ئون نەچچە يىللىق لېكتورلۇق خىزمىتىنى ئىشلەش ئەمەلىيىتىمگە ئاساسەن، بەزىبىر تەسىراتلىرىمنى يولداشلار بىلەن ئورتاقلاشتۇرماقچىمەن.

**لېكسىكا** ئى [ر<گرېك] <تىل> ① بىرەر تىل ياكى دىئالېكتتىكى سۆزلەر يىغىندىسى: ئۇيغۇر تىلى لېكسىكسى. لوپنۇر دىئالېكتى لېكسىكسى. ② لېكسىكولوگىيە: تىل ئىلمى فونېتىكا، لېكسىكا ۋە گرامماتىكىدىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمدىن تەركىب تاپىدۇ.

**لېكسىكىلىق** سۈپ. سۆز مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان، گرامماتىكىلىق مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان؛ تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىگە ئائىت: سۆزنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى.

**لېكسىكولوگىيە** ئى [ر<گرېك] <تىل> تىلشۇناسلىقنىڭ بىر تارمىقى. تىلنىڭ لۇغەت تەركىبىنى تەتقىق قىلىدۇ: ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيىسى.

**لېكسىيە** ئى [ر<لات] ئالىي مەكتەپ ياكى ئامما ئارىسىدا بىرەر تېما ئۈستىدە ئاغزاكى ياكى يازما تەرىقىدە سۆزلەنگەن نۇتۇق: لېكسىيە سۆزلىمەك. لېكسىيە ئاڭلىماق. * ئۇ بۇرۇن بۇنداق ئەگرى چىشلىق چاقلارنى لايىھەلەپ باقمىغان، مەكتەپتىمۇ بۇ توغرىدا لېكسىيە ئاڭلىمىغانىدى. * ئازادلىقتىن كېيىن، ئۇ ھەرقايسى جايلارغا كۆزدىن كەچۈرۈش، لېكسىيە ئوقۇش، ئىلمىي تەجرىبىلەرنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن بېرىپ تۇردى.

**لېكسىيە ئۈستىلى** <مائار> ئالىي مەكتەپ سىنىپلىرىدىكى دوسكىنىڭ ئالدىغا قويۇلىدىغان ۋە ئوقۇتقۇچى ئولتۇرۇپ لېكسىيە سۆزلەيدىغان ئۈستەل.

**لېكىن** [ئە] باغل ① مەنە جەھەتتىن بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى ئىككى جۈملىنى

باغلاش رولىنى ئوينايدۇ: بۇ ئىككىسى كۆڭلىدە شۇنداق ئويلىغان بولسىمۇ، لېكىن ئاغزىدا بۇ سۆزلەرنى ئېيتالمىدى. ② مەنىسى بىر-بىرىگە زىت بولسىمۇ، ئەمما بىر-بىرىنى رەت قىلمايدىغان ئىككى جۈملىنى باغلايدۇ: بۈگۈن هاۋا ئوچۇق، لېكىن سەل سوغۇق. ③ بىرىنچى ئابزاستا بايان قىلىنغان پىكىرگە ئىككىنچى ئابزاستا ئەكسىچە پىكىر بايان قىلىشقا توغرا كەلگەندە ئىككىنچى ئابزاسنىڭ بېشىدا كېلىپ، بۇ ئىككى ئابزاسنى باغلاش رولىنى ئوينايدۇ: 93-يىلى ئىدارىمىزدا نۇرغۇن خىزمەتلەر ئىشلىنىپ زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەسىلەن، بەش خىل تىلدا «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى داۋاملىق چىقىرىلىپ، تىل تەتقىقاتىنى ئىلگىرى سۈرۈش رولىنى ئوينىدى؛ ئۇيغۇر تىلى ئىزاھلىق لۇغىتىنىڭ 4-تومى نەشرگە تەييارلاندى. ئۇيغۇر تىلىنىڭ تەسۋىرىي گراماتىكىسىنى ئىشلەش داۋاملاشماقتا ۋە باشقىلار... لېكىن خىزمىتىمىزدە بەزىبىر يېتەرسىزلىكلەرمۇ ساقلاندى.

**لېگاتا** ئى [ر<ئىتال] <مۇز> نوتىسىدىكى بىرقانچە ئاۋازلارنى تۇتاشتۇرۇپ كۆرسىتىدىغان سىزىق ياكى بەلگە.

**لېگەن** ئى [ئە] تەخسە شەكىللىك، ياپىياق قىلىپ ياسالغان، گىرۋەكلىك، تەخسىدىن چوڭ تاماق قاچىسى: ئەخمەتجان دوستلىرى بىلەن كارىۋاتقا ئولتۇردى، ئۇلارغىمۇ داستىخان سېلىنىپ، لېگەنلەردە ئاش كەلتۈرۈلدى.

**لېمپىرا** ئى. گوندۇراسنىڭ پۇل بىرلىكى. (گوندۇراس — لاتىن ئامېرىكىسىدىكى بىر دۆلەت).

**لېنتا** ئى [ر] ① بېزەك ۋە زىننەت ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان تار، ئۇزۇن رەخت: بۇ ئىككىيلەننىڭ كۆكرىكىدىكى گۈل ھەممىڭكىدىن چوڭ بولۇپ، ئوتقاشتەك كۆزنى قاماشتۇراتتى، قىزىل تاۋار لېنتىسى بىلەن بويۇنلىرىغا ئېسىپ قويۇلغان ئەينەك جاھازلىق تەقدىرنامىلىرىنىڭ پەرقلىق ئىكەنلىكىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايتتى. ② بىرەر قۇرۇلۇشنىڭ پۈتۈپ، ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشكەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان ئۇزۇن قىزىل رەخت: لېنتا كەسمەك. ③ ئۇزۇن تاسما شەكلىدىكى تېخنىكىلىق بۇيۇم: كىنو لېنتىسى. ئۈنئالغۇ لېنتىسى. * ئۇلار ئۈنئالغۇنى توغرىلاپ ھۆرمەتلىك مېھماننىڭ «يېڭىلىق» لىرىنى لېنتىغا ئېلىۋالدى.

**لېنتا كەسمەك** چوڭ قۇرۇلۇشلارنىڭ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەنلىكىگە سىمۋول قىلىنغان قىزىل لاتىنى كەسمەك.

**لېنتىلىق** سۈپ. لېنتىسى بار، لېنتا چېگىلگەن، لېنتا ئېسىلغان: يېزا خەلقى ئۆزىنىڭ باتۇر ئوغلىنى مۇبارەكلەپ ئىككى يېنىدىن چۆرىدەپ بىللە كېلەتتى. ئانىنىڭ كۆزى ئابدۇراخماننىڭ مەيدىسىدىكى «ئامانلىقنى ساقلاش نەمۇنىچىسى» دېگەن سېرىق لېنتىلىق مېدالغا چۈشتىدە-دە سۆيۈنچ ئىچىدە ئوغلىنى باغرىغا باستى.

**لېنىنىزم** ئى [ر] <پەلس> جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدىكى ماركسىزم، يەنى جاھانگىرلىك ۋە پرولېتارىيات ئىنقىلابى دەۋرىدە پرولېتارىيات دىكتاتۇرىسى، سوتسىيالىزم ۋە كوممۇنىزم قۇرۇش دەۋرىدە ماركسىزمنى راۋاجلاندۇرۇش ۋە كونكرېتلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان لېنىنچە تەلىمات.

**لېنىنىزملىق** سۈپ. لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا ئاساسلانغان، لېنىنىزم پرىنسىپلىرىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان: لېنىنىزملىق كۆز قاراش. * لېنىنىزملىق ستراتېگىيە ۋە تاكتىكا — پرولېتارىياتنىڭ ئىنقىلابىي كۈرىشىگە يېتەكچىلىك قىلغۇچى پەن.

**لېئو** ئى. رۇمىنىيە پۇل بىرلىكى.

**لېئون** ئى. (سېررالېئون پۇل بىرلىكى. (سېررالېئون ئافرىقىدىكى بىر دۆلەت).

**لېۋامىزول** ئى [ئىنگ] <تىب> بىر خىل دورا، مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{11}H_{12}N_2S \cdot HCl$. ئەسلىدە مەددە چۇشۇرۇش دورىسى ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ھازىر يەنە كۆپ خىل كېسەللىكلەرنى داۋالاش ئۈچۈن ئىشلىتىلىۋاتىدۇ.

**لېئىشمان** ئى [ئىنگ] <زوئول> ئاددىي ھايۋان. يۇمىلاق ياكى ئېللىپس شەكلىدە بولۇپ، قىزىل قان دانىچىسىدىن كىچىكرەك كېلىدۇ. ھاشارات (كۇمۇتا)، ھايۋانلار (ئىت) ياكى ئادەم تېنىدە پارازىت ياشايدۇ ۋە قارا كېزىك كېسەللىكىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئۇ ئەنگلىيە دوختۇرى لېئىشمان (William boog Leishman) تەرىپىدىن بايقالغاچقا، شۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالغان.

**لېئىشمان كېسەللىكى** <تىب> لېئىشمان قۇرتى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان بىر خىل قارا كېزىك كېسەللىكى.

**لىپىك** ئى [خەن] <ھەرب> ھەربىي ئۇنۋان، يەنى ئەسكەرلەر ئىچىدىكى ئەڭ تۆۋەن دەرىجە.

**لىپىتماق** «لىپىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: كىملەردۇر ئېرىققا توپا تاشلاپ سۇنى لىپىتماقتا ئىدى.

**لىپىنات** ئى [ر<فران] <ھەرب> ← **جۇڭخۇيى**.

**لىيدېن** ئى <جۇغ> گوللاندىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**لىيدېن بانكىسى** <فىز> بىر خىل كونىچە كوندېنساتور. ئەڭ بۇرۇن گوللاندىيىنىڭ لىيدېن دېگەن جايىدا سىناق قىلىنغانلىقى ئۈچۈن شۇ نام بېرىلگەن. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى مۇنداق: بىر ئەينەك بوتۇلكىنىڭ ئىچى ۋە سىرتىغا مېتال ياپراقچە چاپلىنىپ، قۇتۇپ تاختىسى قىلىنىدۇ، يەنە بىر مېتال تاياقچە بوتۇلكا پۈرۈپكىسىدىن تېشىپ كىرگۈزۈلۈپ، يۇقىرى ئۇچىغا بىر مېتال شار بېكىتىلىپ، تۆۋەن ئۇچىغا مېتال زەنجىر ئۇرنىتىلىدۇ. نەتىجىدە ئۇ ئىچكى مېتال ياپراقچىغا تېگىدۇ. كۆپىنچە ئۇ زەرەتلەش ياكى توك چىقىرىشتا ئىشلىتىلىدۇ.

**لىپىماق** پ. لاي ئارىلاشماق، لاي بولماق: سۇ لىپىپ كەتتى.

**لىباس** ئى [ئە] يېزت. كىيىم؛ ئۈست كىيىم: مانجۇچە لىباس كىيىپ، بېلىگە شەمشەر ئاسقان تۇغبېگى شامەخسۇتنىڭ يېنىدا ئۆرە تۇراتتى. ② <ئەد> كۆچمە. ھۆسنىنى چىرايلىقلاشتۇرىدىغان، گۈزەللەشتۈرىدىغان نەرسە: تەبىئەت يېڭى لىباسلىرىنى كىيىپ، ئادەمنى ئاجايىپ مەھلىيا قىلىدىغان دەرىجىدە گۈزەللەشكەنىدى.

**لىبېرال** [ر] ① ئى. لىبېرالىزم تەرەپدارى؛ لىبېراللار پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى: مەيلى ھۆكۈمەت ياكى لىبېراللار بولسۇن، ھېچقايسىسى بايقىماي قالغان نەرسىنى ھەرھالدا بىر كىشى 1833-يىلىلا بايقىدى، بۇ كىشى ھېنرىخ ھاينى ئىدى. ② ئى. پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا ھەم شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەيدىغان كىشلەر. ③ سۈپ. لىبېرالىزمغا ئائىت؛ لىبېرالىزم غايىلىرىنى ياقلايدىغان، ئىپادىلەيدىغان: لىبېرال پارتىيە. لىبېرال بۇرژۇئازىيە. ④ سۈپ. پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەيدىغان: لىبېرال مۇناسىۋەت.

**لىبېرالىزم** ئى [ر<لات] <پەلس> ① 19-ئەسىر ۋە 20-ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بۇرژۇئازىيىنىڭ سىياسىي ئىدىيۋى

ئېقىمى. ② ئىنقىلابىي قوشۇندىكى بىر خىل خاتا ئىدىيەۋى ئىستىل. ئۇنىڭ ئاساسلىق ئىپادىلىرى: پرىنسىپسىزلىق، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق، بىپەرۋا-لىق ۋە شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىت-لەش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت.

**لىبېرالىزملىق** سۈپ ① لىبېرالىزمغا ئائىت؛ لىبېرالىزم غايىلىرىنى ياقلايدىغان، ئىپادىلەيدىغان: ئۇلارنىڭ مەملىكىتىدە پرۇسسىيە بۇرژۇئازىيىنىڭ فېئوداللارغا ۋە مۇستەبىت سۇلالىگە قارشى كۈرىشى، قىسقىسى، لىبېرالىزملىق ھەرىكەت بارغانسېرى جىددىيلەش-تى. ② پرىنسىپسىزلىق، تەشكىلسىزلىك، ئىنتىزامسىزلىق، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكىتلەش ۋە بىپەرۋالىق قىلىش قاتار-لىقلاردىن ئىبارەت بولغان: بۇنداق ئۆزئۆمگە مۇناسىۋەتسىز دەپ كارى بولماي يۈرۈشتەك لىبېرالىزملىق پوزىتسىيە ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا زىيان يەتكۈزىدۇ.

**لىبېرالىست** ئى [ر] ① لىبېرالىزم تەرەپدارى. ② پرىنسىپسىز، تەشكىلسىز، ئىنتىزامسىز، بىپەرۋا، شەخسىي مەنپەئەتنى تەكە-لەيدىغان كىشى.

**لىبېرالىستلىق** ئى. لىبېرالىستلارغا خاس ئىش-ھەرىكەت، ئادەت، قىلىق: — ئۇنداق بولسا مەن پارتىيىۋىلىك مەيداندا تۇرۇپ ھەقىقەتنى سۆزلەيمەن، ئەمدى قىلچە لىبېرالىستلىق قىلىشقا بولمايدۇ، — دېدى ناسىر.

**لىپ** ① تەق. ھەرىكەتنىڭ يېنىك ۋە تېزلىك بىلەن ئېلىپ بېرىلىش ھالىتى: نىلقىدىن ئاتلىنىپ چىققان قوشۇننىڭ ئىلى ۋادىسى، جۇڭغار دالالىرىدىكى جەڭگىۋار يۈرۈشلىرى «لىپ» قىلىپ ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ② سۈپ. ئاغزىغىچە لىق تولدۇ-رۇلغان، لىق.

**لىپ قىلماق** يېنىك ۋە تېزلىك بىلەن بېجىرىلمەك: چىراغ لىپ قىلىپ ئۆچتى. * ئۇ لىپ قىلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. * بۇ ئىشلار گۈلسۈمخاننىڭ خىيالىدىن لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

**لىپا** ئى [ر] <بوت> ← **لىپا دەرىخى.**

**لىپا دەرىخى** <بوت> لىپا دەرىخى ئائىلىسىدىكى يوپۇرماق تاشلايدىغان دەرەخ. گۈلى ئاق ياكى سېرىق، مېۋىسى شار ياكى يۇملاق تۇخۇم شەكلىدە. ياغىچىنىڭ ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ. قوۋزىقىنىڭ تالالىرى ناھايىتى كۆپ. ئارغامچا، چىگە قاتارلىقلارنى ئىشلەشكە بولىدۇ. جۇڭگودا 30 نەچچە تۈرى بار.

**لىپارىت** ئى [ر] <گېئول> كىسلاتالىق ئېتىلما جىنسىنىڭ بىر خىلى. تەركىبى گرانىت بىلەن ئوخشاش. چىپار قۇرۇلمىلىق كۋارتس، ئىشقارلىق دالا شپاتى (سۇزۇك دالا شپاتى، ئانورتوكلاز) ئۇنىڭ چىپار كرىستالى بولىدۇ. بەزىدە ئاز مىقداردا پلاگىئوكلاز بولىدۇ. ئاساس ماددىسى ئومۇمەن زىچلاشقان يوشۇرۇن كرىستاللىق ياكى ئەينەك ماددىلىق بولىدۇ، بەزىدە يۇملاق دانىچە قۇرۇلمىلىقمۇ بولىدۇ.

**لىپپىدە** ① رەۋ «لىپ» قىلىپ، «لىپ» قىلغان ھالدا: شۇ ئەسنادا شۇ يەرگە پەيدا بولغان بىر ھەربىي ئەمەلدارغا ياندىشىپ ماڭغان ئۇيغۇر ئايال گۈلقىزنى كۆرسىتىپ «لىپپىدە» كۆز ئىشارىتى قىلىۋىدى، ئەمەل-دار ئاستا توختاپ قالدى. ② لىقمۇلىق، توشقۇچە، لىقىدە: رىشتىلەر ئېشىلگەن ۋاپادارلىقتىن، كەشتىلەر تىكىلگەن مېھرى لىپپىدە. تۇتۇشار دوست-ياران مەشرەپتە بىيىت ئېيتىپ مەي، چىنىگە قۇيۇپ لىپپىدە.

**لىپتىك** ئى [ر<گولل] ← **باغىرتاق:** ئۇ بايام

ئەسنەپ كېرىلگەندە ئېچىلىپ قالغان خرۇستال-دەك ئاق ۋە سۈزۈك، ئەمدىلىكتە لىپتىك ياراشقۇدەك بولۇپ قالغان كۆكسىلىرىنى ياپماقچى بولغانىدى.

**لىپ-لىپ** «لىپ» سۆزىنىڭ تەكرارلىنىشى: ئىككىسىنىڭ سۆزلىرىگە قۇلاق سىلىپ تۇرغان ئەنۋەر بۇ ياققا «لىپ-لىپ» قىلىپ قاراپ قويدى.

**لىپمۇلىپ** سۈپ. → **لىقمۇلىق**: مەدەت قىل ئوغلۇڭغا، مۆھتەرەم ئانا، كۆيلەيمەن سەن ئېيتقان شۇ ھېكايىنى! مەدەت قىل، بال يىغىپ دىل گۈلزارىدىن، تولدۇراي لىپمۇلىپ بۇ سىركايىنى!

**لىپىلداتماق** «لىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى: ئۇ كۆزلىرىنى لىپىلدىتىپ خېلىغىچە قاراپ تۇردى.

**لىپىلداشماق** «لىپىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىپىلدىماق** پ. لىپ-لىپ قىلماق: قاغىنىڭ پەيسىز لىپىلداپ تۇرغان ھەلقۇمىغا قاراپ يېتىپ، مەتنىيازنىڭ ئازراق ئاچچىقى كەلدى.

**لىتاۋرى** ئى [<گرېك] <مۇز> → **تەڭشىمە دۇمباق.**

**لىتوسفېرا** ئى [ر<گرېك] <گېئول> ① يەر شارى ئۈستى قىسمىنىڭ ئاستېنوسفېراغا نىسبەتەن ئېيتىلغان قاتتىق لىتوسفېرا قاتلىمى، يەنى قېلىنلىقى تەخمىنەن 60 – 120 كىلومېتر، يەر تەۋرەش دولقۇن سۈرئىتى يۇقىرى بولغان بەلباغ. ئۇ گرانىتلىق جىنس، بازالتلىق جىنس ۋە ئۇلترا ئاساسىي خۇسۇسىيەتلىك جىنسلار-دىن تەركىب تاپقان يەر پوستىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۈستۈنكى مانتىلنىڭ ئۈستى قىسمىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ② بارسفېرا-غا نىسبەتەن ئېيتىلغان لىتوسفېرا، يەنى يەر پوستى.

**لىتر** مىق [ر<فران] 1000 كۇب سانتىمېترغا باراۋەر بولغان سۇيۇقلۇق ئۆلچەم بىرلى-كى: بىر لىتر سۈت. ئىككى لىتر پىۋا.

**لىترلىق** سۈپ. لىترغا توغرا كېلىدىغان، لىترغا توشىدىغان: يۇقىرىدىكى بىرنەچچە خىل ئۇسۇلنى قوللانغاندا، 150 لىترلىق توڭلاتقۇدا يىلىغا 70 – 100 كىلوۋات توك تېجەپ قالغىلى بولىدۇ.

**لىتىي** ئى [ر<گرېك] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Li ( lithium ). كۈمۈشتەك ئاق ۋە مېتاللار ئىچىدە ئەڭ يېنىك، يۇمشاق، خىمىيىۋى خۇسۇسىيىتى بەك ئاكتىپ. ئاتوم ئېنېرگىيىسى سانائىتى، ھەر خىل قېتىشمىلار، ئالاھىدە ئەينەكلەر-نى ياساش ۋە باتارىيە ئىشلەش قاتارلىقلاردا كەڭ قوللىنىلىدۇ.

**لىتىيلىق** سۈپ. تەركىبىدە لىتىي بولغان، لىتىيغا ئىگە: لىتىيلىق چىرىمتال.

**لىتىيلىق چىرىمتال** <گېئول> بىر خىل مىنېرال. بۇنىڭ خىمىيىلىك تەركىبى $KLi1.5(AlSi_3O_{10})(F,OH)_2$. تەركى-بىدىكى $5.90\%–1.23\%\ Li_2O$ گىچە. تەركىبىدە كۆپىنچە رۇبىدىي، سېزىي بولىدۇ. يەككە ياقلىق كرىستال سىستې-مىسىغا كىرىدۇ. قۇراشمىسى كۆپىنچە ئۇششاق قاسىراقسىمان بولىدۇ. رەڭگى ئادەتتە سۇس بىنەپشە رەڭ، بەزىدە سېرىق يېشىل كېلىدۇ، ئەينەك پارقى-راقلىقىغا ئىگە. قاتتىقلىقى 2 ~ 3؛ سېلىشتۇرما ئېغىرلىقى 2.8 ~ 2.9.

**لىجى** ئى [خەن] <بوت> ① سوپۇن دەرىخى ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى پەيسىمان مۇرەككەپ يوپۇرماق، كىچىك يوپۇرمىقى ئۇزۇن ئېللىپس شەكلىدە، گۈلى سارغۇچ ئاق رەڭدە، مېۋىسى شارسىمان ياكى

تۇخۇمسىمان، سىرتقى پوستىدا ئۆسمىسىمان ئۆسۈكلىرى بار، پىشقاندا قىزغۇچ سۆسۈن رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. مېۋە گۆشى ئاق ۋە شىرنىلىك بولۇپ تەمى ناھايىتى تاتلىق. مەملىكىتىمىزنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتى ھېسابلىنىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لىچىنكا** ئى [ر] <زوئول> ھاشاراتلاردىكى تۆرەلمە تۇخۇم ئىچىدە يېتىلىپ بولغاندىن كېيىن تۇخۇمنى يېرىپ چىققان كىچىك ئورگانىزم. مەسىلەن، پاشا لىچىنكىسى، چىۋىن قۇرتى، پارازىت قۇرت قاتارلىقلار.

**لىرا** I ئى [ئىتال] تۈركىيە ۋە ئىتالىيەلەرنىڭ پۇل بىرلىكى.

**لىرا** II ئى [ر<گرېك] ① تارلىق ۋە ئۇرۇپ چېلىنىدىغان قەدىمكى گرېك چالغۇ ئەسۋابى. ② ئۇكرائىن ۋە بېلورۇسلارنىڭ كامانچە بىلەن چېلىنىدىغان چالغۇ ئەسۋابى. ③ قەدىمكى گرېك چالغۇسىنىڭ شەكلى ئاساسىدا مۇزىكا سەنئىتىگە سىمۋول قىلىنغان ☊ شەكىللىك بەلگە، مۇزىكا گېربى.

**لىرا يۇلتۇز تۈركۈمى** <ئاستر> شىمالىي ئاسمان يۇلتۇز تۈركۈملىرىدىن بىرى. مەركىزىي ئورنى: ئېكۋاتور ئۇزۇنلۇقى 18 سائەت 50 مىنۇت، ئېكۋاتور كەڭلىكى 36°، يەنى ئاق قۇ يۇلتۇز تۈركۈمى، ئەجدىھا يۇلتۇز تۈركۈمى ۋە گېركۇلېس يۇلتۇز تۈركۈملىرىنىڭ ئارىسىغا توغرا كېلىدۇ.

**لىرىك** سۈپ [ر] <ئەد> ← **لىرىكىلىق**: لىرىك ئوبراز. لىرىك قەھرىمان.

**لىرىك قەھرىمان** <ئەد> لىرىكىلىق شېئىر ياكى لىرىكىلىق ئەسەرلەردە ئىچكى ھېسسىيات، ھېس-تۇيغۇ، پىكىرلىرى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن شەخس. لىرىكىلىق شېئىرلار بىرىنچى شەخس تەرىپىدىن يېزىلغاچقا، كۆپىنچە شائىرنىڭ ئۆزى لىرىك قەھرىمان دەپ ئاتىلىدۇ.

**لىرىك ئوبراز** <ئەد> ← **لىرىك قەھرىمان**.

**لىرىكا** ئى [ر<گرېك] <ئەد> ① شائىر، يازغۇچىنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەردە بايان قىلغان سۇبيېكتىپ تەسىراتى ۋە ئىدىيىۋى ھېسسىياتى. ② شۇ خىل ھېسسىيات ئىپادىلەنگەن ئەسەرلەر يىغىندىسى: ناۋايى لىرىكىلىرى. پۇشكىن لىرىكىلىرى.

**لىرىكچى** ئى. ئەدەبىيات ئىجادىيىتىدە لىرىكىغا كۆپ ئەھمىيەت بېرىدىغان، لىرىكىلىق ئەسەرلەرنى كۆپ يازىدىغان يازغۇچى، شائىر.

**لىرىكچىلىق** «لىرىكچى» سۆزىنىڭ كەسىپ نامى: لىرىكچىلىق ئىنسان روھىنىڭ ئومۇمىي تەركىبىي قىسمىدۇر.

**لىرىكىلىق** سۈپ. لىرىكىغا ئائىت، لىرىكىغا خاس خۇسۇسىيەتلەرنى، ھېس-تۇيغۇلارنى، كەچۈرمىشلەرنى ئىپادىلەيدىغان: لىرىكىلىق شېئىر. لىرىكىلىق ئەسەر.

**لىرىكىلىق شېئىر** <ئەد> شائىرنىڭ ھېسسىياتىنى، مۇھەببەت ۋە سۆيۈنۈشىنى شۇنىڭدەك كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىگە تەسىر قىلىدىغان ھېس-تۇيغۇ، خىيال قاتارلىقلارنى تەسىرلىك ۋە جۇشقۇنلۇق قىلىپ ئىپادىلەيدىغان بىر خىل شېئىر تۈرى. ئۇ پەقەت شائىرنىڭ ھېسسىياتىنىلا ئاساس قىلىدۇ.

**لىرىكىلىق كومېدىيە** <تىيا> كومېدىيەنىڭ لىرىكىنى ئاساس قىلغان بىر تۈرى.

**لىرىكىلىق ئۇنسۇل** <ئۇس> نەپىس ھەرىكەت ۋە تىپىك سۆز-ئىبارىلەر ئارقىلىق ئىچكى ھېس-تۇيغۇنى ئىپادىلەيدى-

غان بىر خىل ئۇسسۇل. لىرىكا ئۇنىڭ ئاساسىي بەلگىسى بولۇپ، رىتىمىنىڭ تەكشىلىكى ھەم سوزۇلۇشىدا، ئاساسىي ھەرىكەتنىڭ نەپىس ھەم ئۆزگىچىلىكىدە، مۇزىكا مېلودىيىسىنىڭ يېقىملىق ھەم مۇڭلۇقلۇقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

**لىزوزىما** ئى [ر<گرېك] <خىم> ← **باكتېرىيە ئېرىتكۈچ**.

**لىزول** ئى [ئىنگ] <تىب> بىر خىل دورا، يەنى مېتىل فېنول بىلەن سوپۇن ئېرىتمىسىنىڭ ئارىلاشمىسى. قوڭۇر ۋە زەھەرلىك كېلىدۇ. ئادەتتە دېزىنفېكسىيە قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ.

**لىزۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**لىزۇ تىلى** <تىل> لىزۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى جۇاڭزۇ-دۇڭزۇ تىللىرى تۈركۈمى لىزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزنىڭ خەينەن ئۆلكىسىنىڭ لىزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىدا ئىشلىتىلىدۇ.

**لىزۇچە** ① سۈپ. لىزۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لىزۇچە كىيىم. لىزۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. لىزۇ تىلى: لىزۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لىزۇلار** ئى <ئىرق> لىزۇ مىللىتى، لىزۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن ئىلىمىزنىڭ خەينەن ئۆلكىسىنىڭ خەينەن لىزۇ-مياۋزۇ ئاپتونوم ئوبلاستىغا ئولتۇراقلاشقان.

**لىسۇ** ئى [خەن] <ئىرق> مۇشۇ نام بىلەن ئاتالغان مىللەت ۋە بۇ مىللەتكە مەنسۇپ كىشى.

**لىسۇ تىلى** <تىل> لىسۇلار ئىشلىتىدىغان تىل. بۇ تىل خەنزۇ-زاڭزۇ تىللىرى سىستېمىسى زاڭزۇ-مىيەنزۇ تىللىرى تۈركۈمىنىڭ يىزۇ تىللىرى تارمىقىغا كىرىدۇ. مەملىكىتىمىزدە ئاساسەن يۈننەن ئۆلكىسى نۇجياڭ لىسۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىدا ۋە دېخۇڭ دەيزۇ-جىڭپوزۇ ئاپتونوم ئوبلاستى، لىجياڭ، دىچىڭ، دالى، چۇشيوڭ قاتارلىق جايلاردا ھەم سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىچاڭ دېگەن يېرىدە ئىشلىتىلىدۇ. چەت ئەللەردىن بىرما، تايلاند دائىرىسىدە ئىشلىتىلىدۇ.

**لىسۇچە** ① سۈپ. لىسۇلارنىڭ تىلى، ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە ئائىت: لىسۇچە كىيىم. لىسۇچە ئۇسسۇل. ② ئى. لىسۇ تىلى: لىسۇچىنى ياخشى سۆزلىمەك.

**لىسۇلار** ئى <ئىرق> لىسۇ مىللىتى، لىسۇ خەلقى. ئۇلار ئاساسەن مەملىكىتىمىزنىڭ يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ نۇجياڭ لىسۇ مىللىي ئاپتونوم ئوبلاستىغا توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان. قالغان بىر قىسمى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ لىجياڭ، دىچىڭ، دالى، دېخۇڭ، چۇشيوڭ قاتارلىق جايلىرى ۋە سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ شىچاڭ قاتارلىق جايلىرىغا تارقاق ئولتۇراقلاشقان. چەت ئەللەردىن بىرما، تايلاندلاردىمۇ بىرقىسىم لىسۇلار ياشايدۇ.

**لىشاينىك** ئى [ر] <بوت> تۆۋەن دەرىجىلىك ئۆسۈملۈكلەرنىڭ بىر تىپى. بۇلارنىڭ ئۆسۈملۈك تېنى زەمبۇرۇغ بىلەن يوسۇنلەرنىڭ ئورتاقلىشىپ ياشىشىدىن بارلىققا كەلگەن تەندۇر. تۈرلىرى ناھايىتى كۆپ، يەر يۈزىدىكى دەرەخ قوۋزاقلىرى ياكى قورام تاشلاردا ئۆسىدۇ.

**لىفت** ئى [ر<ئىنگ] <بىن> بىنالاردىكى ئېلېكتر ئېنېرگىيىسى بىلەن يۇقىرى-تۆۋەن ھەرىكەتلىنىپ، ئادەم ياكى باشقا نەرسىلەرنى توشۇيدىغان قۇرۇلما.

**لىغ** تەق. يەڭگىل تەۋرەنگەن، تىترىگەن ھالەت.

**لىك-لىك** «لىك» سۆزىنىڭ تەكرارلىنى-شى: — ئەگەر بىز سوتسىيالىزمغا سەن باشلىغان بۇ يول بىلەن ماڭىدىغان بولساق، ھەممىمىز تۆۋى يوق ھاڭغا چۈشۈپ كېتىمىز. چۈنكى سېنىڭ قەدەم قويۇشىڭنىڭ يالغۇز لىملىق لىك-لىك كۆۋرۈك! — دېدى ئۇ تەئەددى بىلەن.

**لىڭىلداتماق** «لىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ مەجبۇرىي دەرىجىسى.

**لىڭىلداشماق** «لىڭىلدىماق» پېئىلىنىڭ ئۆملۈك دەرىجىسى.

**لىڭىلدىماق** پ «لىك-لىك» قىلماق، «لىك-لىك» قىلىپ تەۋرىمەك، چايقالماق.

**لىلانگېنى** سۋازىلاندىيىنىڭ پۇل بىرلىكى. سۋازىلاندىيە-جەنۇبىي ئافرىقىدىكى كىچىك بىر دۆلەت.

**لىللا** سۈپ [ئە] راست، ھەق، ناھايىتى توغرا: دىلى پاكىز، ئۆزى كەمتەر، ئىشى ئەلانى سەن ئۆگەن، بېرىلمەس نەپسىگە قەلبى ئېسىل، زىبانى سەن ئۆگەن. ئۆزىگە چوڭ تەلەپ، خەلققە دىلى دەريانى سەن ئۆگەن، پەقەت ھەر ئىشتا ئادىل، ھەرىكىتى لىللانى سەن ئۆگەن، قاراپ ئاغزىدىكى «ھە-ھۇ» غىلا، ئىشچان قىياس قىلما.

**لىللا گەپ قىلماق** ھەق، راست گەپ قىلماق: تىيىنىمۇ دەرەختىن سەكرەپ چۈشۈپ: — سەنمۇ تازا تىكەنلىك دۆت ئىكەنسەن! ئىككى ئېغىز لىللا گەپ قىلماي، سەنمۇ مېنىڭ قۇيرۇقۇمنى مەسخىرە قىلىۋاتسەنغۇ!— دەپ كىرپىنىڭ ئالدىغا يۈگۈرۈپ كەلدى.

**لىللاشماق** پ. ئادىللاشماق: بەھەيۋەت گۈلدۈرلىدى كۆكتە چاقماق، تۈگىدى ئۈرۈپ-تىلى-لاپ، بۇلاپ-چاقماق. پارتىيە سىياسىتى لىللاشتى. ئاقمايدۇ شۇڭغا تۆھمەت، ئاداۋەت.

**لىللالىق** «لىللا» سۆزىنىڭ ئىسىم شەكلى: ئەينەك، ئەينەك رەھىمسىز سەن، باغرى تاش، ھەممە جۈپكى، لىللا لىقتا بىر سەن تاق. ياتمىدىمۇ سىرلار ياتماس ئىچىڭدە، چىچىمىدىكى بالدۇر چۈشكەن بىر تال ئاق.

**لىم** ئى [خەن] <بىن> ① جەگە: ئىگە مقۇل ئاكا بىر كونا كىگىزنى ئېلىۋاتقاندا، تورۇستىكى بىر لىم چۈشۈپ كېتىپ جېنىدىن ئايرىلغىلى تاس قالدى. ② قۇرۇلۇش ئورۇنلىرىدىكى ئۆي يېپىش ياكى باشقا مەقسەتلەر ئۈچۈن تەييارلاپ قويۇلغان بادرىدىن يوغان، ئۇزۇن ياغاچ: خەلچەم بىلەن بەختىنىسا يوغان بىر لىمنى كۆتۈرۈپ كېلىشتى. * پولات بۆلۈمدىن 40-50 قەدەم نېرىدىكى لىمدا ئولتۇرۇپ يىغىنىنىڭ ئاخىرلىششىنى كۈتمەكتە ئىدى.

**لىم بەلباغ** <بىن> ئىمارەتنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، سىرتقى تامنى ئايلاندۇرۇپ تۇتاش قويۇلغان. ياغاچ ياكى باشقا نەرسىلەر. ئىمارەت ئۇزۇن ۋە شەكلى ئۆزگەرگەن بولسا ئوتتۇرىسىدى-كى لازىملىق ئورۇنغا تارتما لىم ئورنىتىلىدۇ.

**لىم تەكىيىسى** <بىن> لىمغا چۈشكەن كۈچ چوڭ بولغاندا لىمنىڭ ئىككى بېشى تامنى بېسىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، لىم بېشىغا قويۇلىدىغان كۆتەكچە. بۇرۇن ياغاچتىن قويۇلاتتى. ھازىر كۆپرەك بېتوندىن ياسىلىدىغان بولدى.

**لىمتاق** ئى. ئۆينىڭ تۆرىدىكى ئورۇن-كۆرپە يىغىدىغان جاي، ئويۇق ياكى تىزىلغان ئورۇن-كۆرپە: سۇ بويى ئەپلىك جاي بولغاچقا، غاز، ئۆردەك قىلىپ مامۇق ياستۇقلارنى لىمتاققا تىزىۋەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە سالى بىلەن بەستلەشتى.

**لىمچە** (توغرىسى: نىمچە) ← **نىمچە**.

**لىمفا** ئى [ر<لات] <ئانات> ئورگانىزمدىكى توقۇلمىلار ئارىلىقىنى تولدۇرۇپ تۇرىدىغان رەڭسىز، سۇزۇك سۇيۇقلۇق. تەركىبىدە

لىمفا شارچىسى بولۇپ، توقۇلما سۈيۇقلۇقىنىڭ لىمفا نەيچىسىگە سىڭىپ كىرىشىدىن شەكىللىنىدۇ. لىمفا نەيچىسىنىڭ تۈزۈلۈشى ۋېنا قان تومۇرىغا ئوخشايدۇ. ئۇ بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغىچە تارقالغان. لىمفا ئادەتتە لىمفا نەيچىسى ئارقىلىق ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋېنا تومۇرىغا كىرىدۇ ۋە توقۇلما سۈيۇقلۇقىنىڭ قان سۈيۇقلۇقى ئارىسىغا ئېقىپ كىرىشىدە ۋاستىلىك رول ئوينايدۇ.

**لىمفا ئانا ھۈجەيرىسى** <ئانات> لىمفا ھۈجەيرە سىستېمىسىدىكى بىر خىل ئانا ھۈجەيرە. لىمفا ھۈجەيرىسىدىن چوڭ ۋە دىئامېترى تەخمىنەن 12 ـ 20 مىكرو مېتر كېلىدۇ. يادروسى چوڭايغان، خروماتىنى بوشاپ تور شەكلىنى ئالغان. يادرو مېغىزى روشەن ھەم تەخمىنەن بىردىن ئۈچكىچە بولىدۇ. پلازمىسى كۆپەيگەن بولۇپ، ئىشقارخور كېلىدۇ.

**لىمفا بېزى** <ئانات> تالالىق پەردە ئارقىلىق ئورىلىپ تۇرىدىغان لىمفا يىغىش توقۇلمىسى. لىمفا نەيچىسىنىڭ مېڭىش يولىنى بويلاپ تىزىلغان.

**لىمفا توقۇلمىسى** <ئانات> لىمفا ھۈجەيرە تورى ۋە كوللاگېن تالاسى تورىدىن تۈزۈلگەن توقۇلما.

**لىمفا تومۇرى** <ئانات> ← **لىمفا نەيچىسى.**

**لىمفا تۈگۈنى** <ئانات> تورسىمان بىرىكتۈرگۈچى توقۇلمىدىن تۈزۈلگەن، پۇرچاق شەكلىدىكى كىچىك تەنچە. لىمفا نەيچىسىنىڭ ئۆتۈش يوللىرىغا تارقالغان بولۇپ بويۇن، قولتۇق ئويمىنى ۋە يېرىقتا ئەڭ كۆپ. ئۇ لىمفا شارچىسىنى ھاسىل قىلىش، سۈزۈش ھەمدە بەدەنگە كىرگەن زىيانلىق مىكرو ئورگانىزملارنى توسۇش ۋە يوقىتىش رولىنى ئوينايدۇ.

**لىمفا زەھىرى** <تىب> لىمفا ھۈجەيرىلىرى ئانتىگېن ياكى خاس بولمىغان ماددىلار تەرىپىدىن غىدىقلانغاندىن كېيىن قويۇپ بېرىلىدىغان بىر خىل ماددا. ئۇ نىشان ھۈجەيرىلىرىنىڭ زەخىملىنىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك، شۇنىڭدەك ھۈجەيرىلەرنىڭ بۆلۈنۈشىنى تېزگىنلەيدۇ. ئۇنىڭدا ھۈجەيرىلەرنى بىۋاستە بۇزۇۋېتىش مۇمكىنچىلىكىمۇ مەۋجۇت.

**لىمفا سۈيۇقلۇقى** <ئانات> ← **لىمفا.**

**لىمفا شارچىسى** <بىئول> ئاق قان دانىچىلىرىنىڭ بىر خىلى. تال، لىمفا تۈگۈنى قاتارلىق ئورگانلاردا ھاسىل بولىدۇ. ئۇنىڭ ئانتىتېلانى ھاسىل قىلىش ۋە ساقلاش رولى بار.

**لىمفا فاكتورى** <فىزىئول> ئانتىگېن بىلەن ئۇچراشقان لىمفا ھۈجەيرىسى ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىك ئانتىگېن بىلەن قايتا ئۇچراشقاندا قويۇپ بېرىدىغان بىر خىل ئېرىشچان فاكتور.

**لىمفا كانىلى** <ئانات> ← **لىمفا نەيچىسى.**

**لىمفا نەيچىسى** <ئانات> ئورگانىزمدىكى لىمفا توشۇغۇچى نەيچىسمان توقۇلما. بەدەننىڭ ھەرقايسى قىسىملىرىغا تارقالغان. تۈزۈلۈشى ۋېنا قان تومۇرىغا ئوخشايدۇ. لىمفا ئۇ ئارقىلىق ئايلىنىپ، ئەڭ ئاخىرىدا ۋېنا تومۇرىغا قۇيۇلىدۇ.

**لىمفا ھۈجەيرىسى** <بىئول> لىمفا توقۇلمىسى، لىمفا ۋە قان سۈيۇقلۇقى تەركىبىدىكى يۇملاق ھۈجەيرە، يەنى لىمفا توقۇلمىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى. دىئامېترى 6 ـ 12 مىكرومېترغى-

چە. يادروسى چوڭ ھەم يۇمىلاق، پلازما مىقدارى ئاز، سۇزۇك ھەم ھەرىكەتچان كېلىدۇ.

**لىمفاتىك** سۈپ [ر] لىمفاغا ئائىت، لىمفاغا تېگىشلىك: لىمفاتىك سىستېما.

**لىملىق** سۈپ. لىمى بار، لىم سېلىنغان: ئاشخانا ئۆي بەش لىملىق، ئۈچ دېرىزىلىك چوڭ ئۆي ئىدى.

**لىمون** ئى [ر<گرېك] <بوت> ① سۇزاپ ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى قېلىن، ئۇزۇن ئېللىپس شەكىللىك، گۈلى تاق جىنسلىق، سىرتى ھال رەڭ، ئىچى ئاق بولىدۇ. مېۋىسى ئۇزۇن ئېللىپس شەكىلدە ياكى تۇخۇم شەكىلدە، ئىككى ئۇچى ئۇچلۇق، مېۋە گۆشىنىڭ تەمى ناھايىتى ئاچچىق-چۈچۈك بولۇپ ئىچىملىك ياساشقا بولىدۇ، مېۋە شۆپۈكى سېرىق. ئۇنىڭدىن لىمون يېغى ئاجرىتىپ ئېلىشقا بولىدۇ. ② شۇ خىل ئۆسۈملۈكنىڭ مېۋىسى.

**لىمون پۇراقلىق ئېۋكالىپت دەرىخى** <بوت> مىرتا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان دەرەخ. يوپۇرمىقى يېشىل قوڭۇر ۋە تۆمۈنە شەكىلدە، گۈلى ئاق ھەم كۆنلۈكسىمان گۈل رېتىدە، مېۋىسى چۆگۈن شەكىلدە كېلىدۇ. يوپۇرمىقىدا كۈچلۈك لىمون پۇرىقى بولۇپ، ئۇنىڭدىن ماي ئېلىشقا ياكى ئەتىر سۇيى ئىشلەشكە بولىدۇ. ئۇنىڭ ئەسلى ماكانى ئاۋستىرالىيە.

**لىمونات** ئى [ر<فران] لىمون ياكى باشقا خىل مېۋە شەربىتىدىن تەييارلانغان تاتلىق ئىچىملىك.

**لىمونات كىسلاتا** <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_6H_8O_7$. رەڭسىز كرىستال. لىمون قاتارلىق دەرەخ-لەرنىڭ مېۋىلىرىدە بولىدۇ، شېكەر قومۇشى ياكى تاتلىقياڭيۇدىنمۇ ئېلىنىدۇ. يېمەكلىكلەر سانائىتى، بۇياقچىلىق سانائىتى ۋە دورىگەرلىك قاتارلىق ساھەلەردە كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**لىمونىن** ئى [ئىنگ] <خىم> ئورگانىك بىرىكمە. مولېكۇلا فورمۇلىسى $C_{10}H_{16}$. ئۇ بىر خىل خۇش پۇراق سۇيۇقلۇق بولۇپ، ئاپېلسىن قاتارلىقلارنىڭ مېۋە پوستىدا بولىدۇ. ئادەتتە ئۇنىڭدىن پۇراقلىق ماتېرىياللار ئىشلىنىدۇ.

**لىمىت** ئى [ر<لات] <مات> ماتېماتىكىدىكى بىر ئۇقۇم. ئەگەر ئۆزگەرگۈچى مىقدار $\chi$ تەدرىجىي ئۆزگىرىپ بەلگىلىك مىقدار $\alpha$ غا ئىنتىلسە، يەنى ئۇلارنىڭ ئايرىمىسى-نىڭ مۇتلەق قىممىتى ھەرقانداق بېرىل-گەن مۇسبەت ساندىن كىچىك بولسا، بەلگىلىك مىقدار $\alpha$ ئۆزگەرگۈچى مىقدار $\chi$ نىڭ لىمىتى دېيىلىدۇ ۋە $\chi \to \alpha$ ياكى $\lim \chi=\alpha$ قىلىپ يېزىلىدۇ. مەسىلەن، سانلار ئارقمۇئارقىلىقى $\frac{1}{2}, \frac{2}{3}, \ldots, \frac{n}{n+1}$ نىڭ لىمىتى 1. ئۇ $\lim_{n\to\infty}\frac{n}{n+1}=1$ قىلىپ يېزىلىدۇ.

**لىمنگراف** ئى [ر<گرېك] <سۇ> سۇ ئورنىنىڭ يۇقىرى-تۆۋەن ئۆزگىرىشىنى ئاپتوماتىك خاتىرىلەيدىغان بىر خىل مېخانىزم.

**لىندېرا** ئى [لات] <بوت> ← **لىندېرا دەرىخى.**

**لىندېرا دەرىخى** <بوت> كامفورا ئائىلىسىدىكى دائىم يېشىل تۇرىدىغان چاتقال ياكى كىچىك دەرەخ. يوپۇرمىقى سوقىچاق، ئوتتۇرىسىدا ئۈچ سىزىق روشەن يوپۇرماق تومۇرى بار. گۈلى ناھايىتى كىچىك، سارغۇچ يېشىل. مېۋىسى

قارا، يىلتىزى دورا قىلىنىدۇ. ئاشقازاننى كۈچەيتىش، ئاغرىق پەسەيتىش قاتارلىق روللارغا ئىگە. جىجياڭ ئۆلكىسىنىڭ تيەنتەي ناھىيىسىدىن چىقىدىغانلىرى ئەڭ داڭلىق.

**لىنزا** ئى [ر<نېم] <فىز> سۈزۈك ماددىلاردىن ياسالغان ئەينەك. يۈزىنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن چېتىنىڭ قېلىن-نېپىزلىكىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ كۆپۈنكى لىنزا ۋە پېتىنقى لىنزا دەپ ئىككىگە ئايرىلىدۇ.

**لىنكولىن** ئى <جۇغ> ئەنگلىيىدىكى بىر جاينىڭ نامى.

**لىنكولىن قويى** <زوئول> ئىنچىكە يۇڭلۇق قوينىڭ يۇڭى ئۇزۇن، گۆش ۋە يۇڭ ئۈچۈن بېقىلىدىغان بىر خىل سورتى. ئەنگلىيىنىڭ لىنكولىن دېگەن يېرىدىن چىقىدۇ. قوشقارلىرى 8—10 كىلوگرام، ساغلىقلىرى 6.0 — 6.5 كىلوگرام يۇڭ بېرىدۇ. ساپ يۇڭ نىسبىتى 60% — 65% بولىدۇ. دۆلىتىمىزگە 1966 - يىلى كىرگۈزۈلگەن.

**لىنىيە** ئى [ر] ① ئېلېكتر ئېقىمى، سۇيۇقلۇق، پار، قاتناش ۋاسىتىلىرى شۇنىڭدەك ھەرىكەتچان جىسىملار بېسىپ ئۆتىدىغان يول؛ سىم: لىنىيە بېسىمى. لىنىيە توكى. قاتناش لىنىيىسى. * لىنىيە چەينەكلىرىنىڭ ھەممىسى قويماي چېقىلىپ كەتتى، 20 نەچچە تال تېلېگراف ياغىچى ئوغرىلاپ كېتىلدى. ② سىزىق؛ رەت، سەپ: ئاپتوموبىللار لىنىيەسى. تانكا لىنىيىسى. ③ يۆنىلىش؛ تەرەپ: ئەتىسى تۈن يېرىمىدىن ئاۋۋال زەربىدارلار شەھەرنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپىگە ئون نەچچە چاقىرىمچە كېلىدىغان «چوغتال» دېگەن دەرەخلىك مەھەللىگە ئورۇنلاشتى-دە، تاڭ بىلەن تەڭ شىمال ۋە جەنۇب تەرەپتىن — ئىككى لىنىيە بويىچە دۈشمەن ئىستىھكامىغا تېگىش قىلدى. ④ دۈشمەن ياكى قارشى تەرەپكە يېقىن جايدىكى مۇداپىئە ياكى ئوت ئېچىش نۇقتىلىرىدىن تەركىب تاپقان سىستېما: ئالدىنقى لىنىيە. مۇداپىئە لىنىيىسى. دېڭىز قىرغىقى لىنىيىسى. ئوت كۈچى لىنىيىسى. * ياپون «پادىشاھ ئەسكەرلىرى» نى باسقان زور سوقۇش پاراخوتى ئۇلۇغ ئوكيان فرونتىنىڭ ئالدىنقى لىنىيىلىرىگە قاراپ كېتىپ باراتتى.

**لىنىيە بېسىمى** <فىز> ئۈچ فازىلىق ئۆزگىرىشچان سىستېمىدىكى خالىغان ئىككى ئوت سىمى ئارىسىدىكى ئېلېكتر بېسىمى.

**لىنىيە توكى** <فىز> ئۈچ فازىلىق ياكى كۆپ فازىلىق ئۆزگىرىشچان سىستېمىدىكى خالىغان ئىككى سىم ئارىسىدىكى توك.

**لياڭفۇڭ** ئى [خەن] <بوت> ← **لياڭفۇڭ ئەنجۈرى**.

**لياڭفۇڭ ئەنجۈرى** <بوت> ئۈجمە ئائىلىسىدىكى ياغاچ غوللۇق ئۆسۈملۈك. غولى يەر بېغىرلاپ ئۆسىدۇ. يوپۇرمىقى تۇخۇم شەكلىدە، مېۋىسى شار شەكلىدە بولۇپ، لەگلەك ئىشلەشكە بولىدۇ.

**ليەن** ئى [خەن] <ھەرب> ئارمىيىنىڭ شتات بىرلىكى. بىرقانچە پەيدىن تەركىب تاپىدۇ.

**ليەنجاڭ** ئى [خەن] <ھەرب> ليەن كوماندىرى.

**ليەنجاڭلىق** ئى. ليەنجاڭغا يۈكلەنگەن ۋەزىپە، ئەمەل.

**ليوتچىك** ئى [ر] ← **ئۇچقۇچى**.

**ليوتېتسىي** ئى [ر<لات] <خىم> مېتال ئېلېمېنت. بەلگىسى Lu (Lutetium) . ئۇ سىرەك يەر مېتاللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، تەبىئەتتە ناھايىتى ئاز تارقالغان.

**لىيۇكس** مىق [ر<لات] <فىز> يورۇتۇلۇش

دەرىجىسى بىرلىكى. بىرلېۋكس بىر لېۋمېنلىق يورۇقلۇق ئېقىمىنى بىر كۋادرات مېتر مەيدانغا تەكشى تارقاتقاندىكى يورۇتۇلۇش دەرىجىسىگە باراۋەر كېلىدۇ.

**ۋمېن** مىق [ر<لات] <فىز> يورۇقلۇق ئېقىمى بىرلىكى. بىر لېۋمېن بىر خەلقئارالىق كاندېلانىڭ ئارىلىقى بىر سانتىمېتر ، مەيدانى بىر كۋادرات سانتىمېتر بولغان تەكشىلىكنى يورۇتقان چاغدىكى يورۇقلۇق ئېقىمىغا باراۋەر كېلىدۇ.

# ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى

تۈزگۈچىلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى، ئىسمائىل قادىر،
ھەمدۇللا ئابدۇراخمان، پەرھات نۇر، ئابلىز ئەمەت،
ئابدۇزاھىر تاھىر، ئابلىكىم رېھىمجان
مەسئۇل مۇھەررىرلەر: ئابلىز ياقۇپ، غەنىزات غەيۇرانى
كوررېكتورلار: بۇۋەيشىخان ئابدۇللائەلانۇر ئىمىن

نەشر قىلغۇچى ۋە تارقاتقۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى
كومىتېتى «بوغدا» ئېلېكترونلۇق مەتبەئە مەركىزىدە تىزىلدى
ساتقۇچى: جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
1994-يىلى 9-ئايدا 1-قېتىم نەشر قىلىندى
1994-يىلى 9-ئايدا بېيجىڭدا 1-قېتىم بېسىلدى
باھاسى: 35.00 يۈەن